www.birhon.com
بىرھون بىلىم ئامبىرى

# ئۇيغۇر تىلىنىڭ
# ئىزاھلىق لۇغىتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق
خىزمىتى كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تۈزگەن

## ت — خ

مىللەتلەر نەشرىياتى

1991

# مۇندەرىجە

ت ................................................................ 1
ج ................................................................ 504
چ ................................................................ 617
خ ................................................................ 794

# ت

**ت** I ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ بەشىنچى ھەرپى. ② رەت تەرتىپى جەھەتتىن 5-نى كۆرسىتىدۇ.

**ت** II سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارغا ياكى «ي، ر» بىلەن ئاياغلاشقان ئىككى بوغۇملۇق پېئىللارغا قوشۇلۇپ مەجبۇرىي دەرىجە ياسايدىغان قوشۇمچە. مەسىلەن: ياسا- ياسات-، جابدۇ- جابدۇت-، دەلدەڭشى- دەلدەڭشىت-، قىزىد- قىزىت-، ئازاي- ئازايت-، ماكچاي- ماكچايت-، قاپار- قاپارت-، كۆكەر- كۆكەرت-، چاقىر- چاقىرت-، ئاختۇر- ئاختۇرت-.

**تا** [پ] يوك. ئورۇن ياكى ۋاقىت چېكىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىش ۋە رەۋىشداشلار (كۆپىنچە «چە» لىك قۇرۇلمىلار) نىڭ ئالدىدا كېلىپ، چەك ئۇقۇمىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ: ئېزىمىزنىڭ 60 نومۇر ئېلىشى ئۇنىڭ بىرقانچە يىللىق ئوقۇش تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئىش ئىدى، چۈنكى ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتىن باشلاپ، تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇپ كەلگەن. * ئۇ ۋەزىپە تەلەپ قىلىپ، تا شەھەرلىك پارتكومغىچە باردى. * بۇرۇن ساۋۇت ئەتىدىن تا كەچكىچە ئىشلەيتتى. ئۆيدە يېتىپ سارىخان، ئىشلەپ باقاي دېمەيتتى. ② باش جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئەگەشمە جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىش-ھەرىكەتتىن بۇرۇن سادىر بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئانىسى پاتەمخان ھەر كۈنى تاماقنى پىشۇرۇپ، قىزى گۈلشەن تا مەكتەپتىن كەلگىچە يېمەي ساقلاپ تۇراتتى.

**تائام** ئى [ئە] يېيىشكە پىشۇرۇپ تەييارلانغان ھەر خىل يېمەكلىك؛ تاماق، غىزا: ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام (ماقال). * پادىشاھنىڭ چارىبېغىدا مىڭلاپ قوي سويۇلۇپ، يۈزلەپ داش قازانلار ئورنىتىلىپ، تۈرلۈك-تۈرلۈك تائاملار ھازىرلىنىپتۇ.

**تائاملانماق** پ. غىزا، تاماق يېمەك؛ غىزالانماق: مەن ئۇنى دائىم ئىشكىمىزنىڭ ئالدىدىن تۆمۈر چاقلىق ئېشەك ھارۋىنى ھەيدەپ ئۆتكەن ھالدا ئۇچرىتاتتىم. كېيىن بىر تويدا ئۇنىڭ بىلەن بىر داستىخاندا تائاملانغاچ تونۇشۇپ قالدىم.

**تائەبەت** رەۋ [پ+ئە] ئاخىرغىچە، مەڭگۈ:

باھاسىز بىر كىشى سەن يەر يۈزىدە، ئەي ئۇلۇغ ئىلىم، بۈيۈك خىزمەتلىرىڭنى تائەبەت تارىخ ئۇنتۇماس ھېچ! * ۋەتىنىم، سۆيگەن ئانام سەن، بارلىقىم قۇربان ساڭا، تائەبەت سادىق بولۇشتۇر مەندىكى ئارمان ساڭا.

**تائەت** ئى [ئە] ① <دىن> خۇداغا سېغىنىش؛ ئىبادەت: ئەر ئەمەستۇر ئول كىشى كۆكسىدە ۋىجدان بولمىسا، تائىتى بولماس قوبۇل كۆڭلىدە ئىمان بولمىسا، قىش ۋە ياز ئىشلەپ تۇرۇپ، ئۆيىدە بىر نان بولمىسا، ئول گادايدۇر، كۆز بوياپ «دېھقان» دەپ ئېيتقىنىڭ غەلەت. ② بويسۇنۇش، ئىتائەت.

**تائەت-ئىبادەت** ① <دىن> تائەت ۋە ئىبادەت: ئۇ، «ئىشان» نىڭ ۋەسىيىتى بويىچە تاڭ سەھەردە تاھارەت ئېلىپ، بويىنىغا قارا ئارغامچا سېلىپ، «ھەزرىتى كۆمۈش كۆز ئاتا» دىن ئۆز گۇناھىنى تىلەپ، تائەت-ئىبادەتكە شەيتان ئارىلاشماسلىقى ئۈچۈن، كۈندە پەقەت ئىككى نۆۋەتلا ئۇزۇۋېلىنانتى. ② كۆچمە. كىشىنىڭ بىرەر مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى نىيەت قىلىپ ئېلىپ بارغان پائالىيىتى: مانا ئەمدى چەككەن رىيازىتىم، قىلغان تائەت-ئىبادىتىمنىڭ ساۋابلىق يۇلتۇزلىرى چاقنىدى، ئۈمىد چىراغلىرى قايتىدىن ياندى.

**تابارا** رەۋ. يېز ت. بارغانسېرى، بارا-بارا: نېتەيكى ئەي ئەزىزان، ئايرىلىپمەن قاي كۈنى سەندىن، كى تا شۇندىن تابارا تاپمىدىم ھېچقايدا راھەتنى. ئۆتۈپتۇ ئىككى كەم قىرىق يىل ئۆمۈر ھىجران ئازابىدا، ئېشىپ ئالتۇن تېغىدىن ھەم تاپالماي ھېچ سائادەتنى.

**تابان** سۈپ [پ] يېز ت. يارقىن، نۇرلۇق، پارلاق: ماھى تابان. * تاڭ سۈزۈلدى، كۆلدى چولپان باشقىچە، كائىنات ئويغاندى شۇئان باشقىچە، زەر كېيىپ كۈن چىقتى تابان باشقىچە، نۇرغا چۆمدى شەرقتە ئاسمان باشقىچە، جىلۋە قىلدى تاغۇ ئورمان باشقىچە.

**تابغاچ** ئى <تارىخ> مىلادى 13-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار جۇڭگولۇقلارنى «تابغاچ» دەپ ئاتىغان؛ ۋىزانتىيە تارىخچىلىرى جۇڭگونى «Taugas» دەپ ئاتىغان؛ ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەرب مۇسۇلمانلىرىمۇ جۇڭگونى «Tamghaj» ، «Tomghaj» ياكى «Toughaj» دەپ ئاتىغان. «تابغاچ» سۆزى ئەنە شۇ سۆزلەرنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇشى مۇمكىن.

**تابلېتكا** ئى [ر<فران] <تىب> تۈگمە شەكلىدە ياسالغان دورا: مەن ئاسپىرىندىن 20 تابلېتكا ئالغاچ كەلدىم. // بالىغا بىر نەچچە تال تابلېتكا دورا ئىچۈرۈلدى.

**تابىئە** سۈپ [ئە] يېز ت. → تەۋە.

**تاپ I** ئى. ھايۋانات ياكى جانلىقلارنىڭ ئۆلۈكى؛ مۇردا: چۆل يولىدا ئارغامچىدەك سوزۇلۇپ كېلىۋاتقان ئادەملەر ئۈستىدە تاپ يېگۈچى قۇزغۇنلار ئەگىپ ئۇچۇشاتتى. * بايقۇشمۇ ئۇنى دوراپ ئۈچۈپ باقار، لېكىن بىر داۋان ئاشماي قالار ھېرىپ. ئۇچرىسا تەلىيىگە سېسىق تاپ، گۆش، ئۈستىگە قونۇۋالار مەيدە كېرىپ.

**تاپ II** ① ئى. ئېتىزنى ئاغدۇرغاندا قالغان قوش ئىزى، قۇر: تاپ ئاچماق. تاپ سالماق. * چۈشەنگەندەك ئۇنىڭ ئوتلۇق يۈرىكىنى، چاپار كىشنەپ دۇنيانىڭ سىپەر تورۇقلىرى. ئارقىسىدىن چۈشەر بويلاپ تاپ ئىزىنى، گۈڭشېمىزنىڭ مول ھوسۇللۇق ئورۇقلىرى. ② ساناق سانلار بىلەن كېلىپ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: بەش تاپ بۇغداي.

**تاپ ئاچماق** ئاغدۇرىدىغان يەرگە ئالدى بىلەن ئۆلچەملىك ھالدا تاپ سېلىپ چىقماق، يەنى بەلگىلىك مىقداردىكى يەرنى تاپ ئېچىش ئارقىلىق ئۆلچەملەشتۈرۈۋالماق: باۋۇدۇن تاپ ئاچقۇچىلارنىڭ

ئارقىسىدا يۈرۈپ، قوماندانلىق قىلاتتى. بىردەمدىلا چىبەرقۇت تالاسىدەك رەت-رەت، كىتاب ۋۇرىدەك تۈپتۈز جىيەكلەر ئېتىز يۈزىنى بىر ئالدى.

**تاپ باسماق** ئېچىلغان تاپ ئىزىنى كېيىنكى تاپنىڭ تويىسى بىلەن كۆممەك: ئۇ قوشنى يۇمشاق، تاپ باستۇرۇپ ھەيدەيتتى.

**تاپ بېسىپ** ئارقىدىنلا، بىر قەدەم كەينىدىن: مومايىنىڭ تەرسالىقىدىن رەنجىگەن بوۋاي بىر ئاز خاموش بولۇپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. ئەمما قەدىناسلىق مېھرى بىلەن يەنە كۆڭلىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن مومايىنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ مېڭىپتۇ. * ئۇ ئاپتوبۇس بېكىتىگە كېلىپ ئەمدىلا بېكەتتە توختىغان ئاپتوبۇسقا چىقىدۇ. رازۋېتچىكمۇ تاپ بېسىپ ئاپتوبۇسقا چىقىدۇ. * ۋەزىر دەرھال ئىز قوغلاپ، تاپ باستۇرۇپ تېز قوغلاپ، كەپتۇ غەيرىي بىر جايغا، پايانى يوق چۆل-سايغا .

**تاپتىن چىقماق** قانۇن-قائىدە، تەرتىپ-ئىنتىزام، پرىنسىپ، بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ ئىش قىلماق؛ ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەك: — ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا، «ئاچچىق يۇتقان، تاغ يۇتقان» دېگەن گەپ بار، — دەيتتى ئايشەمخان ئاچا تەسەللىي بېرىپ، — ياخشى ئادەملەرگە ئۇۋال بولۇۋاتىدۇ؛ ياشلار تاپتىن چىقىپ كېتىۋاتىدۇ، زامان ئۆنداق كېتىۋەرمەس، ئۆزگىشىپ قالار. * بالا ھازىر پۈتۈنلەي تاپتىن چىققىنى يوق، ساقچىغا ئاپىرىش پۈتۈنلەي ئۇقۇشماسلىق. بالىلارنى تەربىيىلەيدىغان جاي مەكتەپ ئەمەسمۇ؟ سىلە خاتىرجەم يېنىپ دەم ئالسىلا، ئالىمنى مەن ئىزلەپ تاپىمەن.

**تاپقا كىرمەك** قانۇن-قائىدە، تەرتىپ-ئىنتىزام، پرىنسىپ، بەلگىلىمە بويىچە ئىش قىلىشنى ئۆگەنمەك: ئۇ ھەرقانچە سىرلىق بولسىمۇ، بىزنىڭ ئەقىل-پاراسىتىمىز ئالدىدا ئۇنىڭ سىرى ئېچىلىپ قالدى. بەزىلەر: «ئارىيار»، «بەڭباش» دېيىشكەن. ئۇ ھەر قانچە بەڭباش بولسىمۇ، بىز سىزىپ بەرگەن تاپقا كىرمەي مۇمكىن ئەمەس.

**تاپ** III ئى. پەيت، پۇرسەت، ۋاقىت: ئۇ ئۆز-ئۆزىگە: «قېنى مەن ئۆزۈمنى مۇشۇ يادا تايىقى بىلەن ئۇرۇپ بىر سىناپ باقاي» دېدى ۋە كۆز ئالدىغا خۇددى شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە چېرىكلەر ئۇنى تۇتۇۋېلىپ مابالىڭ بىلەن ئۇرۇۋاتقاندەك مەنزىرىنى كەلتۈرۈپ، چىشىنى-چىشىغا مەھكەم چىشلەپ ئۆزىنى يادا تايىقى بىلەن ئۇرۇشقا تەمشىلىپ تۇرۇشىغا ئارقىدىن بىرى كېلىپ ئۇنىڭ كۆزىنى ئېتىۋالدى. * سېنىڭ ناخشاڭغا زەپ خۇشتار ئىدىم، قەلبىمگە ئوت سالدىڭ، شۇ تاپ تەشنالىقىم قاندى، ۋۇجۇدۇم — جان بېغىم ياشناپ.

**تاپ** IV ئى [پ] چىدام، تاقەت، بەرداش: تاپ كېلەلمەسلىك.

**تاپ كېلەلمەسلىك** بەرداشلىق بېرەلمەسلىك، تەڭ كېلەلمەسلىك، چىدىيالماسلىق.

**تاپا** ئى. بىرەر ئىش ياكى بىرەر مەسىلە توغرىسىدا بىركىمگە قىلىنغان تەنە، دوق؛ ئاغرىنىش: تاپا قىلماق. * ھە دېگەندە تاپا قىلىۋەرمە، سېنىڭ تاپاڭنى ھەممە ئادەم كۆتۈرەلمەيدۇ.

**تاپا قىلماق** بىرەر ئىش ياكى بىرەر مەسىلە توغرىسىدا بىركىمگە تەنە، دوق قىلماق، ئۇنىڭدىن ئاغرىنماق: دوستقا تاپا قىلما، دۈشمەنگە كۈلكە (ماقال). * بىر يىلدىن بېرى ئارزۇلۇق قىزىنىڭ دىدارىنى كۆرەلمىگەن ئانا خەت يېزىپمۇ، تېلېفون بېرىپمۇ ئامنەمنى شەھەرگە كىرگۈزەلمىدى. ئۇ ھە دېسىلا قىزىنىڭ دادىسىغا تاپا قىلاتتى، ئارام ئالغۇزمايتتى. * جان دوستۇم، جېنىم دوستۇم، سەن مېنى خاپا قىلما؛ ئالدىمدا كۈلۈپ قويۇپ، كەينىمدىن تاپا قىلما.

**تاپا-تەنە** بىركىمنىڭ قىلغان ئىش-ھەرىكىتى، گەپ-سۆزلىرىدىن نارازى بولۇپ ئۇنىڭغا قىلىنغان دوق، بېرىلگەن دەككە، دەشنەم: تاپا-تەنە قىلماق. تاپا-تەنىگە قالماق.

* ئۇلار خەلقنىڭ ئالقىش ۋە تاپا-تەنىلىرىنىمۇ بىللە ئاڭلاشقان، مۇشۇ ناھىيىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە بىللە باش قاتۇرۇپ، ئىچ-سىر ئېلىشقان تەكتۇش دوستلار، شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنىڭ مۇشكۈزىگە تاش تەگسە، يەنە بىرىنىڭ تۇيىقى سىرقىرايدۇ. * سالۋايوپقىمۇ تەس ئىدى. ھەر كۈنى مارجان بۇۋى قىلىۋاتقان جېدەل-ماجىرا، تاپا-تەنە، تىل-ئاھانەت ئىچىدە خاتىرجەم ۋە دادىل خىزمەت قىلالمايتتى.

**تاپا-تەنە قىلماق** دوق قىلماق، دەشنەم بەرمەك: ئۇلار ھەر كۈنى ياقامغا ئېسىلىپ: — ھەر كۈنى بىر كىلودىن ئارتۇقراق سۈت كەم چىقىۋاتىدۇ. دالىدا كالا باقماي، ئەكسىچە موزاي بولۇپ ئېمىۋاتقان ئوخشىمامالا؟ — دەپ تاپا-تەنە قىلىدىغان بولۇۋالدى.

**تاپارمەن** سۆپ. بىرەر نەرسىنى تېز تاپالايدىغان، تېپىشقا ئۇستا: تاپارمەن ئادەم، تاپەرمەن يىگىت.

**تاپان** ئى ① پۇت ئاستىنىڭ ئارقا قىسمى: تاپىنى يېرىلماق. تاپىنى ئاغرىماق. ② ئاياغ كىيىمىنىڭ شۇ جايغا توغرا كېلىدىغان قىسمى: ئۆتۈكنىڭ تاپىنى تېشىلمەك. ③ ئۈزەڭگە-نىڭ پۇتنىڭ ئاستى تېگىپ تۇرىدىغان قىسمى. ④ قايچا، لاخشىگىر قاتارلىقلار تىغىنىڭ قارشى تەرىپى. ⑤ كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ بېسىم ئوقىغا بېكىتىلىدىغان ۋە رەختنى بېسىپ تۇرىدىغان دېتالى. ⑥ قارتا ئويۇنىدىكى شەكلى تاپانغا ئوخشايدىغان قىزىل رەڭلىك بەلگە ۋە شۇ خىل بەلگىگە ئىگە قەغەز.

**تاپان باستى** گۇمانخورلۇق بىلەن باشقىلارنىڭ گەپ-سۆز، ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ يۈرىدىغان كىشى: مەن گەپ تىڭشايدىغان ماراقچىلاردىنمۇ، خۇدۇكى بار تاپان باستىلاردىنمۇ قورقمايمەن.

**تاپان باستۇرۇپ** → تاپ بېسىپ: قۇلاق كەستىلەر تاغامنىڭ كەينىدىن تاپان باستۇرۇپ ئاتلىق قوغلاپتۇ. ئۇلار تاغامنى تۇتىۋېلىپ ئۆلتۈرۈپ، بىرەر ئازگالغا كۆمۈۋەتتىمۇ ياكى تاغام چۆل-جەزىرىلەردە قاڭغىر-قاقشاپ، ئارمىنىغا يېتەلمەي، قاغا-قۇزغۇنغا يەم بولۇپ كەتتىمۇ، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. * دادام شۇ گەپنى قىلدى-دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا قازاندەك قايناۋاتقان بازارنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. مەنمۇ تاپان باستۇرۇپلا كەينىدىن مېڭىپ، ھايال قىلمايلا دادامغا يېتىشىۋالدىم.

**تاپان باسقۇچ** كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ تاپان چوكسىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلىدىغان ۋە تاپان چوكسىنى بېسىپ تۇرىدىغان سايمىنى.

**تاپان بېلىق** <زوئول> بېلىقنىڭ بىر خىلى، تېنى سەل ياپىلاق، باش قىسمى ئىنچىكە، ئوتتۇرا قىسمى ئېگىز، قۇيرۇق قىسمى تار كېلىدۇ؛ تاتلىق سۇدا ياشايدۇ؛ كىشلەر ياقتۇرۇپ يەيدۇ.

**تاپان تەشتى** ھىيلىگەر، قۇۋ، هارامزادە: ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن تاپان تەشتى بىرنەرسە.

**تاپان تۇزاق** توشقان، قىرغاۋۇل قاتارلىق جان-جانىۋارلارنى تۇتۇش ئۈچۈن قىل ياكى تۆمۈردىن ياسالغان سايمان.

**تاپان تۇزاق قۇرماق** بىراۋنىڭ پېيىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭغا قەست قىلىشقا ئورۇنماق؛ ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىش پىلانلىرىنى تۈزمەك: ئېلىشا ئاجىز كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، ئاق ئارىلىغان ساقاللىرىنى تۇتاملاپ سىيىرىپ قويىدى: — رەھمەت ئوغلۇم، مەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇردۇم، بەگنىڭ ساڭا تاپان تۇزاق قۇرۇپ يۈرگىنىنىمۇ بىلدىم، -دېدى.

**تاپان تىرنگۈچ** <تەن> يۇگۇرۇش مۇسابىقىسىدا پەللىدىن چىقىشتا مەخسۇس ئىشلىتىدىغان قۇرۇلما. ئۇ مېتال ياكى قاتتىق ياغاچ ماتېرىياللىرىدىن ياسىلىدۇ؛ بۇلۇڭ گىرادۇسىنى تەڭشەشكە بولىدۇ؛

پەللە سىزىقىنىڭ ئارقىسىغا ئورنىتىلىدۇ. ئۇنىڭ پۇتنى مۇستەھكەم تىرەپ، ئارقىغا تېپىش كۈچىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، پەللىدىن تېز چىقىپ كېتىشتە پايدىسى زور.

**تاپان چوكا** كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ تىكىلىدىغان رەختنى بېسىپ تۇرىدىغان چوكىسى.

**تاپان دەسسەپ ← تاپ بېسىپ:** «ئاپلا! ئىش چاتاقلاشتىغۇ» دەپ ئويلىدى ئوغرى ئىشەكنىڭ ئارقىسىدىن تاپان دەسسەپ كېلىۋېتىپ، «ئادەم شالاڭ جايدا بۇ قېرىنىڭ قوينىغا قاندا قىمۇ قول سالغىلى بولار».

**تاپان سۆڭكى** <ئانات> ئوشۇق سۆڭكى بىلەن تۇتىشىدىغان بەش تال نەيچىسىمان كىچىك سۆڭەك. ئۇلار بىرلىشىپ پۇت ئالقىنىنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ، تۆۋەنكى ئۇچى پۇت بارماق سۆڭەكلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ.

**تاپان كۆتىكى** كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ تاپىنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، پەسكە چۈشۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان سايمىنى.

**تاپان ھەققى** بىراۋنىڭ بىرەر ئىشى ئۈچۈن مېڭىشىپ بەرگەن يولى، قىلغان ياردىمى بەدىلىگە بېرىلگەن ئىش ھەققى، پۇل: تاپان ھەققى بەرمەك. تاپان ھەققى ئالماق. * ــ ياتقان كىشى، ــ دېدى ئوسمان يەنە، ــ يۈرەك كېسىلى بار، جىنايىتى يوق كىشى. سەن ئەتە ماۋۇ پۇلغا بىر قۇتا يۈرەك ئاغرىقى دورىسى يەتكۈزۈپ بېرىسەن. مانا ماۋۇ بەش سوم تاپان ھەققىڭگە. * قاسىم جىڭسا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ: «ياپىر، ئالدىغىنىمۇ، بېرىدىغىنىمۇ ئاز ئەمەسكەن، ئىشقىلىپ، مېنىڭ تاپان ھەققىم كەم بولمىسۇن» دەپ ئويلىدى.

**تاپان يالىماق** ئادەتتىن تاشقىرى خۇشامەت، يالاقچىلىق قىلماق: بەزىلەر ئەمەلنى دەپ يالار تاپان، سۆكسۆكنى ئەتىرە دەيدۇ يېپىپ چاپان. چاك كەتتى قانچە قېتىم قاداق تەخسەك، ئۈچ قىرلىق، ئىككى بىسلىق تىكەن-ئازغان.

**تاپىنى تېشىلگۈدەك بولماق** بىرەر ئىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ماڭماق، تىنىمسىز ھەرىكەت قىلماق: روزىمىتاخۇن گۈلگ تۇتقان بوغالتىرغا: ــ ماڭا بېرىدىغان يەرگە ئۆزلىرى گۇۋاھەر تېرىۋالسىلا، جامائەتنىڭ خەۋىرىدە بار، ئاق يېرىمنى كۈچلەندۈرىمەن دەپ نەچچە كاللەك پۇلۇم كەتتى، شاللىقىمنى ئەي قىلىش ئۈچۈن تاپىنىم تېشىلگۈدەك بولغىنىنى «بەشبۇلاق» نىڭ قۇرت-قوڭغۇز، چۈمۈلىلىرىمۇ بىلىدۇ، ــ دېدى.

**تاپىنىدىن كىرىپ مېڭىسىدىن چىقماق** ئىنتايىن قاتتىق تەسىر قىلماق: بەختىيار خەۋەرلەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر پارچە ئوت ئۇنىڭ تاپىنىدىن كىرىپ مېڭىسىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى-دە، ئويلىغانلىرى پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالدى.

**تاپىنى قىزىماق** بىرەر ئىش ياكى نەرسىگە ھەۋەسلەنگەنلىكتىن ئورنىدا تۇرالماي قالماق: چېلىش مەيدانىغا بارغان بۇ ئەزىمەت تاپىنى قىزىپ تۇرالماي قالدى.

**تاپىنىنىڭ كىرىنى شۈمەك ← تاپىنىنى يالىماق:** بۇ بازاردىكى غالچا ئىتلارنىڭ ساھىبتەدبىرى مەنسەپدارلارنىڭ تاپىنىنىڭ كىرىنى شۈمۈپ ياشايدىغان يۈندىخور.

**تاپىنىنى يەرگە تەگكۈزمەي** كۆتۈرگەن پېتى، ناھايىتى چاققان: ــ سىلەر دەرھال بېرىپ، ئۇ خۇنپەرنىڭ تاپىنىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئېلىپ كېلىڭلار، ــ دەپ بۇيرۇدى بەگ دورغىلىرىغا.

**تاپىنى يەرگە تەگمەي** تولىمۇ ئالدىراشلىق بىلەن، تىنىم تاپماي: ھەر كۈنى ئانامنى چۈشەيمەن، بۇ يەر بولمايدىكەن، تاپىنىم يەرگە تەگمەي ئىشلىسەممۇ، چولڭ قۇشناچ: «نانقېپى،

نانىنى ھارام يەۋاتسەن» ، دەپ تىللايدۇ.

**تاپانچا** ئى [پ] <ھەرب> بىر قول بىلەن ئاتىدىغان قىسقا قورال. ئۇ تۈزۈلۈشىگە قاراپ ئاپتوماتىك، يېرىم ئاپتوماتىك دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ، يېقىن ئارىلىقتا ئېتىشقا ئىشلىتىلىدۇ. «يان قورال» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تاپانچىلىق** سۈپ. تاپانچىسى بار، تاپانچا ئاسقان: **قوش تاپانچىلىق يىگىت تاپانچىدىن بىرىنى بېلىگە باغلىغان تاسمىغا قىستۇرۇپ قويۇپ، بوشىغان قولى بىلەن تونۇشتۇرۇشنى ئالدى ۋە سىنچىلاپ ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ماڭا غەزەپ بىلەن تىكىلدى.**

**تاپاندا شماق** «تاپاندىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: **مىرشەپلەر ئۆتۈپ كېتىشى ھامان تاشۋاي ئىختىيارسىز ھالدا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تاپاندىشىپ ماڭدى.**

**تاپاندىماق** پ. بىر قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ ماڭماق، تاپان بېسىپ ماڭماق: **ئارقا تەرەپتىن تاپانداپ كېلىۋاتقان ئىككىسىنى ئاز دەپ، ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئەر كىشىمۇ يېقىنلاپ قالغاندى.**

**تاپانلىق** سۈپ. تاپىنى بار، تاپان ئورنىتىلـغان: **كۆكچى ماشىنا-تراكتور پونكىتى بىزگە ئۈچ تراكتور ئاجرىتىپ بېرىشنى قارار قىلىپتۇ. يەنە كېلىپ، ھەممىسى زەنجىر تاپانلىق تراكتور دېگىنە! سىنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟**

**تاپاۋەت** ئى [ئە] قىلغان ئىش ياكى تىجارەتتىن كەلتۈرۈلگەن پايدا؛ كىرىم: **تاپاۋەت قىلماق. * ئۇ ھەمشە مەسچىتنىڭ سابىق ئىمامى خالىق داموللىنىڭ مەسچىتتىن تېپىۋاتقان تاپاۋىتىگە كۆز ئالايتىپ قاراپ، ئېغىزىغا پات-پات يىغىلىپ تۇرىدىغان شۆلگەيلىرىنى دەرد بىلەن ئىچىگە يۇتۇپ، خېلى بىر مەزگىلنى ئۆتكۈزگەنىدى.**

**تاپاۋەت بېجى** كارخانا ياكى شەخسلەرنىڭ تاپاۋەتلىرىدىن بەلگىلىمە بويىچە دۆلەت ئالىدىغان باج: **تاپاۋەت بېجىنى تاپشۇرماق. تاپاۋەت بېجى ئالماق. * قۇيرۇقىنى كۆتۈرگەن كالا ئاخىرى تېزەكلىگەنىدەك، ماھۇت دوكارنىڭ قۇۋۇلۇق-شۇملۇقلىرى شەرمەندە ئاقىۋەتكە ئېلىپ كەلدى. بازارنى تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا كىرىمنى كەم مەلۇم قىلىپ، تاپاۋەت بېجى ئوغرىلىغانلىقى پاش بولدى.**

**تاپاۋەت قىلماق** پايدا تاپماق، كىرىم قىلماق: **ئىككى يىلدىن بېرى سىرتتا ئۆز ئالدىمغا ئىشلەپ يۈرۈپ، قالتىس تاپاۋەت قىلدىم. بانكىدا ھازىر نەچچە مىڭ سوم پۇلۇم بار. مەن ئەگەر بىرەر زاۋۇتتا ئىشلىگەن بولسام بۇنچىلىك پۇل تاپالمايتتىم. * بۇ قېتىم يۇرتقا چۈشكەن ھاشاردىن پەيدا بولغان پاتىپاراقچىلىقتىن پايدىلانغان «ۋېلىخان بەگ» ئۆز ئالدىغا تاپاۋەت قىلىشقا كىرىشتى.**

**تاپاۋەتچى** ئى ① تاپاۋەت قىلىدىغان ئادەم: **بۈگۈنكى بازاردا خۇددى ياسىنىپ كەلگەن قىز-جۇۋانلارنىڭ مەڭزىدەك قىزارتىپ پىشۇرۇلغان تەۋەلىڭ-تەۋەلىڭ گىردىلەر، پەشخونلاردىكى گۆش گىردىلەرگە قاراڭ. پاھ، ماۋۇ ياغلىرى تېمىپ چۈشكۈدەك سەمرىگەن قوي گۆشلىرىنىڭ قەنە-قەنەدە ساڭگىلىشىپ تۇرغىنىنى كۆرۈڭ! تاپاۋەتچىلەرمۇ بىر-بىرىدىن قالماي ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ كېتىشىپتۇ، ئەرزانـچىلىقنى دېمەمسىز!** ② كىچىك سودىگەر، ئۇششاق تىجارەتچى.

**تاپاۋەتلىك** سۈپ. تاپاۋىتى بار، تاپاۋەت قىلىدىغان: **تاپاۋەتلىك كەسىپ.**

**تاپتاتىراڭ** سۈپ. تەركىبىدىكى نەملىك ئازىيىپ، تۇگەپ قۇرۇپ كەتكەن؛ قاغجىـراپ كەتكەن؛ قۇپقۇرۇق، ھېچ نەرسە ئۈنمىگەن: **تاپتاتىراڭ يەر. تاپتاتىراڭ چۆل.**

**تاپتازا** سۈپ. ناھايىتى تازا، بەك تازا: **تاپتازا ھاۋا. * يەكشەنبە كۈنى ھاۋا چىنىدەك يۇيۇلغان، تاپتازا بىر كۈن بولدى.**

**تاپتاقىر** سۈپ. ئۈستىدە ھېچ نەرسە بولمىغان؛ ئۈستىدىكى نەرسىلەر ئېلىۋېتىلـ

گەن، قىرقىلغان ياكى چۈشۈرۈۋېتىلگەن؛ سىپىسىدام: تاپتاقىر ئۆگزىلەر ئۈستىدىكى قارايغان تۇرخۇنلاردىن چىققان ئاچچىق تېزەك ئىسى يۇقىرىدىن قويۇلۇۋاتقان كۆكۈچ يۇندىدەك تۆۋەنلەپ چۈشۈپ، بۇلۇڭ ۋە دالدىلاردا ئاچچىق پۇراق قالدۇرۇۋاتاتتى. * قايغۇ كۆلەڭگىسى چۈشكەندەك خۇددى، ياتىدۇ تاپتاقىر ئېگىز، داللار. ئاڭلىنار مۇڭلۇق نەي ساداسى شۇ دەم، ئۇتلىشار توپ-توپ قوي، ئۆچكە-كالىلار.

**تاپتايىن** سۈپ. ناھايىتى ئوچۇق، ناھايىتى ئېنىق: تاپتايىن مەسىلە. تاپتايىن ئىش.

**تاپتايىنلىق** ئى. ئېنىق، ئوچۇق بولغان ھالەت: ئېيتمىساڭمۇ تاپتايىنلىق تۇرمۇشۇڭدىن، دېرەك بېرەر تورغايلارنىڭ ۋىچىرلىشى. ئاڭلىنىدۇ «ھوسۇلغا باي...» دېگەندەكلا، قولىقىمغا يوپۇرماق-نىڭ شىلدىرلىشى.

**تاپتۇرماق** «تاپماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۆمۈر خەلپە خوجىنيازنى تونۇيدىغانلىق-تىن، ئۇنى تاپتۇرۇپ كېلىپ، ئۆز ئەسكەرلىرىگە قورال-ياراغ ئۆگىتىشكە تەيىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوجىنيازھاجى تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىغا قاتنىشىدۇ.

**تاپتۇرۇشماق** «تاپتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تاپتۇرۇلماق** «تاپتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تاپسا** ئى. ئۆينىڭ ئىشىكى بىلەن سۇپا ياكى كاڭ ئارىلىقىدىكى بوشلۇق: ئۇ خۇددى تىكەنگە ئولتۇرۇۋالغاندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە تاش مايماق پۇتىنى ئىككى يانغا تاشلاپ مېڭىپ، تاپسىغا چۈشتى. * ھەيرانلىق ئىچىدە تۇرغاندا مۇدەن، كۆرۈندى تاپسىدا قامەتلىك پالۋان. تويغاندەك كۆڭلى بىر جىددىي خەۋپنى، تىكلىدى سادىرغا بولۇپ ئۇ ھەيران.

**تاپسىلىق** سۈپ. تاپىسى بار، تاپسا قىلىن-غان: تاپسىلىق كاڭ.

**تاپشۇرتقۇزماق** «تاپشۇرماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار ئۇنى جازالىمىدى، بەلكى ئۇنىڭغا قېچىش مۇددىئاسىنى تاپشۇرتقۇزدى.

**تاپشۇرتماق** «تاپشۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تاپشۇرما** ئى. بىركىمنىڭ زىممىسىگە يۈكلەن-گەن ياكى ئۇنىڭغا قىلىش ئۈچۈن بۇيرۇل-غان ئىش؛ ۋەزىپە: مەن ئۇنىڭ تاپشۇرمىلىرىنى ھەر قاچان يۈزدە يۈز ئورۇندايمەن.

**تاپشۇرماق** پ ① بىرەر نەرسىنى شەخسىي-نىڭ ياكى كوللېكتىپنىڭ قولىغا، ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەك: ئۇ ئۆيگە سالام بىلەن كىرىپ، ئۆزىنىڭ قىلمىشى ئۈچۈن ئاتا-ئانىسىدىن ئەپۇ سورىدى ھەمدە تۇنجى قېتىم ئەمگەك بەدىلىگە كەلگەن 49 يۈەن پۇلنى ئاتىسىغا تاپشۇردى. * دەل شۇ چاغدا ھېلىقى ئادەم خەلق ساقچىلىرىنى باشلاپ كەلدى. نىجات قولىدىكى پورتمانىنى ساقچىلارغا تاپشۇردى ۋە ھەقىقىي ئەھۋالنى ئەينەن سۆزلەپ بەردى. ② بىركىمنىڭ زىممىسىگە بىرەر ئىش ياكى ۋەزىپە يۈكلىمەك: خىزمەت تاپشۇرماق. ئىش تاپشۇرماق. * پولكوۋنىك ئىمروپ رازىمەنلىك بىلەن كۈلدى ۋە كاپىتان ساغنتوپقا مۇئاۋىنىنى قوماندانلىققا يوللىنىدىغان خىزمەت كۆرسەتكەنلەر خاتىرىسىگە تىزىملاشنى تاپشۇردى. * ئۇلار چۈشلۈك تاماقنى ھېسامىدىنىنىڭ ئۆيىدە يېگەندىن كېيىن بىرئاز ئارام ئالايلى دەۋەتقاندا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن لېتىپ ئەپەندى كىرىپ كەلدى. تۆتەيلەن بىرلىكتە قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىغا بېغىشلىنىدىغان ئالاقىنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا پىكىر قىلىپ، بۇ ئىشنى شائىرغا تاپشۇردى.

**تاپشۇرۇشماق** «تاپشۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دېھقانلار ئېشىنچە ئاشلىقلىرىنى بەس-بەس بىلەن دۆلەتكە تاپشۇرۇشماقتا.

**تاپشۇرۇق** ئى ① بىر كىمنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن ئىش؛ ۋەزىپە: ناھىيىلىك

پارتكومنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە يېقىنلىق 3-كۈنى ھاكىمغا چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىدىن دوكلات بېرىشكە توغرا كەلدى. * ئۇ: ــ پېقىر ئامبال يامۇلىنىڭ چېرىكى بولمەن، ئافلىرىنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن بۇ خەتنى ئەكەلدىم، ــ دېدى. ② ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل ئىشلىشى ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى تەرىپىدىن بېرىلگەن دەرس مەزمۇنى: تاپشۇرۇق دەپتىرى. * ئائىلىمىزدە پات-پات ئەسلىنىپ تۇرىدىغان بۇ ئىسىمنى مېنىڭ ئاغزىمدىن ئاڭلىغان ئايالىم بىلەن ئۆيدە تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقان بالىلىرىمۇ، ئاللىقاچان مېنىڭ قېشىمغا ھازىر بولۇشقانىدى.

**تاپشۇرۇق بەرمەك** ① بىراۋغا بىرەر ۋەزىپە يۈكلىمەك ۋە ئۇنى بېجىرىشكە بۇيرۇماق: ھاكىم ئۇنىڭغا جىددىي تاپشۇرۇق بېرىپ، ئۇرۇمچىگە يولغا سالدى. ② ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل ئىشلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا دەرس مەزمۇنىنى كۆرسەتمەك: ئەركىن ئاپىسغا: ــ چۈشتىن كېيىن مەكتەپكە بارمايمىز ئاپا، ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ ئۆگىنىشى بار ئىكەن، جىق تاپشۇرۇق بەردى، ــ دېدى.

**تاپشۇرۇلماق** «تاپشۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كەلگەن گېزىت-ژۇرنال، خەت-چەكلەر ئىشخانىسىدىكى جوزىدا توپا بېسىپ، بىرنەچچە ھەپتە ھەتتا ئايلاپ بېسىلىپ قالىدۇ، بەزىدە دۆلەردىن گۇڭشېغا يىغىنغا كەلگەنلەر ئارقىلىق ئىگىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ. * ئۆي-جايلىرىم خىيانەتكە تاپشۇرۇلدى. خوتۇنۇم مەن تۇتۇلۇشۇم بىلەنلا مەندىن خېتىنى ئالدى. ھەممىدىن ئايرىلدىم.

**تاپقاق** سۈپ. تاپىدىغان، تاپالايدىغان؛ تاپقۇر: تاپقاق ئادەم. * ئەللەي بالام ئەللەي، ئەركىنلىككە ئامراق بول. ئەل كۆچ ئالسۇن سېنىڭدىن، ئوقۇپ ھۈنەر تاپقاق بول.

**تاپقان** «تاپماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى.

**تاپقىنىنى تەڭ كۆرمەك** ئېرىشكەن ۋە قولغا كەلتۈرگىنىنى بىللە ئىشلەتمەك، تەڭ پايدىلانماق: ئۇلار كىچىكىدىنلا تاپقىنىنى تەڭ كۆرىدىغان قەدىردانلاردىن بولۇپ، زۇلمەتلىك ئۆتمۈش بۇ ئۈسمۈرلەرنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئامراقلىق تۇيغۇسىنى سىڭىپ كەتكەنىدى.

**تاپقان-تەرگەن** ئەجىر قىلىپ تاپقان ۋە يىغقان ھەممە نەرسە: بىزنىڭ تاپقان-تەرگىنىمىزمۇ سەن ئۈچۈن. داداڭ بىلەن مەن ئەقىل-پاراسەتلىك، پەزىلەتلىك، ۋىجدانلىق، ياخشى پەرزەنتلەرگە ئاتا-ئانا بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتۇق، ئۆزىمىزنىمۇ شۇنداق ئاتا-ئانىلاردىن بولۇشقا لايىق دەپ قارايتتۇق.

**تاپقان-تۈگكەن** ← تاپقان-تەرگەن: لېكىن بىز باشقىچە ئويلايمىز! بىز ئەڭ ئاخىرقى نەپەسكىچە كۈرەشمەكچىمىز... پۈتۈن تاپقان-تۈگكىنىمىزنى بىر توپ قۇترىغان ھايۋانلارغا بېرىپ قويارمىشمىز! بىزنى كىم دەپ ئويلايدىلا ئۇلار؟

**تاپقۇر** سۈپ. ئويلاپلا تېز تاپالايدىغان، تاپقاق: كېمىچى شاھ بەھرام مەجۇسىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، تاپقۇر، ئەقىل-پاراسەتلىك خوجايىنغا قايىل بوپتۇ.

**تاپقۇرلۇق** «تاپقۇر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ــ بارىكاللا قىزىم تاپقۇرلۇقۇڭغا! سەن بۇ قىزغا ناھايىتى ياخشى ئىسىم تېپىپ قويدۇڭ! ــ دەپتۇ رابى بىننى ھاتەم ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ.

**تاپماق** پ ① ئارزۇ قىلغان، ئىزدىگەن نەرسىنى قولغا كەلتۈرمەك: خوتۇن قالسا ئەر تاپار، ئەر قالسا مال تاپار (ماقال). * ئۆزۈم سوقۇش باشلىنىش ئالدىدا ئۆيلەندىم. يېزىدىن ياخشىغىنا، خۇش چىراي، لېكىن ئازراق شوخ بىر قىزنى تاپقاندىم. ② ئۆگىنىش، تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئارقىلىق كەشىپ قىلماق، ياراتماق: گېئولوگلار قىدىرىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسدە نۇرغۇن يەر ئاستى بايلىقلىرىنى تېپىپ چىقتى.

* ئالىم، ئەدىب تاپتى شەرەپ، قاندى كۆتۈپ كەلگەن تەلەپ. ③ ئەمگەك قىلىپ ياراتماق، تىرىشىپ ئىگە بولماق: گۈلھەسەلخان ئاچا بىر يىلدىن بۇيان يالغۇز ئوغلى قۇدرەتنى ئۆيلەپ قويۇشنىڭ كويىدا يۈرەتتى. بىر يىل ئانا-بالا دېھقانچىلىقتىن 200 كوي كىرىم قىلدى. قۇدرەت ئىشنىڭ سىرتىدا قوشۇمچە موزدۇزلۇق قىلىپ 250 كوي تاپتى. ④ ... دەپ قارىماق... دەپ ھېسابلىماق: مۇۋاپىق تاپماق. زۆرۈر تاپماق. لازىم تاپماق. * ئابدۇرېھىم ئاكىنىڭ ئايالى نىيازخان، ئوغلى توختى، قىزى ئايگۈللەر ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ، ئاخىرى ئاتىسىنىڭ گېپىنى توغرا تاپتى. ئۇلار ئاشقان ئۈزۈمنى دۆلەتكە سېتىپ بەرمەكچى بولدى. * نىكىرامۇ جۈڭگو كېمىسىگە ئولتۇرۇشنى لازىم تاپتى، ئەمما ئەرەب سودىگەرلىرى ئۇنىڭغا جۇڭگو كېمىلىرىنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقى ھەققىدە بىر نېمە دېيەلمەيدىغانلىقىنى ۋە بىر كىشىنىڭ مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرغىنىغا ئىككى ئايدىن كۆپرەك بولغانلىقىنى ئېيتتى. ⑤ بەزى ئىسىملار بىلەن بىللە كېلىپ ئۇنى پېئىللاشتۇرىدۇ: روناق تاپماق. ئارام تاپماق.

**تاپىر** ئى [ر<ئىسپان] <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، قۇيرۇقى قىسقا كېلىدۇ؛ بۇرنى ئۇزۇن بولۇپ ئالدىغا چىقىپ تۇرىدۇ، خالىغاندا ئۇزىراپ، خالىغاندا قىسقىرالايدۇ؛ تېرىسى قېلىن، تۈكى ئاز؛ ئالدى پۇتى تۆت بارماقلىق، كەينى پۇتى ئۈچ بارماقلىق كېلىدۇ؛ تروپىك بەلباغدا ياشايدۇ.

**تاپىلاشماق** «تاپىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تاپىلانماق** «تاپىلماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ شىركەتكە پارتكومنىڭ شۇجىسىنى ئومۇمىي ئوقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىد قىلىش، تەكشۈرۈشنامە يازدۇرۇش، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان پەرزەنتلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋېتىش تاپىلاندى.

**تاپىلماق** پ. بىرەر ئىش ياكى بىرەر مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشى، بېجىرىلىشى، ساقلىنىشى قاتارلىقلارنى بىركىمگە تاپشۇرماق؛ جېكىلىمەك: رەمزىيە مۇئەللىم شۇ چاغدا لۇتپۇللاغا ئەھۋالنى ئوچۇق ئېيتىپ، تەھرىر بۆلۈمىنىڭ پىكرى بويىچە شېئىرلىرىنى ئۆزگەرتىپ چىققاندىن كېيىن، گېزىتخانا تەھرىر بۆلۈمىدىكى ئەنۋەر ناسىر دېگەن كىشىگە ئاپىرىپ بېرىشنى تاپىلىدى. * مەن ئامىنىگە خەۋەر قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، ئابلىكىمگە ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇشنى تاپىلاپ يولغا چىقتىم. ئاپامنىڭ كېسىلى دەرۋەقە ئېغىر ئىكەن.

**تات** تەق. مىلتىق، ئاپتومات قاتارلىقلار ئېتىلغاندا ئاڭلانغان ئاۋاز: ئورماندا «تات» قىلغان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

**تاتاتلاتماق** «تاتاتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تاتاتلىماق** پ. «تات-تات» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: دەسلەپ تاپانچىنىڭ، كېيىن تاتاتلاپ ئېتىلغان ئاپتوماتنىڭ، ئارقىدىن يەنە تاغ ئىچىنى چاڭ كەلتۈرۈپ ئېتىلغان مىلتىق، ئاپتوماتلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. * پوتەيگە يېقىن باردىم ئاستىلاپ، ئاتتىم پوتەيگە بومبىنى راسلاپ. قاچتىلى تۇردى دۈشمەن شاپاشلاپ، ئارقا-ئارقىدىن پوتەينى تاشلاپ، پوتەي ئىچىدىن ئەنە دەل شۇ تاپ، بىر چوڭ پىلموت كەتتى تاتاتلاپ.

**تاتار** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**تاتار تىلى** تاتارلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى، تۈركىي تىللار تۈركۈمىنىڭ قىپچاق تىلى گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ.

**تاتارتماق** «تاتارماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تاتارچە** ① سۈپ. تاتار خەلقىگە، ئۇنىڭ يېزىقى، تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە

ئائىت: تاتارچە ئۇسسۇل. تاتارچە ئادەت. ②
ئى. تاتار تىلى: تاتارچە سۆزلەشمەك.

**تاتارلار** تاتار مىللىتى، تاتار خەلقى.
بۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىلى، چۆچەك، ئۈرۈمچى
قاتارلىق جايلىرىغا؛ ئاساسلىق قىسمى
سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ۋولگا دەريا بويلە-
رى، سىبىر، قىرىم قاتارلىق جايلارغا
ئولتۇراقلاشقان.

**تاتارماق** پ. چىرايى ئۆزگىرىپ، ئۆڭى
ئۆچمەك، چىرايى ئاقارماق: چىرايى تاتارماق.
* مۇھەممەت ئىمىن ئۇنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق
سۆزلەرنىڭ چىقىشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ
باقمىغانىدى، شۇڭا بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ،
ئابدەمگە مولۇندەك تىكىلىپ تۇرۇپلا قالدى، تىلى
تامىقىغا چاپلىشىپ قالغاندەك زادىلا زۇۋان سۈرمەيتتى.
* قەرزنى قىستاپ باي كېلىپ گۈلەمنىڭ ھۆسنىنى
كۆردى-دە، قىزاردى كۆزى. غەلىتە ھجايىدى لېكىن
خالۋاپنىڭ، پەيلىنى كۆرگەندە تاتاردى يۈزى،
كەچقۇرۇن ئەۋەتتى غالچىسنى ئۇ، بىر ياۋۇز نىيەتنى
پىلانلاپ ئۆزى.

**تاتازا** مق [خەن] باغلام، پېچەت: بىر تاتازا
پۇل. * شۇنىڭ بىلەن قىمارۋازلاردىن ئىككىسىنىڭ
شاھىتلىقى ئاستىدا ھۆججەت يېزىلىپ، بارماقلار
بېسىلىپتۇ، ئاق تۇماق قوينىدىن پۇل خالتىسىنى چىقىرىپ،
بۈگۈنكى قىماردا ئۇتقان پۇللىرى بىلەن قوشۇپ بىر
تاتازا پۇلنى سىدىقنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ.

**تات-تات** «تات» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى:
ھامىد شۇنداق سۆزلەر ئىدى ئۇلارغا، ھوشيار
نەزەر تاشلار ئىدى ئۇ پات-پات. سېزىپ قالدى
ھەرىكىتىنى شازارنىڭ، تات-تات قىلىپ ئاۋاز بەردى
ئاپتومات.

**تاتلىق** سۈپ ① تەمى، لەززىتى ياخشى؛
تەملىك، مەززىلىك: تاتلىق تاماق. تاتلىق
يېمەكلىك. * ئەمگەكنىڭ نېنى تاتلىق، ھۇرۇننىڭ
جېنى تاتلىق (ماقال). * راست ئىكەن، ئۇ يەردە
بىزدەك بالىلاردىن خېلى بار ئىكەن. ئادەملەر ئاشقان
تاماقلىرىنى، بەزىلەر بولسا، بىرەر-يېرىم سامسا،
مانتىلارنىمۇ بېرىدىكەن. ئەجەب بەلەن، ئەجەب
تاتلىق تاماقلار ئىكەن، مەنمۇ تازا يېدىم. ②
كۆچمە. لەززەت، ھۇزۇر بېغىشلايدىغان؛
شېرىن: تاتلىق ئۇيقۇ. تاتلىق ئارزۇ. * ئۇنىڭ
قەلبى ئاجايىپ سىرلىق ۋە بەكمۇ تاتلىق بىر تۇيغۇنىڭ
دولقۇنىغا چۆمگەنىدى.

**تاتلىق ئاپېلسىن** <بوت> ①سۈزاپ
ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان
دەرەخ ياكى چاتقال، يوپۇرمىقى سوقچاق؛
مېۋىسى يومىلاق، شىرنىلىك، مېۋە شۆپىكى
قىزغۇچ سېرىق، تەمى چۈچۈمەلرەك
بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**تاتلىق بامبۇك** <بوت> بامبۇكنىڭ بىر
تۈرى. 20-25 مېتر ئەتراپىدا ئۆسىدۇ
دىئامېترى 10-30 سانتىمېتر كېلىدۇ؛ رەڭگى
يېشىل، تۈكلىرى بولمايدۇ؛ يوپۇرمىقى
ناھايىتى چوڭ، يوپۇرماق غىلىپىنىڭ ئۈستۈن-
كى قىسمىدا سېرىققا مايىل پوررەڭدە
ئىنچىكە تۈكچىلەر يېپىشىپ ئۆسكەن
بولىدۇ؛ گۈلى باھاردا ئېچىلىدۇ؛ باشاقچىلى-
رى سەل ياپىلاق بولۇپ، بېغىر رەڭدە
بولىدۇ؛ تۈزلەڭلىك، تاغ-ئېدىرلىق جايلاردا
ۋە دەريا ياقىلىرىدا ئۆسىدۇ. ئۇ مەملە-
كىتىمىزنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولۇپ،
مەملىكىتىمىزنىڭ جەنۇبى، غەربىي جەنۇ-
بى، تەيۋەن، فۇجيەن، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق
ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ؛ نوتىسى تەملىك،
يېگىلى بولىدۇ؛ غولىنى قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىش-
كە، قەغەزچىلىكتە خام ئەشيا قىلىشقا
ۋە ئۇنىڭدىن سېۋەت، ئورۇندۇق قاتارلىقلار-
نى توقۇشقا بولىدۇ.

**تاتلىق پولۇ** قۇرۇق ئۈزۈم، گۈلە، بېھى

قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئەتكەن پولۇ. بۇ خىل پولۇنىڭ تەمى ئادەتتە گۆش بېسىپ ئېتىلدىغان پولۇدىن باشقىچە بولىدۇ.

**تاتلىق زەنجىۋىل** <بوت> ① مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى، سىرتقى كۆرۈنۈشى ئاپتاپپەرەسكە ئوخشايدۇ؛ تەخمىنى ئاپتاپپەرەسنىڭكىدىن كىچىك؛ يەر ئاستىدا تۈگۈنەك غولى بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى ئۇزۇن ۋە سوقىچاق، گىرۋىكىدە چىشلىرى بولىدۇ؛ گۈلى سېرىق؛ - تۈگۈنەك غولىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ تۈگۈنەك يىلتىزى.

**تاتلىق زىسەي** <بوت> قىزىل يۇسۇن- لۇقلەرنىڭ بىر تۈرى، دېڭىز بويلىرىدا ئۆسىدۇ؛ رەڭگى قىزغۇچ سېرىق؛ ياپىلاق كېلىدۇ؛ ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ.

**تاتلىق-تۇرۇم** ھەر خىل تاتلىق يېمەكلىك- لەر: يوملاق شىرەنىڭ ئۈستى خىلمۇخىل تاتلىق -تۇرۇم، قەنت-گېزەكلەر بىلەن لىق تولغانىدى.

**تاتلىقلىق** «تاتلىق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بېھىشنىڭ ئىشىكىدە بىر تۇپ ئانار دۇر، ئۇنىڭ تاتلىقلىقى تىلنى يارادۇر.

**تاتلىقياڭيۇ** ئى [تاتلىق+ياڭيۇ] <بوت> ① يۆگەي ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن بولۇپ يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ؛ تۈگۈنەك يىلتىزىنىڭ پوستى قىزغۇچ ياكى ئاقۇچ بولۇپ، گۆشى سارغۇچ ئاق رەڭدە بولىدۇ؛ ئىستېمال قىلىشتىن باشقا ئۇنىڭدىن يەنە قەنت ئېلىشقا ۋە ئىسپىرت ئىشلەش- كە بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ تۈگۈنەك يىلتىزى.

**تاتۇق** ئى. جاراھەت ئىزى: يىراقتىن قارىسام ئەلدىن ئارتۇق، يېقىندىن قارىسام ھاشىم تاتۇق (ماقال). * ئۇنىڭ ئورۇق كۆكۈچ يۈزىدە، ئاقارغان چاچلىرى ئاستىدا، پېشانىسىدىكى قورۇقلار ئىچىدە تىلىم-تىلىم تاتۇقلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

**تاتىراڭ** سۈپ. قېتىپ كەتكەن، قۇرغاق؛ ھېچ نەرسە ئۈنمىگەن: تاتىراڭ ئېتىز. * جاراڭلايدۇ قۇڭغۇراق ئۆتسە يولدىن ئۈزۈلمەي، ئوغۇت باسقان ھارۋىلار قاتار-قاتار تىزىلىپ. قاچا ئۇتقان دېھقانغا ئاچچىق سوغۇق بىلىنمەس، ئالار ھوسۇل قىشچە تاتىراڭ يەرگە كۈچ بېرىپ.

**تاتىراڭغۇ** سۈپ. تاتارغان، ئۆڭگەن: تاتىراڭغۇ چىراي. تاتىراڭغۇ يۈز. * تاجىخان يەڭگىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭ ئۆيىگە چىرايى تاتىراڭغۇ، بېشى خۇددى سايىقىدىن ئۈزۈلۈپ قۇرۇپ قالغان قاپاقتەك بىرى قولىدا قامچا تۇتقان ھالدا ئىككى ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. * نىشانلاپ غۇجىسىنىڭ ھويلىسىنى ئۇ، كەكلىكتەك يورغىلاپ كېلەتتى چاپسان. قىزارغان كۆزىدە شۇملۇق كۈلكىسى، تاتىراڭغۇ يۈزىدە بىر سۇيىقەست ئايان.

**تاتىراڭلىق** ① «تاتىراڭ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇ يەرنىڭ تاتىراڭلىقىدىن بۇغداي ئالا بولۇپ قالدى. ② ئى. تاتىراڭ يەر: قانچىلىغان بىگۇناھ مىسكىنلەرنىڭ قانلىرىنىڭ دەريا-دەريالاپ ئېقىشىغا سەۋەب بولغانىدىڭ؟ جەننەت- تەك گۈزەل، ئاۋات قىشلاقلارنىڭ قاقاس تاتىراڭلىققا ئايلىنىشىغا سەن سەۋەبچى ئەمەسمۇ؟

**تاتىرىشماق** «تاتارماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قاپاقلىرى سىيلىنغان، رەڭگىرويى ئۆڭۈپ تاتىرىشىپ كەتكەن بۇ يىگىتلەر، قانداقتۇر بىر يامان خاپىلىقنىڭ ئازابىدا قالغاندەك ئۈزۈلدۈرمەي تاماكا چېكىشەتتى ۋە شۇ تاپتا بىر-بىرىنىڭ تەرىگە زىنھار قارىغۇسى كەلمەيۋاتقاندەك ئىدى.

**تاتىلاتماق** «تاتىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇ-

رىي دەرىجىسى: دۈمبىسىنى تاتىلاتماق.

**تاتىلاشتۇرماق** پ ① كۆز كۆرمىگەن ئەھۋالدا مەلۇم نەرسىنى قول بىلەن ئىزدىمەك: ئامبۇرنى قاراڭغۇدا قولۇم بىلەن تاتىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ ئاران تاپتىم. ② كۆچمە. تىرىشىپ ئىزدەنمەك، بىر ئامال قىلماق: مەن بېيجىڭغا بېرىپ قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ئاز-تولا ئوقۇپ، كەلگەندىن كېيىن، تاتىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ «ئوغۇزنامە» نى ئوقۇپ ئاددىيلا بىر خاتىرە يازدىم. بۇ خاتىرىدىكى گەپلەر مۇ ئوبۇلغازى باتۇرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» دېگەن ئەسىرىدىن كۆچۈرۈۋېلىنغان، يېڭىلىق يوق دېيەرلىك.

**تاتىلاشماق** «تاتىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئىنقىلاب داۋللىرىنى چۈشىنىۋېلىشقا تىرىشمايدۇ، مەدەنىيەت ئۆگىنىشمەيدۇ. ئەتىدىن-كەچكىچە قارنىنى تاتىلىشىپ ئۇخلىغىنى-ئۇخلىغان.

**تاتىلانماق** ① «تاتىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: بالا بەدىنى قىچىشقانلىقتىن كېچىچە تاتىلىنىپ ياتتى. ② «تاتىلماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: باغنىڭ تېمىغا تىكەن قويۇپ بولغۇچە قوللىرىم تاتىلىنىپ يېغىر بولۇپ كەتتى.

**تاتىلداتماق** «تاتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مجىت تراكتورىنى تاتىلدىتىپ يەر ئاغدۇرۇشقا ماڭدى.

**تاتىلدىماق** پ. ← **تاتاتىلماق**: «ئىنتىقام!» دەپ پىلىموتلار تاتىلدايتتى غەزەپتە. بولدى كەسكىن ئېلىشىش ھەر ئېدىردا ھەر سەپتە.

**تاتىلغۇچ** ئى. ئات-ئۇلاغلارنىڭ بويىنىنى تاتىلاش، تۈكىنى تاراش ئۈچۈن ئىشلە-تىلىدىغان، تۆمۈر ياكى ياغاچتىن ياسال-غان تارغاقسىمان ئەسۋاب.

**تاتىلماق** پ. تىرمىلماق، قاشلىماق: بېشىنى تاتىلماق. تىرنىقىنى تاتىلماق. * ئوغۇت يىغسالڭ تاتىلاپ، ئاشنى ئالىسەن قاچىلاپ (ماقال). * ئادىل مۇئەللىم ئالىمغا قارىغانىدى، ئۇ قولىدىكى كىتابنى جوزا ئۈستىگە قويۇپ قويغان بولۇپ، بېشى ساڭگىلىغان ھالدا تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇراتتى.

**تاج** ئى [ئە] ① پادىشاھلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقنى ئىپادە قىلىپ تۇرىدىغان ۋە قىممەت باھالىق زىننەت بۇيۇملىرىدىن ئىشلەنگەن باش كىيىم: ئۇ بېشىدىن ئالتۇن تاجنى ئېلىۋىدى، قاپقارا ئۇزۇن چاچلىرى ئايىغىغا چۈشۈپ يەر سۆيدى، ئۇ ئانىسىنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى تاشلاپ، پۇتلىرىنى يۈز-كۆزىگە سۈرتەتتى. * ئايلار ئۆتۈپ، يىللار ئۆرۈلۈپ، ۋاقتانۇۋاق كەلگەندە پادىشاھ دۇنيادىن ئۆتتى. شاھنىڭ ئوغۇل پەرزەنتى بولمىغاچقا، پادىشاھنىڭ تاجى خەردەمەندىگە كىيدۈرۈلدى. ② بەزى قۇشلارنىڭ بېشىدىكى قىزىل گۆشسىمان ئۆسمە: خورازنىڭ تاجى. ③ <بوت> گۈل كاسىسىغا ئورۇنلاشقان بىر قانچە گۈل ياپراقچىلىرى: گۈل تاجى.

**تاج تۈكى** <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۈلى ۋە مېۋىسىدىكى گۈل كاسىسى ياپراقچىسىنىڭ شەكىل ئۆزگەرتىشىدىن ھاسىل بولغان تۈكسىمان تۈزۈلۈش. ئۇ شامال كۈچىگە ماسلىشىپ ئۇرۇقلارنى تارقىتىش رولىغا ئىگە. مەسىلەن: مامكاپقا ئوخشاش.

**تاج كىيمەك** ① تەختكە ئولتۇرماق: دۇنياغا كەلمىگەن تاج كىيىشكە ئۇ، ئەل ئۈچۈن كۆرۈنۈپ تاشلىدى سايە. ياشىغان ئار-نومۇس ۋىجدانى بىلەن، ئەزىزدۇر ئۇنىڭغا كوممۇنىستىك غايە. ② ئەمەل، مەنسەپكە ئىگە بولماق: پاسار ۋالىيلىق تاجىنى كىيىشتىن ئالتە ئايچە ئىلگىرى، كۆتۈلمىگەندە ئۇلار پاسارنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا بولۇپ قالدى. * دۇنيادىكى كۆپ قىسىم ئەزالارنىڭ خەۋىرى بولمىغان ئاللىقانداقتۇر بىر «سايلام» دا قۇناخۇن دۇيجاڭلىق تاجىنى كىيدى.

**تاجا** (توغرىسى: تاج) ← **تاج**.

**تاجاۋۇز** ئى [ئە] بىر ياكى بىرنەچچە

دۆلەتنىڭ باشقا دۆلەتلەرنى بويسۇندۇ-رۇش، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى بېسىۋېلىش مەقسىتىدە قورال كۈچى بىلەن باستۇرۇپ كىرىشى: تاجاۋۇز قىلماق. * ياپونىيە جۇڭگونىڭ تەۋەسىدىن تولىسىنى تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋالغان ئەمەسمىدى؟ كېيىن بىز ئۇرۇش قىلىپ يۇرۇپ بىر يېڭى جۇڭگونى بەرپا قىلدۇققۇ؟.

**تاجاۋۇز قىلماق** قورال كۈچى بىلەن باشقىلارنىڭ زېمىنىغا باستۇرۇپ كىرمەك: مەن چولڭ بولغاندا ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى بولۇپ ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرىسىنى قوغدايمەن، ئەگەر دۈشمەنلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرسە، پىلىموتىم بىلەن قىرىپ تاشلايمەن.

**تاجاۋۇزچى** ئى. تاجاۋۇز قىلغۇچى؛ باسمىچى: شۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىمىزكى، مۇشۇنداق ياخشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئىگە ئارمىيە بار ئىكەن، ھەر قانداق تاجاۋۇزچىنى چوقۇم مەغلۇب قىلالايمىز. // قۇتۇلۇپ تېز قېچىپتۇ، تاجاۋۇزچى مەلئۇنلار. ماھىرەمگە مەرسىيە ئوقۇشۇپتۇ بۇلبۇللار.

**تاجاۋۇزچىلىق** ① ئى. تاجاۋۇزچىلارغا خاس ھەرىكەت ۋە پائالىيەت: جەنۇبىي سۇڭ خاندانلىقى دەسلەپتە شىمال تەرەپتىن تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، جەنۇبقا كۆچكەن ئىكەن. ② سۈپ. تاجاۋۇز خاراكتېرىنى ئالغان، تاجاۋۇز خاراكتېرىدىكى: تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەت. * جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ۋە ئۇرۇش سىياسەتلىرى دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە خەلق ئاممىسىنىڭ بارغانسېرى كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىماقتا.

**تاج-تەخت** تاج ۋە تەخت؛ ھۆكۈمرانلىق، ھاكىمىيەت: تاج-تەختتىن ئايرىلماق. * ھازىر بولسا ئىمپېرىيە بۇزۇلماقتا، تاج-تەختى يىقىلماقتا... روسىيە ئوت ئىچىدە. ئەگەر ئۆزىمىزنى ھالاك قىلىشنى ئىزدىمىسەك، ئېھتىيات قىلىشىمىز كېرەك. * ئەي شاھزادەم، ئۇلۇغلۇقتا زور ھۆرمەتكە مالىك زات، سەن مېنى دەپ قولدىن بەردىڭ تاج-تەخت مىراسىڭنى... مەن يېنىڭدا يوق ئەمدى، ساڭا تىلەپ بەخت-ھايات، كۆزلىرىمگە سۈرتەي سېنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئىزىڭنى.

**تاجدار** [ئە+پ] ① ئى. تاج-تەخت ئىگىسى، ھاكىم مۇتلەق؛ پادىشاھ: بۇ ھوقۇق، ئەركىنى سەن بەردىڭ بىزگە، ۋە ئۇنى ھېچكىممۇ تارتىپ ئالالماس. تاجدارلار ھەممىگە قىلىچ سالسىمۇ، ۋە لېكىن بىر ساڭا قىلىچ سالالماس. ② سۈپ. بېشىدا تاجى بار، تاجلىق: تاجدار ئادەم. * ئايا، تاجدار ئادىل جاناب! ماڭا قىلدىڭ ياخشىلىق بىھېساب. ئادالەت بىرلە يەر يۈزى تىنچ تۇرار، پەلەكتە قۇياشمۇ نۇرىن چاچار.

**تاج-دۆلەت** تاج ۋە دۆلەت: كېچىنى مەدھىيىلەش كۈنىنى قارغاش، ئەسلىدىن ۋە نەسلىدىن مىراس ئاڭا. چۈنكى ئۇنىڭ بەختى-تەلىيى، تاج-دۆلەت ھەممىسىگە تۈن پاناھ.

**تاجسىز** سۈپ. تاجىسى يوق، تاج قادىمىغان: پادىشاھ تەختتە ھېچقاچان تاجسىز ئولتۇرمايدۇ.

**تاجسىمان** سۈپ. شەكلى تاجغا ئوخشايدىغان: تاجسىمان ئارتېرىيە.

**تاجسىمان ئارتېرىيە** <ئانات> يۈرەكنى قان بىلەن تەمىنلەيدىغان تومۇر. شەكلى خان تاجىغا ئوخشايدۇ؛ غول تومۇردىن باشلىنىپ، ئوڭ ۋە سولغا ئايرىلىپ، يۈرەكنىڭ سىرتىنى ئوراپ تۇرىدۇ.

**تاجلىق** سۈپ. تاجى بار، تاج كىيگەن: تاجلىق خوراز. * زەر تاجلىق كۆپ نازلىق گۈللەر كۆرۈنمەس. ئۈچۈپتۇ قۇش ئۇنى، كۆلكە شاۋقۇنى. ھۇقۇشلار قايغۇلۇق ئۆكسۈيدۇ بەزەن، بارخانلار مىسالى ئەجەل دولقۇنى.

**تاجلىق پانۇسگۈل** <بوت> چىننىگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرماقلىرى ئۇدۇل ئۆسىدۇ، تۇخۇم شەكىللىك ياكى سوقچاق كېلىدۇ؛

گۈلى سېرىق ياكى قىزىل كېلىدۇ؛ گۈل تاجى يوپۇرماقلىرى چىشسىمان بولۇپ تېپىز يېرىلىدۇ؛ ئوتتۇرا جۇڭگودا كۆپ ئۆسىدۇ؛ مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ؛ يىلتىزى دورا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش رولى بار.

**تاجىك** ئى. مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**تاجىك تىلى** تاجىكلار ئىشلىتىدىغان تىل، بۇ تىل ھىندى-ياۋرۇپا تىللىرى سىستې-مىسىنىڭ، ئىران تىللىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ. شىنجاڭدىكى تاجىكلارنىڭ تىلى ئىران تىللىرى تۈركۈمىنىڭ شەرقىي تارمىقىغا كىرىدۇ.

**تاجىكچە** سۈپ ① تاجىك خەلقىگە، ئۇنىڭ يېزىقى، تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى-گە ئائىت: **تاجىكچە ئۇسسۇل، تاجىكچە ئادەت.** ② تاجىك تىلى: **تاجىكچە سۆزلەشمەك. سىز تاجىكچە بىلەمسىز؟**

**تاجىكلار** تاجىك مىللىتى، تاجىك خەلقى. بۇلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاشقورغان ناھىيىسىگە ئورۇنلاشقان ۋە يەكەن، قاغىلىق، پوسكام، گۇما قاتارلىق ناھىيىلەرگە تارقاق ئولتۇراقلاشقان. مەملىكىتىمىز سىرتىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجىكىستان ئىتتىپاقداش رېسپۇبلىكىسىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىران ۋە ئافغا-نىستاندىمۇ بار.

**تاجىگۈل** ئى [تاج+ى+گۈل] <بوت> تاجىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ئۆسۈملۈك، غولى تىك، تومۇر، يۇقىرى قىسمى سەل ياپىلاق؛ يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، شەكلى تۇخۇمسىمان ياكى تۆمۈنە شەكىلدە كېلىدۇ، سېپى بولىدۇ؛ باشاق-سىمان گۈل رېتى توخۇ تاجىغا ئوخشايدۇ؛ گۈللىرى كىچىك، زىچ، رەڭگى قىزىل، سۆسۈن، سېرىق بولىدۇ؛ ئۇرۇقى ياپىلاق ھەم يۇمىلاق بولۇپ، قارا كېلىدۇ؛ گۈلى ۋە ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ؛ ئۇرۇقى قىرىق زەھەرسىز، يەللىك ئىسسىقنى پەسەيتىپ، جىگەرنى تازىلاپ، كۆزنى روشەنلەشتۈرى-دۇ؛ گۈلى تاتلىق بولۇپ، زەھەرسىز، قىزىتمىنى پەسەيتىدۇ، قاننى سوۋۇتىدۇ، ۋە توختىتىدۇ، تولغاقنىمۇ توختىتىدۇ.

**تاخ** ئىم. توخۇنى قوغلاش، ھەيدەشنى بىلدۈرىدىغان بۇيرۇق ئىماسى: **توخۇنى تاخ دېمە، مۈشۈكنى پەش دېمە (ماقال).**

**تاختا** ئى [پ] ① دەرەخ غولىدىن ئۇزۇنىسىغا تىلىنغان يېسسى ياغاچ؛ شال: **قارىغاي تاختا.// تاختا كۆۋرۈك.** ② خېمىر يېيىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇزۇن، ياپىلاق شال، ئاشتاختا :تاختا- نوغۇچ. * **ئاشنى تاختىغا ئالغۇچە چاپاننى پاختىغا ئالغۇچە (ماقال).** ③ بىرەر مەيدان، يەر ياكى ئېتىزنىڭ كاتەك-كا-تەك قىلىپ ئايرىلغان بۆلىكى، پارچىسى ياكى ھەر خىل فورماتتىكى تۆت بۇر-جەك، يۈزى تەكشى نەرسىلەر: **ئۇلار ئۇرۇق سېلىشتىن ئىلگىرى يەرنى ياخشى تۈزلەپ رەتلىدى، ھەر بىر تاختا يەرنىڭ ئېگىز-پەسلىكىنى ئون سانتىمېتىردەك پەرقلەندۈرۈپ سۇغىرىپ شورنى ئارقا-ئارقىدىن باستۇردى.** * **بالام، قارا چاينىڭ كىچىك تاختىسى بولسا شۇنىڭدىن ئال.** ④ قوغۇن ئېتىزىنىڭ پىلەك ئۆسۈپ، قوغۇن چۈشە-دىغان جايى: **بۇ يەرگە داڭلىق قۇمۇل قوغۇنىنىڭ تاللانغان ئۇرۇقلىرى ئۈز تۈرى بويىچە تېرىلغان بولۇپ، ھەر خىل تۈردىكى قوغۇننىڭ چۈنەك، تاختىلىرى ئايرىم ئىدى.** ⑤ كونا مەكتەپلەردە باللارغا ئۆگىتىش ئۈچۈن ئۇستىگە ھەرپ

يېزىلغان، سىلىق ۋە كىچىك تۇتقۇچلۇق تاختاي. ⑥ ساناق سانلار بىلەن كېلىپ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: بىر تاختا قەغەز. بىر تاختا چاي.

**تاختا بولماق** بۇغداي، ئارپا قاتارلىق زىرائەتلەر تەكشى ئۆسۈپ يېتىشمەك، تەكشىلەنمەك: ئۇ تۇمىقىنى قىرلاپ، هارۋىسىنى بۇغدايلىق تەرەپكە قارىتىپ: ــ قارىغىنا، بىزنىڭ بۇغدايلار نېمدېگەن تەكشى تاختا بولۇپ كەتكەن! ــ دېدى.

**تاختا جۇۋا** ئاشلاپ، ئەيلەنگەن تېرىدىن تاختا قىلىپ تەييارلانغان جۇۋا.

**تاختا قىلماق** ← **تاختىلىماق.**

**تاختا كاهىش** <بىن> يۈزى نىسبەتەن كەڭ، بەك ئېگىز ئەمەس ياسالغان كاهىش.

**تاختا كۆۋرۈك** ئۈستى تاختا قىلىپ تىلىنغان ياغاچتىن ياسالغان كۆۋرۈك: ئىشىك ئالدى تاختا كۆۋرۈك، قۇلۇپ، زەنجىرى بولمىسا. هەر كىشىنىڭ يارى بولسا، كۆڭلى قارا بولمىسا.

**تاختىدىن سۇغا سەكرەش** <تەن> سۇغا سەكرەش تەنهەرىكىتىنىڭ بىر تۈرى. بىر مېترلىق ۋە ئۈچ مېترلىق دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. بۇ بەش گۇرۇپپا هەرىكەت بولۇپ، هەر گۇرۇپپىدا بەلگىلەنگەن هەرىكەت ۋە ئۆزى تاللىۋالغان هەرىكەتلەر بولىدۇ. ئىككى خىل هەرىكەتتە ئېرىشكەن نومۇرنىڭ يىغىندىسىغا ئاساسەن، نام تەرتىپى بەلگىلىنىدۇ.

**تاختاي** ئى [پ] ① ئۇزۇنىغا تىلىنغان يېسسى ياغاچ تاختا؛ شال: تاختاي ئورنانماق. * ئەكبەر سەلىمگە قايرىلىپ قارىدى، سەلىمنىڭ كۆزلىرىدە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئوتلىرى چاقنايتتى. ئەكبەر ئۇنىڭ قولىدىكى تاختاينىڭ بىر ئۇچىنى تۇتتى. ② بور بىلەن خەت يېزىش ئۈچۈن ياغاچ ياكى باشقا نەرسىدىن ياسالغان دوسكا: تاختايغا خەت يازماق.

**تاختاي گېزىتى** بايرام، مۇهىم خاتىرە كۈنلەرنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن تاختايغا يېزىپ چىقىرىلغان ماقالە ۋە مۇهىم خەۋەرلەر: تاختاي گېزىتى چىقارماق.

**تاختايباهاسى** ئى [تاختاي+باها+سى] دۆلەت تەرىپىدىن بىر تۇتاش بەلگىلەنگەن باها: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق تارماقلىرى ئاشلىق يۆتكەپ بېرىلىدىغان جايلاردا، دېهقانلارنىڭ قولىدىكى ئارتۇق ئاشلىقنى كېلىشىم باهادا سېتىۋېلىپ، شۇ جايلاردىكى ئاممىغا تاختايباهاسىدا سېتىپ بەردى. * ئىش شۇ يەرگە كەلگەندە رېهىمنىڭ ئايالى چىداپ تۇرالمىدى: ــ ئىنساپ قىلىڭلار كادىرلىرىمىز، ئېشەكنى بازاردا 200 يۈەندىن ئارتۇق ئالاتتى. هارۋىنى ئەركىن بازاردىن 350 يۈەنگە سېتىۋالغانىدۇق. هېچ بولمىغاندا، تاختايباهاسى بويىچە پۇل بېرىڭلار، ــ دېدى.

**تاختايلىق** سۈپ. تاختاي ئورنىتىلغان، تاختىيى بار: تاختايلىق ئۆي. تاختايلىق سۇپا. * چاقچاقنىنا هويلىنىڭ ئىچى رەڭگارەڭ ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر بىلەن تولغان، قېنىق سىنكا سىلىپ ئاقارتىلغان تاملار قۇياش نۇرىدا كۆزنى قاماشتۇراتتى، هويلا شۇنچە رەتلىك، پاكىز ۋە ئازادە ئىدى، ئاسىيە مېنى پېشايۋان ئارقىلىق ئاستى-ئۈستى تاختايلىق مېهمانخانىغا باشلاپ كىردى.

**تاختىبېشى** ئى. [تاختا+باش+ئى] ئۆيۈقبېشى ياكى ئادەم بويى يەتكۈدەك ئېگىزلىككە ئورنىتىلغان تاختا ۋە ئۇنىڭ ئۈستى: ئۇ بۇ ئىشنى تۈگىتىپ، قەلەم ئۇچىنى پاكىز سۈرتۈپ ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، تاختىبېشىدىن تېرە مۇقاۋىلىق كىتابنى ئېلىپ ئاچتى ۋە ئوقۇشقا باشلىدى. * ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا هەمراغا تاشلاندى. هەمراھ ئاللىقاچان ئۇنىڭ نىيىتىنى پەملىگەنىدى. شۇڭا ئۆزىنى چەبدەسلىك بىلەن چەتكە ئېلىپ، تاختىبېشىدىكى نوغۇچنى قولىغا

ئالدى.

**تاختىپىشقا ئېلىپ قويماق** بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى مۇھىم دەپ بىلمەستىن، ئۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماق: ئالگېبرا، گېئومېتىرىيە، فىزىكا، تارىخ، جۇغراپىيە، فىزىئولوگىيە، ئاناتومىيە، پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە دېگەن پەنلەر تاختىپىشقا ئېلىپ قويۇلدۇ. ئىچىلىك تىت-تىت بولدۇ.

**تاختىپەر** ئى [پ] ① شاھ، خانلارنى قارشى ئېلىش، دەم ئالدۇرۇش ئۈچۈن ۋاقىتلىق ياسىغان سەھنە ۋە شۇ سەھنىدىكى نەققاش شەكىللىك ئورۇندۇق: تاختىپەردە ئولتۇرماق. تاختىپەرگە چىقماق. * قەيەردىدۇر بىر يەردە ناغرا-سۇناي ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. كىشىلەر شەھەر ياققا قاراشتى. سوتۇق بۇغراخان، خانىش ئايدىڭ ئوردۇ كاتىپباشلىرى بىلەن ئاتلىق كېلىشمەكتە ئىدى. خەلق تەنتەنە قىلىشتى. ئۇلار ۋاقىتلىق ياسالغان ئۈستى يېپىق تاختىپەرگە چىقىشتى. ② كۆندىلىك گېزىت، ئېلان، ئۇقتۇرۇش قاتارلىقلارنى چاپلاش ئۈچۈن، تاختايدىن ياسالغان جاھازا: يىغىلىشتۇ قانچە ئادەم تاختىپەرنىڭ ئالدىغا، ئاستا كەلدىم يېنىغا، ئۆزۈمنى ئالدىم دالدىغا. ③ دارۋاز باغلىغان دارنىڭ ئەڭ ئۈستىگە تاختايدىن ياسالغان ئورۇندۇق: دارۋاز تاختىپەرگە چىقىپ بىر دەم تۇردى-دە، ئاندىن دار ئۈستىدە موللاق ئېتىشقا باشلىدى. ④ <بىن> بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا تامچىلارنىڭ ئېگىزلىكتە تۇرۇپ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن قۇرۇلغان جاھاز.

**تاختىسىمان** سۈپ. تاختىغا ئوخشاش، تاختىدەك.

**تاختىسىمان قۇرۇلما** <گېئول> دېفورماتسىيەنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن بىر خىل نىپىز، تاختىسىمان ئاجرىلىش. قەۋەتلىنىش ئارقىلىق ھەر خىل بولۇڭ ياساپ كېسىشىدۇ.

**تاختىسىمان يىلتىز** <بوت> ئىسسىق بەلباغنىڭ ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلىرىدە ئالاھىدە بولىدىغان تاختىسىمان تۇراقسىز يىلتىز. غولىنىڭ تۆۋىدىن ئۆسۈپ چىقىپ تۇپراققا قىيپاش ھالەتتە كىرىپ، ئۆسۈملۈكنىڭ يەر ئۈستى قىسمىنىڭ چىداشچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

**تاختىلاپ** «تاختىلىماق» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى.

**تاختىلاپ سۇغىرىش** <دېھ> سۇغىرىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. سۇغىرىلىدىغان ئېتىز كۆلىمى كىچىكرەك تاختىلارغا بۆلۈنىدۇ، تاختىلار سەل يانتۇ بولۇپ، بىر-بىرلەپ سۇغىرىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل بۇغداي، تېرىق قاتارلىق قۇرلاپ تېرىلىدىغان زىرائەتلەرنى سۇغىرىشقا باپ كېلىدۇ.

**تاختىلاتماق** «تاختىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېتىزنى تاختىلاتماق.

**تاختىلاشتۇرماق** «تاختىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يازغى بۇغداي تېرىلىدىغان يەرلەرنى تاختىلاشتۇرۇپ ئوسما قىلدۇق.

**تاختىلاشتۇرۇلماق** «تاختىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تېرىلغۇ مەيدانى تاختىلاشتۇرۇلدى.

**تاختىلاشماق** ① «تاختىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② تاختا ھالىتىگە كەلمەك، تاختا بولماق.

**تاختىلانماق** ① «تاختىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قاقىردەك تىزىلغان ئۈچ جۈپ قوش كالىسى تاختىلانغان چولڭ ئېتىز ئىچىدە بىر-بىرىنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىشىپ، ئوسسى كېلىشكەن قارا چىلان تۇپراقنى ۋاشىلدىتىپ ئاغدۇرۇپ ئايلانماقتا. ② بۇغداي، ئارپا قاتارلىق زىرائەتلەر تەكشى ئۆسۈپ يېتىشمەك تەكشىلەنمەك: موللا زەيدىن سۆزىنى داۋاملاشتۇ-

روپ: — مېنىڭ ئۆيۈم ۋاقىتلىق بەرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. بىز بىر ئۆيلۈك خەق شۇ يەردە ياخشى كۈن كەچۈرۈپ كېتىۋاتىمىز. بۇغداي تاختىلانغاندا، خۇددى ئۆزۈم تېرىغان بۇغدايدەك قاراپ كېتىمەن، — دېدى.

**تاختىلىماق** پ ① تاختا ھالىتىگە كەلتۈرمەك، تاختا قىلماق: قەغەزنى تاختىلىماق، جۇۋا تاختىلىماق. ② تاختا ھالىتىگە كەلتۈرۈپ تەكشىلىمەك، چاسىلاشتۇرۇپ تۈزلىمەك:

ئۇنىمۇ، بۇنىمۇ خىيال قىلىمىز، دەتلاپ-ئېتىزلاپ كۆرىمىز، ئەمما، نېمە ئېلىپ، نېمە قويۇشنى بىلمەيمىز. مانا ئاز كۈندە باھار كېلىدۇ، ئېتىزغا قوش چىقىرىش كېرەك، يەرلەرنى تاختىلاش لازىم. * ئىشلەۋاتقان كەڭ ئېتىزنى تاختىلاپ، يارنى ئەتىۋاق قىرلىرىنى يوختىلاپ، تېرىۋاتقان ئورۇق تاللاپ تازىلاپ، مەھسۇلاتنىڭ ئېشىپ كەتسۇن كۆڭۈل تېتىر.

**تاختىمۇشۇك** ئى [تاختا+مۇشۇك] چاشقان تۇتۇش ئۈچۈن، پۇرژىنىلىق باستۇرما ئورنىتىلىپ ياسالغان باسماق: تاختىمۇشۇك قويماق. * ۋەلى ئەمدى تاختىمۇشۇككە گۆش ئىلمىغۇچە چاشقان تۇتقىلى بولمايدىغانلىقىنى ئويلىدى-دە، كەتمەننى تاشلاپ، ئىچ كىيىمى بىلەنلا سۇ ئىچىگە كىردى. داۋالغۇپ تۇرغان سۇ ئۇنىڭ بېلىگىچە چىقتى.

**تاخلاش** (توغرىسى: تاقلاش) ← تاقلاش.

**تاخلىماق** (توغرىسى: تاقلىماق) ← تاقلىماق.

**تاخېئومېتر** ئى [ر<گرېك] <سۇ> ئارىلىق ئۆلچەيدىغان شكالىلىق دۇربۇن.

**تادان** سۈپ. خىلمۇخىل ھىيلە-نەيرەڭ ئىشلىتىدىغان؛ قۇۋ: تادان ئادەم. * تادان قازانغا قارايدۇ، تادان ئوچاققا (ماقال). * كۆز ئوينىتىپ، قاشىنى ئاتىپ كۈلگەندە، ئەي ئۆتكۈزۈشنىڭ قېرى تادان ئاشنىسى. رايىڭنى دەپ قانچە سۆزگۈچ تۆۋەندە، چۈشۈپ قالدى ئۆتۈككۈمنىڭ پاشنىسى.

**تادانلىق** «تادان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: تادانلىق قىلماق. * سايىت ئاكا تادانلىق قىلىپ بىر قۇتۇلغانىدى. * ئۇنىڭ قىلغىنى تادانلىق ئەمەس، تادانلىق.

**تادانلىق قىلماق** ھىيلە-نەيرەڭ ئىشلەتمەك، قۇۋلۇق قىلماق: ئۇ «ئايىغىمنى لاي قىلماي ئۆتىمەن» دەپ تادانلىق قىلىپ، قۇرۇق يەرگە بىرلا سەكرىگەنىدى، بىر پايى ئۆتۈكى پۇتىدىن چىقىپ كەتتى-دە، ئۆزى لايغا زوڭ ئولتۇرۇپ قالدى.

**تار** I سۈپ ① كەڭ ئەمەس؛ ئەنسىز: تار كوچا. * ياخشىنىڭ ياخشىلىقى تېگەر ھەر يەردە، يامانىنىڭ يامانلىقى تېگەر تار يەردە (ماقال). * ۋاھاپ بىلەن ئەكبەر ئېتىزلىق ئارىسىدىكى تار يولدا كېتىۋاتاتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ھەسەل ھەرىسى ساندۇقلىرىنى كۆرۈپ قايتىشى ئىدى. * يەنە يولغا چىقىپسەن، تۈن كېچىدە ھارۋىكەش. قانداق ماڭار ئاتلىرىڭ، تار كوچىدا ھارۋىكەش. ② ھەجمى ۋە سىغىمچانلىقى ئانچە چوڭ بولمىغان: قىش ئۈچىقى تار، قوپ ئۆيۈڭگە بار (ماقال). * يۆلەكنىڭ ئوڭ تەرىپىدە يەتتە-سەككىزچە تار ئۆي بار ئىدى. * ئۇ ئاق يىپەك رەختتىن ئىشلەنگەن كوپتا كىيگەن، قېنىق قىزىل سارجىدىن تىزىدىن ئاشمايدىغان تار يوپكا كىيگەنىدى. ③ كۆچمە. ئەركىن ئەمەس: ئەنۋەر ئۆزىنىڭ ئادەملىرىگە شۇ ئىشلارنىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كەتكەن بولسا كېرەك. مەن قانتىق سۈرۈپ، قەپەسكە چۈشكەن قۇشتەك بولۇپ قالدىم، دۇنيا نېمىدېگەن تار، ياشاش نېمىدېگەن زۇلۇم-ھە؟! ④ كۆچمە. بىرەر شەيئى ۋە مەسىلىگە بولغان چۈشەنچىسى ئەتراپلىق ئەمەس؛ چەكلىك، كەم: تار كۆز قاراش. * ئايرىم ئوقۇغۇچىلاردا بەزى مۇھىم چۈشەنچە، ئاساسلىق قائىدە ئېنىق ئەمەس. مەسىلەن، نيۇتون قانۇنلىرىنىڭ ماھىيىتىگە بولغان چۈشەنچىسى تار؛ كۆپ قوللىنىلىدىغان مايالتىكنىڭ نەۋرىنىشىدە، تېزلىك بىلەن تېزلىنىشنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى ياخشى ئانالىز قىلالمىغان.

**تار بۆلۈك** <مات> تىك بۆلۈكتىن كىچىك بولغان بۆلۈك.

**تار بۆلۈكلۈق ئۈچ بۆلۈك** <مات> ئۈچ ئىچكى بۆلۈكىنىڭ ھەممىسى تار بۆلۈك بولغان ئۈچ بۆلۈك.

**تار تۈمشۇق ئۆردەك** <زوئول> ئۆردەكنىڭ بىر خىلى، تۈمشۇقى تار، ئۇزۇن ۋە ئۇچلۇق بولۇپ، تۆۋەنگە ئېگىلگەن بولىدۇ؛ سۇدا بېلىق ۋە باشقا سۇ جانىۋارلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ؛ مەملىكىتىمىزنىڭ جەنۇبىدا قىشلاپ، شىمالدا كۆپىيىدۇ؛ شىنجاڭدىمۇ بار.

**تار كوللېكتىپچىلىق** دۆلەت ۋە ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتماي، كىچىك كوللېكتىپنى كۆزلەش: تار كوللېكتىپچىلىق كۆز قارىشى. * سايىم قارىي ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك بولدى ۋە ئىختىيارسىز بۇنىڭدىن ئون نەچچە كۈن ئىلگىرى «كۆمەچ» توغرىسىدا تالاشقاندا، مۇسا تاغا ئېيتقان: «تار كوللېكتىپچىلىقمۇ ـ كۆمەچ، چوڭراق كۆمەچ؛ بىر شىۋىدۇۋې، بىر دادۇينى ئويلىساق بولمايدۇ. پۈتۈن گوڭشېنى، پۈتۈن مەملىكەتنى ئويلىشىمىز كېرەك» دېگەن سۆزىنى يادىغا ئالدى.

**تار مەھكىمچىلىك** دۆلەت ۋە ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتماستىن، بىر تەرەپلىمە ھالدا ئۆزى تۇرغان دائىرىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان ئىدىيىۋى ھەرىكەت، شەخسىيەتچىلىكنىڭ بىر خىل ئىپادىسى: ھوقۇق چوڭايتىلغان ۋە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن تار مەھكىمچىلىك، تارقاقچىلىق ۋە ئەركىنلەشتۈرۈش خاھىشى ئاسانلا پەيدا بولۇپ، دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش پىلانىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلىدىغان، سوتسىيالىستىك بىر تۇتاش بازارغا دەخلى يەتكۈزىدىغان ۋە ئۇنى پارچىلاپ تاشلايدىغان، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىر تاختا شاھمات بولۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ.

**تار ئىككى ياقلىق بۆلۈك** <مات> تىك ئىككى ياقلىق بۆلۈكتىن كىچىك بولغان ئىككى ياقلىق بۆلۈك.

**تار يوپكا** تار قىلىپ تىكىلگەن يوپكا.

**تار** II ئى [پ] چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ تەۋرىنىپ ئاۋاز چىقىرىدىغان يىپى: ئۈچەي تار. يىپەك تار.

**تاراتقۇزماق** «تارىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: چاچ تاراتقۇزماق.

**تاراتماق** I «تارىماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تاراتماق** II «تارىماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پىتنە ـ ئىغۋا تاراتماق. * تاراتسالڭ نامىنى ئەلنىڭ چىقار كۆڭلۈمۇ ئارماندىن، يېرىلماسمۇ يۈرەك، نامىم، غۇرۇرۇم ئۇنىسە ئاسماندىن.

**تاراچىلماق** (توغرىسى: تاراشلىماق) ← **تاراشلىماق.**

**تارازا** ئى [پ] ئېغىرلىق ئۆلچەش ئەسۋابىنىڭ بىر خىلى: ئالتۇن تارتقان تارازىدا يامبۇ تارتايمۇ؟ كەلمەي ـ كەلگەنىڭگە رەھمەت ئېيتايمۇ؟

**تارازا باسماق** مەلۇم سالماقنى ئىگىلەمەك، جىڭغا ئولتۇرماق: مۇدىر ئۇششۇق بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. چۈنكى، مۇلايىم بوغالتىرنىڭ ئېيتقانلىرى تارازا باسقۇدەك گەپلەر ئىدى.

**تارازا ـ مىزان** تارازا ۋە تارازىغا ئوخشاش ئۆلچەش ئەسۋابلىرى: ـ رەئىس ئەپەندى، ـ دېدى لۇتپۇللا، ـ بىز ھازىر تۇرۇۋاتقان جاي ئەدلىيە ئورنى. ئەدلىيە دېمەك، ئادالەت دېمەكتۇر. ھەق ـ ناھەقنى ئادىل ئاجرىتىدىغان، تارازا ـ مىزاننى دادىل تۇتىدىغان جاي دېمەكتۇر.

**تارازىچى** ئى. تارازا تۇتىدىغان، تارازىدا بىر نەرسە تارتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى.

**تاراس** تەق. جىسىملارنىڭ بىر ـ بىرىگە

ئۇرۇلۇشىدىن ياكى يىرىلىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز: «تاراس» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق.

**تاراس-تاراس** «تاراس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**تاراس-تۇرۇس** تاراس قىلغان ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: مەرد يىگىتلەر زور غەيرەت بىلەن ئەيمەنمەستىن ھۇجۇم باشلىدى. گۈلدۈر-گۈلدۈر، تاراس-تۇرۇسلار يەر جاھاننى تىتىپ تاشلىدى.

**تاراسلاتماق** «تاراسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كوچىلاردا ئوق تېگىپ ئۆراپ ياتقان كىشىلەرنى، كىچىك باللارنى كۆرگەن باتۇرغازى دەرغەزەپ بولۇپ، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمىدى. ئۇ بېشىدىن ئەمدىلا ئۆتەي دېگەن بىر ئايروپىلانغا ئاپتوماتىدىن تاراسلىتىپ ئوق ئۈزدى. * ئايروپىلانلار غارقىراپ كېلەتتى-دە، تاراسلىتىپ ئاتاتتى، بومبىلار تاشلايتتى، جەگچىلەر يوغان تاشلارنى، ئىدىرلىقلار قىرلىرىنى دالدا قىلىپ، ئايروپىلان ماتورىنى چەنلەيتتى.

**تاراسلىماق** پ. «تاراس» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: بۇ قېتىم ئېتىلغان بومبىلار بىر نەچچە پوتەيىنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ئەنۋەرنىڭ يۈزى ئېچىلىپ، دەرھال قوزغىلىشنى ئويلىغاندى، بىراق شۇ پوتەيلەردىن يەنە تاراسلاپ ئوقلار ئېتىلىپ قالدى ۋە ئۇچۇپ كەلگەن ئوقلار يامغۇردەك چۈشۈشكە باشلىدى. * ئۆتۈپ كەتتى تاراسلاپ، دەرۋازىنى يايپۇچە. جىسەكچىلەر ۋارقىراپ ئوقلىرىنى ئاتقۇچە.

**تاراش** ئى [پ] نەرسىلەرنىڭ ياكى تەكشىلىكنىڭ ئۈستىدىكى يونۇپ، قىرىپ سىلىقلاشقا تېگىشلىك ئېگىز-پەسلىك: ئۈستەڭنىڭ تارىشىنى ئالماق.

**تاراشلاتماق** «تاراشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تاراشلاشماق** «تاراشلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز ئۇلارغا يېڭى چاپقان ئېرىقنىڭ ئىككى قېشىنى تاراشلىشىپ بەردۇق.

**تاراشلاق** سۈپ ← تاراشلاقلىق.

**تاراشلاقسىز** سۈپ. تارىشى ئېلىنمىغان، تازا شلانمىغان: تاراشلاقسىز قىر. تاراشلاقسىز ئېرىق.

**تاراشلاقلىق** سۈپ. تارىشى ئېلىنغان، تاراشلانغان: تاراشلاقلىق قىر. * بىر خىش تاراشلاقلىق، بىر خىش تاراشلاقسىز (ماقال).

**تاراشلانماق** «تاراشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كۆكتات ئېتىزلىرىنىڭ قىرلىرى تاراشلىنىپ ئۇرۇق سېلىش ھازىرلىقى پۈتتى.

**تاراشلىماق** پ. يونۇپ، قىرىپ سىلىقلىماق: تاش تاراشلىماق. * ئۇ پۈتۈن كۈننى ئەتراپىدىكى ئېرىقلارنىڭ قىرلىرىنى تاراشلاش، تېگىنى ئويۇش بىلەن ئۆتكۈزدى. * قىردىن-قىرغا ئۈزۈپ بارار تراكتور، سوقا تىلار يەر باغرىنى تاراشلاپ. قارىغۇجىلار قوغلىشار تاپ كەينىدىن، قارا تۇپراق ئۆزۈلمەكتە يانپاشلاپ.

**تاراشماق** I «تارىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سىڭىلىكى قىزلار دەم ئېلىش كۈنى بىر-بىرىنىڭ چېچىنى تاراشتى.

**تاراشماق** II «تارىماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بالىلار دەرستىن چۈشۈپ ئۆي-ئۆيلىرىگە تاراشتى.

**تاراق** I تەق. قاتتىق جىسىملارنىڭ ياكى نەرسىلەرنىڭ بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: «تاراق» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق. * «تاراق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىشىك تۇيۇقسىزلا ئېچىلىپ، غەزەپتىن يىرىلغۇدەك بولغان رەنا ئىشىكتە پەيدا بولدى. * «تاراق» قىلىپ ھويلا ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشى مېنىڭ دىققىتىمنى بۆلۈۋەتتى. چەكسىز خىياللارغا ئەسىر بولۇپ قالغىنىم ئۈچۈن شۇنداقمىكىن، گويا شۇ تاپتا ئۈستۈمدىن مىڭ جىڭ تاش بېسىپ تۇرغاندەك ئۆزۈمنى غايەت ئېغىر ھېس قىلاتتىم.

**تاراق** II ئى (توغرىسى: تارغاق) ← تارغاق.

**تاراق-تاراق** «تاراق I» سۆزىنىڭ

تەكرارلىنىشى.

**تاراق-تۇرۇق** «تاراق» قىلغان ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: پەردە ئېچىلمىغان، ئەمما سەھنىدە جىددىي تەييارلىق بولۇۋاتاتتى، ئورۇندۇقلارنى ئۇيان-بۇيان يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرغان ۋاقىتتىكى تاراق-تۇرۇقلار، سازچىلار قەيەردە ئولتۇرسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى گەپ-سۆزلەر، سەھنە باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئۇيان-بۇيان مېڭىشلىرى تاماشىبىنلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، پەردە چاپسانراق ئېچىلسىكەن دەيدىغان بىر ئارزۇنى پەيدا قىلاتتى.

**تاراقچۆپ** ئى [تاراق+چۆپ] <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى لىنتا ياكى تۆمۈنە شەكىللىك؛ گۈللى ئومۇم گۈل رېتىدە؛ مەملىكىتىمىزگە ۋە تروپىك، سوبتروپىك بەلباغلارغا كەڭ تارقالغان؛ ئەلا سۈپەتلىك كۆزنەك يەم-خەشەك ھېسابلىنىدۇ؛ دېڭىزدىن كىراخمال ئىشلەشكە بولىدۇ.

**تاراقشتماق** «تاراقشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سەلەي جاۋاب بەرمىدى، پەرىزاتقا پەستىن قاراپ قويۇپ يەنە تاراقشتىپ كۆل چۆشۈردى. * «قورققان يەردە جىن بار» دېگەندەك ئاننىڭ قوللىرى تىترەپ، ئىلغۇچنى ئۆزۈنغىچە تاراقشتىپ، تەستە ئېشىكنى ئاچتى.

**تاراقشتىلماق** «تاراقشتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تاراقششماق** «تاراقشماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ، تاراقششىپ يېتىپ كەلدى.

**تاراقشماق** پ. «تاراق» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق؛ تاراقلىماق: يۈكسىز ھارۋا تاراقشىپ تېز كېتىۋاتاتتى. ھارۋا تاغ يولىغا كىرىش بىلەن شەرق ئۆيۈقى قىزىرىپ، تولۇن ئاي كۆتۈرۈلدى.

**تاراقىدە** رەۋ. «تاراق» قىلغان ھالدا، «تاراق» قىلىپ: ئۇ تۆۋەنكى قەۋەتتىكى چوقلارنىڭ ئايغىدىن ئىككىنى ئېلىپ، يوكەيي ئۈستىگە تاراقىدە تاشلىدى.

**تاراقلاتماق** «تاراقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئۆزىنىڭ يەنە تەشەببۇسكار ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرماقچى بولغاندەك، ئۈستەللەرنى تاراقلىتىپ قويدى. * ئۇزاقتىن پويىزنىڭ گۈددۈك ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇنىڭ تېخى ھازىرلا كۆنىنىڭ پېتىشى ئەكس ئېتىپ تۇرغان دەريا ئۈستىدىكى كۆۋرۈكنى قانداق تاراقلىتىپ ئۆتۈۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇردى.

**تاراقلاشماق** «تاراقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قوخىۇ-توخۇم ئالدىغانلار يەشىكلىرىنى ھارۋىلىرىغا بېسىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا تاراقلىشىپ ئۆزلىرىلا چىقىشىدۇ.

**تاراقلىماق** پ. «تاراق-تاراق» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: ئۇ ئاران كۆزىنى ئېچىپ ئىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇراتتى، دەھشەتلىك بىر ئاۋاز بىلەن ئىشىك تاراقلاپ، ئېچىلىپ كىرگەن ئورۇلۇپ ئىككى پارچە بولدى. * بوۋاي كۈلدى، كۈلدۈم مەنمۇ، كۈلدۈق قاقاقلاپ، كۈلكىمىزدىن ئۆچتى تورغاي — كەتتى يىراقلاپ. قۇم دۆۋىدىن قېتىلىپ بوۋاي سىيرىلدى پەسكە، زەنگە قاراپ بىر تراكتور كەلگەچ تاراقلاپ.

**تاراكان** ئى [ر] <زوئول> — سۇۋەرەك.

**تاراڭ** تەق. قاتتىق جىسىملارنىڭ بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز.

**تاراڭ-تاراڭ** «تاراڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**تاراڭ-تۇرۇڭ** «تاراڭ» قىلغان ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئۇلار ساي تاشلىرى ئىچىدە داس-چېلەكلەردىن قاتتىق تاراڭ-تۇرۇڭ ئاۋاز چىقىرىپ، لەشكەرلەر تۇرغان لاگېرغا يېقىنلاشقاندا، خان لەشكەرلىرى قورال-ياراغلىرىنىمۇ ئالماي، دەريا

تەرەپكە پىشراپ قاچتى.

**تاراڭشتماق** «تاراڭشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: باللار چىلەكلىرىنى تاراڭشتىپ سۇغا ماڭدى.

**تاراڭشماق** پ. «تاراڭ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: تاراڭشىپ كەتمەك.

**تاراڭگا** ئى. تاياق، توقماق: ئۇنىڭ پەي قادالغان تەقىيسى، سەركىنىڭ بوينىغا ئېسىلغان تاراڭگىدەك پىلدىرلاپ تۇرغان بىر ئۇرۇم چېچى بۇنىڭغا ئۇچۇق ئىسپات بولالايتتى.

**تاراڭلانتقۇزماق** «تاراڭلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تاراڭلاتماق** «تاراڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: موللام مېنىڭ گەپ-سۆز قىلمىغىنىمنى «ئارىسالدى بولۇپ قالدى... ئويلىنىۋاتىدۇ» دەپ چۈشەنسە بولغاي، مېنى ئويىنىتىش ئۈچۈن تەييارلىغان پىرىسىنىڭ دېپىنى يەنىمۇ كۈچەيرەك تاراڭلىتىشقا باشلىدى. * تاراڭلاتسا جىنلار دېپىنى، چۈشۈپتىمەن ئۇسسۇلغا مەنمۇ. بىلمەيتىمەن ئۇلار قىلدىن، تامغانلىرى زەھەرمۇ-قەنتمۇ؟!

**تاراڭلىماق** پ «تاراڭ-تاراڭ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: سىرتتا چېلەكلەرنىڭ تاراڭلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

**تارالماق** I «تارىماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاينىسا تارالغان چاچلىرىنى مايلىدى.

**تارالماق** II ① «تارىماق II» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: بىر چاغدا، چېرىكلەر تەرەپ - تەرەپتىن ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. مەيدان قانغا بويالدى، خەلق توپى تارالدى. ② «تارىماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چەبدەس ئۇستام كېيىن بۇ قوشاقنى يازغان كىشىنى بىلگۈسى كېلىپ، ئۇقۇشۇپ يۈرۈپ، ئۇ كىشىنىڭ ئوردا بېتىكچىسى ئىلىك دېگەن كىشى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قوشاقلىرى قولدىن - قولغا، ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ، ئەلگە كەڭ تارالغانلىقىنىمۇ ئۇقتى.

**تارام** ① ئى. سۇ تارىلىپ ئاققان جاي؛ ئېقىن: دەھشەتلىك يامغۇر يېغىشقا باشلاپ، ئىككىنچى كۈنىلا سۇ ئامبىرى ئەتراپىدىكى سان-ساناقسىز جىلغا، تاراملاردىن توپلىنىپ، ئامبارغا قاراپ لۆمۈلدەپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ۋەھىمىسىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. ② مق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: «چىقىل ساي» نىڭ ئىچىدە، يىرىم ئاي شەكلىدە چوڭ بىر تارام سۇ قىرغاققا چىقىپ ئەگىپ ئاقاتتى. * قاشىدىن سالام دېدىم، قاشا دېدىمۇ سالام. كۆزۈمدىن ئاققان ياشىم، ئايرىلىپ توققۇز تارام. ئېرىملىق يەتتى بىزگە، مېھرىبان جانىم ئانام. ③ سۈپ. تارىلىپ، ئۆزۈلۈپ-ئۆزۈلۈپ ئاققان (سۇ، ياش ھەققىدە): تىزگىنلەنمىگەنلىكى ئاشۇ تارام سۇنىڭ كىرىش-چىقىش ئېغىزىنى توسۇپ، سۇنىڭ ئېقىمىنى ئۆزگەرتىپ، ۋەيران بولغان بىر-ئىككى مىڭ مو يەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىش ئىدى.

**تارام-تارام** بىر قانچە تارامغا بۆلۈنگەن: مىڭلىغان-ئون مىڭلىغان پۇقرالار ئۈستەڭ بويى، ئۇ بېشى كوچىلىرىدىن، ئەنىبان رەستىسىدىن، خام بازىرى ۋە ئوردا ئالدى تەرەپلەردىن خۇددى بىر دېڭىزغا قۇيۇلۇۋاتقان تارام-تارام دەريا ئېقىنلىرىدەك توپ-توپى بىلەن مەيدانغا كىرىپ كەلدى ۋە جامەنىڭ ئىچىگە قاراپ ئېقىشقا باشلىدى. * سايدا چاپچىپ، توقايلاردا تەمتىرەپ، كېچىپ ئۆتتى تارام-تارام سۇلارنى. تاغ ئاغزىدىن چىقار جايدا توسالدى، كىملەركىن تونۇۋالدى ئۇلارنى.

**تاراملىق** سۈپ. تاراملاپ ئاققان؛ تاراملىغان: تاراملىق جىرالار چىرايلىق بىر باغ، نە باغكى، ئىپارلىق جەننەتنىڭ ئۆزى. شاۋقۇنلار تىنىمسىز ئۇرغۇغان قوشاق، باغرىدا جىمىرلار بۇلاقنىڭ كۆزى.

**تاراملىماق** پ. تارام-تارام بولۇپ چۈشمەك: قۇدرەتنىڭ ياخشىلىقى خۇددى يېنىپ تۇرغان نۇرلۇق چىراغدەك ئۇنىڭ ئۈمىد ۋە ئىشەنچىسىنى نۇرلاندۇردى.

پاك قەلبىدە سۆيۈنۈش ۋە شادلىق شوخ ئېقىندەك ئۆركەشلىدى. قۇدرەتنىڭ قولىدىن پۇلنى ئېلىۋېتىپ ھاياجاندىن قوللىرى تىترەپ، كۆزىدىن مىننەتدارلىق يېشى تارامлاپ تۆكۈلدى. * ئۆتكۈزدۇم بىر تۈننى سولاقتا، داق يەردە «ۋاي دات» نى توۋلاپ. ئەلەم يۇتۇپ چىقتىم تولغىنىپ، كۆز ياشلىرىم ئاقتى تاراملاپ.

**تاران** I ئى <بوت> ← **تەلۋە بىدە.**

**تاران** II ئى. دىئال. كىگىزچىلىك كەسپىدە خامراق تولانغان شوينا، يىپ.

**تارانچى** ئى. 18-ئەسىردە جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلى رايونىغا كۆچۈپ كېلىپ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر دېھقانلىرى: ئۇۋچىلار، بېلىقچىلار، كىگىزچى-بوياقچىلار-مۇ؛ خۇمدانچى، جۇۋازچى قاتارلىقلارمۇ بۇ دادۇيدىن تېپىلىدۇ، «تاشقا چاچ، بەختىڭدىن كۆر» دەيدىغان دېھقان ـ تارانچى ئادىتى ئۆزگەرگەن؛ ئۇلار كىرىمنى كۆپەيتىش، تۇرمۇشنى ياخشىلاش ئۈچۈن قىلىشقا بولىدىغانلىكى ئىشنى قالدۇرماستىن قىلماقتا.

**تاراندۇرماق** «تارانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تارانماق** «تارىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇ كۈندىكىدىن ئىككى سائەت بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، ھاپىلا-شاپىلا ئوچاققا ئوت ياقتى-دە، سۇ ئىسسىتىپ، باش-كۆزىنى پاكىز يۇيۇپ تاراندى.

**تاراۋى** ئى [ئە] روزا كۈنلىرى خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن جامائەت بىلەن ئوقۇلىدىغان يىگىرمە رەكەتلىك ناماز.

**تارايتماق** «تارايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تارايتىشماق** «تارايتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تارايتىلماق** «تارايتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تارايماق** پ. ئېنى، ھەجمى، كۆلىمى كىچىكلىمەك، تارلىماق، يىغىلماق: داۋان يولى بارغانسېرى تارىيىپ كېتىپ بارغان بولسىمۇ، ھەر ھالدا توختىماي، ئۇگۇشلۇق ئىلگىرىلەپ كېتىپ باراتتۇق.

**تارت** تەق. بىرەر نەرسىنىڭ قاتتىق سىقىلىشى، يېرىلىپ يىرتىلىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: بالا ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى تارتقۇدى، چاپان «تارت» قىلىپ يىرتىلدى.

**تار-تاپچۇق** تار ۋە قىستىلاڭغۇ: تار-تاپچۇق ئۆي.

**تارت-تۇرت** «تارت» قىلغان ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: تارت-تۇرت قىلماق. تارت-تۇرت قىلىپ ئاۋاز چىقارماق.

**تارترات** ئى [ر] <خىم> ← **تارترات كىسلاتا.**

**تارترات كىسلاتا** <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_2H_2(OH)_2(COOH)_2$، رەڭسىز كرىستال. تەمى چۈچۈمەل، ئۈزۈم ۋە نەشپۈتتىكى مىقدارى ئەڭ كۆپ بولىدۇ؛ ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ؛ دورا ماتېرىياللىرى، تىزاپ ۋە ئېچىتقۇ قاتارلىقلار ياسىلىدۇ.

**تارتقا** (توغرىسى: تارتقۇ) ← **تارتقۇ.**

**تارتقۇ** I ئى. ئۇن تاسقايدىغان ئەلگەكنى ئالدى-كەينىگە سىلكىندۇرۇپ ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئەلگەكنىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان ئىككى باشلىق ياغاچ سايمان: زەيتۇنەم ئەلگەكنى تارتقۇ ئۈستىگە قويۇپلا ئالدىراش ئورنىدىن تۇردى. كېتىۋېتىپ، يۈز-كۆزى، ئۈستىبېشىنىڭ تۇزغا مىلىنىپ كەتكىنىنى ئەسكە ئالدى.

**تارتقۇ** II ئى. كۆل، قار، قىغ، ئېتىزنىڭ چالمىسى قاتارلىق نەرسىلەرنى تارتىپ يىغىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، تۆمۈر

ياكى ياغاچتىن ياسالغان سايمان: ئۇلار ھويلىدىكى تاغدەك دۆۋىلەپ قويۇلغان كۆك ياڭاق ۋە چاۋار-چاتقاللارنى يۆتكەپ كېلىپ، باش توخۇدىن تاكى شامغىچە ئۇزمەي كۆيدۈرەتتى ۋە ئوچاقنىڭ كۆلىنى ئۇزۇن ساپلىق تۆمۈر تارتقۇلار بىلەن ئوچاق ئالدىدىكى، كۆلمى بىر يېرىم موچە كېلىدىغان كۆلاخقا تارتىشىپ تۇراتتى.

**تارتقۇ III** ئى. نەرسىلەرنى بىر-بىرىگە چېتىپ تۇرۇش ۋە تارتىپ چىڭىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نەرسە: كېمىنىڭ زەنجىر تارتقۇسى يېشىلدى، پالاق ھەرىكەتكە كەلدى. ئىككىسى ئۆتۈپ كەتتى.

**تارتقۇچ** ئى ① بىرەر نەرسىنى ئېلىپ تارتىش، سۆرەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، تۆمۈر ياكى ياغاچتىن ياسالغان ئەسۋاب. ② نەرسىلەرنى بىر-بىرىگە چېتىپ تۇرىدىغان چاتقۇچ.

**تارتقۇچلانماق** «تارتقۇچلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئايۇپ شۇجى قاتارلىق ھوقۇقدارلار بىرنەچچە سائەت تارتقۇچلانغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ چىقىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى «سىنىپىي كۈرەش تەربىيىسى كۆرگەزمە-سى» گە قويۇش ئۈچۈن دادۈيگە ئېلىپ كېتىلدى.

**تارتقۇچلىماق** پ. ھەر تەرەپكە تارتىپ، سىلكىشلىمەك، تارتىپ-تارتىپ قويماق: ئۇ قۇتىلۇقنى تارتقۇچلىغىنىچە، تاشقىرىغا ئېلىپ ماڭدى. * ئىككى چېرىك ئىككى ياندىن ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنىڭ گېلىنى بوغدى. ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە تەپتى، تىزلىدى، يەرگە يىقىتىپ بىر نەچچىنى دەسسىۋېتىپ، يەنە تارتقۇچلاپ ئۆرە تۇرغۇزۇشتى.

**تارتقۇزماق** «تارتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇ-رىي دەرىجىسى: بىزمۇ ئۇگۈتنى باشقا مەھەل-لىلەرگە ئاپىرىپ ئاۋارە بولمايدىغان بولدۇق. بۇ تۈگمەننىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، باشقا مەھەللىدىكىلەر بىز تەرەپكە كېلىپ ئۇن تارتقۇزىدىغان بولدى. * گومىنداڭچىلار سىلىڭبۇنى تارتقۇزۇپ قويۇپ، ھەرەمباغقا قاپسىلىپ قالغان كۈننىڭ ئەتىسى قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغان بايكۆل، يېڭى ھايات مەھەللىلىرىنىڭ بىر قىسىم ئادەملىرىنى بالا-چاقىلىرى بىلەن ھەرەمباغقا ئەكىرىپ كەتكەنىدى. * مەن تېخى سېنى بۇ چاغقىچە بۇ گەپنى ئۇنتۇپ كەتتى دېسەم، يادىڭدا تۇرۇپتۇ ئەمەسمۇ! شوخلۇق قىلماي، چىرايلىق ماڭىدىغان بولساڭ، ھەممىدىن بۇرۇن سېنىڭ سۈرىتىڭنى تارتقۇزۇپ، چوڭ ئاناڭغا ئەۋەتىپ بېرىمەن.

**تارتقۇزۇشماق** «تارتقۇزماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تارتقۇزۇلماق** «تارتقۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئائىلىمىزنىڭ قىشلىق ئوزۇقلۇقى ئۈچۈن بۇغداي، قوناق بولۇپ 2000 جىڭ ئۇن تارتقۇزۇلدى.

**تارتقۇلۇق** ئى. باشتىن كەچۈرگەن، كەچۈرۈۋاتقان، كەچۈرىدىغان ئېغىر ئىشلار؛ كەلگۈلۈك: «كەتمەن دېگەننى بىز چاپساق، يېتىپ يەيدۇ بەگزادە» دەپ، تارتقۇلۇقنى بىز تارتىۋاتىمىز، ئاتاقنى باشقىلار ئېلىۋاتىدۇ. ئىشنى بىز باشلىغان تۇرساق، قازاننىڭ بېشىغا تۆمۈر خەلپە يالغۇز ئۆزى ئولتۇرۇۋالدى. * مانا شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ بالىسى تۇيۇقسىز ۋاپات بولدى. گۈلئايشەم بالىسىنىڭ قەبرىسىنى قۇچاقلاپ نەچچە كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى، لېكىن، ئۇ تارتقۇلۇققا ئۆلمىدى.

**تارتما I** ئى. ئۈستەل، ئىشكاپلارنىڭ تارتىپ چىقىرىدىغان ساندۇقچىلىرى؛ سىيرىتمىسى: شەرىپە ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۈستەلنىڭ تارتمىسىدىن قەغەز، قەلەم ئېلىپ، پاش قىلىش ماتېرىيالى يېزىشقا ئولتۇردى. بىراق، قەغەزگە بىر قۇرمۇ خەت يازمىدى.

**تارتما II** ئى. يۇقىرىغا چىقىش، چۈشۈش ئۈچۈن تاش، سېمونت، ياغاچ قاتارلىقلاردىن ياسالغان پەلەمپەي: 4-چوڭ ئىشكتىن ئۆتكەندە توپىبىشنىڭ خانىسى، 5-ئىشكتىن ئۆتكەندە داتاڭ،

6- ئىشكتىن ئۆتكەندە رەسمىي ئوردىغا چىقىدىغان 41 تاش تارتما، 41 تارتما بىلەن ئوردا تېمى ئارىسىدا ئابىنما كۆۋرۈك، ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىشكنىڭ ئىككى تەرىپىگە دۈگىلەك پەنجىرە قويۇلغان ۋە يەردىن 20 مېتىر كۆتۈرۈپ سېلىنغان ھەشەمەتلىك ئوردا.

**تارتما III** سۈپ. تارتىدىغان.

**تارتما پۇرژىنا** <تەن> تەنتەربىيىدە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل قوشۇمچە ئەسۋاب. ئۇ ئىككى تەرىپىدە تۇتقۇچى بار بەش دانە پۇرژىنىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، مەشىق ئىشلىگەندە ئىككى قول بىلەن تارتسا سوزۇلىدۇ. بۇ خىل مەشىقنىڭ كۆكرەك ۋە بىلەك مۇسكۇللىرىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇشتا پايدىسى زور.

**تارتما لىم** <بىن> ئىككى بۆلەكنى چېتىپ تۇرۇش بىلەن بىللە يەنە بىر قىسىم يۈكنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان لىم.

**تارتماق** پ ① بىرەر نەرسىنى قول بىلەن تۇتۇپ، ئۆزى تەرەپكە سۆرىمەك ياكى سۆرەشكە ھەرىكەتلەنمەك: ئەختەم دۇئاغا قول كۆتۈرۈشگىلا، ھېيتاخۇن ھېنپەمنىڭ «ئاپام كەلسۇن، بوپامنى ئېلىۋالاي» دەپ يالۋۇرۇشىنىغا قارىماي، قولىدىن تارتىپ، ئۆيدىن ئاچىقىپ كەتتى. * بارا-بارا ئۇنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، چىشلىرى كاسىلداپ كەتتى، ئاغرىققا چىداشلىق بېرەلمەي، ئىشكنىڭ زەنجىرىدىن تارتىپ، جاقىلدىتىپ ياپتى-دە، تام ياقىلاپ بېرىپ، جىگدىنىڭ ئالدىدىكى كاتەككە ئۆزىنى «پالاققىدە» تاشلىدى. ② ئارقىسىغا تىركەپ چېتىلغان ياكى قوشۇلغان نەرسىنى، يۈكنى كۈچ بىلەن ئالدىغا سۆرىمەك؛ ئالغا ئىلگىرىلەتمەك: تاي تىپىرلايدۇ، ھارۋىنى ئات تارتىدۇ (ماقال). * — بۇ ھارۋا تارتىپ، تۇلۇق تارتىپ، جانغا ئەسقاتقان ئات. سىلەرنىڭ ئاتلىرىڭلاردەك سلاپ-سىپاپ باققان ئەتىۋارلىق مال ئەمەس، — دېدىم مەن ئۇلارغا. ③ سۇغۇرماق، يۇلماق: چىش تارتماق. ④ تىلماق: شال تارتماق. ⑤ <فىز> جىسىملار ئوتتۇرىسىدىكى تارتىش كۈچى ئارقىلىق ئۆز تەۋەسىگە مايىل قىلماق؛ سۆرىمەك: ماگنىت تۆمۈرنى ئۆزىگە تارتىدۇ. ⑥ كۆچمە. ئۆزىگە قاراتماق، جەلىپ قىلماق: كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتماق. * سىيادىقنىڭ دوكلاتى ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ قىزىقىشىنى، دىققىتىنى تارتتى، رەھبەرلەر مۇلاھىزە قىلىشتى، سوئال-جاۋابلار قىلىشتى ۋە باش لىڭشىتىپ، بۇ دوكلاتتىن رازى بولغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. * شۇ ئەسنادا يان تەرەپتىكى كوچىدىن 13—14 ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالىنىڭ ياشانغان مەزلۇمنى يۆلەشتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقى مېنىڭ دىققىتىمنى ئۆزىگە تارتتى. * سەيلە قىلدىم مەن خۇشال باغ ئايلىنىپ، ئالدىم ھۇزۇر، بىر كۆرۈپ قايتتىم يەنە مەيلىمنى تارتقان ئالمىنى. ⑦ خالىماق: كۆڭلۈم تاۋۇز تارتىۋاتىدۇ. * يۈرىكىم ساڭا تارتىدۇ. ⑧ بىرەر ئىشقا ئارىلاشتۇرماق، قاتناشتۇرماق: جاۋابكارلىققا تارتماق. * ئۇلار ئۇيان-بۇيان ئاختۇرۇپ دېرەكلەپ، ئوغرىنى تاپالماپتۇ. 11-كۈنى پادىشاھ شەھەر خەلقىنى بىر مەيدانغا يىغىپ خەزىنە باققۇچىلارنى سوراققا تارتماقچى بولغاندا، ھېلىقى ئۈچ ئوغرىمۇ خالايىققا ئارىلىشىپ مەيداندا يۈرۈپتۇ. ⑨ ياپماق، قاپلىماق، يۈركىمەك: ھېلىقى مۆھۈرنىڭ خاسىيىتىدىن ئەتىگەن، كەچ مەزگىللىرىدە بىر كىشى يۈزىگە نىقاب تارتقان ھالدا كېلىپ ئىسسىق نان ۋە سۇ يەتكۈزۈپ بېرەتتى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن يىراقتىن تاغدەك بىر نەرسە كۆرۈندى، يېقىن بېرىپ قارىسا، بىر ئەجدىھا ئىكەن. * يۈزىگە چۈمپەردە تارتقان، ئاق شايى كۆڭلەكلىك تاپىنىغىچە چۈشۈپ تۇرغان بىر ئايال سول تەرەپتىن كېلىپتۇ-دە: — ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم خېنىم، مەن ھۆر-پەرى بولىمەن، — دەپتۇ. ⑩ سۈمۈرمەك؛ شورىماق: ناسوس بىلەن سۇ تارتماق. تاماك

تارتماق. * باخشى نەشە چېكىۋاتاتتى، ئۇ مۇكچەيگىنىچە دېمىنى چىقارماي .ئىسنى ئىچىگە شۇنداق كۈچ بىلەن تارتتىكى، قىزارغان كۆزلىرى تېخىمۇ كېرىلىپ، ئورۇق قوۋزى، ئىچىگە چاپلىشىپ، موسكۇللىرى تارتىشىپ كەتتى، ياغلاشقان گەدىنىنىڭ تېرىسى تۈرۈلۈپ، ئارقا دوقىسى گەجگىسىگە تاقاشتى. * قۇرۇق توپا نەمنى تېز تارتىدۇ. ⑪ مېھمانلار ئۈچۈن تەييارلانغان غىزا-تائاملارنى تارقاتماق، قويماق: ئاش تارتماق. * — مېھمانلارغا ئاۋۋال يۇمشاق مەزە بىلەن سىنچاي قويىمىز. ئاندىن بىر چىنىدىن قايماق چاي بېرىمىز، ئاندىن بىر چىنىدىن چاچتەك كەسكەن ئۈگرە ئېلىپ كېلىمىز. ئاخىرىدا پولو تارتىمىز، قانداق؟ — دېدى ئۇ. ⑫ ئېغىرلىقنى ئۆلچىمەك، جىڭلىماق: گۆشنى جىڭغا سېلىپ تارتىپ كۆرمەك. ئۆزۈمنى جىڭدا تارتماق. ⑬ ئۇزۇن، سوزۇنچاق نەرسىلەرنى بىرەر يۆنىلىشتە ئورناتماق، بېكىتمەك: ئەخمەققە مەسەپ تەگسە، قوتانغا زەدىۋال تارتار (ماقال). * بىشىر يەرگە چۈشۈش بىلەنلا كەپە قاتتىق سىلكىندى. بىشىر كەپىنىڭ تۈۋىدە تەرىپىگە تارتىلغان سۇلياۋ توشۇكلارنى قايتىدىن تارتىپ، قوزۇقلارنى قايتىدىن قاقتى. ⑭ سىزىق شەكلىدە ئىز چىقارماق، سىزماق: زەي تارتماق. ⑮ دانلىق ئاشلىقنى تۈگمەندە، زاۋۇتتا يۇمشىتىپ ئۇنغا ئايلاندۇرماق، مايلىق داننى جوۋاز ياكى زاۋۇتتا ياغقا ئايلاندۇرماق: دەرۋەقە، ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئايرىم-ئايرىم ئۇن ۋە ياغ تارتىش ماشىنىلىرى ئىشلەپ تۇراتتى. شۇ ئارىدا ياغ تارتىش ماشىنىسىنىڭ ئالدىدا بىراۋدىن پۇل ئېلىۋاتقان رەجەپكە كۆزۈم چۈشتى. * ئۈچ كۈرە بۇغداي ئۇن تارتتۇق، ھەممە خەققە ئاش بولدى. تۆمۈر خەلپە ئەر چىقىپ، ئۇن ئىككى تاغقا باش بولدى. ⑯ ئازايتماق، كېمەيتمەك؛ چەكلەپ قويماق: مائاشتىن تارتىپ قالماق. كەسپىي خىراجەتتىن پۇل تارتماق. ⑰ جىسمانىي تۈزۈلۈش ياكى مەنىۋى جەھەتتىن ئاتا-ئانا ھەم ئۇرۇق-تۇغقانلار-غا ئوخشىماق: بۇ بالىنىڭ كۆز قاپىقى ئانىسىنى تارتىپتۇ. ⑱ بىرەر نەرسىنىڭ شەكلىنى، ئىزنىسىنى چىقارماق؛ چۈشۈرمەك: يىغىنىنىڭ 3-كۈنى چۈشتىن كېيىن، بىر قىسىم ئىلغارلارنى تاللاپ سۈرەتكە تارتتى. * تولىنىپ سۇغا چىققان لەۋەن قىزنىڭ، تارتىدۇ سۈرىتىنى كۆلنىڭ سۈيى. قىزىرار ئۇ قېنىدا ئاتا سېغىلىشان، يىگىتنى كۆرگىنىدە توغاچ يۈزى. ⑲ كۆچمە. بىرەر مەسئۇلىيەت ياكى ئىشتىن ئۆزىنى قاچۇرماق، سىرتتا تۇرماق: كۆڭۈلنىڭ ئاغرىسا، قولۇڭنى تارت. قورسىقىڭ ئاغرىسا، بېشىڭنى تارت (ماقال). * بۇگۈن مېنىڭ ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى بىرىنچى قېتىم ئورىمغا كېتىپ بېرىشىم ئىدى. ئەگەر دادام قايتا-قايتا تاپىلىمىغان بولسا، راستىنى ئېيتقاندا، باش تارتقان بولاتتىم. پەقەت دادامغا يۈز كېلەلمىگەنلىكىم ئۈچۈنلا، ئىلاجىسىز كېتىپ بارىمەن. * شۇنداق قىلىپ قوشنىلار بارا-بارا ئەمەت ئۇستىنىڭ ئىشلەك-دېرىزىسىدىكى مۇھىت ئۆزگىرىشىدىن كۆرە، ئۇنىڭ مىجەز-خۇلقى، غايە-ئىستەكلىرىدىكى ئۆزگىرىشكە ھەۋەس قىلىپ قالدى. بۇ ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ھەر خىل تەھلىل قىلىشاتتى. لېكىن بۇ ھەقتە ئۇنىڭ ئالدىدا يۈز تۇرانە سۆز ئېچىشتىن ھەر كىم ئېھتىيات بىلەن ئۆزىنى تارتاتتى. ⑳ كۆچمە. مەلۇم زىيان، كۈلپەت، ئازابلىنىش قاتارلىقلارغا ئۇچرىماق؛ مەلۇم قىيىن ئەھۋالدا قالماق: زىيان تارتماق، ئازاب تارتماق، دەرد تارتماق. يالغۇزچىلىق تارتماق. ㉑ ئۆسمەك، سۈرمەك، پىلەكلىمەك: يىلتىز تارتماق. بوي تارتماق. * يازلىق قوغۇنلار پىلەك تارتتى. بالدۇر تېرىلغان تاۋۇزلار ئۈچ تارتتى. ㉒ بەزى سۆزلەرگە قوشۇلۇپ كېلىپ ئۇلارنى پېئىللاشتۇرىدۇ: قوشۇن تارتماق. سەپ تارتماق.

**تارتۇق** ئى. بىركىمگە ئىنئام، تەقدىم قىلىنغان نەرسە؛ ھەدىيە، سوۋغا: تارتۇق قىلماق. * خاننىڭ خىزمەتچىلىرى كۆلەڭ يوپۇقلۇق بىر تورۇق ئاتنى ئەكېلىپ، دارۋاز بالىغا تارتۇق قىلدى. ئۇستىغا تون كىيدۈردى، ئىككى

سازچىنىڭ بويىنغا قىزىل تاۋار ئاستى. * بار-يوق بىساتى ئاددىي بىر ساندۇق، سېلىنغان ئۇنىڭغا خىلمۇ خىل كىتاب. ئۆمرىنى ئەل ئۈچۈن ئەيلىگەن تارتۇق، سۆيۈملۈك كەسپىگە ئۆمرىنى ئاتاپ.

**تارتۇق قىلماق** ئىنئام، ھەدىيە، تەقدىم قىلماق؛ سوۋغا بەرمەك: بۇ ئىش ئۇنىڭ قەلبىدىكى قىزغا بولغان «ئىشقى-مۇھەببەت» ئورنىنى غەزەپ-نەپرەت ئىگىلىشىگە سەۋەب بولدى. قىزنىڭ تارتۇق قىلغان قەلىمىنى ئۇ بىرلا قايرىپ سۇندۇرۇۋەتمەكچى بولدى-يۇ، ئويلىنىپ قالدى. * قاقاقلاپ كۈلدى-دە، سۆزلىدى ياغاق: «يېشىمنى سورىساڭ ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق، بەش يۈزگە كىرگىچە ياشاپ بەھوزۇر، ئەۋلادلار بەختىچۈن قىلمەن تارتۇق...»

**تارتۇقلاتماق** «تارتۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تارتۇقلاشماق** «تارتۇقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تارتۇقلانماق** «تارتۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇ قاتاردا ئابدۇراخمان مۆمىنوپ ھەققىدە مۇنداق يېزىلغان: «گومىنداڭنىڭ قانلىق قىلچى ئاستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ 200 ئاتلىق ئارمىيىسىنى پۈتۈن قورال-جابدۇقلىرى بىلەن ئىنقىلابىي سەپكە ئېلىپ ئۆتكەن ئابدۇراخمان مۆمىنوپقا، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقى ۋە شىمالىي فرونت قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە كاپىتانلىق ئۇنۋانى بېرىلىپ، ئىستىقلالىيەت ئوردېنى بىلەن تارتۇقلانسۇن، ئابدۇراخمان مۆمىنوپ شىمالىي فرونت پەۋقۇلئاددە دىۋىزىيونىنىڭ كوماندىرى قىلىپ بەلگىلەنسۇن».

**تارتۇقلىماق** پ. تارتۇق بەرمەك، تارتۇق قىلماق: كۈنلەر كۆڭۈللۈك ئۆتۈپ، ئايلار بىلىنمەستىن يىللار قوينىغا جەملەندى. كونا يىل ئۆز ئورنىنى يېڭى يىللارغا بوشىتىپ بەردى، يېڭى يىل ئۇلارنى ئوماق قىز پەرزەنت بىلەن تارتۇقلىدى. ئۇلار پەرزەنتىگە «گۈزەلنۇر» دەپ چىرايلىق ئىسىم قويۇشتى.

**تارتىپ** ① «تارتماق» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى: سىمنى چىڭ تارتىپ، ئاندىن كىر يېيىڭ، بولمىسا كىر ساڭگىلاپ يەرگە تېگىپ قالىدۇ. ② تىرىچىقىش كېلىش بىلەن تۈگىگەن سۆزلەردىن كېيىن كېلىپ «شۇنىڭدىن باشلاپ، شۇنىڭدىن بېرى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئەسكەرلىرىڭىزنى قويۇپ بېرىسىز. ئۇلار بىزنى ئۆلتۈرىدۇ، بۈگۈن ئۇرۇمچىدە، ئەتىدىن تارتىپ پۈتۈن ئۆلكىدە قان تۆكۈلىدۇ. * تەۋەككۇل ئاخۇننىڭ تۆردى ئاخۇن، ئىمىن ئاخۇن ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بولۇپ، تەۋەككۇل ئاخۇن بۇلارغىمۇ كىچىكىدىن تارتىپلا مۇزىكا چېلىشنى، خەلق ناخشىلىرى ئېيتىشنى ۋە مۇقام ئوقۇشنى ئۆگەتكەن.

**تارتىش** «تارتماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى.

**تارتىش كۈچى** <فىز> ① جىسىمنىڭ سوزۇش، سۆرەش كۈچى. ② جىسىمنىڭ تارتىشقا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان كۈچى.

**تارتىشتۇرماق** ① «تارتىشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② كۆچمە. سىلكىشلىمەك، سۆرىمەك: ئۇنىڭ سەنئەت ئۆمكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىغا، پەرىزاتقا، مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان ھەممەيلەنگە ئاچچىقى كېلەتتى. ئۆزىنى زورلاپ، تارتىشتۇرۇپ ئەكەلگەن زەينەپكىمۇ قورسىقى كۆپەتتى، ③ پۈكۈلگەن، قورۇلغان نەرسىلەرنى كېرىپ تۈزىمەك: قورۇلۇپ قالغان ئەلتېرىلەر ئەرزان باھادا سېتىۋېلىنىپ ئارقىسىغا سۇ پۈركىلىدۇ ۋە تارتىشتۇرۇپ كېڭەيتىلىدۇ، يۈڭى گۈللەندۈرۈلۈپ، يامان يەرلىرى كېسىپ تاشلىنىپ ياملىدۇ،

**تارتىشماق** ① «تارتماق» پېئىلى ① ⑤ ⑦ ⑳ نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② كۆچمە. بىرەر كىشى ياكى بىرەر مەقسەتتىن ئۈمىد ئۈزەلمەي قالماق: توپ ئىچىدە غۇدۇر-غۇدۇر

كۆپەيدى، قۇمۇل ۋە «بەششار» تەرەپتىن كەلگەن- لەردىن 30-40 چە ئادەم، ئېھتىمال بالا- چاقىلىرىغا تارتىشقان بولسا كېرەك، بىر چەتكە ئايرىلىپ چىقىپ، هازىرچە تاغقا چىقالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ③ بەس-مۇنازىرە قىلىشماق؛ تالاشماق: ئۇلار بىر كۈنلۈك مۇنازىرىدە ئۇ ياققا تارتىشىپ، بۇ ياققا تارتىشىپ ئاخىر بىر يەرگە كەلدى. ④ قورۇلۇپ يىغىلماق، قىسقىراپ، كىرىشىپ كەتمەك؛ قاتماق: ئۇ چىشلىرى كىرىشكەن، پۇت-قوللىرى تارتىشقان هالدا قېتىپ قالغان، ئاسمانغا قاراپ قالغان نۇرسىز كۆزلىرىدىن ئىككى چېكىسىگە ئاققان ياشلىرى شۇ پېتى توختاپ قالغانىدى. * ئادىلنىڭ غەزەپتىن ياڭاق سۆڭىكى تومپىيىپ، مەڭزىدىكى مۇسكۇللار تارتىشىپ كەتكەنىدى. ⑤ ئېچىرقاشتىن قورساق، ئۈچەيلەرگە ئاغرىق كىرىپ كەتمەك: چۈشتىن كېيىن ئەركىن تەرگە چۆمگەن هالدا خالىق بوۋاينىڭ دۇكىنى ئالدىدا پەيدا بولدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ، ئۈچەيلىرى تارتىشىپ كەتكەن- ىدى.

**تارتىشىش** ① «تارتىشماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② <تىب> قول، پۇتنىڭ پەيلىرى چىڭىپ، ئېغىز ۋە كۆز مايماقلىشىپ قالىدىغان كېسەل ئالامىتى. يۇقىرى قىزىتما، كالتىسىي ماددىسى كەملىك، قاتما ۋە تۇتقاق كېسىلى قاتار- لىقلاردا بۇ خىل ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**تارتىلماق** ① «تارتماق» پېئىلى ① ⑮ ⑱ ㉑ ㉒ نىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ۋاقتىدا كەپسەن ئوغلۇم، چوڭ تەيجىبەگنىڭ ئاشلىقمۇ تارتىلىپ بولدى، مانا ئەمدى، سەن بۇغدىيىڭنى قاچىلاشقا باشلا. * ئۇ، هېلىقى ئالتىپىلاڭ يىللىرىدا ئادەم ئۆلتۈرۈشكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن جازاغا تارتىلدى. * سابىر، سادىقتىن رازى بولۇپ: ــ ئۇنىڭ دۈشمەن تەرىپىدىن تارتىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلمىز، ئۇنىڭغا كۆپرەك خىزمەت ئىشلەپ، ياردەم بېرىپ، قۇتقۇزۇۋېلىشىمىز لازىم، ــ دېدى. ② ئازايماق، يېرىملىماق: دېھقانلار كالېندارى بويىچە ئالتىنچى ئاي كىرگەندە، هەممىلا يەر تومۇز ئاپتىپىدا قاغجىراشقا باشلىدى، بۇغدايلار ئالتۇندەك سارغىيىپ، ئېتىز ئېچىدە شاراقلاپ تۇراتتى. ئېرىق ــ ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيى تارتىلدى. * ئۇزۇنغا سوزۇلغان تاشلىق ساي ئۆركەشلەپ دولقۇنلىغان سۇ بىلەن تولۇپ كەتتى ۋە بىردىنلا دامبىنىڭ ئۈستىدىن ياميراپ چۈشۈۋاتقان سۇنىڭ پەسىيىۋاتقانلىقى بىلىندى. سۇ تارتىلىپ، دامبىنىڭ ئۇيەر-بۇ يېرى قارىيىپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ③ ئورۇقلىماق: مەرھابا جىددىي خىزمەت هەم تىنىم تاپماي كېسەل بېقىش، هارغىنلىق، ئۇيقۇسىزلىق نەتىجىسىدە بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلى تارتىلىپ قالدى.

**تارتىم** ① ئى. جىلك، گىرلاردا بىر قېتىم تارتىشقا بولىدىغان ئېغىرلىقتىكى نەرسە، يۈك: تاۋۇزلار يوغان بىر سېۋەتكە سېلىنىپ جىڭلاندى. هەر تارتىمى بىر كىشىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. ② مق. ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: ئاسىم: ــ ئۇغۇ چاغلىقۇ، ئوزاقى يىلى مەن ئاشلىققا مەسئۇل بولۇپ تۇرغان يىلى دېمەمسەن، بۇ گۇر-گۇر ئون تارتىم بۇغداينى بەش تونىنا قىلىپ يېزىۋاپتۇ. گىرگە مىشكاپ باسقان مەن ئۆزۈمغۇ، هەر تارتىمى ئالتە مىشكاپ، ــ دېدى.

**تارتىملىق** سۈپ. كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان؛ يېقىملىق: تارتىملىق ئاۋاز. * سېستىرا قىز رىزۋان بىلەن تازىلىق ئىشچىسى «مەن» نىڭ ئوبرازى شۇنىڭ ئۈچۈن تارتىملىق ۋە كىشىگە يېقىشلىقكى، ئەسلىسەملا، ئۇلار ماڭا خېلىلا يېقىن ۋە تونۇشتەك، ئۇلارنى قورۇيمىزنىڭ ئالدىدا، كوچىدا، كېسەل كارىۋىتى يېنىدا، دوختۇرخانا كارىدورىدا كۆرگەندەكلا قىلىمەن. * يېڭىنىڭ تورۇلۇپ كەلگەن كىچىك دولقۇنلار قىرغاققا كېلىپ ئۇرۇلغاندا، ئۇنىڭدىن باهار گۈل-چېچەكلىرىدەك چىرايلىق بۇژغۇن چاچرايتتى. بۇ مەنزىرە بەكمۇ گۈزەل، بەكمۇ تارتىملىق ئىدى.

**تارتىنچاق** سۈپ. باشقىلاردىن ئۈيىلىپ، ئەيمىنىپ ئۆزىنى تارتىدىغان؛ ئۇياتچان: تارتىنچاق قىز. * مەن ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى قىزلارغا خاس ئۇياتچان، تارتىنچاق ۋە لېكىن چىن قەلبىدىن سەممىيلىك، مېھرىبانلىق چىقىپ تۇرغان قاپىقارا كۆزلىرىگە قاراپ، نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلمەيلا تۇرۇپ قالدىم. * گۈلپەرى گۈزەل، جىمغۇر، تارتىنچاق ۋە ھايالىق قىز ئىدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ ئالدىدا ھايا قىلمىلا قالماي، دادىسىنىڭ سىرتتا تۇرۇپ ئاچچىقلىنىپ قىلىۋاتقان گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىمۇ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالاتتى.

**تارتىنچاقلىق** «تارتىنچاق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئوقۇغۇچى ئىشارەت قىلغان ئورۇندۇققا ئادىل تولىمۇ تارتىنچاقلىق بىلەن كېلىپ ئولتۇردى ۋە يەرگە قارىغىنىچە تىرناقلىرىنى كولاپ تۇرۇپ سۆز كۈتتى. * ئانار ئويغاق ئىدى. ئۇ ئاشۇ ئانىنىڭ ئۇ تەرىپىدە جىم يېتىپ، 20 يىللىق ئۆمرىنىڭ ئۆتۈشىن ئىككى قىسمى خورلۇق، ئازاب، ھەسرەت-پىغان، ھىجران ئازابىدا ئۆتكەن شەۋكەتنىڭ ھەممە بەختسىزلىكلىرى؛ ئۇنىڭ بالىلارچە ئاق كۆڭۈل، تارتىنچاقلىقىنى تەكرار-تەكرار كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا چىن قەلبىدىن ئىچ ئاغرىتاتتى.

**تارتىنماق** پ. ئۇيالماق، ئەيمەنمەك: مودەنگۈل بىلەن ئىككىمىزنىڭ تارتىنىپ ئولتۇرغىنىمىزنى بەلگەن مومای قىزىق ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق، بىزنى تېخىمۇ ئېچىلىپ ئولتۇرۇش شارائىتىغا ئىگە قىلماقچى بولدى. * ئارىدىكى دەم ئېلىش پەيتىدە لۇتپۇللا باغنىڭ بىر چېتىدە تارتىنىپ تۇرۇۋاتقان ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىنىڭ ئۈچ نەپەر ئوقۇغۇچىسىنى كۆرۈپ قالدى-دە، قول ئىشارىتى بىلەن ئۇلارنى قېشىغا قىچقاردى.

**تارچوپ** ئى. [تار+چوپ] كۆنچىلىك كەسىپدە، سۇدا يۇمشىتىلغان تېرىنى ئارتىپ يېيىپ قويىدىغان سايمان.

**تارچۇق** سۈپ. ئىككى ئېگىزلىك ياكى ئىككى نەرسىنىڭ ئارىسىدىكى ئېنى تار بوشلۇق، جاي: ئىككى ئاتلىق ئىت يولىدا- ئىككى تەرىپىدە ئېگىز تاغلار كۆتۈرۈلگەن يالغۇز تارچۇقتا ئالدىراش ئات چاپتۇرۇپ ئىلگىرىلىمەكتە، ئاتنىڭ تۇيىقىدىن شېغىل ۋە توپا چاچرايتتى. * ئۇ تۇرمە ئەتراپىدا باشلانغان جەڭ سادالىرىنى ئاڭلاپ، يۈتىدىكى ئىشكەلنى تۈردى ھۆسەيىن ۋە قىرغىز نەزەرنىڭ ياردىمى بىلەن بوشاتتى ۋە تۈردى بىلەن نەزەرنى باشلىۋېلىپ، تۇرمە تۆشۈكىدىن ئاستا ئارقىدىكى تارچۇققا چىقتى.

**تارچىلىق** ئى قىستاڭ، تار ھالەت: - بۇ تارچىلىق يەردىن تېز ماڭماي نېمىشقا تولىشىپ تۇرىۋالدىڭلار، - دېدى يېڭى يېتىپ كەلگەن بوم ئاۋازلىق بىرى. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا قاراشتى. * تارچىلىقتىن مەزلۇم، يوقسۇللار، مىڭلىغىمۇ تاپالمايمىز بول، قىش-ياز تىنماي ئىشلىسەك يەنە، ئۆتەر سىقىم دان كۆرمەي بۇ قول.

**تارخان** ئى. تار س. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئالۋان-ياساق، سېلىق ۋە ھەر خىل مەجبۇرىيەتلەردىن ئازاد قىلىنغان ئىمتىيازلىق ئەبلە، كىشى ياكى مەنسەب-دار.

**تارس** تەق. بىر نەرسىنىڭ ئىككىنچى نەرسىگە ئۇرۇلۇشىدىن ياكى ئۈزۈلۈشى-دىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: ئاسىم تېخى گېپىنى تۈگەتمىگەنىدى، «تارس» قىلىپ تەگكەن قامچا ئۇنىڭ پېشانىسىنى يېرىۋەتتى-دە، قان ئېقىپ ياتقانىنى بويىدى. * شوپۇر ئوت ئالدۇرغۇچنى ئېچۋىدى، «تارس» قىلغان قاتتىق ئاۋاز چىقىپ، ئىككى ماتور ئاپتوماتىك ھالدا بىر-بىرىگە چېتىلدى.

**تارس-تارس** «تارس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**تارس-تۇرس** «تارس» قىلغان ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.

**تارسىلدە** رەۋ. «تارس» قىلغان ھالدا،

«تارس» قىلىپ: تارسىدە ئاۋاز چىقارماق. * ھېلىقى ئىككىيلەن رەسمىگە قارىدى-يۇ، بىردىنلا چىرايى ئۆڭۈپ تاترىپ كەتتى. ئۇلار تۈپىنىڭ ئىچىدىن چىقىۋاتقان مەشھۇرلىك كۆلكىلەرنى، دارىتمالارنى ئاڭلاپ تۇمۇستىن «تارسىدە» يىرىلىپ كەتكۈدەك بولدى.

**تارسىلداتقۇزماق** «تارسىلدىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى.

**تارسىلداتماق** «تارسىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تازا سېغىز يەرنىڭ تۈپىسىدىن لاي ئېتىپ، لايىنى ئويانغا ئىككى، بۇ يانغا ئىككى، تۈت قېتىم ئۇرۇپ، ئەيلەپ پىشۇرۇپ، قاتلىمغا زۇۋۇلا ئۆزگەندەك بىر باشتىن تارس-تارس تارسىلدىتىپ ئۈزۈپ، شۇنداق قويۇپ بېرىمەنكى، ئۇ چاغدا، كېسەكنى ئىشلىتىشكىمۇ كۆزلىرى قىيماي قارايلا ئولتۇرۇلا!

**تارسىلداشماق** «تارسىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تارسىلدىماق** پ. «تارس» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: ھاۋا چاقلىرى تاراقلايتتى، قامچىلار تارسىلدايتتى، كوماندا ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى، ھېسابسىز كۆپ چىراغلار پىلىلدايتتى، ئۇلارنىڭ يورۇقى كۆۋرۈلۈك تۈۋرۈكلىرى ئارىسىدىن شارىلداپ ئېقىۋاتقان سۇغا چۈشۈپ تۇراتتى. * ھاۋادا تېز كېلىمىز، موگۈنۈلگۈرە يولدا. تارسىلدايدۇ قامچىسى، ھارۋىكەشنىڭ قولىدا.

**تارغاق** ئى. چاچ، موي تاراش ئۈچۈن ياغاچ، ئۈستىخان ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەردىن ياسالغان بۇيۇم: ياغاچ تارغاق. ئۈستىخان تارغاق.

**تارغاقچى** ئى. تارغاق، سۆزگۈچ قاتارلىق نەرسىلەرنى ياسايدىغان ۋە ساتىدىغان ئادەم.

**تارغاق-سۆزگۈچ** تارغاق ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەر.

**تارغاقسىمان** سۈپ. تارغاققا ئوخشايدىغان، تارغاق شەكلىدىكى: گىلەم توقۇشتا، تارقاققا ئۆتكۈزۈلگەن يۇڭ يىپنى تارغاقسىمان تۆمۈر ئەسۋاب بىلەن چىڭدايدۇ.

**تارقاتقۇچى** ① ئى. گېزىت، ژۇرنال، خەۋەر قاتارلىقلارنى باشقىلارغا يەتكۈزگۈچى ئادەم: گېزىت تارقاتقۇچى، خەۋەر تارقاتقۇچى.
② سۈپ. تارقىتىش رولىنى ئوينايدىغان، تارقىتىدىغان: تارقاتقۇچى ئاپپارات. تارقاتقۇچى گېپ.

**تارقاتقۇچى ئاپپارات** <ئېل> يۇقىرى چاستوتىلىق ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنىنىڭ تارقىلىش سىگناللىرىنى ھاسىل قىلالايدىغان رادىئو قۇرۇلمىسى.

**تارقاتقۇچى قۇتۇپ** <فىز> يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپىنىڭ بىر ئېلېكتر قۇتۇپى. زەررەت توشۇغۇچىلارنى ئاساسىي قۇتۇپقا يەتكۈزۈپ بېرىشتە ئىشلىتىلىدۇ.

**تارقاتقۇزماق** «تارقىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تارقاتماق** «تارقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كېيىن مەلۇم بولدىكى، بۇ كىشى تېخى يېقىندىلا قومۇلغا تەيىنلىنىپ بارغان ھېلىقى ئامبال بولۇپ، قومۇلدىكى قوزغىلاڭغا ھېسداشلىق بىلدۈرگەنلىكى، بولۇپمۇ ئۆزى «خانلىق ھۆكۈمەت مەمۇرى» تۇرۇپ، ئىچكى ئۆلكىلەردە مانجۇ خانغا قارشى بولۇۋاتقان «تۇپىلاڭ»لارنىڭ خەۋەرلىرىنى پۇقرالارغا تارقىتىپ، شىنجاڭدىمۇ خانلىققا قارشى مەلۇم ھەرىكەتلەردە بولغانلىقى ئۈچۈن، جاڭجۇن يامۇل تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان. * ئاشۇ كۈنى جەڭچىلەرگە ئەخمەت ئەپەندىم، ئۆز قولىدا يېگى ئۆتۈك تارقاتتى، ئىنىم. ھاياجاندا ياشقا تولۇپ كۆزۈم چاقنىدى، يۈرەك باغرىم بۇ شەپقەتتىن ئەجەب يايرىدى.

**تارقاشماق** «تارقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە ئاخىرلىشىپ، ھەممەيلەن ئۆيلىرىگە تارقاشتى. * جامائەت بۇ كېلىشمە سىلىك ئۈستىدە ئويلىشىپ، بەزىلىرى ھەيران بولغان، بەزىلىرى ئېچىنغان، يەنە بەزىلىرى غەزەپلەنـ گەن ھالدا ئۆيلىرىگە تارقاشتى.

**تارقاق** سۈپ ① ئايرىم-ئايرىم چېچىلغان، بىر-بىرىدىن يىراق؛ بىرى ئۇيەردە، بىرى بۇ يەردە: كۆل رەڭ ئاسمان، تاغ ئاستىدىكى بۇ كىچىككىنە يېزا ئۇيقۇغا كەتكەندەك جىمجىت. ئۇنىڭ تارقاق مەھەللىرى، قار بىلەن چۈمكەلگەن باغلىرى، قار يېغىۋاتقان بۇنداق كېچىسى ئىسسىق ئۆيلىرىدە ئۇخلىشىۋاتقان ياكى قىزىق پاراڭ، كۆڭۈللۈك ساز-ناخشا، ئويۇن-بۇنى ئېيتىش، تىكىپ-ياماش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋاتقان ئادەملىرى، ھەممىسى قوشۇلۇپ ئاپئاق تۆشەك ئۈستىدە غەمسىز ياتقان بىر گۆدەك بالىنى ئەسلىتىدۇ. // چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرى بەكمۇ تارقاق كېلىدۇ، چارۋىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەپلىك دەپ قارالغانلىقتىنمىكىن، بىر كەنتتە ئولتۇراقلاشقان كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرى بىرى بۇ چەتتە بولسا، يەنە بىرى ئۇچەتتە. ② كۆچمە. ئۆملەشمىگەن، چېچىلاڭغۇ، ئۇيۇشمىغان: بىزنىڭ سانىمىز ناھايىتى كۆپ، ئەمما بەكمۇ تارقاق بولۇپ قالدۇق. ھازىرغا قەدەر، تارقاق، قورقۇنچاقلىق بىلەن ئىش قىلماقتىمىز. ئەمدى بىز بىردەك ئۇيۇشۇپ، بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىگە زەربە بېرىشىمىز كېرەك.

**تارقاق گەردىش** <گېئول> مېتال كان ياتقۇلىرى ئەتراپىدىكى تۇپراق، تاغ جىنسلىرى، يەر ئاستى سۈيى، ئورگانىزملار (ئۆسۈملۈكلەر) ۋە يەر ئاستى گازلىرىدىـ كى كان پەيدا قىلغۇچى ئېلېمېنتلار ياكى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئېلېمېنتلار (ياكى بىرىكمىلەر) نىڭ مىقدارى ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ بولغان بەلباغ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ، كان پەيدا بولۇۋاتقان ياكى كان پەيدا بولۇپ بولغاندىن كېيىنكى مەزگىلدە ئېلېمېنتلار (ياكى بىرىكمىلەر) نىڭ تارىلىشى سەۋەبىدىن بولىدۇ.

**تارقاقچىلىق** ← تارقاقلىق: بىز دۆلەتنىڭ مال-مۈلكىگە مەسئۇل بولۇش، تارقاقچىلىق، بوشاڭلىق قىلىش، باشتۇرىدىغان ئادەم بولماسلىقتەك قالايمىقان ھالەتنى قەتئىي تۈگىتىشنى تەشەببۇس قىلىمىز.

**تارقاقلاشتۇرماق** «تارقاقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ناچار ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىگە نىسبەتەن ناچار تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل كوللېكتىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ غايە تىكلىشىنى يوققا چىقىرىدۇ؛ تۇرمۇشنى مەقسەتسىز قىلىپ قويىدۇ؛ چېچىلاڭغۇ ئىستىلغا ئىگە قىلىپ قويىدۇ؛ ئىنتىزامچانلىقنى بۇزۇپ تارقاقلاشتۇرىدۇ. * مەن شەھەر ئاھالىلىرىنى تارقاقلاشتۇرغاندا يېزىغا كەتتىم.

**تارقاقلاشتۇرۇلماق** «تارقاقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ قەيەر قىز شۇ چاغدىلا ئۆز قارارىنى ئورۇندىغانىكەن. ئۇنىڭ شورلۇق ئائىلىسىمۇ ئىككى ئاي ئىلگىرى نەگىدۇر تارقاقلاشتۇرۇلۇپتۇ.

**تارقاقلاشماق** پ. تارقىلىپ كەتمەك، تەرەپ-تەرەپكە ئايرىلماق؛ چېچىلماق: تارقاقلىشىپ ياشىماق. * ئۇنىڭ ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇشىمۇ تويۇقسىز بىر ئىش بولدى: شۇ يىلى شەھەردىن تارقاقلىشىپ چىققان تۇل ئايالنىڭ قىزى يەنى ھازىرقى ئايالى، بىرلا كۆز تاشلاش بىلەن ساتتارنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە قارىتىۋالدى. * كامىل: — مەنلا ئەمەس، كۆپچىلىكنىڭ غەيرىتىمۇ شۇنداق چىڭ دىسلە. «مەسئۇلىيەت تۇزۇمىنى يولغا قويۇپ دېھقانغا ئەركىنلىك بەرسە، ئەمگەك كۈچى تارقاقلىـ شىپ كېتىدۇ» دېگەنلەرگە مانا شۇنداق جاۋاب بېرىمىز، — دېدى.

**تارقاقلىق** «تارقاق» سۆزىنىڭ ئىسىم

شەكلى: بۇرژۇئازىيە ئىختىيارسىز ھالدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ قويۇپ قارشى چىققان ئەمەلىي چارە، يەتمەي قالغان سانائەت تەرەققىياتى، ئىشچىلارنىڭ رىقابەت ئارقىسىدا كېلىپ چىققان تارقاقلىق ئورنىغا، ئۇلارنىڭ تەشكىللەرگە ئۇيۇشۇش ئارقىلىق ئېرىشكەن ئىنقىلابىي بىرلىشىشنى دەسسىتىدۇ.

**تارقالماق** ← **تارقىماق**: تۆپىراق، تۇزمىلۇق تەقىقات ئورنىدا يېتىشتۈرۈلۈۋاتقان ئوت-چۆپ خىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتىنى تەكشۈرۈپ ئۆگىنىش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، بۇ دائىرىدە چارۋىلار ئىشتىھا بىلەن يەيدىغان سامان خولۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تارقىلىشى كۆپ ۋە ئۆسۈشى ياخشى بولغان.

**تارقىتىشماق** «تارقاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھالبۇكى، ھازىر بىزدە شۇنداق ئادەملەر باركى، ئۇلار باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنى ماركسىزمچى دەپ ئېتىراپ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. لېكىن ئۆزلىرى بولسا ئېتىقادچىلىقتا ئىنتايىن يېقىن يەلىپىنى ئاما ئارىسىدا تارقىتىشىدۇ.

**تارقىتىلماق** «تارقاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئوتتۇرا مەكتەپلەر خىمىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن نىجات مۇئەللىم ئىككى خىل قىلىپ تۈزۈپ چىققان «خەنزۇچە-ئىنگلىزچە-ئۇيغۇرچە خىمىيە ئاتالغۇلىرى لۇغىتى» تارقىتىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، يەنە فىزىكا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن «خەنزۇچە-ئىنگلىزچە-ئۇيغۇرچە فىزىكا ئاتالغۇلىرى لۇغىتى» مۇ يۇقۇن ۋىلايەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە تارقىتىلدى.

**تارقىلىشچان** سۈپ. تېز تارقىلىدىغان، تارقىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە: تارقىلىشچان ۋىرۇس. تارقىلىشچان زۇكام.

**تارقىلىشچان زۇكام** <تب> جىددىي خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەل. بىر خىل ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، تېز تارقىلىدۇ. ئالامەتلىرى: تۇساتتىن قىزىش، باش ئاغرىش، سوغۇقتىن قورقۇش، پۈتۈن بەدەن ئېلىپ ئاغرىش، يۆتىلىش ۋە كېكىردەك ياللۇغلىنىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بەزىدە كۆڭۈل ئاينىش، قۇسۇش ياكى ئىچ سۈرۈش قاتارلىق ئالامەتلەرمۇ كۆرۈلىدۇ.

**تارقىلىشچان ۋىرۇس** <تب> زۇكامنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ۋىرۇس. ئۇ A، B، C دىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئىممۇنولوگىيىلىك تىپقا ئىگە بولۇپ، يېپىشقاق ۋىرۇس گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ.

**تارقىلىشچانلىق** «تارقىلىشچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: تارقىلىشچانلىقى تېز كېسەللىكلەر.

**تارقىلىشماق** «تارقالماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ نېمىدېگەن چوڭ ئۆزگىرىش — ھە! ھېلىقى ئاپتوبۇس مەھەللىنىڭ مەركىزىدىكى ماگىزىن، مەكتەپ ۋە دوختۇرخانا جايلاشقان يەرگە كېلىپ توختىشى بىلەن، ئېغىر سومكىلارنى كۆتۈرگەن كىشىلەر يەسكە چۈشۈپ ھەر تەرەپكە تارقىلىشتى. * يەككىلەر گۈلچەمەننى سىرتقا ئاچقىتى. جۇمەنىڭ بۇرادەرلىرى ئۇنى ئالدىغاندا قىزىر چاقچاقلارغا كۆمۈپ تاشلاپ، تارقىلىشتى.

**تارقىماق** پ ① بىر ئورۇندىن، بىر نۇقتىدىن ھەر تەرەپكە قاراپ قوزغالماق؛ كەتمەك: جامال ئۇستىباشلىرىنى يېشىپ، يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ، قوماندانلىق چېدىرىغا كىرىپ كەتتى، باشقىلارمۇ ئۆز چېدىرلىرىگە قاراپ تارقىدى. * ئۇ يەنە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن شاڭخەيگە يولغا چىقىدۇ، بۇ كېچە قانداقلا بولمىسۇن گەپنى ئۈزۈش كېرەك، كېچە تەڭ يېرىم بولدى، دۇكانلار ئېتىلىپ بازار تارقىدى. ② يېتىپ كەلمەك، قولاقتىن-قولاققا ئاڭلانماق: شۇ ئارىلىقتا «غۇلجىدىن ماشىنا بىلەن ئىككى پولك ياردەمگە كېلىۋېتىپتۇ، ئۇلار كېچە سائەت 12 لەردە يېتىپ كېلىدىكەن، ھۇجۇم شۇ چاغدا بولىدىكەن» دېگەن خەۋەر تارقىدى. * تۈندى ئاخۇن ئاكىنىڭ قاغىلىقتا كۆچۈپ

بارغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر باشقا جايلارغا تارقىغان-دىن كېيىن، ھەر قايسى جايلاردىكى خەلق ئەلنەغ-مىچىلىرى ئۆزلۈكىدىن قاغىلىقتا كېلىپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىشقا ئۈردى. ③ كۆچمە. تەسىرى كەتمەك، كۆڭۈلدىن كۆتۈرۈلمەك؛ يوقالماق: باشتىكى غەم تارقىماق. ④ يېيىلماق، ئۆلغايماق، ئاشماق: جىگەر كېسىلى تارقاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**تارلاتماق** «تارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تارلاشتۇرماق** «تارلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورۇنلاشقان كىشىلەر يولنى تارلاشتۇرۇپ ماشىنا ئۆتۈشەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. * ئەپەندىم: — شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆيۈم تارلىق قىلمىغانىدى، مەنسەپ بېرىپ، ئۆيۈمنى تارلاشتۇرۇپ قويدىڭىز! — دېدى.

**تارلاشتۇرۇلماق** «تارلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تارلاشماق** پ → تارلىماق: ئۆتكەندە يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ھەمىشە دىققەت نەزىرىمىز، ھازىر بار تېرىلغۇ يەرلەر ۋە ئاشلىق تېرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن يول بارغانسېرى تارلىشىپ كەتتى.

**تارلاڭ** ئى. تاغ جىلغىلىرىدىكى ئىككى تەرىپى تىك كۆتۈرۈلگەن قىستاڭ جاي.

**تارلىق** I «تار» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سېنىڭ-مېنىڭ دېگەن كۆڭۈل تارلىقى، نېرى يات-بېرى يات دېگەن ئورۇن تارلىقى. * ئەسكەر ئۆتتى لوپنۇردىن، بۇ ئەيسانىڭ يارلىقى. جاندىن ئۆتتى جاھالەت، يوللىرىنىڭ تارلىقى. شامال كەلسە پىرقىراپ، قىزىلگۈلۈم ياغلىقى.

**تارلىق قىلماق** ① تار كەلمەك، قىسىلىپ قالماق: دېيىشەر كۆرگەنلەر قىرغاۋۇل يۇرتى — گۈل-چېچەك ماكانى يېشىل بوستانلىق؛ ئۆتتى ھاياتىم بۇندا بىر ئىزدا، بۇ ماكان ئۆزۈمگە قىلدى كۆپ تارلىق. ② كۆچمە. ھەسەت قىلماق، چىدىماي قالماق: بەزى ھاللىق ئائىلىلەرنىڭ يىگىتلىرى تارلىق قىلىپ، «پەرىدىدەك قىزنىڭ ئامانقۇلدەك يالاڭتۆشنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغىنىنى قارىمامدىغان» دەپ نىيىتىنى بۇزۇشقا باشلىدى.. بولۇپمۇ، نىياز دورغىنىڭ ئەركە ئوغلى خامۇشبەگنىڭ پەيلى ھەممىدىن يامانىدى.

**تارلىق** II سۈپ. ① تارى بار، تار سېلىنغان: تارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى. * بۇ خۇسۇسىيەتلەر مۇزىكا قوراللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، يەككە تارلىق ۋە قوش تارلىق ئاۋازلار، قوشۇمچە مۇڭ بەرگۈچى تارلار، مۇزىكا رىتىملىرى ۋە ئۇدارلىرى، ساز چېلىش ئۇسۇللىرى قاتارلىق بىر قاتار بەدىئىي ئامىللار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ② تار قىلىنىدىغان، تارغا باپ: تارلىق ئۆچەي. تارلىق پولات سىم.

**تارلىق چالغۇ** <مۇز> تار ياكى سىم ئورنىتىلغان ۋە ئۇنىڭ تىترىشى ئارقىلىق ئاۋاز چىقىرىدىغان چالغۇ ئەسۋابلار. مەسىلەن: دۇتار، تەمبۇر، راۋاب، ئىسكىرىپكا، چاڭ قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**تارلىماق** پ. ئېنى قىسقىراپ يىغىلماق؛ كىچىكلىمەك: يول تارلىماق. * ئارغىبۇلاق داۋىنىغا يەتكەندە يول تارلاپ، خۇددى شەھەر كوچىسىدەك كىچىكلەيتتى.

**تارمار** رەۋ (پ) → تارمار بولماق.

**تارمار ئەيلىمەك** → تارمار قىلماق: نەچچە مىڭ يىللاپ چېلىشقان، ياۋنى تارمار ئەيلىگەن، شاھى پەرھاتتەك يىگىتلەر نەسلىنى ئاقسۇدا كۆر.

**تارمار بولماق** كۈچلۈك زەربىگە ئۇچراپ يەر بىلەن يەكسان بولماق؛ يوقالماق: ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرىسىغا ھۇجۇم قىلغان دۈشمەن قوشۇنى باتۇر چېگرا مۇداپىئە جەڭچىلىرىمىزنىڭ شىددەتلىك ئوق كۈچى بىلەن تارمار بولدى.

**تارمار قىلماق** كۈچلۈك زەربە بېرىپ يوق

قىلماق، تەسلىم قىلىپ بويسۇندۇرماق: رەخمىتۇللانىڭ 2-ئوغلى ئامانۇللا بىلەن ئانارگۈل باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار «خاقىدى» دېگەن يەردە ئاقسۇدىن كەلگەن خان لەشكەرلىرىنى تارمار قىلدى.

**تارمار كەلتۈرمەك** ← تارمار قىلماق: تاغ باتۇرلىرى چېرىكلەرنىڭ ئورغاق شەكىلدىكى مۇھاسىرە ھالقىسىنى تارمار كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى مۇداپىئە ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويدى.

**تارماق** ئى ① ئاساسىي يول، سۇ ئېقىنلىرى ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئاجرىلىپ چىققان قىسمى؛ بۆلىكى، شاخچە: نەچچە ئون مو يەرنى ئۆز قوينىغا ئالغان باغ بىر قانچە ئالاھىدە تارماققا: ئۈزۈملۈك، ئەنجۈرلۈك، ئانارلىق، پىستە-بادام، گىلاس-ئەينۇللىقلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەر قايسى تارماقلارغا ئېلىپ بارىدىغان يوللارنىڭ ھەممىسىگە گۈل چىقىرىپ پىششىق خىش ياتقۇزۇلغان ۋە يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە خىلمۇ خىل گۈللەر ئۆستۈرۈلگەنىدى. // تاڭ سەھەردىن باشلاپ مەنسۇر 3-دادۇينىڭ يەرلىرىنى ئايلاندى، زەيكەشلەر ئالتە غول زەيكەش ۋە نەچچە ئونلىغان تارماق زەيكەشلەرگە بۆلۈنگەنەدى. ② ئاساسىي تەشكىلات ياكى بىرلەشمىلەرنىڭ بۆلەكلىرى: شەھەرلىك پارتكوم ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۈتاش ئويۇشتۇرۇشىدا، مالىيە-سودا، قاتناش-ترانسپورت تارماقلىرىدىكى كادىرلار، كەسپىي خادىملار بىر قانچە گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، مۇلازىملىق تارماقلارنىڭ خىزمەت قىلىش سۈپىتىنى تەكشۈردى ۋە نازارەت قىلدى. // كادىرلارنىڭ سىياسىي، ھەربىي نەزەرىيە قابىلىيىتىنىڭ قەدەممۇ قەدەم ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار قول ئاستىدىكى تارماق دۇيلەرگە دەرس ئۆتكەن ۋە ئۇلارنى ھەر خىل تەلىم-تەربىيەلەرگە ئويۇشتۇرغاندا، ئالدى بىلەن ئەتراپلىق ئويلىنىپ، مۇكەممەل پىلان تۈزۈپ چىقىش لازىم. ③ پەن-تېخنىكا، مائارىپ ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ بىرەر ساھەسى: شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك مائارىپ تارماقلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك.

**تارماق جۈملە** <تل> قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملە.

**تارماق ئۆستەڭ** <سۇ> غول ئۆستەڭدىن ئايرىلىپ چىققان ئۆستەڭ: يېزىمىزدىكى غول ئۆستەڭ بىر قانچە تارماق ئۆستەڭلەرگە ئايرىلغان.

**تارماق ئېقىن** <سۇ> ئاساسىي ئېقىنغا قۇيۇلىدىغان كىچىك ئېقىنلار.

**تارماقلانماق** پ. تارماق، بۆلەكلەرگە بۆلۈنمەك؛ ئايرىلماق: ئارىستوتىل پىلاتوننىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان ۋە ئەبەدىي ھەرىكەت قىلمايدىغان ئاتالمىش روھىي ماھىيەتتىن تارماقلىنىپ پەيدا بولغان دېگەن كۆز قارىشىغا قارشى مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ باردى.

**تارماقلىق** سۈپ. تارمىقى بار، تارماقلانغان، بىر ياكى بىر قانچە تارماققا بۆلۈنگەن: كۆپ تارماقلىق غول ئۆستەڭ. ئۈچ تارماقلىق تەشكىلات.

**تارىخ** ئى [ئە] ① ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ۋەقەلىك: ئۆز ۋاقتىدىكى ئاشۇنداق ئاددىي نەرسىلەر زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىممەتلىك تارىخ بولۇپ قالدۇ. ② ئۆتمۈشكە ئائىت پاكىت ۋە ھادىسىلەرنىڭ يەكۈنى؛ ئۆتمۈش، كەچۈرمىش: بۇ يوللاردا تارىخ بولۇپ يېزىلغان، خەلقلەرنىڭ كۆچۈشلىرى... كارۋانلار. بۇ يوللارنى سالغان تالاي زىلزىلىگە، كەڭ دۇنياغا ئىنتىلىشلەر، ئارمانلار... ③ بىرەر ۋەقە-ھادىسىلەرنىڭ، نەرسىلەرنىڭ ياكى شەخسنىڭ ئىزچىل تەرەققىيات يولى: ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى.

سەنئەت تارىخى. ④ جەمئىيەت تەرەققىياتى ھەققىدىكى پەن: سوتسىيالىزم تارىخى. ⑤ بىرەر ئىشنىڭ، ۋەقە-ھادىسىلەرنىڭ قاچان بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ۋاقىت: سۆزلىدى بۇلاق: «تارىخىم ئۇزۇن، ئاتا-بوۋاڭدىن ھەتتا بۇرۇن».

**تارىخ قاراش** <پەلس> كىشىلەرنىڭ جەمئىيەت تارىخى توغرىسىدىكى ئومۇمىي قارىشى. ئۇ دۇنيا قاراشنىڭ ئايرىلماس قىسمىدۇر. ماتېرىيالىستىك تارىخ قاراش ۋە ئىدېئالىستىك تارىخ قاراشتىن ئىبارەت بىر-بىرىگە تۈپتىن قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى خىل تارىخ قاراش مەۋجۇت. ئۇ يەنە «ئىجتىمائىي تارىخ قاراش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تارىخ ئىلمى** <تارىخ> ← **تارىخشۇناسلىق**.

**تارىخچى** ئى تارىخ پېنى مۇتەخەسسىسى، تارىخ ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئالىم، تارىخشۇناس: ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت دۇنيانى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدىغان نۇرغۇنلىغان سىرلار تېخى ئېچىلغىنى يوق. بۇنى ئېچىش ھەممىمىزنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئالىملىرى، تارىخچىلىرىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى ھەم پەخىرلىك بۇرچى.

**تارىخچىلىق** ئى <پەلس> تارىخنى تەتقىق قىلىشتىكى نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل. بۇرژۇئا تارىخچىلىقى ۋە ماركسىزملىق تارىخچىلىق دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. بۇرژۇئا تارىخچىلىقى: بارلىق تارىخىي شەيئىلەرنىڭ «مەۋجۇت بولۇش ئاساسى بار»، تارىخقا پەقەت «ھېسداشلىق قىلىش» «چۈشىنىش»، «ئوبيېكتىپ» پوزىتسىيە تۇتۇش، «ئەينەن بايان قىلىش» كېرەككى، ئۇنىڭغا باھا بەرمەسلىك كېرەك دەپ قارايدۇ؛ ماركسىزملىق تارىخچىلىق: ئىنسانلار تارىخىنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ئۇسۇل بىلەن تەھلىل قىلىش كېرەك، تارىخىي شەيئىلەر (تۈزۈم، ئىدىيە، شەخس، ۋەقە ۋە باشقىلار) نىڭ ھەممىسى مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا پەيدا بولىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ، كىشىلەر ھەر قانداق شەيئى ۋە ھادىسىنى كۆزەتكەن ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلغاندا، ئۇ بارلىققا كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان كونكرېت تارىخىي شارائىتنى ئاساس قىلىشى كېرەك دەپ ھېسابلايدۇ.

**تارىخشۇناس** ئى [ئە+پ] <تارىخ> تارىخ ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچى مۇتەخەسسىس؛ تارىخچى.

**تارىخشۇناسلىق** ئى <تارىخ> ئىنسانلار تارىخىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان ئىلىم.

**تارىخىي** سۈپ [ئە] ① تارىختا ساقلىنىدىغان، تارىخقا كىرگۈزۈلگەن: تارىخىي ۋەقە. تارىخىي پاكىت. * ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ تارىخىدا مەڭگۈ نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇنتۇغىلى بولمايدىغان تارىخىي پاكىت. ② تارىخ پېنىگە ئائىت، بىرەر ساھەنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىدىغان: تارىخىي گرامماتىكا. * ئۇ سالى ھارۋىكەشكە، ئۇنىڭ سۆزلەپ بەرگەن تارىخىي بايانلىرىغا، ئۇنىڭ يۈرەك ئامبىرىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تارىخىي تەپسىلاتلارغا ھەيران بولاتتى. ③ ئۆتمۈشكە، تارىخقا ئائىت، قەدىمكى، كونا: تارىخىي كىتاب. تارىخىي يادىكارلىق. * بۇلار قەدىمكى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى، مەدەنىيىتى، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشى، باشقا ئەللەر بىلەن مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتىكى ناھايىتى مۇھىم تارىخىي يادىكارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنى بىر نۆۋەت كۆرۈپ چىقىش خۇددى ناھايىتىمۇ مۇھىم بىر تارىخ دەرسى ئاڭلىغاندەك

تەسىر قالدۇراتتى.

**تارىخىي داستان** <ئەد> ← **ئېپوس.**

**تارىخىي رەسىم** <گ سەن> تارىخىي ۋەقەلەر تېما قىلىنىپ سىزىلغان رەسىملەر.

**تارىخىي رومان** <ئەد> تارىختا بولۇپ ئۆتكەن چوڭ-چوڭ ۋەقەلەر ئاساسىي تېما قىلىنىپ يېزىلغان چوڭ تىپتىكى ئېپىك ئەسەر، رومان. مەسىلەن: سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «سۇتۇق بۇغراخان» ۋە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» رومانى، «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرى قاتارلىقلار.

**تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق** <تىل> تىلشۇناسلىقنىڭ تارىخىي سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق تىللار ياكى دىئالېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنى ھەم ئۇلارنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى. ئۇ 19-ئەسىردە ھىندى-ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللارنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا بەرپا بولغان ۋە راۋاجلانغان.

**تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇل** <تىل> تىل تەتقىقاتىدا قوللىنىلىدىغان بىر خىل ئۇسۇل. بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق بىر قانچە خىل قېرىنداش تىل ياكى دىئالېكتلارنىڭ ئاساسىي لۇغەت تەركىبى ھەم گرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشى سېلىشتۇرۇلىدۇ، شۇ ئاساستا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى فونېتىكا جەھەتتىكى مۇناسىپلىق قانۇنىيەتلەر چۈشەندۈرۈلىدۇ؛ ئاساس بولغۇچى تىلنىڭ سىستېمىسى سۈرەتلىنىدۇ، شۇ تىل ۋە شۇ دىئالېكتلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى شەرھلىنىدۇ. 19-ئەسىردە مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ھىندى-ياۋروپا تىللىرى تەتقىق قىلىنىپ، تىل ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلگەندى.

**تارىخىي قوشاقلار** <ئەد> تارىخىي ۋەقەلەر ۋە ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىرىغا بېغىشلانغان خەلق قوشاقلىرى.

**تارىخىي قول يازمىلار** تارىختا قول بىلەن يېزىپ قالدۇرۇلغان ئەسەرلەر.

**تارىخىي گېئولوگىيە** <گېئول> يەر شارى (ئاساسەن يەر پوستى) نىڭ تەرەققىيات، تارىخى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئاساسەن تاغ جىسىملىرىنىڭ شەكىللىنىش تەرتىپى، ھەر بىر گېئولوگىيىلىك دەۋردىكى قەدىمىي جۇغراپىيىلىك مۇھىت، گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمىلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىيات تارىخى، ماگما ھەرىكىتى ۋە مېتامورفىزم تارىخى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

**تارىخىي ماتېرىيال** <تارىخ> تارىخنى يېزىش ۋە تەتقىق قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللار. ئادەتتە ئۇ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق تېپىلغان ماددىي نەرسىلەر، ئويما ۋە يازما ئەسەرلەر، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ناخشا-قوشاق ۋە ھېكايە-چۆچەكلەر دەپ بىر نەچچە خىل بولىدۇ.

**تارىخىي ماتېرىيالىزم** <پەلس> ماركس بىلەن ئېنگېلس بەرپا قىلغان، ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى پەن. ئۇ ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، شۇنىڭدەك پرولېتارىياتنىڭ دۇنيا قارىشىدۇر. ئۇ: جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى ئۆزىگە خاس ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئىگە؛ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت ئىجتىمائىي ئاڭنى بەلگىلەي-

دۇ؛ ئىجتىمائىي ئاڭ ئۆز نۆۋىتىدە ئىجتە-
مائىي مەۋجۇدىيەتكە ئەكس تەسىر
كۆرسىتىدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى
بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى
ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە ئۈستقۇرۇلما
بىلەن ئىقتىسادىي بازىس ئوتتۇرىسىدىكى
زىددىيەت جەمئىيەت تەرەققىياتىنى
ئىلگىرى سۈرىدىغان نېگىزلىك زىددىيەت-
تۇر، دەپ قارايدۇ.

**تارىخىي ئىدېئالىزم** <پەلس> ئىنسانلار
جەمئىيىتى تەرەققىياتى توغرىسىدىكى
ئىلمىي بولمىغان تارىخ قاراش. ئۇ:
ئىجتىمائىي ئاڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنى
بەلگىلەيدۇ؛ كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە
مۇددىئاسى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ
تۈپ سەۋەبى دەپ قاراپ، جەمئىيەت
تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى
ئىنكار قىلىدۇ.

**تارىخىي يادىكارلىق** <تارىخ> تارىختىن
قېلىپ قالغان ۋە خاتىرە سۈپىتىدە ساقلى-
نىدىغان نەرسىلەر.

**تارىخىيلىق** «تارىخىي» سۆزىنىڭ ئىسىم
شەكلى: فولكلور نۇقتىسىدا بۇ يەكۈننى پۈتۈنلەي
مۇتلەق شىتۇرۇۋەتكىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇرپ-ئادەت
تارىخىيلىققا، ئەنئەنىۋىلىككە ئىگە بولىدۇ.

**تارىشا** ئى [پ] ياغاچ قاتارلىق نەرسىلەر-
نىڭ نېپىز قىلىپ تىلىنغان، يونۇلغان
پارچىلىرى: تارىشا قىلماق. * تارىشا گۈڭگۈرت.

**تارىشا پۈتۈك** <ئارخېئول> قەدىمكى
زاماندا خەت پۈتۈلۈپ، كىتاب ئورنىدا
ئىشلىتىلگەن تار ۋە نېپىز تاختىلار.

**تارىشا جىنس** <گېئول> تارىشسىمان
كرىستاللىق مىنېراللاردىن تەركىب تاپقان
تاغ جىنس. مەسىلەن، مېتامورفىلىق
جىنس تەركىبىدىكى خلورىتلىق تارىشا
جىنس، چىرىمتال قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**تارىشا قىلماق** تارىشا ھالىتىگە كەلتۈر-
مەك: ياغاچلارنى تارىشا قىلىپ تىلماق.

**تارىشا گۈڭگۈرت** ئىبرىتىلگەن گۈڭگۈرت
يېپىشتۇرۇلغان تارىشا. بۇرۇن ئوت كۆچۈ-
رۈشتە گۈڭگۈرت ئورنىدا ئىشلىتىلگەن.

**تارىشدەك** سۈپ. ئورۇق، قاتقان، شىرداق:
ئۇ، ساق چاغلىرىدا ئىشخانىسىدىمۇ ھەمىشە مۇھىم
بىر دېلو ئۈستىدە ئويلانغىنىدا بىر نەچچە مىنۇت
جىمجىت ئولتۇرۇۋېلىپ، چىگىش يىپنىڭ ئۇچىنى تاپقاندا،
ئاندىن تارىشدەك بارماقلىرى بىلەن ئەينەك قويۇلغان
شىرەنى ئاستا چېكىپ قوياتتى.

**تارىشسىمان** سۈپ. تارىشىغا ئوخشايدىغان،
تارىشا شەكلىدىكى، تارىشدەك: تارىشسىمان
قۇرۇلما.

**تارىشسىمان قۇرۇلما** <گېئول> مېتامورفى-
لىق جىنسلاردا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان
قۇرۇلما. مېتامورفىلىق جىنسلاردىكى
تارىشسىمان ياكى تالاسىمان مىنېراللارنىڭ
يۆنىلىشلىك تىزىلىشى تاغ جىنسلىرىدىكى
تېپىز بولغان تارىشسىمان قۇرۇلمىنى
ھاسىل قىلىدۇ.

**تارىشلانماق** پ. تارىشا ھالەتكە كەلمەك،
تارىشا قىلىنماق: تارىشلانغان ياغاچ.

**تارىشلىنىش** ① «تارىشلانماق» پېئىلىنىڭ
يەنە بىر خىل ئىسمدىشى. ②
مېتامورفىلىق جىنسلاردىكى تارىشسىمان
ياكى تالاسىمان مىنېراللارنىڭ يۆنىلىشلىك
تىزىلىشى بىلەن تاغ جىنسلىرىدا تېپىز
تارىشسىمان قۇرۇلما ھاسىل بولۇش
ھادىسىسى.

**تارىقاي** سۈپ. دانىمۇدانە، شالاڭ: تارىقاي
زىرائەت. * ئەھۋالنى ئۇققىنىمىزدىن كېيىن بەزى
نەرسىلەرنى بىرىنۋىدۇق، موماي ئانچە-مۇنچە ئاغرىغا
سالغان بولسىمۇ، لېكىن بىردىنلا خېلى ئوبدانلىشىپ،

تېتىكلىشىپ قالدى. ئۇنىڭ تارىقاي كىرىپكىدە مېھىر مونچاقلىرى پارقىراشقا، سولاشقان يۈزلىرىدە بولسا، ھايات نۇرى چاقناشقا باشلىدى.

**تارىماق** I پ. تارغاق ياكى شۇ خىلدىكى نەرسە بىلەن چاچ، ساقال ۋە شۇ قاتارلىقنىڭ چىگىكىنى يەشمەك؛ تالمۇ تال، دانمۇدانە قىلماق، تەكشىلىمەك: بەل باغلىغان بىلەن ئەر ئەمەس، باش تارىغان بىلەن خوتۇن. (ماقال). * ئادىل ئۇنىڭ تەرىتىگە قاچا تۇتتى، ئاندىن ھۆل لۆڭگە بىلەن يۈزلىرىنى سۈرتتى، ئۆسۈپ كەتكەن چاچلىرىنى تاراپ قويدى، كېيىن تاماق ئەكىرىپ يېگۈزدى.

**تارىماق** II پ. ① توپتىن ئايرىلماق؛ چېچىلماق، تارقىماق: يېرىم كېچە بولاي دەپ قالغان چاغ، بىر قەدەم نېرىدىكى نەرسىلەرنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان ئاي قاراڭغۇسىدا، مەشرەپتىن يانغان كىشىلەر ئۆي-ئۆيلىرىگە تارىماقتا ئىدى. * ئاپەت بىلەن ئېلىشىپ ھەريان تاشلاپ ئۆزۈمنى، يىغدىم مىلك بىر جاپادا، تاراپ كەتكەن مېلىمنى. سولاپ مۇشۇ ئۆڭكۈرگە ساناپ كۆرسەم ۋاي ئىست، مالدىن بىرى كەم چىقتى، غەش قىلىپ بۇ دىلىمنى. ② يېيىلماق، كېڭەيمەك، تارقالماق: ئىشخانا ئىچىگە توخو گۆشى، قارا ئۆرۈك، پىننە ۋە يۇمغاقسۇت سېلىپ پىشۇرۇلغان قىزىق شوۋىگۇرۇچنىڭ پۇرىقى تارىدى. * ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن بېرىلگەن بۇ جاۋاب، يادلىنىپ تىللاردا داستان بولدى ئالەمگە تاراپ. ③ سىڭىشىپ كەتمەك، يوقالماق: ئۇنىڭ مەسىلىگىمۇ تاراپ، كاللىسى نورمال ئىشلەشكە باشلىدى. يەنىلا پەرىزاتنىڭ سۆزىگە كىرىپ، زاۋۇتقا يەنە بىر قېتىم بېرىشتىن باشقا ياخشىراق چارە يوقلۇقىنى يادىغا ئالدى.

**تارىمۇش** ئى ① <ئانات> ئاق رەڭلىك، تاسمىسىمان بىرىكتۈرگۈچى توقۇلما. مەزمۇت ۋە ئەۋرىشىم بولۇپ، سۆڭەكنى سۆڭەككە تۇتاشتۇرۇپ، بەدەن ئىچىدىكى جىگەر، تال، بۆرەك قاتارلىق ئەزالارنى مۇقىملاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. ② قاتتىق پەي، پاتاك: موماينىڭ ئاۋازى تىترىدى، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ تارىمۇشەك قاتتىق ئىنچىكە قوللىرىنى ئوغلىغا ئۇزاتتى.

**تارىنىشماق** «تارانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىزلار پاكىز تارىنىشىپ ھېيت تەييارلىقىنى قىلماقتا.

**تاز** سۈپ ① بېشى تەمرەتكە بىلەن جاراھەتلىنىپ چاچ چىقمىغان؛ ئايپاڭ، تاقىر: ئېشىمنى ئاز دېمەڭ، بېشىمنى تاز دېمەڭ (ماقال). * بۇ يىگىت كىچىكىدە تاز بولۇپ ساقايغان بولسا كېرەك، ئۇنىڭ بېشى گەدەنلىرىگىچە خۇددى يۇيۇلۇپ ئۆڭۈپ كەتكەن ئەتلەستەك ئالا-بۇلىماچ ئىدى. ② كۆچمە. مۇڭگۈز چىقمىغان، مۇڭگۈزسىز: «نېمىدېگەن ئېسىل ئىش ھە! جاھان ئۆزگەرسە، ھەممە ئادەمنىڭ قولى ئۇزىراپ، يۈرىكىمۇ يوغىنايدىكەن! بىر چاغلاردا، بىر دانە تاز ئوغلاقنى ئېلىپ ساتساقمۇ بەسىي مۇشكۇل ئىدى.

**تاز بۇغداي** قىلتىرىقسىز بۇغداي.

**تاز پولۇ** گۆش باسماي ئەتكەن پولۇ.

**تاز تەمرەتكىسى** <تىب> باش تەمرەتكە كېسەللىكىنىڭ بىر خىلى، دەسلەپتە باشتا سېرىق داغچىلار ياكى يىرىڭلىق يارا پەيدا بولۇپ، سېسىق پۇرايدۇ، قەقەچ تۇتۇپ چاچ چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن يارا ئىزى قالىدۇ، چاچ قايتا چىقمايدۇ.

**تېزىنى باسسا، مېزى چىقماق** بىر تەرىپىنى يوشۇرسا، يەنە بىر تەرەپى چۇۋۇلۇپ چىقماق، بىر مەسىلىنى ھەل قىلسا، يەنە بىر مەسىلە توغۇلۇپ تۇرماق: جاھانگىر دۆلەتلەردە مالىيە، پۇل مۇئامىلە كرىزىسىدىن تاشقىرى، ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىدىمۇ

تېزىنى باسسا مېزى چىققاندا ئوخشاش، كومزىسلار ۋە خەتەرلىك ئەھۋاللار كەينى-كەينىدىن پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ.

**تازا** I سۈپ [پ] ① كىر ئەمەس، چاڭ قونمىغان، كىر ۋە توپا-تۇماندىن خالىي؛ پاكىز: تازا كىيىم. تازا رەخت. * جىلغا چوڭقۇر بولغاچقا، قىش كۈنلىرى سوغۇق ئانچە قاتتىق بولمايتتى، ياز كۈنلىرى سۈيى مول، ھاۋاسى تازا، ئوت-چۆپلىرى ياخشى بولاتتى. ② ئىسلىسى بويىچە، ئارىلاشما ئەمەس؛ ساپ: ئالغىن يىگىت، تەگدىشى يوق تازا مال، بۇ — جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئالتۇنى. قەدىم باغدات ھۈنىرىنى ئىشلىتىپ، ھەۋەس بىلەن ياساپ چىقتىم مەن ئۇنى. ③ كۆچمە. بۇلغانمىغان، داغ چۈشمىگەن؛ ساپ، پاك: ئۇلارنىڭ سانى ئاۋۇ باش ئۈستىدىكى چىمىر-چىمىر يۇلتۇزلارنىڭ سانى بىلەن بەسلىشىدۇ. ھەم بۇ چىراغلار كىچىكىدىن ئىلىم-پەنگە ئىشتىياقنى بەرگەن ۋە كەلگۈسىگە پەرھاتتەك مۇھەببەت باغلىغان مۇنۇ ئاددىي كوممۇنىستنىڭ تازا يۈرىكىدە پارلايدۇ.

**تازا** II رەۋ. ① راسا، ئىنتايىن، ناھايىتى: ئات ئۈستىدە پۈتنى ئالماشتۇرۇش، بەدەننى ئالدى ئارقىغا يۆزلەندۈرۈش، ئوڭ ياكى سول يانغا چۈشۈپ تۇرۇپ چېپىش، ئۆرە تۇرۇپ چېپىش، ئاتتىن ئارقا تەرەپكە مۇللاق ئېتىپ چۈشۈش، ئوڭ-سول تەرەپلەر-دىن سەكرەپ ئاتقا مىنىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزۈمچە تازا يۇخادىن چىققاندەك بولۇپ، پېشانەمدىكى تەرلەرنى سۈرتۈشكە باشلايتتىم. * ئۆزىنىڭ ئىززەت نەپسىگە تېگىۋاتقان مۇئامىلە ۋە گەپلەر ۋاقتىنىڭ تازا ئاچچىقىنى كەلتۈردى. ② تويتوغرا، دەلمۇدەل، ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل: ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى كۆپچىلىك بىلەن كۆرۈشۈپ: — بىز تازا ۋاقتىدا يېتىپ كەپتىمىز، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ قارارى بار ئىدى، كۆپچىلىككە يەتكۈزۈۋېتىپلا قايتىمىز، ئاندىن ئۆزۈڭلارنىڭ يىغىنىنى ئېچىۋېرىڭلار، — دېدى. * تازا چۈش ۋاقتى چىقتى بىر چۈقان، توختىدى بارلىق ماڭغان ھەم تۇرغان.

**تازىلاتقۇزماق** «تازىلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى: ئۇ كۈنى باشقىدىنلا قار يېغىپ، تازىلانغان كوچىلارنىڭ بېتىنى چىقاردى. ئۇچىنچى كۈنى كۈن چىقماستىن بۇرۇن توختى ئەللىكبېشى كوچىلارنى يەنە تازىلاتقۇزدى.

**تازىلاتماق** «تازىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىككى كۈندىن بۇيان ئۇلار مۇشۇ ۋەزىپە بويىچە شەھەر دېگەننى ئۇتتەي-توختەي قىلماقتا ئىدى. ئۇلار ئۆتتۈر كەلگەن شەھەر ئاھالىسىنى تۇتتۇۋېلىپ، دەڭ-سارايلارنى تازىلىتاتتى.

**تازىلاشماق** «تازىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئوقۇغۇچىلار قار توختاش بىلەن تەڭلا مەكتەپ مەيدانىنى تازىلاشتى.

**تازىلانماق** ① «تازىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: سەل ساقلاپ تۇرۇڭ، باش-كۆزۈمنى يۇيۇپ تازىلىنىۋالاي، ئاندىن بىللە بارايلى. ② «تازىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئالتۇن كۆز پەسلى ئىدى، رابىخان موماينىڭ چىنىدەك پاكىز تازىلانغان ئۈزۈم باراڭلىق ھويلىسى ئۇنىڭ كەنجى ئوغلى ئەزىزنى ھەربىي سەپكە ئۇزىتىپ كەلگەن كىشىلەر بىلەن جانلىنىپ تۇراتتى. * ياۋۇز «ئۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بىزگە ناھايىتى ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈردى. ئۇنىڭ تارقاتقان زەھىرى تېخى تولۇق تازىلىنىپ بولغىنى يوق.

**تازىلىق** ئى. ① «تازا I» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سىنىپ تازىلىقى. كىيىم-كېچەك تازىلىقى. ② تازا ھالەت ۋە ئاشۇنداق ھالەتكە كەلتۈرۈش ئىشى: كۈنلەر ئۆتمەكتە، قوشماق ئاكا دەم ئېلىش كۈنلىرى باللىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تازىلىق قىلىشقا ئادەتلەندۈرگەنىدى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. * باش ئۆسمۈرلەر بىزنىڭ گەپ-سۆزلىرىمىز، مۇئامىلە-ئادىتىمىز ۋە كىيىم-كېچەك، تازىلىقلىرىمىزنىڭ

قاندىقلىقىغا قاراپمۇ ئۆزىنىڭ ئەتىسى ئۈچۈن ئانچە-مۇنچە ئۈلگىگە ئىگە بولىدۇ.

**تازىلىق ئۆيى** <تب> مېھمانخانا ۋە ئاھالىلار بىنالىرىدىكى تازىلىق ئۈسكۈنىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۆي.

**تازىلىماق** پ ① كىر، توپا-چاڭ ۋە باشقا پاسكىنچىلىقلاردىن خالىي قىلماق، پاكىز-لىمەك: ئۆي تازىلىماق. كىيىمنى تازىلىماق. * تۇرمۇش ھەمىشە كىشىلەرنىڭ رايىغا بېقىۋەرمەيدۇ. بۇنىڭدىن ئون كۈن بۇرۇن مېھرىبان ئەزىزنىڭ پۈتنى تازىلاۋاتقان-دا، ئۇشتۇمتۇت بېشى ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشتى. * يىگىت پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، مېنىڭ كارىۋات ئۈستىگە تاشلاپ قويغان جۇۋا، قۇلاقچا، شارپىلىرىمنى سىرتقا ئاچىقىپ تازىلاپ كىردى. ② ئارىلاشمىلار-دىن خالىي قىلماق، ساپلاشتۇرماق: بىز ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى جەريانىدا، بىر تۈركۈم ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلىدۇق، جىنايى قىلمىشى ئېغىر بولغان بەزى ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. * تازىلاپ ئاپەتنى ھەر جەھەتتە، ئالتۇندەك پاكلاندىڭ، نۇرلاندىڭ. چېلىشتىن يېڭىشلار تۇغدۇرۇپ، مىسلىسىز كۈچەيدىڭ، گۈللەندىڭ. ③ تەسىرىنى تۈگەتمەك: ئېنگېلس گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلىرىنىڭ ھۆكۈمەت تىزىملىكلىرىگە قارشى كۆرۈشنى تۈزەتىشكە، بۇ كۆرەشنى پرىنسىپ جەھەتتىن توغرا قىلىشقا، ئۇنىڭ «دۆلەت» مەسىلىسىدىكى خىلمۇخىل ئاغمىچىلىق، بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىنى تازىلاشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشقان.

**تاس** I رەۋ. جۈملىدە مەلۇم ئىش ھەرىـ-كەتنىڭ ئەمەلگە ئاشاي دەپ، ئەمەلگە ئاشماي قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: سىزنىڭ كېلىشىڭىزدىن خەۋىرىم بولمىغاچقا تاس كېتىپ قالدىكەن-مەن.

**تاس قالماق** قىل قالماق: قەلبى مول ھوسۇل ئۈمىدى بىلەن تولغان ياسىن زىيا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەۋاتقان كۆنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنى ئۆزۈن يىللاردىن بېرى قىيناپ كېلىۋاتقان ئۆت ئاغرىقى ئۇشتۇمتۇت قاتتىق قوزغىلىپ، ئۇنى ھاياتىدىن ئايرىۋەتكىلى تاس قالدى. * نىمجان بوۋاينىڭ نەگىدۇر كېتىپ قېلىپ بىرەر كۈن كۆرۈنمەي قېلىشى خۇددى پىلىك جىيامۇنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىدا ئىزسىز يوقاپ كەتكىنىدەك زىلزىلە پەيدا قىلغىلى تاس قالدى.

**تاس** II تەق. بىر نەرسىنىڭ يەنە بىر نەرسىگە ئۇرۇلۇش ياكى بىر نەرسىنىڭ ئۈزۈلۈشىدىن پەيدا بولغان ئاۋاز: دۇتارنىڭ تارىسى «تارس» قىلىپ ئۈزۈلۈپ كەتتى.

**تاسادىپ** رەۋ [ئە] ئۇشتۇمتۇت، ئويلىمىغان يەردىن، تاسادىپىي: شەمشەرخان ئاچا 1952-يىلى ناھىيىدە يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش تەربىيىسىنى ئالغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە مۇشۇنداق تاسادىپ كەلگەن كىشىلەردىن نەچچە ئونىنى كۆتۈۋالغان.

**تاسادىپەن** رەۋ [ئە] كۈتۈلمىگەن ھالدا، بىردىنلا، قەستەن، تاسادىپىي رەۋىشتە: تاسادىپەن ئۇچرىشىپ قالماق. * ئۇلار ھەممە مەرۋايىتنى سودىگەرگە بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سودىگەر مەرۋايىتنى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ، تاسادىپەن يولدا بىر نەچچە ئوغرىلار ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇشۇپتۇ. * بىز ئادەتتە سائەتنى سول قولغا تاقايمىز. ئەگەر بىر كۈنى تاسادىپەن ئوڭ قولغا تاقاپ قالساق، سائەتكە قاراشقا توغرا كەلگەندە ھامان سول قولغا قاراپ قالىمىز.

**تاسادىپىي** [ئە] ① سۈپ. كۈتۈلمىگەندە، تۇساتتىن، پەۋقۇلئاددە، ئۇشتۇمتۇت: تاسادىپىي ھادىسە. تاسادىپىي ئۇچرىشىش. * بۇ سۆز سەيدىن قارىنىڭ ئاغزىدىن شۇنچىلىك تاسادىپىي ۋە تېز چىقىپ كەتتىكى، كېيىن ئۇ خىجىل بولغانلىقىدىن خۇددى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. ② رەۋ. سەۋەبى نامەلۇم، سەۋەبسىز: بەزىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتقان بەگلەر تەيجىدىكى خۇش ياقماسلىق، ئاچچىقلىنىشتەك تاسادىپىي ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ ئاستا

ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ خوشلىشىشقا باشلىدى.

**تاسادىپى بەلگە** <لوگ> بىر خىلدىكى ئوبيېكتنىڭ ھەممىسىدە ئەمەس، بەلكى بىر قىسمىدا تاسادىپى بولۇپ قالىدىغان بەلگە. «ئۆزىگە خاس بەلگە» گە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ.

**تاسادىپىلىق** «تاسادىپى» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: يۈز بەرگەن ھەر قانداق بىر ئىشتا، مەيلى تاشقى كۆرۈنۈشىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىغان سانسىز كۆرۈنۈشتىكى تاسادىپىلىقلار بولسۇن ياكى بۇ تاسادىپىلىقلار ئىچىدىكى قانۇنىيەتلىكنى دەلىللەپ بېرەلەيدىغان ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىلەردە بولسۇن، ھېچبىرى كۆزلەنگەن، ئاڭلىق مەقسەت سۈپىتىدە يۈز بەرمىگەن.

**تاس-تاماس** ← تاس I.

**تاس-تاماس قالماق** ← تاس قالماق: يىقىلىپ چۈشكىلى تاس-تاماس قالدىم.

**تاس-تۇس** تاس قىلغان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋازلار: ئاچچىقىمغا پايلىماي تاس-تۇس قىلىپ شاپىلاقلىۋەتتىم.

**تاسسىدە** رەۋ. «تاس» قىلىپ، «تاس» قىلغان ھالدا: تاسسىدە قىلغان قاتتىق ئاۋازنى ئاڭلاپ، بۇلۇڭ تەرەپكە قارىغان ئادەملەر تاتۇق بويۇن كىشىنىڭ خاپا بولۇپ، چېچىلىپ قالغانلىقىنى دەررۇ سېزىۋالدى.

**تاسقاتماق** «تاسقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇن تاسقاتماق. شېغىل تاسقاتماق.

**تاسقاشماق** «تاسقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شېغىل تاسقىشىۋاتقان كىشىلەر يامغۇر تېمىشقا باشلىغاندىلا ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

**تاسقاقچىلىق** ئى. كىشىلەرگە، يۇرت خەلقىگە سېلىنغان ئېغىرچىلىق؛ قالايمىقانچىلىق، پاراكەندىچىلىك: ـ زەينەپنى باجگىر بېگىمگە توغرىلىمساق بولامدۇ؟ ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىغان بولساق، بېگىمنىڭ ئاچچىقى كېلىپ پۈتۈن يۇرتقا تاسقاقچىلىق سالسا قانداق قىلىمىز! ـ دېدى ئاۋۇت.

**تاسقاقسىز** سۈپ. تاسقىمىغان، تاسقالمىغان: تاسقاقسىز ئۇن. تاسقاقسىز شېغىل.

**تاسقاقلىق** سۈپ. تاسقالغان، تاسقاپ قويۇلغان: تاسقاقلىق ئۇن. تاسقاقلىق شېغىل.

**تاسقالماق** ① «تاسقىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىر كۈندە ئون توننا ئۇن تاسقالدى. * تاشلىق يولدا قاتتىق تاسقىلىپ مېڭىۋاتقان ماشىنا غاراس-غۇرۇس، جالاق-جۇلۇق قىلىپ تاشلارنى تۆرتۈپ ئالغا ماڭاتتى. ② كۆچمە. ياخشى-يامان ھەممىنى كۆرمەك، نۇرغۇن ئىشلار بېشىغا كەلمەك: ئۇ 15 ياشقا تولغان يىلى ئاچىسىنىڭ ئۆيىدىن يوتقان-كۆرپىسىنى كۆتۈرۈپ، ئەترەتنىڭ مالخانىسىغا كۆچۈپ كەلگەن كۈندىن باشلاپ بىر ئەزا قاتارىدا سۆرۈلۈپ-تاسقىلىپ ئون يىلنى ئۆتكۈزدى.

**تاسقام** ① ئى. غەلۋىر، ئۆتكەمە قاتارلىقلاردا بىر قېتىم تاسقاشقا بولىدىغان نەرسە: بوۋاي بۇغداينىڭ دەسلەپكى تاسقىمىنى تارتىۋىدى، سەككىز جىڭ چىقتى. ② مىق. ساناق سانلارغا قوشۇلۇپ كېلىپ، مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: بىر تاسقام بۇغداي. ئىككى تاسقام ئۇن.

**تاسقىماق** پ ① ئاشلىق ۋە شۇ خىلدىكى پارچىلانغان ئۇۋاق نەرسىلەرنىڭ يۇمشاق، يىرىكلىرىنى ئۆتكەمە، غەلۋىر، ئەلگەك قاتارلىق نەرسىلەر ئارقىلىق ئايرىماق؛ ئۆتكۈزمەك: بىكار بولساڭ كېپەك تاسقاپ يە (ماقال). * مەن تاماقتىن كېيىن، قازان-قومۇچنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپلا ئاتلارغا بېدە توغرايتتىم، يەم تاسقايتتىم، ئوقۇرلارنى تازىلايتتىم. ② بىردە ئالدىغا، بىردە ئارقىسىغا سۈرمەك، ئوڭ-سول، ئالدى-ئارقىغا ئۇرۇلماق. ③ كۆچمە. تاللاپ ئايرىپ چىقماق؛ ئېلىغماق: يىغىندا چىنارخان بىرىنچى بولۇپ پىكىر بەردى. جامائەت تاسقاپ كۆرۈپ، ئەزىمەتنى كەنت دېھقانلار

جەمئيىتىگە رەئىس قىلىپ سايلىدى.

**تاسما** ① ئى. هايۋاناتنىڭ تېرىسىدىن تىلىنغان ۋە شۇ خىلدىكى تېرىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن بۇيۇم: تاسما تىلماق. تاسما بەلباغ. * بوۋاي ئىشكنى ئاچتى، نادەم بىلەن باتۇرغازى ئۆيگە كۆلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى، ھەر ئىككىسىنىڭ بويىندا ئاپتومات، بەللىرىدىكى تاسمىغا ئۈچ داندىن قاتار قىلىپ گراناتلار ئېسىلغانىدى. ② سۈپ. تاسمىغا ئوخشايدىغان، تاسما شەكىلدىكى: تاسما ئېتىز.

**تاسما پۇرژىنا** <ماشىن> ماشىنىلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان بىر خىل قۇرۇلما. ئۇ بىر خىل تاسما پولاتتىن ئىبارەت بولۇپ، يۆگەلگەندىن كېيىن ئېلاستىكلىق رولى تەسىرىدە ئاستا-ئاستا بوشاپ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ پەيدا قىلىدۇ. ئادەتتە توكسىز پاتېفون، ۋە سائەتلەر ئىچىگە ئورنىتىلىدۇ.

**تاسما جۇۋەر** ئات-ئۇلاغلارنى چۇش... قويىدىغان تاسما.

**تاسما مېتىر** <بىن> بىرىزېنت رەختنى سىرلاش ئارقىلىق ياسالغان يۆگىمە مېتىر.

**تاسما ھەرە** <بىن> ھەرىنىڭ بىر خىلى. شەكلى تاسمىغا ئوخشايدۇ؛ توك ماتورى ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈلىدۇ؛ ئادەتتە يوغان دىئامېترلىق ياغاچلاردىن تاختاي تىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ؛ ئىشلەش ئۈنۈمى يۇقىرى.

**تاس-ماس** → **تاس**: - ئاستىراق، ئاغزىڭ ئەجەبمۇ ئىتتىكتە سېنىڭ، تاس-ماس چولڭ ئاكام ئاڭلاپ قالاتتى، - دېدى ئۇ.

**تاس-ماس قالماق** تاس قالماق: ئۇ ئۆستەڭنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا بېشى قېيىپ، يىقىلىپ چۈشكىلى تاس-ماس قالدى.

**تاسمىچى** ئى. تاسما تىلىش، تاسما ئىشلەش، تاسما سېتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى.

**تاسمىچىلىق** ئى. تاسما تىلىش، تاسما پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئۇنى سېتىش ئىشى، كەسپى: سۇلتاننىڭ ئاكىسى تاسمىچىلىق قىلىدۇ.

**تاسمىلىق** سۈپ. ① تاسمىسى بار، تاسما بېكىتىلگەن: تاسمىلىق بەتىنكە. ② تاسما ئۈچۈن تەييارلانغان: تاسمىلىق تېرە. تاسمىلىق كۆن.

**تاسمىلىق چاق** <ماشىن> ماشىنىلاردىكى تاسما ئورنىتىلغان ھەرىكەت ئۆزاتقۇچى چاق.

**تاش** I ئى ① ئايرىم-ئايرىم ھالدا ياكى بىر پۈتۈن ئۇيۇل ھالەتتە ئۇچرايدىغان، سۇ كار قىلمايدىغان قاتتىق تاغ جىنىسلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى: تاشنى سوقسا قۇم بولۇر، تۆمۈرنى سوقسا قىل بولۇر (ماقال). * غۇلام بۇ سىرنى بىلىۋالغاندىن كېيىن شاتۇتنى تۇتۇپ بېرىپتۇ-دە، ھېلىقى چولڭ قارا تاشنى ئىزلەپ تېپىپتۇ، بىراق تاش يوغان بولغانلىقتىن مىدىرلىتالماي، مەدىكارلارغا ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. ② كېسەللىك سەۋەبىدىن ئادەم ئورگانىزمىدا ھاسىل بولىدىغان قاتتىق ماددا؛ قېتىشما: ئۇنىڭ ئۆتىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ بىرمۇنچە تاشنى ئېلىۋەتتى. ③ نەرسىلەرنىڭ ۋەزنىنى، ئېغىرلىقىنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان جىڭ، گىرگە ئوخشاش سايمانلارنىڭ ھەر خىل شەكىل ۋە ھەر خىل چوڭلۇقتىكى قادىقى: جىڭ تېشى. تارازا تېشى. ④ سائەت مېخانىزملىرىنى تارتىش كۈچى ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ئېغىرتقۇ: سائەت تېشى. ⑤ كۆچمە. قاتتىق، مېھىر-شەپقىتى يوق: تاش يۈرەك ئادەم. باغرى تاش ئاتا. ⑥ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**تاش باسما** <مەت> ← تاش مەتبەئە.

**تاش باسماق** قىلغان گەپ-سۆزلىرى ئورۇنلۇق بولماق، جىلىك باسماق: تاش باسمايدۇ، قۇرۇق گەپنىڭ ئۆتتى ۋاقتى، زامانىمىز ئىش ئەھلىگە ياخشى باقتى؛ ئىش ئەمەلدىن ئىزدەر بولدۇق ھەقىقەتنى، بۇ گەپ بۈگۈن ئىشچانلارغا بەكمۇ ياقتى.

**تاش بەت** <مەت> كاۋاك تاش ماتېرىيالدىن ياسىلىپ، تاش مەتبەئەدە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل بەت.

**تاش بېلىق** <زوئول> تاش بېلىقلار ئائىلىسىدىكى بېلىقلارنىڭ ئومۇمىي نامى. تەن ئۇزۇنلۇقى ئوتتۇرا دەرىجىدە؛ ئالدى ۋە ئارقا تەرىپى تەكشى ھالەتتە سەل-پەل ياپىلاق؛ باش تەرىپى كەڭ ۋە ياپىلاق؛ ئېغىزى چوڭ؛ چىشلىرى ئۇششاق كېلىدۇ. دۈمبە پالاقچىسى ئىككى بولۇپ، بىر-بىرىگە جۈپلەشكەن ياكى بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرغان ھالەتتە كېلىدۇ؛ كۆكرەك پالاقچىسى كەڭ، قۇيرۇق پالاقچىسى يۇملاق ياكى شىنا شەكلىدە بولىدۇ؛ ئاساسەن شىمالدىكى سوغۇق رايونلارغا تارقالغان.

**تاش پۈتۈك** <تارىخ> ئابىدە ئۈستىگە ئويۇلغان يېزىق.

**تاش تاختا** <بىن> قېزىپ ئېلىنغان ياكى يونۇش ئارقىلىق تاختا ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن تاش. قۇرۇلۇش ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**تاشتىن ياغ چىقىرىدىغان** كىشىلەرگە ھېچقانداق نەپ بەرمەيدىغان؛ ئۆتۈپ كەتكەن بېخىل، پىخسىق.

**تاش چۈشكەن يەردە ئەزىز** ھەركىم ئۆز ئۆيى، ئۆز يۇرتى، ئۆز ۋەتىنىدە؛ ھەر نەرسە ئۆز جايىدا قەدىر-قىممەتلىك.

**تاش چىشلىۋالغاندەك** ئۈن-تىنسىز، جىم؛ پوزىتسىيە بىلدۈرمەي، گەپ قىلماي: تىللاخان تاش چىشلىۋالغاندەك ئولتۇراتتى. — ھە، تىلىڭ تۇتۇلۇپ قالدىمۇ؟ — دېدى سادىر ئاخۇن.

**تاشقا مۆھۈر باسقاندەك** ئادەمنىڭ زادى ئېسىدىن چىقمايدىغان: كېلىشىمدە دوستلارغا، مېنى يوللىغان پارتىيىگە، ئەزىز داشۆگەدىكە ئىلىرىم تاشقا مۆھۈر باسقاندەك تۇرار يادىمدا.

**تاش قورال** <ئارخېئول> قەدىمدا تاشتىن ياسالغان ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ئومۇمىي نامى.

**تاش قورال دەۋرى** ئارخېئولوگىيىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى دەۋر، يەنى ئىنسانلار تاشتىن قورال ياساپ، ئۇنىڭغا تايىنىپ تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىپ تىرىكچىلىك قىلغان دەۋر.

**تاش قۇلۇپ** <تەن> بىر خىل بەدەن چېنىقتۇرۇش ئەسۋابى. كونا شەكلىدىكى قۇلۇپلارغا ئوخشايدۇ؛ تاشتىن ياسىلىدۇ.

**تاش كۆۋرۈك** تاش بىلەن قوپۇرۇلۇپ ياسالغان كۆۋرۈك.

**تاش گۆر** <ئارخېئول> يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرى ۋە مىس قورال دەۋرىدىكى بىر خىل گۆر. ئۇ، تۆت دانە تاختا تاشنى يەرگە تىكلەپ، ئۈستىگە يەنە بىر تاختا تاشنى يېپىش ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ، ياۋروپانىڭ غەربىدە كۆپ ئۇچرايدۇ.

**تاش گۈمبەز** <گېئول> ئېتىلما جىنسلارنىڭ يېتىش ھالەتلىرىدىن بىرى. يېپىشقاقلىقى يۇقىرى بولغان كىسلاتالىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇ، ئوتتۇرا كىسلاتالىق ماگمىنىڭ يانار تاغ تەسىرىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا، يانار تاغ كاناي يولىدىن

يەر يۈزىگە سىقىلىپ چىقىپ، چىقىش ئېغىزىدا ھاسىل قىلغان ئالاھىدە شەكىل-دىكى دۆۋىلەردىن ئىبارەت.

**تاش مەتبەئە** <مەت> تاش بەت ئىشلىتىلىدىغان مەتبەئە. بۇنىڭدا، ئورگىنال ئالاھىدە ئىشلەنگەن سىياھ ئارقىلىق دورىلىق قەغەزگە يېزىلىپ، تاش بەت ئۈستىگە بېسىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تاش بەتكە ئەرەب يېلىمى سۈركىلىپ، قۇرىغاندىن كېيىن سۇ بىلەن تازىلىنىدۇ. ئاخىرىدا مەتبەئە مېيى ئارقىلىق بېسىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**تاش مېتېئورىت** <ئاستر> مېتېئورىتنىڭ بىر تۈرى. ئاساسەن ماگنىي ۋە تۆمۈر-نىڭ سىلىكاتلىرىدىن تۈزۈلىدۇ.

**تاشنى تاياقتا تاشىماق** بىركىمنىڭ كۆڭۈل مايىللىقى، ئىختىيارلىقىغا قارىماي، بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى قىلىشقا زورلىماق، مەجبۇرلىماق: كۆز نۇرۇم جان قىزىم تېخى ئەمدىلا، كىردى ئۇ ئارانلا ئون ئىككى ياشقا. باي بېشى ئاشقاندۇ بەلكى يەتمىشتىن، قارىسا بولمامدۇ ساقال ۋە چاچقا. ئادەمنىڭ ۋىجدانى كۆتەرمەس بۇنى، تېگىشقا بولمايدۇ تاياقنى تاشقا.

**تاش ھۆجەيرە** <بوت> ئۆسۈملۈك تېنىدىكى پوستى پەۋقۇلئاددە قېلىن ياغاچلاشقان ھۆجەيرە. مەسىلەن، شاپتۇل، ئۆرۈك ئۇرۇقچىلىرىنىڭ شاكىلى، نەشپۈت مېۋىسىدىكى قۇمسىمان ماددىلار پۈتۈنلەي تاش ھۆجەيرىلەردىن قۇرۇلغان بولۇپ، ناھايىتى قاتتىق بولىدۇ. ئۇ، ئۆسۈملۈك تېنىدە مېخانىكىلىق رول ئوينايدۇ.

**تاش ئۆزەك** <ئارخېئول> قەدىمكى پارچە تاشنىڭ تۇرلۇك بۇيۇملار ياسىلىپ ئېشىپ قالغان ياكى باشقا تاش قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن قىسمى.

**تاش ئۆستەڭ** قېزىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاستى ۋە ئىككى يېنىغا قورام تاشلار تىزىلغان ئۆستەڭ: ئۆتكەندە ئۇ ئۆيلۈك يەر تەلەپ قىلدى. ھاشىم شۇجى دۆيدىكى ئەزالارنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، تۇردى ئاخۇنغا تاش ئۆستەڭ بويىدىن، توپۇس ئەھۋالغا قاراپ بىر مو يەر ئايرىپ بەردى.

**تاش يەپ، قۇم چىقىرىدىغان** ئاشقازىنى-نىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، نېمە يېسە سىڭدۈرۈپ كېتەلەيدىغان، ئىشتىھاسى ياخشى: ئادەم ياش ۋاقتىدا تاش يەپ قۇم چىقىرىدۇ. لېكىن قېرىغاندا تاماقنى ئەھۋالغا قاراپ يېمىسە بولمايدۇ.

**تاش يۈرەك** بىركىمگە رەھىم قىلمايدى-غان، باغرى قاتتىق، دىلى قاتتىق: بۇ زامانىنىڭ باي-غوجاملىرىدىن پاناھ تىلەش، تاشتىن ياغ چىقىرىشقا ئورۇنغانلىق ئەمەسمۇ؟ ھەي ئانا، ھەي جېنىم ئانا، سىلى نېمىشقىمۇ كالىنى دەپ گۆھەرنى تاشقا ئۇرىدىغانلا؟ تاش يۈرەك زالىمغا يالۋۇرىدىغانلا، يوقسۇزچىلىق، قاچانمۇ تۈگەرسەنكىن. * بولدى مەھرۇم كۈچ-مادارىدىن، « بوۋاي » نى باي قىلمىدى كېرەك. « قەرزگە ! » دېدى ھويلا ئۆينى، تارتىۋالدى زالىم تاش يۈرەك.

**تاش يۇسۇنى** <بوت> دېڭىز يۇسۇنىنىڭ بىر خىلى. ئۆسۈملۈك تېنى ياپىلاق، بېغىررەڭ كېلىدۇ؛ كۆپ شاخلاپ، پەي شەكلىدە تىزىلىدۇ؛ كۆپىنچە ئاگار يېلىمى ئىشلەشتە خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**تاش II** ئى ① ئىچىگە، ئىچكىرىگە نىسبەتەن سىرت؛ تالا: ئۇ تېز بېرىپ ئىشكنى زەردە بىلەن ئاچتى. ئۇلۇغ پۈتنى بوسۇغىنىڭ تېشىغا ئالغاندىن كېيىن، كەينىگە بۇرۇلۇپ: ــ ھوقۇق ئېلىش ئۇچۇن سەن ماڭغان يول بىلەن مېڭىشقا بولمايدۇ،

بۇنى بىلىپ قويى، — دېدى. * ئايخان ئۆردىنىڭ تېشىدا ئېرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ دېرىزە تۈۋىگە كەپتۇ-دە، ئېرىنى كۆرۈش بىلەن خۇشاللىقى ئىچ-ئىچىگە سىغماي كېتىپتۇ. ② بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستىنى ئوراپ تۇرغان قىسمى، تاشقى تەرىپى: يوتقان تېشى. كىتابنىڭ تېشى. * ئادەمنىڭ تېشىغا قارىماي، ئىچىگە قارا (ماقال). * ئۈچىنچىدە ئوقۇيدۇ، بىرىنچىدەك خېتى يوق. دەپتىرىنىڭ تېشىغا، توغرا يازغان ئېتى يوق.

**تاش ئات** ھارۋىنىڭ شوتىسىغا قوشۇلغان ئاتقا يانداپ قوشقان ياكى ئالدىغا قوشقان ئات.

**تاش پەش** كىيىمنىڭ پەتلە ئېچىلىدىغان، تۈگمە قادالغان پەشىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان پېشى.

**تاش كامېر** <قاتن> ئىچ كامېرنى ئوراپ تۇرىدىغان ۋە يەرگە تېگىپ تۇرىدىغان كامېر. كاۋچۇكتىن ئىشلىنىدۇ؛ سىرتقى يۈزىدە يوللىرى بولىدۇ.

**تاش كۆڭلەك** <كيې> تىك ياكى قايرىما ياقا سېلىنغان، تۈگمىلىرى پۈتۈن ئېتىلىدىغان ۋە ئۈستىدىن كەمەر باغلىنىدىغان ھەربىيچە كۆڭلەك؛ گىمناستيوركا.

**تاش كىيىم** ئىچ كىيىمگە نىسبەتەن سىرتقى كىيىم.

**تاش گۆر** گۆرنىڭ ئالدىغا كولانغان ۋە ئۆلۈك قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن تىندۇرۇۋېتىلىدىغان گۆر.

**تاش مايماق** ئاياغنىڭ ھەم پۇتنىڭ سىرتقى تەرەپكە قاراپ ئېگىلگەن، قايغان ھالىتى: تاش مايماق ئادەم. * قولى چولاق، باش مايماق، پۇتى ئاقساق تاش مايماق، كۆزى ئالغاي ئەلەسكەن، ئەلەس كۆزى كۆرمەسكەن.

**تاش يەرلىك** ← **تاش گۆر.**

**تاش يۇرت** ← **ياقا يۇرت.**

**تېشى پال-پال ئىچى غال-غال** ① تاشقى كۆرۈنۈشنى پەردازلاپ يۈرگىنى بىلەن، يېمەك-ئىچمەكتە غورىگىل ئۆتىدىغان (كىشى ھەققىدە). ② ئۆزىنى ياساپ، ياخشى كىيىنىپ يۈرىدىغان، ئەمما قورسىقىدا ئېلىپىنىڭ سۇنۇقى يوق.

**تېشىغا تەپمەك** سىرتقا ئۆرلەپ چىقماق، چىرايىدىن بىلىنىپ تۇرماق: ئەزىز شۇلارنى ئويلاپ بىرئاز ھاياجانلاندى. كۆزلىرى چاقناپ، بالىلارچە سەممىي شادلىنىش ئالامىتى تېشىغا تەپتى. * بەختىخاننىڭ ئاق كۆڭۈللۈكلۈكىنى تېشىغا تېپىپ تۇرغان چىرايىدىن، يۈرەكنى مۇجۇۋەتكۈدەك بىر ئېچكى ئازابلىنىشنىڭ بەلگىسىنى كۆرگەن ئەزالار ئۇنىڭغا تاپا-تەنە قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا سەۋر-تەسەللى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى.

**تاشا** سۆپ. دىئال. سىرت، باشقا.

**تاشا يۇرت** دىئال. ئۆزى تۇغۇلغان جايدىن سىرت، باشقا جاي، باشقا يۇرت.

**تاشاقىماق** پ. يول ياكى بىرەر لىنىيىنىڭ سىرتىغا چىقماق، سىرتىدىن ماڭماق: سۇپۇرگە ئاخۇن يول تاشاقاپ، يۈنىلىشنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن 100 قەدەمچە يىراقلىقتىكى ئاتايىن دۆۋىلەپ قويۇلغاندەكلا چوقچىيىپ تۇرغان بارخان يېنىغا كەلدى.

**تاشئالما** ئى [تاش+ئالما] <بوت> ① يوپۇرماق تاشلايدىغان كىچىك دەرەخ، يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكىللىك ياكى سوقىچاق؛ گۈلى ئاق ياكى سۇس شاپتۇل چېچەكى رەڭدە؛ مېۋىسى شار شەكىلدە، سېرىق ياكى قىزىل بولىدۇ؛ تەمى چۈچۈمەل. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**تاشايىن** ئى. سىرت، تاشقىرى: بۇ مەزگىلدە ماركسنىڭ دۇنيا قارىشى گېرمانىيە ۋە ياۋروپانىڭ چېگرىسىنىڭ تاشايىندا، دۇنيانىڭ بارلىق مەدەنىي

تىللىرىدا ئۆز ھىمايىچىلىرىنى تاپالىدى.

**تاشئەينەك** ئى [تاش+ئەينەك] ① قېلىن ئەينەك تاختا. ② كىشلەر ئۆز ئەكسىنى كۆرىدىغان ئەينەكنىڭ قېلىنى.

**تاشبۆرگۈن** ئى [تاش+بۆرگۈن] <بوت> لويلا ئائىلىسىدىكى توپلىشىپ ئۆسىدىغان كىچىك چاتقال، ئېگىزلىكى 5–10 سانتىمېتىر؛ كىچىك شاخلىرى ناھايىتى قويۇق؛ تۆۋەندە قالدۇق يوپۇرماقلىرى بولىدۇ، يوپۇرمىقى كىچىك، سېپى بولمايدۇ؛ گۈلى يوپۇرماق قولتۇقىدا يالغۇز ئۆسىدۇ، رەڭگى سارغۇچ يېشىل؛ مېۋىسى چوڭىيىپ ئۆسكەن گۈل يېپىنچىسىغا ئورىلىپ تۇرىدۇ؛ پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى دورا قىلىنىدۇ. ئىسسىقنى قايتۇرۇش، زەھەرنى تارقىتىش رولى بار.

**تاشپاختا** ئى [تاش+پاختا] <گېئول> تالاسىمان مىنېرال. تەركىبى ماگنىي، تۆمۈر قاتارلىقلارنىڭ سىلىكاتلىرىدىن ئىبارەت؛ كۆپىنچە ئاق، كۆك رەڭ ياكى ئاچ يېشىل رەڭلەردە ئۇچرايدۇ؛ تالالىرى يۇمشاق، يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە چىرىتىشكە چىدامىلىق بولۇپ، ئىسسىقلىق ۋە توكنىڭ ئىزولياتورى ھېسابلىنىدۇ؛ ئۇزۇن تالالىقلىرى تاشپاختا رەخت توقۇش ۋە مۇداپىئە بۇيۇملىرىنى ئىشلەشكە ئىشلىتىلىدۇ؛ قىسقا تالالىقلىرى بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا ماتېرىيال سۈپىتىدە پايدىلىنىدۇ.

**تاشپاقا** ئى [تاش+پاقا] <زوئول> سۆرەلگۈچى ھايۋان، تېنى ياپىلاق ۋە سوقىچاق كېلىدۇ؛ قاتتىق قېپى بولىدۇ؛ دۈمبە تەرىپى كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، توق بېغىررەڭدە كېلىدۇ ۋە ئۈستىدە گۈللۈك يولچىلىرى بولىدۇ؛ بارماقلىرىدا ئۈزۈش پەردىسى بولۇپ، سۇ ئۈزەلەيدۇ؛ بېشى، قۇيرۇقى ۋە تۆت پۇتىنى قېپى ئىچىگە يىغالايدۇ؛ كۆل، دەريالاردا ياۋا ئوت-چۆپ ۋە ئۇششاق بېلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىپ ياشايدۇ؛ قېپى تىبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ.

**تاشپۇرچاق** ئى [تاش+پۇرچاق] <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان چاتقال، يوپۇرمىقى ئۈچ قۇلاقلىق مۇرەككەپ يوپۇرماق؛ گۈلى ئاق؛ چوكا مېۋىسى توق سۆسۈن كېلىدۇ؛ يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ، ئىسسىقلىقنى ياندۇرۇش زەھەرنى قايتۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش ۋە قەۋزىيەتنى بوشىتىش رولى بار.

**تاشتەرمەك** ئى [تاش+تەرمەك] قىزلارنىڭ بىر خىل ئويۇنى. ئۆرۈكنىڭ ئۇرۇقىچىسىدەك بەش دانە يۇمىلاق تاش بىلەن ئوينىلىدۇ: ئۆرۈكنىڭ تۆۋىدىكى سۇپىدا چىڭگىلىك چاچلىق ئىككى قىزچاق تاشتەرمەك ئويناپ ئولتۇراتتى.

**تاشتەك** سۈپ. قاتتىق: — تولۇق تاشتەك ئالمىنى غاجاپ يۇرگىچە ئۆيگە كىرىپ، قورسىقىڭنى تويغۇزساڭ بولمامدۇ؟ — دېدى ئانىسى ئۇنىڭغا.

**تاش-توقماق** تاش ۋە توقماق: ئۇلار قوللىرىغا تاش-توقماق ئېلىپ، باي ۋە ئۇنىڭ يالاقچىلىرىنى سۇر-توقاي قىلىۋېتىپتۇ.

**تاش-تۇپراق** تاش ۋە تۇپراق: ئۇ يەردە ئۇزۇن تۇرغانلىقتىن كۆكىرىپ كەتكەن بىر دانە شاپتۇلغا قاراپ: — ئەگەر شۇ قەلەندەرلەرنىڭ يەر-زېمىنغا ئۆلىشىپ، باش كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقىنىغا بىر بالا-قازا تەگسە!... ئىلاھىم، ئاسماندىن تاش-تۇپراق يېغىپ پۈتۈن تېرىغان-تىككەنلىرى قۇرۇپ كەتسە! — دېدى.

**تاشتۇرماق** «تاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نىجات شۇ كۈنلەردە ھاياتىدا كۆرمىگەننى كۆردى. رەھىمسىز ئازابلاشلار ئۇنىڭ سەۋر كاسىسىنى نەچچە قېتىم دولقۇنلىتىپ، نەچچە قېتىم تاشتۇرۇۋەتتى. * ئوقۇيتىنىڭ، راۋابنى چالدۇرۇپ ماڭا، مەرد سېپىت نوچىنىڭ قوشاقلىرىنى. قىلاتتىنىڭ

نەسىھەت، ئۆگەن بالام دەپ، تاشتۇرۇپ كۆڭلۈمنىڭ
بۇلاقلىرىنى.

**تاشتۇز** ئى [تاش+تۇز] <گېئول> يەر
پوستىغا چۆكۈپ قەۋەتلەنگەن تۇز.
قەدىمكى كۆل-دەريالار قۇرۇپ كەتكەندىن
كېيىن ھاسىل بولغان. ئۇ يەنە «مىنېرال
تۇز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تاش-تۆمۈر** تاش ۋە تۆمۈر.

**تاش-تۆمۈر مېتېئورىت** <ئاستر> مېتېئورىت-
نىڭ بىر خىلى. ئاساسەن سىلىكاتلاردىن
تۈزۈلىدۇ، تەركىبىگە يەنە بىر قىسىم
تۆمۈر ۋە نىكېللارمۇ ئارىلاشقان بولىدۇ.

**تاشتۇلەك** ئى [تاش+تۇلەك] ئىككى قېتىم
تۈلىگەن قۇش (بۈركۈت، قارچىغا، لاچىن
قاتارلىق قۇشلار ھەققىدە). قۇش كۆپ
تۈلىگەنسېرى دۇمبىسى قارىداپ كۆكسى
ئاقىرىدۇ.

**تاشتىراش** ئى. تاشنى يونۇپ، كېسىپ
سىلىقلايدىغان ۋە ھەر خىل شەكىلگە
كەلتۈرىدىغان ئۇستا؛ تاشچى.

**تاشچاي** ئى [تاش+چاي] پىرېسلىنىپ قاتتىق
قاتۇرۇلغان، تاختىلانغان قارىچاي.

**تاشچېچەك** ئى [تاش+چېچەك] <بوت> قورام
تاشلارنىڭ ئۈستىگە يېپىشىپ ئۆسىدىغان،
يالغان يىلتىزلىق، شەكلى پلاستىنكىغا
ئوخشايدىغان ۋە ئۈستىدە ئېگىز-پەس
قالايمىقان پۈرمە قورۇقلىرى بولغان بىر
خىل ئۆسۈملۈك. ئۈستى تەرىپى كۆل
رەڭگە مايىل يېشىل؛ ئاستى تەرىپى
قارامتۇل؛ كەسمە يۈزى ئاق رەڭدە
بولىدۇ؛ كۆپىنچە نەم قورام تاشلار
ئۈستىدە ئۆسىدۇ؛ رايونىمىزنىڭ تاغلىق
جايلىرىدىن تېپىلىدۇ. بۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ
ھەممە يېرى دورا قىلىنىدۇ، تەمى تاتلىق
بولۇپ، ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز؛ قاننى
قۇۋۋەتلەندۈرۈپ، كۆزنى روشەنلەشتۈرد
دۇ، مەنىينى كۆپەيتىدۇ، ئاجىزلىقنى
تۈگىتىپ، پەي ۋە سۆڭەكلەرنى كۈچلەن
دۈرىدۇ، تۈگۈنلەرنى يېشىدۇ.

**تاشچى** ئى. تاش قېزىش، تاشتىن ھە
خىل بۇيۇملارنى ياساش بىلەن شۇغۇل
لىنىدىغان ئادەم: ھەيكەل ئويۇپ چىقتى ماھ
تاشچىلار، ھاسىل بولدى قىزنىڭ مەڭگۈ تەسۋىرى
قوللىرىدا مەشئەل تۇتقان ئاي سىلىگ، قۇچاق ئېچە
ئىنتىلەتتى كۆزلە مېرى. * تاشچى يىگىت مېھنىتىگ
ئاپىرىن، ۋەتىنىگە پۈتمەس بايلىق ياراتقىن. سۈزۈۋ
زۇمرەت قاشتاشلىرى دەريادىن، ئەل نامىنى كەا
جاھانغا تاراتقىن.

**تاشچىلىق** ئى. تاش قېزىش، سۈزۈش ۋ
تاشتىن ھەر خىل بۇيۇملارنى ياساش
ئىشى، كەسپى: تاشچىلىق قىلماق. * يە
قاتتىق، ئاسمان يىراق ئېغىر دەردكە، تېپىلسۇ
قاياقلاردىن ھايات يولى؟! تاللىدى سۆيۈپ ئا
كەسپىنى ئۇ، بىلگەچكە تاشچىلىقنى بىر جۈپ قولى

**تاشچۈشنى** ئى [تاش+چۈشەن+ى] <زوئول>
ئاجىز قاناتلىقلار ئەترىتىدىكى ھاشاراتلار
نىڭ ئادەتتىكىچە ئاتىلىشى.

**تاشساماق** ئى [تاش+ساماق] <بوت>
تاشساماق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق
سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، تەڭگۈچ
غولى سېمىز؛ يوپۇرمىقى تاسما ياكى
لېنتا شەكلىدە بولۇپ، گۆشلۈك ۋە يېشى
كېلىدۇ؛ گۈلى قىزىل، بەزىلىرىنىڭ ئاق
بولىدۇ؛ يىلتىزى ۋە تەڭگىچە غولى
دورا قىلىنىدۇ، بەلغەم بوشىتىش، قۇستۇ
رۇش ۋە ئىششىقنى ياندۇرۇش رولىغ
ئىگە.

**تاشساماق ئائىلىسى** <بوت> ئاق
پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر ئائىلىسى
بۇ ئائىلىگە كىرىدىغان ئۆسۈملۈكلە

كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، كۆپىنچىسىنىڭ يەر ئاستىدا نېپىز پەردىلىك تەڭگىچە غولى بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى تاسما شەكىلدە؛ گۈلى قوش جىنسلىق بولۇپ، گۈل شېخىنىڭ ئۇچىدا ئۆسىدۇ؛ ئۇرۇقدېنى ئۈچ خانىلىق؛ مېۋىسى غوزىلىق مېۋە ياكى گۆشلە شەكەن شىرنىلىك مېۋىدۇر. بۇ خىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆپچىلىكى مەنزىرە ياكى دورا ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**تاشسز** سۈپ. تاش قىلىنمىغان، تاشقا تارتىلمىغان، تېشى يوق: تاشسز جۇۋا. * سۇلايمان ئىتنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىدىن بەش-ئون قەدەم نېرىدا كېلىۋاتقان ئاتلىقنى كۆردى. ئاتلىقلارنىڭ ئىككىلىسى تاشسز ئاق جۇۋا كىيگەن بولۇپ، بىرىنىڭ بېشىدا سالۋار تۇماق، ئىككىنچىسىنىڭ بېشىدا پەرپۇش تۇماق بار ئىدى.

**تاشقى** سۈپ ① بىرەر نەرسىنىڭ سىرتقى تەرىپىدىكى، سىرتقى تەرىپىدە كۆرۈنىدىگەن؛ «ئىچكى» نىڭ ئەكسى: بۇ ئۆينىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى بۇنداق چىرايلىق تۇرغىنى بىلەن ئىچى بەك بىزەپ ئىكەن. ② ئىچكى ئىشلارغا نىسبەتەن سىرتقى، خارجىي: تاشقى سودا. * يولدا شلىرىمىز تاشقى ئىقتىسادىي پائالىيەتتە ھەم كوممۇنىزملىق پاكلىقنا ۋەتەننىڭ مەنپەئىتىنى ۋە شان-شەرىپىنى قوغداشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك مەيدانىدا ئاڭلىق چىڭ تۇرۇشى ھەم چەت ئەللىك سودا-سانائەتچىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا ماھىر بولۇشى لازىم.

**تاشقى ئاجرىتىش** <بىئول> ئادەم ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار تېنىدىكى بىر قىسىم تەنچىلەر ئاجرىتىپ چىقارغان ئاجراتمىلارنىڭ ئۆتكۈزگۈچ نەيچە ئارقىلىق بەدەن سىرتىغا چىقىپ كېتىشى ياكى بەدەن ئىچىدىكى باشقا ئورگانلارغا يۆتكىلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ خىل فۇنكسىيىگە ئىگە بەز تەنچىسى تاشقى ئاجرىتىش بېزى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، شۆلگەي بېزى، ئاشقازان بېزى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**تاشقى ئالاقە** <پەلس> ← **تاشقى باغلىنىش.**

**تاشقى ئالماش بۇلۇڭلار** <مات> بىر تەكشىلىكتە بىر تۈز سىزىق ئىككى تۈز سىزىق بىلەن ئۆزئارا كېسىشكەندە، 1∠ بىلەن 4∠ ياكى 2∠ بىلەن 3∠ نىڭ ھەر ئىككىسى ئىككى تۈز سىزىقنىڭ سىرتىدا ياتىدۇ ھەمدە يۆنىلىشلىرى قارىمۇقارشى بولىدۇ، بۇنداق بىر جۈپ بۇلۇڭلار تاشقى ئالماش بۇلۇڭلار دېيىلىدۇ. ئەگەر ئىككى تۈز سىزىق پاراللېل بولسا، ئۇ ھالدا تاشقى ئالماش بۇلۇڭلار ئۆزئارا تەڭ بولىدۇ.

**تاشقى ئەزا** <مات> تاناسىپتىكى بىرىنچى نىسبەتنىڭ ئالدىنقى ئەزاسى بىلەن ئىككىنچى نىسبەتنىڭ كېيىنكى ئەزاسىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: a:b=c:d دىكى a بىلەن d تاشقى ئەزالاردۇر.

**تاشقى باغلىنىش** <پەلس> ئىچكى باغلىنىشنىڭ ئەكسى، يەنى شەيئى ۋە ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تاشقى، يۈزەكى، تاسادىپىي ۋە ماھىيەتسىز بولغان باغلىنىش. ئۇ يەنە تاشقى ئالاقە دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تاشقى باللىستىكا** <فىز> باللىستىكىنىڭ بىر تارمىقى. ئوقنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىكى ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**تاشقى بوۋاسىر** <تىب> مەقئەتنىڭ سىرتقى قىسمىدا بولىدىغان بوۋاسىر.

**تاشقى بۇلۇڭ** <مات> ① ئۈچ بۇلۇڭ ياكى كۆپ تەرەپلىكنىڭ خالىغان بىر بۇلۇڭىغا قوشنا بولغان تولدۇرغۇچى بۇلۇڭ. ② بىر تەكشىلىكتە بىر تۈز سىزىق بىلەن ئىككى تۈز سىزىق ئۆز ئارا كېسىشكەندە، ∠1، ∠2، ∠3، ∠4 لەرنىڭ ھەممىسى ئىككى تۈز سىزىقنىڭ سىرتىدا ياتقانلىقى ئۈچۈن تاشقى بۇلۇڭ دېيىلىدۇ.

**تاشقى پارازىتلىق** <زوئول> بىر خىل جانلىقنىڭ باشقا بىر خىل جانلىق تېنى سىرتىدا، ئۇنىڭدىن ئوزۇقلۇق ئېلىپ پارازىت ياشىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، پىت، بۈرگە قاتارلىقلارنىڭ ئادەم ۋە ھايۋانلار تېنى سىرتىدا پارازىت ياشىشىغا ئوخشاش.

**تاشقى پورت** <قاتن> ئۆزىدە پورت يوق ياكى پورتى ياخشى ئەمەس بەزى چوڭ شەھەرلەر يېنىغا جايلاشقان ياخشىراق پورت.

**تاشقى پېرېۋوت** <سودا> خەلقئارا سودا ھېساباتىدا ئىشلىتىلىدىغان چەت ئەل پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلىغا ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان چەك، پېرېۋوت چېكى ۋە مۇددەتلىك چەك قاتارلىق ئاكسىيىلەر.

**تاشقى توكسىن** <بىئول> كېسەللىك باكتېرىيىلىرىنىڭ ئۆز تېنى سىرتىغا ئاجرىتىپ چىقارغان زەھىرى. بۇلارنىڭ ئادەم بەدىنىگە تاللاپ زىيان يەتكۈزۈش خۇسۇسىيىتى بولىدۇ. مەسىلەن، بوغما زەھىرى مەخسۇس يۈرەك مۇسكۇلى ۋە قىسمەن نېرۋا توقۇلمىلىرىغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

**تاشقى دەريا** <جۇغ> بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا دېڭىز-ئوكيانلارغا قۇيۇلىدىغان دەريا. مەسىلەن، مەملىكىتىمىزدىكى چاڭجياڭ دەرياسىغا ئوخشاش.

**تاشقى دۇنيا** <پەلس> ئادەم ئېڭىنىڭ سىرتىدا بولغان، ئادەمنىڭ ئېڭىغا بېقىنمايدىغان ئوبيېكتىپ دۇنيا.

**تاشقى دۈشمەن** چەتتىن كىرگەن دۈشمەن.

**تاشقى زىددىيەت** <پەلس> بىر شەيئى بىلەن باشقا شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت. ئۇ شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ تاشقى سەۋەبى.

**تاشقى سەب** <ھەرب> دۈشمەن تەرەپنى مۇھاسىرىگە ئالغاندا ھاسىل بولىدىغان ئۇرۇش سېپى.

**تاشقى سەۋەب** <پەلس> شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى تاشقى سەۋەب، يەنى بىر شەيئىنىڭ باشقا شەيئىلەر بىلەن بولغان باغلىنىشى ۋە ئۆز ئارا تەسىرى. ماركسىزملىق دىئالېكتىكا: «تاشقى سەۋەب ـ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىي قىلىش ۋە ئۆزگىرىشىدىكى شەرت. ئۇ پەقەت ئىچكى سەۋەب ئارقىلىقلا رول ئوينىيالايدۇ» دەپ قارايدۇ.

**تاشقى سەۋەب نەزەرىيىسى** <پەلس> شەيئىلەر ئۆزگىرىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى شەيئىلەرنىڭ ئىچىدە ئەمەس، بەلكى تېشىدا، دەپ قارايدىغان مېتافىزىكىلىق قاراش. تاشقى سەۋەب نەزەرىيىسى كۆپىنچە تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرىكەت ۋە ئۆزگىرىشنىڭ دەسلەپكى سەۋەبى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرتىدىكى، تەبىئەتتىن ھالقىغان بىر خىل كۈچ دەپ قاراپ، ئىدېئالىزمغا ئېغىپ كېتىدۇ. ئۇ يەنە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ

سەۋەبىنى جەمئىيەت سىرتىدىكى
جۇغراپىيىلىك ۋە كلىماتولوگىيىلىك شەرت-شا-
رائىتلار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ، جەمئى-
يەتتىكى ئىچكى زىددىيەتلەرنىڭ جەمئى-
يەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقى-
نى ئىنكار قىلىدۇ.

**تاشقى سودا** <سودا> مەلۇم بىر
دۆلەت ياكى رايوننىڭ، باشقا چەت
دۆلەت ياكى رايونلار بىلەن بولغان
تاۋار ئالماشتۇرۇش سودىسى.

**تاشقى سودا قىممىتى** <سودا> مەلۇم
بىر دۆلەت ياكى رايوننىڭ مەلۇم بىر
مەزگىل ئىچىدە ئىمپورت-ئېكسپورت قىلىدى-
غان تاۋارلىرىنىڭ قىممىتى.

**تاشقى سىياسەت** <ت ئىش> مەلۇم
بىر دۆلەتنىڭ سىرتقا قارىتا بەلگىلىگەن
سىياسەتلىرى.

**تاشقى قەرز** <س ئىق> مەلۇم بىر
دۆلەتنىڭ چەت ئەلدىن ئالغان قەرزى.

**تاشقى قۇلاق** <ئانات> قۇلاقنىڭ ئەڭ
سىرتىدىكى قىسمى. ئۇ قۇلاق سۇپۇرىسى،
سىرتقى ئاڭلاش يولى ۋە قۇلاق پەردى-
سىدىن تۈزۈلىدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش** <پەلس> جىسىملارنىڭ
سىرتتىن كۆرۈنگەن شەكلى.

**تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى** <تىب>
داۋالاش ئورگانلىرىدىكى، بەدەننىڭ
ئىچى ۋە سىرتقى قىسمىدا پەيدا بولغان
كېسەللىكلەرنى ئوپېراتسىيە يولى ئارقىلىق
داۋالايدىغان بۆلۈم.

**تاشقى كىيىم** ← **تاش كىيىم**.

**تاشقى گورمون** <بىئول> ھاشاراتلارنىڭ
بەز تەنچىلىرىدىن ئاجرىلىپ چىقىپ،
ھاۋا ياكى سۇيۇقلۇق ئارقىلىق تارقىلىدى-
غان ۋە ئوخشاش تىپتىكى يەككە تەن
ياكى غەيرىي يەككە تەنلەردە خىلى
كۈچلۈك دەرىجىدە فىزىئولوگىيىلىك رېئاكسى-
يە قوزغايدىغان ماددا.

**تاشقى مەركەز** <مات> ئۈچ بۇلۇڭنىڭ
ئۈچ تەرىپىنىڭ تىك تەڭ بۆلگۈچى
سىزىقلىرى بىر نۇقتىدا ئۆز ئارا كېسىشى-
دۇ، بۇ نۇقتا تاشقى مەركەز دېيىلىدۇ.
تاشقى مەركەز، شۇ ئۈچ بۇلۇڭ سىرتتىن
تېگىشكەن چەمبەرنىڭ مەركىزى بولىدۇ.

**تاشقى ئىشلار** ① دىپلوماتىيە ئىشلىرى:
تاشقى ئىشلار ئورگىنى. ② ئائىلە ۋە شەخسكە
ئالاقىسى بولمىغان ئىشلار.

**تاشقىرى** ① سىپ. تاشقى، سىرتقى تەرەپكە
ئورۇنلاشقان، سىرتىدىكى: بارسبەگ خان
ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى چوڭ پەنجىرىلەردىن
تاشقىرىسىدىكى كەڭ پېشايۋاننىڭ ئېگىز تاش
تۈۋرۈكلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۇزۇن، كەڭ ئايۋانغا
باشلاپ چىقتى. * ئالمىخاننىڭ بېغىدا، بىر تۈپ ئۈزۈم
بار تاشقىرى. ئالمىخانغا سەپىلگىلار، ئۇتتۇر چىشى
تاشقىرى. ② چىقىش كېلىشتىكى ئىسىملاردىن
كېيىن «باشقا، سىرت» دېگەن
مەنىدە تىركەلمە رولىدا كېلىدۇ: چىلىڭ
ۋالڭ ئالىيلىرىغا ئۇشبۇ سۆزلىرىمنى تەكىتلەپ ئېيتىڭكى،
ئۇرۇش چىقمىسىز بولمايدۇ، زەمبىرەكنىڭ ھەر بىر تال
ئوقى ئۆزى بىلەن تەڭ كۈمۈشكە توختايدۇ. چىلىڭ
ۋالڭ ئالىيلىرى ئۇرۇمچىگە مەرگەنلەردىن تاشقىرى
ئۇرۇش خىراجىتى ئۈچۈن پۇل ئەۋەتىشنى ئېسىدىن
چىقىرىپ قويمىغاي!

**تاشقىرىقى** سىپ. مەلۇم جاينىڭ سىرتىدىكى،
نېرىدىكى، تېشىدىكى: مەردان ئىچكىرىكى
قورۇ بىلەن تاشقىرىقى قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى
پېشايۋاندا باش كېنىزەك گۈلزەيەر بىلەن سۆزلىشىپ
تۇرىدۇ. * بۇ ھويلا تاشقىرىقى ھويلىدىنمۇ كۆركەم
بولۇپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىدا كۆك خىشتا سېلىنغان ئېگىز
ئىككى قەۋەتلىك بىنا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

**تاشقلاتماق** « تاشقلماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تاشقلماق** پ. تاشماق: بۇلاقتىن سۇ ئالدى پۇكۇلۇپ بوۋاي، تاشقلاپ تۆكۈلدى چېلەكتىكى سۇ. ئەپكەشلىك يىگىتچاق كۈلدى ئۆزىچە، بۇلاققا سۇدىن سەل ياندۇرغاندا ئۇ.

**تاشقىن** ئى. قاتتىق يامغۇر ياكى قار-مۇزلار-نىڭ ئېرىشى بىلەن كۆپىيىپ ئۆز قىنىدىن تېشىپ كەتكەن سۇ: تاشقىن سۇ. تاشقىن كەلمەك. * دەل شۇ كۈنلەردە زەرەپشاندا تاشقىن بولۇپ، يۇرت ئىچىگە سۇ كېلىدىغان چوڭ ئۆستەڭنىڭ تومسىنى ئېلىپ كېتىپتۇ، سۇ ھەش-پەش دېگۈچە باينىڭ مال-مۈلكى، چار باغلىرىغا تەھدىت سېپتۇ.

**تاشقىندىماق** ← تاشقىنلىماق: تاشقىندىغان سۆلىرى جانغا ئارام يايلىقىم، ئۇرمانلىرى يايپىشىل دىلغا ئىلھام يايلىقىم.

**تاشقىنلىماق** پ ① دەريا سۇلىرى قىرغاقلار-دىن تېشىپ كەتمەك: ئۆگەن دەرياسى باھار كەلگۈنى بىلەن تاشقىنلىدى. ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك قىيانى غەلدە-غەشلەرنى پاك-پاكىز يۇيۇپ، چاڭ-تۇزانلارنى پۈتۈنلەي يۇتۇپ كەتتى. ② كۆچمە. جۇش ئۇرماق، جۇشقۇنلىماق: ئۇ يېڭى جەڭ ۋەزىپىلىرىنى غەلىبىلىك ئورۇنداشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى ئىزلەيتتى، ئۇنىڭ قەلبىدە چەكسىز خۇشاللىق-جەڭ خۇشاللىقى تاشقىنلايتتى. * كۈيلەر ساڭا بېغىشلاپ ئارام، ئاز بولسىمۇ قوغلاندى غۇربەت. يۈرىكىمدە تاشقىنلايتتى ھېس، بار مەزمۇنى مۇھەببەت-نەپرەت.

**تاشكۆمۈر** ئى [تاش+كۆمۈر] <گېئول> بىر خىل ناچار كۆمۈر. سىرتقى كۆرۈنۈشى تاغ جىنسلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ؛ تەركىبىدى-كى كاربون مىقدارى 10 ـ 30 پىرسەنت-كىچە، كۈل تەركىبى 45 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولىدۇ؛ ئىسسىقلىق قىممىتى 1000 ـ 3000 كىلوكالورىيە. ئادەتتە ئۇ يېقىلغۇ قىلىنىشتىن سىرت يەنە خىمىيۋى ئوغۇت

ياساشتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**تاشگۈل** ئى [تاش+گۈل] <بوت> ① تاش ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللا ئۆسۈملۈك، يەر ئاستى غولى ش شەكلىدە؛ يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلى بولىدۇ، يوپۇرمىقىنىڭ كەينى ۋە ساپ بېغىررەڭ؛ گۈلى ئاچ قىزىل كېلىد مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**تاشلاتقۇزماق** « تاشلىماق I » پېئىل ① ـ ⑨ نىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىج شەكلى: ئاسان كەلگەن بۇ ئويغىنىش، ئاخىر بۇ كىچىكىدىن بۇزۇلغان بالىنى يېپيېڭى تۇرمۇش قەدەم تاشلاتقۇزدى.

**تاشلاتماق I** « تاشلىماق I » پېئىل ①ـ ⑨ نىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تاشلاتماق II** « تاشلىماق II » پېئىلىنى مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھەنىپە قارا كۆرپىدى جۇۋا تاشلىتىپ كىيدى.

**تاشلاشماق I** « تاشلىماق I » پېئىلى ① ـ ⑨، نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بى چاغدا دەرۋازا ئېچىلىپ ئىشكەلىنىڭ جالدۇر-جۇلدۇر ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى، ئاندىن دۇمبىسىگە تاختاي قادالغان بىر ئۇركۇم باغلانغانلارنى بىرىنى ئىككىدىن ئەسكەر ئىتترىپ ئاچىقىپ، دەرۋازىنىڭ تۆۋىدىكى ئازگالنىڭ لېۋىدە قاتار تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزدى-دە، ئېتىپ تاشلاشتى. * لېتىپ ئەپەندى بىلەن ئەكبەرخان ئۆزئارا كۆز ئۇچراشتۇرۇپ، شائىرنىڭ سۆزلىرىدىن ئالغان تەسىراتلىرىنى ئىپادىلىشۋالغاندىن كېيىن، يېڭى ھېسسىيات بويىچە يىراقلارغا نەزەر تاشلاشتى.

**تاشلاشماق II** « تاشلىماق II » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: جۇۋىچى ئۇستىلار قىش يېتىپ كېلىش ئالدىدا بەس-بەستە جۇۋا تاشلاشتى.

**تاشلاق** ئى <بوت> قوغۇن پېلىكىگە ئوخشاش

يەر بېغىرلاپ ئۆسىدىغان، شاخلىرى تىكەنلىك، مېۋىسى ياۋا ئۈزۈمگە ئوخشاش يېشىل، مېۋىسىنى يېيىشكە بولىدىغان بىر خىل تاغ ئۆسۈملۈكى.

**تاشلاندۇق** ① سۈپ. كىرەكسىز، يارامسىز، تاشلىۋېتىلگەن؛ تاشلاندى، قالدۇق: **بالا كەچۈرمىشلىرىنىڭ ھېچبىرىنى يوشۇرماي ئېيتىپ بەردى. تاشلاندۇق تاماقلارنى تالىشىپ مۈشتلىشىشلارنى؛ ئاشخانىدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ قوغلاپ تىللايدىغان، تۇتۇۋالسا ئۇرىدىغان ئەسكىلىكلىرىنى؛ ئۆزلىرىنىڭ شۇنىڭغا مۇۋاپىق چاققان-چېۋەرلىكلىرىنى ئېيتىپ بەردى. * ئۇلار باغ ئىچىدىكى بوش يەرلەرنى كۆكتات تېرىش ئۈچۈن تەييارلىدى. تام تۈۋى ۋە بۇلۇڭ-پۇچقاقلارغا ئوغۇت چىرىتىش ئورىلىرىنى كولاپ، ئۇنىڭغا تاشلاندۇق شاخ-شۇمبا ۋە غازاڭلارنى سۈپۈرۈپ كۆمدى. * مەن ئۆينى ئۇنىڭغا تاشلاپ بېرىپ ئىدارىمىزدىكى بىر تاشلاندۇق ئامبارنى سۈپۈرۈپ تازىلاپ ئولتۇراي دەپ تۇرۇشۇمغا، ئىككى مىنبىلىڭ مېنى ئالدىغا سېلىپ ماڭدى.** ② ئى. تاشلىۋېتىلگەن، قالدۇق نەرسە.

**تاشلاندى** سۈپ. تاشلاپ كېتىلگەن، قاراقسىز قالغان؛ تاشلاندۇق: **تاشلاندى يەر. تاشلاندى باغ.**

**تاشلانماق** I «تاشلىماق I» پېئىلى ① ــ ⑨ نىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: **تۇلۇن ئاي يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يۈزىنى نېپىز بۇلۇت پارچىلىرى قاپلىۋالغانلىقتىن، يەرگە شالاڭ، كۇل رەڭ سايە تاشلىنىپ تۇراتتى. * ئۇ بىللە ئىشلىگەن خېلى نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلارنى ناھەق قارىلاپ، بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ تۈرمىدە ئازاب چېكىپ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغانلىقى ئۈچۈن 1978-يىلى كۈزدە قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنىپ تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلانغان.**

**تاشلانماق** II «تاشلىماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: **جۇۋىچىلىق كارخانىمىزدا بۇ يىل قىشقا ئۆلگۈرتۈپ، 300 ياقىلىق ئۈزۈن جۇۋا تاشلاندى.**

**تاشلىق** I ① سۈپ. تاش بار، تاش كۆپ: **تاشلىق يەر. تاشلىق جاي. * ئالماس مەھەللە بىلەن توغراقلىق ئورمانىنى ئايرىپ تۇرىدىغان تاشلىق سايدىن ئۆچۈپ ئۆتكەندىن كېيىن، بوراندەك ئېتىلىپ مەھەللىگە يېقىنلاشتى. * ئۇ ھەقىقەتەن سول ئاياغ ئىزى تولۇق بېسىلماي، پۇت ئۇچى چوڭقۇرراق پاتقان بىر ئاياغ ئىزىنىڭ قۇملۇقتا 50 ــ 60 مېتىرچە داۋام قىلىپلا ئاندىن سولغا بۇرۇلۇپ، تاشلىق دۆڭگە قاراپ كەتكەنلىكىنى بىلگەنىدى.** ② سۈپ. تاش ئورنىتىلغان: **تاشلىق سائەت.** ③ ئى. تاش بار، تاش كۆپ جاي: **تاشلىقتا ئىشلىمەك. تاشلىقتىن تاش ئېلىپ كەلمەك. * مەنسىز ياشلىق ــ سايدىكى تاشلىق (ماقال).**

**تاشلىق** II ئى. قۇشلارنىڭ ئاشقازىنى: **توخۇنىڭ تاشلىقى. كەپتەرنىڭ تاشلىقى. ئۆردەكنىڭ تاشلىقى.**

**تاشلىق** III ① سۈپ. تاشلانغان، تېشى بار: **تاشلىق جۇۋا. * قارا كۆك قولاقچىسىنى قېشىنىڭ ئۈستىگىچە باستۇرۇپ كىيگەن، ساقال-بۇرۇتلىرىنى پاكىز قىردۇرغان، سوكنا تاشلىق پالتوپكىسىنىڭ ئالدىنى ئەتمىگەن 25 ياشلاردىكى بۇ يىگىت ئادىلنىڭ دوستى قادىر ئىدى. * لېكىن، بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى تونۇغۇن ئەتىگەندە رەخمەتنىڭ قوشنىسىنىڭ كىچىك بالىسى مەكتەپكە مېڭىش ئالدىدا رەخمەتنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن بىر دانە قىزىل تاشلىق كىنىشكا تېپىۋالغانلىقىنى ۋە بۇ كىنىشكىنى ئوقۇتقۇچىسىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىنى ئېيتتى.** ② سۈپ. تاش قىلىشقا تەييارلانغان، تاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان: **تاشلىق رەخت.** ③ ئى. تاش قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياكى تاش قىلىنغان نەرسە: **جۇۋىنىڭ تاشلىقى. كىتابنىڭ تاشلىقى. يوتقاننىڭ تاشلىقى. كۆرپىنىڭ تاشلىقى.**

**تاشلىق جۇۋا** تاختىلاپ تەييارلانغان ئۆلۈك

جۇۋىنىڭ تاشقا ئېلىنغىنى، تاشلانغىنى: تاشلىق جۇۋا تىكمەك. تاشلىق جۇۋا كىيمەك.

**تاشلىق** IV ئى → خاما.

**تاشلىماق** I پ ① نەرسىلەرنى يەرگە، پەسكە قارىتىپ چۈشۈرمەك، ئاتماق: ئۇ يېزىلىپ بولغان خەتنى يىراق تۇتۇپ ۋە كۆزىگە يېقىن ئەكىلىپ كۆرۈپ باقتى، قانائەتلەنمىدى. «خەت دېگەن باشلىقنىڭ سۇپىتىگە لايىق يېزىلىشى كېرەك-دە،» دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە قولىدىكى خەتنى پۇرلاپ-پۇرلاپ يەرگە تاشلىۋەتتى. * چالدى بىراۋ دۇدۇكنى تاماق ۋاقتى بولدى دەپ. تاشلاپ قولدا ئۇشتاقنى، ماڭدى ھەممە دۈركىرەپ. ② چۈشمەك، تۆكۈلمەك: دەرەخلەر غازاڭ تاشلىدى. ③ ئۈستىدىن ئاشۇرۇپ، ئارتىلدۇرۇپ قويماق؛ سالماق، ياپماق: «پادىچى» دېگەندە، مەن نان خالتىسىنى مۈرىسىگە تاشلاپ، قولىدا پادا تايىقى تۇتقان، پۇچقاقلىرىنى ئېگىز قىلىپ تۈرۈۋېلىپ، يالىڭاياغ كېتىپ بارغان ئوغۇل بالىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. ④ ۋاز كەچمەك، خاتىمە بەرمەك، تەرك ئەتمەك: لېنىن ئانىسىنىڭ «تاماكا زىيانلىق» دېگەن بىر جۈملە سۆزى بىلەن تاماكىنى تاشلىۋېتىپتىكەنغۇ، بۇ ئۇنىڭ ياشلىقىدىنلا ئىرادىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. * تۇرسۇن ئاخۇن 40 ياشلار ئەتراپىدىكى ئوتتۇرا بوي، ئاق يۈزلۈك، تەتۈر ئۇستىخان كىشى بولۇپ، ئۇ بىر چاغلاردا جان بېقىشنىڭ تەسلىكىدىن يۇرتىنى تاشلاپ، ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتكەن، كېيىن يەنە قايتىپ كەلگەنىدى. * — قەلەمگىنى يەنە تاشلاپسەن-دە، — دېدى ئانا بالىسىغا كايىپ. * بۈگۈن ئايغا ئاتلە دەيدۇ سانىسام يەتتە، بىۋاپاغا ئاشنا بولسام تاشلىدى، كەتتى. ⑤ بىرەر جايدا قالدۇرماق ياكى بىر كىمنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەك: ئىككى يىل بۇرۇن تولۇماندىكى تۇغقانلىرىمنىڭكىگە ئىككى تۇياق قوزىچاقنى ئاپىرىپ تاشلىۋېدىم، ئازراق ھاجەتمەن بولۇپ قېلىپ ياندۇرۇپ ئەكەلدىم. ⑥ ئۆزىنى ئاتماق: ئۇ ئاران ئورنىدىن تۇرۇپ ئاۋۋال چايدانىنى، ئاندىن سوغۇق چاي چەينىكىنى چىنىگە دوم كۆمتۈرۈۋېدى، ھېچقايسىدىن بىر ئوتلام ئۇسسۇزلۇق تېمىمىدى، ئىلاجسىز ئەتىگەن يۈز يۇيۇپ ئېشىپ قالغان چەينەكتىكى سوغۇق سۇدىن قانغىچە ئىچتى، ئاندىن يەنە كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى. * زىلەيننىڭ خىيالىدىن ئۆتمىگەن ئىشلار قالمىدى. ئۇ كۆزلىرىدە مۇڭلۇق چوڭ ئانامنىڭ ئۆيىدىن كېلىپ، ئەكبەر بىلەن بىللە تۇرىدىغان ھوجرىغا كىرىپ، ئۆزىنى كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، ئاچچىق خىيال سۈرۈپ ياتاتتى. ⑦ كۈچەپ قويماق، بەرمەك، سورىماق: سوئال تاشلىماق. * شۇ كۈنى كەچقۇرۇن، ئېچكىرىكى ھويلىدىكى چوڭ كۈتۈپخانىدا قامالغان 20-30 چە مەھبۇس ئارىسىدا ئۈزۈلمىگىچە تاشۋاي ھەققىدە پاراڭ بولدى، كېيىن شائىباز ئۆزىنىڭ مۇنداق بىر مەسىلىنى بۇرادەرلىرىنىڭ مۇھاكىمىسىگە تاشلىدى. ⑧ ئىرغاڭلىماق، چايقالماق: ئۇ بالا ئۆزىنى ئىككى يانغا تاشلاپ ماڭىدۇ. * ئۇنىڭ ئېيتقىنى توغرا چىقتى، كېيىنكى ئولتۇرۇشلاردا بالا ئاتىسىنىڭ ئالدىدىكى ھاراقنى ئېلىپ «گۈپ» قىلىپ ئىچىۋەتتى-دە، كەيپ بولۇپ، ئۆزىنى ئۇ ياققا-بۇ ياققا تاشلايتتى. ⑨ چۈشۈرمەك، پەيدا قىلماق (سايە ھەققىدە): ۋىژىلداپ ئېگىلگەن شۇئىرغانلاردىن، دەرەخلەرنى يۇلۇپ كېتىدىغان قارا بورانلاردىن، سوغۇق كۆز يامغۇرلىرىدىن، قانىنى ئۇيۇلدۇرىدىغان قەھرىتان سوغۇقلاردىن، دەمنى كېسىپ تاشلىغۇچى دىمىق ئىسسىقلارغا پەرۋا قىلماي، 60 تىن ئارتۇق يېشىنى ئۆتكۈزگەن قامەتلىك، يوغان تېرەك ئەتراپلارغا سايە تاشلاپ تۇراتتى. * بولسا پەيدا مىسلى جەننەت باغ- ۋاران، سايە تاشلاپ يولمۇيول سەرۋى راۋان. ⑩ پېئىلنىڭ رەۋىشداش شەكىللىرى بىلەن تۇس ياردەمچىسى رولىدا كېلىپ: 1) ھەرىكەتنىڭ تېز ھەم كەسكىن بېجىرىلگەنلىكىنى بىلدۈرد-

دۇ: ئېتىپ تاشلىماق. قىرىپ تاشلىماق. * ئۈچ سائەتتىن ئارتۇق قىلىنغان بۇ جەڭدە، دۈشمەن كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلدى، بىز يۇقىرىدا تۇرۇپ ئۇلارنى قىرىپ تاشلىدۇق. 2) ھەرىكەتنىڭ تاسادىپىي، ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: دەپ تاشلىماق. كۈلۈپ تاشلىماق. * مەن ئۇنىڭ قىزىق گېپىنى ئاڭلاپ، ئۆزۈمنى توختىتالماي كۈلۈپ تاشلىدىم. ⑪ بەزى ئىسىملارنى پېئىللاشتۇرىدۇ: بالا تاشلىماق. سالما تاشلىماق.

**تاشلىماق** II پ. ھەر خىل تېرە كىيىملەر-گە رەختتىن تاش قاپلىماق: جۇۋا تاشلىماق. * قارا كۆرپە تۇمىقىنى مەخمەل بىلەن تاشلىغان، مەن بارىمنىڭ سالىمىنى يۈرىكىمدە ساقلىغان.

**تاشما** ئى. ← ئىلغا.

**تاشماق** پ ① قىرغاقتىن ئاشماق، ئېشىپ ئەتراپقا يېيىلماق؛ باسماق: بۇ چېكى يوق سۇ تىنىمسىز داۋالغۇپ، كۆتۈرۈلۈپ، سۇ چىقىرىش ئېغىزى تەرەپتىكى دامبىنىڭ ئۈستىدىن ئارتىلىپ، يامراپ، تېشىپ جىلغا تەرەپكە چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. * مارال كۆزلۈك بۇلاقتىن، قايناپ-تېشىپ چىققان سۇ. تاش ئۈستەڭدە ئويناقلاپ، مەھەللىمىزگە ئاققان سۇ. ② كۆچمە. جۇش ئۇرماق، غەيرەتلەنمەك؛ ئۆرلىمەك، كۆپەيمەك: ھېيتاخۇننىڭ غەيرىتى باشقىدىن ئۇرغۇپ تاشتى. ئۇ دۈيجاڭنىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلۇپ، دۈينىڭ نەچچە يىلدىن تاشلىنىپ ياتقان بېغىنى ۋە ئېتىز ئىھاتە ئورمىنىنى بەرپا قىلىشنى كۆتۈرە ئالدى. * ماتتەينىڭ بايلىقى خەزىنىسىدە تولۇپ تاشقان. ئۆزىنى يوغان چاغلاپ دارغا ئېسىلىپ ياتقان.

**تاشئۈت** ئى [تاش+ ئۈت] <بوت> قەلەمپۇر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئوق يىلتىزى توم ۋە چوڭ بولۇپ، تۈۋرۈكسىمان كېلىدۇ؛ غولى تىك ئۆسىدۇ، غولىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى ئىككى ئاچماقلىنىپ شاخلايدۇ؛ يوپۇرمىقى ئۇدۇل ئۆسىدۇ، ساپىقى بولمايدۇ، يوپۇرماق يۈزى يېشىل، ئارقا يۈزى سۇس يېشىل رەڭدە كېلىدۇ؛ گۈلى چەكلىك كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىدە بولۇپ، كىچىك ۋە ئاق رەڭدە بولىدۇ؛ يىلتىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، تەمى تاتلىق، تەبىئىتى سەل سوغۇق بولۇپ، زەھەرسىز، ئىسسىقنى تارقىتىپ، قاننى سوۋۇتىدۇ.

**تاشئېگىر** ئى [تاش+ ئېگىر] <بوت> چايانئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزسىمان غولى توغرىسىغا ئۆسىدۇ، قاتتىق بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى لېنتا شەكىللىك؛ گۈللىرى كىچىك، زىچ جايلى-شىدۇ؛ غوزىسى تۇخۇم شەكىللىك، دورا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، نەملىكنى ھەيدەش، زەھەرنى قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**تاشىرقىماق** پ. تاقىسىز ھايۋانلار تاشلىق يەرلەردە ئۇزۇن يول يۈرۈپ تۇيىقى ئۇپراپ، نېپىزلەپ، قاماپ ئاقسىماق، ماڭالماي قالماق: تاشىرقاپ كەتمەك. تاشىرقاپ قالماق.

**تاشيارغان** ئى [تاش+يارغان] <بوت> تاشيار-غان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. شاخلىرى ئىنچىكە، ئۇزۇن بولۇپ، يىپقا ئوخشايدۇ، رەڭگى سۆسۈن قىزىل؛ يوپۇرمىقى دۈگىلەك، ئۇزۇن سېپى بولىدۇ، دۈمبە تەرىپىدە ئارىلاش قىزىل رەڭ بولىدۇ؛ گۈلى ئاق بولۇپ، كونۇسسىمان گۈل رېتىدە؛ تىبا-بەتچىلىكتە غول ۋە يوپۇرمىقى ئوتتۇرا قۇلاق ياللۇغى ۋە ئۇششۇكنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**تاشيول** ئى [تاش+يول] <قاتن> شەھەر سىرتىدىكى، ھەر خىل ئاپتوموبىللار قاتنايدىغان ۋە ئۈستىگە شېغىل يېيىتىلغان

كەڭ ھەم تۈز يول.

**تاغ** ئى ① يەر ئۈستىنىڭ تەكشىلىككە، دۆڭلۈككە نىسبەتەن تېخىمۇ كۆتۈرۈلگەن ئېگىز قىسمى: تاغ تىزمىسى. * ئۆچكە تاغدا پۇل، ئۈزۈم باغدا پۇل (ماقال). * يۈرسە قۇشقاچ جان بېقىپ يەم كويىدا زارىقىپ، كۆك ئاسمانىڭ قەھرىدە، ئاشۇ تاغنىڭ ئۈستىدە. ② ئاھالە ياشايدىغان تاغلىق جاي: ئۇ، قانچىلىغان بايرام كېچىلىرىنى، كۆڭۈل ئېچىش ئاخشاملىرىنى كېسەل ئۆيلىرىدە، يىراق-يىراق يېزىلاردا، ھەتتا تاغلاردا ئۆتكۈزگەنىدى. ③ مەلۇم نەرسىنىڭ ئېگىز دۆۋىسى: قۇم تېغى كۆچۈرۈپ بوران، كەنتكە تەھلىكە سالغاندا دەھشەت. كېلىشتى ياردەمگە ئۇلار شۇ زامان، جاپالىق كۈرەشتە يېڭىلدى ئاپەت. ④ كۆچمە. ئېغىر يۈك، ئېغىرچىلىق، مۇشەققەت: ئازادلىققا ئېرىشىپ، يەلكىمىزنى بېسىپ تۇرغان تاغ ئۆرۈلگەندەك بولدى. ⑤ كۆچمە. زور، چوڭ : خۇددى تويدەك ئۆتەتتى خۇشال، ھەر بىر يىللىق تەقسىمات ئۇ چاغ. قايتار ئىدى ھەممە پۇل ئېلىپ، خۇشاللىقتىن قەددى بولۇپ تاغ. * دەردىم تولا ئاڭلا جاھان، باقماس ماڭا مۇشۇ زامان. ئانا دېگەن گۈل باغ ئىكەن، ئاتا دېگەن بىر تاغ ئىكەن.

**تاغ ئارقىسىغا ئۆتمەك** تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى ئۈرۈمچى، غۇلجا قاتارلىق جايلارغا بارماق؛ تىيانشاننىڭ شىمالىغا ئۆتمەك (جەنۇبىي شىنجاڭدىكىلەرگە نىسبەتەن) : جامال كۆزلىرىنى خەلچەمگە تىككىنىچە : ـ ئاخشام ساڭا نېمە دېدىم، مەن تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ پۇل تېپىپ كېلىمەن، قاراپتۇر، ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ قانچىلىك ھوسۇل ئالىدىكەن، مەن شۇلارنىڭكىدىن ئاشۇرۇپ پۇل تېپىپ كېلىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇگۈن ئىشقا چىقمايمەن! بولدىمۇ ئەمدى، ـ دېدى.

**تاغ ئاغزى** تاغنىڭ ئىچىگە كىرىدىغان ئېغىز، يەنى تاغ ئىچىگە كىرىش يولىنىڭ بوسۇغىسى: ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئىزۋوتنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئەتراپتىكى چوققىلارنى ئىگىلەپ، ئەمدى بىز كېتىدىغان تاغ ئاغزىنى توسۇشقا ئالدىراۋاتقانلىقى بىلىنمەكتە ئىدى.

**تاغ تېرىكى** <بوت> تال، تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ، ئېگىزلىكى 25 مېتر ئەتراپىدا؛ يوپۇرمىقى سەل يۇملاق بولۇپ، دولقۇنسىمان قېلىن چىشلىرى بولىدۇ؛ ئەتىيازدا يوپۇرماق چىقىرىدۇ؛ ئاتلىق ۋە ئانىلىقى ئايرىم تۈپتە بولىدۇ؛ پوتلىسىمان گۈل رېتى تۆۋەنگە ساڭگىلىغان بولىدۇ؛ چاڭدېنى قىزىل، ئورىغۇچى يوپۇرمىقى چوڭقۇر يېرىلغان بولۇپ، يېرىق گىرۋەكلىرىدە تۈكلىرى بولىدۇ؛ غوزىلىق مېۋىسى ئىككىگە يېرىلغان بولىدۇ؛ ئۆسۈشى تېز، نەم ۋە سۇغا چىدامسىز؛ ياغىچى ئاق، يۇمشاق ۋە ئېلاستىك بولۇپ، قەغەزچىلىك، بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ۋە ئائىلە سايمانلىرىنى ياساش قاتارلىقلاردا كەڭ ئىشلىتىلىدۇ؛ تال چىۋىقلىرىدا سېۋەت توقۇشقا بولىدۇ؛ كۆپ ھاللاردا مەنزىرە ئۈسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**تاغ تېكىسى** <زوئول> ياۋا ئۆچكىنىڭ ئەركىكى.

**تاغ تىزمىسى** <جۇغ> تاغلارنىڭ تىزىلىپ ھاسىل قىلغان رېتى. تۈزۈلۈشى ئېگىز-پەس بولۇپ، خۇددى قان تومۇرىغا ئوخشاش مەلۇم بىر نىشانغا قاراپ سوزۇلغان بولىدۇ.

**تاغ جىنس** <گېئول> يەر پوستىنىڭ مەلۇم قاتلىمىنى ھاسىل قىلغان مىنېراللار. ماگما جىنس، گىدرولىت ۋە مېتامورفىلىق جىنستىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**تاغ جىنس ئانالىزى** <گېئول> ماگما جىنسلار ئۈستىدە ھەر تەرەپلىمە ھالدا يۈرگۈزۈلىدىغان خىمىيۋى مىقدار ئانالىزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسەن تاغ جىنسلىرى تەركىبىدىكى تۈرلۈك ئوكسىدلار-نىڭ نىسپىي مىقدارى تەھلىل قىلىنىپ، تاغ جىنسلىرىنىڭ تۈرلىرى تېخىمۇ ئىلگى-رىلىگەن ھالدا توغرا بېكىتىلىدۇ؛ ئوخشى-مىغان تاغ جىنسلىرى ئوتتۇرىسىدىكى خىمىيۋى تەركىبلەردىكى ئورتاقلىق ۋە خاسلىق تەتقىق قىلىنىپ، شۇ ئارقىلىق تاغ جىنسلىرىنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**تاغ جىنس رايونى** <گېئول> ئورتاق بىر ماگما مەنبەسىدىن شەكىللەنگەن ھەر خىل ماگمىلىق ئارىلاشما تاغ جىنسلىرى تارالغان مەلۇم بىر رايون.

**تاغ چوققىسى** <جۇغ> تاغنىڭ چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان ئۇچى.

**تاغدىن سورىسا، باغدىن جاۋاب بەرمەك** مەلۇم بىر مەسىلە ئۈستىدە گەپ سورىسا، باشقا بىر مەسىلە ئۈستىدە گەپ قىلماق؛ سوئالغا مۇناسىۋەتسىز گەپلەر بىلەن جاۋاب بەرمەك.

**تاغ زەمبىرىكى** <ھەرب> زەمبىرەكنىڭ بىر خىلى، ستۋولى قىسقا، ئوق يولى ئەگرى، ئېتىش مۇساپىسى يېقىن، بىر قەدەر يېنىك، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولۇپ، تاغلىق رايونلاردا ئۇرۇش قىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ.

**تاغ سۈيى** <سۇ> تاغدىن ئېقىپ كېلىدىغان سۇ.

**تاغ سېرىسى** <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدى-كى، يوپۇرماق تاشلايدىغان ئېگىز دەرەخ، يوپۇرمىقى ئىككى قايتىلانغان پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق؛ گۈلى ئاق، باشسى-مان گۈل رېتىدە؛ چوكا مېۋىسى تاسما شەكىللىك، 7 ــ 18 سانتىمېتر بولىدۇ؛ ياغىچى قۇرۇلۇش ماتېرىيالى قىلىنىدۇ؛ قوۋزىقىدىن يارىپېلىم ئېلىنىدۇ ياكى دورا تەييارلىنىدۇ؛ ئۇرۇقىدىن ماي ئېلىنىدۇ.

**تاغ قارىمۇچى** <بوت> كامفۇرا ئائىلىسىدى-كى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ، تاق جىنسلىق بولۇپ كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىدە، گۈلى سېرىق؛ مېۋىسى قارا؛ يوپۇرماق ۋە مېۋىسىدىن پۇراقلىق ماي ئېلىنىدۇ؛ شاخ ۋە يوپۇرمىقى ئېزىلىپ، شاك ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ؛ جەنۇبىي جۇڭگودىن چىقىدۇ.

**تاغ قامچىئوتى** <بوت> قامچىئوت ئائىلىسىدىكى سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، غولى ئىككى-ئۈچ تال، ئىنچىكە بولۇپ توم يىلتىزسىمان غولىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ؛ تۈۋىدىن ئۆسكەن يوپۇرمىقىنىڭ سېپى ئۇزۇن، شەكلى سوقىچاق كېلىدۇ؛ غولىدىكى يوپۇرمىقى كىچىكرەك، ساپسىز بولىدۇ؛ ئۇرۇقىدا تۈگۈنچە بىخ بولۇپ، مېۋە باشقىدىن بىخ چىقىرىپ يەرگە چۈشكەندىن كېيىن يېڭى مايسا چىقىرىدۇ؛ يىلتىزسىمان غولى دورا قىلىنىدۇ، ئىسسىقنى قايتۇرۇپ زەھەر تارقىتىش، تۈگۈنلەرنى تارقىتىپ ئىششىقلارنى ياندۇرۇش رولىغا ئىگە.

**تاغ كېسەللىكى** <تىب> ھاۋاسى شالاڭ بولغان ئېگىز رايونلارغا چىققاندا كۆرۈلىدىغان ئەكس تەسىر. ئادەتتە سالامەتلىكى نورمال كىشىلەر دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىردىن ئارتۇق بولغان ئېگىزلىكتە تۇرغاندا باش ئاغرىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، نەپەسى سىقىلىش ۋە يۈرەك

ھەرىكىتى تېزلىشىشتەك كېسەل ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

**تاغ كىلماتى** <مېتېئور> تاغلىق رايونلارنىڭ ئېگىزلىك ۋە يەر تۈزۈلۈشى تەسىرىدە شەكىللەنگەن ئالاھىدە كىلماتى. بۇ خىل كىلماتنىڭ قىسمەنلىك جەھەتتىكى پەرقى ناھايىتى زور بولىدۇ. ئۇنى شۇ رايونلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى، جىلغىلىرىنىڭ ئورنى ۋە تاغ چوققىلىرىنىڭ ئورۇنلىشىشى قاتارلىق ئامىللار بەلگىلەيدۇ. نەچچە مىڭ مېترغا يەتكەن تاغلىق رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى كىلمات پەرقىمۇ ئالاھىدە روشەن بولىدۇ. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كىلماتقا بولغان ماسلىشىشچانلىقى ئوخشىمىغانلىقتىن، ھەر قايسى ئېگىزلىكلەردە ئوخشاش بولمىغان تۈرلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ.

**تاغ لەيلىسى** <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، شەكلى تۇمۇنسىمان بولۇپ، گىرۋىكى ھەرە چىشلىق كېلىدۇ؛ باشسىمان گۈل رېتى ئۇچىدا ئۆسىدۇ؛ ئومۇمىي ئورىغۇچىسى تەرەققىي قىلىپ يوپۇرماققا ئايلىنىدۇ، رەڭگى سارغۇچ يېشىل كېلىدۇ؛ گۈلى خورما رەڭگە مايىل سۆسۈن؛ ئۇرۇق مېۋىسىدە ئاق تاج تۈكچىلىرى بولىدۇ. ئۇ مەشھۇر دورا ئۆسۈملۈكى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 2600ـ4000 مېتر ئېگىز بولغان تاغلارنىڭ تاش يېرىقلىرىدا، قۇملۇق، شېغىللىق، تاغ ئېدىرلىرىدا ئۆسىدۇ؛ دورىغا يەر ئۈستى قىسمى ئىشلىتىلىدۇ، تەمى سەل قېرىق، تەبىئىتى ئىسسىق بولۇپ زەھەرلىك. ھېيزنى راۋان قىلىپ، قاننى جانلاندۇرىدۇ، پەي ۋە سۆڭەكنى كۈچەيتىدۇ، بالياتقۇنىڭ قىسقىرىشىنى كۈچەيتىدۇ.

**تاغ مۈشۈكى** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، مۈشۈككە ئوخشايدۇ؛ بېشىدا ئۇزۇن قارا يوللىرى، گەۋدىسىدە قارا چېكىتلىرى ۋە قۇيرۇقىدا توغرىسىغا كەتكەن يوللىرى بولىدۇ؛ ناھايىتى ۋەھشىي بولۇپ قۇش، چاشقان، يىلان ۋە پاقا قاتارلىق كىچىك ھايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ؛ تېرىسىدىن كىيىم تىكىلىدۇ.

**تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلماق** ئەڭ قىيىن، ئەڭ مۈشكۈل ئىشلارنى بېجىرىپ، زور مۇۋەپپەقىيەت، ئۇلۇغ نەتىجە ياراتماق.

**تاغنى تالقان قىلىدىغان** ھەر قانداق زور، قىيىن ئىشلارنى قىلىش قولىدىن كېلىدىغان، قۇدرىتى يېتىدىغان، شۇنداق غەيرەت، شىجائەتكە ئىگە: **جانابىڭىز ئەقىللىق مەشھۇر كىشى، چىبەنلۈك خاننىڭ يارامىلىق بىر سىردىشى. باردۇر سىزنىڭمۇ پىلانىڭىز، تاغنى تالقان قىلغۇدەك شىرادىڭىز.**

**تاغ ئورمانلىقى** <ئورم> تاغدىكى ئورمانلىق.

**تاغ ئومۇرتقىسى** <جۇغ> تاغنىڭ ئېگىز جايلىرىدىكى، خۇددى ھايۋانلارنىڭ ئومۇرتقا سۆڭىكىگە ئوخشاش چىقىپ تۇرغان قىسمى.

**تاغ ئېتىكى** <جۇغ> تاغنىڭ تۈز يەرگە يېقىن قىسمى.

**تاغ ئىتئۈزۈمى** <بوت> پىدىگەن ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، پىلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتر بولۇپ سۇس خورما رەڭدە؛ يۇمران شېخى

بېشىل؛ يوپيۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، شەكلى تۇخۇمسىمان، تولۇق گىرۋەكلىك؛ گۈلى كۆكۈچ سۆسۈن؛ شىرنىلىك مېۋىسى سوقىچاق، پىشقاندا قىزىرىدۇ؛ شىمالىي شىنجاڭدىن تېپىلىدۇ؛ پۈتۈن تېنى دورا بولىدۇ، ئىسسىقنى قايتۇرۇش، زەھەرنى تارقىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، رېماتىزىم ئاغرىقىنى پەسەيتىش رولىغا ئىگە.

**تاغ ياڭىقى** <بوت> ① ياڭاق ئائىلىسىدىكى، يوپيۇرمان تاشلايدىغان دەرەخ، يوپيۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق؛ مېۋىسىنىڭ دىئامېترى ئىككى سانتىمېتر، ئۇزۇنلۇقى 2ـ2.5 سانتىمېتر. ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ؛ ياغىچى قاتتىق، چىدامىلىق؛ ئىچكى ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**تاغ يۇلتۇزگۈلى** <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، شەكلى يۇلتۇزگۈلگە ئوخشايدۇ؛ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 15ـ25 سانتىمېتر كېلىدۇ؛ گۈلى يالغۇز ئۆسىدۇ؛ ئۆسۈملۈك تېنىدە يىرىك تۈكلەر بولىدۇ؛ ئېگىز تاغلاردا ئۆسىدۇ.

**تاغ يۈرەك** قورقمايدىغان، قورقماس؛ يۈرىكى چوڭ، يۈرەكلىك: ئەنە ئۇنىڭ ئوغلى. ئەمدى ئۇنىڭ ئوغلى يوق ئىدى، غۇيۇلداپ ئۆتكەن يىللار ئانىنىڭ تال-تال قۇندۇزدەك چاچلىرىغا ئاپئاق قىرولارنى، چىرايىغا سىرلىق قورۇقلارنى، مۇڭ-قايغۇلارنى «سوۋغا» قىلىپ ئۆتۈش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ كۆيۈمچان تاغ يۈرەك ئوغلىنىمۇ ئېلىپ كەتكەنىدى. * ياۋغا قارشى كۈرەشتە، تاغ يۈرەكسەن ئارمىيەم. ئانا يەرنى گۈللەشتە، گاڭ بىلەكسەن ئارمىيەم.

**تاغا** ئى ① بالىلارغا نىسبەتەن ئاتا ياكى ئانىنىڭ ئاكا-ئۇكىلىرى: ھېلىقى يولدا يىغلاپ ئولتۇرغان كەمپىر ئەسلىي ئايال پادىشاھنىڭ تاغىسى بولۇپ، ھازىر ئايال قىياپىتىگە كىرىۋالغانىكەن. ② ئۆزىدىن چوڭلارغا مۇراجىئەت قىلىش، ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سۆز: ـ مەن بۇ سۆزنى ھازىرقى بار ئۇرمانلارنى چوقۇم قوغداپ قېلىش ۋە شۇ ئاساستا ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش دەپ چۈشەندىم. توغرىمۇ؟ ـ دېدى نامان تاغا ھەممىزگە تەڭ سوئال نەزەرى بىلەن قاراپ. * يىل بېشى بۇ باھاردا، ھەممە كىشى ئالدىراش. سىلەر سېختا كۈرەشتە، دېھقان تاغام تېرار ئاش

**تاغار** ① ئى. ئاشلىق ۋە باشقا نەرسىلەرنى قاچىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، پاختا، يۇڭ، چىگە يىپلىرىدىن ياكى سۈنئىي تالالاردىن توقۇلغان بۇيۇم؛ چولۇق قاپ: بۆز تاغار. كاناپ تاغار. * ـ بابا نېمىشقا كەپ قىلمايسىز؟ ـ دېدى ئۇ ھارۋىسىدىكى تاغارلىرىنى ئۇ ياق-بۇ ياققا قىلىپ، ـ قېنى، ئاچچىقلىك. * ئىش ھەققىنى شاڭيۇدىن، تەلەپ قىلغان گۇناھقا. ئۇرۇپ مەممەت توختىنى، سولاپ قويدى تاغارغا. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ، نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر تاغار بۇغداي. بىر تاغار ئۇن. ئىككى تاغار قوناق. ئۈچ تاغار سامان.

**تاغاردا بىر** ناھايىتى كۆپ، ئىنتايىن نۇرغۇن، تولا: ئۇنىڭغا گەپ قىلمىدى دەمسەن؟ بۇلۇڭغا تارتىپ تاغاردا بىر نەسىھەت قىلسام، ھەپتە ئۆتمەي يەنە ئۆزى بىلگىنىنى قىلدى.

**تاغار قېقىندىسى** تاغار ئىچىدە قالغان يۇقۇندى ئاشلىق، يۇقۇندى ئۇن: پۈتۈن ئاشلىقى تۈگەپ، پەقەت تاغار قېقىندىسىلا قالغانىدى.

**تاغار-تاغار** كۆپ تاغار، نۇرغۇن تاغار: تۈنۈگۈن بۇلۇڭدا باش قىسقان يېتىم، بۈگۈن كۆلكە ھەرىدە ئىشلىتىدۇ باش. مەن شۇ كەمدە باتۇر ئاتلىپ، تاپتىم تامچە تەردىن تاغار-تاغار ئاش.

**تاغارچى** ئى ① تاغار توقۇش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى. ② تاغار ساتقۇچى. ③ يەكەن ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ

ۋە خوشۇت ناھىيىسىدىكى يەنە بىر يېزىنىڭ نامى.

**تاغارچىلىق** ئى. تاغار توقۇش، سېتىش ئىشى، كەسپى: **تاغارچىلىق قىلماق.**

**تاغارلاپ** رەۋ. تاغىرى بىلەن، تاغار **توشقۇزۇپ: بۇ يوقسۇل ئۈتكۈزدى يېرىم ئەسىرنى، غوجىنىڭ يېرىگە ئىشلەپ، تەر تۆكۈپ. ئالدى ئاش ھەر يىلى نەچچە تاغارلاپ، ۋە لېكىن قالدى ئۇ، ئارىنى تۇتۇپ.**

**تاغاق** ئى. قولنىڭ ياكى ئالدى پۇتىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى گۆرجەك سۆڭەك: **بالا ئەمدى ئۇنىڭ ئوق تەگكەن يېرىگە سەپسالدى. بىرىنچى ئوق مۇرە سۆڭىكىنىڭ ئاستىدىن كىرىپ، تاغاقنىڭ يۇقىرى تەرىپىنى تېشىپ كەتكەن، ئىككىنچى ئوق تىزىنىڭ تۆۋىنىدىكى بۇلجۇڭ گۆشىنى تېشىپ كەتكەنىدى. * ئىككىنچى رەت ئاتقان ئوق تاغاققا تەگدى.**

**تاغاق سۆڭەك** <ئانات> قولنىڭ مۈرىگە تۇتىشىدىغان جايىدىكى گۆرجەك-تەك كەڭ سۆڭەك. ئۇ ئۇڭ ۋە سولدا بىردىن بولۇپ، ئۈچ بۇلۇڭنى ھاسىل قىلىدۇ. تاغاق سۆڭەك، ئوقۇرەك سۆڭىكى ۋە يۇقىرىقى بىلەك سۆڭىكى بىرلىشىپ يەلكە بوغۇمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**تاغچى** ئى. تاغدا قىلىدىغان ئىشلارغا ئېپى بار ئادەم: **ئەمما نەزەر ۋالى ھەر يىلى ئەتىياز ۋە كۈز ئايلىرىدا تاغچىلارغا بۆرە، تۈلكە، سۈلەيسۈن ئېتىپ، تېرىسىنى تاپشۇرۇشقا بىر-ئىككى ئايلىق مۇددەت بىلەن مىلتىق تارقىتىدىغان بىر يوسۇن چىقىرىدۇ.**

**تاغچىلىق** ئى. تاغ ۋە تاغلىق يەرلەردە قىلىنىدىغان تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرى: **تاغچىلىق قىلماق. * قاسىم ھەر يىلى تاغچىلىقتىن ئاز-تولا نەپ ئېلىپ، شۇنىڭ بىلەن ئائىلىسىنى بېقىۋاتىدۇ.**

**تاغ-دالا** تاغ ۋە دالا: **يايلاقنىڭ ئۇ چېتى ئاق باش چوققىلار، پاختىدەك بۇلۇتلار لەيلەر ئۈستىدە. ئاستىدا يېشىللىق ـ زۇمرەتتەك باغلار، جاراڭلار تاغ-دالا ياڭراق كۈلكىدە.**

**تاغ-داۋان** تاغ ۋە داۋان: **تۇراخۇن كەكە ساقاللىرىنى سىلاپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى: «ئارا تاغ دېگەن نە ئۇ! كونا يول بىلەن ماڭسا، تولۇق بىر كۈنلۈك يول. بېسىپ ئۆتىدىغان تاغ-داۋانلىرىمۇ ئاز ئەمەس». * ئېشىپ تىك تاغ-داۋان، دەريا، كېزىپ قۇملۇق ۋە چۆل سەھرا، جاپاغا قىلمىغان پەرۋا، خەلق پالۋانلىرى ئارمىيە.**

**تاغ-دەريا** تاغ ۋە دەريا: **قىلمىسا تاغ-دەريا كۆكسىنى بۆشۈك، بىر كۈنمۇ ياشالماس ھايات، مۇھەببەت. تاغ-دەريا كۆيلەنگەن مىڭ يىللاپ لېكىن، تالڭ كونا تۈيۈلماس كەلسىمۇ ئەبەد.**

**تاغدەك** سۈپ. ① چوڭ، زور، كۆپ: **شىر ئورنىدىن دەس تۇردى، ئۆزىدە تاغدەك كۈچ سېزىپ، پولاتتەك مۇشتۇمنى تۈگۈپ، كۈرەش ئۈچۈن تۈمۈر قەسەم بەرگەندە، پاكار ئەجدىھا ئۇنىڭغا چىۋىندەك كۆرۈندى. * نادىر قەتئىي ھالدا: ـ ئەمەلدارلىرىڭىز-نىڭ خەلقنىڭ ئالدىدىكى جىنايىتى تاغدەك تۇرۇپتۇ، مەن ئۇنى قولىڭىزدا تۇرغان كىتابىمدا يازغان، ـ دېدى.** ② ئېگىز: **ئايدىڭكۆلدە تۈز دېگەننى تاغدەك دۆۋىلىۋېتىپتۇ.**

**تاغدېنى** I ئى [تاغ+دان+ى] <بوت> ئەپيۇنگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى پەيسىمان يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرمىقى تەتۈر تۇخۇم شەكىللىك؛ گۈلى سۈس قىزىل ياكى سۆسۈن بولۇپ ئۇ مۇمگۈل رېتىدە؛ يەر ئاستىدا شار شەكىللىك تۈگۈنەك يىلتىزى بولۇپ دورا قىلىنىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىش رولىغا ئىگە.

**تاغدېنى** II ئى [تاغ+دان+ى] <بوت> ئەپيۇنگۈل ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق

سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى پەيسىمان يېرىلىدۇ؛ ئومۇمىي گۈل رېتىدە؛ گۈلى بىغىر رەڭدە؛ مېۋىسى غوزا مېۋە بولۇپ، ئېللىپىس شەكلىدە كېلىدۇ. ئۇ بىر خىل زەھەرلىك ئۆسۈملۈكتۇر.

**تاغدىن-باغدىن** ← **باغدىن-تاغدىن.**

**تاغدىن-باغدىن سۆزلىمەك** باش-ئايىغى يوق، قالايمىقان، مەنتىقىسىز سۆزلەرنى قىلماق: «ناتىق» بىرەر سائەتچە تاغدىن-باغدىن سۆزلىدى، ئاڭلاۋاتقانلارنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۇخلاۋاتاتتى.

**تاغلىق** ① سۈپ. تاغ بىلەن ئورالغان، تاغ كۆپ: تاغلىق يەر. * تاغلىق رايونلارنىڭ يېڭلاپ يېتىشتۈرگەن ئورمان كۆلىمى 150 مىڭ مودىن ئاشتى. * دېدى ئۇ: «ھۆكۈمەت ھەل قىلىش كېرەك، ئەڭ ئاۋۋال مەكتەپلەر ئۈچۈن ئەينەكنى!» «ئەھۋالى ئېغىر» دەپ ئالدى مىسالغا، چەت تاغلىق يېزىدا كۆرگەن مەكتەپنى. ② ئى. تاغ رايونلىرىدا ياشايدىغان، تاغدا تۇرىدىغان كىشى: ئۇ: ـ بىزمۇ ۋاقىتنى يوقاتساق ھەممە ئىش تۈزەلمەيدۇ، ئۈرۈمچىگە بېرىپ نېمە قىلىمىز. بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز مۇشۇ يەردە! ـ دېگەنىكەن، ئاتا-ئانىسى، خوتۇن باللىرىدىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەن تاغلىقلارغا بۇ سۆز خۇش يېقىپ، ھەممىسى تۆمۈر خەلپىنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپتۇ. * لېكىن ئۇ باللىنىڭ كىيىملىرى تاغلىقنىڭ كىيىمدەك قىزىل توپا رەڭگىدە تۇرىدۇ. كېيىنكى قېتىمدا كىيىمنى يەڭگۈشلەپتۇ. لېكىن چورۇقىغا قاراپ يەنىلا تاغدىن كەلگەنلىكىنى بىلدىم. ③ ئى. تېغى بار، تاغلىرى كۆپ جاي: بۇ تاغلىقتا ئۇزۇن تۇرغىلى بولمايدۇ، ئىشلىرىمىزنى تۈگىتىپ دەرھال قايتىشىمىز كېرەك.

**تاغمۇتاغ** تاغدىن تاغقا، ھەممە تاغلار ئارا: شۇ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىللە تاغمۇتاغ يۈرۈپ ئوۋ قىلدۇق. * ئوتلىغاي ھەر دىلدا، سەكرەپ تاغمۇتاغ ئاھۇ يىگىت، تەندىن ئارامىم ئېلىپ كەتتى ئوغرىلاپ ئۇ قۇۋ يىگىت.

**تاغۇتاش** تاغ ۋە تاش، تاغ ۋە تاشلىق جايلار: غالىپلار قەلبىدىن ياڭرىغان جەڭگىۋار مارش ساداسى تاغۇتاشنى تىترىتىپ، يەر-زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرمەكتە. * دەشتى-سەھرالاردا مەن ماڭسام، باياۋانلار خەتەر، تاغۇ تاشقا سۈركىلىپ ئۆتكەن ھاۋادىن ئەلۋىدا.

**تاغىل** ① سۈپ. ئوخشاشمىغان رەڭ سىزىقچىلىرى بولغان: تاغىل مۈشۈك. تاغىل ئىنەك. * كالا ئالساڭ تونۇپ ئال، بولمىسا تاغىل ئال (ماقال). * قوتاننىڭ ئۈستى ئوچۇق بولۇپ، ئۆچكە بۆلۈنگەن: بىرىنچى بۆلىكىدە ئات؛ ئىككىنچى بۆلىكىدە ماي تامغۇدەك سەمىرىگەن تاغىل ئىنەك ۋە ئۇنىڭ بىر ياشلىق موزىيى؛ ئۈچىنچى بۆلىكىدە بولسا بىرنەچچە قوي، ئۆچكە تۇراتتى. ② ئى <بوت> ئالمىنىڭ يېڭىدىن يېتىشتۈرۈلگەن بىر خىل سورتى. رەڭگى قىزىل بىغىر رەڭ، تاغىل بولىدۇ.

**تاق** I سۈپ [ئە] ① ئىككىگە پۈتۈن بۆلۈنمەيدىغان، جۈپى بولمىغان، جۈپلەپ سانىغاندا ئاخىرى جۈپ چىقماي بىرى ئېشىپ قالىدىغان (پۈتۈن سانلار ھەققىدە): تاق سان. * دەرد كەلسە جۈپ، دۆلەت كەلسە تاق (ماقال). * ئەخمىدى شۇل بۈگۈن بەختىنىڭ ئەمەس تاق، جەڭلەردە ۋەتەننىڭ كۆكسىگە گۈل تاق. يامانىنى جازالاپ ئۆتكىن قەلەمدە، ۋە لېكىن ياخشىنى چەكمە ئېتىپ تاق! ② جۈپى، شېرىكى بولمىغان؛ جۈپسىز، يالغۇز: ئۇ ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمەي تاق ئۆتكەن ئادەم. * تاق كەپتەر، ئاپئاق كەپتەر، قاناتلىرى ساق كەپتەر. ئاتىسى يوق يا ئانا، دىلى سۇنۇق تاق كەپتەر.

**تاق پالەچ** <تب> بىر قول ياكى بىر پۇتتا يەككە ھالدا بولىدىغان پالەچ. كۆپرەك قىسمەن نېرۋىلارنىڭ زەخىملىنىشى، مېڭە ۋە يۇلۇن قاتارلىقلارنىڭ ياللۇغلىنىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

**تاق پەللىلىك ئۈسۈملۈكلەر** <بوت> ← **بىر پەللىلىك ئۈسۈملۈكلەر.**

**تاق تورنىك** يالاڭ تورنىك، يالغۇز تورنىك.

**تاق جىنسلىق** <زوئول> بىر هايۋان تېنىدە ئۇرۇقدان ياكى تۇخۇمدان يەككە هالدا مەۋجۇت بولىدىغان هادىسە. يۇقىرى دەرىجىلىك هايۋانلارنىڭ هەممىسى تاق جىنسلىق كېلىدۇ.

**تاق جىنسلىق تۈپ** <بوت> ئاتىلىق گۈل ياكى ئانىلىق گۈل يەككە هالدا بولىدىغان تۈپ. مەسىلەن، كەندىر قاتارلىقلار.

**تاق جىنسلىق زىگوتا** <بىئول> تاق ھەسسىلىك تەنچە تاق جىنسلىق كۆپىيىش ئارقىلىق ھاسىل قىلغان يەككە تەن.

**تاق جىنسلىق شالغۇت** <بىئول> ئىككى يەككە تەن شالغۇتلاشقاندىن كېيىن كېلىپ چىققان نەتىجە.

**تاق جىنسلىق كۆپىيىش** <بىئول> جىنسلىق كۆپىيىدىغان جانلىقلارنىڭ تۇخۇمى ئۇرۇق قوبۇل قىلمايلا ئەۋلاد يېتىشتۈرىدىغان بىر خىل كۆپىيىش شەكلى.

**تاق جىنسلىق گۈل** <بوت> بىر تال گۈلدە پەقەت ئاتىلىق ياكى ئانىلىقلا بولىدىغان گۈل. بۇ خىل گۈلگە ئىگە ئۈسۈملۈكلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئاتىلىق، ئانىلىقى بىر تۈپتە بولىدۇ (مەسىلەن، كۆممىقوناق)؛ بەزىلىرىنىڭ ئاتىلىق، ئانىلىقى ئايرىم تۈپلەردە بولىدۇ (مەسىلەن، كەندىر).

**تاق سان** <مات> ئىككىگە پۈتۈن بۆلۈنمەيدىغان سان. مەسىلەن، 1، 3، 5، 7 قاتارلىقلار.

**تاق شادا** ئەتلەس دۇكىنىدىكى ئۆرۈش يىپلارنى دانىمۇ دانە قىلىپ تۈرىدىغان ئىككى تال تاياقچە، شادا ياغاچ.

**تاق لىنىيە** <قاتن> قارىمۇقارشى يۆنىلىشتىكى پويىز ياكى تراموۋاي بىرلا ۋاقىتتا ياندىشىپ ئۆتەلمەيدىغان بىر يۆنىلىشلىك رېلىس ياكى يول.

**تاق ھەسسىلىك تەنچە** <بىئول> ھۈجەيرىسىدە بىرلا گۇرۇپپا خروموسوما بولغان تەنچە. ئۈسۈملۈكلەرنىڭ گامېتلىق تېنى ۋە ئاز ساندىكى هايۋانلارنىڭ (مەسىلەن، ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئاتىلىق تېنى) ھەممىسى تاق ھەسسىلىك تەنچىدۇر.

**تاق ھۈجەيرىلىك هايۋان** <زوئول> ← **بىر ھۈجەيرىلىك جانلىقلار.**

**تاق** II تەق. قاتتىق جىسىملارنىڭ بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: **ئىشىك «تاق» قىلىپ يېپىلىشى بىلەن تەلەڭ پەرىزات غايىب بولدى. * ھېچبىر كۈتۈلمىگەندە، قاشتىن تويۇقسىز «تاق» قىلىپ سەكرەپ چۈشكەن ئادەمنى كۆرۈپ، يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلار بىردەمچە ھاڭ-تاڭ بولۇپ، تىكىلىپ قېلىشتى.**

**تاق** III رەۋ. دەل: **ئۇ شۇ تەرىقىدە ئىككى سائەتتىن كۆپرەك يول يۈرۈپ بىر ئېگىز بەلدىن ئېشىپ، بىر چولڭ مەھەللىنىڭ تاق ئۈستىدىن چۈشتى. * مەن ئىمتىھان بېرىپ، مۇشۇ ماشىنىنى قولۇمغا ئالغاندىن كېيىن، تاق مۇشۇنداق بىر سوغۇق كۈنى ناھىيىگە يۈك ئېلىپ ماڭدىم ۋە ئەتىگەن سائەت توققۇزلارغا قالمايلا كېمە بويىغا كەلدىم.**

**تاقا** I ئى. ئات-ئۇلاغلار تۇيىقىنىڭ يول ماڭغاندا ئۇپراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، تۇياقنىڭ ئاستىغا قېقىلىدىغان دۈگىلەك تۆمۈر: **مىخنى ئايىساڭ تاقىدىن ئايرىلىسەن (ماقال). * ئۇنىڭ يەنە «تاقا» دەيدىغان تۆمۈردىن قىلىنغان بىر نەرسىسى بار، مېنى دارغا ئېسىپ تۇرۇپ**

ئۇنى پۇتۇمغا مىخلايدۇ. * يۆكلۈك ئاتلار هارغىن قەدەم تاشلايدۇ، شىغىل قاپلاپ تۇرغان قاقاس سايلاردا. ئوت چاچرايدۇ ئۇپراپ كەتكەن تاقىلار ـ بەزەن چاقماق تاشقا تەگكەن چاغلاردا. ② ئەتلەس توقۇشتا چۈرنەكنى تۇتۇپ تۇرىدىغان تاقا شەكىللىك سايمان. ③ كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ ئۇرچۇق، كىرتىك ۋە موكىلىرىنى قاچىلاش قازىنى.

**تاقا** II ئى [ئە] بىر جۈپ ئەتلەس ياكى بەقەسەمنىڭ هەر بىر يۆلىكى: سىيىت خوجا پەتنۇستىكى گۈللىرى پارقىراپ تۇرغان بىر توپ چىن تاۋىرى، بىر جۈپ تاقا بەقەسەمنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ پەتنۇستا يەنە بىر قاراپ چىقتى-دە، كۆزلىرىنى ئوينىتىپ كۈلدى.

**تاقابىل** رەۋ [ئە] ئۆزئارا باراۋەر، دەلمۇ دەل: تاقابىل تۇرماق. تاقابىل كەلمەك. * ساقى يىگىت «لوخۇر» قولىدا رومكا كۆتۈرۈپ لوتىپۇللانىڭ ئالدىغا كەلگۈچىلىك لوتىپۇللامۇ چىچەنلىك بىلەن ئاللىقاچان تاقابىل تۇرىدىغان شېئىر يېزىپ تەييارلىۋالدى.

**تاقابىل تۇرماق** تەڭ تۇرماق، قارشى تۇرماق: سادىق ئۆزىگە يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ بەزىسىگە ۋارقىراپ ۋە بەزىسىگە قانداقتۇر چۈشىنىكسىز مۇزىكىغا ئىسقىرتقانچە مەسخىرە بىلەن تاقابىل تۇرماقتا ئىدى. * ئاشۇ چاغ مەنمۇ «ۋەتەن ئەلا» دەپ، زۇلۇم، غوۋغاغا تۇردۇم تاقابىل. ئىبلىس ياپونغا، ۋەھشىي گىتلېرغا قارشى كۆرەشكە ئاتلىنىپ دادىل.

**تاقابىل كەلمەك** دەلمۇدەل، باراۋەر كەلمەك؛ تەڭ كەلمەك: تەقدىر كاج ئىكەن، مەن تەقدىرگە جاهىللىق بىلەن تاقابىل كېلىمەن. * ئارسلان بىلەن توغرۇل چېرىك ئىشلىرىنى يېقىندىن بۇيان جىقراق ئويلايتتى، خانىش ئايدىڭ بىلەن قىلىچ چەتنىڭ ھۇجۇمىغا قانداق تاقابىل كېلىش توغرىسىدا ئويلايتتى.

**تاقاراشتۇرماق** «تاقاراشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تاقاراشماق** پ. گەپ تالاشماق، ئۆز پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ تۇرۇۋالماق؛ تاكاللاشماق: قاسىم ئاخۇن بۇ قېتىم سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە ئابلىز مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ كەتكەنلىكىنى بىلگەن ۋە ئۇنى ئىزلەپ بېرىپ پاتىگۈلنىڭ مەكتەپتىكى ئەھۋالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، قىزى كىچىكچە مەرىيەمخانغا كايىدى، پاتىگۈلنى ئابلىز مۇئەللىمنىڭ قولىدا ئوقۇشقا دەۋەت قىلدى، لېكىن مەرىيەمخان قاسىم ئاخۇننىڭ سۆزىگە تەن بەرمەي خېلى تاقارىشىپ باقتى.

**تاقاشماق** پ ① «تاقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كېلىپ ھەربىي تاغىلار ئۇنى قىزغىن ماختاشتى. قەھرىمانلىق گۈلىنى، مەيدىسىگە تاقاشتى. ② بىر نەرسە ئىككىنچى بىر نەرسىگە قىركىلىپ قالماق، توسۇلماق: مۇدىر تاننى سىيرىپ تارتىشقا باشلىدى. بايراق مومىنىڭ ئۇچىغا چىقتى-دە، بايراقنىڭ كالتىكى تاقىدە غالتەككە تاقاشتى. * بىز ئىككى تەرىپىگە تىقما-تىقما دۇكانلار ئورۇنلاشقان رەستىدىن كېتىۋاتىمىز. دۇكانلاردىكى رەڭگارەڭ گەزماللار تورۇس-لەمپىلەرگە تاقاشقان، ھەر خىل چەرچىن ماللار تۈرلۈك رەڭدە يالتىراپ، كۆزلەرنى ئالچەكمەن قىلماقتا. ③ كۆچمە. بىرەر ئىش، مەسىلە ئىككىنچى بىر ئىش ياكى مەسىلىگە چېتىلىپ قالماق، دۇچ كەلمەك: سەن ئۇلارنى ئاشلىقى بىلەن قوشۇپ گۆشكىغا توشغىن، ئاپلا، يەنە بىر ئىشقا تاقاشتىغۇ، تېخى ھەيدەلمىگەن ئېگىز يېرىمنى قانداق قىلارمىز؟

**تاقاق** I ئى ① توما، چۈشۈرگە ۋە باشلام ئېغىزلىرىدا سۇنىڭ ئاز-كۆپ ئېقىشىنى تەڭشەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ياغاچ سېمونت قاتارلىقلاردىن مەخسۇس ياسالغان قۇرۇلما؛ قاپقا: تاقاقنى كۆتۈرۈپ قويماق. * تاقاق كۆتۈرۈلدى، ئويناق تاغ سۇلىرى ئاپئاق

كۆۋەجەپ، يېڭى ئۆستەڭدە لۆمۈلدەپ ئېقىپ كەتتى. ② ئى. دەرۋازا، ئىشىك قاتارلىقلارنى تاقاش ئۈچۈن ئورنىتىلغان توغرا بالداق: ئۇ پېشايۋان پەلەمپىيىگە چىقىۋېتىپ، خىزمەتچىگە ئىشىككە تاقاق سېلىپ ئاندىن يەردىكى كىچىك پانۇسنى كۆتۈرۈپ ماڭغىچە قاراپ تۇردى، كېيىن يۇقىرىغا ماڭدى. ③ سۈپ. تاقالغان، تاقاقلىق: دەرۋازا ئىچىدىن تاقاق تۇرىدۇ.

**تاقاق** II ئى. كونا جەمئىيەتتە گۇناھكارلارنىڭ بوينىغا سالىدىغان ئېغىر تاختا ياغاچ: ھىندىلار قانچىلىك ئازابلانمىسۇن، ئۇلاردىن «مالىڭ، خوتۇن تالاق» دېگەن سۆزدىن باشقا سۆز چىقماپتۇ. ئاخىر بۇلارنى ئىشكەل، تاقاق بىلەن مەخسۇس قاتىللار ياتىدىغان زىندانغا سېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

**تاقاقخانا** ئى. تومىنىڭ تاقىقىنى باشقۇرىدىغان ئۇسكۇنىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۆي.

**تاقاقلىق** سۈپ. تاقالغان، تاقاق: ئىشىك تاقاقلىق.

**تاقالماق** ① «تاقىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەتىسى كەچتە تۈلكە كەپتەرنىڭ ئۇۋىسىغا كەپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىشىكمۇ مەھكەم تاقالغانىكەن. ② مۇناسىۋەتلىك بولۇپ چىقماق، ئالاقىدار بولماق: يادىمدا، بىر كۈنى «پولات قانداق تاۋلاندى» دېگەن روماننى ئوقۇۋېتىپ، پاۋىل بىلەن تونەنىڭ مۇھەببىتى ھەققىدە چوڭقۇر ئويغا چۆكتۈم. خىيالىمنىڭ ئاخىرى ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتىگە بېرىپ تاقالدى، كېيىن مەن بۇ خىياللىرىمنى ساڭا ئېيتتىم. ③ ھەرىكەت، پائالىيەت توختالماق: قادىر: — ئەقدىر دېگەن شۇنداق نەرسىكەن، ئارزۇ-ئارمانمۇ ئەمەلگە ئاشماي قالمايدىكەن. بالايىئاپەتلىك يىللار ئوقۇشۇمنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇشقا مەجبۇر قىلدى، مەكتەپ تاقالدى، — دېدى.

**تاقەت** ئى [ئە] چىداشلىق، بەرداشلىق بېرىش قابىلىيىتى؛ چىدام، غەيرەت: ئۇ، تېخى ئۆيلەنمىگەن بولسىمۇ، ئايخان ئاچىنىڭ كۆز يېشىدىن دىلى ئېرىپ، خۇمار قىزنى ئەمرىگە ئالدى-دە، ئۇنىڭ نۇرغۇن يېتىمسىزلىكىنى تولدۇرۇپ، ئۆمىدكە تولغان تاقەت ئىچىدە ئون نەچچە يىل ئۆي تۇتۇپ، ئىككى بالىنىڭ ئاتىسى بولدى. * شەرىخاننىڭ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىۋېرىشكە تاقىتى قالمىغانىدى، ئۇ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ماڭغانچە كەلگەن يولى بىلەن قايتتى. * گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا، ئەلگە ياغقان پالاكەت. ئاشتى زۇلۇم چېكىدىن، چىداشقا يوق ھېچ تاقەت.

**تاقەت قىلماق** چىداشلىق بەرمەك، بەرداشلىق بەرمەك؛ چىدىماق: بۈگۈن ئۇلارنىڭ توقۇۋاتقان يېڭى نۇسخىدىكى رەڭدار زىلچىسى پۈتۈپ، دوگوۋۇر قىلىشقان كىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغان ئاخىرقى كۈن. شۇڭا ئۇ قەلبىنى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئۆرتەۋاتقان دىل يارىسىنىڭ ئازابىغا تاقەت قىلىپ، تاڭ سەھەردىلا دۇكانغا قاراپ ماڭغانىدى. * ۋاھاپ مۇنداق گەپلەرنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن، ئارانلا تاقەت قىلىپ تۇرالىدى.

**تاقىتى تاق بولماق** سەۋر-تاقىتى چېكىگە يەتمەك، تاقىتىنى باسالمايدىغان، سەۋر قىلالمايدىغان ھالەتكە كەلمەك: پولاتنىڭ غەلبە خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تاقىتى تاق بولغان لەيلىگۈلگە چېكىنىش خەۋىرى تولىمۇ قاتتىق تەسىر قىلدى. بولۇپمۇ پولاتنىڭ ئېغىر يارىدار بولۇپ قايتىشى قىزنىڭ يۈرىكىنى پىچاق بىلەن تىلغاندەك بولدى. * ئۆزىگە كېلەلمەي تۇراتتى شاڭيۇ، ئۇنىڭغا تېرىدەك كۆيۈپ ھاسىراپ. تاقىتى تاق بولغان قانخور ھەيدەرخان، تەلەتى مۇردىدەك كەتكەن قانسىراپ.

**تاقەتسىز** سۈپ. تاقىتى يوق، تاقەت قىلالمايدىغان؛ چىدامسىز، بىتاقەت؛ ئالدىراڭغۇ: تاقەتسىز ئادەم. * زالغا ئەمدىلا كىرىپ كەلگەن دىلبەر تاقەتسىز قاراپ تۇرغان نەچچە يۈزلىگەن كۆزلەرگە تەكشى قارىدى. * ئۆيلىرىم يىراقنى كەزمەكتە بىراق، دەرەخزار كەيىندىن

كۆردۈم بىرىنى. تاقەتسىز قەدەملەر تاشلايدۇ بۇ دەم، كۆتەمدۇ دوستنى يا سۆيگەن قىزىنى.

**تاقەتسىزلەندۈرمەك** «تاقەتسىزلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: موماينىڭ تامىقىغا ياردەملىشىپ، بىر قىز سەي توغراپ ئولتۇرغانىكەن. كىرىپلا مېنى تاقەتسىزلەندۈرگەن بۇ جانىغا كۆزۈم چۈشتى.

**تاقەتسىزلەنمەك** پ. ئالدىراپ تۇرماق، بىتاقەت بولماق: ئۈنكۈر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ كىتاب ئوقۇۋاتقان چاغدا، رۇقىيە كىنوخانىنىڭ ئالدىدا ئۇنى ساقلاپ تاقەتسىزلىنەتتى.

**تاقەتسىزلىك** «تاقەتسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتكەن بەختىيار مىنۇتلار يېتىپ كېلىپ، ماشىنا قوزغالدى. ئۆز يۇرتۇمنى كۆرۈش ئىستىكى بىلەن تولغان يۈرىكىم ھاياجان بىلەن سوقاتتى. * ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى خۇشاللىق ئارىلاش تاقەتسىزلىك ئورىۋالدى.

**تاقەتلىك** سۈپ. تاقىتى بار، تاقەت قىلالايدىغان، چىدامliq: تاقەتلىك يىگىت. * — مەن بىلەن تاقەتلىك بولۇشىڭىز كېرەك بولىدۇ، — دېدى ئۇ، — ماڭا ئوخشاش ئاكىدىن ئانچە خۇرسەن بولماي قالارسىزمىكىن دەپ قورقىمەن.

**تاق-تاق** «تاق II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇنىڭ قولىنى يانغا بىلىنەر-بىلىنمەس يېيىپ، بارماقلىرىنى تىنماي ئوينىتىپ، ھەر كىمنىڭ كۆز شولىسىنى ئۆزىگە چۈشۈرىدىغان كۆكرىكىنى كۆتۈرۈپ يۈرەك، تاق-تاق دەسسەپ مېڭىشىنىڭ ئۆزىمۇ بىر سەنئەت.

**تاق-تۇق** «تاق» قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئەنۋەر ئورمانلىقنىڭ دەل مەركىزىگە كىرىپ، سول تەرەپكە بۇرۇلدى، شۇ ئەسنادا ئۇنىڭغا «تاق-تۇق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، ئەنۋەر پەرۋا قىلماي، ئالغا ئىلگىرىلەۋەردى. * تاق-تۇق ئاۋازلار ياڭراپتۇ كۆككە، بىر چولڭ خەۋپنى يەتكۈزۈپ كۆپكە.

**تاقتا-تۇقتا** ① ئېگىز-پەس، رەتسىز، قالايمىقان، جايىدا ئەمەس: ئۇ دادىسىنىڭ سوئالىغا «كاللا دېسە، پاقالچاق دەپتۇ» دېگەندەك، تاقتا-تۇقتا جاۋاب بەردى. ② باللار ئويۇنىنىڭ بىر تۈرى. بىر نەچچە بالا پۇتلىرىنى بىر-بىرىگە تىرەپ ئولتۇرۇپ، تاقتا-تۇقتا، زەنجىر-ھالقا ... دەپ ئوينايدۇ.

**تاقتا-تۇقتا سۆزلىمەك** ئاسماندىن-يەردىن، بىر باغدىن-بىر تاغدىن، قالايمىقان، ئېگىز-پەس سۆزلىمەك: رەيھانەم ھەيران بولغىنىدىن كۆزىنى يوغان ئېچىپ ئولتۇرۇپلا قالغانىدى، ئۆمەر ئاكىنىڭ سۆزلىرى ئازراق تاقتا-تۇقتا بولغىنى بىلەن ھېچكىم بىلمەيدىغان بىر سىرنى پاش قىلىپ قويغانىدى، بۇنداق ئېھتىمالنى تېخى ھېچكىم ئېيتىپمۇ باقمىغانىدى.

**تاققىدە** رەۋ. «تاق» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «تاق» قىلغان ھالدا: سەپ ئالدىدىكى ئوفىتسېرلەر ھۆرمەت سالامىغا قول كۆتۈرۈپ، قېتىپ تۇراتتى. دىجورنى بېشىدىن ئېگىز تۇتقان قىلىچنى قائىدىگە توغرىلاپ جەڭگىۋار قەدەم بىلەن قوماندانلارنىڭ ئالدىغا باردى-دە، تاققىدە توختاپ دوكلات قىلدى. * مەن ئىشىك يېنىغا يېتىپ بارغاندا «توختاپ تۇرۇڭلا» دېگەن ئاۋاز ئىشىتىلگەندەك بولدى. ئەمما، مەن كەينىمگىمۇ قارىماي، ئىشىكنى تاققىدە يېپىتىم-دە، كېتىپ قالدىم.

**تاقلاتماق I** «تاقلىماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تاقلاتماق II** «تاقلىماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كېۋەز تاقلاتماق، قوناق تاقلاتماق.

**تاقلاشماق I** «تاقلىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇۋ قوشۇنى قايناپ كەتتى؛ ئىت قويۇۋېتىدىغانلىرى ئىت قويۇۋەتتى؛ قارچىغا قۇشلايدىغانلىرى قارچىغا قۇشلىدى؛ ئوۋ قاپقانلىرى سەكرىشەتتى، تاقلىشاتتى-دە، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە

غايىب بولاتتى.

**تاقلاشماق** II «تاقلىماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز 2-ئەترەتكە ئۈچ كۈن قوناق تاقلىشىپ بېرىپ، ئەزالارنىڭ سەممىي مىننەتدارلىقىغا ئېرىشتۇق.

**تاقلانماق** «تاقلىماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: هاۋاز «پوم» ئەتراپقا نەزەر سالدى: يانتاق دۆۋىسى بىر غېرىچ ئېگىزلەپ قاپتۇ، قالدۇرۇق يېرىگە تېرىغان قوناقلىرى تاقلىنىپ، تۆۋىگە توپا يۆلىنىپتۇ.

**تاقلىماق** I پ. سەكرىمەك، ئاتلىماق: تاقلاپ ئۆتمەك. * قېيىقنىڭ تۇمشۇقى قىرغاققا تېگىشى بىلەن بىرلا تاقلاپ قىرغاققا چىقتىم. پىچاقنى تارتىپ ئېلىۋېلىپ، قېيىقنى ئارقىسىغا ئىتتىرىۋېتىپ، بەدەر قاچتىم. * سادىق ئۆتياشلىقتىن ئىككى تاقلاپ ئۆتۈپ كەتتى، ناهىيە بازىرىنىڭ ئەتراپىنى تېزلا ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئېتىزلىقلار ئىچى بىلەن يۈگۈرۈپ چوڭ يولغا ئاسانلا چىقىۋالدى. يولدا يولۇچىلارمۇ كۆرۈنمەيتتى. بۇ هال سادىقنى خېلىلا خاتىرجەم قىلدى.

**تاقلىماق** II پ. هەر خىل زىرائەت مايسىلىرىنىڭ تۈپ ئارىلىقىنى تەكشەپ مايسا قالدۇرۇپ، ئارتۇق تۈپلەرنى يۇلۇپ تاشلىماق؛ شالاڭلاتماق: ئۇ گاهى دېھقانلارنىڭ ئىشەك، كالا هارۋىلىرىغا چىقىۋېلىپ ئۇغۇت توشۇسا، گاهىدا قوناقلىقتىكى ئەزالار تاقلىۋەتكەن قوناقلارنى ۋە ئوت-چۆپلەرنى كۆتۈرۈپ ئات ئېغىلىغا ئەكىلىپ بېرەتتى. * دولقۇنلانغان مايسىنى، دېڭىز دېسەڭ ئازمايسەن. مايسا تاقلاپ يۈرگەنلەر، ئۆردەكمۇ يا غاز دەيسەن.

**تاقىچى** ئى. تاقا ياسايدىغان، تاقا قاقىدىغان، تاقا سوقىدىغان ئادەم: مەن قانداق قىلىپ تاقىچىلار مەهەللىسىگە كېلىپ قالغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلەلمەي قالدىم.

**تاقىچىلىق** ئى. تاقا سوقۇش، تاقا قېقىش ئىشى، كەسپى: تاقىچىلىق قىلماق. * — دادا، سېنىڭ ئۆمرۈڭ بويى تاقىچىلىق قىلىپ تاپقان پۇلۇڭنى مەن تىجارەت بىلەن بىر يىلدا تاپىمەن، — دېدى بالىسى كۆرەڭلەپ.

**تاقىر** I سۈپ. ① دەل-دەرەخ، ئوت-چۆپ ئۆسمىگەن، گىياھ ئۈنمىگەن: ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى، تومۇز كۈنلىرى بولۇپ، خۇددى ئەينەكتەك يالتىراپ، هەممە يەردىن خۇددى خۇمداندىن كۆتۈرۈلگەندەك دىمىق ئىسسىق كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كەڭ تاقىر سايدىن تاشۋاي ۋە بارات چىقىپ كېلىۋاتاتتى. * تاقىر تاغ تىزمىلىرى ئارىسىدىكى كىچىككىنە ئويمانلىق خۇددى باياۋانغا تاشلانغان سەرەڭگە قېپىدەك كۆرۈنەتتى. ② ئۈستىدە يۇڭ، تۈك قاتارلىق نەرسىلەر يوق ياكى ئىنتايىن شالاڭ (باش، تېرە قاتارلىقلار هەققىدە): تاقىر باش. تاقىر تېرە. * بىر پارچە تاقىر تېرىنىڭ ئۈستىدە ياتقان هاپىز موللا جەينىكى بىلەن سامان تەكىيگە تايىنىپ تۇرۇپ ئۇغلى نەسرەمگە كايىۋاتاتتى.

**تاقىر باش** بېشىنىڭ تۈكى يوق، بېشىنىڭ تۈكى چۈشۈپ كەتكەن؛ غىلتاڭ، ئايدىڭ باش: ئۇ قولىنى بىگىز قىلىپ، كۆل رەڭ كاستۇم-بۇرۇلكا كىيگەن، سەل تاقىرباش بولسىمۇ چېچى ئۆزىگە ياراشقان، قارا گالستۇك تاققان ئادەمنى كۆرسەتتى. * ئۇ سىرتتىن قارىغاندا چېچى چۈشۈپ كەتكەن تاقىر باش بولسىمۇ، ئىچى يامانلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى ياخشىلىق بىلەن تولغان ئادەم ئىدى.

**تاقىر** II تەق. قاتتىق جىسىملارنىڭ بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇشى ياكى سىلكىنىشىدىن هاسىل بولغان ئاۋاز: ئۇخلاۋاتقان بالا ئىشىكنىڭ «تاقىر» قىلغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

**تاقىراق** تەق. ئات، ئېشەك قاتارلىق تۇياقلىق هايۋانلارنىڭ قاتتىق يەردە يۈگۈرۈشىدىن، شۇنىڭدەك بىر خىل قاتتىق نەرسىنىڭ يەنە بىر خىل قاتتىق نەرسىگە ئىلگىرى-كېيىن تېگىشىدىن هاسىل بولغان ئاۋاز.

**تاقىراق-تاقىراق** «تاقىراق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ دەرھال ئاتقا مىنىپ، تاقىراق-تاقىراق قىلىپ غەرب تەرەپكە چېپىپتۇ. ئۈچ كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ، ئاخىرى ئۈچ ئاچا يولغا كەپتۇ.

**تاقىراق-تۇقۇرۇق** «تاقىراق» قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.

**تاقىر-تۇقۇر** «تاقىر» قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: كارۋان يەنە تاقىر-تۇقۇر، دۈكۈر-دۈكۈر قىلىپ كۆۋرۈكتىن يۈرۈپ كەتتى.

**تاقىرلاتماق** «تاقىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تاقىرلاشماق** I «تاقىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئېغىلدىكى ئاتلار سىرتتىكى ھايت-ھۇيت ئاۋازلارنى ئاڭلاپ، تاقىرلىشىپ تۇرالماي قالدى.

**تاقىرلاشماق** II پ ① ئۈستىدىكى ئوت-چۆپ، گۈل-گىياھ قاتارلىقلار قۇرۇپ، شالاڭلىشىپ تاقىر ھالەتكە كەلمەك: قۇرغاقچىلىق تۈپەيلىدىن بۇ يايلاقلاردىكى ئوت-چۆپلەر قۇرۇپ كېتىپ، نۇرغۇن جايلار تاقىرلىشىپ كەتتى. ② تېرە، باش قاتارلىقلارنىڭ تۈكى چۈشۈپ تاقىر ھالەتكە كەلمەك.

**تاقىرلىق** ① «تاقىر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② تاقىر جاي: ئۇلارنىڭ ئالدىدا تاشلىق ھەم تاقىرلىق باشلاندى. ئۇلار ئەمدى تاقىر چوققىنىڭ ئۆزىگە ياماشقاندى.

**تاقىرلىماق** پ. «تاقىر» قىلماق، «تاقىر» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: تاقىرلاپ يۈگۈرمەك. * ئوغلاقچىلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ تاقىرلىغان ئاياغ تىۋىشلىرى يىراقتا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**تاقىلاتقۇزماق** «تاقىلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى: ئات تاقىلاتقۇزماق.

**تاقىلاتقۇزۇلماق** «تاقىلاتقۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دۈينىڭ ئاتلىرى تاقىلاتقۇزۇلدى.

**تاقىلاتماق** «تاقىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئات تاقىلاتماق. * باتۇر قاسىم ئۈچىبېگنى مەنسىتمەي جاۋاب بەردى: ـ مەن مىرول قىزى بېگىمنىڭ ئېتىنى تاقىلىتىشقا كەلگەن.

**تاقىلاشماق** «تاقىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۆمۈرچى ئۇستاملارنىڭ ھەممىسى بۈگۈن دۈينىڭ ئاتلىرىنى تاقىلاشتى.

**تاقىلانماق** «تاقىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئات-ئۇلاغلار تاقىلاندى.

**تاقىلداتقۇزماق** «تاقىلدىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى.

**تاقىلداتماق** «تاقىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاكىسى ھويلىنىڭ ئىشىكىنى قاتتىق تاقىلدىتىپ بىرقانچە قېتىم چاقىرغان بولسىمۇ، ھاپىزاخۇن ئۆلۈكتەك يېتىۋالدى، شۇڭا ئۇنىڭ بوغدىيى سوغۇرۇلماي قالدى. * ياغلىرى ئوتقا ئېقىپ پىژىلداپ تۇرغان مەززىلىك كاۋاپ پۇرىقى، يۈزى چىلاندەك قىزىرىپ پىشقان نانلار، سۇلىرى تېمىپ تۇرغۇدەك سۆپسۈزۈك نەشپۈتلەر نەپسىمىزنى تاقىلدىتىپ، ئاغزىمىزغا سېرىق سۇ كەلتۈرۈپ، كۆزلىرىمىزنى قىزارتىپ ئالاق-جالاق قىلماقتا ئىدى. * ئۈستىلىق بىلەن دۈملەنگەن ئىسسىق پولۇنىڭ ئۆيىنى بىر ئالغان خۇش پۇرىقى كىشىنىڭ دىمىغىنى غىدىقلاپ، ئىشتىھاسىنى تاقىلدىتاتتى. ھەر بىر تال گۈرۈچ مەرۋايىت چاچمىسىدەك يالتىرايتتى.

**تاقىلداشماق** «تاقىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تاقىلدىماق** پ ① «تاق، تاق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: شۇ ئەسنادا ئىشىكنىڭ تاقىلدىشى ئۇنىڭ خىيالىنى بۇزدى. بۇ، ئۇسۇپلا كىرىپ كەلگەن پولكىنىڭ سىياسىي كومىسسارى كاپىتان تاھىروۋ ئىدى. * بارماقتا ئۇچقاندەك تاقىلداپ پويىز، سۇلايمان بەستىمگە سۆيۈنەر قاراپ. بارىمەن بېيجىڭغا بولۇپ مەن ئىلغار، بۇ ئىدى شاگىرتىم خېتىگە جاۋاب. ② ئالدىرىماق، تەقەززا بولماق، تاقەتسىزلەنـ-

مەك: ئۇ شۇنداق ئۇچۇپ كېتىپ بارسا، بىر يەردە بىر ئۈچۈم قوناق چېچىلىپ تۇرغانىكەن. كەكلىكنىڭ نەپسى تاقىلداپ شۇ قوناققا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. * كەپتۇ غازلار غاقىلداپ، نەپسلىرى تاقىلداپ. كەپتۇ بىرى لاغايلاپ، دەسسەپ ئاستا ئاۋايلاپ.

**تاقىلىق** سۈپ. ① تاقىسى بار، تاقىلانغان: تاقىلىق ئات. * ئۇلار ئاتلىرىنى يۇقىرىغا قارىتىپ قامچىلىدى. ئاتلارنىڭ تاقىلىق ئاياغلىرى تاشلارغا ئۇرۇلغاندا ئوتلار چىقاتتى. ② تاقا ئۈچۈن تەييارلانغان، تاقىغا باپ: تاقىلىق تۆمۈر.

**تاقىلىماق** پ. ① تاقا قاقماق، تاقا ئورناتماق: ئات تاقىلىماق. ② كۆچمە. ئەپلىمەك، راسا جايلىماق: — سەن ئۇنى راسا تاقىلاپ يولغا سالدىڭ-دە، — دېدى ئاغىنەم ماڭا كۈلۈپ تۇرۇپ.

**تاقىم** سۈپ. ئايرىم-ئايرىم تۇرىدىغان، تارقاق: تاقىم ئارال.

**تاقىم ئاراللار** <جۇغ> دېڭىز-ئوكيانلاردىكى بىر-بىرىگە يېقىن بولغان بىر توپ ئاراللار. مەسىلەن، مەملىكىتىمىزدىكى جۇشەن تاقىم ئاراللىرى ۋە شىشا تاقىم ئاراللىرىغا ئوخشاش: كولۇمبو ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى ئاسىيادىكى ھىندىستان دەپ قاراپ، بۈگۈنكى باھاما تاقىم ئاراللىرىنى «ھىندىستان تاقىم ئاراللىرى» دەپ، يەرلىك كىشىلەرنى بولسا «ئىندىيانلار» دەپ ئاتىدى.

**تاقىماق** پ. ① ئەتمەك، بېكىتمەك: ئابدۇشۇكۇر قاسىمنى ئۇزىتىپ قويۇپلا ئۆيگە كىردى-دە، ئىشىكنى تاقىدى. * مەن تۆش يانچۇقۇمنى چىڭ تۇتقان ھالدا ئۆيگە يۈگۈردۈم، ئىشىكنى تاقىدىم، لىپاپىنى ئاچتىم-دە، ئىككى سۆڭلۈق رەسىمنى مەيدەمگە چىڭ باستىم. ② مېدال، گۈل ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەرنى تىكىپ ياكى باغلاپ ئورناتماق: ئابدۇۋاھىت يۈگۈرۈپ كېلىپ ئەنۋەرنىڭ قولىنى قاتتىق سىقتى. بۇ چاغدا رەھبەرلىك ئابدۇۋاھىت بىلەن ئەنۋەرنىڭ كۆكسىگە ئىككى تال قىزىلگۈل تاقاپ قويدى. * بوۋاي ئۆزىگە يەر تېگىدىن قاراپ تۇرغان 11 ياشلار چامىسىدىكى بۇ قىزىل گالستۇك تاقىغان ئوغۇلنىڭ قولىدىن پۇلنى ئالدى. * ئاۋۇت باتۇر بولدى بۇ سەپەر، يۈزىدىن ئۇنىڭ كۆرۈنەر زەپەر. كوماندىر كېلىپ غولىدىن قىسىپ، «باتۇرلۇق مېدال»ى تاقىدى ئاڭا. ③ ياپماق، قاپلىماق، ئورىماق: گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئوپېراتسىيە ئۆيىنىڭ ئىشىكى «تاراققىدە» ئېچىلىپ، ئۈستىبېشىغا سۇرلۇك ئوپېراتسىيە كىيىمى كىيگەن، ئاغزى-بۇرنىغا ماسكا تاقىغان تۆت-بەش سېستىرا قىز ئۈچ چاقلىق ھارۋىسىنى ئىتتەرگىنىچە ئۆيدىن چىقتى. ④ تىركىمەك، تىرىمەك: تۇرسۇن مۇئەللىم ئۆتۈكنى پەرتۇق ئۈستىدىن ئىككى يوتىسىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ، پاشنىسى تەرەپنى قورسىقىغا تاقاپ تۇرۇپ، پوزىنى ئىككى قوللاپ ئۆتۈكنىڭ باشلىقىغا كۈچەپ سۈرۈشكە باشلىدى. * ئۇ ساۋاقداش بولسا، ئىككى قولىنى سارنىڭ قانىتىدەك كېرىپ، مەيدىسىنى پارتىغا تاقاپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ھېساب ئىشلەۋاتاتتى. ⑤ توختاتماق، ياپماق، ئەتمەك: بۇ كارخانىلارنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ناھىيىلىك گۇڭشې-دۈي كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى ناھىيە بويىچە گۇڭشې-دۈي كارخانىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، قۇرۇلغاندىن بۇيان زىيان تارتىپ كېلىۋاتقان 12 كارخانىنى تاقىدى، بەزىلىرىنى بىرلەشتۈردى. * ئۇلار كۈن قايرىلىش بىلەن تەڭ ھەممە ئىشنى خۇلاسىلىشىپ ئاشخانىنى تاقايتتى. ⑥ يەتمەك، توشماق، ئۇلاشماق: ياش قۇرامى 50 كە تاقاپ قالغان، ئۆزى دوغلاققىنە كەلگەن سادىر ئاخۇن قولىدا تۇتۇپ تۇرغان پىيالىدىكى چاينى ئىككىلا ئوتلاپ تۈگىتىپ، پىيالىنى داستىخانغا قويۇپ قويغاندىن كېيىن يەنە سۆزلەشكە باشلىدى. * ئايخاننىڭ كەنجى ئوغلى ناسىر ھازىر 25 ياشقا تاقاپ قالغانىدى. ⑦ ئارتماق، ئىنتىرىپ قويماق: ئۇ كۈلگەندە يۈزلىرى پۈرۈشۈپ، سەل قىسىلغان كۆزلىرىنىڭ ئاستىدا ئۆمۈچۈكنىڭ تورىغا ئوخشاش

ئۇششاق قورۇقلار يغىلاتتى. پاراڭنى قاياقتىن باشلىمسۇن، ئەگىتىپ كېلىپ يالقۇننىڭ ئۆزىگە تاقاپ قويۇپ قاقاقلاپ كۈلەتتى.

**تاك** تەق. قاتتىق جىسىملارنىڭ بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇ-شى، تېگىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز: ئۇ ئىشىك «تاك» قىلىش بىلەن تەڭلا ئويغىنىپ كەتتى.

**تاكا** ئى. بېنگال دۆلىتىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**تاكاس** تەق. چەملىك ئاياغ كىيىپ قاتتىق يولدا ماڭغاندا چىققان ئاۋاز.

**تاكاس-تۇكۇس** «تاكاس» قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: تاكاس-تۇكۇس قىلىپ ماڭماق. تاكاس-تۇكۇس يۈگۈرمەك.

**تاكاسلىماق** پ. «تاكاس» قىلماق، «تاكاس» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: ـ سىز مېڭىپ تۇرۇڭ، مەن ئاشخانىدىكى كۈنكۈچى قىزغا بىر گەپ ئېيتىپ قوياي، ـ دېدى ئۇ چاقماقلىق سىلىق سېمونت ئۈستىدە تاكاسلاپ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ.

**تاكاللاشقاق** سۈپ. ھە دېگەندىلا گەپ تالىشىدىغان؛ تالاشقاق: تاكاللاشقاق ئادەم. * ئۇ ھاكاۋۇر، تەرسا، باشقىلارنىڭ تەنقىدىنى قوبۇل قىلالمايدۇ، ئېغىر-بېسىق ئەمەس، تاكاللاشقاق، باشقىلار بىلەن ئىتتىپاقى ياخشى ئەمەس.

**تاكاللاشماق** پ. گەپ تالاشماق، مۇنا-زىرىلەشمەك: ھەربىي كىيىم كىيگەن ئىككى ئادەم كەينى تەرىپىگە قاراپ-قاراپ قويۇپ، قۇربان ئاقساقال بىلەن قوللىرىنى شىلتىپ نېمىندۇر تاكاللاشتى--دە، يەنە ئارقا تەرىپىگە قاراپ-قاراپ قويۇپ، قۇربان ئاقساقالغا ئەگىشىپ، تاش ئۆتكۈر تەرەپكە قاراپ كېلىشكە باشلىدى. * دادام بۇنى تالىشىپ دۈيجاڭ بىلەن تاكاللىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن دۈيجاڭ دادامغا «سادىق ئەمەس» دېگەن گۇناھنى چاپلىدى.

**تاكامۇل** سۈپ [ئە] كەم-كۈتىسىز، يېتىشكەن، مۇكەممەل؛ تولۇق: ئىنسان دېگەن تاكامۇل بولمايدۇ.

**تاكامۇللاشتۇرماق** «تاكامۇللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كەمتەرلىك كىشىنى تاكامۇللاشتۇرىدۇ. * ئەي ئوغۇل، ئىلمىڭنى ۋە ھۈنىرىڭنى تاكامۇللاشتۇرۇشقا تىرىشقىن. ئىلىم، ھۈنەر بەك كۆپتۇر، ھەممىسنى بايان قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

**تاكامۇللاشتۇرۇلماق** «تاكامۇللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تاكامۇللاشماق** پ. تاكامۇل ھالەتكە كەلمەك، مۇكەممەللەشمەك، يېتىلمەك؛ تولماق: سىز بىلەن بىز ئىگىلىگەن بىلىم ئەزەلدىن مۇشۇنداق تاكامۇللاشقان، تەييار ھالدا بولغان ئەمەس. ئۇ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەمەلىيەت سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈپ چىقارغان توغرا يەكۈنلىرىنىڭ مەھسۇلى. * مېنىڭ تېخنىكام ئالامەت تاكامۇللاشقان دەڭلا. ئادەتتە چىشنى تارتىپلا ۋاقتىدا ئورنىغا چىش سالسا، بەكمۇ بەلەن بولىدۇ.

**تاكت** ئى [ر<تېم] ① <مۇز> مۇزىكىنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى، يەنى تەكرارلىنىدىغان قاتتىق بىر ئۆلچەمدىن يەنە بىر قاتتىق ئۆلچەمگىچە بولغان ئارىلىقتىكى باسقۇچ. ② <ماشىن> ئىچىدىن يانىدىغان دۋىگاتېل ئىشلەۋاتقاندا، پورشېن سىلىندىر ئىچىدە تەكرار ھەرىكەتلىنىدۇ. پورشېننىڭ سىلىندىر ئىچىدىكى ئۇ باشتىن بۇ باشقا بولغان بىر قېتىملىق ھەرىكىتى بىر تاكت بولىدۇ.

**تاكت سىزىقى** <مۇز> نوتا سىزىقىنى بۆلۈپ، ئالدىنقى تاكت بىلەن كېيىنكى تاكتنى ئايرىپ تۇرىدىغان تىك سىزىق.

**تاكتاك** ① ئى [تاك+تاك] كونا جەمئىيەتتە يۇرتنىڭ كېچىلىك ئامانلىقىنى ساقلاشقا مەسئۇل بولغان پاششاپلارنىڭ ئۇرغاندا «تاك»، «تاك» قىلىپ ئاۋاز چىقىرىدى-

غان سايمىنى، ئىككى كالتەك: ليۇبېي چىقىپ جەڭ قىلىشقا يېتىنالمىدى، تاڭ ئاتار ۋاقتىدا لەشكەرلىرىنى ياخشى تويۇندۇرۇپ، ئالدىن پىيادە لەشكەرلەرنى، ئارقىدىن ئاتلىق لەشكەرلەرنى يولغا سالدى، قارارگاھ ئىچىدە ئادەم باردەك كۆرسىتىش ئۈچۈن تاكتاك ئۇرغۇزدى. ② شۇ خىل نەرسىدىن چىققان ئاۋاز.

**تاك-تاك** «تاك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**تاكتاكچى** ئى ① كونا جەمئىيەتتىكى كېچىلىرى تاكتاك ئۇرۇپ ئامانلىق ساقلايدىغان ئادەم: تاكتاكچى مەھەللە ئارىلاپ تاكتىكىنى ئۇرۇپ يۈرەتتى. * ئانىمۇ ئوغلىغا جېكىلەيدىغانلىرىنى جېكىلەپ بولدى. ئۇلار تاكتاكچىلارنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنىلا كۈتەتتى. دەل شۇ چاغدا ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ئاڭلاندى، ئانىنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى. ② پايلاقچى، چېقىمچى: بۇ ئىشتىن باينىڭ تاكتاكچىلىرى ئاللىقاچان خەۋەر تېپىشىپ بولغانىدى. * ۋە لېكىن، بىتەلەي چىققاندا سۇغا، قاپقى بىمەھەل پاتاركەن لايغا. ئۆيدىن كېچە چىققان ئۈن-ئاۋاز، يەتتى شۇ تاكتاكچى تۇرۇشلۇق جايغا.

**تاكتاكچىلىق** ئى. «تاكتاكچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**تاكتلىق** سۈپ. تاكتلىرى بار، تاكتلارغا بۆلۈنگەن: مەشرەپ مۇزىكىلىرى تولاراق ئۇسسۇلغا، ساماغا چۈشىدىغان تېز ۋە شوخ تاكتلىق كېلىدۇ.

**تاكتىكا** ئى [ر<گرېك] ① <ھەرب> ئۇرۇش قىلىشتىكى پرىنسىپ ۋە ئۇسۇل: ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ياخشى بىلمىگەن كىشى ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلالمايدۇ. ② <پەلس> كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەشنىڭ كونكرېت شارائىتقا ماس ھالدىكى يولى، فورمىسى ۋە ئۇسۇل، چارە-تەدبىرلىرى: مانا مۇشۇ ئىشتىن تۆت ئاي كېيىن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلىنىپ، باستىنىڭ ئوشۇقى يەنە ئالچۇ چۈشتى، ئۇ بىرىنچى بولۇپ باينى ھاكىمنىڭ ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈردى، ساقچى ئىدارىسىدە ئۆگەنگەن تاكتىكا بىلىملىرى بۇ قېتىم ئۇنىڭغا تازا ئەسقاتتى.

**تاكتىكچى** ئى. تاكتىكىغا ئۇستا، تاكتىكىسى بار، تاكتىكا بىلىدىغان ئادەم: بىز ئۇنداق تاكتىكچىلارنى تولا كۆرگەن.

**تاكتىكىسىز** سۈپ. تاكتىكىسى يوق، تاكتىكا ئىشلىتەلمىگەن: تاكتىكىسىز ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغىلى بولمايدۇ.

**تاكتىكىسىزلىق** «تاكتىكىسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**تاكتىكىلىق** سۈپ. تاكتىكىسى بار، تاكتىكىغا ئىگە: تاكتىكىلىق ئادەم. * ھەممىمىز ستراتېگىيىلىك ئىدىيە جەھەتتە ھەقىقىي تۈردە بىرلىككە كەلسەك، تاكتىكىلىق ھەرىكەت جەھەتتە بىر-بىرىمىزگە ھەقىقىي تۈردە ماسلاشساق، بىر يەككۈردە بولۇپ، بىللە كۈرەش قىلساق، چوقۇم شارائىت يارىتالايمىز. * نۇرۇللانىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىسمەتتۈرە باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار نۇرۇللانىڭ تاكتىكىلىق پىلانىغا قايىل بولۇشتى.

**تاكسى** ئى [ر<فران] كىشىلەر ۋاقىتلىق كىرا قىلىپ ئىشلىتىدىغان كىچىك ماشىنا ۋاقىت ياكى مۇساپىگە ئاساسەن ھەق ئېلىنىدۇ: تاكسىغا چۈشمەك. تاكسىدا ئولتۇرماق.

**تاككىدە** رەۋ. «تاك» قىلىپ، «تاك» قىلغان ھالدا: تاككىدە چۈشمەك. تاككىدە تەگمەك.

**تاكبسەي** ئى [خەن] <بوت> كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تۈپى قىسقا يوپۇرمىقى چوڭ، يۇمىلاقراق ۋە توق يېشىل كېلىدۇ؛ يوپۇرماق يۈزى پۈرمىلىك بولۇپ يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ؛ گۈلى ئاچ سېرىق كېلىدۇ. ئادەتتە كۆكتات ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**تاكى** [پ] ← **تا**: ئۇلارنىڭ زۇلمى قانچە ئېغىرلاشسا، خەلقنىڭ قارشىلىقمۇ شۇنچە كۈچىيىدۇ، تاكى خەلق ئۇ زالىملارنى يەر يۈزىدىن پاك-پاكىز تازىلاپ يوقاتمىغۇچە ھەرگىز توختاپ قالمايدۇ. * بۇ ھال تۆردى ئاخۇن ئاكىنىڭ غەزىپىنى مىڭ گەز ئۆرلەتتى. ئۇ قەدىناس دوستلىرى بىلەن خوشلىشىپ، قاغىلىققا قايتىپ كەتتى ۋە شۇ كەتكىنىچە تاكى ئازادلىققا قەدەر قەشقەرگە ئاياغ باسمىدى.

**تاكىراڭ** تەق. ئات، ئېشەك قاتارلىق تومتۇياق ھايۋانلارنىڭ بىر خىلدا يۈگۈرۈشىدىن چىققان ئاۋاز: ئېشەكنى تاكىراڭ سالدۇرماق.

**تاكىراڭ سالماق** «تاكىراك»، «تاكىراڭ» قىلىپ يۈگۈرمەك: ئېشەك ساي يولغا چۈشكەندە تاكىراڭ سېلىشقا باشلىدى.

**تاكىراڭ-تاكىراڭ** «تاكىراك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**تاكىراڭ ئۇكۇرۇڭ** «تاكىراك» قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.

**تاكىراڭشتماق** «تاكىراڭشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قارشى تەرەپتىن ئاتلىرنى تاكىراڭشتىپ بىر قانچە ئاتلىق كېلىۋاتاتتى.

**تاكىراڭشماق** پ. تاكىراك سالماق، تاكىراك قىلىپ يۈگۈرمەك: قاۋۇل «دىرت، چۇ!» دەپ ئاتقا قاتتىق بىر قامچا سالدى. ئىگىسىنىڭ كۆڭلىنى بىلگەندەك ئاتلارمۇ تاكىراڭشىپ چېپىشقا چۈشتى.

**تاكىراڭلاتماق** «تاكىراڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوغلاقچىلار ئاتلىرىنى تاكىراڭلىتىپ چېپىپ كېلىۋاتىدۇ.

**تاكىراڭلىماق** پ. تاكىراك قىلىپ يۈگۈرمەك؛ تاكىراڭشماق: تاكىراڭلاپ كېلىۋاتقان ئات ئېرىققا كېلىپ بىردىنلا توختاپ قالدى.

**تاكىلداتماق** «تاكىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەسئەت، بوۋاينىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىيالمىدى، ئۇ قاتتىق يۆتەل بىلەن گېپىنى ئاخىرلاشتۇردى-دە، قولىدىكى تايىقىنى يېمىگىدۇر ئۇرۇپ تاكىلداتتى. * چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى ئىدى، ئىشىكنى كىمدۇر بىرى ناھايىتى يېنىك تاكىلداتتى.

**تاكىلدىماق** پ. «تاك» قىلغان ئاۋاز چىقماق؛ «تاك، تاك» قىلىپ ئاۋاز چىقىرىپ چەكمەك: بالام قارىغىنا، ئىشىك تاكىلداۋاتىدۇ.

**تاڭ** I ئى ① كۈن چىقىشنىڭ ئالدىدىكى پەيت، سۇبھى، سەھەر: كېچىسى يول ماڭساڭ، تاڭ ئاتقاندا خۇشال بولىسەن (ماقال). * مەن يېنىمىزدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ تاكى تاڭ ئاتقۇچە ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا كۆزەتتە تۇردۇم. ② كۆچمە. بىرەر نەرسە ياكى ئىشنىڭ باشلىنىش پەيتى، دەسلەپكى دەۋر: ئازادلىق تېڭى. * سەن بىلسەن، تەڭ تۇغۇلدۇق ئۆكتەبىردە — ئازادلىقنىڭ تېڭىدا بىز. ئۆسكەندۇق قىزىل تۇغدىن نۇرلار ئېمىپ، سائادەتنىڭ يەسلىسىدە — بېغىدا بىز.

**تاڭ ئاتماق** ① تۈن ئاخىرلىشىپ، تاڭ يورۇماق: تاڭ ئاتقاندا يولغا چىقىپ كۈن ئېگىلگەندە يېتىپ باردۇق. ② كۆچمە. كۈلپەتتىن، زۇلۇمدىن قۇتۇلماق، ئازادلىققا چىقماق؛ يورۇقلۇققا چىقماق: قاۋۇل دېگەن بالا 35 ياشلارغا كىرگەندە ئالەم ئۆزگىرىپتۇ، قاراڭغۇ زۇلمەتلىك كونا جەمئىيەت يوقىلىپ، نۇرلۇق تاڭ ئېتىپتۇ. * ئېتىپ تاڭ يوقسۇللار كۈنى تۇغۇلدى، جانلىنىپ نۇرلاندى شەرق ئۆلكىسى. ماۋجۇشى ئوقۇغان غالىب جاكاردىن، ياڭرىدى ئالەمگە يۈرەك كۈلكىسى.

**تاڭ ئاشۇرماق** ئاتقا ئوت ياكى بوغۇز بەرمەي بىر كېچە قاڭتۇرۇپ قويۇپ سەپەرگە ياكى بەيگىگە تەييارلىماق: كۈلۈپ كەتتى يۈرتىمىز، باھاردىكى گۈلزاردەك. ئاتلاندۇق بىز سەپەرگە، تاڭ ئاشۇرغان تۇلپاردەك.

**تاڭ سەھەر** تاڭ سۈزۈلۈپ كۈن چىقىش

ئارىلىقىدىكى ۋاقىت، بەك ئەتىگەن: ئالىمخان بۈگۈن تاڭ سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى-دە، دادۇينىڭ تراكتورى بىلەن ناھىيىگە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئەكىلىش ئۈچۈن كەتتى.

**تاڭ سوزۇلماق** كېچە قاراڭغۇلۇقى تۈگەپ تاڭ ئېتىشقا باشلىماق، تاڭ يورۇماق: قانلىق جەڭ ئاخىرلىشىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي تاڭ سوزۇلۇپ، كامىرنىڭ ئىچىمۇ يورۇشقا باشلىدى. * بۈگۈن تېخى تاڭ سوزۇلمىستا، بىگىم ئۆزى ئەكەلگەن ئادەملەر بىلەن تاللىۋالغان يىگىتلەرنى ئەگەشتۈرۈپ، كۆكتاغ جىلغىسىدىكى چوڭ قوتانغا يۈرۈپ كەتتى.

**تاڭ قاراڭغۇسى** تاڭ ئېتىش ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق: شۇنىڭ بىلەن پەرۇخ بەخت شەھەردىن چىقىپ تاڭ قاراڭغۇسىدا بىر پەرسەڭ يول يۈرۈپتۇ، ئاندىن تېز قايتىپ شەھەرگە كىرىپ دەرۋازىۋەندىن قازىنىڭ ئۆيىنى سوراپتۇ.

**تاڭ يورىماق** تاڭ سوزۇلمەك، تاڭ ئاتماق: بەك ھېرىپ كەتكەنىكەنمەن. كۈن ئولتۇرغاندا يېتىۋىدىم، تاڭ يورۇغاندا بىراقلا كۆزۈمنى ئاچتىم.

**تاڭ** II ئىم. جۈملىدە «بىلمەيمەن، خەۋىرىم يوق» دېگەندەك ئېنىقسىزلىق جاۋاب ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ئۇخلاپ قېلىپ، يىقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ھاياتىدا بىرىنچى قېتىم سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن نەپەس ئالالمىدى. ئۇنى ئالىم ئاكىسىنىڭ ئاۋازى ئويغىتىۋەتمىگىنىدە، يەنە قاچانغىچە ئۇخلارئىدىكىن-تاڭ؟! // مەجلىس قاچان ئېچىلىدىكەن؟ ـ تاڭ، خەۋىرىم يوق.

**تاڭ** III رەۋ. ← **تاڭ قالماق.**

**تاڭ قالماق** بىرەر نەرسىگە قاتتىق ھەيران بولماق: «بۇ يىگىت مەيۈنە جىن قىزنىڭ قەلبىنى ئوغرىلىۋاپتۇ. ئۆزىمۇ ھەققەتەن گۈزەللەرنى خىجالەتكە سېلىپ يەرگە قارىتىپ قويغۇدەك دەرىجىدە چىرايلىق ئىكەن...» دەپ ئويلاپتۇ ئۇ يىگىتنىڭ ھۆسن-جامالىغا تاڭ قېلىپ. * لېتىپ ماھىرەنىڭ سۆزىگە تاڭ قالدى. ئۇنىڭ كاللىسى قېتىپ قالغاندەك خېلىغىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى.

**تاڭ** IV تەق. قاتتىق جىسىملارنىڭ بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇشى، سوقۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: ئۇ :ـ بۇ تەگسىز جەمئىيەت بىزنى قانچىلىك بوزەك قىلمىدى... چېرىككىمۇ، ئەمەلدارغىمۇ، باشقىغىمۇ بوزەك بولۇپ كەلدۇق، قېنى ئەمدى، پېشانىمىزغا بىرى «تاڭ» قىلىپ چېكىپ باقسۇنچۇ؟ ـ دەپ قولىدىكى قورالغا قاراپ قويدى.

**تاڭەي** ئىم. جۈملىدە «بىلمەيمەن، خەۋىرىم يوق» دېگەن مەنىلەردە ئېنىقسىز جاۋاب ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ۋاي تاڭەي، يەنە قانداق ئۇمىد بولارىكىن، قاچۇرمىز دەپ يەنە ئۇرۇنۇپ كۆرەلمەيمىز، ئىلاجى يوق. * نەزمە يازدىم ـ ساڭا «تۇققۇز بۇلاق»، كەۋسىرىڭنى قانغۇچە ئىچتىم ئۇزاق. سەن بۇ گۈلشەندە تەبئىي باغچىسەن، ۋاي تاڭەي!... بارمۇ يەنە سەندەك بۇلاق؟!

**تاڭ-تاڭ** «تاڭ IV» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: سېپىنىڭ ئىشىكىدا ئالتە ئاي بولدى دەرد تارتقىلى، ھەر كېچىسى «تاڭ-تاڭ» قىلساڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ ئىشقى پىراقىڭدا قىينالدىم. بۈگۈن خۇدا مۇرادىمنى بېرىپتۇ. * تازا 44-يىلى، كۈز پەسلىدە نويابىر ئايىدا، سائەت توققۇز-ئون بولۇش بىلەن، چىقتى تاڭ-تاڭ بىز تۇرغان جايىدا.

**تاڭ-تۇڭ** تاڭ قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.

**تاڭجاڭ** ئى [خەن] ئاشخانىلاردىكى خېرىدارنىڭ تاماق زاكازىنى قوبۇل قىلىپ ئالغۇچى خادىم.

**تاڭجىڭ** ئى [خەن] <يىم> ← **ساخارىن.**

**تاڭدۇرتماق** «تاڭماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى: سۇنۇقنى تاڭدۇرتماق. شىگلىنى تاڭدۇرتماق.

**تاڭدۇرماق** «تاڭماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قىز يەنە قاچقاندا باي ئۇنى قارىياغاچقا ئېسىپ، قانغا مىلەنگۈچە ئۇردى. قىز ھوشىدىن كەتتى، ئۇنى باي قېرى قارىياغاچقا تاڭدۇرۇۋەتتى. * بىزنىڭ قىسىم شەھەرگە كىرىپ كەلدى. مەن ئالدى بىلەن خەمىتنى ئاپىرىپ يارىسىنى تاڭدۇرغاندىن كېيىن، قىسىمغا ئېلىپ باردىم.

**تاڭدۇرۇشماق** «تاڭدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تاڭدۇرۇلماق** «تاڭدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تاڭزۇڭزا** ئى [خەن] <يېم> بىر خىل يېمەكلىك. نومى گۈرۈچنى بامبۇك، قومۇش قاتارلىقلارنىڭ يوپۇرمىقىدا كونۇس ياكى باشقا شەكىلدە ئوراپ، دۈملەپ پىشۇرۇلىدۇ. خەنزۇلار ئۇنى مىللىي ئۆرپ-ئادىتى بويىچە تاڭزۇڭزا چاغلىرىدا ئېتىپ يەيدۇ.

**تاڭزۇڭزىچى** ئى. تاڭزۇڭزا ئېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، تاڭزۇڭزا ساتىدىغان ئادەم.

**تاڭسۇق** سۈپ. تەمى غەلىتە، ئۆزگىچە: شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئابدۇراخماننى ئارىغا ئېلىپ، ناخشىغا سېلىپ، دەسلىپىدە غۇلجىنىڭ ھەۋەسەلىدىن چىقىرىلغان سېرىق ۋە تاڭسۇق پۇۋىلىرىغا، كېيىن كونيالڭ ۋە ۋوتكىلىرىغا كۆندۈرۈۋالدى.

**تاڭغۇت** ئى <ئىرق> ← **تاڭغۇتلار.**

**تاڭغۇتچە** ئى. تاڭغۇت تىلى.

**تاڭغۇتلار** ئى <ئىرق> قەدىمكى چياڭلارنىڭ بىر تارمىقى، يەنى ھازىرقى زاڭزۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بولۇپ، شىمالىي سۇڭ خانلىقى دەۋرىدە تاڭغۇت خانلىقىنى قۇرغان. تېررىتورىيىسى ھازىرقى گەنسۇ، چىڭخەي، شەنشى، ئىچكى موڭغۇلنىڭ مەلۇم قىسىملىرى ۋە نىڭشانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار مىلادى 1038-يىلدىن 1227-يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

**تاڭگا** ئى [خەن] <يېم> ← **تاڭگازا.**

**تاڭگازا** ئى [خەن] <يېم> ئارپا شىرنىسى ئارقىلىق ئىشلىنىدىغان بىر خىل تاتلىق يېمەكلىك.

**تاڭگازا چىشلىۋالغاندەك** سۆزلىمەي تۇرۇۋالدىغان، ئاغزىنى بۇغۇپ قويغاندەك: مەن سىزنىڭ كۆيۈپ-پىشىپ ئېيتقان بۇ نەسىھەت، تەربىيەڭ ئۈچۈن بىر ئېغىزمۇ جاۋاب قايتۇرمىدىم. تاڭگازا چىشلىۋالغان ئادەمدەك چىشىمنى چىشىمغا بېسىپ چەكچىيىپ ئولتۇرۇۋەردىم، شۇمۇ قىلىقمۇ، مېنىڭ نەرىم ئادەم!

**تاڭگازىچى** ئى. تاڭگازا ياساش ۋە سېتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم.

**تاڭگازىچىلىق** ئى. تاڭگازا سېتىش، تاڭگازا ئېتىش ئىشى، كەسپى: **تاڭگازىچىلىق قىلماق.**

**تاڭگىر-تۇڭگۇر** ← **تاراڭ-تۇرۇڭ:** لى كۈي ھېلىقى ئەرنىڭ كاللىسىنى بىر پالتا ئۇرۇپ ئۈزۈۋالدى ۋە ئۇنىڭ كاللىسىنى كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ قويدى، ئاندىن ئايالىسى بىلەن كارىۋاتنىڭ گىرۋىكىگە تاڭگىر-تۇڭگۇر قىلىپ ئۇرۇپ قويدى.

**تاڭگىدە** رەۋ. «تاڭ» قىلىپ، «تاڭ» قىلغان ھالدا.

**تاڭلا** سۈپ. كېيىنكى كۈندىكى، شۇ كۈننىڭ ئەتىسىدىكى: بارىكاللا! ئەمىسە ھېممەت كەمەرلىرىنى باغلاپ، تۇلپارى دۇلدۇللىرىنى ئېگەرلەپ، بىزنىڭ ئارزۇيىمىز ئۈچۈن بۈگۈن كەچكە، ھېچ بولمىغاندا تاڭلا كەچكە تەييارلاشلىرىنى تاپشۇرسام قانداق دەيلىكىن، تەخسىر؟ // ئاي جېنىم تاڭلا كېلىڭ، تاڭلار ئاتقاندا كېلىڭ؛ مەيلىڭىز بولسا نىگارىم، ئالمىلىق باغقا كېلىڭ.

**تاڭلا قىيامەت** دىنىي كۆز قاراشلاردىكى ئۇ ئالەم، قىيامەت كۈنى؛ ئاخىرەت: — تاڭلا قىيامەتتە بىزنى نامازنى قازا قىلدى ياكى

ناماز ئوقۇمىدى دەپ قارىقويۇق ئۇرىدىغان بولسا، بىز مۇشۇ گەپلىرىمىزنى دەيمىز، — دېدىم-دە، ئورنۇمدىن قوپۇپ مەسچىتتىن چىقىپ كەتتىم.

**تاڭلاي** ئى <ئانات> ئېغىز بوشلۇقى بىلەن بۇرۇن بوشلۇقىنى ئايرىپ تۇرىدىغان توقۇلما. ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؛ ئالدىنقىسى مۇسكۇل ۋە ئۇستىخاندىن تۈزۈلگەن بولۇپ، قاتتىق تاڭلاي؛ كېيىنكىسى بىرىكتۈرگۈچى توقۇلما بىلەن مۇسكۇلدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، يۇمشاق تاڭلاي دەپ ئاتىلىدۇ.

**تاڭلاي يېرىقى** <ئانات> تاڭلاينىڭ تۇغما غەيرىيلىكى. كۆپىنچە كالپۇكى يېرىق كىشىلەردە ئۇچرايدۇ. بۇ خىل كىشىلەرنىڭ تاڭلىيى قىسمەن ياكى پۈتۈنلەي يېرىلغان بولۇپ، يىمەك-ئىچمەكتە قىيىنىلىدۇ؛ گەپ-سۆزى ئېنىقسىز بولىدۇ.

**تاڭماق** پ ① ئوراپ، يۆگەپ چىگمەك؛ باغلىماق: ئۆلگەن بولسا ئېغىكنى تاڭاي، تىرىك بولسا يارىسىنى تاڭاي (ماقال). * بىراق، بۇ ئىش قانداق تېز باشلانغان بولسا، شۇنداق تېز تۈگىدى، باش-كۆزى يېرىلغان ئامانقۇلمۇ تېرەككە باغلاپ تاشلاندى. گايىت پاششاپمۇ قانغا مىلىنىپ يېرىم ھوشسىز ياتاتتى. باشقا نەۋكەرلەر بولسا باش-كۆزلىرىدىكى قاننى تازىلاش، يارىلىرىنى تېڭىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. * مېھرىبان ئەزىزنىڭ پۇتىنى تازىلاپ، تېڭىپ بولۇپ كارىدورغا چىققاندا قاتتىق چارچاشتىن بېشى پىرقىراپ كەتكەچكە، تامغا يۆلىنىۋالدى. ② كۆچمە. زورلىماق، مەجبۇرلىماق: بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ھېكىم شەيخ ئۆزىمۇ رەھمەتلىك ئاتىسىغا ئوخشاش بالىسى خالىمايدىغان ئىشنى تاڭدى. * — بىزنى راست قۇتلۇقلاشنى خالىمايدىغانلارغا بىز ئېلىمىزنىڭ داغقىنى تاڭمايمىز، — دېدى سۇتۇق ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ. ③ كۆچمە. باسماق،

چاپلىماق: ئەزىزەم بىر تاللا بالا، يېشىمۇ خېلى يەرگە بېرىپ قالدى، مېنىڭمۇ بىر پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىدى، ئولتۇرسام — قوپسام كۆزۈمنىڭ ئوچۇق چېغىدا پەرزنى ئادا قىلسام، قىزىمنىڭ توينى قىلىپ، نەۋرەمنى باغرىمغا تاڭسام دېگەن خىيالدىن يىراق بولالمايمەن. * لېنىن ئىسمىنى تېڭىپ يۈرەككە، ئالغا باسماقتا ئېزىلگەن ئەللەر. كىملەر يەتمىسۇن ئالىي مەقسەتكە، دىلدا قاينىسا ئوتلۇق تىلەكلەر.

**تاڭنا** (توغرىسى: تاڭلا) → **تاڭلا**.

**تال** I ئى ① <بوت> تال تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ ياكى چاتقال. يوپۇرمىقى تار ھەم ئۇزۇن، پوتلىسىمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ، ئادەتتە مەجنۇنتال، سېرىق سۆگەت قاتارلىق كۆپ خىل تۈرلىرى بولىدۇ. ② تەك: تال كۆممەك. تال ئاچماق. * — ئاشلىق دېگەن بىر قېتىم تېرىپ قويسىلا بولۇۋېرىدىغان نەرسىمۇ، — دېدى شەرۋانەم تېرىكىپ، — ئۇنى پەرۋىش قىلىدىغان، يەنە تالنى ئاچىدىغان، بالدۇر قوناق، كېۋەز، شال تېرىيدىغان ئىشلارچۇ، ئۇنى كىم قىلىدۇ؟

**تال باراڭلىق** ئۈزۈم شېخى بىلەن قىلىنغان باراڭلىق: ئۇ يۇرتنىڭ چېتىدىكى تال باراڭلىق ھويلىدا مەشرەپ ئىسمىلىك ئىشچان، مۆمىن بىر كىشى ياشىغانىكەن.

**تال بوستان** كۆكىرىپ يېشىللىق بىلەن قاپلانغان تاللار: ئىلگىرى يىغىنغا سۆرىگەندەك كېلىپ مۆگدەشكە باشلايدىغان ياكى تەرەتكە ماڭغان بولۇپ غىيىپدە تىكىۋېتىدىغان ئەزالار بۈگۈن دادۇي قورۇسىدىكى تال بوستان ئاستىدا ياسىن شۇجىنىڭ قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ قىلىۋاتقان سۆزىنى بىردە جىم، بىردە غۇلغۇلا قىلىشىپ قويۇپ ئاڭلاشماقتا ئىدى.

**تال چۇۋۇق** تالنىڭ يېڭى ئۆسكەن يۇمران، ئەۋرىشىم نوتىسى: تال چۇۋۇقنى ئات قىلىپ ئوينار، كېچىپ سېنى زېرەك باللار،

ئەتراپىدا ئوتلاپ ئوينىقلاپ، كالا تايچاق، بوغا، مارالار.

**تال چۈشقەتەك** ئېگىلىشچان، ئەۋرىشىم: **تال چۈشقەتەك بويلىرىغا زوقۇم كېلىدۇ. ئەتە ـ ئاخشام باراي دېسەم قورققۇم كېلىدۇ.**

**تال شاخسانغۇچى** <زوئول> بىر خىل قۇش. تېنى كىچىك؛ دۈمبىسى يېشىل؛ پوكان ۋە قورساق قىسمى سېرىقتا مايىل يېشىل؛ كۆزىنىڭ يۇقىرى تەرىپى ئاچ سېرىق؛ قانات ۋە قۇيرۇقى بىغىررەڭدە بولىدۇ؛ ھاشاراتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. پايدىلىق قۇش ھېساپلىنىدۇ.

**تال** II مىق. ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە نەرسىلەرنى سان، مىقدار جەھەتتىن ئېنىقلاپ «دانە، پاي» قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: **ياتاق غۇۋا يورۇق، دېرىزىگە پەردە تارتىلغان. نېپىز پەردە ئىچىدە بىر تال توم چېچىنى ئالدىغا چۈشۈرۈۋالغان گۈزەلئاي دۈگىلەك ئەينەككە قاراپ، ئېڭىكىنى ئىككى جەينىكىگە تىرەپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. * جېنىم بىلەن ئاقلايمەنكى بۇ ئۈمىدنى، تاغدەك مۈشكۈل تەۋرەتەلمەس مويۇمنىمۇ. ئالدۇرمايمەن غېرىچ يەرنى، بىر تال گۈلنى، بىر جېنىمغا مىڭلاپ دۈشمەن كەلگەندىمۇ.**

**تال** III ئى [ئە] ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىڭ بىرى. ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، جىگەر رەڭدە، يۇمشاق كېلىدۇ؛ ئاشقازان ۋە قېرىنلارنىڭ سول تەرىپىدە بولىدۇ. ئۇ قان دانچىلىرىنى ئىشلەش ۋە بۇزۇش، لىمفا شارچىلىرى ۋە ئانتىتېلا ھاسىل قىلىش، تۆمۈر ماددىسىنى زاپاس ساقلاش، ماي ۋە ئاقسىللارنىڭ مېتابولىزمنى تەڭشەش قاتارلىق رولارنى ئوينايدۇ.

**تال دۈملىمە** بىر خىل يېمەكلىك. قوي تېلىنىڭ ئىچىدىكى گۆشى چىقىرىۋېتىلىپ، ئىچىگە مەخسۇس تەييارلانغان قىيما تولدۇرۇلغاندىن كېيىن، قاسقاندا دۈملەپ پىشۇرۇلىدۇ.

**تالا** I (**تالاسى**) ئى. ئۆي ئىچى ۋە ھويلىغا نىسبەتەن سىرت، تاشقىرى: **تېخى بىزنىڭ تالاغا چىقىپ گۈلخان سېلىپ ئوت ئالاش، ياغلىق قاپاقنى كۆيدۈرۈپ كېچە سەيلىسى ئويناش ئۈچۈن ھايۋانلارنىڭ سۈرىتىدە ياسىنىش ئىشلىرىمىز تەييارلانمىغانىدى. * ئۇلار دادۇي ئىشخانىسىدىن تالاغا چىقىپ كېتىۋاتقاندا، ئىشخانا ئىچىدىكى تېلېفون يەنە قاتتىق جىرىڭلاپ كەتكىنى ئۈچۈن ھاشىم شۇجى قايتىپ كىرىپ كەتتى.**

**تالادا قالماق** ① ئۆيدىن سىرت ئورۇندا، دالىدا قالماق. ② كۆچمە. ئۆي ـ ماكانسىز، باشپاناھسىز قالماق: **تاشۋاي: ـ ئانام كىچىكىمدىلا ئۆلۈپ كېتىپتىكەن، دادامنىڭ تۈگىگىنىگە ئىككى يىل بولدى، شۇنىڭدىن بۇيان تالادا قالدىم، ـ دەپ كۆز يېشى قىلدى. * ئۇ بۇ مەكتەپلەر يېپىلغاندىن كېيىن تالادا قېلىپ، ئاقسۇ ۋە كونىشەھەر ئىچىدە سەرگەردانلىق ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.**

**تالاغا چىقارماق** ① ئۆيدىن سىرتقا ھەيدىمەك، چىقىرىۋەتمەك: **باللارنى تالاغا چىقىرىۋەتسەڭچۇ، گەپنى گەپكە قوشمىدى بۇ نېمىلەر.** ② كۆچمە. ياتلىق قىلماق، ئەرگە بەرمەك: **ـ ئەجەب كۈچلاپ كەتتىڭغۇ، ناسىر ئاكا! ـ دېدى بىرەيلەن جىلى بولغاندەك قىلىپ، ـ دۈيجاڭ قىزىنى تالاغا چىقارماقچىكەن. شۇنىڭغا سويغىلى ـ دە، ئەلۋەتتە، ئەمدى ئۇققانسەن؟**

**تالاغا قارىماق** ① تالاغا نەزەر سالماق. ② كۆچمە. ئائىلى تۇرۇپ، باشقا ئائىل بىلەن مۇناسىۋەتتە بولماق، باشقا ئائىلغا ئىچ پەش تارتىپ قالماق: **گۈلئايشەم يەنە گۇناھنى ئۆزىگە قويدى: «بالا، ئۆي بىلەن بولۇپ كېتىپ ئەرنى رازى قىلالمىدىم، ئۆزۈمنى تاشلىۋەتتىم.**

ئەزىمەتنىڭ مەندىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن يەرلىرى بار بولغاچقا، تالاغا قارىغان» دەپ ئويلىدى. * دوستۇم گېپىمنى بۆلۈۋېتىپ: — ئۇ بەك چىرايلىقمىدى، شۇڭا تالاغا قاراپ بېشىڭغا دەسسىدىمۇ ياكى ئۆي تۇتۇشنى بىلمەيدىغان لەقۋامىكەن؟ — دېدى.

**تالاغا ياىماق** كۆچمە. ئۆز ئىچىدە بولۇشقا تېگىشلىك گەپ-سۆز ۋە ئىشلارنى سىرتقا — مۇناسىۋەتسىز كىشىلەرگە ئېيتماق، ئاشكارىلىماق: ئېغى بىلەن بېغى يوق ئىشنى تالاغا يېيىپ قويۇپ ھوددىسىدىن چىقالماي قالساق سەت بولىدۇ.

**تالا** II (**تالاسى**) ئى. تەبىئىي بولىدىغان ياكى سۈنئىي ئۇسۇلدا بىرىكتۈرۈپ ئىشلەنگەن يىپسىمان ماددا، پاختا، كەندىر خىلىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پوستى، ھايۋانلارنىڭ يۇڭى ۋە مىنېراللاردىكى تاش پاختا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تەبىئىي تالالاردۇر. بىرىكمە تالا يۇقىرى مولېكۇلىلىق خىمىيىۋى بىرىكمىلەردىن ئىشلىنىدۇ.

**تالا ئاقسىلى** <بىئول> قان ئۇيۇغان ۋاقىتتا، دەسلەپكى تالا ئاقسىلى ئۇيۇتقۇچى فېرمېنتنىڭ تەسىرىدە شەكىللەندۈرگەن ئاق رەڭلىك تالاسىمان ماددا. ئۇ ئېلاستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە؛ قان دانىچىلىرى بىلەن بىرىككەندە، قان تۇگۇنچىسى بولۇپ ئۇيۇشۇپ، قاقاچ ھاسىل قىلىدۇ.

**تالا** III (**تالاسى**) ئى. غەربىي ساموئانىڭ پۇل بىرلىكى.

**تالا** IV (**تالاسى**) ئى. ① ئۇزۇن نەرسىلەرنىڭ ئوخشاش كەڭلىكتە بۆلۈنگەن ھەر بىر پارچىسى: پالاسنىڭ ھەر بىر تالاسى. ② تۇماق، دوپپا، شەپكە، دۇتار قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ تەڭ بۆلۈنگەن ھەر بىر بۆلىكى، پارچىسى: تۇماقنىڭ تالاسى. تالاسىدىن سۆكۈلمەك. دوپپىنىڭ تالاسى. شەپكىنىڭ تالاسى. دۇتارنىڭ تالاسى.

**تالاپەت** ئى [ئە] ① ئۇرۇشتىكى چىقىم، ئۆلۈم: تالاپەت بەرمەك. * چېگرىدىن قاچماق بولۇپ تارتتى تالاپەت كۆپ قېتىم، بولدى مەجبۇر بېكىنىشكە يول توسۇپ چېگرا قىسىم. ② زىيان-زەخمەت، زەرەر: مۇشۇ كۈنلەردە لۇ تۆرىنى دەپ يۇقىرى ئاستاننى ۋەيران قىلدۇق، يۇقىرىغا تالاپەت يەتكۈزدۇق.

**تالاپەت كۆرمەك** چىقىمدار بولماق؛ زىيان تارتماق: جەڭچىلەرنىڭ تالاپەت كۆرگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. بەزىلەرنىڭ باش-كۆزلىرى يېرىلغان، بەزىلەرنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى يىرتىلغان، بەزىلەر بولسا قورالنى ئىشقا سالالماي خورلۇق كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، جىلى بولۇپ غەزەپلىنەتتى ۋە تېرىكىپ كەينىگە قارايتتى. * شۇڭلاشقا سىز تارتقان ئاشۇ قىسمەتتە، يوق دەيمەن ئانچىلا تالاڭ قالارلىق جاي. ئۇ چاغلار ھەتتاكى پارتىيىمىزمۇ، كۆرەشتە تالاپەت كۆردى بىر تالاي.

**تالاپەت يەتمەك** ← **تالاپەت كۆرمەك**: قىلمىدى ئۇلار كۆيۈككە پەرۋا، بىلدى قۇللۇقتىن ئۆلۈمنى راۋا. تىنماي ئوت چاچقاچ ئەجدىھا ئاپەت، ئادەملەرگە كۆپ يەتتى تالاپەت.

**تالاپەتسىز** سۈپ. چىقىمسىز، زىيان-زەخمەتسىز: قازاقلار ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۈچ قېتىم ھۇجۇم قىلدى. ھەر ھۇجۇمدا ھېچبىر تالاپەتسىزلا قاچتى. قازاقلارنىڭ بۇ مەغلۇبىيەتلىرىدىن مەمنۇن ۋە مەست بولغان جاڭ زىخۇينىڭ جازا ئەترىتى قوغلاشنى داۋام قىلماقتا ئىدى.

**تالاپەتلىك** سۈپ. چىقىم تارتقان، زىيان-زەخمەتلىك: چورۇق ھېكىم چاپقاندا، خەزىنىلەرنى ئاچقاندا، كەتمەنچىنى قاقشاتقان، تالاپەتلىك ئاق ئۆستەڭ.

**تالا-تالا** يول-يول، بىر ئەن بىر ئەندىن: ئاسمان كۆپكۆك، بىرەر پارچىمۇ بولۇت كۆرۈنمەيتتى. يەرلەر تالا-تالا يېرىلىپ، بۇغدايلارنىڭ دېنى قاتمايلا

سارغىيىشقا باشلىدى.

**تالاتقۇزماق** «تالىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى.

**تالاتماق** «تالىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئازادلىقنىڭ ئالدىدا مەخسۇت بەگ ئېلىقۇلىنىڭ ئىنىسى كىچىككىنە كەنجىتايىنى ئىتقا تالىتىپ ئۆلتۈرگەندە، شانىيازنىڭ دەرغەزەپ بولۇپ ئۆزىنى بۇ قانلىق پاجىئە يۈز بەرگەن مەيدانغا ئاتقانلىقى بىزگە مەلۇم.

**تالا-تۈز** ئۆينىڭ سىرتى، ئۆينىڭ سىرتىدىكى جايلار: بەزىدە سىزنى تالا-تۈزدە كۆرۈپ قالسام، ئۆزۈمنى گويا بۇغراخاننى قولغا ئالدۇرۇۋەتكەن، نارسىدە بالىلىرىڭىزنى ئاتىسىز قىلىپ قويغان گۇناھكاردەك ھېس قىلىپ، دىدارىڭىزغىمۇ قارىيالمايمەن. * مەن ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەندىن كېيىن، بەك ئازاب چەكتىم. تالا-تۈزگىمۇ چىقماي چىگىش خىياللار بىلەن ئىككى يىلنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم.

**تالاش** ① «تالىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② ئى. جېدەل، غۇلغۇلا: ئۇنىڭ «مەن سىنىڭ بىلەن دۇيجاڭلىق تالىشۋاتقىنىم يوق، سىنىڭ بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدىكى تالاش كوللېكتىپنى سۆيۈش بىلەن سۆيمەسلىك ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە» دېگۈسى كەلدى.

**تالاش بولماق** مۇنازىرە بولماق، بەس تالاشماق، جېدەللەشمەك: بىر كۈنى ئاتىسى بىلەن بۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرقۇر تالاش بولۇپ ئۆتتى.

**تالاش قىلماق** مۇنازىرە قىلماق، بەس تالاشماق؛ تالاشماق: ئۇلار بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئۇزۇن تالاش قىلدى.

**تالاش-تارتىش** ھەركىم ياكى ھەر تەرەپ ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇش؛ قاتتىق بەس-مۇنازىرە، غۇلغۇلا: ئەخمەتجان نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى ئىدى، لېكىن شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ شەھەر ئەتراپىغا جايلاشقان «پارلاق» دادۇينىڭ باشلىقى ئابدۇروسۇل كىرىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئارىدا بولۇۋاتقان تالاش-تارتىش بېسىلىپ قالدى.

**تالاش-تارتىش قىلماق** قاتتىق بەس-مۇنازىرە قىلماق، غۇلغۇلا قىلماق؛ مۇنازىرىلەشمەك: غەزەپلەنگەن يىگىتلەرنىڭ كۆپىنچىسى مەخسۇت بەگنى ئۇجۇقتۇرۇپ، ئۇنىڭ زۇلمى ئاستىدا قالغان ئاتا-ئانىلىرى، ئاچا-سىڭىللىرىنى قۇتۇلدۇرۇشنى، كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرۈپ، ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن مەشغۇل بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى ۋە قىزغىن سۆزلىشىپ، قىلچىلىرىنى بىلەۋىتىپ، ھە دەپ مۇشۇ ھەقتە تالاش-تارتىش قىلاتتى.

**تالاشتۇرماق** ① «تالاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بارلىق ياراشتۇرىدۇ، يوقلۇق تالاشتۇرىدۇ (ماقال). * ئۇ ئويۇن-تاماشا دېسە جېنىنى بېرىدىكەن؛ ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىت تالاشتۇرۇپ، خوراز سوقۇشتۇرۇپ، كۈننىڭ قانداق كەچ بولغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىكەن. ② بۆلۈپ بەرمەك: ئۇ بىر كالىنى سويۇپ، مەھەللىدىكى ئاجىز-ئورۇق، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارغا خام تالاشتۇرۇپ بەردى.

**تالاشتۇرۇلماق** «تالاشتۇرماق» پېئىلى ① نىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تالاشماق** پ ① «تالىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② بىرەر نەرسىنى باشقىلاردىن تارتىپ ئېلىش ئۈچۈن ھەرىكەتلەنمەك، جاڭجاللاشماق: ئاقساق يول تالىشار، پېخسىق پۇل تالىشار (ماقال). * لاي توقاچلار بىلەن بىر-بىرىمىزنى ئۇرۇپ، ئۈستىبېشىمىزنى پاتقاق قىلىۋېتەتتۇق. بىزنىڭ بۇ جېدەللىرىمىزگە بەزىدە چوڭ كىشىلەرمۇ ئارىلىشىپ قالاتتى. ئۇلار بىزنى ئاجراتماق بولۇپ ئۆزلىرىمۇ پۇل تالىشىپ كېتەتتى. * قادىرنىڭ مەكتەپكە يېقىن بولغاچقا، ۋېلسىپىت مىنمىسىمۇ بولاتتى، لېكىن بۇۋاي ئۆيدە بىكار تۇرغاندىن مىنۋال، دېگەچكە، مەكتەپكە بارغۇچە-كەلگۈچە مىنىپ يۈرەتتى. مانا ئەمدى ئۇ، بۇ ۋېلسىپىتنى ياراتماي، ئاكىسىنىڭ يېڭى ۋېلسىپىتنى تالاشماقتا ئىدى. ③ بەسلەشمەك،

تارتىشماق: ئۇلار بىردەم قوغلىشاتتى، بىردەم توپ بولۇپ بىر-بىرىدىن تورپاقنى تالىشاتتى، بىرى تارتىۋېلىپ قاچسا، باشقىلىرى قوغلايتتى. ئاخىرى، ئوغلاقچىلار يەنە مەيدانغا چېپىشىپ كىردى. * كىشىلەر ھەممىدىن بەك ئاشۇ تاۋۇتنى تالىشىپ، قولدىن-قولغا، مۈرىدىن-مۈرىگە يۆتكەپ «گومىنداڭ جاللاتلىرىدىن جانغا جان، قانغا قان ئالىمىز» دېگەن غەزەپ چۇقانلىرىنى ياڭرىتىپ باراتتى.

**تالاق** ئى [ئە] كونا ئادەت بويىچە ئايالغا نىسبەتەن ئەر تەرىپىدىن نىكاھنى بۇزۇش، ئاجرىشىپ كېتىش ھەققىدە ئېيتىلغان سۆز: خوتۇننى ئۈچ تالاق قىلماق. * سىلىنىڭ ئانىلىرى، ئەسلىدە شەنگەن جانابلىرىنىڭ ئۆتنىچى خوتۇنى ئىدى، ئۇ سىلى تېخى بۆشۈكتىكى چاغدا شەنگەن تالاق قىلىۋەتكەندىن كېيىن ھازىرقى دادىلىرىغا تەگكەن.

**تالاق خەت** كونا ئادەت بويىچە ئەرنىڭ قانداقتۇر بىر سەۋەب بىلەن خوتۇننى قويۇپ بەرگەنلىكى، نىكاھدىن ئايرىلغانلىقى توغرىسىدىكى تىل خەت: شۇ چاغدا زۇبەيدىنىڭ بۇرۇنقى ئېرى: ـ ئەي تاغا! بۇ نەرسىلەرنى ئالماي، ئالاۋىدىن ئەبۇ ئەششامەتتىن خوتۇنۇمنىڭ تالاق خېتىنى تەلەپ قىلىڭ! ـ دېگەنىكەن.

**تالاق قىلماق** ئەر خوتۇننى قويۇپ بەرگەنلىكىنى، نىكاھدىن ئاجراشقانلىقنى جاكارلىماق: مۇشۇ كۈنلەردە پادىشاھنىڭ سىزدىن كۆڭلى سوۋۇغلى تۇرۇپتۇ. پات يېقىندا سىزنى تالاق قىلىپ تاشلاپ، باشقا بىرىگە نىكاھلىنىدىغاندەك قىلىدۇ.

**تالاڭ** ئى. زورلۇق كۈچ بىلەن تارتىۋېلىش: تالاڭ قىلماق.

**تالاڭ قىلماق** زورلۇق كۈچ بىلەن تارتىۋالماق، بۇلاپ-تالىماق: يامان بولغىنى، بىر قېتىملىق ئەلەم كۆرىشىدە بىر تەرەپنىڭ ئىككى كاتتىبېشى كۆپكۆندۈزدىلا، قارشى تەرەپنى قوللىغان بىر رەھبىرىي كادىرنىڭ ئۆيىنى تالاڭ قىلىپ، پۇل-پۇچەك، ئېسىل نەرسىلىرىنى ئۆزلىرى بۆلۈشۈۋالغانىكەن، مەتنۇر بۇ ئەھۋالنى بىلىپ قېلىپ، دەرھال ئىمزاسىز چوڭ خەتلىك گېزىت يېزىپ، جامائەتكە پاش قىلىۋەتكەن. * ئۇ ئەس-ھوشىنى يىغىپ پۇل تۆلىگەن بەلىيغىنىڭ قېتىنى سىلىغاندا، پۇت-قوللىرى تىترەپ، ئۆزىنىڭ تالاڭ قىلىنغانلىقىنى، ھەممە يانچۇقلىرىنىڭ ئەستەرلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ قالغانلىقىنى سەزدى.

**تالاڭچى** ئى. زورلۇق كۈچ بىلەن تالاڭ قىلىدىغان، بۇلاپ-تالايدىغان كىشى: خوش، كىمكى قېلىپ بىزنىڭ ئەسىرلەردىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلىرىمىزنى ۋە بۇ تالاڭچىلارنى يوقىتىشقا بەل باغلىغان بولسا، جەڭدىن قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ۋەدىسىنى بەرسۇن.

**تالاڭچىلىق** «تالاڭچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بىر قانچە كىشى ۋورووبكونى تۇتۇپ، بىر چەتكە ئەكەتتى. ئىشلوندا تالاڭچىلىق باشلانغانىدى.

**تالالىق** I ① سۈپ. تالادا ئىشلىتىلىدىغان، ئۆينىڭ سىرتىدىكى ئىش-ھەرىكەتتە لازىم قىلىدىغان: ئىككىنچى كۈنى تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەنلا ئۇ يەنە دادىسىنىڭ ئەتىگەنلىك ئىچىدىغان سۈتىنى سېغىپ قويۇپ، ناشتىلىققا قازان نېنىنى سېلىپ قويۇپ، كەچلىكىگە يەيدىغان يۇمران كەپتەر باچكىسىنى پىشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تالالىق كىيىملىرىنى يۇيۇشقا تۇتۇش قىلىپتۇ. ② ئى. تالاغا يارىشىدىغان خاراكتېر، خۇسۇسىيەت: قۇيۇلۇڭ بۇ ئادەمنى ئۆيگە كىرسەم ئۇسۇۋېتىدىغان بۇقىدەك ئۇلتۇرىدۇ. ئىشكتىن چىقسىمۇ چاقچاقتا بۇنىڭدىن ئۆتىدىغىنى يوق. خۇدايىم بۇنى تالالىقلا بار ئادەم قىلىپ يارىتىپتىكەن. ③ سۈپ. ياتلىق، ئەرلىك، ئۆيلۈك: بۇ قىز تالالىق بولۇپ ئىككى يىلدىن كېيىن ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن.

**تالالىق بولماق** ياتلىق بولماق، ئەرگە

تەگمەك؛ ئۆي تۇتماق: ئۆلارنىڭ ئىچىدە مەن تونۇيدىغان بىرەرسى يوق ئىدى. بۇنىڭغا ئەجەبلىنىشكە بولامدۇ، ئۆز ۋاقتىدا تونۇيدىغان قىزلارنىڭ ھەممىسى ھازىر تالالىق بولۇشۇپ بولغاندۇ.

**تالالىق قىلماق** ياتلىق قىلماق، ئەرگە بەرمەك، تۇرمۇشقا چىقارماق: ئۇ بىر نەچچە يىلغىچە ئاتا-ئانىسىنىڭ نەزىر-چىرىغى، قىزلىرىنى تالالىق قىلىش دېگەندەك ئىشلار بىلەن چىقىمدار بولۇپ يۈردى.

**تالالىق** II سۈپ. تالاسى بار، تالالىرى بولغان، تالالاردىن تۈزۈلگەن: تالالىق رەخت. تالالىق ئەدىيال. تالالىق بۆلە. سەككىز تالالىق شەپكە. * سۆگەلە يېلىمى چاقتا قۇم باغلاشقا ئىشلىتىلىدۇ ھەم ئۇنىڭدىن بىرىكمە خىمىيۋى تالالىق رەختلەر ئىشلىنىدۇ.

**تالالىق ئاگاۋې** <بوت> تاشسىماساق ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى خەنجەرگە ئوخشايدۇ؛ تالاسى ھاشاراتلارنىڭ چىرىتىشىگە، سۇ ركىلىشكە چىداملىق ۋە پىششىق كېلىدۇ؛ ئارغامچا ئېشىش، بېلىق تورى، سۈرگۈچى تاسما ۋە بىربىزىنت قاتارلىقلارنى توقۇشتا خام ئەشيا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قەغەز ۋە سۈنئىي يىپەك ئىشلەشتىمۇ خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**تالالىق پەنەركە** <بىن> پەنەركىنىڭ بىر خىلى. كېرەكسىز ياغاچلار ئايرىلىپ، ياغاچ تالاسى ياكى ياغاچ بوتقىسى ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، شەكىلگە كەلتۈرۈش، قىزدۇرۇپ بېسىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىسسىقلىق ئۆتكۈزمەسلىك، ئاۋاز سۈمۈرۈشتەك ئالاھىدىلىكى بولغاچقا، بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىدا كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىدۇ.

**تالالىق ئۆسۈملۈكلەر** <بوت> تېنىدىن تالا (يىپ) ئېلىشقا بولىدىغان ئۆسۈملۈكلەر.

**تالان** ئى. تالاش، تالىنىش: تالان قىلماق.

**تالان بولماق** تالانغا ئۇچرىماق، تالان قىلىنماق: ئىككى زۇلۇم قوشۇلغاچقا، گۈزەل جەننەت ۋەيران بولدى. يۇرەك باغرى قانغا تولۇپ، مەزلۇم ئەللەر تالان بولدى.

**تالان قىلماق** تالاپ كەتمەك، بۇلىۋالماق، ئېلىۋالماق.

**تالانت** ئى [ر <گرېك] زور قابىلىيەت، ئىقتىدار، ئىستېدات: تالانت ـ چىداملىق بولۇش دېمەكتۇر * ئۇنىڭ نېمىسى مېنى جەلپ قىلىۋالدى؟ مەن بۇنى ھازىرمۇ بىلمەيمەن، ئەقىل-پاراسەت، تالانت، ھەتتا چىرايىدىمۇ ئۇ ئەلادىن تۆۋەن، ئەلا قانداق ئاجايىپ-ھە! ئاشىق بولسا، مانا شۇنىڭغا بولسا بولىدۇ.

**تالان-تاراج** → بۇلاڭ-تالاڭ: كۆكبارلىقلار قاغىلىقنى ئالغانىنىڭ ئەتىسىلا شەھەردە ئالتىپىلاڭ، تالان-تاراج كۆتۈرۈلدى.

**تالان-تاراج قىلماق** بۇلاڭ-تالاڭ قىلماق، بۇلاپ-تالىماق: بەي يەنخۇ شەھەرگە باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن، شەھەرنى تالان-تاراج قىلدى. خەلقنى ئۆلتۈرۈپ چاپتى. مەن ئاۋاتتىن كەلدىم، پۈتۈن ئاقسۇ يېزىلىرى خاراب بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. چوڭلار، بەگ-تۆرىلەر، قازى-ئىشانلار دېھقانلارنى تالان-تاراج قىلىۋاتىدۇ.

**تالانتسىز** سۈپ. تالانتى يوق، ئىستېداتسىز.

**تالانتسىزلىق** «تالانتسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**تالانتشۇناس** ئى <پسخول> تالانت ئىگىلىرى ۋە تالانتنىڭ يېتىلىشىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىم، مۇتەخەسسىس: پسخولوگ ۋە تالانتشۇناسلار: ساغلام ھېسسىيات يېتىشتۈرۈشنى كىچىك ۋاقتىن باشلاش ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەشتىكى مۇھىم تەدبىر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

**تالانتلىق** سۈپ. تالانتى بار، تالانتقا ئىگە، ئىستېداتلىق: زۇنۇن قادىر ــ ئۆزۈن يىللىق ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب شەكىللەندۈرگەن تالانتلىق يازغۇچى. ئۇنىڭ ھېكايىلىرى مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك تەرەپلەردە بىر مۇنچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، تەلەپچان يازغۇچىنىڭ كەشپ قىلىش ۋە ئىجاد قىلىشقا بولغان قىزغىن ئىنتىلىشى بىلەن تولغان. * بۇلار ئىچىدە بار ئارسلانلارنى بېقىپ ئۆستۈرگەن مېھرىبان ئانا. بۇلار ئىچىدە بار ماھىر-تالانتلىق ئالىم، ئىنژېنېر، ئىجادچى دانا.

**تالانماق** «تالىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىتقا تالانماق. ھەرىگە تالانماق. پاشىغا تالانماق.

**تالاۋەت** (توغرىسى: تىلاۋەت) ← تىلاۋەت.

**تالاي** سۈپ. جىق، نۇرغۇن، كۆپ: تالاي يىل.* بەرگەندى شۇڭا خەلقىم ساڭا «مارشال» دېگەن نامنى، تالاي جەڭلەردە كۆرسەتكەچ باتۇرلۇق ــ جاسارەتنى. // ئۇ تېخى ياشقۇ، ئۇن گۈلدىن بىر گۈلى ئېچىلغىنى يوق. ئۇ تېخى دۇنيادا تالاي ياششى، نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشى كېرەك.

**تالاي-تالاي** ناھايىتى كۆپ، ناھايىتى نۇرغۇن: بۇ يولدا تالاي-تالاي ئادەملەر ئۆلۈپ، كەتكەن. لېكىن، بۇلبۇلگويانى ئېلىشتا مەن ساڭا ياردەم قىلىمەن. * ئاي كۆردى زېمىندا تالاي-تالاي رەت، تۈنلەردە كۆزىنى ياشلىغانلارنى؛ ياغدۇرۇپ زامانغا لەنەت تېشىنى، دەرياغا ئۆزىنى تاشلىغانلارنى.

**تال-تال** ھەر بىر تېلى ئايرىم-ئايرىم تۇرىدىغان: ئايخان بۇ قېتىم كۆز يېشى قىلمىدى، بەلكى كۆكسىگە چۇشۇۋالغان تال-تال چېچىنى سىلىكىپ ئارقىغا تاشلاپ، دادىسىنىڭ يېنىدىن نېرى كەتتى.

**تالتۆز** ئى. گۆر كولاش، كۆنجۈرىنى قىرىپ ئېلىش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان ئىسكىنىگە ئوخشاش ئەسۋاب: ھېيتەك نېمشقا قولىغا تالتۆز ئېلىپ كېچىسى ئۇخلىماي ئۆزىگە گۆر كولايدۇ؟ ئۇنى ئىچ گۆردىن ھەيدەپ چىققان مىنبەتلارغا ئۇ: ــ ئۆلسەم يەرلىكنى كولايدىغان ئادەم چىقمايدىغان ئوخشايدۇ، ئۆزۈم كولىغاچ تۇراي دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ــ دەپتۇ.

**تالجىقماق** پ. ھاردۇق يەتمەك، ھارماق، چارچىماق: ئۇنىڭ ئۈستىگە «يول ئازابى ــ گۆر ئازابى» دەپ بىر نەچچە كۈندىن بېرى يول يۈرۈپ تالجىقىپ قالغانسىز. * بىركۈنى بەشىمىز ئىشلەپ تۇراتتۇق، تەشۋىشتە جىنىمىزنى ئالىقانغا ئېلىپ. ئۆمىلەپ ئىچىدە كولايتتۇق كۆمۈر، ئاچ قورساق تالجىقىپ جۇتۇنى چېپىپ.

**تالدۇرماق** «تالماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بولۇق بۇغداي ئۇنىڭ بىلەكلىرىنى تالدۇردى. * جانلىرى سىرقىراپ بۆلەكچە، بۇ يوللار تالدۇردى ئاھ شۇنچە. ئەجەبا، ئاڭلىنىپ بىر غەزەل، يوقىدى سىڭگەندەك بىر تامچە.

**تالستوپكا** ئى [ر] يەڭ ۋە ئېتەكى بوغما كالتە چاپان.

**تالقالىق** ئى [تال+قالىق] تال بىلەن يېپىلغان قالىق: مەن كۈن نۇرى ئۆتمەيدىغان تالقالىق ئاستىدا بىر ئاز سەگىدىدىم. غۇژمەك-غۇژمەك ساڭگىلاپ تۇرغان ساپسېرىق سايۋا ئۈزۈملەرگە كۆزۈم چۈشۈش بىلەن ئاغزىمغا سېرىق سۇ كەلدى.

**تالقان** ئى ① قازاندا قورۇلغان داندىن تارتىلغان ياكى قازاندا قورۇلغان ئۇن: بىتەلەي تالقان يېسە، قارنىدىن بوران چىقىپتۇ (ماقال). * ــ شۇمۇ كۈن بولدىمۇ؟ ــ دەپ ۋارقىرىۋەتتىم ئۈچ كۈندىن بېرى ئىچىمنى تاتىلاپ ئارام بەرمەيۋاتقان ئاچچىقىمنى چىقىرىش ئۈچۈن، ــ يەيدىغىنىمىز تالقان، ئۇمۇ سوغۇق تېخى، كېچىچە تىترەپ چىقىۋاتقان؛ بۇلارغۇ مەيلى، ئادەمنىڭ ئۇغىسىنى قايىنتىپ يا ئىستىن كۆز ئاچقىلى بولمىغان. ② سۈپ. ئۇۋۋالغان، ئۇن ھالىتىگە كەلتۈرۈل-

گەن: تالقان دورا. * ئىنسانلارنىڭ ئەمگەكچان قولى بىلەن تاغلار تالقان، چۆللەر گۈلستان بولدى. * سەن شەرەپلىك ساڭا باقماق دىلدا ئارمان پارتىيەم، توغرا بولغاچ ئەيلىدىڭ ياۋلارنى تالقان پارتىيەم، جان سېنىڭدىن، قان سېنىڭدىن تەنگە دەرمان پارتىيەم، كۆزگە گۆھەر، يولغا كومپاس، ئەلگە قالقان پارتىيەم.

**تالقان تۆكتى** ھەممە نەرسە پىشىپ يېتىلگەن، مولچىلىق، باياشاتلىق: شۇنداق قىلىپ ئۇلار يەنە ئەپلىشىپ قالدى. يارىشىش تويى يازلىق يىغىمدىن كېيىن يەنە ھەممە نەرسىلەر يېتىلگەن تالقان تۆكتى ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈلدى. سېلىم باقاش بىلەن پۈچۈنئاينىڭ تويىغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ تويىمۇ كىشىلەر قەلبىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇرۇپ، يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغان يېزىلاردىكى گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى تەنتەنە قىلغۇدەك توي بولدى. * كۆز كەلدى، ئالتۇن كۈز ـ تالقان تۆكتى چاغ، بەركەتلىك داستىخان يايدى ئېتىز ـ تاغ. ياڭرىدى يىگىتلەر، قىزلار كۈلكىسى، مەي بولغان ئالمىغا تولۇپ كەتتى باغ.

**تالقان قىلماق** ① تالقان تەييارلىماق، تالقان ھالىتىگە كەلتۈرمەك. ② كۆچمە. پارچە ـ پارچە قىلماق؛ ئۇۋۇتماق: مانا بۇ سۈرەتكە سىزىلغىنى بىر مەرد ئوغلان بىستۇن تېغىنى تالقان قىلىپ، بۇ چۆلگە سۇ كەلتۈرۈپ، ھۆرلەرنىڭ ساھىبى بولغان ئالتۇن بويلۇق شاھ مەلىكىنىڭ سىڭلىسىغا مۇيەسسەر بولسا، ھەممە ئادەم ئارزۇ ـ تىلىكىگە يېتەر ئىدى دېگەن تەسەۋۋۇردۇر.

**تالقىتماق** پ. چۇۋۇماق، تاراتماق: قارا چاچنى تالقىتاي سايە بولسۇن يولۇڭغا، جېنىمنى قېتىپ بېرەي، كەتمەن تۇتقان قولۇڭغا، كېلەرىڭنى مەن بىلسەم، چىقىپ تۇرماي يولۇڭغا.

**تالك** ئى [ر<نېم] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى تەركىبىدە سۇ بولغان ماگنىي سىلىكات بولۇپ ئاق، ئاچ يېشىل، ئاچ سېرىق رەڭلەردە ئۇچرايدۇ؛ يۇمشاق كېلىدۇ؛ ماي پارقىراقلىقىغا ئىگە؛ قولغا تەگكۈزۈلسە، سىلىق سېزىم پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ پاراشوكى كاۋچۇك، قەغەزچىلىك، تېببىي دورىگەرلىك سانائەتلىرىدە ئىشلىتىلىشتىن تاشقىرى، بوياق ماتېرىيالى ۋە تىندۇرۇش ماتېرىيالى سۈپىتىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**تالگۈل** ئى [تال+گۈل] <بوت> ← **سۆگەتگۈل.**

**تاللاتقۇزماق** «تاللىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى: مەن ئالدى بىلەن خوتۇنۇمنىڭ ئىككى تۇغقان ئىنىسى رەجەپ رېمونتچىنى تېپىپ، چوڭ ماگىزىندىن بىر دانە رادىئولۇق ئۈنئالغۇ تاللاتقۇزدۇم، ئۆزۈممۇ كىتاب ـ پىتاب كۆرگەن، يېڭىلىقلارنىڭ ئەلىي ـ تەلىمنى خېلى بىلىدىغان ئادەم بولسامۇ بۇنداق پۇللۇق، ئىنچىكە ئىشقا كەلگەندە، قارارلىق قىلىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدىم.

**تاللاتماق** «تاللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇرۇق تاللاتماق. كىيىم تاللاتماق. * ئەزالارغا كېلەر يىل تېرىلىدىغان كۆممىقوناق ئۇرۇقىنى تاللىتىپ بولدۇق.

**تاللاش** «تاللىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى: ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش خادىملىرىنى تاللاش ۋە تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەش كېرەك.

**تاللاش مۇسابىقىسى** <تەنھ> تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىنىڭ بىر خېلى. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىلەرنى بايقاپ ۋە تاللاپ، ۋەكىل خاراكتېرلىك كوماندىلارنى تەشكىللەپ ۋە تولۇقلاپ، يەنە بىر دەرىجە يۇقىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىغا قاتنىشىشقا تەييارلىق قىلىشتىن ئىبارەت.

**تاللاشچانلىق** ئى <فىز> سىمسىز رادىئو قوبۇللىغۇچلارنىڭ كېرەكلىك سىگنال چاستوتىلىرى بىلەن باشقا سىگنال

چاستوتىلىرىنى ئايرىش رولى.

**تاللاشماق** «تالىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇرۇقلۇق تاللاشماق.

**تاللانما** ① ئى. يازما ۋە سىزما ئەسەرلەردىن تاللىۋېلىنغان ئەسەرلەر توپلىمى: ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما. خەلق ناخشىلىرىدىن تاللانما. * كۆرگەزمىدە ياغاچلىق يېزىسى ۋە «ياغاچ پۇشتى ماكان» كەنتىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە يېڭى هاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مودېل، دىئاگرامما، سىزما سۈرەتلەر، ئوقۇغۇچىلار يازغان ماقالە، شېئىر ۋە سىزغان سۈرەتلەردىن تاللانمىلار بار ئىدى. ② سۈپ. تاللانغان، تاللىۋېلىنغان: ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى. ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى.

**تاللانما ئەسەرلەر** <ئەد> بىر ياكى بىر نەچچە كىشىنىڭ تاللانغان ئەسەرلىرى ياكى شۇ ئەسەرلەردىن تۈزۈلگەن توپلام. «ئالماناخ» مۇ دېيىلىدۇ.

**تاللانما هۆكۈم** <لوگ> هۆكۈملەنگۈچىسى بىلەن هۆكۈملىگۈچىسى ئوتتۇرىسىدا تاللاش مۇناسىۋىتى بولغان هۆكۈم.

**تاللانماق** «تالىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: بۇلتۇر ئەتىيازدا، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ناھىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدا، 400 مېترغا يۈگۈرۈشكە قاتناشقان 24 نەپەر ئۆسمۈر ئىچىدىن نۇرمۇھەممەت، ئارسلانبېك قاتارلىق بەش نەپەر ئۆسمۈر تاللاندى. * ھەر دۆيىدىن تاللاندى قابىل ئەمگەكچى، ۋە سىلىق سىيلىندى تراكتور، هارۋا، تولۇق يەردە پېتىشقا كېرەك ھەم چېدىر، يېپىشكە توپلاندى ئاشلىق، قوي، كالا.

**تاللىق** ① سۈپ. تېلى بار، تال كۆپ ئۆسكەن: تاللىق باغ. ② ئى. تال كۆپ ئۆسكەن يەر: شەهەرنىڭ سەل سىرتىدىكى تاللىق ئىچىدىن، چوڭ كۆۋرۈكلەر ئاستىدىن، ھەتتا ئېرىقلار ئىچىدىن گومىنداڭ لىيوتچىكلىرىنىڭ، كوماندىرلىرىنىڭ ئۆلۈكلىرى پات-پات تېپىلىپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. * هازىر ئۇنى هەيران قالدۇرۇۋاتقىنى ئاباقلارنىڭ بىرا قالا 50-60 كىلومېتر كەينىگە يېنىپ، تاللىق ئارقىلىق قاراقۇمدا پەيدا بولۇپ قېلىشى، ھەتتا ئۈچ تەرىپىنى ئېگىز ئاغلار توسۇپ تۇرغان ئويباغ ياكى قارا تاغ تەرەپلەرگە كېتىۋاتقانلىقى ئىدى.

**تالماق** پ. تۇرى، خىللىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇپ چىقماق؛ ئىلغىماق، خىللىماق، ئايرىماق: قەدىردان دوستۇم، ئاتلىدار ۋەزىرىم، سىنىڭ سۆزلىرىڭ ھەققەت ئىكەنلىكىگە قايىل بولدۇم. مەن ئالىيجانابلىق يولىنى تاللىدىم. * ھەققەت بىر ئالەم، يالغان بىر ئالەم، ئىككىدىن بىرىنى تاللايدۇ ئادەم. يالغانلار ئالەمى بولار كۆمپەيكۈم، يۈلەنچۈك ھىماتى بولسىمۇ ھاتەم.

**تاللىي** ئى [ر <گرېك] <خىم> مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى Tl (Thallium). ئاق رەڭدە بولۇپ، هاۋادا تۇتۇق رەڭگە ئۆزگىرىدۇ، يۇمشاق كېلىدۇ. فوتو ئېلېكتر لامپا، تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق تېرمومېتر، ئوپتىك ئەينەك قاتارلىقلارنى ئىشلەشتە قوللىنىلىدۇ. بىرىكمىلىرى زەهەرلىك بولغاچقا، دورىگەرلىكتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**تالماق** پ. هارماق، چارچىماق: ئېشەكتە نېمىدىن چىققان يولۇچى، يىل ئاتلاپ باراتتى ئالتايغا ئاران. ياتاتتى يولدا پايانسىز كەڭ چۆل، قۇشلار قانىتى تالغان تاغ-داۋان. * ئورمىنى تولا ئورۇپ، تالىمدۇ بىلەكلىرىڭ. مەن يادىڭغا يەتكەندە، چىدامدۇ يۈرەكلىرىڭ.

**تالمۇد** ئى [ر] <دىن> يەهۇدىلارنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنىڭ بىرى. مەزمۇن جەھەتتىن «تانىنا» نى رەتلەش ۋە «تانىنا» هۆكۈملىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى ئاساس قىلغان. «تالمۇد» سۆزى ئەسلىدە قەدىمكى يەهۇدىچە

سۆز بولۇپ، كېيىن رۇس تىلىغا كىرگەن.

**تالون** ئى [ر<فران] سېتىۋېلىنغان نەرسە-كېرەك ئۈچۈن يېزىپ بېرىلگەن ئىسپات قەغىزى؛ ھۆججەت: ناھىيەدىن كەلگەن كادىرنىڭ سومكىسىدىن چىققان 20 كويلۇق ئىشلەپچىقىرىش دۇي كاسسىرىنىڭ دەپتىرىنىڭ قېشىغا بېرىشى بىلەنلا، بىر ۋاراق قۇرۇق تالونغا ئالماشتى. * ئاسىيە تالوننى ئېلىپ، پۇلنى تاپشۇرۇپ بولۇپ، كىتاب ساتقۇچى سۇنغان كىتابلارنى ئاۋايلاپ ئالدى-دە، ئېتىككىنە قەدەم تاشلاپ كىتابخانىدىن چىقتى.

**تالونسىز** سۈپ. تالونى يوق، تالون يازمىغان: مېنىڭ ھېسابىمدا شۇ كۈنلا ئۈچ توننا 200 كىلوگرام بۇغداي تالونسىز ئامبارغا كىرىپ كەتتى.

**تالونلۇق** سۈپ. تالونى بار، تالون يېزىلغان: مەيلى تالونلۇق ماتېرىيال بەر، مەيلى تالونسىز بەر، ماتورنى بۇزۇۋەتكىنى ماتېرىيال، زاپچاس ئەمەس، بەلكى ئادىلنىڭ بۇزۇق نىيىتى.

**تالىپ** ئى [ئە] ① مەدرىسىلەردە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى: بىر كۈنى نورۇز داموللا ئۆز ئادىتى بويىچە ناماز بامداتتىن كېيىن ئازراق ناشتا قىلىۋېلىپ، ئاپئاق كىگىز سېلىنغان يورۇق دەرسخانىغا كىردى. دەرسخانىدا 30 چە تالىپ ئولتۇراتتى. * سۇلايمان توپىپىشى ئۆلتۈرۈلگەن كۈنلەردە، ئۇنىڭ بىردىنبىر ئوغلى قۇربانىياز خوجا قەشقەر «خانلىق» مەدرىستە 35 ياشلىق تالىپ بولۇپ ئوقۇيتتى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**تالىپلىق** سۈپ. تالىپتا بولىدىغان، تالىپتا بولۇشقا تېگىشلىك: ئوقۇغۇچىڭىزنى ھەرگىز مۇنداق تالىپلىق مىجەز بىلەن چىرماپ قويماڭ.

**تالىق** (توغرىسى: تەئەللۇق) ← تەئەللۇق.

**تالىماق** پ ① چىشلىمەك، چىشلەپ تارتماق، سىلكىشلىمەك: چىلبۆرە جان تالىشىپ غالجىرلاشقان ھالدا ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئاتىدۇ. تايغان بۆرىنى قاتتىق بوغۇپ تالايدۇ، ھالدىن كەتكەن ۋەھشىي چىلبۆرە غىڭشىپ-غىڭشىپ تىپىرلاپ ئاخىرى ئاۋازى ئۆچۈپ ئۆلىدۇ. * ئۇ يار ئىچىگە ئەمدىلا تاشلىنىشىغا چولڭ بىر ئىت ئۇستىدىن بېسىپ چۈشتى-دە، خىرقىرىغىنىچە تالاشقا باشلىدى. ② بولىماق، تارتىۋالماق، تالان-تاراج قىلماق: ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە پۈتۈن جاڭزىلارنى قورشىۋالدى. ھېچكىمدە ھېچ نەرسە قالدۇرماي بۇلاپ تالىدى. ھەتتا ئاياللارنىڭ ئۈچىسىدىكى كىيىملىرىنىمۇ قويماي سالدۇرۇۋالدى. ③ كۆچمە. تەرەپ-تەرەپتىن ھاقارەتلىمەك، ئاھانەت قىلماق، تىللىماق: خانىنىڭ يېنىدىكى ھوقۇقدارلارمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش غالجىر ئىتلاردۇر. ئىلمدارلار، ئىقتىدارلىق كىشىلەر ئەل ئىشى ئۈچۈن خان بىلەن كۆرۈشكىلى كەلسە، ھوقۇقدارلار ئۇلارنى ئىشىكتىن كىرگۈزمەيلا تالايدۇ.

**تام** ئى <بىن> ئۆي ۋە بىنانىڭ ئۇستى تەرىپىنى كۆتۈرۈپ، ئەتراپىنى ئوراپ تۇرىدىغان ۋە كېسەك، خىش، ياغاچ قاتارلىقلاردىن تىك كۆتۈرۈلۈپ قۇرۇلغان قۇرۇلما: كېسەك تام. غوجا تام. * ئامبارنىڭ كەينى تەرىپىدىن چىققاندا سول تەرەپ رادىئاتور پايات سېخىنىڭ تېمى بىلەن، ئۇنىڭ نېرىسى سىر پۈركۈش سېخى بىلەن تۇتىشاتتى.

**تام ئەينەك** تامغا ئېسىپ قويۇلىدىغان ياكى تامنىڭ قېتىغا ئورنىتىلغان، شەكلىنى پۈتۈن كۆرسىتەلەيدىغان چوڭ ئەينەك.

**تام پاتمىچۇقى** <زوئول> سۆرەلگۈچى ھايۋان، تېنى تەكشى ياپىلاق؛ تۆت ئايىغى قىسقا؛ بارماقلىرىدا چاپلاشقۇچى قاداقچىسى بولىدۇ؛ تام ئۈستىدە ئۆمىلەپ يۈرەلەيدۇ؛ پاشا، چىۋىن، پەرۋانە قاتارلىق كىچىك ھاشاراتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىق.

**تام تېشەر** ئوغرى.

**تام چىراغ** <بىن> تامغا ئورنىتىدىغان چىراغ.

**تام رەسىملىرى** <گ سەن> تامغا سىزىلغان رەسىملەر. بۇ تارىخى ئەڭ ئۇزۇن بولغان رەسساملىق شەكلىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى زامانلاردا ئاساسەن تاش غارلارنىڭ تېمىغا تۇرلۇك رەسىملەر سىزىلغان. بۇ خىل رەسىملەر سىرلىما تام رەسىملىرى، چاپلىما تام رەسىملىرى ۋە يىرىك تام رەسىملىرى دېگەندەك تۇرلەرگە ئايرىلىدۇ.

**تام سائەت** تامغا ئېسىپ قويۇلىدىغان سائەت: تام سائىتى چۈشتىن كېيىنكى سائەت ئالتىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

**تامغا ئۇسسۇۋالماق** دەشنام يېمەك، ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقماق: ئۇلارنىڭ كۆز قارىشى ناتوغرا بولغانلىقتىن، شۇ پىلان بويىچە ئىشلەيدىغان بولسا، تامغا ئۇسسۇۋالىدۇ.

**تام قوشنا** ئۆي ۋە ھويلىلىرىنىڭ، تاملىرى تۇتاش بولغان قوشنا: ئۇلار تام قوشنا بولغاچ، بىللە ئويناپ، بىللە ئۆستى. * سۇ بولسا سۇزۇك بولسا، ئېرىقتا ئېقىن بولسا. ئاشىق بىلەن مەشۇقلار تام قوشنا، يېقىن بولسا.

**تام گېزىت** ئىدارە-جەمئىيەت، كارخانا ۋە مەكتەپلەر تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان گېزىت. بۇنىڭدا ماقالىلار، مەتبەئەدە بېسىلغان گېزىتكە ئوخشاش يېزىلغان ۋە سىزىلغانلىقى ھەم تامغا چاپلانغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**تام مەش** تامنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرغان، خىش، كېسەك ياكى قاڭالتىردىن ياسال-غان مەش، ئوچاق: مەن ئۆي ئىچىگە سىنچىلاپ سەپسالدىم. ئۆي چىنىدەك پاكىز ئىدى. ئىشىكتىن كىرىسلا سول قول تەرەپتە تام مەش، تام مەشكە يۆلەپ تۆمۈر مەش قويۇلۇپتۇ.

**تامنىڭمۇ قۇلىقى بار** باشقىلار ئاڭلىمىدى دەپ ئاغزىغا كەلگەنچە سۆزلەۋەرمەس-

لىك، ئەتراپقا بېقىپ سۆزلەش لازىملىقىن[...] بىلدۈرىدۇ.

**تام ئىشكاپ** <بن> تامغا ئورنىتىلغا[...] ئىشكاپ.

**تاما-تاما** تېمىپ-تېمىپ، تامغانسېرى: تاما-تا[...] كۆل تولار (ماقال).

**تاماشا** ئى [ئە] ① كىشىلەرگە زوق بېغىش[...] لايدىغان ياكى ئەرمەك بولىدىغان[...] كۆڭۈل ئاچىدىغان ھەر قانداق قىزى[...] نەرسە ۋە كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈش ھ[...] ئۇنىڭغا قاتنىشىش جەريانى؛ ئويۇن-كۆ[...] كە: ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا (ماقال). * چاغدا بۇ يەردە ۋاسكىتبول ئويناۋاتقان ياشلار[...] تاماشىسىنى كۆرۈپ ئولتۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر كېلىشكەن قىز-يىگىتلەرنىڭ ھەرىبىچە قاتارلىش[...] يۈتلىرىنى تەڭ كەلتۈرۈپ مېڭىشلىرىنىمۇ تاماشا قىلى[...] ئىدى. * مەن ئىت بىلەن مۈشۈكنىڭ تاماشى[...] كۆرگىلى بارغىنىمدا مىس باش شۇ يەردە قالغ[...] كېيىن ئۇنى ئىزلەپ زادىلا تاپالمىدىم، شۇنىڭ ئۇ[...] ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقىدىن خەۋەر ئالالمىدىم. [...]قىزىق، كۈلكىلىك، ئادەمنىڭ كۈلكىسى[...] كەلتۈرىدىغان ئىش، ئويۇن: ئابد[...] كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، شوخلۇق بىلەن دۈڭ خە[...] — مانا تاماشا! توختاڭ، قارىڭا ھارۋىنى، كۆچۈرگەننى كۆرىمىز، قىزنى ئاچىقتى بولغاي دېدى كۈلۈپ،

**تاماشا بولماق** كىشىلەرنىڭ مەسخىر[...] گە، كۈلكىسىگە قالماق، شاڭخوغا قالم[...] ئۇلارنىڭ ئۇرۇشۇپ- تالىشىشلىرى ئەتراپ[...] قولۇم-قوشنىلىرى ئۈچۈن تاماشا بولدى.

**تاماشا قىلماق** كۆرۈپ ھۇزۇرلانما[...] كۆڭۈل ئاچماق؛ ئوينىماق: ئاتلىقلار ئ[...] شەھەر ئارىلىقىدىكى توپىلاڭ يوللارنى بېسىپ كېت[...] يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئاھالە ئۆيلىر[...] خۇمدانلارنى، مېۋىلىك باغلارنى، بۇلۇتتەك ئې[...]

كەتكەن پاختىزارلىقلارنى بەھۇزۇر تاماشا قىلىپ، يېڭىشەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قالغانىدى. * ئەتراپنىڭ گۈزەللىكىنى تاماشا قىلغاچ كېتىپ بارغىنىمىزدا، تۇيۇقسىز ماشىنا توختاپ قالدى.

**تاماشا كۆرمەك** ① بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆرۈپ كۆڭۈل ئاچماق، ئويۇنماق: سۇ بويىدىكى پوتەينى ساقلاپ تۇرغان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى تاماشا كۆرگىلى يۈگۈرۈشۈپ كېلىشتى. * بەزىدە يېزىلىقلار كېلىپ مەيدان ئەتراپىدا تاماشا كۆرەتتى. ② كۆلكىلىك ئىشلارنى، كۈلۈپ مەسخىرە قىلىدىغان ئىشلارنى كۆرمەك:

ئۇرۇشقانلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرگۈچە، ئايرىپ قويساڭلار بولمامدۇ.

**تاماشىبىن** ئى [ئە+پ] بىرەر تاماشا (ئويۇن) نى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن كىشى، تاماشا كۆرگۈچى؛ تاماشىچى: زال تاماشىبىنلار بىلەن لىقمۇلىق تولغانىكەن. * شۇنداق پەيت كەلسۇنچۇ قېنى، گۈزەل قىز كىنودا باش قەھرىمان رولىنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن پۈتۈن تاماشىبىنلارنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

**تاماشىچى** ئى. تاماشا كۆرگۈچى: رەڭگارەڭ كىيىنگەن تاماشىچىلار توپى ئىچىدە نىل رەڭ سوكنىدىن شىم، ئۇچۇركا، يارىشىملىق بادام دوپپا، يېپيېڭى خۇرۇم ئۆتۈك كىيگەن پىشقەدەم كوممۇنىست ئابدۇۋايىتمۇ بار.

**تاماق (تا: ماق)** ئى. ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىدا يېرىك نەرسىلەرنى بىر يەرگە يىغىش، توپىنى تۈزلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆمۈر ۋە ياغاچتىن ياسالغان چىشلىق ئەسۋاب، سايمان: تاماق ياسىماق. تاماق سالماق.

**تاماق** I ئى ① ئېغىز بوشلۇقىنىڭ ئۈستۈنكى چىشتىن تارتىپ بوغۇزغىچە بولغان قىسمى، قاتتىق تاڭلاي: تامىقىم قۇرۇپ، بوغۇزۇمنى قانداقتۇر كۆزگە كۆرۈنمەس بىر قول ئامبۇردەك سىقىۋاتىدۇ. ② قىزىلئۆڭگەچ بىلەن كېكىردەك ئايرىلىدىغان جاي؛ بوغۇز: پاتەمخاننىڭ قۇلاقلىرى قىزىرىپ، يېنىپ كەتتى. تامىقى بوغۇلۇپ ئاڭلىنار-ئاڭلانماس: — بىلمىدىم، — دېدى.

**تامىقى چاكىلداپ كەتمەك** قورساق ئېچىپ غىزا يېيىشكە بولغان تەقەززالىقى چېكىگە يەتمەك، نەپسى ئالدىراپ كەتمەك.

**تامىقى چۇشۇپ قالماق** تامىقى ئاغرىپ ئاغزىغا ئەمچەك ئالالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالماق.

**تامىقىنى چەكمەك** تامىقىنى قىرىپ ئاۋاز چىقارماق، چاكىلداتماق: بەزىلەر جەننەتتىكى ھۆر-پەرىلەرنى ئەرلەرنى كۆرۈش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان بەختسىزلەر دەپ دەۋا قىلسا؛ بەزىلەر ئۇلارنىڭ ئەرلەر بىلەن يېقىنلاشمايدىغانلىقىنىڭ ئۆزى بەخت دەپ ئىسپات قىلاتتى ۋە ھە دەپ ئاياللارنىڭ خۇلق-مىجەزى، كۆلكە-نازى توغرىسىدا تاماقلىرىنى چېكىپ سۆزلەيتتى ۋە شۇ بىر تېمىدىن نېرى كېتەلمەيتتى.

**تامىقىنى قىرماق** تامىقىغا تەگكۈزۈپ بىر خىل ئاۋاز چىقارماق: كېيىن مەخسۇت بەگ شىپاڭنىڭ پىششىق خىشلىق يولىدا پەيدا بولۇپ، تامىقىنى قىرىپ (ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلىپ) شىپاڭغا كەلدى.

**تامىقى ئېشىپ قالماق** بوغۇز يەۋاتقان ئاتىنىڭ يېنىغا قاڭتۇرۇپ قويۇلغان يەنە بىر ئاتىنىڭ بوغۇز يېيىشكە بولغان تەشنالىقى ئادەتتىن تاشقىرى كۈچىيىپ كېتىپ، بوغۇز بەرسىمۇ يېيەلمەس ھالەتكە چۈشۈپ قالماق

**تاماق** II ئى. غىزا، تائام، يېمەكلىك: پۇل-پىششىق تاماق (ماقال). * بىركۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ چىنىسىنى تاپالماي باشقا بىر چىنىدە تاماق يېگەنىدى، خوتۇنى ئاشۇ چىنىنى ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپلا

ئۆگزىگە تاشلىۋەتتى.

**تاماقتىن قالماق** كېسەل ئېغىرلىشىپ گالدىن تاماق ئۆتمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالماق: ئۇنىڭ دادىسى تاماقتىن قالغىلى بىر ھەپتىدەك بولدى.

**تاماق شەجەرىسى** <بىم> ① سەي قورۇش ۋە تاماق ئېتىش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان كىتاب. ② ھەر بىر ۋاخلىق تاماق ۋە سەيلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان تىزىملىك: يەسلى تاماق شەجەرىسى. ھەپتىلىك تاماق شەجەرىسى.

**تاماققا كىرىشمەك** ئېغىر كېسەل تارتىپ تاماقتىن قالغان ئادەم قايتا تاماق يېيىشكە باشلىماق، تامىقى ئاز ئادەم كۆپ تاماق يەيدىغان بولماق: ساقى كىچىكىدىن تۇخۇمغا ئامراق ئىدى. بالىسىنىڭ تاماققا كىرىشىپ كېلىۋاتقىنىدىن چەكسىز خۇشال بولغان ئانا ئۆيىنى ئاختۇرۇۋېدى، تۇخۇم تېپىلمىدى.

**تاماق ئۈستىلى** تاماق يېيىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان مەخسۇس ئۈستەل، شىرە.

**تامىقىدا قالماق** يېگەن تاماقنىڭ لەززىتى ئەستە قالماق، يېگەن تاماق تىلغا بەك تېتىپ كەتمەك: خېلىدىن بېرى مانا بۇگۈن تامىقىمدا قالغۇدەك تاماق يېدىم.

**تاماق** III ئى. ئەتلەس دۇكىنىدىكى ئۆرۈش يىپلارنى مەلۇم كەڭلىكتە تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن چىگىلگەن تاياقچە.

**تاماق** IV ئى. مىلتىقنىڭ ئوق سېلىنىدىغان جايى.

**تاماقباغ** ئى [تاماق+باغ] يۇگەن ۋە نوختىلار-نىڭ تاماق بويلاپ باغلانغان بېغى: ئۇ نوختىنىڭ تاماقبېغىغا بېكىتىلگەن ھالقىغا چۇلۇۋۇر ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

**تاماق-پاماق** تاماق ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەر، ھەر خىل غىزا: ۋىجدانىم بىلەن

گەپ قىلسام، مەن راستىنلا تاماق-پاماق دېگەننى ئېتىپ كۆرمىگەن، ئەمەلىيەتتە ئارقىلىق باشقىلارنى يېتەكلىيەلمەي، كۆپچىلىك ئالدىدا كۈلكىگە قالارمەنمۇ؟ مەنمۇ ئوخشاشلا ئادەمغۇ، ئۆگەنسەم بولمامدىمۇ؟

**تاماقخانا** ئى. تاماق ئېتىدىغان، تاماق يەيدىغان جاي؛ ئاشخانا: مەكتەپتە تاماققا قوڭغۇراق چېلىنىشى بىلەن ئوقۇغۇچىلار تاماقخانىغا بېرىپ تاماق يەيدۇ.

**تاماقلاندۇرماق** «تاماقلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئانا باللىرىنى تاماقلاندۇ-رۇپ بولغاندىن كېيىن، قاچا-قۇچىلارنى يۇيۇپ بولۇپ، كىر يۇيۇشقا ئولتۇردى.

**تاماقلانماق** پ. تاماق يېمەك، غىزالانماق: ئۇ چاغدا چۈش بولدى دېگەن سۆز، چۈش دېگەن ئادەتتە ئادەملەر ئىككىنچى قېتىم تاماقلىنىدىغان ۋاقىت. * ئۇلار تاماقلىنىپ بولۇپ، سىرتقا چىقىپ، كېچىدە جىنازىغا قاراپ، دۇئا ئوقۇشقا قارار قاپتى.

**تاماقلىماق** پ. تاماقباغنى بېكىتمەك، تاماقباغ تاسمىسىنى چاتماق.

**تاماكا** ئى [پ] ① <بوت> چەيزە ئائىلىسىدى-كى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى چوڭ بولۇپ، تۇخۇمسىمان شەكىلدە كېلىدۇ؛ ئومۇمىي گۈل رېتى غولىنىڭ ئۇچىدا ئۆسىدۇ، گۈل تاجى ۋارونكا شەكىلدە بولىدۇ، كانايچە قىسمى ئاچ قىزىل ياكى ئاق رەڭدە، يېرىقچىلىرى قىزىل رەڭدە بولىدۇ؛ غوزىلىق مېۋە تۇتىدۇ؛ مېۋىسى تۇخۇم شەكىلدە كېلىدۇ. ② شۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرماق ۋە غولىدىن تەييارلانغان ھەر خىل چېكىملىكلەر.

**تاماكا پەرۋانىسى** <زوئول> بىر خىل ھاشارات، يېتىلگىنى كۈل رەڭگە مايىل سېرىق؛ لېچىنكىسى كۈندۈزلىرى يوپۇرماقنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ، كېچىلىرى تاماكا يوپۇرمىقى ۋە پەمىدۇر قاتارلىقلارغا زىيان

سالىدۇ.

**تاماكا پىتى** <زوئول> كۆكپىتىنىڭ بىر خىلى، كۆپلىرىنىڭ رەڭگى يېشىل ياكى سېرىقتا مايىل يېشىل بولىدۇ؛ تاماكا، كۆكتات ۋە شاپتۇل، ئالۇچا قاتارلىقلارغا زىيان سالىدۇ.

**تاماكا كىسلاتاسى** <بىئول> ۋىتامىنىنىڭ بىر خىلى، يەنى ئاق رەڭلىك كرىستال. سۇ ۋە ئىسپىرتتا ئېرىيدۇ؛ ھۈجەيرىلەرنىڭ مېتابولىزملىق رولىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇ كەمچىل بولغاندا، تېرە قوپاللىشىش، تېرە چۈشۈش، تېرە ياللۇغى ۋە تىل ياللۇغى قاتارلىق كېسەل ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ؛ كالا سۈتى، تۇخۇم ۋە يېڭى كۆكتاتلار تەركىبىدە ئۇنىڭ مىقدارى كۆپرەك بولىدۇ. ئۇ يەنە «نىكوتىن كىسلاتاسى»، «ۋىتامىن PP»، «ۋىتامىن $B_5$» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تاماكا ئىشقارى** <بىئول> ئورگانىك بىرىكمە يەنى تاماكىدا بولىدىغان ئالكالوئىد. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_{10}H_{14}N_2$، رەڭسىز ياكى ئاچ سېرىق سۇيۇقلۇق. ھاۋادا قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ؛ تەمى ئاچچىق؛ غىدىقلىغۇچى پۇراقى ئىگە؛ زەھەرلىك؛ نېرۋا سىستېمىسىنى دەسلەپتە قوزغىتىپ، كېيىن تورمۇزلايدۇ؛ يېزا ئىگىلىكىدە ھاشارات ئۆلتۈرۈش دورىسى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ؛ «نىكوتىن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تاماكىچى** ئى. تاماكا ياسايدىغان، تاماكا ساتىدىغان ھەم تاماكا تېرىيدىغان كىشى.

**تاماكىچىلىق** ئى. تاماكا ئېتىش، سېتىش ۋە تاماكا تېرىپ ئۆستۈرۈش ئىشى، كەسپى: ئۇ بۇ يەردە تاماكىچىلىق قىلامدۇ؟! شۇ ئادەمدە بىرگەپ بار.

**تامام** [ئە] ① ئى. ھەر قانداق نەرسىنىڭ تۈگەنچىسى، ئاخىرى، سوڭى: نىزامىدىن كۆيۈشۈپ كەتكەن پۇتلىرىنى قاتتىق-قاتتىق بېسىپ ھارۋىنىڭ ئەتراپىدا مېڭىپ يۈرۈپ، مۇنۇلارنى ئويلىدى: «قۇتۇلۇشنىڭ بۇنىڭدىن ئارتۇق پەيتى بولمايدۇ. مۇنۇ رودۇپاينى ئۇجۇقتۇرۇۋەتسەكلا، ئىش تامام». * بىر كۈنلۈك قىيناشلار بولغاندا تامام، سىلىڭنىڭ ئالدىدا بولدۇم سوراقتا. قورۇقچى ئىجازەت بەردى كىرىشكە، بوسۇغا داۋاندىن ئاتلىدىم ئاستا. ② رەۋ. ھەممە، جىمى؛ تولۇق، بىرىمۇ قالماي: يىغىنغا چاقىرغانلار تامام كېلىپ بولدى.

تامام بولماق ئاخىرىغا يەتمەك؛ تۈگىمەك: مۇزىكا تامام بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىشقا قارىتا مەسلىھەت ئۇنتۇزۇپ، بىر خىل تەرتىپ ئېلان قىلىشقا توغرا كەلدى. * ئېيىغا ئىككى تىللا تۆلەيتتىم، ياخشى يېدىم، ياخشى ئىچتىم، قولۇمدىكى پۇل تامام بولدى.

تامام قىلماق ئاخىرىغا يەتكۈزمەك؛ تۈگەتمەك: سۆز شۇ يەرگە يەتكەندە بەختىيار: — ئەگەر بەھزات سەۋر قىلغان بولسا، قەيسەرنىڭ قىزىنى ئەكىلەتتى، مەقسەتكە يېتەتتى، — دەپ ھېكايىسىنى تامام قىلىپتۇ. * ئۇ يەنە ئاخشام ئۆزىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق زور ئىلمىي ئەمگىكى «ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە-رۇسچە تىببىي ئاتالغۇلار لۇغىتى» نى غەلىبىلىك تامام قىلدى. * شۇم رەقىبدىن ئېلىپ ئىنتىقام، ئۆز بۇرچۇمنى قىلاي مەن تامام.

**تامامەن** رەۋ [ئە] ① پۈتۈنلەي، بىرىمۇ قالماي، ئۈزۈل-كېسىل: غەم-ئەندىشە تامامەن تۈگىدى. * ئۆمرىنى سەنئەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغان، نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغان ۋە رەتلىگەن بۇ پېشقەدەم سەنئەتچى تامامەن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا، خۇددى تاتلىق بىر نەرسىنى شۈمگەندەك كالپۇكىنى تەمشەپ، بېشىنى مۇزىكا رىتىمغا تەڭكەش قىلغىنىچە بىر خىل تەۋرىتىپ ئولتۇراتتى. ② ئەسلا، زادى، ھېچ، مۇتلەق: بۇگۈن بولسا، بۇ شەھەردە ئۇ چاغدىكىگە تامامەن

ئوخشمايدىغان قىزغىن ۋە ئاۋات مەنزىرىنى كۆردۈم. * ئۇلارنىڭ بۇنداق ئەكسىلئىنقىلابىي سۇيىقەستىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن پارتىيىمىز ئۆتكۈزگەن خاتالىقنىڭ خاراكتېرى تامامەن ئوخشىمايدۇ.

**تامالاتماق** «تامالماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قۇبلەيخان چولڭ قانالنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، جەنۇب ۋە شىمال ئوتتۇرىسىدا قاتنايدىغان كېمىلەر يەنە لوياڭنى ئەگىپ ئۆتمىسۇن ئۇچۇن، چولڭ پايتەختتىن ئۇدۇل خاڭجۇغا تۇتىشىدىغان جەنۇب، شىمال چولڭ قانىلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قۇرۇلۇشىنى ئادەم ئەۋەتىپ تامالاتقۇچى ئىكەن.

**تامالاشماق** «تامالماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئىشلىرىنى تامالىشىپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

**تامالانماق** «تامالماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ يىل بەكمۇ غەلىبىلىك، تامالاندى ئىمتىھان. ئەلاچىلار كۆپىيىپ، كۆڭۈل بولدى شادىمان.

**تامالماق** پ. بىرەر ئىش-ھەرىكەت، پائالىيەتنى ئاخىرىغا يەتكۈزمەك؛ تۈگەتمەك: ئابلىمىت ئىككى سائەتلىك دەرستىن كېيىن يەنە ئىككى سائەت ئولتۇرۇپ، بۈگۈنكى تاپشۇرۇقنى ئىشلىدى، ئاندىن سىنىپنى سۈپۈرۈپ، دوسكا، پارتىلارنى پاكىز سۈرتۈپ چىقتى-دە، بىر كۈنلۈك ئىشنى تامالاپ، ئالدىراش ئۆيىگە قايتتى. * ئەخمەتجان بۇ مەكتەپتە 1926-يىلغىچە ئوقۇپ، ئەڭ ئالدىنقى ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ ئالتىنچى سىنىپنى تامالىغانىدى. * بەختاخۇنلار ھايالسىز، تامالىدى تېرىمنى. تىكىپ گازىر، زاراڭزا، بوش قويمىدى قېرىمنى.

**تامامىي** سۈپ [ئە] ھەممە، بارلىق، جىمى: تاغلىرىڭ گۈلزارلىقتۇر سۇلىرى زۇمرەت مىسال، خۇش ھاۋالىقتۇر تامامىي جايلىرىڭ نۇرلۇق ۋەتەن. چۈنكى يەر ئاستىدا بولغان بايلىقىڭ كەتمەس تۈگەپ،

ئاشكارا بولمىدى يۈزدىن بىرىمۇ ئەي ۋەتەن.

**تامان** ئى. تەرەپ: ئۇنىڭ كۆزلىرى غەرب تامان سوزۇلۇپ ياتقان مۇقەددەس تاغلارغا چۈشكەندە، تاغنىڭ بارا-بارا پىراقلىشىشىغا ئەگىشىپ، خىيال قۇشلىرى كىندىك قېنى تۆكۈلگەن بۆلەك-باراقسان چىمەنزارلىق ھويلىسىغا ئۇچۇپ كەتتى.

**تامبال** ئى [پ] پۇتنىڭ ئوشۇقتىن تارتىپ بەلگىچە بولغان قىسمىغا كىيىلىدىغان ئۈستكى كىيىم؛ ئىشتان، شىم: زەيتۇنەم ئاغىنىز تامبال كىيدىغان چاغلاردىلا، قۇتلۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىدى.

**تامبال بېغى بوش** ئۆز ۋەدىسىدە چىڭ تۇرالمايدىغان، ئىرادىسى مۇستەھكەم ئەمەس: تامبال بېغى بوش ئادەم.

**تامپېلەك** ئى [تام+پېلەك] <بوت> ئارالىيە ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال. ھاۋا يىلتىزى ئارقىلىق يامىشىپ ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە كېلىدۇ؛ گۈلى سارغۇچ يېشىل رەڭدە ئېچىلىدۇ؛ مېۋىسى قارا؛ غولى ۋە يوپۇرمىقى دورا قىلىنىدۇ، غەلۋىرەك قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**تام-تورۇس** تام ھەم تورۇس: ئامبارنىڭ ئىچى ئەسكى-تۈسكى نەرسىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەندى تام-تورۇسلىرىنى بولسا ئەسكى تۈگمەنىڭكىدەك قېلىن تور قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، تام تۆشۈكلىرىگە ھەر خىل قەغەزلەر قىستۇرۇپ قويۇلغانىدى.

**تامتۇق** ئى. دىئال ← **تامتۇقى يوق**.

**تامتۇقى يوق** تايىنى يوق، تۇتامى يوق.

**تامچە** ① ئى. سۇيۇقلۇقنىڭ زەررىچىلىرى تارتىشىش نەتىجىسىدە شار شەكلىنى ئالغان كىچىك-كىچىك پارچىلار، سۇنىڭ تېمىمى: تامچە سۇدا تال كۆكرەر (ماقال). گۈلنىسا مۇئەللىم سۆزىدىن توختاپ ئۆزىگە تىكىلگەن

مەسۇم كۆزلەرگە قارىغىنىدا، باھارگۈلنىڭ كۆز چاناقلىرىنىڭ ياشقا تولۇپ، ياش تامچىلىرى دومىلاپ چۈشەي دەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، چۆچەكنىڭ قىزچاققا قاتتىق تەسىر قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى. ② ساناق سانلار بىلەن كېلىپ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: بىر تامچە قان.

**تامچە-تامچە** ئۇززۇلمەي چۈشكەن تامچىلار: ئۇنىڭ كۆكرىكى كەتكەن مەڭزىگە تامچە-تامچە ياشلار ئاقتى.

**تامچى** ئى. تام قوپۇرىدىغان، ئىمارەت سالىدىغان ھۈنەرۋەن: ئۇنىڭ ئاكىسى ئۇستا تامچى.

**تامچىقۇرت** ئى [تامچە+قۇرت] <زوئول> پروتوزوئا. تېنى كۆپىنچە ئېللىپس شەكلىدە كېلىدۇ، قامچا تۈكى بولىدۇ؛ بەزىلىرى ئادەمنىڭ ئۈچەي ياكى جىنسىي يوللىرىدا پارازىت ياشايدۇ، بەزىلىرى تاتلىق سۇدا ياشايدۇ.

**تامچىلاتقۇزماق** «تامچىلماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تامچىلاتماق** «تامچىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دېيىشتى تەلۋىلەر «ئېلىڭلار مانا، ھەقىقەت نەيزىمىز ئۇچىدىلا بار». قان خۇمار نەيزىلەر تامچىلاتتى قان، پېرىلدى قوش يۈرەك چېچىپ گۈل-ئېپار.

**تامچىلىق** ئى. ئۆي-ئىمارەت سېلىش كەسپى: ـ ساۋۇت ئاكامنىڭ ھۈنىرى بارمۇ؟ ـ ھۈنىرى بار، ـ گۈلنىساخان قاش-قاپىقىنى كۆتۈرۈپ كۈلۈپ قويدى، ـ ھۈنەر بولغاندىمۇ گۈلدەك ھۈنەر دەڭا، يازدا تامچىلىق قىلىدۇ، كۈزدە جۇۋىچىلىق!

**تامچىلماق** پ. تامچە-تامچە بولۇپ چۈشمەك، سىرغىماق: يېزا يولىدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان «ئازاد» ماركىلىق يۈك ئاپتوموبىلى ئىككى تەرىپى سوۋادان تېرەكلىك تۈز يولدىن قايرىلىپ، ئەگرى-بۈگرى ساي يولىغا كىرگەندە، كابىنكا ئەينىكىگە ئۈچ-تۆت تامچە سۇ تامچىلىدى.

**تامچىماق** (توغرىسى: تامچىلماق) ← تامچىلماق.

**تامدەك** سۆپ. چوڭ، يوغان، ئېگىز: قاغا جىگدە خۇددى تامدەك بوپتۇ باراقسان، زەپ چىرايلىق كۆكىرىپتۇ چۆلنىڭ ئېتىكى.

**تامدۇرماق** «تاماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ سېنى كۆككە كۆتۈرسۇن ئاغزىدىن بال تامدۇرۇپ، ئالدىنىپ قالما ئوقى مىڭلاپ لەنەت سۈيىقە سىتچىگە.

**تامدۇرۇلماق** «تامدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تامشىماق** (توغرىسى: تەمشەمەك) ← تەمشەمەك

**تامغا** ئى ① نەرسە ۋە ھەر خىل مەھسۇلات قاتارلىقلارنىڭ كىمگە ۋە قايسى ئورۇنغا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش، تۈرگە ئايرىش ئۈچۈن، خەت ياكى بەلگە ئويۇلغان قورال. ② نەرسە ئالاقە ۋە ھەر خىل مەھسۇلات قاتارلىقلارنى ئاجرىتىش ياكى ئۇلارنىڭ كىمگە، قايسى ئورۇنغا تېگىشلىكلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قويۇلىدىغان بەلگە: تامغا بېسىلغان رەخت. ✱ سودىگەر ئايۇپنىڭ باللىرىغا قالغان مىراسلار ئىچىدە 100 تۈگىلىك يىپەك رەختلەر ـ مەخمەل، ئەنبەر، ئېپار قاتارلىقلار بولۇپ، باغدادقا تەييارلاپ قويۇلغان، سىرتىغا تامغا ئۇرۇلۇپ، «باغدادقا ئاپىرىلىدىغان مال» دەپ يېزىلغانىكەن. ③ كۆچمە. ئەسەر، نىشان، ئىز: زۇلۇم-زۇلمەت تامغىسى. ④ كۆچمە. كىشىلەرنىڭ قىلمىشلىرىغا بىنائەن چىقىرىلغان بۇيرۇق، ھۆكۈم، قارار: ئۇنىڭغا خىيانەتچى ئۇنسۇر دېگەن تامغا بېسىلغان.

**تامغا تاش** <گېئول> ئاساسلىق تەركىبى پروفىللىتتىن ئىبارەت بولغان بىر خىل تاش ماتېرىيال. يۇمشاق بولغاچقا تامغا ۋە گۈزەل

سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئويۇشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**تامغىلاتماق** «تامغىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شەخسىي قاسساپلار ھەر قېتىم سويغان قوي، كالا گۆشلىرىنى تامغىلاتقاندىن كېيىن دۇكانغا سېلىپ ساتىدۇ.

**تامغىلاشماق** «تامغىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تامغىلانماق** «تامغىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تامغىلىق** سۈپ. تامغىسى بار، تامغا بېسىلغان: تامغىلىق مال يوقالماس (ماقال). * ئارخىپ ئىچىدىن چوڭ تامغىلىق، خەنزۇچە يېزىلغان بىر تونۇشتۇرۇش چىقتى. * ئىسپاتنى، دېدىم-دە، بولدۇم بىئارام، تامغىلىق ئىسپاتقا نەدە ئالىمەن؟ ھە مانا ماڭىمۇ كەپ قالدى نۆۋەت، بىلەتنى يېنىمدىن ئالدىم-چىقاردىم.

**تامغىلىق ئاتوم** <فىز> رادىئوئاكتىپلىق ئىزوتوپ تېشىپ ئۆتۈش ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان نۇرلارنى ئۈزلۈكسىز قويۇپ بېرىدىغان بولغاچقا، بۇنداق ئىزوتوپنى جىسىمغا كىرگۈزگەندە، نۇر ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىزىنى مەخسۇس ئەسۋابلار بىلەن ئۆلچەپ بىلىشكە بولىدۇ. شۇڭا رادىئوئاكتىپلىق ئىزوتوپ تامغىلىق ئاتوم دەپ ئاتىلىدۇ. تامغىلىق ئاتوم پەن-تېخنىكىدا كەڭ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، ئوغۇتقا ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئوغۇتنىڭ ئۈنۈمى ۋە زىرائەتنىڭ ئوغۇتنى قوبۇل قىلغان قىسمىنى ئۆلچەپ بېكىتىشكە بولىدۇ.

**تامغىلىماق** پ. تامغا باسماق، تامغا ئۇرماق، تامغا قويماق.

**تاملىق** سۈپ. تېمى بار، تام بىلەن قورشالغان: رازۋېتچىكلار ئاتلىرىنى مەھەللىنىڭ چېتىدىكى بىر ئەسكى تاملىق ئىچىگە باغلاپ قويۇشتى-دە، ئۆزلىرى تۆت ئەتراپنى ياختى

كۆزەتكەندىن كېيىن، ئۆستەڭنىڭ بويىغا كەلدى.

**تامماق** پ. تېم-تېم قىلىپ ئېقىپ چۈشمەك، تېمماق: ئاغزىدىن ھەسەل تامىدۇ، كۆڭلىدىن زەھەر تامىدۇ (ماقال). * بېشىل بوستان مەھەللىدە كۆزۈرگەن ئەدەبىي ئۆيلەر، قىلىپ سۆھبەت باراڭلاردا دېھقان ئەسرارىنى كۆردۈم. پىشىپتۇ مەي بولۇپ باغدا بېھى، ئەنجۈر بىلەن شاپتۇل، شېرىن-شەربەتلىرى تامغان ئۈزۈم، ئانارىنى كۆردۈم.

**تاموژنا** ئى [ر] <سودا> دۆلەت چېگرىسىدىن كىرىپ-چىقىۋاتقان بارلىق تاۋار ۋە ماددىي بۇيۇملارنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە ئۇلاردىن قائىدە-تەرتىپ بويىچە باج ئېلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان دۆلەت ئورگىنى.

**تانا** ئى. ① ئومۇمەن پاختا، چىگە، يۇڭ قاتارلىقلاردىن يىپ ئېشىپ ئېتىلگەن ئىنچىكە ئارغامچا: ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، تاھارەت ئېلىپ بامداتنى ئوقۇدى. ئاندىن ھېلىماخۇننىڭ كۆڭلىكىنى يۇيۇپ، ئالدى تېمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن، ئۈستى ئوچۇق كونا ئېغىلدىكى تانىغا يايدى. ② يىپ ئېگىرىدىغان چاق قانىتىنىڭ ئايلىنىشى ئارقىلىق يىكىنى ئايلاندۇرىدىغان ئېشىلگەن بۆز يىپ ياكى كىرىچ.

**تاناب** ئى [ئە] يەر ئۆلچەش، قىر-ئېرىقلارنى رۇسلاش، سىزىق چۈشۈرۈش ئۈچۈن تارتىلىدىغان، پاختا ياكى چىگىدىن ئىنچىكە ئېشىلگەن تانا: ئۇ نۇرشاد ياتقان چېدىرنىڭ تانابلىرىنى كېسىپ، ئۆزىنى چېدىر ئىچىگە ئالدى ۋە مەست ھالەتتە ياتقان نۇرشادنىڭ يېنىغا كەلدى.

**تانابىنى تارتماق** ① راسا كېلىشتۈرۈپ ئەدەبلىمەك، ئەدىبىنى بەرمەك: ئۇ ئۆز-ئۆزىگە: — ئەلۋەتتە بىشىرىدەكلەرنى باشقۇرۇش كېرەك، چەكلەش كېرەك. تانابىنى تارتىش كېرەك!، — دېدى. ② بىرەر ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، كۆڭۈلدىكىدەك قىلماق: ئۇ ئۇسسۇل دېگەننىڭ

تانابنى تارتۇۋېتەتتى. چاقچاق، ئويۇن-كۈلكىدىن قالمايتتى.

**تانابتەك** سۈپ ① تۇپتۈز: ئالار ئۆستەڭ چاپتۇق تانابتەك، ئېگىز تاغنىڭ كەينىدە. قانات قاقتۇق بۈركۈتتەك، ئۈزمەك ئۈچۈن بەيگىدە. ② ئورۇق، ئىنچىكە: بۇ تانابتەك بويكەتكەن قويلار يىلدىن چىقالارمۇ؟

**تانابلىماق** پ. تاناپ بىلەن ئۆلچىمەك: شەمشىرىنى يالاڭلاپ يېتىپ كەلدى بەدۆلەت، پۈتۈن يەرنى تانابلاپ قويماي ئالدى بەدۆلەت.

**تاناسىپ** ئى [ئە] <مات> ئىككى نىسبەتنىڭ تەڭلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىپادە. مەسىلەن: $3:4=9:12$.

**تاناسىپنى يېشىش** <مات> تاناسىپتىكى نامەلۇم ئەزانى تېپىش.

**تاناسىپلىق** سۈپ. تاناسىپ ئۇسۇلى بىلەن يېشىلىدىغان: تاناسىپلىق مەسىلە.

**تاناسىپلىق كېسىكلەر** <مات> ئىككى كېسىكنىڭ نىسبىتى باشقا ئىككى كېسىكنىڭ نىسبىتىگە تەڭ بولغان كېسىكلەر.

**تاناسىپلىق مەسىلە** <مات> ئارىفمېتىكىدىكى تاناسىپ ئۇسۇلى بويىچە يېشىلىدىغان مەسىلە.

**تاناسىل** سۈپ [ئە] <بىئول> بىئولوگىيىلىك جىنسقا ئائىت، جىنسىي: تاناسىل ئەزا، تاناسىل ئەزا كېسەللىكلىرى.

**تاناسىل ئەزا** <ئانات> جىنسىي ئەزا.

**تاناسىل ئەزا كېسەللىكلىرى** <تىب> سىفىلىس، سۆزنەك، يۇمشاق شانكىر قاتارلىق جىنسىي كېسەللىكلەرنىڭ ئورتاق نامى. كۆپىنچە جىنسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق يۇقىدۇ.

**تانتال** ئى [ر<گرېك] <خىم> مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى Ta ( tantalum ). كۈمۈش رەڭدە بولىدۇ، ئۇلترا ئېلېكتر ئۆتكۈزۈشچانلىقى (268.8 °C-تا) ۋە سوزۇلۇشچانلىقى ئىگە؛ كىسلاتا ۋە ئاساسقا بولغان قارشىلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، پارلاندۇرغۇچى قاچا ۋە ئېلېكتر لامپىسىنىڭ قۇتۇپىنى ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ؛ تاق يۆنىلىشلىك توك ئۆتكۈزىدىغان بولغاچقا، توك توغرىلىغۇچى ئەسۋاب ياساشقىمۇ بولىدۇ. تانتالنىڭ ئادەم تېنىدىكى توقۇلمىلارغا نىسبەتەن قوزغىتىش تەسىرى يوق، شۇڭا مېدىتسىنادا بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، نېپىز ياپراق ياكى ئىنچىكە يىپ ئىشلىنىپ، بۇزۇلغان توقۇلمىلار ياملىنىدۇ.

**تاندۇرماق** «تانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ نەزەرىدە ساۋۇرنىڭ يېزىدىن مېھرىنى ئۈزۈۋەتكەن، ئاندىنمۇ تاندۇرغان نەرسە مۇشۇ مەشىنەلىك شەھەر ئىدى.

**تاندۇرۇشماق** «تاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تاندۇرۇلماق** «تاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تانسا** ئى [ر] ① ياۋروپاچە بىر خىل ئاممىۋىي ئۇسسۇل. ئەر-ئايال بىرگە ئوينايدۇ. ② شۇ خىل ئۇسسۇل ئويناش ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغان يىغىلىش: تانسىغا بارماق. تانسىغا قاتناشماق.

**تانسچى** ئى. تانسىغا ئۇستا، تانسىغا ئامراق ئادەم: ـ بىزنىڭ گۈلچېھرەم قالتىس گۈزەل ۋە ئاجايىپ تانسچى جۇمۇ! ـ دېگەن گەپنى چىقارسا، ئۇ زاڭلىقنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەستىن، خۇشال بولۇپ كۆككە ئۇچۇپ كېتەتتى-دە، تېخىمۇ كۆرەڭلەپ، بويىنى لەگلەك قۇشىنىڭ بويىنىدەك سوزۇپ، ئەتراپقا قاراپمۇ قويمايتتى.

**تانسخانا** ئى. مەخسۇس تانسا ئويناش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن زال ياكى مەيدان.

**تانسكەش** ئى. تانسا ئويناشقا بېرىلگەن،

تانسىغا ئامراق كىشى: ئۇستەل-ئورۇندۇقلار بىر چەتكە سۈرۈپ تاشلانغان چاققانغىنا بۇ مەيداندا، تۈت-بەش جۈپ تانسىكەش بىمالال ئوينىيالايتتى.

**تانكا** ئى [ر<ئىنگ] زەمبىرەك، پىلىموت ۋە ئايلانما توپ مۇنارىسى ئورنىتىلغان زەنجىر تاپانلىق برونېۋىك ئاپتوموبىل. مەخسۇس ئۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**تانكىچى** ئى. تانكا ھەيدىگۈچى كىشى.

**تانكىچىلار** <ھەرب> تانكا ئىچىدىكى جەڭ قىلغۇچى خادىملار. مەسىلەن، تانكا باشلىقى، تانكا ھەيدىگۈچى، 1-توپچى، 2-توپچى قاتارلىقلار: تانكىچىلار بەنى.

**تانكىست** ئى [ر] ← **تانكىچى.**

**تانگو** ئى [ر<ئىسپان] <مۇز> ① تانسىنىڭ بىر خىلى. ئەسلىدە ئافرىقىدا پەيدا بولۇپ، كېيىن ياۋروپا ۋە ئامېرىكىغا تارقالغان. $\frac{2}{4}$ ياكى $\frac{4}{4}$ ئۇدار دا بولىدۇ، سۈرئىتى ئاستا، كۆپرەك سىلىق ئوينىلىدۇ، ئوينالغان ۋاقىتتىكى ئۆزگىرىشمۇ كۆپ بولىدۇ. ② شۇ خىل تانسا مۇزىكىسى.

**تانگېنس** ئى [ر<لات] <مات> تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭدا، خالىغان بىر تار بۇلۇڭنىڭ قارشىسىدىكى تەرەپنىڭ قوشنا تەرەپكە بولغان نىسبىتى شۇ تار بۇلۇڭنىڭ تانگېنسى دېيىلىدۇ ۋە tg بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: $tgA=\frac{a}{b}$ ياكى $tgB=\frac{b}{a}$.

**تانىنا** ئى <دىن> قەدىمكى يەھۇدى تىلى بولۇپ، ئەسلىي مەنىسى « ئۇستاز »، « ئوقۇتقۇچى ». يەھۇدىلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى « تانىنا » دەيدۇ. « تانىنا »، « تورا » (شەرىئەت قانۇن كىتابى)، « نەبىم » (پەيغەمبەرلەر) ۋە « كۇتۇبىم » (پۈتۈكلەر) دىن ئىبارەت ئۈچ بۆلۈمگە ئايرىلىدۇ. « تانىنا » نامىدا توپلانغان كىتابلار جەمئىي « تورا » 5 كىتاب، « نەبىم » 15 كىتاب، « كۇتۇبىم » 13 كىتاب بولۇپ، توپلام 39 جىلدتىن تەشكىل تاپىدۇ.

**تاننات** ئى [ئىنگ] <خىم> ← **تاننات كىسلاتا.**

**تاننات كىسلاتا** <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_{76}H_{52}O_{46}$. سۇس سېرىق رەڭلىك پاراشوك بولۇپ سەل سېسىق پۇرىقى بار. سانائەتتە سىياھ ۋە تېرە ئاشلايدىغان دورا ئىشلەشتە قوللىنىدۇ؛ دورىگەرلىكتە قورىغۇچى دورا قىلىنىپ، ھۆل تەمرەتكە، ئىچ سۈرۈش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**تانماق** پ ① قىلمىشنى، گۇناھ ۋە سەۋەنلىكلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالماي تۇرۇۋالماق، ئىنكار قىلماق: ئەخەت ھەممىزگە قاراپ: — كۈندۈزى مەكتەپكە ھېچكىم كەلمەيدۇ، بىز بېرىپ توكۇر قېرىنى تېرىكتۇرۇپ ئوينىمامدۇق. ئەتە مۇئەللىملەر سۈرۈشتۈرۈپ قالغۇدەك بولسا، ھەممىز تەڭلا تېنىۋالىمىز، قانداق؟ — دېدى. * ئۆلسەڭمۇ راست سۆزلە، چىڭ تۇر مەيداندا، جاننى دەپ مەيداندىن تانغۇچى بولما. ② كۆچمە. مۇناسىۋەتنى ئۈزمەك، يىراقلاشماق، قاچماق: سەن مەندىن تانغان ئادەم، ئەڭ ياخشىسى، خالتاڭنى ئۈشنەڭگە سېلىپ بازارغا چىق، بازاردا قەلەندەر قالماپتۇ، تاپاۋىتىڭ ئوبدان بولىدۇ. * ئانىسىدىن تانسا كىمكى، ئۇل يىگىت-ئوغلان ئەمەس، ۋەتىنىم-تۇغقان ئانام، پەرزەنتىمەن، يالغان ئەمەس.

**تاھارەت** ئى [ئە] <دىن> ئىبادەت قىلىش، ناماز ئوقۇش، قۇرئان ئوقۇش ئالدىدىكى يۈز-قول، ئاياغ ۋە باشقا ئەزالارنى يۇيۇپ پاكلىنىش.

**تاھارەت ئالماق** ئىبادەت قىلىش، ناماز

ئوقۇش، قۇرئان ئوقۇش ئالدىدا يۈز-كۆز، پۇت-قول ۋە باشقا ئەزالارنى يۇيۇپ پاكلىماق: ئەلى ئىبنى بەككار تاھارەت ئېلىپ، قازا بولغان نامازلىرىنى ئۆتەپتۇ.

**تاھارەت سۇيى** تاھارەت ئېلىشقا تەييارلانغان سۇ.

**تاۋ I (تاۋى)** ئى. ① كىشى ئورگانىزمىنىڭ نورمال ھالىتى، ساقلىق: ئاپام خېلى كۈنلەردىن بۇيان سىلىنى بىر يوقلاپ كەلسەم زادى بولمايدۇ دەپ يۈرگەن، خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن ئالدىنقى كۈنى تۇيۇقسىز تاۋى يوق بولۇپ قالدى. ئۇ سەن بولساڭمۇ بېرىپ يوقلاپ كەل، دەپ مېنى ئەۋەتتى. * ئابلەت تەنھەرىكەت ھەۋەسكارى بولۇپ مۇسابىقىنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرسىمۇ، لېكىن تاۋىنىڭ يوقلۇقىدىن مۇسابىقىغا بېرىشتىن ۋاز كەچتى. ② كۆچمە. قۇۋۋەت، كۈچ، مادار: بۇ ئىشنى قىلىشقا تاۋىم يەتمەيدۇ.

**تاۋى چۇس** مىجەزى ئىنتىك، ئاچچىقى يامان، قېنى قىزىق: تاۋى چۇس ئادەم.

**تاۋىغا كەلمەك** ماغدۇرىغا كەلمەك، كۈچىگە كەلمەك، ساقايماق.

**تاۋى يوق** ① ماغدۇرسىز، كېسەل: ئۇ ئۆيدە ياتىدۇ، بۈگۈن تازا تاۋى يوق تۇرۇپتۇ، تۈنۈگۈن تەگدىمكىن، پېشانىسىنى تۇتۇپ كۆرسەم، خېلىلا قىزىق تۇرىدۇ. ② كۆچمە. زوقى يوق، رەغدى يوق: يېڭى كەلگەن باشلىقنىڭ بىلىقتىن ئۆزگە گۆشكە تاۋى يوق ئىمىش.

**تاۋ II (تاۋى)** ئى. قىزىقلىق، ھارارەت: تونۇرنىڭ سەل تاۋى قايتقاندا، نانىنى يېقىڭ.

**تاۋىغا كەلمەك** ① قىزىقلىقى، ھارارىتى تۆۋەنلەپ، ئىستېمال قىلىشقا مۇۋاپىق ھالغا كەلمەك (تاماق ھەققىدە). ② تۆمۈر قاتارلىق مېتاللار ئوتتا قىزىپ تاۋلاش ھالىتىگە كەلمەك.

**تاۋا** ئى [پ] نان ۋە شۇ خىلدىكى يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، مېتالدىن ياسالغان ۋە تېگى تۈز، يېنى گىرۋەكلىك نەرسە: يۇيۇلدى كىر-پىرلەر ھەش-پەش دېگۈچە، ماي قوشۇپ تاۋىدا پىشۇرۇلدى نان. توشقۇزدى «دوستلىرىڭ تېتىپ كۆرسۇن» دەپ، ئىرىمچىك، ماي بىلەن خالتىنى ئۇبدان.

**تاۋا كاۋاپ** كاۋاپنىڭ بىر خىلى. تاۋىدا پىشۇرۇلىدۇ.

**تاۋابىئات** ئى [ئە] بىر ئائىلىگە تەۋە بولغان بارلىق كىشىلەر: ئەمەت ئۆيدىكى چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال ھەممە تاۋابىئاتلىرىغا تاپشۇرىدىغىنىنى تاپشۇردى، جېكىلەيدىغىنىنى جېكىلىدى.

**تاۋاپ** ئى [ئە] مۇقەددەس ئورۇنلارغا قىلىنغان زىيارەت: بىركۈنى تۇرۇپ بەيتۇللاغا جۆنىدۇق، شۇ كېچىسى تاۋاپ بىلەن تۈنىدۇق.

**تاۋاپ ئەتمەك** ← **تاۋاپ قىلماق**: گۈلۈڭنى بىر تاۋاپ ئەتمەك ئۈچۈن مىڭ نالىلەر قىلسام، كۆرۈنمەس بەرگىسى ھەتتا، جاھاندا تۇتىيا سەنمۇ؟ خەۋەر كەلسە شامالىدىن بۇلۇت كەينىگە ئاي مۆكتى، بىراق ئالەم يورۇپ كەتتى، چېچىلغان نۇر-زىياسەنمۇ؟

**تاۋاپ قىلماق** ① مۇقەددەس ئورۇنلارنى، تەۋەررۈك ھېسابلانغان جايلارنى زىيارەت قىلماق: بەشكېرەمدىن ئەنجۇر ئالدىم، ئەنجاندىن راۋاب، ئاتىڭىزغا ئەلچى قويسام بەرمەيدۇ جاۋاب. خۇدا قوشسا بىزنى ئاتىڭىز قوشماس، ئاشىقلارنىڭ مازارىنى قىلمەن تاۋاپ. ② كۆچمە. ئەزىز بىلىپ ئەتىۋارلىماق، كۆزگە سۈرتمەك: ئاز بولسىمۇ كۆپكە تاۋاپ قىلىپ، يولدا ئىشلىتەرسىز.

**تاۋاپچى** ئى. تاۋاپ قىلغۇچى: تاۋاپچىلار يېشىل گۈمبەزنى بويلاپ، يۈرۈشەتتى كۈلۈشۈپ ياكى يىغلاپ.

**تاۋاپگاھ** ئى [ئە+پ] تاۋاپ قىلىنىدىغان، تەۋەررۈك ھېسابلانغان ئورۇن، جاي: ئارامگاھ ـ قەشقەرى مەھمۇت مازارى، ئەل تاۋاپگاھى،

ئۆزىگە ئەيلىگەن مەپتۇن ئۇلۇغ نازىم — نىزارىنى.

**تاۋار** ئى <س ئق> ① ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىلغان ئەمگەك مەھسۇلاتى. ئۇ ئىستېمال قىممىتى ۋە قىممەتتىن ئىبارەت ئىككى ياقلىملىقتا ئىگە. ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەتتە تاۋار ئوخشاش بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ② فابرىكىدا توقۇلغان، تېگى بىلەن گۈللىرىنىڭ رەڭگى ئوخشاش بولغان يىپەك گەزلىمە؛ رەخت: — سىڭلىم، ماۋۇ كىيىملەرنى نېمىشقا كىيمىدىڭ؟ قارىغىنا، بۇ كىيىملەرنى كىيگەندە، پەرىلەردەك گۈزەل بولۇپ كېتەتتىڭ، — ئۇ بوپىنى ئېچىپ ئەتلەس ئىشتان-كۆڭلەك، تاۋار پەشمەت ۋە قىسقا سېرىق كۆن ئۆتۈكنى كۆرسەتتى.

**تاۋار ئاشلىق** <سودا> تاۋار سۈپىتىدە سېتىلىدىغان ئاشلىق.

**تاۋار كاپىتالى** <س ئق> تاۋار شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان كاپىتال يەنى، سانائەت كاپىتالىنىڭ ئايلىنىش جەريانىنىڭ 3-باسقۇچتىكى كۆرۈنۈشى.

**تاۋار ماركىسى** <سودا> بىر خىل تاۋارنىڭ تېشى ياكى قېپى ئۈستىگە ئويۇلغان ياكى بېسىلغان بەلگە (رەسىم، نەقىش شەكلىنى ئالغان يېزىق قاتارلىقلار) ئۇ بىر خىل تاۋارنى بىر تۈردىكى باشقا تاۋارلاردىن پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

**تاۋار مۇئامىلىسى** <س ئق> تاۋارنىڭ پۇلنى ۋاستە قىلغان ھالدا ئالماشتۇرۇلۇشى.

**تاۋار ئوغۇت** <دېھ> سودا ئورۇنلىرى تەمىنلەيدىغان پۇرچاق كۇنجۇرىسى، سۆڭەك پاراشوكى، خىمىيۋى ئوغۇت قاتارلىق ئوغۇت.

**تاۋار ئىشقادچىلىقى** <س ئق> ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساس قىلىدىغان تاۋار ئىگىلىكىدىكى تاۋارنى ئىلاھىيلاشتۇرىدىغان بىر خىل كۆز قاراش.

**تاۋار ئىشلەپچىقىرىش** <س ئق> ئالماشتۇرۇش ۋە سېتىش مەقسىتىدە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش. تارىختا ئۇنىڭ ئاددىي تاۋار ئىشلەپچىقىرىش، كاپىتالىستىك تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە سوتسىيالىستىك تاۋار ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل شەكلى بولغان.

**تاۋار ئىگىلىكى** <س ئق> ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان يەنى ئالماشتۇرۇش مەقسىتىدە تاۋار ئىشلەپچىقىرىدىغان ئىگىلىك شەكلى.

**تاۋار يەرمەنكىسى** <س ئق> كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى ئالاھىدە شەكىلدە تاۋار ئالماشتۇرۇلىدىغان بىر خىل بازار.

**تاۋار-تورقا** تاۋار ۋە شۇ خىلدىكى گەزلىمىلەر: تويغا بارساڭ تويۇپ بار، تاۋار-تورقا كىيىپ بار (ماقال). * ئۇ شۇ ئولتۇرۇشتا، بىر يىلدىن بېرى بازارغا چىقماي ئامبىرىدا تۇرۇۋاتقان تاغار-تاغار بۇغداي-قوناقلىرىنى ۋە ئورۇس ساندۇقىدا چىرىپ كېتىۋاتقان تاۋار-تورقىلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇ نەرسىلەرنى كاساتچىلىقتا ئۈچرىتىۋاتقان بۇ زاماننى قارغاپ كەتتى.

**تاۋار-دۇردۇن** تاۋار ۋە دۇردۇن: بۇلارنىڭ ئارقىدىنلا، بۇرۇن ئىككى قېتىمدا بۇلاپ ئالغان ئاتلار ھەم بىر ھارۋا ئالتۇن-كۈمۈش، تاۋار-دۇردۇن باشتۇراغا يەتكۈزۈپ كېلىندى.

**تاۋارگۈل** ئى ← **لەيلىگۈل.**

**تاۋاق** I ئى [ئە] ① ياغاچتىن ئويۇپ، قىرىپ ياسالغان تەخسە شەكىللىك

قاچا، ئاياق: بار تاۋىقىم، يان تاۋىقىم، بولمىسا، ئارىدا سۇن تاۋىقىم (ماقال). * ئوسمان دۇيجاڭ سول قولىدىكى ياغاچ تاۋاقنى ئايلاندۇرۇپ، ئۇماچنى تاۋاقنىڭ قىرغاقلىرىغىچە نىپىز يېيىپ چىقتى-دە، ئاندىن ئوڭ قولىدىكى قوشۇق بىلەن قىرىپ ئىچىشكە باشلىدى. ② ھەر خىل لېگەنلەر: چىنە تاۋاق. تۈنكە تاۋاق.

**تاۋاق قىلماق** بىركىمنىڭ مۇسىبەتلىك بولغانلىقى ياكى بىرەر چوڭراق ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن ھال سوراش، تەبرىكلەش يۈزىسىدىن تاماق ئېتىپ ياكى باشقا يېمەكلىكلەرنى داستىخانغا يۆگەپ ئېلىپ بارماق: ئۈستەلدە ياقىسىدىكى قارىياغاچلىقتا ئۆيى ئۆرۈلگەنلەرگە ئۆي سېلىۋاتىدۇ، يۇرۇلۇڭ مۇدىر، مېنىڭ بىلەن بېرىپ كۆرۈپ كېلەيلى. ھەممە خوتۇنلار تاۋاق قىلىپ ئاپىرىۋاتىدۇ، مەنمۇ قاتارىدىن قالمىدىم.

**تاۋىقىغا توپا چۈشمەك** ئېشىغا چېقىن چۈشمەك، بازىرى كاساتلاشماق: بىز ھېلىقى ئەما رەممالنىڭ ئوقىتى راسا راۋاجلىنىشىۋاتقان پەيتكە ئۇلگۇرۇپ بېرىپتىمىز. ھېلىقى بوشلۇقنىڭ بىر بۇرجىكىگە 20-30 چە ئادەم دۈۋىلىشىۋالغان بولۇپ، ھەممىسى ئالدىغا ئېغىشكەن ھالدا بىر نۇقتىغا تىكىلىشكەنىدى. تاۋىقىغا توپا چۈشكەن باشقا رەممالار بولسا بىر چەتكە سىغداپ چىقىرىلغانىدى. بىزمۇ كۆتەككە ئۇرغان پانىدەك توپقا قىستىلىپ كىردۇق.

**تاۋاق** II ئى [ئە] تاختا: ئۇ 500 باسما تاۋاقتىن كۆپرەك ئورلۇك ئىلمىي ماقالە ۋە مەخسۇس ئەسەر يازدى. كەسپىي يازغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ، بۇ ناھايىتى زور سان.

**تاۋاق-تاۋاق** بىر نەچچە تاۋاق، نۇرغۇن تاۋاق: ئۇلار ئاش دېگەننى تاۋاق-تاۋاقتا ئۇسۇپ، زەمبىلگە سېلىپ توشۇپ، جامائەتكە قويغىلى تۇردى.

**تاۋاقچى** ئى. تاۋاق ياسايدىغان كىشى.

**تاۋاقچىلىق** ئى. تاۋاق ياساش ئىشى، كەسپى.

**تاۋكا** ئى. قىمار ئويناش ئۈچۈن تەييارلانغان مەيدان؛ سورۇن: پۇلنىڭ بىر ئۈچى بىلەكتە، بىر ئۈچى يۈرەكتە دېگەن راست گەپ ئىكەن. ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، بىز تاۋكا تىزىپ ئولتۇرغان زاراڭگاھلىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قوناقلىققا كىرىپ، دوستلىرىمنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدۇم. * كىرىپ تاۋكاغا دو چىقتىم، كۆپىنچە يوككا چۈ ئاتتىم، بولۇپ قەرزدار مۆكۈپ ئۆيگە، چقالماي نەچچە كۈن ياتتىم.

**تاۋكا قۇرماق** قىمار ئويناش ئۈچۈن مەيدان، سورۇن تەييارلىماق: ئۇ لەڭزە سەيناسىدا لاغايلىشىپ يۈرگەن، تاۋكا قۇرۇپ قىمار ئويناۋاتقان، نېمىندۇر تالىشىپ ياقا سىقىشىپ بوغۇشۇۋاتقان ئەسكەرلەرگە قاراپ قويدى.

**تاۋكاچى** ئى. تاۋكانى ئويۇشتۇرغۇچى؛ قىسقىسى، بۇ ئىش خۇش ياقماس نانقىپى ئايال گۆرۈكەش، تاۋكاچى ياكى ھاراق ساتقۇچىغا تېگىۋالدىمۇ بولدى، ئۇنىڭغا بەخت قۇشى قونغاندەك بولۇپ، تېكىنخورلۇق بىلەن ئەرنىڭ تېپىپ بەرگىنىنى ئارامخۇدا يەپ ئولتۇرۇۋېرەتتى.

**تاۋلاتماق** «تاۋلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تاۋلاشماق** «تاۋلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۆمۈر تاۋلىشىۋاتقان تۆمۈرچىلەر ئىشلىرىنى توختىتىشتى.

**تاۋلاندۇرماق** «تاۋلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تاۋلانماق** ① «تاۋلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: گۈزەل جۇڭخۇا ئىشقىدا مەن ئوت بولۇپ ياندىم، سېنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈن سەپەر جەڭگە ئاتلاندىم، بىر جەڭ ئىچىدە قوينۇڭدا گاڭ بولۇپ تاۋلاندىم. ② يالتىرىماق، پارقىرىماق: ئۇ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ يىراقتىكى ئېتىزلارغا قارىغانىدى، ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىكى دېھقانلارنىڭ بولۇق بۇغدايلىرى باشلىرىنى ئېگىشىپ، ئاپتاپتا ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. * كۆلنىڭ شىمالىي

تەرىپى شىپالىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى رەڭمۇرەڭ گۈلزارلىق ئىدى. دۇنيادىكى ھەممە گۈللەرنىڭ سەرخىللىرى بۇ جايدا ئېچىلىپ، تاۋلىنىپ يۇراق چېچىپ تۇراتتى.

**تاۋلىق** سۈپ. تاۋى بار، تاۋى كەتمىگەن، قىزىق: تاۋلىق چاي. * خەت قىسقا بولغىنى بىلەن ئۆرۈك چوغىدەك تاۋلىق ئىدى. ئۇنىڭ تەپتى ھەر بىر يۈرەكنى سىمابتەك ئېرىتىپ، ھەر كۆڭۈلدە يېڭىباشتىن ئىشتىياق قوزغىۋېتەتتى.

**تاۋلىماق** پ ① قاتتىق قىزدۇرماق؛ قاتتىق قىزىتىش ئارقىلىق چىڭىتماق ياكى سابلاشتۇرماق: ياخشى تاۋلانمىغان تۆمۈر ئۇلسا تۇتمايدۇ. * چال ئىكەن ئۇستا تۆمۈرچى ئۆيىدە تاۋلاپ تۆمۈر، ملتىق ھەم ئوقيا ياساپ ئۆتكۈزگەن ئۇ بۇندا ئۆمۈر. ② كۆچمە. چېنىقتۇرماق، يېتىلدۈرمەك: ئۇلارنى تاۋلاپ چېنىقتۇرماقتا، مۇستەھكەم ئىرادىلىك كىشىلەر قىلىپ يېتىشتۈرمەكتە ئىدى. * تىل دەرسى بەدىئىي ئوبراز ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇر ھەم باي ئانا تىل ئارقىلىق ئوقۇغۇچىنى ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنى روھىي ۋە ھېسسىيات جەھەتتىن تاۋلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىدىيىۋى، ئەخلاقىي پەزىلەت تەربىيىسىنىڭ مەقسىتى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. * بۇركۇت قانىتىنى تاۋلايدۇ بوران، شەپەرەڭ دالدىغا كىرەر ھەر زامان. ئىنقىلاب دەۋرى بۇ، شۇنچە دولقۇنلۇق، قىزىلگۈل-چېچەككە پۈركىنەر جاھان. ③ كۆچمە. پارقىراتماق: ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرلىرى، شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش، قاراۋۇللاردەك سەپ تارتقان ئاق تېرەكلەرنىڭ ئۇچلىرىنى قىزغۇچ مىس رەڭگىدە تاۋلىماقتا.

**تاۋۇت** ئى [ئە] ئۆلگەن ئۆلۈكنى دەپنە قىلىشتا، يەرلىككە قويۇشتا، جەسەتنى سېلىپ كۆتۈرۈدىغان ياغاچ ياكى تۆمۈردىن ياسالغان قۇرۇلما؛ جىنازا: پېشىن نامىزىدىن كېيىن، بىر توپ جامائەت ئىككى تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ، خانىقادىكى قەبرىستانلىققا ماڭدى. ئالدىنقىسى تۆمۈر خەلپىنىڭ، كېيىنكىسى ئامانقۇلنىڭ تاۋۇتى ئىدى. * تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ ماڭغان دانىيار، ئۇيلايتتى تاۋۇتتا ياتقان مەرھۇمنى. ئۇ ئۇلەر ۋاقتىدا كۆلدى بىر قېتىم، پىسەنتمۇ قىلماستىن ۋەھشىي ئۆلۈمنى.

**تاۋۇز** ئى <بوت> ① كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يېلەك تاشلاپ ئۆسىدۇ؛ يوپۇرمىقى پەيسىمان يېيىلىدۇ؛ گۈلى سۇس سېرىق؛ مېۋىسى چوڭ، تېپتىكى شىرنىلىك مېۋە بولۇپ شار ياكى ئېللىپس شەكىلدە كېلىدۇ، سۇ مىقدارى كۆپ، تەمى تاتلىق بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**تاۋۇز پېچىقى** ئۇزۇن، ئۇچى تۇغرا كېسىلگەن، قىڭراق شەكىللىك پىچاق.

**تاۋۇز شورپىسى** <يېم> بىر خىل ئىچىملىك، تاۋۇزنىڭ پېلەك تەرىپىدىن تۆشۈك ئېچىلىپ، ئىچىگە شېكەر ياكى ناۋات سېلىنغاندىن كېيىن، قاسقاندا دۈملەپ تەييارلىنىدۇ.

**تاۋۇز شىرنىسى** <يېم> تاۋۇز ئېتىنى شاپىقىدىن ئايرىپ، قاينىتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل ئىچىملىك.

**تاۋۇز مۇراببasi** <يېم> تاۋۇز ئېتىدە تەييارلىنىدىغان مۇرابba.

**تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشۈپ كەتمەك** كۆزلىگەن مەقسەت ۋە غەرەزلىرى ئىشقا ئاشماي بىكار چىقماق، مەغلۇپ بولماق: ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، قەلبىنى بىر خىل ئاچچىق ئەلەم ۋە غەزەپ ــ شۇنداق ئۈمىدسىزلىك ئوتى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. جالالنىڭ تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشۈپ، بارلىق ئارزۇ-ئارمىنى كىمدۇر بىرى تەرىپىدىن بەربات قىلىنغانىدى. * قولتۇقتىن تاۋۇزى چۈشكەن دورغىنىڭ، شەھۋانىي نەپسىگە ئۇرۇلدى خەنجەر. پېشايۋان ئۈستىدە قالدى داڭقېتىپ، تەلەتى گوياكى ئىچكەندەك زەھەر.

**تاۋۇزەك** ئى <بوت> لەيلىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 30 ــ 50 سانتىمېتىر بولۇپ، كۆپ شاخلايدۇ؛ غولى يانتۇ ئۆسىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، سىپىي ئۇزۇن، قويۇق تۈكلۈك بولىدۇ، ئالقانسىمان ھالەتتە تولۇق ئۈچكە يېرىلىدۇ، كىچىك ياپراقچىلىرى پەيسىمان يېرىلىدۇ، كۆرۈنۈشى تاۋۇز يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ؛ گۈلى قولتۇقە-دىن ئۆسىدۇ، سىپىي ئۇزۇن، رەڭگى سۈس سېرىق، تۈۋى سۆسۈن رەڭ كېلىدۇ؛ گۈل كاسىسى چۈشۈپ كەتمەيدۇ؛ پۈتۈن شەكلى پانۇسقا ئوخشايدۇ؛ مېۋىسى غوزا مېۋە، پىشقاندا بەش بۆلەككە يېرىلىدۇ؛ پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېبنى دورا قىلىنىدۇ، ئىسسىقنى قايتۇرۇش، رېماتىزمنى داۋالاش، يۆتەل توختىتىش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش رولى بار.

**تاۋۇزلۇق** ئى. تاۋۇز تېرىلغان يەر: ئاكام تاۋۇزلۇققا كەتتى.

**تاۋۇش** ئى ① <فىز> مېخانىكىلىق تەۋرىنىشلەر نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدىغان دولقۇننىڭ ئاڭلاش سەزگۈسىگە تەسىر قىلىشى ئارقىسىدا پەيدا بولىدىغان ھەر خىل ئاۋاز؛ سادا: ئاياغ تاۋۇشى. تاۋۇش چىقارماق. ② <تىل> تەلەپپۇزدا، سۆزنىڭ ئەڭ كىچىك ئېلېمېنتى: جاراڭلىق تاۋۇش. جاراڭسىز تاۋۇش. سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلار. قوۋۇز تاۋۇشى.

**تاۋۇش پەردىسى** <ئانات> <تىل> تاۋۇش چىقىرىش ئورگىنىنىڭ ئاساسىي قىسمى. ئۇ ئىككى پارچە تاسمىسىمان تالالىق نېپىز پەردىدىن ئىبارەت بولۇپ، كېكىردەكتىكى چۆمۈچسىمان كۆمۈرچەككە چاپلىشىپ تۇرىدۇ؛ ئۆپكىدىن نەپەس چىقىرىلغاندا تاۋۇش پەردىسى تىترەپ، ئاۋاز چىقىرىدۇ؛ تاۋۇش پەردىسىنىڭ قېلىن-نېپىزلىكى، ئۇزۇن-قىسقىلىقى ۋە بوش-چىڭلىقى تاۋۇشنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى بەلگىلەيدۇ.

**تاۋۇش تېمبرى** <تىل> دولقۇن تېپى ۋە ئوبېرتوننىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبى بىلەن كېلىپ چىققان تاۋۇشنىڭ خاسلىقى. ھەر بىر ئادەمنىڭ تاۋۇشى ۋە پىئانىنو، ئىسكىرىپكا، دۇتار، تەمبۇر، نەي قاتارلىق سازلار چىقارغان تاۋۇشلاردىكى پەرق، ئەنە شۇ تاۋۇش تېمبرىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان.

**تاۋۇش چۈشۈپ قېلىش** <تىل> نۇتۇقتا ئەسلىدە بار تاۋۇشنىڭ يوقاپ كېتىش ھادىسىسى. مەسىلەن، «دۇتار چالى-مەن» دېگەندە، «دۇتار» دىكى «ر» نىڭ؛ «گۇناھسىز» دېگەندە، «گۇناھ» تىكى «ھ» نىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا ئوخشاش.

**تاۋۇش چىقىرىش ئورنى** <تىل> ئۇزۇك تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىنغان ۋاقىتتىكى ھاۋا ئېقىمى توسۇلۇپ قالغان جاي.

**تاۋۇش كۆپىيىپ قېلىش** <تىل> سۆز تۈرلەنگەندە، سۆز تەركىبىدە يوق تا-ۋۇش كۆپىيىپ قالىدىغان ھادىسە. مەسىلەن، «سۇ» سۆزى تەۋەلىك Ⅲ شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن-دە (سۇ+ئى= سۈيى)، سۆز غولىدا «ي» تاۋۇشىنىڭ كۆپىيىپ قالغىنىغا ئوخشاش.

**تاۋۇش كۈچى** <تىل> تاۋۇشنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقى. ئۇ ئاۋاز دولقۇنى ئامپلىتۇدىسىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ.

**تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى** <تىل>

سۆزلەر ياسالغاندا، تۈرلەنگەندە ياكى ئۇلاپ ئېيتىلغاندا، سۆز ياكى قوشۇمچىلار تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى، لەۋ ھالىتى جەھەتتىن؛ ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ياكى تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىشى. ئۇ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى** <تىل> نۇتۇقتا بىر تاۋۇش بىلەن يەنە بىر تاۋۇشنىڭ ئالمىشىپ، نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشى. مەسىلەن، «كېرەكلىك»، «كېرەكلىكنى» دېگەندە «ك» بىلەن «گ» نىڭ نۆۋەتلىشىشى؛ «بارلىق»، «بارلىغىنىڭ» دېگەندە «ق» بىلەن «غ» نىڭ نۆۋەتلىشىشىگە ئوخشاش.

**تاۋۇش ئۇزۇنلۇقى** <تىل> ئېيتىلغان تاۋۇشنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى. بۇ تىترەش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىغا باغلىق. تىترەش ۋاقتى ئۇزاق بولسا، ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان تاۋۇش ئۇزۇن بولىدۇ؛ تىترەش ۋاقتى قىسقا بولسا، ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان تاۋۇش قىسقا بولىدۇ.

**تاۋۇش ئۆزگىرىشى** <تىل> تىل تاۋۇشلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ۋە نۇتۇق ئېقىمىدىكى ئۆزگىرىشى.

**تاۋۇش ئېگىزلىكى** <تىل> تاۋۇش چىقارغۇچى جىسىمنىڭ تەۋرىنىش چاستوتىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان تاۋۇشنىڭ خاسلىقى. تەۋرىنىش چاستوتىسى قانچە يۇقىرى بولسا، تاۋۇشمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

**تاۋۇش ئېلېمېنتى** <تىل> تىل تاۋۇشلىرىدىكى بۆلەكلەرگە قايتا بۆلگىلى بولمايدىغان ئەڭ كىچىك بىرلىك. مەسىلەن، «تىل» سۆزى «ت»، «ى»، «ل» دىن ئىبارەت ئۈچ تاۋۇش ئېلېمېنتىدىن تەركىب تاپقان.

**تاۋۇشسىز** سۈپ ① تاۋۇشى يوق، تاۋۇش چىقارماي: **تۇرغۇزدى ئورنۇمدىن نەغمەت يىپىشقاق، تۇرتكەنچە ھويلىغا ئەپ چىقتى مېنى. راست، سەلكىن ئېسىدۇ، كۆكمۇ تۇمانسىز، تاۋۇشسىز ئۈزىدۇ ئاسمان يەلكىنى.** ② <فىز> تاۋۇش ھاسىل قىلمايدىغان: **تاۋۇشسىز دولقۇنلار.**

**تاۋۇشلۇق** سۈپ ① تاۋۇشى بار، تاۋۇش چىقارغان. ② <فىز> تاۋۇش ھاسىل قىلىدىغان: **تاۋۇشلۇق دولقۇنلار.**

**تاۋۇشلۇق تىل** <تىل> ئېغىز ئارقىلىق ئېيتىلىدىغان، قۇلاق ئارقىلىق ئاڭلىنىدىغان تىل. بۇ «تاۋۇشسىز تىل» يەنى «ئىچكى تىل» غا نىسبەتەن ياكى «ئىما-ئىشارەت تىلى» غا نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ. بەزىدە «ئىچكى تىل» غا نىسبەتەن «تاشقى تىل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تاۋۇشلۇق يېزىق** <تىل> بىر خىل ئېلىپبەلىك يېزىق. ئۇنىڭ ھەرپلىرى تىلدىكى تاۋۇش ئېلېمېنتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، رۇس، ئىنگلىز، ئۇيغۇر يېزىقلىرىغا ئوخشاش.

**تاۋىدا** رەۋ. ھەددىدە، چاغلاپ؛ نورمال: **ھەر ئىش تاۋىدا بولغىنى ياخشى، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتسە بولمايدۇ.**

**تاۋىدان** ئى. ئىشىكنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان كىچىك دېرىزە، كۆزنەك.

**تائىپە** ئى [ئە] ئاھالە تەبىقىسى، گۇرۇپپىسى: **قول ھۈنەرۋەنلەر تائىپىسى. سودىگەرلەر تائىپىسى.** ✱ **سۇلايمان ئاتتىن چۈشۈپلا، ئۇنى**

چاترىقىغا قىستۇرۇپ، باش-كۆزىنى سىلىماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ، «بويناق» نىڭ كۆزلىرى ئۆز تائىپىسىدىن بولغان ناتونۇش «مېھمان» — «قاپلان» دا ئىدى. ئەكسىچە، «قاپلان» ئۇنى نەزەر كۆزىگىمۇ ئىلماستىن، ئۆز ئىگىلىرىنىڭ ئەتراپىدا سىپايىلىك بىلەن ئايلىنىپ يۈرەتتى. * شۇڭا كېيىنكى ئۈچ يىلدا ئۇ يەكەن، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇلارغا قاتنايدىغان تەلەپكار سودىگەر تائىپىسىغا تەئەللۇق قىلىنىپ، ئۇن-تىنسىزلا «خانلىق» مەدرىس تالىپلىرىنىڭ تىزىمىدىن ئۆچۈرۈلگەنىدى.

**تاي** I ئى ① ئاتنىڭ ئىككى ياشقا تولمىغان بالىسى: يېتىم تايدىن يورغا چىقار، يېتىم بالىدىن دورغا چىقار (ماقال). * مىرابلار مىنەر تايغا، سۇنى ئاققۇزار بايغا. كەمبەغەللەر سۇ دېسە، بېشىنى تىقار لايغا. ② بەزى كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئارقىسىغا ئۇلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، «ئوشۇرتاي، ھاجىتاي...» غا ئوخشاش.

**تاي** II [پ] ① ئى. چوڭ-چوڭ باغلام قىلىپ، چىگداپ تېگىلگەن مال: ئۇلار نەچچە يۈز كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى قەغەز تايلىرىنى ئۇيان-بۇيانغا يۆتكەيدۇ؛ يەنە بىرمۇنچىلىرى ھەر خىل زەھەرلىك خىمىيىلىك دورىلار بىلەن ھەپىلىشىدۇ؛ قولاق-مېڭىنى يەپ كەتكۈدەك قاتتىق جالاق-جۇلۇق ھەم سېسىقچىلىق ئىچىدە، ھەر كۈنى تويتوغرا سەككىز سائەت ئىشلەيدۇ. ② ساناق سانلار بىلەن كېلىپ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: بىر تاي پاختا.

**تاياق** ئى ① دەرەخ شېخىدىن كېسىلگەن كالتەكچە: تاياق بىلەن ئۇرماق. * بېھىشتىن چىققان كۆك تاياق، يۈگۈرتىدۇ يالىڭاياغ (ماقال). * — خاپا بولمايسەن-دە، — دېدى لۇتپۇللامۇ چېقىشىپ ۋە خەرىتىدىكى ئەگرى-بۈگرى سىزىقلارنى تاياق بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بىز سېنى ئاسماندا ئۇچۇرۇپ، ھەرەمگە ئاپىرىش يولىنى ئىزدەۋاتىمىز! يەنە كېلىپ بىزنىڭ قىلىۋاتقىنىمىز بىر كۆرەش دېگىنە، كۆرەش قىلمىساڭ، ئاسمانغا چىقىشمۇ يوق گەپ. * خۇشلىنىپ ئورنىدىن تۇردى مويسىپىت، تاياقنى ئۇنتۇماي قولغا ئېلىپ، كەتتى ئۇ، سۈرۈلۈپ مەھەللە تەرەپكە، خىياللار ئىچىدە بېشىنى سىلاپ. ② كۆچمە. كالتەك، مۇشتلارنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن بېرىلگەن زەربە: ئايدا كەلگەنگە ئاياغ، كۈندە كەلگەنگە تاياق (ماقال). * دادا سەن يىل بويى ئالۋانغا ئىشلەيسەن، مەن باشقىلارنىڭ پادىسىنى باقىمەن. يەنە ئۈستىمىزدىن تاياق كەتمەيدۇ. قاچانغىچە پېشانىمىزغا پۈتۈلگەن دەپ ئولتۇرىمىز!؟ * داڭقىڭ ئاڭلاپ كەلگەنىدىم، كۆرۈشەي دەپ تاياق يېدىم. مەيلى ئەمدى ئۆلتۈر مېنى، ئارمىنىم يوق كۆردۈم سېنى.

**تاياق-توقماق** تاياق ھەم توقماق: قولۇمغا بىر توقماقنى ئېلىپ ئەلگە قوشۇلۇپ ماڭدىم. 1000دىن ئارتۇق ئادەم قوللىرىغا تاياق-توقماق، پالتا-كەتمەن ئېلىپ توپلىشىپ شەھەر ئىچىگە قاراپ ماڭدۇق. «ۋاڭلىقنى ئالمايمىز، ئۇلارغا قۇل بولمايمىز» دەپ سۈرەن سالدۇق. * قورال-ياراغ يېتىشمەي كۆپ ئەل، تاياق-توقماق ئالدى — يۈگۈرۈشتى. تاقەت قىلىپ تۇرالماي دۈشمەن، قاچتى مانا ھەممىدىن كەچتى.

**تاياقچە** ئى. كىچىك ھەم قىسقىراق تاياق: ئۇ قولىدىكى تاياقچە بىلەن تاغامنىڭ مال-مۈلكىنى كۆرسىتىپ: — شۈبھىسىز قۇمدا مۇستەقىل پادىشاھلىق قۇرۇپ، سەمىرىپ كەتكەن تۈلۈم چاشقاننىڭ دەل ئۆزى، ئۇنىڭ پەيمانى تولۇپ ئاخىرى پرولېتارىياتنىڭ پولات تاختىمۇشۇكىگە چۈشتى، — دېدى.

**تاياقچە باكتېرىيە** <بىئول> باكتېرىيىنىڭ بىر تۈرى. شەكلى تاياققا ئوخشايدۇ؛ خىللىرى كۆپ بولىدۇ؛ بوغما، ماخاۋ، سىل كېسەللىكى، قاتما قاتارلىق كېسەللەرنى ئوخشاش بولمىغان تاياقچە باكتېرىيىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**تاياقچى** سۈپ. ھەدېگەندىلا تاياق

كۆتۈرىدىغان، تاياق سىلىشنى ئادەت قىلىۋالغان: ئۇنىڭ ئىرى بەك تاياقچى.

**تاياق-دۇمبا** تاياق ۋە شۇ خىلدىكى ئۇرۇش ۋە زەربە بېرىش قورالى: ئۇ ئۆز-ئۆزىگە: – ھەي بەختسىزلىك! بۇ ئەرنىڭ مۇنۇ يالغۇز كۆزلۈكىدىن تاپقان راھەت-پاراغىتىدىن، ئەزىمەتنىڭ تاياق-دۇمباسى مىڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟ كېتىش كېرەك، تېزرەك قېچىش كېرەك، – دېدى.

**تاياقۋاز** ئى. قورallıق چامباشچىلىق مەشىقلىرىدە تاياقنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئوينايدىغان تەنھەرىكەتچى.

**تاياقۋازلىق** ئى <تەن> قوراللىق چامباشچىلىق مەشىقلىرىنىڭ بىرى. تاياقلىرى ئۇزۇن تاياق، قىسقا تاياق، ئىككى بوغۇملۇق تاياق، ئۈچ بوغۇملۇق تاياق قاتارلىق كۆپ خىل بولىدۇ. تاياقۋازلىقتا يېرىپ ئۇرۇش، سانجىپ ئۇرۇش، سىلكىپ ئۇرۇش، سۈپۈرۈپ ئۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بولىدۇ.

**تايانچ** ئى ① ياردەمدە، يار-يۆلەكتە بولىدىغان كۈچ: بۇ ئىككىيلەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مۇشۇ ئىشلەپچىقىرىش دۇيىدىكى تايانچلىرىغا ئايلىنىپ قالدى. ② بىرەر ئىشتا، ئالدىنقى ياكى يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئاساسىي كۈچ: ئۇلاردىن باشقىلار زاۋۇتنىڭ ئاساسىي تايانچلىرىدىن بولۇپ، زاۋۇتنىڭ رەھبەرلىك يادروسى مۇشۇ كوللېكتىپتىن تەشكىل قىلىنغان. * بەزى يولداشلار چوڭ تىپتىكى تايانچ كارخانىلاردا ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە، مەلۇم ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە يولداشلارنى زاۋۇت باشلىقلىقىغا قويۇشنى تەكلىپ قىلدى، بۇ پىكىر ياخشى.

**تايانچ بازا** <ھەرب> ئۇزۇن مۇددەت قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بېرىلغان جاي. بۇ يەردە، ئېلىمىزنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىللىرىدىكى ئىنقىلابىي تايانچ بازىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**تايانچىسىز** سۈپ. تايانچىسى يوق، تايانچىسى بولمىغان: نۇرغۇن ياش ئانىلار تۇل قالدى، نارەسىدە ئوغۇل-قىز پەرزەنتلەر ئاتىسىز، تايانچىسىز، بىچارە يېتىم-يېسىرلارغا ئايلاندى. بوۋايلار، مومايلار بولسا مانا مۇشۇ ئانامدەك دىۋانىلەرگە ئايلاندى! * ئەگەر كوللېكتىپنىڭ جامائەت پىكرى ساغلام ۋە توغرا بولمايدىكەن، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە، سىنىپ مۇدىرىنىڭ خىزمىتىگە ئىنتايىن چوڭ قىيىنچىلىق كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سىنىپ مۇدىرى تايانچىسىز جەڭ قىلىش، ياردەمسىز يەككە ئىشلەشتەك قىيىن ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ. ھەتتا ناچار ئىستىللار ئۆسۈپ قېلىپ، ئوقۇغۇچىنىڭ تەربىيە جەريانىدىكى رولىنى يوققا چىقىرىۋېتىدۇ.

**تايانچلىق** سۈپ. بىرەر ئىش-ھەرىكەتتە ئاساسلىق رول ئوينايدىغان، يادرولۇق: –ئۇ ھەر بىر مەزگىللەردىكى سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئاكتىپى. باشلامچى ۋە تايانچلىق رول ئوينىغان ياخشى يولداش، – دېدى ئۇ ئەلەم تارتقاندەك قىياپەتتە. * دۆلەت ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ۋە تۈرلۈك خىزمەتلەردە تايانچلىق رول ئويناۋاتقان ئوتتۇرا ياشلىق زىيالىيلارنىڭ تۇرمۇش تەمىناتى ۋە خىزمەت شارائىتىنى ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ پەيدىنپەي، تۈركۈمگە بۆلۈپ ياخشىلاشنى قارار قىلدى.

**تايانچۇق** ئى ① تايىنىدىغان نەرسە، يۆلەنچۈك: ئىۋان ئىلئىچ ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇراتتى. داشا ئۇشتۇمتۇت كرېسلونىڭ تايانچۇقىنى تۇتۇپ، بېشىنى كۆتۈردى. ② كۆچمە. ياردەمچى، يار-يۆلەك، ھىمايە: مەن تايانچۇق بار جايدا مۇستەھكەم ئولتۇرۇش تەرەپدارىمەن! ئېھتىياتچانلىق تەرەپدارىمەن!

**تاياندۇرماق** «تايانماق» پېئىلىنىڭ

مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تايانماق** پ ① بىرەر نەرسىنى تىرەك، يۆلەك قىلماق، ئۇنىڭغا تىرىلىپ، يۆلىنىپ تۇرماق ياكى ماڭماق: ياتقان ئورنۇڭدىن تايىنىپ قوپما (ماقال). * - ئاۋۇ بايۋەچچىگە قاراڭ! - دېدى سەيپۇڭ يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر باينى كۆرسىتىپ. ئابدۇخالىق ئەينەكتىن قاراپ، هاسا تايىنىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سالاپەتلىك بىر كىشىنى كۆردى. ② بىرەر مەقسەت ۋە نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتا بىرەر نەرسىنى مەنبە، تايانچ، ئاساس قىلماق، ئۇنىڭغا يۆلەنمەك: ئاممىغا تولۇق تايانغاندىلا، ئاندىن خەلق ئىچىدىكى ماجىرالارنى توغرا هەل قىلىپ، خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ؛ شۇنداقلا كەڭ تۈردە تەشۋىق-تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، خەلق ئاممىسىنى دۆلەتنىڭ قانۇنىغا ئاڭلىق تۈردە رىئايە قىلىدىغان قىلغىلى بولىدۇ. * ئاباس سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى جەريانىدا ئامبارنىڭ نۇقسانىنى بارا-بارا سەزگەن، ساددا قىزغىنلىق بىلەن ئىلىم-پەنگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنىڭ پەرقىنى چوڭقۇر هېس قىلغان، شۇ سەۋەبلىك ئاچقۇچلۇق قۇرۇلۇش - سۇ چىقىرىش توما قۇرۇلمىسىنى جۇمەنىڭ ئەپلەپ-سەپلەپ قولىنىڭ ئۈچىدا ئۆتكۈزۈۋېتىشىدىن بىئارام بولۇپ، بۇ ئىشنىڭ ئۈستىدە ساددىقنىڭ تۈرۈشنى تەكلىپ قىلغانىدى. * مەن پاشايەن ئەمگىكىمگە تايىنىپ، سەن پاشايەن ئەل تېنىدىن قان ئېمىپ.

**تايناڭ** سۈپ. ئۆزىنى هەر تەرەپكە تاشلاپ، ئىرغاڭلاپ ماڭىدىغان: تاي-ناڭ بالا.

**تايناڭلاتماق** «تايناڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بالىسىنى تايناڭلاتقان پېتى قولىدىن تۇتۇپ سۆرەپ ماڭدى.

**تايناڭلاشماق** «تايناڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يەسلىدىكى بالىلار يەسلىنىڭ ئىشىكىدىن تايناڭلىشىپ يۈگۈرگىنىچە مەيدانغا چىقتى.

**تايناڭلىماق** پ. ئۆزىنى هەر تەرەپكە تاشلاپ، ئىرغاڭلاپ ماڭماق: ئۇنىڭ قوللىرىنى يۇلاڭلىتىپ، پۇتلىرىنى ئىنچىكىلىتىشلىرى مەن ئۈچۈن ئەڭ نەپىس ئۇسسۇل؛ ئۇنىڭ يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەشلىرى مەن ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل فىگۇرا؛ ئۇنىڭ تايناڭلاپ مېڭىشلىرى مەن ئۈچۈن ئەڭ هوزۇرلۇق باليت ئىدى. * مەن بۇرۇلۇپ قارىدىم، ئىككى تۇپ بەسەي كۆتۈرۈۋالغان ئاق چاچلىق بىر موماي خۇددى كىچىك بالىدەك تايناڭلاپ ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى. * قايتتى بايەت، كەلدى تايناڭلاپ ئەمرىنىڭ قېشىغا، باي خەۋەرنى ئاڭلىدى ئاسمان يىقىلدى بېشىغا.

**تايچاق** ئى. تاينىڭ كىچىكلەتكەن ئىسمى.

**تايدۇرماق** «تايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سېنىڭ بۇ ئىشلىرىڭ كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتىگە خىلاپ، بىز سېنى قەتئىي چەكلەيمىز، قېنى يامان بولساڭ، سەن بىزنى توغرا يولدىن تايدۇرۇپ باق!

**تايدۇرۇشماق** «تايدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تايدۇرۇلماق** «تايدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**تايغاق** سۈپ. ئاسان تېيىلىپ كېتىدىغان؛ تېيىلغاق: ئات ئورۇق، يول تايغاق، يۈك ئېغىر، مەنزىل يىراق (ماقال). * ۋارقىراپ-جارقىراپ، بىر-بىرىنى ئىتتىرىپ ماڭغان ئاتلىق، پىيادە ئادەملەر، پۇتلىرىنى سۆرەپ كېتىپ بارغان ياردارلار «مۇز كۆتۈرەلەرمۇ؟» دېگەن قورقۇنچلۇق سوئال بىلەن ئاياغ ئاستىدىكى تايغاق مۇزغا قاراپ قوياتتى.

**تايغان** ① ئى <زوئول> ئىتنىڭ بىر خىلى. بېلى ئىنچىكە، پاچىقى ئۇزۇن ۋە يۈگۈرۈك كېلىدۇ؛ ئادەتتە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ۋە ئوۋغا ئىشلىتىلىدۇ: راستنى كۆرسە يالغان قاچىدۇ، يولۋاسنى كۆرسە تايغان قاچىدۇ (ماقال). * بۇنى بىر دېمە، تايغانلارنى ئەگەشتۈرۈپ ئوۋغا

چىقىش ناھايىتى كۆڭۈللۈك. * تايغان ئۇنى يېتىپ كەلدى شۇ پەيتتە، ئىلىك قېچىپ غايىب بولدى نەزەردىن. چىقىپ كەلدى جۇۋا كىيگەن بىر ئوۋچى، قۇتۇلدۇم دەپ ئويلىدى قىز خەتەردىن. ② سۈپ. كۆچمە. تىنۋتتى، تۇۆكى، مويىي پەس: تايغان تېرە.

**تايغان بوْغا** ← سۇ بوْغىسى.

**تايلاتماق** «تايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: زاۋۇتتىن ئالغان گەزمالنى تايلىتىپ تەييارلاپ قويدۇق.

**تايلاشماق** «تايلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تايلاق** ئى. تۆگىنىڭ ئىككى ياشقا تولمىغان بالىسى: چارۋىمىزنىڭ بايلىقى، ئۆزىمىزنىڭ يايلىقى؛ ئويناق سالار سەمرىسە، تۆگىلەرنىڭ تايلىقى. * تراكتور گۈركىرەيدۇ كەڭ دالىدا، كېتىدۇ يىراقلارغا ئاۋازلىرى. «ئېگىز يەر يايلىقى» دا يايلار كەڭرى، ئات، كالا، قوي ھەم ئۆچكە، تايلاقلىرى.

**تايلاقلىق** I سۈپ. تايلىقى بار؛ تايلىقىنى ئەگەشتۈرۋالغان: يولدا بىر تايلاقلىق تۆگىنى كۆردۈم.

**تايلاقلىق** II سۈپ. تايلاپ قويۇلغان، تايلانغان: شاۋلىۋ يەنە تايلاقلىق پاختىلار بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بەدىنىنى تەر بېسىپ كەتكەنىدى.

**تايلاقلىماق** پ. تۆگە تايلاق تۇغماق.

**تايلانماق** «تايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تايلىق** I سۈپ. تايلاپ قويۇلغان، تايلانغان: ئۇ ئويلاپ تۇرماستىنلا دېرىزىدىن زال ئۈستىگە سەكرەپ چۈشتى-دە، ئوت كېتىش ئالدىدا تۇرغان تايلىق پاختىلارنى دېرىزىدىن ھالقىتىپ سىرتقا تاشلاشقا باشلىدى.

**تايلىق** II سۈپ. تېيى بار، تاي ئەگەشتۈرگەن: يىلقىچى ئاتلىرىدىن ئايرىلالمايتتى.

ئەمما ئۇ سۈت ئېمىۋاتقان تايلىق بايتالنى يېتىلەپ كېلىپ، نىكرانىڭ بىللە ئېلىۋېلىشىغا بېرىپ، تاينى چېدىردا ئەپقالدى.

**تايلىماق** پ. توپ-توپ، باغلام-باغلام قىلىپ تاڭماق، تاي قىلماق: كىشلەر پاختا-يۇڭلىرىنى ئال دەپ يەنە كېلىدۇ، ھەتتا يالۋۇرىدۇ. ئەھۋال شۇ يەرگە يەتكەندە، مال كەلگەندە پۇلنى تۆلەشكە توختام قىلىپ ئالسەن. ئالغان مالنى تايلاپ ماڭا چىقار. * ئۇ يۇڭ-تاقلىرىنى رەت-رېتى بىلەن تايلاپ، ھويلىغا دۆۋىلىدى.

**تايماق** پ ① سىلىق، تېيىلغاق يەردە سىيرىلىپ، تېيىلىپ كەتمەك؛ تېيىلماق: بايىۋەچچى ئۆزى سېتىۋالغان بۇ نەرسىلىرى بىلەن ئۆيدىن قوغلىنىپ چىققان بويى بىشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. * دەرۋىش ئۈچۈن جاھاننىڭ ھەممە يېرى ئوخشاش. بېشىم قايغان، پۇتۇم تايغان تەرەپكە كېتىۋاتىمەن. ② كۆچمە. يېنىۋال-ماق؛ قايتماق، يالتايماق: توغرا يولدىن ئېزىقما، نامراتلىقتا خارلىق تارتساڭمۇ ئىرادەڭدىن تايما، دۆلەت كەلسە دۆم چۈشمە، جاپا كەلسە يالتايما، جاھاننىڭ غېمىنى ھەممىدىن بۇرۇن يە، جاھاننىڭ راھىتىنى ھەممىدىن كېيىن كۆر، ھەققانىيەت يولىدا قۇربان بول، تىز پۈكۈشتىن ئۆلمەكنى ئەۋزەل كۆر * ئەل ھەققىدە ئالتۇندۇر تەرىپ، گۇناھ دەيمەن ئۇنىڭدىن تايماق. يۈرىكىڭنىڭ قېتىدا ئىمىش، ئۆلكە-دىيار، ئۇرۇق ۋە ئايماق. ③ ئىزى ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتمەك، چىقىپ كەتمەك: ئالدىرىغاننىڭ ئوشۇقى تېيىپتۇ (ماقال).

**تايىن** رەۋ [ئە] ① ئېنىق، مۇئەييەن، مۇقىم: ئىشتانغا چىقارغان كۆڭۈلگە تايىن (ماقال). * ئەتىيازدا، ئابدۇقەييۇمنىڭ ئۆيدىكىلەر كەلگىنىدە، ھەر ئىككى تەرەپ توي ۋاقتىنى تايىن قىلىشقانىدى. * 13-دېۋىزىيە قەشقەرنى شتاب قىلىپ، قىسىملىرى قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇلاردا؛ 14-دېۋىزىيە شىخونى شتاب قىلىپ، قىسىملىرى ئۈرۈمچى، ئالتاي ۋە چۆچەكلەردە

تۈرۈشقا تايىن تاپتى. ② تەييار، ھازىر، تەق: ساڭا ئاشىق مايىل مەن، قامىتىڭگە قايىل مەن. باغۇنىڭگە تايىن مەن، گۈزەل ئېلى باغلىرى.

**تايىن بولماق** ھازىر بولماق، تەق بولماق، تەييار بولماق: باتۇرلار كەينىدىن ئىزلەپ بىر يەرگە بارسا، ئۇ بىر قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەنىكەن، ئۈچ باتۇر مەسلىھەتلىشىپ، خېمىر باتۇر چۈشۈشكە تايىن بولۇپتۇ.

**تايىن تاپماق** ① ئېنىق بولماق، مۇقىملاشماق: ئۇ بايىز خالۋاپنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم بېسىۋېتىپ، كۆڭلىدە: «لەيلىگۈلنىڭ بىزگە كېلىن ئاغىچا بولۇپ چۈشىدىغانلىقى تايىن تاپقان ئىش. بۇ، لەيلىگۈلگىمۇ، ھېچكىمگە سىر ئەمەس. شۇنداق بولغاندىمۇ قىز مەندىن تارتىنىپ قالارمىكىن» دەپ ئويلىغانىدى. ② تەييارلانماق: ئەلقىسسە، ۋەزىر قاسىم 300 تۆگىگە پۇل، مال، ئالتۇن-كۈمۈش: 300 تۆگىگە ئاشلىق يۈكلەپ سەپەرگە تايىن تاپتى.

**تايىنى بار** كارغا كېلىدىغان، ھېسابقا ئالغىلى بولىدىغان، كۆزگە ئىلىنىدىغان، تۇتامغا چىقىدىغان: تايىنى بار گەپ. * ئۇ ئادەمنىڭ خېلىلا تايىنى بار.

**تايىنى يوق** كارغا كەلمەيدىغان، ھېسابقا ئالغىلى بولمايدىغان، كۆزگە ئىلىنمايدىغان، تۇتامغا چىقمايدىغان، چاغلىق: بۇ موللامنىڭ بىلىمىنىڭ تايىنى يوق ئىكەن.

**تايىنچا** ئى. كالىنىڭ ئىككى ياشقا تولمىغان تورپىقى.

**تايىنسىز** سۈپ. تايىنى يوق، تايىن تاپمىغان، ئېنىقسىز: داشا بىردىن كۆلۈۋەتتى. تېلېگىن قانداقتۇر تايىنسىز خۇش چاقچاقلىق ۋە مېھرىبانلىقنى ئەسلەتتى. گەۋدىسى كەڭ، ئاق پەلتو كىيگەن قۇۋۋەتلىك ۋە ئۇياتچان ئىۋان ئىلئىچمۇ خۇددى شۇ تىنچ دەريانىڭ مەنزىرىسىدەك پەيدا بولغانىدى.

**تايىنلانماق** «تايىنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تايىنلىق** ① سۈپ. بەلگىلىك، ئېنىق، ئايدىڭ: گەپ بولمىسا نېمە بولۇپتۇ، تۆمۈر ئاتا «كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يول بار» دەيدىغۇ. كۆڭۈلگە تايىنلىق بولغاندىكىن بولدى ئەمەسمۇ؟ ② يۈك. «ئىھتىمال» دېگەن مەنىدە قىستۇرما سۆز رولىدا كېلىدۇ: ـ توپ سېنىڭ ئەمەس، مەكتەپنىڭ، ئوغرىلاپ ئەكەلگەنسەن تايىنلىق، ـ دېدى مۆمىن. * ـ سەنمۇ ھېرىپ كەتتىڭ، تايىنلىق، ـ دەرياغا يېقىن جايلاشقان كىچىك مەھەللىگە ئۇدۇللاپ كەلگەندە، رىشىت ئۇستا بەختىندىن سورىدى. ③ رەۋ. بىر يولىلا، بىراقلا: توغرا گېپىمنى ئېيتىپ، سىزنى خاپا قىلىپ قويۇۋاتقان بولسام، مېنى تايىنلىق ئېتىۋېتەرسىز. ھازىرقى پەيت جىددىي ھايات-مامات پەيتى. بۇ بىزنىڭ راسا سىنىلىدىغان ۋاقتىمىز. * ئوفتسېر بولغان كىشىنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەردىن بۇ كەمگىچە كىملەرنىڭ ئۆيلىنىپ، كىملەرنىڭ ئۆيلەنمىگەنلىكىنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن سېنىڭ بىلەن بۇرۇندىن تارتىپ تونۇش تۇرۇقلۇق سېنىڭ خوتۇنۇڭنىڭ بار-يوقلۇقىنى بىلمەمدىمەن؟ يالغان ئېيتىپ يۈرگىچە، تايىنلىق توي قىلىۋالاي، رۇخسەت بەرگىن دېسەڭ بولمامدۇ؟ ④ سۈپ. تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق، چوڭ ئەمەس؛ چاغلىق: ئادەم ئېتىزغا چىققاندىن كېيىن قانداق بولمىسۇن ئەمگەك نومۇرىغا ئىگە بولۇشى كېرەك-تە! نومۇر پەرقىمۇ تايىنلىقلا. * تېخى قۇرۇق دەردىلىك ناخشا ئېيتىۋاتقان ئورمىچى يىگىت تىنماي ئىشلەپ قانچىلىك ھوسۇل ئالىدىكىن؟ ھە، تايىنلىق، ھەرقاچان ئورمىغا يەنىكۈچە ئۇمۇ جازانىخورلارغا بىر مۇنچە قەرزدار بولغاندۇ.

**تايىنىش** «تايانماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى.

**تايىنىش نۇقتىسى** <فىز> پىشاڭ ھەردىكەتلەنگەندە تىرەش رولىنى ئوينايدىغان قوزغالماس نۇقتا.

**تايىنىشلىق** سۈپ. تايىنىدىغان، تايىنىلىدىغان:

تايىنىشلىق مۇناسىۋەت.

**تايىنىشلىق مۇناسىۋەت** <لوگ> شەيئىلەرنىڭ بىر-بىرىنى شەرت قىلغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش مۇناسىۋىتى.

**تايىنىلماق** «تايانماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئېنگېلس «ئۆمانلىق ئايىنىڭ ئون سەككىزى» نىڭ 3-نەشرىگە يازغان سۆز بېشىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «فرانسىيە شۇنداق بىر دۆلەتكى، ئۇ يەردە تارىختىكى سىنىپىي كۈرەشلەر، باشقا دۆلەتلەردىكىگە قارىغاندا، ھەر قېتىم تېخىمۇ ئۈزۈل-كېسىل نەتىجە بىلەن ئاياغلاشتى؛ شۇڭا سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىدا، سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئىپادىلىنىشىدە تايىنىلغان، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان سىياسىي شەكىللەر ئۇ يەردە ئەڭ روشەن ئىپادىلەندى. * دەرس ئاڭلىغاندا بىر ياقتىن ئاڭلاپ، بىر ياقتىن خاتىرە يېزىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە قىسقا ۋاقىتلىق خاتىرىگە تايىنىلىدۇ.

**تەئەججۈپ** ① ئى. ئەجەبلىنىش، ھەيرانلىق: تەئەججۈپتە قالماق. * ئۇ ناتونۇش خەت، ناتونۇش كىشىلەر تەرىپىدىن كۆرسىتىلمەكچى بولغان نامەلۇم ياردەمگە ئىشەنچسىز قارىغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، تەئەججۈپ ئىچىدە بېشىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ قاتتىق قىسىپ، خېلى بىر ھازاغىچە ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنى ياستۇق ئۈستىگە تاشلىدى ۋە قاتتىق غېرىبلىق يەتكەن كىشىلەردەك، ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. * كەتمەنلىرىنىڭ سېپىغا تايىنىپ جىمىپ كەتكەن دېھقانلار بىر-بىرىگە تەئەججۈپ بىلەن تىكىلگىنىچە، چاڭ-توزان ئارىسىدا غىل-پال كۆرۈنۈپ كېتىۋاتقان يېشىل پىكاپقا قارىغىنىچە تۇرۇپ قېلىشتى. * كۆز سالدى ھەيرانلىق ئولاشتى ئاڭا، كۆزىدە ئۇيىندى بىردىن تەئەججۈپ. تىترەيتتى قولىدا قەغەز-خەت يېنىك، يۈزىگە قىزىللىق تەپتى ئۇلغىيىپ. ② يۈك. قىزىق، ئەجەب: تەئەججۈپ! ھازىرلا بار نەرسە بىر دەمدىلا يوقالدى-ھە!

**تەئەججۈپلەندۈرمەك** «تەئەججۈپلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پەردە ئېچىلىش بىلەن بېشىغا ئۈچلۈق كۆلا كىيگەن، گەدىنىگە ئۆچكە چۈپۈرلىرى چاپلانغان، پېشانىسىغا كوكۆلا چاچ قىستۇرۇپ، غەلىتە كۆرۈنۈشلۈك قارا ساقال تاقىغان پىرىخۇن خەنجىرىنى شاراقلىتىپ سەھنىگە چىقتى. ئۇنىڭ ئاجايىپ-غارايىپ گىرىمى كىشىلەرنى تەئەججۈپلەندۈرگەنىدى. * ئاخشام ئەزىمەت يەنە گەمەرلىرى كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان كۆل رەڭ شىمىنى ئېلىپ كەلدى. بۇ ھال بامدات نامىزىغا ئولتۇرغان ئانىنى تەئەججۈپلەندۈرمەكتە ئىدى.

**تەئەججۈپلەندۈرۈلمەك** «تەئەججۈپلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەئەججۈپلەنمەك** پ. تەئەججۈپتە قالماق، ھەيران قالماق، ئەجەبلەنمەك: دەل شۇ چاغدا كوچا ئىچىدىن بىر يۈك ماشىنىسى لاي چاچرىتىپ چىقىپ كەلدى-دە، گۈرگىرەپ چاپقىنىچە چوڭ يول تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى، سادىق ماشىنىغا بىر ئاز تەئەججۈپلىنىپ قاراپ قويدى. * مۇرات ئادىلنىڭ بىر نەرسە دېيىشىنى كۈتكەنىدى، بىراق ئۇنىڭ غەمكىن كەيپىياتىنى كۆرۈپ، سەل تەئەججۈپلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ياتاققا كىردى.

**تەئەججۈپلىنەرلىك** سۈپ. كىشىنى تەئەججۈپكە سالىدىغان، تەئەججۈپلەندۈرىدىغان، ھەيران قالدۇرىدىغان، ئەجەبلىنەرلىك: تەئەججۈپلىنەرلىك ئىش. تەئەججۈپلىنەرلىك ھادىسە.

**تەئەججۈپلۈك** «تەئەججۈپ» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: — بالام، — دېدىم مەن كەچلىك تاماقتىن كېيىن بەختىيارنى ئالدىمغا چاقىرىپ، — ئوقۇتقۇچىڭنىڭ ئىسمى نېمە؟ — خانىم، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ يۇمىلاق قوي كۆزلىرىدىن بىر خىل تەئەججۈپلۈك چىقىپ تۇراتتى.

**تەئەددى** ئى [ئە] ئاچچىق، دوق، ھەيۋە؛

زەھەرخەندىلىك: ـ ئەمسە، نېمە ئۈچۈن يۇقىرى رەھبەرلىكنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلمىدىڭ؟! ـ دېدى شەمەر تەئەددى بىلەن. * بۇ ئاچچىق كىنايە ۋە تەئەددىدىن ئابدۇراخمان داموللامنىڭ قويۇق قاشلىرى تۈرۈلۈپ كەتتى.

**تەئەددى قىلماق** دوق، مەسخىرە قىلـ ماق، قورقۇتماق؛ زەھەرخەندىلىك قىلماق: ئاربلاپ كىشلەرنى ئۆستەڭگە ھەيدەپ يۈرگەن مىراب بېگى ئۈزۈن ئۆتمەي توختاخۇننىڭ بوسۇغىسىغا كەلدى-دە، ھويلىدا تۇرغان توختاخۇننى كۆرۈپ: ـ سىلىگە سۇ كېرەكمۇ-يوق، توختاخۇن؟ ـ دەپ تەئەددى قىلىپ سورىدى. * ـ مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك دېگەن مۇشۇ ئىكەن-دە! ـ دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە ئاستا پىچىرلاپ ۋە بىردىنلا ھېسامغا تەئەددى قىلدى: ـ ئەسكىلىك قىلىپ پايدا ئالالامسەن؟!

**تەئەسسۇپ** ئى [ئە] كۆڭۈلسىز ۋەقە، ھادىسە قاتارلىقلاردىن كېلىپ چىققان ئېچىنىش؛ ئەپسۇس: ئەسلىدە قامغاق ئىكەن، ھەي، مەن كۆڭۈل بەرگەن ئۇ گۈل. مىڭ تەئەسسۇپ گۈل كۆرۈپ قامغاقتا بەرگەنگە كۆڭۈل.

**تەئەللۇق** [ئە] ① تىر. تەۋە، مەنسۇپ، ئىگىدارچىلىقىدا؛ قاراشلىق: بۇ توپ ئىدىيە تامامەن ماركسنىڭ ئۆزىگىلا تەئەللۇق. * بۇ ئىشلار بىزگە تەئەللۇق ئەمەس. ② ئى. بىركىمگە مەنسۇپ، تەۋە بولغان مال-مۈلۈك، نەرسە-كېرەك: بىز مۇنچىلىك ئىشنى ئەپلىيەلمە-سەك، شۇنچە تەئەللۇقنى قانداق تاپتۇق. * باي ئويلا-ئويلا ئاخىرى: «مەن ئۆلسەم ھەممە تەئەللۇقنى بىللە ئەكېتەلمەيمەن، بۇلار ھەر قاچان ئوغلۇمغا قالىدۇ» دەپ پىچىرلاپتۇ.

**تەئەللۇقات** ئى [ئە] بىركىمگە مەنسۇپ، قاراشلىق، تېگىشلىك بولغان مال-مۈلۈك، نەرسە-كېرەك: سوپى تېخى بۇنىڭ بىلەنمۇ توختاپ قالمايتتى، ئەگەر بۇ ئامالدىن كېيىن تاشۋاي قويىدەك ياۋاش بولۇپ، ئىمامنىياز سوپىغا پۈتۈن تەئەللۇقاتىنى غەلۋە-غۇدۇرسىز تاپشۇرمايدىكەن، ئۇ مىرشەپ بېگىنىمۇ تاشۋاي بىلەن گۈلچىمەن ئوتتۇرىسىدىكى «سىر» دىن خەۋەرلەندۈرۈپ، «موزاينىڭ يۈگۈرۈشىنى سامانلىقىچە» قىلىشنى ئويلاپ قويغانىدى. * ئۇنىڭ بىلەن يەرلىك خام مال سېتىۋېلىش ۋە بازار تالىشىشتا رىقابەتلىشىپ، بارلىق تەئەللۇقاتىنى دو چىقىپ ئېلىشقان چاغلىرىمۇ بولغان.

**تەبەر** ئى [پ] تارس. ئايپالتىغا ئوخشايدىغان قەدىمكى ئۇرۇش قوراللىرىنىڭ بىر خىلى؛ چوڭ ئايپالتا: سادىر كىچىك تۆرەمنى قۇچىقىغا ئېلىپ، قاتمۇقات توسۇقلارنى بىرمۇبىر يېرىپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل يولىغا راۋان بولدى، ئىككى چوڭ تۆرىنى يىقىتتى، ئۈچ تەبەرنى تارتىۋالدى.

**تەبەسسۇم** ئى [ئە] يۈز-كۆز، لەۋ، ئومۇمەن چىرايىنىڭ كۈلۈمسىرىگەن ھالىتى؛ كۈلۈمسىرەش: بىز ساياھەتتىكى كۈنلىرىمىزنى قىزغىن ھۆرمەت ۋە دوستلۇق قۇچىقىدا ئۆتكۈزدۇق، بىز بىلەن كۆرۈشكەن ئادەملەرنىڭ چىرايىدىن يىللىق تەبەسسۇم يېغىپ تۇردى. * مەكتەپ ئىچى تولغان شادلىقتا، ھەممە تەقەززا تۇراتتۇق كۈتۈپ. سۆيۈملۈك جۇدې كەلدىڭىز يوقلاپ، تەبەسسۇم بىلەن بىزلەرگە كۈلۈپ.

**تەبەسسۇم قىلماق** كۈلۈمسىرىمەك: قەدەملىرىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ كېلىپ، قورۇنۇپ ئولتۇرغان قاسىمغا ئۇلار تەبەسسۇم قىلىپ باش لىڭشىتىپ قويدى. * تولۇنئاي بىرلە مەن بەس-بەستە ئۇچسام، كېزىپ سەييارىلار ئارا، ئاسماننى قۇچسام؛ ماڭا چولپان كۈلۈپ قىلسا تەبەسسۇم، سامانىڭ قىزىغا گۈل دەستە تۇتسام.

**تەبدىل** ئى [ئە] يېز ت. ئۆزگەرتىش، ئالماشتۇرۇش.

**تەبدىل قىلماق** ئۆزگەرتمەك، ئالماشـ تۇرماق: تەبشىي، ساپ بۇ روھىمنى قىلالماس ھېچ كىشى تەبدىل، بۇزالماس ئېتىقادىمنى تۈمەن

كۆلپەت-جاپا كەلسۇن.

**تەبرىك** ئى [ئە] ① بىراۋنى ئېرىشكەن نەتىجىسى ئۈچۈن قۇتلۇقلاش، مۇبارەكلەش: قەھرىمانلار سەھنىگە چىققاندىن كېيىن، ئولتۇرغانلار قىزغىن ئالقىش ئارقىلىق تەبرىك ۋە ئېھتىراملىرىنى ئىپادىلىدى. * ئوقۇلدى ئۇقتۇرۇش تىترەك ئۈن بىلەن، يۈرەكلەر سوقۇشى تېزلەشتى شۇئان. تەبرىكلەر ساداسى ئۆرلىدى بىردىن، دىللاردا جۇش ئۇرۇپ ئاقتى ھاياجان. ② بىرەر خۇشاللىق، تەنتەنە مۇناسىۋىتى بىلەن ئىزھار قىلىنغان ياخشى تىلەك: يىغىندا بىر قانچە ئورۇن قوللاش، ھىمايە قىلىش مەزمۇنىدىكى تەبرىك نۇتۇقلىرىنى سۆزلىدى.

**تەبرىك خەت** تەبرىكلەش، مۇبارەكلەش مەزمۇنىدا يېزىلغان خەت.

**تەبرىك سۆز** تەبرىكلەش مۇراسىملىرىدا تەبرىكلەش، مۇبارەكلەش يۈزىسىدىن سۆزلەنگەن سۆز: تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرىنىڭ مۇئاۋىنى كامال گوكچە تەبرىك سۆزى سۆزلىدى. ئاندىن سۆزگە چىقىش رەسمىي باشلىنىپ كەتتى.

**تەبرىكلەشمەك** «تەبرىكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: گېنېرالنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بولغان تاشقورغان باش قوماندانلىق شتابىنىڭ باشلىقلىرىدىن غۇلامجان، قاراخان باتۇر، ئەيسىنىڭ دادىسى ئابدۇللا داموللا، ئابلىز پالۋان، كارمانشا، قىدىربەگ قاتارلىقلار ئەنجانبايىنى شەرەپ قازىنىپ ئالغان ئۇنۋانى ئۈچۈن تەبرىكلەشتى. * ھۆكۈمەت تەرەپتىن لى شۇفۇ، قوزغىلاڭچىلار تەرەپتىن تۆمۈر خەلپە تونختامغا قول قويۇپ، ئۆزئارا قۇرئان تۇتۇشۇپ بىر-بىرىنى تەبرىكلىشىدۇ.

**تەبرىكلەنمەك** «تەبرىكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەبرىكلىمەك** پ. ① بىراۋنى ئېرىشكەن نەتىجىسى ئۈچۈن مۇبارەكلىمەك: پارتكوم شۇجىسى تۆمۈر ئاتىنىڭ تەكلىپىنى خۇشاللىق بىلەن ماقۇل تاپتى ۋە چېدىر ياغاچلىرى بېسىلغان هارۋىنىڭ شۇ كۆپچىلىكنىڭ قارلىق تاغقا يۈرۈش قىلىشىنىڭ يېڭى قەدىمى بىلەن تەبرىكلەپ سۆز قىلدى. ② بىرەر خۇشاللىق، تەنتەنە مۇناسىۋىتى بىلەن ياخشى ئۈمىد ۋە تىلەكلەرنى ئىزھار قىلماق: دۆلەت بايرىمىنىڭ 30 يىللىق ھارپىسىدا، شەۋكەتنىڭ سۈرىتى شەرەپ تاختىسىغا چىقتى، ئىش-ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئانار ئۇنى ئالاھىدە تەبرىكلىدى.

**تەبرىكنامە** ئى [ئە+پ] تەبرىك سۆزلىرى يېزىلغان مەكتۇپ، تەبرىك خېتى: تەبرىكنامە يازماق.

**تەبىئەت** ئى [ئە] ① ئالەمدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى، بارلىق مەۋجۇدات: تەبىئەت دۇنياسى. تەبىئەت ھادىسىلىرى. ② تەبىئەتتىكى يەر، سۇ، تاغ، ئورمان ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ مەنزىرىسى: دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىدا ۋە گۈللەرنىڭ شاخلىرىدا كېچىچە ياغقان يامغۇر تامچىلىرى يالتىراپ تۇراتتى. تەبىئەت ھۆسنىگە جان كىرگۈزگەن بۇ تامچىلار گويا ئاسما ئوكۇلنىڭ ئەينەك نەيچىسىدىكى تامچىغا ئوخشايتتى. * گۈزەلگە يەتكەندەك گويا خۇش خەۋەر، ئۈچتى نۇر-ئۈچقۇنلار كىرىپكىلىرىدىن. جان كىردى تەبىئەت گۈزەللىكىگە، ياڭرىغان ناخشىنىڭ سېھىرلىرىدىن. ③ <تىب> ماددىنىڭ تىرىك ئورگانىزمغا كىرگەندىن كېيىنكى ئىسسىقلىق ياكى سوغۇقلۇق، ھۆللۈك ياكى قۇرۇقلۇق تەسىرى: بۇ دورىنىڭ تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل. ④ روھىي ھالەت، تۇرق، كەيپىيات، مىجەز: كېسەلنى ئوزۇقلۇق بىلەن داۋالاشتا، ئالدى بىلەن بىمارنىڭ تەبىئىتى، كۈچ-قۇۋۋىتى، كېسەللىكنىڭ ئېغىر يەڭگىللىكى ۋە قىزىتمىسىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك. * ئۇلارنىڭ تەبىئەتلىرى بىر ئاز قوپال بولسىمۇ، لېكىن ئەزىمەت يىگىتلەر.

**تەبىئەت پەلسەپىسى** <پەلس> تەبىئەت دۇنياسى توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى

تەلىمات. ئۇنى پەيلاسوپلار ئابستراكت خىيالكەشلىك پرىنسىپلىرى بويىچە ياراتقان.

**تەبىئەت دۇنياسى** <پەلس> بىر پۈتۈن ئوبيېكتىپ ماددىي دۇنيا. ئۇ ئاڭنىڭ سىرتىدا، ئاڭغا بېقىنمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئوبيېكتىپ چىنلىقتۇر.

**تەبىئەت دىئالېكتىكىسى** <پەلس> دىئالېكتىكىلىق ماتېرىئالىزمچە تەبىئەت قارىشى، شۇنداقلا تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ مېتودولوگىيىسى. تەبىئىي پەننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى تەبىئەت دىئالېكتىكىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بەردى، تەبىئەت دىئالېكتىكىسى بولسا ھەر قايسى تەبىئىي پەنلەر تەتقىقاتىغا باشلامچى بولدى. تەبىئەت دىئالېكتىكىسى تەبىئىي پەنلەر تەتقىقاتى ئۈچۈن مۇھىم يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ، لېكىن تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئۆزىدىكى ئاساسىي نەزەرىيىنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ.

**تەبىئەت قارىشى** <پەلس> كىشىلەرنىڭ تەبىئەت توغرىسىدىكى ئومۇمىي قارىشى. ئۇ دۇنيا قاراشنىڭ ئايرىلماس قىسمى. تەبىئەت قارىشى تۆرلۈك بولىدۇ. ئىدېئالىزم تەبىئەت دۇنياسىنى روھنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدۇ، مېتافىزىكىلىق ئىدېئالىزم تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق شەيئىلەرنى يەككە-يېگانە بولىدۇ، مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ دەپ قارايدۇ. دىئالېكتىلىق ماتېرىيالىزم تەبىئەت دۇنياسىنى ئۇنىڭ ئەسلىي قىياپىتى بويىچە تونۇپ، تەبىئەت دۇنياسى ئاڭغا بېقىنمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بىر پۈتۈن ئوبيېكتىپ ماددىي دۇنيادۇر؛ ئۇ ئۆزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزگىرىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ دەپ قارايدۇ.

**تەبىئەت لىرىكىسى** <ئەد> شائىرنىڭ تەبىئەتتىن ئالغان ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان لىرىك شېئىر.

**تەبىئەت مەنزىرىسى** ① تەبىئەتتىكى تاغ-ئېدىر، دەريا-كۆل، دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھ، ئۆي-ئىمارەت ۋە تەبىئىي ھادىسە قاتارلىقلارنىڭ مەنزىرىسى. ② <ئەد> تەبىئەتنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەنزىرىسى. يازغۇچى تەبىئەت مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ ھەمدە تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى، مەلۇم ئورۇن ياكى جاينىڭ خاراكتېرلىك بەلگىلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. تەبىئەت مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەش پېرسوناژلار ئوبرازىنى تېخىمۇ ئېنىق سۈرەتلەشتە ۋاستىلىك رولمۇ ئوينايدۇ.

**تەبىئىتى نازۇك** ← **كۆڭلى نازۇك.**

**تەبىئىتى كۆتۈرمەسلىك** دىتىغا سىغماسلىق، مىجەزىگە ياقماسلىق: **مۇشۇنچىلىك ئەسكىلىكلەرنى قىلىشقا ئۇنىڭ تەبىئىتى قانداق كۆتۈردىكىن تاڭ، بىلمىدىم.**

**تەبىئەتشۇناس** ئى [ئە+پ] تەبىئەت مۇتەخەسسىسى، تەبىئەتنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىم: **پەندە قىسقىغىنا بىر ئەسىر ئىچىدە يۈز بەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشكە سېلىشتۇرغاندا، بىرقانچە ئون ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ، ھەرقايسى مىللەتتىن چىققان تەبىئەتشۇناسلار، پەيلاسوپلار ئۆزلىرىنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى ۋە كۈچلۈك تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارلىرىغىلا يۆلىنىپ، كۆزىتىش ئارقىلىق چىقارغان ئەقلىي خۇلاسىسىنى ئالقىشلاشقىلا بولىدۇكى، ھەرگىز**

كەمسىتىشكە بولمايدۇ.

**تەبىئەتشۇناسلىق** ئى. تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى ئىلىم، پەن.

**تەبىئەتلىك** سۈپ. ئۆزىگە خاس خاراكتېر، خۇلق-مىجەز ياكى خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان: تاسادىپىي تىركىشىش نازۇك تەبىئەتلىك خالىبۇۋىنىڭ شېخىنى قاقشانلىقتىن، ئۆزىگە ھاي بېرەلمەي مىچىلداپ يىغلىۋەتتى. * مامۇت ئۆزۈن ساقلىنى سىلاشقا باشلىۋىدى، گالىيە شۇ ھامان ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈۋەتتى، ھەتتا ئېغىر تەبىئەتلىك بۇ ياش چوكانمۇ ئۆزىنى باسالماي ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى.

**تەبىر** ئى [ئە] بىرەر شەيئىنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسى ياكى ھەجمىگە ۋە بىرەر ئۇقۇمنىڭ مەزمۇنىغا قارىتا دەل ۋە قىسقا قىلىپ بېرىلگەن چۈشەنچە؛ ئىزاھ: پۈتۈن ئەلدە بىردىنبىر ئالىي ئوقۇل- مۇشۇ خانلىق بىلىگ يۇرتى بولۇپ، 30-35 ياشلارغىچە بولغان ياشلار ئوقۇيتتى. دىن، دىنىي ئەقىدىلەر، قۇرئاننىڭ تەبىرىنى ئوقۇغاندىن باشقا، ئەدەبىيات، ھېساب، تارىخ ۋە تىبابەتچىلىك دەرسلىرىنىمۇ ئوقۇلاتتى.

**تەبىر بەرمەك** مەنىسىنى يەشمەك، چۈشەندۈرمەك، ئىزاھلىماق، شەرھلىمەك: تۈرلۈك قىياپەتتىكى ۋە تۈرلۈك ئوبرازلارنى ئىپادە قىلىدىغان بۇ مەبۇد ۋە مۇئەككەللەر گوياكى ساكيامونىنى قوغداۋاتقاندەك ۋە ئۇنىڭ دىنىي مەرىپەتلىرىگە تەبىر بېرىپ جاھانغا جار سېلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. * تام قوشنىلار ئاڭلىشىپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ قېلىشتى، سۆز-چۆچەكلەر كۆپىيىپ، ھەر خىل تەبىر بېرىشتى.

**تەبىر بېرىلگۈچى** <لوگ> ئېنىقلىمىنىڭ تەركىبىدىكى بىر ئامىل، يەنى تەبىرلىنىدىغان ئۇقۇم.

**تەبىر ئېيتماق** ← **تەبىر بەرمەك**: بۇ يەردە ئىككى قولىقىنى تۇتۇپ، چۈشكە تەبىر ئېيتىپ، كوچمۇكوچا ئايلىنىدىغانلارمۇ يوق ئىدى. * باشتا چۈشىڭىزنى بوۋاي قەمبەردىن سورىغاندىڭىز، ئول كىشى سىزگە: «يۈسۈپ-ئەھمەدلەر كېلىپ تاجۇتەختنى ئالۇر» دەپ تەبىر ئېيتقانىدى.

**تەبىرچى** ئى. تەبىر بەرگۈچى، تەبىر ئېيتقۇچى كىشى: — بۇ چۈشنىڭ تەبىرى شۇكى، — دەپتۇ تەبىرچى ئالىم، — بارلىق تۇغقان-قېرىنداشلىرىڭىز سىزدىن ئىلگىرى ۋاپات بولىدۇ.

**تەبىرلەنمەك** پ. تەبىر بېرىلمەك، تەبىر ئېيتىلماق، چۈشەندۈرۈلمەك.

**تەبىرنامە** ئى [ئە+پ] چۈشلەرگە بېرىلگەن تەبىر ھەققىدىكى كىتاب: تەبىرنامە يازماق.

**تەبىقە** ئى [ئە] ① بىر سىنىپ ئىچىدىكى ئىقتىسادىي ئورۇنلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ئارقىسىدا بۆلۈنگەن قاتلاملار: ئۇ ئەينى زاماندىكى ئۇرۇمچى جەمئىيىتىدە بولۇۋاتقان ئەڭ نازۇك ئىشلارنىمۇ بىلەتتى. بىلگەندىمۇ يۇقىرى تەبىقىلەر ئارقىلىق ئەمەس، ئەڭ ئاددىي كىشىلەرنىڭ مۇڭ تۆكۈشى ئارقىلىق كۆپ ئىشلاردىن خەۋەردار بولاتتى. ② ئومۇمەن ئادەملەر توپى، ئائىلە ۋە جەمئىيەتنىڭ بىر قىسمى، بىر بۆلىكى: بۇ ھال بىزدىن پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەندىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىنى تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا ساقلاپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ھەر تەبىقە خەلقى بىلەن بولغان زىچ ئالاقىسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. * كۆڭلەرنىڭ بىرىدە، ھەر قانداق تەبىقىدىكىلەرنىڭكىدىنمۇ كىرىش تەس بولغان بۇ جايغا كىرىپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭ يولىدا ھېچقانداق توسالغۇ بولمايتتى.

**تەبىقچىلىك** ئى. جەمئىيەت تەبىقىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى، تەرتىپ، قائىدىلىرى ۋە ئۇلارغا ئاساسلانغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر: فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئوتتۇرا دەۋرى ۋە ئاخىرقى دەۋرىدىمۇ فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلار فېئوداللىق تەبىقچىلىك تۈزۈمىنى ئاۋۋالقىدەكلا

ساقلاپ قالدى ۋە كۈچەيتتى، بۇنداق تەبىقچىلىك تۈزۈمى ئۇسۇل ۋە نام جەھەتتىلا بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان بولدى. * بۇ يەردە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بەزى يولداشلىرىمىز ھەمىشە كادىر دېگەن ئىشچىلار-دىن، دېھقانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دەپ قارايدۇ، بۇمۇ چىرىك فېئوداللىق تەبىقچىلىك كۆز قارىشى، بۇ توغرا ئەمەس.

**تەبىقىلەنمەك** پ. تەبىقىلەرگە بۆلۈنمەك، تەبىقىلەرگە ئايرىلماق.

**تەبىقىلىك** سۈپ. تەبىقىسى بار، تەبىقىگە مەنسۇپ: بۇرژۇئازىيە فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى كۈرەشتە، ھەممە كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا بارلىق تەبىقىلىك ئىمتىيازلارنى يولغا قويغاندى، شۇنىڭدىن بۇيان ھوقۇقتىكى باراۋەرلىك ئېغىزدا ئېتىراپ قىلىندى. * بارلىق تەبىقىلىك ۋە تۇراقلىق نەرسىلەر تۈماندەك تارقاپ كەتتى، بارلىق مۇقەددەس نەرسىلەر ھاقارەتلەندى. كىشىلەر ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ ئورنى ۋە ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىگە سوغۇققانلىق بىلەن قاراشقا مەجبۇر بولدى.

**تەبىئىي** سۈپ [ئە] ① تەبىئەتكە، ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتكە ئائىت، تەبىئەتتە بار بولغان؛ ئەسلىدىن بار، ھەقىقىي: تەبىئىي پەن. تەبىئىي ئورمان. * تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن تەبىئىي ئۆستەڭدە شارقىراپ سۇ ئېقىپ تۇراتتى. * مۇستەھكەم سېپىلنىڭ يان تاملىرىدەك، سوزۇلغان جەنۇب ۋە شىمالدا تاغلار. قوي-قوزا ئوتلايدۇ يايلاقلىرىدا، ئۇ يەردە ئورمانلار، تەبىئىي باغلار. ② كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىگە خاس، ياسالما ئەمەس؛ ئەينى، چىن: بۇ ناخشىنى ئاڭلىغاندا، ھىندىستان كىنو فىلىمى «سەرگەردان» نىڭ باش قەھرىمانى راجىنىڭ قاراڭغۇ جەمئىيەتتە تارتقان بارلىق ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ناھايىتى تەبىئىي ھالدا، بىر-بىرلەپ كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىدۇ. * سەن ھاشىر تارتىنما، مېنىڭ ئۆيۈمدە ئۆزۈڭنى ئازادە تۇت، ئەلا تەبىئىي ئولتۇرۇۋاتىدۇ، سەن نېمىشقىدۇر قورۇنۇۋاتىسەن. ③ مۇقەررەر، جەزمەن، شۈبھىسىز: بۇ مەزگىلدە ئۇ باشقىلارغا زىيان سېلىپلا يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇمۇ باشقىلارنىڭ جازاسىغا ئۇچرىشى تەبىئىي ئىدى.

**تەبىئىي ئاپەت** <دېھ> ھۆلچىلىك، قۇرغاقچىلىق، كېسەللىك، ھاشارات، قۇشلار، ھايۋانلار، بوران-چاپقۇن، مۆلدۈر، ئۈششۈك قاتارلىقلارنىڭ تەبىئىي ھالدا كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زىيىنى.

**تەبىئىي ئادەم** <پەلس> ئىپتىدائىي، مەدەنىيەتسىز ۋە يېزىقى يوق ئىرق ياكى ئادەملەر.

**تەبىئىي ئالتۇن** <گېئول> بىر خىل مىنېرال، خىمىيىلىك تەركىبى Au. كۆپىنچە كۈمۈش، مىس قاتارلىقلار بىلەن ئارىلاش كېلىدۇ؛ تەڭ ئوقلۇق كرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، كرىستاللىرى ئاز ئۇچرايدۇ؛ قوراماسى كۆپىنچە تەرتىپسىز دانچىلار ھالىتىدە كېلىدۇ؛ رەڭگى سېرىق بولۇپ، كۈچلۈك مېتال پارقىراقلىقىغا ئىگە؛ ئۈزۈلۈش يۈزى ھەرە چىشى شەكلىدە؛ قاتتىقلىقى 2.5—3؛ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 15.6—18.3؛ سوزۇلۇشچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك؛ توك ۋە ئىسسىقلىقنى ياخشى ئۆتكۈزىدۇ.

**تەبىئىي بايلىق** سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن يارىتىلغان بولماستىن، ئەزەلدىن بار بولغان تەييار بايلىق: شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ، تەبىئىي بايلىقى مول، ھەر مىللەت خەلقىمىز ئەمگەكچان، باتۇر، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا يوشۇرۇن كۈچ ناھايىتى زور.

**تەبىئىي پەن** تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈرلۈك ماددىلار ۋە ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەنلەر. ئادەتتە فىزىكا، خىمىيە، زوئولوگىيە، بوتانىكا، مىنېرالوگىيە، فىزىئولوگىيە، ماتېماتىكا قاتارلىقلارنى ئۆز

ئىچىگە ئالىدۇ.

**تەبئىي پەن ماتېرىيالىزمى** <پەلس> تەبئىي پەن ئالىملىرىدا ئىلمىي تەتقىقات ئەمەلىيىتى داۋامىدا پەيدا بولىدىغان سىتىخىيىلىك ماتېرىيالىزمچە نۇقتىئىنەزەر، يەنى تەبئىي پەن ئالىملىرىنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكىنىڭ تاشقى دۇنيانىڭ ئوبيېكتىپ چىنلىقىغا بولغان سىتىخىيىلىك، ئاڭسىز، قىلىپلاشمىغان، پەلسەپە جەھەتتىن غەرەزسىز ئىشەنچى.

**تەبئىي پلاتىنا** <گېئول> بىر خىل مىنېرال، خىمىيىلىك تەركىبى Pt؛ كۆپىنچە تۆمۈر، ئىرىدىي، پاللادىي، رودىي قاتارلىقلار بىلەن ئارىلاش كېلىدۇ؛ تەڭ ئوقلۇق كرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، كرىستاللىرى ئاز ئۇچرايدۇ؛ قوراماسىقلىرى كۆپىنچە دانىچە ياكى كاللەك ھالەتتە تەرتىپسىز كېلىدۇ؛ رەڭگى كۈمۈش رەڭدىن تۆمۈر رەڭگىچە بولىدۇ؛ سىزىق ئىزلىرى يالتىراق تۆمۈر رەڭگىدە كېلىدۇ؛ ئاجراشچانلىقى بولمايدۇ؛ ئۈزۈلۈش يۈزى ھەرە چىشى شەكلىدە؛ قاتتىقلىقى 4ـ4.5؛ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 15ـ19؛ سوزۇلۇشچانلىقى ياخشى بولىدۇ؛ يېتىش ھالىتى بىرلەمچى كان ياتىمىسى ۋە چاچما كان ياتىمىسى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**تەبئىي تاللىنىش** <بىئول> داررۋىن تەلىماتى: جانلىقلاردا تەبئىي شارائىتنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە ھەمىشە ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرىدۇ، تەبئىي شارائىتقا ماسلاشالىغان جانلىقلار ياشايدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ؛ تەبئىي شارائىتقا ماسلىشالمىغان جانلىقلار شاللىنىپ قالىدۇ دەپ قارايدۇ. تەبئىي شارائىتقا ماسلاشقان جانلىقلارنىڭ بۇ خىل ياشاش جەريانى «تەبئىي تاللىنىش» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبئىي جىسىم** ئەزەلدىن بار بولغان، ئىنسانلار تەرىپىدىن ياسالمىغان نەرسە، ماددا: ئىنسانلارنى ئالساق، ئادەم تەبئىي جىسىم بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە ئىجتىمائىي جىسىم.

**تەبئىي چېنىقىش** <زوئول> چارۋىلارنىڭ ئەركەك چىشىلىرىنىڭ ئۆزلۈكىدىن چېنىقىشى.

**تەبئىي خۇسۇسىيەت** شەيئىلەرنىڭ ئۆزىدە ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان خۇسۇسىيەت، ئالاھىدىلىك. تەبئىي خۇسۇسىيەت سەزگۈ ئەزالىرى، ھەرىكەت ئەزالىرى شۇنىڭدەك نېرۋا سىستېمىسى ۋە مېڭىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى مېڭىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدۇر.

**تەبئىي سان** جىسىمنىڭ سانىنى ئىپادىلەيدىغان 1، 2، 3، 4 قاتارلىق سانلار. «ناتۇرال سان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تەبئىي سىماب** <گېئول> بىر خىل مىنېرال، خىمىيىلىك تەركىبى Hg؛ ئادەتتىكى تېمپېراتۇرىدا سۇيۇق، كۈمۈش رەڭگىدە ۋە مېتال پارقىراقلىقىدا بولىدۇ؛ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 13.6؛ تېمپېراتۇرا 38.87°C ـ قا چۈشكەندە ئېرىيدۇ. ئادەتتە كىنوۋار كان ياتىمىسى تەركىبىدە ئىئونلاشقان ھالەتتە بولۇپ، كىنوۋارنىڭ ئوكسىدلىنىشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىدۇ.

**تەبئىي شارائىتقا كۆندۈرۈش** <بىئول> يېڭى ياشاش شارائىتىدا، ھايۋانات ياكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىرسىيەتلىك خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى مۇھىتتا ياشاپ كۆپىيەلەيدىغان ئىقتىدار پەيدا قىلىشى.

**تەبىئىي شەخس** <قا> ھەق تەلەپ ئىشلىرىدا، ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولالايدىغان ۋە مەجبۇرىيەت ئۆتىيەلەيدىغان گراژدان.

**تەبىئىي شۈلتا** < گېئول > بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $Na_3H(CO_3)_2 . 2H_2O$. ئادەتتە ناترىي سۇلفات، ناترىي بىكاربونات ۋە ناترىي خلورىد قاتارلىقلار ئاز مىقداردا ئارىلاش كېلىدۇ؛ يەككە يانتۇلۇق كرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، كۆپىنچە رەڭسىز، ئاق ياكى سېرىق رەڭدە قاسراقسىمان كرىستاللىنىدۇ؛ ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە، قاتتىقلىقى 2.5ـــ3، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 2.11ـــ2.14؛ {100} گە پاراللېل تولۇق ئاجراشچانلىققا ئىگە؛ تۇزلۇق كۆللەردە چۆكمە ھالەتتە شەكىللىنىدۇ. ئادەتتە ساپ شۈلتا ئېلىشتا خام ئەشيا قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن يەنە كىر يۇيۇش سۇيۇقلۇقى ئىشلەشكىمۇ بولىدۇ.

**تەبىئىي كەنت** <قا> يېزىلاردىكى تەبىئىي يوسۇندا شەكىللەنگەن كەنت.

**تەبىئىي گاز** <گېئول> نېفىتلىك، كۆمۈرلۈك ۋە سازلىقلاردا پەيدا بولىدىغان يانۇچان گاز. ئاساسلىق تەركىبى مېتان. قەدىمكى جانلىق ئورگانىزملار يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ قېلىپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرا، يۇقىرى بېسىم قاتارلىقلارنىڭ تەسىر قىلىشى تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدۇ. ئادەتتە يېقىلغۇ ۋە خىمىيە سانائىتىنىڭ خام ئەشياسى قىلىنىدۇ.

**تەبىئىي گۈڭگۈرت** <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى S . رومبىلىق كرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، كرىستاللىرى كونۇس ياكى قېلىن ھالەتتىكى تاختا شەكلىدە كېلىدۇ، قوراماقلىرى كۆپىنچە داڭگال شەكلىدە ئۇچرايدۇ؛ رەڭگى سېرىق، يوللىرى ئاچ سېرىق بولىدۇ؛ سۈزۈك ياكى يېرىم سۈزۈك كېلىدۇ؛ ئاجراشچانلىقى تولۇق بولمايدۇ، ئۈزۈلۈش يۈزى سەدەپسىمان ياكى ئېگىز-پەس، مايلىق پارقىراقلىققا ئىگە؛ قاتتىقلىقى 1ـــ2، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 2؛ چۈرۈك كېلىدۇ.

**تەبىئىي لوگارىفما** <مات> ھالقىغان سان e نى ئاساس قىلغان لوگارىفما. ئۇ يەنە «ناتۇرال لوگارىفما» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىي مىس** <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى Cu . ئادەتتە تۆمۈر، ئالتۇن، كۈمۈش، بىسمۇت، سىماب قاتارلىقلار ئاز مىقداردا ئارىلىشىپ كېلىدۇ؛ تەڭ ئوقلۇق كرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، كرىستاللىرى ئاز ئۇچرايدۇ؛ قوراماقلىرى كۆپىنچە شاخسىمان ياكى كاللەك ۋە دانىچە ھالەتتە تەرتىپسىز كېلىدۇ؛ رەڭگى قىزغۇچ بىنەپشە رەڭدە بولىدۇ، سىرتى ئوكسىدلىنىش تەسىرىدە توق يېشىلغا ئۆزگىرىدۇ؛ ئاجراشچانلىقى بولمايدۇ، ئۈزۈلۈش يۈزى ھەرە چىشى شەكلىدە كېلىدۇ؛ قاتتىقلىقى 2.5ـــ3، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 8.5ـــ8.9، سوزۇلۇشچانلىقى ياخشى، توك ۋە ئىسسىقلىقنى ياخشى ئۆتكۈزىدۇ.

**تەبىئىي ئىممۇنىتېت** <بىئول> تۇغۇلۇشتىن تارتىپ بار بولغان ياكى كېسەل بولۇپ ساقايغاندىن كېيىن ھاسىل بولىدىغان ئىممۇنىتېت.

**تەپ** I ئى [پ] ئادەملەردە بولىدىغان تۈرلۈك قىزىتمىلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**تەپ** II ئى ← تەپ تارتماق.

**تەپ تارتماق** بىركىمنىڭ ئالدىدا بىرەر ئىش ياكى بىرەر گەپ-سۆز قىلىشتىن تارتىنماق؛ ئەيمەنمەك؛ قورقماق: بىلالدىن ئاخۇنۇم مەقسىتىنى يالىڭاچلا ئوتتۇرىغا قويۇشتىن تەپ تارتىپ، دەسلەپتە «گۇناھ ۋە ساۋاب» لىق ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىدى. * بىراق، كەم سۆز، گەپ قىلسا ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك گەپ قىلىدىغان دادا ئېلىجاننىڭ كۆزىگە تولىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى، شۇڭا ئۇ دادىسىدىن ئەزەلدىن تەپ تارتاتتى. * بولسا ئەگەر شىجائەت قايسى خەلقتە، مىللەتتە، ئۇ قالمايدۇ ھەرگىزمۇ ئاسارەتتە، كۆلپەتتە. تەپ تارتىدۇ بۆرىمۇ ھامان ئۇستا مەرگەندىن، قان شورايدۇ پاشىمۇ جىم تۇرۇپ قان بەرگەندىن.

**تەپەككۇر** ئى [ئە] ① ئادەم مېڭىسىنىڭ رېئاللىقنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىنكاس قىلىشى؛ ئوبيېكتىپ ۋەقەلىك ھەققىدىكى چۈشەنچە، تەسەۋۋۇر: سىلەر ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن شۇغۇللىنىسىلەر، بىز مەنتىقىي تەپەككۇر بىلەن شۇغۇللىنىمىز، سىلەرنىڭ تەپەككۇر قىلغان نەرسەڭلار يۈزدەيۈز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقامدۇ؟ يۈزدەيۈز-مۇكەممەل بولامدۇ؟ بۇنىڭدىن ئۆزۈڭلار يەكۈن چىقىرىڭلار. * ئاش-نان بىلەن ئادەملەر ھايات، ئەمگەك بىلەن زېمىندۇر ئاۋات. دېھقان بىلەن خۇشالدۇر شەھەر، كەشىپ، تەپەككۇر قاقىدۇ قانات. ② پىكىر يۈرگۈزۈش، مۇھاكىمە؛ ئويلاش، خىيال: مېڭىنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى قىسمى زەخىملەنسە، تەپەككۇر ۋە ئويلاش قۇۋۋىتىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە بۇزۇلىدۇ. * مەن ئۇستازلارنىڭ ياردىمى بىلەن تالىق شېئىرلىرىنى چۈشىنىشكە باشلىغاندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ پىكىر ۋە شېئىرىي تەپەككۇردا قانچىلىك كەمبەغەل ئىكەنلىكىمنى چوڭقۇرلاپ بىلىشكە باشلىدىم.

**تەپەككۇر شەكلى** <لوگ> ئۇقۇم، ھۆكۈم، خۇلاسە قاتارلىق تەپەككۇرنىڭ قۇرۇلما شەكىللىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**تەپەككۇر قانۇنىيىتى** <لوگ> توغرا پىكىرنىڭ زۆرۈر شەرتى بولغان ئەينىيەت قانۇنىيىتى، زىددىيەت قانۇنىيىتى، ئۈچىنچىسى يوق قانۇنىيەت قاتارلىق قانۇنىيەتلەر.

**تەپەككۇر قىلماق** پىكىر يۈرگۈزمەك، مۇھاكىمە، مۇلاھىزە يۈرگۈزمەك: سېنىڭ كەلگۈسى توغرۇلۇق شۇنچىلىك تەپەككۇر قىلالىشىڭ مېنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگەنىدى. * بوۋاي سۆزى ئورۇن، ئالغاچ قەلبىمدە چوڭقۇر، بۇ ئىشلارغا مەنە بېرىپ قىلدىم تەپەككۇر.

**تەپت** ئى [پ] ① ئىسسىق، ھارارەت: ئۇ ئوردا ئالدىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ سول ياققا بۇرۇلدى ۋە قۇياشنىڭ ئۆتكۈر تەپتىدە چىققان پېشانە تەرلىرىنى ياغلىقىغا ئېرتىپ، ئازراق ماڭدى. * لاۋىلداپ يېنىۋاتقان ئوتنىڭ تەپتى قىزنىڭ بەدىنىگە راھەت بېغىشلىدى. ② كۆچمە. يۈرەك ھارارىتى، ئوتى: ئالماس ھازىر ئۆزىنىڭ بېجىرىم بىر جۈپ قولى بىلەن قىزنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، قىزنىڭ يۈرىكىدىكى ھارارەتنىڭ ئوتلۇق تەپتىنى سەزدى، پاختا ئىچىدىكى چوغ شۇ تاپتا، گويا گۈلخان بولۇپ يالقۇنجاۋاتقاندەك ئىدى. * شۇڭا دىلدا مۇھەببەت تەپتىدىن گۈلخان كۆيەر دائىم، مۇھەببەت بىرلە ھۆرمەت يالقۇنى كۆكنى سۆيەر دائىم.

**تەپتەكشى** سۈپ. تۇپتۈز، تەپمۇتەك، بىر خىلدا، ئېگىز-پەس ئەمەس: ئۇ ھەممە ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، يولداشلىرىنىڭ يوتقان-كۆرپىلىرىنى يىغىپ، تەپتەكشى تىزىپ قويدى. * چىقىرىلغان تۇغلارنىڭ ئۈستى باشتىن-ئاخىر تەپتەكشى بولۇپ تۇراتتى.

**تەپتۈرمەك** «تەپمەك» پېئىلى ① ② نىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خامان تەپتۈرمەك، ئاتقا تەپتۈرمەك.

**تەپتۈرۈلمەك** «تەپتۈرمەك» پېئىلىنىڭ

مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەپتىش** ئى [ئە] ① بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن ئىش، ۋەقە، ھادىسىلەرنى ياكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىش، ئېنىقلاش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش، تەرگەۋ: كامىل بىلەن باتۇر گۈندىخانىدىن قاچقاندىن كېيىن، ئوردىدا «قانداق قاچتى، كىم قاچۇردى» دېگەن مەسىلە تەپتىش قىلىنغان. ② تەپتىش خىزمىتىنى ئىشلىگۈچى خادىم: باش تەپتىش دەررۇ قوشۇلۇپ ئەسلەش خاتىرىسىگە ئىمزاسىنى قويدى-دە: — يولۋاسنى قايتا سوراق قىلىش كېرەك، — دېگەننى قوشۇپ قويدى.

**تەپتىش قىلماق** تەكشۈرۈپ ئېنىقلىماق، تەرگەۋ قىلماق: بۇ ۋاقىتتا جۇڭگېلىيالىڭ تۆت ۋىلايەتنى تەپتىش قىلىشقا چىقىپ كېتىپ تېخى قايتىپ كەلمىگەنىدى. * ئاۋۋال بۇ جايىنى بىر چارلاپ كۆرەيلى، نېمە بار، نېمە يوق تەپتىش قىلايلى.

**تەپچە** كېۋەزنىڭ غوزىسى ئېرىلىپ، يوپۇرماقلىرى چۈشۈپ بولغاندىن كېيىنكى ئېتىزدا قېلىپ قالغان شادىسى: بويى ئادەمدىن ئېگىزدۇر بۇ كېۋەزنىڭ تەپچىسى، قانچە تەرىپلەر ئىدى گەر كۆرسە تۇرپان گەپچىسى.

**تەپچۆلەك** (توغرىسى: تەپكۈچ) ← تەپكۈچ.

**تەپچىتمەك** I «تەپچىمەك I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەپچىتمەك** II «تەپچىمەك II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەپچىرىمەك** پ ← تەپچىمەك I: مۇئاۋىن شۇجىنىڭ ياختىلىق چاپىنىنى ئاۋايلاپ سالدۇردۇم. دېگەندەك مۈرىسىنىڭ ياقىتەك يېرىنىڭ گۆشى ساڭگىلاپ قالغانىدى، يارا ئېغىزىدىن قان تەپچىرەپ چىقىۋاتاتتى. * ئۇنىڭ قان تەپچىرەپ تۇرغان چىرايىدىن ۋە چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ھازىرمۇ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**تەپچىشمەك** «تەپچىمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىزلار بەس-بەس بىلەن دوپپىغا گۈل تەپچىشتى.

**تەپچىمەك** I پ ① تامچىلىماق، سىرغىماق، تامماق: ئۇ يىگىتنىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرى يىرتىلغان چاپىنى بىلەن بويۇن ئارىلاپ سول مۈرىسىدىكى تىرناق ئىزلىرىدىن تەپچىۋاتقان قان تامچىلىرىنى كۆرۈپ قېلىپ، دەرھال رومىلى بىلەن سۈرتمەكچى بولدى. * ئانىسىنىڭ تىك-تىك كىرپىكلىرى ئارىسىدىن تەپچىپ چىققان خۇشاللىق يېشى بالىنىڭ يۈزىدىن سىرغىپ ياستۇقنى ھۆل قىلىۋەتتى. ② تېشىغا تەپمەك، كۆپچۈپ چىقماق؛ ئىپادىلەنمەك، بىلىنمەك: ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا قاپلاشقاندەك بولۇپ، چىرايىغا قىزىللىق تەپچىدى. * كۆزۈم چۈشتى ئاتلىق چالغا يېقىندىن، قونۇپ قالدىم شۇ ئان ئۇنى كۆزىدىن. ئۇزۇن ياشاپ قېرىپ قالغان بولسىمۇ، ئاق باش تاغدەك چېچىغا ئاق قونسىمۇ، ياشلىق كۈچى تەپچىپ تۇرار يۈزىدىن.

**تەپچىمەك** II پ. تىكىچلەرنى زىچ ۋە بىر-بىرىگە ئۇلاپ تىكمەك.

**تەپرىقە** ئى [ئە] بۆلۈنۈش، پارچىلىنىش، ئىتتىپاقسىزلىق؛ ئاداۋەت، مەزھەپچىلىك: ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى — ئات ئۈستىگە چىقىۋېلىپ قامچا ئوينىتىش؛ يېتىم-يېسىرلارنى بوزەك قىلىش؛ يوقسۇلنىڭ تاپىنىنى يالاپ، تۆۋەننىڭ يۈرىكىنى مىجىش؛ كېچە-كۈندۈز ئەيش-ئىشرەت، ھاۋايى-ھەۋەستە بولۇش؛ يۇرت ئىچىدە تەپرىقە پەيدا قىلىش، شۇنىڭ بىلەن توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاش ئىدى. * ئۇسمانغا ياراغ بەردى بومبا بولۇپ، قورغاننى ئىچىدىن سەن غۇلاتقىن دەپ. مەسئۇتقا مۇنبەر بەردى كاناي بولۇپ، تەپرىقە ئىغۋاسىنى تاراتقىن دەپ.

**تەپرىقىچى** ئى. تەپرىقە پەيدا قىلغۇچى، تەپرىقە بىلەن شۇغۇللانغۇچى: ئىتتىپاقلىق كۈچەيسە، تەپرىقىچىلەرگە ئورۇن قالمايدۇ. * يېزىمىزدا

بىر تەپرىقىچى كادىر بار ئىدى. ئۇ شاكىر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، دېھقانلارنى كۈشكۈرتۈپ، ماڭمۇ، سىلىگىمۇ مۇشت كۆتۈرگەن.

**تەپرىقىچىلىك** «تەپرىقىچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە يېڭى كەيپىيات يارىتىش، مىللەتلەرنىڭ دوستلۇق-ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن كۈچلۈك جامائەت پىكرى قوزغاش، ھەممە كىشى ئىتتىپاقلىقنى سۆزلەيدىغان، ئىتتىپاقسىزلىقنى، تەپرىقىچىلىككە قارشى تۇرىدىغان، ھەممە كىشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىدەك قوغدايدىغان يېڭى بىر ۋەزىيەت يارىتىش لازىم.

**تەپرىقىۋاز** ئى [ئە+پ] ← **تەپرىقىچى**.

**تەپرىقىۋازلىق** «تەپرىقىۋاز» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: تەپرىقىۋازلىق قىلماق.

**تەپسىر** ئى [ئە] ① سۆز، جۈملە، ۋەقە-ھادىسە، تېكىست قاتارلىقلارغا بېرىلگەن ئىزاھ، شەرھ، چۈشەندۈرۈش: تەپسىر ئېيتماق. تەپسىر قىلماق. * سۆيىدا ئولتۇرغان جامائەتنىڭ ھەممىسى «ياخشى تەپسىر بولدى» دېيىشىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللاشتى. بىراق روزى داموللامنىڭ تەلەتى ئۆزگىرىپ، لەۋلىرى مەنىسىز قىمىرلاشقا باشلىدى.
② تارىس. قۇرئاننىڭ مەدرىسلەردە ئايرىم پەن سۈپىتىدە ئوقۇلىدىغان تەپسىلىي شەرھى: ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئىمامنىڭ تەپسىرىگە مەھلىيا بولۇپ، خېلىغىچە جىمجىت ئولتۇردى.

**تەپسىر قىلماق** ئىزاھلاپ بەرمەك، مەنىسىنى يەشمەك؛ شەرھلىمەك، چۈشەندۈرمەك: ئۇ ئاللانىڭ قولى بىلەن كىشىنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تەقدىر سۆزلىرىنى گويا پېشانە تېرىسىنى قايرىۋېتىپلا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ئوقۇۋاتقاندەك، قىلچە دۇدۇقلىماي تەپسىر قىلاتتى.

**تەپسىرچى** ئى. تەپسىر قىلغۇچى، تەپسىر ئېيتقۇچى.

**تەپسىلات** ئى [ئە] بىركىم، بىرەر ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە-ھادىسە قاتارلىقلار توغرىسىدىكى تولۇق، مۇكەممەل ۋە تەپسىلىي مەلۇمات: ئۇ بەزى جايلارنى قايتا سوراپ ئىزاھلاشنى تەلەپ قىلدى. پۈتۈن تەپسىلاتلىرى ئاشكارىلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا باشقىچە پىكىر باش كۆتۈردى. * سورۇشتۇرماي بۇ قىزنى ئەگەر، سۆزلەپ بېرەي تەپسىلاتىنى. ئۇنىڭ ئىلغار ئىش-ئىزلىرىدىن، بىلىۋېلىڭ تەپسىلىي زاتىنى.

**تەپسىلىي** سۈپ [ئە] پۈتۈن تەپسىلاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، باشتىن-ئاخىر، ئومۇمىيۈزلۈك، بىر-بىرلەپ، ئەتراپلىق: تەپسىلىي بايان. تەپسىلىي مەلۇمات. // بۇ گەپلەرنى تولا ئاڭلاپ قۇلىقى پاك بولۇپ كەتكەن مۇھەممەت ئىمىن تازا تىت-تىت بولۇۋاتقاندا، ئاباق بىردىن زوۋانغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ بارلىق پىلانلىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى. * مومايىنىڭ ئەمالىقىنى خورشىدە دوختۇرخانىدا ئەمتاخۇندىن تەپسىلىي ئاڭلىغانىدى. شۇڭا، ئۆي ئىچىدىكىلەر چىققۇچە، خورشىدىنىڭ ئۆزى دەرھال ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، تىنچلىق-ئامانلىق سورىدى.

**تەپكە** I ئى ① ئېتىش قوراللىرىنىڭ ئوق ئۆزۈشتە قول بىلەن باسىدىغان قىسمى: مەشىق قىزغىن ئىشتىياق بىلەن داۋام قىلدى. ئاردىن بىرنەچچە سائەتتەك ۋاقىت ئۆتۈپ، ياش ئوچىقۇنلارنىڭ ھەممىسى مىلتىق بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشۇپ ئوق سېلىش، نىشانغا ئېلىش ۋە تەپكە بېسىشقىچە بولغان ئىشلارنى ئىگىلىۋالدى. * ئەنۋەرنىڭ قارىغا ئېلىشى، تىنىق توختىتىشى، تەپكىنى بېسىشى تەلەپكە مۇۋاپىق بولسىمۇ، لېكىن بۇ يېڭى جەڭچىنىڭ بىلەك كۈچى ئاجىز بولغاچقا، قورال ئۇچى مىدىرلاپ تۇراتتى. * شۇ چاغ بەنجاڭ ئادىلجان، قارىغا ئالدى توپچىنى، زەمبىرەككە ئوق سېلىپ، باستى چاققان تەپكىنى.
② ماشىنىنىڭ پۇت بىلەن ھەرد-

كەتلەندۈرىدىغان قىسمى؛ پېدال: يېلىنىشقا باشلىدى رەيھان: — ئۇستام! — دېدى، دېيەلمىدى گەپ. شوپۇر بۇنى چۈشىنىپ دەرھال، ئوت ئالدۇردى تەپكىگە دەسسەپ. ③ يۈرژىنا.

**تەپكە** II ئى. قاپقان (تۇزاق) نىڭ ئىككى يانغا كېرىلىدىغان بېرىسىم ئاي شەكىللىك ئىككى قانىتى؛ تىز.

**تەپكە** III ئى. ① ئۆرۈش يېپىلارنى گىرەلەشتۈرۈپ تۇرىدىغان ياغاچ سايمان. ئۇ تۆتتىن ئالتىغىچە بولىدۇ. ② باپكارلىقتا يۇت بىلەن دۇكاننى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ئىككى تال ياغاچ.

**تەپكە شانىسى** ئەتلەس دۇكىنىدىكى تەپكە ياغاچلىرىنى گولا تاياقچىلىرىغا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان يىپ.

**تەپكەك** سۈپ. ئالدى-كەينىگە كەلگەننى تېپىدىغان، تېپىشنى ئادەت قىلغان: تەپكەك ئات. * ئالدى پۇتى ئىششىق تەپكەك ئات پۇتنى كۆتۈرگەندە، پۇتۇن تېنىنىڭ ئېغىرلىقى ئالدى پۇتىغا چۈشىدۇ. ئالدى پۇتى ئىششىق بولغاندىن كېيىن، تەن ئېغىرلىقىنى كۆتۈرۈپ تۇرالمايدۇ.

**تەپكۈچ** ئى <تەن> بىر خىل ئويۇنچۇق. مىس داچەن ياكى شۇ چوڭلۇقتىكى ياپىلاق مېتالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۆشۈككە توخۇ پېيى ياكى يۇڭ قىستۇرۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئادەتتە پۇتقا تېپىپ ئوينىلىدۇ: تەپكۈچ ئويناش.

**تەپكىلىك** سۈپ. تەپكىسى بار، تەپكە ئورنىتىلغان.

**تەپمە** I ئى <تب> گۆرەن بېزى ياللۇغى: تەپمە بولماق. تەپمە كېسەللىكى.

**تەپمە** II سۈپ. تېپىدىغان: تەپمە چاق.

**تەپمە چاق** تېپىدىغان، يەنى پۇت بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان چاق.

**تەپمە ھالال** ھالال بىلەن ھارامنىڭ ئارىلىقىدا؛ زورلاپ قىلىنغان ھالال: تەپمە ھالال قىلماق.

**تەپمە ھالال گەپ** راست-يالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان، راست بىلەن يالغاننىڭ ئارىلىقىدىكى گەپ؛ پاراڭ: چاپلىشىپ قاپتىكەن؟ قانداقسىگە؟ نەدىكى تەپمە ھالال گەپنى قىلماي، ئوچۇق دەۋەرمەمسەن.

**تەپمەك** پ ① پۇت بىلەن زەربە بەرمەك: ئاتنىڭ تەپكىنىگە ئات چىدايدۇ (ماقال). * ئۇ ۋاراڭغا يېقىنلاشقان توپنى باشقىلارغا بەرمەي، ئۆزى تېپىدىغان بولۇۋالدى، بۇگۈنمۇ شۇنداق قىلدى، شۇڭا بىز ياخشى ماسلىشالمىدۇق، ئاخىرى يېڭىلدۇق. ② بىرەر نەرسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، پۇت بىلەن دەسسىمەك: ئەكبەر ۋېلىسىپتنى ئالدىراش تېپىپ دوقمۇشتىن مەھەللە ئىچىگە قايرىلدى-دە، ئۇدۇل ماي زاۋۇتىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋاتقان ھەيدەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ③ يۇمشىتىپ شاكىلىدىن، پوستىدىن ئاجرىتماق، دان قىلماق: ئالدىنقى 900 مو يەرنىڭ بۇغدىيىنى ئورۇش، تېپىشكە ئىككى ئايدىن ئوشۇقراق ۋاقىت كەتكەن بولسا، بولتۇر بىر ھەپتىدىلا بۇ ئىشلار قولدىن چىققان. ④ ئېتىلمەك (مىلتىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قوراللار ھەققىدە): بۇ مىلتىق ئوق ئاتقاندا ئارقىغا بەك تېپىدۇ. ⑤ سىرتقا ئۆرلەپ چىقماق؛ ئىپادىلەنمەك، سىرتلىماك: بۇ چاغدا سابىرنىڭ يۈزلىرىدىمۇ ھاياجان ۋە بىر شادلىق تېشىغا تېپىپ چىققانىدى. ئۇ سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، تەشمىنىڭ تۆرىگە بېرىپ، قۇلىقىنى تەشمە تېمىغا ياقتى.

**تەپسە تەۋرىمەس** ھەر قانداق زۆرۈر ئىشلارغىمۇ ئالدىرىمايدىغان، بىغەم، بىپەرۋا: ئەتراپىمغا قارىدىم. «ئالغا» قىزىش گۈرۈپپىسىدىكى خادىملار، ھەتتا مەن بىلەن بىر بوزدا ئىشلەيدىغان تەپسە تەۋرىمەس، ئېغىر كارۋان ھېۋىز «دىڭخولۇ» مۇ ئاللىقاچان خالىق ئاستىغا

چۇشۇپ كېتىپتۇ. * ئەمەس ئادەم ئۆز ئېلىنىڭ دەردىدە ئۆرتەنمىسە، بولمىسا زۇلمۇستەمگە نەپرىتى يىسرگەنمىسە، قۇتۇلۇش يولىنى ئەقلىن ئىشلىتىپ ئۆگەنمىسە، بولسا غەمسىز بىر كۆتەكتەك تەپسىمۇ تەۋرەنمىسە، بۇ ئۆلۈككە جان بېرەي دەپ ئۇرۇنغىنىڭ پۈتكۈل خاتا.

**تەپمۇتەك** رەۋ. قىلچە ئوشۇق ياكى قىلچە كەم ئەمەس، باپباراۋەر، ئوپمۇئوخشاش، دەلمۇدەل: مەن بۇ قوغۇننى تەپمۇتەك ئىككى كاسا قىلمەن. بىرىمىزنىڭ يوغان، يەنە بىرىمىزنىڭ كىچىكرەك بولۇپ قالسا، ئادىللىق بولمايدۇ. * ھجىيش چىرىغى ئۆچۈپ غوجىنىڭ، يۈزىگە ئۆرلىدى سايە يىيىلىپ. بەشىنىڭ چىرايى ئۆگدى تەپمۇتەك، ۋەھىم تىغىدا باغرى تىلىنىپ.

**تەپمۇتەڭلىك** ئى <مات> تەڭلىمىدىكى تەڭلىك بەلگىسىنىڭ ئىككى، تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نامەلۇم مىقدارنىڭ ئورنىغا ھەر قانداق بىر سانىنى قويغان- دا، ئىككى تەرەپنىڭ قىممىتى دائىم ئۆز ئارا تەڭ بولسا، بۇنداق تەڭلىمە «تەپمۇتەڭلىك» دېيىلىدۇ.

**تەپلە** ئى. تولامچاقنىڭ كودىسىغا يۆگەلگەن مەشۇت يىپلارنى ئارقاق تەييارلاش ئۈچۈن قايتا يۆگەيدىغان چاق.

**تەتبىق** ئى [ئە] ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۇ- رۇش، ئەمەلىيەتتە قوللىنىش، ئىشلىتىش: تەتبىق قىلماق. * سەككىزىنچى دۇينىڭ ئەزالىرى مۇشۇ ئون نەچچە كۈندىن بىرى «ئاخبارات» نىڭ روھىنى ئۆز دۇيىگە تەتبىق قىلىپ نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بولۇپمۇ سۇلايماننىڭ مەسىلىرى ئېغىر، ئاممىنىڭ تەلىپى كۈچلۈك.

**تەتبىق قىلماق** ← **تەتبىقلىماق**: ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ، ھەمكارلىشىپ ئىشلەشنى يولغا قويۇپ، ھەر خىل تېخنىكىنى ئىشلەپچىقىرىشقا تەتبىق قىلىش كېرەك. * تەربىيىلىگۈچىنىڭ ۋەزىپىسى —

زىددىيەت ۋە كۈرەشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئەمەس، بەلكى زىددىيەتلەر كۈرىشى قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ ۋە تەتبىق قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئاكتىپ ئىدىيىۋى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكلەپ، زىددىيەتنىڭ ياخشى تەرەپكە بۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

**تەتبىقلاتماق** «تەتبىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەتبىقلاشماق** «تەتبىقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۆز تەجرىبىلىرىنى ئەمەلىي خىزمەتكە تەتبىقلاشتى.

**تەتبىقلانماق** «تەتبىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەتبىقلىماق** پ. ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈر- مەك؛ سىنىماق: مەكتىپىم! سېنى سۆيمىگەن كىم بار، سېنىڭ بىلىم ئىشقىدا كۆيمىگەن كىم بار! داھى، ئالىم، يازغۇچى، شائىر، گېئولوگ، ئىنژېنېر، ئاسترونوم ھەممىسى سەندە ئوقۇدى، سەندىن تەلىم ئالدى، دۇنيانى چۈشەندى، مىڭ-مىڭ يىللىق ئۆز تارىخىنى تەتقىق قىلىپ، بۈگۈنگە تەتبىقلىدى، گۈزەل كەلگۈسىگە نەزەر سالدى. * ئۇ ھەتتا چايخانىلاردا مىللىي ئۆرپ-ئادەتكە سىغىپ كەتكەن نەغمە-ناۋا، ناخشا-ئۇسسۇللارنى، ئورۇمچىدە نوجۇپنىڭ ئۆيىدە كۆرگەنلىرىنى ئەسلەپ، ئۇلارنى مەكتەپ پائالىيەتلىرىگە تەتبىقلايتتى.

**تەتقىق** ئى [ئە] ← **تەتقىق قىلماق**.

**تەتقىق قىلماق** ئىلمىي ئاساستا تەكشۈر- مەك، ئۆگەنمەك، ئىلمىي ئاساستا تەكشۈرۈپ ئېنىقلىماق: ئۇ ئۇزۇن يىللىق تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە، ئاخىرى شالنىڭ يېڭى سورتىنى يېتىشتۈردى. * پېشقەدەم دېھقانلار بىلەن مۇڭدىشىپ، ئارخىپ بۆلۈملىرىنى ئاختۇرۇپ، ھەر خىل ئۆسۈش ئۆزگىرىش پەرقلىرىنى ئېنىقلىدى، تەتقىق قىلدى.

**تەتقىقات** ئى [ئە] ئىلمىي تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش: بۇ سېمىنارىيىگە تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى

مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردىن 52 ئادەم رەسمىي ۋەكىل سۈپىتىدە قاتناشتى ۋە تەييارلاپ كەلگەن ماقالىلىرىنى ئوقۇشتى.

**تەتقىقات ئورنى** ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن. ئادەتتە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ياكى ئالىي مەكتەپ-لەرنىڭ مەخسۇس پەنلەر بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان تارمىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**تەتقىقاتچى** ئى ① تەتقىقات ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى، تەتقىق قىلغۇچى: مەن يەنە ئۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ئۆگىنىپ ئالىم ئۇچقۇچىسى بولىمەن، تەتقىقاتچى، ئالىم بولۇپ نۇرغۇن يېڭى نەرسىلەرنى ئىجاد قىلىمەن. ② ئىلمىي تەتقىقات ساھەسى بويىچە بېرىلگەن ئالىي ئۇنۋان.

**تەتقىقاتچىلىق** ئى. تەتقىقات ئىشلىرى، تەتقىقات كەسپى: بىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتى داۋامىدا ئومۇمىيۈزلۈك توپلاش، ئۇقتىلىق رەتلەش، زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇش، تەتقىقاتچىلىقنى كۈچەيتىش فاكچىنىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز لازىم.

**تەتۈر** سۈپ ① بىرەر نەرسىنىڭ ئالدى تەرىپىگە نىسبەتەن قارىمۇقارشى بولغان؛ كەينى، ئارقا: تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولدىكى، سادەتخانىنىڭ يۈرەك ھەرىكىتى ئاجىز، بالا قورساقتا تەتۈر يېتىپ قالغان. ئەھۋال خەتەرلىك، ۋاقىت قىس، ئۇنى بۇ ھالدا گۇڭشې دوختۇرخانىسىغا يۆتكەش مۇمكىن ئەمەس. * ئاڭلاپ قوي، ئوغرى دېسە سىېنى دېسە بولىدۇ! ئوغرى بولغاندىمۇ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلىشقا تېگىشلىك ئوغرىسەن! ② ئوڭ قىلىنمىدىغان ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئەكسى: تەتۈر ئايلانماق، تەتۈر تۇتماق. * مەن ئەمەسمۇ بىنە ملكلەردە تەتۈر قاماپ ئۇرما ئۇرغان؛ چولڭ كىشىدەك، ئاكامنى دوراپ، ئاياغ سېلىپ خامان سورىغان. ③ كۈچمە. شەيئىلەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنىڭ ياكى كۆزلىگەن مەقسەتنىڭ ئەكسى: بىز ئۇ بەگنىڭ ئۆيىدە بىرەر مەرىكە بولغۇدەك، بىزنى ساز چېلىپ بەرسۇن دېگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىمىز، ئىش بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزنىڭ تەتۈرى بولۇپ چىقتى. * بۇ سۆزنى تولا تەكرارلىغان-دىن كېيىن، ماڭا باشقىچە تۇيۇلدى. ئاچچىقىم كېلىپ قالدى. قانچىلا خىيال قىلسام، گەپتە تەتۈر مەنە بار. ④ گەپ يېمەيدىغان، كاج، جاھىل: ئۇ تۇرۇپلا: — بۇ قىز زادى مەتۈمدى ياكى تەتۈر؟ — دەيتتى ئۆز-ئۆزىگە.

**تەتۈر ئەمەل** <مات> بىر تەڭلىكتىكى، ئەكسىچە بولغان ھېسابلاش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، نەتىجىدىن ئەسلىي ئىپادىدى-كى مەلۇم بىر سانىنى تېپىش ئۇسۇلى. مەسىلەن، $2+4=6$ دىن ئىبارەت تەڭلىكتە، ئېلىشتىن پايدىلىنىپ نەتىجە 6 گە ئاساسەن شۇ ئىپادىدىكى قوشۇلغۇچى 2 ياكى 4 نى تاپقىلى بولىدۇ.

**تەتۈر بايان** <ئەد> يازغۇچىلارنىڭ سۇژىتنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، ۋەقەلىكنى ۋەقەنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە ئەمەس، بەلكى كېيىن يۈز بەرگەن مەلۇم ۋەقە ياكى يېشىمنى ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇش، ئاندىن باشتا يۈز بەرگەن ۋەقەلىكنى بايان قىلىش تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى.

**تەتۈر پەلەك** يامان تەقدىر، ئېغىر قىسمەت؛ ئېغىر بەختسىزلىك: نەقەشتۇر تارىختا ئاچچىق ساۋاقلار، سۆزلەيدۇ ئۇ بىزگە كەچكەن ئۆزاقتىن. نېمىلەر كۆرمىدى ئاتا-بوۋىلار، ۋاپاسىز ۋە زالىم تەتۈر پەلەكتىن.

**تەتۈر پېشانە** تەلىيى يوق، ئامىتى قاچقان؛ بەختسىز، بەختى قارا: ئۇ چاغدا

ئىككى خىل جاھان، ئىككى خىل ئادەم بار ئىدى، بىرلىرى تەلىيى ئالدىدا ماڭىدىغان باي-غوجىلار، يەنە بىرلىرى ماڭا ئوخشاش كۈچى ھالال، گۆشى ھارام تەتۈر پېشانە جاپاكەشلەر. * تۇرمۇشتا مۇنداق تونۇشلاردىن كۆرمىگىلىرى تېپىلىدىغۇ؟ ئۇلاردىن بىرەرىنىڭ تەتۈر پېشانە بولۇپ چىقىشى باشقىلىرى ئۈچۈن ناھايىتى كەتسە، بىر ئاز ئېچىنىشتەك بىر خىل تەسىراتلار پەيدا قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

**تەتۈر تاناسىپ** <مات> ئىككى مىقدارنىڭ ئىچىدىكى بىر مىقدار بىرنەچچە ھەسسە چوڭايغاندا (ياكى كىچىكلىگەندە)، ئىككىنچى بىر مىقدار ئۇنىڭ ئەكسىچە شۇنچە ھەسسە كىچىكلىسە (ياكى چوڭايسا)، ئۇ ھالدا بۇ ئىككى مىقدارنىڭ ئۆزگىرىش مۇناسىۋىتى تەتۈر تاناسىپ دېيىلىدۇ.

**تەتۈر تاناسىپلىق مەسىلە** <مات> سانلىق مىقدارلارنىڭ مۇناسىۋىتى تەتۈر تاناسىپ تۈزىدىغان مەسىلە.

**تەتۈر تىرىگونومېتىرىيىلىك فۇنكسىيە** <مات> ئارك سىنۇس، ئارك كوسىنۇس، ئارك تانگېنس، ئارك كوتانگېنس، ئارك سېكانس، ئارك كوسېكانس قاتارلىق ئالتە تىرىگونومېتىرىيىلىك فۇنكسىيىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇپ ئاتىلىشى.

**تەتۈر تېمپېراتۇرا** <مېتېئور> ئاتموسفېرادىكى ئېگىزلىكنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ يۇقىرى ئۆرلەيدىغان تېمپېراتۇرا. ئاتموسفېرادىكى بۇ خىل تېمپېراتۇرا قاتلىمى «تەتۈر تېمپېراتۇرا قاتلىمى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئادەتتە بۇ قاتلامنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھاۋانىڭ ئۆرلىشىنى توسۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**تەتۈر تېئورېما** <مات> مەلۇم تېئورېمىنىڭ شەرتى بىلەن يەكۈنىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشتىن ھاسىل بولغان تېئورېما ئەسلىدىكى تېئورېمىنىڭ تەتۈر تېئورېمىسى دېيىلىدۇ. مەسىلەن، «بىر ئۈچ بۇلۇڭنىڭ ئىككى تەرىپى ئۆزئارا تەڭ بولسا، ئۇلارنىڭ قارشىسىدا ياتقان بۇلۇڭلارمۇ ئۆزئارا تەڭ بولىدۇ». ئۇنىڭ تەتۈر تېئورېمىسى مۇنداق: «بىر ئۈچ بۇلۇڭنىڭ ئىككى بۇلۇڭى ئۆزئارا تەڭ بولسا، ئۇلارنىڭ قارشىسىدا ياتقان تەرەپلىرىمۇ ئۆزئارا تەڭ بولىدۇ».

**تەتۈر شامال** ① ئالدى تەرەپتىن يەنى يۆنىلىشكە قارشى سوققان شامال. ② كۆچمە. خەلقنىڭ ئىرادىسىگە، ھەرىكەت يۆنىلىشىگە، توغرا فاڭجېن، سىياسەتلەرگە قارشى پەيدا بولغان ئېقىم: سابىر قەتئىي ۋە تەمكىنلىك بىلەن: — بۇ ئىنتايىن خاتا، بىز مۇنداق تەتۈر شامالغا قەتئىي تاقابىل تۇرۇشىمىز، ئالدىنىپ، يامانغا يانتاياق بولماسلىقىمىز لازىم، — دېدى. * قانچە چىقسىمۇ تەتۈر شاماللار قورقۇپ تۇرمايمىز، ھامان بىز ئالغا، غەلىبىلەرگە قاراپ ئاتلايمىز.

**تەتۈر شامال چىقارماق** خەلقنىڭ ئىرادىسىگە، ھەرىكەت يۆنىلىشىگە، توغرا فاڭجېن، سىياسەتلەرگە قارشى ئېقىم پەيدا قىلماق: ئۇلارنىڭ چىقارغان تەتۈر شاملى ئاز كۈنگە بارماي بەربات بولىدۇ.

**تەتۈر فۇنكسىيە** <مات> $y$ نىڭ $x$ كە ئەگىشىپ ئۆزگىرىشىنى ئىپادىلەيدىغان، بېرىلگەن $y=f(x)$ فۇنكسىيە كە نىسبەتەن ئېيتقاندا، $x$ نىڭ $y$ كە ئەگىشىپ ئۆزگىرىشىنى ئىپادىلەيدىغان فۇنكسىيە $x=g(y)$ ئۇنىڭ تەتۈر فۇنكسىيىسى دېيىلىدۇ. مەسىلەن: $y=x^3$ نىڭ تەتۈر فۇنكسىيىسى $x=\sqrt[3]{y}$.

**تەتۈر قارىماق** ① بىركىمنىڭ يۈزىگە

قارىماي، ئارقىغا قارىۋالماق، كىشىگە ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرماق: رومكا يەنە ئىككى ئايلانغاندىن كېيىن، باياتىن ئەسەتكە تەتۈر قاراپ ئولتۇرغان نۇرمۇھەممەت بىردىنلا ئەسەتكە ئۆرۈلدى. * قىلىچ تۇتقان بوۋاي ئىككى نەپەر نەيزىلىك يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ ئاتلىق كەلدى. بوۋاي ئىلىك ئۇستازغا ھۆرمەت بىلەن سالام قىلدى، خەزىنىچى ئۇنى كۆرۈپلا تەتۈر قارىۋالدى. ② كۆچمە. ئاداۋەت ساقلاپ، قېيداپ، باتناپ يۈرمەك؛ سوغۇق مۇئامىلىدە بولماق: شەۋكەت يۈزىنى تام تەرەپكە قىلىۋېلىپ، باياتىن سۆزلىگەنلىرىنى، بولۇپمۇ، ئاباق بىلەن هاراق ئىچىپ، ئۆلگۈدەك مەست بولغانلىقىنى قانداقلارچە ئاغزىدىن چىقارغانلىقىنى ئەسلىگەندە: ـ ئاھا مەن نېمدېگەن نومۇسسىز ـ ھە! ئاشۇ رەسۋا گەپلەر قانداقمۇ ئاغزىمغا پاتتى؟ رامزان ئاكام ئەمدى ماڭا ئۆلگۈدەك تەتۈر قارايدىغان بولدى. دە! ـ دېدى.

**تەتۈر قۇيۇن** ① تەتۈر چۆرۈلگەن قۇيۇن. ② كۆچمە. خەلقنىڭ ئىرادىسىگە، ھەرىكەت يۆنىلىشىگە، توغرا فاڭجېن، سىياسەتلەرگە قارشى پەيدا بولغان ئېقىم: تۆۋەنتە، خىمىيۋى ئوغۇت بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىدە زۆرۈر بولۇۋاتقىنى تەمىنلەش ئۇسۇلىنى ياخشىلاش، ئارقا ئىشىكتىن مېڭىش قاتارلىق تەتۈر قۇيۇننى قەتئىي توسۇش، بولۇپمۇ بىر قىسىم كادىرلار، رەھبىرىي كادىرلار ئاچقان ئارقا ئىشىكنى توسۇش. * ئىشىنىمەن چوقۇم بىركۈنى، تەتۈر قۇيۇن كېتىدۇ ئۆتۈپ. گۈل-چېچەكتىن سوۋغا ئېلىپ كەلگەن، نەۋ باھارنى ئالىمەن كۈتۈپ!

**تەتۈر قۇيۇن چىقارماق** ← **تەتۈر شامال چىقارماق**: ئەگەر ئىشنىڭ ماھىيىتىگە يەتكەن بولساڭ، بۇ سېنىڭ دىلىڭنى يورۇتۇپ، تەتۈر قۇيۇن چىقارغۇچىلارغا قەلبىڭدە غەزەپ-نەپرەت كۆچەيگەن بولاتتى.

**تەتۈر نىسبەتلىك مۇناسىۋەت** <لوگ>

ئوقۇمنى كېڭەيتىش ياكى تارايتىش جەريانىدا، ئوقۇمنىڭ ھەجمى كېڭەيگەنسېرى مېغىزى ئازىيىپ بارىدىغان، ھەجمى تارايغانسېرى مېغىزى كۆپىيىپ بارىدىغان مۇناسىۋەت.

**تەتۈر ھاۋا قاينىمى** <مېتېئور> دىئامېتىرى بىرنەچچە يۈز ياكى بىرنەچچە مىڭ كىلومېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولىدىغان ھاۋا قاينىمى. قاينامنىڭ مەركىزىي يۇقىرى ھاۋا بېسىمى رايونى بولۇپ، شامال مەركەزدىن تۆت ئەتراپقا قاراپ چىقىدۇ. تەتۈر ھاۋا قاينىمى شىمالىي يېرىم شاردا سائەت ستىرېلكىسىنىڭ ئايلىنىش يۆنىلىشى بويىچە ئايلىنىدۇ؛ جەنۇبىي يېرىم شاردا بولسا سائەت ستىرېلكىسىنىڭ ئايلىنىش يۆنىلىشىگە قارشى ھالدا ئايلىنىدۇ. تەتۈر ھاۋا قاينىمى بەلگىلەنگەن دائىرىدىن ھالقىپ كەتكەن ۋاقىتلاردا، ھاۋا ئوچۇق ۋە قۇرغاق بولىدۇ. ئۇ يەنە «ئانتىسىك-لون» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تەتۈر ھېساب ئالماق** ھەق بولغان ئىشتىن ناھەق ھېساب ئالماق، ئىنتىقام، قىساس ئالماق: ئەتىسى چىن يۈيشەندىن ئۇقسام، ئۇلارنى قولغا ئالغاندىن كېيىن قاتتىق سوراق قىلىپ، قىينىشىپتۇ. جالڭ ۋەنلۇڭنى «مەن ئىشپىيون» دەپ، چىن يۈيشەننى «دادام ۋە ئېرىنىم ئۈچۈن تەتۈر ھېساب ئېلىشقا ئۇرۇندۇم» دەپ ئىقرارنامە يېزىشقا قىستىشىپتۇ. * ئېيتە! سۇ ئامبىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، تەتۈر ھېساب ئالماقچى بولغىنىڭ، ئۆچ ئېلىشقا قەست قىلغىنىڭ راستمۇ؟

**تەتۈر ئوقۇر** <مېتېئور> تۆۋەن بېسىم ئوقۇرىنىڭ بىر خىلى. ئادەتتە ئوتتۇرا كەڭلىكتىكى تەڭ بېسىم سىزىقىدىن، يۇقىرى كەڭلىك تەرەپكە قاراپ تومپىيىپ چىققان تۆۋەن بېسىم ئوقۇرى كۆزدە

تۈتۈلىدۇ.

**تەتۈر ئۈستىخان** ئۈستىخانلىرى چوڭ ھەم قوپاللىراق كەلگەن: يىگىت ھەيران بولۇپ ئورنىدىن ئاستا قوزغالدى. ئۇ ئولتۇرغانلارغا ئۆرۈلۈپ-سوقۇلۇپ، ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. كىشىلەر شۇ چاغدىلا بۇ يىگىتنىڭ تەتۈر ئۈستىخان، قابىل يىگىت ئىكەنلىكىنى بايقاشتى.

**تەتۈر ئۆزۈلمە** <گېئول> ئۈستۈنكى بۆلىكى ئۆزۈلۈش يۈزىنى بويلاپ نىسبىي ھالدا كۆتۈرۈلگەن بىر خىل ئۆزۈلمە.

**تەتۈر ئىسپاتلاش** <لوگ> ۋاستىلىك ئىسپاتلاشنىڭ بىر تۈرى، يەنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىسپات تېمىسىغا زىت بولغان ھۆكۈمنىڭ ساختا، خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئارقىلىق، ئىسپات تېمىسىنىڭ ھەقىقىي، توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۇسۇلى.

**تەتۈر ئىنقىلابچى** ئەكسىلئىنقىلابچى، ئەكسىيەتچى: ئالىي كوپېراتسىيە قۇرۇش مەزگىلىدە، ئوسمان پومېشچىك يەنە بىر تەتۈر ئىنقىلابچى بىلەن بىرلىشىپ، قۇدرەتنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

**تەتۈر يول تۇتماق** توغرا يولغا قارشى يولدا ماڭماق؛ خەلق، جامائەت ئىچىدە ئېقنۋاتقان ئىشلارنىڭ تەتۈرىچە ئىش قىلماق.

**تەتۈرلۈك** «تەتۈر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سەن چۈشەنمەيسەن، سىڭلىم، ئۇ جەمئىيەتنىڭ بېسىمى بىلەن ئۆيلىنىپ قالغاندۇر، جەمئىيەتنىكى تەتۈرلۈكلەر ئۈچۈن ئۇ گۇناھكارمۇ؟ مەن ئۇنىڭدىن ئاغرىنمايمەن. * رېھىم پالۋاننىڭ تەتۈرلۈكىدىن كېلىپ چىققان بۇ كۆڭۈلسىزلىك، ئائىلىدە داۋاملاشقىلى يېرىم سائەتچە بولدى. ئۇ ھېلىھەم چالۋاقاپ «كېتىمىز»، «كېتىمەن» لا دەيتتى.

**تەتۈرلۈك قىلماق** بىرەر ئىش ۋە گەپ-سۆز-نى تەتۈرىگە بۇرىماق، جاھىللىق، كاجلىق قىلماق: ئەركىن ئاپىسىنىڭ دوختۇرخانىغا ئاپىرىمەن دېيىشىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى، شۇڭا ئۇ تېخىمۇ ئالاقزادە بولۇپ: — بارمايمەن، ئەتىلا ساقىيىپ قالىمەن، — دەپ خېلى تەتۈرلۈك قىلىپمۇ باقتى. لېكىن ئۇنىڭ تەتۈرلۈكى، يېلىنىشلىرى كارغا كەلمىدى. * ئەلچىلەر بوش كەلمىدى، ھەر ئىككى كۈندە بىر باش ئاغرىتىپ «تولا تەتۈرلۈك قىلمىسىلا ئايىسىخان، قىز-يىگىت بىر-بىرىگە ئاشىق» دېگەن يەرگىچە يەتتى.

**تەتۈرىچە** رەۋ ① تەتۈر پېتى، تەتۈر ھالەتتە: تەتۈرىچە يېپىنماق، تەتۈرىچە يىغماق. ② ئەكسىچە: بۇ ئىش بىز ئويلىغاننىڭ تەتۈرىچە بولۇپ چىقتى.

**تەتىل** ئى [ئە] ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇشنى توختىتىپ دەم ئېلىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان ۋاقىت؛ كانىكۇل: بىر ئايلىق تەتىل ھايت-ھۇيت دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى. * كەلدىڭىز تەتىلدە يوقلاپ، كۆردىڭىز رەڭگىمنى سىز. سۆيدىڭىز، ئامراق گۈلۈم، رەڭگىم ئەمەس قەلبىمنى سىز.

**تەتىل قىلماق** مەكتەپلەردە دەرسنى توختىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنى مۇددەتلىك دەم ئېلىشقا قويۇپ بەرمەك، كانىكۇل قىلماق.

**تەتىللا** ئى. ئۆرۈشى ياكى گۈلى زەر يىپتىن يېپەكتىن توقۇلغان بىر خىل رەخت: مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ ئالدىغا شىكاردىن قايتقان پادىشاھ ئۇچراپتۇ. قارىسا، پادىشاھنىڭ كىيگىنى تەتىللا تون، ئېتىغا ياپقان يوپۇقى زەرباپ، ئېگەر-توقۇمى ئالتۇن، ئۈزەڭگىسى ياقۇتتىن ئىكەن. * يارىم بىلەن ئىدۇق بىر يۇرت-ئايماقلىق، بىر-بىرىمىزگە قىلىشاتتۇق ئامراقلىق. يازدا كۆكتىن يېغىۋىدى تەتىللا، ھەتتا ماڭا تەگمىدى بىر ئويماقلىق.

**تەجەللى** ئى [ئە] يېز ت ① جىلۋە، نۇر، يورۇقلۇق. ② مەشھۇر ئۇيغۇر كلاسسىك

شائىرى خوجامقۇلىنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى. ئۇ مىلادى 1848-يىلى تۇغۇلۇپ، 1922-يىلى ۋاپات بولغان.

**تەجرىبە** ئى [ئە] ① ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدا ئۆزلەشتۈرۈلگەن بىلىم، ئىقتىدار، قابىلىيەت: سوتسىيالىستىك ئىگىلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، قەتئىي يوسۇندا ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە ئىش قىلىش لازىم. بۇ ـ دۆلىتىمىزنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسىي تەجرىبىلەرنىڭ بىرى. ② بىرەر ۋەقە-ھادىسىلەرنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، ئېنىقلاش مەقسىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سىناق: تەجرىبە مەيدانى. * ئۇ ھازىر تېرىنى تېز قىزارتىدىغان يېڭى بىر خىل ئوكۇلنى تەجرىبە قىلىۋېتىپتۇ.

**تەجرىبە پېترولوگىيىسى** <گېئول> پېترولوگىيىنىڭ بىر تارمىقى. بۇنىڭدا، خىمىيىلىك ۋە فىزىكىلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق تۈرلۈك تەجرىبىلەر ئېلىپ بېرىلىپ، تاغ جىنسلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تەرەققىيات تارىخى تېبىئىي ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى، تەجرىبە نەتىجىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش ۋە نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئارقىلىق، ماگما جىنس ۋە مېتامورفىلىق جىنسلارنىڭ ھاسىل بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت.

**تەجرىبە پسىخولوگىيىسى** 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا گېرمانىيىدە بارلىققا كەلگەن بىر خىل پسىخولوگىيە ئېقىمى. ئۇ پسىخولوگىيىدە تەجرىبە ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ھازىر ئۇ گەرچە بىر ئېقىم سۈپىتىدە مەۋجۇت بولمىسىمۇ، لېكىن تەجرىبىدىن ئىبارەت تەتقىقات ئۇسۇلى ھازىرقى زامان پسىخولوگىيىسىدە ئۆزگەرتىلىپ ۋارىسلىق قىلىنماقتا. تەجرىبە پسىخولوگىيىسى ھېلىمۇ ھازىرقى زامان پسىخولوگىيە مېتودىكىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

**تەجرىبە تەنقىدچىلىكى** <پەلس> بۇرژۇئازىيىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزملىق پەلسەپە ئېقىمى. ئۇنى 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئاۋستىرىيىلىك ماخ بىلەن گېرمانىيىلىك ئاۋېنارىئوس ياراتقان. تەجرىبە تەنقىدچىلىكى تەجرىبىنىڭ ئوبيېكتىپ مەزمۇنىنى «تەنقىد» قىلىدۇ ھەمدە تەجرىبىنى نوقۇل سۇبيېكتىپ نەرسە؛ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى بولسا «تۇيغۇلار قوشۇلمىسى» دەپ قارايدۇ.

**تەجرىبە دەرسى** <مائار> ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگەنگەن نەزەرىيۋى بىلىملەرنى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاش ۋە ئۇنى پۇختىلاش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى يېتەكچىلىكىدە تەجرىبىخانىدا ئېلىپ بارغان ئەمەلىي مەشغۇلاتى.

**تەجرىبە قىلماق** تەجرىبىدىن ئۆتكۈزمەك، سىناپ كۆرمەك.

**تەجرىبە مىنېرالوگىيىسى** <گېئول> مىنېرالوگىيىنىڭ بىر تارمىقى. ئۇ ئاساسەن مىنېراللارنى سۈنئىي سىنتېزلاش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىدۇ. بۇ خىل تەتقىقات تەبىئەتتىكى مەلۇم مىنېراللارنىڭ شەكىللىنىش شارائىتى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيىلەرنى ئېگىلەشكە ھەمدە خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ئالماس، فىزوبىللۇر، قىزىل ياقۇت قاتارلىق مىنېراللارنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىپ، تەبئىي مىنېرال كەمچىل بولۇشتەك

بىر قاتار مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا يول ئېچىپ بېرىدۇ.

**تەجرىبە ئېتىزى** <دېھ> دېھقانچىلىق تەجرىبىلىرى ئىشلىنىدىغان ئېتىز: بىز بەزى ئەترەتلەردە تەجرىبە ئېتىزلىرى تەييارلىدۇق.

**تەجرىبە ـ ساۋاق** تەجرىبە ھەم ساۋاق: ئاۋات ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى يېقىندا تۆت دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، ئۆتكەن يىل يېزا ئىگىلىكىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلىدى.

**تەجرىبىچىلىك** ئى <پەلس> ① ھېسسىي تەجرىبىنى بىلىمنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى دەپ قارايدىغان پەلسەپىۋى تەلىمات. ئۇنىڭ ماتېرىيالىزملىق تەجرىبىچىلىك ۋە ئىدېئالىزملىق تەجرىبىچىلىك دېگەن ئىككى تۈرى بولىدۇ. ماتېرىيالىزملىق تەجرىبىچىلىك: دۇنيانىڭ مەنبەسى ماددا، تەجرىبىنىڭ مەزمۇنى ئوبيېكتىپ ماددىي دۇنيا، ھەممە بىلىم تەجرىبىدىن بارلىققا كېلىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ تەجرىبىنى چۈشىنىشى تار بولۇپ، ھېسسىي بىلىش بىلەن ئەقلىي بىلىشنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى چۈشەنمەيدۇ، جۇزئى بىۋاستە تەجرىبىگىلا ئىشىنىپ، ئەقلىي بىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئىنكار قىلىدۇ، شۇڭا ئۇ بىلىش نەزەرىيىسى ئومۇمىيىتىدىن قارىغاندا خاتا. ئىدېئالىزملىق تەجرىبىچىلىك تەجرىبىنىڭ مەنبەسى ۋە مەزمۇنى ئوبيېكتىپ ماددىي دۇنيا ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ، تەجرىبىنى نوقۇل سۇبيېكتىپ نەرسە دەپ قارايدۇ. ② سۇبيېكتىۋىزمنىڭ بىر خىل ئىپادە شەكلى. ئۇ جۇزئى، تار تەجرىبىنى ئومۇمىي ھەقىقەت دەپ قاراپ، جۇزئى بىۋاستە تەجرىبىگىلا ئىشىنىپ، نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىك رولىغا سەل قارايدۇ.

**تەجرىبىخانا** ئى. تەجرىبە ئۆتكۈزۈلىدىغان، تەجرىبە قىلىنىدىغان ئۆي، جاي: سىز يۇقىرىدىن كەلگەن رەھبەرلەرگە ئۆزىڭىزنىڭ تەجرىبىخانىنى ساقلاپ قالغان ئەھۋالىڭىزنى سۆزلەپ بېرىدىكەنسىز.

**تەجرىبىسىز** سۈپ. تەجرىبىسى يوق، خام: رەھىمجان گەرچە ئەقىللىق، زېرەك ئادەم بولغىنى بىلەن ئائىلىۋى تۇرمۇش، باردى-كەلدى ئىشلاردا تېخى تەجرىبىسىز ئىدى.

**تەجرىبىسىزلىك** «تەجرىبىسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: شۇنداق قىلىپ، بۇ جەنۇبىي يۈنىلىش پولكى تەجرىبىسىزلىكتىن سادىر قىلغان ئىككى زور سەۋەنلىك، كىشىلەرگە ئارامسىزلىق ئەكەلگەن ئىككى خىل كۆڭۈلسىز، ئاچچىق ساۋاق بولۇپ قالدى.

**تەجرىبىلىك** سۈپ. تەجرىبىسى بار، تەجرىبىگە ئىگە: ئايىسخان بۇ ئەترەپتا ئاتا-بوۋىلىرىدىن تارتىپ پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن تەجرىبىلىك پىلىچىلاردىن ھېسابلىناتتى. * تەجرىبىلىك دېھقانلار، يېڭى سايمان ياساپتۇ. سۇ چىقىرىپ تاغلارغا، دەريالارنى توساپتۇ.

**تەخ** سۈپ. تەييارلانغان، ھازىرلانغان، تەييار: گەملەرنىڭ ئالدىدىكى تاش ئوچاقلارغا چوڭ داش قازانلار ئېسىلغان، سەۋزە-پىياز توغرالغان، قىسقىسى ھەممە نەرسە تەخ ئىدى. * تۆت ئاتلىق يوغان ھارۋا تەييار بولدى، تەخ بولدى. سىيىت نوچىنى ئاتماقتا، ئېلىپ ماغار ۋاق بولدى.

**تەخ بولماق** تەييار، ھازىر بولماق، تەييار تۇرماق: ھەرقانداق خەتەرنىمۇ قايرىپ قويۇپ ماشىنىنى توسۇۋالدىم-دە، غۇدۇراپ تۇرغان شوپۇردىن لازىملىق نەرسىلەرنى سورىۋېلىپ، چاقنى ياماپ تەخ قىلدىم. * جانىمدا، ئالدىم ئوغۇللۇق بۇرچىنى بويۇنۇمغا مەن، تەخ بولۇپ ئىش قايىنىغان مەيداندا ئۆز ئورنۇمغا مەن.

**تەخ قىلماق** تەييار قىلىپ قويماق،

هازىرلاپ قويماق: ئابدۇللا قىسمەت ئېگەر توقۇپ تەخ قىلغان مەخسۇت بەگنىڭ چىلان تورۇق ئايغىرىغا سەكرەپ مىندى-دە، ئۇزۇن تاسمىلىق تاپانچىسىنى كەينىگە سىرىپ قويۇپ، شەھەر تەرەپكە چىپىپ كەتتى. * يۈگۈنگە قىنىڭدىن رەڭ بېرىپ، چىقسالىڭ گىلەمنى تەخ قىلىپ، بايۋەچچە ياتسا ئېغىناپ، پەگاھدا قىلدىڭ ئاھۇزار.

**تەخەللۇس** ئى [ئە] يازغۇچى، رەسسام، ئارتىس قاتارلىقلار ئەنئەنىگە ئاساسەن ئۆز-ئۆزىگە قويىۋالغان باشقا نام، ئەدەبىي لەقەم: ئۇنىڭ «يادىكار» تەخەللۇ-سى بىلەن يازغان شېئىرلىرىنى خوتەن خەلقى ھېلىمۇ قىزىقىپ ئوقۇيدۇ. * ياگىرىدى ئوخشاشلا سادا سى ئۇنىڭ، «سەرسانى» ئۇنىڭغا بولدى تەخەللۇس. جەڭگىۋار مىسرادىن كۆچكە تولاتتى، مەكتەپتە زىيالىي، تۇرمىدە مەھبۇس.

**تەخەللۇسلۇق** سۈپ. تەخەللۇسى بار، تەخەللۇس ئىشلەتكەن، تەخەللۇس قوللانغان: يېقىندا «پىغانى» تەخەللۇسلۇق بىر شائىرنىڭ بىر دىۋانى تېپىلدى.

**تەخەي** ئى. [پ] ئېشەكنىڭ يېڭى تۇغۇلغان ياكى بىر ياشقا توشمىغان بالىسى: ئېشكى كەينىدە، تەخىيى ئالدىدا (ماقال).

**تەخەيلىك** سۈپ. تەخىيى بار، تەخەيلە-گەن، تەخەي ئەگەشتۇرگەن: تەخەيلىك ئېشەك. تەخەيلىك ئېشەك مىنگەن ئادەم.

**تەخەيلىمەك** پ. ئېشەك تەخەي تۇغماق: ئېشەك تەخەيلىدى.

**تەخت** ئى [پ] ① پادىشاھ، خان ۋە دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ زور تەنتەنىلىك يىغىلىش، قوبۇل قىلىش مۇراسىملىرىدا ئولتۇرۇشى ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان، ئالاھىدە بېزەلگەن ھەشەمەتلىك ئورۇن، ئورۇندۇق: لەشكەر باشلىقلىرى پادىشاھنىڭ ئېيتقىنىدەك، لەشكەرلىرىنى تەختنىڭ يېنىدىن تارتىپ تاغنىڭ ئېتىكىگە يەتكىچە، يولنىڭ ئىككى چېتىگە قاتار قىلىپ تۇرغۇزۇپتۇ. * ئالتۇنخانىغا ئاتىسى، مەسلىھەتچى بولۇپتۇ. تەختتە كۆرۈپ قىزىنى، خۇشاللىقتا تولۇپتۇ. ② كۆچمە. دۆلەت، مال-مۈلۈك، بايلىق: دەپتىرىمدە بارى مالىم نەقدىمنى، بىزگە بېرەي ئالتۇن-تىللا تەختىمنى. خۇدايىم ئاچقايلار مېنىڭ بەختىمنى، مېھمان بولۇپ يۈرۈڭ ئەمدى ئەھمەدخان. ③ كۆچمە. ئەمەل، مەنسەپ، ھوقۇق: سۇ قېڭچى ئۆزىنىڭ ئابرويىدىن پايدىلىنىپ، شىمالىي مىلتارىستلار ھۆكۈمىتىگە ئېتىپ يۈرۈپ، چارلىزنى بوخەي داشۆسىدىكى مۇدىرلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويغان. * ئۇ ۋاقىتلاردا دادىسى تەخت تالىشىپ يۈرگەن بولسا، ئەمدى ئوغلى سۈيىشى بىلەن بىللە خاندانلىقنىڭ قوشۇنىغا باشچىلىق قىلماقتا.

**تەختتىن چۈشمەك** ① خانلىق، پادىشاھ-لىق ۋەزىپىسىدىن ئايرىلماق؛ ھاكىمىيەت بېشىدىن چۈشمەك: يۇقىرىلار خاننىڭ ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، يامۇللارنى ئىگىلىۋاپتۇ. ئەمدى بىيجىڭ خانىمۇ تەختتىن چۈشكۈدەك، يىغىلىق قىلغانلار بۇ تەرەپلەرگىمۇ كەلگۈدەك. ئۇلارنىڭ شېرىكلىرى قۇمۇلدىمۇ خېلى باردەك. ② كۆچمە. ۋەزىپىسىدىن، ئەمىلىدىن ئايرىلىپ بىكار بولماق.

**تەختكە چىقماق** ① خانلىق، پادىشاھلىق ئەمىلىگە ئېرىشمەك؛ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقماق، ھاكىمىيەت تۇتماق: ئاھالە ئۆزى تەختكە چىقىپ باستۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان ئالاھىدە كۈچىنىڭ ئورنىنى ئالدى. ② كۆچمە. بىرەر ۋەزىپىگە تەيىنلەنمەك، ئورۇن ئالماق: يوقاپ كەتسۇن كونا توي، خۇراپاتچە بۇ قىلىق. قەتئىي كۆرەش قىلمەن، تەختكە چىقسۇن يېڭىلىق.

**تەختكە ئولتۇرماق** ← **تەختكە چىقماق**.

**تەختلىك** سۈپ. تەخت شەكلىدىكى، تەخت ئۈستىگە ئورۇنلاشقان: تەختلىك سۇپورا.

**تەختلك سپورا** <بوت> زەمبۇرۇغلارنىڭ سپورا تەختى ئۈستىدە ھاسىل قىلىدىغان سپورىلىرى.

**تەختىراۋان** ئى [پ] ① شەرق مەملىكەتلىرى ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا قاتارلىق جايلاردا، يۇقىرى مەرتىۋىلىك شەخسلەرنى سېلىپ يەلكىدە كۆتۈرىدىغان، ئۈستىبېشى ھەشەمەتلىك بېزەلگەن، زەمبىل شەكىللىك جاھاز: ۋاڭنىڭ تەختىراۋىنىنى كۆتۈرۈش، ئاتالارنى يېتىلەشكە ئورۇندىكى قۇللاردىن ئاجرىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە باتۇرمۇ بار ئىدى. ② جەسەتنى كۆمۈشتىن بۇرۇن جەسەتنى يۇيىدىغان تاختاي: خان غوجامنىڭ جەستى تەختىراۋانغا ئېلىندى. مەھرەملەرنىڭ مىلتىقى تەتۈر قىلىپ ئېسىلدى.

**تەختىراۋانچى** ئى ← تەختىراۋانكەش.

**تەختىراۋانكەش** ئى. يېز ت. تەختىراۋان كۆتۈرگۈچى كىشى: ئىككى تەختىراۋانكەش بىر بوش تەختىراۋاننى كۆتۈرۈپ كىرىپ، ساراي ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى سۇپىنىڭ ئۈستىگە قويدى.

**تەخسە** ئى ① لېگەن شەكىللىك، ئاغزى يايپاڭ قىلىپ ياسالغان تاماق قاچىسى: ئاسىيە تەخسىلەرنى مېنىڭ ئالدىمغا تىزىپ بولۇپ، ئىشكاپتىن پېچەتلىرى ۋاللىداپ تۇرغان بىر بوتۇلكىنى ئېلىپ ئاغزىنى ئاچتى. ② گىر، جىڭ قاتارلىقلارنىڭ جىڭلىنىدىغان نەرسىنى قويىدىغان تەخسىگە ئوخشاش يېرى: بىرپەستە تولىدۇ ئونلاپ قاپ-تاغار، قاپلارنى ئۆلچەيدۇ گىرنىڭ تەخسى. بىر چەتتە تۇرىدۇ قاپلارنى كۈتۈپ، دۆۋە بوپ تۇرۇشقان چەشتىن نەچچىسى.

**تەخسە كۆتۈرمەك** خۇشامەت قىلماق: غوجامنىڭ تەخسىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى ئۆتكۈزگەن ئەمەت غوجام يېقىلغاندىن كېيىن، يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بولۇپ قالدى.

**تەخسىسى چىقىلماق** قىلغان خۇشامىتى كۆتكىنىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمەي قالماق، خۇشامىتى بىكار بولۇپ چىقماق: مەن ئىشخانىدىن سالپىيىپ چىقىۋاتقىنىمدا، ماڭا ئەزەلدىن ئۆچ بىر قانچىسىنىڭ مېنى مەسخىرە قىلىپ، كۈلۈشۈپ قويۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا كۆزۈم چۈشۈپ ئەرۋاھىم ئۇچتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۈلۈشىدە «تەخسەڭ چىقىلدىغۇ!» دېگەن مەنە بار ئىدى. * تەختتىن يىقىلىپ تاپىنىڭ لايىق جازانى، تەخسىلىرىڭ چىقىلىپ غىزا قىلدىڭ ئىزانى.

**تەخسچى** ئى. چاپانچى، يالاقچى، خۇشامەتچى، تەخسكەش: مەمەت ئۆتۈپ كەتكەن تەخسچى.

**تەخسچىلىك** «تەخسچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: مېنىڭچە، باشقىلارغا ئوخشاشلارنى بايراقدار دەپ تەخسچىلىك قىلىدىغان، قەستاپ ئىقرار قىلدۇرىدىغان ئىشلار يۈز بېرىشى مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن كەڭ كۆلەمدە ئۇنداق قىلىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس.

**تەخسرات** ئى [ئە] يېز ت. باشقىلار تەرىپىدىن يۈكلەنگەن گۇناھ، كەمچىلىك، سەۋەنلىك.

**تەخسىراتقا كەتمەك** باشقىلارنىڭ زىيان سېلىشىغا ۋە ھاقارەت كەلتۈرۈشىگە ئۇچرىماق، نەپرەتكە قالماق، قارغىشىغا كەتمەك، نەزىرىدىن چۈشمەك: راستتىن ماڭا «ئۆزى تىكلىگەن مازاردىن ئۆزى تەخسرات كېتىپتۇ» دېگەندەك ئىش بولغانىدى. «مەنسىپى يوق ھوقۇقدار» دېگەن «پەخرلىك» نامى بىلەن پۈتۈن گۆڭشېغا تونۇش بولغان غۇلامنى ئۆز لايىقىدا كۆتەلمەي، ئۇنىڭ «تەخسرات» ىغا كېتىشتىن ئەنسىرەش تۈپەيلىدىن بولغانلىقىمۇ باتۇرغا بەش قولدەك ئايانىدى.

**تەخسكەش** ئى ← تەخسچى: رەزىل كىشىلەرگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ سۇيىقەستلىرى ئۈچۈن كەتمەن چاپقۇچى تەخسكەش غالچىلارنىڭ ئاقىۋىتى كۆپ ھاللاردا، ئۇلار ئۆزى مۆلچەرلىگىنىدىن باشقىچە

بولىدۇ. * تولغىنىپ، كۆچۈكلىنىپ يەرگە باقار ئۇ تەخسكەش، ئاغزىدا ھى-ھى قىلىپ نوختا سالار ئۇ تەخسكەش.

**تەخسكەشلىك** «تەخسكەش» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئەسكى ئادىتىم بار، ئاغزىم ئىچىلسىلا تۇتالماي قالىمەن. مېنى گەپكە سالغۇچە، قېنى ئۆزۈڭلا بىرنېمە دەڭلار. يا سىلمۇ جۇمە سىلىڭغا تەخسكەشلىك قىلغىلى كېتىۋاتامسىلەر؟ * ئۇنىڭ ئادىتىدۇر تەخسكەشلىك، ئايلىنىپ ئالار يېقىنىغا. ئەگەر تەگمىسە قىلچىلىك نەپ، خەنجەر تەڭلەيدۇ بىقىنىڭغا.

**تەخسلىك** سۈپ. تەخسىسى بار، تەخسە ئورنىتىلغان: ئۇ ئوتتۇرىسىغا تېرە كېرىلگەن مىس تەخسلىك بىر خىل داپ ئىدى.

**تەخلەتمەك** «تەخلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەخلەشمەك** «تەخلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەخلەنمەك** «تەخلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: «ئۆسمۈرلەر ئورمانزارلىقى» ۋە كەنتنىڭ ئۆزىدىن تەييارلانغان جىرىم-كۆچەتلەرمۇ تەخلىنىپ، تاش ئۆستەڭنىڭ سۈيىگە چىلاندى. * يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا كۆزگە بۇغداي تېرىش ئۈچۈن تەخلىنىپ قويۇلغان سالا-سالا ئېتىزلار، پىشىپ، يېتىلىپ قالغان ئات چىشلىق قوناقلار، چاناقلىرىغا پاتماي ئىچىلىپ كەتكەن كۆمۈش پاختىلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

**تەخلىمەك** پ. تەخ قىلىپ راسلىماق؛ تەييارلىماق، ھازىرلىماق، رەتلىمەك: سادىق لىيەنجاڭ بۈگۈن ئاش ۋاقتى بىلەن بۆلۈمگە يېتىپ كەلدى. ئۇزاق ئىشلىگەنلىكتىن، سىرى چۈشۈپ كەتكەن يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ، ئۈستەلنىڭ بىر چېتىگە تەخلەپ قويۇلغان ئارخىپ خالتىلىرىدىن بىرىنى سۇغۇرۇۋالدى.

**تەخمۇتەخ** تولۇق تەييارلاپ قويۇلغان، ھەممىسى تەل قىلىنغان، تەييارلاقلىق: ئادىل ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى ھەممىنى تەخمۇتەخ راسلاپ، كۆنۈپكىنى باسسىلا سىناق باشلىنىدىغان قىلىپ قويۇپ، كۆز باغلىنىدىغان ۋاقىتتا ئاندىن قايتىشتى.

**تەخمىس** ئى [ئە] يېزت ① بەشكە بۆلۈش، بەشلەشتۈرۈش، مۇخەممەسلەشتۈرۈش. ② بىر شائىر يازغان غەزەلگە يەنە بىر شائىر تەرىپىدىن مەزمۇنى، شەكلى ماس ئۈچ مىسرا قوشۇلۇپ يېزىلغان مۇخەممەس. مەسىلەن، بىلال ئەزىزىنىڭ زىيائىي غەزىلىگە يازغان مۇخەممىسى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ناۋايى غەزىلىگە يازغان مۇخەممىسىگە ئوخشاش.

**تەخمىن** ئى [ئە] پەرەز، گۇمان، قىياس: بۈگۈن ئەتىگەنكى باش قوشۇش يىغىنى، دادۇيجاڭنىڭ رەنجىشى، خامانغا كەتكەن ئوت توغرىسىدا ئەزالارنىڭ تەخمىنى، پۈپۈكلۈك ئۇزۇن كۆلا كىيگەن كىشى توغرىسىدا قىلىنغان جىددىي پەرەزلەر ئۇنىڭ كۆڭلىدىن يەنە بىر قېتىم تەسۋىدەك تىزىلىپ ئۆتتى.

**تەخمىن قىلماق** پەرەز، قىياس، گۇمان قىلماق؛ تەخمىنلىمەك: ئۇ پاكار بويلۇق، ۋىجىك، ئۇچىسىغا رەڭگى ئۆڭگەن زىغىر رەڭ سارجىدىن شىم-چاپان، بېشىغا كونىرىغان يېشىل شاپاق دوپپا كىيگەن ئادەم بولۇپ، ئاقىرىشقا باشلىغان كەككە ساقىلى، قورۇق باسقان ياداڭغۇ چىرايىغا قاراپ ئۇنى كەم دېگەندىمۇ 60 ياشلار چامىسىدا تەخمىن قىلىش مۇمكىندى.

**تەخمىنەن** رەۋ [ئە] پەرەز، قىياسقا ئاساسەن؛ تەخمىن قىلىپ ئېيتقاندا؛ مۆلچەرچە: بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى تەخمىنەن يىرىم ئەسىر بۇرۇن يېزىلغان.

**تەخمىنلەنمەك** «تەخمىنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تەخمىنلەنگەن سان.

**تەخمىنلىمەك** پ. تەخمىن ئاساسىدا ھۆكۈم چىقارماق، تەخمىن قىلماق؛

مۆلچەرلىمەك: ئۈستىخاندا دۇكانلار كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئىچى قاراڭغۇ ئىدى، چىراغنى ياقسا، كۆزەنكۆچى كۆرۈپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ قولىدا چىراغنى تۇتقىنىچە تەخمىنلەپ، دۇكاندىن دۇكانغا ئۆتۈپ، «بەخت» نى ئىزلىدى.

**تەخمىنىي** سۈپ [ئە] تەخمىن قىلىنغان، تەخمىنگە ئاساسلانغان؛ گۇمانىي: ئابباسوۋ رەسسام يولداشلارنى يىغىپ بېرىدۇ، ئۇلار ھېچ بولمىغاندا تۆمۈر خەلپىنىڭ تەخمىنىي سۈرىتىنى سىزىپ چىقالايدۇ، قانداق دەيسىز؟

**تەخمىنىي بۆلۈنمە** <مات> بۆلۈش ئەمەلىدە، بەشلىك پۈتۈنلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق كېلىپ چىققان بۆلۈنمە. ئادەتتە «≈» بەلگىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: $5 \div 3 \approx 1.6667$.

**تەخمىنىي قىممەت** <مات> ئېنىق قىممەتكە يېقىن كېلىدىغان قىممەت (ئېنىق قىممەتتىن سەل كۆپ ياكى سەل ئاز بولىدۇ). ئەمەلىي ھېساب-لاشلاردا كۆپ قوللىنىلىدۇ. مەسى-لەن، چەمبەر تۇراقلىقىنىڭ قىممىتى 3.14159265358979323846... بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ تەخمىنىي قىممىتى 3.1416 گىچە ئېلىنىدۇ.

**تەخىر** ئى [ئە] كېچىكتۈرۈش، ساقلاش، ھايال: شاھ پەرمانى ئاتقان ئوق، تەخىرگە ھېچ تەگمەيدۇ يوق. سوكۇلداپمۇ بارچىسى، سەپ ئالدىدا جارچىسى.

**تەخىر بولماق** ساقلاپ قالماق، ھايال بولماق، كېچىكىپ قالماق: ـ ئوغلۇم بەھزات ياخشى ئېيتىپتۇ، ـ دەپتۇ پادىشاھ، ـ ئۇنى ئۆيلەندۈ-رۈش ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. ئەمما ئۇنىڭغا مۇناسىپ لايىق تېپىلمىغاچقا، تەخىر بولۇپ قالغانىدى.

**تەخىر قىلماق** ساقلاپ تۇرماق، كۈتمەك، تاقەت قىلماق: مەن كۆڭلۈمدە: «ھاكىم يەنە بىرئاز تەخىر قىلىپ، مۇنۇ بىچارىنىڭ سۆزى تۈگىگەندە، ئۇنىڭغا ھېچ بولمىغاندىمۇ بىر ئىككى ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ قويۇپ، ئاندىن تېلېفوننى ئالسا بولماسمىدى؟» دەپ ئويلىدىم. * ئوبدان قىپسىز، باللار ئۆز پائالىيىتىنى قىلىشىۋەرسۇن، سىز بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار، ئاكىڭىز كەلگۈچە بىر دەم تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ.

**تەخىرسىز** سۈپ. تەخىر قىلىشقا، ساقلىتىپ قويۇشقا بولمايدىغان؛ ھايالسىز: تەخىرسىز ئىش. // پادىشاھ قىزىنى ساقايتىشقا ئادەم كەلگەنلىكە-دىن ۋاقىپ بولۇپ، ناھايىتى خۇشال بوپتۇ ۋە تەخىرسىز قىزى ئالدىغا باشلاپ كىرىپتۇ.

**تەخىرسىزلىك** «تەخىرسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بەزى يولداشلار ھازىر ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئېغىر جىنايى ھەرىكەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ۋە تەخىرسىزلىكىنى ئېنىق تونۇمايۋاتىدۇ.

**تەدبىر** ئى [ئە] بىرەر ئىش ۋە مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلغان چارە، ئامال، ئىلاج ۋاستىسى: تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولار (ماقال). * مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىستېمال بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىش-نى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، ھەقىقىي تۇردە خەلقنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش، ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇشتىكى تۈپ زور تەدبىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. * گەر تەدبىرىم يەتكۈزسە، مۇشكۇللەرگە ئاسانلىق، كۆڭلۈم مېنىڭ تېنچ بولار، خوش تىلەيمەن ئامانلىق!

**تەدبىر قوللانماق** چارە-ئامال قىلماق، ئىلاجىنى تاپماق: بەجا ئەتمەي بۇيرۇقنى ئۆچتۈرپانلىق، ئىسيان قىلدى ئەيمەنمەي تېخى قانلىق، دەرھال تەدبىر قوللانماي زادى بولماس، شاھىمىزمۇ بىزلەردىن رازى بولماس.

**تەدبىر كۆرمەك** ← تەدبىر قوللانماق: شاھىدىن: ـ ئۇلار ئالدىن تەدبىر كۆرۈپ قويغانلىقى چوقۇم. ئەگەر بۈگۈن ئالدىراپ بېرىپ قويساق،

جەزمەن ئۇلارنىڭ بالاسىغا يولۇقمىز، — دېدى.

**تەدبىرچان** سۈپ. تەدبىرگە باي، چارە-تەدبىرلىك، تەدبىرلىك ئىش قىلىدىغان: سەن ئاددىي پۇقرادەك، جەڭچىدەك باتۇر، داھىيدەك تەدبىرچان، پىردەك دانىشمەن. سەن يۈرتۋاز، ئۇرۇقۋاز بولۇپ باقمىغان، خەلقنى بۆلۈشكە سەن ئىدىڭ ئۆچمەن.

**تەدبىرسىز** سۈپ. تەدبىرى يوق، ئويلىماي ئىش قىلىدىغان: ياق، بۇ تەدبىرسىز، ئاجىز كىشىلەرنىڭ قىلىقى. ئۇ ھەرگىز بۇنداق قىلمايدۇ، بەرگەن ۋەدىسىنى ئورۇندىمىغۇچە ھېچ يەرگە بارمايدۇ.

**تەدبىرسىزلىك** «تەدبىرسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىپتۇ؛ قىسقا ئويلىغىنىغا، تەدبىرسىزلىكىگە ئېچىنىپتۇ.

**تەدبىرلىك** سۈپ. تەدبىرى بار، ئامال قىلالايدىغان: ئۇلاردىن ئەھۋال سورىغان ئىكەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرى ۋە ياغاچچىنىڭ ئايالىنىڭ تەدبىرلىكلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. * قىسىم ئىچىدە كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، تەدبىرلىك، تەلەپچان ئاباس ئۇ چاغدا ئالاھىدە ئابرويلۇق لېيەنجاڭلاردىن ئىدى.

**تەدرىجىي** سۈپ [ئە] ئاستا-ئاستا، بىر-بىرلەپ، ئارقىمۇئارقا، دەرىجىمۇ دەرىجە: تەدرىجىي تەرەققىيات. // ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى خىزمەتلەرنى تەدرىجىي قانات يايدۇردى ھەمدە تەدرىجىي ھالدا بەزى تەجرىبىلەرنىمۇ ھاسىل قىلدى.

**تەدرىجىي تەرەققىيات** <پەلس> شەيئىلەرنىڭ ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە قاراپ قىلىدىغان تەرەققىياتى.

**تەر I (تېرى)** ئى [پ] ① ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ تېرىسى ئاستىدىكى مەخسۇس بەزلەر تەرپىدىن ئاجرىتىلغان سۇيۇقلۇق: ئىككىنچى قېتىم ئوكۇل سېلىنغاندىن كېيىن، بالىنىڭ پېشانىسىدىن گويا گۈل بەرگىدىن تامچىلاپ ئاققان شەبنەم سۇيىدەك، تەر مونچاقلىرى پەيدا بولدى. ② كۆچمە. ئەجىر، ئەمگەك: ئالتۇن چىقىدۇ يەردىن، بەخت كېلىدۇ تەردىن (ماقال). * يامغۇر بىلەن كۆكىرىدۇ يەر، ئالقىشلىسا ئەل كۆكلەيدۇ ئەر. ئانار قانداق بولاتتى داڭلىق، سىڭدۈرمىسە رىباغۋەن كۈمۈش تەر.

**تەر ئاققۇزماق** → **تەر تۆكمەك**: ئۇ قارىقاش ناھىيىسى بويىچە تۇنجى تۇركۇم كىنو خادىملىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە بۇ ناھىيىگە كەلگەندىن بۇيان، چەت-ياقا جايلاردىكى ئامما كىنو كۆرۈش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كۆپ تەر ئاققۇزدى.

**تەر باسماق** قاتتىق قورقۇش ياكى كېسەل بولۇشقا ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن بەدەندىن كۆپ تەر چىقماق، تەرگە چۆممەك: تىت-تىت بولغىنىدىن چىرايى بىر ئاقىرىپ، بىر قارىداپ كەتكەن يەن رۈينى تەر باستى، ئۇنىڭ تىلى گەپكە كەلمەيتتى.

**تەر بېزى** <بئول> تېرىدىكى تەر ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان بەز. ئۇ سىمپاتىك نېرۋىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. ئاجرىلىپ چىقىدىغان تەرنىڭ مىقدارى سىرتقى مۇھىتنىڭ تېمپېراتۇرىسى ۋە روھىي ھالەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ كۆپىيىدۇ ياكى ئازىيىدۇ.

**تەر تۆشۈكى** <بئول> تەر بېزىنىڭ تېرە يۈزىدىكى تۆشۈكى. تەر بۇ تۆشۈكتىن سىرتقا چىقىدۇ.

**تەر تۆكمەك** ئەجىر قىلماق، ئەمگەك سىڭدۈرمەك: ئۆزۈم بىلىدىغان بىرلا ئاددىي ھەقىقەتنى يەنى ئادەم بالىسى پەقەت كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن تۆككەن تەرى ۋە مۇشەققەتلىك ئەمگىكى بىلەنلا قەدىر-قىممەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ھەر كۈنى دېگۈدەك چۈشەن-

ىدۇردۇم. * ھەر بىرىمىز مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئايىماي تەر تۆكۈپ، بىر كىشىلىك ھەسسە قوشساق، نەچچە ئەسىرلەپ خورلانغان مەدەنىيىتىمىز قايتىدىن نۇتا چىقىرىپ پورەكلەيدۇ!

**تەرگە چۈممەك** قاتتىق تەرلىمەك، تەر باسماق: ئۇ كۆۋرۈك ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپ، تەرگە چۈمگەن ئېتىنى بىرىگە بەردى-دە، رىۋەدە ئاستىغا كېلىپ ئوردۇ قارۇغباشى قىلىچقا ئالدىراپ سۆزلىدى.

**تەر II (تەرى)** ئى ① تەلەت، چىراي، يۈز، كۆرۈنۈش: ئۆينىڭ تۆرىگە قارىسا، ساھىبخانىنىڭ تەرىگە قارا (ماقال). * ئۇلار تەرى تۈرۈلگەن، چىرايى تاتارغان ھالدا ھاسىرىشىپ تۇراتتى. ② ئەلپاز، پەيل: ھاۋانىڭ تەرى يامان تۇرىدۇ، مۆلدۈر چۈشەمدۇ نېمە؟

**تەرى بۇزۇلماق** چىرايى ئۆزگەرمەك: ئەۋلىيا ئاتىنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ تەرى بۇزۇلدى، شېرىن پاراڭلىرى توختاپ قالدى.

**تەرى تۈتۈلماق** خاپا بولۇپ چىرايى تۈرۈلمەك، رەڭگى ئۆزگەرمەك: ئۇنىڭ بىزنى كۆرۈپلا تەرى تۈتۈلدى.

**تەرى سۆرۈن** كۆرۈمسىز، سەت؛ يېقىمسىز: بىز كەبى ئەۋلاد ئۈچۈن بولسا ۋەتەن ئازاد بۇرۇن، بولماس ئەردۇق بىرەھىملەر ئالدىدا تەرى سۆرۈن.

**تەرىنى تۈرمەك** رەڭگىنى، تەلەتىنى، چىرايىنى ئۆزگەرتمەك، تەرىنى بۇزماق، ئاچچىقلانماق: ئۇ دىلەيساخاندىن يەنە ئاچچىق، زەھەرلىك گەپلەر چىقىشىنى پەملەپ، تەرىنى تۈردى.

**تەراۋىھ** ئى [ئە] <دىن> رامىزان ئېيىدا، خۇپتەن نامىزىغا ئۇلاپلا جامائەت بىلەن ئوقۇلىدىغان 20 رەكەتلىك ناماز.

**تەرەپ** ئى [ئە] ① نەرسىلەرنىڭ ئەتراپىدىكى جاي، يان، ياق: ئۇنىڭ سول تەرەپتىكىسى قىزىل يۈزلۈك، زىلۋا بويلۇق بىر ئوفىتسېر بولۇپ، ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى ئوردېن-مېداللىرى بىلەن مۇرىسىدىكى پاگونلىرى كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى. * چىراغ ئۆچتى، بىراق، چىراغنىڭ ئۆچىشى بىلەن تەڭلا ئالدىنى تام تەرەپكە قىلىپ ياتقان قەيسەرنىڭ كۆزلىرى جامدەك ئېچىلدى. ② بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان ۋە ئوخشاشمىغان مەيدان، ئوخشاشمىغان پىكىر ئېقىمىدىكىلەرنىڭ بىرى؛ بىر ياقتىكىلىرى: جۇڭگو خەلقى ھامان پۈتۈن دۇنيادىكى ئېزىلگۈچى خەلق تەرەپتە تۇرىدۇ. * «ئۆلدۈم» دەپتۇ پادىشاھ، راستىنلا ئىستەك ئۆلۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن ۋەزىرلەر، خەلق تەرەپكە ئۆتۈپتۇ. ③ بىرەر ئىش توغرىسىدا تۈزۈلگەن توختام ياكى كېلىشىمگە قاتناشقان ۋە ئۇنىڭغا ئىمزا قويغان تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ بىرى ياكى بىر ياقتىكىسى: يېزىلاردىكى ھەر خىل توختاملار ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق تۈزۈلگەنىكەن، بۇ قانۇنىي خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. * ئومۇمىيۈزلۈك ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، دۆلەت، كارخانا ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مەنپەئەتى ۋە مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ④ <مات> گېئومېترىيىلىك شەكىلدىكى بولۇڭنى ھاسىل قىلغۇچى تۈز سىزىقلار ياكى كۆپ تەرەپلىكنى ھاسىل قىلغۇچى كېسىكلەر. ⑤ جەھەت، قىسىم: ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، ئىستىل قورۇلۇشىنى ياخشىلاپ، چېچىلاڭغۇلۇق، بوشاڭلىق ھالەتنى ئۆزگەرتىش ــ ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ياخشىلاپ، ئىش بېجىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى.

**تەرەپ كۆرسەتكۈچ** <قاتن> بىخەتەرلىك بەلگىلىرىنىڭ بىر خىلى. كۆپىنچە پورتقا يېقىن ساھىللار ياكى تار سۇ يوللىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئادەتتە ئالدى پەس، كەينى ئېگىز بولغان ئىككى بەلگىدىن تۈزۈلىدۇ. بۇ ئىككى بەلگە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ بىر تۈز سىزىقنى شەكىل-

لەندۈرگەندە، يۈرۈشكە توغرىلىندۇ. بۇ بىخەتەر يۈرۈش يۆنىلىشى بولىدۇ.

**تەرىپىنى ئالماق** يان باسماق، قوشۇلماق، توغرا تاپماق، ھىمايە قىلماق: بۇ چاغدا خاسىيەتمۇ ئاتىكە خېنىمنىڭ تەرىپىنى ئالدى. * — ئاسىم، بۇلار ئاتالارنى نېمىگە ئىشلىتىدۇ، بىلەمسەن؟— دېدى روزاخۇن جاقىلداپ تىترەپ، — بۇلار ئىشنى خېمىغا ياندۇرۇۋاتسا، سەن يەنە بۇلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىۋاتىسەنا!

**تەرەپباز** سۈپ [تە+پ] مەزھەپ ۋە گۇرۇھ پەيدا قىلىدىغان، گۇرۇھۋازلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان: رەيھانەم بېشىنى بايىقىدەك ئارقىسىغا تاشلاپ، كۆزىنى غەزەپ بىلەن قىسىپ: — ئۇلار زاۋۇت، كارخانىلاردا ئاممىنى يەنە تەرەپباز تەشكىلاتلارغا ئايرىلىشقا قۇترىتىۋاتىدۇ، — دېدى.

**تەرەپبازلىق** «تەرەپباز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ھازىر زاۋۇتنىڭ ئەھۋالى بىرئاز مۇرەككەپ، تەرەپبازلىق ۋە ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ تەسىرلىرى تېخى تۈگەپ كەتكىنى يوق. * بىز ھەم كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشىمىز، ھەم ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ تەرەپبازلىق ۋە ھۆكۈمەتسىزلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

**تەرەپ-تەرەپ** ① «تەرەپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② ھەممە تەرەپ: ھاشىر بەگ سۆزىنى تۈگىتىپ بولۇپ، يەنە يامۇلنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. دېھقانلارمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولۇپ، تەرەپ-تەرەپكە تارقاپ كېتىشتى.

**تەرەپدار** ئى [ئە+پ] ① بىر-بىرىگە زىت، قارىمۇقارشى بولغان تەرەپ ياكى شەخسلەرنىڭ بىرىنى قوللايدىغان، ھىمايە قىلىدىغان شەخس: سىز تاغدىكى ئىسيانچىلارنى تېزرەك تەسلىم قىلدۇرساق، بۇ ئىش ئۆزلۈكىدىن تۈگەيدۇ دېمەكچى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

مەن بۇنىڭ تەتۈرىنى قىلمەن. يەنى ئاۋۋال نورۇز داموللىنى زىنداندىن بوشىتىپ، ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ تەلپىنى قاندۇرىمەن. ② بىرەر غايە، ئىدىيە ياكى ھەرىكەتنى ھىمايە قىلغۇچى: قاراپ تۇرۇپ قولىدا قورال بولمىغان ساددا خەلق قانغا بويالسا، قانداقمۇ چىداپ تۇرغىلى بولىدۇ؟ شۇ ۋەجىدىن بىز خەلق تەرەپدارى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتۇق.

**تەرەپدارلىق** «تەرەپدار» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىدىن خەلق تەرەپدارلىقى خېلى ئوچۇق سېزىلىپ تۇرىدۇ.

**تەرەپلىك** سۈپ. تەرىپى بار، تەرەپكە ئىگە: كۆپ تەرەپلىك.

**تەرەپلىمە** سۈپ. تەرەپكە تەئەللۇق، تەرەپتىكى، جەھەتتىكى، ياقتىكى: بىر تەرەپلىمە. ھەر تەرەپلىمە. ئىككى تەرەپلىمە. // ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرمەك.

**تەرەپلىملىك** سۈپ. تەرەپلىرى ھېسابقا ئېلىنىدىغان: ھەر تەرەپلىملىك. بىر تەرەپلىملىك. * سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا قانداقتۇر بىر خىل قورقۇنچلۇق ئىككى تەرەپلىملىك بار.

**تەرەت** ئى [ئە] ① تاھارەت. ② چوڭ-كىچىك ھاجەت، ئىستىنجا: چوڭ تەرەتتىن كېيىن سوغۇق سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلىش ناھايىتى پايدىلىق. * تولا قاتراپ تەرەتكە، ھېچ مادارى قالمىدى. ئاغرىق دەردى يامانكەن، مەكتەپكىمۇ بارمىدى.

**تەرەت سۇندۇرماق** → **تەرەت قىلماق**: مەھبۇسلار تەرەت سۇندۇرۇپ قايتىپ كەلدى. گۇندىپايلار كامېر ئىشىكىنى تاقاپ، ھېلىقى ساقچى بىلەن بىللە باشقا كامېرلار تەرەپكە كېتىشتى. * مايتاغقا كەلگەندە، ئىككى يولۇچى تەرەت سۇندۇرغىلى چۈشتى، شوپۇر ئادەملەرنى كۆزدىن كەچۈرمەيلا، ماشىنىنى ھەيدەپ مېڭىپ كەتتى.

**تەرەت قەغىزى** ① تەرەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قەغەز. ② ئاياللار ھەيز

كۆرگەندە ئىشلىتىدىغان، دېزىنفېكسىيلەنگەن قەغەز.

**تەرەت قىلماق** ھاجەت قىلماق، ئىستىنجا قىلماق؛ تەرەت سۇندۇرماق: ئۇ باشقىلارغا بىلدۈرمەي، خالا جايغا كىرىپ تەرەت قىلغان بولۇپ ئولتۇرۇپ، پاپىرۇس چېكىشكە باشلىدى.

**تەرەت لاتىسى** ئاياللار ھەيز كۆرگەندە ئالدىغا تۇتۇۋالىدىغان لاتا.

**تەرىتى بوش** بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىشقا قۇدرىتى يەتمەيدىغان، ئىرادىسى بوش، شۇ ئىشنى قىلىشقا تەييارلىقى كەم: ھەي بۇنى قىلالمايسىزمىكىن دەيمەن. چۈنكى سىزدە سەللە يوغان بولغىنى بىلەن تەرەت بوشتەك قىلىدۇ.

**تەرىتى چىڭ** بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىشقا غەيرىتى، قۇدرىتى يېتىدىغان؛ شۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىرادە باغلىغان، تەييارلىقى بار: بۇ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىشتا تەرىتىم خېلى چىڭ.

**تەرىتىگە سۇ بەرمەك** ① ناماز ئوقۇيدىغان كىشىگە تەرەت ئېلىش ئۈچۈن سۇ تەييارلاپ بەرمەك. ② كۆچمە. خوتۇنلۇق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماق: — بىرەر ئەھلى مۇسۇلماننىڭ تەرىتىگە سۇ بېرىپ، بىرگە ئۆتۈشنى ئويلىمىدىلىمۇ ياكى بىرەرى ئىشىك ئاچمىدىمۇ بۇۋىم، — دەپ سورىدى داۋۇت موللام.

**تەرىتى ئورنىدا بولۇپ قالماق** ئۆز كۈچىدىن قېلىپ ياكى ئېغىر كېسەل سەۋەبىدىن، ياتقان ئورنىدا تەرەت قىلىدىغان بولۇپ قالماق: توختىبۇۋىم ھەر كۈنى دېگۈدەك «پات-يېقىندا يەنە مۇسىبەتتە تۇرىدىغان ئوخشايمەن، ئىلاھىم» دەپ ئويلايتتى. سەۋەبى بوۋاينىڭ تەرىتى ئورنىدا بولۇپ قالغانىدى.

**تەرەتخانا** ئى [ئە+پ] تەرەت قىلىش ئۈچۈن ياسالغان مەخسۇس جاي، خانا؛ خالا: جامالىدىن سېخنى سۈپۈرۈپ تازىلاپ بولدى، ئەمدى تەرەتخانىنى تازىلاش قالغانىدى.

**تەرەتسىز** سۈپ. تەرىتى يوق، تەرەت ئالمىغان، بىتەرەت: ئەپەندى ئاچچىقلىنىپ: — سىلەرنىڭ قۇرۇق قول قايتۇرۇشۇڭلارنى بىلگەندىم، شۇڭا بىر ئاي تەرەتسىز ئىماملىق قىلدىم، ئوقۇغان نامىزىڭلار راۋا ئەمەس! — دەپتۇ.

**تەرەتلىك** سۈپ. تەرىتى بار، تەرەت ئالغان، تەرىتى سۇنمىغان.

**تەرەددۇت** ئى [ئە] بىرەر ئىش-ھەرىكەت ۋە مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىلىنىدىغان تەييارلىق، ھازىرلىق: ھازىرقى جىددىي مەسىلە دەرۋازىلارغا شېئىر يېزىپ چاپلىغۇچىلارنى تېپىش. بۇلار تېپىلسا، ئىغۋاگەرلەرنى بىر-بىرلەپ قولغا چۈشۈرمەك ئاسان. جىددىي تەرەددۇت قىلىپ، بۇ كىشىلەرنى ئىزدەڭلەر. * گۈلچېھرەنىنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن تۆردە سوزۇلۇپ، ئېزىلىپ ياتقان جۇمەقەددىنى رۇسلاشقا، ئورنىدىن تۇرۇشقا تەرەددۇت قىلدى، ئەمما دەررۇ ئورنىدىن تۇرالمىدى.

**تەرەددۇت قىلماق** بىرەر ئىش-ھەرىكەت ۋە مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلماق؛ ھازىرلانماق، كىرىشمەك: ئۇ پاكىز تۇرسىمۇ، نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سۈرتۈپ، كىشىنىڭ ئەكسى كۆرۈنگۈدەك قىلىۋەتتى، ئاندىن، ئاشخانا ئۆيىگە چىقىپ، تاماق ئېتىشكە تەرەددۇت قىلدى. * سوغۇق چۈشكەن شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يامان يار «كۆكچى» نىڭ مەلۇم يېرىدە قىلىنغان كاتتا بىر تويغا تەرەددۇت، بۇ تويغا تەۋرىگەن گويا پۈتۈن يۇرت.

**تەرەددۇتسىز** سۈپ. تەييارلانمىغان، ھازىرلانمىغان؛ ھازىرلىق كۆرمەي، ھازىرلىقسىز: تەرەددۇتسىز تۇرماق.

**تەرەددۇتسىزلىق** «تەرەددۇتسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: تەرەددۇتسىزلىقتىن پايدىلانماق.

**تەرەددۇتلانماق** پ. بىرەر ئىش-ھەرد-
كەت، بىرەر مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرمەك، ھەرد-
كەتلەنمەك، ھازىرلانماق: بىز ئاقسۇ كونا
شەھەرنى ئېلىپ، يېڭى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا
تەرەددۇتلىنىۋاتقان چېغىمىزدا، شەھەرنى مۇداپىئە
قىلىۋاتقان گومىنداڭ قىسىملىرى ھەر كۈنى كەچتە
سېپىلگە نۇرغۇن چىراغلارنى ئېسىپ قويۇپ، سېپىل
ئاستىنى يورۇتۇۋەتكەنىكەن. * ئۆزۈمۇ ئاللىقاچانلاردىن
بېرى قېچىپ كېتىشكە تەرەددۇتلىنىپ يۈرگەنىدىم.
قوغلىنىسىمۇ بېشىم قايغان تەرەپكە كېتىۋېرىمەن.

**تەرەققىي** ئى [ئە] ← **تەرەققىي قىلماق.**

**تەرەققىي قىلماق** راۋاجلانماق، ئىلگىرىلە-
مەك، يۈكسەلمەك؛ مۇستەھكەملەنمەك؛
كۆپەيمەك: بولۇپمۇ دۆلىتىمىزنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا 30
يىل بولغان بۈگۈنكى كۈندە، زىيالىيلار قوشۇنى دۆلىتىمىز
قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكىگە قارىغاندا ناھايىتى
زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. * ھۆرمەتلىك يولداش!
كۈندىن-كۈنگە تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى بۇ
ئادەملەر دۇنياسىدا مۇئەللىم ـ بىباھا گۆھەر.

**تەرەققىيات** ئى [ئە] ئالغا بېسىش، راۋاجلە-
نىش، يۈكسىلىش، ئىلگىرىلەش: ئۈچىنچى، ئوت
ھارۋا، پاراخوت، كونكىدىن تارتىپ، ئوتىغۇچ، سەرەڭگە،
تۆگمىگىچە ھەممىسىدا پىلان بويىچە تەرەققىيات
بولىدىكەن. * بۇ قېتىمقى يىغىندا، مۇشۇ ئىككى يىلدىكى
نەزەرىيە، تەشۋىقات خىزمىتىدىكى ئۇلۇغ تەرەققىياتلارنى
ۋە نەزەرىيە، تەشۋىقات قوشۇنىنىڭ ئۆسۈشىدىكى
تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ چىقىشىمىز لازىم.

**تەرەققىيپەرۋەر** سۈپ [ئە+پ] تەرەققىيات
تەرەپدارى، تەرەققىياتنى خالايدىغان:
شىڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان 11 يىل
ئىچىدە 200 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى قولغا ئېلىپ،
ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدىن چىققان 70 ـ 80 مىڭدىن
ئارتۇق تەرەققىيپەرۋەر، ئىلغار كىشىلەرنىڭ قاتىلى
بولغانىدى. * ئۇلارغا يەنە گومىنداڭنىڭ ئاسارىتىدە
قېلىشنى خالىمىغان تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلار، ئوقۇغۇچىلار،
ئىشچى-دېھقان ياشلىرى توپ-توپ قوشۇلماقتا ئىدى.

**تەرەققىيپەرۋەرلىك** «تەرەققىيپەرۋەر»
سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بىز ئۇلارنىڭ سىياسىي
جەھەتتىكى تەرەققىيپەرۋەرلىكىنى ۋە ۋەتەن سۆيۈش
قىزغىنلىقىنى تولۇق مۆلچەرلەپ، ئۇلارنىڭ ئىجابىي
رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

**تەرەققىيلەشتۈرمەك** «تەرەققىيلەشمەك»
پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يېزا ئىگىلىكىنى
تەرەققىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى زور كۈچ سەرپ
قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**تەرەققىيلەشتۈرۈلمەك** «تەرەققىيلەشتۈر-
مەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى:
يېزا ئىگىلىكى يېقىنقى يىللاردىن بېرى زور دەرىجىدە
تەرەققىيلەشتۈرۈلدى.

**تەرەققىيلەشمەك** پ. تەرەققىي تاپماق،
راۋاجلانماق، يۈكسەلمەك، ئىلگىرىلىمەك:
مەن يەنە يىغلىنىپ تۇرۇپ: ـ ھەممە ئىشلار توغرىلىنىپ
بولغاندا، ئۇنداق تەرسالىق قىلمىغىن، ھازىرقىسى
سەن كۆرگەن چەت ئەل ئەمەس، جاھان تەرەققىيلە-
شىپ كەتتى-دە! ئانا! ـ دېدىم.

**تەرەڭ** سۈپ [پ] قاتتىق تارتىلغان؛ پۈرلەش-
كەن ياكى بوش جايلىرى قالدۇرۇلماستىن
كېرىلگەن.

**تەرەگلىك** ئى < فىز > بىرەر جىسىم
تارتىش كۈچىگە ئۇچرىغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ
ئىچكى قىسمىدا ئۆزئارا تۇتاشقان ئىككى
بۆلەك يۈزىگە تىك ھالەتتە پەيدا
بولىدىغان قارىمۇقارشى يۆنىلىشتىكى بىر
جۈپ كۈچ. مەسىلەن، ئېغىر بىرنەرسە
تانا ئارقىلىق يۇقىرىغا ئېسىپ قويۇلغاندا،
تانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەرەگلىك پەيدا
بولىدۇ.

**تەرەگلىكى تۆۋەنلەش** <تىب> نورمال
جىددىيلىك ياكى تەرەگلىكنىڭ ئاجىزلىشى-

شى، بولۇپمۇ كۆزنىڭ ئىچكى بىسمى ياكى مۇسكۇل تەرەڭلىكىنىڭ ئاجىزلىشىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**تەرەنجۇبىل** ئى [پ] <بوت> يانتاقشېكىرى.

**تەرەننۇم** ئى [ئە] يېز ت. كۈيلەش، كۈي: ياڭراپ جۇشقۇن نەغمە-ناۋا، تەرەننۇمغا چۈشتى ساما، قىران بۈركۈت كېلىپ مانا، بېغىمىزغا قوندى بۈگۈن.

**تەرەھھۇم** ئى [ئە] يېز ت. رەھىم-شەپقەت قىلىش، رەھىمدىللىق: قىبلە قىلدىڭ كەبىتۇللادا ئانا يۇرتۇڭنى سەن، بىزگە مەلۇم تۇرغىنىڭ قانداق تەرەھھۇم ئالدىدا.

**تەربىيە** ئى [ئە] ① باللارنى بېقىپ ۋە ئۇلارغا تەلىم بېرىپ چوڭ قىلىش، ۋايىغا يەتكۈزۈپ يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن سىڭدۈرۈلگەن ئەجىر، ئەمگەك: ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن نەئىمە بىلەن ئوغلى نىمەتنى ئون ياشقا كىرگىچە بىر كۆرپىدە ئولتۇرغۇزۇپ تەربىيە قىپتۇ. ② ئىش-ھۈنەر، ئەدەب-ئەخلاق ئۆگىتىش، ئومۇمەن كىشىنىڭ غايىۋى، مەنىۋى قىياپىتىنى، ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان ئەمگەك، تەلىم: دادىسى بالىسىغا ئادەم ئالدىماسلىق، يالغان گەپ قىلماسلىق توغرىسىدا تەربىيە بەرمەكچى بولدى-يۇ، لېكىن كەينىدە قاراپ تۇرغان ھېلىقى ئاغىنىسىغا قاراپ قويۇپ، ئۈن-تىن سىز مەيۈس تۇرۇپ قالدى.

**تەربىيەت** ئى [ئە] تەربىيە: پەرۋىش ئەيلەپ قىلغايسەن، جان دىلىڭدىن تەربىيەت. پەخەس بولغىن يولۇڭغا، تاپقىن ئۇغلۇم كامالەت.

**تەربىيىچى** ئى ① تەربىيە قىلغۇچى كىشى؛ ئوقۇتقۇچى، ئۇستاز: بىر قېتىم ئۇ ئەمگەكتە بەكمۇ كۈچەپ كەتكەندە، تەربىيىچى كادىر غەمخورلۇق بىلەن تەن سالامەتلىكىنى ئاسراشقا دەۋەت قىلغان. ② باللار باغچىلىرى ۋە يەسلىلەردە باللارنى بېقىش ھەم

تەربىيىلەشكە مەسئۇل خادىم: چىچىغا ئاق كىرىپ قالغان يەنە بىر تەربىيىچى ئانا چېلىۋاتقان دۇتارنى قۇچاقلىۋېلىپ، باللار بىلەن ئوخشاشلا زوقۇقا تولغان ھالدا چاۋاك چالاتتى.

**تەربىيىسىز** سۈپ. تەربىيە كۆرمىگەن، تەربىيىگە ئىگە بولمىغان، تەربىيىلەنمىگەن: مەرد باغۋەن خازان قىلمايدۇ ۋاقىتسىز باغنى، تەربىيىسىز سولدۇرۇپ گۈل-چېچەكلەرنى.

**تەربىيىسىزلىك** «تەربىيىسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**تەربىيىلەتمەك** «تەربىيىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەربىيىلەشمەك** «تەربىيىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەر قايسىلىرى ئەل-جامائەت ئىچىدە نام-ئابرويلىرى بار كىشىلەر بولغاچقا، بالا-ۋاقىلىرىنىمۇ ئوبدان تەربىيىلەشىپلار.

**تەربىيىلەنمەك** «تەربىيىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 264 نەپەر ۋىلايەت، شى دەرىجىلىك كادىر، 2300 نەپەردىن كۆپرەك ناھىيە، تۈەن دەرىجىلىك كادىر نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەندى. * ئۇنىڭ بىر كېنىزىكى بولۇپ، يىگىت كېنىزىكنى قانداق سۆيسە، كېنىزىكمۇ ئۇنى شۇنداق سۆيىدىكەن، ئۇ كېنىزەك شۇنىڭ بىلەن بىللە تەربىيىلىنىپ ئۆسكەنىكەن.

**تەربىيىلىك** سۈپ. تەربىيە كۆرگەن تەربىيىگە ئىگە بولغان، تەربىيىلەنگەن؛ ئەدەب - ئەخلاقلىق: تەربىيىلىك قىز؛ تەربىيىلىك بالا.

**تەربىيىلىگۈچى** ئى. تەربىيىچى، تەربىيە ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى: خوجىسىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ 10 مىڭ تىللا ئۇنىڭ يىگەن چۈچىلىرى، كىيگەن كىيىملىرى، تەربىيىلىگۈچىلىرىگە سەرپ قىلىنغان پۇلنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمايدىكەن.

**تەربىيىلىمەك** پ ① بېقىپ، پەرۋىش قىلىپ چوڭ قىلماق، ئۆستۈرمەك: سىز دېگەن ئەر كىشى! قىز بالىنى تەربىيىلەش ئانىنىڭ ئىشى. ② ئىش-ئوقەت، ئىلىم-ھۈنەر، ئەدەب-ئەخلاق، پەم - پاراسەت ئۆگەتمەك، يېتىشتۈرمەك: ھازىر مەكتەپتىمۇ ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنى ئەدەب-ئەخلاق تەرەپتىن بەك ياخشى تەربىيىلەۋاتىدۇ. * پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە ،ئالدى بىلەن بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنى، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ كادىرلىرىنى ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن تەربىيىلەش لازىم.

**تەربىيىۋى** سۈپ [ئە] تەربىيىگە ئائىت، تەربىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان: خىزمەتتىكى بۇ ئۇسۇل ناھايىتى زور تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

**تەرتىپ** ئى [ئە] ① شەيئىلەرنىڭ مەلۇم ھالەتتە جايلاشتۇرۇلۇشى، تىزىلىشى؛ رەت، قاتار: جۈملىنىڭ سۆز تەرتىپى. ئالفاۋىت تەرتىپى. ② ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىش جەريانىدىكى ئىزچىللىق: سائەتنىڭ بىر تەرتىپتە چىكىلدىشىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. * ئەمدى كېسەل كۆرۈش نومۇر تەرتىپى بويىچە ماڭا كەلگەندى. ③ شەكىللەنگەن، تۇرغۇزۇلغان قائىدە-تۈزۈم؛ ئىنتىزام: قاتناش تەرتىپى. دەرس تەرتىپىنى ساقلىماق. ④ مەلۇم قائىدە-تۈزۈم، قانۇنلارغا ئۇيغۇن ھالەت: مەيدان تەرتىپى بىر ئاز بۇزۇلدى.

**تەرتىپ سان** <مات> شەيئىلەرنىڭ رەت تەرتىپىنى ئىپادىلەيدىغان سان. ئادەتتە پۈتۈن سانلار كەينىگە سىزىقچە قويۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، يېزىقتا «-ىنجى، -ىنچى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن، 5-، 6- ۋە يەتتىنچى، ئونىنچى دېگەنلەرگە ئوخشاش.

**تەرتىپكە سالماق** بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى ئۆز يولىغا سالماق؛ سىستېمىلىق، پىلانلىق، تەشكىللىك، رەتلىك ئېلىپ بېرىلىش ھالىتىگە كەلتۈرمەك: ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىسىنىڭ ئالتۇن تاجىسى بولغان «ئون ئىككى مۇقام» 16-ئەسىردىكى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە (بۇ كىشى 1570-يىلى ۋاپات بولغان) ئاتاقلىق مۇقامشۇناس ۋە مەشھۇر شائىر قىدىرخان (بۇ كىشى 1572-يىلى ۋاپات بولغان) بىلەن مەشھۇر مۇقامچى مەلىكە ئامانىساخان قاتارلىقلار تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم چوڭ ئىسلاھ قىلىنىپ تەرتىپكە سېلىندى.

**تەرتىپ-تۈزۈم** تەرتىپ ھەم تۈزۈم: ئۇ بۇ يەردىكى تەشكىللەش ۋە تەرتىپ-تۈزۈم ئىشلىرى تۈگىگەندىن كېيىن، «ئالىي ئەسىرلەر» ئورۇنلاشتۇرۇلغان جايغا ماڭدى.

**تەرتىپسىز** سۈپ ① مەلۇم تەرتىپ، قانۇن-قائىدە تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن ئەمەس، رەتسىز، قالايمىقان، چۇۋالچاق: سەمەت كىيىملىرى تەرتىپسىز، مەست ھالدا قاۋاقخانىدىن چىقتى. * ئۆيى ئىچىدە تەرتىپسىز ئويۇن-كۈلكە ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ② ئىنتىزامنى بىلمەيدىغان، ئىنتىزامغا رىئايە قىلمايدىغان، ئىنتىزامسىز: تەرتىپسىز ئوقۇغۇچى. * ئوقۇش، ئەمگەك، ئەخلاقتا، ئەركىن بارار ئالدىدا. تۇرسۇن بولسا تەرتىپسىز، شۇڭا قالدى ئارقىدا.

**تەرتىپسىزلەشمەك** پ. تەرتىپسىز ھالەتكە كەلمەك، قالايمىقانلاشماق، چۇۋالچاقلىشىپ كەتمەك: بۇ سىنىپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى تەجرىبىسىز بولغاچقا، بالىلار تەرتىپسىزلىشىپ كەتتى.

**تەرتىپسىزلەنمەك** پ ← تەرتىپسىزلەشمەك: ئىككىسى 40-50 رەت ئېلىشقاندىن كېيىن، قىلىچ سېلىش ئۇسۇلى ئاستا-ئاستا تەرتىپسىزلىنىشكە باشلىدى.

**تەرتىپسىزلىك** «تەرتىپسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ يەردە ئاللىقانداق تەرتىپسىزلىك داۋام قىلاتتى. * ئادەملەرنىڭ ئەۋج ئېلىپ تۇرغان خىيالى ئەمدىلىكتە تېخىمۇ يۇقىرى ئەۋج ئېلىپ كەتكەن. شە ھەردە بۇ تەرتىپسىزلىكلەرگە بىرەر كىشى باشچىلىق قىلارمىش دېگەن گەپ تارقالدى.

**تەرتىپلىك** سۈپ ① مەلۇم تەرتىپ، قانۇن-قائىدىلەرگە ئۇيغۇن، رەتلىك: تۈرشاۋۇل، ھىماتچى قوشۇنلار، ئولۇغ ۋە سول قانات قوشۇنلارنىڭ تۇغ-ئەلەملىرى تەرتىپلىك ئىدى. ② تەرتىپ-تۈزۈمگە بويسۇنىدىغان، ئىنتىزاملىق، ئىنتىزامچان: دېمەك، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە مەجبۇرىي رىئايە قىلىنىدىغان قانۇن بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر يەنىلا تەرتىپلىك ھالدا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىناتتى ۋە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. * تەرتىپلىك تەييارلىنىپ، تېزىلدى قاتار سەپكە. ئاتالاندى بەك شادلىنىپ، قوماندان دېگەن گەپكە.

**تەرتىپ-ئىنتىزام** تەرتىپ ۋە ئىنتىزام: ـ سەن كىچىك بالا ئەمەسقۇ؟ ئازراق بولسىمۇ تەرتىپ-ئىنتىزامنى ئۆگىنىپ قالمىسىلىغىڭ كېرەك، ـ دېدى ئوقۇتقۇچى تەكىتلەپ.

**تەرجىمان** ئى [ئە] تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى.

**تەرجىمانلىق** «تەرجىمان» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: مەنمۇ مەركىزىي مىللەتلەر شۆبىنىنى پۈتكۈزۈپ كېلىپ، تەرجىمانلىق قىلىۋاتقانلىقىمنى سۆزلەپ بەردىم.

**تەرجىمە** ئى [ئە] بىر تىلدىن ئىككىنچى بىر تىلغا ئاغدۇرۇش: ئەپسۇسكى، لۇتپۇللا ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئاران بىر يىللا ئوقۇيالىدى. ئوتتۇردىكى بىر يىل تەرجىمە خىزمىتى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تاغلىرىدا ئۆتتى.

**تەرجىمە فىلىم** <كىنو> بىر تىلدىن يەنە بىر تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، قايتا ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق كۆپەيتىپ ئىشلەنگەن فىلىم.

**تەرجىمە قىلماق** سۆز-جۈملە ۋە تېكىستلەرنى بىر تىلدىن ئىككىنچى بىر تىلغا يازما ياكى ئاغزاكى ئاغدۇرماق، ئۆرۈمەك: جۇڭگودىن بارغان تەرجىمان ئايال ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئىنگلىزچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ بېرەتتى.

**تەرجىمىشۇناس** ئى [ئە+پ] تەرجىمە نەزەرىيىسىنى، ئۇنىڭ قانۇن-قائىدىلىرىنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىس.

**تەرجىمىشۇناسلىق** ئى. تەرجىمە نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**تەرجىمىچىلىك** ئى. تەرجىمە ئىشلىرى: ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە تەرجىمىچىلىك بىلەن بەند بولىدۇ.

**تەرجىمىھال** ئى [تەرجىمە+ھال] مەلۇم كىشىنىڭ ھاياتىدىكى ئىش-پائالىيەتلىرى توغرىسىدا تونۇشتۇرۇلغان خاتىرە.

**تەرجىئبەند** ئى [ئە+پ] <ئەد> شېئىر شەكىللىرىنىڭ بىر خىلى. «تەرجىئ» ـ قايتۇرما، تەكرار؛ «بەند» ـ كۇپلېت دېگەن مەنىدە. «تەرجىئى بەند» دېگەنلىك «قايتۇرمىلىق كۇپلېت» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ خىل شېئىر شەكلىدە ۋەزنى بىر خىل، قاپىيىسى ھەر خىل بولغان بىرنەچچە كۇپلېتلىق شېئىرنىڭ ھەر بەندى ئارىسىدا مەلۇم بىر بېيىت تەكرار يېزىلىدۇ؛ تەكرارلانغان بېيىت ھەر بەند ئاخىرىدىكى بېيىت بىلەن باغلىنىپ بارىدۇ.

**تەرخەمەك** ئى [پ] <بوت> كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پېلەك تاشلاپ ئۆسىدۇ، ئورىغۇچى پېپىلىرى بولىدۇ؛ يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گۈلى سېرىق، مېۋىسى سىلىندىر

شەكلىدە، تىكەنلىك بولۇپ، پىشقاندا سارغىيىدۇ؛ ئادەتتە كۆكتات قاتارىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ. «خاڭگا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تەرخەمەكلىك** ئى. تەرخەمەك تېرىلغان يەر، تەرخەمەك بار جاي: ئاكام تەرخەمەكلىكنى سۇغىرىۋاتىدۇ.

**تەرز** ئى [ئە] ھالەت، شەكىل، يوسۇن، تەرىقە.

**تەرزدە** تىر. ھالەتتە، تەرىقىدە، يوسۇندا، قىياپەتتە، شەكىلدە: «دۆ يېتىمنى ئۇرۇپتۇ، ئۆمۈچۈك مۇساپىرنى» دېگەن قانلىق پاجىئە مۇشۇ تەرزدە پىلانلىق بىر تەرەپ قىلىنغانىدى. * شۇ تەرزدە چاقچاق راسا قىزىغاندا، گەپنىڭ سىرلىق ئارغامچىسى ئۈزۈلگاندا، بىرى ئۇنىدىن، بىرى بۇنىدىن كوچىلاپ گەپ، تېپىلىپ قىزلار مۇھىم سۆزنى ئاخىر ئەپلەپ.

**تەرسا** سۈپ [ئە] گەپ يېمەيدىغان؛ جاھىل، كاج: تەرسا بالا. تەرسا ئادەم. * مۇراتنىڭ بۇنداق چاغلاردىكى تەرسا مىجەزىنى بىلگەن ماھۇت تاكاللىشىپ ئولتۇرمىدى. * بار ئىدى دىللاردا قاندىن چىن جاراھەت-زېدىلەر، بۇ جاراھەتلەرگە بەس، تۇز سەپتى بۇ تەرسا زامان. بىگۇناھلار قەلبىگە نەشتەر ئۇرۇشتىن توختىماي، ئىچتى مەزلۇملار قېنىنى، قانغا بۇ تەشنا زامان.

**تەرسالاشماق** پ. تەرساغا ئايلانماق، تەرسا بولۇپ كەتمەك: تۇنۇن تەلەڭ بولغىچە سىلىق قىلىپمۇ، زەردە قىلىپمۇ ئېيتىپ كۆردۇم، ئۆتۈنۈشنى ئەسلەتتىم. ئەمما ئۇ جاھىل تېخىمۇ تەرسالىشىپ، دېگىنىدە چىڭ تۇرىۋالدى. * ۋاڭ غوجامنى ئۆزلىرى ئوبدان بىلىلا، بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ. مىجەزى ئىنتايىن تەرسالىشىپ كەتتى.

**تەرسالىق** «تەرسا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: جەڭ خۇمدانىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە يەككە-يەككە بولدى، «ئالاھىدە ئەترەت» تارمىقىدىكىلەر شۇنداق تەرسالىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتىكى، ھەتتا يىراق-يېقىندىكىلەرنىڭ بىرەرىمۇ قېچىپ كەتمىدى. * كۆنمىسەم ئەگەر سۆكەتتى ئۇلار، بار ئىكەن بەك تەرسالىقىڭ دەپ، «خېرىدارىڭ بولمىسا ئەگەر، نە ئەتىۋار زىبالىقىڭ» دەپ.

**تەرغىبات** ئى [ئە] بىرەر غايە، تەلىمات قاتارلىقلارنى كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان چۈشەندۈرۈش، رىغبەتلەندۈرۈش؛ تەشۋىقات، ئۈندەش، دەۋەت: دېكابىرنىڭ ئاخىرىغىچە لۈتپۇللا بىلەن مۇتەللىپ يەنىلا تەشكىلىي ۋە تەشۋىقىي خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، مەخپىي ھەرىكەتنى كۈچەيتتى. ئوچۇق سورۇنلاردا ھېكايە ئېيتىش، تارىخ سۆزلەش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق تەرغىبات ئېلىپ باردى.

**تەرغىباتچى** ئى. تەرغىبات ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى، تەرغىبات قىلغۇچى كىشى: ئۇ خەلق دۈشمەنلىرىگە چەكسىز ئۆچمەنلىكى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىققان ھارماس-تالماس تەرغىباتچى، قەيسەر كوممۇنىست.

**تەرغىباتچىلىق** «تەرغىباتچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: تەرغىباتچىلىق ئىشلىرى. تەرغىباتچىلىق بىلەن شۇغۇللانماق.

**تەرغىپ** ئى [ئە] تەشۋىق، رىغبەت، دەۋەت: تەشۋىق-تەرغىپ ئىشلىرىنى كۈچەيتمەك.

**تەرغىپ قىلماق** دەۋەت قىلماق، ئۈندىمەك، تەشۋىق ئېلىپ بارماق: مەن غۇلجىدا ئوقۇۋاتقان ئەرلەر، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ئۈچۈن ... [see note]

**تەرك** ئى [ئە] ← تەرك ئەتمەك.

**تەرك ئەتمەك** ۋاز كەچمەك، تاشلىۋەت-مەك، قول ئۈزمەك: ئانام رەھمىتى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنلا مەن يۇرتىمىزنى تەرك ئەتكەندىم. * بارمىغان يەرلىرىم قالمىدى. بىر قاۋاننى ئۈز بالام دەپ قەدىرلەپ ساقلاپتىمەن، ھەق گۇماننى تەرك ئېتىپ ناھەقنى مەن ياقلاپتىمەن.

**تەرك قىلماق** ← تەرك ئەتمەك: ئۇ توي كۈننى سورىغۇچىلارغا تۈرلۈك-تۈمەن باھانىلارنى ئېيتىۋېرىپ زېرىككەن ۋە ئۇيالغىنىدىن دۇكىنىغا بېرىشنىمۇ تەرك قىلىش پىكرىگە كېلىشكە ئاز قالغانىدى.

**تەركىب** ئى [ئە] بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغۇچى بۆلەكلەر، قىسىملار يىغىندىسى: جۈملىنىڭ تەركىبى. خىمىيۋى بىرىكمىلەرنىڭ تەركىبى. ② بىرەر كوللېكتىپ ياكى ئورگاننى تەشكىل قىلغۇچى كىشىلەر مەجمۇئەسى: ئەمدى بۇرۇنقىدەك مۇستەقىل كىنەز بولۇۋېلىشقا كۆزى يەتمىگەن ياڭ زېڭشىنمۇ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە بەيئەت قىلىش يولى بىلەن ئۆز ھاكىمىيىتىنى يەنە ساقلاپ قالماقچى بولدى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يېڭى تەركىبىنى تۈزۈشكە كىرىشتى، يەن ياۋنەن يېڭى ھۆكۈمەت تەركىبىدە يوق ئىدى. * يېڭىراقتا بۇ يېڭى ھۆكۈمەت تەركىبىدە يوق ئىدى. * يېڭىراقتا ئۆتكەن ئاتلىقلاردىن كېيىن يەنە زور بىر قىسىم ئاتلىقلار يېتىشىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ تەركىبىدە زەمبىرەكچى قىسىملارمۇ بار ئىدى. ③ شەخسنىڭ ئىنقىلابقا قاتنىشىشتىن ئىلگىرىكى سىياسىي تارىخى ۋە كەسپى: ئائىلە تەركىبى. * بىزنىڭ تەركىبىمىز يەر ئىسلاھاتىدا كەمبەغەل دېھقانغا ئايرىلغانىدى.

**تەركىبباز** سۈپ [ئە+پ] تەركىبكىلا ئېسى-لىۋالىدىغان، تەركىبنىلا ئاساس قىلىدىغان: تەركىبباز ئادەم.

**تەركىببازلىق** «تەركىبباز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئازاد ئىختىيارسىز ھالدا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئۆز-ئۆزىگە: ـ ماۋ جۇشى: «تەركىبكە قاراش، ئەمما تەركىببازلىق قىلماسلىق كېرەك، مۇھىمى سىياسىي ئىپادىسىگە قاراش لازىم» دېمىگەنمىدى، ـ دېدى.

**تەركىبىي** سۈپ [ئە] مەلۇم بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغۇچى، تەركىبىگە كىرگۈچى: «بەش بولۇش، ئۈت گۈزەل»، «بەشتە ياخشى ئائىلە» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت ئاياللىرىنى بۇ پائالىيەتنى تېخىمۇ قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش لازىم.

**تەركجاھان** سۈپ [ئە+پ] ← تەركدۇنيا: يەتتە يىلدىن بېرى سىلەرنىڭ دەردىڭلاردا تولا يىغلاپ، كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ، «چىنقا» دېگەن غارنى ماكان قىلىپ، خالايىققا كۆرۈنمەي، تەركجاھان بولۇپ ياتىدۇ.

**تەركدۇنيا** سۈپ [تەرك+ى+دۇنيا] دۇنيادىن، دۇنيا ئىشلىرىدىن، ئەيش-ئىشرەت ۋە مەئىشەتتىن كەچكەن؛ دۇنيا تۇتمىغان: كۈن ئولتۇراي دېگەندە، چاچلىرى ئۆسۈپ مۈرىسىگە چۈشكەن، بېشىغا كۆلا، ئۈچىسىغا ئۈزۈن، ئەسكىرەپ كەتكەن كۆل رەڭ پاختىلىق تون كىيگەن بىر تەركدۇنيا دىۋانە، قوتۇر بېسىپ كەتكەن بىر كۆچۈكنى ئەگەشتۈرۈپ مەدىكار بازىرىغا يېتىپ كەلدى. * گەپ-سۆزلىرىنىڭ ئازلىقى، بىر يەردە جىم تۇرالمىغىنى قارىغاندا، بالا بىراۋغا ئاشىق بولۇپ يۈرگەندەك ئىدى. ئەگەر شۇنداق بولسا، ئۇنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا ئويلاش تېخىمۇ قىيىن، چۈنكى تۈنجى مۇھەببەت ياشلارنى تەركدۇنيا قىلىۋېتىدۇ-غۇ، ئاخىر!

**تەركدۇنيا بولماق** دۇنيانىڭ ئەيش-ئىشرەت ۋە مەئىشىتىدىن ۋاز كەچمەك، دۇنيادىن قول ئۈزمەك: ئۇلار تەپەككۇردا پەم-پاراسەتتە ئۆزىنى نادان ئاۋامدىن ئۈستۈن چاغلايدۇ، لېكىن ئاۋامنىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشەلمەي دۇنيادىن بىزار بولۇپ، بارا-بارا تەركدۇنيا بولۇپ كېتىدۇ.

تەركىدۇنيا قىلماق دۇنيادىن ۋاز كەچتۈر-مەك، دۇنيادىن بىزار قىلماق، دۇنيادىن خالىي قىلماق.

**تەركىدۇنياچىلىق** ئى <پەلس> ئادەتتە ئەخلاقىي غايە ياكى دىنىي غايىگە يېتىش ئۈچۈن، شەخسىي ئارزۇ ۋە تەلەپنى ھەددىدىن ئارتۇق تىزگىنلەشتەك تۈرمۇش ئۇسۇلىنى بىلدۈرىدۇ. ئېتىكىدا «تەقۋادار-لىق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تەركىدۇنيالىق** «تەركىدۇنيا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مەن سېنىڭ قەلبىڭنى چۈشەندىم ئۇكا، بىراق، بىر ئىككى قېتىملىق ئاداشقىنىڭ ئۈچۈنلا مۇشۇنداق چۈشكۈنلىشىش يولىغا قاراپ ماڭساڭ، تۇخۇ يۈرەك بولۇپ قالسەن-دە، ئاخىرى بېرىپ، تەركىدۇنيالىق ۋە قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان جۇرئەتسىزلىك خاتالىقىغا گىرىپتار بولۇپ قالسەن. * ئەسەبىيلىك، تەرسالىق، تەركىدۇنيالىق — مانا ئالىملار ئۆزىنىڭ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلمىغان!

**تەرگا** ئى. گىلەم توقۇيدىغان يىپنى بىر پېچەكتىن ئىككىنچى بىر پېچەككە يۆتكەش-تە ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلما، سايمان.

**تەرگەشمەك** «تەرگىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كېچىككىنە بىر ئىش ئۈچۈن گەپ تەرگىشىپ قالدى.

**تەرگەلمەك** «تەرگىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ مەسىلە كۆپچىلىك ئىچىدە كۆپ قېتىم تەرگەلدى.

**تەرگەن-تۆگكەن** تاپقان-تەرگەن، بار-يوق ھەممىسى: يىگىت دەرھال جاۋاب بېرىپ: — ئالمايدىغان دېھقان بولامدۇ؟ ئۆزى تەرگەن-تۆگكەننىڭ ھەممىسى دېھقاننىڭ، دېھقانغا ئالغۇزماي نېمە قىلىدىكەن؟ — دېدى.

**تەرگەۋ** ئى. جىنايەت يۈز بەرگەن شارائىت ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى، قاتناش-قۇچىلارنى ئېنىقلاپ تەكشۈرۈش، سوراق قىلىش: تەرگەۋ قىلىشتا دەلىل-ئىسپاتقا قاراش لازىم.

**تەرگەۋ قىلماق** ① جىنايەت يۈز بەرگەن شارائىت، سەۋەب ۋە قاتناش-قۇچىلارنى سۈرۈشتۈرمەك، سوراق قىلماق: ئۇلار كونىشەھەردە ئاخشامقى ئۆلۈمگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى تەرگەۋ قىلدى. ② جىنايەت يۈز بەرگەن شارائىت، سەۋەب ۋە قاتناش-قۇچىلار ھەققىدىكى پاكىت، ھۆججەتلەرنى ئەتراپلىق كۆرمەك، تەتقىق قىلماق.

**تەرگەۋچى** ئى. قانۇنغا خىلاپ ئىش ۋە جىنايەتنى تەكشۈرۈپ تەرگەۋ قىلغۇچى كىشى، سوراقچى.

**تەرگەۋچىلىك** «تەرگەۋچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**تەرگەۋسىز** رەۋ. تەكشۈرۈپ ئېنىقلىماي، تەرگەۋ قىلماي، سوراقسىز: تەرگەۋسىز قاماپ قويماق.

**تەرگۈزمەك** «تەرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بېدە تەرگۈزمەك. * يازلىق يىغىم ۋاقتىدا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىمۇ باشاق تەرگۈزۈشكە ئاتچىقتۇق.

**تەرگۈزۈلمەك** «تەرگۈزمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: باللارغا بېدە تەرگۈزۈلدى.

**تەرگىمەك** پ. ① سۈرۈشتە قىلماق، تەكشۈرمەك: تەرگىسەڭ تېرىق بولىدۇ، تەرگىمە-سەڭ ئېرىق (ماقال). * مەست كىشى سۆيۈمقانىنىڭ «بايقۇش» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، بوزا ئىچىشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى-دە، شۇ بىر ئېغىز سۆزىنى تەرگەشكە باشلىدى. ② كايىماق، ئاچچىقلان-ماق: — ھوي شۇنداق دېسە ماقۇل دەپ يېنىپ كەلدىلما! قادىربېدىكتىن بىزگە قاچان نەپ تەگكەن، — ئايال بىردىنلا تەرگەپ كەتتى. * دەرۋەقە ئايالىمنىڭ مۇنداق تەرگەپ كېتىشىنىڭمۇ ئورنى بار.

**تەرلەپ-پىشىپ** ① تەرگە پېتىپ: جەڭچىلەر تەرلەپ-پىشىپ ياتاققا كىرىشتى. ② بېرىلىپ

كۆچ سەرپ قىلىپ، ھېرىپ-چارچاشقا قارىماي: كۆك كۆكلەك ئۈستىدىن ئاق پەرۋاز تارتقۇالغان خادىملار تەرلەپ-پىشىپ، ئاشخانا بىلەن زالنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى باپكارنىڭ موكىسىدەك قاتناپ يۈرەتتى.

**تەرلەپ-تەپچىرەپ** — تەرلەپ-پىشىپ: رەھمەتجاننىڭ كۆز ئالدىغا پىژغىرىم ئاپتاپتا تەرلەپ-تەپچىرەپ ئورما ئورۇۋاتقان ئابدىم، مۆكچىيىپ باغ باغلاۋاتقان شەۋكەت، توپىغا مىلىنىپ ئۇخلاۋاتقان رەيھان كەلدى.

**تەرلەتمەك** ① «تەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىر كۈنى كەچتە، ھېدىلباي چىلان تورۇقنى راسا تەرلىتىپ، سەپەردىن قايتىپ كەلدى. * كەتتى يازمۇ كىشىلەرنى تەرلىتىپ، كەلدى سەمەن باغلىرىغا ئالتۇن كۈز. چۆكتى بىردىن گۈل قەددىنى غەرق قىلىپ، ئاچچىق ھەسرەت دەرياسىغا مەيتۇن كۈز. ② كۆچمە. تەنبىھ بەرمەك، خىجالەت قىلماق، سارغايتماق: ئاياللار: — ئوغلۇڭنى يوغىنىتىۋاتقان سېنىڭ باشلىقلىقىڭ، ئۇنى ئادەم قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن سېنىڭ ئەدىبىڭنى بېرىش كېرەك، — دەپ دېۋەيلەپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئوتتۇرىغا ئېلىپ تازا تەرلىتىپتۇ. * دۆيجاڭ ئۇنىڭ «كوكۇلا» سىنى تۇتۇۋېلىپ، خېلى تەرلەتتى.

**تەرلەنمەك** «تەرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: جاپپارۇۋ: — يولداش لاۋدۇڭ، بۇ قانداق قىلغىنىڭىز، بۇگۈن ئەتىگەن مەن ھېچ يەرگە بارماي، تەرلىنىپ، يېتىپ . م ئىلىڭ دېمىدىممۇ؟ ياخشى قىلماپسىز، — دېدى.

**تەرلىك** ئى. ئات-ئۇلاغلارغا توقۇلىدىغان ئېگەرگە تەر ئۆتكۈزمەسلىك، ئۇنى ئاسراپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئاستىغا سېلىنىدىغان ئىچمەك، يوپۇقچە: مانا قاراڭ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى كۆكلىكى سېلىنمىغىنىغا بىر ئايدىن ئاشتى. تەردىن، كىردىن قېتىشىپ، خۇددى

ئاتنىڭ تەرلىكىدەك بولۇپ كەتتى، رەختىنىڭ ئەسلىي رەڭگىنى ھازىر ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ.

**تەرلىمەك** پ ① بەدەندىن تەر چىقماق، تەر باسماق: كىشىنىڭ جۇۋىسىدا تەرلىمەك.* مەسۇم ئاخۇن مەش ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئارقىمۇئارقا قىزىق چاينى ئىچىۋېرىپ تەرلىگەنىدى. ② كۆچمە. ئەجىر قىلماق، تەر تۆكمەك: پىشىپ قالدى بۇغدايلار، تەييار تۇرۇك دېھقانلار. بوزماي، چاچماي تۇرۇڭلار، تەرلەپ ئەمگەك قىلدىڭلار. ③ كۆچمە. خىجالەت تارتماق، تەڭلىكتە قالماق؛ سارغايماق، ئۇيالماق: قاسىم كەمچىلىك ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئوتتۇتۇچىنىڭ ئالدىدا خېلىلا تەرلىدى.

**تەرمە** سۈپ. تەرەپ-تەرەپتىن يىغىلىپ توپلانغان، تېرىپ ئېلىنغان، بىرلەشمە: گومىنداڭنىڭ قايتىدىن تەشكىللەپ چىققان تەرمە باتالىيونى بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۈچتۇرپان بازىرىغا كەلتۈرۈپ قويۇلغانىدى.

**تەرمەچ** ئى. تېرىپ ئېلىنىدىغان ياكى ئېلىنغان پارچە-پۇرات ئوتۇنلار: ئۇ ئۆزىنىڭ پىخسىقلىقىدىن ھازىرغىچە كاتەكتەك ئۆيدە تۇرۇپتۇ، ئايالىمۇ نومۇس قىلماي ئېتىزدىن يېنىشىدا تەرمەچ تېرىپ ماڭىدۇ، شۇ ھالىغا شۇجىمىش، تېخى. * بىركۈنى نۇرۋان ئېتىزلىققا بېرىپ، يۈرگىنىدە ياققىلى تەرمەچ تېرىپ، ئاڭلىدى نەدىندۇر نەيىنىڭ ئۈنىنى، ئۇن ئەمەس، ھەمدەرد بىراۋنىڭ مۇڭىنى.

**تەرمەك** پ. بىردىن-بىردىن تۇتۇپ يىغماق، دانلاپ يىغىپ توپلىماق: تېخى خېلىلا سەھەر بولسىمۇ دېگىنىز بويىي ئاللىقاچانلا ئىگىلىنىشكە باشلىغان، بەزىلەر بەدەن ھەرىكىتى قىلاتتى؛ بەزىلەر دېگىز بويىدىن قۇلۇلە قېپى تېرەتتى. * تەردىم باشاق، دانلارنى ئېتىزلاردىن، خاماندىن. ئوغۇت يىغدىم تاغارلاپ مەھەللىدىن، ھەر ياندىن.

**تەرمىلەر** ئى <ئەد> مەلۇم كىتاب ياكى ئەسەر ئىچىدىن تاللىۋېلىنغان ئۈزۈندى

ياكى پارچىلار.

**تەرۋاز** سۈپ. كۆڭلى نازۇك، تېز رەنجىگۈچى، تېرىككەك.

**تەرىپ** ئى [ئە] ① ۋەقە-ھادىسە، نەرسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ سۆز ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن شەرھى، تەسۋىرى: ئايالارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ جاپاكەش ئائىلىنىڭ قەيسەر بوركۈتىنىڭ داڭقى پۈتۈن دۆلەتكە كېتىپتۇ، تەرىپى ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپتۇ. ② نەرسە، ۋەقە-ھادىسە، چۈشەنچە قاتارلىقلارنىڭ قىسقا ۋە ئېنىق ئىپادىلىنىشى؛ چۈشەندۈرۈش، ئىزاھ: ماركس مۇنداق دەيدۇ: «ئەمگەك ۋاسىتىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە يارىتىلىشى، گەرچە ئۇنىڭ بىخ ھالىتىدىن ئېيتقاندا ھايۋانلارنىڭ مەلۇم خىللىرىدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەر ھالدا ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك جەريانىغا خاس بەلگە. شۇڭا، فرانكلىن ئادەمگە قورال ياسايدىغان ھايۋانات دەپ تەرىپ بەرگەن...».

**تەرىپىنى قىلماق** بىرەر نەرسە، ۋەقە-ھادىسە، ھەرىكەت قاتارلىقلارنى تەسۋىرلىمەك، تەرىپلىمەك؛ ياخشى تەرەپلىرىنى تونۇشتۇرماق: رەھمەتجان بۇ ئائىلىنى ھەر قېتىم يوقلاپ كەلگىنىدە، ئابدەم ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي شەۋكەتنىڭ تەرىپىنى قىلاتتى. * — ئوغلۇم، — دېدى بوۋاي ھاياجان ئىچىدە، — سىلەرگە تەرىپىنى قىلىپ بەرگەن يىگىت دەل مۇشۇ.

**تەرىپلەتمەك** «تەرىپلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەرىپلەشمەك** «تەرىپلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: «قىزىلتاغ» كوئوپېراتىپىدىكى دېھقانلار ئۇلارنى ماختاپ: — بۇلار ھەققەتەن يېڭى زامانىنىڭ پەرھات-شىرىنلىرى، يېڭى كىشىلەر، يېڭى مەنىلىك، ئوبدان يوسۇن ياراتقۇچىلار —، دەپ تەرىپلەشتى.

**تەرىپلەنمەك** «تەرىپلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: «ئېگىز بوي، بويىنى ئىنچىكە، ئورا كۆز، كەككە ساقال، ھۆڭگۈل چىش» دېيىلگەندەك خەتتە قاچقۇنىنىڭ تاشقى قىياپىتى تەرىپلىنىپ، «بۇ جىنايەتچى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان يېرىدىن قاچقان». * ئۇ ئاڭلىق تۇردە «مىزان» بويىچە ئىش قىلىپ، پارىنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، خەلق ئىچىدە تەرىپلەنمەكتە.

**تەرىپلىگۈسىز** سۈپ. تەرىپلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان؛ ئاجايىپ: ئۇ ھەققەت تەرىپلىگۈسىز چىرايلىق قىز ئىدى.

**تەرىپلىمەك** پ ① نەرسە، ۋەقە-ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنى ئاغزاكى سۆز ۋاستىسى ياكى يېزىق ئارقىلىق شەرھلىمەك، تەسۋىرلىمەك: قىزنىڭ ئانىسى ئۆز قىزىنى، ئوغۇلنىڭ ئانىسىمۇ ئۆز ئوغلىنى تەرىپلەپ بېيىت ئېيتىشاتتى. * بىزنىڭ مەلە تۈز مەلە، بىر-بىرىدىن ئۆز مەلە. تەڭ كېلەلمەس زادىلا، تەرىپلىسە يۈز مەلە. ② نەرسە، ۋەقە-ھادىسە، چۈشەنچە قاتارلىقلارنى قىسقا، ئېنىق قىلىپ ئىپادىلىمەك، چۈشەندۈرمەك، ئىزاھلىماق: ماركس بىلەن ئېنگېلس ئۆزلىرىنىڭ دىئالېكتىك ئۇسۇللىرىنى چۈشەندۈرگەن چېغىدا، گېگېلنى دىئالېكتىكىنىڭ تۈپ بەلگىلىرىنى تەرىپلەپ بەرگەن پەيلاسوپ دەپ ھېسابلاپ، ئادەتتە ئۇنىڭدىن نەقىل كەلتۈرىدۇ.

**تەرىقە** ئى [ئە] يول، ئۇسۇل، تەرز؛ شەكىل.

**تەرىقىدە** تىر. يوسۇندا، ئۇسۇلدا، ھالەتتە، شەكىلدە: ھەممىسى تازىمۇ ماسلىشىپ كەلگەن ئىشلار-دە، ئەگەر بىز مۇشۇ تەرىقىدە ئىلگىرىلەپ يەنە تۆت-بەش يىلنى ئۆتكۈزىۋەتسەك، تۇرمۇشنىڭ خېلىلا كۆركەم، لەززەتلىك بولۇپ قالىدىغانلىقىدا گەپ يوق. * سۆھبەت شۇ تەرىقىدە يەنە 15 مىنۇتچە داۋام قىلدى.

**تەزدۈرمەك** «تەزمەك» پېئىلىنىڭ

مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھېسابلىسام، توخۇلارنىڭ كۆزگى بۇغدايغا سالىدىغان زىيىنى تۇخۇمنىڭ پايدىسىدىن ئېشىپ كېتىدىكەن، ئۇرۇپ، قوغلاپ تەزدۇرۇۋەتتىم.

**تەزدۇرۇلمەك** «تەزدۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ كۆلگە چۈشۈپ تۇرىدىغان قۇشلار قوش ئۇۋچىلىرى تەرىپىدىن تەزدۇرۇلدى.

**تەزكىرە** ئى [ئە] مەلۇم تارىخىي شارائىتتىكى مۇھىم شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى ۋە مەلۇم جايدا يۈز بەرگەن مۇھىم ۋەقە، ھادىسىلەر خاتىرىلەنگەن ئەدەبىي ئەسەر؛ يازما خاتىرە: ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە جايلار تەزكىرىسى جىددىي ئىشلەنمەكتە.

**تەزكىرىچى** ئى. تەزكىرە يېزىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى شەخس، كىشى.

**تەزكىرىچىلىك** «تەزكىرىچى» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: دۆلىتىمىزدە تەزكىرىچىلىك 80-يىللاردىلا مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇلغان.

**تەزمەك** پ. ئادەم ۋە باشقا جانلىقلار ئەسلىدىكى ئورنى، ماكانىنى تاشلاپ، باشقا جايلارغا كەتمەك، كۆچمەك؛ ۋاز كەچمەك؛ تاشلىۋەتمەك: بۇرۇن بۇ يەردە ھەر خىل سايرايدىغان قۇشلار جىق ئىدى. كېيىن بۇ يەرنىڭ دەرەخلىرى كېسىلىپ ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغاچقا، قۇشلارمۇ تېزىپ كەتتى. * مەدرىستىن تالىپلار، مەسچىتلەردىن نامازخانلار تەزدى.

**تەزىم** ئى [ئە] ① باشنى ئېگىپ، قولنى كۆكسىگە ئېلىپ بېرىلگەن سالام: قىزلار بۇ ئىككىسىگە ئېگىلىپ، تەزىم بىلەن سالام قىلىشىپتۇ. ② كۆچمە. يۈكسەك ھۆرمەت، مىننەتدارلىق، رازىمەنلىك: ئۇ كۈلدۇ، يىغلاشنىمۇ بىلدۇ، قۇللۇق ئەمەس ئادەملەرگە تەزىمى. جەننەت بولۇپ ياشايلى بىز دۇنيادا، پەقەت جەننەت پەرىشتىگە لازىمى.

**تەزىم قىلماق** باش ئېگىپ سالام بەرمەك: ئالدىرىغاندا ئېرى خوتۇنىغا تەزىم قىلىپتۇ (ماقال). * قازى سۇپىنىڭ پەلەمپىيى ئالدىدا ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن، دۇئاغا قول ئېچىپ، خوجىنىڭ ئامانلىقىنى تىلىدى ۋە گىلەم ئۈستىگە ئولتۇرۇۋېتىپ ھال-ئەھۋال سورىدى.

**تەزىيە** ئى [ئە] بىركىمنىڭ ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىم، سۈكۈتتە تۇرۇش؛ ماتەم: مايۇر ئابلىكىم ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جەڭچىلەر تەزىيە بىلدۈرۈپ بېشىنى ئەگدى. ئابلىكىم چوڭقۇر ئېچىنىش ئىچىدە كۆپچىلىككە قارىدى.

**تەزىيە بىلدۈرمەك** بىركىمنىڭ ۋاپاتى ئۈچۈن ھەسرەتلىنىپ سۈكۈتتە تۇرماق، ماتەم تۇتماق: بۇ قېتىم يۈسۈپ تەيجى قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى نامىدىن ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆلۈمىگە تەزىيە بىلدۈرۈش باھانىسىدە نەزەرنىڭ شامەخسۇت ئورنىغا ۋاڭ بولۇشنى جىڭ شۇرېن ھۆكۈمىتىگە ئېتىراپ قىلدۇرۇش مەقسىتىدە ئۈرۈمچىگە چىققاندا، يولۋاس ئۇنىڭغا تەرجىمان بولۇپ كەلگەنىدى. * ۋەكىللەر ۋىلايەتلىك پارتكوم نامىدىن ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈردى، ئائىلە تەۋەلىرىدىن سەممىي ھال سورىدى.

**تەزىيە سۆزى** بىركىمنىڭ ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن تەزىيە مۇراسىمىدا سۆزلەش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان سۆز، نۇتۇق: تەزىيە سۆزى سۆزلىمەك. تەزىيە سۆزى يازماق.

**تەزىيە نۇتقى** ← **تەزىيە سۆزى**.

**تەزىيەدە تۇرماق** ئۆلگۈچىگە ماتەم تۇتۇپ سۈكۈتتە تۇرماق، قايغۇ-ھەسرىتىنى بىلدۈرمەك.

**تەزىيەنامە** ئى [ئە+پ] <ئەد>ۋاپات بولغۇچىنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتىگە بېغىشلاپ يېزىلغان خەت، ئەسەر.

**تەس** سۈپ. ئىشلىنىشى، ئورۇندىلىشى

جەھەتتىن ئوڭاي ئەمەس، قىيىن، مۇشكۇل؛ جاپالىق: كېسەلنىڭ كېلىشى ئاسان، كېتىشى تەس (ماقال). * جۇڭگونىڭ كونىچە شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلماق ئىنتايىن تەس. * ئىنقىلاب يىللىرىدە قازىدۇ قۇدۇق، شىددەتلىك ئەسلەتمەر كۆچلۈك بورانىنى. بىر يولى ئايرىش تەس مۇنداق چاغلاردا، ئادەملەر ئىچىدە ياخشى-يامانىنى.

**تەسكە توختىماق** ← **تەسكە چۈشمەك**: ماشىنا ماشىنىغا ئوخشايدۇ، ئادەم ئادەمگە ئوخشايدۇ، ئۇلارنى تېپىش ئەلۋەتتە تەسكە توختايدۇ- دە!

**تەسكە چۈشمەك** بىرەر ئىشنى قىلىش ئوڭايغا توختىماسلىق، قىيىنغا چۈشمەك، تەسكە توختىماق: — ھەي، نېمىسىنى دەيلا، — تۈردى ئاخۇن ئاكا يىقىملىق كۈلۈمسىرىدى، — ئادەم بالا-چاقىلىق بولغاندا، بوسۇغا ئاتلاپ چىقمىقىمۇ تەسكە چۈشىدىكەن. * بىزگە بۇ خىل سايمانلارنى تېپىشمۇ تەسكە چۈشىدۇ.

**تەس كۆنگە قالماق** كۈن كەچۈرۈش تەسلەشمەك، قىيىن ئەھۋالدا قالماق، ئەھۋالى قىيىنلاشماق: ئۇرۇش تۈپەيلى ئۇلار تەس كۈنگە قالدى.

**تەس گەپ** ھەل قىلىش ئاسان بولمىغان مەسىلە، قىيىن ئىش: دېمىسىمۇ بۇ راست گەپنىڭ ئۆزى، تەس گەپ ئىكەن بىراق شۇنى ئېيتماقنىڭ ئۆزى.

**تەسەددۇق** ئى [ئە] تەقدىم، قۇربان، پىدا، سەدىقە، ئاتاش: يا ئاللا بېگىم! چېقىشىپ قويدۇم، نېمانچە كايىيلا. سىلى ئۈچۈن بىر جان ئەمەس، مىڭ جان بولسىمۇ تەسەددۇق دېسىلە. * ئانىلىق ئەجرىڭنى ئاقلاش ئەلگ ئۇلۇغ بۇرچۇم مېنىڭ، ياش جېنىم بولسۇن تەسەددۇق، بارلىقىم قۇربان ساڭا.

**تەسەددۇق قىلماق** بىرەر غايە، مەقسەت، ئىدىيە ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلماق، بارلىقىنى ئاتىماق، بېغىشلىماق، تەقدىم قىلماق: ماڭا ئوخشاش سىز ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلىشقا تەييار تۇرغان ئادەمنى ئۆمرىڭىزدە ئىككىنچى ئۇچرىتالمايسىز. * بۇرۇتى قارا، قېشى قارا، ھۆسنىدە تەڭرى گۈزەللىكى بار! جېنىمنى تەسەددۇق قىلىپ ھەر رەنا، بولاتتى يىگىتكە زىلە يىغادەك يار!

**تەسەررۇپ** ئى [ئە] يېز ت. پايدىلىنىش، ئىشلىتىش ھوقۇقى؛ ئىگىلىك، خوجايىنلىق: ئۇ خەزىنىنىڭ تەسەررۇپى شۇ قىزنىڭ قولىدا، ئۇ قىزنىڭ قولى تەگمەي تۇرۇپ بۇ خەزىنىنى باشقا ئادەملەر ئالالمايدۇ. * ھازىر ئۇ كەسكىن بىر ھاياجاننىڭ تەسەررۇپى ئاستىدا ئۆزىنى بېسىۋالغان بىرخىل كۈچ بىلەن ئىشلىشاقتا ئىدى.

**تەسەررۇپ قىلماق** ئىگىدارچىلىق قىلىپ ئىشلەتمەك، پايدىلانماق: — مانا بۇنى ئاز كۆرمەي تەسەررۇپ قىلىپ، بىزنى قۇمۇستىن ساقلاپ قالارلا! — دەپ بىر ئاز يىلنى قازىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ باي. * دۆلەتنىڭ ئەھۋالى شۇنداق بولغاچقا، سۇ قېچىنىڭ كۆپ باش قاتۇرۇپ، تەسەررۇپ قىلىپ كېلىۋاتقان چولق ئائىلىسىنىڭ ھالىمۇ خارابلاشتى.

**تەسەللا** رەۋ [ئە] غەم تارتماي، ئىككىلەنمەي، قارىسىغىلا، تەۋەككۇل قىلىپ: تەسەللاسىغىلا بازارغا سالسام، ئەجەب ئېقىپ كەتتى؟ بۇنى ماڭا كىم ئۆگەتتى؟ * ئەكبەر تەسەللاسىغىلا ئېيتىۋىدى، ئوق جان كېسىپ تېگىپتۇ.

**تەسەللى** ئى [ئە] قاتتىق خاپىلىق، ئىچ پۇشۇقى قاتارلىقلارنى پەسەيتىش، كۆڭۈلدىن چىقىرىۋېتىش يۈزىسىدىن بىر كىمگە ياكى ئۆز-ئۆزىگە بېرىلگەن مەسلىھەت، نەسىھەت؛ راي ئېيتىش.

**تەسەللى بەرمەك** قاتتىق خاپىلىق، ئىچ ئاغرىقى، ئىچ پۇشۇقى قاتارلىقلارنى پەسەيتىش، كۆڭۈلدىن چىقىرىۋېتىش يۈزىسىدىن بىركىمگە ياكى ئۆز-ئۆزىگە مەسلىھەت بەرمەك، نەسىھەت قىلماق؛

راي ئېيتماق: «تەقدىر-تەقدىر ھەممىسى خۇدانىڭ ئىرادىسى» دەيتتى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ. * گۈلسۈرۈخ مېھمانلار ئۇزايدىغان چاغدا مەخسۇمغا قىسقىلا تەسەللى بېرىپ، دوستى پاتمىنىڭ ئۆيىگە كەتكەندى.

**تەسەللى مۇسابىقىسى** <تەن> رەسمىي مۇسابىقە ئاياغلاشقاندىن كېيىن، غەلىبە قازانغان كوماندىلار ياكى تەنھەرىكەتچىلەر نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن كوماندىلار ياكى تەنھەرىكەتچىلەر بىلەن ئۆتكۈزگەن تەسەللى بېرىش خاراكتېرىدىكى دوستلۇق مۇسابىقىسى.

**تەسەللى ئېيتماق** ← **تەسەللى بەرمەك**: تېرى ھامما قىزىنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى. بەزلەپ، تەسەللى ئېيتىپ قىزنى تىنچلاندۇرالماي، ئۆزىمۇ تەڭ يىغلىدى.

**تەسەۋۋۇپ** ئى [ئە] <دىن> ئىلاھ ۋە ئىلاھىي كۈچلەرگە، ئادەمنىڭ ئىلاھ بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىشقا ئىشىنىشتىن ئىبارەت دىنىي ئېتىقاد؛ مىستىكا.

**تەسەۋۋۇپچى** سۈپ. تەسەۋۋۇپقا ئىشەنگەن، تەسەۋۋۇپ يولى بىلەن ئىش تۇتىدىغان: بەزى تەسەۋۋۇپچى شائىرلار تاۋۇتنى «ياغاچ ئات» دېگەن كىنايە بىلەن ئىپادىلەپ، «ئېگەرسىز ياغاچ ئاتقا مىنەرسەن ئاقىۋەت بىر كۈن» دەپ يازغانىدى.

**تەسەۋۋۇپچىلىق** ئى. تەسەۋۋۇپ ئىشلىرى، تەسەۋۋۇپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش.

**تەسەۋۋۇر** ئى [ئە] ① كۆز ئالدىدا مەۋجۇت بولمىغان شەيئىلەرنىڭ كونكرېت ئوبرازىنى ئويلاپ چىقىش. ②<ئەد> سەزگۈ ماتېرىياللىرى ئاساسىدا يېڭىدىن ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق، يېڭى ئوبراز يارىتىش: ىڭ پسىخولوگىيىلىك جەريانى. ③ <لوگ> ھېسسىي بىلىش باسقۇچىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە تەۋە بىلىش جەريانى. ئىدراك ئاساسىدا ھاسىل بولىدۇ، ئىدراكتىن يۇقىرى تۇرىدۇ. بىلىش نەزەرىيىسىدە بەزىدە «ئوبراز» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ.

**تەسەۋۋۇر خىيال** <پسىخول> تەسەۋۋۇر ياكى سۈرەتلىك كۆرسىتىش ئارقىلىق مېڭىدە باشقا بىر يېڭى ئوبراز يارىتىش جەريانى. لۇشۈن «يۇرت» ناملىق رومانىدا، ياڭ ئەرساۋنى ئىككى پۇتلۇق سىركۇلغا ئوخشايدۇ دەپ تەسۋىرلىگەن. كىتابخان ئۆزىگە تونۇش بولغان نەرسىنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق بۇ پېرسوناژنىڭ پۈتۈن تاشقى قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ.

**تەسەۋۋۇر قىلماق** ① كۆز ئالدىدا مەۋجۇت بولمىغان شەيئىلەرنىڭ كونكرېت ئوبرازىنى ئويلاپ، كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەك: مەن پەقەت شۇنى تەسەۋۋۇر قىلدىمكى، خۇددى شەھەرنى ھۆكۈمرانلىق بىلەن ئوراشقا باشلىغان كېچىلىك قاراڭغۇغا ئوخشاش، ئەنۋەر بىلەن مەستۈرەنىڭ كۆڭۈللىرىمۇ خىرەلىشىشكە باشلىغاندۇ؟ ② نەرسە، ۋەقە-ھادىسە قاتارلىقلار ئۈستىدە تەھلىل، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئۇلار ھەققىدە مەلۇم ھېس، چۈشەنچە ھاسىل قىلماق: شائىر ۋەتەن شۇنداق چوڭ تەرەققىياتقا ئېرىشكەندە، ئۆزىنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە ئۈنۈپ چىققان گۈللىرىنىڭ كۈلىدىغانلىقىنى ئالدىن تەسەۋۋۇر قىلىدۇ.

**تەسەۋۋۇر كۈچى** <ئەد> سەزگۈ ماتېرىياللىرى ئاساسىدا يېڭىدىن ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق، يېڭى ئوبراز يارىتىش ئىقتىدارى.

**تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى** <ئەد> ← تەسەۋۋۇر كۈچى.

**تەستەك** ئى [پ] ① قولنىڭ سالالىرى بىلەن ئالىقان قوشۇلغان قىسمى، شاپ-لاق: ئۇ دالان ئۆيدە يۈز-كۆزىنى يۇيۇۋاتقاندا، كىمدۇر بىرىنىڭ بىركىمنىڭ يۈزىگە «چاڭ» قىلىپ بىر تەستەك سالغانلىقى، ئارقىدىنلا كىچىككىنە ئادىلىنىڭ «چىر» قىلىپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ②كۆچمە. شاپىلاق بىلەن بېرىلگەن زەربە: ئاخىرىدا، سايىم ئاخۇن ئاچچىقىغا پايلىماي ئىككى تەستەك بىلەن گۈلقىزنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى. ③ كۆچمە. كاچات: ئۇ تەستەكمەگە بىرنى سالدى.

**تەستەكلەتمەك** «تەستەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەستەكلەشمەك** «تەستەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەستەكلەنمەك** «تەستەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەستەكلىمەك** پ. تەستەك بىلەن ئۇرماق، شاپىلاقلىماق: ئانا قىزىنى بەزىدە دۆشكەلەپ، تەستەكلەپمۇ تاشلايتتى.

**تەستىق** ئى [ئە] ① قارار قىلىپ قول قويۇش ياكى تامغا بېسىپ قانۇنىي كۈچكە ئىگە قىلىش: تەستىق سالماق. ② بىرەر نەرسىنىڭ توغرىلىقى، ھەقلىقى، راستلىقىنى دەلىللەپ بېرىدىغان پاكىت، ئىسپات؛ ماقۇللۇق: تەستىق سۆزى. * رەھبەرلىكنىڭ تەستىقىنى ئالماي، بۇ ئىشنى قىلىشقا بولمايدۇ.

**تەستىق سالماق** ← **تەستىقلىماق**: يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئاقلاش ماتېرىيالىغا تەستىق سالغان ماننا شۇ چاغدا، ئابدۇمەلەرنى نەدىن بولسىمۇ ئىزدەپ تېپىش ۋەزىپىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

**تەستىق سۆزى** يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگاننىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئورگان سۇنغان دوكلات ۋە شۇ قاتارلىق ماتېرىياللار ھەققىدە يازغان پىكرى.

**تەستىق ئىنكار شەكلى** <لوگ> تاللانما ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ بىر خىل خۇلاسە شەكلى.

**تەستىقلاتماق** «تەستىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئويۇننى ھازىرلاش، قويۇش، تېگىشلىك ئورۇنلار بىلەن سۆزلىشىپ تەستىقلىتىش قاتارلىق تەشكىلىي ئىشلارغا ھەمراييۈپنى بەلگىلىدۇق.

**تەستىقلاشماق** «تەستىقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بوۋاي ئۆز سۆزىدىن مەززە قىلىپ كۈلدى. ئەتراپتىكىلەرمۇ كۈلۈپ، باشلىرىنى لىڭشىتىپ بوۋاينىڭ ئەپچىل سۆزلىرىنى تەستىقلاشتى.

**تەستىقلانماق** «تەستىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئويلىمىغان يەردە، ئەر-خوتۇن ئىككىمىزنىڭ ئائىلىمىزنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن يازغان ئىلتىماسىمىز تەڭلا تەستىقلىنىپ قالدى.

**تەستىقلىماق** پ ① قارار قىلىپ، قول قويۇپ ياكى تامغا بېسىپ قانۇنىي كۈچكە ئىگە قىلماق؛ تەستىق سالماق: ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئېغىر جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش مەملىكەت مىقياسىدا قەدەممۇقەدەم قانات يايىماقتا، بىرىنچى ئايدا مەركەز «جىددىي ئۇقتۇرۇش» چىقاردى؛ ئىككىنچى ئايدا، مەركەز گوۋۇيۈەن، فۇجيەن ئۆلكىلىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى چاقىرىپ، سۆھبەت يىغىنىنىڭ خاتىرىسىنى تەستىقلاپ تارقاتتى. ② بىرەر ئىش-ھەرىكەت، غايە، نىشان ۋە شۇ قاتارلىقلارنى توغرا دەپ قارىماق، ماقۇللىماق: پادىشاھ شۇ چاغدىلا ۋەزىر ئەزەمنىڭ: «دۆلەت مىسالى بىر تۈلپار، ئۇنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇن قاراڭغۇسىدەك جاھالەت تۇمشا قورشاۋالغان كۆڭلى قارىلارنىڭ قولىغا ئەمەس، مەرىپەت نۇرى چۈشكەن تەرەققىيپەرۋەرلەرگە تۇتقۇزغاندىلا، ئاندىن بۇ تۈلپار كەڭ قانات يېيىپ پەلەككە پەرۋاز قىلالايدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى تەستىقلايتتۇ. ③ توغرىلىقىنى دەلىللەپ بەرمەك،

ئىسپاتلىماق :ــ ئەلھەق شۇنداق، ــ دېدى ھاجى ئىشان، ــ پۇقرا ئەمەس، ھۆكۈمەت ئادىمى ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى تەستىقلاپ تۇرۇپتۇ.

**تەستىقىي** سۈپ [ئە] تەستىقلانغان، توغرا دەپ قارالغان، توغرىلىقى ئىسپاتلانغان: تەستىقىي ئۇقۇم.

**تەستىقىي شەكىل** <لوگ> شەرتلىك ئۇچ ھۆكۈملۈكنىڭ بىر خىل خۇلاسە شەكلى.

**تەستىقىي ھۆكۈم** <لوگ> ئوبيېكتتا مەلۇم بەلگىنىڭ بار ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان ھۆكۈم.

**تەستىقىي ئۇقۇم** <لوگ> ئۆزى ئەكس ئەتتۈرگەن ئوبيېكتقا قارىتا مەلۇم بەلگىلەر تەستىقلانغان ئۇقۇم.

**تەسكەن** I ئى <تىب> ← **يىڭناسقۇ.**

**تەسكەن** II ئى <بوت> بىر خىل چاتقال، ئادەتتە ئاق تەسكەن ۋە قارا تەسكەن دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ: ئاق تەسكەن توپ ئۆسىدۇ، بېشى گادا-گادا، يوپۇرمىقى سوزۇنچاق بولۇپ، يېشىل كېلىدۇ؛ قارا تەسكەن قارا ۋە يىڭنە يوپۇرماقلىق كېلىدۇ. بۇلار ئاساسەن تاغلاردا ئۆسىدۇ.

**تەسكەي** ئى. كۈنگەي تەرەپكە قارىمۇقار-شى بولغان تەرەپ، كۈن چۈشمەيدىغان ياكى كۈن نۇرى بىۋاستە چۈشمەيدىغان تەرەپ :تەسكەي تەرەپتىكى تاغ جىرالىرىدا ئاندا-ساندا تاللىق ۋە قېلىن چاتقاللىقلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. * تەسكەيدە ئۆسكەن يۇمران ئوتلارنى، ئېقىنتى يۇلۇپ لايغا كۆمۈپ. چۈنكى غول-يىلتىزلىرى تىرەن ئەمەس، ئۆسكەچ تاغ دالدىسىنى ھىمات كۆرۈپ.

**تەسكەي ئۆسۈملۈكلىرى** <بوت> كۈن نۇرى تولۇق چۈشمەيدىغان شارائىتتىمۇ ياخشى ئۆسۈۋېرىدىغان ئۆسۈملۈكلەر. مەسىلەن، خوستاگۈل، زەرەڭ دەرىخى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**تەسكىن** ئى [ئە] تىنچلاندۇرۇش، تەسەللى.

**تەسكىن بەرمەك** تەسەللى ئېيتماق، خاتىرجەم قىلماق، تىنچىتماق :شەرۋانەم ئەمدى ئۆزىنى تۇتالمىدى، ئۇن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسكىن بەرگۈدەك كىشىمۇ يوق ئىدى.

**تەسكىن تاپماق** تىنماق، خاتىرجەم بولماق، تىنچلانماق :مەكتەپنىڭ يېڭى ھوقۇق-دارلىرىدىن مېنى مەكتەپنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلدىم، ئۇلارمۇ قوشۇلدى. ئەنە شۇ يەردىلا ئازابلانغان قەلبىم ئازراق تەسكىن تاپتى. * كېرىم بىرلە ئوبۇلمۇ بولدى ئەركىن، خەلق كۆڭلىمۇ ئەمدى تاپتى تەسكىن.

**تەسلە شتۈرمەك** «تەسلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى :ــ بۇنداق قىلساق، ئىشنى تېخىمۇ تەسلەشتۈرۈۋالىمىز، ــ دېدى ئەختەم سادىقنىڭ پىكرىنى رەت قىلىپ.

**تەسلە شتۈرۈلمەك** «تەسلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھازىر ئىش تېخىمۇ تەسلەشتۈرۈلدى.

**تەسلەشمەك** پ. قىيىنلاشماق، مۈشكۈللەش-مەك، تەسكە توختىماق :بىراق، روزىمەت بەگ باشلاپ بارغان مەرگەنلەرنىڭ تەگدىن تولىسى ئۆلۈپ، بايىقى ۋەقە كېلىپ چىققاندىن كېيىن، شامەخسۇتنىڭ ئەسكەر ئېلىش ئىشى تېخىمۇ تەسلەش-تى. * روتا كوماندىرى مېنى سورۇشتۇرۇپ قالسا، مېنىڭ جاۋاب بەرمىكىم تەسلىشىپ قالىدۇ.

**تەسلىك** «تەس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: رەھبەرلىك بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، تۈۋەنگە تەسلىك تۇغدۇرۇشى بىر گەپ، ئۆزىمىزنىڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى ۋە دۆگلەك سىزىشقىمۇ تەسلىك تۇغدۇرىدۇ، ئاۋارىچىلىك كۆپىيىپ كېتىدۇ.

**تەسلىم** ئى [ئە] ئۇرۇشتا، جەڭدە يېڭىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشتىن توختاش، باش ئېگىش، بويسۇنۇش.

**تەسلىم بولماق** ① ئۇرۇش، جەڭ، كۆرەش، تالاش-تارتىش قاتارلىقلاردا قارشىلىق قىلىشتىن توختىماق؛ يېڭىلگەنلىكىگە تەن بېرىپ ئېتىراپ قىلماق: ئۇلار ئەمدى ئالدىغىمۇ ماڭالمايتتى، ئارقىغىمۇ يانالمايتتى. يۇقىرى-تۆۋەن مېڭىش خەتەرلىك ئىدى. كىشىلەر قوراللىرىنى ئىككى قوللاپ ئېگىز كۆتۈرۈپ، دەريانىڭ ئىككى يېقىدا تۇرغان خانلىق قوشۇنىغا تەسلىم بولۇشقا باشلىدى. * تەسلىم بولۇپ دۈشمەنلەر، قورالنى تاشلىدى. قوللىرىدا ئاق بايراق، ئېگىلىشكە باشلىدى. ② بويسۇنماق، باش ئەگمەك: ئۆزىنىڭ پىكرى ناتوغرا چىقىپ قالسىمۇ، جاھىللىق ۋە مۇتەئەسسىپلىك قىلماستىن، ھەقىقەتكە تەسلىم بولۇشى لازىم. ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى مۇنازىرىسىز يۈكسەلمەيدۇ. * ئەمما ئۇلار يېڭەلمەس، چۈنكى پارتىيىدىن ئالغاچقا تەلىم. ئازاد ۋەتەن پەرزەنتلىرىگە تەبىئەتمۇ بولدۇ تەسلىم.

**تەسلىم قىلماق** ① ئۇرۇش، جەڭ، كۆرەشلەردە يېڭىپ، قارشىلىق قىلالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماق؛ بويسۇندۇرماق: مەن باردۇرمەن دۈشمەنگنى تەسلىم قىلىپ ھەم يوقىتىپ، بارىمەن ياتماي پىراقتا، «ئاھ» ئۇرۇپ قانلار يۇتۇپ. ②باش ئەگدۈرمەك، ئۆزىگە قاراتماق: تەبىئەتنى تەسلىم قىلماق. * قارىماققا غېرىب كەپسى، يېپىنغان ئۇ چاۋار-قورايىنى. بىراق ئۇنىڭ يۈكسەك خىسلىتى، تەسلىم قىلدى قىشلىق سارايىنى.

**تەسلىمچى** ئى. غالىب كەلگەن تەرەپنىڭ شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، قارشىلىق كۆرسىتىشنى توختىتىپ بويسۇنغۇچى: تەسلىمچى ئۇنسۇرلار. * قىزنىڭ بەدىنىدىن ئەيىب تاپ دېسەم، تەتۈرىچە ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن كۆزلۈرۈم بۇگۈن بىرىنچى بولۇپ تەسلىمچى بولۇپ چىقتى.

**تەسلىمچىلىك** ئى <پەلس> غالىب كەلگەن تەرەپنىڭ شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، قارشىلىق كۆرسىتىشنى توختىتىش، بويسۇنۇش؛ تەسلىم بولۇش سىياسىتى: ئۇ ھەم ئۇڭچىل تەسلىمچىلىككە قارشى ئىدى، ھەم سولچىل ئۇتتۇرۇقسىز سۆزلەر ۋە سولچىل تەۋەككۈلچىلىك خاتا فاكچىيىنىڭ ھەر قاندىقىنى رەت قىلاتتى.

**تەسلىمنامە** ئى [ئە+پ] مەغلۇپ بولغان تەرەپنىڭ غالىب كەلگەن تەرەپنىڭ شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، قارشىلىق كۆرسىتىشنى توختىتىپ، تەسلىم بولغانلىقىنى ئىزھارلاپ يازغان خېتى، توختامى: شۇنىڭ بىلەن لىيۇزۇڭ قەتئىي قارارغا كېلىپ، بىر پارچە تەسلىمنامە يازدۇردى ۋە سۇڭ جۇڭنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن ساۋ ساۋنىڭ لەشكەرگاھىغا ئاپىرىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. سۇڭ جۇڭ تەسلىمنامىنى ئېلىپ، توپتوغرا ۋەنچېڭغا بېرىپ، ساۋ ساۋنىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇردى.

**تەسۋى** ئى [ئە] خۇدانىڭ نامىنى زىكىر قىلىپ سانىلىدىغان مارجان تاش ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىدىن قىلىنغان تىزىقچە: چىلاندەك يوغان، جىگەررەڭ كەھرىۋا مارجانلىق تەسۋى پارقىراپ، قورسىقىغىچە چۈشۈپ تۇراتتى. * ئۇ شالدامايىنى ئۆيغىتىپ، ئۈستىبېشىنى كىيدۈرۈپ، قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ، قولىغا جىگدە ئۇرۇقىدا ياسىغان تەسۋىنى تۇتقۇزۇپتۇ.

**تەسۋى تارتماق** ← **تەسۋى سىيرىماق**: رابى ۋىت-ۋىت گۇمبەزنىڭ تۆۋىدە، رەڭلىك پالاس ئۈستىگە سېلىنغان كۆرپە ئۈستىدە باش-كۆزىنى تور رومال بىلەن ئوراپ، تەسۋى تارتقان ھالدا چازا قورۇپ ئولتۇراتتى.

**تەسۋى سىيرىماق** خۇدانىڭ نامىنى زىكىر قىلىپ، تەسۋى ئۇرۇقلىرىنى بىر-بىرلەپ ئۆتكۈزمەك، تەسۋى تارتماق: ئۆينىڭ

تۆرىدىكى ئىككى گەز ئېگىزلىكتە ياسالغان ھەشەمەتلىك تەخت ئۈستىدە ئولتۇرا بويىلۇق، ئاق سېرىق كەلگەن، يوغان چېقىر كۆزلۈك ۋالىي – شامەخسۇت تەسۋى سىيرىپ ئولتۇراتتى. * گۈگۈمتىن كەلگەن يوغان سەللىلىك ئىككى ئاخۇنۇم تەسۋى سىيرىپ ئولتۇراتتى.

**تەسۋىر** ئى [ئە] ① بىرەر نەرسىنىڭ يازما، ئويما، قۇيما ياكى سىزما شەكلى؛ رەسىم، سۈرەت: گرافىك تەسۋىر. ② <ئەد> نەرسە، ۋەقە، ھادىسە قاتارلىقلارنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى: مەنزىرە تەسۋىرى، روھىي ھالەت تەسۋىرى.

**تەسۋىر كۆرسەتكۈچ لامپا** <ئېل> تېلېۋىزور، دولقۇن كۆرسەتكۈچ قاتارلىق ئۈسكۈنىلەردىكى بىرخىل دېتال. ئۇ يۇقىرى دەرىجىدىكى ۋاكۇئۇم ئەينەك لامپا بولۇپ، بىر تەرىپى يوغان، يۈزى تەكشىرەك كەلگەن ئېكران شەكلىدە بولىدۇ؛ ئۈستىگە يالتىراق پاراشوك سۈرتۈلگەن بولىدۇ؛ يەنە بىر بېشىدىكى قۇرۇلما ئېلېكترون دەستىسى ھاسىل قىلىدۇ ۋە بۇ ئېلېكترون دەستىسىنى يالتىراق ئېكراندا يېيىلدۇرۇپ، سۈرەت شەكىللەندۈرىدۇ.

**تەسۋىر يېيىش** <فىز> بەلگىلىك قۇرۇلمىدىن پايدىلىنىپ ئېلېكترون دەستىسى، رادىئو دولقۇنى قاتارلىقلارنى ئوڭ-سولغا ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق، جىسىملارنىڭ شەكلى ۋە كۆرۈنۈشى قاتارلىقلارنى تەسۋىرلەش.

**تەسۋىرلەتمەك** «تەسۋىرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەسۋىرلەش** ① «تەسۋىرلىمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىرخىل ئىسمدىشى: ئۇنى تەسۋىرلەش ئانچە تەس ئەمەس. ② ئى <ئەد> بەدىئىي ئەسەرلەردە، ھېكايە قىلغۇچى تەرىپىدىن شەخس ۋە ھادىسەلەرنىڭ بەلگە، خۇسۇسىيەت ۋە خاراكتېرلىرىنى مەلۇم ئىنچىكىلىق بىلەن كۆرسىتىپ بېرىدىغان يېزىقچىلىق ئۇسۇلى.

**تەسۋىرلەشمەك** «تەسۋىرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: نۇرغۇن مۇخبىرلار ئۇنىڭ نەمۇنىلىك ئىش ئىزلىرىنى تەسۋىرلىشىپ خەۋەر، ماقالىلارنى يېزىشتى.

**تەسۋىرلەنمەك** «تەسۋىرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ شۇ ۋاقىتتا بەزى تىياتىر ۋە كىنولاردا تەسۋىرلىنىدىغان يەر سۈپۈرىدىغان ئايال ئىشچىغا بەكمۇ ئوخشايتتى.

**تەسۋىرلىمەك** پ. ئادەم، نەرسە، ۋەقە-ھادىسەلەرنى بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق كۆرسەتمەك، بايان قىلماق، ھېكايە قىلماق: ئۆز ۋاقتىدا، شەرق سودىگەرلىرى «ئەگەر پۈتۈن دۇنيا بىر ئۈزۈك بولسا، خورموز ئۇنىڭ ياقۇت كۆزىدۇر» دېگەن ئوخشىتىش بىلەن بۇ پورت شەھىرىنىڭ ئاۋات ۋە مۇھىملىقىنى تەسۋىرلەيتتى. * خېنىمدە ئېيتقان شۇ نەشپۈت ئالمىسى، ئازمسام شۇمكىن، بىلمىدىم مىڭلىم. تەمى زەپ ئۆزگىچە، بۇنى تەلتۆكۈس، تەسۋىرلەپ بېرىشكە ئاجىزدۇر تىلىم.

**تەسۋىرىي** سۈپ [ئە] تەسۋىر تۈسىنى ئالغان، بەدىئىي، تەسۋىر شەكلىدىكى: سىزاي لەيلى ئۈچۈن تەسۋىرىي سۈرەت، ئەگەر ئىلھام بەرسە قولۇمغا قۇۋۋەت.

**تەسۋىسىمان** سۈپ. تەسۋىگە ئوخشاش، تەسۋى شەكىللىك؛ بوغۇم-بوغۇم: بۇيىنىڭ قاسراقسىمان مېۋىسى تەسۋىسىمان بولىدۇ.

**تەسۋىقوناق** ئى [تەسۋى+قوناق] <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، غولى تىك ئۆسىدۇ؛ يوپۇرمىقى تۆمۈنە شەكلىدە كېلىدۇ؛ دېنى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ

كۆلەڭ كېلىدۇ. ئۇنى ئىستېمال قىلىشقا ياكى دورىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**تەسىر** ئى [ئە] ① تاشقى ئامىللارنىڭ كىشى ياكى نەرسە ھالىتىنى، خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتىش پائالىيىتى؛ تاشقى ئامىللارنىڭ ئادەم مېڭىسىدە قالدۇرغان ئىنكاسى: بۇ خەت تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى نامىدىن قومۇل قوزغىلاڭچىلىرىغا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى بىلەن تۇرپان ئاستانە ۋە قارغۇجىدىكى دېھقانلارنىڭ لۈكچۈن ۋاڭىغا قارشى قوزغىلىپ چىققانلىقى، ھازىر بۇ قوزغىلاڭغا توخسۇن، پىچان قاتارلىق جايلاردىنمۇ ئادەملەر كېلىپ قوشۇلۇۋاتقانلىقى بايان قىلىنغان. * ئۇنى تەڭلەشتۈرۈپ بولماس قۇياشقا، ئەسەرنىڭ قىممىتى، تەسىرى باشقا. ② ئابروي، ئىناۋەت، ئەتىۋار، نوپۇز: جۇڭگونىڭ يالغۇز جۇڭگودىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيادىمۇ تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى.

**تەسىر قالدۇرماق** تەسىر سىڭدۈرمەك، تەسىر ئۆتكۈزمەك: لۇتپۇللانىڭ پىكىر مەنتىقىسى، ئۆتكۈر زېھن-ئىقتىدارى، كۆپ تەرەپلىمىلىك ساۋاتى ئەنۋەر ناسىرنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. * ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىلىم-پەننىڭ ئەگرى-توقاي يولىدا ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەش روھى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

**تەسىر قوزغىماق** تەسىر كۆرسەتمەك، تەسىر پەيدا قىلماق: بۇ خىل ئىنقىلابىي ھېكايىلەر يولداشلارنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى.

**تەسىر قىلماق** تەسىر كۆرسەتمەك، تەسىر پەيدا قىلماق: كامالنىڭ سۆزلىرى باتۇرغا تەسىر قىلىشقا باشلىدى. كامال سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ باتۇرنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلىدى.

**تەسىر كۆرسەتمەك** تەسىر پەيدا قىلماق، تەسىر ئۆتكۈزمەك، تەسىر قىلماق: پارتىيىمىز مەملىكىتىمىزدىكى بىر مىليارد ئاھالىگە رەھبەرلىك قىلغۇچى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە بولغانلىقتىن، ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى ھەققەتەنمۇ ئىجتىمائىي كەيپىياتقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. * ھىندى تىبابىتىمۇ ئۇيغۇر تىبابىتىگە مەلۇم تەسىر كۆرسەتكەن.

**تەسىرات** ئى [ئە] ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئادەم مېڭىسىدە پەيدا قىلغان ئىنكاسى، ئالامىتى: ئۇ مەندە ناھايىتى ئوبدان تەسىرات قالدۇردى.

**تەسىرچان** سۈپ. تېز، نەتىجىلىك تەسىر بېرىدىغان؛ تېز تەسىرلەندۈرىدىغان؛ تەسىرلىك.

**تەسىرچانلىق** «تەسىرچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: روشەنكى، ھەرقانداق بەدىئىي ئەسەر پەقەت مول ئىدىيىۋى مەزمۇنغىلا ئەمەس، بەلكى يۈكسەك بەدىئىي تەسىرچانلىققا، كىشىلەرنى ئالغا يېتەكلەيدىغان ئىلھاملاندۇرۇش كۈچىگە ئىگە بولغاندىلا، ھەقىقىي قەدىر-قىممەتكە ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، خەلقنىڭ مول مەنىۋى بايلىقىغا ئايلىنىپ، كىشىلەرنى تەربىيىلەش رولىنى ئوينايدۇ.

**تەسىرلەندۈرمەك** «تەسىرلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئادىلدىكى تېخنىكا يېڭىلاش روھى، ئۆزىنىڭ زېھنى بىلەن ئانچە ھېساب-كىتاب قىلىپ يۈرمەي، تېخنىكا ئىسلاھ قىلىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىشى ئۇنى تەسىرلەندۈردى. * ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ سېھرىي كۈچىمۇ ئەنە شۇ ئوبرازدىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، ئۇ كىشىلەردە بىۋاسىتە سېزىم پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى تەسىرلەندۈرىدۇ. ئوبرازدىن ئايرىلىپ قالدىكەن، ئۇ چاغدا تۈپ ئىدىيە ۋە مۇددىئانى، غايە ۋە ئىرادىنى گەۋدىلەندۈرگۈچى ئاساستىن مەھرۇم بولغان بولىدۇ. * ئۇنىڭ سۆزلىرى ئاددىي ئىدى، بىراق ئۇنىڭ ئىرادىسى سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرىنى تەسىرلەندۈردى.

**تەسرلەندۈرۈلمەك** «تەسرلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەسرلەنمەك** پ ① تەسراتقا ئىگە بولماق، تەسىر ئالماق: ئۇلار مىرغەزەپنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل سوراپ كەلگەنلىكىدىن تەسرلەندى. ② ھاياجانلانماق: بۇ كىچىككىنە بالىنىڭ سۆزلىرىدىن باسىت قاتتىق تەسرلەندى.

**تەسىرلىك** سۈپ ① تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان، نەتىجىلىك، پايدىلىق: كىچىكىدىنلا ئارزۇلاپ ئۆستۈرۈلگەن بۇ ئەركە قىز بۇگۈنكى ئۆزىنىڭ تەسرلىك ئىش پائالىيەتلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ئىگە بولۇپ، شەرەپ تاختىسى ۋە گېزىتلەردە ماختىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ＊ ھېكايىنى ئاڭلاۋېتىپ، لېتىپ ئۆزىنى خۇددى ئابدۇراخماننىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ تەسرلىك ئىش ئىزلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. ② كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان، كىشىدە كۈچلۈك تەسرات قوزغايدىغان: راستىنى ئېيتسام، بۈگۈن سەھنىدە شۇنداق يېقىملىق ۋە تەسرلىك ناخشا ئېيتىشىڭىزكى، خۇددى مېنىڭ يۈرىكىمنى سۇغۇرۇۋالغاندەك بولدىڭىزغۇ. ＊ لۇتپۇللانىڭ بۇ تەسرلىك سۆزلىرى دوستلىرىنىڭ قەلبىنى ئىنتايىن ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى.

**تەسس** ئى [ئە] → تەسس قىلماق.

**تەسس قىلماق** تەشكىل قىلماق، بەرپا قىلماق، ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەك: رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار سەنئەت شۆبىلىرى ۋە مەكتەپلەردىن ئادەم ئاجرىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت شۆبىسى ۋە سەنئەت مەكتەپلىرىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى تەسس قىلدى. ＊ ئۇچتۇرپاندا تۇنجى پەننىي مەكتەپلەرنى تەسس قىلغۇچىلارنىڭ بىرى مەن. ＊ خاقان پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇھىم قاتناش يوللىرىدا، ھەر بەش چاقىرىم، ئون چاقىرىم ياكى 25 چاقىرىم ئارىلىقتا بىردىن جىددىي يەتكۈزۈش مەھكىمىسى تەسس قىلغان.

**تەشەببۇس** ئى [ئە] بىرەر ئىشقا باشلاش؛ دالالەت، ئۈندەش، دەۋەت: ئۇ بىر يىل دۈينىڭ بوغالتىرلىقىنى قىلغاندىن كېيىن، كۆپچىلىكنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۈچ ئايلىق دوختۇرلۇق كۇرسىغا بېرىپ ئوقۇپ، خەلق دوختۇرى بولۇپ قالدى. ＊ ئەخمەتجان دېگىنىمدەك قىلدى ۋە مېنىڭ تەشەببۇسۇم بىلەن تەكتىكى ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە كۈنلۈك خاتىرە يېزىپ باردى.

**تەشەببۇس قىلماق** بىرەر ئىشقا باشلىماق؛ دالالەت قىلماق، ئۈندىمەك، دەۋەت قىلماق: ئۇ كىشى بىر ئاز ئىلغار پىكىرلىك بولۇپ، خىيانەتچىلىككە، جاھالەتكە قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ＊ باش تېخنىك ئەسئەت ئىش توختىتىپ ئىنقىلاب قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. «ئىش توختاتمىز - توختاتمايمىز» ئۈستىدە كەسكىن ئېلىشىش بولدى.

**تەشەببۇسچان** سۈپ. → تەشەببۇسكار: تەشەببۇسچان ئادەم. تەشەببۇسچان كادىر.

**تەشەببۇسچانلىق** «تەشەببۇسچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ تەشەببۇسچانلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، كۆپچىلىككە باشچىلىق قىلدى.

**تەشەببۇسچى** ئى. تەشەببۇس قىلغۇچى، تەشەببۇسكار: تەشەببۇسچى ئوقۇغۇچى. // بۇنىڭدىن باشقا، يەر تېرىش بىلەن قاۋانلىقتا تۇتۇش قىلىپ يەر ئېچىشتىمۇ، ئەكبەر بىرىنچى تەشەببۇسچى. ＊ مۇرات «ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ قۇراشتۇرىمىز» دېگۈچىلەرنىڭ باش تەشەببۇسچىسى ئىدى.

**تەشەببۇسچىلىق** ئى. تەشەببۇس قىلىش ئىشى، تەشەببۇسكارلىق.

**تەشەببۇسكار** سۈپ [ئە+پ] بىرەر تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى، تەشەببۇس قىلغۇچى: ئۇ دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولۇشتا ئاڭلىق بولدى، دەۋرنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرۈشتە تەشەببۇسكار بولدى. ＊ ئۇچقۇر ئاتمۇ يېتىلىدۇ سەپەر بىلەن، جۇرئەتلىكلەر دائىم ھەمراھ زەپەر بىلەن، ئىلىم

كەشىپ، ئىختىرانىڭ يولى يورۇق، تەشەببۇسكار بولسا قالماس ھېچكىم قۇرۇق.

**تەشەببۇسكارلىق** «تەشەببۇسكار» سۆز-نىڭ ئىسىم شەكلى: باشقا ياش ئۇچقۇنلاردىن مەۋلانجان تۇردىيوۋ، ئابدۇكېرىم ئارىپوۋ، ئىبراھىم ئىدرىسوۋ، ئەخمەت ھەسەنوۋلارمۇ بۇ جەھەتتىن ئۆزلىرىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن تېگىشلىك مەجبۇرىيەت قوبۇل قىلىپ ئالدى. * ئۇ كۆرۈلگەن بەزى يېڭى مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاساسىي قاتلامدىكى ياشلار ئارىسىغا بېرىپ، ھەل قىلىش چارىسىنى ئىزلىدى.

**تەشەببۇسنامە** ئى [ئە+پ] بىرەر ئىش-ھە-رىكەت، پائالىيەت، كۈرەش قاتارلىقلارغا ئۈندەپ، دالالەت قىلىپ يېزىلغان خەت: بۇ ھەقتە، خەلققارا باش سەھىيە تەشكىلاتىدىن ھەر قايسى مەملىكەتلەرنىڭ سەھىيە دائىرىلىرىغا تەشەببۇسنامە ۋە تەكلىپلەر بېرىلىۋاتىدۇ.

**تەشەككۇر** ئى [ئە] بىراۋنىڭ قىلغان ياخشى ئىش، ياخشى خىزمەتلىرى ئۈچۈن بىلدۈرۈل-گەن مىننەتدارلىق، رەھمەت، مەمنۇنى-يەت: شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز يېشى ئۆزىگە ھايات بەخش ئېتىپ، گۆر ئاغزىدىن ياندۇرۇپ كەلگەن بۇ ئىككى ھەمراھى ئۈچۈن ئىچ-ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىققان تەشەككۇرى ئىدى. * تەشەككۇر، مېھرى ئوتلۇق قېرىنداشلار، بىباھا ئەنجۈرۈڭدىن ئېلىپ كەپسەن؛ ئەنجۈردىن شېرىن شەربەت بېرىپ دىلغا، ئېرىپ ئېرلاپ، جاراڭلىق ساز چېلىپ كەپسەن.

**تەشەككۇر بىلدۈرمەك** ← **تەشەككۇر ئېيتماق**: ئۇ مەجلىسخانىغا سەپسالدى. تاملار پۈتۈنلەي لەۋھە، بايراقلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قوشباغنىڭ ياردىمى، ئوبدان كۈتۈۋالغىنىغا تەشەككۇر بىلدۈرۈپ تەقدىم قىلىنغانىدى.

**تەشەككۇر ئېيتماق** بىراۋنىڭ قىلغان ياخشى ئىش، ياخشى خىزمەتلىرى ئۈچۈن رەھمەت، بارىكاللا ئېيتماق، تەشەككۇر بىلدۈرمەك: بۇ ـ ئۇنىڭ ئۆيىگە باشقىلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق يازغان بىر پارچە خېتى، پارتىيىگە چىن يۈرىكىدىن ئېيتقان تەشەككۇرى ئىدى. * سائەتنى ئېھتىرام بىلەن تاپشۇرۇۋالغان ئابدۇراخمان تەشەككۇر ئېيتقاچ، جەڭچىنىڭ ئادرېسى ۋە ئىسىم فامىلىسىنى سورىدى.

**تەشەككۇرنامە** ئى [ئە+پ] بىراۋ ياكى بىرەر كوللېكتىپنىڭ قىلغان ياخشى خىزمەت-لىرىنى تەبرىكلەپ بېرىلگەن يازما تەشەككۇر، تەقدىرنامە: ـ توغرا ئېيتتىڭىز، بۇ «تەشەككۇرنامە» چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئىكەن، مەنمۇ يولداش خۇرشىدەنىڭ روھىدىن ئۆگىنىمەن! ـ دېدىم. * ئۇلار شىنجاڭ داشۆ پارتكومىغا بىر پارچە «تەشەككۇرنامە» يېزىپ، ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى ئىزھار قىلدى.

**تەشتەك** ئى. گۈل ئۆستۈرۈش ئۈچۈن قىرلىق ياكى يۇمىلاق قىلىپ ياسالغان، تېگىدە نەم ئۆتكۈزۈش تۆشۈكى بار ساپال قاچا: ھويلىنىڭ كىرىش ئىشىكى يېنىدىكى سۇپىغا بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان بىر نەچچە تەشتەك گۈل قويۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ رەڭگارەڭ ئېچىلىشى بۇ يەرنىڭ قىياپىتىنى گۈزەللە شتۈرۈۋەتكەنىدى.

**تەشتۈرمەك** «تەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۆشۈك تەشتۈرمەك.

**تەشتۈرۈلمەك** «تەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەشخىس** ئى [ئە] <تب> ← **دىئاگنوز**.

**تەشكۈت** ئى. دىئال. لاپقۇت، ھەمكارلىق.

**تەشكۈچى** سۈپ. تېشىش رولىنى ئوينايدى-غان، تېشىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان: تەشكۈچى قۇرت.

**تەشكۈچى قۇرت** <زوئول> دەرەخ غوللىرى، كىيىم-كېچەك، دان ۋە كىتاب قاتارلىقلارغا چۈشۈپ، ئۇلارنى تېشىپ نابۇت قىلىدىغان ئۇزۇن بۇرۇت قوڭغۇز،

كۆيە، قاناتسىز كۆيە، مېتە قاتارلىق قۇرتلار.

**تەشكىل** ئى [ئە] ① تۇرتاق غايە بىلەن ئۇيۇشقان بىرلەشمە؛ رەھبەرلىك قىلغۇچى ئورگان؛ تەشكىلات؛ ئۇيۇشما: ئۇ يېتىم نەۋرىسىنى تىزىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپ، كۆزى ئەما بولۇپ قالغاندىن بۇيان تەشكىلنىڭ ئۆزىمەي غەمخورلۇق قىلىپ كەلگەنلىكىنى، تەشكىلدىن، كۆپچىلىكتىن رازى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. * قارىچۇقۇم — ئوغلۇم ھامان ئالدىڭغا باق، پارتىيە، تەشكىل سۆزىگە سال قۇلاق.

**تەشكىل بولماق** ← **تەشكىل تاپماق.**

**تەشكىل تاپماق** تەركىبىي قىسىملاردىن، بۆلەكلەردىن ھاسىل بولماق؛ تۈزۈلمەك: مەركىزىي ئېرۋا سىستېمىسى مېڭە بىلەن يۇلۇندىن تەشكىل تاپقان.

**تەشكىل قىلغۇچى كۈچ** <فىز> بىرلا ۋاقىتتا، بىرنەچچە كۈچنىڭ مەلۇم بىر جىسمغا بولغان تەسىرى بىلەن يەنە بىر كۈچنىڭ شۇ جىسمغا بولغان تەسىرىنىڭ ئۈنۈمى ئوخشاش بولسا، بۇ بىرنەچچە كۈچ ئاشۇ بىر كۈچنىڭ تەشكىل قىلغۇچى كۈچلىرى بولىدۇ.

**تەشكىل قىلماق** تەركىبىي قىسمىغا كىرىپ، بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلماق، قۇرماق، ئۇيۇشماق: بۇ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىغىندىسى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى يەنى قانۇنىي ۋە سىياسىي ئۈستقۇرۇلمىسى بار ھەم مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئاڭ شەكلى ماسلىشىپ كەلگەن رېئال بازىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. * بۇ قوغدىنىش ئۆمكىنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، ئۆز قىسمىدىن بىر قىسىم ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئۇ ئۆمەكنى ئۆزگەرتىپ، باشقىدىن تەشكىل قىلدى.

**تەشكىلات** ئى [ئە] ① ئىجتىمائىي خوجىلىق بىرلەشمىسى ياكى دۆلەت مۇئەسسەسىسى: بۇ خىل ماجىرالاردا ئەھۋال مۇرەككەپ، چىېتىشلىق دائىرە كەڭ، بىر تەرەپ قىلىش تەس بولدى؛ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى بۇنىڭغا ئارىلىششقا جۈرئەت قىلالمىدى، ئالاقىدار تارماقلار ئارىلىششنى خالىمىدى؛ دەۋالاشقۇچىلار ئارقا-ئارقىدىن سوت مەھكىمىسىگە كېلىپ دەۋا قىلدى. ② بىرەر مەقسەت - مۇددىئا ۋە ياكى بىرەر مەسىلەك يولىدا ئۇيۇشقان بىرلىك، بىرلەشمە: ئازادلىقتىن بۇرۇن ئۇرۇمچىدە قۇرۇلغان يەر ئاستى تەشكىلات — خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتى گومىنداڭغا قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغانىدى. * ساۋۇتنىڭ شۇ قېتىمقى جەڭدە كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۆچۈن دەرىجىسى ئۆسۈپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىككىنچى تومۇرلۇق سىلىگى بولۇپ كۆتۈرۈلدى.

**تەشكىلاتچى** ئى. بىرەر تەشكىلاتنى قۇرغۇچى، بارلىققا كەلتۈرگۈچى؛ بىرەر ئىش- ھەرىكەتنى باشلاپ بەرگەن، تەشكىل قىلغان، ئۇيۇشتۇرغان ۋە ئۇنىڭغا باشچىلىق قىلغۇچى شەخس: ھەمراھ - كوللېكتىپلىشىش جەريانىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن يېزا ئاكتىپى. ئۇ - ئېنىق غايە، مۇقىم سىياسىي قاراشقا ئىگە بولغان ئاڭلىق تەشكىلاتچى.

**تەشكىلاتچىلىق** «تەشكىلاتچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: دۆلەت پەن-تېخنىكا كومىتېتى ۋە ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكا كومىتېتلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتكومنىڭ ۋە ھۆكۈمەتنىڭ پەن-تېخنىكا مەسلىھەتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، چوڭ-چوڭ تېما ۋە قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى مەركەز قىلىپ، تەشكىلاتچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

**تەشكىلچان** سۈپ. تەشكىلىي ئىنتىزام كۆز قارىشى كۈچلۈك، تەشكىلگە تولۇق بويسۇنىدىغان: تەشكىلچان بالا.

**تەشكىلچانلىق** «تەشكىلچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: پۈتۈن مەكتەپ خادىملىرىدا

تەشكىلچانلىق، ئىنتىزامچانلىقنى يېتىشتۈرۈش ياخشى خىزمەت ئادىتى، ئۇ مەكتەپ ئىستىلىنى يېتىشتۈرۈشتە ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

**تەشكىلسىز** سۈپ. ① تەشكىلگە بويسۇنمايدىغان، ئىنتىزامسىز: تەشكىلسىز ئادەم. ② تەشكىللەنمىگەن، چۇۋالچاق، تەشكىلى يوق: ئۈچ ۋىلايەت قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، تەشكىلسىز خەلق قوراللىق كۈچلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەربىي ئىشنى پىلانلىق، ئىنتىزاملىق ئېلىپ بېرىش زۆرۈر بولۇپ قالغانىدى.

**تەشكىلسىزلىك** «تەشكىلسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوتسىيالىزم شارائىتىدا، خەلق ئاممىسى يەنە سوتسىيالىستىك ئىنتىزام ئارقىلىق ئۆزىنى چەكلەپ تۇرۇشى، تەشكىلسىزلىك، ئىنتىزامسىزلىق ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇشى لازىم. * – ھەي ئەنسىرىمەڭ، مەن ئۆمەككە ئادەم ئەۋەتىپ خەۋەر قىلىپ قويىمەن. سەل كېيىن ئالىسىڭىزمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق. – ياق، ئۆمەر ئېلى ئاكا، بۇ تەشكىلسىزلىك بولىدۇ.

**تەشكىللەتمەك** «تەشكىللىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەشكىللەشتۈرمەك** «تەشكىللەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە دېھقانلارنى تەشكىللەشتۈرۈشكە تىنىماي ئىشلەۋاتقان كادىرلار ھەمراھ باشچىلىق قىلغان گۇرۇپپىنى كوپېراتىپقا ئايلاندۇرۇشنى نىشانلاپ تەربىيلىمەكتە ئىدى.

**تەشكىللەشتۈرۈلمەك** «تەشكىللەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەشكىللەنمەك** ① «تەشكىللىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: «8-مارت» خەلقئارا ئەمگەكچى ئاياللار بايرىمى كۈنى مەھەللىدىكى ئاياللار تەشكىللىنىپ، 18 مىڭ جىڭ ئوغۇت يىغىپ، قوشنا ئىشلەپچىقىرىش دۈيىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. * ياش يىگىتلەر ئويغىنىپ، تەشكىللەندى سەپ تۈزۈپ. كۆتۈرۈشكە قوزغىلاڭ، ياۋغا قارشى يەڭ تۈرۈپ. ② «تەشكىللىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: زاۋۇت پارتىيە كومىتېتىنىڭ قوللىشى بىلەن قۇراشتۇرۇش گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى.

**تەشكىللىك** سۈپ. تەشكىلى بار، چۇۋالچاق ئەمەس، تەشكىللەنگەن: ئۇ شۇ چاغدا، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى تەشكىللىك، پىلانلىق بولىدىغانلىقىنىمۇ چۈشەنگەندۇرەتتى. * بۇ ئىشنى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىدىكى رەھبىرىي يولداشلار ئۆزى ھەرىكەتكە كېلىپ، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا ئېلىپ بېرىشى لازىم.

**تەشكىللىمەك** پ. ① تەشكىلى بار، ئۇيۇشقان، ئۆملەشكەن ھالەتكە كەلتۈرمەك: بۇ پائالىيەتنى تېخىمۇ ياخشى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، بىز 16 نەپەر خەلق ئۇسسۇلچىلىرىنى تەشكىللەپ، يېزا-قىشلاقلارغا بېرىپ، دېھقان-چارۋىچىلارغا ئويۇن قويۇپ بەردۇق. * يەر تېرىساق چالمىنى، ئەر ۋە ئايال چوقۇيدۇ. تەشكىللىسەك ئاممىنى، ئىشلەپ ناخشا ئوقۇيدۇ. ② قۇرماق، بارلىققا كەلتۈرمەك: ئەسلىدە بۇ مەيدان گۈلباغ گۇڭشېسىنىڭ بىر ئەترىتى بولۇپ، 1958-يىلى يۇقىرىدىن بۇ ئەترەتنى ئايرىپ، باغۋەنچىلىك مەيدانى قىلىپ تەشكىللىدى.

**تەشكىلىي** سۈپ [ئە] تەشكىلگە ئائىت؛ تەشكىللەش، تۈزۈلۈش بىلەن باغلىنىشلىق بولغان: پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەت ئۆتمۈشتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، يەنە بۇ تۈزۈمنى 1954-يىلدىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىدا بەلگىلىگەن. * – ياخشى، ياخشى بوپتۇ، – دېدى ئۇ كىشى ئالقانلىرىنى بىر-بىرىگە سۈركەپ، بارماقلىرىنى ئۇۋۇلاپ قاس چىقارغاندىن كېيىن قاسىملارغا قول ئۇزاتتى، – تونۇشۇپ قويايلى، ئىسمىم يالقۇن، ئىدارىنىڭ تەشكىلىي خىزمەتلىرىگە مەسئۇلمەن.

**تەشمە** ئى. تۆشۈك، كامار: ھايات-مامات جېڭىگە چۈشكەن بۇ ئادەملەر تەشمىنى بۇرغىدەك

ئويۇپ كىرىپ كېتىپ باراتتى. * زەربىدارلار تەشمە تېشىپ ئۆتتى داۋاندىن، بىر باراۋەر ئاشتى سۈپەت، سۈرئەت پىلاندىن.

**تەشمە ستانوك** <ماشن> مېتال ياكى باشقا ماتېرىياللاردىن ئىشلەنگەن، دېتاللارغا تۆشۈك ئېچىشتا ئىشلىتىلىدىغان ستانوك. ئىشلىگەندە دېتال قوزغالمايدۇ، تىغ بىرلا ۋاقىتتا ھەم ئايلىنىدۇ، ھەم تېشىپ كىرىدۇ.

**تەشمەك** پ. بىرەر نەرسىنى ئويۇپ، چوقۇپ ياكى باشقا بىر خىل يول بىلەن تۆشۈك ئاچماق، تۆشۈك ھاسىل قىلماق: تامچە تاشنى تېشەر (ماقال). * بىزنىڭ شتاب بىر بۆلۈم ئەسكەر ئەۋەتتى. بۇلار پوتەينىڭ ئالدى تەرەپتىكى تامدىن تۆشۈك تەشتى. * چاپىدۇ ياپيلاقتا دەريا تاغ-داۋانلاردىن ئېشىپ، ئۆتكۈزۈپتۇ ئەل سۈنى تاغدىن تونىل ـ تەشمە تېشىپ.

**تەشنا** سۈپ [پ] ① سۇسىرىغان، چاڭقىغان؛ سۇغا زار: بېلىق دەريادا سۇغا تەشنا (ماقال). * بۇ چاغدا يىگىتمۇ، قويلىرىمۇ ئۇسسۇزلۇقتا تەشنا بولۇپ، قاتتىق ئۇسساپ كەتكەنىكەن. * چۆشتى يامغۇر كۆن بويى ياپلاق ئارا، سۇغا تەشنا باغرى چوڭ تۇپراق ئارا. ② كۆچمە. بىرەر نەرسىگە زار، موھتاج، بىرەر نەرسە تەلەپ قىلىپ ئىستېكۈچى، سېغىنغۇچى: ئەنە، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قوينى مىڭلاپ ئىلىم-پەن تەشنالىرى بىلەن تولغان سىفەن مەكتىپى تۇرۇپتۇ. * ئاھ، مارجان-بۇلاقلىقلار ئەنە شۇنداق گۈزەل كېلەچەككە نەقەدەر تەشنا-ھە؟!

**تەشنا بولماق** ئىنتىزار بولماق، ئادەتتىن تاشقىرى ئارزۇ قىلماق: ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆزىنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا چوڭقۇر سىڭگەن «غېرىب-سەنەم» نى كىنو ئېكرانىدا كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ كەلگەنىدى. * قىزىلگۈلدەك كۆركەم ۋە خۇش بۇي، ئېچىلىپسەن

گوگشى بېغىدا. پەن-بىلىمگە بولۇپسەن تەشنا، پەرۋاز قىلىپ ئۈمىد تېغىدا.

**تەشنالىق** ئى ① ئۇسسۇزلۇق، چاڭقاقلىق: تەر بىلەن كەلگەن تەشنالىققا داۋا (ماقال). * ئۇ قورسىقى ئاچسا، ياۋا گىياھلارنىڭ يىلتىزىنى كولاپ يەپتۇ؛ تەشنالىق قىستىغاندا، يامغۇر سۈيى ئىچىپتۇ. ② كۆچمە. بىرەر نەرسىگە موھتاجلىق، ئىنتىزارلىق: ئۇ سىنىپقا كىرىپ ئۆزىگە تەشنالىق بىلەن تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان ياش-ئەۋلادلارغا زوق-شوقى بىلەن دەرس سۆزلەشكە باشلىغاندا، ئۆز تەشۋىشلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇيتتى.

**تەشۋىش** ئى [ئە] قايغۇ، غەم، ئەندىشە، ئارامسىزلىق: ھەربىر كۈننى خۇددى ئىشكتىن بىر يىرتقۇچ ھايۋان كىرىپ كېلىدىغاندەك تەشۋىش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان يارمەممەت ئاكىنىڭ ئائىلىسىگە ھېچقانداق گەپ-سۆز تەگمىدى. * ئۆمرۈمنىڭ تۇمانلىق يىللىرى ئىدى، كۆڭلۈمدە ھايات ۋە ئۆلۈم تەشۋىشى. سېنىڭ بىر قىسسەڭنى سۆزلىگەن ماڭا، سۆرگۈنگە ھەيدەلگەن بىر ئالىم كىشى.

**تەشۋىش چەكمەك** ← **تەشۋىشلەنمەك**: تەشۋىش چېكىپ ياتالماپتۇ ھېچبىرى، نە ئۇيقۇغا ئىلىنماپتۇ كۆز قىرى.

**تەشۋىش قىلماق** ← **تەشۋىشلەنمەك**: ئۇ مېھمانلارغا بىر ئاز تەئەججۈپلىنىپ سالام بەرگەندىن كېيىن سادىققا قاراپ: ـ سىلىنىڭ ھېلى ئۇ ئېيتىزدا، ھېلى بۇ ئويمانلىقتا يۈرۈپ، بىر ئىزدا توختىمايدىغانلىقلىرىنى بىلگەچكە، ئىزدەپ قالىمەنمىكىن دەپ يول بويى تەشۋىش قىلغانىدىم، ـ دېدى. * ئاشىق بولساڭ تەشۋىش قىلما ئۆلۈمدىن، باغۋەن بولۇپ بۇي ئال تازا گۈلۈمدىن.

**تەشۋىشسىز** سۈپ. تەشۋىشى يوق، خاتىرجەم، تىنچ: ئاردىن بىر يىل ئۆتتى. تىكەندەك يالغۇز قالغان بوۋاي كۆڭلەرنى ئۆز غەمخانىسىدا تىنچ ۋە تەشۋىشسىز ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

**تەشۋىشلەندۈرمەك** «تەشۋىشلەنمەك»

پېشىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ۋەقە ھەممىنى خۇشاللاندۇردى ۋە تەشۋىشلەندۈردى. * مېھرىبانىنىڭ ئىشەنچىسى تېخىمۇ كۈچەيدى، لېكىن ئۇنى پەقەت بىرلا ئىش تەشۋىشلەندۈرەتتى.

**تەشۋىشلەنمەك** پ. قايغۇرماق، خەۋپسىرىمەك، چۆچۈمەك، قورقماق، ئەندىشە قىلماق؛ ئەنسىرىمەك: ئۇ ھەر قېتىم يول سالغاندا، نېمىشقىدۇر تەشۋىشلەنگەندەك، ئاۋۋال ئەتراپقا ئالاق-جالاق نەزەر تاشلايتتى، ئاندىن ساندۇقنىڭ ئاغزىنى قىيا ئاچاتتى-دە، دەرھال قۇلۇپلايتتى.

**تەشۋىشلىك** سۈپ. تەشۋىشى بار، تەشۋىشكە تولغان: ئۇنىڭ چىرايى تەشۋىشلىك ۋە قانسىز، كۆزلىرىنىڭ ئاستى كۆكەرگەنىدى. * ئانامنىڭ غەمدىن سارغايغان چىرايى جىددىي ۋە تەشۋىشلىك ئىدى، لېكىن مەن ئۆزۈمدىن بىغەم ھالدا ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىلەرگە قىزىقىپ قاراپ، بەخىرامان كېلەتتىم.

**تەشۋىق** ئى [ئە] كەڭ ئاممىغا سىياسىي جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىش، بىرەر ئىشقا سەپەرۋەر قىلىش ياكى بىرەر نەرسىنى چۈشەندۈرۈش يۈزىسىدىن ئاغزاكى ياكى يازما رەۋىشتە ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەت؛ تەشۋىقات: شىنجاڭنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى، خەنزۇ كادىرلار بولمىسىمۇ بولمايدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلىشىمىز لازىم.

**تەشۋىق قىلماق** تەشۋىق ئېلىپ بارماق، تەشۋىقات يۈرگۈزمەك؛ ئۈندىمەك، دالالەت قىلماق: پىئونېرلار ئەترەتلىرىدىن تاللانغان بىر قانچە مۇنەۋۋەر ئەترەت كوچىلارغا چىقىپ، ئاممىۋى تازىلىق ۋە قاتناش قائىدىسىنى تەشۋىق قىلدى ھەمدە نازارەت قىلدى. * مەن ئەترەت بويىچە بىر نەچچە قېتىم يىغىن ئېچىپ، تەكنى ئىلمىي پەرۋىش قىلىش توغرىسىدا تەشۋىق قىلدىم.

**تەشۋىقات** ئى [ئە] تەشۋىق-تەرغىب پائالىيىتى: شىنجاڭ بىرىنچى بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى پارتكومى ئىش ئورۇنلىرىنىڭ كۆپ ھەم تارقاق بولۇشىدەك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، بىر تەشۋىقات ماشىنىسى چىقىرىپ، ھەر قايسى ئىش ئورۇنلىرى ۋە ھويلىلارغا بېرىپ، «ئومۇمىي خەلق مەدەنىيەتلىك، ئەدەبلىك ئېيى» پائالىيىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بارغانىدى. * چاقىردىم مەن دىققەتكە، قۇلاق سالدى ھەممەيلەن؛ تەشۋىقاتنى باشلىدىم، ئاددى، راۋان تىل بىلەن.

**تەشۋىقاتچى** ئى. تەشۋىقات ئېلىپ بارغۇچى كىشى.

**تەشۋىقاتچىلىق** ئى. تەشۋىق قىلىش، تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ئىشلىرى: تەشۋىقاتچىلىق قىلماق.

**تەشۋىق-تەربىيە** تەشۋىق ھەم تەربىيە: ناھىيىلىك پارتكوم يۇقىرىقى ئەنگاسلارنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىشنى تەشۋىق ـ تەربىيىدىن باشلاپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلىدى.

**تەشۋىق-تەرغىب** تەشۋىق ۋە تەرغىب: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەققىدىكى تەشۋىق-تەرغىب ئىشلىرىنى كەڭ دائىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك، داۋاملىق ئېلىپ بېرىش لازىم.

**تەشۋىقىي** سۈپ [ئە] تەشۋىقاتقا، تەشۋىقات يۈرگۈزۈشكە ئائىت: تەشۋىقىي ماتېرىياللار. * شۇ چاغدىكى شوئار ۋە تەشۋىقىي گەپلەر كاللامغا قوغۇشۇندەك قۇيۇلغان بولۇپ، ئۆزۈمنىڭ ماڭغان يولىنى «شەكسىز توغرا» دەپ ھېسابلايتتىم.

**تەق** (توغرىسى: تەخ) ← **تەخ.**

**تەقەززا** ئى [ئە] ① بىرەر ۋەزىيەت ياكى ھالەتتىن كېلىپ چىقىدىغان تەلەپ، ئېھتىياج، زۆرۈرىيەت: ھەر قانداق جەمئىيەت، ھەر قانداق مىللەت ۋە ھەر قانداق ئىجتىمائىي

كەسپلەرنىڭ ئۆز شارائىتى ۋە ئۆز خاراكتېرى ھەم ئادەتلىرىنىڭ تەقەززاسى بويىچە شەكىللىنىپ چىققان مەخسۇس ئەخلاق قائىدىلىرى بولىدۇ. ② تەشنا: قېرىلار ياشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئۈچۈن دۇئا قىلىشتى. ياشلار بولسا ئازادلىق جەڭچىلىرى سىپىگە تېزرەك قوشۇلۇشقا تەقەززا ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى.

**تەقەززا بولماق** ئىنتىزار، تەشنا بولماق، تەلمۈرمەك: قارا ھاشىر، مەن بۈگۈن رازىيەدىن خەت ئېلىپ، تەقەززا بولۇپ كۈتكەن مۇبارەك كۈننى كۆرگەنلەك خۇشال بولدۇم. * مەن ھەمراھلىرىمغا بىرەر خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشكە تەقەززا بولۇپ، مۇدۇرۇپ-يىقىلىپ يۈرۈپ ھەممىدىن بۇرۇن دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدىم-دە، ئالدىمدىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ، ھاياجاندىن سەكرەپ كەتتىم.

**تەقەززا قىلماق** ① ئىنتىزار قىلماق، تەلمۈرتمەك: كېرەكلىك نەرسىلەرنى ۋاقتىدا تەگكەلمەي، بىزنى بەك تەقەززا قىلىۋەتتىڭ. ② <پەلس> بىر خىل شەيئىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۆزگىرىشى باشقا بىر خىل شەيئىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۆزگىرىشىنى شەرت قىلماق. مەسىلەن، تەبىئەت دۇنياسى ۋە جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەر بىر-بىرىگە باغلىنىدۇ ھەم بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ.

**تەقەززالانماق** پ. تەقەززا بولماق: ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىشخانىسى ئالدىدىكى مەيدان ئادەم بىلەن تولغانىدى. كىشىلەر ھايۋانات باغچىسىدىكى بوغما يىلاننى كۆرۈشكە ئالدىرىغاندەك، مەختەتنى كۆرۈشكە تەقەززالىنىپ، سەپىنىڭ ئالدىنى تالىشاتتى.

**تەقەززالىق** «تەقەززا» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: كۆپچىلىك ياشلار ئۆيلىرىدىن بۆسۈپ، كوچىغا چىقىشقا پېتىنالمىغان بولسىمۇ، مىللىي ئارمىيىگە قاتنىشىش تەقەززالىقى بىلەن ئىچ-ئىچىدىن ئوت بولۇپ يانىدى. * لۇتپوللا ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى.

**تەقدىر** I ئى [ئە] ① <دىن> دىنىي چۈشەنچە بويىچە، ئالدىن بەلگىلەپ قويۇلغان، پېشانىگە پۈتۈلگەن كۆرگۈلۈك؛ قىسمەت: بۇ ناخشا بىر نەچچە كۈن ئىچىدە پۈتۈن تاغ رايونلىرىغا تارقىلىپ كەتتى. بىراق بۈگۈن-ئەتە ئىچىدە تەقدىرنىڭ يەنە قانداق ئويۇن باشلايدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. * جىلىل بوۋاي بىلەن بەھرىخان يىل بويى سامانلىقتا ياتاتتى. سوغۇقتا، ئاچلىقتا چىداپ، ئېغىر مۇشەققەتلىك تۇرمۇش كەچۈرەتتى. تەقدىر كىشىنى مانا شۇنداق ئازابلامدۇ؟ ② كېلەچەك، ئاقىۋەت، ئىستىقبال: بۇ يىغىن لەنگەر خەلقنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك جىددىي يىغىن. شۇڭا يىغىنىمىزغا باستى مۇدىر قەدەم تەشرىپ قىلدى، ③ جۈملىدە، ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى «دە» بىلەن بىللە كېلىپ، تىركەلمە ۋەزىيىتىنى ئارتتۇرىدۇ: كېۋىر ئاكا جىگەر كېسىلى بىلەن ئاغرىپ، ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا ياتقىلى خېلى كۈنلەر بولدى. ئۇ دوختۇرخانىدىن چىققان تەقدىردىمۇ، ئېغىر ئەمگەك قىلالمايدۇ.

**تەقدىرگە تەن بەرمەك** ① ئۆز تەقدىرىگە، كۆرگەن كۈنىگە، پېشانىگە پۈتۈلگىنىگە ئەھۋۈكمىللا دېمەك: ئايلار، يىللار بىر خىلدا كېتىۋەردى؛ زامان ئۆز پەيلىنى ئۆزگەرتمەي ئۆتتۈۋەردى؛ سەپەرقۇلمۇ تەقدىرگە تەن بېرىپ، تىرىكچىلىكنى قىلىۋەردى. * گۈزەل ئامرىنىڭ بىر يىل كۆز يېشى قۇرۇماي يىغلايدۇ-دە، ئاندىن كېيىن تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئىككىنچى بىرىگە پۈتۈن مۇھەببىتىنى تەقدىم قىلىدۇ. ② كۆنۈكمەك، رازى بولماق، چىدىماق: بۇ قېتىم ئۇنىڭدىن بولماس ئۆزگىچە، تەقدىرگە تەن بېرىپ قىلايلى شۈكۈر. ئاغرىماس بېشىمغا ئالتە تاياق، دەپ، قالمايلى بىز يەنە يىغلىشىپ ھۆر-ھۆر.

**تەقدىر** II ئى [ئە] شەخس ياكى كوللېكتىپنىڭ ياراتقان نەتىجىسى، دۆلەت

ۋە كوللېكتىپ ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىگە ئاساسەن بېرىلىدىغان ماددىي ۋە مەنىۋى مۇكاپات: **تەقدىرگە ئېرىشمەك.**

**تەقدىر-تەنقىد** تەقدىر ھەم تەنقىد: **خاپا بولمالىڭ، تەقدىر-تەنقىدنىڭ كۆنىكىنى بىر.**

**تەقدىرچىلىك** ئى <پەلس> تارىخ تەرەققىياتنى بىر خىل توسقىلى بولمايدىغان كۈچ يەنى تەقدىر بەلگىلەيدۇ دەپ قارايدىغان دىنىي ۋە ئىدېئالىستىك تەلىمات. ئۇ ئادەمنىڭ ھەر قانداق پائالىيەتچانلىق-ئىجادكارلىق رولىنى ئىنكار قىلىپ، تەقدىرنىڭ ھۆكۈمىگە تەن بېرىشنى، رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش يولىدا ھېچقانداق تىرىشچانلىق كۆرسەتمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. تىرىشچانلىق كۆرسىتىلگىنى بىلەنمۇ، ئۇ بىكار ئاۋارىچىلىك بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

**تەقدىرداش** سۈپ. تەقدىرى بىر، تەقدىرى ئوخشاش: **بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ قاداق قوللىرى لەنگەردىكى ئاجايىپ بايلىقلارنى ياراتقان، ئۇلارنىڭ ساپ ۋىجدانى لەنگەرنىڭ ئۆتمۈشى ۋە كەلگۈسى بىلەن تەقدىرداش بولۇپ كەتكەن. * ئەل بىلەن تەقدىرداش بولدىڭىز دائىم، جەڭگىۋار تۇرمۇشنىڭ قايناملىرىدا. يېڭىشنىڭ يولىنى كۆرسەتتىڭىز سىز، چېلىشنىڭ ئەڭ كەسكىن مەيدانلىرىدا.**

**تەقدىردە** تىر. «-غان، -قان، -گەن، -كەن» بىلەن ياسالغان سۈپەتداشلاردىن كېيىن كېلىپ، «شۇنداق ھالەتتە، شۇنداق بولغان ئەھۋالدا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: **قانۇن تۈزۈپ چىقىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان دۆلەت ھاكىمىيىتى بولمىسا، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولى بولمىغان بولاتتى.**

**تەقدىرنامە** ئى [ئە+پ] ئالاھىدە ياخشى نەتىجە ياراتقانلارنىڭ تەقدىرلەنگەنلىكى ھەققىدە بېرىلگەن ئىسپات قەغىزى.

**تەقدىر-ئىرادە** تەقدىر ھەم ئىرادە: **تەقدىر-ئىرادە بىلەن بىز ئەنجانغا چىقىپ كەتكىلى ئىككى يىل بولغان. غېرىب-مۇساپىرچىلىق جېنىمىزدىن ئۆتۈپ، ئەمدى قايتىپ كېلىۋاتىمىز.**

**تەقدىرلەشمەك** «تەقدىرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: **خەلقنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشتا خىزمەت كۆرسەتكەن ئىلغار شەخسلەرنى كۆپچىلىك بىردەك تەقدىرلەشتى.**

**تەقدىرلەنمەك** «تەقدىرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: **لۇتپۇللا بىرىنچى دەرىجىلىك، تەلغەت ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات بىلەن تەقدىرلەندى. ئۇلارغا ئالقىش ياغدۇراتتى.**

**تەقدىرلىمەك** پ. شەخس ياكى كوللېكتىپنىڭ ياراتقان نەتىجىسى، دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىگە ئاساسەن، ئۇنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن مۇكاپاتلىماق: **مەن ھەر ھەپتىدە دادۇيگە 300 جىڭ ئوغۇت ئۆتكۈزىمەن. مەكتەپ بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولدۇم، مۇخپۇل تاغام مېنى دادۇيدە تەقدىرلىدى، يەنە تەقدىرنامە بەردى. * تازىلىق تەكشۈرۈشنىڭ ئاخىرىدا، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان تۇرپان ناھىيىسى ۋە مەمۇرىي مەھكىمە ئىدارە كوللېكتىپىنى تەقدىرلىدى.**

**تەقدىم** ئى [ئە] تەسەددۇق، ئىنئام؛ ھەدىيە: **مەن پاشايەن كىتابلارغا سىردىشىپ، ئۆستۈرىدۇ دىل مېھرىدە باغۇنىم. ئانا يۇرتۇم، مېنى كۆتكىن، قايتىمەن، ساڭا تەقدىم بارلىق بىلىم-بايلىقىم. * ۋەتەن ئۆمىدى مېنىڭ قەرزىمدۇر، شۇڭا بارلىقىم ئاڭا تەقدىمدۇر.**

**تەقدىم قىلماق** ھۆرمەت بىلەن بەرمەك، ھەدىيە قىلماق: **سابىر ناھىيىلىك سۇ بۆلۈمى تەقدىم قىلماقچى بولغان پۇل مەسلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. * قوزغىلاڭچىلاردىن چىقىم بولمىدى.**

موڭغۇل چارۋىچىلار باندىتلارنىڭ زۇلمى ۋە ئاسارىتىدىن قۇتۇلغاچقا، بىزگە ئاپىرىن ئوقۇدى؛ ماللىرىنى تەقدىم قىلدى. يەنە كىيىم-كېچەك ياكى كىيىملىك رەخت ۋە زىبۇزىننەتلەرنى تەقدىم قىلدى.

**تەقرىبىي** سۈپ [ئە] يېز ت. بەكمۇ ئېنىق ئەمەس، لېكىن ھەقىقىي قىممەتكە يېقىن: تەقرىبىي سان. تەقرىبىي قىممەت.

**تەقرىز** ئى [ئە] <ئەد> بىرەر كىتاب ياكى ماقالە ھەققىدە يېزىلغان ئوبزور ياكى كىتاب تونۇشتۇرۇلغان ماقالە: ئۇنىڭ بۇ توغرۇلۇق يازغان ئىلمىي ئەسەر، ئىلمىي ماقالە تەقرىزلىرى ناھايىتى كۆپ.

**تەقرىزچى** ئى. تەقرىز يازىدىغان كىشى؛ تەقرىز ئاپتورى: تۆتىنچى چارە، تەقرىزچىلەر قوشۇنىنى زورايتىش، ئەدەبىي تەقرىزنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

**تەقرىزچىلىك** ئى. تەقرىز يېزىش ئىشى، تەقرىز يېزىش كەسپى: مەيلى كەسپىي، مەيلى ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى بولسۇن، پۈتۈن كۈچىنى ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى، تەتقىقاتى ياكى تەقرىزچىلىككە مەركەزلەشتۈرۈشى لازىم.

**تەقسىر** ئى [ئە] «جانابلىرى، ئۆزلىرى، ئەپەندىم» قاتارلىق مەنىلەردىكى ھۆرمەت سۆزى: ھۆرمەتلىك تەقسىرلىرىم، ھەممىڭلار ئالتۇن تەخت ئۈستىدە يۇرت سوراپ كېلىۋاتىسلەر، ياش بىر بالىغا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، شاھىمىزنىڭ ھۆكۈمىنى ئۆزگەرتىشكە ئۆز مەسلىھەتىڭلارنى ئايىماڭلار. * بۇ بىكار ئېيتىلىۋاتقان ناخشا ئەمەس! بۇ خەقزە بىكاردىن-بىكار ئاچىل دەمدۇ، نېمىنى ئاچماقچى؟ بۇنىڭ تېگىدە بىر گەپ بار، تەقسىر!

**تەقسىم** ئى [ئە] تېگىشلىكى بويىچە بۆلۈش، ئايرىش: تەقسىم قىلماق. تەقسىم بولماق.

**تەقسىم بولماق** ① تەقسىم قىلىنماق، بۆلۈنمەك: ئەزالارغا ئوزۇقلۇق ئۈچۈن قالدۇرۇلغان ئاشلىق تەقسىم بولۇپ تۈگىدى. ② بەلگىلەنمەك، تەيىنلەنمەك.

**تەقسىم سان** <تىل> ساناق سان ۋە بەزى مۆلچەر سانلارغا «-دىن // -تىن» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان سان. مەسىلەن، بىردىن، ئۈچتىن، بەشتىن، يۈزدىن، ئون نەچچىدىن دېگەنگە ئوخشاش.

**تەقسىم قىلماق** ① ھەركىمگە ياكى ئورۇنغا تېگىشلىك بولغان نىسۋىنى (ھەققىنى) ئاجرىتىپ بەرمەك، بۆلۈپ بەرمەك: يەر ئىسلاھاتىدا، قادىرغا ئارال بويىدىن تۆت مو يەر، ئىككى قوي، جۇۋا، كەتمەن، ئۇرۇقلۇق، ئازراق ئۆي سەرەمجانلىرى تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. ② بىرەر ۋەزىپىگە، ئىشقا بەلگىلىمەك، قويماق، تەيىنلىمەك: ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن ۋە قىزلار گىمنازىيىسىنى پۈتتۈرگەنلەرنى قەشقەر ۋە يەكەنگە خىزمەتكە تەقسىم قىلدى.

**تەقسىمات** ئى [ئە] ئۆزئارا ياكى ھەر كىمگە، ھەر جايغا ئۆز ئۈلۈشىنى، تېگىشلىكىنى ئاجرىتىپ بېرىش، تەقسىم قىلىش؛ بۆلۈش: ئىش تەقسىماتى. دارامەت تەقسىماتى.

**تەقسىملەتمەك** «تەقسىملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تەقسىملىتىپ بەرمەك.

**تەقسىملەشمەك** «تەقسىملىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەقسىملەنمەك** «تەقسىملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ 1951-يىلىنىڭ باشلىرىدا ئوقۇشنى پۈتكۈزۈپ، قوشنا ۋىلايەتنىڭ ئەڭ چەت ناھىيىلىرىنىڭ بىرىدىكى يېزىغا خىزمەتكە تەقسىملەندى. * داۋالاش گۇرۇپپىسى چوقۇر كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، شەخسلەر بويىچە ۋەزىيەت تەقسىملىنىپ، ھەركىم ئۆز يولىدا مېڭىش

توغرا كەلدى.

**تەقسىملىمەك** پ ① ھەركىمگە ياكى ئورۇنغا ئۆز نېسۋىسىنى، تېگىشلىك بولغان ئۈلۈشىنى ئاجرىتىپ بەرمەك؛ ئۈلەشتۈرمەك، بۆلمەك: بىزمۇ دەسلەپ تەييار بولغان خامانىنىڭ گۈرۈچىنى دېھقانلىرىمىزغا تەقسىملەپ بېرىمىز دەپ، ئەتىگەندىن بېرى شال سوقتۇق. * دادۇي ۋە گۇڭشېنىڭ قوللىشى بىلەن، ھەر كىمگە مەسئۇلىيەت ئېتىزلىرى تەقسىملەپ بېرىلدى. ② بىرەر ۋەزىپىگە، ئىشقا تەيىنلىمەك، بەلگىلىمەك: مەن بۆلۈم مۇدىرىنىڭ تەلىپى بىلەن، ھەر كۈنى يېرىم كۈن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى خىزمەتكە تەقسىملەش ئىشىغا قاتناشتىم.

**تەققاس** ئى [ئە] ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش: تەققاس قىلماق.

**تەققاس قىلماق** ← تەققاسلىماق.

**تەققاسلىماق** پ. ئۆزئارا سېلىشتۇرماق، تەگلەشتۈرمەك: ئىسىم قويۇلغۇچىنىڭ كەلگۈسىدە باتۇر، ئىرادىلىك، قەيسەر بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن، شۇ خىل خۇسۇسىيەتلىك نەرسىلەرگە تەققاسلاپ ئىسىم قويۇش ئادىتى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ھازىرمۇ مەۋجۇد.

**تەقلىد** ئى [ئە] ① ئىش-ھەرىكەت، مېڭىش-تۇرۇشتا، ئىجادىيەتتە باشقىلارغا ئەگىشىش، ئوخشىتىش، دوراش، ئوخشاتما: ئەگەر بىر پۈتۈن خورنى ئادەمگە تەقلىد قىلساق، تۆۋەن ئاۋاز ئادەمنىڭ پۇتىغا، ئوتتۇرا ئاۋاز ئادەمنىڭ بېلىگە، يۇقىرى ئاۋاز ئادەمنىڭ بېشىغا ئوخشايدۇ. * قىلدىم ئۇنى كۈمۈش باشلىق چوققىغا تەقلىد، تاغ قارلىرى يازدا ئېرىپ سۇغىرار چۆلنى. ئوخشاتتىم مەن ئۇزۇن يىللىق چىنارغا ئۇنى، ئۆتكۈنچىگە سايە تاشلار، كۆرستەر يولنى. ② جۈملىدە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كېلىپ، تىركەلمە ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ: بەش يېرىم سائەتلىك سىناشتا قوشۇش ئەملىگە دائىر مەسىلىلەرنى ھېسابلاپ چىقارغاندا، ئۇنۇمنىڭ تۆۋەنلىشى ئەڭ تېز بولغان، بۇ قوشۇش ھېسابىنى چىقىرىش باشقا ئەقلىي ئەمگەكلەرگە قارىغاندا بىرلا تەقلىدە بولغانلىقىدىن بولغان. ③ <تىل> ئۇيغۇر تىلى سۆز تۈركۈملىرىنىڭ بىرى، يەنى كىشىنىڭ ئاڭلاش سېزىمى، كۆرۈش سېزىمى ۋە ھېسسىي سېزىمىگە تەقلىد قىلىنغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ۋاراڭ-چۇرۇڭ، ئىمىر-چىمىر، جىغ، پىچىر-پىچىر دېگەنگە ئوخشاشلار. ④ <ئەد> ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن ئادەم ۋە جانلىق، جانسىز نەرسىلەرنىڭ ئاۋازىنى، ھالىتىنى ئۆز پېتىچە ئىپادىلەش ئۇسۇلى.

**تەقلىد قۇرۇلما** <ماشىن> ستانوكتىكى بىر خىل قوشۇمچە قۇرۇلما. ئۇ تىغ ياكى دېتالنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. تىغ قېلىپ بويىچە ھەرىكەتلىنىپ، شۇ تەقلىددىكى دېتالنى ئىشلەپ چىقىدۇ.

**تەقلىد قىلماق** ئىش-ھەرىكەتتە، مېڭىش-تۇرۇشتا، ئىجاد قىلىشتا باشقىلارغا ئەگەشمەك، ئوخشاتماق؛ دورىماق: بالا ئورۇندۇققا مىنىۋېلىپ، ئاپتوموبىل سىگنالىغا تەقلىد قىلىپ «دىت، دىت!» دەپ ۋارقىرايدۇ ياكى ئات مىنگەنگە تەقلىد قىلىپ «چۇ، چۇ!» دەپ ئورۇندۇقنى «قامچىلاش»قا باشلايدۇ. * ئۇ ناۋاينىڭ شېئىرلىرىنى قىزىقىپ ئوقۇپ، چۈشەندۈرۈپ، شەرھلەپ بېرەتتى. ئارىلاپ ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ، بەزىبىر شېئىرلارنىمۇ يازغانىدى.

**تەقلىدتە** تىر. شۇنىڭغا ئوخشاش ھالەتتە، خىلدا، پېتى؛ شەكىلدە: بەختىگۈل تېخىچە شۇ تەقلىدتە تۇراتتى. ئورۇشتىن مۇنداق بىئارام قىلىشنى خالىمايتتى، لېكىن ئوچۇق بىر نېمە دېيىشكە يۈزى چىدىمايتتى.

**تەقلىدچى** ئى. باشقىلارغا تەقلىد قىلغۇچى، تەقلىد قىلىپ ماڭغۇچى؛ ئوخشاتقۇچى،

دورىغۇچى: ئەگەر بىرەر ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپتىكى ئۆگىنىشى ھېچنېمىنى ئىجاد قىلالماسلىق بىلەن نەتىجىلەنسە، ئۇ ئۆمۈرۋايەت تەقلىدچى ۋە كۆچۈرمىچى بولۇپ ئۆتىدۇ.

**تەقلىدچىلىك** ئى. باشقىلارغا تەقلىد قىلىش؛ تەقلىدىي يول؛ دورامچىلىق: ئۆتمۈشتىكىلەر ئوتتۇرىغا قويغان ياكى يېزىپ قالدۇرغان نەرسىلەرگە چۈشەنمەي تۇرۇپ ئەگىشىش ياكى ئۇنى ئىشلەتمەسلىك ۋە تەقلىدچىلىك بىلەنلا ئىش ئېلىپ بېرىش، تىبابەتنى بىر خىل پۇل تاپىدىغان ياكى جان باقىدىغان تىجارەت ئۇسۇلىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

**تەقلىدىي** سۈپ [ئە] تەقلىدتىن ئىبارەت بولغان، تەقلىد قىلىنغان، تەقلىد نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن: تەقلىدىي ئەسەر. تەقلىدىي شېئىر.

**تەقلىدىي ئاۋاز** <مۇز> تىياتىر، كىنو ۋە باشقا سەھنە ئويۇنلىرىدا قوللىنىلىدىغان ئىجادىيەت ۋاسىتىلىرىنىڭ بىرى. ئادەتتە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان كۆپ خىل سايمانلار، ئۇسۇل ۋە ماھارەتلەرنى ئىشقا سېلىپ، دوراش ياكى قايتا پەيدا قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق شامال، يامغۇر ۋە مىلتىق ئاۋازلىرىغا ئوخشاش تۈرلۈك ئاۋازلار چىقىرىلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، سەھنە ئىجادىيىتىنىڭ چىنلىقىنى ئاشۇرغىلى، مۇھىت كەيپىياتىنى گەۋدىلەندۈرگىلى ۋە سەنئەتنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**تەقلىدىي ھەرىكەت** <تىيا> تىياتىر ئارتىسلىرى سەنئەت ئىجادىيىتىدە قوللىنىدىغان بىر خىل ۋاسىتە. ئارتىس ئۆزىگە ماسلاشقان ئەمەلىي نەرسىنىڭ پائالىيىتىنى ئورۇندىغاندا، نەرسە ئىشلەتمەيدۇ ياكى بىر قىسمىنى ئىشلىتىپ، شۇ خىل ھەرىكەتنى دورايدۇ. مەسىلەن، قول ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاتقا قامچا ئۇرغانلىقنى؛ پالاق بىلەن قېيىق ھەيدىگەنلىكنى ئىپادە قىلغانغا ئوخشاش.

**تەقلىدىي يېزىق** <تىل> نەرسىلەرنىڭ شەكلىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇقۇم ئۇقتۇرۇلىدىغان يېزىق. ئۇنىڭ ھەربىر خېتىنىڭ مۇقىم ئوقۇلۇشى بولىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا رەسىملىك يېزىققا ئوخشىمايدۇ.

**تەقۋا** ئى [ئە] ① <دىن> پىر ت مۇستەھكەم، تەۋرەنمەس دىنىي ئېتىقادچى: بۇ ناھايىتى تەقۋا ئادەم ئىكەن. * بۇ مەي رەڭگىدە قەلبىمنىڭ يېرىلغان پارىسى باردۇر نەزەر سالسالڭ يۈرىكىمگە مۇھەببەت يارىسى باردۇر تېپىلماس ئەھلى تەقۋادىن بۇ دەردىمگە مېنىڭ لوقمان، تۈمەن خىل رەنجىنى مەينىڭ ساقايتماق چارىسى باردۇر. ② يامان، قىلىقسىز ئىشلاردىن ھەزەر ئەيلەيدىغان، ھەر خىل بۇزۇقچىلىقلاردىن ئۆزىنى تارتىدىغان ساغلام ئۆتىدىغان ھالەت: ئېتىڭ رەنا ۋۇجۇدۇڭ گۈل، ئۆزۈڭ ياقۇت تەمەنناسىز، تەمەننا ئەيلىسە بۇلبۇلغا گۈلمۇ بەلكى مەناسىز. مېنىڭ قەلبىمنى جەلپ ئەتكەن ئەشۇ گۈل قەد، ئەشۇ گۈلرۇخ، كى مەناسىز بولۇر تەقۋادا ئۆتسەم گۈلى رەناسىز. // ئاياللار بۇنداق ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان تاتلىق-شېرىن گەپلەرنى ئاڭلاشقا خۇشتار، ھەتتا ئۇنىڭغا جاۋاب ياندۇرۇش لازىم بولمىغان تەقدىردە بۇنداق گەپلەر ئەلڭ تەقۋا ئاياللارنىڭمۇ قۇلىقىغا ياقىدۇ.

**تەقۋادار** سۈپ [ئە+پ] ① <دىن> مۇستەھكەم، تەۋرەنمەس دىنىي ئېتىقادى بار، خۇدانىڭ ئەمرىدىن چىقمايدىغان، دىندار: ياش چاغلىرىدا دىنىي مەكتەپتە خېلىلا ئوقۇغان سۇلتان دىنىي ئېتىقادى چىڭ، بەئ

نامازلىق، تەقۋادار ئادەم بولغاچقا، ۋاقتىنىڭ ياردىمى بىلەن ھەج تاۋاپ قىلدى. * ئۇنىڭ خوتۇنى تولىمۇ تەقۋادار، خۇداگۇي مەزلۇمە بولۇپ، ئاللانىڭ پەرز، سۈننەتلىرىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندايدىغانلاردىن ئىدى. ② يامان، قىلىقسىز ئىشلاردىن ھەزەر ئەيلەيدىغان، ھەر خىل بۇزۇقچىلىقلاردىن خالىي، پاك: ئۆزلىرى بولسىلا شەھەر بويىچە ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تەقۋادار ئادەم. ئۆزلىرىنىڭ ھەممە ئىشتىن خەۋەرلىرى بار. * مەسۇدىخان ئوشۇق-تۆشۈك گېپى يوق، كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغان، بىر ئاز نازۇك، 35 ــ 38 ياشلارغا كىرگەن، ياۋاش، ساددا، تەقۋادار ئايال ئىدى.

**تەقۋادارلىق** «تەقۋادار» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ھەتتا ئىلىم ئىزلەپ يۇرت كەزگەن، خېلى چوڭ-چوڭ ئوقۇشتا بولغان دامۇللا، مۇدەررىس، موللا-مۇپتىلىرىمىزمۇ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپلا، كىچىككىنە مەنسەپ-ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، تەقۋادارلىق چاپىنىغا ئورىنىۋېلىپلا، مۇرادلىرى ھاسىل بولغاندەك بولۇشىدۇ.

**تەقىب** ئى [ئە] ئەركىن ھەركەت قىلىشقا ھەر خىل يول بىلەن قىلىنغان توسقۇنلۇق، نازارەت: ئابدۇللا داۋۇت بۇنىڭدىن يىرىم يىلچە بۇرۇن ئۈرۈمچىدىن سۈرگۈن بولۇپ، باي ۋە كۇچادا تەقىب ئاستىدا ھايات كەچۈرەتتى. * پەسكەش خىيالەت قىستاپ ياۋۇز نەپسىنى، كېزەتتى بىر قارا نىيەت كۆڭۈل-كۆكسىنى، شۇ سەۋەب كۆپ ئۇزاق ئاردا، ۋىسال پەيتلىرىنى ئالدى تەقىب ئاستىغا.

**تەقىب قىلماق** ← **تەقىبلىمەك**: شۇندىن كېيىن ھەمراھ بۇ ئادەمدىن تېخىمۇ قېچىپ يۈردى. بىراق، سۇلتان ئۇنى تەقىب قىلىشنى زادى تاشلىمىدى. * مەن كىتابچىلارنى ئىمزالىرىمىز بىلەن ئادرېسلىرىمىزنى يېزىپ، ئوچۇق-ئاشكارا بېسىپ تارقىتايلى دېمەكچىمەن. مەيلى ئۇلار پېتىنالىسا، بىزنى تەقىب قىلىۋەرسۇن.

**تەقىبلەشمەك** «تەقىبلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەقىبلەنمەك** «تەقىبلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تەقىبلەندىم نەچچە يىل، تالا-تۈزگە چىقالماي. گاڭگىرىدىم نە كۈناھ قىلغىنىمنى ئۇقالماي.

**تەقىبلىمەك** پ. سەزدۇرمەي كۆز-قۇلاق بولماق، كۆزەتمەك، سۈرۈشتۈرمەك، نازارەت قىلماق، تەقىب ئاستىغا ئالماق: گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ئۇنى خېلىدىن بېرى تەقىبلەپ يۈرەتتى.

**تەقى-تۇرقى** قەددى-قامىتى، رەڭگى-تەلەتى: ئۇ تەقى-تۇرقى كېلىشكەن، سۆزگە چېچەن، خۇش خۇي، قىزلار بىلەن ئاسانلا تونۇشۇپ، چىقىشىپ كېتىدىغان يىگىت ئىدى.

**تەقىيە** ئى [ئە] تۆپىسى قىسمى سىدام، جىيەكى كالۋۇتۇندىن تىكىلگەن باش كىيىم؛ بۆك: تاز باشقا يېشىل تەقىيە (ماقال). * ئېگىز بويلۇق، زور گەۋدىلىك، ئاق پىشماق، يۇمىلاق يۈزلۈك، قارا قاش، قارا كۆز كەلگەن ھەمدۇللا بايۋەچچىنىڭ ئۇچىسىدىكى ناۋات رەڭ شايى چاپىنى بىلەن بېشىدىكى تەقىيە دوپپىسى كۆزگە ئالاھىدە كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**تەك** ئى. ئۆزۈم ئۆسۈملۈكى، تېلى؛ بارىڭى: تۆمۈر ئاتا تەكنىڭ ئاستىدا قول چىرىغىنى ئېلىپ يۈرەتتى. * باغۋەنچىلىك مەيدانى 350 مو يەرگە تەك تىكتى.

**تەكامىل** (توغرىسى: تاكامۇل) ← **تاكامۇل**.

**تەكەببۇر** سۈپ [ئە] ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، دىمىغى ئۈستۈن؛ مەنمەنچى: مېھرىبان ئۇچۇن ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان ئادەملەر بىلەن بۇرۇنمۇ ئۇچرىشىشقا توغرا كەلگەن، لېكىن بۇ قەدەر تەكەببۇر ئايالنى كۆرۈشى تېخى تۇنجى قېتىم ئىدى. * نېمانچە تەكەببۇرسەن سېستىرا قىز، مىجەزىڭ خۇددى ئىشتىك ئۇستىرا قىز، دوختۇرنىڭ پىركاملى

لوقمان ھېكىم، كەمتەر ئۆتكەن، ئاتاڭدىن بىر سورا قىز.

**تەكەببۇرانە** رەۋ [ئە+پ] تەكەببۇرلۇق بىلەن، گىدىيىپ، كىبىر بىلەن: ئۇيغۇر ئۇيۇشما كۈلۈبىنىڭ ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك پەشتىقىدا، بىر ھەربىي ۋە بىر ساقچى ئوفىتسېر ھېيتگاھ مەيدانىغا قاراپ، تەكەببۇرانە غادىيىپ تۇراتتى. * ئارزۇگۈل مۇشۇلارنى ئويلاپ تەكەببۇرانە كۈلۈمسىرەپ قويدى.

**تەكەببۇرلاشتۇرماق** «تەكەببۇرلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كىچىككىنە ئەمەل ئۇنى بەكمۇ تەكەببۇرلاشتۇرۇۋەتتى.

**تەكەببۇرلاشماق** پ. تەكەببۇرلارغا خاس مىجەز ۋە قىلىق پەيدا قىلماق، كىبىر پەيدا بولماق، ھاكاۋۇرلاشماق: كېيىنكى ۋاقىتلاردا AQ خېلىلا ھۆرمەتكە ئىگە بولۇپ قالغان، شۇنىڭ ئۈچۈن تەكەببۇرلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇرۇشقاق، بىكار تەلەپلەرنى كۆرگەندە، ئۇلاردىن قورقاتتى.

**تەكەببۇرلۇق** «تەكەببۇر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: تەكەببۇرلۇق — ئالغا بېسىشنىڭ دۈشمىنى. * مەن ئاددىي پۇقرالارنى، ئاجىز كىشىلەرنى ياخشى كۆردۈم. لېكىن بايلىقلىرى، سۆلىتى تەكەببۇرلۇقلىرى بىلەن ماختىنىدىغان ئەخمەق زومىگەرلەرگە قارشى يۈرەك ئىسيانىم بىلەن ياشىدىم. * تۆت ئېغىز ئۆينىڭ قۇرۇق قالغان ئۆگزىسىدە، قىزىل خوراز تەكەببۇرلۇق بىلەن قانات قېقىپ چىللىماقتا.

**تەكەلدۇرۇك** ئى → ئودا.

**تەكەللۇپ** ئى [ئە] كىشىلەرگە ھۆرمەت-ئېھتىرام بىلەن قىلىنغان مۇئامىلە: ئۇ قولىدىكى قەلەمنى دۇۋەتكە سانجىپ قويۇپ، قازىنى تەكەللۇپ بىلەن قارشى ئالدى. * مۇنبىرىدىن خوجا غىزادىن ئاۋۋال بوزنى تۈگىتىپ بولۇش ئۈچۈن، كومزەكتىن ئەڭ ئاخىرقى بىر قاچا بوزنى قۇيۇپ، تەكەللۇپ بىلەن مېھمانغا تۇتتى.

**تەكەللۇپ قىلماق** كىشىلەرگە ھۆرمەت-ئېھتىرام بىلەن مۇئامىلە قىلماق: — كەلسىلە، قەمبەرخان ئاچا، كەلسىلە، ياخشى مېھمان ئاش ئۈستىگە دەپتىكەن، قېنى، يۇقىرى ئۆتسىلە، — دېدىم مەن بۇرۇنقى ئادىتىم بويىچە تەكەللۇپ قىلىپ.

**تەكەللۇپچان** سۈپ. تەكەللۇپ قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان، تەكەللۇپچى: باستىنىڭ كەيپى خۇش، ئۆزى بەك تەكەللۇپچان ئىدى.

**تەكەللۇپچى** سۈپ. تەكەللۇپ قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان، تەكەللۇپچان: شەمشى قارى بەكمۇ تەكەللۇپچى، خۇش خۇي، چاقماقتەك سۆزلەيدىغان، چىرايى سېرىققا مايىل، ئازراق چېچەك ئىزلىق، سىم بۇرۇت ئادەم ئىدى.

**تەكەللۇپسىز** سۈپ. تەكەللۇپ خاراكتېرىنى ئالمىغان: تەكەللۇپسىز گەپ. // تۆمۈر خەلپە خەتنى دانە-دانە قىلىپ ئۆز ھەمراھلىرىغا ئۈنلۈك ئوقۇپ بەردى. خەت ھېچقانداق تەكەللۇپسىزلا «شامەخسۇت چىلىڭ ۋاڭدىن تۆمۈر باشلىق پۇقرالىرىغا» دەپ باشلانغانىدى. * قازانغا ئەمدىلا سۇ قۇيۇپ بولۇپ تۇرۇۋېدىم، ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ، تۇم-تۇم قاشلىرى ۋە ئۆسۈپ كەتكەن بۇرۇتىنى قىراۋ قاپلىغان ۋايىت ئەپەندى تەكەللۇپسىزلا كىرىپ كەلدى.

**تەكەللۇپلۇق** سۈپ. تەكەللۇپ خاراكتېرىنى ئالغان: — مەن سىزنىڭ بۇنداق تەكەللۇپلۇق سۆزلەرنى قىلىشىڭىزنى ياقتۇرمايمەن، — دەيدۇ سالىخجان قىزىشىپ، — چۈنكى مەن سىزگە ئەمەس، سىز ماڭا پايدا كەلتۈرۈۋاتىسىز، سىزگە مېنىڭ ئۆيۈم ئۆمۈرلۈك ئوچۇق.

**تەكەللۇم** ئى [ئە] يېز ت. سۆھبەت، گەپ-سۆز: تۈرىدۇ تۈرقىڭ غەزەلدەك كۆزۈڭ كۆڭلۈڭ ئالدىدا، مەن تېخى لال سەن كەبى شېرىن تەكەللۇم ئالدىدا.

**تەكبىر** ئى [ئە] <دىن> ئاللاھۇ ئەكبەر (ئاللا ئەڭ ئۇلۇغدۇر) دېگەن ئىبارىنى ئېيتىش: يىگى كىيىملەرنى كىيىشكەن بىر توپ كىشى قۇربان ھېيت نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن چوڭ جامەگە كېتىۋاتاتتى، ئۇلار كېتىۋېتىپ توختاپ

توختاپ تەكبىر ئېيتىشتى.

**تەكبىر ئوقۇماق** ← **تەكبىر ئېيتماق:** كىشىلەرگە دىيانەتتىن ساۋات بېرىپ، قولىدىن تەسۋىيىنى، ئاغزىدىن تەكبىرنى چۈشۈرمەيدىغان بۇ تەقۋادار ئىشان غوجام، ئەگەر كوچىدىن چىرايلىقراق بىرەر ئايال ئۆتۈپ قالسا، خۇددى ئاچ قالغان بۆرىدەك قاراپ، ئولتۇرالماي قالاتتى.

**تەكبىر ئېيتماق** ئاللاھۇ ئەكبەر (ئاللا ئەڭ ئۇلۇغدۇر) دېمەك: ئولڭ قۇلىقىغا ئەزان، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتىپ قويغان ئېتىم تۇمۇر، كەسپىم ياغاچچى، يۇرتۇم قومۇل. * راستىنلا مەزىن تەكبىر ئېيتىپ ئۈزمايلا، خالىق دامۇللا جامائەت ئارىسىدىن ئىمامنىياز سوپىنى چاقىرىپ، يېنىغا ئالدى.

**تەكت (تەكتى)** ئى ① بىر نەرسىنىڭ ئاستى قىسمى، ئۇلى: ھېچ تۇۋشىسىز ئۆتكىنىڭدە مەھەللىمىزدىن، ئاڭلايتتىڭغۇ بىزنىڭ يىغا-زارىمىزنى. ئۆتكىنىڭدە يەر تەكتىدىن ـ خاڭ ئاستىدىن، ئاڭلايتتىڭغۇ ئىڭرىغان ئاھ-نالىمىزنى. ② كۆچمە. ئەسلىسى، كېلىش مەنبەسى، كېلىپ چىقىشى، تېگى: مەنمۇ ئادەمغۇ، ياخشى گەپ، يىللىق چىرايمۇ لازىمغۇ! مېنىڭ تەكتىم يەكەنلىك. * بۇ قىزنىڭ تەكتىنى بىلدىڭىزمۇ؟ ③ كۆچمە. مەزمۇنى، ماھىيىتى، سىررى: ئالدىمغا تاشلىدى نىغمەت گېزىتنى، باش قۇرنى ئوقۇپلا قالدىم تاڭ قېتىپ. سەرلەۋھە «ئەمەلدار بۇزۇپ چاچماقتا»، ئوقۇدۇم، تەكتىگە يەتتىم بىر بېقىپ.

**تەكتى تاش** يەرلىك سۇ تۈگمەنلىرىنىڭ ئاستىنقى تېشى

**تەكتىگە يەتمەك** بىرەر ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە قاتارلىقلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشەنمەك، بىلمەك: بۇ گەپتىن ھاڭ-تاڭ قالغان ئىبراھىم ئاكا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، سەۋرچانلىق بىلەن ئىشنىڭ تەكتىگە يېتىپ بېقىشنى ئويلاۋاتقاندا، پەرھاتنىڭ ئاپىسى ئوغلىنىڭ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، پۇت-قولىدا جان قالمىدى. ئۇ داد-پەرياد سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى.

**تەكچە** ئى [پ] ئۆي ۋە ھويلا تاملىرىغا چىقىرىلغان قىرماق، ئويۇق: ئۇلارنى قەدىمىي چوڭ ئۆينىڭ ئاق گەجدىن نەقىش-ناۋا چىقىرىپ ياسالغان ئۇزۇن، كەڭ ئويما تەكچىسى ئالدىغا باشلاپ كەلدى. * غوجى شۇ خىياللار بىلەن، گويا ئۆيگە بىرىنچى قېتىم كىرگەندەك، ئۇنىڭ ۋاسا جۈپلۈك تورۇسلىرىغا، چىنە-چەينەك تىزىلغان تەكچىلىرى بىلەن لېگەن-تەخسىلەر تىكلەپ قويۇلغان يوغان تاملىرىغا قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

**تەكرار** [ئە] ① رەۋ. ئىككىنچى ياكى كۆپ قېتىم؛ ياندۇرمىلاپ، قايتا-قايتا: سۆزۈڭ تاتلىق بولسىمۇ، تەكرار سۆزلىمە (ماقال). * يىگىتلەر بارا-بارا چېكىنىپ، دۈشمەن توپىنى يىراقتا قالدۇردى. ئۇلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەنە دۈشمەن ئارقىسىدا پەيدا بولدى-دە، دۈشمەنگە ئوقتەك ئېتىلدى، ئەنە شۇنداق تەكرار چېكىنىش، تەكرار ھۇجۇم قىلىش داۋاملىشۋېرىپ، ساي ئۈستىدە جەسەتلەر كۆپىيىۋەردى، نەسىردىننىڭ گۇرۇپپىسىدىن 27 جەڭچى قۇربان بولدى. ② ئى. ئۆگەنگەننى پۇختىلاش، مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئېلىپ بېرىلغان قايتا ئۆگىنىش، مۇزاكىرە: ئاكىسى شۆھرەت مەكتەپتىن كەچكى تەكرارنى تۈگىتىپ ئۆيگە كىرگەندە، ئۇكىسى غەيرەت كۆزەينەك تاقاپ ئۇخلاپ كەتكەندى. * بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئۇ كەچلىك تەكرارغا چىقماي ياتاقتا ئولتۇرغاندا، ئىشىك يېنىك چېكىلدى.

**تەكرار تېرىماق** <دېھ> بىر پارچە يەرگە ئوخشاش بىر خىل زىرائەتنى قايتا تېرىماق.

**تەكرار قىلماق** ← **تەكرارلىماق:** ـ ئەمدى ئۆچىمىز مۇشۇ يەردە دەرس تەكرار قىلىمىز، ـ دېدى لۇتپۇللا.

**تەكرار مۇسابىقە** <تەن> مۇسابىقە ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى. تەييارلىق مۇسابىقە-

دىن كېيىن، ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ بىر خىل شاللاش خاراكتېرىدىكى مۇسابىقىدۇر. مۇسابىقە قىلغۇچى ئەزا (ياكى كوماندا) تەكرار مۇسابىقىدا غەلىبە قازىنالىسا، ئاندىن يېرىم ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە ۋە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىغا قاتنىشالايدۇ.

**تەكرارەن** رەۋ [ئە] ئىككىنچى ياكى كۆپ قېتىم؛ يەنە، باشقىدىن، قايتىدىن: تەكرارەن ئېيتىلغان سۆز.

**تەكرارلاتماق** «تەكرارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دەرس تەكرارلاتماق.

**تەكرارلاش** ① «تەكرارلىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى. ② <ئەد> ئوخشاش بىر سۆز-ئىبارىنى، ئوخشاش بىر جۈملىنى، ھەتتا ئوخشاش بىر ئابزاسنى تەكرارلاش ئارقىلىق ھېسسىياتنى ئىپادىلىگىلى بولىدىغان، مۇئەييەن بىر نۇقتىنى تەكىتلەپ ۋە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، كىتابخانلارنىڭ تەسىراتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان ستىلىستىكىلىق ئۇسۇل. ③ <مائار> ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقىت ياكى دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا، ئالدىنقى دەرسلەرنى قايتىدىن ئۆگىنىپ مۇستەھكەملىشى.

**تەكرارلاش تىزىسى** <مائار> ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگەنگەن دەرس مەزمۇنىنى پۇختىلىشى ئۈچۈن چىقىرىپ بېرىلگەن، دەرس مەزمۇنىغا ئائىت سوئاللار ياكى سوئال-جاۋابلار.

**تەكرارلاش دەرسى** <مائار> ئۆتۈلگەن دەرسنى پۇختىلاش ئۈچۈن قايتا ئۆتۈلىدىغان دەرس.

**تەكرارلاشماق** «تەكرارلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دەسلەپكى قېتىملاردا مەن ئەدەبىسىزلىك بولمىسۇن ئۈچۈن، ئۇلار بۇ سۆزلەرنى تەكرارلىشىپ زېرىككۈچە يەنى باشلىقىم مېنى نوقۇپ قويغۇچە، ماشىنىنى ئوت ئالدۇرمىدىم.

**تەكرارلانماق** «تەكرارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قولىنىڭ ئۈچىدىلا قىڭغىر-قىيىسىق يېزىلغان بۇ خەتتە «ياشلىق»، «ئىستىقبال» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر سەككىز-ئون جايدا تەكرارلانغانىدى.

**تەكرارلىماق** پ ① ئىككىنچى ياكى كۆپ قېتىم تەكرار قىلماق؛ قايتىلىماق، ياندۇرمىلىماق: بىزنىڭ گېپىمىز گەپ. يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ ئېيتسام، ئۇ چاغدا سىز مەلىكىگىلا ئەمەس، ئۆز دىيارىڭىزنىڭمۇ شاھى بولىسىز. * سەپەر قول بىلەن قارا بوسۇق تالاغا چىققاندا، غەزەپلەنگەن خەلق بايىقى گەپلەرنى تەكرارلاپ، مۇشتلىرىنى ھاۋاغا پۇلاڭلىتاتتى. ② ئۆگەنگەننى قايتا پىششىقلىماق، مۇزاكىرە قىلماق: بىز بۈگۈن سىنىپتا تارىخ دەرسىنى تەكرارلىۋالدۇق.

**تەكسە** ئى [ر<لات] <سودا> ← **تەكسە باھا.**

**تەكسە باھا** <سودا> تاۋارلارغا ھۆكۈمەت بەلگىلەپ بەرگەن باھا، تاختاي باھاسى: موري شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق سېلىمجان دېگەن كىشى 300 جىڭدىن ئارتۇق قوي يۇڭىنى غوپۇرجان دېگەن كىشىگە تەكسە باھاسىدىن 105 دوللار ئارتۇق ساتقانىكەن.

**تەكشۈرتكۈزمەك** «تەكشۈرمەك» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى: ئۇ ھۈنەر كۆرسىتىشتىن ئىلگىرى، قۇتىنىڭ قۇرۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، قۇتىسىنى ماڭا تەكشۈرتكۈزدى.

**تەكشۈرتمەك** «تەكشۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىشقا چۈشۈش ۋاقتى بولغاندا، ئۇ ئۇدۇل دوختۇرخانىغا باردى. تەكشۈرتۈپ،

دورا ئېلىپ بولۇپ قارىسا، يەنە تالاي ۋاقىت بارىكەن. شۇڭا بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ پۆتىخانىغا كىرىپ قالغانىدى.

**تەكشۈرۈشمەك** «تەكشۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەكشۈرمەك** پ ① كۆزدىن كەچۈرۈپ، قاراپ چىقىپ، سىناپ كۆرۈپ ئەمەلىيەتكە، ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان-كەلمەيدىغانلىقىنى، دۇرۇسلىقىنى ئېنىقلىماق، بىلمەك: ئۇ سادىقنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئاۋۋال ئۇنىڭ پېشانىسىنى، بىلىكىنىڭ تومۇرلىرىنى تۇتۇپ كۆرەتتى، ئاندىن پىندىكوپ بىلەن يۈرەك ھەرىكىتىنى ۋە ئۆپكىسىنى تەكشۈرەتتى. * بۇ سوئال نىيازنى چوڭقۇر خىيالغا سالدى، ئۇزۇنلۇق ئېتىزلىرىدىن چىققان بۇغداي مەھسۇلاتى ئۇنى ناھايىتى قىزىقتۇرغانىدى. ئۇ ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، ئۈچ شىياۋدۇينى تەكشۈردى. ② ئىلمىي مۇلاھىزە، ئانالىز، تەھلىل يۈرگۈزمەك؛ تەتقىق قىلماق: دىئالېكتىكا شەيئىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىيىدىكى ئىنكاسىنى تەكشۈرگەندە، ماھىيەت جەھەتتە، ئۇلارنىڭ باغلىنىشى، ئۇلارنىڭ ئۇلىنىشى، ھەرىكەتلىنىشى، ئۇلارنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە يوقىلىشى تەرەپلىرىدىن تەكشۈرىدۇ. ③ نازارەت قىلىپ كۆزدىن كەچۈرمەك، تەپتىش قىلماق، كۆز-قۇلاق بولماق: بىز دائىم سىزنى تەكشۈرەتتۇق ۋە كۆزىتەتتۇق. ④ قىلغان-ئەتكەنلىرىنى ئەسلەپ ئۆتمەك؛ سەۋەنلىكلىرىنى تونۇماق، تاپشۇرماق: قادىر دەرسنى خاتا ئوقۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلار ئالدىدا ئۆزىنى تەكشۈردى. * — كەچۈرۈڭ، — دېدى ئۇ مەيۈس ئاھاڭدا، — مەن ھەقىقەتەن ئۆز ئىرادەمگە ھەم ۋىجدانىمغا خىلاپ ئىش قىلدىم. بۇ يارىماس ئىللىتىم ئۈچۈن، ئەتە تەشكىل ئالدىدا ئۆزۈمنى تەكشۈرمەكچىمەن.

**تەكشۈرۈلمەك** «تەكشۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مال باھاسى كۆپ قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، باھانى قالايمىقان ئۆستۈرۈش شاملى ئاساسىي جەھەتتىن توسۇۋېلىندى. * ئۈچ يىلچى پۈتۈن سونكا بويى نۆۋەت بىلەن ئىشلىشەتتى، ھەر كۈنى سۇ يۈركۈلەتتى، نە ملىك تەكشۈرۈلەتتى.

**تەكشى** ① سۈپ. ئۈستى، يۈزى ئېگىز-پەس ئەمەس، تۈز: تاغنىڭ ئۈستى تەكشى كەتكەن ئوتلاق ئىدى، ئىسمائىل كىچىك-كىچىك چۆپ دۆۋىسىنى پاناھ قىلىپ، يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. * كۆك دالا بوستان دالا، گۈلزار دالا، قۇملىرى چېچەكلىگەن ئالتۇن دالا. يەرلىرى شۇنچە تەكشى، پايانسىز-كەڭ، ئېتىزى تاختا-تاختا، سالا-سالا. ② رەۋ. ئالا قويماي، بىر خىل؛ ئوخشاش ھالەتتە: ئېلېكتىر چىرىغى ھەممە كىشىلەرنىڭ چىرايىنى تەكشى يورۇتۇپ، گويا كۆڭۈلدىكىنى ئەسلەتتى. * قۇياش ئالتۇن نۇرىنى تەكشى سەپكەن، قىزىل تۇغ ئەلگە ئىلھام بەخش ئەتكەن، ئۇيۇشقان ھەممە مىللەت خەلقى گاھدەك، زەپەر تارىخىمىزغا نەقىش چەككەن. ③ رەۋ. ئوخشاش، تەكشۈتەك: گۈلزارلىقنىڭ يېنىدىكى ئون نەچچە گەز ئېگىز كېلىدىغان بىر توپ تاش ئالمىنىڭ شاخلىرى تەكشى قىرقىلغان، پۈتۈن ھويلا پاكىز، تېپتىنچ ئىدى.

**تەكشى يۈزلۈك دولقۇن** <فىز> يورۇقلۇق دولقۇنى ياكى باشقا ئېلېكترماگنىت دولقۇنلىرى بىر نۇقتىدىن ھەر تەرەپكە تارىلىپ شارسىمان يۈزنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەگەر بۇ خىل دولقۇن چەكسىز يىراقلىقتىن كەلسە، شەكىللەندۈرگەن شارسىمان يۈزنى بىر تەكشى يۈز دەپ قاراشقا بولىدۇ، شۇڭا ئۇ تەكشى يۈزلۈك دولقۇن دېيىلىدۇ. يورۇقلۇق دولقۇنىدا نۇر بىلەن دولقۇن يۈزى بىر-بىرىگە تىك بولىدۇ، شۇڭلاشقا تەكشى يۈزلۈك دولقۇننىڭ نۇرىنى پاراللېل دەپ قاراشقا بولىدۇ.

**تەكشىسىز** سۈپ. تەكشى ئەمەس، ئېگىز-پەس ياكى ئوي-دوڭغۇل، تەكشىلەنمىگەن: سۆيگۈنۈم ئاچقاندا يۈز نۇرى جامالى تەپتىدىن،

تەكشىسىز يەردە سىيابەلەك بىر تىنىم لەرزانىمەن.

**تەكشىسىزلىك** «تەكشىسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: زىددىيەتلەرنىڭ بۇ ئىككى خىل ئەھۋالىدىكى پەرق ياكى ئالاھىدىلىك، زىددىيەت كۆچلىرىنىڭ تەكشىسىزلىكىدىن ئىبارەت. * يۇرۇشتە تەكشىسىزلىك پەيدا قىلىۋاتقان ئۆرىگە چىقىش، سايغا چۈشۈشتەك ئېگىز-پەس يولمۇ تۈگەپ قالدى.

**تەكشىلەتمەك** «تەكشىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېتىزلارنى تەكشىلەتمەك. يەرلەرنى تەكشىلەتمەك. ياغاچنىڭ يۈزىنى تەكشىلەتمەك.

**تەكشىلەنمەك** «تەكشىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چېتىدە ئاشۇ مۇنبەت كەڭ سالانىڭ، قاپقارا چىلان تۇپراق ئۇسلىق بار. ئاغدۇرۇپ تەكشىلەنگەن ئۇسلىقتا، سىيالكا قېتىلغان ئات ئۆگدەپ تۇرار.

**تەكشىلىتىلمەك** «تەشىلەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كۆكتات تېرىلىدىغان ئېتىزلار تەكشىلىتىلدى.

**تەكشىلىك** ① «تەكشى» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② <مات> بىر يۈزدە ياتقان خالىغان ئىككى نۇقتىنى ئېلىپ، تۈز سىزىق بىلەن تۇتاشتۇرساق، ئەگەر تۈز سىزىق ئۈستىدىكى بارلىق نۇقتىلار بۇ يۈزنىڭ ئۈستىدە ياتسا، بۇ يۈز «تەكشى-لىك» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەكشىلىكتىكى شەكىل** <مات> تەكشىلىكتە كۆرسىتىلگەن شەكىل.

**تەكشىلىك كۆرۈنۈش** <بىن> جىسىمنىڭ شەكلىنى ھاسىل قىلغۇچى كېسىكلەرنىڭ ھەممىسىنى تەكشىلىككە تىك ھالەتتە پروييېكسىيىلەش ئارقىلىق كۆرسىتىلگەن شەكىل.

**تەكشىلىمەك** پ. تەكشى ھالەتكە كەلتۈر-مەك، تەكشى قىلىپ ياسىماق: تېرىلغۇ ئېتىزلىرىنى تەكشىلىمەك.

**تەكلىپ** ئى [ئە] ① باشقىلارغا بېرىلگەن پىكىر، مەسلىھەت: سېختىكى بازغان ئىشچىلىرى ھەربىر بازغاندىن بىردىن ئادەم ئاجرىتىپ، بىر تونىلىق بازغاننى ئىككى بەن ئىشلەتسە، ئىش ئۈنۈمى ئاشىدۇ دەپ تەكلىپ بېرىشتى. سېخ رەھبەرلىكى بۇ تەكلىپنى مۇزاكىرىلىشىپ توغرا تاپتى. ② بىركىمنى ياكى كوللېكتىپنى چاقىرىش. ھەققىدىكى ئىلتىماس، چاقىرىق، دالالەت: ئۇنىڭ بۇ قېتىم ئۆيگە چاقىرىشى ئادەتتىكى تەكلىپ بولماي، خېلى ئويلىشىشلاردىن كېيىن قىلىنغان تەكلىپ ئىدى.

**تەكلىپ بەرمەك** مۇھاكىمە قىلىش، ئەمەلگە ئاشۇرۇش، قوبۇل قىلىش ئۈچۈن پىكىر بەرمەك، مەسلىھەت بەرمەك: بۇ دوكلاتنى سانائەت-قاتناش ئىدارىسى پارتكومى تەستىقلىمىدى. ئەكسىچە، شەھەرلىك كومىتېتقا خىزمەت گۇرۇپپىسىنى قايتۇرۇپ كېتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

**تەكلىپ قىلماق** ① بىرەر ئىش-ھەرىكەت ۋە مەسىلىلەر ھەققىدە مەسلىھەت بەرمەك، پىكىر قويماق: تۆمۈر خەلپە ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى بىلەن ئەنە شۇ مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ تۇرغاندا، شاكىر بىلەن تورپاق غوجا ئەمەت ھەممە يەلەن تەلەڭ ماڭماي، بۆلۈنۈپ-بۆلۈنۈپ مېڭىشنى، ئاۋۋال تورپان تاغلىرىغا بېرىۋېلىپ، ئاندىن قومۇل تەرەپكە كېتىشنى تەكلىپ قىلدى. ② ئىلتىماس، دالالەت قىلماق، چاقىرماق: بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن بايىقى «خېرىدار» كېلىپ، دۇكاننىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىشىگە، قوچقار بىر ئورۇندۇقنى قويۇپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە چىنىگە كۆك چاي قۇيۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. * – قېنى يولداش ئابلەت، گەپنى كېيىن قىلشايلى، بۇلاردىن ئازراق ئېلىڭا! - دېدىم ئۇنىڭغا چاي قۇيغاچ ئۇنى داستىخاندىكى مەزەگە تەكلىپ قىلىپ.

**تەكلىپ مۇسابىقىسى** <تەن> بىر ياكى

بىرنەچچە دۆلەت، رايون ياكى ئورۇنلار باشقا دۆلەت، رايون ياكى ئورۇنلارنى تەكلىپ قىلىپ ئۆتكۈزگەن مۇسابىقە.

**تەكلىپنامە** ئى [ئە+پ] يىغىن، توي، چاي ۋە شۇ قاتارلىقلارغا تەكلىپ قىلىپ يېزىلغان خەت؛ چاقىرىق قەغىزى، باغاق: تەكلىپنامە يازماق. تەكلىپنامە ئەۋەتمەك.

**تەكلىك** ئى. تەك ئۆستۈرۈلگەن، تەك كۆپ جاي؛ ئۈزۈملۈك: ئۈپۈققا سوزۇلغان تەكلىكنىڭ بەزى جايلىرىدا بىرنەچچە كىشى، بەزى جايلىرىدا كىشلەر توپ-توپ بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى.

**تەكتلەش** «تەكتلىمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر ئىسمدىشى.

**تەكتلەش بەلگىسى** <تل> تېكستە مۇھىم دەپ كۆرسەتمەكچى بولغان سۆز-جۈملىلەرنىڭ ئاستىغا سىزىق سىزىلىدۇ ياكى كۆپ چېكىت قويۇلىدۇ. ئەنە شۇنداق سىزىق ياكى كۆپ چېكىتلەر تەكتلەش بەلگىسى بولىدۇ.

**تەكتلەشمەك** «تەكتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۇ ئىشنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى تەكتلەشتى.

**تەكتلەنمەك** «تەكتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تارىخىي تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئاساسەن، يېڭى پارتىيە نىزامنامىسىدا، مەركەزدىن ئاساسىي قاتلاملارغىچە، ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ۋە كوللېكتىپ رەھبەرلىك پرىنسىپىغا قاتتىق ئەمەل قىلىشى تەكتلەندى.

**تەكىيە** ئى [ئە] ئىچىگە تۈزغاق قاتارلىق يۇمشاق نەرسە سېلىنىپ تەييارلانغان، تۈلۈق شەكىللىك ياستۇق: قايناپ تۇرغان قازانغا، چۆمۈچ سېلىپ باققان يوق. ئالتە ياز قېچىپ يۈرۈپ، تەكىيە قويۇپ ياتقان يوق.

**تەكىيە كاۋا** <بوت> ① كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولىدا يىپچىلىرى بولۇپ، يامىشىپ ئۆسىدۇ؛ يوپۇرمىقى چوڭ، گۈلى سېرىق كېلىدۇ؛ مېۋىسى شار ياكى سىلىندىر شەكىلدە بولۇپ، سىرتقى يۈزىدە تۆشۈكچىلىرى ياكى ئاق پاراشوكلىرى بولىدۇ؛ ئادەتتە كۆكتات ئورنىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ؛ شاپىقى ۋە ئۇرۇقىنى دورا قىلىشقا بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**تەكىيە ياغاچ** <قاتن> ← **شىپال.**

**تەكىيىسىمان** سۈپ. تەكىيە شەكىلدىكى، تەكىيىگە ئوخشاش.

**تەكىيىسىمان تۈزۈلمە** <گېئول> دېڭىز ئاستىدىن ئېتىلىپ چىققان لاۋىنىڭ دېڭىز ئاستىنى بويلاپ دومىلىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن ئالاھىدە تۈزۈلمە. ئۇ ئادەتتە قاتلانما ھالەتتە دۆۋىلىنىپ تەكىيە شەكلىگە كېلىپ قالىدۇ.

**تەگ** I ئى [پ] ① نەرسىنىڭ ئاستى؛ نەرسە ئېگىلەپ، ئىشغال قىلىپ تۇرغان جاي: بارالڭ تېگىدە سۇپا، سۇپىغا گۈل بېسىلغان يېڭى كىگىز سېلىنغانىدى. ② نەرسىنىڭ ئەڭ پەستىكى قىسمى، تۈۋى: ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرغان بىر قىز بىلەن بىر ئوغۇلنىڭ رەسىمىنى سىزغان، رەسىمنىڭ تېگىگە: «ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار» دېگەن سۆزنى چىرايلىق قىلىپ يېزىپ قويغانىدى. ③ نەرسىلەرنىڭ ئىچكى پەس قىسمى، ئارىسى، ئىچى: سامانلىنىڭ تېگىدە نېمە قىلىۋاتىسلەر، قاراڭلار سىلەرنى، ئويۇن تېپىلمىغاندەك قىلىپ يۈرگەن ئىشلارنى. ④ قازان ۋە قاچا-قومۇچنىڭ ئاش قاتارلىقلارنىڭ ئاستى قىسمى: ئاشنىڭ تېگى كۆيدى. * – بالام، قازاننى مالتىلاپ تۇر، بولمىسا تېگىگە تۇتۇۋالىدۇ، – دېدى ئانىسى قىزىغا تاپىلاپ. ⑤ رەخت قاتار-لىقلارنىڭ گۈل بېسىلىشتىن بۇرۇنقى پېتى،

ئەسلىي ھالىتى: ئۇلار خىش تامغا ئېسىپ قويۇلغان ئىككى ۋىۋىسكىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ ۋىۋىسكىلارنىڭ تېگى سېرىق، خېتى يېشىل ئىدى. ⑥ بىرەر ـ ئىش ھەرىكەت، گەپ ـ سۆز قاتارلىقلارنىڭ نېگىزى، يوشۇرۇن مەنىسى، ماھىيەت: گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار، ساقالنىڭ تۈۋىدە خەپ بار (ماقال). * بۇنىڭ تېگىدە نېمە بارلىقىنى ھەممە ئادەمنىڭ چۈشىنىپ كېتەلىشى ناتايىن. * ئىشنىڭ تېگىنى ئۇققانلارغۇ ئەيىبنى پازىلغا قويار، ئۇقمىغانلار نېمە دەپ قالدۇ. ⑦ بىركىمنىڭ ئەسلىسى، زاتى، كېلىپ چىققىشى: بۇ يورۇق دۇنيادا شۇنداق كىشلەر باركى، ئۇلارنىڭ تېگىنى چەت جايدىكىلەرمۇ بەش قولدەك بىلىدۇ. لېكىن بەزى كىشلەرنىڭ تېگىنى بىلمەك ئاسان ئەمەس. ⑧ ئاخىرقى قىسمى، ئاخىرى، قالدۇق، يۇقۇندى: ئاشنىڭ تېگى قالدى.

**تېگى بار گەپ** ئەسلىي مەنىسىدىن باشقا يەنە يوشۇرۇن مەنىگە ئىگە گەپ: ــ ئۇ تېخى تېگى بار گەپلەرنى قىلىۋاتىدۇ، ئۇ گەپلەرگە قانداق چىداپ تۇرغىلى بولىدۇ، ــ دېدى ئۇ خاپا بولۇپ.

**تېگى بوش** ئاساسى ئاجىز، ئۇلى مۇستەھكەم ئەمەس.

**تېگى بۇزۇق** ئەسلىسى، تەربىيىلىنىشى ناچار؛ ئەسلىدىلا ياخشى ئەمەس.

**تېگى پەس** ئەسلىسى، تەربىيىلىنىشى ناچار، تېگى بۇزۇق: زېدى پەسنىڭ تېگى پەس (ماقال). * بەزى تېگى پەس كىشلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن، ھەر خىل ئىلاھى دورىلارنى دائىم تەقدىم قىلىپ تۇراتتى. * ھە، ئەمدى بىلدىم، رەيھاننى مۇشۇ تېگى پەس ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپتۇ ـ دە، بولمىسا نېمىشقا ئۇنىڭ ئالدىدا ئويناقلاپ، كۆزلىرىنى خۇمار ـ لاشتۇرۇپ، ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ كېتىدۇ؟

**تېگى تازا** تەربىيىلىنىشى ياخشى، ئەسلى ـ دىلا ياراملىق.

**تېگى يوق** ئاخىرى چىقمايدىغان، چەكسىز كەتكەن، ئاخىرى توختىمىغان؛ ئىمكانىيەت ـ تىن، رېئاللىقتىن يىراق: ئۇ خۇددى پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئېتىز بېشىدا تۇرالماي قالدى، بۇغدايلارغا قاراپ، يۈرىكىنى مۇشۇك تاتىلىغاندەك بولۇپ، تېگى يوق خىياللارنى سۈرەتتى. * ئېغىر ئىشتىن يانغان ھەر ئاخشام، ئۇ ساتارنى ئالاتتى قولغا. چالاتتى ـ دە، چۈشۈپ ئاق بېشى، چۆكەتتى بىر تېگى يوق ئويغا.

**تەگبىر** (توغرىسى: تەكبىر) ← تەكبىر.

**تەگدۈرمەك** «تەگمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بالىسىنىڭ پېشانىسىغا قولىنى تەگدۈرۈپ، چۆچۈپ كەتتى. چۈنكى بالىسىنىڭ قىزىتمىسى بەك ئېشىپ كەتكەنىدى.

**تەگدۈرۈلمەك** «تەگدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەگسىز** سۈپ. تېگى يوق، ئىنتايىن چوڭقۇر، تېرەن: سەندە ھەققەتەنمۇ ئىقتىدار ۋە نازۇك بىر قەلب بار. شۇنچىلىك چەكسىز دەردنى ـ ھەسرەتنى، شۇنچىلىك تەگسىز قايغۇنى، مۇڭنى شۇ كىچىككىنە قەلبىڭگە سىغدۇرۇپ كېتەلىگىنىڭگە ھەيرانمەن. * ئۇلار ئىككىسى سۆزلەشتىن توختاپ، تەگسىز خىياللار ئىچىدە ئۈنسىز كېتىپ باراتتى.

**تەگكۈزمەك** ① «تەگمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② كۆچمە. ئۇرماق: سالى ئاكا گويا سۆزلىگۈسى كەلمەيۋاتقان بىر قىياپەتتە ئاغزىدىكى ناسۋالنى پۈرقۈغاچ، قولىدىكى قامچىنى ئوينىتىپ، چەتتىكى ئاتنىڭ ساغرىسىغا يېنىك ئىككى قامچا تەگكۈزدى. ③ يەتكۈزۈپ بەرمەك، بەرمەك: قىز قىزىل تاشلىق خاتىرىسىنى ئېلىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يېزىۋالاتتى ـ دە، كېلەر قېتىم كەلگىنىدە ئىشىك ئالدىدا توختاپ، بۇيرۇغان نەرسىلەرنى ئىگىسىگە تەگكۈزەتتى. ④ كۆچمە. گەپنىڭ

مەزمۇننى بىركىمگە ياكى بىرەر ئورۇنغا قارىتىپ ئېيتماق؛ دارىتمىلىماق: دولقۇن يەنە مېنىڭ بوشاڭلىقىم، ياشاشقا ئامراقلىقىم توغرىسىدا خېلى تەگكۈزۈپ سۆزلىدى. * موللام پۈتۈن باللارنىڭ ئۆزىگە تەگكۈزۈۋاتقان بۇ ھەجۋى گەپلىرىدىن چۆچۈپ، دەررۇ ئوقۇغۇچىلارنى چۈشلۈككە قويۇپ بەردى.

**تەگكۈزۈلمەك** «تەگكۈزمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: 200 يۈەن پۇل ئۆز ۋاقتىدا چوڭ ئوغلىنىڭ قولىغا تەگكۈزۈلدى.

**تەگلىك** ① سۈپ. تېگى بار، تەگ ئورنى-تىلغان: بۇ قېتىم يىراق پىرسىيىگە قاراپ كېتىۋاتقان كېمە ئەترىتى 13 تەكشى تەگلىك كېمە- شاجۇەن كېمىسىدىن تەركىب تاپقانىدى. ② سۈپ. ئاستىدا تۇرىدىغان، ئاساس بولىدىغان: ئەرەب تىلىدىكى «ى، ۋ، ا» لار ھەمزىنىڭ تەگلىك ھەرپلىرىدۇر. ③ سۈپ. تەگ ئۈچۈن تەييار-لانغان، تەگ بولۇشقا لايىق: تەگلىك رەخت. تەگلىك لىم. ④ ئى. نەرسىلەرنىڭ ئاستىنقى بۆلىكى، ئۇلى: گىرنىڭ تەگلىكى. تۈۋرۈكنىڭ تەگلىكى.

**تەگمەك** پ ① بىر-بىرىگە ياكى بىرەر نەرسىگە بىۋاستە ھالدا يانمۇيان، ئۇدۇلمۇئۇدۇل كېلىپ تاقالماق، تاقاشماق: ئېگىلگەنگە ئېگىل، بېشىڭ يەرگە تەگكۈچە. غادايغانغا غاداي، بېشىڭ كۆككە يەتكۈچە (ماقال). ② زەربە بىلەن، شىددەت بىلەن ئۇرۇلماق: قاتتىق تەگكەن بىر شاپىلاق بىلەن ئۇ ئىرىڭشىدە كەينىگە يىقىلدى. * گۇرىنىمگە تەگكەن بىر مۇشت بىلەن ھوشۇمدىن كەتتىم. ③ چاچ-راپ، تېمىپ، سۈركىلىپ ئىز، داغ قالدۇرماق، يۇقماق: چاپانغا داغ تەگمەك. ④ بېرىپ ياكى كېلىپ يەتمەك، تاپشۇر-ماق، تاپشۇرۇلماق (ئەۋەتىلگەن نەرسە ھەققىدە): ئۇ كونۇۋېرتىنىڭ ئۈستىگە «بۇ خەت، قەشقەر كونىشەھەر بەشكېرەمدە تۇرۇشلۇق دادام ئېلاخۇنغا تېگىدۇ» دەپ يازدى. ⑤ بىرەر نەرسە ياكى ئەمەل قاتارلىقلارغا ئىگە بولماق، ئېرىشمەك: بۇ ئۆي - يەر ئىسلاھاتىدا تەگكەن كۆرەش مېۋىسى، تەسلىكتە ئىگىسىنى تاپقان مۈلۈك. ئۇنى ھەرگىز سېتىۋەتكىلى بولمايدۇ. * بۇ شىنجاڭ زېمىنىدا 1884-يىلى ئۆلكە تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، تويتوغرا يېرىم ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارغا تۇنجى قېتىم مۇئاۋىن رەئىسلىك تەگكەن كۈندى. ⑥ تۇرمۇشقا چىقماق، ياتلىق بولماق: كۆپ خوتۇن ئالغاننىڭ كۈنى تەس، كۆپ ئەرگە تەگكەننىڭ كۆڭلى پەس (ماقال). * ئۇ گەرچە ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، بۇ خىل ياسىنىش بىلەن تۈنۈگۈن ئەرگە تەگكەن يېڭى كېلىنلەر سۈرىتىگە كىرگەنىدى. * ئەرگە تەگكىنى - ئۇنىڭ خاتالىقى. قوپاللىق قىلغىنىم - مېنىڭ خاتالىقىم. ⑦ بىر كىمنىڭ نومۇسىغا، ئىززەت-ھۆرمىتىگە چېقىلماق؛ داغ كەلتۈر-مەك: بىزنىڭ پەقەت گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىگىلا قارشى ئىكەنلىكىمىزنى، مىللىي ئارمىيە ھەقىقىي خەلق ئارمىيىسى، خەلقنىڭ قوغدىغۇچىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ پولاتتەك ئىنتىزامنى بۇزغان ھەرقانداق ھەرىكەتلەرگە ئۇ تەنتەنە بىلەن: «ھەربىي تەرتىپنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغان، مىللىي ئارمىينىڭ شەرەپلىك نامىغا داغ چۈشۈرگەن، خەنزۇ ئايالنىڭ نومۇسىغا تەگكەن ئىككى جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلسۇن!» دەپ جاكارلىدى. ⑧ تەسىرى ئۆتۈپ زىيان قىلماق، كار قىلماق: يامغۇردا قېلىپ، سوغۇق تەگدۈرۈۋالغان شاۋۇدۇن بويى قىزىپ، كاڭدا ياتاتتى. * ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشتىن ئادەمگە زىيان يەتكىنىدەك، سوغۇق تېگىشتىنمۇ زىيان يېتىدۇ. ⑨ ئېغىر تۇيۇلماق، چېڭ كەلمەك، قاتتىق تۇيۇلماق: لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بۈگۈن ئوقۇتقۇچىلارغا ھەقلىق رەۋىشتە چەكسىز ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىكى بەگنىڭ جېنىغا قاتتىق تەگدى-دە، بىردىنلا ئۇنىڭ ھەيۋىسى چۈشۈپ، بۇ ئىزا-ئاھانەتكە

چىدىماي، غېپىدە تىكىۋەتتى. * ئىلشاتقا كېيىنكى چاقچاق تېگىپ كەتتى. بۇ گەپنى بۇدۇر چاچلىرىنى بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكۈزۈپ تاراپ، قارشى تەرىپىدە ئۆزىگە ئۇدۇل ئولتۇرغان ساۋاقدىشى ئەنۋەر-دىن ئاڭلىغانلىقى ئۈنىڭغا ئەلەم قىلدى. ⑩ بېسىپ كىرمەك، ھۇجۇم قىلماق، چېقىلماق: ئەمدى ئۇلار بىزنى پارچىلاپ تۇرۇپ يەۋېتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. شۇنداق بولۇۋاتقاندا بىر ياقىدىن باش چىقىرالمىساق، ئاقىۋىتىمىز نېمە بولىدۇ؟ بىر قىسمىڭلار شەھەرگە دەرھال تېگىش لازىم دەيسىلەر، توغرا، مەنمۇ شۇنداق خىيال قىلىمەن. * قوزغىلاڭچىلار كېچىلىرى شەھەر ئىچىدىكى بەزى گومىنداڭ ئورگانلىرىغا تېگىپ قويۇپ، بىردەمدىلا غايىب بولۇپ كېتىپ، ھۆكۈمەت-نى ئالاقزادىلىكتە سىلىۋەتكەنىدى.

**تەگمش** ئى. دىئال. تەگكىنى؛ تەگكەن نەرسە، مىراس.

**تەگۋاز** ئى. دىئال. كۆك تاماكا.

**تەڭ** ① سۈپ. چوڭ-كىچىكلىكى، ئېگىز-پەسلى-كى، مىقدارى، ھەجمى قاتارلىق جەھەت-لەردىن ئوخشاش، باراۋەر: ئەپەندىم: — قارىسام، بويىڭىز بويۇم بىلەن تەڭ، چاپىنىڭىز چاپىنىم بىلەن ئوخشاش تۇرىدۇ، شۇڭا سىزنى ئۆزۈممىكىن دەپ قول ئۇزىتىپتىمەن، — دەپتۇ. * قاپ ھېچقاچان ئاغار بىلەن تەڭ بولالمايدۇ. ② سۈپ. ئەھمىيىتى، تۇتقان ئورنى، ئىناۋىتى مەۋقەسى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئوخشاش ياكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان؛ بىر خىل: مېنى ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرىدىغان ئادەملەرنى مەن بىر ئۆمۈر ھۆرمەتلەيمەن، ئەمما، مېنى ئۆزىدىن پەس كۆرىدىغان ئادەملەردىن بىر ئۆمۈر نەپرەتلىنىمەن. * قىممىتى مىڭ يىلغا تەڭدۇر ئەمدى يىلىنىڭ بىردەمى، يەڭ تۇرۇپ مەيدانغا چۈشتى تۆت تۇلپىرىم-يۈگۈرۈكلىرىم. ③ سۈپ. بىر-بىرىگە ماس، مۇۋاپىق؛ باراۋەر: تەڭ تېگى بىلەن، تېزەك قېپى بىلەن (ماقال). * — ئۇ سېنىڭ تېڭىڭ ئەمەس، سەن ئۇنىڭ بىلەن ئوينىما، — دېدى ئانا بالىسىغا. ④ رەۋ. بىر-بىرىدىن قېلىشمايدىغان، دەمبەس-قەدەم، بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە؛ باراۋەر: ئۇنىڭ كەينىدە بولسا، ئېگەرنىڭ قېشىغا چىگىلگەن ئۆزۈن ئاغامچىنىڭ بىر ئۇچىغا ئىككى قولى باغلانغان بىر دېھقان ئات بىلەن تەڭ يۈگۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى. * ھەممە تەڭ كۈلۈشتى، ئۇلار يولدىن چاڭ-توزان ئۇچۇرۇپ، شەھەرگە قاراپ ئاتلارنى بولۇشىچە چاپتۇرۇپ كېتىشتى. ⑤ ئى. ھەرقانداق نەرسى-نىڭ ئىككىدىن بىرى، يېرىمى: تۇن تەڭ بولماقتا، بالا ھوشىغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئانا قەلبى بىھوش ئىدى. * ئالدىمىزدىكى قونالغۇغا بارغۇچە 400 كىلومېتىردىن كۆپرەك يول يۈرۈشكە توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئاپتوموبىلدىكى 40 قا يېقىن يولۇچىنىڭ تەڭدىن تولىسى شوپۇرنىڭ بىغەملىكىدىن غۇدۇراپ كېتىشتى.

**تەڭ ئايرىملىق قاتار** <مات> ئىككىنچى ئەزاسىدىن باشلاپ خالىغان بىر ئەزاسى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدىكى بىر ئەزانىڭ ئايرىمىسى تۇراقلىق بولىدىغان قاتار. مەسىلەن: $10+14+18+22+\dots$. ئۇنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى مۇنداق: $a+(a+d)+(a+2d)+(a+3d-)+(a+\dots$ ئۇ يەنە «ئارىفمېتىكىلىق قاتار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تەڭ بولماق** باپباراۋەر ھالەتكە كەلمەك، تەڭلەشمەك؛ تەڭ تۇرماق: يارىماس، ئۆسمەس كۆڭۈل دەۋرانەڭ بولغان بىلەن، ئادەمزات نەسلى قانۇن ئالدىدا تەڭ بولمسا.

**تەڭ بېسىم سىزىقى** <مېتېئور> ھەر-قايسى رايونلاردىكى ھاۋا بېسىمىنىڭ ئەھۋالىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئوخشاش ۋاقىتتىكى ھاۋا بېسىمىنىڭ ئوخشاش نۇقتىلىرى-نى تەكشىلىكتىكى شەكىلدە تۇتاشتۇرۇش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن تۈيۈق سىزىق،

**تەك بېسىملىق جەريان** <فىز> ماددا سىستېمىسىدا، تۇراقلىق بېسىم ئاستىدا يۈز بەرگەن فىزىكىلىق ياكى خىمىيىلىك جەريان.

**تەك تەرەپلىك ئۈچ بۇلۇڭ** <مات> تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا تەڭ بولغان ئۈچ بۇلۇڭ.

**تەك تەقسىماتچىلىق** <س ئىق> كىشىلەرگە ئىش ھەققى، ئەمگەك ۋە خىزمەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر خىل ئىدىيە.

**تەك تۇرماق** ① بىللە تۇرماق، ئوخشاش تۇرماق: **بۈگۈن پوستا ئىككىمىز تەڭ تۇرىمىز.** ② تاقابىل كەلمەك: **راست، دىلشات تازا ياخشى ئاڭلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن دىلشات باشقىلار ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىغا تەڭ تۇرالايدىغانلىقىنى بىر كۆرسىتىپ قويماقچى بولدى.**

**تەك تېمپېراتۇرا سىزىقى** <مېتېئور> تېمپېراتۇرا قىممىتى ئوخشاش نۇقتىلارنى تۇتاشتۇرغۇچى سىزىق. تەك تېمپېراتۇرا خەرىتىسى تېمپېراتۇرا ئېگىز-پەسلىكىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

**تەك دانلىق تۇزۇلمە** <گېئول> ماگما جىنس تۈزۈلمىلىرىنىڭ بىرى، يەنى تاغ جىنسلىرىدىكى ئوخشاش بولغان ئاساسىي مىنېراللارنىڭ دانچە دىئامېترى بىر-بىرىگە يېقىن كېلىدىغان ياكى ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغان تۈزۈلمە. ئادەتتە چوڭقۇرلۇقتىكى بۆسمە گەۋدىلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ.

**تەك شەكىللەر** <مات> بىر گېئومېترىيىلىك شەكىلنى ئىككىنچى بىر گېئومېترىيىلىك شەكىلنىڭ ئۈستىگە قويغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممە بۆلەكلىرى پۈتۈنلەي ئۈستمۇئۈست چۈشسە، بۇ ئىككى گېئومېترىيىلىك شەكىل تەك شەكىللەر دېيىلىدۇ.

**تەك شېرىك** پايدا زىيانغا تەڭ ئىگە بولىدىغان شېرىك: **ئاكاڭ كۆز ئاچتى، ئەي ئوغلۇم، ئاشۇ زىندانىدا ئالەمگە، گۇۋاھچى، تەڭ شېرىك بولدى، ماڭا كەلگەن ئەلەم-غەمگە. * كىم پولاتنى، چۆلىمىروينى تۇتسا، ئىنئام بېرىمەن، بايلىقىمغا تەڭ شېرىك ھەمدە كۈيئوغۇل قىلىمەن.**

**تەك شېرىك بولماق** تەڭ مەنپەئەتدار بولماق، تەڭ پايدىلانماق: **جاپانى مەن تارتسام، ھالاۋىتىگە ئۇ تەڭ شېرىك بولدى.**

**تەك قۇرام** تەڭ ياشتىكى، ياشلىرى تەڭ: **ئۇ مۇشۇ باللار بىلەن تەڭ قۇراملىق چاغلىرىدا «ئەجەل ھودۇقشىدا» ناملىق فىلىمنى يازغان.**

**تەك قىبلىنلىق سىزىقى** < مېتېئور > قىبلىنلىق قىممىتى ئوخشاش نۇقتىلارنى تۇتاشتۇرغۇچى سىزىق. مېتېئورولوگىيىدە، ئاتموسفېرادىكى بەلگىلىك ئىككى تەڭ بېسىم يۈزىنىڭ ئېگىزلىك پەرق قىممىتى ئوخشاش نۇقتىلارنى تۇتاشتۇرغۇچى سىزىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ پەرق قىممىتى بىلەن شۇ ھاۋا قاتلىمىنىڭ ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئوڭ تاناسىپ بولغاچقا، تەڭ قىبلىنلىق خەرىتىسى كۆپىنچە ئىككى تەڭ بېسىم يۈزى ئوتتۇرىسىدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

**تەك قىلماق** تەڭ، باراۋەر ھالەتكە كەلتۈرمەك: **پارتىيىمىز ئۆزۈن يىل، ئەركىنلىك دەپ جەڭ قىلدى، مىللەتلەرنى ھوقۇقتا، باراۋەر ھەم تەڭ قىلدى.**

**تەك قىممەتتە ئالماشتۇرۇش** <س ئىق> تاۋارنى ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتى

بەلگىلىگەن قىممەت مىقدارى بويىچە ئالماشتۇرۇش.

**تەڭ قىممەت سىزىقى** < مېتېئور > خەرىتىدىكى قىممىتى ئوخشاش بولغان نۇقتىلارنى تۇتاشتۇرۇش ئارقىلىق شەكىللەنگەن تۈيۈق سىزىق. مەسىلەن، تەڭ تېمپېراتۇرا سىزىقى، تەڭ بېسىم سىزىقى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**تەڭ كەلمەك** ① چوڭ-كىچىكلىكى، ئېگىز-پەسلىكى، مىقدارى جەھەتلەردىن ئوخشاش كەلمەك: ئىككىمىزنىڭ بويىمىز، ئېغىرلىقىمىزمۇ تەڭ كېلىدۇ. ② كۆچمە. سېلىشتۇرۇش، بەسلىشىش، رىقابەت قاتارلىقلاردا ئوخشاش، تەڭ ئورۇندا تۇرماق: 15 ياشلىق تونغان كىچىكلىكگە قارىماي، بېشى 17 گە تولغان ئاكىسى بايىتاشقا تەڭ كەلمەكتە. * – ھەي شاھزادە، بۇ ئېلى ئىقلىمىنىڭ گۈزەللى مەختۇمسۇلانىڭ چېچىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ چىن تۆمۈر باتۇر دېگەن ئاكىسى بار، ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان ئەر تېخى چىققىنى يوق، – دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

**تەڭ كۆرمەك** ① ئوخشاش دەپ ھېسابلىماق، تەڭ دەپ قارىماق، بىر خىل كۆرمەك: تۆمۈر خەلپە ئەر قوپۇپ، ئوخشاتمىدى ئىشنى، تەكە بېۆرلۈق دەستىدىن، تەڭ كۆرمىدى كىشنى. ② ھەممىنى تەڭ تارتماق، بىللە كۆرمەك: ئۇ مەيلى ئارپا نان، مەيلى پۇرچاق نان بارمۇ، نېمە بولسا، ئاما بىلەن تەڭ كۆرەتتى، ھەر يىلى ئۇنىڭ ئائىلىسىدە تۇرىدىغان ۋاقتى ناھايىتى ئاز بولاتتى. * باشپاناھىم ئىرپان، سىز ھەرگىزمۇ كېتىپ قالماڭ، ھەرنېمە كۆرسەك، تەڭ كۆرەيلى، سىز بولمىسىڭىز، بۇ جاھان ماڭا بولىدۇ زىندان.

**تەڭ كۆزدە قارىماق** ھەممىگە ئوخشاش، بىر خىل مۇئامىلىدە بولماق: تاغۇيايلاقلار ئومۇمنىڭ پايدىسىغا ئۆزگىرىپ، ئۈستى تەڭ كۆزدە قارالغاچ، چارۋىلار كۆرمەي زەبۇن.

**تەڭ نەملىك سىزىقى** <مېتېئور> نەملىك قىممىتى ئوخشاش نۇقتىلارنى تۇتاشتۇرغۇچى سىزىق. تەڭ نەملىك سىزىقىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ھەرقايسى رايونلاردىكى سۇ پارىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدۇ.

**تەڭ نىسبەتلىك سانلار ئارقىمۇئارقىلىقى** <مات> ئىككىنچى ئەزاسىدىن باشلاپ خالىغان بىر ئەزانىڭ، ئالدىدىكى بىر ئەزاغا بولغان نىسبىتى تۇراقلىق بولىدىغان سانلار ئارقىمۇئارقىلىقى. مەسىلەن، 4، 8، 16، 32... ئۇنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى مۇنداق بولىدۇ: $a, ar, ar^2, ar^3 \ldots$.

**تەڭ نىسبەتلىك قاتار** <مات> ئىككىنچى ئەزاسىدىن باشلاپ خالىغان بىر ئەزانىڭ، ئالدىدىكى بىر ئەزاغا بولغان نىسبىتى تۇراقلىق بولىدىغان قاتار. مەسىلەن، $4+8+16+32+\ldots$. ئۇنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى مۇنداق بولىدۇ: $a+ar+ar^2+ar^3+\ldots$. ئۇ يەنە «گېئومېترىيىلىك قاتار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تەڭ ھەجىملىك جەريان** <فىز> ماددا سىستېمىسىدا، ھەجىم ئۆزگەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا يۈز بەرگەن تۈرلۈك فىزىكىلىق ياكى خىمىيىلىك جەريان. بۇ جەريانىدا، سىستېما بىلەن سىرتقى مۇھىتتا ئىسسىقلىق مىقدارى ئالمىشىشى مۇمكىن.

**تەڭ ھەجىملىك جىسىملار** <مات> ← تەڭداش جىسىملار.

**تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە** <ت ئىش> ئىككى تەرەپ ياكى بىرقانچە تەرەپ ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن، ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت جەھەتتە تەڭلىك بولمىغان

شەرتنامە. ئالاھىدە مەنىدە، تاجاۋۇزچى دۆلەت باشقا دۆلەتنى مەجبۇر قىلىپ تۈزگەن، باشقا دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ۋە مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان شەرتنامىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**تەڭ ئورتاق** ← **تەڭ شېرىك** :

— «ئىككىندە يوق، تېپىندە يوق، خاماندا تەييار» دېگەندەك ئىشنى بىز قىلىپ، ئەمدى ئۇنىڭ نەتىجىسى چىققاندا، ئۇنىڭغا تەڭ ئورتاق بولۇۋالامدىكەن، — دەپ غەزەپ بىلەن سۆزلەپ كەتتى ئۇ.

**تەڭ ئورۇنلۇق گېن** <بىئول> بىر جۈپ ئوخشاش خروموسومادا تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان گېن. ئۇ قارىمۇقارشى ھالەتنىكى يېتىلىشىنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، كۆك پۇرچاق غولىنىڭ ئېگىز-پاكارلىقى، دېنىنىڭ سېرىق ياكى يېشىللىقى ئۇنىڭدىكى قارىمۇقارشى تەڭ ئورۇنلۇق گېن تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدۇ.

**تەڭ ئوقلۇق كرىستال سىستېمىسى** <گېئول> يەتتە كرىستال سىستېمىسىنىڭ بىرى. يۇقىرى دەرىجىلىك كرىستال گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. سىممېترىيە تېپىدە چوقۇم تۆت دانە ئۈچ دەرىجىلىك سىممېترىيە ئوقى ($4L^3$) بولىدۇ، كرىستاللارنىڭ گېئومېترىيىلىك تۇراقلىق سان بەلگىسى $\alpha=\beta=\gamma=90^\circ$ , $a=b=c$ بولىدۇ.

**تەڭ ئويۇن** <تەن> شاھمات ياكى توپ مۇسابىقىلىرىدا يېڭىش-يېڭىلىش ئايرىلىپ چىقمىغان، ئەمما نەتىجىسى ئوخشاش ھېسابلىنىدىغان ئويۇن.

**تەڭ ئېگىزلىك سىزىقى** ① <جۇغ> يەر شەكلى خەرىتىسىدىكى ئېگىزلىكى ئوخشاش بولغان نۇقتىلارنى تۇتاشتۇرغۇچى تۈيۈق سىزىق. خەرىتىدە يەر شەكلىنىڭ ئېگىزلىكىنى كۆرسىتىشتە قوللىنىلىدۇ. ② <مېتېئور> ئوخشاش تەك بېسىم يۈزىدىكى، دېڭىز يۈزى ئۆلچەم قىلىنغان، گېئوپوتېنسىئال ئېگىزلىكى ئوخشاش بولغان نۇقتىلارنى تۇتاشتۇرغۇچى سىزىق. ئوخشاش تەڭ ئېگىزلىك سىزىقىدا، ھاۋانىڭ گېئوپوتېنسىئال ئورنى ئوخشاش بولىدۇ.

**تەڭ يانلىق تراپېتسىيە** <مات> ئىككى يېنى ئۆزئارا تەڭ بولغان تراپېتسىيە.

**تەڭ يانلىق ئۈچ بۇلۇڭ** <مات> ئۈچ تەرىپىنىڭ ئىچىدىكى ئىككى تەرەپ ئۆزئارا تەڭ بولغان ئۈچ بولۇڭ.

**تەڭ يۈزلۈك شەكىللەر** <مات> ← **تەڭداش شەكىللەر**.

**تەڭ يېرىم** تەڭ قىلىپ ئىككىگە بۆلۈنگەن بۆلەكنىڭ بىرى: ئۇلار بويىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۆز مەيلى بويىچە ئەر تاللاشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىپتۇ، ھەربىرىگە بايلىقنى تەڭ يېرىمدىن بۆلۈپ بېرىپتۇ. * كېچە تەڭ يېرىم بولدى، دۇكانلار ئېتىلىپ، بازار تارقالدى.

**تەڭ يېغىن سىزىقى** <مېتېرئور> خەرىتىدىكى يامغۇر مىقدارى ئوخشاش نۇقتىلارنى تۇتاشتۇرغۇچى سىزىق. تەڭ يېغىن سىزىقىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ھەرقايسى رايونلاردىكى يامغۇر مىقدارىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدۇ.

**تەڭ-باراۋەر** تەڭ ھەم باراۋەر، ھەممە جەھەتتىن ئوخشاش: ئۇ ئەزەلدىن كىشىلەرگە تەڭ-باراۋەر مۇئامىلىدە بولىدۇ، قول ئاستىدىكى كىشىلەرگە ئىنتايىن كۆيۈنىدۇ.

**تەڭباسقۇ** ئى [تەڭ+باسقۇ] گىلەم توقۇش دۇكىنىدىكى گۈندا ياغاچنى كۆتۈرۈش،

چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان پىشاك.
**تەكچۈك** سۈپ [خەن] قارىمۇقارشى تەرەپلەر سان-سۈپەت، ئېغىر-يېنىكلىك، چوڭ-كىچىكلىك، ئېگىز-پەسلىك قاتارلىق جەھەتلەردە تەڭ، باراۋەر، ئوخشاش: تەكچۈك بولماق.
**تەكچۈك بولماق** قارىمۇقارشى تەرەپلەر سان-سۈپەت، ئېغىر-يېنىكلىك، چوڭ-كىچىكلىك، ئاز-كۆپلۈك، ئېگىز-پەسلىك قاتارلىق جەھەتلەردە ئوخشاش، تەڭ، باراۋەر بولماق، تەڭلەشمەك: كىرىم-چىقىم تەكچۈك بولدى.
**تەكچۈكسىز** سۈپ. تەكچۈك بولمىغان، تەكچۈك ئەمەس: تەكچۈكسىز ھالەت.
**تەكچۈكسىزلىق** «تەكچۈكسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: تەبىئەت دۇنياسىدىكى بۇلغىنىش ۋە تەكچۈكسىزلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىنسانىيەتنىڭ جىددىي ئويلىشىدىغان مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.
**تەكچۈكسىزلانماق** پ. تەكچۈكسىز ھالەتكە كەلمەك، تەكچۈكسىز بولماق: بىسىم ۋە ھەرىكەتلەر كۈچىيىپ، ئۇنىڭدىن بىر خىل نىرۋا سىستېمىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش بىلەن، ئىنساننىڭ ئەقلىي مۇھاكىمە قۇۋۋىتى تەكچۈكسىزلىنىپ، ئۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپ پارتلىشى كېلىپ چىقىدۇ.
**تەكچۈكلاشتۇرماق** «تەكچۈكلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ چوڭ-كىچىك بولۇشىنى دۆلەتنىڭ مادارىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن خەلق تۇرمۇشىنى تەكچۈكلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.
**تەكچۈكلاشتۇرۇلماق** «تەكچۈكلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھالبۇكى، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە، دۆلىتىمىزنىڭ مالىيە كىرىم-چىقىمىدىكى ناھايىتى چوڭ قىزىل رەقەم ئاساسىي جەھەتتىن تەكچۈكلاشتۇرۇلۇپ، خەلق ئىگىلىكى پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلىنىش يولىغا چۈشتى.
**تەكچۈكلاشماق** پ. تەكچۈك ھالەتكە كەلمەك: تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەكچۈكلاشقاندىلا، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.
**تەكچۈكلۈق** ① «تەكچۈك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: تەكچۈكلۈقنى ساقلاش. ② <پەلس> زىددىيەتنىڭ ۋاقىتلىق، نىسپىي بىرلىكى. ئۇ ھەرىكەتتىن ئايرىلالمايدۇ، ماددىلارنىڭ مۇتلەق، مەڭگۈلۈك ھەرىكىتى جەريانىدا ۋاقىتلىق، نىسپىي جىمجىتلىق ۋە تەكچۈكلۈق بولىدۇ.
**تەكچۈكلۈق سەزگۈسى** <پسىخول> بەدەن ھەرىكىتىنىڭ سۈرئىتى ۋە يۆنىلىشىنى پەرق ئېتىدىغان سەزگۈ. باش ياكى بەدەن ھەرىكىتىنىڭ تېزلىكىنىڭ ئارتىشى، كېمىيىشى، يۆنىلىشىنىڭ ئۆزگىرىشى ياكى باش ۋە بەدەنىنىڭ سىلكىنىشى ئىچكى قۇلاقتىكى ئىچىدە لىمفا سۇيۇقلۇقى بولغان يېرىم ئايلانما نەيچە ۋە دەھلىزگە تەسىر كۆرسىتىپ، قوزغىلىش پەيدا قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قوزغىلىش چوڭ مېڭە پوستلىقىغا يېتىپ بېرىپ، تەكچۈكلۈق سەزگۈسىنى ھاسىل قىلىدۇ.
**تەكچۈكلۈق لىمى** <تەن> ئاياللار گىمناستىكا ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى. ئۇ، ئۇزۇنلۇقى بەش مېتىر، كەڭلىكى ئون سانتىمېتىر كېلىدىغان ئۇزۇن ياغاچ بولۇپ، ئىككى ئۇچى ئوخشاش ئېگىزلىكتىكى ئىككى دانە تۈۋرۈككە ئورنىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە ھەر خىل شەكىلدىكى ھەرىكەتلەرنى ئورۇنداشقا بولىدۇ.
**تەكچۈكلۈق نەزەرىيىسى** <پەلس> بىر خىل مېتافىزىكىلىق نەزەرىيە. ئۇ: شەيئە-

لەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ سەۋەبى ئىچكى زىددىيەت ئەمەس، بەلكى تاشقى ئامىل دەپ ھېسابلايدۇ؛ ئاساسىي زىددىيەت بىلەن ئاساسلىق بولمىغان زىددىيەتنى، زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپى بىلەن ئاساسلىق بولمىغان تەرىپىنى تەپتەكشى دەپ قارايدۇ؛ زىددىيەتنىڭ ۋاقىتلىق، نىسپىي بىرلىكىنى مۇتلەق، شەرتسىز نەرسە دەپ قاراپ، زىددىيەتنىڭ كۈرىشى ۋە ئايلىنىشىنى ئىنكار قىلىدۇ؛ تەكشۈلۈق، تەدرىجىي ئۆزگىرىشنى تەبىئەت دۇنياسى ۋە جەمئىيەتتىكى نورمال ھالەت؛ تەكشۈكسىزلىك، سۈپەت ئۆزگىرىشى ۋە ئىنقىلاب بولسا نورمالسىزلىقتۇر دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ، سىياسىي جەھەتتە سىنىپىي مۇرەسسەچىلىكنى تەشەببۇس قىلىپ، سىنىپىي كۈرەشنى، ئىجتىمائىي ئىنقىلابنى ئىنكار قىلىدۇ.

**تەڭتۇش** سۈپ. ياش جەھەتتىن تەڭ، قۇرداش، بىردېمەتلىك: **ئايكۆل يېزىسىدىن سەمەت بىلەن بىللە ئەسكەرلىككە ئۆتۈلگەن ياشلار ئۇنىڭ كىچىكىدىن بۇيان بىللە ئويناپ، بىللە ئىشلەپ كەلگەن، تەڭتۇش، سىرداش دوستلىرى ئىدى. // قادىر كېچىنى ناسىر شۇجىنىڭكىدە كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتكۈزۈپ، كۈندۈزنى ئۆز تەڭتۇشلىرى بىلەن ئاشخانىدا ئۆتكۈزدى.**

**تەڭداش** سۈپ ① ياش قۇرامى تەڭ، تەڭ ياشلىق: **ئازاد ئۈستى دەۋرىمىز بىلەن تەڭداش بىر ياشتا، چۈشتى ئۇنىڭ ئىزىمۇ دەۋر ئىزى چۈشكەندە. ئاستى قىزىل گالستۇك بىزنىڭ ئازاد ئاشۇ كۈن، گۈلگە ئالتۇن نۇرىنى بېيدەيخېدىن تۆككەندە.** ② كۆچمە. باراۋەر، تەڭ كېلىدىغان: **تەن ساقلىق ـ تەڭدىشى يوق بايلىق (ماقال). * شىلدىرلىشىڭ ئىلھام يىگىت-قىزلىرىڭغا،**

**يىراق غايەڭ تەڭداش ئەمەن يۇلتۇزلارغا. شۇۋىرلىغىن كۆڭگە سۆيگۈ ئىزھار قىلىپ، ئوخشاپ گويا سەھەردىكى دېڭىزلارغا.**

**تەڭداش جىسىملار** <مات> ھەجمى تەڭ بولغان گېئومېترىيىلىك جىسىملار. يەنە «تەڭ ھەجىملىك جىسىملار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تەڭداش شەكىللەر** <مات> تەكشىلىكتىكى يۈزلىرى تەڭ بولغان شەكىللەر. «تەڭ يۈزلۈك شەكىللەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تەڭداش كۆچە يىتىمە** <ئەد> ستىلىستىكىلىق شەكىللەرنىڭ بىرى، يەنى مەزمۇنى بىر-بىرىگە زىچ باغلانغان، قۇرۇلمىسى ئوخشاش ياكى ئوخشاپراق كېتىدىغان، ئىنتوناتسىيىسى بىردەك بىرنەچچە جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئارقا-ئارقىدىن قاتار ئېيتىلىشى. بۇ ئۇسۇل ماقالە، ئەسەر تىلىنى جۇشقۇنلاشتۇرۇشتا، ئەسەرنىڭ تەسىرىنى ئۇرغۇتۇشتا ئۇنۇملۇك رول ئوينايدۇ.

**تەڭداش مۇناسىۋەت** <لوگ> ئەينى بىر جىنس ئۇقۇم ئىچىدىكى بىر قانچە تۈر ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت.

**تەڭداش ئۇقۇم** <لوگ> ئەينى بىر جىنس ئۇقۇم ئىچىدىكى بىرقانچە تۈر ئۇقۇم يەنى تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى ئۇقۇملار.

**تەڭداشسىز** سۈپ. تەڭدىشى يوق، تەڭدىشى بولمىغان: **ئومۇمەن بۇ شەھەر ئۆزىنىڭ يېقىلغۇ جەھەتتىكى تەڭداشسىز ئارتۇقچىلىقى بىلەن بىر ئۆلكىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مەركىزى بولۇپ كەلمەكتە.**

**تەڭداشلىق** «تەڭداش» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: **مەن بىر مۇساپىر قۇل، سىز بولسىڭىز شاھانە باغدىكى بىر گۈل، ئارىمىزدا قانداق**

تەڭداشلىق بولىدۇ؟

**تەڭدېمەت** سۈپ [تەڭ+دېمەت] بىر ۋاقىت، بىرمەزگىلدە تۇغۇلغان، يېشى تەڭ: كەلگىن بالام، سەنمۇ ئال مۇشۇ ئالتۇن قەدەھنى، تارتىنمىغىن، ھەممىز سېنىڭ بىلەن تەڭدېمەت. گەرچە ئارتۇق يىرتاقمۇ سەندىن تالاي كۆڭلەكنى، تەڭ تۇغۇلدۇق كۆكچەندالڭ دەۋرىدىلا بىز پەقەت.

**تەڭدېمەتلىك** سۈپ بىرمەزگىل، بىرۋاقىتتا تۇغۇلغان، يېشى تەڭ، تەڭ ياشلىق: ئۇ كەيىنكە بۇرۇلۇپ قاراپ، بىرمۇنچە ئىشچىلارنىڭ كەينىدە، زاۋۇت ئائىلىلىكلىرىنىڭ تەڭ دېمەتلىك قىزلىرى ئارىسىدا، ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان خاسىيەتنى كۆرۈپ قالدى.

**تەڭرى** ئى. خۇدا، ئاللاھ، پەرۋەردىگار: مەن قىلارمەن ئۆتتۈز، تەڭرى قىلار توققۇز (ماقال). * سەن بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن مېنىڭدەك قانچىلىغان كىشىلەرنى بالا-قازاغا دۇچار قىلدىڭكى! بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانچىسىنى يامان يولغا باشلايسەنكى! تەڭرىم بەندىلىرىنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ.

**تەڭرىقۇت** ئى <تارىخ> سۆز مەنىسى «تەڭرىنىڭ ئوغلى» بولۇپ «ئۇلۇغ، بۈيۈك» دېگەن مەنىلەردىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ھونلاردا بولسا ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران بولغان پادىشاھ، خان «تەڭرىقۇت» دېيىلەتتى.

**تەڭسىز** سۈپ. تەڭ بولمىغان، تەڭ ئەمەس، پەرقلىق: بىز ھېچقانداق چەت ئەلگە تەڭسىز مۇناسىۋەتنى تاڭغىنىمىز يوق. * دېھقانىنىڭ ئۆيىدىن يامانلار چاشقان، سېڭىدا سېپىساقتا دان. بۇ شۇنداق تەقدىرمۇ ئۆزگەرمەيدىغان، مەڭگۈگە شۇنداقمۇ بۇ تەڭسىز جاھان؟

**تەڭسىزلىك** ① «تەڭسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئازادلىقتىن بۇرۇن شۇنداق باي زېمىننىڭ ئىگىسى بولغان يەرلىك خەلق قاتمۇقات زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىكلەر تۈپەيلى بىر كۆزى قان، بىر كۆزى ياش بىلەن تولۇپ، ھەسرەت-نادامەتتە كۈن كەچۈرگەن. ② ئى. ھوقۇق، مەجبۇرىيەت، ئورۇن ۋە پايدا-مەنپەئەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەڭ بولماسلىق؛ ئادالەتسىزلىك: كونا جەمئىيەتتىكى مىللىي تەڭسىزلىك مىللىي زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.
③ ئى <مات> ئىككى سان ياكى ئىككى ئالگېبرالىق ئىپادىنىڭ ئۆزئارا تەڭ ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئىپادە. ئادەتتە ئىككى سان ياكى ئىككى ئالگېبرالىق ئىپادىنى تەڭسىزلىك بەلگىسى بىلەن تۇتاشتۇرۇش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: $2<5$، $5>2$، $5\neq2$ قاتارلىقلار.

**تەڭسىزلىك بەلگىسى** <مات> ئىككى سان ياكى ئىككى ئالگېبرالىق ئىپادىنىڭ تەڭسىزلىك مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە. ئاساسلىق تەڭسىزلىك بەلگىلىرى: «>» (چوڭلۇق بەلگىسى)، «<» (كىچىكلىك بەلگىسى)، «≠» (تەڭ ئەمەسلىك بەلگىسى) دىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ.

**تەڭسىزلىكلەر سىستېمىسى** <مات> ئوخشاش نامەلۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرقانچە تەڭسىزلىكتىن تۈزۈلگەن بىر سىستېما تەڭسىزلىكلەر.

**تەڭشەتمەك** «تەڭشىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سائەتنى تەڭشەتمەك.

**تەڭشەشمەك** «تەڭشىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەڭشەك** ئى ① تىكىش ماشىنىسىدا غالتەك يىپنىڭ چىڭ-بوشلۇقىنى تەڭشەپ تۇرىدىغان سايمان: تەڭشەكنى چىڭىتىپ قويماق. ② بىرەر نەرسىنىڭ تەكشىلىكىنى ساقلاپ تۇرىدىغان نەرسە: ناغرا-سۇنايىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئاستىدا،

دارۋاز بالا دارغا چىقتى ۋە تەڭشەك بادرىنى ئىككى قولى بىلەن مەيدىسىدە چىڭ تۇتۇپ، چەبدەس مېڭىپ كەتتى. * دۇتارنىڭ تەڭشىكى بۇزۇلسا، ئاۋاز بىلەن ماسلاشمايدۇ.

**تەڭشەكلىك** سۈپ. تەڭشەپ قويۇلغان، تەڭشەلگەن: ئېلېكتر ستانسىسىنىڭ نورمال توك بېرىشى ئۈچۈن كۆل تەڭشەكلىك رول ئوينايتتى. * ـ ئەتىگە قالدۇرۇپ نېمە قىلىمىز، ـ دېدى ھامۇت ئۇستا، ـ يەل ماشىنىسىنىڭ رېمونتى مۇشۇ ئوقتا قاراپ قالغان ئەمەسمىدى؟ ستانوك تەڭشەكلىك، ئىككى-ئۈچ سائەت جاپا چەكسەك، قولدىن چىقىپ كېتىدۇ.

**تەڭشەلمەك** ① «تەڭشىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كاپىتالىزم شارائىتىدا، يۇتكۇل ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن قارىغۇلارچە تەڭشىلىپ تۇرىدۇ. * دوستۇم، بىز قانات-قۇيرۇقى ئەمدىلا تەڭشەلگەن قۇشلار، لاچىندەك پەرۋاز قىلىدىغان چېغىمىز، نېمىدىن قورقاتتۇق. ② كۆچمە. ھاراقنى نورمىدىن ئارتۇقراق ئىچىپ قويماق، ئازراق مەست بولۇپ قالماق: شەۋكەت خېلىلا تەڭشىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى كالۋالىشىپ، قەدىمىنى تەستە يۆتكەيتتى. يۇرىكىدە بولسا دادىسىنىڭ ئىنتىقام ئوتى يالقۇنجايتتى. * ئانارخاننى كۆچۈرۈپ، ئوردىغا ئاپارغاندىن كېيىنكى كەچتە شاراب ئىچىپ تەڭشەلگەن سۇلتان مامۇت دەلدەڭشىگىنىچە خاس ھۇجرىسىغا كىرىپ كەلدى.

**تەڭشەلمىگەن ئالەم** ناھەقچىلىك، ئادالەتسىزلىك، تەڭسىزلىك، ئېگىز-پەسلىك تولغان دۇنيا: تەڭشەلمىگەن ئالەم ماتاكقا سالمىغان جان (ماقال).

**تەڭشىگۈچ** ئى. بىرەر نەرسە ھەرىكىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى، نورماللىقىنى ساقلاپ، تەڭشەپ تۇرىدىغان نەرسە: ئەسئەت رادىئونى ئېچىپ، تەكشۈرۈپ، تەڭشىگۈچنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ بېرىدىغان يىپنىڭ ئۈزۈلگىنىنى بايقىدى.

ئۇ كونىراپ كەتكەن بۇ يىپنى ئېلىۋېتىپ، دۇتارنىڭ تارىسىنى ئۆتكۈزۈپ، ئوڭشاپ قويدى.

**تەڭشىگۈچ تۆشۈك** جۇۋاز ئوقىنىڭ ئۇزۇن قىسقىلىقىغا قاراپ بۆكنى كىيدۈرۈش ئۈچۈن، كىندىك قىسمىغا ئويۇلغان تۆشۈكچىلەر.

**تەڭشىگۈچ گېن** <بىئول> تۈزۈلۈش گېنىنىڭ ھەرىكىتىنى تىزگىنلەيدىغان گېن. جانلىقلارنىڭ مەلۇم ئاقسىلنى ھاسىل قىلىش، قىلماسلىقى تۈزۈلۈش گېنى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. قانداق ئەھۋال ئاستىدا بۇ خىل ئاقسىلنى ھاسىل قىلىشى مۇناسىۋەتلىك تەڭشىگۈچ گېن تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

**تەڭشىمە** سۈپ. تەڭشىلىدىغان، تەڭشەشكە بولىدىغان: تەڭشىمە دۇمباق.

**تەڭشىمە دۇمباق** <مۇز> مىستىن قازانغا ئوخشىتىپ ياسالغان ئۇرغۇلۇق چالغۇ. ئېغىزىغا تېرە تارتىلىپ، بۇرما ئورنىتىلىدۇ، شۇ بۇرمىنى چىڭىتىش ياكى بوشىتىش ئارقىلىق ئاۋازنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى تەڭشەشكە بولىدۇ. ئۇ ئاساسەن سىمفونىيىلىك ئوركېستىرلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**تەڭشىمەك** پ ① ئاز-كۆپلۈك، ئېگىز-پەسلىك، يۇقىرى-تۆۋەنلىك، كۈچلۈك-كۈچسىزلىك قاتارلىق جەھەتلەردىن تەرتىپكە سالماق، رەتلىمەك: بۇلتۇر شىخو ناھىيىسى تەڭشەش قانچېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، يېزا ئېگىلىك تۈزۈلمىسىنى تەڭشىدى، قوناق تېرىلغۇ كۆلىمىنى مۇۋاپىق قىسقارتىپ، ياغلىق دان، كېۋەز قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەر كۆلىمىنى كېڭەيتتى. * توختاخۇن بىلەن بايىز خالۋاپ ياش يىگىتلەرنى تەڭشەپ، تەشكىللەۋاتقاندا، مارجانتال كەنتى تەرەپتىن ياۋىداق بوز ئات مىنگەن بىر كىشى ئوقتەك چېپىپ چىقىپ كەلدى. ② ھارارەتنى، ئىسسىق-سوغۇقلۇقنى گىرەلەشتۈرۈپ، ئېھتىياجغا لايىقلاشتۇرماق: ـ يۈز-كۆزۈڭنى

يۇمامسەن؟ ــ دېدى ئانا ئاپتۇۋىغا سۇ تەڭشەپ تۇرۇپ. * قوشنىلار ھەر قېتىم نان ياققاندا، ناننىڭ زوۋۇلىسىنى ئېتىش، يۈزىنى ئېچىپ، تۈكچە چېكىش، ھەتتا تونۇرنىڭ تاۋىنى تەڭشەپ، تۇز چېچىپ، نان يېقىشقىچە بولغان ئىشلارغا ئۇنىڭ ئەپچىل قوللىرى تەگمەي قالمايتتى. ③ ئېھتىياجغا مۇۋاپىق تەقسىملىمەك، بۆلمەك: گۆھەرخان چوڭ ئانام توغرالغان ئۆپكە ـ ھېسىپلارنى تەخسىلەرگە تەڭشەپ سېلىپ، ئەمبەلنىڭ بىر چېتىدىن تىزىشقا باشلىدى. ④ ماسلاشتۇرماق، مۇۋاپىقلاشتۇرماق: لۇتپۇللانىڭ رەسىم سىزىشقا ئىشتىياق باغلىغانلىقى ھەم ئەستايىدىل كىرىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مەسۇم ئاخۇن ئۇنىڭغا رەسىمنى قانداق سىزىش، رەڭنى قانداق تەڭشەش، مەنزىرە تاللاش ۋە باشقا مەشغۇلاتلار ھەققىدە زېرىكمەي سۆزلەپ بېرىدىغان بولدى. ⑤ تەڭكەش قىلماق، سازلىماق (ساز ۋە ئاۋاز ھەققىدە): يىگىت راۋابنى ئېلىپ تەڭشىدى. ئاندىن گېلىنى قىرىپ ناخشا باشلىدى. * ئۇ كۈنى كەلدى يەنە مۇڭ تىڭشىدى، نەيگە ئۆز كۆڭۈل كۈيىنى تەڭشىدى. بىر ھازادا ئورنىدىن تۇرغانىدى، نە ئۈچۈندۇ، ئارقىسىغا يانمىدى.

**تەڭقۇر** سۈپ [تەڭ+قۇر] ياش جەھەتتىن تەڭ ياكى پەرقى ئاز؛ تەڭتۇش، دېمەتلىك، قۇرداش: شانىياز بولسا كۆزلىرىدە ھەمىشە غەزەپ قايناپ تۇرىدىغان، پاكارراق، كەم سۆز، تومۇردەك چىڭ يىگىت بولۇپ، ئالماس بىلەن تەڭقۇر ئىدى. * ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ياش، قابىل يىگىتلەر بولۇپ، ئالماسنىڭ تەڭقۇرلىرى ئىدى.

**تەڭقۇرام** سۈپ [تەڭ+قۇرام] ← **تەڭقۇر**.

**تەڭقۇراملىق** سۈپ ← **تەڭقۇر**: بۇ تېخنىكلارنىڭ ھەر ئىككىسى تەڭقۇراملىق بولۇپ، ئۈرۈمچىدە بىر داشۆدە ئوقۇغان.

**تەڭقىس** سۈپ [ئە] ئوڭايسىزلانغان، تەڭلىكتە قالغان: لۇتپۇللا ئىرپانىنى «ئاتىسىنىڭ ئالدىدا تەڭقىس بولۇۋاتسا كېرەك» دەپ ئويلىدى-دە، دەرھال شەمشىدىنگە ئىلتىماس قىلدى. * قاچقۇن تەڭقىس ئەھۋالدا قالغاندەك، ئىككى تەرەپكە قارىدى. ياشانغان ئانا، كېلىن، نەۋرە ئۇنىڭغا سەپسالماقتا ئىدى.

**تەڭقىس بولماق** تەڭلىكتە قالماق، خىجالەت بولماق، ئوڭايسىزلانماق: سارە بىر خىل قورۇنۇش، ھېيقىش ئىچىدە، كۆز ئالدىدىكى ئەرگە ــ قىزلىق دەۋرىدىكى سۆيۈملۈك كىشىسىگە قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش مەسىلىسىدە تولىمۇ تەڭقىسلىقتا قالدى. * سېلىم ئاكا خەلچە ئانىنى كۆرۈپ، سەل تەمتىرىگەندەك بولدى، گەپلىرىمۇ تازا جايىدا چىقمايۋاتقاندەك تۇيۇلدى، ئۆزىچە تەڭقىس بولۇپ، ھەتتا گېپىدىن توختىدى.

**تەڭقىسلىق** «تەڭقىس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ ياققا قارىسا، قەدىناس ئەر، بۇ ياققا قارىسا، بالا ــ ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قالغان ئانا تەڭقىسلىقتىن پىتىراپ كەتتى. كېلىن خىجىللىقتىن، بىر بۇلۇڭدا تىرنىقىنى تاتىلاپ ئولتۇراتتى. * خاتالاشقان يولداشلارغا چىن كۆڭۈل ــ سەممىي نىيەت بىلەن ياردەم بېرىشىمىز، ئۇلارنى تەڭقىسلىقتا قويماسلىقىمىز لازىم.

**تەڭكەش** سۈپ ① تەرەپلەر ھەر جەھەتتىن تەڭلەشكەن، تەڭپۇڭلاشتۇرۇلغان، تەڭپۇڭ. ② ماسلاشتۇرۇلغان، لايىقلاشقان، ئوخشاش (ساز ۋە ناخشا ھەققىدە): ئۇ بۇ شەھەرگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بارىبىتچى ئايال دەپ نامى چىقتى. ئۇنىڭ بارىبىتقا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىدىغان مۇڭلۇق قوشاقلىرى كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. * بالىنىڭ ناغرا ـ سۇنايغا راۋابقا تەڭكەش قىلىشتەك غەيرىي مۇناسىپ ھەرىكىتى پەشتاق تۈۋىدە تۇرغانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

**تەڭكەش بولماق** ماسلاشماق، لايىقلاشماق: ــ سېنىڭ رىتىمىڭغا تەڭكەش بولۇپ، تىترەپ تۇرغان ھەربىر بارماقلىرىمدىن سېنى سېزىمەن، سېنىڭ دوستلارغا مۇھەببەت، رەقىبلەرگە نەشتەر قامىتىڭنى كۆزۈم ئارقىلىق، كۆزۈمدىكى نۇرلار ئارقىلىق

ھەر تەرەپكە چاچمەن! ــ دېدىم. * مانا بۇگۈنمۇ ئۇلار سىزنىڭ ئىجادىي مۇزىكىڭىزغا تەڭكەش بولۇپ يىغاندىن چىققۇدەك سايراشتى!

**تەڭكەش قىلماق** ماسلاشتۇرماق، لايىق-لاشتۇرماق: يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، بارات نەدىندۇر بىر داپ تېپىپ كېلىپ، ناشۋايغا تەڭكەش قىلىپ چېلىپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ جۇشقۇنلۇق تۈس كىرگۈزدى. * يۈزلىگەن ياشلار، باللار، موزىكىچىلار بۇ يەرگە ئۆزلۈكىدىن يىغىلغان بولۇپ، بەزىلىرى ناغرا، سۇنايغا تەڭكەش قىلىپ، ئاجايىپ ماھارەت بىلەن ساما سالماقتا.

**تەڭكە تىلەنمەك** «تەڭكە شىلمەك» پېئىلنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كېلىدۇ غەم كۆيىگە تەڭكە تىلىنىپ، تىرەجەپ ھالىدىن كەتكەن قانچە كارۋان. ئۇمىددە باقار ئۇزاق-ئۇزاقلارغا، ئەلەملىك يۈرىكىدە چەكسىز ئارمان.

**تەڭكە شىلمەك** پ. تەڭكەش قىلماق، تەڭلەشتۈرمەك: شۇنىڭدىن كېيىن ناخشا-كۈيۈمنى، ئىشچان قىزلار تىلىدا كۆردۈم. ستانوكقا تەڭكە شىلەپ ئېيتقان، مەرد يىگىتلەر تىلىدا كۆردۈم.

**تەڭگە** ئى. كۈمۈشتىن يۇملاق شەكىلدە ياسالغان پۇل: ئېشكى ئۈچ تەڭگە، توققۇمى بەش تەڭگە (ماقال). * بايۋەچچە بازاردىن 300 مىڭ تەڭگىگە ئالغان ئىت، مۈشۈك ۋە يىلاننىڭ بالىسىنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپتۇ-دە، بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە مېڭىپتۇ.

**تەڭگە مۇخ** <بوت> مۇخلارنىڭ بىر خىلى، ئۆسۈملۈك تېنى يوپۇرماق شەكلىدە ياپىلاق كېلىدۇ، يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ. دۆمبە تەرىپىدە ھاۋا تۆشۈكى، قورساق تەرىپىدە تەڭگىچىلىرى ۋە يالغان يىلتىزلىرى بولىدۇ؛ ئورگانىك ماددىلارغا باي كېلىدۇ؛ سالقىن، نەم تۇپراقلاردا ئۆسىدۇ.

**تەڭگە-تىللا** تەڭگە ۋە تىللا: ئۇ تونۇشلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن، راستىنى ئېيتقاندا تەڭگە-تىللانىڭ ياردىمى بىلەن، ئوردىنىڭ ئادەتتىكى ئەمەلدارى بولدى. كېيىن يەنە يامىشىپ، خەزىنىچى ۋەزىر بولدى.

**تەڭگىتە مرەتكە** ئى [تەڭگە+تەمرەتكە] <تىب.> ئاستا خاراكتېرلىك تېرە كېسەللىكى. ئالامەتلىرى: دەسلەپتە دۆگچە ئەسۋە پەيدا بولۇپ، كېيىن ئاسان تۆكۈلىدىغان نېپىز تەڭگىچىگە ئايلىنىدۇ. بۇ خىل تەمرەتكە كۆپىنچە جەينەك ۋە تىزغا چىقىدۇ. ئازراق قىچىشىدۇ، يۇقمايدۇ.

**تەڭگىچە** ئى ① تەڭگىنىڭ كىچىكى، كىچىك تەڭگە. ② سۈپ. شەكلى تەڭگىگە ئوخشايدىغان، تەڭگە شەكىلدىكى: تەڭگىچە بىخ، تەڭگىچە يوپۇرماق.

**تەڭگىچە غول** <بوت> يەر ئاستى غولىنىڭ بىر خىلى. شەكلى يۇملاق تەخسىگە ئوخشايدۇ، ئاستى قىسمىدا تۇراقسىز يىلتىزلىرى، يۇقىرى قىسمىدا تۇرغۇنلىغان شەكلى ئۆزگەرگەن يوپۇرماق-لار، تەركىبىدە ئوزۇقلۇق ماددىلار بولىدۇ؛ سېمىز، گۆشلۈك كېلىدۇ؛ تەڭگىچە غولىنىڭ مەركىزىدىن يەر ئۈستى غول ئۆسۈپ چىقىدۇ. مەسىلەن، باش پىياز، نەرگىسگۈل قاتارلىقلارنىڭ يەر ئاستى غولىغا ئوخشاش.

**تەڭگىچە قاسراق** <زوئول> بېلىقلار، سۆرەلگۈچى ۋە ئاز ساندىكى ئېمىتكۈچى ھايۋانلارنىڭ تەن يۈزىدىكى قوغداش رولىنى ئوينايدىغان نېپىز توقۇلما. مۈڭگۈز ماددىسى ۋە سۆڭەك ماددىسىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ.

**تەڭگىچە قاناتلىقلار ئەترىتى** <زوئول> ھاشاراتلارنىڭ بىر ئەترىتى. بۇ ئەترەت-تىكى ھاشاراتلارنىڭ قانات ۋە پۇتلىرىنىڭ ھەممىسىدە تەڭگىچىلەر بولىدۇ؛ ئېغىز ئورگىنى سىفون شەكىلدە كېلىدۇ؛ لېچىن-كىسىدا ئۈچ جۈپ كۆكرەك پۇتىدىن باشقا

يەنە قورساق قىسمىدا ئۈچ جۈپتىن بەش جۈپكىچە پۆتلىرى بولىدۇ. غازاڭ پەرۋانىسى، شال پەرۋانىسى، يېشىل پەرۋانە قاتارلىقلار مۇشۇ ئەترەتكە كىرىدۇ.

**تەڭگىچە يوپۇرماق** <بوت> يەر ئاستى غول ۋە قىشلايدىغان كۆپچىلىك بىخلاردىكى زاپاس ساقلاش ياكى قوغداش رولىغا ئىگە شەكلى ئۆزگەرگەن يوپۇرماق.

**تەڭگىچە يوپۇرماق ئىزى** <بوت> بىخنىڭ سىرتىنى ئوراپ تۇرغۇچى تەڭگىچە يوپۇرماقلارنىڭ، بىخ سۈرگەندە چۈشۈپ كېتىپ، نوتا يۈزىدە قالدۇرغان ئايلانما ھالەتتىكى ئىزى. كىچىك بىر تال شاخنى كېسىۋېلىپ، ئۇنىڭدىكى تەڭگىچە يوپۇرماق ئىزىنىڭ سانىنى ھېسابلاش ئارقىلىق، ئۇنىڭ بىر يىلدا قانچىلىك ئۆسكەنلىكى ۋە قانچە شاخ چىقارغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

**تەڭگىلىك** سۈپ ① تەڭگىسى بار؛ تەڭگىگە ئىگە: قىش چىققۇچە ئەپلەپ-سەپلەپ ئوقەت قىلىپ، بەش-تۆت تەڭگىلىك بولۇۋالساق، بۇنىڭ نېمىسى يامانكەن؟ ② تەڭگە قىممىتىدىكى، تەڭگىگە يارايدىغان: ئالتە تەڭگىلىك مېلىڭنى ئەجەبمۇ كۆز-كۆز قىلىپ كەتتىڭا. * بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۇ: — ھېلىمۇ ياخشى ئۆتۈكنى سېلىۋەتكەن ئىكەنمەن. ئەگەر بۇ ئەقىل كاللامغا كەلمىگەن بولسا، 30 تەڭگىلىك ئۆتۈكۈم مۇشۇ يەردىلا تۈگەپ، 30 تەڭگەممۇ ھارام كېتەر ئىكەن، — دەپتۇ ئۆز-ئۆزىگە.

**تەڭگىيوپۇرماق** ئى [تەڭگە+يوپۇرماق] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى يۈرەك شەكلىدە بولۇپ، ئۇزۇن ساپلىقى بولىدۇ؛ گۈلى سېرىق كېلىدۇ. گۈل ۋە يوپۇرماقلىرى دورا قىلىنىدۇ، گۈلى يۆتەل توختىتىدۇ ۋە بەلغەمنى يۇمشىتىدۇ؛ يوپۇرمىقى توقماق بېلىقنىڭ زەھىرىنى كېسىدۇ.

**تەڭلە شتۈرمەك** «تەڭلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇشۇنداق ياخشى بىر ئىشنى نەدىكى بىر ئىشلارغا تەڭلەشتۈرسەك بولامدۇ؟

**تەڭلەشتۈرۈلمەك** «تەڭلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەڭلەشمەك** پ ① تەڭ، باراۋەر ھالغا كەلمەك؛ تەڭ ئورۇندا تۇرماق؛ باراۋەرلەشمەك: خەلقئارا توپ مۇسابىقىلىرىدا ئىككى دۆلەت ئىسپورتچىلىرى تەڭلىشىپ قالغاندا، ئەڭ ئاخىرقى سېكۇنتتا چۈشكەن توپ بىلەن ھەل قىلغۇچ غەلىبە قولغا كېلىدۇ. دېمەك سېكۇنت ۋاقىتمۇ ئەسلا سەل قاراشقا بولمايدۇ. ② يېتىشمەك: پىلە غوزەكلىرى تامامەن جىقدىن ئۆتۈپ بولغاندا، قۇتا بېشى مەھسۇلاتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 27.8 كىلوگرامدىن ئېشىپ، ئالدىنقى ئون يىلنىڭ يىغىندىسىغا تەڭلەشكەنلىكى مەلۇم بولدى. ③ تەڭ يېرىم بولماق، يېرىمىغا يەتمەك، يېرىملاشماق: تۈن تەڭلەشكەندە، تۇساتتىن تۆتىنچى كىچىك ئەترەتنىڭ ماخورسى ئۈستىدە ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلدى.

**تەڭلەنمەك** «تەڭلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: زورلۇق ۋە زورلۇققا قارشى كەسكىن جەڭ، قاپلىغان شۇ دەمدە بوز دۆڭ ئۈستىنى. باتۇرلار ئېلىشار چېرىكلەر بىلەن، تەڭلەنگەن مىلتىقتا كېرىپ كۆكسىنى. * مويسىپىت مېھمانلار كىردۇق ھۇجرىغا، سۇپىنى چۆرىدەپ تۈتتۈق ئورۇن. جاي. دۇئا قىلىپ ئېسەنلىك سوراشتۇق ئاندىن تەڭلەندى پەتنۇستا مېھمانلارغا چاي.

**تەڭلىك** ئى ① ھوقۇق، مەنسەپ، پايدا-مەنپەئەت، مەجبۇرىيەت، ئەركىنلىك قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەڭ ھالەت؛ باراۋەرلىك: مىللەتلەرنىڭ تەڭلىكى، يېڭى يولنىڭ

تەڭلىكى، ھەممىمىزنى ئۇم قىلدى، پارتىيە رەھبەرلىكى.
② خىجىللىق، خىجالەتچىلىك: ئۇنىڭ بىر نېمە دېيەلمەي تۇرغانلىقىنى كۆرگەن بەزىلەر: — ئۇنىڭمۇ تەڭلىك، قانداق قىلىدۇ، بۇ تەرەپكە قارىسا ئاكىسى، ئۇ تەرەپكە قارىسا ئاپىسى، — دېيىشەتتى. ③ ئى <مات> ئىككى سان ياكى ئىككى ئالگېبرالىق ئىپادىنىڭ تەڭلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئىپادە. ئادەتتە ئىككى سان ياكى ئىككى ئالگېبرالىق ئىپادىنى تەڭلىك بەلگىسى بىلەن تۇتاشتۇرۇش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: $3 + 2 = 4 + 1$، $a = 4$.

**تەڭلىك بەلگىسى** <مات> تەڭلىك مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە. «=» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**تەڭلىك تارتماق** تۇرمۇشتا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھەل قىلىپ كېتەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالماق، قىيىنچىلىق تارتىپ قالماق: ئۇ تەڭلىك تارتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، سىڭلىسىدىن پۇل قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولغان. * ئۈچەيلەن ئاش-نان تەڭلىكىنى تارتىپ، ئاچ قورساق يېتىشقا مەجبۇر بولدى.

**تەڭلىكتە قالماق** ① خىجالەتتە قالماق، ھېچقايسى تەرەپنى قوللىيالماي قالماق: مەن قانداق قىلاي، مەن تولىمۇ تەڭلىكتە قېلىۋاتىمەن. سىزگە مەلۇم، ئۇنى مەن پەقەت تونۇمايمەن، شۇ سەۋەبتىن ئۇنىمۇ ماڭا قارىپمۇ قويماسلىقى مۇمكىن. * روزىلەمنىڭ ھويلىسى، چوڭچىدىكى كەڭلىكتە. روزىلەمگە كۆيدۇم دەپ، ئەمدى قالدىم تەڭلىكتە. ② قىيىنچىلىق تارتىپ قالماق: مەتكېرەمنىڭ تەڭلىكتە قېلىۋاتقانلىقىنى بىلگەن گۈلشەن ئۆزىنىڭ تاقاپ يۈرگەن ھالقىسىنى بىر دوستىنىڭ نوغاي نۇسخىلىق ھالقىسىغا ئالماشتۇرۇپ، ئاپىسىنىڭ ئۆتكىلىدىن ئۆتتۈۋالغان.

**تەڭلىكتە قويماق** خىجالەتتە قويماق، خىجىل قىلماق: ئاتا، مەن سىلىنى تەڭلىكتە قويۇشنى خالىمايمەن.

**تەڭلىكتىن چىقارماق** قىيىنچىلىقتىن، خىجالەتچىلىكتىن قۇتقۇزماق: ئۇنىڭ مۇشۇ ئەيىبلىرى تۈپەيلىدىن، ھېچ يەردىن ئەلچى كەلمىگەنىكەن، شۇڭا: — مۇشۇ قىزىمنى نىكاھىڭىزغا ئېلىپ، مېنى تەڭلىكتىن چىقىرىڭ، — دەپتۇ ئۆي ئىگىسى.

**تەڭلىككە سالماق** خىجالەتتە قالدۇرماق، تەڭلىكتە قويماق، خىجىل قىلماق: مەن پۈتۈن كەنتنى ئايلىنىپ مېڭىپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەن ۋاقتىمدا، بىر مۇخبىر دادامنى سۈرەتكە تارتماقچى بولۇپ تۇرغانىكەن. بىراق دادام سۈرەتكە چۈشۈشنى رەت قىلىپ، مۇخبىرنى تەڭلىككە سېلىپ قويۇپتۇ. * ياق ئۇكام، سىلىدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇنداق قىلمىسىلا، بىكارغىلا ئۇ بالىنى تەڭلىككە سېلىپ خىجىل قىلغاننىڭ پايدىسى يوق، مانا مېنىڭمۇ بىر ئوبدان كۆڭلۈم كېتىۋاتامدۇ؟

**تەڭلىمات** ئى. گۈللۈك چوڭ كىگىز: ئۆيگە ئىككى شىرداق، بىر يېڭى تەڭلىمات سېلىنغانىدى.

**تەڭلىمە** ئى <مات> تەركىبىدە نامەلۇم بولغان تەڭلىك. مەسىلەن: $3=1+x$، $1+x=2+y$ قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**تەڭلىمىلەر سىستېمىسى** <مات> بىرنەچچە تەڭلىمىنى بىرلەشتۈرۈشتىن ھاسىل بولغان بىر گۇرۇپپا تەڭلىمە.

**تەڭلىمەك** پ ① بىرەر نەرسىنى بىراۋغا ئۇدۇللىماق، قاراتماق: قورققان ئاۋۋال مۇشت تەڭلەر (ماقال). * بۇ ئۆيدە ئۇلاردىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى، بىرچاغدا، تۆر تەرەپتىكى ئىككى ئىشىك تەڭلا ئېچىلدى-دە، ئون نەچچە چېرىك تەڭلا يۈگۈرۈپ چىقىپ، نەيزىلىك مىلتىقلىرىنى تۆمۈر خەلپىلەرگە تەڭلەپ «كۆتۈر قولۇڭنى!» دەپ ۋارقىراشتى. * تىك تۇتۇپ قەددىنى مەردانە بوۋاي، سۆزلىدى غوجىغا تەڭلەپ تاياقنى. ھوشىغا كېلەلمەي تۇراتتى زالىم، كۆزلىسۇن قېچىشقا ئەمدى قاياقنى؟ ② سۇنماق، ئۇزاتماق: كىشى نان تەڭلىسە يېمەيمەن دېمە، قولۇڭغا ئال، يېمىسەڭ يېمە. * ئۇ تارتمىسىدىن

چىرايلىق تۆپلەنگەن خاتىرىنى ئېلىپ، نۇرمۇھەممەتكە تەڭلىدى. ③ تەڭلەشتۈرمەك، توغرىلىماق: تۈرغۇن ھالدا لىۋىگە كېلىپ سەپسالدى ۋە تارراق بىر يەرنى تېپىپ، ئۆزى كۆتۈرۈپ كەلگەن جەگە ياغاچنى ھاڭغا تەڭلىدى. ④ يېرىمىغا تەڭ قىلماق: بىز ئۇن كۈندىلا بىر ئايلىق ۋەزىپىنى تەڭلەپ تۈگەتتۇق.

**تەخمۇتەك** يا ئارتۇق يا كەم ئەمەس، ھەممە جەھەتتىن باراۋەر: ئاكا-ئۇكا مىراسنى تەخمۇتەك ئىككىگە بۆلدى.

**تەخنە** ئى. خېمىر يۇغۇرۇش ئۈچۈن ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان داس.

**تەل** سۈپ. تەييارلانغان، ھازىرلانغان؛ تولۇق، مۇكەممەل: بۇ ئادەمنىڭ بىغەرەزلىكىنى! ھەنىۋا كىشى بىر چىرايلىق ئۆز ئۆيىنىڭ، ئۆز كۆلۈڭنىڭ غېمىدە، تارتىقلىق ئۇنى، يېرىقلىق ئوتۇنى تەل، ھەي، ئۇ بولسا ئەتىدىن-كەچكىچە سوكسوك ئاتەك چېپىپ يۈرگىنى-يۈرگەن. * بۇ شەھەر گەرچە كىچىكرەك بولسىمۇ، ھەممە نەرسىسى تەل ئىدى. ئاشپەز، ناۋاي، باققاللارنىڭ خېرىدار چاقىرىپ ۋارقىراشلىرى قۇلاقنى ياراتتى. * كەلگەندە ئالۋاستى دېڭىزدىن ئاتلاپ، خەلقىمنىڭ غەزىپى تاشتى بولۇپ سەل. قەھرىمان ئارمىيە شجائەت بىلەن، ئاتلاندى كۈرەشكە قورالىنىپ تەل.

**تەل بولماق** تەييارلانماق، ھازىرلانماق؛ تولۇق، مۇكەممەل بولماق: مانا ھازىر ئاخۇننىڭ ئۆيىدە ئاشلىقمۇ، گۆشمۇ، پۇلمۇ ــ ھەممىسى تەل بولدى. بۇ نەرسىلەر ھېيتنى ئۆتكۈزۈشكە ئازادە يېتىدۇ. * قۇتىرىغان ياۋنى قىلارمەن يەر بىلەن يەكسان شۇئان، بۇيرۇقى كەلسە ۋەتەننىڭ ئاتلىنىشقا تەل بولۇپ.

**تەل قىلماق** ھازىرلىماق، تەييارلىماق، تولۇق، مۇكەممەل قىلماق: ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق نەرسىلەر گىلەم، كارىۋات، ئىشكاپ، سائەت قاتارلىق نەرسىلەرغۇ، بۇ نەرسىلەرنى تەل قىلىپ بەرگەن بولسام، ئۇ ئايالى بىلەن قانچىلىك لەززەتلىك كۈن ئۆتكۈزگەن بولاتتى. ئەپۇ قىل ئوغلۇم، سېنى بەختلىك قىلالمىدىم، ئاتىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىدىم.

**تەلە** ئى [ئە] <دىن> دەپنە مۇراسىمى ۋە باشقا دىنىي پائالىيەتلەردە بىرقانچە كىشى يىغىلىپ ئولتۇرۇپ، نىيەت بىلەن ئوقۇلىدىغان دۇئا-تىلاۋەت.

**تەلە ئوقۇماق** <دىن> دەپنە مۇراسىمى ۋە باشقا دىنىي پائالىيەتلەردە بىرقانچە كىشى يىغىلىپ ئولتۇرۇپ، نىيەت بىلەن دۇئا-تىلاۋەت قىلماق.

**تەلەپ** ئى [ئە] ① قەتئىي نىيەت بىلەن، چىن كۆڭۈلدىن قىلىنغان مۇراجىئەت، ئىلتىماس: خامانلارغا ئوت قويۇلغان كېچىسى، ئالتاينىڭ گېنېرالى ۋەن سىلىڭ ئۇرۇمچىگە «سارسۇمبە ئوغرىلارنىڭ قورشاۋىدا قالدى» دەپ جىددىي تېلېگramma بېرىپ، قۇتقۇزۇشقا قوشۇن ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغان. * ئالىم، ئەدىب تاپتى شەرەپ، قاندى كۆتۈپ كەلگەن تەلەپ، كۈندە ياراتتى توختىماي، ئالغا باسارى، كەشپىيات. ② ئىجرا قىلىنىشى، بېجىرىلىشى زۆرۈر بولغان قائىدە-تەرتىپ، شەرت: ئۈلاغ ئىشلەتكۈچىلەرگە ئۈچ تۈرلۈك تەلەپ قويدۇم. مېنىڭ بۇ تەلەپلىرىمنى كۆپچىلىك ئەزالارقارشى ئالدى. ③ ئېھتىياج، ئىستەك، ئۈمىد: «پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى بىرلىشىڭلار!» ــ بۇنىڭدىن 42 يىل بۇرۇن بىز پارىژ ئىنقىلابىنىڭ يەنى پرولېتارىيات ئۆز تەلەپلىرى بىلەن قاتناشقان تۇنجى ئىنقىلابنىڭ ھارپىسىدا دۇنياغا بۇ چاقىرىقنى چىقارغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشقۇچىلار بەك ئاز ئىدى. * ــ بۇ بىلىمگە بىزنىڭ يېرىمىزدە تەلەپ يوق، ــ دېدى ئۇ.

**تەلەپ قىلماق** بىرەر غايە، مەقسەت، نىشان ۋە ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئېيشىشنى ئارزۇ، ئۈمىد قىلماق: سەۋەب قىل، تەلەپ قىل (ماقال). * يىغىن ھەر بىر ۋەتەنپەرۋەر پۇقرانىڭ خەزىنە چېكىنى قىزغىن سېتىۋېلىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇ

رۇش قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشنى، بۇ يىل رايونىمىزنىڭ خەزىنە چېكىنى سېتىۋېلىش ۋە تاپشۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشقا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشنى تەلەپ قىلدى. * ئۇلار يەنە دېيجاڭلاردىن ئات-كالا، هارۋا بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

**تەلەپپۇز** ئى [ئە] <تىل> تاۋۇش ياكى سۆزنىڭ ئېيتىلىشى، ئېيتىلىش خۇسۇسىيىتى: جاراڭلىق تاۋۇشلارنىڭ تەلەپپۇزى. سۆزنى توغرا تەلەپپۇز قىلماق. * مەن جىلى بولۇپ قەلەمنى قويۇپ قويدۇم ۋە «تاڭ شېئىرلىرى» نى جاڭ لاۋشى ئۆگەتكەن بېيجىڭ تەلەپپۇزى بىلەن ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدىم.

**تەلەپپۇز قائىدىسى** <تىل> ئەدەبىي تىلدىكى توغرا سۆزلەش، توغرا ئوقۇش قائىدىلىرى.

**تەلەپپۇز قىلماق** <تىل> ① تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىدىن تىل تاۋۇشىنى چىقارماق: مەن zh , ch , sh تاۋۇشلىرىنى توغرا تەلەپپۇز قىلالايمەن. ② سۆز-ئىبارىلەرنى ئېيتماق، ئوقۇماق: ئۇ بۇ سۆزنى ناهايىتى توغرا تەلەپپۇز قىلدى.

**تەلەپچان** سۈپ. ئۆزىدىن، باشقىلاردىن زور ئۈمىد كۈتىدىغان؛ يۇقىرى تەلەپ قويىدىغان: ئوقۇتقۇچىمىز ئەلا بىزگە ھەقىقىي بىلىم بېرىدىغان، كۆيۈنىدىغان، تەلەپچان، بىلىملىك ئوقۇتقۇچى. * ئايدىڭ بالىلىرىغا قاتتىق تەلەپچاندى. * تەلەپچان ئۇستازدىن سۈپەتلىك شاگىرت چىقىدۇ.

**تەلەپچانلىق** «تەلەپچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ كۆپ ئىشلاردا سابىر بىلەن تامامەن بىر پىكىردە ئىدى ۋە ھەرقانداق ئىشقا، ئادەمگە، جۈملىدىن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. * سادىقنىڭ تۇرمىدىكى دورا ئىچۈرۈش، شەلۋەرەپ كەتكەن يارا ئورنىنى تېڭىشنى ئۆگىنىۋالغاندى ۋە بۇنى ئۆز قەرەلىدە ھەم تېگىشلىك تەلەپچانلىق بىلەن ئورۇنداشنى ئۇنتۇمايتتى.

**تەلەپكار** ئى [ئە+پ] ① تەلەپ قىلغۇچى: شتاب ئىچى ھەش-پەش دېگۈچە يۈزلىگەن تەلەپكارلار بىلەن تولۇپ تاشتى. * مەن گۈدەك چېغىمدا بولۇپ «ئىسيانكار»، ئۆتكۈزگەن ئىكەنمەن ۋاقتىمنى بىكار. پۇشايمان قىلماستىم بۈگۈنكى كۈندە، شۇ چاغدا ئۆمرۈمگە بولسام تەلەپكار. ② ئۆز خاھىشى بىلەن بىرەر ۋەزىپە بېجىرىشكە قەدەم قويغان كىشى؛ شۇنداق نىيەت، مەقسەتتە بولغانلار: تېخىمۇ نۇرلاندى توق قىزىل بىنا، نەچچە يۈز ستودېنت بولدى بۇندا جەم. شۇ جەسۇر، ئۈمىدۋار ئەۋلاد ئۈستىدە، ئۆلكىنىڭ ئىقبالى، بەختى مۇجەسسەم. مېھرىبان باغۋەنلەر يول باشلاپ ئالغا، تەلەپكار شاگىرتلار تاشلىدى قەدەم.

**تەلەپكارلىق** «تەلەپكار» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: – مېنى ئوقۇتۇپ ساۋاتلىق قىلىپ قويسىلا كۆپايە، – دېدى ئايىمخان تەلەپكارلىق ئاھاڭدا.

**تەلەپنامە** ئى [ئە+پ] بىرەر نەرسىنى تەلەپ قىلىپ يېزىلغان خەت، ھۆججەت: ئۇنى تېخىمۇ خۇشال قىلغىنى شۇ بولدىكى، ئىككى ھەپتە ئىلگىرى، پۈتۈن زاۋۇتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر كەينى-كەينىدىن زاۋۇت پارتكومىغا تەلەپنامىلەر يېزىپ، بۇغراجاننىڭ ئەنزىسىنى يېڭىباشتىن قاراپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى. * بىز ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇش، تېخنىكلارنى ئۆز ئىشىغا قويۇش توغرىسىدا زاۋۇت ۋە پارتكومىغا تەلەپنامە يازماقچى بولۇۋاتىمىز.

**تەلەت** ئى [ئە] چىراي، يۈز، تۇرۇق، ئەلپاز: بۇ سۆز ماڭا شۇنداق ئېغىر كەلدىكى، خۇددى گېلىمغا قىلتىرىق تۇرۇۋالغاندەك، بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ كەتتى. بوغۇلۇپ، ئالدىمدا ھەدەپ كەتمەن چېپىپ لاي چىقىرىۋاتقان بۇ ئادەمنىڭ تەلەتىگە قاراشقىمۇ رايىم قالمىدى. * تۇراتتى ھېكىمخان ئېگىپ بېشىنى. شەنگەننىڭ ئالدىدا خۇشامەت قىلىپ، تەلەتى شۇنچە سەت خام سېمىز شەنگەن، ئولتۇرار ئۈستەلدە ئۆيقۇسى كېلىپ.

**تەلەتى بۇزۇق** ← تەلەتى يامان: ئۇنىڭ تەلەتى راستتىنلا بۇزۇق ئىدى.

**تەلەتىدىن مۇز ياغىدىغان** رەڭگىرويى يېقىمسىز، چىرايى سوغۇق، مۇز چىراي: ئەنە قاراڭلار! تەلەتىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان، كۆلكىسىدە شۇملۇق يوشۇرۇنغان ئۆگەي ئانا – توقاچخان! * ياغاتتى بىرىنىڭ تەلەتىدىن مۇز، بىرىنىڭ شەپكىسى كىيىنگەن تەتۈر. بىرى جەينەككىچە تۈرگەن يېڭىنى، بىرىنىڭ قولدا يوغان ماتۇزىر.

**تەلەتى سوغۇق** رەڭگىرويى يېقىمسىز، مۇز چىراي، سوغۇق تەلەت: ئۇ يەردە ياۋروپاچە كاستۇم-بۇرۇلكا ۋە شىبلىت كىيگەن، تەلەتى سوغۇق پروفېسسورلار، ئەرۋاھقا ئوخشايدىغان پوپلار ۋە ماناخ – بۇۋىلەر سەيلە قىلىپ يۈرىدۇ. * ياڭاقلىق مەكتىپىدىمۇ تەلەتى سوغۇق، جىرتاق، چىرقىراپ سۆزلەيدىغان، بىلگە كەمەر باغلىغان تەرتىپ مۇدىرى پەيدا بولدى.

**تەلەتى قۇرغۇر** «سەت، كۆرۈمسىز، دۆيۈز» مەنىسىدىكى قارغىش، تىل-ھاقارەت سۆزى.

**تەلەتى يامان** رەڭگىروي، چىرايى بۇزۇلغان؛ كۆڭلىگە پۈككەن يامان غەرىزى چىرايىدىن بىلىنىپ تۇرىدىغان: بۇ ئادەمنىڭ تەلەتى بەك يامان تۇرىدۇ، بىرەر ھادىسە يۈز بېرىپ قالمىسا بولاتتى.

**تەلەڭگە** ئى. تاماق ئېتىش، كىر-قات، يۈز-قول يۇيۇش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان، قەلەيدىن ئىشلەنگەن داس شەكىللىك قاچا: ئىسھاق بارلىق كۈچى بىلەن بىرلا يۇلۇنۇپ، مالكىتىن بوشىنىۋالدى، بىراق ئۆزىنى باشقۇرالماي، بۇلۇڭدىكى تەلەڭگىگە يېقىلىپ چۈشتى. تەلەڭگىدىكى كىر سۈيى ئۇنىڭ ئۈستىبېشىغا چاچراپ كەتتى.

**تەلەي** ئى.[ئە] ① ئامەت، بەخت: ئۇنىڭ تەلىيى كەلدى. * ماڭا تەلەي ئەمەسمۇ سەن كەبى جانانىنى يار تۇتماق؟ سېنى دەپ ھەر زامان ئەي گۈل، ئەزىز جاندىن كېچەر بولدۇم. ② تەقدىر، قىسمەت، پېشانە: بىز ئەلۋەتتە سىزنىڭ گۆھىرىڭىزنى پادىشاھقا تەقدىم قىلىپ، نۇرغۇن دۇنيا ئېلىشىڭىزغا ياردەم قىلىمىز. بىزگە بۇلۇقۇپ قېلىشىڭىزمۇ سىزنىڭ تەلىيىڭىز. * ئارتۇقچە كۆز يېشىڭ تۆكمە، يادىڭدىن چىقارما ئاتاڭ گېپىنى: «دادىل بول، چېلىشلار داۋىنىدىن ئاش، ئەگىدۇرگىن ئۆزۈڭگە تەلەي شېخىنى».

**تەلەيدە بولۇڭ-بولۇڭ** «پېشانىدىكىنى كۆرەرمىز» دېگەن مەنىدە بىرەر ئىشقا تەۋەككۈل قىلىشنى بىلدۈرىدۇ: ھە، قېنى، قايسىڭ دو چىقىسەن، مانا دەتتىكام دەيمەن. تەلەيدە بولۇڭ-بولۇڭ.

**تەلەي سىنىماق** بىرەر ئىشنىڭ قانداق نەتىجە بېرىدىغىنىنى بىلمەستىن، قارىسىغىلا ئۇرۇنۇپ كۆرمەك: قىزىمنىڭ قولى ئاجايىپ ئوڭلۇق، تېخى تولۇق ئېيرىمەستە بىر توخۇ كۈرۈلك بولۇپ قېلىۋىدى، ئاينۇر تەلەي سىناپ 17 تۇخۇم باستۇرۇپ بەرگەن، بىرسىمۇ پالاق بولماي چىقىپتۇ. * – ھەي، نېمە غەم يېسىپ كەتتى سېنى؟ بېرىپ تەلەي سىنا، پۇلۇڭ بولمىسا مانا پۇل، مە، – دېدى-دە، ئىشتىنىنىڭ لىپىزىدىن بىر سىقىم پۇلنى چىقاردى.

**تەلەي قۇشى قونماق** بەخت، ئامەت كېلىپ، ئىشى ئوڭۇشلۇق بولۇپ كەتمەك: – تەلەيلىك ئىكەن، – دېدى سادىر ئاكا نۇر چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى پەرھاتقا تىكىپ، – ساڭا بۇ تەلەي قۇشى قونغان ئوخشىمامدۇ؟

**تەلىيى بار** ھەر ئىشى ئوڭدىن كېلىدىغان، تەلەيلىك: ئۇكا، تېرىقتەك چېچىلىپ كەتە ئاخشام كەلگەن بولساڭ، بۇ يەردىمۇ ئارامخۇدا ئۇخلىيالمايتتىڭ، ھەر نېمە بولسا، ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن كېلىپسەن، تەلىيىڭ بار ئىكەن.

**تەلىيى تەتۈر** ← تەلىيى كاج: قىزىمنىڭ تۇغۇلۇشىدىلا تەلىيى تەتۈرمىدىكىن، ئۇن نەچچە يىل

پالەچ بولۇپ ياتتى.

**تەلىيىدىن كۆرمەك** ئۆز پېشانىسىدىكى تەقدىر، قىسمەت دەپ بىلمەك: — ئانداق بولسا، — دەپتۇ مەلىكە، — مەن ساڭا بىر شەرت قويىمەن. ئەھدىسىدىن چىقالىساڭ، مەن سېنىڭ خوتۇنۇڭ؛ ئەھدىسىدىن چىقالمىساڭ، ئۆز تەلىيىڭدىن كۆر، بەخت قۇشۇڭ ئۇچۇپ كېتىدۇ.

**تەلىيى كاج** ئىشلىرى ئوڭۇشسىز، داۋاملىق بەختسىزلىككە يولۇقۇپ تۇرىدىغان: تەلىيىم كاج ئىكەن، بۈگۈنكى ئاپتوبۇسىدىنمۇ قالدىم.

**تەلىيى كەلمەك** ئامەت، بەختكە ئېرىشمەك، ئىشى ئوڭۇشلۇق بولماق: كېيىن ئۇنىڭ تەلىيى كېلىپ، يېزىدىكى كادىرلارنىڭ مۇھاكىمىسى ئارقىلىق، ئامانەت-قەرز كوپېراتىپىنىڭ خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى.

**تەلىيى ئوڭ** بەختى، ئامىتى بار؛ ئامەتلىك، تەلەيلىك: — پېشانىلىرى ئوچۇق، رىزقلىرى پۈتۈن، تەلەيلىرى ئوڭ ئىكەن روزىخان، ئەرلىرى بىلەن ئەپ ئىكەنلا، بويلىرىدا بار ئىكەن، ئوغۇل، — دېدى ئۇ.

**تەلىيى ئۈستۈن** ھەرقانداق ئىشى ئوڭدىن كېلىدىغان، ناھايىتى تەلەيلىك: — سىلىگە ئۇلۇغلاردىن بېشارەت، تەلەيلىرى ئۈستۈن، غەملىرى كۆپ، يېقىندا بىر ئۇلۇغ كىشىنىڭ نىكاھىغا كىرىدىكەنلا، بۇنى يۇلغۇن مازار غوجامدىن سوراپ باقسىلا، — دەپ پالنى تۈگەتتى پالچى.

**تەلىيى يوق** ئىشلىرى ئوڭدىن كەلمەيدىغان، ئامەت، بەختتىن يىراق، تەلەيسىز: پېقىر مۇشۇنداق تەلىيى يوق ئادەم ئىكەنمەن، ئىككى قېتىم كېلىپ بۇ ئالىي زات بىلەن كۆرۈشەلمىدىم! * قولۇم-قوشنا خوتۇنلار ئاللىقاچان «ئۆزى چىرايلىق بولغىنى بىلەن، ئەردىن تەلىيى يوق، ئېرى توختىمايدۇ» دېگەندەك سۆز-چۆچەكلەرنى تارقىتىشقا ئۈلگۈرگەنىدى.

**تەلەيسىز** سۈپ. بەختى، تەلىيى يوق؛ تەلىيى كەلمىگەن: تەلەيلىكنىڭ خوتۇنى ئۆلەر، تەلەيسىزنىڭ ئۆيى كۆيەر (ماقال).

**تەلەيسىزلىك** «تەلەيسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: نۇرۇملار سولاقتا نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدىغاندۇ. ئىسىت، ئىسىت تەلەيسىزلىك! * خۇماخان بىلەن بولۇپ ئۆتكەن ھېلىقى تەلەيسىزلىكتىن كېيىن، خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى.

**تەلەيلىك** سۈپ. ھەممىشە بەخت، تەلىيى كېلىپ تۇرىدىغان؛ ئامەتلىك: كېلىپلا بالىنىڭ داشۆدە ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. يىراقتىن كۆردۈم. تەلەيلىك ئوغلۇم چوپچوڭ يىگىت بولۇپ كېتىپتۇ، خۇش بولدۇم.

**تەلپەك** ئى. ① تېرىدىن تىكىلىپ، تاشلانغان باش كىيىمى: مېنى ئوتتۇرا بويلۇق، قوشۇما قاشلىق بىر ياش يىگىت كۈتۈۋالدى. ئۇ قارا كۆرپە تەلپەك كىيگەن، چىبەرقۇت چاپاننىڭ ئۈستىدىن يېشىل يۇڭ پوتا باغلىۋالغانىدى. * ھەممىسى دېگۈدەك كەڭ قاسقانلىق، موۋۇت تاشلىق تەلپەك، چىبەرقۇتتىن چاپان كىيىشىۋالغان. ② تېرىدىن تىكىلگەن باش كىيىملەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى: — ئۇ زاماندا بىز بوقۇسۇللارنىڭ تەلپىكىمىز چۈشۈپ كەتسىمۇ، ئۆزگىنىڭ زېمىنىغا چۈشەتتى، — دېدى. * داپ تاپالمىغان بىرنەچچە كىشى مىس لېگەن، تۈنكە پەتنۇس، ھەتتا تەلپەكلىرىدىن داپ ئورنىدا پايدىلىنىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ھوي-ھوي سەنەم، ھوي سەنەمدىن سوزۇپ-تارتىپ نەغمە باشلىۋەتتى.

**تەلپىكى سۇغا چىلاشماق** → دوپپىسى سۇغا چىلاشماق: ئەگەر ئۈستەڭگە سۇ چىقىرىش كەينىگە تارتىلىۋەرسە، يەنە يەتتە-سەككىز مىڭ مو يەردىكى كۆزگى بۇغداينى تېرىپ بولدۇق، تەلپىكىڭ سۇغا چىلاشتى دېگەن گەپ ئەمەسمۇ!

**تەلپىكنى ئاسمانغا ئاتماق** → دوپپىسىنى ئاسمانغا ئاتماق: ھەسەن دادۇيجاڭ: «سېمونت زاۋۇتىغا ئىشچى قوبۇل قىلىدىكەن، بىزنىڭ دادۇيدىن بىر ئادەم بېرىدىكەنمىز. ياش چەكلىمىسى

قاتتىق ئەمەس ئىكەن، يا سەن بارامسەن ئاداش» دېمەسمۇ، تەلپىكمنى ئاسمانغا ئېتىپ، ئۇنى قۇچاقلاپ كېتىپتىمەن.

**تەلپىكى يەرگە چۈشمەك** ① كۆتكەن ئۇمىد يوققا چىقماق: شۇنچە ئوغۇت بېرىپ مىڭ جىڭ بۇغداي ئالالمساق، تەلپىكىمىز يەرگە چۈشتى دېگەن شۇ. ② ئەمەل-مەنسىپىدىن مەھرۇم بولماق: شۇنداق قىلىپ ياسىن دۇيجاڭ تەلپىكىنىڭ يەرگە قانداق چۈشكەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ، يېڭا باشلىقىدىن: ــ سىلەر نېمە ئۈچۈن مېنى خىزمىتىمدىن ئېلىپ تاشلىدىڭلار؟ ــ دەپ يۈز تۇرانە سوراپتۇ.

**تەلپەكساز** ئى. تەلپەك تىكىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: بىزنىڭ مەھەللىدە، داۋاملىق قاما تەلپەك تىكىدىغان بىر تەلپەكساز بار ئىدى.

**تەلپەكسازلىق** «تەلپەكساز» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: ئۇكىمىز يازلىقى تامچىلىق، قىشلىقى تەلپەكسازلىق قىلاتتى.

**تەلپۈندۈرمەك** «تەلپۈنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سادىقنىڭ گېپى رەيھاننى شۇنچىلىك تەلپۈندۈردىكى، ئەتراپتا ئولتۇرغۇچىلار بولمىغان بولسا، ئۆزىنى ئاللىقاچان سادىقنىڭ قۇچىقىغا ئاتقان بولاتتى. * باشقىلارنىڭ قەلبى ئۈستىدە ئىزدەنگەنىدە، ئۇنىڭ مەخپىي دۇنياسىغا كىرىش، ئۇنىڭ تارىخىنى كۆزىتىش، زامانغا ئۇنىڭ كۆزى بىلەن نەزەر سېلىش ــ مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى يازغۇچىنى تەلپۈندۈرىدۇ.

**تەلپۈنمەك** پ ① بىرەر نەرسىگە ياكى بىرەر ئىشنى قىلىشقا تەمشەلمەك، ئىنتىلمەك: شۇ ھازادا شاھزادىنىڭ قولىدىكى بۈركۈتى يىراققا قاراپ تەلپۈنۈپتۇ، شاھزادە دەررۇ قۇشنى قويۇۋېتىپتۇ. * سېزىپ ئۇۋ ھىدىنى تەلپۈندى بۈركۈت، ئۆزىنى سىلكىدى قاتتىق بولۇپ ئوت. ② كۆچمە. مەلۇم تەرەپكە تارتماق، ئۆزلۈكسىز سوقماق (يۈرەك، قەلب، كۆڭۈل ھەققىدە): ــ چولپان، كۆڭلۈم ھامان سىزگە تەلپۈندۇ، سۆزلە-سىڭىزچۇ؟ ــ ئۇ مېنىڭ سۆزلەشنى خالىمايۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، سۆزلەشنى داۋام قىلدى. * ئىككى يۈرەك بىر-بىرىگە بىر ئۆمۈر تەلپۈنۈپ، تەشنالىقى قانماي ھەرىكەتتىن توختىشى مۇمكىنمۇ؟ يەنە بەزىلەر ھاياتنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ مۇرادىغا يېتىشى مۇمكىنمۇ؟ * ئەي ئالتۇن پايتەخت ساڭا چىن سالام، ئۇرۇمچى، قەشقەر ھەم گۈزەل ئىلىدىن. ئوتلۇق سۆيگۈ بىلەن ساڭا تەلپۈنگەن، كۆرەشچان خەلقىمنىڭ چوڭقۇر دىلىدىن.

**تەلپۈنۈشچان** سۈپ. (يېڭىلىققا، كەلگۈسىگە) ئىنتىلىپ، تەلپۈنۈپ تۇرىدىغان؛ ئۇمىدۋار: ياش ئۇچقۇنلارنىڭ ھەممىسى تولىمۇ ئوبدان، بىلىملىك، ئوچۇق چىراي، تەلپۈنۈشچان، قورقماس، كىشىگە يېقىملىق كۆرۈنىدىغان ياش باللار ئىدى.

**تەلپۈنۈشچانلىق** «تەلپۈنۈشچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئەركىن ھاياتقا تەلپۈنۈشچانلىقى، پەم-پاراسەتلىكى بىلەن باشقىلارغا تونۇلغانىدى. * ياش قەلەمكەش بىلەن ساتىراش بوۋاي ئوتتۇرىسىدىكى كەلگۈسىگە تەلپۈنۈشچانلىق بىلەن ئىنتىلىش ئۇلارنى ئاجرالماس ھەمسۆھبەت قىلىپ قويغانىدى.

**تەلپۈنۈشمەك** «تەلپۈنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سەپەرچىلەر قالغانلارغا تەلپۈنۈشتى، ئاق يول تىلەپ شايى ياغلىق يەلپۈنۈشتى.

**تەلتۆكۈس** رەۋ. ھەر جەھەتتىن تولۇق، كەم-كۈتىسىز؛ پۈتۈنلەي: مەستۇرىنىڭ نۆۋەتتىكى سۆزلىرى ئۇنىڭسىزمۇ تەۋرەپ تۇرغان مۇھەببەتنىڭ تەقدىرىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلدى. * ئامانقۇل بولغان ۋەقەنى تەلتۆكۈس سۆزلەپ بەردى. * كەلدى ھەيدەپ چاڭ-توزاننى تەلتۆكۈس، سۈپۈرۈپ چىرىگەن غازاڭنى تەلتۆكۈس.

**تەلقە** (توغرىسى: تەلقىن) ← **تەلقىن**.

**تەلقىن** ئى [ئە] ① جاراڭلىق، رىتىملىق ئېيتىلغان دىنىي ۋەز، نەسىھەت: ــ بۇلار تېخى كۆپايە قىلمايدۇ، ــ دەپتۇ قازى، ــ ئۆلۈكنى

يەرلىككە قويغاندىن كېيىن ئوقۇيدىغان تەلقىننى بىلەمسىز؟ ② ئاشىقلار ئاھاڭلىق ئوقۇيدىغان نەزمىم، ھۆكمەت: ــ يا... ھۇ! يا... راھمان! ... ــ ئوغرى يولدا ئۆگىنىۋالغىنى بويىچە ئاۋازىنى قايغۇلۇق تىترىتىپ تەلقىن ئوقۇدى. كۆڭلى سىرلىق ۋەھىمە بىلەن تولغان ئايال غەمكىن كۆزلىرىنى يەرگە تىككىنىچە، قاققان قوزۇقتەك جايىدا قېتىپ ئولتۇراتتى. * ئىشان قىيا ئېچىقلىق تۇرغان قوش قاناتلىق دەرۋازا ئىچىگە ئۆلۈك پۇتىنى باستى-دە، قۇلىقىنى تۇتۇپ تەلقىن ئوقۇدى. ③ چۈشەندۈرۈش، ئىزاھ: بەگ ھاجىمۇ سىلاپ چارساقلىنى، ئۆزۈن گەپلەر بىلەن چايناپ تىلىنى، روبىرتنىڭ سۆزلىرىگە قىلدى تەھسىن، قوشۇپ بەزەن سۆزىگە يېڭى تەلقىن.

**تەلقىن سالماق** ــ **تەلقىن قىلماق**: ئارىلاپ-ئارىلاپ ئىككى قولى بىلەن قۇلىقىنى تۇتۇۋېلىپ ۋە ئىككىلا كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ، ھاياجانلانغان ھالدا شۇنداق ئۇنلۇك تەلقىن سالاتتىكى، مۇشۇ مەيدان يېنىدىكى سۆگەتلەرگە يېڭىلا كېلىپ قونغان ئاق قۇشقاچلارمۇ ئۈركۈپ ئۇچۇپ كېتەتتى.

**تەلقىن قىلماق** ① دىنىي ۋەز ئوقۇماق، نەسىھەت قىلماق: جامائەت قايتىپ، بوۋاينىڭ يېقىن بۇرادەرلىرىدىن بىرقانچە كىشى قېلىپ، قەبرە ئالدىدا قۇرئان ئوقۇپ، تەلقىن قىلىشقا باشلىدى. ② مەلۇم ئاھاڭدا جاراڭلىق ئوقۇماق: تۇردىئاخۇن ئاكا قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەتراپقا تازا سىنچىلاپ بىر نەزەر تاشلىدى-دە، تۆۋەندىكى مىسرالارنى يۇقىرى ئاۋازدا تەلقىن قىلدى.

**تەلمۈتەل** رەۋ. تولۇق، تەييار، تەقمۇتەق: ئىككى دېھقان يىگىت شۇنىڭدىن كېيىن جىددىي تەييارلىق بىلەن بولدى، ئات ۋە كىيىم-كېچەك، نان-توقاچ تەلمۈتەل قىلىندى.

**تەلمۈرتمەك** «تەلمۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھازىرچۇ، ھازىر؟! ياردەملىشىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۆيگە ۋاقتىدا كەلمەي، ئاپىسنى ئەندىشىگە سېلىپ، ئىشىككە تەلمۈرتتى. * ئۆچىنچى ئايدا كېلىمەن دەپ، تۆتىنچى ئايغا قالدىلا، يوللىرىغا تەلمۈرتۈپ، ئوتقا تىرىك سالدىلا.

**تەلمۈرمەك** پ. كۆز ئۈزمەي قارىماق، ئۈمىد كۈتمەك: ئاپتوبۇس بېكىتىدە بىرقانچە يولۇچى تۇراتتى. ئادالەتمۇ ئۇلارنىڭ قاتارىغا كېلىپ قوشۇلۇپ، ئاپتوبۇس كېلىدىغان تەرەپكە بىتاقەتلىك بىلەن تەلمۈردى. * بۇنى ئاز دېگەندەك ئۈچ گۆدەك بالا، لەيلىگە قاراشلىق مەسۇمە يېتىم، ھېيت كۈنى ھويلىدا بويىنىنى قىسىپ، ئۈمىدلىك تەلمۈردى ئاڭا كۆپ قېتىم.

**تەلمۈرۈشمەك** «تەلمۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىلىك ھاجىپ قولىدىكى ئوراقلىق قەغەزنى ئېچىپ ئوقۇشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، بايلار ئۆزلىرىنى يوقاتقان ھالدا ئۇنىڭغا تەلمۈرۈشتى. * بۇلار بىر-بىرىگە قاتتىق تەلمۈرۈشتى.

**تەلۋە** سۈپ ① تەم، پۇرىقى ناھايىتى ئاچچىق: تەلۋە بېدە. * بۇ ماي چۈچۈمەپتۇ، بىر ئاز تەلۋە ئىكەن. ② ئاسانلا ئاچچىقلىنىپ، خۇيلىنىپ قالىدىغان، ساراڭ، كاج: ھەر قانداق تەلۋە ئاشپەزمۇ ئۇ مېھمان غوجامنى ئەقلى بۇلغىنىپ كەتكەن ئادەم ئىكەن دېمەي قالمايدۇ. * شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى ئۆزىگە قاراپ ھجىيىپ ئولتۇرغان باشتىنىڭ تەلۋە چىرايىغا چۈشۈپلا، تېنى شۈركىنىپ كەتتى. // ــ جۇمە ش ئۈكام، ــ دەيدۇ ئۆمەر باي خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن ھجايغانچە ھېلىقى ئادەمنى ئىما قىلىپ، ــ زىنقى توشقان بىر تەلۋە قولىڭىزغا چۈشۈپتۇ-دە. ③ تۇسۇن، ھەددىدىن ئاشقان، غالجىر: بورانىنىڭ شۇ قاپتىكى تەلۋە كۆچى، ئەگەر ئېشەكلەرنىڭ ئۈستىدە بىر تاغاردىن ئاشلىق بولمىغان بولسا، ئۇلارنى ئاللىقاچان ئۇچۇرۇپ كەتكەن بولاتتى. * ھەرقايسى يېزا-كەنت، مەھەللەردىن توشۇلۇۋاتقان ھېسابسىز شاخ-شۇمبا خۇددى دەرياغا تاشلىغان چالغاندەك، تەلۋە سۇنىڭ قاپتىلغىنىمۇ كەلمىدى. * ئۇنىڭ تەلۋە ئىشقى بىرىپ-بىرىپ ئىچى تارلىق، رەھىمسىزلىك ۋە ئۆچ ئېلىش تۇيغۇسى بىلەن بىرلىشىپ كەتتى.

**تەلۋە بېدە** <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ ئومۇمىي گۈل رېتىدە؛ گۈل تاجى بىنەپشە رەڭدە، چوكا مېۋىسىنىڭ ئۇچىدا ئەگمەچ تۇمشۇقى بولىدۇ؛ پۈتۈن تېنى زەھەرلىك بولۇپ، ئات-ئۇلاغلار يەپ سالسا، زەھەر-لىنىپ تەلۋە بولۇپ قالىدۇ، قىزىتىدۇ، يول ماڭالمايدۇ. ئۇ يەنە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، مەست قىلىش، ئاغرىق پەسەيتىش روللىرىغا ئىگە.

**تەلۋە خىيال** قاملاشمىغان، ئەمەلگە ئاشمايدىغان خىيال: چىنىنى بەرمەڭ نادانغا، چېكىپ ئويناپ سۇندۇرار. كەم ئەقىل، تەلۋە خىيال، قاچان كۆڭۈلنى تىندۇرار.

**تەلۋىتال** ئى [تەلۋە+تال] <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى ئۈچ تال كىچىك يوپۇرماقتىن تەركىب تاپقان مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ، تۇخۇم شەكلىدە كېلىدۇ؛ گۈلى قىزىل بىنەپشە رەڭدە. يۇمران يوپۇرمىقى ۋە غولى يەم-خەشەك قىلىنىدۇ.

**تەلۋىلەرچە** رەۋ. تەلۋىلەرگە خاس، كۆرەڭ ۋە بىشەم هالدا: ـ ھە! ـ بىھوش ياتقان مەخمۇت ئابدىسەمەتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، تەلۋىلەرچە ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. // مال-دۇنياني قولغا كىرگۈزۈشكە بولغان تەلۋىلەرچە ھەۋەسى ئۇنىڭ كاللىسىنى قايمۇقتۇردى.

**تەلۋىلەشمەك** پ ① تەلۋىلەرچە ئىش كۆرمەك، كۆرەڭ ۋە بىشەملەشمەك: تەلۋىلەشكەن ناسىر ھىمايىسىز قىزغا تاشلاندى. * كۆچەتلەرگە كېلىپ تەگدى ئايپالتا، تەلۋىلەشكەن ئەسەبىي بىر كۈچ بىلەن. كۆچەتلەرنى قىردى تامام بۇ باققال، ئىچ-ئىچىدىن قايناپ چىققان ئۆچ بىلەن. ② تۇسۇنلاشماق، غالجىرلاشماق: مۇشۇ تاپتا بىرەر ياغاچ ياكى تۈلۈم بولسا، بۇ تەلۋىلەشكەن دەريادىن پەرۋاز قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى.

**تەلۋىلىك** ① «تەلۋە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئەمما باش باھاردىن تاكى كەچ كۈزگىچە، ئۇنىڭ تەلۋىلىكى بىر كۈنمۇ بېسىقمايدۇ. * ھەي، ئىستەي! مېنىڭ تەلۋىلىكىمنىڭ كاساپىتى ئەۋلادىمىغمۇ يېتىدىغان بولدى! ② تەلۋىلەرگە خاس خاراكتېر ۋە ھەرىكەت: ئادەم دېگەن ھەققەتەنمۇ مۇرەككەپ ئىكەن، مەن تۇراپ شۇجىنى مۇنداق تەلۋىلىك قىلار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن. * ـ رەيھان، توختاڭ! ـ دەپ قىزنىڭ كەينىدىن تەلۋىلىك بىلەن قوغلاپ كەلدى جۇمە.

**تەلىقات** (توغرىسى: تەئەللۇقات) ← تەئەللۇقات.

**تەلىم** ئى [ئە] ① پەننىڭ مەلۇم بىر ساھەسى بويىچە ئۆگىنىلىشكە تېگىشلىك مەلۇمات، بىلىم: بۇ ھەربىي تەلىم جەريانى خۇجىنىيازغا شۇ زاماننىڭ يېڭى تىپتىكى ھەربىي قۇراللىرىنى ئۆگىنىش پۇرسىتىنى تۇغدۇرۇپ بەردى. * ئۇ يەردە ئاپىسى ئۇنىڭغا ئەخلاقىي تەلىم بەردى. ② ئەدەب-ئەخلاق: ـ سىلە تەلىم ئۆگەنمىگەن بۇزۇققا، ئۆزۈم ئۆگە تىكلى كەلدىم، ـ دېدى پاسار قولىدىكى كۆسەينى يەرگە دوككىدە سانجىپ. ③ تەلىمات، نەزەرىيە: بۇ يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ تەلىمى، شۇنداقلا پارتىيىمىز، ھۆكۈمىتىمىز ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئېسىل ئەنئەنە. * شۇ تەلىم، شۇ ھېكمەت دىلدا نۇر چاچار، يولىمىز داغدام يول: ئارزۇ ئەل بەختى. قەيەردە يۈرسەكمۇ يادىمىزدا سىز، ئۇستاز ئۇ شاگىرتنىڭ گۈللىگى ـ تەختى. ④ كۆرسەتمە، يوليورۇق، تەربىيە: تەلىم بېرىش ئۈچۈن تەلىم ئال (ماقال). * ـ رەھمەت، بەرگەن تەلىملىرىگە مىڭ رەھمەت، بىراق ـ دېدى نىياز بىر ئاز ئوڭايسىزلىنىپ. * ھۇزۇرلاندۇق

مەكتەپنىڭ، تەلىمدىن شۇنچە بىز. بەختى كۈلۈپ ياشنىغان، قەلبى قىزىل غۇنچە بىز.

**تەلىم ئالماق** ئۆگەنمەك: قادىر بۇ قىزنى پات-پات كۆرەتتى ھەمدە ئۇنىڭ دادىسىدىن تەلىم ئېلىپ، چوڭ-چوڭ بولغان تاشلىق كىتابلارنى باش كۆتۈرمەي ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلەتتى. * كۆچەت ئۆسمەس باغۋەن بولمىسا، گۈل ئېچىلماس پەرۋىش قىلمىسا، مەرىپەتلىك بولالماس ھېچكىم، مۇئەللىمدىن تەلىم ئالمىسا.

**تەلىم بەرمەك** ئۆگەتمەك: مەن قوشۇن بىلەن نۇرغۇن جەڭلەرگە كىرگەن. ئۇزۇن يىللىق تەجرىبەمدىن ھاسىل قىلغان ئالاھىدە جەڭ ئۇسۇللىرىم بار. يەرلىك چېرىكلەرگە بۇنىڭدىن تەلىم بېرىشكە ۋاقتىم يەتمەيدۇ. * مول مېۋىلەر بەردى ئالىم ۋەتەنگە، غۇلاچ تاشلاپ كىرىپ قايناق ھاياتقا. داشۆلەردە، مەكتەپلەردە دەرس ئۆتۈپ، تەلىم بەردى يېڭى، جۇشقۇن ئەۋلادقا.

**تەلىمات** ئى [ئە] ئىلىم-پەن جەھەتتىكى سىستېمىلىق تەشەببۇس ياكى كۆز قاراش، نەزەرىيە: ئۇنىڭ تەلىماتى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. * بىز بۇ تۆت خىلىت ھەققىدىكى تەلىماتنى ئۆگەنگەندە، بۇ خىلىتلارنىڭ تەبىئىيلىك ھالىتى ۋە ساغلاملىقىنى ئوبدان چۈشىنىشىمىز لازىم.

**تەلىم-تەربىيە** تەلىم، تەربىيە ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار: — مەن يەنە ھەربىي ئوقۇتقۇچى بولدۇم، — دېدى ئابدۇرشىت ۋە ئەسلەپ قوشۇپ قويدى، — مېنى تەلىم-تەربىيە ئەترىتىگە يولغا سېلىپ قويارسىزمىكىن؟

**تەلىيگە** يۇك. سادىر بولغان ياكى بولىدىغان ئىش-ھەرىكەتنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: ئۇنىڭ كۆزى ئالدىدىكى توغرا ئېرىقنىڭ كۆۋرۈكىگە چۈشتى. تەلىيگە ئېرىق سۇسىز ئىدى. * ئەزىمەت ئۇيان-بۇيان قاراپ قويۇپ، يانچۇقىدىن بىر توپ ئاچقۇچنى چىقىرىپ، بىر-بىرلەپ سىلىۋىدى، تەلىيگە بىرى چۈشۈپ قالدى.

**تەم (تەمى)** ئى [ئە] ① تېتىتىش ئارقىلىق بىلىنىدىغان خۇسۇسىيەت؛ لەززەت، تېتىق: مۇھاجىر قېرىنداشلىرىمىز قۇرۇپان ئۈزۈمنىڭ تەمى ۋە خىسلىتىگە ئالاھىدە قىزىقتى. * تۆت پەسلى ئوخشاش نەۋ باھار، يېرۇتۇم ھاۋاسى ياخشىدۇر. ئاش-نانلىرىنىڭ تەمى بال، تەڭگە ھاۋاسى ياخشىدۇر. ② كۆچمە. باشتىن ئۆتكەن تەسىرات، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكى: ئۆزى جاھاننىڭ ئىسسىق-سوغۇقلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن، دۇنيانىڭ جاپا-مۇشەققەت ۋە راھەتلىرىنىمۇ كۆرگەن، تەمىنى تېتىغانىكەن. * ئۆكۈنمە ئاق كىرگەن چېچىمغا قاراپ، قوشۇلسۇن مەيلىلا يەنە نەچچە تال. ئەجىرسىز ھاياتنىڭ تەمى يوق بىلسەڭ، مېھنەتلىك ھاياتنىڭ تەمى ھەسەل - بال. ③ كۆچمە. مەنە، ئەھمىيەت: — ماڭا يېقىنراق كەلگىنە، يالغان سۆزنىڭ تەمىنى ساڭا تېتىتىپ قوياي، — دەپتۇ خىزمەتكار. * سۆزلىرىمنىڭ تەمى يوق نادان ئالدىدا، نەيزە-قىلىچ تۇرىدۇ سادىر يادىدا.

**تەم بەرمەك** لەززەت پەيدا قىلماق، ھۇزۇر بېغىشلىماق: خوش ئەمدى ياخشى قال ئەي ئەزىز تۇپراق، ئۇنتۇما ئۆستۈرگەن ئوغۇل-قىزىڭنى. بىز ئۈچۈن مۇقەددەس، ئۇنتۇش چوڭ گۇناھ، توقاچقا تەم بەرگەن ئېسىل تۇزۇڭنى. * بۇلبۇل بولۇپ سايراپمۇ تالما، پەرۋانىدەك كۆي ھەم يېنىپ. سېنىڭكىمەن، بىر ئۆمۈر ئەلگە، بال ھەرىدەك ئۆتسەڭ تەم بېرىپ.

**تەم سەزگۈسى** <پسخول> تىل سۇيۇق-لۇق ياكى سۇيۇقلۇقتا ئېرىيدىغان ماددىلار-غا تەگكەندە ھاسىل بولغان سېزىم. تاتلىق، چۈچۈك، ئاچچىق ۋە تۇزلۇقتا بولىدىغان سېزىملەر ئاساسلىق بولغان تۆت خىل تەم سەزگۈسى ھېسابلىنىدۇ، قالغانلىرى ئارىلاشما تەم سەزگۈسى دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەم كەتمەك** تاتلىقلىقى، شىرىنلىكى، لەززىتى، مەززىسى تۈگىمەك، يوقالماق: ئاچچىقىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ يولۋاس، كۆتۈرۈپتۇ ئالىچۇقان، سۈرەن-قىيقاس. تەم كېتىپتۇ سەيلىسىدىن كەيپى ئۇچۇپ، قايتىپتۇ ئۇ دەم بوزۇرۇپ، دەمدە كۆپۈپ.

**تەم كىرمەك** تېتىق، لەززەت پەيدا بولماق: سارغىيىپ، تەم كىرگەن بىشەكشىرىنلەر يېتىلىپ، پۈرنىقى دىماغقا گۈپۈلدەپ ئۇرۇۋاتقان تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئىززەتخان قوغۇنلۇققا باردى.

**تەمى تىلدا قالغۇدەك** ← **تىلدا تەمى قالغۇدەك**: تەمى تىلدا قالغۇدەك بۇ مېۋىدىن، پەقەت كۆپرەك تەگدى بالا شامانغا. ئۈزى ئىزلەپ كېلىپ بەردى ئاي سىلىگ، بىر كۆزىدىن جۇدا بولغان بۇ جانغا.

**تەمى تىلدىن كەتمەسلىك** تاتلىقلىقى ۋە شىرىنلىكى ھېلى تېتىغاندەك بىلىنىپ تۇرماق: ئويتوغراقنىڭ شەربەتلىك كۆك شاپتۇللىرىنىڭ تەمى ئون يىلدىن بېرى تىلىمدىن كەتمەيدۇ.

**تەمنى تېتىماق** ① يەپ-ئىچىپ تەمىنىڭ قاندانلىقىنى بىلمەك: مېھمانلار قوغۇننىڭ تەمنى تېتىپ، ماختاشتى. ② كۆچمە. مەلۇم ئىشتا تەسىراتقا ئىگە بولماق، ئاچچىق-چۈچۈكىنى بىلمەك، ھېس قىلماق: ئون يىل يۇرتىدىن ئايرىلغان تۇنىياز مۇساپىرچىلىقنىڭ تەمنى تېتىدى. * ئۇ ئاۋۋال مۇشت تەمنى تېتىپ، پاتقاقتا مىلەنگەن شىرمەتنىڭ ئۆزى. – نېمە گەپ ؟ – سورىدى خۇش ياقمىغاندەك، گويا سوغ چاچاتتى قاپىقى، كۆزى.

**تەمى ئېغىزدا قالغۇدەك** ← **تىلدا تەمى قالغۇدەك.**

**تەمى ئېغىزدىن كەتمەسلىك** ← **تەمى تىلدىن كەتمەسلىك**: غېنجان بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ شۇنداق دېدى: – ئاكا، ھېلىقى سىز بەرگەن قوغۇن تولىمۇ تاتلىق چىققاندى، تەمى ھېلىمۇ ئېغىزىمدىن كەتمەيدۇ.

**تەمە (تەمەيى)** ئى [ئە] ① باشقىلارنىڭ بىرەر نەرسە ئىنئام قىلىشىنى كۈتۈش، مەنپەئەتكە ئېرىشىشكە ئىنتىلىش: ھۆپۈپ كاماردا، موللام تەمەدە (ماقال). * ئۇلار ئۇزاق پاراڭلاشتى، ئۆزئارا ماختاشلاردىن ھۇزۇر قىلىپ كۈلۈشتى، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ كۆرەڭلەشتى، كەلگۈسىدىكى تېخىمۇ چوڭ شان-شۆھرەت تەمەسىدە ئېغىزلىرىنى تەمشەشتى. * مەردان: – مېنىڭ دۆلەتتىن، ئەمەلدىن تەمەيىم يوق، – دېدى. ② ئارزۇ، ئېلىنىش، ئۈمىد: بۇ گەپ ئۇلارنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشەر دەپ تاتلىق تەمەدە بولۇپتىمەن. * گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسام، چارۋىچىلىق مەكتىپىنى ئوقۇپ قالغانلىقىمغا ئەمدى پۇشايماننى ئالدىغان قاچا يوق ئىدى. شەھەردە قېلىپ قېلىشتىنمۇ تەمەيىم يوق ئىدى.

**تەمە قىلماق** ① باشقىلارنىڭ بىرەر نەرسە ئىنئام قىلىشىنى، بېرىشىنى كۈتمەك؛ مەنپەئەتكە ئېرىشىشكە ئىنتىلمەك: – شۈكرى، ئۇزاقتىن مەنسەپ تەمە قىلىپ ئاللاغا قىلغان يىغا-زارىم ئىشقا ئاشىدىغان چاغ كەپتۇ، – دېدى باي. * ئۇ كىشى يىلاندىن مۇكاپات تەمە قىلىپ، ئۇنى قوينىغا سېلىپ يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. ② ئارزۇ قىلماق، ئۈمىد قىلماق: ئۇ ئايتۇنخان مومايىنىڭ ئۇچراپ قېلىشىنى، ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى سودا ئەھۋالى توغرۇلۇق سورىشىنى بەكمۇ تەمە قىلاتتى. * كېلەرمۇ دەپ تەمە قىلما، كەتكىنىم شۇدۇر. ئاشىق ئويناپ مۇرادىمغا يەتكىنىم شۇدۇر.

**تەمەچى** سۈپ ← **تەمەخور.**

**تەمەخور** سۈپ [ئە+پ] تەمەگە ئادەتلەنگەن، تەمە قىلىدىغان: موللا تەمەخور كېلىدۇ، ئوغرى گۇمانخور كېلىدۇ (ماقال). * بىلىشىمچە، گۇندىپايلارنىڭ باشلىقى ئۆتۈپ كەتكەن تەمەخور، پارىغا سېزىك بولۇپ كەلگەن بىرنېمە. * ھەقىقى

ئىنسان ئىرادىسىغا خىلاپلىق قىلمايدۇ، تەمەخور ئادەملەرلا قاپاق تۈرىدىغان يەردە قەستەن ھىجىيىدۇ.

**تەمەخورلۇق** «تەمەخور» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ياسىن بەگ كىچىكىدىن تارتىپلا تەمەخورلۇق، قۇۋلۇق-شۇملۇق، مۇغەمبەرلىكتە ئۆزىنى كۆرسىتىپ چوڭ بولدى.

**تەمەسىز** سۈپ. تەمە قىلمايدىغان، تەمەيى يوق: كامالەكتەك ئېگىلسەم تەمەسىز تۆھپىكارلارغا، بولۇپ گالىڭ تىغ، تىرىكتاپ، زوراۋانلار باغرىنى تىلسام. // ئۇ كىشىلەر ئىشىكىدە ھېچبىر تەمەسىز ئىشلەيتتى، بەرگىنىنى ئالاتتى.

**تەمەگەر** سۈپ [ئە] ← **تەمەخور**: خۇشامەتچى بولماي دېسەڭ، تەمەگەر بولما (ماقال). * ئىمىر ھېزىم سېنىڭدىن، بۇگۈن بولدى تەمەگەر. مەنمۇ بولاي بىر باغۋەن، تەلىمىڭنى ماڭا بەر.

**تەمەگەرلىك** «تەمەگەر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مېنى ھەممە ئىشتا ئۆزى خالىغان تەرەپكە يېتەكلەيدىغان خىرە بىر كۆلەڭگە — تەمەگەرلىكنىڭ خۇنۇك سايىسى كۆز ئالدىمدا لىپ قىلىپ كۆرۈنگەندەك بولدى.

**تەمەلىك** سۈپ. تەمە قىلغان، تەمەيى بار: ئادىل خاسىيەتنىڭ تەمەلىك كۆلكىسى، جەۋلان قىلىپ تۇرغان ئويناق كۆزلىرىگە زوقلىنىپ قارىدى.

**تەمەننا** ئى [ئە] ئۆزىچە ماختىنىپ قىلغان قىلىق، ھەرىكەت؛ ماختىنىش، پەخىرلىنىش: — مەندەك ئىش بىلەرمەن، مەرد يىگىتنى تاپسا، قىز دېگەنمۇ ھەششىپىچەكتەك يۆگىشىۋالار، — دېدى باست تەمەننا كۈلكىسىنى كۈلۈپ. * — «مىڭ كاپكاپتىن، بىر چىپ-چاپ ئەلا» دېگەندەك، ئىشقىلىپ بىر ماتورغا ئىگە بولدۇق، — دېدى ئۇ تەمەننا بىلەن، — ئەمدى لەنگەرلىكنىڭ چاكىلدىغان ئاغزى سۇغا قاندىغان بولدى. * قانائەتنى بىلىپ دۇشمەن، بىخۇدلۇقنى يىراق قوغلاپ، بولۇپ خالىي تەمەننادىن يىگىتنى ئىختىرا قىلسالىڭ.

**تەمەننا ئەيلىمەك** ← **تەمەننا قىلماق**: تەمەننا ئەيلىمە رەڭگىرويۇڭغا، غۇنچىدەك ئەۋرىشىم زىلۋا بويۇڭغا. ئادەمنىڭ زىننىتى ئەدەب ۋە ھايا، لايىق تون پىچىلار قاراپ خۇيۇڭغا.

**تەمەننا قويماق** مەلۇم نەرسە ياكى ئىشتا، ئۆزىنى ماختىنىشقا لايىق دەپ ھېسابلىماق؛ كۆرەڭلىمەك؛ پەخىرلەنمەك: ئۆزۈڭگە ئارتۇقچە تەمەننا قويۇپ كەتمە ئۆمەر، ئۆتكەندە ئۇچ چىشلىق چاقنى كېرەكتىن چىقىرىپ قويغىنىڭنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟ * ئەپەندىمنىڭ يېڭى ئالغان ئايالى تەمەننا قويۇپ، دائىم ئۆز ھۆسنى بىلەن ماختىنىدىكەن.

**تەمەننا قىلماق** مەلۇم نەرسە ياكى ئىشنى ئۆزىچە ماختىنىش ۋاستىسى قىلماق، ماختانماق، كۆرەڭلىمەك، پەخىرلەنمەك: ئۇنىڭ ئەكسىچە، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار نام-شۆھرەت، مەنپەئەتنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىدۇكى، ھەرگىز ئۆز مېھنىتىدىن تەمەننا قىلمايدۇ. * گۈزەل بۇ ھاياتقا كۆنۈپ كەتتى. كېزى كەلگەندە، ئۆزىنىڭ ھۆسن-جامالىنى تەمەننا قىلىپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالاتتى.

**تەمەنناچى** ئى. داۋاملىق ئۆزىگە تەمەننا قىلىپ ئادەتلەنگەن كىشى: باش كاتىپ مۇدىرنىڭ مۇنچىۋالا تەمەنناچى بولۇپ قېلىشىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى باشقىلارغا قارىغاندا ياخشىراق بىلەتتى.

**تەمەننالىق** ئى. ئارتۇقچە ماختىنىپ، ئەركىلىك قىلىدىغان خاراكتېر: تەمەننالىقنىڭ يول قويمىسا، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئاشۇ مەسۇملەرنىڭ ناخشىسى ئالتۇن قەلەم بولۇپ، تاجۇتەختىڭنىڭ ئىبرەتلىك خاتىمىسىنى يازغاندا ھېس قىلسەن، ئەلۋەتتە.

**تەمبەل** سۈپ [پ] ① ئۇستىخانلىق، بەستلىك: شۇ ئارىدا قويۇق بۇرۇتلۇق، تەمبەل بىر يىگىت ئىككى ناتونۇش كىشىنى باشلاپ كەلدى. * شەھەرنىڭ مەركىزىي كوچىلىرىغا بېرىپ تۇتۇپ

تۇراتتىم، سالاپەتلىك، تەمبەل، ئوتتۇرا بوي، گەدەن پاتاقلىرى بۇقىنىقىدەك تۇرۇلگەن بىرى كېلىپ، سائەتنى سوراپ قالدى. ② مەزمۇت، كۈچلۈك، چوڭ: - ياق! - تاغام دۇيجاڭنىڭ گېپىنى چورتلا بۆلدى-دە، تەمبەل قەدەم تاشلاپ، كۆرگەزمە سەھنىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئالقاتلىرىنى كەڭ ئاچتى.

**تەمبەللىك** «تەمبەل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئەسمەتۇللا ئايازنىڭ پوتىسىدىن چىڭ تۇتۇپ ئالدىغا تارتتى، لېكىن قىرىق ياشلار چامىسىدىكى ئاياز تەمبەللىكىدىن قاققان قوزۇقتەك جايىدا مىدىر قىلماي تۇرۇۋەردى.

**تەمبۇر** ئى [پ] <مۇز> ئۇيغۇرلارنىڭ چېكىپ چالىدىغان مۇزىكا ئەسۋابى. دەستىسى ئۇزۇن، 16 يېرىدە پەدىسى بولىدۇ؛ بەش تال سىم تار ئىشلىتىلىپ، g g $d^1$g g ياكى $d^1d^1gd^1d^1$ دا سازلىنىدۇ؛ ئاۋاز دائىرىسى ئۈچ ئوكتاۋا، سىرتقى ئىككى تارى ئاساسلىق تار، قالغان ئۈچ تارى تەڭكەش تار ھېسابلىنىدۇ؛ يەككە ياكى باشقا سازلار بىلەن تەڭكەش قىلىپ چېلىشقا بولىدۇ.

**تەمبۇرچى** ئى. تەمبۇر چالغۇچى كىشى: مۇسا چورۇق: - ۋاي، سىز موسا ئاكامنىڭ ھېلىقى تەمبۇرچى ئوغلى قادىرمۇ؟ - دەپ سورىدى.

**تەمتەك** I ئى ① <ئارخېئول> مۇھىم يارلىق، ۋەسىقىلەر پۈتۈلگەن قەدىمكى تارىشا پۈتۈكلەرنىڭ بىر خىلى. بۇنداق خەت-چەك پۈتۈلگەن تاختىلار باشقا جايلارغا ئەۋەتىلىدۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى مەخپىي تۇتۇش ئۈچۈن، خەت پۈتۈلگەن تەرىپى ئىچىگە قىلىپ باغلىنىپ، يېپىنىڭ ئۆتۈشكەن يېرىگە موم چاپلىنىپ، تامغا بېسىلىدۇ. ② ۋاڭلىق تۈزۈمدە ۋاڭنىڭ دورغىغا بەرگەن ھوقۇق يۈرگۈزۈش تامغىسى. ③ مەلۇم يارلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ھەر خىل تاختا.

**تەمتەك** II (توغرىسى: تەنتەك) ← **تەنتەك.**

**تەمتىرەتمەك** «تەمتىرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ يېڭىلىق سېلىمنى بىر تەرەپتىن تۇنجى پەرزەنت كۆرۈشتەك بەختىيار ئاتىلىق غۇرۇرى بىلەن ھاياجانلاندۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى ھودۇقتۇرۇپ، تەمتىرىتىۋەتتى. * شۇجىنىڭ تۇيۇقسىز سورىغان بۇ سوئالى پاسارنى تەمتىرىتىپ قويدى.

**تەمتىرەشمەك** «تەمتىرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دەل شۇ كۈنلەردە، تۇردى ساقچىنىڭ ئايالى ئاغرىپ قالدى. بۇ تۇيۇقسىز ئىشتىن مەھەللىدىكىلەر تەمتىرىشىپ كەتتۇق.

**تەمتىرىمەك** پ ① ئېنىق بىر پىكىرگە كېلەلمەي ئالدىراپ قالماق: پادىشاھ: - ئەپەندىم، يەرنىڭ كىندىكى نەدە؟ - دەپ سورىغانىكەن، ئەپەندىم تېنىمەي، تەمتىرىمەي قولىدىكى تاياق بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ: - ئەنە، دەل ئاشۇ ئېشەكنىڭ ئوڭ پۇتى تۇرغان يەردە، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. * بۇنداق ئالچۇقانلار ئىچىدە تېنەپ قالمايدىغان پەرىزات ھېچقانداق تەمتىرىمىدى. ② نېمە قىلىشنى بىلمەي ساراسىمىگە چۈشمەك، ھودۇقماق: كۆتمىگەن زەربىدىن تەمتىرەپ كەتكەن زۇلىيار «ۋاي-جان!» دېدى-دە، قاچتى. * سادىق گۈڭشې پارتكوم شۇجىسىنىڭ بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى، شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، سەل-پەل قىزىرىپ، تەمتىرەپرەك ئېيتتى. ③ سەرسان-سەرگەردان بولماق، تېنىمەك: ئۇ تېخى يەتتە-سەككىز يېشىدا ئىگە-چاقىسىز قېلىپ، كەنتمۇكەنت تەمتىرەپ يۈرگەندە، بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەنىدى. * شۇنىڭدىن بېرى تالادا قېلىپ، ھەركىمنىڭ ئىشىكىدە تەمتىرەپ يۈرىمىز. * يۇتتى دەريا توختىنۇلنى، قالدى ئەل قەلبىدە دەرد، ياش

تۆكۈپ يۈردى، پولات دەريا بويىدا تەمتىرەپ.

**تەمتلەتمەك** «تەمتلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەمتلەشمەك** «تەمتلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەمتلمەك** پ ① ئۇ ياق-بۇ ياققا ئۆردەكسىمان چايقىلىپ، تاشلىنىپ، ئاستا-ئاستا قەدەم ئالماق (بالىلار ھەققىدە): تەمتىلىگەن تام سىپىلار (ماقال). * ئاخشاملا تەمتلەپ يۈرگەن ئەمەتنى، بۈگۈن كۆرۈپ قالدىم پارتا ئالدىدا. چوپچوڭلا بالا بولۇپ قاپتۇ، يەنە قىزىل گالستۇكمۇ باركەن بوينىدا. ② بىرەر نەرسىگە تايىنىپ، ئاستا دەلدەڭشىپ ماڭماق: قولىدا ھاسىسى مۈكچىيىپ ئەنە، كەلمەكتە تەمتلەپ ئانام. كەلمەكتە ئالدىمغا نىگارىم ـ دەردمەن، كەلمەكتە يۈگۈرۈپ جىگىرىم ـ قوزام.

**تەمتىم** رەۋ. ئاستا قەدەم بىلەن، يىقىلىپ-قوپۇپ: كۆچۈپ چىققان يىلىمىز، سۇبھى بىر يېشىدا تەمتىم ماڭاتتى.

**تەمرەتكە** ئى <تب> زەمبۇرۇغ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بەزى تېرە كېسەللىكلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. مەسىلەن، چاچ تەمرەتكىسى، پۇت تەمرەتكىسى، قول تەمرەتكىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**تەمسىز** سۈپ. تەمى، لەززىتى يوق؛ بەتتەم: تۇرمىشنىڭ تەمسىز تامىقى گېلىدىن ئۆتمىدى بولغاي، كېسەل مەھبۇس تاماق يېگىلى ئۇنىمىدى.

**تەمسىزلىك** «تەمسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: شىركەت ساتقان قوغۇننىڭ تەمسىزلىكىدىنمۇ، ئىشقىلىپ خېرىدار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى.

**تەمسىل** ئى [ئە] ① بىرنەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە ئوخشىتىش: تەمسىل قىلماق. * يۈسۈپ بەگ يىگىتلىرىگە قاراپ: ـ ئەي يارانلار، دۈشمەن دېگەن كىشىنىڭ ئاياغ ئاستىدا پەيدا بولىدىكەن، بۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماق لازىم ئەمەس، مېنىڭ سىزلەرگە بىر تەمسىل سۆزۈم بار، ـ دېدى. ② <ئەد> تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەرنى، كىشىلەرنىڭ ياخشى-يامان خۇسۇسىيەتلىرىنى ھايۋان ۋە نەرسىلەرنىڭ قىلىقلىرى، تەبىئەتتى ۋە ھالىتىگە سېلىشتۇرۇلغان ھېكمەتلىك سۆزلەر: «ئۇ-چۇشنى بىلىپ، چۈشۈشنى بىلمىگەن» دېگەن تەمسىل مانا شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

**تەمسىل قىلماق** مىسال كەلتۈرمەك، ئوخشاتماق: ئۇ 3-مىسرادا مەھبۇبىنىڭ قارا چېچىنى تۈندەك دېسە، ئۇنىڭ ھۆسنىنى شۇ «تۈن» نى يورۇتۇپ تۇرىدىغان ئايغا تەمسىل قىلىدۇ.

**تەمسىلچى** ئى. سۆزىدە دائىم تەمسىل كەلتۈرىدىغان، تەمسىلنى كۆپ بىلىدىغان كىشى: قۇربانكام ناھايىتى تەمسىلچى ئىدى. ئۇ ھەر قانداق گەپكە بىرەر تەمسىل ئارىلاشتۇرماي سۆزلىمەيتتى.

**تەمشەلدۈرمەك** «تەمشەلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەمشەلمە** سۈپ. بىرەر ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق ئىپادىلىنىدىغان: تەمشەلمە تۈس.

**تەمشەلمە تۈس** <تل> پېئىللارنىڭ مەلۇم گراماتىكىلىق شەكلى ئارقىلىق، ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنداشقا تەمشىلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان گراماتىكىلىق كاتېگورىيە. ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللارنىڭ تەمشەلمە تۈس شەكلى پېئىلنىڭ مەقسەت رەۋىشداش شەكلىگە «ــ ۋات» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ: مەن يېزىغا ماڭغىلىۋاتىمەن.

**تەمشەلمەك** پ ① بىرەر ئىشنى قىلىشقا تەييارلانماق، ئىنتىلمەك، كىرىشمەك: خېلىدىن كېيىن، شەۋكەت ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى. * ئۇ ئادىلغا تەسەللىي بەرمەكچى

بولۇپ، ئىغىز ئىچىشقا تەمشلىۋىدى، ئارقا تەرەپتىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانغاندەك بولۇپ بۇرۇلۇپ قارىدى. * ئاڭا باقسام سەپسىلىپ، تەمشلىپتۇ ئۇچۇشقا. بۇنىڭدىنمۇ ئىگىز، تىك، چوققىلارغا قونۇشقا. ② مەلۇم بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ئۇرۇنماق: مەن دادامنىڭ قولىدىن بوشىنىپ قېچىشقا شۇنچە تەمشەلگەن بولسامۇ، چىڭ تۇتۇۋالغاچقا، مىدىرلىيالمىدىم. * ماكاپ گۈلى ئىچىلغان قاشتا، تۇرۇپ قالدىم نېرى كېتەلمەي. تەمشەلسەمۇ قانچە-قانچە رەت، يا ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتەلمەي. ③ مەلۇم بىر ئىشنىڭ نەتىجىسىگە ئاز قالماق، يېقىنلاشماق: ئايدىڭ كېچە، ئەمدىلا باش چىقىرىشقا تەمشلىۋاتقان بۇغدايلارغا سۇ تۇتۇپ ئولتۇرغان قادىر يېقىنلاپ كېلىۋاتقان شەپىنى سەزدى.

**تەمشلشمەك** «تەمشەلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تەمشمەك** پ. بىرەر نەرسىنى چايناۋاتقاندەك لەۋلىرىنى قىمىرلاتماق، ئۆمەللىمەك: كېسەل سەل-پەل ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن لەۋلىرىنى تەمشىپ، ئۆز ئەتراپىدىكىلەرگە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولدى.

**تەمكىن** سۈپ [ئە] ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، ئېغىر-بېسىق، پۇختا: ئانام رەھمەتلىك ئېغىر-بېسىق، تەمكىن مىجەز ئايال بولۇپ، مېنى جېنىدىن ئەزىز كۆرەتتى. * مۇھەممەت ئىمىن كۆلۈمسىرىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، تەجرىبىلىك رەھبەردەك، تەمكىن قىياپەتتە يانچۇقىدىن بىر توپ ئاچقۇچنى چىقاردى. // بۇلارمۇ ئۆيلىرىگە قايتتى تەمكىن، بولۇپ سۆز-ھەرىكىتى باشقىچە ۋەزمىن.

**تەمكىن بولماق** ئېغىر-بېسىق، پۇختا بولماق؛ تەمكىنلەشمەك: لېكىن قاراپ كونىلارغا تەمكىن بولاتتى، ئويلىغاندا ۋەدىسىنى كۆچكە تولاتتى.

**تەمكىنسىز** سۈپ. ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان، ئالدىراڭغۇ.

**تەمكىنسىزلىك** ئى. ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان، ئالدىراڭغۇ ھالەت، خاراكتېر: بۇ سىياسىي جەھەتتىكى تەمكىنسىزلىكنىڭ ئىپادىسى.

**تەمكىنلەشمەك** پ. ئېغىر-بېسىق، تەمكىن ھالەتكە كەلمەك؛ ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان بولماق: قىسمەت چورۇق شۇ گەپنى ئېيتىپ، بىردىن مۇلايىم، تەمكىنلىشىپ، شۇك بولۇپ قالدى.

**تەمكىنلىك** «تەمكىن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇسرەتنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ھەبىبۇللىنىڭ ئىككى چېكىسىدىن مۇزدەك تەر چىقىپ، پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى، لېكىن شۇ ھامان ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، تەمكىنلىكىنى بۇزماي چۈشەنچە بېرىشكە باشلىدى. * ئۇنىڭدىن كېيىن، شىرمەھەممەتنىڭ كۆرگىنى ئالماسنىڭ ئېغىر-بېسىق تەمكىنلىكى ئىدى.

**تەملىك** سۈپ ① تەمى بار، تەمگە ئىگە: ئۇ قىسرتاق تەملىك نەرسكەن. * بالا چۈچۈك تەملىك بىر دانە ئالمىنى يەۋاتىدۇ. ② تەمى ياخشى، تاتلىق: يېقىملىق سازلار چېلىنىپ، تەملىك شارابلار ئىچىلىپ، مېھمانلار قىزغىن كەيپىياتقا چۆمگەنىدى. * تەملىك، پوستى نېپىز، سوغۇققا چىداملىق بۇ خىل ئالما ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

**تەممەت** [ئە] دىئال. پۈتۈنلەي؛ مۇتلەق، زادى.

**تەمىر** ئى [ئە] يېز ت. قۇرۇش، بىنا قىلىش: تەمىر قىلماق.

**تەمىر قىلماق** قۇرماق، بىنا قىلماق: قاراماي — يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم تەمىر قىلىنغان نېفىتلىك.

**تەمىن** ئى [ئە] ← تەمىن ئەتمەك.

**تەمىن ئەتمەك** ① لازىملىق نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بەرمەك، تەمىنلىمەك: ئۇلار ئۆز يىلتىزىنى يەرنىڭ قوينىغا، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ئوزۇقلۇق، سۇ بىلەن تەمىن ئېتەلمەيدىغان جايغا يەتكۈزەلمىگەن بولسا، ئۆزىدىن تەبىئەتكە نام-ئەسەر قالدۇرالمايتتى. * «تۇغقاننىڭ بېغى بەكتۇر» دېگەن گەپنى، بۇ ھالەت تەمىن ئەتتى ئىسپات

بىلەن. قايتتى ۋە ئۆيگە دادىل قەدەملەردە، كېلىپلا ئاچتى دەپتەر-كىتابىنى. ② بىرەر ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىش شارائىتىنى ھازىرلىماق، كاپالەتلەندۈرمەك: پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەش كۈندىن-كۈنگە گۈللەپ بېرىۋاتقان باياشات تۇرمۇشنى بەختەرلىك جەھەتتە تەمىن ئېتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. * بۇ قېتىمقى كۆرسىنىڭ ئوگۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن، كۆپەرەك تەر ئاققۇزۇش نىيىتىگە كەلدىم. ③ قانائەتلەندۈرمەك: ئىنتايىن ئاز دەسمايە بىلەن قىلىنغان بۇ تىجارەت ئانا-بالا ئىككىيلەننىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى تەمىن ئېتەلمەيتتى.

**تەمىن قىلماق** ← **تەمىنلىمەك**: ئاھالە 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇمۇل بازىرىغا كۆتەك ھارۋىلاردا ئوتۇن، تەگنە ئاپىرىپ سېتىپ، بىر قىسىم ئېھتىياجىنى تەمىن قىلاتتى.

**تەمىنات** ئى [ئە] ① كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئېھتىياجلىق ئاشلىق، ماي قاتارلىق ئۇزۇق-لۇق: تەمىنات ئامبىرى. تەمىنات ئالماق. * ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتى بۇ ئاپەتكە جىددىي كۆڭۈل بۆلۈپ، تەمىنات ئاشلىقىنى باشقا گۇڭشېلاردىن تەگشەپ، يۆتكەپ بەردى. * ھازىر بىزنىڭ بەش كۈنلۈككىلا تەمىناتىمىز قالدى. ئەمدى تەمىنات ھەل قىلىنمايدىغان بولسا، مەن ئەسكەرلەرگە ئۆز جانلىرىنى قۇراللىرى ئارقىلىق بېقىش ئۈچۈن بۇيرۇق بېرىمەن. ② ياشاش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان پۇل، ئوزۇقلۇق، كىيىم-كېچەك قاتارلىق نەرسىلەر: ئالاھىدە تەمىناتتىن بەھرىمەن بولماسلىق كېرەك، ئالاھىدە تەمىنات كۆپ ھاللاردا ئىش ھەققىدىنمۇ كۆپ بولۇپ كېتىدۇ. * خىزمەتتىن ئايرىلىپ، دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە تۇرمۇش تەمىناتى جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ياخشى ھەل قىلىش لازىم. ③ كۈندىلىك لازىمەتلىكلەرنى تەييارلاپ يەتكۈزۈپ بېرىش: تەمىنات بۆلۈمى.

تەمىنات ئىشلىرى. * شتابتىن چىققانلار سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇلار ئەمدى ھەربىي تەمىنات ئىدارىسىنىڭ مېھمانخانىسىغا ماڭدى. * خوش، نۆۋەت سىزگە كەلدى، بايا تەمىناتنىڭ كادىرىمەن، تۇخۇم ئالغىلى كەلدىم دېدىڭىزما؟ ④ كۆچمە. مەنىۋى، روھىي ئوزۇق: ئاتىسىنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن ياخشى تەمىناتلارنى بېرەتتى. گويا مەجبۇرىيەت ئاستىدا ئاتا نەسىھىتىنى قۇلاققا ئالغاندەك، بويۇن ئېگىپ ئولتۇراتتى.

**تەمىنات تۈزۈمى** <س ئىق> تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغان ئۆلچەم بويىچە، بىۋاستە تەقسىم قىلىش تۈزۈمى.

**تەمىنات كوپېراتىپى** ← **تەمىنات-سودا كوپېراتىپى**.

**تەميناتچى** ئى. كۈندىلىك ئوزۇقلۇق قاتارلىق لازىمەتلىك نەرسىلەرنى تەييارلاپ ساقلىغۇچى، يەتكۈزۈپ بەرگۈچى كىشى: خەمىتنىڭ يۈكى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، تەميناتچىنىڭ ئىشىنىمۇ قوشۇمچە ئىشلەشكە توغرا كەلدى.

**تەميناتچىلىق** ئى. تەمىنلەش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىش: ئۇن كىشىلىك ماتور ياساش سېخى قۇرۇلدى. ياسىن سېخ مۇدىرى بولۇپ تەيىنلەندى، ئەخمەت باش تېخنىكلىقنى، زاۋۇت باشلىقى ئارقا سەپ تەميناتچىلىقنى ئۈستىگە ئالدى.

**تەمىنات-سودا** تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىش، خام مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىش ئىشى: تەمىنات-سودا كوپېراتىپى.

**تەمىنات-سودا كوپېراتىپى** <سودا> ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىپ ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان سودا ئاپپاراتى:

سودا تارماقلىرىنىڭ تەمنات-سودا كوپىراتىپىدىكىلەر بىلەن قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، ساناتەت بۇيۇملىرىنى يېزىلارغا چۈشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

**تەمناتسىز** سۈپ. يېنىدا تەمناتى يوق، تەمناتى تۈگىگەن: قاتناش يوقلۇقتىن، بىر ئاينى ئاشۇ ئىش ئورنىدا ھېچقانداق تەمناتسىز ئۆتكۈزدۇق.

**تەمناتلىق** سۈپ. تەمناتى بار، تەمناتقا ئىگە: — دېھقانلار مانا ئەمدى تەمناتلىقمۇ بولدى، ئامبارغا ئايمۇئاي يۆگۈرىدىغان ئىشتىنمۇ قۇتۇلدى، پۇلمۇ كۆردى، — دەپ ساقىلىنى سىلىدى ئەخمەتكام.

**تەمنلەنمەك** «تەمنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەر بىر كىشى ئۆتكەن يىلى 11 كىلوگرام گۆش بىلەن تەمنلەندى. بۇ ئالدىنقى يىلغا سېلىشتۇرغاندا 4.6 پىرسەنت كۆپ. * ئۇ كۆنلەردە، قەنت-ناۋات دېگەن نەرسە جەننەتكە كىرىپ كەتكەنمىكىن، پەقەت بوۋاقلارلا ئايدا 100 گرام قەنت ياكى شېكەر بىلەن تەمنلىنەتتى.

**تەمنلىمەك** پ ① لازىملىق نەرسىلەرنى تەييار، تەخ قىلىپ، يەتكۈزۈپ بەرمەك: ئىلى ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمانلىرى شىركىتى ئوبلاستقا قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەردىكى گۇڭشې، دۆلەتلەرنى ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا كېرەكلىك ماشىنا سايمانلار بىلەن تەمنلىدى. * ئۆزۈمنى ئالسام، شەخسىي 30 چە سىيىرىم بار، شەھەردىكى 200 گە يېقىن ئائىلىنى سۈت بىلەن تەمنلەيمەن. ② مەلۇم مەنبە ياكى نەرسە بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئۇنىڭدىن خەۋەردار قىلماق، ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەرمەك، ئۇنىڭغا ئىگە قىلماق: قەشقەر-دىن خوتەنگىچە ئىككى ئايغا يېقىن سەپەر قىلىش بىزنى نۇرغۇن بىلىم، كىتاب، ھېسسىيات، ئىلھام بىلەن تەمنلىدى. * تۇرسۇن ئېيتىپ بەرگەن بۇ ئەھۋاللار ئۇسمانىنى بۇ مەسىلە توغرىسىدا يەنە بىر يېڭى پاكىت بىلەن تەمنلىدى.

**تەن I** ئى [پ] ① بەدەن، گەۋدە: تەن بىر، جان بىر (ماقال). * تېنى ئۇزۇنچاق ھاشارات. * ئۇ ئۆز ھوشىنى يوقىتىپ، جېنى چىقىپ تېنى قالغاندەك بولۇپتۇ. * تىتىلغان تەن، تۆكۈلگەن مۇشت، كىرىشكەن چىش، پۈتمەس غەزەپ ئىزى بولۇپ چىقتى بۇ جان! ② كىشىنىڭ پۈتۈن بارلىقى، ۋۇجۇدى: تەننىڭ ساقلىقى — جاننىڭ راھىتى (ماقال). * «گۈزەل قىز» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغاندا، ھېيتەمنىڭ تېنى جۇغغىدە قىلىپ كەتتى. ③ گەۋدىنىڭ باشتىن باشقا قىسمى: بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلماق. * — بېشىمىز تېنىمىزدا بولسۇن دېسەڭلار، بۇنى ئۇنتۇماڭلار، — دېدى ئاقساقال يۈزبېشىلارغا. ④ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىز ۋە غول قىسمى: ئادراسمان ئۆسۈملۈكنىڭ تېنى ئىسرىققا ۋە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**تەن بوشلۇقى** <تەن> ئادەم ۋە ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ ئىچكى ئورگانلىرى تۇرىدىغان بوشلۇق. ئۇ كۆكرەك بوشلۇقى ۋە قورساق بوشلۇقى دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

**تەن تەمرەتكىسى** <تب> بىر خىل تېرە كېسەللىكى. زەمبۇرۇغ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كۆپىنچە يۈز، بويۇن، گەۋدە، تۆت مۇچە، پۇت-قول ئالقانلىرىدا پەيدا بولىدۇ. ئۇ ھالقا شەكلىدىكى ئاچ قىزىل رەڭلىك داغ بولۇپ، يۈزىدە ئاق رەڭلىك تەڭگىچسىمان كېپەكلىرى بولىدۇ، يەڭگىل قىچىشىدۇ.

**تەن تىپى** <تب> ئادەم بەدىنىنىڭ تىپى. كۆپىنچە تەنىنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ياش قۇرامىغا يەتكەنلەر بىلەن

بالىلار تەن تېپى جەھەتتە روشەن پەرقلىنىدۇ.

**تەن جازاسى** ئادەمنىڭ تېنىنى ئازابلاش، زەخىملەندۈرۈش يولى بىلەن بېرىلىدىغان جازا: ئۆتمۈشتە تۈرمىدە تۈرلۈك تەن جازالىرى مەسىلەن، كۆمۈرنى ئۇششاق چېقىپ، ئۈستىدە يالىڭاچ ئولتۇرغۇزۇش، تىرناق ئارىسىغا مىخ قېقىش، جان يېرىگە چىغ سانجىش قاتارلىق تەن جازالىرى بار ئىدى.

**تەن دىۋارى** <زوئول> ھايۋانلار تېنىنىڭ سىرتقى ئورامى. ئېپىدېرما، مۇسكۇل ۋە تەن بوشلۇقى پەردىسى قاتارلىق توقۇلمىلاردىن تۈزۈلىدۇ؛ قوغداش، سېزىش، ھەرىكەت قىلىش قاتارلىق روللارغا ئىگە.

**تەن سۈرمەك** ← **تەن قويماق**.

**تەن سىرتىدا ئۇرۇقلىنىش** <بىئول> ئەرلىك ۋە ئاياللىق جىنسىي ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئايال تېنىنىڭ سىرتىدا قوشۇلۇش جەريانى.

**تەن سىرتىدا يېتىلىش** <بىئول> تۆرەلمە ياكى تۆرەلمە توقۇلمىلىرىنىڭ بەدەن سىرتىدىكى سۈنئىي مۇھىتتا يېتىلىشى.

**تەن قويماق** ئۈستىخانلىرى تولۇپ، يېتىلىپ چوڭايماق: يۈزىنىڭ كېپى ئانىسىغا تارتقان قوشۇما قاشلىق، قاڭشار بۇرۇن، تەن قويۇپ ئۆسۈۋاتقان سۇمباتلىق بۇ يىگىت كىرگەن پېتى ئانىسىغا ئەركىلىدى.

**تەنگە سىڭمەك** ① ھەزىم بولماق: تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر، يالغۇز يېگەن يەرگە سىڭەر (ماقال). ② مۇستەھكەم ئۆزلىشىپ ئورۇن ئالماق: ئۆچمەنلىك ئۇنىڭ پۈتۈن تېنىگە سىڭىپ كەتكەن. * ئاق سۈت بىلەن سىڭدى تېنىمگە، ئانام قەلبى ئەكس ئەتتى ئەللەيدە. ئۇ ئەللەيدە ئاغرىنىش بار قىسمەتتىن، بار قارغىشلار ئېچىلمىغان تەلەيگە.

**تەن ھۈجەيرىسى** <بىئول> بەدەندىكى كۆپىيىش ھۈجەيرىسىدىن باشقا ھۈجەيرىلەر.

**تېنى تىكەنلەشمەك** تېنى يىرىكلىشىپ، جۇغۇلداپ، سەسكەنگەندەك تىترەك سېزىمى بىلىنمەك: تەنلىرى تىكەنلەشتى تىكىلگەندە/ مەسخىرە تولغان كۆزى ئاكىسىنىڭ. ئاغرىنىپ ئولتۇرمىدى ھۆسەن ئەمما، بۇ ھالدىن رەنجىمىدى، تېرىكمىدى.

**تېنى جۇغۇلدىماق** ① بەدىنىگە تىترەك ئولاشماق: — بالىلار، ئۇيقۇغا قاندىڭلارمۇ؟ — ئابلىز تېخىنكىنىڭ تېنى سەھەرنىڭ سوغۇقىدا جۇغۇلدىدى بولغاي، ئاۋازى سەل تىترەپ چىقتى. ② كۆچمە. ئاچچىقلىنىش، قورقۇش قاتارلىق غەيرىي نورمال ھالەتتىن سىلكىنمەك، چۆچۈمەك: شەھەر شۇنچە ۋەھىملىك ئىدىكى، كىشىنىڭ دىلى ئەيمىنىپ، تەنلىرى جۇغۇلداپ، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ كېتەتتى. * كۈتۈلمىگەندە ئېيتىلغان بۇ غەلىتە سۆزدىن كېيىن، بېشىمغا گويا بىر چېلەك سوغۇق سۇنى قۇيۇۋەتكەندەك، تەنلىرىم جۇغۇلداپ تىترەپ كەتتى-دە، ھوشۇمنى يوقىتىپ قويۇشقا ئازلا قالدىم.

**تېنى شۈركۈنمەك** بىرەر نەرسە سەۋەبىدىن بەدىنى تىترەپ، سەسكىنىش، قورقۇش ھېس قىلماق: مېنىڭ مۇنداق سۈرلۈك داۋاننى كۆرۈشۈم بىرىنچى قېتىم بولغاچقا، تەنلىرىم ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتى. * تاپىنىم ئاستىدىن چىققاندەك گويا، ئاڭلاندى قۇلاققا يەنە بىر سادا. «يارەببىم» دەپ كەتتى شۈركۈنۈپ تېنىم، شۇ ھالدا تېڭىرقاپ تۇردۇم بىر ھازا.

**تېنىگە پاتماسلىق** ← **تېنىگە سىغماسلىق**: ئۇ تۇتۇپ كۆزىنى تېنىگە پاتماي، ئولتۇرغان چېغىدا تەختتە گىدىيىپ: باتۇر، مەرد نەيزىنى كۆتۈرۈپ ئاي-ھاي! كىرىپتۇ ئوردىغا بېسىپ، ئېتىلىپ.

**تېنىگە سىغماسلىق** خۇشاللىقى ئىچ-

ئىچىدىن ئۇرغۇپ تاشماق، ئىنتايىن خۇش بولماق: قىز موماي دېگەن يەردىن بىر بوغچىنى ئېلىپ، تەن-تېنىگە سىغماي خۇش بولۇپ كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ. * دېدى-دە، كەگرى بېغىغا ئۇ مېنى، باشلىدى سىغماي تېنىگە ماختىنىپ. ھەق ئىكەن ماختانغىنى، شاپتۇللار تاۋلىناتتى شاختا كۆزنى چاقنىتىپ.

**تېنى يايرىماق** پۈتۈن ۋۇجۇدى ھۇزۇرلانماق، شادلانماق: چىمەن قىرغاق لېۋىدە — سايىسىدا دەم ئالسام، تېنىم يايراپ، ھېسسياتىم ئۇرغۇپ تاشار ئۆركەشلەپ.

**تەن** II ئى [پ] ① مەلۇم بىر ئىشنىڭ ئۆز زىممىسىدە ئىكەنلىكىدىن قىلىنغان ئىقرار: مەن تونۇغۇن كېچىكىپ قالغانلىقىمغا سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا تەن. ② «تېگىشلىك، مەنسۇپ» دېگەن مەنىدە كېسىم رولىدا كېلىدۇ: ھارماي ئىشلەيمىز ئەمدى، ھوسۇل بىزگە تەن. كىم ئەمگەك سۆيسە، تىرىشسا، شۇنىڭ تۇرمۇشى قەن.

**تەن ئالماق** بويىنغا ئالماق، ئىقرار بولماق: مۇسا ئۇستام ئاخىرى خاتاسىنى تەن ئالدى. * — شۇنداقمۇ، —دېدى ھاجى ئۆز گۇناھىنى تەن ئالغان ھالدا، —ئۇنداق بولسا بىزنى كەچۈر، ئوغلۇم!

**تەن بەرمەك** ① قايىل بولماق، ئېتىراپ قىلماق: ئۇنىڭدىن ھازىرچە مۇشۇنىڭدىن باشقا نەپ چىقمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى، شۇنداق بولسىمۇ يەنە ئۇڭايلىقچە تەن بەرگۈم كەلمىدى. * بىر بۇرادىرىمدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، دەسلەپتە ناھايىتى بىئارام بولغانىدىم، ھازىر يەنىمۇ تەپسىلىي ئويلاپ كۆرۈپ، بۇنىڭغا تەن بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم. ② ئىقرار قىلماق، بويىنغا ئالماق: تاتلىق قىزىم، ئۇنداق جاھىللىق قىلماي، مەزلۇم — ئاجىزلىقىڭغا تەن بېرىپ، ئاتا-ئاناڭنىڭ سۆزىگە كىر. * بۇ رەزىل ھەرىكەتنىڭ ئىشتىراكچىلىرى ئۆز مەغلۇبىيەتلىرىگە تېخىمۇ تەن بەرمەيتتى.

**تەن قىلماق** تېگىشلىك، مەنسۇپ، شۇنىڭغا ھېساب قىلماق: ھاجى غالچىلىرىغا ۋارقىرايتتى: — باغلا! — غالچىلار ئۆينى بايغا قەرزگە تەن قىلىپ بېرىشكە ئۇنىمىغان دېھقاننى باغلاشتى.

**تەنە** (**تە:نە**) ئى [ئە] ① باشقىلارنى كەمسىتىپ ئېيتىلغان دارىتما، ئەگىتمە سۆز: ئەكبەر ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى ئۆتكۈر تەنە، ئاچچىق مەسخىرىنى سەزمىگەندەك، تۈزلا گەپ قىلدى. * بۇ سۆزلەرنى رەنجىش ۋە چوڭقۇر تەنە دەپ چۈشەنگەن خېۋىر نېمە دېيىشىنى بىلمەي جىمجىت تۇرۇپ قالدى. // غۇلغۇلا ئاۋۇپ كەتتى. بۇلۇڭ-بۇلۇڭدىن ئاۋازلىق ئېيتىلغان تەنە سۆزلەر يىغىن باشقۇرغۇچىلارنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ② نارازى بولۇپ، مىننەت بىلەن دوق قىلىنغان ھەرىكەت: ئايالى ئۇنىڭغا تەنە ۋە يوشۇرۇن ئازاب ئىچىدە قاراپ كۈلۈمسىرىدى، ئەزىمجان ئايالىنى چۈشەندى. * تۇرمۇشنىڭ ئېغىرى، جەبرى بولار، يەڭمەكتۇر شۇلارنى ھايات مەنىسى. ۋە لېكىن ھەممىدىن ئېغىر تۈيۈلار، دۈشمەننىڭ كۈلكىسى، دوستنىڭ تەنىسى. ③ بىتلىستىكلىق ۋاستىلەرنىڭ بىرى، يەنى بىرەر سۆزنى ئەكس مەنىدە قوللىنىش ئارقىلىق مەسخىرە قىلىش ئاساسىدا، ئەسلىدە ئىپادىلىمەكچى بولغان ئۇقۇمنى تېخىمۇ ئوبرازلىق، تەسىرلىك قىلىپ ئىپادىلەش ئۇسۇلى.

**تەنە قىلماق** باشقىلارنى كەمسىتىپ، دارىتملاپ گەپ قىلماق: — ئايزۆھرە، تولا قاراۋەرمەڭ، ئۆزۈڭىزنىڭ كىيىممۇ ئۇلارنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ، — دەپ تەنە قىلدىم مەن. ئۇ گېپىمدىكى تەنىنى چۈشەنمىدى. * ئەتىگەندىلا بىرى: — ھە، دۈيجاڭ، ئەمدى ئەخلەت پۈلى، ئىت بېلىتى دېمەيدىغانسىلە؟ — دەپ تەنە قىلغاندى.

**تەنە ئۇرماق** ← **تەنە قىلماق**: پەلەك ئايىنىسدە ئەكسى تۇرسا، بولامدۇ ياخشى ئىشقا تەنە ئۇرسا؟

**تەنە** ئى [پ] ← **تەن** I : يەككە تەنە.

**تەنەپپۇس** ئى [ئە] دەرس، ئەمگەك ۋە باشقا پائالىيەتلەر ئارىلىقىدىكى ئارام، قىسقا دەم ئېلىش: قوڭغۇراق چېلىندى، ئوقۇغۇچىلار تەنەپپۇسكە چىقىپ كەتتى. پاتەمخان مۇئەللىم سىنىپ دېرىزىسىنىڭ تەكچىسىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدى. * تەنەپپۇس ۋاقىتلىرىدا قوزىچاقلاردەك سەكرىشىپ ئويناۋاتقان بالىلارنىڭ قاتارىدا، قاۋۇلجاننى كۆرگىلى بولمايتتى.

**تەنەززۇل** ئى [ئە] يېز ت. ئارقىدا قېلىش، چۈشكۈنلۈك.

**تەنەززۇللانماق** پ. ئارقىدا قالماق، چۈشكۈنلەشمەك، زاۋاللىققا يۈز تۇتماق: ئۇنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزى يۈزىنى ئېچىپ، تەنەززۇللىنىش مەنزىلىدىن قۇتۇلۇشقا ئىنتىلدى.

**تەنبىھ** ئى [ئە] ناچار، يامان سۆز-ھەرىكەتلەر ئۈچۈن بېرىلگەن نەتىجە، دەككە، كايىش، ئاگاھلاندۇرۇش ياكى يېنىك جازا: نۇرمەھەممەت ئۆيگە كىرىپ، ئالدىراپ چېيىنى ئىچتى-دە، دادىسىنىڭ تەنبىھگە ئۇچراشتىن قورقۇپ، ئالدىراپ سىرتقا قاراپ چاپتى. * ئۇنىڭغا قانچە قېتىم بېرىلگەن تەنبىھمۇ بىكارغا كەتتى.

**تەنبىھ بەرمەك** ناچار، يامان سۆز-ھەرىكەتلەر ئۈچۈن دەككە، تەنقىد بەرمەك، ئاگاھلاندۇرماق، كايىماق ياكى يېنىك جازالىماق: ئۇ: ـ ۋاقتىدا رىئايە قىلىڭ، سىز ئىسراپ قىلغان ھەر مىنۇت باشقىلارنى ئىشقا شۇنچە كېچىكتۈرىدۇ، ـ دەپ تەنبىھ بېرەتتى. * ئەمەلدە ھەم خىلاپ شەرئى ئىشلارنىڭ بولغىنىغا دەلىل-ئىسپاتلار تولۇق بولمىغىنى ئۈچۈن، ئېلگىرىكى ھۆكۈم بىكار قىلىنىپ، تەنبىھ بېرىپ ھەيدەلسۇن!

**تەنبىھ بېرىش** <قا> بىر خىل ئەڭ يەڭگىل جازا، يەنى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ دۆلەت نامىدىن جىنايەتچىلەرگە ئاشكارا تەنقىد-تەربىيە بېرىشى.

**تەنبىھ قىلماق** ← **تەنبىھ بەرمەك**: شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، گەپنىڭ قاپىيىسى كەلگەن زامان، پەيزەخنەتنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنى بىردىنبىر ئالدىغا يېيىپ تۇرۇپ تەنبىھ قىلدى.

**تەنبىھلىمەك** پ. ← **تەنبىھ بەرمەك**: ئۇ ياش مەھرەمنى بىر قېتىم ئىشقا كېچىككىنى ئۈچۈن، جاماھەت ئالدىدا تەنبىھلىدى.

**تەنبىھلىك** سۈپ. تەنبىھنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تەنبىھ قىلىنغان: ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە تىكىلگەن تەنبىھلىك قاراشلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئاستىلا سۇغۇرۇلۇپ، ئاپتوبۇس تەرەپكە ئۆتتى.

**تەنبىيە** (توغرىسى: تەنبىھ) ← **تەنبىھ**.

**تەنتەربىيە** ئى [تەن+تەربىيە] ① جىسمانىي كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ساغلاملىقنى ئاشۇرۇشنى ئاساسىي ۋەزىپە قىلغان ۋە ھەر تۈرلۈك ھەرىكەتلەر بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان تەلىم-تەربىيە. ② شۇ خىل تەلىم-تەربىيىگە ئائىت ھەرىكەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

**تەنتەربىيە چېنىقىش ئۆلچىمى** <تەن> مەلۇم تۈرلەرنى تاللاپ، جىنسى، ئايرىمىسى ۋە ياش قۇرامى بويىچە بېكىتىلگەن، ئۆلچەم ۋە تەلەپ ئوخشاش بولمىغان تەنتەربىيە تۈزۈمى.

**تەنتەربىيە سارىيى** <تەن> تەنتەربىيە مەشقى ئېلىپ بېرىلىدىغان ياكى مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۆي، زال. ئادەتتە بۇنداق جايغا ئويۇن كۆرگۈچىلەر ئۈچۈن مۇقىم ئورۇندۇقلار بېكىتىلگەن بولىدۇ.

**تەنتەربىيە سۈرەتچىلىكى** <كىنو> فوتوگرافىيە سەنئىتىنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا ھەر خىل تەنتەربىيە تۈرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ

تېخنىكا، ماھارىتى، ئەلا نەتىجىلىرى، روھىي قىياپىتى ياكى ساغلام ۋە كۆركەم تۇرقى- ھالەتلىرى ئىپادە قىلىنىدۇ.

**تەنتەربىيە كۇلۇبى** <تەن> ئاممۇۋى تەنتەربىيە تەشكىلاتى ۋە بۇ تەشكىلات يېتەكچىلىكىدە، كەڭ ئاممىا تەنتەربىيە ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن. يەككە تۈر كۇلۇبى (مەسىلەن، قارىغا ئېتىش كۇلۇبى) ۋە ئۇنىۋېرسال كۇلۇب (مەسىلەن، دۆلەت مۇداپىئە تەنتەربىيە كۇلۇبى) دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ مەخسۇس مەيدانى، ئەسۋاب- سايمىنى ۋە تېخنىكا يېتەكچى خادىملىرى بولىدۇ. بۇ تەشكىلات تەنھەرىكەتچىلەرنى تەشكىللەپ، مەخسۇس تۈر بويىچە مەشىق ۋە مۇسابىقىلارنى ئۆتكۈزىدۇ.

**تەنتەربىيە گىگىيېنىسى** <تەن> تەنتەربىيە ھەرىكىتى جەريانىدا قوللىنىلىدىغان ساقلىقنى ساقلاش تەدبىرى. بۇ تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى (جىنسى، يېشى، ساغلاملىقى) بويىچە مۇۋاپىق تەنھەرىكەت تۈرى ۋە ئۇسۇلىنى تاللاش؛ سىستېمىلىق، دائىملىق، تەدرىجىي ۋە ئايرىم مۇئامىلە قىلىش قاتارلىق تەنتەربىيە مەشىق پرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلىش؛ تەنھەرىكەت مەيدانىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ۋە تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ كىيىم- -كېچەكلىرىنى ياخشىلاش، مۇۋاپىق مەشغۇلات تۈزۈمىنى بېكىتىش، ئوزۇقلىنىشقا ۋە شەخسىي تازىلىققا ئېتىبار بېرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**تەنتەربىيە مەكتىپى** <تەن> تۈرلۈك تەنتەربىيە ھەرىكىتىدە، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش مەقسەت قىلىنغان مەكتەپ.

**تەنتەربىيە مەيدانى** <تەن> تەنتەربىيە مەشىقى ئېلىپ بېرىلىدىغان ۋە تۈرلۈك مۇسابىقىلار ئۆتكۈزۈلىدىغان مەيدان. بەزىلىرىنىڭ ئويۇن كۆرگۈچىلەر ئولتۇرىدىغان ئورۇنتىلغان مۇقىم ئورۇندۇقلىرى بولىدۇ.

**تەنتەربىيە مۇنبىرى** <تەن> تەنتەربىيە خادىملىرى، تەنتەربىيە ئورۇنلىرى ۋە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدىن تەركىب تاپقان ساھە.

**تەنتەربىيە ھەرىكىتى** <تەن> بەدەننى چېنىقتۇرۇپ، ساغلاملىقنى ئاشۇرۇشتىكى تۈرلۈك ھەرىكەتلەر. ئۇ يىنىك ئاتلېتىكا، گىمناستىكا، توپ تۈرلىرى، سۇ ئۈزۈش، چامباشچىلىق، تاغقا چىقىش، قارىغا ئېتىش، مۇز تېيىلىش، قار تېيىلىش، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش، چېلىشىش، قىلىچۋازلىق، ۋېلىسىپىت مىنىش قاتارلىق ھەر خىل تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**تەنتەربىيە ئىلمى** <تەن> تەنتەربىيىنىڭ تۈزۈلۈش سىستېمىسى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىش يۆنىلىشىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**تەنتەربىيىچى** ئى ← تەنھەرىكەتچى.

**تەنتەك** سۈپ ① ئۆزىنى تۇختاتالمىغان، شوخ: ئەمما، ئۇ ھازىر ياشلىق يىللىرىدىكىدەك قارام ۋە تەنتەك ئەمەس ئىدى. ② بىرەر ئىش ياكى مەسىلىنىڭ ئالدى- كەينىنى، ئاقىۋىتىنى ئويدان ئويلىمايدىغان؛ ئالدىراڭغۇ: تەنتەك ئادەم. تەنتەك بالا. * دۈشمەن تەنتەك بولسىمۇ، ئەقىللىق. ئۇنىڭ تەۋەككۈلچىلىكى ئىچىدىمۇ بىزگە تەسەللى بولغۇدەك بىرەر خۇشاللىق چىقىپ قالار. // لېكىن مەن ئۇنىڭ دىققىتىنى كوللېكتىپ ئاشخانىدىلا ئۆزۈمگە تارتالمىدىم، ئۇنى بوزەك قىلغان

بىر تەنتەكتىن ئۈچىنى ئېلىپ بەردىم. ③ توسۇن، ئويناق: مەشۇر ئاخۇن بولسا تەنتەك توړپاقتىن ئېھتىيات قىلىپ، بۇقۇسىغا يانپىشىچە يۆلىنىپ تۇراتتى. * ئەينەكلەر بېشىنى قاققان بىر ئەپلىك، سەنىمدىنىڭ ئەي تەنتەك كەچ كۆز شاملى؛ كەچۈرۈن زېرىككەن دىلكەش جاناندەك، كەلدىڭمۇ مەن بىلەن ئويناپ قانغىلى؟

**تەنتەك كېسلى** <زوئول> قويلارنىڭ مېڭىسىدە، ئىت، بۆرە، تۈلكە ۋە باشقا گۆشخور ھايۋانلارنىڭ ئىنچىكە ئۈچەيىدە پارازىت ياشىغۇچى كۆپ باشلىق قۇرتلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان كېسەل.

**تەنتەكلەشمەك** پ. تەنتەكلىك قىلىشقا باشلىماق، تەنتەك بولۇپ قالماق: رابىخان، قېرىغانچە تەنتەكلىشىپ كېتىۋاتامدىلا ـ نېمە؟

**تەنتەكلىك** «تەنتەك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ـ دېمەك، ئەسكەرلىك سىنىڭ تەنتەك- لىكىڭنى تۈگىتىپتۇ ـ دە، ـ دەپ ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇمچە قىلدىم. * مەن ھازىر ئۆزۈمنىڭ دەسلەپكى تەنتەك- لىكىمنى ئويلىسام، ھېلىمۇ قىلىدىغان سۆزۈمنى تاپالمايمەن.

**تەنتەنە** ئى [ئە] ① بىرەر مۇھىم ۋەقە، ھادىسە قاتارلىقلارنى تەبرىكلەپ، ئالقىش- لاپ، ئويۇن-تاماشا بىلەن شاد-خۇراملىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىم، پائالىيەت: نۇرغۇن ئوغۇل-قىز باللار ئۇلارغا ئەگىشىپ باغقا كىردى. گېزىتخانا ئەتراپى بايرام تەنتەنىسىگە چۆمگەنىدى. * بىر پەستە ھال رەڭلىك چېچەك دېڭىزى، ئايلاندى ئادەملەر تولغان قاينامغا. ئايلاندى تىيەنئەنمېن كەڭرى مەيدانى، تەنتەنە قايىنغان تويغا ـ بايرامغا. ② ئۇچرىشىش، يىغىلىش ۋە مەرىكىلەردە خۇشاللىقنى ئىپادىلەپ ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەت ۋە كۈي: ئەينەكلىك ئاپئاق يېڭى ئىمارەتنىڭ ئالدىدا، دىدار كۆرۈشۈشتىن كېلىپ چىققان تەنتەنە، شادلىنىش ئۇزاق داۋام قىلدى. * سىلەر ئۇزۇن يول بېسىپ قىزىمنىڭ مەرىكىسىگە كېلىپ، تەنتەنىنى ئاشۇردۇڭلار! * كەڭ مەيداندا چارۋا سىپىنىڭ بۇ ياش سوتسىيالىستىك ئەمگەك قەھرىمانىغا بىردەك تەنتەنە ياڭرىدى. ③ غەلبە، شادلىق تۇيغۇسى، كەيپىياتى؛ داغدۇغا: ـ ياق، ـ دېدى لىتىپ گويا بىر ئەقىل تاپقاندەك تەنتەنە بىلەن، ـ سىزمۇ كىتاب كۆرۈڭ، ئۈچ سائەتتىن كېيىن ئىككىمىز تەڭلا كىتابنى قويىمىز. * بىر قېتىم تۇردى ئاخۇن بوۋاي خەيرۇللا بىلەن ئادەتتىكىدەك مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ، كۈتۈلمىگەنىدە، ئاللاھىدە بىر تەنتەنە بىلەن ئۆزى ئۈستىدە گەپ ئېچىپ قالدى.

**تەنتەنە قىلماق** غەلبە، مۇۋەپپەقىيەت سەۋەبىدىن شاد-خۇراملىق كەيپىياتى قوزغىماق، داغدۇغا قىلماق: بېغىر رەڭ دۇخاۋا ۋە بىر مۇنچە تەنتەربىيە بۇيۇملىرىنى كۆتۈرۈپ مەكتەپكە كىرگەنىدە، پۇتكۇل ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار قىزغىن چاۋاك چېلىپ، تەنتەنە قىلىشتى.

**تەنتەنىلىك** سۈپ ① تەنتەنە بىلەن ئۆتكەن ياكى ئۆتكۈزۈلىدىغان، ھەيۋەتلىك، داغدۇغىلىق، شاد-خۇراملىق: تەنتەنىلىك بايرام. * ئەتىسى تۆمۈر خەلپىنىڭ شەرىپىگە تەنتەنىلىك زىياپەت ئۆتكۈزدى. * مانا يىلنىڭ يېقىمسىز قىش پەسلى تۈگەپ، باھارغا ئۇلىشىپ، تەنتەنىلىك قۇربان ھېيت كەلدى. ② تەنتەنە روھىغا تولغان، كۆتۈرەڭگۈ: تەنتەنىلىك باياناتى. تەنتەنىلىك قەسەم. * كېيىن مەن ئولتۇرغان كارىۋاتنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ، خۇددى تەنتەنىلىك قارارنى جاكارلىغاندەك، ھاياجان بىلەن ئېيتتىم. * ئىككى ياشنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشال ۋە تەنتەنىلىك ياشلار ئېقىپ، تويۇشماي قارىشاتتى.

**تەنتىمەك** پ. بىر جايدا مۇقىم تۇرماي كېزىپ، كۆچۈپ يۈرمەك: كۆكيۇل ۋادىسىغا تولۇپ دەردۇھالى، شامالدا تەنتىگەن قامغاق مىسالى؛ ئايرىلىپ ئون يىل بۇرۇن يۇرت-ماكانىدىن، ھەمدە قوۋم-قېرىنداش، بىر تۇغقانىدىن.

**تەندۇرۇس** سۈپ. [تەن+دۇرۇس] تېنى

ساق، ساغلام: ئايالىمۇ، ئۆزىمۇ، تەندۇرۇس بوپ تازىمۇ، يېتىپ كەلسە مەھەللىگە، قاراپ باقسا كەپىگە، كەپسىنىڭ ئورنىدا، تۈرغۇدەك ساراي-ئوردا.

**تەنزە** ئى [خەن] ① مىلىچماللارنى تىزىپ، بوينىغا ئېسىۋېلىپ، ئايلىنىپ يۈرۈپ ساتىدىغان ساندۇقچە ياكى مىلىچمال تىزىلغان قول غالتەك: ئەمما ئۇنىڭ كىچىكىدىنلا بوينىغا تەنزە ئېسىپ، كوچىمۇكوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ قەنت-ناۋات سېتىش بىلەن پۈتۈن شەھەرگە تونۇلغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. * ئۇ پۇلىنىڭ بىر قىسمىغا ياغاچچىغا بىر تەنزە ياسىتىپتۇ، قالغىنىغا يىڭنە-يىپ، ئۇرغاق، تارغاق-سۈزگۈچ، گۈلە-قاق، جىگدە، ياڭاق سېتىۋېلىپ، تەنزىگە چىرايلىق تىزىپتۇ. ② يول ياقىلىرىدا سېتىش ئۈچۈن تىزىلغان مال يايمىلىرى؛ بوتكا، كەپە: دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ ھۈنىرىنى تاشلاپ، ساتىراشلىق قىلىدىغان دۇكاننى گازىر-پۇرچاق ساتىدىغان تەنزە قىلىۋالدى. * ھەممە ئادەم داش قازاننىڭ چۆرىسىگە ئۇلاشقان ھېلىقى كۇنلەردە، رىشت ھاجىمنىڭ تەنزىسى قۇرۇپ قالدى. ③ كۆچمە. تەشكىلىي قۇرۇلما: بىز بىر ئائىلە ئاخىرى شىھەت قۇمغا قايتىپ كېلىپ، ۋەيران بولغان بۇ تەنزىنى تاپشۇرۇۋالدۇق.

**تەنزە يايماق** تەنزىسىنى ئېچىپ سېتىشقا تەرەددۇت قىلماق: مەن ھەر كۈنى ئاشۇ دوقمۇشتا تەنزە يايattım.

**تەنزىچى** ئى. تەنزە ئېلىپ يۈرۈپ ياكى تەنزە يېيىپ مال ساتقۇچى: كەنتىمىزگە ھېلىقى تەنزىچى ئېشكىنى يورغىلىتىپ، ھەر شەنبە كېلەتتى.

**تەنزىچىلىك** «تەنزىچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: ئۇ مەندىن: ـ تەنزىچىلىك قىلماقچىمۇ سەن؟ ـ دەپ سورىدى.

**تەنزىكەش** ئى ← **تەنزىچى**.

**تەنزىكەشلىك** «تەنزىكەش» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى.

**تەنقىد** ئى [ئە] ① كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرسىتىپ بېرىلگەن پىكىر: سۇلايماندەكلەرگە تەنقىد كار قىلامدۇ؟ دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ قىلمىغانلىرى ئاز قالدى. * ھەمىشە ئىشقا كېچىكىدىغان ئادىل بىرنەچچە نۆۋەت تەنقىد ئاڭلىدى. ② ئەدەبىي ئەسەرنى تەھلىل، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىجابىي، سەلبىي جەھەتتىن بېرىلگەن باھا: ئەدەبىي تەنقىد.

**تەنقىد بەرمەك** ← **تەنقىدلىمەك**: ئىدارە باشلىقى تۈنۈگۈن رازۋېتكا خادىمىغا شۇنچە كۆپ تەنقىد بېرىپ بولۇپمۇ، يەنىلا ئاچچىقىدىن يانمىغاندى.

**تەنقىد قىلماق** ← **تەنقىدلىمەك**: ئەكبەر دۆۋىلەرنى ئارىلاپ، سۇپەتنى تەكشۈرۈپ يۈرمەمدۇ؟ بەزىلەر يىڭنىنىمۇ قوشۇپ باغلىغان چېغى، ئەكبەر تەنقىد قىلىپتۇ.

**تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد** ئۆزلۈكىدىن ئۆزىدىكى ۋە باشقىلاردىكى كەمچىلىك، يېتەرسىزلىكلەر ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەنقىد: كوممۇنىستىك پارتىيە ئىچىدىكى زىددىيەت تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىنىدۇ.

**تەنقىد-تەربىيە** كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلىرىمۇ، ئۇتۇقىمۇ كۆرسىتىلىپ، ئىلھاملاندۇرۇش يولى بىلەن ئېيتىلغان پىكىر، نەسىھەت: كېلىڭ دوستلار بىرەيلى بىز تەنقىد-تەربىيە، ئەلگە ياقماس ئۇنداقلارنىڭ يارىماس ئىشى.

**تەنقىدچى** ئى ① تەنقىد قىلىشقا خۇشتار كىشى: ئولتۇرغانلار ئارىسىدىن باشقىلارنىڭ سۆزىگە ئېسىلىۋېلىپ كەلگەن ئىككى تەنقىدچى ئورنىدىن تۇرۇپلا قاسىم ئاكامنىڭ «كەت دېسەڭلار كېتىمەن» دېگەن سۆزىنى دەستەك قىلىپ، «قاسىم كوپېراتىسىيدىن چىقىپ كېتىمەن» دېدى دەپ تۇرۇۋالدى.

② ئەدەبىي، ئىلمىي، ئەسەرلەرنى تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ باھالىغۇچى.

**تەنقىدچىلىك** ئى ① ئەدەبىي، ئىلمىي ئەسەرلەرنى تەھلىل قىلىپ، ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ باھالاش ئىشى: ئەدەبىي تەنقىدچىلىك. ② نەرسىلەرگە، ھادىسىلەرگە تەنقىدىي قاراش: بەزى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەپەككۇرىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە تەنقىدچىلىكى ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ.

**تەنقىدلەتمەك** «تەنقىدلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەنقىدلەشمەك** «تەنقىدلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى ياسىنىڭ سىنىپ مۇدىرىغا قوپاللىق قىلغانلىقىنى بىر ئېغىزدىن تەنقىدلەشتى.

**تەنقىدلەنمەك** «تەنقىدلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: 3-ئاي ئىچىدە مەكتەپ بويىچە ئىككى قېتىم چوڭ تەكشۈرۈش، باھالاش ئېلىپ بېرىلىپ، ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەر تەقدىرلىنىپ، ئارقىدا قالغان ئورۇن ۋە شەخسلەر تەنقىدلەندى.

**تەنقىدلىمەك** پ. كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرسىتىپ پىكىر بەرمەك، ئاگاھلاندۇرماق: سىز دائىملا مېنى تەنقىدلەيسىز. * دەپتىرىمنى يىرتىۋەتسە، مۇئەللىم تەنقىدلەيدۇ.

**تەنقىدىي** سۈپ [ئە] ① تەنقىدكە ئائىت، تەنقىد قىلىش مەزمۇنىدىكى: تەنقىدىي ماقالە. ② تەنقىدچىلىك روھىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، شۇ روھقا ئىگە بولغان: تەنقىدىي قاراش. تەنقىدىي مۇئامىلە. تەنقىدىي رېئالىزم.

**تەنقىدىي رېئالىزم** <ئەد> 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ياۋروپا ئەدەبىيات-سەنئىتىدە يېتەكچىلىك ئورۇننى ئىگىلەشكە باشلىغان ئەدەبىيات-سەنئەت پىكىر ئېقىمى. ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىنغان، رېئالىزملىق پوزىتسىيە قوللىنىلىپ، رېئال تۇرمۇشنىڭ قىياپىتى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ تېپىك ئەھمىيەتكە ئىگە كۆپلىگەن ئاقسۆڭەك، بۇرژۇئازلار ئوبرازى يارىتىلىپ، فېئوداللىق ۋە كاپىتالىزم جەمئىيەتلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يىرگىنچلىك ھادىسىلەر ئېچىپ تاشلانغان ۋە تەنقىد قىلىنغان.

**تەنلىك** سۈپ. تېنى بار، تەنگە ئىگە: زەينەپ قىسقا بوي، گۆشلۈك ۋە ئاق تەنلىك ئىدى. * تۆمۈر تەنلىك، كۈمۈش ياپراق دەرەختە نېمەت، بېزەلگەن گۈل ئارا ھۆسنى، بىنادۇر ئۈجمىزار مەڭگۈي.

**تەنناز** سۈپ [ئە] يېز ت. تەقى-تۇرقى كېلىشكەن، ئۆزىگە زىننەت بەرگەن: بۈگۈن ھەر ئىككى خانىنىڭ كەيپى بەك ساز، بىرىدىن-بىرى كۆپرەك ئىدى تەنناز. يالاشتى تۈمشۇقنى خاتىرجەم، ياراشقاندەك مۈشۈك، ئىت خۇددى شۇدەم. * چېھرىسىدىن بېغشلاپ ھايات، دەپتۇ بېقىپ تەنناز پەرىزات.

**تەننازلىق** «تەنناز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**تەنەرخ** ئى [پ] <س ئق> مەلۇم بىر خىل مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن كېتىدىغان بارلىق خىراجەت.

**تەنەرخ باھا** <س ئق> تاۋار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا، ئەمەلىيەتتە سەرپ بولغان ئۆزگەرمەس كاپىتال بىلەن ئۆزگىرىشچان كاپىتالدىن شەكىللەنگەن باھا.

**تەنەرخ بوغالتىرلىقى** <س ئق> مەھسۇلاتنىڭ ئومۇمىي تەنەرخى ۋە بىرلىك تەنەرخنى بىلىش ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بارلىق خىراجىتىنى

ھېسابات قىلىدىغان بوغالتىرلىق.

**تەنها** [پ] ① سۈپ. يەككە، يالغۇز: مەن تەنها كىشى، ماڭا ئېغىر چۈشمەيدۇ. * چەكسىز قۇملۇق چۆلدە كېتىۋاتقان بۇ تەنها ئاپتوبۇس ئاستا ئۈزۈپ بارماقتا ئىدى. * سەددىچىن سېپىلىنىڭ چەك-پەللىسى، كۆرۈندى قىيسايغان تام، تەنها راۋاق. تاغلارنىڭ بېشى ئۈپۈق سىزىقىدا، سۈبھىدىن تاش-گىياھلار كىيىشكەن ئاق. // ئۇ ئۆزى يالغۇز بىر ياتاقتا تەنها ياشايتتى. * ئەل ئايغى بېسىقاندا، مېھمانلار ھوجرىدىن تاراپ كېتىشتى. لۇتپۇللا ھوجرىدا تەنها قالدى. ② رەۋ. باشقىلارنىڭ قاتنىششى ۋە ياردىمىسىز: ئېيتايلۇق، بۇ كىشىنى كۈچلۈك رەقىبكە تەنها ئۆزى تاقابىل تۇرالايدىغان، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان تاغ يۈرەك جەڭچى قىلىپ يېزىش تولىمۇ ئاسانغا چۈشمەتتى. * رازى بولساڭ بەختىيارلىق ئىلكىدە دەيمەن شۇنى: سەن ئۈچۈن كەلگەن خەتەر كەلسۇن ھامان تەنها ماڭا.

**تەنهالىق** ① «تەنها» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سېنى موللا يىگىت دەيدۇ، سېنىڭ موللىلىقىڭ ياخشى. سېنىڭدەك بۋاپا ياردىن، مېنىڭ تەنهالىقىم ياخشى. ② يالغۇز ھالەت، يەككە-يېگانە تۇرمۇش: مەن دۇنيانى دوست تۇتمىغان، ئۆمرۈمنى تەنهالىق بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بىر بەندىمەن.

**تەنھەرىكەت** ئى [تەن+ھەرىكەت] تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى ئاساسىي مەزمۇن ۋە ئۇسۇل. ئۇ بەدەننىڭ نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە بەدەننىڭ خىزمەت ئىقتىدارىنى تولۇق تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى تۈرلۈك چېنىقىش ئۇسۇلى ۋە ھەرىكەت تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەنھەرىكەت ئادەتتە يېنىك ئاتلېتىكا، گىمناستىكا، توپ تۈرلىرى، سۇ ئۈزۈش، چاماباشچىلىق، ھەربىي تەنتەربىيە، ئويۇن قاتارلىق كۆپ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەربىر ھەرىكەت يەنە بىرنەچچە تۈرلەرگە ئايرىلىپ، ھەربىر تۈردە ئالاھىدىلىكى ۋە قىيىنلىق دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان بىر قەدەر كۆپ چېنىقىش ئۇسۇلى ۋە تېخنىكىلىق ھەرىكەتلەر بولىدۇ.

**تەنھەرىكەت ئاناتومىيىسى** <تەن> تەنھەرىكەت مورفولوگىيىسىنىڭ بىر تەركىبى، يەنى ئادەم بەدىنىنىڭ ئاناتومىيىسى ئاساسىدا، تەنھەرىكەتنىڭ ئادەم بەدىنىنىڭ مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشىگە بولغان تەسىرى ۋە قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان يېڭى پەن.

**تەنھەرىكەت بىئوخىمىيىسى** <تەن> تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ ئادەم بەدىنىنىڭ خىمىيىلىك تۈزۈلۈشى ۋە خىمىيىلىك ئۆزگىرىشىگە بولغان تەسىرىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ، بۇ قانۇنىيەتلەر ئارقىلىق تەنھەرىكەت ئەمەلىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پەن.

**تەنھەرىكەت بىئومېخانىكىسى** <تەن> تەنتەربىيە ھەرىكىتىدىكى، ئادەم بەدىنىنىڭ مېخانىزملىق قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**تەنھەرىكەت پسىخولوگىيىسى** <پسىخول> پسىخولوگىيىنىڭ بىر تارمىقى، يەنى ئادەملەرنىڭ تەنتەربىيە ھەرىكىتىدىكى پسىخولوگىيىلىك پائالىيەتلىرىنىڭ قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئەمەلىي پسىخولوگىيە ئۇقۇمىغا كىرىدۇ.

**تەنھەرىكەت تىببىي ئىلمى** <تەن> تىببىي ئىلىم بىلەن تەنتەربىيە ھەرىكىتى بىرلەشتۈرۈلگەن پەن، يەنى ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي پەن. ئۇ تەنتەر-

بىيە ھەرىكىتىگە مۇناسىۋەتلىك تىببىي پەن مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىپ، تىببىي پەن-تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن تەنھەرىكەتچىنى نازارەت قىلىپ ۋە ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىش؛ تەنھەرىكەتتىكى زەخىملىنىش ۋە كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ تەنتەربىيە ئارقىلىق داۋالاش ۋە كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىش تەنتەربىيىسىنى تەتقىق قىلىش؛ تەنھەرىكەتچىنىڭ سالامەتلىكىنى ئاشۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىپ، تەنھەرىكەت نەتىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتالىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**تەنھەرىكەت سائىتى** <تەن> مۇسابىقە ۋاقتىنى خاتىرىلەش ۋە كونترول قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سائەت. ئادەتتە تىكتاك توپ سائىتى، ۋاسكېتبول سائىتى، قول توپ سائىتى ۋە شاھمات سائىتى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. ئۇ ئوخشاش بولمىغان ئېھتىياجغا ئاساسەن، مۇسابىقە ۋاقتىنى كونترول قىلىپ ۋە خاتىرىلەپ، دەل ۋاقتىدا ئاپتوماتىك ھالدا سىگنال بېرىدۇ.

**تەنھەرىكەت فىزىئولوگىيىسى** <تەن> فىزىئولوگىيىنىڭ بىر تارمىقى. كىشىلەرنىڭ تەنتەربىيە پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدىكى تۈرلۈك ئىقتىدارىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىپ، چېنىقىش بىلەن مۇۋاپىق شۇغۇللىنىشقا ياكى تەنھەرىكەت مەشقلىرىنى ئىلمىي ھالدا تەشكىللەشكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

**تەنھەرىكەت كىيىمى** <تەن> تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ مەشغۇلات ئېھتىياجى ئۈچۈن ئالاھىدە تىكىلگەن كىيىملەر.

**تەنھەرىكەت ماھىرى** <تەن> تەنھەرىكەتچىلەرگە بېرىلگەن ئەڭ ئالىي دەرىجە نامى.

**تەنھەرىكەت مەيدانى** <تەن> ← **تەنتەربىيە مەيدانى.**

**تەنھەرىكەت مورفولوگىيىسى** <تەن> ئاناتومىيە ۋە ئىنسانشۇناسلىق ئۇسۇلى بويىچە تەنھەرىكەت ئەمەلىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئۇنىۋېرسال پەن.

**تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى** <تەن> پىلانلىق ۋە تەشكىللىك ئۆتكۈزۈلىدىغان تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى. كۆلىمى ۋە خاراكتېرىگە ئاساسەن، ئادەتتە ئۇنىۋېرسال تەنھەرىكەت يىغىنى، يەككە تۈرلەر بويىچە لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى، دەرىجىلىك مۇسابىقە، بىرلەشمە مۇسابىقە، تەكلىپ مۇسابىقىسى ۋە خەۋەرلىشىش مۇسابىقىسى قاتارلىقلارغا ئايرىلىپ ئۆتكۈزۈلىدۇ.

**تەنھەرىكەت يىغىنى** <تەن> ئوخشاش بولمىغان كۆپ خىل تەنھەرىكەت تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ ئۇنىۋېرسال تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى، ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنى قاتارلىقلار. يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكىتىنىڭ مۇسابىقىلىرىمۇ ئادەتتە تەنھەرىكەت يىغىنى دەپ ئاتىلىدۇ. تەنھەرىكەت يىغىنلىرىدا شەخس ۋە كوللېكتىپلار مۇكاپاتلىنىدۇ.

**تەنھەرىكەتچى** ئى <تەن> ھەمىشە تەنتەربىيە چېنىقىشى، تەنھەرىكەت مەشقى ۋە تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، مۇئەييەن تەنھەرىكەت تېخنىكا سەۋىيىسىگە ئىگە خادىم.

**تەنھەرىكەتشۇناس** ئى. تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىس.

**تەنھەرىكەتشۇناسلىق** <تەن> تەنھەرىكەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان بىلىم پەن.

**تەنلىك** سۈپ. تەنە بىلەن ئېيتىلغان: قىسقىغىنە جىمجىتلىقتىن كېيىن، سەنۇبەر پەس، ئەمما تەنىلىك ئاۋازدا جاۋاب بەردى. * تەنلىك باقتى ئۇ سوغۇق دۇنياغا، كۆزلىرى ئوت ئېلىپ نەپرەت ئىلكىدە. ئارقىغا بۇرۇلۇپ قاراپ قويدى تېز، تۇرمىدىن كۆرۈنگەن خىرە يورۇققا.

**تەھتىسارا** ئى [ئە] تۇپراق ئاستى، يەر تەكتى: يۇرۇغلار، مەخسۇت بەگ ئاسمانىنىڭ قەھرىگە چىقىپ كەتسىمۇ، تەھتىساراغا كىرىپ كەتسىمۇ، بۇ مۇناپىقنى تىرىك تۇتىمىز. * تەھتىسارادا ئىدىم بۇنىڭدىن بۇرۇن، ئەرشىئەلادىن بۈگۈن ئالدىم ئورۇن.

**تەھدىت** ئى [ئە] ① قورقۇتۇش، پوپوزا: ئۇ بىر تەرەپتىن چەندارىنىڭ تەھدىتىدىن ئەنسىرە-سە، يەنە بىر تەرەپتىن باتۇرنىڭ ھۆججۇمىدىن ئەنسىرەپ، ئورنىدا خاتىرجەم ياتالمىدى. * باستى خۇددى يىغىنە يېگەن ئىتتەك تىپىرلاپ كەتتى، كۆزلىرى چەكچىيىپ، چىشلىرى غۇچۇرلىدى. توختى شۇجىنىڭ سۆزىدىن ئۇ ئۆزىگە تەھدىت سەزگەندى. ② بىرەر ئاپەت، پالاكەتنىڭ يۈز بېرىش خەۋپى، خەۋىرى: بۇغدايلار قاراپ ئولتۇرغۇدەك قويۇق، غوللۇق ئۆستى. لېكىن، كېيىن قورغاقچىلىق تەھدىتى بارلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. * جۇمھۇرىيەتنىڭ ئەقىللىق پىكىر بايان قىلىشنى زادىلا ئۈمىد قىلمايتتى، ئۇنى بىر خىل تەھدىت دەپ بىلەتتى.

**تەھدىت سالماق** قورقۇتماق، پوپوزا قىلماق: تاپانچىسىنىڭ ئەجەللىك ستۋولى سەۋلەت بىلەن ئىككىمىزنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سالماقتا.

**تەھرىر** ئى [ئە] يېزىلغان ئەسەرنى تۈزىتىش، ياخشىلاش ئىشى: ئەسەر تەھرىردىن چىقتى. تەھرىر ھەيئىتى.

**تەھرىر ھەيئىتى** كىتاب، ژۇرنال، گېزىت قاتارلىقلارنى بىرلىكتە تەھرىرلىك قىلغۇچى كوللېكتىپ: تەھرىر ھەيئىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ خىزمەتكە كىرىشتى.

**تەھرىر ئىلاۋىسى** <ئەد> مۇھەررىرنىڭ بىرەر ماقالە ياكى بىرەر خەۋەر توغرىسىدا، شۇ ماقالە ياكى خەۋەرنىڭ ئالدىدا بېرىش ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن پىكرى، باھاسى، كۆز قارىشى.

**تەھرىر-تەرجىمە** تەھرىر ۋە تەرجىمە خىزمىتى.

**تەھرىرلەتمەك** «تەھرىرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەھرىرلەنمەك** «تەھرىرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەھرىرلىك** «تەھرىر» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: تەھرىرلىك قىلماق. * ماي ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، لۇتپۇللا تەھرىرلىكتىن چىققان بىرقانچە شېئىرلىرىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئىنتايىن خۇشال كەيپىياتتا نابۇر سېخىغا كىرىپ كەلدى.

**تەھرىرلىمەك** سۈپ. سۆز تېكىستى، يازما ماتېرىيال، ئەسەرلەرنى تۈزىتىش كىرگۈزۈپ توغرىلىماق، تۈزەتمەك: بۇ ماقالىنى گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى ئۆزى تەھرىرلىدى.

**تەھسىل** ئى [ئە] ئۆگىنىش، ئوقۇش.

**تەھسىل ئالماق** ئوقۇماق، بىلىم ئىگىلەمەك: ئەبۇل پەتتاھ ئاۋۋال دادىسىدىن، كېيىن مەدرىسىدىن ئوبدان دىنىي تەھسىل ئالغانىدى.

**تەھسىل قىلماق** ئۆگىنىپ ئىگىلىمەك، ھاسىل قىلماق: لۇتپۇللا 1939-يىلى كۈزدە ئىلى

گىمنازىيىسىنى پۈتتۈرۈپ، تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىم تەھسىل قىلىش ئارزۇسىدا ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى.

**تەھسىن** [ئە] يېز ت. ① ئى. ياخشى تەرىپلەش، ماختاش؛ پەرھات: — ئاپىرىن قەھرىمان شىرىنگە، لايىقتۇر ئاپىرىن ۋە تەھسىنگە، — دېدى. ② يۈك. بەللى، ئاپىرىن: شىرۋىيە: — تەھسىن ساڭا! — دېدى.

**تەھسىن ئەيلىمەك** ← **تەھسىن قىلماق**: شاماللار ئەيلىشەر تەھسىن ساڭا سۇرئەتتە تۇلپارىم، خۇشالمەن تەرىپىڭگە چىن مۇناسىپ چىن سۆز ئەگەر تاپسام.

**تەھسىن قىلماق** ياخشى تەرىپلىمەك، ماختىماق: كىشىلەر بۇ ئادەم پەيدا بولغاندىن كېيىن بولۇنغان ئىشلارنى بىرقۇر كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشتى، بەزىلەر تەھسىن قىلدى، بەزىلەر ھەيران بولدى، بەزىلەر پىسەنت قىلمىدى. * قىلمىسۇن كىم ساڭا تەھسىن، ئاپىرىن قەشقەر قىزى، ئەھدە-ۋاپا گۈلزارىدىن ئۈزگەن بۇ گۈللەرنىڭ كۆرۈپ.

**تەھسىن ئوقۇماق** ماختاپ كۆككە كۆتۈرمەك، ئاپىرىن ئوقۇماق: — مەن باراي، — دېدى شائىر، مەخسۇتباينىڭ سۆزى ئاخىرلاشمايلا. كېتىۋاتقانلار شۇ چاغدىكى شائىرنىڭ قىزغىن كەيپىياتى ۋە كۆزىنىڭ ئۆتكەك چاقناپ تۇرۇشلىرىغا قاراپ، تەھسىن ئوقۇشتى. * جاھاندا بارچە كۆركەملىك سېنىڭ باغرىڭدا جەم گويا، جامالىڭغا ئوقۇپ تەھسىن تولۇن ئاي ئىنتىدا ئەيلەر.

**تەھسىن ئېيتماق** ← **تەھسىن ئوقۇماق**: مەركەز ئەھلى ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ساھىبجامال سەنەمگە قاراپ، بىردە قىز گۈزەللىكىنى ۋە ئۇسسۇل ماھارىتىنى ماختىسا، يەنە بىردە دوختۇرلۇق ئىلمىنىڭ يۈكسەك كۈچ-قۇدرىتىگە تەھسىن ئېيتىشاتتى.

**تەھقىر** ئى [ئە] خورلاش، كەمسىتىش: — بۇ تەھقىرلىرى ماڭا ھېچ ياقمىدى، — دېدى داۋۇت جىددىيلىك بىلەن، — قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئېپلاسلىق.

**تەھقىر قىلماق** خورلىماق، كەمسىتمەك: شەھەردە مال تولا دۇكانغا مالىك، يېزا-سەھرادىمۇ خامانغا مالىك. جىمىگە قىلدى مالىك ئۇنى تەقدىر، پەقەت ئەۋلاد ئىشقىدا قىلدى تەھقىر.

**تەھقىق** [ئە] ① ئى. ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تەكشۈرۈش-ئېنىقلاش: ئەرزلەرنى تەھقىق قىلىش. ② تىر. «ئەلۋەتتە، ھەقىقەتەن، مۇقەررەر، جەزمەن» دېگەن مەنىدە قىستۇرما رولىدا كېلىدۇ: ئەنە شۇ دەرەخنى ئۆز مەيلىگە تاشلىۋەتسە، تەھقىق قۇرۇپ تۈگەيدۇ. * سېنىڭ كۆز يۇممىقىڭ تەھقىق رەزىل تۆھمەتكە بىر ئىسيان، كىرىشكەن چىشلىرىڭمۇ قىلدى بۇ ھالغا شاھادەتلىك. * نۇزۇگۇم دېدى: «تىغدىن قورققان باتۇر ئەمەس...»، جاللات دېدى: «نېمانچە چولڭ جېنىڭ ئەي، نەس؟»، نۇزۇگۇم دېدى: «تۇغۇلدى كىم، ئۆلەر تەھقىق، ئەمما ئۆلۈم ھامان پەرقلىق».

**تەھقىقكى** تىر. «ناھايىتى ئېنىقكى، مۇقەررەركى» دېگەن مەنىدە قىستۇرما رولىدا كېلىدۇ: تەھقىقكى، مۇنداق قىلىشقا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى رازى ئەمەس ئىدى. * ئابدۇراخمان بۇ مىسرالارنى يېنىش-يېنىشلاپ ئوقۇغان چېغىدا مۇنۇلارنى ئويلاپ قالدى. «سۇلتانىۋا كىم ئىدى؟» تەھقىقكى، بۇ رەيھاندى.

**تەھقىقلەتمەك** «تەھقىقلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئى بېگىم، بىزە پۇرسەت بەرسىلە، تالڭ ئاتسۇن، كېچە كۈندۈزگە ئالماشسۇن، بۇ ئىشنى ئەتە تەھقىقلىتەيلى.

**تەھقىقلەشتۈرمەك** «تەھقىقلەشمەك» پېئىلى ② نىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خۇش تەقسىر، قىسمەت ئاخىر پاش قىلىۋاتقان نەرسە تۆھمەتمۇ ياكى بولۇۋاتقان ئالدامچىلىقمۇ؟ بۇنى تەھقىقلەشتۈرمەيلا شۇنداق دەۋاتامدىلا؛ ئەگەر تەھقىقلەشتۈرگەن تەقدىردىمۇ، كىشىنى جازالاش — ھازىر شەرىئەتنىڭ ئەمەس، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى.

**تەھقىقلەشمەك** ① «تەھقىقلىمەك»

پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: پۇقرالار بىزنىڭ قىلىۋاتقان بەزى ئىشلىرىمىزنىڭ تېگىگە يېتىپ تەھقىقلىشىپ كەتمىسۇ، لېكىن بەزى ئىشلار ھەققىدە ئۆز گۇمانىنى، گۇۋاھ-ئىسپاتلىرىنى قويۇشقا ھەقلىقتۇر. ② مۇئەييەنلەشمەك، قارارلاشماق: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەرگەن مەسلىھەتلىرىنىڭ ياخشى ئۈنۈم بېرىۋاتقانلىقى تەھقىقلەشكەندىن كېيىن، كۆلۈمسىرىگەن ھالدا سومكىدىن چىرايلىق باغاقنى ئېلىپ، شۇجىنىڭ خىزمەت شىرەسى ئۈستىگە قويدى.

**تەھقىقلەنمەك** «تەھقىقلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تەھقىقلىمەك** پ. تەكشۈرۈپ، راست-يالغانلىقىنى ئايرىماق، ئېنىقلىماق؛ ئەمەلىيلەشتۈرمەك: — بارلىق چېرىكلەر ھوشيار بولۇپ، ھەرقانداق يامان نىيەتتىكى بەتبەختلەرنى باستۇرسۇن! — ۋاڭ سەل جىم بولۇپ يەنە بۇيرۇدى، — قاسىم ئۇچېبېگىنىڭ ئورنىغا سالى قويۇلسۇن. ئۇ ئادەم چىقىرىپ كۆرۈلۈۋاتقان ئەھۋاللارنى تەھقىقلەپ كەلسۇن! * خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى جىنايى قىلمىشلارنى سەزسە، قانۇندىكى تەرتىپلەر بويىچە دېلو ئېچىپ، تەھقىقلەيدۇ ياكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ تەھقىقلىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ».

**تەھلىكە** ئى [ئە] ھالاكەت، خەۋپ-خەتەر، بەختسىزلىك بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقى ئېنىق بولغان ۋەھىمە؛ تەشۋىش: ئۇلار ئۆلۈم تەھلىكىسىنى سەزگەن ھالدا ئۇ ياق-بۇ ياققا قېچىشقا باشلىدى. * ئۇلار بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىزنى تەھلىكە ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇپ، خەلقنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئاز-تولا ئەركىنلىكىنى تارتىۋېلىپ، يەنە دوزاخقا ئىتتىرىش مەقسىتىدە تىز چۆكتۈرۈشنى ئويلىدى.

**تەھلىكە سالماق** ۋەھىمە سالماق، قورقۇتماق: قۇم تېغى كۆچۈرۈپ بوران، كەنتكە تەھلىكە سالغاندا دەھشەت، كېلىشتى ياردەمگە

ئۇلار شۇ زامان، جاپالىق كۈرەشتە يېڭىلدى ئاپەت

**تەھلىكىلىك** سۈپ. ھالاكەت، خەۋپ-خەتەر، بەختسىزلىك خەۋپى بولغان ۋەھىملىك، تەشۋىشلىك: بۈگۈن 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، غەيرىي قانۇنىي، ئەخلاقسىز جىنسىي ئالاقە ئىشلىرى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن، راك كېسەللىكىگە قارىغاندىمۇ زور تەھلىكىلىك بولغان ئەيدىز كېسەللىكىنى تارقاتقۇچى تۈپ ئامىل بولۇپ قالدى.

**تەھلىل** ئى [ئە] ① بىرەر ئىش ياكى مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھەر تەرەپلىمە ئويلىنىلغان پىكىر ئانالىز: كونكرېت تەھلىلنى بىر چەتكە قايرىپ قويغاندا، ھېچقانداق زىددىيەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس. * بىرەر يېڭى خەۋەر ئاڭلاپ قالسا، دەرھال ئىككىسى بېشىنى بىر يەرگە قىلىپ بۇ ھەقتە تەھلىل يۈرگۈزەتتى. ② <پەلس> بىرەر شەيئى، ھادىسە ياكى ئۇقۇمنى بىرقەدەر ئاددىي تەركىبىي قىسىملارغا ئايرىپ، شۇ قىسىملار ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلەرنى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلارنى تېپىپ چىقىش

**تەھلىل قىلماق** ①بىرەر ئىش ياكى مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھەر تەرەپلىمە پىكىر يۈرگۈزمەك، ئويلانماق: دادۇي كادىرلىرىمۇ ئىدارىغا كىرىپ بۈگۈنكى ۋەقەنى تەھلىل قىلماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىمۇ ھەر خىل ئىدى. * زەيتۇنەم كىم بىلەن دامبا ئۈستىدە، ئامبارنىڭ يار ئېلىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلىۋاتاتتى. ② <پەلس> بىرەر شەيئى، ھادىسە ياكى ئۇقۇمنى بىرقەدەر ئاددىي تەركىبىي قىسىملارغا ئايرىپ، شۇ قىسىملار ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلەرنى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلارنى تېپىپ چىقماق،

**تەھلىلچى** ئى. تەھلىل قىلغۇچى كىشى: بىر تەھلىلچى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى بىر-بىرلەپ تەھلىل قىلىپ، پۈتۈنلەي رەت قىلدى. * «ئاقىلەي-كۆكىلەي...» دەپتۇ تەھلىلچى، مۇدىرنى كۆرەشكە تارتىپتۇ باغلاپ. بۇ ھالغا چىدىماي ئابدۇللا ئۇستام، مەيدانغا سەكرەپلا چۈشۈپتۇ ئاقلاپ.

**تەھلىلگىراممىا** ئى [ئە+ر] تەھلىل قىلىشقا ھازىرلانغان ياكى تەھلىل نەتىجىسى بويىچە سىزىپ چىقىلغان چىرتيوژ، خەرىتە، ئەگرى سىزىق قاتارلىقلار.

**تەھلىلىي** سۈپ [ئە] تەھلىل قىلىش ئاساسىدىكى، تەھلىل قىلىنغان: مانا ئۇلار مۇقام تېكىستلىرىگە تەھلىلىي، تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشنى زۆرۈر قىلىدىغان سەۋەبلەر.

**تەۋاز** سۈپ. ئاسان تېرىكىدىغان، تېرىككەك: — نېمىدېگەن تەۋاز ئادەم سەن، — دېدى سايىم غەنىنىڭ تېرىككەنلىكىنى كۆرۈپ، — شۇنچىلىك گەپكىمۇ تېرىككەن بارمۇ؟

**تەۋازلىق** «تەۋاز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مۆمىنجان قەيسەرنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرۈپ چۆچۈدى-دە: — پاھ، سىنىڭ تەۋازلىقىڭنى، چاقچاق، يالغان ئېيتتىم، — دېدى.

**تەۋازۇ** ئى [ئە] ① ئۆزىنى پەس تۇتۇش، كەمتەرلىك: كەلگۈچى كۆپ تۇتۇلۇپ ئۆگۈپ كەتكەن گىلەمنىڭ ئۈستىدىن مېڭىپ بېرىپ، قۇربېشىنىڭ ئۇدۇلىدا تەۋازۇ بىلەن ئولتۇردى. ② ھۆرمەت-ئېھتىرام: ئۇ پۈتى-پۈتىغا، قولى-قولىغا تەگمەي يورغىلاپ، ئاجايىپ خۇش تەۋازۇلار بىلەن سامۇق ئاخۇننى كۈتمەكتە ئىدى.

**تەۋازۇلاتماق** ئۆزىنى پەست تۇتماق، ھۆرمەت-ئېھتىرام كۆرسەتمەك: — خۇداغا شۈكۈر، دۆلەتلىرى سايىسىدە، — دەپ قۇربېشى تەۋازۇلاندى ۋە قول قوشتۇرۇپ، قۇشبېگىنىڭ يېنىغىراق بېرىپ يۈكۈندى.

**تەۋازۇلۇق** ① سۈپ. كىشىلەرگە تەۋازۇ بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، كەمتەر: ئۇ يەنىلا بۇرۇنقى سىياقىدا، پاكىز كىيىنگەن، خاتىرجەم، ئەدەبلىك، تەۋازۇلۇق ئىدى. ② ئى. ئاشۇنداق خاراكتېر، مۇئامىلە: — ھازىر بارىدىغان يېرىمىزگە بىرگە بارساق، ئاتا، ئەگەر مالال كۆرمىسلە، — دېدى سازەندە ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويغىنىچە بوۋايغا تەۋازۇلۇق بىلەن يۈمشاق تەلەپپۇزدا.

**تەۋە I** تىر [ئە] مەلۇم بىرىگە قاراشلىق، مەنسۇپ: — توغرا، ئۇ قورااللار ھاجىغا تەۋە، ئەمما ھازىر ماڭا لازىم، — دېدى ماجۇگىيىڭ پەرۋاسىزلىق بىلەن.

**تەۋە بولماق** تەۋەلىكىدە، قول ئاستىدا بولماق؛ مەنسۇپ بولماق: كوللېكتىپنىڭ يەرلىرىگە مەجبۇرىي تىكىلگەن كۆچەت ئورمانلارغا ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى كوللېكتىپ ئورۇنلارغا تەۋە بولىدۇ. * ھېچ ۋەقەسى يوق ئاغىچا، سىلى ئەمدى ماڭا تەۋە بولۇپ قالدىلا!

**تەۋە II** ئى. چۆگۈن قورسىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تېگىگىچە قىسمى.

**تەۋەججۇ** ئى [ئە] مەلۇم بىر تەرەپكە ياكى بىراۋغا يۈزلىنىپ يالۋۇرۇش، يېلىنىش: تۇشمۇتۇشتىن كۆتۈرۈلگەن تەۋەججۇ، ئىلتىجالار ئالدىدا، تۇردى ئاخۇن ئاكا ئىنتايىن ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالغانىدى.

**تەۋەججۇ قىلماق** يالۋۇرماق، ئىلتىجا قىلماق: بېلىقچى خۇداغا تەۋەججۇ قىلىپ تۇرۇپ ئۆزى ئۈچۈن تور سالغانىكەن، يەنە بىر بېلىق چۈشۈپتۇ.

**تەۋەر** ئى [پ] يەرلىك تۇققۇمچىلىقتا، يىپ يۆگەلگەن بىرقانچە قومۇشتىكى يىپنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان جاھاز.

**تەۋەررۇك** [ئە] ① سۈپ. ئۇلۇغ، ھۆرمەتكە لايىق، ئەزىز: شائىر ئورنىدىن تۇرۇپ،

ساھىبخاننىڭ ئالتە ياشلاردىكى تەۋەررۈك ئوغلى پەرھاتنىڭ بېشىغا سوۋغاتلىق دوپپىسىنى كىيدۈرۈپ، پېشانىسىغا سۆيۈپ قويدى. * تەۋەررۈك بىلىنەر ئانا ۋەتەننىڭ، ھەر جىرا، ھەر ئۆتكۈر، ھەر قىياسى. تۇتىيا سېزىلەر ۋەتەننىڭ ھەمدە، ھەر سىقىم تۇپرىقى، ھەربىر گىياھى. ② ئى. ئۇلۇغ، ھۆرمەتكە لايىق دەپ ئەتىۋارلانغان نەرسە، يادنامە: تارىخنىڭ تەۋەررۈكلىرىدىن قارىغىنىمىزدا، ئەزىزانە قەشقەر ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئالىم-ئۆلىمالىرى بىلەن سائادەت تاپقان مۇقەددەس ماكان. * خوجىنىياز مەككە تەۋەررۈكى بولغان بىر تال ئالتۇن ئۈزۈكنى چىمچىلاق قولىدىن چىقىرىپ، ئېردىنباتقا قارىدى. ③ سۈپ. يېقىن، مۆتىۋەر كىشىلەردىن خاتىرە، يادىكارلىق بولۇپ قالغان؛ ئۇلۇغلىنىپ ساقلانغان: ئانىسى رابىيە ئۇنىڭغا ھەمىشە: «بالام، بۇ پىچاقنى چىڭ ساقلا، باشقا ھەرقانداق نېمىنى يوقىتىپ قويساڭ مەيلى، ئەمما بۇ پىچاقنى يوقاتما، بۇ تەۋەررۈك پىچاق» دەپ نەسىھەت قىلاتتى. * گۈلچىمىزنىڭ ئىسمىمۇ گۈل - گۈلتاجەم، گۈل خۇمارلىق سىڭگەن ئانا مېھرىدىن. ئۆمرى ئۆتتى شۇ تەۋەررۈك ھويلىدا، ئەل-يۇرتقا گۈل ئېچىلدۇرۇپ ئەجرىدىن. ④ ئى. يېقىن، مۆتىۋەر كىشىلەردىن خاتىرە، يادىكارلىق بولۇپ ساقلانغان نەرسە؛ ئەستىلىك: - قاچان دېسەڭلەر، شۇ چاغدا، مانا شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىمۇ ھېسابلىشۇەرسەڭ بولىدۇ، - دېدى ياسىن خوجا، - لېكىن، ئالدى بىلەن دادىمىزدىن قالغان تەۋەررۈكلەرنى بۆلۈشەيلى. * بىساتىمدا ساڭا مىراس قالدۇرغۇدەك نەرسە يوق. ماڭا بۇ بىلەزۈك ئاناڭنىڭ تەۋەررۈكى ئىدى.

**تەۋەررۈك بولماق** ئەتىۋارلىنىدىغان، ساقلىنىدىغان مۇھىم يادىكارلىق دەپ قارالماق: ئۇ گىلەمنى مەندىن تەلەپ قىلماڭ، ماڭا تەۋەررۈك بولۇپ قالسۇن. * نۇر چاچار جۇلالاپ «قۇتادغۇبىلىك»، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا بولۇپ تەۋەررۈك.

**تەۋەررۈك قىلماق** ئۇلۇغ، ئەتىۋارلىق، مۇھىم يادىكارلىق دەپ ھېسابلىماق: بىز بولساق قايسىبىر مەسچىتنىڭ ئىمام-مەزىنلىكىنى تەۋەررۈك قىلىش ئۈچۈن، ئۇمىد بىلەن سوقا-سۆھبەت قۇرۇپ يۈرۈپتىمىز. * تەۋەررۈك قىلغۇدەك شۇنداق ماقال بار: «بەتنىيەت كىشىنىڭ ماڭغان يولى تار».

**تەۋەككۈل** [ئە] ① ئى. كۆپ ئويلىمايلا، نېمە بولسا بولار دەپ قىلىنغان ھەرىكەت: شۇ خىلدا سۆزلىشىپ ئۆتتى يېرىم تۈن، ئۇمىد تەشۋىشى ئىدى ھەر گەپكە مەزمۇن. دېيىشتى ئاخىرى «ئەمدى تەۋەككۈل، تەۋەككۈل تېغىرقاشتىن مىڭ-مىڭ ئەۋزەل». // ياق، ئاسىم بۇ تەۋەككۈل ئىشقا يول قويمايدۇ. ② تىر. «نېمە بولسا بولسۇن، مەيلى» دېگەن مەنىدە قىستۇرما رولدا كېلىدۇ: ئەخمەتجان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ «تەۋەككۈل، ئىككى دۇنيامۇ يوقىتىپ، ئىككى قىزنى ئىككى ئاكامغا بېرىدىن بېرىپ، ئۆزۈم يارىغاندىن بىرىنى ئالمايمەنمۇ» دەپ يولغا راۋان بوپتۇ. ③ خوتەن ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ ئىسمى. ④ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**تەۋەككۈل دەپ** ھېچبىر ئىككىلەنمەي، نېمە بولۇشىغا قارىماي: بۇ گەپ ساغلىقتا تازا يېقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى تەۋەككۈل دەپ شۇ كۆرۈنگەن تاغقا قاراپ مېڭىپتۇ. * ئۇنداق بولسا، ئىككىڭلار ئۆز يولۇڭلار بىلەن كېتىۋېرىڭلار، مەن تەۋەككۈل دەپ چولڭ يول بىلەن ماڭاي، بولامدۇ؟

**تەۋەككۈل قىلماق** بىرەر ئىشقا ئۇ يان-بۇ يان ئويلاپ ئولتۇرماي، ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن ھېسابلاشماي كىرىشمەك: بارات ئاخۇن يېنىدىن كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئوخشاش شۇجىنىڭ چىشىغا تېگىپ، جېرىمانىغا تەۋەككۈل قىلىدىغانلار چىقمىدى. * ئون نەچچە كىشىلىك ئاياغنى كۆرۈپ، ئاخىرى تەۋەككۈل قىلىپ بىرىنى تاللىدىم.

**تەۋەككۈلچى** ئى. تەۋەككۈلگە ئىش

قىلغۇچى: ئۇلار بىر ئۇچۇم قارا نىيەتلەر، تەۋەك-كۈلچىلەر، ۋىجدانىنى ساتقان پۇرسەتپەرەسلەر ۋە ئاينىپ كەتكەنلەرنى ئۆزلىرىگە تايانچ كۈچ قىلىۋالدى.

**تەۋەككۈلچىلىك** ① «تەۋەككۈلچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: سۇ ئامبىرى ياساش چوڭ ئىش، تەۋەككۈلچىلىك قىلىش يارىمايدۇ. * تەۋەككۈلچىلىك بىلەن تەلەي سىناپ كۆرىدىغانلار يەنە چىقىپ تۇرىدىكەن. ② ئى <پەلس> «سول» چىل ئاغمىچىلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. ئاساسلىق بەلگىسى ئوبيېكتىپ ئەھۋال ۋە ئۆزىنىڭ شەرت-شا-رائىتىغا قارىماي، قارىسىغا ئىش قىلىپ، پۈتكۈزۈشكە ئالدىراشتىن ئىبارەت.

**تەۋەككۈلگە** رەۋ. ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىغا، خەۋپ-خەتەرگە قارىماي؛ قارىسىغا: ئىشتىياق يۈقىرى چەككە يەتكەندە، كىشى ئەقلىدىن ھالقىپ، تەۋەككۈلگە ئىتىلىدۇ. * مۇنداق زۇلمەت قاراڭغۇسىدا ئېزىنىۋ بورانغا ئەگىشىپ، تەۋەككۈلگە مېڭىش خەتەرلىك.

**تەۋەڭ** ئى [پ] نان، مېۋە قاتارلىقلارنى تىزىپ، باشتا كۆتۈرىدىغان چوڭ يۇملاق ياغاچ تاۋاق ياكى شۇ شەكىلدە توقۇلغان سېۋەت: شەھەرنىڭ كونا بازىرى يېنىدىن ئاۋاتلاشقان، پارقىراپ تۇرغان ياغلىق سامسا، گۆش گىردىلەر تەۋەڭلەردە دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. * بەس-بەستە يېپىلەر پىچىلغان قوغۇن، مۇناقى سۇكەندە، تەۋەڭدە ئاق نان. ئەسلىمەس نېچۈك ئۇ يۇرتى تازغۇننى؟ مېۋىنىڭ كاندۇر باغلىرى بوستان.

**تەۋەڭ تاشلىماق** قانات كەرمەك، يايماق: سول تەرەپتىكى كېۋەزلىكتىن بىر تۇمۇچۇق ئۇچۇپ چىقتى-دە، ئۇچۇق ھاۋادا پەرۋاز قىلىپ، تەۋەڭ تاشلاپ، قانات قېقىپ، سايراپ كەتتى.

**تەۋەڭ-تەۋەڭ** بىرنەچچە تەۋەڭ، نۇرغۇن تەۋەڭ: تازا پەدىزى بىلەن تارغاقلاپ، كۈنجۈت سېپىپ، خۇددى ياسىنىپ بازارغا كەلگەن قىز-جۇۋانلار-نىڭ مەڭزىدەك، قىزارتىپ پىشۇرغان تەۋەڭ-تەۋەڭ گىردىلەر، پەشخونلاردىكى گۆش گىردىلەرنى قاراڭ.

**تەۋەڭلەپ** رەۋ. تەۋەڭلەرگە توشتۇرۇپ: ھەر خامان توقلۇق، شادلىق بولىدۇر، كۆلكىلەر، شاد-ناخشىلار ياڭرار لاي-لاي. تەۋەڭلەپ گۆش گىردىنى، شىرمەننىنى، خامانغا ئەكىلىدۇ كەچتە ناۋاي.

**تەۋەللۇت** ئى [ئە] تۇغۇلۇش؛ تۇغۇت: ئۇ شۇ قىياپىتىنى بۇزماستىن تۇرۇپ ئاقساقال ئىبلىسنىڭ ئىبارىلىرىنى تىڭشىدى ۋە ئەنسىرىگەن بولۇپ تەۋەللۇتتىكى خوتۇنغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئالدىرىدى.

**تەۋەللۇت ئەيلىمەك** ← تەۋەللۇت قىلماق: تەۋەللۇت ئەيلىگەي دەۋران-خەلق كۈيچى-غەزەلخانىنى، بېرىپ كۈچ ئىشقىدىن، قەلبى-تومۇردا ئۇرغۇتۇپ قانىنى.

**تەۋەللۇت بولماق** تۇغماق؛ ۋۇجۇدقا كەلمەك، پەيدا بولماق: ئۇلۇغ ئىشقا يىگىت تېز كىرىشىپتۇ، ھالال تەردىن ئۇتۇققا ئېرىشىپتۇ. بۇ يۇرتتا تارتىلىپتۇ تۇنجى مەشئەت، مۇقەددەس بىر كەشىپ بوپتۇ تەۋەللۇت.

**تەۋەللۇت قىلماق** ① تۇغماق: مەلىكىنىڭ ئاي-كۈنى تولۇپ، بىر پەرزەنت تەۋەللۇت قىلدى. ② كۆچمە. ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەك، پەيدا قىلماق: قىلدىڭ سەن تەۋەللۇت ئانا ماكانىم، جان بېرىپ جىسمىغا بۈيۈك زاتلارنىڭ. ئىگىسى بولدۇڭسەن ئالىم ئىجادكار، ھۆرمەتكە مۇناسىپ ئىسىم-ئاتلارنىڭ.

**تەۋەلىك** ① «تەۋە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: دۆلەت تەۋەلىكى. * ئوتلاق تەۋەلىكىنى ئېنىق ئايرىپ، ئوتلاقلارنى تېخىمۇ ياخشى ئاسراش ۋە گۈللەندۈرۈش كېرەك. ② مەلۇم شەخس ياكى ئورۇنغا تەۋە بولغان دائىرە: تاش ئاخۇنۇم ئۆز تەۋەلىكىگە ئۆتىدىغان سۇنىڭ كەملەپ كەتكەنلىكىدىن نەزەپلەندى.

**تەۋەلىك مۇناسىۋەت** <تىل> چەكلەش-چەكلىنىش مۇناسىۋىتىدە كەلگەن ئىككى سۆزنىڭ ئالدىنقىسى ئىگىلىگۈچىنى، كېيىنكىسى ئىگىلەنگۈچىنى ئىپادىلەپ كەلگەن مۇناسىۋەت. مەسىلەن، « مېنىڭ كىتابىم، مېنىڭ قولۇم » دېگەندە، « مېنىڭ » ئىگىلىگۈچى سۆز؛ « كىتابىم، قولۇم » ئىگىلەنگۈچى سۆز بولۇپ، بۇ سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەۋەلىك مۇناسىۋەت بولىدۇ.

**تەۋپىق** ئى [ئە] بىراۋنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى، بەختى ئۈچۈن قىلىنغان مەدەت، ياردەم: ئانا: ــ ئۇنداق قىلىۋەرمە، ياخشى ئادەم بول، ئاللادىن ساڭا ھىدايەت، ئىنساب، تەۋپىق، بەخت-سائادەت تىلەيمەن، ــ دەيتتى. * ھەدەمنىڭ بۇ يالقۇنلۇق سۆزلىرى بىر ئاز تەسىر قىلىپ، مەلىكە تەۋپىق، ھىدايەت تاپتى.

**تەۋرات** ئى [ئە] <دىن> يەھۇدى دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى.

**تەۋرەتكۈ** ئى. قوش، قارچىغا قاتارلىقلارنى ئۇخلاتماسلىق ئۈچۈن، قارچىغىنى قوندۇرىدىغان بوشلۇقتا ئېسىلغان كالتەك.

**تەۋرەتمەك** ① « تەۋرىمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شەۋكەتنىڭ ئۇيقۇسى كەلگىنىدىن، كۆزلىرىنى ئاچالمايتتى. قوللىرى بۆشۈكنى ئاران-ئاران تەۋرىتەتتى. * قاسىم دۇيجاڭ جامائەت ۋە تەشكىل ئالدىدا شۇنچە ئابرويغا ئىگە تۇرسا، باشقىلار ئۇنى تەۋرىتەلەمدۇ؟ * يەر ئىگىسىدىن ئۆسۈم كېمەيتىپ، تەۋرىتىپ ئاتتۇق يىلتىزلىرىنى. يۇلۇپ تاشلىدۇق كەلمەسكە قايتىپ، بۆلۈشۈپ ئالدۇق ئېتىزلىرىنى. * مەندىن بىسوراق كېلىشىپ يوچۇن، ئېيتقىن تېغىمنى كېسىشتىڭ نىچۈن؟ تەشنىڭ نېمىشقا ئەرش كۆلىنى، تەۋرەتتىڭ يەنە تەختىم ئۆلىنى. ② كۆچمە. پەيدا قىلماق، قوزغىماق: قارا تاغ كەنتى زەي-شورغا قارشى كۆرەشتە داغدۇغىلىق

ئىش ئېلىپ بېرىپ، كۆزلۈك ئورمان بىنا قىلىشتا چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىۋەتتى. ③ كۆچمە. يېزىش ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرمەك، يازماق: شۇڭا قەلەم تەۋرەتتىم ئۆرلەپ قەلبىم جۇشقۇنى، نەزمەم-مېھنەت پېچىدىن چاچرىغان ئوت ئۇچقۇنى.

**تەۋرەشمەك** « تەۋرىمەك » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تاغلار-تاشلار تەۋرىشىپ، قاتتىق چاقماق چاقالامدۇ؟ دەريا سۈيى قان بولۇپ، بۈگۈن تەتۈر ئاقالامدۇ؟

**تەۋرەنمە** سۈپ. تەۋرىنىپ تۇرىدىغان، تەۋرىنىشتىن ئىبارەت بولغان: تەۋرەنمە ھەرىكەت.

**تەۋرەنمە ھەرىكەت** <فىز> جىسىمنىڭ بىر مەركىزىي ئورۇن ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز قىلغان قايتىلانما ھەرىكىتى. ماياتنىكنىڭ ھەرىكىتى تەۋرەنمە ھەرىكەتتۇر.

**تەۋرەنمەك** ① « تەۋرىمەك » پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: كىشىلەر دېڭىزدەك تەۋرىنەتتى، ھەر كىم ھەر نېمىلەرنى دەيتتى. * ئۇچقاندەك كەلگەن « جىپ » ماشىنا كۆۋرۈك ئاغزىدا توختاپ، ئۇنىڭدىن ئۈچ كىشى چۈشتى. ئۇلار ئاپپارات سومكىلىرىنى ساڭگىلاتقانلىرىچە قانلىق جەسەت تەرەپكە ماڭدى، ئاۋۇ قارىياغاچ تۈۋىدىكىلەرمۇ دۈررىدە تەۋرەندى. ② « تەۋرىمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پىل يەنە شۇ دەرەخنىڭ قېشىغا كېلىپ، كۆچىنىپ ئۆزىنى سۈركەشكە باشلاپتۇ، دەرەخ قاتتىق تەۋرىنىپتۇ. ③ كۆچمە. ئىككىلەنمەك، ئارىسالدى بولماق؛ تەمتىرىمەك: تەۋرەنمەس ئىرادە. * ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش پارتىيىمىزنىڭ تەۋرەنمەس سىياسىتى. * سوتسىيالىزم يولىدا تەۋرەنمەي مېڭىش ئارقىلىقلا، ئەزالارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ. * ئۆز قوشۇنىمىزدىكى بىرمۇنچە كىشىلەرمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ تەۋرەنگەندى.

**تەۋرىتىلمەك** « تەۋرەتمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇنىڭ بىلەن بۆشۈك

ھەرقانچە قاتتىق تەۋرىتىلسىمۇ، يىقىلىپ چۈشمەيدىغان بولدى.

**تەۋرىمەك** پ ① بىر يەردە ئۇ ياق-بۇ ياققا چايقالماق: قەيسەر ئورۇندۇقتىن تەۋرەپمۇ قويماي، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇردى. * بۇ يەردە ئۆلمىدى، كۆكلىدى ھايات، تەۋرىدى تۇپراقتا يېشىل دولقۇنلار. تۇپراقنى قوغدىغان مەردلەر قېنىدىن، گۈل-چېچەك ھۆسنىدە ياندى يالقۇنلار. ② سىلكىنمەك، تىترىمەك: بورانىڭ گۈركىرىشىگە تاغ تەۋرىمەس (ماقال). * تەۋرىدى يەر-زېمىن، چېقىلدى چاقماق، باتۇرغا مەرسىيە ئوقۇدى ئاسمان. مەن ئۇنىڭ بېشىغا تاشلىدىم سايە، تورغايلار كۈيلىدى قەسسە-داستان. ③ كۆچمە. لەرزىگە كەلمەك، قوزغالماق، داغدۇغىلىق كەيپىياتقا كەلمەك: ئاتا-ئانىلار سۆرىنىمۇ ھاياجاندىن تەۋرەپ كېتىشتى. * ئەگەر ئىككىنچى كۈنى پۈتۈن يېزا تەۋرەپ بەگنىڭ ھويلىسىنى قورشىۋالمىغاندا، بەگ ھەرگىزمۇ ئالماس، ئېلىقۇل، شانىيازلارنى شەھەر تۈرمىسىدىن بوروۇنغا ئېلىپ چىقمايتتى. ④ كۆچمە. بوشىماق: يەنە شۇنداسەن بەختىسىز ئەمەس، كۈرەش ئىرادەڭ ھەرگىز تەۋرىمەس. * ئىرادىمىز تاغ بىزنىڭ، تەۋرىمەيدۇ، كۆچمەيدۇ. ئاق ئالتۇنغا مۇھەببەت يالقۇنلايدۇ، ئۆچمەيدۇ. * مېنىڭمۇ ئىرادەم سۇنغاي نېمىشقا، ھەقىقەت ـ يەن ئۈچۈن قىلسام جان پىدا. تەۋرەمدۇ مەسلىكىم دەھشەت جازادىن، ۋە تۆھمەت ئانىسى-ئېپلاس ئالدىدا.

**تەۋسىپ** ئى [ئە] يېز ت. سۈپەت بەلگىلىرىنىڭ بايانى ۋە تەرىپى: ئۆزلىرىنىڭ تەۋسىپلىرىنى كىشىلەردىن كۆپ ئاڭلىغان دېگەندىنمۇ ئارتۇق ئىكەنلا. * بۇ ئوغۇللار ئىشتا باتۇر، ئاڭلىق ئىدى، تەۋسىپى ئەل-يۇرت ئىچىدە داڭلىق ئىدى.

**تەۋسىيە** ئى [ئە] ① بىراۋنى بىرەر ئىشقا لايىق، مۇۋاپىق دەپ كۆرسىتىش: قاسىم جۇرىن ئۆز ئورنىغا يېقىن ئادىمى سايىم كېچاڭنى تەۋسىيە قىلدى. ② مەسلىھەت، تەكلىپ: بۇ ياغلىقنى كېچە رۇستەمنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن، يۇنۇس پەنجىرە رېشاتكىسىدىن كامىر ئىچىگە تاشلىۋەتكەنىدى. * جەنۇبىي يۇنىلىش پولكى غوللىجىنىڭ بۇ تەۋسىيىسىگە ئاساسەن، ئاۋات ناھىيىسىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن روتىنى يول ئۈستىدىن قايتۇرۇپ كەلدى.

**تەۋسىيە قىلماق** ① بىرەر ئىشنى مۇۋاپىق، لايىق دەپ تەلەپ قىلماق: ئۇ ئۇرۇمچىگە بېرىپ داۋاملىق بىلىم ئاشۇرۇشنى تەۋسىيە قىلدى. ② مەسلىھەت بەرمەك، تەكلىپ بەرمەك: تىللاش بىلەن ھېچقانداق مەسىلىنى ھەل قىلالمايسىز، مەن سىزنىڭ گەپنى توغرىدىن ـ توغرا ئېيتىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلمەن.

**تەي** ئى [ئە] دېئال ① بېسىپ ئۆتۈش: تەي قىلماق. ② تۈرتۈلۈش؛ ئاچچىقلىنىش: تەي بولماق.

**تەي بولماق** ئاچچىقلانماق، ئۆرتەنمەك: سەن ماڭا نېمانچە تەي بولسەن، گېپىڭ بولسا، ئىشكىڭنى چەككەن ئادەمگە دېمەمسەن؟

**تەي قىلماق** ① كېزىپ، ئايلىنىپ چىقماق: ئەلقىسسە، تاھىر بىلەن شاھى بەھرام شۇ يۇرگەنلىرىچە نەچچە مەنزىللەرنى تەي قىلىپ، تەگرىقۇت باغرىدىكى قاراخان ئېلىگە كەلدى. ② ئاچچىقىنى كەلتۈرمەك: بۇ قىزنىڭ «سىزگە نېمە بولدى؟» دەپ گەپنى سوزۇپ ئېيتىشلىرى مېنى شۇنداق تەي قىلدىكى، ئەگەر ئاپتوبۇستا بولمىغان بولسام، مەنمۇ ئاغزىمنى قويۇۋېتەتتىم.

**تەيەممۇم** ئى [ئە] سۇ يوق يەردە، تۇپراق، لاتا قاتارلىق نەرسىلەرگە ئالقاننى ئۇرۇپ، قول-يۈزنى سىلاپ ئېلىنغان شەرتلىك تاھارەت: سۇ يوق يەردە تەيەممۇم (ماقال).

**تەيەممۇم قىلماق** تۇپراققا ئالقىنىنى ئۇرۇپ قول، بىلەك، يۈزلىرىنى سىلاپ، تاھارەت ئالغانلىق شەرتىنى ئادا قىلماق:

قېنى، بۇلاق بېشىغا بېرىپ تاھارەت ئالامدىلا ياكى قۇرۇق تەيەممۇم قىلامدىلا؟

**تەيپۇن** ئى. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ نامى.

**تەيپۇنەم** ئى ← **تەيپۇن.**

**تەيپۇنەم زامانىدا** ناھايىتى بۇرۇنقى بىر ۋاقىتتا، ئۇزاق ئۆتمۈشتە: ھەدېسىلا تەيپۇنەم زامانىدىكى گەپنى قىلماي، زامانغا بېقىپ سۆزلەيلى.

**تەيپىڭتيەنگو** ئى [خەن] <تارىخ> 1851-يىلى خۇڭ شيۇچۇەن، ياڭ شيۇچىڭ قاتارلىقلار گۇاڭشىنىڭ گۈيپىڭ ناھىيىسى جىڭتيەن كەنتىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، غەلىبە قىلغاندىن كېيىن 1853-يىلى تيەنجىڭنى (ھازىرقى نەنجىڭنى) پايتەخت قىلىپ قۇرغان دۆلەت ھاكىمىيىتى. ئۇنىڭ كۈچى 18 ئۆلكىگە كېڭەيگەن. تەيپىڭتيەنگو ئىنقىلابى دۆلىتىمىز تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ زور بولغان بىر قېتىملىق دېھقانلار قوزغىلىڭىدۇر. ئۇ 1864-يىلى فېئودال كۈچلەر ۋە جاھانگىرلارنىڭ بىرلىكتە باستۇرۇشى نەتىجىسىدە مەغلۇپ بولغان.

**تەيتۇللا** (توغرىسى: تەتىللا) ← تەتىللا.

**تەيجى** ئى [خەن] ۋاڭلىق تۈزۈمدە، خان تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ۋاڭدىن كېيىنكى ئەمەل. تەيجى ۋاڭ ئەۋلادىدىن بولىدۇ، ۋاڭنىڭ ئىككى تەيجىسى بولىدۇ: سەدەنشا ئاخۇنلۇقۇم بىلەن يۇسۇپ تەيجىمۇ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي، تونۇرنىڭ يالقۇنىدەك يېلىنجاپ تۇرغان ئاپئاپئاق بۇ يەرگە ئاتلىق كېلىشكەنىدى.

**تەيجىچۇەن** ئى [خەن] <تەن> كەڭ تارقالغان بىر خىل چامباشچىلىق ھۈنىرى. ھەرىكىتى ئاستا ۋە ئەۋرىشىم بولۇپ، تېخنىكىلىق ئېلىشىشتا قوللىنىشقا بولىدۇ. ئۇ يەنە ساغلاملىقنى ئاشۇرۇش ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**تەيجىلىك** «تەيجى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: — نېمە دېسە دېمەمدۇ، — دېدى تەيجى بىپەرۋالىق بىلەن، — ناھايىتى كەلسە، مىرغەزەپ مېنىڭ تەيجىلىكىمنى ئالۇر.

**تەيفېڭ** ئى [خەن] <مېتېئور> ← تەيفېڭ شاملى.

**تەيفېڭ شاملى** <مېتېئور> تىنچ ئوكياننىڭ غەربىدىكى دېڭىزلاردا ۋە جەنۇبىي دېڭىز يۈزىدە پەيدا بولىدىغان ئىسسىق بەلباغ هاۋا قايىنمى. ئۇ بىر خىل ئىنتايىن شىددەتلىك بوران بولۇپ، دەرىجىسى ئادەتتە ئون بالدىن ئېشىپ كېتىدۇ، قارا يامغۇرمۇ ئارىلاش ياغىدۇ، ياز ۋە ئەتىياز پەسىللىرىدە مەملىكىتىمىزگە كىرىدۇ.

**تەيۋەن** ئى <جۇغ> مەملىكىتىمىز ئۆلكىلىرىدىن بىرى. فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا، شەرقىي دېڭىز بىلەن جەنۇبىي دېڭىز ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، خەنزۇلار پۈتۈن ئاھالىنىڭ 97 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. تەيۋەن قەدىمدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ زېمىندۇر. 1895-يىلى ياپون تاجاۋۇزچىلىرى تاجاۋۇز قىلىپ 1945-يىلىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن قايتۇرۇپ بەرگەن. يەر كۆلىمى تەخمىنەن 36 مىڭ كۋادرات كىلومېتر، مەركىزى تەيبېي.

**تەيۋەن ئاكاتسىيىسى** <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى رودمېنتلاشقان، سېپى ياپىلاقلىشىپ، يوپۇرماق رولىنى ئۆتەيدۇ؛ باشسىمان گۈل رېتىدە؛ گۈلى سېرىق،

تەيۇەن، فۇجيەن، گۇاڭدوڭ ئۆلكىلىرىگە تارالغان؛ ياغاچ ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

**تەيىن** ئى [ئە] ئېنىق قىلىش، بەلگىلەش: تەيىن قىلماق.

**تەيىن ئەتمەك** → **تەيىن قىلماق.**

**تەيىن قىلماق** بەلگىلىمەك، تەيىنلىمەك: سالامەت بولۇڭ ئاكا، بارىدىغان كۈنىڭىزنى تەيىن قىلالامسىز؟

**تەيىنلەتكۈزمەك** «تەيىنلىمەك» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى: قاسىمباي مەتنىيازنىڭ دولىسىنى تۇتۇپ: — مەن شەنجاڭ دارىنىغا مەسلىھەت بېرىپ، سېنى مۇشۇ يېزىغا بەگلىككە تەيىنلەتكۈزىمەن، — دەپ ئاغزىنى سەل يۇرۇشتۇرۇپ ھىجايدى.

**تەيىنلەتمەك** «تەيىنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تەيىنلەشمەك** «تەيىنلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەكتەپكە كېتىدىغان خىراجەت مەسىلىسىدە مەخسۇتباي، ھېسامىدىن زۇپەر ۋە باشقا مەرىپەتپەرۋەر زاتلار مەيدىسىگە ئۇراتتى، كۆيۈمچانلىق مەسلىھەتلىشىپ، مەكتەپ ئورنىغا ئويمانلەڭنى تەيىنلەشتى.

**تەيىنلەنمەك** «تەيىنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: 4-باتالىيون مەخسۇس ئاقسۇ يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ياشلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاقسۇدا بىرقانچە يىلدىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان قازاق يىگىتى — ئىلگىرىكى بۇزكەش قالكەش كوماندىر قىلىپ تەيىنلەندى.

**تەيىنلىمەك** پ ① بەلگىلىمەك، ئورۇنلاشتۇرماق: ئابلىز، سىز بىزگە ناھايىتى ئېھتىياجلىق كىشى. بىز تېخى سىزنى يېڭى بىر ئىشقا تەيىنلىگەندۇق. * ئۇلار بىر چوڭ باغنىڭ كۆن چىقىش تەرىپىنى — چۈشتىن كېيىن دەرەخ كۆلەڭگىسى تېز چوڭلايدىغان قۇملۇق يەرنى چېلىش مەيدانى قىلىپ تەيىنلىدى. ② ۋەزىپىگە، مەنسەپكە قويماق: ھىمىت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ كېتىشتىن ئىلگىرى، پەرمانلىق زاۋۇت ئىشخانىسىغا مۇدىر قىلىپ تەيىنلىدى.

**تەييار** سۈپ [ئە] ① بىرەر ئىشقا ھازىرلىنىپ تۇرغان، ھازىر: — ياق، ياق، زەيتۇنەم، — دېدى قاسىم دەرھال ئۇزىنى تۇزەپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا، — ماڭا شەيدىغان گېپىڭىز بارمىدى، ئېيتۇۋېرىڭ، مەن خىزمىتىڭىزگە ھەرقاچان تەييار. // بوۋاي ئاتلىنىشقا تەييار تۇرغان يەتتە يىگىتكە قارىدى. ② بىرەر ئىشقا مايىل، رازى بولغان: ئەگەر ئۇستام باشقىلارغا ئوخشاش دادىلراق بولۇپ قاتنىشىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئىززەتخان ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە تەييار ئىدى. * — ئەمىرلىرىگە بويسۇنۇشقا تەييارمىز، — دېدى ئىككىسى. // ئاپام يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك، تۆكۈلۈشكە تەييار تۇرغان كۆز ياشلىرىنى يوشۇرۇشقا تىرىشتى. ③ ھازىرلاپ، پۈتكۈزۈپ قويۇلغان، ئىشلىتىشكە بولىدىغان ھالەتتە كەلتۈرۈلگەن، تەخ قىلىپ قويۇلغان: — ئىشلىمىسەڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك تەييار بىر يەرلەرگە كەتسەڭ ياخشى بولاتتى-دە، قەيەردە شۇنداق ياخشى يەرلەر باركىن؟ — دەپتۇ ھاسان دەۋلەك. * — ئەمدى... ئەمدى... — ئۇ بېشىنى تاتىلاپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىشكە باشلىدى، — ئۇنچىلىك جىق قوناق تېرىيدىغان يېرىمۇ يوق، تەييار ئۇرۇقلۇق قوناق بولغاندىكىن جىقراق تېگىشىۋالاي دەيمەن، ئۇكام. ④ كۆچمە. ئۆزى ئەجىر، ئەمگەك سىڭدۈرمىگەن: تەييار گۆشنى يېگەن يولۋاس ئەمەس (ماقال). // دادام مازارغا شەيخ، مەن تەييارغا شەيخ (ماقال). * بىر يىگىت بولۇپ قالغان ئادەم ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىشىغا قول تىقماي، تەييارنى يەپلا ئولتۇرسام، سەتتە.

**تەييار ئەيلىمەك** → **تەييارلىماق:** شۇ گۈزەللىكنىڭ ئىجادكارى ئۇچۇن ئۆمرۈم بويى، ئىشلىمەككە جانۇتەن، بارىمنى تەييار ئەيلىدىم.

**تەييار بولماق** ① بىرەر ئىشنى قىلىشقا

ھازىرلىنىپ تۇرماق، ھازىرلانماق: — مەنگۈلى، قانداق بولدى. ئاتلار تەييار بولدىمۇ؟ — تەييار، — دېدى مەنگۈلى جاۋاب بېرىپ. * ئاتا-ئانا بولۇپ بۇ ھەقتە ناچار، سوراپ قىزنى كۆرۈشكە بولدى تەييار. ② ھازىرلىنىپ ئىشلىتىدىغان ھالەتكە كەلمەك: مانا، ئۆزىنىڭ مەززىلىك پۇرىقىنى دېماغقا ئۇرۇپ پولۇمۇ تەييار بولدى. * شۇنداق بولغاچقا مەھسۇلات يىلدا ياكى ئايدا ئەمەس، بەلكى بىرقانچە كۈن، بىرقانچە سائەتتە تەييار بولىدۇ. ③ نەق مەيداندا تەخ بولماق: كېسەلنىڭ ئائىلە-تەۋەلىرىمۇ ئىشىك ئالدىدا تەييار بولدى. * بىز يېتىپ بارغۇچە، باشقىلارمۇ يىغىلىپ تەييار بولغانىكەن.

**تەييارغا ھەييار بولماق** باشقىلار ئىشلەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىگە بولغىلى كەلمەك، باشقىلارنىڭ ئەمگەك تېرىگە ئىگە بولۇۋالماق: چۈنكى، ئۇلار بۇ مۇتەھەممىلەر ئۆزلىرىگە قىلغان-ئەتكەنلىرىنى ئېسىدىن چىقارغىنى يوق. لېكىن، ياخشى ئۆزگەرمىگەن ھېلىقى تەييارغا ھەييار بولۇپ ئۆگەنگەن ئەبلەخلەرچۇ؟ * كۆچۈرمىكەشلىك ئىنتايىن يامان ئىللەت بولۇپ، بىر تەرەپتىن «تەييارغا ھەييار بولۇش» تەك يامان خىسلەتنى يېتىلدۈرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەۋەسكارلارنىڭ ئىجادىيەتتە ھەقىقىي ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن چوڭ توسالغۇ بولۇپ قالىدۇ.

**تەييار قىلماق** ← **تەييارلىماق**: ھەممە ئىش ئۆز يولىدا تۇغۇلىدۇ، بىز تراكتور بىلەن يېرىڭنى ئاغدۇرىمىز، چېگىتلىرىڭنى دورىلاپ تەييار قىل، ئۇنىڭدىن كېيىن قوناقلىرىڭنىمۇ تېرىۋېتىمىز. * ئۆزىنى ئۇ ئۆلۈمگە قىلدى تەييار، شۇڭا ئۇ قىلمىدى قايغۇ ئىزھار.

**تەييار نانچى** ئىشلەمەي، ئەجىر سىڭدۈرمەي، باشقىلارنىڭ ئەمگىكى بەدىلىگە ياشىغۇچى: بىز شۇ كۈنلەردە گېپى چوڭ، قولىدىن يوق كەلمەيدىغان ئاشۇ تەييار نانچىلاردىن تويۇپ كەتكەنىدۇق.

**تەييارتاپ** سۈپ [تەييار+تاپ] ئىشلىمەي باشقىلارنىڭ مېھنىتىگە ئىگە بولۇۋالغۇچى، مەنپىئەتپەرەس: ... مەتنىياز ھەقىقەتەن ھېچ ئىشقا يارىمايدىغان ساختىپەز، تەييارتاپ بىر كىشى. * شۇنداق خە... يۈگۈردى، ئاندا قاتتىق جەڭ بولدى، تەييارتاپ... ئۆلۈكى، سېپىل بىلەن تەڭ بولدى.

**تەييارتاپلىق** «تەييارتاپ» سۆزىنىڭ ... ئىسىم شەكلى: ئۆم-ئىناقلىق، تىرىشچانلىق ... بىزگە، تەييارتاپلىق نەسلىمىزدىن ئار بىزگە.

**تەييارگەرلىك** ئى. تەييار ھالەتكە كەلتۈرۈش، ھازىرلىنىش ئۈچۈن كۆرۈلگەن چارە-تەدبىر، ھەرىكەت، ھازىرلىق... تەييارلىق: بىز يولغا چىقىشنىڭ تەييارگەرلىك... ھازىرلاپ پۈتكۈزدۇق. * ئۇلارنىڭ چوڭ كۈچ بىلە... باستۇرۇپ كېلىشىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، تەييارگەرل... باشلىدۇق.

**تەييارلاتقۇزماق** «تەييارلىماق» پېئىلىنىڭ ... قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: يىغىن تاماملانغ... دىن كېيىن، سومكامنى ئېلىپ سىرتقا چىقسا... سەمەتجان تەييارلاتقۇزۇپ قويغان قېچىر ھارۋ... مېنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

**تەييارلاتماق** «تەييارلىماق» پېئىلىنى... مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىز بارات كېچى... موللامنىڭ پالاق ۋە چوماقلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتكەنىد... كېيىن، ئۇ يەنە ئىلگىرىكىدىنمۇ يوغان تاياقلار... تەييارلىتىپ، ئېسىپ قويغانىدى.

**تەييارلاشماق** «تەييارلىماق» پېئىلىنى... ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاسىم تەيجى، ئىبراھ... بوۋايلار سۆزلىشىپ، بولغۇسى ۋاقىتقا ھەمراھ بول... بېرىشقا روزىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىمۇ ماقۇل قىلىشتى. ما... روزىغا مەخسۇس ئات تەييارلاشتى.

**تەييارلانماق** ① «تەييارلىماق» پېئىلىنى... ئۆزلۈك دەرىجىسى: شۇ زامان 30 ئەسك... ئاتلىنىپ، موللا زەيدىننى قوغلاشقا تەييارلاندى.

كەچقۇرۇن مەن بەختىيارنى راسا بىر ئەدەبلەشكە تەييارلاندىم. ② «تەييارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كەچتە ئەخمەت ئەپەندىم ئۈچۈن مەخسۇس ئۆي تەييارلانغانىدى.

**تەييارلىق** «تەييار» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: جىددىي بۇيرۇق كېلىشى بىلەن جەڭ تەييارلىقى باشلىنىپ كەتتى. // تەييارلىق سىنىپ. تەييارلىق مۇسابىقە.

**تەييارلىق قىلماق** مەلۇم بىر ئىشنىڭ ئالدىنقى ھازىرلىقلىرى، ئورۇنداش تەدبىرلىرىنى تەخ، تەييار قىلىپ قويماق: ئايالى ئۇخلاپ قالدى، لېكىن ئەتىسى كەچ كىرگۈچە مېھمان كۈتۈشكە تەييارلىق قىلدى. * شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، رىشىت كونا دەرسلىكلىرىنى تېپىپ، ھەر ئاخشىمى ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلدى.

**تەييارلىق كۆرمەك** تەييار ھالەتكە كەلتۈرۈش ياكى تەييارلىنىشقا دائىر ئىشلارنى ئىشلىمەك: ئۇ بۈگۈن كەچ مارجان بۇۋى بىلەن سۆزلەشمەكچى بولدى ھەم قانداق سۆزلىشىش توغرىسىدا ئەتراپلىق ئويلاپ، تەييارلىق كۆرۈۋالدى.

**تەييارلىق مۇسابىقىسى** <تەن> ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە ئالدىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسابىقە. تەييارلىق مۇسابىقىسىدا ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىغا قاتنىشىدىغان ماھىرلار ياكى ئورۇنلار تاللىنىدۇ.

**تەييارلىقسىز** ① سۈپ. تەييارلىقى يوق، تەييارلىق قىلمىغان، ھازىرلىقسىز: ئۇلار ئىشقا ئورۇنلىشىپ پۇل تاپقىچە ھېلىقى بىر مىشكاپ كىشمىشنىڭ پۇلى يېتىدۇ دەپ پىلان تۈزۈپ، ھېچقانداق تەييارلىقسىزلا يولغا چىققانىدى. ② رەۋ. بەخىرامان: شۇ كۈنى قىستىشۋاتقان ئادەملەر ئىچىدە، ئۇ باشقىلارنىڭ تەييارلىقسىز تۇرغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئىپلاس قولىنى سوزدى.

**تەييارلىماق** پ ① تەييار، تەخ قىلماق؛ ھازىرلىماق: بۇ قېتىمقى تەنھەرىكەت يىغىنى ئالتۇن، كۈمۈش، مىس مېدال ۋە لوڭقا تەييارلىدى. * ـ ئوغلۇم، ـ دېدى قاسىم ئاكا غەيرەتكە قاراپ، ـ قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى، كاللارغا كېچىدە بېرىدىغان ئوتلارنى تەييارلاپ قويغىنا! ② ئىشلەپ پۈتكۈزمەك، يارىغۇدەك قىلماق: ماقالە تەييارلىماق. دوكلات تەييارلىماق. ئويۇن تەييارلىماق. * ئۇ ئالگېبرادىن چىقىرىلغان سوئاللارنىڭ جاۋابلىرىنى ئۆزۈن-قىسقا قەغەزلەرگە يېزىپ تەييارلىدى. * ئۇلار لېپ فىگەدىن ئۆگىنىپ، خىسلەتلىك بولۇشقا دائىر مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نومۇرلارنى تەييارلىماقتا. ③ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرمەك: تاماشىچىلارنىڭ كۆزىدىن ياش ئاققۇزغان تاتار يىگىت كىيىم-كېچەك ۋە باشقا تەمىناتى ياخشىكەن دېگەن ئويې بىلەن، ساقچىلارنى تەييارلايدىغان كۇرسقا ئوقۇشقا كىردى.

**تەييارلىنىشماق** «تەييارلانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئاتلارنى ئېگەر باشلىرىغا قاڭتۇرۇپ قويۇپ، ھۆل تالدىن زىخ ياساپ، كاۋاب قىلىشقا تەييارلىنىشتى.

**تراپېتسىيە** ئى [ر<گرېك] <مات> بىر جۈپ قارىمۇقارشى تەرەپلىرى پاراللېل بولغان تۆت تەرەپلىك. پاراللېل بولغان ئىككى تەرىپى ئاساسلىرى، پاراللېل بولمىغان ئىككى تەرىپى يانلىرى، ئىككى ئاساسى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق ئېگىزلىكى دېيىلىدۇ.

**تراخوما** ئى [ر<گرېك] <تىب> كۆزدىكى سوزۇلما خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەل. بىر خىل ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئالامەتلىرى: بىرىكتۈرگۈچى پەردە يۈزىدە كۆل رەڭ دانىچىلەر شەكىللىنىپ، تەدرىجىي تاتۇق ھاسىل قىلىپ، مۈڭگۈز پەردىسىنى غىدىقلاپ، ئۇنى يارىلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. ئېغىر بولغاندا قارىغۇ

قىلىپ قويىدۇ.

**تراخىت** ئى [ر<گرېك] <گېئول> تەركىبى توغرا شىپات جىنسقا ئوخشاش بولغان ئېتىلما جىنس. ئاچ كۆل رەڭ، ئاچ سېرىق ۋە ئاچ قىزىل قاتارلىق رەڭلەردە بولىدۇ؛ يىرىك يۈزلۈك تۈزۈلمىدە، فېنوكرىستىلىرى سۈزۈك دالا شىپاتى، ئۈللۈق ماددىسى يوشۇرۇن كرىستاللىق جىنس بولۇپ، بەزىدە ئاز مىقداردا قېنىق رەڭلىك مىنېراللارمۇ ئارىلاشقان بولىدۇ.

**تراخىتلىق** سۈپ. تەركىبىدە تراخىت بولغان؛ تراخىتتا بولىدىغان خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

**تراخىتلىق ئاندېزىت** <گېئول> ← **مونزونىت.**

**تراخىتلىق تۈزۈلمە** <گېئول> تراخىتتا بولىدىغان تۈزۈلمە. ئالاھىدىلىكى: ئىشقار-لىق دالا شىپاتى ۋە ئاز مىقداردىكى تۆمۈر، ماگنىيلىق مىنېراللارنىڭ فېنوكرىستلى-رى پاراللېل تىزىلغان دالا شىپاتىنىڭ مىكرو كرىستاللىرىدىن تەشكىللەنگەن ئۈللۈق ماددا ئارىسىغا تارقالغان بولىدۇ.

**ترادېتسىيە** ئى [ر<لات] ← **ئەنئەنە.**

**تراكتور** ئى [ر<ئىنگ] يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ماشىنا. تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، كىچىك تېپىتكىلىرىگە كاۋچۇك بالون چوڭ تېپىت-كىلىرىگە زەنجىر تاپان ئورنىتىلىدۇ. ئۇ ناھايىتى زور سۆرەش كۈچىگە ئىگە بولغاچقا، ئۇ ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان دېھقانچىلىق ئۈسكۈنىلىرىنى سۆرەپ يۈرۈپ يەر ئاغدۇرۇش، ئۇرۇق چېچىش، ئورۇش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. ئۇنى يەنە سانائەت، بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ۋە قاتناش-ترانسپورت قاتارلىق ساھەلەردىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**تراكتورچى** ئى. تراكتور ھەيدەيدىغان ئادەم: **سەيدىنئاكام ئۆيكىسىنى تولدۇرۇپ بىرنى تىنىۋېلىپ، تراكتورچىغا قاراپ كۆڭ بايىراقچىنى يۇقىرى كۆتۈردى. تراكتورچى غاچ قىلىپ خوت يۆتكەپ، ئوقنى تەتۈر ئايلاندۇرماقچى بولدى.**

**تراكتورچىلىق** ئى. تراكتور ھەيدەش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى ۋە پائالىيىتى: **جىبىلنىڭ دۆيىدە تراكتورچىلىق قىلغىنىغا ئون يىل بولغانىدى.**

**تراكتورسازلىق** ئى. تراكتور ياساش، ئۇنىڭ زاپچاسلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇراشتۇرۇش سانائىتى: **قاقاس بۇ جايدا، كەلگۈسىدە شىنجاڭ ھەتتا قوشنا ئۆلكىلەرنى «شەرق قىزاردى-28» ماركىلىق تراكتور بىلەن تەمىنلەيدىغان تراكتورسازلىق زاۋۇتى بىنا بولىدۇ دېسە، ھېچكىم ئىشەنمەيتتى.**

**تراكتورلاشتۇرماق** «تراكتورلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: **«ئالغا» دادۈيى يەر ھەيدەش، ئۇرۇق سېلىش ئىشلىرىنى ئۈچ يىلدا تراكتورلاشتۇرۇپ بولۇش پىلانىنى تۈزدى.**

**تراكتورلاشماق** پ. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپ-چىقىرىشى تراكتور بىلەن ئېلىپ بارىدىغان ھالەتكە كەلمەك: **خامان تېپىش تراكتورلاشقان-دىن كېيىن، يازلىق يىغىم بۇلتۇرقىدىن ئون كۈن بۇرۇن تاماملاندى.**

**تراگېدىيە** ئى [ر<گرېك] ② <ئەد> باش قەھرىمان بىلەن رېئال مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى مۇقەررەر توقۇنۇشتا، باش قەھرىمان بەختسىزلىككە ئۇچراپ، پاجىئە بىلەن ئاخىرلىشىدىغان بىر خىل تىياتىر تۈرى. ②دەھشەتلىك ۋەقە، ھادىسە؛ پاجىئە: **مانا شۇنداق شارائىتتا، «ئالتۇن كولاشقا ئادەم ئېلىش ئالۋىنى» يۈتۈن قەشقەرگە ۋەھىمە سېلىپ تۇراتتى. بۇ دەھشەتلىك تراگېدىيىنىڭ قانداق**

**داۋام قىلغانلىقىنىڭ يۇقىرىقى بابلىرىمىزدا بايان قىلىنغانلىقى ھۆرمەتلىك كىتابخانلىرىمىزغا ئايان.**

**تراگېدىيىلىك** سۈپ ① تراگېدىيىگە ئائىت ۋە تراگېدىيىگە خاس بولغان: **تراگېدىيىلىك دراما.** ② پاجىئەلىك: **سەن ئۆزۈڭ باشتىن كەچۈرگەن تراگېدىيىلىك كەچۈرمىشلىرىڭگە مېنىمۇ شېرىك قىلماقچىمۇسەن؟**

**تراگېكومېدىيە** ئى [ر] تىياتىرنىڭ ھەم تراگېدىيىلىك ئامىللارغا، ھەم كومېدىيىلىك ئامىللارغا ئىگە بولغان بىر تۈرى.

**تراللىبۇس** ئى [ر<ئىنگ] ئېلېكتر كۈچى بىلەن يۈرىدىغان ئاپتوبۇس: **پايتەختىمىز بېيجىڭنىڭ ھەر بىر كوچىسىدا يۈزلەپ تراللىبۇس قاتنايدۇ.**

**تراموۋاي** ئى [ر<ئىنگ] شەھەر ئىچى تۆمۈر يوللىرىدا ئېلېكتر كۈچى بىلەن قاتنايدىغان پويىز شەكلىدىكى قاتناش قورالى: **ئۇ ئالدىمىدىكى كىشى ئابدۇللا ئاكام بولمىسۇن يەنە دەپ ئويلاپ تۇرغاندا، تراموۋاي بېكەتتە توختىدى.**

**ترانسپورت** ئى [ر<لات] مەلۇم قاتناش لىنىيىسى ئارقىلىق يۈك ۋە يولۇچىلارنى توشۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ساھە ياكى قاتناش ۋاسىتىلىرى: **سۇ ترانسپورت شىركىتى.**

**ترانسپورت ئايروپىلانى** <قاتن> ئادەم ۋە ماددىي ئەشيالارنى توشۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئايروپىلان. ئادەتتە خەۋەرلىشىش ۋە يول كۆرسەتكۈچى ئاپپاراتلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. كېچە ۋە كۈندۈزدىكى مۇرەككەپ ھاۋا شارائىتىدىمۇ ئوخشاشلا ئۇچالايدۇ. ئىشلىتىلىشىگە قاراپ يولۇچىلار ئايروپىلانى ۋە يۈك ئايروپىلانى دەپ ئىككى خىلغا؛ سىغىمچانلىقىغا قاراپ چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپلىق دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىلىدۇ.

**ترانسفورماتور** ئى [ر<لات] <ئېل> ئېلېك-

تروماگنىتلىق ئىندۇكسىيە قائىدىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزگىرىشچان توك بېسىمىنى ئۆزگەرتىدىغان قۇرۇلما. ئاساسلىق دېتالى بىرلەمچى كاتۇشكا، ئىككىلەمچى كاتۇشكا ۋە تۆمۈر ئۆزەكتىن ئىبارەت. ئېلېكتر سايمانلىرى ۋە رادىئو ئېلېكتر يولىدا دائىم بېسىمنى يۇقىرىلىتىش ياكى تۆۋەنلىتىش، قارشىلىق سەپلەش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**ترانسكرىپسىيە** ئى [ر<لات] <تىل> بىرەر تىلدىكى تىل تاۋۇشلىرىنى تاۋۇش ئېلېمېنتى نۇقتىسىدىن ئېنىق خاتىرىلەشتە قوللىنىلىدىغان شەرتلىك بەلگىلەر سىستېمىسى: **خەلقئارا ترانسكرىپسىيە.**

**ترانسكرىپسىيە بەرمەك** ← **ترانسكرىپسىيلە شتۈرمەك.**

**ترانسكرىپسىيلەشتۈرمەك** پ. ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى بىلەن دەلمۇدەل قىلىپ يېزىپ چىقماق، خاتىرىلىمەك: **ئوقۇتقۇچىلار ئەرەبچە يېڭى سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزىنى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىدا ترانسكرىپسىيلەشتۈرۈپ بەردى.**

**ترانسكرىپسىيلەشتۈرۈلمەك** «ترانسكرىپسىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ترانسكرىپسىيلىك** سۈپ. ترانسكرىپسىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان: **ترانسكرىپسىيلىك بەلگە.**

**ترايېكتورىيە** ئى [ر<لات] <مات> مەلۇم نۇقتىنىڭ بوشلۇقتىكى يۆتكىلىش جەريانىدا بېسىپ ئۆتكەن پۈتۈن يولى بۇ نۇقتىنىڭ ترايېكتورىيىسى دېيىلىدۇ.

**تروپىك** [ر<گرېك] <جۇغ> ① ئى. يەر شارىدىكى جەنۇبىي كەڭلىك بىلەن شىمالىي كەڭلىكنىڭ 27 ° 23 لۇق ئىككى كەڭلىك چەمبىرىدىكى كۈن نۇرى ئەڭ

تىك چۈشىدىغان رايونلار؛ تروپىكتىن ئۆتمەك. ② سۈپ. بۇ رايونغا خاس بولغان، ئۇ يەرگە جايلاشقان ۋە ئۇ يەردە ئۇچرايدىغان؛ تروپىك بەلباغ.

**تروپىك بەلباغ** <جۇغ> ئېكۋاتورنىڭ ئىككى يېنىدىكى جەنۇبىي تروپىك سىزىقى بىلەن شىمالىي تروپىك سىزىقى ئوتتۇرىسىدىكى جايلار. تروپىك بەلباغ قۇياشنىڭ ئىسسىقلىقىنى ئەڭ كۆپ دەرىجىدە قوبۇل قىلىدۇ. قىش، ياز مەۋسۇمىدىكى كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرقى ۋە پۈتۈن يىللىق ھاۋا كىلىماتىدىكى ئۆزگىرىش ئانچە زور بولمايدۇ. ھۆل-يېغىن كۆپ ۋە تەكشى بولىدۇ، شۇڭا بۇ يەردە ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرىمۇ ئىنتايىن كۆپ بولىدۇ.

**تروپىك بېلىقلىرى** <زوئول> تروپىك ياكى تروپىك بەلباغدىكى دېڭىزلاردا ياشايدىغان بېلىقلار. ئادەتتە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كۆرگەزمە بېلىقلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ خىل بېلىقلارنىڭ تېنى كىچىك، شەكلى غەلىتە، رەڭگى چىرايلىق كېلىدۇ.

**تروپىك سىزىقى** <جۇغ> يەر شارى ئېكۋاتورىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى 23° 27 لۇق كەڭلىك سىزىقلىرى. ئېكۋاتورنىڭ شىمالىدىكىسى شىمالىي تروپىك سىزىقى، جەنۇبىدىكىسى جەنۇبىي تروپىك سىزىقى دېيىلىدۇ. كۈن نۇرى يازلىق كۈن توختىغاندا شىمالىي كەڭلىك 23° 27 قا، قىشلىق كۈن توختىغاندا جەنۇبىي كەڭلىك 23° 27 قا تىك چۈشىدۇ. كۈن نۇرىنىڭ تىك چۈشۈش دائىرىسى بۇ ئىككى كەڭلىك سىزىقلىرى بىلەن چەكلىنىدۇ.

**تروپىك سىكلونى** <مېتېئور> ئىسسىق بەلباغ دېڭىز-ئوكيانلىرى ئۈستىدە بولىدىغان ئاتموسفېرا قاينىمى. دىئامېترى نەچچە يۈز كىلومېتىرغا، ئەڭ زور بولغاندا، 1000 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. بۇ دائىرە ئىچىدىكى شامال سۈرئىتى قاينام مەركىزىگە يېقىنلاشقانسېرى ئەڭ تېز بولىدۇ.

**تروپىك كىلىماتى** <مېتېئور> پۈتۈن يىللىق ھاۋا تېمپېراتۇرىسى نىسبەتەن يۇقىرى بولىدىغان، تۆت پەسىل روشەن پەرقلەنمەيدىغان ئىسسىق بەلباغ رايونىنىڭ كىلىماتى. بىر يىل قۇرغاقچىلىق ۋە ھۆلچىلىكتىن ئىبارەت ئىككى پەسىلگە بۆلۈنىدۇ، بوران كۆپرەك چىقىدۇ. ھىندىستان، بىرما، ۋېيتنام ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ خەينەنداۋ ئارىلى قاتارلىقلار بۇ رايونغا كىرىدۇ.

**تروپىك يىلى** <ئاستر> قۇياش مەركىزىي ئەتىيازلىق كۈن تەڭلىكى نۇقتىسىدىن ئىككى قېتىم ئۆتكىچە كېتىدىغان ۋاقىت. بىر تروپىك يىلى 365 كۈن 5 سائەت، 48 مىنۇت، 46 سېكۇنت بولىدۇ.

**تروتىل** ئى [ئىنگ] <خىم> كۈچلۈك پارتلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، سېرىق كرىستال شەكلىدىكى بىر خىل كىسلاتا ــ پىكرىن كىسلاتاسى.

**تروتىل ئېكۋىۋالېنتى** <ھەرب> يادرو قوراللىرى پارتلىغاندا چىقىرىدىغان ئومۇمىي ئېنېرگىيىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى، ئوخشاش مىقداردا ئېنېرگىيە چىقىرىپ پارتلىغان تروتىلنىڭ توننا سانى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ. بۇ خىل سانلىق قىممەت تروتىل ئېكۋىۋالېنتى بولىدۇ.

**ترومبون** ئى [ر<ئىتال] <مۇز> تۇچتا ياسالغان ئۇزۇن سوزما كاناي. گەۋدىسى

تاقا شەكلدىكى ئىككى پارچە نەيچىنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، سوزغىلى، ھەم يىغقىلى بولىدۇ. نەيچىنىڭ سوزۇلۇشى ۋە يىغىلىشى ئوخشاش بولمىغان يەتتە خىل ئاۋاز باسقۇچىغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن يەنە يېرىم ۋە سىيرىلما ئاۋازلارنىمۇ ئورۇنلىغىلى بولىدۇ.

**تربنېر** ئى [ر<لات] <تەن> تەنھەرىكەتچىلەرنى تەربىيىلەشكە ۋە مەشىق قىلدۇرۇشقا بىۋاستە مەسئۇل خادىم.

**تربىسىن** ئى [ر<گرېك] <تىب> ئاشقازان ئاستى بېزى سۇيۇقلۇقى تەركىبىدە بولىدىغان بىر خىل ھەزىم قىلدۇرۇش فېرمېنتى. ئۇ ئاقسىل ماددىسىنى ئامىنو كىسلاتاسىغا پارچىلايدۇ.

**تربتىي** ئى [ر<گرېك] <خىم> ھىدروگېن ئىزوتوپلىرىنىڭ بىرى. خىمىيۋى بەلگىسى T (tritium) . رادىئوئاكتىپلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى 12.46 يىل. ئاتوم يادروسىدا بىر دانە پروتون بىلەن ئىككى دانە نېيترون بولىدۇ، ئىسسىق يادرو رېئاكسىيىسىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**تربگلا** ئى [ر<گرېك] <زوئول> بىر خىل بېلىق. تەن شەكلى تاپان بېلىققا ئوخشاپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن سەل كىچىكرەك كېلىدۇ، كۆزى رەڭدار، دۈمبە قىسمى ئاچ يېشىل ۋە كۆكۈچ رەڭدە پارقىرايدۇ، قورساق تەرىپى كۈمۈش رەڭدە كېلىدۇ، تاتلىق سۇدا ياشايدۇ، سۇ ئۆتلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، سەدەپ قۇلۇلىسىنىڭ قېپى ئىچىگە تۇخۇم سالىدۇ.

**تربگونومېترىيە** ئى [ر<گرېك] <مات> ماتېماتىكىنىڭ بىر تارمىقى. ئاساسەن تربگونومېترىيىلىك فونكسىيىنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىشىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن شەكىللەنگەن بولۇپ، كېيىن نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتە كەڭ قوللىنىلىشقا باشلىدى. تربگونومېترىيە تەكشىلىكتىكى تربگونومېترىيە ۋە سفېرلىق تربگونومېترىيە دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**تربگونومېترىيىلىك** سۈپ. ئۈچ بۇلۇڭنىڭ تەرەپلىرى بىلەن بۇلۇڭلىرى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلارغا ئاساسلانغان: **تربگونومېترىيىلىك فۇنكسىيە. تربگونومېترىيىلىك تەڭلىمە.**

**تربگونومېترىيىلىك تەڭلىمە** <مات> نامەلۇمنىڭ تربگونومېترىيىلىك فۇنكسىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەڭلىمە.

**تربگونومېترىيىلىك فۇنكسىيە** <مات> بىر تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭدا، ھەر قايسى تەرەپ ئۇزۇنلۇقلىرىنىڭ ئىككى ئىككىدىن نىسبىتى بۇ تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭنىڭ تار بۇلۇڭلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىرىدۇر. بۇ نىسبەت قىممەتلىرى ئۈچ بۇلۇڭدىكى مەلۇم تار بۇلۇڭنىڭ تربگونومېترىيىلىك فۇنكسىيىلىرى دېيىلىدۇ.

**تربلوگىيە** ئى [ر<گرېك] <ئەد> بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئەمما ئۆز ئالدىغا تۇرغاندا مۇستەقىل بىر ئاساسىي ئىدىيىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ئۈچ توملۇق ئەسەر.

**تو** مىق [خەن] يورۇش، قۇر: بىر تو كىيىم.

**توپ** I [پ] ① ئى. ئوراپ تېڭىلغان، ئۆلچەملىك قاتلانغان ياكى تىزىپ دەستىلەنگەن گەزلىمە، قەغەز قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىر بولىقى ۋە دۆۋىسى: **فابرىكا ئۆزۈنغا بارمايلا پۈتۈپ، ئۆزىنىڭ بىرىنچى توپ رەختىنى ئىشلەپچىقاردى.** ② مىق. ساناق سانلار دىن كېيىن كېلىپ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ:

لۇتپۇللا ھەر قېتىم بارغىنىدا، ئۇنىڭ ئۈستەلگە دۆۋىلەنگەن بىر توپ قەغەزلەرنى ئاختۇرۇپ، لامپىنىڭ يورۇقىدا جىددىي ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. * مەرھابا ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر روھىي ئازابقا سالماسلىق ئۈچۈن، يۈزىنى بىر چەتكە بۇرىدى-دە، ھازىرلا ئۇنىڭ ئاستىدىن ئېلىنغان بىر توپ لاتىنى كۆتۈرۈپ، سىرتقا چىقىپ كەتتى. ③ ئى. بىر يەرگە يىغىلغان كىشىلەر، ھايۋانلار، قۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئايرىم-ئايرىم ئۇيۇشقان بۆلىكى: يىراقتىن باغقا قاراپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توزان بىلەن كىشىلەر توپى كېلەتتى. * توپنىڭ ئىچىدە ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ، يۈزىگە قارا سۈرتۈلگەن ئىككى ئادەم كېلەتتى. ④ ئى. بىرەر مەقسەت بىلەن ئۇيۇشقان كىشىلەر گۇرۇپپىسى: مەخسۇت بەگنىڭ كىچىككىنە باندىتلىق توپى قۇرغانلىقى ۋە ئۇنىڭ دەريا بويىدا ۋەزىيەت ئۆتەۋاتقان بىر جەڭچىنىڭ قورالىنى تارتىۋېلىپ، ئۆلۈكىنى دەرەختە ئېسىپ قويۇپ، جۈرئىتىنى سالدۇرۇۋالغانلىقىنى يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتتۇق. ⑤ سۈپ. يىغىلغان، ئۇيۇشقان: توپ بۇلۇت.

**توپ بۇلۇت** <مېتېئور> بۇلۇتنىڭ بىر خىلى. رەڭگى ئاق بولۇپ، ھاۋا ئوچۇق ۋاقىتلاردا پارچە-پارچە ھالەتتە ھاۋادا لەيلەپ تۇرىدۇ، ئۈستى ئەگمە، ئاستى تۈز كېلىدۇ. بۇلۇت ئاستى بىلەن يەر يۈزىنىڭ ئارىلىقى ئادەتتە مىڭ مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.

**توپ ساتماق** ① تاۋارلارنى پارچىلىماي توپى بىلەن ساتماق: ئۇلار سەمەرقەنتتىن ئەكەلگەن ماللىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى توپ ساتتى.

**توپ** II ئى [پ] ① شار شەكلىدىكى تەنتەربىيە قورالى: ۋالىبول توپى. پۇتبول توپى. چويۇن توپ. چويلا توپ. * شۇ تاپتا ئادىل توپ تېپىشكە شۇنچىلىك بېرىلگەن ئىدىكى، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ② توپ ئويۇنلىرىدىكى نەتىجىنى ھېسابلاشتا قوللىنىلىدىغان بىرلىك: 1-مايدا، ياشلار كوماندىسى تۆت توپ ئۇتتى.

**توپ پالىقى** <تەن> تىكتاك توپ، پەي توپ، چويلا توپ قاتارلىق تەنھەرىكەت ئويۇنلىرىدا، توپ ئۇرىدىغان پالاق.

**توپ تۈرلىرى تەنھەرىكىتى** توپنى ۋاسىتە قىلغان مۇسابىقە خاراكتېرلىك تەنھەرىكەت ئويۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. ئۇنىڭدا پۇتبول، ۋاسكېتبول، ۋالىبول، چويلا توپ، تىكتاك توپ، قورغان توپ، قول توپ، پەي توپ قاتارلىق تۈرلەر بولىدۇ.

**توپ تېخنىكىسى** توپ تۈرلىرى تەنھەرىكىتىدىكى توپ ئويناش ماھارىتى.

**توپ كامېرى** ۋاسكېتبول، ۋالىبول ياكى پۇتبول قاتارلىق توپلارنىڭ ئىچكى قېتىدىكى نېپىز رېزىنكىدىن ياسالغان ھاۋا قاچىلاش خالتىسى. ئۇنىڭ ئىچىگە ھاۋا (يەل) توشقۇزۇلغاندىن كېيىن توپ چىڭىپ، ئويۇنغىلى بولىدىغان ھالەتكە كېلىدۇ.

**توپ مەيدانى** توپ تۈرلىرى پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلىدىغان مەيدان. مەسىلەن، ۋاسكېتبول مەيدانى، پۇتبول مەيدانى، چويلا توپ مەيدانى قاتارلىقلار. ئۇلارنىڭ شەكلى، دائىرىسى ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ.

**توپ مۇسابىقىسى** توپ تۈرلىرى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇسابىقە.

**توپ** III ئى [پ] چوڭ كالىبىرلىق زەمبىرەك: بۇ يىل باھاردا دۈشمەن ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلىپ كەلدى، بۇ قېتىم كەلگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئاۋۋالقىدىن نۇرغۇن ھەسسە كۆپ ئىدى، مىڭدىن ئاشاتتى، ئات سۆرەيدىغان چوڭ توپلار

ناھايىتى كۆپ ئىدى. ھاۋادىن قوغدايدىغان ئايروپىلانلىردىمۇ بار ئىدى.

**توپ ئاتماق** ① زەمبىرەك، ئوقىنى قويۇپ بەرمەك، يىراققا ئىرغىتماق؛ توپ ئوقى ئارقىلىق ئوت ئاچماق: كۆل ۋە دەريا بويلىرىنى دۈشمەننىڭ ھارۋىلىرى قاپلاپ كەتتى. ئادەملەر تۆت تەرەپكە قېچىشىپ، بوغدايلىقلارغا كىرىۋېلىشتى. دۈشمەن يېزىنى ئورىۋېلىپ، گۈلدۈرلىتىپ توپ ئاتقىلى تۇردى. ② كۆچمە. جەڭ ئېلان قىلماق، كۈرەشنى باشلىماق: نېمە ئۈچۈن بۇ يىل قىشتا سوتسىيالىستىك تەربىيىنى 3-دادۈيدە سىناق قىلمىز؟ بۇنىڭ سەۋەبى «قاۋانلىق» قا بىرىنچى بولۇپ سىلەر توپ ئاتتىڭلار.

**توپ مۇنارىسى** توپ، زەمبىرەكلەرنىڭ بىرونېۋىكلاشقان قوغدىنىش گەۋدىسى. تانكا، ھەربىي پاراخوتلارنىڭ ئاساسلىق توپ ـــ زەمبىرەكلىرىگە ئەنە شۇنداق توپ مۇنارىسى ئورنىتىلغان بولىدۇ. ئۇ ئادەتتە مۇقىم توپ مۇنارىسى ۋە ئايلانما توپ مۇنارىسى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**توپ ئوقى** <ھەرب> توپ ئارقىلىق ئېتىلىدىغان ئوق. ئۇ ئادەتتە ئوق بېشى، مىشەك، تۇرۇبكا، پىستان قاتارلىق بۆلەكلەردىن تەركىب تاپىدۇ. ئوق بېشى پارتلايدۇ، ئىشلىتىلىش دائىرىسىگە قاراپ بىرونې تېشەر ئوق، كۆيدۈرگۈچ ئوق دەپ بىرقانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ: ـ ۋارىس يات، ـ دەپ ۋارقىرىدى ئىسھاق ۋە ئۇنىڭ ئىككى مۇرىسىنى بېسىپلا يېتىۋالدى. ئۇلاردىن تۆت-بەش مېتىر يىراقلىققا چۈشكەن توپ ئوقى ئەتراپنى تىترىتىۋەتتى.

**توپا** ئى. چېچىلىدىغان يۇمشاق تۇپراق: بىر جۈپ ياشنىڭ ھاياتى مانا شۇنداق ئاياغلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئاققان قان بىلەن پەلەمپەي قىپقىزىل بويىلىپ، قان تۆكۈلگەن يەردىن سېرىق توپا ئۆرلەپ چىقىپتۇ. * كەلدى لۈكچۈن تەرەپتىن، قوزغىلاڭچى قوشۇنلار. ئاتلىرىنىڭ كەينىدە، قالار توپا، قويۇنلار.

* پەرزەنتلىرىڭ قاتاردا ئۇنىڭغا، كىندىك قېنىم، يارىسىم قېنى قېتىلغان. مانا بۈگۈن، ئەزىز يۇرتۇم، توپاڭنى، يىراق ئەلدە مەن كۆتۈرۈپ بارىمەن.

**توپا باسماق** ① ئۈستىگە توپا-چاڭ قونماق: بۇ كۈنلەر گۈزەللىكى ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ۋە لەززەتلىك، مېنىڭ ئۈچۈن بولسا زېرىكىشلىك ۋە ئازابلىق. چۈنكى توپا بېسىپ ياتقان كىتابلىرىم، چالا پىتى تۇرغان ماقالە، كارتىلىرىمنى كۆرسەم، خۇددى زىرائەتنى ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقاندەك ئازابلىنىمەن. ② كۆچمە. يوقىلىپ كېتىشكە ئاز قالماق، كېرەك قىلىنماي تاشلىنىپ قالماق: مەن ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆمۈر بويى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنى تەتقىق قىلىش، توپا بېسىپ ياتقان «دىۋان»، «توپلام» لىرىمىزنى تېزرەك خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش، ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان باي مىراسلىرىمىزنى خەلقىمىزگە كۆرسىتىش ئارقىلىق خەلقتە ئىلھام، ئىشەنچ پەيدا قىلىش تولىمۇ مەنىلىك دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن ۋە ئۆز ھاياتىمنى مۇشۇ ئىشقا سەرپ قىلىشقا بەل باغلىغانىدىم.

**توپا بېشى** ← **تۇپراق بېشى**: ئۇ شۇ كۈنلا قەبرىستانلىققا باردى، بىراق ئانىسىنىڭ توپا بېشىنى تاپالمىدى.

**توپا تەرەت** يۈز-كۆزىگە توپا-چاڭ قونغان، ئۈستىبېشى توپا: بوۋاي كىيىملىرى يىرتىلغان، ئۈستىدە كىچىككىنە بىر تاغار بار ھالدا توپا تەرەت ئىشىكتىن كىردى.

**توپا ئۇتماق** مېيىتنى دەپنە قىلىپ گۆر ئېغىزىنى ئېتىشتىن ئىلگىرى، كىشىلەرنىڭ ئايەت ئوقۇپ دەم بېرىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ پەش ياكى گۈرجەك بىلەن توپا ئۇزاتماق.

**توپا رەڭ** توپىغا ئوخشايدىغان رەڭ.

**توپا قۇرۇلۇشى** <بىن> قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدىكى يەر كولاش، توپا تىندۇرۇش ۋە كولانغان توپىلارنى توشۇش قاتارلىق

ئىشلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى.

**توپا كولاش ماشىنىسى** <بىن> قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا، مەخسۇس توپا قېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا.

**توپا مېخانىكىسى** <سۇ> يەر توپا قاتلىمىنىڭ ستاتىستىكىلىق كۈچ ۋە دىنامىكىلىق كۈچ تەسىرىدە پەيدا بولغان كۆچىنىشى، دېفورماتسىيىسى، چىدامىلىقى ۋە تۇراقلىقى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**توپا ئۇسۇش ماشىنىسى** <بىن> توپا ئۇسۇش ۋە توشۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا. ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى چۆمۈچىگە تولدۇرۇلغان توپىنى باشقا نەرسىلەرگە قاچىلايدۇ؛ يەنە بىرى قېزىپ ئېلىنغان توپىنى ساندۇققا قاچىلاپ توشۇيدۇ.

**توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى** <بىن> تراكتورنىڭ ئالدى تەرىپىگە توپا ئىتتىرىش ۋە ئويۇش قۇرۇلمىلىرى ئورنىتىلغان بىر خىلى. يەر تۈزلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**توپا يۆلىمەك** <دېھ> زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش مەزگىلىدە، قۇر ئارىلىقىدىكى توپىلارنى غولنىڭ تۈۋى قىسمىغا يۆلىمەك.

**توپىسىنى كۆزگە سۈرتكۈدەك بولماق** بىرەر يۇرت، ماكان، جاينى ئىنتايىن قاتتىق سېغىنماق، ئاجايىپ كۆرگۈسى كەلمەك: مەن ئون يىلدىن بېرى يۇرتۇمنى، ئاتا-ئانامنى كۆرمەي، ئۆيىمىزنىڭ توپىسىنى كۆزگە سۈرتكۈدەك بولدۇم.

**تۇپىسى ئېغىر** تاشلاپ كېتىش ئاسانغا چۈشمەيدىغان؛ ئاسان ئايرىلغىلى بولمايدىغان، ئۇزۇنراق تۇرۇپ قالىدىغان: ـ كېتىمەن، كېتىمەن دەپ تۇرغىنىغا تۆت يىل بولۇپ قالدى، تېخى كېتەلمىدىڭ، بۇ يېزىنىڭ توپىسى ئېغىر، تايىنلىق مۇشۇ يەردە ئۆي-ئوچاقلىق بولۇپ قالارسەن ئۇكا، ـ دېدى مەسۇمكام.

**توپا-توزان** ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن توپا ۋە ئۇنىڭ توزۇندىلىرى: بوراننىڭ شەپىسى كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ ئاسمان-زېمىننى قاپلىغان توپا-توزان ئىچىدە قالدى.

**توپا-تۇمان** → **توپا-توزان**: مەھەممەت ئىمىن ئورنىدىن تۇرۇپ، چەمدىن باشلىقىنىچە توپا-تۇمان بىلەن بۇلغانغان بەتىنكىسىنى سۆرىگىنىچە تۇشەكتىن جاي ئېلىپ، ياستۇققا يۆلەندى. * ئۇچۇرۇپ قۇمنى، توپا-تۇماننى. چاچماقتا ھەر يان ئوت-خەس، سامانىنى.

**توپا-چاڭ** → **توپا-توزان**: قارا دۆڭ يېزىسىغا توپا-چاڭ كۆتۈرۈپ، مەنسۇر باشلىق ئۈچ ئاتلىق ئادەم كەلدى. ئۇلار ئاتلىرىنى تويتوغرا كېۋىر ئاخۇنلارنىڭ ھويلىسى ئالدىدا توختىتىپ، ئاتتىن چۈشتى. * ئاھ بۇ يوللار! كىملەر بېسىپ ئۆتمىگەن؟ ئەزىز ئىزى قالمىش ئۇندا ئەجدادىنىڭ. خاتىرىسى ئۇنىڭ توپا-چاڭلىرى، شانلىق كەچمىش ۋە رەڭمۇرەڭ ھاياتىنىڭ.

**توپاز** ئى [ر<گرېك] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيۋى تەركىبى $Al_2(FOH)_2SiO_4$. ئۇ ئادەتتە سېرىق، ئاچ زەڭگەر، ئاچ يېشىل، ئاچ كۆل رەڭ ياكى ئاق رەڭلەردە بولىدۇ؛ ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە، قاتتىقلىق دەرىجىسى سەل يۇقىرى. سۈزۈكلىرى بىر خىل گۆھەر ھېسابلىنىدۇ.

**توپان** I ئى <دېھ> بۇغداي، شال، تېرىق قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ خاماندا دېنى ئايرىۋېلىنغاندىن كېيىن قېلىپ قالغان غول، يوپۇرماقلىرىنىڭ تۈپىدەك بولۇپ كەتكەن ئۇۋاقلىرى.

**توپان** II ئى [ئە] ① دىنىي رىۋايەتلەردە ئېيتىلىدىغان نۇھ پەيغەمبەر زامانىسىدىكى ئادەملەرنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن، پۈتۈن دۇنيانى باسقان سۇ تاشقىنى. ② كۆچمە،

كۆچلۈك دولقۇن، تاشقىن، ئېقىن: قالدى بىر قامغاق كەبى بوران ئارا، يا قېيىقسىز بەندىدەك توپان ئارا. مېھرىدىن قۇرغان بىنا چۇشتى غۇلاپ، دىل ئارامىنى بىراۋ كەتتى بۇلاپ. ③ كۆچمە. زور بالايىئاپەت: قانچە توپانلار، بورانلار ئۆچۈردى، باش ئەگمىدىڭ، بىھىساب جەڭلەردە يەڭدىڭ، ئۈستى بەرداشلىق سىبىنىڭ. * ھەممە يەردە ئىدى ئۇرمان قان تېمىپ تۇرغان قىلىچ، كەمبەغەللەر ئۈستىدىن باسقان زۇلۇم توپان بولۇپ.

**توپان بالاسى** قۇتۇلۇش، ساقلىنىش مۇمكىن بولمىغان بالا-قازا، ئاپەت: ئالەم ئالەم بولغاندىن بۇيان ھەر ئاجايىپ ئىشلار بولغانىكەن، ھەر ئاجايىپ خانۇخاقان، نەمرۇت-شەددادلارمۇ ئۆتكەنىكەن، ھەر-ھەر ئاجايىپ توپان بالاسىمۇ بولغانىكەن، يەنە ئالەم ئالەملىكىدە قالغانىكەن. * مەن مەست ئەمەس، قورقمايمەن، توپان بالاسىدىنمۇ قورقمايمەن!.

**توپان بالاسى كەلسە ئۇشۇقىغا كەلمەيدىغان** ھەرقانچە ئېغىر بالا-قازا بىلەنمۇ ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىغان، غەمسىز: ئۇنىڭ قارىشىچە، مەخەت شوپۇرلار ئىچىدە قاپقىنىڭ بېزى بار، ئۆكتەم، ئاسمان يىقىلىپ چۈشسە تېگىدە يېتىپ مانتا يەيدىغان، توپان بالاسى كەلسە ئۇشۇقىغا كەلمەيدىغان، تەپسە تەۋرىمەس بىرنېمە.

**توپبېشى** ئى [توپ+باش+ى] تار س. ۋاقىتلىق تۈزۈمدە، باشقىلارنى ۋاقىت بىلەن كۆرۈشتۈرۈش، ۋاقىتنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى يەتكۈزۈش ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئوردا خىزمەتچىسى.

**توپ-توپ** ئايرىم-ئايرىم ھالەتتىكى بىرقانچە توپ: دېگەنىنىڭ ئۆزى بولدى. ئادەملەر توپ-توپى بىلەن شەھەرنىڭ جەنۇبىغا ـ تۈمەن ۋە قىزىل دەريالىرى قوشۇلغان جايدىكى ياپېشىل مەيدانغا ئېقىشقا باشلىدى. * ياپېشىل يايلاقلىرىدا ئاق بۇلۇتتەك قويلىرى، پارقىراپ توپ-توپ بولۇپ ئويناپ يۈرەر يىلقا-ئۇلاغ.

**توپتوغرا** ① سۈپ. ناھايىتى توغرا، ھېچقانداق خاتاسى يوق: سىنىپتا مۇئەللىم دەرس سورىسا، بۇلبۇلدەك چاقىلداپ سايراپ كېتىدۇ. توپتوغرا جاۋابىنى ئالغان ئۇستازنىڭ، شادلىقتىن دىللىرى يايراپ كېتىدۇ. * بۇ ناخشا «ئېيىق» نىڭ قەيسەرلىكىنى، توپتوغرا سۈرەتلەپ بەرگەن شۇنچىلىك! مەن يازسام يازاتتىم ۋە لېكىن كۆزۈم، يەتمىدى يېزىشقا زادى بۇنچىلىك! ② سۈپ. تولۇق، ھېچقانداق كېمى يوق، دەل: بىراق، دۇيىمىزدىكى ھاشىم ئاخۇن 14 ياشتىمۇ، 20 ياشتىمۇ ئەمەس، توپتوغرا 56 ياشقا كىرگەندە ئاندىن توي قىلدى. * ئۇلار باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەچە، توپتوغرا ئون يىل بىر سىنىپ، بىر پارتىدا ئوقۇدى. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا بىللە قاتنىشىپ، ئۈرۈمچىگە بىللە بېرىشتى. ③ رەۋ. بىۋاسىتە، ھېچ يەرگە بۇرۇلماي، ئۇدۇل: دورغىلار ئاتخانىدىن چىقىپ، توپتوغرا موللا زەيدىنىنىڭ ئۆيىگە باردى. * بەلكىم يولداشلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىشلىيەلمەيۋاتقاندىمەن. شۇنداقلىقىنى سەزسىڭىز، ماڭا توپتوغرا ئېيتىۋىرىڭ، بۇنىڭغا مەن خاپا بولمايمەن.

**توپتولۇق** سۈپ. ناھايىتى تولۇق، ھېچقانداق كېمى يوق، يېتەرلىك: ۋاھ، ئەجەب ئازچىلىق بىكار يېتىپ توق، ۋاھ، ئەجەب ئۇلارنىڭ ئاشلىرى قويۇق. ۋاھ، ئەجەب ئۇلارنىڭ غەم قايغۇسى يوق، ۋاھ، ئەجەب ئۇلاردا ھەممە توپتولۇق؟

**توپچا** (توغرىسى: توپچە) ← **توپچە**.

**توپچاق** سۈپ. توپقا ئوخشاش سەمرىگەن، تۇخۇمدەك: بېلىگە ساغداق باغلىتىپ توپچاق ئاتقا مىندۈرۈپتۇ، مەكتۈپنى ئۇنىڭ قولىغا بېرىپ، سەھەر ۋاقتىدا شەھەردىن چىقىرىپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ: ـ جېنىم بالام! تەييار بولغىن، ھەرگىز غەپلەتتە قالما.

**توپچە** ئى ← **تۈگمە**: بالا ئانىسىنىڭ ئەمچەك توپچىسىنى قاتتىق چىشلەپ تارتىپتۇ. ئانا ئاغرىقىغا چىدىماي «ۋايجان!» دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

**توپچى** I ئى. داۋاملىق توپ ئويناشقا بېرىلگەن ياكى مەلۇم توپ كوماندىسىغا قاتناشقان كىشى.

**توپچى** II ئى <ھەرب> توپ ئاتقۇچى، توپ بىلەن قۇراللانغان قىسمدا ئىشلىگۈچى: **رۇس توپچىلىرى قورغاننى، نېمىسلار ئىگىلىۋالغان دەريا بويىدىكى ئىستېھكاملارنى كۈن بويى ئوققا تۇتۇپ تۇردى.**

**توپچى پاراخوت** <ھەرب> توپ-زەمبىرەك ئورۇنلاشتۇرۇلغان يېنىك تىپتىكى ھەربىي پاراخوت. ئۇ ئاساسەن دېڭىز بويى رايونلىرى ۋە دېڭىزغا يېقىن قاتناش لىنىيىلىرىنى قوغداش، دۈشمەننىڭ دېڭىز ياقىلىرىدىكى نىشاننى توپقا تۇتۇش، قىسملارنىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىشىنى مۇھاپىزەت قىلىش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**توپچى قىسىم** <ھەرب> ھەربىيدە توپ ۋە زەمبىرەكنى ئاساسىي قورال قىلغان قىسىم.

**توپلاتقۇزماق** «توپلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى: **ماتېماتىكىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، ئوقۇغۇچى ماتېماتىكىنى ئۆگىنىشكە قىزىقمىسا، ئوقۇغۇچىغا ۋەزىپە ئورۇنداش جەريانىدا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى توپلاتقۇزۇش كېرەك.**

**توپلاتماق** «توپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: **يېزىلىق ھۆكۈمەت ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئائىلىلەرگە ئوغۇت توپلاتتى.**

**توپلاشتۇرماق** «توپلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**توپلاشتۇرۇلغان** «توپلاشتۇرۇلماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى.

**توپلاشتۇرۇلغان ئېلېكتر يولى** < فىز > بىر پارچە كرېمنىي پلاستىنكا ئۈستىگە بىرلا ۋاقىتتا ئورۇنلانغان كرىستال لامپا، ئېلېكتر قارشىلىق ياسىلىپ، مەلۇم ئېلېكتر يولى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان ۋە مەلۇم ئىقتىدارغا ئىگە قىلىنغان ئېلېكتر يولى. ئۇ ھەجىمى كىچىك، سىلىكىنىشكە نەملىككە چىداملىق، تۇراقلىقلىقى يۇقىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى، تېل- چەش ئەسۋابلىرى ۋە باشقا جەھەتلەر- دە كەڭ قوللىنىلىدۇ.

**توپلاشتۇرۇلماق** «توپلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**توپلاشماق** «توپلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: **بىز تەتىلنى توشقۇزۇپ مەكتىپىمىزگە ماڭىدىغان كۈنى، بىز بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن، مەھەللىدىكى ئەل-جامائەت بولۇپ خېلى نۇرغۇن كىشىلەر توپلاشتى.**

**توپلام** ① سۈپ. بىر تۈردىكى نەرسىلەردىن مەلۇم تەرتىپتە جەملەنگەن، يىغىلغان: **توپلام ئۇقۇم.** ② ئى. مەلۇم تەرتىپتە توپلانغان ۋە نەشر قىلىنغان ئەسەر، قارار، مەجمۇئە: **«كۆكلەم» ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، 1957-يىلى ئۈرۈمچىدە ياشلار نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.**

**توپلام ئۇقۇم** <لوگ> «ئۇيغۇر مىللـ- تى»، «پرولېتارىيات سىنىپى» دېگەنگە ئوخشاش بىرخىلدىكى نۇرغۇن شەيئىنىڭ بىرپۈتۈن گەۋدىسىنى بىر ئوبيېكت قىلىپ ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئۇقۇم.

**توپلانماق** ① «توپلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: **قاراقىرچىندىكى قىسقا جەڭ غەلىبىسىدىن كېيىن، كوماندىرىمىزنىڭ بۇيرۇقى بويىچە چاققانلىق بىلەن ئاۋۋالقى جايىمىزغا توپلاندۇق.** * **1939-يىلى ئاۋغۇستنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى، ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا بېرىشقا تىزىملاتقانلار ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ**

ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا توپلاندى. ② «توپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھازىر ناھىيە بويىچە 420 مىڭ كۇب مېتىر ئوغۇت توپلاندى، بۇ ئۆتكەن يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 50 نەچچە مىڭ كۇب مېتىر ئارتۇق. * ئۆتتى ياشلىق چاغلىرىم، باشىم كۈمۈشتەك بولدى ئاق. كەتتى تەندىن قۇۋۋىتىم، توپلاندى قىممەتلىك ساۋاق.

**توپلەي** ئى [ر] ئەر-ئاياللارنىڭ يازلىق ئاياغ كىيىملىرىنىڭ ئومۇمىي نامى: ئېگىز پاشنىلىق توپلەي. ئارا پاشنىلىق توپلەي. * ئۇ ئۆتۈكىنى توپلەي بىلەن ئالماشتۇرۇپ، ئۇزۇن شىم كىيىۋالغانلىقتىن، باشقىلار سەزمەي قالغاندى، يەنە كېلىپ سەپداشلىرىنى، كادىرلارنى كۆرگەندە، بىر بولسا ماڭماي تۇرۇۋالاتتى، بىر بولسا ئىلاج قىلىپ ئاقسىمايتتى. * مېھمانچۇ؟ خۇش پىچىم كەلگەن گۈزەل قىز، ئاق ئۆڭلۈك، قەلەمقاش، قىسقا بۇدۇر چاچ. ئۈستىدە تار كۆڭلەك، پۇتىدا توپلەي، چولڭ ئويناق كۆزىدە تاقەتسىز قاراش.

**توپلۇق** ① سۈپ. توپ ھالەتتىكى، توپلاشقان: ئادەم شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا بارلىق جانلىقلاردىن پەرقلىنىدۇكى، پەقەت ئادەملا توپلۇق خاراكتېردىكى ئىجتىمائىيلىققا ئىگە. ② يىڭىسار ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ ۋە ئاقسۇ شەھىرىگە قاراشلىق يەنە بىر يېزىنىڭ نامى.

**توپلىماق** پ ① تارقاق نەرسىلەرنى بىر يەرگە يىغماق، جەملىمەك: ۋاي-ۋۇي، مۇنچىۋالا داننى نەدىن تاپتىڭلار؟ — كىشىلەرنىڭ بىپەرۋالىقىدىن ئېتىز ۋە يوللارغا چېچىلىپ كەتكەن دانلارنى بىر-بىرلەپ توپلاشتىن تاپتۇق. ② بىر-بىرلەپ يىغىپ كۆپەيتمەك: گوركىنىڭ «ئانا» رومانىنى لۇتپۇللا مۇتەللىپكە تەقدىم قىلدىم، ھېساب ۋە تەبىئەتكە دائىر كىتابلارنى بولسا يول راسخوتى ئۈچۈن سېتىپ، پۇل توپلىدىم. * لېكىن، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ چۈشۈپ قالىدىغان تىللا-ئۈنچىلىرى كۆپىيىشكە باشلاپتۇ، موماي ئۇنى بوۋايدىن يوشۇرۇنچە ئوتتۇرلۇق توپلاپ، بىر ساندۇققا قاچىلاۋېرىپتۇ. ساندۇقمۇ توشۇپتۇ. ③ كۆچمە. بارىنى بىر يەرگە يىغماق، مەركەزلەشتۈرمەك (كۈچ، دەرمان، زېھىن قاتارلىقلار ھەققىدە): نۆۋەتتە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىللە، تېخىمۇ كۆپ زېھنىي كۈچنى توپلاپ، بۇ كۆرەشكە ياخشى رەھبەرلىك قىلىشى لازىم.

**توپلىنىشماق** «توپلانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تونۇش-بىلىش، ئۇرۇق-تۇغقانلار-مۇ «شاخچالڭ، شاخچالڭ» دېيىشىپ، مۆككان ئالدىغا توپلىنىشتى. قاسىم ئاكام چولڭ لېگەندە سامسا ئەكىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى. * ئۇلار يېزا ئادىتى بويىچە كۆڭۈل ئىزلەپ كېلىشكىنى يوق. «قانداق قىلىش كېرەك؟» دېگەن مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن توپلىنىشقان.

**توپمۇتوغرا** → توپتوغرا: شۇنداق قىلىپ، مەن ئۇلارغا توپمۇتوغرا ئېيتتىم: — ئۇنىڭ قەيەردە يۈرۈشىنى مەن قاياقتىن بىلەي.

**توپوگراف** ئى [ر] <ئۆلچ> توپوگرافىيە مۇتەخەسسىسى.

**توپوگرافىيە** ئى [ر <گرېك] <ئۆلچ> گېئودېزىيىنىڭ بىر تارمىقى. يەر يۈزىنى ئۆلچەش، پىلان، خەرىتىگە چۈشۈرۈش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**توپوگېئولوگىيە** ئى [ر <گرېك] <گېئول> گېئولوگىيىنىڭ يەر شەكلىنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىدىغان قىسمى.

**توپولوگىيە** ئى [ر <گرېك] <مات> ماتېماتىكىنىڭ بىر تارمىقى. گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەرنىڭ ئۆز شەكلىنى ئۆزلۈكسىز ئۆزگەرتكەندە يەنە ساقلاپ قالالايدىغان بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ جىسىملارنىڭ ئارىلىقى ۋە چوڭ-كىچىكلىكىنى مۇھاكىمە قىلماستىن، پەقەت ئۇلارنىڭ ئورۇن مۇناسىۋىتىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ.

**توپۇر** (تو: پۇر) ئى. دىئال. سەپ، رەت، قاتار.

**توپۇر** تەق. ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ تەرتىپسىز قەدەم بېسىشىدىن ئاڭلانغان ئاۋاز: يېرىم كېچە بولغاندا، دېرىزە تۈۋىدە كۆرۈنگەن كۆلەڭگە بىلەن «توپۇر» قىلغان بىر ئاۋاز پەيدا بولۇپ، يەنە جىمىدى.

**توپۇر-توپۇر** تەرتىپسىز بېسىلغان نۇرغۇن ئاياغ تاۋۇشى: دەرۋازا قېشىدىن ئادەملەرنىڭ توپۇر-توپۇر ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى.

**توپۇرلاشماق** «توپۇرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەھەللىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى چوڭ يولدىن توپۇرلىشىپ بىر توپ ئات، كالىلار، ئۇششاق چارۋىلار ئۆتۈشتى. * ئۇ: — ۋاقتى كەلگەندە ئاتالساڭلار بولىدۇ. يۈرۈڭلار! چاپسان! — دەپ مائۇزېرىنى قولىغا ئېلىپ، ئالدىدا يۈگۈردى، كۆپچىلىك ئۇنىڭ ئارقىسىدىن توپۇرلىشىپ ماڭدى.

**توپۇرلىماق** پ. «توپۇر» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: كوچىدىن ئاتلار توپۇرلاپ ئۆتۈپ كەتتى.

**توپۇق** ئى ① ھايۋاننىڭ تىزىدىكى ئۈچ بۇرجەك شەكىللىك سۆڭەك. ئۇچى يەسكە قاراپ تۇرىدۇ: قىز ئۇ كۈنىمۇ يەنە شۇنداق ئېسىل تاماق تەييارلاپتۇ، ئەمما شورپىنىڭ ئىچىگە قوينىڭ توپۇقىنى سېلىپ قويۇپتۇ. ② ئۆزئارا تەقدىم قىلىپ ئويناش ئۈچۈن، ئالاھىدە تەييارلانغان توپۇق سۆڭىكى: توپۇق ئوينىماق. ③ سۆڭەك، لىمفا تومۇلمىسى، قان ئىشلەپچىقىرىش توقۇلمىسى قاتارلىقلاردا بولىدىغان يامان سۈپەتلىك ئۆسمە: توپۇق چىقماق. * — بۇ قىز بىزگە تونۇش، — دېدى ئۇ مەسخىرىلىك كۈلۈپ، — بىزنىڭ زاۋۇتتا چىرىپ كەتكەن بىر مەخلۇق بار. ئۇ گويا سىلىق تېرە ئۈستىگە چىققان توپۇقتەك، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ شان-شەۋكىتىگە نۇقسان يەتكۈزۈپ، ئارىمىزدا سېسىق بۇس چىقىرىپ تۇرىدۇ. بۇ قىز شۇ زاتنىڭ سايىسىمىش.

**توپۇق ئويۇنى** مېھماندارچىلىق ۋە زىياپەتلەردە يېيىلگەن گۆشتىن چىققان توپۇقنى بىراۋ يەنە بىراۋغا تەقدىم قىلىش بىلەن باشلىنىدىغان ئويۇن. تەقدىم قىلغۇچى تەقدىم قىلىنغۇچىدىن خالىغان چاغدا توپۇقنى سورايدۇ، ئەگەر توپۇقنى يېنىدىن چىقىرالىسا، ئۇتقان بولىدۇ؛ يېنىدىن چىقىرالمىسا، ئۇتتۇرغان بولىدۇ.

**توپىگۈل** ئى [توپا+گۈل] <بوت> ← قوغۇنگۈل.

**توپىلاتماق** «توپىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھېكىم بوۋاي ئېتىزنىڭ قىرىدا ھاسىسىنى تايىنىپ تۇرۇپ، نەۋرىلىرىگە بۇ بىر مۇ يەرنى توپىلاتتى-دە، ئاندىن ھەممىسىنى ئارقىسىغا سېلىپ، باغقا ئېلىپ كىردى.

**توپىلاشماق** «توپىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ دېھقاننىڭ ئاساسىي ئەمگەك كۈچلىرى ئەتىياز كىرىشى بىلەنلا ئوغۇت توپىلاشتىن ئېتىزغا يۆزلىنىپ، ئوغۇت يۆتكەپ، بەس-بەستە كۆزگىلىرىنى توپىلاشتى.

**توپىلاڭ** I ئى ① قالايمىقان ۋاراڭ-چۇرۇڭ، ئۇرۇش-ماجىرا: توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىماق. * مېھمانخانىنىڭ ئىچى پاتىپاراق بولۇپ كەتكەندى، ھەممە يەر سۇنغان بوتۇلكىلار، چىنە-تەخسىلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. توپىلاڭدا ھەر تەرەپكە ئاغدۇرۇلغان جوزا-بەندىڭلار يەردە يېتىشاتتى، دامكا، قارتا قاتارلىق نەرسىلەرمۇ چېچىلىپ ياتاتتى. ② ئىسيان، غەليان: بالاساغۇن ئىلىك خانلىقى تەۋەسىدە كۆتكەن يەردىن ۋەقە چىقتى — تالاس يايلىقى ئايماق باشلىقى ئاغابى توپىلاڭ كۆتۈردى. * — بىراق سىزنى، مۇنىرىدىن ئاكىنى، ئابدۇللا روزىنى بۇ توپىلاڭغا ئارقا تېرەك بولغۇچىلار دەپ قاراپ، «ئىشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە ئۇر توقۇمنى» قىلىۋالمىسۇن، سىلەرگە تۆھمەت چاپلاشقا ئارانلا تۇرىدۇ، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن بىز چىقالايمىز، سىلەر يان ئىشكتىن ئاستا كېتىپ

تۈرۈشلار، — دېدى.

**توپىلاڭ چىقماق** ① قالايمىقان ۋاراڭ-چۇرۇڭ، ئۇرۇش-ماجىرا كېلىپ چىقماق: ھەپتىدە بىر ئىككى قېتىم جېدەل بىر بولاتتى، مۇنداق كۈنلەردە نان تالىشىپ، ئاشخانا ئىچىدە توپىلاڭ چىقاتتى ۋە قاچا-قومۇچ، ئۈستەللەر سۇندۇرۇلاتتى. ② ئىسيان پەيدا بولماق، ئىسيان كۆتۈرۈلمەك: ئامبال: — پۇقرا بىلمەي قالامدۇ؟ توپىلاڭ چىقسا، قانداق قىلمەن؟ — دېدى.

**توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىماق** كىشىلەرنىڭ دىققىتى مەلۇم جىددىيلىك ۋە قالايمىقان ھالەت بىلەن بەند بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرماق: ۋاڭلارنىڭ بۇنداق يارلىقلىرى چۈشكەن كۈنلەر دورغا-مىرابلار ئۈچۈن تېپىلماس پۇرسەت ئىدى. ئۇلار خەلققە زۇلۇم سېلىپ، ئالتوپىلاڭ چىقىرىپ، توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلايتتى. * گۈلقىز ھەققىدە ھەرخىل ھەرنېمىلەرنى دېسىمۇ، سۆزىنىڭ خۇلاسىسى يەنە شۇ تۆمەن دەرياسىدا يۈز بەرگەن بالايىئاپەتلىك تاشقىن ئۈستىگە كېلىپ توختايتتى. تاشقىن توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلايدىغانلارغا ئامەت، ئەمگەكچى ئەلگە بولسا، دەھشەتلىك ئاپەت كەلتۈرگەنىدى.

**توپىلاڭ كۆتۈرمەك** → **ئىسيان كۆتۈرمەك**: بىرنەچچە بۇزۇقلار گوڭشېلىشىش ھەرىكىتىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرگەنىدە، ئۇ يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەن بىر پېشقەدەم كادىرنىڭ قەبرىسى ئالدىدا، ئۆپكىسىنى باسالماي ھۆڭرەپ ئېتىپ يىغلىغانىدى.

**توپىلاڭ** II ئى. يۇمشاق، بوزاڭ توپا بىلەن قاپلانغان ھالەت ۋە ئاشۇنداق جاي: ئېتىزغا بىر قۇچاق چالما ئېلىۋالغان روزىمەت ئۆزىگە كۆتۈرە بېرىلگەن يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا پىرقىراپ يۈرۈپ، كىگىز ئورنىدەك يەرنى ئاق توپىلاڭغا ئايلاندۇرىۋەتكەنە-دى. * موللاخۇن دېگىنىنى قىلىپ، ئەتىسى چۈشتىن كېيىن نېرى-بېرى قىغ چېچىلغان ئاق توپىلاڭغا ئۇرۇقنى ئوچۇملاپ-ئوچۇملاپ چېچىۋەتتى-دە، ئۈستىدىن سۆرەم سېلىپلا ئىشنى پۈتكۈزدى.

**توپىلاڭچى** ئى. توپىلاڭ پەيدا قىلىش، توپىلاڭ كۆتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ۋە ئۇنىڭغا قاتناشقۇچى: تاغلىق توپىلاڭچىلارنى يوقىتىش سىزنىڭ لەشكىرىي تەييارلىقىڭىزنىڭ بىر مۇھىم قىسمى بولۇشى كېرەك. ئۈچ ئاي ئىچىدە ئەل ئوغلىنى تۆتۈلۈڭ، بولامدۇ؟ * ھېلىقى باقى قويچىنىڭ كاللىسى ئېلىنغاندىن كېيىن، توپىلاڭچىلارنىڭ شەھەرگە كەلگەن ھېلىقى باشلىقى بىزنىڭ ئۈچ بېگىمىزنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئۇلار قولغا چۈشتى.

**توپىلانماق** ① «توپىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: باش ئەتىياز زىرائەتلىرى تېرىلىدىغان 16 مىڭ مو يەر تۈزلىنىپ ۋە توپىلىنىپ بولدى. * نېپىز ياققان قارنى سۈمۈرۈپ بولۇپ، يېپىنچىسىز قالغان كۈزگى بۇغدايلار تېخىچە توپىلانمىغان، قىسقىسى، ھەر يىلى بۇ كەملەردە قايىنام-تاشقىنلىققا چۆمىدىغان ئېتىزلاردا ھاياتلىقتىن ئەسەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. ② توپىلاڭدا ئېغىناپ ياتماق، يۇمىلانماق: نېرىدىكى تامنىڭ تۆپىسىدە بىر جۈپ كەپتەر بۇقۇلدىشات-تى، تام تۈۋىدىكى قۇرۇق توپىدا توخۇلار ئېغىناپ توپىلانماقتا ئىدى.

**توپىلىق** ① سۈپ. توپىسى قېلىن، كۆپ؛ توپا باسقان، توپا تۈزۈپ تۇرىدىغان: يولۇچىلار ئاپتوبۇسى سولغا بۇرۇلدى-دە، تار ۋە توپىلىق يولدا ئاستا ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. * شۇ زامان كۆز ئالدىمدا يېزىنىڭ چاڭ-توپىلىق يولىدا ئاستا قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقان ھاشىخان ئاچىنىڭ مۈكچەيگەن گەۋدىسى قايتا گەۋدىلەنگەندەك بولدى. * يۈرگەندۇر ئۇ شۇنچە نېمىنى ئويلاپ، خىيالدا توپىلىق دۇنيانى بويلاپ. بىمېھىر پەلەك ۋە بىغەم زامانىنى، سۆكتىمۇ يا ئەقىل دەرياسى بويلاپ. ② سۈپ. تۇپراقنىڭ مەلۇم تۈرىگە ئىگە بولغان: قۇم توپىلىق ئېتىز. سېغىز توپىلىق يول. * باھار ئاپتىپىدا قۇرۇپ كەتكەن بوز توپىلىق بىكەتتە قويۇق چاڭ ئۆرلىدى. مەن دېرىزىدىن قارىدىم. ئاپتوبۇس ئاستا مېڭىپ

دەرۋازىدىن چىقتى. ③ ئى. يۇمشاق، بوزاك، قېلىن توپىسى بار جاي: كۈن تىكلەنگەندە، بۇ توپىلىقتىن ئاياغ كىيمەي ماڭغىلى بولمايتتى.

**توپىلىماق** پ. ئۈنۈمسىز تۇپراق ئۈستىگە ئۈنۈملۈك، كۈچلۈك تۇپراقنى تۆكمەك، توپا يېپىتماق، چاچماق: ـ قاراقشتا بۇغداي توپىلاپ، بېشىم ئېلىشىپ قالدى دەملا؟ ـ ئىمللا ئاكا تەرىنى تۇرۇپ كەنجىگە يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى، ـ ھەممىسى مۇشۇ پېتىر قۇلاقنىڭ ئىشى! * ھوشۇر ئاكام ئۆتكەن يىلى شورلاپ كەتكەن ئىككى ئېتىزنى قىشچە بوز توپا بىلەن توپىلاپ، تېرىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى.

**توتېم** ئى [رخىنگ] ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە، بىر ئۇرۇق كىشىلىرى ئۆزلىرى بىلەن قاندا شلىق ياكى باشقا ئالاھىدە مۇناسىۋەتكە ئىگە دەپ قارىغان ۋە قوغدىغۇچىسى سۈپىتىدە چوقۇنغان جانلىقلار ھەم تەبىئىي نەرسىلەر.

**توتېمىزم** ئى [ر] ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئەڭ دەسلەپكى بىر خىل دىنىي ئېتىقاد. ئۇ تەخمىنەن ئۇرۇق جامائەسى بىلەن بىللە پەيدا بولغان. قەدىمكى ھەربىر ئۇرۇق كىشىلىرى ئۆزلىرىنى مەلۇم ھايۋان، ئۆسۈملۈك ياكى جانسىز ماددىلار بىلەن قاندا شلىق ياكى باشقا ئالاھىدە مۇناسىۋەتكە ئىگە دەپ قارىغان ۋە ئۇلارغا شۇ ئۇرۇقنىڭ قوغدىغۇچىسى ۋە سىمۋولى سۈپىتىدە چوقۇنغان. بۇ خىل ئېتىقاد ئەينى ۋاقىتتا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ساقلانغان بولۇپ، ھازىرمۇ بەزى قەبىلە ۋە مىللەتلەر ئارىسىدا ئۇچرايدۇ.

**توچكا** ئى [ر] ① بىرەر جاي ياكى بوشلۇقتىكى مەلۇم بىر دائىرىنى كۆرسىتىدىغان بەلگە، نۇقتا: بۇ چىگىل ناھىيىسىنىڭ مەركىزى ئىدى. ئۇنىڭ شىمالىدىكى تاغ تىزمىلىرىنى غەربكە بويلاپ بىر يەرلەرگە بارغاندا يەنە شۇنداق قىزىل توچكا كۆرۈنەتتى. بۇ مەشھۇر مىتال كانى ـ كۆكتوقاي ناھىيىسى ئىدى. * گاھى چاغلاردا دۈشمەننىڭ ئەڭ دەھشەتلىك ئوت توچكىلىرىغا ئۆملەشىپ باراتتى. مانا بۈگۈنكى جەڭ كۈندىمۇ ھەرەمباغ ۋە لەڭشالڭ ئەتراپىدا سان ـ ساناقسىز خەلق چۇقان سېلىپ يۈرەتتى. ② نۇقتا، چېكىت: ئۇ ناھىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئايال مىنبەگلارنىڭ 200 مېتر ئارىلىقتىكى قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسىدا يەتتە توچكىغا تولۇق تەگكۈزۈپ، ئەلا نەتىجە بىلەن تەقدىرلەنگەن، ئۇنى ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈم بىلىدۇ.

**توختاپ** «توختىماق» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى.

**توختاپ تۇر!** ① ماڭماي ساقلا، كۈت: ـ بالام، توختاپ تۇر، مەن ھازىر چىقىمەن، ـ دېدى قاسىم ئاخۇن ئۆيىگە كىرىپ كېتىۋېتىپ. ② «جازاڭنى، ئەدىبىڭنى يەيسەن» دېگەن مەنىدىكى تەھدىت سۆزى: ـ ماڭا ھەشقاللا دېمەستىن يىغلاۋېرەمسەن، مەن ئەتە يەنە سېنىڭ بىلەن ھېسابلىشىمەن تېخى، توختاپ تۇر، ـ دېدى ئىسھاق ئۇنى تىللاپ.

**توختاتماق** ① «توختىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇلاق بېشىدىن بىر چېلەك سۇ ئېلىپ، يان كوچىنىڭ ئېغىزىغا كەلگەندە، ئالدىدىن كۆك ئاتقا مىنگەن قادىر بۇقا چىقىپ قالدى ـ دە، ئېتىنى توختاتتى. * ـ ئۇنداقتا ساڭا ئاداۋەت ساقلاپتىكەن ـ دە، ـ دېدى يۈسۈپ دۈيجاڭ ئۆزىنى كۈلكىدىن ئارانلا توختىتىپ، ـ خېلى قاتتىق تەپتىمۇ؟ ② بېكىتمەك، بەلگىلىمەك: ـ ھەممىسى كېلىشىپتۇ، ـ دېدى باتۇر تاغا، ـ دەم ئېلىشقا ۋاقىت بېرىش كېرەك بولدى. مەن ئۇلارغىمۇ ئېيتتىم. ئۇچرىشىش ۋاقتىنى ئۈچ كۈندىن كېيىنگە توختاتساق. * ئۆينىڭ ياغاچ ـ تاشلىرىنى چىرىگەن، سېسىغانغا: ئىشىك ـ لىملىرىنى ئوتۇن قىلىپ قالاشتىن باشقا نەرسىگە يارىمايدىغانغا چىقىرىپ، ئۇنىڭ نەرخىنى توختاتتى. ③ ۋەزىپە ئۆتەشتىن

چەكلىمەك، قالدۇرماق: مانا مۇشۇ ئىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ يېزا ئىگىلىك بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋە تۇرسۇن شاڭجاڭلار قاتتىق غەزەپلەندى، مەنسۇرنى شۇجىلىقتىن ۋاقىتلىق توختاتتى. * لېكىن شاڭجاڭ ئۇشالىقچە باش بېرىدىغاندەك ئەمەس. ئۇ ياچېيكىنىڭ جىددىي يىغىنىنى ئاچتى-دە، ئەكبەرنى خىزمەتتىن توختىتىشنى، مەنسۇرنى پارتىيىدىن چىقىرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ④ تۇرغۇزماق، ئىشلەتمەك: ئۆيدە بالا باققۇچى توختىتايلى دېسەك، سېنىڭ مائاشىڭنىڭ يېرىمى كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە «بۆشۈك تويى» دېگەنگە ئوخشاش بىرمۇنچە رەسمىيەتلەر بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە پۇل كېتىدۇ. ⑤ كۆچمە. باسماق، تۇتماق: گەپ-سۆزلىرىدىن ئۆزىنى خېلى توختاتقان ئادەملىكى بىلىنىپ تۇراتتى. * ئىچىمىزدە: «مەھەللىدىكى قولۇم-قوشنىلار بىزنىمۇ ئەسلەيدىكەن، بىزمۇ يالغۇز ئەمەسكەنمىز» دەپ ئۇلاردىن خۇش بولۇپ، ئۆزىمىزنى توختىتىپ ئالالمىدۇق. * — ھودۇقما، ئۇكا! — دېدى ئۇ مەنىلىك قىلىپ، — ئۆزۈڭنى توختىتىپ، ئالدىرىماي كۆرۈپ چىق.

**توختاشماق** «توختىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئوقۇغۇچىلار نېرىغىراق مېڭىپ يەنە توختاشتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ نىجاتتىن سورايدىغان يەنە سوئاللىرى باردەك ئىدى. * ھارۋىلار تەڭلا توختاشتى. تونۇش ھارۋىكەشلەر ھارۋىدىن چۈشۈشۈپ، يول بويىدا ئولتۇرۇپ، پاراڭغا كىرىشىپ كېتىشتى.

**توختالغۇ** ئى ① جىددىي پەيتتىمۇ ئۆزىنى توختىتىۋالالايدىغان، ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان ئادەت: توختالغۇسى بار. توختالغۇسى يوق. ② توختاپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك جاي، ئورۇن: ساي ئوتتۇرىسىدىكى بۇ كىچىككىنە كەپە يولۇچىلار ئۈچۈن ئۆتەڭ بولالمىسىمۇ، بىر توختالغۇ بولۇپ قالغانىدى.

**توختالغۇسى بار** دېگىنىدە تۇرالايدىغان، ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان، مەۋقەسى ئۆزگەرمەيدىغان: بۇ بالا كىچىك بولغان بىلەن گېپىنى يورغىلاتمايدىغان، گەپ-سۆزىنىڭ توختالغۇسى بار، مەسلىھەتچان ئادەم بولۇپتۇ.

**توختالغۇسى يوق** گېپىدىن تولا يېنىۋالىدىغان، پىكرى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، تۇراقسىز: ھاشىم ئاكام ئالتە بالىنىڭ دادىسى بولغان بىلەن گېپىنىڭ تۇتامى ۋە توختالغۇسى يوق. ئۆيدە جېدەل بولمايدىغان كۈن يوق.

**توختالغۇسىز** رەۋ. ئۆزلۈكسىز، توختىماستىن: ئۇلار: — قىزلار «قورال تۇتالمايدۇ» دەپ قايسى تارىختا كۆرسىتىپتۇ. بىزگە قورال بېرىلسۇن! ھېچقانداق توختالغۇسىز ئالدىنقى لىنىيىگە بارىمىز،— دەپ مۇراجەئەت قىلدى.

**توختالماق** ① «توختىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: يۇقىرىدا بىز زۇنۇن قادىر ھېكايىلىرىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۇق. ② «توختىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: 8-دۈيچۇ؟ ئۇلار قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئەزالارنىڭ قىيىنچىلىقىنى يەڭگەكچى. يا پۇل، يا ئاشلىقى يوق تۇرسا، قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش يەنە توختالسا، قانداقمۇ بىر نېمە قىلىدۇ.

**توختام** ① سۈپ. توختاپ قالغان، ئاقمايدىغان: توختام سۇ. ② ئى. ئىككى ياكى بىرقانچە تەرەپ مەلۇم بىر ئىشنى بىرلىكتە ئېلىپ بارغاندا، ھەرقايسىسىنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى بەلگىلەش ئۈچۈن بېكىتىپ چىقىلغان ھەمدە ئورتاق رىئايە قىلىنىدىغان مەزمۇن ۋە ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كېلىشىم ۋە بۇ ھەقتىكى ھۆججەت: توختامدا تەدبىر كونكرېت، مەسئۇلىيەت ئېنىق بەلگىلەندى. * 1981-يىلدىكى تەقسىمات خىزمىتى ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرىدۇ، ئۆتكەن يىلقى توختامنىڭ ئەمەلدە كۆرسىتىلىشىگە چوقۇم كاپالەتلىك قىلىپ، توختامنىڭ ئىناۋىتىنى قوغداش لازىم.

**توختام باھا** بەلگىلەپ بېكىتىلگەن باھا: — خۇدايىم، دېگىنىڭ كەلسۇن، توختا، نەگە ئالدى-رايسەن، تۈمۈر بۇقاڭنىڭ ھەققىنى قانداق ھېسابلايمىز؟ پۇلنى مەشەدىلا تۆلۈۋېتەي. — توختام باھادا بىر مۇ يەرگە بىر كوي. بىراق پۇلغا ئالدىرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

**توختام بولماق** بىرەر ئىش ياكى مەسىلە توغرۇلۇق ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تەرەپ ئوتتۇرىسىدا توختام شەكىللەنمەك: تويي قوناق ئورمىسىدىن كېيىن بولىدىغان بولدى. نەۋرىسىنىڭ تويي توختام بولغاندىن كېيىن، شەرىخان كۆپىنچە تويىنى قانداق ئۆتكۈزۈش، نەۋرىسىگە نېمىلەرنى تەييارلاش ھەققىدە ئويلىنىپ يۈردى، بۈگۈن كەچتىمۇ شۇ خىيال بىلەن موماينىڭ ئۇيقىسى كەلمىدى.

**توختام تۈزمەك** ئىككى ياكى بىرقانچە تەرەپ ئۆزلىرى ئورتاق رىئايە قىلىدىغان توختامنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ ماددىلىرىنى بەلگىلەپ چىقماق: — ھەرقانداق بىر بىخ ئۆسۈپ يېتىلىشتە، جۇدۇن-چاپقۇنلارغا دۇچ كېلىدۇ. ھېچقىسى يوق، ماۇتتاخۇن ئۇچۇن مەن ناماقۇل، — مۇدىر يېنىدىكى ئىككى كىشىنى كۆرسەتتى، — بۇلار تېخنىكا پونكىتىدىن، سىلەر بىلەن تېخنىكىلىق ياردەم بېرىش توختىمى تۈزمەكچى. * ئۇنى يولداش جۇمە بىر نەچچە تېخنىك بىلەن ئۇزاق مۇددەت تەكشۈرۈپ پىلانلىغان، بىرنەچچە گۆڭشې ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ، ئامبارنى بىرلىكتە ياساش توختىمنى تۈزۈشكەن، ۋىلايەت، ناھىيە ئارىلاشقان، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئىتى قارار قىلغان.

**توختام خەت** توختام قىلىنغان مەزمۇن ۋە ماددىلار يېزىلغان خەت: قازىلار ئالدىدا قول قويۇشتۇرۇپ تۇرغان دەۋاگەرلەرمۇ نۆۋەت كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. قازىلار ھەربىر دەۋانى سوراپ ھەل قىلغاندىن كېيىن، توختام خەت يازدۇرۇشقا بۇيرۇيتتى.

**توختام سۇ** يامغۇر ياغقاندىن كېيىن ئويمان، كۆلچەكلەرگە يىغىلىپ قالغان ياكى سۇ ئاققان ئېرىق-ئۆستەڭلەرنىڭ ئوي، چوڭقۇر يەرلىرىدە توختاپ قالغان سۇ: بۇ بىر ئەگىم — دەريا قولتۇقى، ئاقار ئېقىم بۇنىڭدىن ئايلىنىپ. يېقىندىراق توختام سۇ بىلەن تولغان كۆلچەك تۇرار ئايرىلىپ.

**توختام سۇدەك** جانسىز، ئۈن-تىنسىز، جىمجىت، شاۋقۇن-سۈرەنى يوق: ئالىي مەكتەپكە تاللانغان چېغىمدا، ئۇرۇقۇمنى بىر «كاتتا زات» نىڭ بالىسى تارتىۋالدى. ھەي... شۇنىڭ بىلەن ئاجايىپ ئالتۇن ياشلىقىم توختام سۇدەك تىنىپ، ئىستىقبال قۇياشىم يەرگە پېتىپ كەتتى. ئوقۇش تارىخىمدىكى بەلگە-بېشارەتلەردىن قارىغاندا، مەنمۇ سىزگە ئوخشاش بىر ئىلىم ئەھلى بولسام بولاتتى.

**توختام قىلماق** بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلىدى-غان مەلۇم بىر ئىشتا توختام ھاسىل قىلماق، پۈتۈشمەك، ئەھدە قىلماق: تىجارەتچىلەر بىلەن قىلىنغان توختام ئەمەلدىن قالدى. ھېساب-چوتنى بىر-ئىككى كۈن ئىچىدە ئۈزۈش كېرەك. ئۇقتۇڭلارمۇ؟ * شۇنداقلا تۈزۈممۇ بار بولدى، دېھقان ھوسۇلنى ھۆددىگە ئېلىشتى قورقماي. ئىككى ياش باش بولغان تۈنجى گۇرۇپپا، دۈي بىلەن توختاملار قىلىشتى قورقماي.

**توختاملاشماق** پ ① كېيىنى بىر يەرگە توختاتماق، پۈتۈشمەك: كۆڭلۈمدە: «ئاتام كۆمۈپ قويغان دۇنيا بولۇپ قېلىپ، تېپىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلاپ، موللىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. ئاندىن موللام بىلەن توختاملىشىپ، تېپىلغان مال-دۇنيانىڭ بەشتىن بىرىنى بېرىشكە رازى بولدۇم-دە، موللىنى ئۆيگە باشلاپ كەلدىم. ② ئۆزئارا توختام تۈزۈشمەك: ھازىر دۈي شۇنداق ياخشىلىنىپ كەتتى. يەنە بىر ئىشنى دەيەن دەپ ئۇنتۇپتىمەن، دۈينىڭ ئوتۇن جاپاسىمۇ ھەل بولدى. بىز شەھەر ئىدارىلىرىنى كۆكتات بىلەن شەھەر ئىدارىلىرى بىزنى كۆمۈر بىلەن تەمىنلەيدىغان

بولۇپ توختاملاشتۇق.

**توختاملىق** سۈپ. توختامغا ئاساسلانغان، توختام بويىچە مۇددىتى بەلگىلەنگەن: توختاملىق ئىشچى.

**توختاملىق ئىشچى** ئوتتۇرىدا توختام تۈزۈلگەن ۋە توختامغا ئاساسەن ئىش مۇددىتى ۋە قوشۇمچە تەمىناتلىرى بەلگىلەنگەن ئىشچى: دۆلەت پىلانىنىڭ سىرتىدا، ھەرقانداق ئورۇننىڭ كۆكشىپ، دۆلەتلەردىن ئەمگەك كۈچى يۆتكىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛ پىلان بويىچە توختاملىق ئىشچى، ۋاقىتلىق ئىشچى يۆتكىگەندە، توختام تۈزۈپ، مۇۋاپىق ھەق بېرىشنى بەلگىلەش لازىم.

**توختانامە** ئى. بىر ياكى بىرقانچە تەرەپنىڭ ئۆزئارا كېڭىشىپ بېكىتىپ چىققان كېلىشىمى ۋە شۇ ھەقتە يېزىلغان ھۆججەت: كېيىن يەرلەرنى ھۆددىگە بەرگەن چاغدا ئابدۇۋېلى بىلەن بىرلىشىپ زاۋۇت قۇرۇپ، دۆي بىلەن توختانامە تۈزدۇق.

**توختاۋسىز** رەۋ. توختىماستىن، ئۈزلۈكسىز: گۈلنىسا مۇئەللىمنىڭ چىرايى خۇشاللىقتىن گۈلدەك ئېچىلىپ، ئۇنىڭ بىر جۈپ نۇرلۇق كۆزىدىن توختاۋسىز ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. * دېگەندەكلا كارىدوردىكى توك قوڭغۇرىقى توختاۋسىز جىرىڭلاپ، ئەتراپنى بىر ئالغاندى.

**توختىتىپ** «توختاتماق» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى.

**توختىتىپ قويۇش** <قا> ① جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى رازۋېدكا قىلىش زۆرۈرىيىتى بولغان كىشىلەرگە قارىتا قوللىنىدىغان بىر خىل جىددىي تەدبىر. بۇ خىل كىشىلەر بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ۋاقىتىنچە سولاپ قويۇلىدۇ. ② ئامانلىقنى باشقۇرۇشقا خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان بىر خىل مەمۇرىي جازا.

**توختىتىشماق** «توختاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ يولدىن ئۆتىدىغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭ خۇيىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا «بويناق» ئالدىلىرىدا پەيدا بولۇش بىلەنلا قەدەملىرىنى توختىتىشىپ، ئامانئاكا ياكى سەيدىخان ئاچىلارنىڭ ئۆيىدىن چىقىشنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى.

**توختىتىلماق** «توختاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سادىق بۇ لايىھە توغرىسىدا بۇ يەردىكى ھەرقايسى كوڭشېلارنىڭ مەسئۇل كادىرلىرى، تېخنىكلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، ناھىيىدىن ئۇشتۇمتۇت: «سۇ ئامبىرىدىكى ئىش توختىتىلسۇن، ئەمگەكچىلەر ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىپ، ئىنقىلابقا قاتناشسۇن» دېگەن ئۇقتۇرۇش يېتىپ كەلدى. * كېيىمنى قىسقارتسام، بۇغراجاننىڭ مائاشى مۇشۇ ئايدىن باشلاپ توختىتىلدى.

**توختىماق** پ ① مەلۇم ئىش، ھەرىكەت، پائالىيەت ۋە باشقىلار داۋاملاشماي قويماق: ــ تىر...، ــ دېدى ئۇ ئۇستىبېشى ئاپئاق قارغا پۈركىنىپ كەتكەن غالىبنى كۆرۈپ، ئات غالىبتىن ئون قەدەمچە ئۆتۈپ بېرىپ توختىدى. * ماشىنىمىز كەچقۇرۇن سانجىغا يېقىن بارغاندا بازارغا كىرمەي، بەش-ئالتە كىلومېتىر بېرى بىر جايدىكى جاڭزىغا بېرىپ توختىدى. * قەمەرخان بىرنېمە دېمەكچى بولۇۋېدى، لېكىن ئاسىخاننىڭ لېۋىدىكى كۈلكىنى كۆرۈپ، توختاپ قالدى. * پېشقەدەملەرنىڭ گېپىدىن قارىغاندا، تاغ رايونىدىكى يامغۇر تولىمۇ تۇراقسىز، يىللاپ يامغۇر چۈشمىگەن چاغلارمۇ، ئايلاپ يامغۇر توختىمىغان ۋاقىتلارمۇ بولغان. * تا ئەزەلدىن توختىغان يوق نۇر ۋە زۇلمەت كۈرىشى، بۇ كىچىك يەر شارىمىز كۈرەشكە باي سەييارىدۇر. ② بىر يەرگە بېرىپ قالماق (ياش ھەققىدە): ئۇ سالاپەتلىك، يېشى توختىغان ئادەم ئىدى. ③ قارار تاپماق، ئورۇنلاشماق: سۇ قاتتىق يەردە توختايدۇ (ماقال). * ئىت كاللىسى تەخسىدە توختىماس (ماقال). * شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆزگە

كېرەكلىك سۇ، ئۇزۇقلۇق ئىزلەيدۇ، قەيەر ئۆسۈشكە باپ كەلسە، ئۇ شۇ يەردە توختايدۇ. * دۇنيا ئەنە شۇ سۇغا ئوخشاش نەرسە. سەن قانچىكى چىلىق بولساڭ، ئۇ سەندە توختايدۇ؛ بوشاڭ بولساڭ، ئاشۇ بوش يەرگە سىڭىپ كەتكەن سۇدەك يوق بولىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟ * شەھەردىمۇ يەنە بىر جاھىل جۇۋان بار ئىكەن. ئۇ ھەمىشە: «ۋىيىەي، ئاپتاپتا كۆيۈپ كېتىدۇ كىشى، سەھرايى قىيامەت دەپ بىكار دەمدۇ كىشى، مەيلى بولسا، ئاق بوغدايمۇ ئالدىمغا كەلسۇن، توغۇن-تاۋۇزلىرىمۇ» دەپ، ئۆمرىدە يېزىغا چىقىپ باقمىغانىكەن. قانداقتۇ ئۇنىڭ ئۆيىدىمۇ ئەر توختىمايدىكەن. * ھېلىقى چاغلاردا ساۋۇتۇمنى كايىغان، زاڭلىق قىلغان بوۋايلارنىڭ پاراڭلىرى ئۆزگىرىپ: — ئۇنىڭ قولىدا كەتمەن توختايدىكەنغۇ، — دېيىشتى. ④ بېكىمەك، بىر قارارغا كەلمەك: ئەمەلدار، بەگلەر ئىچىدىن ئۇرۇشمىز دەپ تۇرۇۋاتقانلار بار ئىدى، قەلەمدار بەگلەرنىڭ ھەممىسى ئەل بولىمىز دەيتتى، تالاش-تارتىش تۈگىمەي، گەپ بىر يەرگە توختىمىدى. ⑤ كۈتمەك، ساقلىماق: — مۇنچىۋالا قاراڭغۇدا ئۆزۈڭ يالغۇز قانداقمۇ كېتەرسەن؟ — دېيەلىدى ماھىنۇر ھال رەڭ بۆرتمە شال ئىچىدىن قولىنىڭ ئادالەتكە پىچىرلاپ، — تويى تارىنغۇچە توختىغىن. * شۇ چاغدا ناسىر ئاكا تولىمۇ خىجىللىق ئىچىدە: — خۇدا بۇيرۇسا، بۇ يىلى تېرىغان چىلگىلىرىم بىلەنلا باللارنىڭ تويىغا ئالقان تۈكۈۋېتەرمەن، دەيمەن. شۇڭا، خاپا بولماي چىلگە پىشقىچە توختاپ بېرىشسىلە، — دېدى. ⑥ ئۈزۈلۈپ قالماق: قاتناش توختىدى. * ئېقىۋاتقان سۇ بىر دەمدىلا چىپپىدە توختىدى. ⑦ كۆچمە. بىرەر ئىشنى ئورۇنداش ياكى بىرەر نەرسىگە ئېرىشىش مەلۇم قىممەتكە ۋە ئەجىرگە توغرا كەلمەك: ئۇ ياققا تارتىشىپ، بۇ ياققا تارتىشىپ، ئاخىر ئۇنىڭ سايىسىنىڭ باھاسى 400 تەڭگە ئاق كۈمۈشكە توختاپتۇ. * شۇنداق قىلىپ مەن ھەممىنى ئۇنتۇپ، دەرىسكە بېرىلىپ كەتتىم، لېكىن ئوقۇتۇش ئىشى دەسلەپ مەن پەرەز قىلغاندەك ئاسانغا توختىمىدى. ⑧ كۆچمە. ئاغزىغا، تىلىغا ئېلىپ ئۆتمەك؛ توختالماق: ئەمدى مەن يېزا ئىگىلىك مەسىلىسىدە توختاپ ئۆتىمەن.

**توختىماي** رەۋ. توختىماستىن، ئۈزلۈكسىز، داۋاملىق: ھاياجاندىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلگەنىدى. ئۈنگسىزمۇ ئانا دەردى بىلەن يۈرەك باغرى ئېزىلىپ تۇرغان ئايالىم بولسا، قول ياغلىقى بىلەن كۆز ياشلىرىنى توختىماي سۈرتەتتى. * ئاتلارنىڭ توختىماي چېپىشى بىلەن ئۇلار بىردەمدىلا مەھەللىگە يېتىپ چىقتى.

**توخۇ** ئى ① ئۆي قۇشلىرىدىن بىرى. ھەر خىل سورتلىرى بار، تۇمشۇقى قىسقا، ئۈستۈن تۇمشۇقى ئېگىلگەن، بېشىدا قىزىل تاجىسى بولىدۇ؛ قانىتى قىسقا، ئېگىز ئۇچالمايدۇ؛ گۆش ۋە تۇخۇم ئۈچۈن بېقىلىدۇ: مالنىڭ بېشى توخۇ (ماقال). * ھالاللىقتا توخۇسى يوق، ھاراملىقتا مۈشۈكى يوق (ماقال). ② توخۇنىڭ گۆشى: بۈگۈن كەچ توخۇ شورپىسى زىياپىتى بولدى. * ھەربىرىمىز بىردىن توخۇ يېدۇق.

**توخۇ ئەت** <تىب> سوغۇقتا توڭلاش ياكى بىرەر ئىشتىن قورقۇش سەۋەبىدىن تېرە يۈزىدە شەكىللىنىدىغان ئۇششاق ھۆررەك. شەكلى خۇددى يۇڭدالغان توخۇ تېرىسىدىكى تۈك ئىزلىرىغا ئوخشايدۇ.

**توخۇ پوقى** ① توخۇلارنىڭ ماددا ئالماشتۇرۇش نەتىجىسىدە چىقىرىۋەتكەن كېرەكسىز ماددىلىرى بولۇپ، سۈپەتلىك ئورگانىك ئوغۇت ھېسابلىنىدۇ. ② كۆچمە. ئاسان قۇتۇلغىلى بولمايدىغان، مۇتتەھەم، كۆكەرمە، ئەسكى: مۇنۇ ئايالغا ئوخشاش توخۇ پوقلارنىڭ بېزىرىپ تۇرۇۋالغان يېرىمۇ بار، ئەپسۇسكى ئارزۇگۈلنىڭ ئىشخانىسى ھېلىقى كادىرنىڭ ئىشخانىسىدەك ھەشەمەتلىك ئەمەس. * ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇللىرى بەدرىدىن مەخسۇس بىر نائىنساپ قازىخانىدىن سېتىۋالدىم دەپ بازارغا سېپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن شەھىرىمىزدە مەخسۇمنىڭ

خېرىدارى چىقىپ، سالا-سۈلھ بىلەن 1000 سەر تەڭگە باھالىنىپ، باشقا بىر توخۇ پوقىنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ!

**توخۇ پوق يېمەستە** ناھايىتى ئەتىگەندە، تاڭ سەھەردە: بۇ بالىنىڭ توخۇ پوق يېمەستە ئىشىك ئالدىغا كېلىپ، پۇل سورىغىنىنى قارا.

**توخۇ پىتى** <زوئول> بىر خىل ھاشارات، تېنى كىچىك ھەم يېسسى، توق قوڭۇر ياكى ئاچ سېرىق رەڭلىك بولىدۇ؛ قانىتى يوق، ئېغىز ئورگىنى تەرەققىي قىلغان بولىدۇ؛ توخۇلارنىڭ پەي-تۈكلىرىدە پارازىت ياشايدۇ، تېز كۆپىيىدۇ؛ توخۇ پىتى بار توخۇ ئورۇقلاپ كېتىدۇ، تۇخۇمى ئازىيىدۇ.

**توخۇ پىيىزى** <بوت> بىر خىل ئۆسۈملۈك، يوپۇرماق چىقىرىدۇ، غولى كۈدىگە ئوخشايدۇ، غولى ئۈچىدىن چېچەكلەيدۇ، سوڭىپىيازغا ئوخشاش يىلتىزى كولىنىپ يېيىلىدۇ.

**توخۇ جىرىم غاجىغاندا** ئەمەلگە ئېشىشى رېئاللىقتىن بەك يىراق بولغان ۋە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان بىر ۋاقىتتا: بۇ ئاغىنەڭگە شۇنچە خوش دەپ ياخشى بولالمىدىم، ئەمدى پۇل لازىم بولسا، توخۇ جىرىم غاجىغاندا كەلسۇن، شۇ ۋاقىتتا بېرەي.

**توخۇ سۈتىدىن باشقا** ئېھتىياجلىق، تاپقىلى بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى: بازارغا كېلىپ قارىسا، دەرۋەقە بازار شۇنچىلىك ئاۋات، توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلىدىكەن. ئۇ بازارنى كەچ كىرگىچە ئايلىنىپتۇ ۋە نۇرغۇن ئۆتۈكلەرنى كۆرۈپتۇ، ئەمما پۇلنى قولىدىن چىقارغۇسى كەلمەي، قاتتىق ئازابلىنىپتۇ.

**توخۇسنى تاخ، مۈشۈكنى پەش دېمەسلىك** ھېچقانداق چېقىلماسلىق، ھېچقانداق دەخلى يەتكۈزمەسلىك: گۈلەمخان سىلىنىڭ ئەمەس، مىركېرەمنىڭ دۈشمىنى، ئۇ سىلى بىلەن نېمە تالاشقاندى، توخۇلىرىنى تاخ، مۈشۈكلىرىنى پەش

دەپ باقمىغان تۇرسا.

**توخۇ شورپىسى** توخۇ گۆشىدىن قىلىنىدىغان شورپا.

**توخۇ فېرمىسى** توخۇ بېقىش، چۈجە چىقىرىش، ئۆستۈرۈش، تۇخۇم تۇغدۇرۇش ۋە تەمىنلەش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇلازىمەت ئورنى ياكى شۇنداق كارخانا: يېقىنقى كۈنلەردە گوشپ ئەزالىرى ئىشتىن قايتىپ كېلىپ، كەچتاشا ياسالغان گوشپ ئاشخانىسىدا ئولتۇرۇپ، باشقۇرۇش رايونى بويىچە توخۇ فېرمىسى قۇرۇلىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلىشىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

**توخۇ قارىمۇچى** <بوت> كامفورا ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ، ئاتىلىق، ئانىلىقلىرى ئايرىم تۈپتە بولىدۇ؛ گۈلى كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىدە ئۆسىدۇ؛ مېۋىسى قارا، شار شەكىللىك؛ گۈلى، يوپۇرمىقى ۋە مېۋىسىدىن پۇراقلىق ماي ئېلىنىدۇ، يېمەكلىككە زىننەتكە ئىشلىتىلىدۇ.

**توخۇ قونداققا چىقماستا** گۇگۇم چۈشمەستە، كەچ كىرمەستە: سەن تېخى يەر خېتىنى قولۇڭغا ئالغىنىڭ بىلەن ئېتىز بېشىغا بېرىپ باقمىدىڭ. توخۇ قونداققا چىقماستا ئىشكنى تاقايسەن، كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگىچە ئۆيدىن چىقمايسەن، قانداق تۈگمىگەن ئۆيىڭ ئۇ!

**توخۇ كۆز** ① كۆزى توخۇنىڭ كۆزىگە ئوخشايدىغان. ② كۆزى كىچىك، پىخسىق.

**توخۇ كۆزلۈك قىلماق** كۆزى كىچىكلىك قىلماق.

**توخۇ يۈرەك** قورقۇنچاق، يۈرەكسىز: قىسقىسى، كۆپچىلىك بىنەن بولىدىغان ئىشلاردا كۆپىنچە مۇشۇنداق روھىي ھالەتتە بولىدۇ؛ بۇ ئەنە شۇنداق ئادەملەرنىڭ روھىي ھالىتى. ئۇلار قارىماققا ناھايىتى سۈرلۈك ھەرىكەت قىلغاندەك قىلىسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ناھايىتى توخۇ يۈرەك كېلىدۇ. * - ۋاي ئاداش، -

دېدى ئۇ سەل خاپا بولغان ھالدا، ـ قورقۇۋاتامسەن؟ تازا توخۇ يۈرەك بىرنەرسە ئىكەنسەن. ئوغۇل بالا دېگەن ئوغۇل بالىدەك بولۇش كېرەك.

**توخۇ يۈرەكلىك قىلماق** قورقۇنچاقلىق، يۈرەكسىزلىك قىلماق: بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى بىلەن شەھەرلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بۇرۇنقى بىر ئىشتا، قايسىسىنىڭ توخۇ يۈرەكلىك قىلغىنىنى تالىشىپ، ياقا سىقىشىشقا ئۆتتى.

**توخۇ يىلى** <ئاستر> مۆچەل يىلى ھېسابىدا ئونىنچى يىل.

**توخۇچى** ئى ① توخۇ بېقىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: بازاردا بىر توخۇچىنىڭ ئالدىدىكى ئۇزۇن قۇيرۇق، تاجلىرى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان بىر خورازنى كۆردۈم-دە، سېتىۋېلىپ كەلدىم. ② توخۇ سېتىش ياكى پىشۇرۇپ سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى: توخۇچىلارنىڭ ئالدىدىكى ئەمدىلا قازاندىن سۈزگەن توخۇ گۆشلىرىدىن بۇس ئۆرلەپ تۇراتتى.

**توخۇچىلىق** ئى. توخۇ بېقىش ۋە سېتىش ئىشى: شېجاڭنىڭ دېيىشچە، ئەزالارنىڭ قىشچە شەھەرگە كۆچۈپ كىرىپ سودىگەرچىلىك قىلىشىغا، ياللىنىشىغا، ھۈنەر-كەسىپ قىلىشىغا يول قويۇلۇپتۇ، دوستۇم رازاق توخۇچىلىق قىلىۋېتىپتۇ، قىشتا خۇسۇسىي، يازدا كوللېكتىپ، مانا بۇ ئەڭ توغرا يول ئىكەن.

**توخۇخانا** ئى. توخۇلار تۇرىدىغان كاتەك ياكى مەخسۇس ئۆي.

**توخۇلەڭ** ئى [خەن] شاپتۇل چېچىكىگە ئوخشاي- دىغان ئاچ قىزىل رەڭ: توخۇلەڭ ياغلىق. * لۈتپۇللانىڭ باغ تەرەپكە قاراپ تۇرىدىغان دېرىزىسىگە يېقىنلا جايدا، توخۇلەڭ رەڭدە چېچەكلىگەن يوغان بىر تۈپ شاپتۇل بار ئىدى.

**تور I** ئى ① يىپ ياكى سىمنى تالالاردىن كاتەك-كاتەك كۆزلۈك قىلىپ توقۇلغان توقۇلما: دەرەخلەر ئۈستىدە سېرىق، ئالا-يېشىل ۋە تۈرلۈك قۇشلار سايرىشىپ تۇرغان، بىراق بۇلار يىراققا ئۇچۇپ كېتەلمەيدىكەن، چۈنكى باغنىڭ ئۈستىدىن ئايلاندۇرۇپ تارتىلغان نازۇك ئىنچىكە ئالتۇن تور ئۇلارنىڭ ئۇچۇپ كېتىشىگە يول قويمايدىكەن. * بارمىدى خاڭغا ئۇ، ئۆتتى ھەپتىمۇ، ۋە ياكى كەتمىدى كۆڭلىدىن غەشلىك. بىر كۈنى تور توقۇپ ئولتۇرغان چېغى، توساتتىن چېكىلدى تاشقىرىقى ئىشىك. // تور ياغلىق. تور سومكا. ② شۇنداق شەكىلدە ئىشلەنگەن بۇيۇم: سىم تور. ③ ئۆمۈچۈك، پىلە قۇرتى قاتارلىقلارنىڭ تارتقان يىپلىرى: ئۆمۈچۈك تورى. پىلە تورغا كىردى. * بۈگۈن مانا ۋەتەنسىزلەر قوشۇنى، جامالىڭغا ئۆمۈچۈكتەك تور تارتتى. ۋەيران قىلىپ قوغلاپ-سۈرۈپ خەلقىڭنى، سېنى يىتىم پەرىزانتقا ئوخشاتتى. ④ بېلىق تۇتۇش، قۇش ئوۋلاش ئۈچۈن، كۆزلۈك قىلىپ توقۇلغان يىپ: قۇش قېرىپ تورغا چۈشمەس، ئەر قېرىپ قولغا چۈشمەس (ماقال). * بۇ يېزىدا قاسىم بېلىقچى دېگەن بىر ئادەم بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئۆيدىن چىقىپ، دەرياغا تور سېلىپتۇ. يوغان بېلىق چىقىپتۇ. ⑤ كۆچمە. تۇزاق، قاپقان؛ قامال: لۈتپۇللا بىلەن ھېچقانداق مۇھەببەت رىشتىسى بولمىغان بۇ قىز، باشقا بىر قىز بىلەن مەنمەنلىك تالىشىپ، رەشك قىلىشىپ، ئاساسسىز گۇماننىڭ كەينىگە كىرىپ، مانا ئەمدى بىر چوڭ جىنايى تور ئىچىگە كىرىپ قالدى. ⑥ قوغۇن پىشقاندا، شاپىقىدا ھاسىل بولىدىغان ئەگرى-بۈگرى كېسىشكەن سىزىقلار. ⑦ كۆچمە. بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ساھە، سىستېما: ھەر خىل سودا ئوبوروتىنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئىجتىمائىي سودا تورلىرىنىڭ يەنىمۇ كۆپىيىشى ئارقىسىدا، بازارنى تەمىنلەش تېخىمۇ ياخشىلىنىدۇ.

**تور باغلىماق** يىپلارنى تور شەكلىدە تارتماق، تور شەكلىگە كەلتۈرمەك: تورۇسنىڭ ھەر تەرىپىدە ۋە ئىلىشىپ كەتكەن تاملاردا ئېسىقلىق تۇرغان قول ھەرە، ياغاچ تېشىدىغان ئۈشكىگە

ئوخشاش نەرسىلەرگە ئۆمۈچۈكلەر تور باغلاپ كەتكەن.

**تور پاختا** يوتقان ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەمدە تور ئىچىگە ئېلىنغان پاختا: ئۇ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىش ۋاقتىدا توپلىغان ئازراق پۇلغا ئىككى تور پاختا سېتىۋېلىپ، ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

**تور پايپاق** يىپ ۋە سۈنئىي تالالاردىن توقۇلغان، ئۇزۇن-قىسقا ۋە ھەر خىل پايپاقلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى.

**تور پەردە** يىپدىن ياكى باشقا سۈنئىي تالالاردىن تور شەكلىدە خىلمۇخىل گۈل چىقىرىپ توقۇلغان، دېرىزىگە ئاسىدىغان ۋە نەرسىلەر ئۈستىگە يېپىلىدىغان پەردە: دېرىزىگە تارتىلغان نىل رەڭ تور پەردە كۈن نۇرىنى بىرئاز توسۇپ تۇراتتى.

**تور تارتماق** ① تور باغلىماق: ھاياتىي كۈچىدىن قالغان مۇنداق كونا دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىغا ئۆمۈچۈكلەر تور تارتىپ، قاغا-قۇزغۇنلار چاڭگا سالغان بولاتتى. ② دېرىزە ۋە باشقا نەرسىلەرگە تور بېكىتمەك.

**تور تۈزمەك** بېلىق تورىنى سۇغا سېلىشتىن بۇرۇن ئېچىپ تەييارلىماق.

**توردىن چۈشۈپ قالماق** جازالىنىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، قانداقتۇر جازالانماي يوشۇرۇنۇپ قالماق: مەن ئىككى ئېغىز سۆزلەي، پارتىيىنىڭ سىياسىتى ئەزەلدىن ئېنىق: بىرمۇ ياخشى كىشىگە ئۇۋال قىلىنماسلىق، بىرمۇ يامان كىشى توردىن چۈشۈپ قالماسلىق... تەشكىلگە ئىشىنىش لازىم، پارتىيىگە ئىشىنىش لازىم.

**تور سالماق** بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن دەريا ياكى كۆلگە تور تاشلىماق: بىركۈنى ئەر-خوتۇن دەريا لېۋىگە بېرىپ، دەرياغا تور سالدى. زور بىر بېلىق كېلىپ تورغا ئىلىندى.

**تورغا چۈشمەك** ① تورنىڭ ئىچىگە كىرىپ قاملىپ قالماق (بېلىق ۋە قۇشلار ھەققىدە): بۇ كېچە ئۆتۈپتۇ، ئەتىسى ئاتىسى شۇنداق دەپتۇ: — بۇگۈن ئۈچ كۈن بولدى ئوغلۇم، تورغا ھېچ بېلىق چۈشمەيۋاتىدۇ. * ئاسماندىكى لاچىن قۇش كۆرمەي تورغا چۈشەمدۇ؟ ئادەم بالىسى بېشىغا بۇنداقمۇ كۈن چۈشەمدۇ؟ ② كۆچمە. قاپقانغا چۈشمەك، قامال قىلىنماق، قولغا ئېلىنماق: شۇنىڭ ئۈچۈن، جېنىم ئانا، سېنى ۋە سېلىۋېلىنغان جاپاكەش خەلقىمنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن، مۇستەبىت ھاكىمىيەت ۋە ئۇنىڭ مالايلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى پاش قىلىش، خەلقنى ئويغىتىش يولىدا ھەرىكەت قىلدىم. ئەپسۇسكى تورغا چۈشۈپ قالدىم. بىراق، بۇنىڭغا ھەرگىز پۇشايمان قىلمايمەن، بۇنداق بولۇشىنىمۇ بىلەتتىم. * قۇچاقلىشىپ جەڭچى تاغلار، ياتقۇزۇشتى ئۇنى ئورنىغا. — خاتىرجەم بول، ئاللىبۇرۇنلا، چۈشتى قاتىل قانۇن تورىغا.

**تورغا كىرمەك** پىلە قۇرتى ئېغىزى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىرتىغا يىپەك يىپلىرىنى يۆگەپ، پىلە ھاسىل قىلىشقا كىرىشمەك.

**تور كۆڭلەك** يىپتىن توقۇلغان يەڭلىك ۋە يەڭسىز ئىچ كىيىم.

**تورنى كەڭ ياياق** قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن تەرەپ-تەرەپتىن ئىزىغا چۈشمەك: ئۇ بۈگۈنكى زىيايەتنى پەقەت تورنى تېخىمۇ كەڭ يېيىش، يۇرت ئەھۋالىنى تىلىنىڭ تىڭلاش ئۈچۈنلا ئالاھىدە ئۇيۇشتۇرغاندى.

**تور يىغماق** تورغا چۈشكەن بېلىقنى سۈزۈش ئۈچۈن، تورنىڭ ئىككى ئۇچىنى يىغىپ، يۇقىرى كۆتۈرمەك.

**تور II** ئى ① بىر جىسىم يەنە بىر جىسىمغا ئۇرۇلغاندا، ماسسىنىڭ ئېششى بىلەن ئۆز ھەرىكىتىگە قوشۇلىدىغان قوشۇمچە كۈچ، تەسىر: بۇ ھۇجۇمغا ئاللىقاچان تەييارلىنىپ قويغان ناسىرئاكام ئۆزىنى شۇنداق چەتكە ئالغاندى، پەخىردىن ئۆز كۈچىنىڭ تورى بىلەن كەتمەن ئۈستىگە يىقىلدى. ② كۆچمە.

سالماق، ۋەزىن، ئەھمىيەت: ئۇنىڭ گېپىنىڭ خېلى تورى بار.

**تور كەتمەك** تەسىر يەتمەك، دەز كەتمەك: يىگىتنىڭ كۆرەڭلەپ قىلغان سۆزلىرى رىزۋانگۈلنىڭ ئىززەت نەپسىگە تەگدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بۇ يىگىتكە قاتتىق تېگىپ: ـ «چاپىنى بارغا مۇشت ئاتسام، جۇۋىسى بارغا تور كەتتى» دېگەندەك، مەن گۇمىنداڭغا قارشى مۇشت ئاتاي دېسەم، سىزگە تور كەتتىمۇ-نېمە؟! ـ دەپ ئۇستەلگە ئالقىنىنى قويۇپ، ئۇنىڭ تىزىملاۋاتقان دەپتىرىگە قارىدى.

**تورى بار گەپ** ۋەزنى بار، سالمىقى بار، خېلى مەنىلىك گەپ: گەپ شۇ يەردە ـ سېنىڭ ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمىگەنلىكىڭدە، تورى بار گەپتىن تۆت ئېغىزنى ئېيتىپ، «مالڭ ئىشىڭنى قىل، ياش بالىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما» دېمەيسەن!

**توراشماق** «تورىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ياۋ قوشۇنى تانكىلارنى ياندۇرۇپ، قاتار قىلىپ، ساي ئاغزىنى توراشتى. ياۋ جەستى دالدا بولدى دەل شۇ چاغ، ئۈچ قىز بىردىن ئۈچ يەشىك ئوق سۆرەشتى.

**تورالغۇ** ئى ← توسالغۇ.

**تورالغۇسىز** سۈپ ← توسالغۇسىز.

**تورالماق** «تورىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سەھنە سەككىز تال لىمنى تىكلەپ ئاددىغىنا ياسالغان، ئەتراپلىرى بورا بىلەن تورالغان، سوراقچى ئۈچۈن سەھنىنىڭ ئالدى تەرىپىگە قارا سىرلانغان تۆت چاسا جوزا، جوزا ئۈستىگە بىرنەچچە پالاق قويۇلغانىدى.

**توپاق** ئى. ئىككى ياشقا تولمىغان ئەركەك موزاي: يېنىمدىكى توپاق ئۈي بولماس (ماقال). * ئوزاقى يىلى ساڭا ئاتاپ بىر توپاق بېقىپ قويغان، بۇ قېتىم ئۇنى سېتىپ، پۇلىنى تويۇڭغا خىراجەت قىلارمىز دەپ ئالغاچ كەلدىم.

**توپاقنى چىمدىپ ئۆلتۈرىدىغان** ئاستا-ئاستا جايلايدىغان، زېرىكمەي-تېرىكمەي باشقىلارنىڭ ئورىسىنى كولايدىغان: سودىمىز تازا توپاقنى چىمدىپ ئۆلتۈرىدىغان بىر جازانىخورنىڭ قولىغا چۈشۈپ، پۇلنى بەرمەي ئون كۈن ئاۋارە سىلدى، يا ئالمايمەن دېمەيدۇ، ياكى پۇلنى بەرمەيدۇ، «مانا، ئەنە...» دەپ مۇشۇ يەرگە ئەكەلدى.

**توپاقتەك** سۈپ ① چوڭ ۋە سېمىز (قوي ۋە ئۆچكە ھەققىدە): خىيالىمدا، توپاقتەك ئىككى قويۇمنى قاسىم سېكرېتارغا ئاتاپ قويدۇم. ② كۆچمە. گۆدەكلىكتىن ئۆتكەن (بالىلار ھەققىدە): ـ توپاقتەك تۇرۇپ، قېپىلىڭچاچ سۇدا يۇرگىنىڭ نېمىسى؟ ـ دېدى مۆمىنئاخۇن ئاكام بالىسىدىن رەنجىپ.

**توپاقلىق** سۈپ. توپىقى بار، توپىقى بولغان: بۇ 12 يىل خاسىيەتلىك يىللار بولدى، قولىمىزنى نەگە سوزساق، شۇ يەرگە يەتكۈدەك بولدى. ئېغىلغا كىرىپ بېقىڭلار، يەر ئىسلاھاتىدا تەگكەن مېۋە ھازىر كۆپىيىپ، توپاقلىق ئىنەك، 16 قوي بولدى.

**تورت** ئى [ر<ئتال] خېمىرىغا قوي مېيى، سېرىق ماي، شېكەر، تۇخۇم قاتارلىقلار قوشۇلۇپ تەييارلىنىدىغان، بېزەلگەن تاتلىق يېمەكلىك.

**تورسۇق** ئى ← چاناچ.

**تورسىمان** سۈپ. تورغا ئوخشاش، تور شەكىللىك: تورسىمان ئىچكى تېرە سىستېمىسى.

**تورسىمان ئىچكى تېرە سىستېمىسى** <ئانات> بەدەندىكى فاگوتسىتلىق ئىقتىدارغا ئىگە ھۈجەيرىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى، ئۇلار ھەرقايسى ئەزالارغا تارقالغان بولۇپ، شەكلى، نامى ھەر خىل بولىدۇ، مەزكۇر ھۈجەيرىلەر باكتېرىيىلەر ۋە ئۆلگەن ھۈجەيرىلەرنى يۇتۇۋالىدۇ؛ ئانتىتېلا ھاسىل قىلىپ، مۇداپىئە ئىقتىدارىنى

كۆچە يتىدۇ.

**تورغا** ئى. قارا ئۆي تەرمىسىنىڭ سىرتىغا يېپىلغان كىگىز.

**تورغاي** ئى <زوئول> قاناتلىرى سۇس قوڭۇر، قارا رەڭلىك سىزىقچىلىرى بار، تۇمشۇقى كىچىك ۋە ئۇچلۇق، قانىتى چوڭ، ئېگىز ئۇچىدىغان، يېقىملىق سايرايدىغان بىر خىل قۇش: سەھەرنىڭ ئاشقى چولپان چاراقلاپ كۆكتە يانغاندا، يېزام ئويغاندى، تورغايلار خۇشال سازىنى چالغاندا.

**تورغاي چۈچۈلماستا** تاڭ يورۇماستا، تاڭ ئېتىش ئالدىدا: بۇ ـ تورغاي چۈچۈلماستا رولغا چىققان شوپۇر يول ئۈستىدە 15ـ16 سائەتلەپ پۈتۈن زېھنىي قۇۋۋىتى بىلەن رولدا قادىلىپ ئولتۇرۇش دېگەن سۆز! ۋاقت كېچە سائەت ئۈچتىن ئاشقان. ئۇنى ھارغىنلىق، ئۇيقۇسىزلىق قاتتىق قىينايتتى. * بۇ قىزنىڭ ئىشنى قارا، تورغاي چۈچۈلماستا مەكتەپكە كېتىپ، كۆز باغلانغاندا مەكتەپتىن كېلىپ، بۇ زادى قانداق بولغىنى؟!

**تورف** ئى [ر<نېم] كۆمۈرگە ئايلىنىش دەرىجىسى ئەڭ تۆۋەن بولغان يېقىلغۇ. رەڭگى پاتقاققا ئوخشاش قارا، قوڭۇر ياكى قىزغۇچ كېلىدۇ؛ يېزا ئىگىلىكىدە ئوغۇت قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ، سانائەتتە كۆمۈر گازى، پاتقاق گازى، ياغاچ ئىسپىرتى ياساش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ ھەم يېقىلغۇ ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

**تورقا** ئى. ياۋا كەندىر چىگىسى.

**تورقا يىپ** ياۋا كەندىر چىگىسىدىن ئىشلەنگەن يىپ.

**تورقاق** ئى. تار س. بىر تەرەپتىن ئىككىنچى بىر تەرەپكە كېپىللىك ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئادەم.

**تورلاتقۇزماق** «تورلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەخمۇت ئاكام ئوغلىغا ئىككى كاللەك يىپنى بېرىپ، ھېلىقى پاختىنى دەرھال تورلاتقۇزۇپ كېلىشكە بۇيرىدى.

**تورلاتماق** «تورلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھەنيەم پىچىلغان كۆڭلەكلىك رەختنى ئېلىپ، ماشىنچى يىڭنىغا تورلاتقىلى ماڭدى.

**تورلاشتۇرماق** «تورلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ناھىيىدىكى يېزا-كەنتلەر ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

**تورلاشتۇرۇلماق** «تورلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: خوشۇت ناھىيىسىنىڭ تۇزغۇنلىغان يەرلىرىدە ئورمان بىنا قىلىنىپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ كۆپ قىسمى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇلدى.

**تورلاشماق** ① «تورلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② تورلۇك شەكىلدە كېسىشكەن سىزىقلار بىلەن قاپلانماق (قوغۇن، قاپاق، كاۋا قاتارلىقلار ھەققىدە): ـ ئەجەب چىرايلىق ۋە يوغان قوغۇن ئىكەن، ـ دېدى يەكەنلىك ئوقۇغۇچى بىلال قوغۇن پوستىنىڭ خۇددى كەشتە باسقاندەك تورلىشىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ. ③ ھەر تەرەپكە يۆنەلگەن لىنىيىلەر تۇتىشىپ، تور ھالىتىنى شەكىللەندۈرمەك: بۇ يىل ئەتىيازدا يېزا-كەنتلەرنىڭ ئورمان بىلەن تورلىشىشى چىڭ تۇتۇلدى. ④ غۇۋالاشماق، تالماق (كۆز ھەققىدە): ئۇنىڭ ئاپئاق ئىككى مەڭزى سەل-پەل قىزارغاندەك بولۇپ، تورلاشقان كۆزلىرىدە ئۇچقۇنلار چاقنىغاندەك كۆرۈندى. * «دوختۇر!» گۈلسۇرۇخنىڭ بۇ سۆزى مەخسۇمنىڭ قۇلىقىدا تەكرار جاراڭلاشقا باشلىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى تورلىشىپ، بېشى قايغاندەك بولدى، ئۇ لاسسىدە بېرىپ كارىۋاتقا ئولتۇرۇپ قالدى.

**تورلانماق** «تورلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئېتىلغان پاختىلار ئىككى كۈن ئىچىدىلا تورلىنىپ بولدى.

**تورلۇق** I ① سۈپ. كاتەك-كاتەك تور

شەكىلدە توقۇلغان ياكى جىيەكلىرىگە تور تۇتۇلغان، ئەتراپىنى يىپ بىلەن تورغا ئوخشاش ئورىغان: دېرىزە سىرتىغا سىم تورلۇق قاپقاق بېكىتىلگەنىدى. ② سۈپ. پوستىدا تورغا ئوخشاش سىزىقلىرى بار: تورلۇق قوغۇن. ③ ئى. تور قىلىنغان ياكى تور قىلىشقا لايىق نەرسە: دېرىزىگە تورلۇق ئۈچۈن، بەش مېتىر رەخت سېتىۋالدىم.

**تورلۇق II** سۈپ ① ۋەزنى، بېسىمى، سالمىقى بار: تورلۇق پالتا. ② كۆچمە. تەسىر قىلىدىغان، قاتتىق تېگىدىغان: ماڭا تولا تورلۇق گەپ قىلماڭ.

**تورلىماق** پ ① يىپىنى تور شەكلىدە كېسىشتۈرۈپ تىكمەك: خامانىڭ بۇرجىكىدە بولسا، هاشىخان ئاچا غەلۋىرنىڭ يىرتىلغان يېرىنى چىگە يىپ بىلەن تورلاپ ئولتۇراتتى. ② سىرتىنى تور بىلەن قاپلىماق: هېلىقى ئاتقۇچى ئۇستا پاختىنى ئېتىپ راسلىۋالغاندىن كېيىن، ئېگىرىلگەن يىپ بىلەن تورلىغىلى تۇردى. ③ يېرتىلغان رەختنىڭ كېسىلگەن قىرىنى يۆمەپ تىكمەك: مەن شىمنى كەستۈرۈپ، تورلاش ماشىنىسىدا تورلاۋاتاتتىم.

**تورموز** ئى [ر‹گرېك] ئاپتوموبىل ۋە باشقا مېخانىزملارنىڭ هەرىكىتىنى ئاستىلىتىش ياكى توختىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قۇرۇلما: ئاپتوموبىلنىڭ تورموزى. قول تورموز. پۇت تورموز. گاز تورموز. * يۈرىكىم قارتىدە قىلدى-دە، قول-پۇت تورموزلىرىنى تەڭلا ئىشقا سالدىم. * ئەستە غېپۇرۇللا! بۇ نە سېچىلىكنى، كار قىلمىدى. بۇزۇق تورموز ئۆزى بىلگەننى قىلدى!

**تورموز بەرمەك** ← **تورموز قىلماق**: — ماشىناڭنى توختات! — تويۇقسىز ئاڭلانغان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈگەن شوپۇر ماشىنىغا تورموز بەردى.

**تورموز قىلماق** تورموزنى ئىشقا سېلىپ توختاتماق: گاز ماشىنا ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە جىددى تورموز قىلدى. ماشىنىدىن تۆرسۈن سەكرەپ چۈشتى.

**تورموزى تۇتماسلىق** ① بېسىلغان تورموز هەرىكەتنىڭ ئاستىلىشىغا ۋە توختىشىغا تەسىر قىلالماسلىق: ئۇ «ۋوا! ۋوا! ۋوا!» دەپ ۋارقىراپ، هارۋىنىڭ تورموزىنى شۇنداق قاتتىق باسسىمۇ بېسىلمىدى، هارۋىسىنىڭ تورموزى تۇتماي، ئاتنى پەسكە قويۇندەك سۆرەپ كەتتى. ② كۆچمە. گېپى، هەرىكىتىنى تىزگىنلىيەلمەسلىك؛ كاللىسى ئىشلىمەسلىك: ئۇكام سەندىمۇ بار، ئاغزىڭغا كەلگەننى دەيسەن، بەزىدە تورموزۇڭ تۇتماي قالىدۇ، مانا شۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق سەتچىلىككە قالىسەن.

**تورموزسىز** سۈپ. تورموزى يوق، تورموز بېكىتىلمىگەن: بىز كىچىك چاغدا بىر تۆمۈرچى ئۈچ چاقلىق بىر ۋېلسىپت ياساپ، مىنىپ بازارغا كىرگەنە-كەن، ئىگەر، چاقلىرى قوپال، لېكىن تەپكىسى پۇختا، تورموزسىز ئىدى.

**تورموزلاتماق** «تورموزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دۆيجاڭ يىراقتىن شۇجىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا تراكتورچىغا تراكتۇرنى تورموزلىتىپ سەكرەپ چۈشتى-دە، نەگە كېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدا سۆزلەشكە باشلىدى.

**تورموزلاشماق** «تورموزلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كەڭ سېمونت يولدا پاراڭلاشقاچ قاتارلىشىپ كېلىۋاتقان ۋېلسىپتلىقلار ئالدىدا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان تۆرسۈننىڭ يىقىلغىنىنى كۆرۈپ، هەممىسى ۋېلسىپتلىرىنى تورموزلاشتى.

**تورموزلانماق** ① «تورموزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ماشىنىنىڭ تورموزلىنىپ توختىشى خىيالىمنى ئۈزۈپ قويدى. ② كۆچمە. توختىتىلماق، تىزگىنلەنمەك: سىناش ئارقىلىق ناچار ئادەت تورموزلىنىدۇ ۋە يەنىمۇ ئاجىزلىشىدۇ، ئالىيجاناب هەرىكەتلىرى كۈچىيىدۇ.

**تورموزلۇق** سۈپ. تورموزى بار، تورموز

بېكىتىلگەن: پۈت تورموزلۇق ۋېلسىپىت.

**تورموزلىماق** پ ① تورموزنى ئىشقا سېلىپ ئاپتوموبىل، ۋېلسىپىت قاتارلىق مېخانىزملار-نىڭ ھەرىكىتىنى ئاستىلاتماق ياكى توختاتماق: كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە بىر يەردە بىر نەرسىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. سۇلايمان ئىتتىك ۋېلسىپىتنى تورموزلىدى-دە، يەرگە چۈشتى. ② <پىخول> نېرۋا پائالىيىتىنى تېز ھالدا سۇسلاشتۇر-ماق، توختاتماق.

**تورنىك** ئى [ر<فران] ئۈستى ئىككى بېشىغا توغرا تۆمۈر بېكىتىلگەن بىر خىل تەنتەر-بىيە ئۈسكۈنىسى. ئۇنىڭ يالاڭ تورنىك ۋە قوش تورنىك دېگەن تۈرلىرىمۇ بار: كېيىن ئۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇپتۇ. دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقاندىن تارتىپ، ئۇنىڭ قاق سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ يۈگۈرىدىغان، تورنىك ئوينىپ، توپ تېپىپ بەدەن چېنىقتۇرىدىغان ئادىتى بار ئىكەن.

**تورۇس** ئى. ئۆي ئىچىنىڭ ئۈستى قىسمى، شىپ: شۇ كۈنى رابى ۋەت-ۋەت ئىككى قولىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، تورۇسقا تىكىلگىنىچە كۆزىنى پارقىرىتىپ، ئۈن-تىنسىز ياتاتتى.

**تورۇشەن** ئى. ياۋا توڭگۇزنىڭ بالىسى.

**تورۇق** ① سۈپ. قارامتۇل قىزىل، قىزغۇچ (ئاتنىڭ رەڭگى ھەققىدە): دۆڭنىڭ كەينىدىن قوللىرىغا ملتىق تۇتقان ئۈچ كىشى ئات چاپتۇرۇپ چىقتى. ئوتتۇرىدا بوز ئاتقا مىنگەن تۆمۈر خەلپە كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە جەدە ئاتقا مىنىپ كېلىۋاتقىنى 40 ياشلار چامىسىدىكى، سوزۇق يۈز سەييۇڭ توختى ئىدى؛ سول تەرىپىدىكىسى تورۇق ئاتقا مىنگەن ياش يىگىت ئەسنار ئىدى. ② ئى. رەڭگى قارامتۇل قىزىل، قىزغۇچ كەلگەن ئات: تورۇقنى سېتىۋالغانىنىڭ ئەتىسى، ئابدۇۋېلى ئۇنى سۇغىرىش ئۈچۈن ئۆستەڭ بويىغا مىنىپ باردى.

**تورۇك** تەق. ئىككى قاتتىق نەرسىدىن بىرىنىڭ يەنە بىرىنىڭ ئۈستىگە تۆكۈلۈ-شى، تاشلىنىشى ياكى دەسسىلىشىدىن چىققان ئاۋاز: مېھرى ئەكەلگەن تەخسىدىكى ياڭاقتىن بىرى ئۈستەلگە تورۇك قىلىپ چۈشۈپ كەتتى. * تاشقىرىقى ئۆيدىن تورۇك قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

**تورۇك-تورۇك** «تورۇك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بوۋاي ئالمىسىنى ئىرغىتىۋىدى، تورۇك-تورۇك قىلىپ چۈشكىلى تۇردى.

**تورۇككىدە** رەۋ. «تورۇك» قىلغان ھالدا «تورۇك» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ: زەپەرجان لاسسىدە بوشاشقىنىچە مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسى-دا خۇددى قېقىپ قويغان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ قولىدىكى سومكىمۇ تورۇككىدە يەرگە چۈشتى.

**تورۇكلاتماق** «تورۇكلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: چۈنكى، ئۇنىڭ قولىدا پۈتۈن بازاردىكىلەرگە تونۇش ھېلىقى قارا سومكا ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇ ئۇنىڭدىن بىر باغ چېكەي ئېلىپ يەردە قويىدى ۋە پەمدۇر، لازىلارنى تورۇكلىتىپ تۆكتى.

**تورۇكلىماق** پ. «تورۇك-تورۇك» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «تورۇك-تورۇك» قىلماق: ھەرىكەتنىڭ بەشىنچىسىگە بارغاندا ئۇ ئالدىغا بىر ئېگىشىپ، قائىدە بويىچە ئارقىغا بىر غادىيىۋالدى. تۇيۇقسىزلا، قوينىدىكى ئۈچ-تۆت پارچە قاتتىق نان يەرگە تورۇكلاپ چۈشۈپ، باللارنىڭ ئاياغلىرىدا دومىلاشقا باشلىدى.

**تورۇڭ** تەق. ئىچى كاۋاك تۆمۈر ۋە قاچا قاتارلىق نەرسىنىڭ يەرگە چۈشۈشى ۋە سىرتىغا ياكى ئىچىگە يەنە بىر قاتتىق نەرسىنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: قولۇمدىكى پىچاق داسقا چۈشۈپ كېتىپ تورۇڭ قىلىشىغا، ئاپام «نېمە بولدى» دەپ يۈگۈرۈپ كىردى.

**تورۇڭ-تورۇڭ** ① «تورۇڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بالا قوغۇنلۇقتا قولىدىكى كونا

چېلەكنى تورۇك-تورۇك ئۇرۇپ، كۆن بويى قوشقاچ ئۈركۈتتى. ② كۆچمە. قوپال، قاتتىق، قۇلاققا مۇشت ئۇرغاندەك، يېقىمسىز: بۇ ئەجەب تورۇك-تورۇك گەپ قىلىدىغان بىرنېمىكەنا؟

**تورۇك-تورۇك تەگمەك** كۆڭۈلنى رەنجىتىدىغان قاتتىق گەپ قىلماق: ماڭا قاپاق كۆتۈرۈپ قارالمايدىغان گۈھەرنىڭ تورۇك-تورۇك تېگىشى ئۇ مەھەللىگە چىققاندىن كېيىن باشلانغان ئەمەسمىدى.

**تورۇڭگىدە** رەۋ. «تورۇك» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «تورۇك» قىلغان هالدا: ئېغىلدىن تورۇڭگىدە قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، دەرھال يۈگۈرۈپ كىرسەم، سۈت سېغىشقا ئەكىرگەن ئۇقۇر ئۈستىدىكى قاچىنى موزاي ئۆرۈۋېتىپتۇ.

**تورۇڭلاتماق** «تورۇڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تورۇڭلىماق** پ ① «تورۇك-تورۇك» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: سېۋەتتىكى بىكارلانغان كونسېرۋا قۇتىلىرى تورۇڭلاپ تۆكۈلۈپ كەتتى. ② كۆچمە. كىشىگە قاتتىق گەپ قىلماق، قوپال تەگمەك: — ئانچىكى بىر ئىشقا سەن نېمانچە تورۇڭلايسەن! — دېدى بارات ئاكا ئۇ يىگىتنىڭ گېپىگە خاپا بولۇپ.

**تورۇلغا** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش، پەيلىرى توق قوڭۇر كېلىدۇ. يامغۇر ياغقان ياكى هاۋا ئوچۇق ۋاقىتلاردا دەرەخ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، تور... تور... قىلىپ سايرايدۇ.

**تورۇنقاي** ئى. ئۆچەي مېيى.

**تورۇۋا** (توغرىسى: توۋرا) ← **توۋرا.**

**تورىت** ئى [ر] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيۋى تەركىبى $Th(SiO_4)$ . كۆپىنچە ئۇششاق دانچە هالەتتە ئۇچرايدۇ، رەڭگى قارا، قوڭۇر، سېرىق كېلىدۇ؛ ئەينەك ياكى ماي پارقىراقلىقىغا ۋە كۈچلۈك رادىئوئاكتىپلىققا ئىگە گرانىت جىنس، توغرا شپات جىنس ۋە پېگماتىت قاتارلىقلار ئارىسىدا ئۇچرايدۇ. ئۇ تورىي تاۋلاشنىڭ مۇھىم خام ئەشياسىدۇر.

**تورساق** پ ① ئالدىنى توسماق، ئىلگىرىلىگىلى قويماسلىق: راست، ئۇنىڭ گېپى راست، ئۇنىڭ راست ئىكەنلىكىگە بىرلا مېنىڭ بولغانغان كۆڭلۈم گۇۋاهچى. بولۇپلا قالماي، ئاۋۇ يۇلغۇنلار، ماۋۇ يولۇمنى تورساۋالغان قوم بارخانلىرىمۇ گۇۋاھ! * مەن بېشىمدا شاپاق دوپپا، ئۇچامدا ئالدى ئوچۇق خام كۆڭلەك، تۆكلۈك مەيدەمنى چىقارغان هالدا قاۋۇل گەۋدەم بىلەن ئىشىكنى تورساپ تۇراتتىم. ② دالدا قىلماق، توسماق، ئەتمەك: مەن سۆزلەرنى دانمۇدانە قىلىپ، چۈشىنىشلىك ئوقۇدۇم، مەستلىكتىن كېلىپ چىققان ھېسسىيات ۋە ياشلىق تەلپۈنۈشلىرى قوشۇلۇپ، شېئىرنى تەسىرلىك ئوقۇپتىمەن. قىز بىردىنلا يۈزلىرىنى ئالقانلىرى بىلەن تورساۋالدى. * — ھە، — دېدى پوكەينىڭ ئېچىدە ئولتۇرغان قىز خۇش ياقماسلىق بىلەن ماڭا بىر قاراپ، ئاندىن ئۇ قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن ئاغزىنى توراپ قاتتىق ئەسنىدى. ③ قورشىماق، ئارىغا ئالماق: كۆچەت تىكتى قىزىم گۈلجامال، ئەجىر قىلىپ، يەرنى يۇمشىتىپ. ئەتراپىنى توردى پۇختا، چىرايلىق قىلىپ بەك قاملاشتۇرۇپ.

**تورىي** ئى [ر<لات] <خىم> رادىئوئاكتىپ مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Th(thorium). كۈل رەڭ پاراشوك هالەتتە بولىدۇ، يالتىراق ۋە يۇمشاق كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن ($U_{233}$) نى ئېلىشقا ھەم ئوتقا چىداملىق ماتېرىيال ۋە ئېلېكتر قۇتۇپى قاتارلىقلارنى ئىشلەشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ تىببىي دورىگەرلىكتىكى رولى رادىيغا ئوخشايدۇ.

**توز** I ئى. ئۇن تارتقاندا توزىغان ئۇن ئۇچقۇنلىرى: بىر چاغلاردا كۆنىمىز ئامبارچىغا قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا توز بىلەن توپا، گۇرۇچنىڭ ئورنىغا كۇرمەك بىلەن تېپان بەرسىمۇ شۈكۈر

تاشلانغانىدۇق.

**تۇز** II ئى [ئە] <زوئول> بىر خىل قۇش. بېشى ئۈستىدە تاجىسى بولىدۇ، چىشىسىنىڭ قۇيرۇقى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، كەرگەندە خۇددى يەلپۈگۈچكە ئوخشاپ قالىدۇ؛ كۆپرەك ئۇچرايدىغانلىرى يېشىل تۇز ۋە ئاق تۇز بولۇپ، ئىسسىق بەلباغ ئورمانلىرىنىڭ دەريا ساھىللىرىدا توپلىشىپ ياشايدۇ؛ مېۋە ۋە دانلىق ئۆسۈملۈكلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، ھايۋانات باغچىلىرىدا كۆپرەك بېقىلىدۇ، پېيىدىن زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساشقا بولىدۇ.

**تۇزان** ئى ① ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن يۇمشاق توپا، چاڭ: يىگىت جىم بولۇپ سىرتقا قارىۋالدى. دېھقانىڭ سەل بېسىقتى. بىردىنلا كۆتۈرۈلگەن قاتتىق شامال دېرىزە كۆزنەكلىرىدىن قۇم تۇزانلىرىنى ئۇچۇرۇپ كىرىشكە باشلىدى. * باتۇرنى كۆردى ئىنىق، ئېتىنى-بۇراپ قوغلاپ كەتتى تاغلار سۇلتانى. كۆكنى بويلاپ تۇمان كەبى يېيىلدى، دەشت يولىنىڭ ئۆرلەپ چىققان تۇزانى. ② كۆچمە. كىر، نۇقسان، ئىللەت: ۋۇجۇدى پاكىز ئىدى روھى ھەم پاك، ئىدى نەپسى ئەيىبكى تۇزاندىن ساق.

**تۇزدەك** سۈپ. ناھايىتى يۇمشاق (تارتىلغان ئۇن ھەققىدە): چولڭ ئاپام يېزىدىن تۇزدەك بىر چارەك ئاق ئۇن ئالغاچ كىرگەنىكەن، شۇنىڭدا ساڭزا سالسام بولارمىكىن دەيمەن.

**تۇزغاق** I ئى. يېكەن ۋە قومۇشقا ئوخشاش ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەڭ ئۇچىدىكى پۆپۈكى. ئۇ پەي، تۈككە ئوخشاش تۇزۇيدۇ: يەنە قەشقەر نۇسخىسىدا تۇزغاق ئارىلاشتۇرۇلغان، كۆك سېغىز بىلەن سۇۋالغان بەش ئېغىزلىق ئايۋان ساراي، مېھمانخانىسى بار ئىدى.

**تۇزغاق** II ئى. دىئال. تۇز.

**تۇزۇتماق** «تۇزۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نەسىردىن يىگىتلىرى بىلەن چەشتاغىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە چېكىنىپ كەلگەندە، ئويتاغ تەرەپتىن 30 نەچچە ئاتلىق يىگىت چاڭ-تۇزان تۇزۇتۇپ يېتىپ كەلدى. * جۇدۇن-چاپقۇن چىقىپ بىرپەس تۇزۇتتى گۈل چېچەكلەرنى، خازان قىلماقنى قەستلەر گۈزەل ياشلىق باھارنى.

**تۇزۇتۇلماق** «تۇزۇتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ تازىلانغان توپا-چاڭ تۇزۇتۇلغان، ئۆرۈسلىرى ئۆمۈچۈك تورلىرى بىلەن قاپلانغان بۇ پاكار قاراڭغۇ ئۆيگە بېشىنى تىقىپ، ئۇنىڭدا ئادەم يوقلۇقىغا كۆزى يەتتى-دە، چىقىپ كەتتى.

**تۇزۇشماق** «تۇزۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باغدا گۈللەر ئارقا-ئارقىدىن ئېچىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئەتىيازدىن بېرى بۇ كەنتتە سۇ كەم بولغانلىقتىن، يوپۇرماقلىرى سولاشتى، گۈللىرى تۇزۇشتى.

**تۇزۇماق** پ ① تۇزاندەك ھەر يانغا چېچىلماق، ئۇچماق، تۆكۈلۈپ چۈشمەك: قىز چېچىمنى ئېلىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ چېچىم ئۈستىدە ھەرىكەت قىلدۇرۇۋاتقان ماشىنىسىنىڭ ئاۋازى قۇلاق تۈۋىمدىن نېرى كەتمەيتتى. ئۇنىڭدىن تۇزۇپ چۈشكەن چاچ قىرقىندىلىرى ئالدىمدىكى ئاق كىرلىكنى ئالچىپار قىلماقتا. * گۈلنىڭ ئۆمرى بەك قىسقا، چۈنكى تۇزۇپ كېتەر باھاردىن كېيىن. شۇنىڭ بىلەن كۆيىچى بۇلبۇلمۇ، سايراشتىن توختايدۇ بىردىن. ② ئۇچۇپ چاڭ-تۇزانغا ئايلانماق: بوزدا مېڭىۋاتقان ماشىنىنىڭ چاقىدىن توپا تۇزۇشقا باشلىدى. * ئازراق شامال چىقىدىغان بولسا، قۇم دېگەن تۇزۇپ، ھەممە ياقنى بېسىپ كېتىدۇ. ③ كۆچمە. ھەر تەرەپكە تاراپ كەتمەك، چېچىلىپ كەتمەك: ئانا! مېنىڭ ئۈيۈمدىكىلەر ھەر تەرەپكە تۇزۇپ كەتتى. پاناھلىنىدىغان يېرىم يوق، مېنى بالا قىلىۋېلىڭ! * تۆمۈر خەلپە ئۇنىڭغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ: - ئاپىلىرىنى يوقلاپ بولغاندىن كېيىن، دەرھال قورايغا چىقىپ، ئېلى پالگان بىلەن سەپەرۋەل ئاكاملارغا ئېيتسىلا، تۇزۇپ كەتمەي، سەۋر قىلىپ تۇرسۇن، - دېدى. ④ تىتىلىپ،

ئۇۋۇلۇپ كەتمەك: كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن مايسخان ئىتتىك ئولتۇرۇپ، بوپىنى ئاستا ئاچتى: ھېلىمۇ زەي ئۆرلەپ تۇرىدىغان قازناقنىڭ بۇلۇڭىغا نەچچە يىل كۆمۈلۈپ، چىرىپ، كۆكىرىپ كەتكەن پۇلنىڭ چۈرىسىنى پۇتۇنلەي چاشقان قىرقىۋەتكەن بولۇپ، تۇتقان يەر توزۇپ تۇراتتى. ⑤ ۋەيران بولماق، يوقالماق: بىلىملىك كىشى ئۆزار، بىلىمسىز كىشى توزار (ماقال). * مۆمىن ئاكا ماڭا پاناھلىق بولمىغان بولسا، مەن كىچىكىمدىلا توزۇپ كېتەتتىم دېسىلە.

**توزۇندى** ئى. مەلۇم بىر نەرسىنىڭ پارچىلىنىپ چىرىگەن، توزىغان، چېچىلغان قالدۇقلىرى: — بىز زاۋۇت ئىچىدىكى ئىنكاسلارنى يىپ ئۇچى قىلدۇق، — خاتىرجەم سۆزلەيتتى رۇسۇل، — ئاندىن ماتورنى تەكشۈردۇق. ماتورنىڭ ئاپتول يوللىرىدا ھېلىمۇ يىپنىڭ توزۇندىلىرى بار. * يەنە بىر يەردە ئۇنىڭ يىرىم بوتۇلكا ھارىقى دوملاپ ياتاتتى. بېشىدا شەپكىسى كۆرۈنمەيتتى، قوناق پوپۇكىنىڭ توزۇندىلىرى يۇقۇشۇپ كەتكەن چاچلىرى پاخپىيىپ تۇراتتى.

**توس** تەق. توخۇ، ئۆردەك قاتارلىقلارنىڭ داننى قاتتىق چوقۇپ ئېلىشىدىن چىققان ئاۋاز: توخۇ كورىدىكى قوناقنى توس قىلىپ چوقۇشىغا، بالا يەنە بىر تاش ئاتتى.

**توساتتىن** رەۋ ① كۈتۈلمىگەندە، تۇيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت: دەرۋازا ئوچۇق بولۇپ، لەمخىزنىڭ ئىچىدىمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئەنجانبايلار لەمخزە دەرۋازىسىغا 50 مېترچە يېقىنلاپ بارغان چاغدا، توساتتىنلا بىر پاي ئوق ئېتىلدى. * توساتتىن ئىشىك ئېچىلىپ، چېھرىگۈل كىرىپ كەلدى. رىشت چېھرىگۈلنىڭ ناھايىتى تېزلا يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولغان ھالدا چوڭكا ۋە ماينى دەرھال تارتمىغا سېلىۋېتىپ، ئورۇندۇقنى تارتتى. ② ئىختىيارسىز، بىردىنلا: مەن يەنە نېمىلەرنىدۇر ئېيتماقچى ئىدىم، لېكىن توساتتىن جىم بولۇپ قالدىم، كۆڭلۈمدىكى سۆزلەر قاياقىدۇر غايىب بولۇپ كەتتى. * ياز پەسلىنىڭ بىر دەم ئېلىش كۈنىدە، يەنى سودا ماگىزىنى ئىشىك تاقايدىغان سەيشەنبە كۈنىدە، رۇقىيە بازارغا چىقتى. توساتتىن ئۇنىڭ كۆزى كوچىنىڭ ئۇ قېتىدا باللار قول ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ كېلىۋاتقان بىر جۈپ ياش ئەر-ئايالغا چۈشتى-دە، يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى ۋە چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. ③ ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق، سەۋەبسىز: ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى تالىشىپ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى، قايسى كىتابقا مەنە ئېيتالماي پەسكە چۈشكەنلىكىنى ۋە ياكى نېمە سەۋەبتىن شۇنچە جېدەل قىلىپ توساتتىنلا ئەپ بولۇپ قالغانلىقىنى ئاسان بىلگىلى بولمايتتى. * دادۇينىڭ خۇمدانىغا كۆمۈر ئەكېلىۋاتقان تراكتورنىڭ توساتتىن تورموزى تۇتماي قالدى-دە، داۋاندىن پەسكە قاراپ غۇيۇلداپ چېپىشقا باشلىدى.

**توساتتىن ئۆزگەرگۈچ** <بىئول> بىر گېن ئىچىدە توساتتىن ئۆزگىرىش ياساش ئارقىلىق، يېڭى بىر خىل تىپنى ھاسىل قىلالايدىغان ئەڭ كىچىك بىرلىك.

**توساتتىن ئۆزگىرىش** <بىئول> جانلىقلار تېنىدىكى گېن تىپىنىڭ ئۇشتۇمتۇت باشقا ھالەتكە كېلىشى. ئۇ قايتا گورۇپپىلىنىشتىن كېلىپ چىققان بولماي، بەلكى ئىرسىيەت ماددىسىنىڭ خاراكتېر ۋە سان جەھەتتە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشىدىن ياكى قايتا تىزىلىشىدىنلا ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن.

**توساتتىن ئۆزگىرىش نىسبىتى** <بىئول> مەلۇم تۈر ئىچىدىكى گېننىڭ توساتتىن ئۆزگىرىش چاستوتىسى.

**توساق** (توغرىسى: توسۇق) ← **توسۇق**.

**توسالغۇ** ئى ① ئىككى ئارىلىقنى توسۇپ تۇرغۇچى نەرسە: ئېلېكتروماگنىت دولقۇنى ئېگىز بىنا قاتارلىق توسالغۇلارغا ئۇرۇلغاندا، كەينىگە قايتىدۇ. * بۇ پەننىڭ بىزگە ئېلىپ كەلگەن مول مېۋىسى، ئەمدى ئۇرۇش ۋاقتىغا كەلسەك، ئۇرۇشتا توسالغۇ مۇشۇ تاشتەك ئاددىي بولمايدۇ، دۈشمەننىڭ ئوت

كۆچى مەركەزلەشكەن پوتەيلىرى قوشۇنىمىزنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى توسۇپ قويۇشى مۇمكىن. * مەلىكە بۇدۇر: —سىز ماڭا بىكارلا كايىماڭ! چاقچاق ئارقىلىق سىزگە ئۆزۈمنى بىلدۈرۈش، بىزنىڭ ئارىمىزدا پەردىدەك توسالغۇ بولۇپ تۇرۇۋاتقان ۋاقتنى قىسقارتىش مەقسىتىدە شۇنداق قىلدىم! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، ② كۆچمە. دەخلى-تەرۇز، پۇتلىكاشاڭ، توسقۇنلۇق: پاتقاق گازىغا ئىشلىتىلىدىغان ماتور مەسلىسى بۇ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى بىر توسالغۇ ئىدى. دەرۋەقە شۇنى ئېنىق بىلىشىمىز كېرەككى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا يەنە تۈرلۈك توسالغۇ ۋە قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىمىز. * يېنىك ئىش قىلىپ، راھەت تۇرمۇش كەچۈرۈشۈمگە ماڭا ھېچ توسالغۇ يوق. ئۆزۈمنىڭ بىلىمىم، ئىش ھەققىم بىلەن كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈرەلەيمەنغۇ؟

**توسالغۇ بولماق** بىرەر ئىشنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا دەخلى بولماق، پۇتلىكاشاڭ پەيدا قىلماق، قىيىنچىلىق شەكىللەندۈرمەك: ئامبارچى سەلەينىڭ ماتېرىيال زاپچاس چىقىمى توغرىسىدىكى ئۇششۇقلۇقى، ئۇنى ئىنچىكىرەك تەكشۈرۈپ خۇلاسىلاش، ماتور سىناش جازىسىنى قايتا قۇراشتۇرۇش ئىشىنى باشلىۋېتىشكە توسالغۇ بولۇۋاتاتتى. * مۇشۇ شەخسىي ئۈچمەنلىك سەۋەبى بىلەن، بىزنىڭ ئېلى رايوننى بوغداي ئامبىرىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىلمىي ئىشلىرىمىزغا توسالغۇ بولسا، بۇ قانداق بولغىنى!

**توسالغۇسىز** سۈپ. توسالغۇسى يوق، توسقۇنسىز، بىمالال: توسالغۇسىز ئېقىن. // — تاشۋاينى مەن بالا قىلىۋالاي. ئۇ بىزنىڭ ئۆيدە راۋابنى ھېچقانداق توسالغۇسىز ئۆگىنىۋېرىدۇ، — دېدى رەھىم. * لەشكەرلەر سېپىل تۈۋىگە كېلىپ قارىسا، شەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىسى كەڭ ئوچۇق تۇراتتى. ساۋرىننىڭ لەشكەرلىرى ھېچ توسالغۇسىز شەھەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

**توسالغۇلۇق** ئى. توسالغۇ بولىدىغان، توسالغۇ پەيدا قىلىدىغان نەرسە، مەسىلە، ئىش، ھالەت قاتارلىقلار: مەرىپەت، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمىزدا قىيىنچىلىق خېلى كۆپ، توسالغۇلۇقلارمۇ بار، قىيىنچىلىق بار دەپ بۇ ئىشلارنى قىلماي يەنە بولمايدۇ.

**توسالغۇلۇق قىلماق** دەخلى يەتكۈزمەك؛ توسقۇنلۇق، قارشىلىق قىلماق: ئېگىز تاغلار، چىغىر يوللار، ئاق پاختىدىن بۆك كىيگەندەك تۇرغان قارىغايلار ۋە قاراڭغۇ كېچىلەر سۈيقەستچىلەرنىڭ ئالغا مېڭىشىغا خېلى توسالغۇلۇق قىلاتتى. * — بۇرۇن چىققان قۇلاقتىن، كېيىن چىققان مۈڭگۈزنىڭ ئېشىپ كېتىدىغانلىقى بىر قانۇنىيەت، — دەيتتى نۇرۇللا، — بۇنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەش لازىمكى، ھەرگىز ئىلگىرىكى ۋاقىتتىكىدەك سالاھىيەت سۈرۈشتۈرۈپ، ياش ئەۋلادلارنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسالغۇلۇق قىلىشقا بولمايدۇ.

**توس-توس** «توس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**توستۇرغۇزماق** «توسماق I» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: رەھمكام ئىككى ياغاچچىغا بەش كۈن مۇددەت بېرىپ، ھويلىنى ۋادەك بىلەن توستۇرغۇزدى.

**توستۇرماق I** «توسماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەبەي قىش بويى چۆلدىن توشۇغان قومۇش بىلەن باللىرىغا باغنىڭ ئەتراپىنى توستۇردى.

**توستۇرماق II** «توسماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئانا بوۋاقنى چوڭ قىزىغا بېرىپ، توستۇردى.

**توسقۇچى** «توسماق I» پېئىلىنىڭ بىر خىل سۈپەتدىشى: توسقۇچى قەۋەت.

**توسقۇچى قەۋەت** <فىز> بەزى مېتاللارنىڭ يېرىم ئۆتكۈزگۈچ جىسىملار بىلەن تېگىشكەن يۈزى ئەتراپىدا شەكىللەنگەن ئالاھىدە رايون. بۇ رايوندا زەرەتلىك ئارىلاشما زەررىچىلەر

مەۋجۇت بولغانلىقتىن، خېلى كۈچلۈك جۇزئىي ئېلېكتر مەيدانى ساقلانغان بولىدۇ. يېرىم ئۆتكۈزگۈچ جىسىمدىكى زەرەت توشۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ رايوندىكى ئېلېكتر پوتېنسىئال ئېنېرگىيە خېلى يۇقىرى بولۇپ، زەرەت توشۇغۇچىلار-نىڭ ھەرىكىتىنى توسىدۇ. شۇڭا بۇ رايون توسقۇچى قەۋەت دەپ ئاتىلىدۇ.

**توسقۇن** ئى. دەخلى، پۇتلىكاشاڭ، قارشى-لىق: جانغا تېگىدەك سانجىلىسمۇ زەربىسى، كار قىلماس شۇم بورانىڭ ھەيۋىسى. بوشاشمايدۇ ئىرادىسى مەردلەرنىڭ، قانچە توسقۇن دۈچ كەلسىمۇ ھەر كۈنى.

**توسقۇن بولماق** ئالغا ئىلگىرىلەشكە، بىرەر ئىشنى ئېلىپ بېرىشقا ئوڭۇشسىزلىق، پۇتلىكاشاڭ، قىيىنچىلىق شەكىللەندۈرمەك: تاڭ ئېتىپ، ئوبدانلا يورۇق چۈشۈپ قالدى. بۇتخانىدىكى پىلموتلارنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆچىيىۋاتقان قارشىلىقى، قىسملىرىمىزغا قانچىلىك ئېغىر توسقۇن بولۇۋاتقانلىقى بارغانسېرى ئوچۇق-ئاشكارا سېزىلمەكتە ئىدى. * بۇ قاراڭغۇلۇق، بۇ تار گەمە ئۇلارنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرىنىڭ يېنىشىغا توسقۇن بولالمىدى.

**توسقۇنسىز** سۈپ. توسقۇنى، پۇتلىكاشىگى، قارشىلىقى بولمىغان؛ راۋان، قارشىلىقسىز: توسقۇنسىز ھەرىكەت. // ئىككى ياش بىر-بىرىنى ۋىجدان بىلەن سۆيۈشسۇن، ئۇلارنىڭ يۈرىكى ئۇن-تىنسىز ۋە توسقۇنسىز ھالدا ئاللىقاچان بىرىككەن بولسۇن. ئارزۇ ۋە غايە ئۇلارنىڭ جىسمىنى بىرلەشتۈر-سۇن. * شۇكرىكى، بېشىنى لىڭشىتتى ئۇلار، ئالدىنقى ئورۇنغا كەتتى يېنىمدىن. توسقۇنسىز يول ئاچقان ئايشەم ھەدىگە، تەشەككۇر ئېيتىلىپ چىقتى دىلىمدىن.

**توسقۇنلۇق** «توسقۇن» سۆزىنىڭ ئابستـ-راكت ئىسىم شەكلى: زاۋۇتىمىزنىڭ بۇ يىلقى ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى تولۇق ئورۇندىدۇق. ھېلىقىدەك ئىش ئاقسىتىدىغان توسقۇنلۇقلىرى بولمىغىنىدا ئىدى، بىز پىلانىنى بىرمۇنچە ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان بولاتتۇق. * مەن ئۆز ئۆيۈمدا، تېخى ئەمدى ئۆينىڭ غەملىرىدىن ئازاد بولدۇم، ھازىر تىرىشسام، كەسپتە يېتىشىپ كېتەرمەن، دەپ ئويلىغانىدىم. مانا كۈتمىگەن يەردىن بۇ توسقۇنلۇققا ئۇچرىدىم.

**توسقۇنلۇق قىلماق** پۇتلىكاشاڭ بولماق، دەخلى-تەرۇز يەتكۈزمەك، توسالغۇ، قارشىلىق شەكىللەندۈرمەك: مېنىڭچە، بۇ رەسىم ياخشى سىزىلغان، لېكىن چالىسى بار. ئايشەم سىزىپ پۈتكۈزگەن بولسا، ياخشى بولاتتى. بىراق ئۇنىڭ دادىسى بەكلا توسقۇنلۇق قىلىپ كېتىۋاتىدۇ. * ئەمدىچۇ؟ بۇ تەقدىر ئۆزۈمنىڭ بېشىغىمۇ كەلدى. بۇرۇن تاھىر بىلەن زۆھرەنىڭ، لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ ساپ مۇھەببىتىگە فېئودال-زالىم كۈچلەر، ئۆتمۈش جەمئىيەت توسقۇنلۇق قىلغانىكەن.

**توسقۇنلۇقسىز** رەۋ. توسقۇنلۇقى بولمىغان ھالدا، توسقۇنلۇققا ئۇچرىماي: شۇنداق قىلىپ ئۇ بالا ھېچبىر توسقۇنلۇقسىز يېرىم كېچىدە شەھەرگە كىرىپتۇ.

**توسما** ① ئى. ئىككى ئارىلىقنى توسۇپ، ئايرىپ تۇرىدىغان مەلۇم نەرسە: راخما نىڭ ئەترىتى ئۇنىڭ كۆزىنى ئالچەكمەن قىلىپ، ساتما ئالدىدا ئۇچرىغانلىكى نەرسىلەرنى دۆۋىلەپ، توسما ھاسىل قىلىۋاتاتتى. ② سۈپ. ئىككى ئارىلىقنى توسۇپ تۇرىدىغان، ئايرىپ تۇرىدىغان: توسما تام. توسما قىر. * ئاخىرى ئۇلار بىر توسما تاغ ئالدىغا كېلىپ توسۇلدى ۋە مەخسۇت بەگنىڭ ئۆز غالچىسى بىلەن ھولۇقۇپ-تىترەپ، توسما تاغنىڭ ئېگىز بېلىدىن يۇقىرىغا چىقىپ كېتىۋاتقانلىقى-نى كۆردى. ③ ئى. دەريالاردىكى سۇنىڭ ئېقىمىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن قوپۇرۇلغان قاش ياكى مەلۇم جىلغا، ئېقىنلارنى توسۇپ قۇرۇلغان سۇ ئامبارلىرىنىڭ توسۇلغان قىشى: مەيدان ئۆتكەن يىل 8-ئايدا بىر توسما ياساپ، يەكەن دەرياسىنى تىزگىنلەش ئارقىلىق،

قۇرغاقچىلىقتىن ۋەيران بولغان ۋە كېسىلىپ كەتكەن 50 مىڭ مو يەرنى سۇغاردى. * تور كەبى ئېرىق-ئۆستەڭ، كەلكۈننى باشلاش توسمىسى، مەھەللىمىز ئۆز كۈچىدىن ئۆچمەس چىراغ ياقتى سۇلار.

**توسما تام** بىناكارلىق ۋە سۇ قۇرۇلۇشلىرىدا، توپىنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشمەسلىكى ئۈچۈن سېلىنىدىغان؛ جەڭ مەيدانلىرىدا، بېكىنىش جايىنىڭ ئالدىغا ۋە ئاكوپىنىڭ چۆرىسىگە سوقۇلغان پاكار تام.

**توسماق** I پ ① توسۇق، قاشا ياكى توسما قاتارلىق بىرەر نەرسە بىلەن تورىماق، قورشىماق ياكى ئىككىگە ئاجراتماق: ئۆيىنى توسماق. * ئۇلار خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتى. ئەبەي قىش بويى چۆلدىن توشۇغان قومۇش يېكەنلەر بىلەن ئۇ يەرنىڭ چۆرىسىنى توسۇپ، توخۇ-ئۆردەك فېرمىسى ياسايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. * ئۆستەڭ بويلىرىدا بورىلار بىلەن توسۇپ ياسالغان قاتار-قاتار ۋاقىتلىق ئاشخانىلار، چايخانىلار، ناۋايخانىلار بار ئىدى. * ھەر تەرەپتىن قىر توسۇپ، سۇنى ئاچتۇق بىنەمگە، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، يەتكۈزىمىز پەللىگە. ② دالدا قىلماق: ئايال يىگىتنى كۆرۈپ، بېشىغا سالغان ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن يۈزىنى توسۇپ تۇرۇپ بېيىت ئېيتتى. * بۇلۇتنىڭ قۇياش نۇرىنى ئانچە-مۇنچە توسۇۋالىدىغان ھادىسىسى بولۇپ تۇردى. ③ كۆچمە. ئىشنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىنى چەكلىمەك، توختاتماق؛ قايتۇرماق: غۇنچەم: — قىزىق گەپ قىلىسىز نۇرۇم، باغۋەننى گۈل ئۈزۈشتىن، مېۋە يېيىشتىن كىم توساپ قويىدۇ؟ — دېدى. * — ھازىرچە تىنچ ئارام ئال، بۇ ھەقتە كېيىن سۆزلىشىمىز، مەن قاچان سورىسام، شۇ چاغدا ئېيتىپ بېرىسەن، —دەپ توسۇپ قويدى ئۇ. ④ كۆچمە. يول قويماسلىق، رۇخسەت قىلماسلىق: — چېرىك قوشۇننى تولدۇرۇش ئۈچۈن چېرىك ئېلىش كېرەك، — دېدى ئىلىك ھاجىپ، — لېكىن نامراتلاردىن ئېلىش، بايلاردىن ئالماسلىقنى توسۇش كېرەك. * — باتۇرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغان، — دېدى قىزلاردىن بىرى، — ئالىم مۇئەللىم شۇ چاغدا ئۇنى ئۇنداق ئىشلاردىن توسقانلىقى ئۈچۈن، باتۇر ئۇنى يامان كۆرۈپ قالغانىكەن، دەپ ئاڭلايتتۇق. ⑤ ئالدىدا يول بەرمەي، قارشىلىق قىلىپ تۇرۇۋالماق: دەرستىن چۈشۈش بىلەنلا ئەنۋەر ئۇنىڭ غېيىدە تىكىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىتتىك بېرىپ، ئاللىقاچان سىنىپتىن چىقىپ بولغان نىجاتنىڭ ئالدىنى توستى. * دۆلەت ئۆستىدىكى كەڭ مەيدانغا يېتىپ كەلگەندە، چېرىكلەر دۈپدۈگىلەك دائىرە بولۇپ، كىشىلەرنى توستى. * ئۇ ئۆز ھاياتى بەدىلىگە، دەھشەتلىك چاپچىپ كېلىۋاتقان ئات ھارۋىسىنى توسۇپ، ئۇنىلىغان يېتىملەر مەكتىپىنىڭ بالىلىرىنى ساقلاپ قالغانىدى. ⑥ مەلۇم ئۆتكەلدە تۇرۇۋېلىپ مېڭىش يولىنى ئەتمەك، قامال قىلماق: يول بويىدىكى ئوت-چۆپلەر تەۋرىنىپ، بىردىنلا شۆھرەت، دوغىلاق يىگىت قاتارلىق ئۈچ ئادەم پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ ھاراق ئىچىۋالغانلىقى روشەن بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۈچەيلەن دەلدەڭشىگەن پېتى كېلىپ ياسىننىڭ يولىنى توسىدۇ. * دۈشمەنلەر تاش كۆۋرۈكنى توسىۋالسا، ئۇلار قانداق قايتىپ چىقىدۇ. * بۇنىڭ ئارقىسىدىمۇ ئۈچ ھويلا بار ئىكەن، ئوتتۇرىدىكى ئىشىكنى توسىۋېتىپتۇ. بۇنىڭدىن كىرىش مۇمكىن ئەمەس. ⑦ توسقۇنلۇق شەكىللەندۈرۈپ، قارشىلىق قىلماق؛ چېكىندۈرمەك: «ئالاھىدە ئەترەت» ئىگىلەپ تۇرغان سېغىزلىق ياردا شامال، بورانلارنىڭ تەسىرىدىن ھاسىل بولغان نۇرغۇن ئويمان-چوڭقۇر يوللار بار ئىدى. بۇ شارائىتتىن پايدىلىنىپ، قارشى تەرەپنىڭ ھۇجۇمىنى ئۈنۈملۈك تۈردە توسقىلى بولاتتى. * ئۇ قاچقان چېرىكلەرنى قايتۇرۇپ، باشلامچىلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، يائنى توسدى. * يېشىل سېپىل توسقاچقا، يېزىمىزدا بوراننى. سالالمىدى ئەل-يۇرتقا، قۇممۇ ئاپەت-زىياننى. ⑧ توسما ياكى توسۇق بىلەن يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتمەك، باشقا يۆنىلىشكە باشلىماق: ئۆرۈك قىزىلكوس، بۇغدايغا سۇنى توس

(ماقال). * ئۇ تېخى دۈيجاڭخۇ! پۈتۈن سۈرۈك ئۈستەڭنىڭ سۈيىنى توسۇپ، ئۇستانىسا چۆرۈشتەك چوڭ ئىشتا، ئۇنىڭ رۇخستى بولمىسا بولامدۇ؟!

**توسماق** II پ. بوۋاق ۋە كىچىك بالىلارنى ھاجەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئەپلىك قىلىپ تۇتۇپ تۇرماق: بالىنى توسماق.

**توسمىلىق** سۈپ. توسمىسى بار، توسما بىلەن توسۇلغان: سەيلىچىلەر كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، يازلىق كۇلۇپ تەرەپكە ماڭدى، بۇ چاغدا تاختاي توسمىلىق يازلىق سەھنە تۆۋىنىدىكى تېرەككە ئورنىتىلغان رادىئو كانىيىدىن «جان ئەنجان» كىنوسىدىكى «ياخشى» دېگەن ناخشا ساداسى پەلەكلەردە پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى.

**توسۇشماق** «توسماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كۆپ ئۆتمەي ساقىيىپ قايتتى ئورنىغا، زاۋۇتىنىڭ غورۇرى ئۇدارنىڭ يىگىت. سولدۇرۇش كويىدا ۋاپا گۈلىنى، بەزىلەر توسۇشتى قىزنىڭ يولىنى، ئۆزمەككە بۇ شېرىن مېۋىنى ئېگىپ.

**توسۇق** ① ئى. ئارىلىقنى توسۇش، ئاجرىتىش ۋە ئىھاتە قىلىش ئۈچۈن سېلىنغان قورۇلما، تام، قاشا: قىزغىن ئىشلەۋېتىپ، كۆزۈم ھېلىقى تراكتورچى يىگىتكە چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش بەش-ئالتە ياش بىلەن سۇ يار ئېلىپ كەتكەن يەرگە قويۇلغان توسۇقنى مۇرىلىرى بىلەن يۆلەپ تۇراتتى. باشقىلار بولسا ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىگە شاخ، چىملارنى بېسىپ، تۇغان ياساۋاتقانىدى. * قاراچاچ مازىرىم يېڭىسارنىڭ شەرق تەرىپىدىكى قۇم دۆڭلىرى ئوتتۇرىسىغا، چوڭ يولنىڭ بويىغا جايلاشقان بولۇپ، بىر ئېغىز ئۆيى ئالدى تەرەپتە ئادەتتىكى ياغاچ تارغاق ۋە تام توسۇقلىرى بار، ئۆگزە ۋە تام ئۈستىلىرىگە ئارقار ۋە قوچقار مۈڭگۈزلىرى قويۇلغان، بىر ھېسابتا ئانچە سۈرلۈك كۆرۈنمەيدىغان مازار ئىدى. ② ئى. مېڭىش، كىرىش-چىقىشنى مەنئى قىلىش ئۈچۈن، ئىشىك-دەرۋازىلارغا قويۇلغان

توسما ياكى توغرا ياغاچ؛ مۇشۇنداق جايلاردىكى قاراۋۇللۇق: غېنىنى تاقە تىزلىك بىلەن كۆتۈۋاتقان راخمان ئۇلارنىڭ جامىل بوۋاينى ئالدىغا سېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خۇشاللىنىپ كەتتى. ئۇ ئۆتكەنكى قوپاللىقنى بىراقلا ئېسىدىن چىقىرىپ، ساتما ئالدىدىكى توسۇقتىن سەكرەپ چىقتى-دە، بوۋاينىڭ ئالدىغا ئۇچقاندەك يۈگۈردى. * ـ ئاغىچامنى جاپاغا سېلىپ قويدۇم، ھەممە گۇناھ مەندە، ئەمدى باشقا گەپنى قويۇپ، ئاتقا مىنسىلە خېنىم. پېقىر پىيادە يۈرۈپ جەڭ قىلىپ، ئۆزلىرىنى ھەرقانداق توسۇقتىن ئامان-ئېسەن ئاچقىپ كېتىمەن، ـ دېدى جاۋىيون. ③ سۈپ. ئارىلىقنى توسۇپ، ـ ئايرىش ئۈچۈن بېكىتىلگەن، ئورنىتىلغان: ئىشچى ئوتتۇرىدىكى توسۇق ئىشكتىن بېشىنى چىقىرىپ، بىئارامىلىق ئىچىدە قالغان كىشىلەرگە قاراپ ئۈنلۈك سۆزلىدى. * ـ ئۇ نېمە دېدى؟ ـ ئادىل پىيالىنى كارىۋاتنىڭ بېشىدىكى توسۇق ياغاچنىڭ ئۈستىگە قويۇپلا قادىرنىڭ سۆزىنى بۆلدى. * بىر تاغدىن-بىر باغدىن سۆزلىشىپ شۇنداق، گەپكە گەپ يېپىشماي ئۆتتى بىر ئاخشام. دۈيجاڭمۇ ئۆزىگە قويدى سوراقنى، «ئارىدا بولدىمۇ پەيدا توسۇق تام؟» ④ ئى. توي كۆچۈرگەن قىز-يىگىتلەردىن بىرەرىنىڭ ئۆسسۇل ئويناپ بېرىشى ياكى بېرىلىدىغان تارتۇق قاتارلىقلارنى تەلەپ قىلىپ تۇتۇلغان ئارغامچا ياكى باشقا نەرسىلەر: كىشىلەر ئىچىدىن بىرقانچە ئەر-ئاياللارمۇ قىزىپ ئۆسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. ئىككى جايدا قىز-يىگىتلەر توسۇق توستى، گۈللەيلى ئۇلارغا تەڭگە چاچتى. ⑤ كۆچمە. توسقۇنلۇق، قىيىنچىلىق؛ قارشىلىق: قالمىدىلىڭ ئاچ-يېلىڭ خەلقىنى ئۆلتۈرۈپ، ئويلىدىڭ ئۇلارنىڭ كېسەل-زارىنى. قاتمۇقات توسۇق ۋە داۋاندىن ئۆتتۈڭ. ئىزلىگەن پەرھاتتەك ئۆز دىلدارىنى.

**توسۇقلۇق** سۈپ. توسۇپ، ئاجرىتىپ قويۇلغان؛ توسۇلغان: ئۇلار «لاگېر» گازارمىسىغا كەلگەندە، چوڭ يول ئالا ياغاچلار بىلەن توسۇقلۇق

ئىدى. گازارما دەرۋازىسىدىكى ئىككى پوست بولسا، نەيزىلىك مىلتىقلىرىنى چىڭ قۇچاقلاپ ئۆگدەپ ئولتۇراتتى.

**توسۇلماق** I «توسماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قېچىش، قېچىشلا كېرەك ئىدى. تۇرۇپ ئورمان ئىچىدە توسۇلۇپ مېڭىشقا يول تاپالماي قالاتتى، تۇرۇپ بۇلۇتلار ئارىسىدا ئاق قالغان بوشلۇقتەك، كىچىككىنە تۇز ئوت-چۆپلۈككە چىقىپ قالاتتى. * بىلەت سېتىش تۈشۈكى بىردەمدىلا تىقىلىشۋالغان ئادەملەر بىلەن توسۇلدى، كېيىن كەلگەنلەرنىڭ بەزىلىرى تۈشۈك ئالدىنىڭ بوشىشىنى كۈتۈپ چەتتە تۇرۇشسا، بەزىلىرى ئۆزلىرىنى توپ ئىچىگە ئاتاتتى.

**توسۇلماق** II «توسماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بالا ئىككى قېتىم توسۇلدى.

**توسۇن** سۈپ. كۆندۈرۈلمىگەن، شاش: ياش ۋاقتىمدا قالتىس چەۋەنداز ئىدىم، بىر كۈنى سېلىم بەگنىڭ ھويلىسىغا كىرسەم، بىر توسۇن ئات ھويلىسىدا قېچىپ يۈرۈپتۇ، ھېچكىم يېنىغا كېلەلمەپتۇ، ئاخىرى مەن تۇتۇپ بەرگەنىدىم. * كېلىپ پەرھاتچە غەيرەتكە، شىمايلاپ يەڭنى جەينەككە، توسۇن دەريانى كۆندۈرگەن جەسۇر پالۋانلىنى كۆردۈم.

**توشتۇرماق** ① «توشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ساقى ساندۇقتىن چىقىپ، چوڭقۇر خەزىنىنىڭ تېگىدىكى ئالتۇنلارنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. ساندۇقنى يېرىمىغىچە ئالتۇنغا توشتۇرۇپ، باقىغا قاراپ: ـ يېرىم ساندۇق بولسا بولارمۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ. ـ توشتۇر، توشتۇر، لىق توشتۇر! ـ دەپتۇ باقى. ② جەدۋەل ۋە قۇرنىڭ بوش ئورۇنلىرىغا تېگىشلىك سان ۋە مەلۇماتلارنى يازماق، تولدۇرماق: جەدۋەل توشتۇرماق.

**توشتۇرۇشماق** «توشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھەر كۈنى ئەتىگىنى دەريا بويىغا بېرىپ، ئاخشىمى سېۋەتلەرنى توشتۇرۇشۇپ قايتىدىكەن.

**توشتۇرۇلماق** «توشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: جاپپارنىڭ ئىشخانىسى پەقەت يەرگە گىلەم سېلىنمىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ياسىن شۇجىنىڭ ئىشخانىسىدىن ئانچە پەرق قىلمايتتى، ئىشخانا سافا بىلەن توشتۇرۇلغانىدى.

**توشقان** I ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. بېشى چاشقاننىڭ بېشىغا ئوخشايدۇ، قۇلىقى يوغان، يۇقىرىقى كالپۇكى يېرىق كېلىدۇ، قۇيرۇقى قىسقا بولۇپ يۇقىرىغا كۆتۈرۈۋالىدۇ، ئالدى پۇتى كەينى پۇتىدىن قىسقا ۋە يۇگۈرۈك كېلىدۇ. ئائىلە توشقىنى، ياۋا توشقان دەپ بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. گۆشىنى يېگىلى، يۇڭىدىن پوپايكا توقۇغىلى، تېرىسىنى كىيىم تىكىشكە ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**توشقان زەدىكى** <بوت> شۇمبۇيا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ئەتلىك، سېمىز، تۆۋرۈك-سىمان، قارامتۇل سېرىق بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى تەڭگىسىمان، سېرىق قوڭۇر، گۈلى سۆسۈن قوڭۇر، يىلتىزى تۈگۈنەك ۋە ئەتلىك كېلىدۇ؛ پۈتۈن تېنى دورا قىلىنىدۇ، بۆرەك-نى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ، تەرەت ماڭغۇزۇش رولىغا ئىگە.

**توشقان قومۇشى** <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، پاكار ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئېللىپس ياكى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، گىرۋىكىدە چىشلىرى بولىدۇ؛ باشسىمان گۈل رېتى غولىنىڭ ئۇچىدا شالاڭ ھالەتتە ئۆسىدۇ؛ گۈلى سېرىق بولۇپ، باھار پەسلىدە ئېچىلىدۇ؛ يول قاسناقلىرى، ئېتىز ۋە چۆللۈكلەردە ئۆسىدۇ؛ يوپۇرمىقىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ؛ پۈتۈن تېنى دورا قىلىنىدۇ: قىزىتمىنى قايتۇرۇش، زەھەرنى كېسىش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇ-رۇش قاتارلىق روللارغا ئىگە.

**توشقان يۇرەك** ← **توخۇ يۈرەك**: ئەمما،
ھېلىقى ئىككى مۇدەررىس توشقان يۇرەك نېمىلەردىن
ئىدى.

**توشقان يىلى** <ئاستر> مۈچەل يىل
ھېسابىدا تۆتىنچى يىل نامى.

**توشقان II** ① «توشماق» پېئىلىنىڭ
سۈپەتدىشى: ئانارگۈل ئانارغا لىق توشقان بىر
سېۋەتنى بېشىغا ئېلىپ، «ئانارخان» ناخشىسىنى
غىڭشىغاچ كېتىۋاتاتتى. ② سۈپ. ئەتراپلىق
يېتىشكەن، كامالەتكە يەتكەن: ماقالە
يازىدىغان ئېپىسكوپ بىللونى ئۇنى ناھايىتى توشقان،
كەڭ بىلىملىك ئادەم دەپ يېزىپتۇ.

**توشقانچى** ① ئى. توشقان بېقىش ياكى
ياۋا توشقان تۇتۇش ۋە ئۇنىڭ مەھسۇ-
لاتلىرىنى سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى:
ئەنە شۇ توشقانچىنىڭ قىسمىقىغا ھەر كۈنى بىر
توشقان چۈشىدىكەن. ② سۈپ. توشقان
ئالىدىغان، توشقان ئوۋلىيالايدىغان:
توشقانچى سار.

**توشقانقۇلاق** ئى [توشقان+قۇلاق] < بوت >
كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى
كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك.
تۆۋىدىن ئۆسكەن يوپۇرمىقى سوقچاق،
سېپى ئۇزۇن، گىرۋەكلىرى يىرىك يۇملاق
چىشلىق، غولىدىن ئۆسكەن يوپۇرمىقى
كىچىك، سېپى يوق كېلىدۇ؛ گۈلى كۆك،
گۈل رېتى باشاقسىمان، گۈل تاجىسى
ئىككى كالپۇكقا بۆلۈنگەن بولىدۇ؛ غوزا
مېۋىسى كىچىك بولىدۇ، ئۆسۈملۈكنىڭ
پۈتۈن تېنى دورا بولىدۇ؛ بەدەننى كۈچ-
لەندۈرۈپ سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

**توشقانقۇيرۇق** ئى [توشقان+قۇيرۇق] <بوت>
باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق
سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، غولى توپ
ياكى تاق ھالەتتە ئۆسىدۇ؛ يوپۇرمىقى
يىپسىمان ۋە ياپىلاق كېلىدۇ؛ كونۇسسىمان
گۈل رېتى ئاچ يېشىل بولۇپ، غول ئۇقى
ئۇچىدا باش ئەتىيازدا توپلىشىپ ئۆسىدۇ؛
نەم جايلاردا ئۈنىدۇ. ئۇ ناھايىتى
يۇمشاق بولۇپ، ئۇلاغلار ئۇچۇن ياخشى
يەم-خەشەك ھېسابلىنىدۇ.

**توشقانكالپۇك** ئى [توشقان+كالپۇك] <بوت>
كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ
يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، غولى
تىك ۋە يالغۇز ئۆسىدۇ، تۆۋىدىن شاخلى-
نىدۇ، رەڭگى بېغىر رەڭ سېرىق؛ يوپۇرمى-
قى ئۇدۇل ئۆسىدۇ، ئۈچ قۇلاقلىق پەيسى-
مان يېرىلىدۇ؛ گۈل رېتى ئايلانما چەكلىك
كۈنلۈكسىمان، گۈلى كالپۇكسىمان، رەڭگى
قىزغۇچ سۆسۈن؛ كىچىك ۋە قاتتىق
مېۋىسى ئۈچ بۇرجەك بولىدۇ؛ ئۆسۈملۈك
تېنىنىڭ يەر ئۈستى قىسمى دورىغا
ئىشلىتىلىدۇ؛ ياللۇغنى ياندۇرۇش، قاننى
توختىتىش، تىنچلاندۇرۇش رولىغا ئىگە.

**توشقانئوت** ئى [توشقان+ئوت] <بوت> ئازغان
ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق
ئۆسۈملۈك، غولى تىك، يىلتىزسىمان
غولى ئۇزۇن ۋە توم بولۇپ، قارامتۇل
بېغىر رەڭدە بولىدۇ؛ تۆۋىدىكى يوپۇرماقلى-
رى توپلىشىپ ئۆسىدۇ، غولىدىكى يوپۇر-
ماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، تاق سانلىق
پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق؛ گۈلى
قارامتۇل قىزىل بولۇپ، باشاقسىمان گۈل
رېتىدە؛ يىلتىزى ۋە يىلتىزسىمان غولى
دورىغا ئىشلىتىلىدۇ: ئىسسىقنى ياندۇرۇش،
قان توختىتىش رولىرىغا ئىگە.

**توشماق** پ ① لىق قىلىپ قاچىلانماق،
تولماق: ئۇنىڭ پۇلى يېتەرلىك ئىدى، شۇڭا بىر
پەستىلا ئىككى سومكا لىققىدە توشتى. * ئايلىق
نورمىسى ئۇچۇن كىچىككىنە بۆز خالتىمۇ توشمايدىغان

بۇ كۈنلەردە خۇرجۇن، تاغار دېگەنلەر دېھقانلارنىڭ ئۆخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغانلىقىنى ئۇ، ئەلۋەتتە، بىلمەيتتى. * سادىق كەتمىنىنى مۇرىسىدىن ئالدى-دە، سۇ كىرىۋاتقان ئېتىزغا قارىدى: — بۇ ئېتىز توشۇپتىغۇ! ② بوش ئورۇن قالماي ئىگىلەنمەك، ھەممە يېرى قاپلانماق، بىر كەلمەك: راست، ئۇ بىزنىڭ ھەمىشە يىرىقمىزنى يېقىن، ئېغىرىمىز-نى يېنىك قىلىپ تۇردۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئالغان تەقدىرناملىرى بىلەن پۈتۈن بىر تام توشتى-دە! * ھويلا ئىشىكىدىن پاتماي كىرىۋاتقان ئەزالار ئېقىمىنى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان يەنە بىر ئېقىن ئالدىغا قىستىماقتا ئىدى. تۇراخۇننىڭ ئانچە تار بولمىغان ھويلىسى بىردەمدىلا توشۇپ كەتتى. * ئۆي تۈتۈنگە توشۇپ كېتىپتۇ. * 20 كېمىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چۆپ باغلاملىرى ئوقيا ئوقى بىلەن توشۇپ كەتتى. * 30 دىن سەل ئاشقان بولغىدى يېشى، بويىتۇ ئۇ ساقاللىق، چاچلىرى ئاپئاق. ماڭلىيى توشۇپتۇ يول-يول سىزىقتا، بېشىدىن ئۆتكەچ كۆپ ئىسسىق ۋە سوغۇق. ③ يېتىلمەك، تولۇقلانماق، سەمرىمەك: شۇ باغ بىرلە ئۇلارنىڭ دىللىرى خۇشتى، نازۇك قىز شۇ باغدەك ھۆسنىگە توشتى. بىراق، ھايات ئەمەس ئىدى ئۇندا تىنچ، ھۆكۈم سۈرگەن «ئالتە شەھەر» دە قانلىق قىلىچ. * چۈنكى مەن قوينۇڭدا تېپىپ بەختىمنى، قارىغايدەك بەرق ئۇرۇپ ياشىرىپ ئۆستۈم. پارتىيەم مېھرىدىن تېپىپ ئەقلىمنى، ياشلىقىم باھارىدا قۇۋۋەتكە توشتۇم. ④ ئۆسۈپ، چوڭىيىپ مەلۇم ياشقا يەتمەك: بۇلتۇر 1-ئايدا 17 گە توشتۇم. * تاغام مېنى 17 گە توشمايلا 3000 سوم بەدىلگە ئۆزۈمدىن 45 ياش چوڭ ئادەمگە بېرىۋەتكىنى ئېسىڭدىدۇر. ⑤ بەلگىلەنگەن ياكى مۆلچەرلەنگەن چەككە يەتمەك: مۇبادا بۇنداق تەسىرنىڭ ئاقىۋىتىگە سەل قارىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئاپتوموبىل-نىڭ خىزمەت قىلىش ئىقتىدارى بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە توشمايدۇ. بەزىدە ھەتتا ئېغىر ۋەقە كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. * پەرھاتنىڭ ئارا تاغ گۈگۈشى ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقانلىقىغا بىر يىل توشتى. * ئەكبەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئادىلجانغا: — مېنىڭ ۋاقتىم توشتى، ھېلىقى يەرگە ھازىر ماڭىمەن، بولمىسا بۈگۈن كەچ قايتىپ كېلەلمەيمەن، — دېدى.

**توشۇتقۇزماق** «توشۇماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى: مەن راستىنلا ئىشلەيدىغان چېغىمىز دەپ كەلسەم، بىردەم ئۇنى، بىردەم بۇنى قىلىپلا، ئەل ئايىغى بېسىلىش بىلەن ئون تال قېلىن شالنى تاللاپ، ئۆيىگە توشۇتقۇزدى.

**توشۇتماق** «توشۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھە، راستىنلا ھويلاڭدا قويي قىغى جىق تۇراتتىغۇ، قول تراكتورلىرى بىلەن توشۇتۇپ بېرەيمۇ-يا؟ * ئىككى ئانا بىزگە كايىپ چارچىغاندىن كېيىن، بۇلاقتىن سۇ توشۇتماقچى بولدى.

**توشۇشماق** «توشۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار تەييارلىغان سۈپەتلىك ئوغۇتلىرىنى ھەر موغا 40 تاغاردىن مۆلچەرلەپ توشۇشتى.

**توشۇغۇچى** «توشۇماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: توشۇغۇچى راكېتا. * ئىشك ئالدىدىن كۆڭلىكنىڭ ئارقىسى شامالدا كۆپۈپ چىققان خەت توشۇغۇچى بالا مىنىۋالغان موتسىكلىت تارىلداپ ئۆتتى.

**توشۇغۇچى تاسما** <ماشن> زاۋۇت، كان ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىدىكى ماتېرىيال، ماشىنا زاپچاسلىرى ۋە ئىشلەپ-چىقىرىش مەھسۇلاتلىرىنى توشۇيدىغان قۇرۇلمىلارغا ئىشلىتىلىدىغان تاسما كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**توشۇغۇچى راكېتا** <ھەرب> سۈنئىي ھەمراھ ياكى باشقا ئاسمان جىسىملىرىنى توشۇيدىغان راكېتا. سۈرئىتى ئىنتايىن يۇقىرى، بەزىلىرى ئاسمان جىسىملىرىنى ئېلىپ چىققاندىن كېيىن، ئۆزىمۇ سەييارىلەر ئارا مەلۇم ئوربىتا بويىچە ئايلىنىدۇ.

**توشۇق** I سۈپ. توشقان، توشقۇزۇلغان؛

تولۇق: زال كىشلەر بىلەن تۇشۇق ئىدى. * كۆركى ياشلىق بۇ ئۆمۈرنىڭ ھۆسنى لاتاپەت باغدا، ئىلمۇئىرپان چەشمىسىدىن شەربەت ئىچىپ بولغاي تۇشۇق.

**تۇشۇق** II ئى. تۇشۇپ، يۆتكەپ كېلىنگەن نەرسە؛ گەپ-سۆز: باققىدەك بولسا، تاھىر بىلەن زۆھرە مەجلىس قىلىپ ئولتۇرغان. ھەللە دەرھامان قايتىپ، قارا باتۇرغا: — ئى قارا باتۇر، 30 كۈن روزىنى سەن تۇتساڭ، ھېيتنى تاھىر بىلەن زۆھرەخان ئوينامدۇ؟ — دەپ تۇشۇق تۇشۇپ كەلدى.

**تۇشۇك** I ئى [خەن] چىگە، يوٗك، پاختا قاتارلىقلاردىن ئېشىلگەن يوغان ئارغامچا: ھارۋىنىڭ ئالدىغا قېتىلغان تورۇق ئات كۆچەپ تارتقان ئىدى، تۇشۇك ئۈزۈلۈپ كەتتى.

**تۇشۇكنى ئۈزۈدىغان** ← **ئارغامچىنى ئۈزۈدىغان.**

**تۇشۇك** II ئى ← **تاشلاق.**

**تۇشۇكلۈق** سۈپ ① تۇشۇكى بار، تۇشۇكغا ئىگە: بىزنىڭ ھارۋا-ئۇلاغلىرىمىز بولدى. ئوتۇن، پىچانغا بارساق تۇشۇكلۈق، ئارغامچىلىقمۇ بولۇپ قالدۇق. ② تۇشۇك تورلاشقا بولىدىغان، تۇشۇكغا باب: مەن بىر تۇشۇكلۈق چىگە سېتىۋالدىم.

**تۇشۇلماق** «تۇشۇماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: گايىتنىڭ قوغۇنى شۇ ئەتراپتىلا ئەمەس، تۇرپان بازىرى، ئۈرۈمچىلەردىمۇ مەشھۇر ئىدى. ھەتتا سىڭگىم ئېغىزىدىن چىقىپ، يالقۇنتاغ ئېتىكىدىكى قىپقىزىل قۇم ئۈستىدىن كېسىپ ئۆتكەن تاشيولدا، ئىچكى ئۆلكىلەرگىچە تۇشۇلاتتى.

**تۇشۇماق** پ. ① بىر ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا يۆتكىمەك: خەلچەم ئالماس بىلەن شانىيازنىڭ باش قوناقنى تاغارغا قاچىلاپ، ئۆگزىگە تۇشۇماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى تۈۋەن چۈشۈرۈپ، ئۆگزىدىن چۈشتى. * سادىق ئويلىنىپ تۇرمايلا يولنىڭ چېتىگە قاراپ، ئۇ يەردە دۈۋىلىنىپ تۇرغان تاشلارنى كۆردى ۋە چاپىنىنى تاغار قىلىپ، چاقنىڭ ئالدىغا تاش تۇشۇدى. ② ئاپارماق، يەتكۈزمەك: گەپ تۇشۇيدۇ ئاردا دۈشمەن بولۇپ، تولا گەپتىن كەتتى ئىچىم دەردكە تولۇپ. بۈگۈن ئاخشام چۈشۈمگە كىرىپ قاپسىز، چىراغ يېقىپ قارىدىم ئۆرە تۇرۇپ.

**تۇشىماق** پ. يەتمەك، بەرداشلىق بەرمەك، چىدىماق: — ھاي بولمىغۇر خوتۇن! سەن پولۇ ئېتەمسەن ياكى سەي قورۇمسەن؟! نېمانچە جىق ماي بۇ-ھە؟! بۇنداق قىلساڭ ساڭا نېمە تۇشايدۇ، — دېدى ئېرى. * پىلمونتنىڭ ئوقىغا نېمە تۇشايدۇ، دۈشمەن دېگىننىڭ سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ كېتىپتۇدەك. * مۇنداق كىيسەڭ ئاياغ تۇشامدۇ؟

**تۇغ** ئى. قوناق قاتارلىق ئۆسۈملۈك يوپۇرماقلىرىغا ۋە باشقا نەرسىلەر ئۈستىگە قونغان توپا-چاڭ، توزان.

**تۇغاچ** ئى. شاپتۇلنىڭ بىر تۈرى. مېۋىسىنىڭ پوستى قىزىل، تۈكسىز، مېۋىسى سولۇق؛ كېيىن پىشىدۇ: لەيلىگۈل ئېغىر قايغۇ ئىچىدە بىر تۈپ تۇغاچنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا يۆلىنىدۇ ۋە كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا تاشۋاينىڭ ھويلىسىغا تەلپۈنىدۇ.

**تۇغاچتەك** سۈپ. قىپقىزىل: ئامراقلىقى كېلەر باقسا ھەركىمنىڭ، ئون ياشلارغا كىرگەن ئوماق بۇ قىزغا. كىچىككىنە يۈزى ئۇنىڭ تۇغاچتەك، شوخ كۆزلىرى ئوخشار يورۇق يۇلتۇزغا.

**تۇغرا** I ① سۈپ. تۈز، ئەگرى ئەمەس، ئېگىز-پەس يېرى يوق: تۇغرا سىزىق. تۇغرا يول. // كىم ئىشەنسۇن تۇغرىنى ئەگرى دېسە، چىنپۈتەر قۇربانىنى كىم ئوغرى دېسە؟ كىم ئىشەنگەيكى ئۆلارنى «سار» دېسە، بارمىدۇ دۇنيادا بۇنداق ھادىسە؟ ② رەۋ. مەلۇم بىر نىشانغا قاراپ، ئۇدۇل: بىرنەچچە ئون ئاتلىق نەۋكەرلەر ھەممىنىڭ ئالدىدا كىرىپ كەتتى، جۇيۇي ئارقىدىن ئېتىنى

قامچىلاپ، توغرا تاشقى سېپىلنىڭ ئىچىگە كىردى. ③ سۈپ. مەلۇم يۆنىلىشكە قارىمۇقارشى، ئۆدۈلمۇئۆدۈل ئورۇنلاشقان، ئالدىنى توسۇپ تۇرىدىغان: توغرا قىر. توغرا تام. * دەل شۇ پەيتتە ئاسىم، ئىلىقۇل، مەشرەپ باشلىق ئون نەچچە كىشى ھاشارچىلار ئارىسىدىن چىقىپ، سەكرەپ دامبا ئۈستىگە چىقتى-دە، بەگنىڭ ئالدىدا پۇتلىرىنى كېرىپ، توغرا تۇردى. * يۇقىرى باراي دېسەم، ئالدىمدا بىر توغرا داۋان. قايرىلىپ ياناي دېسەم، يارنىڭ ئوتى ئاندىن يامان. ④ ئى. كەڭلىك، ئەن: بۇ ئېتىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى 66 مېتر، توغرىسى 11 مېتر بولۇپ، دەل بىر مو كېلەتتى. ⑤ رەۋ. ئارتۇق ياكى كېمى يوق، دەلمۇدەل: ـ سىلى ئاغرىغاندىن باشلاپ، بۇ يىل توغرا يەتتە يىل بولدى، ـ دەپتۇ تۆردى قارىي. ⑥ سۈپ. خاتاسى يوق، ناتوغرا ئەمەس: ئەگەر توغرا جاۋاب بېرەلمىسەڭ، تىللانى شاھىمىزنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بېرىشىڭ كېرەك. * ھاشىم: ـ بىر ھېساپتا كادىرلارنىڭ دېگەن سۆزلىرى توغرىكەن جۇمۇ، ئۆزى، ـ دېدى. * ـ رابىخان، سىلىدىن قىلچىمۇ توغرا مەسلىھەت چىقمايدۇ، ـ دېدى توختى ئاكام، ـ ياشلارنىڭ ھەممىسى تراكتورغا ئولتۇرۇپ ناھىيىگە كېتىشتى، ئەمدى باغاقنى كىمگە تارقىتىمىز. ⑦ سۈپ. مۇۋاپىق، ئورۇنلۇق، يولىدا، لايىقىدا: ئىجادىيەتكە ئاپتورلارمۇ توغرا مۇئامىلە قىلىشى، تەھرىرلەرمۇ توغرا مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. ⑧ سۈپ. كۆچمە. ھەقىقىي، يالغان ئەمەس، راست: ـ توختىئاخۇن ئاكام توغرا ئېيتىدۇ، لەيلىگۈلنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردە پەيدا بولغان كوپىراتىپلار توغرىسىدىكى سۆزلىرى بۇ يەردە چوڭ قىزىقىش پەيدا قىلدى، ـ دېدى. * كېلىن بالا ھەرقانچە قىلغىنى بىلەن، بىزنىڭ خوتۇن ئۇنىڭدىن خاتىرجەم ئەمەس، ئۇ يان ئويلايمەن، بۇ يان ئويلايمەن، يەنىلا ئايالىمنىڭ توغرىدەك قىلىدۇ. ⑨ سۈپ. قۇۋلۇق، ئالدامچىلىقنى بىلمەيدىغان، پاك، دىيانەتلىك: سىزدەك توغرا، ئاق كۆڭۈل ئادەمنىڭ ئەينى يىللار-دىكىدەك ھەققانىيەتنى قوللاپ، بىزگە ياردەم بېرىدىغانلىقىڭىزغا، خەلققە، ئىنقىلابىي ئىشلارغا ياردەم بېرىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. // بىر توپ كىشى تۇتماق بولۇپ ئوغرىنى، داۋراڭ سېلىپ چىقتى چېلىپ ناغرىنى. «ئوغرى قاچتى» دېگىنىچە ۋارقىراپ، كېلىپ مەھكەم تۇتتى ئوغرى- توغرىنى. ⑩ يۆك. «دۇرۇس، دەرھەقىقەت» دېگەن مەنىدە قىستۇرما سۆز رولىدا كېلىدۇ: مەن كۆڭلۈمدىكى باراتنىڭ سوئالىدىن تەمتىرەپ قالدىم. توغرا، مەن بىر قېتىملا ئەمەس، بىرنەچچە قېتىم بۇ ھەقتە ئۆز ئىرادەمنى بىلدۈرگەنىدىم. ئەمما، ئۇ چاغدا مېنىڭ قەلىمىم يوقاپ كەتمىگەنىدى-دە. * توغرا، دەۋرىمىزنىڭ گۈزەللىكىدە گەپ يوق، بۇنى تالاشمايمەن. ئەمما ھەممىدىن گۈزەل يەنە بىرنەرسە بار. ئۇنى تاپالمىدىڭىز. ⑪ تىر. شەخس بىلەن تۇرلەنگەن شەكلىگە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كېلىپ «ھەققىدە، ئۈستىدە» دېگەن مەنىدە تىركەلمە رولىدا كېلىدۇ: سىلەر ئەنسىرەپ كەتكۈدەك ھېچ گەپ يوق ئىكەنتۇ، كىمدۇر بىرى خاسىيەتكە چاقچاق قىلىپ، مېنىڭ توغرامدا بەزى گەپلەرنى قىلىپ، سىناپ باققان ئوخشايدۇ.

**توغرا بولماق** ① تۈز ھالەتكە كەلمەك: دادۇيجاڭ ئەزالارغا: ـ ناھىيە باشلىقلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ۋالىي يېقىندا كېلىدىكەن، شۇڭا بىز دۇينىڭ ھەربىر تاناپ يوللىرىنىڭ داغدام، تۈز، توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئۈچ كېچە-كۈندۈز يول رېمونت قىلىش ۋە خەشەك بېسىش بىلەن شۇغۇللىنىمىز، ـ دېدى. ② ھەقىقىي، راست، خاتاسى يوق بولماق: ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ئىنتايىن توغرا بولۇشى كېرەك. ③ ئادىل، ھەققانىي بولماق: سېنىڭ تىلەمچىلىك قىلىپ جان باقىمەن دېگەن سۆزۈڭ ئانچە توغرا بولمىدى. ④ ھۇزۇرىدا بولماق، يۈز كۆرۈشمەك: كېيىنكى ۋاقىتلاردا خەلق ئارىسىدا مۇشۇ پارالى ئېقىپ يۈردى. بۇنىڭغا قارىغاندا، موللا زەيدىننىڭ ئەرزنى كۆتۈرۈپ بېيجىڭغا بېرىپ، خانغا

توغرا بولغانلىقى ئېنىق، لېكىن موللا زەيدىننىڭ قانداق
جاۋاب ئېلىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا بىرەر رىۋايەت يوق.

**توغرا بۇلۇڭ** <مات> ← **تىك بۇلۇڭ.**

**توغرا تاپماق** ① توغرا، مۇۋاپىق دەپ قارىماق: بىردەملىك بەس-مۇنازىرىدىن كېيىن، يىغىن ھەيئىتى ۋە يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى كامىلنىڭ كۆز قاراشلىرىنى توغرا تاپتى. * لىتىپ ماھىرەنىڭ دېگەن بۇ سۆزلىرىنىمۇ توغرا تاپتى. ② قوشۇلماق: گېنېرال پەۋقۇلئاددە كومىسسىيىنىڭ دەسلەپكى تەكشۈرۈش ۋە پىكىرلىرىنى توغرا تاپتى. * ئەكرەم بۇ ئەقىللىق قىزنىڭ مەسلىھەتىنى توغرا تاپتى.

**توغرا تۇرماق** تاقابىل تۇرماق، تەڭ كەلمەك: بۈگۈن ئۇ دەھشەتلىك قوشۇن باستۇرۇپ كەلسە، ئۇنىڭغا توغرا تۇرغىلى بولمايدۇ.

**توغرا دولقۇن** <فىز> دولقۇننىڭ بىر خىلى. بۇ خىل دولقۇننىڭ تەۋرىنىش يۆنىلىشى بىلەن تارقىلىش يۆنىلىشى ئۆزئارا تىك بولىدۇ. مەسىلەن، يورۇقلۇق دولقۇنى بىلەن رادىئو دولقۇنىغا ئوخشاش.

**توغرا سىزىق** <مات> ئەگرى-بۈگرى بولمىغان، ئىككى نۇقتا ئارىسىدىكى ئەڭ قىسقا سىزىق.

**توغرا شىپات جىنس** <گېئول> ئىشقارلىق تەرەپكە ياتىدىغان چوڭقۇرلۇق جىنسلىرىنىڭ بىرى. تەركىبىدىكى $SiO_2$ نىڭ ئومۇمىي مىقدارى 58 % بولىدۇ، مىنېرال تەركىبى دالا شپاتى، ئامفىبول ۋە قارا چىرىمتالنى ئاساس قىلىدۇ. كۋارتس ئارىلاشمايدۇ ياكى ناھايىتى ئاز ئارىلىشىدۇ، رەڭگى ئاچ كۈل رەڭ ياكى قىزىل كېلىدۇ.

**توغرا قىلماق** ① تۈز، توغرا ھالەتكە كەلتۈرمەك: ئېغىر خىجالەتتە قالغان ئۇۋان ئېلىشىچ چاي قوشۇقىنى ئېگەتتى، ئارقىدىن يەنە توغرا قىلاتتى. ② توغرا ئىش قىلماق: — يېزىمىزدا قىز-ئوغۇللار-نىڭ ئىختىيارىغا قويمايدىغان ئىشلاردىن بىرقانچىسى يۈز

بەردى. سەلىمە باشقىلارغا قارىغاندا، باتۇرلۇق قىلى
قاچتى. مېنىڭچە ئۇ توغرا قىلدى، — دېدى كېرەم
③ ئۇچرا شتۇرماق: بۇ ئاجايىپ خەۋەرنى ئاڭلىغا
پادىشاھ دەرھال تېۋىپكە يىگىتنى داۋالاشنى بۇيرۇپ
تېۋىپ ھەممە ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، يىگىتنى
ھوشىغا كەلتۈرۈپ، پادىشاھقا توغرا قىلىپتۇ.

**توغرا كەسىر** <مات> سۈرىتى مەخرە
جىدىن كىچىك بولغان كەسىر. مەسىلەن
$4 \div 3$، $5 \div 2$ توغرا كەسىرنىڭ سانل
قىممىتى 1 دىن كىچىك بولىدۇ.

**توغرا كەلمەك** ① مۇۋاپىق، لايى
كەلمەك؛ ئۇيغۇن كەلمەك: جىنايەتچى
قىلمىشى «جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى يېنىكلىتىپ ج
بېرىلىدۇ» دېگەن بەلگىلىمىگە توغرا كەلسە، قانۇ
بەلگىلەنگەن جازادىن تۆۋەن جازا ھۆكۈم قىلىنى
* 42-نومۇرلۇق بەتنىكە ماڭا توغرا كېلەتتى.
دۇچ كەلمەك، يولۇقماق: كېيىنكى ئۈچ ك
ئىچىدە ئىككىنچى گۇرۇپپا بايراقنى تارتىۋالدى. چۈن
بىرىنچى گۇرۇپپا تەشمىنى توسۇۋالغان ناھايىتى يو
قورام تاشقا توغرا كېلىپ قالغانىدى. * قوش
سەپەردە تاغقا يولۇقسا، يول ئاچىدۇ؛ سۇغا ت
كېلىپ قالسا، كۆۋرۈك سالىدۇ. لايىنى كۆرۈپ توخ
قالامدىكەن! ③ باراۋەر كەلمەك؛ تاقا
تۇرماق، تەڭ كەلمەك: بىر كۈننىڭ ئى
شۇنچىۋالا ئىشنى قىلىۋەتكىنىمىزگە ئىشەنگۈم كەلمە
ئەگەر يېزىمىزدىكى پۈتۈن دېھقانلار شۇنداق بىرل
ئىشلەيدىغان ئىش بولسا، بىزنىڭ پايناپقا ئىش
كەلمىگۈدەك دەپ ئويلاپ، كۆزۈمگە ئۈيقۇ كەلمە
④ مەلۇم بىر ۋاقىتقا ماس، مۇناسى
ئۇدۇل كەلمەك: مۇھەممەت بەشىرنىڭ ۋا
دەۋرى مىلادى 1864-يىلىدىن ئېتىبارەن خوتا
يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ، ئىلى، ئۈرۈمچى، ق
قاتارلىق جايلاردا مانجۇ ئىستىبداتى ۋە يە
فېئوداللارغا قارشى ئارقا-ئارقىدىن قوزغالغان خ
قوزغىلاڭلىرىنىڭ يىللىرىغا توغرا كەلدى. * بۇ ھا

كۆپرەك كۈن ئولتۇرۇپ، ئۇپۇق قىزىرىپ، شەپەق جىلۋىلىنىۋاتقان ۋاقىتقا توغرا كېلەتتى. ⑤ چىقىش ئېغىزىغا بېشى بىلەن كەلمەستىن، توغرىسىغا تۇرۇۋالماق (تۇغۇت ھەققىدە): — ياق، ئالدانماڭلار، تۇرسۇنخانىمۇ، بالىمۇ تىرىك، — دېدى شەمشەرخان، — بالا توغرا كېلىپ قاپتۇ. ئەڭ ياخشىسى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرىش كېرەك، مېنىڭ گېپىمگە كىرىڭلار. ⑥ مەلۇم سان ئوتتۇرىچە بىرلىك بولۇپ توختالماق: — شورپىغا ئامراق، — دېدى ئورۇق كىشى، — قارىمۇچ سېلىپ شورپا قىلىڭلار، ھەر ئادەمگە بىر جىڭدىن گۆش توغرا كەلسۇن. * بۇ يەردىكى ئورمانلارنىڭ سانى 12 مىليون 938 مىڭ 700 تۈپكە يېتىپ، ناھىيە بويىچە كىشى بېشىغا 119 تۈپتىن توغرا كەلدى. ⑦ بىرەر ئىشنى قىلىش لازىم ياكى زۆرۈر بولۇپ قالماق؛ بىرەر ئىشنى قىلىشقا مەجبۇر بولماق: كەلگەن ئىككى مېھمان ئانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، ئىچكىرىكى ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا يېتىپ باردى، بۇلارنىڭ ئۈنىنى ئاڭلىغان ئىبراھىم ئاكىنىڭ تاشقىرىغا چىقىشىغا توغرا كەلدى. * ئەمدى مېنىڭ يەنە بىر قېتىم مۇنبەرگە چىقىپ، ئەھۋالنى يۇرتداشلارغا باشتىن بىر قېتىم سۆزلەپ بېرىشىمگە توغرا كەلدى. * ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ياتاقتا يېتىپ داۋالانغۇچىلارغا ئالدى بىلەن رەسمىيەت پۇلى تاپشۇرۇشقا توغرا كېلىدىكەن.

**توغرا كېسەر** ① ياغاچنى توغرىسىغا توغرايدىغان (ھەرە ھەققىدە): — ئاكا، توغرا كېسەر ھەرەڭنى بېرىپ تۇرغىنا! — دېدى ئۇ سالاممۇ قىلماستىن. ② كۆچمە. توغرا قىلىپ ئايرىيدىغان، كەم-زىيادە قىلمايدىغان، ھەققانىي: ھاشىم دېھقان دېھقانچىلىقنىڭ تىلىنى بىلىدىغان، باغ-ئورمان بىنا قىلىشقا ماھىر ئادەم بولۇش بىلەن بىللە، ئىشلەمچى، چاكارلار بىلەن ھەمنەپەس، ھەق-ناھەق ئۈستىدە تىك تۇرىدىغان، توغرا كېسەر، ۋىجدانلىق ئادەم ئىدى.

**توغرا ياغاچ** گىلەم دۇكىنىدا كامالچىنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، قولاق چوپقا ئورنىتىلغان ياغاچ.

**توغرا يول** تۈز، يېڭىلىشىسىز يول، نىشان: — جانابلىرى بۇ يەرگە ئەمدىلا كېلىپ، مېنى توغرا يولغا باشلىماستىن، باشقىلار ھېسابىغا پايدا كۆرىدىغان ئىشتىن تەلىم بەرسىلە، جانابلىرىدىن ساۋاق ئالالمايدىكەنمەن! — دېدى تالىپ. * ئۇ ئۆزىنىڭ تەلىپىنىڭ ئولۇغ كەلگەنلىكىنى توغرا يولدىن تايماي ماڭغانلىقىمدىن خۇدا خەيرىمنى بەردى دەپ ھېسابلىدى.

**توغرا يوللۇق مۇسكۇل** <قانات> مۇسكۇلنىڭ بىر خىلى، تۇرغۇنلىغان ئىنچىكە مۇسكۇل تالالىرىدىن تۈزۈلىدۇ، مۇسكۇل تالالىرى ئۈستىدە ئېنىق بولمىغان تۇرغۇن توغرا سىزىقچىلار بولىدۇ. توغرا يوللۇق مۇسكۇلنىڭ ئىككى تەرىپى سۈكچەككە يېپىشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كىشىنىڭ ئىرادىسى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ.

**توغرا يۆلىنىشتىكى كۈچ** <ماشىن> دېتاللارنىڭ ئوق سىزىقىغا تىك چۈشكەن كۈچ.

**توغرا** II (توغرىسى: توۋرا) → **توۋرا**.

**توغراتماق** «توغرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەتە توي بولىدۇ دېگەن كۈنى، ھېكمىئاخۇنلار سەۋزىنى ئىنچىكە قەلەمچە قىلىپ توغرىتىپ، ماي، گۆش قاتارلىقلارنى تەخ قىلىپ قويىدى.

**توغرا-خاتا** توغرا ياكى خاتا: ئىشنىڭ توغرا-خاتاسىنى ئايرىماي سۆزلەۋېرىشمۇ يەنە توغرا ئەمەس.

**توغراشماق** «توغرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۆيدە سەۋزە توغرىشىۋاتاتتى.

**توغراق** ئى ① <بوت> تال تىرەكلەر ئائىلىسىدىكى، يوپۇرماق تاشلايدىغان

دەرەخ. يۇمران شىخىدا ئۇششاق تۈكلىرى
بولىدۇ، ياش كۆچەتلىرىنىڭ يوپۇرمىقى
تار ۋە ئۇزۇن بولۇپ، سۆگەتنىڭ يوپۇر-
مىقىغا ئوخشايدۇ، قېرىلىرىنىڭ يوپۇرمىقى
كەڭ ۋە تۇخۇم شەكىللىك ياكى يۈرەك
شەكىللىك بولىدۇ؛ غوزىلىق مېۋە تۇتىدۇ،
توخۇمىسىمان كېلىدۇ؛ ياغىچى قۇرۇلۇش،
ئۆي جاھازىلىرىنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ،
تارىم ۋادىسىدا كەڭ تارقالغان. ②
غۇلجا شەھىرىگە قاراشلىق بىر يېزىنىڭ
نامى.

**توغراقتەك** سۈپ. چوڭ، بويىغا يەتكەن؛
تۆگىدەك (چوڭ تۇرۇپ غەيرىي قىلىق،
ھەرىكەتتە بولغان بالىلار ھەققىدە):
ھەسەنكامنىڭ بالىسى توغراقتەك تۇرۇپ، يۈزىنى
ئىككى كۈندە بىرمۇ يۇمايدىكەنا!

**توغراقلىق** ① سۈپ. توغراق كۆپ ئۆسكەن،
توغراق بىلەن قاپلانغان: دەل شۇ پەيتتە
توغراقلىق ئورمان ئىچىدىن ئالماس باشلىغان ئاتلىق
يىگىتلەر ئېتىلىپ چىقتى. * توغراقلىق جاڭگالنىڭ
سىردىشى، سەزمەيتتى ھاردۇقنى بارغانچە. ئۇنتۇيتتى
يۇتكۇل غەم-غۇسسىنى، پەرزەنتنى باغرىغا تاڭغانچە.
② ئى. توغراق كۆپ ئۆسكەن، توغراق
بىلەن قاپلانغان جاي: ئۇ توغراقلىق ئىچىگە
ئىچكىرىلەپ كىرىپ، بىر قۇرۇق توغراق كۆتىكىنىڭ
ئالدىغا كەلگەندە، تۇيۇقسىز بىراۋ كۆل بۇقىسىنىڭ
ئاۋازىنى دوراپ ئۈچ قېتىم سايرىدى. *
5-كۈنى «توپتوغراق» دېگەن يەردىكى جاڭگاللىقتىن
كەچكىچە ئايلىنىپمۇ تاپالمىغاندىن كېيىن، ئۈمىدسىزلەن-
گەن ھالدا توغراقلىق ئىچىدىن كېلىۋاتاتتۇق.
تۇساتتىن «تارس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ھوشۇر
ئاكام مىنگەن ئات سەكرەپ كەتتى. ③ چەرچەن
ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**توغرالماق** «توغرىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل
دەرىجىسى: پەقەت مۇشۇ ماخودىلا بىدىلەر
ئۆگرىدەك ئۇششاق توغرىلىدۇ. ئات ئايغىدا يىرىلگەدەپ
چىقىرىلغان بىر تال بىدە ئۇۋۇتىلمىغۇ كۆرۈنمەيدۇ. *
ئەزىز ماھىرەنىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ قىلغان سۆزىگە ھېچنېمە
دېيەلمىدى. ئۇ دەرھال ئېرىدىقى ئۆيگە چىقىپ، ئىش
كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، ئۇچاقتا ئوت ياقتى-دە، توغرالغان
كۆكتاتلارنى قورۇشقا باشلىدى.

**توغرام** ① ئى. توغرالغان، كېسىلگەن
نەرسىنىڭ ھەربىر بۆلىكى: ئۇنىڭ توغرىمى
خېلى چوڭ بولۇپتۇ. ② مق. ساناق سانلاردىن
كېيىن كېلىپ، توغرالغان نەرسىلەرنىڭ
مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بولدىلا، شەھەرگە كىرىپ
كېتەي، قەلەندەرچىلىك قىلسام، كىشىلەردىن بىر
توغرام نان چىقار، ياخشى كۆڭۈلگە رەھمەت. *
مەن بىر نەچچە توغرام قىلىپ كېسىشنى، ئۈچ توغرام،
تۆت توغرام، ھەتتا يەتتە-سەككىز توغرام قىلىپ
كېسىشنى تەشەببۇس قىلمەن.

**توغرۇلۇق** تىر. ھەققىدە، توغرىسىدا: ئابلىز
ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئوبدان تونۇيتتى، شۇڭا ئۇلار
بىلەن ئۇرۇق-تۇغقاندەك قىزغىن كۆرۈشتى، ئەتراپنىڭ
ئەھۋاللىرى توغرۇلۇق پاراڭلاشتى. * مۇئاۋىن باشلىق
ھەر ھەپتىنىڭ ئۈچ ئاخشىمىدا ئۆيىدە بولاتتى. ھاراق
ئىچىش، كاۋاپ يېيىشتىن باشقا، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى،
نېمە توغرۇلۇق پاراڭلىشىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

**توغرىدا** تىر ← ھەققىدە: ھازىر بىزنىڭ يۇرتتا
مەرىپەتكە بولغان تەلەپ بەك ئۆستۈن، يۇرت
خەلقى ئۆز بالىلىرىنى ئوقۇتالمايۋاتقىنىغا قاتتىق
ھەسرەت چەكمەكتە. بۇ توغرىدا بىرەر ئىش قىلايلى
دېسەك، ئۆزۈڭىز بىلىسىز، يۇرتىمىز كىچىك، يېتىنىسى
يامان يەر. يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن مۇتەئەسسىپ
قارا كۈچلەر يول قويمايدۇ.

**توغرىدىن-توغرا** ① توپمۇتوغرا، بىۋاستە؛
ئەتىدىن-كەچكىچە دەريا ئارقىلىق بوش ئېتىشىش
بولۇپ تۇردى، ئەمما بىرىنچى ليەننىڭ قورشاۋغا
ئېلىنىش خەۋپى ئېنىق ئىدى؛ كۆۋرۈك كۆيۈپ كەتكەن-
لىكى ئۈچۈن، دەريانىڭ بۇ يېقى بىلەن توغرىدىن-توغرا

ئالاقە قىلغىلى بولمايتتى. * ھە، مەن بۇ ماتېرىيالنى توغرىدىن-توغرا ئىنكاس قىلالمىسامۇ، لېكىن ئەنۋەرگە بولغان ئىشەنچىمدىن ۋاز كېچەلمەيمەن. ② ئەگىتمەي، قاچۇرماي؛ ئۇدۇل، تۈزلا: ئادەم ھەرقاچان ۋە ھەرقانداق جايدا تەبىئەتكە ھاياتقا ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن، توغرىدىن-توغرا، ياخشى نىيەت بىلەن قارىسا، ئۇنىڭ كۆڭلى چەكسىز ئارام تاپىدۇ. * ئۇنداق چاغلاردا، خالمۇرات ئەتىسى خۇشال ۋە تېتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، سىبىخ ئىچىگە كىرىپ ئۇنى كۆرۈشكە ئالدىرايتتى. بىراق ئۇنى كۆرگەندە بولسا، كۆزلىرىگە توغرىدىن-توغرا قارىيالمايتتى.

**توغرىسى** يۈك. «سۆزنىڭ راستى، گەپنىڭ ئوچۇقى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ: بۇغدايلار ئاپتاپ كىشىنىڭ تېنىنى تونۇردەك قىزىتىدىغان مەزگىلدە پىشىپ قالدى، پىشىپ قالدىلا ئەمەس، توغرىسى، ئورىدىغان ۋاقتىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى.

**توغرىسىنى ئېيتقاندا** سۆزنىڭ راستىنى، گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا: — شۇنداقتۇر بەلكىم، توغرىسىنى ئېيتقاندا، بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى كېرەمجان سول تەرەپكە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ.

**توغرىسىدا** ① رەۋ. قارشىسىدا، ئۇدۇلىدا: ئالاھىدىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە، ساراي سۇلتان ئوردىسىنىڭ توغرىسىدا — ئىلگىرىكى ئورنىدا جايلىشىپتۇ. ② تىر. ھەققىدە، ئۈستىدە: ئەنۋەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئادەملەر بۈگۈن مۇخبىرلارنىڭ كۆۋرۈك توغرىسىدا يازغان ماقالىسىنى ئاڭلاش ئۈچۈن كېتىپ باراتتى. * تۇرسۇننىڭ يازلىق يىغىمغا قاتنىشىش-قاتناشماسلىق توغرىسىدىكى تالاش-تارتىشقا ئاخىرى ئىبراھىم ئاكا ئارىلاشتى.

**توغرىسىدىن** رەۋ ① ئېنىدىن، ئۇدۇل تەرىپىدىن: ئۇنىڭ زەيكەش ئۆستەڭ دېگىنى مۇشۇ يەردىن ئۈچ-تۆت چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ، قومۇشلۇقنى توغرىسىدىن كېسىپ ئۆتەتتى. ② سەۋەبىدىن، ۋەجىدىن، توغرۇلۇق: ئۇنىڭ بىلەن مەن مانا مۇشۇ بىر ئېغىز گەپ توغرىسىدىن سەتلىشىپ قالدىم.

**توغرىسىغا** رەۋ ① ئېنى، توغرا تەرىپىنى بويلاپ: شۇ ئەسنادا، ئانچە يىراق بولمىغان جايدا يولنى توغرىسىغا كېسىپ ئېقىۋاتقان سۇ كۆرۈندى، شوپۇر ماشىنىنى سۇ بويىغا ئەكىلىپ توختاتتى. * يامغۇر يېپىۈرماقلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس شىلدىرلاپ تۇراتتى، شۇنىڭدەك شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى، لېكىن سۇنىڭ نەدە ئېقىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى، پەقەت يامغۇرزارلىقتىن چىقىپ بولاي دېگەن چاغدىلا، توغرىسىغا كەتكەن بىر كىچىك ئېرىق ئۇچرايتتى. ② مەلۇم بىر نىشاننى ئۇدۇللاپ، ئۇدۇلىسىغا: بۇ سۆزنى ئاڭلىغان لىۋبېي ئېتىكىنى قايرىپ سەكرىۋېلا ئاتقا مىندى-دە، تاغدىن ئۇچقاندەك چۈشتى، يەنە توغرىسىغا، تاغ ئۈستىگە ئاتنى چاپتۇرۇپ چىقتى. ③ كۈندۈلەڭ ھالدا: شۇ ئاندا يەنە ئولتا ياقتىكى قومۇشلۇقنىڭ ئىچىدىن ئىككى ئادەم بىر قېيىقنى ھەيدەپ چىقىپ كەلدى، ئارقىسىدىكىسى خوپ-خوپ دېگەن ئاۋاز بىلەن پالاق ئۇرۇپ كېلىۋاتاتتى؛ ئالدىنقىسى بولسا خادىنى توغرىسىغا تۇتقىنىچە ناخشا ئېيتماقتا ئىدى.

**توغرىغا** ئى <يېم> خېمىرنى كۆپتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان شاخار. ئۇ توغراقتىن ئېلىنىدۇ.

**توغرىلاتماق** «توغرىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئىشخانا مۇدىرى كاتىپقا قاراپ: — ئىدارە باشلىقىمىز يىغىن ئېچىۋاتقان مېھمانخانىغا تېلېفوننى توغرىلىتىپ قويۇڭ، — دېدى.

**توغرىلاشماق** «توغرىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەرىپى مەشىق ئۆگىنىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار قوراللىرىنى قارىغا توغرىلاشتى.

**توغرىلانماق** ① «توغرىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئىشىك ئاغىزىنىڭ بۇ تەتە-نىلىك ئاۋازى سارايىنى جاراڭلىتىۋەتتى، ئادەملەر ئىشىك ياققا توغرىلاندى. ② «توغرىلىماق» پېئىلىنىڭ

مەجھۇل دەرىجىسى: چوڭقۇر ئىدىيۋى-سىياسىي خىزمەت ئارقىلىق كادىرلارنىڭ ئىدىيىسى توغرىلاندى، خىزمەت ئاكتىپلىقى ئۆستۈرۈلدى.

**توغرىلىق** ① «توغرا I» سۆزى ①③④⑦⑧⑩ نىڭ ئىسىم شەكلى: يۆتۈشنىڭ توغرىلىقىغا قارىما، يولۇڭنىڭ توغرىلىقىغا قارا (ماقال). * يەر تەۋرەشنى ئالدىن كۆزىتىشتىكى سىناقلاردىمۇ، ئالدىن بىرىلگەن خەۋەرنىڭ ئىككى قېتىملىقىنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلاندى. * ئۇ بىردىنلا مەيدىسىگە ئۇرۇپ، قىزىشىپ سۆزلەپ كەتتى: — سىز مېنى بىلىسىزغۇ سابىر ئاكا، 13 يىلدىن بېرى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن بېرىلىپ ئىشلىدىم، ھالال، توغرىلىق بىلەن خىزمەت قىلدىم. ② سۈپ. توغرىسىغا چوڭلۇقى؛ كەڭلىك: ئۇ قارا قاش، ئاق يۈزلۈك، ئىككى مەڭزىدىن قان تېپىپ تۇرىدىغان، ئوتتۇرا بويى، توغرىلىق كەلگەن يىگىت بولۇپ، ھاشىم شۇجىغا ئوخشاش كەم سۆز ئىدى. * شۇ ئەسنادا باغ تەرەپتىن ئېگىز بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك، توغرىلىق بىر ئايال چىقىپ كەلدى.

**توغرىلىماق** پ ① تۈز، تەكشى ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ ئۇدۇللىماق؛ رۇسلىماق، تۈزلىمەك: قىرنى توغرىلىماق. تاناپنى توغرىلىماق. * — ۋاي-ۋاي-ۋاي، كاساپەت ئەجەب ئاغرىيدىكەنا! — ئۇ ئىككى بىقىننى قاماپ تۇتۇپ، گەۋدىسىنى توغرىلىدى. بىرنەچچە مىنۇتتىچە بېلىنى ئۇچلاپ، ئورغاقنى قولىغا ئالدى. * ھەلىمە سىرتقا چىقتى. ئۇ ھەر قېتىم يويىزنىڭ كىرىش-چىقىش يوللىرىنى توغرىلاشتا، ئۈستىسى شىپاڭ يېڭىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە، پۈتۈن ئاچالغا ئەستايىدىللىق بىلەن قاراپ چىقاتتى. ② مەلۇم بىر نۇقتا، نىشانغا ئۇدۇللىماق، قاراتماق، روبىرو قىلماق: ئۇ ئۈستىرىنى ئوڭ ياڭىقىغا توغرىلىدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەينەكتىكى ئەكسىگە قارىدىم. * مۇھەممەت ئۆگۈنى ئەتكەنلىكى يەنە ئېتىزلىقتا يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە دۇربۇننىڭ كۆز پلاستىنكىسىدىن ئىككىسى ئورنىتىلغان «مودەن» نى قۇياشقا توغرىلىدى. * ھوشۇر ئەلەس بۇ سۆزنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك، بېشىنى كۆتۈرۈپ، ساق كۆزىنى گۈلچەمەنگە توغرىلىدى-دە، كۆڭلى ھاياجاندىن داۋالغۇپ كەتتى. * دەل شۇ چاغدا، تۇرشا تۆۋەنكى خەنبەرسىمان ئىنچىكە قىلىچنىڭ ئۇچىنى كۆكسىگە توغرىلاپ، ئۇنى توسۇۋالدى. ③ يېنىدا، ئالدىدا تەخ قىلماق؛ يۈز كۆرۈشتۈرمەك: ئەمەلىيەتتە تۇرمۇش ئېقىمى ئۆز قانۇنىيىتى بىلەن يىللارنى ئۆتكۈزۈپ، ئەپچىلىكىنە ھالدا مېنى ئۇنىڭ ئالدىغا توغرىلاپ، ھېلىقى قەرزلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ئىستىماقتا. ④ خاتا ۋە نۇقساندىن خالىي قىلماق؛ تۈزەتمەك: دۈشمەن سىرىڭنى ئوغرىلايدۇ، دوست خاتايىڭنى توغرىلايدۇ (ماقال). * ئەنۋەر مۇئەللىم يېرىم كېچىگىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى تەكشۈرۈپ، خاتالىرىنى توغرىلاپ بولۇپ، ئاندىن ئۇخلاشقا ياتتى. * — ئۇستام، ماۋۇ سائەتنى ئالغانىدىم، تەكشۈرۈپ باقسىڭىز، — دەپ سائەتنى ئۇزاتتى خېرىدار، — زاپچاسلىرى ساقمۇ ياكى كېيىن ھەر سائەتتە بىر قېتىم توغرىلامدىم؟ * بوغالتىر يىغىن كەيپىياتىنى توغرىلاش ئۈچۈن، قادىرنىڭ نەتىجىلىرىنى بىرقۇر سۆزلىگەندىن كېيىن، ئېمىننىڭ «يەر ئاغدۇرۇش ۋە ئورۇق پۇلىنى تۆلىمىگەن» لىكى ھەققىدە ئالاھىدە توختالدى. ⑤ ئېپىنى، ئىلاجىنى قىلىپ ۋۇجۇدقا چىقارماق، ھەل قىلماق: مەن دېگەندەكلا بولۇپ قالسا، ھەممە ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، ئېلىپ قاچىدىغان يىگىتنى ئۆزۈم تېپىپ بېرىمەن. * — ئوقۇش پۈتكۈزۈپ بولغۇچە ئۇنىمۇ توغرىلايمىز، ئۇ ۋاقىتتا، — دېدى مەتكېرەم كۆزلىرىنى مەككارلىق بىلەن ئوينىتىپ: ... قەيەردىن دېگەن ئىسىم ئاڭلىتقا قەمەرخان بولۇپ چۈشۈۋېرىدۇ-دە، ھى، ھى، ھى. ⑥ بىراۋغا مەنسۇپ قىلماق، ھېسابىغا ئۆتكۈزمەك، تەۋە قىلماق: ئەيسا ئالدى بىلەن ئىككى رومكىغا هاراق قۇيدى، بىرنى ئۆزىگە، يەنە بىرىنى رۇ شۇجىگە توغرىلاپ، سۆز باشلىدى. * — ھە، رەھىمجان، ھېلىقى مۇتتەھەم

خوتۇننى كېيىن بىر تەرەپ قىلارمىز، شۇنىڭغا دېگەن سانىنى بۇ قىزغا توغرىلىۋېتىڭلا، — دېدى-دە، ئۆزى تېلېفون تۇرۇبكىسىنى قولىغا ئالدى. ⑦ بەلگىلىك بىرەر ۋاقىتقا ئۇدۇللىماق، توغرا كەلتۈرمەك: ئارىدىن بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، مېنىڭمۇ قايتىش ۋاقتىم قىستاپ قالدى. شۇڭا ئورۇق-تۇغقانلار بىلەن خوشلىشىشقا باشلىدىم ۋە بىركۈنى بىر دەم ئولتۇرۇپ خەيرلىشىپ كېلىش ئۈچۈن، ئىشتىن چۈشكەن ۋاقىتقا توغرىلاپ ئاسىم ئاكىنىڭ ئۆيىگە باردىم. * قايتماق بوپتۇ ئۆيىگە، توغرىلاپ بىر كۈنگە، چىقىپ ئۇلار سەپەرگە، كەپتۇ بىر چۆلگە شەھەرگە. ⑧ ئارتۇق ياكى كېمى يوق، دەلمۇدەل قىلماق: — 30 مىڭ جىڭ بۇغداي ساتتۇق، — دېدى ئوغلى دادىسىغا پېچىرلاپ، — پۇلنى ھېلىقى 6200 يۈەنلىك چەكنىڭ ئۈستىگە قوشۇپ، 10 مىڭ يۈەنگە توغرىلاپ قويايمۇ؟ * توغرىلاش ئارقىلىق ئۇلار ئەكەلگەن پۇل بىر پۇڭمۇ كەم چىقمايدۇ، پۇل ئامانەت ئورنىدىكى يولداشلار ۋە ھېلىقى پۇل ئامانەت قويغۇچىلارنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىك تۈگەيدۇ. ⑨ ماس، مۇناسىپ، مۇۋاپىق قىلماق، ئۇدۇللىماق: — دەسلەپ سۆيگەن ئادىمىڭنى ئۇنتۇش قىيىن، — دېدى گۈلچەمخان چولڭ ئانام گەپنى مەقسەتكە توغرىلاپ، — باشقا بىرى بىلەن ئۆي تۇتقان تەقدىردىمۇ ئۇنتالمايسەن. * شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قىسمەت ئەنۋەر ئۈچۈن ئالدىنقىسىدىنمۇ قىزىقراق، تاسادىپىي بىر ۋەقەنى توغرىلىدى. * — نېمە دەۋاتىسەن-ھوي ئارۇپجان، — دېدى ھېۋىز «دىڭخۇلۇ»، — بىلەمسەن، ئۆتكەندە خاڭدا مائاشنى ئىسلاھ قىلغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ مائاشىنى 3-دەرىجىگە توغرىلاپ تۇرۇۋالدى.

**توغرىماق** پ. كېسىپ، ھەرىلەپ، پارچە-پارچە قىلماق، ئۇششاقلىماق: گۆش تۆغرىماق. * قىسمەت چورۇق ئالدىغا بىر توقاچ نان قويۇپ، پىچاق ئېلىپ، ئاۋۋال گۆشنى، كېيىن بېھنى گۈلدەك، چىلاندەك قىلىپ توغرىدى. * بوۋاي بەرگەن ئازراق جىرىس ناننى يەپ سەل ماغدۇرىغا كىرگەندەك بولدۇم. بوۋاي بىلەن ئىككىمىز بىدە توغرىدۇق.

**توغلىماق** پ. دىئال. ئۆسۈملۈك ۋە مېۋىلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى توغ، توزان بىلەن قاپلانماق، توغلاشماق.

**تۇغۇنا** ئى. تېگىدىنلا گادا-گادا چىقىدىغان، ئۈچىدا ئۈچ قىرلىق ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ئۇرۇقى بار چاتقال تىپىدىكى بىر خىل تاغ ئۆسۈملۈكى.

**توق** سۈپ. ① ئاش-تاماقتا تويغان، ئاچ ئەمەس: كۆزى توقنىڭ ئۆزى توق (ماقال). * غوجامنىڭ قورسىقى توق، قولى بىلەن ئىشى يوق (ماقال). * بۇنىڭدىن 40 يىل بۇرۇن، مەنمۇ كىچىك بالا ئىدىم، لېكىن ھازىرقى بالىلارغا ئوخشاش كىيىم-كېچەكلىرىم يېڭى، قورسىقىم توق، ئويۇنچۇقلىرىم تولۇق، ئوقۇش شارائىتىم ياخشى، بەختلىك بالىلاردىن ئەمەس ئىدىم. ② يېتەرلىك، تولۇق: ھەر قاچان ئىككى-ئۈچ ئات ياكى ئۆكۈزلۈك ھازىر تۇرسۇن. يەم-خەشەك، بوغۇزلىرىنى مول، توق بېرىپ باقىن. مۇبادا كۆتۈلمىگەندە بىرى ئاغرىپ قالسا، يەنە بىرىنى ئىشلەتكەيسەن. * پارتىيە خەلقنىڭ يەيدۇ غېمىنى، توق قىلىپ بەردى ئاش ۋە نېنىنى. ③ كۆچمە. پاراۋان، باياشات: جاپا تارتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بەخت-سائادەتلىك، توق ۋە خاتىرجەم تۇرمۇشقا يېتىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن، لېكىن بۇ ئارزۇلىرىغا قانداق يول بىلەن ئېرىشىشنى بىلمەيتتى. * بالىلارنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ھالىتى، ئۇلارنىڭ كىچىككىنە تۇرۇپ بۇنچىلىك جاپا-مۇشەققەتكە قېلىشى مېنى بىئارام قىلدى، بالىلىرىم، ئازادە، توق تۇرمۇشۇم كۆز ئالدىمغا كېلىپ، بەدەنلىرىم ئىختىيارسىز چىمىرلاپ، يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى. ④ كۆچمە. خاتىرجەم، غەمسىز؛ پۈتۈن: ئانام ھايات ۋاقتىدا كۆڭلۈم توق، يۈرىكىم پۈتۈن ئىدى. ئەتىگىنى ئىچىدىغان چېيىم، ئاخشىمى يەيدىغان ئېشىم تەييار ئىدى، ياقامغا كىر قونمايتتى، ئانامدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئاتا-بالا ئىككىمىز ھەققىي يېتىم، لۈپ قالدۇق. ⑤ مېغىزى، دان

ئېلىشى يېتەرلىك، تولۇق، ئالا ئەمەس: ئۆتكەن يىلى بەزى دۆلەت قوناقنىڭ ئاختارما سۈيىنى قويغاندا، ھاۋا رايىنى كۆزدە تۇتمىدى. نەتىجىدە كېچىسى، ئەتە-ئاخشىمى سۇغىرىلغانلىرى ئېگىز ئۆسۈپ، بالدۇر باش چىقاردى، توق دان تۇتتى، ۋاقتىدا پىشتى. * يىلتىزى چىرىشكە باشلىغان بۇغدايلار كۆپىنچە توق دان ئالالمايدۇ. ⑥ قېنىق، قويۇق (رەڭ، تۈس ھەققىدە): شۇنچە توق، شۇنچە رەڭگارەڭ ئېچىلغان تاغ گۈللىرىنى كۆز ئېيىنىڭ ئۆتىشىۋكى سولاشتۇرغانىدى. * ھازىر ئۇ مۇشۇ مەنزىرىنى ئۇدۇللا قەمەرنىڭ ياتقىغا بارىدۇ-دە، ئۇنىڭ مايسا رەڭ يوپكا بىلەن توق ئانارگۈلى كوپتا خويمۇ ياراشقان خۇش پىچىم بەستى، قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك ئەگمە قاشلىرى، تاڭ شەبنىمى قونغان، ئانارىدەك ياش تامچىلىرى لىغىرلاپ تۇرغان يۇمران مەڭزى، ئايانچلىق چاقناۋاتقان قاپقارا قوي كۆزلىرىگە تىكىلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورايدۇ.

**توق رەڭلىك مىنېرال** <گېئول> ← **تۆمۈر ماگنىيلىق مىنېرال.**

**توق قاپىيە** <ئەد> سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى تولۇق بولغان سۆزلەر ياكى بوغۇملاردىن تۈزۈلگەن قاپىيە: كۆڭلۈم بارماق ساناپ ئۆتتى، بوغۇم ئۇنبەش-كە تولسۇن دەپ. كېچىنى ئۆلدىم تاڭغا، تولۇق-توق قاپىيە ئىزلەپ.

**توقا** I ئى. كەمەر، تۆشباغ ۋە ئاياغ كىيىم تاسمىلىرىنىڭ بىر ئۇچىنى ئۆتكۈ-زۈپ، زۆرۈر تېپىلغان يەردە توختىتىدىغان، تىللىق، يۇملاق ياكى تۆت بۇرجەك ھالقا؛ جىرىم: بەتىنكىنىڭ توقىسى. كەمەرنىڭ توقىسى. * بوۋاي تۆشباغنىڭ تۆشۈكىدىن توقىنىڭ مىخىنى ئۆتكۈزۈۋەتتى-دە، قەدىمىنى چوڭ-چوڭ ئېلىپ تاشقىرىغا چىقتى. * قاۋۇلنىڭ دىققىتى غالىبقا بۇرالغان پۇرسەتتىن پايدىلانغان سېلىم ئىشتىنىنىڭ كەمىرىنى سۇغۇرۇۋېلا قاۋۇلنىڭ بېشىغا توقا بىلەن ئۇردى، قاۋۇل چاقنانلىق قىلىپ كەمەرنى ئۇنىڭ قولىدىن «شارت» قىلىپ تارتىۋېلىپ، كەمەر بىلەن سېلىمنى ئۇرۇشقا باشلىدى.

**توقا** II ئى. جىلغ، تارازا قاتارلىقلارنىڭ ياغىچىنىڭ تايىنىش نۇقتىسىدىن كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن يىپ ياكى تاسما: باش توقا. ئاياغ توقا.

**توقاچ** ① ئى. بولدۇرۇلغان خېمىردىن گىردە چوڭلۇقىدا قىلىپ، چەككۈچ چېكىپ، پىشۇرۇلغان بىر خىل نان: چوڭ توقاچ پىشقۇچە، كىچىك توقاچ كۆيۈپتۇ (ماقال). * ئەكبەرنىڭ ئاپىسى مەرىيەمخان يېقىپ تەييارلاپ قويغان توقاچ، نانلارنى كۆڭلى قىيمىغان ھالدا خالتىغا سېلىۋاتاتتى. * - سىز ئىشخانىدىن چىقمىدىڭىز، تاماقمۇ بارمىدىڭىز، - دېدى ئۆمەر ئاكا بىر قولىدا يېڭى قومۇرۇلغان توقاچ، بىر قولىدا چايدان كۆتۈرۈپ كىرىۋېتىپ، - ئىشچىلار ئىشتىن چۈشكىلى نە كەم، قورسىقىڭىز ئاچقاندۇ. ② سۈپ. كىچىك توقاچ شەكلىدە ياكى تۆت بۇرجەك شەكلىدە قىلىنغان: توقاچ سوپۇن. ③ مىق. ساناق سانلار بىلەن قوشۇلۇپ كېلىپ، توقاچ شەكلىدىكى نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر توقاچ سوپۇن.

**توقاچ سوپۇن** يۇملاق ياكى تۆت بۇرجەك شەكلىدە قۇيۇلغان قاتتىق سوپۇن.

**توقال** I سۈپ. مۈڭگۈزسىز: توقال كالا.

**توقال** II ئى. خوتۇنى ئۈستىگە ئالغان كىچىك خوتۇن: ئۇنىڭ باي ئېرىنى شىڭ شەيي تۇتۇپ كەتكەندە، بالىسى يوق، توقال بولغىنى ئۈچۈن، ئېرىدىن ئاشۇ دەڭ قورۇسى تەگكەنمىش. * پادىشاھ شىكاردىن يېنىپ كەلگەندە، چوڭ خوتۇنى ئالدىغا چىقىپ: - سىزنىڭ خوتۇنىڭىز كۈچۈك تۇغدى، - دەپ خەۋەر قىلىپتۇ. دەرغەزەپ بولغان پادىشاھ توقالنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپتۇ.

**توقاللىق** «توقال II» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بىر يىلى مۇشۇ ھېيتەكنىڭ

ئاكسى يىراق بىر يۇرتتىن بىر نامراتنىڭ قىزىنى توقالىلىققا ئەكەلدى، قىز كەلگەن كۈنلا باينىڭ ھۇجرىسىدىن قاچتى، ئۇنى غالچىلار تۇتۇپ كەلدى. * ئەلچىلەر قايتىپ كېتىشتى. موللاخۇننىڭ ئايالى ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتى. — ھەي، خۇشال بولماي، نېمىگە يىغلايسەن؟ — دېدى موللاخۇن. — قىزىمىزنىڭ رايىغا باقماي ئەملى بار، پۇلى بار دەپ ئاتىسىدەك ئادەمگە توقالىلىققا بەرمەكچى بولدۇق. بىچارە قىزىم نى كۈنلەرنى كۆرەر؟ — دېدى.

**توقاي** I ① ئى. قويۇق ئۆسكەن ئورمان ۋە چاتقال: ئۆتىدۇ قانچە توقاي، جىلغىلاردىن، يۈگەنسىز ئارغىماقتەك چاپچىپ تىزناپ. ئەينەكتەك يالتىرايدۇ سۈزۈك سۈيى، ئاقىدۇ ئوقچۇپ ھەيۋەت دولقۇن ياساپ. * ئەنە دوستۇم! توقايلار ئارا، باشلاپ چىقتى ئالدىمدا ئۆركەش. ئۆزۈپ كەتتىم، ئۇيىندى يۈرەك، (ئاستا-ئاستا چۈشۈپ كەلدى كەچ). ② رەۋ. «بىر» سۆزى بىلەن بىرىكىپ، «بىر توپ، بىرمۇنچە، بىر تالاي؛ نۇرغۇن، تولا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: بىر توقاي ئادەم. * ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا بىرتوقاي باللار ئەگەشكەن بولۇپ، ئۇلار خۇددى ئىت تالىشىنى كۆرۈشكە قىزىققان تاماشىچىلاردەك، گۇرۇلدەپ كېلىشىۋاتاتتى. ③ ئاقسۇ شەھرىگە قاراشلىق بىر يېزىنىڭ نامى.

**توقاي** II سۈپ. ئەگرى-بۈگرى، دوناي، تۈز ئەمەس: ئەخمەتنىڭ كۆزى بىردىنلا تاغىسىنىڭ كەينىگە قىلىۋالغان قولىغا چۈشتى. تاغىسىنىڭ ئۇڭ قولىنىڭ بېغىشى توقاي ئىدى.

**توقايلىق** ئى. تۇتىشىپ كەتكەن قويۇق ئورمان، چاتقاللىقلار: بىر كۈنى لۇتپۇللا يەنە ناخشا-ساز ئاڭلاش ئۈچۈن ئاشۇنداق سورۇنلارنىڭ بىرىگە باردى. بۇ سورۇن توقايلىقنىڭ يېنىدىكى كەڭ چىمەنلىكتە تۈزۈلگەن بولۇپ، سورۇنغا نۇرغۇنلىغان كىشلەر توپلانغان، ئوتتۇرىغا گۈلخان يېقىپ قويۇلغانىدى. * كۈن پېتىشقا ئاز قالدى، يول بويى يارلىق، توقايلىق.

چوڭلاردىن توقايلىقتا پات-پات غالجىر ئىتلارنىڭ پەيدا بولۇپ، قالدىغانلىقىنى، غالجىر ئىت چىشلىگەن ئادەمنىڭ ساقايمايدىغانلىقىنىمۇ ئاڭلىغانىدىم.

**توق-توق** «توق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: پۈتۈن ئۆينىڭ سەي-كۆكتات، ياغ-تۇز، سەرەڭگە-چىرىغى شۇ بىر تۈپ ئۆرۈككە باغلىنىپ قالغانىدى. ئەر-خوتۇن ئىككىلەن ئاچ قالسا ئاچ، يالىڭاچ قالسا يالىڭاچ قالاتتىكى، تۆرەخانىنى توق-توق يېگۈزۈپ، چىرايلىق كىيدۈرۈپ تەربىيەلەيتتى.

**توقچىلىق** ئى. پاراۋان، باياشات، توق، غەمسىز تۇرمۇش ۋە شۇنداق ھايات: ئۇنى ئىزدەپ كېتىۋېتىپ ئۇرۇمچىنىڭ كوچا كارامەتلىرىنى كۆرۈپ، باياشاتلىق، توقچىلىقلاردىن كۆڭلى-كۆكسى كۆتۈرۈلگەن ھۆسەينەمنىڭ روھى يايراپ باراتتى. * باھاردۇر بىر يىلنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتى، باھاردا بوش كەلسەڭ كۈزدە پۇشايمان. ئەمگەكتىن باھارنىڭ ئاشىدۇ پەيزى، ئەمگەكتىن توقچىلىق تاپىدۇ ئىنسان.

**توقسان** سان. ئوننىڭ توققۇز قېتىم قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان سان: رەھىم ئاكام بۇ يىل ئەتىياز توقسان تۈپ كۆچەت تىككەندى. بۇلار ئاساسەن كۆكلىدى.

**توقسىنىنچى** سان. تەرتىپ ئورنى «90» رەقىمى بىلەن بەلگىلەنگەن، 1 دىن باشلاپ سانىغاندا، تەرتىپ ئورنى جەھەتتىن 89نىڭ كەينىدىلا تۇرىدىغان: توقسىنىنچى ئورۇندۇق.

**توققۇز** سان. سەككىزدىن كېيىن ۋە ئوندىن بۇرۇن كەلگەن سان: توققۇز ئوقۇغۇچى. توققۇز مو يەر. * قارىينىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى، ھېچكىممۇ بىلمەيتتى يېشى ئوتتۇزدا. بارغانمىش ئاتىسى بىلەن بۇخارا، ئىستانبول، مەككىگە يېشى توققۇزدا.

**توققۇز تەزىم** قوللارچە ئېگىلىپ قىلىنغان خۇشامەت: مەنسۇر توققۇز تەزىم بىلەن چىقىپ كەتتى. ئىمام ئۇنى ئۈزىتىپ قويۇپ، كىرىپلا يانچۇقىدىكى كونۋېرتنى ئېلىپ ئاچتى، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئون سوملۇق

يۇلدىن ئىككىسى چىقتى.

**توققۇز تەزىم قىلماق** قوللارچە ئېگىلىپ خۇشامەت قىلماق: قىزنىڭ دادىسى پادىشاھنى كۆرۈپ ناھايىتى قورقۇپ كېتىپتۇ، توققۇز تەزىم قىلىپ ئۆيىگە باشلاپتۇ. * — ھۇررۇن دېگەننىڭ ھەممىسى بۇزۇق ھارۋا! — دېدى ئۇ، — ئۈچ كۈندە بىر ئوڭشاپ تۇرمىساڭ، ئىزىغا چۈشمەيدۇ، قېنى ئۇلارنىڭ كېكىردىكىدىن بىر بوغۇپ باقسىنا، ئالدىڭغا كېلىپ توققۇز تەزىم قىلمىغىنىنى كۆرەي!

**توققۇز تولغىقى قوزغالماق** يارىماس خۇي، قىلىقلىرى چىقىقلى تۇرماق: ئۆيگە مېھمان كېلىپ قالسا، بۇ خوتۇننىڭ توققۇز تولغىقى تەڭلا قوزغىلىپ كېتەتتى.

**توققۇز تۇرالار** <تارىخ> → **توققۇز ئوغۇزلار.**

**توققۇز تۆلەسلەر** <تارىخ> → **توققۇز ئوغۇزلار.**

**توققۇز قىزنىڭ تولغىقى بىر تۇتماق** → **توققۇز قىزنىڭ تولغىقى بىر كۈندە تۇتماق:** بۈگۈن توققۇز قىزنىڭ تولغىقى بىر تۇتۇپتىمۇ نېمە؟

**توققۇز قىزنىڭ تولغىقى بىر كۈندە تۇتماق** ھەممىسىنىڭ مۈشكۈلاتى، ئېغىرچىلىقى بىر ۋاقىتتا توغرا كېلىپ قالماق؛ بىر مۇنچە ئىشلار كەپلىشىپ كېلىپ، ئالدىراش، جىددىي بىر ۋەزىيەت بارلىققا كەلمەك.

**توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەڭ تۇتماق** → **توققۇز قىزنىڭ تولغىقى بىر كۈندە تۇتماق.**

**توققۇز ئوغۇزلار** تارىختىكى ئۇيغۇر قوۋملىرىنىڭ نامى، يەنى ھازىرقى قۇمۇلنىڭ غەربى، قارا شەھەرنىڭ شىمالى، تارىم دەريا ۋادىلىرىدا ھەمدە تەڭرى تاغلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەتراپىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى توققۇز قەبىلىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**توققۇز ئۇيغۇرلار** <تارىخ> → **توققۇز ئوغۇزلار.**

**توققۇزى تەل** ھەممە نەرسىسى تولۇق، كەم نەرسىسى يوق: مانا شۇنىڭدىن بېرى، ئۇ ئاستا-ئاستا قوۋۇرغىسىغا ماي يىغىپ، «توققۇزى تەل» ئائىلىگە ئايلىنىشقا باشلىدى. * بىز نېمىشقا قاۋانلىقنى ئېچىۋاتىمىز، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن. ئاتا-بوۋىلىرىمىز نامرات ئۆتكەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇرۇق-پۇشتىدىن بىرەرىنىڭ توققۇزى تەل بولۇپ قېلىشىنى كۆزى يەتمىگەن.

**توققۇزى تەل بولماق** ھەممە نەرسىسى تولۇق، كەمكۈتىسىز، باياشات ھالەتكە كەلمەك: ئاي، يىللار ئۆتۈۋەردى. دەسلەپ «توققۇزى تەل» بولسۇن دەپ شەرت قويىدىغان خوماخان بارا-بارا تەڭتۇشلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىۋەرگەندىن كېيىن، تەقدىرى ئۈستىدە كۆپرەك باش قاتۇرىدىغان بولۇپ قالدى.

**توققۇزئاتار** ئى [توققۇز+ئاتار] توققۇز تال ئوق قاچىلىنىدىغان ۋە بىر-بىرلەپ ئېتىلىدىغان مىلتىق.

**توققۇزەيلەن** سان. توققۇز نەپەر كىشى: بۈگۈن شال ئوتاشقا توققۇزەيلەن باردۇق.

**توققۇزتونلۇق** ئى [توققۇز+تون+لۇق] كۆشەيدىغان ھايۋانلار ئاشقازىنىنىڭ 3-قىسمى. ھەجمى ھەرە كۆنىكىدىن چوڭراق، ئىچىدە ياپراقسىمان قاتلاملىرى بولىدۇ، كۆشەلگەندىن كېيىنكى ئوزۇقلۇقلار ئۇنىڭدا داۋاملىق ھەزىم قىلىنىدۇ.

**توققۇزكۆز** ئى [توققۇز+كۆز] <ئانات> بەلنىڭ ئاستىنقى، قۇيرۇق سۆڭىكىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى.

**توققۇزكۆز سۆڭىكى** <ئانات> بەل ئومۇرتقىسىنىڭ ئاستىدىكى بەش تال ئومۇرتقا سۆڭىكىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان سۆڭەك. ئۈچ بۇرجەك بولۇپ، يۇقىرىسى كەڭ، ئاستى تار، يۇقىرىقى

قىسمى 5 ـ بەل ئومۇرتقىسى بىلەن، ئاستىنقى قىسمى تۇغۇر بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ئۇ يەنە «توققۇزكۆز ئومۇرتقىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**توققۇزكۆز ئومۇرتقىسى** <ئانات> ← **توققۇزكۆز سۆڭىكى.**

**توققۇزلۇق** ① سۈپ. بىر خىلدىكى نەرسە ياكى بەلگىنىڭ توققۇزىدىن تەركىب تاپقان: توققۇزلۇق تاپان. ② ئى <ئەد> توققۇز مىسرادىن تەركىب تاپقان شېئىر تۈرى، مۇتەسسە.

**توققۇزىنچى** سان. تەرتىپى «9» رەقىمى بىلەن بەلگىلەنگەن، سەككىزىنچىدىن كېيىن، ئونىنچىدىن ئىلگىرى بولغان؛ «9» نومۇرلۇق: توققۇزىنچى قورۇ.

**توققۇزىنچى دېكابىر ھەرىكىتى** <تارىخ> 1935 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى بېيجىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ گومىنداڭدىن ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىش، بىرلىكتە ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ ئېلىپ بارغان كەڭ كۆلەملىك ھەرىكىتى.

**توقلا** ئى. چىشمەلەردىن ئۆتۈپ ئىككى ياشقا تولۇش ئارىلىقىدىكى بارقا: ـ بوپتۇ، كۆزلۈككە توقلا ئايرىغاندا، قويۇڭنى بىراقلا ساناپ ئۇتكۇزۇۋالارسەن، ـ دېدى شۇجى.

**توقلاتماق** «توقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىر قازان ئاش ئەتتۈرۈپ ئۇلارنىڭ قورسىقىنى توقلىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇلار بىردەم ھاردۇقىنى ئېلىشىپ يەنە ئېتىزغا مېڭىشتى.

**توقلاشماق** «توقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بەش زاغرا ۋە بىر كورا قېتىق بىلەن قورساقلىرىنى توقلاشتى.

**توقلانماق** ① «توقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇ ھەدىسىنىڭ ئۆيىدە ئىككى كۈن تۇرغان بولسىمۇ، تۈزۈكرەك بىر قېتىممۇ توقلىنالماستىن يەنە يېزىغا قايتماقچى بولدى. ② «توقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ قورسىقى توقلاندى.

**توقلۇق** ① «توق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: قورساقنىڭ توقلۇقى ـ كۆڭۈلنىڭ شوخلۇقى. * تۇغقاندىن يامانلىغان ئەقلىنىڭ يوقلۇقى، تاماقتىن يامانلىغان قورساقنىڭ توقلۇقى (ماقال). * ـ دادا، سىز بۇغداي دېنىنىڭ توقلۇقىغا قاراپ بېقىڭ، ئۇ نېمدېگەن ئوخشىغان ـ ھە، ـ دېدى كېرەم قولىغا بىر سىقىم بۇغداينى ئېلىپ تۇرۇپ. * ئۇ بالا بۇ رەڭنىڭ توقلۇقىنى ياكى سۇسلۇقىنى زادى بىلمەيدىكەن. ② توق، پاراۋان تۇرمۇش، توقچىلىق: شۇنداق قىلىپ بۇ كەپتەرلەرنىڭ ھاياتى كۈنى ھەمىشە توقلۇق بىلەن ئۆتۈپ، نەسلى كۆپىيىۋېرىپتۇ. * ـ بالا ـ چاقىسى بولمىغانلىقتىن، تەقسىماتتا ئاشقان پۇلنى نەقلا بانكىغا قويىدى. كىم بىلىدۇ، توقلۇقتىن شوخلۇق چىقىپ، سىلىم باقاش ياخشى كۆرۈپ قالدىمۇ يا، ـ دېدى زىلەي، ـ ئەختەمدىن ئايرىلىپ مەن يولۇقمىغان مۇشۇ قالدىمۇ؟ خەپ مېنىڭ مۇشۇ تۇللۇقۇم.

**توقلىماق** پ. تويدۇرماق، توق قىلماق: ئۇ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ تېخى ئىككى كۈن ئۆتەر ـ ئۆتمەي، ئائىلىدىن ئايرىلىشنىڭ ئازابىنى چەككىلى تۇرغاندى. شۇ كۈنى ئۇ شەھەرگە كەچرەك يېتىپ كەلدى. بىر ئاشخانىغا كىرىپ قورسىقىنى توقلىدى. * مانا، ئۇنىڭ ئىشى قاملاشتى، ئۆزىنى بىر دەم دالدىغا ئالىدۇ ـ دە، ئاپتوبۇس گۇررىدە مېڭىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاشخاندا پولۇ ياكى لەڭمەن بىلەن قورساق توقلايدۇ.

**توقماق** ① ئى. نەرسىلەرنى ئۇرۇپ پارچىلاش، قېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بىر ئۇچى تومپاي ياغاچ: ـ ھۇررا! ھۇررا!... ـ مىلتىق، نەيزە، توقماق، گۇرجەك، جوتو كۆتۈرگەن كىشىلەر تولۇغان پېتى تۇرمىگە باستۇرۇپ كىردى. * دىئامېترى 20 سانتىمېتر كېلىدىغان قوزۇق توقماق

زەربىدىن لىڭگىدە تەۋرەپ، لايغا بىر غېرىچ ئولتۇردى. ② ئى. كۆچمە. زەربە، تاياق: توغرا سۆزنىڭ توقمىقى بار (ماقال). ③ ئى. قاڭالتىرچىلار ۋە هارۋا جابدۇقلىرىنى ياسىغۇچىلار ئىشلىتىدىغان ياغاچ بازغان. ④ مىق. كۆچمە. باغلام؛ تىزىق: بىر توقماق پۇل. * ئۇ نېمىندۇر ئويلاپ تۇرۇپ قالدى ۋە نېمىگىدۇر ئالدىراۋاتقاندەك، تېز-تېز قەدەم بېسىپ كېتىۋېتىپ ئۆز كاسسىرىغا: — ئۇلارغا بىر «توقماق» بەرگىن، خىراجەت قىلسۇن، — دېدى.

**توقماق بېلىق** <زوئول> بىر خىل بېلىق. بېشى يۇملاق، ئېغىزى كىچىك، دۈمبىسى قارامتۇل، قورسىقى ئاقۇچ، پالاقچىسى سېرىق، گۆشى مەززىلىك كېلىدۇ؛ تۇخۇمدان، قان ۋە جىگەرلىرىدە كۈچلۈك زەهەر بولىدۇ؛ دۆلىتىمىزنىڭ دېڭىز ياقىلىرى ۋە بەزى ئىچكى دەريالاردا ياشايدۇ.

**توقماقچى** ئى. ① توقماق بىلەن ئۇرغۇچى: بۇ ئۇششتىگە ـنىڭ شاخارلاپ بۇسلىغان تولىملارنى توقماقلايدىغان ئىككى توقماقچىسى بار ئىدى. ② كۆچمە. باشقىلارنى توقماق، كالتەك بىلەن ئۇر-سوق قىلىشنى ئادەت قىلغان مەلۇم بىر تەبىقە، گۇرۇھ ياكى شەخسنىڭ ياللانما ھىمايىچىسى: ۋاڭنىڭ توقماقچىلىرى ھەيۋە بىلەن توقماقلىرىنى تاراڭلىتىپ، موللازەيدىننى ئوراپ تۇردى، موللازەيدىن پىسەنت قىلماستىن: — مېنىڭ ئۈچۈن يەنە 50 توقماق قوشۇپ 100 توقماققا ھۆكۈم قىلىشلىرىنى سورايمەن، — دېدى.

**توقماقلاتماق** «توقماقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ۋاڭ بۇ توقماقچىلارغا يەنە كىمنى توقماقلاتتىكى؟

**توقماقلاشماق** «توقماقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: توقماقلاشتى يايلار گۇناھى يوق پۇقرانى، قىيامەتتە ئۇلارمۇ يىغلاپ قىلار ئىقرارنى.

**توقماقلانماق** «توقماقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**توقماقلىماق** پ. توقماق بىلەن ئۇرماق: كونا جەمئىيەتتە باي، بەگلەرنىڭ قول چوماقچىلىرى بىگۇناھ پۇقرالارنى خالىغانچە توقماقلاپ، خالىغانچە تۈرمىلەرگە سولىتاتتى.

**توقۇتماق I** «توقۇماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گىلەم توقۇتماق. تاغار توقۇتماق. سېۋەت توقۇتماق. * ئەختەمباي ئۆيىدىن پەقەت خادىمى ھارۋىغا سېلىش ئۈچۈنلا توقۇتقان قىزىل گىلەمنى ئاچقىپ، ھارۋىغا بىر ئات قوشۇلغانلىقىنى كۆرۈپ نادەمگە دېدى: — بىر ئات قوشقىنىڭ نېمىسى، مالڭ يۈگۈر، قاشقىنى ياندا.

**توقۇتماق II** «توقۇماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئاتلارنى توقۇتۇپ تەييارلاپ قوي، — دېدى دادام نامازغا چىقىپ كېتىۋېتىپ.

**توقۇچ** ئى → جىبەك.

توقۇچ تۇتماق → جىبەك تۇتماق.

توقۇچ قاتۇرماق → لېۋەك ئەتمەك.

**توقۇر** ئى. گەدەنباغ ئېسىلغان تۆگىنىڭ ئالدىدىكى تۆگىگە ئېسىلىدىغان، ئارا قوڭغۇراقتىن سەل كىچىكرەك قوڭغۇراق.

**توقۇشماق I** «توقۇماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يەنە بىر نەچچە قىز-يىگىت قوشاق توقۇشتى، ئۆز ئارا ئېيتىشىش قىلدى. ئاندىن سازەندىلەر دۇتار، تەمبۇر، راۋاب، داپلىرىنى شوخ مۇقام مەشرەپلىرىگە ساز قىلدى، چېدىر ئىچىدىن قىز-يىگىتلەرنىڭ ئومۇمىي ناخشىسى ياڭرىدى.

**توقۇشماق II** «توقۇماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئاتلىرىنى توقۇشتى.

**توقۇقلۇق I** سۈپ. توقۇپ تەييارلانغان، توقۇپ بولۇنغان: بېلىقچىلارنىڭ تورلىرى توقۇقلۇق ئىدى. پەقەت دېڭىزغا چىقىپ تور سالسىلا بولاتتى.

**توقۇقلۇق II** سۈپ. ئېگەر-جابدۇق بىلەن توقۇلۇپ تەييارلانغان، توقۇپ قويۇلغان: نادەم قايتىپ چىقىپ، توقۇقلۇق بوز ئاتنى مىندى-دە،

يېزىغا قاراپ يول ئالدى.

**توقۇلما** ① سۈپ. توقۇپ، ئۆرۈپ ياسالغان؛ توقۇلغان: ــ خەير، بېرىڭلار، ھەممىڭلار بېرىڭلار! ــ لىك يۈنجۇ توقۇلما ئورۇندۇققا قايتا ئولتۇرۇپ، ئوڭ قولىنى پۇلاڭلىتىپ، قەتئىي ئاھاڭدا سۆزلىدى، ــ مەن ئەسقاتمايدىغان موللا، لېكىن شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، قورالنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدىغان بولدۇم. * توقۇلما ماللار شىركىتى پېشىنە ھەر، كونىشە ھەردىكى يەتتە سودا دۇكىنىدىكى مال ساتقۇچىلارنىڭ نومۇر تاقىشىنى بەلگىلىدى. ② ئى. گەزلىمە، گەزمال: پاختا ۋە يىپەك توقۇلمىلار. ③ سۈپ. كۆچمە. يوق يەردىن ئويلاپ چىقىرىلغان، يالغان، ئويدۇرما: پەن پاكىتقا ھۆرمەت قىلىدۇ، يالغان، توقۇلما گەپنى ئىلمىي تەلىماتنىڭ ئورنىغا دەسسەتكىلى بولمايدۇ. ④ ئى <بىئول> ئورگانىزمدىكى ئەزالارنى تەشكىل ـ قىلغۇچى بىرلىك. ئۇ شەكلى ۋە فونكسىيىسى ئوخشاش بولغان نۇرغۇنلىغان ھۈجەيرىلەرـ نىڭ مەلۇم شەكىلدە بىرىكىشىدىن تۈزۈلـ دۇ، ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار تېنىدە ئېپىتېل توقۇلمىسى، قوشقۇچى توقۇلما، مۇسكۇل توقۇلمىسى ۋە نېرۋا توقۇلمىسىدىن ئىبارەت تۆت خىل توقۇلما بولىدۇ. ⑤ ئى <ئەد> ئەدەبىيات ـ سەنـ ئەت ئىجادىيىتىدە، تۇرمۇشنى ئومۇملاشتۇـ رۇش، ئوبراز يارىتىش ۋە مەركىزىي ئىدىيىنى گەۋدىلەندۈرۈش قاتارلىقلاردا قوللىنىلىدىغان بىر خىل مۇھىم بەدىئىي ئۇسۇل.

**توقۇلما سۈيۈقلۇقى** ① <بىئول> قان سۈيۈقلۇقى ۋە توقۇلما ھۈجەيرىلىرىنىڭ ماددا ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان سۈيۈقلۇق. توقۇلمىلارنىڭ ئارىلىقلىرىدا ساقلىنىدۇ. ئۇ قان پلازمىسىنىڭ قىل تومۇر دىۋارىدىن سۈزۈلۈپ ئۆتۈپ، توقۇلما ئارىسىدىكى بوشلۇقلارغا كىرىشى ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. ② <تىب> ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بەزى توقۇلمىلىرىدىن ئىشلەنگەن سۈيۈق دورا. ئادەم تېنىگە ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇش ئارقىلىق، بەزى سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. مەسىلەن، بالا ھەمراھىدىن ئىشلەنگەن توقۇلما سۈيۈقلۇقى نېرۋا ئاجىزلىقى، ئاشقازان يارىسى قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالىيالايدۇ.

**توقۇلما ئۆستۈرۈش** <بىئول> سۈنئىي ئۆستۈرگۈچىلەر ئىچىدە توقۇلما ھۈجەيـ رىلىرىنى ئۆستۈرۈش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**توقۇلماق** I «توقۇماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاشۇ نەرسىلەر تاشپاختا تالاسى ئىكەن. تاشپاختا تالاسىدىن يىپ ئەشكىلى بولىدىكەن. ئاشۇ يىپلاردىن تاشپاختا گىلەمى ياكى تاشپاختا رەختى توقۇلىدىكەن. * مېنىڭ ئورنۇمغا يارى يەلتاپان بىرىنچى ھاكىم بولىدۇ-دە، ھەممىلا جايدا مېنىڭ توغرامدا كۈلكىلىك ھېكايىلار توقۇلىدۇ.

**توقۇلماق** II «توقۇماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چاچراۋاتقان سۇلار ئۈنچە-مەرۋايىت چېچىلغاندەك يالتىرايتتى. مەن ياختى توقۇلغان بۇ ئاتقا يىراقتىن قارىدىم. كۆزۈم بىردىن يوغان ئارچا دەرىخىگە چۈشۈپ قالدى.

**توقۇلمىشۇناس** ئى. ئورگانىزمدىكى توقۇلمىنىڭ شەكلى ۋە فۇنكسىيىسىنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىس، ئالىم.

**توقۇلمىشۇناسلىق** ئورگانىزمدىكى تۈرلۈك توقۇلمىلارنىڭ شەكلى، فۇنكسىيىسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**توقۇلملىق** سۈپ ← **توقۇلما**: بۇلارنىڭمۇ ئالدىدا بېزەكلىك ئاتلار قوشۇلغان، گىلەم سېلىنغان ئوچۇق ھارۋا ئۈستىدە چىرايلىق كىيىنگەن، بەللىرىگە

توقۇلمىلىق شايى رومال باغلىغان ناغرا، سۇناي، كانايچىلار زوق بىلەن قىزىل پۆپۈكلەر باغلانغان چالغۇلىرىنى چالماقتا.

**توقۇلمىلىق داۋالاش ئۇسۇلى** <تىب> بىر خىل داۋالاش ئۇسۇلى. بۇنىڭدا، مەلۇم ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ توقۇلمىلىرى مۇزلىتىش، دېزىنفېكسىيە قىلىش قاتارلىق بىرقاتار جەريانلاردىن ئۆتكەندىن كېيىن، بىمار تېنىگە ئوكۇل قىلىنىپ، ماددا ئالمىشىش تېزلىتىلىدۇ ۋە ئورگانىزملارنىڭ قارشىلىق كۈچى ئاشۇرۇلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ سوزۇلما خاراكتېرلىك يارا، تەڭگە تەمرەتكە ۋە مۈگگۈز پەردە ياللۇغى قاتارلىقلارنى داۋالاشتا ئۈنۈمى يۇقىرى.

**توقۇم** ① ئى. ئات-ئۇلاغلارنىڭ ئېگەر ياكى چومنىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان، بىرقانچە قات كىگىزدىن تىكىلگەن جابدۇق: ئاتتىن ئايرىلساڭمۇ، توقۇمدىن ئايرىلما (ماقال). * ئۇنىڭ «توقۇم» دېگەن بىر نېمىسى بار. ئۇنى دۈمبىگە توقۇيدۇ. «تۆشلەك» دېگەن بىرنەرسىسى بار، ئۇنى تۆشۈمدىن ئۆتكۈزۈپ، توقۇمغا باغلايدۇ. * — قوغۇن يېگەن باللارنىڭ ئائىلىسىگە چېچىش كېرەك، — دېدى ئىككىنچى ئەزا يان تەرەپتىن، — كىچىك لەقۋاغا شۇ قاتاردا بىر ئۈلۈش ئارتسا بولىدۇ. ئېشەككە كۈچ يەتمىسە، توقۇمغا ئۇرسا بولمايدۇ! ② سۈپ. قات-قات؛ قېلىن: — شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى بىمار تولا گەپتىن ھېرىققاندەك ئۆزىنى سەل كەينىگە تاشلاپ، كۆزلىرىنى قىيا ئېچىپ تۇرۇپ، — مانا قارىماسىز، دوختۇرغا قاتراۋېرىپ، كېسەل تارىخىمۇ توقۇم بولۇپ كەتتى، لىغىتەتەك بولۇپ كەتتى. ③ ئى. كۆچمە. باشقىلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن گۇناھ، ئەيىب: ئۆزىنىڭ توقۇمىنى باشقىلارغا ئارتماق. * باشلاۋېرەيلى، ئىش پۈتكەندىن كېيىن، مەن شەنگەنگە «مىركېرىم شاكىرنى قاچۇرۇۋەتتى» دەپ چېقىپلا، ئۇنىڭ توقۇمىنى تىكمەن.

**توقۇمنى قارنىغا ئالماق** بىرەر ئىش ياكى مەسىلە ھەققىدە بىردىنلا چىدىماسلىق قىلغانلىقنى، يامىنىغا ئالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: يالغانمىدى!؟ گەپنىڭ بېشى چىقار-چىقماستىن توقۇمنى قارنىغا ئالغىلى تۇردۇڭمۇ! مانا ئەمىسە دەپ ھەممىنى بىر ئېچىۋېتەمەن تازا! * مەخسۇت بەگ توقۇمنى قارنىغا ئالسا، ھېسامىدىن داموللىدىن ئايرىلالمايدۇ، بۇ گەپلەر ھېسامىدىن داموللىنىڭ ئۆزىدىن چىقسا، نەدىن چىقسۇن؟

**توقۇم تىكمەك** ① كىگىزدىن ئېگەر ياكى چوم ئاستىغا قويۇلىدىغان توقۇمنى تەييارلىماق. ② كۆچمە. باشقىلارنىڭ ئۈستىگە ئارتىشقا گۇناھ تاپماق، تەييارلىماق: ئۆزىنى «ئاپئاق» دەيدۇ بەزىلەر، داغلار تۇرسىمۇ گەرچە يۈزىدە. باشقىلارغىلا تىكىدۇ توقۇم، بولسىمۇ نۇرغۇن ئىللەت ئۆزىدە.

**توقۇما** ① سۈپ. توقۇلغان، توقۇلما. ② ئى <كې> يۇڭ يىپ ئۆرۈش، پاختا يىپ ئارقاق قىلىنىپ توقۇلغان تۈتىلىك رەخت. ئالدى يۈزىدە تىك ۋە تەكشى ھالەتتىكى ئۇزۇن تۈتىلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن قىشلىق كىيىم تىكىشكە بولىدۇ.

**توقۇماق** I پ. ① ھەر خىل يىپ ئارقىلىق گەزلىمە ياكى پوپايكا قاتارلىق توقۇلما بۇيۇملارنى تەييارلىماق: ئېرى ھايات ۋاقتىدا ئەر-خوتۇن بىرلا قىزى بىلەن يامان ئەمەس تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئېرى قوشۇمچە چەكمەن-چوتار، كاتەكچە شاتۇار توقۇيدىغان كاسىپ ئىدى. * قىزچاق دېدى: — مەكتەپتە، دائىم ئەلا ئوقۇيمەن. قولدىن بەرمەي ۋاقىتتى، شۇنداق كەشتە توقۇيمەن. ② تال-تال چىۋىق ياكى قومۇش قاتارلىقلارنى ئۆرۈپ ياكى بىر-بىرىگە چېتىپ، ھەر خىل شەكىلدىكى بۇيۇم ھالىتىگە كەلتۈرمەك: بورا توقۇماق. زەمبىل توقۇماق. سېۋەت

توقۇماق. * شۇنىڭدىن كېيىن قىسمەت بىلەن پەرىزات هەر كۈنى تاغقا بىرگە بېرىپ، كۆيۈپ-پىشىپ دېھقانچىلىق قىلىپتۇ. ئاخشىمى ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، پەرىزات چىراغ تۇۋىدە كەشتە تىكىپتۇ، قىسمەت سېۋەت توقۇپتۇ. * بىر چەتتە تۆمۈر بىلەن ئىززەتخان تالنىڭ چىۋىقلىرىدىن زەمبىل توقۇۋاتاتتى. ③ كۆچمە. ئېيتىپ ياكى يېزىپ، مەلۇم ئىجادىيەت شەكلىگە كەلتۈرمەك، تۈزمەك: ئېيتىشىش ئادەتتە ئىختىيارىي بولىدۇ. كىم خالىسا ئورنىدىن تۇرۇپ، جۈپ تاللاپ، قوشاق توقۇيدۇ ياكى ئىككى كىشى ئالدىن كېلىشىۋېلىپ، مەيدانغا سەكرەپ چۈشىدۇ، بىر-بىرىدىن جاۋاب تەلەپ قىلىپ قوشاق ئېيتىدۇ. * دەريادا ئۈزدى تېز كېمە-قولۋىقىم، ئاسماندا پەرۋاز قىپ ئۇچتى كەپتىرىم. بىر بۈيۈك ئالىمغا توقۇدۇم نەزمە، مىسرادىن چاقنىدى قەلەم-دەپتىرىم. ④ كۆچمە. يوق يەردىن ئويلاپ چىقارماق، ئويدۇرماق: بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ مەن سىزگە نېمىنى يېزىش، ھەتتا ھەربىر مەسىلىنى قانداق يېزىش توغرىسىدا تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن تۇرسام، بۇنى نېمە ئۈچۈن ئۇنتۇپ قالدىڭىز؟ مەن دېمىگەن گەپلەرنى نەدىن توقۇپ چىقاردىڭىز؟ * ھىيلە قىلىپ، تۆھمەتلەرنى توقۇپ، مېنى ئوغرى دېمەكچىمۇسەن؟! بوزەك قىلىپ بىز ئىشچىلارنى، گۆشىمىزنى يېمەكچىمۇسەن؟!

**توقۇماق** II ① ئات-ئۇلاغقا ئېگەر-توقۇم ئارتىپ جابدۇماق: ئۇلار چەنزىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن يەتتە-سەككىز مېتىر يىراقتىكى قىرغاققا چىققاندىن كېيىن، مەنسۇر ئېتىنى ئالدىراپ توقۇدى-دە، سەكرەپ مىنىپ ئاسمىغا: — يۇر ئاسىم، بۇلار خەتەردىن قۇتۇلدى، سوغۇق چۈشۈپ قالدى، بىز چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئاربلايلى! — دېدى. * ئاتنىڭ ئۈستىگە ياريېلىم سۇرۇپ، توقۇم سالدى، توقۇمنىڭ ئۈستىگە ياريېلىم سۇرۇپ، ئېگەر توقىدى، ئېگەرنىڭ ئۈستىگە يەنە ياريېلىم سۇرۇپ، ئاتنى مىندى. * ئېغىلدىن قېچىردەك يوغان بىر بوز ئېشەكنى ھەم جۇغى كىچىكرەك شوخ قارا ئېشەكنى ئېچىقىپ، ئۈستىگە گۈللۈك ئۇچۇلۇقلار-نى توقۇدى. ② كۆچمە. باشقىلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىمەك، ئارتماق: ھېلىمۇ ياخشى، بارات شۇجى دادامنىڭ كېسىلىنى يوقلاپ كەلگەندە ئۆيدە بولماپتىكەنمەن، بولمىسا، ماڭا توقۇيدىغان خېلى توقۇملىرىڭ بار ئىكەن-دە.

**توقۇملۇق** سۈپ. ① دۈمبىسىدە توقۇمى بار، توقۇم توقۇپ جابدۇلغان: چاقچاقلىق بىلەن ئامبالنىڭ نېرىغا قاڭقىپ چۈشكەن ملتىقنى، ئوقدانلىرىنى ئالدىم-دە، بۇ ئەتراپتا يۈگۈرۈك ئاتالغان، كۈمۈش ئېگەر-توقۇملۇق داڭلىق كۆك ئېتىنى مىنىپ، تاغ ئىچكىرىسىگە قېچىپ كىرىپ كەتتىم. ② توقۇم تىكىشكە لايىق، توقۇم تىكىشكە يېتىدىغان: ئۆيىمىزدە بىر توقۇملۇق كىگىز بار، قارا ھاڭگىغا دەرھال توقۇم تىكتۈرمىسەك، ئەمدى ياۋىداق مىنگىلى بولماي-دىغاندەك تۇرىدۇ.

**توقۇمچى** سۈپ. ئېگىرىش — توقۇش فابرىكىلىرىدا توقۇش بىلەن شۇغۇللانغۇچى: ئاسىمگۈل، قەمەرنىسا، خالىدەم ۋە ئۇلارنىڭ ئايىغى تېز، قولى چاققان چەۋەنداز شاگىرتلىرى بولسا، توقۇمچى قىز ستانوك ئالدىدا چېگرا قاراۋۇلغا ئوخشاش تىك تۇرۇپ توقۇش ماشىنىلىرىنى كۆزەتكىنىدەك، جاھازلاردىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى.

**توقۇمچى قىز يۇلتۇزى** <ئاستر> لىرا يۇلتۇز تۈركۈمىدىكى ئەڭ پارقىراق يۇلتۇز. ئۇ نۆلىنچى دەرىجىلىك يۇلتۇز بولۇپ، ئاق يېشىل كېلىدۇ. سامانيولى بىلەن پادىچى يۇلتۇزىغا ئۇدۇل كېلىدۇ، يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 100،000°C، يەر شارىدىن تەخمىنەن 27 يورۇقلۇق يىلى يىراقلىقتا تۇرىدۇ.

**توقۇمىچىلىق** ① «توقۇمچى» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: مەن توقۇمچىلىقنى ئۆگىنىپ، توقۇمچىلىقتا ئىشلىدىم. ② رەخت ۋە گەزلىمە توقۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇل-لانغۇچى تارماق، ساھە: ئۆتكەن يىلى 101 يېڭى سانائەت ۋە توقۇمچىلىق سانائىتى كارخانىلىرى

ئشله پچقارغان 174 خل مه هسۇلاتنىڭ ئىشله پچقىرىلىش، ته مىنلىنىش، سېتىلىش ئه هۋالى ۋه مه بله غنىڭ ئىشلىتىلىش ئه هۋالى ته كشۈرۈلدى.

**توقۇناق** ئى ① ئات-ئۇلاغ، هارۋىلارغا ئارتىلغان يۈكلەرنى تارتىپ چىڭىتىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئارغامچىنىڭ ئۇچىغا چىگىلگەن ئىلمەك ياغاچ: ئوتۇنچى ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر ئۇچى ياغاچ توقۇناققا چىگىلگەن كونا ئارغامچىنى قولتۇقىغا قىستى ۋە ئۆز جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان شۇ ئەركە قىزى ئۈچۈن سېتىۋالغان بىر پارچە پىشتان گۆشنى ياغلىققا چىگىپ، ھېلىقى كونا خالتىسىغا سالدى. ② كۆچمە. ئورۇنسىز يامان قىلىپ كۆرسىتىلگەن تەرەپ، بەتنام: خالىق ساقى خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەن بولسىمۇ، بىراق «ئىنىم مۇزىكا بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، زىيالىي ئىكەن، ئۇنىڭمۇ جىق ھەرەج تارتقانلىقى تۇرغان گەپ، پېپەن-كۈرەش قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭغا <ئەكسلئىنقلابچى تۆغقنى بار ئىكەن>، دېگەن توقۇناقنى ئارتىپ قويماي» دەپ ئويلىدى. ③ كۆچمە. كۆڭۈلدە ساقلىغان غۇم، يامان نىيەت: ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ توقۇنقى بار.

**توقۇناق بالا** تاسادىپىي باشقا كەلگەن ئوڭۇشسىزلىق، كېلىشمەسلىك، بالا-قازا: بەزىسى: «خۇدايا، توقۇناق بالا، ئىلمەك قازادىن ئۆزۈڭ ساقلا!» دەپ ياقىسنى تۇتۇپ كېتەتتى.

**توقۇناق قاغا** <زوئول> قاغىنىڭ بىر تۈرى. ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېترغا يېتىدۇ، پەيلىرى قارا ۋە پارقىراق كېلىدۇ؛ بۇرۇن تۆشۈكى ئوچۇق بولۇپ، باشقا قاغىلاردىن پەرقلىنىدۇ؛ ئادەتتە توپلىشىپ ياشايدۇ، دەرەخ ئۈستىگە ئۇۋا سالىدۇ، ئوزۇق تاللىمايدۇ؛ مەملىكىتىمىزنىڭ دېڭىز بويىدىكى ئۆلكىلەرگە ۋە گەنسۇ، سىچۈەن ئۆلكىلىرىگە كەڭ تارقالغان.

**توقۇناقلىق** ① سۈپ. توقۇنقى بار، توقۇناق باغلانغان: توقۇناقلىق ئارغامچا. ② سۈپ. توقۇناق بولىدىغان، توقۇناققا لايىق: مەن باغدىن بىر توقۇناقلىق ئۆرۈك ئاچىسىنى كېسىپ كەلدىم. ③ ئى. كۆچمە. كۆڭلى ئەگرىلىك، نىيىتى يامانلىق: سېخىمىز ئۇنىڭ ياش ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، هازىرغىچە ھەممە ئىش ئۈستىدە قىلىۋاتقان توقۇناقلىقىغا پەقەت نەسىھەت قىلىپلا كەلدى.

**توقۇنۇش** ئى ① ئىككى تەرەپ بىر-بىرى بىلەن دۇقۇرۇشۇش، دۈچ كېلىپ بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇش: ھەر كۈنى دېڭىزدەك ئەسكەرلەر بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا كىچىك توقۇنۇشلار بولۇپ تۇردى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە، شەھەر ئاھالىسى خۇددى يېڭا كېلىۋاتقاندەك، پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قالدى. ② بىر-بىرىگە دۈچ كەلگەن قىسىملار، كوچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ: ئون مىنۇت، يېرىم سائەت داۋام قىلىدىغان قىسقا، ئەمما تۈيۈقسىز توقۇنۇشلار دۈشمەنگە ھېچ ئارام بەرمەيتتى. ئات تۇياقلىرى زەربىدىن گەز دەرياسىنىڭ ئىككى قاسىنقىدىكى سايلارنىڭ تاشلىرى قوزغىلىپ، توپىلىرى قېزىلىپ كەتكەندى. * ئارسلان كۆكيارىدىكى بۇدداچىلارنىڭ توپىلىڭى، غەربتىكى باغداد خەلىپە ۋەكىلى دەپ كەلگەن ئادەملەرنىڭ چاتاق سېلىۋاتقانلىقى، سامانىيلار دۆلىتىنىڭ بېسىپ كېلىش غەرىزى، چېگرىدىكى توقۇنۇشلار، ئۇياقتىكى خەلقنىڭ قىيىن ئەھۋاللىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. ③ ئوتتۇرىدا بولغان تالاش-تارتىش، ئىختىلاپ: ئۇلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بۇ تۇنجى قېتىملىق توقۇنۇش باتۇر ۋە ئالىم توغرىسىدا مېھرىبانى جىددىي ئويلىنىشقا سالدى. * راخمان مۇدىر بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامىدىكى توقۇنۇش ئەنە شۇنداق باشلاندى. * كۆپ چاغلاردا ئۇنىڭ ئىزلىنىپ ئىشلەۋاتقان ئىشلىرى دادامنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ تۇراتتى. مەسىلەن، ئەڭ ئاۋۋال ئاكامنىڭ قانداق مەكتەپتە ئوقۇش مەسىلىسى ئۈستىدە دادام بىلەن

ئاكام ئوتتۇرىسىدا مۇنداق بىر توقۇنۇش بولغانلىقى ئېسىمدە. ④ كۆچمە. زىددىيەت، قارىمۇقارشىلىق: بۇ بىر قاتار ھەرىكەتلەر ئۇنىڭ كاللىسىدا كەسكىن ئىدىيىۋى توقۇنۇش بولۇۋاتقانلىقىنى دەللەپ تۇراتتى. * خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى كۈچەيتىلسە، كېڭەيتىلسە، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈپ مەنپەئەت توقۇنۇشى بولمايدۇ. ⑤ <ئەد> ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن ھەر خىل پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەشلەر. توقۇنۇش ئەدەبىي ئەسەرلەر سۇژىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئېچىپ كۆرسىتىشتىكى مۇھىم بىر ھالقا.

**توقۇنۇشتۇرماق** «توقۇنۇشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كامىلنىڭ ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز قېلىش نىيىتىدە ئويلاپ تاپقان باھانىلىرى، قۇۋلۇقلىرى بىكارغا كېتەتتى. مۇبادا باشقىلارنىڭ يېنىدا سۆزلىشىشكە توغرا كەلسە، يۈزىگە قارىمايتتى، كۆزىنى توقۇنۇشتۇرمايتتى.

**توقۇنۇشتۇرۇلماق** «توقۇنۇشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**توقۇنۇشسىز** سۈپ. توقۇنۇش ۋە توسالغۇدىن خالىي، ئىختىلاپ ۋە ماجراسىز، توسالغۇسىز: لېكىن بۇ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىش ۋە كونا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدىن يېڭى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە ئۆتۈش ئۇچۇقلۇق، توقۇنۇشسىز، داۋالغۇشلارسىز بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس.

**توقۇنۇشلۇق** سۈپ. توقۇنۇش، توسالغۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ ئىختىلاپ ۋە ماجرا يۈز بەرگەن: مۇئەللىم ئۆز ھېكايىسىدە توقۇنۇشلۇق ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى.

**توقۇنۇشماق** پ ① بىر-بىرىگە ئۇچرىشىپ، دۈچ كېلىپ، يولۇقۇپ قالماق: ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىر-بىرى بىلەن توقۇنۇشتى. بۇ بىرنەچچە مىنۇت داۋام قىلغان سۆزسىز ئۇچرىشىش ئىدى. * كۈتۈلمىگەندە، تۇم قارا ئاتنىڭ ئۈستىگە قوزغۇنىدەك قونۇپ ئولتۇرغان مىرشەپ بېگى جۇمە بىلەن تاشۋاينىڭ كۆزلىرى توقۇنۇشۇپ قالدى. جۇمەنىڭ چىرايى دەھشەت بىلەن تاتاردى. ② بىر-بىرىگە ئۇرۇلماق، دۇقۇرۇشماق: خاسىيەت خېلىغىچە ئۇنچىقمىدى. ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى دەماللىققا بىلگىلى بولمايتتى. ئەمما، ئۇمۇ ئويلاۋاتاتتى. ئۇنىڭمۇ يۈرەك قانلىمىدا بىر-بىرىگە زىددىيەتلىك قاتتىق دولقۇن توقۇنۇشۇپ شاۋقۇنلاۋاتاتتى. * ئارغىماق ئالدىنقى ئاياغلىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ چاپچىدى، پوچتىنىڭ شوتىسى قاراسلاپ كەتتى. ۋىلادىك تىزگىننى قويۇۋېتىپ، ئاتنىڭ تېپىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىشىك تەرەپكە قاچتى. ئەسكەر توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ ماتورغا جىق گاز بەردى-دە، موتسىكلىتنى شارتتىدە قىلىپ باشقا ياققا بۇرىۋەتتى. ③ بىر-بىرى بىلەن جاڭجاللاشماق، ئۇرۇشماق، جەڭ قىلىشماق: مەن قايتتىم، ئەتىسى ئۆيگە ئوغلۇمنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ كىرىشتى. ئىككى تەرەپ قاتتىق توقۇنۇشقان بىر قېتىملىق ئەلەم كۈرىشىدە تەگكەن ئوق نەق بۇ «قەھرىمان»نىڭ يۈرىكىنى يۇلۇپ كەتكەنىدى. ④ كۆچمە. زىتلاشماق، قارشىلاشماق، جېدەللەشمەك: ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەتروزى ۋە سۇلتانلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى جىددىيلىكلەر ئۇنى بەكمۇ چارچاتقانىدى. * توختىكام قاچانلا بولمىسۇن ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم توقۇنۇشۇپ قالىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ ھېس قىلىپ يۈرەتتى.

**توقچاق** I سۈپ. توقاچ شەكلىدە يېسسى ۋە يۇمىلاق بولغان: توقچاق شاپتۇل.

**توقچاق شاپتۇل** ئەششاپتۇلنىڭ بىرخىلى. مېۋىسى توقاچ شەكلىدە يېسسى ۋە يۇمىلاق بولىدۇ.

**توقچاق** II ئى <زوئول> ← **تۆمۈرتۆمشۇق**.

**توقلەنەت** ئى [تورقا+لەنەت] ① تار س. جازا سۈپىتىدە گۇناھكارلارنىڭ بوينىغا

سىلىنىدىغان تاقاق. ② كۆچمە. زور تەشۋىش، غەم-ئەندىشە؛ تىل ئاھانەت ۋە مەسخىرە: ئەمدى-چۇ، ياشلىق باھارىنىڭ بىردىنبىر پەرزىنى ئادا قىلىمەن، يەنى ياخشى كۆرگەن كىشىم بىلەن توي قىلىمەن دەپ، ئاز ئۆتمەي مۇنچىۋالا توقلەنە تىكە قالغىنىنى!

**توقلىق** سۈپ. توقىسى بار، توقا بېكىتىلگەن: ئالتۇن توقلىق، كەڭلىكى تۆت ئىلىك كېلىدىغان يىپەك بەلبېغىنىڭ ئۇلۇق تەرىپىدە ئۈچ غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا كۈمۈش قىنلىق، تۆچ ساپلىق خەنجەر ئېسىلغانىدى.

**توك** I ئى [ر] <ئېل> ئېلېكتر زەرەتنىڭ ئېقىمى. توك ئۆتكۈزگۈچتىن ئۆتكەندە ئىسسىقلىق ئېففېكتى، خىمىيىلىك ئېففېكت، يورۇقلۇق چىقىرىش ئېففېكتى قاتارلىقلارنى ھاسىل قىلىدۇ.

**توك ئامبۇرى** <ئېل> توك سىمى ۋە توك سايمانلىرىنى قىسىش، سوغۇرۇش، ئېگىش، سۇندۇرۇش، ئۇلاشتا ئىشلىتىلىدىغان، توك ئۆتكۈزمەيدىغان ئامبۇر.

**توك بېسىمى** <ئېل> ئەركىن ئېلېكترونلار-نى مۇئەييەن يۆنىلىشتە يۆتكەش ئۈچۈن، ئېلېكتر مەنبەسىنىڭ ئىككى قۇتۇپى ئارىسىدا ھاسىل بولغان تەسىر. ئۇنىڭ بىرلىكى ۋولت بولىدۇ. ئۇ يەنە «ئېلېكتر بېسىمى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**توك بىلەن داۋالاش** <تېب> فىزىكىلىق داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا، ئېلېكترلىق ماشىنا-ئەسۋابلار ئارقىلىق ئىسسىقلىق چىقىرىش ياكى غىدىقلاش يولى بىلەن كېسەل داۋالىنىدۇ.

**توك تەقسىملەش تاختىسى** <ئېل> توك مىقدارىنى تەقسىملەيدىغان ئۈسكۈ-نە. ئېلېكتر ئىستانسىسى، بېسىم ئۆزگەر-تىش پونكىتى ۋە توك كۆپرەك ئىستېمال قىلىنىدىغان ئورۇنلارغا ئورنىتىلىدۇ. ئۈستىگە كونترول قىلغۇچى ھەر خىل كۇنۇپكىلار، كۆزىتىش سائەتلىرى ۋە مۇداپىئە قۇرۇلمىلىرى بېكىتىلگەن بولىدۇ.

**توك تەمىنلەش سىستېمىسى** <ئېل> بىرنەچچە ئېلېكتر ئىستانسىسىنى توك لىنىيىسى بىلەن تۇتاشتۇرۇش ئارقىلىق قۇرۇلغان ئېلېكتر كۈچى سىستېمىسى.

**توك توساق** <ھەرب> مېتال سىمدىن قۇرۇلغان ۋە توك ئۆتكۈزۈشكە بولىدىغان توساق. كۆپىنچە دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىش-تە ئىشلىتىلىدۇ.

**توك توغرىلىغۇچ** <ئېل> ئېلېكترون لامپا ياكى كرىستال لامپا قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزگىرىشچان توكنى بىر يۆنىلىشلىك توكقا ئۆزگەرتكۈچى ئۈسكۈنە.

**توك تۇراقلاشتۇرغۇچ** <ئېل> تۆمۈر ئۆزەكلىك كاتۇشكا. رېئاكتىپ قارشىلىقى ناھايىتى زور يالتىراق لامپا، ياي نۇرلۇق لامپا ۋە كىسىنون لامپا قاتارلىقلارنى ياندۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ، توك بېرىلگەن-دىن كېيىن، توكنى مەلۇم دائىرە ئىچىدە چەكلەپ تۇرالايدۇ.

**توك تۈگمەن** توك ياكى دۈڭگاتېل ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان ئۇن تارتىش، تاسقاش قاتارلىق ئىش تۈرلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان ماشىنىلار گۇرۇپپىسى.

**توك چۆگۈن** <ئېل> ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى-دىن پايدىلىنىپ ئىسسىقلىق چىقىرىش ئارقىلىق چاي قاينىتىدىغان چۆگۈن.

**توك چىغرىق** توك ياكى دۈڭگاتېل ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان چىگىت ئاي-رىش، پاختا ئېتىش قاتارلىق ئىش تۈرلىرىد-نى ئېلىپ بارىدىغان ماشىنا گۇرۇپپىسى. «چىگىت ئايرىش ماشىنىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**توك دەزمال** <ئېل> ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ ئىسسىقلىق چىقىرىش ئارقىلىق قىزدۇرۇلىدىغان دەزمال.

**توك دۇخوپكىسى** <ئېل> ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ ئىسسىقلىق چىقىرىش ئارقىلىق نەرسىلەرنى پىشۇرىدىغان دۇخوپكا.

**توك سائىتى** <ئېل> توك كۈچى بىلەن ماڭىدىغان سائەت. ھازىرقى توك سائەتلىرىدە كۆپرەك ئايلانما ئوقى بولغان ئېلېكتر ماگنىت ئىندۇكسىيە قۇرۇلمىسى ئىشلىتىلىدۇ.

**توك سىمى** <ئېل> ئېلېكتر كۈچىنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئۆتكۈزگۈچ سىم. كۆپرەك مىس ياكى ئاليۇمىنىدىن ياسىلىدۇ. ئىشلىتىلىش ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ھەر خىل ئۆلچەملىك بولىدۇ. مەسىلەن، بىر تاللىق سىم ياكى كۆپ تاللىق سىم، يالىڭاچ سىم ياكى ئىزولياتورلۇق سىم قاتارلىق.

**توك شامالدۇرغۇچ** <ئېل> ئېلېكتر دۋىگاتېلى ئارقىلىق پالاقنى ئايلاندۇرۇپ، ھاۋانى سۈرۈش ئارقىلىق شامال چىقىرىدىغان ئۈسكۈنە. دىمىق كۈنلەردە سەگدەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتە ئاسما ۋە ئۆرە شەكىللەردە بولىدۇ.

**توك قەلەم** <ئېل> توك لىنىيىلىرىدە ئېلېكترونلارنىڭ بار ياكى يوقلۇقى ۋە ئۇنىڭ يۆنىلىشىنى تەكشۈرىدىغان قەلەم شەكىللىك سايمان.

**توك مەنبەسى** <ئېل> ئېلېكتر ماشىنىلىرىنى ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى بىلەن تەمىنلەيدىغان قۇرۇلما. مەسىلەن، باتارېيە، گېنېراتور قاتارلىق.

**توك ھەرە** توك ياكى دۋىگاتېل بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان، دىسكا ياكى تاسما شەكىللىك ھەرە ئورۇنلاشتۇرۇلغان تاختاي تىلىش جاھازىسى: **ياغاچچىلىق ئۆيىگە توك ھەرىسى ئورنىتىلدى، ئاشخانا يېنىدىكى تاغ تېرىكىگە يۇقىرى ئاۋازلىق كاناي بېكىتىلىپ، ئىش مەيدانى تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى.**

**توك ئوچىقى** <ئېل> ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ ئىسسىقلىق ھاسىل قىلىدىغان ئۈسكۈنە. ئېلېكتر ياي ئوچىقى، ئېلېكتر قارشىلىق توك ئوچىقى، ئىندۇكسىيەلىك توك ئوچىقى قاتارلىق بىرنەچچە خىل بولىدۇ. ئىسسىنىش، تاماق ئېتىش، سانائەتتە قىزىتىش، قۇرۇتۇش، تاۋلاش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

**توك ئۇشكە** <ماشىن> توك ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان ئۇشكە.

**توك ئېقىمى** <ئېل> ← **توك** I.

**توك يولى** <ئېل> ← **ئېلېكتر يولى**: **ئۇنىڭ ئاممىغا رەھبەرلىك قىلىپ بەرگەن چېلەك، تەلەڭگىلىرى 20 دىن ئاشىدۇ، ئۇ يەنە 15 تىن ئارتۇق ئائىلىنىڭ توك يولىنى ئۇلاپ بەردى.**

**توك** II تەق. ① تاش، چالما قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ يەرگە ياكى قاتتىق نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشۈشىدىن ياكى ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: **قۇتلۇق تونۇغاندەك قىلىپ، قارلىغاچقا قاراپ كۈلۈپتۇ، قارلىغاچنىڭ ئاغزىدىكى «دان» ئاڭغىچە ئالدىغا «توك» قىلىپ چۈشۈپتۇ.** ② تۇخۇ، ئۆردەك قاتارلىقلارنىڭ داننى قاتتىق چوقۇپ ئېلىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: **خوراز يەردىكى داننى توك قىلىپ چوقۇپ ئالدى.**

**توكار** ئى [ر] مېتال ياكى ياغاچ يونۇش ستانوكىدا ئىشلىگۈچى تېخنىك ئىشچى: **ـ شۇنداق، سىز ئاساسىي قاتلامدا تەشۋىقات يۈرگۈزۈۋاتامسىز؟ ـ ئۇ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ،**

توكار ئۇستىخانىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقىغا بۇرۇلدى، ـقىلغۇدەك ئىش يوقمىدى؟ ـ ئۇ بۇرۇنمۇ بۇ يەرگە ئىككى-ئۈچ قېتىم كەلگەچكە، گۇرۇپپا باشلىقىنى تونۇيتتى.

**توكالڭ** ئى [خەن] ئېشەك قاتارلىق ئۇلاغلارغا ئارتىشقا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، ئىككى بېشى تۇتاش خۇرجۇنغا ئوخشاش توقۇلغان چوڭ سېۋەت: سىيىت دۈيجاڭ بىر جۈپ توكالڭ ئارتىلغان ئېشەكنى ئالدىغا سېلىپ، قولىدىكى ياغاچنى «خىت-چۇ» دەپ ساغرىسىغا سانجىپ، ئەتىگەن تەرەپتە ياۋاغ تەرەپكە كېتىۋاتاتتى.

**توك-توك** «توك II» سۆزىنىڭ تەكرار-لىنىشى: سۇلايمان ئىشكىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، مۇزلاپ، قىزىرىپ كەتكەن قولى بىلەن جۇۋىسىنىڭ پېشىنى قايرىپ؛ يەرگە «توك-توك» ئۇرۇپ پىيمىسىنى قاقتى. * توخۇلار توك-توك قىلىپ دان چوقۇشتى.

**توكچى** ئى. ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش، قۇراشتۇرۇش، رېمونت قىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى تېخنىك ئىشچى: دەل شۇ ئەسنادا كىچىك توكچىلارغا ئالدىراپ تاماق تەييارلاۋاتقان زەينەپخان چوڭ ئانا قولىنى لۆڭگىگە سۈرتكىنىچە چىقىپ كەلدى.

**توكسىن** ئى [ر<گرېك] <بىئول> بەزى مىكرو ئورگانىزملار شۇنىڭدەك بەزى ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەر چىقىرىدىغان زەھەرلىك ماددىلار.

**توككىدە** رەۋ. «توك» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «توك» قىلغان ھالدا: ئادىل جايىدىلا دۈم يېتىۋالدى. كېيىن تېخىمۇ مۇۋاپىقراق پاناھ جاي ئىزلەپ، ئۆمىلەپ ئىككى-ئۈچ قەدەمچە ئالغا سىلجىدى-دە، بىر كىچىك قورۇق ئېرىقتا سىيرىلىپ چۈشتى. لېكىن ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىگە «توككىدە» قىلىپ بىرنەرسە چۈشكەندەك بولدى.

**توكلۇق** سۈپ. توك بىلەن ھەرىكەتلىنىدىـ غان: ئۇ يەنە ئوبلاستتا قۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرغان قۇياش نۇرى ئېلېكتر ئىستانسىسى، دۇنيادا ئىلغار ھېسابلىنىدىغان، ھازىر تيەنجىندە سىناپ ياسىلىۋاتقان بىر ئوقلۇق، ئۈچ پازىلىق ئۆزگىرىشچان توكلۇق دۆڭگاتېل قاتارلىقلارنىڭ لايىھىسىنى سىزىش، نەزەرىيە جەھەتتىن مۇقىملاشتۇرۇش خىزمەتلىرىنى توغرا، ئۈنۈملۈك ئىشلىدى.

**توكۇ-توكۇڭ** توكۇلدايدىغان نەرسىلەرنى ئۇرۇپ ياكى بولقىلاپ «توك، توك» قىلغان ھەر خىل ئاۋازلارنى چىقىرىش ئىشى: ـ ئادىلنى ماتور سىناش جاھازىسى ياساش ئەمەس، ئويلىيالمايدىغان قىلىۋەتمىگۈچە بولمايدۇ، ـپەرىزات ئورنىدىن تۇرۇپ سوغۇق كۈلدى، ـمەن تېخى ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئاتا-ئانىسىغىمۇ خىزمەت ئىشلەپ، چاۋىسىنى چىنتقا يېپىپ كېلەي دېۋىدىم. ئاڭلىسام، دادىسى ئۇيۇشقا، بىر مىسكەر ئىكەن، تەشكىلىنىڭ تايىنى يوق، كارخانىدا توكۇ-توكۇڭ قىلىدىكەن.

**توكۇر** I سۈپ. ئاقساپ ماڭىدىغان، بىر ئايىغى كالتە ياكى مېيىپ: توكۇرنىڭ يولى كۆپ، گاچىنىڭ ئېپى كۆپ (ماقال). * ئاخىرى ھۆكۈمەت تەرەپ ئۇنىڭ پېيىنى كىسىۋەتكەنلىكتىن، توكۇر بولۇپ قالغان، شۇ سەۋەبتىن داۋۇت توكۇر دەپ ئاتالغان. * سەن ئەگەر يۇلغۇن قومۇشلۇقلار ئارا ئوۋ قىلمساڭ، ئۈچرىماس يول، رەستىدىن ھەتتا توكۇر توشقان ساڭا.

**توكۇر** II تەق. توكۇلدايدىغان نەرسىلەر-نىڭ بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ ئۆتۈشىدىن ياكى پاشنىلىق ئاياغلاردىن چىققان ئاۋاز: كېچىسى ئىشىك ئالدىدا «توكۇر» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

**توكۇرالڭ** ئى. ئىككى تەرىپىگە تېرە يېپىلغان ۋە ئۇرۇلىدىغان تاسما بېكىتىلگەن، ئوتتۇرىسىغا بېكىتىلگەن ياغاچ تۇتقۇچنى قولدا ئايلاندۇرۇپ چېلىنىدىغان، چىنە

قادىغۇچى ۋە مىلچمال ساتقۇچىلار چالىدىغان بىر خىل كىچىك ناغرا.

**توكۇراڭچى** ئى. توكۇراڭنى چېلىپ، كوچىمۇكوچا ئايلىنىپ مال ساتقۇچى: ئۇستىگە گۈللۈك ئۇزۇن تون كىيىپ، خۇددى شەندۇڭلۇق توكۇراڭچى سۈپىتىدە ياسىنىۋاپتۇ.

**توكۇر- توكۇر** توكۇر قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئۆگزىنىڭ نېپىز يەرلىرىدىن ئۆتكەن يامغۇر كارىۋات ئۇستىگە قويۇلغان داسقا توكۇر-توكۇر قىلىپ چۈشۈپ تۇرغاچقا، قانچە قىلغان بىلەن ئۇيقۇ كەلمەيتتى.

**توكۇرلاتماق** «توكۇرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەزىن ئاخۇنۇم بىر پاي كەشنى توكۇرلىتىپ يىراقتىن كېلىۋاتاتتى.

**توكۇرلاشماق** «توكۇرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: رەھىم ئاكام ئېلمەك ياغاچ بىلەن ئالمىنىڭ بىر شېخىنى ئېلىپ سىلكىۋىدى، ئالمىلار توكۇرلىشىپ يەرگە چۈشتى.

**توكۇرلىماق** پ. «توكۇر-توكۇر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: ئۇ ئەتىگەندە توكۇرلاپ كەلدى.

**توكۇس** تەق. بىرنەرسىنىڭ ئىككىنچى بىرنەرسىگە ئارقا-ئارقىدىن بىر قاتتىق، بىر بوش تېگىشىدىن چىققان ئاۋاز: بوۋاينىڭ ھاسىسىنىڭ پول ئۇستىدە «توكۇس» قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كارىۋاتتىن چۈشۈشكە تەمشىلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم-دە، يېنىغا يۈگۈرۈپ كىردىم.

**توكۇسسىدە** رەۋ. «توكۇس» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «توكۇس» قىلغان ھالدا: توكۇسسىدە تەگمەك.

**توكۇسلاتماق** «توكۇسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ساھىبخانا ئورنىدىن دەس تۇردى-دە، قولتۇق تايىقىنى توكوسلىتىپ كېلىپ، ئابدۇراخمان بىلەن قايتىدىن كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭ بەش يۈلتۇزلۇق ئوردېنىغا چىن زوقمەنلىك بىلەن تىكىلدى.

**توكۇسلىماق** پ. «توكۇس» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: بۇ توكۇر توكۇسلاپ نەگە ماڭىدىكىنە؟

**توكۇلداتماق** «توكۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شەھەرگە يېقىنلاشقاندا، سۇ تېشىپ، تاش ئۆستەڭنى ۋە كۆنىدە ئۆتىدىغان تار كۆۋرۈكنىمۇ سۇ قاپلاپ كېتىپتۇ. دادام كۆۋرۈك شەكلىدە تۇرغان قارنى «كۆۋرۈكمىكىن» دەپ، ھاسىسى بىلەن توكۇلدىتىپ ئۇرۇپ باقتى. * ئارقىدىن لوتپۇللا يەنە سۆز ئالماقچى بولۇۋىدى، رەئىس شاگىرىسى بىلەن شىرەنى توكۇلداتتى ۋە بىر ئاز تەنەپپۇس قىلىشنى ئېلان قىلدى.

**توكۇلداشماق** «توكۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يىراقتىن توكۇلداشقان ئاياغ تاۋۇشلىرى ئاڭلاندى.

**توكۇلداق** ئى ← تۆمۈرتۇمشۇق.

**توكۇلدىماق** پ. «توك-توك» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: ئېغىر ياتقۇدا ياتاق يېنىدا توكۇلدىغان ئاياغ تىۋىشى پەيدا بولۇپ، ئىشىكنى ئېچىپ، دۇرنەم بىلەن پەرھات كىرىپ كەلدى.

**توك** I ① سۈپ. سوغۇقتىن مۇزلاپ قاتقان، مۇزغا ئايلانغان: 2/ بىردەمدىلا ئويۇلۇپ توك يەر، ئادەم بويى كولاندى قۇدۇق. قېزىۋەردى بارغانچە چاپسان، قول چىراغدىن چۈشۈرۈپ يورۇق. * سەن ئۆزۈڭنى كىشى دەيسەن، كىشى دېمەيدۇ سېنى. يەردە ياتقان توك تېزەكتەك، تېپىپ ئۆتمەيدۇ سېنى. ② ئى. يەر، سۇ قاتارلىق نەرسىلەر مۇزلاپ توڭلىغان ھالەت ۋە مۇشۇنداق قاتتىق سوغۇق: بەزى يەرلەردە قار ئەمدىلا ئېرىپ تۈگىگەنلىكى ئۈچۈن توك ياكى پاتقاق بولۇشى ئېھتىمال دەپ، ئەتە يەر ئاغدۇرۇشقا چىقىدىغانلارنى ئۇستا قوشچىلاردىن سايلىدۇق. * ئاسىم دادۇيجاڭنىڭ دېيىشىچە، ئەتىيازدا توك كېتىش بىلەن باشقا دۆلەتلەرگە كۆچىدىكەنمىز. 8-دۆي تارقىلىدىكەن. ③ سۈپ. كۆچمە. پۇشمىغان، تەمگە كىرمىگەن: ئاچ

قورساقتا ئاچچىق، تولۇق ئالىمنى يەۋەرگە نىلكىم ھەم يامغۇردا قالغىنىم ئۈچۈن، بىقىنىمغا سانجىق تۇرۇپ قالدى. * بىر سىپۋەت تولۇق غورىنىڭ يىپرىمنى يەپ بولغان ئالىم ئارانلا قورسىقىنى كۆتۈرۈپ، ئورنىدىن قوزغالدى. // ھەش-پەش دېگۈچە بۇ بىر توپ شاكىچىكلەر چۈنەكلەرنى پىتقلاپ، ئالدىغا ئۇچرىغاننى ئۈزۈپ، پىشقىنىنى يەپ، تۆكلىرىنى يىرىپ تاشلاپ، يىتەرلىك قوغۇن سەيلىسى قىلدى. كىچىك ئاخۇن بولسا، پەرۋايىي پەلەك يىتىۋەردى. ④ سۈپ. كۆچمە. قوپال، قاتتىق، كىشىنىڭ كۆڭلىگە تېگىدىغان: پۇلى بارنىڭ گېپى ئولۇق، پۇلى يوقنىڭ گېپى تولۇق. * بۇگۈن بولسا يالغاننى توقۇپ، ئۈستىلىق ئىشلىتىۋاتىدۇ. بولمىسا ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھېلىقى كۈنى شۇنچە تولۇق گەپلەر چىقاتتىمۇ؟ ⑤ سۈپ. كۆچمە. پوزىتسىيىسى قوپال، خوش مۇئامىلە قىلمايدىغان: مېنىڭ بارا-بارا سىزگە يېقىنلىشىشىم ۋە تونۇشۇشىمىزنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، سىز ماڭا سىرلىق، ھېسسىياتسىز، تولۇق ئادەم بولۇپ تۇيۇلۇشقا باشلىدىڭىز ۋە مېنىڭ غۇرۇرۇم، ئىنسانىي ئىززەت-نەپسىم مۇنداق سوغۇق مۇئامىلىگە ئىتىراز بىلدۈرمەي تۇرالمىدى.

**تولۇق تۇخۇم** <يېم> شاكىلى ئېلىپ تاشلىنىپ، سېرىقى ئارىلاشتۇرۇلۇپ توڭلىتىلغان تۇخۇم. بۇنداق تۇخۇم ساقلاشقا ئەپلىك بولىدۇ.

**تولۇق تېشىلمەك** ← **تولۇق كۆتۈرۈلمەك**: تولۇق تېشىلىشى بىلەن تەڭ دېھقانلار قوشلىرىنى ھەيدەپ، تېرىقچىلىقنى باشلىۋەتتى.

**تولۇق سويما** ① سىشمىغان، تەمگە كىرمىگەن سويما. ② كۆچمە. بېشىدىن ھېچقانداق ئىسسىق-سوغۇق ئۆتمىگەن، كىچىك، گۆدەك: تۈنۈگۈن خىزمەتكە كىرگەن تولۇق سويمىلار باشلىقىم... ھىم، تېخى كېسەل ئۆزىنى-ئۆزى ’ىتارمىش!

’ىزا كەچ كۈزدە ئېچىلىپ بولالماي
’ قالغان غوزا.

**تولۇق قاپاق** قاپىقىنى ئاچماي، قاپىقىنى تۇرۇپ يۇرىدىغان، مىجەزى چۇس: قاش-قاپىقى كەڭلىكى سەككىز مىتىر كەڭلىكتە دۇر، تولۇق قاپىقى ھۆسىنىدىن باغدا قاپاق تەڭلىكتە دۇر.

**تولۇق قاغا** تولا قاقىلدايدىغان قېرى قاغا: ـ ھە، ھى، ھەممە نەرسە كۆيۈپ كېتىدىغۇ مۇنداق ئىسسىقتا، ـ دەپ غۇدۇڭشىدى مەتنىياز ئۈجمىنىڭ شېخىدا قونۇپ تۇرغان تولۇق قاغىغا قاراپ. ئۇنلاپ يىللار ئۆمۈر سۈرگەن بۇ قېرى قاغا شورلىشىپ كېپەك ئۆرلەپ كەتكەن تۇمشۇقىنى كېرىپ، ھەللىتۇمنى لەپىلدىتىپ تۇراتتى.

**تولۇق كۆتۈرۈلمەك** ئەتىيازدا يەرنىڭ توڭى ئېرىپ، يەرلەر كۆپۈپ قالماق: ھەر يىلى تولۇق كۆتۈرۈلگەندە ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئېتىزغا قوش ئېلىپ چىقاتتى.

**تولۇق گەپ** قوپال، كىشىنىڭ كۆڭلىگە تېگىدىغان گەپ، سۆز: ـ ئەجەب تولۇق گەپ قىلىسىزا، ـ دېدى ئۇ زالنىڭ ئىشىكىنى جاققىدە يېپىپ.

**تولۇق ئوسا** قىش ياكى كۈزدە ياتقۇزۇلغان توڭنىڭ ئەتىيازدا ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان ئوسا: ـ بۈگۈن ئالتىنچى ئايغا توققۇز، ـ دېدى قاۋۇز توختى سوئالىمغا جاۋاب بېرىپ، ـكۈننى ھېسابلىغاندا، قوناقنى سۇغىرىش بالدۇرلۇق قىلىدۇ، لېكىن، ئەتىيازدا سۇنىڭ قىسلىقىدىن قايتا ئوسا قىلالماي تولۇق ئوسىغىلا ئۇرۇق چۈكۈرگەنىدۇق.

**تولۇق ئۆلچىگۈچ** <مېتېئور> تۇپراقنىڭ توڭلاش چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب. سىرتقى قېپى كاۋاك تۇرۇبا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە لىق سۇ قاچىلانغان ئىچكى تۇرۇبا سېلىنىدۇ. بۇ ئەسۋاب يەرگە تىك كۆمۈپ قويۇلىدۇ، تۇرۇبىدا توڭلىغان مۇزنىڭ چوڭقۇرلۇقى تۇپراقنىڭ توڭلاش چوڭقۇرلۇقى بولىدۇ.

**تولۇق ئىسكىلات** يېمەكلىك ۋە دورىلارنى توڭلىتىپ ساقلاش ئۈچۈن سېلىنغان ئىسكىلات.

**تولڭ ياتقۇزماق** تۇپراقنىڭ نەملىكىنى ساقلاش ۋە ئەتىيازدا بولىدىغان قۇرغاق-چىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قىش ۋاقتىدا ئېتىزغا سۇ باشلىماق: ۋىلايەت بويىچە 400 مىڭ مو ئاق يەرگە تولڭ ياتقۇزۇلۇپ، سۇ ئامبارلىرىغا 170 مىليون كۇب مېتىر سۇ قاچىلىنىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا كېرەكلىك سۇغا كاپالەتلىك قىلىندى، ئەتىيازلىق قۇرغاقچىلىق يەڭگىللىتىلدى.

**تولڭ** II تەق. قاتتىق ۋە كاۋاك نەرسىلەرنى ئۇرۇشتىن چىققان ئاۋاز: بىر تاياق ئۇنىڭ بېشىغا تولڭ قىلىپ تەگدى.

**تولڭ-تولڭ** « تولڭ II » سۆزىنىڭ تەكرار-لىنىشى: دۆيجاڭ ئىشخانا ئۈگزىسىدىكى باگنى « تولڭ-تولڭ » قىلىپ چېلىپ ئەزالارنى مەجلىسكە چاقىرىشقا باشلىدى.

**توڭدۇرماق** « توڭماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇ-رىي دەرىجىسى: سابىر ئاداش، بۇ سوغۇقتا ئىشكىڭنى ئېتىپ ئاچماي، بىزنى ئەجەب توڭدۇردۇڭ.

**توڭرا** I ئى. كىر، قاسماق: ـ بالام، ـدېدى ئانا بالىسىنى جىملەپ، ـ ئۇۋۇلاپ قولۇڭنىڭ توڭرىسىنى چىقارمىساڭچۇ؟ // ـ خوش بىز كەتتۇق! ـ دېدى ئۇ تاشپاقىنىڭ قاغا پۇتىدەك ئىنچىكە ۋە توڭرا قوللىرىنى سىقىپ، ـ ھەممە ئىش ئۆزۈڭگە قالدى، يولبورۇق سوراشنى ئۇنتۇما!

**توڭرا** II ئى <تارىخ> قەدىمكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بىرى، يەنى تۇرالارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، تۇرا دەرياسىنىڭ شىمالىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئەينى ۋاقىتتا تۈرك خانلىقىغا تەۋە ئىدى. سىر-تاردۇش-لار كۆچمەيگەن مەزگىلدە ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكەن، كېيىنكى ۋاقىتتا قۇملۇقنىڭ شىمالىغا كۆچۈپ كەلگەن.

**توڭرىلىق** سۈپ. توڭرىسى بار، توڭرا بولغان: ھاپىشىغا شاپىتى، توڭرىلىقتا مەرەزدا (ماقال).

**توڭغاق** سۈپ. توڭۇپلا تۇرىدىغان، سوغۇققا چىدىمايدىغان: قېرى دوڭغاق كېلەر، سوغۇقتا توڭغاق كېلەر (ماقال). * بەزى توڭغاقلار ئوچاقنى چۆرىدەپ ئولتۇردى، مەمەتنۇ سوقىنى ئىككىنچى قېتىم ئىشقا سېلىپ قويۇپ، ئوچاقنىڭ بىر بۆلۈكىدىن ئورۇن ئالدى.

**توڭكاي** ① ۋى. چوڭ سۆڭەك: ئىت بىر توڭكاينى چىشلەپ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. ② سۈپ. ھىڭگاڭ، بۆرتۈپ چىققان (چىش ھەققىدە): ـ دۆيجاڭ، ـ دېدى توڭكاي چىش بىرى ھېلىقى ئېگىز بويلۇققا قاراپ كۆز قىسىپ، ئالقىنىغا تۈكۈرۈپ تۇرۇپ، ـ بۇ سولتەك، قارىغاندا، شۇ ھىرىمىزگە سىرتتىن كەلگەن ئوقۇغۇچى ئوخشايدۇ. ③ ئى. ھىڭگاڭ، بۆرتۈپ چىققان چىشلىق ئادەم: ـ مەن دېمىدىمۇ، ھېلىقى توڭكاي شۇ ئىكەن، ئۇ بۇرۇن شۇ زاۋۇتنىڭ مالىيە بۆلۈمىدە ئىشلەيتتى.

**توڭگۇز** ئى <زوئول> ① سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. بۇرۇن ۋە ئېغىز تۇمشۇقلىرى ئۇزۇنچاق، كۆزى كىچىك، قۇلىقى چوڭ، پۇتى قىسقا، تېنى سېمىز بولىدۇ؛ تېرىسىدىن خۇرۇم، مويىدىن چوتكا ئىشلەنگەللى ۋە ساناتەتتە خام ئەشيا قىلغىلى بولىدۇ؛ تېزەكلىرىنى ئوغۇت قىلىشقا بولىدۇ. « چوشقا » - دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ② كۆچمە. « ئەبلەخ »، « ھايۋان » دېگەن مەنىدىكى تىل-ھا-قارەت سۆزى: شىڭ شىسەي دېگەن توڭگۇز، ھازۇنكەشنى « خو » دەيدۇ. ئاغزىدا دېگەن بىلەن، ئۈچ كۈن تۇرسا « زو » دەيدۇ.

**توڭگۇز تورپىقى ئويىنماق** ئۆزى تۇرۇۋاتقان جاينى قالايمىقان، مالىماتاڭ قىلماق: ئۇ ئۈچەيلەن ھېلىلا دەرس مۇزاكىرە قىلىمىز دەپ قالغانىدى. ئەمەلىيەتتە ئۆيدە توڭگۇز تورپىقى ئويناپتۇ-دە!

**توڭگۇز يىلى** <ئاستر> ئون ئىككى مۆچەلنىڭ ئون ئىككىنچىسى.

**توڭگۇز تاراق** ئى [توڭگۇز+تاراق] <بوت> توڭگۇز تاراق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گۈلى ئاق ياكى سۆسۈن، يىلتىزى قىزىلغا مايىل سېرىق رەڭدە بولۇپ، ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن كېلىدۇ؛ تىبابەتچىلىكتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ سۇنۇقنى داۋالاشتا ئۈنۈمى يۇقىرى.

**توڭگۇز تېرىقى** ئى [توڭگۇز+تېرىق+ى] <بوت> سازلىقلاردا، سۇ توختاپ قالغان ئورۇنلار-دا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت.

**توڭگۇزلۇق** ئى. ياۋا چوشقا ياشايدىغان جاي.

**توڭگۇز ياڭىقى** ئى [توڭگۇز+ياڭاق +ى] <بوت> ← بەللۇت.

**توڭگىلە** رەۋ. «توڭ» قىلىپ، «توڭ» قىلغان هالدا: هېلىقى ئەبلەخ بۇ ئالىمنى يىقىتىۋەتكەندىن كېيىن، كەينىگە قاراپ بولغۇچە سول كۆزىگە قاتتىق بىر مۇشت تەگدى-دە، بازغاندەك قاتتىق تەگكەن بۇ مۇشتنىڭ زەربىسىدىن ئىككى-ئۈچ قەدەم ئارقىسىغا داجىپ، ئارقا مېڭىسى بىلەن ئۇدۇل دېرىزە ئالدىدىكى چاي جوزىسىغا توڭگىلە ئۇرۇلدى، مېڭىسىدىن قارامتۇل قان جىرىلداپ چىقىشقا باشلىدى.

**توڭلاتقۇ** ئى. يېمەكلىكلەرنى سوغۇق ساقلىغۇچى بىر خىل ئۈسكۈنە. ئىشكاپ شەكلىدە بولۇپ، ئىسسىقلىق ئۆتكۈزمەيدۇ، ئىچىگە ئېلېكتىر دۇڭگاتېلى ئورنىتىلغان بولىدۇ، دۇڭگاتېل سىقىش ماشىنىسىنى هەرىكەتلەندۈرۈپ، سوۋۇتۇش خورۇچىنى تۇرۇبىلاردا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق تۆۋەن تېمپېراتۇرا هاسىل قىلىدۇ.

**توڭلاتماق** ① «توڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گاڭدا تۇردۇم. مۇزدا هېچ توڭلاتمىدى ئۇتۇلۇڭ مېنى، «جىلۋە» ئەيلەپ كەلسە دۈشمەن، ساتمىدى ئۇتۇلۇڭ مېنى. ②

كۆچمە. تارقىتىش، ئىجرا قىلىشنى ۋاقىتلىق توختىتىپ قويماق؛ ۋاقىتلىق كۈچىدىن قالدۇرماق: پارتىيە ئىنتىزامىنى بۇزغانلارنى هىمايە قىلىۋاتقان، بىلىپ قويۇپ، بۇ يەردە كومىتېتنىڭ قارارى يوق، پۇلنى توڭلىتىش تۇرسۇن بىلەن يەنە بىرلىرىنىڭ قورسىقىدىن چىققان هېيلە.

**توڭلاش** «توڭلىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى.

**توڭلاش نۇقتىسى** <فىز> ئۆلچەملىك ئاتموسفېرا بېسىمى ئاستىدا، سۇنىڭ مۇز بولۇپ قېتىشقان ۋاقىتتىكى تېمپېراتۇرىسى. سېلسىيە تېرمومېترىنىڭ توڭلاش نۇقتىسى 0°، فارېنگېيتا تېرمومېترىنىڭ توڭلاش نۇقتىسى 32° بولىدۇ.

**توڭلۇق** «توڭ I» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ـ ئالدىرىماي تۇرسىلا! ـ دېدى ئارزىگۈل ئايالنى سىلكىپ توڭلۇق بىلەن. * ئۇ يۈسۈپ مەڭلىككە بۇرۇلۇپ قوشۇپ قويدى: ـ ئۇكام، سەنمۇ قالتىس ئىش قىلىپسەن، مەن سېنىڭ بۇنچىلىك مەردلىكىڭنى خىيالىمدىن كەچۈرمىگەن ئىكەنمەن، بايىقى توڭلۇقۇمنى كۆڭۈل ـ كۆكسۈڭدىن چىقىرىۋەت، هەي، ئادەم دېگەن ياشانغاندا.

**توڭلىتىش** «توڭلاتماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: توڭلىتىش ساندۇقى.

**توڭلىتىش ئامبىرى** توڭ ئىسكىلات

**توڭلىتىلماق** «توڭلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: 3-دادۇينىڭ قومۇش سېتىپ پۇل تېپىشى «كاپىتالىزم قارا قويۇنى» دەپ ئەيىبلەنگەن، ئۇلارنىڭ گوڭشې بانكىسىغا يۆتكىگەن پۇلى پۈتۈنلەي توڭلىتىلغانىدى.

**توڭلىماق** پ ① سوغۇقتىن مۇزلاپ قاتماق، مۇزغا ئايلانماق: قار بىلەن تەڭ توڭلىدى تۇپراق، شۇۋۇرغانلىق، سوغۇق هەممە ياق. دەل-دەرەخلەر شۈمشەيدى، ئىست! تۈكۈلگەچكە بەرگىدىن ياپراق. ② مۇزلىماق، توڭماق: ئۇنىڭ ئەتراپىدا جۇۋا

كىيگەن، سوغۇقتىن توگلىغان كىشلەر ئىسسىنىپ ئولتۇرۇشاتتى. * ئاچا، كىرمەمسەن، پۇتۇم توگلاپ كەتتى. بولە، چاققان كىرىپ شۇجى تاغامغا دېسەڭ، بىزگە پۇل بېرىدۇ. ③ قېتىپ قالماق، مۇزلاپ ئۆلمەك: بۇ يىلقى قاتتىق سوغۇقتا تۆت توخۇمىز توگلاپ قالدى. * ھېلىمۇ ياخشى، يېنىمدا پولات دېگەن بالا بار ئىدى، ئۇ كىيىملىرىمنى كىيدۈرۈپ قويمىسا، توگلاپ قالاتتىم. ④ كۆچمە. قىزغىنلىقى سوۋۇ-ماق، مېھىر-مۇھەببىتى قايتماق (راي، كۆڭۈل قاتارلىقلار ھەققىدە): تۇراپىنىڭ سۆزى خۇددى بىر كۆزگە كۆرۈنمەس ئىسسىق ئېقىمدەك، دېھقانلارنىڭ توگلىغان ۋۇجۇدىغا يىللىق ھارارەت بېغىشلىدى.

**توگماق** پ ← **توگلىماق**: توخۇ توگغانسېرى دەرەخنىڭ ئۇچىغا چىقار (ماقال). * ئۇ: ـ توگغانىغا ئوخشايسىلەر، ئۆيگە كىرىپ ياخشى ئارام ئېلىڭلار، ـدېدى-دە، خوشلىشىپ، ئەترەت تەشكىلىگە قاراپ كەتتى.

**توگۇشماق** «توگماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سوغۇقتا يول يۈرۈپ، توگۇشۇپ كېتىشىپلا، قىنى ئۆيگە مەرھەمەت قىلىپ، بىر پىيالىدىن چاي ئىچىشسىلە.

**تولا** ① سۈپ. سان، مىقدار جەھەتتىن كۆپ، نۇرغۇن، جىق: تولا گەپ. تولا سۆزلىمەك. * ـ بۇ شەھەردە ساۋۇرئاخۇن دېگەن ئادەم تولا، قايسى ئىدارىدە ئىشلەيدۇ؟ ـ دېدى كىراكەش قوپاللىق بىلەن. * چېچىمنى تولا دەيدۇ، دەردىم تولا چېچىمدىن. سەن قىلغان ۋاپاسىزلىق، زادى چىقماس ئېسىمدىن. ② ئى. مەلۇم بىر سان ياكى مىقدار تەركىبىنىڭ كۆپرەكىنى تەشكىل قىلغىنى، كۆپ ساندىكىسى: ـ ئۇنداق بولسا، ـ دېدى مۇدىر ئامانگۈلگە، ـ ئۆزىمىزنىڭ زىرائەتلىرىمىز ئوتاقتىن چىقىپ بولۇپ، تولىسىغا سۇ قويۇلۇپمۇ بولدى. * قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاخىرى ساقاللىرى قاردەك ئاقارغان، ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسى مۇشۇ گۈندىخانىدا ئۆتكەن بىر مەھبۇسنىڭ مەسلىھەتى ئۇنۇم بەردى. ③ رەۋ. دائىم، ھەمىشە: كىچىك ئاخۇن، مەرھۇم دادام ھايات چېغىدا سىنىڭ گېپىڭنى تولا قىلىدىغان، رەھمىتى ھايات بولسىمۇ، ياق دېمىگەن بولار ئىدىڭ. قېنى دارامىتىڭنىڭ ئۇندىن بىرىگە بولسىمۇ زىياپەت قىلى-ۋەتمەمسەن؟ * تۇرمۇش كۈندىن-كۈنگە ياخشىلانغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزۈك ئىگىسىنى تولا ئويلايدىغان ۋە ئۆزۈكنى كۆكسىگە بېسىپ، كىشى يوق يەردە كۆپ يىغلايدىغان بولۇپ قالدى. ④ رەۋ. بەك، كۆپ، ناھايىتى، غايەت: ـ سەن تولا چالۋاقىماي، ئەزالار ئالدىدا ئۆزۈڭنى تەكشۈرۈشكە تەييارلان، يەنە ھاراق ئىچىپ يۈرەمسەن؟ مەن بۈگۈن كەچ سىلەرنىڭ دۈيگە ئۆگىنىشكە بارىمەن! ـ دېدى ئاسىم. * ـ داۋۇت، ـ دېدى رەيھان جىددىي رەۋىشتە، ـ ئۆگىنىلۈككە دۈيىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئۆيىدە ياشلار يىغىلىپ، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىغا ئائىت ئۆگىنىش قىلماقچىمىز، بېرىپ قاتنىشىپ بەرگەن بولسىڭىز، تولىمۇ ياخشى بولاتتى. ⑤ رەۋ. ئۇزۇن، ئۇزاق، كۆپ: بۇ كۈنلەردە دادام بەكمۇ ئالدىراش ئىدى. كۈندۈزى كۆرۈشەلمەيت-تۇق، ئاخشاملىرىمۇ تولا ساقلاپ، ئاخىرى ئۇخلاپ قالاتتىم.

**تولاتقۇزماق** «تولىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى.

**تولاتماق** «تولىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يىپ تولاتماق.

**تولا-تېرىم** دىئال. كۆپ، تولا.

**تولاشماق** «تولىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يىپ تولاشماق. * ئەزالار دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا كەندىر شېخىدىن چىگە سويۇپ ئارغامچا تولىشاتتى.

**تولام** ① سۈپ. تولانغان، تولاپ قويۇلغان: تولام يىپ. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ، تولانغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بەش تولام يىپ.

**تولامچاق** ئى [تولام+چاق] ناچىدىكى مەشۇتنى

كۈدىغا تولاپ يۈگەيدىغان چوڭ چاق.

**تولامچاق گۈندىسى** تولامچاق ئورنىتىلغان، قوش تورنىڭ شەكلىلىك ياغاچ سايمان. ئاستى گۈندىسى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا يىكدان ئورنىتىلىدۇ.

**تولانماق** «تولىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئارغامچا پىششىق تولاندى.

**تولتا** ئى. پىچاقنىڭ بىسى بىلەن دەستىسىنىڭ تۇتاشقان جايى ۋە ئۇنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغۇچى زىننەتلىك قىسمى: مۆڭگۈز تولتا، كۈمۈش تولتا، بەلەن ئۆزدۇرسە دەپ تولتا، ئەجەب قاماشتۇرار كۆزنى، نۇر ئالغانمۇ گويا كۈندىن؟

**تولتىلىق** سۈپ. تولتىسى بار، تولتا ئورنىتىلغان: بېشىدىكى بادام دوپپىسمۇ شۇنچە ياراشقان بۇ قامەتلىك ئادەم، سۇتتەك ئاق خەسە يەكتىكىنىڭ سىرتىدىن هاۋا رەڭ دۈردۈن بەلباغ باغلاپ، كۈمۈش تولتىلىق يېڭىسار پىچىقىنى قىستۇرۇۋالغانىدى.

**تولدۇرغۇچى** ① «تولدۇرماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: تولدۇرغۇچى تەنچە. تولدۇرغۇچى بۆلۈك. * گۈڭشىلارنىڭ دۆلەت سودىسىنىڭ تولدۇرغۇچىسى سۈپىتىدە شەهەرلەردە دۇكان ئېچىپ، شەهەرلەر ئېھتىياجلىق بولغان كۆكتات، گۆش، بېلىق، ئۆي قۇشلىرى قاتارلىق قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى سېتىشىمۇ يول قويۇلسا بولىدۇ. ② ئى <تل> جۈملىنىڭ پېئىلغا ئەگىشىپ كېلىپ، پېئىلدا ئاڭلىتىلغان ئىش-هەرىكەتنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ئوبيېكتىنى كۆرسىتىدىغان ۋە ئۇنى تولۇقلاش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان بىر بۆلىكى.

**تولدۇرغۇچى بۆلۈك** <مات> تەكشىلىكتىكى ئىككى بۆلۈكنى ئۆزئارا قوشقاندا بىر يېيىق بۆلۈك (180°) غا تەڭ بولسا، بۇ ئىككى بۆلۈك ئۆزئارا تولدۇرغۇچى بۆلۈك بولىدۇ.

**تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە** <تل> باش جۈملىنىڭ تولدۇرغۇچىسىنى ئىنىقلاپ كېلىدىغان بېقىندى جۈملە.

**تولدۇرغۇچى توسۇق** <بوت> ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ياغاچلىق قىسمىدىكى نېپىز پوستلۇق هۈجەيرىلەر هۈجەيرە پوست تۆشۈكىدىن ئۆتۈپ، ئۆزىگە قوشنا بولغان توشۇغۇچى قانال ياكى نەيچىسمان هۈجەيرە بوشلۇقىدا هاسىل قىلغان ئۆسىمسىمان هۆررەك. ئۇ پەيدا بولغاندىن كېيىن، توشۇغۇچى قانالنىڭ سۇ توشۇش رولى توختايدۇ.

**تولدۇرما** سۈپ. تولدۇرۇپ، چىڭقاپ ئىشلىتىلىدىغان، تولدۇرۇلغان: تولدۇرما ئېتىز.

**تولدۇرما ئېتىز** سۇغىرىش ئېرىقلىرىدىن ئېچىق بىلەن سۇغىرىلىدىغان ئېتىز.

**تولدۇرماق** ① «تولماق» پېئىلى ①، ②، ③، ⑪ نىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەزالار كۆل پۈتكەندىن كېيىن، كۆلنى سۇغا تولدۇردى. * توختى غالجىرسىنى بىرنەچچە نۆۋەت كۆچەپ شورىغاندىن كېيىن، نالىلىق ئۆكچىسىگە ئۇرۇپ قاقتى-دە، ئۇنى تاماكا بىلەن يەنە بېسىپ تولدۇردى. ② تولۇقلىماق، مۇكەممەل قىلماق؛ بەلگىلىك چەككە يەتكۈزمەك: مەن مەسئۇلىيەت يېرىمنى چوقۇم ياخشى باشقۇرۇپ، بۇ يىلقى زىياننى تولدۇرۇۋالىمەن! * ئۇ قەشقەرگە كېلىپ، «خانلىق مەدرىسىنىڭ بىرىنچى ئوقۇش يىلىدىلا ئۆز بىلىمىنى تولدۇرىدىغان هېچبىر يېڭىلىق تاپالمىدى. * ئەمدى ئىككىلىنىشىنىڭ ئورنى قالمىدى. جوزىدىكى پۇلنى قولغا ئېلىشقا، ئۇنىڭ ئورنىنى بىرنەچچە كۈندىن كېيىن تولدۇرۇپ، ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا توغرا كەلدى. ③ بوش ئورۇنلارغا، گرافىكلارغا تېگىشلىك سانلار ۋە مەلۇماتلارنى يازماق: سىز تولدۇرغان ئانكېتلىرىڭىزگە قارىساق، بۇ يىل 68 ياشقا چىقىدىكەنسىز، شۇنداقمۇ — ئەمەس؟ ④ رەۋىشداش شەكلىدە كېلىپ، «ئېنىق، ئايرىم، تولۇق قىلىپ» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ؛

سەن قەيەردىن دېسە كىم، ئەلۋەتتە «قەشقەر-دىن» دېدىم. تولدۇرۇپ ئېيتتىم بۇ سۆزنى، دوستۇيارىمغا قاراپ.

**تولدۇرۇشماق** «تولدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ساقچىلار بوۋايدىن سورىمايلا موخۇركىنى ئۇچۇملاپ ئېلىپ، يانچۇقلىرىنى تولدۇرۇشتى ۋە پۇل تۆلىمەستىنلا كەتمەكچى بولۇشتى.

**تولدۇرۇلماق** «تولدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتىدە خىمىيۋى توقۇلما، تالالىق توقۇلما بۇيۇملار كۆپىيىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى كەم ئورنى تولدۇرۇلدى. * كۆپچىلىك چاۋاك چالدى مۇبارەكلەپ، ھەسەنجان ئەمما سۆزسىز تۇرۇپ قالدى. كەم ئاشلىق تولدۇرۇلدى قانداق بولۇپ؟ دېدى-دە، بىر پەس ھەيران بولۇپ قالدى.

**تولغاتماق** «تولغىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھېلىقى شاپ بۇرۇت بېشىم بىلەن ئۇلىڭ قولۇمنى تۇتۇپ بېرىپ، سول قولۇمنى يەنە بىر چوماقچىسىغا تولغىتىۋەتتى.

**تولغاش** ① «تولغىماق» پېئىلىنىڭ بىر خىل ئىسىمدىشى. ② سۈپ. تولغانغان، تولغىماچ: تولغاش ياغاچ.

**تولغاشتۇرماق** «تولغاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تولغاشماق** ① «تولغىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار پەرۋاسىز، ھەدەپ بەللىرىنى تولغىشاتتى. دادىسى شىرەگە قاتتىق بىرنى ئۇردى-دە، غەزەپتىن تىترەپ، نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. ② تولغىماچ ھالەتكە كېلىپ قالماق، تولغىماچ بولۇپ قالماق: ئۇشۇقدىن بوغۇۋالغان كونا قونچلۇق چورۇقنىڭ ئۇچلۇق تۇمشۇقى ئۇنىڭ شورلۇقتا قوناقتەك شالالڭ، ئۇزۇن تۆكلەر تولغىشىپ تۇرغان ئېڭىكىگە قاراپ تۇراتتى.

**تولغاق** ئى. ① تۇغۇش ئالدىدا تۇتىدىغان قاتتىق ئاغرىق: ئاشۇ توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرۈپ، ھايات-مامات ئۇتتۇرىسىدىكى تولغاق ئازابىنى يەپ، سوغۇق بۆشۈك قۇچاقلاپ چوڭ قىلغان ئانىلارغا قانداق جاۋاب بېرىشىمىز كېرەك. * بىر كۈنى كەچتە ئايالىمنى تولغاق تۇتۇپ قالدى، تۇغۇت ئانىسىنى چاقىرىپ كىردىم. ② <تب> ئۈچەي يوللىرىنىڭ ياللۇغلىنىشى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان يۇقۇملۇق كېسەل. كېسەل پەيدا قىلغۇچىسى-نىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ باكتېرىيىلىك تولغاق ۋە ئامېبالىق تولغاق دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

**تولغاق تاياقچە باكتېرىيىسى** <بىئول> گرام مەنپىي تاياقچە باكتېرىيىسىنىڭ بىر تۈرۈقدىشى، يەنى باكتېرىيىلىك تولغاقنىڭ قوزغاتقۇچىسى. بىخ سپورىسى ۋە كاپسۇلى بولمايدۇ، ھەرىكەت قىلمايدۇ. بىئوخىمىيىلىك ئىنكاسى ۋە باكتېرىيە ئانتىگېنلىق خۇسۇ-سىيىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئۇلارنى ئوخشاش بولمىغان تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

**تولغاق تۇتماق** تۇغۇت ئالدىدىكى قاتتىق ئاغرىق بىردىنلا كۈچەيمەك، قاتتىقلاشماق: ئۇنىڭ ئاي-كۈنى توشۇپ، بىر چاغدا تولغاق تۇتۇشقا باشلىدى. تولغاق قىستاپ، بالىنىڭ دۇنياغا كېلىش مىنۇتى يېقىنلىشىپ قالدى.

**تولغاق كەلمەك** تۇغۇت ئالدىدىكى قاتتىق ئاغرىق باشلانماق.

**تولغاق يېمەك** تۇغۇت ئالدىدىكى ئارقا-مۇئارقا كەلگەن قاتتىق ئاغرىقتا ئۆچرىماق: - مەنمۇ سىزنى تېخى تولغاق يەۋاتقان ئېيىق ئوخشايدۇ دەپتىكەنمەن، ھا...ھا...ھا... - ئۇ كۈلگەچ ئاستىدىن چىپىلداپ ھاراق ئېقىۋاتقان سومكىنى ئەتەي ۋېلسىپىتنىڭ رولى تەرەپكە سۈرۈپ قويدى.

**تولغام** ① سۈپ. تولغاپ چىگىتىدىغان، تولغاپ بىر-بىرىگە ھىم قىلىدىغان: تولغام ياغاچ. ② ئى. مۇشۇنداق قىلىشقا ئىشلىتىلىد-

غان يىپ ياكى ئارغامچا: تولغام سالماق.

**تولغام سالماق** بىر-بىرىگە ھەم قىلىنغان نەرسىلەرگە تولغاپ چىڭىتىدىغان ئارغامچا ياكى يىپنى ئوراپ يۆگىمەك.

**تولغام ياغاچ** كىگىزچىلىك دۈكىنىنىڭ سوقباغ ۋە سوسەيىباغ كېرىچىنى تولغاپ چىڭىتىدىغان كىچىككىنە ياغاچ.

**تولغان** ① «تولماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: ھەجەر بۇۋى خەلچە ئانىنىڭ بېشىغا ياستۇق قويۇپ شۇۋىگۈرۈچ ئىچۈرۈۋاتقاندا، ئۆي ئىچى ئىشتىن قايتقان ئەزالار بىلەن تولغانىدى. ② سۈپ. كامالەتكە يەتكەن، تولۇق يېتىشكەن: بىر خۇيزۇ كىشىنىڭ قۇرئان سۈرىسىنى ئۇيغۇر قارىيلىرىدەك مۇنداق راۋان ئوقۇغىنىنى، ئۇلار بىرىنچى قېتىم ئاڭلاۋاتقانىدى. ئۆمۈر خەلپىمۇ «ئەجەب تولغان قارىي ئىكەن!» دەپ ئويلاپ ئولتۇراتتى. * ئارىمىزدا قاسىم ئاخۇن، قۇناخۇن، موللاخۇنكاملاردەك تولغان مۇقام ئۇستىلىرى ئولتۇرۇپتۇ.

**تولغاندۇرماق** «تولغانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ئوت ئۇنى خېلى بىر مەزگىلگىچە بىئارام قىلدى، كېچىلىرى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغاندۇردى. ئۇ زەرگەرنىڭ تۈلۈمدەك ئۇزۇن-ئۇزۇن ئاھ ئۇراتتى.

**تولغانماق** ① «تولغىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تولغىنىپ ئىككى ئەجدىھا ياتقانىكەن. ئۇلار بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئىككى ئاچا تىلىنى چىقىرىپ، ئالاھىدىنغا ئاستا سوزۇلۇپ، ئۆمىلەپ كەپتۇ. ② «تولغىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سىم تولغاندى. جۇمەك تولغاندى. * تۇرۇپ ئۈيقىدىن تاللار ئۇسسۇل ئەۋجىدە تولغاندى، ئېلىپ دەم تالڭ سەھەر بولغاچ چىمەندە شوخ سابا پەيدا. ③ دولقۇنلۇق ھەرىكەت قىلماق، دولقۇنلىماق: تاشقىنغان دەرياسى بولسا تولغىنىپ ئېقىۋاتاتتى. داڭباش يايلىقىغا مانا شۇ دەريادىن ئۆتسىلا باراتتى. * قەشقەرنىڭ قىزلىرى تىككەن كەشتىدەك، دەريانىڭ قاشلىرى گۈزەل رەڭ ئالدى. تولغىنىپ ئاققان سۇ گويا سىمابتەك، ئۇزاقتىن پارقىراپ كۆرۈنۈپ قالدى. ④ ئىككى تەرەپكە تەۋرىنىپ، يۆگىلىپ ھەرىكەت قىلماق: ئانار قەدىمىنى يۆتكىگەندە، ئۇنىڭ تېقىمىغا چۈشۈپ تۇرغان بىلەكتەك توم، قاپقارا چاچلىرى يىلاندەك تولغىنىپ، ئانا قەلبىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھاياجان، تېخىمۇ گۈزەل ئارزۇ-ئىستەك بىلەن تولدۇراتتى. * سوقتى گۈلدۈرماما بىردىن چاقتى چاقماق تولغىنىپ، ياغدى يامغۇر خۇددى كۆكتىن كەتتى ئالەم سەل بولۇپ. ⑤ ئۆزىنى ئىختىيارسىز ھالدا ئۇ يان - بۇ يان تاشلىماق، بۇرۇلماق: ئەكبەر ئۇلار ھەربىر تەپكىنىدە بىر تولغىناتتى، ئورنىدىن تۇرايلا دېسە، كەينىدىن بىر مۇشت كېلىپ تېگەتتى-دە، دومىلاپ كېتەتتى. * ئۇ ھۇرنىساخاننىڭ نەچچە قەۋەت قىلىپ سېلىپ بەرگەن يۇمشاق كۆرپىسىنىڭ ئۈستىدە ئەمەس، گويا قاتتىق تاشنىڭ ئۈستىدە ياتقاندەك، تولغىنىپ ئۇخلىيالماي، پۈتۈن تۈننى ئازاب بىلەن ئۆتكۈزدى. * ئىشكتىن تولغىنىپ چىقسام، يېڭى باغنىڭ گۈلى دەيلا. گۈللىرى ئۆگزىلىرىدە تۇرسۇن، مېنىڭ چاي ئۇتقىنىم كۆڭۈللىرىدە تۇرسۇن. ⑥ كۆچمە. قاتتىق ئازابلانماق؛ دەرد-ئەلەم چەكمەك: بۇ ياغلىقنى ھەربىر كۆرگەندە، ئۇنىڭ يۈرىكى بىرقىسما بولۇپ ئاغاتتى. دەرھال قوزغالغان ھېسسىياتلار ئىلكىدە ئۇ ئازابلىق تولغىناتتى. * ئاكىسى ئېسىگە كەلسىلا، ھېلىمئاخۇننىڭ ئۆپكىسى ئۆرلەيتتى، بىراۋ يۈرەك-باغرىنى سۇغۇرۇپ تاشلىغاندەك تولغىناتتى. * شۇڭا مەنمۇ بۇندا بۇ كېچە، ۋايداد ئورنىغا ناخشا توۋلىدىم. ئەلەم يۇتۇپ تولغانغىنىم يوق، بەلكى يايراپ ئۇسسۇل ئوينىدىم.

**تولغىما** سۈپ. تولغاپ ياسالغان، تولغانغان: تولغىما يۈز.

**تولغىما يۈز** <سۇ> سۇ ئىنشائاتلىرىدىكى ئوخشاش بولمىغان ئىككى كەسمە يۈزنى تۇتاشتۇرىدىغان جايغا سۇنىڭ تولغىنىپ

ئېقىشى ئۈچۈن ماس ھالدا ياسالغان تولغىما تامنىڭ يۈزى.

**تولغىماچ** سۈپ. تولغىشىپ كەتكەن، ئەگرى: قەشقەر كوچىسىدا زىلۋا بويى، رەڭگىرويى كېلىشكەن 30 نەچچە ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال چىغىرىقتەك تولغىماچ سېرىق پۈتنى تەسلىكتە يۆتكەپ، گويا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولغاندەك، يەرگە قارىغىنىچە ئاستا كېتىپ باراتتى.

**تولغىماق** پ ① بىر تەرىپى، بىر بېشىدىن تۇتۇپ ئايلاندۇرماق، بۇرىماق: ـ مېنىڭ ئېيتىدىغان ھېكايەمنىڭ ئېتى «ئاجايىپ مۆجىزە بەت»، ـ ھېكايىنى باشلاشتىن ئاۋۋالقى سۆزۈمنى مۇشۇنداق باشلىۋىدىم، شوپۇرۇم قاقاقلاپ كۈلۈپ، رولنى تەتۈر تولغىۋەتكىلى تاس قالدى. * تولغىغانتى بىر ۋېنتىنى تۆۋەن ياققا، ئۇچار دۈلدۈل قوندى پەسلەپ چارباغقا. ② ئەشمەك، تۇتۇپ بىر تەرەپكە ئايلاندۇرماق، تورلىماق: ئۇماچ ئىچىپ چىش كولاپتۇ، مۈز يالاپ بۇرۇت تولغاپتۇ (ماقال). ③ ئۇ يان-بۇ يانغا ئېگىپ، ئايلاندۇرۇپ ھەرىكەتلەندۈرمەك: «تويى دېگەن مانا شۇنداق بولسا» دەپ خىيال سۈرەتتى توختىئاخۇن ئېتىز يولىدا كېتىپ بېرىپ، «نەغمە-ناۋا دېگەن بولۇپ تۇرغان، ئۇسسۇلچىلار بېلىنى تولغاپ ئويناپ تۇرغان». * ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق ۋە يېقىملىق ئىدى. گويا ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆستەڭدىكى سۈزۈك سۇغا ئارىلىشىپ، شىرىلداپ ئاقاتتى. ئەتراپىمىزدىكى ياشارغان سۆگەتلەرنىڭ يېڭى چىۋىقلىرىنى تولغاپ ئويناۋاتقان سالقىن شامال بىلەن قوشۇلۇپ، يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتەتتى. ④ مەلۇم بىر تەرەپكە ئايلاندۇرۇپ قاراتماق، چۆرىمەك: يامغۇر يەنە ھەدەپ قاتتىق يېغىۋاتاتتى. دوختۇرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ لۇتپۇللا بىلەن بىللە كەلگەن ھېلىقى «زىيالىي» بويىنىنى تولغىدى-دە، نېرى كەتتى. * ـ ئۆزىنىڭ شورى، ـ دەپ بېشىنى تولغىدى خان خوجا، ـ ئۇ ئىشكتە تۇرۇپ نېمشقا مارايدىكەن؟ ⑤ كۆچمە. قاتتىق مۇجۇپ ئاغرىماق (قورساق ھەققىدە): تۇرۇپ يېنىك تولغايتتى قورساق، بەل ئاغرىقى كۈچەيگەن ئاندىن. تۇرۇپ-تۇرۇپ قىسىلىپ نەپەس، ئاچچىق يالقۇن ئۆرلەيتتى گالدىن.

**تولغىنىش** «تولغانماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى.

**تولغىنىش دېفورماتسىيىسى** <بىن> ماتېرىيالنىڭ بىر ئۇچىنى بېكىتىپ قويۇپ، يەنە بىر ئۇچىغا بىر جۈپ كۈچ ئارقىلىق تەسىر كۆرسەتكەندە، ماتېرىيال ئۆزىنىڭ بوي ئوقى بويىچە تولغىنىپ پەيدا قىلىدىغان دېفورماتسىيە.

**تولماق** پ ① كۆل، تاغار، قاپا قاتارلىقلارنىڭ ئىچىگە بوش يېرى قالماي قاچىلانماق، توشقۇزۇلماق: مانا ساندۇق، قاچىلىرىمىز ئاشقا تولدى؛ ئۇچىمىز يېڭى كىيىم، قولىمىز پۇل كۆردى. * «قىزىل بۇرۇن» يانچۇقىنىڭ تاراقلاپ تۇرغان پۇللار بىلەن لىق تولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ② ئورۇن، مەيدان قاتارلىقلارنىڭ ھەممە يېرى تولۇق ئىگىلەنمەك، توشۇپ كەتمەك: ئىشخانا ئالدى بۇ ئىشقا قىزىققان ئەزالار بىلەن تولدى، ئۇلار كىچىك ئاخۇنغا ھېسداشلىق قىلىشىپ، ئاۋۋالقى يىللاردىكى تەقسىمات توغرۇلۇق غۇلغۇلا قىلىشاتتى. * تاشۋاي داستىخان تەييارلايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستى نان ۋە مېۋە بولۇپ پىشقان ئۈزۈملەر بىلەن تولدۇ. ③ ئورۇن، بوشلۇق قاتارلىقلار مەلۇم بىر خىل ھالەت بىلەن يۈركەلمەك، قاپلانماق: مەتكېرەم دېلبەرنىڭ ئىسمىنى چاقىرغاندا، زال ئىچى بىرپەس جىمىپ يەنە پىچىرلاشلار بىلەن تولدى. * ـ كىچىك باللار ئەمەسمۇ، ـ دېدى نىجات زورىغا كۈلۈمسىرەپ. ئانا قازاننى چۆشۈرۈپ تۆۋاقنى ئاچتى، ئۆي ئىچى تۇخۇم پوشكەلنىڭ تاتلىق ھىدىغا تولدى. ④ يىغىلىپ تاشماق، توشۇپ كەتمەك: ئۇنىڭ ئېغىر كېسەلدىن ئەمدىلا ساقايغان، ئەمما كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىرى

تېخى تامامەن يوقىلىپ كەتمىگەن، ئاجىزلارنىڭ كۆزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولغانىدى. * غۇنچىدەك قات-قات بولۇپ قان بىلەن تولدى يۈرەك، قىلمىدىڭ ھېچبىر ۋاپا مەن كەبى بىمارىغا. ⑤ كۆچمە. ھېس-تۇيغۇ، غەم-قايغۇ، ئۇمىد قاتارلىقلار ئۇلغىيىپ تاشماق: ئىچى پۇشۇپ، كۆڭلىگە غەم تولۇپتۇ. بىرەر ھەپتە شۇنداق ئۆتۈپتۇ. شاھتىن قورقۇپ ھېچكىم گەپمۇ قىلالماپتۇ. * مەن ئۇنىسىز ياش تۆكەتتىم، كۆڭلۈمگە بىھېساب دەرد-ئەلەم تولغانىدى. ⑥ تولۇق، يېتەرلىك دەرىجىدە ئىگە بولماق، تولۇقلىماق، يېتىشتۈرمەك: ئادەم 30 ياشقا كىرگەندە ئەقلىگە تولۇپ، تۈلكىگە ئوخشاش مەر قانداق نەرسىنى بىلىدۇ. * ۋۇجۇدۇمدا قايناق بىر سېزىم، تاغ سۈيىدەك ئاقتى جۇش ئۇرۇپ. لەۋلىرىمدىن ئۇچتى خىتابىم، چەكسىز ئىلھام، قۇدرەتكە تولۇپ. ⑦ ئۆسۈپ مەلۇم ياشقا يەتمەك: لېكىن، سەن بىزنىڭ پاشاخان ھەددەمنى كۆرمىدىڭ-دە؟ ئۇ سېنى كۆرسە چوقۇم: «بىزنىڭ خالىدەم بۇ يىل تېخى 15 ياشقا تولمىدى» دەيدۇ. * قانۇندا، سىياسىي ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىنغان كىشىلەردىن باشقا، يېشى 18 گە تولغان ھەممە پۇقرانىڭ سايلاش، سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى بەلگىلەنگەن. ⑧ بەلگىلەنگەن ئۆلچەملىك بىر چەككە يەتمەك: ئاڭغىچە گۈلچېھرىنىڭ ئاي-كۈنى تولۇپ، بىر قىز تۇغۇپتۇ. قىزنىڭ ئىسمىنى گۈلبەھرە قويۇپتۇ. * مۇراسىم قاتناشقۇچىلىرى مۇراسىم ۋاقتىنىڭ تولغانلىقىنى بىلىپ، ئورۇنلىرىدىن قىمىرلىشىپ، ئۆزلىرىگە تېگىشلىك ئورۇنلارغا قاراپ مېڭىشتى. ⑨ تولۇقلانماق، توشماق: سونۇر خىيال سۈرۈپ قالدى: «ناھايىتى ئون كۈنلا قۇمۇش ساتسا، كەم ئاقچىسى تولاتتى، خەپ، مۇنۇ ئايالنىڭ بەسلىشىۋاتقىنىنى قارىمامدىغان!». ⑩ سەمرىمەك، كېمى تولۇقلانماق، يېتىشمەك: ئۆتكەن ئون يىل داۋامىدا ئادەتتىكى قائىدە-يوسۇن بويىچە، دىڭ جىيجۈننىڭ ئاپئاق، يۇمشاق ۋە تولغان قولىغا سان-ساناقسىز قېتىم سۆيگەنىدى.

* كېلەتتى مودەنخان كوچىدا يالغۇز، ئېرىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ چاي. كېلەتتى كۈندۈزدە توپىلىق يولدا، ھۆسنىگە تولغان بىر ئون بەش كۈنلۈك ئاي.

**تولۇق** ① سۈپ. تولغان، بوش ئورۇن قالمىغان: بۇ باھار ۋەتىنىم سائادەت تېپىپ، خەلقىمىز تەنتەنە قىلغان ئۇلۇغ كۈن. بۇ باھار مۇقەددەس قىزىل ئۆكتەبىر، غەلىبە، شەرەپكە — شانغا تولۇق كۈن. * نەگىلا باقسام زىرائەتلەر بەلەن، بولۇق ئىكەن. جۇپ باشاق ھەر تۈپ قوناقتا، دانلىرى تولۇق ئىكەن. ② سۈپ. سەمرىپ توشقان، يېتىشكەن: چولپان بېشىغا دوپپا، ئۇچىسىغا ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، بولاقتەك تىنىق كۆزلىرى خۇشاللىقتىن نۇرلىنىپ تۇراتتى. ئاپئاق يۈزى ۋە تولۇق كەلگەن قامىتى يېڭى ئېچىلىۋاتقان بىر تال غۇنچىنى ئەسلەتتى. * ئەكبەر تولۇق، ئاق يۈزلۈك، 40 ياشلاردىكى، ئۇزۇن چاچ بۇ ئايالنىڭ ئىلتىپاتىغا چىن قەلبىدىن خۇرسەن بولدى. ③ سۈپ. يېتەرلىك، مۇكەممەل، كەم ئەمەس: ئۇ ھازىر خېلى تولۇق ماتېرىياللارغا ۋە ئاساسلارغا ئىگە. * ھەي ئوغرى، بىز ھەممىنى بىلىپ بولدۇق، قولىمىزدا پاكىت تولۇق، راستىڭنى ئېيت. ④ رەۋ. ئەتراپلىق، تامامەن: لەيلىگۈل ئۆي ئىچىدە بولۇۋاتقان گەپلەردىن مېنى تولۇق خەۋەردار قىلسىلا، ئاندىن، (بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ) نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى يەنە مەسلىھەتلىشىمىز. * مەيلى، بىز جاپا چېكەيلى، بىز قانچە قىينىلايلى، ئەمما سەن ھەقلىقسەن، مەن بۇنى سەزدىم، سەن تولۇق ھەقلىقسەن، كەچۈرگىن مېنى، كاتە. ⑤ رەۋ. كېمى يوق، دەل؛ يېتەرلىك: بۇ ئىشقا مانا بۇ يىل تولۇق سەككىز يىل بولدى. تۆرەخانغا بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بەرسە، ھەجىيىپ قاراپ تۇردۇ. * سۇتۇق بۇغراخان تولۇق قوشۇلدى. باتۇر تاغا بىلەن خان ئانىسىنىڭ سۆزلىرى ئۇچلۇك ھالقىنىڭ قارارى ھېسابلاندى. * مەن شۇ چاغدىلا ھەققىي ساپ ۋىجدان ئىگىلىرى قەلبىنىڭ نەقەدەر پاك ئىكەنلىكىنى

تولۇق چۈشىنىپ يەتتىم. ⑥ رەۋ. كەم-كۈتىسىز، بىرەر بۆلىكى چۈشۈپ قالمىغان ياكى قىسقارمىغان ھالدا: بۇ ھەقتە تولۇق قىلىپ يېزىلغان بىر ھۆججەتنىمۇ مېنىڭ قولۇمغا تۇتقازدى. * زۇنۇن قادىرنىڭ بەدىئىي تەسۋىرلىرىدە بۇ خىل خۇسۇسىيەتلەر تولۇق تېپىلىدۇ. * ئەكبەر: ــ مانا، مانا، دەل ئاشۇ «مەن» نىڭ ئارقىسىغا «ئەخمەق قىلىپ قىلدىم» دېگەن سۆزنى قوشۇۋەتسىڭىز تولۇق بولىدۇ، ــ دېدى. * ــ سىزنىڭ كەلگىنىڭىزنى ئاڭلىغىلى خېلى بولدى. قارىماسىز، ئاكىڭىزنىڭ ئاغرىقى بىلەن بولۇپ كېتىپ، بېرىپ ھال سوراپمۇ كېلەلمىدىم، ــ دېدى ئۇ تولۇق ئۇيغۇر تىلىدا. ⑦ رەۋ. بىرىمۇ قالماي، ھەممىيلەن: نىزامىدىن ئەترەت كوماندىرلىرىنى چاقىرىپ مۇنداق دېدى: ــ پارتىزانلار ئۆز ئورۇنلىرىنى ئىگىلىسۇن، بۇرۇنقى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە يوشۇرۇنسۇن. دۈشمەن سايغا تولۇق كىرىپ بولمىغۇچە ئوق چىقىرىشقا رۇخسەت يوق. ھۇجۇم بۇيرۇق بىلەن باشلىنىدۇ! * ئۇنۇڭۇن بىزنى يېڭى ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇردى. باللار تولۇق يىغىلىپ بولماپتۇ. دەرس يەنە ئىككى ھەپتىلەردىن كېيىن باشلىنىدىغان ئوخشايدۇ. بۈگۈن ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرۇپلا سىزگە خەت يېزىۋېتىشنى ئويلىدىم. ⑧ سۈپ. مۇكەممەل، يۇقىرى دەرىجىلىك؛ غاچچىدە ئىككى ئېغىز گەپ قىلىۋالاي، مەيدان رەھبەرلىكى ئا شۇجىنىڭ شەخسەن ئۆزى ۋە مەيدان پارتكومى، مېنى بۇ يەرگە تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى. * گۈلسۈمخان ئاچىنىڭ بىر قىزى، بىر ئوغلى بار ئىدى. قىزى گۈلنىسا قىز بىلەن بىر مەكتەپتە ئىشلەيتتى، ئوغلى بولسا تولۇق ئوتتۇرا مەلۇماتقا ئىگە دېھقان يىگىت ئىدى. ⑨ رەۋ. چېكىگە يەتكۈزۈپ، توشقۇزۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك: ئۇ «ر» ھەرپىنى تولۇق ئېيتالماي، تەربىيەنى «تەيبىيە»، ماتراسنى «ماتياس» دېگەن بولسىمۇ، ئومۇمەن سۆزلەر تولۇق ئوقۇلۇپ تۇراتتى. * شۇڭا ھېلىم يۈرەك قەپىسىگە پاتماي قالغان خۇشاللىقنى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن تېزرەك ئورتاقلاشماق-

چى بولۇپ، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۆينىڭ ئىشىكىنى تولۇق ئېچىپ، بوسۇغىدىلا ۋارقىرىدى. ⑩ ئى. «تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ» نىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشى: مەن شۇ يىلى تولۇقنى پۈتكۈزۈپ، ئالىي مەكتەپكە كىردىم.

**تولۇق ئاۋاز** <مۇز> سەككىز گرادۇسلۇق ئاۋاز 12 ئاۋازغا بۆلۈنگەندە، بىر-بىرىگە تۇتاش كەلگەن تۆت ئاۋاز ئوتتۇرىسىدىكى ئىنتېرۋال تولۇق ئاۋاز دېيىلىدۇ. بىر تولۇق ئاۋاز ئىككى «يېرىم ئاۋاز» نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**تولۇق تۇتۇلۇش** <ئاستر> كۈن ياكى ئاينىڭ تولۇق تۇتۇلۇشى.

**تولۇق سان** <مات> ئەگەر بىر سان ئۆزىدىن باشقا بارلىق بۆلگۈچىلىرىنىڭ يىغىندىسىغا تەڭ بولسا، ئۇ ھالدا بۇ سان تولۇق سان دېيىلىدۇ. مەسىلەن، 6 نىڭ ئۆزىدىن باشقا بۆلگۈچىلىرى 1، 2، 3، يەنى 3+2+1=6، شۇڭا 6 تولۇق ساندۇر.

**تولۇق سايە** <فىز> سۈزۈك بولمىغان جىسىم يورۇقلۇق مەنبەسىنى توسۇۋالغاندا، ئەگەر يورۇقلۇق مەنبەسى چوڭراق بولغان نۇر چىقارغۇچى جىسىم بولسا، ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان سايە ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: ئۇنىڭ پۈتۈنلەي قاراڭغۇ قىسمى تولۇق سايە دېيىلىدۇ؛ يېرىم يورۇق، يېرىم قاراڭغۇ قىسمى يېرىم سايە دېيىلىدۇ.

**تولۇق شەكىل ئۆزگەرتىش** <زوئول> ھاشاراتلارنىڭ بىر خىل شەكىل ئۆزگەرتىشى. ھاشاراتلار ئىندۇۋىدئال راۋاجلىنىش جەريانىدا تۇخۇم، لىچىنكا، قورچاق ۋە يېتىلگەن تەندىن ئىبارەت تۆت باسقۇچنى بېسىپ ئۆتەلىسە، تولۇق شەكىل ئۆزگەر-

تىش بولىدۇ؛ پەقەت تۇخۇم، لىچىنكا ۋە يېتىلگەن تەندىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتسە، چالا شەكىل ئۆزگەرتىش بولىدۇ.

**تولۇق قايتىش** <فىز> ئاۋاز دولقۇنى، ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنى (مەسىلەن، يورۇقلۇق دولقۇنى) قاتارلىقلارنىڭ توسالغۇغا ياكى باشقا ۋاسىتىلارغا يولۇققاندا، پۈتۈنلەي سۇنۇپ قايتىپ كېلىش ھادىسىسى.

**تولۇق كۆرۈنۈش** <كىنو> فىلىمغا ئادەمنىڭ پۈتۈن گەۋدىسى تولۇق ئېلىنغان كۆرۈنۈش. بۇنىڭدا ئادەمنىڭ گەۋدە ھەرىكىتى بىلەن ئەتراپتىكى قىسمەن مۇھىتنى تاماشىبىنلارغا كۆرسەتكىلى بولىدۇ.

**تولۇق كۆرۈنۈشلۈك كىنو** <كىنو> كەڭ ئېكرانلىق كىنونىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا، پۈتۈن كۆرۈنۈشنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى 35 مىللىمېتىرلىق ئۈچ پارچە لېنتىغا بىر-بىرىگە چېتىلغان ئۈچ دانە كىنوغا ئېلىش ئاپپاراتى ئارقىلىق، بىرلا ۋاقىتتا ئايرىم-ئايرىم ئېلىنىدۇ ۋە ماس قەدەملىك ئۈچ دانە كىنو قويۇش ئاپپاراتى ئارقىلىق، ياي شەكىللىك كەڭ ئېكرانغا بىرلا ۋاقىتتا چۈشۈرۈلۈپ، پۈتۈن كۆرۈنۈش بىرىكتۈرۈلىدۇ. بۇ خىل ئاپپاراتقا كۆپ يوللۇق سترولۇق ئاۋاز قايتۇرغۇچى ئۈسكۈنىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. بۇ خىل كىنونى 146° لۇق كۆرۈش دائىرىسىدىكى تاماشىبىنلارمۇ كۆرەلەيدۇ.

**تولۇق ماس مۇناسىۋەت** <لوگ> ئىككى ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى ھەجىم جەھەتتىن ئۆزئارا تەڭ كېلىش مۇناسىۋىتى.

**تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ** ئون بىر يىللىق مائارىپنىڭ يۇقىرى يىللىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەمدە ئالىي مەكتەپ ئۈچۈن ئوقۇغۇچى يېتىشتۈرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپ.

**تولۇقى بىلەن** تولۇق قىلىپ، تەلتۆكۈس، پۈتۈنلەي: سۇلتان سارايغا كىرىپ، تەختكە ئولتۇرۇپتۇ، ۋەزىرىگە يىگىتنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ھادىسىلەرنى تولۇقى بىلەن سۆزلەپ بېرىپتۇ. * ئىشقىلىپ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا نېمە ۋەزىپە تاپشۇرسا، ئۇنى شەرتسىز، تولۇقى بىلەن ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى.

**تولۇق ئىندۇكسىيىلىك خۇلاسە** <لوگ> بىر خىلدىكى ئوبيېكتنىڭ ھەربىر يەككىسىنى تەتقىق قىلىپ، شۇ خىلدىكى ئوبيېكت توغرىسىدا ئومۇمىي يەكۈن چىقىرىلىدىغان يىغما خۇلاسە.

**تولۇق يوپۇرماق** <بوت> يوپۇرماق ئالىقىنى، يوپۇرماق سېپى ۋە تەگ يوپۇرمىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمنىڭ ھەممىسى تولۇق بولغان يوپۇرماق. مەسىلەن، تېرەك، ئەتىرگۈلنىڭ يوپۇرمىقى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**تولۇق يۈك** <ئېل> ئېلېكتر يولى ياكى ئۈسكۈنە بۆلەكلىرىنىڭ بەلگىلىك شەرت بويىچە لايىھىلەنگەن ئەڭ چوڭ سىغىمچانلىقى ياكى كۆتۈرۈش مىقدارى.

**تولۇقسىز** ① سۈپ. تولۇق، مۇكەممەل، بىرپۈتۈن بولمىغان؛ تولۇق ئەمەس: فېئوداللىق تۈزۈمدىكى قانۇننىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇنىڭدا فېئوداللارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى ۋە ئىشلەپچىقارغۇچىلار (دېھقانلار) غا بولغان تولۇقسىز ئىگىدارلىقى بەلگىلەنگەن. * ئوت قويىدى شۇ چاغ بىرى تۈيۈقسىز، بىلدىم، چارلىشىم ئىكەن تولۇقسىز. ② ئى. «تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ» نىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشى: دوختۇرلۇقمۇ بىر ھۈنەر-

كەسىپ، موزدۇزلۇقمۇ ھۈنەر-كەسىپمۇ؟ مەنمۇ ئەسلى دېھقان قىزى، ناۋادا مەن تولۇقسىزنى پۈتكۈزۈپلا يېزىغا قايتىپ دېھقان بولغان بولسام، ئۇ چاغدا موزدۇز مەخسۇم ئەلچى ئەۋەتسە، ئاپام نېمە دەر ئىدىكىن؟ * تولۇقسىزنى پۈتكۈزۈپ بىر يىل ئىلگىرى، كەلگەن ئۇ قايتىپ كانغا ئىشچى بولغىلى.

**تولۇقسىز بۆلۈنمە** <مات> بىرساننى يەنە بىر سانغا بۆلگەندە پۈتۈن بۆلۈنمەسە، كېلىپ چىققان بۆلۈنمىنىڭ پۈتۈن سان قىسمى تولۇقسىز بۆلۈنمە دېيىلىدۇ.

**تولۇقسىز پېئىل** <تىل> ← **ياردەمچى پېئىل**.

**تولۇقسىز تاكت** <مۇز> بىرىنچى تاكت سىزىقى ئالدىغا كەلگەن ئاۋاز بەلگىسى. ئۇ مۇكەممەل تاكت شەكىللەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ؛ ئاھاڭ ياكى مۇزىكا ئارىيەلىرى تاكتنىڭ «1-ئۇدار» دىن باشلانمىغان بولسا، ئۇنىڭدا چوقۇم تولۇقسىز تاكت بار بولىدۇ. «يومشاق باشلانغان تاكت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تولۇقسىز جۈملە** <تىل> بىرەر بۆلىكى چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، مەنە ئىپادىلەپ كېلىدىغان جۈملە.

**تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ** ئون بىر يىللىق مائارىپنىڭ تۆۋەن يىللىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپ: ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەندە، ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئوقۇش ئارزۇسى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى.

**تولۇقسىز ئىندۇكسىيىلىك ئەقلىي خۇلاسە** <لوگ> بىر خىلدىكى ئوبيېكتنىڭ بىر قىسمىنى تەكشۈرۈش ئاساسىدا، شۇ خىلدىكى بارلىق ئوبيېكت توغرىسىدا يەكۈن چىقىرىلىدىغان يىغما خۇلاسە. «تولۇق ئىندۇكسىيىلىك خۇلاسە» گە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ.

**تولۇقلاتقۇزماق** «تولۇقلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى: ئۇ ئۆزىنىڭ چىقىشقاقلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقى بىلەن دادۇي رەھبەرلىرىنى قوزغىتىپ، دوختۇرلۇق پونكىتىغا كىچىكرەك بىر بالنىست ياساتقۇزدى ۋە دورا-دەرمەك، ئۈسكۈنىلەرنى تولۇقلاتقۇزدى.

**تولۇقلاتماق** «تولۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دۆلەت مەبلەغ چىقىرىپ ياردەم بېرىپ، ئەزالارغا ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ئىشلىتىدىغان تېرىلغۇ سايمانلىرىنى تولۇقلاتتى.

**تولۇقلاشماق** «تولۇقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: گەپ تازا قىزىۋاتقان چاغدا، يۈرۈشكە بۇيرۇق بېرىلىپ قالدى، جەڭچىلەر دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، يولغا چىقىپ، ئۆز قىسىملىرىنىڭ قاتارىنى تولۇقلاشتى.

**تولۇقلاندۇرماق** «تولۇقلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ جۈملە بۇ بىر ئابزاسنىڭ مەزمۇنىنى بىرئاز تولۇقلاندۇرىدۇ.

**تولۇقلاندۇرۇلماق** «تولۇقلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىنسانلار بىلىشىنىڭ تارىخى بىزگە شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، نۇرغۇن نەزەرىيەلەرنىڭ ھەقىقەتلىكى تولۇق بولمىغان، ئۇلارنىڭ تولۇقسىزلىقى ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقى ئارقىلىق تولۇقلاندۇرۇلغان؛ نۇرغۇن نەزەرىيەلەر خاتا بولغان، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرى ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقى ئارقىلىق تۈزىتىلگەن بولىدۇ.

**تولۇقلانما** ئى. تولۇقلىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ۋە سەرپ قىلىنىدىغان قىسمى: شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۆلەتنىڭ چەكلىمىسىنى قوبۇل قىلىدىغان، ئۇمۇمىي مۇلۇكچىلىككە بېقىنىدىغان ئاز ساندىكى يەككە ئىگىلىك سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ زۆرۈر تولۇقلانمىسى سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىنىدۇ.

**تولۇقلانماق** «تولۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ناھىيە بويىچە ئورمان

مۇھاپىزەتچىلىرى تولۇقلىنىپ، كەسپلەر بويىچە كۆتۈرە بېرىش، مەھسۇلاتقا قاراپ ھەق ھېسابلاش ۋە ئىشنى چولق كۆتۈرە بېرىشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدۇ.

**تولۇقلىغۇچى** ① «تولۇقلىماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى زاۋۇتلار، گۇڭشې دۈيلەرنىڭ ئۆزىنىڭ سېتىشىغا رۇخسەت قىلىش بىر تۈتاش سوتسىيالىستىك بازارنى بۇزۇۋەتمەيدۇ، ۋەلار دۆلەت سودىسىنىڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى ۋە مۇھىم تولۇقلىغۇچى ئاملى بولىدۇ. ② ئى <بىئول> ئانتىبىئوتىكلارنىڭ كېسەل مىكروبلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغان قان زەردابىدىكى خىمىيۋى ماددا.

**تولۇقلىما** ① سۈپ. تولۇقلاش، تولدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، بەرپ قىلىنىدىغان: بەزى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشتا بىزنىڭ ئۈسكۈنىلىرىمىز ۋە تېخنىكا شەرت-شارائىتىمىز چەكلىك بولسا، قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار بىلەن ھەمتا چەت ئەللەر بىلەن تولۇقلىما سودا قىلىشقا، شېرىكلىشىپ باشقۇرۇشقا بولىدۇ. ② ئى. تولۇقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن نەرسە: خەلق گۇڭشېسى ئەزالىرىنىڭ ئۆزىگە قالدۇرغان يەرلىرى ۋە ئائىلە قوشۇمچە كەسىپى سوتسىيالىستىك كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ تولۇقلىمىسى.

**تولۇقلىماق** پ. تولۇق، مۇكەممەل، پۈتۈن ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ تولدۇرماق، مۇكەممەللەشتۈرمەك: كارخانا پارتكومى رەھبەرلىك بەنزىسنى تەكشۈرۈشنى قارار قىلىپ، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان كادىرلارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، رەھبەرلىك كۈچىنى تولۇقلىدى. * سەيدىخان ئاچا ئانچە-مۇنچە گەپ قىستۇرۇپ، بوۋىينىڭ گېپىنى تولۇقلاپ تۇردى. * قانۇننىڭ خەلق ئاممىسىغا قارىتا بۇنداق زورلاش خاراكتېرىغا ئىگە بولۇشى قايىل قىلىش، تەربىيە بېرىش ئۇسۇلى بىلەن ھەرگىز توقۇنۇشۇپ قالمايدۇ، بەلكى بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ.

**تولۇن** سۈپ. تولغان، تولۇق شەكىل ئالغان: تولۇن ئاي. * ئاي چىقىپ كەلمەكتە شۇنچىلىك تولۇن، چېچەكلار نۇر پارلاق ھۆسنىدىن. گويا ئۇ ئېچىلغان ئاپئاق ئەتىرگۈل، يورۇغان ئۆيۈقنىڭ سۆزۈك كۆكسىدىن.

**تولۇن ئاي** ① تولۇپ، يۇمىلاقلىشىپ، روشەن كۆرۈنگەن ئاي: ھەممىمىز تەگلا شۇ تەرەپكە قارىدۇق، دېرىزىدىن تولۇن ئاينىڭ سىمابدەك نۇرى تىك كېسىپ چۈشۈپ، ئۆي ئىچىنى شۇنچە كۆركەم ھەم ھەيۋەتلىك قىلىۋەتكەنىدى. ② بىرىنچى شەخس قوشۇمچىسى «م» بىلەن كېلىپ، «چىرايلىقىم، سۆيۈملۈكۈم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: قۇچاقىنى كېرىپ ياتقان بۈيۈك پامىر، تىيانشانىم، ھەسەل، ئابىھايات ئاققان ئىلى، يەكەن ئەزىز تارىم، چېچەكلەردىن بىزەك تاقىغان مېنىڭ باغچام چىمەنزارىم، جاھانغا نازلىنىپ باققان گۈزەل ھۆسنى تولۇن ئايىم، ئانا يۇرتۇم روناق تاپقان ئەزىز شىنجاڭ شەرەپ شانىم.

**تولۇئول** ئى [ر<لات] <خىم> ← مېتىل بېنزول.

**تولۇۋۇر** ئى. تۆمۈرچىلىكتە، تۆشۈك تېشىلىدىغان تۆمۈرنىڭ ئاستىغا قويىدىغان تۆشۈكلۈك ياپىلاق تۆمۈر.

**تولىلىماق** پ. ئاۋۇماق، كۆپەيمەك: ئۇنىڭ گېپى تولىلاپ كەتتى.

**تولىما** ئى. ئىنچىكە يىپتا توقۇلغان سىپتا ماتا: تولىما توقۇماق.

**تولىماق** پ. ئەشمەك، پىششىقلىماق: يىپ تولىماق. * ساقال ھېچقانداق ئىقتىسادىي ئەھمىيتى بولمىغان بىر خىل تۈك. ھەممىگە ئايان بولغىنىدەك، ئۇنى ئۈچكە چۈپۈرىغا ئوخشاش ئارغامچا تولاپ ئىشلەتكىلى بولمايدۇ.

**توم** I سۈپ ① توغرا كەسمىسى، ئايلانمىسى چوڭ (ياغاچ، ئارغامچا، يىپ قاتارلىق بويلام نەرسىلەر ھەققىدە): ئادىل دېرىزىنى تەكشۈرۈپ باقتى. دېرىزىنىڭ سىرتىغا توم پولات زىنجىلاردىن قىلىنغان پەنجىرە قويۇلغان بولۇپ، ھازىر ھېچ نەرسە بۇزۇلمىغانىدى. * بامبۇك سارىيىنىڭ لىم ۋە تۈۋرۈكلىرىنىڭ ھەممىسى توم بامبۇكلاردىن ياسالغان، ئۆگزىسىمۇ بامبۇكتىن ياسالغانىدى. ② قېلىن: توم كىتاب. توم نان. ③ چوڭ، كاتتا: ئۇ شۇ ھامان كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ: «نېمىدۇر بۇلار؟ مەن تامدىكى سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئالدىرۇۋەتكەن ئەمەسمىدىم؟» دېگەننى خىيالىدىن كەچۈردى ۋە يۈرىكىنى توم قىلىپ، ئاستا كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئالدىدا تامدىكى ئاسىغلىق كۆلۈپ تۇراتتى. ④ كۈچلۈك، يوغان (ئاۋاز ھەققىدە): توم ئاۋاز. * ـ كىم؟ ـ دېگەن توم ئاۋاز، ئاندىن ئىتنىڭ ھاۋشىغىنى، كىمدۇر بىرىنىڭ ئىتنى تىللىغىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن كالاچىنىڭ شىپىلدىغىنى ئاڭلاندى-دە، ئىشىك ئېچىلدى.

**توم بولقا** تەكشى، بىر يۈزلۈك بولقا.

**توم تۇمشۇق قۇچقاچ** <زوئول> بىر خىل قۇش. قۇشقاچتىن سەل چوڭ، تېنى كۆل رەڭگە مايىل بېغىر رەڭدە كېلىدۇ؛ تۇمشۇقى توم ۋە چوڭ بولۇپ، كونۇس شەكلىدە كېلىدۇ؛ رەڭگى كۆل رەڭ بولىدۇ، مېۋە، زىرائەت دېنى ۋە ھاشاراتلار ئارقىلىق ئوزۇقلىنىدۇ.

**توم تۇياق** ① تۇيىقى ئاچا ئەمەس، پۈتۈن: توم تۇياق چارۋا. ② كۆچمە. قوپال، قاتتىق: ـ سابىر، ـ دېدى ئۇ توم تۇياق قوللىرىنى بەلبېغىنىڭ قېتىغا تىقىپ، سابىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇيغانلىق بىلەن، ـ كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم، ھەممىڭلار قانات قېقىپ تاغقا ئۇچۇۋاتساڭلار، مەن بۇ يەردە يېتىم قۇشتەك بويىنۇمنى قىسىپ قالامدىمەن؟

**توم تۇياقلىقلار** <زوئول> ← **توم تۇياقلىقلار ئەترىتى.**

**توم تۇياقلىقلار ئەترىتى** <زوئول> چوڭ تىپتىكى ئوتخور ۋە تۇياقلىق سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ بىر ئەترىتى. بۇ ئەترەتتىكى ھايۋانلارنىڭ ئۈچىنچى بارمىقى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان، قالغان بارماقلىرى تەرەققىي قىلمىغان ياكى رودىمېنتلاشقان بولىدۇ. مەسىلەن، ئات، قېچىر، ئېشەك قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**توم قوشلاڭ** قارا ئۆينىڭ سىرتىدىن ئايلاندۇرۇپ باغلايدىغان توم ئارغامچا. بۇ ئارغامچا تەرمىنىڭ ئۈستى ۋە ئاستىدىن باغلىنىپ، قارا ئۆيگە ياپقان كىگىزنى تۇتۇپ تۇرىدۇ.

**توم كەلمەك** ئېغىر كەلمەك، قىممەت تۇرماق: بۇ گەپ ئۇنىڭغا توم كەلدى.

**توم گېرى** باشقىلارنىڭ مەسلىھەتىگە كىرمەيدىغان، ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىدىغان: ھە، ھە، قىسمەتئاخۇن، ئىشەك جايىدىمىكەن؟ پېقىر توم گىرى ئادەم، سودا-سېتىققا ئانچىلا ھەپىلەم يوق، شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ئېشەكنى سېتىۋالدىم.

**توم** II ئى [ر<گرېك] بىرقانچە كىتاب قىلىپ تۈپلەنگەن ئەسەر، ھۆججەت، ماتېرىياللارنىڭ ھەربىر كىتابى، جىلد: ـياق، ـ دېدى مۇئەللىمە، ـ «ئاباي» نى تۈگەتتىم، ئەمدى «ئاباي يولى» نىڭ ئىككىنچى تومىنى ئوقۇۋاتىمەن.

**توما** ئى. سۇ ئامبىرى، دەريا، ئۆستەڭلەردە سۇنى بەلگىلىك مىقداردا بىرقانچە لىنىيىلەرگە تەقسىم قىلىپ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قۇرۇلغان قاپقىلىق زاكۇ: بۇ سۇ دەل بىزنىڭ يالاڭ قانات ئىشكىمىز ئالدىغا كەلگەندە، كىچىككىنە توما ئارقىلىق ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىرى

ئاياقچىلار مەھەللىسى تەرەپكە، بىرى يار بېشى مەھەللىسى تەرەپكە ئېقىپ كېتىدۇ. * ئاينىڭ شولىسىدا، تۇمىلاردىن ھالقىپ چۈشۈۋاتقان سۇلارنىڭ چاچرىغان تامچىلىرى كۈمۈشتەك يالتىراپ قالاتتى. ئەتراپ جىم-جىت.

**تۇماتقۇ** ئى. دىئال → بۆلەك.

**تۇمبالقا** سۈپ. قوپال: - كىمگىنى ئەخمەق قىلسەن، تۇمبالقا، - دەپ ئادەمنىڭ باش-كۆزىگە بىر نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى، ئادەم شۇنچىلىك غەزەپلىنىپ كەتتىكى، ھارۋىنىڭ ئۈستىدىن ئۆزىنى چىرىككە ئاتتى-دە، ئۇنى ئات ئۈستىدىن يۇلۇپ چۈشتى ۋە ئاچچىقىنىغا كېلىشتۇرۇپ بىرنى سالدى.

**تۇمبۇلاق** سۈپ. دۇملاق ۋە سېمىز: ئۇ ئەتىيازدا ئىززەتخاننىڭ پۇتىنى چىگە بىلەن ئۆلچەۋاتقاندا، تۇمبۇلاق پاچىقى تېگىپ كېتىپ بىلىكىنى ئىسسىتۋەتكەنلىكى يادىغا چۈشۈپ، بىئارام بولدى.

**تۇمپاي** سۈپ ① قورساق، بەدەنلىرى تومپايغان، سەمرىپ كەتكەن: دومىلاپ يېتىپ مېنى دەسسىمەكچى بولغان شاپ بۇرۇت، قاپقارا، تومپاي بىر كىشىنى بۆلەك ئىككى ئادەمنىڭ چىڭ قۇچاقلاپ تۇتۇۋالغانلىقىنى كۆردۇم. بولمىسا، ئۇ تومپاينىڭ قونچىلىرى قايرىلغان، قوپال ئۆتۈكىنىڭ تاپىنىدا ھالىم نېمە بولاتتىكىن. * ئېگىز بويلۇق، تومپاي بىرى بولسا، خۇددى ئۆزىگە ئوخشايدىغان ئۆزۈن بىر ياغاچنىڭ ئۇچىغا «ئېلان تاختىسى» نى ئېسىپ، ئېگىز كۆتۈردى. ② كۆچمە. مۇئامىلىسى قوپال، قارا قورساق، ساۋاتسىز، بىلىمسىز: - تېخى ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ قوپاللىقچۇ! - دەپ سۆز قىستۇردى ئىككىنچىسى، - نەدىكى سەھرالىق تومپايلارنىڭ گەپلىرى. * شۇنداقلا، ئاپتومات ئېسىۋالغان بۇ سەھرالىق تومپاينىڭ بۇ يەردىن پات ئارىدا چىقىپ كەتمەيدىغانلىقىغا كۆز يەتتى-دە، بىر-بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋېلىپ: - بۇياق زوررۇر ئىش بىلەن كەلگەن ئوخشايدۇ. بىز ئەتە كەلسەكمىكىن؟ - دېيىشىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

**تومپايتماق** «تومپايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن سىزگە بۇنىڭدىن كېيىن دەرۋازىنى ۋاقتىدا ئاچاي دېدىمغۇ، سىز سالامەت، قورسىقىڭىزنى تومپايتىپ يۈرسىڭىز مەن كېسەللىكتە ئۆلسەم بولاتتىمۇ؟

**تومپايلىق** «تومپاي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: دېمەك، بىر قۇتۇپتا بايلىقنىڭ جۇغلىنىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بىر قۇتۇپتا، يەنى ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتىنى كاپىتال سۈپىتىدە ئىشلەپچىقىرىدىغان سىنىپ تەرەپتە نامراتلىق، ئەمگەك ئازابى، قۇللۇق، نادانلىق، تومپايلىق ۋە ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكنىڭ جۇغلىنىشى بولىدۇ.

**تومپايماق** پ. ئىششىپ، كۆتۈرۈلۈپ چىقماق؛ دومبايماق؛ يوغىناق: ئۇ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ تولىلىقىدىن ئىككى بېشى تومپىيىپ، ئىزمىلىرى كېرىلىپ كەتكەن خۇرجۇننى تامغا يۆلەپ قويۇپ، بەندىگە ئولتۇردى ۋە كۆزلىرىگە قويۇلۇپ تۇرغان ئاچچىق تەرنى بەلبېغىنىڭ ئۇچى بىلەن ئېرتتى. * شەۋكەت دۇدۇقلىغىنىچە ئانىسىنىڭ تومپىيىپ تۇرغان قورسىقىغا بىردەم تىكىلىپ تۇردى-دە، خىجالەتمەن قىياپەتتە يەرگە قارىدى.

**تومپۇچكا** ئى [ر] كىچىك، پەس ئىشكاپ: ئۆيگە كىرىپ، خاتىرە دەپتەرنى ئاچتىم. خاتىرە دەپتەرنىڭ ئىچىدە مەن تومپۇچكا ئۈستىدە قويغان پۇل تۇراتتى.

**تومپۇر** ئى. تۆشۈكى يوق، تەڭگە شەكىللىك مىس پۇل: دىڭ چىپچۇن سول قولىنىڭ ئىككى بارمىقىدىن ئىككى دانە ئالماس ئۈزۈكنى چىقاردى. ئىچ يانچۇقىدىن قىزغۇچ پارقىراپ تۇرغان ئۈچ تومپۇرنى ئالدى ۋە بۇلارنى سول ئالقىنىغا قويدى.

**تومتاق** ① قىسقا ۋە توم: ناسىر شۇجى تەر باسقان گۆشلۈك يۈزىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، ئاق داكىدا قاتتىق ئوراپ تېڭىلغان بېشىنى ئېيىقنىڭ تاپىنىغا ئوخشايدىغان تومتاق ئالقانلىرى بىلەن ئاۋايلاپ سىلاپ قويدى. ② كۆچمە. باش-ئايىغى يوق،

مۇجمەل، چۈشىنىكسىز: — سىز «يولداش سەلەي، سىز ئادىل ماتېرىيال-ۋاپچاسلارنى ئوغرىلىدى، رەيھانەم ئەلۋ شېرىك بولدى» دەپ ئېيتتىڭىز، — دېدى چاڭجاڭ ساۋۇت كۆلكىدىن پۈرۈش-كەن چىراپى بىلەن سەلەيگە قاراپ، — ئۇنداقتا، بۇ تومتاق پاش قىلىشىڭىزنى چۈشەندۈرۈپ باقسىڭىز. * دادا تومتىغىنا، مەنۋاقى شوجى تومتاقلا ئۇنداق دېمىگەندۇ؟ * ھەرقانداق چاغدا، تومتاق، ئابستراكت بولغان ئەخلاق ئەمەس، بەلكى بەزى كونكرېت ئەخلاق پەزىلەتلەر، بەزى ھەقىقىي ۋە ئاكتىپ روھىي ئالاھىدىلىكلەر لىۋبىشېۋنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوزغىغان.

**تومتاقىلماق** پ. چۈشىنىكسىز قىلماق، مۇجمەللەشتۈرمەك: گەپنى تولا تومتاقىلماي ئېنىق ئېيتسىلا.

**تومتاياق** سۈپ [توم+تاياق] يارامسىز، كېرەكسىز؛ مەنپەئەتسىز: ئولۇ ئاياغ، سول ئاياغ، بىزنى قىلدىڭ تومتاياق (ماقال).

**توملاشماق** پ. تەدرىجى توم ھالەتكە كەلمەك، توم بولماق: زىيانغا ئۇچرىغان مايسىنىڭ غولى توملىشىپ ئېگىلىپ كېتىدۇ، يوپۇرماقلىرى سولىشىدۇ.

**توملۇق** I «توم I» سۆزىنىڭ ئابست-راكت ئىسىم شەكلى: ھەر بىر ئۈينىڭ ئالدىدا تېخى قويۇلغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان، ئادەمنىڭ يوتىسىدەك توملۇقتىكى بىرنەچچە تۈپتىن سۆۋادان تېرەك ئاپئاق قارغا چۈمۈلۈپ، قىشلىق ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋاتاتتى.

**توملۇق** II سۈپ. بىرقانچە تومدىن ئىبارەت بولغان، بىرقانچە توم قىلىپ تۈزۈلگەن: ئۇ يېزا ئىگىلىك شۆبىۋەنىنىڭ تۈنجى دەرسىدىن تارتىپ، تا ئاخىرغىچە ئوقۇغانلىرىنى خۇددى بىر توملۇق ئىلمىي، تارىخىي ھېكايىنى سۆزلىگەندەك، ئاددىي، قىزىقارلىق قىلىپ، بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى.

**تۆملىماق** پ. توم ھالەتكە كەلتۈرمەك، توم قىلماق: تۆمۈرنى قايتا قىزدۇرۇپ، بىر ئاز توملاڭلار. * بىز ئەرزان ئېلىپ، قىممەت سېتىش، ئۆر-تۆپىلاڭدىن پايدىلىنىپ يانچۇق توملاش، ياۋاشلارنى بوزەك قىلىپ، پۇل-پۇچەكلىرىنى تارتىۋېلىش ئارقىلىق كۈن ئۆتكۈزەتتۇق.

**تۆمۈر** پ ① <ئانات> قان سۈيۈقلۇقى ئادەم بەدىنىدە ئايلىنىش داۋامىدا ئۆتىدى-غان نەيچىسىمان تۇقۇلما، تومۇرگان. ئۇ ئارتېرىيە، ۋېنا، قىل قان تومۇر قاتارلىقلار-غا بۆلۈنىدۇ: — سىز قايسى مەكتەپتە ئوقۇغان؟ — دەپ سورىدى. پەرىزات شەلپەردەك قىزاردى. ئۆرلەپ چىققان چېكە تومۇرلىرى ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى كۆرسەتتى. ② يۈرەك ھەرىكىتى-نىڭ نەتىجىسىدە قاننىڭ تېپىشى، تومۇرنىڭ سوقۇشى: تومۇرى پەس. ③ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرمىقى ۋە ھاشاراتلارنىڭ قانىتىدىكى شاخسىمان تۇقۇلمىلار: يوپۇرماقنىڭ تومۇرى. * دېمەك، سىز تۆككەن مەرۋايىت تەرلەر، جان بەرگەن كۆچەت تومۇرلىرىغا. ھەر تامچە تەرنىڭ قانداق قىممىتى، شەربەت بېرىپتۇ باغلىرىڭىزغا. ④ تاغ ۋە يەر ئاستى كانلىرىدىكى، يەر قاتلام يۆنىلىشلىرىنىڭ گىرەلىشىپ تۇتۇشۇشى-دىن ھاسىل بولغان غول سىزىق: ھەممىمىز ئۆزىمىزگە تېگىشلىك شېغىلنى دەريا لېۋىگە توشۇپ يىغدۇق. لېكىن بىز تېخنىكىنى ياخشى ئىگىلەپ ئالالمىدۇقمۇ ياكى كاننىڭ تومۇرىنى تاپالمىدۇقمۇ، ھېچكىمگە بىر نەرسە ئۇچرىمىدى. ⑤ ئەسلى، يىلتىز: يىلتىزلىرى بىر، تومۇرلىرى بىر، تاغلاردا ئۆسكەن مىليون دەرەخنىڭ؛ تېپىشلىرى بىر، سوقۇشلىرى بىر قۇياشقا باققان مىليون يۈرەكنىڭ. ⑥ ئاساس، غول: سانسىز تاغ جىلغىلىرىدىكى سۇ دەريا، ئېرىق-ئۆستەڭ ئارقىلىق پايانسىز باغۇبوستانلىق يېزىلارنىڭ تومۇرلىرىغا قۇيۇلىدۇ. ⑦ <تىل> سۆزنىڭ يىلتىز قىسمى، ئاساسىي قىسمى: سۆز تومۇرى.

**تومۇر تۇتماق** ① قول ۋە چېكە تومۇرلىرىغا بارماقلارنى تەگكۈزۈپ، يۈرەك ۋە قان ھەرىكىتىنى ئېنىقلىماق: تېۋىپ نېمە ئىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپتۇ، قاننىڭ يۈرۈشىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ كۈلۈپتۇ-دە: — بۇ ئوغۇلنىڭ كېسىلى ئىچىدە، — دەپتۇ. * بۈگۈن ھاشىر تەيجى ئۆزىگە ئۆۋەتچىلىك كەلگەن سائەتتە، ئۇردا تېۋىپىنى يەنە تومۇر تۇتۇشقا بۇيرۇدى. تېۋىپ تومۇرنىڭ بىرلىشىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. ② كۆچمە. پوزىتسىيىسىنى، رايىنى سىناپ كۆرمەك: ئۇ ئاخىرى بۇنىڭ تېگىگىمۇ يەتتى، بىركۈنى ئاخشىمى، ئىككىسى يالغۇز قالغان چاغدا ئۇيەر-بۇيەردىن گەپ ئېچىپ، خوماخاننىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىپ، كىچىك ئاخۇنغا مەيلى بارلىقىنى بىلىۋالدى.

**تومۇرى سوقماق** ① يۈرەك ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسىدە، قاننىڭ تېپىشى ئارقىلىق تومۇرى سالماق: دەۋىتىنىڭ بىھۇدە، مەن قۇش ئەمەسمەن، ئادەممەن! ۋەتىنىم مېنىڭ جان-تېنىم. پەزىلەت خىسلىتىم نامايان شۇندا، ۋەتەن دەپ سوقىدۇ تومۇر ۋە قېنىم. ② كۆڭلى تارتماق، ئىنتىلمەك، خالىماق: خوماخاننىڭ بۇنداق قىلىشىمۇ بىكار ئەمەس ئىدى. ئۇ كىچىك ئاخۇننىڭ ئۆزىگە بولغان پوزىتسىيىسىنى سىناپ بېقىشى، ناۋادا تەقدىر كېيىنچە شۇنداق بولۇپ قالسا، كىچىك ئاخۇننىڭ تومۇرى قانداقراق سوقىدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئىدى.

**تومۇرچى** ① ئى. تومۇر تۇتۇش ئارقىلىق كېسەلنى تەكشۈرۈپ داۋالىغۇچى تېۋىپ، دوختۇر: بىزنىڭ مەھەللىدە بىر تومۇرچى بار ئىدى، تومۇرنى تۇتۇپ، كۆز-قۇلاققا قاراپلا كېسەلنى تاپاتتى. ② سۈپ. كۆچمە. كىشىلەرنىڭ مىجەزى، پوزىتسىيىسىگە قاراپ ئىش قىلغۇچى: ماھىرە تەجرىبىسىز بولغىنى ئۈچۈن، ئىشنى نەدىن باشلاشنى بىلمىدى. ئۇ دەسلەپ «ئوقۇغۇچىلارنى ئىنتىزامدا چىڭ تۇتسام، بىر گەپ بولۇپ قالار» دەپ ئويلاپ، ھەدېسىلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆزىگە كىرىۋالدى. لېكىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە ناھايىتى تومۇرچى باللار بار ئىدى.

**تومۇرداش** ① ئى. يىلتىزى، تومۇرى تۇتاش؛ تومۇرى بىر: ئۆمۈرنىڭ قىممىتى مېھنەت، ئىجاد مېھنەتكە يولداشتۇر. پېشانەڭدىن تۆكۈلگەن تەر، يۈرەك بىرلە تومۇرداشتۇر. ② ئى. ھەمنەپەس؛ تىللى بىر: شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ئەنزە يەككە يېگانە ئىش ئەمەس، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ نەزىرىدىكى ئىككى نەپەر قاچقۇن باندىت، يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن مەخسۇت بەگ، نامەلۇم «ھېكمەتلىك ئۈزۈك» ۋە گۈلىھەسەل خېنىمنىڭ يېقىنقى ھەرىكەتلىرى بىلەن تومۇرداش بولۇشىمۇ مۇمكىن دەپ قارىدى. * ھەممىمىز تومۇرداش — قان-قېرىنداشمىز، ۋەتەنگە ئاققۇزغان تەرىمىز ئوخشاش. ئىچىمىز ئەزەلدىن بىر ئېرىقتىن سۇ، دىللارنى يورۇتار پەقەت بىر قۇياش. ③ سۈپ. يىلتىزداش، بىر يىلتىزدىن ياسالغان: تومۇرداش سۆز.

**تومۇردان** ئى <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولدا ئاق كۈل رەڭ تۈكلىرى بولىدۇ، يوپۇرماقلىرى ئېلليپس ياكى تۇخۇمسىمان تۈمۈنە شەكلىدە بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ؛ گۈلى سېرىق كېلىدۇ، ئۇرۇق مېۋە تۇتىدۇ، مېۋىسىنىڭ رەڭگى قارا بولۇپ، تۆت قىرلىق كېلىدۇ؛ پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېبابەتتە دورا قىلىنىدۇ، نەملىكنى ھەيدەش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش رولىغا ئىگە.

**تومۇرلۇق** سۈپ. تومۇرى بار، تومۇردىن تەركىب تاپقان: ئۇنىڭ قىزىل تومۇرلۇق پاقا كۆزلىرى ئەمەتكە تىكىلدى.

**تومۇرلۇق پەردە** <ئانات> كۆز ئالمىسى ئىچىدىكى بىر قەۋەت نېپىز پەردە. تالا ۋە توقۇلمىسى، ئۇششاق قان تومۇرلىرى قىل تومۇرلاردىن تۈزۈلىدۇ. رەڭگى بىغىر

رەك كېلىدۇ، ئورنى كۆز ئېقى بىلەن تورلۇق پەردە ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. ئۇ كۆز ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن نۇرلارنى سۈمۈرۈۋېلىپ، كۆرۈش سەزگۈسىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينايدۇ.

**تومۇز** ئى [ئە] ① ئەڭ ئىسسىق بولغان 6 ـ ۋە 8 ـ ئاي ئارىلىقىدىكى مەزگىل: **خۇددى تومۇزدا چاڭقىغان كىشىلا مۇزدەك بۇلاق سۈيىنىڭ تەمىنى ۋە ئۇنىڭ قەدرىنى بىلگەندەك، ھاياتنىكى روھىي ھوزۇرنىڭ تەمىنى مانا مۇشۇنداق ئادەملەر ناھايىتى ياخشى بىلىدىكەن! // مەن كىچىك چېغىمدا ـ بەلكىم بۇنىڭدىن 50 يىللارچە مۇقەددەم بولسا كېرەك، تومۇز ئايلىرىدا ئاتام رەھمەتلىككە ئەگىشىپ مۇشۇ سايغا بىر قېتىم ئۇۋغا چىققاندىم.** ② <مېتېئور> 24 مەۋسۇمنىڭ بىرى بولۇپ، 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ، 23 ـ ياكى 24 ـ كۈنلىرى.

**تومۇزغا** ئى <زوئول> بىر خىل ھاشارات. تۈرى كۆپ، ئەركىكىنىڭ قورساق قىسمىدا ئاۋاز چىقىرىش ئورگىنى بولۇپ، شۇ ئورگان ئارقىلىق داۋاملىق ئىنچىكە، يۇقىرى ئاۋاز چىقىرىپ، چىرىلداپ تۇرىدۇ؛ چىشىسى ئاۋاز چىقارمايدۇ، لېكىن قورساق قىسمىدا ئاڭلاش ئورگىنى بولىدۇ؛ توپىنىڭ ئاستىدا ياشايدۇ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزىدىن ئوزۇقلىنىدۇ: **ھەر يىلى يازدا تومۇزغا كېلىدۇ، ناخشا ئېيتىپ ئۇخلىماي كۈندۈز ـ كېچە. ئېيتقىنى ئېيتقان ئۇنىڭ بىر ناخشىنى، بىلمىدىم، ئېيتار يەنە قاچانغىچە؟!**

**توملاق** (توغرىسى: دوملاق) ← دوملاق.

**تون** I ئى [ر <گرېك] ① <مۇز> تاۋۇشنىڭ ئېگىز ياكى پەسلىكى. ② <تىل> خەنزۇ يېزىقىدىكى ھەربىر خەتنىڭ ئوقۇلۇشىدىكى ئاھاڭنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى.

**تون بەلگىسى** <تىل> بوغۇمنىڭ تون تۈرىنى ملدۇرگۈچى بەلگە. « خەنزۇ تىلى منىين لايىھەسى » دە « ˉ، ˊ، ˇ، ˋ » دىن ئىبارەت تون بەلگىلىرى كۆرسىتىلگەن. « ˉ » يۇقىرى تۈز تونىنى، « ˊ » يۇقىرى ئۆرلىگۈچى تونىنى، « ˇ » تۆۋەنلەپ ئۆرلىگۈچى تونىنى، « ˋ » تۆۋەنلىگۈچى تونىنى بىلدۈرىدۇ. يېنىك تونغا بەلگە قويۇلمايدۇ.

**تون** II ئى. ئالدى ئوچۇق، تۈز ياقىلىق، ئۇزۇن سىرتقى كىيىم: **بۇ گەپكە قىسمەت چورۇق ئانچە پەرۋا قىلمىدى. غىزادىن كېيىن ئۇ مەسۇدىخانغا قاراپ: ـ ئانىسى، مېنىڭ يېڭى تونۇم بىلەن ئۆتۈكۈمنى بېرىڭلار، مەن يىغىنغا بارىمەن، ـ دېدى.**

**تون پىچماق** ① تون ئۆچۈن رەخت كەسمەك. ② كۆچمە. باھا بەرمەك، قاندا قىلىقىنى ئايرىماق: **ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بىزنى پراكتىكىغا ئېلىپ كەتتى ۋە بىر ئايدىن ئاشقاندا، مەكتەپكە قايتىپ كەلدۇق، بىز كەلگىچە تەقسىماتنى ئىشلەپ، تونىمىزنى پىچىپ قويۇشقانىكەن.**
*** توغرا ئېيتتىڭىز، ئوخشاشلا ئىككى ئەنئەنىۋى بايرامنىڭ بىرىگە « ئىنقىلابىي »، يەنە بىرىگە « خۇراپىي » دېگەن تونىنى پىچالىغان ئادەم ئالىملىق ئەمەس، پەيغەمبەرلىك مۇقامىغا يېتىپتۇ.**

**تون كىيدۈرمەك** ← **تون ياپماق**: **قىز ـ يىگىتلەرنى بىرقىسىم دوستلىرى بىلەن باشقا بىر ئۆيگە باشلاپ چىقىشتى. ئۇ يەردە ئىككى قېتىم نىكاھ ئوقۇلدى. ئاخىرىدا تون كىيدۈرۈلدى، كېيىن كۆپچىلىك يىگىت ـ كېلىنلەرنى مۇبارەكلەشتى.**

**تونغا كىرمەك** قىياپىتىگە، تۇسىگە كىرمەك: **مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى پۇرسەت بىلىپ، « ئىنقىلابىي » تونغا كىرىۋالغان بۇ ئەبلەخ**

دادامدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن زەھەرلىك قولىنى ئىشقا سالغان.

**تونىنى تەتۈر كىيمەك** ← **چاپىنىنى تەتۈر كىيمەك**: تۈنسا: — نەچچە كۈندىن بېرى ئەتىيازدىلا كوپىراتىپقا قوشۇلمىغانغا پۇشايمان قىلىۋاتاتتىلا، بىر دەمدىلا تونلىرىنى تەتۈر كىيىۋاپتىلىغۇ يەنە؟ — دېدى.

**تون ياپماق** تون كىيدۈرۈپ تارتۇقلىماق، تون تەقدىم قىلماق: — قاسىم جىڭسانىڭ مۇددىئاسى ماڭا ئايان. — دېدى شائۇر دورغا، — ئالسىن شەت ئاچقسام، ماڭا تون ياپمدى، سوغا بەرمدى دەپ خاپا بولۇپ قاپتۇ دەيمەن.

**تونا** ئى [ئىنگ < لات] ← **تونا دەرىخى**.

**تونا دەرىخى** <بوت> ئازادى دەرىخى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى پەيسمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، گۈلى ئاق، مېۋىسى غوزىلىق مېۋە بولۇپ، ئېلىپس شەكلىدە، رەڭگى چاي رەڭگىدە بولىدۇ؛ يۇمران يوپۇرمىقى خۇش بۇي پۇرايدۇ، يېگىلى بولىدۇ.

**تونچە** ① سۈپ. ياقىسى تونغا ئوخشاش ئويۇلۇپ، تۈز تىكىلگەن: تونچە چاپان. تونچە جۇۋا. تونچە ياقا. ② ئى. مۇشۇنداق شەكىلدە تىكىلگەن چاپان.

**تونچە ياقا** ئايرىم ياقا بېكىتمەستىن، تون شەكلىدە ئويۇپ تىكىلگەن ياقا.

**تونسىز** I سۈپ. تونى يوق: تونسىز تىللار.

**تونسىز** II سۈپ. تون كىيمىگەن، تونى يوق: تونلۇقتا كۆپ سوغۇق، تونسىزغا ئاز سوغۇق (ماقال).

**تونلۇق** سۈپ. ① تون كىيگەن، ئۈستىدە تونى بار: دەل شۇ چاغدا ئاق تۇماق كىيگەن، بەقەسەم تونلۇق بىر ئادەم مەيدانغا سەكرەپ چۈشۈپتۇ-دە، بىلىنى تاۋار بەلباغ بىلەن يەتتە قات باغلاپ، ئۇنىڭ بىلەن بەل تۇتۇشۇپتۇ. * يېشىل-يېشىل يوپۇرمىقىم ياشاردى كەتتى، يېشىل تونلۇق يارىم مېنىڭ قەشقەرگە كەتتى. // توي — تونلۇقنىڭ، ھېيت — ئاتلىقنىڭ (ماقال). * بۇنداق چاغلاردا ھېلىقى شايى تونلۇقلار لوتىۋاللارنىڭ گۆدەك قەلبىدە پۈتمەس-تۈگىمەس نەپرەت ئويغىتاتتى. * تونىنى ئايرىپ چىقتى-دە، ئۇ ياققا يېقىنراق ئەكىلىپ، قولىغا ئېلىپ ئۆرۈپ-چۆرۈپ كۆرۈۋىدى، چەكمەن تونلۇقنىڭ چىرايى غەلىتە ئۆزگەردى. ② تون تىكىشكە باپ، لايىق، يېتەرلىك: مەن ئىككى تونلۇق رەخت سېتىۋالدىم.

**تونىنا** مىق [ر< فران] مىلىك كىلوگراممغا تەڭ ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى: ئۇ ھېسابلاپ كۆردى، ھەرقانچە قىلىپمۇ تۆت-بەش توننا چويۇن يىغقىلى بولمايتتى.

**توناژ** ئى [ر< فران] پاراخوت، كېمە قاتارلىق قاتناش قوراللىرىنىڭ توننا بىلەن ئىپادىلەنگەن يۈك كۆتۈرۈش ئىقتىدارى.

**تونىلىق** سۈپ ① توننا ئېغىرلىقىدىكى: — سىز بازغاندا ئىشلەۋاتامسىز؟ — دېدى ئاخىرى نېمە دېيىشنى بىلمەي. ئالدىدا تۇرغان قىزنىڭ بىر تونىلىق بازغاندا ئىشلەۋاتقىنى ئۇنى خېلىلا تاڭ قالدۇرغانىدى. ② مەلۇم توننا يۈك سىغدىغان ياكى كۆتۈرەلەيدىغان: تۆت تونىلىق ئاپتوموبىل.

**تونىلىماق** پ. بىر توننا، بىر توننا قىلىپ ئايرىماق.

**تونۇتماق** ① «تونۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاتناشقىنىڭ ياخشى بولدى. رەيھانەمنى كۆردۈڭ، مېنىمۇ كۆردۈڭ، ساڭا ھەممىنى تونۇتماقچى بولغان پەرىزاتنىمۇ كۆردۈڭ. مەن چىراي-شەكىل جەھەتتىن كۆرۈشنى ئەمەس، ماھىيەتتىن كۆرۈشنى ئېيتىۋاتىمەن. * جاھان مۇنبەرلىرىدە ئۆتتى دەرسىنى، قىلىپ پايخان جاھالەتنى — قەپەسنى. يورۇتتى پەن بىلەن قايتا زېمىننى، تونۇتتى يەنە ماچىن ھەمدە چىننى. ② قانداقلىقىنى كۆرسەتمەك، تېپتىماق: بىر ھەرىپگە مەپىنىڭ بىر ئېتىنى سېتىۋېدىم. يا پۇلنى بېرەي

دېمەيدۇ، ئەمدى بەرمەيدىغان بولسا، ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قويمىسام. * ئارىلىشىپ قالدىڭلار خەپ يامان يەردە، دېۋىدىم تونۇتۇپ قوياي قامچامنى! خەيرىيەت، سەكسەن خو بولسۇن ئۆلچەڭلار! كەچۈردۈم دانىيار سەنەدنىڭ ئالچاقنى.

**تونۇر** ئى [ئە] ئىچىگە ئوت يېقىپ قىزدۇرۇپ، نان ياقىدىغان، شور ياكى ئوتقا چىدامىلىق سېغىز، خىشتىن يېرىم شار شەكلىدە ياسالغان ئوچاق: ئىككى ئايالمۇ قېرى سۆگەت ئاستىدىكى تونۇردا بىللە نان ياقمايدىغان بولۇۋالدى. * ئۇ بىرنەرسە تىڭشاۋاتقان ئادەمدەك بوينىنى ئېگىپ، جىم بولۇپ قالدى، مەن تونۇردىن پۇتۇمنى تارتىۋېلىپ، ئاسمانغا قارىدىم.

**تونۇر كاۋىپى** ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەكلىكلىرىدىن بىرى. ئالدى بىلەن سويۇلغان ۋە ئىچى تازىلاپ ئېلىۋېتىلگەن قوي گۆشىنىڭ سىرتىغا تۇخۇم سېرىقى، تۇز، سوققان زەرچىۋە، زىرە، قارىمۇچ، ئۇندا تەييارلانغان شىرە سۇرتۇلىدۇ، ئاندىن قىزىتىلغان تونۇرنىڭ چوغلىرى ئېلىۋېتىلىپ، تەييارلانغان گۆش بىر ياغاچقا ئۆتكۈزۈلۈپ، تونۇرغا تىكلەپ تورغۇزۇلىدۇ. تونۇرنىڭ ئاغزى ۋە داپخۇنى هور چىقمايدىغان قىلىپ ئېتىلىدۇ، بىر يېرىم سائەتتەك ۋاقىت تونۇر ئىچىدە قاقلاپ پىشۇرۇلىدۇ.

**تونۇش** ① «تونۇماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: بۇ بالىنىڭ هەرپلەرنى تونۇشى ۋە كۆچۈرۈپ يېزىشى ياخشى ئىكەن. * مەن ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ ئەمدىلا تونۇشۇمغا، ئۇ هەيرانلىق بىلەن مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتىدى. ② سۈپ. بىرەر كىشى بۇرۇندىن تارتىپ بىلگەن، كۆرگەن؛ ئۇنىڭغا بۇرۇندىن مەلۇم بولغان: ئۇنىڭ سۆزى تۈگمەيلا، ئىككىنچى تونۇش كىشى قولۇمنى قىستى، لېكىن ئۇنى قەيەردە كۆرگەنلىكىمنى دەرهال ئېسىمگە ئالالمىدىم. * كامىل بوينىنى باغلىغان كېپىكتەك، ئائىلاج زەينەپكە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ تونۇش ياتىقىغا يېتىپ باردى. ③ ئى. بىرەر كىشى كۆرگەن، بىلگەن، تونۇيدىغان كىشى: بىر كۆرگەن تونۇش، ئىككى كۆرگەن تۇغقان (ماقال). * بۈگۈن بىزگە ئۇنچە شوپۇر كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تىلىۋالدى ئىسىملىك بىرى بىلەن هاپىز ئاكا كونا تونۇشلاردىن ئىكەن. * كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرى يوق. ئۇمۇ بىڭارغا دېگۈدەكلا كېلىپ قالدى. يەنە بىر تونۇش ئارقىلىق 25 كىلوگرام كىرسىن سېتىۋېلىپ، ئۇنىمۇ ئۆيگە ئاچىقىپ قويدۇم. ④ ئى. مەلۇم بىر شەيئى ياكى مەسىلىگە قارىتا شەكىللەنگەن مۇئەييەن قاراش، پىكىر، ئوي: زاۋۇت پارتكومىنىڭ ئەزالىرى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ئاخىرى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇنى زاۋۇتقا قايتۇرۇپ كېلىپ، ياردەم ۋە تەربىيە بېرىشنى قارار قىلدى.

**تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرمەك** بىرەر مەسىلە توغرىسىدا ئوخشاش كۆز قاراش ۋە پىكىرگە ئىگە بولماق، بىر خىل چۈشەنچىگە كەلمەك: هەر مىللەت كومپارتىيە ئەزالىرى، مەيلى ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان كومپارتىيە ئەزالىرى بولسۇن ياكى خەنزۇلاردىن بولغان كومپارتىيە ئەزالىرى بولسۇن، ئۇنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، نەمۇنىلىك ۋە باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىشى لازىم.

**تونۇش-بىلىش** تونۇشىدىغان، بىلىشىدىغان كىشى؛ ئاغىنە: هەممەيلەن ئورۇندۇقلاردىن جاي ئېلىشتى. تونۇش-بىلىشلەر يەنە بىر قېتىم ئۆزئارا هال-ئەھۋال سوراشتى. شەھەردىن چىققانلار جۇۋىلىرىنى سېلىپ، ئورۇندۇقلارنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئارتىشتى. * «بوستان» دا مېنىڭ تونۇش-بىلىشلىرىم ناهايىتى كۆپ.

**تونۇشتۇرغۇچى** ① «تونۇشتۇرماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: ئېكسكۇرسىيە ئەھۋالنى

تونۇشتۇرغۇچى پېشقەدەم ئىشچى سەھنىگە چىقىشى بىلەن ھەممە چاۋاك چالدى. ② ئى. بىراۋنى بىرەر تەشكىلات ياكى مەلۇم بىر كىشىگە لاياقەتلىك دەپ مەلۇم قىلغۇچى كىشى: – مېنى ئالداۋاتىسىز، – دېدى شائىشياۋ ۋارقىراپ، ئۇنىڭ سەۋر قاچىسى تولۇشقا باشلىغانلىقى روشەن ئىدى، – ھېچكىم تونۇشتۇرغۇچىسى بولمىغان ھالدا بىرەر تەشكىلاتقا كىرمەيدۇ.

**تونۇشتۇرماق** ① «تونۇشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: – بۇ تۇرغان، – دەپ تونۇشتۇردى لوتپۇللا ئەغزەمگە، – مېنىڭ يېقىن ئاغىنەم، مۇشۇ مەكتەپنىڭ قاراۋۇلى ھەۋلىئاكامنىڭ بالىسى. ئۇمۇ ئىمتىھان بەرمەكچى، – لۇتپۇللا ئاندىن ئەغزەمنى تۇرغانغا تونۇشتۇردى. ② مەلۇم بىر كىشى ياكى مەلۇم بىر ئىش توغرىسىدىكى تەسىراتى، قارىشىنى سۆزلەپ بەرمەك، يازما ئىپادىلىمەك: ئاگرونوم دېھقانلارغا ھەر خىل ئوغۇتنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇردى. ③ بىراۋنى بىرەر تەشكىلات ياكى مەلۇم بىر كىشىگە لاياقەتلىك دەپ مەلۇم قىلماق: يەر ئىسلاھاتىدا ئەبەيدۇللا دۇيجاڭ بۇ ئائىلىگە ئۆز قولى بىلەن يەر، ئۆي تەقسىم قىلىپ بەرگەن، ئايشەمخان ھەدىنىڭ يولدىشى سابىرنى پارتىيىگە تونۇشتۇرغانىدى. ھازىر سابىر ئاكا «يېڭى ھايات» گوڭشېسىنىڭ مۇدىرى.

**تونۇشتۇرۇش** ① «تونۇشتۇرماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: بۇ تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يولۇچىلار بۇ ئۇيغۇر قىزىغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن قاراشتى. ② ئى. مەلۇم بىر كىشىنىڭ قايسى ئورۇندىن ئىكەنلىكى ۋە سالاھىيىتى تونۇشتۇرۇپ يېزىلغان ئىسپات خەت: تونۇشتۇرۇش ئالماق. تونۇشتۇرۇش يازدۇرماق. * – تونۇشتۇرۇش قېنى؟ – ئىلى ئاخۇن بوۋاي مېھمانغا قارىدى. مېھمان تېگىرقىغان ھالدا: – مەن تونۇشتۇرۇشنى ئېلىشنى ئۇنتۇلۇپتىكەنمەن، – دېدى. * ماھىرە مۇدىر بىلەن ئاددىي ۋە تېزلا قىلىپ سالاملىشىۋالغاندىن كېيىن، سومكىسىدىن تونۇشتۇرۇشنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا بەردى.

**تونۇشتۇرۇلما** ئى. مەلۇم بىر شەخس ياكى ئۇنىڭ كىتابى تونۇشتۇرۇپ يېزىلغان ماقالە، ئەسەر: بەزى ئالىملار فارابى ئەسەرلىرىنىڭ ھەر خىل يېزىقتىكى نۇسخىلىرى، ساقلانغان ئورنى ۋە مەزمۇنىنىڭ رەسمىي تونۇشتۇرۇلمىسىنى ئىشلەپ چىقتى.

**تونۇشتۇرۇلماق** «تونۇشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىز جەنۇبىي شىنجاڭغا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ئۈچۈن ماڭغان ئالتە پېدائىيمۇ قىزلارغا تونۇشتۇرۇلدۇق. * گەپ-سۆزلەر باشلىنىپ، ئۆزئارا تونۇشتۇرۇلىۋاتقان چاغدىلا، ئۇ ئولتۇرۇشنىڭ مەنىسىگە يەتتى، بۇ يەردە ئادىل بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندى.

**تونۇشسىز** سۈپ. تونۇش بولمىغان، تونۇمايدىغان، ناتونۇش، تونۇش ئەمەس، كۆرۈپ باقمىغان: كۈندۈزى ئۇ پېشقەدەم ئۇستازلارنى ئۇستاز تۇتۇپ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، جاپاغا چىداپ مەشىق قىلسا، ئاخشىمى يانار يېقىپ قويۇپ، تونۇشسىز بولغان بەلگە ۋە سانلار بىلەن تونۇشاتتى. * ھاۋا ئوچۇق كۆز كۈنى ئىدى. مەن تونۇشسىز شەھەر كوچىسىدا تەمتىرەپ يۈرەتتىم. ئۇزۇن، قارا چاپان كىيگەن سېمىز بىر كىشى مېنى چاقىردى. * شۇنداق قىلىپ مىغ-مىغ كىشى بار بۇ ئۈرۈمچى شەھىرىدە بىر ھەپتىنى ھېچبىر تونۇشسىز ئۆتكۈزدۈم.

**تونۇشلۇق** ① سۈپ. تونۇيدىغان، بىلىدىغان، تونۇش: گۇڭشېدىن خېلى ئۇزاپ كەتكەن ئابلا تونۇشلۇق بۇ ئاۋاز بىلەن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئۇستىگە ئاق پەشمەت كىيىۋالغان تۇردى ئاكامنى كۆردى. * زەيتۇننىڭ ئاتىسى مۇشۇ ئەتراپتا، ھەممىگە تونۇشلۇق ماھىر خالتاپلارنىڭ بىرى ئىدى. ئەنىسىز يىللار ئۇنىڭ گۈللەۋاتقان ھۈنىرىنىڭ بېلىنى ئۇشتۇدى. ② ئى.

تونۇش-بىلىشلەرنىڭ ئۆزئارا يېقىنلىق مۇناسىۋىتى: پەن-تەتقىقات پونكىتىدىكى ئەنۋەرنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان بىرقانچە ياش تېخنىكلار بىلەن تونۇشلۇقى بولغاچقا، يىگىتلەر قىزلارغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ياتاقلىرىغا باشلاپ كېلىشتى. * ئۇلارنىڭ تونۇشلۇقى ئەنە شۇنچىلىكلا ئىدى.

**تونۇشلۇق بەرمەك** ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلدۈرمەك، ئۆزىنى تونۇتماق: ئۆكسى بىر كۈنى شەھەردە تاماشا قىلىپ يۈرۈپ، ئاكىسىنىڭ جۇل-جۇل ئەسكى كىيىملەر بىلەن نان تىلەپ، قەلەندەرلىك قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، ئاكىسىنى دەرھال چاقىرىپ، تونۇشلۇق بېرىپتۇ. * موللا نىياز ناھايىتى ئېسىل ئادەم. ئۇ توختى بوۋاقنى، مېنى، ھەممىمىزنى ئوبدان بىلىدۇ، كېيىن يەنە بېرىپ قالساڭ، تونۇشلۇق بېرىپ قويغىن.

**تونۇشماق** ① «تونۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇنىڭدىن 30 يىل ئىلگىرى سىرتقى يۇرتقا كەتكەن تۇغقانلىرىمىز مېنى بىر قاراش بىلەنلا تونۇشمىدى. * – بىرپەس توختاڭلار! – دېدى سىۋۇۋجاڭ، – مانا بۇ ياق ئاشپەزلەر بەنىنىڭ يېڭى بەنجاڭى بولىدۇ، تونۇشۇپ قويۇڭلار! ② بىرەر كىشى بىلەن ئۆزئارا تونۇش بولماق، بىر-بىرىنى تونۇۋالماق، بىلىۋالماق: ئۇكام، سەن كىچىك تۇرۇپ ل. مۇتەللىپ بىلەن قانداق تونۇشۇپ قالدىڭ؟ * بىز شۇ سائەتتىن باشلاپ بىر-بىرىمىز بىلەن تونۇشۇپ، گويا بىر ئانىدىن تۇغۇلغان قېرىنداشلاردەك بولۇپ كەتتۇق. ③ بىلمەك، چۈشەنمەك، خەۋەردار بولماق: ئۆزۈم قاراۋېرەي، كېسەلنىڭ ئەھۋالى بىلەن خېلى تونۇشۇپ قالدىم. * ئەپەندىم ئىچكى جۇڭگودىكى زاۋۇت ئىشچىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتى بىلەن تونۇشتى. ④ تەپسىلىي كۆرۈپ چىقماق، ئۆگەنمەك: ئۇ ساۋادى چىقىش بىلەنلا ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قىزىقىپ، ناۋايى، مەشرەپ قاتارلىق شائىرلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇشقا كىرىشتى، كېيىنچە ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»، شەيخ سەئىدىنىڭ «گۇلىستان»غا ئوخشاش كىتابلىرى بىلەن تونۇشتى. * لوتپۇللا كىچىك دادىسىنىڭ ياردىمىدە نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ چىقتى، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى يادقا ئالدى، بىرقىسىم ئۇيغۇر، تاتار يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەنمۇ تونۇشۇپ چىقتى.

**تونۇغۇسىز** سۈپ. تونۇغىلى بولمايدىغان، تونۇۋېلىش مۇمكىن بولمايدىغان: بىچارە ئايال مېنىڭ ھېسابىمچە تېخى 40 قا بارمىغان بولسىمۇ، چاچلىرى خېلى خوپ ئاقىرىپتۇ، ئىككى مەڭزىنىڭ قىزىللىقى تۈگەپ، كۆزلىرى ئىچىگە كىرىشىپ، تونۇغۇسىز بولۇپ كېتىپتۇ. * ئوغرى ئۆلگەن. دومىلاپ چۈشكەن ئېغىر تۈلۈك ئوغرىنىڭ كاللىسىنى تونۇغۇسىز ھالدا ئېزىپ مىجىقىنى چىقىرىۋەتكەن.

**تونۇلماق** ① «تونۇماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەرقانچە گىرىم قىلسىمۇ، پېشانىسىدىكى تارتۇقتىن تونۇلۇپ قېلىپتۇ. ② نام چىقارماق، مەشھۇر بولۇپ قالماق: ئۇ دوختۇرخانىغا كېلىپ، بىر ھەپتە ئۆتە-ئۆتمەيلا بىرەر يۈز كىشىنىڭ ھەممىسىگە تونۇلدى. * ئۇنىڭ نامى تىلدىن-تىلغا كۆچۈپ، قۇلاقتىن-قۇلاققا ئاڭلىنىپ، جانلىق ئۆگىنىپ، جانلىق ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ پىر ئۇستازى سۈپىتىدە ھەممىگە تونۇلدى.

**تونۇماق** پ ① ئۆزىگە تونۇشلۇق كىشى ياكى نەرسىنى كۆرۈنۈشىدىن ياكى مەلۇم بەلگىسىدىن بىلىۋالماق: بېخىل باي بولسا، ئانىسىنى تونۇماس (ماقال). * سىز پىرىستاندىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى تونۇيسىز. * گەزمال بېسىلغان ماشىنا ئۈستىدە ئىككى كىشى ئولتۇراتتى، مەن ئۇلارنى تونۇدۇم. بىرى دوگوۋورچى سودىگەر ئەكرەمنىڭ ئىنىسى ئابلىز، يەنە بىرى ئۇنىڭ ھېسابچىسى ئىدى. * شۇ ئارىدا، تۆمۈر خەلپىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، نۇرۇل بوۋا باشلىق كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كىردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېلىقى كۈنى مەسچىتتىكى

ۋەقەدىن كېيىنلا، تۆمۈر خەلپىنى تونۇغان كىشىلەرمۇ بار ئىدى. ② بىلمەك، ئۇقماق: ھەقىقەتەنمۇ تالانتلىق مۇزىكانت دېيىشكە بولىدۇ. بۇ مۇزىكىنىڭ ئىجادچىسى مەرھۇم تاشۋاي بىر يوقسۇل، نامرات ئىدى، خەت تونۇمايتتى، نوتىنى بولسا زادىلا بىلمەيتتى. لېكىن ئۇنىڭ ياراتقان مۇزىكىسى قانداق ياخشى-ھە؟! * بىز تەجرىبە-ساۋاقلاردىن بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش بىلەن تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى بىرلەشتۈرۈش زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتۇق. ③ ئۆز ئۈستىگە ئالماق، ئىقرار قىلماق: ــ يىغلاشتىن ھېچنېمە چىقمايدۇ، ــ دېدى سابىر قاسىمغا قاراپ سەممىي ھالدا، ــ سىز دەرھال خاتالىقىڭىزنى تونۇپ، سۆلايمان بىلەن نامانىنى پاش قىلىڭ، مەسىلىڭىزنى تولۇق تاپشۇرۇپ، خاتالىقىڭىزنى تونۇسىڭىزلا بولىدى. ④ ياخشى-يامىنىنى بىلمەك، پەرقلەندۈرمەك: ياخشى مالنى تونۇشقا كۆز كېرەك، ناچار مالنى سېتىشقا سۆز كېرەك (ماقال). * ئەبەيدۇللا مال تونۇيدىغان، كۆزى ئۆتكۈر ئادەم. ⑤ ئېتىراپ قىلماق، قارىماق، بىلمەك: ــ ئېيتقىنا، داداڭنى راستتىن ئەكسىلئىنقىلابچى دەپ تونۇمسەن؟ ــ مەن بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب بەردىم. * 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا زور كۆپچىلىك ياۋروپالىقلار ئۇنى بۇنىڭدىن باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دەپ تونۇغانىدى. * ئابدەم بوسۇغىدا تۇرغان بۇ ئادەمنىڭ چىرايىنى پەرق ئېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئاۋازىدىن ئۇنىڭ سابىر ئىكەنلىكىنى تونۇدى ۋە يەڭگىل نەپەس ئېلىپ: ــ ھەئە، ــ دەپ جاۋاب بەردى.

**تونىل** ئى [ر<ئىنگ] تاغ ئىچىدىن ياكى يەر ئاستىدىن تېشىپ ئېلىنغان يول، تەشمە؛ ئۆتۈشمە: ساماليوتلار ساما بويلاپ ئۇچقىنىدا ھەر مەھەل، قاناتلىقلارنىڭ پەرۋازىدا شانىڭ كېتەر يىراققا. مېغىزلىرىڭ ماغدۇر بېرەر، شەربەتلىرىڭ شەرەپشان، تۈنلەر كېچىپ تونىللاردا پويىزغا ياققان چىراغقا.

**تووۋا** [ئە] ① ئى. قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۇنى تەكرارلىماسلىق ئۈچۈن بىرىلگەن ۋەدە ياكى سورالغان ئۆزرە: تووۋا گۇناھنى يەر، سەدىقە بالانى يەر (ماقال). * ئىلگىرى مەن ئۆيلىنىشتىن باش تارتقىنىم ئۈچۈن، ھازىر سىلەر ئۇنى مەندىن يوشۇرۇۋاتىسىلەر، ئەمدى بىلدىم، قىلمىشىمغا تووۋا. ② ئىم. تەئەججۇپلىنىش، ھەيران قېلىشنى ئىپادىلەيدۇ: ــ تووۋا! ــ دېدى خەلچەم غودۇراپ، ــ نېمانچە خۇيلىنىش، بىر ئۆي دېگەندە ھەركۈنى بەتتە پولۇ قايناۋەرمەيدۇ، بىر كۈن قويۇق، بىر كۈن سۇيۇق، ئۈنۈگۈن پولۇ يېسىلە، بۈگۈن سۇيۇقئاش، ئۆي دېگەننى شۇنداق تۇتىمىز. * ۋۇي، ماۋۇ كېپەكلىرۇ، قاچان كېلىپ قالدىڭ؟ تووۋا-تووۋا، ئۇزۇن زامان بوپتۇ سېنى كۆرمىگىلى، خۇددى ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسىدەك يوقاپلا كەتتىڭ. ھى... ھى... ھى.

**تووۋا خۇدايىم** قىستۇرما رولىدا كېلىپ پۇشايمان ۋە ھەيران قېلىش تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدۇ: ــ تووۋا خۇدايىم، ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا كېتىپتىمىز، ــ دېدى خاسىيەتخان ئوتتۇرىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، ــ يۈر قىزىم، ساڭا ئاتاپ تىككەن يوتقان-كۆرپىلەرنى كۆرۈپ باق. * ــ تووۋا خۇدايىم! ــ دېدى كېرىم بويىتاق ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەندەك ياقىسىنى چىشلەپ، ــ ئوڭۇمدا چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ نېمە؟

**تووۋا دېمەك** ① باشقىلاردا سادىر بولغان يامان ئىش، يامان قىلمىشلاردىن ئۆكۈنمەك، نەپرەتلەنمەك: چېچىلىپ قالغان نەچچە مىڭ كوب مېتىر ياغاچنى يۆتكەپ كېتىش ئۈچۈن قايتا يول ياسىغاندىن كۆرە، ئورمىنى غول بولغان باشقا سايلارغا يەنە يېڭى يول سالسىلەر؛ بۇ ئىسراپچىلىقنى كۆرۈپ، چىداپ تۇرغان تاش يۈرەكلەرگە تووۋا دېگۈم كېلىدۇ. ② تەئەججۇبلەنمەك، ھەيران قالماق: تووۋا دەيمەن، ئادەم دېگەن بىر-بىرى بىلەن كۆرۈشمەمدۇ، بىردەم-يېرىمدەم مۇڭداشمامدۇ؟ شۇ چاغلاردا ئاشۇلارنىڭ ئەقلى-ھوشى

نەگە كېتىۋېدىكىن-تاڭ؟ مانا بۈگۈنكى سورۇنغا قاراڭلار، بۇ يەرگە شەھەردىكى كادىرلارمۇ، ساقچىلارمۇ كەپتۇ، لېكىن ھېچكىمگە چېقىلغىنى يوق. ③ ئىككىنچى شەخس بۇيرۇق مەيلىدە قارشى تەرەپنىڭ پىكرىنى، دېگەن گېپىنى ئىنكار قىلىش مەنىسىدىكى قىستۇرما سۆز رولىدا كېلىدۇ: تووۋا دېسىلە ئۇستام، مېنىڭ ھېلىقى قىزىم بار ئەمەسمۇ، ئۆتكەن يىلى ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتى. * ياللا ! تووۋا دېسىلە، نېمە دېگەنلىرى ئۇ، سىلىدىن چوڭ، خۇداغا بېرەمتى ئۇ قىزىنى، ماقۇل دېسىلە، بولمىسا سەۋەب قىلمىز-دە! «سەۋەب قىلساڭ، سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ!

**تووۋا قىلماق** ① قىلمىشى، گۇناھىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۆزرە ئېيتماق، تەكرار-لىماسلىققا ۋەدە بەرمەك: تووۋا قىلغانغا تۆگە بەر (ماقال). * كۆردىڭىزمۇ، نۇرغۇن كىشىلەر بۇرۇنقى يامانلىقلىرىغا تووۋا قىلىۋاتىدۇ، مېنىڭچە، ئاز ساندىكى جاھىللارنىڭمۇ ئۆزگەرمەي ئامالى يوق. * ـ تاجىنسا، ماڭا ئىشىنىڭ، مەن تووۋا قىلدىم، ـ دېدى ئابدۇنىياز. ② بىرىنچى شەختە ئۆكۈنۈش، ھەيران قېلىش مەنىسىدىكى قىستۇرما سۆز رولىدا كېلىدۇ: تووۋا قىلدىم! قۇشلار ھەققىدىكى مەسەل-لىرىڭىدىن بولسا، يەنە ئېيتىپ بەرسەڭ. * يەنە چاي ئىچىپ دەۋاتىدىلىغۇ، مەن ئالدىرايمەن كەتكىلى، ئېشىكىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى دەپ، تووۋا قىلدىم، ئادەمنىڭ جېنىغا تېگىپ مۇنۇ ئادەمنىڭ گېپىنى، بىر پارچە نان ئېلىپ ماڭمامدۇ.

**تووۋا-تەزەررۇ** يېز ت. قىلمىشى ئۈچۈن سورالغان ئەستايىدىل كەچۈرۈم، قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ، يېلىنىپ سورالغان ئۆزرە: چوڭ بىر جىنايىتى ئۈچۈن قاماق جازاسىنى تارتىپ چىققان. مانا ئەمدى تووۋا-تەزەررۇ بىلەن گۇناھىنى يۇيۇپ يۈرۈپتۇ.

**تووۋا-ئىستىغپار** قىلمىشى ۋە گۇناھىغا قىلىنغان تووۋا ۋە سورالغان كەچۈرۈم، مەغپىرەتنى تەلەپ قىلىپ ئېيتىلغان مۇناجات، دۇئا: ئۇ تووۋا-ئىستىغپار ئايىتى ئوقۇپ بولۇپ، دەرھال ئۆزىنىڭ تونۇگۈن ئاخشام گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىنى سۆزلەشكە باشلىدى. * بۇرۇنىسىدا لەشكەرنىڭ ئايىغى تەگكەن يەردە، تىرىك جانلىق قويماي قىرىپ تاشلىناتتى. لېكىن، بۇ ھەقتە تووۋا-ئىستىغپار قىلىناتتى.

**تووۋا-ئىستىغپار ئوقۇماق** قىلمىشى ۋە گۇناھىغا تووۋا قىلىپ، كەچۈرۈم سورىماق ۋە شۇ مەقسەتتە ئايەت ئوقۇماق: ئۇ لاردىن بۇنداق سۆزنى ئاڭلىغان ئالاۋىدىن ئەبۇ ئەششاماتنىڭ ئانىسى خوتۇنلارغا: ـ تووۋا-ئىستىغپار ئوقۇڭلار! قانداق قىلىپ بۇ بالا ئەدەبسىز كىشى بولىدۇ، ئۇ يات ـ غەيرىي ئەمەس، بەلكى مېنىڭ تەربىيە كۆرگەن ئوغلۇم، قەلبىمنىڭ مېۋىسى، ـ دېدى.

**تووۋا-ئىستىغپار ئېيتماق** قىلمىشى ۋە گۇناھىغا تووۋا قىلىپ كەچۈرۈم سورىماق: تووۋا-ئىستىغپار ئېيت بالا، جانىنىڭ خىيالىنى قىل، ھازىر چاقچاق قىلىدىغان چاغمۇ! * مۇلازىملار ياقىلىرىنى چىشلەپ، تووۋا-ئىستىغپار ئېيتىشىپتۇ.

**تووۋرا** ئى. ئات-ئۇلاغلارنىڭ تۇمشۇقىنى كىرگۈزۈپ، بېشىغا ئېسىپ، بوغۇز بېرىدىغان باغلىق خالتا: بۇ چاغدا ھارۋىكەش يەم توشقۇزۇلغان تووۋرىنى ئاتنىڭ بوينىغا ئېلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

**تووۋلاتماق** «تووۋلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ـ ۋاي قىزىم، ئۇكاڭنى تووۋلاتماڭچۇ؟ ـ دېدى ئۇنىڭغا ئاتىسى.

**تووۋلاشماق** ① «تووۋلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: چېرىكلەر يالاڭ قىلىچنىڭ پايىنكى بىلەن سول بىلىكىدىكى قالقاننى ئۇرۇپ: ـ ئامان-ئامان! ـ دەپ تەڭ ئاۋاز بىلەن تووۋلىشاتتى. * چوڭ لامپىلار بىلەن ئاپئاق يورۇتۇلغان كىنوخانا ئالدىدىكى مەيداندا گازىرچىلار، كاۋاپچىلار، باققاللار،

ناۋايلار بەس-بەس بىلەن تووۋلىشىپ، خېرىدار چاقىرىشماقتا ئىدى. ② ۋارقىراپ-جارقىراپ جېدەللەشمەك، جاڭجاللاشماق، ئۇرۇش-ماق: شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىر-بىرى بىلەن تووۋلىشىپ قالدى.

**تووۋلانماق** «تووۋلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چوڭ بەزمە غېرىب-سەنەم ئاھاڭلىرى بىلەن ئاياغلىشىپ، قولاقنىڭ پەردىلىرىنى يىرتقۇدەك كۈچلۈك ئاۋازدا تووۋلانغان كوچا ناخشىلىرى باشلىنىپ كەتتى.

**تووۋلىماق** پ ① خېلى يىراقتىكى كىشىلەرمۇ ئاڭلىغۇدەك قىلىپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئېيتماق؛ ۋارقىرىماق: ئارىدىن بىر-ئىككى مىنۇت ئۆتە-ئۆتمەي، رەنا بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان ساۋاقدىشى مۇختەر ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى-دە: ـ مېنىڭ، مېنىڭ پۇلۇم چۈشۈپ قاپتۇ، ـ دەپ تووۋلىدى. * ياڭراتتى قىقاس-چۇقان، شوخ كۈلكىلەر، يىگىتلەر چالار راۋاب، چەكمەكتە داپ؛ ياسانغاندى قىزلار گۈل دەستىدەك، تىنمايدۇ ئۇلار خۇشال ناخشا تووۋلاپ. ② باشقىلارنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن چاقىرماق: ئاتنىڭ تۇياق تاۋۇشى ئەكبەرنىڭ قۇلىقىغا كىردى. ئۇ ئاستا-ئاستا كەينىگە ئۆرۈلدى. ئۆزىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان سەلىمنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ، بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى-دە: ـ سەلىمە، سەلىمە، ـ دەپ تووۋلىدى. * يېنىككىنە ماتۇر ئاۋازى گۈرۈلدەپ، باغقا بىر جىپ كىرىپ كەلدى-دە، شىپاڭنىڭ ئالدىدا توختاپ، ئىچىدىن باغنىڭ مەسئۇلى بارات ئاكا چۈشتى ۋە مەنزەر ياتاققا قاراپ: ـ ئايشەم، ھەي، ھەي ئايشەم، بۇ ياققا چۈشۈڭ! سىزگە بىر ياردەمچى ئەكەلدىم، ـ دەپ تووۋلىدى. ③ داد-پەرياد سالماق، ۋارقىرىماق: ئۇلار سۇتتەك ئايدىڭدا ئۆگزىنى بېشىغا ئاپتۇ. باي شوتىدىن يىقىلغىلى تاس قاپتۇ ۋە ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تووۋلاپتۇ.

**تووۋىنامە** ئى [تووۋا+نامە] قىلمىشىغا ۋە گۇناھىغا پۇشايمان ياكى تووۋا قىلىپ، قايتىلىماسلىق ئۈچۈن ۋەدە بېرىپ يېزىلغان تىلخەت: ئارتۇر قەغەزنى ئېلىپ ئېچىپ، ئانىسىنىڭ قولى بىلەن يېزىلغان خەتنى تونۇدى، چېپىلاسىغا قارىغاندا، بۇ ئارتۇر تۇغۇلۇشتىن تۆت ئاي ئىلگىرى يېزىلغان، ئانىسىنىڭ ئېرىگە يازغان تووۋىنامىسى بولۇپ، ئاستىدا ئىككى كىشىنىڭ ئىمزاسى بار ئىدى.

**توي** ئى ① تۇرمۇش قۇرغانلار شەرىپىگە مېھمان چاقىرىپ، زىياپەت ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان تەبرىكلەش مۇراسىمى: تويدىن يامانلىساڭ، توي قىلىپ كۆر (ماقال). * مەن رەيھاننى ياخشى كۆرەتتىم، ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرەتتى. ئاتا-ئانىلارنىڭ ۋاقتى-كۈنى كەلگەندە بىزنىڭ تويىمىزنى قىلىپ قويۇش خىيالىمۇ بار ئىدى. * ياخشى گەپقۇ. توي دېگەن بىزدە خۇشاللىق، خاتىرجەملىك، بەخت-ئاسايىشلىقنىڭ بەلگىسى. ② بىرەر تارىخىي ۋەقە ياكى خاتىرە كۈنگە بېغىشلاپ ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەت، تەنتەنىلىك مۇراسىم: قۇرۇلتايغا ۋە دۆلەت تويىمىزغا قاتنىشىش ئۈچۈن، ئۇزاق يوللارنى بېسىپ ئاستانىمىزغا كەلگەن قارا قوچۇ ئۇيغۇر دۆلىتى ئىدىقۇت خانىنىڭ ئەلچىسى بۆكە سۇباشى، ماچىن خانلىقى خانى شىرخانىنىڭ ئەلچىسى ئولچىنبەگنى قارشى ئالىمىز. * ئۇلۇغۋار سەن باتۇر ئارمىيەم، تەبرىكلەيمەن قۇتلۇق تويۇڭنى. چەكسىز ھۆرمەت ئىپتىخار بىلەن، تەقدىم ئەتتىم مۇشۇ كۈيۈمنى. ③ شاد-خۇراملىققا تولغان مەرىكە، بەزمە: «ئاتنىڭ ئۆلۈمى ئىتقا توي» دېگەن شۇ ئىكەن-دە، سەن ھەيدەرئاكا بەش كۈنگىچە يېگى ئۆيگە كۆچسەن! * ئالدىرايمەن مول ھوسۇل ئالغان دىيارنى كۆرگىلى، مول ھوسۇلنىڭ تويىدا چالغان دۇتارنى كۆرگىلى.

**توي بولماق** ① توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈل-مەك: ئۇنىڭ خىيالى مۇشۇ توي مۇناسىۋىتى بىلەن ۋاڭنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئىدى. شۇڭا يەنە سورىدى؛

- شۇنداق بولغاندا بۇ توي قاچان بولار؟ * تەكرار ئەتىنىڭ قەلبىگە ئىزھار، پات-يېقىندا بولار تويىمىز. يىللار ئۆتۈپ خۇشال-بەختىيار، ئوغۇل-قىزغا تولار ئۆيىمىز. ② ئۆيلەنمەك، تۇرمۇشقا چىقماق: تېخى تويى بولمىغان كىچىك قىزلارغا قىلىقسىز گەپلەرنى قىلغۇچىنى مۇشۇنداق دۇمباللاش كېرەك.

**توي بېشى** تويىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىگە باشچىلىق قىلغۇچى كىشى: كېرىم روزى پايناپقا كەنت باشلىقى بولۇپ سايلاندى. ھېلىقى ئۇرۇق سېلىپ بەرگەن دىلئارام دېگەن قىز بىلەن توي قىلدى. ئېلىيۇۋ توي بېشى بولدى.

**توي تارتماق** توي قىلىش ئۈچۈن تەييار-لىنىپ كەلمەك: ھارۋىلارنى يېڭىۋەر يېزىسىنىڭ بىر تۈركۈم قىزغىن، خۇش چاقچاق ياشلىرى ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى. گويا ئۇلار توي تارتىپ، قىز كۆچۈرۈپ كېلىۋاتقاندەك، بەكمۇ خۇشال ئىدى. * نەچچە رەت نەمۇنىچى بولغاندىم، توي تارتىپ ئايخاننىمۇ ئالغاندىم.

**توي چېيى** تويدىن كېيىن تۇرمۇش قۇرغانلارنىڭ ئۆز دوستلىرىغا بېرىدىغان كەچكى زىياپىتى: - ئۆيىنى يېڭىلاپ، ئاندىن قىلساقمۇ بولىدىغۇ! - دېدى شۇجى، - ياخشى ئويلاپسەن. ھەم توي چېيى، ھەم يۈز ئاچقۇ قىلماقچىمۇسەن؟ - شۇنداق.

**توي خېتى** توي قىلىشقا پۈتۈشكەن قىز-ئوغۇللارنىڭ توي قىلىشى ئۈچۈن تەشكىل تەرىپىدىن بېرىلگەن رۇخسەت خېتى، قانۇنىي ئىسپات: قۇندۇز بىلەن تۇرغۇن كاتىپنىڭ ئالدىغا ئۈچ مەرتەم ئەمەس، ئون مەرتەم بېرىپمۇ توي خېتى ئالالمىدى. بىرىنچى قېتىم كەلگەندە «يېشىڭلار توشمايدىكەن» دەپ يولغا سالدى.

**توي قىلماق** ① تويلىشىش شەرىپىگە مېھمان چاقىرىپ، زىياپەت بەرمەك، توي مۇراسىمى ئۆتكۈزمەك: ۋەزىر قوبۇل قىپتۇ ۋە دەرھال توي قىلىپ، قىزىنى پەررۇخ بەختكە بېرىپتۇ. ئۇ كېچە ئوتتۇپتۇ. * ئاخىر ئۈچ ئايدىن بېرى خۇددى قۇمغا چۈشكەن داچەندەك، خەت-خەۋەرسىز يوقاپ كەتكەن ئەكرەمگە، «نېمىلا بولمىسۇن ئاۋۋال تويىنى قىلىۋېرىپ، ئاندىن تەشكىلگە قايتا ئىلتىماس قىلمايمىز-مۇ؟» دېگەن تەكلىپ بىلەن خەت يازدى. ② ئۆيلەنمەك، تۇرمۇشقا چىقماق: لېتىپ بىلەن ماھىرە يېڭى توي قىلغاندى. * ئۇ ئىككىنچى قېتىمدا سىزنىڭ ئانىڭىز بىلەن توي قىلدى. سىزنىڭ ئانىڭىز ماڭا قارىغاندا ياش ھەم چىرايلىق ئىدى. ③ تەنتەنە قىلماق: بۈگۈن ئېلىم توي قىلدۇ شاد گۈلىستان ئىچىدە، داھى مېھرى لاۋۇلداپ يانغان گۈلخان ئىچىدە.

**توي ئۇينىماق** توي مۇراسىمىگە ئىشتىراك قىلماق، قاتناشماق: ئاخىر بىر كۈن ئېرىسە، ئاشۇ تاغنىڭ مۇزلىرى؛ شۇ پەرىنىڭ تويىنى، ئوينار پامىر قىزلىرى.

**توي ئۈستىگە توي بولماق** غەلىبە تەنتەنىسى ئارقىمۇئارقا كەلمەك، شاد-خۇ-راملىق ئۇلىشىپ كەلمەك: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەۋاتقان تەنتەنە كۈنلىرىدە، يېزا ئىگىلىكىدىن بۇ يىلمۇ مول ھوسۇل ئالغانلىق ھەققىدىكى غەلىبە خەۋەرلىرى يېتىپ كېلىپ، توي ئۈستىگە توي بولدى.

**توي-تاماشا** توي ۋە تۈرلۈك ئويۇن-كۈلكە، بەزمە، مەشرەپ قاتارلىق تاماشىلار: بىر كۈنى ئۇ ماڭا: - بۈگۈن بىزنىڭكىدە چوڭ توي بولىدۇ. سەنمۇ بارغىن! بىز بىلەن توي-تاماشا كۆرگىن! - دېدى. * يۇقىرىدا، ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە، تىرىك كىشىلەر دۇنياسىدا ئاللىقانداق توي - تاماشىلار بولۇۋاتقانغا ئوخشايدۇ.

**توي-تاماشا قىلماق** توي ۋە تۈرلۈك ئويۇن-كۈلكىلەر، نەغمە-مەشرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سورۇن. تۈزمەك؛ مۇشۇنداق سورۇنغا قاتناشماق: ئاخىرى پادىشاھ رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. يەتتە ئىقلىمغا چاي قويۇپ، قىرىق كېچە-كۈندۈز توي-تاماشا قىلىپتۇ.

مەلكە بالىنىڭ نىكاھىدا بولۇپتۇ. * دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ ئاكا-ئۇكا بىر-بىرى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ئاكىسىنى ئاتقا مىندۈرۈپ شەھەرگە ئەكىرىپتۇ ۋە نەچچە كۈن توي-تاماشا قىلىپ، بىر-بىرىدىن ھال سوراپتۇ.

**توي-تۆكۈن** تۈرلۈك توي مۇراسىملىرى ۋە بۇ مۇراسىملارغا تەئەللۇق ئۆرپ-ئادەتلەر: بۇ باشلىقنىڭ خەلق كۆڭلىگە ياققانلىقىنىڭ، ئۇنىڭدىن رازى بولغانلىقىنىڭ ئىنكاسى ئىدى. مەن بۇ ئىنكاسنى يېزىنىڭ ھەممە جايلىرىدا، ھەتتا توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلىرىدىمۇ ئاڭلىدىم. * ئۇزايدىن، ئۇ بىرەر توي-تۆكۈن ياكى مېھماندارچىلىقتىن يانغاندەك كۆرۈنەتتى.

**تويچى** ئى ① توي قىلغۇچى، توي ئۆتكۈزگۈچى: ئۇۋنى ئۇۋلا ئۇۋچى بىلەن، تويىنى ئوينا تويچى بىلەن (ماقال). ② تويغا قاتناشقۇچى، مېھمان: تويچىلار تۈن بويى ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ، توي شادلىقىغا چۆمۈلدى.

**تويدۇرماق** «تويماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يەر تويدۇرار، ئوت كۆيدۈرەر (ماقال). * — ھەي، ھەي، مانا بۈگۈن جىلىڭ «زۇنۇن ئاشىق» بولۇپ كەپسەن، مەجنۇن، — دېدى ۋە باشقا گەپ سورىمايلا ئاپتۇۋا بىلەن چىلاپچىنى ئەكەلدى، — يۈز-كۆزۈڭنى چايقان يۇغىن، ھېلى دادام كېلىپ مۇشۇ ئەپتىڭنى كۆرۈپ قالسا، دۇنياغا كەلگىنىڭگە تويدۇرىدۇ.

**تويدۇرۇشماق** «تويدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تويدۇرۇشتى ئۇ ياۋۇزنى جېنىدىن، يەر بويالدى ئۇ زەھەرنىڭ قېنىدىن.

**تويدۇرۇلماق** «تويدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەتىگەن كاللار ئېتىزلىقتا بىرئاز تويدۇرۇلغاندىن كېيىن، خامانغا قېتىلدى.

**تويغۇلۇق** ئى. قورساقنى تويغۇزۇشقا يېتەرلىك نەرسە، يېمەكلىك: ئىككى مۇزقەنت دېگىنىڭ، بولماس بىزگە تويغۇلۇق. دوستۇم بىزگە كېرىكى، چىن نىيەتلىك، توغرىلىق.

**تويغۇچە** رەۋ. قانغىچە؛ بولدى دېگىچە: ئۇ «يەنە شولارنىڭ يېنىغا بېرىپ، تويغىچە پاراڭ سېلىشىپ، چاقچاق قىلىشىپ، بىللە ئىشلىسەم قانداق ياخشى» دەپ ئويلىدى.

**تويلاتماق** «تويلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كەلدى قارلىغاچلارنى كۆكتە ئوينىتىپ، گۈل بىلەن بۇلبۇلنى باغدا تويلىتىپ.

**تويلاشماق** ① «تويلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كېيىن قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ئەلچى ئەۋەتىپتۇ ۋە ئىككى تەرەپتىن كېلىشىپ تويلىشىپتۇ. * ئورمانلارنىڭ، دولقۇنلارنىڭ كەينىدىن، قۇلۇقىنى سوز تۇرايلى بىز كۆرۈشۈپ. جۇدالىقنىڭ قۇشى ئۇچسا يىراققا، تويلىشىدۇ جان مېھرىمىز سۆيۈشۈپ. ② قىز-يىگىت ئۆزئارا توي قىلىشماق: سايىم چاڭجاڭنىڭ ئوغلى ئادىلنى بىلسەڭغۇ، ئۇ مۇشۇ شېرىنگۈل بىلەن تويلاشماقچى بولۇپ، داستىخان تاشلاپ قويۇۋىدى، يېقىندا تويى بولارمىكىن.

**تويلۇق** ① ئى. قۇدىلار ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىشكە ئاساسەن، ئوغۇل تەرەپ قىز ۋە قىز تەرەپكە بېرىدىغان كىيىم-كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى، پۇل قاتارلىق نەرسىلەر: بېشىڭغا قونغان بەخت قۇشىنى ئۈچۈرۈۋەتمەكچىمۇ سەن ئەخمەق، ئۇنتۇپ قالما، بىزگە نۇرغۇن ياخشىلىق قىلدى. ئۇ تېخى ساڭا ناھايىتى كۆپ تويلۇق ئېلىپتۇ. * قۇندۇزغا ئالغان تويلۇق، چوڭ-كىچىك چاي ۋە ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ئاپارغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ پېتى چىقتى: قەلەي قۇتىدا ئالتۇن ھالقا، ئالتۇن ئۈزۈك، بىلەزۈك، سائەت ـبىرىمۇ كەم ئەمەس ئىدى. ② سۆپ. قىزنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن تەييارلانغان: ئايالىمغا شىپۇن دۇخاۋا، ماڭا سارجى قويغان بولسىمۇ ئانچە رەنجىپ كەتمەيتتۇق. شۇڭا، كېلىنگە ئالغان تويلۇق ھالقا بىلەن ئېلېكترونلۇق سائەتنى بەرمىدۇق! ③ تويدا كىيىدىغان؛ يېڭى: ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى چىرايلىق تويلۇق كىيىملىرىنى كىيگەن

قىز-يىگىتلەر بىر-بىرىگە چاقچاق قىلىشاتتى.

**تويلۇق سالماق** تويلۇققا ئەكىلىدىغان نەرسىلەرنى قىز تەرەپتىن ئوتتۇرىغا قويماق: ئۇ تويلۇق سېلىش ئۈچۈن ئۇرۇق-تۇغقانلار بىلەن جەم بولغاندا، ئېلاخۇن ئاكام گاڭگىراپ قالدى.

**تويلىماق** پ ① تويىنى قىلماق: ئىش شۇنداق بولسا، مېنىڭمۇ زور بىلەن قىزىمنىڭ گۆھىرىنى تاشقا ئۇرغۇم يوق، لېكىن سۆز سالدۇرۇپ بولغان ئىش بۇزۇلسا، بىلگەنلەرغۇ پازىلدىن كۆرەر، ئىشنىڭ تېگىنى ئۇقمىغانلار ئەيىبنى چوقۇم بىزگە قويىدۇ. ياكى قىزىمدىن بىرەر نۇقسان تاپىدۇ، تويلىمىغان قىز ئۈچۈن بۇ بەك سەت ئىش، شۇڭا ئالدىراپ «بولىدۇ، بولمايدۇ» دېمەسەك. ② تەنتەنە قىلماق، تەبرىكلىمەك: سائادەت سىردىشى بۇ ۋادا بويلاپ، جاراڭلاپ ئاڭلىنار مېھنەت قوشىقى. بارماقتا باھارنىڭ تويىنى تويلاپ، ئەلڭ گۈزەل كەشتىلەر سىزىپ، قەلبىدە [illegible] يانغان ئادەملەر سېپى.

**تويماس** ① «تويماق» پېئىلىنىڭ بولۇشسىز سۈپەتدىشى: ئۇ چاغدا پومېشچىك نامان ھەددى... ھېسابسىز ئاچكۆز، بىغەملىكى، يەپ تويماس، سېمىز، تەييارتاپلىقى بىلەن داڭ چىقارغانىدى. * ئەمدى بولسا بۇ نەرسىلەرنى ھايىنغا سېتىپ، پايدىسىنى تويماس گېلىڭىزغا ئۇرىسىز، بۇ ھارام ئەمەسمۇ موللام؟ ساۋابنى يىراقتىن ئىزلەشنىڭ ھاجىتى يوق. ② سۈپ. ئاچ، ئاچكۆز: تويماس بالا. تويماس ئادەم. * تويماس كۆزنى گۆرنىڭ توپىسى تويدۇرار (ماقال). * مىڭ سوم پارا ئاز كەلسە، قانچە بولسا بولاتتى؟ نەپسى تويماس پارىخور-دوزاخ ئوتىغا تويامتى؟! * ئۆيىدە مىڭلاپ ئۇلاغ، ئۆزى سەت بىر داپقۇلاق. قىزىل بۇرنى شوخلىدەك، تويماس بىر يوغان قورساق.

**تويماق** پ ① يەپ-ئىچىپ، غىزالىنىپ، غىزا ۋە سۇغا بولغان تەلپىنى قاندۇرماق: تويمىساڭ تويۇڭدا تويارسەن (ماقال). * ھاتەم بوستانلارنى سەيلى-تاماشا قىلىپ، ھەرخىل مېۋە ۋە تائاملارنى يېدى، ئۇ ھەرقانچە يېسىمۇ ھەرگىز تويمىدى.

* - بالىلىرىڭ قايماق-قېتىقتا تويدىمۇ؟ - ئەبلغازى بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ② قانماق، قانائەت ھاسىل قىلماق: ئۇلار ئۇيقۇغا تويمىغان ئىشچىلارنىڭ ھارغىن يۈزىگە شوخ ۋە مەغرۇر نەزەر بىلەن قاراپ تۇراتتى. ③كۆچمە. زېرىكمەك، بىزار بولماق، بەزمەك: دۇنيادىن تويماق. جاندىن جاق تويماق. * ئانا بالىسىنىڭ يىغىسىدىن تويدى. * مەن ئۇنىڭ گېپىدىن تويۇپ كەتتىم. * - ھاي داۋىخور، ھۇررەك، سەنمۇ جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ؟ چاپسان ئارقاڭغا يان، ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىنىڭنى غوجام ئاڭلاپ قالسا، دۇنياغا كەلگىنىڭگە تويسەن! - دېدى ئۇ. * كىچىك ئاخۇن خۇشال بولۇشنىڭ ئورنىغا: - مەن يەر تېرىمايمەن، مەن دېھقانچىلىق قىلىپ تويغان، يەرنى كىم تېرىسا تېرىۋەرسۇن، - دېدى سوغلا قىلىپ.

**توي-مەرىكە** توي-تۆكۈن ۋە ئۆلۈم-يېتىم مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىم ۋە زىياپەتلەر: ئۇ مەھەللىنىڭ توي-مەرىكىلەردە ئىشلىتىدىغان داش قازىنىنى كەلتۈردى-دە، تۆت ئەپكەش سۇ بىلەن توشقۇزدى. كاتەكتىكى قارا خورازنىڭ قېنىنى ئېقىتىپ، گۆشىنى قازانغا تاشلىدى. * سېھىرگەر چولڭ توي-مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، قىزنى يىگىتكە نىكاھلاپتۇ.

**تويمىغۇر** سۈپ. تويمايدىغان، شۈكۈر قىلمايدىغان، ئاچكۆز: غۇنچەم: - ئۆلۈكتىن ئۆپكە سوراپتۇ، ئەسكى تامدىن قوقاق دەپتىكەن. بۇ تويمىغۇرلاردىن ئاشلىق سورىغىچە ئىشلىگەن ھەقلىرىنى ئالغاندا كىيىم كىيەلا، - دېدى. * ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئەزايى-بەدىنىگە دەھشەت سېلىپ، يەنە شۇ ئاۋاز جاراڭلاشقا باشلىدى: «ئابدۇقېيۇماخۇن، ئەمدى تويمىغۇر نەپسىڭنى يۈگەنلەيدىغان ۋاقت كەلدى».

**تويمىغۇرلۇق** «تويمىغۇر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: كۆزى ئاچ — تويمىغۇرلۇقتىن ئۆزۈڭنى ساقلىغىن زىنھار، بولۇپ قالما چۈمۈلىدەك كى چىشلەپ ئۈچرىغان داندىن.

**تويۇشماق** «تويماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەمدى ئۇغرىلىقنىمۇ تويۇشقانسىلەر، ھاماقەتلەر!

**تويۇمسىز** سۈپ. بىرەر قېتىممۇ تويۇپ باقمىغان، كۆزى تويمايدىغان: سەنمۇزە تازا تويۇمسىز بىر بالا بولۇپسەن، بىر ھەپتە ئىچىدە شۇنچە پۇلنى خەجلەپ، يەنە پۇل دەيدىكەنسەن.

**تويۇمسىزلىق** «تويۇمسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**تويۇندۇرماق** «تويۇنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەكسىچە، بايلارنىڭ ئامبىرىدىن ئوغرىلاۋالغان ماللارنى ماكانسىز، تېنەپ يۈرگەن غېرىب-غۇرۋالارغا بۆلۈپ بېرەتتى ياكى ئاچ-يالىڭاچ قالغانلارنى تويۇندۇرۇپ، كېيىم-كېچەكلىك قىلىپ قوياتتى. * بىز سىنچىلاپ قاراپ، ئېسىلغان چىراغلارنىڭ پىششىق خىش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدۇق. دېمەك، ئۇلار پىششىق خىشنى يېنىزىنغا چىلاپ تويۇندۇرۇپ، ياندۇرغانىكەن، ئۇلار ئىشلەتكەن بۇ ئامالنى بىز نېمىشقا ئىشلەتمەيدىكەنمىز!

**تويۇنغان** «تويۇنماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتداشى: تويۇنغان ئېرىتمە.

**تويۇنغان پار بېسىمى** <مېتېئور> پارنىڭ مۇئەييەن تېمپېراتۇرا شارائىتىدا تويۇنغان چاغدىكى بېسىمى.

**تويۇنغان تۇپا** <سۇ> كاۋاكلىرى سۇ بىلەن تولغان تۇپا. يەر ئاستى سۇ يۈزىدىن تۆۋەن قاتلامدىكى تۇپا پرىنسىپ جەھەتتە تويۇنغان تۇپا بولىدۇ.

**تويۇنغان رەڭ** <گېسەن> مەلۇم بىر نورمال رەڭ خىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، ساپ قىزىل رەڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى تويۇنغان رەڭ بولىدۇ. سۇس قىزىل بىلەن قېنىق قىزىلنىڭ تويۇنۇش دەرىجىسى سەل ئاجىزراق بولىدۇ. رەڭلەرنىڭ تويۇنۇش دەرىجىسى يۇرۇقلۇقنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئۇ يەنە «رەڭ گرادۇسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، يەنى قىزىل رەڭ كۈچلۈك نۇردا، كۆك رەڭ ئاجىز نۇردا تويۇنىدۇ.

**تويۇنغان ھور** <فىز> ئوخشاش خىلدىكى ماددىنىڭ سۇيۇق ھالىتى ياكى قاتتىق ھالىتى بىلەن تەڭپۇڭ ھالەتتە تۇرغان ھور. سۇيۇق جىسىم (ياكى قاتتىق جىسىم) پارغا ئايلانغاندا، ئۇنىڭ مولېكۇلىلىرى جىسىمدىن ئۈزلۈكسىز ئۆرلەپ چىقىپ، پار ھاسىل قىلىدۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىرگە مولېكۇلىلار پاردىن جىسىمغا كىرىدۇ. ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئۆرلەپ چىققان ۋە كىرگەن مولېكۇلىلارنىڭ سانى تەڭ بولغاندا، بۇ سۇيۇق جىسىم بىلەن پار تەڭپۇڭ ھالەتتە بولىدۇ، بۇ چاغدىكى پار (ھور) «تويۇنغان ھور» دېيىلىدۇ.

**تويۇنماق** پ ① ئوبدان، يېتەرلىك تويماق: ئۇ تۆت دانە گۆش گىردە سېتىۋالدى-دە، قېنىق دەملەنگەن بىر چەينەك چاي بىلەن يەپ تويۇنۇۋالدى. * ئۇلار تۆشۈك دەرۋازىسىدىكى سارايغا چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى، ئات-ئۇلاغلىرىنى جايلاشتۇرۇپ، باش-كۆزلىرىنى تۈمەن بويىدا يۇيۇپ كېلىپ، تويۇنۇپ تاماق يەپ، ھاردۇق ئالدى. ② يېتەرلىك دەرىجىدە ئۆزىگە ئالماق، سىڭدۈرمەك، ئېرىتمەك: تويۇنغان ئېرىتمە. * شىمالىي تامغا قويۇلغان بىر جۈپ پەنجىرىدىن باغدىكى ئالما پۇراقلىرىغا تويۇنغان سالقىن شامال ئۇرۇپ تۇراتتى.

**تويۇنۇش** «تويۇنماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <خىم> مۇئەييەن تېمپېراتۇرا ۋە بېسىم ئاستىدا ئېرىتمىدىكى ئېرىگۈچى ماددىنىڭ يەنە ئېرىمەيدىغان ھالەتكە كېلىشى.

**تويۇنۇش پەرقى** <مېتېئور> ھاۋانىڭ

نەملىكنى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن بىرى. ئۇ هاۋانىڭ مۇئەييەن تېمپېراتۇرا شارائىتىدا تويۇنغان چاغدىكى نەملىكى بىلەن ئەمەلىي نەملىكنىڭ پەرقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ پەرق قانچە كىچىك بولسا، هاۋا تويۇنۇشقا شۇنچە يېقىنلىشىدۇ.

**تويۇنۇش دەرىجىسى** <گى سەن> كىشىلەرنىڭ رەڭگە بولغان تۇيغۇسىنىڭ بىر خىل بەلگىسى، يەنى هەر خىل رەڭ سېزىمىنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى. مەلۇم يورۇقلۇقتىكى رەڭ ئوخشاش يورۇق-لۇقتىكى كۇل رەڭدىن قانچە يىراقلاشقانسې-رى، شۇنچە تويۇنىدۇ؛ ئەكسىچە بولغاندا شۇنچە تويۇنمايدۇ (ئاچمايدۇ). رەڭ سېزىمىنىڭ تويۇنۇش دەرىجىسىنى ئاسا-سەن نۇرنىڭ ساپلىق دەرىجىسى بەلگى-لەيدۇ: تاق رەڭلىك نۇرنىڭ تويۇنۇش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ. مۇرەك-كەپ رەڭلىك نۇرنىڭ تويۇنۇش دەرىجىسى كىچىكرەك بولىدۇ.

**تويۇنئۆرۈك** ئى [تويۇن+ئۆرۈك] ئۆرۈكنىڭ بىر تۈرى.

**تۇەن** ئى [خەن] ئارمىيىدىكى شىتات بىرلىكى. شىگە قارايدۇ، تەركىبىدە بىرقانچە يىڭ بولىدۇ.

**تۇەنجاڭ** ئى [خەن] تۇەن كوماندىرى: **تۇەنجاڭ ئاغزىنى بىرنەچچە قېتىم مىدىرلاتقاندىن كېيىن، بارمىقىنى ساناپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى.**

**تۇەنجاڭلىق** «تۇەنجاڭ» سۆزىنىڭ ۋەزىپە نامى: **ئۇنىڭ مەلۇم بىر پىيادە تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭلىقى-نى تالىشىپ قىلمىغان-ئەتمىگىنى قالمىدى.**

**تۇبا** ئى [ر<ئىتال] <مۇز> مىستىن ياسالغان دۇخوۋوي چالغۇ. ئېغىزى چىنە شەكلىدە، قالغان يېرى توم ۋە يوغان كېلىدۇ؛ ئۇنىڭغا تۆت ياكى بەش دانە پورشېن ئورنىتىلغان بولىدۇ. ئادەتتە دۇخوۋوي ئوركېستر ياكى هەربىي ئوركېستىرلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**تۇبېركۇلىيوز** ئى [ر<لات] <تىب> سوزۇلما خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەل. ئۇنى سىل تاياقچە باكتېرىيىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇ پۈتۈن بەدەن خاراكتېرلىك كېسەللىك بولۇپ، هەممە ئەزا بۇ خىل كېسەل بىلەن ئاغرىيدۇ. ئادەمدە ئۆپكە تۇبېركۇلىيوزى، سۆڭەك تۇبېركۇلىيوزى ۋە ئۈچەي تۇبېركۇلىيوزى قاتارلىقلار كۆپرەك ئۇچرايدۇ. ئادەملەردىن باشقا يەنە كالا قاتارلىق ئۆي هايۋانلىرىمۇ بۇ كېسەل-گە گىرىپتار بولىدۇ. تىبابەتتە «سىل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تۇ** 1 ئى ① كولاش، هەيدەش، چېپىش نەتىجىسىدە، چېچىلغان هالەتتە كەلگەن يەر قاتلىمى، توپا: **مانا ئەمدى، بۇ سۇ بىلەن گەجنى تۇپراققا قوشۇپ ئارىلاشتۇرسەن. * پادىشاھ ئۇ قۇشنى چۈشىدە كۆرۈپ، ئاشىق بولۇپ قاپتۇ ۋە كۆڭلى بۇزۇلغان هالدا پەرياد-پىغان قىلىپ ئويغىنىپتۇ-دە، پادىشاهلىق تەختىنى تاشلاپ، هامامىنىڭ كۈللىرىگە بۇلىنىپ، ساراڭلاردەك بېشىغا كۇل، تۇپراقلارنى چېچىشقا باشلاپتۇ.** ② يەر شارىنىڭ ئۈستىدىكى ئۆسۈملۈك ئۆسەلەيدىغان قاتلىمى. ئۇ هەر خىل دانىچە شەكىللىك مىنېرال ماددىلار، ئورگانىك ماددىلار، سۇ، هاۋا، مىكروئورگانىزم قاتارلىقلاردىن تۈزۈلگەن: **شىنجاڭدا سۇ ۋە تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى ئېغىر، ئېدىرلىقلاردا سۇ ۋە تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى ئېغىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تۈزلەڭلىكلەردى-مۇ سۇ ۋە تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى ئېغىر.** ③ مېيىت كۆمۈلگەن گۆرنىڭ ئۈستىدىكى قىرغا ئوخشاش ئۇزۇنچاق ياسالغان توپا دۆۋى-سى؛ قەبرە: **ئۇ هەر پەيشەنبە مازارغا بېرىپ،**

ئانىسىنىڭ تۇپرىقىغا باش قوياتتى. * مەن ئۆلۈپ تۇپراقتا ياتسام، كىم مېنى ياد ئەيلىسۇن. دوستلىرىم غەمكىن بولۇپ، دۇشمەنلىرىم شاد ئەيلىسۇن. ④ كۆچمە. يۇرت، زېمىن؛ ۋەتەن: ماڭمۇ؟ ماڭا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مۇشۇ ئەزىز ئەل-يۇرت قارايدۇ. ئۆلسەم ئۇلار تېنىمنى يۇيۇپ، جىنازامنى كۆتۈرۈپ، مۇشۇ ئۇلۇغ تۇپراققا كۆمىدۇ. تونۇش تۇپراقتا قىسىلماي، قورۇنماي بىمالال، خاتىرجەم ياتىمەن. * سۇغىرار خەلق ئۇنى دىل مېھرىدە، ئۆستۈرەر ئانا تۇپراق ئۆز كۆكسىدە. قەبرىگە شائىر لۇتۇن، ھەر باھاردا، كېلىمىز گۈل كۆتۈرۈپ باش ئۇستىدە.

**تۇپراق بېشى** مېيىت كۆمۈلگەن جاي، مازار: بۈگۈن ئۇلۇغ جۈمە كۈنى، جامائەت تۇپراق بېشىغا ماڭدى. * سىلە ناشتىدىن كېيىن بۇ تۇپراق بېشىغا يەنە بىر كەلسىلە، ئالاھازەل شۇ چاغدا بىر گەپ بولار.

**تۇپراق تېمپېراتۇرىسى** <دېھ> تۇپراقنىڭ ھارارىتى.

**تۇپراق سۈيى** <سۇ> يەر يۈزىگە يېقىن تۇپراق قاتلىمىدىكى سۇ. ئۇ كاپىل-يارلىق سۇ، يۇقىما سۇ ۋە سۈمۈرۈلگەن سۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**تۇپراقچىلىق** ئى ← تۇپراقشۇناسلىق: ئۆتكەن يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى ۋىلايەتتە سۇ ئىشلىرى، بىناكارلىق-قۇرۇلۇشى، تۇقۇمچىلىق، پىلىچىلىك، تۇپراقچىلىق، ئورمانچىلىق، ئۆسۈملۈك ئاسراش، ماشىنىسازلىق، تىببىي ئىلىم، ھاۋارايى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى، مال دوختۇرلۇق قاتارلىق كەسىپلەر بويىچە 18 ئىلمىي جەمئىيەت قۇرغانىدى.

**تۇپراقشۇناس** ئى. تۇپراشۇناسلىق بويىچە مۇتەخەسسىس، ئالىم: تۇپراقشۇناسلار بۇ يەرنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە ئەڭ ئۇنۇملۈك، مۇنبەت يەرگە ئايلىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشماقتا.

**تۇپراقشۇناسلىق** ئى. تۇپراق ۋە ئۇنىڭ ئۇنۇمدارلىقىنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى ۋە ئۇنى ئىشلىتىش، ياخشىلاش قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن: ئۇ تۇپراقشۇناسلىق ۋە ئۆسۈملۈك تەتقىقاتى ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ گۈزەل ياشلىقى ۋە پۈتكۈل ئۆمرىنى ئاتاپ قويىدى.

**تۇپراقلىق** ① سۈپ. تۇپرىقى، توپىسى بار: ئىلى ۋادىسىدا 50 مىڭ مو يەر يېڭىدىن ئېچىلغانىدى، بۇ مۇنبەت تۇپراقلىق بەردىن دۆلەتكە، خەلققە قانچىلىك تۆھپە ئارتۇق قوشۇلىدۇ-ھە! ② ئى. مازار، گۆرىستان: مانا تۇپراقلىققا يېتىپ كەلدۇق، بۇ يەردە بەختسىز ھاياتتىن خوشلاشقان مىڭلاپ ئادەملەرنى ئۆز قوينىغا ئالغان كونا تۇپراقلار دۈمچەك-دۈمچەك كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

**تۇت** ئى [پ] يېز ت. ئۈجمە.

**تۇتاتقۇ** ئى. دىئال. كۆيدۈرۈپ ھىد پەيدا قىلىدىغان نەرسە.

**تۇتاش** سۈپ ① بىر-بىرىگە ئۇلاشقان، تۇتىشىپ كەتكەن، ئۈزۈلۈپ قالمىغان: ماھىرە مەكتەپنىڭ بىر چېتىگە تۇتاش قىلىپ سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ئىچىدىكى كىچىككىنە بىر ئۆيىنى ياتاق قىلىۋالغانىدى. * تۇتاش كەتكەن ئېكىنزارلىقنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن يېزا يولىدا دىلبەر يالغۇز كېتىۋاتاتتى. قولىدا يەنە بۇرۇنقى كىچىككىنە بوغچىسى بار ئىدى. ② يانمۇيان جايلاشقان، ياندىداش: شۇ ھويلىغا تۇتاش يەنە بىر كىچىكرەك ھويلىغا سەپەر قۇللار جايلاشقانىدى. * شۇ پەيتە چوڭ كوچىغا تۇتاش شەرق تەرەپتىكى تار كوچىدىن ئىككى كىشى چىقىپ، شىمالىي كوچىدىكى رەخمەتنىڭ ئۆيىگە بۇرۇلۇشتى. ③ باپباراۋەر، تەڭمۇتەڭ، ئوخشاش: يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى كوللېكتىپ ئىشلەۋاتقان ئورۇنلارغا باغدىن مېۋە-چېۋىلەرنى ئېتىزدىن قوغۇن-تاۋۇزلار ئېلىپ كېلىدۇ. تۆت-بەش دانە ئۆرۈك-شاپتۇل يېسىمۇ، بىر-ئىككى تىلىم قوغۇن-تاۋۇز يېسىمۇ، قەرز ھېسابىدا ھەممە ئەزاغا بىر

تۇتاش چىچىلىپ، ئەنگە ئېلىنىدۇ.

**تۇتاش بەرگىلىك گۈل تاجى** <بوت> گۈل تاجى ياپراقچىلىرى بىرلىشىپ ئۆسكەن گۈل تاجى. مەسىلەن، كاۋا، پەمىدۇرلارنىڭ گۈل تاجىسى.

**تۇتاش سپېكتىر** <فىز> سپېكتىرنىڭ بىر خىلى. قىزىلدىن بىنەپشىگىچە بولغان ھەر خىل رەڭدار نۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، رەڭدار نۇرلار ئارىسىدا ئېنىق چېگرا يوق. قىزىتىلغان قاتتىق جىسىم، سۇيۇق جىسىم ياكى يۇقىرى بېسىملىق گاز جىسىملار چىقارغان يورۇقلۇقنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خىل سپېكتىرنى شەكىللەندۈرىدۇ.

**تۇتاش قاچىلار** <فىز> تۆۋەن قىسمى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇلغان قاچا. تۇتاش قاچىنىڭ ئىچىدىكى ئوخشاش بىر خىل سۇيۇقلۇقنىڭ يۈزى مەڭگۈ تەڭ ئېگىزلىكتە بولىدۇ.

**تۇتاش كېمىر دامبا** <سۇ> كېمىر شەكلىدىكى بىرقانچە دامبىنىڭ بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇلۇشىدىن قۇرۇلغان دامبا.

**تۇتاشتۇرغۇچى** «تۇتاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: نەغمىنىڭ تىلسىز مۇڭلىرىنىڭ ئاۋازى ئىنسان روھىغا مەنىۋى ئوت تۇتاشتۇرغۇچى ئامىلدۇر.

**تۇتاشتۇرغۇچى تۆمۈر** <ئېل> بەزى ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىدىكى ئېلېكتر ماگنىتىنىڭ ئىككى قۇتۇپى ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان تۆمۈر پارچىسى. ئېلېكتر ماگنىتىنىڭ كاتوشكىسىغا توك بېرىلگەندە، تۇتاشتۇرغۇچى تۆمۈر ماگنىتقا تارتىلىپ ھەرىكەتلىنىدۇ. نەتىجىدە، تۇتاشتۇرۇلغان ئېلېكتر زەنجىرى ئۆزگىرىدۇ.

**تۇتاشتۇرما** سۈپ. تۇتاشتۇرۇلغان، تۇتاش ھالەتكە كەلگەن: تۇتاشتۇرما سىزىق.

**تۇتاشتۇرماق I** «تۇتاشماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كىشىلەر سەپەر قۇلنىڭ باشچىلىقىدا ئىشقا كىرىشىپ، دۆڭلەرنى كېسىپ ئۆستەڭ ئېلىپتۇ، ئۆستەڭنىڭ ئاخىرىنى چوڭ دەرياغا تۇتاشتۇرۇپتۇ. سۇ باشلاپتۇ. * ئەزىم دەريا ئاقار لەڭ ئۇرۇپ، قاش ئارىسى خېلى بىر مەنزىل. ئىككى قاشنى چىڭ تۇتاشتۇرۇپ، كۆۋرۈك تۇرار ھەيۋەت ۋە ئېگىز.

**تۇتاشتۇرماق II** «تۇتاشماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ قولىدىن قارىس چىقىرىپ ئارىلىق ئۆيگە چىقىپلا بىر تال پاپىروسنى چىشلەپ كىردى-دە، ئۇنى دېرىزىدىكى سەرەڭگە بىلەن تۇتاشتۇردى. * — مۇنۇنى، — دېدى ناسىر شوجى مىشكاپنى كۆرسىتىپ، — يولداش لىتىپكە بېرىپ قويارسىز، ئاز بولسىمۇ كۆپىنىڭ ئورنىدا كۆرسۇن! ئۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاب ئوتىنى بىللە تۇتاشتۇرغانىدۇق.

**تۇتاشتۇرۇلماق I** «تۇتاشتۇرماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇنىڭدىن كېيىن ماتور ئاپتوموبىل رېمىغا ئېلىنىپ، ماي تۇرۇبكىسى ئۇلىنىدۇ، ماتورنىڭ قىزىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشقا خىزمەت قىلىدىغان سۇ يوللىرىغا تۇتاشتۇرۇلىدۇ. * تىزما تاغنىڭ ئاخىرى تۇر كىلومېتىردىن كۆپرەك ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغان 30 مېتىرچە ئېگىزلىكتىكى دامبا ئارقىلىق بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇلغانىدى.

**تۇتاشتۇرۇلماق II** «تۇتاشتۇرماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقىغا قارىۋىدى، بەش-ئالتە ياشلاردىكى ئىككى بالىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ قولىدىكى كەندىر يىپقا ئوت تۇتاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئىس چىقىپ تۇراتتى.

**تۇتاشماق I** پ ① بىر-بىرىگە ئۇلاشماق، ئۇلىشىپ كەتمەك؛ بىر-بىرىگە تېگىشىپ تۇرماق: يېقىنلا يەردىكى بىر دۆڭلۈكتىن مىلتىق ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. قادىرخان دۆڭلۈك تەرەپكە ئات سالدى. دۆڭلۈكنىڭ بىر تەرىپى دەريا قىرغىقىغا

تۇتىشاتتى. * گۈللەر خۇش پۇراق چاچقان، بىزگە كەلگ قۇچاق ئاچقان، تىيەنئەنمېنگە تۇتاشقان، يېزىمىزنىڭ يوللىرى. ② بىر-بىرىگە باغلانماق، ئالاقىدار بولماق، مۇناسىۋەتلىك بولماق: يۇرت-جامائەتكە ئېنىق، ئەمما كىتابخانلىرىمىزغا نامەلۇم بولغان ھېكايىمىزنىڭ ئەسلىي تۈگۈنى خېلى ئۇزاققا تۇتىشىدۇ. * تاغۇدېكىمىز، باياۋان بىزنى ئايرىپ تۇرسىمۇ، قەلبىمىز چىڭ تۇتاشقان يوللار ئۈزۈلمەن بولسىمۇ. ③ بىر-بىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، چىپىسلىشىپ كەتمەك، يېپىشىپ تۇرماق: چالا قونغان چاچلىرى تېڭىملىرىغا، تاشلىنىپ تۇراتتى يېپىپ بېلىنى. ھەي، ئۆتتى قانچىلاپ باھار ئاچالماي، بەرگى چىڭ تۇتاشقان غۇنچە لېۋىنى.

**تۇتاشماق II** پ. ئوت ئالماق، كۆيۈشكە باشلىماق، كۆيمەك: پارتىزانلار سەرەڭگە چېقىپ، ساڭغا ئوت يېقىشقا ئالدىرىدى، شامال كۈچلۈك بولۇپ، سەرەڭگە ھېچ تۇتاشمىدى. * يولداشلارنىڭ ھەممىسى چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، جاۋۇگېلىڭ ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشقا قەسەم قىلىشتى. شۇ ئەسنادا پوتەيگە ئوت تۇتاشتى.

**تۇتال I** ئى. باھاسى ئوخشاش كېلىدىغان نەرسە بىلەن تۆلىنىدىغان تۆلەم.

**تۇتال II** ئى. دىئال ← **تۇتال بولماق.**

**تۇتال بولماق** ① ئەسقاتماق، دال بولماق، مۇھىم رول ئوينىماق. ② بالىياتقۇدا تۆرەلمە پەيدا بولماق (ئات، كالا، قوي قاتارلىق ھايۋانلار ھەققىدە).

**تۇتام** ① ئى. نەرسىلەرنىڭ تۇتاملاپ ئايرىلغان بۆلىكى، سىقىم: ھەرقانچە قىلىپ باقسىمۇ، ناھايىتى پەس ئۆسكەن ئوت ئۇنىڭ تۇتامىغا چىقمىدى. ② مق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ تۇتاملىغىلى بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: تۇرغۇنىسا ئالدىدىكى سارغىيىپ پىشقان ماتتا كاۋىسىنى، نانجىگدە، چامغۇر، نەچچە باش كۆكباش، بىر تۇتام كۆك ئوسما، يەنە ئالىلقانداق نەرسىلەرنى كۆرۈپ چىرايى بىردىن تاتىرىپ كەتتى-دە، يۈزلىرىنى ئېتىۋالدى. * ئاققىنە ياغلىق ئىچىدە بىر تۇتام گۈل ساقلىدىم، گۈلنى بېشىمغا ئېلىپ، تاجى قىلىپ ساقلىدىم. ③ سۈپ. كۆچمە. كىچىككىنە، ئاز، قىسقا: مەھەللە بىلەن يايلاقنىڭ ئارىلىقى بەكمۇ يىراق ئەمەس، بىراق «قىش كۈنى بىر تۇتام» دېگەنىدەك، سەھەر تۇرۇپ جىددىي ھەرىكەت قىلمىسا، ھارۋىلىق چىقىپ ئوغۇت بېسىپ كەلگۈچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتەتتى.

**تۇتامغا چىققۇدەك** خېلى سالمىقى بار، مۇھىم، ئەھمىيەتلىك: يېقىندىن بېرى بىزگە يەتكۈزۈپ كەلگەن مەلۇماتلىرىڭىزنىڭ ئىچىدە تۇتامغا چىققۇدەك، كىشىنى قىزىقتۇرغۇدەك تۈزۈكرەك بىرنەرسە يوق. * ئادۋوكات يۈسۈپجان بولسا، بىردەم دۇدۇقلاپ ئەزمىسىنى ئەزدى. لېكىن تۇتامغا چىققۇدەك بىرەر ئەھمىيەتلىك سۆز ئېيتالمىدى.

**تۇتامى بار** ① ئەھمىيىتى بار، مەنىلىك: — ئۇكام، بۇ ياشقا كىرگەندە ھەرەڭ-سەرەڭ گەپ قىلماي، تۇتامى بار گەپ قىل جۇمۇ! — دېدى ئۇ، ھەمراھى ئابلىزغا قاراپ. ② گېپىدە تۇرىدىغان، راست گەپ قىلىدىغان: گېپىنىڭ تۇتامى بار ئادەم.

**تۇتامى يوق** ① ئەھمىيىتى يوق، ئەھمىيەتسىز، بىھۇدە: ئاسىم بەزىدە بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى خۇلاسىلاپمۇ قويىدۇ: «... بىر پۇقرا ئۈچۈن ئاندا-ساندا تۇتامى يوق ئىشلارنى قىلىپ قويۇش ئۇنچىلىكمۇ چوڭ ئەيىب ئەمەس، نېمىشقا دېگەندە، ئۇنىڭ زېيىنىنى يالغۇز ئۆزىلا تارتىدۇ.» ② گېپىدە تۇرمايدىغان، ئىشەنچسىز، تۇراقسىز: — بۇگۈن ئاقسۇنى لىۋ دوتەي، جاۋتۇەنجاڭ سوراپ تۇرۇپتۇ، شۇڭا ئىسمىنى سادىشنىڭ دەپ يۆتكىدىم، بۇنىڭ نېمە يامىنى؟ — ماڭ، بايقۇش! تۇتامى يوق ئەر ئىكەنسەن.

**تۇتامسىز** سۈپ. ① ئەھمىيەتسىز، مەنىسىز: ئەخمەقنىڭ ئاغزى بوش، سۆزى كۆپ بولۇر؛ مەنىسى تۇتامسىز، تۇزسىز، ماز بولۇر. ② مەيدانسىز،

ئۆزگىرىشچان، تۇراقسىز: مېنى ئاجىز، تۇتامسىز دەپ ئويلىمايدىغانسىز؟ مەيلى، نېمە دەپ ئويلىسىڭىز ئەمدى مەن ئۈچۈن بەرىبىر.

**تۇتامسىز گەپ** ئاساسى ۋە دەلىلى بولمىغان، يالغان، ئويدۇرما گەپ؛ ئەھمىيەتسىز، مەنىسىز گەپ: توغرا، پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن. لېكىن بۇ تۇتامسىز گەپلەر پاكىت بولالمايدۇ. ئۇنىڭ «نۇقسانلىرى» ئايرىم مەسىلە بولۇپ، ناھايىتى كەلسە، تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قاتارىغا كىرگۈزۈشكە ئاساس بولار، قۇربان ئەنە شۇنداق قارايتتى.

**تۇتامسىزلىق** «تۇتامسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ــ بۇ نېمە دېگەن تۇتامسىزلىق، تۈنۈگۈن باشقا بىرنېمە دېسە، بۈگۈن يەنە باشقا بىرنېمە دەۋاتقان، ــ دەپ قاتتىق خاپا بولدى باشلىق.

**تۇتامىلاتماق** «تۇتامىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھېلىقى جاڭگۇيدە خىزمەتكارىغا ھاشىم ئاكامنىڭ ساقىلىنى تۇتامىلىتىپ، ئېڭىكىگە تۆت شاپىلاق ئۇرغۇزدى.

**تۇتامىلاشماق** «تۇتامىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككىسى «ئاپلا» دېيىشىپ، ساقاللىرىنى تۇتامىلىشىپ قالدى.

**تۇتاملىق** سۈپ ① مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك: تۇتاملىق گەپ. * ئەگەر بىر رۇبائىي پىكىر تەرەپتىن رۇبائىي بولالىسا، ۋەزنى ئۇزۇن يېزىلامدۇ، قىسقا يېزىلامدۇ، بۇ چوڭ مەسىلە ئەمەس، ئەكسىچە، بىر رۇبائىي ۋەزنى تەرەپتىن. قاپىيە تەرەپتىن ياخشى يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا تۇتاملىق بىر پىكىر بولمىسا، ئۇنى «رۇبائىي» دېگىلى بولمايدۇ. * سۇپاخۇن سوۋۇرۇۋ سۆزىنى بۆلۈپ: ــ ئۇزايدىن قارىغاندا مەسلىھەتىڭىز ياخشى، خېلى تۇتاملىقتەك كۆرۈنىدۇ، ــ دېدى. ② سالماق، تۇراقلىق: ئۇ خېلى تۇتاملىق ئادەم.

**تۇتاملىماق** پ. ئالقان ئارىسىغا ئېلىپ، بارماقلىرى بىلەن تۇتماق: ــ ئەستاغپۇرۇللا، ئەستاغپۇرۇللا! ــ مىنۇپ مەزىن ساقىلىنى تۇتاملاپ، گويا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقى ھازىرلا چانىقىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك چەكچىيىپ كەتكەنىدى.

**تۇت-تۇت** ← تۇت-تۇت قىلماق.

**تۇت-تۇت قىلماق** ئۈچۈرىغانلىكى كىشىلەرنى تۇتىدىغان، قامايدىغان ھالەت شەكىللەندۈرمەك: ــ تۇت-تۇت قىلىۋاتىدۇ دېيىدى، جېنىم چىقاي دېدى، شەھەر ئىچى قانداقراق؟ ــ سورىدى ھۆرنساخان.

**تۇتۇرۇق** (توغرىسى: تۇتۇرۇق) ← **تۇتۇرۇق**.

**تۇتقا** ئى ① نەرسىلەرنىڭ قول بىلەن تۇتۇش ئۈچۈن ئورنىتىلغان قىسمى، تۇتقۇچ: ئىشىكنىڭ تۇتقىسى. ② كۆچمە. ئاساس، مۇھىم نۇقتا: تۇتقىنى تۇتماق. * شۇنداق بولغاندا ئەترەت باشلىقى بولغان ماڭىمۇ بىر تۇتقا بولىدۇ! بۇ ناھايىتى مۇھىم ئىش ئىكەن.

**تۇتقا قىلماق** ئاساس قىلماق، ئاساسلانماق: مەكتەپ رەھبەرلىكى پارتىيىمىزنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا قويغان ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ياخشى بولۇشتەك ئۈچ ئۆلچىمىنى تۇتقا قىلىپ، تەنھەرىكەتكە بەكمۇ ئەھمىيەت بەرگەن.

**تۇتقىغا كۆتۈرمەك** ئادەتتىكى ئىش ۋە مەسىلىلەرنى چوڭ ۋە پرىنسىپلىق ئىشلارغا باغلاپ قارىماق ۋە تەھلىل قىلماق: شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش پوزىتسىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، قانداق خاتالىق بولسا شۇنى ئوتتۇرىغا قويۇش، تۇتقىغا چەكسىز كۆتۈرمەسلىك ھەم چوڭ ئىشنى كىچىك ئىش قىلىپمۇ قويماسلىق كېرەك.

**تۇتقاق** سۈپ. پات-پات تۇتىدىغان، تۇتۇش ئادەتكە ئايلانغان: تۇتقاق كېسەل.

**تۇتقاق كېسەللىكى** <تىب> بىر خىل كېسەللىك. بۇنى مېڭە كېسەللىكى ياكى مېڭىنىڭ زەخىملىنىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، كېسەل تۇتقاندا بىمار تۇيۇقسىز ھوشسىزلە-

نىپ يىقىلدۇ، ئاغزىدىن كۆپۈك كېلدۇ، پۈتۈن بەدىنى تارتىشىدۇ، ئەس-ھوشى يوقىلدۇ.

**تۇتقاقلىق** ① سۈپ. تۇتقاق ئالامىتى ۋە تەسىرى بار: تۇتقاقلىق كېسەل. * — ئايال خاپىغاندىن تۇتقاقلىق يۈرەك كېسىلى بولۇپ قالغانكەن، مەلۇم ۋاقىت دوختۇرخانىدا يېتىشى زۆرۈر، — دېگەن جاۋابنى ئاڭلىدىم. ② ئى. تۇتقاق كېسەللىكى: ئۇ ئايالنىڭ تۇتقاقلىقى يەنە تۇتتى. ③ ئى. كۆچمە. پات-پات ئاچچىقلاپ قالىدىغان خاراكتېر: ھە مانا، خاماندا قاينار چولڭ يىغىن، بىر تالاي شوئارلار توۋلاشتىن كېيىن جەڭگىۋار تۇتقاقلىق تۇتتى نەچچىنى، بەختكام كۆرەشكە ئېلىندى بىردىن.

**تۇتقاقلىق ئاغرىش** <تىب> ئايال كىشى بوشانغاندا، بالىياتقۇنىڭ تۇرۇپ-تۇرۇپ يىغىلىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدىغان قاتتىق ئاغرىق.

**تۇتقامىش** رەۋ. دىئال. يىقىلىشىپ، ئانچە كېيىن قالماي.

**تۇتقان** «تۇتماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى.

**تۇتقان يېرىنى يۇلۇپ چىقماق** ئۆزى ئارىلاشقان ھەربىر ئىشتىن نەپ ئوندۇرۇۋالماق؛ قىلغانلا ئىشتىن بىرەر نەتىجە قازانماق: يا ھېرىشنى بىلمەيدۇ، يا چارچاشنى. ئايلىق ۋەزىپە دەمسىز، ماي ئىقتىساد قىلىش دەمسىز، يۇقىرىغا پايدا تاپشۇرۇش، ماشىنىنى ئاسراش، بىخەتەر يۈرۈش دەمسىز، تۇتقان يېرىنى يۇلۇپ چىقىدىغان بولدى.

**تۇتقان-پۇتكىنى** ئۆمۈر بويى قىلغان بارلىق ئىش-ھەرىكەتلەر ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى: ئىشاندا گەپ يوق، ئەمما ئىش پاش بولۇپ قالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلدۇ. ئۇنىڭ تۇتقان-پۇتكىنى ئالالادىن.

**تۇتقاۋۇل** ئى. تارىس. تۇتقۇنلار ئىشلىرىغا مەسئۇل لەشكەر بېشى: لىياڭ مىرزا بەگ داملىڭ دىيارىدىكى تۇتقاۋۇلنى، بەلگىلىگەن قەرەل ئىچىدە قاتىلنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

**تۇتقاۋۇللۇق** «تۇتقاۋۇل» سۆزىنىڭ ۋەزىپە نامى: ئۇ ھازىر يۇدۇڭ ئايمىقىدا، تۇتقاۋۇللۇقتا خورسىنىپ يۈرىدۇ.

**تۇتقۇچ** ئى. نەرسىلەرنىڭ قول بىلەن سىقىمداپ تۇتۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قىسمى، تۇتقا: مەن تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدىم. سادىق بولسا «شارتتىدە» كەينىگە تۇرۇلۇپ، ئىشىككە قاراپ ماڭدى ۋە ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتتى. * ئارزىگۈل ئەكبەرنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ تىك تۇردى: — ئىشنى باشلىدۇق، بىزگە يەنە بىرنەچچە سوقا تۇتقۇچى كېرەك، — دېدى.

**تۇتقۇچلۇق** سۈپ. تۇتقۇچى بار، تۇتقۇچ بېكىتىلگەن: ئەنۋەر مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يوغان، ئىككى قاناتلىق، يېشىل سىرلانغان، بىر قانىتىدا يەنە كىچىك ئىشىكى بار، دۈگىلەك تۆمۈر تۇتقۇچلۇق، ھەشەمەتلىك دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

**تۇتقۇزماق** ① «تۇتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇگۈن كۈنگە جۈمە ئىدى. سالۋايېۋ ئەتىگەندە ئىشقا چۈشۈپ، بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىنلا ماشىنىستلار بۆلۈمىگە كىردى-دە، بەلقىيە ئاپپايغا بىر بەت ئالاقىنى تۇتقۇزدى. * ھازىر ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاز-تولا قارىغاي تىكىلىپ، ئۇنى تۇتقۇزغىلى بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. ② باشقۇرۇشقا، خەۋەر ئېلىشقا، تەربىيىلەشكە بەرمەك، تاپشۇرماق: ئۇ يولغا چىقىپ كەتكەن كۈننىڭ ئەتىسىلا موماي نەۋرىسىنى يېتىلەپ ئاپىرىپ، موللامغا تۇتقۇزدى.

**تۇتقۇزماي** «تۇتقۇزماق» پېئىلىنىڭ بولۇشسىز رەۋىشدىشى.

**تۇتقۇزماي ئالماق** باھا تالاشماي دېگىنىگە ئالماق؛ تالىشىپ ئالماق: بىزنىڭ

نەسىللىك بۇقا، قوچقار، ئايغىرلىرىمىز پۈتۈن ناھىيىدە داڭلىق، ئىككى ياشلىق موزايلىرىمىزنىڭ ئەركەكلىرىنى يەتتە ـ سەككىز يۈز سوم، ئۇرغاچىلىرىنى تۆت ـ بەش يۈز سومغا تۇتقۇزماي ئالىدۇ.

**تۇتقۇزۇشماق** «تۇتقۇزماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھەر كۈنى ئەتىگەن تېۋىپلارغا تومۇرلىرىنى تۇتقۇزۇشاتتى. * كەلگەنلەر ئۇلارنىڭ باش ـ كۆزلىرىنى سىلاپ، تۇتام ـ تۇتام كەمپۈت، پىرەنىكلەرنىمۇ تۇتقۇزۇشاتتى.

**تۇتقۇزۇلماق** «تۇتقۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نەقىشلەنگەن دۇتار تالىپنىڭ ئۆتۈنمىگىنىغا قويماستىن قولىغا تۇتقۇزۇلدى. * ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە خەنزۇچە ئىسىم قويۇلدى ۋە بۆلۈم ـ بۆلۈملەرگە بۆلۈندى. كۆپ ئۆتمەي قورال تۇتقۇزۇلدى.

**تۇتقۇن** ① سۈپ. تۇتۇلغان، قامالغان، ئۆز ئەركىدىن، ئىختىيارلىقىدىن مەھرۇم قىلىنغان: مەن ھازىر قەپەستىكى بىچارە تۇتقۇن قۇشلارغا ئوخشاپ قالدىم. غەم ئەندىشە بىلەن ھالاك بولۇشۇم چوقۇم. // ئۇ جەنۇبلۇق ئوقۇغۇچىلارغا ئالاھىدە غەمخورلۇق بىلەن قارايتتى. چۈنكى جەنۇبتىن بارغانلارنىڭ تولىسى تۇتقۇنلار ئىدى. ② سۈپ. كۆچمە. بىرەر نەرسىگە ياكى كىشىگە بېرىلىپ كەتكەن، مەپتۇن بولغان، بەند قىلىنغان: دانىيار دەرۋازىسىنى تىڭشىغانسېرى، غەزەلگە شۇنچىلىك بولماقتا تۇتقۇن. ھارغىنلىق ئېسىدىن چىققان تامامەن، ئېچىلغان كۆزلىرى چاچماقتا ئۇچقۇن. ③ ئى. قولغا ئېلىش، تۇتۇش، قاماش ئىشلىرى: شۇڭا ئىنلار غالجىرلاشماقتا دەۋاتىمەن. يۇنۇسنىڭ ئېيتىشىچە، چوڭ تۇتقۇن ئەمدى باشلانغۇدەكمىش. * ئۇ «ئىلى ۋەقەسى» نى تىنجىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن تەدبىرلەرنى قوللاندى، بۈگۈنكى مۇنۇ دەھشەتلىك تۇتقۇن ئەنە شۇ تەدبىرلەرنىڭ بىرى ئىدى. ④ ئى. سولاق، قاماق: لازىم ئىدى بېرىپ ئىزلەپ تېپىشى، ئالاقىسىز قالغانلارنى ئۇ ئۈندىن. يەھۇدىلار تۇتۇپ كەتكەن ھامىدنى، قۇتقۇزۇش لازىم ئىدى تۇتقۇندىن. * يېتىپ تۇتقۇندا ـ زىنداندا، كۆيۈپ ئاتەشتە ھىجراندا، ۋەتەننىڭ قايغۇسى بىرلە، دىلى غەمخانىنى كۆردۇم.

**تۇتقۇن بولماق** تۇتۇلماق، سولانماق، قامالماق: بىز تۇتقۇن بولغان كۈنىمىزدىن باشلاپ، بىرىمىزنى «قارا نوپۇس»، بىرىمىزنى «سەرگەردان» دەپ ئاتىشىدىغان بولغاندۇق.

**تۇتقۇن جىسىم** <گېئول> ماگما ئېرىتمىسىگە چۈشۈپ كېتىپ، ئەسلىدىكى ھالىتىدىكى قورشىغان جىنىس. كۆپىرەك تاغ جىنىس گەۋدىلىرىنىڭ چوققا قىسمى ياكى يان قىسمىغا تارالغان بولىدۇ.

**تۇتقۇن قىلماق** تۇتماق، سولىماق، قاماق: مەخسۇت بەگ باشلاپ چىققان بىر لېيەن ئەسكەر جۇيىگجاڭنىڭ قوماندانلىقىدا پەي، بەنلەر بويىچە بۆلۈنۈپ، ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ تۇتقۇن قىلدى، ئاسىم ۋە ئالماسقا ئەگىشىپ پارتىزان بولۇپ كەتكەنلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويدى.

**تۇتقۇنلۇق** «تۇتقۇن» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ـ ھەي ھاتەم! ـ دېدى جادۇگەر، ـ ئاي پەرىنىڭ مۆھرىنى ماڭا بەرگىن، مەن سېنى بۇ تۇتقۇنلۇقتىن ئازاد قىلىۋېتەي. * خوش دەيمەن ياش تۆكۈپ، خوش دەيمەن كۈلۈپ، تۇتقۇنلۇق ئۆمۈرلۈك ئەمەس مەن ئۈچۈن. كېتىمەن بۇ ھىجران كۈنلىرى ئۆتۈپ، بەختىيار مۇشەققەت چەكسەم سەن ئۈچۈن.

**تۇتقۇسىز** سۈپ. ① تەتقىسى يوق، تۇتقىسى بېكىتىلمىگەن: تۇتقۇسىز چۆگۈن. ② كۆچمە. ئاساسى يوق، ئەھمىيەتسىز، پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغان: ئۇنىڭ دېگەنلىرى يالغان ـ ياۋىداق، تۇتقۇسىز گەپلەر بولغاچقا، بىرەرىمىزمۇ ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ كەتمىدۇق.

**تۇتقىلىق** سۈپ. ① تۇتقىسى بار، تۇتقا بېكىتىلگەن: تۇتقىلىق ئىستاكان. تۇتقىلىق پەتنۇس. ② كۆچمە. ئاساسلىق، مۇھىم، نۇقتىلىق: كلاسسىك ئەدەبىياتنى ئۆگەنگەندە، بىزنىڭ تۇتقىلىق

ئۆتكەندىغان نۇقتىلىرىمىز بولۇشى كېرەك.

**تۇتماق** پ ① قولى بىلەن سىقىمدىماق، سىقىمداپ تۇرماق؛ ئىككى قولى ئارىسىدا توختاتماق: تۇتقۇچىنى تۇتماق، توپنى تۇتماق. بالىنى تۇتماق. * – ھەممە ئىشنى ئانالا ساڭا دەپ قويۇپ قىلامدۇ، – دېدى نايىپ ئاكا. مەن توپ ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، قول سالماقچى بولدۇم. ئانام مېنىڭ قولۇمنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ قويۇۋەتمىدى. * قاراقچى يەسكە قاراپ قومۇشلۇقتا بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى قارىغا ئېلىۋاتقىنىنى كۆردى-دە، قورققىنىدىن ماچىتنى تۇتۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ② قولغا ئالماق، قولدا كۆتۈرمەك: ئوتنى تۇتما، قولۇڭ كۆيىدۇ. * باغقا تۇيۇقسىزلا بىرقانچە ماشىنا كىرىپ كەلدى. ئالدى-كەينىدىكى تۆت چوڭ ماشىنىدا پىلىموت ۋە بەشئاتار مىلتىق تۇتقان، يانلىرىغا بومبىلار ئاسقان يۈزچە ئەسكەر بار ئىدى. * چولپان دېدى: – مەرگەنمەن، ئەپچىل مىلتىق تۇتقانمەن، ۋەتەن ئۈچۈن، ئەل ئۈچۈن، جاننى ئاتاپ قويغانمەن. ③ قوغلاپ، ئوۋلاپ، ئىزلاپ قولغا چۈشۈرمەك؛ قىسماق، قىلتاق، قاپقان قاتارلىقلارغا چۈشۈرمەك: كىشىنىڭ قولى بىلەن يىلان تۇت (ماقال). * قېرىغىنىڭدا نېمە قىلاي دەيسەن؟ بوپتۇ، قاپقاننى قۇرۇپ بېرەي. كېيىك تۇتقۇلۇق كەپتۇ-دە. * تۇتۇۋېپتۇ قىزنى ملىك مۇشەققەتتە، ئەكەپتۇ باغلاپ، دارىنىڭ ئالدىغا، ئۆلۈم نېمە ئۇ، ئازاب نېمە ئۇ، ئىشقىغا سادىق قىزنىڭ ئالدىدا. ④ بىرەر تەرىزدە ئىشلەتمەك، قوللانماق: ئېيتىڭا ئاكا، مەش قويۇش، مۇنۇ قۇم چۆگۈن ئورنىغا قەلەي چەينەك تۇتۇش سىزگە يات بىلىنەمدۇ؟ * ئىلھامىم مەنبەسى – دەۋرىم قايىنىمى، يازغىنىم بەختىمنىڭ شانلىق بايرىمى. قەغىزىم ۋەتەننىڭ كۆكسى-قارىندۇر، تۇتقىنىم-خەلقىمنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى. ⑤ ھۆرمەت يۈزىسىدىن بىرەر نەرسىدىن پايدىلىنىشقا تەكلىپ قىلماق، پايدىلىنىشقا بەرمەك، تەقدىم قىلماق، سۇنماق: مەن پەتنۇسنى مېھمانىنىڭ ئالدىغىراق سۈرۈپ قويۇپ، ئۇنى نانغا تەكلىپ قىلدىم. يېڭى پىيالە ئەكەلدۈرۈپ، كۆپۈك چىقارماي، پەم بىلەن چاي قۇيۇپ، مېھمانغا ئەدەب بىلەن تۇتتۇم. * بەختىگۈل پۇلنى رىشىتنىڭ مەيدە يانچۇقىغا سېلىپ قويدى، رىشىتنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە بەختىگۈلنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا بىرمۇنچە يوللۇق تۇتتى. ⑥ يېزىپ مەلۇم قىلماق؛ سۇنماق: خەت تۇتماق. * بۇ يەردە بىر يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، يازلىق تەتىل بولۇش ئالدىدا، بىزنىڭ سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى مەسلىھەت قىلىپ، كېلەركى ئوقۇش يىلىدا ئېچىلىدىغان ئاگرونوملۇق سىنىپىغا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىمۇ قوبۇل قىلىش توغرىسىدا شىڭ دۇبەنگە ئەرز تۇتتۇق. ⑦ باشقا بىر نەرسىگە ئۆدۈللاپ يېقىن ئەكەلمەك، تەگلىمەك: كىتابنى چىراغقا تۇتۇپ ئوقۇماق. پىچاقنى چاققا تۇتماق. * ئۇ گۆشنى بىر يۇلغۇن ياغىچىغا سانجىپ، ئوتقا تۇتتى. * بالا سائەتنىڭ جىرىڭلىشىنى خۇشاللىق بىلەن ئاڭلىدى، كېيىن سائەتنى دادىسىنىڭ ۋە ئانىسىنىڭ قۇلىقىغا تۇتتى. * شۇ تاپتا ئۇنىڭ تالاغا چىققۇسى، كۆكسىنى شامالغا قارشى تۇتۇپ ماڭغۇسى كەلدى. ⑧ كۆچمە. ئۆز قولىدا ساقلىماق، ئىدارە قىلماق، ئىگىلىمەك، باشقۇرماق: – بىزدە گۆشنى سۇ ھوقۇقىنى تۇتقان بىرلا قاسىم بارغۇ، – دېدى تۇراخۇن، – ئەلۋەتتە، شۇ سۇ كادىرى-دە! * مەيلى گۆڭشېنىڭ تراكتور زەندىكى چېغىمدا بولسۇن، مەيلى بۇ گۆڭشېنىڭ تەشكىلات خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان چېغىمدا بولسۇن، ھەممىسىدە سىياسىي خىزمەتنى تۇتتۇم. * مېنىڭ بەگ-سىپاھلىرىم قاۋۇل ئەرلەردىن بولغان بولسا، پۇقرالىرىم مۇنچىلىكمۇ بولۇپ كەتمەس ئىدى. سىز ھاشىر تەيجى زادى بۇ يۇرتنى تۇتالامسىز-يوقمۇ؟ ⑨ پەردىلەش، دالدا قىلىش مەقسىتىدە توسماق، ئورناتماق: دېرىزىگە پەردە تۇتماق. تامغا زەدىۋال تۇتماق. * قىز ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى تۇتۇپ كۈلدى. * ئۇ چاغدا ئۇ ئۈچىسىغا كۈلرەڭ ساياھەت كىيىمى، بېشىغا چىرايلىق شلەپىسىنى

كىيىپ، يۈزىگە تور تۇتۇۋالغاندى. ⑩ چۆرىسىگە، ئەتراپىغا ئورناتماق، تىكمەك: دوپپىغا جىيەك تۇتماق. كۆرپىگە قارا تۇتماق. * ئۇ ئاندىن سۈرەت رامكىسىنىڭ چۆرىسىگە تۇتقان قارا لېنتىنى ۋە چاپىنىنىڭ يېڭىگە تاقىغان قارا لاتىنى ئېلىۋەتتى. ⑪ ئۆز دائىرىسىدە تۇرغۇزماق، ساقلاپ قالماق: نېرە ئادەم بەدىنىدىكى ئاقسىلنى تۇتۇپ تۇرىدۇ. * بۇ نوچىنىڭ قۇلىقى مىخ تۇتقۇدەك بولۇپ قېتىشقىچە قويۇپ تۇرۇڭلار، ئاندىن كۆرۈشەيلى، كىم كىمنىڭ قۇلىقىنى لەنەت تاختىسىغا مىخلايدىكىن! ⑫ توسۇپ توختاتماق، تورىماق: ـ هاۋا سوغۇق، ئۆيگە بېرىپ ئىسسىق چاي ئىچىپ مېڭىڭ، ـ دەپ خېلى تۇتسامۇ ئۇ: ـ رەھمەت ئۇكام، رەھمەت، ـ دېدى-دە، كەينىگە بۇرۇلدى. * ئۇ: ـ قېپقىنى ئادەملىرى بىلەن تۇتۇپ قالغىنىڭلار نېمىسى؟ بىز خەلققە نېمىدەپ جاۋاب قىلىمىز؟ ـ دېدى. ⑬ بىرىشنى مەنئى قىلماق، توختىتىپ قويماق: مائاشنى تۇتماق. * مەن ئەسلى ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىشقا چىقمىسا، ئىش ھەققىدىن تۇتۇپ قېلىش تەكلىپىنى بەرگىم بار ئىدى. ⑭ بوش قويۇۋەتمەي، ئۇنۇتمىلۇك ئۆتكۈزمەك، پايدىلانماق (ۋاقىت، پەيت ھەققىدە): بىر كۈنلۈك ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش-تۇتماسلىق بىر شوپۇرنىڭ يىللىق ئىشىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە. * هالال مېھنەت تەرى بىرلە زەپەر-شاننى قۇچۇپ خەلقىم، تۇتۇپ ھەربىر مىنۇتنى چىڭ ياشاشقا ئىنتىزار كەلدى. ⑮ جاۋابكارلىققا تارتماق، قىستىماق: «پۇلنى تۇگىلاتقان چىن بۇجاڭ بىلەن تۇرسۇن شېجاڭ، شۇلارنى تۇتۇڭلار!» دەپ كۆرسىتىپ قويسۇنمۇ-يە؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. * «قانداق قىلسام بولار؟ پۇلنى بەرمەي كېتىپسەن، دەپ تۇتۇۋالسا قانداق قىلارمەن» دېگەنلەرنى ئويلىغاندا ئەركىنىنىڭ بەدىنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ⑯ ئۆز پائالىيىتىدە مەلۇم تەرتىپ-قائىدە بىلەن ئىش ئېلىپ بارماق، بېجىرمەك: مەنسۇرنى قاربالاشتا خاتالىشىپ تۇرسۇنغا يان بېسىپتىمەن.

ئەمدى باشقىچە يول تۇتماقچىمەن! * هېسامىدىن داموللا ۋەزىيەتنى دەڭسەپ كۆرۈپ ئائىلاج: ـ هۆكۈمەتنىڭ ئەمرىنى تۇتماق ۋاجىپ، هۆكۈمەت ئەمر قىلغانىكەن، يېڭى مەكتەپ ئېچىشقا يول بار، ـ دەپ هۆكۈم چىقاردى. * رامىزاننىڭ قالغان 20 كۈنىنىڭ تولىسىدا قاتتىق ناننى ئۇۋىتىپ يەپ، روزا تۇتاتتۇق. * تەبىئەت مەن بىلەن ماتەم تۇتماقتا ئىدى. بىردىن قەلبىمدە «تاغ ناخشىسى» ئۇرغۇدى. ⑰ هاي بەرمەك، ئۇسماق، توختاتماق: شەۋكەت تاپانچىلىق ئادەمنى كۆرۈپ، قورقىنىدىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى. ئەمما، ئانىسىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئېسىگە ئېلىپ، دەرهال ئۆزىنى تۇتتى. * ئۆلۈمدىن قورقساڭ ئۆزۈڭنى تۇت، هالاۋەت، بەخت تۇغرىسىدا ئويلىما. ⑱ باشلىماق (سۇ ھەققىدە): بىركۈنى ساۋۇتوم پۇچقاقلىرىنى تۈرۈۋېتىپ، بۇغدايلىققا دان سۈيى تۇتۇۋاتاتتى، مەھەللە تەرەپتىن بىر جىپ ماشىنا كۆرۈندى-دە، توپا توزۇتۇپ، ئۇدۇل ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. * سۇپىتاي ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم، ئۆزى قىلغان دېھقانچىلىقنىڭ مەھسۇلاتى بولغان بۇغدايغا ئىككىنچى قېتىم سۇ تۇتماقتا ئىدى. ⑲ ساقلىماق، قالدۇرماق: سىز باشقىلارنىڭ كۆزىدە ئىكەنلىكىڭىزنى يادىڭىزدا تۇتۇڭ. * ۋەتەننى، دۇنيانى تۇتۇپ قەلبىدە، ئۇندىكى بۈركۈتلەر قاقىماقتا قانات. كۆرەشچان ئەجدادلار ئىزىدىن ئەنە، چىقماقتا قەھرىمان ئىز باسار ئەۋلاد. ⑳ هېسابلىماق، سانىماق، ... دەپ بىلمەك: تاشۋاينى ئىزلەپ كېلىدىغان مۇزىكانتلار، مۇزىكا خۇمارلار، تاشۋاينى ئۇستاز تۇتقان شاگىرتلار تولىمۇ كۆپ ئىدى. * ئويىنىسىمۇ ئويىنىسۇن، ھەر يەردە بىردەم ئويىنىسۇن، كۆڭلىنى دىۋانە ئەيلەپ، يارى تۇتقان بولمىسۇن. ㉑ باشلانماق، پەيدا بولماق، قوزغالماق؛ باسماق، ئۆز ئىلكىگە ئالماق: تولغاق تۇتماق. ئاغرىق تۇتماق. شوخلۇقى تۇتماق، خۇمارى تۇتماق. غەزىپى تۇتماق، ئاچچىقى تۇتماق. * دادىڭىز زاۋۇتتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، توساتتىنلا كېسىلى تۇتۇپ قالدى. *

پاتەمنى يىغا تۇتاتتى، لېكىن يىغلىيالمايدىغانلىقىنىمۇ سېزەتتى. * ئەمما، مېنى كۆرۈپلا مېنىڭ قىلغان ئەسكىلىكلىرىم ئېسىگە چۈشتى بولغاي، ماڭا ئۆچلۈكى تۇتۇپ قالدى-دە، كەتتى. ㉒ پايدىلىنىش ئۈچۈن ئىشغال قىلماق، ئىگىلىمەك: ئۇ قومۇلغا كەلگەن-دىن كېيىن، نىياز پالۋاننىڭ ئۆيىنى ماكان تۇتتى. * ئۇلار ھېلىقى تېيىز قۇدۇق يېنىغا يېتىپ كېلىپ، قانغۇچە سۇ ئىچىشتى-دە، شۇ يەردە قونالغۇ تۇتۇپ ئارام ئالدى. ㉓ بىر ئەزاسى ياكى ئىشتىراكچى سۈپىتىدە قۇرماق: سىلىنىڭ گەپلىرىچە بولسا، مېنىڭ سىلى بىلەن 40 يىل ئۆي تۇتۇپ، يېگەن-ئىچكىنىمنىڭ ھەممىسى ھارام ئىكەن-دە، خۇدايا توۋا دېسىلە. * شۇنداق قىلىپ ئائىلىمىزدە ئانامنىڭ تۇتقان جاھانغا بىر ئىز باسقۇچى پەيدا بولدى. مەن بىر ئانىغا ئىگە بولدۇم. ㉔ راۋاجلىنىپ، ئۆسۈپ، ياخشىلىنىپ رەسمىي تولۇق ھالەتكە كەلمەك: بويىنى تۈزتماق. سۈنئان قولى تۇتماق. * فېرما سىرتىدىكى سەككىز موچە يەرگە ئېرىق ئېلىپ تىككەن 6000 تۈپ تېرەك جىرىمى تولۇق تۇتتى. * ئاسماندىمۇ بولدۇ بەزى، بۇلۇتلارنىڭ توپلىشار چېغى. مايسىلارمۇ ھەر خىل سەۋەبتىن، يازنى كۆرمەي دان تۇتماس تېخى. ㉕ مەلۇم ھالەتنى ساقلىماق، مەلۇم ھالەتكە كەلتۈرمەك، داۋاملاشتۇرماق: ۋاي، ۋاي، مېنىڭ بۇ ھالىمنى باشقىلار ھەرگىز كۆرۈپ قالمىسۇن، خەق ئالدىدا ئۆزۈمنى تېتىك تۇتۇشۇم كېرەك. * چېن ئەمىر كېمىگە چۈشۈپ، ئۆزىنى مەغرۇر تۇتۇپ، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلماي ئولتۇرىدا ئولتۇردى. ㉖ مەلىكە قىلماق، بەند قىلماق، كەتكۈزمەي تۇسۇپ قالماق، ئاۋارە قىلماق: — غالىب كېسەل بولغاچقا، كۆپ گەپكە تۇتسا بولمايتتى، شۇڭا ئۇ غالىبقا ئەتە چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا كېلىپ، تەربىيە بەرمەكچى بولدى. * ناھايىتى كەلسە، ئىشىم بار ئىدى دەيمەن، ياكى بۇ ئىشخانامغا ئەكىرىۋېلىپ گەپكە تۇتۇپ تۇرمەن، — دېدى پەرىزات ئۇننى پەس چىقىرىپ. ㉗ بىراۋنىڭ

يولۇققان، ئۇچرىغان ئوڭۇشسىزلىقلىرى شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىرىنىڭ بېشىغا كەلمەك، ئۈستىگە چۈشمەك: باشقىلارنىڭ قىساسى تۇتماق. * ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن، ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى، كۆز يېشىم دەريا، بولۇپ بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى. * كۆيدۈرۈپ بولدۇڭ كىتابلارنى، بۈگۈن كۆيدۈر مېنى، تۇتىدۇ بىر كۈن ياقاڭدىن ئەل ۋەتەننىڭ قارغىشى. ㉘ ئىپادىلىمەك، كۆرسەتمەك: مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندىم، مېنى بۇ يەرگە يېڭى ئەكەلگەن ۋاقىتلارنى، ئۇلارنىڭ ماڭا تۇتقان پوزىتسىيىلىرىنى بىرمۇبىر ئەسلىدىم. ㉙ مەلۇم دائىرە ئىچىدە دەپ قاراپ، دىققەت قىلماق، ئاگاھ بولماق: بىز ھەر ئېھتىمالغا قارشى، ئالدىمىزنى چوڭ قورام تاشلارنىڭ توسۇۋېلىش مۇمكىنلىكىنى نەزەردە تۇتۇشىمىز، تەييارلىنىپ قويۇشىمىز لازىم. * ھەممىمىز بىر ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ ئەزالىرى، ھەربىي قىسىم ئىچىدە خىزمەت تەقسىماتى بولسىمۇ، ماھىيەتتە ھەممىسى جەڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتىدۇ. ㉚ قېتىپ، قويۇقلىشىپ مەلۇم شەكىل ۋە ھالەتكە كەلمەك: قايماق تۇتماق، مۇز تۇتماق. ㉛ ئاتماق، ياغدۇرماق: ئوقچا تۇتماق. پىلموتقا تۇتماق. * ئۇنى قانداق غەم مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى؟ دۇرۇس، يىل بېشىدا «ئىنقىلابچىلار» ئۇنىمۇ توپقا تۇتۇپ، كۆرەش قىلغانىدى. ㉜ مەلۇم ھالەتتە ساقلىماق، يوشۇرماق: بۇ سىرىمنى مەن سەندىن مەخپىي تۇتاتتىم. * تىبابەتچىلىك خېلى بۇرۇن مەۋجۇت بولغان بولسىمۇ، ئۇنى بىلگەن كىشىلەر ئاشكارا قىلمىغان ۋە داۋاملىق سىر تۇتۇپ كەلگەنىدى. ㉝ تاللىماق، تاللاپ ئالماق: گىلەمنى ساڭا بېرىۋەتسەم، ئايالىمدىن زادىلا قۇتۇلالمايمەن. ياخشى، كېلەر قېتىم كەلگەنلەردىن بىرىنى تۇتقىن، شۇنى ئېلىپ قال. ㉞ مەجبۇرىي ھالدا ئالماق: ئەمما بىر كېچىسى «ئوغۇللارغا

ئالدىراش بىر ئىش چىقىپ قالدى» دەپ جىددىي چاقىرىق قىلىپ، ئۇلارنى ماشىنىلار بىلەن ئەكەتكەن. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئەسكەرلىككە تۇتۇپ، ئالتايغا ئەكەتكەن. ㉟ مەلۇم چېگرا، دائىرىنى شەكىللەندۈرمەك، قۇرماق: تامنىڭ ئۈلىنى تۇتماق. خۇمدانىنىڭ تاۋىسىنى تۇتماق. هويلىغا سۇپا تۇتماق. ㊱ تارالماق، قاپلىماق، بىرئالماق: ئاي كەينىدىن بالقىپ چىقتى چولپانمۇ، يېيىپ قويۇق بۇلۇتلارنىڭ باغرىنى. چاچراپ كەتتى شامال تەككەن ئوت كەبى، يەرۇكۆكنى تۇتتى ئاپئاق يانغىنى. ㊲ يۇغۇرماق: بالام، چېپىگىنى ئىچىپ بولۇپ ماۋۇ پەگىنى گۆھەرنساخان ئاچاڭنىڭكىگە ئاپىرىپ بەرگىن، مەن باراي دېسەم، خېمىر تۇتۇپ قويۇپتىمەن، سەن كەلگىچە نېنىمنى يېقىۋالاي.

**تۇتۇپ** «تۇتماق» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى: — ۋاي! بۇنى بىر دېسىلە، قولى يارا بوپتۇ دېسە راست دەپتىمەن. تۇزۇلۇپ كەتكىنىنى مەن نەدىن بىلەي! ۋاي، سېنىم بالام، — ئۇ ياغلىقىنى كۆزىگە تۇتۇپ يىغلاپ كەتتى، تۇرۇپ-تۇرۇپلا قىزىنىڭ قولىغا قارايتتى.

**تۇتۇپ بەرمەك** ① مەلۇم نەرسىنى تۇتۇش ئارقىلىق باشقىلارغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرمەك: مەن لومنى تۇتۇپ بەردىم، سەمەت بازغان بىلەن ئۇردى. ② تۇتۇۋېلىپ، تېگىشلىك جايغا تاپشۇرۇپ بەرمەك ياكى باشقىلارنىڭ تۇتۇۋېلىشىغا ياردەملەشمەك: شامەنسۇرنىڭ لەشكەرلىرى شەھەر سېپىلىنى قورشىۋالغان يىلى، مەخسۇت بەگ شىرمەممەتنىڭ تاغىسى شىرزاتنى شامەنسۇرگە لەشكەرلىككە تۇتۇپ بېرىپ، بۇ ئۈينى ئۆزىنىڭ مۈلكى قىلىۋالغان.

**تۇتۇپ تۇرماق** ① سىقىمدىغان، قول بىلەن كۆتۈرۈپ تۇرغان هالەتنى داۋاملاشتۇرماق: بالا قولىدىكى چىنىنى بىردەم تۇتۇپ تۇردى-دە، كېيىن پالاققىدە تاشلىۋەتتى. ② كەتكۈزمەي، ماڭدۇرماي توسۇپ قالماق، بەند قىلماق: پەقەت، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى، يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان تولا مىدىرلايدىغان بولۇۋالغان كىچىككىنە جانلار بۇنى يولدىن تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ③ <قا> جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك كىشىلەرگە قوللانغان بىر خىل جىددىي تەدبىرى. بۇ خىل كىشىلەر بەلگىلەنگەن ۋاقىتلىق مۇددەت ئىچىدە تىزگىنلەپ تۇرۇلىدۇ: شۇ چاغدا ئۆيگە تاشقىرىدىن بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇ مۇشۇ ئورۇننىڭ مەسئۇلى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ گۈلئايشەمگە: — ئەپۇ قىلىڭ، گۈلئايشەم، سىزنى ئۇقۇشماستىن يەتتە كۈن تۇتۇپ تۇرۇپتىمىز، — دېدى.

**تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش** <قا> جىنايەتچىنى قىسقا مۇددەت ئەركىنلىكىدىن مەهرۇم قىلىدىغان بىر خىل جازا.

**تۇتۇپ قېلىش** <قا> زورلۇق ۋاستىسى بىلەن ئادەم ياكى مال-مۈلۈكنى توختىتىپ قويۇش.

**تۇتۇرۇق** I ئى ① ئوت ئالدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇششاق قىلىپ تەييارلانغان قۇرۇق ئوتۇن ياكى قومۇش، تارىشا قاتارلىقلار: ئامىنە تەييار تۇتۇرۇقنى ئوچاققا تىزدى-دە، كۆمۈر سېلىپ ئوت ياقتى. * مەن سېنىڭ دۇتارىڭنى ئەتىلا ئوچاققا تۇتۇرۇق قىلىۋەتمەيدىغان بولسام! ② كۆچمە. قوزغاتقۇچى، سەۋەبچى، زورايتقۇچى: ئەر-خوتۇننىڭ بىر-بىرىگە يول قويماسلىقى، دە- تالاشنىڭ ئاخىرىنىڭ جېدەل-ماجىراغا ئايلىنىشىغا تۇتۇرۇق بولدى.

**تۇتۇرۇق بولماق** ① بىردەملىك يېقىلغۇ بولماق: كىتابلار تۇتۇرۇق بولدى گۈرۈلدەپ قانچە يانغىنغا، كەمەكلەر بويىغان قەغەز تېپىلماس تۇتىيا بولدى. ② كۆچمە. قوزغاتقۇچى، سەۋەبچى، زورايتقۇچىلىق رولىنى ئوينىماق: ئۇ هازىر ئوت ئېلىپ، يېنىپ كېتەلمەي تۇرسا، سەن ئەمدى

بۇ سۆزۈڭ بىلەن ئۇنىڭغا تۇتۇرۇق بولماقچىمۇ؟

**تۇتۇرۇق قىلماق** ئوت ئالدۇرغۇچى، ئوتنى ئۇلغايتقۇچى يېقىلغۇ قىلماق: ئۇنىڭ بىلەن باپكارلار مۇكنى چاڭگاللاپلا قالدى، ئويباغلىقنىڭ دەستىگاھلىرى داش قازانغا تۇتۇرۇق قىلىندى.

**تۇتۇرۇقمۇ بولمايدۇ** ناھايىتى ئاز، كۆپايە قىلمايدۇ: ئەكەل دېسەم، ئاران بىر كىلوگرام گۆش ئەكىلىپتۇ، بۇ مېھمانلارغا تەييارلايدىغان سەيگە تۇتۇرۇقمۇ بولمايدۇ.

**تۇتۇرۇق** II ئى ① كىشىنىڭ ئۆز سۆزىدە تۇرۇش خىسلىتى: تۇتۇرۇقى يوق ئادەم. ② مۇئەييەن مەنە، مەزمۇن: تۇتۇرۇقى يوق گەپ.

**تۇتۇرۇقسىز** سۈپ ① سۆزىدە، لەۋزىدە تۇرمايدىغان؛ تايىنى يوق: سىزنى كۆپ ۋاقىتقىچە ھېچنېمىدىن تەپ تارتمايدىغان، باغرى تاش، تۇتۇرۇقسىز ئادەم دەپ ھېسابلاپ كەلدىم. * تۇتۇرۇقسىز-لىق خەلق ئوقۇتقۇچىسىنىڭ نامىغا يات. چۈنكى بىر تۇتۇرۇقسىز ئوقۇتقۇچى نەچچە يۈزلىگەن ئوقۇغۇچىنى تۇتۇرۇقسىز قىلىۋېتىشى مۇمكىن! ② مەنىسىز، چۇۋالچاق: ئۇلار ئەمەلدارلارنىڭ بالا-چاقىلىرى ماڭدۇرۇلغان چاغدىمۇ ئاشۇنداق تۇتۇرۇقسىز سۆزلەرنى تارقاتقانىدى. * يوق يەردىن پوستۇمبا قىرىدىغان تۇتۇرۇقسىز گەپلەرنى ئاتايتەن يىغىلىپ ئاڭلىماسلىقمۇ ئەرزانچىلىق.

**تۇتۇرۇقسىزلىق** «تۇتۇرۇقسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ـ دېمەك مەن ئوقۇتقۇچىلىققا لاياقەتسىز! ـ دېدى ئوسمان يەرگە قاراپ، ـ تۇتۇرۇقسىزلىقىمنى ئەمدى بىلىۋاتىمەن! * سەن بۇنداق تۇتۇرۇقسىزلىقىڭنى خامىنىڭدا قىل، مېنىڭ قېشىمدا تۆھمەتكە جاي تېپىلمايدۇ!

**تۇتۇش** «تۇتماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: مەدەنىيەتلىك، ئەدەبلىك بولۇش ئېيى پائالىيىتىنى شەھەر-يېزىلاردا قانات يايدۇرۇش، ئالدى بىلەن شەھەرنى ياخشى تۇتۇش كېرەك.

**تۇتۇش قىلماق** ① بىرەر ئىشنى قىلىشقا باشلىماق، بىرەر ئىشقا كىرىشمەك، داۋام-لاشتۇرماق: ئۇلار شۇنداق قىلىپ ھورنان ئېتىشكە تۇتۇش قىلىشتى. * پەردە ئالدىراپ پەرتۇقنى تارتتى-دە، سەي ئاقلاشقا تۇتۇش قىلدى. ئىشىك چېكىلگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ② يېيىشكە، ئىچىشكە كىرىشمەك، باشلىماق: شۇ كۈنى چۈشتىلا ئۆيگە بېرىپ ھاراققا تۇتۇش قىلدىم-دە، ئىدارىغا ئەتىسى چاشگاھ ۋاقتى بىلەن باردىم. * مېھمانلار زوقلىنىپ كاۋاپقا تۇتۇش قىلدى، شاراپلار ئىچىلدى.

**تۇتۇش نىسبىتى** <دېھ> تۇتقان، كۆكلە-گەن ئورمانىنىڭ ئومۇمىي سېلىنغان ئورمانغا نىسبەتەن ئىگىلىگەن ھەجمى: ئۆتكەن يىل تىككەن 150 مىڭ تۈپ كۆچەتنىڭ تۇتۇش نىسبىتى 95 پىرسەنتكە يەتكۈزۈلدى.

**تۇتۇشتۇرماق** «تۇتۇشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ـ كەلگىنى ياخشى بولدى، ـ دېدى يەنە بىرى، ـ مۇنۇ بۇقا بىلەن تۇتۇشتۇرۇپ كۆرمەمدۇق.

**تۇتۇشماق** ① «تۇتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار سۇغا چۈمۈلۈۋاتاتتى، بەزىلىرى بېلىق تۇتۇشۇۋاتاتتى، كىچىككىنە ۋېلىسىپت مىنگەن، كۆزەينەك تاقىغان سېمىز بىر ئادەم كېلىپ توختىدى. * ئۇششاق باللار بولسا قوللىرىدا تۈرلۈك ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلەر- رەسىم، قەغەز، سىزغۇچ، دۇۋەت قاتارلىقلارنى تۇتۇشۇپ ئۇ ياقتىن-بۇياققا يۈگۈرۈشەتتى. ② بىر-بىرى بىلەن ئېلىشماق؛ ئۇرۇشماق: مىلتىق قوللۇقلاردىن چۈشمىسۇن، ھەرقانداق ئېغىر ئەھۋالدىمۇ قورالنى تاشلىماڭلار، توغرا كەلگەندە، دۈشمەن بىلەن تۇتۇشىمىز. * چېلىش سۆگەتلىككە يېقىن بىر ئۆستەڭ بويىدا بولۇۋاتاتتى. مەيداندا بىرنەچچە داڭدار چېلىشچى بىر-بىرى بىلەن تۇتۇشۇۋاتاتتى. بىرھازا قاراپ تۇردۇم، ③ كىرىشمەك: تۇتۇشتۇق يول بۇزماققا، ياۋ كەلمىسۇن بۇ ياققا. تىراللالام... تىراللالام...

**تۇتۇق I** ① سۈپ. ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرمايدىغان، ئۈچۈق ئەمەس: شۇ تاپتا تۇمان خېلى تارقىغاندەك قىلسىمۇ، ئاسمان يەنىلا تۇتۇق ئىدى. * ھاۋانىڭ ھەر كۈنى تۇتۇق ۋە بۇلۇتلۇق بولۇشى بەزى ئادەملەرنىڭ روھىي ھالىتى ۋە مىجەزىگىمۇ تەسىر قىلىدۇ. ② سۈپ. ئېنىق ئەمەس، مۇجمەل: ئۇنىڭ ئويلاۋاتقىنى باشقا ئىش، ئاشۇ ئايال قولىغا قەلەم ئالغان 52 كۈندىن ئىلگىرىكى بىر جەريان — تولىمۇ تۇتۇق، غۇۋا بولغان بىر جەريان ئىدى. * بۇ ئارىلاش ۋە تۇتۇق سادالارنىڭ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇمۇ ئېنىق چۈشىنەلمەيتتى. ③ سۈپ. كۆچمە. خۇشاللىق ئالامەتلىرى بىلىنمەيدىغان؛ غەمكىن: ئۇنىڭ ھېقتەك چىراي، جازىبىلىك شەھلا كۆزلىرى، ئارقىسىغا تۇرۇلگەن قۇندۇزدەك ئۇزۇن بۇدۇر چاچلىرى ئۇنىڭغا بۆلەكچىلا ھۆسۈن بېرىپ تۇراتتى. ئەمما ئۇنىڭ پۈتكۈل چىرايى خىيالچان، تۇتۇق ئىدى. * سەھەرنىڭ سالقىنى كەل، گۈل ھىدىن چاچ، تۇتۇق كۆڭلۈمنى خۇش بۇيلار بىلەن ئاچ. ④ ئى. جۇۋىنىڭ يەڭ ۋە پەشلىرىنىڭ چۆرىسىگە تۇتۇلدىغان كۆرپە.

**تۇتۇق بەرمەسلىك** ① تۇتۇش، قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغانلارنىڭ قولىغا چۈشمەسلىك: نۇزۇگۇم دەشت-باياۋانلاردا يۈرۈپ، قومۇشلۇقتا مۆكۈپ، ئالتە ئايغىچە جاللاتلارغا تۇتۇق بەرمىدى. ئاشۇ قاچقۇنلۇق ئېغىر كۈنلىرىنى ئەسلەپ، يۈرەك رىشتىسىدىن نەزمە تۈزدى. * كېيىنكى كۈنلەردىمۇ ئۇ سېپىلغا چىقىپ، پوقاق موللامنىڭ مەكتىپىنىڭ پەنجىرىسىگە ئىككى-ئۈچ قېتىم تاش ئاتتى. لېكىن ئۇ موللامغا تۇتۇق بەرمەي يۈردى. ② كۆچمە. باشقۇرۇش، تىزگىنلەشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالماق، بويسۇنماسلىق: تۇنجى ئۇرغاق چۈشكەن كۈنلەردە تاشماق ئەزالارنى ئىشقا ھەيدەپ، سۈرۈپ-توقاي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بەزىلەر يەنە تۇتۇق بەرمىدى. * قەرىخان ئالدىرىغانسېرى نە ئەكبەر، نە كۆۋىر ئۇنىڭغا تۇتۇق بەرمەيتتى.

**تۇتۇق چىراي** چىرايىدىن خۇشاللىق ئالامىتى بىلىنمەيدىغان، غەمكىن: ئۇ تۇتۇق چىراي ئادەم بولغىنى بىلەن كۆڭلى-كۆكسى كەڭ ئىدى.

**تۇتۇق II** ئى. تار س. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي زېمىندا تەسىس قىلىنغان، ھىراۋۇل مەھكىمىسىدە مەمۇرىي ئىشلار ۋە مىللەتلەر ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار: سۈن چۈەن سۆزنى تۈگىتىپلا شەمشىرىنى جۇيۇيگە بەردى. جۇيۇينى باش تۇتۇق، چېڭ بۇنى ئورۇن باسار تۇتۇق، لۇسۇنى ياردەمچى لەشكەر بېشى قىلىپ تەيىنلىدى.

**تۇتۇق بەگ** تارس. دۆلىتىمىزدە جەنگو دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان ئەمەل نامى، يەنى جياڭجۇندىن تۆۋەنرەك ھەربىي ئەمەلدار. بۇنى خەن، تاڭ، چىڭ سۇلالىرىمۇ قوللانغان.

**تۇتۇق ھىراۋۇل** تار س. خەن سۇلالىسىدىن يۈەن سۇلالىسىغىچە، غەربىي رايوندا يولغا قويۇلغان ئەمەل نامى.

**تۇتۇقلاشتۇرماق** «تۇتۇقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — يولداشلار، — دېدى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، — بۇ مەسىلىنى بەزىبىر چېتىشلىق ئادەملەر بارغانسېرى تۇتۇقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ، سەل ھوشيارراق بولايلى.

**تۇتۇقلاشماق** پ ① تۇتۇق، غۇۋا، ئېنىقسىز بولۇپ كۆرۈنمەك؛ غۇۋالاشماق: خاسىيەتنىڭ كۆز ئالدى تۇتۇقلاشتى. * «بىر تىزىق» دېگەن خەتنىڭ ئاستىغا بىر تىزىق مىس پۇلنىڭ رەسمى ۋە ئۇلۇغ، سول تەرىپىگە بىر قۇردىن موڭغۇلچە خەت چۈشۈرۈلگەن. ئەپسۇسكى، قەغەز كۆپ ئىشلىتىلگەنلىكتىن يېزىقلار تۇتۇقلىشىپ كەتكەنىدى. ② خۇشاللىق ئالامىتى يوقالماق، تۇرۇلمەك (چىراي، يۈز ھەققىدە): شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ خۇش خۇي چىرايى تۇتۇقلاشتى. قەددى پۈكۈلگەندەك بولۇپ،

كىشىلەرگىمۇ كۆپ ئارىلاشمايدىغان بولۇپ قالدى.

**تۇتۇقلۇق** I «تۇتۇق I» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: كۆز ئالدىمدىكى تۇتۇقلۇق ئىچىدىن بىر يورۇقلۇق پەيدا بولغاندەك بولدى-دە، كۆز ئالدىمدا مۇندىن 15 يىل بۇرۇنقى بىر ئىش نامايان بولۇشقا باشلىدى. * بۇ مەسىلىدىمۇ ئوخشاشلا بىر خىل تۇتۇقلۇق بار ئىدى.

**تۇتۇقلۇق** II سۈپ. تۇتقان؛ تۇتۇپ، ئىگىلەپ تۇرغان: سەيداشلار سالاخۇن ئۇستا بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، لەڭگەر كوچىسىنى بويلاپ مېڭىپ كەتتى. ل. مۇتەللىپنىڭ تەنھا تۇتۇقلۇق ياتقى شۇ كوچىدا ئىدى. * قولىدا تۇتۇقلۇق ياغاچ چۆمۈچى، سۇ چېچىپ ئويناشقا ماڭغانمۇ بۇ قىز؟ يېنىدا تۇرۇپتۇ ياغاچ سوغىسى، دولقۇنلار هاياتىنىڭ ئېقىنلىرى تېز.

**تۇتۇلماق** ① «تۇتماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل - دەرىجىسى: كۆپ سۆزلىگەن تۇتۇلار، ئاز سۆزلىگەن تۇتۇلار (ماقال). * ئەتىيازغا چىققاندا ئوقۇغۇچىلاردىن 20 نەپەرچىسى ئۆلدى. سىياسىي ھاۋانىڭ دەستىدىن بولسا، بىرنەچچە ئوقۇغۇچى خائىن ۋە بۇزۇق ئۇنسۇر دەپ تۇتۇلۇپ كەتتى. * مېنىڭ بېشىمدا چۆرىسىگە قارا مەخمەل تۇتۇلغان قىزغۇچ قالپاق بار ئىدى. ② گەپتىن، سۆزدىن قالماق: ماۋۇ بىرنېمەڭنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالغانمىدى، گەپ سورىسام، بېزىرىپلا تۇرىدىغۇ! * خەلقىمىز ئالۋاستى، جىندىن قۇتۇلدى، ھۆسەندەك شۇملارنىڭ تىلى تۇتۇلدى. مەن بىلدىم شۇندىلا ئىشنىڭ «سىرى» نى، كۆردۈم ئۆز كۆزۈمدە جىننىڭ «پىرى» نى. ③ گەپ-سۆزدە ئىلىنىپ قالماق، جاۋاب بېرەلمەي قالماق؛ تەن ئالماق: ـ سەن ئۇنداق ئۆزۈڭدىن چوڭ ئادەم بىلەن تاكاللاشما! ـ دېدى چوقۇر كىشى گەپتە تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى پەملەپ ھەم پوپوزا قىلىشقا باشلىدى، ـ بوينۇڭدا قىزىل لاتا تۇرىدىغۇ. * زەينەپ بۇ سوئالنىڭ جاۋابىغا قالغاندا بىرئاز تۇتۇلدى. چۈنكى، ئاتابېك زەينەپنىڭ يېنىدا بولغاندا، كۈمۈشنىڭ كىرگىنىنى خاتىرىلەلمىدى. ④ باشقا نەرسىلەر ياكى ئۇنىڭ سايىسى بىلەن قاراڭغۇلىشىپ قالماق: «كۈن نېمە ئۈچۈن تۇتۇلىدۇ؟» بۇنداق ھادىسىلەرنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ قويۇشىمۇ زىيانلىق ئەمەس. * ھاۋا يەنە تۇتۇلدى، قار ياغقۇرلار ياغقىلى. قانداق چاغدا تۇغۇلدۇم؟! دەرد ئەلەملەر قارىتقىلى. ⑤ پەردىلەنمەك، كۆرەلمەس بولۇپ قالماق (كۆز ھەققىدە): كۆزى تۇتۇلماق. * ئۇ كۆزى تۇتۇلۇپ قالغىلى ئۈچ يىل بولغان دادىسىنى داۋالاتقىلى ئۈرۈمچىگە ئەكەلگەنىدى. ⑥ قىسىلماق: گاھى ياغۇر، گاھى بەك ئىسسىق، تۇتۇلىدۇ كىشىنىڭ دېمى. لېكىن ئۇندا توختىمايدۇ ئىش، كۈتۈرۈلەر بىنانىڭ تېمى. ⑦ تۇرۇلمەك، سۈرلەشمەك، ئۆزگەرمەك: بىركۈنى كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كىردىم - دە، دائىم خۇش خۇي يۈرىدىغان ئايالىمنىڭ بۈگۈن چىرايى تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. * ئەسقەر ئاكا قولۇمدىن پاۋان ملتىقىنى ئېلىپ، ئۇ ياق-بۇ ياققا سىنچىلاپ قارىدى-دە، بىردىنلا چىرايى بۇلۇتتەك تۇتۇلدى، قاشلىرى تۈرۈلۈپ، كۆزلىرىدە غەزەپ ئوتى چاقنىدى. ⑧ كېمەيمەك، پەسلىمەك، ئازايماق: سادىر ئىش ئۈستىلىدە مىدىرلىماي ئولتۇراتتى، بۈگۈن ئۇنىڭ ئىشتىھاسىمۇ تۇتۇلدى، ئۇيقۇسىمۇ قاچتى. * تاماقلارنىڭ تۈرىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا، ئىشتىها تۇتۇلۇش ۋە ھەزىم قىلىش بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**تۇتۇنماق** ① «تۇتماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئەمدى سەن تۇتۇنامسەن، جېنىڭنى ياقىغا ئالامسەن، ئۆزۈڭ بەلگىلە-ھە! * بىرى دەر: «ئۇنىڭغا تۇتۇنغان ئادەم، سالىمادۇ ئۇزۇن يىل بەرگۈدەك چىداش». بىرى دەر: «يوللاردا ئازمۇ دەريا، ساي، قېنى كۈچ ئۇنىڭغا، قېنى ياغاچ-تاش؟» ② كىرىشمەك، بىرەر ئىشنى قىلىشقا باشلىماق: گەزماللچى مازاق قىلىپ، تۇمشۇقىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى ۋە بىر چوكانغا شىپىلدۇخاۋا ساتقىلى تۇتۇندى. * گۈلسۈمخان ئانا قىرىپ

تازىلانغان سەۋزىنى تەڭنگە بېسىپ، ئىشىك ئالدىغا چىقتى. ئۇنى سۈزۈك بۇلاق سۈيىدە غۇچچۇرلىتىپ يۇيۇشقا كىرىشتى. ئۇ كەچلىك غىزاغا تۇتۇنغانىدى.

**تۈتى** [پ] ① ئى. شاتۈتى، تۈتى قۇش. ② ئى. ئاتنىڭ تېنى كىچىك، پاكار بىر خىلى، ئادەتتە بويى بىر مېتىردىن ئېگىز بولمايدۇ. ③ سۈپ. كۆچمە. پاكار، پەس.

**تۈتى قۇش** ← **شاتۈتى**: تۈتى قۇش ئادەمگە ئوخشاش چىرايلىق، ئېنىق سۆزلەيدۇ، ئەمما ئۆزى سۆزلىگەن سۆزدىن خەۋەرسىز. * «تۈتى قۇشنىڭ ئىدراكى يوق، تىلى بار، تەكەببۇرنىڭ يارانى يوق، ئۆزى بار». «ئەلسىز يەردە ئەر ياشالماس» دەيدىغان، ئەجدادلارنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك سۆزى بار.

**تۈتىيا** ئى [پ] ① كۆز ئاغرىقىنى ساقايتىش ياكى كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن كۆزگە سۈرتىدىغان، بۇرۇن ئىشلىتىلگەن بىر خىل دورا: نۇرغا تەلمۈرگەن كۆزۈڭ زۇلمەتتە بولغاندا بەسىر، كىم شاپائەت ياغدۇرۇپ سۈردى كۆزۈڭگە تۈتىيا. ② كۆچمە. تېپىلمايدىغان، قىممەت باھالىق نەرسە: ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلار ئۈچۈن ئەمدى زادىلا قول يەتمەس تۈتىياغا ئايلىنىپ قالدى. * كىمكى بىلسە قەدرىڭنى گويا قۇندۇز كەبى جىسمىڭ، چۈشەرمەي قولىدىن سىپاپ، تېپىلماس تۈتىيا دەرلەر.

**تۈتىيا ئەيلىمەك** تۈتىيا دەپ بىلمەك: سېنىڭ ياقۇت خىشىڭنى تۈتىيا ئەيلەپ كۆزۈم سۈرتەم، تولۇق جىسمىم جاسارەتكە، تاپار كۆڭلۈم ئارام ھېيتىكا.

**تۈتىيا بولماق** تېپىلمايدىغان، قىممەت، ئەتىۋارلىق نەرسە دەپ قارالماق: مانا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئەر-خوتۇننى بىر-بىرىگە چەمبەرچاس چېتىپ تۇرىدىغان يىلتىز سۈپىتىدە ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىز ئەمدىلا سىرىق تۈگنى تاشلىغان كەپتەر باچكىسىدەك رەسمىي ئىشتىھاغا كىرگەندە، ئانى-نان ئۇلار ئۈچۈن تۈتىيا بولۇپ، كۈن بويى يېرىم تويۇنۇش بىلەن يۈرمەمدۇ؟ * يىغىپ ئېيتسام ئەخمەتجان، قەلبى بىلىم دېڭىزى. بولدى بىزگە تۈتىيا، بېسىپ ئۆتكەن ھەر ئىزى.

**تۈتىيا قىلماق** تۈتىيادەك كۆزگە سۈرتمەك، ئەتىۋارلىماق: كۆزۈمگە تۈتىيا قىلدىم، سېنىڭ قەبرەڭنى ھۆرمەتتە. ئۇلۇغ سۆيگۈ مۇھەببەتكە، تولۇپ شاد ياپىردى كۆڭلۈم. * مۇبارەك خاكپايىڭنى يۈزۈمگە تۈتىيا قىلدىم، ساباھى ۋەسلى شامىڭنى يېقىپ دىلغا ناھار ئەتتىڭ.

**تۇجا** ئى. مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**تۇجا تىلى** <تل> تۇجالار ئىشلىتىدىغان تىل. خەنزۇ-زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى زاڭزۇ-ميەنزۇ تىللىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ. ئاساسەن مەملىكىتىمىزنىڭ خۇنەن ئۆلكىسى، شياڭشى تۇجا-مياۋزۇ مىللىي ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ لۇڭشەن، يۇڭشۇن، باۋجىڭ، گۇجاڭ، جىشۇ، لۇچى قاتارلىق ناھىيىلىرىدە ئىشلىتىدۇ.

**تۇجاچە** ① سۈپ. تۇجالارغا خاس، تۇجالار ئىشلىتىدىغان: تۇجاچە كىيىمەك. ② ئى. تۇجا تىلى.

**تۇجالار** ئى <ئىرق> تۇجا مىللىتى، تۇجا خەلقى. ئاساسەن خۇنەن، خۇبېي ئۆلكىلىرىگە جايلاشقان.

**تۇجۇركا** ئى [ر] كاسىنى بېسىپ تۇرىدىغان، تۈگمىلىرى پۈتۈن ئېتىلىدىغان ئۆرە ياقىلىق كالتە چاپانلارنىڭ ئورتاق نامى: ئۈچىسىغا پاختىلىق تۇجۇركا، بېشىغا ئاق تېرە قۇلاقچا كىيىپ، بېلىنى تاسما بەلباغ بىلەن باغلىغان ۋە بەلبېغىغا يالىڭاچلانغان تاپانچا قىستۇرۇلغان، ئۈچ دانە بومبا ئاسقان ئەنۋەر نادىم بىلەن مەيدانغا يېتىپ كەلدى.

**تۇچ** ئى. مىس بىلەن قەلەينىڭ ئارىلاشمىسى. سارغۇچ ياكى كۆكۈچ سارغۇچ بولىدۇ،

سۈركىلىشكە، چىرىشكە چىداملىق، قاتتىق كېلىدۇ؛ دېتاللارنى قۇيۇش، پىرىسلاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**تۇخاۋ** ئى [خەن] يېزىلاردىكى پۇل ۋە كۆچى بولغان پومېشچىك ياكى زومىگەر.

**تۇخاۋ-لىيىشېن** تۇخاۋ ۋە لىيىشېن.

**تۇخۇم** ئى [پ] ① چىشى قۇشلار ۋە بەزى ھايۋانلارنىڭ بالا چىقىرىش ئۈچۈن تۇغىدىغان، ئۈستى شاكال بىلەن ئورالغان جىنسىي ئۇرۇقى: **خالىغان مۇقامغا سايرىشىپ قۇچقاچ، بوستاندىن ئۆزگە جۇپ تاپار ئەركىن. تۇخۇمدىن كۆز ئاچقان قۇشنىڭ بالىسى، شاخلاردىن شاخلارغا تاشلىنار ئەركىن.** ② يېمەكلىك سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىغان، توخۇ، ئۆردەك قاتارلىق قۇشلارنىڭ تۇخۇمى: **نېملا بولمىسۇن چىبەرقۇتنى ئالمەن دەيدىكەنمەن، مۇساغا 50 تۇخۇم بەرمەي بولمايتتى. شۇڭا ئۆيۈمگە كېلىپلا تۇخۇملارنى سېۋەتكە قاچىلاپ، ھايال قىلماي يەنە دۇكانغا يېتىپ باردىم. كېلىشىم بويىچە مۇسا 50 تۇخۇمنى ئېلىپ قالدى.** ③ <بىئول> ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئانىلىق ھۈجەيرىسى، ئۇ ئۇرۇق بىلەن قوشۇلغاندىن كېيىن ئىككىنچى ئەۋلادنى ھاسىل قىلىدۇ. ④ <بىئول> ھاشاراتشۇناسلىق ئىلمىدە، ئۇرۇقلانغان تۇخۇمغا قارىتىلغان بولۇپ، ھاشاراتلار ھاياتلىق دەۋرىنىڭ بىرىنچى يېتىلىش باسقۇچى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ⑤ كۆچمە. نەسىل، ئەۋلاد: **تۇخۇمنى قۇرۇتماق.**

**تۇخۇم باستۇرماق** چۈجە چىقىرىش ئۈچۈن توخۇنى بىرقانچە تۇخۇم ئۈستىگە ئولتۇرغۇزماق: **بۇ يىل توخۇغا 15 تۇخۇم باستۇرغاندۇق، 10 چۈجە چىقىرىپتۇ.**

**تۇخۇم باسماق** چۈجە چىقىرىش ئۈچۈن تۇخۇملارنى باغرىغا بېسىپ ياتماق: **قۇشنىڭ تۇخۇم بېسىش ۋاقتى كەلدىمۇ، ئەركىكى دەررۇ** **قويرۇقىغا رەڭمۇرەڭ چاپان كىيدۇ.**

**تۇخۇم پوشكىلى** تۇخۇم ۋە مۇۋاپىق مىقداردىكى ئاق ئۇنغا خېمىرتۇرۇچ، ئەبجەش ماي ئارىلاشمىسىنى سېلىپ، تاۋىدا تەكشى يېيىپ، ياغدا داغلاپ پىشۇرىدىغان بىر خىل تاماق: **بۈگۈن كەچتە پىرىزىخان مومايىنىڭ ئۆيى خۇشاللىققا چۆمدى. موماي ياغ پۇرىتىپ تۇخۇم پوشكىلى سالدى، قايماقلىق چاي ئېتىپ، بىزنى مېھمان قىلىشقا باشلىدى.**

**تۇخۇم پۆرىسى** قىيمىسى تۇخۇم بىلەن كۆكتىن تەييارلىنىدىغان پۆرە. تاۋىدا پىشۇرۇلىدۇ.

**تۇخۇم توخۇسى** <زوئول> توخۇلارنىڭ ئىقتىسادىي تىپلىرىنىڭ بىرى. ئالاھىدىلىكى: تۇخۇم ئېلىش ئاساس قىلىنىدۇ. بۇنداق توخۇلارنىڭ جۇغى كىچىك، تېنىك كېلىدۇ، ئوبدان دانلايدۇ، تېز يېتىلىدۇ، ئانچە كۈرۈك بولمايدۇ، گۆشى ئاز، تەمسىز كېلىدۇ.

**تۇخۇم تۇغماق** يېتىلگەن تۇخۇمنى چىقارماق (قۇشلار ھەققىدە): **توخۇمىز ھەر كۈنى بىردىن تۇخۇم تۇغۇپ جەمئىي 40 تۇخۇم يىغىلغانىكەن.**

**تۇخۇم تۆرەلمىلىك تۇغۇش** <زوئول> لەھەڭ قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تۇخۇمنى تۇغماستىن، تۇخۇم ئانا تېنىدە تۇرغان شارائىتتا تۇخۇمنى يېرىپ بالا چىقىرىشى.

**تۇخۇم چۆچۈرىسى** تۇخۇم، پۇرچاق ئۇنى، تۇز، ئاچچىقسۇلارنى قوشۇپ چېلىپ، ئۇنىڭدىن تەييارلانغان پوشكالنى كۇدە، كاۋاۋىچىن، تۇز، ماي بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، قيما قىلىپ، توگۇش ئارقىلىق پىشۇرۇلغان چۆچۈرە.

**تۇخۇم چىقارماق** ← **تۇخۇم تۇغماق: قۇشقاچلار تۇخۇم چىقىرىشقا باشلىدى.**

**تۇخۇم چىقىرىش مەزگىلى** <زوئول>

بالاغەتكە يەتكەن ئايالالار ياكى سۈت ئەمگۈچى چىشى ھايۋانلار تۇخۇمنىڭ تۇخۇمداندىن چىقىدىغان ۋاقتى. ئادەملەر-نىڭ تۇخۇم چىقىرىش مەزگىلى ئادەتتە كېلەر قېتىملىق ھېيىز كېلىشتىن بۇرۇنقى 14-كۈننىڭ ئالدى-كەينىدە بولىدۇ.

**تۇخۇم چېكىشمەك** پىشقان توخۇ تۇخۇملىرىدىنى بىر-بىرىگە ئۇرۇپ، تۇخۇمى سۇنماي قالغىنى ئۇتىدىغانغا ئوينىماق: ھېيتتا ئۇلار تۇخۇم چېكىشتى.

**تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرمەك** يوق يەردىن گەپ پەيدا قىلماق، يوق يەردىن ئەيىب، نۇقسان تاپماق: بۇلارنىڭ ھەممىسى تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرىدىغان گەپلەر، مەن سىز بىلەن پايدىسى يوق مۇنازىرىنى قىلىپ يۈرمەيمەن.
* بۈگۈنكى ماتور ۋەقەسىنى ھازىر بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، قىلنى پىل قىلىشۋاتقىنى ئېنىق.

**تۇخۇمدىن چىقماق** تۇخۇمنى يېرىپ چىقماق، چۈجىلىمەك: كەپتىرىمىز بەش تۇخۇم باستۇرغانىدى، ئۈچى تۇخۇمدىن چىقتى.

**تۇخۇم سالماق** يېتىلىش باسقۇچىدىكى ئۇرۇقلانغان تۇخۇمنى كۆپىيىش مۇھىتىغا ئورۇنلاشتۇرماق: ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇغدايلىقتا يوشۇرۇنۇپ قىشلايدۇ. 2-يىلى باھاردا، كۆك پىتلار تازا تولىشىۋالغان بۇغداي، كېۋەز يوپۇرماقلىرىنىڭ كەينىگە كېلىپ تۇخۇم سالىدۇ. بىر خانقىز بىر قېتىمدىلا 700دىن 1000گىچە تۇخۇم سالىدۇ.

**تۇخۇم سامىسى** قىيمىسى تۇخۇمدىن قىلىنىدىغان سامسا.

**تۇخۇم سېرىقى** ① قۇشلارنىڭ تۇخۇمى ئىچىدىكى سېرىق، شىلىمسىمان ماددا. ئۇ شار شەكلىدە بولۇپ، تۇخۇم ئېقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشقان. ② مۇشۇ خىل سارغۇچ رەڭ.

**تۇخۇم شارچىسى** <بىئول> ئۇرۇقلانمىغان ئانىلىق گامېتا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ماددىلار.

**تۇخۇم شورپىسى** شورپىنىڭ بىر خىلى. تۇخۇم قايناۋاتقان سۇغا چېقىلىپ، پىياز ۋە ھەر خىل دورا-دەرمەكلەر بىلەن تەمى تەڭشىلىدۇ.

**تۇخۇم كاللىكى** <زوئول> تۇخۇم تۇغۇش ئارقىلىق كۆپىيىدىغان بەزى ھايۋانلارنىڭ تۇخۇمى تۆرەلگەندىن كېيىن، ئۆزئارا يېپىشىش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن كاللەك.

**تۇخۇم نەشپۈت** نەشپۈتنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسى تۇخۇمسىمان، پوستى ئوتتۇراھال قېلىن، ئەسلى رەڭگى يېشىل سېرىق، ساقلىنىش جەريانىدا تۇم سېرىق بولىدۇ. گۆشى چۈرۈك، تەمى تاتلىق، شېرىن، سۇلۇق، خۇش بۇي، مېۋە سايىقى ئۇزۇن، سۈيىتى ياخشى.

**تۇخۇمنى تاشقا ئۇرماق** مۇتلەق كۈچى يەتمەيدىغانلىقى ئېنىق تۇرغان شارائىتتا، ئۆز دۈشمىنىگە ئۇرۇنۇپ بىكار ھالاك بولماق، ئۆزىنى ئورۇنسىز يوق قىلماق: سەن تېخى يەنىلا بالا. ئۇن نەچچە ئادەم بىلەن 500 كىشىلىك چوڭ قوشۇنغا چېقىلىش ــ تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغان بىلەن باراۋەر. بىلىپ قوي، ياخشى يولباشچى ئۆز ئادەملىرىنى خەتەرگە باشلىمايدۇ.
* يۈرت تىنچ بولسا، پۇقرالارمۇ پۇقرادارچىلىقنى قىلالايدۇ، سىزلەرمۇ سودا-تىجارىتىڭىزلارنى قىلالايسىز-لەر. سىزلەر بولسىڭىزلار يۈرت كاتتىلىرى، خەلق سىزلەرنىڭ گېپىڭىزلارنى ئاڭلايدۇ، خەلققە سۆزلىڭىز-لەر. نەسىھەت قىلىڭىزلار، يۈرت تىنچ بولسۇن، نەدىكى تېگى يوق گەپلەرگە ئىشىنىپ، تۇخۇمنى تاشقا ئۇرىمىز دەپ يۈرمىسۇن!

**تۇخۇمنىڭ تۆرىلىشى** <زوئول> ئادەم

ۋە ھايۋانلار تۇخۇم ھۇجەيرىسىنىڭ يېتى‑لىش جەريانى. كۆپىيىش، ئۆسۈش ۋە يېتىلىش قاتارلىق ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتىدۇ.

**تۇخۇم ھۇجەيرىسى** <بىئول> ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەردە بولىدىغان ئانىلىق جىنسىي ھۇجەيرە. سپېرما بىلەن قوشۇل‑غاندىن كېيىن ئىككىنچى ئەۋلادنى ھاسىل قىلىدۇ.

**تۇخۇم ئۇيىنماق** ← **تۇخۇم چېكىشمەك**.

**تۇخۇم ئىپقى** قۇشلارنىڭ تۇخۇمى ئىچىدى‑كى سۈزۈك، شىلىمسىمان ماددا. ئۇ ئاقسىلدىن تەركىب تاپىدۇ، تۇخۇم سېرىقىنى ئوراپ تۇرىدۇ.

**تۇخۇمى بۇزۇق** ← **تېگى بۇزۇق**.

**تۇخۇمىنى قۇرۇتماق** نەسلى، ئەۋلادىنى يوق قىلماق، تۈگەتمەك: ئاندىن، تۆمۈرنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەركەك ئەۋلادىدىن ھېچكىمنى تىرىك قالدۇرماڭلار. خوتۇن‑قىزلىرىنى دەرھال شەھەرگە ئەۋەتىپ بېرىڭلار! بۇ، يالغ جىياڭجۇن جانابلىرىنىڭ بۇيرۇقى.

**تۇخۇم يۆتكەش** <بىئول> چېتىلدۇرۇلغان چىشى ھايۋاننىڭ كۆپىيىش نەيچىسىدىكى ئورۇقلانغان تۇخۇم ياكى كۆپۈكسىمان تۆرەلمىنى، تەييارلاپ قويۇلغان باشقا بىر ئانىلىق تەندىكى بالىياتقۇغا كۆچۈرۈش ياكى دەسلەپكى تۆرەلمىنى تەن سىرتى‑دا قىسقا مۇددەت يېتىلدۈرگەندىن كېيىن قايتا سېلىش.

**تۇخۇمەك** ئى ← **تۇخۇمەك دەرىخى**.

**تۇخۇمەك پۇرچىقى** <بوت> تۇخۇمەكنىڭ چوكا مېۋىسى ياكى ئۇرۇقى. دورا قىلىنىدۇ، بوۋاسىرغا داۋا بولىدۇ، ئۇنىڭ‑دىن باشقا جاڭيۇ، ھاراق قاتارلىقلارنى تىشلەشتە خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**تۇخۇمەك دەرىخى** <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، گۈلى سۇس سېرىق، چوكا مېۋىسى يۇمىلاق تۇۋرۇكسىمان، گۆشلىشىدۇ، يېرىلمايدۇ، ھەربىر ئۇرۇقنىڭ ئارىلىقى بوغۇلۇپ، پۈتۈن كۆرۈنۈشى تەسۋىگە ئوخشاپ قالىدۇ؛ گۈلى ۋە ئۇرۇقىدىن سېرىق بوياق ئېلىنىدۇ. گۈلى، مېۋىسى ۋە يىلتىز پوستى دورا قىلىنىدۇ، قاننى سوۋۇتۇش، قان توختىتىش رولىغا ئىگە.

**تۇخۇمەكلىك** ئى. تۇخۇمەك كۆپ ئۆسكەن ۋە كۆپ ئورۇنلاشقان جاي: ئەتىسى لېچىڭزۇ ئۆز قولداشلىرىنى باشلاپ، شەھەردىن چىقىپ، 25 چاقىرىم نېرىدىكى تۇخۇمەكلىك ئىچىگە يېتىپ باردى‑دە، قوش تىكتى.

**تۇخۇمچى** ئى. تۇخۇم ئېلىپ‑سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى: مەن تۇخۇمنى تۇخۇمچىدىن ئالماي تۇخۇم ئەكىرگەن دېھقاننىڭ ئۆزىدىن ئالدىم. // ‑ سىلەر ئىككىڭلار ئاستا مېڭىپ تۇرۇڭلار، ‑ دېدى كەنجى، ‑ مەن ئازراق تۇخۇم ئېلىۋېلىپ، كەينىڭلاردىن ھېلىلا يېتىشىمەن. كەنجى بۇرۇلۇپ تۇخۇمچى ئايالنىڭ قېشىغا كەلدى.

**تۇخۇمچىلىق** «تۇخۇمچى» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: بۇ كىشى ئىككى يىلدىن بېرى شەھەردىن يېزىغا قاتناپ، تۇخۇمچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

**تۇخۇمچىلىك** سۈپ. تۇخۇمنىڭ چوڭلۇقىدىكى؛ كىچىككىنە: يەرلىرىنىڭ چېكى يوق، تۇخۇمچىلىك تېشى يوق. ئاسمان بىلەن ئۆپۈشكەن، ئارىسىدا قېشى يوق.

**تۇخۇمدان** ئى [پ] ① <بىئول> ئاياللارنىڭ ۋە چىشى ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىش بېزى. ئۇ تۇخۇم ھاسىل قىلىشتىن تاشقىرى بالىياتقۇ، جىنسىي يول، سۈت بەزلىرىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان گورموننى

ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. ئادەملەرنىڭ تۇخۇم-
دىنى قورساق بوشلۇقىنىڭ ئاستىنقى
قىسمىدىكى داس سۆڭىكىنىڭ ئىچكى
تەرىپىگە جايلاشقان بولىدۇ، شەكلى
ياپىلاق ئېللىپس — شەكلىدە بولۇپ،
بالىياتقۇنىڭ ئوڭ ھەم سول تەرىپىگە
ئايرىلغان. ② ‹دېھ› مۇخلار، پاپوروتنىك-
لار ۋە يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ
ئانىلىق كۆپىيىش ئەزاسى. كۆپ ھۆجەي-
رىدىن تۈزۈلىدۇ، شەكلى بوتۇلكىغا
ئوخشايدۇ، قورساق قىسمى ۋە بويۇن
قىسمى دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.
قورساق قىسمىدا بىر دانە تۇخۇم ھۆجەي-
رىسى بولىدۇ.

**تۇخۇمسمان** سۈپ. تۇخۇمغا ئوخشاش، تۇخۇم
شەكىللىك: دىل كۆزىدە- ئۆتكۈر گۆزۈمدە،
باقىشم ئاغا يېنىش-يېنىشلاپ. تۇخۇمسمان سۆزۈك
ئەپتىدىن، ياندى پارلاپ كۈچلۈك نۇر-ئاپتاپ.

**تۇخۇملاتماق** «تۇخۇملىماق» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تۇخۇملۇق** رەۋ. تۇخۇم ئارقىلىق، تۇخۇم
بىلەن: تۇخۇملۇق كۆپىيىش.

**تۇخۇملۇق كۆپىيىش** ‹بىئول› ھايۋانلار-
نىڭ ئانا تېنىدىن ئايرىلغان تۇخۇمنى
يېرىپ چىقىش ئارقىلىق تۇغۇلۇشى.

**تۇخۇملىماق** پ. تۇخۇم سالماق، تۇخۇم
تۇغماق: ياتار جايى كارىزدا، تۇخۇملايدۇ، جىقلايدۇ.
بىرى بىر دان چوقۇسا، ھوسۇلىمىز كەملەيدۇ.

**تۇر** I ئى. ئېشقا جايلارنى كۆزىتىش،
بەلگە بېرىش ئۈچۈن ياسالغان ئېگىز
قۇرۇلما، قىيا دۆڭ: ئايىنگارا پۈجۈڭ ئاسىم
تەيجىلەرنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، مەخسۇس
مەپە بىلەن كاھلارنىڭ ھەمراھلىقىدا يولغا چىققانىدى.
ئۇلار بىجەن تۇردا ئۇچراشتى.

**تۇر** II تەق. تۇرۇلغا قاتارلىق قۇشلارنىڭ
سايرىشىدىن ئاڭلانغان ئاۋاز.

**تۇرا** I ئى. مىلادى 5-ئەسىردىن ئىلگىرى-
كى قەدىمكى مىللەت، ئۇيغۇرلارنىڭ
ئېتنىك مەنبەلىرىدىن بىرى.

**تۇرا** II ئى ① مەلۇم ئېگىزلىكتىكى،
ئەتراپى قورشىلىپ مۇداپىئە قىلىنغان
ۋە تۇرۇش، ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن
تەييارلانغان جاي: سۆڭ جىيالڭ بىلەن چەي
جىن ئادەملىرىنى ئېلىپ، تۇراغا ئاۋۋال قايتتى. ②
ئېگىز بوي، قامەت: ئۇزۇن تۇرا. * بىراق
ئۇ كېيىن پۈتۈنلەي ئويلىمىغان يەردىن چىقتى، يېشى
توختىغان، ئۇزۇن تۇرا، سەل ئالدىغا ئېگىشىپ
ماڭىدىغان ساقاللىق بۇ ئادەم سابىق باشلىق
ئەخمەتجان بىلەن بولغان «سىنىپىي ئېلىشىش»
تا مەيدان خاتالىقى ئۆتكۈزدى.

**تۇرا بېگى** تارس. تۇرادىكى لەشكەرلەر
ۋە تۇرا ئورۇنلاشقان كەنت بېگى.

**تۇرار** ① «تۇرماق» پېئىلىنىڭ يەنە
بىر خىل سۈپەتدىشى: بولسا كىم ئانا ۋەتەنگە
سادىق، پارقىراپ تۇرار نامى ئالتۇندەك، خۇددى
سېنىڭدەك ھۆرمەتكە لايىق، ئۆچمەيدۇ مېھرى دىلدا
يالقۇندەك. ② سۈپ. تۇرىدىغان، تۇرۇش
ئۈچۈن بەلگىلەنگەن: سېنى كۆرگەچ كەتسىلەر
ئەقلۇخىيالىم. قايدا بولۇر، يارىم سېنىڭ تۇرار
ماكانىڭ.

**تۇرار جاي** كىشىلەر تۇرىدىغان ياكى
تۇرۇش ئۈچۈن تەييارلانغان ئورۇن،
ماكان، ئۆي، ياتاق: تەشۋىقات، پەن-تېخنىكا،
مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى
ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى ۋە شەھەر ئاساسىي قۇرۇلۇشى-
نى، ئىشچى خىزمەتچىلەر تۇرار بىنا قۇرۇلۇشىنى
بىر تۇتاش پىلانلاپ، ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.
* مەكتەپ دەرۋازىسى يېنىدىكى تىزىملاش ئۆيىنىڭ
چاچلىرى ئاقارغان، سېمىز بىر ئايال مېنىڭ ئىسىم-
فامىلەمنى، يېشىمنى ۋە تۇرار جايىمنى يېزىۋالدى.

**تۇرارلىق** سۈپ. تۇرىدىغان، ئولتۇراقلاشقان: تارىخي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، يالغۇز چاغئەندىلا دائىمىي تۇرارلىق ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ سانى بەزىدە مىڭ، بەزىدە بىرقانچە مىڭدىن ئاشاتتى.

**تۇراق** ئى ① توختاش، تۇرۇش ھالىتى: ئى كۆڭۈل ھوشيارى بول بىخۇت تۇراقتىن پايدا يوق، بولمىسا باغىڭدا گۈل يانتاق-شىۋاقتىن پايدا يوق. ② <ئەد> بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان شېئىر مىسرالىرىدىكى بوغۇملارنىڭ مەلۇم تەرتىپتە گۇرۇپپىلىنىشى.

**تۇراقسىز** سۈپ. تۇراقلىق ۋە مۇقىم بولمىغان، دائىم بىر خىل ھالەتتە ئەمەس، ئۆزگىرىشچان: پېشقەدەملەرنىڭ گېپىدىن قارىغاندا، تاغ رايونىدىكى يامغۇر تولىمۇ تۇراقسىز، ئايلاپ يامغۇر ياغمىغان چاغلارمۇ، ھەپتىلەپ يامغۇر توختىمىغان ۋاقىتلارمۇ بولغان. * بۇ قىزنىڭ كۆلكىسى بىلەن خۇيى بەزى كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇشى مۇمكىن. سىنچى يىگىتلەرمۇ ئۇ قىزنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ، تولىمۇ يېنىك، تەنتەك، خۇددى قەلەي مەشكە ئوخشاش بىردەم قىزىپ، بىردەم سوۋۇيدىغان، مىجەزى تۇراقسىز ئىكەن دەپ باھا بېرەتتى.

**تۇراقسىز بىخ** <بوت> ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىخ چىقىرىشقا تېگىشلىك بولمىغان يېرىدىن يەنى غولنىڭ بوغۇم ئارىلىقلىرى، يىلتىزى ياكى يوپۇرماقلىرىدىن ئۈنۈپ چىققان بىخ.

**تۇراقسىز تەڭپۇڭلۇق** <فىز> ئىنتايىن كىچىك بولغان سىرتقى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش بىلەنلا، تەڭپۇڭ ھالىتىنى يوقىتىدىغان تەڭپۇڭلۇق. مەسىلەن، تۇخۇمنىڭ تىك تۇرغۇزۇپ قويغان ۋاقىتتىكى ھالىتى.

**تۇراقسىز قىزىتما** <تىب> قىزىتمىنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا، نورمال تېمپېراتۇرىدىن ئۆرلەپ كېتىپ، ئەتىگەن بىلەن كەچتىكى بەدەن تېمپېراتۇرا پەرقى 1°C دىن ئېشىپ كېتىدۇ.

**تۇراقسىز كاپىتال** <س ئق> تۇراقلىق كاپىتالنىڭ ئەكسى، يەنى خام ئەشيا، يېقىلغۇ، قوشۇمچە ماتېرىيال قاتارلىقلارنى ۋە ئەمگەك كۈچىنى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلگەن كاپىتال شەكلىدە ئىشلەپچىقىرىش كاپىتالى.

**تۇراقسىز مەبلەغ** <س ئق> سوتسىيالىستىك كارخانىلار خام ئەشيا سېتىۋالىدىغان ۋە ئىش ھەققى بېرىش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدىغان مەبلەغ.

**تۇراقسىز يىلتىز** <بوت> تۆرەلمە ئوقنىڭ تۆۋەنكى ئۇچىدىن ئۆسۈپ چىقماي، باشقا ئورۇنلاردىن ئۆسكەن يىلتىزلار. بەزى تۇراقسىز يىلتىزلار غولنىڭ بوغۇملىرىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. مەسىلەن، باشاقلار ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزى؛ بەزىلەر يوپۇرماقتىن ئۆسۈپ چىقىدۇ، مەسىلەن، تاشگۈلنىڭ يىلتىزى.

**تۇراقسىزلاشماق** پ. تۇراقسىز، مۇقىمسىز، ئۆزگىرىشچان ھالەتكە كەلمەك: باھا تۇراقسىزلىشىۋەرگەنسېرى پۇل پاخاللىقى كېلىپ چىقىدۇ.

**تۇراقسىزلانماق** پ. تۇراقسىز، ئۆزگىرىشچان بولۇپ قالماق؛ ئىككىلەنمەك: قىزنىڭ بۇ سۆزىدىنلا ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ توي ئىشىدا ئىككىلىنىپ، مەسلىھەتنىڭ تۇراقسىزلىنىپ قالغانلىقى بىلىنەتتى.

**تۇراقسىزلىق** ئى. ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان مۇقىمسىز ھالەت؛ مەيدانسىزلىق، ئۆزگىرىشچانلىق: رەھمەت سوجالڭ، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت، سىياسەتتىكى تۇراقسىزلىق خەلقنىڭ رايى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئالدىرىماي، چۈشىنەرلىك، قايىل قىلارلىق قىلىپ خېلى ئۇزۇن سۆزلىدى. * ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ تۇراقسىزلىقى ئىنقىلابنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

**تۇراقلاشتۇرماق** «تۇراقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مال باھاسىنى تۇراقلاشتۇرماق. * ئورمان يەرنىڭ نەملىكىنى ساقلاپ، تېمپېراتۇرىنى تەڭشەپ تۇرىدۇ؛ بوران، سۇ ئاپەتلىرىنى توسۇپ، تۇپراقنى تۇراقلاشتۇرىدۇ؛

* يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تۇراقلاشتۇرۇش ۋە ئۆستۈرۈش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرمەكتە.

**تۇراقلاشتۇرۇلماق** «تۇراقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مائارىپ خىزمىتى چىڭ تۇتۇلغانلىقتىن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىدىيىسى تۇراقلاشتۇرۇلدى؛ كەسپىي سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ۋىلايەت بويىچە مائارىپ سۈپىتى بىرقەدەر تېز ئۆستى.

**تۇراقلاشماق** پ ① تۇراقلىق، مۇقىم ھالەتكە كەلمەك: مال باھاسى تۇراقلاشتى.
* قىزىم ئەمدى ئۇنداق زامان يىراقلاشتى، خەلق ئويغىنىپ، ئاڭ سېزىمى تۇراقلاشتى. ② بىرەر جايدا ياشاپ، ئورۇنلىشىپ تۇرۇپ قالماق: تۇرغۇن دېھقانلار شەھەرلەرگە كىردى. ئوقەت قىلدى، بىر-ئىككى يىلدىلا ئۇ يەرگە تۇراقلىشىپ قالدى.

**تۇراقلاندۇرماق** «تۇراقلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىدىيىنى تۇراقلاندۇرۇپ ئىش باشلىساق، ئىشىمىزدىن نەتىجە ھاسىل بولىدۇ.

**تۇراقلانماق** تۇراقلىق، مۇقىم ھالەتكە كەلمەك، تۇراقلاشماق: ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنىڭ تۇراقلىنىشىنى قولغا كەلتۈرەيلى.

**تۇراقلىق** سۈپ ① ئۆزگەرمەيدىغان، مۇقىم: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇراقلىق، مۇستەھكەم سىياسىي ۋەزىيىتىنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.
* ئوقۇتقۇچىلارغا ھۆرمەت قىلىشتەك ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ئۆستۈرۈپ، تۇراقلىق، لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇش كېرەك. ② مەلۇم تۇراقلارغا ئىگە بولغان، تۇراقلارغا بۆلۈنگەن.

**تۇراقلىق ئەزا** <مات> ← **ئازاد ئەزا**.

**تۇراقلىق بىرىكمە** <تىل> ئۇزۇن مۇددەت قوللىنىش جەريانىدا، فونېتىكىلىق شەكلى تۇراقلاشقان تىلدىكى تەييار بىرلىك. ئۇ سېمانتىكىلىق خۇسۇسىيەت جەھەتتىن ئىدىئوم، ماقال-تەمسىل، ئادەت سۆزلىرى قاتارلىق تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**تۇراقلىق توك** <ئېل> ئېلېكتىر زەنجىرىدە ئۆزگەرمەس بىر يۆنىلىشتە يەتكۈزۈلىدىغان توك. بۇ خىل توك ئېلېكترولىز، تۇراقلىق توك دۋىگاتېلى ۋە تېلېگرافتا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى تۇراقلىق توك گېنېراتورى، باتارېيىلەردىن ھاسىل قىلغىلى ياكى ئۆزگىرىشچان توكنى توك توغرىلىغۇچتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

**تۇراقلىق تېمپېراتۇرا** <مېتېئور> نىسپىي تۇرغۇن ھالەتتىكى تېمپېراتۇرا. پەن-تېخنىكىدا ھەمىشە مەلۇم تېمپېراتۇرىنى ساقلاش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇرۇق چىلاش، چۈجە چىقىرىش، نازۇك ئەسۋابلارنى ئىشلەش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تۇراقلىق تېمپېراتۇرا ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**تۇراقلىق سان** <مات> ئۆزگەرمەيدىغان سان. مەسىلەن، چەمبەرنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقىنىڭ دىئامېتىرغا بولغان نىسبىتى ($\pi$).

**تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى** <تىل> ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ سىنتاكسىسلىق يول بىلەن زىچ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان، بىرىكىش شەكلى ۋە مەنە جەھەتتىن تۇراقلاشقان، بىر سۆز ئورنىدا قوللىنىلىدىغان بىرىكمە. تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسىنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەر شۇ بىرىكمىدىن ئايرىلسا ياكى ئورنىغا باشقا سۆز ئالماشتۇرۇلسا، تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسىنىڭ مەزمۇنىغا دەخلى يېتىدۇ. تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى ئادەتتە ئۇدۇل مەنە بېرىدىغان تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى ۋە ئىدىئوم دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

**تۇراقلىق قىزىتما** <تىب> قىزىتمىنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا كېسەل كىشىنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى (40 °C ـ 39 °C) ۋە تۇراقلىق بولۇپ، ئەتىگەن بىلەن كەچتىكى بەدەن تېمپېراتۇرا پەرقى 1°C دىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، بىرنەچچە كۈن ھەتتا بىرنەچچە ھەپتىگىچە داۋاملىشىدۇ. ئۈچەي كېزىكى، قارا كېزىك قاتارلىقلارنىڭ بۇ خىل ئالامەتلىرى بولىدۇ.

**تۇراقلىق كاپىتال** <س ئىق> ماددىي فورماتسىيە بىلەن ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا پۈتۈنلەي قاتنىشىدىغان ۋە كۆپ قېتىملىق ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا قىممىتى بىر قىسىم ـ بىر قىسىمدىن مەھسۇلاتقا يۆتكىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش كاپىتالى. مەسىلەن، ماشىنا، ئۈسكۈنە، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشلىرى ۋە باشقىلار.

**تۇراقلىق ماگنىت** <فىز> ماگنىتلىقنى ئۇزۇنغىچە ساقلايدىغان ماگنىت. سۈنئىي ماگنىت ۋە تەبىئىي ماگنىتلارنىڭ ھەممىسى تۇراقلىق ماگنىتتۇر.

**تۇراقلىق مەبلەغ** <س ئىق> سوتسىيالىستىك كارخانىلارنىڭ ماشىنا ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىش، قورال ـ سايمانلار ۋە پۇختىلاش ماتېرىياللىرىنى تولۇقلاش، زاۋۇت ۋە تۇرالغۇ بىنالىرىنى سېلىش ۋە رېمونت قىلىش قاتارلىقلارغا سەرپ قىلىدىغان مەبلىغى.

**تۇراقلىق مۈلۈك** <س ئىق> كارخانىلارنىڭ ئەمگەك ۋاستىلىرى، جۈملىدىن ئەمگەكچىلەر ئەمگەك جەريانىدا ئىشلىتىدىغان ئۈسكۈنە ۋە ئىشلەپچىقىرىش قورالى قاتارلىقلار، شۇنىڭدەك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىنا، ترانسپورت قورالى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**تۇراقلىق مىقدار** <مات> مەلۇم بىر جەرياندا سانلىق قىممىتى ئۆزگەرمەيدىغان مىقدار. مەسىلەن، تەكشى ھەر[illegible] تېزلىكى تۇراقلىق بولىدىغان مىقدار.

**تۇراقلىق ئىبارە** <تىل> فونېتىكىلىق قۇرۇلمىسى، مەنىسى تۇراقلاشقان سۆز بىرىكمىلىرى ۋە جۈملىلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «تۇراقلىق ئىبارە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئادەتتە ئىنسانلار ئۇزۇندىن بۇيان ئىشلىتىپ كەلگەن، ئىدىئوملۇق مەنە بېرىدىغان تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى، ماقال ـ تەمسىل، شۇنداقلا شەكىل ۋە مەنە جەھەتتىن تۇراقلاشقان سۆز بىرىكمىلىرى ۋە بەزى جۈملىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**تۇرالغۇ** ① سۈپ. ئۆي، ماكان قىلىپ ئورۇنلىشىشقا لايىق: بۇ جاي ئابدىكېرىم ئابباسوۋ بىلەن قاسىمجان قەمبىرىنىڭ بايىدا بولغان مەزگىلدە ئىشلەش ۋە يېتىپ ـ قوپۇشى ئۈچۈن تاللىۋېلىنغان ۋاقىتلىق تۇرالغۇ بىناسى ئىدى. ② ئى. ئاشۇنداق جاي، ئۆي، ماكان: بۇ ئادەم خەتنى ئېلىپ، تويتوغرا بوگۈر ناھىيىسىگە قاراپ ماڭدى، ۋە ناھىيىگە كېلىپ سۈرۈشتۈرۈپ، ئوسماننىڭ تۇرالغۇسىنى تاپتى. * ماركو تۇرالغۇسىغا قايتىپ، ئىشنىڭ ئۆتمۈشىنى ۋە يېڭى ۋەزىيىتىنى سۆزلەپ بەردى. ③ ئى. كۆچمە. مۇقىملىق، تۇراقلىق، تۇتام: تۇرالغۇسى يوق ئادەم. كۆڭلىنىڭ تۇرالغۇسى يوق. * دۇنياغا كۆزنىڭ تېگىشىگە يوق ئىناۋىتى، نېمىدۇر ئىلگىرىلەشنىڭ تۇسالغۇسى، سەۋەبى نۇرغۇن، بىراق مۇھىمراقى بولمىدى سىياسەتنىڭ تۇرالغۇسى.

**تۇرالغۇ جاي** كىشىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشى ئۈچۈن تەييارلىغان ئۆي ـ ئىمارەت، تۇرار جاي: ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، پارتىيە سىياسەتلىرىنىڭ تەدرىجىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، تارىختىن قېپقالغان مال ـ مۈلۈك، ھوقۇق مەنپەئەت جەھەتتىكى ماجىرالار، بولۇپمۇ ئۆي

تۇرالغۇ جاي ماجىرالىرى بىرمۇبىر ھەل قىلىندى.

**تۇرالغۇسى يوق** ← **تۇتامى يوق**: گېپىنىڭ تۇرالغۇسى يوق ئادەم بىلەن قىلىشقان سودىمۇ بىرگەپ ئىكەن، كىم بىر سىنىت ئارتۇق بەرسە، شۇنىڭغا بەرگۇسى كېلىدىكەن ئەمەسمۇ؟

**تۇرالغۇسىز** سۈپ. مۇقىملىقى، تۇراقلىقى بولمىغان، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان؛ تۇرالغۇسى يوق، تۇتتۇرۇقسىز: بىر رەھبەرنىڭ قىلغان گېپى تۇرالغۇسىز بولسا، ئۇنىڭ زىيىنى چوڭ بولىدىكەن. تۇرالغۇسى يوق گەپ ئۈچۈن ئۇ رەھبەرگە ھېچ زىيان كەلمەيدىكەن.

**تۇرانە** رەۋ ← **يۈزتۇرانە**.

**تۇربىنا** ئى [رۇلات] سۇ، پار ياكى گاز كۈچى بىلەن ئىشلەيدىغان دۋىگاتېل.

**تۇربىنا ناسوس** <سۇ> سۇ تۇربىسىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرۈشى بىلەن سۇ چىقىرىدىغان ناسوس.

**تۇربىنا ناسوس ئىستانسىسى** <سۇ> سۇ كۈچى بىلەن تۇربىنىنى، تۇربىنا ئارقىلىق ناسوسنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ سۇنى ئېگىز جايغا چىقىرىدىغان ئىستانسا.

**تۇربىنىلىق** سۈپ. تۇربىنىغا ئىگە بولغان، تۇربىنا بېكىتىلگەن.

**تۇر-تۇر** «تۇر II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ھوزۇرلىنىپ تۇرۇلغا، ياشار بىردە ئۇچمە يەپ. سايرار خۇشال تۇر-تۇر: «قوزغال ئىجاد قىلغىن» دەپ.

**تۇرخۇن** ئى. ئوتنىڭ ئىسى چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئوچاق، پار قازىنى قاتارلىقلارغا ئورنىتىلغان كاناي شەكىللىك قۇرۇلما: تۇرخۇنلاردىن كۆكۈچ ئىسلار ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى.

**تۇرخۇنلۇق** سۈپ. تۇرخۇنى بار، تۇرخۇن ئورۇنلاشتۇرۇلغان: يېڭى-يېڭىدىن ئېگىز تۇرخۇنلۇق زاۋۇت بىنالىرى قەد كۆتۈرمەكتە.

**تۇرسا-قوپسا** دائىم، ھەمىشە: بەكمۇ ئەنسىز ۋە ئارامسىز بولدۇ، قاراقچىنىڭ كەيپى، روھىي ھالىتى. تۇرسا-قوپسا كۆز ئالدىدىن كەتمەيدۇ، جىنايەتتە

بولغان مەشئۇم سائەتنى.

**تۇرشاۋۇل** تارس ① سۈپ. ھەربىي يۈرۈشتە ياكى ئۇرۇشتا، قوشۇنلارنىڭ ئالدىدا ماڭغۇچى: لىيۇبياۋ لىيۇبېي لەشكەرلىرىنى تۇرشاۋۇل قوشۇن قىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى چىقارغانىدى. ②ئى. ئاشۇنداق كىشى: – ياۋنى يوقىتىش ئۈچۈن بىز تۇرشاۋۇل بولۇپ بارايلى، – دېدى خەن دالڭ، جۇتەي ئىككىسى تەڭلا ۋارقىرىدى ئالدىغا چىقىپ.

**تۇرشاۋۇللۇق** ئى. تۇرشاۋۇل قوشۇن باشلىقلىق مەنسىپى: ئۇ ئالدى قوشۇننىڭ تۇرشاۋۇللۇقىغا بەلگىلەندى.

**تۇرغان** «تۇرماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: تۇرغان ئادەم. تۇرغان گەپ.

**تۇرغان تامغا ئۇسسىمەك** كۆرۈنۈپ تۇرغان ئوڭۇشسىز ئىشقا ئۆزىنى ئاتماق، بىكار-دىن-بىكار ئۆزىنى نابۇت قىلماق: – تۇرغان تامغا كىم ئۇسىدۇ، ئەنۋەر بىلەن سوقۇشقان بولسا، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتكەندۇ، – دېدى خالبۇۋى ياسىن جۇيجاڭنىڭ ئالدىدا چاچلىرىنى چۇۋۇپ يىغلاپ.

**تۇرغان گەپ** ناھايىتى ئېنىق؛ مۇقەررەر: قىزىغا مۇۋاپىق ئورۇن تاپقاندا «بۇ دۇكاندا ئىككى ئادەم ئوشۇقچە بولۇپ قالدى» دەپ، بۇ سودىسى ئاقماس دۇكاننى ماڭا تاشلاپ، قىزىنى ئېلىپ كېتىدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ. * بۇ گەپلىرىڭىز تامامەن توغرا، شۇنداق بولۇشى تۇرغان گەپ.

**تۇرغان-پۈتكىنى** يۈرۈش-تۇرۇش، سۆز-ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى، ھەممە ئىشى: ئاباقمۇ بوش ئادەم ئەمەس! ئۇنىڭ كاللىسى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىدەك قىلچە خاتاسىز ئىشلەۋاتاتتى: «بۇ ئىتنىڭ تۇرغان-پۈتكىنى بىر بالا ئىكەنغۇ! ئەگەر ئۇنىسىمىزگە تاشلىنىدىغان بولسا...؟ ياق، ھەممىدىن بۇرۇن ئۇنى جايلىۋەتمەي بولمايدۇ».

**تۇرغۇت** I ئى. موڭغۇل قەبىلىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

**تۇرغۇت قامچا** تۇرغۇتلار ئىشلەتكەن سېپى ۋە تاسمىسى ئۇزۇن، تاسمىسىنىڭ ئۇچىدا پوپۇكى بار بىر خىل قامچا:

موللازەيدىن قولىدىكى تۇرغۇت قامچىسى بىلەن ئايالىنىڭ يىچاق تۇتقان قولىغا بىرنى سالدى. پىچاق نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى.

**تۇرغۇت** II ئى. ياغ قاچىلايدىغان بىر خىل قاچا: كىيەلە ئاخۇن جامەنىڭ ئات-ھارۋىسىنى ھەيدەپ، ئۇلارغا ئەگىشىپ چىقتى-دە، گۇرۇچنى بىر تاغارغا، بۇغداينى يەنە بىر تاغارغا، ياغنى تۇرغۇتقا قاچىلاپ مېڭىۋەردى.

**تۇرغۇچ** ئى ① قۇرئان ۋە ھەپتىيەكلەردىكى ھەربىر ئايەتتىن كېيىن، توختاپ ئوقۇش ئۈچۈن قويۇلغان يۇملاق، گۇللۇك بەلگە: يوقسۇ، بۇخاراغا بارمىغان، قەشقەردىمۇ تۇرمىغان، ھەپتىيەكنىڭ تۈپىسىنى كاپ ئېتىپمۇ يېمىگەن، تۇرغۇچ ساناپمۇ كۆرمىگەن، راستىنى ئېتسام مەكتەپنى يا كۆرگەن، يا كۆرمىگەن. ② گەپنىڭ ئاخىرلىشىپ، توختايدىغان جايى، توختايدىغان نۇقتا: گەپ دېگەننىڭ تۇرغۇچى بار (ماقال). * «ھوي، گەپ دېگەننىڭ تۇرغۇچى بار، بولمىسا ئىلغۇچى بار...» دېگەن نەقىل بار. ئويلاپراق سۆزلىسلە. * ئايا دوستلار ئاڭلا سۆزۈم، بىر تۇرغۇچقا يەتكۈزگۈنچە. كۆڭلۈم تىنىپ يورۇماس كۆزۈم، ئىچ سىرىنى ئېيتماغۇنچە. ③ كۆچمە. مەيدان، مەۋقە، تۇراق: بۇنى ئاز دەپ يەنە سىڭلىم، تېپىلماس سىزدە بىر تۇرغۇچ. قاياققا بۇرسا ئەپلىك، ئۇچارسىز ئەينى پىرقىرىغۇچ.

**تۇرغۇزماق** ① «تۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىر يىلدىن كېيىن، ئۇلار توي قىلىشتى. توي قىلىپ ئون ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، بىر ئاخشىمى ئابلىز مېھرىنى ئويغىتىپ، ئورنىدىن تۇرغۇزدى. * ئۇ ئىككى قوزۇقنى مىڭ تەسلىكتە قېقىپ تۇرغۇزدى-دە، تاقاق ياغاچنىڭ ئىككى بېشىنى يەرگە يۆلەپ، چىم بىلەن كۆمدى. ② بېكىتمەك، بەلگىلىمەك: «ئومۇمىي خەلق مەدەنىيەتلىك ئەدەبلىك بولۇش ئېيى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا، ئاممىنى قوزغاپ، زۆرۈر بولغان تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇش كېرەك. * 6-ئاينىڭ 17-كۈنى كەچتە، بىز زاكىر مۇئەللىمنىڭ ماتېرىيالىنى رەتلەپ، ئۇنىڭغا ئەنزە تۇرغۇزدۇق. ③ ئورۇنلاشتۇرماق، تىكلە-مەك: كۆڭۈشى پارتكومى بىر نەپەر مۇئاۋىن شۇجىنى بىرلەشمە كارخانىغا ئەۋەتىپ، ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ، ئىشچىلاردا كارخانىدا داۋاملىق خاتىرجەم ئىشلەش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزدى. * باشقا ھويلىلارغا ئوخشاش، بۇ ھويلىنىڭ ئالدىغىمۇ بىر جۈپ تاش شىر تۇرغۇزۇپ قويۇلغان، دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە يۇغان بىر جۈپ پانۇس ئېسىپ قويۇلغانىدى.

**تۇرغۇزۇشماق** «تۇرغۇزماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاڭغىچە ئاۋۇلار ئىشكنى ھاپىلا-شاپىلا يۆلەپ تۇرغۇزۇشتى-دە، يوغان كالتەك بىلەن چىڭ تاقىۋەتكەندىن كېيىن، سايتىنىمۇ قاتارغا ئېلىپ، سىرىق سىرلىق جاۋۇردىكى ھورى چىقىپ تۇرغان گۆشنى ئارىغا ئېلىپ ئولتۇرۇشتى.

**تۇرغۇزۇلماق** «تۇرغۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەغپىرەتخان ئاچا، ئابدەم ۋە دادۇي ئىشلەپچىقىرىش دۇيلىرىنىڭ ئايۇپ شۇجى قاتارلىق كونا ھوقۇقدارلىرىمۇ يالاپ ئېلىپ كېلىنىپ، ئەنە شۇ نەرسىلەرنىڭ يېنىغا تۇرغۇزۇلدى. * ھازىرغا قەدەر، مەملىكەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىش دۇيلىرىنىڭ 90 پىرسەنتتىن كۆپرەكىدە، ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى.

**تۇرغۇسىز** سۈپ. تۇرغۇچلىكى يوق، تۇرال-مايدىغان، تۇرۇش ئىمكانىيىتى قالمىغان: تۇرغۇسىز بولۇپ كەتمەك.

**تۇرغۇسىز بولۇپ كەتمەك** ئابرويى، ئىناۋىتى توكۈلمەك، يۈزى چۈشمەك: ئۇ ئەنە شۇ پەسكەشلىكى بىلەن بۇ كەنتتە تۇرغۇسىز بولۇپ كېتىپ، شۇنىڭ بىلەن غېيىپتە يوقالدى.

**تۇرغۇسىز قىلىۋەتمەك** تۇرالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرمەك: ھاشىرخان ماموت ئاخۇننى ئۇچرىغان يەردە تىللاپ، بۇ يېزىدا تۇرغۇسىز قىلىۋەتتى.

**تۇرغۇن** ① سۈپ. بىرەر جايدا تۇرۇپ ئادەتلىنىپ قالغان، ئورۇنلاشقان، ماكان-لاشقان: تۇرغۇن قۇشلار. ② سۈپ. ئۆزگەر-

مەس، مۇقىم، تۇراقلىق: تۇرغۇن ھالەت. تۇرغۇن سۆز. ③ سۇپ. ھەرىكەت قىلمايدىغان، توختاپ قالغان: تۇرغۇن سۇ. ④ كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى. ⑤ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**تۇرغۇن چىش** <بىئول> ئادەم ياكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ سۈت چىشى چۈشكەندىن كېيىن ئۆسۈپ چىققان چىشى. تۇرغۇن چىشتىن كېيىن قايتا چىش چىقمايدۇ.

**تۇرغۇن سۆز** <تىل> مۇستەقىل سۆزلەر تۈركۈمدىكى پېئىلدىن باشقا ئىسىم، سۈپەت، ئالماش، رەۋىش، سان ۋە مىقدارلارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئاتىلىشى. بۇلارنىڭ ئورتاق گراماتىكىلىق شەكىللەر بىلەن تۈرلىنىدىغانلىقى نەزەرگە ئېلىنغان.

**تۇرغۇن قۇشلار** <زوئول> پۈتۈن يىل بىر ئورۇندا ياشايدىغان، يىراق ئورۇنلارغا ئۇچۇپ بارمايدىغان ئاق قۇشقاچ، سېغىز-خانغا ئوخشاش قۇشلار.

**تۇرغۇن يۇلتۇز** <ئاستر> ئۆزىدىن يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق چىقىرىدىغان ئاسمان جىسىملىرى. مەسىلەن، توقۇمچى قىز يۇلتۇزى ۋە قۇياش قاتارلىقلار. ئىلگىرى بۇ خىل ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئورنى مۇقىم، ھەرىكەت قىلمايدۇ دەپ قارالغاچقا، «تۇرغۇن يۇلتۇز» دەپ ئاتالغان. ھازىر بۇ خىل يۇلتۇزلارنىڭمۇ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

**تۇرغۇن يۇلتۇزلار سىستېمىسى** <ئاستر> سانسىزلىغان تۇرغۇن يۇلتۇزلاردىن تەركىب تاپقان بىر سىستېما. مەسىلەن، سامانيول سىستېمىسى، سامانيولى سىرتىدىكى يۇلتۇزلار سىستېمىسى.

**تۇرغۇنلۇق** ① «تۇرغۇن» سۆزى ① ② ③ نىڭ ئىسىم شەكلى: سۇنىڭ تۇرغۇنلۇقى. * ھە، ھە، ھەممە ئەيىب قىمىر قىلماي ئولتۇرغىنىدا — ھايات تۇرغۇنلۇقىدا. نېمىدېگەن نادانلىق، ئاۋۋال شۇنى ئويلاپ كۆرمەيتۇ! ② ئۆزگەرمەسلىك، مۇقىملىق، ھەرىكەتسىزلىك: شۇ سەۋەبتىن بۇ ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي ھاياتى ئۇزاققىچە مۇقىم، تۇرغۇنلۇققا ئىگە بولغان، ئىقتىسادى پەيدىنپەي يۈكسىلىپ بارغان.

**تۇرق** (تۇرقى) ئى ① تاشقى قىياپەت، كۆرۈنۈش، ھالەت: «قاتارغا قوشۇلدى دېگەن مۇشۇ. دادىسىدەك قاۋۇل يىگىت بولدى. ئۇنىڭ تۇرقى ئەجەب دادىسىنىڭ ياشلىق ۋاقتىغا ئوخشايدۇ.» ئۇ ئىچ-ئىچىدىن ئوغلىغا سۆيۈنەتتى. * — شاكىرغا ئوخشاش تالاي ئىسسىق-سوغۇقنى كۆرگەن بىر ئادەم تاغنىڭ ئىچى تۇرماق، تاغنىڭ يامزىلىغا بېرىشتىن قېچىۋاتسا، سەن بۇ تۇرقۇڭ بىلەن تاغنىڭ ئىچىگە كىرمەن دېگىنىڭ كۈلكىلىك بىر ئىش. ② كۆچمە. پەيت، ۋاقىت، مەزگىل: بوۋاي نېمىگىدۇر تەققەززا بولۇۋاتقاندەك، قاچقۇنغا تەلپۈنۈپ قارىدى: — توختا، توختا، مەن بۇ گەپكە كېيىن جاۋاب بېرەي، شۇ تۇرقىدا سەن لوگەيدۇيدىن قېچىپ كەلدىڭمۇ، شۇ يەردىن كەلگىنىڭ راستمۇ؟ * — دېڭىز ھايۋانلىرى بىلەن بىللە كېتىۋاتىمىز. مۇشۇ تورقىدا تىرناقچىلىق بىر يەر تېشىلسىدى، راسا داش قازانغا چۈشكەن بولاتتۇق.

**تۇرقى بار** ① كۆرۈنۈش، سىياقى قاملاشقان، كېلىشكەن: قارىغاندا بۇ خېلى تۇرقى بار بىر قىز بولغۇدەك. ② مەلۇم ئىشنى قىلىدىغان ئەلپازى، مۇددىئاسى، خىيالى، ئويى بار: بۇ ئىت خىرقىراۋاتىدۇ، يۈگۈرۈپ كېلىپ چىشلەيدىغاندەك تۇرقى بار.

**تۇرقى يوق** ① كۆرۈنۈش، سىياقى قاملاشمىغان، كېلىشمىگەن: بۇ پۈتلىرى مايماق، تۇرقى يوق بىر ئات ئىكەن. ② مەلۇم ئىشنى قىلىدىغان ئەلپازى، مۇددىئاسى، ئويى يوق: قاسىم بىلەن تونۇگۈن كۆرۈشتۇم، ئۇنىڭ ئەتە كېلىدىغاندەك تۇرقى يوق.

**تۇرماق** پ ① ئايىغىغا تايىنىپ تىك ھالەتتە بولماق: تىز پۈكۈپ ياشىغاندىن تىك تۇرۇپ ئۆلگەن ياخشى (ماقال). * ھەتتا، كەچقۇرۇن مەكتەپتىن قايتىش ۋاقتىدا، ھەممە ئوقۇغۇچىلار ئۆرە تۇرۇپ بىللە، ئاۋازلىق ئوقۇيدىغان «ۋەسىيەتنامە» نى ئوقۇشقىمۇ تۇرالماي قالدىم. * جۈمە ئۈستىگە جىگەررەڭ خۇرۇم چاپان كىيىۋالغان بولۇپ، بازار مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەنەركە تاختىغا مىخلانغان، غايەت زور «تەرەققىيات خەرىتىسى» نىڭ ئالدىدا تۇراتتى. * زاپخوز قولىنى كەينىگە گىرەلەشتۇرۇپ، ھېچ نەرسىنى سەزمىگەن كىشىدەك گەدىيىپ تۇراتتى. * روزىئاخۇن بوۋاي ماخو ئۆگزىسىدە تۇرۇپ، كېيۈر تورغايغا قاراپ كۈلدى. ② ھەرىكەتتىن توختاپ قالماق: — جاپپار چاقچاك بارمۇ؟ — دېدى ئابلىز بوسۇغا تۇۋىدىلا تۇرۇپ. * شۇنداق تېز كېلىۋاتقان رۇستەم كۆل بويىدىكى ئاينىسانى كۆرۈپلا تۇرۇپ قالدى-دە، مېڭىۋېرىش ياكى قايتىشنى بىلەلمىدى. ③ ياتقان، ئولتۇرغان جايىدىن قوزغىلىپ تىك بولماق، قوپماق: ئەكبەر ھەيران بولۇپ — ۋۇي سىز نېمىشقا تۇرۇۋالدىڭىز؟ يۈرۈڭ-يۈرۈڭ! يېتىپ ياخشى دەم ئېلىڭ! — دېدى. * ئۇنىڭ خىيال بىلەن قانچىلىك ئولتۇرغانلىقى ئۆزىگىمۇ نامەلۇم، ئىشكنى چەكمەيلا ئۆيگە بىرى كىرىپ كەلگەندىن كېيىنلا، ئۇ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى. ④ كۆچمە. ئويغانماق، ئۇيقۇدىن تۇرماق، قوپماق: — ئەلە مۇھىمى تەرتىپ! — دېدى لۇتپۇللا ئۇنىڭغا يولدا كېلىۋېتىپ، — ماڭا كىچىك دادام شۇنداق دەيتتى. بىزدە ئېنىق مەشغۇلات تەرتىپى بولۇشى كېرەك. كەچتە بالدۇر يېتىپ، ئەتىگەندە بۇرۇنراق تۇرۇش كېرەك. * ئەتىسى مەن سىگنال چېلىشتىن بۇرۇنراق تۇردۇم. قارىسام، تۇرسۇن بىلەن مۇئاۋىن بەنجاڭ ئورنىدا يوق ئىدى. ⑤ بىرەر ۋەزىيەت، ھالەت، مەۋقەنى ئىگىلىمەك: ئاما تەرەپتە تۇرماق. ئىلغارلار قاتارىدا تۇرماق. *

تۇرمۇشتا جاپا چېكىشتە ئاممىنىڭ ئالدىدا، ھالاۋەت كۆرۈشتە ئاممىنىڭ كەينىدە تۇراتتى. بىرمۇنچە كومپارتىيە ئەزالىرى جاپا مۇشەققەتتىن، قۇربان بولۇشتىن قورقماي، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەدھىيىسىگە ئېرىشكەنىدى. * مەن سىزنى ئۇنداق دەۋاتقىنىم يوق، بىزنىڭ تەكلىپىمىزگە ئومۇمىيلىق نەزەرىدە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلماي ۋاتىسىز دەۋاتىمەن. ⑥ جايلاشماق، ئورۇنلاشماق: كىتاب جوزا ئۈستىدە تۇراتتى. * مۇئەللىم مەكتەپنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. * — مۇتى سىپىت، بۇ نېمە ئىش! — دەپ ۋارقىرىدى باي ئاتان ئۈستىدە تۇرۇپ. * قادىر ھايال بولمىدى. ئۇ ئادىلنىڭ يوتقىنىغا پۈتىنى تىقىشى بىلەنلا، ئادىل كارىۋاتنىڭ ئالدىدا تۇرغان زاپچاسلارنى كۆرسىتىپ، ھەممىنى سۆزلەپ بەردى. ⑦ بىرەر ئورۇن، بىرەر جاينى ماكان تۇتۇپ ياشىماق، تۇرمۇش كەچۈرمەك: بىز تۇرغان مەھەللىنىڭ سىز ئەكىلىدىغان يېرى سۇ دەرۋازا، دولان دەرۋازا ياكى كۆرە دەرۋازىنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئارىلىقى خېلى بار ئىدى. * — بۇ يەردە قاچاندىن بېرى تۇرۇۋاتىدىلا؟ بۇنىڭدىن باشقا تۇرغۇدەك ئۆيلىرى يوقمۇ؟! — دەپ سورىدى ھەيران بولغان ھاكىم. ⑧ مەلۇم ھالەتتە كۆرۈنمەك: مەتۋاقى يېتىپ كەلگەندە، ئىشىكلەر داغدام ئېچىقلىق تۇراتتى. * شۇ ئۆيدىن ئۆزۈك نېمە خالساڭ شۇنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ، ماڭا پەقەت ئۆينىڭ ئوڭ بۇلۇڭىدىكى تامغا ئېسىغلىق تۇرغان كونا مىس چىراغنىلا ئەچىقىپ بەرسەڭ بولىدۇ. ⑨ قالماق، ساقلانماق: ئۇ كەلگەن كۈنى ماگىزىن ۋە ئامباردا تۇرۇپ كەتكەن دۆۋە-دۆۋە كىتابلارنى كۆرۈپ چىقتى-دە، ھەر خىل يېڭى كىتابلاردىن بىر نۇسخىدىن ئېلىپ، چىقىپ كەتتى. * بىر قۇتىدا ئۈنچە-مارجان ئۆزۈكىدە تۇرسۇن، ئىككى قاراپ بىر سۆيگۈنۈم ئېسىمدە تۇرسۇن. ⑩ كۈتمەك، ساقلىماق: بىرئاز تۇرايلى، ماگىزىن ئېچىلىپ قالار. * — ئانار يوقمىكەن؟ — ھېچ يەردە يوققۇ ئۇ قىزىم، نەگە كەتتىكىن-تاڭ! قادىر بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ،

دېدى: ـ مۇشۇ يەردە سەل تۇرۇپ تۇرسىلا، ئىشخانىغا بىر قاراپ باقاي. ⑪ ياشىماق، تۇرمۇش كەچۈرمەك: ياخشى تۇردۇڭمۇ؟ * ئۆزلىرى ياخشى تۇرۇۋاتامدىلا، خۇرشىدىخان ئاپا؟ * بىر ئۆيدە تۇرۇشنى ئارزۇ قىلمەن. ⑫ تىرىك قالماق، ئۆمۈر كۆرمەك: ئانام رەھمەتى 14 پەرزەنت كۆرگەنىدى، لېكىن تۇرغىنى بىز ئۈچىمىز ئىكەنمىز. ⑬ ئۆزگەرمەي، تەسىرگە ئۇچرىماي، ئۆز ھالىتى ۋە ئەسلىنى ساقلىماق: ئامانقۇل ئۇ تاغنىڭ بىرەر بەلگىسىنىلا دەپ بەرسە، جۇماتاي ياتقان يەرنى تېپىشنىڭ تەس ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ، ئۆز پىكرىدە قاتتىق تۇرۇۋالدى. * رېھىم پالۋان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئوڭ قولىنى چىقاردى-دە: ـ ئۇكام، مەتۋاقى، ئەگەر ئوڭ قولۇڭنى، ـ دېدى ھاياجان بىلەن، ـ خالايىق گۇۋاھ بولسۇن، ۋەدەڭدە تۇرمىساڭ قانداق قىلىمەن؟ ⑭ بۇزۇلماي، ئۆزگەرمەي ساقلانماق: پەيزىۋاتنىڭ قارا كۆسەي قوغۇنى قىش ۋە ئەتىيازدا بۇزۇلماي، خېلى ئۇزۇن تۇرىدۇ. * بېغى تۇخۇملار شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. ھېنىپەم ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق! ⑮ كەپلەشمەك، كىرمەي ياكى چىقماي، مەلۇم بىر جايدا توختاپ قالماق: گالدا نان تۇرسا، سۇغا يۈگۈر، گالدا سۇ تۇرسا، گۆرگە يۈگۈر (ماقال). * لوقمان كالتەك بىلەن تۆگىنىڭ كانىيىغا بىرنى ئۇرغانىكەن، تۆگە چۆچۈپ باۋ... باۋ... دەپ قاتتىق ۋارقىراپتىكەن، گېلىدا تۇرۇپ قالغان ھېلىقى سويما يەرگە چۈشۈپتۇ. بۇنىڭ بىلەن تۆگە ئۆلۈپتۇ. ⑯ مەلۇم ھالەتنى ساقلىماق، داۋاملاشتۇرماق: مەن ئەھۋالىنىڭ ھەممىسىنى دىلبەرگە دېدىم. دىلبەر مامۇت ئاكامنىڭ ماڭا باغدا قىلىپ بەرگەن گېپىنى تولىمۇ ھەيرانلىق ئىچىدە جىم تۇرۇپ ئاڭلىدى. * ـ مەن ئەمدى سىزگە ئىشارەت قىلىپ، بېشىمنى شۇنداق بىر چايقايدىكەنمەن، شۇ زامان قىمىرلىماستىن شۇك تۇرىسىز، ـ دەپ جېكىلىدى ئۇ. ⑰ ئۆزىنى مەلۇم بىرنەرسە تەرەپتە قويۇشنى ياكى بىر

ئىشنى قىلىشنى تاللىماق: سەن ياكى بېرىشقا تۇر، ياكى قېلىشقا تۇر. * قاراقچىلارنىڭ باشلىقى يىگىتنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ: ـ جانغا تۇرامسەن، مالغىمۇ؟ ـ دەپ سوراپتىكەن، يىگىت: ـ جانغا تۇرىمەن، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ⑱ مەۋجۇت بولماق، بار بولماق؛ ئۇچرىماق: گۈلخان تۆگۈچنى ئالدىراپ يەشتى، ئۇنىڭ ئالقىنىدا ئۆزىـ ئۆزىگە تونۇش بولغان ئىككى نەرسە تۇراتتى. * ـ ھە، مۇنداق دېسىلە، ـ دەپ كۈلۈپ كەتتى قېزىبەگ غوجا، ـ ئۆزلە تۇرغان يەردە، باش تەيجىلىك ماڭا تېگەمدۇ، ئۆزلە دېگەن چوڭ، بىزگە ئاكا يۇللۇق ئادەم، ھا... ھا... ھا... ⑲ تۇتماق، چۈشۈپ كەتمەي چاپلىشىپ قالماق: قارىسامدىلا ھەدە، ماۋۇ نان تونۇردا ھېچ تۇرمايدىغۇـ تاڭ! ⑳ «ئۇياقتا تۇرسۇن، تۇگۇل» دېگەن ئىنكار مەنىسىدە يۈكلىمە رولىدا كېلىدۇ: بۇنداق سوغۇق كېچىدە كىمنىڭمۇ ئىسسىق ئۆيدىن تالاغا چىققۇسى كېلىدۇ؟ بىراق ئابدۇللانىڭ ئۆيىگە تۇرماق، پاناھلانغۇدەك بىرەر يېرىمۇ يوق. * ئويلاپ باقسىلار، ئۆزى بىر چاغلاردا مەن تۇرماق، بەرزودەك يىگىتلەردىن بەش-ئالتىسى بىر بولۇپمۇ، بىر كۈندە بۇنچىلىك پۇل تاپالمايتتى. ھەي... ئۆزى...! ㉑ تۇرغۇن سۆز ياكى تۇرغۇن سۆز بىرىكمىلىرىگە قوشۇلۇپ، باغلامچىلىق رول ئارتقۇرىدۇ ۋە تۇرغۇن سۆز ياكى تۇرغۇن سۆز بىرىكمىسى ئىپادىلىگەن پاكىتنىڭ مەلۇم ئىشقا قارشى ھالدا مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدۇ: سەن تەنھەرىكەتچى تۇرساڭ، بىز ساڭا قانداق تەڭ كېلەلەيمىز. * قار ياغقان تۇرسا، ئوت قالىمىسا قانداق بولىدۇ؟ * سۆيگۈ دېڭىزى چوڭقۇرلۇقىدا مەن قاينام تۇرسام، ئۇسسۇزلۇقىم قانداق قانسۇن ئىچىپ كىچىك كۆلچەكلەرـ نى. * سەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تۇرۇپ، مۇشۇنى بىلمەمسەن؟ * بۇ بالا كىچىككىنە تۇرۇپ، تاماكا چېكىدىكەن. * سىز كادىر تۇرۇپ شۇنداق

قىلسىڭىز بولامدۇ؟ ㉒ «- غىلى ،- قىلى ،- گىلى ،- كىلى» بىلەن ئىپادىلەنگەن رەۋىشداش شەكلىگە قوشۇلۇپ، پېئىلنىڭ باشلانما تۈسىنى ياسايدۇ: كونا خامانى سورىغىلى تۇردى. * ئۇلارنىڭ بىرى تۆۋەندىكى بېزىنىنى كىتابلارغا چاپتى-دە، ئوت يېقىۋەتتى. جاندىن ئەزىز كۆرىدىغان كىتابلار ئوتتا كۆيگىلى تۇردى. ㉓ رەۋىشداشلارغا قوشۇلۇپ، تۈس ياردەمچىسى رولىدا تۆۋەندىكى مەنىلەردە كېلىدۇ: 1) ھەرىكەتنىڭ دائىم تەكرارلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ بىزنىڭكىگە كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇنتۇپ قالماي خەت يېزىپ تۇرىدۇ. * سوغۇق شامال بەدەنگە نەشتەردەك ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان بىركۈنى ئەتىگەندە، 3-دۈينىڭ ئىش ئورنىغا كېلىپ، ئىشلەشكە باشلىدىم. * ئىشتىن سىرتقى چاغلاردا، تولاراق كېچىلىرى ئىشلىدى. ئارىلاپ- ئارىلاپ ۋالى ئۇستامدىن سوراپ تۇردى. 2) ھەرىكەتنىڭ ۋاقىتلىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: سىز ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن ھازىر كېلىمەن. * خانقىز ئانا ئادىل سۇنغان قاچىنى ئەمدىلا قولىغا ئېلىپ تۇرۇشىغا، مەكتەپنىڭ ئىشچىسى مەتربېھىم باغۋەن ياتاققا كىرىپ كەلدى. * سەن ئېنىق خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچە، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتماي تۇرىمىز. 3) «... دەپ» رەۋىشدىشى بىلەن قوشۇلۇپ كېلىپ، ئىش ھەرىكەتنىڭ تەييارلىق ھالىتىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ھارۋا يالالاي دېسەم، ھېچ يەردە ھارۋا يوق، سىزنىڭكىنى ئالسامىكىن دەپ تۇرۇۋېتىمەن. * — تۈنۈگۈنكى بالىنىڭ ئىشى قانداق بولدى؟ — مەن دەل شۇنى سىزگە دوكلات قىلاي دەپ تۇراتتىم. ㉔ «... دەك» بىلەن كەلگەن سۈپەتداشقا قوشۇلۇپ كېلىپ، ئىش ھەرىكەتنىڭ ئورۇندالغان ھالىتىدىن دېرەك بېرىدىغان بېرەر ئالامەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇلار قايتىپ كەلگەندەك تۇرىدۇ، قاراپ باقايلى. * تۈنۈگۈن بىر نەرسە يېزىۋاتقاندەك تۇراتتىڭىز، نېمە يازدىڭىز؟ * ئۇنىڭ بىلەن تونۇشىدىغاندەك تۇرىسىز، بۇرۇن كۆرۈشكەنمۇ؟ * مەن يېقىندا ئۈرۈمچىگە بارىدىغاندەك تۇرىمەن. ㉕ رەۋىشداش شەكلىدە ئالدىدىكى رەۋىشداشقا قوشۇلۇپ، ھەرىكەتنىڭ ئەينى ۋاقىتتا داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇماق. * مېڭىپ تۇرۇپ كىتاب ئوقۇش زىيانلىق. ㉖ بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، ئىسىملارنى پېئىللاشتۇرىدۇ: قارشى تۇرماق. تاقابىل تۇرماق. ㉗ سۈپەتداش شەكلىدە ئورۇن كېلىشتە كېلىپ، «بار بولماق، مەۋجۇت بولماق» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ: ئاش تۇرغاندا، ناننىڭ نېمە ھاجىتى. * ماشىنا تۇرغىنىدا پىيادە يۈرەمسىزمۇ؟ ㉘ II شەخس بىرلىك سان بۇيرۇق مەيل شەكلىدە كېلىپ، «كەت» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ: تولا ئاۋارە قىلماي، نېرى تۇرە!

**تۇرمالىن** ئى [ر<نېم] <گېئول> بىر خىل مىنېرال، يەنى تەركىبى مۇرەككەپ بولغان بورلۇق سىلىكات بولۇپ قارا، يېشىل، كۆك، قىزىل قاتارلىق رەڭلەردە ۋە ئەينەك پارقىراقلىقىدا بولىدۇ. ئۇ رەڭگى چىرايلىق سۈزۈك كرىستال بولۇپ، ئادەتتە ئۇنىڭدىن زىننەت بۇيۇملىرى ياسىلىدۇ. ئۇ يەنە فىزوئېلېكترىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاچقا، سىمسىز رادىئو سانائىتىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**تۇرمۇش** ئى ① ئىنساننىڭ ياشاش، تەرەققىي قىلىش ۋە تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئېلىپ بارغان خىلمۇ خىل پائالىيىتى: - كىتابىي گەپ! - دېدى ۋارىسجان كۈلۈپ، - كىتابتا يېزىلغىنىنى تۇرمۇشقا كۆچۈرۈپ ئەكېلىشكە بولمايدۇ، رەيھان! * بىر ئادەمنىڭ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن ئۇنچىلىك نۇرغۇن نەرسە لازىم ئەمەس. تۇرمۇش - بەختنىڭ بۆشۈكى، تۇرمۇش — بەختنىڭ مۇنبەت

تۇپىرىقى. لېكىن شۇ تۇرمۇش يەنە بەختىنىڭ دۇشمە-نىگە نېمۇ؟ * تۇرمۇشتا ئايال ئوقۇغۇچىلار ئايرىم ئىكەن، ئەمما ئۆگىنىشتە ئەر-ئايال بىر يەردە ئۆگىنىدىكەن. ② ياشاش، تىرىكچىلىك قىلىشتا زۆرۈر بولغان كىيىم-كېچەك، ئوزۇق قاتارلىق ۋاستىلەرگە ئېرىشىش ئەھۋالى؛ مەئى-شەت: ئىككى ئورۇننىڭ ئىشلەپچىقىرىشى راۋاجلىنىپ، ئاممىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆسۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈندىن-كۈنگە كۈچەيدى. * بىر يىلدىن كېيىن ئۇلار دادامنى ئۆيلەپ قويۇشقان بولسىمۇ، ئەمما دادام تۆزۈكرەك دەسمايىسى بولمىغانلىقتىن، ئوقتى تۇرمۇشتىن قىسىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دادام غۇلجىدىن دۆربىلجىن ناھىيىسىگە كېتىپتۇ. ③ تويى قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئەر-خوتۇنلۇق: تۇرمۇش قۇرماق. تۇرمۇشقا چىقماق.

**تۇرمۇش بۇيۇملىرى** كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئېھتىياجلىق بولغان يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، تۇرار جاي، ئۆسكۈنە قاتارلىق نەرسىلەر: باغ، گۆش ئىستېمال قىلىشمۇ كۆپەيگەن، يېڭى ئۆي سالغانلار، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى سېتىۋالغانلارمۇ كۆپەيگەن.

**تۇرمۇش خىراجىتى** <س ئق> تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن بېرىلىدىغان خىراجەت.

**تۇرمۇش سەۋىيىسى** تەقسىمات ۋە كىرىم ئارقىلىق، تۇرمۇش ۋاستىسىگە ئىگە بولۇشنىڭ دەرىجىسى؛ ئەمەلىي تۇرمۇش ئەھۋالى: بۇنىڭدىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

**تۇرمۇشقا چىقماق** ياتلىق بولماق، ئەرگە تەگمەك، تويى قىلماق: شۇنداق قىلىپ، مەن ئۆز خاھىشىمغا خىلاپ ھالدا، ئۆزۈم ياخشى كۆرمىگەن ئادەمگە تۇرمۇشقا چىقتىم. * قىزلار تۇرمۇشقا چىققاندىن كېيىن نىكاھتىن ئاجرىسا، نامى يامان بولۇپ قالىدۇ.

* ئەخلاقلىق ئايال بىر ئەر بىلەن ئۆتىدۇ دەيدىغان گەپلەرنى ئاجايىپ مۇقەددەس بىلىدىكەنغۇ ـ تالڭ.

**تۇرمۇش قۇرماق** تويى قىلماق، ئۆيلەنمەك: يولدىشىدىن ئورۇنسىز تاياق يېگەن سەلىمە قاتتىق رەنجىدى. چۈنكى، غۇپۇرجان تۇرمۇش قۇرغاندىن تارتىپ مۇشۇ ھادىسە سادىر بولغۇچە، سەلىمنى بىر قېتىممۇ رەنجىتمىگەنىدى. * رەقىپ بۇ خەتنىڭ قايسى يېرىدىن «گۈزەللىكنى ئاي تۇرمۇش قۇرۇشقا رازى» دېگەن مەنە چىقاردىكىن. مەن زادىلا چۈشىنەلمىدىم.

**تۇرمۇش كەچۈرمەك** ياشاش، تىرىكچىلىك قىلىش جەريانىنى ئۆتكۈزمەك، ياشىماق: راست، ئازادلىقتىن بۇرۇن ھايۋانغا ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرەتتۇق. ھەمىشە يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ھەققىدە قايغۇراتتۇق. * ناشتىدىن كېيىن، ئۇلار بىر يېرىم ئاي بىرگە تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئۇرۇق-تۇغقان بولۇشقان ياتاقداشلار بىلەن خوشلىشىپ، كارىۋاتلارنى ئارىلاشقا باشلىدى.

**تۇرمۇش ۋاستىسى** <س ئق> خەلقنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى تەمىن ئېتىدىغان بىر قىسىم مەھسۇلات. مەسىلەن، يېمەك-لىك، كىيىم - كېچەك، ئۆي - ئىمارەت قاتارلىقلار.

**تۇرمۇشلۇق** ئى. نىكاھلىق، ياتلىق: مېھرىنسا ئېرىنىڭ قارىلىقنى تۇتۇپ تۆت-بەش يىل تۇل ئولتۇرۇپتۇ. بىراق، ئۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 35 ياشلارغا كىرگەنىكەن، شۇڭا قايتا تۇرمۇشلۇق بولغۇسى كەپتۇ.

**تۇرمۇشلۇق بولماق** تۇرمۇشقا چىقماق، ياتلىق بولماق: ـ ھەي، نېمىلەرنى دەۋاتىسىز، ـ داۋۇت ئەمدى جىددىي ھالدا سۆزلەشكە باشلىدى، ـ مەن ياخشى كۆرگەن قىزنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن كىشى شۇ تۇرسا، مەن سىزگە ئېيتسام، ئاتا-ئانام يوق يېتىممەن، ئىككى ئاچام بۇرۇنلا تۇرمۇشلۇق بولۇپ كەتكەن.

**تۇرمۇشلۇق قىلماق** تۇرمۇشقا چىقارماق، ياتلىق قىلماق: ئالدىنقى يىلى دۇي ئۇنىڭغا مۇشۇ

ئۆيىنى سېتىپ بەرگەن ۋە تۇرمۇشلۇق قىلىپ قويۇش مەسىلىسىنى سالغاندا: — ئوھۇش، مېنى زائىقلىق قىلىشمىسىلا، رەھمەتلىك ئەمتاخۇننىڭ روھى قورۇنۇپ قالمىسۇن. بالىلىرىم چوڭ بولۇۋاتىدۇ، — دەپ يىغىنمۇ كەلتۈرمىگە نىدى.

**تۇرنا** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. بېشى كىچىك، بويىنى ئۇزۇن، تۇمشۇقى ئۇزۇن ۋە تۈز، پۇتى ئۇزۇن ھەم ئىنچىكە، پەي، تۈكلىرى ئاق ياكى كۈل رەڭ كېلىدۇ؛ توپلىشىپ ياكى جۈپلىشىپ ياشايدۇ، دائىم دەريا بويلىرى ياكى دېڭىز قىرغاقلىرىدا بېلىق ۋە ھاشارات تۇتۇپ يەيدۇ، ئادەتتە ئاق تۇرنا، كۈل رەڭ تۇرنا قاتارلىق تۈرلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ.

**تۇرۇبا** ئى [ر] ① <سانا> سۇيۇقلۇق، گاز، پار ۋە شۇ قاتارلىقلارنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، مېتال ياكى ساپالدىن ياسالغان نور. ئادەتتە كەسمە يۈزى چەمبەر شەكلىدە بولۇپ، ئۇزۇن ۋە ئىچى كاۋاك كېلىدۇ. ② شۇ خىل نور ئارقىلىق كەلتۈرۈلگەن سۇ بىلەن كىشىلەرنى تەمىنلەش مەقسىتىدە ئائىلە، زاۋۇت، كان-كارخانا قاتارلىق ئورۇنلارغا ئورنىتىلغان قۇرۇلما: تۇرۇبا سۈيى. تۇرۇبا ئورناتماق. ③ <مۇز> مىستىن ياسالغان دۇخوۋوي چالغۇ. ئېغىزى چىنە شەكلىدە بولىدۇ. ئادەتتە پورشېن ئورنىتىلغان بولۇپ، چالغاندا ياڭراق ئاۋاز چىقىرىدۇ.

**تۇرۇبا كۆلۈچى** <ماشىن> رېزىبىلىق تۇرۇبا ياكى سىلىندىر شەكىللىك دېتاللارنى چىڭىتىپ-بوشىتىدىغان ياكى تولغايدىغان بىر خىل قول سايمىنى.

**تۇرۇبىلىق** سۈپ. تۇرۇبىسى بار، تۇرۇبا بېكىتىلگەن: 1-كۈنى كۈندۈزدىلا، كەم ئۇچرايدىغان قىممەت باھالىق ھېسابلاش ئەسۋابى، بوشلۇق پومپىسى، رادىئو قۇرۇلمىلىرى، پۈرژىنىلىق مېتو، قىزىش تۇرۇبىلىق مىكروسكوپقا ئوخشاش سايمانلارنى قاچىلاپ، تەييارلاپ قويىدى.

**تۇرۇپ** I ئى ① <بوت> كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى پەيسىمان يېرىلغان بولىدۇ؛ گۈلى ئاق ياكى سۇس سۆسۈن رەڭدە، ئاق يىلتىزى يوغان بولۇپ، سىلىندىر ياكى شار شەكلىدە كېلىدۇ؛ پوستىنىڭ رەڭگى سورتلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ پەرقلىنىدۇ؛ ئادەتتە كۆكتات ھېسابلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئوق يىلتىزى.

**تۇرۇپ چامغۇر** چامغۇرغا ئوخشاش باش ئالىدىغان، لېكىن تۇرۇپ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل كۆكتات، «تۇرۇپ» مۇ دېيىلىدۇ.

**تۇرۇپ** II ① «تۇرماق» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى: پىئونېرلار ئەتىنىڭ باشلىقى تۇرۇپ، قىلغىنىنى قارىسىلا. * ئوغلۇم بۈگۈن تالڭ سەھەر، تۇرۇپ كەتتى ئورنىدىن. «ئەجەب بالدۇر تۇردىڭا؟» دەپ سورىدىم ئۈنۈمدىن. ② جۈملىدە تەكرارلىنىپ ياكى «بىر» سۆزى بىلەن قوشۇلۇپ تەكرارلىنىپ، «ھېلى، بىردەم، بەزىدە» دېگەن مەنىدىكى ۋاقىت رەۋىشى رولىدا كېلىدۇ: بىرچاغلاردا، قايسىدۇر بىر كىتابتىن «مۇھەببەت توي كېچىسى گۆرگە كىرىدۇ» دېگەن سۆزنى ئوقۇغاندەك قىلىۋىدىم، كېيىنچە بۇ گەپكە بىر تۇرۇپ ئىشەنسەم، بىر تۇرۇپ ئىشەنگۈم كەلمەدى. * مۇنداق پىللداپ يېنىپ تۇرغان ئوت دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىدىنمۇ كۆرۈندى. ئىككى تەرەپتىن قىسىپ كېلىۋاتقان ئوت چېكىت تۇرۇپ يوقىلىپ، تۇرۇپ پەيدا بولاتتى.

**تۇرۇپ تۇرماق** بىكار، پائالىيەتسىز ھالەتتە تۇرماق: تۇرۇپ تۇرغاننى توختاپ يە، كېتىپ

بارغانلىقى قوغلاپ يە (ماقال). * — تاھىردىن ئادەم كەلدى، — دېدى كاتىپ ئاستا پىچىرلاپ، — مۇشۇ دادۇيدىكى روزمەت دېگەن ئادەم بىلەن سولايمان دېگەن ئادەملەر ھايانكەشلەر گۇرۇھىنىڭ قاتناشچىلىرى-كەن، روزمەتنى گوڭشې ساقچىسى تاھىرنىڭ ساقچىغا ئاپىرىپ بېرىدىكەن. سولايمان ھازىرچە دۇيدە تۇرۇپ تۇرىدىكەن. * بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى ئۆز ئەھۋالىمغا كېلەي.

**تۇرۇپ قالماق** ① ماكانلىشىپ، ئورۇنلىشىپ قالماق: دەللە ئۆزىنىڭ يالغۇز قالغان بىر موماي ئىككە ئىلكىنى ئېيتىپ يىغلاپتۇ-دە، بۇ ئۆيدە ئانا بولۇپ، تۇرۇپ قېلىشنى سوراپتۇ. * بۇ قىز مۇشۇنداق چىرايلىق بولۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي، ئائىلىسىدە تۇرۇپ قالغانىكەن. ② توختاپ قالماق: سۇ ئېرىقتا تۇرۇپ قالدى. * ئاچ قورساقتا ئاچچىق تولغ ئالمىنى يەۋەرگەنلىكىم ھەم يامغۇردا قالغىنىم ئۈچۈن، بىقىنىمدا سانجىق تۇرۇپ قالدى. ③ قىمىرلىيالماي، ھەرىكەت قىلالماي قالماق: زەپەرشان بىر-ئىككى مىنۇتقىچە مۇدىرغا تىكىلىپ، ئۈنسىز تۇرۇپ قالدى. نېمە دېيىشنى بىلمىدى؟ مۇدىر ئېيتتىغۇ، رەسمىيەت بويىچە ئىش قىلىش كېرەك. * رەيھان ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

**تۇرۇپ كەتمەك** ① ياتقان، ئولتۇرغان يېرىدىن تۇرماق: شاھزادە بۇ نېمە ۋەقە دەپ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئويلاپ-ئويلاپ بۇنىڭ سەۋەبىنى ھېچ تاپالماپتۇ. * — بالام سەنمۇ ئورنۇڭدىن تۇر، ئۇكاڭ خېلى بولدى تۇرۇپ كەتكىلى، — دېدى ئانا چوڭ ئوغلىغا. ② كۆچمە. ساقايماق: مەھبۇبە كۆلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى. ئۇ كېلىپلا ئېلىنىڭ پېشانىسىغا ئالقىنىنى قويدى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ: — ياخشى بولۇپ قاپسىز، ئەمدى بىر ئايغا قالماي تۇرۇپ كېتىسىز، — دېدى.

**تۇرۇپ** III ئى. قارتا ئويۇنىدا، ئويۇن تۈگۈلغان قارتىنى تاشلاشتا ئاتىلىدىغان سۆز.

**تۇرۇپ چۈشمەك** — **تۇرۇپ ئوينىماق**.

**تۇرۇپ ئوينىماق** ئويۇن تۈگۈلغان قارتنى چۈشمەك.

**تۇرۇپ-تۇرۇپ** بىردەم-بىردەم، توختاپ-توختاپ: ھايال ئۆتمەي نېمىشقىدۇر دېمىقىم يۈتۈپ، سىپىسىق بىر ھىد تۇرۇپ-تۇرۇپ نەپسىمنى قىسىشقا باشلىدى. مەن بولسام، بىرنەچچە قېتىم قاتتىق چۈشكۈرۈۋېتىپ، ئىشىمنى قىلىۋەردىم. * ئۇ ئالدىغا يېيىلغان قەغەزلەرگە تىكىلگىنىچە خىيال سۈرەتتى، تۇرۇپ-تۇرۇپ چوڭقۇر ئۇھ تارتاتتى.

**تۇرۇپكا** ئى [ر] تېلېفوننىڭ ئاڭلاش ۋە سۆزلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قىسمى: باسست گوڭشېغا تېلېفون بېرىش ئۈچۈن تۇرۇپكىغا قولىنى ئۇزىتىۋىدى، تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى.

**تۇرۇپاۋۇق** ئى. تۇرۇپ تېرىلىدىغان يەر، ئېتىز.

**تۇرۇش** ① «تۇرماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمداشى: ئۇنىڭ بىرقانچە يىل ئىسسىق ئۆيدىن ئايرىلىپ تۇرۇشى، ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدى. ② ئى. ئەھۋال، ھالەت، تەرىز: بۇ تۇرۇشتا سەن بۇ ماقالىنى بۈگۈن كېچە ئاران پۈتكۈزگۈدەكسەن. ③ مىق. قېتىم، نۆۋەت: مەن كىچىكىمدە قېتىقتا ئامراق ئىدىم، بىر تۇرۇشتا تۆت زاغرىنى چىلاپ يېۋېتەتتىم.

**تۇرۇش قىلماق** تەييار قىلماق، تۇتۇش قىلماق، كىرىشمەك: كەلگەن بىرىنچى خېرىدار شەھەر ئەتراپىدىن كىرگەن دېھقان ئىكەن، ئۇ: — ئۇكام، تويغا تۇرۇش قىلىۋىدىم، مۇنچىلىك مېھمان چاقىرماقچىمەن. قانچىلىك گۆرۈچ باسسام بولار؟ — دەپ سوراپ قالدى.

**تۇرۇشلۇق** سۈپ. تۇرىدىغان، ئورۇنلاشقان، جايلاشقان: ئەكبەر گوڭشېغا كۆن چىقىش بىلەن يېتىپ كەلدى. گوڭشې تۇرۇشلۇق مەھەللە دۆڭگە جايلاشقان، ئەكبەرلەرنىڭ يېزىسى بولسا دەريا تەرەپتە. يەستە ئىدى. * ئەپەندىم تۇرۇشلۇق

يەردىكى مەسچىتلەرنىڭ مۇنارى يوق ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ چوڭ شەھەرگە بارسا، ئېگىز مۇنار ئۈستىدە ئەزان ئېيتىۋاتقان مەزىننى كۆرۈپ، ھەيران بولۇپتۇ.

**تۇرۇشماق** «تۇرماق» پېئىلى ① ② ④ ⑥ ⑨ ⑩ نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز ئىككى بالا سوغۇق ئۆيدە يېرىم كېچىگىچە تۇرۇشتۇق. * ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە قوراللانغان ئىشپىيونلار تاياقتەك قېتىپ، تىك تۇرۇشاتتى.

**تۇرۇقلۇق** تىر ① ئىسىم ياكى ئىسىم بىرىكمىسى، سۈپەت ياكى سۈپەت بىرىكمىسى ۋە رەۋىشداش ياكى سۈپەتداشلار بىلەن كېلىپ، ئۇلار ئىپادىلىگەن پاكىتنىڭ مەلۇم ئىشقا قارشى ھالدا مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدىغان قارشىلىق ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ: بولدى سۆزلىمەڭ. ئايالىڭىز ۋە باللىرىڭىز تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىشقا بۇنداق گەپلەرنى قىلىسىز؟ * ئالدىمىزدا ھەممە ئىمكانىيەت بار تۇرۇقلۇق، بىز نېمىشقا كۆپرەك تۆھپە قوشۇشقا تىرىشىپ قىلمايمىز؟ ② «شۇنداق» دېگەن ئالماش بىلەن بىرىكىپ، ئالدىنقى جۈملىدىكى ئۇقۇمنىڭ كېيىنكى جۈملىدىكى ئۇقۇمغا قارىمۇقارشى ھالدا مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدىغان قارشىلىق ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ: خالمۇرات خالدەمدىن ئىككى ياش چوڭ، شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيدۇ. چۈنكى خالمۇرات ئۈچىنچى سىنىپتا ئىككى قېتىم ئوقۇدى.

**تۇرۇلغا** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. پەيلىرى توق بېغىررەڭ بولىدۇ، يامغۇر يېغىش ئالدىدا ياكى ھاۋا ئەمدى ئېچىلغان ۋاقىتلاردا دەرەخلەرگە قونۇۋېلىپ، «تۇر... تۇر ...» قىلىپ سايرايدۇ.

**تۇرۇلماق** «تۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇزۇن ئۆتمەي داستىخان سېلىندى. كاۋاپ دەمسىز، مەي دەمسىز، مېۋە-چېۋە دەمسىز، ئۈزۈلمەي ئەكىرىپ تۇرۇلدى. * قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىرمەھەل بىزنىڭ ئۆيدە، ھەتتا تىلغىمۇ ئېلىنماس بولۇپ قالغان نارىن يېڭىباشتىن ئەنئەنىۋى تائام بولۇپ، پات-پات ئېتىپ تۇرۇلدى.

**تۇرۇم** ئى. ئىككى ياغاچنىڭ بىرىنى تېشىپ ياكى ئويۇپ، يەنە بىرىنى ئۇچلاپ كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئۇلانغان ياكى چېتىلغان جايى: ئەركەك تۇرۇم. چىشى تۇرۇم.

**تۇرۇمتاي** ئى <زوئول> شۇڭقار ئائىلىسىگە كىرىدىغان يىرتقۇچ قۇش. تېنى 30 سانتىمېتر ئەتراپىدا، ئەركىكىنىڭ ئارقا تەرىپى ئاچ يېشىل، پوكىنى سېرىق؛ چىشىسىنىڭ ئارقا تەرىپى قوڭۇر كېلىدۇ. ئادەتتە قۇشقاچ قاتارلىق كىچىك قۇشلارنى تۇتۇپ يەيدۇ، ئاز ئۇچرايدۇ، زىيىنى يوق، قوغدىلىدىغان قۇش.

**تۇرۇنج** ئى [پ] <بوت> ① سۇزاپ ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ ياكى چاتقال. قىسقا تىكەنلىرى بولىدۇ، يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، ئومۇمىي گۈل رېتىدە كېلىدۇ؛ گۈل تاجىسىنىڭ ئىچى ئاق، سىرتى سۆسۈن رەڭدە بولىدۇ؛ مېۋىسى سوقىچاق ۋە سېرىق، شۆپۈكى يىرىك ھەم قېلىن كېلىدۇ؛ ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ؛ مېۋە شۆپىكى دورا قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**تۇرۇنقاي** ئى. ئۈچەي مېيى.

**تۇز** I ئى ① ئاش تۇزىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى: ئادەمنىڭ تەمى سۆز بىلەن، ئاشنىڭ تەمى تۇز بىلەن (ماقال). * مەنمۇ پەمىدۇرنى بىكارغا بېرىۋەتمىدىم، ئىككى تاغار تۇزغا تېگىشتىم. ② <خىم> مېتال ئىئونى بىلەن كىسلاتا قالدۇق ئىئونىدىن تۈزۈلگەن بىرىكمە. ③ كۆچمە. ئاش-تاماق، غىزا، يېمەكلىك: تۇزۇڭنى يەپ، تۇزلۇقۇڭغا چىچار (ماقال). * — قاسىم

ۋەزىرنىڭ، — دەپتۇ شاھ غەزەپ بىلەن، — مېنىڭ تۈزۈمنى يەپ، ئۈچ ئېغىز سوئالىمغا تۈزۈككىنە جاۋاب بېرەلمىگەن ھارامتاماقنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىڭلار!
* خەقتىن ئاڭلىغىنىم ئەلەم قىلدۇ، ئىچىشكەن تۈزىمىز ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ، پېقىرنىڭ قورسىقىدا مۇنداق پىلان پەيدا بولدى، دەپ قويسىلا بولماسمىدى؟

**تۈز بەرمەك** ئاش-نان، غىزا، تائام بەرمەك، يېگۈزمەك؛ ئۇزۇقلاندۇرماق: جان بەرگەنىنىڭ ئادەم ئېتىپ ئۆستۈرۈپ، ئاقلالمىدىم ئەمگەن ھالال سۈتۈڭنى. تۈز بەرگەنىنىڭ جىسمىنى سەن كۆتۈرۈپ، يارىمىدىم كۆتۈرۈشكە يۈكۈڭنى.

**تۈز تاماتتى** پەرەز-شەرت مەيلىدىكى خەۋەردىن كېيىن «ناھايىتى ياخشى بولاتتى. ئۇبدان بولاتتى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ: بولسىغۇ، ئوبدان خېنىم، ئۆلگۈچە قېتىلىپ كەتكەن بولسا تۈز تاماتتى... ھى... ھى... ھى... سىلىمۇ ئۆز، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنمۇ.

**تۈز كىسلاتاسى** <خىم> ھىدروخلورنىڭ ئېرىتمىسى، مولېكۇلا فورمۇلىسى HCI ، رەڭسىز تىنىق سۇيۇقلۇق. تەركىبىدە ئارىلاشمىلار بولغاندا، سۇس سېرىق رەڭدە بولىدۇ، غىدىقلىغۇچى پۇراقتا ۋە چىرىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە؛ نەم ھاۋاغا يولۇقسا، ئاق تۇمان ھاسىل بولىدۇ. تۈز كىسلاتاسى بىر خىل مۇھىم خام ئەشيا بولۇپ، سانائەت ۋە دورىگەرلىكتە كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

**تۈز ھەققى** بىرەر كىشىنىڭ ئاش-تاماق بەرگەنلىكى، باققانلىقىنى ئاقلاش يۈزىسىدىن بېجىرىشكە، قىلىشقا تېگىشلىك ئىش، مەجبۇرىيەت: تۈز ھەققى — خۇدا ھەققى (ماقال).

**تۈزىغا ئېغىز تەگمەك** ئاش-نېنىنى، تامىقىنى يېمەك: ھە، مۇنداق گەپ ئىكەن-دە، بۇ! مېنى كىم چاغلاۋاتىسىز! ئۆمرۈڭلەردە بىر قېتىم تۈزۈمگە ئېغىز تېگىپ، پۇل تۆلىمەكچى بولۇۋاتىسىلەر؟

رەھمەت، بالىلىرىم! مېنى رەنجىتمەي دېسەڭلار، ھەرگىز مۇنداق ئىشنى قىلماڭلار!

**تۈزىنى ئاقلىماق** بىراۋنىڭ بەرگەن ئاش-تامىقى، قىلغان تەربىيىسى بەدىلىگە تېگىشلىك خىزمەتتە بولماق ۋە ياخشىلىق قايتۇرماق: ئېچىلساق بىللە گۈلدەك، باغ ئىچىدە كۆكلىسەك بىللە، ۋەتەننىڭ تۈزىنى ئاقلاش يولىدا ئۆرلىسەك بىللە.

**تۈزىنى تېتىماق** ① تۈز تەمىنىڭ لايىقىدا بولغان-بولمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، ئېغىزغا ئالماق: ئانام قايناۋاتقان شورپىنىڭ كۆپۈكىنى سۈزۈپ، تۈزىنى تېتىپ كۆرەي-دە، تۈزسىز بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، نوگايىدىن بىرئاز تۈز قويدى. ② كۆچمە. مەزمۇنىنى، مەنىسىنى بىلىپ يەتمەك، چۈشەنمەك: داۋۇت موللام قۇرئانخۇن قارىنىڭ بۇ خۇتۇننى «خۇش سۆھبەت، يېمەي-ئىچمەي ئولتۇرسىمۇ، كۆڭۈل-كۆكسىلىرى يايراپ قالىدۇ.» دېگەن گېپىنىڭ تۈزىنى تېتىشقا باشلىدى.

**تۈزىنى قايتۇرماق** → تۈزىنى ئاقلىماق.

**تۈزىنى كۆرمىگەن** داستىخىنىدا بولمىغان، تامىقىنى تېتىپ كۆرمىگەن: ئىككى-ئۈچ كۈندىن بېرى بىر قېتىممۇ تۈزىنى كۆرمىگەن مېھمانلىرىمىز كېلىپ-كېتىپ، ئاۋارە قىلدى.

**تۈزىنى يەپ تۈزلۇقىنى چاقماق** ياخشىلىققا يامانلىق قايتۇرماق، تۈزكورلۇق قىلماق.

**تۈزىنى يەپ تۈزلۇقىغا سىيمەك** → **تۈزىنى يەپ تۈزلۇقىنى چاقماق**.

**تۈزىنى يەپ كوزىسىنى سۇندۇرماق** → **تۈزىنى يەپ تۈزلۇقىنى چاقماق**: قانچە ئويىنساڭ كۆتۈرىدۇ، قانچە ئېگىز ئۇچساڭمۇ، ھېچكىمنىڭ كارى يوق. لېكىن تۈزىنى يەپ كوزىسىنى سۇندۇرساڭ، ئۇنىڭ سورىقى بار.

**تۈزىنى يېمەك** ئاش-تامىقىنى يېمەك، ياخشىلىققا ئېرىشمەك: سەن نەچچە يىلدىن بېرى تۈزۈمنى يەپ چوڭ بولدۇڭ، ئەمدى

قانات-قۇيرۇق چىقىرىپ ئۇچىمەن دەيسەن.

**تۈزى ئېغىر** → تويسى ئېغىر: ئۇرۇمچىنىڭ تۈزى ئېغىر، بۇ يەرگە كەلدىڭىزمۇ، بىر ئاينى قىلماي كېتەلمەيسىز.

**تۈز يەپ تۇزلۇققا تۈكۈرمەك** → تۈزىنى يەپ تۈزلۇقىنى چاقماق: ۋىجدانىنى ساتايمۇ ئەرزان باھادا؟ تۈز يېگەن تۇزلۇققا تۈكۈرەي قانداق؟ قانداقمۇ دېگەيمەن ئاتامنى ئوغرى، تۇخۇمنى تۈت چاپسا، قاغنى ئاپئاق.

**تۈز** II ئى. قارتا ئوينىغاندىكى ئەڭ چوڭ، ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ۋە بىرلا قارتا بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن كارتا: قاغىنىڭ تۈزى، پىلىكنىڭ تۈزى.

**تۈزاق** ئى. ① ھايۋان ۋە قۇشلارنى تۇتۇش ئۈچۈن، تۆمۈر ۋە ياغاچتىن ياسالغان بىر خىل قىسماققا ئوخشاش قورال، قاپقان: سەئدى «گۈلىستان» ناملىق كىتابىدا: «قورساق ئالدىراپسا، ھېچبىر قۇش تۈزاققا چۈشمەس ئىدى، بەلكى ئوۋچىنىڭ ئۆزىمۇ تۈزاق قۇرماس ئىدى» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. ② كۆچمە. بىراۋنى قولغا كەلتۈرۈش ياكى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن قوللىنىلغان تەدبىر، ئىشلىتىلگەن ۋاسىتە؛ ھىيلە-مىكىر: نېمە گۇناھىم ئۈچۈن باغلايسەن مېنى، بېزىچە ئىشلەپ بەرگىنىم ئۈچۈنمۇ. ئاغىچىسىنىڭ شەرمەندىلىكىنى ئاشكارە قىلغىنىم ئۈچۈنمۇ ياكى غۇنچەمگە قۇرغان تۈزاقلىرىڭنى بۇزۇشۇرۇش ئۈچۈنمۇ؟

**تۈزاققا چۈشمەك** ① ھايۋان ۋە قۇشلار قۇرۇلغان قىسماققا چۈشمەك. ② باشقىلارنىڭ دامىغا چۈشمەك، ھىيلە-مىكىرغا ئالدىنىپ كەتمەك: «نەگە كەتكەندۇ» دەپ ئويلاپ كېتىپ باراتتى ئۇ، «شەھەردە خۇپىيانە يۈرمەيدىغاندۇ؟ بابا قورۇغا يولمىغىنىم ئەجەب ياخشى بوپتىكەن-دە، بولمىسا، تازا تۈزاققا چۈشەتتىكەنمەن». * ساڭا مەلۇم بولغان ھېلىقى سىرىنى مېنىڭ بەختىمنى ئۆز تىلىكىنىڭ قۇربانى قىلىپ، دادىسى ۋە يېقىن-يورۇقلىرى ئارقىلىق مېنى ئاخىرى تۈزاققا چۈشۈردى.

**تۈزاققا دەسسىمەك** → تۈزاققا چۈشمەك: ھەئە، يالغۇز سېيت نوچىلا ئەمەس، ئىلىدا ئىنقىلاب قىلغان نى-نى ياخشى ئادەملەرنى يالقۇجىياڭجۇن دېگەن ھىيلىگەر تۈزاققا دەسسىتىپ، ئۆلتۈرۈۋەتكەنگە ھۇشۇر-ئاخۇن بەك خاپا بولۇپ يۈرەتتى.

**تۈزاق قويماق** → تۈزاق قۇرماق: كۆرۈۋاتامسىلەر، دۈشمەنلەر بىزگە قانداق تۈزاق قويىۋاتىدۇ.

**تۈزاق قۇرماق** ① قۇشلار ياكى ھايۋانلارنى تۇتۇش ئۈچۈن، تۈزاقنى بەلگىلىك جايغا ئورۇنلاشتۇرماق: ياشلىقتا بۇلبۇلغا قۇرسام تۈزاقنى، چۈشەتتى بەختىمگە تۇقۇناق قاغا. ئىنتىلىپ يورۇققا باسسام ئايىغىنى، تېيىلىپ كېتەتتىم قاراڭغۇ غارغا. ② بىراۋنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۆزىگە تارتىش، دامغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن تەدبىر ۋە ھىيلە ئىشلەتمەك: بۇنداق تەلەپ قىلىشىڭدىكى سەۋەب، سەن بىلەن باھەسلەشەت بىر چارە تېپىپ، ئەپلىكرەك ئۇسۇل بىلەن رەيھانەم قۇرغان تۈزاقتىن قۇتۇلۇپ كېتىشنىڭ يولىنى بىرلىكتە ئىزلەش!

**تۈزاقچى** ئى ① تۈزاق ياسىغۇچى؛ تۈزاق قۇرۇپ ئوۋ قىلغۇچى: تارىم دەرياسى دولقۇنلاپ، سوزۇلۇپ، شارقىراپ ئاقسا، تۈزاقچىنىڭ تورىنى يىرتىپ بېلىقلار كەلگ غۇلاچ ئاچسا. ② كىشىلەرنى تۈزدىقىغا چۈشۈرگۈچى، دەسسەتكۈچى: بىز قاچانغىچە تۈزاقچىلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ ۋەيران بولىمىز؟!

**تۈز-تائام** ئاش-نان، يېمەك-ئىچمەك قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىستېمال قىلىدىغان نەرسىلەر: خوش ئاتا، رازى بولسىلا، مەن سىلىنىڭ تۈز-تائاملىرىنى كۆپ يېدىم، مېنى تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن ئىزدەپ، شۇنچە ئاۋارە بولۇپىلا. * ئابدۇللا بۇ ئۆيدە تۇرغان كۈنلىرىنى، يېگەن تۈز-تائاملىرىنى، توختىئاخۇن بىلەن ئانىسىنىڭ مېھرى-

شەپقىتىنى ئەسلەيتتۇ.

**تۇز-تاماق** ← تۇز-تائام: كىيەل ئايال 3-چارۋىچىلىق دۆيىنىڭ ئەزاسى مالىكىنىڭ يولدىشى خەدىچە ئىدى. شاۋدۇن خەدىچىنىڭ تۇز-تامىقىنى بىر قانچە قېتىم ئىچكەن، خەدىچە بولسا بۇ قېتىم تاغ ئارىچىلىقىغا قامىلىپ قالغان ماللارنى قۇتقۇزۇش كۈرىشىدە ئېغىر يارىلانغانىدى.

**تۇز-تەم** ① ئاش-تاماقنىڭ تۇزىنىڭ ئىچكەن ياكى ئىچمىگەنلىكى، تەملىك ياكى تەمسىزلىكى: ئۆيى تامىقىنىڭ تۇز-تەمى جايىدا بولىدۇ. ② كۆچمە. تەسىرى ۋە قايىل قىلىش كۈچى: — يۈرەكتىن نېمە چىقسا، پەقەت شۇنىڭ ئۆزىلا يۈرەككە ياقىدۇ، — دېدى ئاتىكەم قايىل بولغانلىق قىلىپ، — مانا سىزدىن خېلى تۇز-تەمى بار گەپنى ئاڭلىدىم، سىزگە رىزقى چۈشكەن قىزنىڭ تەلىيى ئۇلۇغ كەلگۈدەك.

**تۇزچى** ئى. تۇز كولاش، تۇز يىغىش، تۇز سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: ناۋايخانىمىزغا كېپەكباي دېگەن تۇزچى ھەر كۈنى بىر ئېشەكتە شور تۇز ئەكىلىپ بېرەتتى.

**تۇزچىلىق** ئى. تۇز كولاش، تۇز يىغىش ۋە تۇز سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى: دۆيىمىز تۇز كۆلىگە يېقىن، شۇڭا يەتتە ئائىلە تۇشۇمچە تۇزچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

**تۇزدان** ئى. تازىلانغان تۇزنى سالىدىغان كىچىك شىشە ياكى قۇتا.

**تۇزسىراتماق** «تۇزسىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تۇزسىراشماق** «تۇزسىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۈستەلگە چېپىۋاتقانلار ئىككى كۈندىن بېرى تۇزسىز ئۇماچنى ئىچىپ، تۇزسىرىشىپ كەتكەنىدى.

**تۇزسىرىماق** پ. ئورگانىزمدا تۇز يېتىشمەي قالماق، تۇزغا بولغان تەلەپ قانماي قالماق، تۇزنى خالاپ قالماق: قويلار يازلىق يايلاققا يۆتكىلىش جەريانىدا تۇزسىراپ كەتكەنىدى.

**تۇزسىز** سۈپ ① تۇزى ئىچمىگەن، تۇزى كەم: پولۇ تەييار بولغىچە، كۈن ئولتۇرۇپ، كەچ كىرىپتۇ. شاھزادىلەر ئەمدىلا ئۈستەلگە چېچىپ بولۇشىغا، بوۋاي ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ-دە، ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ كىلىپ، ئالدىغا يوغان بىرلىگەن تۇزسىز پولۇنى قويۇپتۇ. ② كۆچمە. مەزمۇنى يوق، مەنىسىز، تۇتۇرۇقسىز: ئەسما ئۇ قۇزۇلىنىڭ رەھمۇرەك شېئىرلىرى ئۈستىدە قانائەتلىنىپ توختىمايتتى، دائىم ۋاراقلىغىنى ۋاراقلىغانىدى. شائىرنىڭ نەپىس شېئىرلىرى ھازىر، ئۇنىڭ ئۈچۈن تۇزسىز سۆزلەرنىڭ يىغىندىسىدىن باشقا ھېچ نەرسە ئەمەس ئىدى.

**تۇزسىز گەپ** قۇلاققا ياقمايدىغان، ئېتىقسىز گەپ؛ بىھۇدە پاراڭ: ھەلىمىنىڭ تۇنۇگۈنكى تۇزسىز گەپلىرى تېخىچە كۆڭلۈمدىن كەتمىگەنىدى.

**تۇزسىز سۇ** <سۇ> تۇز تەركىبى ناھايىتى ئاز بولغان سۇ.

**تۇزسىزلىق** ئى ① تۇزى كەم، يېتەرلىك بولمىغان ھالەت، تۇزى يېتەرسىزلىك: بۈگۈنكى شوۋىگۇرۇچنىڭ تۇزسىزلىقىدىن، ئاغزىمغا ئالالمىدىم. ② كۆچمە. مەزمۇنسىزلىق، تۇتۇرۇقسىزلىق، قوپاللىق: ئۆزىنىڭ كېلەڭسىزلىكىگە قارىماي، گېپىنىڭ تۇزسىزلىقىچۇ؟

**تۇزكور** سۈپ [تۇز+كور] تىل ھا ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان، ياخشىلىققا يامانلىق قىلىدىغان، تۇزىنى يەپ، تۇزلۇقىنى چاقىدىغان، نانكور: ئېيتە، تۇزكور بوزۇق، سەن نېمىنى بىلسەن؟ ساڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ئۈچۈن يۈزسىزلىك قىلاي دەۋاتامسەن؟ جاۋاب قىل، سەيپۇلغا نېملەرنى دېدىڭ؟ // سەن ئېشىنى يەپ، قازىنىنى چاقىدىغان تۇزكورلاردىن ئەمەسسەن، لېكىن سەن قانداق بولۇپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭ؟

**تۇزكورلۇق** ئى. تۇزكور كىشىلەرگە خاس ئىش-ھەرىكەت: پولات دېگەن يېتىمچۇقلاق قەلەندەر تۇزكورلۇق قىلىپ، مېنىڭ ئىشىمغا تۇيا چېچىشقا قانداق پېتىنىپتۇ-ھە!؟ * توغرا، بالام، پارتىيە يولىدىن

توسۇش تۇزكورلۇق بولىدۇ.

**تۇزلاتماق** «تۇزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قۇربان ئاكام قۇربانلىق قويىنى سويۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوغلىغا تېرە ئۈچەيىنى تۇزلىتىپ، مەسچىتكە ئەۋەتتى.

**تۇزلاشماق** «تۇزلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەممىسى بىر زىختىن ئىسسىق كاۋاپنى ئېلىپ، ئاپئاق تۇز پاراشوكىنى چېچىپ تۇزلىشىپ، ئاندىن: ـ تۇزى ئەمدى تېتىپتۇ، ـ دېيىشكىلى تۇردى.

**تۇزلانغان** «تۇزلانماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتداشى: تۇزلانغان تۇخۇم.

**تۇزلانغان تۇخۇم** <يېم> تۇخۇمدىن ياسالغان يېمەكلىك. ھاك، توپا، ۋە توپانلارنى لاي قىلىپ، ئۆردەك ياكى توخۇ تۇخۇمىنىڭ پوستىغا چاپلاش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ.

**تۇزلانماق** «تۇزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىر دەمدىلا خۇاجۇەر، قازان نېنى، پىشق تۇخۇم، تۇزلانغان ئۆردەك تۇخۇمى پارتىزانلارنىڭ ئېتىكىگە تولۇپ كەتتى.

**تۇزلۇق** I سۈپ. ① تەركىبىدە تۇز بار، تۇز ئارىلاشتۇرۇلغان. ② تۇز تەمى بىر ئاز يۇقىرى، تۇزى بىرئاز كۆپ: بۇ ئاش تۇزلۇق بولۇپ قاپتۇ. * باشقىلار قىزىقچىلىق قىلىپ ئۇنىڭدىن: ـ گەندىنىڭ تەمى قانداق ئىكەن؟ ـ دەپ سورىسا، ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ: ـ تۇزلۇق ئىكەن، ـ دەيتتى.

**تۇزلۇق سۇدا ئۇرۇق تاللاش** <دېھ> ئۇرۇق تاللاشتا دائىم قوللىنىلىدىغان بىر خىل ئۇسۇل. بۇنىڭدا، ئۇرۇق تۇز سۈيىگە تۆكۈلۈپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئاستىغا چۆككەن ئۇرۇقلار سۈزۈۋېلىنىپ، تېرىلىدۇ. تۇزلۇق سۇدا ئۇرۇق تاللىغاندا، زىرائەتلەرنى تەكشى بىخلاندۇرغىلى، مايسىلارنى تېمەن قىلغىلى ھەمدە ئۇرۇقنى دېزىنفېكسىيلەش ئارقىلىق كېسەللىك ۋە ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**تۇزلۇق كۆل** <جۇغ> سۈيىنىڭ تەركىبىدە تۇز مىقدارى كۆپ بولغان كۆللەر.

**تۇزلۇق** II ئى. ئېرىتىلگەن تۇزنى ساقلايدىغان چوڭ قاچا، ئىدىش: ھاشىمكام يېڭى ئۆيگە كۆچۈش تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپ، ئىشلىرىمىز بەرىكەتلىك بولىدۇ دەپ، ئالدى بىلەن تۇزلۇقنى ئاشخانىنىڭ مورا بېشىدىكى تەكچىگە يۆتكىدى.

**تۇزلۇق قاپاق** ① ئېرىتىلگەن تۇزنى ساقلايدىغان قاپاق: ئايشەمخان ئوچاققا ئوت يېقىپ بولۇپ، خېمىر يۇغۇرۇش ئۈچۈن تۇزلۇق قاپاققا قارىدى. ② كۆچمە. ھەممە ئەيىب، ھەممە گۇناھ يۈكلەنگۈچى: مەن بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ تۇزلۇق قاپىقى بولۇپ قالدىم، ھە دېسىلا يوقالغان، سۇنغان نەرسىلەرنى مەندىن كۆرۈۋاتىدۇ.

**تۇزلىماق** پ. تۇز سەپمەك ياكى تۇزلۇق سۇغا چىلىماق: پرىيومچىكلار تېرە-ئۈچەيلەرنى تۇزلاۋاتاتتى. * بىز بۇ يىل كۈزدە بەسەي، سەۋزىلەرنى تۇزلىدۇق.

**تۇزۇ** ئى <ئىرىق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**تۇزۇ تىلى** تۇزۇلار قوللىنىدىغان تىل. بۇ تىل ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى موڭغۇل تىللىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ. ئاساسەن مەملىكىتىمىزنىڭ چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ خۇچۇ تۇزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى قاتارلىق جايلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**تۇزۇچە** ① سۈپ. تۇزۇلارغا خاس، تۇزۇلارغا ئائىت: تۇزۇچە كىيىم، تۇزۇچە ئۆرپ-ئادەت. ② ئى. تۇزۇ تىلى.

**تۇزۇلار** ئى <ئىرىق> تۇزۇ مىللىتى، تۇزۇ خەلقى. تۇزۇلار مەملىكىتىمىزنىڭ چىڭخەي ئۆلكىسىدە ئولتۇراقلاشقان.

**تۇش** I ئى. باراۋەر، تەڭ: تەڭتۇش،

**تۈش قىلماق** ئورنىغا ھېساب قىلماق، ئورنىدا دەپ قارىماق: شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەيمەن، مېنى ئەملىمىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ گۇناھىغا تۈش قىلسىلا تەقسىر، ــ دەپ سۇپىنىڭ گۇناھىنى تىلىدى.

**تۈش** II ئى. تامان، تەرەپ.

**تۈش-تۈشتىن** تەرەپ-تەرەپتىن، ھەر تەرەپتىن: تۈش-تۈشتىن ياۋنى قاپسىدى غەزەپ، زۇلۇمغا ياغدى ساناقسىز نەپرەت. ھۆرلۈك تۇغىنى كۆكتە ئۆيىنىتىپ، كۈرەش بىلەنلا ئەل تاپتى شەرەپ.

**تۈشمۇتۈشتىن** تۈش-تۈشتىن، تەرەپ-تەرەپتىن: تۈشمۇ تۈشتىن قىلىنىۋاتقان بۇ گەپلەر توكۇر قىزنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلغاندەك، ئىززەتخانىنى ئالدىرىتىپ، تېخىمۇ چوڭقۇر خىجىللىققا پاتۇرۇۋەتتى. * مەھبۇسلار ئاسىيغا تۈشمۇتۈشتىن تېگىش قىلدى.

**تۈشلۈق** سۈپ ① باراۋەر كېلىدىغان، مۇناسىپ: ئىنسان دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، ھەمىشە شۇنداق خۇشال-خۇرام ئۆتىدىغان بولسىمغۇ كاشكى، ھەركىم ئۆز پېشانىسىدىن تۆككەن تەرگە تۈشلۈق ئاش-نېنىنى تېپىپ يېسە، بىرىنى بىرى ئانىي تېپىپ بويىنغا مىنىۋالىدىغان ئىشلار بولمىسا. * كالپۇكلىرىم يېرىلىپ، يۈزلىرىم ئىششىپ، قاناپ، گۆردىن قاچقان ئەرۋاھنىڭ ئۆزىلا بولدۇم. شۇ پېتى ئۆيگە يەتتىم. ئېست، مۇشۇ تارتقان جاپالىرىمغا تۈشلۈق، ئۆيگە كېلىپ قورساق تويغۇدەك تاماقلىنالىغان بولسامچۇ، كاشكى. ② لايىق، مۇۋاپىق، يارىشا: خۇمارخان كىچىك ئاخۇنىنىڭ نامراتلىقىنى، ھەتتا قايناق سۇ ئىچىشكە تۈشلۈق بىر ساپال قاچىسىمۇ يوقلۇقىنى ئويلىغىنىدا، يۈرىكى ئېچىشاتتى. * ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۈشلۈق قىيىنچىلىقى بار، بىز بۇ تەرەپنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك. ③ سىغىدىغان، پاتىدىغان: ئىككى كارىۋاتقا تۈشلۈق ئۆي، پۇتۇمغا تۈشلۈق ئاياغ. * ــ ھوي ئانىسى، ــ دېدى بەختاخۇن، ــ ئۇ چاغدا بەرگەن نورما ئاشلىق خالتىغا تۈشلۈق، خالتىمۇ قولتۇقۇمغا تۈشلۈق ئىدى. ④ يېتىدىغان: شۇ مەزگىللەردە بىركۈنى، تاۋۇكاغا بارغىلى ئەمەس، بەلكى بىر تۇغرام نانغا تۈشلۈقمۇ پۇلۇم يوق، ئاچ قالدىم. * قازان ئىگىسى دېگەن قاراردا كەلسە، قازانچى: ــ ۋاي ئاكا، چۆگۈنگە تۈشلۈقمۇ مىس يوق ئىكەن، ــ دەپتۇ.

**تۇغ** I ئى ① بايراق، ئەلەم: خان قوشۇنىنىڭ بېشىغا باردى. قوشۇن بېشىدا باشقىلاردىن يۈزۈرراق كىيىنگەن ئۈچ ئاتلىق چېرىك قىزىل بىر تۇغنى تىك تۇتۇپ تۇراتتى. * پارتىيە باشلىغان شانلىق سەپەردە، زۇلىمنىڭ ياڭراق ئاۋازى ياڭرايدۇ ئەنە. يالقۇندەك تاۋلىنىپ لەپىلدەر مەغرۇر، ئۇ تۇتقان قىزىل تۇغ ئاسمان پەلەكتە. ② تۇپراق بېشىدىكى خادىلارغا ئېسىلغان قوتازنىڭ قۇيرۇقلىرى ۋە ئاق، قىزىل، سېرىق لاتىلار. ③ داخانىلارنىڭ بىر ئۇچىنى ئۆيىنىڭ تۈرۈسىغا، بىر ئۇچىنى يەرگە مەھكەم قىلىپ ئورناتقان ئارقىنى ۋە شۇ ئارقانغا باغلانغان ھەر خىل رەڭدىكى لاتىلار.

**تۇغ باغلىماق** ① تۇپراق بېشىدىكى خادىلارغا قوتاز قۇيرۇقى ۋە خىلمۇ خىل رەڭدىكى لاتىلارنى ئاسماق. ② كونا ئۆرپ-ئادەت بويىچە بەزى كېسەللەرنى داۋالاش ئۈچۈن، ئارقاننىڭ بىر ئۇچىنى ئۆيىنىڭ تورۇسىغا، بىر ئۇچىنى يەرگە مەھكەم ئورنىتىپ، ئارقاننىڭ تۆۋى تەرىپىگە ھەر خىل، ھەر ياڭزا لاتىلارنى چىگمەك. ③ كېسەل كىشىگە شۇ تۇغنى تۇتقۇزۇپ، ھەر خىل ئايەتلەرنى ئوقۇپ، سۈپكۆچ قىلىپ، تۇغنى چۆگىلەتمەك: داخانىمەن، نەگىلا بارسام مازايى-ماشايىخلارنى، ئەۋلىيا-ئەنبىيالارنى زىيارەت قىلىپ تۈرىمەن، كېچىلىرى شېھىتلىكتە تۈنەپ چىقىمەن، كۆندۈزلىرى ئانچە-مۇنچە مەھەللە ئارىلاپ، ھاجەتمەن مۆمىنلەرنىڭ ئارزۇ-تەلەپلىرىدىن چىقىمەن، تۇغ باغلايمەن، رەم ئاچىمەن، قەستنى ياندۇرىمەن.

**توغ** II ئى. ئېتىزلارغا سۇ تۇتۇش ئۈچۈن ئېرىق-ئۆستەڭلەرگە سېلىنغان توپا توسۇق، تۇغان: توغ سالماق. توغ تۇتماق.

**توغ تۇتماق** ← توغ سالماق.

**توغ سالماق** ئېتىزلارغا سۇ تۇتۇش ئۈچۈن ئېرىق-ئۆستەڭلەرگە توپىدىن توسۇق، تۇغان ياسىماق: دۆيجاڭ بەش ئەزانى تۆشۈك ئېرىققا توغ سېلىشقا بەلگىلىدى.

**تۇغان** ئى. سۇنى توسۇش، بوغۇش ئۈچۈن توپا، تاش ياكى سېمونتتىن تەييارلانغان قۇرۇلما: سۇ كەلگىچە تۇغان سال (ماقال). * كەتمەن بىلەن تۇغان سېلىشنىڭ ئورنىغا سېمونت قاپقىلارنى ئىشقا سالدىغان چاغلار قاچان كېلەركىن؟ ھەي، ئۆمۈرنىڭ تولىسى كېتىپ، ئېزى قالغىنى ئېچىنىشلىق. * سۇ باشلىنىدىغان تۇغاننىڭ قېشىدا چوقچىيىپ تۇرغان تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋالغان بوۋاي خۇشاللىق بىلەن دومبىرىسىنى قولىغا ئېلىپ، ناخشا ئېيتىپ سايرىماقتا ئىدى.

**تۇغان تۇتماق** ← تۇغان سالماق.

**تۇغان سالماق** سۇنى توسۇش، بوغۇش ئۈچۈن توپا، تاش ياكى سېمونت بىلەن توسما خاراكتېرىدىكى سۇ ئىنشائاتىنى قۇرماق.

**توغ-ئەلەم** ① چوڭ-كىچىك، رەڭگارەڭ، ھەر خىل شەكىلدىكى بايراقلار: يىگىتلەر ئېيتتىكى: ـ ئارقىمىزدىن بەگلىرىمىزنىڭ توغ-ئەلەملىرىنى كۆرۈپ ئاندىن ئات سالايلى. * كۆزۈمدە ئۇيقا يوق، خىيالىم شۇ توغ-ئەلەم كۆتۈرگەن باللاردا بولۇپ قالدى. ② مازاردا خادىلارغا ئېسىلغان قوتاز قۇيرۇقلىرى، توغ ۋە ھەر خىل بايراقچىلار: ھەزرىسۇلتاندا توغ-ئەلەم، قولىدا قىلىچ-قەلەم. يىغلىماڭلار ياش باللا، ئۆتۈپ كېتىدۇ ئالەم.

**توغبېگى** ئى [توغ+بەگ+ى] تار س. ۋاڭلىق تۈزۈمدە ۋاڭنىڭ خاس مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى: لەشكەر بەگلەر، ئالدى بىلەن توغبېگىنىڭ يەرلىرىنىڭ بېشىدا توختىدى. جامال دورغا يەرنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا ئېتىنى چاپتۇرۇپ يۈرۈپ، قويۇق ئۆسكەن، سەردان باش تارتقان بۇغداي ئېتىزلىرىنى تۈزدىن كەچۈردى.

**توغچى** ئى ① توغ، بايراق كۆتۈرۈپ ماڭغۇچى؛ بايراقچى: كوممۇنىستنىڭ نەۋرىسى، كومسومولنىڭ ئىنىسى، كوممۇنىزم ۋارىسى، بايراقچىسى-توغچىسى، بەختى پارلاق پىئونېر. ② تار س. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ كاتىپى. ۋاڭنىڭ ئىككى كاتىپى بولىدۇ: بىرى ۋاڭنىڭ يېنىدا، ئىچكىرىسىدە بولىدۇ؛ يەنە بىرى ئوردىدا بولىدۇ. ③ پوسكام ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**توغدۇرماق** ① «توغماق» پېئىلى ①-④ ⑦ نىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ـناھىيىگە ئېلىپ بارساڭلار قانداق؟ ـ دېدى نۇسرەتكە قاراپ، ـ بىزنىڭ تۇغۇت دوختۇرىمىز مۇشۇ يەردە. ھازىر بۇ يەردە بۇ ئايالنى توغدۇرغۇدەك ئادىمىمىز يوق. * ئۇنىڭ ئىككى بايتىلى بولۇپ، ئات-قېچىر توغدۇرۇپ، ئۇنى بېقىپ كۈن كەچۈرەتتى. ② كۆچىسە، مەيدانغا كەلتۈرمەك، پەيدا قىلماق: گۇمان توغدۇرماق. ۋەقە توغدۇرماق. ئەنزە توغدۇرماق. * ئۇلار ئاتالمىش سۇلھ جۈگىشەن مەسىلىكنى تەرغىب قىلىپ، پاراكەندىچىلىك توغدۇرىدۇ. توغرىسى، مېنىڭدىن ھوقۇق تالىشىدۇ. مۇنداق بولغاندا، بۇ ئۆلكىنى ئۇزۇن مۇددەت تىنچ-ئامان ئىدارە قىلغىلى بولمايدۇ.

**توغدۇرۇلماق** «توغدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى، تاڭ شۇجېن بىلەن بىرۋاقىتتا گۈلسۇمخانمۇ توغدۇرۇلغانىكەن. ئارىخىپ قەغىزىگە تاڭ شۇجېننىڭ بالىسى قىز، گۈلسۇمخاننىڭ بالىسى ئوغۇل دەپ يېزىلغان.

**توغ-شەددە** مازارلاردا خادىغا ئېسىلغان خىلمۇخىل بايراقچىلار ۋە چۈرىسىدىكى چېشلىق جىيەكلەر ھەم تۇمار شەكىللىك لاتىلار: بۇ مازاردا قوچقار مۈڭگۈزى، ئۆتمىشتۆشۈك توغ-شەددە، ئۇستىخانلار، پارچە كېسەك، سۇنۇق

ساپال، ئەسكى لاتا-پۇتىلار كۆزگە تاشلىناتتى.

**تۇغقان** ① «تۇغماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتداشى: ـ ئادەمنى ئانىسى تۇغقان، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم. ② ئى. ئۆزلىرى ياكى ئاتا-بوۋىلىرى بىر ئاتا-ئانىدىن تۇغۇلغان كىشى، قېرىنداش: ـ ئاكا-ئىنى يامان دەپ، تۇغقاننى نەدىن تاپسەن؟ ـ دەپ نەسىھەت قىلدى ئۇ ئاغىنىسى مۇراتقا. * مېھرىبانۇ چىلىك ۋالىق مۇشۇ ئىش ئۈچۈن بېشىنى قاتۇرۇپ تۇرغاندا، ئۆز ۋاقتىدا مۇھەممەت بەشىر ۋاڭنىڭ تەيجىسى ھەم ئۇنىڭ يېقىن تۇغقىنى بولغان تاجىدىن تەيجى دېگەن كىشىنىڭ قۇمۇل تاغلىرىنىڭ بىرىدە ئامان ساقلىنىپ قالغان بىر ئوغلى بارلىقىنى ئاڭلاپ قالدى-دە، دەرھال ئۇنى تېپىشقا قۇمۇشلۇق تاھىر مىرابنى ئەۋەتتى. * ئەسلىدە ئىلى ۋىلايىتىدە چوڭ مەنسەپدارلاردىن بىرى بولۇپ ئىشلىگەن چاۋگاڭ ئۈچ ۋىلايەتتە، نويابىر ئىنقىلابىنى قوزغاشتىن ئىلگىرى ئاقسۇغا يۆتكىلىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ بالا-چاقىلىرىدىن بەزىلىرى ھېلىمۇ غۇلجىدا تۇراتتى، ھەتتا تۇغقانلىرىدىن بىرى مىللىي ئارمىيە سېپىدە ئىدى. ③ سۈپ. قېرىنداشلىقى بولغان، بىر مەنبەلىك: تۇغقان تىللار.

**تۇغقان تىللار** <تىل> بىر ئاساسىي تىل (ئانا تىل ياكى ئىپتىدائىي تىل) دىن بۆلۈنۈپ چىققان ھەر خىل تىللار. تۇغقان تىللار فونېتىكا، لېكسىكا، گراماتىكا جەھەتلەردە ئورتاق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولىدۇ؛ تىل سىستېمىسى، تىل تۈركۈمى، تىل تارمىقى، تىل گۇرۇپپىلىرى، شۇ تىللارنىڭ تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يىراق-يېقىنلىقى، بولۇپمۇ فونېتىكا، لېكسىكا، گراماتىكا جەھەتتىكى ئورتاق خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى باشقا ئورتاقلىقلار ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى، تۈركىي تىللار تۈركۈمى دېگەنلەر ئەنە شۇنداق ئايرىلغان. خەنزۇ، زاڭزۇ، جۇاڭزۇ، دەيزۇ، مياۋزۇ تىللىرى تۇغقان تىل ھېسابلىنىدۇ.

**تۇغقانچىلىق** ئى ← تۇغقانلىق: بۇ ئىككىسىنىڭ تۇغقانچىلىقى بار. * ئىشىنىمەن، ماڭا ھېسداشلىق قىلىسىز، ئاڭلىشىمچە، سىزمۇ ماڭا ئوخشاشراق سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىڭىزدىن كەچۈرۈپسىز، رەقىپ دەپ بەردى، ئۇنىڭ بىلەن بىرئاز تۇغقانچىلىقىمىز بار. * تۇغقانچىلىق بىر تويدا، بىر ئۆلۈمدە بىلىنىدۇ، باي ئاكىنىڭ قەرز ۋە نەزىر-چىراغ چىقىملىرىنى سىلى بىلەن ئورتاقلاشقۇسى كەپتۇ، ئاقكۆڭۈل، مېھرىبان ئادەم ئەمەسمۇ.

**تۇغقاندارچىلىق** ئى. تۇغقانلار ئارا بولىدىغان مۇئامىلە، يېقىنچىلىق: ـ ماڭسىلا، سىلىم شېپىخنىڭ ئۆيىگە بارسىلا، ئۆزلىرىنى ساقلاپ، مېيتنى تېخى يەرلىككە قويمىغاندۇر بەلكى. شېپىخلىق يەكتىكىنى كىيىپ، تۇغقاندارچىلىقنى يەتكۈزسىلە، باش بولۇپ نامىزىنى چۈشۈرسىلە، ـ دېدى ئايالى. * بۈگۈنكى كۈندە نامان ساڭا تۇغقاندارچىلىق قىلىۋاتقىنى يوق، سېنىڭ قولۇڭدىكى ئاز-تولا ھوقۇقتا تۇغقاندارچىلىق قىلىۋاتىدۇ. سەندە ئاشۇنچىلىك ھوقۇق بولمىسۇنچۇ، نامان تۈلكە ساڭا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمايدۇ.

**تۇغقانلاشماق** پ. تۇغقان دەپ بىلمەك، قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىشماق: پۈتۈن مىللەت قول تۇتۇشۇپ، تۇغقانلىشىپ، مىللىي زىتلىق، مىللىي غوۋغا يوقالغانىدى.

**تۇغقانلىق** ① «تۇغقان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: شۇنداق قىلىپ، مەن ئابدۇلھېكىمنىڭ ھەپىزخان ھەدەم بىلەن تۇغقانلىقىنى بىلدىم. ② تۇغقانلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى، باردى-كەلدى ئالاقىلىرى، تۇغقانچىلىق: ئۇ ئەگەر قاسىم خالىسا، زەيتۇنەمنى جان دەپ ئۇنىڭغا چېتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى،

تۇغقان مۇشۇنداق چاغدا تۇغقانلىق قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. * كۆز يېشى تامچىپ بۇ چاغ يامغۇر كەبى، تۇغقانلىق رىشتىنى ياشناتتى. ئۆملۈكنىڭ شاخلىرى سىيراپ ئېتىپ، يېپيېڭى غۇنچىلارنى چاقناتتى.

**تۇغلۇق** سۈپ. تۇغ-ئەلىمى بار، تۇغ-ئەلەم ئېسىلغان: تۇغلۇق مازار.

**تۇغما** سۈپ ① كىشى تۇغۇلغاندىلا ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان، تەبىئىي: تۇغما قارىغۇ. * ئادەمنىڭ رەسىم سىزىش جەھەتتىكى قابىلىيىتىنىڭ بالدۇر تەرەققىي قىلىشى قىيىن، تۇغما گاچا ئادەمنىڭ ناخشىچى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. * بۇ خىل تۇغما مىجەزنى سۈنئىي ئۇسۇل ياكى باشقا بىرەر ۋاستە ئارقىلىق ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. ② كىچىك چېغىدىلا شۇ نەرسىنى بىلىپ بولغان، تۇغۇلغاندىن باشلاپ شۇ ئىشقا ئادەتلەنگەن: ئۇلار تۇغما مەرگەنلەر بولۇپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ باينى ئازاد قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە كېچىلەپ قوغان تەرەپكە كېلىپ، ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە كەلگەنىدى. * ساتتار مۇئەللىم قولىدىكى قەغەزنى پۇلاڭلىتىپ، سىلكىپ تۇرۇپ، مېنىڭ ئۆزگەرمەس تۇغما ئوغرى ئىكەنلىكىمنى، شۇڭا مەكتەپتىن قوغلىمسا بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىشكە باشلىدى. ③ يالىڭاچ، كىيىم-كېچەكسىز: ھويلىدا تۆت-بەش ياشلىق بىرقانچە بالا ئانىدىن تۇغما ئويناپ يۈرەتتى.

**تۇغما قابىلىيەت** <پسىخول> ئىنسان ۋە ھايۋانلاردا تۇغۇلۇشتىلا بولىدىغان قابىلىيەت. مەسىلەن، بوۋاق بالىنىڭ تۇغۇلۇپلا يىغلاشنى، ئېمىشنى بىلىشى؛ ھەسەل ھەرىسىنىڭ ھەسەل چىقىرىشى قاتارلىقلار تۇغما قابىلىيەتنىڭ ئىپادىسىدۇر.

**تۇغما كېسەل** ① تۇغۇلغاندىلا شەكىللەنگەن ياكى ئانىسىنىڭ قورسىقىدا پەيدا بولغان كېسەللىك: كىم بىلىدۇ، ئېھتىمال رابىيەنىڭ كېسىلى تۇغما كېسەل بولۇپ، دوختۇرمۇ ئامال قىلالماس.

② كۆچمە. ئۆزگەرمەيدىغان، ئادەتلىنىپ كەتكەن يامان ئىش، قىلىق؛ يامان ئادەت: كىشىلەرنىڭ يانچۇقىغا قول سېلىپ قويۇش بۇ بالىنىڭ تۇغما كېسىلى.

**تۇغما مېيىپ** <بىئول> مەلۇم ئەزاسى كەم ياكى غەيرىي نورمال ھالەتتە تۇغۇلغان (ئادەم ھەققىدە).

**تۇغماس** ① «تۇغماق» پېئىلىنىڭ بولۇشسىز سۈپەتدىشى: تۇغماس كالا. تۇغماس قوي. تۇغماس خوتۇن شۇمەك يىغىپتۇ (ماقال). * قەدىمكى زاماندا بىر پادىشاھ بولغانىكەن، ئۇنىڭ ئۈچ خوتۇنىنىڭ ھەممىسى تۇغماس ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھ بالىغا زار ئىكەن. ② سۈپ. بالا تاپالمايدىغان، ئۇرۇقى ئۆلۈك (ئەر ھەققىدە): - دېمەكچى بولغىنىم، خان قىزىم... - دەپ يۇمشاق كۈلۈپ تېخىمۇ مېھرىبانلىق بىلەن سۆزلىدى خوتۇن، - تۇغماس سىلى ئەمەس، ئەرلىرىمكىن دەيمنا؟ * دېمەك، مەخسۇم ئۆزى تۇغماس كىشىكەن، نېمە چارە بۇنىڭغا تەقدىر ئىشكەن! شۇڭا ئاخىر ئۇزۇپ ئۈمىدنى مەخسۇم، دېدى: قىسمەت شۇ بولسا رازى بولغۇم.

**تۇغماق** پ ① بالىياتقۇدىكى بالىنى ۋاقتى-سائىتىدە دۇنياغا كۆز ئاچتۇرماق: سېتىۋالمىغۇچە، كالا بولماس؛ تۇغۇۋالمىغۇچە، بالا بولماس (ماقال). * بۇ خوتۇن ئەل ئۆمرىدە تۆتنى تۇغدى، ئىلگىرى ئىككى بالىسىنىڭ بىرى قىزىل، بىرى بوغما كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. ② باللىماق، مۇزايلىماق (كالا ھەققىدە)؛ تەخەيلىمەك (ئېشەك ھەققىدە)؛ كۈچۈكلىمەك (ئىت ھەققىدە)؛ تايلاقلىماق (تۆگە ھەققىدە): ئەخمەتكامنىڭ ئىنىكى ئىككىنى تۇغۇپتۇ. * بىزنىڭ ساغلىق بۇ نۆۋەت مۇشۇ قوزىنى تۇغۇپلا ئۆلۈپ قالدى. ③ تۇخۇم سالماق: توخۇ سەمرىسە، تۇغمىقى تەس؛ ئادەم سەمرىسە، قوپمىقى تەس (ماقال). ④ كۆرۈنمەك، چىقماق: ئاي تۇغقاندا تۇغقانمىدى مەشۇقۇم سىزنى؛

**كۈن پاتقاندا تەۋرەتكەنمۇ بۆشۈكۈڭىزنى.** ⑤ كۆچمە. ياراتماق، پەيتىشتۇرمەك، پەيدا قىلماق: **تۇغدى هەم سادىر كەبى جەسۇر پالۋاننى، تۇغدى ئەرك يولىدا سانسىز مەرد قۇرباننى، شۇ روھ تۇغدى مەڭگۈلۈك پاك مۇھەببەتنى، شۇ روھ تۇغدى مۇھەببەتكە ساداقەتنى. * بۇ ئىش ئۇنىڭدا باشقىچە گۇماننى تۇغدۇرۇپ قويارمىكىن؟** ⑥ كۆچمە. هەسسىلەپ كۆپەيمەك، ئاشماق: **سىزنىڭ بىر تەڭگىڭىز يىلىغا ئون قېتىم تۇغسا گەپ يوق، بىزنىڭ تاغار ئۆمرىدە بىر قېتىم تۇغسا بولمامدىكەن! ـ دەپتۇ ئەپەندىم.**

**تۇغۇت** ئى ① هاملدار ئاياللارنىڭ تۇغۇش جەريانى، تۇغۇش پائالىيىتى: دوختۇرنى **چاقىرىشقا ئەۋەتىلگەن ئىككىنچى خىزمەتكار: «بىر ئاز كۈتۈپ تۇرسۇن، تۇغۇتى قىيىن بىر ئايالغا ياردەم بېرىۋاتىمەن» دېگەن جاۋابنى ئېلىپ كەلدى. * بۇ ياقۇپجاننىڭ ئايالى بولۇپ، ئىككىنچى تۇغۇتىنىڭ تولغىقىنى پىشۇرۇۋاتاتتى. ئايال چىرقىراپ كەتتى. ياقۇپجان دالاندىن ئېتىلىپ كىرىپ يۆلىۋالدى.** ② باللاش، تۇغۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش مەزگىلى (هايۋانلار ھەققىدە).

**تۇغۇت ئانىسى** ئاياللارنىڭ تۇغۇتىنى قوبۇل قىلىش ۋە ياردەملىشىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئايال: **ـ پەرزەنتكە مۇبارەك بولسۇن چوڭ ئانا، ـ دېدى بەختىخاننى ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەن تۇغۇت ئانىسى ئىشىك تۈۋىنى سۈپۈرۈۋاتقان تاجىخان ئانىغا.**

**تۇغۇت بۆلۈمى** <تب> دوختۇرخانىلارنىڭ هاملدار ئاياللارنىڭ تۇغۇت مەزگىلىدىكى ساقلىقىنى ساقلاش ۋە تۇغۇتىغا ياردەملىشىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل بۆلۈمى.

**تۇغۇتىنى ساقلىنىش** <تب> دورا ياكى ئەسۋابلار ئارقىلىق، ئاتىلىق ئۇرۇق بىلەن ئانىلىق تۇخۇمنىڭ قوشۇلۇشىنى توسۇپ، هاملدار بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

**تۇغۇت قىسقۇچى** <تب> تۇغۇتتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئەسۋاب. بەزى قىيىن تۇغۇت مەزگىلىدە هاملىنى تارتىپ ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**تۇغۇتنى تېزلىتىش** <تب> دورا ئىشلىتىش ياكى باشقا ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق، هاملدار ئايالنىڭ بالىياتقۇسىنى قورۇپ، هاملىنىڭ چۈشۈشىنى تېزلىتىش.

**تۇغۇت يولى** <تب> هامىلە ئانا تېنىدىن ئايرىلغاندا ئۆتىدىغان يول. داس سۆڭەك، بالىياتقۇ بوينى ۋە جىنسىي يولنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**تۇغۇتلۇق** سۈپ. يېقىندىلا تۇغقان، بالا تۇغۇپ ياتقان: **ئەڭ ياخشىسى، ۋاھت ئەپەندى. بۇ ئۆيدە تۇغۇتلۇق ئايال بارلىقىنى بىلسە ئىدى، جەزمەن ماڭا يول قويغان بولاتتى. بوۋاق تېخى يىغىراقتا يول ئۈستىدە دۇنياغا كەلگەنىدى. * ئۇلاردىن كېيىن، تۇغۇتلۇق چوكاننى قولتۇقلىغان ئىككى ئايال ۋە دوختۇر ئارقا-ئارقىدىن چۈشۈشتى.**

**تۇغۇر** ئى <تب> ئادەم ياكى ئومۇرتقىلىق هايۋانلارنىڭ ئومۇرتقا تۈۋرۈكىنىڭ ئاخىرقى ئۇچى. ئادەمنىڭ تۇغۇرى تۆت ياكى بەش تال كىچىك سۆڭەكتىن تەركىب تاپىدۇ.

**تۇغۇش** I «تۇغماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: **قەمبەرخاننىڭ بۇ قېتىم ئوغۇل تۇغۇشى يولدىشىنى قالتىس خۇشاللاندۇردى.**

**تۇغۇش بەرمەك** پايدا بەرمەك، كۆپەيمەك: **بۆلتۈر سېتىۋالغان بۇ ئۆچكە خېلى تۇغۇش بېرىپ، هازىر بەشكە يېتىپتۇ.**

**تۇغۇش** II ئى. جۈرئەت، دادىللىق: **تۇغۇش تاپماق. تۇغۇش كىرمەك. تۇغۇش قىلماق.**

**تۇغۇش تاپماق** دادىل، جۈرئەتلىك

بولۇپ قالماق، دادىللاشماق: ئوسمان يېزىق تەرجىمچىلىكىدە خېلى تۇغۇش تاپتى.

**تۇغۇش قىلماق** جۈرئەت قىلماق: ئۇ بۇ گەپنى قىلىشقا ئانچە تۇغۇش قىلالماي تۇراتتى.

**تۇغۇش كىرمەك** جۈرئەت پەيدا بولماق: بۇ ئىشتا ماڭا خېلىلا تۇغۇش كىرىپ قالدى.

**تۇغۇشلۇق** I سۈپ. كۆپ تۇغىدىغان، تۇغۇش ۋە ئۆرۈقلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە: تۇغۇشلۇق قوي.

**تۇغۇشلۇق** II سۈپ. دادىل، جۈرئەتلىك: تۇغۇشلۇق ئادەم. تۇغۇشلۇق سۆزلىمەك. تۇغۇشلۇق بولماق. * ــ سىڭىمچە بولغاندا، قەغەزلىرىڭىزدىكى نەرسىلەر تۆتىيا ئىكەن-دە! ــ مەخسۇم ھومىيىپ قاراپ قويدى. ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاچچىق ۋە غەزەپ ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى. بۇنى چۈشەنگەن شائىر ھېيىقماستىن تۇغۇشلۇق جاۋاب بىرەتتى.

**تۇغۇشماق** I «تۇغماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۇغۇشماق** II پ. دىئال. ماس كەلمەك، باپ كەلمەك؛ ياراشماق، ئەپلەشمەك.

**تۇغۇلماق** «تۇغماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىز مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆستۇق. ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىنىمۇ مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈشنى خالايمىز. * سونۇر توغرىسىدا نېمىلەرنى دېيىشنى ئويلاپ ئولتۇرغان ئەزىزخان ئۈچۈن، كۈتۈلمىگەن سوئاللار تۇغۇلدى. ئۇ ئەمدى تىترەشكە باشلىدى. * ئاتامنىڭ قول ئىلكىدە بولمىغاچقا، تەڭتۇشلىرىم ئىككى-ئۈچ ياللىق بولغۇچە مەن ئۆيلىنەلمىگەنىدىم. 1949-يىلى يۇرتىمىز ئازاد بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بىز يوقسۇللارنىڭ كۈنىمىز تۇغۇلدى.

**تۇغۇلۇش** «تۇغۇلماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى.

**تۇغۇلۇش نىسبىتى** <تب> ھەر يىلى تۇغۇلغان بوۋاقلار سانىنىڭ ئاھالە ئومۇمىي سانىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى. ئادەتتە مىڭلىق نىسبەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**تۇغۇمچان** سۈپ. كۆپ تۇغىدىغان، تۇغۇۋېرىدىغان، تۇغۇشلۇق: تۇغۇمچان ئايال. * تاسادىپ بىركۈنى بىر دوستى خالىس، ئاڭا بىر مەسلىھەت كۆرسەتتى قالتىس. دېدىكىم: «بىر تۇغۇمچان تۇل تېپىلسا، ئەجەب ئەمەس تەلىيىڭ شۇندا ئېچىلسا».

**تۇغۇندى** ئى ① ئۈزۈن تۇرغان، ھەممىدىن كونا كىشى: خام قايماقتەك يۇمشاق كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ مۇشۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە چاچ-ساقاللىرى تۇگۇل، قىرىۋۇق قاشلىرىمۇ يۇتتۇنلەي ئاقىرىپ كەتكەن. ئۇ مۇشۇ زاۋۇتتىكى تېخنىكا بۆلۈمىنىڭ تۇغۇندىسى ئىدى. ② <خم> بىرقەدەر ئاددىي بولغان بىرىكمە تەركىبىدىكى ئاتوم ياكى ئاتوملار گۇرۇپپىسىنىڭ باشقا ئاتوم ياكى ئاتوملار گۇرۇپپىسى بىلەن ئالمىشىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان مۇرەككەپ بىرىكمە. «ھاسىلە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تۇغيان** ئى ① تاشقىن: شەھىر ــ گۈل چەمبىرەك خۇددى، كىشىلەر ئېقىنى تۇغيان، يۈرەكنىڭ ساپ قېنى رەڭدۇر، گويا قەغەز بۇ كەلگ مەيدان. بۇ مەيدان مەرسىيە جايى، بۇ مەيدان سۆيگۈ جەڭگاھى، مۇنار ئۈستىگە چاپلانغان تۈمەن نادىر قوشاق-داستان. ② كۆچمە. ئىچكى تۇيغۇ دولقۇنلىرى، ھاياجان. ③ ئىسيان: تۇغيان كۆتۈرمەك.

**تۇغيان قىلماق** ← **تۇغيان كۆتۈرمەك**

**تۇغيان كۆتۈرمەك** ① تاشقىنلىماق. ② ھاياجانلانماق، دولقۇنلىماق: ئۇ شۇنداق دېدى-يۇ، ئانىلىق مۇھەببىتى تۇغيان كۆتۈرۈپ ئۆزىنى باشقۇرالماي قالدى، پۇت-قوللىرى تىترەپ كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، ئاجايىپ بىر ھال يۈز بەرمەكتە ئىدى. ③ ئىسيان كۆتۈرمەك.

**تۇف** ئى [ر<لات] <گېئول> يانار تاغدىن ئېتىلىپ چىققان چاڭ-توزان قاتارلىق

مادددىلارنىڭ قېتىشىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن تاغ جىنسى. كۆپىنچە بىغىر رەڭ ياكى كۈل رەڭ ھالەتتە ئۇچرايدۇ، يۇمشاق ۋە كاۋاكلىق بولۇپ، مېخانىكىلىق چىدامىلىقى تۆۋەن كېلىدۇ؛ زىچلاشقانلىرىنى قۇرۇلۇش ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**تۈفىلكا** ئى [ر] <زوئول> ئاددىي ھايۋان. تەن شەكلى پاخال كەشىنىڭ تېگىگە ئوخشايدۇ، توختام سۇدا ياشايدۇ، باكتېرىيە ۋە سۇ ئوتلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، تېنىنىڭ چۆرىسىدە كىرپىكسىمان تۈكچىلىرى بولىدۇ، ئۇ ھەرىكەت ئورگىنىدۇر.

**تۇڭ** ئى [خەن] سۇيۇق نەرسىلەرنى قاچىلايدىغان، ياغاچ، قاڭالتىر، سۇلياۋ قاتارلىقلاردىن ياسالغان قاچا. بەزىلىرىدىنىڭ تۇتقۇچلىرى بولىدۇ: ماي تۇڭى. * ئۇ قەدىمنى تېخىمۇ تېزلىتىپ، ئىسلەۋاتقانلارنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى. بۇ يەردە بىرنەچچە قېرى ئىشچىلار بىلەن بىرگە تۇڭدىكى تېرىلەرنى ئۆرۈپ-چۆرۈۋاتقان بىر بالا لۇتپۇللاغا تونۇشتەك بىلىندى.

**تۇڭچى** ئى. ئېغىزچە تەرجىمان، تەرجىمان: **سوراقچىدىن تۇڭچى يامان (ماقال). * چالا تۇڭچى ئادەم ئۆلتۈرەر (ماقال). * ــ بېھىسم نانا، سىلىگە ئوچۇق ئېيتىمسام، ئاتامنىڭ مېنى تۇڭچى بولسۇن ياكى دۇكان ئېچىپ سودىگەرچىلىك قىلسۇن دېگىنى بىلەن مېنىڭ گۈل چىلايدىغان لوڭقىنى ھارۋىغا ياغ كوزا قىلمەن دېگىنىم ماھىيەتتە ئوخشاش گەپ، ــ دېدى شائىر چىرايىغا جىددىي ۋە ئەستايىدىل تۈس بېرىپ.**

**تۇڭچىلىق** «تۇڭچى» سۆزىنىڭ كەسپى نامى: **شائىر بېشىنى كۆتۈرۈپ، قەددىنى رۇسلاپ سۆزىنى داۋام قىلدى: ــ تۇڭچىلىق، ئەمەلدارلىق ۋاقىتلىق نەرسە. خەنزۇلاردا «ئوتتۇز يىللىق يامۇل قالدى، ئەمەلدار قېنى؟!» دەيدىغان بىر تەمسىل بار.**

**تۇڭخاۋ** ئى [خەن] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى باشسىمان گۈل رېتىدە بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، پەيسىمان يېرىلىدۇ؛ گۈلى سېرىق ياكى ئاق كېلىدۇ؛ ئورۇق مېۋىسىنىڭ قىرى بولىدۇ؛ ياش غولى ۋە يوپۇرمىقى ئالاھىدە خۇش بۇي پۇرايدۇ، ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بەلغەم بوشىتىش رولى بار.

**تۇڭگو** [خەن] ← **تۇڭگو دەرىخى.**

**تۇڭگو دەرىخى** <بوت> سۇتلۇك ئوت ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى چوڭ ۋە ئاق رەڭدە بولۇپ، يۈزىدە سارغۇچ قىزىل رەڭلىك داغلىرى ياكى يوللىرى بولىدۇ؛ مېۋىسى يېشىل، سوقچاق ۋە ئۇچلۇق كېلىدۇ، ئۇرۇقىدىن ماي ئېلىنىدۇ؛ ياغىچى يۇمشاق ۋە يەڭگىل بولۇپ، ئۆي جابدۇقلىرىنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**تۇڭگۇس** ئى <ئېرق> ياۋروپا ئالىملىرى قويغان ئالتاي تىللىرى تۈركۈمىگە تەۋە بىر قىسىم خەلقلەرنىڭ ئورتاق نامى. بۇنىڭغا مەملىكىتىمىزدىكى مانجۇلار، شىبەلەر، ئېۋېنكى قاتارلىق مىللەتلەر كىرىدۇ.

**تۇڭگۇس-مانجۇ تىللىرى تۈركۈمى** <تىل> ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا تەۋە بىر تىل تۈركۈمى. ئادەتتە ئىككى تارماققا بۆلۈنىدۇ: بىرى تۇڭگۇس تىل تارمىقى بولۇپ، ئېۋېنكى، ئېلۇنچۇن تىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ يەنە بىرى مانجۇ تىل تارمىقى بولۇپ، مانجۇ ۋە شىبە تىلىنى

ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تىللار ئاساسەن شىنجاڭ، شەرقىي شىمال، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە تاشقى موڭغۇلىيىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**تۆل** سۈپ. ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپ يالغۇز قالغان، ئۆز ئالدىغا ئايرىم تۇرمۇش كەچۈرگەن: تۆل خوتۇن. تۆل ئايال. * دۇرۇس، ئۇنى بەزىدە قىزلار ياكى تۆل ئاياللار، ھەتتا شوخراق چوكانلار بىلەن ئىشتا بىللە بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللاردا ئۇچرىتىشقا بولاتتى. * ئازادگۈلنى كىچىكىدىنلا يېقىۋالغان تۆل ھاما ئاچىسى ئۇ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەن يىلى ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتتى.

**تۆل خوتۇننىڭ بالىسى** ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى ئەمەس، قولى قىسقا: ئاغزىڭغا بېقىپ گەپ قىل! تۆل خوتۇننىڭ بالىسى بولسامۇ، سېنىڭ ئۆيۈڭگە نان تىلەپ بارغىنىم يوق. بىلىپ قوي، بەش نۆۋەت «ئۆچتە» ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇپ مۇكاپاتلاندىم.

**تۆل خوتۇن، يېتىم ئوغۇل** تۆل ياكى يېتىم قالغان چوڭ-كىچىك، ئاجىز، ئىگە-چاقىسىز كىشىلەر: ھەي... نېمىسنى دەيسىلە، ئۆزى... نەپسى شەيتان گېلىمنى بوغۇپ، مۇشۇ چاغقىچە ئېغىز ئاچقىلى قويمىدى. بىز ئېلىۋاتقان قۇتقۇزۇش ئەسلىدە تۆل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارنىڭ ھەققى.

**تۆل قالماق** ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ ياكى ئاجرىشىپ كېتىپ، ياتلىق بولماي يالغۇز تۇرمۇش ئۆتكۈزمەك (ئاياللار ھەققىدە): ئۇرۇشتاق خوتۇن تۆل قالار (ماقال). * شۇ كۈنلەردە قاباقباينىڭ بالا يۈزى كۆرمەي، تۆل قالغىنىغا ئون يىل بولغان بىر قىزى بار ئىكەن.

**تۆلپار** ئى ① نەسلى ياخشى، چاپقۇر، يۈگۈرۈك ئات؛ ئارغىماق: بىرھازادىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، دەررۇ كىيىنىپ، سىرتقا چىقىپتۇ-دە، ئوغلىنىڭ ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن ئېگەرلەنگەن تۆلپارنى مىنىپ، ھەممىنى تاشلاپ، يولغا راۋان بوپتۇ. * بىز كەتتۇق قاغىلىق بوستانلىقىدىن، يۇرتداشلار ئۇزاتقان چېغى خۇش چىراي. ئۈزۈلمەس جۇپ تاردەك ئۇزۇن يوللاردا، تۆلپارلار چاپتۇردۇق قىلچە توختىماي. // ئابلىمىت ھەممەيلەنگە دەرھال ئاتلىنىشقا بۇيرۇق بەردى. تۆلپار ئاتلار كىشنەپ، تۇياقلىرىدىن ئۇچقۇن چاچرىتىپ چاپقىنىچە جەڭچىلەرنى رايون تەرەپكە ئېلىپ كەتتى. ② ئەپسانىلاردىكى قاناتلىق، ئۇچىدىغان ئات.

**تۆللۈق** «تۆل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: خوتۇن كىشىنىڭ تۆللۈقىدىن ئەركىشىنىڭ بويتاقلىقى يامان (ماقال).

**تۆلۈق** ئى ① خاماندا بۇغداي، شال قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەرنىڭ دېنىنى پاخالدىن ئاجرىتىش ۋە ئۇرۇق سېپىلىنغان ئېتىزنىڭ يۈز قەۋىتىنى چىڭداشتا قوللىنىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى. ئادەتتە سىلىندىر شەكىللىك ياغاچ ياكى تاشنىڭ ئىككى بېشىغا ئوق بېكىتىپ، جاھازىغا ئورنىتىلىدۇ؛ ھايۋان ياكى تراكتورغا سۆرىتىلىدۇ، ئادەم سۆرەيدىغانلىرىمۇ بولىدۇ: دېھقانلار يەرنىڭ قۇرۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئات-كالىلار بىلەن يەرگە تۆلۈق سېلىۋاتاتتى. * زورىخان ھەيدەر كىچىك تراكتورنى، ياغلىقى ئوتقاش كەبى يەلپۈنىدۇ، كەينىدە تۆلۈقلىرى گۈرسىلدىشىپ، ئۆنچىنى يانچىپ ئۆتۈپ چەش قىلىدۇ. ② ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنىڭ مۇشۇنداق شەكىلدىكى زاپچىسى: خەت بېسىش ماشىنىسىنىڭ تۆلۈقى. ئۇن تارتىش ماشىنىسىنىڭ تۆلۈقى.

**تۆلۈق سالماق** ئۇرۇق سېپىلىنغان ئېتىزنىڭ يۈز قەۋىتىنى چىڭداش ئۈچۈن، تۆلۈقنى ئايلاندۇرۇپ، سۆرىتىپ ماڭماق: ھېكمباي مۇشۇ توربپاق بىلەن 15 مو يەرگە تۆلۈق سالاتتى.

**تۆلۈقچى** ① ئى. تولۇق سېلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: دۇيجاڭ بۇنىڭ تۆلۈقچى

مۇرات ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ② سۈپ. تـۈلـۈق شەكلىگە كەلتۈرگۈچى: تۈلۈقچى قوڭغۇز.

**تۈلۈقچى قوڭغۇز** <زوئول> بىـر خىل ھاشارات. پۈتۈن تېنى قارا، مەيدىسى ۋە پۇتىـدا قارا قوڭۇر رەڭلىك ئۇزۇن تۈكلىرى بولىدۇ، تاپ ۋە تېزەك يەيدۇ، تېزەكلەرنى دومىلىتىپ تولۇق شەكلىگە كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

**تۈلۈقلۇق** سۈپ ① تـولـۇقـى بار، تۈلۈق ئورنىتىلغان: تۈلۈقلۇق تاپانچا. ② تـۈلـۈق ياساشقا باپ، مۇۋاپىق كېلىدىغان ياكى تولۇق ياساشقا يېتىدىغان: ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدا ئىككى تۈلۈقلۇق ئۈجمە كۆتىكى بار ئىدى.

**تۈلۈقلۇق تاپانچا** <ھەرب> تاپانچىنىڭ بىر تۈرى. ئۇلانغان قىسمىدا بىر قانچە تۆشۈكلىرى بولغان تۈلۈق شەكىللىك ئوقدېنى بولـۇپ، تۆشۈكلىرىگە ئوق قاچىلىنىدۇ. تەپكىنى باسقاندا تۈلۈق دەرھال ئايلىنىپ، بىر تال ئوقنى ستۋول يولىغا توغرىلاپ بېرىدۇ.

**تۈلۈم** ئى ① قورسىقىنى يارماي سويغان كالا، قوي، ئۆچكە قاتارلىقلارنىڭ تېرىسى: ھەزرىسۇلتان مازىرى تۇغ-ئەلەم ۋە ئېسىلغان تۈلۈملارنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەيۋەت كۆرۈنەتتى. ② قورسىقىنى يارماي سويغان كالا، قوي، ئۆچكە تېرىسىدىن پىششىقلاپ تەييارلانغان خالتا. ئادەتتە ئىچىگە ئاشلىق، سۇ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ، تاغار ھەم سۇ قاچىسى ئورنىدا ئىشلەتكىلى ھەم ئىچىگە ھاۋا تولتۇرۇپ، سۇ ئۈزۈشتە پايدىلانغىلى بولىدۇ: بۇرۇن-بۇرۇندا، تېرىق تۈلۈمدا، يىتىم بۆلۈكدا، ئوچاق كۆلۈكدا بولغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شەھەرگە يىراق يېزىنىڭ چېتىدە بىر يېتىم بالا بولغانىكەن. * كېمىچى 14 كىشىنى چىقىرىپ، بۇلغارى ۋە تېرە تۈلۈملارغا كۆلدىن سۇ تولدۇرۇپ ئېلىپ كېتىشكە بۇيرۇپتۇ. * تۆت پۇتىغا تۈلۈم باغلانغان، تۆت نەپەر سۇچى ئىتتىرىپ كېلىۋاتقان كارۋات ئاستا-ئاستا قىرغاققا يېقىنلاشتى.

**تۈلۈمدىن توقماق چىققاندەك** ئېيتىلىش مۆلچەرلەنمىگەن، تۇيۇقسىز، ئورۇنسىز قوپال، تاسادىپىي (گەپ-سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەت ھەققىدە): ئايالنىڭ ئېغىزىدىن تۈلۈمدىن توقماق چىققاندەك چىققان بۇ سۆز پازىلجاننى مەدەتلەندۈرگەندى. * سەن خاپا بولما شاتۇر، بۇ ئۇنداق ئىش ئەمەس، قىسمىتاخۇن ئۇنداقمۇ دەپ كەتمىگەندۇ. سەنمۇ ئۇنداق تۈلۈمدىن توقماق چىققاندەك بىرىپلا مېنى ھەمكارلىق گۇرۇپپىغا ئال، شۇ تاپىتىلا راست گېپىڭنى دېگىن دەپ تۇرۇۋالساڭ بولامدۇ؟

**تۈلۈم قېيىق** <تەن> كېمە ھەيدەش تەنھەرىكىتىدە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل قېيىق. تېرە ياكى شۇ خىل رەختلەردىن تۈلۈم شەكلىدە تىكىلىپ، ئىچىگە يەل قاچىلىنىدۇ.

**تۈلۈمچاشقان** ئى [تۈلۈم+چاشقان] <زوئول> ئۆي چاشقىنىنىڭ بىر خىلى. تېنى ئادەتتىكى چاشقاندىن چوڭ، رەڭگى قوڭۇر ياكى توق قوڭۇر، قورسىقى ئاچ كۆل رەڭ، قۇيرۇقى ئۇزۇن بولىدۇ، تۆشۈك تېشىشقا ماھىر بولۇپ، زىيانداش ھېسابلىنىدۇ: كەنجى ئوغۇل دادىسىدىن ئايرىلىپ، 27 كۈندە بىر كىچىك شەھەرگە كەپتۇ. قارىسا بۇ شەھەر مەخسۇس چاشقانلار دۇنياسى بولۇپ، بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى بولغان تۈلۈمچاشقان ئۇنىڭغا پۇل بەرمەپتۇ.

**تۈلۈمچە** ① رەۋ. تولۇم شەكلىدە، تۈلۈمدەك قىلىپ: تولۇمچە سويماق. ② ئى. كىچىك تۈلۈم: تۈلۈمچىلارغا ھاۋا تىقىلدى، ئاغزى باغلىنىپ، جۈپ-جۈپ چېتىلدى. پۈتنى راسكالىق خوشلاشتى ئۇلار، ئەدەب بىلەن قول ئۇشلاشتى ئۇلار.

**تۈلۈمچە سويماق** قوي، ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلارنى قورسىقىنى يارماي، خالتا

شەكىلدە تەتۈر سويماق: ئايغىر تەلىيى كۆرۈلدى ماقۇل، قويلار تۈلۈمچە سويۇلدى قول-قول. تۈلۈمچىلارغا ھاۋا تىقىلدى، ئاغزى باغلىنىپ جۈپ-جۈپ چېتىلدى.

**تۈلۈمچىلاپ** رەۋ. تۈلۈمچە قىلىپ، تۈلۈمغا ئوخشىتىپ: تۈلۈمچىلاپ سويماق.

**تۈلۈمچىلاپ سويماق** ← تۈلۈمچە سويماق: تالڭ سەھەردە چىقىۋىدىم، توققۇز توشقان ئالدىم. ئۈچىنى ئىتلار يېدى، ئالتىسىنى تۈلۈمچىلاپ سويۇپ، يار بېشىدىكى قىرى سۆگەتكە ئېسىپ قويدۇم.

**تۈلۈمسىمان** سۈپ. تۈلۈم شەكلىدىكى: تۈلۈمسىمان خالتا.

**تۈلىي** ئى [ر< لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى Tu (thulium). سىرەك يەر مېتاللىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**تۈم** سۈپ. «ناھايىتى، بەك» دېگەن مەنىدە رەڭنىڭ قېنىقلىق دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ: تۈم قارا، تۈم ئاق، تۈم سېرىق. * ئالا تۈم قاراڭغۇ بولۇپ، سىم-سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى.

**تۈم ئاق** ← ئاپئاق.

**تۈم قارا** قاپقارا، ناھايىتى قارا: ھەئە، شۇ كوچىغا كىرىپ ئۈچىنچى دەرۋازىغا كىرسەڭ. ئۆينىڭ ئىشىكىگە تۈم قارا كىگىز قېقىلغان.

**تۈمار** ئى ① كونا ئادەت بويىچە كۆز تېگىشتىن، بالايىئاپەت ۋە جىنىدىن ساقلايدۇ دەپ قارالغان، ئىچىگە دۇئا پۈتۈلگەن قەغەز ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۈچ بۇرجەك رەخت. ئادەتتە كىشىلەر بويىنغا، چاچقا ئېسىۋالىدۇ ياكى كىيىمنىڭ ئىچىگە تىكە...
...: تۈمۈر خەلپە باستىنىڭ ئەنە شۇ چىچىغا ...لتۇرۇپ، ئۇنىڭ بويىنغا ئېسىلغان ئۈچ تۈمارنى كۆرۈپ قالدى. * ھەزرىتى ... قولى بىلەن «ئىسمى ئەزەم» نى ...، كىيىكنىڭ بويىنغا ئېسىپ قويغانمىش، ئۇ تۈماردا 40 نەچچە تۈرلۈك خاسىيەت بار ئىمىش. ② كۆچمە. داۋاملىق يېنىدا ساقلايدىغان، كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئەتىۋارلىق نەرسە؛ يادنامە: كىشىلەر قىزىل گۈلنى شان-شەرەپ تۈمارى سۈپىتىدە ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ كۆكسىگە تاقىشىدۇ.

**تۈمار قىلماق** ئەتىۋارلاپ ساقلىماق، تۈمار ئورنىدا ھېسابلىماق: ـ «ئالە يېرىڭنى، چېكەڭگە تېڭىۋال، بويۇنۇڭغا تۈمار قىلىپ ئېسىۋال، ـ دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن قولىنى شىلتىپ. * بولدۇم ئەجەب خۇمارى، نامىڭ قىلدىم تۈمارى، بىر كۆرمەسەم يۈزۈڭنى، بولماس ئۆمرۈم باھارى.

**تۈمارچە** ① كىچىك تۈمار. ② سۈپ. تۈمارغا ئوخشاش، تۈمار شەكلىدىكى ئۈچ بۇرجەك: تۈمارچە ئېتىز. * ۋاڭ ئوردىسىنىڭ 30 ئاتلىق قوشۇنى تولۇق قوراللىنىپ يولغا چىقتى. قوشۇننىڭ ئالدىدا تۈمارچە شەكىللىك ئۈچ بۇرجەك بايراق لەپىلدەپ، قۇيۇندەك ئۇچماقتا. * تۈرۈپ-تۈرۈپ يانچۇقىدا چىرايلىق تۈمارچە قاتلانغان خەتلەر پەيدا بولۇپ قالاتتى. بۇ ھاللار قىز قەلبىدىكى تىنچ سۇنى داۋالغۇتقىلى تۇردى.

**تۈمارچىلاپ** رەۋ. تۈمار شەكلىدە، ئۈچ بۇرجەكلىك قىلىپ: ئاسىم خەتنى يېزىپ بولۇپ، تۈمارچىلاپ ئۈچ پۈكلەپ، ئېلىقۇلغا سۇندى.

**تۈمارلاشتۇرماق** پ. ئەتىۋارلىق قىلىپ كۆرسەتمەك: «كېپىنەك» ئوينايدۇ ئەمدى ئۆزگە بىر ياش بىلەن كۆزىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، قارايدۇ يىگىتكە تەبەسسۇمنى قانداقتۇر سېھىرلىك تۈمارلاشتۇرۇپ.

**تۈمارلىق** سۈپ ① تۈمارى بار، تۈمار ئاسقان: چېكىسىدە «بەخت مېڭى» تۈمارلىق نەجان كۆردۇم، ۋەتەن سېنى سېغىندىم. ② كۆچمە. ئەتىۋارلىق، قىممەتلىك: بىللە كەتمەي قېپقالدىڭ، خۇمارلىقىم، ياخشى قال. ھاياتىمنىڭ باھارى، تۈمارلىقىم ياخشى قال.

**تۈماغا** ئى. ئۆگىتىلگەن بۈركۈت، لاچىننىڭ

بېشىغا كىيدۈرۈپ كۆزىنى توسىدىغان تېرە بۆكچە.

**تۇماق** ئى. ئومۇمەن تېرە، كۆرپىدىن تىكىلگەن ئەر-ئاياللارنىڭ قىشلىق باش كىيىمى: قارالڭ، بۇ تۇماقنى كىيىۋاتقىنىمغا ئون يىل بولدى، بۇ چاپاننى تۇرمىگە كىلىپ مەھبۇس بولغان دەسلەپكى يىلىم بەرگەن. ＊ كۆڭ مەخمەل تۇمىقىنى، كىيىمۇ بۇزۇۋەتمە، نادانلىق قىلىپ مەندىن، ئۇمىدنى ئۈزۈۋەتمە.

**تۇمىقىنى ئاسمانغا ئاتماق** ← دوپپىسىنى ئاسمانغا ئاتماق: بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان يىقىن ئەتراپتىكى پۇقرالار خۇشاللىقىدىن تۇماقلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشتى.

**تۇمىقىنى ئال دېسە بېشىنى ئالىدىغان** ← دوپپىسىنى ئال دېسە بېشىنى ئالىدىغان.

**تۇمىقىنى قىرلاپ يۇرمەك** ← دوپپىسىنى قىرلاپ يۇرمەك.

**تۇمىقىنى ئېلىپ قويۇپ ئويلىماق** ← دوپپىسىنى ئالدىغا قويۇپ ئويلىماق: ئالدىرىما! تۇمىقىڭنى ئېلىپ قويۇپ ئويلا.

**تۇماقچى** ئى. تۇماق تىكىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى: ـ سىز كىچىككىنە ئارامىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ، مەن ھازىر كېلىمەن، ـ دېدىم ئانامغا ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىنلا ئۇنى ئۇدۇلدىكى تۇماقچىنىڭ دۇكىنى ئالدىدىكى سۇپىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ھېلىقى بالىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كەتتىم.

**تۇماقچىلىق** ئى. تۇماق تىكىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى: ئەقلىمگە كەلگىنىمدە دادام تۇماقچىلىق قىلىدىكەن، داڭلىغانلىق ئەمەس، دادام ھەقىقەتەن ئۇستا تۇماقچى.

**تۇماقلىق** سۈپ. ① تۇمىقى بار، تۇماق كىيگەن: سۇلايمان سۇرەتلەرگە يىنشلاپ-يىنشلاپ قارىغان بولسىمۇ، ئۆز گۇمانىنى ئىسپاتلايدىغان ئالامەتلەرنى تاپالمىدى. چۈنكى ئۇ ھېلىقى سالۋار تۇماقلىقنىڭ چىرايىغا قاراشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەنىدى. ② تۇماق تىكىشكە بولىدىغان، تۇماققا باپ: ئۆيدە بىر تۇماقلىق كۆرپە بار ئىدى.

**تۇمان** ئى ① تېمپېراتۇرا تۆۋەنلىگەندە ئاتموسفېرانىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ھاسىل بولغان سۇ ياكى مۇز زەررىچىلىرى: بۇ چەكسىز چۆل-جەزىرىنىڭ ئاستى كۆمۈرلۈك ئىدى. كۆمۈرلۈكنىڭ كۆنچىقىش تەرىپىدە تۇمان باسقان تاغلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ② كۆچمە. غەمكىنلىك؛ غەشلىك: ئۇلار بىرپەس مانا شۇنداق چاقچاقلاشتى. بۇنىڭدىن ھەر ئىككەيلەننىڭ ئارىسىدىكى تارتىنىش، كۆڭلىدىكى تۇمانلار بىرئاز كۆتۈرۈلگەندەك بولۇپ قالدى. ③ كۆچمە. قاراڭغۇلۇق، زۇلمەت، زۇلۇم: ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارلىدى قۇياش، سۈرۈلدى روسىيە ئۈستىدىن تۇمان، شەرقتە جۇڭخۇامۇ دەس كۆتۈردى باش، تالڭ يورۇپ، ھەل بولدى مىڭ يىللىق ئارمان. ④ توپا-چاڭ: ئۇ تۇردى ئاكامنىڭ گېپىدىن كېيىن، چىرايىدىكى توپا-تۇمانلارنى سۈپۈرۈۋەتمەكچى بولغاندەك، ئالقىنى بىلەن يۈزىنى سۈرتتى-دە، ماقۇل بولدى.

**تۇمانسىز** سۈپ. تۇمىنى يوق، تۇمان بىلەن قاپلانمىغان، ئوچۇق: تاغلار بېشى تۇمانسىز، كۆيۈپ كەتمەڭ تۈيمايسىز. بىزنى يارغا قوشمىغان، دۈشمەن دېگەن ئىمانسىز.

**تۇمانلاشتۇرماق** «تۇمانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شارقىراتما جىلغىدىكى ئۆستەڭگە قۇيۇلۇپ نەلەرگىدۇر ئېقىپ كىتەتتى. ئەتىگەنلىكى بۇلاقلاردىن كۆتۈرۈلگەن ھور تاغ باغرىنى تۇمانلاشتۇرۇۋەتتى. ＊ پەرۋانىلار شامنىڭ پىلىلدىغان كۈچسىز نۇرىنى سىلكىتىپ، مۇئەللىمنىڭ خىيالىنى تېخىمۇ تۇمانلاشتۇراتتى.

**تۇمانلاشتۇرۇلماق** «تۇمانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: گۈگۈم چۈشكەن بۇ جىلغا ئوت يېقىلغان كالا تېزەكلىرىدىن چىققان تۈتۈن بىلەن تېخىمۇ تۇمانلاشتۇرۇلغانىدى.

**تۇمانلاشماق** پ ① تۇمان پەيدا بولماق، تۇمان بىلەن قاپلانماق: شۇۋرغان بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى، ھاۋا تۇمانلىشىپ، ئۇلارنى بىز ئوچۇق كۆرەلمەي قالدۇق. * دېرىزىدىن بېشىنى تارتىپ، شاپتۇلنى چاينىغىنىچە قولىنى يەنە ھېلىقى سىبۇەتكە سۇندى. بۇ چاغدا چۆلنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپى تۇمانلىشىشقا باشلىغانىدى. ② كۆچمە. غۇۋالاشماق، تۇتۇقلاشماق، خىرەلەشمەك: ئۇ قانچە ئويلىسىمۇ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. يېتەلمىگەنسېرى ئۇنىڭ قەلبى شۇنچە تۇمانلاشتى. * مېنىڭ كۆزلىرىم تۇمانلاشتى. كۆز ئالدىمغا ياسىداق ئۆيۈم، چىرايلىق ئايالىم، گۈزەل شەھەر، كۆكۈللۈك تۇرمۇش كەلگەنىدى.

**تۇمانلىق** ① سۈپ. تۇمانى بار، تۇمان بىلەن قاپلانغان: تۇمانلىق ھاۋا ۋە يېپىشقاق پاتقاقلار كىشىلەر كۆڭلىنى بىزار قىلىدۇ. قۇشلار ئىسسىق ياقلارغا، مال-ۋارانلار ئوتلاقلارغا ئالدىرىشىدۇ. * كۈز پەسلىنىڭ تۇمانلىق كۈنى، ئۇ تاياقتىن يېتىپ قالدى تېز. ئۆيگە يەتمەي سوۋۇدى تېنى، كۆز نۇرىدىن سىزىپ ئاجىز ئىز. ② سۈپ. كۆچمە. زۇلمەتلىك، ئېچىنىشلىق: خۇددى شۇ ۋاقىتتا باقىنىڭ ئۇ تۇمانلىق ۋە قاراڭغۇ ھاياتى ئېغىر كۆلەڭگە بولۇپ، جىنازا ئۈستىدىن ئۆتەتتى. * ئۇ يېشىنى ئېيتقانچە كۆزىنى بىر توچكىغا تىكتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆتمۈشىنىڭ تۇمانلىق، چىگىش كارتىنىسى ئەكس ئېتەتتى. ③ سۈپ. كۆچمە. غۇۋا، تۇتۇق، ئېنىق ئەمەس: ئۇ كىمگىدۇر قىيىدىغاندەك ئۆزمەي تاماكا چېكەتتى، خىياللىرىمۇ بېشى ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن ئاشۇ تاماكا ئىسىدەك تۇمانلىق ئىدى. * جىددىي خاتىرە يېزىۋاتقان سادىقنىڭ كۆزى دەرھال ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان جالالغا چۈشتى-دە، ئۇنىڭ قەلبىنى ئېچىنىش ۋە نەپرەتنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ئىبارەت بىر خىل تۇمانلىق ھېسسىيات چۇلغىۋالدى. ④ ئى <ئاستر> تۇمانغا ئوخشاش كۆرۈنىدىغان بىر خىل ئاسمان جىسمى. سامانيولى سىستېمىسى ئىچىدىكى گىلاكتىكا ئىچىدىكى تۇمانلىق، سىرتىدىكىسى بولسا، گالاكتىكا سىرتىدىكى تۇمانلىق ياكى گالاكتىكا سىرتىدىكى يۇلتۇزلار سىستېمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

**تۇمانلىماق** پ. تۇمان بىلەن قاپلانماق، تۇمانلاشماق: ھاۋالار تۇمانلاپتۇ، يىلقىلار غۇنانلاپتۇ. ئالتۇن قارا كۆز يارىم، نېمىدىن يامانلاپتۇ.

**تۇمشۇق** ئى ① قۇشلارنىڭ ئېغىزىغا تۇتاش ئاستىن-ئۈستۈن بىر جۈپ جاغ ئورنىدىكى سوزۇنچاق، مۈڭگۈز سىمان ئەزا. قۇشلار ئۇنىڭ بىلەن ئوزۇقلۇقنى چوقۇپ يەيدۇ، ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىدۇ ۋە چۈجىلىرىنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ: ئۆردەكنىڭ تۇمشۇقى. * كەلدى سىغىزخان يورغىلاپ، توختاتتى چۈجىنى چوقىلاپ. ۋالاقلاپ ئېچىلدى شور تۇمشۇقى: ـ نەگە بارسەن ھەي پەسىنىڭ ئوغلى؟ كەڭ دالاغا ھاياسىز دەسسەپسەن! يا ماڭا تەزىم قىلىپ ئۆتمەيسەن! تۇمشۇقۇم ئۇزۇن سەندىن، قۇيرۇقۇممۇ ئاندىن. ② ھايۋانلارنىڭ بېشىنىڭ بۇرۇن ئەتراپى قىسمى: ئېشەكنىڭ تۇمشۇقى. ئاتنىڭ تۇمشۇقى. * ئېقىپ چۈشكەن ياردەك تامچە-تامچە سۇ شۇ يىلاننىڭ تۇمشۇقىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان زەھەر ئىكەن. ③ لەۋ ۋە بۇرۇن ئەتراپى (ئادەملەر ھەققىدە): تۇمشۇقىنى ئۈچلىماق. تۇمشۇقىنى سوزماق. * جان تۇمشۇققا كەلگۈچە جان بەرمە (ماقال). * ئابدۇللا تۇمشۇقىنىڭ ئۇچى بىلەن مېنى كۆرسەتتى. ④ كۆچمە. بىرەر نەرسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇرغان قىسمى، بۇرنى: ئالماس ئۇزۇن خادىنى سۇ ئاستىغا قاتتىق بېسىپ، كېمە تۇمشۇقىنى دەرياغا بۇرىدى. * ـ ئەنە ئاۋۇ، ـ رازۋېتچىكنىڭ بىرى كەينىگە بۇرۇلۇپ، سايغا ئۇسۇپ كىرگەن تاغ تۇمشۇقىنى كۆرسەتتى، ـ تۇمشۇققا 15ـ20 مىنۇتتا يېتىپ كېلىشى مۇمكىن. ⑤ ئاقسۇنىڭ كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**تۇمشۇق بۇرىماق** رەت قىلماق، قارشى

چىقماق: بۇ جاۋابنىڭ زەربىسى نامەتكە قىلغاچقا ئەلەم، — بارسىلا چاپسان! ... — دېدى ئۇ دوق قىلىپ تۇمشۇق بۇراپ.

**تۇمشۇق تىرەپ** ئارانلا، مىڭ تەستە، بەك قىيىنلىپ: مەنمۇ سىفەننى تۇمشۇقۇمنى تىرەپ يۈرۈپ تۈگەتكەنىدىم. ئاخىرى مۇئەللىم بولالماي قالدىم.

**تۇمشۇق سالماق** → **تۇمشۇقلۇق سالماق:** ئىشەككە تۇمشۇق سالماق.

**تۇمشۇقىدىن سۆرىمەك** زورلاپ، مەجبۇرىي ئېلىپ ماڭماق: سادىق ئەل-يۇرتىنىڭ بېشىغا يامراپ چۈشۈۋاتقان بۇ ئاپەتنى مىخبىر مۇشەققەتتە تۇمشۇقىدىن سۆرەپ، كەينىگە قايتۇرۇپ، باشقا تەرەپكە قوغلىۋېتىپتۇ.

**تۇمشۇقىدىن ئىلىنماق** → **بۇرنىدىن ئىلىنماق:** ياڭ جياڭجۇن دېگەن خېلى يامان تۈلكە ئىكەن. يۇرت سورىغىلى ھازىر 15-16 يىللار بولۇپ قالدى. مېنىڭچە ھەرقانداق يامان تۈلكە بولسىمۇ بىركۈن بولمىسا، بىركۈن تۇمشۇقىدىن ئىلىنماي قالمايدۇ.

**تۇمشۇقىدىن يېتىلىمەك** → **بۇرنىدىن يېتىلىمەك:** مەمەتبەگ دېگەن خوتۇنى تۇمشۇقىدىن نەگە يېتىلىسە، شۇ يەرگە سوكۇلدايدىغان بىر لالگول تۇرسا، بۇ گەپنى نېمىشقىمۇ شۇنىڭغا دەيسەن؟

**تۇمشۇقىغا يېمەك** → **بۇرنىغا يېمەك:** تۇمشۇقىغا يېمەي بۇرنىغا سۇ كىرمەس (ماقال). * بىر-ئىككى قېتىم تۇمشۇقىغا يېگەندىن كېيىن، ئىش-ئوقەتتىن ئوت چىقىرىۋېتىدىغان بولىدۇ.

**تۇمشۇقى قان بولماق** قاتتىق ئەدىبىنى يېمەك، ئېغىر زەربىگە ئۇچرىماق: خالتىغا سولىنىپ قالغان دۈشمەن چوڭ كوچىدا ئۇر-ئۇرغا قالغان غالجىر ئىتتەك، ئۆزىنى ھەر يانغا ئۇراتتى. لېكىن قەيەرگىلا ئۇرسا، تۇمشۇقى قان بولاتتى.

**تۇمشۇقىنى تۇرمەك** ياقتۇرماسلىق، رەت قىلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: شۇ جىن جاۋاب بېرەلمەي قالدى. ئۇ تۇمشۇقىنى تۇردى-دە، بېشىنى تۈۋەن قىلىپ، سەل-پەل سىرقىراپ تۇرغان كىچىك پۇتلىرىنى ئۇۋۇلاپ قويدى ۋە بىردىن ئانىسىنىڭ گەپلىرىنى ئەسلەپ قالدى.

**تۇمشۇقىنى تىقماق** → **بۇرنىنى تىقماق:** — سەن ئۆزۈڭ كىم؟ — دېدى يىگىتلەردىن بىرى ئۆزلىرىدىن ئۈچ قەدەمچە نېرىدا توختىغان ئاللىقانداق بىر ئادەمگە قاراپ، — يولۇڭغا مېڭىۋەرمەي، نېمە بىزنىڭ ئىشىمىزغا تۇمشۇقۇڭنى تىقىسەن؟ * قورالسىز بولسا ئۇرۇشۇۋاتقان قورالللىقلار ئارىسىغا تۇمشۇقىنى تىقىپ نېمە قىلىدۇ، ئۇرۇش-ئۇرۇش-تە.

**تۇمشۇقىنى سوزماق** ① مەلۇم بىر تەرەپنى كۆرسىتىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: — ئۇلار بۇ ئىشنى قانداق بىلىپ قاپتۇ؟ — ئۇ بوۋىسىنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ تۇمشۇقىنى سوزۇپ قويدى. ② يېقىنلىشىشقا، چاڭگال سېلىشقا ئۇرۇنماق: نىزام: — قوزىچاقنى بۆرىنىڭ يېنىدا قويغىلى بولمايدۇ، مەن كەتسەملا، باي ئىپلاس تۇمشۇقىنى قەمبەرنساخانىغا يەنە سوزىدۇ، — دېدى. ③ دومسايماق، ماي تارتماق؛ يامانلىماق: — ھېلىمخان ئەجەپ تۇمشۇقىنى سوزۇپ قاپتىغۇ؟

**تۇمشۇقىنىڭ بېزىنى ئالماق** ئەدىبىنى بېرىپ ياۋاش، مۇلايىم قىلماق: ئۇ بەك كۆرەڭلەپ ئۇچرىغان ئادەمگە مۇشت تەڭلەيدىغان بولۇپ قالدى، تۇمشۇقىنىڭ بېزىنى ئېلىپ قويمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

**تۇمشۇقىنى ئۇچلىماق** ① ياقتۇرماسلىق، قارشىلىق، ھەسەت قىلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ئەگەر بىرەر ئايال يېڭى كىيىم كىيىپ كەلسە، ئۇ تۇمشۇقلىرىنى ئۇچلاپ تۇرۇپ: — بىلمەن، ئەرلەرگە قانداق قىلسام چىرايلىق كۆرۈنەرمەن دەپ كىيىندىڭ بۇ كىيىمنى، كاشكى، ياراشسا ئۆزۈڭگە، ئايناق، — دەپ غۇدۇراپ كېتەتتى. * — نېمە؟ — دېدى ئايالىم كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىپ، تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ، — ھازىر قايسى ۋاقت؟! بۇ كىمنىڭ قىزى!؟ ئۆزىمىز بولساق، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن

زىيالىي، مەنلا ئەمەس، جىمى-جاھان مۇشۇنداق كىينىۋاتىدۇ. ② ئۇمىدسىزلەنگەن، قايغۇرغان قىياپەتنى ئىپادىلەيدۇ: ئۇ بىر بىسىپ، ئىككى بىسىپ جارۇپ ئىنژېنېرنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى. جارۇپ ئىنژېنېر ئۇنىڭ ساڭگىلىپ قالغان تەقى-تۇرقىغا قاراپلا چاقچاق قىلدى: — نېمە بولدى، تۇمشۇقلىرىڭىز ئېشەك باغلىغۇدەكلا ئۇچلىنىپ كېتىپتىغۇ؟ ③ كۆڭلۈمسىرەش قىياپىتىنى ئىپادىلەيدۇ: شۇ چاغدا مەن سىزنىڭ قەيسەر، چېچەن، زېرەكلىكىڭىزگە قاراپ: — ھەي قىز، ھەقىقەتەن يارايدىكەنسىز! خېلى چولڭ بولۇپ قاپسىز! — دېگىنىمدە، سىز تۇمشۇقىڭىزنى ئۇچلاپ: — سىزچۇ...؟ — دېگەنىدىڭىزغۇ! * — سەن، — دېدى خاسىيەت تۇمشۇقلىرىنى ئۇچلاپ شوخلۇق بىلەن، — ئۆمرۈڭدە بىر قېتىم ياخشى تەكلىپ بەردىڭ، مېڭەڭنى كۆپرەك ئىشلەتسەڭ، سەندىن خېلى-خېلى گەپلەر چىقىدۇ جۇمۇ.

**تۇمشۇقى ئۇزۇن** ① ئوڭايلا خۇيلىنىدىغان، ھەدېسە باشقىلارغا دارتىپ گەپ قىلىدىغان، باشقىلارغا تىل تەگكۈزىدىغان، جېدەلخور: — توي، توي ھەممىلا جايدا توي! قارالڭ مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە مەن توي باغقىدىن ئالتىنى تاپشۇرۇۋالدىم ئامىنخان ئاچا، سىزنى خۇشال قىلىۋەتكەن زادى قانداق ئىش؟ بىزمۇ ئاڭلاپ باقايلى! — دەيدۇ ئىشكتىن كىرىپلا تۇمشۇقى ئۇزۇن پاتەمخان ۋاتىلداپ. ② ھەرقانداق يەرگە ئۇسۇپ كىرىۋېرىدىغان.

**تۇمشۇق يالاشماق** سەلب. ناھايىتى يېقىن بولۇشۇپ كەتمەك، تېپىشماق؛ سۆيۈشمەك: — نۇمۇس ؟ نۇمۇسنى بىلسە، كۆپكۆندۈزدە، خەلقئالەم ئالدىدا تۇمشۇق يالشامدۇ؟ — مارجان بۇۋى گەپنى توختىغاندا كالپۇكلىرى تىترەپ تۇراتتى.

**تۇمشۇقداشماق** پ. تۇمشۇقلۇق سالماق.

**تۇمشۇقلۇق** ① سۈپ. تۇمشۇقى بار، تۇمشۇققا ئىگە: ئۇزۇن تۇمشۇقلۇق قۇشلار. * ئۇ سىزغان بۇ رەسىمدە تىيانشان تېغى خۇددى ئېگىز كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان قاۋۇل بۈركۈتكە ئوخشىغاندى؛ ئېگىز خانتەڭرى چوققىسىنى بۈركۈتنىڭ تۇمشۇقلۇق بېشى دېيىشكە بولاتتى. ② ئى. خاماندا ئات، ئېشەك ۋە كالا قاتارلىقلارنىڭ تۇمشۇقىغا كىيدۈرۈلىدىغان كىچىك سېۋەت، سىم تور. ③ ئى. نوختا، يۈگەن قاتارلىقلارنىڭ ئات، ئېشەكنىڭ تۇمشۇقىغا كىيدۈرۈلىدىغان قىسمى.

**تۇمشۇقلۇق سالماق** شاش ھەم بېشى قاتتىق ئۇلاغلارنىڭ نوختىسىغا بېكىتىلگەن ئارغامچىنى تۇمشۇقى ئۈستىدىن سىرتماق شەكلىدە ئۆتكۈزمەك: ئېشەككە تۇمشۇقلۇق سالماق. تۇمشۇقلۇق سېلىپ تارتماق.

**تۇمۇ** ئى ← زۇكام.

**تۇمۇ تەگمەك** زۇكامدىماق، زۇكام تەگمەك: مانا، شەرىخان ئازراق تۇمۇ تېگىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپمۇ قالدى. ئەزەلدىن ئاپىسى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان بۇ ساددا قىز ئاخىرى قەتئىي قارارغا كەلدى.

**تۇمۇقماق** پ. زۇكامدىماق، زۇكام تەگمەك: ئاكام قاتتىق تۇمۇقاپتىكەن، بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى، مدىرلىيالماي ياتىدۇ.

**تۇمۇچۇق** ئى <زۇئول> بىر خىل قۇش، تېنى قۇشقاچ چوڭلۇقىدا بولىدۇ، تۇمشۇقى قىسقا، ئۇچى قىزىل، تۈكلىرى سىلىق ۋە ئاچ قوڭۇر كېلىدۇ؛ گال قىسمى قىزىل، پوكىنى ئاقۇچ، قانىتىنىڭ ئۈستىدە قىزغۇچ بالداقلىرى بولىدۇ؛ ئاساسەن مېۋىلىك باغلاردا ياشايدۇ، ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ؛ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىگە تارالغان بولۇپ، ئىنتايىن چىرايلىق سايرايدۇ، بەزى كىشىلەر ئۇنى قەپەستە باقىدۇ.

**تۇنجا** ئى. دەريا ۋە ئۆستەڭ ياقىلىرىدىكى قىش كۈنلىرى بېلىقلار قىشلايدىغان ئۈستى يېپىق كۆلچەك.

**تۇنجۇقتۇرماق** ① «تۇنجۇقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ــ نېمە قىلماقچىسىلەر؟! ــ دېيىشىم بىلەن تەڭ بېشىمغا كونا ئەدىيالنى يۆركىدى-دە، بوينۇمدىن باغلاپ، تۇنجۇقتۇرۇپ سۆرەپ ماڭدى. * چاشقانلارنى كۆيدۈرۈپ، ئىسلاپ ئۆلتۈرەي دېسە، تامنىڭ ياغىچى كۆيۈپ كېتىشتىن قورقىدۇ؛ سۇ قۇيۇپ تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرەي دېسە، تامنىڭ كاكۇلى تۆكۈلۈپ كېتىشتىن ئەنسىرەيدۇ. ② كۆچمە. باشقىلارنى سەزدۇرمەي ئۆلتۈرمەك، يوقاتماق: ئاخىر چارە تېپىلدى: ــ ئۆز مۇرتىنىڭ قولى بىلەن تۇنجۇقتۇرۇش بۇ ئوبدان چارە، ئەپلىك چارە، ــ دېدى شەيخ كۆڭلىدىن خۇش بولۇپ. * ساقىي مەينى جام بىلەن نۇش قىلاي، مەستلىكىمدىن خۇددى شىرغا ئايلىناي، ئۆلكە ئىزىدىن قوغلاپ باراي، نەدە تۇتسام چالڭ سېلىپ تۇنجۇقتۇراي.

**تۇنجۇقتۇرۇلماق** «تۇنجۇقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭدا ئوغرىلارنىڭ ئەرلىرى دارغا ئېسىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولسا، ئاياللار سۇدا تۇنجۇقتۇرۇلاتتى.

**تۇنجۇقماق** پ ① ھاۋانىڭ يېتىشمەسلىكى ياكى تۇسۇلۇپ قېلىشىدىن نەپەس ئالالماي قىينالماق، بوغۇلماق: ــ بالىنى نېمىشقا مۇنچىۋالا قېلىن يۆگىۋالدىڭىز، تۇنجۇقۇپ قالسا قانداق بولىدۇ؟ ــ دېدىم مەن تىت-تىتلىق بالىنىڭ كۆكسىگە قويۇۋېتىپ. * مەن سىلەردىن ھېچقانداق، ھېچقانداق يامانلىق كۆرمىدىم، سەن قۇرسىقىمنى يېقىپ تۇردۇڭ، كىچىكىمدە كۆلدە تۇنجۇقۇپ ئۆلگىلى ئاز قالغاندا، ھەسەن ئاكام قۇتقۇزۇۋېتىكەن. ② يوقالماق، ئۆلمەك: «گۇپ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بايىدىن بېرى يىغلاپ تۇرغان بالا بىردىنلا تۇنجۇقتى. ③ كۆچمە. ئەركىن سۆزلىيەلمەي، ھەرىكەت قىلالماي بېسىلىپ كەتمەك: بىز ئۆزىدىن دائىم ئەنسىرەپ يۈرىدىغان بۇ كىشىنىڭ سۆرى بىلەن ئارتۇق قىمىرلاشتىن ئېھتىيات قىلىشقا باشلىدۇق. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بىزنىڭ ئادەتتىكى يۈرۈش-تۇرۇش ئەركىنلىكىمىز دېمەك ئىچىدە تۇنجۇققاندەك سېزىلەتتى. * ۋە لېكىن بىپايان جەنۇب ئاسمىنى، بۇلۇتقا ئورالغان، سۈزۈك قاپقارا. ئىس-تۈتەك ئىچىدە تۇنجۇققان ھايات، ئالماقتا ئىڭىر تىن، قەلبىدە يارا.

**تۇنجۇقۇپ** «تۇنجۇقماق» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى: تۇنجۇقۇپ قالماق.

**تۇنجۇقۇپ قالماق** ① نەپەس ئالالماي بوغۇلۇپ قالماق، ئۆلمەك: ئويلاپ كۆرسەم، يەنىلا ئۆزەمنىڭ ئابرويۇم تۆكۈلۈپتۇ. ھېلىقى تۇزۇمۇ بۇشۇكىدىلا تۇنجۇقۇپ قالدى. ② چىقىش ئېغىزى توسۇلماق: رۇستەم سۆزلىمەكتە، ئۇنىڭ سۆزلىرى خۇددى تۇنجۇقۇپ قالغان بۇلاق سۈيىنىڭ ئاغزى ئېچىلغاندەك، شۇنچە دولقۇنلۇق ۋە شۇنچىلىك راۋان ئىدى.

**تۇنجۇقۇشماق** «تۇنجۇقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۇنجى** سۈپ. دەسلەپكى، بالدۇرقى، ئاۋۋالقى، بىرىنچى، بىرىنچى قېتىمقى: تۇنجى بالا. تۇنجى قوغۇن، تۇنجى مۇزاي، تۇنجى كۈنى. * باللار خۇشال بولۇشۇپ كەتتى، توختىگۈل باللارغا يەنە كۆز تاشلىدى. ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بېرى مۇئەللىم ۋە مەكتەپ بولمىغان بۇ يېزىغا تۇنجى مۇئەللىم بولۇپ كەلدى. // قىسقىسى، ئۇلار بەكمۇ ئىناق بىر جۈپ. شەۋكەت ئۇلارنىڭ تۇنجىسى، شۇندىلا بىردىنبىر ئوغلى، ئىككىنچى پەرزەنتىمۇ پات ئارىدا يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقۇسى!

**تۇنجى نەشرى** <مەت> كىتاب قاتارلىقلارنىڭ دەسلەپكى، يەنى بىرىنچى قېتىملىق نەشرى.

**تۇندرا** ئى [ر] <جۇغ> شىمالىي مۇز ئوكيان قىرغىقىدىكى جايلار. كلىماتى يىل بويى سوغۇق بولىدۇ، ياز پەسلىدە يەر يۈزىدىكى مۇزلار ئېرىگەن ۋاقىتتا موخ، لىشاينىك قاتارلىق تۆۋەن دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەر ئۈنۈپ چىقىدۇ، باشقا ئۆسۈملۈكلەر ئۆسمەيدۇ.

**تۈننۇس** ئى [لات] ← **تۈننۇس بېلىقى**.

**تۈننۇس بېلىقى** <زوئول> بىر خىل بېلىق. تېنى ئۇرچۇق شەكلىدە، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ؛ بېشى ئۇچلۇق، قاسىرقى ئىنچىكە بولىدۇ؛ دېڭىز-ئوكيانلاردا ياشايدۇ؛ گۆشىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ.

**تۈۋاق** ئى. قازاننىڭ ئۈستىگە يېپىدىغان يۇمىلاق شەكىللىك، ئوتتۇرىسىغا تۇتقۇچ بېكىتكەن قاپقاق: — مەن توخۇنى پىشۇرغانلىقىمنى ئېيتسام، ئۇلار قازاننىڭ تۈۋىقىنى كۆتۈرۈپ، توخۇنىڭ باش تەرىپىنى كىچىكى يېدى، قانىتىنى چوڭى يېدى، — دەپتۇ كېنىزەك.

**تۈۋاقلانماق** «تۈۋاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ھېلىقى ناۋاينى قەسەم قىلدۇرۇپ، ئاغزىنى ئۆزىگە تۈۋاقلىتىپتۇ.

**تۈۋاقلاشماق** «تۈۋاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۈۋاقلانماق** «تۈۋاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇنىڭ بىلەن سۇلايماننىڭ ئاغزى تۈۋاقلاندىمۇ؟

**تۈۋاقلىق** سۈپ. تۈۋىقى بار، تۈۋاق بېكىتىلگەن: تۆمۈر تۈۋاقلىق قازان.

**تۈۋاقلىماق** پ ① ئۈستىگە تۈۋىقىنى ياپماق، ئەتمەك: قازاننى تۈۋاقلىماق. ② كۆچمە. رەددىيە بىلەن گەپ قىلىشتىن توختاتماق، گەپ قىلالمىغۇدەك قىلىپ قويماق: — يۈت يۈگۈرۈكى ئاشقا، ئېغىز يۈگۈرۈكى باشقا دېگەن گەپ بار، ئاغزىڭغا كەلدى دەپ دەۋەرمەڭلار، — دەپ لەيلىگۈلنىڭ ئاغزىنى تۈۋاقلىدى ئۇ.

**تۈياق** ① ئى. بەزى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ ئاياغلىرىنىڭ ئۇچىدىكى مۈڭگۈزسىمان قاتتىق قىسمى: ئاچا تۈياق. توم تۈياق. * ئادەم قۇلاقتىن سەمرىيدۇ، ھايۋان تۇياقتىن (ماقال). * ئۇلارنىڭ ئاتلىرى تۈنجى تۈياق ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ، قار بىلەن كۆمۈلۈپ كەتكەن يولنى يېڭىباشتىن ئاچماقتا. ② مىق. سانىلاق سانلار بىلەن كېلىپ «دانە، باش» دېگەن مەنىدە مىقدار بولۇپ كېلىدۇ: ئىككى يىل بۇرۇن يېزىدىكى تۇغقانلارنىڭكىگە ئىككى تۈياق قوزىچاقنى ئاپىرىپ تاشلاپ قويۇۋېدىم، ئازراق ھاجەتمەن بولۇپ قېلىپ ياندۇرۇپ كەلدىم، سېتىپ خەج-خىراجەت قىلاي دەيمەن.

**تۈيقى سۇغا چىلاشماق** بىرەر ئۆگۈشسىزلىققا ئۇچرىماق.

**تۈيقى سېلىكمەك** يول مېڭىشى ئازايماق، كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالماق: سېنىڭ تۈيقىڭ سېلىكىپ قالدىمۇ داپچى. داپنى ئەكەلگەنسەن، بۈگۈن ياخشى بىر نەغمە ئاڭلايدىكەنمىز-دە، ھە، راست بۇ مېھمانلار ئۇۋچىلار ئىكەن، تونۇشۇپ قويايلى.

**تۈيقى سىرقىرىماق** بىرەر ئۆگۈشسىزلىقنىڭ شەپىسىنى سېزىپ دەككە-دۈككىدە قالماق: بىرەر لۈكچەكنىڭ ئەدىبىنى بەرسەك، باشقا لۈكچەكلەرنىڭ تۈيقى سىرقىرايدۇ.

**تۈياقلىق** سۈپ. تۈيقى بار، تۈياققا ئىگە: تۈياقلىق ھايۋانلار. ئاچا تۈياقلىق ھايۋان.

**تۈياقلىقلار** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ بىر تۈرى، كۆپىنچىسىنىڭ تېنى خېلى چوڭ، تۆت ئايىغى ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن، بارماق ئۇچىدا مۈڭگۈزلەشكەن تۈياقلىرى بولىدۇ، تۈياقلىرىنىڭ سانى ئوخشاش ئەمەس؛ توم تۈياقلىقلار ۋە ئاچا تۈياقلىقلار دەپ بۆلۈنىدۇ.

**تۈيدۈرماق** «تۈيماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار پالاكەتلىكتىن يىقىلىپ چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى باشقىلارغا تۈيدۈرۇپ قويغاندى. * ئايقىز كېچىدە كۆز يۇممىدى. رەۋىخان مومايغا تۈيدۈرماي بىر مۇنچە كۆز يېشىمۇ قىلىۋالدى.

**تۈيغۇ** ئى ① تاشقى تەسىرنى سېزىش، ھېس قىلىش قابىلىيىتى؛ سەزگۈ: ئۇ پۇراش تۈيغۇسى بىلەن نېمە بولسا-بولسۇن، مۇراجىئەتنامىلەرنى

بېسىپ چىقارغانلارنى تاپىدىغان يولنىڭ ئىزى شۇ يەردە بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدى. * ئاچ كۆزۈڭنى ئەل! سۆزۈلمەكتە تالڭ...! يۇقىرى بولسۇن، توغرا تۆيغۇ ئالڭ! ② روھىي، جىسمانىي كەچۈرمىش، تەسىرات، ھېسسىيات: ئۇنىڭ قەلبى ئاجايىپ سىرلىق ۋە بەكمۇ تاتلىق بىر تۆيغۇنىڭ دولقۇنىغا چۆمگەنىدى. * شۇنداق قىلىپ، رەيھاندا بۇگۈنلا كۆرگەن نادەمگە نىسبەتەن ئىسسىق بىر تۆيغۇ پەيدا بولۇپ قالدى ۋە شۇ تۆيغۇ دۇلقۇنىدا تەۋرىنىپ، خىياللار سۈردى.

**تۆيغۇداش** ئى. تۆيغۇ، ھېسسىيات، تەسىرات جەھەتتىن ئوخشاش، ئورتاقلىقى بار كىشى: يۈرەك شۇنداق تونۇيدىكەن يۈرەكنى، ئۇ چىللىدى مېنى بولغاچ تۆيغۇداش. بىز ئۆسكەن بىر تىيانشاننىڭ قوينىدا، كەچمىشمىز ئوخشاش-غايە، يول ئوخشاش.

**تۆيغۇلۇق** سۈپ. مەلۇم ھېس-تۆيغۇ ھاسىل بولغان، تۆيغۇغا ئىگە: سەن باللىقتا، شوخلۇقتا، تەرسالىقتا خاتىمە بەرگىن، كامىراننىڭ قانچىلىك نازۇك، تۆيغۇلۇق، مۇلايىم ئىكەنلىكىنى بىلسەن.

**تۆيغۇن** ① سۈپ. ئاسان تۆيىدىغان، تېز سېزىپ، پەملەپ، بايقىيالايدىغان؛ سەزگۈر: بۇغا دېگەن بۇ جانىۋار بەكمۇ تۆيغۇن، ھاۋانى پۇراپ، شەپىنى تىڭشايدۇ. * تراكتور داۋانغا چىقىشقا ئاز قالغان ئىدى، بۇنى ياقۇپنىڭ داۋاندا، قاراڭغۇ كېچىلەردە مېڭىپ ئۆگەنگەن تۆيغۇن كۆزلىرى سېزەتتى، ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**تۆيغۇنلۇق** «تۆيغۇن» سۆزى ① نىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ، يەنە شۇنداق تۆيغۇنلۇقى ۋە ئايىغىنىڭ يەڭگىللىكى بىلەن ئىدارە باشلىقى نىمەتنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغانىدى.

**تۆيماق** پ. ھېس قىلماق، سەزمەك، بايقىماق: بۇ يەردە قورساقنىڭ ئىشى چاتاقلىقنى كۆڭلىمىز تۆيدى-دە، كوچىدىن ماۋۇ نەرسىلەرنى ئەكىرىپ قويۇپ، سىپنى ساقلاپ ئولتۇرۇشىمىز، قېنى ئالە. * ساتىراشنىڭ قولىدىكى قايچىنىڭ «شىرت» قىلغان ئاۋازى بىلەن تەڭ مۇنەۋۋەر شۇنداق دەھشەت ۋارقىرىۋەتتىكى، ساتىراش قولىدىكى قايچىنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۆيماي قالدى.

**تۆيۈشماق** «تۆيماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۆيدىلەر بوۋاينىڭ كىرگىنىنى تۆيۈشمىدى.

**تۆيۈق** I ① سۈپ. ئاخىرى يوق، ئاخىرىنى تاپقىلى بولمايدىغان: تۆيۈق يول. * يېشىغا ياش قاتتى يىللار، ئۇ بىراق، تەنھالىق پېتىچە قالدى جۈپتى يوق. ئازابلىق كۈنلەردە بولدى ئاڭا ھەم، تۇرمۇشنىڭ يوللىرى ماڭغانچە تۆيۈق. ② ئى. پىچان ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**تۆيۈق شەكىل** <مات> باشلىنىش نۇقتىسى بىلەن ئاخىرقى نۇقتىسى تۇتاشقان گېئومېترىيىلىك شەكىل.

**تۆيۈق ئېلېكتر يولى** <ئېل> توك ئۆتكۈزىدىغان ئېلېكتر يولى. مەسىلەن، ئۈلگۈچ تۇتاشتۇرۇلۇشى بىلەن تۆيۈق ئېلېكتر يولى ھاسىل بولۇپ، توك ئۆتكۈزۈلىدۇ.

**تۆيۈق يول** ① يېتىپ بولمايدىغان، ئاخىرىغا چىققىلى بولمايدىغان يول: سىياھەتتۇن، تۆيۈق يوللار، كۆڭۈل غەمناك، تۇسۇق قات-قات، تېپىمۇ بولمىدىم روھىي ماجالىمغا شاپائەتلەر. ② تاماملاش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇشقا كۆز يەتمەيدىغان ئىش، پىلان: ئەنيالڭ ۋېلسىپىت سانائىتى شىركىتى ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش جەھەتتە مەبلەغ سالغانلىقتىن، كارخانا تۆيۈق يولدىن قايتىپ، جانلاندى.

**تۆيۈق يولغا كىرىپ قالماق** ئىشنى توغرا مۆلچەرلىيەلمەي، داۋاملاشتۇرۇلماي قالماق؛ تەمتىرەپ قالماق، قىيىن ئەھۋالدا قالماق: ـ ئاكا، مەن ئېزىپتىمەن، باي بولىمەن دەپ تۆيۈق يولغا كىرىپ قاپتىمەن، ـ مەشۇرنىڭ يۈرىكى ئېرىگەندەك قوغۇشۇندەك «شۇررىدە» قىلىپ قالدى. * پەقەت ئۆزىمىزنىڭلا باشقىلارنى چۈشەنمەسلىكىمىزدىن، تۆيۈق يولغا كىرىپ قېلىشىمىزدىن ساقلىنىشىمىز كېرەك.

**تۇيۇق** II ئى. سەزگۈ، تۇيغۇ: تۇيۇق بولماق. تۇيۇق چۈشمەك.

**تۇيۇق بەرمەك** شەپە بەرمەك، تۇيدۇرۇپ قويماق: ھەي شەيتان، سەنمىدىڭ، تۇيۇق بىرىپراق كىرسەڭ بولمامدۇ؟

**تۇيۇق بولماق** سېزىلمەك، تۇيۇلماق، شەپە بولماق: ئۆگزىگە بىراۋ چىققاندەك تۇيۇق بولغانىدى.

**تۇيۇق** III ئى <ئەد> 1-، 2-، 4- مىسرالىرى شەكىلداش سۆزلەردىن قاپىيىلىشىپ كەلگەن سۆز ئويۇنى شەكىلدىكى، تولۇق ئاياغلاشقان ئوي-پىكىرگە ئىگە تۆت مىسرالىق شېئىر.

**تۇيۇقسىز** رەۋ. تۇساتتىن، كۈتمىگەندە، خەۋەرسىز تۇرغاندا: ئۇ تۇيۇقسىز ئالدىمغا چىقىپ قالدى. * تۇيۇقسىز سىرتتىن ئاڭلانغان ئاياغ تىۋىشى ئۇلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلغانىدى.

**تۇيۇقسىزدىن** رەۋ ← **تۇيۇقسىز**: مەن يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ مۆمىننى تۇيۇقسىزدىن ئۈركۈتۈۋېلىشقا خېلى ھەرىكەت قىلغان بولسامۇ، ھېچبىر پەيتى كەلمىدى.

**تۇيۇقسىزلىق** ئى. خەۋەرسىز تۇرغان ھالەت، تاسادىپىيلىق: كۆپ ساندىكى يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ھىمتىنىڭ سۆزلىرىدىن بىر خىل تاسادىپىيلىق، تۇيۇقسىزلىق ھېس قىلىشتى.

**تۇيۇلماق** ① «تۇيماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئابدۇراخمان بىلەن قاسىمۇۋ قاتارلىشىپ كىرىپ كەلگەندە، شۇ ئۆينىڭ كۈتكۈچىسى سۈپىتىدە قاسىمۇۋنىڭ يولدىشى زۆرە بۇۋىنىڭ كۈلۈپ چىقىشى، ئابدۇراخمانغا ھە دېگەندە ھەيران قالارلىق تۇيۇلدى. * قىز ئۇن چىقارماي، ھەيرانلىق بىلەن ئايالنىڭ سىياقىغا قاراپ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلايتتى، ئايال ئۇنىڭغا بارغانسېرى ئىسسىق تۇيۇلۇشقا باشلىغانىدى. ② ئوخشاپ قالماق، ئوخشاش كۆرۈنمەك: ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرغاندەك، ھېلىلا بىرى ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئاتلىقلار ئالدىغا ئېلىپ بارىدىغاندەك تۇيۇلدى. * مۇشۇ خىل قانلار ۋە قانلىق ياشلار قوشۇلۇپ، تۈمەن دەرياسىنىڭ مۇڭلىرىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتكەندەك تۇيۇلاتتى.

**تۆبۈت** ئى <ئىرق> مەملىكىتىمىزنىڭ بۈگۈنكى چىڭخەي، شىزاڭ ئېگىزلىكىدە ياشىغان قەدىمكى مىللەت. بۇ مىللەت تاڭ سۇلالىسى زامانىدا مەملىكىتىمىز ئىچىدە ھاكىمىيەت قۇرغان.

**تۆپە** I ئى ① يەر يۈزىدىن ياكى مەلۇم بىر جايدىن ئېگىز، يۇقىرى بولغان جاي، دۆڭ: قاسىم ئىشخانىلاردىن بىرىگە كىرىپ سوراپ باقماقچى بولۇپ تۇراتتى، ئانىچە تۆپىدىن تونۇش بىر ئادەم چۈشۈپ كەلدى. ② بىرەر نەرسىنىڭ يۇقىرى قىسمى، ئۈستى: ماشىنىدىن تاپشۇرۇۋالغان قانۇنمۇ تاي-تۇم ئۆزىنىڭ ھادمىۋانى ئاتلاپ ئۈتمىشتى مۆت زور شۇ ھامان ئۇنىڭ كەينىدىن تام تۆپىسىگە چىقتى ھەم سەكرەپ پەسكە چۈشتى-دە، چېرىكنى قوغلاپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى. ③ مەلۇم بىر نەرسىنىڭ ئۈستىدىكى بوشلۇق؛ كۆك، ئاسمان: تېكىلخانىنىڭ تۆپىسىدە، ئۈچۈپ يۈرىدۇ قۇشلار. بەگ بۇزۇلدى تۈزەلمەس، ئويلاپ يۈرەيلى دوستلار! ④ كۆچمە. مەلۇم بىر ئىش بولىۋاتقان جاي، نەق مەيدان: مامۇت ئوغرىلىقچە تاماكا چېكىپ تۇرغاننىڭ تۆپىسىگە دادىسى كىرىپ قالدى. * ھەئە، بولمىسا ئۆزىڭىز تۆپىدە تۇرۇپ، مەڭلەشمىگەن خىللىرىنى تاللاپ قاچىلىتىڭ. ⑤ بېرىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كېلىپ، «بېشىغا، يېنىغا، قېشىغا» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ: دىۋە كۆل تۆپىسىگە كېلىپ بېلىقچىنى قىچقىرىپتۇ.

**تۆپە تاش** تۈگمەننىڭ ئۈستۈنكى تېشى.

**تۆپىسىدىن چۈشمەك** ← **ئۈستىدىن چۈشمەك**: ئاياغدىكى قوي ئېغىلغا بارىدۇ، -

دېدى بوغالتىر، ـ شۇ تەرەپكە بارايلى، جەزمەن تۆپىسىدىنلا چۈشىمىز!

**تۆپىگە چىقىۋالماق** ← ئۈستىگە چىقىۋال- ماق: بۇ ھەييارنىڭ تۆپىمىزگە چىقىۋېلىپ، بىزگە سالمىغان زۇلمى قالمىدى.

**تۆپە** II ئى. تىبرىدىن تىكلىگەن، پوسمىغا ئوخشاش تاشلانمىغان، سىرتى ئاق باش كىيىمى: باللارنىڭ بەزىلىرى ئالدىراشلىقتا دادىسىنىڭ تۆپە ۋە قۇلاقچىلىرىنى كۆزلىرىگە چۈكۈرۈپ كىيىۋالغان، ئۇلار يول تالىشىپ بىر-بىرىنى ئىتتىرىشىپ، يىقىلىپ-قوپۇ- شۇپ سەپ بىلەن بىللە باراتتى.

**تۆپە-تۆپىسىگە** ← ئۈستى-ئۈستىگە: ـ مەن ئۆزۈم ماۋۇ چاپىنىمنى بېرىمەن، ـ بىرەيلەن كۆپچىلىككە شۇنداق دېيىشى بىلەن ئۇنى قوللاشتى. كىيىم-كېچەك، پۇل، ماتا-چەكمەن، سەرگەزلەر چۈشۈشكە باشلىدى. نەرسىلەر تۆپە-تۆپىسىگە دۆۋىلىنەمكتە ئىدى. * ئۇندەك بالا تۆپىنى ئېلىپ قاچقان بالىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈۋاتاتتى، ئالدىدىن بىرى يىقىلىۋىدى، كەينىدىكىلىرى ئۆزىنى توختىتىۋالالماي تۆپە-تۆپىسىگە چۈشتى.

**تۆپە-تۆپىلەپ** ① بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى، ئۈستى-ئۈستىلەپ: مۆيدىن ئاكا «قېنى، كارىۋاتقا چىق» دەپ تەكلىپ قىلدى. مەن تىمسقىلاپ كېلىپ ئولتۇردۇم، نەدىمۇ كارىۋات بولسۇن، ئەگرى-بۈگرى بادرىلارنى تىزىپ، ئۈستىگە تېرە، كىگىز پارچىلىرىنى تۆپە-تۆپىلەپ تاشلاپ قويغانىكەن. ② ئارقا-ئارقىدىن، بارغانسېرى كۆچەيگەن ھالدا: ئەپسۇسكى، شۇ كۈنلەردە گۈلقىزنىڭ تۆپە-تۆپىلەپ قاتتىق ئاغرىپ، ئاقىۋەتتە ئىككى كۆزىنىڭ كۆرمەس بولۇپ قېلىشى بىچارە ئاتا-ئانىلارنى ھەممىدىن بەك بىئارام قىلىۋەتتى. ئۇ مەن جاۋاب بېرىپ بولغۇچە تۆپە-تۆپىلەپ سوئال سوراۋەردى.

**تۆپىلەپ** رەۋ. ← ئۈستىلەپ: قېيىن ئاتىسىغا بولغان ئىچ ئاغرىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆپىلەپ كېلىۋاتقان خورلۇقتىن كاملىنىڭ كۆز يېشى يامغۇردەك تۆكۈلمەكتە ئىدى. * ئۇ ئادىلنىڭ كۆڭلىنى تۆپىلەپ ئازابقا دۇچار قىلىشنى خالىماي، تېز مېڭىپ كېلىپ ئادىلنىڭ قولىنى تۇتتى-دە، سۇپىنىڭ قىرىغا ـ ئادىلنىڭ يېنىغا ئولتۇردى.

**تۆپىلىك** ئى ① يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، ئېگىز جاي؛ ئېگىزلىك: مەكتەپنىڭ ئائىلىلىكلەر بىناسى سەل يۇقىرىدىكى بىر تۆپىلىككە سېلىنغان بولۇپ، خېلى يىراقتىن كۆزگە ئېنىق تاشلىنىپ تۇراتتى. ② <كي> دوپپىنىڭ ئۈستى قىسمى.

**تۆت** سان. ئۈچتىن كېيىن، بەشتىن بۇرۇن كەلگەن سان ياكى مىقدار: تۆت كىتاب. تۆت ئوقۇغۇچى. * ھېلىقى شەھەرلىك خېنىمىڭىز بۇ يەرگە كەلگىلى تۆت كۈن بولۇپ قالدى.

**تۆت ئاساسىي پرىنسىپ** سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇش، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، قىسقارتى- لىپ ئاتىلىشى.

**تۆت ئەتراپ** ← تۆت تەرەپ: دۆلەتنىڭ ئورمان بايلىقىنى ياخشى قوغداش بىلەن بىرۋاقتتا، كوللېكتىپنىڭ تۈزلەڭلىكتە ئورمان بەرپا قىلىشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، گوڭشې ئەزالىرىنىڭ «تۆت ئەتراپ» قا كۆچەت تىكىشكە ئىلھام بەردۇق.

**تۆت ئەمەل** <مات> قوشۇش، ئېلىش، كۆپەيتىش، بۆلۈشتىن ئىبارەت ماتېماتىكا ئەمىلىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى.

**تۆت بۇلۇڭلۇق** <مات> ← تۆت تەرەپلىك.

**تۆت بۆلەك تەنچە** <بوت> سپورا ئانا ھۈجەيرىسى ئۇدا ئىككى قېتىم بۆلۈنۈپ ھاسىل قىلغان، بىر-بىرىگە تۇتاش بولغان تۆت دانە ھۈجەيرىلىك بىرلەشمە تەنچە. مەسىلەن، گۈل چېڭى ئانا ھۈجەيرىسى

سان كېمەيتىپ بۆلۈنگەندىن كېيىن، تۆت دانە گۈل چېڭى ھۈجەيرىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ ھۈجەيرىلەر يېتىلگەن-دىن كېيىن بىرلىشىپ، تۆت بۆلەك تەنچە بولۇپ شەكىللىنىدۇ.

**تۆت بۆلەك سپورا** <بوت> بەزى قىزىل يۇسۇنلەردە ھاسىل بولىدىغان بىر خىل ھەرىكەتسىز سپورا. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: ھەربىر سپورا خالتىسى ئىچىدىكى سپورا ئانا ھۈجەيرىسى تۆت دانە سپورىنى ھاسىل قىلىدۇ.

**تۆت بۆلەككىلىك مۇزىكا** <مۇز> تۆت خىل چالغۇ ئارقىلىق ئورۇندىلىدىغان كۆپ تاۋۇشلۇق مۇزىكا.

**تۆت پەسىل** <ئاستر> بىر يىلنىڭ ئەتىياز، ياز، كۈز، قىشتىن ئىبارەت بولغان تۆت مەزگىلى. ھەربىر پەسىل ئۈچ ئاي بولىدۇ.

**تۆت پۇتلۇق بولماق** ئىككى قولى ۋە پۇتىنى يەرگە تىرەپ، تۆت پۇتلۇق ھايۋانغا ئوخشاش تۇرماق (ئادەم ھەققىدە): قادىر تۆت پۇتلۇق بولۇپ ياتتى. * ئۇ تۆت پۇتلۇق بولۇپ مېڭىپ، بۆشۈك تۈۋىدە تۈگۈلۈپ يېتىپ، ئەمدىلا كۆزى ئۇيقىغا كەتكەن قىزنى مۇجۇپ تۇرتتى، قىز چۆچۈپ ئويغاندى.

**تۆت پۇتى ئوسمىدا قالماق** ① يىقىلىپ، پۇت-قولى ئاسمانغا قارىغان ھالدا ياتماق: ئۇ ئېرىقتىن ئاتلىشىغا پۇتى قاردا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشۈپ، تۆت پۇتى ئوسمىدا قالدى. ② كۆچمە. قاتتىق قورقماق، ۋەھىمىگە چۈشمەك: ھەببەللى! تازا جايىدا گەپ قىلىپتۇ. مەھەممەت مۇدىر، لەۋزى ھالال، دېگىنىنى قىلماي قويمايدىغان ئادەم. شۇڭا رامزان ئۇنىڭ ئېتىنى ئاڭلىسا، تۆت پۇتى ئوسمىدا قالىدۇ.

**تۆت پۇتى ئۆرە قالماق** ئاچچىقىنى، غەزىپىنى باسالماي قالماق: خاتىرجەمسىزلىك بولۇپ تۇرسا، خۇشال بولىدىغان؛ ئۆزى باشلىق بولالمىغانلىقتىن، باشقا ھەرقانداق كىشىنىڭ ھوقۇق تۇتۇشىغا ھەسەت بىلەن قارايدىغان ئادىتى بويىچە، ئۇ ئىنقىلابنىڭ دەسلەپىدىن تا ھازىرغا قەدەر مامۇت دېسە تۆت پۇتى ئۆرە قالىدۇ.

**تۆت تەرەپلىك** <مات> بىر تەكشىلىكتە ياتقان تۆت تۈز سىزىق ئارقىلىق ئورالغان گېئومېترىيىلىك شەكىل.

**تۆت تەرىپىڭ قىبلە** خالىغان يېرىڭگە كەت، قەيەرگە بارساڭ بېرىۋەر.

**تۆت تولۇك-تولۇك** ← **ئالتە تولۇك-تولۇك**: سەن تۆت تولۇك-تولۇك ئادەمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن 3-دادۇي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ توغرا يولىنى بۇزۇشقا ئورۇندۇڭ، ھەر قېتىمدا يولداشلار سېنىڭ نىيىتىڭنى سېزىپ تۇردى. * سەنلەردەك تۆت تولۇك-تولۇك، رەزىل بەتنىيەت، دەۋرنىڭ سۈپۈرۈندى-ئەخلىتى پەقەت. ئەزەلدىن چاۋسى يېپىلغان چىنقا، كىمكى ئىشلەتسە ھېيلە-سۇيىقەست.

**تۆت تېمىڭ قىبلە** ← **تۆت تەرىپىڭ قىبلە**!

**تۆت چاسا** تۆت تەرىپى تەڭ، كۋاد-رات: قازى كېكىردىكىنى قىرىپ يۆتەلگەندىن كېيىن، تۆت چاسا كەڭ ھويلىغا كىردى. * ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بېشىغا سەللە ئورىغان، ئۇزۇن تون كىيگەن، چارساقاللىق بىر كىشى خەت بېسىلغان، قانداقتۇر دەستە-دەستە تۆت چاسا قەغەزلەرنى ئالدىراپ قوينىغا تىقىۋاتاتتى.

**تۆت كوچا** ئىككى كوچا كېسىشىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن كوچا: ئەبلغازى يىغىندىن ھاياجان بىلەن قايتتى. ئۇ تۆت كوچىغا كەلگەندە، ھويلىدىكى قېرى قارىياغاچنى قونداق قىلىۋالغان قىزىل خوراز ئەنسىز قانات قېقىپ چىللىدى. * ساۋۇت مانا مۇشۇلارنى ئويلاپ خىجىل بولدى بولغاي، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، تۆت كوچا تەرەپكە

قاراپ ماڭدى.

**تۆت كوچا ئاغزى** <قاتن> ئىككى يول ياكى كوچىنىڭ ئۆزئارا كېسىشكەن جايى.

**تۆت كۆرەك** بەش يىللىق، تۇغۇلغىنىغا بەش يىل توشقان (تۆگە ھەققىدە): ئۇ باينىڭ قەرزىدىن قۇتۇلالماي، ئاخىر ئەمدىلا ئائىلىسىنىڭ ئوتۇن-ياغاچ قىينچىلىقىنى ھەل قىلىشتا رول ئوينىشقا باشلىغان تۆت كۆرەك تۆگىسىنى سېتىشقا مەجبۇر بولدى.

**تۆت كۆز** كۆزىنىڭ ئۈستىدە كۆزدەك قاشلىقى بار (ئىت ھەققىدە): تۆت كۆز ئىت.

**تۆت كۆز بىلەن تەلمۈرمەك** ← **تۆت كۆز بىلەن كۈتمەك.**

**تۆت كۆز بىلەن كۈتمەك** ناھايىتى ئىنتىزار بولۇپ كەتمەك، ئاجايىپ تەقەززا بىلەن يولىغا قارىماق: ئۇرۇشتا بىزنىڭ مىللىي ئارمىيىنى مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان خەلق ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قىسىملىرى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇرماقتا، ئۇلار جەڭچىلىرىمىزنى كۆرىمىز دەپ تەقەززا بولماقتا. * ئەتە مەن بۇ شەھەردە يوق، ماشىنا مېنى يىراق جەنۇبقا ــ قۇملار ئىچىدىكى ئىككىنچى يۇرتۇمغا ئەكېتىدۇ. ئۇ يەردە مەكتىپىم، ئايالىم، باللىرىم مېنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.

**تۆت كۈنلۈكى قالماق** كۆرىدىغان كۈنى ئاز قالماق، ھاياتى ئاخىرلاشماق، ئۆلۈم ۋاقتى يېقىنلاشماق: ئەمدى ئۇ يوق، مېنىڭمۇ تۆت كۈنلۈكۈم قالدى. ئۆلۈپ كەتسەم، مۇشۇنداق ئۆلپەتلىشىپ ئولتۇرغاندا روھىمغا دۇئا قىلىپ قويارسىلەر.

**تۆت مۈچە** <ئانات> ئادەمنىڭ پۇت-قول-لىرى ۋە بەزى ھايۋانلارنىڭ تۆت پۇتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش** سانائەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، دۆلەت مۇداپىئەسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە پەن-تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى.

**تۆتىنىڭ بىرى** جامائەتچىلىك ئارىسىدا يۈز-ئابرويىغا ئىگە، ھەممىگە تونۇلغان، نامى چىققانلارنىڭ بىرى: دېمىسىمۇ، ياۋاش، ئىچى پەم-پاراسەت بىلەن تولغان ئالتۇندەك يىگىت، ئەگەر كۆيئوغۇل قىلىۋالساق، ئىگىلىكىمىز روناق تېپىپ، يېزا بويىچە تۆتىنىڭ بىرى بولۇپ قالاتتۇق. * ئۇ تېخنىكىسى يۇقىرى، قولى چاققان، شاگىرتلارغا تەلەپچان ئادەم بولۇپ، پۈتۈن زاۋۇتتا تۆتىنىڭ بىرى سانىلاتتى.

**تۆت ئېغىز گەپ قىلماق** ئۇزۇن ئەمەس، ئازراق گەپ قىلماق: يۇقىرىدا شۇجى، جۇرنىلار سۆزلىدى، مەنمۇ تۆت ئېغىز گەپ قىلىپ باقاي.

**تۆت ئىلىك** تۆت بارماق كەڭلىكىدە، تۆت بارماق قېلىنلىقىدا؛ باغاقتەك: ھەرىنىڭ ئۆتكۈر چىشى ياغاچنىڭ غۇدۇر-بۇدۇر قوۋزىقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، قاتتىق ياغاچقا تۆت ئىلىك پاتتى. * قىز تۆت ئىلىك قەغەزگە يېزىلغان خەتنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

**تۆت ياقلىق كرىستال سىستېمىسى** <گېئول> يەتتە كرىستال سىستېمىسىنىڭ بىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كرىستال گۇرۇپپىسىغا ياتىدۇ. سىممېترىيە تۈرىدە چوققۇم پەقەت بىرلا تۆتىنچى دەرىجىلىك سىممېترىيە ئوقى ($L^4$) ياكى ئايلىنىپ قايتا سوزۇل-غان تۆتىنچى دەرىجىلىك ئوق ($L_i^4$) بولىدۇ. ئۇنىڭ گېئومېترىيىلىك تۇراقلىق بەلگىسى $\alpha=\beta=\gamma=90°, a=b\neq c$

**تۆتە يلەن** سان. تۆت كىشى، تۆت نەپەر ئادەم: مۇھىتلار ئائىلىسىدە ئاكا-ئۇكا تۆتە يلەن بىرلىكتە ھەم زىيارەت، ھەم تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى.

**تۆتلە شتۇرمەك** «تۆتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاتتىق ئىشلەپ تەر

تۆكۈپ، ماڭدۇق زامانىي پەللىگە. يېتىمىز نىشانغا بىز، تۆتلەشتۈرۈشتە غەلىبىگە.

**لەشمەك** پ. تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرماق، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرماق: ھە، بۈگۈن ئەلدە يېڭىچە باشلىنىپ كەتتى سەپەر، بۇ سەپەردىن ھەر كۈنى ئاڭلاپمۇ تۇرغانسەن خەۋەر؟ كۆر ئەنە، پەرزەنتلىرىڭنىڭ بىلدە ئالتۇن كەمەر، تۆتلەشنىڭ دولقۇنىدا قۇچقۇسى سانسىز زەپەر.

**تلىك** ئى ① مۇرەببە: بېلگە تېكىن ساۋىقنى تۆكتىپ، كىتابلىرىنى يىغىشتۇردى. سۇتۇق ئىلىكنىڭ ئالدىدىكى قەغەزنى ئېلىپ، مۇنۇ تۆتلىكنى ئوقۇدى. ② تۆت دانە بەلگە بولغان قارتا: قاغىنىڭ تۆتلىكى.

**تۆت** ئى. راۋان سۆزلىيەلمەي، دۇدۇقلاپ سۆزلەش، كېكەچ (ئادەم ھەققىدە).

**تۆتلىمەك** پ. سۆزلىگەندە بەزى تاۋۇشلارنى راۋان سۆزلىيەلمەستىن، دۇدۇقلاپ سۆزلىمەك، كېكەچلىمەك: — بۇ ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەت! — ئۇ، ئۇلۇغ تەرەپتىكى بوشلۇقتا تۇرغان جادۇ، نەيزە، گال بوغىدىغان سىم ۋە قاتىللارنىڭ قولىدىكى قىلىچ، مىلتىق ۋە ئاپتوماتلارنى مەھبۇسلارغا ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ سۆزنى داۋاملاشتۇردى، — تەكرارلايمەنكى، بۇ سىلەرگە ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەت، قايسىنى تاللايسىلەر، جادۇ بىلەن توغرىلىنىشمۇ ياكى... — دېدى تۆتۆتلەپ تۇرۇپ.

**تىنچى** سان ① تەرتىپى 4 رەقىمى بىلەن بەلگىلەنگەن، ئۈچىنچىدىن كېيىن، بەشىنچىدىن ئىلگىرى بولغان، 4-نومۇرلۇق: تۆتىنچى ئۆي، تۆتىنچى سىنىپ. تۆتىنچى توم. ＊ بىر بوۋاي «ئۆز لايىقىدا خېرىدار چىقسا ساتارمەن» دەپ بىر چاپاننى كۆتۈرۈپ يۈرۈپتۇ، بۇ چاپان بوۋايغا تۆتىنچى بوۋىسىدىن قالغانىكەن. ② كىيىم ۋە نەرسىلەرنىڭ چوڭ-كىچىكلىك ئايرىلىشىنى بىلدۈرىدىغان، ئۈچىنچىدىن چوڭ، بەشىنچىدىن كىچىك نومۇر: تۆتىنچى كالاچ. تۆتىنچى كۆڭلەك.

**تۆتىنچى ئاي** <ئاستر> ← ئاپرېل.

**تۆتىنچى دەۋر** <گېئول> يېڭى ھايات ئېراسىنىڭ ئىككىنچى دەۋرى بولۇپ، ئەڭ يېقىنقى بىر دەۋر ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋر باشلىنىپ ھازىرغىچە 2 مىليون 500 مىڭ يىل ۋاقىت ئۆتتى. بۇ دەۋردە يەر پوستى، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسى ھازىرقىدەك قىياپەت ئالغان. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: مۇزلۇقلار تەسىرىدە يەر يۈزىدە بىرنەچچە قېتىم زور مۇز مەزگىلى بولۇپ ئۆتكەن ھەمدە ئىنسانلار پەيدا بولغان.

**تۆتىنچى سىستېما** <گېئول> يېڭى ھايات ئېرا تېمىنىڭ ئىككىنچى سىستېمىسى، يەنى تۆتىنچى دەۋردە شەكىللەنگەن يەر قاتلاملىرى.

**تۆتىنچى سىستېما** <گېئول> يېڭى ھايات ئېرا تېمىنىڭ ئىككىنچى سىستېمىسى، يەنى تۆتىنچى دەۋردە شەكىللەنگەن يەر قاتلاملىرى.

**تۆتىنچى ماي ھەرىكىتى** <تارىخ> مەملىكىتىمىز خەلقى روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ۋە كوممۇنىزم ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولغان ئىنقىلابىي زىيالىيلارنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇلۇغ سىياسىي ھەرىكەت ۋە مەدەنىيەت ھەرىكىتى. 1919-يىلى 4-ماي كۈنى بېيجىڭ ئوقۇغۇچىلىرى نامايىش ئۆتكۈزۈپ، پارىژ سۈلھ كېڭىشىنىڭ گېرمانىيە چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان مەملىكىتىمىزنىڭ شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى ھەر خىل ئىمتىيازلىرىنى

ياپونىيىنىڭ ئۆتكۈزۈۋېلىشىنى ئېتىراپ قىلغان يولسىز قارارىغا ئېتىراز بىلدۈرگەن، ھەرىكەت ناھايىتى تېزدىن پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭەيگەن. تۆتنچى ماي ھەرىكىتى جەريانىدا پرولېتارىيات ئاڭلىق، مۇستەقىل كۈچ سۈپىتىدە سىياسىي سەھنىگە چىققان، ماركسىزم-لېنىنىزم مەملىكەت بويىچە كەڭ تارقىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۈچۈن ئىدىيىۋى تەييارلىق ھازىرلانغان.

**تۆتنچى ماي ياشلار بايرىمى** <تارىخ> تۆتنچى ماي ھەرىكىتىنى خاتىرىلەش بايرىمى. تۆتنچى ماي ھەرىكىتىدە مەملىكىتىمىز ياشلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلابىي روھى ۋە جاسارىتىنى تولۇق نامايان قىلغان. ياشلارنىڭ بۇ شانلىق ئىنقىلابىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىشى ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن، 5-ئاينىڭ 4-كۈنى ياشلار بايرىمى قىلىپ بەلگىلەنگەن.

**تۆتنچىلىك** «تۆتنچى» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: تۆتنچىلىككە ئېرىشمەك. تۆتنچىلىكنى ئالماق.

**تۆر** ئى ① پەگاھقا نىسبەتەن يۇقىرىدىكى جاي، ھۆرمەتلىك ئورۇن: ئۇنى دۇيجاڭ بىلەن بوغالتىر قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئادەتتىن تاشقىرى تەكەللۇپ بىلەن تۆرگە چىقىرىشتى. * تۆر، پەگاھ دەپ قاپسەن... ئۆزىمىز پەگاھتا بولغىنىمىز بىلەن كۆڭلىمىز ھەمىشە تۆردە ئاكا! ② كىرىش ئېغىزىغا نىسبەتەن ئەڭ ئىچىدىكى جاي: ئۇلار: — ھەي ساخۇ! كۆزۈڭگە قارا، هارۋا سوقۇۋېتىدۇ! ئوسمان دۇيجاڭ تەشمىنىڭ تۆرىدە تۇرۇپا ئۇسسۇۋاتىدۇ! — دېيىشتى. * ئۇلارنىڭ غارنىڭ تۆرىگە ھەقىقىي يەتكەن-يەتمىگەنلىكى ۋە غارنىڭ ئىچىدىن نېمىلەرنى ئەكەتكەنلىكى كىشىلەرگە ئېنىق ئەمەس. ③ كۆچمە. چوڭقۇر قاتلام: تەلىيىم باركى، تۇغۇلدۇم شۇ شەھەرنىڭ قوينىدا، تۇن ۋە كۈن كۆڭلۈم تۆرىدە بەر قارار دەۋر كاشغەر. * بەختسىز ئاتىنىڭ بەختىيار قىزى، ناخشىدەك ئۆمۈرنىڭ خۇش خۇي كۈيى ئۇ! كەڭ دالا-مەخمەلدەك يېشىل ئېتىزنىڭ، ئەتىردەك پۇراقلىق قىزىل گۈلى ئۇ! ھەر قەلب تۆرىدە يانار يۇلتۇزدەك، ھۆرمەت، ئىپتىخارغا تولغان قۇتلۇق نام.

**تۆر تالاشماق** مەرتىۋە، ئورۇن، چوڭلۇق تالاشماق: تېرەك تۆر تالىشار، ئۆلۈك گۆر تالىشار (ماقال).

**تۆرە** ئى ① خانلىق تۈزۈمىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار: شۇ چاغدا قارا ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۆرىسى قوزغىلاڭچىلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، مۇشۇ مەھەللىنىڭ ھېلىقى چوڭ قۇملۇقىغا كەلگەندە، قوزغىلاڭچىلاردىن بىر هارۋا «ناھايىتى قىممەتلىك ئولجا» چۇشۇرۇۋالدى. * ئۇلار تەنتەنىلىك مېڭىپ شىپاڭ ئالدىغا كەلگەندە، ۋەزىرلەر ۋە باشقا بىر قىسىم بەگ-تۆرىلەر ئۇلارنى ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالدى. ② ھۆرمەت يۈزىسىدىن كىشىلەرنىڭ نامىغا، مەنسىپىگە قوشۇلۇپ كېلىدۇ ياكى ئىسمىنىڭ ئورنىدا ئىيتىلىدۇ: مەن ئاغچىلىرىمىز بىلەن كىچىك تۆرەمنى ئىزلەپ يۈرۈپ ئارقىدا قالدىم. * بېگىمگە خىزمەت قىلغانلار، ئېتىنى ئېلىپ كەلگەنلەر. ئىلاھىم ئامان بولۇڭلار، تۆرەمنى كۆرۈپ كەلگەنلەر. ③ كۆچمە. بىيۇروكرات: ئويلاڭلار، بۇنىڭدىن غەمسىز تۆرىلەر، ئاممىنىڭ ھالىغا يەتمەيدۇ نېچۈن. سىياسەت ئۆز پېتىچە بولمايدۇ ئايان، باشلاردىن قالپاقلار كەتمەيدۇ نېچۈن!؟ ④ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**تۆرەل** ئى. بېلىق تۇخۇمى.

**تۆرەلدۈرمەك** «تۆرەلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تۆرەلدۈرۈلمەك** «تۆرەلدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تۆرەلمە** ئى ① ئانىلىق تەن ئىچىدە دەسلەپكى قەدەمدە پەيدا بولغان جانلىق تەن. ئۇ تۇخۇم ئۇرۇق قوبۇل قىلغاندىن كېيىن يېتىلىدۇ. ئادەم تۆرەلمىسى

كىندىك بېغى ئارقىلىق ئەشكە تۇتاشقان بولۇپ، ئەش ئارقىلىق ئانا تېنىدىن ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىدۇ. ② پىلە قۇرتى ئۇرۇقىدىن شەكىللەنگەن قۇرتنىڭ دەسلەپكى دەۋردىكى ھالىتى: **چۈنكى بۇ ئايال مامۇقتەك يۇمشاق پىلە تۆرەلمىلىرىگە خۇددى تۆز كۆكسىدىن يىرىپ چىققان بوۋاق بالىسىغا قىلغاندەك، ئانىلىق مېھرى بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى.** ③ كۆچمە. ئۇندۇرمە، بىخ: **شۇ چاغدا بۇ مۇلۇكسىز، ئاما ئىچىدىن يېڭى سىنىپنىڭ تۆرەلمىسى سۈپىتىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ چىققان پرولېتارىيات مۇستەقىل سىياسىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا تېخى يۈتۈنلەي قادىر ئەمەس ئىدى.**

**تۆرەلمە بىخ** <بوت> ئۆسۈملۈك تۆرەل-مىسىنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ بىرى. تۆرەلمە بىخ ئۇرۇقنىڭ پوستىنى يىرىپ چىققاندىن كېيىن، غول ۋە يوپۇرماق بولۇپ يېتىلىدۇ.

**تۆرەلمە بىخ غىلىپى** <بوت> بىر پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۆرەلمە بىخىنىڭ سىرتىدىكى كونۇس شەكىللىك قاپسىمان تۈزۈلمە. ئۇ تۆرەلمە بىختىكى يۇمران يوپۇرماق ۋە ئۆسۈش نۇقتىسىنى قوغداش رولىنى ئۆتەيدۇ، تەركىبىدە ئۆسۈملۈك ئۆستۈرگۈچى گورمونلار بولىدۇ.

**تۆرەلمە پەردىسى** <زوئول> تۆرەلمىنىڭ قوشۇمچە تۈزۈلۈشلىرى، يەنى باش سۈيى پەردىسى، تۈكلۈك پەردە، تۇخۇم سېرىقى خالتىسى، سۈيدۈك خالتىسى قاتارلىق تۈزۈلۈشلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلى-شى. بۇ تۈزۈلۈشلەر بىلەن تۆرەلمىنىڭ ئۆزى ئۇرۇقلانغان بىرلا تۇخۇمدىن تەرەق-قىي قىلغان ۋە ئاجرالغان بولىدۇ، لېكىن ئۇلار تۆرەلمىنىڭ ھەرقانداق تۈزۈلۈشىنىڭ ھاسىل بولۇشىغا قاتناشمايدۇ. ئۇلار تۆرەلمىنى قوغداشتا، ئوزۇقلىنىشتا، نەپەس-لىنىشتە ۋە ئايرىپ چىقىرىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**تۆرەلمە تەختى** <بوت> يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقدېنىنىڭ تۆرەلمە تۈگۈنى تۇرىدىغان قىسمى.

**تۆرەلمە تەخسىسى** <زوئول> تۇخۇم تۇغۇش ياكى تۇخۇم تۆرەلمىلىك تۇغۇش ئارقىلىق كۆپىيىدىغان ھايۋانلارنىڭ ئۇرۇقلانغان تۇخۇمىنىڭ تۇخۇم سېرىقى ئۈستىدە بولىدىغان ئاق داغ. ئۇ تەرەق-قىي قىلىپ يۇمران تەنگە ئۆزگىرىدۇ.

**تۆرەلمە تۆشۈكى** <زوئول> ھايۋانلار تۆرەلمىسىنىڭ يېتىلىشى دەسلەپكى ئۈچەي باسقۇچىغا كەلگەندە، ئىچكى تۆرەلمە قەۋەت ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئىچىگە ئويمانلىشى-شى بىلەن ھاسىل بولىدىغان تۆشۈك. ئۇ تۆرەلمىنىڭ ئىچى بىلەن سىرتىنى تۇتاشتۇرىدىغان يول ھېسابلىنىدۇ. بەزى ھايۋانلار (مەسىلەن، گىدرات)دا ئۇ يېتىلگەن تەننىڭ ئېغىز تۆشۈكى بولۇپ قالىدۇ، بەزى ھايۋانلار ( مەسىلەن، دېڭىز يۇلتۇزى، پاقا) دا بولسا، مەقئەت تۆشۈكى بولۇپ قالىدۇ.

**تۆرەلمە تۈگۈنى** <بوت> ئۆسۈملۈك ئۇرۇقدېنى ئىچىدىكى كىچىك شارسىمان تەنچە. ئۇ ئادەتتە ئۇرۇقدانىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ، بەزىدە ئۇرۇقدانىنىڭ سىرتىدا ئوچۇق تۇرىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. گۈل چاڭلاشقاندىن كېيىن، تۆرەلمە تۈگۈنى ئۇرۇق بولۇپ يېتىلىدۇ.

**تۆرەلمە خالتىسى** <بوت> يېپىق ئۇرۇق-لۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئانىلىق گامېتىلىق تەنچىسى. چوڭ سپورىدىن يېتىلگەن بولىدۇ.

**تۆرەلمە سۇتى** <بوت> ئۆسۈملۈك ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ بىرى. تۆرەلمىنىڭ سىرتقى ئەتراپىغا جايلاشقان بولىدۇ، تەركىبىدە كراخمال، ماي ۋە

ئاقسىل قاتارلىق ئوزۇقلۇقلار بولىدۇ. بۇلار تۆرەلمە تەرەققىياتىدىكى زۆرۈر ئوزۇقلۇق ماددىلار ھېسابلىنىدۇ.

**تۆرەلمە قاتلىمى** <بىئول> ئادەم ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار تۆرەلمە ھۈجەيرىلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە بۆلۈنۈشى ۋە ئۆز ئىچىدىكى ھۈجەيرىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ئارتىشى نەتىجىسىدە بۆلۈنگەن تۆرەلمە سىرتقى قاتلىمى، تۆرەلمە ئوتتۇرا قاتلىمى ۋە تۆرەلمە ئىچكى قاتلىمىدىن ئىبارەت ئۈچ قاتلام كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**تۆرەلمە يىلتىزى** <بوت> ئۆسۈملۈك تۆرەلمىسىنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ بىرى. تۆرەلمە ئوقىنىڭ ئاستىنقى ئۇچىغا جايلاشقان بولىدۇ. ئۇرۇق بىخلانغان چاغدا تۆرەلمە يىلتىزى ئالدى بىلەن ئۇرۇق پوستىنى يېرىپ چىقىپ، يەر ئاستىغا قاراپ ئۆسىدۇ، تەرەققىي قىلىپ ئۆسۈملۈكنىڭ ئوق يىلتىزىغا ئايلىنىدۇ.

**تۆرەلمەك** پ ① ئانىلىق تەنىدە تۆرەلمە ھاسىل بولماق: ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئابدۇللاغا سېزىك بوپتۇ، لېكىن بالىنىڭ قايسى كۈنى تۆرەلگەنلىكىنى پەرق قىلالماپتۇ. * چىن مۇھەببەت مېۋىسى بولۇپ، تۆرىلىدۇ قورساقتا بوۋاق. بۇيۈك يۈكنى كۆتۈرەر ئانا، توققۇز ئايلاپ قورساقتا ئۇزاق. ② تۇغۇلماق. دۇنياغا كۆز ئاچماق: ئاھ، بۇ نېمىدۇر؟ يېڭى بىر ھاياتلىقنىڭ بەلگىسىمىدۇر؟ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ يورۇق دۇنياغا تۆرىلىپ چۈشەرمۇ؟ * گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك كەم سۆز ۋە سۈرلۈك، دۇنياغا پەقەت ھەربىيلىككە ئاتاپ تۆرەلگەندەك، قامەتلىرى قاملاشقان، ھەيۋەتلىك بىر ئادەم ئىدى. ③ كۆچمە. پەيدا بولماق، ھاسىل بولماق: مانا ئالدىدا تىزىلغان بەتتە، كۈلۈپ تۇرىدۇ يېڭى قەھرىمان. كىرىپ بارىدۇ ئوتلۇق يۈرەككە، ئاشۇ بەتلەردىن تۆرەلگەن رومان. * قايناقارا تۈن يېرىپ ئاققان يۇلتۇزنىڭ، كەينىدە قالىدۇ ئىزى ھەرقاچان! ئىزىدىن تۆرىلەر مىليونلاپ چىراغ،

كۆرەشتىن توختىغان ئەمەس بۇ جاھان!

**تۆرەلمشۇناس** ئى. بىئولوگىيىلىك يەككە تەننىڭ پەيدا بولۇش، يېتىلىش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىم.

**تۆرەلمشۇناسلىق** ئى. بىئولوگىيىلىك يەككە تەننىڭ پەيدا بولۇش، يېتىلىش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**تۆرپە** سۈپ [ئەر] ئاجايىپ، ئەتىۋارلىق: 40 مىڭ ئات بېرىمەن تىللا ئېگەرلىك، 40 مىڭ قۇل بېرىمەن زەررىن كەمەرلىك، 40 مىڭ قۇش بېرىمەن تۆرپە جىگەرلىك، بۈگۈن بىزگە نىكاھ بولسۇن دېگەيسەن.

**تۆرچى** ← تۆرچى قاتار.

**تۆرچى قاتار** <تەن> دامكا ئويۇنىنىڭ بىر خىلى. تاختىسى ئالتە بۇلۇڭلۇق يۇلتۇز شەكلىدە بولۇپ، ئۈستىگە ئۈچ بۇلۇڭلۇق كاتەكچىلەر سىزىلغان. ئويۇنچىلار ئۆز ئالدىدىكى بۇلۇڭغا ئۇرۇقلارنى تولدۇرۇپ تىزىپ، قائىدە بويىچە يۆتكەپ ياكى ئاتلىشىپ، ئۆزىنىڭ ئۇرۇقلىرىنىڭ ھەممىسىنى قارشى تەرەپتىكى بۇلۇڭغا تىزىپ تولدۇرىدۇ. بالدۇر تولدۇرغانلار غەلىبە قىلغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تۆرۈك** I سۈپ. يۇملاق: تۆرۈك جوزا. تۆرۈك ياغاچ.

**تۆرۈك** II دىئال. يول ئۇقمايدىغان، قائىدە چۈشەنمەيدىغان، كاج، گېرى، جاھىل.

**تۆرىچىلىك** ئى. خىزمەتتىكى ۋە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتىكى قۇرۇق رەسمىيەتچىلىك، بيۇروكراتلىق: بىلمى قانچە تۆۋەن ئادەم مەنسەپكە ئېرىشسە، كىبىر پەيدا قىلىپ، باشقىلارنىڭ كۆرسەتكەن ھۆرمىتىنى «ئوغۇت» ئورنىدا كىبىرنىڭ تۈۋىگە كۆمۈپ، تۆرىچىلىك بىخلىرىنى ياشارتىدىكەن.

**تۆرلەرچە** رەۋ. تۆرلەرگە خاس رەۋىشتە: ئۇ ئىككى مۇرىسىگە پاگون تاقىغان، تۆرلەرچە كىيىنگەن، ئېگىز، يېشى 30 لارغا يەتكەن كىشى ئىدى.

**تۆرلىك** «تۆره» سۆزى ③ ① نىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بۇ كىشى خەلق ئۈچۈن نامەلۇم بولسىمۇ، ئۇنىڭ كىيىملىرىدىن چوڭ تۆرلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

**تۆرىمەك** ئى. قېپىپ، ئايلىنىپ، ئەتراپىنى پەرق ئېتەلمەس بولۇپ قالماق (باش ھەققىدە): بېشىم تۆرەپ قالدى.

**تۆزمەك** I پ. بەرداشلىق بەرمەك، چىدىماق: سۆيگەن يارىڭ بۇندا قېلىپ، چەتنى كۆزلىگەن. جاھىللىقىڭ شۇ ئەمەسمۇ، بىرگە تۆزمىگەن.

**تۆزمەك** II پ. دىئال. كۆنمەك؛ قانماق.

**تۆش** ئى ① گەۋدىنىڭ بويۇن بىلەن قورساق ئوتتۇرىسىدىكى ئالدى قىسمى، كۆكرەك: تۆش سۆڭىكى. تۆش يانچۇق. ② چارۋا ۋە قۇشلارنىڭ كۆكرەك قىسمى ۋە شۇ كۆكرەك قىسمىدىن ئېلىنغان ئۇستىخانلىق گۆش: قارلىغاچ ئۆزى قارا، بوينى بىلەن تۆشى ئالا. سەككىز ئاي ئوتتۇرىدا كۆيدۈم، بىلمىدىڭ كۆڭلى قارا. * تاۋاقتا كەلسە مايلىق گۆش، نە گۆش كىم بەلكى كەلسە تۆش، ئەزىز مېھمان راسا توغراپ، بولۇركى بەھرىمەن ئۇندىن.

**تۆش سۆڭىكى** <زوئول> قۇشلارنىڭ كۆكرەك سۆڭىكى. ئۇچۇشقا ماھىر قۇشلار-نىڭ بۇ خىل سۆڭىكى سەل-پەل كۆتۈرۈ-لۈپ تۇرىدۇ.

**تۆش ئۆلەڭ** ئېگەرنى توقۇغاندا تۆشتىن تارتىپ چىگىتىدىغان تاسما.

**تۆش يانچۇق** ئۈست كىيىمنىڭ كۆكرەك قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان يانچۇق: باۋۇدۇن ئورنىدىن ئاستا قوزغىلىپ، ئورۇق قوللىرىنى سوزۇۋىدى، ئابدۇغېنى ئارقىسىغا بىر قەدەم داجىدى ۋە توختامنامىنى ئالدىراپ-تېنەپ تۆش يانچۇقىغا سېلىۋالدى.

**تۆشەك** ئى. يېتىش ئۈچۈن سېلىنغان ئورۇن-كۆرپە: موماي قېلىن سېلىنغان تۆشەك ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇنى غاپپارنىڭ كىچىك ئاچىسى ئۆردەك قانىتىدا ياسالغان يەلپۈگۈچتە يەلپۈپ ئولتۇراتتى. * تۇر خېنىم، تۇر ئورنۇڭدىن! تويى بولغان قىزمۇ شۇنداق بولامدۇ؟ توي كۈنى سېنىڭدەك تولا يىغلاپ، تۆشەككە بارغىنىدا يىغلىغىنىغا پۇشايمان قىلغان قىزلارنى تولا كۆرگەنمەن.

**تۆشەك كىيىمى** ئىچ كىيىم، ئۇخلاش كىيىمى: قىزنى بېزىگۈچىلەر قىزغا تۆشەك كىيىمنى كىيدۈرۈشكە كىرىشىپتۇ.

**تۆشباغ** ئى [تۆش+باغ] ئېگەر، توقۇم، مۆلنى توقىغاندا، هارۋىنى قاتقاندا، هايۋانلارنىڭ تۆشىدىن تارتىپ چىگىتىدىغان تاسما ياكى ئارغامچا: نامان ئاكا ئېگەرنىڭ تۆشبېغىنى كۈچەپ تارتقان پېتى «بويناق» نىڭ ئاۋازىغا بىرپەس قۇلاق سالدى.

**تۆشتارتقۇ** ئى [تۆش+تارتقۇ] ① بوۋاقنى بۆشۈككە بۆلىگەندە قول ۋە كۆكرەك قىسمىنى تاڭىدىغان ئۇزۇنچاق لاتا. ② تۆشباغ، تۆشلۈك.

**تۆشلۈك** ئى. تۆشباغ، تۆش ئۆلەڭ: ئەمەت شۇجى ئېشەكنىڭ بوشاپ كەتكەن تۆشلۈكىنى چىگىتىپ قويدى-دە، موماي بىلەن خوشلاشتى.

**تۆشلىمەك** پ. تۆشىگە قوشۇپ تاڭماق: شاھ مەھمۇرخان قاراقچىلارغا قاراپ: — ئەي قاچقۇن ئوغرىلار، سىلەر كىم ۋە قايسى دىياردىن بولىسىلەر؟ ئاتقا تۆشلەپ باغلىغان يىگىتنى قەيەردىن ئەپقاچتىڭلار؟ بۇ كىمنىڭ بالىسى؟ ماڭا راست جاۋاب بېرىڭلار! — دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى.

**تۆشۈك** I ئى. تېشىلگەن جاي، يېرىق؛ كامار، ئويۇقچە: يىڭنىنىڭ تۆشۈكى. كەمەرنىڭ تۆشۈكى. * يىرتىق تۆشۈكتىن كۈلەر، چۆمۈچ قازاندىن كۈلەر (ماقال). * — ماتور توچكىسنى ئاساس قىلىپ باشقا جايغا يېڭى تۆشۈك ئاچتۇق، — دەپ جاۋاب بەردى ئايۇپ. // تۆشۈك مۇنچاق يەردە ياتماس، يەردە ياتسا توپا باسماس (ماقال). * تۆشۈك قۇلاق

نېمىنى ئالالماس (ماقال).

**تۆشۈك** II ئى ① ئۆينىڭ سۇپىرا، تاختا قاتارلىق تاماق سايمانلىرى ئورۇنلاشقان جايى: يەنە بايىقىدەكلا ئولتۇردى، كۆزلىرى يەنە ئۆي ئىچىگە يۈگۈردى، ئاخىرى ئۇنىڭ كۆزى تۆشۈك تەرەپتىكى تامغا يانداپ سېلىنغان كونا پالاستا توختىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كېلىپ پالاسنى ئۆرىدى. بىر ئورا كۆرۈندى. ② ئاش-تاماق ئېتىش ئىشى ۋە ماھارىتى: تۆشۈكى يوق. * رابىخان ئۇنى تۆت-بەش يېشىدىن باشلاپلا تۆشۈككە ئۆگەتكەن، ھەرقانداق تاماقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ.

**تۆشۈكى بار** ئاش-تاماق ئېتىشكە ئۇستا، تاماق ئېتىش ماھارىتى يۇقىرى.

**تۆشۈكى يوق** ئاش-تاماق ئىشلىرىدىن ئانچە خەۋىرى يوق، تاماقنى ئانچە ياخشى ئېتەلمەيدىغان.

**تۆشۈكچە** ئى. كىچىك تۆشۈك.

**تۆشۈكلۈك** I سۈپ. تۆشۈك ئېچىلغان، تۆشۈك قويۇلغان: ئالتە تۆشۈكلۈك نەي.

**تۆشۈكلۈك** II ئى. تاماق ئېتىش ئىشلىرىدىن خەۋەردارلىق، ماھىرلىق.

**تۆشلەڭ** ئى. دىئال. تۆشباغ.

**تۆشۈكلۈكى بار** ← **تۆشۈكى بار**: قادىر ئۇنىڭ سۆ تەگشەۋاتقىنىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ: «ھە، جايىدا، تۆشۈكلۈكى بار قىز ئىكەن. تارتىنمىسامۇ بولىدىكەن، بۈگۈن كۆڭلى ئوچۇق ۋاقتىتا كەپتىمەن» دەپ ئويلىدى.

**تۆكتۈرمەك** «تۆكمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بوۋاي كىچىك ئوغلىغا چايداندىكى بىرقانچە كۈن بولغان قايناق سۇنى تۆكتۈرۈپ، يېڭى قايناق سۇ ئەكىرگۈزدى.

**تۆكتۈرۈلمەك** «تۆكتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلار لەڭگەرگە كەلگەندە يول توسقۇچىلارغا ئۇچراپ قالدى. يول توسقۇچىلار تاغارنى مىجىقلاپ ياڭاق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. ئالدى بىلەن ياڭاقلار تۆكتۈرۈلدى. قالغان تاغارلار يەنە ئاختۇرۇلۇشقا باشلىدى.

**تۆكمە** سۈپ. بەك كۆپ، ناھايىتى مول، كەڭتاشا: ـ قېتى مىڭلىم، ئېلىڭ، قەشقەرنىڭ «ئاقناۋات» لىرىنىمۇ سېغىنىپ قالغانسىز، ـ رىزۋانگۈل شىرمەننانلارنى ئوشتۇپ تۇرۇپ تەكلىپ قىلدى، ـ بېيجىڭدىمۇ قوغۇن بولامدىكەن، تەمى ئوخشىشىمۇ، بۇ يىل قەشقەردە قوغۇن تۆكمە ـ بەكمۇ كۆپ بولدى.

**تۆكمە بولماق** ناھايىتى كەڭتاشا، ئىنتايىن مول بولۇپ كەتمەك: ۋالىينىڭ سېلىم بوۋاي بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقىنىغا ئۈچ يىلدىن ئاشتى. ئۇ چاغ ئۆرۈكلەر تۆكمە بولغان ياز پەسلى ئەمەس، شالاڭ بۇلۇتلار يۈرىدىغان ئەتىياز مەزگىلى ئىدى. * تويى دېگەندە ھەممە نېمە تۆكمە بولۇپ كېتىدۇ.

**تۆكمە قۇم** قاتتىق بورانда توزۇپ، خۇددى يامغۇردەك تۆكۈلگەن قۇم: پۈتۈن چۆل بىردەمنىڭ ئىچىدە توزۇپ تۇرغان توپا-تۇمان ۋە شىرقىراپ قۇيۇلۇۋاتقان تۆكمە قۇم بىلەن قاپلانغانلىقتىن، ئەتراپتا ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى.

**تۆكمە قىلىپ سېتىش** <س ئق> مونوپول كاپىتالىستلارنىڭ زور مىقداردىكى تاۋارلارنى بازار باھاسىدىن تۆۋەن باھادا سېتىشى. بۇنىڭدىكى مەقسەت، رىقابەتچىنى مەغلۇپ قىلىپ، بازارنى تارتىۋېلىپ، تاۋار باھاسىنى مونوپول قىلىۋېلىش ئارقىلىق ئەڭ يۇقىرى پايدىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

**تۆكمە يامغۇر** سۇ تۆكۈلگەندەك قاتتىق ياغقان يامغۇر: مۇنداق چوڭ تۆكمە يامغۇر بۇ يەردە ھەر ئون يىلدا بىر قېتىم ياغىدۇ، ئۇزۇنغا سوزۇلىدۇ. * قولاق پەردىسىنى يېرىۋەتكۈدەك گۈلدۈرلەۋاتقان گۈلدۈرماما، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان چاقماق، دەھشەتلىك بوران، سەلدەك قۇيۇلۇۋاتقان تۆكمە يامغۇر ئۇنىڭ بېشىنى بىرنەچچە سېكۇنت ئايلاندۇرۇپ

قويدى.

**تۆكمەك** پ ① سۇيۇق ياكى چېچىلىدىغان نەرسىلەرنى باشقا نەرسىگە چۈشۈرمەك. ئاغدۇرماق: قىز ھەررۇ قازان-قومۇچلارنى يۇيۇپ، يۇندىسىنى يۇندى چېلەكگە؛ ئۆينى سۈپۈرۈپ، ئەخلەتنى ھويلىدىكى ئورىغا تۆكۈپتۇ. * ئۇ مەن كۆتۈرۈپ كىرگەن خالتىنى قاراپ بىرپەس تۇرۇپ قالدى-دە، خالتىنىڭ ئاغزىنى پەم بىلەن ئېچىپ، قۇرۇق يېمىشلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى پارقىراپ تۇرغان چوڭ بىر پەتنۇسقا تۆكتى. ② چۈشۈرمەك، تاشلىماق: يۇلغۇنلار چېچەكلەپ كۆلدى ئۇ كېچە، بۇ كېچە سارغىيىپ تۆكتى يوپۇرماق. ئۆتكەن يىل بىر موماي كۆز يۇمغان ئۆيدە، كۆز ئاچتى دۇنياغا بۇ يىل بىر بوۋاق. ③ خىش، كېسەك قاتارلىقلارنى قۇيماق: ــ كېسەك لازىم دېدىلىما، كېسەك دېگەننى بىزدەك ئوغۇل بالا تۆكمەي كىم تۆكىدۇ دەيلا. كېسەك تۆكۈشمۇ بىر ھۈنەر دېسىلە. ④ كەڭتاشا سەرپ قىلماق: قولاقلىرىغا خۇش ياققان بولسا، ئاخىرىنى ئاڭلىسىلا، مەن ئۆزى مەدەنىي، ئاتا-ئانىسى ئابرويلۇق كىشىلەر تاپسام خۇدايىم بۇيرۇسا، ئىككى ساندۇقتىكى مال-دۇنيارىمنى تۆكۈپ، مەسلىھەت چېيى ــ كىچىك چاي، چوڭ چاينى كىشىنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك ئۆتكۈزۈپ، تازا كۆڭۈلدىكىدەك توي قىلىپ بېرىمەن. ⑤ ئاقتۇرماق، ئېقىتماق، (كۆز يېشى، قان، تەر ھەققىدە): ئېلى ھويلىغا كىرىپ، چۆچۈگەن ھالدا تۇرۇپلا قالدى. قادىرنىڭ يۈزلىرى يىغىدىن ئىششىپ كەتكەن، ئۇ يەنىلا ئۈنسىز ياش تۆكمەكتە ئىدى. ⑥ كۆچمە. چاچماق، پۇركۈمەك، ياغدۇرماق: قۇياش پۈتۈن ئەتراپقا يىللىق نۇر تۆكۈپ تۇراتتى. * بىز ياشايمىز قۇياش بالقىپ نۇرلار تۆككەن زاماندا، بەختىيارلىق چىن ھۇزۇرلۇقنى بەخش ئەتكەن زاماندا. ⑦ كۆچمە. كۆڭۈلدىكىلىرىنى ئېيتماق، ئېيتىپ كۆڭلىنى بوشاتماق: شۇ كۈنى ئايشەمخان ھەدە خەلق باغچىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ لىتىپ ئاخۇننى تېپىپ، كۆڭلىدىكى ھەسرىتىنى تۆكۈپ، بولۇۋاتقان بۇ قالايمىقانچىلىقلارنىڭ سەۋەبىنى بىلمەكچى ئىدى. * ھېيتاخۇن ئېسىنى بىلگەندىن بېرى، بىر ناننى تەڭ تالىشىپ يەپ چوڭ بولغان بۇ قەدىناس دوستىغا ئىچىگە تولۇپ كەتكەن دەردىنى بىراقلا تۆكۈپ بەردى. ⑧ كۆچمە. يوق قىلماق، چۈشۈرمەك: ئابرويىنى تۆكمەك. * جىنايەتچى ئۆز جىنايىتىنى بويىنىغا ئېلىۋاتسا، بىز يەنە چوڭقۇرلاپ تەكشۈرىمىز دەپ ئاخىرىدا باشقا نەتىجىگە ئېرىشەلمەسەك، ئۆزىمىزنىڭ خەلق ئالدىدىكى ئىناۋىتىمىزنى تۆكۈپ قويارمىزمىكىن.

**تۆكۈشمەك** «تۆكمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: 2/ مۇشۇ خورلۇقلاردىن ئازابلىنىپ بېرىۋاتقان ئىرپان قاتارلىق يىگىتلەر ئەپ تاپسىلا دەردىنى تۆكۈشۈپ نارازىلىق بىلدۈرەتتى ۋە ئىرپاننىڭ ناخشا-مۇزىكىسى بىلەنمۇ ئىچىنى بوشىتىشاتتى. * خىشنىڭ تېگى چوڭقۇر ئازگال ئىدى، ئازگالدىن بىر خالتىنى تارتىپ چىقىرىپ، زىلچا ئۈستىگە تۆكۈشتى.

**تۆكۈلمەك** ① «تۆكمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قوينۇڭدىن تۆكۈلسە، قونچۇڭغا (ماقال). * ئەكبەر بىر چۆگۈن چاينى كۆتۈرۈپ كىرىشىگىلا مامۇت بىلەن زايىت ئۇنى كاپىلا قىلىپ تۇتۇپ باستى-دە، باغلىدى. چۆگۈن يەرگە چۈشۈپ چاي تۆكۈلدى. * ھېلىراقتا تۆكۈلگەن نومۇسنى قانداق ئاقلاشنى بىلمەيۋاتاتتى، قورسىقى بولسا كۆيۈپ يېرىلغۇدەك بولۇپ تۇراتتى. ② توزۇپ چۈشمەك، چۈشۈپ كەتمەك: ئۇ بۇ قېتىم پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارسا ئۆزىگە ياخشى كۆن يوقلۇقىنى ئويلاپ، «ئەجەل دەرىخى» دەپ ئاتالغان ئەنجۈرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە قىزىل ئەنجۈردىن بىر تال ئۈزۈپ يېگەنىكەن، شۇ زامانلا ئۇنىڭ ساقاللىرى تۆكۈلۈپ، ياش يىگىتكە ئايلىنىپتۇ.

**تۆكۈۋەتمەك** پ [تۆكۈپ+ئەتمەك] ① كۆپ مىقداردا يۆتكەپ ئەكەلمەك، چۈشۈرمەك: ئاخشام كەلگەن پويىز نۇرغۇن يارىدارلارنى بۇ ۋوگزالغا تۆكۈۋەتكەن بولۇپ، مەيدان خۇددى سايىنىڭ

تېشىدەك يېتىپ كەتكەن كىشىلەر بىلەن تولغانىدى.
② كۆچمە. كۆپ مىقداردا قىرىپ تاشلىماق، ئۆلتۈرمەك: دۈشمەنلەرنى پىلىموت بىلەن تۆكۈۋەتمەك.

**تۆگە** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تېنى ئېگىز ۋە چوڭ، دۈمبىسىدە لوككىسى بولىدۇ؛ تۇيىقى تەكشى ۋە ياپىلاق بولۇپ، ئاستىدا گۆشلۈك ياتمىسى بولىدۇ؛ قۇملۇقتا مېڭىشقا ماسلاشقان، كۆز قاپىقى قوش كېلىدۇ، بوراندىن قورقمايدۇ. كۆشەيدۇ؛ ئاچلىققا چىدامىلىق، پۇراش سېزىمى ئۆتكۈر، يىراقتىكى سۇ مەنبەسىنى بايقىيالايدۇ ھەمدە بوران چىقىدىغانلىقىنى ئالدىن سېزەلەيدۇ؛ مىنىشكە، يۈك توشۇشقا ئىشلىتىلىدۇ، قۇملۇقتىكى مۇھىم قاتناش قورالى ھېسابلىنىدۇ.

**تۆگە تاپان** <تىب> بۇنىڭ نورمال ئۆزەڭگىلىك ئەگمىسىنىڭ تۆۋەنلىشى ياكى تۈزلىنىپ كېتىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئېغىر يۈك كۆتۈرىدىغان، دائىم ئۆرە تۇرۇپ ئىشلەيدىغان ياكى ئۆكچىسىنى كۆچەپ دەسسەيدىغان كىشىلەردە ئۆزەڭگىلىك ئەگمىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان تارمۇش ۋە گۆشلەرنىڭ زىيادە چارچاپ، بوشاپ كېتىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ، ئايرىم كىشىلەردە نەسىلگە تارتىپ يۈز بېرىدۇ. بۇ كېسەل پۇتنىڭ تىرەكلىك رولىغا تەسىر قىلىپ، ماڭغاندا ئوڭاي چارچايدىغان، ئاغرىيدىغان؛ ئۆرە تۇرغاندا ئەپلىشەلمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ.

**تۆگە تايلاق بولماق** گەدىنىگە مىنىپ ئولتۇرماق.

**تۆگە تايلاق قىلماق** بالىنى ياكى قوي، موزاي قاتارلىقلارنى گەدەنگە مىندۈرۈپ كۆتۈرمەك: **ئابلا توپاقنى تۆگە تايلاق قىلىپ كۆتۈرۈپ، يۈلتۈنۈپ ئورنىدىن تۇرغاندا، ئۇنىڭ خام كۆڭلىكىدىن خۇددى جۇۋاز قاچىسىدەك پۇلتىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان قوۋۇرغىلىرى غارا سلاپ كەتتى.**

**تۆگە تۆگىلەك قىلماق** ← **تۆگە تايلاق قىلماق**: **ئۇ ئارقىدىن جانىقان باشلىق بىرنەچچە كىچىك ساۋاقدىشىنى يېنىغا ئېلىپ، ھەتتا بوينىغا تۆگە تۆگىلەك قىلىپ مىندۈرۈپ رەسىمگە چۈشۈرۈپ، خاتىرە قالدۇردى.**

**تۆگە كۆردۈڭمۇ، يوق** ئۆزىنى ھېچ نەرسە كۆرمىگەن، بىلمىگەن قىلىپ كۆرسىتىش لازىملىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: **ئەگەر قارشىلىق چىقمىسا، ئاستا-ئاستا كېڭەيتىۋالارمىز. ناۋادا پىتنە-پاسات قوزغىلىدىغان بولسا يىغىشتۇرۇۋېتىپ، تۆگە كۆردۈڭمۇ، يوق دەپ تۇرساق قانداق بولار؟ بۇنىڭغا سىز قانداق قارايسىز؟**

**تۆگىنى چۆچەكتە سۇغارغاندەك** زور ئېھتىياجنى كىچىككىنە نەرسە بىلەن قاندۇرۇشنىڭ تەس ۋە نامۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: **ئۇكام ياسىن، بىر كۈن چاڭقاپ كەتمەن چاپساق، باقاندەك ئالتە ئوغۇلغا بىر سويما تەڭلىكىنىڭ نېمىسى، تۆگىنى چۆچەكتە سۇغارغاندەك بىر ئىش بولدىمۇ نېمە؟**

**تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە تەگكەندە** ← **تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە يەتكەندە**: **ئەخمەتباينىڭ بۇ چوڭقۇر گوداڭغا سالدىغان ئۆيى تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە تەگكەندە پۈتىدىغان ئوخشايدۇ.**

**تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە يەتكەندە** ئەمەلگە ئاشمايدىغان ياكى ئەمەلگە ئاشىشى ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن ئېشىش ئېھتىمالى بولغان ئىشقا قارىتىلىپ ئېيتىلىدۇ: **مەن ئېيتاي ئەپەندىم، بالا مېنىڭ، مەن ئۇنى مۇشۇنداق چاغدا ئەسقاتارمىكىن دەپ تاپقانمەن! سىلە ئۇنداق تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە يەتكەندە بولىدىغان ئىشلارنى ئالدىغا تاشلاپ سەپرايىمنى ئۆرلەتمىسىلە، تولا!**

**تۆگە يوپۇقى** چومنىڭ ئاستىغا سالىدىغان كىگىز.

**تۆگۆرتمەك** «تۆگۆرمەك» پېئىلىنىڭ

مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تۆگۆرمەك** پ. نان ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەرنى چاي ۋە باشقا سۇيۇق نەرسىلەرگە تەگكۈزمەك، چۆكۈرۈپ نەمدىمەك: ئاسىدەم بىر بۇردا ناننى چايغا تۆگۆرۈپ ئاغزىغا سېلىپ، يەنە سۆزلىگىلى تۇردى. * چۈش بولاي دېگەندە، ئىمرەمزە كەلدى. ئۇ سېرىق قوناق زاغرىسىنى قېتىققا تۆگۆرۈپ، شالاپلىتىپ يېيىدى.

**تۆگۆرۈشمەك** «تۆگۆرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۆگۆرۈلمەك** «تۆگۆرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تۆگتاپان** ئى [تۆگە+تاپان] <بوت> ئۇغرىتى-كەن ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇدۇل ئۆسىدۇ، شەكلى سوقىچاق؛ گۈلى قىزغۇچ بېغىر رەڭ بولۇپ، يوپۇرماق قولتۇقىدىن جۈپ بولۇپ ئۆسۈپ چىقىدۇ؛ غوزا مېۋىسى تۇۋرۇكسىمان، شەكلى سوقىچاق بولىدۇ؛ ئۈستى قىسمى دورا قىلىنىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىش رولىغا ئىگە.

**تۆگتاز** ئى [تۆگە+تاز] سەلب. ئېگىز بويلۇق كىشى: قاراڭلار ماۋۇ تۆگتازنى!

**تۆگتىكەن** ئى [تۆگە+تىكەن] <بوت> چاتقال تىپىدىكى بىر خىل تاغ ئۆسۈملۈكى. غولى ئىنچىكە، تال-تال ئۆسىدۇ، سېرىق چېچەكلەيدۇ، ئۇرۇقى پۇرچاقتەك ئۇششاق ۋە كۆكۈچ بولىدۇ.

**تۆگسىگىر** ئى [تۆگە+سىگىر] <بوت> چاتقال تىپىدىكى تاغ ئۆسۈملۈكى. غولى يېيىلىپ ئۆسىدۇ، ئۇششاق، قىزىل چېچەكلەيدۇ.

**تۆگىچى** ئى ① تۆگە بېقىش ۋە ئۆستۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: ئاقسۇدا بىر تۆگىسى ئۇشتۇمتۇت ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقتىن، ئىشەنچلىك بىر تۆگىچى ئىزلەپ قىسقا ۋاقىت تۇرۇپ قالغانىدى. ② تۆگە بىلەن كىراكەشلىك قىلغۇچى: ئاقسۇدىن چىققىنىغا سەككىز كۈن بولغان تۆگىچى بۈگۈن يېرىم كېچىدە كۇچادىكى خوتەن سارىيىغا چۈشكەنىدى. ③ قاغىلىق ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**تۆگىچىلەپ** رەۋ. تۆگىدەك، تۆگىگە ئوخشاش قىلىپ: تۆگىچىلەپ سىيمەك.

**تۆگىچىلەپ سىيمەك** قىلغان سۆزىدىن، ۋەدىسىدىن يېنىۋالماق، ئارقىغا سۇرمەك: 3-ئايدا تۆگتىمىز دېگەن پىلاننى تۆگىچىلەپ سىيىپ 6-ئايغا كېچىكتۈردۇق. بۇنىڭ بىلەن ئومۇمىي ئىشقا تەسىر يەتتى.

**تۆگىچىلىك** ① «تۆگىچى» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: دادام بۇرۇن نامان باينىڭ ئۆيىدە تۆگىچىلىك قىلغانىكەن. ② ئى. چارۋىچىلىقنىڭ تۆگە بېقىش، ئۆستۈرۈش نەسىللەندۈرۈش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ساھەسى: تۆگىچىلىك مەيدانى. تۆگىچىلىك فېرمىسى.

**تۆگىچىلىمەك** پ. دېگەن سۆز ۋە ۋەدىسىدىن يېنىۋالماق: سايىت ئاخۇن، ھېلى «بەش مو يەرنىڭ چىقىمىنى 15 كۈندە ئېلىپ بولىمەن» دەپتىلە، توختىخاننىڭ قاپىقىغا بىر قاراپلا «25 كۈندە ئاران تۆگە نكۈدەكمەن» دەپ تۆگىچىلىگىلى تۇردىلىغۇ؟

**تۆگىدەك** سۈپ ① تۆگىگە ئوخشاش: ھەي! نېماداق تامدىن تۆگىدەك بوينۇڭنى سوزۇپ يۈرىسەن؟ ② كۆچمە. چوڭ، زور، ئۆسكىلەڭ: قاسىمباينىڭ قىزى تۆگىدەك بوپتۇ، تېخى قولاق ئاغرىقى يوق ئوخشامدۇ؟ * يىگىننىڭ تۆشۈكىدەك يەردىن تۆگىدەك سوغۇق كىرىدۇ.

**تۆگنقۇش** ئى [تۆگە+قۇش] <زوئول> ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ چوڭ قۇشلارنىڭ بىرى. ئېگىزلىكى ئۈچ مېتر كېلىدۇ، بوينى ئۇزۇن، بېشى كىچىك، تۇمشۇقى ياپىلاق، قانىتى

قىسقا ۋە كىچىك، ئۇچالمايدۇ؛ پۇتى ئۇزۇن ۋە كۈچلۈك، مېڭىشقا يۈگۈرۈشكە باپ؛ چىشىسىنىڭ پەيلىرى كۈل رەڭ، ئەركىكىنىڭ قانىتى بىلەن قۇيرۇق پەيلىرى ئاق كېلىدۇ؛ ئافرىقىنىڭ يايلاق ۋە قۇملۇقلىرىدا ياشايدۇ.

**تۆگىقۇلاق** ئى [تۆگە+قۇلاق] <بوت> قامچا ئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى يالغۇز، تىك ئۆسىدۇ، ئېرىقچىسمان يوللىرى بولىدۇ؛ تۈۋىدىن چىققان يوپۇرماقلىرى توپلىشىپ ئۆسىدۇ، سېپى ئۇزۇن بولىدۇ؛ غولىدىن چىققان يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، كىچىكرەك كېلىدۇ ۋە گىرۋىكىدە ئۇششاق كەمتۈكلىرى بولىدۇ؛ گۈل رېتى كونۇسسىمان بولۇپ، ئۇچىدا ئۆسىدۇ؛ مېۋىسى قاناتلىق، گىرۋىكى جىگەررەڭ كېلىدۇ؛ ئۇرۇقى ئۈچ قىرلىق بولىدۇ، يىلتىزى توم ۋە چوڭ، قارامتۇل بولىدۇ؛ يىلتىزى بىلەن غولى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، تەمى قېرىق، زەھەرسىز. ئىسسىقلىقنى قايتۇرىدۇ، چوڭ تەرەتنى راۋان قىلىدۇ، تۇسالغۇلارنى بۇزۇپ، ئۇيۇپ قالغان قانلارنى تارقىتىدۇ، غەلۋىرەكنى ساقايتىدۇ.

**تۆگىلىك** سۈپ. ① تۆگە مىنگەن: يىراقتىن يېشىل كىيىم كىيگەن تۆگىلىك بىر كىشى كېلىۋاتاتتى. ② تۆگىسى بار، تۆگىگە ئىگە: شۇنداق قىلىپ، يەر ئىسلاھاتىدا بىزگە تۆت تۆگە بېرىلدى. بىزمۇ تۆگىلىك بولۇپ قالدۇق.

**تۆڭگە** ئى. دەرۋازىغا بېكىتىلگەن تۆمۈر ھالقىلىق تۇتقۇچ، ھالقا: ئۇ دەرۋازىنىڭ تۆڭگىسىنى تۇتتى. ھويلىدىن ئىككى ئادەم كۈلۈشۈپ چىقىپ كېلىۋاتاتتى.

**تۆڭگىلەك** ① رەۋ. يۇملاق، ھالقا شەكلىدە دىلە يىساخان دەرھال توختىدى. ئۇلار زىغىر پاخلى ئۈستىگە تۆڭگىلەك بولۇپ ئولتۇرۇشتى. ئاينۇر ئىسلىشىپ تۇرغان مەشنى چۇخچىلاپ، يېرىندىلارنى سېلىپ يۆۋلىدى. ② سۈپ. كاللەك: دۈيىدىن تۆت تۆڭگىلەك دارامەت ئالدىم، ھۆكۈمەتكە ئىككى تۆڭگىلەككە ئاش ساتتىم.

**تۆڭگىلەك كىلمەك** پ. ھالقا شەكلىدە يۆگىمەك، تۆڭگىلەك قىلماق: مېھرى ئىككىلىنىپ تۇرماي ئۇزۇن چاچلىرىنى تۆڭگىلەك كىلەپ چىگىپ قويۇپ، بېھوش ياتقان ياشنى تەسلىكتە ھاياش قىلدى.

**تۆل** ئى. تۇغۇلۇپ قاتارغا قوشۇلغان قوزا، ئوغلاق: ــ ئۇنداق بولسا ئاكا، ــ دېدى سەپەر تۇقۇم بېشىنى بىلىنەر-بىلىنمەس سىلكىپ، ــ مەن ساڭا ھېساب قىلىپ بېرەي، بۇ يىل قىشتا بىر تۆلنى سوغۇقتا تۈگىلتىپ قويدۇق. يەنە بىر تۆل بولسا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ئۆلۈك تۇغۇلدى.

تۆل ئالماق تۇغۇلغان تۆلنى ئەي قىلىپ، قاتارغا قوشماق: قاغىلىق ناھىيىسىدىكى كۆكيار گۈڭشېسى كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، قىيىن شارائىتنى ئۆزگەرتىپ، چارۋا ماللارنى ئەتىيازدىن ئامان ئۆتكۈزۈش، تۆل ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى.

**تۆلە تكۈزمەك** «تۆلىمەك» پېئىلىنىڭ تۇرۇش مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى: بۇ ئىشنى شۇنداقلا باستۇرۇپ قويۇشقا بولمايتتى. پەمسىز يىگىتلەرگە ئاچچىقىم كەلگەنلىكتىن، گۇناھنى ئۆزلىرىگە يۈكلىدىم-دە، ئۇلارغا ئەزالار ئالدىدا جەرىمانە تۆلەتكۈزدۈم، ئەمما بۇنىڭ بىلەنلا ئىش تۈگىمىگەنىكەن.

**تۆلە تمەك** «تۆلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئادىل بېشىنى تۆۋەن سېلىپ گەپ قىلمىدى. لېكىن ئادىلنىڭ تېڭىرقاپ قالغان تەڭتۇشلىرى: ــ ئادىل، قاچ! قارىغىنا، سائەتنى سۇندۇردۇڭ، تۆلىتىدۇ، داداڭغا ئايرىدۇ، تۆلەيسەن، چاتاق! ــ دەپ چۇرقىراشتى.

**تۆلە شىمەك** «تۆلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك

دەرىجىسى: بۇ يىلقى تەقسىمات ياخشى بولدى، دۆيمىزدىكى دېھقانلارنىڭ قولىغا پۇل كىرىپ، ھەممىسى قەرزلىرىنى تۆلەشتى.

**تۆلەڭ** ئى. تۆلىنىدىغان، قايتۇرۇلىدىغان نەرسە: بايىقى ئۇۋچى يىگىت ئەنە شۇ سەپەرقۇل دېگەن مالچىنىڭ ئوغلى ئىدى. سەپەرقۇلنىڭ ئۆزى بولسا، 15 يېشىدا قەرز تۆلىگى ھېسابىغا ۋاڭ ئوردىسىغا قۇللۇققا تۇتۇلغانىدى.

**تۆلەڭگە قالماق** تۆلىنىدىغان، قايتۇرۇلىدىغان نەرسە زىممىسىگە چۈشمەك: بۇ ئېتىزغا ئەخمەت ئاخۇننىڭ قويلىرى كىرگەن تۇرسا، ئۇنىڭ تۆلەڭگە مەن قالسام ياخشى بولمىدى. تىكەننى كىرگەن يەردىن ئالايلى، جېنىم شۇجى.

**تۆلەڭگە كەتمەك** تۆلەشكە تېگىشلىك نەرسە ئۈچۈن ئېلىپ كېتىلمەك: بوۋاي ھارۋىنىڭ شوتىسى، ئاتنىڭ پۇتى سۇنغىنى، ھارۋىكەش ھامۇتقا ئارتىلىپ، بىر توپىقى تۆلەڭگە كەتكەنلىكى قاتارلىقلارنى دېدى.

**تۆلەم** ئى ① باشقىلارغا ياكى كوللېكتىپقا يەتكەن زىيانغا تۆلىنىدىغان ھەق؛ زىياننى تولدۇرۇشقا بېرىلگەن پۇل: –ئۇستام، مانا بۇنى يانلىرىغا سېلىپ قويسىلا، بۇ ئوغرىلانغان نەرسىلەر ئۈچۈن تۆلەم، – دېدى ئۇ كىشى. ② ئۇرۇشتا يېڭىلگەن دۆلەت يەڭگەن دۆلەتكە تۆلەيدىغان ئۇرۇش چىقىمى.

**تۆلەم سودىسى** <سودا> سېتىۋالغۇچى تەرەپ پۇل قەرز ئېلىش شەكلى بىلەن يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن ئۈسكۈنە، ماشىنا ۋە تېخنىكا قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ، قەرزنى زاۋۇت پۈتكەندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئارقىلىق قەدەممۇقەدەم تۆلەيدىغان بىر خىل سودا شەكلى.

**تۆلەم كەلمەك** تۆلەم تۆلەش مەجبۇرىيىتى ئۈستىگە يۈكلەنمەك: «قىلغاننى كۆرەرسەن» ئەستە تۇت بۇنى، رەھىم قىل، ساڭمۇ كەلمىسۇن تۆلەم.

**تۆلەنمەك** «تۆلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: – نېمىدېگەن سەتچىلىك بۇ؟ – دەيتتى رۇقىيەم ئىچىدە، – ئەگەر ئۇ پۇل ئەتىلا تۆلەنمىسە ...ياق! – رۇقىيەم خىيالىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.

**تۆللەنمەك** «تۆللىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قويىنى قوشلاپ تۆللەتكەن، كۆرسەتكۈچنى ئۆرلەتكەن، چارۋا مالنى كۆكلەتكەن، ئاغرىتقا ھەم شىپا قىز.

**تۆللىمەك** پ. تۇغماق، قوزىلىماق: رۇستەم ئاكا بارماقلىرىنى پۈكۈپ قانداقتۇر بىر ھېسابنى قىلىپ باقتى-يۇ، ئەمما چىقىرالمىدى. ئاخىرى قىزى چولپاندىن سورىدى: – قىزىم، مۇشۇنىڭ بىلەن قانچە ساغلىق قوشكېزەك تۆللىدى؟

**تۆلىمەك** پ ① ئېلىنغان، سەرپ قىلىنغان، پايدىلانغان نەرسىلەر ئۈچۈن ھەق ياكى پۇل قايتۇرماق، بەرمەك: كىرا ھەققىنى تۆلىمەك. * – قۇرۇق رەھمىتىڭىزنى كۆتۈرۈڭ نېرى، – جەننەتخان ئاغزىنى پۈرۈشتۈردى، – ئۆينىڭ ئىجارىسىنى تۆلەپ چىقىپ كېتىشسىلە. * ئەتىسى ئات ھارۋىلىرىمۇ كۆزدىن يوقالدى. مەن ئۈچ-تۆت كۈنلۈك ياتاق ھەققىنى ئۆزۈم تۆلەپ، ئۈرۈمچىگە بارىدىغان ھارۋا ئىزلەشكە چىقىپ كەتتىم. ② قەرزنى قايتۇرماق، زىممىسىدىكى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلماق: ئەزالىق بەدىلىنى تۆلىمەك. قەرزنى تۆلىمەك. خىيانەتنى تۆلىمەك. باج تۆلىمەك. * – بىچارە، ئاغزىنە يېرىدىن ئالغان ھوسۇلى بىلەن غەللە-پاراقنى تۆلىيەلمەي يامۇلغا سولىنىشتىن قورقۇپ، ئېشكىنى سېتىپ بېرىپتۇ، ئەمدى ئۇ مەھەللىدىن شەھەرگىمۇ كىرەلمەيدۇ، – دېدى نورۇز. * – بۇنىڭ قىزىق يېرى شۇكى، – دېدى ئەنۋەر قىزىنىپ، – ئارپا، بېدە تېرىمىغان

دېھقانمۇ يېرىنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئارپا-بېدە تېرىغان ھېسابىدا باشقىلاردىن سېتىۋېلىپ، بۇ سېلىقنى تۆلەيدۇ. ③ يەتكۈزگەن زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇ- ماق، ھەققىنى بەرمەك: قان تۆلىمەك. * ئۇ چاغدا ھېسابنى مەن بېرەي، شۇ چاغدا تارتقان ھەممە زىيانلىرىڭىزنى تۆلەپ بېرەي، بالامنى قويۇپ بېرىڭ. * - ياق، بوۋا، - دېدى ئەركىن قولىنى قاچۇرۇپ، - ئەينىكىڭىزنى سۇندۇرۇپ قويۇپ، سىزنى بىرنەچچە ۋاقىت قىيناپ قويدۇم، كەچۈرۈڭ، ئەينەكنى تۆلەپ بەرمىسەم بولمايدۇ.

**تۆمە** ئى [ئە] ئوزۇق، يېمەكلىك: ماخونىڭ بۇرۇن بىر ئىتى بار ئىدى. ئۇ ئەتىدىن-كەچكىچە مەھەللە ئارىلاپ، ئەخلەت دۆۋىلىرىنى ئاختۇرۇپ، ئۇنى-بۇنى تېپىپ يەيتتى ياكى ئۆيلەردىن تۆكۈلىدىغان يۇندى ئىچىدىن قورسىقى تويغۇدەك تۆمە ئىزلەپ كۈننى ئۆتكۈزەتتى.

**تۆمەلمەك** (توغرىسى: تۆنەلمەك) ← **تۆنەلمەك.**

**تۆمۈر** ① ئى <خم> كۈل رەڭ ياكى ئاقۇچ كۆمۈش رەڭ، سوزۇلۇشچان، سوقۇلۇشچان مېتال ئېلېمېنت. خىمىيەۋى بەلگىسى Fe. نەم ھاۋادا ئاسان داتلىشىدۇ، سانائەتتە قارا رەڭلىك مېتال دەپ ئاتىلىدۇ؛ پولات تاۋلاشنىڭ مۇھىم ماتېرىيالى، شۇنداقلا ھاياتلىقلار تېنىدە كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل ماددا: تۆمۈر تاۋلاش سېخى بۇ يىل پىلاننى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. // قېچىر چەشلەنگەن بۇغدايىنى كومۇلدىتىپ يېگىلى تۇرۇپتۇ. پىخسىق باي بۇ ھالنى كۆرۈپ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپ، ئاغزىنى بۇزۇپ تىل سالغىنىچە يۈگۈرۈپتۇ ۋە قولىدىكى تۆمۈر ئارا بىلەن قېچىر ئۈستىدىكى مەرھۇمنى بىرنەچچىنى ئۇرۇپتۇ. ② سۈپ. قاتتىق: يېزىغا بېرىپ بىرەر يىلغا بارمايلا، ئۇنىڭ قولى كەتمەن بىلەن تۆمۈر بولۇپ كەتتى. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**تۆمۈر باكتېرىيىسى** <بوت> كۆل، دەريالاردىكى نەم توپا تەركىبىدە بولىدىغان ۋە بىر ۋالېنتلىق مولېكۇلىنى ئوكسىدلاپ، ئۈچ ۋالېنتلىق تۆمۈر بىرىك- مىلىرىگە ئايلاندۇرىدىغان باكتېرىيىلەر.

**تۆمۈر پەنجە** ← **تۆمۈر تىرناق:** ئۈچ مىڭ يىلدىن بېرى ھۆكۈم سۈرگەن فېئوداللىق ئاسارەتنىڭ تۆمۈر پەنجىسىگە ئۆمۈچۈك تورىغا باغلانغاندەك، باغلىنىپ كەلگەن جۇڭگو يېزا قىشلاقلىرى مانا شۇنىڭدىن باشلاپ تۈپ ئاساسىدىن يېڭى بۇرۇلۇشلار ياساشقا باشلىدى.

**تۆمۈر تاپان** قاتتىق ئېزىش، دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە: شۇنداق ئىنىم، بىزنىڭ ۋەتىنىمىز - جۇڭگو ئۇزاق تارىخقا، پارلاق مەدەنىي مەدەنىيەتكە ۋە ئەقىل پاراسەتلىك، ئەمگەكچان 500 مىليون نوپۇسقا ئىگە، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ دۆلەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇ چاغلاردا جاھانگىرلار ۋە ئىچكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا تېخى قەد كۆتۈرەلمىگەنىدى.

**تۆمۈر تاۋاق** مەڭگۈ مەھرۇم بولمايدى- غان، باقىۋەندە ئىمتىياز: بۇنىڭدىن باشقا، كادىرلارنى ئىشلىتىش، مۇكاپاتلاش، جازالاش، پېنسىيىگە چىقىرىش، خىزمەتتىن چېكىندۈرۈش، شاللاشنىڭ نورمال چارىلىرى بولمىدى. ئىشقىلىپ، خىزمەتتە ياخشىلارمۇ، ناچارلارمۇ ئوخشاشلا تۆمۈر تاۋاققا ئىگە بولىۋەردى، كىرىشلا بار، چىقىش يوق؛ ئۆرلەشلا بار، چۈشۈش يوق بولۇپ قالدى.

**تۆمۈر تىرناق** قاتتىق زالىملىق بىلەن رەھىمسىز باشقۇرۇشقا نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ: تاجاۋۇزچىلارنىڭ تۆمۈر تىرنىقىنى كېسىپ تاشلايلى!

**تۆمۈر تىكەن** تۆمۈردىن تىكەنلىك قىلىپ ياسالغان سىم.

**تۆمۈر تىكەنلىك توسۇق** <ھەرب> تۆمۈردىن تىكەنلىك قىلىپ ياسالغان بىر خىل سىم تور توسۇق. ئۇچى خۇددى تىكەنگە ئوخشايدۇ. ئۇنى مۇھىم يول

ئېغىزى ياكى سۇغا ئورۇنلاشتۇرغاندا، دۈشمەننىڭ ئەسكەر ۋە ئاپتوموبىللىرىنىڭ ھەرىكىتىنى توسقىلى بولىدۇ.

**تۆمۈر چارۋا** ئۆلمەيدىغان، يۈتمەيدىغان، ئازايمايدىغان، ئەمما كۆپىيىدىغان چارۋا، يەنى ئۆتمۈشتە چارۋىدارلارنىڭ چارۋىچىلارغا ئاشۇرۇش، كېمەيتمەسلىك شەرتى بىلەن تۇتقۇزغان چارۋىسى. تۆمۈر چارۋا سانىدىكى چىقىم چىقىرىۋېتىلمەيدۇ، شۇ سان ساقلىنىپ قالغان ئاساستا ئاشقانىنىڭ مەلۇم قىسمى چارۋىچىغا بېرىلىدۇ: ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ تاغدا تۆمۈر چارۋا سانىقى يەنە بىرىنچى بولۇپ باشلاندى. يىراق-يېقىندىكى مالچىلارنىڭ ھەممىسى باققان ماللىرىنى ھەيدەپ، ساناق مەيدانىغا توپلىنىشقا باشلىدى.

**تۆمۈر خوراز** ① سەلب. باشقىلارغا نەپ بەرمەيدىغان، پىخسىق: توختاش تازا بىر تۆمۈر خوراز تۇرسا، ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەتە مېھمانغا بارىمىز دېگىنىڭلار ئىشەنچسىز بىر گەپ بولۇپتۇ. ② ئىقتىسادچىل، تېجەشلىك بىلەن ئىش كۆرىدىغان: تۆمۈر خوراز روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ھەر تەرەپلىمە ياخشى ئېلىپ بارايلى.

**تۆمۈر خورازلىق قىلماق** سەلب. پىخسىقلىق، پىششىقلىق قىلماق: توختاخۇننىڭ تۆمۈر خورازلىق قىلىپ تاپقان-تەرگىنى ئۆزىگە ئەسقاتماي، ئوغرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

**تۆمۈر دېتى** <خىم> پولات-تۆمۈرنىڭ نەم ھاۋادا ئوكسىدلىنىشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدىغان تۆمۈر (III) ئوكسىدى ($Fe_2O_3$) ۋە تۆمۈر ئوكسىدى ($FeO$) نىڭ بىغىر رەڭلىك ئارىلاشمىسى.

**تۆمۈر زاكى** <گېئول> ئانئورگانىك بىرىكمە. تەركىبى يەتتە مولېكۇلىلىق كرىستال سۈيىدىن ئىبارەت بولغان تۆمۈر (II) سۇلفات ($FeSO_4.7H_2O$). ئۇ بىر خىل كۆك رەڭلىك كرىستال جىسىم بولۇپ، بوياق، سىياھ ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلەشتە خام ئەشيا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە تىزاپ ئىشلەشكە ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن قان ئازلىق كېسەللىكىنى داۋالاشقا بولىدۇ.

**تۆمۈر سۇلفات** <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $FeSO_4$. ئېرىتمىسىدىن يەتتە مولېكۇلا سۈنى تۇتۇپ كرىستاللىنىدۇ ($FeSO_4.7H_2O$)، كرىستالى سۈس يېشىل رەڭدە بولۇپ، تېخنىكىدا كەڭ قوللىنىلىدۇ، يەنى ياغاچنى چىرىتىشتىن ساقلاش، سىياھ، بېرلىن كۆكى تەييارلاش، يورۇتقۇچى گازلارنى ھىدروگېن سۇلفىد ۋە سىئانىدىن تازىلاش، يېزا ئىگىلىكىدە ھاشاراتلارنى يوقىتىش قاتارلىقلاردا كەڭ قوللىنىلىدۇ.

**تۆمۈر سىزىق** گىلەمچىلىك دۇكىنىدىكى ئەنتارتقۇنىڭ ئۇچىدىكى ئىلمەك سىم.

**تۆمۈر قورال** <ئارخېئول> قەدىمكى زامانلاردا تۆمۈردىن ئىشلەنگەن ئىشلەپچىقىرىش قورالى ۋە تۇرمۇش جابدۇقلىرىنىڭ ئورتاق نامى.

**تۆمۈر قورال دەۋرى** <تارىخ> مىس قورال دەۋرىدىن كېيىنكى بىر دەۋر. بۇ دەۋردە ئىنسانىيەت تۆمۈردىن ئىشلەنگەن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىجات قىلغان ۋە ئىشلەتكەن، بولۇپمۇ ساپان ئىشلەتكەن. مەملىكىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5-ئەسىردىلا تۆمۈر قوراللار ئىشلىتىلىشكە باشلىغان.

**تۆمۈر كاربىد** <خىم> قاتتىق ھەم چۈرۈك بولغان كرىستاللىق بىرىكمە.

مولېكۇلا فورمۇلسى $Fe_3C$ .

**تۆمۈر كۆك** ← قارا كۆك: 7-مارت ئاخشمى ـ ئاياللار بايرىمى هارپىسدا، ئۇ ئۇچىسغا تۆمۈر كۆك رەڭلىك كاستۇم-بۇرۇلكا كىيىپ، بوينىغا توخۇلۇك گالستۇك تاقاپ، يانچۇقىغا بىر بوتۇلكا جۇن سېلىپ، كەيپ هالدا شەۋقىيەنىڭ ئىشكى ئالدىغا كەلدى.

**تۆمۈر ماگنىيلىق مىنېرال** <گېئول> تەركىبىدە سىلتىسى ئوكسىدنىڭ مىقدارى ئاز، تۆمۈر بىلەن ماگنىينىڭ مىقدارى كۆپ بولغان جىنس هاسىل قىلغۇچى مىنېراللارنىڭ ئورتاق نامى. ئاساسلىقلىرى زەيتۇن تاش، پىروكسېن، ئامفىبول ۋە قارا چىرىمتالدىن ئىبارەت. ماگمىلىق جىسىملار رەڭگىنىڭ ئاچ-توقلۇقى ئادەتتە تەركىبىدىكى تۆمۈر ماگنىيلىق مىنېرال مىقدارىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

**تۆمۈر مېتېئورىت** <ئاستر> مېتېئورىتنىڭ بىر تۈرى. ئاساسلىق تەركىبى تۆمۈر بولۇپ، 90 ـ 95 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ، تەركىبىدە يەنە نەچچە پىرسەنتنى ئىگىلەيدىغان نىكېل ۋە ئاز مىقداردا كوبالت، مىس، فوسفور ۋە گۈڭگۈرت قاتارلىق ئېلېمېنتلار بولىدۇ.

**تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقماق** هەر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا قىلماق، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق: نېملا بولمىسۇن، ئەزالار بىلەن بىرگە ئىشلەۋاتقىنىمنى هاكىمنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكى بەكمۇ بەلەن ئىش بولدى. بۇنداق پۇرسەتنىڭ كەلمىكى تەس، شۇڭا تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇشۇم كېرەك.

**تۆمۈر ئېرىتمىسى** <سانا> تۆمۈرنىڭ ئېرىتىلگەندىن كېيىنكى سۇيۇق هالىتى.

**تۆمۈر-تەرسەك** ئىشلىتىلمەيدىغان، بۇزۇلغان تۆمۈر سايمانلار ۋە هەر خىل مېتال، تۆمۈرلەر: ئۇ يەردە كېرەكتىن چىققان، تۆمۈر-تەرسەككە ئايلىنىپ كەتكەن يەتتە-سەككىز ئاپتوموبىلدىن باشقا هېچ نەرسە يوق ئىدى. * ئۇلار ماخودا تۇرۇپ زايە بولغۇچە دەپ، ئۇ تراكتورنى گوڭشېدىكى تۆمۈر-تەرسەك دۇكىنىغا ئاپىرىپ سېتىۋەتمەكچى بولدىمىكىن.

**تۆمۈرتۇمشۇق** ئى [تۆمۈر+تۇمشۇق] <زوئول> بىر خىل قۇش. پۇتى قىسقا، بارماق ئۇچلىرىدا ئۆتكۈر تىرناقلىرى بولىدۇ، دەرەخقە يامىشىشقا ماهىر كېلىدۇ؛ تۇمشۇقى تۈز ۋە ئۇچلۇق، تىلى ئىنچىكە، ئۇزۇن ۋە ئىلمەك بولۇپ، دەرەخ قوۋزاقلىرىنى چوقۇلاپ، قۇرتلارنى ئېلىپ يەيدۇ؛ قۇيرۇقى قاتتىق بولۇپ، دەرەخنى چوقۇلىغاندا تېنىنى تىرەش رولىنى ئۆتەيدۇ. ئۇ بىر خىل پايدىلىق قۇش بولۇپ، «جاڭگال دۇمباقچىسى» ، «توقچاق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تۆمۈرتىرناق** ئى [تۆمۈر+تىرناق] <زوئول> بۈركۈتنىڭ بىر خىلى. كۆكسى ئاق، دۈمبىسى قارا، بېشىدا تۈكى يوق، بوينى ئاق كېلىدۇ؛ پۇتى قارىغۇجىنىڭكىدەك ئۆتكۈر تىرناقلىق ۋە كۈچلۈك بولىدۇ.

**تۆمۈرتىكەن** ئى [تۆمۈر+تىكەن] <بوت> ئوغرىتىكەن: ۋۇيۇڭ توسۇۋېلىپ لەشكەرلىرىگە شۇ يەردە قوش تىكىپ، ئەتراپىغا ئورەك، خەندەك كولاش، خەندەكنىڭ ئىچىگە تۆمۈرتىكەنلەرنى تاشلاپ قويۇشنى بۇيرۇدى.

**تۆمۈرچى** ئى. تۆمۈردىن هەر خىل ئەسۋاب ھەم سايمانلارنى ياسايدىغان ھەم ئۇنى رېمونت قىلىدىغان كىشى: تۆمۈرچىنىڭ بىر ئۇرغىنى، يىڭنىچىنىڭ يۈز ئۇرغىنى (ماقال). * شۇجى 50 ياشلارغا يېقىنلاپ قالغان، ئوتتۇرا بوي، گەۋدىلىك، قارامتۇل كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشى تۆمۈرچى بولۇپ، مۇشۇ

زاۋۇتنىڭ بىرىنچى ئەۋلات ئىشچىلىرىدىن ئىدى.

**مۈرچىلىك** ئى. تۆمۈردىن تۆمۈر سايمان ۋە جابدۇقلارنى ياساش، رېمونت قىلىش كەسپى: بۇ دېھقاننىڭ چوڭ ئوغلى مامۇت دادىسىنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن تۆمۈرچىلىكنى ئۆگەندى. * — ماڭىمۇ رۇخسەت بەرسىڭىز. تۆمۈرچىلىك سېخىدا بۈگۈن ئادەم ئاز، ئىش كۆپرەك تۇرىدۇ، بۇ يەردە تىلنى چۈشەنمەيدىغان-كىنونى كۆرگەندەك ئولتۇرالمايدىغاندەك تۇرىمەن، - دېدى ئايۇپ.

**مۈردەرەخ** ئى [تۆمۈر+دەرەخ] <بوت> تۆمۈر دەرەخ ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان چاتقال. يوپۇرماقلىرى تۆمۈنە شەكلىدە بولۇپ، غولىنىڭ ئۇچىدا توپلىشىپ ئۆسىدۇ؛ گۈلى سۇس قىزىل ياكى سۆسۈن رەڭدە بولىدۇ، تروپىك بەلباغ رايونلىرىدىن چىقىدۇ؛ مەنزىرە ئۈسۈملۈكى قىلىنىدۇ. «سىكاس دەرىخى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**مۈردەك** سۈپ. ناھايىتى قاتتىق، مۇستەھكەم: ئۇ تۆمۈردەك قولى بىلەن قولۇمنى سىققاندى، تاس قالدىم «ۋاي! ...» دەپ تاشلىغىلى.

**مۈرقالپاق** ئى [تۆمۈر+قالپاق] <گېئول> گۈڭگۈرت بىرىكمىلىك كان ياتقۇلىرىنىڭ ئوكسىدلىنىش بەلبېغىدىكى قالدۇق قىسمى. ئۇ كان ئىزدەشتە ناھايىتى مۇھىم بولغان بىر خىل بەلگە ھېسابلىنىدۇ.

**مۈرلۈك** ① سۈپ. تەركىبىدە تۆمۈر بار. ② ئى. چاقىلىق ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**تۆمۈرلۈك ئاقسىل** <بىئول> تەركىبىدىكى تۆمۈر ماددىسى 23 پىرسەنتنى ئىگىلەيدىغان بىر خىل ئاقسىل. مولېكۇلا مىقدارى تەخمىنەن 750,000 بولىدۇ. ھەر خىل سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىدا زور دەرىجىدە ساقلىنىدۇ. ئۇنىڭ فىزىئولوگىيىلىك رولى گېموگلوبىننىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن تۆمۈر ماددىسىنى زاپاس ساقلاپ بېرىشتىن ئىبارەت.

**تۆمۈرلۈك تىتان تېشى** <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $FeTiO_3$. كرىستاللىرى ئۈچ ياقلىق كرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، رومبا ۋە تاختا شەكلىدە كېلىدۇ؛ ئادەتتە تاغ جىنسلىرى تەركىبىدە دانىچە ھالىتىدە قالايمىقان تارقالغان بولىدۇ، رەڭگى توق كۈل رەڭ كېلىدۇ، يۈزىدە قارىدىن قوڭۇرغىچە بولغان يوللىرى بولىدۇ، يېرىم مېتال پارقىراقلىقىدا؛ ئىنتايىن ئاجىز بولغان ماگنىتلىقىقا ئىگە، قاتتىقلىقى 5 ــ 6، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 4.7 ــ 5؛ ئادەتتە ماگنىت بىلەن بىرگە ئاساسلىق ماگما جىنسلاردىن چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشقارلىق جىنسلاردىمۇ ئۇچرايدۇ؛ ئېلېمېنت قېتىشمىلىرىنى تاۋلاش ۋە تىتانلىق ئاقارتقۇچ ئىشلەشتە خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**تۆمۈريول** ئى [تۆمۈر+يول] <قاتن> مەخسۇس پويىز ئۈچۈن لايىھىلەنگەن رېلىسلىق يول.

**تۆمۈريولچى** ئى. تۆمۈريول ساھەسىدە ئىشلىگۈچى ئىشچى، خىزمەتچى: تۆمۈريولچى يارىمنى، ئەسلەيمەن سەھەر-كەچتە. ياغلىقنا يۈرەك سۆزۈم، يارنىڭ يولدا كۆزۈم.

**تۆمۈريول قىسمى** <ھەرب> تۆمۈريول مۇھاپىزىتى ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان قىسىم تۈرى. ئۇ ئادەتتە كۆۋرۈك، تونېل، لىنىيە قاتارلىق ھەر خىل كەسپىي - قىسىملاردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ.

**تۆمۈنە** ئى. مۆلە، توقۇم تىكىشكە ئىشلىتىدىغان، ئۇچى نەيزىسىمان، ئۆتكۈر كېلىدىغان، يىپنى ئېلىپ تارتىدىغان تۆشۈكچىسى بار، تۇتقۇچلۇق چوڭ جۇۋالدۇز: ئون تال يىڭنىنى سوقسا، بىر تال تۆمۈنە

بولماس (ماقال).

**تۆمۇنە يوپۇرماق** <بوت> تۆمۇنە شەكىللىك يوپۇرماق. ئۇنىڭ ئاستى قىسمى كەڭ، ئۈستى ئۇچلۇق كېلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى كەڭلىكىنىڭ ئۈچ-تۆت ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ.

**تۆنەتمەك** «تۆنىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھاشىم ئاكام چوڭ ئىككى پارچە گىلەمنى تۆنىتىپ، ھارۋىسىغا سېلىپ، سامان توشۇشقا خامانغا كەتتى.

**تۆنەشمەك** «تۆنىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۆنەلمەك** «تۆنىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تۆنىمەك** پ. يىرتىلغان جايىنى ياكى ئىككى پارچە رەختنى چوڭ-چوڭ يۆمەپ تىكمەك: سارىخان غەلۋىرىنىڭ يىرتىلغان جايىنى تۆنەپ، خامانغا تەييار بولۇپ تۇردى.

**تۆھپە** ئى [ئە] ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن كۆرسەتكەن، ماختاشقا لايىق، پەخىرلىنەرلىك ئىش؛ سىڭدۈرگەن ئەجىر، خىزمەت ۋە شۇ خىزمەتتە كۆرۈلگەن نەتىجە: قاۋۇلئاخۇن: ــ ئايخان موماي جىلىڭ ئالتۇندەك ئېسىل ئايال. ئۇ 80 ياشتىن ھالقىپ كەتكەن بولسىمۇ، غەيرەتلىك، دادۇيىمىزنىڭ بۈگۈنكى كۈنىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئۇنىڭ تۆھپىسى ئاز ئەمەس، ــ دېدى. * بىلەمسەن، تارىختا ئۇلۇغ قەھرىمانلار، ئىجادكارلار، ئالىملار ئۆتكەن، لېكىن ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرىنى ھەدېگەندىلا نۇرغۇن كىشىلەر چۈشىنىپ يەتمىگەن.

**تۆھپە قوشماق** مەلۇم كوللېكتىپ، مەلۇم ساھە، مەلۇم ئىش ئۈچۈن تىلغا ئېلىنارلىق خىزمەت، نەتىجە، ئەجىرنى تەقدىم قىلماق: يازغۇچى زۇنۇن قادىرنىڭ ئۇيغۇر دىرامچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى زور. * ئۇلار بۇغراخانغا چوڭ ياردەم قىلىپ كەلگەن، ئەل ئىشىغا تۆھپە قوشقاندى. * ئۇ سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشقا ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك كۈچىنى تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ.

**تۆھپە قىلماق** سوغا، ھەدىيە قىلماق، تەقدىم قىلماق: كۆرۈپ قېرى دەمىسلەر، چاچلىرىمنىڭ ئېقىنى. يىللار قىلغان تۆھپە شۇ، كۆرمۇدۇم تۇرمۇش زوقىنى. * بۇ دەۋرنىڭ بىباھا گۆھەر، ئۇنىڭ قەدرىنى بىلىۋ ئوغلۇم. ۋەتەننىڭ زور بىناسىغا، جىمنى تۆھپە قىل ئوغلۇم.

**تۆھپە ياراتماق** ۋەتەن، خەلققە پايدىلىق بولغان، يېڭىلىق، كەشپىيات خاراكتېرىدىكى مەلۇم بىر ئىش ياكى خىزمەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەك: ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە ياراتقانلارنىڭ نامى تارىختا مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. * سىز ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى، مۇبارەك نامىڭىز ياڭرايدۇ تىلدا. ئەل ئۈچۈن ياراتقان شانلىق تۆھپىڭىز، ساقلىنار قۇياشتەك ئەبەدىي دىلدا.

**تۆھپىسىز** سۈپ. تۆھپىسى يوق، تۆھپە قوشمىغان: يېڭى يىل سېنىڭدەك تۆھپىكار يىلدىن، تۆھپىسىز دەل ئونى ئۆتتى بىھۇدە. شۇ يىللار زىيىنى تونۇتتى بىزگە، يېڭى يىل قەدرىنى قايتىدىن يەنە.

**تۆھپىكار** ئى [ئە+پ] تۆھپىسى بار، تۆھپە ياراتقۇچى كىشى: پاختىدىن مول ھوسۇل ئالغان تۆھپىكارلار تەقدىرلەندى. // ئەسلەيدۇ مەڭگۈ ئەۋلادىم مېنىڭ، ئاشۇ تۆھپىكار باتۇر قىزىنى. دەۋرىمدە سانسىز ئامانىسالار، چىقماقتا ئۇنىڭ بېسىپ ئىزىنى.

**تۆھپىكارلىق** «تۆھپىكار» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۆمۈرنىڭ بابىدا ھەر ئادېمگە چىن ۋاپا ياختى، تومۇزدا ئەل ئۈچۈن سايە، تېرەك-بوستانە بولساڭچۇ. يېپىلسە مېۋە گەر دىلدا چوقۇم ياد ئەيلىنەر باغۋەن، كۆرەشتە تۆھپىكارلىقتىن ھامان نىشانە بولساڭچۇ.

**تۆھمەت** ئى [ئە] باشقىلارنى قارىلاش، ئەيىبلەش مەقسىتىدە ئويلاپ چىقىرىلغان

ئاساسسىز گەپ-سۆز؛ بەتنام، بۆھتان، يالا: تۆھمەت تاش يارىدۇ، بايقىمسالىڭ باش يارىدۇ (ماقال). * ئىرىم بولغۇچى شۇ گۇناھىم ئۈچۈن، كىنوخاندىن سۆرىگەن پېتى ئۆيگە ئەكىلىپ تۆھمەت تىللىرىنى ياغدۇرۇپ، تالڭ ئاتقۇچە ئۇردى، ۋارقىراپ ناله قىلىپ ياتتىم، ئاۋازىم نەگىمۇ يېتەتتى؟ * مەن ھەقنە بىرەر يەرگە ئەرز قىلىپ، يەلكە مدىكى تۆھمەتلەرنى ئاغدۇرۇپ، سايىملارنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاشقا ئاجىز ئىدىم.

**تۆھمەت چاپلىماق** باشقىلارغا ئاساسسىز گەپ-سۆز، بۆھتانلارنى يۈكلىمەك، ئارتماق؛ ئىغۋا تاراتماق: چىرايى تامدەك تاتىرىپ ئۆزى تىترەيتتى: — شۇنداقمۇ تېخى، — دېدى چىشلىرىنى كىرىشتۈرۈپ، — ماڭا تۆھمەت چاپلىماقچىمۇ سەن، ئاۋۋال ئۆزەڭنىڭ تۇغماسلىق ئەيىبىڭنى ئاقلاشنى ئويلا.

**تۆھمەت قىلماق** باشقىلارنى ئاساسسىز، يالغان گەپ-سۆز بىلەن ئەيىبلىمەك، قارىلىماق: ئابىت سەن ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلمىغىن. * بىزگە نېمەدەپ تۆھمەت قىلسەن، خۇدايىتائالادىن قورقمامسەن!

**تۆھمەتكە قالماق** ← **تۆھمەتكە ئۇچرىماق**: ياخشى نىيەت بىلەن ئەتكى ئىشتىن ئالدىن خەۋەر بەرگىلى بارغان سابىر «ئوغرى» دېگەن تۆھمەتكە قالدى.

**تۆھمەتكە ئۇچرىماق** باشقىلارنىڭ ئاساسسىز تۆھمەت قىلىشىغا دۇچ كەلمەك، تۆھمەت قىلىنماق: ياق، قىزىم، مەن ئوغلۇمنىڭ خەلقنىڭ دۈشمىنى بولۇپ قالغانلىقىغا مۇتلەق ئىشەنمەيمەن. ئۇ بىرەر يامان ئادەمنىڭ تۆھمىتىگە ئۇچراپتۇ.

**تۆھمەت يېشى** بىر قوشۇپ ھېسابلىنىدىغان يالغان ياش. ئادەم تۇغۇلغاندىن كېيىنلا 12 ئايغا توشمىسىمۇ بىر ياش ھېسابلىنىدۇ. ھەر يېڭى يىل كىرىشى بىلەنلا تۇغۇلغان ئاي كۈنىگە قارىماستىن بىر ياش قوشۇلىدۇ. مۇنداقتا ئۇنىڭ ئەمەلىي يېشىدىن بىر-ئىككى ياش ئارتۇق چىقىدۇ: مېنى شۇ كىشىگە ياتلىق قىلغان، ياتلىق بولغان ۋاقتىمدا تۆھمەت يېشىم بىلەن 14 كە كىرگەن ئىدىم. مەخسۇم ئۇ ۋاقىتتا 60 ياشقا ئۇلاشقان زات ئىدى دېسەلە تەقسىر. ئۇنىڭ چوڭ ئايالى بار ئىدى. * «تۆھمەت يېشى» بىر-ئىككىنى قوشار ئىدى، تار قەپەسكە ئۇ قىز دەرھال چۈشەر ئىدى.

**تۆھمەتچى** ئى. باشقىلار ئۈستىدە تۆھمەت، يالغان گەپلەرنى قىلىدىغان ئادەم، ئىغۋاچى: ھە، سىزنىڭچۇ، ئەمدى شۇنچە مۇھىم مەسىلىنى پاش قىلغان كىشى تۆھمەتچى بولۇپ قالدىمۇ؟ * ئىككى غالچا بۇ ئويۇننى ئوينىدى، قالغان ئىشنى قازى ئەپلەپ جايلىدى. مەن ئېلەك — بىر غالچىسى بايۋەچچىنىڭ، شېرىكى بولدۇم خېلەك تۆھمەتچىنىڭ.

**تۆھمەتخور** ئى. باشقىلارغا تۆھمەت قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن كىشى، تۆھمەتچى: تۆھمەتخور ئاخىرى تۆھمەت بىلەن ئۆلەر (ماقال). * خېلى زامانلاردىن كېيىن، ئۇ ئۆتكۈنچى سودىگەر يەنە بىر شەھەرگە كېلىپ چۈشۈپتۇ. بۇ شەھەردە بىر تۆھمەتخورنىڭ تۆھمىتىگە ئۇچراپ، شەھەر ھاكىمى ئالدىغا دەۋاغا بېرىپتۇ. // دەۋرىمىزنىڭ ئادالەت نۇرلىرى بىلەن، پاكلاندىڭ سەن بۈگۈن قايتىداڭ ئارىغا. تۆھمەتخور دۈشمىنىڭ شەرمەندە بولۇپ، ئاخىرى ئېسىلدى ھەققەت دارىغا!

**تۆھمەتخورلۇق** «تۆھمەتخور» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ تۆھمەتخورلۇقى بېشىغا چىقتى.

**تۆھمەتكار** ئى. تۆھمەت قىلغۇچى، تۆھمەتچى ئادەم: تۆھمەتكارلار بىر كۈندىلا تۈگەپ كېتەرمۇ؟ ئۇلار بولىدىكەن، تۆھمەت يەنە بولىدۇ.

**تۆھمەتكارانە** رەۋ. تۆھمەتچىلەرگە خاس،

تۆھمەت تۇسنى ئالغان ھالدا: بۇ ماقالدا ئۇ نامەتنىڭ تۆھمەتكارانە قىلغان ھۇجۇملىرىغا قارشى ئۆزىنى قالتىس ئاقلاپ چىققاندى.

**تۆھمەتنامە** ئى. تۆھمەت قىلىپ يېزىلغان خەت: مەن ئىشەندىم نە ئۈچۈن نەس قازنغا، قارىدىم نېچۈن نادانلار ئاغزىغا؟ ئىشنىپ نېچۈن شۇ تۆھمەتنامىغا، نە ئۈچۈن چۈشتۈم شەرئەتدامغا؟

**تۆۋە** (توغرىسى: تووۋا) ← **تووۋا**.

**تۆۋەن** ① سۈپ. پەس، ئاست: مېۋىلىك دەرەخنىڭ بېشى تۆۋەن (ماقال). * گۈندىپاي كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى، تاشۋاي بېشىنى چاڭگاللاپ يىغلاپ تاشلىدى. ② ئى. مەلۇم بىرنەرسىنىڭ پەس، ئاياغ تەرىپى: مەن ئۆز-ئۆزۈمدىن جىلە بولغان ھالدا بۇلاق بېشىغا يېتىپ كەلدىم. بۇ بۇلاق ئېگىز ئېتىز قىرىنىڭ تۆۋىنىدە بولغاچقا، يىزا تەرەپتىن قارىغاندا، بۇ يەر كۆرۈنمەيتتى. * كېيىن ئاستا ياستۇقتىن كۆتۈرۈلۈپ، ئەدىيالنى ئېچىپ قاراپ، قېتىپلا قالدىم، سول پۇتۇمنىڭ تىزدىن تۆۋىنى كېسىپ تاشلانغاندى! خىلمۇخىل خىياللار كاللامنى چىرمىۋالدى. ③ سۈپ. كۆچمە. نەتىجە، سۈپەت جەھەتتىن ناچار، دەرىجىسى كېيىن: ئۆتكەن قېتىملىق ئىمتىھانغا ئايالىم قاتناشقان، نەتىجىسى بەك تۆۋەن چىقىپ قالدى. راستىنى ئېيتسام، ئايالىمنى ئىمتىھان نەتىجىسىگە قاراپ رەسمىيلەشتۈرۈشكە توغرا كەلسە، بەك ئۆزۈنىغا سوزۇلۇپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ. ④ سۈپ. دەرىجە جەھەتتىن نىسبەتەن كەينىدە تۇرىدىغان، يۇقىرى ئەمەس: بۇنى كىم قىلغاندۇ؟ شۇ چاغدا ئۇلۇغ تەرەپتىكى قوشنىنىڭ ئىشكى ئېچىلىپ، تۆۋەن سىنىپتا ئوقۇيدىغان دىلشات بوقچىسىنى ئېسىپ چىقىپ كەلدى. ⑤ سۈپ. كۆچمە. ئاز، كەم؛ قىممەت ئەمەس: كېرەم زاپخوز بىلەن ئىككىمىز بىر-بىرىمىزگە مەنىلىك قارىشىۋالدۇق. دېمەك، ئۆي بۇ ئەھۋالدا ئىكەن، ئۇنىڭ ئىجارىسىمۇ تۆۋەن بولۇشى كېرەك دەپ ئويلىدۇق. * ئۇنىڭ گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ ئەزالىقىغا تارتقان ئادەملىرى دەسلەپكى 45 كىشىدىن ئاران يەتمىشكە يېتىپ، پىلاندىكى ساندىن يەنىلا كۆرۈنەرلىك تۆۋەن ئىدى. ⑥ سۈپ. پەس، كۈچسىز؛ ئاستا: تۆۋەن ئاۋاز. * ئىشنىڭ سۈرئىتى مۆلچەردىكىدىن خېلى تۆۋەنىدى. ⑦ كۆچمە. ئى. تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇن، تەشكىلات: شۇمۇ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ بىر باشلىقى قىلىدىغان ئىشمۇ؟ مېنىڭ بىرنەچچە كۈن تۆۋەنگە كەتكەن ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ-ھە! * مەسىلە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈپ، تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ تۇرۇشقا، كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ تۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىدە.

**تۆۋەن ئاۋاز دولقۇنى** <فىز> ئىنسانلار ئاڭلىيالايدىغان، ئەڭ تۆۋەن چاستوتىدىنمۇ تۆۋەن بولغان تەۋرىنىش دولقۇنى. ھەر سېكۇنتتا 16 قېتىمدىن ئاز تەۋرىنىدۇ. بۇ خىل دولقۇن ئۆلتىرا ئاۋاز دولقۇنىدىنمۇ يىراق ئارىلىققا بارالايدۇ، زىلزىلىقى ئوخشىمىغان مۇھىتنىڭ چېگرىداش يۈزىگە دۇچ كەلگەندە قايتىدۇ. دېڭىز-ئوكيان تەكشۈرۈشى، كان بايلىقلىرىنى قېزىش، تىببىي داۋالاش، راكېتا ۋە سۈنئىي ھەمراھ قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىدۇ.

**تۆۋەن بېسىم** <فىز> ① نىسبەتەن تۆۋەن بولغان بېسىم كۈچى. ② 250 ۋولتتىن تۆۋەن بولغان توك بېسىمى.

**تۆۋەن بېسىم رايونى** <مېتېئور> ھاۋا بېسىمى تۆت ئەتراپتىكى ھاۋا بېسىمىدىن تۆۋەن بولىدىغان رايونلار. بۇخىل رايونلاردىكى ھاۋا ھەمىشە يۇقىرىغا ئۆرلەپ، بۇلۇت ۋە ھۆل-يېغىننى شەكىللەندۈرىدۇ.

**تۆۋەن بېسىم قايىنمى** <مېتېئور> يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدىكى تەڭ بېسىم يۈزىدە

بولىدىغان، مەركىزى تۆۋەنرەك ھاۋا قايىنمى. تۆۋەن بېسىم قايىنمىدىكى ھاۋا شىمالىي يېرىم شاردا سائەت ستىرېلكىسىنىڭ تەتۈر يۆنىلىشى بويىچە ئاقىدۇ ۋە يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ، ھەمىشە يامغۇرلۇق ھاۋانى شەكىللەندۈرىدۇ.

**تۆۋەن بېسىم ئوقۇرى** <مېتېئور> ئوخشاش ئېگىزلىكتىكى تۆۋەن ھاۋا بېسىم مەركىزىنىڭ سىرتقا يېيىلغان ئوقۇر شەكىللىك قىسمى.

**تۆۋەن پروگرامما** <پەلس> پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىكى كۆرەش نىشانى، ئۇ پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ ئاخىرقى كۆرەش نىشانى يەنى ئالىي پروگراممىسىغا نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تۆۋەن پروگراممىسى ــ يېڭى دېموكراتىزمدىن ئىبارەت.

**تۆۋەن تېمپېراتۇرا** <فىز> نىسبەتەن تۆۋەن بولغان تېمپېراتۇرا. فىزىكىدا، سۇيۇق ھالەتتىكى ھاۋانىڭ 192°C ـ دىن 263 °C ـ قىچە بولغان تېمپېراتۇرىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق مىكرو ئورگانىزم** <بىئول> تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل مىكرو ئورگانىزم.

**تۆۋەن چاستوتا** <ئېل> نىسبەتەن تۆۋەن بولغان چاستوتا. رادىئودا ئادەتتە 15 مىڭ گېرتىس ياكى 20 مىڭ گېرتىستىن تۆۋەن بولغان ئېلېكتر ماگنىت تەۋرىنىشى تۆۋەن چاستوتا دېيىلىدۇ.

**تۆۋەن دەرىجىلىك تاۋار** <سودا> سۈپىتى ھەم تەننەرقى تۆۋەن بولغان تاۋار.

**تۆۋەن دەرىجىلىك جانلىقلار** <بىئول> تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانلار بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئورتاق نامى.

**تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋان** <زوئول> تەن قۇرۇلۇشى ئاددىي، توقۇلما ۋە ئورگانلىرى ئېنىق بۆلۈنۈپ چىقمىغان ئومۇرتقىسىز ھايۋانلار.

**تۆۋەن دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەر** <بوت> يەككە تېنى يېتىلىش جەريانىدا تۆرەلمە باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتمەيدىغان، تۈزۈلۈشى ئاددىي، غولى يوق، يوپۇرماقلىرى دىففېرېنسىيىلەنمىگەن ۋە كۆپىيىش ئورگىنى بىر ھۈجەيرىلىك تۈزۈلمىدىن ئىبارەت بولغان ئۆسۈملۈكلەر.

**تۆۋەن سوزۇق تاۋۇش** <تىل> تەلەپپۇز قىلغاندا ئېڭەكنىڭ تۆۋەنلىشىگە ئەگىشىپ تىل ئورنى تۆۋەنلەيدىغان، ئېغىزنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسى ئەڭ چوڭ بولىدىغان، ھاۋا ئېقىمى ئۆتىدىغان بوشلۇق ئەڭ كەڭ بولىدىغان سوزۇق تاۋۇش. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئا» غا ئوخشاش.

**تۆۋەن قىزىتما** <تىب> بەدەن تېمپېراتۇرىسى 37.5 °C ــ 38 °C قىچە بولغان قىزىتما.

**تۆۋەن كۆرمەك** ئۆزىدىن پەس، ناچار، يارىماس دەپ ھېسابلىماق، خارلىماق: رېھىم: ــ ياق، ئىمىن ئاكا، بۇ توغرا چۈشەنگەنلىك ئەمەس. بىز يەككە دېھقانلارنى تۆۋەن كۆرسەك، زەربە بەرسەك، كوپېراتىپ بىلەن قارىمۇقارشى قىلىپ قويۇپ خاتا قىلغان بولىمىز، ــ دېدى.

**تۆۋەنگە چۆكمەك** تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇن ۋە يېزىلارغا بېرىپ، بۇ جايلارنىڭ ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلىمەك، تەكشۈرمەك: ئۇ قايتىدىغانلىقىنى، تۆۋەنگە چوڭقۇر چۆكۈشتىن ھاسىل قىلغان تەسىراتىنى مەخسۇس دوكلات قىلىپ

يېزىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

**تۆۋەنگە چۈشمەك** تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇنلار ۋە يېزا-كەنتلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن بارماق: ئالدىنقى يېرىم يىلدا رەھبىرىي كادىرلار باشلامچى بولۇپ، كۆچ ئۇيۇشتۇرۇپ تۆۋەنگە چۈشۈپ، ئاساسىي قاتلاملارنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش، تەشكىلىي قۇرۇلۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى پۇختا ھەل قىلىشى لازىم.

**تۆۋەن نىرۋا پائالىيىتى** <فىزىئول> چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتى ئاستىدىكى قىسىملارنىڭ نېرۋىلىق پائالىيەتلىرى. ئۇ شەرتسىز رېفلېكسنى ئاساس قىلغان تەبىئىي پائالىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنداق پائالىيەتلەر ئىنسان ۋە ھايۋانلاردا ئورتاق مەۋجۇت بولغان نېرۋا پائالىيەتلىرىدۇر.

**تۆۋەن ھارارەت** <فىز> ← **تۆۋەن تېمپېراتۇرا**.

**تۆۋەن ھاۋا بېسىمى** <مېتېئور> ئاتموسفېرادىكى بېسىمى تۆت ئەتراپىدىكى ھاۋا بېسىمىدىن تۆۋەن بولغان رايونلارنىڭ ھاۋا بېسىمى.

**تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان** ئازراق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا ئىگە بولغان، بىر قىسىم ئەمگەك كۈچلىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولىدىغان، تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەنرەك ئوتتۇرا دېھقان: ئېلىمىزدە پرولېتارىياتنىڭ سانى ئازراق، لېكىن، ئۇنىڭ كەڭ ئىتتىپاقچىسى بار، ئەڭ ئاساسلىقى يېزىلاردىكى كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار. ئۇلار يېزا ئاھالىسىنىڭ 70 پىرسەنتىنى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**تۆۋەن يىللىق سىنىپلار** <مائار> پۈتۈن ئوقۇش مۇددىتىنىڭ دەسلەپكى ئوقۇش يىللىرىدا ئوقۇلىدىغان دەرسلەرنى ئۆگىنىۋاتقان سىنىپلار.

**تۆۋەنچىلىك** ئى. ئۆزىنى پەس، تۆۋەن تۇتىدىغان ھالەت؛ كەمتەرلىك.

**تۆۋەنچىلىك بىلەن** كەمتەرلىك، كىچىك پېئىللىق بىلەن: ئۇ: ـ بۇنىڭدىن بۇرۇن ئىككى قېتىم كېلىپ كۆرۈشەلمەي، بىر پارچە قەغەزگە ئەرزىمەس ئېتىمنى يېزىپ قويۇپ، كېتىپ قالغانىدىم، جانابلىرى كۆزدىن كەچۈردىلە مىكىن؟ ـ دېدى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ.

**تۆۋەندە** رەۋ. بۇنىڭ كەينىدىن، بۇنىڭغا ئۇلاپلا، پەستە، ئاخىرىدا: تۆۋەندە بېرىلگەن مىساللارنى يېشىڭ. * بىز پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، كەڭ ئاممىنىڭ ياردىمىدە ئېنىق بولمىغان بەزى ئىشلارنى بۇندىن كېيىن داۋاملىق تەكشۈرمەكچىمىز. يەنە بەزى ئىشلارنى تەكشۈرگەنىدۇق، ئۇلارنىمۇ تۆۋەندە ئوقۇپ ئۆتىمەن.

**تۆۋەندىكى** سۈپ. تۆۋەن تەرەپكە ئورۇنلاشقان، تۆۋەندە ئېيتىلىدىغان، كۆرسىتىلىدىغان، ئۇچرايدىغان: تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار! * تاشۋاي مۇزىكىسى ئۆزلۈكسىز ياڭرايدۇ. مۇزىكا ساداسى ئىچىدە تۆۋەندىكى كۆرۈنۈشلەر ھاسىل بولىدۇ.

**تۆۋەندىكىچە** رەۋ. تۆۋەندە ئېيتىلغاندەك، تۆۋەندە كۆرسىتىلگەن بويىچە؛ تۆۋەنكىگە ئوخشاش: بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ماتېرىيالىزم بىلەن «ماخىزم» نىڭ پەرقىنى بۇ مەسىلىدە تۆۋەندىكىچە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. * جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئېغىر جازا بېرىش، يېنىك جازا بېرىش ياكى يېنىكلىتىپ جازا بېرىشتە تۆۋەندىكىچە بىرنەچچە خىل ئەھۋال ئۇچرايدۇ.

**تۆۋەندىكىدەك** رەۋ. تۆۋەندىكىگە ئوخشاش، تۆۋەندە كۆرسىتىلگەن بويىچە، تۆۋەندىكىچە.

**تۆۋەنكى** سۈپ. تۆۋەن تەرەپ، ئورۇنلاشقان، تۆۋەن تەرەپتىكى: تۆۋەنكى جاغ، تۆۋەنكى [illegible].

**تۆۋەنكى جاغ** ‹ئانات› ئېغىز بوشلۇقىنىڭ تۆۋەنكى قىسمى.

**تۆۋەنكى مۇچە** ‹ئانات› ئادەم بەدىنىنىڭ بىر قىسمى، يوتا، پاقالچاق ۋە پۇتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**تۆۋەنلەتمەك** «تۆۋەنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېلېكتر مانتىيورلۇق سېخىنىڭ تېخنىكى ماتور سىناش جازىسى ياساشنى پىلانغا كىرگۈزۈشنى ياكى ئەسلىدىكى پىلان كۆرسەتكۈچنى تۆۋەنلىتىشنى تەلەپ قىلدۇ.

**تۆۋەنلەشتۈرمەك** «تۆۋەنلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاسىم دادۇيدىكى ئەملىنى تۆۋەنلەشتۈرۈپ شىياۋدۇي بوغالتىرى قىلىپ قويغان چاغلاردا، جىمىپ تەلەپكە پاتقانىدى.

**تۆۋەنلەشتۈرۈلمەك** «تۆۋەنلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تۆۋەنلەشمەك** ① «تۆۋەنلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دادۇي ۋە شىدۇي كادىرلىرى بىز يەرگە بارماقچى بولۇپ، ئېگىز-پەس ئېلىنغان يولنى بويلاپ تۆۋەنلەشتى. ② تۆۋەن ھالەت، دەرىجىدە بولماق؛ تۆۋەنىرەك، پەسرەك چۈشمەك: بۇ دەۋر ئىچىدە ئادەم بەدىنىنىڭ ئەزالىرى كۈچ-قۇۋۋەت جەھەتتە ئاجىزلىشىش بىلەن بىرگە، سان ۋە ئېغىرلىق جەھەتتە تۆۋەنلىشىدۇ. * ئۇزۇندىن بېرى ئاڭلىشىمچە، جانابلىرىنىڭ ئەجدادلىرى نەجىپ خانىدانلاردىن ئىكەن، نېمىشقا خانىدانلىقنى تىكلەش يولىدا خانىمىزغا ھەمدەم بولماي، تۆۋەنلىشىپ، باش ۋەزىر سارىيىنىڭ بىر خىزمەتچىسى بولۇۋالدىلا؟

**تۆۋەنلىتىلمەك** «تۆۋەنلەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئېگىزغا ئورۇنسىز ئاشلىق تېرىش كۆلىمى ئازايتىلدى، شۇنىڭغا يارىشا بەزى ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىش كۆلىمى كېڭەيتىلدى؛ بەزى ئېرىلغۇ يەرلەر ئورمانچىلىققا، چارۋىچىلىققا ئايلىنىپ بېرىلدى؛ تەكشە ش ئارقىلىق، تەننەرخى تۆۋەنلىتىلدى، ئىسراپچىلىق ئازايتىلدى، دېھقانلارنىڭ كىرىمى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاشتى.

**تۆۋەنلىك** ئى. ① پەس، تۆۋەن جاي: ئىككىلىسىمۇ قاراشتى. تۆۋەنلىكتىكى ئۆينىڭ ئالدىدا سۇ تۇرۇۋېسىنىڭ سېمونتلانغان مەيدانچىسى بار ئىدى. ② دەرىجە، ئورۇن جەھەتتە باشقىلاردىن تۆۋەن تۇرىدىغان ھالەت؛ ئازلىق، كەملىك: ئۇ جەھەتتە تېز ھەل قىلىش ئۇرۇشى قىلىش، ستراتېگىيە جەھەتتىكى تۆۋەنلىكنى ئۇرۇش ۋە جەڭدە ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش؛ ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، دۈشمەننى بىر-بىرلەپ يوقىتىشتىن ئىبارەت خەلق ئۇرۇشىنىڭ بىرقاتار ستراتېگىيىسى ۋە تاكتىكىسىنى تۈزۈپ بەردى.

**تۆۋەنلىمەك** پ. ① پەس تەرەپكە قاراپ چۈشمەك، پەسلىمەك: بۇ يەردە سۇ چىقىپ كېتىۋاتقان ئېغىز يىگىرمە مېترچە كېڭەيگەن، ئاستى يەتتە-سەككىز مېترچە تۆۋەنلىگەن بولۇپ، سۇ ئىككى قاشنى شىددەت بىلەن ۋاشىلدىتىپ ئۆرۈمەكتە ئىدى. * يەر ئاغزىنى ئاچاتتى، باقسالا سېنى يۇتۇشقا. كۆككە باقسالا تۆۋەنلەپ، چۈشكەن سېنى بېسىشقا. ② پەس، تۆۋەن تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىمەك، يۈرۈش قىلماق: بىز بوۋايغا ئەگىشىپ، بىردەم يۇقىرىلاپ، بىردەم تۆۋەنلەپ دېگۈدەك مېڭىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە داۋانغا چىقىپ بولدۇق. * — تۆۋەنلەپ ماڭغاندا ئۈچىنچى ئىشىك، — دېدى ئۇ، — مەن ئايال كۆرسەتكەن تەرەپكە مېڭىپ، ئىشىكنى قىيا ئېچىپ قارىدىم. ③ يول، دەريانىڭ ئاخىرلىشىش تەرىپىگە، ئايىغىغا قاراپ ماڭماق: بېشىغا كۆك گۈللۈك ئاق دوپپا كىيگەن؛ ئۈستىگە يوللۇق يەكتەك، پۇتىغا كەش-مەسە كىيگەن، ئاق ساقاللىق، چەبدەس ئۈستام ئات بىلەن قوغان يېزىسىدىن تۆمەن دەرياسىنى بويلاپ تۆۋەنلىمەكتە. ④ نەتىجىسى، مىقدارى ئازايماق كەملەمەك: بۇ قېتىمقى ئىمتىھان نومۇرىنى 90 پىرسەنتتىن

تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ دەپ ئىشەنچ قىلىپ ئولتۇرغان ئەزىز «60 پىرسەنت» دېگەن بۇ نەتىجىنى ئاڭلاش بىلەن، خۇددى ئاسماندىن يەرگە چۈشۈپ كەتكەندەك، ئۆزىنى قويغىلى ئورۇن تاپالماي قالدى. * جۇغلانمىنىڭ تۆۋەن چېكى يېتىدىن كۆپەيگەن ئەمگەك كۈچى ئىشلىتىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە ئۇسكۈنە مىقدارىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلدىكى ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن تۆۋەنلەپ كەتمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ⑤ خىزمەت، ئىش ئورنى، ئەمەل دەرىجىسى كېچىكلىمەك، پەسلىمەك: نېمىشقا «كېرەكسىز» ئادەملەر ئەتىۋار بولۇپ، ئىناۋەت تېپىپ، ساتتاردەككەرنىڭ ئورنى تۆۋەنلەپ، قىممىتى قالماي، كېيى ئاتالماي قېلىۋاتىدۇ؟ * ئۇنىڭ دەرىجىسىنىڭ تۆۋەنلىگەنلىكىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ھەركىم ھەرنېمە دەپ باقتى، بىراق ھېچكىم سەۋەبىنى زادى تاپالمىدى. ⑥ سۈپىتى، ئۈنۈمى يامان تەرەپكە قاراپ يۈزلەنمەك، ناچارلاشماق: نېمە ئۈچۈن ئۆگىنىش ۋاقتى ئۇزارتىلسا، ئۆگىنىش ئۈنۈمى ئەكسىچە تۆۋەنلەپ كېتىدۇ؟ مانا بۇ چارچاشنىڭ كاساپىتى. ⑦ ئاجىزلاشماق، كۈچسىزلەشمەك، پەسلىمەك: ئاۋازى تۆۋەنلىمەك. * مۇشۇنداق سەۋەبلەردىن ھۆللۈك بىلەن ھارارەتنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى قاتارلىق كېسەللىك ھالەتلىرى سادىر بولىدۇ.

**تۆۋە-ئىستىغپار** (توغرىسى: تەۋۋا-ئىستىغپار) ← تەۋۋا-ئىستىغپار.

**تۆۋەبىنى** ئى [تۆۋەن+بىنى] تۆۋەن تەرەپ، تۆۋىنى: يىگىتلەر چاپىنىنى مۈرىسىگە سېلىپ، تۆۋەبىنىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان قۇدرەتنى كۆرۈپ، ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

**تۆۋنامە** (توغرىسى: تەۋبىنامە) ← تەۋبىنامە.

**تۈپ I** ① سۈپ. ئاساسىي؛ نېگىزلىك: تۈپ سەۋەب. تۈپ پرىنسىپ. تۈپ مەنپەئەت. تۈپ زىددىيەت. تۈپ مەقسەت. * مەيلى كۆپ سانلىق مىللەت بولسۇن ياكى ئاز سانلىق مىللەت بولسۇن، ھەممىنىڭ ئۆز مەدەنىيىتى، ئۆز تارىخى بار. مىللىي مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە پرولېتارىياتنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىش كېرەك. * قىممەت قانۇنى — تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ تۈپ قانۇنى. ② سۈپ. ئەسلىي، ئەسلىدىكى: تۈپ سۆز. ③ رەۋ. پۈتۈنلەي، ئۈزۈل-كېسىل: ھازىر بىز ئۈچ جەھەتتىكى مەسىلىدە تۈپ ياخشىلىنىش ھاسىل قىلالىغىنىمىز يوق.

**تۈپ زىددىيەت** <پەلس> شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى بەلگىلەيدىغان ھەمدە بۇ جەرياندىكى باشقا زىددىيەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، تەرەققىي قىلىشىنى بەلگىلەيدىغان ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدىغان زىددىيەت.

**تۈپ سان** <مات> 1 گە ۋە ئۆزىگە پۈتۈن بۆلۈنىدىغان پۈتۈن سان. مەسىلەن، 2، 3، 5، 7، 11 قاتارلىقلار.

**تۈپ سۆز** <تىل> قۇرۇلما جەھەتتىن مەنىلىك بۆلەكلەرگە، يەنى مورفېمىغا بۆلۈنۈشكە بولمايدىغان، پەقەت بىرلا مۇستەقىل مورفېمىدىن تەشكىل تاپقان سۆز.

**تۈپ سۈپەت** <تىل> ← ئەسلىي سۈپەت.

**تۈپ قۇرۇل** مىلتىقنىڭ تۇۋىدىكى قارىغا ئېلىش تەڭشىكى.

**تۈپ كۆپەيتكۈچى** <مات> تۈپ سان باشقا سانلارنىڭ كۆپەيتكۈچىسى بولغاندا، بۇ تۈپ سان باشقا سانلارنىڭ تۈپ كۆپەيتكۈچىسى دېيىلىدۇ. مەسىلەن، 3×2=6 دىكى 2، 3 لەر 6 نىڭ تۈپ كۆپەيتكۈچىسى بولىدۇ.

**تۈپ II** ① ئى. ئۈسۈملۈك ياكى دەرەخلەرنىڭ ھەر دانىسى: بۇ كۈچەتنىڭ ھەر تۈپىنى ئىككى كويىدىن سېتىۋالدىم. ② ئى. ساناق

سانلار بىلەن كېلىپ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بەش تۈپ ئالما. * كېرىيە ناھىيىسى ئومۇمىي خەلق مەجبۇرىي كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قوزغاپ، 12 كۈندە 9 مىليون 241 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىپ، ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولدى. * باغ ئىچىدە ئېچىلىپتۇ بىر تۈپ قىزىلگۈل. يېنىمىزدا سايرىشىپتۇ مەستانە بۇلبۇل.

**تۈپ تاللاش** <ئورم> ئۇرۇق تاللاشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. بۇنىڭدا سۈپەتلىك سورت ئۆلچىمىگە توشىدىغان ئېتىزدىكى تۈپلەر تاللىنىپ، ئۇرۇقى ئايرىۋېلىنىدۇ ياكى كۆپەيتىلىپ يېڭى سورت قىلىنىدۇ.

**تۈپەيلى** تىر [ئە] سەۋەبلىك، سەۋەبى بىلەن، ئارقىسىدا: ـ مەن تۈپەيلى ساڭا بىرەر زىيان-زەخمەت يېتىپ قالماسمۇ؟ ـ دەپ سورىدى ئىنىسى. * جۇمە ئۆتكۈر ئۇستىرا بىلەن ساقال بۇرۇتلىرىنى شۇنچىلىك پاكىز قىردۇرغان بولسىمۇ كۆز چاناقلىرى ئەتراپىدىكى تورلاشقان قوغۇنسىگىمدەك قورۇقلىرى تۈپەيلى، ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ، يىگىت ھالىتىگە يېنىپ كەلمىگەنىدى.

**تۈپەيلىدىن** رەۋ. سەۋەبىدىن؛ ئارقىسىدا: ئېھتىمال ئون نەچچە كۈن بۇرۇن-پەيدا بولغان ھېلىقى كۆڭۈلسىز ئەسرات تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك، فوتوگرافنىڭ ھەربىر سوئالى مۇھەممەتكە گويا زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك بىلىندى. * ياسىن زىيا ھارغىنلىق، ئۇيقۇسىزلىق تۈپەيلىدىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى سول قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن بىرنەچچە قېتىم ئۇۋۇلىدى.

**تۈپتالاس** رەۋ. خانىۋەيران: تۈپتالاس قىلماق.

**تۈپتالاس قىلماق** پۈتۈنلەي، تەلتۆكۈس، خانىۋەيران قىلماق، يوقاتماق: ئەلقىسسە، ساۋرېن شىنيى ناھىيىسىنى تۈپتالاس قىلىۋەتمىسەم ھېساب ئەمەس دەپ، غەزەپ ئاچچىقى بىلەن لەشكەر تارتىپ كېلىپ، كېچىلەپ دەريادىن ئۆتتى.

**تۈپتۈز** ① سۈپ. ناھايىتى تۈز؛ ناھايىتى تەكشى؛ قىلچە ئەگرى ئەمەس: ـ ھەي قىزىم، ـ دەپ كۆڭۈلسىز ھالدا ئويلىدىم مەن، ـ تۇرمۇش يولى سەن ئويلىغاندەك ئۇنداق تۈپتۈز ئەمەس. * بىركۈنى قارماق بېيىغا ياخشىراق ساپ تاپالماي پىرقىراپ چىقتىم-دە، ئويلىشىپ تۇرماستىنلا، ئاشۇ ئورۇندىكى بىر تال تۈپتۈز ئۆسكەن كۆچەتنى سۇندۇرۇپ ئالغاندىم. ② رەۋ. ئويلاپ ئولتۇرماي، ئۇدۇللا: ـ ئاچچىقىم كەلگىنىدىن سىزنى پەقەت كۆرمەي قاپتىمەن. خاپا بولماڭ جۇمۇ، ـ ئەكبەر كۆڭلىدىكىنى تۈپتۈزلا ئېيتتى، ـ بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟ ③ سۈپ. كۆچمە. ناھايىتى ئوچۇق-يورۇق ھېچقانداق بولمىغۇر خىيالى، يامان نىيىتى يوق: ئۇ تۈپتۈز بىر ئادەم. ھېچكىمگە يامانلىق قىلمايدۇ.

**تۈپتۈزۈك** سۈپ. ئوبدان، ئوبدانلا، ياخشى؛ خېلى جايىدا: ـ مەن تۈپتۈزۈك تەربىيە ئېلىۋاتىمەن. تەربىيىنى تۈگىتىپ، كەلگۈسىدە ياپونغا قارشى خىزمەتتە بولسام، ئۇنىڭ نېمە يامىنى بولسۇن! ـ دېدى شياۋمېي. * قارىسا تۈپتۈزۈك ئادەم، ھەتتا ناھايىتى ياخشى ئادەم، ئەمما شۇ ئادەم گۇناھ قىلىدۇ، قىلغاندىمۇ قاتتىق گۇناھ قىلىدۇ.

**تۈپتىن** رەۋ. تېگى-تەكتىدىن؛ پۈتۈنلەي: قاراڭلار، سەزدىڭلارمۇ، باش تەرەپكە قاراڭلار، سېزىۋاتامسىلەر، ئامبارنىڭ سۈيى بىر تەرەپكە يۆزلىنىۋاتىدۇ، يەنە ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن ۋەزىيەت تۈپتىن ئۆزگىرىدۇ، يۇرۇڭلار نېرىقى دامبىغا بارايلى. * ئارمىيىمىز ھەرقايسى جەھەتلەردىن گومىنداڭ ئارمىيىسى ۋە باشقا ھەرقانداق ئەكسىيەتچى ئارمىيىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان يېڭى تىپتىكى خەلق ئارمىيىسى بولۇپ، ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى قوغداشتىن ئىبارەت جاپالىق ھەم شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان.

**تۈپچەك** ئى. قوناق قاتارلىق غوللۇق زىرائەتلەر ئورۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن قالغان يىلتىز قىسمى، كۆتەك.

**تۆپرۆك** (توغرىسى: تۆكۈرۈك) ← تۆكۈرۈك.

**تۆپكى** سۆپ. نېگىزلىك؛ ماھىيەتلىك، ئاساسىي: تۆپكى مەقسەت.

**تۆپلەتمەك** «تۆپلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ژۇرناللىرىمنىڭ ھەممە يىللىق سانلىرىنى تۆپلىتىپ قويدۇم.

**تۆپلەشمەك** «تۆپلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۆپلەنمەك** «تۆپلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىشكاپلار كىتابلار بىلەن تولغان، ھەر خىل يېزىقلاردا بېسىلغان، ئىلىم-پەنگە بولۇپمۇ تارىخ ۋە تىل-ئەدەبىيات بىلىملىرىگە دائىر كىتابلار، رومانلار رېتى بىلەن تۆپلەنگەن.

**تۆپلۈك** سۆپ. ئاساسىي، ماھىيەتلىك: ئۇ بۇنداق كېتىۋېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى، زاۋۇتتا تۆپلۈك ئۆزگىرىش ـ قاينام-تاشقىنلىق، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى يارىتىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلاتتى.

**تۆپلىمەك** پ ① بۇغداي، شال قاتارلىق زىرائەتلەر يىلتىزىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئاساسىي غولىنىڭ يېنىدىن قوشۇمچە غول، شاخلارنى چىقارماق، شاخلىماق: ئاسىم بۇ سۇنىڭ كۆزگى بۇغدايىنىڭ ئاختارمىسىغا باشلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەبلىغازىدىن رازى بولدى. قارامتۇل بولۇپ تۆپلەۋاتقان كۆزگى بۇغداي بۇ يىل ناھايىتى تەكشى بولۇق ئىدى. ② كىتاب بەتلىرىنى، گېزىت، ژۇرنال قاتارلىقلارنى رەت تەرتىپى بويىچە بىرلەشتۈرۈپ تىكمەك، مىخلىماق: ئۇنىڭ كىتابلىرى جەمئىي 16 مىڭ خىلغا يېتەتتى. خىلمۇخىل ژۇرناللار ئىچىدە، مېندىلىۋ ئۆزىگە لازىملىق ماقالىلارنى باشقىدىن تۈرگە ئايرىپ، توپلام قىلىپ تۆپلەپ چىققاندى.

**تۆپ-نېگىز** تېگى-تەكتى، تۆپ ماھىيەت: بۇنداق ۋەتەنپەرۋەر مەنەنچى جانابلارنىڭ ھەرقايسى تائىپىلىرى بىر-بىرىدىن ئاز-پاز پەرق قىلسىمۇ، لېكىن تۆپ-نېگىزى بەرىبىر ئوخشاش.

**تۆپ-يىلتىز** تۆپ ماھىيەت، تېگى-تەكتى: تۆپ-يىلتىزىدىن قۇرۇتماق.

**تۆپ-يىلتىزىدىن قۇرۇتماق** پۈتۈنلەي، تەلتۆكۈس يوقاتماق؛ نەسلىنى قويماي تۈگەتمەك: ئاپەتنى تۆپ-يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش لازىم.

**تۆتەك** ئى ① ئوت يالقۇنلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىس، تۈتۈن: قىش تۈگىگەن بولسىمۇ، كەچنىڭ سوغۇقى جاندىن ئۆتەتتى. پۈتۈن ئەتراپنى تۆتەك باسقان، بىر ماغدام يەردىكى ئادەمنى كۆرگىلى بولمايتتى. * پۇرقىراپ كەلمەكتە يېزا تەرەپتىن، قاپقارا چاڭ-توزان، قاپقارا تۆتەك. كەلمەكتە ئالدىراپ ئاخشامقى ئۇنى، ئالدىدا شادىبوي بىلەن پور كۆتەك. ② ھاۋانىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى تۇمان: پاختىدەك ئاپئاق تۆتەك ئاسمانىدىكى ياش قارنىغايلار گىرىمسەنلىشىپ، بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ يېشىل ئېرىتمىگە ئايلىنىپ كەتكەندەك، بۇ ئېرىتمە گويا شەرق تەرەپتە تۇم كۆك ـ تىنىق ئاسماندەك يېيىلىپ ياتقان دېڭىزغا قاراپ ئېقىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈندى. * تۈن ئۆزىنىڭ قارا پەردىسىنى يېيىپ، ئەتراپنى تېخىمۇ قويۇق تۆتەك باستى. ③ كۆچمە. زۇلمەت، غەزەپ، ۋەھىمىنى بىلدۈرىدىغان ئالامەت؛ كۆرۈنۈش: كىشىلەرنىڭ چىرايىدىكى غەزەپلىك تۆتەك ئاللىقاچان غايىب بولغانىدى. * ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتتى مودەنخان، قاشلىرى خۇددى يا، كىرپىكلىرى ئوق. غەزەپنىڭ گۈلخىنى يانغان ھۆسنىدە، ئۆرلىگەن ۋەھىمە تۆتەكلىرى يوق.

**تۆتەك بومبىسى** <ھەرب> پارتلىغان چاغدا تۆتەك ھاسىل قىلىدىغان زەمبىرەك ئوقى ياكى بومبا.

**تۆتەك پەردە** ھەقىقىي ماھىيەتنى توسۇپ قالغان يالغان كۆرۈنۈش: تۆتەك پەردە پەيدا قىلماق.

**تۆتەك تاز** بېشىنىڭ ھەممە يېرىنى

يارا قاپلاپ كەتكەن تاز: گۈلە مخىنىم ئوبدان بالا، چېچى ئاز ئىكەن. گۈلە مخاننى ئالغان شاخىۋ تۈتەك تاز ئىكەن.

**تۈتەكلەشمەك** پ. تۈتەك باسقان ھالەتكە كەلمەك، تۈتەك بىلەن قاپلانماق: ئاسمان تۈتەكلىشىپ، يۇلتۇزلار كۆرۈنمەيتتى.

**تۈتەكلىك** سۈپ. تۈتەك باسقان، تۈتەك قاپلىغان: ئۇسۇشىنىڭ چىرايلىق زۇلپىنى، تارايمىز ئالتۇن تارغاقتا. تۈتەكلىك تۈنلەرنى قوغلىدۇق، جىلۋىلىك گۈزەل تاڭ ئاتقاچقا.

**تۈتۈ** ① ئىم. توخۇلارنى چاقىرىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. ② كۆچمە. ئى. تۈتۈ مەددە كېسەللىكى: بالا ئوخلاۋېتىپ كاسىسنى قاشلىسا، سوقىي ئەتراپىدا كىچىك قۇرتلارنىڭ يۈرگەنلىكى كۆرۈلسە، بۇ بالا تۈتۈ بولۇپ قالغان بولىدۇ.

**تۈتۈ مەددە** <زوئول> بىر خىل پارازىت قۇرت. قېنى ناھايىتى كىچىك بولۇپ، ئاقۇچ رەڭدە، شەكلى يىپنىڭ ئۇچىغا ئوخشايدۇ. ئادەمنىڭ كىچىك ئۈچەيى ئاستىدا ۋە چوڭ ئۈچەيدە ياشايدۇ. چىشىسى دائىم مەقئەتدىن ئۆمىلەپ چىقىپ، توخۇم سالىدۇ، كېسەلنىڭ مەقئەتى قىچىشىدۇ، ئورۇقلاپ كېتىدۇ، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ قالىدۇ.

**تۈتۈن** ① ماددىلار كۆيگەندە ھاۋاغا ئاجرىلىپ چىقىدىغان، ئۇششاق زەررىچىلەردىن ئىبارەت بولغان گازسىمان جىسىملار يىغىندىسى، قىس: تۈتۈننىڭ ئاچچىقنى مورا بىلەر (ماقال). * ئوتنىڭ يالقۇنى تاملارنى ۋە ئەتراپنى يورۇتماقتا. تۈتۈنلەر بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئۆيلەرنى قاپلىماقتا ۋە قىزىل يوللۇق قارا رەختتەك يەلپۈنۈپ ئاسمانغا ئۆرلىمەكتە ئىدى. * ئۆرلەيتتى ئاسمانغا قاپقارا تۈتۈن، چېچىلار ئۇچقۇنلار زۇلمەت كۆكسىگە. پەنجىرىدە تۇراتتى ئانا ۋە ئوغۇل، مۇقەددەس بىر غەزەپ ھەمدەم ھۆسنىگە. ② كۆچمە تار س. ئائىلە: بىلەمسەن، شۇجى ئوغلۇم. بىزنىڭ بۇ ناھىيىدە 10 مىڭغا يېقىن تۈتۈن بار. ئۇلارغا يېقىلغۇ كېرەك. بىر تۈتۈن ئۈچۈن بىر يىلدا كەم ھېسابلىغاندا بىر تۈپ ياغاچ كەتسە، بىر ناھىيىگە قانچە كېتىدۇ. * شامەخسۇت مۇنۇلارنى جاكارلىدى: — ئورۇش خىراجىتى ئۈچۈن ھەر تۈتۈندىن ھال-ئەھۋالىغا قاراپ ئون سەردىن 40 سەرگىچە كۆمۈش پۇل توپلانسۇن.

**تۈتۈنسىز** سۈپ. تۈتۈنى يوق، تۈتمەيدىغان، تۈتۈن چىقارمايدىغان: تۈتۈنسىز پوروخ.

**تۈتۈنسىز پوروخ** <خىم> نىترو سېللوزىن ياكى سېللوزا بىلەن نىترو گلىتسېرىننىڭ ئارىلاشمىسىدىن ياسالغان پوروخ. پارتلىغاندا ناھايىتى ئاز مىقداردا تۈتۈن چىقىرىدۇ. ئادەتتە مىلتىق، زەمبىرەكلەرنىڭ دورىسى قىلىنىدۇ.

**تۈتۈنلۈك** سۈپ. تۈتۈن بىلەن قاپلانغان: تۈتۈنلۈك ئاسمان.

**تۈتمەك** پ. كۆيمەي، يانماي، تۈتۈن چىقىرىپ تۇرماق: بار ۋۇجۇدۇم ئەل ئۈچۈن تۇرسا قىزىرىپ يانماق بولۇپ، ئوت ئېلىپ يالقۇنلىماي «پىس - پىس» قىلىپ قانداق تۈتەي.

**تۈجۈپىلەتمەك** «تۈجۈپىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تۈجۈپىلەشمەك** «تۈجۈپىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۈجۈپىلەنمەك** «تۈجۈپىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تۈجۈپىلىمەك** پ. ھەممە تەرەپلەرگە كۆڭۈل قويۇپ، ئىنچىكە، پۇختا ئىشلىمەك: راست ئەمەسمۇ، بازارغا ئالتە تال جىگدە ئېلىپ كىرگەن ئادەممۇ ئۆز مېلىنى بەيتۇللا خورمىسىغا تەڭلەشتۈرۈپ ماختايدىكەن، شۇنچە تۈجۈپىلەپ ھۈنەر قىلغان ئادەم ئاز-تولا ماختىنىۋالسا نېمە بوپتۇ؟! * دادام كىچىككىنە ساقال تارغىقى بىلەن سىيرىق ساقىلىنى تۈجۈپىلەپ تارىغاندىن كېيىن، سەللىسىنى باشقىدىن ئورىدى.

**تۆر** ئى ① بەلگىلىرى، خۇسۇسىيەتلىرى، رولى جەھەتتىن مەلۇم ئومۇملۇققا ئىگە بولغان نەرسىلەر گۇرۇپپىسى، خىلى، ئايرىمىسى: سىز كۆندىلىك تۇرمۇشتا ھەر خىل ھالەتتىكى چىرايلارنى كۆرۈپ تۇرىدىغانسىز؟ ئىنساننىڭ روھىي ھالىتىنى ئىپادىلەيدىغان بۇ چىرايلارنىڭ كۆرۈنۈشىنى يىغىپ كەلگەندە، ئىككى تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن. * ــ شۇنداق، ــ دېدى گېپىنى داۋام قىلىپ چولڭ كۆزەينەك، ــ كۆزەينەكلەرنىڭ خىلى، تۈرى بەك كۆپ، سەن بىلمەيسەن. ② بىر پۈتۈن نەرسىنىڭ ئالاھىدىلىك، پەرق جەھەتتىن ئايرىلغان، بۆلۈنگەن بۆلۈنمىسى: مەھسۇلات تۈرلىرى. ئالماش ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىرى. ③ ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى «-دە» بىلەن كېلىپ، ئىش-ھەرىكەت، پائالىيەت، يۈرۈش-تۇرۇشنىڭ مەلۇم «رەۋىشتە»، «تەرىزدە»، «ھالەتتە» ئېلىپ بېرىلىشىنى بىلدۈرىدۇ: ــ مەن راستىنلا جۆيلۈپتىمەن، ساۋاقداشلار! ــ تەكرار ئېيتتى قەيسەر كۆزىدىكى ياشنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، ــ ئەمەلىيەتتە مەن كۆرەشنىڭ ئىنچىل تۈردە قىلىپ كېلىۋاتقان تەربىيە ــ ياردەملىرىنى بىلمەپتىمەن، ساۋاقداشلارنىڭ كۆيۈمچان ئوتلۇق قەلبىنى كۆرەلمەپتىمەن! * زىيالىيلار سىياسىتىنى داۋاملىق تۈردە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھازىرقى پەن-تېخنىكا قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان پەن-تېخنىكا خادىملىرىنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.

**تۈر ئارا چېتىشتۇرۇش** <بىئول> چەتتىن چېتىشتۇرۇشنىڭ بىر خىلى، يەنى ئوخشاش بولمىغان ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى چېتىشتۇرۇشتىكى بىر خىل ئۇسۇل. مەسىلەن، ئات بىلەن ئېشەكنى، ئامېرىكا كېۋىزى بىلەن مىسىر كېۋىزىنى چېتىشتۇرغانغا ئوخشاش.

**تۈرلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت** <زوئول> جانلىقلار تۈركۈملىرىدىكى ھەرقايسى تۈرلەر ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن ئۆزئارا مۇناسىۋەت. بۇ ئاساسلىقى ئوزۇقلۇق مۇناسىۋىتى بولۇپ، بىر تۈردىكى جانلىقلارنىڭ باشقا بىر تۈردىكى جانلىقلارنى ئوزۇق قىلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**تۈر ئۇرۇقۇم** <لوگ> بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە كەلگەن ئىككى ئۇقۇمدىكى بېقىنغۇچى ئۇقۇم، يەنى ھەجمى تار ئۇقۇم. مەسىلەن، «دەرەخ» دېگەن ئۇقۇم بىلەن «مېۋىلىك دەرەخ» دېگەن ئىككى ئۇقۇمدىن ئالدىنقىسى جىنس ئۇقۇم، كېيىنكىسى تۈر ئۇقۇم بولىدۇ.

**تۆرتەك** ① ئى. نەرسىلەرنىڭ ئورالغان، تۆرتەكلەنگەن بۆلۈكى؛ ئورام، بولاق: ئۇنىڭ ھەربىر تۆرتىكىدە بەش-ئالتە پارچىدىن بورا بار ئىكەن، پۇلمۇ ئەرزان ئىكەن. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ، تۆرتەكلەنگەن نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر تۆرتەك يىپ. بىر تۆرتەك قەغەز. * بىراق، ئەتىسى كۈتمىگەن بىر ھادىسە يۈز بەردى. مانتىخانىنىڭ خوجايىنى ئېيىقتەك بەستلىك كەلگەن مولۇن كۆز مامۇت دوكار مەشۇرنى كۆرۈپلا، تېخى ئوچۇق-يورۇق بولمىغان ھېساب-كىتابتىن بىر تۆرتەك پۇلنىڭ ئېتىنى چىقىرىپ، ياقىدىن ئالدى.

**تۆرتەكلەتمەك** «تۆرتەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تۆرتەكلەشمەك** «تۆرتەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۆرتەكلەنمەك** «تۆرتەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نۇردۇن ھاكىم چىرايلىق تۆرتەكلەنگەن ئىمتىھان قەغىزىنى تاپشۇرۇپ بېرىۋاتقاندىمۇ ئەنە شۇ خىياللار بىلەن ئۆز كۆڭلىنى

كۆتۈرۈپ، ئۆزىچە ئاق قالغان بوشلۇقلارنى تولدۇرۇۋەتكەنـ
دەك بولۇپ قالدى.

**تۆرتەكلىمەك** پ. تۈرۈپ يۆگىمەك؛ ئۈرىماق، يىغماق: قارىداپ كەتكەن تامغا كونا كورەك جۇۋا تۆرتەكلەپ قويۇلغان ئىدى. ھەممىدىن ئېچىنىشلىقى، تەكىيە ئورنىدا قويۇلغان توقۇم ئىدى. * ئۇلار مەھەللىنىڭ چېتىگە كەلگەندە، سېپىتنىڭ ھويلىسىدىن قولىدا تۆرتەكلىۋالغان قەغىزى بار، دومىلاق يۈزلۈك بىر يىگىت چىقىپ، ھەمرانىڭ يېنىغا ئىتتىك مېڭىپ كەلدى.

**تۆرتكە** ئى. بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ باشلىنىش، يۈز بېرىش ۋە ئەمەلگە ئېشىشىغا سەۋەب بولغان نەرسە؛ مەدەت، ئىلھام: بۇ تەدبىرلەرنىڭ تۆرتكىسىدە، شەھەر بويىچە باشلانغۇچ مائارىپنىڭ ئومۇملىششى 97.3 پىرسەنت، چوڭلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى 95.6 پىرسەنتكە يەتتى. * ئۇ شېرىن مۇرادى ھاسىل بولمىغان بىر چۈشنىڭ تۆرتكىسى بىلەن تۇندە ئويغاندى.

**تۆرتكە بولماق** بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ باشلىنىشى، يۈز بېرىشى ۋە ئەمەلگە ئېشىشىغا سەۋەب، مەدەت ۋە ئىلھام بولماق: ئايۇپ شۇجىنىڭ ھېلىقى گەپلىرى ئۇنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سالدى، بىر-بىرىگە تۇيۇقسىز ئوخشىمايدىغان ئىككى دەۋر، ئىككى خىل مۇھىت، ئىككى خىل مۇئامىلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇۋېلىشقا تۆرتكە بولدى. * ياش قىزنى ئورىۋالغان پايدىسىز مۇھىت ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى باسالمىدى، بەلكى تامامەن ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ تۇرغان يامان شارائىت ئۇنىڭ ئۇچقاندەك تېز ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تۆرتكە بولدى.

**تۆرتكىلىك** سۈپ. بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىشى، ئەمەلگە ئېشىشىغا سەۋەب، ئىلھام بولىـ
دىغان؛ مەدەت بېرىدىغان: خاسىيەتنىڭ ياردىمى تاماق جەھەتتىلا ئەمەس، ۋاقىت جەھەتتىنمۇ بىرمۇنچە ئوڭايلىقلارنى يارىتىپ بەردى. بۇ ئادىلغا يەنە بىر جەھەتتىن ئىشنى تېزرەك تۈگىتىش ئۈچۈن
تۆرتكىلىك رولىنىمۇ ئوينىدى.

**تۆرتمەك** پ ① قاتتىق ئىتتەرمەك، سۈرمەك: شۇ پەيتتە تۆرتۈپ كەلگەن سۇ سابىرنى بىرنەچچە مېتىر كەينىگە داجىتىۋەتتى. * ئۇنىڭغا سايىدەك ئەگەشكەن تۆت-بەش ئادەم ئۇنى تۆرتۈپ ماشىنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاپىرىپ قويدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھېلىقى خورۇم چاپانلىقلار بار ئىدى. ② تېز ۋە قاتتىق نوقۇماق: كېيىن ئۇ جەينىكى بىلەن يىگىتنى تۆرتۈپ، ھېيتەمنى كۆرسىتىپ قويدى، ئۇمۇ ھەيران بولدى. * — ئۇستام، تۇرسىلا، رېھىم بوۋاي كېتىپ قاپتۇ، — مەن ئۇستامنى تۆرتۈپ ئويغاتتىم.

**تۆرتۈپ** «تۆرتمەك» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى: تۆرتۈپ چىقماق.

**تۆرتۈپ چىقماق** كۆتۈرۈپ، تومپىيىپ، بۆرتمە ھاسىل قىلماق: «كوممۇنىستلارنى يوقىتىش» دېگەندە، ئۇنىڭ «سامۇرايلىق روھى» قايناپ كېتىپ، چېكىسىدىكى گۆشلىرى تۆرتۈپ چىقتى، ئۇنىڭ ئاۋازى چىرقىراپ چىقتى.

**تۆرتۈشمەك** «تۆرتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئىككى سائەتتەك تۆرتۈشتى.

**تۆرتۈلمەك** «تۆرتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تۆرتۈم** ئى. نەرسىلەرنىڭ تۆرتۈپ يىغىلغان دۆۋىسى: تراكتور ئالدىغا توپا تۆرتۈۋاتاتتى. ھەربىر تۆرتۈمى بىلەن بىر مېتىر يەر تولدۇرۇلاتتى.

**تۆرتۈمچى** ئى. ھەرقانداق ئىشنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن، قوپال ئۇسۇلدا ئېلىپ بارىدىغان كىشى.

**تۆرداش** سۈپ. بىر تۆردىكى بىر خىلدىكى، بىر خىل: تۆرداش ئىسىم. تۆرداش ئۇقۇم.

**تۆرداش ئۇقۇم** <لوگ> «ئادەم، يۇلتۇز، جەڭچى، ئوقۇغۇچى» دېگەنلەرگە ئوخشاش بىر خىلدىكى نۇرغۇن ئوبيېكتنى بىلدۈرگۈچى ئۇقۇم.

**تۆرداش ئىسىم** <تىل> «دەريا، يۆلتۈز، قوي، ئوقۇغۇچى، كادىر» دېگەنلەرگە ئوخشاش بىر خىلدىكى نۇرغۇن شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم.

**تۆرداشلىق** ئى. تۆرى، خىلى جەھەتتىكى ئوخشاشلىق، بىر خىللىق: ئۇنداق ئالما، مۇنداق ئالما دېگەن بىلەن ھەممىسىنىڭ نەسلداشلىقى، تۆرداشلىقى بار.

**تۆرەداش** (توغرىسى: تۆرداش) ← **تۆرداش.**

**تۆرك** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**تۆرك تىلى** <تىل> ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۆركىي تىللار تۆركۈمىگە مەنسۇپ بولغان، تۆركىيىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلغۇچى خەلقلەر سۆزلىشىدىغان تىل: بىز تۆرك تىلى ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتۇق.

**تۆركچە** ① سۈپ. تۆركلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ تىلى، يېزىقى، مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق بولغان: تۆركچە كىتاب، تۆركچە يېزىق. ② ئى. تۆرك تىلى: مەن تۆركچىنى ئۆگەنديم. * ئۇ تۆركچىنى ياخشى بىلىدۇ.

**تۆركلەر** ئى <ئىرق> تۆرك مىللىتى، تۆرك خەلقى. تۆركلەر ئاساسەن تۆركىيىگە جايلاشقان بولۇپ، تۆركىيىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**تۆركمەن** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**تۆركمەنچە** ① سۈپ. تۆركمەنلەر ۋە تۆركمەن خەلقىغە خاس بولغان، ئۇلارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى، مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق بولغان: تۆركمەنچە ئۇسسۇل، تۆركمەنچە كىتاب ② ئى. تۆركمەن تىلى: سىز تۆركمەنچىنى بىلەرسىز؟

**تۆركمەنلەر** ئى <ئىرق> تۆركىي خەلقلەرنىڭ بىرى، ئۇلار ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۆركمەنىستان رېسپۇبلىكىسىغا؛ ئازراق قىسمى ئىران، ئافغانىستان ۋە تۆركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئولتۇراقلاشقان.

**تۆركولوگ** ئى [ر] ← **تۆركىيشۇناس.**

**تۆركولوگىيە** ئى [ر] ← **تۆركىيشۇناسلىق.**

**تۆركۈم** ئى ① توپ، گۇرۇپپا: ئەتە ماڭىدىغان بولدۇق. بىرىنچى تۆركۈمدىكى بالىلارنى دادام ئۆزى باشلاپ ماڭغۇدەك. مېنمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ماڭسەن دەپ تۆرۈۋالدى. ② بىر-بىرىگە باغلىق بولغان پۈتۈنلۈكنىڭ تارمىقى، بۆلىكى: تىل تۆركۈمى. سۆز تۆركۈمى. تۆركۈمگە ئايرىماق. * مەن بىلەن بىر كەسىپتىكى ئاغىنىلەردىن بىرى ئۇششۇمتۇت ئىشكىمنى قېقىپ، شاڭخەيدىن ئەكەلگەن بىر تۆركۈم ماللارنى ئۆز ئۆيىدىن يۆتكەپ ئەكىلىۋېلىشىمنى ئېيتتى. * كېيىنكى يىلى كۆزدە گوڭشې باشلانغۇچ مەكتىپىدە بىرىنچى تۆركۈم يېڭى ئەۋلاد ئۆسمۈرلەر ماۋجۇشى رەسمى ئالدىدا قەسەم بېرىپ، پىئونېرلار دۇيىگە كىردى. ③ كۆچمە. باسقۇچ، قەدەم: كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش ئىشى نۇقتا بىلەن ئومۇمىي دائىرە بىرلەشتۈرۈلۈپ، قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى، ئىككى-ئۈچ يىل ئىچىدە تۆركۈمگە بۆلۈپ ئورۇندىلىشى كېرەك. * شۇنداق قىلىپ «خىزمەت تەكشۈرۈش ئەترىتى» ھۈسەيىن ئابباس ئوغلىنىڭ مەسىلىسىنى بىرىنچى تۆركۈمدە ھەل قىلدى. ④ <مات> كۆپ خانىلىق سانلاردا ھەر ئۈچ خانىنى بىر قىلىپ ئايرىغان بۆلەك.

**تۆركۈم ئايرىش بەلگىسى** <مات> كۆپ خانىلىق سانلارنى ئوقۇش ۋە يېزىشتا، خانىلارنى پەرق ئېتىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، بىرلەر خانىسىدىن باشلاپ ھەر ئۈچ خانا بىر تۆركۈم قىلىنىپ «, »

بەلگىسى بىلەن ئايرىلىدۇ. بۇ خىل بەلگە تۆركۈم ئايرىش بەلگىسى دېيىلىدۇ. مەسىلەن: 200 ,453 ,1 ياكى 345 ,589 ,64.

**تۆركۈم-تۆركۈم** بىرقانچە تۆركۈم، توپ-توپ: بەس، بۇنداق سېخىلار ئاز ئەمەس، بۇ زاۋۇتتا يېڭىدىن ئىشلىنىپ چىققان تۆركۈم-تۆركۈم ساپان، ئون قۇرلۇق ئۇرۇق سېلىش ماشىنىسى دېمەمدىغان تېخى.

**تۆركۈم-تۆركۈملەپ** تۆركۈم-تۆركۈملەر بويىچە، توپ-توپ بولۇپ: يېزىدا ئۇيۇننى كۆرمىگەن ئادەملەر ئاز قالدى. بۇلار ئەمەس، ئېغىزدىن-ئېغىزغا يېتىپ، تارقالغان خەۋەر ناھايىتى زور قىزىقىش پەيدا قىلىپ، قوشنا يېزىلاردىمۇ تۆركۈم-تۆركۈملەپ ئادەملەر كېلىپ، ئۇيۇننى كۆرۈشكە باشلىدى.

**تۆركۈملەپ** ① «تۆركۈملىمەك» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى. ② رەۋ. تۆركۈمى بىلەن، كۆپلەپ: بىراق شىلىڭ شەيي ھەددىدىن ئاشتى، ئىلغار كۆچلەرنى قىردى تۆركۈملەپ. قاپلىدى كۆكنى قاپقارا بۇلۇت، بوغۇر نەپەسنى تۇمان تۆۋەنلەپ.

**تۆركۈملەشمەك** «تۆركۈملىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۆركۈملەنمەك** «تۆركۈملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تۆركۈملىمەك** پ. تۆركۈملەرگە، توپ-توپقا، ئاجراتماق، بۆلمەك: ئامنە دوسكىغا چىقىپ ئالدى بىلەن ئوڭدىن سولغا ئۈچ خانىنى بىر قىلىپ سانلارنى تۆركۈملىۋالدى، ئاندىن بۇ ساننى ئوقۇدى.

**تۆركىي** سۈپ. تۆرك خەلقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تىلى، يېزىقى ۋە مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ بولغان: تۆركىي تىللار.

**تۆركىي تىللار** تۆركىي تىللار تۆركۈمىگە تەۋە بولغان تىللار.

**تۆركىي تىللار تۆركۈمى** <تىل> ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى تىل تۆركۈم-لىرىنىڭ بىرى. بۇ تىل تۆركۈمىگە تەۋە تىللار ئاساسەن جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال قىسمى ۋە تۈركىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئىران، ئافغانىستان شۇنىڭدەك شەرقىي ياۋروپانىڭ بەزى جايلىرىغا تارالغان. مەملىكىتىمىزدە، بۇ تىل تۆركۈ-مىگە ئۇيغۇر تىلى، قازاق تىلى، قىرغىز تىلى، ئۆزبېك تىلى، تاتار تىلى، سالار تىلى، يۇغۇر تىلى (سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى يۇغۇرلارنىڭ تىلىنى كۆرسىتىدۇ) قاتارلىقلار كىرىدۇ. چەت ئەلدە قازاق تىلى، قىرغىز تىلى، تۈركمەن تىلى، ئەزەربەي-جان تىلى، ئۆزبېك تىلى، تاتار تىلى، باشقىرت تىلى، ياقۇت تىلى، نوغاي تىلى، گاگاۋۇز تىلى، خاكاس تىلى، قاراقالپاق تىلى، چۇۋاش تىلى، ئۇيغۇر تىلى ۋە تۈرك تىلى قاتارلىقلارمۇ مۇشۇ تىل تۆركۈمىگە كىرىدۇ.

**تۈركىيشۇناس** ئى. تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلى، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىس، ئالىم؛ تۈركولوگ.

**تۈركىيشۇناسلىق** ئى. تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىدىغان پەنلەر مەجمۇئەسى، تۈركولوگىيە.

**تۆرگە** ئى ① تۇتقۇلغان ماتا، ئەتلەس قاتارلىقلار يۆگىلىپ، تۈرۈلۈپ تۈرىدىغان توغرا قىرلىق ياغاچ: تۆرگە قوزۇق. تۆرگە پۇتى. ② تىكىش ماشىنىسىنىڭ ناچىغا يىپ تۈرىدىغان زاپچىسى. ③ توپا، قار قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىتتىرىپ، تۈرتۈپ بىر يەرگە دۆۋىلەش ياكى يۆتكەشتە ئىشلىتىدىغان تۇتقۇچلۇق تاختا (ھايۋانلارغا سۆرىتىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ): ئۇ ئەنە شۇنداق ئويلار بىلەن خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، قاردا غىچىرلىغان ئاياغ تاۋۇشلىرى ئۇنىڭ

خىيالىنى بۇلدى: بىر توپ جەگچى تاغلار گۈرجەك، سۆپۈرگە، قار ئىتتىرىدىغان تۆرگىلەرنى كۆتۈرۈپ، يۈگۈرۈشۈپ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. * ئۆينىڭ تېمىغا لوتپۇللا ئاچىققان خەرىتە ئېسىلغان، يېنىدا خاماندا ئىشلىتىلىدىغان تۆرگە تىكلىنىپ دوسكا قىلىنغان.

**تۆرگە پۆتى** ماتا ۋە ئەتلەس توقۇش دۈكىنىدا تۆرگىنى كۆتۈرۈپ ۋە تۇتۇپ تۇرىدىغان، تۆرگىنىڭ ئىككى بېشىدىكى ياغاچ.

**تۆرگە قوزۇق** ← **تۆرگە پۆتى**.

**تۆرگۈچ** I ئى. يىپ تۆرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يىك، ناچا، قومۇش قاتار-لىقلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**تۆرگۈچ** II ئى. سىرغا.

**تۆرگۈن** سۈپ. قورقماس، يۈرەكلىك، جۈرئەتلىك، دادىل: ئاشپەز يولۋاستەك تۆرگۈن ئادەم بۇلغىنى بىلەن، كۆڭلى پاختىدەك يۇمشاق ئىدى. // – ئۆرۈمچىلىك نوجۇپ دېگەن مەن بولىمەن! – دېدى ئۇ تۆرگۈن سۆزلەپ، – مېنى جىرچى نوجۇپ دېسە تونۇمايدىغان كىشى يوق. بەلكى ئۆزىڭىزمۇ ئاڭلىغان بولغىدىڭىز؟

**تۆرگۈنلۈك** «تۆرگۈن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ل. مۇتەللىپ يالغانچى ئەمەس ئىدى، دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى ھەرقانداق يەردە تارتىنماي، تۆرگۈنلۈك بىلەن سۆزلەشنى بىلەتتى.

**تۆرگىلىمەك** پ. تۆرگە بىلەن ئىتتىرىپ دۆۋىلىمەك، تۆرگە بىلەن يىغماق: ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى بار. سەن ئاپتوموبىل ھەيدەيدىغان، بىز بۇ يوللارنى ماشىنا بىلەن تۆرگىلەيدىغان كۈنلەرمۇ كېلىپ قالار، ھازىرچە ئۆكۈز تۆرگىسىنى ئىشلىتىشكە پۇختا بول.

**تۆرلەتمەك** «تۆرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇئەللىم ياسىنىدىن ئېغىزچە ئىمتىھان ئالغاندا، بەش ئىسمنى كېلىشلەر بىلەن تۆرلىتىپ باقتى.

**تۆرلەشمەك** «تۆرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئوقۇغۇچىلار گىراماتىكىنىڭ يازما مەشقىدە بىرقانچە ئىسىمنى كېلىش، شەخس، سان جەھەتتىن تۆرلەشتى.

**تۆرلەندۈرمەك** «تۆرلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تۆرلەندۈرۈلمەك** «تۆرلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تۆرلەنمە** ئى. تۆرلىنىشتىن كېلىپ چىققان، تۆرلەندۈرۈلگەن نەرسە: مەنىۋى مەدەنىيەت مۇئەييەن ماددىي شارائىتتىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ، لېكىن ئۇ ماددىي مەدەنىيەتنىڭ تۆرلەنمىسى ياكى قوشۇمچىسى ئەمەس.

**تۆرلەنمەك** «تۆرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ سۆز تۆرلەنمەيدۇ.

**تۆرلۈك** سۈپ. ① مەلۇم تۈر، تارماق، خىلغا ئىگە بولغان: ئەر كىشىگە يەتمىش تۆرلۈك ھۈنەر ئاز (ماقال). * يولداش ئىسمائىل ئەمەت ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كېلەر يىللىق ئىگىلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئون تۆرلۈك ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ② بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان، ھەر خىل، خىلمۇخىل: بۇ ئارزۇ ھەر ئىككىسىنىڭ قەلبىدە يوشۇرۇن ئەكس ئېتەتتى. ئۇلار يۇرتىغا بېرىۋالسىلا تۆرلۈك ئەندىشىلەردىن خالىي بولماق ئاسان. ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ پۇلى بارلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. * گومىنداڭ مېنى «ئوغرى» دېگەن، بىراق، يۈرىكى ئەسلىي ئۇنىڭ پوك-پوك ئىدى. ئاخىرى مەنمۇ بېرىپ سېپىل تەشتىم، بۇ ئىشنىڭ سەۋەبى كۆپ، تۆرلۈك ئىدى.

**تۆرلۈك مال** <سودا> كىيىم-كېچەك، قازان-قومۇچ قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**تۆرلۈك-تۆرلۈك** ھەر خىل، ھەر ياڭزا، خىلمۇخىل: كۈنلەر ئۆتۈشى بىلەن باللارنىڭ

تۆرلۈك-تۆرلۈك قىلىقلىرى چىقىشقا باشلىدى، بولۇپمۇ ئەركىن ئىسىملىك دوغلاققىنە بالا ھە دېمەيلا ھۈنىرىنى كۆرسەتتى.

**تۆرلۈك-تۈمەن** تۈرلىرى ھەر خىل، خىلمۇخىل: دەرەخ شاخلىرىدا ۋە گۈللۈك ئارىسىدا سايرىشىۋاتقان تۆرلۈك-تۈمەن قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى، گۈلدىن-گۈلگە ئۇچۇپ يۈرگەن رەڭمۇرەڭ كېپىنەكلەر كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئارام بېغىشلايدىكەن.

**تۆرلۈكچە** ① سۈپ. ھەر خىل: بۇ تەدبىرلەر تۆرلۈك مەملىكەتلەردە ئەلۋەتتە تۆرلۈكچە بولىدۇ. ② رەۋ. تۆرلۈك ئۇسۇلدا، تۆرلۈك رەۋىشتە: بۇ ھېسابنى تۆرلۈكچە ئىشلەپ باقتىم، لېكىن چىقىرالمىدىم.

**تۆرلىمەك** پ ① بىر-بىرىگە ماس ھالدا تۆرلەرگە ئايرىماق: نەرسىلەرنى تۆرلىمەك. ② <تىل> سۆزلەرگە تۆرلۈگۈچى مورفېمىلارنى قوشۇپ ئۆزگەرتمەك: مونۇ ئىسىملارنى كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۆرلەڭلار.

**تۆرمە** ئى [ر] گۇناھكارلارنى سولايدىغان جاي، سولاقخانا: تۆرمىگە ئالماق. تۆرمىگە سالماق. تۆرمىگە قاماق. * گۈلەندەم بىلەن دىلبەر لۆتپۇللاغا تەييارلىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ، ساقچى تۆرمىسىگە قاراپ يۈرۈپ كېتىشتى.

**تۆرمىگە تاشلىماق** تۆرمىگە ئالماق، سولىماق: ئۇ چاغدا ئۇلار ئاغزىدىن بىرەر يات سۆز چىقىپ كەتكەن ئادەمنى ھايت-ھۇيت دېگۈچە تۆرمىگە تاشلايتتى.

**تۆرمەك** I سۈپ. ئۇرالغان، تۈگۈلگەن، تۆرۈلگەن: ئايىم چېچىنى تۆرمەك قىلىپ چىگىۋالغانىدى.

**تۆرمەك** II پ ① ئېگىرىلگەن، تولانغان يىپنى ناچا ياكى قومۇشقا يۆگىمەك: لاپقۇتلاشقان ئۇن چوكان بەش يىكتىن يىپ ئېگىرگەندىن كېيىن، ئېگىرگەن يىپلىرىنى قومۇشقا تۆرۈشكە باشلىدى. * سەييۈك ئۇستام تۆرگۈچتە ناچىغا يىپ تۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، مۈكىنى سالدى. ② يەڭ، پۇچقاق قاتارلىقلارنى سىرتىغا ئۆرۈپ، يۇقىرىغا قارىتىپ قاتلىماق: لاي مانا شۇنداق تەييار بولغاندا، ئانارچى قارىي 60 ياشقا كىرىپ قالغىنىغا قارىماي، كوچىدىكى لايغا ئازراق سامانني چېچىۋەتتى-دە، يالاڭ تامبىلىنى يوتىسىغىچە تۆرۈپ، كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ لايغا چۈشەتتى. * رابىيەم ھەدەگە دىنىنى تاتلاپ تۆرغان ھېيتاخۇننى ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋېتىپ، يېڭىنى تۆردى-دە، خېمىرنى تەڭگىگە سېلىپ چەيلىگەچ ھېيتاخۇننى جىملەشكە باشلىدى. ③ يۈز، چىرايىنىڭ تېرە مۇسكۇللىرىنى پۈرۈشتۈرمەك: قوشۇمىسىنى تۆرمەك. تەلەتىنى تۆرمەك. * — قويساڭچۇ سادىق! — دېدى روزى بىر نەرسىدىن يىرگەنگەندەك چىرايىنى تۆرۈپ، — ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالى قانداق ئاداش؟ * — نىياز! — بىرى قاتتىق ۋارقىرىدى. ساتتار «نىياز» دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاپ، قاپىقىنى يەنە تۆردى. ④ تۈگمەك (مۇشت ھەققىدە): شتاب باشلىقى ئۇنىڭ قورساقلىرىغا مۇشتۇمىنى پاتۇرۇپ-پاتۇرۇپ قويۇپ، ئۇستەل يېنىغا باردى-دە، بىردىنلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ بۇيرۇق قىلدى: — مۇشتۇمۇڭنى تۆر، قولۇڭنى ئالدىڭغا چىقار!

**تۆرمەكلەنمەك** «تۆرمەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دېرىزىگە تارتىلغان گۈللۈك، قىرغىزچە پەردە تۆرمەكلىنىپ قويۇلغان، دېرىزە تەكچىسىدە تەشتەكتىكى ئوخشاش، لېكىن ھەر خىل گۈللەر ياشىرىپ تۇراتتى.

**تۆرمەكلىمەك** پ. تۆرمەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ ئورىماق، تۆرمەك قىلىپ تۈگمەك: ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى بىرى ئادىلىنىڭ كۆزىگە خاسىيەتلەك كۆرۈنۈپ كەتتى. چۈنكى، بۇرۇن خاسىيەت چېچىنى چوققىسىغا تۆرمەكلىۋالاتتى.

**تۆرمەل** ئى ① قولاشقان، تۆرۈلگەن، قاتلانغان جاي، قورۇق: قېرىلىقتىن ئۇنىڭ بويۇنلىرى تۆرمەل بولۇپ كېتىپتۇ. ② ئېچىگە تاش

ئېلىپ، شاخ-شۇمبا ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غولىنى يۆگەپ باغلىغان، سۇنى توسۇشقا ئىشلىتىلىدىغان چوڭ باغلام: ئاسىم قارا پوتىنى ئوتتۇرىسىدىن يىرتىپ ئۈلىدى-دە، ئەتراپتىكى شاخ-شۇمبىلاردىن خېلى يوغان تۈرمەل ياسىدى. ③ ئارىسىغا كۆكتات ئېلىپ، تۈرمەللەپ، جىمبىلدا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل هورنان.

**تۈرمەللىمەك** پ ① يۆگەپ، تۈرۈپ تۈرمەل هالەتكە كەلتۈرمەك؛ تۈرمەكلىمەك: قوڭغۇراق چېلىندى، قولتۇقىغا دەپتەر-كىتابلىرىنى قىستۇرغان ئايخانىم سىنىپقا كىردى، ئۇ چېچىنى بېشىغا تۈرمەللەپ، ئۈستىدىن ناۋات رەڭ هېلىلە ياغلىقىنى چىگىۋالغانىدى. ② تاشقىنىنى ياكى بۇزۇلغان قاشنى تۈرمەل بىلەن ئەتمەك: كىشىلەر ئەتىسى دەرياغا يەنە بوقىنى ئورنىتىپ تۈرمەللىدى.

**تۈرمۇزە** ئى. ئېگىرىلگەن يېپنى يىكدىن قومۇشقا تۈرۈشتە قومۇش كىرگۈزۈلىدىغان چوڭ يىك.

**تۈرمداش** ئى. بىر تۈرمىدە بىرگە ياتقان، تۈرمە هاياتىنى بىرگە ئۆتكۈزگەن كىشى: - بۇرادەر، - دېدى ئۇنىڭ هالىغا ئىچىنغان بىر تۈرمىدىشى، - بۇ تۈرمىگە كىرگەن كىشىلەرنىڭ ئوندىن بىرى ساق قالمايدۇ... خەت ئۆگىنىپ نېمە قىلارسىز. // تۈرمداش ئاياللار لەيلىگۈلگە تۈرمە ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۆز رەقىبلىرىنىڭ خەۋپلىكرەكلىرىنى مەخپىي قىيناپ ئۆلتۈرۈپ، كۆزىدىن يوق قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

**تۈرۈشتۈرمەك** ① «تۈرۈشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② تۈرۈلگەن هالەتكە كەلتۈرمەك: - لولى، خېنىمىڭ بىلەن ئىشىم يوق! - دەپتۇ ئۇكام ئاچچىقى بىلەن پېشانىلىرىنى تۈرۈشتۈرۈپ.

**تۈرۈشمەك** «تۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار يەڭلىرىنى تۈرۈشتى. * شۇنداق قىلىپ قىزلار ئىشقا كىرىشتى، چاچلىرىنى ئەپچىل قىلىپ تۈرۈشتى. ياۋ ئۈستىگە دەرغەزەپ تاشلىنىپ، گويا كۈچلۈك يالقۇن بولۇپ يېنىشتى.

**تۈرۈك** I سۈپ. تۈرۈلگەن، تۈرۈلۈپ تۇرغان: ئوردا بىلەن ئامبال يامۇللىرى ئوتتۇرىسىدا بىردەم ئاتلىقلار، بىردەم مەپە ياكى پوچتىغا ئولتۇرغان بەگ ئەمەلدارلار خۇددى باپكارنىڭ موكىسىدەك قاتنايتتى. هەممىسىنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈك، ئاۋازلىرى بوغۇق ئىدى.

**تۈرۈك** II سۈپ. خەت ساۋادى يوق، ئوقۇمىغان، بىلمىسىز: نەسەبدىن گەپ ئاچقاندا، مەن ئەسلىي ئادەتتىكى بىر تۈرۈكمەن، ياشلىقىمدىن سازغا ئىشتىياقىم بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، كىشىلەر «سازەندە» دەپ لەقەم قويغان.

**تۈرۈكلۈك** I «تۈرۈك I» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: هاجى تېرەكلىك هويلىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى تونۇر بېشىغا چىقىپ، قاپاقلىرى تۈرۈكلۈك هالدا بوم ئاۋاز بىلەن سۆز باشلىدى.

**تۈرۈكلۈك** II «تۈرۈك II» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بوۋام ساۋاتسىز ۋە تۈرۈكلىكىگە باقماي، پەن تېخنىكىنىڭ گېپى چىقسىلا ئۆزىچە سۆزلەپ كېتەتتى.

**تۈرۈلمەك** ① «تۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: هېلىقى ئادەمنىڭ تەرى تۈرۈلدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۈرقىدىن خېلى بىرنېمە دېگۈسى بارلىقى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. * ئۇلارنىڭ يېنىغا پۇچقاقلىرى تۈرۈلگەن ئەخمەتجان كەلدى ۋە ئالدىراپ سۆزلەشكە باشلىدى. ② يىغىلىپ، ئۈستى-ئۈستىگە دۆۋىلەنمەك: شۇ پەيتتە، غەربىي شىمالدىن قارا بۇلۇت تۈرۈلۈپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بوران چىقتى، مۆلدۈر ئارىلاش يامغۇر ياغدى. * ئۇ: - مەن هازىر مانا بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىمەن، - دەپ قازان تەرەپتىن تۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان هورغا قارىدى. ③ كۆچمە. ئاچچىقلىنىپ قالماق؛ غەزىپى كەلمەك: بۇ سۆزنى ئاڭلىغاچ سەئىدىن تۈرۈلدى،

ئاران تۈرغان دىلى قاتتىق بۇزۇلدى.

**تۈرۈلۈشمەك** «تۈرۈلمەك» پېئىلى ③ نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ ئادەملەر بىزنىڭ مەكتەپتىكى باللارنىڭ نەچچە باراۋىرىگە دېگۈدەك تەڭ كېلەتتى. ئۇلار يەنە تېخى تەرەپ-تەرەپتىن تۈرۈلۈشۈپ كەلمەكتە ئىدى.

**تۈرۈم** سۈپ ① تۈرۈلۈپ، يىغىلىپ قاتلاش بولۇپ كەتكەن. ② يىپ قاتارلىقلارنى يىك، ناچىغا يۆگەپ تۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان: تۈرۈم چاق.

**تۈرۈم چاق** تۆمۈر يىكنى تاناپ ئارقىلىق ئايلاندۇرۇپ ناچىدىكى يىپنى تۈرۈشتە قوللىنىلىدىغان هارۋا چاقىغا ئوخشاش ياغاچ شادا چاق.

**تۈرۈم چاق گۈندىسى** تۈرۈم چاقنىڭ ئوقىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ۋە پاچاقنىڭ ئاستىغا قويۇلغان ئىككى تال ياغاچ.

**تۈرۈشمەك** «تۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قوپاللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ياكى قاپاق تۈرۈشۇپ، جېدەللىشىپ باقمىدى.

**تۈز** ① سۈپ. ئەگرى ئەمەس، رۇس: ئوغلۇم، تۈز ئۆسكەن دەرەخ كۆككە چىقالايدۇ. مەن سېنىڭ ئاناڭغۇ، مۇشۇ ئىشلارنى ئاڭلىغىنىمدا، قانچىلىك ئازابلىنىدىغانلىقىمنى ئويلىدىڭمۇ؟ ماڭ ئۇنىڭ ئالمىسىنى قولىغا قايتۇرۇپ بەر. * شوپۇر دوقمۇشتىن ئاستا ئەگىپ ئۆتتى. تۈز يولغا چىققاندىن كېيىن، ئۇلڭ كۆزىنىڭ قىرىدا رەيھانەمگە قىيا بېقىپ سۆزلەشكە باشلىدى. ② سۈپ. ئېگىز-پەس ئەمەس، تەكشى: تۈز ئېتىز. تۈز يەر. تۈز مەيدان. ③ ئى. كەڭ كەتكەن تەكشى يەر: ئېگىز-ئېگىز تاغ بېشىدىن سىيرىلدىم تۈزگە، قىزىل گۈلنىڭ غۇنچىسىدەك ئېچىلدىم سىزگە. * ئاتلارنى قويۇپ بەردۇق، كۆرۈنگەن قارا تۈزگە. بارساڭلار سالام دەڭلار، ئۆز يارىم قارا كۆزگە. ④ سۈپ. كۆچمە. ئوچۇق-يورۇق؛ باشقىلارغا يامانلىق قىلمايدىغان، هارامزادىلىكنى بىلمەيدىغان، ئاق كۆڭۈل: «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دېگەن شۇ. بىشەملىكنى دەسلەپ ئۆزۈڭ قىلدىڭ ئەمەسمۇ؟ ئۇ كىشى سېنىڭ گېپىڭنىڭ لايىقىدا گەپ قىلمىدى جۇمۇ تېخى، هەي... بىچارە، ياۋاش، تۈز ئادەمكەن. * مەخمۇت ئوتتۇنچى ــ ئامانىنساخاننىڭ دادىسى تۈز، ئادىل كىشى ئىدى. * مەن بۇ كادىرنى كۆرمىگەن ئىكەنمەن. بىز تۈزلا ئۆگىنىپ قالغان ئادەم. تولىمۇ كۆپ ئېزىلەڭگۈ تەكەللۇپنى بىلمەيمىز.

**تۈز سۈرۈلگەن ئۈزۈلمە** <گېئول> ئىككى بۆلىكى ئۈزۈلۈش يۈزىنى بويلاپ گورىزونتال يۆتكەلگەن بىر خىل ئۈزۈلمە.

**تۈز سىزىق** <مات> بىر نۇقتا تەكشىلىكتە ياكى بوشلۇقتا بەلگىلىك يۆنىلىش ۋە ئۇنىڭغا قارىمۇقارشى بولغان يۆنىلىش بويىچە هەرىكەتلەنگەندە هاسىل بولغان شەكىل.

**تۈز قاناتلىقلار ئەترىتى** <زوئول> هاشاراتلارنىڭ بىر ئەترىتى. بۇنىڭغا كىرىدىغان هاشاراتلارنىڭ تېنى سەل ئۇزۇن كېلىدۇ، ئېغىز ئورگىنى غاجىلاشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ، سەزگۈ مۇڭگۈزچىسى يىپسىمان كېلىدۇ، ئالدىنقى قانىتى تېرە قانات بولۇپ تارراق، ئارقا قانىتى پەردە قانات بولۇپ كەڭرەك كېلىدۇ. بەزى تۈرلىرىنىڭ قانىتى قىسقا ياكى يوق بولىدۇ. بۇ ئەترەتتىكى هاشاراتلارنىڭ كۆپچىلىكى زىيانداش (مەسىلەن، چېكەتكە، موزايىبېشى، قارا چېكەتكە)؛ ئاز بىر قىسمى پايدىلىق (مەسىلەن، ياچۇەك) هاشارات هېسابلىنىدۇ.

**تۈز كۆڭۈل** ← **كۆڭلى تۈز**: جانانخان تۈز كۆڭۈل ئايال بولۇپ، 45 ياش ئۆپچۆرىسىدە ئىدى.

* – ھەي چۈشەنمەيدىغان نېمىسى بار، – پەرھات ياشلارغا خاس تۈز كۆڭۈل بىلەن ئېيتتى، – سىز بىشىدىن لاي، دادىڭىز «ئىنقىلابقا خائىنلىق قىلىپ» ئۆلتۈرۈلدى ئەمەسمۇ، ئۆزىڭىزگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇپ چېنىقىشىڭىز كېرەك.

**تۈز كۆڭۈللۈك** كۆڭلى تۈز ھالەت ۋە خۇسۇسىيەت: سىرگىن ئازابىدا ئىچى پۇشۇپ، ھاراققا كىرىشىپ قالغان تارىخچىنىڭ پسىخولوگىيىسى ۋە تۈز كۆڭۈللۈكى ھېكمىنىڭ پايدىلىنىشىغا شەرت ھازىرلاپ بېرەتتى. * – ياق، بۇگۈنلا سۆزلەشكىنىم تۈزۈك، مەتروزى ئاكام مېنى چۈشىنىدۇ، – دېدى مېھرىبان تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن.

**تۈز مەسە** ئوڭ ۋە سول پۇتىنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە ئالماشتۇرۇپ كىيىشكە بولىدىغان مەسە.

**تۈز مەش** تۈگۈغا ئوخشاش ئۆرە تىكلىنىدىغان، ئۈستىدىن ياكى يېنىدىن ئوتۇن ياكى كۆمۈر سالىدىغان بىر خىل مەش. «ئۆرە مەش» مۇ دېيىلىدۇ.

**تۈز ئېتىلىدىغان توپ** <ھەرب> ناھايىتى زور كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە بىر خىل توپ. دەسلەپكى سۈرئىتى تېز، ئوق يولى پەس ۋە ئۇزۇن، ئوقنىڭ يېتىپ بېرىش مۇساپىسىمۇ يىراق بولىدۇ. مەسىلەن: كانىنون توپى، تانكىغا قارشى ئاتىدىغان توپ قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**تۈز ئىشتان** ئىشتانبېغى بېكىتىلىدىغان، ئالدى كەينىگە ئۆرۈپ كىيگىلى بولىدىغان ئىشتان.

**تۈز يانچۇق** چاپان ياكى ئىشتانغا ئۇزۇنسىغا خالتىسىمان ئېچىلغان يانچۇق.

**تۈز يەلك** جەينەكنىڭ دوكى چىقىرىلماي، خالتا شەكلىدە تۈز كېسىلگەن يەڭ.

**تۈز يۈگۈرۈش يولى** <تەن> يۈگۈرۈش ۋە مۇز تېيىلىش قاتارلىق مۇسابىقىلاردىكى يۈگۈرۈش يولىنىڭ تۈز قىسمى.

**تۈزەتكۈزمەك** «تۈزىمەك» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى: «لەئەل شاھ» تەختكە چىققاندىن كېيىن، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتىدىغان كوچىغا سەھنە تۈزەتكۈزۈپ، بارلىق شەھەر خەلقىنىڭ مۇشۇ سەھنە ئالدىدىن بىر مۇبىر ئۆتۈشى ئۈچۈن بۇيرۇق چۈشۈردى.

**تۈزەتمەك** ① «تۈزىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كاستۇمنىڭ يېڭنى پەس ئورنىتىپ قويغانىكەن، ماشىنىچىغا ئاپىرىپ تۈزەتتىم. ② تەرتىپكە سالماق، رەتلىمەك: قىلىن، يېشىل مودۇتتىن تون كىيگەن ئۆۋەيس مۇپتى يوغان سەللىسىنى تۈزىتىپ قويۇپ، چىرقىراق ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى. * تۆمۈرخەلپە ئىتنى دېۋىتىپ بىر قەدەم ئالغا ئۆتتى-دە، دۇمبىسىدىكى ملتىقنى تۈزىتىپ قويۇپ، گەپ باشلىدى. * ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەر نوپۇسنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىپ، نوپۇس باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى قالايمىقانچىلىق ھادىسىلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈزەتتى. ③ نۇقسان ۋە خاتالىقلارنى يوقىتىپ، ياخشىلىماق: پارتىيىمىز ئاقىۋەت بۇنداق ھەر خىل ناھەقچىلىقلارنى تۈزىتىدۇ. * خەتنى يېزىپ بولۇپ يەنە قايتا كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، بەزى جۈملىلەرنى يېڭىباشتىن تۈزىتىپ، كونۋېرتقا سالغان زەيتۇنە ئۈستىدىن ئېغىر يۈك ئېلىپ تاشلانغاندەك يېنىك تىن ئالدى.

**تۈزەشتۈرمەك** ① ئېچىدىكى، ئۈستىدىكى قالايمىقان نەرسىلەرنى، تەكشى، تەرتىپلىك ھالەتكە كەلتۈرمەك، رەتلىمەك: ئابدۇراخمان ھارۋىدىكى تۆگىنى تىكلەپ، كەينىگىرەك بىر چەتكە توختىتىپ، قۇرۇق بېدىلەرنى ئۇ ياق-بۇ ياققا قىلىپ، ئولتۇرىدىغان ئورۇننى تۈزەشتۈردى. * قادىر بىلەن ئاسىمگۈل پايپېتەك بولۇپ، داستىخاننى باشقىدىن تۈزەشتۈردى. گۈلە-قاق، جىگدە، ياڭاق ۋە ئازراق مېغىز بىلەن بادام تۆكتى.

* جامالدىن بىنا پۈتكىچە ، بۇرۇن ئىسكىلات قىلىپ، كېيىن بوشىتىپ قويۇلغان كونا بىر ئۆينى تۈزەشتۈرۈپ، ئولتۇرۇپ تۇرغانىدى. ② بۇزۇلغان، قالايمىقان نەرسىنى ياخشى ھالەتكە كەلتۈرمەك: گۈگۈمدا بىر ئاي تۇرۇپ قايتقىنىمدا، ھېلىقى بۇغداي ئېتىزلىقىدا ئېگىز تام بىلەن قورشالغان ھويلا پەيدا بولغانلىقىنى، سەككىز - ئون كىشى ھويلا ئالدىدىكى كىچىك يولنى تۈزەشتۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم. * ئۇلار نەچچە ئۇنلىغان سىپالكا، ساپان، ھارۋا قاتارلىقلارنى تۈزەشتۈرۈپ، تەخلەپ قويدى. ③ پۈرلەشكەن، تۈرتۈلگەن نەرسىلەرنى سىلىق، تەكشى ھالەتكە كەلتۈرمەك: ئۇ ئارىلاپ - ئارىلاپ جۆيلۈيتتى، يېنىك ئىڭرايتتى. كېيىم ئورنىدىن تۇردى، ئايالىنىڭ ئۈستىدىكى يوتقان ئەدىيالنى تۈزەشتۈرۈپ قويماقچى بولۇپ ئېگىلگەنىدى، پەرىزات كۆزلىرىنى لاپپىدە ئاچتى: — تېخىچە ئۇخلىمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ ھالسىز ھالدا. * ھېمىت ئەمدى ھالىغا كەلگەندە ئىشتىك ئېرىپ، سافانىڭ يۆلەنچۈكىدىكى تورنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى. ④ كىيىم - كېچەك ۋە ئۈستىبېشىنى رەتلىك قىلىپ، تۈرۈقىنى ئوڭلىماق، ياسانماق: كەچ سائەت ئالتە يېرىم بولغاندا، پەردە ئەينەك ئالدىغا كېلىپ، چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، چازىسىنى قىستى. ئۇ، ئەمدىلا قول سومكىسىنى ئېلىپ ماڭماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، ئىشىك جىددىي چېكىلدى. * ئۇ سەللىسىنى تۈزەشتۈرگەچ بىرنەچچىنى يۆتۈلۈپ، كانىيىنى قىرىپ قويۇپ، دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى.

**تۈزەشتۈرۈلمەك** «تۈزەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سەھنە تۈزەشتۈرۈلدى.

**تۈزەشمەك** «تۈزىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يولداش قاسىم بىزگە ياردەملىشىپ، سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان پىلاننى تۈزۈشۈپ بەرسۇن.

**تۈزەلمەك** ① «تۈزىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھازىر ئىشلار ئوڭلىنىپ، رەتكە چۈشۈپ، يۇرتىمىز تۈزەلدى. * لېكىن يەيدىغان رىزقىمىز بار ئىكەن، زامان تۈزىلىپ، ئوغرىلىق قىلمايدىغانلىقىغا ھەممە كىشى ئىشىنىدىغان كۈنلەرمۇ يېتىپ كەلدى، ئەتىرەتتىن كۆتۈرە ئالغان يەرنى تېرىپ، تۈنجى يىلىلا خېلى پۇللۇق بولۇپ قالدىم. ② كېسەل، ئاغرىقتىن قۇتۇلماق، ساقايماق: — ھېلىقى ئاق دوراڭدىن بەرگىنە، قىزىم، — دېدى مايسىخان ئاچا بېشىنى ياستۇققا قويۇۋېتىپ، — بىر قال ئىچسەملا تۈزىلىپ كېتىمەن. * ئىزلىمە كۆكتىن ئىلاج، دەردىڭگە دەرمان يەردىدۇر، تاپ ئۇنى، يالقىن بۇ ئەلدىن، تىل داۋا دەرددىن تۈزەل. ③ يامان، ناتوغرا، جىنايى يولدىن قايتماق، ياخشىلانماق: ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قايتا - قايتا تەربىيە بەرسىمۇ تۈزەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارغا زۆرۈر تېپىلغاندا، چارە كۆرۈش لازىم. * — جەزمەن بارىمىز دېسەك، مىنىڭچە، خاسىيەتنىڭ قېشىغا ئەمەس، يولداش رەيھانەمنىڭ ئالدىغا بېرىش لازىم، — دېدى ھازىرلا كەلگەن قارارنى ئېيتىپ، — خاسىيەتنى يەنە ئىزلەش بىلەن ئىش بۇزۇلسا بۇزۇلىدۇكى، ھەرگىز تۈزەلمەيدۇ.

**تۈزەنمەك** «تۈزىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۆزبېك ئايىمنىڭ كۆڭۈل تارتقان قوشنىلىرىدىن كەرىمە بۇۋى، شاراپەت چېۋەر ۋە ماھىنەبانۇلارمۇ ياسىنىپ - تۈزىنىپ چىقتى.

**تۈزدۈرمەك** «تۈزمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جۈملە تۈزدۈرمەك. * پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى تۈزدۈرۈش لازىم.

**تۈزگۈچى** ① «تۈزمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: سۇلايمان يېنىچە بولۇپ غانجۇغىسىدىكى خۇرجۇننىڭ ئىزمىلىرىنى يېشىپ، توختام تۈزگۈچىلەرگە ئېلىۋالغان ھارىقىدىن بىر بوتۇلكا ئالدى - دە، ئاغزىنى چىشى بىلەن چىشلەپ ئېچىپ، ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئاغزىغا توغرىلىدى. ② ماتېرىيال، مەلۇماتلارنى

رەتلەپ، يىغىپ، ئەسەر قىلىپ شەكىللەندۈرگۈچى: بۇ لۇغەتنى تۈزگۈچىلەر كىملەر ئىكەن؟

**تۈزگۈچى گېن** <بىئول> ئاقسىلنىڭ مولېكۇلا تۈزۈلۈشىنى بەلگىلىگۈچى گېن. تۈزگۈچى گېن تۇساتتىن ئۆزگەرگەندە ئاقسىلنىڭ مولېكۇلا تۈزۈلۈشىدە ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ، نەتىجىدە ئىرسىيەت خۇسۇسىيىتىدىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ.

**تۈزلەنمەك** «تۈزلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھەربىر دۆي ئۆزلىرىگە بۆلۈنگەن يوللارنى تۈزلەتتى.

**تۈزلەشمەك** «تۈزلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئوقۇغۇچىلار قوللىرىغا كەتمەن ئېلىپ، مەيداننىڭ ئەتراپىنى تۈزلەشتى.

**تۈزلەڭ** سۈپ. ئېگىز-پەس يېرى بولمىغان؛ كەڭ ۋە تۈز كەتكەن: تۈزلەڭ رايون. تۈزلەڭ يەر. * ئاتا-بالا ھەر كۈنى يېزىنىڭ ئايىغىدىكى تۈزلەڭ شىۋاقلىققا باراتتى-دە، ئىككى-ئۈچ سائەتتىن كېيىن ئابدۇۋېلىمۇ، ئاتىمۇ تەرگە چۈمۈلگەن ھالدا ئۆيگە قايتاتتى. * شۇڭا ئۆزىگە تۈزلەڭ ۋە جاپالىق يولدا مېڭىش تونۇغا كەلگەنىدى، بۇ يولدا بېسىلغان ھەربىر قەدەمگە ئۈلۈم ھەمراھ ئىدى. // مانا ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاشۇ تاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ تۈزلەڭگە چىقسىلەر. // باتۇرنىڭ سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە بىراۋ سوئال قويدى: — كەينىمىزدىن يەنە تۈزلەڭدىن ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ قالسىچۇ؟

**تۈزلەڭلىك** ئى ① ئېگىز-پەس ئەمەس، تۈز كەتكەن بىپايان كەڭ جاي: ھەيۋەتلىك تاغ تىزملىرى ئوتتۇرىسىدىكى كىچىكرەك بىر تۈزلەڭلىككە ھەشەمەتلىك ساراي سېلىنغان، سارايىنىڭ ئالدىدا چوڭ باغ بار ئىدى. * داۋاندىن پەسلەپ، ئوقتەك تېز ماڭغان ھارۋا بىر ھازادىن كېيىن كەڭ تۈزلەڭلىككە چىقتى. ② <جۇغ> دېڭىز يۈزىدىن پەس كەڭ تەكشىلىك: ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك.

**تۈزلەنمەك** «تۈزلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇدا تۆت يىل مول ھوسۇل ئالدۇق، دېھقانلارنىڭ بېلى تۈزلەندى. * مۇشۇنداق جان تىكىپ ئىشلىسەك، بىرەر ئايغا قالماي نەچچە ئون مىڭ كېسەك قۇيۇۋالىمىز، كۆكتات يېرىمىزمۇ تۈزلىنىپ كېتىدۇ.

**تۈزلۈك** ① «تۈز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: چوغدەك يېنىپ تۇرغان مۆلايىم كۆزلىرىدىن ھامان تۈزلۈكى، سەممىيلىكى، زېرەكلىكى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى. ② تۈز يەر: تاغ جىلغىلىرى تۈگىگەندىن كېيىن، يول سەل تۈزلۈككە چىقتى.

**تۈزلەتتۈرمەك** «تۈزلەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تۈزلىمەك** پ ① ئېگىز-پەس، ئەگرى-بۈگرىسىنى يوقىتىپ تۈز، رۇس ھالەتكە كەلتۈرمەك، تۈز قىلماق: قىرنى تۈزلىمەك. يولنى تۈزلىمەك. * بوۋاي بەل ئاغرىقىنى چىقىرىش ئۈچۈن قوشنا ئېتىزنى بىر ئايلىنىپ چىقتى، ئەتراپتىكىلەر ئۆز يەرلىرىنى تۈزلەپ بولاي دەپ قاپتۇ. ئۆزىچۇ؟ تېخى بىر ئېتىزدىن چىقالمىدى. * ئۇ تېرىش باشلانغاندا، بالا-چاقىلىرى، بىرقانچە ياردەمچىلىرى بىلەن ئوڭغۇل-دوڭغۇل يەرلىرىنى تۈزلەپ، ئۇرۇق چېچىپ قويۇۋېدى، ئۇنىڭدىن كېيىن سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ② كۆچمە. يىقىتماق، چۇۋۇماق: ساڭا مال قايغۇسى، بىزگە جان قايغۇسى بولۇۋاتىدۇ. تىرىكلەرنىمۇ، ئۆلۈكلەرنىمۇ تولۇق رازى قىلىشىڭ كېرەك! يەنە ئون باراۋەر كۆپەيتىپ ئالتۇن كۈمۈش بېرىسەن، بولمىسا ئوردىنى تۈزلىۋېتىمىز! * ئېيتتى بىر دانىشمەن نەسەبدىن سۆزلەپ، يۈرمىگىن ئەي ئىنسان شۆھرەتنى كۆزلەپ؛ تۇرىدۇ ياخشى نام بولۇپ ئابىدە، ئەتىسىمۇ قەبرىنى شاماللار تۈزلەپ. ③ يۇرلەشكەن، تۇرۇلگەن جايلىرىنى تەكشى، سىلىق ھالەتكە كەلتۈرمەك:

ئۇ ئىزاھنامە يېزىلغان قەغەزلەرنى بىر چەتكە ئىلىپ قويۇپ، چىرتىيوژنىڭ يۈگىكىنى يىپىپ تۈزلىدى. ④ كۆچمە. يامان ئوي-خىيال، ئەيىبلەردىن خالىي قىلماق؛ ياخشىلىماق: ـ قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق دېمەكچىمۇ سەن؟ ئەڭ ياخشىسى، قولۇڭدىكى شاخنى قويۇپ بېرىپ، ئۆيۈڭگە كەت، ئۆزۈڭنى تۈزلە ۋە بالاڭنىمۇ ئاسرىغىن، ـ دېدى بوۋاي گېپىنى تارتۇۋېلىپ. * يىراقنى كۆزلەپ، كۆڭۈلنى تۈزلەپ، تارىخنى شان قىل.

**تۈزمە** سۈپ. تۈزۈش ئارقىلىق شەكىللەندۈرگەن، تۈزۈلگەن: تۈزمە قانۇن.

**تۈزمە قانۇن** <قا> تەبىئىي قانۇنغا قارىتا ئېيتىلىدۇ، يەنى ئەمەلىي تۈزۈلىدىغان ۋە ئەمەلىيەتتە بار بولۇپ ساقلىنىۋاتقان قانۇنلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ بۇرۇن ئىجرا قىلىنغان قانۇن ۋە ھازىر ئىجرا قىلىنىۋاتقان قانۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**تۈزمەك** پ ① ۋۇجۇدقا چىقارماق، ياراتماق، بەرپا قىلماق؛ تۇرغۇزماق، بەلگىلىمەك: ئەھدىنامە تۈزمەك. لايىھە تۈزمەك. پىلان تۈزمەك. كىلىشىم تۈزمەك. * ئۇ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، پۈتۈن زېھنى بىلەن ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ئىككى كىشىمۇ قوماندانىنىڭ جەڭ پىلانىغا قايىل بولۇپ، خەرىتىگە ئىككى ياندىن قاراپ تۇراتتى. * ـ ئۇنداقتا، بۇ تۈزۈمنىڭ ئەھمىيىتى قالمايدۇ، ـ دېدى مۇرات، * ـ ئۆتكەندە ئىككىڭلار بۇ تۈزۈمنى تۈزۈپ چىقىشقا ياردەملىشكەندىڭلار، ئەمدى بۇزۇشقا ياردەملىشەمسەلەر؟ ② مەلۇم شەكىلگە كەلتۈرمەك، ياسىماق: ھاتەم خۇداغا مىڭ شۈكۈرلەر ئېيتىپ، ھېلىقى گىياھتىن گۈل دەستە تۈزۈپ، ئارقىسىغا ياندى. * «بارچە گۈللەر تەڭ ئېچىلغان» گۈلىستاندا، غۇنچە تۈزگەن شاخلار ئارا بۇلبۇل ئىدىم. ③ مەلۇم ئۇسلۇب، شەكىلگە كەلتۈرۈپ يېزىپ چىقماق: جۈملە تۈزمەك. لۇغەت تۈزمەك. * ياق، 40 يىلىمنىڭ ھەممىسلا بىر قېلىپتا ئۆتكىنى يوق. چۈنكى تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ قانداق يوسۇندا ئۆتۈشىنى بەلگىلەپ، فورمۇلا تۈزۈپ بېرىش كۆلكىلىك ئىش بولسا كېرەك. * ئەگەر تەرىپلىرىڭگە تۈزسەم مىڭ داستان قىلۇر ئازلىق، تىلىم مىڭ بولسا تەرىپىڭگە سۆز يەتمەيدۇ، مۇشكۇلدۇر. ④ چالغۇ ئەسۋابلىرىنى مەلۇم پەدە، ئاھاڭغا توغرىلاپ تەڭشىمەك: چۈنكى سىنىڭ قەلبىڭنى، قىزىل نۇرلار قاپلىغان. سەنمۇ تۈزۈپ سازىڭنى، شوق ناخشاڭنى باشلىغان. ⑤ تەشكىللىمەك، ئۇيۇشتۇرماق: ئۇ، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كېلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا، بوغالتىر بىلەن بىرلىشىپ، ئەتراپىغا بىر قىسىم ئېغىز پالۋانلىرىنى توپلاپ، دۈيجاڭ مەسۇم ئاخۇن ۋە مۇئاۋىن دۈيجاڭ ھاشىم ئاخۇنغا قارشى «ئىتتىپاق» تۈزدى. * كەچ كۈز ئىدى بىر ئاخشام، تۈزدۇق ئۆگزىدە سورۇن، قوناق سويىماق بولۇشۇپ، چوڭ-كىچىك ئالدۇق ئورۇن.

**تۈزۈت** ئى. ئارتۇقچە تارتىنچاقلىق، تەكەللۇپ بىلەن قىلغان مۇئامىلە: ـ ھەممىمىز ئۆز ئادەم، كەتمەيدۇ تۈزۈت، مۇھىمى توي كۈنى ياشلانمىسۇن كۆز... ـ توختىخان، ئاشۇنداق قىلىلى، ـ دېدى، قېشىمدا تۇرغانلار سۆزگە قېتىپ سۆز.

**تۈزۈت قىلماق** ئارتۇقچە تارتىنچاقلىق، تەكەللۇپ بىلەن مۇئامىلە قىلماق، يېلىنماق: ـ يوقسۇ-يوقسۇ ئاكىلىرىم، مەن ئۇنداق ئادەم ئەمەس، ـ دېگىنىچە خىجالەت ئارىلاش تۈزۈت قىلدى، يىگىت چايخانىدىكىلەرگە ئۆز ئەھۋالىدىن قىسقىغىنە بىرنەرسە دەپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. * نېمە ئىلاج. بۈگۈن كەڭ-كۇشادە سۆزلىشۋالايلى. تۈزۈت قىلىشنى بىلمەيمەن. ماڭا كۆپرەك ئۆگىتىڭ، ياردەم بېرىڭ، قىسقىسى ئۇستاز بولۇڭ.

**تۈزۈتلۈك** سۈپ. تۈزۈت قىلىدىغان، تۈزۈت

بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ئادەتلەنگەن:
تۈزۈتلۈك ئادەم.

**تۈزۈك** ① سۈپ. بۇزۇلغان يېرى يوق، ساق:
ئۇنىڭمۇ شوپۇرلۇقتىن ساۋادى ئازراقتەك تۇرىدۇ،
تۈزۈك ماشىنىنى بۇزۇق دەپ، يېرىم كۈن كوچىلىدى.
② سۈپ. يارامىلىق، ياخشى: ھازىر ئۇنىڭغا
كۆتۈرە بېرىلىدىغان باغ بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇنقى
باغنىڭ ئۆزى بولسىمۇ، تۈزۈك باغۋەنگە چىقمىغانلىقتىن،
مېۋىلىرى قاتاڭشىپ، تاملىرى شورىداپ، پۈتۈنلەي
پەيكىرى ئۆچقاندى. * كېيىن تۆمۈر شۇ ئايالغا
ئۆيلەنسەم دەپ تۇرۇۋالدى. قارىسام ئۇمۇ تۈزۈككىلا بىر
ئايال. ③ سۈپ. مۇۋاپىق، لايىقىدا: ـ ھوي،
تۈزۈك گەپ قىلىڭ، ـ موزدۇز ھاكىمنىڭ ئايىغىنى
تاشلاپ بەردى-دە، سۆزگە ئارىلىشىپ چاقچاق
قىلدى، ـ دېگەن گېپىڭىزنى تاغىڭىزغا خەت يېزىپ،
ئېيتىپ قويماي جۇمۇ؟ * قىزنىمۇ كۆردۈق يانار چاغدا
ئېنىق، خۇددى جىڭ ياقۇت ئىكەن، رەڭگى قېنىق.
ئەسلىدە بايۋەچچە بىر ئالتۇن ئۈزۈك، بۇ ئۈزۈككە
ئاشۇ ياقۇت كۆز تۈزۈك. ④ رەۋ. قاملاشتۇرۇپ،
دەل، جايىدا: ـ بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ئۈزۈك تۈزۈك
ئاتمايسەن، ئەمدى مېنىمۇ ئاتقىلى قويمايسەن؟ ـ
دېدى تۆمۈرخەلپە ئاچچىقى بىلەن. * ئېتىمنى
چاپتۇرۇپ ئۆتتۈم، بۇلۇڭكەي غولى بىلەن، ئويىنساڭ
تۈزۈك ئوينا، ھەر ئىشنىڭ يولى بىلەن. ⑤ سۈپ.
قاملاشقان، كېلىشكەن ياكى گەپ-سۆزى،
مىجەزى ۋە مۇئامىلىسى قاتارلىقلار جايىدا:
تۈزۈك ئادەم. تۈزۈك ئايال. تۈزۈك قىز. * سىپمىز،
لېكىن كونىراق كىيىنگەن تۈزۈككىنە بىر زىيالىي ئايال
ھەممىدىنمۇ يېقىنراق تۇرغانىدى. * بويۇڭغا قارىسام
تۈزۈك كۆرۈنەر، يۈزۈڭگە قارىسام سۈزۈك كۆرۈنەر،
دىلىڭغا قارىسام ئۈزۈك كۆرۈنەر، پېشانەڭ ئوچۇق
بۇزرۇك كۆرۈنەر.

**تۈزۈلمە** ئى ① تەركىبىي قىسىملارنىڭ
ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان
بىر پۈتۈنلۈك: ئۇنىڭ تۈزۈلمىسى بەكمۇ مۇرەككەپ
بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ناھايىتى ئوڭايلا «چاتاق»
چىقىپ، ھاياتقا خەۋپ يەتكۈزىدۇ. ② دۆلەت
ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇن
قاتارلىقلارنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى: مائارىپ
تۈزۈلمىسى. * شۇڭا، ئىقتىسادىي ئۇنۇمنى ئۆستۈرۈش
ـ كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاش،
يەن-تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە باشقىلاردىن
تاشقىرى تۈپ ئاساسىدىن ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي
تۈزۈلمە، ئىقتىسادىي قۇرۇلما مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.


**تۈزۈلمە ئىسلاھاتى** دۆلەت ئورگانلىرى،
كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ رەھبەر-
لىك قۇرۇلمىسىدىكى ئىسلاھات.


**تۈزۈلمەك** «تۈزمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل
دەرىجىسى: مەشرەپ ئوينايدىغانلار كۆپ بولغاچقا،
بىرنەچچە ئۆيدە سورۇن تۈزۈلدى.

**تۈزۈلمىلىك** سۈپ. تۈزۈلمىسى بار، تۈزۈلمىگە
ئىگە: ھەر خىل تۈزۈلمىلىك چېرتيوۋلار.

**تۈزۈلۈش** «تۈزۈلمەك» پېئىلىنىڭ يەنە
بىر خىل ئىسمىدىشى: تۈزۈلۈش فورمۇلىسى.

**تۈزۈلۈش فورمۇلىسى** <خىم> ئېلېمېنت
بەلگىلىرى ۋە باغ (ئېلېمېنتلارنىڭ ۋالېنتىنى
ئىپادىلەيدىغان قىسقا سىزىق)دىن پايدى-
لىنىپ، مولېكۇلىدىكى ئاتوملارنىڭ ۋالېنت
سانى بىلەن تىزىلىشىنى ئىپادىلەيدىغان
فورمۇلا. ئۇ مولېكۇلىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە
خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتىنى مەلۇم دەرىجىدە
ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەسىلەن، مولېكۇلا
فورمۇلىسى $C_2H_6O$ بولغان بىرىكمە
ئايرىم-ئايرىم ھالدا تۆۋەندىكىدەك ئىككى
خىل تۈزۈلۈش فورمۇلىسى ئارقىلىق ئىپا-
دىلىنىدۇ:

(ئېتانول)


(مېتىل ئېفىر)


**تۈزۈم** ئى ① كىشىلەر ئورتاق رىئايە قىلىش تەلەپ قىلىنغان ئىش باشقۇرۇش تەرتىپى ۋە ھەرىكەت ئۆلچەپ بېرىش نىزامى: تولۇق باشقۇرۇش تۈزۈمىنى كۈچەيتىپ، بۇنى قەتئىي تۈزىتىش كېرەك. * — سائەت يەتتىدىن بەش مىنۇت ئۆتكۈچە سۇت ئېلىش بىزنىڭ ئىدارىدىكى ئائىلىلىكلەرگە بېكىتىلگەن تۈزۈم، بۇنىڭغا رىئايە قىلماسلىق بولامدۇ؟ — دېدى تۇرسۇن ئاكا. ② جەمئىيەت ۋە دۆلەت تۈزۈلۈشىنىڭ سىستېمىسى: قۇلدارلىق تۈزۈم شارائىتىدا، قۇلدارلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ھەم ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى ئىگىلىشى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاساسى ئىدى.

**تۈزۈمسىز** سۈپ. تۈزۈم ئورنىتىلمىغان، تۈزۈم بىكار قىلىنغان، تۈزۈمنى كېرەك قىلمايدىغان: ئۇلار خېلى ئۇزۇن ۋاقىتنى باشباشتاق، تۈزۈمسىز، قالايمىقان ئۆتكۈزدى.

**تۈزۈمسىزلىك** «تۈزۈمسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: زاۋۇتتىكى قالايمىقانچىلىق ۋە تۈزۈمسىزلىك سەل-پەل تۈزەلگەن بولسىمۇ، شۇجى روزى ئاخۇن بار چاغدىكى تەرتىپلىك ئىش تۈزۈمى ئەسلىگە كېلەلمىگەنىدى.

**تۈزۈملەشتۈرمەك** پ. تۈزۈم قىلىپ شەكىللەندۈرمەك؛ تۈزۈم ئورنىتىلغان ھالەتكە كەلتۈرمەك: تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ئاساسىدا، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدىكى دېموكراتىك باشقۇرۇشنى پەيدىنپەي تۈزۈملەشتۈرۈش ۋە قانۇنلاشتۇرۇش لازىم.

**تۈزۈملۈك** سۈپ. تۈزۈمى بار، تۈزۈم ئورنىتىلغان: سەمەت نۇرغۇن تەدبىر ۋە چارىلار ئارقىلىق كارخانىنى پىلانلىق، تۈزۈملۈك، رەتلىك باشقۇردى.

**تۈزىتىش** «تۈزەتمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: خاتالىقلار بولىدىكەن، تۈزىتىش لازىم.

**تۈزىتىش جەدۋىلى** <مەت> بېسىلىپ بولغان كىتاب، ژۇرناللاردىكى، مەزمۇن ۋە ئىملا جەھەتتە كۆرۈلگەن جىددىي خاتالىقلارنى تۈزىتىش ئۈچۈن قوشۇمچە بېرىلىدىغان جەدۋەل. ئۇ ئادەتتە ئايرىم ۋاراقچە ياكى كىتابنىڭ ئاخىرقى بېتى سۈپىتىدە بېرىلىدۇ.

**تۈزىتىش كىرگۈزمەك** ئەسەر، ماقالە، پىلان قاتارلىقلاردىكى خاتا، يېتەرلىك بولمىغان تەرەپلەرنى ئۆزگەرتىپ توغرىلىماق: ل. مۇتەللىپ مۇشۇ ھەپتىدە ئۈچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ نىزامنامىسىنى تۈزۈپ چىقتى، ئاندىن يەنە مۇنىرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزى، ئوسمان مۇھەممەت، ئابدۇللا روزىلار بىلەن بىرلىكتە باش قوشۇپ، ئۆز ياتىقىدا بىرقانچە قېتىم نىزامنى مۇزاكىرىگە قويۇپ، ئۇنىڭغا ئاخىرقى تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزدى.

**تۈزىتىلگەن** «تۈزىتىلمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: تۈزىتىلگەن نەشرى.

**تۈزىتىلگەن نەشرى** <مەت> بېسىلىپ چىققان كىتابلارنىڭ تۈزىتىلىپ، قايتا بېسىلغان نەشرى.

**تۈزىتىلمەك** «تۈزەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەھۋال مەكتەپ ئېيتقاندەك بولۇپ چىقتى. ھازىر بۇ خىل جىددىي ئېغىش تۈزىتىلىۋاتىدۇ.

**تۈزىمەك** پ ① كىيىم-كېچەك ۋە ئۈستىبېشىنى رەتلىك قىلىپ تۇرقىنى ئوڭلىماق، ياسىماق: ياقىسىنى تۈزىمەك. كۆڭلىكىنى تۈزىمەك. * كېيىن پۈتۈنلەي ئويغىنىپ، چاچلىرىنى تۈزىدى، كەشىنى ئايىغىغا ئىلدى-دە، ئېنىق ۋە روشەن ھالدا: «ئەجەبا تويدۇم-غۇ؟» دەپ ئويلىدى. * — ئەتىلا ماڭغىن، باللار يازلىق يىغىم-تېرىمغا قاتناشقاچ تۇرسۇن، — دېدى ھامۇت ئۈستەلنىڭ بويىغا كەلگەندە، — ھە، راست، ئۈستىبېشىڭنى بىرقۇر تۈزىۋالغىن، شەھەرلىكلەر ئارقاڭدىن كۈلۈپ يۈرمىسۇن،

② بۇزۇلغان، ئىشتىن چىققان نەرسىلەرنى رېمونت قىلماق، پايدىلىق ھالەتكە كەلتۈرمەك: كەتمەن-گۈرجەك، سوقا-سايمانلارنى بىزنىڭ تۆمۈرچىلىرىمىزمۇ ئۆزى ياساپ، ئۆزى تۈزەلەيدۇ. ③ تۈز، تىك، رۇس ھالەتكە كەلتۈرمەك: ياغاچنى رەندە تۈزەيدۇ، ئادەمنى تەربىيە تۈزەيدۇ (ماقال). * ئۇ قەددىنى تۈزەپ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مۇرىسىگە ئېسىلىپ چۈشكەن روملىنى بېشىغا سىلىپ تۇرۇپ يەنە دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقىنى كۆزلىرى بىلەن ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ④ تەرتىپلىك، نورمال، ياخشى ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ ياخشىلىماق: ئەنۋەر ئەپەندى: جاھاننى بىراۋ تۈزەپ بەرمەيدۇ، ئۇنى تۈزەيدىغان سېنىڭ بىلەن بىز دېمەكچى ئىدى، بىراق نېمىشقىدۇر توختاپ قالدى. * — پارتىيە 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارلىرى ئاچقۇچ، — دېدى ئۇ چوڭقۇر ھاياجان بىلەن، — ئۇ مەملىكەتنى تۈزەشنىڭ؛ ھەقىقىي باي، پاراۋان، ئىجادىي كۈچكە ئىگە، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىدىغان راست سوتسىيالىزم بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ قىبلىنامىسى. ⑤ ئەيىب، نۇقسان ۋە يامان ئادەتلەرنى يوقىتىپ، ياخشى ھالەت، ياخشى ئادەتنى شەكىللەندۈرمەك: مەتيا ئاكا بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئاقىنانچى بولۇپ ئۆتۈۋېرەمسىنا؟ ئۇ ئەيىبىنى تۈزىمەمسىنا؟ * نېمىشقا ئىشنى ئۆزلىرى قىلىشمايدۇ؟ قايسى گۇرۇپپا تېخنىك ئۆلچىمىنى بۇزسا، خاتاسىنى ئۆزى تۈزىشى كېرەك. ⑥ تەم كىرگۈزمەك، ياخشىلىماق، تېتىملىق قىلماق: ئىچكىن ئوغلۇم، پەمىدۇردا ۋىتامىن كۆپ، تاماقنىڭ تەمىنى تۈزەيدۇ. * باغدا ئۆرۈكلەر مەي بولۇپ پىشىپ، تەكلەردە ساڭگىلاپ كەتكەن سانجاق-سانجاق ئۆرۈملەر تەم تۈزەۋاتقان ياز پەسلى ئىدى.

**تۇس** ئى ① رەڭ بوياقلارنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئايرىم تۈرى؛ رەڭ: ئۇ قولىنى بېشىغا تىرەپ كۆپكۆك تۇس ئالغان دېرىزىگە، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا ئۇزاق قاراپ ئولتۇردى. * ياز كەتتى، يېقىملىق كۈز شولىسىدا، ياپراقلار ئالتۇندەك سارغۇچ تۇس ئالدى. غازاڭلار ئىرغىشىپ ئاستا تۆكۈلۈپ شاخلاردا ياپراقلار شالاڭلاپ قالدى. ② تاشقى كۆرۈنۈش، قىياپەت، تەقى-تۇرقى: غەزىپىنى ھېچ باسالمىغان ئەنۋەر كەينىگە يېنىپ، نىزامىدىننىڭ يېنىغا كىردى. سۇرلۇك بىر تۇستە خىيال قىلىپ تۇرغان نىزامىدىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ تۇرغان ئەنۋەرگە قارىدى، يېنىدىكى ئىككىيلەنمۇ ئەنۋەرگە تىكىلدى. * ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي يىگىتنىڭ ئانىسى ئىككى لېگەندە تاماق ئېتىپ، ئۆزىنى ياساپ-تاراپ، بىر مەلىكە تۇسىگە كىرىپ، يولغا راۋان بولۇپتۇ. * مەن سەندىن ئۆگەندىم، ئۆگىنەي مەڭگۇ، ئۆمۈرلۈك مەكتىپىم ئىزىڭ بار ماكان. ئازمىدىم پېشىڭنى تۇتقانلىقىمدىن، كىرسىمۇ قازىلار تۇسىگە شەيتان. ③ خاراكتېر: ئەتىسى يىغىنغا قاتناشقۇچىلار 40-50 كىشىگە يەتكەندى. يىغىننىڭ تۇسى ئۆزگىرىپ، يېپيېڭى ئايلىنىپ كەتتى. * ئۇ يۇرەر رىۋايەت تۇسلىرى قويۇق، كەچمىش يىللارنىڭ سەھەرلىرىدە. باھار بۇلۇتلىرى چاقىرىقلىرىغا، ئۇن قوشۇپ سەپەرلەر خەتەرلىرىدە ④ <تل>پېئىلدا ئىپادىلىنىدىغان گراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەرنىڭ بىرى. بىر قەدەر كۆپرەك ئۇچرايدىغان تۇسلەردىن ئىنژچىل تۇس، ئىمكان تۇس، چەكلىمىسىز تۇس، سىناق تۇس، تەمشەلمە تۇس قاتارلىقلار بار.

**تۇس ئالماق** مەلۇم خاراكتېر، كۆرۈنۈش، قىياپەتنى ئىپادىلىمەك، ئەكس ئەتتۈرمەك:

ئولتۇرۇش قىزىپ، ھاراق، پىۋىلار ئارىلاش ئىچىلىپ، كەيپىيات كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، قىلىنىۋاتقان گەپ-سۆزلەر باشقىچە تۇس ئېلىشقا باشلىدى. * كېيىنرەك ئۇنىڭ ۋەزلىرى سىياسىي تۇس ئېلىشقا باشلىدى.

**تۇس بەرمەك** مەلۇم خاراكتېر، كۆرۈنۈش، قىياپەتكە ئىگە قىلماق: ئۇ رەيھانغا چەتنكى

بىر ئورۇندۇقنى ئىشارە قىلىپ، توڭلۇق بىلەن «ئولتۇرۇڭ» دېدى-دە، ئاۋازىغا بىر خىل ھەيۋەتلىك تۇس بېرىشكە تىرىشىپ، ئالدىراپ سۆزلەپ كەتتى. * قورۇنىڭ بىر يېنى ۋە ئارقا تەرىپى باغ بولۇپ، يېڭى چېچەكلىگەن ئالما، ئۆرۈك دەرەخلىرى بىلەن ئەمدىلا يوپۇرماق چىقارغان ئاكاتسىيە دەرەخلىرى قورۇغا تېخىمۇ كۆركەم تۇس بېرىپ تۇراتتى.

**تۇس كاتېگورىيىسى** پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ مەلۇم بىر ۋاقىت ئىچىدىكى ئورۇندىلىش ھالىتى ياكى جەريانىنى مەلۇم گىراماتىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان پېئىل كاتېگورىيىلىرىنىڭ بىرى.

**تۇسكە كىرمەك** مەلۇم خاراكتېر، كۆرۈنۈش، قىياپەت پەيدا قىلماق: چىرايلىق ياز مەۋسۈمى بىلەن جۇلالىنىۋاتقان قوشېرىق يېزىسى قۇياش نۇرىدا تېخىمۇ گۈزەل تۇسكە كىرىپ يالترايتتى. * خېلى بىر تۈركۈم ئەزالار يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ چىقىپ، دادۇي يېپيېڭى تۇسكە كىردى.

**تۇس ياردەمچىلىرى** <تىل> پېئىلنىڭ رەۋىشداش شەكىللىرى ۋە بەزى كېلىشلىك ئىسىمداش شەكىللىرىگە ئۇلىنىپ، تۇسلۇك ئۆزەكنى ھاسىل قىلغۇچى «قال، قوپ، كەت، ئەت، تاشلا، ئال، بەر، بول، كەل، ئۆت» گە ئوخشاش پېئىل ئۆزەكلىرى.

**سلەندۇرمەك** «تۇسلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىز پېئىللارنى تۇسلەندۇرۇشنى مەشىق قىلدۇق.

**سلەنمەك** تۇسكە ئىگە بولماق، تۇسلۇك ئۆزەك شەكلىگە كەلمەك، مەسىلەن: «يازالايدۇ، يېزىۋېرىدۇ، يېزىپ قويىدۇ، يېزىپ بېرىدۇ» دېگەنلىرىمىز «يازماق» پېئىلىنىڭ تۇسلىنىشى.

**سلۇك** سۈپ. تۇسكە ئىگە بولغان، تۇس ئىپادىلىگەن: تۇسلۇك ئۆزەك.

**تۇسلۇك ئۆزەك** <تىل> پېئىلنىڭ رەۋىشداش شەكىللىرىگە ۋە بەزى كېلىشلىك ئىسىمداش شەكىللىرىگە تۇس ياردەمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان مۇرەككەپ ئۆزەك شەكلى.

**تۈف** ① تەق. تۈكۈرگەندە ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز: تۈف دېمەك. * ئۇ «تۈف» دەپ قاشقىر بايىغا قاتتىق تۈكۈردى. ② ئىم. يىرگىنىش، نەپرەتلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: يۈزۈڭگە تۈف سېنىڭ ئەي چەرخ مەككار، ئېچىنماي كەتتىڭ ئاشىقلارغا زىنھار.

**تۈف دېمەك** تۈكۈرمەك: «تۈف» دېدىم يۈزۈڭگە ئەي نامەرد تۈلكە، ھەققىڭدە جاي-جايدا غەزەپلىك كۈلكە.

**تۈفى** ئىم. يىرگىنىش، نەپرەتلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ــ تۈفى! ئىتنىڭ ئاغزىدىن ئاشقان خام پاتالڭ! ــ دېدى ئەبلغازى ئۇنىڭغا ھومىيىپ، ــ سەن بىلەن بىز قانداقمۇ ئوخشاش بولاتتۇق؟

**تۈك** ئى ① بەدەندە ئۆسكەن چاچ ياكى موي، يۇڭ: چۈجە باسقان توخۇنىڭ مەيدىسىدە تۈكى يوق (ماقال). * ــ ئۇنداقتا سەن مېنىڭ تۈكلىرىمدىن بىرنەچچە تال ئېلىۋال، ھاجىتىڭ چىقىپ قالسا، كۆيدۈرسەڭ ئەسقىتىپ قالسام ئەجەب ئەمەس، ــ دەپتۇ ئاغمىخان. ② بەزى نەرسىلەرنىڭ ئۈستىنى قاپلىۋالغان ئۇششاق-ئۇششاق قىل ۋە توزغاقسىمان قەۋەت: شاپتۇلنىڭ تۈكى.

**تۈك تاشلىماق** ① پەسىل ئۆزگىرىش بىلەن قۇشلارنىڭ قانات قۇيرۇقلىرى تۈزۈپ چۈشمەك: ھېلىقى ئاق توخۇ تۈك تاشلاپ، دۈمبىسى قىپقىزىللا بولۇپ قالغانىدى. ② بەزى ھايۋانلارنىڭ ئەتىياز پەسلىدە ئۇزۇن موي تۈكلىرى تۈزۈپ چۈشمەك: بوز ئېشەك تۈك تاشلاپتۇ. ③ كۆچمە. ھال-كۈنى ياخشىلىنىپ قالماق: قاسىم بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى تۈك تاشلاپ ھاللىنىپ قالدى.

**تۆك چاقسى** <تب> بىر خىل تېرە كېسەللىكى. كۆپىنچە ئەرلەرنىڭ ساقال- بۇرۇتى، قېشى، كىرپىكى ۋە قولتۇقىغا چىقىدۇ. ئۇنى كۆپرەك سېرىق رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئالامەتلىرى: تۆك خالتىسىدا قىزىل رەڭدىكى ئۇششاق دۆڭچە ئەسۋە ياكى يىرىڭلىق قاپارتقۇ پەيدا بولۇپ، تېرە قىزىرىدۇ، بۇ يەردىكى تۆكلەر ئاسانلا چۈشۈپ كېتىدۇ.

**تۆك چىقماق** ① ئادەم، هايۋان، قۇش قاتارلىق جانلىقلارنىڭ بەدىنىدە تۆك ۋە مۇيلار پەيدا بولماق، كۆرۈنمەك: ـ ئېچكىگە تۆك چىققاندىمۇ مۇشۇنداق گەپ قىلىدىغان ئىش بارمۇ؟ كىچىكلىك قىلما! ـ دېدى سادىر ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ. ② كۆچمە. قىلىۋاتقان ئىشتا توسقۇنلۇققا ئۇچرىماق: ئىشقا تۆك چىقماق. * ـ بۇ ئىشقىمۇ تۆك چىقتى، ـ دېدى ئازاد ئۈمىدسىزلىك بىلەن بېشىنى چايقاپ.

**تۆك خالتىسى** <ئانات> تۆك يىلتىزىنى يۆگەپ تۇرىدىغان خالتا. ئۇ ئۈستۈنكى تېرە ۋە ھەقىقىي تېرە توقۇلمىلىرىنىڭ پېتىشىپ ئويمانلىشىشىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، ئېغىز تەرىپى سەل-پەل كۆپۈپ تۇرىدۇ.

**تۆكلىرى تەتۈر ئۆرۈلمەك** ئىنتايىن ئاچچىقى، غەزىپى كەلمەك، قاتتىق خاپا بولماق: باشلىقنىڭ تۆكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ، ئۇنى هازىرلا چايناپ يۇتۇۋەتكۈدەك ئەلپازدا تۇراتتى.

**تۆكلىرى تەتۈر يانماق** ← **تۆكلىرى تەتۈر ئۆرۈلمەك**: ئۇنىڭ تۆكلىرى تەتۈر يېنىپ، غەزەپكە تولغان كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇراتتى.

**تۆكى بار** ① ئىشەنگىلى بولمايدىغان، نائېنىق، يالغان: ـ نەدىن تاپتىڭ مۇنداق تۆكى بار گەپلەرنى، ـ دېدى ئاكام ماڭا خاپا بولۇپ. * ـ مەن مۇنداق تۆكى بار ئىشقا ئارىلاشمايمەن، ـ دەپ ئورنىدىن تۇردى هاشىم ئاكام.

**تۆكى تەۋرىمەسلىك** ← **مويى تەۋرىمەسلىك**.

**تۆكى چۈشمىگەن سويما** بېشىدىن هېچ ئىش ئۆتمىگەن، گۆدەك: بۈگۈن ماۋۇ تۆكى چۈشمىگەن سويمىلار مېنى شۇنداق ئاۋارە قىلدى، ساقىلىمنىڭ هۆرمىتىنى قىلمايۋاتىدۇ- غۇ!

**تۆكى يوق** چاتىقى يوق، پاك- پاكىز: بۇ سودىمىزدىن بىزگە تۆكى يوق 500 يۈەن پايدا قالدى.

**تۆكباش** ئى [تۆك+باش] چاچلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، پاخپايتىپ چاچ قويغان كىشى: لېكىن بۇ تۆكباش كۆڭلۈمگە ئازار بېرىپ، شۇنچە ئىزا- ئاهانەت قىلدى، شۇ قىلغانلىرىنىڭ ئۈچۈن، ئىلاهىم كوچىكاڭنىڭ ئاستىدا قېلىپ ئۆلەرسەن!

**تۆكچە** ئى ← **چەككۈچ**: مۇدىر كۆيۈنگەن قىياپەتتە ئۇنىڭ پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ، تاپانلىرىغا قارىدى. تىكەن، شوخا كىرىپ، شور پېتىپ كەتكەن تاپانلىرى بەئەينى تۆكچە سالغاندەك تۆشۈك ئىدى.

**تۆكسىز** سۈپ. بەدىنىدە، ئۈستىدە تۆكى يوق: ئۇنىڭ تۆكسىز پېشانىلىرى پارقىراپ تۇراتتى.

**تۆكلۈك** سۈپ. بەدىنىدە تۆكى بار، تۆكى ئۇزۇن ئۆسكەن، ئۈستى تۆك بىلەن قاپلانغان: ئوخشىمايدىغان يېرى ئابباسنىڭ مەيدىسىدىكى تۆكلا ئىكەن. «ياخشى ئادەم تۆكلۈك كېلىدۇ» دېگەن گەپ بار. بۇمۇ قالتىس يىگىت جۇمۇ. * بۇ يىل بىزنىڭ باغدىكى بىر تۈپ چوڭ تۆكلۈك ئۆرۈك ئاجايىپ بولۇۋەتتى.

**تۆكلۈك ئاق تېرەك** <بوت> تال تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ، نوتىسىنىڭ پوستى سىيلىق ۋە ئاچ يېشىل كېلىدۇ، كونا شاخلىرىنىڭ پوستىدا يېرىق بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى سوقچاق ياكى تۇخۇم شەكىلدە بولۇپ، گىرۋەكلىرىدە دولقۇنسىمان چىشلىرى بولىدۇ؛ ياغىچى ئاق بولۇپ، بىناكارلىق قۇرۇلۇشى، كېمىسازلىق

ۋە قەغەزچىلىك سانائىتى قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**تۆكلۈك ئەگرسۇناي** <بوت> چوقا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇزۇن ۋە سوقچاق بولۇپ، يۈزى بۇدۇر-بۇدۇر بولىدۇ؛ گۈلى قىزىل سۆسۈنە ياكى ئاق رەڭدە، غوزا مېۋىسى كونۇس شەكلىدە بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى دورا قىلىنىدۇ، يۇرەكنى كۈچەيتىش رولى بار.

**تۆكلۈك بامبۇك** <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، ياغاچلاشقان ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى ئادەتتە يەتتىدىن ئون مېترغىچە كېلىدۇ، بوغۇم ئارىلىقلىرى قىسقىراق؛ يوپۇرمىقىنىڭ يۈزى يېشىل، ئارقا تەرىپى ئاقۇچ بولىدۇ؛ غولىنىڭ دىۋارى قېلىن ھەم مۇستەھكەم كېلىدۇ، تارتىلىشقا ۋە بېسىلىشقا چىدامىلىق بولۇپ، ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ھەر خىل بۇيۇملارنى ياساشقىمۇ بولىدۇ.

**تۆكلۈك زەمبۇرۇغ** <بىئول> ← **ئاق كۆكرىك زەمبۇرۇغى.**

**تۆكلۈك شاپتۇل** <بوت> ① ياۋا شاپتۇل دەرىخى. ② شۇ خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى.

**تۆكلۈك قاقىلە** <بوت> ① زەنجۇۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى بىر-ئىككى مېتر، يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، سېپى بولمايدۇ؛ باشاقسىمان گۈل رېتى يىلتىزسىمان غولىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ، گۈلى ئاق كېلىدۇ؛ مېۋىسى يۇملاق بولۇپ، دىئامېترى ئىككى سانتىمېتر، رەڭگى قوڭۇر كېلىدۇ؛ مېۋىسى پۇراقلىق بولۇپ، ئاشقازاننى ياخشىلايدۇ، سوغۇقتىن بولغان يەلنى قايتۇرىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**تۆكلۈك لېچىنكا** <زوئول> تۈكلىرى بولغان لېچىنكىلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**تۆكلۈك ئۆرۈك** ئۆرۈكنىڭ بىر خىلى. مېۋىسىنىڭ پوستى قېلىن ۋە تۆكلۈك بولىدۇ.

**تۆكۈچ** ئى. دىئال. چەككۈچ.

**تۆكۈرتمەك** «تۆكۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تۆكۈرمەك** پ. ئاغزىدىن تۆكۈرۈك، شۆلگەي، بەلغەم قاتارلىقلارنى سىرتقا چىقىرىۋەتمەك: كۆپ تۆكۈرسە، كۆل تولۇر (ماقال). * تۇردى ئاخۇن تاماكىنى قاتتىق-قاتتىق بىرنەچچە قېتىم شورىۋالغاندىن كېيىن، مەسخىرىلىك كۈلۈپ، غەزەپ بىلەن تۆكۈردى.

**تۆكۈرۈشمەك** «تۆكۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۈفى... تۈفى... كەتتى باشلىنىپ، تۆكۈرۈشتى بۇندا بارچىسى. بىر پەستىلا ھارۇن گوياكى، بولۇپ قالدى تۆكۈرۈك قاچىسى.

**تۆكۈرۈك** ئى ① ئېغىز بوشلۇقىدىكى شۆلگەي بەزلىرى ئىشلەپچىقارغان، تاماق ھەزىم قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سۇيۇقلۇق: ئۇ گويا جېنى گېلىغا قاپلىشىپ قالغاندەك، تاتارغىنچە تۆكۈرۈكنى يۇتۇشقا باشلىدى. ② شۇ سۇيۇقلۇقنىڭ تۆكۈرۈپ تاشلانغان قىسمى: تۆكۈرگەن تۆكۈرۈكنى ئېغىزغا ئالغىلى بولماس (ماقال). * قېلىن ياغقان قاردىن كېيىن، ھاۋا شۇنداق سوۋۇپ كەتتى، ئېغىزدىن چىققان تۆكۈرۈك يەرگە چۈشكىچە توڭلاپ قېتىپ قالاتتى.

**تۆكۈرۈك قاچىسى** ← **تۆكۈرۈكدان:** سىز ئۆتكەندە دوختۇرخانىغا كەلگەندە، مېنىڭ يەرلەرنى سۈپۈرۈپ، كېسەللەرنىڭ تۆكۈرۈك قاچىلىرىنى تۆكۈپ يۈرگىنىمنى كۆرگەنسىز؟

**تۈكۈرۈك يەرگە سىڭگۈچە** قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، تېز پۇرسەتتە: ـ مەن ھازىرلا، تۈكۈرۈك يەرگە سىڭگۈچە كېلىمەن، ـ دەپ ئۇچقاندەك ئۆيدىن چىقتى ئالىم.

**تۈكۈرۈكدان** ئى. تۈكۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئاغزى يالپاق، قورسىقى چوڭ، يۇمىلاق قاچا. ئۇ كۆپىنچە تۇنكە ياكى سۇلياۋدىن ياسىلىدۇ: مەجلىس داۋامىدا ھېچكىم خالىغان يېرىگە تۈكۈرۈشكە مۇتلەق جۈرئەت قىلالمايتتى. ئەگەر تۈكۈرمەكچى بولسا، يېنىدا بىللە ئېلىپ كىرگەن ھېلىقى كىچىك تۈكۈرۈكدانىغا تۈكۈرەتتى.

**تۈكۈرۈكدىمەك** پ ← تۈكۈرۈكلىمەك.

**تۈكۈرۈكلىمەك** پ. تۈكۈرۈك بىلەن نەمدىمەك: كونۋېرتنىڭ ئاغزىنى تۈكۈرۈكلەپ چاپلىماق.

**تۈكۈرۈلمەك** «تۈكۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۈكۈرۈلگەن تۈكۈرۈكلەر ئۇنىڭ يۈزىدىن سارقىپ ئېقىشقا باشلىدى.

**تۈگە** ئى. ئاقلانغان تېرىق، سۆك.

**تۈگەتكۈسىز** سۈپ. تۈگىتىپ بولمايدىغان، تۈگىمەيدىغان: ساناپ تۈگەتكۈسىز. سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز. * شۇنىڭ ئۈچۈن، تۇرسۇننىڭ دادىۋي ئامبارچىسى بولۇپ قالغىنىغا ئىسمائىل سوپىنىڭ خۇشاللىقى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئىدى.

**تۈگەتمەك** «تۈگىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاۋارە بولىدىغان نېمە ئىش بار، يازغى بۇغداي، ياغلىق دان تېرىيدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئىشلىرىنى تۈگەتتى. كۆكتاتلىققا ئىشلەۋاتقانلاردىن باشقىلارنىڭ ئىشى كۆپ ئەمەس. * مەڭگۈ رازى بول! سەن ئۈچۈن زالىمدىن ئالدۇق ئىنتىقام. دۇنيادىن زۇلۇمنى تۈگەتمىگۈچە، ئەۋلادىڭ ھېچقاچان تاپمايدۇ ئارام.

**تۈگەشتۈرمەك** «تۈگەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ـ مېنىڭ مۆلچىرىم توغرا چىقتى! ـ دېدى ھېكمەت شۇئىرلاپ، ـ ئۇنى تۈيدۇرماي جايلىمىسا بولمايدۇ، ئەكبەر دېگىننى بىز تۈگەشتۈرىمىز.

**تۈگەشتۈرۈلمەك** «تۈگەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ جېدەلنىڭ تۈگەشتۈرۈلگىنىگە بىر يىل بولاي دېدى.

**تۈگەشمەك** پ ① ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىماق، قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلمەك: ھاشىم ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بىردىنلا قەدىمى ئاستىلاپ قالدى: ـ توختا! ـ دەپ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى ئۇ، ـ ئالدى بىلەن باشلىقنىڭ كەيپىياتىنى كۆزىتىپ باقاي. تېرىكىپ قالغانلىقى ئۈستىگە ئېرىپ قالسام، تۈگەشكىنىم شۇ! * ماڭا ئىشەنسىلە ئۆكام! ھازىر بۇنى ئېچىپ يۈرسەك، ناۋادا تۇيۇقسىز بىراۋ كۆرۈپ قالسا تۈگەشىمىز. ② ھالاك بولماق، يوقالماق، ئۆلمەك: خالىدەم، سىز بولمىغان بولسىڭىز، مېنىڭ ھاياتىم تۈگەشكەن بولاتتى. * ئاتامنى ئويلىسام، ئۇنىڭ نادان ۋە ئەخمەق ئىكەنلىكىگە ئېچىنىمەن، ئۇ نادانلىقتىن كېلىپ چىققان پاكلىقنى 20-ئەسىرگە سۆرەپ كىرىپ، ئاخىرى ئۆلۈپ تۈگەشتى. * چىدىماي ئازابقا بىگۇناھ قىزلار، تۈگەشكەن قوينۇڭغا ئۆزىنى تاشلاپ. مۇزىكا ئۇستازى ئامانىسامۇ، چالاتتى ساتارىنى كۆزىنى ياشلاپ. ③ ھالىدىن كەتمەك، ئاجىزلاشماق: مەن كامىلنىڭ يېزىسىغا بېرىپ كەلدىم. ئايمىنسا ئاچام ياشىنىپ قالدى، قارايدىغان ئادىمى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە كامىلنىڭ دەردىدە بارغانسېرى تۈگىشىپ كېتىپتۇ. ④ ھېساب-كىتاب، مۇئامىلە، مۇناسىۋەتنى ئۈزمەك؛ ئادا-جۇدا بولماق: ئۇنىڭ شە ھەردىكى ئىككى-ئۈچ يىلى سامۇققا چۈشكەن ئون نەچچە يىلدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى، ئاخىر چىدىماي، خېتىنى ئېلىپ تۈگەشتى.

**تۈگەل** ① سۈپ. تولۇق، يېتەرلىك: بوۋاي ئۆز ئىگىلىكىدە ھەممە نەرسە تۈگەل بولسىمۇ، پەقەت بىرلا نەرسىنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى دائىم ھېس قىلاتتى. * ياغاچ، خىش، پۇل ۋە جىلىڭ تۈگەل تۇرسا، يەنە

نېمە كاجلىق بۇ! ② رەۋ. پۈتۈنلەي، تامامەن، ھەممە: نىياز ئەپەندى بۇ يىل 50 ياشقا كىردى. ئۇ ئېگىز بويلۇق، كېسەل تارتقانلىقتىن، يادىغان، چاچلىرى تۈگەل ئاقارغان بولۇپ، قارىماققا 60 ياشلاردىكى كىشىدەك كۆرۈنەتتى. * ئۇلار يېقىنلاپ كەلگەندە، ھېلىقى ئۆزىگە چاي ئىچۈرگەن كىشىنىڭ بېشى يالاڭباشتاق، ئۇڭ قولىنىڭ بېغىشىنىڭ ئۈستى قىپقىزىل قان بولۇپ، ئىككى بارمىقى تۈگەل يوقلۇقىنى كۆردى.

**تۈگەللەتمەك** «تۈگەللىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تۈگەللەنمەك** «تۈگەللىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۈگەللەنمەك** «تۈگەللىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىنسانلار بىلىشىنىڭ ئاساسى قانۇنىيىتىگە ئاساسلانغاندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق پەزىلىتىنىڭ شەكىللىنىشى ئادەتتە بىلىشتىن باشلىنىپ، بىلىش، ھېسسىيات، ئىرادە ۋە ھەرىكەت تەرتىپىنى بويلاپ تەرەققىي قىلىدۇ. ئاخىرى ھەرىكەتكە ئادەتلىنىش بىلەن تۈگەللىنىدۇ.

**تۈگەللىمەك** پ. ئاخىرىغا يەتكۈزمەك، تولۇقلىماق، پۈتكۈزمەك، تامامىلىماق: پارتىيە ھەم ئارمىيە مېھرىنى ساڭا چاچتى، سۆلىرىڭنى يۈگەنلەپ قوينۇڭدىن بوز يەر ئاچتى. كەم-كۈتەڭنى تۈگەللەپ، كەلگۈسىڭگە يول ئاچتى، باھارنىڭ شامىلىنى ساڭا ئەتىر بۇي چاچتى، ھەممە ئىشتا «ئىلغار» دەپ تاقىدىڭ نىشان ئاقسۇ.

**تۈگەنچە** ① ئى. تۈگەيدىغان، ئاخىرلىشىدىغان جاي، ئاخىرى: كەچكى شەپەق ئاسمان پەلەك تىيانشان تاغلىرىنىڭ ئاقباش چوققىلىرىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى تۈن پەردىسى باسماقتا ئىدى، شەرقىي «ئازاد» كوچىسىنىڭ تۈگەنچىسىدە، بىر ئايال سالماق قەدەم تاشلاپ، يالغۇز قەبرە تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. ② سۈپ. تۈگەيدىغان، ئاخىرلىشىدىغان، ئاخىرقى: تۈگەنچە ئېتىز.

**تۈگەنچە مەزگىل** <بىئول> يېپىلىق بۆلۈنۈش ياكى سان كېمەيتىپ بۆلۈنۈشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەزگىلى.

**تۈگدۈرمەك** «تۈگمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مانتا تۈگدۈرمەك.

**تۈگدۈرۈشمەك** «تۈگدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۈگدۈرۈلمەك** «تۈگدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تۈگرىك** ئى. موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**تۈگەن-پۈككەن** ھەممە، بارلىق، جىمى: گومىنداڭچىلارنىڭ تۈگەن-پۈككەنلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان، ئۇلار ئەنە شۇنداق ئادەم ئالداش، ساختىپەزلىك قىلىش بىلەن كۈن كەچۈرۈشكە ئادەتلەنگەن.

**تۈگمە** ئى ① كىيىمنىڭ ياقا، پەش ۋە يانچۇقلىرىنى ئېتىش ئۈچۈن قادىلىدىغان، كۆپىنچە يۇملاق كېلىدىغان نەرسە؛ توپچە: سەدەپ تۈگمە. قارا تۈگمە. * ــ مانا بۇ مېنىڭ قەسىمىمنىڭ گۇۋاھى، ئۇ شايى كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىپ، يۇڭلۇق مەيدىسىنى كۆرسەتتى. * ئىلىدىن چىققان يىگىتنىڭ تونى بار تۈگمىسى يوق، باشلىرىغا گۈل قىسىپتۇ گۈلى بار غۇنچىسى يوق. ② ئەمچەكنىڭ توپچىسى: ئەگەر كالىنىڭ ئەمچىكى ياكى تۈگمىسىدە زەخىم بولسا، ساغماسلىق لازىم. ③ تۈگمىدەك گۈل غۇنچىسى؛ تۈگۈم: باغدا بىر گۈل بار ئىدى، ئالتۇن باھالىق گۈل ئىدى. تۈگمىسى ئېچىلمىغان، يارىمغا لايىق گۈل ئىدى. ④ پىئانىنو، گارمون، خەت بېسىش ماشىنىسى قاتارلىقلارنىڭ بارماق بىلەن باسىدىغان يۇملاق كۇنۇپكىسى: بارماقلىرى پىئانىنو تۈگمىلىرى ئۈستىدە ئويناشقا باشلىدى.

**تۈگمەك** پ ① ئوراپ، چىگىپ تۈگۈنچە شەكلىگە كەلتۈرمەك: مۇشۇ تەرتىپتە پەتنۇس بىلەن چاي تۈتۈپ، بېيت ئېيتىش بىر دەم داۋام

قىلغاندىن كېيىن، پەتنۇسنىڭ ئورنىغا قول ياغلىقنى ئۆرۈمە شەكلىدە تۆگۈپ، پوتا سىپلىش باشلاندى. * ئامرىقىمنىڭ ئۆزىنى، قايدىن تاپارمەن سۆزىنى. ياغلىقىغا تۆگۈۋالدىم، سايدا باسقان ئىزىنى. ② پوتا ياكى رەخت بىلەن بەلگە ياكى مەلۇم بىر جايغا تاڭماق. باغلىماق: ئۆيگە كېلىپ، ئانام بەرگەن مۇشۇ ناننى ۋە ئىككى تەڭگىنى ئېلىپ، بېلىمگە تۆگىدۇم-دە، ئالدىراپ يولغا چىقتىم. * كۆيۈپ-كۆيۈپ كۆل بولارمەن كۆڭلىكىڭگە تۈگ مېنى، ھەر قاچان يادىڭغا يەتسەم تۆگمەڭ يېشىپ كۆر مېنى.

③ چەتلىرىنى قاتلاپ، پۈرۈپ قىيمىنى ئىچىگە ئالماق: مانتا تۆگمەك. چۆچۈرە تۆگمەك. سامسا تۆگمەك. * داۋۇت كۆلگە ملنىپ، مانتىدىن تولىراق تىل-ئاھانەت يەپ، جىلت ئاچاتتى، مانتا تۆگەتتى، ئۇستامنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ دېگۈدەك ئوغلىنى تۆگىتۆگىلەڭ قىلىپ ئوينىتاتتى. ④ كۆچمە.

قارارلاشتۇرماق، بېكىتمەك: مەجلىس ئەزالىرى ھەر قايسى دېگۈدەك ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى ئېيتتى، ئەتىدىن باشلاپ ئىشچىلىقتا كىملەرنىڭ بالىلىرىنى ئالىمىز دېگەن مەسلىھەتلەرنى بىر جايغا تۆگدى.

⑤ يىغماق، پۈرۈشتۈرمەك: ئالماس قوشۇمىسىنى چىڭ تۆگكەن ھالدا جۆرئەت بىلەن ئېيتتى.

**تۆگمەن** ئى. ئاشلىقتىن ئۇن تارتىش قۇرۇلمىسى. ئىككى دانە يۇمىلاق، يېسسى تاشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئاستىنقى تېشى ھەرىكەتلەنمەيدۇ، ئۇستۈنكىسى سۇ كۈچى بىلەن ياكى شامال كۈچى ۋە توك بىلەن ھەرىكەتلىنىدۇ. سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغىنى سۇ تۆگمىنى؛ شامال كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغىنى شامال تۆگمىنى؛ توك بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغىنى توك تۆگمىنى دەپ ئاتىلىدۇ: يازدا ئۆز تەۋەسىدىكى سۇ تۆگمەنلىرىدە ئۇن تارتىسمۇ، قىشتا ئۆستەڭ مۇز تۇتۇپ كەتكەچكە، تۆگمەنلەر توختاپ قالاتتى.

**تۆگمەن بوغۇزى** تۆگمەننىڭ تاشقا ئورنىتىلغان ۋە سۇكەندىن چۈشكەن داننى ئايلاندۇرۇپ بېرىدىغان جايى.

**تۆگمەن تېشى** ① تۆگمەنگە ئورنىتىش ئۈچۈن تەييارلانغان يۇمىلاق، يېسسى چوڭ تاش. ② لېپەك. ③ كۆچمە. ناھايىتى ئېغىر نەرسە، ئېغىر يۈك: — بۇ نېمە سۇ؟ — ئۇ ھەيران بولدى، ئۇنىڭ گەۋدىسىنى گويا بىر تۆگمەن تېشى بېسىۋالغاندەك بولدى. * ھودۇقۇپ كەتمىگىن، تۆگمەن تېشى بول، تەنتەكلىك نادانلىقتا ياخشىدا ئەمەس. ئاق چاچلىق تاغدىمۇ ياشنايدۇ سۆيگۈ، مۇھەببەت ھەمىشە باغچىدا ئەمەس.

**تۆگمەن تېشىدەك** جىسىم تۇرمايدىغان، كەپسىز: ئوغلىڭىز تۆگمەن تېشىدەك بالا بولۇپتۇ، پەقەت بىر يەردە تۇرالمايدىكەن. * ھايات — تۆگمەن تېشىدەك بىر خىل ئايلىنىدىغان ھەرىكەتلەرنىڭ يىغىندىسى ئىكەن. مانا يىللار ئۆتتى.

**تۆگمەندىن پۈتۈن چىقىدىغان** ← **تۆگمەننىڭ كويلىسىدىن تىرىك چىقىدىغان**: — مەن يىگىرمە ياشتا، تۆگمەندىن پۈتۈن چىقىدىغان ئادەممەن، قانداق خالىسام شۇنداق ياشايمەن، — دەپ يازدى ئۇ پەرىدە ھامىسىغا.

**تۆگمەن ماڭدۇرماق** تۆگمەننى قۇرۇپ ۋە سۇ باشلاپ، ئىشقا كىرىشتۈرمەك: تۇرسۇنكام شۇ يىلى دۆلەت ئېرىقىدا ئىككى تاش تۆگمەن ماڭدۇردى.

**تۆگمەننىڭ كويلىسىدىن تىرىك چىقىدىغان** ھەرقانداق خەتەرلىك چاغلاردىمۇ ئۆزىنى يوقاتمايدىغان، ئىنتايىن بەردا شلىق: سەمەت ئىنتايىن قاۋۇل ئادەم بوپتۇ. تۆگمەننىڭ كويلىسىدىنمۇ تىرىك چىققۇدەك.

**تۆگمىنىگە سۇ قۇيماق** ئۆز ئىشى، ھەرىكىتى، گېپى بىلەن باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئۇلغايتماق، قوزغىماق: بىراق، ئەتىسى تەشمە ئىچىدە يۈز بەرگەن ۋەقە قاسىمنىڭ

تەۋرەپ تۇرغان پىكىر تۆگمىنىگە سۇ قۇيغاندەك بولدى. * — بىكار گەپ قىلىپ يۈرمەڭ، باشقىلارنىڭ ئۆسەلگەپلىرىگە قۇلاق سالماڭ، بىز قوشنا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ دەرد-ئەلەم تۆگمىنىگە ئۇستىلەپ سۇ قۇيمايلى، — دەپ ئايالىمغا نەسىھەت قىلىشقا باشلىدىم.

**ۇگمەنچى** ئى. تۆگمەنگە قارىغۇچى، تۆگمەن قۇرۇش ۋە رېمونت قىلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەم: تۆگمەنچى ئىككى كۈندىن كېيىن بۇغدايىنى تارتىپ بەرمەكچى بولدى.

**تۆگمەنچىنىڭ توخۇسىدەك** ھەيدىسىمۇ كەتمەيدىغان، قاشاڭ، بىزەڭ: بالىمىز تۆگمەنچىنىڭ توخۇسىدەك بىر ئادەم بولۇپتۇ، ئۆيگە تولا كىرىۋېلىپ، بۈگۈن زادىلا ئىش قىلدۇرمىدى.

**ۇگمەنچىلىك** «تۆگمەنچى» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: مەن شۇ يىللاردا دادۇيدە يەتتە يىل تۆگمەنچىلىك قىلدىم.

**ۇگمەن-تېشەك** تۆگمەن ۋە تۆگمەنگە بېرىپ ئۇن تارتىش قاتارلىق ئىشلار: تۆگمەن-تېشەكلەرنى بىز ئۆز ئۈستىمىزگە ئالىمىز.

**ۇگمىدەك** سۈپ. كىچىككىنە، كىچىك: تۆگمىدەك بويۇم بولغۇچە، تۆگمىدەك ئەقلىم بولسىچۇ (ماقال). * كىشىنىڭ تۆگمىدەك ئەيىبى كۆرۈنەر، ئۆزىنىڭ تۆگىدەك ئەيىبى كۆرۈنمەس (ماقال).

**ۇگمىگۈل** ئى [تۆگمە+گۈل] <بوت> تۆگمىگۈل ئائىلىسىدىكى ئىككى ياكى كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى يۇملاق ياكى بۆرەك شەكلىدە كېلىدۇ، گىرۋىكىدە دولقۇنسىمان چىشلىرى بولىدۇ؛ گۈلى سۆسۈن قىزىل بولۇپ، يازدا ئېچىلىدۇ، چىرايلىق بولغاچقا، ئادەتتە، مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**تۆگمىگۈل ئائىلىسى** <بوت> قوش پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر ئائىلىسى. بۇ ئائىلىدىكى ئۆسۈملۈكلەر سامان غوللۇق چاتقال ياكى دەرەخ بولۇپ، پوستىدا يۇلتۇزسىمان تۈكچىلەر بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن تاق يوپۇرماق، گۈلى كۆپىنچە قوش جىنسلىق بولىدۇ، گۈل كاسىسى بەش، ئاتىلىقى كۆپ بولىدۇ؛ چاڭدېنى بىر خانىلىق، ئۇرۇقدېنى ئىككى ياكى كۆپ خانىلىق بولىدۇ؛ غوزىلىق ياكى كۆپكە يېرىلىدىغان قۇرۇق مېۋە تۇتىدۇ، بەزىدە گۆشلۈك مېۋە تۇتىدىغانلىرىمۇ ئۇچرايدۇ.

**تۆگمىلەتمەك** «تۆگمىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دادىسى ئۆزى قاراپ ئولتۇرۇپ، بالىسىنىڭ چاپانلىرىنى تۆگمىلىتىپ، بېلىگە كەمىرىنى باغلىتىپ، ھېچقانداق يېرىدىن شامال كىرمەيدىغان بولغاندىن كېيىن، ئاندىن يولغا سالدى.

**تۆگمىلەنمەك** «تۆگمىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ قولتۇقىدىن تۆگمىلىنىدىغان كۆك شايى تونىنىڭ ياقىسىنى ئېچىپ ئولتۇراتتى.

**تۆگمىلىك** سۈپ. تۆگمىسى بار، تۆگمە قادالغان: ئىمكانىيەت بولسا، «بىرېزېنت» رەخت ياكى شۇ خىلدىكى رەختلەردىن تۆگمىلىك قىلىپ قاپچۇق خالتا تىكىپ ساقلىسىمۇ بولىدۇ.

**تۆگمىلىمەك** پ تۆگمە قادىماق، تۆگمىنى ئەتمەك: — ئالتۇن ئالغۇچە گەز مال ئېلىپ قويساق بولماسمۇ، دادا، — دېدى يىگىت ئېتەكلىرى ئوشۇقىغا چۈشۈپ تۇرغان كۆك شايى يەكتىكنى قولتۇقىدىن تۆگمىلەۋېتىپ.

**تۆگۈچ** ① ئى. يىپ، رەخت قاتارلىقلارنىڭ تۈگۈلگەن، چىگىلگەن جايى: ئايدىن ئەپەندى مەندىكى بۇ سارامسىلىكنى گويا سەزمىگەندەك، چىرايىدىن كۈلكە ياغدۇرغان ھالدا قىزىسىغا بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ گالستۇكىنىڭ تۆگۈچىنى ئالقىنىغا ئالدى. * ساڭا ئېيتقاندىم باشتا، كېيىنچە قالما ئارماندا. ئۈزۈلگەن يىپ ئۇلانمايدۇ، تۆگۈچ بولغاي ئۇلانغاندا. ② ئى. رەخت بىلەن ئوراپ، چىگىپ تۈگۈلگەن نەرسە:

دوختۇر تۆش يانچۇقىدىن قىپقىزىل تاۋارغا ئورالغان كىچىككىنە تۆگۈچنى سۇغۇرۇۋالدى-دە، ھېيىزەمگە ئۇزاتتى. * ھەۋزىنسا بولسا قولىدىكى داستىخانغا چىگىلگەن ئاللىقانداق تۆگۈچنى ئۇ قولىدىن بۇ قولىغا يۆتكىۋېلىپ، ھامان ناخشا بىلەن بەند بولغىنىچە كېتىۋەردى. ③ ئى. ۋەقە-ھادىسە ۋە ئوي-پىكىرنىڭ ھەممىگە چېتىلىدىغان، بىرلىككە كېلىنگەن مۇھىم نۇقتىسى: خۇشاللىقىمىز بىلەن خاپىلىقىمىز بىر تۆگۈچكە كەلمىگەندىكىن، مېنىڭ راست گېپىمنىڭ ئاداۋەت بولۇپ تۇيۇلۇشى تۇرغانلا گەپ! * - گەپ سېنىڭ بىلەن مېنىڭ جېنىمىزنى پىدا قىلىش-قىلماسلىقىمىزدا بولسا، بۇنىڭ كارى چاغلىق، - دېدى ئەبلغازى بۇرۇتىنىڭ بىر ئۇچىنى چىشلەپ تۇرۇپ، - مۇنۇ 96 تۈتۈننىڭ پىكرىنى بىر تۆگۈچكە كەلتۈرۇشتە. ④ ئى. كۆڭۈلدە ساقلانغان گۇمانلىق، سىرلىق ئەھۋال: ئۇنىڭ بانكىدىكى 50 نەچچە يۈەن پۇلىنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ، ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان كونا-يېڭى دوستلىرىنىڭ چىرايلىق گەپ، ماختاشلىرىمۇ بۇ دېھقاننىڭ كۆڭلىدىكى تۆگۈچنى تېخىچىلا يېشەلمىگەنىمىدۇر-ھە؟ * دىل بىلەن تۆگكەن تۆگۈچنى قول بىلەن بولماس يېشىپ، ئەپلىشىپ قالغان كۆڭۈلنى گالڭ بىلەن بولماس كېسىپ. // سالچى يول بويى پارالڭ قىلماي كېلىۋاتقان ھەمراھلىرىنىڭ بۇ پاراڭلىرىدىن، باياتىن بېرىقى تۆگۈچ خىياللىرىنىڭ يىپ ئۇچى چىقىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. * - باشقىنى قويۇپ تۇراي، - دېدى چىن بۇجاڭ بىر قېلىن ماتېرىيالنى ئۈستەلگە قويۇپ، - سىز مەنسۇرنىڭ خىزمەتتىن قالدۇرۇلۇشىنى ناھەق بولدى دەپ خاتالىشىۋاتىسىز، مەنسۇر مەسىلىسى بىر تۆگۈچ.

**تۆگۈر** رەۋ. تۆگۈلۈپ، كۆپۈكلىشىپ، غۇژمەكلەشكەن ھالەت.

**تۆگۈرەك** ① سۈپ. ئايلانما، دائىرە شەكلىدىكى، يۇملاق: ئۇلار كىشلەر بوشىتىپ بەرگەن يول بىلەن ئويناپ، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسدا تۆگۈرەك دائىرە ئىچىدە ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلار توپىغا قوشۇلۇپ كەتتى. ② ئى. ئۇيۇشما، توپ: سىلەر ياخشى بىر نەغمىچى تۆگۈرەككە ئوخشايسىلەر. بايا بىز ئازراق ئاڭلاپ قالدۇق. ئەگەر مۇمكىن بولسا، يەنە ئازراق ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلاتتۇق. * يولداش مامۇت شۇ ۋاقىتتىكى ئىنقىلابىي تۆگۈرەكنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى.

**تۆگۈر-تۆگۈر** غۇژمەك-غۇژمەك، گادا-گادا: كۆن ئولتۇرغانىدى. كەچكى شەپەقنىڭ نۇرى تۆگۈر-تۆگۈر بۇلۇتلار ئارقىلىق ساي ئىچىدە ئەكس ئېتەتتى. * چىننىڭ تۆۋىدىكى تۆگۈر-تۆگۈر خام قايماق ئارىلىشىپ تۇرغان شامنى چايناشقا ئۆتكەندە، گۆھەرخان چوڭ ئانام گۈلسۈمخانغا رەھمەت ئېيتىپ، ئورنىدىن تۇردى.

**تۆگۈرچەك** ئى. بىر يەرگە يىغىلىپ، قېتىپ قالغان قېتىشما: نەملەشكەن تاغارنىڭ تېگىدىكى ئۇنلار تۆگۈرچەك بولۇپ قالغانىدى.

**تۆگۈرلەشتۈرمەك** «تۆگۈرلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كەچكۈزدە بېرىلگەن ئوغۇت ياخشى چىرىپ، تۇپراققا ئارىلىشىپ، تۇپراقنى تۆگۈرلەشتۈرۇش بىلەن مېۋىلىك دەرەخلەرگە ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

**تۆگۈرلەشمەك** پ. تۆگۈر-تۆگۈر ھالەتكە كەلمەك، تۆگۈرلەنمەك: بۆدۈنە مەسلىھەت قىلغان جايغا كېلىپ، تۆلكە بىلەن بۆرىدىن ئېشىپ قالغان بىر مانتىنى كىچىك تۇمشۇقى بىلەن چوقۇلاپ، ئۇششاق توغرالغان كاۋا بىلەن تۆگۈرلىشىپ قالغان جىگەردەكلەرنى يەپ قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ.

**تۆگۈرلەنمەك** پ. تۆگۈر-تۆگۈر ھالەتكە كەلمەك، تۆگۈرلەشمەك: ئۇ تۆگۈرلىنىپ تۇرغان توپىغا مېھرى بىلەن قاراپ، يەنە پىچىرلىدى.

**تۆگۈك** سۈپ. تۆگۈلگەن، تۆگۈپ قويۇلغان، تۆگۈكلۈك: تۆگۈك مۇشت تۆگۈك يىپ. تۆگۈك چاچ.

**تۆگۈكلۈك** سۈپ. تۆگۈلگەن، تۆگۈپ قويۇلغان: غوپۇر بېلىدىكى تۆگۈكلۈك ناننى بەلبېغى بىلەنلا يېشىپ، ئاپالىنىڭ يېنىغا قويدى. - دادا، نەدىن قانداق ئېلىشنىڭ ئامالىنى مەن قىلمەن، پۇلغا كەلسەك، بېلىڭگە تۆگۈكلۈكنى چىقار، يەتمىگىنىگە سىيىردىن

بىرەرنى ساتايلى، — دېدىم مەن مەدەت بېرىپ.

**ۆگۈل** يۇك. «...لا ئەمەس، بەلكى...»، «... ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا...» دېگەن مەنىدە ئالدىدىكى ئۇقۇمنى ئىنكار قىلىشنى بىلدۈرىدۇ: ئۆگۈنمۇ ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىر كۈنمۇ ئۆتۈپ كەتتى، ھېكىمئاخۇن ئۆزى تۆگۈل، قاسىممۇ كۆرۈنمىدى. * ئەمما بىزنىڭ بايقىشىمىزچە، سىلى ئۇنىڭغا يېقىندىن ياردەم بەرمەك تۆگۈل، خاتالىققا چوڭقۇرراق پېتىپ قېلىش ئۈچۈن يول ھازىرلاپ بېرىۋاتىدىلا.

**ۆگۈلمەك** ① «تۈگمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەسىەتنىڭ مۇشتۇملىرى تۆگۈلدى. * كوچىدا كېتىپ بارسام، ئالدى تەرىپىگە گۈل تۆگۈلگەن قارا لاتىنى ئايلاندۇرۇپ باغلىۋالغان بىر «بولكىۋاي» ماشىنا كېتىپ بېرىپتۇ. ② پۇت-قول ۋە ئۇستىخانلىرىنى يىغىۋالماق، تۈگۈلگەن ھالەتكە كەلمەك: ئۇ ئۆزىنى كاتەككە تاشلىغاندىن كېيىن، پۈرژىنىدەك سوزۇلۇپ تۆگۈلدى. * كۆرەشلەر ياتاققا كىرگەندە، قەيسەرنىڭ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ، تام تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ، تۆگۈلۈپ يېتىۋالغانلىقىنى كۆردى.

**تۆگۈلۈشمەك** «تۈگۈلمەك» پېئىلى ② نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باياتىن بېرى ساردىن قاچقان چۈجىدەك، تۆگۈلۈشۈپ ئولتۇرغان بالىلار بىر-بىرىگە قاراشتى.

**تۆگۈم** ① ئى. نەرسىلەرنىڭ بىر قېتىم تۈگۈشكە بولىدىغان ياكى بىر قېتىم تۈگۈلگەن قىسمى: بالىنىڭ مۇشتىنىڭ تۆگۈمى ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. ② مق. ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ تۈگۈشكە بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: ئېسىل زەر ھالقىسى چاقنار، كىچىك بوغجۇما بېشىدا. چىرايلىق بىر تۆگۈم غۇنچە، قىسىپتۇ چېكە-بېشىغا.

**تۆگۈن** ئى ① ئارغامچا، يىپ، لېنتا، تاسما قاتارلىقلارنىڭ باغلاپ ئۇلانغان ياكى سىرتماق قىلىپ چىگىلگەن يېرى: — بىزنىڭ زاۋۇتتىكى ئايال ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى تۆگۈن تۆگۈشنى مەشىق قىلىۋاتىدۇ، ئەڭ تېزلىرى 40 تۆگۈن تۆگىدىكەن، مەن چوقۇم شۇ سانغا يېتىشىمەن، — دېدى سانىيەم. بارمىقىدا زەر ئۈزۈك، بىلسەڭ مېنىڭ كۆڭلۈم ئۈزۈك. ئۈلىنارمۇ بىر تۆگۈنسىز، سەن ئۆزۈڭ ئۈزگەن ئۈزۈك. ② باغلاپ، ئوراپ، بوغچىلاپ چىگىلگەن نەرسە؛ باغ، بوغچا: بىرنەچچە مىنۇتلۇق ۋاقىت ئىچىدىلا ئىش پۈتتى، قىممەت باھالىق تاشلار ۋە ئالتۇن بۇيۇملار ئىككى تۆگۈن قىلىپ تۆگۈلدى. * ئۇ قىزىل يىپەك يىپ بىلەن باغلانغان بۇ تۆگۈننى يېشىپ، ئىچىدىكى چوڭ ئاق شايى ياغلىقنى ئېچىپ قارىدى. ③ يىغىش ۋە تۇرۇشتىن ھاسىل بولغان، تومپىيىپ چىققان جاي: باتۇر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ۋاڭنىڭ قويۇق قاشلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر تۆگۈن پەيدا بولۇپ، سەل تۇرۇلدى. ④ ئاساسىي يول ۋە لىنىيەلەرنىڭ تۇتاشقان ئېغىزى: قۇتۇبى ئورمانچىلىق مەيدانى قاتناش تۆگۈنى بولغاچقا، بۇ يەردىن ئاپتوموبىللار كۆپ ئۆتۈپ تۇرىدۇ. * يالقۇنتاغنىڭ قوينىدا، قانچە يەردە ئېغىز بار. لېكىن سىڭگىم ئېغىزى، مۇھىم تۆگۈن، يولى تار. ⑤ ۋەقە، ھادىسە، ئىش پائالىيەت قاتارلىقلارنىڭ گىرەلەشكەن، يىغىلغان مۇھىم نۇقتىسى: مەسىلىنىڭ تۆگۈنى. كۆرەشنىڭ تۆگۈنى. * — توغرا گەپ، — دېدى بىلگە تېكىن، — ئىشنىڭ تۆگۈنى ئەنە شۇ قانلىق خەنجەردە، خەنجەر ئويۇننىڭ سىرىنى ئاشكارا قىلىش كېرەك. ⑥ <ئەد> بەدىئىي ئەسەردىكى ئاساسىي ۋەقەنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى: زىددىيەت — توقۇنۇشلار-نىڭ مەركىزى، تۆگۈن يېشىلسە، ئەسەردىكى ئاساسىي تېما پۈتۈنلەي ئېچىلىدۇ. ⑦ كۆچمە. كۆڭۈلدە ساقلانغان، يېشىلمىگەن؛ گۇمانلىق، سىرلىق ئەھۋال، نەرسە: مەن ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سۆزلىشەي، ئۇنىڭ

كۆڭلىدىكى تۈگۈنلەرنى يېشەي، ياردەم قىلىپ، كېيىنكى مەۋسۇمدىن باشلاپ بىرلىكتە ياخشى ئىشلەيلى. * قانداقتۇر بىر تۈگۈن كۆڭلۈمنى بىئارام قىلىشقا باشلىدى. ⑧ بىرلىككە كەلگەن پىكىر: ئەپچىلەم ئىنتىز يوللىرىدا ئاغىنىلىرى بىلەن تېپىشىپ، بىر تۈگۈنگە كېلىشىپ، كۆڭلى ئامان بولۇپتۇ.

**تۈگۈنەك** ① سۈپ. تۈگۈلۈپ، قېتىشىپ ھالەتكە كەلگەن: تۈگۈنەك غول. تۈگۈنەك يىلتىز. ②ئى . ئۆسۈملۈك يىلتىزىدىكى قېتىشما: پۇرچاقسىمان ئۆسۈملۈكلەر ئائىلىسىدىكى زىرائەتلەرنىڭ ئۇرۇقىغا يىلتىز تۈگۈنەك باكتېرىيىسىنى تەگكۈزگەندە، مايسىلارنىڭ ئۈنۈملۈك يىلتىز تۈگۈنەكلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ھەققىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىپ، زىرائەتلەرنى ئازوت بىلەن ۋاقتىدا تەمىنلىگىلى بولىدۇ.

**تۈگۈنەك غول** <بوت> يەر ئاستى غولىنىڭ بىر خىلى. شەكلى تۈگۈنەك بولۇپ، تەركىبىدە كۆپ مىقداردا كراخمال ۋە ئوزۇقلۇق ماددىلار بولىدۇ؛ سىرتىدا ئېچىگە ئولتۇرۇشقان بىخ كۆزلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىخ ئۈنىدۇ.ياڭيۇنىڭ ئىستېمال قىلىنىدىغان قىسمى تۈگۈنەك غول بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تۈگۈنەك قىچا** <بوت> ① كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەنى زاغۇنىنىڭ ئۆزگەرگەن تۈرى بولۇپ، يىلتىزى يوغان، سېمىز ۋە ئاچچىق كېلىدۇ؛ گۈلى سېرىق بولىدۇ، تۈگۈنەك يىلتىزى ۋە يۇمران يوپۇرماقلىرى ئىستېمال قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ تۈگۈنەك يىلتىزى.

**تۈگۈنەك يىلتىز** <بوت> يىلتىزنىڭ بىر خىلى. توم ۋە تۈگۈنەك ھالىتىدە بولىدۇ، مۇقىم شەكلى بولمايدۇ. مەسىلەن، تاتلىق ياڭيۇنىڭ ئىستېمال قىلىنىدىغان قىسمى تۈگۈنەك يىلتىزدۇر.

**تۈگۈن-تۈگۈن** تۈگۈلگەن، ھالقىسىمان تۈگۈنلەر ئۆزئارا كىرىشىپ كەتكەن: ئەينەكتە ئۇنىڭ بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن بۇدۇر قىلدۇرغان ماڭلاي، چېكە چاچلىرى كۆچا كۆرپىسدەك، تۈگۈن-تۈگۈن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**تۈگۈنچە** ئى ① كىچىك تۈگۈن، بوغچا: كېيىن قوينىدىن ياغلىققا چىگىلگەن بىر تۈگۈنچە پۇلنى ئېلىپ، مانتىنىڭ ھەققىنى شىرە ئۈستىگە قويدى. ② يىپنىڭ ئۇلانغان جايى، تۈگۈن: يىپنىڭ تۈگۈنچىسى. ③ كۆچمە. كۆڭۈلدە يېشىلمىگەن گۇمان: ھەققەتەن بۇ پاراكەندىچىلىك ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىدە بىر تۈگۈنچە پەيدا قىلىپ قويغانىدى. ④ <بىئول> جانلىقلار تېنىنىڭ يۈزىدە ياكى ئىچكى توقۇلمىلىرىدا بولىدىغان دۈگىلەك شەكىللىك كىچىك قاپارتمىلار. ئولتۇرغۇچ سۆڭەك، دوۋسۇن سۆڭىكى، دۆڭ مېڭە، ئېڭەك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدىلا تۈگۈنچىلەر بولىدۇ.

**تۈگۈنچەك** ئى ① تېڭىپ، ئوراپ چىگىلگەن كىچىككىنە بوغچا، تۈگۈن: يىگىت ھاياجان ئىلكىدە تىترىگەن قوللىرى بىلەن قىز سۇنغان تۈگۈنچەكنى ئاۋايلاپ ئالدى، تولىمۇ چىرايلىق كەشتىلەنگەن يىپەك قول ياغلىققا ئەسىرلەردىن قولغا چۈشۈرۈلگەن ئالتە شازا مائۇزىر ئوقى ئورالغانىدى. * ئۇ كىشى بېشىنى لىڭشىتىپ، سول قولى بىلەن قوينىنى ئاختۇرۇپ، ئىچ يانچۇقىدىن بىر ياغلىققا چىگىلگەن تۈگۈنچەكنى چىقىرىپ، جوزىغا قويدى-دە، مەن تەرەپكە سۈرۈپ قويدى. ② كۆچمە. ئايرىش، ھەل قىلىش قىيىن بولغان بىرقانچە تەرەپكە چېتىشلىق مەسىلە: ئۇزۇندىن بۇيان كاللامدا تۈگۈنچەك بولۇپ كەلگەن قورقۇنچلۇق سىر ئاشكارا بولدى. * ئانار بىلەن بولغان بۇگۈنكى كىچىككىنە سۆھبەت خاتىرىسى ئۇزۇندىن بېرى قەلبىدە يوشۇرۇن ساقلاپ كەلگەن بىر تۈگۈنچەكنى يېشۋەتكەنىدى. ③

يۇمىلاق ياكى ھالقىسمان تۈگۈلگەن ھالەت ياكى شۇنداق نەرسە: رەندىنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ، دۈمبىسىدىن چىقىۋاتقان قىرىندىلار چىرايلىق تۈگۈنچەك ھاسىل قىلىپ، ئىككى تەرەپكە چۈشەتتى. ④ يىپ قاتارلىقلارنىڭ چىگىلىش ياكى پىششىقىپ قېلىشىدىن تۈگۈلگەن جايى: — بۇ گىلەم قولدا توقۇلمىغان بولسا كېرەك، چۈنكى ئۇنىڭ بىرەر يېرىدىمۇ تۈگۈنچەك يوق ئىكەن. ئۇ چوقۇم ماشىنىدا توقۇلغان، — دېدى ئۇ ئىلگىرىكى قارىشىنى يەنە تەكىتلەپ.

**تۈگۈنچەكلەنمەك** «تۈگۈنچەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ خۇرجۇننىڭ ئىچىدە يەمەننىڭ ئەنبىرى، سۇرمىسى، ئالتۇن شامدىنى، قىممەت باھالىق كىگىز بىساتلار، تۈگۈنچەكلەنگەن شېرىن ۋە تاتلىق يېمەكلىكلەر بار.

**تۈگۈنچەكلىمەك** پ. تۈگۈنچەك شەكلىگە كەلتۈرمەك: ھەببە ئۇزۇن ئىككى ئۆرۈم چېچىنى تۈگۈنچەكلەپ، ئاق ياغلىقنى بىلەن چىڭ قىلىپ ئورىدى. * ئۇ ئۇن كويى پۇلنى كىچىككىنە ياغلىقنىڭ ئۇچىغا تۈگۈنچەكلەپ، يانچۇقىغا تىقتى.

**تۈگۈنلۈك** سۈپ. مۇھىم دەپ قارالغان، مەركىزىي، ئاساسىي: بۇ سۇ ئىنشائاتىنىڭ تۈگۈنلۈك قۇرۇلۇشى.

**تۈگۈنلۈك نۇقتا** <پەلس> ئۆلچەم مۇناسىۋىتىنىڭ تۈگۈنلۈك سىزىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**تۈگۈنمەك** پ ① رايى يانماق، قايتماق: ۋاپايىڭ بارمۇ دەپ چەندان يۈگۈردۈم، ۋاپايىڭ يوق ئىكەن، ئەمدى تۈگۈندۈم. ② بىرەر نەرسىنى بىركىمگە ئاتاپ ئېلىپ قويماق، ساقلىماق: ئىسسىق تاماقنى داستىخان ئۈستىگە قويغاندىن كېيىن، ئوغلىغا تۈگۈنگەن ئانا ئەزىمەتنى ئىزدەپ، بۇ يەرگە كەلگەنىدى.

**تۈگۈنتلمەك** «تۈگەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئامبارنىڭ سۈيى ھازىردىنلا ئىشلىتىپ تۈگىتىلسە، نەچچە مىڭ مو كۆزگى بۇغدايىنى نېمە بىلەن تېرىماقچى؟

**تۈگىمەس** ① «تۈگىمەك» پېئىلىنىڭ بولۇشسىز سۈپەتدىشى: يالغانچىنىڭ ئەتىسى تۈگىمەس (ماقال). ② سۈپ. ھېچ تۈگىمەيدىغان، ئاخىرلاشمايدىغان، چەكسىز: ئۇ جىم بولۇپ قالدى. تۇرقىدىن تۈگىمەس بىر ئوي دېڭىزىغا پېتىپ كېتىۋاتقانلىقى روشەن ئىدى.

**تۈگىمەس-پۈتمەس** ئاخىرى ۋە چېكى يوق، تۈگىتىپ بولغىلى بولمايدىغان، چەكسىز: بۇ ھۈنەرلەرنىڭ ھەممىسى مەندىكى تۈگىمەس-پۈتمەس بايلىق.

**تۈگىمەك** پ ① ئاخىرىغا يەتمەك، تامام بولماق: «ئالىيە، مېنىڭ يازىدىغانلىرىم تۈگىدى. سەن بۇنىڭغا ئىشىنەمسەن؟ ئىشەنگىن، مىڭلىغان ئاياللارنىڭ جاپا تارتىپلا ئۆتۈشىنى خالىمايدىغانلىقىنى، ئۇلاردىمۇ تولۇق ئىقتىدار ۋە ھاياتىي كۈچىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنگىن» — دەپ يازغانىدى ئاسىم. * — ئۆتكەن كۈن يېرىمىپ بەرگەن ئۇتۇنلىرى تېخى تۈگىمىدى، رەھمەت سىلىگە! — دېدى باشلىقنىڭ خوتۇنى. * تۈننىڭ يېرىمى تۈگەپ، باش توخۇ چىللاۋاتقىنىنى ھېچكىم سەزمەيتتى. ② ئۆلۈپ كەتمەك، ئۆلمەك: دادام ئىككى يىل ئاغرىپ يېتىپ، ئاخىرى تۈگەپ كەتتى. ③ يوقالماق: ئەمدى ئۇ ئۆينىڭ تولۇق خوجايىنى ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. ئۇنىڭ ئەمدى ھېلىقى ئىچ پۇشۇقى، نامەلۇم بىراۋنى سېغىنىشلىرى ۋاقتىنچە تۈگىدى. * ئەخمەتنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، بوۋاينىڭ نەچچە كۈندىن بۇيانقى ئەندىشىسى شۇ ھامان تۈگەپ، چىرايى خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى كۆك ئاسماندەك، ئېچىلىپ كەتتى.

**تۈڭلۈك** ئى. كۈن نۇرى چۈشۈش ۋە ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۆينىڭ تورۇسىدىن ئېچىلغان تۆشۈك: تۈڭلۈك ئارقىلىق ئۆيگە توختاۋسىز كىرىپ تۇرغان بۇ ناخشا ناۋاسىنىڭ

ھەربىر ئەۋجىسى گويا خەنجەرگە ئوخشاش، سۇلايماننىڭ كۆكسىگە ئۇرۇلاتتى.

**تۆگۈلۈكئاچار** ئى [تۆگۈلۈك+ئاچار] تۆگۈلۈكنى ئېچىپ ــ ياپىدىغان ئۇزۇن ياغاچ، تۆگۈلۈكئاچقۇچ.

**تۆگۈلۈكئاچقۇچ** ئى [تۆگۈلۈك+ئاچقۇچ] ← تۆگۈلۈكئاچار.

**تۇلەتمەك** «تۇلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تۇلەشمەك** «تۇلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تۇلەك** ئى. قۇشلارنىڭ تۈك، پەي تاشلاش ۋە ئالماشتۇرۇشى: بوز تۇلەك. كۆك تۇلەك. قارا تۇلەك. * لېكىن، «تۇلەكتە تۈك تاشلاۋاتقان قۇش» تەك بىر زامان غايىب بولغان زامانقۇل بىرلا يۇملاپ مودىسىنى يەڭگۈشلەپ بولغاندىن كېيىن، دەل 1944-يىلى كۈز پەسلىدە يەنە غادىيىپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

**تۈلكە** ئى ① سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تېنى بىرئاز بۆرىگە ئوخشايدۇ، تۇمشۇقى ئۇزۇن، قۇلىقى ئۈچ بۇرجەك، قۇيرۇقى يۇمشاق ۋە ئۇزۇن، تۈكلىرى قىزىل سېرىق بولىدۇ، قۇۋ كېلىدۇ؛ كۆپرەك كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ، چاشقان ۋە ئۆي قۇشلىرىنى يەيدۇ؛ تېرىسىنى كىيىم قىلىشقا بولىدۇ. ② كۆچمە. ھىيلىگەر، مەككار، ئالدامچى كىشى: شۇنداق بولسىمۇ، «ئادەم بېدىكى» دەپ نام ئالغان بىر قېرى تۈلكىنى ئۆزىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىگە قاراپ، ئۇنىڭ قانچىلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

**تۈلكىلىك** ئى. ھىيلىگەرلىك، مەككارلىق: - زەينەپخان سىڭلىم، سىز نېمشقا بېخىللىق قىلىسىز، بۇ يىلقى دېھقانچىلىق ئۆلدى. يىغىنە بىلەن قۇدۇق كولىغاننىڭ ھېچبىر پايدىسى يوق، - دېدى ئۇ تۈلكىلىك بىلەن، - پايدىسى بولغاندىمۇ قۇم چېچەكلىگەن، تۆگە ياڭاقلىغاندا بولار.

**تۈلكىمايىقى** ئى [تۈلكە+ماياق+ى] ← تۈلكىمايىقى ئائىلىسى.

**تۈلكىمايىقى ئائىلىسى** <بوت> بىر يەللىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر ئائىلىسى. بۇنىڭغا كىرىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆپچىلىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، يەر ئاستىدا يىلتىزسىمان غولى ياكى تۈگۈنەك يىلتىزى بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسۈپ، كۆپىنچە ئىككىگە يېرىلىدۇ؛ گۈلى قوش جىنسلىق، ئاتىلىقى گۈل چاڭلىرى چاپلىشىپ، كاللەك ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ؛ ئۇرۇقدېنى بىر خانىلىق، مېۋىسى غوزىلىق مېۋە، نۇرغۇنلىغان كىچىك ھەم يېنىك ئۇرۇقلىرى بولىدۇ.

**تۇلىمەك** پ. ئەتىياز ياكى كۈزدە تۈك ياكى پەيلىرىنى تاشلاپ، يېڭى تۈك ۋە پەي چىقارماق (قۇشلار ھەققىدە): كۈنلەر ئۆتۈپ كۈن كەپتۇ، ھەپتە ئۆتۈپ ئاي كەپتۇ. بالا قارلىغاچ ئۆگىنىشلىپ، قاتارغا ئاران قوشۇلۇپ، كۈز كەلگۈچە تۇلەپتۇ، ئاقساپ يۈرۈپ كەچ كۈزدە، ئىسسىق جايغا جۆنەپتۇ.

**تۇمەن** ① سان. ئون مىڭ: مەخمۇتجان خۇرۇم زاۋۇتى قۇرۇشقا ئون تۇمەن پۇل تەييارلىغانىدى. ② سۈپ. ناھايىتى كۆپ، نۇرغۇن: سېنىڭ دەردىڭدە ئاۋارە، يۈرەك-باغرىم تۇمەن پارە، قىلىپ بۇلبۇل كەبى نالە، ناۋا ئەيلەيمەن باغىڭدا.

**تۇمەنبېشى** ئى [تۇمەن+باش+ى] يېز ت. ئونمىڭ چېرىكنىڭ سەركەردىسى، قوماندانى: كېيىنرەك ئايماقتىكى چېرىكبېشىنىمۇ قوغلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئۆزى ئىگىلىدى. مىڭلىغان چېرىكنى خانلىققا مەلۇم قىلمايلا ئۈچ-تۆت مىڭغا يەتكۈزدى-دە، ئۆزىنى «تۇمەنبېشى» دەپ جاكارلىدى.

**تۇمەن-تۇرلۇك** ھەر خىل، ھەر ياڭزا،

كۆپ خىل: باغدا تۆمەن ـ تۈرلۈك گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان، بارلىق ئېسىل قۇشلار سايرىشىۋاتقان بىرچاغ ئىدى.

**تۆمەنلەپ** رەۋ. نەچچە ـ نەچچە تۆمەنگە يەتكەن، ھەربىر بۆلىكى بىر تۆمەن بولغان؛ كۆپ، نۇرغۇن: ھەر يىلى باھاردا كېلىدۇ يىگىت، يايلاقتا تۆمەنلەپ چارۋا باققىلى. بىرنى ئون، ئوننى يۈز قىلىپ تۇل ئېلىپ، ئەجرىدىن ۋەتەنگە تۆھپە قاتقىلى.

**تۆمەننىڭ** [تۆمەن+مىڭ] ① سان. ئون مىليون. ② سۈپ. ناھايىتى كۆپ، ناھايىتى نۇرغۇن، سانسىز: ـ رەھمەت بوۋا، رەھمەت، بۇ ئالىيجاناب ھىممىتىڭىزگە تۆمەننىڭ رەھمەت! ـ دېدى مۇنىرىدىن خوجا. * شۇ بەخت ـ ئىقبالىمىزنى كۆيلىگەن چاغدا، كۆز ئالدىمىغا كېلەر قەشقەر قىزى باغدا. تۆمەننىڭ گۈلگە ئوخشاش گۈللىگەن، كۈلگەن، ئاياللار گوڭشېدا، فابرىكىدا، تاغدا.

**تۈن** ئى ① ئاخشامدىن تاڭ ئاتقۇچە بولغان ۋاقىت، كېچە: ئاي تۈندە كېرەك، ئەقىل كۈندە كېرەك (ماقال). * ئىككى كۈندىن كېيىنكى تۈندە ئۇلار ئۈچىنچى قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى، بۇ قېتىمقى ئاخىرقى سۆھبەت بولدى ھەم دوستانە، نەتىجىلىك سۆھبەت بولدى. * تۈندە بولماس ئالغىلى قەلەمنى يوق بولسا چىراغ، قانچە يازسام شۇنچە قايىنار تۈندە بۇ دەردى پىراق. ② كۆچمە. زۇلمەت، جاھالەت؛ قاراڭغۇ: سەن تۇغۇلۇپ كۆز ئاچقاندا زامان ئىدى تار، كەڭ دالالار غەمكىن ئىدى، باسقاندى قار. كۆكتە بۇلۇت، قارا تۇمان غايىب ئىدى كۈن، ئوراپ ئالغان قاراڭغۇلۇق، ۋەتەن ئىدى تۈن.

**تۈن ئاغماق** تۈن سۈزۈلمەك، تاڭ ئېتىشقا باشلىماق، يورۇماق: ئاكىسىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان مەلىكە بۇدۇر بۇنىڭدىن ئۈچ يىلچە بۇرۇن، بىر كېچىسى تۈن ئېغىپ بولغان ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بىر كېلىپ كەتكەنىدى.

**تۈن بويى** كېچە كىرگەندىن تا چىقىپ كەتكەنگە قەدەر، پۈتۈن كېچە داۋامىدا: ياتتىم، ئۇيقۇ كەلمىدى، پۈتۈن تۈن بويى ئۇنى ئويلاپ چىقتىم. * تېڭىرقاپ ئېغىر، قانچە پۇشايمان ئىچرە، نەچچە كۈن، ئاخشامنى ئۆتكۈزمىدى ئۇ. تۈن بويى قاقمىدى كىرپىك، قانچىلىك خىيالىي كۆڭلىگە كەلتۈرمىدى ئۇ.

**تۈن پەردىسى** كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى: شۇبىرغان كۆچەيدى، قاراڭغۇ تۈن پەردىسى ئاستا ـ ئاستا يېيىلىپ كەلمەكتە ئىدى.

**تۈن تەلەڭ** تۈن يېرىمى، يېرىم كېچە: ھەر ئاخشىمى تەييارلايدۇ دەرس، تۈن تەڭگىچە چىراغ تۇرۇدە. گاھى بىللە تەكرار قىلىدۇ، ساۋاقدىشى نۇرنىڭ ئۆيىدە.

**تۈن قاراڭغۇسى** ئايدىڭ بولمىغان قاراڭغۇ كېچە: ئۆزىنىڭ پاجىئەلىك سەرگۈزەشتىلىرى ۋە پايانسىز چۆلدە كېتىۋېتىپ، تۈن قاراڭغۇسىدا يولدىن ئاداشقان يولۇچىنىڭكىدەك نامەلۇم تەقدىرى تۈپەيلى، ئۆز ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋېلىشنىڭ لازىملىقىنى ئويلىدى.

**تۈن قوينى** قاراڭغۇ كېچە: كىتابخان، بۇ ھېكايىدا تۈن نېمانچە تولا دەپ قالماڭ، ئەپۇ قىلىڭ، بىر قېتىم يەنى ئاخىرقى قېتىم بىز گۈلئايشەمنى تۈن قوينىدا يالغۇز قويۇپ كۆرەيلى.

**تۈن كېپىنىكى** <زوئول> ھاشاراتلارنىڭ بىر ئائىلىسى. يېتىلگەنلىرى كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ، لىچىنكىسى پىلە قۇرتىغا ئوخشايدۇ، كۆپىنچىسى زىياندâش ھاشاراتلار ھېسابلىنىدۇ.

**تۈن كېچە** قاراڭغۇ كېچىنىڭ يېرىمى، تۈن يېرىملاشقان چاغ: ئۇ بولسا بىر كۆرۈنۈش ئۈچۈن تۈن كېچىدە يېرىم كۈنلۈك يەرگە بېرىپ كېلىدىغان بوۋايغا ھەيران قالغانلىقىدىن ئاغزى ئېچىلىپ، ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا قاراپ ئولتۇراتتى.

**تۈن مۇزىكىسى** <مۇز> 19 ـ ئەسىردە تارالغان ئۈچ ئابزاس (كۇپلېت) ئاساسىدىكى

چالغۇلۇق ئاھاڭ. ئۇنىڭ باش تون مۇزىكىسى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. ئۇ شەكىلدە ئەركىن، ئاۋازدا يۇقىرى ۋە يۇمشاق يۇراق بېرىدىغان، رومانتىك تۈس ئالغان چالغۇلۇق ئۇششاق ئاھاڭلاردۇر. ئادەتتە پىئانىنودا كۆپ بېجىرىلىدۇ، ئايرىم چاغلاردا باشقا چالغۇلار بىلەن تەڭكەش قىلىنىپ چېلىنىدۇ ياكى ناخشا بىلەن ئورۇندىلىدۇ.

**تۈننى تاڭغا ئۇلاپ** ← **تۈننى كۈنگە ئۇلاپ**: خالىد يۈگۈرۈپ بېرىپ مومايىنىڭ قولىدىكى چېلەكنى ئالدى. — رەھمەت بالام، ئاشۇ ئۇدۇلدىكى، — دېدى ئايال ھاسىراپ، — كۈندە قىزىم ئەكىلەتتى. بۈگۈن كېچىدىن ئۇ تۈننى تاڭغا ئۇلاپ بازارلىق دوپپا تەييارلاۋاتىدۇ. شۇڭا ئۆزۈم چىقتىم.

**تۈن نىسپى** يېرىم كېچە: — ئۆز مەيلىمچە بولسا، — دېدى ئاخۇنبەگ، — بىرنەچچە كېچىلەرنى مۇشۇ ئۆيدە ئۆتكۈزەتتىم، ئەمما، بۈگۈن قونالمايمەن، تۈن نىسپىدىن بۇرۇن كەتمىسەم بولمايدۇ.

**تۈننى كۈنگە ئۇلاپ** تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي، كېچە-كۈندۈز: ئۇ مۇشۇ قەغەزلەر ئۈچۈن تومۇزنىڭ پىژ-پىژ ئىسسىقلىرىغا، زىمىستان قىشنىڭ جۇت-شىۋىرغانلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، تۈننى كۈنگە ئۇلاپ، قانچىلىك جاپا-مۇشەققەتلەرنى چەككەن-ھە؟

**تۈن ھەسسە** يېرىم كېچە: تۈنۈگۈن نىياز تۈن ھەسسىگىچە ئۇخلىيالمىدى، كۆز ئالدىدىكى رېئال پاكىت، بۇلاق تۈۋىدىكى ئارزۇ-تەلەپ ئۇنىڭ قەلبىنى ئازابلىدى.

**تۈن يېرىم** كېچە ئوتتۇرىلاشقان ۋاقىت، يېرىم كېچە: لوتپۇللا بىلەن تۇردى ھۇسيۇن ياتالماسقا قاراپ ماڭغاندا، تۈن يېرىمدىن ئۆتۈپ كەتكەندى.

**تۈنەتمەك** «تۈنىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تۈنەشمەك** «تۈنىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تاغقا ساياھەتكە چىققانلار بىر كېچە شۇ يەردە تۈنەشتى.

**تۈنەك** ئى ① بىرەر جايغا يىغىلىپ، مەلۇم پائالىيەت بىلەن كېچىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزۈش: تۈنەك ئويناشقا ماڭغان قىزلار دوستلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە يىغىلىشماقتا ئىدى. شۇ چاغدا يېزىنىڭ قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان باغلىرى ئارقىسىدىن ناخشا ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. * ئۇ تېخى مۇنداق بىر ھېلىنى ئويلاپ تېپىپتۇ: ئەتىيازدىن كۈزگىچە ھەپتىدە ئايدا بىرەر قېتىم ئەلنەغمە تەكلىپ قىلىپ، «تۈنەك» ئۆتكۈزىدىكەن. ② كېچىسى ئۇخلىماي دۇئا-تەلەپ قىلىش: تەزىيە ئۈچۈن كىرىشكەن قولۇم-قوشنىلىرىنىڭ ئېتەكلىرىگە قانچە قېتىم يىقىلىپ، قانچە قېتىم ھوشىدىن كەتتى. مانا بۈگۈن ھازا كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان تۈنەك كېچىسى. ③ ئۇيغۇرلارنىڭ ھىجرىيە 8-ئاينىڭ يەنى بارات ئېيىنىڭ 15-كۈنى كېچىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزۈش ئادىتى: تۈنەك كېچىسى.④ يېز ت. قاماقخانا، زىندان: ئۇ تۈنەكتىن چىققىنىغا بىر يىل ئۆتمەيلا، كونا دوستلار «يوقلاپ» تۇرۇشقا باشلىدى.

**تۈنەككە ئالماق** قاماققا ئالماق، سولىماق: بەلگىلىمىنىڭ ئالتىنچى قىسمى جىنايەتچىلەرگە جازا بېرىش توغرىسىدا بولۇپ، ئۆلۈم جازاسىنى بېرىش، تۈنەككە ئېلىش ۋە تەن جازاسى بېرىش بەلگىلەنگەن.

**تۈنەك قىلماق** ← **تۈنىمەك**: ئۇنىڭدىن باشقا مۇشۇ بارات ئېيىدا يۇرت-مەھەللە بويىچە قەبرىستانلىققا بېرىپ، ئۆز ئەجدادىنىڭ تۇپراق بېشىغا قازان ئېسىپ، «ياغ پۇرىتىپ» بىر كېچە تۈنەك قىلىدۇ.

**تۈنەكخانا** ئى. كېچىنى دۇئا-تەلەپ بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ئايرىم چوڭ ھۇجرا:

ئەسلىدە مەسچىتنىڭ ئارقا تەرىپىدە كۆلىمى چوڭ بولغان «خان مەدرىسى» ۋە ئۇنىڭ تۆنەكخانىلىرى جايلاشقان بولۇپ، ياخشى مۇھاپىزەت قىلىنمىغاچقا، بۇزۇلۇپ ۋەيران بولغان.

**تۆنپۇراق** ئى [تۆن+پۇراق] <بوت> سۆتلۈك ئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، يۆگىلىپ ئۆسىدىغان، پىلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى يۈرەك شەكلىدە بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ؛ چېدىرسىمان ۋە چەكلىك كۆنلۈكسىمان گۈل رېتى قولتۇقىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ، گۈلى سارغۇچ يېشىل بولۇپ، خۇش بۇي پۇرايدۇ، پۇرىقى كېچىسى تېخىمۇ ئۆتكۈر بولىدۇ؛ دۆلىتىمىزنىڭ كۆپ جايلىرىدىن چىقىدۇ. ئادەتتە ئۇ مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىشتىن سىرت، گۈلىنى چايغا ئارىلاشتۇرۇپ دەملەپ ئىچىشكىمۇ بولىدۇ؛ يىلتىز ۋە غولى دورا ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭ جىگەرنى تىنچلاندۇرۇش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش رولى بار.

**تۆنلەپ** رەۋ. تۆن بويى: قىزىلدا كۆز يۇمدى تۆنجى بالىسى، يىغلىدى، ئاھ مودەن تۆنلەپ ياش تۆكۈپ. بەزىلدى يىنىدا ئولتۇرۇپ ئىرى، مودەندەك قايغۇغا ئۇمۇ ھەم چۆكۈپ.

**تۆنۈگۈن** [تۆنە+كۈن] ① رەۋ. كېچىنىڭ ئالدىدىكى كۈن، ئالدىنقى كۈن: تۆنۈگۈن كەچتە ئاسىم شۇجىنىڭ ئوغلى ئەسقەر قوشنىسىنىڭ قىزى ئايشەمنى كابىنكىدە ئولتۇرغۇزۇپ، قوشنا دادۇيدىكى ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا باردى. ② رەۋ. كۆچمە. يېقىنقى كۈنلەردە، يېقىندا: — ئاڭلاشقا ئېغىر، كۆرۈشكە ئەپسىز مۇنداق ۋەقەلەر، — دېيىشكەندى خەتتە، — تۆنۈگۈن بۆرتالا، ئالتاي، چۆچەكلەردە بولۇپ ئۆتكەن بولسا، بۈگۈن ئەينى پېتى غۇلجا، سۇيدۇڭ، چىلپەگزىلەردە يۈز بەرمەكتە. ③ ئى. كۆچمە. ئۆتمۈش: ئاۋۇنىڭ تۆنۈگۈنى بىلەن بۈگۈنىنى بىلىش كېرەك. بۇ بىلىگنى ئەرەبلەر «تارىخ» دەپ ئاتايدۇ.

**تۆنۈگۈنكى** سۈپ ① تۆنۈگۈن بولۇپ ئۆتكەن، يۈز بەرگەن: ياچېيكىنىڭ تۆنۈگۈنكى ئۈچ قارارى زىبۇرشانىڭ شېرىن خىياللىرىنى ئۆگتەي-توگتەي قىلىۋەتتى. ② يېقىنقى ۋاقىتلاردىكى، يېقىندىكى، يېڭى: ئايتىلا بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە، تۆۋەن مائاشلىق باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىدىكى يېڭىدىن خىزمەتكە كىرگەن تۆنۈگۈنكى ئوقۇتقۇچى ئىدى. ③ ئۆتمۈشتىكى: تۆنۈگۈنكى گادايى نەسلى، قۇل دېدەك، بولدۇم بۈگۈن نۇرلۇق كۆكتە قارلىغاچ. مەن خۇشالمەن، مەن ئۆلگەن تولۇق بىلەن، چېگرا خەلقى بېيجىڭ ئۈنىنى ئاڭلىغاچ.

**تۆنۈگۈنكىدەك** رەۋ. تۆنۈگۈنلا بولۇپ ئۆتكەندەك، ناھايىتى ئېنىق: ياق لالە، مەنمۇ ئۇنتۇمىدۇم، يادىمدا، ھەممىسى يادىمدا، تۆنۈگۈنكىدەكلا يادىمدا.

**تۆنكە** ئى. نېپىز تاختا تۆمۈر، قەلەي، قاڭالتىر: مەن چاڭجالڭ بىلەن ناھىيىلىك سانائەت-قاتناش بۆلۈمىگە كىرىپ، قارا تۆنكە ھەل قىلىپ چىقاي.

**تۆنكىچى** ئى. تۆنكىدىن تۈرلۈك ئەسۋاب، سايمان، قاچىلارنى ياسىغۇچى كىشى.

**تۆنكىچىلىك** «تۆنكىچى» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: سايىم ئاكام ئاشۇ دۇقمۇشتا تۆنكىچىلىك قىلاتتى.

**تۆنمەك** پ ① بىرەر جايدا كېچىنى ئۆتكۈزمەك، قونۇپ قالماق: قانچە كۈنلەر ئۆتۈپ، قانچە تاڭلار ئاتتى؛ قانچە قىرلارنى كېزىپ، قانچە داۋانلارنى ئاشتى: گاھ ئورمانلاردا تۆنەپ، گاھ ئاۋۇللاردا ياتاتتى. * ئېھتىمال، ئۇلار يېقىن كۈنلەردە يات يۇرتلۇق بولۇپ كېتىدىغان ھەدىسىدىن ئايرىلىشقا قىيماي، ئۇنىڭ يېنىدا تۆنەپ چىقىشقان بولسا كېرەك. ② مەلۇم پائالىيەت بىلەن كېچىنى

ئۇخلىماي ئۆتكۈزمەك: يازدا دەريا بويىدا سورۇن تۈزەپ، يەپ-ئىچىپ ئويىنار ئىدى ھەتتا تۈنەپ. يېشىمۇ بايۋەچچىنىڭ ئوتتۇزمىكىن، توي قىلىپ ئالغان قىزى توققۇزمىكىن. * كېچىچە دۇتتار چالدۇرىمىز ۋە مۇشۇ ئۆيدە تۈنەيمىز.

**تۈۋ** ئى ① دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۇپىغا كۆمۈلۈپ تۇرغان يېرى: سەرۋىنىڭ تۈۋى سېرىق ئالتۇن (ماقال). * زىرائەتنىڭ كۆككە ئىشلىمەي، تۈۋىگە ئىشلە (ماقال). * دېھقانلار قوناق تۈۋىگە ئاق ئوغۇت قويۇپ، توپا يۆلەۋاتاتتى. ② مەلۇم نەرسە ئورۇنلاشقان جاينىڭ ئاستى، يېنى، ئەتراپى: قۇلاق تۈۋى. ئىشىك تۈۋى. * شەرىخان ئۈستەڭگە بۇرۇلىدىغان يەرگە بارغاندا، ئۆزىدىن سەل نېرىقى تېرەك تۈۋىدە ئىككى ئادەمنىڭ سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، توختاپ قالدى. * ئۇلار دەرۋازا تۈۋىگە كېلىپ ئاتتىن چۈشكەندە، كۈن پېتىپ، تۈن باشلانغانىدى. * ئېسىمگە كەلسەم، ھېلىقى دۇقمۇشتىن ئۈچ-تۆت مېتىر يىراقلىقتىكى تامنىڭ تۈۋىدە يېتىپتىمەن. ③ قاچىنىڭ ئاستى، تېگى، ئۇل قىسمى: تۆشۈك چېلەكنى ئالماي تۈۋى يوق چېلەكنى ئېلىپ، سۇ توشۇپ قازاننى توشقۇزدۇم. * قازانلارنىڭ ئىككىسى تۆشۈك، بىرىنىڭ تۈۋى يوق.

**تۈۋىدىن تۇتماق** ← ئاچچىقى تۈۋىدىن كەلمەك: «ئېگىزنىڭ ئاچچىقى كەلگىچە پاكارنىڭ جېنى چىقىپتۇ» دېگەندەك، ئاخىر تەتەينىڭمۇ تۈۋىدىن تۇتتى-دە، گۈلقىزنى زورمۇزور ياساندۇرۇشقا باشلىدى.

**تۈۋىگە يەتمەك** ← تېگىگە يەتمەك: مەنمۇ ئەنە شۇ توغرىدا ئويلايمەنۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۈۋىگە يېتەلمەيۋاتىمەن.

**تۈۋى يوق خىيال** قۇرۇق، ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان، نەتىجە چىقمايدىغان ئوي، خىيال: توپ-توپ بولۇپ مەھەللە دوقمۇشلىرىدا قىشنىڭ سېرىق ئاپتىپىغا كۆكسىنى قاقلاپ، تۇرمۇش غېمىدە تۈۋى يوق خىياللارغا غەرق بولۇپ ئولتۇرغانلارمۇ ئەمدى ئۆزىگە تەقسىم بولغان ئېتىزنىڭ قىرىغا چىقىپ، يەر بىلەن كېڭىشىدىغان، مولاپ ئەمەس، پۈتلەپ يەردىن قانداق قىلىپ 100 جىڭلاپ ئاشلىق ئېلىشنىڭ كويىدا باش قاتۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

**تۈۋرۈك** ئى ① بىنالارنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن، تىك ئورنىتىلغان ياغاچ ياكى بېتوندىن تەييارلىنىدىغان قۇرۇلۇش دېتالى: پۈتۈن تۇرۇسنى 158 تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ تۈۋرۈكلەرگىمۇ ئۇيغۇر نەققاشلىرى كۆيۈتۈرمە شەكىللىك گۈل نۇسخىلىرىنى چىقىرىپ، كۆك رەڭدە سىرلىغان. ② كۆچمە. تايانچ، ئاساس: خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ مۇستەھكەم تۈۋرۈكى.

**تۈۋرۈكلۈك** سۈپ ① تۈۋرۈكى بار، تۈۋرۈك ئورنىتىلغان: پاتەمخاننىڭ قوش تۈۋرۈكلۈك چوڭ ئايۋىنى ئادەمگە لىق تولدى. ② تۈۋرۈك بولۇشقا لايىق، باپ: مەن ئىككى تۈۋرۈكلۈك ياغاچ كەستىم. ③ كۆچمە. تايانچلىق، ئاساسلىق، غوللۇق: گارمۇنىڭ ئاۋازلار ئەسەردە تۈۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

**تۈۋلەتمەك** «تۈۋلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن چېلەكنى تۈۋلەتتىم.

**تۈۋلەنمەك** «تۈۋلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۈنۈگۈنكى ئالدىدا ئاق تۈنىكىدە تۈۋلەنگەن بىر كونىراق چېلەك تۇراتتى.

**تۈۋلۈك** ئى ① چېلەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ تۈۋىگە ئورنىتىپ قويۇلغان يۇپقا مېتال، قەلەي. ② قازاننىڭ ئاستىغا قويۇش ئۈچۈن، ياغاچ، ساپال، تۆمۈردىن تەييارلانغان يۇملاق ياكى تۆت بۇلۇڭ شەكىلدىكى تەگلىك.

**تۈۋلىمەك** پ. تۈۋى يوق نەرسىلەرگە تۈۋ ئورناتماق: ئۇ مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ ئاياغ-كىيىملىرىنى ياماپ، داس-چېلەكلىرىنى تۈۋلەپ، سۇنغان لىگەنچاق ۋە بوغا-جاۋەنلىرىنىمۇ تۈزەپ بېرىدۇ.

پ « ت » ھەرپىنىڭ نامى.
**ېپچەك** ئى. تېپىش ۋە پۇتنى تەپكەندەك سىلكىش، يىغىش ھالىتى: تېپچەك ئاتماق.
**تېپچەك ئاتماق** پۇتنى سىلكىمەك، تېپچەكلىمەك: ھەرزامان چۈشسە ئېسىمگە ھۆسنى جەننەت ئول پەرى، توختىماي تېپچەك ئېتىپ پەرۋاز قىلار دىل كەپتىرى.
**ېپچەكلەتمەك** « تېپچەكلىمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.
**ېپچەكلەشمەك** « تېپچەكلىمەك » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.
**ېپچەكلىمەك** پ ① يەرنى ئارقىمۇئارقا قاتتىق دەسسەپ تەپمەك: ئېغىلدا بولسا، قاڭتۈرۈپ قويۇلغان بوز ئات ئىگىسىنى كۆرگەن ھامان تېپچەكلەپ، كىشنەيتتى. * ئەينەكلەر پارچە-پارچە بولۇپ سۇنۇپ چۈشتى، كوچىلار قايناپ-تاشتى. شتابنىڭ ئۇنىكە تېمدا كىمدۇر بىرى تېپچەكلەپ ئۇسسۇلغا چۈشمەكتە ئىدى. ② پۇت-قولنى ئۇ يان-بۇ يان سىلكىپ، بوشاشقا ئىنتىلمەك: ئابدۇشۈكۈرنىڭ كۆزلىرىگە قان تولدى. ئۇ شەرىپنى قىستاپ تامغا چاپلاپ، ئۇنىڭ كانىينى سىقتى. شەرىپە تېپچەكلەپ ۋارقىرىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازى گاھ ئاڭلىنىپ، گاھ ئۆچەتتى. * كالتەكچىلەر قىز بىلەن يىگىتنى دەسلەپ يۆكۈندۈرۈشكە ئۇرۇندى. بىراق، ئۇ ئىككىيلەن جەينەكلىرى بىلەن ئىتتىرىپ، تىزلىرى بىلەن تېپچەكلەپ، بويۇن بەرمەيتتى. ③ تېز، قاتتىق سوقماق، دۈپۈلدىمەك (يۈرەك ھەققىدە): ئەسئەت تۆمۈر قاپلىق ئالاھىدە ھويلا ئالدىدا توختاپ، ئادىتى بويىچە ئاسمانغا قارىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى كۆكرەك قەپىسىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك تېپچەكلەيتتى.
**ېپىرلاپ** « تېپىرلىماق » پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى: تېپىرلاپ قالماق.
**تېپىرلاپ قالماق** بىر جايدا تۇرالماي ياكى خاتىرجەم ئولتۇرالماي قالماق: باياتىن بېرى غەيرەتنىڭ تاماقمۇ يېمەي، قايىاقىدۇر يوقاپ كەتكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ ئولتۇرغان مېھمان بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۆزىچە تېپىرلاپ قالدى. * ئۇچىنچى كۈنى چاشگاھ ۋاقتى ئىدى، گۇڭشې سوتىغا چاقىرتىپ كېلىنگەن قۇربانئاخۇن ئاقساقال ئوغلى سۇلايماننىڭ سوتچى ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بىرپەس تېپىرلاپ قالدى-دە، ئوغلىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى.
**تېپىرلاتماق** « تېپىرلىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يىگىت گەۋدىسىنى كېلەڭسىز ھالدا تېپىرلىتىپ قەبرە ئۈستىدە ياتاتتى. * ئەمەلدار ئېتىلىپ چۈشكەندە سادىر، يىقىتتى بىر ئۇرۇپ يەر بېغىرلىتىپ. ياتقۇزدى كۆزىدىن ئوت چاچقان پالۋان، زالىمنى توپىدا راست تېپىرلىتىپ.
**تېپىرلاشماق** « تېپىرلىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سۇ يۈزىدە قالغان ئۈچ كىشى ئېتىشلارنىڭ بارغانسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقانلىقىغا تېپىرلىشىپ ۋە ھاياجانلىنىپ قولاق سېلىشاتتى. * ئانىسىنى كۆرۈپ ئېتىلىپ، تېپىرلىشىپ تۇرغان ئىككى موزاينىڭ يېنىدىكى تەتۈر قوزۇقتا نادەم بىر قارائالا، بىر قوڭۇر سىيىرنى باغلىدى.
**تېپىرلىماق** پ ① پۇتلىرىنى سىلكىپ، ئۇ يان-بۇ يان چاپچىماق، چېپىشقا تەمشەلمەك (ئات، ئۇلاغلار ھەققىدە): رېھىمجان ئىشكتىن ئېتىلىپ چىقتى-دە، ھويلىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى. دەرۋازىنىڭ بىر قانىتى ئېشەككە شۇنداق زەرب بىلەن تەگدىكى، سۇر ئېشەك چۆچۈپ، تېپىرلاپ كەتتى. * شۇ تاپتا ئاتلار ئورنىدا تۇرالماي تېپىرلايتتى. ② جان قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئۆزىنى ئۇ ياق-بۇ ياققا ئۇرماق، پۇت-قوللىرىنى سىلكىمەك، تېپچەكلىمەك: قىز قاپقانغا چۈشكەن جانىۋاردەك تېپىرلىدى. * كۆزىدىن يامغۇردەك يېشى قۇيۇلغان، گۈلەمخان تېپىرلار ھەريان تولغىنىپ. ئوغلىنىڭ ئىسمىنى قىچقىرىپ قاتتىق، ئەندىككەن بىر ھالدا كەتتى ئويغىنىپ. ③ دۈپۈلدەپ قاتتىق سوقماق (يۈرەك ھەققىدە): تانكىلار ئۆملەپ يېقىنلىماقتا،

جەڭچىلەرنىڭ يۈرىكى ئادەتتىكىدىن باشقىچە تېپىشكە، تىت-تىت بولۇشقا، تېپىرلاشقا باشلىدى. * نېمىشقىدۇر يۈرەك تېپىرلاپ، ئۇيناپ كەتتى بىردىن باشقىچە. ۋۇجۇدۇمنى قۇچتى ھاياجان، ئېتىز بويى ـ قىردىن ئاشقۇچە. ④ كۆچمە. ئىزدەنمەك، ھەرىكەت قىلماق: بىزدە «يېتىپ قالغۇچە، ئېتىپ قال» دېگەن ماقال بار. بايىقى قوزىچاقتەك جىم تۇرۇپ ئۆلگۈچە، يەنە تېپىرلاپ باقمەن. «ئۇمىدسىز شەيتان» دەپتىكەن. قالغىنىغا ئاللا كېپىل. * ئۇ سېنى باغلىتىمەن، تۈرمىگە سولىتىۋېتىمەن دەپ، تېپىرلاپ يۈرىدۇ.

**تېپىشتۇرماق** «تېپىشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قايسى دەللە مېنى سەن راۋاج تاپماسقا تېپىشتۇرغان بولغىدى.

**تېپىشتۇرۇلماق** «تېپىشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تېپىشتۇرمەك** «تېپىشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تېپىشىش** «تېپىشمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: تېپىشىش كۈچى.

**تېپىشىش كۈچى** <فز> جىسىملار ئارىسىدىكى ئۆزئارا تېپىشىش كۈچى، يەنى تارتىش كۈچىنىڭ ئەكسى؛ ئوخشاش زەرەتلىك جىسىملار ئارىسىدىكى ئوخشاش ماگنىت قۇتۇپلىرى ئارىسىدىكى تەسىر كۈچ.

**تېپىشماق** I ئى ① <ئەد> خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى. ئۇنىڭدا تېپىلىشى لازىم بولغان نەرسە ياكى ھادىسىلەرنىڭ بەلگىلىرى ۋە ئوخشاتمىلىرىدىن ئىپادىلەنگەن سۈپەتلىنىشلىرى بېرىلىپ، ئۇنى چۈشىنىش ئارقىلىق شۇ نەرسىنى تېپىشقا ئۈندەيدىغان سوئال بېرىلىدۇ: ـ قېنى ئېيتىڭ ئاغا، ئاڭلاپ باقاي، ـ دېدى ئۇ ئالدىراپ. تاغسى ئاقارغان چاچلىرىنى ئىنچىكە قوللىرى بىلەن بىر تارىۋېلىپ، تېپىشماقنى باشلىدى. ② كۆچمە. چۈشىنىلىشى قىيىن بولغان، سىرلىق نەرسە، مەسىلە: ئادىل ئۈچۈن بولسا، خەتتە يېزىلغان ۋەقەلەر تامامەن سىرلىق بىر تېپىشماق بولۇپ قالدى. * پەرھات مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلاردا، كۆڭلىدە پەيدىگە قارىتا قانداقتۇر بىر خىل يېقىملىق ھېسسىياتى بارلىقىنى ھېس قىلاتتى، لېكىن بۇ ھال ئۇ چاغلاردا تېخى چۈشىنىكسىز سىرلىق تېپىشماق ئىدى.

**تېپىشماق تاپماق** ← **تېپىشماقنى يەشمەك**.

**تېپىشماقنى يەشمەك** ① تېپىشماقتا تېپىش تەلەپ قىلىنغان نەرسىنى تاپماق، ئوتتۇرىغا قويماق: ئوقۇتقۇچى ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ تېپىشماقنى توغرا يەشكەن ئوقۇغۇچىنى مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ② كۆچمە. سىرىنى ئېچىپ تاشلىماق: ئۆزى تويلۇق 300 يۈەن دېسە، سورۇندىكىسى 3000 يۈەنلىك تۇرسا، بۇ تېپىشماقنى رەھىمجان يەشەي كىم يېشىدۇ؟

**تېپىشماق** II ① «تاپماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كىشىلەر رەپقەتنىڭ جەسىتىنى شۇ كۈنى قاراڭغۇ چۈشۈش ئالدىدا، ماھىبەدەرنىڭ جەسىتىنى بولسا ئۈچ كۈندىن كېيىن تېپىشتى. * ئۇنى يېرىم سائەتتىن كېيىن كەلگەن ئىشچىلار بەللىرىنى ئارقان بىلەن باغلاپ، سىيرىلىپ چۈشۈپ، ئىزدەپ تېپىشتى. ② بىر-بىرىنى تاپماق، ئۇچراشماق، يولۇقماق: ـ بۈگۈن ئاخشام كۆۋرۈك بېشىدا تېپىشايلى، ـ دېدى غۇلام ۋە روزىخاننى ئەگەشتۈرۈپ، دەرەخلەر ئارىسىدا كۆزدىن غايىب بولدى. * سىڭىلىڭ بۇ يەرگە كېلىپ قېلىشىڭ بەك ياخشى بولدى. ئانا-بالا، ئاكا-سىڭىللار تېپىشتى، بۇ تېخىمۇ چوڭ توي. ③ بىر-بىرىنى لايىق تاپماق، كېلىشىپ قالماق: تېپىشمىغۇچە ئېلىشماس (ماقال). * ئەمدى بۈگۈن ئەكبەر كېلىپلا، ئەپەندى قىز بىلەن تېپىشۋاپتۇ. * ئادىل ئادالەت بىلەن تېپىشىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇ بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىردى.

ھاياتتۇر سۆيگۈسىز ھايات، ھەرىكەتلىك ئۆلۈك ئۇ، يۈز يىل ئۆلمىسە. ④ كۆچمە. ئەدەب-ئەخلاقسىز سۆز-ھەرىكەتلەردە بولىدىغان، ھاياسىز: دېسەم-دېمىسەم، بۇ قىزنى ھېلقى نۇر مەھەممەت خاپا قىلغان گەپ، تولىمۇ تېتىقسىز يىگىتكەن. * نۇردىن ئوغلىغا قاراپ: ــ ساڭا بەش تۇرلۇك ۋەسىيىتىم بار، ــ دەپتۇ، ــ بىرىنچىسى شۇكى، مەنىسى يوق، تېتىقسىز ئادەملەرگە ئارىلاشما! بۇ تېتىقسىز نەدىن پەيدا بولدى؟ ھەيدەڭلار ئۇنى! ھەرقانداق كىشىنىڭ بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلىشىدىغان ھەققى يوق!

**تېتىقسىزلىق** «تېتىقسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: تاجىنسا غالىپنىڭ بۇ قانۇنسىز قىلىقىدىن، خەتتىكى سۆزلەرنىڭ تولىمۇ تېتىقسىزلىقىدىن بىزار بولۇپ، غەزىپى ئۆرلىدى. * ئۇلاردا شۇ مىنۇتتا شەرم-ھايادىن ئەسەر قالمىغاچقا، كۆرگەنلا ئەركىشىگە نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ پوپوزا قىلىشسا، ئاياللارغا سەت ھەجىيىپ تېتىقسىزلىق قىلىشاتتى.

**تېتىك** سۈپ. شوخ، جانلىق، چاققان، روھلۇق، جۇشقۇن: بەزىلىرى ئېشەكلىك، بەزىلىرى پىيادە ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇشال، تېتىك كۆرۈنەتتى. * ــ بالام، ئەجەب ئىش-ھە، يېقىنقى كۈنلەردە مەن ئۆزۈمنى 40 نەچچە ياشلاردىكى كىشىلەردەك تېتىك سېزىۋاتىمەن، ــ دېدى قاسىم ئاخۇن بالىسىغا. * ئىشتىياق ئەزالىرى، ياشلار يەنە جانلىق، تېتىك، مول مەزمۇنلۇق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. * ئەنە، زالنىڭ ئوچۇق دېرىزىلىرىدىن رەڭدار چىراغلارنىڭ يورۇقىدا جۈپ-جۈپ ياشلارنىڭ تېتىك پىرقىراشلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. * شۇ چاغدا سازەندىلەر پەدە يۆتكەپ شوخ، تېتىك نەغمە ساداسى ئىچىدە ئۇسسۇل ناخشىلىرىنى باشلىۋەتتى.

**تېتىكلەشتۈرمەك** «تېتىكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جېنى ئارانلا قالغان ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان بۇ سۆزلەر بالىنى تېتىكلەشتۈردى.

**تېتىكلەشتۈرۈلمەك** «تېتىكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تېتىكلەشمەك** پ ← تېتىكلىمەك: بوۋاي قاچقۇنىنىڭ كۆزىنى ئاچقانلىقىنى كۆرۈپ، بىردىنلا تېتىكلىشىپ قالدى. * ھازىر مېھماندىن شۇ خەۋەرنى قايتا ئاڭلاپ، ھەۋىسى يەنە قوزغىلىپ قالدى ۋە كۆڭۈلسىز تەسىراتنى ئۇنتۇپ، تېتىكلەشتى. * ناھىيىدىن قايتىپ كەلگەندە، خەلىچە ئانا سەللىمازا ساقايغان، قەدەملىرى تېتىكلىشىپ، گەپلىرىمۇ مېھرىبان، يېقىملىق بولۇپ قالغانىدى.

**تېتىكلەنمەك** «تېتىكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: كاككۇكۇم، ناخشاڭدىن دولقۇنلاندى دىل، بولدۇمەن يەنمۇ تېتىكلەنگەندەك! بىلەن-دى ئىرادەم تىنغى ناخشاڭدىن، زۇلپىقار بىلەيدە ئىتتىكلەنگەندەك.

**تېتىكلىك** ① «تېتىك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ ئۆزىنىڭ سەپداشلىرى ئىچىدە تېتىكلىكى، پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن ئالاھىدە ئايرىلىپ تۇراتتى. * ئۇنىڭ پۈتۈن قىياپىتىدىن ئادەتتە «ئەجەب پاكىز قېرىپتۇ» دېيىلگەن، مويسىپىت ئادەملەردە بولىدىغان بىر خىل پاكلىق، تېتىكلىك ئۇرغۇپ تۇراتتى. * بۇ بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزغا خۇش خۇي راھەتلىنىش، تېتىكلىك بېغىشلىدى.

**تېتىكلىمەك** پ. بارغانسېرى تېتىك ھالغا كەلمەك، تېتىكلەشمەك: ھاشىم ئاكام بىر ھەپتىدىن بېرى خېلى تېتىكلەپ قاپتۇ.

**تېتىم** ئى. نەرسىلەرنىڭ تەمگە كىرىشى، تېتىق: بۇ تۇزنىڭ ھېچ تېتىمى يوق ئىكەن.

**تېتىماق** پ ① بىرئاز يەپ، ئىچىپ تەمىنىڭ قانداقلىقىنى كۆرۈپ باقماق: گاھ خوتۇنى ھۆسنەرىخان چىقىپ، قازانغا پىياز، تۇز سالاتتى، تۇزنى تېتىپ باقاتتى-دە، دەرھال ياناتتى. * ئۆزۈمزار تۇرپاندا شەربەت تېتىغان، دۇنياۋى دوستلارنىڭ ماختاشلىرىدىن: سەيلىچى مېھمانىنىڭ ئالما كانىنى، گۈزەل يۇرت ئىكەن دەپ ئاتاشلىرىدىن. ② مەلۇم تەم بىلىنمەك، ھېس

قىلىنماق: ھەسەلنى كۆپ يېسە، ئەمەن تېتىيدۇ (ماقال). * بۇگۈنكى كۈندە ئۇنىڭغا ئۇماچ بىلەن زاغرىنىڭ تەمى قانداقراق تېتىيدىكىن؟! * ماڭا ئۇ تېتىدى شۇنچە لەززەتلىك، ئاغرىقىم ئۇنتۇلۇپ نەدىمۇ قالدى. بەختىئاخۇن يىپىپلا مىنى پالازدا، ئۇقۇرغا يوشۇرۇپ قويدى، يوقالدى. ③ تەملىك، مەززىلىك ھېس قىلىنماق، يارىماق: ئۇ كەچلىك تاماق ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئاشۇ سۆزلەرنى ئەسلىگىنىدە، مەززىلىك پۇراق چىچىپ تۇرغان پولۇ ئۇنىڭغا تېخىمۇ تېتىپ كەتتى. * ـ بۇگۈن لەگمىنىڭىز ئانچە ئوخشىماي قالدى ئانا، ـ دېدى گۈلەندەم بىر تەخسە لەگمەننى لۇتپۇللانىڭ ئالدىغا قويۇپ، ـ لۇتپۇللا ئاكامنىڭ ئېغىزىغا تېتارمىكىن-تاڭ؟ ④ كۆچمە. باشتىن كەچۈرۈپ ھوزۇرىنى، راھىتىنى ياكى جاپا-مۇشەققىتىنى كۆرمەك، سىنىماق: ئاچچىق-تاتلىقنى تېتىغان بىلىدۇ، يىراق-يېقىننى يۈرگەن بىلىدۇ (ماقال). * سىز يېنىمدا بولسىڭىزلا، مەن ئۆزۈمنى چەكسىز بەختلىك سېزىمەن ۋە سىزگىمۇ شۇ بەختنىڭ تېتىشىنى خالايمەن! * بۇ گەپلەرنى كۆپ دېيىشتۇق، لېكىن بۇنداق جاپانىمۇ، شان-شەرەپنىمۇ تەمىنى تېتىمىدۇق. ⑤ كۆچمە. كۈپايە قىلماق، تەڭ كەلمەك، يەتمەك: بىزنىڭ پالۋانلىرىمىز مۆرىتى كەلسە، 100 چېرىككە تېتىيدۇ. * بەزىلەر ۋىجداننى سېتىپ ياشايدۇ، بەزىلەر رەقىبكە تېتىپ ياشايدۇ؛ ھەقىقەت يولىدا جان تىككەنلەرنى، ئەل ھامان ناخشىغا قېتىپ ياشايدۇ.

**تېتىمسىز** سۈپ. تەمى يوق، تەمى تىلغا تېتىمايدىغان، تېتىقسىز.

**تېتىملىق** سۈپ ① تەمى بار، تەمى ئېغىزغا تېتىيدىغان، تەملىك، تاتلىق: جانابلىرىغا بىرەر تېتىملىق ئوزۇق تېپىپ كېلەي. ② كۆچمە. راھەت ۋە ھوزۇر بېغىشلايدىغان: سادىق كېتىۋېتىپ ئېگىز تاغ باغرىدىن ئاجايىپ تېتىملىق شېرىن ھېسسىيات بىلەن شەرق تەرەپكە، ئىككى تىزما تاغ ئارىسىدىكى كەڭرى بوشلۇققا تەلپۈنۈپ نەزەر تاشلىدى.

**تېجەپ-تۆشەپ** ئاياپ، رەتلىك، تەرتىپلىك ئىشلىتىپ: ئاران تېجەپ-تۆشىگەن 30 كوي پۇلۇم بار ئىدى، يوق تۇرىدۇ.

**تېجەتمەك** «تېجىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تېجەشلىك** سۈپ. تېجەپ ئىشلىتىدىغان، بۇزۇپ-چاچمايدىغان، ئىقتىسادچىل: ئەمگەكنە مۇنچىلىرى يىغىنى بىر قېتىملىق ئاددىي، تېجەشلىك يىغىن بولدى. * خاتا يەرلىرىڭىز بولسا، ئىقرار قىلىڭ، ئەمما بەلنى بوشىتىۋەتمەڭ. سىزدەك ئىشچان، تېجەشلىك، پۇختا، تەجرىبىلىك دېۋىجاڭنى ياسىۋالغىلى بولمايدۇ، سىز ئۆزىڭىزنى قەدىرلەڭ. * ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇدا بولغۇچىلارمۇ تويىنى تېجەشلىك بىلەن ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

**تېجەشمەك** «تېجىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ـ خانلىرىم، گۆش-ياغنى سەل تېجەشىپ ئىشلىتىشسىلە، بىز چارۋىچى ئەمەس، بازاردىن سېتىۋالىمىز، ـ دېدى قېيىن ئانىسى كېلىنلىرىگە تەنە بىلەن.

**تېجەلمەك** «تېجىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەنە شۇ ئابلىزنىڭ ئىقتىسادچانلىقى تۈپەيلىدىن، پونكىتتا خېلى جىق ماي تېجەلدى.

**تېجىمەك** پ. پۇل، ماددىي بايلىق ۋە ۋاقىت، كۈچ قاتارلىقلارنى رەتلىك، ئۆز جايىدا، ئاياپ ئىشلەتمەك، ئىقتىساد قىلماق: بالام، سەن بىلمەيسەن. بىرنەچچە يىلدىن بېرى يەيدىغان-ئىچىدىغانلىرىمنى تېجەپ، بىر پۇلمۇ خەجلىمەي، بىرئاز پۇل يىغدىم. * دۆلەت ئۈچۈن بىر پۇڭنىمۇ تېجەپ قېلىش ناھايىتى زۆرۈر. * بىز بۇ ئۇسۇل بىلەن بىرمۇنچە ۋاقىتنى تېجەپ قالىمىز. * شۇنداق قىلغاندىلا، يەرنى تېجەپ قالغىلى، نۇقتىلىق ئائىلىلەرنى يېتەرلىك يەر بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ.

**تېجىمەل** ئى ① نەپ، مەنپەئەت ئۈچۈن

يۇرت ئارىلاپ، ھەممە يەرنى كېزىپ، قاتراپ يۈرىدىغان قورساق باقتى ئادەم: **تېجمەل كېپەن تاپسا ئۆلۈۋالار (ماقال). * گەپنى تېجمەلدىن سورا، يولنى كارۋاندىن (ماقال). * ھەممىدىن كۈلكىلىك بىر قىسىم تېجمەل- ھۇرۇنلارنىڭ بۇ يېڭى ئىمارەتكە ئەيىب قويۇپ، ئەخمىقانە سۆزلەشلىرى سوپى چەندازنىڭ ئەرۋاھىنى ئۆرلەتمەكتە ئىدى. * قىزىڭىز ئۆيدە تۇرالمايدىغان بىر تېجمەل كۆيئوغۇلغا ئۇچراپ قالمىسۇن-يەنە! * ھېلىلا بىر تېجمەلنى ئۇزاتسام، يەنە بىرى كەپتۇ.** ② سۆپ. ئاتا-ئانىسى يوق، ئىگە-چاقىسىز، يېتىم: **تېجمەل بالا.** ③ سۆپ. ئانىسىدىن ئايرىلغان، ئانىسى ئۆلۈپ قالغان، يېتىم (قوزا ياكى ئوغلاق ھەققىدە): **تېجمەل قوزا.**

**تېجمەللىك** ئى. تېجمەل كىشىلەرگە خاس خۇسۇسىيەت: **بۇنىڭ تېجمەللىكى تېخى قالماپتۇ.**

**تېخنولوگىيە** ئى [ر<گرېك] ① ئىشلەپچىقىرىش جەريانى، ئۇسۇل ۋە ۋاسىتىلەر ھەققىدىكى بىلىملەر يىغىندىسى. ② ھۈنەر، تېخنىكا.

**تېخنېتسىي** ئى [ر<گرېك] <خىم> رادىئوئاكتىپلىق ئېلېمېنت. بەلگىسى Tc ( Technetium دېيتېرىينىڭ ئاتوم يادروسى بىلەن مولىبدېننى بومباردىمان قىلىش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ. ئۇ سۈنئىي ئۇسۇلدا ئېلىنغان بىرىنچى خىل ئېلېمېنت بولۇپ، ياخشى ئۇلترا ئۆتكۈزگۈچ ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە پولات-تۆمۈرنىڭ چىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى ماتېرىيال سۈپىتىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**تېخنىك** ئى [ر] ① تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. ② ئىنژېنېرلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، بەلگىلىك بىر تېخنىكا ۋەزىپىسىنى بېجىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە خادىم: — **سىزنى ھازىرلا گۈڭشېغا كەلسۇن دەيدۇ، ۋىلايەتتىن بىر تېخنىك كەپتىكەن، — دېدى گۈڭشېدىكى خەۋەرچى بالا. * ئۇ ناھىيىلىك سۇ ئىشلار ئىدارىسىنىڭ تېخنىكى بولۇپ، دېھقانلار ئۇنى «قادىر تېخنىك» دەپ ئاتىۋالدى.**

**تېخنىك ئىشچى** مەخسۇس كەسىپىي تېخنىكىغا ئىگە بولغان ئىشچى.

**تېخنىكا** ئى [ر<گرېك] ① ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بىلىشى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىشى جەريانىدا تەكرار ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشىدىن كېلىپ چىققان ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك تەجرىبە ۋە بىلىملەر: **مەدەنىيەت بىلىمنى ئۆستۈرۈش، تېخنىكا ئۆگىنىش، پېشقەدەم ئىشچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، باشقىلارغا ياردەم قىلىش... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىز «قالاق» دەۋاتقان ئەكرەم قىلىپتۇ، بىزچۇ؟** ② بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى ئېلىپ بېرىش يوللىرىنىڭ يىغىندىسى؛ شۇ ئۇسۇلنى ئىگىلەش ماھارىتى، ھۈنىرى: — **بىزدە ئۇيغۇر نابورچىكلاردىن كۆپ ئەمەس. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىقلىرى قادىر ئېلى، تۇردى ھۆسەيىنوۋ، قۇددۇسلار بولۇپ، ھەرپ تىزىش تېخنىكىسى ياخشى.**

**تېخنىكا ئىسلاھاتى** <س ئىق> ← **تېخنىكا يېڭىلاش.**

**تېخنىكا ئىنقىلابى** <س ئىق> ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان چوڭ كەشپىيات ۋە ئىسلاھاتلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، ئۇلاغ كۈچى ياكى جىسمانىي كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پار كۈچى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگىرىشى؛ قول ئەمگىكىنىڭ ئورنىنى ماشىنىنىڭ دەسسىشى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**تېخنىكا يېڭىلاش** <ماشىن> ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى جەھەتتىكى يېڭىلاش ئىشلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، ھۈنەر-سەنئەت مەشغۇلات قائىدىسىنى

ياخشىلاش ۋە ماشىنا زاپچاسلىرىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**تېخنىكوم** ئى [ر] ئالىي ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك كادىرلارنى تەربىيىلەيدىغان مەخسۇس ئوقۇتۇش ئورنى. بۇ ئالىي تېخنىكوم، ئوتتۇرا تېخنىكوم دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ: ئۆتكەن يىلى كۈز، خانىم ئاغزىغا ئىلىم سالغان ئۈچ بالا ئالىي مەكتەپكە، يەتتە بالا تېخنىكومغا ماڭدى.

**تېخنىكىلىق** سۈپ. تېخنىكىغا مۇناسىۋەتلىك تېخنىكىغا ئائىت، تېخنىكىدىن پايدىلىنىدىغان: بۇ جازا كۆرۈنۈشتە ئۇنچە مۇرەككەپ بولمىسىمۇ، تېخنىكىلىق تەلەپ بويىچە قارىغاندا، ئىنچىكە ھېساب قىلىنغان، ئەڭ نازۇك تەرەپلەر پۇختا ۋە ئېنىق ئويلىنىش ئارقىلىق لايىھىلەپ چىقىلغانىدى. * مەيلى قانداق ماشىنا، ستانوكلاردا ئىشلىمەيلى، ئاۋۋال ئۆزىمىزدە مەلۇم تېخنىكىلىق سەۋىيە تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك. * ئەسئەت باشقىچە يول تۇتۇپ، پار قازىنىنى تېخنىكىلىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزگەن بولدى.

**تېخنىكۋى** سۈپ [ر+ئە] تېخنىكا ئىشلىرىغا مەنسۇپ بولغان، تېخنىكىلىق: ئەگەر ئۇنىڭ نەتىجىسى سىز ئېيتقاندەك چىقسا، بۇ ھەقىقەتەنمۇ چوڭ بىر تېخنىكۋى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلغان بولىدۇ.

**تېخى** ① رەۋ. ھازىرغا قەدەر، ھازىرمۇ: مەن كىگىز ئۆتۈك بىلەن ناننى ئېلىپ، ھېلىقى بالىنىڭ يېنىغا چاپتىم. بارسام ئۇنىڭ كۆز يېشى تېخى قۇرۇماپتۇ. * ھازىرقى زامان تىببىي ئىلمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى پەرزەنتنىڭ ئوغۇل ياكى قىز بولۇپ تۇغۇلۇشىنى ئالدىن تاللىۋېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا تېخى قادىر ئەمەس. ② يۈك. «ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭدىن تاشقىرى، يەنە كېلىپ، يەنە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ، تېخى پارتىيىگە كىرمەكچى. ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ ئەستاغپۇرۇللا... مۇشۇنداق بۇزۇقلار پارتىيىگە كىرىۋەرسە، پارتىيىمىز بۇلغانمامدۇ؟ * مەن ئېرىشەلمىگەن نەرسىگە باللىرىم ئېرىشەرمىكىن دېسەم، بىرى سۇ ساتىدۇ. تېخى ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ ياخشى ئوقۇغىنى. ③ رەۋ. ئەمدى، ئەمدىلا، يېڭىلا: ئۇلار تېخى بىرنەچچە قەدەم مېڭىۋىدى، ئالدى تەرەپتىن تەكىيدەك چوڭلۇقتىكى ئىككى قوغۇننى ئىككى قولتۇقىغا قىسقان ھالدا ئەزىمەت بىلەن بالا كۆتۈرگەن چىنارخان چىقىپ كەلدى. ④ رەۋ. يەنە، يەنىمۇ، ئىنتايىن: بىزنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىمىز تېخى كۆپ، سىلەرنىڭ قىممەتلىك پىكىر-تەكلىپلەرنى بېرىشىڭلارغا موھتاجمىز. * ئۇنداق بولسا تېخى ياخشى. ⑤ يۈكلىمە رولىدا تۆۋەندىكى مەنىلەردە كېلىدۇ: 1) جۈملىنىڭ خەۋىرىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن كېلىپ، جۈملىدىكى ئىشنى باشقا بىر ئىشقا نىسبەتەن شۇنداق دېيىشكە بولىدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: ـنېمانچە ئورۇقلاپ قالدىڭ؟ ـ ھازىر سەمرىپ قالدىم تېخى، بۇرۇن كۆرسەڭ قورقۇپ كېتەتتىڭ. * ـ ئۆيىڭلار نېمانچە يىراق؟ ـ بىزنىڭ ئۆي يېقىن تېخى، ئەخمەتلەرنىڭكىگە بىر سائەت ماڭىسەن. * ـ بۇغدىيىڭلار ئوخشاپتۇ. ـ بۇ تېخى ئوخشىغىنى ئەمەس، ئوخشىغىنى ئا تەرەپتە. 2) جۈملىنىڭ خەۋىرىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن كېلىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ قارىشىچە خەۋەردە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ بىھۇدە بولغانلىقى، چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكى، سۇبيېكتىپ ئۇچۇن مۇناسىپ ئەمەسلىكى قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئەبلىغازى، گادايمەن دەپ زارلايسەن تېخى، مانا بايلىق. * قىلغان-ئەتكىنىنى ئاز دەپ، تېخى ئادەم ئۇرغىنىنى قارىمامدىغان. * ئۇ ئۆچرەتكىمۇ تۇرماي، ھەممىنىڭ ئالدىدا ماشىنىغا چىقىۋالدى، ئۆزى كادىر تېخى. * ئۇ دائىم ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدۇ، شۇ ھالىغا تېخى باشقىلارنى كۆزىگە ئىلمايدۇ. * تەنقىد قىلسا كۇلۇۋاتىدۇ تېخى. 3) بەزى ۋاقىت ھالەتلىرىنىڭ ياكى رەۋىشداش سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئۇزاق

ۋاقىت ئۆتمىگەنلىك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا كۆپىنچە «-لا» يۈكلىمىسى بىلەن ماسلىشىپ كېلىدۇ: ئۇ تېخى تونۇگۈنلا كېلىپ كەتكەنىدى-غۇ؟ * تېخى ھازىر كەلدىم. * تېخى سوئالنى كۆرۈپ بولمايلا سائەت توشۇپ قالدى. ⑥ ئۈستىمە ئۇندەش جۈملىلەر تەركىبىدە كېلىدۇ: ئۇ ناھايىتى ياخشى بالا، ئۆتكۈرلۈكىچۇ تېخى. * بۇ يەر بەك مولچىلىق ئىكەن، ھاۋاسىچۇ تېخى.

**تېخىچە** رەۋ. بۇرۇنقىدەكلا، يەنىلا، ھازىر-غىچە: ئاينۇر تېخىچە ئەتىگەنلىك تاماقنى يېمىگەن، شۇڭا ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، قول ئىشارىتى قىلىۋاتقان قىزنى كۆرۈپ، شۇ ياققا قاراپ يۈگۈردى. * دۈيجاڭ تېخىچە بېسىلمىغان ئاچچىقى بىلەن ئۆزىچە غۇدۇڭشۇپ قويدى.

**تېخىمۇ** رەۋ. ① بالدۇرقىغا قارىغاندا، بارغانسېرى: ئەركىن مۇشت بىلەن گەجگىسىگە بىرنى سالدى، قىز سېۋەتكە ئىككى قولى بىلەن تېخىمۇ چىڭ ئېسىلىۋالدى. * ئۈستىگە كىيىۋالغان گۈللۈك چىت كۆڭلىكى، بېشىدىكى ئانار گۈللۈك يىپەك ياغلىقى بۇ چىرايلىق دېھقان قىزىغا تېخىمۇ ھۆسن قوشقانىدى. * مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتكەندۇ. ② ئىنتايىن، ناھايىتى؛ بەكراق: مۇشۇ خىياللاردىن كېيىن، ئەزىمجانغا قالغان ئۈچ بالىسى تېخىمۇ قەدىرلىك ۋە ئەتىۋارلىق بولۇپ قالدى. * ئەگەر شۇ راۋابىمۇ ئەكەلدۈرۈپ بېرەلىسەڭ، بىزنى تېخىمۇ رازى قىلاتتىڭ. * بوپتۇ ھاكىم، ئۇنداق بولسا يەنە بىرنەچچە يىل ئىشلىيەلىسىڭىز تېخىمۇ ياخشى.

**تېرە** ئى ① مۇسكۇلنى ئوراپ تۇرغۇچى تەن سىرتىدىكى توقۇلما، ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ تېرىسى ئېپىدېرما، ھەقىقىي تېرە ۋە تېرە ئاستى توقۇلمىلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ قەۋەتتىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇلار تەنىنى مۇھاپىزەت قىلىش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش ۋە كېرەكسىز ماددىلارنى چىقىرىۋېتىش رولىنى ئوينايدۇ. ② نەرسىلەرنىڭ ئۈستىنى ئوراپ تۇرغان پوست: تېرىسى قېلىن ئۆرۈك.

**تېرە ئاستى توقۇلمىلىرى** <ئانات> تېرىنىڭ ئاستىدىكى بىرىكتۈرگۈچى توقۇلما. تەركىبىدە ماي مىقدارى كۆپرەك بولىدۇ، بوش كېلىدۇ؛ تومۇر، لىمفا نەيچىسى ۋە نېرۋىلار بولىدۇ. ئۇنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ساقلاش، مېخانىكىلىق بېسىمنى پەسەيتىش قاتارلىق روللىرى بولىدۇ.

**تېرە ئاشلىماق** تېرىنى مەخسۇس تېرە ئاشلايدىغان تۇزغا سېلىپ پىشۇرماق: مەن كېيىن تېرە ئاشلايدىغان ئىشخانىغا شاگىرت بولۇپ كىردىم.

**تېرە ئەيلىمەك** ئاشتىن چىققان تېرىنى قۇرۇتۇپ، ئۇۋۇلاپ، قىرىپ، راسلاپ يۇمشاتماق، ئاش پۇرىقىنى يوقاتماق.

**تېرە بېزى** <زوئول> ئېپىتېلىي ھۆجەيرىلىرىدىن شەكىللەنگەن ۋە ئاجرىتىش (سېكرېت) رولى بولغان بەزلەر. مەسىلەن، يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ تەر بېزى، ماي بېزى، پۇراق بېزى ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانلاردىكى تېرە تاشلاش بېزى، قاپچۇق بېزى قاتارلىقلار مۇشۇنداق بەزلەردۇر.

**تېرە تاراقشىتماق** ھەيۋە قىلماق، كىشىنى ھەيۋە بىلەن قورقۇتۇشقا ھەرىكەت قىلماق، پوپوزا قىلماق: ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىكەلەر ئۇلارنى قانات ئاستىغا ئالدۇ، دېۋىدىڭغۇ؟ بۇلار تېرە تاراقشىتقىنى بىلەن ھېچنېمە قىلالمايدۇ.

**تېرە تاراقلاتماق** ← **تېرە تاراقشىتماق**: ھەقىقىي مەردلەر ناھايىتى ئاز، تولىسى تېرە

تاراقلىتىپ، پو ئاتىدۇ. ئەگەر مەردلىك ئاغىندارچىلىقنى دەيدىغان ئىش بولسا، ئۇرۇشتا ئالدىغا چىقىشقا، يېيىش-ئىچىشتە سېخىيلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**تېرە سېزىمى** <فىزىئول> تاشقى مۇھىتنىڭ غىدىقلىشى نەتىجىسىدە، تېرە ۋە شىللىق پەردىدە ھاسىل بولىدىغان سېزىم. ئۇ ئادەتتە تېگىش سېزىمى، ئاغرىق سېزىمى، ئىسسىقلىق سېزىمى ۋە سوغۇق سېزىمى دەپ بىرنەچچىگە بۆلۈنىدۇ.

**تېرە سىلى** ← بۆرە چاقىسى.

**تېرە قەغەز** ئۈجمە قوۋزىقى، جىنئۈزۈمنىڭ قوۋزىقى ياكى بامبۇك نوتىسىنىڭ پوستى قاتارلىقلاردىن ياسىلىدىغان بىر خىل چىداملىق قەغەز. كۆنلۈك قاتارلىقلارنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**تېرە كېسەللىكى** تېرە، چاچ-ساقال، تىرناق قاتارلىقلارنىڭ بىر خىل كېسەللىكى. تېرە كېسەللىكىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى كۆپ. مەسىلەن، كۈن نۇرى، قارىماي، كىسلاتا، شۇلتا قاتارلىقلارنىڭ غىدىقلىشى؛ كۆكرىك زەمبۇرۇغى، باكتېرىيە قاتارلىقلارنىڭ يۇقۇشى ۋە ئىچكى ئاجراتمىلارنىڭ توسالغۇغا ئۇچراپ، ھالەت ئۆزگەرتىش رېئاكسىيىسىنىڭ يۈز بېرىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ خىل كېسەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**تېرە ماي بېزى** <ئانات> ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ ھەقىقىي تېرە قەۋىتىدىكى ماي ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان ئىنتايىن كىچىك بەزلەر. ئۇنىڭ كۆپچىلىكى خالتىسىمان بولۇپ، ئېغىزى تۈك خالتىسىدا بولىدۇ. تېرە ماي بېزىدىن ئاجراپ چىققان ماددىلار تېرە ۋە تۈكنى سىلىقلاشتۇرىدۇ.

**تېرىسى قېلىن** ← يۈزى قېلىن.

**تېرىسىگە پاتماي كەتمەك** ① ناھايىتى سەمىرىمەك، تولۇق ئەت ئالماق: بۇلتۇر ئالغان پاقلان بۇ يىل قۇربان ھېيتقىچە بېقىلغاندىن كېيىن سەمىرىپ، تېرىسىگە پاتماي كەتتى. ② كۆچمە. مەغرۇرلىنىپ، تەكەببۇرلىشىپ كەتمەك، تېرىسىگە سىغماي قالماق: ھاشىر تەيجى ئەرز خەتنى تاپشۇرۇۋېلىش بىلەن «ئەمدى نەزەر دېگەن ئەپيۈنكەش مېنىڭ ئالقىنىمدا، ۋەيجى بەگلىك مەنسىپىم ئۆمۈر باقىي ماڭلىيىمدا بولىدۇ» دەپ، خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك تېرىسىگە پاتماي كەتتى. * قاغا تۈلكىنىڭ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختاشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تېرىسىگە پاتماي كېتىپتۇ.

**تېرىسىگە سامان تىقماق** قاتتىق ئەدىبىنى بەرمەك، جايلىماق: ھېلىقى بالا باغۋەنگە يىغلاپ مۇنداق دېدى: — جېنىم بوۋا، باغقا كىرىپ قالغىنىمنى دادامغا ئېيتمىسىڭىز، بىلىپ قالسا، تېرەمگە سامان تىقىدۇ.

**تېرىسىگە سىغماي قالماق** ① ناھايىتى سەمىرىپ كەتمەك: ئارىدىن ئوتتۇرا بويلۇق، دۈگىلەككىنە كەلگەن، سېمىزلىكتىن تېرىسىگە سىغماي قالغان ئاشپەزلەر باشلىقى كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى. ② خۇشاللىقتىن ياكى مەغرۇرلۇقتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالماق: ئىشتىن كەچ قايتقان دادام شۇ كۈنى ئىنىمنىڭ داشۆ ئىمتىھانىدىن ئۆتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدىن تېرىسىگە سىغماي قالدى. * ئۇ ماختاپ قويسا، بولۇپمۇ «پولكوۋنىك» دەپ قويسا، خۇش بولۇپ، تېرىسىگە سىغمايلا قالىدىغان ئاجايىپ بىر ئادەم ئىدى.

**تېرىسىنى تەتۈر سويماق** قاتتىق ئۇرۇپ، ئازابلىماق، تازا ئەدىبىنى بەرمەك: سەنزە ئۇزۇن ياشىيالايمەن دەمسەن؟ سېنى تۇتۇۋالغان چاغدا، ھەممە ئادەم سېنىڭ تېرەڭنى تەتۈر سويىدۇ، ئۈچەيلىرىڭنى سۇغۇرۇۋالىدۇ، قولىنى كۆزۈڭگە تىقىپ ئۆلتۈرىدۇ.

**تېرىسىنى شىلماق** بار-يوقىنى ئېلىۋالماق،

ھەممىنى تارتىۋالماق: بۇ ناھە قچىلىكنى كۆردۈڭمۇ ئوغلۇم، ئۇلار ھەر يىلى ئالۋان-ياساق دەپ، بىزنىڭ تېرىمىزنىمۇ شىلىۋالىدۇ.

**تېرىگە ئالماق** ئادەمدىكى مەلۇم كېسەللىكنى داۋالاش مەقسىتىدە، شۇ كېسەلنى سويۇلغان قوي، ئوغلاق، ئات قاتارلىقلارنىڭ تېرىسىغا يۆگىمەك: دادىسى ئىككى قېتىم تېرىگە ئالدى. * ئاپالمنى ھەر يىلى ئەتىيازلىقى تېرىگە ئالىمەن. بورداقنىڭ تېرىسىگە ئالمسام، ئەسىرى كېسىلمەيدۇ ئۆكىلىرىم.

**تېرە-تەرسەك** ھايۋانلارنىڭ خىلمۇخىل تېرە-كۆرپە ۋە شۇ قاتارلىق مەھسۇلاتلىرى: مەپتىنىڭ پەيشەنبە كۈنلىرى تېرە-تەرسەك بازىرى راسا قىزىپ كېتەتتى.

**تېرەك** ئى ① <بوت> تال تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمقى تۇخۇم شەكلىدە ياكى تۇخۇمسىمان تۆمۈنە شەكلىدە بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈل رېتى پوتلىسىمان، مېۋىسى غوزىلىق مېۋە، ئۇرۇقىنىڭ قويۇق تۈكلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ سۇۋادان تېرەك، قاپاق تېرەك، ئاق تېرەك ۋە تاغ تېرىكى قاتارلىق كۆپ خىل تۈرلىرى بولىدۇ. ② باي ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ ۋە ئۇلۇغچات ناھىيىسىدىكى يەنە بىر يېزىنىڭ نامى.

**تېرەك بوستان** قاتار ئۆسكەن بوك-باراقسان تېرەكلەر: تېرەك بوستان ئارىسىدىن ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇلار چۈشكەن غازاڭلارنى ئېقىتىپ كېتىۋاتاتتى.

**تېرەكلىك** ① سۈپ. تېرەك بىلەن قاپلانغان، تېرەك ئۆستۈرۈلگەن: تېرەكلىك ئورمان. تېرەكلىك كوچا. * ئىككى يېقى تەكشى ئۆسكەن سۇۋادان تېرەكلىك يولدا بىرەيلەن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئاياغلىرىنى سىيىپاپ دەسسەپ كېلىۋاتاتتى.

② ئى. تېرەك كۆپ ئۆستۈرۈلگەن جاي: جالالدىن يۇسۇپ چوڭنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، تار يول بىلەن مېڭىپ كەتكەندىن كېيىن، قۇربان ئاقساقال قاراڭغۇ تېرەكلىك كەينىدىن تىمسىقلاپ چىقىپ، يۇسۇپ چوڭنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى.

**تېرەن** سۈپ ① بىرەر جاي، تەكشىلىك، يۈزىدىن پەسكە قاراپ چوڭقۇرلاشقان، چوڭقۇر: ئۇۋاڭنىڭ تەرسا مىجەزىنى بىلگەچكە، كۆلنىڭ تېرەن-تېيىزلىقىغا قارىماستىنلا، سۇغا كىرىپ كېتىپ، چىقالماي ئۆلدى. * شۇڭا سەن ياشلىقىڭدا ئۆگەن ئومىقىم، بەخت-سائادەت مەنبەسى بولۇر ئىلىم. ھەقىقەت كاندۇر ئاشۇ مەدەنلەر، تېرەن كولاپ ئۇلارنى ئال ئوماقىم. ② كۆچمە. مەزمۇن جەھەتتىن كەڭ، ئەتراپلىق، چوڭقۇر: تېرەن بىر ئوي دېڭىزى ئىچرە پاتتى، خىيالى ئۇنى بىر گىردابقا ئاتتى. * قىشنىڭ بىر ئاخشىمى بېشىنى ئېلىپ، كەتكەن ئۇ بۇ يۇرتتىن يىراق سەپەرگە، ئۇچرىشىپ نىلقىدا ئىنقىلاب بىلەن، سىڭدۈرۈپ مەقسەتنى قەلبىگە تېرەن، قوشۇندا يەڭگەن ئۇ مۇشكۈل خەتەرنى. * يۈرەككە قان، ھاياتقا جان سېنىڭ نېمەتلىرىڭ ھەر چاغ، تېرەن يىلتىز سۈرۈپ يىللىق قۇچىقىڭدا چېچەك ئاتتىم.

**تېرەنلىك** «تېرەن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇ ئۇستى ئوچۇق كانالارنىڭ تېرەنلىكى ئۈچ-تۆت دەرەخ بويى، كەڭلىكى بىر چاقىرىم، ئۇزۇنلۇقى ئۈچ-تۆت چاقىرىم كېلەتتى.

**تېربىي** ئى [ر] <خىم> مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى (Terbium) Tb، رەڭسىز كرىستاللىق پاراشوك بولۇپ، زەھەرلىك. بىرىكمىلىرى ھاشاراتلارنى ئۆلتۈرگۈچى دورا قىلىنىدۇ ۋە بەزى تېرە كېسەللىرىنى داۋالاشتا قوللىنىلىدۇ.

**تېرراسا** ئى [ر<فران] يەر ئۈستىنىڭ يانپاش تۈرغان جايى.

**تېررامىتسىن** ئى [لات] <بىئول> ئانتىسىوتىكلار-

نىڭ بىرى، كۆپ خىل شارچە باكتېرىيە ياكى تاياقچە باكتېرىيىلەرگە قارىتا قارشى رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە رىككېتسىيە ۋە ئامىوبا كېسەللىكلىرىنىمۇ تىزگىنلەش رولىنى ئوينايدۇ. ئادەتتە يۇقىرىقى نەپەس يولىنىڭ يۇقۇملىنىشى، ئاشقازان-ئۈچەي يوللىرىنىڭ يۇقۇملىنىشى، قارا كېزىك ۋە چۆل، ئورمان سالجىسىدىن بولىدىغان كېزىك قاتارلىقلارنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**تېررامىتسىن باكتېرىيىسى** <بئول> بىر خىل باكتېرىيە. توپلىمى تاشپاقا قېپى ھالىتىدە بولۇپ، يېرىق سىزىقچىلىرى بولىدۇ. سانائەتتە تېررامىتسىن ئېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**تېررور** ئى [ر<لات] سىياسىي دۈشمەنگە نىسبەتەن كۈچ ئىشلىتىش، ئۆلتۈرۈش، قىرىش: تېررور قىلماق.

**تېرروچى** ئى. ئۆز پىكرى ۋە مەسلىكىنى تېررور يولى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى ۋە تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقۇچى ئادەم.

**تېررورلۇق** ئى. ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ قىرغىنچىلىق ۋە قولغا ئېلىش ھەرىكەتلىرى: شىڭ شىسەي ئاشكارا تېررورلۇق قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە «ئون ئىككى مۇقام» ئۇستىلىرىنىڭ ھاياتى تېخىمۇ ئېغىر پاجىئەگە دۇچ كەلدى.

**تېررىتورىيە** ئى [ر<لات] بىر دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقوقى تەۋەلىكىدىكى رايونلار. ئۇ قۇرۇقلۇق، سۇ ۋە ھاۋا تەۋەلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**تېررىتورىيىلىك** سۈپ. تېررىتورىيىگە ئىگە؛ تېررىتورىيىگە تەئەللۇق، تېررىتورىيە جەھەتتىكى: تارىخنىڭ يېقىنقى باسقۇچىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈز بەرگەن تېررىتورىيىلىك ئۆزگىرىشلەرگە قارىماي، ئەينى زاماندىكى ئورتاق مەدەنىيەت مەنبەلىرىگە ھۆكۈم قىلىۋېتىش تارىخنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلغانلىق بولاتتى.

**تېرگاۋ** (توغرىسى: تەرگەۋ) ← **تەرگەۋ.**

**تېرمو** ئى [ر<گرېك] سۆز بىرىكمىلىرى ۋە بىرىككەن سۆزلەرنىڭ 1-تەركىبىدە كېلىدىغان «ئىسسىقلىق، تېمپېراتۇرا» مەنىسىدىكى ياردەمچى سۆز: تېرمو قارشىلىق.

**تېرمو قارشىلىق** <ئېل> يېرىم ئۆتكۈزگۈچ جىسمىنىڭ ئىسسىقلىققا بولغان سەزگۈرلۈكىدىن پايدىلىنىپ ياسالغان قارشىلىق. تېلېگراف ۋە ئاپتوماتىك ماشىنىلارنىڭ كونترول قىلىش سىستېمىسىدا ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تېرمومېتر ياساشتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**تېرمودىنامىكا** ئى [ر<گرېك] ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى بىلەن باشقا ئېنېرگىيىلەرنىڭ بىر-بىرىگە ئايلىنىشىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئىسسىقلىقنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ماددىلارنىڭ خىمىيۋى ئۆزگىرىشى — نۇرلىنىش ۋە باشقا فىزىكىلىق ھادىسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، تېرمودىنامىكىنىڭ مەزمۇنى فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك ھادىسىلەرگە چېتىلىدۇ.

**تېرموس** ئى [ر<گرېك] ← **چايدان:** داستا سۇ ئەكىرىپ بەرسەم، سوغۇقكەن، تېرموستىكى قايناق سۇدىن قۇيۇڭ دەيدۇ، ماقۇل دەپ ئۇنىمۇ قۇيۇپ بەرسەم، پۇتۇمنى يۇيۇڭ قىزىم، دەۋاتىدۇ.

**تېرموستات** ئى [ر<گرېك] <بئول> تېمپېراتۇرىنى كونترول قىلالايدىغان بىر خىل تەجرىبىخانا ئەسۋابى. ئۇ ئادەتتىكى بىئولوگىيە تەجرىبىلىرى ياكى باكتېرىيىلەر-

نى تەربىيلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**تېرمومېتامورفىزم** ئى [ر<گرېك] ← **كونتاكتلىق مېتامورفىزم.**

**تېرمومېتىر** ئى [ر<گرېك] تېمپېراتۇرىنىڭ ئىسسىقلىق ياكى سوغۇقلۇق دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب: **تېرمومېتىر بىلەن ئۇنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىگەندە، قىزىتمىسى 39.5 گرادۇسقا چىققانىدى.**

**تېرموئېلېكتر** ئى [ر<گرېك] <ئېل> تېرمو ئېلېكتر ئېففېكتى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان ئېلېكتر.

**تېرموئېلېكتر ئېففېكتى** <فىز> يېرىم ئۆتكۈزگۈچ جىسىم ياكى بىر-بىرىگە ئۇلانغان ئىككى خىل مېتالنىڭ ئىككى ئۇچى ئوخشىمىغان تېمپېراتۇرىدا بولغان چاغدا، توك ھاسىل بولىدۇ؛ ئەكسىچە، توك ئىككى ئۇچىدىن ئۆتكەندە، بىر ئۇچى ئىسسىقلىقنى تارتىدۇ، يەنە بىر ئۇچى ئىسسىقلىقنى تارقىتىدۇ. بۇ خىل ھادىسە «تېرموئېلېكتر ئېففېكتى» دېيىلىدۇ.

**تېرموئېلېمېنت** ئى. [ر<گرېك] <ئېل> ئىككى خىل ئوخشىمايدىغان مېتالنى كەپشەرلەپ ياسالغان دېتال. ئىككى بېشىدىكى ئىسسىقلىق ئوخشىمىغان چاغدا، بىر يۆنە-لىشلىك توك ھاسىل بولىدۇ. تېمپېراتۇرا پەرقى قانچە چوڭ بولسا، ھاسىل بولغان توكمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇ تېرمو-مېتىر ۋە سېزىمچانلىقى يۇقىرى گالۋانومېتىر ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**تېرمىن** ئى [ر<لات] ← **ئاتالغۇ: ئۇ بەزى خىمىيىگە ئائىت يېڭى تېرمىنلارنى يېزىپ، ئۇنىڭ ئۆگىنىشىگە بېرەتتى.**

**تېرمىنولوگىيە** ئى [ر<لات+گرېك] ① مەلۇم بىر پەن-تېخنىكا ساھەسىگە مەنسۇپ بولغان ئاتالغۇلار يىغىندىسى، توپلىمى. ② تىلشۇناسلىقنىڭ ئاتالغۇلارنى ئۆگىنىش، يىغىش، رەتلەش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ساھەسى.

**تېرىپ-ئەرمەپ** ← **تېرىپ-تۆشەپ.**

**تېرىپ-تۆشەپ** ئاز-ئازدىن يىغىپ، جەملەپ: **چېچىلغاننى تېرىپ-تۆشەپ يىغمىز، ئوزۇقتا باي نەسلىمىز ھەم ئۇۋىمىز.**

**تېرىپۇرۇش** ئى. تېرە يىغىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: **مەن بۇ ئادەمنى تونۇيمەن. ئۇ ھەر يەكشەنبە كۈنى كەچتە دادامغا كونا-يېڭى تېرىلەرنى ئەكىلىپ بېرىدىغان تېرىپۇرۇش ئېلشاخۇن ئۇستام ئىدى.**

**تېرىنتقۇزماق** «تېرىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: **ئۇلار بۇ يەرلەرنى يەرلىك خەلقلەرنى ھەقسىز ئەمگەككە سېلىپ، تېرىنتقۇزىدىكەن.**

**تېرىنتماق** «تېرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: **بارىمەن دەپ، تۇرىمەن دەپ، يالغاندىن ئېيتقان. بارار، كېلەر يوللىرىغا ئازغان تېرىنتقان.**

**تېرىشتۇرمەك** ① «تېرىشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② تەرمەك، يىغماق: **خەلق توپى چېرىكلەر چېچىۋەتكەن تۇز پارچىلىرىنى تېرىشتۇردى.**

**تېرىشماق** «تېرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: **تېخنىك كادىرلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، دېھقانلار ئېتىز ئورنىغا قوناقنىڭ سورتلۇق يېڭى ئۇرۇقلىرىنى تېرىشتى.**

**تېرىشمەك** «تەرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: **بادام دوپپا گۈللىرىدەك پاختىزاردا، قىز-جۇۋانلار غوزىلارنى تېرىشمەكتە.**

**تېرىغان-تىككەن** ① تېرىپ، پەرۋىش قىلىپ يېتىشتۈرگەن: **تېرىغان-تىككەن نەرسىلەر شۇ پېتى ئېتىزدا قالدى.** ② ھەرىكەت قىلىپ،

تىرىشىپ-تىرمىشىپ قولغا كەلتۈرگەن: كۆرۈپسەن تېرىغان-تىككەن ئېشىڭنى، ئاخىر يەرسەن بىر كۈن زالىم بېشىڭنى.

**تېرىق** ئى <بوت> ① باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى يىپسىمان يوپۇرماق، باشقى سۇس سېرىق بولۇپ، ئاقلىغاندىن كېيىن سېرىق دېنى چىقىدۇ، دېنى ئادەتتە سۆكتىن چوڭراق بولۇپ، پىشۇرغاندىن كېيىن، يېپىشقاق ھالەتكە كېلىدۇ. ئۇ، مۇھىم ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى ئىشلەشكە ۋە ھاراق ئېچىتىشقا بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ دېنى.

**تېرىققا ئۇشكە قويىدىغان** ئۆز پايدىسى ئۈچۈن ھەممە ئىش قولىدىن كېلىدىغان؛ مۇمكىن ئەمەس دەپ قارالغان نەرسىلەردىنمۇ نەپ ئۈندۈرۈپ ئالىدىغان: ساۋۇتباي بىر يىلدىلا بېيىپ، چوڭ ئۆيلەرنى سېلىۋالىدى، ئۇ ھەر ئىشنى ئەپلەشتۈرىدىغان، تېرىققا ئۇشكە قويىدىغان پەملىك ئادەم. * كىشىلەر ئۇنىڭ دادىسىنى: «تېرىققا ئۇشكە قويىدىغان ئادەم» دەيتتى، ئەختە مباينى بولسا: «باي بولغان بىلەن ئىناۋىتى بار» دېيىشىدۇ.

**تېرىقتەك** سۈپ. كىچىككىنە، ناھايىتى كىچىك: تاغدەك ئىشنىڭ تېرىقتەك تۆگۈنى بار (ماقال). * خۇشاللىقىڭنى يوشۇرۇپ نېمە قىلىسەن، رەقىپ. ماڭا تېرىقتەك زىيان تەگسە، مۇشتۇمدەك خۇشاللىق تاپسەن، يەنە نېمىگە يالغاندىن قاپاق تۈرسەن؟ * كۆڭلۈمدە تېرىقتەك يامانلىق بولسا، ئەتىگە يەتمەي!

**تېرىقچە** رەۋ. ئازغىنا، كىچىككىنە، قىلچە: بۈگۈن تاپتى باھاسىنى تۆكۈلگەن تەرۇئەجرىمۇ، ھاياتتىن رازىمەن، يوقتۇر تېرىقچە زارۇ ئەرزىمۇ.

**تېرىقچى** ئى. يەر تېرىغۇچى، دېھقان.

**تېرىقچىلىق** ئى ① زىرائەت تېرىش، پەرۋىش قىلىش، يىغىش ئىشلىرى؛ دېھقانچىلىق: ئايۇپ ئاكاملار پەقەت تېرىقچىلىق يولى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى يەنە قوشۇمچە ھۈنەر بىلەنمۇ شۇغۇللىنىۋېتىپتۇ. * بۇ يىل تېرىقچىلىقىمىز يامان ئەمەس.

**تېرىقچىلىق قىلماق** تېرىش، پەرۋىش قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانماق، دېھقانچىلىق قىلماق: بىز تېخى كىچىك بولغاچقا، تېرىقچىلىق قىلالمايتتۇق. شۇڭا بۇ يەردە تاغىمىزلا تېرىقچىلىق قىلاتتى.

**تېرىقسىز** سۈپ. زىرائەت تېرىلمىغان، ئاق (يەر ھەققىدە): ئۆتكەن يىل كۈز ۋە بۇ يىل ئەتىيازقى خاتىرجەمسىزلىك دەستىدىن باغلار تېرىقسىز قالغان.

**تېرىقلىق** I ئى. تېرىق تېرىلغان جاي، تېرىق كۆپ ئۆسكەن، تېرىق باسقان يەر، ئېتىز: ئاكام تېرىقلىقنى سۇغىرىۋاتىدۇ.

**تېرىقلىق** II سۈپ. تېرىلغان، تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن: كىچىككىنە باغىم بار، كۆممىقوناق تېرىقلىق. چىرايىمدىن كەتمەيدۇ، پىراقىڭدا سېرىقلىق.

**تېرىكە** ئى [ر<فران] ئۇستىگە سىزىقچىلار چېقىرىپ، چىڭ توقۇلغان پاختا رەخت: ۋارىسجاننىڭ بېشىدا بېغىر رەڭ مانچىستر دوپپا، ئۈچىسىدا كۆك تېرىكىدىن ئەستەرلىك شىم-چاپان، پۇتىدا غولجا خۇرۇمىدىن تىكىلگەن ئىسكەتلىك ئۆتۈك بار ئىدى.

**تېرىكتۈرمەك** «تېرىكمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەگەر داستىخان ئۇستىگە ھاشىم ئاكام كېلىپ قالمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ مۇنازىرىسى ئەۋجىگە چىقىپ، ئەمەرنى تېخىمۇ تېرىكتۈرۈپ قويغان بولاتتى.

**تېرىكتۈرۈشمەك** «تېرىكتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار مېنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، خېلى تېرىكتۈرۈشتى.

**تېرىكتۈرۈلمەك** «تېرىكتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تېرىككەك** سۈپ. ئاسان، كۆپ تېرىكىدىغان: ئەمەت ئۇستا بارغانچە جاھىل، تېرىككەك، غەرەز ئۇقمايدىغان بولۇپ كەتتى.

**تېرىككەكلىك** ئى. ئاسانلا تېرىكىپ قالىدىغان مىجەز، خاراكتېر: ئېرىنچەكلىك، زېرىككەكلىك، تېرىككەكلىك، كۆڭۈلچەكلىكتىن ئىبارەت تۆت خىل ناچار ئادەتتىن ساقلىنىش لازىم.

**تېرىكمەك** پ. ئاچچىقلانماق، خاپا بولماق: خەلچەم ئانا ئۆزىنى ئاجىز ھېس قىلدى. شۇنچە كىشى ئىچىدىن سىپىلىم ئاكىنىڭ ئىزىنى باسقۇدەك بىرەر كىشىنىڭ چىقمىغىنى ئۈچۈن تېرىكتى. * قادىر قىزىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تېرىكتى. قىز ۋىللىدە قىزاردى ۋە ئۇڭايسىزلانغانلىقتىن، قادىرنىڭ يېنىدىن ئۈن-تىنسىز كېتىپ قالدى.

**تېرىكىشمەك** «تېرىكمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەن بۇ قوشنىمىز بىلەن بىرئاز تېرىكىشىپ قالغاندىن كېيىن، قايتا ئۇچراشمىدىم.

**تېرىلغۇ** ① ئى. ھەيدەش، تېرىش ئىشلىرى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەشغۇلات: شۇنداق بولسىمۇ خەلق گۇڭشېسىنىڭ ئىگىلىكى كەڭ، كۈچى كۆپ بولغانلىقتىن، يەنە بىر ئامال قىلىپ تېرىلغۇنى خېلىلا ياخشى ئۆتكۈزدۇق. * ھاپىز بۇ خىياللارنى كۆڭلىگە پۈككەندىن كېيىن، شەرۋانەمنى ئالدىرىتىپ، ئۆز تېرىلغۇسىغا جىددىي كىرىشىپ كەتتى. ② سۈپ. تېرىقچىلىق، دېھقانچىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، دېھقانچىلىققا خاس بولغان: تېرىلغۇ كۆلىمى. تېرىلغۇ ئۇلاغ. * «ئاپەت ئېغىزى» دېگىنىمىز ـ كۆپ يىللاردىن بۇيان بەگباش دەريا قىرغاقتىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى بۆسۈپ-چېقىپ پەيدا قىلغان چېقىل ساي.

**تېرىلغۇ سايمانلىرى** <دېھ> ھەيدەش، تېرىشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار. مەسىلەن، سوقا، تىرنا قاتارلىقلار.

**تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى** <دېھ> تېرىلغۇغا ئىشلىتىلىدىغان كالا، ئات، قېچىر قاتارلىق ھايۋانلار.

**تېرىلغۇ يەر** <دېھ> زىرائەتلەر تېرىلىدىغان يەر.

**تېرىلغۇلۇق** ئى. تېرىلغۇ قىلىشقا باپ، مۇۋاپىق يەر: ئۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن ئىشلارنى بىلدى. نۇرغۇن بوز يەرلەر تېرىلغۇلۇقلارغا ئايلاندى.

**تېرىلماق** «تېرىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ـ سەۋر قىلساڭ ئىمىش، ـ تېرىكىپ كەتتى بوۋاي، ـكەنت ئىچىدىكى يېرىڭ ماڭا ئوخشاش قېرىپ جۇلۇقى قالمىغان، تېرىلۋېرىپ ماغدۇرى كەتكەن. * قاراپ تۇرۇپ شۇنداق قىلسا بولامدۇ؟ مەن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولسام، بىرمۇنچە بالا تېرىلاتتى.

**تېرىلمە** سۈپ. بىر-بىرلەپ تېرىلىپ جەم بولغان، يىغىلغان: بۇ ئەمدى بىر يېرىم يىل بۇرۇن قۇمۇلدا ھاجىلار كۆرگەن ھېلىقى تېرىلمە قوشۇن ئەمەس ئىدى.

**تېرىلمەك** «تەرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: 10-ئايغىچە پاختىلارنىڭ بىرىنچى تېرىمى تېرىلىپ بولدى. * تېرىلگەننى ئاپىرىپ، گۈلە-قاقلار سېلىڭلار. ئىشتىن يانغان دوستلارغا، ئۇنى سوۋغا قىلىڭلار.

**تېرىم** I ① ئى. ھەيدەش-تېرىش ئىشى، تېرىلغۇ: ئەتىيازلىق تېرىم باشلانغاندا، بۇ لاپىقۇتلەشش گۇرۇپپىسى يەنە يەتتە ئائىلىگە كېڭەيدى. ② سۈپ. تېرىلغۇ ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان: تېرىم يەر. ③ پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ ۋە يوپۇرغا ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**تېرىم** II ئى. مەھسۇلاتلارنى بىر-بىرلەپ تېرىپ، يىغىش ئىشى: كۈمۈش رەڭلىك كېۋەزلىكلەردە خوتۇن قىزلار ياڭراق ناخشىلار باشلاپ، كېۋەز-پاختا تېرىمىگە كىرىشتى.

**تېرىماق** پ ① زىرائەتلەرنىڭ ئۇرۇقىنى يەرگە چېچىپ، كۆممەك: قۇشقاچتىن قورققان بۇغداي تېرىماس (ماقال). * تېمىشقا پىشايدىغانلىقىنى سىلەر بىلمىسەڭلەر كىم بىلىدۇ. ھەممىيلەن بۇرۇن پىشىدىغان بۇغداي تېرىسا، سىلەر كېيىن پىشىدىغاندىن تېرىيسىلەر. * دادام گۈل ھەۋەسكارى. ئۇ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاشۇ بىر پارچە يەرگە ھەر يىلى خىلمۇخىل گۈللەرنى تېرىيتتى. ② كۆچمە. پەيدا قىلماق، ئۇلغايتماق: گەپ تېرىماق. ئىش تېرىماق. ماجىرا تېرىماق. غەلۋە تېرىماق. چاتاق تېرىماق، بالا تېرىماق. * مانا ئاخىر ئارىدىن ئانچە ئۆتمەي، بىرەيلەن بىلەن قەستەن جودا تېرىدى. * يۈسۈپ بىلەن زۇلەيخا قېرىدىلەر يارسەنەم، ئىشقى ئوتىنى ئالەمگە تېرىدىلەر يارسەنەم.

**تېرىمچى** I ئى. تېرىلغۇ قىلغۇچى، دېھقان، تېرىقچى: پۈلى بارنىڭ گېپى ئوڭ بولدى ھەر چاغ، پۈلى يوقنىڭ بېشىغا كەلدى دوزاخ، تېرىمچى بىر چولاق كەتمەندە قالدى، ماتاچى مىڭ ياماق چەكمەندە قالدى.

**تېرىمچى** II ئى. ئېچىلغان پاختىلارنى قول بىلەن تېرىپ، يىغىپ ئالغۇچى: خامان، قوغۇنلۇق، قۇناقلىقلاردا، ئوتتەك يېلىنجاپ قىزىغان ئىشلار. ئاق ئالتۇندىن ياساپ تاغ-داۋان، تىنمايدۇ ھارماس تېرىمچى قىزلار.

**تېرىندى** سۈپ. بىر-بىرلەپ تېرىش ئارقىلىق جەملەنگەن، يىغىلغان: — ئېشەكلىرىڭ يۈك تارتىپ مەنزىلگە يېتەلەيدىغان ئېشەكلەرمۇ ياكى ئۇ يەر-بۇ يەردىن تېرىۋالغان تېرىندى ئېشەكلەرمۇ؟ — دېدى مەخسۇتباي ئۇنى توختاتقاندىن كېيىن.

**تېز** [پ] ① رەۋ. ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە: ياشلىق — ئىنسان ھاياتىنىڭ باھار پەسلى. ئەمما ئۇ ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ھەر كۈنى ئاشۇ چېچەككە ئوخشايدۇ. * مامۇت ماشىنا ھەيدەشنى تېز ئۆگىنىۋالدى. ② رەۋ. ھازىرنىڭ ئۆزىدە، شۇ تاپتا، چاپسان، دەرھال: ھەلىمخان باينىڭ پېشىغا چىڭ يېپىشقانچە: چاپسان قېچىڭ سىڭلىم، ئۆزىڭىزنى تېز دالدىغا ئېلىڭ! — دەپ ۋارقىرىدى. * — قاسىم ئاكام سىزنى تېز كەلسۇن، دەيدۇ، — دېدى ئۇ ھاسىراپ، — ناھايىتى تېز بولسۇن دېدى. ③ سۈپ. چاپسان، چاققان، ئىتتىك: تېز قەدەم. تېز ھەرىكەت. تېز سۈرئەت.

**تېز ئارىدا** ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەستىن، قىسقا پۇرسەتتە: بۇنىڭ توغرىلىقىنى تېز ئارىدا ئۆزىڭىزمۇ بىلىپ قالارسىز.

**تېز بول** «دەرھال ھەرىكەت قىل، قاراپ تۇرما» دېگەن مەنىلەردە قاراتما سۆز بىلەن كېلىدۇ: ئۆمەرجان كۆپ ئويلانمايلا بۇيرۇدى: — سەن پەيچۇسوغا چاپ، ئالىمجان تاغامغا ئەھۋالنى دە، تېز بول! * — سەلىمە، تېز بولۇڭ، چېدىرنىڭ كەينىدە ئات بار، مىنىپ قېچىڭ! — دېدى ئەكبەر تېز ۋە جىددىي قىلىپ.

**تېز پۇرسەتتە** ← **تېز ئارىدا**: زۇلخۇمار كەلگەندە بۇ جايغا يېتىپ، يول بەردى كىشىلەر ئاڭا ھۆرمەتتە. ناھىيىنىڭ ئۆلگىسى قەھرىمان قىزغا، يىگىتكە شىپا بەخش قەدىردان قىزغا، ئېچىلدى ئىشكىمۇ تېزلا پۇرسەتتە.

**تېز تېپىلىش كانكىسى** <تەن> تېز مۇز تېپىلىشتا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان كانكى. ئۇزۇن ۋە بىسى تار بولىدۇ. «مۇسابىقە كانكىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تېز سۈرئەتلىك يول** ھەر خىل ئاپتومۇبىل ۋە موتسىكلىت قاتارلىق قاتناش قوراللىرىدىن بىرقانچىسى بىر خىل يۆنىلىشتە تېز سۈرئەت بىلەن ماڭالايدىغان قوش لىنىيىلىك يول.

**تېز سىزما** <گ سەن> رەسساملىقتا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىخچام سىزىقلار ئارقىلىق ئوبيېكتنىڭ شەكلى، ھەرىكىتى

ۋە روھىي ھالىتىنى يىغىنچاقلاپ سىزىپ
چىقىشقا قارىتىلىدۇ. ئۇ تۇرمۇشنى خاتىـ
رىلەپ، ئىجادىيەتكە ماتېرىيال توپلاش،
ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارى ۋە ئوبيېكتنى
دەرھال تەسۋىرلەش قابىلىيىتىنى يېتىشـ
تۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

**تېز مۇز تېيىلىش** <تەن> مۇز مەيداـ
نىنىڭ يۈگۈرۈش يولىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان
تېز سۈرئەتلىك مۇز تېيىلىش تەنھەرىكە-
تى. ئۇ ئادەتتە قىسقا مۇساپىلىك تېيىلىش،
ئوتتۇرا مۇساپىلىق تېيىلىش، ئۇزۇن
مۇساپىلىك تېيىلىش قاتارلىق يەككە تۈر
ۋە ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىش مۇساـ
بىقىلىرىغا بۆلۈنىدۇ.

**تېز نېيترون** <فىز> ئادەتتە ھەرىكەت
ئېنېرگىيىسى ئون ئېلېكترون ۋولتتىن ئېشىپ
كېتىدىغان نېيترون.

**تېز ھەل قىلىش ئۇرۇشى** <ھەرب>
قىسقا ۋاقىت ئىچىدە غەلىبە قىلىش ياكى
مەغلۇپ بولۇشنى تېز ھەل قىلىدىغان
ئۇرۇش.

**تېز ھېسابلاش** <مات> بەزى سانلارنىڭ
ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، ئالاھىدە
ھېسابلاش قانۇنىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ
مۇرەككەپرەك ھېسابلاش ئۇسۇلىنى
ئاددىيلاشتۇرۇپ تېز ھېسابلىغىلى بولىدۇ،
بۇ خىل ھېسابلاش تېز ھېسابلاش دېيىلىدۇ.

**تېز ئۈنۈملۈك ئوغۇت** <خىم> پارچىلىنىـ
شى ئۆسۈملۈكنىڭ سۈمۈرۈشى ۋە ئۈنۈمى
تېز بولىدىغان ئوغۇت. مەسىلەن،
ئاممونىي سۇلفات، چىرىتىلگەن ئادەم
گەندىسى قاتارلىقلار. ئۇ ئادەتتە قوشۇمـ
چە ئوغۇت قىلىنىدۇ.

**تېز يېزىش** <تىل> سۆزلەنگەن
نۇتۇقنى ئاددىيلاشتۇرۇلغان ئەپلىك
بەلگىلەر ئارقىلىق تېز خاتىرىلىۋېلىش.

**تېزەك** ئى [پ] ھايۋانلارنىڭ گەندىسى:
كالا تېزىكى. تېزەك تەرمەك. * يازنىڭ تېزىكى
قىشتا دورا (ماقال). * ئالدىنقى كۈنى ئېشەكلەرنى
بىردەمگە سولاپ قويۇۋىدىم، شۇ يەردە بەلكى
ئانچە-مۇنچە چېچىلغان سامان يېگەندۇر، سامان
بولمىسا تېزەك يېگەندۇر. * زىلەي چۆشلۈك چاينى
ئاتاپ قازانغا سۇ قويۇپ، ئوچاققا تېزەك سېلىپ، ئوت
يېقىپ ئۆيدىن چىقتى.

**تېزەك قوڭغۇزى** <زوئول> → **تۇلۇقچى**
**قوڭغۇز**: توختاپ تۇرسىلا كاتىپ، تېزەك قوڭغۇزىدەك
غۇدۇڭشۇپ ئولتۇرۇۋالغانغا ئۇنىمايمەن.

**تېزىكى قاتماق** → **پوقى قاتماق**: سىيىت
ھاجىنى كۆرۈپلا پۇقرالارنىڭ تېزىكى قېتىۋېلىشىدىن
ئەندىشە قىلغان رەسۇل ئۆزىنى بىردىنلا ئاشكارىلاشـ
نىڭ تولىمۇ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلگەچ، پۇقرا
تەرەپتە تۇرغان قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقتى.

**تېزىكىگە بىگىز ئۆتمەيدىغان** كىشىگە
نەپ بەرمەيدىغان، ئىنتايىن پىخسىق.

**تېزىكىڭنى تەر** «ئۆزۈڭگە تۇشلۇق
ئىش قىل، ئىشىڭنى قىل» دېگەن
مەنىدىكى تەنە سۆز: قولۇڭدىن كەلمىگەن
ئىشنى قىلمەن دېگۈچە، تېزىكىڭنى تەرگىنىڭ ياخشى.

**تېزەكچى** ئى. تېزەك يىغقۇچى، تېزەك
تەرگۈچى.

**تېزەكلە تمەك** «تېزەكلىمەك» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ كۈن ساناپ
تەسلىكتە بىر جۈمەنى توشقۇزۇپ، ئېشەكنى ئالتۇن
تېزەكلەتمەكچى بولۇپ ئېشەك ئېغىلىنى ئېچىپ كىرسە،
ئالتۇن تېزەكلەيدىغان ئېشەك توڭلاپ قېتىپ قاپتۇ.

**تېزەكلىك** ئى. تېزەك كۆپ جاي: تېزەكلىكنىڭ
قوڭغۇزىدەك غوڭغۇلدىماق.

**تېزەكلىمەك** پ. تېزەك چىقارماق، چىچماق
(ھايۋانلار ھەققىدە): بەختىسىز قىز تېزەك
تەرگىلى چىقسا، كالا سۇغا تېزەكلەپتۇ (ماقال).

**تېز-تېز** ① ئۈزلۈكسىز ۋە ئىلدام، چاپسانلىق بىلەن: ئۇ دەرھال يۈزىنى ئۆرۈپ، تېز-تېز مېڭىپ كەتتى. * ئايگۈلنىڭ ئىسمى چىقىۋاندا، ئادىلنىڭ چىرايىدا ئاللىقانداق ئازابلىنىش ئىپادىسى پەيدا بولۇپ، قوشۇمىسى تۈرۈلدى، يۈرىكى تېز-تېز سېلىشقا باشلىدى. ② پات-پات، ئۈزاق ئۆتمەي: مەختۇم شۇنىڭدىن كېيىن، ئالىملارنىڭكىگە تېز-تېز كېلىپ تۇرىدىغان بولدى.

**تېزدىن** رەۋ. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، دەرھال؛ ھازىرلا: ئەلچى خەتنى ئەكەلدى، ئۇلار خەتنى ئېچىپ، ئالدىراپ ئوقۇشتى. خەتتە: «قولغا چۈشكەن كىشىنى تېزدىن بۇ يەرگە كەلتۈرۈڭلار» دەپ يېزىلغانىدى.

**تېزلەتكۈچى** ① «تېزلەتمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل سۈپەتدىشى. ② ئى. بىرەر جەرياننى تېزلىتىدىغان، ئىلگىرى سۈرىدىغان ئامىل، سەۋەب: بىرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ھەمكارلىق — ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى ياخشى قىلىشتىكى تېزلەتكۈچى تۈرتكىلەردىن بىرى. ③ ئى <فز> سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن يۇقىرى سۈرئەتتە ھەرىكەت قىلىدىغان زەررىچىلەرنى ھاسىل قىلىش قۇرۇلمىسى، يەنى ئاتوم يادروسى ۋە ئاساسىي زەررىچىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى تەتقىق قىلىش قورالى. تېزلەتكۈچىنىڭ خىلى كۆپ. مەسىلەن، ئېلېكتروستاتىك تېزلەتكۈچى، ئايلانما تېزلەتكۈچى (سىكلوترون)، تۈز سىزىقلىق تېزلەتكۈچى، ماس قەدەملىك تېزلەتكۈچى قاتارلىق.

**تېزلەتمەك** «تېزلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ۋاقىت يېرىم كېچىگە يېقىنلاشقانىدى، بىردىنلا يامغۇر تامچىلاشقا باشلىدى. ئۆيگە قاراپ كېتىۋاتقان ئەنۋەر قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلەتتى. * بىر خىل ھاياجان ئۇنىڭ قان تومۇرلىرىنى ئۆركەشلىتىپ، يۈرەك سېلىشىنى تېزلەتمەكتە ئىدى.

* بۇ — ئىلمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىدۇ.

**تېزلەشتۈرمەك** «تېزلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىزەڭلىك بىلەن توختىماي ياغىدىغان كۆز يامغۇرى بولسا، ئۆزى بىلەن سوغۇق ئېقىم باشلاپ كېلىپ، گۈل-چېچەكلەر ۋە يوپۇرماقلارنىڭ تۆكۈلۈشىنى تېزلەشتۈرىدۇ.

**تېزلەشتۈرۈلمەك** «تېزلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ يىل كومبايىننىڭ رولىدىن پايدىلانغاچقا، يازلىق يىغىم سۈرئىتى زور دەرىجىدە تېزلەشتۈرۈلدى.

**تېزلەشمەك** سۈرئىتى، تېزلىكى بارغانسېرى ئاشماق: ئالماس ئۆزىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن، قورۇ ئىشىكىگە يۆلەنگىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشى بارغانسېرى تېزلەشمەكتە ئىدى.

**تېزلەنمەك** «تېزلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نىشانغا يېقىنلاشقانسېرى سۈرئەت تېزلەندى.

**تېزلىتىلمەك** «تېزلەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇنداق قىلىپ، گۈزەل سەنئەتچىلەرنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىشى تېزلىتىلدى.

**تېزلىك** ① ئىش-ھەرىكەتنىڭ مەلۇم جەرياندىكى سۈرئىتى، ئىلداملىقى، چىددىيلىكى: ماشىنا يولغا چىقىپ تېزلىكنى ئاشۇردى. * ئابدۇۋايىتنىڭ كۆز ئالدىدىن مۇنداق بىر ۋەقە چاقماق تېزلىكىدە ئۇچۇپ ئۆتتى. ② <فز> ھەرىكەتلىنىۋاتقان جىسىمنىڭ مەلۇم بىر يۆنىلىشتە، بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە بېسىپ ئۆتكەن يولى.

**تېزلىك بىلەن** ① قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە، چىددىي تۇتۇش قىلىپ: ئۇلار يېڭى بىر ئەھۋالنى ئانالىز قىلغاندىن كېيىن، ئومۇملاشتۇرۇلغان بىلىمدىن پايدىلىنىپ يېڭى مەسىلىنى تېزلىك بىلەن ھەل قىلىدۇ. * ئالدى بىلەن باش ساقچىغا ھۇجۇم قىلىش قارار قىلىندى، تۈرمىدىكى مەھبۇسلارنى تېزلىك بىلەن ئازاد قىلىش كېرەك ئىدى. ② دەرھال،

كېچىكتۈرمەي: ئۇ ۋارىسجاننى چاقىردى-دە، تېزلىك بىلەن شۇ ياققا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. * ئۇنى قىلىن جۇۋىغا ئوراپ، ئات ئۈستىگە ئېلىشتى-دە، تېزلىك بىلەن قايتىشتى.

**تېزلىك كوئېففىتسېنتى** <فىز> ھەرىكەتلىنىۋاتقان جىسىمنىڭ بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە بېسىپ ئۆتكەن ئارىلىقى.

**تېزلىكتە** رەۋ. تېزلىك بىلەن، دەرھال: كادىرلار بىرقاتار يىغىنلارنى ئېچىپ، قانداق قىلىپ كۆز ئالدىمىزدىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تەبىئىي شارائىتقا ماسلىشىپ كېتىش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ باردى * ئەر-ئاياللار بىرلىكتە، ھەرىكەت قىلىپ تېزلىكتە، ياشاش ئۈچۈن ھۇرلۇكتە، گۈللىتەيلى ۋەتەننى.

**تېزلىمەك** پ ① تېزلىكى ئاشماق: ماشىنا تېزلىدى. * ئوقۇغۇچىسىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قەدەملىرى تېخىمۇ تېزلىدى. ② مەلۇم بىر ئىش جەريانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئاز قالماق؛ يېقىنلىشىپ ئېلگىرىلىمەك: بۇ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى كۆزگە كۆرۈنۈپ، ئالغا بېسىشى خېلى تېزلەپ قالدى.

**تېزلىنىش** ① «تېزلەنمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: ئۇلارنىڭ ھەرىكەت تېزلىنىشى بىزگە ئۈمىد پەيدا قىلدى. ② <فىز> تېزلىكنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بۇ خىل ئۆزگىرىشنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىتنىڭ نىسبىتى، يەنى بىرلىك ۋاقىت ئىچىدىكى تېزلىكنىڭ ئۆزگىرىشى. مەسىلەن، جىسىم ھاۋادىن ئەركىن چۈشۈۋاتقاندىكى تېزلىنىش 980 سانتىمېتىر سېكۇنت بولىدۇ.

**تېزلىنىشچان** سۈپ. بارغانسېرى تېزلىنىپ بارىدىغان: تېزلىنىشچان ھەرىكەت.

**تېزلىنىشچان ھەرىكەت** <فىز> تېزلىكى بارغانسېرى ئېشىپ بارىدىغان ھەرىكەت، يەنى ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنىڭ بىر خىلى.

**تېزىس** ئى [ر<گرېك] يازماقچى بولغان ئىلمىي ئەسەر، ماقالە؛ سۆزلىمەكچى بولغان دوكلات ياكى نۇتۇق قاتارلىقلارنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرى: ـ سەن كىرىشنىڭ ئالدىدا ئاخىرقى قېتىم سىلىشتۇرۇپ بولغانىدىم، ـ دېدى ئادىل. ئۇنىۋېرسالىقى، لازىمەتلىك ماتېرىياللار ھەققىدىكى ئىزاھنامىنىڭ تېزىسلىرىنىمۇ يېزىپ قويدۇم. * ئۇ بىرنەچچە ۋاراق قەغەزگە يېزىلغان تېزىس بويىچە، رەيىسنىڭ «مەسىلە» لىرىنى بىر-بىرلەپ ئوقۇپ چىقتى.

**تېشىرقاتماق** «تېشىرقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قوراملىق سايىدا مىنىپ يۈرۈپ، ئاتنى تېشىرقىتىۋېتىپسەن، ـ دېدى داۋۇت ئاخۇن ئوغلىغا.

**تېشىرقىماق** پ ئات-ئۇلاغلار تاش-شېغىللىق يوللاردا كۆپ مېڭىپ، تۇياقلىرىنىڭ ئۇپرىشىدىن تەستە ماڭىدىغان بولۇپ قالماق: ئۆتكەندە، ئەسىمتۇللا ناھىيىدىكى يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان كۈنلەردە، ئاياز شۇجى چەت ئەل سودا مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن بىرگە بەيگە ئاتلىرىنى تاللاشقا چىققاندا، ئۆزىنىڭ «تېۋىلغا تور» ئېتى تېشىرقاپ كەتكەنلىكتىن مىنەلمەي، ئەسىمتۇللانىڭ ئېتىنى مىنىپ چىققانىدى.

**تېششماق** «تاشماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تاغقا قاراپ يۈگۈرسەك قورچاق دۈشمەن قېچىشتى، زەربىمىزگە چىدالماي زەھەرلىك گاز چېچىشتى، غەزىپىمىز زىيادە قايناپ يەنە تېششتى، كۈرەش بىزگە يېڭىشنىڭ ئىشكىنى ئېچىشتى.

**تېششمەك** «تەشمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ياشلاردىن بەشى كېلىپ، ئىشكىنىڭ يان تەرىپىدىكى تامنى تېششتى.

**تېشلمەك** ① «تەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پالتىنىڭ چۈلدىسى بىلەن

مۇزنى ئۇرسام، مۇز تېشىلدى. * ئالمىخاننىڭ يوللىرى، ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن يولى. ئالمىخانغا تولا قاتناپ، تېشىلدى كەشىنىڭ سوڭى. ② قاپىرىپ يېرىلماق، سىقىلىپ چىقماق: يارا تېشىلمەك. * بۇ جەريانda يىغىنە سانجىلغان بارماقلىرى نەچچە تېشىلىپ، نەچچە ساقايدى. ئالمىدەك تولغان چېكىلىرىدە ئاق ئىزلار پەيدا بولدى. ③ كۆچمە. مەلۇم بىر ئىش ياكى گەپنىڭ مۇھىم بىر نۇقتىسى ئاشكارىلانماق، مەيدانغا چىقماق: گەپ تېشىلدى. * ھەممە ئىش شۇنىڭدىن تېشىلدى، نەچچە يۈز بالا بار يەردە نېمىنى يوشۇرۇپ قالغىلى بولىدۇ.

**تېقىم** ئى ① ئادەم تىزىنىڭ قارشى تەرەپتىكى پۈكلىنىدىغان جايى: ھۆسنەرىخان بىر قولىدا زەيتۇنەمنىڭ تېقىمىنى، ئىككىنچى قولىدا لېپىكىنى تۇتۇپ كۆچەپ بېسىپ باقتى. * سۆزلەيتتى يىگىتكە ئەركىلىگەندەك، چاچلىرى تېقىمدا ئوينىغان جانان. كىيلەتتى قىزىل نۇر ئىچىدە گويا، ياراشقان قوشماقلار تونۇش تاش تامان. ② ئات-ئۇلاغ مىنگۈچىگە نىسبەتەن پۇتنىڭ، ئۇلاغنىڭ قورسىقىغا تېگىپ تۇرغان ھەممە قىسمى؛ بەلنىڭ ئاستى: ئالماس تېقىمدا ئات بولمىغانلىقىغا قاتتىق ئەپسۇسلاندى ۋە تاپانچىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئاسمانغا قارىتىپ ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ پاي ئوق ئاتتى. ③ ھايۋانلارنىڭ قۇيرۇقىنىڭ ئاستى: موما تۆۋىدىكى سېرىق كالا شاتىراقلاپ تېقىمىنى پوق قىلىۋەتكەندى.

**تېقىم خالتا** بۆشۈكتە ئودا ئۈستىگە، پۇت تەرەپكە سېلىنىدىغان خالتا.

**تېقىمغا باسماق** ① ئات ئۈستىگە ئولتۇرۇپ، بىرەر نەرسىنى تېقىمى ئاستىغا ئالماق، تېقىمدىماق: ئاخىر ئۇنى بىر يىگىت ئېلىپ، ئۈزۈپ چىقتى تېقىمغا بېسىپ. ياغدى ئالقىش ئاڭا، دوستلىرى، تەبرىكلىدى قولىنى قىسىپ. ② كۆچمە. ئۆزىنىڭ قىلىۋالماق، ئۆزىنىڭ قىلىپ يوشۇرۇۋالماق.

**تېقىمغا چىچماق** قاملاشتۇرالماي، رەسۋا بولماق: بۇرۇن شۇنچە يوغان گەپ قىلغان ئادەم مانا ئەمدى تېقىمغا چىچىپ ئولتۇردى.

**تېقىمغا ئۇرۇپ گەپ تاپماق** يوق يەردىن يالغان گەپ توقۇپ چىقماق: تۇرسۇن ماتاڭ دېگەننىڭ تازا لاپخور بىرنېمە ئىكەنلىكىنى ئۇ. ئاخشامقى مەجلىستە تېقىمغا ئۇرۇپ گەپ تېپىپ، ئوغرىغا چىقارمىغان بىرمۇ ئەزا قالمىدىمۇ؟!

**تېقىمدىماق** پ ① ئۇلاغ ئۈستىدە تۇرۇپ، بىرەر نەرسىنى تېقىمى ئاستىغا باسماق، قىستۇرماق: ئۇنىڭ كەينىدە 50 مېتر يىراقلىقتا مىلتىقنىڭ ستۇۋلىنى يەرگە قارىتىپ تېقىمدىۋالغان، بېشىغا قۇيرۇقلۇق قۇلاقچا كىيگەن ئاتلىق باندىت ئەسكىرى تۇراتتى. ② ئات-ئۇلاغنى تېقىمى بىلەن دېۋىتىپ ھەيدىمەك: ئېتىڭنى پات-پات تېقىمداپ قوي، سەل ئىشتىكلىمسەك كۈن ئولتۇرغۇچە يېتىپ بارالمايمىز.

**تېقىملىماق** ← تېقىمدىماق: شاھ ئېتىنى تېقىملاپ، كەلگەن چاغدا يېقىنلاپ، بىر ئىشنىپ، ئىشەنمەي، ھەيران بولۇپ چۆشەنمەي، توغراقلىقتىن چىقىپتۇ، شاھقا دادىل بېقىپتۇ.

**تېكە** ئى. ئۆچكە، ياۋا ئۆچكە، جەرەن قاتارلىقلارنىڭ ئەركىكىنىڭ پىچىلمىغىنى: ئالتە ئۆچكىگە يەتتە تېكە (ماقال).

**تېكە ساقال** ① تېكىنىڭكىگە ئوخشاش ئۇزۇن، ئۇچلۇق ساقال: ئېلى پالۋان تېكە ساقىلىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ شۇنداق دېدى. ② شۇنداق ساقاللىق كىشى.

**تېكە كىرمەك** تېكە تېكىسىرىگەن ئۆچكىگە ئېسىلماق.

**تېكە ستىبەنى** مۇمكىنچىلىكى يوق دېيەرلىك، ئېھتىماللىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس.

**تېكتونا** ئى [لات] <بوت> ← تېكتونا دەرىخى.

**تېكتونا دەرىخى** <بوت> دورىلىق

تىزمىگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلاي-دىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى چوڭ بولۇپ، سوقىچاق ياكى تۇخۇم شەكلىدە بولىدۇ، يۈزى يىرىك، دۈمبىسىدە قوڭۇر تۈكلىرى بولىدۇ؛ گۈل دېنى كونۇسسىمان، گۈلى ئاق ياكى كۆك؛ مېۋىسى ئۈچكىلىك بولۇپ، شار شەكلىدە؛ ياغىچى تۇتۇق قوڭۇر، قاتتىق ۋە چىرىتىشكە چىدامىلىق كېلىدۇ. ياغىچىنى كېمسازلىق، بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىشكە ۋە ئۈنىڭدىن هارۋا، ئۆي جاهازلىرىنى ياساشقا بولىدۇ.

**تېكتونىكا** ئى [ر<گرېك] يەر پوستىنىڭ هەرىكىتى، ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنىڭ جەريا-نىنى ئۆگىنىدىغان، تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**تېكتونىكىلىق** سۈپ. يەر پوستى هەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىگە باغلىق بولغان، ئۇلارنىڭ نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان: تېكتونىكىلىق هەرىكەت. تېكتونىكىلىق يەر تەۋرەش.

**تېكتونىكىلىق هەرىكەت** <گېئول> يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە، يەر شارىنىڭ پوستىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىدىغان بىر خىل هەرىكەت. يەر پوستىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چۆكىشى ۋە ئويمان-لىشىشى، تاغ جىنس قاتلىمىنىڭ پۈرمىلىنىشى ۋە ئۈزۈلۈشى قاتارلىقلارنىڭ هەممىسى تېكتونىكىلىق هەرىكەتتۇر. بۇ خىل هەرىكەت دېڭىز-ئوكيان ۋە قۇرۇقلۇقنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ هەمدە يەر يۈزىدە ئېگىز تاغلار ۋە ئويمانلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ.

**تېكتونىكىلىق يەر تەۋرەش** <گېئول> يەر تەۋرەشنىڭ بىر خىلى. بۇنى يەر قاتلاملىرىدا بولىدىغان ئۈزۈلۈش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان بىر خىل يەر تەۋرەش بولۇپ، زىيىنىمۇ ناهايىتى زور بولىدۇ.

**تېكچەك** ئى. ئۆچكە، ياۋا ئۆچكە، جەرەن قاتارلىقلارنىڭ پىچۇۋېتىشتىن بۇرۇنقى ئەركەك ئوغلىقى.

**تېكچى** ئى. تېكىنى مەلۇم ئويۇن ۋە هەرىكەتلەرگە ئۆگىتىپ، ئويناتقۇچى كىشى: بىرنېمىلەرنى دەپ ئۇنى ماختاۋاتقان تېكچى قولىدىكى تاياقنى پەشتاقا ئۇرۇپ: «قېنى، ئەل-ئاغىنىلەرگە بىر سالام قىلىۋەتسىلە» دېگەندى، تېكە ئالدى ئاياغلىرىنى يۇقىرى پەشتاقا قويغان پېتى ئالدىغا، ئوڭ ۋە سولغا ئەگدى. ئادەملەر كۈلۈشتى.

**تېكساقال** ئى [تېكە+ساقال] <بوت> ← كۆكسېغىز.

**تېكست** ئى [ر<لات] ① يېزىلغان، كۆچۈرۈل-گەن، بېسىلغان ئەسەر ياكى هۆججەت-نىڭ ئەسلىسى: هەرقانداق ياخشى تەرجىمىمۇ ئەسلى تېكستنى تولۇق ئىپادىلەپ كېتەلمەيدۇ. ② نوتۇق، دوكلات قاتارلىقلارنىڭ يازما نۇسخىسى، ئورگىنالى: نوتۇق تېكستلىرى ئالدىن تەييارلىۋېلىنغان بولۇپ، زۆرۈر تېپىلغاندا خەلقلەرگە تارقىتىشقا ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن، غولجا مەتبەئەسىدە نۇرغۇن مىقداردا باستۇرۇۋېلىنغانىدى. * ئۇ دوكلات تېكستىنى ئىككى-ئۈچ كۈندىن بېرى ئىشخانىدىمۇ، ئۆيىدىمۇ بوشلا ۋاقتى بولسا، يېزىۋاتىدۇ. ③ مۇزىكا ئەسىرى، ناخشا قاتارلىقلارنىڭ شېئىر ۋە سۆزلىرى: لوتپۇللا مۇتەللىپ بولسا ئەينى زاماندا مەكتەپ ناخشىسى تېكستىنى كۆپ يازغان ۋە كۆپ ئاهاڭ ئىجاد قىلىپ، ئۇسمۇرلەرگە ئۆزى بىۋاستە ئۆگەتكەنىدى. ④ سۆزلەر قىسمى، مەتىن (لۇغەتتە): لۇغەت تېكستى. ⑤ <تىل> قۇرۇلما جەھەتتىن بىر

جۈملىدىن ئوشۇق بولغان، مەنە جەھەت-
تىن نىسپىي ھالدا تولۇق بولغان ئوي-پى-
كىر ياكى ئىدىيىنى ئىپادىلىگۈچى تىل
بىرلىكى. ئۇ تېكىست تىلشۇناسلىقىنىڭ
تەتقىقات ئوبيېكتى.

**تېكىست تىلشۇناسلىقى** <تىل> جۈملىدىن
ھالقىغان بىرلىك ۋە باغلىغۇچىلارنى
تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**تېكىستچى** ئى. مۇزىكا ۋە ئاھاڭغا تېكىست
يېزىپ بەرگۈچى.

**تېكىستلەشتۈرمەك** پ. مەلۇم ئاھاڭغا
ماس شېئىر تاللاپ ياكى يېزىپ، ناخشىغا
ئايلاندۇرماق.

**تېكىستلەشتۈرۈلمەك** «تېكىستلەشتۈرمەك»
پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: **مۇقام
مۇزىكىلىرى دىنىي تەسەۋۋۇپ بىرقەدەر چۈشىنىكسىز
ئىبارىلار بىلەن تولغان شېئىرلاردىن ئازاد قىلىنىپ،
ئۆز دەۋرىدە كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە ئۇيغۇر
شېئىرىيىتى بويىچە تېكىستلەشتۈرۈلدى.**

**تېكىستسىز** سۈپ. تېكىستى يوق، تېكىست-
لەشتۈرۈلمىگەن، تېكىستكە سېلىنمىغان:
**كۆزلىرى بەقەدەمدەك قىزارغان تۇرسۇن بەتىنكە
كىيگەن پۇتلىرىنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە ئارتىلدۇرۇپ،
ئۆزىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ، قانداقتۇر
بىر تېكىستسىز ناخشىنى غىڭشىپ ئېيتقان ھالدا تاماكا
ئوراپ ئولتۇراتتى.**

**تېكىستلىك** سۈپ. تېكىستى بار، تېكىست-
لەشتۈرۈلگەن: **«ئون ئىككى مۇقام» —
شېئىرىي تېكىستلىك، چوڭ ھەجىملىك مۇزىكىلىق
ئەسەر.**

**تېكىستولوگىيە** ئى [ر<لات+گرېك] تىل-ئەدەبى-
يات پەنلىرىنىڭ بىر تارمىقى. ئۇ يازما
يادىكارلىق، بەدىئىي، تارىخىي ئەسەر،
ھۆججەت قاتارلىقلارنىڭ ئەسلىي تېكىستى-
نى بەلگىلەش ياكى ئەسلىي نۇسخىسىغا
ئەڭ يېقىن كېلىدىغان تېكىستنى تەييارلاش
ۋە تەتقىق قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**تېكىستولوگىيىلىك** سۈپ. تېكىستولوگىيىگە
ئائىت: **تېكىستولوگىيىلىك خۇسۇسىيەت مۇقامنىڭ بىر
ئاساسلىق خۇسۇسىيىتى.**

**تېكمەت** (توغرىسى: تەكلىمات) ← **تەكلىمات.**

**تېكىن** I ئى. يېزت. شاھزادە، شاھ
ئوغلى.

**تېكىن** II سۈپ. مېھنەت قىلمايدىغان،
ئەجىر سىڭدۈرمەيدىغان.

**تېكىنەك** ئى. تاقا مىخىنىڭ ئۇچىنى قايتۇ-
رىدىغان تۆمۈر ئەسۋاب.

**تېكىنخور** ① ئى. ئىشلىمەي، ئەجىر قىلماي
باشقىلار ھېسابىغا كۈن كەچۈرگۈچى،
تېرىكتاپ ئادەم: **كونا دۇنيانىڭ تېكىنخور،
ياچۇۋەك، ئەۋرەزلىرى، قامىتىدىن بولدى مىلىك لەت،
كۆرمىگەن داغىنى مەن.** ② سۈپ. پارازىت:
**تېكىنخور قۇرتلار.**

**تېكىنخورلۇق** «تېكىنخور» سۆزىنىڭ
ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**تېگى-پېيى** ← **تېگى-تەكتى: مەن بۇ
گەپنىڭ تېگى-پېيىنى ئانچىلىك بىلمەيمەن.**

**تېگى-تەكتى** ① كىشىنىڭ كېلىپ چىقىشى،
ئەسلىي-زاتى: **لوتپۇللا ھېلىقى كەلگەن يىگىت
بىلەن ئايالىنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن،
كوچىلاپ سورىدى. * سورىسىڭىز تېگى-تەكتىم مۇشۇ
غۇلجىلىق، كۆزۈم ئاچسام بىزگە ھەمراھ ئىكەن
يوقسۇللۇق.** ② بىرەر ئىش، ۋەقەنىڭ كېلىپ
چىقىش سەۋەبى، ماھىيەت: **ئۇنىڭ سۆھبەت-
داشلىرى ئادەتتىكى، نادان، يېزا ئادەملىرىدىن
ئاستا-ئاستا ئۆز ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ
تېگى-تەكتىگە يېتەلەيدىغان ئاڭلىق ئادەملەرگە
ئايلانماقتا ئىدى. * بۇرۇن بۇ مەسىلە زاۋۇت ئىچى**

ۋە سىرتىدا نۇرغۇن شاۋ-شۇۋغا سەۋەبچى بولغانلىقتىن، ئەمەلىيەتتە ۋەقەنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلىپ باقايلى دەپ، قوشنا زاۋۇتلارنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرىمۇ كەلگەنىدى. * ئايۇپ ئاكا كۆپ ئويلىغاندىن كېيىن، ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى ئەمدىلا چۈشەندى.

**تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا** تۈپ ماھىيىتىدىن قارىغاندا، ماھىيەت جەھەتتىن: بۇ مەنۋى مەھسۇلاتنىڭ خام ماتېرىيالى ياكى تەييار مەھسۇلاتى تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، كەڭ ئاممىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن كېلىدۇ. * ئۆزۈش تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ھايات بىلەن ئۆلۈم ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي ئېلىشىش.

**تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا** ئەسلى ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، ماھىيەت جەھەتتىن: ھەرقانداق تېجەش تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ۋاقىتنى تېجەش دېمەكتۇر.

**تېگى-تەكتىگە يەتمەك** ئىش، ھەرىكەت، گەپ-سۆز قاتارلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى، چوڭقۇر مەنىسىنى، ماھىيىتىنى، سىرىنى بىلمەك، چۈشەنمەك: مەن بۇ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن بۇ توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىشنى ئۆتۈندۈم. * نازىم ئۇ چاغدا راھىلەنىڭ بۇ سۆزىنىڭ تېگى-تەكتىگە يەتمىگەنىدى. * بۇ سوئاللار ئەينى چاغدا، كىچىك تاشۋاي ئۈچۈن تېگى-تەكتىگە يەتكىلى بولمايدىغان بىر سىرلىق نەرسە بولۇپ قېلىۋەرگەنىدى.

**تېگى-تېگىدىن** چوڭقۇر قاتلىمىدىن، ماھىيىتىدىن: ماڭا تېگى-تېگىدىن بايلىق ياراشمايدۇ.

**تېگىرمەك** ئى. تۆگىگە توقۇلغان، ئۈستى تۈز، چومغا گۈمبەز شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان پەردىلىك كاجىۋا: ھەممىنىڭ كۆزى تېگىرمەكتىكى گۈزەل قىز ئايدىڭغا تىكىلدى.

**تېگىش** «تەگمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى: تېگىش قىلماق.

**تېگىش سېزىمى** <فىزىئول> تېرە، تۈك قاتارلىقلار باشقا جىسىملارغا تەگكەندە ھاسىل بولىدىغان سېزىم.

**تېگىش قىلماق** ① پايدىلىنىش ئۈچۈن، قول ياكى ئېغىز تەگكۈزمەك، يېيىشكە ئۇتتۇنماق: مېھمانلار تاماققا تېگىش قىلدى. شورپا ۋە ئاربلاپ بوزا ئىچىشتى. ② شىددەت بىلەن تەگمەك، ھۇجۇم قىلماق: بۇ يولدىن ئۆتكەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى، لۈكچەكلەر، توققۇز كۆۋرۈكنىڭ بۇلاقچىلىرىغا ئوخشاش تۇيۇقسىز تېگىش قىلىپ، خەلقنى رەھىمسىزلىك بىلەن بۇلاڭ-تالاڭ قىلاتتى.

**تېگىشتۈرمەك** «تېگىشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دۈي كادىرلىرى ھەممە ئەزالارغا سورتلۇق ئۇرۇقلارنى تېگىشتۈردى.

**تېگىشتۈرۈلمەك** «تېگىشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئايىمخان تېگىشتۈرۈلگەن گىلەمنى سىنچىلاپ كۆرۈۋاتاتتى.

**تېگىشكۈسىز** سۈپ. ئۆزئارا تېگىشسە قىممىتى ئارتۇق كېتىدىغان، تېگىشىشكە پەقەت كۆزى قىيمايدىغان: چەت-چېتىگە كۆزى يەتمەس، تەرىپىگە سۆز يەتمەس، خۇددى گۈزەل كەشتىدەك، تېگىشكۈسىز بوستانىڭغا.

**تېگىشلىك** سۈپ ① مەلۇم بىر تەلەپكە مۇۋاپىق، لايىق، ماس كېلىدىغان: ئۇنىڭغا ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق تېگىشلىك جاۋابلار بېرىلدى. * ھاجىنىڭ بۇ گەپلىرى بىلەن تالاش-تارتىش تۈگەپ، ھەممەيلەن ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىش قارارىغا كېلىشتى ۋە تېگىشلىك تەييارلىقلارغا كىرىشىپ كەتتى. ② زۆرۈر بولغان، لازىم بولغان: ھېلىقى ماتېرىيال پۈتتىمۇ پەيزۇل؟ ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك يەرلىرى بارمۇ-يوق، بىر كۆرۈپ چىقسام دەيمەن. * قوغان ھەربىي ساۋات نۇقتىسىنەزەرىدىن ئېيتقاندا، جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى ئۈچۈن بۇ ئورۇن قەتئىي ئىشغال قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم جاي ئىدى. ③ تەۋە، تەئەللۇق: مەنمۇ ئۆزۈمگە تېگىشلىك نەرسىلەرنى ئەكەتتىم. ئۇنىڭ تېگىشلىكىنى بېرىپ، يولغا سېلىپ قويۇڭ. ④ مۇناسىۋەتلىك،

ئالاقىدار : ئەكەلگەن نەرسىلەرنى تېگىشلىك جايلىرىغا قويۇپ بولۇپ، هامالغا ئىككى تىللا بېرىپتۇ. * كىگىزنىڭ ئاستىدا چاشقان مىدىرلىسا، دەررۇ سېزىۋالالايدىغان باتۇر مېھرىبانىنىڭ ئالىمغا بولغان كېيىنكى چاغلاردىكى مۇناسىۋىتىنى ئاللىقاچان تىلىڭ-تىلاشقا، بۇ ھەقتە تېگىشلىك كىشىلەرگە مەلۇم قىلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى. ⑤ بەلگىلىك، مۇئەييەن : خەلق ئۆچۈن ئىشلەش شوئارى تارىخىي دەۋردە غەيرەت-جاسارىتىمىزنى ئۇستۇرۇپ، تۈتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشۇشىمىزغا ئىلھام بېرىدۇ. ⑥ تەقسىم بولغان، بۆلۈنگەن : ئاسىم دەرس ئۈستىدە جوزىلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ، بىر بالىنىڭ جوزىنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك قىسمىنىڭ ئۈستىنى « قارا » بويىۋالغانلىقىنى كۆردى.

**تېگىشمەك I** پ. ئالماشتۇرماق، يەڭگۈشلىمەك : ئۇ : « مانا، مېلىڭلار بارىكەللا » دەپ ئويلاپ، ئالا تۈياق، تاغىل ئۆكۈزنى كۆرسىتىپ : ــ ئەگەر ماقۇل بولساڭلار، مۇشۇنىڭغا 450 سوملۇق تېلېۋىزوردىن بىرنى باشمۇباش تېگىشىمىز، ــ دېدى.

**تېگىشمەك II** ① « تەگمەك » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى : ــ بۇ يەردىن يوقىلىش، بۇ نەرسىلەرگە تېگىشمە، ــ دېدى قارىي ئاكام بالىلارغا ۋارقىراپ. * شۇ سەۋەبتىن بۇ شېئىرلار ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شەھەردە، يېزا-سەھرالاردا، مەدرىسە ھۇجرىلاردا، مەشرەپ ئولتۇرۇشلاردا مۇقەررەر ئوقۇلىدىغان، قولدىن-قولغا ئۆتۈپ تېگىشمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ② ئۆزئارا تېگىپ تۇرماق : سۆگەتنىڭ يەرگە ساڭگىلىغان شاخلىرى سۇغا تېگىشىپ تۇراتتى.

**تېگىشىش** « تېگىشمەك II » پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى : تېگىشىش نۇقتىسى.

**تېگىشىش بېشى** <ئېل> ئېلېكتر ئەسۋابلىرىدىكى ئېلېكتر يولىنى تۇتاشتۇرىدىغان ياكى ئۈزۈۋېتىدىغان ئۆتكۈزگۈچ دېتال.

**تېگىشىش نۇقتىسى** <ئېل> ئېلېكتر ئەسۋابلىرىنىڭ ئېلېكتر قۇتۇپلىرى ئارىسىدىكى تېگىشىپ تۇرىدىغان قىسمى. ئادەتتە ۋىكلىيۇچاتېل، شتېپسېل، باسما ئۈلگۈچ ۋە رېلېدىكى ئېلېكتر يولىنى تۇتاشتۇرىدىغان ياكى ئۈزىدىغان ئېچىش-يېپىش نۇقتىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**تېگىشلىمەك** « تېگىشمەك I » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى : تورپاقتا تېگىشلىگەن كۆك قوچقار ئوت يېمەس چىقىپ قالغاچقا، قايتۇرۇلدى.

**تېگىل** سۈپ. تەۋە، تەئەللۇق، مەنسۇپ : تېگىشلىك : ھىم... تېز كۆچ، بىزمۇ كۆچىمىز. بۇ مەھەللە تۈگىسە، گويا دۇنيانىڭ ئىسكەتى تۈگەيدىغاندەك، ئەجەبمۇ كۆچمەيمىز، چېكىنمەيمىز دېيىشىدىكىنا! كۆچمىگەنلەر لايىغا مىلىنىپ يۈرۈۋەرسۇن، بىز بۇ دۇنيانىڭ ئۆزىمىزگە تېگىل راھىتىنى قولدىن بەرمەيلى. * دۇرۇس، ئەتلەس گۈزەل، ئەمما، ھەي قىزلار، ماڭلاي تېرى بەرگەن ماڭا گۈزەللىك. ماختاش تېگىل شۇ توقۇمچى قىزلارغا، ئاشۇلاردا ئەسلىي بارچە ئەۋزەللىك.

**تېگىل بولماق** تەگكەنگە، پايدىلانغانغا، بەھرىمەن بولغانغا ھېساب بولماق : ــ ماڭا خۇدانىڭ سۈيى ياخشى، ــ دېدى بوۋاي تېخى ئىۋەيمۇ دېمىگەن ناننى سۇدىن ئېلىپ، ــ مەن مۇشۇ ناننى يېمىسەم ئاغرىپ قالمەن، ئۇ چاي بىلەن ناننى ئەكىرىپ كەت بالام، ماڭا تېگىل بولدى.

**تېگىلمەك** « تەگمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى : خەتتە : « بۇلاردا گۇناھ يوق، بار بولسىمۇ گۇناھىدىن ئۆتتۈم. ئۆز يۇرتىغا بېرىپ تىرىكچىلىكىنى قىلىدۇ. بۇلارغا ھەرگىز تېگىلمىسۇن » دېيىلگەن.

**تېگىرقاتماق** « تېگىرقىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تېگىرقاش** ① « تېگىرقىماق » پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى : لەيلىگۈل بېشىنى ئېتىنىڭ كۆتۈردى، كۆزلىرىدە بىر خىل تېگىرقاش

ئالامىتى پەيدا بولدى. ② ھاڭۋېقىپ، تەمتىرەپ يۈرگەن ھالەت؛ تەمتىرەپ، تېنەپ ئۆتكەن تۇرمۇش: ئۇ خېلى تېگىرقاشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، مۇشۇ يېڭى مەھەللىگە كۆچۈپ كەلدى-دە، بالىخانىلىق ئىككى ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئورۇنلاشتى. * مەن لۇشۈننىڭ «تېگىرقاش» توپلىمىنى ئوقۇپ چىقتىم.

**تېگىرقاشماق** «تېگىرقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سادىقنىڭ كېيىنكى سۆزى شۇنچىلىك ئىشەنچ بىلەن جاراڭلىدىكى، ئاڭلاپ كېلىۋاتقانلار تېگىرقىشىپ، «بىرەر كارامىتى بارمۇ يا ئۇنىڭ» دېگەندەك، بىر-بىرىگە قاراشتى.

**تېگىرقالىڭ** رەۋ. ھاڭۋېقىپ، تېگىرقاپ: زىلەي دەرھال گەپ تاپالمىدى، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي كۆزلىرىنى يۇمۇپ تېگىرقالىڭ تۇرغاندا، ھاياتىدا ھېچقاچان ھېس قىلمىغان ئاجايىپ بىر سېزىم پۈتۈن بەدىنىنى شېرىن نازغىتىپ ئۆتتى.

**تېگىرقىماق** پ. ھاڭۋېقىپ قالماق، داڭ قېتىپ قالماق، ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ، تەمتىرەپ قالماق: ئەمدىلىكتە ئۇ «يا جاندىن كەچ، ياكى جاناندىن» دېگەن رەھىمسىز سىناق گىرۋىكىدە بېشى قېتىپ، تېگىرقىماقتا ئىدى. * تېگىرقىماي-مەن دوستلار، تىلەيمەن ئالىي تىلەكلەرنى، چۈشۈرمەيمەن كۆرەشكە دەپ تۇرگەن بۇ بىلەكلەرنى، مەرد باغۋەن غازاڭ قىلمايدۇ ۋاقىتسىز باغنى، تەربىيىسىز سولدۇرۇپ گۈل-چېچەكلەرنى.

**تېگىشماق** «تاگماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەر ئىككىسى ئوغلىنى توختىماي سۆيۈپ، باغرىلىرىغا مەھكەم تېگىشاتتى.

**تېگىق** ① سۈپ. تېگىلغان، ئورالغان: كامال ياتار باش-كۆزى تېگىق، پەرۋاندۇر مۇئەللىم ئاڭا. ساۋاقداشلار كېلەر ئۈزۈلمەي، كۆزلىرىگە ياش ئالار ئاتا. ② ئى. جاراھەت ۋە سۇنۇقنى دوراً، داكا قاتارلىقلار بىلەن تېگىش ئىشى: تېگىق بۆلۈمى. * ــ ھېچقىسى يوق، ــ دېدىم ئۈيلىپ، سولدىن قالماق ئېغىر تۈيۈلۈپ، ئېگىشتىكىۋ ھەش-پەش دېگۈچە، تېگىق پۈتتى دورا قۇيۇلۇپ. ③ ئى. نەرسىلەرنىڭ ئۈستىدىن ئوراپ تاڭغان نەرسە: بۇ ناھايىتى قۇۋ نەرسىكەن، پادىچى ساتمىسىغا ئاپىرىپ، قاماپ قويۇڭلار، ئۇرۇش تۈگىگىچە كۆزىدىكى تېگىق يېشىلمىسۇن! * ــ ھەممىسلا يېنىڭ يارىلانغانىكەن، تېگىقلىرىنى يۆتكەپ قويدۇق، ــ دەپ جاۋاب بەردى زۇمرەت. ④ مق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ تېگىلغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: ئابدىنىياز ئۈزۈن كەلگەن چىرايلىق سافىلىنى قولىغا يۆگەپ، بىر تېگىق يۈلەئۈستىدە جىم ئولتۇراتتى. * ــ پەرھات مۇئەللىممۇ سىز؟ ــ دېدى بىر تېگىق شىكىلىنى كۆتۈرۈۋالغان مەكتەپ مۇدىرى. ــ سىنىپىمىزگە يەنە بىر يېڭى مۇئەللىم كەلدى.

**تېگىق تاڭماق** سۇنغان ئۇستىخاننى ئۆز جايىغا كەلتۈرۈپ تاڭماق ياكى تاختا قويۇپ، داكا بىلەن تاڭماق: سۇلايمان بوۋەك 30 يىلدىن بۇيان بۇ كەسپتە تېگىق تېگىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى.

**تېگىقچى** ئى. چىقىپ كەتكەن، سۇنغان ئۇستىخانلارنى تېگىش، جايىغا كەلتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغۇچى؛ سۇنۇقچى: ئەھۋالدىن قارىغاندا، قىزنىڭ پۇتى سۇنغان ياكى چىقىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. دەرھال دوختۇر ياكى تېگىقچىغا ئاپارمىسا، ئىش چاتاق.

**تېگىقچىلىق** ئى. چىقىپ كەتكەن، سۇنغان ئۇستىخانلارنى تېگىش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى: قورايدەك ئۇرۇق، ھېلىلىدەك قورۇلۇپ كەتكەن بۇ خوتۇننىڭ ئانىسىدىن ئۇدۇم قالغان تېگىقچىلىق ھۈنىرىمۇ بار بولۇپ، بىر چاغلاردا مۇشۇ ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، نۇرغۇن ئادەمنى ئازابتىن قۇتقۇزغان.

**تېگىقلىق** سۈپ. تېگىپ قويۇلغان، تېگىلغان: ھەسەن دولان ئىشلەك-دېرىزىلىرى قاغجىراپ كەتكەن پاكار ئۆينىڭ سۇپىسىدا باش-كۆزى تېگىقلىق ياتاتتى.

**تېڭىلماق** «تاڭماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىشىك تۇيۇقسىز ئېچىلدى، ئانا ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى، ئۇنىڭ ئالدىدا باش-كۆز-لىرى تېڭىلغان ئىلياس تۇراتتى.

**تېڭىقئوتى** ئى [تېڭىق+ئوت+ى] <بوت> پاپۇرتنىكلارنىڭ بىر خىلى. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى ئۈچ بۇرجەك ياكى تۇخۇم شەكلىدە، يىلتىزسىمان غولى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن بولۇپ، گۆشلەشكەن بولىدۇ؛ كۆپىنچە دەرەخ غولى ياكى تاش ئۈستى-لىرىدە ئۆسىدۇ؛ ئادەتتە يىلتىزسىمان غولى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ سۇنۇق ۋە يارىنى داۋالاشتا ئۈنۈمى زور.

**تېللۇر** ئى [ر<لات] <خىم> مېتاللوئىد ئېلې-مېنت، بەلگىسى (Tellurium) Te. كۈمۈشتەك ئاپئاق كرىستال ياكى قوڭۇر رەڭلىك پاراشوك. مېتال ياكى قېتىشمىغا قوشقاندا، ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەر-تىۋېتىدۇ.

**تېلېسكوپ** ئى [ر<گرېك] <ئاستر> ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىش، سۈرەتكە ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئوپتىك ئەسۋاب.

**تېلېفون** ئى [ر<گرېك] توكتىن پايدىلىنىپ، ئىككى جايدىكى كىشىلەرنى ئۆز ئارا سۆزلەشتۈرىدىغان قۇرۇلما. ئاساسەن سۆز تارقاتقۇچ، سۆز قوبۇللىغۇچ ۋە سىمدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ: تېلېفوننىڭ تۇيۇقسىز جىرىڭلىشى ئابدۇراخماننىڭ خىيال يىپىنى ئۈزدى.

**تېلېفون بەرمەك** تېلېفون ئارقىلىق ئىزدىمەك، تېلېفون بىلەن ئالاقە قىلماق، گەپلەشمەك: رىشت مەكتەپنىڭ خەۋەرلىشىش بۆلۈمىگە كىرىپ، چىھرىگۈلنىڭ بىر كېلىپ كېتىشىنى سوراپ تېلېفون بەردى.

**تېلېفون ئۇرماق** تېلېفون ئارقىلىق قارشى تەرەپكە خەۋەر بەرمەك، ئالاقىلاشماق، گەپلەشمەك.

**تېلېفون يىغىنى** تېلېفون ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان يىغىن.

**تېلېفونچى** ئى ← تېلېفونىست: چاۋار مەتتۇل تۇرۇپكىنى تېلېفون ئۈستىگە قويۇپ، بىر تال تاماكا ئورىدى، تاماكىغا سەرەڭگە يېقىپ تۇرۇپ، تېلېفونچى قىزدىن سورىدى.

**تېلېفونىست** ئى [ر] ① تېلېفون لىنىيىلىرىنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە رېمونت قىلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى تېخنىك خادىم. ② تېلېفون باش ئاپپاراتىدا ئىشلىگۈچى خادىم: بۇ چاغدا گۈلشەننىڭ تېلېفونىست قىزى مەجلىسخانىغا ئالدىراپ كىرىپ كەلدى.

**تېلېفونلاشتۇرماق** «تېلېفونلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شەھەرلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى تەلەپ قىلغان شەخسلەرنىڭ ئائىلىسىنىمۇ تېلېفونلاشتۇردى.

**تېلېفونلاشتۇرۇلماق** «تېلېفونلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شەھەر ئائىلىلىرىنىڭ ئۆيلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تېلېفونلاشتۇرۇل-دى.

**تېلېفونلاشماق** پ. تېلېفون سىم تانابلىرى قادىلىپ، تېلېفون ئالاقىسى ئورنىتىلماق: قارلۇق يېزىدىكى دۆيلەرنىڭ ھەممىسى تېلېفونلاشتى.

**تېلېگراف** ئى [ر<گرېك] تېلېفون، تېلېگرامما ياكى رادىئو ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىپ، مەخسۇس خەۋەر يەتكۈزىدىغان ئالاقە ۋاستىسى.

**تېلېگرامما** ئى [ر<گرېك] ① سىفر ئارقىلىق يېزىق، سۈرەت، گرافىكنى يەتكۈزۈش ئۇسۇلى. ئۇنىڭ سىمسىز تېلېگراف ۋە سىملىق تېلېگراف تۈرى بار. تېلېگرامما تارقاتقان تەرەپ يېزىق، سۈرەت، گرافىكنى

سىفىرغا ئايلاندۇرۇپ، توك لىنىيىسى ئارقىلىق ياكى لىنىيىسىز يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. تېلېگراممىنى قوبۇل قىلغۇچى تەرەپ قوبۇل قىلغان سىفىرنى ئەسلىدىكى يېزىق، سۈرەت ياكى گرافىكقا ئايلاندۇرىدۇ. ② تېلېگراما ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن، خەۋەر يېزىلغان قەغەز: تېلېگراما تاپشۇرۇۋالماق.

**تېلېگراما بەرمەك** تېلېگراما ئارقىلىق خەۋەر يەتكۈزمەك، ئالاقىلاشماق: سەمەتئەتە ئايروپىلان بىلەن قەشقەرگە يېتىپ بارىدىغانلىقى توغرىسىدا ئائىلىدىكىلىرىگە تېلېگراما بەردى.

**تېلېمېتىر** ئى [ر<گرېك] <ئېل> زامانىۋى ئېلېكترونلۇق ھەم ئوپتىك ئەسۋابلارنى ئىشلىتىپ، يىراقتىكى جىسىملارنى ئۆلچەيدىغان قۇرۇلما.

**تېلېۋىزور** ئى [ر<گرېك+لات] <ئېل> تېلېۋىزىيە سىگناللىرىنى سۈرەت ۋە ئاۋاز تەرىزىدە قوبۇل قىلىۋېلىپ، كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئاپپارات. سۈرەت قوبۇللىغۇچ ۋە ئاۋاز قوبۇللىغۇچتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ.

**تېلېۋىزور تېلېفون** <ئېل> تېلېۋىزىيە قۇرۇلمىسى بولغان تېلېفون. سۆزلەشكەندە سۆزلەشكۈچى ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنى كۆرەلەيدۇ.

**تېلېۋىزور لىكسىيىسى** تېلېۋىزور ئارقىلىق سۆزلىنىدىغان لىكسىيە.

**تېلېۋىزىيە** ئى [گرېك+لات] <ئېل> رادىئو دولقۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ، جىسىمنىڭ سۈرىتىنى تارقىتىدىغان قۇرۇلما. تارقىتىش ئىستانسىسىدىن جىسىم (ياكى ئادەم) نىڭ سۈرىتى ئېلېكتر ئېنېرگىيە سىگنالىغا ئايلاندۇرۇلۇپ تارقىتىلىدۇ. تېلېۋىزور قوبۇل قىلغان سىگنالنى قايتا سۈرەتكە ئايلاندۇرۇپ، يالتىراق ئېكراندا كۆرسىتىدۇ. تېلېۋىزىيە مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئوقۇتۇشتا ئىشلىتىلگەندىن سىرت، يەنە تېخنىكا ۋە ھەربىي جەھەتتە كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىدۇ.

**تېلېۋىزىيە مۇنارى** <ئېل> تېلېۋىزىيە دولقۇنلىرىنى تارقىتىدىغان ئانتېننا. قۇرۇلمىسىنىڭ شەكلى مۇنارغا ئوخشايدۇ.

**تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى** <ئېل> تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى تارقىتىدىغان ئورۇن.

**تېلىقتۇرماق** «تېلىقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شائىرنىڭ بۇ سۆزى نابورچىك تۈردىنى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋەتتى.

**تېلىقماق** پ. قاتتىق كۈلۈپ ياكى يىغلاشتىن بوغۇلۇپ، نەپىسى قىسىلماق: يىگىتلەر بىر-بىرىگە دولا قېقىشىپ، گاھىلىرى يۇمىلىنىپ يۈرۈپ، تېلىقىپ كۈلۈشتى. * بالا تېلىقىپ يىغلايتتى. مەن قانداق قىلىمەن دېگەن مەسىلىنى ئويلاپ گاڭگىراپ قالدىم.

**تېما** ئى [ر<گرېك] ① ئىلمىي تەكشۈرۈش، سۆھبەت، پىكىر، مۇلاھىزە قاتارلىقلاردا مۇھىم نۇقتا قىلىنغان مەسىلە، ئوبيېكت: ئولتۇرۇش قىزىغانسېرى سۆھبەتنىڭ تېمىسى تېز-تېز ئالماشتى. * شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىپ يەتتىكى، ئۇ ھەممىنىڭ يادىغا چۈشتى ۋە بىر ئاخشاملىق ئەزالار يىغىنىنىڭ مەركىزىي تېمىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ② بەدىئىي ئەسەر، ماقالە، نۇتۇقلارنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، ئومۇملاشتۇرۇپ تاللانغان ماۋزۇ، سەرلەۋھە: ئانا يۇرت - «ۋەتەن» تېمىسى ئۇلۇغ تېما. شۇنداقلا كۆپ يېزىلغان تېما. * ئورنىدىن تۇردى ئۇ، دولقۇنلاپ كۆكسى، خىيالچان ئولتۇردى رويال ئالدىدا. قەلەمنى ئالدى-دە، كەلدى ئېسىگە، جەڭگىۋار بىر تېما «كارۋان يولىدا». ③ <ئەد> يازغۇچى

تاللىغان ۋە تەسۋىرلىگەن تۇرمۇش ۋەقەلىرى، ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە يورۇتۇلغان مەسىلىلەر: **مۇزەيپەرنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن ھازىرى ھەممە يەردە ھېكايە قىلىنىپ، يېڭى-يېڭى تېمىلارغا ماۋزۇ بولدى.** ④ <مۇز> مۇزىكا ئەسەرلىرى ياكى ئۇنىڭ بىرەر قىسمىغا ئاساس بولغان ئاھاڭ؛ كۈي.

**تېماتىك** سۈپ [ر] ← **تېماتىكىلىق: تېماتىك پىلان.**

**تېماتىك پىلان** تېمىلار كۆرسىتىلىپ تۈزۈلگەن پىلان.

**تېماتىكا** ئى [ر] تاللاپ ئېلىنغان ۋە ئىشلەنـگەن ياكى ئىشلىنىدىغان تېمىلار يىغىندىسى.

**تېماتىكىلىق** سۈپ. مەلۇم تېما ئاساسىدىكى، مەلۇم تېمىدا تەييارلانغان.

**تېمبىر** ئى [ر<فران] <فىز> ئاۋازنىڭ دولقۇن تېپى ۋە ئوبېرتوننىڭ ئوخشىماسلىـقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى. ھەر خىل ئاۋازلارنىڭ ئوخشىماسلىقىنى تېمبىرنىڭ ئوخشىماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**تېمپا** ئى [ر<لات] <مۇز> مۇزىكا ئەسەرلىرىـنى ئىجرا قىلىشنىڭ تېزلىك دەرىجىسى.

**تېمپېراتۇرا** ئى [ر<لات] <مېتېئور> نەرسىلەرـنىڭ ئىسسىق-سوغۇقلۇق دەرىجىسى: **بۇ يىل قىش قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولۇپ، قار ياغمىدى.**

**تېمپېراتۇرا قانۇنى** <گېئول> مېتامورفىزم جەريانىدا، تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشى ياكى تۆۋەنلىشى بىلەن تاغ جىنسلىرىدا ئىسسىقـلىق سۈمۈرۈلىدىغان ياكى قويۇپ بېرىلىدىغان مىنېرال گۇرۇپپىلىرى ھاسىل بولىدىغان قانۇن.

**تېمپېراتۇرا كۆچنىشى** <بىن> تېمپېراتۇرىـنىڭ ئۆرلىشى ياكى تۆۋەنلىشى نەتىجىسىـدە، جىسىمنىڭ ئەركىن ئۆزگىرىپ، قىسقىـرالماسلىقىدىكى كۆچنىش ياكى جىسىم ئىچكى قىسىملىرىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان كۆچنىش.

**تېمپېراتسىيە** ئى [ر<لات] <مۇز> مۇقىم ئاۋاز ئېگىزلىكىگە ئىگە بىرمۇنچە ئاۋازـلارنىڭ رەتلىنىش قانۇنىيىتى.

**تېمپېرامېنت** ئى [ر<لات] <پسىخول> ئادەمنىڭ پسىخىكا ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى. ئاساـسەن مىجەزنىڭ ئاستا-تېز، كۈچلۈك-ئاـجىز، ئىپادىسىنىڭ ئوچۇق ياكى يوشۇرۇن بولۇشى ۋە ھەرىكىتىنىڭ تېز-ئاستا بولۇشى جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ جىسمانىي تەبىئىتى ئاساسىدا، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ ۋە دۇنيا قاراش، خاراكتېرنىڭ چەكلىمىسىـگە ئۇچرايدۇ. تېمپېرامېنت ئادەمنىڭ شەخسىيىتىگە پەقەت مەلۇم تۈس سىڭدۈرىدۇ. ئادەمنىڭ شەخسىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى بەلگىلىمەيدۇ. تېمپېرامېنت ئادەتتە كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدە ئىپادە قىلىنىدۇ.

**تېمپىلىق** سۈپ. تېمپىغا تەئەللۇق بولغان، تېمپا جەھەتتىكى: **مۇزىكىدىكى تاكت بىنەن ئۇدار ۋە ئۇلارنىڭ تېمپىلىق سۈرئىتى، ئۇسسۇلدىكى بەدەن، بېغىش ھەرىكەت تېمپىسى، شېئىرىيەتتىكى بوغۇملۇق تۇراقلار ياكى ئوچۇق-يېپىق بوغۇملۇق ۋەزىنلەر ئەنە شۇ رىتىم قانۇنىنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىنىش شەكىللىرى ھېسابلىنىدۇ.**

**تېمپدا** ئى [لات] <بوت> ← **تېمپدا ئۆتى.**

**تېمپدا ئۆتى** <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى، كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى ئىنچىكە، ئۇزۇن

هەم ئۇچلۇق؛ گۈلى يېشىل كېلىدۇ؛ مېۋىسى قاسىراقلىق مېۋە بولۇپ، رەڭگى قوڭۇر بولىدۇ.

**تېمتقۇچ** ئى <خىم> شكالا ۋە ھەرىكەتلىك يۈرۈپكىسى بولغان ئەيىنەك نەيچە. ئۇ خىمىيىلىك مىقدار ئانالىزىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**تېمتقۇزماق** «تاماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ئوغلۇمنى چاقىرىپ، كۆزۈمگە دورا تېمتقۇزدۇم.

**تېمىتماق** «تاماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتتۇق. بىر-ئىككى يۇتۇم سۇ كېلىدىن بەكمۇ تەستە ئۆتتى.

**تېمىتىپ** «تېمىتماق» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى: تېمىتىپ سۇغارماق.

**تېمىتىپ سۇغىرىش** <دېھ> سۇنى زىرائەتنىڭ تۈۋىگە تېمىتىپ چۈشۈرۈپ سۇغىرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**تېمىتىلماق** «تېمىتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەرە چاققان يەرگە تۇز سۈيى تېمىتىلدى.

**تېمىلىق** سۈپ. تېمىسى بار، تېما بەلگىلەنگەن: تېمىلىق مۇزىكا.

**تېمىلىق مۇزىكا** <مۇز> مەركىزىي مەزمۇنىنى تېما ياكى يېزىق بىلەن كۆرسىتىدىغان ئاھاڭ ياكى مۇزىكا.

**تېمىم** ① ئى. بىر قېتىم تامغان ياكى تامىدىغان سۇيۇقلۇق، تامچە. ② ساناق سانلار بىلەن كېلىپ، تامىدىغان نەرسىلەرنىڭ يەنى سۇيۇقلۇقلارنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر تېمىم سۇ. * ئانام ئەمدىلا مورا ئۈستىدىكى چىراغقا ئىككى تېمىم ياغ قۇيۇپ، پىلىك ئېشۋاتاتتى.

**تېنە پ-تە مترەپ** ① ھودۇقۇپ، ئالاقزادە بولۇپ: تېنەپ-تەمترەپ قاچماق. ② سەرگەردان بولۇپ: قاۋۇل ئاكام بىزنى دەپ كەلگەن،

بۇ يەردىن چىقىپ كەتسە، نەدە تېنەپ-تەمترەپ يۈرىدۇ؟

**تېنەتمەك** «تېنىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: - بالام، مەن ئۆلگەندە سېنى تېنەتمەيدىغان دۇنيا بار، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

**تېنەشمەك** «تېنىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاتا-ئانىسىدىن يېتىم قالغان بۇ ئاكا-ئۇكا ياقا يۇرتلاردا ئىككى يىل تېنىشىپ يۈرۈشۈپتۇ.

**تېنور** ئى [ر<ئىتال] <مۇز> بىر خىل يەللىك چالغۇ. مىستىن ياسىلىدۇ، ئېغىزى چوڭ، ئادەتتە دۇخوۋوي ئوركېستىرلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**تېنىمەك** پ ① بارار جايى يوق، تەمترەپ، بېشى قېتىپ يۈرمەك؛ سەرسان، سەرگەردان بولماق: بۇۋى ھەجەرنىڭ بۇ ئەپتىدىن، ئۈزۈندىن بېرى كوچىلاردا تېنەپ يۈرگەن بىر ئايال ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. * ئالاي دېسە پۇلى يوق، ساتاي دېسە مېلى يوق. جازانىخور ئالدىدا، تېنەپ يۈرگەن كەمبەغەل. ② ئېزىپ قالماق، يولدىن ئادا شماق: ئاتلىق كىشى ئۆزىنىڭ تېنەپ قالغانلىقىغا ئىشەندى ۋە دەررۇ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. * سېغىنسا مەگەردە ئەۋلادىم، مۇزىكا-كۈيلەردىن ئىزلىگەي. يادىغا كەچمىسە بۇ خىيال، كېيىكتەك چۆللەردە تېنىگەي!

**تېئودولىت** ئى [ر<گرېك] بۇلۇڭ ئۆلچەيدىغان گرادۇسلۇق ئەسۋاب.

**تېئورېما** ئى [ر<گرېك] <لوگ> توغرىلىقى ئىسپاتلانغان، پرىنسىپ ياكى قانۇنىيەت ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان ھۆكۈم ياكى فورمۇلا. مەسىلەن، گېئومېترىيە تېئورېمىلىرى.

**تېئورىيە** ئى [ر<گرېك] ← **نەزەرىيە**.

**تېئوفىللىن** ئى [ر<لات] <خىم> چاينىڭ يوپۇرمىقىدا بولىدىغان بىر خىل ئورگانىك ماددا، يەنى ئاق رەڭلىك كرىستال ھالەتتىكى پاراشوك. چاينى پۇراقلىق

تەمگە كىرگۈزىدۇ. ئادەتتە دورا قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تېئولوگىيە** ئى [ر<گرېك] <دىن> ← ئىلاھىيەت.

**تېۋەك** ← تېۋەك ئۆردەك.

**تېۋەك ئۆردەك** رەڭگى قارا، تېنى كىچىك، ئەركەكلىرىنىڭ قانىتى ئالا بىر خىل ياۋا ئۆردەك.

**تېۋىپ** ئى [ئە] ① تومۇر تۇتۇپ بىمارلارنى تەكشۈرىدىغان، ئۆزىگە خاس دورىلىرى ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرى بولغان تىببىي مۇتەخەسسىس، مىللىي تىبابەت دوختۇرى، ۋىراچ: شامەھسۇت بولسا، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن نەقىشلىك كەلىڭ كارىۋاتتا ماملۇق كۆرپىلەرگە چۆكۈپ، نۇرسىز كۆزلىرىنى گۈللۈك تورۇسقا تىككەن ھالدا، ئۈن-تىنسىز خىيال سۈرۈپ ياتاتتى. ئوردا تېۋىپى بىلەن ئىشىكى مەھرەم پەگاھدا قول قوشتۇرۇپ جىم تۇراتتى. * ئۆتكەن زاماندا لوقمان دېگەن بىر تېۋىپ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئادەم ۋە چارۋىلارنى ئوخشاشلا داۋالايدىكەن.

**تېۋىپلىق** «تېۋىپ» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: ئەپەندىم تېۋىپلىق قىلىپ ئولتۇرغان كۈنلەردە، ئۇنىڭ ئالدىغا كۆزى ئاغرىغان بىر كىشى كېلىپ، كۆزىگە داۋا سوراپتۇ.

**تېۋىلغا** ئى <بوت> ئازغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال، يوپۇرمىقى توخۇم ياكى ئېللىپس شەكلىدە بولىدۇ؛ گۈلى ئاچ قىزىل، مۇرەككەپ كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىدە بولۇپ، يازنىڭ بېشىدا ئېچىلىدۇ؛ ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**تېۋىلغىلىق** ئى. تېۋىلغا كۆپ ئۆسكەن جاي: بۇ جىرا ئىچى قويۇق ئارچىزارلىق ۋە تېۋىلغىلىق ئىدى.

**تېۋىندۇرماق** «تېۋىنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ مۇساپىرنى قانچە ئۈرۈپمۇ بۇتقا تېۋىندۇرالماپتۇ.

**تېۋىنىشماق** «تېۋىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ خەلق ئۇ چاغدا ئوتقا تېۋىنىشاتتى.

**تېۋىنماق** پ ① سېغىنماق، ئىلتىجا، ئىلتىماس قىلماق، ئىنتىلمەك: مەن مۇنداق ئۈستۈرۈشتە مايىسلارنى، تاياندىم بىلىكمنىڭ قۇدرىتىگە. تەۋەككۇل دەپلا ئۇرۇقلارنى، تېۋىنىپ ھەقتائالا ھىممىتىگە. ② چوقۇنماق، سەجدە قىلماق، ئېتىقاد قىلماق، ئىشەنمەك: بۇرۇن ھەر خىل دىنلار بولغان. كىشىلەر گاھىدا كۈنگە تېۋىنغان، گاھىدا ئوتقا تېۋىنغان، سۇغا تېۋىنغانلارمۇ بولغان.

**تېپىز** سۈپ. ئانچە چوڭقۇر ئەمەس: تېپىز كۆلچەك. * ئاخىر قېيىق دەريانىڭ تېپىز يېرىگە بېرىپ، قۇمغا تەگدى.

**تېپىز قۇدۇق** <گېئول> يەر يۈزىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ تېپىز قېزىلغان تىك قۇدۇق. توغرا كەسمىسى 1.25 ـــ 2 كۋادرات مېتر، چوڭقۇرلۇقى 5 ـــ20 مېتر بولۇپ، 30 مېتردىن ئاشمايدۇ. ئادەتتە يەر يۈزىگە يېقىن كان گەۋدىلىرى ۋە كان گەۋدىسى بىلەن قورشىغان جىنسلار-نىڭ چېگرىسىنى چارلاش ئۈچۈن قېزىلىدۇ.

**تېپىزلاشتۇرماق** «تېپىزلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: لاي سۇ ئېقىۋېرىپ، ئېرىقنى تېپىزلاشتۇرىۋەتتى.

**تېپىزلاشماق** پ. چوڭقۇر ھالەتتىن دۆڭ ھالەتكە كەلمەك: ئېرىق تېپىزلىشىپ قالغانلىقتىن، سۇ تېشىپ كېتەي دەپ تۇراتتى.

**تېپىزلىق** «تېپىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئادەملەرنىڭ بىلىشىمۇ تەبىئەتكە نىسبەتەن بولسۇن، جەمئىيەتكە نىسبەتەن بولسۇن، قەدەممۇ قەدەم تۆۋەن باسقۇچتىن يۇقىرى باسقۇچقا يەنى تېپىزلىكتىن چوڭقۇرلۇققا. بىر تەرەپلىمىلىكتىن كۆپ تەرەپلىمىلىككە راۋاجلىنىدۇ.

**تېپىلدۇرماق** «تېپىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن نەۋرەمنى يەكشەنبە كۈنى كاككى بىلەن مۇز تېپىلدۇرۇپ ئويناتتىم.

**تېپىلغاق** سۈپ. ئاسانلا تېپىلىپ كېتىدىغان، تېپىلدۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە: بۇنداق قاتتىق يامغۇردا، تېپىلغاق بولۇپ كەتكەن يولدا يۈرۈش تېخىمۇ قىيىنلاشتى. * ئىشچىلار هايت-هۇيت دېگۈچىلا قارلارنى يېرىپ، دەريا لېۋىدىن ئىككى يېرىم-ئۈچ مېتىر كەڭلىكتە ئۇزۇن بىر يول ئېچىۋەتتى ۋە سايىدىن شېغىل-تۇپىلارنى، ئەكىلىپ تېپىلغاق جايلارغا تۆكتى.

**تېپىلغاقلىق** «تېپىلغاق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇلار قاراڭغۇلۇقتىن، تېپىلغاقلىقتىن ۋە شامالدىن نالە قىلىپ، ئارانلا كوچىنىڭ بۇرجىكىگە يېتىشۋالدى.

**تېپىلغۇچ** سۈپ. تېپىلىش، سىيرىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان: تېپىلغۇچ شوتا.

**تېپىلغۇچ شوتا** <تەن> باللارنىڭ تەنتەربىيە سايمىنى. ئېگىز جاهازنىڭ بىر تەرىپىگە شوتا، يەنە بىر تەرىپىگە سىلىق تاختا ئورنىتىپ ياسىلىدۇ. باللار شوتا بىلەن ئۈستىگە چىقىپ، قىيپاش تاختايدىن سىيرىلىپ چۈشىدۇ.

**تېپىلماق** پ ① سىلىق ياكى تېپىلغاق يەردە هەرىكەت قىلغاندا، پۇتى ئورنا شماي، بىر تەرەپكە سىيرىلىپ كەتمەك: ئەپەندىم ئۆگزىنىڭ قارىنى تازىلاۋېتىپ، تېپىلىپ كوچىغا يىقىلىپ چۈشۈپتۇ-دە، ئورنىدىن تۇرالماي يېتىپتۇ. * كېچە-كۈندۈز قاپلىغان تاغ ئۈستىنى ـ چوققىنى، پۇت تېپىلدى، يىقتى قاتتىق بوران دولقۇنى! ② جىددىي هەرىكەت ئېنېرگىيىسى بىلەن سىلىق مۇز ياكى قار ئۈستىدە سىرغىلىپ ماڭماق: كاككى تېپىلماق، مۇز تېپىلماق. * شۇ كۈنى ئەسقەر بىلەن ئىلى چاسا كۆلدە مۇز تېپىلىپ ئويناپ يۈرگەندە، تۇيۇقسىز كاچكۇلغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ③ كۆچمە. ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىماق، پېشكەللىككە يولۇقماق: ئانىسى ئوغۇل بالا دەپ تۇغۇپ ئۆستۈرگەن بىر ياخشى يىگىتنىڭ تاسادىپىي تېپىلىپ كېتىشى بولۇپ تۇرىدىغان ئىش.

**تېپىلىشماق** «تېپىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دەم ئېلىش كۈنى، ئۇلار كۆلدە مۇز تېپىلىشتى.

**تىبابەت** ئى [ئە] مىزاجقا ئاساسەن دورا ماتېرىياللىرى ئارقىلىق داۋالاش ۋە كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى ۋە ۋاستىلىرى: ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئارىسىدا تارىخى ئۇزۇن ۋە ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بىر خىل ئەنئەنىۋى تىبابەت مەۋجۇت.

**تىبابەتچىلىك** ئى. تىبابەت كەسپى: ئۇ بىر تەرەپتىن تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىنى ئۆگەنىدى.

**تىبابەتخانا** ئى [ئە+پ]/1/ تىبابەت ئۇسۇلى ۋە ۋاستىلىرى ئارقىلىق داۋالاش ئورنى، شىپاخانا.

**تىبەت** ئى. شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى: تىبەت قويى.

**تىبەت بۆكىنى** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى هايۋان. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.2 مېتر، ئېگىزلىكى 80 سانتىمېتر ئەتراپىدا بولىدۇ؛ قۇيرۇقى قىسقا ۋە ئۇچلۇق بولۇپ، 23 سانتىمېترچە كېلىدۇ؛ ئەركىكىنىڭ مۈڭگۈزى بولۇپ تۈز، ئۇزۇن ۋە ياپىلاق كېلىدۇ، تۇۋىدە ئېنىق توغرا قىرى بولىدۇ. دۈمبە-سىدىكى يۇڭى قويۇق ئاچ بېغىر رەڭدە؛ قورساق قىسمىدىكى يۇڭى ئاق رەڭدە بولىدۇ. تۆت پۇتى ئاچ كۈل رەڭ كېلىدۇ؛ 4000-6000 مېتر كېلىدىغان ئېگىز جايلاردا

يالغۇز ياكى ئۈچ-تۆتتىن بولۇپ ياشايدۇ،
جۈپ ياكى توپ ھالەتتە ھەرىكەت
قىلىدۇ. قورقۇنچاق بولۇپ، ھەمىشە
ئۆگكۈرلەرگە يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. مەملىكىتىمىز-
نىڭ چىگخەي-شىزاڭ ئېگىزلىكىدىن كۆپ
چىقىدۇ. گۆشىنى ئىستېمال قىلىشقا،
تېرىسىدىن كۆن ئىشلەشكە، مۈگگۈزىدىن
دورا ياساشقا بولىدۇ.

**تىبەت قويى** <زوئول> ئېگىز تاغلاردىكى
ئوتلاقلاردا بېقىشقا باپ، ئارىلاش يۇڭلۇق
قوي. قوچقار ۋە ساغلىقلىرىنىڭ تولغىشىپ
تۇرىدىغان ئۇزۇن مۈگگۈزلىرى بولىدۇ.
بۇ قويلار مەملىكىتىمىزدە يەرلىك قويلار-
نىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ.

**تىببىي** سۈپ [ئە] كېسەللىكلەرنى داۋالاش
ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرى
ۋە ۋاسىتىلىرىغا باغلىق بولغان: **يارىدارلارغا
باتالىيون ھەمشىرىسى قەمەرنىسا تىببىي ياردەم
كۆرسەتتى.**

**تىببىي پونكىت** يېزا-كەنتلەردە، كېسەل-
لەرنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن تەسىس
قىلىنغان ئورۇن: **ئۇلار پاراڭلىشىپ كېتىۋېتىپ،
تىببىي پونكىت جايلاشقان چېدىرغا يېتىپ كەلدى.**

**تىببىي پسىخولوگىيە** <پسىخول> پسىخولوگى-
يە ئىلمىنىڭ بىر تارمىقى. كېسەللىكنىڭ
يۈز بېرىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە
دىئاگنوز قويۇش، داۋالاش، ئالدىنى
ئېلىش جەھەتلەردىكى پسىخىكىلىق
ئامىلىنىڭ رولىنى تەتقىق قىلىدۇ؛ پاتو-
لوگىيىلىك پسىخولوگىيە، پسىخىكىلىق
كلىنىلىق دىئاگنوز، پسىخىكىلىق داۋالاش
ۋە پسىخولوگىيىلىك گىگىېنا قاتارلىق تارماق-
لارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**تىپ** ئى [ر<گرېك] ① ئورتاق ئالاھىدىلىككە
ئىگە بولغان شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇت
بولۇپ تۇرغان تۈرى، نۇسخىسى: **قان تىپى.
يېڭى تىپ. * ئۇلار ھەرقانچە قارا كۆڭۈل بولسىمۇ،
بەربىر ئادەم تىپىغا كىرىدىغان بولغاچقا، بىرئاز
ئويلىنىدىغاندۇر.** ② ئىجتىمائىي، كەسپىي،
سىياسىي، ئەخلاقىي ۋە باشقا جەھەت-
لەردىكى بەلگىلىرى ئوخشىشىپ ياكى
يېقىنلىشىپ كېتىدىغان كىشىلەر ۋەكىلى:
**ئۇ تەرىپلىسە، تەرىپلىگۈچىلىكى بار، گۆڭشېمىزدىكى
قەھرىمان تىپلاردىن بىرى. * تېرىلغۇ تەييارلىقىدا
مەيدانغا كەلگەن ئىلغار تىپلارنى تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ
تەجرىبىلىرىنى كېڭەيتىش لازىم.** ③ <ئەد>
مەلۇم ئىجتىمائىي گۇرۇھتىكى كىشىلەرگە
خاس خاراكتېرلىك خۇسۇسىيەتلەرنى
ئەكس ئەتتۈرگۈچى ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇل-
غان بەدىئىي ئوبراز. ④ ئاساسلىق،
روشەن ئالاھىدىلىكلىرى ئورتاق بولغان
ئۆسۈملۈك ياكى ھايۋانلارنىڭ، بىرلەشتۈ-
رۈپ يىغىنچاقلانغان بۆلۈنمىسى. مەسىلەن،
ئىپتىدائىي ھايۋانلار تىپى. يالىڭاچ
ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر تىپى قاتارلىقلار.

**تىپ جەھەتتىن كلاسسىفىكاتسىيە قىلىش
ئۇسۇلى** <تىل> تىللارنى تۈرگە
ئايرىشتا قوللىنىلىدىغان بىر خىل ئۇسۇل.
بۇ ئۇسۇل بويىچە دۇنيادىكى تىللار
گراماتىكىلىق قۇرۇلۇش جەھەتتىكى
ئالاھىدىلىكى بويىچە، بىرقانچە تىپلارغا
بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن، سۆزنىڭ ياسىلىش
جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتى ئاساسىي
ئۆلچەم قىلىنىپ، دۇنيادىكى تىللار ئامورف
تىللار (يەنى يەككە تىللار، شەكىلسىز
تىللار)، ئاگگليۇتىناتىۋ تىللار (يەنى
يېپىشقاق تىللار)، فلېكتىيون تىللار (يەنى
پۈكۈلمە تىللار) ۋە كۆپ شەكىللىك
سىنتېتىك تىللار دېگەنگە ئوخشاش
تىپلارغا بۆلۈنىدۇ؛ ياكى گراماتىكىلىق

مەنىلەرنى ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئاساسىي ئۇسۇللىرىغا قاراپ ئانالىتىك تىللار، سىنتېتىك تىللار دېگەنگە ئوخشاش تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ ئۇسۇل تىلنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىشتا، تەسۋىرلەپ بېرىشكە ياردەم بېرىدۇ، ئەمما ئۇ بارلىق تىللارنىڭ تىپىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتەلمەيدۇ.

**تىپ ياراتماق** <ئەد> مەلۇم بىر تىپقا مەنسۇپ نۇرغۇن كىشىلەرنى كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرلىك خۇسۇسىيەت، ئادەتلىرىنى بىر ئوبرازدا ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرمەك.

**تىپتىكى** سۈپ. مەلۇم بىر تىپ دائىرىسىدىكى، ئىچىدىكى: بىزدە سادىر ئىسىملىك تېخنىك بار، ئۇ كىسپىلىك تىپتىكى ماشىنا بىلەن كىچىك ماتور ئىشلىرىغا خېلى پىششىق، شۇنىڭ پىكرىنى ئېلىپ باقساق قانداق؟

**تىپتىنچ** سۈپ. ناھايىتى تىنچ؛ ناھايىتى جىم: ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە، داشۆ زالىدا چوڭ يىغىن بولدى. زال ئوقۇغۇچىلار بىلەن تولغان بولۇپ، تىپتىنچ ۋە سۈرلۈك ئىدى.

**تىپتىنىق** سۈپ. ناھايىتى تىنىق، سۈزۈك: تاكى كۈن مۆكۈنۈپ تاغلار كەينىگە، ئۆزىنىڭ نىقابى ئىچرە پاتقۇچە؛ تىپتىنىق ئاسماندا ئۈزۈپ تولۇن ئاي، قايتىدىن يوپيورۇق تاڭلار ئاتقۇچە.

**تىپچاق** ئى <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، ئىنچىكە، ئورۇق بولۇپ زىچ توپلىشىپ ئۆسىدۇ؛ يوپۇرمىقى ئىنچىكە، ئىچىگە غۇژمەكلىشىدۇ؛ كونۇسسىمان گۈل رېتى بىرقەدەر زىچراق بولىدۇ؛ قوي، ئۆچكە قاتارلىق ماللارنىڭ ئەڭ ياخشى ئوتلىرىنىڭ بىرى. ئۇ شىنجاڭغا كەڭ تارالغان، غولى قەغەز ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**تىپلىق** سۈپ. مەلۇم تىپقا كىرىدىغان، مەلۇم بىر تىپقا مەنسۇپ بولغان: دوختۇر قان تەقدىم قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلەرنىڭ قېنىنى تەكشۈرۈپ، A تىپلىقلىرىنى ئېلان قىلىپ، ئىشخانىغا باشلاپ كىردى.

**تىپىك** سۈپ [ر] ① مەلۇم تىپتىكى شەيئىلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكنى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن: سىتېمىزدىكى ھەرقايسى ئورۇنلار پەسىللىك خىزمەت خۇلاسىسىنى يوللىغانىكەن، خەۋەر-ماقالە يازغۇدەك خېلى تىپىك ئىشلار تۇرىدۇ، شۇڭا سىزنى چاقىرتتىم. * ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولغان گۈزەل كۆرۈنۈش، ئومۇمەن، ئۆلكە شەھەرنىڭ تىپىك مەنزىرىسى ئىدى. ② ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان، خاراكتېرلىك: تىپىك خاراكتېر. // نۆۋەتتە چوقۇم كۆچنى توپلاپ، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ، ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ئىچىدىكى چوڭ مۇھىم ئەنزىلەرنى چىڭ تۇتۇپ، تەكشۈرۈش ھەم بىر تەرەپ قىلىش، تىپىكلىرىنى تاللاپ ئېلان قىلىش كېرەك.

**تىپىك پېرسوناژ** <ئەد> ئىندىۋىدۇئاللىق بىلەن ئورتاقلىق يۈكسەك دەرىجىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن، يەنى روشەن ئىندىۋىدۇئاللىقمۇ بولغان، ۋەكىللىك خاراكتېرمۇ بولغان، روشەن ئىندىۋىدۇئاللىق ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ، سىنىپنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى، دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرەلەيدىغان پېرسوناژلار ئوبرازى.

**تىپىك خاراكتېر** <ئەد> ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن بەلگىلىك دەۋر، بەلگىلىك سىنىپ ئادەملىرىنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېر، ئالاھىدىلىكلىرى.

**تىپىك شارائىت** <ئەد> تىپىك پېرسو-

ناۋلار هايات كەچۈرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى، ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي شارائىت.

**تىپىك ماتېرىيال** بىرەر شەخس ياكى كوللېكتىپنىڭ ئۈلگىلىك ئىش-نەتىجىلىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ خۇلاسىلانغان ماتېرىيال.

**تىپىك ئوبراز** <ئەد> بەلگىلىك دۇنيا قاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئوبرازلىق تەپەككۇر شەكلىنى قوللىنىپ، ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئىجاد قىلىپ چىقىلغان، روشەن يەككە ئالاھىدىلىككە، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ۋە ئومۇمىيلىققا ئىگە، بەلگىلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تۈپ ماھىيىتى ياكى ماھىيەتلىك قانۇنىيىتىنى يۇكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇپ ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بەدىئىي ئوبراز.

**تىپىكلە شتۇرمەك** ① «تىپىكلە شمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شائىر ئەلنىڭ ياخشىسى خەلقنى، ياشلارنى مەلۇم ئىشقا دەۋەت قىلىشتا نوقۇل نەسىھەتكە تايانماي، تۇرمۇشتىكى بىرەر ۋەقەنى، ئاددەملەر ھاياتىدىكى مەلۇم بىر ئىشنى تىپىكلەشتۈرۈپ، ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ، ئۈلگە كۆرسىتىشكە تايىنىش لازىم. ② <ئەد> ئەدەبىيات-سەنئەتتە ئومۇمىي غايە ۋە چۈشەنچىلەرنى، ۋەقە ھادىسىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ماھىيىتىنى تىپىك ئوبرازلار ۋاسىتىسى بىلەن بەدىئىي ئۇسۇلدا ئومۇملاشتۇرۇپ ئىپادىلىمەك.

**تىپىكلە شتۈرۈش** ① «تىپىكلە شتۇرمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى. ② <ئەد> يازغۇچى، سەنئەتكارنىڭ تۇرمۇشنى ئومۇملاشتۇرۇش، تىپىك بەدىئىي ئوبراز يارىتىش جەريانى ۋە ئۇسۇلى.

**تىپىكلە شتۈرۈلمەك** «تىپىكلە شتۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يولداش جۇئېنلەي ئوبراز ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق ئىدىيىنى ئىپادىلەش لازىملىقىنى كۆپ قېتىم تەكىتلەپ، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرگە تىپىكلە شتۈرۈلگەن ئوبرازلىق ئويۇنلارنى قويۇش، نەزىبىينى ئويۇن ئىچىگە، كۆڭۈل ئېچىش ئىچىگە سىڭدۈرۈش كېرەكلىكىنى، شوئارنىڭ ئەدەبىيات ئەمەسلىكىنى ئېيتقانىدى.

**تىپىكلە شمەك** پ ① تىپىك ھالەتكە كەلمەك: دۆۋي ئەخمەتكامىنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىكى تىپىكلەشكەن ئىش-پائالىيەتلىرىنى يەكۈنلىدى. ② <ئەد> ئومۇملاشتۇرۇلغان، مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن ھالدا گەۋدىلەنمەك: بۇنىڭ بىلەن موللازەيدىن ئوبرازى تېخىمۇ تىپىكلەشكەن، تېخىمۇ غايىۋى تۈس ئالغان.

**تىپىكلىك** ① «تىپىك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: قاراڭغۇ نەرسىلەر بولغاندىمۇ ۋەكىللىك خاراكتېرگە، تىپىكلىككە ئىگە بولىدىكەن. ② <ئەد> ئومۇملۇق بىلەن ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ بەدىئىي ئوبرازدا بىرلىككە كېلىشى.

**تىتاڭ** سۈپ. غول، ئوق: تىتاڭ تومۇر.

**تىتاڭ تومۇر** ① گۆرەن تومۇر. ② جان يەر، ئەجەللىك يەر: تىتاڭ تومۇرىغا تەگمەك.

**تىتاڭ تومۇرىغا تەگمەك** قىلغان گەپ-سۆز دەل جايىغا تېگىپ، ئاچچىقىنى كەلتۈرمەك: — ئاغزىڭنى يۇم، كۇپۇرلۇق قىلما! — ھە ئېچىشۋاتامدۇ، تىتاڭ تومۇرلىرىغا تەگسە، كۇپۇرلۇق بولىدىكەن — دە؟

**تىتان** ئى [ر<گرېك] <خىم> مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى ( Titanium ) Ti ، كۈمۈشتەك ئاپئاق، ئەۋرىشىم ھەم يېنىك، چىرىتىشكە چىداملىقى كۈچلۈك. ئالاھىدە قېتىشما پولات ئىشلەشتە پايدىلىنىلىدۇ.

**تىت-تىت** كىشى كەيپىياتىنىڭ دىققەتتە بولۇش، تاقەتسىزلىنىش ھالىتى: كېيىنكى ئاتقان ئوقلارنىڭ تەگكەن-تەگمىگەنلىكى نېمە ئۈچۈندۇر خەۋەر قىلىنمىدى. ئەتراپتا تۇرغان كادىر، جەڭچىلەر، بولۇپمۇ ئابدۇۋاھىتنىڭ ئىچى سەپدىشى ئۈچۈن تىت-تىت ئىدى.

**تىت-تىت بولماق** مەلۇم بىر ئىشتىن يۈز بەرگەن دىققەتتە بولماق، تاقەتسىزلەنمەك: سورۇندا ئولتۇرغانلاردىن بەزىلىرىنىڭ باشقىچە پىكىرلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا گەپ ئاشمىغاچقا، ئىلاجىسىز سۈكۈتتە ئولتۇراتتى، بۇنىڭدىن لوتپۇللامۇ تازا تىت-تىت بولدى. * بۇ ۋاقىتتا، شەھەرگە بۆسۈپ كىرىشنىڭ كېچىكىۋاتقانلىقىدىن جەڭچىلەرلا ئەمەس، بولۇپمۇ پارتىلىتىش نەتىجىسىنى كۈتۈۋاتقان ھەممەيلەن كېيىن، خەلقنىڭ كەڭ قاتلىمىمۇ كۆچلۈك تىت-تىت بولۇپ قالغانىدى.

**تىت-تىت قىلماق** تىت-تىت ھالەتكە كەلتۈرمەك: مۇيەسسەرنىڭ ھېكايىسى خۇددى ياخشى سازلانغان راۋابنىڭ تارىسى ئەۋجگە چىقىدىغان ۋاقىتتا ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك، جىددىي پەيتتە ئايغى چىقماي مېنى تىت-تىت قىلىپ قويدى.

**تىتىلىماق** پ ① تىل ئۇچىنى چايناپ، بەزى تاۋۇشلارنىڭ ئورنىغا «ت» نى تەلەپپۇز قىلىپ سۆزلىمەك، كېكەچلىمەك. ② كۆچمە. بىر گەپنى تولا تەكرارلاپ، ئەزمىلىك قىلماق: تولا تىتىلىماي دەيدىغان گېپىڭنى تېزراق دېمەمسەن؟

**تىترات** ئى [ر] چاقماق سىزىقلىق دەپتەر: ئۇ نەلەردىندۇر تاپقان تىتراتلارغا خەت سىزاتتى.

**تىترەتمە** سۈپ. تىترەپ چىقىدىغان، تىترىتىشتىن ھاسىل بولغان: تىترەتمە ئاۋاز.

**تىترەتمە ئاۋاز** <مۇز> ياسالما ئاۋازلارنىڭ بىر تۈرى، يەنى نوتىدىكى ئۆزىنىڭ يۇقىرىسىدىكى قوشنا ئاۋاز بىلەن ناھايىتى تېز گىرەلىشىپ، تەكرارلىنىشىدىن پەيدا بولىدىغان ئاۋاز.

**تىترەتمەك** «تىترىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كاملىنىڭ سۆزلىرى دىلبەرنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىۋەتتى. * ئەنە سادىر قوشۇنى ھۇجۇمغا ئۆتتى؛ باياندايى قەلئەسى گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى. مەردلەر ناخشا بىلەن ئەجەلنى كۈتەر، ناخشا بىلەن زالىملارنى دىر-دىر تىترىتەر.

**تىترەشمەك** «تىترىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئايدىڭ كېچە، ئاسمان گۈمبىزىدىكى تۈركۈم-تۈركۈم يۇلتۇزلار پاللىدىشاتتى. يۇك ئاكاتسىيىلەردىن چۈشكەن ئالا-بۇلا كۆلەڭگىلەر يەردە تىترىشەتتى. * قاسقان شەپكىلىك چېرىكلەر ھەدەپ مىلتىق، ئاپتوماتلىرىنى شاراق-شۇرۇق قىلىشىپ، قورقۇپ تىترىشىپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا چۈمۈلىدەك ئولىشىۋالغانىدى.

**تىترەك** ① ئى. سوغۇق، قورقۇش، ماغدۇرسىزلىق ياكى بىرەر كېسەللىك سەۋەبىدىن بەدەننىڭ ئىختىيارسىز لاغىلداپ سىلكىنىش ھەرىكىتى: — ئاھ... خۇدا، بەختىم بار ئىكەن، بۇلغىنىشتىن ساق قالدىم، رەھمەت سىلەرگە، — دېدى تېخىچە تىترىكى بېسىلمىغان ئايال. * — سەن ئاۋال چايدىن ئۇتلىغىن، تىترىكىنى باسىدۇ، — دېدى بوۋاي، — يامغۇر تېخى توختىمىدى، ئۇنىڭ توختىشى ئاسان ئەمەس. ② سۈپ. دولقۇنلىنىپ تىترەپ چىقىدىغان (ئاۋاز ھەققىدە): — قويۇۋەتكىن! — دېدى بەختىگۈل تىترەك ئاۋاز بىلەن.

**تىترەك باسماق** ① پۈتۈن بەدەندە بىر خىل تىترەك ھالىتى پەيدا بولماق: — نېمە دېدىلە روزىمە تاتاخۇن، — كۆلكىسىدىن چىپ توختاپ قالغان ئايياشا ۋۇجۇدىنى باسقان بىر خىل تىترەك بىلەن جىگدىگە يۆلەندى-دە، روزىمەتكە ئارقىسىنى قىلىۋالدى. ② كۆچمە. ۋەھىمىگە چۈشمەك، قورقماق: ئېيتالمايمەن، بىلمەيمەن، ئەمما شۇ ئادەمنى ئويلىسام، مېنى تىترەك باسىدۇ.

**تىترەك ئۇلاشماق** ← **تىترەك باسماق:** بۇ سوئالدىن بەدىنىمگە مۇزدەك تىترەك ئۇلاشتى، چىرايىم ئۆڭدى، ئۈن-تىنسىز ھالدا بىرھازاغىچە تۇرۇپ قالدىم. * كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئىشتىن، نۇرنىسا نېمە قىلىشنى بىلمەي قالدى. ئۇ قولىدىكى ئاجرىشىش گۇۋاھنامىسىغا ئاستا كۆز يۈگۈرتكەندە، ۋۇجۇدىغا بىردىنلا تىترەك ئۇلاشتى.

**تىترەڭگۈ** سۈپ. تىترەپ، دولقۇنلىنىپ چىققىدىغان: تىترەڭگۈ ئاھاڭ. * ئەزالار ۋارقىراشتى. ھېيتەك تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى. * قۇچاقلار يىغلا-يىغلا ھەممىنى قىز، قىمىرلار لەۋلىرى تىترەڭگۈ ئۈنسىز. بۇ بەلكى بولغۇسى ئاخىرقى دىدار، كۆرەلمەس بىر-بىرىنى ئەمدى زىنھار.

**تىترەڭگۈ تاۋۇش** <تىل> تىل ئۇچى ياكى كىچىك تىل قاتارلىق ئەزالارنىڭ تىترىشىدىن ھاسىل بولغان ئۈزۈك تاۋۇش. مەسىلەن، تىلىمىزدىكى «ر» تاۋۇشى.

**تىترەڭگۈلۈك** «تىترەڭگۈ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ تىترەڭگۈلۈكى ۋە دولقۇنسىمانلىقى دەسلەپكى ناخشىسىدىنلا بايقالدى.

**تىترىگەك** سۈپ. تىترەپلا تۇرىدىغان، تىترەيدىغان: دادا، سەن قارىلغاچنى تۇتۇپ يامان قىلدىڭ، قۇلۇڭ تىترىگەك، بېشىڭ گىلدىڭلىغاق بولۇپ قالارمۇ؟

**تىترىگۈچى** سۈپ. تىترەش ئارقىلىق ھاسىل بولىدىغان: تىترىگۈچى تاۋۇشلار.

**تىترىمەك** پ ① سوغۇق، قورقۇش، ماغدۇرسىزلىق ياكى كېسەللىك قاتارلىقلار-نىڭ سەۋەبىدىن بەدەن ئىختىيارسىز ھالدا لاغىلدىماق، دىرىلدىمەك: نامان تۈلكە جان ئۇزۇۋاتقان ئۆلۈكتەك جالاقلاپ تىترەپ، تەسلىكتە بېشىنى كۆتۈردى. لېكىن زادىلا ئۆرە تۇرالمىدى. * ئابدۇللا قىزنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى سالماق، تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىمۇ، لېكىن، بەدىنى سىمابتەك تىترەپ تۇراتتى. * قىز گويا بۇ گۈللەرگە قوشۇش ئۈچۈن تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ رەڭدار گۈللەرنى ئىزلەۋاتقاندەك، يەرگە قارىۋالغانىدى. قوللىرى بولسا تال يوپۇرماقلىرىدەك نازۇك تىترەيتتى. ② لەرزىگە كېلىپ سىلكىنمەك، تەۋرەنمەك: بۇ سادالار ئاسمان-زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرەتتى. ئۇن نەچچە مىڭ كىشىلىك قاتار سەپلەرنىڭ ئاياغ تاۋۇشلىرى گۈرۈلدەپ، يەرلەر تىترەيتتى. * ۋارىسجاننىڭ تىترىگەن تاپانچىسىدىن چىققان ئوق ناچەمگە تەگمەي، رەيھاننىڭ ماڭلىيىغا تەگكەنىدى. ③ ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ، دولقۇنلىنىپ چىقماق: ئانىنىڭ ئاۋازى ئىختىيارسىز تىترەپ چىقتى. ④ كۆچمە. قورقماق: جەڭگىۋار يىللاردا شېئىرىڭ بولدى بىر ئۆتكۈر قىلىچ، تىترىدى ياۋلار تامام كۆرگەنىسېرى كۈچ-قۇدرىتىڭ.

**تىتقۇچلىماق** پ. ئارقا-ئارقىدىن تارتىش، تىتىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى قىلماق.

**تىتقۇزماق** «تىتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆيدە تىتقۇزۇپ قويۇلغان خوتەننىڭ كۆزەم يۇڭىدىن بار. بالىنىڭ تويىغا چوڭراق بىر گىلەم توقۇتۇپ قوياي.

**تىتقۇزۇلماق** «تىتقۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تىتقىلماق** پ. دىئال. ئاختۇرماق، كوچىلىماق.

**تىتما** سۈپ. تىتىپ ئۇششاقلانغان، تىتىلغان: تىتما گۆش.

**تىتما-تالاڭ** تىتىلغان، تالانغان ھالەت: تىتما-تالاڭ قىلماق.

**تىتما-تالاڭ قىلماق** تالاپ، تىتىپ ۋەيران ھالەتكە كەلتۈرمەك: ئوغرىلار ئۇنىڭ ئۆيىنى تىتما-تالاڭ قىلىۋەتكەنىدى.

**تىتما-تىتما** يىرتىلىپ، تىتىلىپ، يېرىلىپ پارچە-پارچە بولۇپ كەتكەن: ئېرىنىڭ كۆڭلەكلىرى تىتما-تىتما بولۇپ كېتىپتۇ، يۈزلىرىدە خۇددى تىرنا سالغان يەردەك، تىلىم-تىلىم قانلىق تىرناق ئىزلىرى قېلىپتۇ. * بۇ بەختسىزلەر قاتتىق باغلىنىپ، سازايى قىلىنىپ، «باسماق» ئاستىغا ئېلىناتتى،

تاياق-توقماقنىڭ زەربىدىن ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى تىتما-تىتما، قان قىلىپ تاشلىناتتى.

**تىتماسلىماق** پ. بىر تۇتۇپ، بىر قويۇپ بېرىپ، بىر تاتىلاپ، بىر كوچىلاپ، مۇقىمسىز ھەرىكەت قىلماق: ئەكبەر ئوقۇتقۇچىسىنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ، ئەدەبلىك بالا ئاپىسىنى كۆرگەندەك، سوزۇلۇپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئەيمىنىپ قارىدى، ئاندىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، خىجىللىق ئىچىدە تىرنىقىنى تىتماسلىدى.

**تىتماق** پ ① غۇژمەكلەشكەن، كىرىشىپ كەتكەن نەرسىلەرنى بىرمۇبىر ئايرىپ، تالا-تالا، پارچە-پارچە قىلماق: گۆشنى تىتماق. يۇڭ تىتماق. پاختا تىتماق. * پاتەم قەغەزنى قاتلاپ، بىراقلا يىرتىۋەتتى. يىرتىقلارنى يەنىمۇ ئۇششاقلاپ تىتىپ، شۇجىنىڭ يۈزىگە ئېتىپ، سۆزلەشكە باشلىدى. ② كۆچمە. ئازاب سالماق، ئاغرىتماق: -بولدى سەن مېنىڭ يۈرىكىمنى تىتما، مەن كېتىمەن.

**تىتما-كاتاڭ** ← تىتما-تىتما: رەيھان بىلەن ئانار پېشايۋاننىڭ سۇپىسىدا ئولتۇرۇپ، ۋاراقلىرى تىتما-كاتاڭ بولۇپ كەتكەن بالىلار كىتابىدىكى رەسىملەرنى كۆرۈشۈۋاتتى.

**تىتۇل** ئى [رحلات] كىتابنىڭ ئىسمى، ئاپتورى، نەشر قىلىنغان ۋاقىت ۋە نەشر قىلغۇچى ئورۇن كۆرسىتىلگەن بىرىنچى بەت.

**تىتىشماق** « تىتماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قولى ئەپچىللەر قويلارنى بىر-بىرلەپ تۇتۇپ قىرقىشتى، قېرىلار تىتىشتى، بالىلار ئۇزۇن چۇۋىقلار بىلەن ساۋاشتى.

**تىتىلدىماق** پ. مەلۇم بىر ئىشتىن ئەنسىرەپ خاتىرجەمسىزلەنمەك، تاقەتسىزلەنمەك؛ تەقەززا بولماق: ئۇ، ئاق قەغەزلەرگە چوڭ خۇش خەت بىلەن دانە-دانە قىلىپ يېزىلغان ئىمتىھان نەتىجىلىرىنى كۆرگەندە، ئىچىنى بىر نەرسە تاتىلاپ يەۋاتقاندەك تىتىلداشقا باشلىدى. * نەدىكى ماشىنا دەيسىز، ئۇ ئىدارىنىڭ شوپۇرلىرىنى ئىزلەمەكچى بولدى بىراق مەن تىتىلداپ كەتتىم.

**تىتىلماق** « تىتماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېنىمدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ، ئىشىكنى ئاچتىم ۋە بوسۇغىدىلا قېتىپ تۇرۇپ قالدىم: ئۆي ئىچى ئادەم چۆچۈگۈدەك ۋەيرانە ئىدى. يوتقان-كۆرپىلەر سۆكۈلۈپ، ھەتتا پاختىلىرىمۇ تىتىلىپتۇ. * كېيۈرنىڭ كىچىك ئۆيىدە بىر پارچە تىتىلىپ كەتكەن كىگىز، بىر يوتقىنى، بىر قۇم قازان، بىر قۇم چۆگۈن بولۇپ، مورا ئوچاقتا كۆل باسقان بىر ھۆل كۆتەك تۇراتتى.

**تىتىم** ① ئى. تىتىش، پارچىلاشتىن ھاسىل بولغان بۆلەك. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ، مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: بىر تىتىم پاختا.

**تىتىملىماق** پ. چىمدىپ تىتىم-تىتىمغا ئايرىماق: - بىز دېھقان خەق، - دەيتتى دېھقان بۇرۇتلىرىنى تىتىملاپ تۇرۇپ، - يەر تېرىيمىز، ئاش ئالىمىز، لېكىن ئاچ قالىمىز.

**تىتىملىماق** پ. تىتما-تىتما قىلماق، تىتىپ پارچىلىماق: ئۇ پولۇ ئۈستىگە بېسىلغان، مەززىلىك پىشقان گۆشنى قولىدىلا تىتىملاشقا باشلىدى. * جەندىنى تىتىملاپ قىچقاردى مەشرەپ، ھەر تامچە يېشىدا ئالەمچە قايغۇ، ھەر قايغۇ قېتىدا ئەلنىڭ مىڭ دادى، ھەر داددا ھۆرلۈككە ئوكيانچە سۆيگۈ.

**تىتىندى** ئى. چېچىلىپ، چېچىلىپ، كەتكەن، تىتىلغان نەرسە: تازىلىق قىلغۇچىلار ئەخلەت-چاۋارلارنى ۋە بوراندا ئۇچۇپ كەتكەن باشقا نەرسىلەرنى - پاختىلارنىڭ پارچە-پۇرات، تىتىندىلىرىنى بىرنەچچە يەرگە يىغىپ، ئوت يېقىپ كۆيدۈردى.

**تىجارەت** ئى [ئە] ① سودا-سېتىق: تىجارەت دۇكىنى. تىجارەت كىنىشكىسى. * ئوردا ئالدىغا كېتىدىغان تۆت كوچا دوقمۇشىدىكى ئاشخانىدا، تىجارەت راسا قىزىپ كەتكەنىدى. ② كۆچمە. پۇل تېپىش، مەنپەئەتكە ئېرىشىش بىلەن شۇغۇللىنىش: ھەم تىجارەت ھەم زىيارەت * دوختۇرلار كەچ كىرىشى بىلەنلا قارتا ئويناشقا چۈشۈپ كېتەتتى، ئاغرىقلارنى

داۋالاشنى بىر خىل تجارەت دەپ قارايتتى. ③ پۇل مۇئامىلىسى (بانكىدا): جىلىل بوۋاي قىستىلىپ، مىلك تەسلىكتە ئاران ئۇستەل ئالدىغا يېقىن بارالىدى ۋە بانكىنىڭ تجارەت خادىمىگە بىر 110 يۈەن پۇلنى شۇ پېتىچىلا تۇتقۇزۇپ قويدى.

**تجارەت بېجى** <سودا> دۆلەت باج كىرىملىرىنىڭ بىر تۈرى، يەنى سودا-سانائەت تارماقلىرى ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن، سودا ئوبوروتىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە قاراپ، ھۆكۈمەتكە بەلگىلىك مۇددەتتە تاپشۇرۇپ تۇرىدىغان باج.

**تجارەت قىلماق** سودا-سېتىق قىلماق، مەلۇم كەسىپ بىلەن بازار سودىسىغا قاتناشماق: ئابدۇنىياز شەھەرنىڭ مەركىزىي كوچىسىدىكى كىچىككىنە دۇكاندا تجارەت قىلاتتى. * ئاۋۇ ئابدۇكېرەمگە نەچچە قېتىم ئېيتتىم: — سەن خېلى ئوقۇدۇڭ، قولۇڭدا ھېنىڭ بولغاندىن كېيىن ئەپلەپ بىر تجارەت قىل دېسەم، يەنە ئوقۇيمەن، كادىر بولىمەن دەپ، ئالتە ئاي بولدى شەھەردە بىكار ئاۋارە بولۇپ يۈرىدۇ.

**تجارەتچى** ئى. تجارەت ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى؛ سودىگەر: شۇنداق قىلىپ، كۆپ ئۆتمەي شەھەردىن يېزىغا، يېزىدىن شەھەرگە قاتناپ يۈرۈپ، خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن تجارەتچىلەردىن بولۇپ قالدىم.

**تجارەتچىلىك** «تجارەت» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى.

**تجارەتخانا** ئى [ئە+پ] سودا-سېتىق، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى بېجىرىش ئورنى، تجارەت دۇكىنى: بۇ كوچىدىكى تجارەتخانىلار كەچلىرىمۇ ئېچىلمەيتتى.

**تىج** (توغرىسى: تىنچ) ← **تىنچ.**

**تىخۇدى** ئى [خەن] ئاشخانىلاردا مېھمانلارغا چاي قۇيغۇچى، چايچى: نېمە ئۈچۈندۇر ئاشخانىنىڭ خوجايىنلىرىمۇ، تاڭجاڭ، تىخۇدىلىرىمۇ پات-پاتلا ئاشۇ يۇملاق شىرە يېنىغا كېلىپ، كۆتۈپ، پايپېتەك بولۇپ كېتىشەتتى.

**تىر** I ئىم. ئات-ئېشەكلەرنى چاقىرىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ.

**تىر** II تەق. قەغەز، رەخت قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ يىرتىلىشى ياكى شامال كۈچى بىلەن تىترىشىدىن چىققان ئاۋاز.

**تىراژ** ئى [ر<فران] كىتاب، ژۇرنال، گېزىت قاتارلىقلارنىڭ بېسىلىپ چىققان نۇسخىسىنىڭ سانى: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» نىڭ 1- تومىنىڭ تىراژى 7000 قىلىپ بېكىتىلدى.

**تىراژلىق** سۈپ. مەلۇم تىراژغا ئىگە بولغان، مۇئەييەن بىر تىراژدا بېسىلغان: «شىنجاڭ ياشلىرى» ئەڭ كۆپ تىراژلىق ژۇرناللارنىڭ بىرى.

**تىرەتمەك** «تىرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تىرەجەشمەك** «تىرەجىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان بىر ماجىرا تۇغۇلغاندەك قاتتىق ئىتتىرىشىپ، تىرەجىشىپ بېرىپ، قۇرۇت قۇرۇتىدىغان جاھازىلارنى ئۆرۈۋەتكىلى تاس قالدى.

**تىرەجىمەك** پ. بىرەر نەرسىگە پۇتىنى تىرەپ تۇرۇۋالماق، بىرنەرسىنى تىرەك قىلىپ تايىنىپ تۇرماق: باياتىن شۇنچە ھەيۋە قىلغان بارات ئەمدى ھە دەپ كەينىگە تىرەجەيتتى. * قوشنىلار كىرىپ كەلگەندە نۇرئەلاخان سەل ئېسىنى يىغىپ، بىر قولىدا يەرنى تىرەجەپ قوزغىلىشقا تەمشىلىۋاتاتتى.

**تىرەشمەك** «تىرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئات ئۈستىدە پۇتلىرىنى ئۈزەڭگىگە تىرىشىپ، بىرئاز كۆتۈرۈلۈپ يىراققا قاراشقا باشلىدى.

**تىرەك** ئى ① بىرەر نەرسىنى يۆلەپ، كۆتۈرۈپ، تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن قويۇلىدىغان مەلۇم ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچ، تۆمۈر قاتارلىق

ھارماي ئىجاد قىل، تۆھپەڭ بىلەن خەلقىڭنى شاد قىل. يېتەي دېسەڭ شېرىن ۋەسلىگە، پەرھات بولۇپ خىسراۋنى مات قىل.

**تىرمشىپ-چىرمشىپ** پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، بارلىق ئىمكانىيىتىنى ئىشقا سېلىپ: تۇرمۇش يولى ئېتىلگەن رىشىت ھاجىم رازىخان ئاچىنى ئەگەشتۈرۈپ، بورىچىلىق كارخانىسىغا ئورۇنلاشتى. تىرمشىپ-چىرمشىپ ئىشلەپ، ئەل قاتارى كۈن كەچۈردى.

**تىرملاتماق** «تىرملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تىرملاشماق** ① «تىرملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككىسى تىللاشقاندىن كېيىن، چاچ-ياقىلىرىدىن ئېلىپ، يۈزلىرىنى تىرملاشتى. ② ھەرىكەت قىلىپ كۆرمەك، تىرىشىپ باقماق: ئۇ شۇ كۈنى كەچكىچە ئېتىزلىقتا تىرملاشتى. لېكىن ئىش ئاۋۇمىدى.

**تىرملانماق** «تىرملىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرى تىرملانغانىدى.

**تىرملىماق** پ. تىرناقنى پاتۇرۇپ تاتىلىماق: مېنىڭ ئۇ خىل ئۇسۇلۇمغا پەرۋا قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخىمۇ ۋەزمىن خاتىرجەملىك بىلەن، ئالدى ئىككى پۇتىدا كۆكرەك قەپىسىنى تىرملاشقا باشلىدى.

**تىرنا** I ئى. تۇپراقنى يۇمشىتىدىغان ۋە يەرنى تەكشىلەيدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى. ئۇنىڭ تۆمۈر چىشلىق تىرنا، دىسكىلىق تىرنا دېگەن خىللىرى بولىدۇ.

**تىرنا سالماق** تىرنىنى يەر ئۈستىدە سۆرەتمەك: مېنىڭچە دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، قۇدۇق سۇلىرىدىن پايدىلىنايلى، شورنى يۇقتىش ئۈچۈن ئېتىزنىڭ ئىچىنى سۇپۇرۇپ، ئارقا-ئارقىدىن تىرنا سالايلى.

**تىرنا** II ئى. بېلىقنىڭ يېگىندەك كىچىك ۋاقتى.

**تىرناتماق** «تىرنىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىز كەلگۈچە ئانارنى تىرنىتىپ، تەخسىگە ئېلىپ قويۇشتى.

**تىرناشماق** «تىرنىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دۈيجاڭ ياشانغان ئاياللاردىن بەشنى ئۇرۇقلۇق قوناقنى زەخمىلەندۈرمەي تىرناشقا ئورۇنلاشتۇردى.

**تىرناق** ئى ① بارماق ئۇچىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى گۆشكە يېپىشقان مۈڭگۈز سىمان قىسمى: تىرناق ئالماق. تىرنىقى ئۆسمەك. * ياغاچقا تىرناق بىلەن نەقىش ئويۇپ، زىنداندا ياسىغانتى دۇتارنىمۇ. بېشىغا كۆلپەت چۈشۈپ ياشلىق چېغى، قاراڭغۇ يەر ئاستىدا ياتقان تالاي. ② بەزى ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ پۇت، پەنجىلىرىنىڭ ئۇچىدىكى ئۆتكۈر مۈڭگۈز سىمان قىسمى: مۈشۈك ئېتىلىپ بېرىپ، تۆشۈككە كىرەي دەپ تۇرغان بىر چاشقانغا تىرناق سېلىپ، تۇتتى. * بۈركۈتنىڭ ئۆتكۈر تىرنىقى تۈلكىنىڭ كۆزىگە پاتتى. ③ كۆچمە. زۇلۇم، قىيىن-قىستاق: قىز شۇنداق قىلىپ 60 ياشلىق پومېشچىكنىڭ تىرنىقىدا مجىلدى. ④ <مات> ئارىفمېتىكىلىق ياكى ئالگېبرالىق ئىپادىدە بىرقانچە سان ياكى ئەزانىڭ بىرىكىش مۇناسىۋىتى ۋە ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە. ئۇنىڭ كىچىك تىرناق ( )، ئوتتۇرا تىرناق [ ]، چوڭ تىرناق { } دېگەن تۈرلىرى بار. ئوتتۇرا تىرناق كىچىك تىرناقنىڭ سىرتىغا، چوڭ تىرناق ئوتتۇرا تىرناقنىڭ سىرتىغا قويۇلىدۇ. ھېسابلاش ئالدى بىلەن كىچىك تىرناق ئىچىدىن باشلىنىدۇ. ⑤ <تىل> تىنىش بەلگىسى. شەكلى ماتېماتىكىدىكى كىچىك تىرناق ( ) بىلەن ئوخشاش، ئاساسلىقى تېكىست ئىچىدىكى ئىزاھ قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ يەنە يالاڭ تىرناق ‹ ›،

قوش تىرناق « » تۈرلىرىمۇ بار.

**تىرناق ئاستىدىن كىر كولىماق** ← **تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزلىمەك**: خالايىق، تولا كوتۇلدايدىغان گەپچىلەرنىڭ غەيۋىتىگە، تىرناق ئاستىدىن كىر كولايدىغانلارنىڭ بىزنىڭ ھەققىمىزدىكى سۆز - چۆچەكلىرىگە ئىشەنمەڭلار!

**تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزلىمەك** يوقلاڭ ئىشتىن كەمچىلىك تېپىپ، باشقىلارنى ناھەق، يولسىز ئەيىبلىمەك: ئىمىن ئۇنىڭ بەزى كەمچىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بەرسە، ئۇ «تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزلەۋاتىدۇ»، «پادا باققاندا دوست بولۇپ، ياغاچ چاققاندا ئايرىلغان ئوخشايمىز» دەپ گۇمانلىنىپ يۈردى.

**تىرناقتا توختايدىغان** ناھايىتى ياخشى، يارامىلىق؛ كېلىشكەن، چىرايلىق: - بىز ئەخمەق ئىكەنمىز، ئۇلجا ئالىمىز دەپ، كىرگەن ئۆيلىرىمىزدىن ھازىرچە جانغا ئەسقاتمايدىغان پۇل-پۈچەك، رەخت، كىيىم-كېچەك بۇلاپتىمىز. سەمەتكە قاراڭلار، ئۇ تىرناقتا توختايدىغان قىز بۇلاپتۇ- دېدى قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان ئەسكەرلەردىن بىرى قەمەرنىسانىڭ گۈزەل ھۆسنىگە قاراپ. * - زەينەپخانغا ئەر چىققان بولسا، تېگىۋەرسۇن، مەن ئوغلۇمنى ئۆگۈنلۈككە ئۆيلەيمەن! قازناقتا كۆمگەن 5000 يۈەننى مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ساقلىغان! ئۇنىڭ بەشتىن بىرىنى ئىشلەتسەملا تىرناقتا توختايدىغان قىز كېلەر! - دەپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. * بۇ، فېرما پارتكومىنىڭ چەت ئەللىك دوستلارغا بەيگە ئاتلىرىنى سېتىپ بېرىش ھەققىدىكى مۇھىم ئۇقتۇرۇشى ئىدى. - ساتقاندىمۇ، يەنە قاندىقىنى دەڭا، - دېدى بوغالتىر ئەسىمتۇللاغا قاراپ، - تىرناقتا توختايدىغان ئاتلارنى سېتىپ بېرىدىكەنمىز.

**تىرناقتا توختىغۇدەك** ← **تىرناقتا توختايدىغان**: - ۋاي، ئۇ خېنىم مېنىڭ بالامغا تەگمەيمەن دېگۈدەك-مۇ؟ تۆت تەرىپى قىبلە، مەن بالامغا خالىغان يەردىن تىرناقتا توختىغۇدەك قىز ئېلىپ بېرىمەن، - دېدى سەلىمخان قاشلىرىنى ئوينىتىپ.

**تىرناقتىن تۈك ئۈندۈرمەك** ئاساسسىز يەردىن چاتاق پەيدا قىلماق، ئەيىب تاپماق: پىتنىخور تىرناقتىن تۈك ئۈندۈرەر.

**تىرناقتىن كىر تاپماق** ← **تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزلىمەك**: ئاتا-ئانا، قوۋم-قېرىنداش، بىر-بىرىنى يوقتى ئاياش. يول بەرمەيتتى قىلىپ تالاش، تىرناقتىن كىر تاپمىغۇچە.

**تىرناقتىن كىر ئىزلىمەك** ← **تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزلىمەك**: چاتىدا كىم بارىكىن؟ ھېلىقى توكۇر چال بولسىغۇ كارى چاغلىق، جازاسى بىر كاپام ناسۋال. ھېلىقى سېنىڭ بىلەن قىز تالاشقان يۇلۇڭ باش يىگىت تۇرغان بولسا، ئىش چاتاق. ئىتنىڭ بالىسى تىرناقتىن كىر ئىزلەپلا يۈرىدۇ.

**تىرناق سىمى** ① گىلەمگە تۇقۇت چەككۈچىلەر ئوڭ قولىنىڭ باش بارماق تىرنىقىنى ئورنىتىۋالىدىغان، ئۇلارنىڭ بارماق ئۇچىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان سىم. ② تەمبۇر چالغۇچىلار باش بارمىقىغا بېكىتىۋالىدىغان سىم.

**تىرناق يارىسى** تىرناق بىلەن تاتىلاشتىن ھاسىل بولغان جاراھەت، زېدە: ئۇنىڭ يۈزىنىڭ بىرقانچە يېرى تىرناق يارىسى بولۇپ كەتكەن، ھەتتا بويۇنلىرىدىمۇ تىرناق ئىزلىرى ۋە قىزىل سىزىقچىلار بار ئىدى.

**تىرنىقىنى تاتىلىماق** بىرەر ئىشنى خاتا قىلغانلىقى؛ ئەدەبسىز، كۆڭۈلسىز ئىشلىرى تۈپەيلىدىن خىجىل بولۇپ ئوڭايسىزلانماق: ھېلىقى ۋەقەدىن كېيىن، ئادىل بىرمەزگىل نېمىدىندۇر خىجىل بولغاندەك، مۇتەللىپنى كۆرسىلا تىرنىقىنى تاتىلاپ يۈردى.

**تىرنىقىنى كوچىلىماق** ← **تىرنىقىنى تاتىلىماق**: - بىلمەن، خانىمنىڭ ئېتى خانىم، - دېدى ئۇ يەرگە قاراپ، تىرنىقىنى كوچىلاپ تۇرۇپ.

**تىرناقچە** رەۋ. كىچىككىنە، ناھايىتى كىچىك، ئاز: ئىشىك ئالدى تالىڭىز، يىراقتا قاپتۇ يارىڭىز. يارىڭىزنى كۆرگۈچە، تىرناقچە قاپتۇ جانىڭىز.

**تىرناقچىلىك** سۈپ. كىچىككىنە، ئازراق: يەنە كېلىپ بۇ يەردىن 500 دېڭىز چاقىرىمى ماڭغاندا، ئوخشاشلا پايانسىز دېڭىز-ئوكيان تۇرسا، تىرناقچىلىك قۇرۇقلۇق بولمىسا، ئەرلەر ئارىلى، ئاياللار ئارىلى نەدە بولسۇن؟ * مۇھەببەت مېنى ئېزىپ، خاراب قىلىۋەتتى. تىرناقچىلىك غۇرۇرۇممۇ قالمىدى.

**تىرناقگۈل** ئى [تىرناق+گۈل] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇر-ماقلىرى تۇمۇنە شەكلىدە بولۇپ، نۆۋەتلە-شىپ ئۆسىدۇ، گۈلى سېرىق ياكى سارغۇچ قىزىل، باشسىمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ؛ ئادەتتە دورا ئۆسۈملۈكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ سۈيىدۈك ھەيدەش، تەرلىتىش، روھلاندۇرۇش، ھېيىزنى راۋان قىلىش قاتارلىق روللىرى بار.

**تىرناقلاشماق** «تىرناقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككى خوتۇن تىللاشقانسېرى يەنە ئەزۋەيلەپ، ياقا سىقىشىپ، يۈزلىرىنى تىرناقلىشىپ كەتتى.

**تىرناقلانماق** «تىرناقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ يۈزىنىڭ تىرناقلانغانلىقىنى بىلدۈرمەسلىككە تىرىشاتتى.

**تىرناقلىق** سۈپ. تىرنىقى بار، تىرناققا ئىگە: ئىشىك بېشىدا چىلبۆرىنىڭ ئۇزۇن، ئۆتكۈر تىرناقلىق ئىككى پۇتى پەيدا بولدى.

**تىرناقلىماق** پ. تىرناقلىرىنى پاتۇرۇپ تاتىلىماق، تىرنىقى بىلەن تاتىلىماق: يۈزىنى تىرناقلىماق. * ئۇ ھېلىقى كۈننىڭ ئەتىسى سەھەردە، ئۆزىنىڭ ئابدۇشۈكۈرنىڭ قويىندا قىپيالىڭاچ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، خۇددى ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك، ياۋايىلارچە ۋارقىراپ، چاچلىرىنى يۇلدى، ئابدۇشۈكۈرنىڭ يۈزلىرىنى تىرناقلىدى. لېكىن ئىش ئاللىقاچان ئۆتكەنىدى.

**تىرنىلاتماق** «تىرنىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تىرنىلاشماق** «تىرنىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تىرنىلانماق** «تىرنىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەتىياز كىرىشى بىلەن كۆزگىلەر تىرنىلىنىپ، ئوغۇتلىنىپ قولدىن چىقتى، شورلىرى تازىلاندى.

**تىرنىلىماق** پ. تىرنا سىيلىپ، تۇپراق ئۈستىدىكى چالمىلارنى ئېزىپ يۇمشاتماق: تولۇق ئېرىشى بىلەن رەھىم ئاكام كۆزگىلىرىنى تىرنىلاشقا كىرىشتى.

**تىرنىماق** پ. تىرناق ياكى ئۇچلۇق نەرسە بىلەن دانە-دانە قىلىپ ئاجراتماق: ئانارنى تىرنىماق. قوناقنى تىرنىماق.

**تىرباران** ئى [پ] يېزت ① ئوق ياغدۇرۇش. ② ۋەيران، بىتچىت.

**تىرباران ئەيلىمەك** ۋەيران قىلماق، بىتچىت قىلماق: مەن كەبى يۈز مىڭ گادانى ھەسرەت ئوتىدا كۆيدۈرۈپ، تىرباران ئەيلىگەن مژگانلىرى خۇنخور قىز.

**تىرجان** ئى. بېلىقنىڭ تۇخۇمدىن يېڭى ئايرىلغان بالىسى.

**تىرىپ** ئى. قايىنتىپ شىرنىسى ئېلىنغان ياكى ئېچىتىلغان سۈيۈقلۇقلارنىڭ چۆكمىسى، سۈزۈندىسى: شىرنىنىڭ تىرىپى. ئاچچىقسۇنىڭ تىرىپى. * ھويلىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە ئاق هاراقتىن ئايرىلىپ چىققان قالدۇق، سۈپۈرگە قوناق، چوجگۇن قوناقلارنىڭ تىرىپلىرى دۆۋىلىنىپ، ئەتراپقا قاڭسىق پۇراق تارقىتىپ تۇراتتى.

**تىرىپلىماق** پ. تىرىپىنى سۈزۈپ، سىقىپ ئايرىۋالماق: سىركىنى تىرىپلىماق.

**تىرپىرەن** رەۋ [پ] قالايمىقانلىشىپ ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن، ۋەيران:

تىرىپىرەن بولماق. تىرىپىرەن قىلماق.

**تىرىپىرەن بولماق** قالايمىقانلىشىپ ھەر تەرەپكە قاچماق؛ ۋەيران بولماق، تارمار بولماق: ئۇلارنىڭ دۈشمەن سېپىگە كەينىدىن ئۈزۈلمەي بۆسۈپ كىرىشى نەتىجىسىدە، گومىنداڭ ھەربىيلىرى ئالاقزادىلىكتە چۆكۈپ، تىرىپىرەن بولۇشقا يۈزلەندى.

**تىرىپىرەن قىلماق** قالايمىقانلىشىپ تارقالغان، ۋەيران بولغان ھالەتكە كەلتۈرمەك، ۋەيران قىلماق، تارمار قىلماق: ئۇن نەچچە جەڭچى بىر كېچە تۇسۇپ زەربە بېرىپ، دۈشمەننىڭ بىر لېگىيونىنى تىرىپىرەن قىلدى. * — ئۇر! — دەپ ۋارقىرىشاتتى يىگىتلەر، ئۇلار خۇددى توختىماي بولمايدىغان كەلكۈندەك، ئۆز يولىدا ئۇچرىغاننىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇپ، يىقىتىپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى ۋە بىردەمدىلا دۈشمەننى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى.

**تىرىس** تەق. چۈرۈك، نېپىز نەرسىلەرنىڭ يىرىلىشى ياكى ئىنچىكە، قاتتىق نەرسىلەرنىڭ ئۈزۈلۈشى، سۇنۇشىدىن ھاسىل بولغان كۈچسىز ئاۋاز: سىرتتا، تۈن كېچىدە بىراۋنىڭ چىت قومۇشىدىن بىر تالنى تىرىس قىلىپ ئۈشتۈغىنى ئاڭلاندى.

**تىرىسسىدە** ① رەۋ. «تىرىس» قىلىپ، «تىرىس» قىلغان ھالدا: رەشىدەم دىققەت-سىزلىكتىن قىزىق دەزمالنى جوزا ئۈستىدىكى ئەينەككە قويۇشىغىلا، تىرىسسىدە قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى-دە، ئەينەككە دەز كەتتى. ② رەۋ. بەدەننى قورۇپ، چىڭ: بۇ كىيىم ماڭا تىرىسسىدە كەلدى.

**تىرىشچان** سۈپ. ھەرقانداق ئىشنى ئەستايىدىل تىرىشىپ ئىشلەيدىغان، ھەرىكەتچان، تىرىشقاق: ساۋاقداش قەيسەر مەكتەپكە كىرگەندىن كەلگەندە تىرىشچاندى. شۇڭا ئالدىنقى مەۋسۇمدە ئىمتىھان نەتىجىلىرى ئومۇميۈزلۈك ياخشى بولغان. * ئىلىم، دەۋرىم كۆتەر سەندىن تىرىشچان بول، قالاق بولما، بەخت ئىقبال كۆلەر شۇندىن ھۈنەر-پەندىن يىراق بولما.

**تىرىشچانلىق** ① «تىرىشچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: فاكۇلتېت پارتىيە ياچېيكىسى ئەنۋەرنىڭ تىرىشچانلىقىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئالىي ماتېماتىكا ئۆتۈشنى بەلگىلىدى. ② تىرىشچان كىشىلەرگە خاس ھەرىكەت ۋە غەيرەت: سىمەت رەتلەپ چىققان ماتېرىيال ھېچقانداق ئۇنۇم كۆرسەتمىدى، شۇنچە تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىلگىنىگە قارىماي، سانائەت-قاتناش ئىدارىسى پارتكومى رەيھاننى خىزمەتتىن قالدۇرۇۋەتمىدى.

**تىرىشقاق** سۈپ. ھەرقانداق ئىشنى ئەستا-يىدىل، تىرىشىپ ئىشلەيدىغان، تىرىشچان: ئانا تەربىيىسىنى ئاز كۆرۈپ، جاپا-مۇشەققەتتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئائىلىدە ئۆسكەن بۇ بالا ئۆگىنىشتە ناھايىتى تىرىشقاق، كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە ساغلام ئىدى.

**تىرىشقاقلىق** «تىرىشقاق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇ غۇنچە بوي، ساددا قىزنىڭ ئىشچان ۋە تىرىشقاقلىقى، ھارماس-تالماسلىقى، ھەممىگە قىزغىن ۋە مېھرىبانلىقى مۇلايىملىقى ھە دېگەندىلا دوختۇر-سېستىرالارغا يېقىپ قالدى.

**تىرىشماق** پ. بىرەر ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن، بارلىق كۈچىنى چىقىرىپ ئىشلىمەك، ئەستايىدىل ئىشلىمەك: يۇقىرىقىدەك تونۇشلار-دىن كېيىن، مەن قانداق ئىشلار ياخشى، قانداق ئىشلار يامان ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشقا تىرىشتىم. * ئۇنىڭ بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ تۇرغان لەۋلىرىمۇ بۇلارنى يوشۇرۇپ قېلىشقا تىرىشاتتى.

**تىرىشىپ-تىرمىشىپ** بارلىق كۈچ-غەيرىتى بىلەن ئەستايىدىل ئىشلەپ: ئەز-خوتۇن ئىككىسى نەچچە ئون يىل تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئىشلەپ، بەختىنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇۋېلىشقا تەمشىلىپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئۇنىڭغا يېتىشەلمەي ياشلىق ئۆمرىنى تۈگەتتى.

**تىرىق** تەق. ئىككى قاتتىق، يەڭگىل نەرسىنىڭ بىر-بىرىگە تېگىپ كېتىشىدىن

چىققان ئاۋاز: مەن تىرىق قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپلا ئويغىنىپ كەتتىم.

**تىرىق-تىرىق** «تىرىق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: مىسلى ئالتۇن سىخىي كۈزنىڭ تاڭ شامىلى، باغلار ئارا گۈل بەرگىنى ئېكىپ ئۆتتى. «ئون يىللىق توينگىزغا مۇبارەك!» دەپ، دېرىزەمنى تىرىق-تىرىق چېكىپ ئۆتتى.

**تىرىققىدە** رەۋ. «تىرىق» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ: ئادەملەر شۇنچىلىك ئېھتىياتچان بولۇپ كەتتىكى، تىرىققىدە قىلغان ئاۋازدىن چۆچۈپ تىترەيتتى.

**تىرىقلاتماق** «تىرىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىراۋ ئىشىكنى تىرىقلاتتى.

**تىرىقلىماق** پ. «تىرىق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: مەتقۇۋانباي شىرمەھەممەتنى بۇ ئۆيدە ئېلىپ قالغاننىڭ قانچىلىك پايدا-زىيىنى، نەپ-چىقىمى بارلىقى توغرىسىدا ئويلىنىۋاتقاندا، ھويلىنىڭ تۆمۈر ھالقىلىق دەرۋازىسى خۇددى چاشقان كىتىرلىغاندەك ئاڭلىنار-ئاڭلانماس تىرىقلىدى.

**تىرىك** I سۈپ ① ئۆلمىگەن، ياشاپ تۇرۇۋاتقان، جانلىق: تىرىك مال. تىرىك بېلىق. * تىرىك بولساق بىر يەردە بىز، ئۆلۈك بولساق بىر گۆردە بىز (ماقال). * ئادەم تاماق يېمەي بىر ھەپتىگىچە تىرىك تۇرالىشى مۇمكىن. لېكىن سۇ ئىچمەي ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تۇرالمايدۇ. * قومۇشلارغا ئوت قويماس، مەن نوزۇكنى تۇتالماس. مەن نۇزۇكنى تۇتقاندا، ئۆلتۈرەر، تىرىك قويماس. تىرىككە ئۆي تېپىلار، ئۆلۈككە گۆر تېپىلار (ماقال). ② ئېقىپ تۇرىدىغان: تىرىك سۇ. * 1962-يىلى ئەتىيازلىقى قاش دەرياسىنىڭ سۈيى ھەر يىلدىكىدىن ئازىيىپ كەتتى. شال ئۇرۇقى چېچىلىپ، تىرىك سۇ بېرىلىدىغان چاغدا ئۆستەڭدە سۇ بولمىدى. ③ ئېزىلىپ كەتمىگەن: پولۇنىڭ سەۋزىسى خېلى تىرىك چىقىپتۇ. ④ جۇشقۇن، تېتىك، جانلىق: ئوغلىڭىز خېلى تىرىك، چېچەن بالا بوپتۇ.

**تىرىك بوياش** <بئول> توقۇلما ۋە ھۆجەيرىلەرنى تاللاپ بوياشقا ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن، بىر خىل زەھەرسىز بوياقلارنى تەن ئىچىگە ئوكۇل قىلىش ئارقىلىق بوياش.

**تىرىك جان** ئۆلمىگەن، جېنى بارلاردىن ماڭالايدىغان، ھەرىكەت قىلالايدىغانلىرى: شاھزادە سۇمۇرغدىن چۈشۈپ شەھەرگە قارىسا، ھېچبىر ئۇچار قانات ئۇچمىغۇدەك، ھېچبىر تىرىك جان ھەرىكەت قىلمىغۇدەك.

**تىرىك قاتما** <بئول> مەلۇم گېئولوگىيە-لىك دەۋرلەردە بىرمەھەل ئاۋۇپ، كەڭ تارقالغان، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، پەقەت مەلۇم رايونلار بىلەنلا چەكلە-نىدىغان، سانى ئاز ھەتتا نەسلى قۇرۇپ كېتىش ھالىتىگە بېرىپ قالغان جانلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، چوڭ مۇشۇكئېيىقى ۋە مېتاساكوۋيە دەرىخى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**تىرىك لۇغەت** ھەر نەرسىدىن خەۋىرى بار، نېمىنى سورىسا، دەل جايىدا سۆزلەپ بېرىدىغان كىشى: مەھمۇتجان ئىلھامجانوۋنى كىشىلەر تىرىك لۇغەت دېيىشەتتى.

**تىرىك مۇردا** ئوكۇشسىزلىق، دەرد-ئە-لەم، ئازاب تۈپەيلىدىن روھىي جەھەت-تىن چۈشكۈنلىشىپ، ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخانغا ئايلىنىپ قالغان كىشى: ئون يىلدىن ئارتۇق تۈرمە ھاياتى كەرىمنى تىرىك مۇردىغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.

**تىرىك ئۆلمەك** مەلۇم ئوكۇشسىزلىق ياكى دەرد-ئەلەم سەۋەبىدىن شاد-خۇ-راملىقنى، جۇشقۇنلۇقنى يوقىتىپ مۇردىغا ئوخشاپ قالماق: مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاڭلار، ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەڭلار، سىلەرنى يايىلار قولغا چۈشۈرۈۋالسا، مەن چەككەن جاپا بىر تىيىن بولىدۇ، بىچارە سەمەر ئاخۇن ئاكام قىيامەت قايىم بولغۇچە

گۆرىدە ئۆرە ئولتۇرىدۇ. مېنى تىرىك ئۆلسۇن دەمسەلەر؟ * يۇقىرى-تۆۋەن بېرىپ، يارنى كۆرمەمدۇ كىشى. كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالسا، تىرىك ئۆلمەمدۇ كىشى.

**تىرىك II** تەق. كىچىك بىرنەرسىنىڭ چوڭ قاتتىق نەرسىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈشى، ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: جوزا ئۈستىدە تىرىك قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى.

**تىرىكتاپ** ئى [تىرىك+تاپ] ئىشلىمەي، تەر ئاققۇزماي يېتىپ يېگۈچى، باشقىلارنىڭ ئەمگىكى بەدىلىگە ياشىغۇچى: ئاھ بالا خىيالغا پاتتى مۇڭلىنىپ، راستىنلا بۇ ئالەم يارالغان شۇنداق؟ تىرىكتاپ ئاق نان يەپ، ئاش تەرگەن دېھقان، بولامدۇ بىر ئۆمۈر بۇرنىدىن بۇلاق؟

**تىرىكتاپلىق** «تىرىكتاپ» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: تىرىكتاپلىق قىلغانلىقى، ھۇرۇنلۇقى تۈپەيلىدىن خارلانغان: ئوغرىلىق قىلغىنى ئۈچۈن جازالانغان بوز مۇشۈك سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلۈپتۇ.
تىرىكتاپلىق قىلماق تەر ئاققۇزماي يېمەك، باشقىلارنىڭ ئەمگەك بەدىلىگە ياشىماق: ئۇ ئىشلىمەي، تىرىكتاپلىق قىلىپ كۈن ئۆتكۈزەتتى.

**تىرىك-تىرىك** «تىرىك II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: چوڭ ئېلىپ ماڭغىن قەدەمنى پەللىگە، قىر ئاشالمايسەن مېڭىپ «تىرىك-تىرىك».

**تىرىكچىلىك** ئى. تۇرمۇش كەچۈرۈش، جان بېقىش، ياشاش: ئاڭغىچە پۇقرالار يۇرتنىڭ تىنچلىقىنى ساقلاپ، ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن مەشغۇل بولسۇن دېگەن مەزمۇندا ھۆكۈم جاكارلاندى. * ياق، ئۇنداق ئەمەس، كەسپىم تۆمۈرچى، تىرىكچىلىكىم ئاشۇ ھۈنەر بىلەن ئۆتىدۇ.
**تىرىكچىلىك قىلماق** تۇرمۇش كەچۈرۈش، جان بېقىش، ياشاش ئۈچۈن مەلۇم يول تۇتماق؛ بىر ئىش بىلەن شۇغۇللانماق: بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ سادىقنىڭ كۆز ئالدىغا ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا ئۈمىد بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ كېلىۋاتقان 6400 ئائىلە، 24000 تىرىك جاننىڭ قىل

ئۈستىدە قالغان تەقدىرى كەلدى.

**تىرىكلىك** «تىرىك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بىرلىك بولماي تىرىكلىك بولماس (ماقال). * ئانام رەھمەتلى ماڭا بەك ئامراق ئىدى. يۈرەكلىرىم پارە-پارە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. تىرىكلىكىدە ئانامنىڭ خىزمىتىدە بولالمىدىم. * بۇ مېنىڭ سارغايغىنىم غېرىبلىقىمدىن، ئۈيناپ-كۈلۈپ يۈرگىنىم تىرىكلىكىمدىن.

**تىرىڭ** تەق. نېپىز مېتال بۇيۇم ياكى سىم تارلارنى يەڭگىل چېكىشتىن چىققان ئاۋاز: زوق بىلەن چېلىنغان تەمبۇرنىڭ «تىرىڭ» قىلىپ ئۈزۈلگەن ئاۋازى ھەممىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

**تىرىڭ-تىرىڭ** «تىرىڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**تىرىڭگىدە** رەۋ. «تىرىڭ» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ: بالا قولىدىكى تۆمۈر قۇتىنى تىرىڭگىدە تاشلاپ قويدى.

**تىرىڭلاتماق** «تىرىڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مىرزا گېپىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، راۋابنى قولىغا ئېلىپ تىرىڭلاتتى.

**تىرىڭشىتماق** پ ← تىرىڭلاتماق: ئۇ دومبىرا تارىسىنى بارمىقى بىلەن بوش تىرىڭشىتقىنىچە ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

**تىرىڭشىماق** پ ← تىرىڭلىماق: يىراقتىن تەمبۇرنىڭ تىرىڭشىشى ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**تىرىڭلىماق** پ. نېپىز مېتال ياكى سىم تارلار «تىرىڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «تىرىڭ-تىرىڭ» قىلماق: راۋابىم تىرىڭلايدۇ، تارىسى ئالتۇنمىكىن. تويىمىز قىزىپ كەتتى، قەلبىمىز يالقۇنمىكىن.

**تىرىلداتماق** «تىرىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالا ئايلىنىۋاتقان چاقنا كىچىككىنە چۆپنى تۇتۇپ تىرىلداتقىلى تۇردى.

**تىرىلداشماق** پ. «تىرىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تىرىلدۇرمەك** ① «تىرىلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تەلۋىنى قورقۇتماق ـ ئۆلۈكنى تىرىلدۇرمەك (ماقال). * كىم شا مەخسۇتنى تىرىلدۇرىمەن دېسە، بۇ قىلىچ، هە، مۇشۇ قىلىچ شۇنىڭ بېشىغا تېگىدۇ، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ * سايدا يۈرگەن سېرىق تۈلكە سايىنىڭ تۈلكىسى، ئۆلتۈرەمدۇ-تىرىلدۈرەمدۇ يارنىڭ كۆلكىسى. ② زىياننى، يوقالغان نەرسىنى تۆلىتىۋالماق: ئادىلنى يوق قىلىش ـ رەيھانەمنى ئاغدۇرۇش دېگەن سۆز، رەيھانەم غۇلاپ كەتسە، 70 پىرسەنت ئەمەس، 700 پىرسەنتنى تىرىلدۈرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**تىرىلدۈرۈلمەك** «تىرىلدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئۆلگەننىڭ تىرىلدۈرۈلگىنى يوق.

**تىرىلدىماق** پ. «تىر-تىر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «تىر-تىر» قىلماق.

**تىرىلمەك** پ ① قايتىدىن جان كىرمەك: ـ توغرا، گېپىڭلار توغرا! ـ دېدى خوجنىياز هاجى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ـ شامەخسۇت ئۆلدى، ئۇ هەرگىز تىرىلمەيدۇ، نەزەر دېگەن ئەپيۈنكەش ئۈرۈمچىدە، ئۇ ئەمدى قومۇلغا كېلەلمەيدۇ. * قەمەرخان، يۈگۈر ئۇكام، سەن بېرىپ جالالىدىن شۇجىغا ئېيت، پىلىلەرنىڭ هەممىسى تىرىلدى! بولمىسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئېتىزدىكى ئىشى ئىش بولمايدۇ. * تارىم ئۇسسۇلدا، دولقۇنى ئويناق، ئاقمايدۇ ئەمدى يەنە تولغىنىپ. ئۆتۈن تىرىلدى، ئىچەر سۇيىدىن، كەتتى كەلمەسكە كۆڭلەر قوغلىنىپ. * ② هوشىغا كەلمەك، هەرىكەت قىلىشقا باشلىماق (ئۆلدى دەپ قارالغان جانلىق هەققىدە): ئۈچ كۈن ئۆلۈكتەك كۆزىنى ئاچماي ياتقان بەندە نېمىدىندۇر كۆزىنى ئېچىپ ـ تىرىلىپ، بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەشكە باشلىدى. ③ قايتىدىن كۆكىرىپ، ياشارماق: گۈلگە سۇ قۇيۇپ بىر ئاز سايىدا قويۇۋىدىم، خېلى تىرىلدى. ④ كۆچمە. قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقماق، پەيدا بولماق: بەزى كادىرلاردىكى «مەسئۇلىيەتنى ئائىلىلەرگىچە كۆتۈرە بېرىۋەتسەك، كاپىتالىزم تىرىلىپ قالارمىكىن؟!» دېگەنگە ئوخشاش ئەندىشىلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، يېڭى سىياسەتنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

**تىرىليون** سان [ر<فران] مىڭ مىليارد.

**تىرىمەك** پ ① نەرسىنى بىرەر هالەتتە يۆلەپ، كۆتۈرۈپ، تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن باشقا بىر نەرسىنى تىرەپ قويماق: قوشنىمىز سەل قىيسايغان ئارا تامغا چوڭ بىر بالا ياغاچنى تىرەپ قويغانىكەن. * بىنانى ئايلاندۇرۇپ پىشايۋان چېتىگە تىرەپ تىكلەنگەن يوغان، ئېگىز، قىزىل تۈۋرۈكلەر تۆت تەرەپتىن بىنانى كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ② بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە تەگكۈزمەك: ئالماس لەيلىگۈل بىلەن مۈرىلىرىنى بىر-بىرىگە تىرىگەن هالدا شەهەر كوچىسىنى بويلاپ، ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى. * شەهەرلەر بۆلەكچە تاپتى سەلتەنەت، رەتمۇرەت كوچىلار شاهمانتقا ئوخشاش. هەيۋەتلىك بىنالار كۆركەم كۆپ قەۋەت، تىرىدى گويىكى بۇلۇتلارغا باش.

**تىرىياق** ئى [ئە<گرېك] يېز ت. زەهەر قايتۇرغۇچى دورا: زەهەرلىك يىلان چاققان كىشىلىكلەرگە تىبابىتىمىزدە قەدىمدىن تارتىپ تىرىياق بېرىلىدۇ.

**تىز** ئى ① پۇتنىڭ پۈكۈلىدىغان، يوتا بىلەن شىراق تۇتاشقان جاينىڭ ئالدىنقى قىسمى: بۇغراخان ئۆلۈك تىزىنى قوچقارنىڭ قورسىقىغا قويۇپ، ئۇمشۇقىدىن تۇتۇپ بېشىنى كەينىگە قايرىدى ـ دە، «بىسمىللا، ئاللاهۇئەكبەر» دەپ قوچقارنىڭ بوغۇزىغا پىچاق ئۇردى. * مۇهەممەت بەش ياش چاغلىرىدا مومىسىنىڭ تىزىدا ئولتۇرۇپ «كەلىمە تەييىبە»نى يادلاپ بەرگەندە، خېلىچە مخان ئاچا «مېنىڭ بۇ بالام ئەۋلىيا بولىدۇ» دەپ ماختانغانىدى. ② ئىشتان، شىم قاتارلىقلارنىڭ تىزنى قاپلاپ تۇرغان قىسمى: ئىشتاننىڭ تىزى

يىرتىلىپ كەتتى.

**تىز پۇكمەك** ① تىزىنى پۇكۇپ، يەرگە تىرەپ قەددىنى پەسلىمەك، ئېگىلمەك: كىشىلەر تىز پۇكۇپ گۈللۈكلەرگە سۇ قويغاندا، يۈرىكىڭ ياشارغاندەك بولغاندۇ. * مۇنداق پەشمەت مەرتىۋە جەھەتتىن خاندىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىر-ۋۇزۇرالارغا خاس بولۇپ، ئۇنى كىيگەن كىشىنى كۆرگەندە، ھەرقانداق ئەمەلدارنىڭ تىز پۇكۇپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈشى، يۇقىرا بولسا، باش قويۇپ قۇللۇق بىلدۈرۈشى شەرت ئىدى. ② كۆچمە. باش ئەگمەك، بويسۇنماق، تەسلىم بولماق: مەۋلانىنىڭ «كەلگۈسى» توغرىسىدىكى ئاجايىپ رىۋايەتلىرى ئالدىدا، رۇقىيەم ئاخىر تىز پۈكتى. * كىشىلىك قەدرىنى يەرگە ئۇرۇپ، زورلۇقتا تىز پۇكۇپ، ياشاشتىن قۇل بولۇپ ئارتۇق ئاھانەت بارمۇ ئىنسانغا.

**تىز تارتقۇ** بۆشۈككە سېلىنغان بوۋاقنىڭ پۇتىنى كۆرپە بىلەن يۆگەپ، ئۈستىنى تاڭىدىغان، يىپ باغلانغان ئۇزۇن لاتا؛ بېزىندە.

**تىز چۆكمەك** ① تىزلىنىپ ئولتۇرماق: ھېلىقى كىشىلەرمۇ قەبرە يېنىغا كېلىپ گەپ-سۆزسىز تىز چۆكۈشتى-دە، بەزىلىرى ئېسەدەپ، بەزىلىرى بولسا ئۈنسىز ھالدا ياش تۆكۈشتى. * جاكارچى كېلىپ ۋەزىرگە سالام بېرىپتۇ، تەزىم قىلىپ تىز چۆكۈپتۇ. ② كۆچمە. بويۇن ئەگمەك، تەسلىم بولماق، تىز پۇكمەك: ـ پۇل يەتمەيدۇ دەپ ياغىغا تىز چۆكۈش كېرەكمۇ؟ ـ دېدى ئوردۇ ئاغىسى بارس بەگ، ـ پۇلنىمۇ تېپىش كېرەك، جەڭمۇ قىلىش كېرەك.

**تىزدا يېرىم** يېرىمىغىمۇ يەتمەيدىغان، مۆلچەردىكىدىن جىق كەم: ئۇنىڭ توي تەييارلىقى تېخى تىزدا يېرىم تۇرىدۇ.

**تىزىنى قۇچاقلاپ ئۆتمەك** يالغۇز ياشىماق، بويتاق ئۆتمەك: بىر-ئىككى توخۇنى ئاددىي چاغلىما، بىر يىلدا نەچچە يۈز تۇخۇم بېرىدىغانلىقىنى ھېسابلا، ھەممىسى پۇل. ئاندىن ئۆي-ئوچاقلىق بولمەن، ئۆمۈر بويى تىزىنى قۇچاقلاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ دەپ ئويلامسەن؟

**تىزىنى قۇچاقلاپ ياتماق** يالغۇز، خوتۇنسىز ياتماق.

**تىز ياغىچى** جۇۋازنى توختاتقاندا، قايچىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن قويۇلىدىغان تىرەك ياغاچ.

**تىزاپ** ئى [پ] بوياقلارنىڭ تالالارغا يېپىشىشىغا ياردەم بېرىدىغان ۋاستىچى ماددا. كۆپرەك قوللىنىدىغانلىرى ئاليۇمىن تۇزى، خروم تۇزى ۋە تانىنات كىسلاتاسى قاتارلىقلار.

**تىزباسقۇ** ئى [تىز+باسقۇ] دىئال. تويدا قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە يېقىن تۇغقانلىرىغا قويۇلىدىغان نەرسە.

**تىزدۇرماق** «تىزماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ «ئۇنسۇرلار» نىڭ ئىچىدىن بىرقانچە ئادەمنى تاللاپ، يېڭى چېپىلغان ئۆستەڭگە تاش تىزدۇرۇۋاتاتتى.

**تىزدۇرۇشماق** «تىزدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تىزدۇرۇلماق** «تىزدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تىزغا** ئى <بوت> چايان ئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقىنىڭ ئۇزۇن سېپى بولىدۇ، گۈلى سارغۇچ يېشىل رەڭدە ئېچىلىدۇ؛ يەر ئاستىدا شار شەكلىدىكى ئاق رەڭلىك كىچىك تۈگۈنەك غولى بولۇپ، دورا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن يۆتەلنى توختىتىش، بەلغەمنى بوشىتىش ۋە سەپرانى توختىتىش دورىلىرىنى ياساشقا بولىدۇ.

**تىزگاھ** ئى [پ] ھەر خىل تاۋارلار تىزىپ

قويۇلىدىغان جاھاز: ئۇ ھاسراپ-ھۆمۈدەپ دۇكانغا كىرگەندە، زۇمرەت تىزگاھتىكى ئالتۇن چاچلىق قورچاقتا بويىنىنى قىسقان ھالدا قاراپ تۇراتتى. * ئەزىز ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ھاكىم تىزگاھ ئالدىغا كەلدى-دە، تىزگاھتىكى ھاراقلارغا كۆز يۈگۈرتتى.

**تىزگىن** ئى ① يۈگەننىڭ ئېغىزدۇرۇق ھالقىسىغا چېتىلغان، ئات-ئۇلاغلارنى يېتىلەش، قاڭتۇرۇشقا ئىشلىتىدىغان ئۇزۇن تاسما: ئالماس قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك، ئاستىدىكى بوز ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئىتتىك تارتىپ، كۈمۈش رەڭ سۆلار شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئېرىقنىڭ نېرىقى چېتىدىكى تېمى يوق ئۆرۈكلۈك باغقا قارىدى. ② كۆچمە. باشقۇرۇش، ئىدارە قىلىش ۋاستىلىرى: مەتقاسىم بىر قوي ئۆلتۈرۈپ قىلىنغان بىر ئاخشاملىق زىياپەتتىن كېيىنلا، سەي دۈيىنىڭ تىزگىنىنى پۈتۈنلەي قولىغا ئالدى.

**تىزگىن سالماق** ئىدارە قىلماق، تىزگىنلىمەك: كۆڭۈلنى مەيلىگە قويما، تۇتۇپ پۈرسەتنى تىزگىن سال، تۆكۈلگەن تامچە تېرىكىدىن قىزىل چوغلۇق ئۈنەر بىلسەڭ.

**تىزگىن سىيرىماق** بېشىنى ئالدىغا سىلكىپ، تىزگىنىنى تارتىپ چاپماق: تىزگىن سىيرىپ چاپىدۇ، قىزىنىڭ ئېتى ئاستىدا. بۆركۈت ئوخشاش قونۇپتۇ، يىگىتمۇ ئاق قاشقىغا.

**تىزگىنىنى باشقىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويماق** باشقىلارنىڭ ئىدارە قىلىشىغا، باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتمەك؛ ئەركىنى قولدىن بەرمەك: شۇنداق ئىكەن، مەن نېمىشقا ئۆز تىزگىنىمنى باشقىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدىكەنمەن، نېمىشقا ئۆز رولۇمنى ئاز-تولا جارى قىلمايدىكەنمەن.

**تىزگىنىنى تارتماق** ئاگاھلاندۇرۇپ توغرا يولغا سالماق؛ ئالدىراپ كەتكەن قەدىمىنى ئاستىلىتىپ قويماق: شۇنداق. بالامغا پات-پات تەربىيە بېرىپ، تىزگىنىنى تارتىپ تۇرمىسام، ئاسانلا قىڭغىر يولغا كىرىپ قالىدۇ.

**تىزگىنىنى تۇتماق** باشقۇرۇش، ئىدارە قىلىش ئىشلىرىنى كونترول قىلىپ تۇرماق: ئابدۇللا داموللام بولسا، خەلق ئىچىدە پاناھلىنىدۇ ۋە پۈتۈن ئىشمىزنىڭ تىزگىنىنى تۇتىدۇ. * تىزگىنلەرنى تۇتقۇزماستىن كېتىسلەر، باشلىقىمنىڭ باغرىنى كاۋاپ ئېتىسلەر.

**تىزگىنىنى چىڭتماق** باشقۇرۇشنى كۈچەيتمەك.

**تىزگىنىنى قولغا ئالماق** باشقۇرۇش، ئىدارە قىلىش ئىشلىرىنى، ئۆز ئەركىنى قولغا ئالماق.

**تىزگىنىنى قويۇۋەتمەك** ئۆز ئەركىگە، مەيلىگە قويۇۋەتمەك: ھازىر تىزگىنىنى قويۇۋەتكەندەك قىلغان بىلەن، يولى كەلگەندە يامان ئىشنىڭ ھامان سورىقى بولىدۇ.

**تىزگىنسىز** سۈپ ← **يۈگەنسىز**: تىزگىنسىز قاش دەرياسى ئەسىرلەردىن بېرى توسۇن ئارغىماقتەك چاپچىپ، ئۆز مەيلىچە ئاققاندى. مانا ھازىر ئۇ تۆپىلىكتىكى ئۆستەڭگە بۇراپ چىقىرىلىدۇ. * كۆڭۈل دېگەن تىزگىنسىز، باشلار سىنى ھەر ياققا مەپتۇن بولما ئۇرۇنسىز، قۇرۇق شۆھرەت، ئاتاققا.

**تىزگىنلەنمەك** «تىزگىنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تىزگىنلەش** ① «تىزگىنلىمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② <ئېل> ئېلېكتىر ماگنىت دولقۇنىنىڭ تەۋرىنىش ئامپلىتۇدىسى، چاستوتىسى ياكى ئىمپۇلسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىق مەلۇماتلىرىنى، يەتكۈزۈپ بەرمەكچى بولغان بەلگىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىش جەريانى.

**تىزگىنلەشمەك** «تىزگىنلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تىزگىنلەنمەك** «تىزگىنلىمەك» پېئىلىنىڭ

مەجھۇل دەرىجىسى: باغلار ھۆددىگە بېرىلدى، نەچچە يىللاردىن بۇيان قوشباغنى بوزەك قىلغان ھاشارات ئاپتى تىزگىنلەندى.

**تىزگىنلىمەك** پ ① ئۇلاغلارنى تىزگىن بىلەن باغلىماق، باشقۇرماق. ② كۆچمە. ئۆز دائىرىسىدە باشقۇرماق، ئىدارە قىلماق، كونترول قىلماق: ئۇ قەيەردە قول سانائەتنى تىزگىنلىۋالسا، شۇ يەردە كونا قول سانائەتنى يوقاتتى. * ئۇ ئۆزىنى زورغا تەمكىن تۇتۇپ، ئەتراپىدىكى نەچچە ئون ئاپپاراتقا كۆز يۈگۈرتتى. ئاجىز ئېلېكترلىك ھېسابلاش ماشىنىلىرى تىزگىنلەپ تۇرغان بۇ ئاپپاراتلاردىكى نەچچە يۈز يېشىل چىراغ بىراقلا ياندى. ③ مەلۇم چەكتىكى ھالەتنى ۋە نورماللىقنى ساقلاپ قالماق: نوپۇسنى تىزگىنلىمەك. تۇپراق نەملىكىنى تىزگىنلىمەك. * ياشلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىلا ھېسسىياتىنى تىزگىنلەش قابىلىيىتى كۈچەيگەن بولىدۇ. * ئۇنىڭ تەن-تېنىگە سىڭىپ كەتكەن گۈزەل ئەخلاق، ھايا ۋە تاقەت بۇ توسۇن تۇيغۇنى تىزگىنلىدى. ④ مەلۇم ھالەتنىڭ كۆپىيىپ، كېڭىيىپ زىيان سېلىشىنى توسماق، چەكلىمەك: قۇمنى تىزگىنلىمەك. ئاپەتنى تىزگىنلىمەك. شورنى تىزگىنلىمەك. * قارىغاندا، چولڭ بوزلۇقتىكى زەيىنى تىزگىنلەش — پۈتۈن گۈڭشېغا ئالاقىدار ئىش ئىكەن. ⑤ خالىغانچە ھەرىكەت قىلالمايدىغان ھالدا كونترول قىلماق، چەكلىمەك، توسماق: ئورمانچىلىق دۆيى پىلانىنىڭ سىرتىدا ئورمان كېسىشنى قاتتىق تىزگىنلىدى. * ئېلىپ كەلگەچ يۈزلىگەن يان تاياقنى، تىزگىنلىدى پەم بىلەن ھەممە ياقنى. بەزى بەگنى ئاستى ئۇ پىرقىرىتىپ، بەزىسىنى ئۇردى ھەم چىرقىرىتىپ.

**تىزلاپچا** ئى. يىز ت. تىزنى ئاسراش ئۈچۈن رەختتىن ئىشلەنگەن ياكى توقۇلغان بۇيۇم؛ تىزلىق: ھەممە خەق چىگىشكەن قىزىل بوغمىچە، بويىنغا كىيىشكەن سىپتا تون-لىمچا. كادانىدەك بىلىنى مەھكەم-چىڭ باغلاپ، خادا پاچاقلىرىغا تاڭغان تىزلاپچا.

**تىزلاتماق** «تىزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تىزلاشماق** «تىزلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تىزلاق** ئى. پۇتقا سالىدىغان بىر خىل جازا قورالى؛ زىندان تېمى ئېگىز ئىكەن، چۆرىسى چىتلاق. سەن يارىمنى كۆرەي دېسەم، پۇتۇمدا تىزلاق.

**تىزلاندۇرماق** «تىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قىيىن-قىستاق باشلاندى! قۇبدۇن تىلىۋالدىنىڭ ئىككى قولىنى گەجگىسىگە يەتكۈزۈپ باغلىدى-دە، ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ، تىزلاندۇرۇپ قويدى.

**تىزلاندۇرۇشماق** «تىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەتراپى قاشالانغان قانلىق مەيدانىدا، ۋە ئۇندا كولانغان خەندەك يېنىدا؛ جاللاتلار ئۈزۈگۈمنى تىزلاندۇرۇشتى، جامائەتنى جىم بولۇشقا ئاگاھلاندۇرۇشتى.

**تىزلاندۇرۇلماق** «تىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھايت-ھۇيت دېگۈچە نەيزىلىك سەككىز مىلتىقلىق ئۇلارنى ھەيۋەت بىلەن ئوتتۇرىغا ئېلىپ كىردى. بۇ ئىككىسى «بىزنى دۈشمەن بار يەرگە قەستەن باشلاپ كەلدى» دېگەن جىنايەت بىلەن تىزلاندۇرۇلۇپ، قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلاندى.

**تىزلانماق** ① «تىزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۈنۈگۈنكى ماجىرادا بىقىنلىرى تىزلانغانلىقتىن، نەپەس ئېلىشى تەسلەشكەن گۈلنىسا بىر يەردە تۈگۈلۈپ ياتتى. ② تىزىنى پۈكۈپ، پەللىكىنى ئىككى تېقىمىغا قويۇپ ئولتۇرماق: ئۇ غەيۇر شاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ شەھەر شاھىنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپتۇ ۋە تىزلىنىپ شاھقا تەزىم قىلىپتۇ. * باياتىن بېرى ھېچنېمىگە قارىماي، ھارۋىنىڭ شوتىسى بىلەن ھەپىلىشىپ تۇرغان

چېرىكلەر چۆچۈپ كەتتى، بەزىلىرى دەرھال قولىنى كۆتۈردى، بەزىلىرى يەرگە تىزلاندى. * – بالام! – مەتروزى يۈگۈرۈپ بېرىپ ئوغلىنىڭ يېنىدا تىزلاندى-دە، ئۇنىڭ بېشىنى تىزىغا ئالدى. ③ بىر پۇتى بىلەن يۈكۈنۈپ، يەنە بىر پۇتىنىڭ تىزىنى تىكلىمەك: تىزلىنىپ ئولتۇرماق. * تىزلىنىپ ئولتۇرسا، 20 كىشى بۇ ئۆيگە ئاران پاتار. * تۇراپ مانا شۇ كاتەكتىن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ تۇخۇم ئېلىۋاتاتتى.

**تىزلىق** ئى ① تىزلىنىپ ئولتۇرغاندا، تىزنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن تىزنىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان يۇمشاق، قېلىن تۆشەك: خان ھەمراھلىرى بىلەن ساكىيامۇنىنىڭ ئالدىدا يەرگە سېلىپ قويۇلغان تىزلىققا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئاۋۋال سەجدە قىلدى. ② تىزنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن تىزغا كىيدۈرۈلىدىغان، توقۇلغان ياكى رەختتىن تىكىلگەن بۇيۇم؛ تىزلاپچا: ئۇنىڭ پۇتى كېسىلگەندىن كېيىن تىزلىق كىيىپ، تىزى بىلەن ماڭدى.

**تىزلىماق** پ. تىزى بىلەن نىقتىماق، تىزى بىلەن باسماق: باتۇرخان ئۇنىڭ پۇتلىرىدىن كاپپىدە ئېلىپ، يىرىمى پەنجىرىنىڭ تېشىغا چىققان «ئىمام» نى كەينىچە سۆرەپ تارتىۋالدى ۋە ئۇرۇپ يەرگە دۈم ياتقۇزدى، دۈمبىسىگە تىزلاپ تۇرۇپ، قوللىرىنى ئارقىسىغا قايرىپ، تامغا ئېسىلغان ئۇزۇن ماتا لۆڭگە بىلەن قاتتىق باغلىدى.

**تىزما** سۈپ. يانمۇيان تىزىلغان: سۇ ئامبىرى ئوتتۇرىسى كەڭ، ئاياغ تەرىپى تارايغان ئىككى تىزما تاغنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان. * چوققىدا ئۇنىڭ تىزما ئۆۋسى بار، تاغ گۈلى كۆرپىسىدۇر، يوتقىنى قار. بۈگۈن ھاۋا ئوچۇق، تازا ئىدى. بوغدا چوققىسى ۋە ئۇنىڭ بىپايان تىزمىلىرى قۇياش نۇرىدا ئالماستەك يالتىراپ، چاقناپ تۇراتتى.

**تىزماق** I ① ئى. يىپقا ئۆتكۈزۈپ تىزىلغان نەرسە: تىزماق تىزماق. * سۆزلەر ئالمىچىنىڭ ئاغزىدىن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تىزماق مېغىزدەك تىزىلىپ چىقاتتى. ② مق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ، تىزىق ھالىتىدىكى مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: بىر تىزماق مېغىز.

**تىزماق** II پ ① يىپ، سىم قاتارلىق نەرسىلەرگە ئۆتكۈزۈپ تىزىق ھالىتىگە كەلتۈرمەك: ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى تۈۋرۈككە، بىر يىپقا تىزىلغان مىس داچەن ئېسىقلىق تۇراتتى. * ئۈنچىنى مارجانغا تىزدىم، چىن سەدەپ بولغايمۇ دەپ. چىن كۆڭلۈمنى سىزگە بەردىم، مېھرىبان بولغايمۇ دەپ. ② كىشىلەر ياكى نەرسىلەرنى قاتار، يانمۇيان قىلىپ مەلۇم تەرتىپتە ئورۇنلاشتۇرماق: لۇتپۇللا كېلىپ خېلىغىچە قايسى توپقا قوشۇلۇشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. كېيىن ئۇنى تىزىمغا ئالغان ھېلىقى ئايال مۇئەللىم قولىدىن يېتىلەپ بېرىپ، بىر توپ بالىلارغا تونۇشتۇردى-دە، ئۇلارنى رەتكە تىزدى. * ئادەتتە سۈت ئالىدىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ سۈت قاچىلىرىنى كەچتە ئۇنىڭ بوتكىسىنىڭ ئالدىغا تىزىپ قويۇشىدىكەن. ③ تاللاپ، تۈزەشتۈرۈپ دەستە ھالىتىگە كەلتۈرمەك: سىڭلىم شۇ چاغ شادلىقتىن، سۆزلەپ كەتتى توختىماي: – تىزدىم ئاكا، بۇ گۈلنى، باغ ئىچىدىن چارچىماي. ④ ھەربىرىنى مۇناسىپ، تېگىشلىك ئورۇنغا قويماق، جايلاشتۇرماق: ھەرپ تىزماق. * يالتىراق قارا كۆزلۈك بىر كىشىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ باش تەرىپى ئالدىدا ئىككى-ئۈچ مەھبۇس پاكىز ياكى قاتارمۇ، ئىشقىلىپ، بىر تاختىچاققا ئۇرۇق تىزىۋاتاتتى. * ئايئاق پەرتۇق تارتىۋالغان دىلەيسا پۈتۈن بەدىنىنى مۇزىكىغا ماسلاشتۇرغان. ھالدا كېپىنەكتەك پىرقىراپ، ئۇستەلگە نەرسە-كېرەكلەرنى تىزماقتا ئىدى. ⑤ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىرىنى ئۈزلۈكسىز كەلتۈرمەك، جايلاشتۇرماق: ياللا قىزىم، شۇنچە گەپ-سۆزلەرنى تىزىپ چىققۇچە مېڭەڭ قانداقمۇ چىدىغاندۇ؟ * ئاشىق بولغاندەك نۇرغا پەرۋانە، مەنمۇ ئۆزۈمنى ئاتىمەن نۇرغا. يالقۇنلۇق شائىر ل. مۇتەللىپتەك، مىسرالار تىزغىن جەڭگىۋار قۇرغا.

**تىزىشماق** «تىزماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەنمۇ سىزنى ئۇنتۇمىدىم ـ يادىمدا، بىر شاختىكى قوش ئالمىدەك يۈرگەن چاغ. گۈل تاشلىشىپ، گۈل دەستىلەر تىزىشىپ، قولتۇقلىشىپ كۆككۆل ئاچقان گۈزەل باغ.

**تىزىق** ① سۈپ. بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، تىزىلغان: ئۈمىدىم ئۈزۈلگەن سەندىن ھەي كاززاپ! يادىڭدا قىلمىشىڭ تارىخى تىزىق. ② ئى. يىپ قاتارلىق نەرسىلەرگە ئۆتكۈزۈلگەن نەرسىنىڭ ھەربىر بۆلىكى: مارجاننىڭ تىزىقى بەك ئۇزۇن بولۇپ كېتىپتۇ. * ئۇلارنىڭ قارىسى يوقالماستىنلا كېلىۋاتقان پىيادە ئەسكەرلەر، ئوق-دورا، ئوزۇق-تۈلۈك توشۇغۇچى ھارۋىلار، ئېشەكلەر توپى، قاتار-قاتار تۆگە تىزىقلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ③ ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ، تىزىق ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر تىزىق مارجان. * ئۆتەك خوجايىنى بىر تىزىق پىلىكنى مايلىشىپ كەتكەن چويۇن چىراغقا سېلىپ، يېقىپ قويدى. * پاناق باشلىق ھجاراپ ئاڭا كۆز سالدى، ھەميانىغا بىر تىزىق تىللانى ئالدى. سولان ئېلىكىگە ئۆتتى نۇزۇك تەقدىرى، مانان قوينىغا چۆكتى كۆككۆل پەنجىرى.

**تىزىقچە** سۈپ. كىچىك تىزىق.

**تىزىقلىق** سۈپ. تىزىپ، رەتلەپ ئورۇن- لاشتۇرۇلغان؛ تىزىپ قويۇلغان، تىزىلغان: ئۇ قورقۇنچنى بېسىش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇماقچى بولۇپ، كىتاب جازىسىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە تىزىقلىق كىتابلاردىن بىرىنى ئالاي دەپ قولىنى سوزغاندا، كۆزى كىتابلارنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويۇلغان كونۋېرتقا چۈشتى. * پېشايۋان ئاستىدىكى ئېرىق بويىدا، قاچىدا ئۆستۈرۈلگەن رەڭگارەڭ گۈللەر تىزىقلىق تۇراتتى.

**تىزىلدۇرماق** «تىزىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆتكەن ھەپتە ئابلىز مۇئەللىم سىنىپىدىكى بالىلارنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنى شەھەرلىك 1-دوختۇرخانىغا تىزىلدۇرۇپ ئاپاردى.

**تىزىلماق** ① «تىزماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: غېرىب بىلەن شاھى ئابباس ۋە نۆكەرلەر رولىنى ئالغان ئارتىسلار كۈلۈپ ئالدىغا تىزىلىپ، خەلقنىڭ كۈلۈپقا كىرىشىلىشىغا يول ھازىرلاپ بەردى. ② «تىزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى گىردە ناندەك قىزارغان، بۇرنىنىڭ ئۈچىدا گۈل ئۈستىدىكى ئۈششاق شەبنەم دانىلىرىدەك تەر تامچىلىرى تىزىلىپ تۇراتتى. ③ كۆچمە. كۆز ئالدىدا گەۋدىلەنمەك: سابىرنىڭ كۆز ئالدىدىن نىياز قۇربانىنىڭ بەش بارماقتەك ئېنىق بولغان تارىخى تىزىلىپ ئۆتتى. * ئەختەمگە ئايسخاننىڭ ئەلمى ئۆتۈپ كەتكەندى، گۈلچەمخان چوڭ ئانا خالىس خىزمەت قىلىپ، زىلەي بىلەن يارىشىش توغرىسىدا گەپ ئاچقاندا، ئىلگىرىكى بىر قاتار ئىشلار خىيالىدىن تىزىلىپ ئۆتتى.

**تىزىلىشماق** «تىزىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بالىلارغا خاس قىلىپ ياسالغان پاكار ئۈستەل ئەتراپىدىكى كىچىك ئورۇندۇقلاردا، ئۇلار قاتار تىزىلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

**تىزىم** ئى. ئادەم ۋە شەيئىلەرنىڭ ئىسمى، مىقدارى ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرى قۇرمۇقۇر، رەتلىك تىزىلغان يازما مەلۇمات، جەدۋەل: ھەرقايسى دۆلەتلەردىن سۆزلىگۈچىلەر بەلگىلەنگەن. ئاسمىنىڭ قولىدا تىزىم بار. ئۇ تىزىمغا قاراپ ئولتۇرمىدى، ئاغزىغا كىمنىڭ ئىسمى كەلسە شۇنى ئېلان قىلدى. * سىز تويلۇقنى جەزمەن تىزىم بويىچە قايتۇرۇپ كېلىڭ.

**تىزىمغا ئالماق** تىزىم تەركىبىگە كىرگۈزۈپ يازماق؛ تىزىملىماق: ئايجامال ياش ئوقۇتقۇچىنىڭ يېنىغا كېلىپ: ـ ماۋۇ بالىنى تىزىمغا ئېلىپ قويسىلا، سىلىنىڭ سىنىپتا ئوقۇسۇن، ـ دېدى.

**تىزىملاتماق** «تىزىملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇ قاتاردا سۈپىتايمۇ مىللىي ئارمىيەگە كىرىش ئۈچۈن ئۆزىنى تىزىملاتتى

ۋە بۇ ئۇلۇغ ئىشنى ئانىسىغا مەلۇم قىلدى.

**تىزىملاشماق** «تىزىملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئوقۇتقۇچىلار دەرستىن كېيىن ئائىلىلەرگە بېرىپ، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، بىرمۇبىر تىزىملاشتى.

**تىزىملانماق** «تىزىملىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: بۇندا مەقسەت ئايانكى جەڭ بولغۇسى، هەم دەهشەتلىك، كۆلىمى كەڭ بولغۇسى. تىزىملاندى جايلاردىن پۈتۈن ئەرلەر، قالدى ئايال، بالىلار، مۈتىۋەرلەر.

**تىزىملىك** ئى. تىزىم يېزىلغان قەغەز، دەپتەر، خاتىرە: قولىمىزدىكى رۇيخەتىكىلەردىن سىرت، لۈتپۇللاغا يېقىدىن ئەگەشكەنلەرنىڭ تىزىملىكىنى ئال. * بىر ساندۇقنى ئېچىۋىدى، بىر دەپتەر چىقتى، ئۇ خەزىنىدىكى بايلىقنىڭ تىزىملىكى ئىدى.

**تىزىملىماق** پ. ئادەم ۋە شەيئىلەرنىڭ ئىسمى، مىقدارى ۋە مۇناسىۋەتلىك تەرەپ-لىرىنى رەتلىك قىلىپ يازماق ياكى جەدۋەلگە ئورۇنلاشتۇرماق: نۇردۇن ئاكا مېنىمۇ تىزىملاپ قويغىن، كىتابتا دېيىلگەنلەرنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلاپ كېتەي.

**تىغ** ئى ① قىلىچ، خەنجەر، پىچاق، نەيزە قاتارلىق پولات-تۆمۈردىن سوقۇلغان ئەسۋابلارنىڭ ئومۇمىي نامى: — هەي بوۋا، بۇ خىيالىڭدىن ۋاز كەچكىن، بىر كۈن بولسىمۇ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ، تىرىكچىلىك قىلغىنىڭ غەنىيمەت ئەمەسمۇ؟ ئاشقلىقنىڭ دەۋاسىنى قويغىن! مەلىكىنىڭ تىغىدا ناهەق ئۆلمىگىن، — دەپتۇ. ئەمما بوۋاي زادىلا ئۇنىماپتۇ. * ئاتامىمۇ شۇ سەپتە بىر جەڭچى ئۇ چاغ، قەلبى ئۈپىرىماس ئۆتكۈر تىغ ئىدى. ئېلىسىنىڭ ئوقىدىن ..ە تاتۇق، قالدى-يۇ، بىر قېتىم تالدىم دېمىدى. ..ەرلۈك قورال، هەر خىل ئەسۋاب، ..ئۇسكۈنىلەرنىڭ كەسكۈچى قىسمى، ساۋۇت گويا خېلى پىشقان ئۇستىلاردەك، ..رگەن رەندىنىڭ يۈزىگە بىر كۆزىنى قىسىپ ئۇزاق قارىدى ۋە بولقا بىلەن تىغىنىڭ كەينىگە بىر-ئىككىنى ئۇرۇپ قويۇپ، ئالدىرىماي رەندە سىلىشقا باشلىدى. * — كېلىڭ مۇرات، — دېدى قىز توختىماي هەرىكەتلىنىۋاتقان پولات تىغدىن كۆزىنى ئالماي. ③ كۆچمە. ئىش-هەرىكەت، پائالىيەت، گەپ-سۆز، ماقالە، ئەسەر قاتارلىقلارنىڭ يوشۇرۇن هۇجۇم قىلىش، زەربە بېرىش خاراكتېرىنى ئالغان ئاساسىي، مۇهىم نۇقتىسى: ئەخمەتجان قاسىمى ناهايىتى ئېنىق قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تىغ ئۇچى مەيلى قايسى مىللەتتىن بولسۇن، ئەكسىيەتچىلەرگە، ئىستىبدات هۆكۈمەت تەرەپدارلىرىغا قارىتىلغانلىقىنى كۆرسەتكەن. * 20 يىلدىن بېرى بۇ يېڭى مەدەنىيەت قوشۇنىنىڭ تىغى قارىتىلغان هەممىلا جايدا، ئىدىيىدىن تارتىپ شەكىلگىچە ناهايىتى زور ئىنقىلاب كۆتۈرۈلمەي قالمىدى. ④ كۆچمە. يالغۇز، يېگانە، تەنها: — قاسىم ئاكا، يالغۇز تۇرامسىز؟ — هەئە، — دېدى ئۇ داستىخان سېلىۋېتىپ، — خوتۇن-بالىلىرىم تۇرپاندا، هازىر مەنمۇ سىزدەك تىغ جان، ئەمدى ياخشى بولدى، ئىككىمىز بىللە تۇرساق، كۆڭۈللۈكرەك بولىدۇ. * خەت، بېيىتتىن نۇر ئېلىپ ئۇ ئەقلىگە، نەي بىلەن راهەت تاپاتتى كۆڭلىگە. يېشىمۇ يىگىرمىگە توشتى ئۇنىڭ، تىغ يېتىملىك دەردىمۇ ئاشتى ئۇنىڭ.

**تىغ ئالماق** ← **تىغ كۆتۈرمەك**: ئەمما، ۋاڭ-غوجىلارنىڭ كۆڭلى قارا تاشتىنمۇ قاتتىق ئىكەن. بىز شۇنى بىلىپ قولىمىزغا تىغ ئالدۇق. * شۇ ئۇرۇقتىن كەلدى ئۇلۇغ كومپارتىيە، جەڭگە ئاتلاندى قوشۇن زۇلمەتكە قارشى تىغ ئېلىپ.

**تىغ تارتماق** تىغ كۆتۈرمەك: شۇ سۇدا قاپتىمۇ ئاناڭ سۈرىتى، كۆردۈڭمۇ قاشتا يا ئاتاڭ ئىزىنى؟ دوستلىرىڭ ئات مىنىپ تىغ تارتىپ ئۆتكەن، يارلىقلار تارتتىمۇ قەلبىڭ كۆزىنى؟

**تىغ تەگكۈزمەك** بىرەر ئەسۋاب، قورال بىلەن كەسمەك: هېلىقى قاچقۇن ئاتنىڭ ئالدىدا بىردەم يۈگۈرگەن بولسىمۇ، پالۋان تىغ تەگكۈزمەستىن

پالاقىدە يېقىلدى.

**تىغ تەگمىگەن** ① بىرەر ئەسۋاب، قورال تەگمىگەن؛ بىجىرىم. ② كۆچمە. ھېچ نەرسە چېقىلمىغان، پاك: ئۇ دائىم مەيدىسىگە ئۇرۇپ: «پۇللا بولسا، تىغ تەگمىگەن قىزدىن نەچچىنى ئالىمىز تېخى» دەپ كۆرەڭلەيتتى.

**تىغ سالماق** بىرەر ئەسۋاب، قورال بىلەن چاپماق، سانجىماق: ئۆزۈم يەككە دۈشمەنلەرگە ئات قويايى، دۈشمەنلەرنىڭ يۈرىكىگە تىغ سالاي؛ تاماشانى كۆرۈڭ شۇندا جەڭ قىلاي، مەندىن ئەمدى غەم قىلمىغىن خالدارخان.

**تىغ سۆڭەككە يەتمەك** ← **پىچاق سۆڭەككە يەتمەك**: تىغ سۆڭەككە يەتمىسە، جاندىن كېچىش ئاسان ئەمەس، ھەر نىچۈك ئاشىق بولاردەك، مەركىزىي ھىجران ئەمەس.

**تىغ كۆتۈرمەك** بىركىمگە سىيلىش ياكى ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن پىچاق، قىلىچ، نەيزە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى قولغا ئالماق، تەڭلىمەك: كىشىگە تىغ كۆتۈرۈش ياخشى ئەمەس. * شۇ يىللاردا مۇشۇ يۇرتتا خەلق زۇلۇمغا قارشى تىغ كۆتۈرۈپ، زۇلمەت بىلەن بىرمەررە ئېلىشتى. لېكىن خەلققە ئىنقىلاب يولىنى يورۇتقۇچى ئەڭگۈشتەر چىراغ يوق ئىدى.

**تىغ ئۈچىنى قاراتماق** ئىش-ھەرىكەت، گەپ-سۆز، ماقالە، ئەسەر قاتارلىقلاردا ھۇجۇم، زەربە بېرىش نۇقتىسىنى توغرىلىماق: كۈرەشنىڭ تىغ ئۈچىنى نىمىگە قارىتىش - بۇ چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىسى.

**تىغ ئۇرماق** ① تىغلىق بىرەر قورال بىلەن چاپماق، سانجىماق: ئالدىدا كۆكسۈمگە ئۇرۇپ تىغىڭنى، قارىسالڭ بولمامتى باشقىغا ئاندىن؟! بۇ كەلگەن دەردلەرگە چىدالماس تۈغلۇق، بىلەمسەن، كەچمەي بۇ قەدىرسىز جاندىن! ② كۆچمە. قاتتىق زەربە بەرمەك: رەھىم قىل يارىڭغا دەپ قالماي دەرىغ، قەلبىم پارچىلانغان، يەنە ئۇرما تىغ.

**تىغ ئىشلەتمەك** تىغلىق ئەسۋاب، قورال-ياراغلارنى ئىشقا سالماق: شاھزادە پەرمان قىلىپتۇكى: - بۇ كېپىنەككە ئوق ئاتماي، تىغ ئىشلەتمەي تىرىك تۇتىمىز، كىمكى كېپىنەكنى تىرىك تۇتۇپ كەلسە، ئىنئام بېرىلىدۇ؛ مۇبادا قاچۇرۇپ قويسا، بېشى ئېلىنىدۇ. * ساقلىنى تاراپتۇ، مەنە بىلەن قاراپتۇ. «قىزىلىم قولنى يىغ» دەپتۇ، «ئىشلەتمەيلى تىغ» دەپتۇ.

**تىغ يالاڭلىماق** ← **تىغ تارتماق**: تىغ يالاڭلاپ چىقتى چولپان يۇلتۇزى، پارە-پارە قىلىپ كۆكسىنى. ئۇنىڭ كۆكنى يارغان نۇرى يورۇتتى، قان ئىچىدە ياتقان قىزنىڭ ھۆسنىنى.

**تىغچى** ئى ① پىچاق، ئۇستىرا قاتارلىق تىغلىق سايمانلارنى سوققۇچى: كەنتىمىزدە ئالماس ئاخۇن دېگەن بىر تىغچى ئۇستام بار ئىدى. ئۇنىڭ پىچاقلىرى ناھايىتى ئۆتكۈر ئىدى. ② ئات-ئۇلاغلارنى تاقىلىغاندا، قىيقىلغان مىخنىڭ ئۇچىنى كېسىدىغان قەلەم.

**تىغچىلىق** ئى. پىچاق، ئۇستىرا قاتارلىق كېسىش سايمانلىرىنى سوقۇش، ياساش كەسپى.

**تىغدەك** ① سۈپ. يالغۇز، يېگانە: ئۇ تولا چاغلاردا مېھرىبانلىق بىلەن باش-كۆزۈمنى سىلاپ تۇرۇپ: «بالام، سەن بىزنىڭ دۇنيالىقتا يالغۇز تىغدەك بىر ئوغلىمىز» دەيتتى. ② سۈپ. ئۇچلۇق، تىك: غەيرەت بولسىلا، تىغدەك چوققىلاردىن ھالقىغىلى بولىدۇ. ③ رەۋ. قاتتىق، شىددەتلىك: جان ساڭا جانان ئۈچۈندۇر، جانسىزغا جانان نە كېرەك. جانىڭ جانانىڭ ئىشقىدا، دۈشمەنگە تىغدەك تەگكۈلۈك.

**تىغسىمان** سۈپ. پىچاق قاتارلىقلارنىڭ تىغ قىسمىغا ئوخشاش: تولغىنىپ ھەيۋەتتە ئۆتتى ئوت يىلان، قارا تۈن باغرىنى ياردى تىغسىمان.

**تىغلاتماق** «تىغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ئۇستىرىنى تىغلىتىپ كەلدىم.

**تىغلاشماق** «تىغلىماق» پېئىلى ②نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىرمەيدان تىغلىشىشتىن كېيىن، موڭغۇل قوشۇنلىرى غەلىبىگە ئېرىشتى. * خىيالىم مىڭىچە دولقۇن ياسايدۇ، ۋە لېكىن ئىسمىنى يىغدىم ئاقىۋەت. ئىككى ئويى ئېڭىمدا ئىككى قىلىچلىق، جەڭچىدەك تىغلىشىپ ىسىنشار ئامەت.

**تىغلىق** سۈپ. ① پىچاق، قىلىچ، نەيزە قاتارلىق ئەسۋابلار بىلەن قوراللانغان، يېنىدا تىغى بار: تىغلىق چەۋەندازلاردىن كېيىن ئوقيالىقلار ئۆتتى. ② تىغى، بىسى بار: ئىككى تىغلىق پىچاق. تىغلىق سايمانلار.

**تىغلىماق** پ. ① بىسىنى چىقارماق، بىسىغا گاڭ باغلىماق: كەكەم بەك گال بولۇپ كېتىپتىكەن، تىغلىتىپ كەلدىم. ② تىغ بىلەن ئۇرماق، تىغ بىلەن زەخمىلەندۈرمەك: مەن كېتەرمەن «تەۋەككۇل» گە باغلاپ، يارى يار دەپ سىنەلىرىمنى داغلاپ. ھىجران ئوقى يۈرەك باغرىمنى تىغلاپ، كېتەر بولدۇم ئانا يۇرتۇم خوش ئەمدى.

**تىغمۇتىغ** ئوچۇق-ئاشكارا، بىۋاستە، ئۇدۇلمۇئۇدۇل؛ دەلمۇدەل: — ھەي بىنومۇس قانخورلار! — قولىنى ئۈستەلگە ئۇرۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى مۇنىرىدىن خوجا، — گومىنداڭچىلارنىڭ چۈشەنچىسىدە خەلقنىڭ ھەممىسلا دۈشمەن، خەلققە ئەمدى ئۇلار بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشىشتىن باشقا ئىستىقبال يولى قالمىدى.

**تىغۋازلىق** ئى. تىغ ئىشلىتىپ ئېلىشىش، تىغ ئوينىتىش پائالىيىتى: ئۇنىڭدىن كېيىن تىغۋازلىق ئىلمىدىن تەلىم ئاپتۇ. بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن شۇنداق بىر باتۇر بولۇپ يېتىشىپتۇكى، غەيرەت-شىجائەتتە يۈز باتۇردىن ئارتۇق ئىكەن.

**تىف** ئى [ر<گرېك] ← **كېزىك.**

**تىقتۇرماق** «تىقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قادىركام ئوغۇللىرىغا تاغارلارغا سامان تىقتۇردى.

**تىقتۇرۇلماق** «تىقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كارىۋات ئاستىغا تىقتۇرۇلغان خالتىلار ئەمدى بىر-بىرلەپ ئېچىلىشقا باشلىدى.

**تىقلىشماق** «تىقلىماق» پېئىلى ①② ④⑤ نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۆۋەن سازلىقتا، سۈيى ئۆلگىيىپ كەتكەن ئۇلۇغ سۇدىكى كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە قاراڭغۇلۇقتا بىرتالاي ئادەم ۋە ئات-ھارۋىلار تىقلىشىپ قېلىپتۇ. * ئۆي-ماكانسىز كىشىلەر چولڭ شەھەرلەردىكى كەمبەغەللەر مەھەللىسىگە تىقلىشتى.

**تىقما** سۈپ. ئىچىگە بىرەر نەرسىنى نىقتاپ، لىق تىقىلغان: تىقما تاغار پاختا.

**تىقما-تىقما** ھەممە يېرى ئادەم، ماشىنا قاتارلىقلار بىلەن تىقلىپ تولۇپ كەتكەن، بوش جايى قالمىغان: ئۈچ كۈندىن كېيىن، يەكشەنبە كۈنى ئۈچ قوينى سېتىپ، تاراقشىپ تۇرغان پۇللارنى سانغىنىچە مال بازىرىدىن قايتىپ چىقىۋاتقان رەپىق ئاكا، بازاردىكى تىقما-تىقما كىشىلەر ئارىسىدا ھەربىر كىشىگە مولۇندەك قاراپ كېلىۋاتقان باخشىنىڭ قارا سېرىق چىرايىنى كۆرۈپ قالدى.

**تىقما-تىقماق** ← تىقما-تىقما: ئىككى دەريا قولتۇقىدىكى ئۈزۈنىسىغا سوزۇلغان ئوتلۇق، يېشىل مەيدان تىقما-تىقماق ئادەملەر بىلەن تولغان، گۈرۈلدىگەن كۈچلۈك ئاۋاز ئىچىدىن ۋارقىرىغان بەزى تۇم، بەزى زىل ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

**تىقما-تىقماق بولماق** بوش ئورۇن قالماي ھەممە يېرى ئادەم، ماشىنا قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن توشۇپ كەتمەك: شۇنىڭ بىلەن ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى تىقما-تىقماق بولۇپ، پۇت قويغۇدەكمۇ ئورۇن قالمىدى.

**تىقما-تىقمىچىلىق** ئادەم، ماشىنا قاتارلىقلار بىلەن لىق تولغان ھالەت، قىستىلاڭچىلىق: ئەمما بۈگۈن ئاخشام كەلگەنلەر شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، تىقما-تىقمىچىلىق ئارىسىغا سىغمىغان كىشىلەردىن بىر بۆلىكى دېرىزە ئۈيۈقچىلىرىغا ۋە ئەسۋاب-ئۈسكۈنە جاۋەنلىرىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇشقانىدى.

**تىقماق** پ ① بىرنەرسىنى يەنە بىرنەرسىنىڭ ئىچىگە، ئارىسىغا ياكى تېگىگە كىرگۈزمەك، سالماق، جايلاشتۇرماق: خاسىيەت ۋەلىلدە قىزاردى. ئورنىدىن تېز تۇرۇپ، ئاۋۋال شېئىر يېزىلغان قەغەزلەرنى ئېلىپ يانچۇقىغا تىقتى. * بالا بۇرنىنى تارتىپ قويۇپ، قولىنى يېڭىنىڭ ئىچىگە تىقتى. * قويۇق قاشلىق، ياپىلاق يۈزلۈك بۇ ئادەم ئاق پەلىينى چىقىرىپ، سېمىز قولىنى سۇغا تىقىپ، تاشلارنى شاراقشىتىپ ئويناشقا باشلىدى. ② بىرنەرسىنىڭ ئاغزىغا، تۆشۈكىگە يەنە بىرنەرسىنى كەپلەپ قويماق: قاپاقنىڭ ئاغزىغا مەدەك تىقماق. بۇرنىغا پاختا تىقماق. * مەنسۇر ئىلگەكتىكى لۆڭگىنى ئەكىلىپ، ئەكبەرنىڭ ئاغزىغا تىقتى. ③ ئۈچلۇق نەرسىنى كۈچ بىلەن سانجىماق، سانجىپ كىرگۈزمەك: چېرىك قاچتى ئىلغا، ئېتىپ چۈشۈردۈم بىلغا. سەكرەپ چۈشۈپ ئېتىمدىن، نەيزە تىقتىم گېلىغا. ④ كۆچمە. بىرەر ئىش، ئەمەل، ئورۇنغا زورمۇزور ئورۇنلاشتۇرماق: — شۇنچە ئوبدان ئوقۇغان بىچارە نېمىشقا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەندۇ دېسەم، ھېلىقى ساقى جۇيجالڭ دېگەن نائەھلى ياسىن ھاكىمنىڭ قىزىنى ھەببەنىڭ ئورنىغا تىقىۋاپتىكەن ئەمەسمۇ!

**تىقىشتۇرماق** پ. پارچە-پۇرات، كېلەڭسىز نەرسىلەرنى يىغىپ-تۆشەپ، بىرنەرسىنىڭ ئىچىگە جايلاشتۇرماق: بەزىلىرى بۇلۇۋالغان كىيىم-كېچەك ۋە رەخت-پۇچەكلەرنى قويۇنلىرىغا تىقىشتۇرۇش بىلەن مەشغۇل ئىدى. * نامان تۈلكە ئورنىدىن قوپىدىغان چاغدا، كۆرپىنىڭ ئاستىغا بىرنەرسىنى تىقىشتۇرغاندەك قىلدى.

**تىقىشتۇرۇلماق** «تىقىشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مالىيە بۆلۈمدىكىلەر پۇل، تالون ۋە باشقا نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، بۇرۇنلا ئۇ يەر-بۇ يېرىگە تىقىشتۇرۇلغان بېلىقلارنى گېزىتلەرگە ئوراپ، قولتۇقلىرىغا قىستۇرۇشقىنىچە ئۆيلىرىگە قاراپ مېڭىشتى.

**تىقىشماق** «تىقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىز شۇ گەپ بىلەن يىگىتلەرنىڭ ھەربىرىگە بىردىن ئالبوم سوۋغا قىلدى-دە، چىقىپ كەتتى. شۇ چاغدا ئابباس خۇشال كىرىپ كەلدى. يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى ئالبوملىرىنى ئالدىراپ تىقىشتى.

**تىقىلما** ئى ① مەلۇم نەرسە ئىچىگە تىقىلىپ، ئېتىلىپ قالغان شەيئى. ② <تب> قىزىل تومۇرنىڭ توسۇلۇشىدىن توقۇلمىلارنىڭ ئۆلۈشى.

**تىقىلماق** ① «تىقماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: موماي ھالىدىن كېتىپ لاسىدە يىقىلىپتۇ، بەدەنلىرى كۆپتەك ئىششىپ سىقىلىپتۇ. ملڭ تەسلىكتە جېنى چىقىپ گۆرگە تىقىلىپتۇ. * دىلئارام ئاپتۇۋۇسنى بىر سىلكىۋېدى، جوغىغا پۈرلەپ تىقىلغان دۇئايى سالام زوھرانىڭ ئۈچىۋمىغا چۈشتى. ② تار، كىچىك، چوڭقۇر جايغا كىرىپ، قىسىلىپ قالماق، كەپلەشمەك: تونۇرغا تىقىلىپ قالماق. شورىغا تىقىلماق. * مۇتتەھەملىك قىلغۇچىلار ئۆزى قازغان تار ئازگالغا ئۆزى ئاشۇنداق تىقىلىپ ئۆلىدۇ. * — كىم قورۇتۇپتۇ قېنى؟ شۇ قورۇتقان بولكىنى كۆرسىتىپ باقسۇنچۇ! — ۋارقىرىدى بىر ئاۋاز، — قورۇق بولسا گېلىغا تىقىلىپ ئۆلسۇن! * خۇرشىدىنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلدى. ③ كۆپ توپلىنىپ قىستا-قىستاڭ بولۇپ كەتمەك: ئاش ۋاقتى بولار-بولمايلا بازارغا ئادەم تىقىلىپ كەتتى. ④ ئىچى-ئىچىدىن توشۇپ ئەت ئالماق، قاتتىق سەمرىمەك: شۇنىڭدىن كېيىن ئاجىز، ئورۇق ھايۋانلارنى تېخىمۇ بوزەك قىلىشقا باشلاپتۇ ۋە ھايۋانلارنى خالىغانچە تۇتۇپ يەپ سەمرىپ، تىقىلىپ، مېڭىشقىمۇ خۇش ياقمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ⑤ قاپلىماق، توسۇلماق: «ئىنىم ئابدۇللىنىڭ گۈلسۈرۈخى» دېگەن سۆزنى ئاڭلاش بىلەن مەخسۇمنىڭ يۈرىكى «قارتىندا» قىلىپ قالدى، نەپسى بوغۇلۇپ، كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. * سايىمنىڭ چىرايى باشتا تاتاردى، كۆزىگە قىزىللىق تىقىلدى،

كېيىن يەنە ئاستا-ئاستا ئۆز ئەكسىگە يېنىپ، چىرايىدا مەسخىرىلىك ھېجىيىش پەيدا بولدى.

**تىقىلىشماق** «تىقىلماق» پېئىلى ①②④ ⑤ نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۈۋەن سازلىقتا، سۇيى ئۇلغىيىپ كەتكەن ئۇلۇغ سۇدىكى كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە، قاراڭغۇلۇقتا بىرتالاي ئادەم ۋە ئات-ھارۋىلار تىقىلىشماقتا. * ئۆي-ماكانسىز كىشىلەر چولڭ شەھەر-لەردىكى كەمبەغەللەر مەھەللىسىگە تىقىلىشتى.

**تىقىندۇرماق** «تىقىنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تىقىنماق** «تىقماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى.

**تىك** I ① سۈپ. يۇقىرىغا قاراپ تۈپتۈز ئورۇنلاشقان، تىكلەنگەن، تىكىن: كۈننىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى ھەيۋەتلىك تاغلارنىڭ تىك چوققىلىرىدا، تاۋلانغان دەل-دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرىدا قالغانىدى.// تۈن قاراڭغۇسى كېلىپ باستى، شۇ زامان جاڭنى تىك دارغا ئاستى. * ئىلىم-پەن نىجاتلىق كەشپىياتىدىن، دەرمانلار پۈتكۈسى كەلگۈ ئىستىقبالغا. زامان پەللىسگە ئالغا... ئالغا، بىرلىك بايرىقىنى تىك تۇتۇپ قولدا. ② سۈپ <مات> ئىككى تۈز سىزىق ئۆزئارا كېسىشىپ تىك بۇلۇڭ ھاسىل قىلغاندا، بۇ ئىككى تۈز سىزىق ئۆزئارا تىك بولىدۇ. بۇ چۈشەنچىنى بىر تۈز سىزىق بىلەن بىر تەكشىلىكنىڭ ياكى ئىككى تەكشىلىكنىڭ تىك بولىدىغانلىقىغا كېڭەيتىشكە بولىدۇ. ③ سۈپ. يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يانتۇلاشماي، قىيالاشماي چۈشكەن ۋە شۇنداق ئويۇلغان، كولانغان: تىك قۇدۇق. تىك قىيا. تىك پەلەمپەي. * بىر تەرىپى تىك يارغا تۇتىشىپ كەتكەن تۈزلەڭلىكتە جىددىي جەڭ داۋام قىلماقتا. * تىك جىراغا غۇلاشلىرى پويىزنىڭ، ئەسلەتتى گويا ئۆلگەن يىلاننى. ئۇنى شۇنداق ئۆلتۈرىدۇ كىشلەر، كۆرۈپ قالسا تاغ ئۈستىدە ياتقاننى. ④ رەۋ. تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئۇدۇل، تۈپتۈز، رۇس، ئېگىلمەي: تىك ئولتۇرماق. باشنى تىك تۇتماق. تىك ئۇچماق. تىك چۈشمەك. تىك تۇرماق. * ئۇ ئۆز ئورنىدا قامەتلىك قەددىنى تىك تۇتۇپ، ئەتراپىدا ھېچ ئىش بولمايۋاتقاندەك قاراپ تۇراتتى. * بۇرۇن زۇلۇم مۈكچەيتكەن يېزاڭ، قەددىنى تىك رۇسلىغان چاغدا؛ چىرايىدىن ئۆچۈپ غۇربەت، مۇڭ، شەپەق بولۇپ ئېچىلغان چاغدا. ⑤ رەۋ. تىكىلگەن ھالدا: كىچىك ئاخۇن: ــ مەن كۆتۈرە ئالاي، ــ دەپ قۇدرەت ئاخۇنغا تىك قارىدى.

**تىك ئاساسى** <مات> بىر تۈز سىزىق-نىڭ ئىككىنچى بىر تۈز سىزىق ياكى تەكشىلىك بىلەن تىك ھالدا كېسىشىدىغان نۇقتىسى.

**تىك بۇلۇڭ** <مات> ئىككى تۈز سىزىق ياكى ئىككى تەكشىلىك تىك ھالدا كېسىشكەندە ھاسىل بولغان بۇلۇڭ. تىك بۇلۇڭ 90 گرادۇس بولىدۇ.

**تىك بۇلۇڭلۇق پاراللېل ئالتە ياقلىق** <مات> ئاساسى تىك تۆت بۇلۇڭ بولغان تىك پاراللېل ئالتە ياقلىق. ئالتە يېقىنىڭ ھەممىسى تىك تۆت بۇلۇڭدىن ئىبارەت بولىدۇ.

**تىك بۇلۇڭلۇق سېكتور** <مات> مەركىزىي بۇلۇڭى تىك بۇلۇڭ بولغان سېكتور.

**تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭ** <مات> بىر بۇلۇڭى تىك بۇلۇڭ بولغان ئۈچ بۇلۇڭ.

**تىك پاسىل** <ئانات> كۆكرەك بوشلۇ-قىدىكى ئوڭ ۋە سول ئۆپكە قاناتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى ئەزالار (يۈرەك، تۆش بېزى قىزىلئۆڭگەچ قاتارلىقلار) ۋە بىرىكتۈرگۈچى توقۇلمىلارنىڭ ئورتاق نامى.

**تىك پىرىزما** <مات> قىرى ئاساسىغا تىك بولغان پىرىزما.

**تىك پۇرمە** <گېئول> ئوق تەكشىلىكى تىك، ئىككى قانتىدىكى يەر قاتلاملىرىنىڭ يېتىش بۇلۇڭى ئۆزئارا بىردەك بولغان پۇرمە.

**تىك تەكشىلىك** <مات> بىر تۈز سىزىقتا ياكى بىر تەكشىلىككە تىك بولغان تەكشىلىك.

**تىك تەڭ بۆلگۈچى سىزىق** <مات> مەلۇم كېسىككە تىك بولغان ھەمدە شۇ كېسىكنى تەڭ ئىككى بۆلەككە بۆلىدىغان تۈز سىزىق.

**تىك تەۋرەنمە ھەرىكەت** <گېئول> يەر پوستىنىڭ بىر خىل ھەرىكىتى، يەنى بىر قىسىم يەر پوستى گېئولوگىيىلىك دەۋرلەر جەريانىدا تەكرار ھالەتتە كۆتۈرۈلىدىغان ھەم تۆۋەنلەيدىغان ياكى بىر قىسىم يەر پوستى يەنە بىر قىسىم يەر پوستىغا نىسبەتەن ئوخشاش بىر گېئولوگىيىلىك دەۋردە كۆتۈرۈلىدىغان ياكى تۆۋەنلەيدىغان ھەرىكەت.

**تىك تۇرماق** ① گەۋدىسىنى تۈز قىلىپ ئىككى ئايىغىغا تايىنىپ تۇرماق، ئۆرە تۇرماق: **خالمۇرات قىرىش ستانوكىدا بولغىنى ئۈچۈن، سەككىز سائەت تىك تۇرۇپ مەشغۇلات ئېلىپ باراتتى.** ② كۆچمە. ئېگىلمەي، تەمتىرىمەي، بوشاشماي چىڭ تۇرماق: **سىز مېنى ئەسقاتسۇن دەپ بۇ ئىشقا قويدىڭىز. سىزلا تىك تۇرۇپ بەرسىڭىز، مېنىڭ تىرىكىم چىڭ بولۇۋېرىدۇ. * ياندۇ شەپەقتە ھايات يالقۇنى، چاقنايدۇ گۈللەردىن قىزىل نۇر ھامان. ھەققەت ۋەسلىگە يەتمەكنى ئويلاپ، جەڭگاھتا تىك تۇرۇپ ئۆلسەڭ نە ئارمان!** ③ كۆچمە. ئاگاھ بولۇپ، دىققەت بىلەن، جىددىي ھالەتتە تۇرماق، ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارىماق: **ھەتتا بەگنىڭ ئۆزىمۇ جىڭساجۇي دېسە، تىك تۇرىدۇ. * ـ ھەممە گەپ سۇدا، ـ دېدى سۇچى يىگىت، ـ بىزنىڭ بۇ يەردە سۇ تۆۋەتلىك، بىر تېمىم سۇ ئۈستىدە ھەممىمىز تىك تۇرىمىز، ھاۋانىڭ سالقىن بولۇشىنى ساقلاپ تۇرغىلى بولمايدۇ.**

**تىك ئۆت تەرەپلىك** <مات> ئۇزۇنلۇقى بىلەن كەڭلىكى تەڭ بولمىغان، بۇلۇڭى تىك بۇلۇڭ بولغان تۆت تەرەپلىك.

**تىك سىزىق** <مات> بىر تۈز سىزىق ئىككىنچى بىر تۈز سىزىقتا ياكى تەكشىلىككە تىك بولسا، بۇ تۈز سىزىق ئىككىنچى بىر تۈز سىزىقتا ياكى تەككشىلىككە چۈشۈرۈلگەن تىك سىزىق دېيىلىدۇ.

**تىك غول** <بوت> ئۈستىگە قاراپ تىك ئۆسىدىغان غول. كۆپچىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غولى تىك بولىدۇ. مەسىلەن، قارىغاي، شېكەر قومۇشى قاتارلىقلارنىڭ غولىغا ئوخشاش.

**تىك غوللۇق چىڭگىلىك** <بوت> چىڭگىلىك ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پۈتۈن تېنىدە ئاق ۋە يۇمشاق تۈكلىرى، ئىچىدە سۈتسىمان ئاق شىرنىسى بولىدۇ؛ غولى يۇملاق ۋە تۈۋرۈك شەكلىدە بولۇپ، تىك ئۆسىدۇ، يىلتىزسىمان غولى كالتە كېلىدۇ؛ يوپۇرمىقى سوقىچاق بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ؛ گۈلى سۆسۈنە قوڭۇر رەڭدە بولىدۇ، تېبابەتچىلىكتە يىلتىزى ۋە يىلتىزسىمان غولى دورا قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قاننى سوۋۇتۇپ، قىزىتمىنى ياندۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

**تىك قۇدۇق** يەر ئاستى كانلىرىغا يەر يۈزىدىن تىك ئويۇپ چۈشۈرۈلگەن قۇدۇق: **بىز كولىغان سوغراقتىكى ئالتۇن كېنىنىڭ تىك قۇدۇقى 100 مېتىردىن ئارتۇق قېزىلغاندىن كېيىن، شېغىل تومۇرىغا يەتتى.**

**تىك قىرغۇ ستانوك** <ماشىن> قىرغۇ

ستانوكىنىڭ بىر خىلى، يەنى گورىزونتال بولغان بىر تال تىك ئوقنى ئاساس قىلىپ ئايلىنىدىغان رۇستىكى بار ستانوك. دېتاللار مۇشۇ ئايلانما رۇستەككە ئورنىتىلىدۇ. شۇڭا بۇ دىئامېتىرى چوڭ بولغان دېتاللارنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە ئەپلىك.

**تىك قىيا** <جۇغ> گورىزونتال تەكشىلىك بىلەن ھاسىل قىلغان بۇلۇڭى چوڭ بولغان يەر يۈزى ياكى يانتۇلۇقى چوڭ بولغان تۆپىلىك.

**تىك كەتمەك** ئېغىر كەتمەك: **مېنىڭ سۆزۈم ئۇنىڭغا تىك كەتكەنلىكتىن، ئىككى كۈن گەپ قىلماي يۈردى.**

**تىك گۆر** <ئارخېئول> قەدىمكى زامانلاردا يەر يۈزىگە تىك قىلىپ كولانغان بىر خىل گۆر.

**تىك موللاق چۈشمەك** كاللىسى ئاستىن، پۇتى ئۈستۈن بولۇپ يىقىلماق: **بىر پاي ئوق بىلەن ئۇنى تىك موللاق چۈشۈرۈپ، جەھەننەمگە ئۇزىتىۋېتىش تامامەن مۇمكىن ئىدى.**

**تىك ئۇچار ئايروپىلان** <قاتن> تىك كۆتۈرۈلىدىغان ھەم تىك قونالايدىغان ئايروپىلان. پىرقىرىغۇچى ئۈستى تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، گورىزونتال يۆنىلىش بويىچە ئايلىنىدۇ. ئۇ ھاۋا بوشلۇقىدا توختىيالايدۇ. ئۇنىڭ قونۇشى ئۈچۈن ئانچە چوڭ مەيدانمۇ كەتمەيدۇ.

**تىك ئىككى ياقلىق بۇلۇڭ** <مات> سىزىقلىق بۇلۇڭى تىك بۇلۇڭ بولغان ئىككى ياقلىق بۇلۇڭ.

**تىك ياقا** ئۆرۈلمەي، قايرىلماي، تىك تۇرىدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر خىل ياقا: **ئۇ ئۇچىسىغا تىك ياقا پەشمەت، بېشىغا كەمچەت تۇماق كىيىۋالغان بولۇپ، پۇتىدىكى يەڭ پاشنىلىق ئۆتۈكى پارقىراپ تۇراتتى.**

**تىك يونۇش ستانوكى** <ماشىن> پىچاق ھەرىكىتى تىك ھالدا يۇقىرى-تۆۋەن تەكرار ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق، مېتاللارنى پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر خىل ستانوك. ئىشلەنمىلەر رۇستەك ئۈستىگە ئورنىتىلىپ، ئالدى-كەينى، ئوڭ-سول ۋە ئايلانما ھەرىكەت ئارقىلىق كىرگۈزۈلىدۇ. بۇ ستانوكتا كۆپىنچە چاسا تۆشۈكلەرنى تېشىش ۋە زىخچە ئېرىقچىلارنى ئويۇش مەشغۇلاتلىرى ئورۇندىلىدۇ.

**تىك يىلتىز** <بوت> سەل تەرەققىي قىلغان، توم ۋە ئۇزۇن كېلىدىغان ئوق يىلتىز. ئادەتتە قوش پەللىك ئۆسۈملۈكلەردىن بولغان كېۋەز، بەسەي قاتارلىقلارنىڭ تىك يىلتىزى بولىدۇ.

**تىك** II تەق. كىچىك ۋە قاتتىق بىرنەرسىنى يەنە بىر قاتتىق نەرسە ئۈستىگە تەگكۈزۈش، چېكىش، تاشلاشتىن چىققان ئاۋاز: **قاسىم ئاشۇ ئېچىنىشلىق ئۆتمۈشنى ئەسلىگىنىدە، قولىدىكى قەلەمنىڭ جوزا ئۈستىدىكى ئەينەككە «تىك» قىلىپ چۈشۈپ كەتكىنىنى تۇيماي قالدى.**

**تىكەن** ئى ① ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غول-شاخلىرىدا ئۆسكەن يىڭنىسىمان بىخچە: **گۈلنىڭ تىكىنى. يانتاق تىكىنى. تىكەن كىرمەك. * گۈل ئۈزگەندە ئۇنىڭ تىكىنىگە دۇچ كەلگەندەك، ھۈنەر ئۆگىنىشتىمۇ قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىسەن.** ② تىكەنلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆزى: **باغدا ئۆسكەن ھەر تىكەننى، چېۋەر باغۋەن ئوتىسۇن، سال پاياندازھەر ۋەتەنداش، يوللارغا چالىڭ قونمىسۇن،** ③ بەزى ھايۋانلارنىڭ ئىنچىكە، يىڭنىسىمان ئورگىنى: **كىرپە تىكىنى بىلەن ماختىنار (ماقال).** ④ نەرسىلەرنىڭ ئۆتكۈر تىكەنسىمان قىسمى: **توسۇق سىملىرىنىڭ تىكىنى ئۇنىڭ شىمىنى ئىلىۋالدى.**

**تىكەن باشلىق بېلىق** <زوئول> بېلىقلار- نىڭ بىر خىلى. تېنى ئۇزۇنچاق، ياپىلاق ھەم تەكشى؛ رەڭگى سىرىق قوڭۇر، بېشى ئادەتتە ياپىلاق ھەم كەڭ كېلىدۇ؛ قارامتۇل سەپكۈنلىرى بولىدۇ، دېڭىزدا ياشايدۇ.

**تىكەن تېرىلىكلەر** <زوئول> ھايۋانلار دۇنياسىدىكى بىر تىپ. ھەممىسى دېڭىزدا ياشايدۇ، تېنى رادىئاتسىيىلىك سىممېترىيىگە ئىگە. ئۇنىڭدا تەن بوشلۇقى بولۇپ، ئىچىدە ئىچكى سۆڭەكى ۋە ئالاھىدە سۇ كانال سىستېمىلىرى بولىدۇ، تېرىسىدە ھەر خىل تىكەنلىرى بولىدۇ.

**تىكەن تېرىماق** ئاداۋەت، ئىناقسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارماق: ـ نېمە؟! ـ توختى شۇجى ئۆزىنى تۇتالماي قالدى، ـ سىز تىلىڭىز بىلەن تىكەن تېرىماڭ، ۋاقتى كەلگەندە، ئۇنى يەنە شۇ تىلىڭىز بىلەن ئورۇشقا توغرا كېلىدۇ!

**تىكەن ئۈنمەك** ئارىغا تۇسالغۇ پەيدا بولماق: ئۇچتۇرپاننى ھەر كۈنى ۋەھىمە باستى، نە ۋەھىمكى زۇلمەتنىڭ تېغى باستى. ئۆتتى يەرلەر بايلارنىڭ قوللىرىغا، ئۈندى تىكەن يوقسۇللارنىڭ يوللىرىغا.

**تىكەندەك** سۈپ. ئىزدىشىپ تۇرىدىغان يېقىن كىشىسى يوق، يېگانە، يالغۇز: 14 يېشىدا ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ، تىكەندەك يالغۇز قالغان قۇتلۇق دادىسى پادا باقىدىغان غولدىغا ۋارىسلىق قىلدى. * كېيىن ئاجىز تېرىمچى بىر ماكاننىڭ، تىكەندەك ئوغلى ئىدى توختىكامىنىڭ.

**تىكەنسىز** سۈپ. تىكىنى يوق، تىكىنى بولمىغان: تىكەنسىز گۈل بولماس.

**تىكەنگۈل** ئى [تىكەن+گۈل] <بوت> ← كاكتۇس.

**تىكەنلەشتۈرمەك** « تىكەنلەشمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سەمەتنىڭ كۆلكىسى مېھرىبانغا خۇددى ھۇقۇشنىڭ ئاۋازىدەك ئاڭلىنىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزاسىنى تىكەنلەشتۈرۈۋەتتى.

**تىكەنلەشمەك** پ ① تىكەن بىلەن قاپلانماق؛ تىكەنگە ئوخشاش يىرىكلەشمەك: ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزارغان، قىسقا بۇرۇتلىرى كىرپىنىڭ تۈكىدەك تىكەنلەشكەندى. ② كۆچمە. مەلۇم غەيرىي روھىي ھالەتتىن كېيىن ئۈستىبېشى پۈرىكلىشىپ، جۇغۇلداپ سەسكەنگەندەك سەزگۈ ھاسىل بولماق: سەلەينىڭ لەۋلىرى قۇرۇپ كەتكەن، گېلى يانتاق يۇتۇپ، ئۆتمەي تۇرۇپ قالغاندەك، تىكەنلىشىپ كەتكەنىدى. * « ئاجرىشمەن » دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، بەختىگۈلنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى تىكەنلىشىپ كەتتى. * ئۇنىڭ كۆزى گۈلمىرەنىڭ ھەرىكىتىدە بولۇپ، بارغانسېرى پۈتۈن ئەزاسى تىكەنلىشىپ، سوغۇق تەر باسقانىدى.

**تىكەنلىك** ① سۈپ. تىكىنى بار، تىكەنلەر بىلەن قاپلانغان: ئىززەتنى پاك سۆيگۈسىنى ساقلىغان، كۆزىنى سالماي زىبۇ زىننەتكە ھېچ. مەڭدىمەي تۇرغان تىكەنلىك گۈل بولۇپ، قانچە رەت تەڭلەنسىمۇ ئۆتكۈر قىلىچ. ② ئى. تىكىنى بار ئۆسۈملۈكلەر كۆپ ئۆسكەن ۋە تىكەن بىلەن قاپلانغان جاي: يالىڭاياغ ماڭغان باللار تىكەنلىكتىن ماڭالماي، ئاياغلىرىنى كىيىشكە باشلىدى. ③ سۈپ. يىڭنىسىمان، ئۆتكۈر، ئۇچلۇق مىخلىرى بولغان: تىكەنلىك سىم. * ئەسكەرلەر تىكەنلىك سىم توسۇق يېنىدا يېتىۋېلىشتى. ④ سۈپ. كۆچمە. كىشىگە قاتتىق تېگىدىغان، يېقىمسىز، نەشتەردەك: ئۇنىڭ تىكەنلىك سۆزلىرى رابىيەنىڭ يۈرىكىگە سانجىلىپ تېخىمۇ بىئارام قىلدى.

**تىكەنلىك ئارچا** يوپۇرمىقى تىكەنلىك بىر خىل ئارچا.

**تىكەنلىك شەيتان دەرىخى** <بوت> تىكەنلىك شەيتان دەرىخى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئالقانسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ،

ئۇزۇن سېپى بولىدۇ، كىچىك يوپۇرماقلىرى تۇخۇم شەكلىدە كېلىدۇ؛ گۈلى سارغۇچ يېشىل بولۇپ، كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىدە؛ مېۋىسى شار شەكلىدە ۋە توق قوڭۇر رەڭدە كېلىدۇ؛ يىلتىز پوستى ياكى قوۋزىقىنى دورىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ رېماتىزمنى داۋالاپ، مۇسكۇل سىڭگەكلىرىنى كۈچەيتىش خۇسۇسىيىتى بولىدۇ. قوۋزاقلىرىدىن يەنە هاراق ئېچىتىشقا بولىدۇ.

**تىكەنلىك ئوكۇن** <زوئول> بىر خىل بېلىق. ئېغىزى چوڭ، تەڭگىچىسى ئۇششاق، دۈمبە رەڭگى سارغۇچ يېشىل كېلىدۇ؛ پۈتۈن تېنىدە قارا سەپكۈنلىرى بولىدۇ، تاتلىق سۇدا ياشايدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ ئالاهىدە مەهسۇلاتى هېسابلىنىدۇ.

**تىك-تاك** تاياق، چوكا قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ قاتتىق نەرسىلەرگە بىردە كۈچلۈك، بىردە بوش ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋاز: ياسىننىڭ چوكا بىلەن پەتنۇسنى «تىك-تاك» قىلىپ تەكشى ئۇرۇپ بېرىشلىرى خۇددى ئۇلارنىڭ ئويۇنلىرى ئۈچۈن تەڭكەش قىلىنغان ساز بولۇپ بەردى.

**تىكتاك** سۈپ [تىك+تاك] ← **تىكتاك توپ**.

**تىكتاك توپ** <تەن> ① توپ تۈرلىرى تەنھەرىكىتىنىڭ بىر خىلى. توپ ئۈستىلى ئوتتۇرىسىغا سېتكا ئورنىتىلىدۇ. مۇسابىقىلەشكۈچى ئىككى تەرەپ ئۈستەلنىڭ ئىككى بېشىدا تۇرۇپ، توپنى پالاق بىلەن ئۇرۇپ، سېتكىدىن ئۆتكۈزۈپ ئوينايدۇ. مۇسابىقە ئادەتتە يەككە ۋە جۈپ ئويناش دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. ② شۇ خىل تەنھەرىكەتتە ئىشلىتىلىدىغان توپ. ئۇ سېلۇلوئىدتىن ياسىلىدۇ. دىئامېتىرى ئۈچ سانتىمېتىر بولىدۇ.

**تىكتولوگىيە** ئى [لات] <تىب> مېدىتسىنانىڭ بىر تارمىقى، يەنى هامىلدارلىق، تۇغۇت ۋە تۇغۇشتىن كېيىنكى مەزگىلدىكى مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**تىكتۈرگۈزمەك** «تىكمەك» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى: ئەكبەرجان توي قىلىسمۇ، كاستۇم تىكتۈرگۈزمەس!

**تىكتۈرمەك** «تىكمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قالتىس ئۇستا ئىكەنلا، سادەتخان ئاچا، قىزلار دېگەننىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى... بۇنىڭدىن كېيىن سىلىگىلا تىكتۈرسەم بولغۇدەك. ماۋۇ جىملەككە تىكىپ بەرمىگەنلا؟

**تىكتۈرۈشمەك** «تىكتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئانا-بالا ئىككىلىسى ئېگىز پاشنىلىق ئۆتۈكتىن بىردىن تىكتۈرۈشتى.

**تىكتۈرۈلمەك** «تىكتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىر ھەپتە ئۆتتى ھەممە تەل بولدى، قورۇلغان تالقان خالتىغا لىق قاچىلاندى. ئۆتۈك چەملەندى، جۇۋىمۇ تىكتۈرۈلدى.

**تىك-تىك** I دانە-دانە، بىر-بىرىگە چاپلاشماي، دىك-دىك: باقى خىجالەت بولۇپ مۇزلىغانلىقىنى بىلدۈرمەسكە سالدى، بىراق، كالپۇكلىرى كۆكىرىپ، ياڭاقلىرىدىكى سىرىق تۈكلىرى تىك-تىك بولۇپ كەتكەندى.

**تىك-تىك** II ① «تىك II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ ئىشككە يېقىن كېلىپ «تىك-تىك» قىلىپ چېكىدۇ، ھەمدە بالىسىنى چاقىرىپ ناخشا ئېيتىدۇ. ② ئالدىراڭغۇ، ئالدىراپ تۇرىدىغان: بۇ تازا تىك-تىك بالا بولۇپتۇ.

**تىككەن-تەرگەن** ← **تېرىغان-تىككەن**: بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، مەن ئەمەس، ئاتام تۇغۇلمىغان زاماندا بىر دېھقان بار ئىكەن. ئۇنىڭ ھەر يىلى تىككەن-تەرگەنلىرى ئۆزىگە يېتىپ، ئېشىپ قالىدىكەن.

**تىككۈچى** ئى. كىيىم تىكىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى، ماشىنىچى: بۇرۇنقى زاماندا بىر يۇرتتا بىر ياغاچچى، بىر تىككۈچى ھەم بىر ئاخۇن بولغانىكەن.

**تىككۈچىلىك** «تىككۈچى» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: كەچكى غىزادىن كېيىن، تىككۈچىلىك بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئولتۇرغان خاسىيەت رەھىمنى كۆرۈپ، كىيىم تىكىش ماشىنىسى ئالدىدىن دەس تۇردى.

**تىككىدە** I رەۋ. تىك بولۇپ، تىكلەنگەن ھالدا: ئادەتتە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان سىرىق تۈكلەر ئەمدى ھۈرپىيىپ تىككىدە تۇراتتى.

**تىككىدە** II رەۋ. «تىك» قىلىپ ئاۋاز چىقارغان ھالدا: بىرنەرسىنىڭ سېمونت پەشتاقتا تىككىدە قىلىپ چۈشكىنى ئاڭلاندى.

**تىكلەتمەك** «تىكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: رەقىبى ئالدىدا قىلدىڭ ئۇنى خار، يەنە ئاسماققا تىكلەتتىڭ ئىگىز دار.

**تىكلەشمەك** ① «تىكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سىلىنىڭ بۇ يەردە يوقلۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلار كاللىسىنى بىر قىلىۋېلىپ، ھەسەن قۇتازنى بەگ قىلىپ تىكلەشتى. ② تىك ھالەتكە كەلمەك: يىگىت بىلەن قىز ياتاقنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئاي چىلىك تىكلەشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ سۈتتەك نۇرلىرى تەبىئەت دۇنياسىنى سۆيگەندى. * ئەمدى يول تېخىمۇ تىكلەشتى ۋە خەتەرلىك تۈس ئالدى.

**تىكلەكلىك** سۈپ. تىكلەپ قويۇلغان، تىكلەنگەن: ــ ئانا، تۈگمەنى قادىۋەتكىنە! ــ دەپ بۇيرۇپ قويۇپ، يا دادىسىنىڭ تىكلەكلىك ۋېلسىپىتىنى تالاغا ئېلىپ قاچىدۇ، ياكى ھويلىغا چىقىپ، ئالما شاخلىرىغا سەكرەپ ئېسىلغىلى باشلايدۇ.

**تىكلەنمەك** ① «تىكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: داھى ماۋزېدۇڭ قىلغاندا جاكار، سۇرۇلۇپ بۇلۇت، يۈز ئاچتى ئاسمان. بېيجىڭغا شۇ دەم تىكلەنگەندە تۇغ، جۇڭخۇا ئېلىگە ياغدى شەرەپ-شان. ② «تىكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ھەيۋەتلىك يوغان ئات خارتىلداپ، ئالدىنقى ئاياغلىرىنى كۆتۈرۈپ تىكلەندى. ③ كۆزىنى ئۆزمەي قاراپ تۇرماق: ــ ئاخۇنلۇقلىرىمىزغا تەشەككۈر بايان قىلىمەن. بىز يەنە بىر ئاز مۇزاكىرە يۈرگۈزۈپ، ئاندىن خۇلاسە چىقارساق، ــ دەپ ئەمەلدارلارغا تىكلەندى جياڭجۇن.

**تىكلىمە** سۈپ. تىكلەپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، تىكلەنگەن: تىكلىمە ئەينەك. تىكلىمە كالېندار.

**تىكلىمە ئەينەك** رام بىلەن خىلمۇخىل جاھازلانغان، تىكلەپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان كۆرۈش ئەينىكى: ئۈستەل ئۈستىدە تىكلىمە ئەينەك، ساقال قىرىش ئەسۋابى ۋە ئاپئاق قول ياغلىق تۇراتتى. * ئۇنى تامدىكى تىكلىمە ئەينەكتىن جاڭگۈيدى كۆرۈپ قالدى-دە، قەھرىلەنگەن يىرتقۇچتەك، غەزەپ بىلەن قايرىلىپ قارىدى.

**تىكلىمە چىراغ** <ئېل> يەرگە قويۇلىدىغان، تۈۋرۈك ۋە تەگلىكى بولغان ئېلېكتىر چىرىغى.

**تىكلىمەك** پ ① تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارىتىپ تۈز، تىك ھالەتتە ئورۇنلاشتۇرماق؛ تىك قىلماق: پىئونېرلار دەرستىن كېيىن ئېتىزلارغا بېرىپ، يىقىلغان قوناقلارنى تىكلىدى ۋە تۈۋىگە توپا يۆلىدى. * نەجمىدىن كىرىپ كەلگەندە، سالجان بىر بوتۇلكا هاراقنى تىكلەپ قويۇپ، ئۆزى يالغۇز ئىچىپ ئولتۇراتتى. * ئەمدى جىمجىتلىقنى قوي، بولسۇن راۋان سۆزگە تىلىڭ، كەتتى كۆلپەت يۈكى ئۈستۈڭدىن، تۈزەل، تىكلە بېلىڭ. ② يىقىلغان، بۇزۇلغان، خاراب بولغان نەرسىلەرنى ئەسلىي ھالىتىگە كەلتۈرمەك؛ تۇرغۇزماق: ئۇ بىر ئىلاج قىلىپ بۇدداچى چېرىكلەرنى باشلاپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن بىللە قاغىلىق، يەكەنگە، ھەتتا قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشنى، ئىسلامنى يوقىتىپ، بۇددانى تىكلەشنى ئويلايتتى. ③ كۆچمە. بەرپا قىلماق، قۇرماق،

تۇرغۇزماق: بىزنى ئادەم قاتارىدا كۆرىدىغان ۋە بىزنىڭ مەنپەئىتىمىزنى قوغدايدىغان قانۇننى تىكلەيمىز. * تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ـ ماۋجۇشى پارتىيىمىز ئۈچۈن تىكلەپ بەرگەن ئۈچ چوڭ ئىستىلنىڭ بىرى. * دەرۋەقە، سەن ھازىرلا بۇ ئىشنى قىلالمايسەن. لېكىن قەتئىي ئىرادە تىكلىسەڭ، تىرىشىپ ئۆگەنسەڭ، كەلگۈسىدە بۇ ئىشنى چوقۇم قىلالايسەن. ④ مەلۇم ئورۇن، مەرتىۋىگە ئورۇنلاشتۇرماق، بەلگىلىمەك: سىلەر ئىشىنىپ، مېنى يېزا باشلىقى قىلىپ تىكلىدىڭلار، ئەلۋەتتە مەنمۇ سىلەرنىڭ مېنىڭ خىزمىتىمگە يېقىندىن ياردەمدە بولىدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن.

**تىكمە** سۈپ ① يىپ بىلەن تىكىلگەن: كونىراپ كەتكەن بۇ تىكمە كىتاب مەن ئۈچۈن بىر ئەتىۋارلىق نەرسە بولىدۇ. ② ئاغزىنى تىككۈدەك قىلىپ توشقۇزۇلغان: تىكمە بىر تاغار.

**تىكمەك** پ ① سانجىپ، تىقىپ ئورۇنلاشتۇرماق، قادىماق، ئورناتماق: ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلمىگىنىگە بەش يىلدىن ئاشتى. چۈنكى ئۇ كۆن بويى ھويلىسىدىكى گۈللۈك يېنىدا ئولتۇرۇپ، چىمەنگە گۈل تىكەتتى. * مەكتەپ يەسلى قويىنىغا تىكتى رەتلىك تال-كۆچەت، باغۇبوستان قىلىشقا چېۋەر ئۈسمۈر ـ زېرەكلەر. * بېشىنى يىگىت دەس كۆتۈرۈپ دېدى: «جان ئانا، زاتىمنىڭ ئەسلىنى ئۇقتۇم». ئۇ قەلئە ئۈستىگە تىكتى قىزىل تۇغ، دېدى چىڭ: «نۇرلانسۇن تارىخنىڭ يۇرتۇم». ② قۇرماق، تىكلىمەك، بىنا قىلماق: ئۇلار بۇلاق بويىغا چۈشۈپ، دەرھال چېدىر-بارگاھلىرىنى تىكتى. ③ يىپ-يىڭنە ۋە ماشىنا قاتارلىقلار بىلەن تۆنەپ، تەپچىپ بىر-بىرىگە ھەم جىپسىلاشتۇرماق: تاغارنىڭ ئاغزىنى تىكمەك. كىيىم تىكمەك. * شۇ ئەسنادا ئېلىجان قولىدىكى ئاخىرقى بىر پاي باشلىقنىمۇ تىكىپ بولدى. * ئاھ چىمەن دوپپا! بىچارە ئانا! ئۇ ئۆمرىدە شۇنداق دوپپىلاردىن قانچىنى تىككەن-دۇر؟ ④ قىمار ۋە قىمار خاراكتېرلىك ئويۇنلاردا، ئۆز ئۇلۇشى قىلىپ پۇل ياكى باشقا نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويماق: شۇ كېچىسى قىمار راسا قىزىپتۇ، سىدىق ئارقا-ئارقىدىن ئۇتتۇرۇپ، پۈتۈن ۋەسلىنى قۇرۇتۇپتۇ، قىمارغا تىكمىگەن پۈتىدىكى ئۆتۈك، چاپانلىرىمۇ قالماپتۇ. ⑤ كۆچمە. بىرەر كىشى ياكى نەرسە ئۈچۈن بېغىشلىماق، پىدا قىلماق: ئەتىم بار سۈت بىلەن كىرگەن ئەقىلگە، ئانامنىڭ بەختىچۈن تىكمەن ھايات. ئۆلۈمگە تىك بېرىش مەن ئۈچۈن ئەلا، يەقەتكى ياشىسۇن ئانام ھۆر-ئازاد! ⑥ مەلۇم نۇقتىغا جىددىي قارىماق: ياسىن سۇناي ئۇزۇن قاشلىرى ئاستىدىكى نۇرسىز كۆزلىرىنى ئالىلقاياقلارغا غەزەپ بىلەن تىكتى. ⑦ تىكلىمەك، كۆتۈرمەك: موزاي قۇيرۇقىنى تىكىپ قاچتى. * تۈلكە توخۇدىن ئاڭلاپ بۇ سۆزنى، قۇيرۇقىنى تىكتى مۆلچەرلەپ تۇزنى.

**تىكىپ-سۆكۈپ** ھېلى تۇزەپ، ھېلى بۇزۇپ، بىردەم بېكىتىپ، بىردەم بىكار قىلىپ: ئۇنىڭ يېشىل ئوغۇت توغرىسىدىكى ماقالىسى تىكىپ-سۆكۈپ يۈرۈپ تۆت ئايدىمۇ پۈتمىدى. ئاخىرى يەنە بىر ئاي ۋاقىت بېرىلدى.

**تىكىچ** ئى. رەخت، تېرە قاتارلىقلاردىن تىكىلگەن بۇيۇملارنىڭ تىكىپ ئۇلانغان جايى: تىكىچى سۆكۈلمەك. تىكىچى توختىماسلىق.

**تىكىچى توختىماسلىق** قىلغان قارار، بېرىلگەن ۋەدە، گەپ-سۆزلەر ئۆزگىرىپ تۇرماق، ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمەسلىك: بىز مېڭىۋېرەيلى، ئۇنىڭ تېخى تىكىچى توختىمىدى، ئەگەر بارماقچى بولسا، كەينىمىزدىن بارار.

**تىكىچى تۇرماسلىق** ← **تىكىچى توختىماسلىق**: شۇغۇنىسى كادىرلىقنىڭمۇ تازا تىكىچى تۇرمايدىغان گەپ ئىكەن. بېشىدا بالا-قازا ئەگىپلا تۇرىدىغان ئىشكەن.

**تىكىر** تەق. قاتتىق نەرسىلەرنى قىرىش، تاتىلاشتىن ئاڭلانغان ئاۋاز: ساندۇقنىڭ

ئىچىدە بىرنەرسە «تىكىر» قىلىپ، بىردەم توختاپ يەنە تىكىرلىدى. مەن چاشقانمىكىن دەپ گۇمان قىلىپ قالدىم.

**تىكىر-تىكىر** «تىكىر» سۆزىنىڭ تەكرار-لىنىشى: بۈگۈن كېچە چاشقاننىڭ «تىكىر-تىكىر» لىرى-دىن ئازراقمۇ ئۇخلىيالمىدىم.

**تىكىش** «تىكمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: تىكىش ماشىنىسى. تىكىش زىچلىقى.

**تىكىش زىچلىقى** <ئورم> ئورمان بىنا قىلىنغاندا، بىرلىك يەرگە (مو ياكى گېكتارغا) تىكىلگەن كۆچەت سانى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**تىكىش ماشىنىسى** يىڭنە، يىپنىڭ ھەرد-كىتى ئارقىلىق تىكىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بارىدىغان ماشىنا. ئادەتتە ئۇ پۇت بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدۇ. يەنە ئۇنىڭ قول ۋە توك بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈل-دىغىنىمۇ بار.

**تىكىشمەك** «تىكمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: غالىپ تەرەپ بولغان كىشلەر بولسا 50 تىن كۆچەت تىكىشتى. * قوزىچاقلار سۈركىلەر قىزغا، چۈشەنگەندەك ئۇنىڭ سۆزىنى. تىكىشىدۇ ئوماق، مۇلايىم، ئىگىسىگە قويلار كۆزىنى.

**تىكىلدۈرمەك** «تىكىلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھاجى بىر قانچە ۋاقىت سۆزلىگۈچىنى ئۆز ئاغزىغا تىكىلدۈرۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئەگەر ماقۇل چۈشسە «خوپ» دەيدۇ، گېپىگە چۈشەنمىگەن بولسا «خوش» دەيدۇ.

**تىكىلمەك** «تىكمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سارغۇچ كەلگەن چوڭ ئىككى ماتورلۇق كېمە كېلىۋاتاتتى. كېمىنىڭ قۇيرۇق تەرىپىگە يېشىل بىرىزېنتتىن سايىۋەن تىكىلگەنىدى. * كۆچەتلەرنى ياۋا چۆپلەردىن ساقلىمىغاندا، ئەلۋەتتە ئوبدان ئۆسەلمەيدۇ. * قوشباغنىڭ باغلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى، ئادىل ماشىنا ئەينىكىدىن بۈككىدە قاراڭ-غۇلاشقان باغلارغا تىكىلمەكتە ئىدى.

**تىكىلىشمەك** «تىكىلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەلى بىلەن تەلەت نېمە دېيىشنى بىلمەي، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ھېلىقى خەتكە تىكىلىشتى.

**تىكىن** سۈپ. تىك: مۇنداق تىكىن، غىلتاڭ تاش داۋاندىن ئېغىر يۈك بېسىلغان، شۇنداقلا ھېچقانداق تۆمۈر قۇرۇلمىسى بولمىغان ھارۋىلارنى ئىچ ئاتنىڭ قوشقۇنغا ئولتۇرۇشىغا تايىنىپ ئېلىپ چۈشۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

**تىكىنەك** ئى. تىرناق ئېرىقچىلىرىنىڭ ياللۇغلىنىشى، ئەتتىكەن.

**تىكىۋەتمەك** پ [تىكىپ+ئەتمەك] تېزلا قاچماق، قېچىپ كەتمەك، كۆزدىن يوقالماق: شۇ چاغدا يادىكارمۇ سىنىپتىن چىقىپ، ماڭا بىرقۇر كۆرۈنۈپ قويدى-دە، غېپىدە سىنىپقا قاراپ تىكىۋەتتى.

**تىڭ** سۈپ. زىرائەت تىرىلمىغان، ئېچىلمىغان، بوز: تىڭ يەر. * تىڭ ئىدى بۇ يەر، ئون بىر يىل بۇرۇن، نە گۈل-چېچەكلەر ئاچمىغان بۇندا. يىللار باھارسىز قىش بىلەن ئۆتكەن، نە بۇلبۇل قانات قاقمىغان بۇندا.

**تىڭ يەر** ← بوز يەر.

**تىڭتىڭلىماق** ① يوشۇرۇن ئاڭلىماق، خۇپىيانە قۇلاق سالماق: 35 ياشلار چامىسىدىكى بۇ كىشىنىڭ نېمىشقىدۇر، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس ئۆتۈش ئەھۋالىنى ئىشكلەردىن ماراپ، تىڭتىڭلاش ئادىتى بار ئىدى. * مەن تاغام بېشى بىلەن ئىما قىلغان تەرەپكە قاراپ، كوچىنىڭ ئۇ يېقىدا، قەيەردە تۆت ئادەم توپلىشىپ تۇرغان بولسا شۇ يەردە توختاپ، كىشلەرنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى تىڭ تىڭلاپ يۈرگەن ھېلىقى سېمىز رېپىدە قۇلاق «قۇلاق» نى تونۇدۇم. ② مەلۇم ئىش، بىرەر ئەھۋالنىڭ يىپ ئۇچى، مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرىدىن دېرەك ئىزدىمەك، ئۇقۇشۇپ يۈرمەك: شەنبە كۈنى

يېقىن ئەتراپتىكى سەھرا قازىلىرىدىن ئابلا قازى ئاتايىن شەھەرگە كېلىپ، ۋەقەنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تىڭتىڭلاپ ئۆگەنمەكتە ئىدى. * قوشنىلىرى خېلى ۋاقىت تىڭتىڭلاپ كۆرسىمۇ، ماۋۇتتىن ھېچ دېرەك بولماپتۇ.

**تىڭتىڭچى** ئى ← **تىڭچى**: — ئۇكام، — دېدى ئۇلاردىن بىرى، — ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ ئەجەب بىزدىن گەپ كوچىلاپ قالدىڭغۇ؟ شۇ يىللاردىكى تىڭتىڭچىلاردىن بولۇپ قالمىغىن يەنە، بولساڭمۇ ئاقمايدۇ جۇمۇ، ئۇنىڭغا بازار كاسات!

**تىڭچى** ئى. باشقىلارنىڭ سۆزىنى يوشۇرۇن ئاڭلاپ، ھەرىكىتىگە كۆز سېلىپ، خەۋەر يەتكۈزگۈچى، تىڭتىڭچى، ئايغاقچى: كوچىلاردا ماڭماڭلار، كوچىلاردا تىڭچى بار. سىز بىزنى كىچىك كۆرمەڭ، قورسىقىمىزدا بىڭسى بار.

**تىڭشاتماق** « تىڭشىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: باش دوختۇر يېنىدىكى ياردەمچى دوختۇرغا بۇ كېسەلنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشىغۇچ بىلەن تىڭشاتتى.

**تىڭشاشماق** « تىڭشىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار تاماقتىن كېيىن، ھۇزۇر قىلىپ مۇقام ناخشىلىرىنى تىڭشاشتى.

**تىڭشالماق** « تىڭشىماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**تىڭشىغۇچ** ئى ① قۇلاققا تىقىپ ياكى يېقىن كەلتۈرۈپ ئاڭلايدىغان ئاۋاز يەتكۈزۈپ بەرگۈچى بىر خىل ئەسۋاب: قاسىم تىڭشىغۇچنى قۇلىقىغا سالدى-دە، رادىئونىڭ ئاۋازىنى پەسلىتىپ، ياستۇققا يۆلىنىپ ئاڭلاشقا باشلىدى. ② <تىب> يۈرەك، ئۆپكە قاتارلىق ئىچكى ئەزالارنىڭ ھەرىكەت ئاۋازىنى ئاڭلاپ، دىئاگنوز قويۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب: شۇنىڭدىن كېيىن، دوختۇر يەنە تىڭشىغۇچنى قۇلىقىغا سالدى-دە، ئەركىننىڭ كۆكلىكىنى

قايرىپ، مەيدىسىگە، دۈمبىسىگە قويۇپ تىڭشاپ باقتى.

**تىڭشىماق** پ. قۇلاق سالماق، ئاڭلىماق، ئىشتمەك: ھېيتكا ئالدىدا بىر توپ كىشى 13 ياشلىق بىر ئوغۇلنىڭ بېرىلىپ چېلىۋاتقان راۋابىنى تىڭشىماقتا. * ئەزەلدىن مۇنداق چوڭ ئىشلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ باقمىغان سۇلايمان ئۇنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن تىڭشىدى.

**تىڭلاتماق** « تىڭلىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تىڭلاشماق** « تىڭلىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تىڭلىغۇچ** (توغرىسى: تىڭشىغۇچ) ← **تىڭشىغۇچ**.

**تىڭلىماق** پ. قۇلاق سالماق، تىڭشىماق، ئاڭلىماق: كىم سەن، بايان قىل، بىلەي ئۆزۈڭنى، نەدىن كەلدىڭ سەن تىڭلاي سۆزۈڭنى. يۈرۈپ چۆللەردە قالماپتۇ ھالىڭ، يېتەي دەردىڭگە نېمە خىيالىڭ.

**تىل** ئى <ئانات> ① تېتىش، چايناش، تەلەپپۇز قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان ئەزا، ئۇ ئېغىز بوشلۇقىنىڭ ئاستى قىسمىدا بولۇپ، ئۇنىڭ تۇۋ قىسمى ئېغىز بوشلۇقىنىڭ ئاستىغا تۇتاشقان: كۆڭلىنىڭ ئىزھارى ئۇچۇن ئەلا تىل، ھەق سۆزلە يالغاننىڭ نىقابىنى تىل؛ ۋىجداننى سېتىپ يەپ ياشىماق نومۇس، مەيلى راست گەپ ئۈچۈن كېسىلسىمۇ تىل. ② ھايۋانلارنىڭ گۆش ئورنىدا يېيىلىدىغان ئاشۇنداق ئەزاسى: ئانام بىزگە كىچىكىمىزدە « قوينىڭ تىلىنى يېسەڭلار تىلىڭلار راۋان بولىدۇ » دەيتتى. ③ ئىنساننىڭ ئېغىز ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن گەپ-سۆزى: گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى ئۇقار (ماقال). * دىلى بىرنىڭ تىلى بىر (ماقال). * ئەمما بۇ ياخشى كۆرۈشلەر ئىككىسىنىڭ قەلبلىرىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقلىنىپ، بىرەر قېتىممۇ تىل ياكى خەت بىلەن بىر-بىرىگە بىلدۈرۈشمىگەنىدى.

④ <تىل> ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى ۋە بىر-بىرىنى چۈشىنىش قورالى. تىل تاۋۇشى، لۇغەت تەركىبى ۋە گراماتىكىدىن تەركىب تاپقان بىر سىستېما: ئۇيغۇر تىلى. خەنزۇ تىلى. * ئۇ ئىنگلىز تىلىنى ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتا ئۆگىنىۋالغان، يېقىندا بېيجىڭغا ماڭىدۇ، چىڭخۇا داشۆدە ئوقۇماقچى. ⑤ نۇتۇقنىڭ ئۆزىگە خاس ۋاسىتىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن تۈرى، ئۇسلۇبى: كىيىم-كېچەك-تە ئەر-ئاياللارنىڭ چوڭ-كىچىكنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئۇسلۇبى بولغىنىدەك، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى بولىدۇ. * ناۋاينىڭ قولى تۇتقان قەلەمدۇر، ئۇنىڭ ھەربىر تىلى بىر ئىشق-ئەلەمدۇر. ⑥ ئاغزاكى مەلۇمات، پاكىت: مەنسۇرنىڭ ھېلىقى ماتېرىيالى ياخشى رەتلەنگەنىكەن-ھە، چەتئەلنىڭ خېتى، گۇۋاھچىلارنىڭ ئىسپات ماتېرىياللىرى — مانا بۇلار بىزنىڭ تىلىمىز! * ئاۋۋال ئاۋۇ ئىككى مەخلۇقنى جايلايلى، بىرەر «تىل»نى قولغا چۈشۈرۈپ، قانچىلىك ئەسكەر بارلىقىنى ئېنىقلايلى. ⑦ كۆچمە. باشقىلارنى ھاقارەتلەپ قىلغان سۆز، ئاھانەت: تۆتەيلەن تىلىنىڭ دەستىدىن بىر-بىرىگە قارىشىپ قالدى. ⑧ كۆچمە. بىرەر ئەسۋابنىڭ ئېسىلىپ ياكى ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان ئۇچلۇق قىسمى: ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىدىكى ئېگىز مۇنارىغا ئورنىتىلغان سائەتنىڭ تىلى دەل ئوننى كۆرسەتكەنىدى. ⑨ مەلۇم كىشى-لەرنىڭ ئۆزىگە خاس پىكىر قىلىش، سۆزلەش ئادىتى: دېھقانلارنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ تېرىماي ئورىمەن دېگەنلىك. ⑩ بىرەر نەرسە، كەسىپ، ئىشنىڭ ماھىيى-تى، سىرىگە مۇناسىۋەتلىك ۋاسىتە، ئۇسۇل، چارە: تۆرىخان ئاكام يالغۇز، ئۇنىڭ ئۇستىگە سوقىنىڭ تىلىنى بىلمەيدۇ، شۇڭا قارىشىپ بېرەي دېدىم، قانداق؟ * ئىگىلدى تېخنىكىنىڭ سىرىنى ئۇ، بىلىۋالدى ستانوكنىڭ تىلىنى ئۇ. ⑪ قارماقنىڭ ئۇچىغا قارىمۇقارشى چىقارغان ئىلمىكى: قارماقنىڭ تىلى چىقىرىلمىغاچقا، ئىلىنگەن بېلىق يەنە قېچىپ كەتتى. ⑫ ئاككوردىيون، پىئانىنو ۋە باشقىلار ئۇستىگە ئورۇنلاشتۇرۇل-غان، قولدا بېسىش ئارقىلىق مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلىدىغان كىچىك كۇنۇپكا: ئاككوردىيوننىڭ تىلى. ⑬ ئاككوردىيون، ئېغىز گارمونى قاتارلىقلارنىڭ تىترەش ئارقىلىق ئاۋاز چىقىرىدىغان دېتالى.

**تىل ئاچماق** ئوقۇش، سۆزلەشكە باشلى-ماق، كىرىشمەك: بۇنى ئاڭلىغان ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن پەرزەنتىنىڭ تەرىپىگە قاراپ راۋان بولۇپتۇ-دە، شۇ يۇرتقا يېتىپ بېرىپ، دەرھال پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ، دۇئاغا تىل ئېچىپتۇ.

**تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش** <تىل> تەلەپپۇز قىلغاندا تىل كەينىگە تارتىلىپ، تىل ئۇستىنىڭ ئارقا قىسمى يۇمشاق تاڭلاي تەرەپكە كۆتۈرۈلىدىغان، تىل ئۇچى تۆۋەنگە قارىتىلىدىغان سوزۇق تاۋۇش. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى، «ئا، ئو، ئۇ» قاتارلىق سوزۇق تاۋۇشلىرى.

**تىل ئاڭلىماق** ھاقارەتلەش، كەمسىتىش سۆزلىرىنى ئىشىتمەك، تىللانماق: ۋاي بالام، سەن ئىسمائىلنىڭ بالىسى زوردۇنغۇ، بۇنداق قىلما، مەن داداڭ بىلەن يېقىن جۇمۇ، داداڭ ئاڭلىسا، تىل ئاڭلايسەن.

**تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش** <تىل> تەلەپپۇز قىلغاندا تىل سەل ئالدىغا تارتىلىپ، تىل ئۇچى تۆۋەنكى چىشنىڭ ئارقىسىغا تېگىدىغان، تىلنىڭ ئالدى يۈزى قاتتىق تاڭلايغا قاراپ سەل كۆتۈرۈلىدىغان سوزۇق تاۋۇش. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدى-كى «ئە، ئۆ، ئۈ» تاۋۇشلىرى.

**تىل بەرمەك** ئاخبارات بەرمەك، سىر

يەتكۈزمەك: ئابدۇرېھىم دورغا پىتنىخور، ھەممە ئىشنى بۇلغايدۇ. چىرىكلەرگە تىل بىرىپ، ئەسلىي ھەرگىز تىنمايدۇ.

**تىل بىرىكتۈرمەك** بىرەر ئىش ھەققىدە مەخپىي رەۋىشتە ئۆزئارا كېلىشىۋالماق، گېپىنى، مەسلىھىتىنى بىر قىلىۋالماق: —ھە، تۇراخۇن ئاكا، ئانام بىلەن تىل بىرىكتۈرىۋاتامسەن نېمە؟ — دېدى سابىر كۈلۈپ ۋە كۆڭلىكىنى سېلىپ تۇرۇپ.

**تىل بىلەن يالغۇدەك** ئۈستىدە پاسكىنا نەرسىلىرى قالمىغان، ناھايىتى پاكىز: ئاكا-ئۇكا ئىككىسى چۈشتىن ئىلگىرى ئۆيىنى ۋە دېرىزىلەرنى تازىلاپ تىل بىلەن يالغۇدەك قىلىۋېتىپتۇ.

**تىل تارمىقى** <تىل> بىر تىل تۈركۈمىگە تەۋە بولغان تىللارنىڭ تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يىراق-يېقىنلىقىغا قاراپ ئۆز ئىچىدە يەنە ئايرىلغان بىر تىپى. ئۇ تىل تۈركۈمىدىن تۆۋەنرەك بولغان تەۋەلىكنى كۆرسىتىدۇ.

**تىل تاۋۇشى** <تىل> تىلنىڭ ئاۋاز قىسمى، يەنى تىلنىڭ ماددىي پوستى. تىل پەقەت تاۋۇش ئارقىلىقلا ئىپادىلىنىدۇ. ھەربىر تىلنىڭ تاۋۇش تەركىبى ۋە ئۇلارنىڭ بىرىكىش ئۇسۇلى مەلۇم ئالاھىدىلىككە ۋە سىستېمچانلىققا ئىگە بولىدۇ.

**تىل تەسۋىرى** <ئەد> پېرسوناژلارنىڭ تىلى ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ئېچىپ بېرىلىدىغان بىر خىل ئۇسۇل.

**تىل تەگكۈزمەك** بىرەر كىشى ياكى نەرسىنىڭ ئورنى، شەنىگە نالايىق سۆزلەرنى قىلماق: ئۆمەر باي: — ئەمدىكى گەپ تاشۋايىنى بۇ يەردىن يوقىتىش، بولمىسا، ئۇ بىر توپ يېتىمچىلارنى ئارقىسىغا سېلىۋېلىپ، تويىنى بۇزىدۇ، ھەرقايسىلىرىنىڭ شەنىگە تىل تەگكۈزىدۇ، — دېدى. * — باسمىت مۇدىرغا تىل تەگكۈزمە، تىلىڭغا ھوناق چىقىدۇ! — دېدى ئۇ ھەيۋە قىلىپ، — سۇنى بەرمەسلىك سېنىڭ ھەددىڭ ئەمەس! مانا قاراپ تۇر، مەن قانداق ئالىمەنكىن.

**تىل تەگمەك** بىراۋ ئۈستىدە ياخشى ياكى يامان سۆز بولۇنغان سەۋەبتىن، ئۇنىڭغا مەلۇم غەيرىي نورماللىق، بىتاپلىق يەتمەك: شۇنچە يىللاردىن بېرى يىگىنى ئالدىدا، يىمىگىنى كەينىدە بولۇپ كېلىۋاتقان بارات مەزىنگە ئۆتكەن يىلدىن بېرى تىل تەگكەندەكلا قولىدىن ئامەت قاچقىلى تۇردى. * تولۇن ئايىنا تىل تەگمىسۇن پۈتتۈردۇق تۇمار، سۇدىن ئاققان لەھەڭ تاشتەك كۆزلىرى خۇمار.

**تىل تۈركۈمى** <تىل> بىر تىل سىستېمىسىغا تەۋە بولغان تىللارنىڭ تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يىراق-يېقىنلىقىغا قاراپ ئۆز ئىچىدە يەنە ئايرىلغان بىر تىپى. ئۇ تىل سىستېمىسىدىن كىچىكرەك، تىل تارمىقىدىن چوڭراق تەۋەلىكنى كۆرسىتىدۇ.

**تىلدا تەمى قالغۇدەك** ناھايىتى تاتلىق، ئىنتايىن شېرىن: توقسۇنغا كەلگەن بەش كۈندىن بېرى، تىلدا تەمى قالغۇدەك بىرەر قوغۇن يېمەپتىمىز.

**تىل سالماق** تىللىماق، ئاھانەت قىلماق، ھاقارەتلىمەك: ئەرۋاھىم مىڭ گەز ئۆرلەپ، مەندىن بىرنەچچە قەدەم نېرى، سىگايان ياتقان ۋېلسىپىتنىڭ ئاستىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقان قىزغا ئاغزىمنى بۇزۇپ تىل سالدىم. * بۇنى ئاڭلاپ چولاقنىڭ رەڭگى ئۆچتى، غەزەپتىن تىترىدى، ئەرۋاھى ئۇچتى. يۈگۈردى ئالدىغا، تىل سالدى دەرھال، پۈتۈن ھويلا ئىچىنى باستى جاڭجال.

**تىل سەنئىتى** <ئەد> تىل ۋاسىتىسى ئارقىلىق جانلىق بەدىئىي ئوبراز يارىتىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بىر خىل سەنئەت، يەنى

ئەدەبىيات.

**تىل سوزماق** بىراۋ ئۈستىدە گەپ توقۇماق: جادۇگەر تۇل: — ھوي! — دەپتۇ، — قۇرۇق گەپنى قوي، — دەپتۇ، تىل سوزغۇدەك بولدىڭمۇ، نانسىز ئۆسمەي بوي، — دەپتۇ.

**تىل سىستېمىسى** <تىل> تىللارنىڭ تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىگە قاراپ ئايرىلغان ئەڭ چوڭ تۈرى. ئۇ تارىخىي مەنبە جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگە بولغان تىللاردىن تەشكىل تاپىدۇ. مەسىلەن، خەنزۇ-زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى، ھىندى-ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى قاتارلىقلار. بىر تىل سىستېمىسىغا تەۋە تىللارنى ئۆزئارا تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يىراق-يېقىنلىقىغا قاراپ تىل تۈركۈمى، تىل تارمىقى، تىل گۇرۇپپىسىغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

**تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق** پايدىسى، قىممىتىنى ھېسابلاپ كۆرۈشكە، بۇ ھەقتە سۆزلەشكە ئەرزىمەيدىغان، ناھايىتى ئاز، ئاددىي، كىچىككىنە: تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىشلاردا كۆڭۈل ئاغرىتىپ ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلماي، ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇشۇڭ لازىم. * سېتىقچىلار ۋە قول ھۈنەر ئىشخانا ئىگىلىرى يەر تېرىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولۇپ، شەھەرگە كىرىپ قالغان بىر قىسىم نامرات دېھقانلارنى ھەم شەھەردىكى ئاددىي پۇقرالارنى تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئەرزىمەيدىغان ئىش ھەققى بىلەن ئۆزىگە مەھكەم باغلىۋېلىپ، ياكى قورسىقى تويمايدىغان، ياكى يىراققا كېتەلمەيدىغان قىلىپ قويۇۋاتىدۇ.

**تىلغا ئالماق** بىرەر كىشى ياكى نەرسە ھەققىدە گەپ قىلماق، سۆزىدە بىرەر كىشى ياكى نەرسىنىڭ نامىنى ئېيتماق، ئەسلىمەك، ئېغىزغا ئالماق: ئۇ ئۆتكەنكى ئىشلارنى قىلچە تىلغا ئالمىدى، پەقەت تاغلىقنىكى پۇلغا ھەيران بولغىنىچە قاراپ ئولتۇردى. * بۇ «پۇجۇڭ ئاغىچام» دېگىنى شامەخسۇت ۋاڭنىڭ ئايالى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز ئىسمىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، بىلگەن تەقدىردىمۇ، ھەرگىز تىلغا ئالمايتتى.

**تىلغا قالماق** تىل-ئاھانەت ئاڭلاشقا دۇچار بولماق: ئەگەر يۇرۇش قىلىپ، شەھەر-زېمىنلىرىنى تارتىۋالسا، خەلقى ئالەمنىڭ تىلىغا قېلىشى ئېھتىمال.

**تىلغا كەلمەك** ← **تىلغا كىرمەك**: ئۈچ-تۆت مىنۇتلۇق جىملىقتىن كېيىن، بالا تىلغا كەلدى. * يۇلغۇنمۇ تىلغا كەلگەندەك قىلاتتى.

**تىلغا كىرمەك** سۆزلەشكە، گەپ قىلىشقا باشلىماق، تىلى چىقماق: — مەن ئۇنى دېمىدىم، — ئادىل يەنە بىرھازا جىملىق ۋە ئۇھ تارتىشتىن كېيىن تىلغا كىردى، — سەن بىلمەيسەن. * — سىلەر قانداق بېلىقلار؟ نېمە ئۈچۈن سۇدا ھايات كەچۈرمەي، بۇ دۆڭنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇندۇڭلار؟ — دەپ سوراپتىكەن، بېلىقلار تىلغا كىرىپتۇ.

**تىل قايرىلما تاۋۇش** <تىل> تىل ئۇچى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئارقىغا سەل ئېگىلىپ، قاتتىق تاڭلاينىڭ ئالدى قىسمىغا تېگىش ئارقىلىق ھاۋا ئېقىمىغا توسقۇنلۇق پەيدا قىلىش بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ئۈزۈك تاۋۇش. مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدىكى « sh، ch، zh » تاۋۇشلىرى.

**تىل قۇرۇلۇشى** <تىل> تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملىك تىلنى بەلگىلەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، يېزىق ئۆزگەرتىش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

**تىل قىسىنچىلىق** ئۆتكۈزۈپ قويغان بىرەر ئەيىب، نۇقسان، خاتالىق سەۋەبىدىن دادىل گەپ قىلىشقا، سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالماسلىق ھالىتى: سۆزلەشكە پۈتۈنلەي ھەقلىقمەن. چۈنكى مېنىڭ قىلچىلىكمۇ تىل قىسىنچىلىقىم يوق.

**تىل كەينى سوزۇق تاۋۇش** <تىل> → **تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش.**

**تىل كۆتۈرمەك** تىللىسمۇ ئاچچىقلانماي جىم تۇرماق، تىل-ئاھانەتكە چىدىماق: ئايزىمخان: — مەن سىلىنى گەپ قىلمىسىلا دېگىنىم يوقتۇ؟ ئوغۇل بالىنىمۇ، قىز بالىنىمۇ ئوخشاشلا سەت تىل بىلەن تىللاۋەرسىلە، ئۇلار تىل كۆتۈرەلەمدۇ؟ — دېدى.

**تىل گورۇپپىسى** <تىل> تىللارنى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بويىچە تىپقا ئايرىغاندا، تىللارنىڭ تىل سىستېمىسى، تىل تۈركۈمى، تىل تارمىقىدىن كېيىن تۇرىدىغان تۇغقانچىلىق باسقۇچى.

**تىللاردا داستان** ئەل ئارىسىدا ماختىلىپ كۈيلەنگەن، خەلق دائىم ماختاپ، ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدىغان: ئىنقىلابىي قۇربانلار، تىلدا ھامان داستانلار. ئۆگىنىشكە ئۈلگىمىز، جۇزۇڭلىدەك چولپانلار.

**تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش** مەلۇم بىر تىلنىڭ ئىستېمالدىكى قوللىنىلىشىنى شۇ تىلنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا، گراممatika قاتارلىق تىل تەركىبلىرىنىڭ قائىدە-قانۇنىيەتلىرى ئۆلچىمىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش.

**تىلنى يارغۇدەك** ناھايىتى تاتلىق، شېرىن (قوغۇن، ئۈزۈم قاتارلىقلار ھەققىدە): مېھمانلارنىڭ ئالدىغا تىلنى يارغۇدەك سايۋىلار كەلتۈرۈلدى. * — قوغۇننىڭ سىرتىدىن ئۇنىڭ تىلنى يارغۇدەك تاتلىقلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ، — دەپ كۈلدى چاقچاق ئارىلاش.

**تىل ئۇچلىماق** سۆزلەشكە تەمشەلمەك: شاھى ئاقىل بىرچاغدا، قىز ئوردىسى — گۈلباغدا، دەپتۇ ئاستا ئۇچلاپ تىل: «ئەمدى قايتاي رۇخسەت قىل».

**تىل ئۇچى تاۋۇشى** <تىل> تەلەپپۇز قىلغاندا تىل ئۇچى چىشنىڭ ئارقا قىسمىغا تېگىپ، ھاۋا ئېقىمىدا توسالغۇ پەيدا قىلىش بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ئۈزۈك تاۋۇشلار. بۇنداق تاۋۇشلار تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ۋاقىتتىكى تىل ئۇچىنىڭ چىش كەينىگە تېگىش ئورنىغا قاراپ تىل ئۇچى ئالدى تاۋۇشى، تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى تاۋۇشى ۋە تىل ئۇچى كەينى تاۋۇشى دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**تىل ئۇچىدا** چىن كۆڭلىدىن ئەمەس، ئانچىكى ئېيتىپ قويۇلغان: قاسىم بازاردىن كەلگەندە قىزغىن كۆرۈشكەندەك قىلدى-يۇ، تىل ئۇچىدا: — ئۆيگە بارغىن، — دەپ قويدى. مەنمۇ: — ئەھۋالغا قارارمەن، — دېدىم. * راستىنلا، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا «سايىقى بار، بېغى بار» ئىشمىكەن، يا تىلنىڭ ئۇچىدىكى ئىشمىكەن؟

**تىل ئۇچىدىن كەتمەسلىك** داۋاملىق ئېغىزدا تەكرارلىنىپ تۇرماق، تىلغا ئېلىنىپ تۇرماق: بۇ سۆزلەرنى ئۇ ئىلگىتىن ئاڭلىدىمۇ ياكى ئۆز مېڭىسىدە پەيدا بولدىمۇ، بۇنىسى ئېنىق ئەمەس. «بىلىگ قۇت بىرۇر» دېگەن سۆز ئۇنىڭ دىلىدىن چىقمايتتى، تىل ئۇچىدىن كەتمەيتتى.

**تىل ئۇزارتماق** ھەققىدە گەپ قىلماق، غەيۋەت قىلماق: ئالدى بىلەن ئىشلىگىن، ئۇنىڭدىن كېيىن سۆزلە. بىراۋغا تىل ئۇزارتما، قاچان بولمىسۇن ئۇ ئادەممۇ ساڭا تىل ئۇزارتىدۇ.

**تىل ئۈستى تاۋۇشى** <تىل> تىل ئۈستى قاتتىق تاڭلاي بىلەن تېگىشىش ئارقىلىق، ھاۋا ئېقىمىغا توسالغۇ پەيدا قىلىپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان تاۋۇش. تىل ئۈستى تاۋۇشلىرى تىل ئۈستى يۈزىنىڭ تاڭلايغا تېگىشىش ئورنىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ: تىل ئۈستى ئالدى تاۋۇشى، تىل ئۈستى ئوتتۇرا تاۋۇشى، تىل ئۈستى كەينى تاۋۇشىغا بۆلۈنىدۇ.

**تىلى ئاجىز** ① راۋان سۆزلىيەلمەيدى-

غان، دۇدۇقلاپ سۆزلەيدىغان: بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى بەختىيار، ئۆزى ئاقسۇدىن، ھە ئەمدى سىلەرگە دەپ قويۇشقا تېگىشلىك يەنە بىر گەپ ـ تىلى ئاجىز. ② تىل بىلەن ئىپادىلەش ئىقتىدارى، سۆز قابىلىيىتى تۆۋەن: ھەق سۇبھانەۋەتائالا تەيجى بەگ غوجامنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن، دۆلەتلىرىنى يۇزۇن قىلغاي، پىقىرلىرىنىڭ غېمىنى يەپ، شۇنچە ئاتىدارچىلىق قىلغانلىرىغا بىر-ئىككى كەلىمە سۆز بىلەن مىننەتدارلىق ئىزھار قىلىشقا تىلىم ئاجىزدۇر.

**تىلى ئاچچىق** كىشىنىڭ كۆڭلىگە تەگكۈزۈپ گەپ قىلىدىغان، گەپ بىلەن باشقىلارنى چوقۇۋالىدىغان: ئەخمەت، سېنىڭ نېمانچە تىلىڭ ئاچچىق، بىرەر قېتىم كۆڭۈلگە ياقىدىغان گەپ قىلساڭ بولمامدۇ؟ ئاكا دېگەنگە شۇنداق قاتتىق گەپلەرنى قىلامدۇ؟

**تىلى بارماسلىق** بىرەر نەرسىنى دېيىشكە، ئېيتىشقا پېتىنالماسلىق، سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالماسلىق: شەرىپىنىڭ لەۋلىرىدىكى نازۇك كۈلكە بارا-بارا تاراپ كەتتى. چۈنكى ئۇ كەچتە غالىپ بىلەن ئۇچراشماقچى ئىدى. لېكىن ئۆزىگە مېھرىبانلىق كۆرسىتىۋاتقان ئادەمنىڭ ئىشىغا «ياق» دېيىشكە تىلى بارمىدى. * ـ ئاغا، ئېيتىڭا، دادامغا نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىدىم. ئەسلىدە «تارتىپ چىقىرىلدىمۇ؟» دېمەكچى ئىدىمۇ، بىراق ئۇنىڭغا تىلىم بارمىدى.

**تىلى بىر** پىكرى، مەقستى بىر؛ تىل بىرىكتۈرگەن: ئۇلار: ـ نەچچە ۋاقتتىن بېرى ئالماسنىڭ بىزگە يەتكۈزگەن گەپلىرىنىڭ ھەممىسى راست ئىكەن، ئاسىم بىلەن ئالماسنىڭ تىلى بىر ئىكەن-دە! ـ دېيىشتى. * ـ بولدى، ئەزەلدىنلا ئاتا-بالا ئىككىڭلارنىڭ تىلى بىر! ـ دېدى بۇسارەم چالۋاقاپ، ـ ئۇنى توسماي مۇشۇنداق ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىۋەرسىلە، ئەتە-ئۆگۈن ئۆيدىكى رادىئو، تېلېۋىزورلارنىمۇ كېرەكتىن چىقىرىدۇ، ئۇ چاغدا پۇشايمان

قىلغان بىلەن ئورنىغا كېلەمدۇ؟

**تىلى پىششىق** راۋان، مەزمۇنلۇق، ئۇقۇملۇق سۆزلەيدىغان: تىلى پىششىق بالا.

**تىلى تاتلىق** كۆڭۈلگە ياققۇدەك، يېقىملىق گەپ قىلىدىغان، گېپى يۇمشاق: تىلى تاتلىق قىز. * ـ رەھمەت قىزىم، سىزنى مۇشۇنداق تىلى تاتلىق، دىلى پاك، مېھرى ئىسسىق چوڭ قىلغان ئاتا-ئانىڭىزغا رەھمەت!

**تىلى تايماق** بىرەر نەرسە دېيىشتىن، گەپ قىلىشتىن ئۆزىنى تارتماق، دېمەكچى بولغىنىدىن يالتايماق: رەيھانەم ئۇنىڭغا زاۋۇتتىكى بەزى ئىشلارنى، ئادىلنىڭ ياخشى يىگىت ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرەي دېدى-يۇ، يەنە ئارتۇق گەپ بولۇپ قالمىسۇن دەپ، تىلى تايدى. * ھېزىمكام قىزنىڭلا كۆلەتتى، ئۇنىڭ خۇشاللىقىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، «ئەمسە سىزنىڭ لەقىمىڭىزنى قايسى خىزىر قويغان؟» دەۋەتىشتىن تىلىم تايدى.

**تىلى تۇتۇق** بىرەر ئەيىب، سەۋەنلىك سەۋەبىدىن گەپ قىلىشقا، قارشىلىق بىلدۈرۈشكە پېتىنالمايدىغان: قارا نىيەت بۇ گەپلەرنى ئاتايىن كۆڭلىگە ئالمىدى، ئەكسىچە پېشانىسىنى سۈرتكەن بولۇپ بوش كۈلۈپ قويدى، بوۋاينىڭ ئالدىدا تىلى يەنىلا تۇتۇق ئىدى.

**تىلى تۇتۇلماق** ① سۆزلەشتىن، گەپ قىلىشتىن قالماق: مەتتۇرسۇننىڭ تىلى تۇتۇلۇپ قالغانىدى. ئۇ تەسلىكتە قولىنى سوزۇپ، بىرنېمىنى كۆرسەتكەندەك قىلاتتى. ② غەيرىي، مۇۋاپىقسىز گەپ قىلىپ قويغانلىقى سەۋەبىدىن، ئېغىز ئاچالماس بولۇپ قالماق: تىلىم تۇتۇلدى. موماينىڭ يېنىپ كىرىشى مېنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرغاندەك بولسىمۇ، سۆھبىتىمىزنى ئۈزۈپ قويدى.

**تىلى چۈچۈك** قىلغان گەپ-سۆزى يېقىملىق، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان: تەشكىللىدى ئاقساقال بوۋايلارنى، تەشكىللىدى ئاپئاق باش مومايلارنى. غەمسىز قىلدى ياش تۇغۇت ئانىلارنى،

تەربىيىلىدى تىلى چۈچۈك باللارنى.

**تىلى چىقماق** ① گەپ قىلىشنى ئۆگىنىشكە باشلىماق، گەپ قىلىشقا باشلىماق: يادىكار كۈندىن-كۈنگە چوڭ بولۇپ تەلپۈنىدىغان بولدى، ئۈمىلىدى، ماڭدى، «دادا»، «ئاپا» دەپ چۈچۈكىنە تىلى چىقتى. * باللار ئاپىنى يەرگە تەگكەن كۈندىن تارتىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ، تىلى چىقسىلا غەزەل ئېيتىدۇ. ② تەپ تارتماي گەپ قىلىدىغان، تاكاللىشىدىغان، ئېيتىشىدىغان بولماق: تىلىم چىقتى سەن بىلەن راۋۇرۇس، ھەق-ناھەقنى قىلغۇدەك ئىزھار. مېھرىڭ بىلەن يورىدى كۆزۈم، نۇرغا تولدى دىلىم بىغۇبار.

**تىلىدا قالماق** ← ئاغزىدا قالماق.

**تىلىدىن چۈشۈرمەسلىك** دائىم تىلغا ئېلىپ تۇرماق، تەكرارلىماق: بالا دادىسىدىن ئايرىلغىلى ئىككى يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن دادىسىنى تىلىدىن چۈشۈرمەيتتى. * نامىڭ سېنىڭ مۇقەددەس، سۆيەر خەلق دىلىدىن. ئىش ئىزىڭنى مەدھىيىلەپ، چۈشۈرمەيدۇ تىلىدىن.

**تىلىدىن قالماق** سۆزلەش، گەپ قىلىش قابىلىيىتىنى يوقاتماق: مەن ئۇنى ئۇرۇپ يارىدار قىلغىنىمدا، ئەجىلى يۈتمەي قالغانىكەن، ئۆلمەپتۇ. ئەمما ئۇ تىلىدىن قالغانىكەن. * بۈگۈن ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىققانىكەن، بېشى ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ، ھەممىمىز ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئەكىردۇق، تىلىدىن قېلىپ سۆزلىيەلمىدى، ئەھۋال ئېغىر.

**تىلىدىن كەتمەك** غەيرىي نورمال گەپ-سۆز قىلىپ قويغانلىقى سەۋەبىدىن يامان ئەھۋالغا دۇچار بولماق: ھاشىمنىڭ ئېغىزى بىرئاز ئىتتىك ئىدى. ھەرەڭ-سەرەڭ گەپلەرنى قىلىپ قويۇپ تىلىدىن كەتتى. ئېغىز بالاسى ئەنە شۇنداق نەرسە.

**تىلىدىن ئىلىنماق** بولمىغۇر گەپ-سۆز قىلغانلىقتىن تۇتۇلماق، قولغا چۈشمەك، سىتىرى پاش بولماق: تۇرسۇنباي دەۋالدىم

دېگىنى بىلەن ئاخىرى تىلىدىن ئىلىندى.

**تىلى راۋان** توختاپ قالماي، دۇدۇقلىماي، تەمتىرىمەي سۆزلەيدىغان: ئامىنەم ئىنگلىز تىلىنى ياخشى ئۆگىنىپتۇ. ئۇنىڭ تىلى خېلى راۋان ئىكەن.

**تىلى زەھەر** گەپ-سۆزى كۆڭۈلگە نەيزىدەك سانجىلىدىغان، دىلنى ئاغرىتىدىغان، گېپى ئاچچىق: بۇ خوتۇننىڭ تىلى زەھەر ئىكەن، شۇنچە ئادەمدىن تەپ تارتماي ئېغىزىنى قويۇۋەتكىنىنى قارىمامدىغان!

**تىلى شېرىن** ← تىلى تاتلىق: يېزا قازىسى خۇدادىن قورقىدىغان ئادەم ئىدى. يىللىقچىلارنى قانداق ئىشلىتىشنى، ئۇلارنىڭ كۈچىدىن قانداق پايدىلىنىش كېرەكلىكىنى بىلەتتى. لېكىن، تىلى شېرىن ئىدى، دەشنەم، ئازار بېرىشنى خالىمايتتى، گالدىن قىسمايتتى.

**تىلى شېكەر** ← تىلى تاتلىق: دۇنيادا تىلى شېكەر، دىلى زەھەر ئادەملەرمۇ بولىدۇ.

**تىلىغا قوللۇپ سالماق** ← ئاغزىنى ئەتمەك: تالاي شائىر، ئەدىب، كۈيچى تىلىغا چوڭ قۇلۇپ سالغان، توشۇپ كەتكەن دىلىغا لىق، مىنىڭمۇ دەردۇئەپغانىم.

**تىلى قاتتىق** ① گەپ-سۆزى كىشىگە ئېغىر كېلىدىغان، كىشىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىدىغان، قوپال: بۇ كېلىنچەكنىڭ يولدىشى تىلى قاتتىق بىر ئادەم، ۋارقىراشنىلا بىلىدۇ، ئەمما بۇنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمايدۇ. ② تىلى ئاسان قولاشمايدىغان، تەلەپپۇز قىلالمايدىغان: مەن خەنزۇچە خەتلەرنى تونۇيمەن، لېكىن تىلىم قاتتىق بولغاچقا، راۋان سۆزلىيەلمەيمەن.

**تىلى قىچىشىپ قالماق** ئوڭاي تەلەپپۇز قىلالمايدىغان بولۇپ قالماق (چوڭلار ھەققىدە): تىل دېگەننى كىچىك ۋاقتىدا ئۆگەنسە بولىدىكەن، ياش چوڭ بولۇپ ئادەمنىڭ تىلى قىچىشىپ قالغاندا، چەت تىلىنى ئۆگىنىش قىيىنغا توختايدىكەن.

**تىلى قىچىشماق** گەپ قىلغۇسى كەلمەك: تىلىم قىچىشىپ: — ھوي كېۋىر، جىلىڭ مىخ ئىكەنسەن، — دەپ قويۇپتىمەن. بۇنى ئاڭلىغان ئارقامدىكى سونۇر دۈيجاڭ: — كېۋىر ئاخۇن مىخ بولسا، بىزگە پايدىلىق مىخكەن، — دەپ قايناپلا كەتتى.

**تىلى قىسقا** ← **تىلى ئۇتۇق**: قەرزدارنىڭ تىلى قىسقا (ماقال). * مەھبۇبەنىڭ كۆڭلى غەش، ئاپىسىنىڭ تىلى قىسقا. مەن ئۆز بەختىم ئۈچۈن قانداقمۇ باشقىلارغا ئازاب ھەدىيە قىلىمەن؟

**تىلى قىسقارماق** ← **تىلى قىسىلماق**: ئۆزۈڭ شۇ ئىشنى قىلىپ قويۇپ، يولداشلارنىڭ ئالدىدا تىلىڭ قىسىراپ قالدى.

**تىلى قىسىلماق** بىرەر ئەيىب، نۇقسان سەۋەبىدىن دادىل گەپ قىلىشقا، سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالماسلىق: مېنىڭ ئۇلار بىلەن ھېچ ئالاقەم بولمىسا، تىلىم قىسىلدىغان نەرسىم بار ئىدى! مېنى نېمىمۇ قىلالايتتى! * — چاقىرغانغا بار، چاقىقاندىن قاچ دەپتىكەن، ئالاھازەل قاچان خالساڭ، ئۆيۈمنىڭ ئىشىكى سەن ئۈچۈن ئوچۇق، يا ئاكاڭدىن تىلىڭ قىسىلدىغان يېرىڭ بارمۇ؟

**تىلى كالۋا** گەپنى ئوڭشاپ قىلالمايدىغان؛ تىلى راۋان ئەمەس.

**تىلى كالۋالاشماق** روھىي ھالىتىنىڭ نورمال بولماسلىقىدىن سۆزى راۋان بولماي، تەلەپپۇزى قالايمىقانلاشماق؛ سۆزنى چالا-پۇچۇق، يېرىم-يارتا سۆزلەپ قالماق: ئۇ كۆپ روھىي تەييارلىقلار بىلەن بۇ يەرگە كىرگەن بولسىمۇ، ئايشەمنى كۆرۈش بىلەنلا تىلى كالۋالىشىپ، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالغانىدى. * بىركۈنى پالچى قىياپىتىدە گىرىم قىلىپ، بىر پالاسنى يەرگە سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈيىگە يېقىن جايدا ئولتۇردۇم ۋە زاھىر بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى تىلىم كالۋالاشقان ھالدا سۆزلەپ بەردىم.

**تىلى كەلمەسلىك** تەلەپپۇز قىلالماسلىق، ئېيتالماسلىق: بەزىلىرىگە پەقەت تىلى كەلمەيدىكەن، كارىۋاتنى «كاۋا» دەيدۇ، كۈلۈپ يىقىلاي دەپ قالىمەن. * غەزەپلەنگىنىمدىن پۈت-قوللىرىم لاغىلداپ، تىترەك ئولاشتى، ھەتتا تىلىم سۆزگىمۇ كەلمىدى.

**تىلى كۆيمەك** مەلۇم بىر كىشى، نەرسە ھەققىدە سۆزلەپ قويۇپ، باشقىلارنى رەنجىتىپ قويۇش، كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋېلىشتىن ئەنسىرىمەك: بىر كەچتە پىنھان جايدا ئولتۇرۇپ ئۇچراشقاندا، قىز ئىختىيارسىز بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى. قىزنىڭ ئېيتىشقا تىلى كۆيۈپ تۇرغان قانداقتۇر بىر گېپى بارلىقى سېزىلىپ تۇراتتى. * خۇدا خالىسا، يەنە بىر ئەرزىمەس ئىش بار ئىدى، ئېيتسام تىلىم كۆيىدۇ، ئېيتمىسام دىلىم.

**تىلى گەپكە كەلمەسلىك** ئېنىق، راۋان سۆزلىيەلمەسلىك: قاتتىق كېسەل سەۋەبىدىن قىينىلىپ، تىلىم گەپكە كەلمەي تۇراتتى.

**تىلىڭ تۇتۇلسۇن** ← **تىلىڭ قۇرۇسۇن.**

**تىلىڭغا تاش-تۇپراق** ← **ئاغزىڭغا تاش تۇپراق.**

**تىلىڭغا كۆيدۈرگە چىقسۇن** ← **تىلىڭ قۇرۇسۇن.**

**تىلىڭ قۇرۇسۇن** «سۆزلەش، گەپ قىلىش ئىقتىدارىڭ يوقالسۇن» — دېگەن مەنىدىكى قارغىش سۆزى: قايسى تۆشۈكتىن ئىغۋا چىقاركىن دەپ پۇراپ يۈرىدىغان زۇغۇي دەللە، كۆرگۈنۈڭ يالغان، يالغان سۆزلىگەن تىلىڭ قۇرۇسۇن!

**تىلىڭنى تارت** ← **تىلىڭنى يىغ**: تىلىڭنى تارت. مەن سېنىڭ ئۆزۈڭنى كوممۇنىست دەپ ئاتاپ، پارتىيىنىڭ نامىنى بۇلغىشىڭغا يول قويمايمەن. سەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىن خاتا قويۇپ بېرىلگەن ئادەمسەن! * — تىلىڭنى تارت! —دېدى بەگ ۋارقىراپ، — سەندەك جوندا قلارنىڭ نەدىمۇ ساقلاپ قويغان يېرى بولسۇن؟

**تىلىڭنى يۇلۇۋالىمەن** «سۆزلەش، گەپ قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىمەن»

دېگەن مەنىدىكى تىل-ھاقارەت سۆزى: ـ توختا! ـ ئارقىدىن ۋارقىرىدى ئامبارچى تۈكۈرۈكىنى چاچرىتىپ، ـ ئەھلىمە ھەللە ئالدىدا يەنە مېنى «ئاكا» دەپ يۈرىدىغان بولساڭ، تىلگىنى يۇلۇۋالىمەن جۇمۇ؟

**تىلگىنى يىغ** گېپىگنى ئازايت، سۆزلىمە: ـ تىلگىنى يىغىپ گەپ قىل بەگە،ـ دېدى بوۋاي سالماقلىق بىلەن، ـ كىم كىمگە تاش ئاتتى؟ * ھەي تىلگىنى يىغساڭچۇ، بىز سەندەكلەرنىڭ پىشنى تۇتۇپ، بۇرنىمىزغا يەپ كەتكەن خەق، تولا كاپشىماي يولۇڭغا كېتىۋەرمەمسەن!

**تىلىنى باغلىماق** گەپ قىلىشقا پېتىنالمايدى-غان قىلىپ قويماق: ئۇ دېدى: ـ توختاخۇن قانداق قىلىق بۇ، قوغۇندا تىلىمنى باغلاي دېدىڭمۇ؟ توختامدىن كەم ھوسۇل ئالساڭ، مېنى سەن كەم پۇلنى كېچىرىم قىلغاي دېدىڭمۇ؟

**تىلىنى بىلمەك** بىرەر نەرسىنىڭ ماھ-يىتىنى، سىرىنى ۋە ئىشلىتىش يوللىرىنى، پايدىلىنىش ئۇسۇلىنى بىلمەك: ـ نېمە تۇرىسلەر، مانا ئەمدى بۇ يەردە سادىق بار، ئۇ بۇ يەرنىڭ تىلىنى بىلىدۇ، تۇرماڭلار، قېنى، كەتمەن - گۈرجەككە! ـ دەپ چەبدەسلىك بىلەن سۇ ئامبىرىنىڭ ئىسكىلاتى تەرەپكە يۈگۈردى، قالغانلارمۇ ئەگەشتى. * ئۇ ئادەم شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمانلىرى زاۋۇتىنىڭ تېخنىكى ئابلا ئىدى. ئۇ تراكتورنىڭ تىلىنى بىلەتتى.

**تىلىنى تاتلىماق** ← **ئاغزىنى تاتلىماق:** ئۇنىڭ تىلىنى تاتلىمىغۇچە ئالدىراپ ئاغزىدىن ئاۋاز چىقمايتتى. بۈگۈن تولىمۇ جىم، شۈك كۆرۈنەتتى.

**تىلىنى تۇتماق** گەپ قىلىش ئىمكانىيىتىنى يوقاتماق، گەپ قىلالمايدىغان قىلىپ قويماق: دۆلىنىڭ تورپېقىنىڭ يۇتى قاسىم دۆيجاڭنىڭ خامىندا سۇنغانلىقى دۆيجاڭغا نىسبەتەن ئېغىر ئىش بولدى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭ تىلىنى تۇتۇپ، يىغىندا بالدۇرقىدەك سۆزلىيەلمەس قىلىپ قويدى.

**تىلىنى چاينىماق** ① دەرھال دېيىشكە تېگىشلىك گەپنى دېمەي، گەپنى سوزماق؛ ئەزۋەيلىمەك: بۇنىڭدا تىلنى چايناپ ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ، مەسىلىنى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. * بەگ مالنى كۆزدىن كەچۈرۈپ قالسا، چاتاق بولمىسۇن، تىلىمنى چايناپ قالماي دەپ، دەرھال قويلارنى ساندىم. ② ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ سۆزلىمەك، دۇدۇقلىماق، گاچىلاشماق: ئىمام بۇنىڭ ھېچقايسىغا ئېنىق جاۋاب بېرەلمەي، «ھېلىقى كۈنى مەسچىتتە مەن قۇمۇللۇق، كەسپىم ياغاچچى» دېگەن ئىدى دەپ تىلنى چايندى. * باللىرىنىڭ ئىلتىماسىنى ئاڭلىغان باي بىرھازا تىلىنى چايناپتۇ، چىچاڭشىپ قايناپتۇ.

**تىلىنى چىشلەپ قالماق** قىلغان گەپ-سۆ-زىگە پۇشايمان قىلماق؛ ھەسرەتتە قالماق: ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھەر خىل يامان گەپلەرنى تارقاتتى. چوكان ياخشى بولغاچقا، بۇ يامان غەرەزلىك گەپلەرگە پىسەنتمۇ قىلماي يۈرۈۋېرەتتى. ئۇنىڭغا بەتنام چاپلاپ يۈرگەنلەر بولسا تىلىنى چىشلەپ قالاتتى.

**تىلىنى قاشلىماق** گەپ قىلىشقا ئۈندىمەك، گەپكە سالماق: گەپكە گۈل كەلتۈرۈپ سۆزلىشى قىزىق، ئېھتىمال ئۇيغۇر ئۇ، ئۇنىڭ توققۇزى. ھەي تاڭەي! بۇ گەپنى سوراشمۇ بىئەپ، تىلىنى قاشلىسام ئېيتسىچۇ ئۆزى؟

**تىلىنىڭ ئاستىدا تىلى بار** ئاغزىدا دېگىنى بىلەن كۆڭلىگە پۈككىنى ئوخشى-مايدىغان، كۆڭلىدە سىر ساقلايدىغان، راست گېپىنى بىلگىلى بولمايدىغان: ياسىننىڭ گېپىگە ئىشەنمەڭلار، ئۇنىڭ تىلىنىڭ ئاستىدا تىلى بار، سىلەرگە ماقۇل دېگەن بىلەن، كۆڭلىدە قايسى شۇم نىيەتنى پۈككەنلىكىنى بىلمەيمىز.

**تىلىنىڭ تېگىدە تىلى بار** ← **تىلىنىڭ ئاستىدا تىلى بار.**

**تىلىنىڭ سۆڭىكى يوق** ئېغىزدىن ھەرقان-داق گەپ چىقىدۇ: ئۇكام، تىلىنىڭ سۆڭىكى

يوق، نېمە دېسەم دەۋېرمەن دەپ ئاغزىڭغا كەلگەننى ۋالاقلاۋەرمە، بىزمۇ سەن بار يەردە بار. ئىش ئۇنچىۋالا ئەمەس.

**تىلنىڭ ئۇچىدا دەپ قويماق** → ئاغزى-نىڭ ئۇچىدا سۆزلەپ قويماق.

**تىلنىڭ ئۇچىغا كەلمەك** مەلۇم مەنىدە سۆزلىگىلى تەييارلانماق: سادىق كۆڭلىدە ئاشۇ گەپلەرنى دېمەكچى بولدى-يۇ، تىلنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپنى يۇتۇۋەتتى.

**تىلنىڭ ئۇستىخىنى يوق** → تىلىنىڭ سۆڭىكى يوق.

**تىلىنى يىغماق** → ئاغزىنى يىغماق: — «مازاردىن يۇتۇڭنى يىغ، پادىشاھتىن تىلىڭنى» دەپتىكەن، تەيجى بەگ غوجامنىڭ ئالدىدا ئۇششۇق گەپ قىلمىسلا، ھاجى، — دېدى قاسىم پالۋان يوغان ئالىقانلىرىنى خوجىنىياز ھاجىنىڭ مۈرىسىگە تاشلاپ.

**تىلى ئۇۋق** → تىلى ئىتتىك: ئۇ چاغلاردا، ساۋاتسىز بولۇشۇم بىلەن، ئۆزۈم شوخ ئىدىم، تىلىم ئۇۋق ئىدى، قول ئاستىمدا ئىشلىگەنلەرنىڭ ئالدى ھازىر ۋالىي بولدى.

**تىلى ئۇزارماق** سۆزلەشكە ئاساس تاپماق؛ دادىل سۆزلىيەلەيدىغان بولماق: ئەمدى بۇ ئىچىمەللەرنىڭ تىلى تېخىمۇ ئۇزىراپ، گېپى يوغىنايدۇ. باشقىلارمۇ ئۇلارنى دورايدۇ.

**تىلى ئۇزۇن** ھەر نەرسە دېيىشكە تىلى قىسىلمايدىغان؛ دادىل، بىمالال گەپ قىلىدىغان: پىلانىنى چوڭ تۈزۈپ قويۇپ، ئۇنى ئورۇندىيالمىغاندىن كۆرە، لايىقىدا تۈزۈپ ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان تۈزۈك. بۇنداق بولغاندا تىلىمىز ئۇزۇن، يۈزىمىز يورۇق بولىدۇ.

**تىلى ئۆتكۈر** سۆزلەرنى دەل جايىدا ئىشلىتىدىغان، سۆزلىرى چوڭقۇر مەنىلىك: بۇ كىمنىڭ ئىملاسى، ھېكمەتنىڭمۇ؟ ياق، ئۇنىڭ خېتى بۇنداق ئەمەستىغۇ، تىلى ئەجەب ئۆتكۈر-ھە! توختا، بۇ خەتنى دەرھال تەرجىمە قىلدۇرايلى.

**تىلى ئىچىلماق** → ئاغزى ئىچىلماق.

**تىلى ئېغىر** ① تىلى قاتماق. ② تىلىنى چۈشىنىش قىيىن؛ جۈملىرلىرى مۇرەككەپ: ئەسەر ياخشى يېزىلغان. لېكىن تىلى ئېغىر.

**تىلى ئىتتىك** ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەۋېرىدىغان: ئايىمخان تىلى ئىتتىك بىر ئايال ئىكەن، ئۇنىڭغا ئۇقۇشماي گەپ قىلىپ قويۇپ، ئۆزىمىزگە ئىچ پۇشۇقى تېپىۋالمايلى يەنە.

**تىلى ياغلىما** سىلىق، چىرايلىق گەپ بىلەن كىشىلەرنى ئالدايدىغان: سەن بۈرۈن ماڭا قىلغان ئەسكىلىكلىرىڭنى ئويلىساڭ، ماڭا شۇ گەپلەرنى قىلماس ئىدىڭ! بۈگۈن تىلى ياغلىما بولغىنىڭنى قارىمامدىغان.

**تىلى ياغلىمىلىق قىلماق** سىلىق، گەپلەر بىلەن كىشىلەرنى ئالدىماق: ئەلۋەتتە، جۈمە تىلى ياغلىمىلىق قىلىپ شەھلا كۆزلۈك قىز بىلەن بىرىنچى بولۇپ تونۇشقان، كونا ئوقۇغۇچى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن كىنوغا، كېچىلىك سەيلىلەرگە تەكلىپ قىلغان، ئاجايىپ ھېكايىلارنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۆزىگە ئىشەندۈرگەنىدى.

**تىلى يۇمشاق** سىلىق، چىرايلىق گەپ قىلىدىغان: كۆرۈپ قالسا ۋەسلىنى شاھزادىلەر، تائام يېمەي ئۇرغۇسى پەريادىلەر، ئۇندىن قالسا دىلبەرنىڭ دىلى يۇمشاق، خۇددى بۇلبۇل، شائىرە، تىلى يۇمشاق.

**تىلى يېنىك** سۆزلىرى چۈشىنىشلىك: كۆپرەك يېزىڭ. پىكىرلەر ئوچۇق، تىلى يېنىك بولسۇن. بىزنىڭ شېئىرلىرىمىزغا كىشىلەر بىر قاراش بىلەنلا پىكىرلىرىمىزنى، مەقسەتلىرىمىزنى چۈشىنىدىغان بولسۇن.

**تىل ئىشتمەك** ئاھانەت ئاڭلىماق، ھاقارەتلەنمەك: ئۇ شوخ ۋە ئالدىراڭغۇلۇقىدىن بەزى ۋاقىتتا ئويلىمايلا خاتا ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ، ئانىسىدىن دائىم تىل ئىشتىپ يۈرەتتى.

**تىل يارىسى** يامان گەپ-سۆز، ئاھانەت-تىن كېلىپ چىققان دەرد-ئەلەم: قول يارىسى

كېتەر، تىل يارىسى كەتمەس (ماقال).

**تىل ياغدۇرماق** ئارقمۇئارقا تىللىماق، كەينى-كەينىدىن ئاھانەت قىلماق: بەزىلەر سىياپ ئېگەكنى، ئۇمچىيىپ؛ «ۋاي ئىست!» دەپ يىغلىسا پەرياد ئۇرۇپ؛ «كىم ئۇنى بالدۇر ئېچىلسۇن دەپتۇ؟!» دەپ، گۈلنى سۆكتى بەزىلەر تىل ياغدۇرۇپ.

**تىل ياقا** <كي> تىل شەكلىدە تىكىلگەن ياقا.

**تىل ياندۇرماق** دېگىنىنى رەت قىلىدىغان گەپ بىلەن جاۋاب قايتۇرماق، رەت قىلماق: سىلەر ئويلاڭلار، زەرەپشاندا ئۆتمۈشتىن ھازىرغىچە كىم مەخسۇت بېگىمگە تىل ياغدۇرغان. * بىز ئىشلىسەكمۇ باغلارغا، غوجام يېگەن مېۋىنى. تىل ياغدۇرۇش نەدىكەن، ھۆكۈم ئىدى دېگىنى.

**تىل-ئاھانەت** تىل ۋە ئاھانەت: چىمەنگۈل بىلەن قاچانكى بىر يەردە ھال-مۇڭ بولۇشقان ئىكەنسىلەر، ئۇنى سوپى قانداق بىلىۋالغانكىن، شۇ خەۋەرنى خېنىمنىڭ قۇلىقىغا قويۇپ، گۈلچىمەنمۇ بىھۇدە بىرمۇنچە تىل-ئاھانەتكە قالدى.

**تىلاۋەت** ئى [ئە] قۇرئان ئوقۇش، قىرائەت قىلىش: باشلىدى كىمدۇر قىرائەت، ئېغىر بىر مۇڭ چاچار ئۆيدە تىلاۋەت.

**تىلاۋەت قىلماق** قۇرئان ئوقۇماق، قىرائەت قىلماق: ئۇ چاغدا ئىمىر باقى خۇشال بولدۇ-دە، قۇرئاندىن تىلاۋەت قىلىشقا باشلايدۇ.

**تىلاۋەتخانا** ئى [ئە+پ] قۇرئان ئوقۇش، قىرائەت قىلىپ دۇئا-تەكبىر

: قۇربان ئاقساقال ھېلىقى

ەپ جەرىخانىغا، ئاندىن

رقىلىق مەدرىسىنىڭ تار

خامىنى

بولدى. بو

بالدۇرقىدەك سۆز

م قۇرئان ئوقۇپ،

چى: مانا شۇ ئىشتىن

قۇمغا مىلىنىپ، چىلىم

تارتىپ ياتقان خوتۇننىڭ ئەسلىدە ئاددىي دۇئاگوي تىلاۋەتكار ئەمەس، بەلكى قالتىس كارامەتى بار «پەرىزات خېنىم» ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قالغانىدى.

**تىلەتمەك** «تىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاق ساقاللىق ئىسلام باخشى قارا ئارغامچىدا ئايۋاننىڭ تۈرىگە تۇغ باغلاپ، يەتتە ئۆيدىن تىلەتكەن پارچە-پۇرات لاتا-پۇتا يۇلۇندىلارنى باغلىغان تۇغقا ئاستى.

**تىل-ئەدەبىيات** تىل ۋە ئەدەبىيات: ئۇنى تېلېۋىزىيە داشۆسىنىڭ تىل-ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇيدىكەن دەپ ئاڭلايمەنغۇ؟

**تىلەشمەك** «تىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەن قەبرىنى قۇچاقلاپ، ئاھۇپەرياد چەكمەكتىمەن. يېنىمدا ئەل-جامائەت ۋە قوۋم-قېرىنداشلار مېنىڭ سەۋر قىلىشىمنى تىلەشمەكتە.

**تىلەك** ئى ① بىرەر نەرسە، ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان ئارزۇ، ئىنتىلىش، ئىستەك: ھازىرچە بۇ ئىشىڭىزنى قويۇپ تۇر. چوڭ تىلەك ئورۇندالغاندىن كېيىن، باشقىلىرىنى ئويلاشساقمۇ ئۈلگۈرىسەن. * تىگىرقىمايمەن دوستلار، تىلەيمەن ئالىي تىلەكلەرنى، چۈشۈرمەيمەن كۆرەشكە دەپ تۈرگەن بۇ بىلەكلەرنى! ② مەلۇم ئۆمىد ياكى ئېھتىياج بىلەن باشقىلارغا قىلىنغان تەلەپ، مۇراجىئەت: قارىغۇنىڭ تىلىكى ئىككى كۆز (ماقال). * — تىلىكىم بۈگۈن ئىجابەت بوپتۇ، — دېدى-دە، ئىشانغا ھاپاش بولدى. * — يېتىم قىزىم، — دەيدۇ بوۋاي كۆز ياشلىرى سەل، — مىسكىن ئاتاڭ تىلىكىڭنى قىلالمىدى ھەل.

**تىلەكداش** ئى. بىر كىشىنىڭ تىلىكى، ئارزۇسى، ئۈمىدىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ھېسداشلىق قىلغۇچى كىشى؛ ئوخشاش تىلەك-ئارزۇدا بولغۇچى: ئۇ سېنىڭ نەپەس ئېلىشلىرىڭنى ئاڭلاپ تۇرۇپتۇ، ئۇ سېنىڭ بەختىڭگە تىلەكداش، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتى سا بەخت تىلەش بىلەن ئۆتىدۇ. * بۇ سىزنىڭ، مېنى

ئەمەس، بارلىق ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ غەلىبىسى. كېلەر يىلى كوماندىمىزنىڭ بىرىنچى بولۇشىغا تىلەكداشمەن.

**تىلەكداشلىق** «تىلەكداش» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇ ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئوبدان ئوقۇپ، يېڭى ئوقۇش يىلىدا ياخشى نەتىجىلەرنى يارىتىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

**تىلەم** ئى. بىرەر ئېھتىياج بىلەن تىلەپ، سوراپ ئېلىنغان نەرسە: تىلەمگە بەرمەك. تىلەمگە ئالماق. تىلەمگە ئالغان نەرسىلەر.

**تىلەم تىلىمەك** ئېھتىياجلىق بىرنەرسىنى سورىماق، تەلەپ قىلماق.

**تىلەمچى** ئى. كىشىلەردىن بىرەر نەرسە تىلەپ تىرىكچىلىك قىلغۇچى كىشى: بامدات نامىزىدىن كېيىن، ئېقىپ كەلگەن تىلەمچىلەر تاللىق ھويلىغا لىق تولدى. ئۇلار كىچىككىنە قازاندا پىشقىلاپ قايناۋاتقان ئوماچقا قاراپ، تىلىنى تەمشىپ ئولتۇرۇشاتتى. بەزىدە قەلبىڭدە قوزغايدۇ يىغا، تىلەمچى يېتىملەر ئوقۇغان قوشاق. ئۇلارنىڭ كۆڭۈلنى دولقۇنلىتىشى، بولىدۇ شائىردىن كۆرە ياخشىراق.

**تىلەمچىلىك** «تىلەمچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئەگەر ئاشۇ بىر يىلى مېنى بۇ يەردە ئېلىپ قالمىغان بولسىلا، نەلەردە تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرۈۋاتىمەنمۇ بىلمەيتتىم. * بۈگۈن ئۇ يەر ئادەم تويىدىن خالىي بولۇپ، كىچىككىنە بىر بالا تىلەمچىلىك قىلىپ، كوچىدىن ئۆتكەن-كەچكەنلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇراتتى.

**تىلەنمەك** ① «تىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھېلىقى بالا تامنىڭ ئارقىسىغا بېرىپ، يانچۇقىدىكى تىلەنگەن پۇللارنى ساناشقا باشلىدى. ② يېلىنماق، يالۋۇرۇپ سورىماق: بۇ ئادەم كۆرۈمسىز تۈرگىنى بىلەن، تولىمۇ سەزگۈر، ئار-نومۇسلۇق ئىكەن. ئارتۇق تىلەنمەيلا چىقىپ كەتتى. ئاردا بەش كۈنچە ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە ئىشخاندا پەيدا بولدى. * تەبىئەتنىڭ ھەر خىل «ئىلتىپاتى»، گاھى باردۇر «زۇلۇم-دادى»، بىزغۇ ھازىر تەبىئەتتىن تىلەنمەيمىز، تاسادىپىي ئىلتىپاتقا يۈلەنمەيمىز. ③ تىلەمچىلىك قىلماق: شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلار قەيەردە كەچ بولسا، شۇ يەردە يېتىپ، تاڭ ئاتسا، جان ساقلاش كويىدا ئۇنىڭغا-بۇنىڭغا تىلىنىپ، بەش يىلنى ئۆتكۈزدى. * يۈلە كۆتۈرگەن ھامال ئۆتتى ئالەمدىن، دىۋانىمۇ ھامال تامان يۈزلەندى. ھامال كۆتتى، يىقىنلاشتى دىۋانە، كۆز قىستى-دە، قوشاق ئېيتىپ تىلەندى.

**تىل-تاياق** تىللاش ۋە ئۇرۇش بىلەن قىلىنغان خورلۇق: كىمدەكىم مۇددىئاسىنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىكەن، يا ئانىسىدىن ئەمگەن سۈتى بۇرنىدىن تامغۇدەك تىل-تاياق ئاستىغا ئېلىناتتى، ياكى يىللاپ-يىللاپ سۇ قۇرۇلۇشى ئورنىدىن كېلەلمەيتتى.

**تىلتۇمار** ئى [تىل+تۇمار] ① كونا قاراش بويىچە كىشىلەرنىڭ تىلى تېگىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىچىگە دۇئا پۈتۈلگەن قەغەز سېلىنغان تۇمار: مەنىۇ تىل تېگىدۇ، كۆز تېگىدۇ دېگەن سۆزلەرگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدىم، ئەمما تۇرسۇنئاي ئۈچ ياشقا كىرگۈچە ھېچكىمگە كۆرۈنمەيدىغان قىلىپ بويىنىغا تىلتۇمار ئېسىپ قويغاندىم. بۇ ئىشقىمۇ ھازىر ئىچىمدىن كۈلىمەن. * قاراقىغۇ كەپىنىڭ چىرىغى ئىدى، بوي-بەستى گۈل-غۇنچە، كۆزلىرى خۇمار كۆڭۈلسىز تۇرمۇشنىڭ قىزىقى ئىدى، ئارزۇلاپ بويىنىغا ئاسقان تىلتۇمار. ② كۆچمە. گويا بارلىق يامانلىقنى يوق قىلىپ، ياخشىلىق بەخش ئەتكۈچى دەپ ئەتىۋارلاپ ساقلىنىدىغان نەرسە: ئۇمۇ ئۆزلىرىدىن چانغان ئەرلىرىني بالا بىلەن تۇرۇشنى ئىشەنچلىك چارە دەپ قارايدىغان بارلىق ساددا ئاياللارغا ئوخشاش، تۇغۇلغۇسى بوۋاقنى، سابىرنىڭ بۆلۈنۈشكە باشلىغان كۆڭلىنى ئائىلىگە جەلپ قىلىدىغان تىلتۇمار دەپ ئويلايتتى.

**تىلتۇمار قىلماق** مەلۇم بىر ئىش ياكى نەرسىنى ھەممىنى ئوڭۇشلۇق قىلغۇچى،

مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگۈچى قىلىۋالماق: يېشىل مايسا مۇھەببەتنىڭ كۈچىدىن تاش يارار، بۇ ھەق، يېشىلمە سىلىككە توسقۇندىن بۇ ھەقنى تىلتۇمار قىلدىم.

**تىلچى** ئى ① مەلۇم تىل بىلىملىرىدىن خەۋىرى بار كىشى، تىلشۇناس: مەن تەلەپپۇزىڭىزغا قاراپ سىزنى تۇرپانلىق بولسا كېرەك دەپ ئويلىغانىدىم. كېزىتخانىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەيدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە شېئىر بىلەن ھەپىلىشىدىغان بىزگە ئوخشاش كىشىلەر تىلچى كېلىدۇ، تىل ئۆگىنىدۇ ئەمەسمۇ، — دەپ قويدى. ② خەۋەر، ئاخبارات يەتكۈزگۈچى: — چۈنكى، — دېدى شىڭ شىسەي قويۇق بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ، — تىلچىلىرىمىز بەرگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھازىر ئىسيانچىلارنىڭ باشلىقلىرىدىن يولۋاس بىرەر يۈز ئادىمى بىلەن قوراي دېگەن تاغقا بېكىنىۋاپتۇ. * مەسلىھەتلەشتى ئۇلار تەدبىر-ئامالنى تاڭغىچە، ماڭدۇرۇلدى يۇرتقا «تىلچى»، ئۆتتى ئۈچ كۈن ئانغىچە. ③ داۋاملىق باشقىلارنى تىللاشنى ئادەت قىلغان كىشى: قاسىمباينىڭ خوتۇنى بىر تىلچى خوتۇن، شۇڭا قاپىقىدىن كۆڭ ئاجرىمايدۇ.

**تىلخەت** ئى [تىل+خەت] قەرز، زىممىسىگە ئالغان مەجبۇرىيەت، ۋەدىلەر ھەققىدە جاۋابكار شەخس تەرىپىدىن ئىمزا قويۇپ ياكى تامغا بېسىپ بېرىلگەن ھۆججەت: — قېنى ئۇنداق بولسا، مۇنۇ قەغەزگە قولۇڭنى قويۇۋەت، — باي ئالدىراپ تەييارلاپ قويغان تىلخەتنى ئۈستەل ئۈستىگە قويدى. * بولدى، بولدى، سۇلياۋ-پۇلياۋ دېگەننىڭ گېپىنى قىلماڭ، ماڭا كېرىكى ئابدۇغېنى بەرگەن تىلخەتنى ئالدىمدىلا يىرتىپ تاشلاڭ!

**تىلداش** ئى. بىر تىلدا سۆزلەيدىغان، مەلۇم ئورتاق تىلغا ئىگە كىشىلەر: چېۋەر خەلقىم — قېرىنداشقا يۈرەك ناخشام ئاقار ھەردەم، ئۇلار شەننى كۈيلەيمەن، راۋابىمغا بولۇپ تىلداش.

**تىلدۇرماق** «تىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — بالا دېگەننى قويۇڭ! ئۆيگە بارغاندا ئوبدان چاي ئىچەلمەي بولماسمىدى! — دېدى چال بالىسىغا ھومىيىپ قارىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن بىرىپ تاۋۇزدىن بىرنى سېتىۋالدى، شۇ يەردىلا تىلدۇرۇپ يېيەلىگىچى بولدى.

**تىلدۇرۇلماق** «تىلدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۈستەللەرگە ئۈجمە ياغىچىدىن تىلدۇرۇلغان تاختايلار ئىشلىتىلدى.

**تىلسىز** سۈپ ① تىلى يوق، تىلغا ئىگە بولمىغان: ئۇ تىلسىز، پۇت-قولسىز غەلىتە مەخلۇق، ھېچبىر يەردە توختىماي ئاققىنى ئاققان. ئۇنىڭدا زور قۇدرەت پايانسىز يوق كۈچ. بىلدىم بۇ كۈچنى قەيەردىن ئالغان. ② سۆزلەش قابىلىيىتىگە ئىگە بولمىغان، گاچا: — مېنىڭ قىزىم بولىدۇ، سائادەت، — دېدى سادىقچان ئاكا، — سىز بۇنىڭ گەپ قىلالمىغانلىقىنى كۆرۈپ باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭ، تەقدىر-ئىرادە، تۇغۇلۇشىدىنلا تىلسىز بولۇپ قالدى. ③ كۆچمە. سۆزلىمەيدىغان، گەپ قىلمايدىغان: خۇداغا شۈكۈر، ھېلى ئۇ گەپنى قىلغىنى يوق، تىلسىز قۇلدەك يەنە مېنى كۆتۈرۈپ يۈرىيدۇ. شەرەت بىلەن سۆزلەشتۇق، مەقسىتىمىز كۆزلەشتۇق، ھەيران بولدى كۆرگەنلەر، بۇ ئىككى شوخ تىلسىزغا. ④ كۆچمە. گەپ، سۆز بىلەن ئىپادىلەنمىگەن، تىل ئىشلىتىلمىگەن: ئويلاپ كەتتىم؛ ئۆتكەن مىنۇتلار ئېسىمدە بار، ئېسىمدە تېخى. ئېسىمدە ئۇ تىلسىز گۇۋاھلار، ئېسىمدە مۇشۇ مەجنۇن تال تېگى. ⑤ كۆچمە. ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايدىغان، جىمجىت: تىلسىز تۈن كېچە، سۇنىڭ بېشىدە، ئاستا تەۋرىنەر ئاينىڭ شولىسى. شامۇسە ھەردە دىلغا زوق بېرىپ، توختىماس باغدا بۇلبۇل ناخشىسى.

**تىلسىز تىياتىر** <تىيا> دىئالوگ ياكى ناخشا بولمايدىغان، ۋەقەلىك پەقەت ھەرىكەت ۋە چىراي ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان تىياتىر.

**تىلسىزلىق** «تىلسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئويلا! ئىنسان قاناتلانسۇن ئوي ھەردەم، تىلسىزلىقتا ئۆتقىن مېنىڭ تىلىمنى. مەن چېچەكمەن شۇ مەنلەر ماڭا جەم، ھەر باھاردا چۈشەن مېنىڭ دىلىمنى.

**تىلسىم** [ئە] ① ئى. سېھىر، جادۇ: بىر پارچە نامە يېزىپ ھارىس شاھقا ئەۋەتتى. ھارىس شاھنىڭ ھامامى بادگەرد تىلسىمنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. * دېگەن سۆزنىڭ بۈگۈن بولدى سىرى ئاشكار، زامانىمىز پەرھاتلىرى قىلىپ شىكار، تىلسىم بىلەن ئەپسۇنلارنى ئەيلەپ بىكار، نېمە باركەن سەندە بىزگە قىلدى ئايان. ② سۈپ. سېھىر قىلىنغان، سېھىرلىك، ئاجايىپ-غارايىپ، سىرىنى بىلگىلى بولمايدىغان: پۈتۈن دادۇينى كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان نەدىكى بىر تىلسىم سوغا - قارلىق تاغقا باشلىغىلى بولامدىكەن؟ ئەقىل بىلەن ئىش قىلايلى بولدا شۇلا، ئەقىل بىلەن. * ياتىدۇ ئالدىمدا مانا ئاستانە، كۆپ زامان ئۇخلىغان ئىدىقۇت شەھىرى. بېزەكلىك، يارغۇلدا تىلسىم مەنزىرە، بىر كۆرگەن كىشىنىڭ ئېچىلار بەھرى. ③ ئى. سىرى ئېچىلمىغان، سېھىرلەنگەن نەرسە ۋە شۇنداق جاي: - بۇنىڭ ئىچى، - بوۋاي بېشى بىلەن ئەتراپنى ئىشارەت قىلدى، - بەئەينى بىر تىلسىم. كىم بىلىدۇ تېخى بۇنىڭ ئىچىدە بىرەر ھەپتە مۆكۈ-مۆكۈلەڭ ئوينامدۇق!؟ * ئىجاد-مېھنەتكە دەۋرىمىزدە يارالدى كەڭتاشا ئىمكان، قىلىپ تەسلىم تەبىئەتنى، چېگىش تىلسىم سىرىن ئاچقىن. * كېچىچە يول مېڭىپ سازلىقتىن ئۆتۈپ، كېلىمىز مۇشۇ چۆل باغرىنى كېسىپ، كېلىمىز يول ئېچىپ بۇ تىلسىمغا بىز، ئويغىتىپ دىللارنى تۈنجى ئىز بېسىپ.

**تىلسىم قىلماق** ① سېھىر-جادۇ قىلماق، سېھىرلىمەك: ئالدىمىزدىكى مەيدانغا تىزىلغان قوناقلارنىڭ كەڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ شىلدىرلاشلىرى جانلىقلىقتىن دېرەك بەرمىسە، ئاي نۇرىغا چۆمگەن بۇ يېزىنى تىلسىم قىلىپ قاتۇرۇپ قويغانغا ئىشىنىشكە تەييار ئىدىم. * ئۇلار بۇ گۈزەللەرنى تىلسىم قىلىپ، جەزىرىلەرگە تاشلاپ قاچقان. ② سىرلىق، بىلگىلى بولمايدىغان قىلىپ كۆرسەتمەك: سەن ئۆزۈڭنىڭ قىزىغا بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببىتىڭنى يۈرىكىڭنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۇنى سىر ۋە تىلسىم قىلىۋالساڭ، قىزنى بىزار قىلماي قالامتىڭمۇ؟

**تىلسىمات** [ئە] ① ئى. سېھىر-جادۇ قىلىش، سېھىر-جادۇ قىلىنغان نەرسە: سەن ئاشۇ تاغقا بارالىساڭمۇ، تىلسىماتقا كۈچۈڭ يەتمەيدۇ. يارىڭنىمۇ كۆرەلمەيسەن، - دەپتۇ. * ئۇنى ھېچقانداق ئىنسۇجىنغا كۆرسەتمەي ساقلايدۇ. ئوردىدا ساقلاشتىن قورقۇپ، تىلسىمات بىلەن ئاسماندا ئالايتەن بىر ساراي سېلىپ بەرگەن. ② سۈپ. سىرىنى بىلگىلى بولمايدىغان، سىرلىق: بۈگۈن ئۇنىڭ چىنىسىغا چاي قويۇپ بېرىۋاتقان مەھبۇبى ئايىمخان دەل شۇ شائىرنى ئۆرتەندۈرگەن تىلسىمات قىزنىڭ ئۆزى ئىدى. * بولىدۇ ئۇلارغا بەش قولدەك ئايان، تىلسىمات كۆرۈنگەن بۇ سىرلىق ئالەم. ئوقۇيدۇ ئىجتىھات-زوق بىلەن ئەسئەت، قۇرلاردىن قۇرلارغا يۈگۈرىدۇ كۆزى. ③ ئى. كۆچمە. سىرى ئېچىلمىغان، كىشىلەر بىلىپ يەتمىگەن ئاجايىپ-غارايىپ نەرسە ۋە شۇنداق جاي: ئۇ ئورمانلىق ھەقىقەتەن بىر تىلسىمات ئىكەن. تېخى يېرىم سائەتمۇ ماڭماستىن غەلىتە بىر يەرگە كېلىپ قالدۇق. * ئۇ بىر يىل خاپا بولۇپ، بىر يىل خۇش بولۇپ، دېھقانچىلىقتىن ئىبارەت تىلسىماتنىڭ سىرىنى بىلمەي ئۆتتى.

**تىلسىماتچىلىق** ئى. ھەممىنى چۈشىنىپ بولمايدىغان قىلىپ سىرلىقلاشتۇرۇش ئىشى: ماخىزمچىلارنىڭ نۇقتىئىنەزىرىچە، ئادەم ئۆزى بىلمىگەن نەرسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قانداق بىلەلەيدۇ؟ تېخى بىلىۋېلىنمىغان زۆرۈرىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قانداق بىلەلەيدۇ؟ بۇ «تىلسىماتچىلىق» ئەمەسمۇ؟

**تىلسىماتلىق** سۈپ. چۈشىنىپ بولمايدىغان،

سىرلىق، ئاجايىپ-غارايىپ: بۇ مونچاق بەش ياپىلاق يۇزلۇك بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر يان يۈزىگە چۈمۈلىنىڭ ئىزىغا ئوخشايدىغان ئۇششاق ھەرپلەر بىلەن تۈرلۈك ئىسىملار ۋە قانداقتۇر تىلسىماتلىق نەرسە نەقىش قىلىنغانىكەن. * تىرىك قالسا تىلسىماتلىق ئۇ چۆلدە، ئاتسىز يۇرتقا قايتالمايدۇ ئۇ قىزمۇ. خوجايىنغا ئۆلدى دەپلا بارسىمىز، قولىمىزنى قان قىلمايمىز ھەم بىزمۇ.

**تىلسىمان** سۈپ. تىل شەكىللىك، تىلغا ئوخشاش: تىلسىمان گۈل.

**تىلسىمان گۈل** <بوت> تۆۋەن قىسمى كاناي شەكلىدە، يۇقىرى قىسمى يېيىلىپ ياپىلاقلاشقان ئومۇمىي شەكلى تىلغا ئوخشايدىغان گۈل. مەسىلەن، ئاپتاپپەرەس تەخسىسىنىڭ چۆرىسىدىكى چوڭ گۈللەر تىلسىمان گۈلدۇر.

**تىلسىملانماق** «تىلسىملىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ـ بۇ ھاسا، ـ دەپتۇ قىز سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ـ سۇلايمان پەيغەمبەر شاھلىق قىلىۋاتقاندا ئىشلەتكەن ھاسا. بۇ ھاسىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ھەرقانچە قاتتىق تىلسىملانغان تاغ بولسىمۇ ئېچىۋەتكىلى بولىدۇ.

**تىلسىملىق** سۈپ ① سېھىرلاپ، تىلسىملاپ قويۇلغان: چەكمەكتە دىللارنى لەرزان ناخشىنىڭ كۆزلەرگە كۆرۈنمەس تىلسىملىق قولى. يۈزىدىن كۆمۈش تەر ئاققان ئەمگەكچى، قەلبىدە ئېچىلغان تەسرات گۈلى. ② بىلىپ بولمايدىغان، ئاجايىپ-غارايىپلىقلارغا ئىگە: ئۇ ھاياتنىڭ تىلسىملىق يولىغا كىرىپ قالغان ئادەمدەك نەگە بېرىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلمەيتتى. * بايلىقلار ياتقان سىرلىق چۆللەرنى، تىلسىملىق سىرىنى ئاچقىلى كەلدىم. ئەي گۈزەل تارىم نامىڭنى داستان، قىلىپ ئالەمگە يايغىلى كەلدىم.

**تىلسىملىماق** پ. سېھىر-جادۇ قىلماق، ھېچكىم كىرەلمەيدىغان قىلماق.

**تىلشۇناس** ئى. تىل ئىلمى بويىچە مۇتەخەسسىس، ئالىم: بۇ يەردە تۇغۇلغان ئالىم فارابى، ئەركىنلىك كۈيچىسى، ئۇلۇغ تىلشۇناس. نۇر بىلەن ئەبەدىي تونۇش بولغاندەك، تونۇشتۇر شۇ نامغا يەر-كۆك، تاغۇتاش.

**تىلشۇناسلىق** ئى. تىلنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان پەن. تىلشۇناسلىق ئۆزىنىڭ تەتقىقات دائىرىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئومۇمىي تىلشۇناسلىق ۋە كونكرېت تىلشۇناسلىق دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ: تىلشۇناسلىقتا مۇقەددىمە. ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى. * 3-ئاخشىمى، پروفېسسور بىلەن تىلشۇناسلىق ھەققىدە قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق.

**تىلغاتماق** «تىلغىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تىلغاشماق** «تىلغىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ساپانچىلار چۈشكىچە قىغلانغان يەرلەرنى تىلغاشتى.

**تىلغانماق** «تىلغىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نەمدەيدۇ ۋاراقنى ئاچچىق ياشلىرىم، تىترەيدۇ خاتىرە ھەيھات! قولۇمدا. دوستۇمنىڭ قايغۇسى قوزغىتار نالە، يۈرىكىم تىلغىنار ھەسرەت تىغىدا.

**تىلغىماق** پ ① يەرنى ھەيدەپ، تۈرتۈپ ئۆكتۈرمەك؛ تۇپىسىنى بوشاتماق: شۇنداق قىلىپ بۇ كىشىلەر بىردەمنىڭ ئىچىدە جەننەتتەك ئوقۇش يۇرتىنى توڭگۇز تىلغىغاندەك ۋەيران قىلىۋەتتى. * ياش يىگىتلەر گۈلدۈرلەتتى تراكتورلارنى، تىلغىماقتا بۇ ئەسىرلىك بوز يەر كۆكسىنى. كۈن بويىنغا ئۇتتۇقلاردىن تاقاپ دۇردانە، قىزىل گۈلگە پۈركىمەكتە يۇرتىنىڭ ھۆسنىنى. ② تىلىپ پارە-پارە قىلماق، تىتىۋەتمەك: بۇ ئازاب ئاغرىمنى تىلغاپ قان قىلىپ، ھەر كۈنى قىينايدۇ مېنى قامچىلاپ. بىلمىدىم تۈندىكى كۆز ياش بۇلاقىم، ئاقامدۇ تاڭغىچە ئاستا تامچىلاپ.

**تىلقانات** ئى [تىل+قانات] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئوتتۇرا قىسمىدىكى يوپۇرماقلىرى ئۇدۇل ئۆسىدۇ، يۇقىرى قىسمىدىكىلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، شەكلى تۇخۇمسىمان تۇمۇنە شەكىلدە؛ گۈلى باشسىمان گۈل رېتىدە بولۇپ، رەڭگى سېرىق؛ ئۇرۇق مېۋىسى شىنا شەكىلدە ياپىلاق بولۇپ، قىرلىرىدا ئىلمەك تىكەنلىرى بولىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېبىي دورا قىلىنىدۇ، ئىسسىق ياندۇرۇش، زەھەرنى تارقىتىش، قاننى جانلاندۇرۇپ، ھېيزنى راۋانلاشتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**تىللا** ئى [پ] ① ساپ ئالتۇندىن سوقۇلغان پۇل، ئالتۇن تەڭگە: باشقا يىگىتلەردەك ئارتۇقچە ئورۇنسىز چىقىم بولمىغىنى ئۈچۈن، ئاز ۋاقىت ئىچىدە ئۈچ-تۆت تىللا پۇللۇقمۇ بولۇپ قالدىم. // تىللا ئۈزۈك. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**تىللاقوڭغۇز** ئى [تىللا+قوڭغۇز] <زوئول> بىر خىل ھاشارات. تۈرى كۆپ بولىدۇ، تېنى توق يېشىل ياكى باشقا رەڭلەردە بولۇپ، پارقىرايدۇ، ئالدى قانىتى قاتتىق، ئارقا قانىتى پەردىسىمان بولىدۇ، زىرائەتلەرنىڭ غولى ۋە يىلتىزى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، دېھقانچىلىققا زىيانلىق ھاشارات.

**تىللاتقۇزماق** «تىللىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: بەگ دەرھال «قىزىمغا جىن چېپىلدى» دەپ قىزىل تاغ باغرىدىكى جىمى يۇرت-ئايماقنىڭ داخان، پېرىخۇن، باخشىلىرىنى پالەچ قىزنىڭ قېشىغا توپلاپ، قىزغا چاپلاشقان جىن-ئالۋاستى، شەيتان-شاياتۇنلارنى راسا تىللاتقۇزۇپتۇ.

**تىللاتماق** «تىللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تىللاشماق** «تىللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ ئىككى قوشنا تىللىشىپ قالدى. * داپ ھېيتكادا داراڭلاپ، ساتار ياۋاغدا غىڭىلدايدىغان بولسا، ئىشنىڭ پىشقىنى شۇ. سېنى تىللىشىدۇ، قاغىشىدۇ. * ئاچچىق بىلەن تاپا-تەنە قىلىشىپ، بىر-بىرىنى سۆكۈشتى ۋە تىللاشتى. ۋاقىت ئۆتتى، قالدى يەنە ئەپ بولۇپ، ئاستا-ئاتسا پارتىزاندىن سۆز ئاچتى.

**تىللالىق** سۈپ. تىللا قىممىتىدىكى، تىللاغا يارايدىغان: خەلىپە ھارۇن رەشىت ۋەزىرى جەپەرگە: ــ كېنىزەكلەر بازىرىغا بېرىپ ئالاۋىدىن ئەبۇ ئەششەمات ئۈچۈن ئون مىڭ تىللالىق ئاجايىپ كېنىزەكتىن بىرنى ئېلىپ بەرگىن! ــ دەپ ئەمر قىلىپتۇ.

**تىللانماق** «تىللىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يۈسۈپ ئاكام ئايالى تەرىپىدىن تىللانغاندىن كېيىن، غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئاستا ئىشكتىن سىرتقا چىقىپ كەتتى.

**تىللىق** سۈپ ① تىلى بار، تىلدىن پايدىلىنالايدىغان: قوش تىللىق بولۇش. زەھەر تىللىق ئادەم. ② تىل چىقىرىلغان: تەتۈر تىللىق قارماق. * ئۇ دادىسىنىڭ ئالدىدا يۈرەكلىك گەپ قىلالمايتتى، چۈنكى شەپقەتسىز دادىسىنىڭ بىرۋاقىتلاردا ئۇرغان قوش تىللىق قامچىسىنىڭ ئىزى ئۇنىڭ بەدىنىدىلا ئەمەس، يۈرىكىدىمۇ بار ئىدى!

**تىللىماق** پ ① قوپال، سەت گەپ-سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلىمەك، ئاھانەت قىلماق: ئەمەت ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى، ھەتتا ئەدەپسىز سۆزلەر بىلەنمۇ تىللىدى. * تىللىدى، ئۇردى تاياق بىرلە داۋام، بەرمىدى ئۆز ۋاقتىدا سۇ ۋە تائام. ② مەلۇم بىر سۆز ياكى نام بىلەن كەمسىتمەك: ئەمسە نېمىشقا سەن ئۇنى «چۈجە» دەپ تىللايسەن؟ * خەق سىزنى ئوغرىنىڭ ئانىسىنى دەپ تىللىغان بولسا، مېنىمۇ نەچچە ۋېتىم چولاق خوتۇننىڭ بالىسى دەپ تىللىغان.

**تىلما** ① سۈپ. تىلىپ كېسىلگەن، يېرىلغان، پارچىلانغان: تىلما ياغاچ. ② ئى. كارىز سۈيىنىڭ ئېقىپ چىققان جايى: باغ قوۋۇقىدىن

كىرگەندە، ئۇلۇغ ياقىنى كارىز تىلمىسىدىن چىققان سۈزۈك سۇ كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدۇ. ③ ئى <تىب> تىلما تاياقچە باكتېرىيىلىرىدىن بولىدىغان بىر خىل ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل. ئاساسەن ھەزىم قىلىش يوللىرى ۋە تېرىدىكى جاراھەت ئارقىلىق يۇقىدۇ. بۇ كېسەل قىزىتمىنىڭ ئۆرلىشى ۋە تېرىدە ئەسۋە پەيدا بولۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**تىلماچ** ئى. تار س. تەرجىمان: ئۇستەلنىڭ ئۇلۇغ تەرىپىدە خاتىرە يازغۇچى «كاتىپ» لار، سول تەرىپىدە، باش سوراقچىغا يېقىن جايدا تىلماچ ۋە بىر قانچە مۇھاپىزەتچى ساقچىلار ئولتۇراتتى.

**تىلماچلىق** «تىلماچ» سۆزىنىڭ كەسىپى نامى: ئۇلار ئىچىدە ئوردا ئەمەلدارلىرىغا خاس خەنزۇچە كىيىنگەن، ئۇزۇن چار ساقاللىق بىرى كۆڭۈل بۆلۈپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئالچىنبەگ تىلماچلىق قىلدى.

**تىلماق** پ ① كېسىپ، تىلىم شەكلىگە كەلتۈرمەك: ئوقۇغۇچى قەلەمتىراچ بىلەن ئۇستى كېسىۋېتىلگەن كۆچەتنىڭ قوۋزىقىنى ئەپچىللىك بىلەن تىلدى ۋە يۇمران «كۆز» نى قوۋزاق ئىچىگە تىقتى. * ئاقناۋاتنى تىلدى ئۇ، كەلتۈردى ئامۇت ۋە ئۈزۈم، تىلدىن تامدى شېكەر، كۆڭلى زاماندىن توق ئىكەن. ② ھەرە بىلەن ئۇزۇنىسىغا كېسىپ يارماق: تاختاي تىلماق. * بازىرى ئۆلگەن باپكارلار دۈكىنىنى يىرىپ ئوتۇن قىلىپ، تەپكىسىنى تىلىپ كەتمەنگە ساپ قىلغىلى تۇرۇپتۇ. ③ يىرىپ ئىز ياكى مەلۇم بوشلۇق ھاسىل قىلماق: يوغان كەتمەننى قولۇمغا ئېلىپ، يەرنىڭ كۆكسىنى بەلگە چوڭقۇر تىلىپ، پۈتۈن كۈچۈمنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئىشلە ئېتىزغا يەنە قاتتىقراق. ④ كېسىپ، جىجاپ ئۇزۇن سىزىق قالدۇرماق، يىرتماق: قامچا ئۇنىڭ يۈزىنى تىلىپ، قىپقىزىل قان چاچراتتى. * بىر شوخ بالا ھەمىشە، مېنى بوزەك قىلىدۇ. تەپتارتماستىن يىپىلىقىنا، يۈز-كۆزۈمنى تىلىدۇ. ⑤ كۆچمە. قاتتىق دەرد بىلەن ئازابلىماق: بۇ ئىشەنگۈسىز ئاچچىق كەچمىش گويا ئۆتكۈر خەنجەرگە ئوخشاش، ئۇنىڭ يۈرەك-باغرىنى تىلىۋەتتى. * ئالقىنىمدا شۇ گۈزەل ئالبوم، دىلنى تىلار خىيال نەشتىرى، نە ئۈچۈنكى، ھەسرەتلىك بەتكە، بولۇپ قالدىم مەنمۇ بىر مۇشتەرى؟!

**تىلمۇق** سۈپ. كالپۇكى كەمتۈك، تىلىنغان: تىلمۇق بالا.

**تىل-ھاقارەت** كىشىلەرنى كەمسىتىپ، سۆكۈپ ئېيتىلغان قوپال سۆز ۋە ئەيىبلەشلەر: مەن زادى سىزدىن نېمە بالاغا قالدىم، نېمىشقا ئارقامغا كىرىۋالىسىز؟! مەن گەپىڭىز ئۈچۈنمۇ سىزنى دېدىمغۇ، ئەمدى سىزگە تىل-ھاقارەت لازىممىدى يا! * سوزۇپ قولىنى يىغلاپ-يالۋۇرۇپ، ئۇچراپ قالسا بايلار مۇبادا. تىل-ھاقارەت ئاڭلار قۇلىقى، قالار ئېسىلىپ قولى ھاۋادا.

**تىلىشماق** «تىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاكا-ئۇكا ئىككىسى كۈندۈزى تاختاي تىلىشتى، كەچلىرىنى ئۇنى راسكالىققا ئالدى.

**تىلىق** ئى. تىلىشتىن ھاسىل بولغان ئىز، يېرىق.

**تىلىم** ① ئى. نەرسىلەرنى ئۇزۇن تىلىشتىن، يېرىشتىن ھاسىل بولغان بۆلەك: كۆككىچىگە تېگە-تەگمەي پىچاق بىسى، تارس قىلىپ يېرىلغىنى بىر بېشارەت. دەسلەپكى تىلىمنى يېگەندىلا، ۋاھ گويا تەن-تېنىمگە ئاقتى شەربەت. ② ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ، تىلىپ ئېلىنغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر تىلىم ياغاچ. بىر تىلىم تاسما. * ئالماس بىر تىلىم قوغۇننى قولىغا ئېلىپ، ئۆي ئىچىدىكىلەرگە قارىدى، ھەممىسى ئۆز ئادەم، قېرىنداشلار ئىدى.

**تىلىمەك** ① مەلۇم بىر ئىشنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلماق، ئارزۇ قىلماق؛ ئارزۇ ۋە ئۈمىدىنى ئىپادىلىمەك: مەن ئۇنىڭ ئاچچىقىدا قومۇشتەك كۆرۈلدەپ ئوت ئېلىپ، بۇ قۇدىلارنى

ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىشنى تىلەيتتىم. * سايىم چوڭ يەنە نۇرغۇن كۆڭۈل كۆتۈرۈلىدىغان گەپلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭ تېزرەك شىپا تېپىشىنى كۆز يېشى ئىچىدە تىلىدى. ② بىراۋغا ياخشىلىق ياكى يامانلىقنى تەلەپ قىلماق، ئۆتۈنۈپ سورىماق: ئاق يول تىلىمەك. بەخت تىلىمەك. ئۆزۈڭگە ياخشىلىق تىلىسەڭ، كىشىگە يامانلىق قىلما (ماقال). * ئاندىن ھاشىم بوۋامىز پېشانەمدىن سۆيۈپ، ماڭا ئامانلىق تىلىدى. ئايرىلىشقا يۈرىكىم ئېچىشىپ تۇرسىمۇ ئامالسىز خوشلىشىپ قايتتىم. ③ بىرەر ئېھتىياج بىلەن بىراۋغا مۇراجىئەت قىلماق، ئىلتىجا قىلىپ سورىماق: ئازغا ئارغاق بەرسە يىلىم تىلەيدۇ (ماقال). * چاقىرمىغان يەرگە بېرىش، يالغان بۆھتان قىلىش، دۈشمەندىن ياردەم، بېخىلدىن رەھىم تىلەش ئادەمنى ئۆلۈمدىن ئارتۇقراق نومۇسقا ئېلىپ بارىدىغانلىقى شەكسىز. * يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ، ياتقان يېرىم يانبۇلاق. خۇدايىمدىن تىلەيمەن، ماڭا بەرسە بىر ئۇلاغ. ④ تىلەمچىلىك قىلماق: ئۇ قورسىقى ئاچسا، نان تىلەپ يېدى. بۇنداق ئېغىر كۈنلەردە ھەمراھىنىڭ بولغىنى ياخشى ئىدى. * ياق! يالغان ئېيتتىڭ. قەلەندەر بولساڭ، ئۇ ئۆيدىن تىلىگەن نەرسەڭ پارچە-پۇرات بولاتتى. نېمىشقا سېۋەتتىكى نانىڭ رەڭگى چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولىدۇ؟ ⑤ مەلۇم يامان ئىشنى ياكى شۇنداق ئىشنى قىلغۇچىنى كەچۈرۈم قىلىش، ئەپۇ قىلىشنى تەلەپ قىلماق: ئەخمەتكام ئوغلىنى ئۇرغان چوڭ بالىنى يوغان تاياق بىلەن ئۇرۇشقا باشلىغاندا، يولدىن ئۆتۈۋاتقان بىر كىشى ئۇ بالىنى تىلىۋالدى. * ئۆمۈر بويى ئۆز [illegible]انغا سادىق بولۇپ ئىشلىگەن، كېچە-كۈندۈز ۋاڭنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىغان باش تەيجى ئۆزىگە مەلۇم بولمىغان گۇناھىنى ۋاڭدىن يەر سۆيۈپ تۇرۇپ تىلىدى.

**تىلىم-تىلىم** ① كۆپ تىلىم: تىلىم-تىلىم قوغۇنلار، ساپاق-ساپاق ئۈزۈملەر داستىخانغا ھۆسۈن قوشقانىدى. ② بىرقانچە جايلىرى تىلىنغان، يېرىلغان؛ خۇددى تىلىنغاندەك يول-يول ئىز قالغان: گويا بۇ ئاق بوز رەڭلىك چاچلار بىلەن تىلىم-تىلىم قورۇقلار ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەسلىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئاتايىن كېلىپ چاپلىشىۋالغاندەك، ھەممە ئادەم كۆرگىلى بولىدىغان جايدا مانا مەن دەپ تۇراتتى. * دىۋاننىڭ چاپىنىدىكى ياماقتەك، دۈمبىسىگە قارا لاتا ئېسىلدى، ئېسىپ قويدى ئېغىر چويۈن — قۇيمىنى، بويۇنلىرى تىلىم - تىلىم كېسىلدى.

**تىلىملاتماق** «تىلىملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ قوغۇنلارنى ئۇزۇن-ئۇزۇن تىلىملاتتى ۋە پەتنۇسقا تىزدۇردى.

**تىلىملانماق** «تىلىملىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تىلىملانغان قاۋۇزلار دەستىخانغا كەلتۈرۈلدى.

**تىلىملىماق** پ. تىلىم-تىلىم قىلىپ كەسمەك، پىچماق: قوغۇننى تىلىملىماق. * ئۇ ھەيۋەتلىك ۋارقىراپ، ئېغىز ئېچىپ خارقىراپ، «ھاپ» دېگەندە باقى دەل، تەييارلىنىپ جان بەدەل، مەھكەم تۇتۇپ خەنجەرنى، تىلىملاپتۇ ئەجدىھانى.

**تىلىنماق** «تىلماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئادىلجاننىڭ توسۇشلىرىغا قارىماي قوغۇن تىلىندى، ئۈزۈم تەخسىلەرگە ئېلىندى.

**تىل-يېزىق** تىل ۋە يېزىق: ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشتە قوللىنىدىغان ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى، بولۇپمۇ مىللىي تىل-يېزىقتىكى ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش، تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش، قوللىنىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

**تىم** I ئى. خەۋەر، بەلگە بېرىش ئۈچۈن ئوت ياقىدىغان ئېگىز پوتەي، تۇرا.

**تىم** II رەۋ. دىئال. جىم.

**تىمەن** ① سۈپ. ساغلام ۋە سېمىز، كۈچلۈك: شوپۇرنىڭ يېنىدا قۇربان شۇجى ئولتۇراتتى. ئۇ يېشى 50 لەرگە بېرىپ قالغان، يۈزى يۇملاق، چاچلىرى يېرىم ئاقارغان، بۇغداي ئۆڭلۈك كىشى بولۇپ،

ياشنىپ قالغىنىغا قارىماي، ناھايىتى تىمەنىدى. * ئۇ باققان كاللار چوپكىمۇ، سوغىمۇ قىنىپ، ناھايىتى تىمەن ئۆسىدىكەن. ② رەۋ. تەمكىن، پۇختا، مەزمۇت: تۆكۈلگەن ياشلىرىم بەئەينى مارجان، دۇئاغا قولۇمنى كۆتۈرگەندە مەن. بۇ قەيەرە ئەمەسقۇ؟ بۇ نەق ئۆزىڭىز، ئولتۇرغانىڭىز ئاجايىپ تىمەن. * شاخلىرى باغجانلاپ ئۆسمەكتە تىمەن، يىلتىزى سۇ بەرگەچ تومۇرغا-قانغا. قىسمەتلەر مۇنبىرى بولدى قەدىمى يۇرت، بەش قولدەك ئاياندۇر پۈتكۈل جاھانغا.

**تىمەن بولماق** سىپمىز، ساغلام، تەمكىن ئۆسمەك: ئۆسمۈرلەرنىڭ پەرۋىشكارى باغۋەن بولدى، ياش بوغۇنلار قىز ئەجرىدە تىمەن بولدى. چوڭلارغىمۇ «ئا. ب. س» نى ئۆگەتتى ئۇ، يېزىمىزدا ساۋاتسىزنى تۈگەتتى ئۇ.

**تىمەنلەشمەك** پ. تىمەن ھالەتكە كېلىشكە باشلىماق: ئەتىيازدىكى قوزىلار كۆككە ئولىشىپلا تىمەنلەشتى.

**تىمەنلىك** «تىمەن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ھاكىم شۇنىڭدىن كېيىن بىرپەس پۇشۇلداپ ئولتۇردى-دە، كېيىن خېلى تىمەنلىك بىلەن ئېيتتى: — بولىدۇ، پىكىر-تەكلىپلىرىڭىز بولسا، دەپ تۇرۇڭ، تارتىنماڭ، بىز ئويلىشىپ كۆرەيلى.

**تىمتاس** رەۋ. جىمجىت، جىم: زال ئىچى شۇنچىلىك تىمتاس ئىدىكى، يۈرەكلەرنىڭ تەرتىپسىز دۈپۈلدىشىمۇ ئاڭلىناتتى.

**تىمتاس بولۇپ قالماق** جىمجىت بولۇپ قالماق، جىمىپ قالماق: مېھمانلار چىقىپ كېتىپ، ئۆي تىمتاس بولۇپ قالدى.

**تىمتاسچىلىق** ئى → **تىمتاسلىق**: مەجلىسخانىنى بىردىنلا تىمتاسچىلىق قاپلىدى.

**تىمتاسلاشماق** پ. تىمتاس، جىمجىت ھالەتكە كەلمەك، جىمجىتلاشماق: بىردەمدىن كېيىن ئەتراپ تىمتاسلىشىپ، پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر-ئۇمرا، ياساۋۇللىرىنىڭ تاتارغان يۈزلىرىگە ئاستا-ئاستا قان يۈگۈرۈشكە باشلاپتۇ.

**تىمتاسلىق** ئى. تىمتاس، جىمجىت ھالەت؛ جىمجىتلىق: زال ئىچى بىردىن تىمتاسلىققا چۆكتى، جۈپ-جۈپ كۆزلەر نىجاتقا تىكىلدى.

**تىم-تىم** يەڭگىل ۋە تېز: بىر ياشتا بالا بولىدۇ راست پاقلان قوزىچاق، تىم-تىم ماڭىدۇ بۇ چاغ ئۇ شوخ بوتۇلاق.

**تىمسال** ئى [ئە] يېز ت. ئوبراز، ئۈلگە؛ سىما: ئەسسالام ئاستانە، ئەي قەدىم قەلئە، بوۋىلار تىمسالى ئەي مۆيسىپىت چال. بەشكېرەم بېغىدىن سوغات كەلتۈردۈم، شېئىرىمدىن - شىرنەمدىن نېسىۋەڭنى ئال.

**تىمساھ** ئى [ئە] <زوئول> سۆرەلگۈچى ھايۋانلارنىڭ بىر تۈرۈقدىشى. چوڭلىرىنىڭ تەن ئۇزۇنلىقى ئۈچتىن ئالتە مېترغىچە كېلىدۇ، تۆت ئايىغى قىسقا، قۇيرۇقى ئۇزۇن، پۈتۈن تېنىدە كۈل رەڭ قوڭۇر رەڭلىك قاتتىق قاسىرىقى بولىدۇ؛ سۇ ئۈزۈشكە ماھىر، ۋەھشى كېلىدۇ، بېلىق، پاقا ۋە قۇشلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. بەزىدە ئادەم، ھايۋانلارنىمۇ يەيدۇ؛ كۆپىنچىسى تروپىك، سۇبتروپىك بەلباغلىرىدا ياشايدۇ. چاڭجياڭ تىمساھى دۆلىتىمىزنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتىدۇر.

**تىموزىن** ئى [لات] <تىب> تۆش بېزى تەرىپىدىن ئاجرىتىپ چىقىرىلىدىغان ۋە غول ھۈجەيرىلەرنىڭ يېتىلىشىنى T لىمپا ھۈجەيرىلىرىگە قەدەر يېتەكلەيدىغان پولىپېپسدلىق بىر خىل گورمون. ئۇ، لىمپا سىستېمىسى، ھۈجەيرىلەرنىڭ ئىممونىتېتلىق ئىنكاسى ۋە تەن سۇيۇقلۇقىنىڭ ئانتىتېلالىق ئىنكاسى قاتارلىقلارغا قارىتا قوزغىتىش رولىنى ئوينايدۇ؛ تۆش بېزىگە ئىگە ھايۋانلاردا بولىدىغان خوراش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە ئۇنى يوقىتىدۇ. بەزىدە

يەنە ئىممونىتېت كەمچىللىك كېسىلىنىمۇ داۋالايدۇ.

**تىمسقىلاشماق** «تىمسقىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاتا-بالىلار سۆزلىشىۋاتقاندا كالىلار چۆپ تىمسقىلىشىپ، تارىلىپ كېتىشكەندى.

**تىمسقىلماق** پ ① پۇراپ، تۇمشۇقى بىلەن ئۇ يان بۇ يان ئۆرۈپ ئاقتۇرماق، ئىزلىمەك (ھايۋانلارغا قارىتا): ئىت يالاقتا تىمسقىلاپ يۈرەتتى. * شۇ كۈنى ھېلىقى چاشقانمۇ قورساق غېمىدە تۆشۈكتىن چىقىپ، ئۇنى-بۇنى تىمسقىلاپ يۈرۈپ، مۈشۈكنىڭ يېنىغا بېرىپ قاپتۇ. ② ئۇ يان بۇ يان ئۆرۈپ سەپ-سېلىپ ئاختۇرماق، ئىزلىمەك: كېيىن مەسچىتنىڭ ئىشىكىنى يېپىپ تالاغا چىقسام، قاراڭغۇ تام تۈۋىدە غەلىتە بىر ئادەمنىڭ تىمسقىلاپ يۈرگەنلىكىنى سەزدىم. * ئۇ ئاۋۋال قازناقنى تىمسقىلاپ يۈرۈپ، بۇرناكۈن ئاتايىن چاقلىتىپ قويغان كىچىك ئوتۇغۇچنى تاپتى. * ئۇلار ئۆينىڭ ھەممە تەرىپىنى سىلاشتۇرۇپ تىمسقىلاپ چىقىپتۇ. ھېچنەرسە ۋە ھېچكىمنى ئۇچراتماپتۇ.

**تىمسقىماق** پ ← تىمسقىلماق: بىز ئادەمزات بار يەرگە بېرىۋېلىشىمىز كېرەك. لېكىن، بەگنىڭ ئىتلىرى كەينىمىزدە يەنە تىمسقاپ يۈرەمدىكىن دەپ ئەندىشە قىلىمەن. * بۇ تونۇش ئاۋازنى ئاڭلىغان نىلۇپەر گەۋدىسىنى يوتقاندىن يېرىم چىقىرىپ، ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى-دە، قولى بىلەن تىمسقاپ ۋىكلىيۇ-چاتلىنىڭ شويىنىسىنى تەسلىكتە تاپتى. * تىمسقىدى چېرىكلەر سالدى قولاق، ھەم مىڭىشتى پەم بىلەن ئۇ ياق-بۇ ياق.

**تىن** ئى. نەپەس، تىنىق، دەم: تىن تارتماي ئۆلمەك.

**تىن ئالماق** نەپەس ئالماق: ئاندىن، بىر قاراپلا خۇددى ئۈستىدىن ئېغىر يۈك چۈشۈپ كەتكەندەك، يېنىك تىن ئالدى.

**تىن تارتماق** نەپەس چىقارماق، تىنماق: غەزەلنى بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ، قەغەزنى پۈكلەپ، ئوتتۇرىسىدىن بىر تۆشۈك ئاچتى-دە، ئېھتىياتچانلىق بىلەن لامپا شىشىسىگە كىيدۈرۈۋاتقاندا، ئايىمخاننىڭ «ئۇھ...» دەپ ئۇزۇن تىن تارتقانلىقى ئاڭلاندى.

**تىن تارتماي ئۆلمەك** دەرھال، نەپەس ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، قىمىر قىلماي جان ئۈزمەك: چاشقاننى تۇتسىز-دە، ئاغزىغا مۇشۇ تاشتىن بىر تالنى تىقسىز، ئاندىن بېشىڭىزدىن ئايلاندۇرۇپ، يەرگە بىر ئۇرسىڭىز، ھەرقانداق چاشقان تىن تارتماي ئۆلىدۇ.

**تىنارلىقلار** ئى. يەردە ماڭىدىغان ئادەم، ھايۋان قاتارلىقلار: بۇ تاغدىن ئۇچارلىقلار ئۆتسە ئۆتىدۇكى، تىنارلىقلار ئۆتەلمەيدۇ.

**تىنتىشماق** «تىنتىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تاغ تامان ئون بەش چېرىك چاپتى ئىتنى، قەدەمدە تىنتىشتى يول بويلىرىنى. چېرىكلەرنى ئۆز يولىدا قالدۇرۇپ بىز، نوزۇگئاي توغرىسىدا باشلايلى سۆز.

**تىنتىماق** پ. پايلاپ، تىلىك تىڭلاپ ئىزلىمەك، ئاختۇرماق: قاسىم جىڭسا زەرەپشان بويىنى تىنتىپ، زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىپ يۈرگەن 20 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھېچكىم ئۇنىڭغا بىرەر-يېرىم ئېغىز سۆز قايتۇرۇشقا جۈرئەت قىلغان ئەمەس. * تىنتىڭلار ھەممە ياقنى توختىماي، مەيلى كەچ كىرسۇن، تاڭ ئاتسۇن ئۇخلىماي.

**تىنچ** سۈپ ① قىمىرلىمايدىغان، ھەرىكەت سېزىلمەيدىغان، جىمجىت: خەتەرلىك دېڭىزنى بېسىپ تىنچ دەرياغا ئۆتتۇق. * ئاستا، تىنچ ئېقىشى بۇ دەريانىڭ، ئوخشار ئىدى يەنە گۈزەل خىيالغا، يېشىل تاغنى ۋە ئوتلاقنى ياقىلاپ، تىنچ تەۋرەپ سىلجار ئىدى ئۇ ئالغا. ئۇ تۈنۈگۈنكى جايىدا، توقۇلما كىرپىسلودا غەمكىن ۋە تىنچ ئولتۇرغانىدى. * توغرا تەنقىد بېرىلسە، «خوپ...» دەيتتى ۋىتىلدايتتى. جايىدا تىنچ تۇرالماي، تېپىرلاپ مىتىلدايتتى. ② چوقان-سۈرەن، ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن خالىي،

كىشىنىڭ ئارامىنى بۇزمايدىغان؛ جىم: تىنچ ئۇخلىماق. * ئۆلۈپ كەتكەن بولسام كومىتېتىمىزنىڭ مەجلىسلىرى خېلىلا تىنچ ئۆتكەن بولاتتى-دە! كېيىن بىزنىڭكىلەر چىداپ تۇرالماي، ئۇلارنى تىنچراق ئولتۇرۇڭلار، باشقىلارنىڭ ئويۇن كۆرۈشىگە دەخلى قىلماڭلار دەپ ئاگاھلاندۇردى. * ئىشىك ئالدى ئۈستەڭدە چېچەك سۇيى ئاقامدۇ؟ ئەلنىڭ دوستى داموللام گۆردە تىنچ ياتامدۇ؟ ③ كىشىنى بىزار قىلمايدىغان، خاتىرجەم: سەن تىنچ - قوشنانىڭ تىنچ (ماقال). * ئېيمىشقىمۇ تىنچ يۈرمىگەنسەن بالام. ئېمە قىلاتتىڭ ئەرز يېزىپ، سېنىڭ ھالىڭغا كىم يېتىدۇ؟ داداڭ سالامەت بولسىغۇ مەيلى ئىدى. * شۇنداق، ئەڭ يامىنى ۋە ئەڭ چۈشەندۈرۈپ بولمايدىغىنى، مېنىڭ كەيپىياتىمنىڭ تامامەن تىنچ بولۇۋاتقانلىقى. ④ غەم-ئەندىشە، خەۋپ-خەتەردىن خالىي؛ سالامەت: تىنچقىنا يېتىپ ئارام ئېلىڭ، بالام، خۇدايىم بىر ساقلىدى دەڭا. * تاغقا چىقتىم بىركۈنى، كۆرۈپ قالدىم تۈلكىنى. خۇدايىم بۇيرۇسا تىنچ بولساق، كۆرۈشەرمىز بىركۈنى. ⑤ ئۇرۇش-جاڭجال، قالايمىقانچىلىقتىن خالىي، تەرتىپ جەھەتتىن نورمال: تىنچ تەرەققىيات زورلۇق كۈچ بىلەن بولىدىغان ئۆزگىرىشكە، تەدرىجىي تەرەققىيات ئىنقىلابقا ئورۇن بېرىدۇ. * يۇقىرىقى بەش خىل ساھەدىكىلەرنىڭ ئىچكى نىزالىرىنىڭ سەۋەبى زادى نېمە ئىكەنلىكىنى شۇ ساھەدىكىلەرنىڭ سىرتىدىكى ئادەملەر بىلمىسۇ، لېكىن ھەرھالدا ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ ئانچە تىنچ ئەمەسلىكىنى ھېس قىلماقتا.

**تىنچ بولماق** جەمئىيەتتىكى ھەرىكەت ۋە پائالىيەتتە قانۇن-ئىنتىزامغا ئۇيغۇن، تەرتىپلىك ئۆتمەك؛ تىنچلانماق: تىنچ بولۇش، ئىتتىپاق بولۇش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەش لازىم.

**تىنچ ئوكيان** <جۇغ> يەر شارىدىكى تۆت چوڭ ئوكياننىڭ ئەڭ چوڭى، يەنى ئاراللار ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ چوڭقۇر ئوكيان. ئۇ ئاسىيا، ئوكيانىيە، ئانتاركتىكا، جەنۇبىي ئامېرىكا ۋە شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. كۆلىمى 179 مىليون 680 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن يەر شارىدىكى دېڭىز-ئوكيانلار كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن يېرىمىغا تەڭ كېلىدۇ؛ ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 4082 مېتىر. ئۇنىڭدىكى چوڭراق ئاراللار تەخمىنەن 2650 تىن ئارتۇق، ئۇلارنىڭ كۆلىمى 4 مىليون 400 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق كېلىدۇ.

**تىنچ يول بىلەن** ئۇرۇشمايدىغان يول بىلەن، ئۇرۇشتىن خالىي ۋاسىتىلەر بىلەن: بۇ ئىتتىپاق ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتۇشى ھەمدە جەمئىيەتنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىشنى تىنچ يول بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك ئىدى.

**تىنچ-ئامان** ساق-سالامەت ۋە خاتىرجەم: خوتەندىن تىنچ-ئامان كەلدىم. * ئايىغى ياراشقان، قۇتاتقان قوي ئىدى. ئىسىت، ئىسىت ئالتە قوزا، تىنچ-ئامان تۇغۇلسا، كۈزدە ئالتە قوي بولماسمىدى؟

**تىنچ-ئامانلىق** ساق-سالامەت ۋە خاتىرجەملىك: موللازەيدىن بۇ ناتونۇش كىشىگە قول بېرىپ كۆرۈشۈپ، تىنچ-ئامانلىق سوراشتى.

**تىنچسىز** سۈپ. تىنچ ئەمەس، تىنچلىقى يوقالغان: ئۇ چاغدا ئۇ يەرلەر تىنچسىز بولغاچقا، دادام ھەر كېچىسى شەھەرنى قوغداشقا چىقىپ، سائەت بىر-ئىككىلەردىن ئۆتكەندە قايتىپ كېلەتتى. * مانا شۇنىڭدىن باشلاپ، تۆرەم ئۆزىنى گويا رەڭگارەڭ چىراغلار ئاستىدىكى يېڭى بىر دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك، تىنچسىز ھېس قىلىشقا باشلىدى.

**تىنچسىزلاندۇرماق** «تىنچسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۆزلەپ ئالمىدەك چىرايىغا ماسلاشقان بۇ قىز ئابدۇۋېلىنىڭ

كۆز ئالدىدا خۇددى چۈچەكلەردىكى ھۇر-پەرىلەرنى ئەسلىتىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ھەمىشە تىنچسىزلاندۇراتتى.

**تىنچسىزلاندۇرۇلماق** «تىنچسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دەرۋازا ئالدىدا بىرنەچچە يۈز كىشى ئۇيۇر-تۇيۇرلىشىپ تۇراتتى. بۇ ھال خۇددى تىنچسىزلاندۇرۇلغان بال ھەرە ئۇۋىسىدەك، ۋاڭ-ۋۇڭ ئىدى.

**تىنچسىزلانماق** پ. تىنچلىقنى يوقاتماق، تىنچسىز بولماق؛ تەشۋىشكە چۈشمەك: تەجرىبىخانىنى تۈنجى قېتىم كۆرگەن كۈندىن باشلاپلا، نىجاتنىڭ يۈرىكىنى ئاچچىق بىر ئەلەم قاپلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئىچى تىت-تىت بولاتتى، تىنچسىزلىناتتى. * ھوشسىزلىنىپ، بولۇپ ئېغىر ياردار، ياتار ئىدى شازار مەخسۇس بۆلۈمدە؛ تىنچسىزلىنىپ ئىگرايتتى ۋە جۆيلۈيتتى، مۇنداق ھالغا چۈشمىگەن ئۇ ئۆمرىدە.

**تىنچسىزلىق** ئى. تىنچلىقى يوقالغان، تىنچسىز ھالەت؛ تەشۋىش: ئۆيلا، ئۆيلا ئۆزىدىكى بۇ تىنچسىزلىقتا، ئاۋۇ كۈنى چۈشتە قولىغا تېگىپ كەتكەن پاسارنىڭ بارماقلىرى سەۋەبلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە باشلىدى.

**تىنچلاندۇرماق** «تىنچلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: - ھېچ يېرىم ئاغرىمىدى، كۆڭلۈم تاماق تارتماي تۇرىدۇ، - دەپ ئاپامنى تىنچلاندۇردۇم. * جاڭجال ئەۋجىگە چىقتى، بىز سىنىپنى كۆتۈرۈۋەتكەندەك بولدۇق، ئاخىرى مۇئەللىم تىنچلاندۇردى.

**تىنچلاندۇرۇلماق** «تىنچلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يىغىن قاتناشقۇچىلىرى تىنچلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنە سۆزلەشكە باشلىدى.

**تىنچلانماق** پ ① ۋاراڭ-چۇرۇڭ، جاڭجال، ھەرىكەت قاتارلىقلار توختاپ جىم بولماق: تىنچلىنايلى قېرىنداشلار، تىنچلىنايلى! ئەھۋالىمىز ئېغىر بولسىمۇ، ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار دېگەندەك، بۇ يەردىن سالامەت چىقىپ كېتەلمىسەك يەنىلا ئۈمىد بار. * ئەل ئايىغى تىنچلانغاندىن كېيىن، ھەييار تۈلكە كاپ قىلىپلا ئۈچ توخۇنى تۇتۇپتۇ-دە، قېپىغا تىقىپتۇ. ② ھاياجىنىنى، ئاچچىقىنى بېسىپ، ئۆزىنى تۇتماق: - ئالدىرىما. تىنچلان! - دېدى ئايال كۈلۈپ، - ئۇن كۈنىنىڭ بىرىدە بۇ يەردە دېۋە بىلەن بولىمەن. * ئەزالار تىنچلاندى ۋە كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ يىغىندىن تارىدى. ③ خاتىرجەم بولماق، ئارام تاپماق: توساتتىن، ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە رىشتىنىڭ ئۈستەلڭ بويىدىكى: «مېنىڭ سىنىڭدىن باشقا يېقىنىم يوق» دېگەن سۆزى جاراڭلىغاندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بىرئاز تىنچلاندى. * - ياراپسەن ئوغلۇم، ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ روھى مانا ئەمدى تىنچلىنىدۇ، - دېدى كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئانىسى. ④ ئۇرۇش ھالىتى، ۋەزىيىتى پەسەيمەك: ئۇنىڭ ئۈستىگە، جاھاندىكى خەۋپ-خەتەر خېيىنىڭكىدەك چوڭ ئەمەس، خېيىي تىنچلىنىدىكەن، ئەلگە ھۆكۈمران بولۇش ئەمەلگە ئاشقۇسىدۇر. ⑤ ئاغرىق، دەردىتى، ئازابىتى بىرئاز ئارام تاپماق: ئۇ كېچىدىن بېرى بىقىنىنىڭ ئاغرىقىدا «ۋاي-ۋاي» دەپ ئۇخلىيالمىغانىدى. باش توخۇدا بىرئاز تىنچلاندى. ⑥ كۆچمە. پۈتۈن ھەرىكەت، پائالىيەتتىن توختىماق، ئۆلمەك: - ئادەم گۆشىنى يەيدىغان يالماۋۇزلار، بىر پوتىيگىلارنى ياساپ بولغۇچە بىر بىگۇناھ بالىنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇڭلار، ھەممە پوتىيگىلار ياسىلىپ بولغۇچە ئۆزۈڭلارنىڭ بېشىنى يەپ تىنچلىنىسىلەر! - دېدىم.

**تىنچلىق** ئى ① كىشىنىڭ ئارامىنى بۇزمايدىغان، ۋاراڭ-چۇرۇڭ، ھەر خىل ھەرىكەتلەردىن خالىي ھالەت: قۇرلار ئارىسىدىن مەھبۇبەنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ، چىرايى كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭغا تىنچلىق بەرمىگەندىن كېيىن، ئۇ كىتابنى يېپىپ قويۇپ، خىيالىدا قىز بىلەن مۇڭدىشىشقا باشلىدى. * بىراق، دەرەخ جىم تۇراي دېسىمۇ شامال جىم تۇرغۇزمىغاندەك، بەزىلەر ئۇلارغا تىنچلىق بەرمەيتتى. ② ئامانلىق، ئامان-ئېسەنلىك: تىنچلىق

سوراشماق. * ـ مانا كەپسىزغۇ، ـ دېدى رەيھان كۈلۈمسىرەپ. ئۇ نادەمنىڭ يېنىغا كەلدى. ـ ئەنۋەر ئاكام باياتىن بىرى سىزنى نەچچە سورىدى. قانداق، ئايىغىز تىنچلىقمكەن؟ * ـ ياخشى، ياخشى، ـ دېدى ئۇ ئۆزىگە كېلىپ، ـ ئاپامىلارنىڭ ئەھۋالى قانداق، مەھەللە ئىچى تىنچلىقمۇ؟ ④ ئۇرۇش، توقۇنۇش، ماجىرا، جېدەلدىن خالىي ھالەت: 1946-يىلى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى گومىنداڭ تەرەپ بىلەن «11 ماددىلىق بىتىم» نى تۈزۈپ، شىنجاڭدا تىنچلىق ئورناتتى. ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى. * ھەممىگە مەلۇمكى، ئۇرۇش بىلەن تىنچلىق بىر-بىرىگە ئايلىنىدۇ. ⑤ «يوق، يۈز بەرمىدى» دېگەن مەنىدە كېسىم ۋەزىيەسىدە كېلىدۇ: ـ قانداق، بىرەر خەۋەر بارمىكىن؟ ـ دېسەم، ـ ھازىرچە تېخى تىنچلىق، خەۋەركەلسىلا ،دەرھال چاقىرتىمىز ،ـدېدى ئۇماڭا.

**تىنچلىق سورىماق** تونۇشلار ۋە يېقىنلار بىلەن كۆرۈشكەندە سالامەتلىك، تۇرمۇش ئەھۋالىنى سوراپ، ئەھۋاللاشماق: رۇستەمنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ئالدى بىلەن قۇربان قىلىچ كېلىپ، لۇتپۇللا، مۇنىردىن ۋە تۇردى ھوسيۇنلەر بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، تىنچلىق سورىدى. * موللام ئورنىدىن تۇرغىچە غۇلام ئاكا ئالدىغا بېرىپ قول بەردى. ئۇلار كۆرۈشتى، تىنچلىق سورىشىپ پاراڭغا چۈشتى.

**تىنچلىق سۆيەر** ئۇرۇش بولماسلىقنى، مەملىكەت ۋە خەلقلەرنىڭ تىنچ-ئامان بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىدىغان: تىنچلىق سۆيەر خەلق.

**تىنچلىق-ئامانلىق** غەم-ئەندىشە، تەشۋىشتىن خالىي، ساق-سالامەت، خاتىرجەم تۇرمۇش ۋە ئاشۇنداق ھالەت: شۇ چاغدا ئۆيگە قاۋۇل ئاخۇن كىرىپ كەلدى، موماي بىلەن تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىپ، كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى.

**تىنچلىقپەرۋەر** سۈپ. ئۆز ۋەتىنىنى، خەلقىنىڭ تىنچلىقىنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىدىغان: دۇنيادىكى بارلىق تىنچلىقپەرۋەر خەلقلەر تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرىدۇ.

**تىنچلىقپەرۋەرلىك** «تىنچلىقپەرۋەر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**تىنچىتماق** ① «تىنچىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايىغىز قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن، ئۆيدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىپ قويۇش لازىملىقىنى ئېيتقاندا، ئامانقۇل: ـ خاتىرجەم بولسىلا، ئەنە ئۆزۈم بىر ئىلاج قىلىمەن، ـ دېدى. * نە كەتسە كەتسۇن، توي قىلايلى، نىچۈك بولسۇن سېنى بىز، تىنچىتايلى. ② يوق قىلماق، ئۆلتۈرمەك: شۇ چاغدا، ئۇشتۇمتۇتلا «يەنە بىرئاز ئىش چىقىپ قالدى. بارىكۆلدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن يۇنۇسنى تىنچىتىپ، قوراللىرىنى تاپشۇرۇشقا كۈچ چىقىرىڭلار» دېگەن خەۋەر كەلدى.

**تىنچىشماق** «تىنچىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۆزئارا تەنە قىلىپ تىنچىشمايدۇ، قاقشايدۇ نەبىئەتتىن، يامانلىقتىن. ـ سەن دېتىسىز، قاپاق كاللا، ـ دەيدۇ بىرى، ـ ئۇغۇتنى شۇنچىۋالا چاچامدىغان؟!

**تىنچىق** سۈپ. شامالسىز، ھاۋاسى نەپەسنى بوغۇپ قويىدىغان، نەم ئىسسىق: ئىشكنى ئاچ ـ تىنچىقتىن قاچ (ماقال). * ئاپتوبۇس تىنچىق سايىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، باش كۆز مەنزىرىسى بىلەن تولغان بوستانلىق يېزىلارنىڭ ئىچى بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

**تىنچىقلىق** ئى. نەم ئىسسىق، شامالسىز، دىمىق ھالەت: كېچىنىڭ تىنچلىقىغا قارىماي، پەنجىرە ھەم يېپىپ قويۇلغانىدى.

**تىنچىقماق** پ. نەم ئىسسىق ھاۋانىڭ تىنچىقلىقىدىن نەپەستە قىينالماق: سالقىن شامالىلىق ئاي كېتىپ، كەلدى تومۇزلۇق ئاي يېتىپ،

چۆمدى سۈكۈتكە بارچە جاي، ئىسسىق ھاۋادا تىنچىپ.

**تىنچىتىلماق** «تىنچىتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇنداق قىلىپ تالاس يايلىقىدا ئاغابى قوزغىغان، تاغ ئارقىسىدىكى دوستىنىڭ قوللىشى بىلەن قۇترىغان توپىلاڭ تىنچىتىلدى.

**تىنچىماق** پ ① داۋاملىشىشتىن توختىماق، بېسىلماق: دۇشمەننىڭ پىلموتلىرى ئاستا-ئاستا تىنچىدى. * بوران بىردىنلا تىنچىپ قالغاندەك، ئەتراپنى ئېغىر جىمجىتلىق باستى. ② ئىش-ھەرىكەت، چۇقان-سۈرەن، ۋاراڭ-چۇرۇڭ توختاپ جىم بولماق: ئابدۇرازاق ئاكا ئۇلار بىلەن تالىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ پايدىسىزلىقىنى چۈشەندى. ئەمما ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن تىنچىمىدى. * — ھەممىنى ئۆز قولۇم بىلەن بىرمۇبىر ئېنىقلاپ، تۇتۇپ كۆرمىسەم تىنچىمايمەن، — دېدى ساتىراش. ③ تىنچلانماق، خاتىرجەم بولماق: مانا ئانامنىڭ شادلىق كۈلكىسىنى كۆرۈپلا كۆڭلۈم تىنچىدى. * — زادى ئاشۇ تاغىل ئۆكۈزگە كەلگەن بالا-قازامۇ بۇ؟! — دېدى شايى قورساق بويۇن تومۇرلىرىنى كۆپۈرۈپ، — ئاشۇنى كۆزۈمدىن يوقاتماي، بېشىم تىنچىمايدىغان ئوخشايدۇ. ④ ئۇرۇش-جېدەلدىن، غەلۋىدىن قۇتۇلۇپ، تىنچ ئۆتمەك: كېيىنچە يۇرت تىنچىپ قېلىۋىدى، ئاندىن قۇمۇلدىن بالا-چاقىلىرىمنى تۇرپانغا ئالدۇرۇپ كېلىۋالدىم.

**تىندۇرما** ① سۈپ. تىندۇرۇلغان، تىنغان: تىندۇرما چاچما كان. ② ئى <گېئول> ئېقىن سۇلارنىڭ يۆتكىلىشى نەتىجىسىدە تاغ جىنسلىرى ۋە مىنېرال ئۇۋاقلىرىنىڭ دۆۋىلىنىشى بىلەن قۇرۇقلۇقتا ھاسىل بولغان چۆكمە جىسىملار.

**تىندۇرما چاچما كان** <گېئول> دەريا سۇلىرىنىڭ تىندۇرۇشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان چاچما كان ياتىمىسى. ئۇ شەكىللەنگەن يېرىنىڭ شەرت-شارائىتىغا قاراپ، تېررا سا چاچما كان ياتىملىرى، ساي كان ياتىملىرى ۋە دەريا قىنىدىكى چاچما كان ياتىملىرى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

**تىندۇرماق I** «تىنماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تاز چۈشنى قوندۇرماس، چۈشن تازنى تىندۇرماس (ماقال). * ئۇنىڭ مۇلايىم قىياپىتى مېنىڭ كۆڭلۈمنى تىندۇردى.

**تىندۇرماق II** «تىنماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: لاي سۇنى تىندۇرماق. * ئۇلار يولغا چىققاندا بوران تېخىمۇ كۈچەيگەن، ئۆگزىلەردىن چۆپلەرنى، پاخاللارنى ئۇچۇرۇپ چۈشۈپ، ئازگاللارنى تىندۇرماقتا ئىدى.

**تىندۇرۇلماق** «تىندۇرماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئازگال تېزلىكتە تىندۇرۇلدى ۋە يۇرۇش پەرمانى بېرىلدى.

**تىنما** سۈپ. تىندۇرۇلغان، چۆكمە: تىنما قاتلام. تىنما قاتلام ← چۆكمە قاتلام.

**تىنماستىن** رەۋ ← **تىنماي**: ناخشا ئېيتار لەگلەكىم، قۇيرۇق سوقۇپ تىنماستىن. ئىنىم يېپىنى تالىشار، بەزلىگەنگە كۆنمەستىن.

**تىنماق I** پ. ① ئۆپكىسىگە تازا ھاۋا سۈمۈرۈپ، ئاندىن سىرتقا چىقارماق: ئابدىكېرىم بىر تىنىۋالدى. يىغىندا ئولتۇرغانلارنىڭ ھاياجانلانغان چىرايىنى دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان كۈننىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى يورۇتماقتا ئىدى. * خالايىق دەۋرەپ ئالغا تاشلىدى قەدەم، بىراۋلار ئۇلۇغ-كىچىك تىنار ئۇشبۇ دەم. ② ئىشتىن، ھەرىكەتتىن توختىماق، ئارام ئالماق: يىراقتىن خوتۇن ئالساڭ، ئۇلىغىڭ تىنماس، يېقىندىن خوتۇن ئالساڭ، قۇلىقىڭ تىنماس (ماقال). * بىركۈنى ئايگۈل دەيسەن، بىركۈنى مايگۈل دەيسەن، شاختىن-شاخقا ئۇچۇپ تىنمايسەن، مۇشۇنداق كېتىۋەرسەڭ ئاقىۋىتىڭنىڭ نېمە بولۇشىنى خۇدا بىلىسە، مەن بىلىپ بولالمىدىم. ③ كۆچمە. ئېيتماق، دېمەك: ئېسىمىزدە بولسۇن، بۇ ئىشنى ھازىرچە ناھايىتى قاتتىق سىر تۇتۇش كېرەك، ھەرقانداق يېقىن ئادەملىرىڭىزگىمۇ تىنماڭ.

* كىملەر ئۆلگەن، كىملەر تىرىك بىلىپ بولماس، ئەھۋال ئەجەب خەتەرلىك تىنىپ بولماس. ④ كۆچمە. تەشۋىش، ئەنسىرەشتىن توختىماق، خاتىرجەم بولماق: ــ قانداق، يارامدۇ؟ ــ دېدى شەمەر ماختىنىپ، ــ كېلىندىن تەلىيىڭ بار ئىكەن. خوراز گاڭگىلىك بولسا، مېكىيانىنىڭ نوچىسىنى تاپىدۇ، ئەمدى كۆڭلۈڭ تىنغاندۇ؟ * كۆزە بولىدا يۈرۈپ، مەيەك سۇندىمۇ شەنگەن؟ سادىرنى تۇتۇپ بېرىپ، كۆڭلۈڭ تىندىمۇ شەنگەن؟

**تىنماق II** پ ① ئىچىدىكى قۇم، لاتقىلار چۆكۈپ، سۈزۈلمەك، تازا بولماق: ئەمدىلا ئۆستەڭدىن ئەكىرگەن سۇ تىنىپ سۈزۈلۈشكە باشلىدى. ② چوڭقۇرلۇق چۆكۈندە، توپا، قۇم قاتارلىقلار بىلەن تولۇپ كەتمەك: توختى توپپىشىنىڭ زامانىسىنىڭ ئالدى-كەينىدە، چوڭ قۇم كەلكۈنىدە بۇلاق، ئېرىق-ئۆستەڭلەر تىنىپ، ئېتىز، ئۆيلەر قۇم ئاستىدا قالدى. * مانا شۇنداق كەڭ زېمىن پۈتۈنلەي قۇم بىلەن تىنىپ كەتكەنىدى. ③ بوش يېرى قالماي، تىقىلماق: كىشىلەرنىڭ ئىچىگە تىنىپ كەتكەن دەرد-ئەلەم غەزەپ-نەپرەتكە ئايلىنىپ، بىراقلا ئېتىلىپ چىقتى. * سىنىڭ پۈتۈن ھاياتىڭ جىنايەت بىلەن تىنىپ كەتكەن. ④ كۆچمە. قاراڭغۇلاشماق، خىرەلەشمەك: شىرمەھەممەت تىترەپ كەتتى، چىشلىرى بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ كاسىلدىغاندەك قىلدى، بېشىدىن كىرگەن بىر ئوت تاپىنىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى، كۆزلىرى تىنىپ، لەۋلىرى ئاقاردى.

**تىنماي** رەۋ. توختىماي، ئۈزلۈكسىز: چوڭ يولدىن ماشىنىلار، تراكتورلار، ھارۋىلار، پىيادىلەر ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا تىنماي ئۆتۈشەتتى. * ئەمما ئۇ ماڭا پەرۋا قىلمىغان ھالدا ساپايى سوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، شۇ بىر دائىرىنى تىنماي ئايلىنىۋەردى.

**تىنىپ** «تىنماق» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى: تىنىپ كۆتۈرۈش.

**تىنىپ كۆتۈرۈش** <تەن> بىر خىل ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ئۇسۇلى. بۇنىڭدا، شتانگىنى ئىككى قول بىلەن يەردىن كۆتۈرۈلۈپ، كۆكرەككە ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تىزنى ئېگىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر ئارقىلىق، شتانگا تاكى ئىككى بىلەك ۋە ئىككى پۇت تۈزلەنگەنگە قەدەر ئېگىزگە كۆتۈرۈلۈپ بارىدۇ.

**تىنىش** «تىنماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: تىنىش بەلگىلىرى.

**تىنىش بەلگىلىرى** <تىل> جۈملىنىڭ ئوقۇلۇشى، ئىنتوناتسىيىسى، قەيەردە تىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدىغان مەخسۇس يازما بەلگىلەر. ئۇيغۇر تىلىدا ئاساسەن تۆۋەندىكى تىنىش بەلگىلىرى قوللىنىلىدۇ: چېكىت (.)، سوئال بەلگىسى (؟)، ئۈندەش بەلگىسى (!)، پەش (،)، چېكىتلىك پەش (؛). قوش چېكىت (:)، قوش تىرناق (« »)، يالاڭ تىرناق، (‹ ›)، تىرناق (( )) سىزىق (—)، سىزىقچە (-)، كۆپ چېكىت (...).

**تىنىشماق** «تىنماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەر ئىككىلەن تەڭلا ئۇلۇغ-كىچىك تىنىشتى، چايداندىكى چايمۇ ئۇلارغا ماسلاشقاندەك «گاژ-ژ...» قىلغان ئاۋاز چىقاردى.

**تىنىق I** ① تىنىپ، ئىچىدىن چىقىرىلغان ھاۋا، نەپەس: بۇنى ئاڭلىغان خالىد: ــ ئۇ ناھايىتىمۇ سەت، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىنىقى سېسىق، ئۆزى پاسكىنا، بۇ بالىغا ھېچكىم قىزىنى بەرمەيدۇ، ــ دەپتۇ. * روزى كۆزىنى ئاچمايتتى. ئەكسىچە، تىنىقى تېزلىشىپ، پۈكلىنىپ، داق يەرگە بارغانسېرى ئېغىر پاتماقتا ئىدى. ② ناھايىتى قىسقا ۋاقىت، دەم: يەلپۈگۈچ بىر تىنىقمۇ توختىماستىن قولدىن-قولغا يۆتكىلىپ تۇراتتى.

**تىنىقى توختىماق** ئۆلمەك: خالىقجان، سىلەر يېتىپ بارغاندا، ئازادگۈلنىڭ تىنىقى توختىغىنىغا

قانچىلىك ۋاقىت بولۇپتىكەن؟

**تىنىق** II سۈپ. ① تەركىبىدىكى قۇم، لاتقىلار تىنىپ سۈزۈلگەن، ساپ، سۈزۈك: سۇ رەڭسىز، پۇراقسىز تەمسىز، تىنىق سۇيۇقلۇق. * ئاسمانمۇ بۇلاق سۈيىدەك سۈزۈك، كۆل سۈيىدەك تىنىق. قۇياشمۇ ئاجايىپ مۇلايىم كۈلۈمسىرەيدۇ. ② چاڭ-توزاندىن خالىي، شامالسىز، سۈزۈك: ھاۋا ئوچۇق، ئاسمان تىنىق، ئاخشام ياغقان يامغۇر پارتكومنىڭ ھېيدىكى دەرەخلەرنى ياشارتىۋەتكەنىدى. * راستىنلا بۇ قاشتاش تېرىلدى، گويا ئاققان قان-ياش تېرىلدى. نەپەس ئېلىپ تىنىق ھاۋادىن، بەرى خۇشال ئەركىن كېرىلدى. ③ بىرەر ئالامەت كۆرۈنمەيدىغان (كۆز ھەققىدە): ۋاڭنىڭ كىشلەرگە ئاساننىچە ئىپادە كۆرسەتمەيدىغان تىنىق كۆزلىرىگە بىر خىل خۇشاللىق يوشۇرۇنغانىدى.

**تىنىقسىز** سۈپ. تىنىقى يوق، تىنىقى توختىمىغان: بىز بالىنى سۇدىن سۈزۈۋېلا قولىمىزنى بۇرۇن ۋە كۆكسىگە قويدۇق. بالا تىنىقسىز بولۇپ، جان ئۈزگەنىدى. * تامام ھوشسىز ياتار ھاجى تىنىقسىز، چىراغمۇ ئۆچتى، قالدى ئۆي يورۇقسىز.

**تىنىقلىق** ① «تىنىق II» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: گۈلخاننىڭ قويۇق ئىسلىرى ھاۋانىڭ تىنىقلىقىدا تۈپتۈز ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، خۇددى بىر كۆكۈچ ئېگىز تۈۋرۈكنى ھاسىل قىلماقتا ئىدى. ② خاتىرجەملىك: بىر باقسام جىلغىدىكى بۇلاقلارغا، ساي-سايدا بۇژغۇپ ئاققان سۈزۈك سۇغا. كۆڭلۈمنىڭ تىنىقلىقى مەلۇم بولۇپ، ئىشقىنىڭ چېچەكنى تىزار دىلغا.

**تىنىم** ئى. ھەرىكەتتىن خالىي ۋاقىت ياكى ھالەت، ئارام: ئۇنىڭغا كېچە-كۈندۈز تىنىم يوق. * ئەگەر ئارغامچىنى تارتىساق بىز، تىنىم بەرمەس بۇ قەشقەر ئەھلى ھەرگىز.

**تىنىم تاپماسلىق** بىكار، تىنچ، ھەرىكەتسىز تۇرماسلىق: ئۇ چاقىرمىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن ھېرىپ، ئۆيمۇئۆي سۇ توشۇپ، ئوتۇن يېرىپ، ئۇلاغلارغا ئوت ئېلىپ، ئېغىلدارنى قۇرۇقداپ تىنىم تاپمايتتى. * شۇنداق قىلىپ، ئەكبەرنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ ئاددىي دېھقان بولغىنىغا، دېھقان بولغاندىمۇ، تىنىم تاپماس دېھقان بولغىنىغا قوشۇلمايدىغانلارمۇ بولدى.

**تىنىمسىز** ① سۈپ. بىكار، تىنچ تۇرمايدىغان؛ ھەرىكەتچان: ئەركىن سەكرەپ ئېتىدىن چۈشۈپ، چىلىق تەرگە چۆمگەن، تىنىمسىز بوز ئاتنى ئالدى. * بۇ چاغلاردا تىنىمسىز، بەڭباش بالا ئىدۇق، دەرستىن ئويۇننى كۆرەتتۇق ئەۋزەل. دەريادا بېلىق تۇتماق كۆڭۈللۈك ئىدى، «قاشقانچۇق» ئويناشمۇ قىزىق شۇ قەدەر. ② رەۋ. توختىماي، جىم تۇرماي، ئۈزلۈكسىز: ئۇ ئىككى قولىنى كەينىگە قايچىلاپ، ئاللىقانداق خىياللار بىلەن ئۆيىنىڭ ئىچىدە تىنىمسىز ماڭاتتى. * ـ كېچە-كۈندۈز تىنىمسىز ئىشلەپ، مېھنەت تېرىمىزدىن يارالغان نەرسىلەرنىڭ قايسى ئوغرىنىڭ قارنىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايۋاتامسەن؟! ـ دېدى ئەختەم دېگەن جىگەرلىك يىگىت.

**تىنىمسىزلىق** «تىنىمسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: كىچىككىنە بىكەچ ئەلى مومىسىنىڭ قولىدا تىنىمسىزلىق قىلىپ، بىردەم مومىسىنىڭ چېچىنى تارتاتتى، بىردەم تومچاق قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ مەڭزىگە ئۇراتتى، بىردەم بارمىقىنى كۆزىگە تىقاتتى.

**تىۋەڭ** ئى [پ] مېۋە، نان قاتارلىقلارنى تىزىپ، باشتا كۆتۈرىدىغان، ياغاچتىن ياسالغان ياكى چىۋىقتىن توقۇلغان چوڭ تاۋاق: چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن سىركايە، تىۋەڭلار يىغىشتۇرۇلدى.

**تىۋىت** ئى ① ھايۋانلار تېنىنىڭ سىرتىغا ۋە بەزى ئەزالىرىنىڭ ئىچكى دىۋارىغا ئۈنگەن قىسقا ھەم يۇمشاق موي، تۈك: ئۆچكە تىۋىتى. تۆگە تىۋىتى. ئاشقازان تىۋىتى. تىۋىت تارتماق. ② توقۇلما بۇيۇملار يۈزىدە بىر قەۋەت بولىدىغان قىسقا، ئىنچىكە ۋە يۇمشاق كېلىدىغان تۈكسىمان تالا: ئۇنىڭ سول قولى ئورنىدا بولسا چىبەرقۇت كەمزۇلنىڭ تىۋىتلىرى چۈشۈپ، چەت-چۆرىلىرى قىرقىلغان جانسىز يېڭىلا ساڭگىلاپ تۇراتتى.

**تۈۋىت چىگمەك** گىلەمنىڭ ئۆرۈش يىپىغا رەڭلىك يۇڭ يىپلارنى ئۆتكۈزۈپ، تەكشى قىرقىماق: گۈل قويۇش، تۈۋىت چىگىشنى مەشىق قىلىپ، قولنى كۆندۈردى ۋە تېزلەتتى. ئارىدىن ئىككى-ئۈچ ئاي ئۆتۈپ، بائىمەخان تامچە-تامچە تۆككەن تېرىنىڭ، سىڭدۈرگەن ئەجرىنىڭ مېۋىسىنى كۆردى.

**تۈۋىت شال** <كي> ئاياللارنىڭ چوڭ ياغلىقلىرىنىڭ بىر تۈرى، يەنى تۈۋىت چىقىرىپ توقۇلغان شال: ئالدىدا قارا سوكنا پەلتۇ كىيىپ، بېشىنى تۈۋىت شال بىلەن مەھكەم ئورىغان بىر قىز تۇراتتى.

**تۈۋىتسىز** سۈپ. تۈۋىتى يوق، يۈزىگە تۈۋىت چىقىرىلمىغان: تۈۋىتسىز رەخت.

**تۈۋىتلىق** سۈپ. تۈۋىتى بار، تۈۋىت چىقىرىپ توقۇلغان: تۈۋىتلىق پەلەي.

**تۈۋىتلىق پەردە** <زوئول> تۆرەلمىنى ئورىغۇچى ئورتا قەۋەت. سىرتقى يۈزىدە تۈۋىت شەكلىدىكى نۇرغۇنلىغان كىچىك بۆرتمىلەر بولىدۇ. ئانا تېنى بىلەن ماددا ئالماشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**تۈۋىش** ئى ① مەلۇم ھەرىكەتتىن ئاڭلانغان ئاۋاز، شەپە: تاشقىرىدا دۈپۈرلىگەن ئاياغ تۈۋىشى ئاڭلاندى، گۈلسۈمخان دېرىزىدىن مارىدى. * ئۇ ئالدى تەرەپتە تۇرغان بىر ئۆسمۈرنى كۆرۈپ، كىملىكىنى بىلىش ئۈچۈن، تۈۋىش چىقارماي يېنىك قەدەم بىسىپ يېقىنلاشتى. ② كۆچمە. بىرەر نەرسە ھەققىدىكى ئۈچۈر، شەپە، خەۋەر: ئىرپان باشقىلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ، سايىمنىڭ بۈگۈن ھەممىنىڭ ئالدىدا قېنىنى سېتىپ بولۇپ كېتىپ قالغانلىقىنى بىلدى-دە، كەينىدىن ئىز قوغلاپ، نەنلياڭ تەرەپكە كەلدى. كەچ پېشىنگىچە ھېچ يەردىن تۈۋىش ئالالمىدى.

**تۈۋىشسىز** ① سۈپ. ئاۋاز ۋە شەپىدىن خالىي، جىمجىت: باي ۋارقىراپ ھۇجرىنى بېشىغا كىيدى، بىراق ھويلا تامامەن تۈۋىشسىز ئىدى. ② رەۋ. ھېچقانداق ئاۋاز ۋە شەپە چىقارماي، ئاستاغىنە: تۈن ھەسسە ئالىم ئاكام كەلدى ئىشىككە، ئىشكنى پەم بىلەن ئاچتۇق تۈۋىشسىز.

**تىياتىر** ئى [ر<گرېك] ئارتىسلارنىڭ رول ئېلىشى ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر خىل سەنئەت، يەنى ئىپادىلەش سەنئىتىنى مەركەز قىلغان ئەدەبىيات، مۇزىكا، ئۇسسۇل قاتارلىقلار-نىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى. ئۇ ئادەتتە دراما، ئوپېرا، بالېت قاتارلىقلارغا بۆلۈنى-دۇ، ئەسەر تۈرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ تراگېدىيە، كومېدىيە قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ: ئۆتكەن قېتىم تىياتىر بېلىتى ئاپىرىپ بەرگىنىمدە، ئۇ چوقۇم بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ۋەدە قىلىپ قويۇپ، كەلمىدى.

**تىياتىر ئۆمىكى** <تيا> تىياتىرنى ئورۇندايدىغان كوللېكتىپ. ئۇ ئارتىس، رېژىسسور ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك خادىم-لاردىن تەركىب تاپىدۇ.

**تىياتىرچىلىق** ئى. تىياتىر ئويناش، قويۇش كەسپى: ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى تاش قورال دەۋرىدىن بېرىقى ھەيكەلتاراشلىق سەنئىتى ۋە قەدىمدىن بۇيانقى تىياتىرچىلىق سەنئىتىدىن ئايرىلىپ قالدى.

**تىياتىرخانا** ئى <تيا> تىياتىر نومۇرلىرى كۆرسىتىلىدىغان كۇلۇب: مەھەممەت رېھىم بىلەن ئىككىمىز تىياتىرخانىغا كىرىپ كەلگىنىمىزدە، كۇلۇبنىڭ يېرىمى ئادەملەر بىلەن تولۇپ بولغانىدى.

**تىياتىرلەشمەك** پ. تىياتىر شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈلمەك، تىياتىر قىلىپ ئوينالماق: دېمەك، «نورۇز بايرىمى» خىلمۇخىل ئويۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، تىياتىرلەشكەن ئۇسلۇبتا ئېلىپ بېرىلىدۇ ھەمدە ئىنتايىن جۇشقۇن كەيپىياتتا ئۆتىدۇ.

**تيانشان** ئى [خەن] <جۇغ> ئاسىيا قىتئەسى-نىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان چوڭ تاغ

سىستېمىسى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. غەربى ئۇچى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قىسمىغا قەدەر سوزۇلىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2500 كىلومېتىر، كەڭلىكى 250-300 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئادەتتە «تەڭرىتاغ» مۇ دېيىلىدۇ.

**تىيانشان شەمشادى** <بوت> قارىغاي ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. ئېگىزلىكى 40 مېتىرغا يېتىدۇ، ساڭگىلاپ ئۆسىدۇ؛ يوپۇرمىقى تۆت قىرلىق، تۆت تەرىپىدە هاۋا تۆشۈكچىلىرى بولغان سىزىقچىلار بولىدۇ، ئۇچى ئۇچلۇق كېلىدۇ؛ شارچە مېۋىسى پىشىشتىن ئىلگىرى جىگەر رەڭ، ئېللىپسسىمان سىلىندىر شەكىلدە بولىدۇ؛ ياغىچى پۇختا بولۇپ، قۇرۇلۇش، كۆۋرۈك، شپال، سىم تاناپ تۈۋرۈكى، ئۆي جاهازلىرى، قەغەزچىلىك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ؛ شىنجاڭنىڭ تىيانشان تېغىدىن چىقىدۇ.

**تيەنجىن** <جۇغ> مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق شەهەرلەرنىڭ بىرى. خەيخې تۈزلەڭلىكىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان.

**تيەنجىن شەرتنامىسى** <تارىخ> 1858-يىلى 6-ئايدا جۇڭگونىڭ روسىيە، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق جاهانگىر دۆلەتلەر بىلەن تيەنجىندە ئىمزالىغان «جۇڭگو ـ فرانسىيە تيەنجىن شەرتنامىسى» قاتارلىق تەڭ هوقۇقسىز شەرتنامىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**تىيدۇرماق** «تىيماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**تىيزا** ئى [خەن]جان ت قەغەز پۇل: هېلىقى يىگىت بەلبېغىدىكى تىيزىلارنى ئىككى قولى بىلەن چاڭگاللاپ: ـ پۇل دېگەن مانا، قانچە پۇل دېسەڭ، شۇنىڭغا ئالىمەن، ـ دېدى.

**تىيلىق** ئى. تۈگمەن تېشىنىڭ يۈزىنى چېكىپ ياسايدىغان مېتىن.

**تىيىشماق** «تىيماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**تىيماق** پ. يىغماق؛ توختاتماق؛ تارتماق؛ كۆزۈڭ ئاغرىسا، قولۇڭنى تىي، قورسىقىڭ ئاغرىسا، گېلىڭنى تىي (ماقال). * غوجدار: ـ باينىڭ غەزىپىنى قوزغىماي تىللىرىنى تىيسىلا، ـ دېدى.

**تىيىلماق** «تىيماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: سەمەت ئاكام ئاچچىقلىنىپ ۋارقىرىغاندىن كېيىن، ئاغزى بىرئاز تىيىلدى.

**تىيىن** I ئى ① ئون داچەن قىممىتىگە ئىگە چوڭ مىس پۇل، تومپۇر. ② بىر كوينىڭ يۈزدىن بىرى، سىنت.

**تىيىننىڭ تۆشۈكىدىن ئۆملەپ ئۆتىدىغان ← بىر داچەننىڭ تۆشۈكىدىن مىڭ قېتىم ئۆتىدىغان**: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۆت سەر ئېچىپ 14 سەر مەست بولىدىغان گاڭگۇڭلار، تىيىننىڭ تۆشۈكىدىن ئۆملەپ ئۆتىدىغان ساختىپەزلەر، هەر-هەر پوچىلار، ئاغزىدا شەهەر ئالىدىغان قاپاق نوچىلارمۇ بار ئىدى.

**تىيىن** II ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى هايۋان. سىرتقى شەكلى چاشقانغا ئوخشايدۇ، تېنى چاشقاندىن سەل چوڭراق كېلىدۇ؛ قۇيرۇقى ئالاهىدە چوڭ بولۇپ، چېچىلىپ تۇرىدۇ. تىيىن ئادەتتە قارىغايلىقتا ياشايدۇ. تۈكلىرى كۆپ بولىدۇ، بەزى تۈكلىرىنىڭ تېرىسى ئالاهىدە ئەتىۋارلىنىدۇ.

**تىيىنلىق** سۈپ. تىيىن قىممىتىگە ئىگە بولغان، تىيىنغا يارايدىغان: گۆشتى تارىلغۇدەك دېيىشىدىغۇ! تارالسا، بىزدەك ئات-ئۇلىغى يوقلارنىڭ هالىغا ۋاي. ئات-ئۇلاغ بولمىسا، بىر تىيىنلىق ئوقەت قىلغىلى بولمايدۇ.

# ج

**ج** ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئالتىنچى ھەرپى. ② رەت تەرتىپى جەھەتتىن بەشىنچىنى كۆرسىتىدۇ.

**جا** I سۈپ [خەن] ئىشەنگىلى بولمايدىغان، ئاساسسىز، ساختا، يالغان: جا گەپ. جا ئىش. * دادام خېرىدارغا: ـ سىلى تېرىدىن گۇمان قىلىۋاتاملا؟ بىز دېگەن ئۇنداق جا ئىش قىلىدىغان ئادەم ئەمەس دەيمەن! ـ دېدى.

**جا** II ئى [پ] ئورۇن، جاي، ماكان.

**جا ئەيلىمەك** ئورۇنلاشتۇرماق: كۆيۈكنى دىلغا جا ئەيلە، ساڭا دىلدار كېرەك بولسا، ۋاپا لەۋزىنى ۋىجدان بىل، ۋاپادار يار كېرەك بولسا.

**جا قىلماق** ← جا ئەيلىمەك: گۈزەللىك بولمىسا دىلدا، بەختىنىڭ لەززىتى بولماس، كۆڭۈل يۈكسەكلىكسىز، سۆز-يۈزۈڭنىڭ ئىززىتى بولماس. ئۆزۈڭدىن ئۆزگىنى سۆيمەك، سېنى سۆيگەي تۈمەنىڭ ئەل؛ جاھاننى دىلغا جا قىلساڭ، دىلىڭنىڭ كىر ـ دېتى بولماس.

**جابدۇتماق** «جابدۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پادىشاھ دېھقاننى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغىمۇ 1000 تىللا ئىنئام قىلىپتۇ. 40 تۆگە مال ۋە 40 قۇل جابدۇتۇپ، شاھزادە ئابدۇللانى كارۋانلارغا قوشۇپ قويۇپتۇ.

**جابدۇشماق** «جابدۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىزلار ئۆينى جابدۇشۇپ بولۇپ، ھويلىغا چىقىشتى.

**جابدۇق** ئى ① ھەر خىل قورال-سايمان، ئەسۋاب، جاھاز، سەرەمجان؛ بېزەك، بۇيۇملار: تۇردىقارىي يېتىپ كەلگۈچە موللىسى باللارنى يىغىپ، جابدۇق، كىيىم-كېچەكلەرنى ھارۋىلارغا بېسىپ، ئاندىن كىتاب ساندۇقىنى ئېلىپ چىقىپتۇ-دە، كىتاب ئالماقچى بولۇپتۇ. * ئىككى بوۋاي بىلەن ئوسمان تەشمە ئىچىدىكى جابدۇقلارنى يىغىشتۇرۇپ يۈرەتتى. * بۇ يەردە چوڭ-چوڭ گەزمال دۇكانلىرى، دورىخانىلار، مەخسۇس ئالتۇن جابدۇق دۇكانلىرى كۆپ. ② ئات-ئۇلاغلارنىڭ ئېگەر-توقۇم، يۈگەن-نوختىلىرى: ۋەزىر ئۆز-ئۆزىگە: ـ قىممەتلىك جابدۇق بىلەن بېزەلگەن بۇ ئات پادىشاھ ياكى ۋەزىرلەرنىڭ مىنىدىغان ئېتى، ـ دەپتۇ. ③ تەييارلىق، ھازىرلىق: ـ جابدۇقۇم پۈتسە بۇرۇنراق يولغا چىقاي دەيمەن، ـ دېدى نوشىرۋان تەيجى.

**جابدۇق قىلماق** بىرەر ئىش-ھەرىكەت ئۈچۈن تەييارلىق قىلماق، ھازىرلىق قىلماق: بارغان كىشى باللارغا ئاتىسىنىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈپتۇ. شۇئان پەرزەنتلەر يول جابدۇقى قىلىپ، ئاتىسى تەرەپكە راۋان بوپتۇ. * ئاندا ياساپ ملك تۈيىنى، تويغا جابدۇق قىلارمىش. ئايىنى ناغرا، كۈننى داپ، قىلىپ شۆكەم چالارمىش.

**جابدۇقلانماق** پ ① جابدۇقلار بىلەن تەييارلانماق، ھازىرلانماق: قول سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئورنىنى ماشىنىلار بىلەن جابدۇقلانغان چوڭ زاۋۇتلار ئالدى. ② ئېگەر-توقۇم توقۇلماق، جابدۇلماق: بەختىيار پادىشاھ ئاتخانىسىدىن جابدۇقلانغان ئارغىماقتىن بىرنى ئاچىقتۇرۇپ، بىرىنچى كىشىگە مىندۈرۈپتۇ؛ ئىسكىلاتىدىن قىلىچ ئاچىقتۇرۇپ تۇتقۇزۇپ: ــ ئات ئۈستىدە قىلىچۋازلىق قىلىشنى ئۆبدان ئۆگەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە لازىم بولۇپ قالارسەن، ــ دەپ يولغا سېلىپتۇ.

**جابدۇقلۇق** سۈپ. جابدۇقى بار، جابدۇقلانغان، جابدۇلغان: گۆزەلشاھ بۇ بەگلەرگە: ــ ئەي يىگىتلەر، بىزنىڭ دىنىمىزغا كىرگىلار، كۆپ مۇرۇۋۋەت قىلۇرمىز، ياخشى قىزلىرىمىزنى ئېلىپ بېرەي، ئالتۇن جابدۇقلۇق ئاتلارنى بېرەي. بولمىسا ھەر ئىككىڭلارنى ئۆلتۈرىمەن، ــ دېدى. * شۇنىڭدىن كېيىن، نۆردىن قۇللىرىدىن بىرنى قىچقارتىپتۇ. ئۇنىڭغا ئېتىنى يېپەك توقۇم، ئالتۇن جابدۇقلۇق ئېگەر بىلەن ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

**جابدۇلماق** «جابدۇماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەلىك ھەسەن بۇلارنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ-دە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ گۈمبەزگە كىرىپتۇ. قارىسا، گۈمبەزنىڭ ئىچى ناھايىتى چىرايلىق جابدۇلغان، شاراب، كاۋاپلار تەييارلاپ قويۇلغان، ئەمما بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەپتۇ. * كۆپ ئۆتمەيلا جارالڭ-جۇرۇڭ قىلىشىپ ئويمۇئوخشاش جابدۇلغان 40 مەپە كەپتۇ.

**جابدۇماق** پ. ① تەييارلىماق، ھازىرلىماق: شاھزادە بىلەن مەلىكە زوھرا پاتىمىگە ئون قېچىر دۇنيادەپىنە، مال-مۈلۈك، ئوزۇق-تۈلۈك جابدۇپ، ناۋاي ئېرىنى قوشۇپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. ② ياسىماق، بېزىمەك، زىننەتلىمەك: مەلىك ھەسەن پادىشاھنىڭ تەختىگە چىقىپتۇ ۋە شەھەرنى جابدۇپ، 40 كېچە-كۈندۈز توي-تاماشا قىلىپ كۆھقاپ مەلىكىسىنى نىكاھىغا ئاپتۇ. * گۈلئەندامنى زېبۇزىننەتلەر؟ بىلەن جابدۇپ بەھرامغا تاپشۇردى. * مىرزا ئەخمەت ياخشى ئاتتىن بىرنى تاللاپ، ئۆبدان جابدۇپ يولغا چىقتى.

**جابدۇنماق** «جابدۇماق» پېئىلى ① ② نىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: تاز جابدۇنغۇچە توي تارقاپتۇ (ماقال). * كامالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قازىغا جان كىردى ۋە دەرھال ئېلىياس خوجىنىڭ ئۆيىگە جابدۇندى. * شىرمەممەت: ــ قىسمەت ئاكا، بۈگۈن سىزنىڭ كەيپىڭ راستلا باشقىچىغۇ، يىغىنغا تويغا بارىدىغاندەك جابدۇنۇۋاتسىڭىزغۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

**جابدۇنۇشماق** «جابدۇنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاشتى بۇ يىل يېزىمىزدا ئاشلىق، پاختا، مول ھوسۇلدىن ئاسمان-پەلەك تاغ ياسالدى. جابدۇنۇشتى قوش توي ئۈچۈن قانچە ئوغۇل، چېكىسىگە گۈللەر قىسىپ قىز ياساندى.

**جاپا** ئى [ئە] جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى ئازاب-ئوقۇبەت، كۈلپەت، مۇشەققەت، قىيىنچىلىق، ئېغىرچىلىق: جاپا تارتماق. * ياخشىدىن جاپا كەلمەس، ياماندىن ۋاپا كەلمەس (ماقال). * يالماۋۇز كۆپ جاپا بىلەن كۆزىدىكى قۇمنى چىقىرىۋېتىپ: ــ قېنى سېنىڭ قېچىپ قۇتۇلغىنىڭنى كۆرەي، ــ دەپ ئاكىسىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ.

**جاپا تارتماق** ← جاپا چەكمەك: مۇشەققەت تارتمىغۇچە راھەتكە يېتىش تەس. ياخشىلىققۇ ئەلۋەتتە ياخشى ئىش. لېكىن يامانىنى كۆرمەي ياخشىنىڭ قەدرىنى بىلگىلى بولمايدۇ. كىشى جاپا تارتمىسا، راھەتنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ.

**جاپا چەكمەك** جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئازاب-ئوقۇبەتتە قالماق، مۇشەققەت، قىيىنچىلىق تارتماق؛ ئېزىلمەك: قوڭغۇراق ئاتا ھەممە كىشى ئۈچۈن جاپا چېكىدىكەن، ئۆي-ئۆيدىن ئەخلەت يىغىدىكەن، ئۇنى يىراق-يىراقلارغا ئاپىرىپ تۆكىدىكەن.

**جاپا سالماق** جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئازاب-ئوقۇبەتكە، ئوڭۇشسىزلىققا، قىيىنچىلىققا دۇچار قىلماق، ئەزمەك: بوۋاي مېھمانلارغا: ــ ئىنشائاللا، ياخشى تۇرۇۋېتىمەن، كېيىنكى يىللاردا پۈتۈمنىڭ ئاغرىقى جاپا سالمىغان بولسا، ئۆزۈم كۆپ ياخشى ئىدىم، ــ دېدى كۈلۈمسىرەپ.

**جاپا قىلماق** ئۆزگىگە ۋە باشقىلارغا جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئازاب-ئوقۇبەت، جەبىر-زۇلۇم، ئوڭۇشسىزلىق، قىيىنچىلىق پەيدا قىلماق، ئازابلىماق: ئۇ ھەر كۈنى «ئانا» دەپ جاپا قىلىدۇ، بۇ يەردە ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم يوق. كېيىن ئۇنى ئۆزۈم ئېلىپ كېلىپ تەربىيىلەيمەن.

**جاپاسىز** سۈپ. جاپاسى يوق، جاپاسى بولمىغان، جاپالىق ئەمەس، ئاسان: ئەخمەتنىڭ خېلى پەمى بار، كۈتۈپ تۇرۇپ جاپاسىز ئىشلارنى تاللىيالايدۇ.

**جاپاكار** ئى [ئە+پ] ① جاپا قىلغۇچى، جاپا سالغۇچى، ئەزگۈچى: گەر دېسەڭ جېنىم جاپاكارلاردىن جاپا چەكمىسۇن، كۆپكە باق، ئەمما لېكىن كۆك بۆككە باقمالىق خاتا. ② جاپا تارتقۇچى، جاپا چەككۈچى؛ جاپاكەش: بىر ھازادىن كېيىن نېمەت ئېسىنى يىغىپ، قولىدىكى خەتنى ئېچىپ ئوقۇپتۇ. بۇ مەكتۇپ «ھىيلە بىلەن ئالدانغان، ئۆز يېقىندىن ئايرىلغان، ۋەتەنسىز، جاپاكار نەئمەدىن» دەپ باشلانغانىكەن. * بىلمىدىن تاغنى باغ قىلماقتا ھېچقانداق جاپا كۆرمەس، ھەسرەتتىن قان يۇتار نادان كىشىلەردەك جاپاكار يوق.

**جاپاكەش** ئى [ئە+پ] ① جاپا چەككەن، ئازاب-ئوقۇبەت تارتقۇچى؛ بېشىدىن كۈلپەتلەرنى، ئېغىرچىلىقلارنى كەچۈرگۈچى: پارتىيىمىز 30 يىلغا يېقىن ئىزىلگەن، جاپاكەشلەرنى ئازاد قىلىش يولىدا جان تىكىپ كۆرەش قىلدى. ئايلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بۇ جاپاكەش ئائىلىنىڭ قەيسەر بۈركۈتى پۈتۈن دۆلەتكە داڭ كېتىپتۇ؛ تەرپى ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپتۇ. ② كۆچمە. تەر ئاققۇزۇپ مېھنەت قىلىدىغان، مېھنەت سۆيەر كىشى: يىل بويى جاپالىق ئەمگەك قىلىۋاتقان جاپاكەشلەرنىڭ تۇرمۇشىنى نەزەرگە ئالمىساق بولامدۇ؟ * ــ ياق، بولمايدۇ، ــ دېدى ياسىن شۇجى ئۆسۈپ كەتكەن ساقىلىنى قىرىۋېتىپ، ــ قالايمىقانچىلىق ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي يىلىكىنى ئۈزۈۋەتتى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتى يىلدىن-يىلغا كەمىلەپ، ئامبارلاردىكى زاپاس ئاشلىقلار تۈگىدى، جاپاكەش خەلق ئىشلارنى تېزرەك ئوڭشىشىمىزنى كۈتۈۋاتىدۇ.

**جاپاكەشلىك** «جاپاكەش» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ــ ھەممىڭ يەپ-ئىچىپ، ئويناپ يۈرۈۋېرىش، مەن سەن نېمىلەرنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن، قەلەندەرنىڭ ئىتىدەك سوكۇلداپ يۈرەي، خەقلەرنى دەپ ئۆزۈمگە ئۆزۈم زورلاپ تاپىدىغان جاپاكەشلىكىمنى قاچانمۇ ئوڭشارمەنكىن ــ تاڭ؟ ــ دېدى پەرىزات سەلەيگە جىلچىلىكىنى يوشۇرماي.

**جاپالىق** سۈپ. جەبىر- جاپاسى بار؛ مۇشكۇل، قىيىن، تەس: جاپالىق سەپەر ئۇنىڭ ئاجىز گەۋدىسىگە ھاردۇق يەتكۈزگەن بولسىمۇ، كۆزلىرى شۇنچە روشەن ئىدى. * قوچقار يېنىچە يېتىپ، ئاشۇ جاپالىق كۈنلىرىنى ۋە لالە بىلەن ئۆتكۈزگەن باللارغا خاس مۇھەببەتلىك ــ دوستانە ئۆتمۈشلىرىنى ئۇزاق ئويلىدى.

**جاپا-مۇشەققەت** تۈرلۈك جاپا ۋە مۇشەققەتلەر، ئازاب-ئوقۇبەتلەر، كۈلپەت ۋە قىيىنچىلىقلار: ۋاڭ نەدىدۇر بىر يەردە ناھايىتى يوغان بىر قارچىغىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ، جامالنى

ئاشۇ قۇشنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئۇ نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەت تارتىپ، قۇشنىڭ ئۇۋىسىنى تېپىپ، ئاخىرى قۇشنى تۇتۇپ كەلدى.

**جاپا-مۇشەققەتلىك** جاپا ۋە مۇشەققەتلەر بىلەن ئۆتكەن، قىيىنچىلىق ۋە كۈلپەتلەرگە دۇچ كەلگەن؛ ئازاب-ئوقۇبەتلىك، جەبىر-جاپالىق: بىز بوران ئاپىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، جاپا-مۇشەققەتلىك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ئاخىرى دەسلەپكى نەتىجىلەرگە ئىگە بولدۇق.

**جاپجاپ** سۈپ. ئاغزى بېسقمايدىغان، ئىتتىك، تولا ۋە قالايمىقان سۆزلەيدىغان؛ ۋالاقتەك-كۇر؛ ۋاتۋات: — تازىمۇ جاپجاپ خوتۇن ئىكەنغۇ بۇ، — دېدى ئابلىمىت جىلە بولۇپ.

**جاپجاپلىق** ئى. ئاغزى بېسقماي سۆزلەيدىغان خاراكتېر، ۋالاقتەككۇرلۇك، ۋاتۋاتلىق: جاپجاپلىق قىلماق.

**جاپىلداتماق** «جاپىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جاپىلداشماق** «جاپىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جاپىلداق** سۈپ → **جاپجاپ**: جاپىلداق ئادەم. جاپىلداق ئايال.

**جاپىلدىماق** پ. ئاغزى بېسقماي ئىتتىك ۋە تولا سۆزلىمەك؛ كاپىلدىماق؛ ۋاتىلدىماق: ئايشەم ئىشكتىن كىرىپلا جاپىلداپ كەتتى.

**جاجا** ئى. جان ت ① جازا: — ئۇنىڭ جاجىسى بىر تال ئوق، — دېدى قارا بوسۇق قولىغا مىلتىقنى ئېلىپ. ② چارە-تەدبىر، ئىلاج: — بۇنچە ئەخلەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلارمىز، — دېدى توختى ئاخۇن ئاكام بېشىنى قاشلاپ. — قايغۇرما دادا، — دېدى ئوغلى ناسىر، — بۇنىڭ جاجىسى بىر تال سەرەڭگە، ھەممىسنى بىر يەرگە دۆۋىلەيمىز-دە، بىر تال سەرەڭگە بىلەن ئوت قويىمىز، ئىش تامام، ۋەسسالام.

**جاجىسنى بەرمەك** → **جازاسىنى بەرمەك.**

**جاجىسنى يېمەك** → **جازاسىنى يېمەك.**

**جادا** ئى [خەن] ئوت-چۆپ تۇغراش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، جازىغا بېكىتىلگەن تىغلىق تۆمۈر سايمان: ئاتلارغا بېدىنى جادا بىلەن تۇغراپ بېرەيلى.

**جادىغا باسماق** جادىغا بېسىپ ئۆلتۈرمەك، جادىغا بېسىپ كاللىسىنى كەسمەك: ئۇ گېزىتنى ئالدى-دە، كۆرۈشكە باشلىدى. كۆزى بىردىنلا ئۆت يۈرەك شائىر ل. مۇتەللىپنىڭ ئاقسۇدا گومىنداڭ جاللاتلىرى تەرىپىدىن جادىغا بېسىلغانلىقى ھەققىدىكى قايغۇلۇق خەۋەرگە قادالدى.

**جادۇ** ئى. [پ] كۆز باغلاش، سېھىر قىلىش، مەپتۇن قىلىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان سېھىرلىك ھەرىكەت ۋە دۇئالار: جادۇ قىلماق. جادۇ كۆز. * — ئۇنىڭ سېھىرىي جادۇسى ناھايىتى جىق، سىز قورقمىسىڭىزلا بېشەلەيسىز، خەير، سىزگە ئاق يول تىلەيمەن، — دەپ ئەخمەتجاننى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ بوۋاي.

**جادۇ قىلماق** كۆز باغلاش، سېھىر قىلىش، مەپتۇن قىلىش مەقسىتىدە سېھىرلىك ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارماق، سېھىرلىمەك: ئۇ كەتكەندىن كېيىن، موماي جادۇ قىلىپ ئوغلىنى موزايغا، ئانىسنى بولسا ئىنەككە ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ ۋە بۇ ئىككىسنى پادىغا قوشۇۋېتىپتۇ.

**جادۇ كۆز** سېھىرلىك، مەپتۇن قىلىدىغان كۆزلۈك: جادۇ كۆز ئايال. جادۇ كۆز ئادەم. جادۇ كۆز كۈلدى دېمە، كۈلگەندە ئادەم ئۆلتۈرۈر. جاننى ئالماستىن مۇقەددەم، سېنى بىر رەت كۈلدۈرۈر.

**جادۇگەر** سۈپ [پ] ① جادۇ قىلغۇچى، سېھىرگەر، ئەپسۇنچى: بايۋەچچە ئەگگۈشتەرنى قولىغا ئېلىپ، چۆل-باياۋاندىكى شەھرنى، ئوردىسنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، جادۇگەر مومايىنى ئاتقا

سۆرتىپ ئۆلتۈرۈپ، مەلىكىسى بىلەن بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. ② كۆچمە. ھەييار، مەككار، ھىيلىگەر؛ ئالدامچى: «ئۆي-بىساتىنى ئېلىپ كەلگىنى بىلەن، جايىنى سانىقلى ئۇنىمىدى بۇ جادۇگەر قىزى» دەپ ئويلايتتى داۋۇت موللام.

**جادۇگەرلىك** «جادۇگەر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ ئادىلنىڭ ھېچقانداق مەسلىسى يوق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەن قارا قۇيۇننىڭ جادۇگەرلىك قىلغاندەك سىرلىق ئىش ئىكەنلىكىنى؛ ماتور سىناش جازىسىدىن ۋەقە چىققاندىن كېيىنكى ئىشلارنى تەپسىلىي، ئۇزاق سۆزلەپ بەردى. ② كۆچمە. ھەييارلىق، مەككارلىق، ھىيلىگەرلىك؛ ئالدامچىلىق: بەزى كىشىلەر پەزىلەت دېگەن نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، پەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرمەستىنلا ئاغزىغا كەلگىنىچە ۋالاقلاپ، پىتنە-پاسات پەيدا قىلىپ، خەلقىمىزنى ناھايىتى كولدۇرلاتماقتا، جەمئىيەتنى جادۇگەرلىك ھاۋاسى بىلەن بۇرۇقتۇرما قىلماقتا.

**جادىھەرە** ئى [جادا+ھەرە] ياغاچنى توغرىسىغا كېسىدىغان ھەرىنىڭ بىر خىلى. ئىشلەتكەندە ئىككى ئۇچىدىن ئىككى ئادەم تۇتۇپ تارتىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 1.5 مېتر، كەڭلىكى 20 سانتىمېتر ئەتراپىدا كېلىدۇ، ئىككى ئۇچىدا تۇتقۇچى بولىدۇ.

**جار I** تەق. ئۇچلۇق، قاتتىق نەرسىلەرنىڭ سۈركىلىشىدىن چىققان ئاۋاز.

**جار II** ئى [ئە] ← **جار سالماق.**

**جار سالماق** ① جارچى قويۇپ، ھەممىگە خەۋەر بەرمەك، ئېلان قىلماق: ئۇ ھاكىمغا ئېلى نۇرىدىن ئىبنى خاقاننىڭ سۇلتان تەرىپىدىن ئۆلۈمگە بۇيرۇلغانلىقىنى، ئۇنى تاماشا قىلغۇچىلارنى ئوردا ئالدىغا يىغىش توغرىسىدا جاكارچىنىڭ جار سېلىشى لازىملىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. ② كۆچمە. گەپ تارقاتماق، ھەممىگە بىلدۈرمەك: ئاق ئېيىق ئاقساپ-ئۆملەپ ئۆڭكۈرىگە قايتىپ بېرىپتۇ ۋە چېپىلغان پۇتىنى تېڭىپ، بارغانلا يەردە: — مەن قوشنىلارغا ئوت ئۇچۇرۇشۇپ بېرىش جەريانىدا شەرەپ بىلەن يارىدار بولدۇم، — دەپ جار سېلىپ يۈرۈپتۇ. ③ كۆچمە. پوپوزا قىلماق، قورقۇتماق، ئەندىشىگە سالماق: كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئابدەمگە بىر پارچە خەت يېزىپ، ئەگەر ئۇ داۋاملىق رەھىمسىزلىك قىلىدىغان بولسا، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىغانلىقىنى جار سالدى. ④ كۆچمە. ۋارقىرىماق، غەلۋە قىلماق؛ جېدەل قىلماق: ئەزىمەت: — بۇ پارقىرمايدىكەن، ماڭا ئاۋۇ كىشىنىڭ قىلچىدەك قىلچىنى تېپىپ بەر، — دەپ تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىكى قىلىچ تۇتقان كىشىنى كۆرسىتىپ، جار سېلىشقا باشلىدى.

**جاراستان** ئى. دىئال. نەق مەيدان، كۆپچىلىكنىڭ ئالدى، ئاممىا ئارىسى.

**جاراق** تەق. چىنە-قاچا ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ سىلكىنىشى، ئۆزئارا ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋاز: «پوك» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىشكاپ ئىچىدىكى چىنىلەر «جاراق» قىلىپ كەتتى.

**جاراق-جاراق** «جاراق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: جاراق-جاراق قىلماق.

**جاراق-جۇرۇق** «جاراق» قىلغان ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: لۇتپۇللا شېئىرنى يېزىپ بولغان چاغدا، چاشگاھ ۋاقتى بولغانىدى. تۇساتتىن كامىر ئىشىكى جاراق-جۇرۇق قىلىپ ئېچىلدى.

**جاراقشتماق** «جاراقشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جاراقشماق** پ. جاراق-جاراق قىلغان ئاۋاز چىقارماق؛ جاراقلىماق: خاسىيەتنىڭ يۈزى پوكاندەك قىزاردى. پىيالە تۇتقان قولى بىلەن چايداننى سىڭايان قىلاي دەۋاتقان قولى باراۋەر تىترەپ كېتىپ، پىيالىنىڭ چايدانغا تېگىشىدىن يەڭگىل جاراقشىغان ئاۋاز چىقىپ كەتتى.

**جاراققىدە** رەۋ. «جاراق» قىلغان ئاۋاز چىقارغان ھالدا، «جاراق» قىلىپ: تۇردى

ئۆيدىن چىقىپ بوسۇغىغا يۆتلاشتى-دە، قولىدىكى تەخسىلەر «جاراققىدە» يەرگە چۈشتى.

**جاراڭ** تەق. مىتال، چىنە، شىشە قاتارلىق بۇيۇملارنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن چىقىدىغان ئاۋاز: جاراڭ قىلماق. * تەڭگەن تاشنىڭ زەربىسىدىن كاسىنىڭ ئەينىكى «جاراڭ» قىلىپ چىقىلدى.

**جاراڭ-جاراڭ** «جاراڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**جاراڭ-جۇرۇڭ** «جاراڭ» قىلغان ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: يىقىندىن بىرى، پات-پات يەنە تەڭ كېچىلەرگىچە ئاشۇ ئۆيدىن تەخسە ۋە هاراق رومكىلىرىنىڭ جاراڭ-جۇرۇڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بولدى.

**جاراڭسىز** سۈپ. ① جاراڭلىق ئاۋاز چىقمايدىغان، جاراڭلىمايدىغان. ② <تل> تەلەپپۇز قىلغاندا تاۋۇش پەردىسى تىترىمەستىن پەيدا بولىدىغان: جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش. * ئەگەر سۆزلەرنىڭ ئاخىرى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشسا، ئۇنداق سۆزلەرگە قوشۇلىدىغان قوشۇمچىلارنىڭ بىرىنچى تاۋۇشى جاراڭسىز تاۋۇش بولىدۇ.

**جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش** <تل> تەلەپپۇز قىلغان ۋاقىتتا تاۋۇش پەردىسى تىترىمەستىن هاسىل بولىدىغان ئۈزۈك تاۋۇشلار. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى «پ، ت، چ» گە ئوخشاش تاۋۇشلار.

**جاراڭسىزلاشتۇرماق** «جاراڭسىزلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بەزى تاۋۇشلارنى جاراڭسىزلاشتۇرۇپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ.

**جاراڭسىزلاشتۇرۇلماق** «جاراڭسىزلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**جاراڭسىزلاشماق** پ. جاراڭسىز هالەتكە كەلمەك، جاراڭسىز ئوقۇلماق: «تۈتۈن» سۆزىنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «تۈ» تەلەپپۇزدا جاراڭسىزلىشىدۇ.

**جاراڭسىزلىشىش** ئى جاراڭلىق تاۋۇشنىڭ نۇتۇق ئېقىمىدا جاراڭسىز بولۇپ ئېيتىلىش هادىسىسى.

**جاراڭشىماق** پ ← **جاراڭلىماق**: سەن ئاناڭ رەهمىتى دۇنيادىن ئۆتكەندىن كېيىن، بەكمۇ ئۆز بىشىمچى بولۇپ كەتتىڭ، ئۆيدىكى نۇرلۇق چىراغنىڭ ئورنىغا خۇنۇك چىراغلار ئالماشتۇرۇلدى، بۇرۇن داداڭنىڭ شوخ تەمبۇر ساداسىرى جاراڭشىيدىغان ئۆيدە، چاكىنا مۇزىكىلارنىڭ يىقىمسىز كۈيلىرى ۋاراڭشىيدىغان بولدى.

**جاراڭدە** رەۋ. «جاراڭ» قىلىپ ئاۋاز چىقارغان هالدا، «جاراڭ» قىلىپ: جاراڭدە قىلماق.

**جاراڭلاتقۇزماق** «جاراڭلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جاراڭلاتماق** «جاراڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاۋۇت خۇشاللىقىدا ئامبالغا كۆچۈكلىنىپ، پەشلىرىنى سۆيۈپ، يەنە 50 يامبۇ، 1000 سەر كۈمۈشنى جاراڭلىتىپ تۆكۈپتۇ ۋە مىننەتدارلىقىدا كەينىچە ماڭغان پېتى داتاڭدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

**جاراڭلىق** سۈپ ① جاراڭلايدىغان، جاراڭلاپ چىقىدىغان: داڭنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى مەكتەپ مۇهىتىنى تىترەتتى. ئالىم ئاكا ئىشخانىسىغا كەتتى. قادىر بىلەن ئانار سىنىپلارغا قاراپ ماڭدى. ② ئۈنلۈك، ياڭراق، كۈچلۈك: رەهمەتجاننىڭ ئاۋازى شۇنداق جاراڭلىق، تەلەپپۇزى شۇنداق قاتتىق ئىدىكى، شەۋكەتنىڭ پۇت-قولى لاسسىدە بوشىشىپ كەتتى. ③ <تل> تەلەپپۇز قىلغاندا تاۋۇش پەردىسىنى تىترىتىپ چىقىدىغان: سۆزلەرنىڭ ئاخىرى جاراڭلىق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشسا، ئۇنداق سۆزلەرگە ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلارنىڭ بىرىنچى تاۋۇشى جاراڭلىق تاۋۇش بولىدۇ.

**جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش** <تل> تەلەپپۇز قىلغاندا تاۋۇش پەردىسىنى تىترىتىپ چىقىدىغان ئۈزۈك تاۋۇشلار.

مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى «ب، د، غ» گە ئوخشاش تاۋۇشلار.

**جاراڭلىماق** پ ① «جاراڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «جاراڭ» قىلماق: قوڭغۇراق جاراڭلىدى. * ئۇستەل سائىتى بىرنى كۆرسىتىپ جاراڭلىدى. مەن شۇندىلا ۋاقىتنىڭ كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېسىمگە ئېلىپ، ئالدىراپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. ② ياڭرىماق: تۇتىيا دېگەن بۇ سۆز بونىن ئاسمىنىدا مەغرۇر جاراڭلايتتى. تۇتىيا دېگەن بۇ سۆز قىنتىئەلەردىن قىنتىئەلەرگە ئۇچۇپ بارماقتا ئىدى.

**جاراھەت** ئى [ئە] ① <تب> يارا، چاقا؛ يارا چىققان، زەخىملەنگەن جاي: ئۇ پولاتنىڭ يېنىغا كېلىپ، جاراھەت ئازابىدىن كۆپ قىينالغان، لېكىن ھايات ئىشەنچى پارلاپ تۇرغان نۇرلۇق كۆزلىرىگە قارىغىنىچە، ئۇنىڭ ئورۇق قوللىرىنى تۇتتى. ② كۆچمە. زەرەر، زىيان-زەخمەت، دەخلى، كاشىلا: زاۋۇت رەھبەرلىكى «مەدە-نىيەت ئىنقىلابى» نىڭ جاراھەتلىرىنى تۈگىتىشكە ناھايىتى زور قەدەم تاشلىماقتا ئىدى. ③ كۆچمە. يۈرەكتىكى دەرد-ئەلەم، ئېغىر خاپىلىق، كۆڭۈلسىزلىك: مۇبادا، شەمەر مۇشۇ ئىش بىلەن ئۇنىڭ قەلبىگە جاراھەت سالسا مەيلى، دۇنيادا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ساقايمايدىغان جاراھەت يوق!

**جاراھىتىگە تۇز قۇيماق** يارىسىغا تۇز سەپمەك: بۇ دىلى زەھەر، پەس، مۇناپىق قىرى بەختسىز قىزنى كۆرەلمەيتتى، ئۇنىڭغا نەشتىرىنى سانجىپ تۇراتتى، ئۇدۇل كەلگەنلا يەردە، ئۇنىڭ جاراھىتىگە تۇز قۇياتتى.

**جاراھەتلەندۈرمەك** «جاراھەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئارقىدىنلا ئۇ يەنە: «ھايات ماڭا شۇنداق قىزغىنلىق بىلەن بەخت ئاتا قىلىۋاتىدۇ، ئەمما، يولۇمدا مېنىڭ پۈتۈمگە، ھەتتا يۈرىكىمگە سانجىلىپ، شاد قەلبىمنى جارا-ھەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئازغان، تىكەنلەرمۇ تۇرۇپتۇ» دېگەنلەرنىمۇ خىيالىدىن كەچۈردى.

**جاراھەتلەندۈرۈشمەك** «جاراھەتلەندۈر-مەك» پېئىلىنىڭ ئورتاقلىق دەرىجىسى.

**جاراھەتلەندۈرۈلمەك** «جاراھەتلەندۈر-مەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جاراھەتلەنمەك** «جاراھەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پىدائىيلارنىڭ ئوقلىرى تۈگەپ قالماقتا ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك جاراھەتلىنىپ، يۈز-كۆزلىرى، پۈتۈن بەدەنلىرى قانغا مىلىنىپ كەتتى. * يىگىتنىڭ لېۋى قىزنىڭ جاراھەتلەنگەن قەلبىگە مەلھەم ئەمەسمۇ؟! ئۇ بارلىق تارتىنىشلارنى بىر ياققا چۆرۈۋېتىپ، لەۋلىرى بىلەن قەمەرنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى، جاراھەتلەن-گەن قەلبىنى ساقايتتى!

**جاراھەتلىك** سۈپ ① جاراھەت بولغان، جاراھەتلەنگەن، يارىلانغان، زەخىملەن-گەن: دۈلۈ تېخەن تارتىشىدىك قېتىپ، قاداقلىشىپ كەتكەن جاراھەتلىك مۈرىنى كۆردى. ② كۆچمە. دەرد تارتقان، دەرد-ئەلەم كۆرگەن، ئازار يېگەن؛ دەردلىك: تېپىپ پەيتىنى سۆيگىنىمگە قىلدىم ئىزھار: جاراھەتلىك دىلىمغا بەرمە ئازار. لېۋىڭدىن بىرنى سۆيدۈر، مەن ساقىياي، جېنىم ئالسۇن راھەت، سەندىن ۋاپادار.

**جاراھەتلىمەك** پ ① جاراھەت پەيدا قىلماق، جاراھەتلەندۈرمەك، زەخىملەندۈر-مەك: بىر قېتىملىق جەڭدە تۇيۇقسىز كەلگەن بىر ئوق باتۇرنىڭ ئوڭ قولىنى جاراھەتلەپ قويدى، مانا شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇ قولى تازا تۈزەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ② كۆچمە. ئازار بەرمەك، دەردكە قويماق: ھايات ۋەسلىگە زار بولغان خالايىققا تېگىپ ئاپەت، يۈرەكلەرنى جاراھەتلەپ ئۆچۈپ يۈرگەن ۋابا كۆردۈم.

**جارت** تەق. رەخت ۋە شۇ قاتارلىق نەرسە-لەرنىڭ يىرتىلىشىدىن چىققان ئاۋاز: پارتا

سۇنۇپ پارچىسى جىجۇەتتى بېشىنى، بوشىغان مىخ جارت قىلىپ يىرتىۋەتتى شىمىنى.

**جارتتىدە** رەۋ. «جارت» قىلىپ ئاۋاز چىقارغان هالدا، «جارت» قىلىپ: ئەخمەت كىتابنى جارتتىدە قىلىپ يىرتتى-دە، ئايشەمنىڭ ئالدىغا غەزەپ بىلەن تاشلىدى.

**جارت-جارت** «جارت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: پىرىكازچىك بىر توپ خەسىنى «جارت-جارت» يىرتىپ، بىردەمدىلا تەقسىم قىلىپ بولدى.

**جارت-جۇرت** «جارت» قىلغان ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: رۇقىيە قولىدىكى ئىككى بىلەتنى جارت-جۇرت قىلىپ يىرتىپ تاشلىۋەتتى-دە، ئۇچقاندەك چىپىپ ئۆيگە كىرىپ قالدى.

**جارتىلداتماق** «جارتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جارتىلدىماق** پ. «جارت-جارت» قىلغان ئاۋاز چىقارماق.

**جارجات** ئى. ئاياللارنىڭ كۆڭلەك كىيىشكە مۇۋاپىق توقۇلغان بىر خىل رەخت.

**جار-جۇر** قالايمىقان ۋارقىراشتىن چىققان ئاۋاز: بىر كۈنى تۆت ياشقا كىرگەن ئەكە قىز دىلەيساخاننىڭ ئىككى مۇرىسىگە دەسسەپ ئۆرە تۇرۇشقا تەمشەلدىيۇ، كىلەڭسىزلىكىدىن يىقىلدى. باي خوتۇنلىرى جار-جۇر قىلىشتى.

**جارچى** ئى ① ئادەملەر كۆپ توپلىنىدىغان جايلاردا، هاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ئېلان، ئۇقتۇرۇش، بۇيرۇق، يولىيورۇق، ئەمر-پەرمانلىرىنى يەتكۈزگۈچى، ئۇقتۇرغۇچى، ئېلان قىلغۇچى ئادەم: شۇ ئەسنادا ئۇيغۇر ئۇيۇشما تەرەپتىن ئېگىز بويلۇق بىر جارچى كارنىيى يىرىلغۇدەك ۋارقىراپ، هېيتكاھ مەيدانىغا كىرىپ كەلمەكتە ئىدى. ② كۆچمە. تەشۋىقاتچى: ئۇنىڭ ماهىر قوللىرى «فېئودالىزم، كاپىتالىزم، شيوجىڭجۇينىڭ سادىق جارچىسى» دېگەن بەتنام

بىلەن ئۇرۇپ چەيلەنگەنىدى.

**جارىدە** رەۋ. «جار» قىلىپ ئاۋاز چىقارغان هالدا، «جار» قىلىپ: جارىدە چېلىنغان قوڭغۇراق ئاۋازى ساۋاقداشلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرىنى بېسىپ چۈشتى. بىز سىنىپقا كىرىپ، ئورۇنلىرىمىزدا رەتلىك ئولتۇرۇشتۇق.

**جارقىراتماق** «جارقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جارقىراشماق** «جارقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھەتتا تال چۈشتىنى ئات قىلىپ، سۇپۇرگە، كۆسەيلەرنى قورال قىلىپ «ئالتە ئوغرى» نى دوراپ، ۋارقىرىشىپ، جارقىرىشىپ قوياتتى.

**جارقىرىماق** پ. جار-جۇر ۋارقىرىماق، تولۇلماق: «چىقارغىن كالامنى، چىقار چاپسان!» دەپ، ۋارقىراپ شالىنى چاچتى غەزەپتە. «ئۇرۇپسەن كالىنى» دەپ جارقىرىدى، چۆمدۈرۈپ ئۇلارنى قايغۇ-ھەسرەتكە.

**جارى** ئى [ئە] توختاپ قالمىغان، داۋاملاشقان، راۋان: بىر يىلغا تولدى ئۇنىڭ ۋاپاتى، تىللاردا جارى تۇرلۇك سىپاتى.

**جارى بولماق** ① داۋاملاشماق: بۇ ھۆۋۋەتنىڭ تەسىرى بىلەن يۈرەك توختىماستىن كېڭىيىپ-يىغىلىپ، پۈتۈن بەدەندە قان ئايلىنىش جارى بولۇپ تۇرىدۇ. ② راۋان ئۆزلەشمەك، ئادەتلەنمەك: سەنئۇ بۇ گەپنى ئۈچ قېتىم دېسەڭ، سېنىڭ تىلىڭغا جارى بولۇپ قالىدۇ.

**جارى قىلماق** ① ئەمەلگە ئاشۇرماق، كۈچكە ئىگە قىلماق: تەشكىلىي قانۇنلار دۆلەت ئاپپاراتلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە مۇستەھكەملەشتە، ئۆزلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدى. ② سىڭدۈرمەك، ئورۇنلاشتۇرماق: تەبەسسۇم بىرلە دەپتەرنى نىزارى، ئېچىپ قىلدى غەزەلنى دىلغا جارى.

**جاز** ئى ← چوم.

**جازا** (**جازاسى**) ئى [ئە] ئەيىب ياكى جىنايىتى ئۈچۈن كۆرۈلىدىغان چارە: ئۆلۈم جازاسى بەرمەك. * ھورغىلار كېلىپ مەتنىي يەرگە باستى ۋە جازانى ئىجرا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋېلىخان بەگنىڭ يېنىغا سۆرەپ تاشلىدى.

**جازا بەرمەك** ① <قا> سوت مەھكە-مىسى قانۇن بويىچە جىنايەتچىگە چارە توغرىسىدا ھۆكۈم قىلماق: — سەن مېنى زەھەرلىك قۇش دېگىنىڭ بىلەن، ئۆزۈڭ قەستەن ئادەم چاقسەن، شۇڭا سېنى يەيمەن. ئۇ ساڭا بېرىلگەن جازا، — دەپتۇ زەھەر قۇزغۇن كۈلۈپ. ② كۆچمە. جازالىماق، ئەدەبلىمەك: ئۆز سۆيۈملۈكۈمنىڭ مۇھەببىتىگە ئىشەنچسىز قارىغانلىقىم بەدىلىگە تەقدىر ماڭا شۇنداق چوڭ جازا بەردى، بارلىق دوستلار، سىلەر مەندىن نەپرەتلىنىڭلار. (۱)

**جازا توپى** <تەن> پۇتبول، ۋاسكېتبول قاتارلىق مۇسابىقىلەردە، بىر تەرەپنىڭ ئەزاسى قائىدىگە خىلاپلىق قىلغاندا، رېپىرىنىڭ ھۆكۈمى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ ئەزاسى جازا ھېسابىدا ۋاراتاغا تەپكەن ياكى گارغا ئاتقان توپ.

**جازا تۈرى** <قا> خىيانەتچىلەرگە قوللىنىلىدىغان جازا. ئادەتتە ئاساسلىق جازا ۋە قوشۇمچە جازا دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئاساسلىق جازانىڭ تۈرلىرى: ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش، مۇددەتلىك قاماق جازاسى، ئۆلۈم جازاسى قاتارلىق-لار؛ قوشۇمچە جازانىڭ تۈرلىرى: سىيا-سىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش، جەرى-مانە قويۇش، مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**جازاسىنى بەرمەك** ئەدىبىنى بەرمەك، دەككىسىنى بەرمەك، تانابىنى تارتماق: غۇنچەم: — ھە بولۇپتۇ، بولۇپتىلا دەپ قويۇپ بەر-سەڭ، بېشىڭغا چىقىۋالىدۇ، بىكار تەلەپ تويمغۇرلارنىڭ جازاسىنى بېرىش كېرەك، — دېدى. * — قىزىققەنسەن ئىنە! — دېدى قىزىشىپ كەتكەن ئامانقۇل تۆمۈر خەلپىنىڭ ئورنىدا جاۋاب بېرىپ، — نېمە دېگۈلۈك دېگىنىڭ نېمىسى؟ بىز ئۇنىڭغا قىز قەرزدارمىدۇق، ئەتە ئۇ مۆرتەتلەر كېلىپ باقسۇنچۇ، جازاسىنى ئۆزۈم بېرىمەن.

**جازاسىنى يېمەك** ئەدىبىنى يېمەك، دەككىسىنى يېمەك، دەشنەم ئاڭلىماق: بەگ-تۆرىلەرنىڭ قاچقىنى قاچتى، قالدىسى جازاسىنى يېدى. * — ئۆزۈڭ بىلسەن زورەم، بۇ ناھىيىدە مېنىڭ دۈشمەنلىرىم كۆپ. مېنىڭ قولۇمدا جازاسىنى يېگەن قېرى ئەبلەخلەر ئازراقلا كوكۇلامدىن تۇتۇۋالسا، تۈگەشكىنىم شۇ.

**جازا قورالى** <قا> ئەركىنلىكىنى چەكلەش، ئىقرار قىلدۇرۇش ياكى جازا-لاشتا ئىشلىتىلىدىغان كويزا، ئىشكەل، ئىسكەنجە، دار قاتارلىق قوراللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**جازا لاگېرى** <قا> جازالانغان مەھبۇس-لار ۋە ئەسىرلەر ساقلىنىدىغان جاي؛ تۈرمە.

**جازانى كېچىكتۈرۈش** <قا> جىنايەتچىگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىنىدىغان جازانى مەلۇم ئەھۋالدا كېچىكتۈرۈش ياكى ئىجرا قىلماس-لىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. جازانى كېچىكتۈرۈش مەزگىلىدە، جىنايەتچى يېڭىدىن جىنايەت ئۆتكۈزمىسە، ئەسلىدىكى جازا ئىجرا قىلىنمايدۇ؛ ئۇنداق بولمىغاندا بۇرۇن ۋە كېيىن ھۆكۈم قىلىنغان جازا قوشۇلۇپ ئىجرا قىلىنىدۇ.

**جازا ئۆلچەش** <قا> سوت مەھكىمىسىنىڭ جىنايەتچى ئۆتكۈزگەن جىنايەتنىڭ خاراكتېرى، ئاقىۋىتى، جەمئىيەتكە كەلتۈرگەن زىيىنىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكى

ۋە ئۇنىڭ ئۆز جىنايىتىنى تونۇش جەھەت-
تىكى ئىپادىسى قاتارلىقلارغا ئاساسەن،
قانۇن بويىچە جازا ھۆكۈم قىلىشى كۆزدە
تۇتۇلىدۇ.

**جازا يۇرۇشى** <ھەرب> جازالاش
مەقسىتىدە دۈشمەن ئۈستىگە ئەسكىرىي
قوشۇن ئەۋەتىش ھەرىكىتى: يالڭ دارىن
ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى جازا يۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى يۇرۇش
بولۇپ قېلىشىنى خالايتتى. ئۇ قېرىغان، ھارغان،
زېرىككەنىدى.

**جازا** (جا:زا) ئى [خەن] ① ياغاچ ۋە
تۆرلۈك مېتاللاردىن قىلىنغان تاياقچە
ياكى بالداقلارنىڭ بىر-بىرىگە چېتىلىشى-
دىن ھاسىل بولغان قۇرۇلما. ئادەتتە
ئۈستىدە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش قاتارلىق
مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ② كۆچمە.
نەرسىلەرنى تىزىپ قويۇش ياكى كۆتۈ-
رۈپ تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ھەر
خىل شەكىلدىكى قۇرۇلما: ئادىل مۇئەللىم
ئالىمنى ئۆز ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىپ، كىتاب
جازىسىدىن ئالدىن تەييارلاپ قويغان بىر قانچە
كىتابنى ئېلىپ، جوزا ئۈستىگە قويدى. * ماشىنا
چىپىدە توختىدى، ئۇ ماشىنىدىن ئالدىراش چۈشۈپ،
يولدىن يىگىرمە قەدەم نېرىدىكى قۇدۇق جازىسى
تەرەپكە ئۆزىنى ئاتتى. ③ نەرسىلەرنىڭ
ئەتراپىغا ھەر خىل شەكىلدە بېكىتىلگەن
گىرۋەك، رام: ئەينەك جازىسى. ④ ئۆزىنى
باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتىدىغان، ئۆزىگە
تەمەننا قويىدىغان بىر خىل ئادەت؛
كىبىر: جازا پەيدا بولماق. جازىسى ئۈستۈن.

**جازىسى ئۈستۈن** ← ئوقۇرى ئېگىز.

**جازا-پازا** جازا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار:
– سىز ھاياتىڭىزدا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بىرەر
جازا-پازاغىمۇ ئۇچرىغانمۇ؟ – سورىدىم مەن ئۇ
ئادەمدىن.

**جازالانقۇزماق** «جازالىماق» پېئىلىنىڭ
قوش مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى: ـخەلققە
جىنايەتچىنى تونۇشتۇرماقچى، جازالاتقۇزماقچى، – دەپ
جاۋاب بەردى نادىر مەردانىلىق بىلەن.

**جازالاتماق** «جازالىماق» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى: – رەقىبىنىڭ ئۈستىدىن
ماتېرىيال يېزىپ بېرىڭ، بىز ئۇنى جازالىتىمىز، ھېچ
بولمىسا يۆتكىتىۋېتىمىز! – دېدى ئەمەت.

**جازالاشماق** «جازالىماق» پېئىلىنىڭ
ئۆملۈك دەرىجىسى: گومىنداڭ ئەكسىيەتچى
ئەمەلدارلىرى نۇرغۇنلىغان ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلارنى
ھېچقانداق سەۋەبسىزلا جازالاشتى.

**جازالانماق** «جازالىماق» پېئىلىنىڭ
مەجھۇل دەرىجىسى: خەيرىيەت، كېچىكىپ كېلىشتە
ئۇ ئانچە گۇناھكار بولمىسىمۇ، شەخسىي تازىلىق،
بولۇپمۇ دەپتەر، كىتابلىرىنى تۇتۇشتا ئۇ ھەقىقەتەنمۇ
جازالىنىشقا لايىق ئىدى.

**جازالىماق** پ ① جازا بەرمەك، جازاغا
تارتماق: – ئۇستاپ ھەم ئۇ ئۇستاپقا ئەمەل قىلىش
بۇيرۇقى قوماندانلىقتىن چىققان. ئۇنىڭغا سىز قول
قويغانسىز، يولداش گېنېرال. مەن شۇ سىز قول قويغان
ئۇستاپ بويىچە توغرا ئىش قىلدىم دەپ ئويلايمەن.
خاتا قىلغان بولسام، ئۇستاپ بويىچە جازالىشىڭىزنى
سورايمەن، – دېدى كېرىم. * پادىشاھ كۆڭلىدە
ۋەزىرنىڭ گېپىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنىپتۇ – دە، دانىشمەننى
جازالىماقچى بولۇپتۇ. ② تېگىشلىك زىيانغا
ئۇچراتماق؛ ئەدىبىنى، دەككىسىنى بەر-
مەك: قورقاڭ، يالغۇزساڭ، سېنى ئەيىبكار ھېسابلايدۇ،
ئۇ گۇناھكارنى مۇشت بىلەن جازالايدۇ! * كۆپ ئوغۇت
قۇيساق باقار بىزنى زېمىن، قۇيمىساق كۆزدە جازالايدۇ
زېمىن.

**جازانامە** ئى جىنايى قىلمىشلار ئۈچۈن
كۆرۈلگەن چارە توغرىسىدىكى ھۆكۈم
يېزىلغان قەغەز، ھۆججەت: ئابلا ئۆزىگە بېرىلگەن
جازانامىنى كۆرمەكچى بولغانىدەك، قوللىرى تىترەيتتى.

**جازانه** ئى يۇقىرى ئۆسۈم ئېلىش شەرتى بىلەن، باشقىلارغا چەكلىك مۇددەتتە قەرز بېرىلگەن پۇل ۋە ئاشلىق قاتارلىق نەرسىلەر: ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قولى قىسقا كىشىلەرگە ئۆسۈمگە پۇل تارقىتىپتۇ. بوينى جازانە سىرتمىقىغا چىگىلگەن كىشىلەر ئۇن نەچچىگە يېتىپتۇ.

**جازانه كاپىتالى** <س ئق> پۇل ياكى ئاشلىق قەرز بېرىش ئارقىلىق يۇقىرى ئۆسۈم شىلىۋالىدىغان كاپىتال، يەنى تارىختىكى ئەڭ بۇرۇنقى كاپىتال شەكىللىرىنىڭ بىرى.

**جازانىگە ئالماق** يۇقىرى ئۆسۈم بېرىش شەرتى بىلەن پۇل ۋە باشقا نەرسىلەرنى قەرز ئالماق: ـ ئاچتىن ئۆلىدىغان يەرگە كەلسەك، ـ دېدى كىمدۇر بىرەيلەن مەسخىرە قىلىپ، ـ سېنىڭ ئوراڭدىكى ئاشلىقنى جازانىگە ئېلىشقا بارارمىز.

**جازانىگە بەرمەك** يۇقىرى ئۆسۈم بېرىش شەرتى بىلەن پۇل ۋە باشقا نەرسىلەرنى قەرز بەرمەك: يەر سودىسى قىلىشقا، ئادەم ياللاشقا، جازانىگە بېرىشكە رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلەش كېرەك.

**جازانىخور** سۈپ. باشقىلارغا جازانىگە نەرسە-كېرەك بېرىدىغان ۋە بۇنىڭغا ئادەتلەنگەن: ئەپەندىمنىڭ بىر جازانىخور تونۇشى سودىگەرلىك بىلەن كېلىپ، ئاغرىپ، ئەپەندىمنىڭ ئۆيىدە يېتىپ قېلىپتۇ. ـ سورىغان پۇلنى تېخى بەرمەي تۇرۇپلا ئۆسۈمنى سوراۋاتامدۇ؟ پاھ، پاھ خۇدامۇ ئۆتۈپ كەتكەن جازانىخور ئىكەنغۇ، ـ دەپتۇ ئەپەندىم ھەيران بولۇپ.

**جازانىخورلۇق** ئى. «جازانىخور» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇن يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، ئۇ رەۋەندىچىلىككە تايىنىپ ئەسلىدىكى مۈلۈك، يەر-زېمىنلىرىنىڭ خېلى بىر قىسمىنى بىر-بىرلەپ قايتۇرۇۋالدى ھەمدە جازانىخورلۇق قىلىشقا باشلىدى.

**جازبە** ئى [ئە] تارتىش كۈچى: يەر شارىنىڭ جازىبىسى.

**جازپۇش** ئى. تۆگە چومىنىڭ ئۈستىگە سالىدىغان ئۇزۇن كىگىز.

**جازىسىز** سۈپ. جازىسى يوق، جازا ئورنىتىلمىغان: مەن ئۆيگە كىرىپ، بۇلۇڭدا چاپلاقلىق تۇرغان جازىسىز تەقدىرنامىنى كۆردۈم ـ دە، خۇشال بولۇپ قاراشقا باشلىدىم.

**جازىلاتقۇزماق** «جازىلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى: ئابلەت ئۆزىنىڭ چوڭايتىلغان رەسىمىنى جازىلاتقۇزۇپ، ئۆيىنىڭ تۆرىگە ئېسىپ قويدى.

**جازىلاتماق** «جازىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئامىنە ئەينەكنى جازىلىتىپ بولۇپ، سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى.

**جازىلاشماق** «جازىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئەينەك تاختىلىرىنى جازىلاشتى.

**جازىلانماق** «جازىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېڭى سىلىنغان ماگىزىن بىر ھەپتىدە جازىلىنىپ بولۇپ ئىشقا كىرىشتى.

**جازىلىق** سۈپ. جازىسى بار، جازىلانغان، جازا ئورنىتىلغان؛ جازا ئىچىگە ئېلىنغان: جازىلىق رەسىم. * كۆزۈم ئەينەك جازىلىق يېمەكلىكلەر ھارۋىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئادەملەر قاتارىغا چۈشكەندە، ھېلىقى بالىنىڭ نۆۋىتىمۇ كېلىپ قالغانىدى.

**جازىلىماق** پ. جازا ئورناتماق، جازا قۇراشتۇرماق، جازا بېكىتمەك؛ جازا ئىچىگە ئالماق: رەسىمنى جازىلىماق. ئەينەكنى جازىلىماق.

**جاسارەت** ئى [ئە] ① مەردانىلارچە ئىش ـ ھەرىكەت؛ مەردلىك، باتۇرلۇق؛ جەسۇرلۇق: گۈلچېمەندىكى كۆتۈلمىگەن بۇ جاسارەت ئالدىدا، تاشۋاي ھودۇقۇپ قالدى. ياق، توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇ چەكسىز سۆيۈنۈپ كەتتى. يۈرىكى تېپىرلاپ، لەۋلىرى تىترىدى.

**جاسارەتسىز** سۈپ. جاسارىتى يوق، جۈرئەتسىز: مەن ئۆزۈمنى تېخى ئەمدى چۈشىنىۋاتىمەن. مەن ھەقىقەتەن بىر جاسارەتسىز قىز ئىكەنمەن. مەن ئۆزۈم بىر ئۆمىدنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ ھەم ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلماستىن، شۇ ئۈمىد تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەشكە بەل باغلىدىم.

**جاسارەتسىزلىك** «جاسارەتسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: جاسارەتسىزلىك بىلەن ئېيتىلغان يەنە بىر قاتار ئوق ئاۋازى تەرتىپسىزلىك بىلەن ياڭرىدى.

**جاسارەتلەندۈرمەك** «جاسارەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇنداق قىلىپ، مەرزۇۋان پۇرسەت تاپسىلا قەمەررۇززامانىنى روھلاندۇرۇپ، مەدەت بېرىپ جاسارەتلەندۈرۈپتۇ.

**جاسارەتلەندۈرۈلمەك** «جاسارەتلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جاسارەتلەنمەك** پ. جاسارەتكە تولماق، جاسارەتكە ئىگە بولماق؛ غەيرەتكە كەلمەك، روھلانماق: كەچقۇرۇن كۆز باغلانغان مەھەل بىلەن قىسمەت چورۇق ئۆز خىياللىرىنى پىشۇرۇپ، بىردىنلا جاسارەتلىنىپ قالدى.

**جاسارەتلىك** سۈپ. جاسارىتى بار، جاسارەتكە ئىگە، جۈرئەتلىك، باتۇر: جاسارەتلىك ئادەم. * مۇسا تاغامنىڭ قويۇق قوشۇما قاشلىرى ئارىسىدا يالتىراپ تۇرغان شادلىنىشىمۇ، غەزەپلىنىشىمۇ بىلدۈرمىگەن ئەقىللىق، جاسارەتلىك كۆزلىرى ھەمىشە ماڭا قاراپ تۇرغاندەك ئىدى.

**جاساق** ئى. ۋاڭلىق تۈزۈمدە خانلىق تەرىپىدىن يەرلىك ۋاڭ-گۇڭلارغا، بالىسىدىن بالىسىغا باقمەندە قىلىپ بېرىلگەن يەر ۋە پۇقرا؛ تەۋەلىك: ئۆزلىرى «رەئىيەت-پەئىيەت» دەپ نېمە قىلماقچى؟ ئۇلۇغ بېيجىڭ خان چىڭ گاڭ غوجامغا قۇمۇلنىڭ يېرىنى جاساق، خەلقىنى قۇل قىلىپ بەرگەن، چىڭ گاڭ غوجام نېمە قىلىشنى خالىسا، شۇنى قىلىدۇ.

**جاسەي** ئى [خەن] ① <بوت> كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئېللىپس ياكى ئۇزۇن تۇخۇم شەكلىدە كېلىدۇ، غولى يوغىناپ ئۆسمە شەكلىگە كىرىدۇ، ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ غولىغا لازا، پۇراقلىق ماتېرىياللار قوشۇلۇپ، چىلاش ئارقىلىق تەييارلانغان خام سەي.

**جاسۇس** ئى [ئە] بىرەر دۆلەت ھەققىدە مەلۇمات توپلاش، خۇسۇسەن ئۇنىڭ ھەربىي سىرلىرىنى بىلىش ئۈچۈن، باشقا دۆلەت تەرىپىدىن قويۇلغان ئادەم؛ ئايغاقچى، پايلاقچى، ئىشپىيون: جاسۇسلۇق قىلماق. جاسۇسلۇق ھەرىكەت. * 1947-يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھەددىدىن ئاشقان ئۇياتسىزلىق بىلەن، پۇقراچە كىيىنىۋالغان ئەسكەر ۋە جاسۇسلارنى تەييارلاپ، ئۈرۈمچىدە بىزنىڭ خەلق ۋەكىللىرىمىز تۇرغان ئۆينى ئورىۋېلىپ، ھۇجۇم باشلىغانىدى.

**جاسۇسلۇق** ئى. جاسۇسلار ئېلىپ بارغان ھەرىكەت، ئايغاقچىلىق، پايلاقچىلىق: سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكىنىڭ ئۈچ نەپەر دىپلوماتىك خادىمىنى جاسۇسلۇق قىلدى دەپ قوغلاپ چىقاردى.

**جاغ** I ئى. باشنىڭ چىش ئورناشقان جايى. ئۇ تۆۋەنكى جاغ، ئۈستۈنكى جاغ دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ: جاغ سۆڭىكى.

**جاغ** II تەق. قەلەيلەرنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋاز.

**جاغال** سۈپ. قىزغۇچ سېرىق: جاغال ئۆچكە. * زەيتۇنەم ئېغىر بىرنەپەس ئېلىپ، ئەتراپىغا نەزەر تاشلىدى، ئاختاما قىلىنغان جاغال توپىلىق ئېتىزلار ۋە ئەجدىھادەك تولغىنىپ-تولغىنىپ ئېقىۋاتقان دەريالار بۇ جاينىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشقانىدى.

**جاغال ئۆچكە** قىزغۇچ سېرىق چۈپۈرلۈق ئۆچكە.

**جاغالمان** (توغرىسى: جاغالماي) ← جاغالماي.

**جاغالماي** ئى <زوئول> شۇڭقار تىپتىكى يىرتقۇچ قۇش. ئۇزۇنلۇقى 35 سانتىمېتر، ئېغىرلىقى 170ـ350 گرامغىچە؛ چېشىسى بىلەن ئەركىكىنىڭ رەڭگى ئوخشاش، دۈمبىسىنىڭ رەڭگى سۇس كۆك، قورسىقىدا ئوچۇق قوڭۇر يوللىرى بولىدۇ، گېلى بىلەن بويىنىنىڭ ئىككى تەرىپى ئاقۇچ كېلىدۇ، پۇتى سېرىق كېلىدۇ، پېيى بولمايدۇ؛ ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقىنىڭ جەنۇب تەرەپلىرىدە ياشايدۇ. قازاقىستانغا كەڭ تارقالغان، پاتقاقلىق جايلار بىلەن ئېگىز جايلاردىلا بولمايدۇ؛ دەرەخ ئۈستىگە ئۇۋا سالىدۇ، 6 ـ 7 ـ ئايلاردا 3 ـ 6 تۇخۇم سېلىپ، چېشىسى بىلەن ئەركىكى نۆۋەتلىشىپ بېسىپ، 28 كۈندىن كېيىن چۈجە چىقىرىدۇ؛ ھەر خىل ئۇششاق سۈتخور ھايۋانلار ۋە قۇشقاچ، تورغاي قاتارلىق كىچىك قۇشلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**جاغالۋاي** (توغرىسى: جاغالماي) ← جاغالماي.

**جاغ-جاغ** «جاغ II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ـ مەن جىن ـ شەيتان... ـ جاغ-جاغ!. ئۇنىڭ كۆچىگىنىدىن بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ ۋە چىرايى قارىداپ كەتسىمۇ، ئاۋازى يەنىلا ئەسكى جاۋۇرنىڭ ئاۋازى ئىچىدە يوق بولۇپ كېتەتتى.

**جاغجاغئوت** ئى [جاغجاغ+ئوت] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پۈتۈن تېنىدە قويۇق يىپەكسىمان ئاق تۈكلەر بولىدۇ، يىلتىزى كونۇس شەكلىدە، پەيسىمان يوپۇرماقلىرى تېپىز ياكى چوڭقۇر، رەڭگى ھاۋا رەڭ؛ مېۋىسىدە ئۇزۇن تۈكلەر بولىدۇ. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىسسىقنى قايتۇرۇش، زەھەر تارقىتىش، ئىششىقنى ياندۇرۇش، سۈت كۆپەيتىش قاتارلىق روللىرى بار.

**جاغدا** سۈپ. ① ئاسان كۈچىدىن قالمايدىغان، قېرىمايدىغان: جاغدا ئادەم. * جاغدا! قېرىماس، ئوغرى بېيىماس. (ماقال). ② ئۇزۇن تۇرىدىغان: جاغدا قوغۇن، جاغدا شال. جاغدا قوناق. * جاغدا قوغۇن جېنىگىمدى (ماقال).

**جاغىل** (توغرىسى: جاغال) ← جاغال.

**جاغىلداتماق** «جاغىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا، بېشىغا ئالىچىپار رەڭلەر بىلەن بويالغان ئېگىز قەغەز قالپاق كىيدۈرۈلۈپ، قولىدىكى، ئالايتەن، نەدىندۇر تېپىپ كېلىنگەن، تۈۋى چۈشۈپ كەتكەن جاۋۇرنى جاغىلدىتىپ، ھېزىم مۇئەللىم تۇراتتى.

**جاغىلدىماق** پ. «جاغ-جاغ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «جاغ-جاغ» قىلماق.

**جاق** ① تەق. نەرسىلەرنىڭ بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇشى، ئۆرۈلۈپ كېتىشى ۋە قاتتىق چۈشۈشىدىن چىققان ئاۋاز: جاق قىلىپ يىقىلماق. جاق قىلىپ ئۇرۇلماق * «جاق» قىلىپ يېپىلغان ئىشىك گويا ئوقۇتقۇچىنىڭ يۈرىكىگە بېرىپ تەگكەندەك بولدى. ② ئىم. قاتتىق سوغۇقتىن لاغىلداپ تىترەشتىن ھاسىل بولغان ھالەت.

**جاق تويماق** ئىنتايىن بىزار بولماق، قاتتىق زېرىكمەك: جاندىن جاق تويماق. * نەچچە كۈندىن بۇيانقى جېدەل-ماجىرادىن جاق تويغان ھىمت خوتۇنىنىڭ باشلامچىلىق بىلەن ئاداۋەتنى تاشلىۋەتكىنىگە شۈكۈر قىلىپ، جاۋاب بەردى. * پادىشاھنىڭ زالىملىقىدىن جاق تويغان ئوردا ئەھلى يىگىتنى پادىشاھ قىلىپ تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ.

**جاقاك** ئىم. ھارۋا، ئىشىك قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ قاتتىق ئۇرۇلۇشى، سىلكىنىشىدىن

چىققان ئاۋاز.

**جاقاڭ-جاقاڭ** «جاقاڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**جاقاڭ-جۇقۇڭ** «جاقاڭ» قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئېشەك ھارۋىسى كاتاڭ ئېتىز يوللىرىدا جاقاڭ-جۇقۇڭ قىلىپ، چاقى يەرگە تەگمەي دېگۈدەك تېز كېتىۋاتاتتى.

**جاقاڭشىتماق** «جاقاڭشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جاقاڭشىتىپ ۋېلىسىپىتىنى، ئۆتۈپ كەتتىڭ دۇكان ئالدىدىن. سالىمىڭنى كۈتكەن بوۋايلار، باش چايقىشىپ شۇكلەشتى بىردىن.

**جاقاڭشىماق** پ. «جاقاڭ-جۇقۇڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «جاقاڭ-جۇقۇڭ» قىلماق: ئەسكى ھارۋا ئېتىزدا جاقاڭشىپ ماڭدى.

**جاقاڭلاتماق** «جاقاڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: رەجەپ ئاتقا شۇنداق بىر قامچا ئۇرۇۋېدى، ئات قۇرۇق ھارۋىنى جاقاڭلىتىپ سۆرىگىنىچە، قويۇندەك چېپىپ كەتتى.

**جاقاڭلىماق** پ. «جاقاڭ-جۇقۇڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «جاقاڭ-جۇقۇڭ» قىلماق، جاقاڭشىماق، جالاقلىماق: ھارۋا جاقاڭلاپ ماڭدى.

**جاق-جاق** «جاق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: جاق-جاق قىلىپ تىترىمەك.

**جاق-جۇق** «جاق» قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: پويىز تېز بارماقتا، جاق-جۇقنى ئاڭلاپ، زوقلىنىپ ئولتۇرۇپ توقۇيمەن قوشاق. «خۇش كەپسىز!» دېگەندەك كۈلۈپ ئىغاڭلاپ. يەلپۈنەر پايانسىز ئالتۇندەك باشاق.

**جاققىدە** رەۋ. «جاق» قىلغان ئاۋاز چىقارغان ھالدا، «جاق» قىلىپ: جاققىدە يىقىلماق. جاققىدە ئۇرۇلماق. * سەمەت پىكاپقا چىقىپ، ئىشىكنى جاققىدە قىلىپ ياپتى. ماشىنا ئوت ئېلىپ، زاھىرنىڭ كۆز ئالدىدىن غايىب بولدى.

**جاقىلداتماق** «جاقىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بوران ئەينەكنى جاقىلدىتىپ، مېنىڭ ئارامىمنى بۇزماقتا ئىدى. * يانۋارنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان قاتتىق سوغۇقلىرى بىچارە بالىنىڭ چىشلىرىنى جاقىلداتتى. * ئاساۋ ئات ھارۋىنى جاقىلدىتىپ ئەپقاچتى.

**جاقىلدىماق** پ ① «جاق-جاق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «جاق-جاق» قىلماق: ۋاقتىسىز چىققان قاتتىق بوراندا ئېغىلنىڭ ئىشىكى جاقىلداپ كەتتى. ② قاتتىق سوغۇق تۈپەيلى، بەدىنى «جاق-جاق» قىلىپ تىترىمەك، لاغىلداپ تىترىمەك، لاغىلدىماق: جاقىلداپ تىترىمەك. * ئۇنىڭ قاتتىق مۇزلىغان بەدىنى توختىماستىن جاقىلدايتتى. * ئابدۇراخمان كىيىملىرىنى سېلىپ، كىيگۈچە تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ چىشلىرى جاقىلدايتتى.

**جاك** I ئى ← **كۈلتۈك**: ئۇ رەيھاننىڭ زاكا-يۈگەكلىرىنى بىر-بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى. ھەممە نەرسە جاكتىن تۈكۈلگەن سۈيدۈك بىلەن بۇلغانغانىدى.

**جاك** II ئىم. جاغالماي، قاغا قاتارلىقلارنىڭ سايرىشىدىن چىققان ئاۋاز.

**جاكار** ئى ئاممىغا چىقىرىلغان ئېلان، ئۇقتۇرۇش، بۇيرۇق، يولیورۇق، ئەمر-پەرمان: بوستان جارچىنىڭ جاكارىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەقستى ۋە ئىزدەپ يۈرگەن كىشىسى ئۆز ئۆيىدىكى زىنداندا ياتقان ئەسەد ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ.

**جاكار ئەتمەك** ← **جاكارلىماق**: بۈگۈن دەۋرىم جاكار ئەتتى يېڭى بىر جەڭنى ھەممىگە، زامان سۇمۇرغلىرى ئەمدى بويۇن ئەگمەيدۇ سەۋرىگە.

**جاكار ئەيلىمەك** ← **جاكارلىماق**: قوينۇڭدىن تېپىلىپ ئاشۇ مەقبەرە، چۆمدى قىز-ئوغلانىڭ غۇرۇر شادلىققا. شادلىقنى ئەيلەشكە جاكار ئالەمگە، كۈچ بەردىڭ شائىرىڭ ـ ئىلھام ئاتلىققا.

**جاكار قىلماق** ← جاكارلىماق: ئۇ تەختكە چىققاندا، جاكار قىلغان «پاراۋانلىق، بىلىكلىك، بىرلىك، قوغدىنىش» دېگەن شوئارلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقى ئاشكارا بولۇپ قالدى.

**جاكارچى** ئى. ئاممىغا ئېلان، ئۇقتۇرۇش، بۇيرۇق، يوليورۇق، ئەمر-پەرمانلارنى يەتكۈزگۈچى، ئۇقتۇرغۇچى، ئېلان قىلغۇچى كىشى: ئەتىسى، پادىشاھ ئوردا ئالدىدىكى كەڭ مەيدانغا ئېگىز دار ياسىتىپ، جاكارچىلار ئارقىلىق پۈتۈن خەلقنى يىغدۇرۇپتۇ. * شۇ ئارىدا، شەھەر ئىچىدىن جاكارچىنىڭ قاتتىق ئاۋازى بىلەن جاڭ سادىسى ئاڭلاندى. كۆتەك هارۋا ئۈستىگە ئورنىتىلغان ياغاچ قەپەس ئىچىگە بىر ئايال كىشى ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇلغانىدى.

**جاكارلاتماق** «جاكارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىز باش ساقچى ئىدارىسىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىشىمىز كېرەك، ئۇلارنىڭ گۇناھسىزلىقىنى جاكارلىتىپ، ياندۇرۇپ چىقىشقا جىددىي ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك!

**جاكارلاشماق** «جاكارلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەخسۇم ئۈچۈن، بۇ توينى ئەل قاتارى قاتنىشىپ بېرىشنىڭ ئۆزىمۇ يېتەتتى. بىراق، «ئۇنىڭغا يۈنۈغان» دېگەندەك، ئۇنى قولداشلىقتا تەكلىپ قىلىشتى، تەكلىپ قىلىشتىلا ئەمەس، 30 ئوغۇلنىڭ ئالدىدا «يىگىت قولدىشى مەخسۇم!» دەپ جاكارلاشتى.

**جاكارلانماق** «جاكارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دەل شۇ پەيتتە، ئوغلاق تارتىشش باشلانغانلىقى جاكارلىنىپ، ھەر ئىككى يىگىت ئاتلىرىغا مىنىشتى. سەمەت قىزلارغا قاراپ گويا «كۆرۈپ قويۇڭلار» دېگەندەك بىر ئىسقىرتقاندىن كېيىن، ئېتىنى چاپتۇرۇپ، مەيدانغا كىرىپ كەتتى.

**جاكارلىماق** پ ① بىرەر ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە ۋە ھادىسە ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاممىغا ئېلان قىلماق، ئۇقتۇرماق: مەلىكە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە 40 كۈن زىياپەت بېرىپ، ئاخىرىدا ئۆز قارارىنى جاكارلاپتۇ. * ئۇلارنىڭ كېلىشىگە ئۈلگۈرۈپ ئېگىز بويى، قارا بۇرۇت ئاشپەز قاسقاننى كۆتۈرگىنىنى جاكارلاپ، ئاۋازىنىڭ بېرىچە تۇۋلىدى ۋە ماتتا ساناشقا باشلىدى.

**جاكارنامە** ئى بىرەر ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە ــ ھادىسە ھەققىدە ئېلان، ئۇقتۇرۇش، بۇيرۇق، يولىيورۇق ۋە ئەمر-پەرمان قاتارلىقلار يېزىلغان خەت، ھۆججەت: جاكارنامە يازماق. جاكارنامىنى ئوقۇماق. * مەن بويىنۇمنى سوزۇپ قاراشقا باشلىدىم. توپ ئالدىدا تۇرغان بىرەيلەن تامغا چاپلانغان، باياتىن مەن ئاڭلىغان مەزمۇندىكى جاكارنامىدىن بىرنى ئوقۇۋاتاتتى.

**جاڭ-جاڭ** «جاڭ II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: جاغالماي تېرەك ئۈستىدە قاغىلار بىلەن ئۇۋا تالىشىپ، «جاڭ-جاڭ، جىڭ-جىڭ» قىلىپ ۋارقىرىدى.

**جاكېت** ئى [ر<فران] ئاياللارنىڭ كالتە ئۈستى كىيىمى.

**جاڭ I** تەق مېتاللارنىڭ بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن ھەم ئەينەك، چاقچۇق قاتارلىقلارنىڭ يەرگە چۈشۈپ پارچىلىنىشىدىن چىقىدىغان ئاۋاز: جاڭ قىلماق. * مەززەم زات ھېكىم قول ئىشارىتى بىلەن ئاتنى بىرپەس نېرىراق تۇتۇپ تۇرۇشنى بۇيرۇپ، جاڭ ئاڭلانغان شەنگەن يامۇل تەرەپكە قارىدى. * ھازىر تاڭ سەھەردە چېلىنىدىغان جاڭمۇ بولمىغاچقا، كىچىك ئاخۇننىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزىدىغان كاشىلىلارمۇ تۈگەپ، ئۇ چۈش-پېشىنگىچە يوتقاندىن چىقماي ياتىدىغان بولدى.

**جاڭ II** ئى ① مىستىن ياسىلىدىغان بىر خىل چالغۇ، ئوتتۇرىسى دومباق، چۆرىسى تۈز تاۋاق شەكلىدە بولىدۇ. ئادەتتە ئىككىسىنى بىر-بىرىگە ئۇرۇش ئارقىلىق چېلىنىدۇ. ② مىستىن ياسىلىدىغان بىر خىل چالغۇ، تەخسە شەكلىدە بولۇپ

چوكا بىلەن چېلىندۇ.

**جاڭ ئۇرماق** ① جاڭ چالماق. ② «جاڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «جاڭ» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ سىگنال بەرمەك: سائەت بىرگە جاڭ ئۇرىدۇ، ئۇ كېچىنىڭ يېرىمى ئۆتكەنلىكىنى بىلدۈ. * ئەزىز دەپ ئاتالغان ئالتۇن بۆشۈكۈم، سېنى دەپ بۇ ئوغلۇڭ جاننى بېرىدۇ. ئاڭلىغىن جاڭ ئۇرۇپ سوقار يۈرىكىم، يەنە شۇ ناخشىنى ئېيتقۇم كېلىدۇ.

**جاڭ III** مىق [خەن] ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. بىر جاڭ ئون چىغا يەنى 3.33 مېترغا تەڭ: ئۇستەلدىكى لىق هاراق تولدۇرۇلغان رومكىنىڭ قانات ياكى پۇت چىقارماي ئۇيۇقسىز يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئۇنىڭ بىرقانچە جاڭ يىراقتا ئولتۇرغان خاقاننىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ماركو پولو هەيرانلىقىدىن هاڭۋېقىپ، تىلىنى چىشلىگەن پېتى تۇرۇپ قالدى.

**جاڭ IV** ئى ← زۇكام.

**جاڭ-جاڭ** «جاڭ I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: شۇ ئەسنادا هەممىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ، شەنگەن ياملۇل تەرەپتە «جاڭ-جاڭ» قىلغان كۈچلۈك جاڭ ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. مەززەم زات هېكمىنىڭ خىيالى بۆلۈندى.

**جاڭجال** ئى ① بىر-بىرى بىلەن تىللىشىش، ئۇرۇشۇش، ماجىرا، جېدەل: جاڭجال قىلماق. جاڭجال چىقارماق. * بىركۈنى كەچتە، ئەپەندىم ئۆيىگە كىرىشى بىلەنلا ئايالى يەنە جاڭجال كۆتۈرۈپتۇ. ② تالاش-تارتىش، مۇنازىرە: بۇ ۋاقىتتا بىر جۈملە سۆزنى سۆزلەش ئۈچۈن، بىرقانچە مىسقال پۇلنى ئالدىن تۆلەپ قويۇپ، ئاندىن سۆزلەشكە توغرا كېلەتتى. شۇڭا خېلى كۆپ تالاش-تارتىشلاردىن كېيىن، ئاخىرى بۇيرۇقنى قالدۇرۇۋېتىپ، جاڭجالنى بېسىقتۇرۇشتى.

**جاڭجال قىلماق** ← جاڭجاللاشماق:

ساراڭلاردەك مۇشتلىشىشقا قارىماي، ئېچكىرىگە كىرگۈزۈشمىدى. كېيىن ئۇلار مېنى مەست بولۇپ جاڭجال قىلغىنىم ئۈچۈن قاماپ قويۇشتى.

**جاڭجالچى** ئى. جاڭجالنى ياخشى كۆرىدىغان، ئورۇنسىز جاڭجال چىقىرىدىغان، جاڭجال خۇمار، جاڭجالكەش ئادەم: ـ ماموت هازىر تولىمۇ جاڭجالچى بولۇپ كېتىپتۇ، ـ دېدى مەخسۇم ئايالىغا قاراپ نارازى بولغان هالدا.// جاڭجالچى ئادەم.

**جاڭجالسىز** سۈپ ① جاڭجال قىلمىغان، جاڭجال بولمىغان، ئۇرۇش چىقمىغان: ئەكبەرنىڭ جاڭجالسىز ئۆتكەن كۈنلىرى مەنىسىز كۈنلەر هېسابلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ بۈگۈن قاۋاقخانىغا كىردى-دە، ئىككى سەر قېقىۋېلىپ، تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ② تالاش-تارتىشسىز، مۇنازىرىسىز: ـ بۇ ئىشنى جاڭجالسىزمۇ هەل قىلغىلى بولاتتى، ـ دېدى شەهەر باشلىقى ئويچان كۆزلىرىنى كاتىپقا تىكىپ.

**جاڭجالكەش** سۈپ. جاڭجالنى ياخشى كۆرىدىغان: جاڭجالكەش بالا. جاڭجالكەش ئادەم.

**جاڭجاللاشتۇرماق** «جاڭجاللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جاڭجاللاشماق** پ ① بىر-بىرى بىلەن تىللاشماق، ئۇرۇشماق، ماجىرالاشماق، جېدەللەشمەك، جاڭجال قىلماق: مىرغەزەپ ئۇنىڭغا نە ياخشى، نە يامان سۆز قىلىپ ئۆتكۈزەلمەيتتى. ئاخىرى ئۇلار جاڭجاللىشىپ ۋاڭنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، جازالانماقچى بولغان گۇناهكارنىڭ بىر گۇناهىغا 1000 گۇناهنى قوشۇپ، ۋاڭنىمۇ ئىشەندۈرۈۋەتتى. ② تالاش-تارتىش قىلماق، مۇنازىرىلەشمەك: مانا بۈگۈنمۇ ئۇلار ئەركىننىڭ نومۇرى توغرىلىق جاڭجاللاشقاندا، ئاپىسى ئەركىننى يېتەكلەپ كەلگىنىچە مېھرايىغا قاتتىق تەگدى.

**جاڭچى** ئى. جاڭ چالغۇچى، جاڭ ئۇرغۇچى: ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە جاڭچى كەلمەستىن بۇرۇن

ئاستا مەيدانغا چىقىپ كېتىدۇ.

**جاڭدا شماق** «جاڭدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جاڭدۇ** ئى [خەن] <بوت> ① پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى پىلەك تارتىپ ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى رومبا شەكلىدىكى ئۈچ تال كىچىك يوپۇرماقتىن تەركىب تاپىدۇ، گۈلى سۇس سۆسۈن، مېۋىسى چوكىسمان، ئۇرۇقى بۆرەكسىمان كېلىدۇ. ئادەتتە كۆكتات ئورنىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**جاڭدۇلۇق** ئى. جاڭدۇ تېرىلغان يەر.

**جاڭدىماق** پ. زۇكامدىماق.

**جاڭگىدە** رەۋ. «جاڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارغان هالدا، «جاڭ» قىلىپ: **جاڭگىدە قىلماق. * ئۆمەر باي ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئىشكنى جاڭگىدە يېپىپ چىقىپ كېتىدۇ.**

**جاڭگال** ① ئى. يۇلغۇن، سۆكسۆك، يانتاق، كۆرۈك، توغراق... قاتارلىقلار ئۆسىدىغان، ئادەم ياشىمايدىغان جاي: **جاڭگالدا هاڭرىغان ئېشەك شەهەردە هاڭرىيالماس (ماقال). * پۇلۇڭ بولسا، جاڭگالدا شورپا (ماقال). * بالا ئاغىمخانىنىڭ تۆكلىرىدىن بىرنەچچە تال ئېلىپ، يولغا چۈشۈپتۇ. يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. پايانسىز بىر جاڭگالغا كىرىپ قاپتۇ.** ② ئى. جاڭگالدا ئۆسىدىغان يۇلغۇن، سۆكسۆك، يانتاق، قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر: **بۇ يەرنىڭ جاڭگىلى شالاڭ ئىكەن، ئوتۇننى جاڭگىلى قويۇقراق يەردىن ئالايلى.** ③ ئى. كۆچمە. قالايمىقان، باش-ئايىغى ئېنىق بولمىغان، چۇۋالچاق، چۈشىنىكسىز، رەتسىز نەرسە: **ـ بۇ گېپىڭنى ئۇقمىدىم قىزىم، ۋاي ئاللىيەي، نېمىدېگەن تولا گەپلەر بۇ، ئويلىشىمچە، سېنىڭ ئوقۇيدىغىنىڭ تازا بىر گادىرماش جاڭگال ئوخشايدۇ، ـ دېدى هېچنېمىنى ئاڭقىرالمىغان تىللاخان ئانا قىزى ئانارغا.**

**جاڭگال دۇمباقچىسى** <زوئول> ← تۆمۈرتۇمشۇق.

**جاڭگاللىق** ئى. يۇلغۇن، سۆكسۆك يانتاق، كۆرۈك، توغراق قاتارلىقلار ئۆسكەن جاي: **سىنىلداپ يېغىۋاتقان ئۇششاق يامغۇر توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئاختاما قىلىنغان يەرلەر، يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئېرىقلار يامغۇر سۈيىگە تولۇپ تاشقان. يىراقتىن دەرەخلەر، كىچىك جاڭگاللىقلار خىرە بولۇپ كۆرۈنەتتى.**

**جاڭگۇر** تەق. قوڭغۇراق ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋاز.

**جاڭگۇر-جۇڭگۇر** «جاڭگۇر-جۇڭگۇر» قىلغان ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: **جاڭگۇر-جۇڭگۇر قىلماق. جاڭگۇر-جاڭگۇر ئاۋاز چىقارماق. * بۇ تەرەپتىن مىس قوڭغۇراقلارنىڭ جاڭگۇر-جۇڭگۇرى بىلەن تەڭ ئوت پىرى ۋېيى دىڭگو ئات شوڭغۇتۇپ چىقتى.**

**جاڭىلداتماق** «جاڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جاڭىلدىتىشماق** «جاڭىلداتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جاڭىلدىماق** پ. «جاڭ-جاڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «جاڭ-جاڭ» قىلماق: **جاڭىلداپ چېلىنىۋاتقان جاڭ ئاۋازى پۈتۈن كۆلۈب ئىچىنى بىر ئالدى.**

**جاڭيۇ** ئى [خەن] پۇرچاق، بۇغداي ۋە تۇزنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئېچىتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل سۇيۇقلۇق. ئادەتتە تاماقنىڭ تەمىنى تەڭشەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**جالا** ئى ① ئاياللارنىڭ چېچىغا قوشۇپ ئۆرۈش ئۈچۈن، قارا مەشۇتتىن ئىشلەنگەن يىپ: **جالا سالماق. * ئاق ئالما، قىزىل ئالما، جالانى ئۇزۇن سالما. ئەمدى سېنى ئالمايمەن، كەلگەنلەرنى**

ياندۇرما. ② ئات-ئېشەكلەرنىڭ نوختىسى، هارۋا جابدۇقلارغا ۋە نەيزىگە زىننەت ئۈچۈن بېكىتىلىدىغان قىزىل پۆپۈك.

**جالاپ** ئى [ئە] پاھىشە ئايال: - راستىنى ئېيتسام، مەن ئۇ جالاپنى بىر ئەدەبلەپ قويماقچىدىم، - دېدى مەھەممەت ئاباقتا.

**جالاپباز** ئى ← پاھىشۋاز.

**جالاپبازلىق** ئى ← پاھىشۋازلىق.

**جالاپخانا** ئى ← پاھىشخانا.

**جالاپلىق** پاھىشە، زىنا ئىشلىرىغا بېرىلىش ئادىتى؛ زىناخورلۇق.

**جالاشتۇرماق** «جالاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياقۇپ ئۇستا پايدىنى دەپ ئۆز ھۈنىرىنى بەكمۇ جالاشتۇرۇۋەتتى.

**جالاشلىق** سۈپ. دىئال. جىق يۈك كۆتۈرىدىغان، كۆتۈرۈشلۈك.

**جالاشماق** پ. ساختىنا ئىش قىلىدىغان بولۇپ كەتمەك؛ ساختىلاشماق، بۇزۇلماق: ھازىر بەزى كىشىلەر بەكمۇ جالىشىپ كەتتى. سودا-سې[illegible] ھوشيار بولۇش كېرەك.

**جالاق** I تەق. ① قاتتىق نەرسىلەرنىڭ سىلكىنىشى ھەم بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن چىقىدىغان ئاۋاز: ئۆيدىن چىقىشىغىلا «جالاق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ② بەدەننىڭ قاتتىق سىلكىنىپ تىترىشىدىن ھاسىل بولغان ھالەت.

**جالاق** II ئى. دىئال. بۇيرۇق، باشقۇرۇش.

**جالاق-جالاق** «جالاق I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: دېرىزىنى ئەمدىلا ئېچىشىغا يىراقتىن «جالاق-جالاق» قىلغان ئاۋازلار قۇلىقىغا ئاڭلىنىشقا باشلىدى. * ساراسىمە چۈشۈپ شۇ چاغ بەگ كۆڭلىگە، تىترەيتتى بەزگەك كەبى جالاق-جالاق. قاشتېشى، يېپەك، ئەتلەس تايلانماقتا. كېچىلەر خەزىنىدە ئۆچمەس چىراغ.

**جالاق-جۇلۇق** «جالاق» قىلغان ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: بىركۈنى ئەمەت ئۇستا ئىشتىن چۈشۈپ، ئۆيىگە تولىمۇ خاپا قايتتى. ئۇ ئۆيىگە كىرە-كىرمەي ئىشىكنى جالاق-جۇلۇق ئېچىپ-يېپىپ، ئايالىغا ئورۇنسىز بىرمۇنچە قوپال گەپلەرنى قىلىۋەتتى-دە، ئۆزىچە تېرىكىپ-چېچىلىپ، يەنە بېسىقىپ قالدى.

**جالاقشتماق** «جالاقشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇۋرغان تېخىچىلا گۇركىرەپ، ئۆزىنىڭ غايىبانە كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئىشىك-دېرىزىلەرنى جالاقشتاتتى.

**جالاقشماق** پ ① «جالاق-جالاق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، جالاقلىماق: بوراندا كېچىدىن بېرى ئىشىكلەر جالاقشىپ ئۇخلاتمىدى. ② قاتتىق سىلكىنمەك، تىترىمەك: قورچاق ئەسكەرنىڭ چىشلىرى جالاقشىپ، تىنماي تىترەيتتى.

**جالاققىدە** رەۋ. «جالاق» قىلغان ئاۋاز چىقارغان ھالدا، «جالاق» قىلىپ: ئىشىكنىڭ جالاققىدە ئېچىلىشى نىيازنىڭ خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈۋەتتى.

**جالاقلاتماق** «جالاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دۇرنەم تاقەتسىزلىك بىلەن ئىشىكنى قاتتىق جالاقلىتىشقا باشلىدى.

**جالاقلاشماق** «جالاقلىماق» پېئىلى ② نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ ئۈچەيلەن تالىشا-تالىشا ئاخىرى جالاقلىشىپ مۇشتلىشىپ كېتىپتۇ. * ئانا-بالا سوغۇقتا تىترەپ جالاقلىشىپ كىرىشتى.

**جالاقلىنىماق** «جالاقلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جالاقلىماق** پ ① «جالاق-جالاق» قىلىپ ئۇرۇلماق، جالاقشماق: جالاقلاپ يېپىلماق. * تۇيۇقسىز ئىشىك قاتتىق تېپىكتىن جالاقلاپ ئېچىلىپ، ئۆيگە ئىككى ئادەم كىرىپ كەلدى. ② قاتتىق سىلكىنىپ تىترىمەك: ئوسمان قاتتىق سوغۇقتىن جالاقلىغىلى تۇردى.

**جالداق** تەق ① ئىشىك، پەنجىرە، ساندۇق

قاتارلىقلارنىڭ قاتتىق ئېچىلىشى ۋە يېپىلىشىدىن چىقىدىغان ئاۋاز. ② كۆچمە. «شاللاق، يارىماس»، دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان تىل-ھاقارەت سۆزى: — ھوي جالداق، تېز بولمىساڭ ئىشىك چاتاق، مالڭ ئاۋۇ بىرنېمەڭنى ئەيۋەشكە كەلتۈر، — دېدى جۇۋازچى خوتۇننى ئالدىرىتىپ.

**جالداق-جالداق** «جالداق» سۆزى ① نىڭ تەكرارلىنىشى: جالداق-جالداق قىلماق.

**جالداق-جۇلدۇق** «جالداق» قىلغان ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئۇستام كىيىم تىككەندە، كونىراپ كەتكەن ماشىنىسىنىڭ جالداق-جۇلدۇق قىلغان ئاۋازى خېلى يەرگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**جالداقشتماق** «جالداقشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جەننەتخان ئاچچىقى بىلەن ئىشىكنى جالداقشتىپ ئاچتى-دە، تالاغا ماڭدى.

**جالداقشماق** پ. «جالداق-جالداق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، جالداقلىماق، جالاقلىماق: ئىككى ئات قوشۇلغان قۇرۇق ھارۋا يېزىنىڭ ئېگىز-پەس يوللىرىدا جالداقشىپ كېتىپ باراتتى.

**جالداققىدە** رەۋ. «جالداق» قىلغان ئاۋاز چىقارغان ھالدا، «جالداق» قىلىپ: ئۇ ئىشىكنى ئاچچىقى بىلەن جالداققىدە يېپىپ كىرىپ كەتتى.

**جالدىر** تەق. زەنجىر، كىشەن ۋە كارۋان تۆگىلىرىگە ئېسىلغان قوڭغۇراق قاتارلىقلارنىڭ سىلكىنىشى ۋە بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**جالدىر-جالدىر** «جالدىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**جالدىر-جۇلدۇر** «جالدىر» قىلغان ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: شۇئان تۈرمىنىڭ ئىچىدە خۇددى بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەندەك، ھەممە كامېرلاردىن بىرلا ۋاقىتتا كويزا-كىشەنلەرنىڭ جالدىر-جۇلدۇر قىلغان ئاۋازى كۆتۈرۈلدى.

**جالدىرلاتماق** «جالدىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەپە كولدۇرمىلىرىنى جالدىرلىتىپ، قوم دەرۋازىدىن كىرىپ، قاسقان بازىرى، زەرگەر بازارلىرىدا چالڭ چىقىرىپ، ساندۇق بازىرىغا كېلىپ توختىدى.

**جالدىرلاشماق** «جالدىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاتنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇلغان كىچىك كولدۇرمىلار جالدىرلىشىپ، خۇددى يېقىمسىز مۇزىكىدەك كىشىنى بىزار قىلاتتى.

**جالدىرلىماق** پ. «جالدىر-جالدىر» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: كارۋان تۆگىلىرىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇلغان قوڭغۇراقنىڭ جالدىرلىغان ئاۋازى مەھەللىدىن يىراقلاشقانسېرى ئاڭلانماي قالدى.

**جالغاي** ئى. ① توخۇنىڭ قانات بىلەن ئۇستىخاننى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئۆگىسى. ② دەل-دەرەخلەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى شاخلىرى.

**جاللا** ئى <مۇز> قەدىمكى ئۇيغۇر سازلىرىنىڭ بىرى.

**جاللاپ** ئى [ئە] تېرە-تەرسەك ۋە يۇڭ ئېلىپ-ساتقۇچى سودىگەر، مويچى: — ساڭا 50 سوم دەسمايە بېرەي، سەن دەڭلەرگە بېرىپ، يېزا ۋە قىرلاردىن كەلگۈچىلەردىن سورۇشتۇرۇپ، تېرە-تەرسەك سېتىۋال. ئۇنى جاللاپلارغا ساتساڭ، پايدا ئالسەن، — دېدى تاغام ماڭا.

**جاللاپلىق** «جاللاپ» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى.

**جاللات** ئى [ئە] ① ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ بېشىنى ئالغۇچى، ئۆلۈم جازاسى ھەققىدىكى ھۆكۈمنى ئىجرا قىلغۇچى كىشى: بازار ئاقساقىلى ئۇنى رەئىسنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. مەھكىمە رەئىسى ئۇنى قىلمىشى ئۈچۈن ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ، جاللات ھۆكۈمنى دەرھال

ئېجرا قىلىپتۇ. ② كۆچمە. كالىلىكپسەر، قاتىل: قورچاق ساقچى باشلىقى ۋە شاۋبىڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تۆرمە باشلىقى قوراللىق جاللاتلارنى باشلاپ، تۆرمە تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى.

**جاللاتلىق** ئى. ① كاللا كېسىش، قاتىللىق قىلىش ئىشى. ② زالىملىق، ياۋۇزلۇق: ــ جياڭجۇن جانابلىرى جاللاتلىقتا شامەخسۇتتىنمۇ ئۈستىراق ئىكەنلا. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ــ دېدى تۆمۈر خەلپە ياڭ جياڭجۇنگە قاراپ تەنە بىلەن.

**جالىق** «جا I» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: جالىق قىلماق. * ــ ھەممىنى چىقىرىپ قۇمغا تۆكۈڭلار. زىيان بولسا بولسۇن، جالىق بولمىسۇن، ــ دېدى نىياز ئىشچىلارغا قاراپ.

**جالىق قىلماق** ① ئىشنى ساختا، جا قىلماق، ساختىلىق قىلماق: ئۇ ئۆز ماللىرىنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈشتە جالىق قىلىپ، ئاخىرى ئېچىلغان قەغەز يەشكىلەر ئالدىدا سىرى ئاشكارىلاندى. ② يالغان گەپ قىلماق: راست گەپ قىل، جالىق قىلما. كۆز بويايمەن دېسەڭ، ئۆزۈڭنى ئاشكارىلايسەن خالاس.

**جام** ئى [ئە] ① شاراب ئىچىلىدىغان قاچا؛ قەدەھ، رومكا: پادىشاھ دەرھال يېنىدىن ئالتۇن جام چىقىرىپ سۇغا تۇتۇپتۇ، بىرھازادىن كېيىن جام تولۇپتۇ. ② كىچىك ياغاچ قاچا. ③ ئاقسۇنىڭ كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**جاما I** ئى [ئە] ئەر-ئاياللارنىڭ بىللە بولۇشى، جىنسىي مۇناسىۋەت.

**جاما قىلماق** ئەر-خوتۇن بىللە بولماق؛ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەك.

**جاما II** ئى. دىئال. زەي سۈنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن چېپىلغان ئېرىق، زەيكەش.

**جامائە** ئى [ئە] بىر گۇرۇپپا، بىر توپ كىشىلەر؛ جامائەت: شاھزادە كۆزىنى ئېچىپ، ئەتراپىدا بىر جامائە كىشىلەرنىڭ توپلىشىپ، ئۆزىگە سايە تاشلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

**جامائەت** ئى [ئە] ① مەلۇم مەقسەت ۋە نىشان ئۈچۈن توپلانغان كىشىلەر، كۆپچىلىك، خالايىق، ئامما: جامائەت سورۇنى. جامائەت فوندى. * بوۋاي توپلىشىپ تۇرغان جامائەتكە ئېگىشىپ سالام قىلدى-دە، يوغان كۆزلىرىنى نەشتەردەك تىكىپ، مۇدىرغا قادالدى. ② بىر ئىمامنىڭ يېتەكچىلىكىدە ناماز ئوقۇغان كىشىلەر: مەسچىتتىن يانغان جامائەت مېيت چىققان ئۆيگە كىرىپ پاتىھە ئوقۇدى.

**جامائەت پاراۋانلىق فوندى** <س ئق> كارخانا ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ ئۆز ئورنىنىڭ مەدەنىيەت ۋە جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان مەبلىغى.

**جامائەت خەۋپسىزلىكى** <قا> بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ (ئىجتىمائىي تەرتىپ، جامائەت مۈلكى ۋە گراژدانلارنىڭ ھوقۇقى قاتارلىقلارنىڭ) ئامانلىقى.

**جامائەت فوندى** <س ئق> كارخانا ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ھەر يىلى تەقسىم قىلىنىدىغان ئومۇمىي كىرىمدىن تۇتۇۋېلىنىدىغان بىر قىسىم فوند.

**جامائەت گۇۋاھلىقى** <قا> سوت مەھكىمىسى ياكى ھوقۇق تاپشۇرۇۋالغان ئورگانلارنىڭ ھەق تەلەپ ئىشلىرى جەھەتتىكى ھوقۇق-مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتى توغرىسىدا بېرىدىغان ئىسپاتى. مەسىلەن، توختام، ۋەسىيەت قاتارلىقلاردا جامائەت گۇۋاھلىقى بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشقا بولىدۇ.

**جامائەتچىلىك** ئى ① جەمئىيەتتىكى كىشىلەر، جەمئىيەت كىشىلىرى: ھېسام داڭلىق چاقچاقچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېلى رايوندى-

كى، شۇنداقلا، پۈتۈن شىنجاڭدىكى جامائەتچىلىككە يېقىندىن تونۇش. ② جەمئىيەتتىكى مۇناسىۋەت، كەلدى-باردى: ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق جامائەتچىلىكى بار.

**جامائەتلىك** سۈپ. جامائىتى بار، جامائەتكە ئىگە: مەن تار ۋە ئەگرى-دوناي كوچىلاردىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ، رەستە يولىنىڭ بىر چېتىدىكى خېلى جامائەتلىك بىر چوڭ مەسچىتنىڭ ئالدىدا ھاجى تۇختىغا يېتىشتىم.

**جامادىيەلئاخىر** ئى [ئە] <ئاستر> ھىجرىيىنىڭ 6-ئېيى، يەنى قەمەرىيە يىل ھېسابىدىكى 6-ئاي. 29 كۈن بولىدۇ.

**جامادىيەلئەۋۋەل** ئى [ئە] <ئاستر> ھىجرىيىنىڭ 5-ئېيى، يەنى قەمەرىيە يىل ھېسابىدىكى 5-ئاي. 30 كۈن بولىدۇ.

**جامال** ئى [ئە] ① چىراي، يۈز: مېھماننىڭ گۈزەل جامالى، خىيالچان چىرايى ۋە ياراشقان ئېسىل كىيىملىرى ئۇنىڭ شائىرلىق قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىدىكى ئىلھاملىرىنى قوزغاپ قويغىلى تاسلا قالدى. * ئەسسالام، كەلدىم ئۇرۇمچى، ئاي جامالىڭنى كۆرەي، تەلمۈرۈپ ئۆتتۈم ئۇزۇن يىللار ۋىسالىڭنى كۆرەي. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**جامە** ئى [ئە] شەھەر ياكى مەلۇم رايوننىڭ جامائەتلىرى توپلىشىپ، جۈمە نامىزى ۋە ھېيت نامازلىرىنى ئوقۇيدىغان ئەڭ چوڭ مەركىزىي مەسچىت: بۈگۈن پەيشەنبە، ھېيتكا جامەسى ئەتراپىدا ئادەملەر توپى گويا دولقۇنسىمان ئاقاتتى.

**جامبۇ** ئى [خەن] ← **دەسمال**: تاڭجاڭ خېرىدارلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، جوزىنى جامبۇ بىلەن پاكىز سۈرتتى.

**جامكا** ئى <بوت> جامكا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. دەريا، كۆلچەك، ئۆستەڭلەردە لەيلەپ ئۆسىدۇ؛ يوپۇرمىقى ياپىلاق، تۇز ئېللىپس ياكى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، سىرتقى يۈزى يېشىل، ئارقا تەرىپى جىگەر رەڭدە بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ ئاستىدىن چاچما يىلتىزى ئۆسىدۇ؛ گۈلى ئاق رەڭدە بولۇپ، تىبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ، تەرلىتىش، سۈيدۈك ماڭدۇرۇش رولىغا ئىگە.

**جان** ئى [پ] ① دىنىي چۈشەنچىلەرگە كۆرە، ئىنسان ۋە ھايۋان ياشىغاندا ساقلىنىدىغان، ئۆلگەندىن كېيىن ۋۇجۇدىدىن ئايرىلىدىغان ماددىي، غەيرىي تەبىئىي ئامىل: جان بار يەردە قازا بار (ماقال). * ئۈمىد بولمىغان ـ جان بولمىغان بىلەن تەڭ (ماقال). ② ئىنساننىڭ بارلىقى، بەدىنى، تېنى: جان ئاغرىتقان دوست ئەمەس (ماقال). * ـ يۈلدا كېرەك يوق، جان ساقايسا بولدى. سىز باشتا يازماسىز، بولسا يەتتە-سەككىز كورۇپكا يېزىپ بېرىڭ، ـ دېدى كېسەل ئادەم دوختۇرغا قاراپ. ③ ھايات: جاننى پىدا قىلماق. جان تىكمەك. * تۇتقۇنلار جېنىنىڭ ئامان قالغانلىقى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىشىپ، تاغتۇرادىن چۈشۈپ كېتىشتى. ④ ئائىلىنىڭ ھەر بىر ئەزاسى؛ كىشى، ئادەم: بىزنىڭ ئۆيدە بەش جان بار. * نەچچە ۋاقتتىن ھەربىر ئەمگەككە تەقسىم قىلىنىدىغان چام ئەمدى بەزى ئۆكتىچىلەرنىڭ غەلۋىسى بىلەن، جان سانىغا قاراپ تەقسىم قىلىنىدىغان بولدى. ⑤ كۆچمە. كۈچ، قۇۋۋەت، مادار، ماغدۇر: قورساقتا نان بولسا، بىلەكتە جان (ماقال). * رېھىم ئارقىسىدىن ئاڭلىنىۋاتقان شەپىنى سەزدى-دە، كېلىۋاتقان كۆلەڭگىلەرنى كۆرۈپ، جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ⑥ كۆچمە. كىشى ۋە نەرسىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك بولغىنى ۋە جاندىن ئېزىز كۆرىدىغىنى: سودىگەر دېگەن پۇلنى جان بىلىدۇ. * ئات ـ روزىئاخۇننىڭ جېنى، ماخو ـ ئۇنىڭ

مەيدانى. ⑦ كۆچمە. بىرەر ئىش، نەرسە ياكى ساھەنىڭ ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئاساسىي قىسمى؛ ئاساسىي، نېگىزى، ئۆزى؛ سۇ قۇرۇلۇشى، يېزا ـ ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى. * قانۇن پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەك، پارتىيىنىڭ سىياسىتى قانۇننىڭ جېنى. ⑧ مۇراجىئەت قىلغۇچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىمنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئىنتايىن يېقىنلىق، مېھرىبانلىقنى بىلدۈرىدۇ: — نېمە ئىش بۇ، خۇشال-خۇرام يۈرگىنە جېنىم بالام، — دېدى ئەزىمەت قىزى گۈلشەنگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ. ⑨ كىشى ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، ئەركىلىتىش، يېقىنلىقنى بىلدۈرىدۇ: ئادىلجان. ئەخمەتجان.

**جان ئاچچىقى بىلەن** قاتتىق ئاچچىق ۋە غەزەپ بىلەن: قوتۇلۇقتۇمۇر باستۇرۇپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرنى جان ئاچچىقى بىلەن قىرىشقا باشلىدى.

**جان ئاچچىقىدا** قاتتىق ئاچچىق ۋە غەزەپتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، ئاچچىقىغا چىدىيالماي: ئوغلىنىڭ ھالسىز، لېكىن جان ئاچچىقىدا قىلىۋاتقان نالە-پەريادىدىن ئالماس ئاكىنىڭ يۈرىكى چاك-چاك يېرىلىپ، پىچاق تىققاندەك ئاغرىيتتى.

**جان ئارام ئالماق** ← **جان ئارام تاپماق**.

**جان ئارام تاپماق** جان، تەن راھەتلەنمەك، ھۇزۇرلانماق، ئارام ئالماق: ئۇنىڭ قارىشىچە، قەيەردە جان ئارام تاپسا، شۇ يەردە ياشاش ئاقىللىقنىڭ ئىپادىسىمىش.

**جان ئاغرىتماق** ئۆزىگە ئۆزى ئارتۇقچە ئازاب سالماق، قىينالماق: پىيادە مېڭىپ جاننى ئاغرىتقۇچە، ئاپتوبۇس بىلەن ماڭساق بولمامدۇ؟

**جان ئالماق** ① ئۆلتۈرمەك، قەتل قىلماق: — ئەزرائىلغۇ ئەمەس، ئەمما ئەزرائىلدىنمۇ يامانراقكەنسىز، ئەزرائىلنى جان ئالاردا يۈز تۇرانە تۇرۇپ ئالىدۇ دەيدۇ. سىز بولسىڭىز... — دېدى قىز بۇلاقتەك كۆزلىرىنى ئابدۇقەييۇمغا تىكىپ تۇرۇپ. ② كۆچمە. قىينىماق، ئازابلىماق؛ سىقىماق: كۆيمەنا كۆيمەن، قاشى قاراغا كۆيمەن. كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، جان ئالارغا كۆيمەن.

**جان ئايىماق** ئارتۇقچە كۈچ سەرپ قىلماي بولۇشىغا ئىشلىمەك؛ ھۇرۇنلۇق قىلماق: تاشلىسۇن قەلەمنى ئەلنى سۆيمىگەن، تەخسىچى، قارا دىل خۇشامەتچىلەر. سوتلانسۇن جان ئاياپ جاپا كۆرمىگەن، ياۋۇز قان ئوغرىسى — جىنايەتچىلەر!

**جان باقار** ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، نېمە بولسا بولسۇن، ماڭا زىيان يەتمىسۇن دەيدىغان؛ تىرىكتاپ؛ تەييارغا ھەييار: مەنسەپمۇ، شۆھرەتمۇ تارتالماس مېنى، جان باقار زەئىپنىڭ خۇداسى، دىنى. پاك ۋىجدان، پاك نىيەت مىسلى بىر قىلىچ، ساقلىغاي ئۇنى چىڭ ئىرادە قىنى.

**جان باقتى** ← **جان باقار**.

**جان باقماق** تۇرمۇش كەچۈرمەك، ياشىماق: ئۇنىڭ تۇرمۇش پەلسەپىسى — ھالال ئەمگەك بىلەن پۇل تېپىپ جان بېقىشتىن ئىبارەت ئىدى.

**جان بەرمەك** ① نەپەسى توختىماق، ۋاپات بولماق، جان ئۈزمەك، ئۆلمەك: مەن كېسەلنىڭ تۈپىسىگىلا سەكرەپ چۈشۈپتىمەن. كېسەل شۇ يەردىلا جان بەردى. ② كۆچمە. تەسلىم بولماق؛ كۆرەشنى، قارشىلىقنى توختاتماق: بىزنىڭ خەلقىمىز باتۇر، ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە خەلق. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلقىمىز ئەزەلدىن كۈرەشلەردە جان بەرگەن ئەمەس. ③ كۆچمە. ئۆزىنى قۇربان قىلماق، پىداكارلىق كۆرسەتمەك: مەنمۇ جېنىمنى بېرىپ بولسىمۇ، ئۇنى ساقلاشقا تەييار ئىكەنلىكىمنى ئىشارەت بىلەن ئۇقتۇردۇم. * قان كېچىپ ھەم جان بېرىپ كۆكسۈمدە ئاسرايمەن سېنى. ④ كۆچمە. ھايات بەخش ئەتمەك: — قاراڭلار، پىلىلەرگە جان بەردۇق. ھەممىسى ئەسلىگە كەلدى! — دېدى «پىلە

ئانىسى» كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتۈپ. * — سەن ماڭا بۇغداي ئەمەس، جان بەردىڭ، — مامۇت دوكار مەشۇرنىڭ تۆۋى ئېقىپ قالغان كونا چېلەكتە بۇغداي كەملەپ بەرگەن قولىنىڭ بېغىشىدىن تۇتۇپ، بىلىكىگىچە سىلىدى. ⑤ كۆچمە. ئۆزىنى، بارلىقىنى بېغىشلىماق: جاي بەرگەنگە جان بەر (ماقال). * پاھ، «يىگىتنىڭ گۈلى» نېمىدېگەن ئېسىل ئادەم-ھە، يا ئۇيقۇنى، يا چارچاشنى بىلمەيدۇ، كۈللىكتىپ دېسە جېنىنى بېرىدۇ.

**جان بىلەن ئوينىشماق** ھايات، ئۆلۈمنى ئادەتتىكى ئىش قاتارىدا كۆرمەك؛ ھايات ئىشىغا تەۋەككۈل قىلماق، ھاياتىغا تەھدىت سالماق: سوقۇش دېگەن جان بىلەن ئوينىشىدىغان ئىش. * كىرپىك ئوقۇغىنى ئاتتىڭ يۈرەككە، جادۇ كۆزۈڭ جان ئىلە ئويناشتى.

**جان پىدا** ئۆزىنى، ھاياتىنى، بارلىقىنى بېغىشلاشقا تەييار: — ئەمدى ئۇنى نەدىن تاپىمەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جېنىم پىدا ئەمەسمىدى؟ ۋاي ئىست غوجام، — دەپ ۋارقىرايتتىم. * ۋىسالىڭغا يېتەر بولسام تەنۇ جانىم ساڭا قۇربان، دىلىمدا كۆپتۇر ئارمىنىم بولالماي جان پىدا يىگىمەن.

**جان پىدا قىلماق** ئۆزىنى، ھاياتىنى، بارلىقىنى بېغىشلىماق، ئاتىماق: سۇمۇرغ ئۆز باللىرىنى قانتى ئاستىغا ئېلىپ، قانداق ئاسراپ چوڭ قىلسا، ئامىنەمۇ سىنىپىدىكى باللارغا شۇنچە مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ جان پىدا قىلاتتى. * ئەل ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىغان ئاتاڭ، ئادالەت يولىدا پىدا قىلدى جان. يالقۇنجاپ تۇرماقتا چوغ-قوقاسلىرى، يانجىلغان بولسىمۇ ئۇ ياققان گۈلخان.

**جان پىدالىق بىلەن** ئۆزىنى، ھاياتىنى، بارلىقىنى بېغىشلىغان، ئاتىغان ھالدا: خالىبەك ئۆز ئەتراپىدا جان پىدالىق بىلەن ئېلىشۋاتقان يىگىتلىرىگە ۋارقىراپ تۇرۇپ بۇيرۇق بەردى.

**جان تاپماق** ① ماغدۇرىغا كەلمەك، جانلانماق: ئېلىپ كېلىپ ئۆيگە، كالىغ ئوچاقتا ئوت ياقتى. ئوت تەپتىدە كەچكىچە، بۇ ئىككىلەن جان تاپتى. ② ھايات كەچۈرمەك؛ نەپ ئالماق: ھەممىسنى سەنلا بىلىپ كەتمە. بىزمۇ پىياز جان تاپايلى.

**جان تاتلىق** ھاياتلىق ئەۋزەل: شۇ ھاقارەتلەردىن كېيىن، ئۆزۈمنى سۇغا تاشلاشقا شۇنچە دەڭسەپ باقتىم. لېكىن جان تاتلىق ئىكەن، بولمىدى.

**جان تالاشماق** ① ئۆلۈم بىلەن ئېلىشماق، سەكراتقا چۈشمەك: نەسىردىننىڭ ئېتىغا ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ پاي ئوق تەگدى، ئۇ جان تالىشۋاتقان ئاتنىڭ دالدىسىغا مۆكۈنۈپ تۇرۇپ ئېتىشقا باشلىدى. * «ئەرۋاھ» ئىشكنى ئەپچىللىك بىلەن قومۇرۇپ تاشلاپ، ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئارقىدىنلا ياقۇپ ياساۋۇلنىڭ جان تالىشىپ خىرقىراۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. ② كۆچمە. مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي تىركەشمەك، تىرماشماق: بىز گومىنداڭنىڭ ئاخىرقى ئەجەل ھودۇقىشىدا جان تالىشۋاتقانلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە بولسىمۇ بىلەتتۇق. * ئۇلار بىرىنچى ئېغىزدا توختاشتى. كۆن قايرىلغۇچە ئۇرۇش قىلىپ، ياسىن قازىنىڭ چېرىكلىرى جان تالاشتى.

**جان تەسەددۇق** قۇربان بولاي، جان پىدا بولسۇن: رۇسۇل: — جان تەسەددۇق، — دېدى-دە، تەركى دۇنيالىق نەزملىرىنى باشلىدى.

**جان تەلۋىسدە** ← **جان ئاچچىقىدا**.

**جان توشماسلىق** چىدىيالماسلىق، بەرداشلىق بېرەلمەسلىك: تۇرمۇشتا ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار ئۈچۈن قايغۇرۇپ يۈرۈشكە جان توشمايدۇ.

**جان تومۇر** ① ئەڭ ئاساسىي، مۇھىم قولى، مۇھىم تارمىقى: شەھەرنىڭ جان تومۇرى سانائەت بىلەن قاتناشتا. * بۇ سۇ ئامبىرى يېزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىدا مۇھىم بىر جان تومۇر ئىدى. ② ھاياتى، جېنى: — بۇ يەردىن دەرەخ كېسمەن دېيىش دېھقانلارنىڭ جان تومۇرى بىلەن

ئويناشقانلىق بولماي نېمە؟ ـ دېدى تۇردى ئاكام.

**جان تۇمشۇققا كەلمەك** ① ئۆلەر ھالەتكە كەلمەك: ئەمدى بىزنىڭ قۇرۇق سۆڭەك تېنىمىز بىلەن تۇمشۇقىمىزغا كېلىپ قالغان جېنىمىز قالدى. * تاقاقنى تۈۋەنگە چۈشۈرگۈچە جان تۇمشۇققا كەلدى. يەنە كۆتۈرىمىزمۇ؟ ـ دېدى سادىقنىڭ يېنىدا تۇرغان ياش يىگىت. ② كۆچمە. ئېغىر ئەھۋالدا قالماق: ئوغرىلاشقا كەلگەندە ھېچنېمىدىن تەپتارتمايسەن، سېزىلىپ قالار، تەكشۈرۈپ تېپىۋالار، دېمەيسەن. مۇشۇنداق جان تۇمشۇققا كەلگەندە، مەن كالۋا، مەن دەلتە دەيسەن. نېمە قىلدىڭ شۇنچىۋالا پۇلنى؟

**جان تۇمشۇققا يەتمەك** ← جان تۇمشۇققا كەلمەك.

**جان تىكمەك** ① ھاياتىنى ئاتىماق، تەقدىم قىلماق، بېغىشلىماق: ياق، ھەرگىز ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، بىز ئەلنى، ئۆلۈسنى جان تىكىپ قوغدىغۇچىلاردىن بولمىقىمىز كېرەك. ② پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلمەك، پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلماق: مەن قىيىنچىلىق ئالدىدا باش ئەگمەي، ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن جان تىكىپ ئىشلەيمەن.

**جان چىققاندا ياسىن ئوقۇماق** ← ئۆلگەندە ياسىن ئوقۇماق: جان چىققاندا ياسىن ئوقۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ بالىنى كىچىكىدىن ياخشى تەربىيىلەش كېرەك ئىدى. ئەمدى بولسا قاماققا ئېلىندى.

**جان دەپ** چىن كۆڭلىدىن، خۇشاللىق بىلەن، جان دىل بىلەن: جان دەپ قوشۇلماق. جان دەپ قاتناشماق. * راستىنى ئېيتقاندا، سادىق روزى بۇ مەسلىھەتكە جان دەپ رازى ئىدى.

**جان دوست** ئەڭ يېقىن، سەممىي دوست: جان دوستلۇق جېنىدىن كېچەر، مال دوستلۇق مېلىدىن كەچمەس (ماقال). *بەختىنىڭ بۇ تەكلىپى يىگىتكىمۇ ماقۇل كەپتۇ. ئىككىسى جان دوست بولۇپ يولغا چۈشۈپتۇ. * مەنسۇرنىڭ دادىسى ئەكبەرنىڭ دادىسى بىلەن جان دوست ئۆتكەن.

**جاندىن بىزار بولماق** ← جاندىن تويماق.

**جاندىن تويماق** ياشاشتىن زېرىكمەك، ئۆلۈمگە رازى بولماق: بوۋاي ھاياجان بىلەن ئۆلارغا قاراپ تۇردى ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى: ـ جاندىن تويدۇق. يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم! * ـ مېنىڭ بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇشقا تاقىتىم قالمىدى، جېنىمدىن تويدۇم، ـ دېدى گۈلسۈمخان قولتۇقىدىكى خالتىسىنى زەردە بىلەن ئۆيگە ئېتىپ.

**جاندىن جاق تويماق** ياشاشتىن قاتتىق زېرىكمەك، ئۆلۈمگە شەرتسىز رازى بولماق: ۋاڭ ھەددىدىن ئاشتى، نەزەر شاھزادىمۇ ئاتىسىدىن ئېشىپ چۈشتى. خەلق بولسا جېنىدىن جاق تويدى. * مۇز داۋاندىن ئاشقۇچە گۆلمەرەم، يۇرتنى ئەسلەپ يىغلىدىم گۆلمەرەم. جاندىن نەچچە جاق تويۇپ گۆلمەرەم، ھېچ كىشىگە تىنمىدىم گۆلمەرەم.

**جاندىن جۇدا بولماق** جاندىن ئايرىلماق، ئۆلمەك: ئەگەر يانسام ۋاپا قىلماي، ئۆزۈمنىڭ ئەھدۇلەۋزىمدىن، بولايكى مەن جۇدا جاندىن، قارا چېچىمنى دار ئەيلەپ. * شۇڭا يىققان يۈزلىگەن پەرىزاتنى، بىر پەرىزات ياقتۇرماس پەيلى ياتنى. ۋە بەزىسى بۇرچىنى قىلغان ئادا، بۇرچى شۇكى جېنىدىن بولغان جۇدا!

**جاندىن كەچمەك** ① جېنىدىن ئايرىلىشقا، ئۆلۈمگە رازى بولماق: ئايا ساقىي مەي سۇنغىن ھەسرىتىمگە، دورا بولسا كۆپايە غەزىپىمگە. شارابىڭنى ئىچەيمەن ئىچىش ئۈچۈن، ئىچەي پەقەت جېنىمدىن كېچىش ئۈچۈن. ② جېنىنى، بارلىقىنى، تەقدىم قىلماق، ئاتىماق، بېغىشلىماق: جاندىن كەچمىگۈچە، جانانغا يەتكىلى بولماس (ماقال). * بەخت كەلمەس ھېچقاچان، ئۆزلۈكىدىن ئىنسانغا، جاندىن كېچىپ چېلىشقان، يېتەر ئارزۇ-ئارمانغا.

**جاندىن ئۆتمەك** تەسىرى، زەربىسى پۈتۈن بەدەندىن ئۆتمەك، قاتتىق تەسىر قىلماق، بەك ئېغىر كەلمەك: ياتنىڭ ياندىن

ئۆتەر، قېرىنداشنىڭ جاندىن (ماقال). * قۇملۇق بارخانلار ئالايلىرىنى كەينىمىزدە قالدۇرۇپ كېتىپ بارىمىز. سەھرا ئاپتىپى جاندىن ئۆتتى. * بوران توختىغان بولسىمۇ، لېكىن قاتتىق سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى. * مۇنۇ ئايالنىڭ سۆزى ئۇنىڭ جېنىدىن ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرچاغدا ئۇنى ئويلاندۇردى.

**جان ساتتى** مەنپەئەت ئۈچۈن جېنىنى بېرىشتىن يانمايدىغان، قورساق باقتى، تەييارغا ھەييار: ـ بۇ جان ساتتى سىلەرنىڭ ئاتائلارمىدى؟ باغلىماي ئەكەلگىنئلارنى قاراڭلار! ـ دېدى يەنە بىر جەڭچى توۋلاپ.

**جان ساقلىماق** ① ئۆزىنى ھەر خىل ھالاكەتلەردىن ياكى ئېغىر، مۇشكۇل ئەھۋاللاردىن ساقلاپ قالماق: ئۇ جان ساقلىغۇدەك يەر تاپالماي ئامالسىز قالدى. ② تۇرمۇش كەچۈرمەك، ھايات كەچۈرمەك، ياشىماق، جان باقماق: ئېغىز ساقلىغان جاننى ساقلار (ماقال). * ئۇ شەھەر ئەتراپىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈش بىلەن قۇتۇلالمايدىغانلىقنى بىلىپ، ئۆيىگىمۇ يولۇقماي، يىراق يېزىلاردا بىرنەچچە كۈن جان ساقلىدى.

**جان سىزىپ كەتمەك** ← جان ئېقىپ كەتمەك.

**جانغا ئارا بولماق** ھالاكەتتىن ياكى بىرەر كۆڭۈلسىز ئىشلاردىن ساقلاپ قالماق؛ مۇشكۇل ئەھۋاللاردىن قۇتۇلدۇرماق، ئېغىر پەيتتە ياردەمدە بولماق: ـ ھەرقايسىلىرى جېنىمغا ئارا بولۇپ مېنى تاغقا ئېلىپ چىقىشتىلا، لېكىن مەن ئۇنىڭغا تۇشلۇق ئەجىر- تۆھپە كۆرسىتەلمىدىم، ـ دېدى لۇ جۈنيى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ.

**جانغا ئارام بولماق** كىشىگە راھەت، ھۇزۇر كەلتۈرمەك، بېغىشلىماق: سۇ ئىچىپ بۇلاقلىرىڭدىن تەلپۈنەر شوخ چاچلىرىڭ، ئىشتىياق تارتماس ئىدىم جانغا ئارامىڭ بولمىسا.

**جانغا ئەسقاتماق** كېرەككە كەلمەك، ھاجىتىدىن چىقماق، ياردىمى تەگمەك: ـ ۋەدىسى چىڭ يىگىت ئىكەنلا مەخسۇم، مانا، ئازىمۇ جانغا ئەسقاتتىلا. ئىنىم ئابدۇلنىڭ گۇلسۇرۇخى ئاق ئاياغ، ئاق كۆڭلەك، ئاق بۆرتۇم بىلەن ئاق ئەتىرگۈل بولۇپ كېتىدىغان بولدى-دە، ـ دېدى مەگلىخان ئاچا تاختا ئۈستىدىكى ئاق توپلەينى كۆرۈپ.

**جانغا پاتاڭ سالماق** ← جان ئاغرىتماق.

**جانغا پاتماق** ← جاندىن ئۆتمەك: قامچا جېنىغا پاتقان بالا ئورنىدىن بىراقلا تۇردى.

**جانغا تەگمەك** ئاچچىقىنى، غەزىپىنى كەلتۈرمەك، چىشىغا تەگمەك: ئىقتىسادىي جازا روزىنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەي، چىش ئاغرىقىدەك ئۇنىڭ جېنىغا تەگمەكتە ئىدى.

**جانغا تۇشلۇق ئىش قىلماق** ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا، قابىلىيىتىگە، كۈچىگە قاراپ ئىش قىلماق: بۆدۈنە ھەرقانچە چۈشەندۈرسىمۇ سېغىزخان قايىل بولماپتۇ. ـ بوپتۇ، ـ دەپتۇ بۆدۈنە ئاخىرى، ـ مەنمۇ جېنىمغا تۇشلۇق ئىش قىلاي، سەنمۇ قۇملۇقنى باغ قىلىۋەرگىن.

**جانغا جان ئالماق** بىراۋنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى ئۆلتۈرۈش يولى بىلەن ئىنتىقام ئالماق: ـ مەن بۈگۈندىن، جانغا جان ئالىمەن! ـ دېدى ئازچاق.

**جانغا جان، قانغا قان ئالماق** ← **جانغا جان ئالماق**: ـ قان ئىچكۈچى يالماۋۇزلار، ھالاك بولىدىغان كۈنلىرىڭ ئۇزاق قالمىدى! سىلەردىن جانغا جان، قانغا قان ئالىدىغان كۈنلەر پات يېقىندا يېتىپ كېلىدۇ! بۇنى ئۇنتۇشما! ـ دەپ توۋلىدى سىپىت ئابباس.

**جانغا جان قوشماق** ھاياتىي كۈچىنى غەيرەت ۋە شىجائىتىنى ئاشۇرماق: مەن كەتتىم، كېلىمەن قوغۇن پىشقاندا، بەختىمگە سەن ياشنا، بولغىن سالامەت. كېلىمەن سۆيۈنۈپ جان قوشۇپ جانغا، مەرىپەت-بىلىمدىن تېپىپ سائادەت،

* سەن پەرىشتىدەك، تۇرساڭ ئالدىمدا. مىڭ جان قوشاتتىڭ، مېنىڭ جېنىمغا.

**جانغا جان ئۆلماق** مەدەت، ياردەم بېرىپ جانلاندۇرماق، ئۆمرىنى ئۇزارتماق: – قەدىرلىك ئىنىم، ئۆلۈم خەۋپىدىن قورقماي، تار گەمىگە مۆكۈۋېلىپ كىرىپ، جېنىمغا جان ئۆلغان ئاشۇ ماخمۇت سەنمۇ، – جانىبىكنىڭ ۋۇجۇدى ھاياجاندىن لەرزىگە كەلگەنىدى.

**جانغا زامىن بولماق** ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولماق: شۇنداق قىلىپ، چۈجە خوراز بىرمۇنچە دوستلىرىنىڭ جېنىغا زامىن بوپتۇ. * ئەگەر تاپانچىدا يەنە ئوق بولغان بولسا، سادىق يەنە كىملەرنىڭ جېنىغا زامىن بولاتتىكىن، تاڭ!

**جان قاقشىماق** قاتتىق زۇلۇمدىن قىينالماق، ئېغىر ئازابلانماق: ئامبالغا ئاق چاي، دايىغا كۆك چاي، گۇندىغا سولىنىپ جان، جان قاقشىدى ۋاي!

**جان قاقماق** كۆڭۈل بۆلمەك، كۆيۈنمەك: بۇ يىگىتنىڭ قىزلارغا نېمە ئۈچۈن جان قېقىپ، شۇنچە مېھرىبانلىق كۆرسەتىدىغانلىقىغا ئەقلىم ھەيران.

**جان قالماسلىق** كۈچ ۋە ماغدۇردىن كەتمەك، ماغدۇرسىزلانماق: تۇرسۇننىڭ پۇتلىرىدا جان قالمىدى. كەچكى تاماقنى يېيىن، ئۇ قىلىن جۇۋىسىغا ئورىنىپ، ئۆزى يالغۇز دۆڭدە قاراپ تۇردى.

**جان قايغۇسى** ئۆزىنى، جېنىنى قۇتۇلدۇ-رۇش ئويى، غېمى: ئۆچكىگە جان قايغۇسى، قاسساپقا ماي قايغۇسى (ماقال). * جەڭدە يېڭىلىپ، جان قايغۇسى بىلەن قاچقان لەشكەرلەرنىڭ قايتىپ كېلىپ ئېلىشقۇدەك ھالى قالمىدى.

**جان كەتسىمۇ** جان چىقسىمۇ، ھەرقانچە ئېغىر چىقىم تارتىشقا توغرا كەلسىمۇ: چەكسە جاپا ئەل-يۇرتى قېرىندىشى، نە خاتىرجەم بولغايدۇر ئۇلار بېشى، گاھ كۆڭلىرى سۆھبەتتە ئاكا-ئىنى، رازى ئىدى ئەل ئۈچۈن كەتسە جېنى.

**جان كۆيەر** ناھايىتى غەمخور، كۆيۈمچان، مېھرىبان: جان كۆيەر دوستۇم. جان كۆيەر قېرىندىشىم. * «سەپەرقۇلدەك ئاق كۆڭۈل ئاتىنى، رەۋشەخان مومايدەك مېھرىبان ئانىنى، ئامانقۇلدەك جان كۆيەر، سادىق دوستنى تاشلاپ نەگە بارغۇلۇق؟!» دەپ ئويلىدى ئايقىز.

**جان كۆيدۈرمەك** بارلىق كۈچ-قۇدرىتىنى ۋە ئىمكانىيىتىنى ئايىماي ھەرىكەت قىلماق، كۆيۈنمەك: ئۇ ئۇزاقى يىلدىن باشلاپ كۆتۈرە ئالغان ئىشلارغا كېچە-كۈندۈز جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگىنى ئۈچۈن كىرىمى ئاشتى. * قىسمەت ئاكا بۇنى چوڭقۇر چۈشەنگەن، ھەمدەملىشىپ بىر-بىرىمىزگە يار-يۆلەك بولۇشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. ئۇنىڭ شىرمەمەتكە جان كۆيدۈرگىنىمۇ بىكار ئەمەس.

**جان كۈندە چېچەكلىمىدۇ** «ئادەم مەڭگۈ ئۆمۈر كۆرەمدۇ» دېگەن مەنىدە باشقىلارغا تەسەللى بېرىشتە ئىشلىتىدىغان پەند-نەسىھەت: – مۇنچىۋالا قىلىپ كەتمىسلە سارىخان، تولا يىغلاپ، قايغۇرۇپ دۇنيادا يوقلا بولۇپ كېتىپلا، قايغۇنى كۆڭۈللىرىدىن چىقىرىۋېتىپ، توق-توق يەپ، خاتىرجەم يۈرسىلە، جان دېگەن كۈندە چېچەكلىمىدۇ؟ – دەيتتى بەزى كىشىلەر تەسەللى بېرىپ. * ئوقەتنىڭ چېغى چاغلىق، جان كۈندە چېچەكلىمىدۇ؟ كۈندۈزى پىلەك تارتىپ، كېچىسى خەمەكلىمىدۇ؟

**جان كىرمەك** ① جان پەيدا بولماق، تىرىلمەك: يالغۇز قالغان ئىلى چىنىسگە قاراپ ئولتۇرۇپ، بىردىنلا قورقۇپ كېتىپتۇ، چىنىدىكى ئىنچىكە توغرالغان لازىغا بىردىنلا جان كىرىپ، مىدىرلاپ ئوتتۇرىدىن يېرىلىپتۇ-دە، ئىچىدىن ئاپئاق كرىستال تۇزغا ئوخشاپ كېتىدىغان كىچىككىنە بىرنەرسە چىقىپتۇ. ② كۆچمە. جانلانماق، روھلانماق، تېتىكلەشمەك: ئاۋازىدىن كېرەم بويتاق ئىكەنلىكىنى تونۇغان ئازادگۈلگە بىرئاز جان كىردى. * شۇ ئەسنادا مەنسۇرنى قوغلاپ يۈرگەن ئەكبەر بىلەن

ۋاھاپنىڭ قارىسى كۆرۈندى، خۇرشىدىخانغا تېخمۇ جان كىردى.

**جاننى ئالقانغا ئالماق** ھەر قانداق خەۋپ — خەتەرگە جېنىنى تىكمەك: ئۇلار ئەزىز جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويغان پىدائىيلار ئىدى.

**جاننى دالدىغا ئالماق** خەۋپ-خەتەردىن ئۆزىنى چەتكە ئالماق، قاچماق: — جېنىڭنى دالدىغا ئال، ئامال بولسا، سۇلايماننى كۆزدىن يوقات ياكى بىللە ئەپقاچ! سېنى ئەتىگىچە، بەلكىم بۈگۈنلا قولغا ئالىدىكەن!— دېدى ھېكمەت كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

**جاننى قولغا ئالماق** → **جاننى ئالقانغا ئالماق**: ئېنىق بىلەن بىللە تۇرماق — ئەزىز جاننى قولغا ئالماق (ماقال). ※ بۇ دەريانى ئۈزۈپ ئۆتمەن دېگەن ئادەم جېنىنى قولغا ئېلىپ قويسا بولىدۇ.

**جاننى قۇتۇلدۇرماق** ئۆزىنى خېيىم-خەتەر-دىن ساقلىماق، ئامان قالماق: — ئۆزۈڭنى تېزراق چەتكە ئال! جېنىڭنى قۇتۇلدۇر، ئامال قىلىپ باق، — دەپتۇ قۇتۇلغۇلۇپ تەكتلەپ.

**جاننى قىينىماق** ئاۋارىچىلىك تارتماق، ئازابلانماق، قىينالماق: — ئېيتىمغۇ، ئۇ يەردە چوقۇم شۇنداق قىلالايسىز! بۇ يەردە جاننى قىيناپ نېمە قىلىسىز؟ — دېدى يىگىت بۇۋى ھەجەرگە.

**جاننىڭ ئاكىسى** ئەڭ مۇھىمى، ئەڭ زۆرۈرى: بىلەمسەن، قىز بالا پۇلنى جان بىلىدۇ، پۇلسىز يۈرۈشنى يالىڭاچ يۈرگەندەك نومۇسلۇق بىلىدۇ. بىلگەنسەن، پۇل — جاننىڭ ئاكىسى.

**جاننى ئوغرىغا بەرمەسلىك** بىر ئامال قىلىپ تىرىكچىلىك قىلماق، جان ساقلىماق: — ئىشقىلىپ مۇشۇ ئوتتۇردا جاننى ئوغرىغا بەرمەي كېلىۋاتىمەن، — دېدى موللازەيدىن جاۋابەن.

**جاننى ئۇپراتماق** ئارتۇقچە جاپاغا قالماق، بىھۇدە جاپا تارتماق، قىينالماق: — ئۇنچىلىك ئىشقا ياش تۆكۈپ جېنىڭنى ئۇپراتما ئانا، «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دېگەن گەپ بار، خۇدايىم بېرەر، — دېدى سەمەت ئانىسىغا تەسەللى بېرىپ.

**جاننى ئېلىپ جاڭگالدا قويماق** ۋايجان دېگۈزمەك، ۋايجېنىنى چىقارماق: بۈگۈنمۇ ئۇنىڭ تۆمۈر ھالقىلىق يوغان دەرۋازىسىغا، ئېگىز تاملىرىغا، تال-باراڭلىق پېشايۋىنىغا، ئۆگزىسىدىكى ھېسابسىز كۆك كەپتەرلەرنىڭ پەرۋازىغا قاراپ: «خەپ ئوغرى، بىر كۈنلەر كەلسە جېنىڭنى ئېلىپ جاڭگالدا قويمىسام» دەپ ئويلىدىم.

**جاننى ئېلىپ قاچماق** شۇ جايدىن باشقا جايغا كېتىپ خېيىم-خەتەردىن قۇتۇلماق: — ئوبدان قىزىم، سىز بۇ يەردە تۇرماڭ، ناندىن بىرنەچچىنى ئېلىپ، جېنىڭىزنى ئېلىپ قېچىڭ! — دېدى موماي كۆڭلى ئەلەڭ-سەلەڭ بولۇپ.

**جاننى ئېلىپ يەردە قويماق** ھەددىدىن زىيادە قورقۇتماق، ھەددىدىن ئارتۇق قىيىنماق: بالام قىزىپ، تارتىشىپ قېلىپ، جېنىمنى ئېلىپ يەردە قويدى.

**جاننى ياقىغا ئالماق** شۇ جايدىن باشقا جايغا كېتىپ يوشۇرۇنماق، خېيىم-خەتەر-دىن ئۆزىنى يىراقلاشتۇرۇماق: ئۇ ئاخىر خاتىرجەم بولالماي، ۋەلى باپكاردىن جېنىنى ياقىغا ئالماق بولۇپ، كېچىلەپ قەسىرنى كۆچۈرۈپتۇ.

**جان ھەلقۇمدا** ئۆلەر ھالىتىدە، جان چىقىش ئالدىدا: جەڭ نەغمىسى چىقتى ئەۋجىگە، بىراق، تەگمىدى خەنجەر نىشانغا. جان ھەلقۇمدا چىشلىدى بۆرە، زەمىر تېنى بويالدى قانغا.

**جان ھەلقۇمغا كەلمەك** → **جان تۇمشۇققا كەلمەك.**

**جان ئويۇنى** جانغا خەتەر يەتكۈزىدىغان، تەھدىت سالىدىغان ھەرىكەت، پائالىيەت؛ ئەھۋال: «نامازشام خىزىرى» قۇم كەلكۈنى يامراپ تۇرغان مۇنداق پەيتتە، بىرەر يەردە ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىش ئەمەس، ھەتتا تۇرغان ئىزىدا توختاپ

قىلىشىنىڭمۇ خەتەرلىك جان ئويۇنى بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

**جان ئۈزمەك** جېنى چىقماق، ئۆلمەك، ۋاپات بولماق: ئىككى ئايال پۇتاقلىرى ئېلىنمىغان تاياق بىلەن قىرىقتىن ئۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ يوتىلىرىنىڭ گۆشى يېرىلىپ، قان ئېقىشقا باشلىدى ۋە ئانچە ئۆتمەي، بۇ ئىككى ئايال تاياق زەربىسىدىن جان ئۈزدى.

**جان ئېقىپ كەتمەك** مادارسىزلىنىپ كەتمەك، قىينالماق، ئازابلانماق: تۆت يىلدىن بېرى ئۆي سالىمەن دەپ، جېنىم ئېقىپ كېتەي دەپ قالدى.

**جان يايرىماق** شادلانماق، ھوزۇرلانماق، راھەتلەنمەك: بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، قەمەرززامان ناھايىتى خۇش بولۇپتۇ؛ جېنى يايراپ كېتىپتۇ.

**جان يەر** ① ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئەزاسى: ئايالنىڭ يېنىدا، جان يېرى كېسىپ تاشلىنىپ، قېتىپ قالغان تۆت ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالىمۇ ياتاتتى. ② كۆچمە. ئەجەللىك يېرى: بۇ گەپلەر غالىپنىڭ جان يېرىگە تەگدى. ئىلگىرىكى ۋاق بولىدىغان بولسا، ئۇ بۇ گەپلەرگە «ساغرىسىنى سىلىتىش» ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بۆرە تېرىسىنى كىيىپ يۈگۈرۈپ قوپقان بولاتتى.

**جېنى ئاز قالماق** ① ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالماق، ھاياتى ئاخىرلىشاي دەپ قالماق. ② قاتتىق قورقماق، ساراسىمىگە ۋە ۋەھىمىگە چۈشمەك: ـ ئوھوي...! ئەمىر بېشىڭىزنى ئالىمەن دەپ ئەنسىرەپ، جېنىم ئاز قالدى، ـ دېدى ئايدىڭ خانىش.

**جېنى بار** ① تىرىك، ھايات: بۇ توشقاننىڭ قۇلىقى مىدىرلىدى، جېنى بار ئىكەن. ② كۆچمە. ئاساسى بار، ئاساسلىق: ـ ياخشى، ئاباكەرى. بۇ تەشەببۇسنامىڭلارنىڭ جېنى بار ئىكەن، بۇنى چوڭ خەت بىلەن يېزىپ، تامغا چاپلاڭلار، ـ دېدى سابىر قەغەزنى ئاباكەرگە سۇنۇپ. ③ كۆچمە. كۈچى بار، كۈچلۈك، جانلىق: جېنى بار ئايال. * بۇ خېلى جېنى بار يىگىت ئىكەن.

**جېنى بار گەپ** ئاساسىي بار، پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان گەپ: ـ مەن مۇشۇ تۇرسۇن شېجاڭدىن بارغانسېرى گۇمانلىنىۋاتىمەن. ئۇ مېنىڭ يېقىن ئاغىنەم، لېكىن قىساسخور ئىكەن، كۆپچىلىك مەنسۇرغا ئۇۋال بولدى دېيىشىۋاتىدۇ، كوچا پارىڭى. لېكىن جېنى بار گەپ، ـ دېدى ھىكمەت ئەكبەرگە.

**جېنى بوش** بىرەر ئىشقا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان، ئاجىز، چىدامسىز: جېنى بوش ئادەم. جېنى بوش بالا. * ـ تازىمۇ جېنىڭ بوش ئاداشكەنسەن، ـ دېدى ئابلىكىم نۇرمەمەتكە چاقچاق قىلىپ.

**جېنى تاقىلداپ كەتمەك** بىرەر ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن تولىمۇ تەقەززا بولماق، ئالدىراپ كەتمەك: ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، جېنى تاقىلداپ كەتكەن سېيت كەپتەرلىرىنى قويۇپ بەردى.

**جېنى تۆيماق** ئالدىن سەزمەك، ھېس قىلماق: ـ جېنىڭلار تۆيغاندۇ، مەن سىلەرنى چايغا ئەمەس، مەسلىھەتكە ئەمەس، تەنقىد قىلىشقا ئۆيۈمگە چاقىردىم، ـ دېدى مەنسۇر قوشۇمىسىنى تۈرۈپ تۇرۇپ.

**جېنى چىققۇر** «بېشىنى يەر»، «ئۆلەر» - دېگەن مەنىدىكى قارغىش سۆزى.

**جېنى چىقماق** ① نەپىسى توختىماق، جان ئۈزمەك، ئۆلمەك: ئېگىزنىڭ ئاچچىقى كەلگۈچە، پاكارنىڭ جېنى چىقار (ماقال). * ـ رەنا، ئۇنداق گەپنى قىلماڭ. يەنە بىر قېتىم ئاڭلىسام، جېنىم چىقىپ كېتىدىغاندەكلا تۇرىدۇ، ـ دېدى نامەت. ② كۆچمە. قورقماق، قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشمەك: بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئايگۈلنىڭ جېنى چىقاي دېدى. ③ كۆچمە. ئاچچىقى، غەزىپى كەلمەك؛ دەرغەزەپ بولماق: جىنىنىڭ گېپى چىقسا، جېنى چىقىپتۇ (ماقال). * ـ نېمە دەيدۇ بۇ

ئادەم، جىنىمنى چىقىرىپ، ـ دېدى ئايالى ئېرىگە دومسىيىپ.

**جىنى چىلك** بىرەر ئىشقا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، چىدامىلىق: جىنى چىلك ئادەم.

**جىنىدىن ئارتۇق كۆرمەك** ناھايىتى ئەتىۋارلىماق، ئىنتايىن ياخشى كۆرمەك: كۆچ ئالدىم مېھرىڭدىن، ئارتۇقسەن جىنىمدىن.

**جىنىدىن جۇدا قىلماق** جىنىنى ئالماق، ئۆلتۈرمەك: شۇنداق قىلىپ، ئۇ باتۇر ئون مىنۇت ئېلىشا-ئېلىشايلا قاراقچىنى جىنىدىن جۇدا قىلدى.

**جىنى سۆيۈنمەك** كۆڭلى شادلانماق، خۇش بولماق: موماي ئۆزىنىڭ جان-جىگەر نەۋرىسى ھەققىدە سورالغان ھەربىر سوئالغا جىنى سۆيۈنگەن ھالدا جاۋاب بېرەتتى.

**جىنىغا بېقىپ** ئۆز ئەھۋالىغا، ماغدۇرى، مادارىغا قاراپ: پادىچىنىڭ قۇشقاچقا ئىچى ئاغرىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ: ـ جىنىڭغا بېقىپ ئىش قىلساڭچۇ جانىۋار، ـ دەپ ئۇچچۇ-رۇۋېتىپتۇ.

**جىنىغا ۋاي** ئەھۋالى نېمىدېگەن يامان، جاپاسى نېمىدېگەن كۆپ: ئۇ ۋاقىتلاردا كادىرلارنىڭ ئەتىدىن كەچكىچە ئىش قىلماي كوچىدا ئادەم قىچقىرىپلا يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىچىمدە، ئەزالارغىلا ئەمەس، بىچارە كادىرلارنىڭمۇ جىنىغا ۋاي دەپ ئويلايتتىم.

**جىنىم بىلەن** پۈتۈن كۈچ، پۈتۈن ئىمكانىيىتىم بىلەن، بەجانىدىل: ـ ۋەزىپىنى جىنىم بىلەن ئورۇندايمەن، ـ دېدى غوپۇر مەردانىلەر-چە جاۋاب بېرىپ.

**جىنىنى ئاتماق** پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلى-ماق، تەقدىم قىلماق: بېشىمغا ھەر بالا كەلسىمۇ، بۇ قىزىغا جىنىمنى ئاتاپ قويدۇم.

**جىنىنى تېنىدىن جۇدا قىلماق** ئۆلتۈرمەك: پالۋان دەرھال دەرياغا سەكرەپ چۈشۈپ، كىت بىلەن تۇتۇشۇپ، ئۇنىڭ جىنىنى تېنىدىن جۇدا قىلغاندىن

كېيىن، كېمىگە يېتىپ چىقىپتۇ.

**جىنىنى جان ئەتمەك** تىرىكچىلىك قىلماق، جان ساقلىماق: ـ ئارانلا جىنىمنى جان ئېتىپ كېتىۋاتقان تۇل ئايالمەن، مەن ئىغۋا توقۇپ تالاشقۇدەك نېمە بار ئىدى. مەن سىلەرنىڭ ئەزايىڭلار بولمسام، ـ دېدى ئەزىزخان.

**جىنىنى چىقارماق** ① ئۆلتۈرمەك، جىنىنى ئالماق: مۈشۈك چاشقاننى بىر چىشلەپ، ئۇنىڭ جىنىنى چىقاردى. ② كۆچمە. ئاچچىقىنى، غەزىپىنى كەلتۈرمەك؛ چىشىغا تەگمەك: تولا جىنىمنى چىقارما.

**جىنىنى دوغا تىكمەك** ھايات بىلەن ئويناشماي تەۋەككۈل قىلماق، ئۆزىنى بېغىشلىماق: ئۇلار كۆزلىگەن ئولجىغا يېقىنلاشقىنىدا بولسا ئەھۋال باشقىچە بولۇپتۇ، دەھشەتلىك تۈردە قاۋىشىپ، جىنىنى دوغا تىكىپ بوغۇشۇپتۇ.

**جىنىنى سىغدۇرماق** بىرەر جايدا پاناھلان-ماق، بىمالال ياشىماق: ئۇ بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرى ئۆز يۇرتىدا جىنىنى سىغدۇرالماي، باشقا يۇرتقا قاچقىپ كەتكەنىدى. مانا بۈگۈن يەنە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلدى.

**جىنىنى سېلىپ بەرمەك** بىھۇدە قۇربان بولماق، ئورۇنسىز ئۆلۈپ بەرمەك: تېنىۋالمەن دەپ بىكار ئاۋارە بولما، ئويلاپ باقىنا، ئىلى ئوغرىلىرىغا ئەگىشىپ، جىنىڭنى سېلىپ بېرىشتىن نېمە پايدا؟

**جىنىنى قويۇشقا جاي تاپالماسلىق** ئۆزىنى چەتكە ئالدىغان، پاناھلىنىدىغان جاي چىقماسلىق: تەشنالىق، چۆلنىڭ ھارارىتى ۋە ئاپتوبۇس ئىچىدىكى تىنجىقتىن جىنىنى قويارغا جاي تاپالماي قىيلىنىۋاتقان يولۇچىلار بىرەر دەرەخزارلىقنى ئۇچرىتىش ئۈمىدى بىلەن يىراقلارغا كۆز تىكىشەتتى.

**جىنىنىڭ بارىچە** پۈتۈن كۈچى بىلەن، ھەممە ئىمكانىيىتىنى ئىشقا سېلىپ؛ جان-جەھلى بىلەن: بۇ تاجىك خەلقىنىڭ تۇغقانچىلىق ئۆرپ-ئادىتىدىكى ئەڭ نازۇك ئىشقۇ؟ ئۇ

مۇشۇلارنى ئويلاپ بولۇپ، راۋابىنى جىنىنىڭ بارىچە قاتتىق زەخمەك ئۇرۇپ توختاتتى.

**جىنىنى ھەلقۇمغا ئاپارماق** ئۆلەر ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويماق: تۈنۈگۈن سايدىكى ئىت تالاشتۇرۇشتا، چاقارلىقنىڭ ھىلقى داڭلىق تايغىنىنى قۇلاق تۈۋىدىن بىر ئالغانچە جىنىنى ھەلقۇمغا ئاپىرىپ قويدى.

**جىنى ئون بولسىمۇ** «ھەرقانچە كۈچلۈك، ئىقتىدارلىق بولسىمۇ» دېگەن مەنىدە، كېلىپ چىقىدىغان نەتىجىگە قارىشى شەرت مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: جىنىڭ ئون بولسىمۇ، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلماسلىققا پېتىنالمايسەن.

**جىنى ئىچىگە پاتماسلىق** قاتتىق خۇشال-لىنىپ، ھاياجانلىنىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماس-لىق: گۈلنىڭ بىردىنلا جىنى ئىچىگە پاتماي قالغانلىقى ئاتا-ئانىسىنى ھەيران قالدۇردى.

**جىنى ئىچىگە سىغماسلىق** ← جىنى ئىچىگە پاتماسلىق.

**جىنى يوق** ① ئۆلۈك، ئۆلگەن، جانسىز: ئېغىلدىكى ئۈچ قوينىڭ ئىككىسى يېرىم جان، بىرىنىڭ جىنى يوق ئىدى. ② كۆچمە. كۈچى يوق، كۈچسىز، مادارسىز: پۇلى يوقنىڭ جىنى يوق (ماقال). * پۇت-قولۇمنىڭ ھېچ جىنى يوق. پىيادە ئۇ يەرگە بارالمايدىغاندەك قىلىمەن. ③ بوش، چىدامسىز، ئاجىز: جىنى يوق ماتا.

**جاناب** ئى [ئە] ① كۆپىنچە «جانابلىرى» شەكلىدە ئۇلۇغلاش، ھۆرمەتلەش مەنىسىدە كېلىدۇ: ئەلچى جانابلىرى. * ـ جانابلىرى، مېنىڭ دۇنياغا كېلىپ كۆرگەن بايلىقىم شۇ بىر قوچقار ئىدى. مەن تۆھمەت قىلمايمەن، ئۇ مېنىڭكى ئىدى، ـ دەپتۇ سايىم قازىغا يالۋۇرۇپ. * ـ جياڭ ۋېيپۇەنجاڭ جانابلىرى نەنجىڭنى تاشلاپ چىققاندىن كېيىن، مانا بىر-ئىككى ئاي بولدى، خەقنىڭ ئەلپازى يامان بولۇپ كەتتى، ھە دېسە غوۋغا، ـ دېدى ھېسامىدىن داموللا. ② «ئەرباب» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ: جانابلار، خانىملار! * مەن ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىدىم. چەتتىكى ئۇستەلدە، مەستۇرە بىلەن بىللە ئېسىل كىيىنگەن بىر ئېگىز بويلۇق چەت ئەللىك جاناب ئولتۇراتتى.

**جانابىي** سۈپ. شەخسلەرنى ھۆرمەتلەش مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ: جانابىي ئالىيلىرى. * ـ بەك توغرا. ئويۇننىڭ يىلتىزى ئوردۇدا، ئۇنى كولاپ چىقىرىش كېرەك، قانداق دېدىم، جانابىي ئىلىك ئۇستاز! ... ـ دېدى خەزىنىچى چاندۇرمىغان بولۇپ.

**جانابىي ئالىيلىرى** يىز ت. كىشىلەرنىڭ نامىنى ئۇلۇغلاپ ئېيتىلىدىغان ھۆرمەت سۆزى: جانابىي ئالىيلىرىنىڭ پەرمانلىرىغا ئاساسەن، قاراخانىلارغا تاقابىل تۇرىدىغان لەشكەرلەر ئورۇنلاشتى.

**جانان** [پ] ① ئى. قەددى-قامىتى كېلىش-كەن، گۈزەل ئايال: جانان ناز ئۇيقۇدا يېتىپ نېچۈن تولغانماس، ئاشىقى كۈتۈپ تۇرسا ئېچىپ يورۇق رۇجەكلەرنى. ② سۈپ. ياخشى، گۈزەل، چىرايلىق: قىزىق ئىكەنسەن ئۇكا، زەيتۇنەم ئۇقسۇن-ئۇقمىسۇن بۇ جانان قىز بەربىر سىنىڭ. ③ ئى. يېقىن كىشىلەرگە نىسبەتەن مۇراجىئەت ۋە ھۆرمەت مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ: جانانىم، قاچان كېلەرسەن، يولۇڭغا ئىنتىزار مەن. ④ ئاياللار ئىسمى.

**جانان چىنە** چىرايلىق، گۈزەللۈك، نەپىس چىنە: شۇ ئەسنادا ئابدۇقادىر داموللام پەتنۇس بىلەن جانان چىنىلەردە ئۈگرە ئاش كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

**جانانە** ئى [پ] چىن كۆڭۈلدىن سۆيگەن يار، مەشۇق، مەھبۇبە: بىر قاراي يولغا چىقىپ، جانانە يارىم كەلدىمۇ؟ كۆزلىرى ئاھۇ، يۈزى پىشقان ئانارىم كەلدىمۇ؟

**جانباز** سۈپ [پ] بىرەر ئىشتا ئۆلۈش-تىرىلىش-كە قارىماي ئەستايىدىل غەيرەت

كۆرسەتكۈچى، پىداكار: ناخشىلار، كىتابلار، دوكلاتلاردا ۋە سىياسەتلەردە ھەر كۈنى تەرىپلىنىدىغان پايتەختتە بولۇش، بەلكىم مېنىڭ مۇنۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئىشىغا بېرىلگەن قىزغىن دوستۇم ئۈچۈن چەكسىز خۇشاللىق تۇيۇلغاندۇر، كۆرۈۋال، قېنىۋال، ھاياجانلىرىڭنى ئەركىن بايان قىلىۋال، ئەي، مېنىڭ پىداكار، جانباز دوستۇم.

**جانبازلىق** «جانباز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مەنسۇر كۆپچىلىكتىن ئايرىلىپ چىقتى-دە، ئەكبەرنىڭ يېنىغا كەلدى. خىزمىتىدىن توختىغان بولسىمۇ، جانبازلىقتىن قالمىغان سابىق ياچېيكا شۇجىسى ھېلىمۇ خۇش خۇي ئىدى.

**جان-پان** ئەس-ھوش: جان-پىنى چىقماق.

**جان-پىنى بىلەن** پۈتۈن كۈچى بىلەن: «خۇدايا، بىر كۈچ ئىلتىپات ئەيلە، ياۋۇز جاڭگالدىن بىريولى ئازاد ئەيلە! قايناتسىمۇ قوشۇلماس قېنىم قېنى بىلەن!...» ئېلىشتى نۇزۇك يەنە جان-پىنى بىلەن.

**جان-پىنى چىقماق** ① قاتتىق قورقماق: ۋارىسجاننىڭ جان-پىنى چىقىپ كەتتى، كۆزىنىڭ ئاق پاختىسىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ يېلىنىشقا باشلىدى. * ئەختەمنىڭ قورققىنىدىن جان-پىنى چىقىپ كەتتى، ئۇ بىلىندۇرمەسلىك ئۈچۈن، قول قوشتۇرۇپ سالام بەردى. ② ئىنتايىن غەزىپى كەلمەك، ئاچچىقى كەلمەك: زۇلپىيىدىن گۈلباھارنىڭ ئېيتىنى ئاڭلىغان ھامان، نەزىرەنىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ، جان-پىنى چىقىپ كەتكەندەك بولدى.

**جان-تەن** جان ۋە تەندىن ئىبارەت بارلىق، ۋۇجۇد: جان-تەن بىلەن.

**جان-تەن بىلەن** پۈتۈن كۈچى، ۋۇجۇدى، بارلىقى بىلەن: - جېنىم-تېنىم بىلەن باراتتىم، - دەپتۇ مەلىكە. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ۋەدىنى پۈتۈشۈپ، خوشلىشىپ قايتىپتۇ.

**جان-جانىۋار** كىچىك ۋە چوڭ بارلىق جانلىقلار: خېلى يىللاردىن بۇيان چوڭ-كىچىك جان-جانىۋارلار، ئۇچار-قۇشلارمۇ پات-پات ۋەكىللەر يىغىنىنى چاقىرىپ، ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلغان، ئالاھىدە تۆھپىسى بارلارنى باھالاپ، ئۇلار ئىچىدىن نەمۇنىچىلارنى سايلاپ كېلىۋاتاتتى.

**جان-جەھل** ماددىي ۋە مەنىۋى تىرىشچانلىق: جان-جەھلى بىلەن.

**جان-جەھلى بىلەن** بارلىق تىرىشچانلىقى بىلەن، جېنىنىڭ بارىچە: يىقىنىدىن بېرى گۈلبېرانىڭ روھى ناھايىتى سولغۇن ئىدى، لېكىن پۈتۈن دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ بىلەن يۇماقچى بولغاندەك، جان-جەھلى بىلەن كۈچەپ ئىشلەۋاتاتتى.

**جان-جېنى** ۋۇجۇد ۋە ئەس-ھوش قاتارلىقلار: جان-جېنىدىن ئۆتۈپ كەتمەك.

**جان-جېنىدىن ئۆتۈپ كەتمەك** ئىنتايىن قاتتىق تەسىر قىلماق، پۈتۈن بەدىنىگە تارىماق: قاسىم جىڭسانىڭ «ھايۋان» دېگەن سۆزى ئۇنىڭ جان-جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. * ئادەمنىڭ جان-جېنىدىن ئۆتۈپ كېتىدىغان مۇشۇنداق قاتتىق سوغۇقتا دالىدا قونۇپ قېلىش مۇمكىنمۇ؟

**جانجىگەر** سۈپ [جان+جىگەر] ناھايىتى يېقىن، ئىچ قويۇن، تاش قويۇن: ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندى. ئىرپاننىڭ جانجىگەر دوستى ۋە ئارقا تىرىكى لۇتپۇللا ئەترىتى بىلەن قەشقەردىن كېتىپ قالدى.

**جاندار** ئى [پ] جانلىق، تىرىك جانىۋار: قەدىمكى زاماندا زالىم ۋە خۇيى يامان بىر قارچىغا پاشايدىكەن. ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ھېچبىر جاندار خاتىرجەم ئەمەسكەن.

**جاندارلارنىڭ ئويغىنىشى** <ئاستر> 24 مەۋسۇمنىڭ بىرى، يەنى 3-ئاينىڭ 5-، 6-ياكى 7-كۈنلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**جان-دىل** جان ۋە دىل: غېرىب سەنەمگە جان-دىلىدىن ئاشىقى شەيدا بولغانىدى.

**جان-دىل بىلەن** پۈتۈن كۈچ-قۇۋۋىتى،

بارلىقى بىلەن؛ ئىنتايىن قاتتىق تىرىشىپ: لۈتۈن مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىدىكى سۆھبەتتىن كېيىن، سىنىپ تەشكىلى تاپشۇرغان ۋەزىپىنى جان-دىل بىلەن ئورۇنداش نىيىتىگە كەلگەنىدى.

**جانسىز** سۈپ ① جېنى يوق، ئۆلۈك: باتالىيون كوماندىرى ئالدىدا جانسىز ياتقان يول باشلىغۇچىسى جۇنسىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى ۋە نىزامىدىنىنىڭ قولىدىكى تاپانچىغا بىر قارىدى-دە، بېشىنى تۆۋەن سالدى. ② جېنى يوق نەرسىلەردىن تەركىب تاپقان: جانسىز تەبىئەت. ③ كۈچى يوق، كۈچسىز؛ بوش، ئاجىز، چىدامسىز؛ نىمجان: ساقاق قولۇمدىن پروژېكتورنى ئېلىپ، بېشىدىن ئېگىز قىلىپ كۆتۈرۈپ، ئالدى تەرەپنى يورۇتۇپ باقتى. قول چىرىغىنىڭ بۇ جانسىز نۇرىدا ھېچنىمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ④ كۆچمە. كەيپىياتى تۆۋەن، روھى بوش؛ تەسىرى ئاجىز، سۇس: بۇگۇنكى يىغىن مەيدانىنىڭ داغدۇغىسى جانسىز بولۇپ قالدى. باشقۇرغۇچىمۇ جانسىز سۆزلىدى. * ئىنتايىن ياخشى بولغان بىر ئەدەبىي ئەسەر ياخشى ئوقۇلمىغاندا، تەسىرى يوق، جانسىز بىرنەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ⑤ ھاياتلىق بولمىغان، جىمجىت: ئۇزاق يىللار بويى ھۆكۈم سۈرگەن، فېئودال ئاپەتنىڭ تەختىنى بۇزدۇق. ئازاد ئەمگەكنىڭ قۇدرىتى بىلەن، جانسىز ۋادىلارغا ھايات كىرگۈزدۇق.

**جانسىز تەبىئەت** ئادەم، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلاردىن باشقا ھەممە ھەرىكەتسىز، نېئورگانىك مىنېراللارغا خاس ماددىلار.

**جانسىزلاندۇرماق** «جانسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جانسىزلاندۇرۇلماق** «جانسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جانسىزلانماق** پ. كۈچسىز، مادارسىزلانماق، بوشاشماق: رىشتىنىڭ بەدىنى ئىختىيارسىز جۇغۇلداپ كەتتى ۋە پۈت-قولى جانسىزلانغاندەك بولۇپ، چېھرىگۈلنىڭ پۈتىنىمۇ دەسسىۋالدى. * ئۇ ئۇمىدۋارلىق بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا لېپاپنى يىرتىپ خەتنى ئوقۇدى. ئۇنىڭ ھاياجاندىن تىترەۋاتقان قوللىرى بارا-بارا جانسىزلىنىپ، لېپاپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

**جانسىزلىق** «جانسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۆيدە تۇرۇشلۇق ئادەملەر، ئائىلىۋى سۈرەتلەر، قوپال ئۆي جاھازلىرى ۋە خۇنۇك قاچا-قۇچىلار، چاكىنا ھەشەمەتلىك سۆلەتۋازلىق ۋە ھەربىر نەرسىدە ئەكس ئېتىپ تۇرغان ئۆلۈك-جانسىزلىق قىلچە ئۆزگۈرۈشسىز ئۆز پېتىچىلا ئىدى.

**جانلاندۇرماق** «جانلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: باھار كەتتى، ھەممە تىلىك ياز ئايلىرى ئۆزىنىڭ ئوتلۇق مېھرى بىلەن تەبىئەتنى جانلاندۇرۇۋەتتى.

**جانلاندۇرۇش** ① «جانلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئىسىمدىشى. ② <ئەد> ئەدەبىياتتىكى بەدىئىي تەسۋىر ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى. بۇ ئۇسۇلدا، ئىنسانغا خاس قابىلىيەتلەر ھايۋان ۋە جانسىز نەرسىلەرگە كۆچۈرۈلىدۇ ياكى ئىنسانلار ھايۋان ۋە نەرسە سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ.

**جانلاندۇرۇشماق** «جانلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جانلاندۇرۇلماق** «جانلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەگەر سىز كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان رەڭمۇرەڭ تۇرمۇش مەنزىرىلىرى بىلەن جانلاندۇرۇلغان «گۇمان» دېگەن ھېكايىنى ئوقۇپ چىقسىڭىز، ئاپتورنىڭ بۇنچىلىك كەڭ تۇرمۇش مەزمۇنىنى قانداق قىلىپ بىرنەچچە بەتلا كېلىدىغان قىسقا بىر ھېكايىگە سىغدۇرالىغانلىقىغا ھەيران قالىسىز.

**جانلانماق** پ ① جانلىق تۇسكە كىرمەك، ياشىماق: قىش ئۆتۈپ كەتتى. كۆن ئاستا-ئاستا ئىسسىپ، ئۇزۇندىن بۇيان ئۇيقۇدا ياتقان يەر-زېمىنمۇ باشقىچە جانلىنىپ كەتتى. ② تېتىكلەشمەك،

روھلانماق، جۇشقۇنلاشماق: نۇردۇن ھاكىم بىردىنلا جانلاندى، شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى ھەممىدىن كۈچلۈك، ھەممىدىن قاۋۇل ھېس قىلدى. ③ ئاۋاتلاشماق، قىزىماق: بۈگۈن دەرستىن سىرتقى كۇرۇژوكنىڭ پائالىيىتى بولەكچىلا جانلىنىپ كەتكەندى. ④ روناق تاپماق، راۋاجلانماق، يۈكسەلمەك، ئالغا باسماق: ئۆزۈن يىللار ئەنسىزلىك پەيدا قىلىپ قۇترىغان مۇدھىش بوران توختاپ، باش باھاردا ياغقان شەپقەت يامغۇرىدا بىپايان زېمىن يۇيۇنغاندىن كېيىن، بۇ تاغلىق يېزىمۇ جانلىنىشقا باشلىدى. ⑤ كۆچمە. قايتا كۆرۈنمەك، گەۋدىلەنمەك: نىيازنىڭ بىردىنلا كۆڭلى يورۇپ، ئۆزى يەڭگىللەپ قالدى، ئۇ لامپا يورۇقىغا كېلىپ، قەلەمنى قولىغا ئېلىۋىدى، بىرنەچچە كۈندىن بېرىقى كۆرگەن-بىلگەن ئەھۋاللىرى كۆز ئالدىدا جانلىنىپ، قەغەز بېتىگە مارجاندەك تىزىلىشقا باشلىدى.

**جانلىق** سۈپ ① جېنى بار، تىرىك: جانلىق ئورگانىزم. جانلىق شەيئى. * ــ ئەمدى ئوتتۇن ساتسىڭىز ئۇن ئېلىپ كەلمەي، ئۇنىڭ پۇلىغا قۇربانلىق ئۈچۈن بىر جانلىق ئېلىپ كېلىڭ، ــ دەپتۇ پەملىك ئايال بوۋايغا. ② تىرىك ئورگانىزمدىن تەركىب تاپقان: جانلىق تەبىئەت. ③ ياشاۋاتقان، ھايات تۇرغان، تىرىك: خالىدەم ئۆز ۋەدىسىنى تولۇق ئورۇندىدى. ئۇ يولدىشى ئېلى بىلەن بالىلىرىنى ئېلىپ، ھېيت كۈنى مېنى يوقلاپ كەلدى. ئۇ ئاشۇ قانلىق تارىخنىڭ جانلىق گۇۋاھى ئىدى. ④ كۆچمە. جىم تۇرمايدىغان، ھەرىكەتچان، جۇشقۇن، تېتىك؛ روھلۇق: ئۇنىڭ تەن قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى بۇ كەمچىلىكىنى چاقماقتەك سۆزلىشى، جانلىق ھەرىكەتلىرى يېپىپ كېتەتتى. ⑤ كۆچمە. چىن، ھەقىقىي، ئەمەلىي: مۇسابىقىدە ئالتىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ كوماندىسى يېڭىۋالدى. خەمىتكە بۇ مۇسابىقە بىر جانلىق دەرس بولغاندەك تۇيۇلدى. ⑥ كۆچمە. جۇش ئۇرۇپ تۇرغان، جۇشقۇن: يىغىن باشلاندى. بەزى ئىشلار مەن ئويلىغاندەك بولمىدى. ھەممە يەلەن شۇنچە شاد-خۇرام، شۇنچە تېتىك، شۇنچە جانلىق ئىدى.

**جانلىق ئەمگەك** <س ئق> ماددىي ۋاستىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا، ئەمگەكچىنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي ئەمگىكىنىڭ سەرپىياتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**جانلىق تەبىئەت** ئادەم، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلاردىن تەركىب تاپقان بارلىق ھەرىكەت قىلغۇچى ئورگانىك ماددىلار دۇنياسى.

**جانلىق تىل** <تىل> شۇ مىللەت خەلقىنىڭ ئېغىزدا قوللىنىدىغان تىلى، يەنى خەلق تىلى. ئۇ ئادەتتە ئەدەبىي تىلنىڭ يېزىق تىل شەكلىگە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ. «ئېغىز تىلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**جانلىق كۈچ** <ھەرب> ① ئارمىيىدىكى ئەسكەر ۋە ئات-ئۇلاغلار. ② ئارمىيە.

**جانلىق ئورگانىزم** <بىئول> ← **جانلىقلار.**

**جانلىقشۇناس** ئى ← **بىئولوگ.**

**جانلىقشۇناسلىق** ئى ← **بىئولوگىيە.**

**جانلىقلار** ئى <بىئول> تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھاياتلىق ماددىلىرىدىن تۈزۈلگەن ھەممە ئۆسۈش، يېتىلىش ۋە كۆپىيىش قاتارلىق ئىقتىدارلارغا ئىگە بولغان جىسىملار. جانلىقلار مېتابولىزملىق رولى ئارقىلىق ئەتراپىدىكى مۇھىت بىلەن ماددا ئالماشتۇرىدۇ. ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ۋە مىكرو-ئورگانىزملارنىڭ ھەممىسى جانلىقلاردۇر.

**جانلىقلار ئەۋرىشكىسى** <بىئول> پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ساقلاش جەريانلىرىدىن ئۆتكەن، ئەسلىي شەكلى ۋە خۇسۇسىيىتى ساقلاپ قېلىنغان ھەممە بىئولوگىيە ئوقۇتۇشى، پەن تەتقىقاتى ياكى كۆرگەزمە قىلىش مەقسەتلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىـ

غان ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە مكروئورگانىزملار.

**جانلقلار تۈركۈمى** <بئول> بىر ماكان ياكى بىر سۇ ساھلىدا ياشايدىغان، ئۆزئارا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك مۇناسىۋەتلىرى بولغان ھەر خىل ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى. جانلقلار تۈركۈمىدىكى ھەممە ھايۋانلار «ھايۋانلار تۈركۈمى»؛ ھەممە ئۆسۈملۈكلەر بولسا، «ئۆسۈملۈكلەر تۈركۈمى» دېيىلىدۇ.

**جانلقلق** «جانلق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئالدىمىدىكى مەيدانغا تىزىلغان قوناقلارنىڭ كەڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ شىلدىرلاشلىرى جانلقلقىن دېرەك بەرمىسە، ئاي نۇرىغا چۆمگەن بۇ يېزىنى تىلسىم قىلىپ قاتۇرۇپ قويغانغا ئىشىنىشكە تەييار ئىدىم. * سەھەردىن باشلاپ كانايلاردىن ئۇرغۇۋاتقان ناخشا ساداسى كەڭ مۇھىتقا جانلقلق ۋە گۈزەللىك بېغىشلاپ، ئىدارىدە بولىدىغان خۇشاللق ئىشتىن دېرەك بېرەتتى.

**جان-مان** ← **جان-پان**: ھاكىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھوش-كاللىسىدىن كەتتى، جان-مانى تاپىنىدىن چىقتى، ئۇ ئارقىغا قايرىلىپلا، قەسىردىن بەدەر قاچتى. * ۋەتەنگە ئەھدە قىلدىم مەن بېرىشكە جان-مانىمنى، شۇڭا مەن تەرك ئېتىپ كەلدىم قولۇمدا ھەرنە بارىمنى.

**جان-مېنى چىقماق** ← **جان-پېنى چىقماق**: ئۇلار قورققانلىقىدىن جان-مېنى چىقىپ، ئىشتانلىرىغا چىقىرىۋەتتى.

**جانىجان** سۈپ [پ] ① قىممەتلىك، ئەڭ سۆيۈملۈك، قەدىرلىك: سەلىمخان ئۆزىنىڭ ئاق سۈت بېرىپ ئۆستۈرگەن جانىجان ئوغلىنىڭ ھەممە كىشى نەپرەتلىنىدىغان ئەخلەت دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىغا غەزەپلىنەتتى. ② تۇرمۇشقا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، ئەڭ مۇھىم،

ئەڭ زۆرۈر: بىزنىڭ ئىشچىلىرىمىز، تېخنىكلىرىمىز پارتىيە ياچېيكىسى ئەتراپىغا شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيۇشالىدىكى، بىز ئىشچىلار سىنىپىنىڭ جانىجان مەنپەئىتى نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆز ۋاقتىدا ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلىدۇق. * سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى خەلق ئاممىسىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش.

**جان-ئىمان** ئەس-ھوش، خاتىرجەملىك قاتارلىق روھىي ھالەت: جان-ئىمانى چىقماق.

**جان-ئىمانى چىقماق** ① قاتتىق ئاچچىقى كەلمەك، ئىنتايىن غەزىپى ئۆرلىمەك: ساقلى يۇلۇنغان يەرنىڭ تېرىسى ئېچىشىپ ئاغرىغانلىقى ئۈچۈن، ۋەزىرنىڭ جان-ئىمانى چىقىپ كېتىپتۇ. * بۇنى كۆرگەن باندىتنىڭ جان-ئىمانى چىقىپ، سادىر قۇلنىڭ كانىيىدىن بوغۇشقا باشلاپتۇ. ② قاتتىق قورقماق، ئەندىشىگە چۈشمەك: پادىشاھ بىلەن ۋەزىر، ئەمەلدارلارمۇ قورققىنىدىن جان-ئىمانى چىقىپ، جېنىنى ياققا ئاپتۇ.

**جانىۋار** ئى [پ] ① ھايۋان، ئۇچار-قانات، قۇرت-قۇڭغۇز قاتارلىق پۈتۈن جانلقلار: ھاتەم يەنە بىرنەچچە ۋاقىت يول يۈردى. بىرچاغدا قارىسا، ئۇ ئورمانلقتىن ھېسابسىز جانىۋارلار ئىنتايىن تېز چىقىپ كېلىۋېتىپتۇ. ② ئات-ئۇلاغ ياكى قاتناش ۋاستىلىرىگە نىسبەتەن «بۇ بىچارە» دېگەن مەنىدە ئەركىلىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: ھەسەن تراكتورنى توختىتىپ، يېنىدىكى سەپدىشىغا: ــ بىزنىڭ جانىۋار بىرئاز ئۇسساپ قالغان ئوخشايدۇ، ــ دەپ چېلەكنى ئېلىپ يەرگە چۈشتى.

**جاھات** ئى [ئە] ① تار س. دىن يولىدىكى ئۇرۇش، غازات. ② ئۇرۇش: باھار تاغى ئاسانلىقچە، ئۆزىچە كەلمىگەن ئوغلان، بىراۋ بەرگەن ئەمەس ھەرگىز ئۇنى يا ئىلتىپات ئەيلەپ. شېھىتلەرنىڭ قېنى بىرلە يارالغان بۇ باھار تاغى، يارالغان مىڭلىغان مەردلەر جاھات ئەيلەپ، غازات ئەيلەپ. ③ كۆچمە. تىرىشچانلىق، كۈرەش: ئىستىكمدۇر

سەن كەبى ئازاد ياشاش گۈلشەندە شاد، دەل شۇ مەقسەت ئۈستىدە قىلماقتىمەن تىنماي جاھات.

**جاھاز** ئى [ئە] قۇراشتۇرۇپ تەييارلانغان ئائىلە ئۈسكۈنە ــ جابدۇقلىرى: ھەر خىل قۇرۇلۇشلار، ئىدارە-ئورگانلار، ئاھالىلەر تۇرمۇشنى ياغاچتىن ياسىلىدىغان جاھازلارغا موھتاج. * قادىرنىڭ ئۆيى گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن، ئۆمرۈمدە كۆرمىگەن جاھازلار تىزىلغان ئۆي ئىدى.

**جاھازلاتماق** «جاھازلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ مېھمانخانا ئىككىنچى قەۋەتتىكى بۆلمىلەرنى چەت ئەللىك مېھمانلارغا ئاجرىتىپ، ھەر بىر بۆلمىنى تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر بىلەن جاھازلاتتى.

**جاھازلاشتۇرماق** «جاھازلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاسىملار بىر ئۆينى يۇرۇشلەشكەن ئائىلە سايمانلىرى بىلەن جاھازلاشتۇردى.

**جاھازلاشتۇرۇلماق** «جاھازلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يەر ئاستىغا گىلەم سېلىنىپ، ئالاھىدە سافا، ئەينەك ئىشكاپ بىلەن جاھازلاشتۇرۇلغان بۇ ئۆي ھەممىسىنىڭ كۆزىگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

**جاھازلاشماق** جاھازلانغان، جاھازلار بىلەن بېزەلگەن ھالەتكە كەلمەك: چىرايلىق جاھازلاشقان كەڭرەك بىر ئېغىز ئۆي مېھمانلار ئۈچۈن تەييارلانغانىدى.

**جاھازلانماق** «جاھازلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قىسقىسى، ئۆيىمىز ئاددىيلا جاھازلانغانىدى. يېنىمىزدىكى چوڭ ئۆيدە رەپقەتنىڭ ئانىسى تۇراتتى.

**جاھازلىق** سۈپ. جاھازىسى بار، جاھاز بىلەن بېزەلگەن، جاھازلانغان: ئۇ كىنوخانىنىڭ دەم ئېلىش ئۆيىدىكى ئەينەك جاھازلىق شەرەپ تاختىسى ئىچىدىن گۈلخاننى تېپىۋالدى.

**جاھازلىماق** پ. ئۆي، ئىشخانا قاتارلىقلارنى جاھازلار بىلەن جابدۇماق، ياسىماق: توي قىلىش ئالدىدا ئابلىمىت ئۆيىنى ئاددىيلا جاھازلاشقا ئۈلگۈرگەنىدى.

**جاھالەت** ئى [ئە] ئىلىم-مەرىپەتتىن مەھرۇم بولغان ھالەت، نادانلىق، قالاقلىق: قەشقەر شەھرى ئەسىرلەر بويى ئۇخلاپ ئۆتكەتەلمىگەن جاھالەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولغانىدى. * تەشەككۈر ئەيلىسەم ئەمدى ۋەتەن غەمدىن خالاس بولدى، جاھالەت يولىدىن قايتىپ، بىلىم ئىزلەش زامان بولدى.

**جاھالەتپەرەس** سۈپ [ئە+پ] كونىلىق، قالاقلىق تەرەپدارى، ئىلىم-مەرىپەت، مەدەنىيەتتىن مەھرۇم ۋە ئۇنى خالىمايدىغان: مۇقام نەزم تېكىستلىرىدە ئوتتۇرا ئەسىر ئەكسىيەتچىلىكىنىڭ روھىي تىرىكى بولغان جاھالەتپە-رەس روھانىيلىقنى شىكايەت ئاستىغا ئېلىنىدۇ.

**جاھالەتپەرەسلىك** «جاھالەتپەرەس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: خاتىرىدە ماركسىزم ۋۇجۇدقا كەلگەندىن بۇيانقى پرولېتارىيات ئەدەبىيات-سەنئە-تى چۆكۈرۈلگەن، ئەكسىيەتچىل مەدەنىيەت ئىنكارچىلى-قى ۋە فېئودال جاھالەتپەرەسلىك بازارغا سېلىنغان.

**جاھالەتچى** ئى. مەدەنىيەتكە، يېڭىلىققا، ئىلىم-پەنگە قارشى ئادەم؛ كونىلىق، قالاقلىق تەرەپدارى.

**جاھالەتچىلىك** ① «جاھالەتچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بۇ ئائالەتسىزلىكتىن يۈرىكى ئېچىشىپ، تۇرالماي قالغان تىكىباي ھەققەتكە كۆز يۇمغان بۇ كىشىلەرگە غەزەبلەندى ۋە بۇ نادان جاھالەتچىلىككە لەنەت ئوقۇدى. ② <پەلس> بىر خىل چىرىك بۇرژۇئازىيە پىكىر ئېقىمى. ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى تۈرلۈك جىنايەتلەرنى پەن ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى دەپ قاراپ، ئىپتىدائىي جاھالەت دەۋرىگە قايتىشنى تەرغىپ قىلىدۇ.

**جاھالەتلىك** سۈپ. جاھالەتتە قالغان؛ ئىلىم-پەن، مەدەنىيەتنى چەتكە قاقـقان، قالاق: ياڭ جياڭجۇننىڭ خەلقنى نادان قالدۇرۇپ ئىدارە قىلىش دېگىنى ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسىگەنلىكى. چۈنكى، خەلق ئويغىنىپ قالسا ئۆزىنىڭ مۇستەبىتلىكى... ئويغانسا، تەڭسىزلىك ئاساسىدا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان جاھالەتلىك سىياسەتكە قارشى چىقىپ، باراۋەرلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. * 1950-يىلى يازدا، سابىق يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى ۋە پېشقەدەم سەنئەت ئەربابى مەرھۇم قاسىمجان قەمبىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، تۇردىئاخۇن ئاكا جاھالەتلىك كونا جەمئىيەتتە كۆمۈلۈپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن «12 مۇقام»نى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، سىمغا ئېلىش ۋە ئۆگىتىش خىزمىتىگە تەكلىپ قىلىندى.

**جاھان** ئى [پ] ① يەر يۈزى ۋە يەر يۈزىدىكى بارلىقلار؛ دۇنيا، ئالەم: جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان (ماقال). * يېڭى دېھقان ئەلبەتتە گېزىت ئوقۇشى، جاھاننىڭ، مەملىكەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى دائىم بىلىپ تۇرۇشى كېرەك. * ـ باغلىماڭلار! ـ دېدى باتۇر ئۇلارغا قاراپ، ـ ئۇ نەگىمۇ قېچىپ كېتەلەيدۇ؟ ئۇنى قويۇپ بېرىڭلار. بۇ يەردە كۆرگەنلىرىنى بېرىپ زالىم ۋاڭغا ئېيتسۇن! جاھاننىڭ ئەمدى كىمنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلىپ قويسۇن. ② دۇنيادىكى ھەممە خەلقلەر، پۈتۈن ئىنسانىيەت، ھەممە نەرسە: ـ جاھاننىڭ ھەممىسى كېلىپ مېنى بوزەك قىلغانلىقىغا قاراپ مۇشۇ يولغا كىرىۋالدىم، ـ دېدى غولام زەيدىنگە جاۋاب بېرىپ. ③ كۆچمە. جەمئىيەت، يۇرتنىڭ بەلگىلىك ۋەزىيىتى، ھالىتى: ـ ھازىرقى ئەھۋال كىشىنى خويمۇ تويدۇرۇۋاتىدۇ! بۈگۈنكى جۇڭگودا جاھان ئۆكتەملەرـنىڭ بولۇپ قالدى، ياخشى ئادەملەرگە كۈن يوق، ـ دېدى سۇ گۈەنلەن ھەسرەت بىلەن. * ـ خەلپىتىمنى ئىزلەشتىكى مەقسىتىم، جاھاننى قۇتقۇزۇپ، ئەلنى تېنچلاندۇرۇشنىڭ ئامالىنى سوراش ئىدى، ـ دېدى لىيۇبېي. ④ كۆچمە. نۇرغۇن، كۆپ؛ چوڭ؛ ئۇلۇغ: ـ ئېھ! سەن بولمىغان بولساڭ، قايىنىمغا چۆكۈپ ئۆلەتتىمكىنە؟ قېرىلىق يېتىپتۇ جۇمۇ. سېنىڭ بولغىنىڭ جاھان ئىش بولدى! ـ دېدى نۇرئاخۇن خالمۇراتقا قاراپ. * «مەن قالايمىقانچىلىقنى خالىمايدىغان ئادەم، ناۋادا بىرەر ئېگىز-پەسلىك بولۇپ قالسا، يۇنۇسئاخۇنمۇ خىجالەتچىلىكتە قالمىسۇن، ئۆز كۆڭۈلگىنى ئۆزۈلگۈئال دەپ جاھان ئىش قىپتىكەن-دە تاغام» دەپ ئويلىدى قادىر. ⑤ گېئولوگىيىلىك يىلنامىلەرنى بۆلۈشتىكى ئەڭ چوڭ بىرلىك.

**جاھان ئارا** پۈتۈن دۇنيا، يەر يۈزىدە: قۇچقىڭ بەكمۇ يىللىق ئۇلۇغ ۋەتەن، سېنىڭدە يۈكسىلىپ مەن شان قۇچىمەن. ياڭرىتىپ جاھان ئارا شۆھرىتىڭنى، پەرۋاز قىلىپ قانات قاققان قۇش بولىمەن.

**جاھان تۇتماق** تۇرمۇش كەچۈرمەك، ياشىماق: بۇ مەھەللىدە جاھان تۇتۇپ كېلىۋاتقىنىغا 20 يىلدىن ئاشقان بولغاچقىمۇ، كۆپچىلىك كىشىلەر ئۇنى ياخشى چۈشىنەتتى.

**جاھاندا بىر** ① يالغۇز، تەنھا: شاراپەتخانىنىڭ جاھاندا بىرلا ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئەركىن ئىدى. ② كۆچمە. تەڭداشسىز، باشقىلار تەڭلىشەلمەيدىغان: جاھاندا شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، تاسادىپىي كىچىككىنە بىر ئىشتا نەتىجە يارىتىپ قالسا، ئۆزىنى جاھاندا بىر دەپ ھېسابلاپ، باشقىلارنىڭ ئەمگىكىنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىشقا تىرىشىدۇ.

**جاھاندىن كەتمەك** ئۆلمەك، ۋاپات بولماق: 20 ياشتا ئۇ كەتتى جاھاندىن، ئىزى قالماي بۆلەك بۇ داستاندىن.

**جاھان رەپتارى** جاھاننىڭ خاھىشى، يۈزلىنىشى: ـ جاھاننىڭ رەپتارى شۇنداق ئىكەن، بۇنىڭغا نېمە چارە؟ ـ دېدى قاسىم ئاخۇن ئاستا ئۇھ تارتىپ.

**جاھان رەپتارىغا باقماق** جاھاننىڭ يۈزلىنىشى، خاھىشىغا قاراپ ئىش قىلماق: شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەمدى «جاھان رەپتارىغا بېقىپ

ئىش تۇتۇش كېرەك» دېگەن نەرسىنى نىشان قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى.

**جاھان رەپتارىغا كىرىشۋالماق** جاھاننىڭ خاھىشى، يۈزلىنىشىگە ماسلىشىۋالماق: گۇرۇھۋاز ئۇنسۇرلارغا ۋە گۇرۇھۋازلىق ئىدىيىسى ئېغىر كىشىلەرگە ئاسانلىقچە ئىشىنىپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك. چۈنكى، ئۇلار خەتتە يېزىلغان فىلىك داۋغا ئوخشاش جاھان رەپتارىغا كىرىشۋالغان ئادەملەر.

**جاھان سارىڭى** جاھاننىڭ ئىشلىرىغا بولغان نارازىلىقى تۈپەيلىدىن ساراڭ قىياپىتىگە كىرىۋالغان (ئادەم): جاھان سارىڭى ئەۋلىيا ئاتا مەن كونا جەمئىيەتتە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن نۇرغۇن ناماراتلار ئىچىدىكى بىرى ئىدى.

**جاھانغا پاتماي** ← **جاھانغا سىغماي**: ـ بەزىلەر خورازنىڭ تاجىچىلىك مەنسىپكە جاھانغا پاتماي كېتىدىكەنۇ، بىزنىڭ بۇگۈنكىدەك شادلىقىمىز ئۇچۇن ئوينىماپ-كۈلۈشكە ھەققىمىز يوقمىكەن!؟ ـ دېدى زەينەپ ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا. * ئۇنۇڭۇن كېرىلىپ جاھانغا پاتماي يۈرگەن، مىنى تىرناقچىلىكمۇ نەزىرىگە ئىلمىغان تەكەببۇر ئادەم مانا ھازىر قوينىڭ قوزىسىدەك مۆلايىم بولۇپ، ماڭا يالۋۇرماقتا. * ـ ئۇ بۇنى شۆھرەت بىلىپ جاھانغا سىغماي قالغان. بۇنى سۆزلەپ بەرسەم، بۇ ئىشنىڭ ئۆزى بىر قىزىق ھېكايە، ـ دېدى تۇرسۇن ئابلىكىمگە قاراپ.

**جاھانغا سىغماي** ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، كۆرەڭلەپ.

**جاھانغا كۆز ئاچماق** ← **ئالەمگە كۆز ئاچماق**: كۆز ئاچتۇق يېقىدىن كۈلۈپ جاھانغا، سەن بەرگەن ھوقۇقتىن ياشناپ دىلىمىز. ئىلگىرىلەپ، گۈل قىسىپ يېڭى زامانغا، ئۆسمەكتە كۆرەشتە غالىب بەختىمىز.

**جاھان قىنىغا چۈشمەك** جاھان ئوڭشالماق، ئىشلار رەتكە چۈشمەك: مەن ھەممىنى بىلىپ تۇردۇم، ئۇنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرى ئەينەكتەك ماڭا ئايان تۇرسا! «تۆت سولتەك» تارتىپ چىقىرىلىپ، جاھان قىنىغا چۈشكەندىن كېيىن، مەن جۇمە بايۋەچچىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىر كۆرۈپ باقاي دەپ ئويلىغانىدىم، نەدىكىنى! يەنە بازار چاققانىنىڭ بولدى.

**جاھان كەزمەك** ← **ئالەم كەزمەك**: مەن بۇ يەردىن بۇنىڭدىن 40 يىل ئىلگىرى چىقىپ كەتكەنىدىم. مەن ھىندىستاندا، ئەرەب ئەللىرىدە ۋە باشقا نۇرغۇن مەملىكەتلەردە بولدۇم. شۇنداق قىلىپ، مەن 30 يىل جاھان كەزدىم. * ـ مۇنىرە، سەن ئاڭلىدىڭمۇ، يولداش سابىرنىڭ جاھان كېزىپ كەلگىنى بىكار كەتمىدى، ـ دېدى زەيتۇنەم خۇشاللىق بىلەن.

**جاھان كۆرگەن** ① نۇرغۇن يەرلەرگە بېرىپ، كۆپنى كۆرگەن. ② ھەممىدىن خەۋىرى بار: ـ ئەلى، سەن خېلى جاھان كۆرگەن ئادەم. بېيجىڭلىقلار بىزنىڭ «ئىلى داچۇي»گە قانداق باھا بېرىدىكەن؟ ئۇلارمۇ بىزنىڭ بۇ داڭلىق ھارىقىمىزنى ياخشى كۆرىدىغۇ-دەيمەن، ـ دېدى ئاتباس قىزارغان كۆزلىرىنى ئەلگە تىكىپ.

**جاھاننى ئاستىن-ئۈستۈن قىلماق** ← **ئالەمنى باشقا كىيمەك.**

**جاھاننى بېشىغا كىيمەك** ← **ئالەمنى باشقا كىيمەك**: بىرچاغلاردا ئالىقاچان ئەلنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ، تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلىنىپ كەتكەن لۈكچەكلەر، يالقاۋلار، ئوغرى-خىيانەتچىلەر بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردىن ئېتىلىپ چىقىپ، جاھاننى بېشىغا كىيىشكەنىدى. * تۇرسۇن ئاتا شۇ خىيال بىلەن باتۇرنى ئوردىنىڭ باشقا ئىشلىرىغا ئېلىپ قېلىشقا كىرىشتى. لېكىن، زاھىر تەيجى شاھزادىنىڭ جاھاننى بېشىغا كىيىشىدىن قورقۇپ، ئۇنداق قىلىشقا ئۇنىمىدى.

**جاھاننىڭ كارى** جاھاننىڭ تۇرمۇش، تىرىكچىلىك ئىشلىرى: جىمىپ كەتتىڭىزغۇ باقى ئاكا، جاھاننىڭ كارى تۈگەيدۇ، قېنى ناخشا ئېيتىڭا!

* قولۇمدا قالغىنى شۇ سۆيۈملۈك يار، ساقايدى ئاچلىقتىن بولغان شۇ بىمار. بۇ تەقدىر ئەزدى شۇنداق مېنى قىلىپ خار، جاھاننىڭ كارى شۇنداق، بەزىدە تار.

**جاھاننىڭ كارى چاغلىق** جاھاننىڭ تۇرمۇش، تىرىكچىلىك ئىشلىرى شۇنچىلىك، بۇنىڭدىن ئارتۇق ئەمەس: ـ جاھاننىڭ كارى چاغلىق تۇرسا، بىزدە نېمە ئامال، ـ دېدى ئابلىكىم بېشىنى تۆۋەن سېلىپ چوڭقۇر ئۇھ تارتقان ھالدا.

**جاھاننىڭ كارى شۇنچىلىك** بۇ دۇنيا شۇنچىلىك، دۇنيانىڭ تىرىكچىلىكى شۇنچىلىك.

**جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭ** جاھاننىڭ پايانى يوق، ناھايىتى چوڭ، بەك يوغان: ـ نەگە دەمسەن؟ قىزىق، جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭ، ئىنىم. سۇ دېگەن غەلىتە بىرنېمە، بېشى نەگە قايسا، شۇ تەرەپكە كېتىۋېرىدۇ، تەلۋىلىكى تۇتسا، ئۆينى تاشلاپ دۆڭگە چاپىدۇ، ـ تۇرسۇناخۇن ئېغىزدا شۇنداق دېسىمۇ، لېكىن، كۆڭلىدە سابىرنىڭ قارلىق تاغقا قىزىقىپ قالغانلىقىدىن مەمنۇن بولدى.

**جاھان ئۆگىلىنىماق** جاھان تۈزەلمەك، ياخشىلانماق: مەيلى بۇ ھوجرامنى ئاغدۇرسۇن ئۇلار، ئەجرىمنى تۇتقۇزۇپ قويمايمەن ئاسان. تېنىمدىن ئۆچكىچە ئاخىرقى نەپەس، ساقلايمەن ئۆگىلىنىپ كەتكىچە جاھان.

**جاھان ئۆزگەرمەك** ھاكىمىيەت، ھۆكۈمەت ئالماشماق، سىياسەت، ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولماق: پارتىزانلار ھازىر يوقمىش. يېڭى ھۆكۈمەت بولىدىكەن دەمدۇ، ئەسكەر باللار كەلگۈدەك دەمدۇ، ئىشقىلىپ، ئالماسلار شۇلارنىڭ ئالدىغا كېتىپتۇدەك. تۈگمەندە خەقلەر جاھان ئۆزگەرگۈدەك دېيىشتى، ـ دېدى شىرمەمەت ئالدىدىكى ئېشەكنى دۆشكەلەپ تۇرۇپ.

**جاھانچە** رەۋ. ناھايىتى كەڭ؛ ناھايىتى كۆپ؛ چوڭ، ئۇلۇغ: ـ شۇنداقلا بولسا جاھانچە ئىش قىلغان بولاتتۇق، مەنمۇ پايناپتىكى كۆزگىلەردىن خاتىرجەم بولاتتىم، ـ دېدى ھاشىر ئاغزىنى تامشىپ. * پارتىيىنىڭ نۇرىدىن قۇۋۋەت تېپىپ جاھانچە. ئاۋاتلىشىپ، قۇچىقىڭ، گۈللىمەكتە بارغانچە.

**جاھاندارچىلىق** ئى. جان ساقلاش، ھايات كەچۈرۈش يولىدىكى پائالىيەت؛ تىرىكچىلىك: جاھاندارچىلىق قىلماق. * ـ قانداق يىگىتلەر؟ جاھاندارچىلىقىڭلار جايىدىمۇ؟ ـ توختى شۇجىنىڭ بۇ يېقىملىق ئاۋازى ئۇلارنى ئۆزىگە قاراتتى، لېكىن ئۇلار بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە توختى شۇجىغا تىك قارىيالمايتتى. * ـ ئىش ئەپلەشمىدى روزىئاخۇن، جاھاندارچىلىقنىڭ بىر يولىنى تاپمىساق بولمىدى، ـ دېدى سارەم روزىغا قاراپ. * بۇ ئىككىيلەن چېچەنلىكى، كۆپنى كۆرگەن-ئاڭلىغانلىقى، جاھاندارچىلىققا پىشقانلىقى بىلەن ناھىيىگە مەشھۇر كىشىلەر ئىدى.

**جاھاندارچىلىق قىلماق** جان ساقلاش، ھايات كەچۈرۈش يولىدا پائالىيەت ئېلىپ بارماق، شۇ يولدا بىرەر ئىش-ئوقەت بىلەن شۇغۇللانماق، تىرىكچىلىك قىلماق: ئۇ كۈندۈزى نومۇرغا ئىشلىسە، كېچىسى خام توقۇپ جاھاندارچىلىق قىلىپتۇ. * ـ ھە، بۇلار دۇيىدە جان باقالماي شەھەرگە جاھاندارچىلىق قىلغىلى كىرگەن ھېلىقى ئەزىمەتلەر شۇ ئىكەن-دە! ـ دېدى ئۇ توختى شۇجىنىڭ ئارقىسىدىكى يىگىتلەرنى كۆز ئىشارىسى بىلەن ئىما قىلىپ. * ـ قارا بۇ زېۋىرشانىڭ پۈتتىنىقىنى، سېپىل قىلۋېتىپتۇ، كۆچۈش خىيالىغىمۇ كىرمىگەن ئوخشايدۇ، بىزمۇ جاھاندارچىلىق قىلدۇق دەپ يۈرۈپتىمىز، بۇ تاملاردىن ئادەم تۆگۈل ئۈچار قاناتلارمۇ... ھەي... ئۆزى! ـ دەپ غۇدۇڭشىدى ھەيدەر خەسىس.

**جاھانسازلىق** ئى → جاھاندارچىلىق: ـ ھەي، يۈسۈپ چوڭ، سەن رەۋەندە ئەسلىدىن جاھانسازلىقنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان سەگەك نېمە

ئىدىلىك، ـ دېدى قۇربان ئاقساقال يۇسۇپ چوڭغا چاقچاق قىلىپ. * جاھانسازلىقنىڭ ھەممە تەلىمىنى ئۆگىنىپ ئۆلگۈرگەن ئاۋۇت ئىنىسىنى ھۈنەر ئۆگىنىش ئۈچۈن، ھېيتكادىكى بىر مانتىپەزگە تۇتۇپ بەردى.

**جاھانشۇمۇل** سۈپ → ئالەمشۇمۇل.

**جاھانكەزدى** سۈپ [جاھان+كەزدى] دۇنيانى كېزىپ ساياھەت قىلغان، كۆپ يەرلەرنى كۆرگەن: ـ مەن بىر مۇساپىر جاھانكەزدى. بۇ يەردە تونۇيدىغانلار يوق. شۇڭا مۇشۇ يەردىلا تۇنەپ، ئەتە ئىزدەپ-سوراپ مازارنى تاپماقچى بولۇۋىدىم، ـ دېدى يوچۇن ئادەم ئەخمەتكە. * بۇ يۇرتتا ۋەز-نەسىھەت سۆزلەشكە ئامراق بىر جاھانكەزدى دورىگەر بار ئىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىغا كېسەل كۆرسىتىپ، مەسلىھەت سوراپ كېلىپ تۇرىدىكەن.

**جاھانكەزدىلىك** ئى. جاھانكەزدىلەرگە خاس خاراكتېر ۋە ھالەت: جاھانكەزدىلىك بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزمەك.

**جاھانگەشتى** سۈپ [پ] → جاھانكەزدى: ئالاۋىدىن ئەبۇ ئەششەمات ئۇلاردىن: ـ خوش، دەرۋىشلەر، نېمە تەلەپلىرىڭىز بار؟ ـ دەپ سوراپتۇ. ـ ئەي ھۆرمەتلىك يىگىت، بىز مۇساپىر، جاھانگەشتى دەرۋىشلەرمىز، نەغمە ۋە يېقىملىق ناخشىلار بىلەن روھىمىزنى ئۆستۈرىمىز، ـ دېيىشىپتۇ ئۇلار.

**جاھانگەشتىلىك** ئى → جاھانكەزدىلىك: سىگانلار قەدىمكى زامانلاردا قازان-قومۇچ، يۈك-تاقلىرىنى ئېلىپ، هارۋىلاردا قاتارلىشىپ سەپەر قىلىپ، يۇرتمۇيۇرت، دۆلەتمۇدۆلەت جاھانگەشتىلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن.

**جاھانگىر** ئى [پ] ① دۇنيانىڭ كۆپ قىسمىنى ياكى كۆپ ساندىكى دۆلەتلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغۇچى: ـ ئاغىنىلەر، ئاۋۇ تاش ياسىشىپ كېلىۋاتقان جاھانگىرغا ئوخشايدىكەن. قېنى، دۈشمەنگە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتەيلى! ـ دېدى لۈتۈن ئۇدۇلدا تۇرغان تاشنى كۆرسىتىپ. * ھەي جاھانگىر، ئۈمىد ئۈز، بىز يولۇڭغا يۈرمەيمىز. بىزلەر ئەمدى كۆچەيدۇق، سەندىن ھەرگىز قورقمايمىز. ساقلايمىز بىز تىنچلىقنى، ھەرگىز ئۇنى بۇزمايمىز. تىنچلىقنى بۇزغانلارغا، بىزمۇ قاراپ تۇرمايمىز. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**جاھانگىرپەرەس** سۈپ. جاھانگىرلارنى، جاھانگىرلىك سىياسىتىنى قوللايدىغان، ياقلايدىغان، جاھانگىر تەرەپدارى: جاھانگىرپەرەس دۆلەت. * جاھانگىرپەرەس ئادەم.

**جاھانگىرپەرەسلىك** «جاھانگىرپەرەس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: جاھانگىرپەرەسلىك خاھىشى.

**جاھانگىرلىك** ① «جاھانگىر» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: 1914-يىلدىكى جاھانگىرلىك ئۇرۇشىدا، روسىيە تۇپرىقىدا نەچچە مىڭ خوتۇنلار ئەرسىز؛ بالىلار ئاتىسىز قالدى. ② <پەلس> مونوپول، تەييارتاپ، چىرىگەن ياكى ئۆلۈۋاتقان كاپىتالىزم، يەنى كاپىتالىزم تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچى. ئۇنىڭ ئاساسىي بەلگىلىرى: مونوپولىيە ئەركىن رىقابەتنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، پۇل مۇئامىلە دوكارلىرىغا ئىگە ھاكىمىيەت شەكىللەنگەن بولىدۇ؛ ئىچكى جەھەتتە ئەمگەكچى خەلقنى دەھشەتلىك تۇردە ئېزىدۇ، سىرتقا قارىتا مۇستەملىكىچىلىك ۋە زومىگەرلىك سىياسىتىنى يولغا قويىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇرۇشلىرىنىڭ تۈپ مەنبەسىمۇ جاھانگىرلىكتىن ئىبارەت.

**جاھاننامە** (توغرىسى: جاھاننەما) → **جاھاننەما.**

**جاھاننەما** ئى [پ] يېز ت. جاھاننىڭ ھەممە يېرىنى كۆرسەتكۈچى ئەينەك: ـ مەن بىلەن تويلاشماقچى بولغان يىگىت ئۈچ قېتىم يوشۇرۇنىدۇ، مەن جاھاننەما بىلەن قاراپ تاپالىسام، شۇ يىگىتنىڭ ئىختىيارىدا بولاي، تېپىۋالسام، كاللىسى تېنىدىن جۇدا

قىلىنسۇن، ــ دەپتۇ مەلىكە. * قەلبى ئۇنىڭ بىر جاھاننەما، كۆرىنىدۇ جىمىكى جاھان. ئۆزى تۇرغان پاكار ئېدىرلىق، ھەم ئالدىدا تۇرغان تاغ-داۋان.

**جاھىل** سۈپ [ئە] ① ئۆز گېپىدە، ئۆز ئىشىدا چىڭ تۇرىۋالىدىغان؛ گەپ يېمەيدىغان؛ كاج، تەرسا: ــ قادىرنىڭ سوراقتىكى پوزىتسىيىسى ئىنتايىن جاھىل بولۇۋاتىدۇ، ــ دېدى ۋۇ شۇبىڭ سۆھبەتدىشىغا. * مەن بۇنداق جاھىلنى كۆرمىگەن زادى، تۆرمىدە ئىشلىگەن كۈنۈمدىن بېرى. بۇ تازا تاشتىنمۇ قاتتىق نېمىكەن، نېمىدۇر، بىلمىدىم، قاتتىقلىق سىرى. ② ئىلىم-مەرىپەتتىن مەھرۇم، بىلىمسىز: ئالىم-ئاقىل كىشى ئۆزىنىڭ تەبىئىتىگە مۇۋاپىق ئىشنى سەندە كۆرۈپ، سېنى ماختايدۇ؛ نادان-جاھىل كىشى ئۆزىگە مۇۋاپىق ئىشنى سەندە كۆرۈپ، سېنى ماختايدۇ. * ــ مەشھۇر ئالىملارنىڭ ساڭا ئوخشاش جاھىللار ھەققىدە ئېيتقان ئاجايىپ بىر گېپى بار، ــ دېدى تۆلكە بۆرىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولۇپ. * شۇنداق بىر دورا بار ئۇنىڭغا، «تەنقىد» دەپ ئاتايمىز نامىنى. جاھىللار ئىچىشتىن سەسكىنەر، ئاقىللار بىلىدۇ تەمىنى. ③ مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەيدىغان، تەرسا: شىخوغا قىلىنغان ھۇجۇمنىڭ تېز غەلىبىگە ئېرىشىش-ئېرىشەلمەسلىكى مۇشۇ جاھىل قورغاننى بۇسۇپ ئۆتۈشكە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. * مۇھەممەت شويبانىخان بۇخارانى ئۆزبېك خانلىقىنىڭ پايتەختى قىلغاندىن كېيىن، بۇخارا بىلەن سەمەرقەنت ئىسلامىيەت روھانىيلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جاھىل قورغىنىغا ئايلاندى.

**جاھىلى قاتماق** ← جۇدۇنى قاتماق.

**جاھىلانە** رەۋ [ئە+پ] جاھىللىق قىلغان ھالدا، جاھىللارغا ئوخشاش، جاھىللىق بىلەن: جاھىلانە بىلجىرلىماق. جاھىلانە چىڭ تۇرماق. * ئۆلۈم دېگەن بار نەرسە، ئۇنى ھېچكىم ئىنكار قىلمايدۇ. لېكىن يۇقىرىقىدەك كۆز قاراشلار نادانلىق زامانىسىدىن كەلگەن جاھىلانە كۆز قاراشلاردىن باشقا نەرسە ئەمەس.

**جاھىللاشتۇرماق** «جاھىللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئائىلىسىدىكى خاتا ئەيىبلەشلەر دىلبەرنى تېخىمۇ جاھىللاشتۇرۇپ قويغانىدى.

**جاھىللاشماق** پ. گەپ يېمەيدىغان، جاھىل، كاج، تەرسا ھالەتكە كەلمەك؛ جاھىل بولۇپ كەتمەك: ــ سەن نېمانچە جاھىللىشىپ كەتتىڭ؟ يولداشلارنىڭ توغرا مەسلىھەتلىرىنى قوبۇل قىلىش كېرەك-تە، ــ دېدى ئۇنىڭغا دوستى نەسىھەت قىلىپ.

**جاھىللىق** «جاھىل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سوراق جەريانىدا، پاكىتلار ئالدىدا مەنمۇ جاھىللىقىمدا چىڭ تۇرالمىدىم. ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. * مەن ئاۋۋەت مۇدىرنىڭ بۇنداق جاھىللىقىغا چىداپ تۇرالمىدىم-دە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، جىنايى قىلمىشىنى ئۈستىگە ئېلىشقا زورلىدىم.

**جاھىللىق قىلماق** جاھىل ھالىتىنى ئىپادىلىمەك، جاھىللاشماق: ئەگەر ئۇ ئاخىرىغىچە جاھىللىق قىلمىغان بولسا، ئەلۋەتتە، مەن مۇنداق پەرىزاتتەك گۈزەل قىزنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قېلىشنىڭ ئامالىنى قىلغان بولاتتىم. * ــ ماڭا تايىنىشلىك، نېمىشقا جاھىللىق قىلىسىز؟ ــ دېدى ئۇ ئاغرىقتا چىدىماي يىغلاۋاتقان قىزغا قاراپ مۇلايىملىق بىلەن.

**جاۋا** دىئال ① سۈپ. يۇگىدىن توقۇلغان: جاۋا گىلەم. ② ئى. يۇڭ پالاس.

**جاۋاب** ئى [ئە] ① سوئال، تەلەپ، مۇراجىئەتكە ئاغزاكى ياكى يازما قايتۇرۇلغان گەپ-سۆز ياكى ئىما ــ ئىشارەت: ئوقۇتقۇچى سوئال سورىدى. بىرىنچى، ئىككىنچى ئوقۇغۇچىنىڭ جاۋابى توغرا بولمىدى، لېكىن ئەخمەتنىڭ جاۋابى دەل ۋە توغرا بولدى. * قاسىمكام بارا-بارا سۆزدىنمۇ قالدى، بەزى سۆزلەرگە كۆز ئىشارىتى

بىلەن ئاران ئۆز جاۋابىنى ئىپادىلەيتتى. * خاسىيەتخان ئۆزۈن ئۆتمەي ياسىن زىيانىڭ جاۋاب خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ② مەسىلە، تېپىشماق، ئىمتىھان قاتارلىقلارنىڭ يېشىمى: بۇ ھېساب كىتابىدىكى مەسىلە مىساللارنىڭ جاۋابى ئاخىرىدىكى مۇندەرىجىدىن كېيىن بېرىلگەن. * مەن ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن ئېلىنغان ئىمتىھان سوئاللىرىنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابلىرى بار بىر پايدىلىنىش ماتېرىيالىنى سېتىۋالدىم. ③ بىرەر ئىش ئۈچۈن بېرىلگەن رۇخسەت، ئىجازەت: مەن يەكشەنبە ئاكام بىلەن بازارغا كىرىش ئۈچۈن تەييارلاندىم. لېكىن بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان دادام جاۋاب قىلمىغاچقا، بىز ئىشلەك تۇۋىدە جىم تۇردۇق. ④ خوتۇننى قويۇۋېتىشكە بېرىلگەن رۇخسەت، قوشۇلۇش: ئامىنە ئاچچىقىدا ئەكرەمنىڭ پېشىنى تۇتۇپ: - جاۋابىمنى بەر، مۇنداق ياشىغۇچە ئاجراشقىنىم ياخشى، - دېدى.

**جاۋاب ئالماق** ① سورالغان سوئال ۋە مەسىلىلەر ئۈچۈن جاۋاب بەرگۈزمەك: ئوقۇغۇچىلارغا مەلۇم ئويلىنىش ۋاقتى بېرىپ، ئاندىن ئوقۇغۇچىلار قول كۆتۈرگەندە، ئوقۇتقۇچى ئىسمىنى ئاتاپ جاۋاب ئېلىش كېرەك. * بۇ خەتلەرنى جەزمەن تاپشۇرۇش كېرەك، يەنە جاۋاب ئېلىش كېرەك. ② ئۈچۈر، خەۋەرگە ئىگە بولماق: ھەممىگلار تاغقا قاراپ، شاھ كەلدى دەپ ۋارقىراپ، مەندىن خەۋەر بېرىڭلار، تاغدىن جاۋاب ئېلىڭلار. ③ ئېرىدىن ئايرىلىش رۇخستى، خېتىنى ئالماق: شۇنداق قىلىپ ھاۋاخان ئېرىدىن جاۋابىنى ئېلىپ ئۆز يۇرتىغا كەتمەكچى بولدى.

**جاۋاب بەرمەك** ① سورالغان سوئال ۋە مەسىلىلەرگە جاۋاب بولىدىغان گەپ-سۆزنى ئېيتماق ياكى يازماق: بۇنىڭدىن ئۇنىڭ باياتىن بېرىقى سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولاتتى. * يۈسۈپ چوڭ بۇ سوئالغا ئالماسنىڭ ئۆز ئېغىزىدىن جاۋاب ئېلىشنى ئۈمىد قىلغانىدى. ② ئۈچۈر، خەۋەر بەرمەك، رۇخسەت قىلماق: ئوقۇغۇچى ئىشىكنى چەكتى، ئوقۇتقۇچى «ھە» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، ئىشىكنى ئىچىپ كىردى. * سۇبھى ئۆزىنى تۇتۇپ قاياقىدۇر يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا قوشنا گوگىشىنىڭ بىر دادۈي باشلىقى ھەمرا ئاكا جاۋاب بەردى. ③ ئايرىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەك، ئايرىلىش خېتىنى بەرمەك: ياسىن شۇ ئاچچىقىدا ئايشەمنىڭ جاۋابىنى بېرىپ، ئۆيدىن ھەيدىمەكچى بولدى.

**جاۋاب قىلماق** ① جاۋاب بەرمەك: دادىسى ئۇنىڭ قىلغان جاۋابىنى ياقتۇرمىدى. ② مەسئۇلىيەتنى، جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالماق؛ ئاقىۋەتكە مەسئۇل بولماق: - نېمە؟ سىز مېنى ياخشى ئاللمايدۇ دەۋاتامسىز؟ ھى... قېنى كېلىڭ! چېچىڭىزنى بۇزۇپ قويسام، جاۋاب قىلمەن، - دېدى ساتىراش ئۇستا كۈلۈپ تۇرۇپ. * - ھۆكۈمەت بەرگەن پۇلنى بىكار يەپ، تراكتورنىڭ ئىش ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىرمۇنچە يەرنىڭ كېۋەزلىرىنى ۋەيران قىلىپ سالغان زىيىنىڭ ئۈچۈن سەنمۇ بېشىڭ بىلەن جاۋاب قىلسەن! - دېدى ئۇ ئاچچىقلىنىپ. ③ جاۋاب ياندۇرماق، جاۋابلاشماق: - سەن تېخى ئۇستازىڭغا جاۋاب قىلغۇدەك بولدۇڭمۇ؟ - دېدى خەلپەت تېرىككەن ھالدا.

**جاۋاب ياندۇرماق** گېپىگە گەپ بەرمەك، تاكاللاشماق، جاۋابلاشماق: موماي قىزىغا نەسىھەت قىلىۋاتقاندا، قىزىنىڭ: - مەن ئانداق قىلمىدىمغۇ؟ - دېگىنىنى ئاڭلاپ چېچىلغىلى تۇردى-دە: - بالا-ۋاقا دېگەن ئاتا-ئانىغا جاۋاب ياندۇرغۇلۇق ئەمەس، بولمىسا، ئاغزى مايماق كېتىدۇ، - دېدى.

**جاۋابەن** رەۋ [ئە] جاۋاب بېرىپ، جاۋاب بەرگەن ھالدا، جاۋاب تەرىقىسىدە: ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ھەربىي، مەمۇرىي باش ئەمەلدارى ئۆز تېلېگراممىسىغا جاۋابەن، شۇ كۈنلا ئۈرۈمچىدىن تېلېگرامما تاپشۇرۇۋالدى. * ئۇ چاققانلىق

بىلەن دەرس مۇنبىرىگە چىقىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا بەرگەن ئېھترامىغا جاۋابەن ھۆرمەت بىلدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، قولىدىكى تىزىملىك دەپتىرىنى ئاچتى.

**جاۋابسىز** ① سۈپ. جاۋاب بېرىلمىگەن؛ جاۋاب قايتۇرۇلماستىن؛ جاۋابى يوق: جاۋابسىز خەت. // تاشۋاي شۈكلىنىپ قالغانىدى. بوۋاينىڭ نۇرغۇن سوئاللىرى، مەسلىھەتى جاۋابسىز قالدى. * دۇرنەم خېلى ئۈزۈنغىچە پەرھاتنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، ئويلىنىپ قالدى. ② رەۋ. جاۋاب ئالماي، ئىجازەتسىز: قاسىم دوسكىغا خەت يېزىۋاتقان مۇئەللىمنىڭ يېنىغا كېلىپ: ـ مۇئەللىم مەن سىرتقا... ـ دېدىيۇ، لېكىن ئىشكنى ئېچىپ، سىنىپتىن جاۋابسىزلا چىقىپ كەتتى.

**جاۋابكار** [ئە+پ] ① سۈپ. زىممىسىگە بىرەر ئىشنىڭ، ساھەنىڭ مەسئۇلىيىتى يۈكلەنگەن؛ مەسئۇل: جاۋابكار خادىم، جاۋابكار مۇھەررىر. * ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە كىم جاۋابكار؟ ② ئى <قا> ھەق تەلەپ ۋە جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىدىكى ئەيىبلەنگۈچى كىشى: نېملا بولمىسۇن، ئاپالىنىڭ يۈز-كۆزىنىڭ قانغا بويالغانلىقى ئۇنىڭدا جاۋابكارغا نىسبەتەن قاتتىق غەزەپ قوزغىغانىدى.

**جاۋابكار بولماق** ① زىممىسىگە بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ، ساھەنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئالماق، مەسئۇل بولماق: ـ بىز مۇشۇ دەرىجىگە يەتتۇقمۇ؟! قېنى بىزدىكى ئىنساب؟ بىز زادى كىمگە خىزمەت قىلىۋاتىمىز؟ كىمگە جاۋابكار بولۇۋاتىمىز؟ ـ دېدى سادىق غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ. * بۇ قالايمىقان كېسۋېرىدىغان قاغا جىگدىسى ئەمەس يولداش، بىز ئەزالار ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغانلىقىمىزنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك. ② <قا> ئەيىبلەنمەك، جاۋابكارلىققا تارتىلماق: ـ سىز بۇنىڭ بىلەن نېمە دېمەكچى؟ ـ دېدى ئۇ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ، ـ قايسى ھۆججەتتە ئوغلى جىنايەت ئۆتكۈزسە، ئاتىسى جاۋابكار بولىدۇ دەپ يېزىلىپتۇ؟

**جاۋابكارلىق** ئى. ئۆز ئۈستىگە يۈكلەنگەن، ھېساب بېرىشى كېرەك بولغان مەسئۇلىيەت: ھەربىر كىشىنىڭ ئۆزىگە بۆلۈنگەن تازىلىق رايونىنىڭ تازىلىقىغا قارىتا تېگىشلىك جاۋابكارلىقى بار.

**جاۋابكارلىق يېشى** <قا> قانۇندا ئەيىبلەنگۈچىنىڭ بەلگىلەنگەن جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىش يېشى. دۆلىتىمىزنىڭ جازا قانۇنىنىڭ 14-ماددىسىدا: «16 ياشقا توشقانلار جىنايەت ئۆتكۈزسە، جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ؛ 14 ياشقا توشقان، 16 ياشقا توشمىغانلار ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئېغىر دەرىجىدە يارىلاندۇرۇش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، ئوت قويۇش، ئادەتلەنگەن ئوغرىلىق جىنايەتلىرىنى ياكى جەمئىيەت تەرتىپىنى ئېغىر ھالدا بۇزۇشتەك باشقا جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزسە، جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىش كېرەك؛ 14 ياشقا توشقان، 18 ياشقا توشمىغانلار جىنايەت ئۆتكۈزسە، يېنىك ياكى يېنىكلىتىپ جازا بېرىلىشى كېرەك؛ 16 ياشقا توشمىغانلىقى ئۈچۈن جازالانمايدىغانلار ئاتا-ئانىسىنىڭ ياكى ھامىيلىق قىلغۇچىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا ھۆكۈمەت يىغىۋېلىپ تەربىيىلەيدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

**جاۋابلاشماق** پ. گەپ ياندۇرۇپ تاكاللاشماق، قارشىلاشماق: ئۆزۈڭدىن چوڭلار بىلەن تەڭ جاۋابلاشما. ئۇنداق قىلساڭ، ئەدەبسىزلىك بولىدۇ.

**جاۋابلىق** سۈپ. جاۋاب بېرىلگەن، جاۋاب قايتۇرۇلغان، جاۋابقا ئىگە: سوئال-جاۋابلىق پايدىلىنىش ماتېرىيالى.

**جاۋابنامە** ئى [ئە+پ] جاۋابەن يېزىلغان خەت، جاۋاب خېتى: قەمبەرنىسا بۇ ئىرسالنامىنى ئوقۇپ، يۈرىكى ھاياجاندا تېز-تېز سوقۇپ، شۇنداق ئويلىدى: «قارىغاندا، ئۇ يىگىت ماڭا مۇناسىپتۇر،

شۇبھىسىزكى، مەن ئاڭلىغان ۋە بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان راۋابچى شەمشىدىن شۇدۇر. ئۇنىڭغا بىر جاۋابنامە يازاي». * يېڭى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان پاپا قۇبلەي خاقاننىڭ خېتىنى كۆردى ۋە خاقانغا رەسمىي جاۋابنامە يېزىپ، بىر بۆلەك گۈزەل خرۇستال بۇيۇملىرىنى قۇبلەي خاقانغا سوۋغا قىلدى.

**جاۋاھىر** ئى [ئە] قىممەت باھالىق ئېسىل تاش ۋە ئۈنچە-مارجان: ئۇ ئىزلار قايسى قۇم تېگىدە ھازىر، كېلىمەن قىدىرىپ، ئىزلەپ جاۋاھىر. يەنىلا سەن ماڭا يولداش – يۆلەنچۈك، غېمىم يوق، مەن مەنزىل ئېشىشقا قادىر. * مەگەركى شائىر ئوغلانسەن، قەلەمدىن دۇر، جاۋاھىر چاچ، نەزىم تۇلپارىنى چاپتۇر، ھەقىقەت بابىدىن سۆز ئاچ.

**جاۋاھىرات** ئى [ئە] يېزت. قىممەت باھالىق ئېسىل تاشلار؛ ئۈنچە-مارجانلار: كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ دۇكىنىدا جاۋاھىرات سېتىپ ئولتۇرسا، بىر ئاقساقال بوۋاي ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام قىلىپتۇ.

**جاۋاھىرپۇرۇش** ئى [ئە+پ] قىممەت باھالىق ئېسىل تاش، ئۈنچە مارجان ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ-ساتقۇچى كىشى: جاۋاھىرپۇرۇچ شۇ ئۇسۇل بىلەن ئىككى-ئۈچ يىل ئىچىدە نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىت يىغىۋاپتۇ. * ئۇ تاڭ ئاتقاندا جاۋاھىرپۇرۇچلارنىڭ رەستىسىنى ئىزدەپ، بىر جاۋاھىرپۇرۇچنىڭ قېشىغا بېرىپ، مەرۋايىتلارنى كۆرسىتىپتۇ.

**جاۋەن** ئى [خەن] ئۈستى ۋە ئىچىدىن پايدىلانغىلى بولىدىغان، كۆپىنچە چىنە-قاچا قويىدىغان قاناتلىق كىچىك ئىشكاپ: تۇيۇقسىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەن دادامنىڭ كۈلكىسىدىن جاۋەندىكى چىنە-قاچىلارمۇ جاراڭشىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى.

**جاۋۇر** ئى. خېمىر يۇغۇرۇش، تاماق ئۇسۇپ قويۇش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىدىغان مېتال قاچا؛ داس: جەدۋەل بويىچە بۈگۈنكى تاماق قورداق ئىكەن. ئاشپەز ئاياللار تاماقنى چوڭ جاۋۇرلاردا كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۈستەللەرگە تىزىپ قويدى ۋە ھەربىر بالىنىڭ ئالدىدىكى كىچىك جاۋۇرلارغا ئۇسۇپ بەردى.

**جاۋخانا** ئى. كونىچە كۆپ قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان ساتما ئۆي. كۆپىنچە ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلەر قويۇلىدۇ ياكى ئۆي قۇشلىرى بېقىلىدۇ.

**جاۋغا** ئى. قوينىڭ يازلىق يۇڭى.

**جاۋغاي** ئى. ئېغىزنىڭ ئىككى چەت بۇرجىكى: جاۋغايلىرىدىن شال ئاقماق.

**جاۋغىيىدىن شۆلگەيلىرى ئاقماق** ← **ئاغزىدىن شۆلگەيلىرى ئاقماق.**

**جاۋغىيى قۇلىقىغا يەتمەك** ← **ئاغزى قۇلىقىغا يەتمەك**: ئۇچەيلەن تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى. كۈلكىدىن ئۆمەر ئاكىنىڭ جاۋغىيى قۇلىقىغا يېتىپ، كۆزلىرى پۈرۈلۈپ، قېشى بىلەن كىرپىكى بىر يەرگە يىغىلىپ قالغاندى.

**جاۋلىداتماق** «جاۋلىدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جاۋلىداشماق** «جاۋلىدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جاۋلىداق** سۈپ. ئاغزى بېسىقماي تولا سۆزلەيدىغان؛ سۆزلەپ ھارمايدىغان: جاۋلىداق خوتۇن. * بۇرۇنقى زاماندا بىر قورايچى بوۋاي بولغانىكەن. ئۇنىڭ خوتۇنى ناھايىتى جاۋلىداق، مەرەز ئىكەن.

**جاۋلىدىماق** پ. ئاغزى بېسىقماي تولا سۆزلىمەك؛ توختىماي گەپ قىلماق: – ئەگەر تەگسەم، – دېدى پاتىمە جاۋلىداپ، – ناۋايغا تېگىمەن. شۇ چاغدا سىنىمۇ ئېلىپ كېتىپ، كۆزۈڭنى نانغا تويغۇزۇپ قويمىسام ھېساب ئەمەس. * ئۇ قولىنى بىلىگە تىرەپ، يوغانچىلىق بىلەن جاۋلىداشقا باشلىدى.

**جاۋىماق** (توغرىسى: جوۋىماق) ← **جوۋىماق.**

**جاي** ئى [پ] ① بىرەر كىشى ياكى نەرسە ئورۇنلىشىپ تۇرغان، ئىگىلىگەن ۋە ياكى ئورۇن ئالىدىغان يەر، ئورۇن، بوشلۇق: ئوقۇغۇچىلار تۇرغان جاي. * — بەلگە ئوتى بار جايلاردا، لەشكەرلەرنىڭ بولۇشى چوقۇم. نېمىشقا بۇ يول بىلەن ماڭىمىز؟ — سورىدى پالۋانلار. * بەزىدە باي بىرەر يەرگە بارسا، ئۇنى مىنىپ بېرىپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنە ئۆز جايىغا ئەكىلىپ، باغلاپ قويىدىكەن. ② بىرەر ۋەقە، ھادىسە يۈز بەرگەن يەر؛ ئىش-ھەرىكەتنىڭ بولۇپ ئۆتكەن ئورنى: سابىر نىياز قۇربانىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە، يار ئالغان جاي ئېتىلىپ بولغانىدى. * ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ئېقىپتۇ قېنى، مۇشتلاپ كۆكسىنى، چىقىپتۇ جېنى. مەيدان قىپقىزىل بويىلىپ كېتىپتۇ، جان ئۈزگەن جايى ئويۇلۇپ كېتىپتۇ. ③ بىرەر نەرسە ياكى ئىش-ھەرىكەتكە ماس، مۇۋاپىق ئورۇن: ئىقتىدارلىقلارنى ئۆز جايىغا قويۇش كېرەك. ④ بىرەر خۇسۇسىيىتى بىلەن ئاجرىلىپ تۇرىدىغان بەلگىلىك يەر: تامنىڭ تۇتاشقان جايى. ⑤ يەر يۈزىدىكى مەلۇم مەمۇرىي رايون؛ يۇرت: ئۇ بىر چوڭ سودىگەر بولۇپ، دۇنيانىڭ ھېچ يېرىدە ئۇنىڭ ئايىغى تەگمىگەن جاي يوق ئىكەن. * — سەن كەلگىلى بىر ئايمۇ بولمىدى. سېنىڭ يۇرتۇڭ قانچىلىك ياخشى جاي ئىدى؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ. ⑥ (كۆپلۈك ساندا) مەركەزدىن يىراق چەت يەرلەر، مەھەللە، يېزا-كەنتلەر: پاكىتلار جايلار ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ بۇ جەھەتتە ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنىڭ ئۈنۈم بەرگەنلىكىنى ھەم ئۇلارنىڭ چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ⑦ مەلۇم نەرسىنىڭ بىر قىسمى، بۆلىكى: ئادىلجان دوكلاتىنىڭ ئاستىغا قارا سىياھدا بەلگە ئۇرۇلغان جايلارنى قايتا-قايتا ئوقۇشقا باشلىدى. * گۆشنىڭ سېمىز جايىدىن بىر كىلوگرام بېرىڭ. ⑧ ھايات كەچۈرۈش، يېتىپ-قوپۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان يەر؛ ۋەتەن، ئۆي-ماكان: جايى يوقنىڭ جېنى يوق (ماقال). * ئۇ يەردە بىر كونا ساندۇق بولۇپ، قادىر قاتتىق تاپقان-تەرگەن پۇلنى مۇشۇ ساندۇقتا سېلىپ ساقلايتتى. ئۇنىڭ جاي ساتقان نەچچە مىڭ سوم پۇلىمۇ مۇشۇ ساندۇقتا ئىدى. ⑨ يېتىپ قوپۇش، ئولتۇرۇش ئورنى؛ ئورۇن؛ ئورۇندۇق: — بىزنىڭ مەقسىتىمىز، بۈگۈن كېچە تاڭ ئاتقۇچە ئۆيىڭىزدە دەم ئېلىپ، ساز ئاڭلاپ، كېيىن ئۆز يولىمىزغا كەتسەك، بىزگە بىر ياخشىلىق قىلىپ، بۈگۈن كېچە ئۆيىڭىزدىن جاي بەرسىڭىز، — دېدى ئەنجەد. * رەيھانەم سۆزىنى تۈگەتتى، سۆزىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولغانىدەك قىياپەت بىلەن بىرئاز تۇرۇۋالدى. لېكىن، ھېچ نەرسە دېمەي، بۇرۇلۇپلا ئۆز جايىغا بېرىپ ئولتۇردى. ⑩ ئىش، خىزمەت، ۋەزىپە، ئورۇن: دېگەندەكلا مەغپىرەت ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، دادىسىنىڭ «ئاغزىنىڭ يېلى» بىلەن ياخشى جايغا ئورۇنلاشتى. ⑪ كېرىيە ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**جاي ئالماق** ئورۇن ئىگىلىمەك، ئورۇنلاشماق، جايلاشماق: ئۇلار ئاتلىرىنى چېدىرىنىڭ قوزۇقلىرىغا باغلاپ قويۇپ، چېدىرغا كىردى ۋە تۆردىكى قاتلىما كارىۋاتتىن جاي ئېلىشتى. * دېمەكچى بولغىنىم ياشلىق چېغىمدا، گۈزەل بىر غايە جاي ئالسۇن بېشىمدا.

**جاي بەرمەك** ئورۇنغا ئىگە قىلماق، ئورۇنلاشتۇرماق، جايلاشتۇرماق: ۋەزىر يۈكلىرىنى بىر يەرگە جايلاپ قويۇپ، شاھ ھوزۇرىغا بېرىپتۇ، شاھ بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. شاھمۇ ئۇنىڭغا ھۆرمەت كۆرسىتىپتۇ، تۆردىن جاي بېرىپتۇ.

**جاي تۇتماق** ئۆزىگە تېگىشلىك ئورۇن ئىگىلىمەك: ئەجدادىم كۆتۈرۈپ چوماق ھەم قىلىچ، شۇ گۈزەل ۋەتەننى ساقلىغان ياۋدىن. جەڭ ئارا نى ئەرلەر كېچىپ جانىدىن، كېيىنمىز جاي تۇتقان سايلاردىن، تاغدىن.

**جاي چىقماق** لايىق تېپىلماق: ئۇلار كومۇشنىڭ قارارىنى «چىدىماسىنىڭ» سۆزى دەپ چۈشىنەتتى ۋە تۈزۈكرەك جاي چىققاندا، ئەرگە بېرىش ھېسابىمۇ يوق ئەمەس ئىدى.

**جاي راسلىماق** ئورۇن تەييارلىماق؛ تۈزەشتۈرمەك: كەچقۇرۇن دۇكاننىڭ يېنىدىكى بىر جايغا ئېلىپ باردى. كۆرپە-ياستۇق ئەكىلىپ، ماڭا جاي راسلىدى. ئۈچ كۈن ئۇ يەردە تۇردۇم.

**جايىغا تەگكۈزمەك** ① نىشانلىغان يېرىگە تەگكۈزمەك: — گېپىڭنى خېلى جايىغا تەگكۈزدۈڭ، — دېدى مۇختەر خۇشال بولۇپ. ② ئۆز ئىگىسىگە يەتكۈزمەك، تاپشۇرماق: ئۇ شەھەرگە كىردى-دە، ئالدى بىلەن خەتنى جايىغا تەگكۈزدى.

**جايىغا چۈشمەك** ئەسلىي ھالىتىگە كەلمەك، ئورنىغا چۈشمەك: سۇنۇقچى پۇتنىڭ چىقىپ كەتكەن يېرىنى تارتىپ، جايىغا چۈشۈرۈپ، تۇخۇم بىلەن تېڭىپ قويدى. * چۈشىنىكسىز خىياللار بىلەن رىتىمسىز ئۇرۇۋاتقان يۈرىكى ئەمدى جايىغا چۈشكەندى.

**جايىغا قويماق** ئورنىغا، ئەسلىدىكى يېرىگە قويماق؛ ئورۇنلاشتۇرماق: ئۇ كىتابنى جايىغا قويدى-دە، يەنە بىر كىتابنى ئالدى.

**جايىغا كەلتۈرمەك** ئەسلىي ئورنىغا، تېگىشلىك جايىغا ئورۇنلاشتۇرماق؛ چەك باستۇرماق: بۇ گەپنى خېلى جايىغا كەلتۈردۈڭ.

**جايىغا يەتكۈزمەك** ئۆز ئىگىسىگە، ئۆز ئورنىغا تەگكۈزمەك، تاپشۇرماق: ئۇنىڭ كىچە-كۈندۈز ئويلايدىغىنى يۈكنى جايىغا يەتكۈزۈش ئىدى.

**جايىنى تاپماق** مۇۋاپىق ئورۇنغا ئىگە بولماق، ئۆز جايىغا چۈشمەك: ياسىننىڭ ئەدلىيە نازارىتىگە يۆتكەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئەزىز: — ئۇ ئەمدى جايىنى تېپىپتۇ، — دېدى.

**جايىنى قىلماق** بىرەر نەرسىنىڭ ئورنى ۋە ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ يولىنى تاپماق؛ ئېپىنى قىلماق: — ھە، ھە توغرا، سىلى ئېيتقاندەك ئانچە-مۇنچە ئاشنىڭ جايىنى قىلىپ قويدۇق. ئەمدىغۇ ماڭا يېپىشۋالمايدىغانسىلەر، — دېدى ھاپىز گېپىنى يۆتكەپ.

**جاي-جايى** ھەربىرى ئورۇنلاشقان، ھەربىرىگە تېگىشلىك بولغان ئورۇن، تەرەپ: جاي-جايىغا كەتمەك. جاي-جايىدا تۇرماق. * كەنجى ئوغۇل بولغان ئەھۋالنى، قىلغان ئامالنى، تاپقان پۇل-مالنى ئاكىلىرىغا جاي-جايى بىلەن سۆزلەپ بېرىپتۇ. * مەكتەپ تەرتىپ مۇدىرى تارقىلىشقا بۇيرۇق بەرگەندىن كېيىن، پىچىرلاشقان، تىترىگەن، كۆزىنى سۈرتكەن ھالدا ئوقۇغۇچىلار جاي-جايىغا تارقىلىشتى.

**جايلاتماق** «جايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىدارە باشلىقى قاسىم يېقىن ئادەملىرىنى ئىشقا سېلىپ، نۇرغۇن نەرسىنى جايلىتىۋالدى.

**جايلاشتۇرماق** ① «جايلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار يەتتە كېچە-كۈندۈزلۈك مۇساپىنى ئۈچ كۈندە بېسىپ، شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. پادىشاھ زاھىر ئۇلارنى ئۆز قەسرىگە جايلاشتۇرۇپتۇ. * ئۇلار مېنى ۋاقىتىنچە ماتېرىيال بۆلۈمىگە جايلاشتۇرۇپ قويغانىدى. ② ئورۇنلاشتۇرماق، قويماق: ئابدۇشۈكۈر نېرىقى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، بىردەمدىن كېيىن بىر سومكىنى كۆتۈرۈپ چىقتى-دە، ئىچىدىن پىچەت-پىچەت پۇل ۋە ئالتۇن، ھۆججەتلەرنى ئېلىپ، ھېلىقى يەرگە جايلاشتۇردى. ③ كۆڭۈلدىكىدەك بېجىرمەك، ئورۇندىماق، ھەل قىلماق: — بىز يۇرت نامىدىن ئەرز خېتى تەييارلىدۇق. سىزنى ۋەكىل تەيىنلىدۇق. سەن بۇ ئەرزىمىزنى بېيجىڭ خانىغا ئاپىرىپ كۆرسىتىپ، ئۇچۇر ئېلىپ كېلىپ بەرمىسەڭ بولمايدۇ. بۇ ئىشنى سەندىن باشقا ھېچكىم جايلاشتۇرۇپ كېلەلمەيدۇ، — دېدى ئابدۇرېھىم قارىي.

**جايلاشتۇرۇلماق** «جايلاشتۇرماق»

پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كۈندە، ساۋۇر ھەممە يەرگە يېيىۋېتىدىغان چىنە، جاۋۇر، چويلىلار پاكىز يۇيۇلۇپ، ئۆز جايىغا جايلاشتۇرۇلۇپ قويۇلغانىدى. * جەنۇبىي يۇنىلىش پولكىنىڭ شتابى ھېلىمۇ بىرىنچى قېتىمقى مۇھاسىرە ۋاقتىدىكىدەك، ياتالماستىكى چوڭ باغلىق ھويلىغا جايلاشتۇرۇلغانىدى.

**جايلاشماق** پ ① «جايلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② ئورۇن ئالماق، ئىگىلىمەك، ئورۇنلاشماق، سىغماق: سادىق ئۆيگە كىرىپ، قوش سافانىڭ بىرىگە جايلاشتى ۋە سافانىڭ چاي ئۈستىلى ئۈستىدە تۇرغان ئوقلاقلىق تاپانچىنى كۆردى. * بىرنەچچە كىشىنىڭ ياردىمى بىلەن قىزنى ماشىنىغا چىقارغاندىن كېيىن، دىلشات قىزغا يار-يۆلەك بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ يېنىغا جايلاشتى. ③ كىرمەك، ئورناشماق: ئۇ ناھايىتى چىرايلىق ئىدى. ئىشقى دىلىمغا جايلاشتى. ئۇنى دەرھال يۇقىرىغا تەكلىپ قىلدىم، داستىخان سالدىم. ④ قاملاشماق، جايىغا چۈشمەك: - مەن ئاخىرقى قېتىم ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرگەن ھەم ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى جايلىشىپ بەرگەنىدىم، - دېدى ئۇ ئېسەدەپ تۇرۇپ.

**جايلانماق** «جايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: - مەنسۇرنىڭ ماتېرىيالى، ئەكبەرنىڭ ئۈستىدىن توپلانغان ماتېرىياللار شۇنچىلىك پۇختا، ئۇستىلىق بىلەن جايلاندى، - دېدى تۇرسۇن كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ تۇرۇپ. * مەن قىزنىڭ يېشىنى ئېرىنتقان چېغىمدا دۇدۇقلاپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ كىشىنىڭ ئىشى تۇپەيلى ئوبدانلا بىر جايلانغىنىم ئۈچۈن، ماڭا ئېھتىيات تولىمۇ زۆرۈر ئىدى.

**جايلىماق** پ ① بىرەر جايغا، بىرەر نەرسىنىڭ ئىچىگە سالماق؛ ئورۇنلاشتۇرماق، جايلاشتۇرماق: شۇ يېشىغىچە ئون كوي پۇلنى تاراقشىتىپ يانچۇقىغا سېلىپ باقمىغان سادىر تۆگە ئۆزىگە نېسىپ بولغان ئاشۇ كىچىككىنە، لېكىن ئىنتايىن قىممەتلىك نەرسىنى لاتىغا يۆگەپ، تۆش يانچۇقىغا جايلىدى. * شۇ ئەھۋالدا يەنە بىر يىل ئۆتتى. بەسىرە شەھىرىگە بېرىش ئۈچۈن كېمە ھازىرلىدىم. ماللارنى، يولغا كېرەكلىك ئوزۇق-تۈلۈكلەرنى كېمىگە جايلىدىم. ② تەرتىپلىك، تەخ ھالەتكە كەلتۈرمەك، ھازىرلىماق: بۇ گەپنى ئاڭلاپ زادىلا چىداپ تۇرالمىدىم. بىر ئاز پۇل جايلاپ، بىر تاغار ئاشلىق سېتىۋالدىم-دە، ئۇنى قاسىم ئاكامنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدىم. * خەلقىمىزنىڭ پايدىسىنى ئويلىدۇق، قۇرۇلۇش مەسئۇلى - ھەيئەت سايلىدۇق، ئەر-ئاياللار بەلنى باغلىدۇق، قوزۇق قېقىپ، شالنى مىخلاپ جايلىدۇق. ③ قاملاشتۇرماق، ئەپلىمەك: سەمەت ئۆزىنىڭ تۇرقى بىلەن كارى بولمايدىغان، كىيىملىرىنىمۇ ئوڭلاپ كىيىشنى ئۇقمايدىغان، باشقىلارنىڭ ئالدىدا بىر ئېغىز سۆزنى جايلاپ قىلالمايدىغان بىر بالا ئىكەن. ④ دالدىغا ئالماق، چەتكە ئالماق: مەن سۇنىڭ بويىدا ئەمدىلا پېشىنگە تاھارەت ئالاي دەپ تۇرسام، كىشلەر ۋارقىراپ: - قاچ-قاچ، جېنىڭنى جايلا، - دېگىلى تۇردى. * شۇ چاغدا ياردەمچىسى ئۇنىڭ مۇرىسىدىن تارتىپ: - ئۇستام، ئۆزىڭىزنى تېز جايلاڭ! - دەپ تۇۋلىدى. ⑤ بىرەر ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك، مۇۋاپىق بېجىرمەك، بەجا كەلتۈرمەك؛ ئامال قىلماق، ھەل قىلماق: - ئەمسە، سەن چىقىپ، ئەپەندىم ئۆيدە يوق دەپ قويغىن، قالغىنىنى ئۆزۈم جايلايمەن، - دەپتۇ ئەپەندىم. * پالۋانلىرىمىز ئۈچىنچى قونالغۇغا يەتكەندە، باغراش دوغىسىنىڭ 100 ئاتلىق ئادىمى بىلەن باتۇرنىڭ 200 ئاتلىق ئادىمى پالۋانلىرىمىزنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ھەممە ئىشنى جايلاپتۇ. ⑥ كۆچمە. بىر ۋاستە بىلەن ئالدىماق، قولغا چۈشۈرمەك: - موللا قارىم دەپ ئۆز ئاكامدىن ئارتۇق كۆرۈپتىمەن. ئاخىرى كېلىپ مېنى جايلاپ كەتتى، - دېدى ئۇ موللا زەيدىنگە قاراپ. ⑦ كۆچمە. ئەدىبىنى، جازاسىنى بەرمەك؛ يوقاتماق: - ئۇكام، - دېدى ئەنجانباي پىلموت تەخسىگە ئوق تىزىۋاتقان

قادىرخانغا قاراپ، ـ چېرىكلەردىن پەقەت بىرنەچچىسلا قالدى. ئۇلارنى جايلىۋېتىپلا، بېرىپ نەسىردىن بىلەن قوشۇلىمىز. * بەزىدە كېرەم چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ: ـ توختا ئازادگۇل، سېنى ئېپىنى تېپىپ تازا بىر جايلىمايدىغان بولسام! ـ دەپ، يوغان مۇشتۇمىنى شىرەگە كۈچەپ ئۇراتتى.

**جايناماز** ئى [پ] ناماز ئوقۇش ئۈچۈن سېلىنىدىغان گىلەم، پالاس، كىگىز، رەخت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش توقۇلمىلار: جايناماز سالماق. * دادام ناماز ئوقۇپ، جاينامازدىن ئەمدى قوپۇشىغا، ئىسيانچىلار ئۆيگە باستۇرۇپ كىردى.

**جايىدا** رەۋ. لايىقىدا، دۇرۇس، ياخشى: بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ بىرلا ئوغۇل پەرزەنتى بار ئىكەن. ئەمما بۇ ئوغۇل ئەقلى-ھوشى جايىدا ئەمەس، ئىنتايىن دۆت ئىكەن. * نىجات بىرلا قاراپ، بۇلارنىڭ كەيپى جايىدا ئەمەس-لىكىنى ،ئېھىگىدۇرجىددىيلىشىپتۇرۇشقانلىقىنىسەزدى.

**جايىز** سۈپ [ئە] ئىجرا قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان، ئىجازەت بېرىلگەن، يول قويۇل-غان؛ ئورۇنلۇق: قىزى بارنىڭ ئالدىغا ئەلچى كىرىش ياخشىلىقنىڭ بىشارىتى، شەرىئەتتە ھېچقاچان ئەلچىگە ئۆلۈم جايىز ئەمەستۇر. * ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش مەرىپەتلىك كىشىلەر بولغان بولسا، ئۇ چاغدا داۋاملىق سۆھبەتلىشىش جايىز ئىدى. ھالبۇكى، ئۇلار نادان، تەرسا. سۆھبەت بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىشقا بولماسمىكىن.

**جايىل** (**توغرىسى: جاھىل**) ← **جاھىل.**

**جەبىر** ئى [ئە] جىسمانىي ياكى روھىي ئازاب؛ زۇلۇم، خورلۇق: جەبىر تارتماق. جەبىر چەكمەك. * ـ جەبىر زۇلۇم بەندىگە، سالما خۇدا يار سەنەم. بىر ياخشىنى يامانغا، بۇيرۇما خۇدا يار سەنەم. * كۆيدۇم پەلەكنىڭ جەبرىدىن، ئۆلدۇم يىراقلىق دەردىدىن، ئەسلىم خارەزىم شەھرىدىن، ئاتۇر خەلق ـ ئېلىم مېنىڭ.

**، بىر تارتماق** جەبىر ــ جاپا چەكمەك، جەبىرلەنمەك: ئەرزىم ئىشىت جانىم ئانا، مەنمەنلىكتىن بالا تاپتىم. بەندە بولۇپ قانلار يىغلاپ، جەبىر، كۈلپەت تولا تارتتىم.

**جەبىر چەكمەك** ← **جەبىر تارتماق:** قادىر ئاكام بىردىنلا غەزەپلەنگەن ھالدا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ: ـ ۋەھشىي «تۆت كىشىلىك گورۇھ» زوراۋانلىق قىلىپ يۈرگەن چاغلاردا، سادىق ئاكامۇ ئاز جەبىر چەكمىدى، ـ دېدى. * كەلدى مەرد قۇربانلارنىڭ قەبرىسىدىن، بوۋىمىز چەككەن ئېغىر جەبرىسىدىن.

**جەبىر قىلماق** زۇلۇم، ئازاب سالماق؛ ئازابلىماق؛ قىينىماق: قەمەرۇززامان ئۇنىڭغا: ـ سەن مېنىڭ سورىغان سۆزلىرىمگە تولۇق جاۋاب بەرمىسەڭ، سېنى بۇ قۇدۇقتىن ھەرگىزمۇ چىقارمايمەن، ئۇ چاغدا ئۆزۈڭگە جەبىر قىلغان بولىسەن! ـ دەپتۇ.

**جەبىر كۆرمەك** ① جەبىر تارتماق: كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ، ماگدامدا مىڭ جەبىر كۆرۈپ، بىر ئايدا ئاران بىر كۈنلۈك مەنزىلنى باسقانىكەن. ② جەبىر دەپ ھېسابلىماق: ئۇ بۇ ئىشنى جەبىر كۆرگەچكە، قىلماي تاشلاپ كېتىپتۇ.

**جەبىر-جاپا** ھەددىدىن ئارتۇق ئېغىر جەبىر ۋە جاپا، زۇلۇم، خورلۇق: ـ سىز مېنى مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ گىلەم توقۇپ، جەبىر-جاپانى يەتكىچە تارتسۇن دەپتىكەنسىز، مەن بىلەن بىللە ئوقۇغانلار نەلەرگە بېرىپ ئوقۇۋاتىدۇ، بىلەمسىز، ـ ئايشەم سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماي، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. * ئانىجان يادىمدىدۇر، ئاق سۈت بېرىپ باققانلىرىڭ. كېچىلەردە ئۇخلىماي، جەبىر-جاپا تارتقانلىرىڭ.

**جەبىر-زۇلۇم** جەبىر ۋە زۇلۇم: ـ قەدىم-قەدىمدىن بۇيان، جەبىر-زۇلۇم شۇنداق كۆپمىدى؟ ـ دەپ سورىدى تالىپلاردىن بىرى نورۇز داموللىدىن. * ـ سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭ پادىشاھىم، ـ دەپتۇ

مەزلۇم، ــ بۇ ئادەم مېنى سەۋەبسىز خارلاپ، ھېسابسىز جەبىر-زۇلۇم قىلدۇ، ئەمما، مەن بۇ كىشىنىڭ خوتۇنى ئەمەس.

**جەبىرلەنمەك** پ. جەبىر-زۇلۇم تارتماق، ئازابلانماق، قىينالماق: ئادەتتىكى چاغدا سەگەنچۈك تەۋرىتىش كۆڭۈللۈك بىر ئىش. ئەمما، ئېغىر ئاغرىق چاغدا قولنى ئىككى يانغا كېرىپ، قوش سەگەنچۈكنى تەۋرەتكەندە، ئادەمنى ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچىغا بۆلۈۋاتقاندەك، جاننىڭ جەبىرلىنىدىغانلىقىنى مەن بىلمەيدىكەنمەن. * ــ تۆت كىشىلىك گۇرۇھ دەۋرىدە ئون يىل ناھەق تۈرمىدە يېتىپ، ئېغىر جەبىرلەندىڭىز، مانا ئەمدى پارتىيىمىزنىڭ ئادىل سىياستى بىلەن ئاقلاندىڭىز، ئۆتكەنكى ئىشلارنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىپ، دادىل خىزمەت قىلىڭ، ــ دېدى ئىدارە باشلىقى ماڭا ئىلھام بېرىپ.

**جەپسەلەك** ئى. تېرىنىڭ تۈكى چۈشۈپ كەتكەن يېرىگە يىڭنە بىلەن پەيدا قىلىنغان تۈك.

**جەد (جەددى)** ئى [ئە] ئاتا-بوۋا، ئەجداد، پۇشت: ئەرنىڭ جەددى تۆردە ئولتۇرۇپ ئاچ چىقار، خوتۇننىڭ جەددى مانتىدا ئولتۇرۇپ توق چىقار (ماقال). *ــ سەن نېمە ئۈچۈن جەددىمنى تىلغا ئېلىپ ئاغزىڭنى بۇزىسەن؟ ساڭا مۇشۇنىڭدىن باشقىسى بىكار، ــ دېدى-دە، سابىر قولىدىكى كەتمەننى كۆتۈردى.

**جەدە** ① سۈپ. قىزغۇچ سېرىق رەڭ (ئات ھەققىدە): ئاخىرى بەيگە كۆرۈندى ۋە قاتارلىشىپ مەيدانغا كىرىشكە باشلىدى. جەدە قاشقا ئاتقا مىنگەن 15 ياشلاردىكى بىر بالا ھەممىنىڭ ئالدىدا كەلدى. ② ئى. شۇنداق رەڭلىك ئات: بەيگىدە ئالدىدا كېلىۋاتقىنى جەدە، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى توروق ئىدى. * بۇرۇن بۇرۇنكەن، سوقا تۇرنىكەن، سېغىزخان جەدىكەن، قۇيرۇقى يەردىكەن، پاقا راۋابچىكەن، سالما غىجەكچىكەن؛ بۆرگە ئۇسسۇلچى، پاشا غەزەلچىكەن. شۇ زاماندا بىر پادشاھ ئۆتكەنكەن.

**جەددال** (توغرىسى: دەججال) ← دەججال.

**جەددى-جەمەت** ئاتا-بوۋىلىرى، نەسلى بىر كىشىلەر، ئۇرۇق-تۇغقانلار: شائىر ئايىمخاننىڭ قولىدىكى چاينى كۆرۈپ ھەيران قالدى. چۈنكى، ئەتىگەنلىك چاي، چۈشلۈك غىزالارنىڭ ھەممىسى بارلىق ئاستىدا، ئاتا-بالا، جەددى-جەمەت جەم بولۇپ، بىرلىكتە ئىچىلەتتى. * ــ ئاغزىڭغا بالا تەگسۇن ئىلاھىم، ئاغزىڭنى چايقىۋېتىپ سۆزلە. مېنىڭ جەددى-جەمەتىم ھەممىسى ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مەنمۇ بىلىم ئىگىلىرىنى سۆيىمەن، ــ دېدى قىز غەزەپلىنىپ.

**جەدۋەل** ئى [ئە] ① لازىملىق مەلۇماتلار مەلۇم تەرتىپتە ئورۇنلاشتۇرۇلغان سىزىق ۋە گىرافىلار: ئەمەت: ــ مەن ماۋۇ جەدۋەلنى تۈزۈپ چىقتىم، كۆرۈپ باقسىڭىز، ئەتىلا خۇلاسىلىۋېتىمەن، ــ دەپ جەدۋەل نۇسخىسىنى ماڭا ئۇزاتتى. * ــ ئالغاچ كەلدىم جۈيجاڭ، مانا، ــ مېھمان سومكىسىدىكى بىر پارچە ئانكېت جەدۋىلىنى ئېلىپ، ساقى باراتقا ئىككى قوللاپ ئۇزاتتى. ② مەشغۇلات، دەرس، ئىش-ھەرىكەت، چارە-تەدبىر قاتارلىقلار-نىڭ ئورنى ۋە ۋاقتى كۆرسىتىلگەن گىرافىك: دەرس جەدۋىلى. * ئۇنىڭ بىر يىل، ئۈچ يىل، بەش يىلغا مۆلچەرلەنگەن شەخسىي ئۆگىنىش جەدۋىلىدە، جەزمەن ئوقۇپ چىقىشقا تېگىشلىك دەپ ھېسابلىغان ناھايىتى نۇرغۇن ئىلىم-پەن ۋە كەسپىي كىتابلارنىڭ تىزىملىكى ھەم بۇ ئارقىلىق يېتىدىغان مەقسەتلىرى كۆرسىتىلگەنىدى. ③ سىزغۇچ: ئۇ چاغلاردا، دوسكىغا سىزىق سىزىدىغان ئۇزۇن جەدۋەل-لەر بىلەن ئالقانلارغا تاياق يەيتتۇق.

**جەدۋەللەشتۈرمەك** «جەدۋەللەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىركۈنى ئېتىزدىن قايتىپ كەلسەم، سەمەتجان ئالدىراش يېنىمغا كېلىپ: ــ ئامىر، رايوندىن ئىمىن شۇجى تېلېفون بەردى، بىزنىڭ جەدۋەللەشتۈرۈپ خۇلاسىلاش ئىشىمىزنى

ماختىدى، — دېدى خۇشال ھالدا.

**جەدۋەللەشتۈرۈلمەك** «جەدۋەللەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — بۇگۈنكى كۆزگى تېرىشنىڭ خۇلاسىسى جەدۋەللەشتۈرۈلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى قاسىم دۈيجاڭ بوغالتىر ياقۇپتىن.

**جەدۋەللەشمەك** پ. جەدۋەل ھالىتىگە كەلتۈرۈلمەك، جەدۋەلدە ئىپادىلەنمەك: ناھىيىمىزنىڭ بۇ يىلقى ئىشلەپچىقىرىش پىلانى ئاللىقاچان جەدۋەللىشىپ بولغانىدى.

**جەدىت** ئى [ئە] ① يېڭىلىق تەرەپدارى؛ يېڭىلىققا ئىنتىلگۈچى: ئۇ چاغدا بۇ جەدىتلەر ئاچقان مەكتەپتە پەننىي دەرسلەرمۇ ئوقۇتۇلاتتى. ② دىنىي ئېتىقادىدىن چەتنىگەن، يانغان كىشى: — سەن ئاسىم ئەپەندى بىلەن ھەمىشە بېرىش-كېلىش قىلىپ تۇرىسەن. ئاسىم ئەپەندىنى نېمىشقا بىزنىڭ خوجايىنلار ئىمانسىز، جەدىت دەيدۇ، ئىمانسىزلىقى راستمۇ؟ — دەپ سورىدى ئالماستىن بىر ئاغىنىسى.

**جەدىتلىك** «جەدىت» سۆزىنىڭ ئابستىراكت ئىسىم شەكلى: — ئەپسۇسكى، خەلق يۇرت ئاتىسى دەپ يىراقتىن تەزىم قىلىپ كېلىدىغان بەزى ئۆلىما، قازى-قۇززات، مۇپتى-ئەلەملەر مېنى «ئىلىم-ئىرپانلىق ئادەم دېسەك، جەدىتلىك يولىغا كىرىپ قاپتىلا» دەپ ئەيىبلەشمەكتە، — دېدى داموللام ئېچىنغان ھالدا.

**جەدىۋار** ئى [پ] <بوت> ← **پارپا** I.

**جەدى** ئى [ئە] ← **جەدى بۇرجى.**

**جەدى بۇرجى** <ئاستر> ئېكلىپتىكىدىكى 12 بۇرجىنىڭ ئونىنچىسى. بەلگىسى « ». ئاسترونومىيىلىك ئۇزۇنلۇقى 270 تىن 300 قىچە. ئەسلىي ئورنى جەدى يۇلتۇز تۈركۈمى بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قەۋس يۇلتۇز تۈركۈمىگە يۆتكەلگەن. ھەر يىلى 12-ئاينىڭ 22-كۈنىنىڭ ئالدى-كەينىدە، قۇياش بۇ بۇرجقا كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى مەۋسۇم قىشلىق كۈن توختىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**جەدى يۇلتۇز تۈركۈمى** <ئاستر> ئېكلىپتىكىدىكى 12 يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 21 سائەت، ئېكۋاتور كەڭلىكى 18-، يەنى قەۋس يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ شەرقىگە، دەلۋە يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ.

**جەرە** (توغرىسى: جەھرە) ← **جەھرە.**

**جەرەن** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تۈكلىرى ئاق سېرىق، پارقىرايدۇ؛ مۈڭگۈزى قىسقا ۋە سەل ئەگرى، قۇيرۇقى قىسقا، تۆت ئايىغى ئىنچىكە كېلىدۇ؛ چۆل ۋە يېرىم چۆللەردە ياشايدۇ، گۆشى مېزىلىك، تېرىسىدىن كىيىم تىكىشكە بولىدۇ.

**جەرراھ** ئى [ئە] ئۇيغۇر تىبابىتىدىكى تاشقى كېسەل دوختۇرى: قەدىمكى زامانىدىمۇ بىزدە ئوپېراتسىيە قىلىش بولغان، ئوپېراتسىيىنى «پىچگار»، ئوپېراتسىيە دوختۇرلىرىنى «جەرراھ» دەپ ئاتىغان.

**جەرراھلىق** «جەرراھ» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: بۇ كىتابتا پۈتۈن يالغۇز دورىلار، مۇرەككەپ دورىلار ۋە كونا، يەرلىك ئۇسۇللار تونۇشتۇرۇلىدۇ، شۇنىڭدەك تېڭىقچىلىق ۋە جەرراھلىق ئۇسۇللىرىمۇ تونۇشتۇرۇلىدۇ.

**جەرراھىيە** ئى [ئە] يېز ت. كېسەللەرنى ئوپېراتسىيە قىلىش يولى بىلەن داۋالاش: ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن بۇرۇنقى جەرراھىيە ئىشلىرىمىز بارا-بارا تاشلىنىپ كەتكەچكە، بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر تىبابىتىدە يامان خاراكتېرلىك كېسەللەرنى دورا بىلەن داۋالاش راۋاج تاپماقتا.

**جەرىمانە** ئى [ئە+پ] ①زىياننى تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن تۆلىتىۋېلىنىدىغان ھەق: جەرىمانە ئالماق. جەرىمانە تۆلىمەك. * بۇ ئىشنى

شۇنداقلا باستۇرۇپ قويۇشقا بولمايتتى. پەمسىز يىگىتلەرـ
گە ئاچچىقىم كەلگەنلىكتىن، گۇناھنى ئۆزلىرىگە
يۈكلىدىمـدە، ئۇلارغا ئەزالار ئالدىدا جەرىمانە
تۆلەتكۈزدۈم. ② <قا> قانۇن ئورگانلىرى
قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جازالاش
ھېسابىغا تۆلىتىدىغان پۇل. ③ <قا>
توختام تۈزۈشكۈچى بىر تەرەپ توختامغا
خىلاپلىق قىلغۇچى يەنە بىر تەرەپتىن
جازالاش ھېسابىغا ئالىدىغان مەلۇم ساندىـ
كى پۇل.

**جەرىمانە قويماق** زىيان سالغۇچى ياكى
قانۇن، توختامغا خىلاپلىق قىلغۇچىدىن
تۆلىتىۋېلىنىدىغان ھەقنىڭ چېكىنى بەلگىـ
لىمەك: قانۇنغا خىلاپ ئىشلارغا قاتناشقان كىشىلەرگە
قىلمىشىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە قاراپ، قانۇن بويىچە
ئايرىمـئايرىم ھالدا سوراق قىلىش، ئاختۇرۇش،
ئاگاھلاندۇرۇش، جەرىمانە قويۇش، تۇتۇپ تۇرۇش
چارىسىنى ياكى باشقا زۆرۈر تېپىلغان چارىلەرنى كۆرۈش
لازىم.

**جەريان** ئى [ئە] ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنىڭ
يۈز بېرىش، ئۆزگىرىش ۋە راۋاجلىنىش
داۋامىدىكى مۇساپىسى: مۇئەييەن پىلانى،
نىشانى يوق كىشىلەر ئۈچۈن، ۋاقىتتىن ئۈزۈن نەرسە
يوق. ئۇلارچە، ۋاقىت ئايىغى چىقمايدىغان بىر جەريان.
چۈنكى، ئۆمۈر كېتىدۇ، ۋاقىت قالىدۇ. * شۇ كۈندىن
ئېتىبارەن، بەختىگۈل ھەر ئاخشىمى رىشىتنىڭ دەرس
تەييارلىشىغا ياردەم بەردى. رىشىت ئۇنىڭ ياردىمىدە
باشقىلارغا يېتىشىۋالدى. بۇ جەرياندا ئۇلار بىرـبىرىگە
ئېخىمۇ يېقىن، ئېخىمۇ ئامراق بولۇپ كېتىشتى.

**جەز** I ئى <گېئول> تەركىبىدە 50%
پولات ۋە باشقا ئېلېمېنتلار ئارىلاشقان
مىسقا ئوخشاش سېرىق مېتال. ئۇنىڭ
ئىچىنى كاۋاك ھالەتكە كەلتۈرۈپ پارتلاتـ
قۇچ دورا قاچىلانسا ۋە كەينىگە ئوت
ئالدىغان پىستان بېكىتىلسە، ئوق قىلىپ
ئىشلەتكىلى بولىدۇ: ـ ھەي بالام! مۇنۇ
جەزلەرنى يوقاتماڭلار، بۇنىڭغا ئوق بېكىتىلسە،
گومىنداڭ چېرىكلىرىنى ئاتقىلى بولىدۇ، ـ دەپ
جىكىلەيتتى ھۆسەيىن ئاكا.

**جەز** II ئى. قىمار ئوينىغۇچىلارغا قەرزگە
پۇل بېرىپ، ئۇلارنى قىمارغا سېلىش ۋە
ئۇلاردىن تېگىشلىك چوتىرىنى ئېلىش
ئىشى: ئۇ گەرچە قىمارۋاز بولسىمۇ، لېكىن ھەرگىز
جەزگە قىمار ئوينىمايتتى.

**جەز قىلماق** قىمار ئوينىغۇچىلارغا پۇل
قەرز بېرىپ، قىمار جەريانىدا ئۇلاردىن
تېگىشلىك چوتىرىنى ئېلىش شەرتى بىلەن
قىمار تەشكىللىمەك: ئۇ ئۆزى قىمار ئوينىمايتتى،
ئەمما جەز قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ تېز ئارىدىلا
بېيىپ كەتكەنىدى.

**جەزب** ئى [ئە] يېز ت. ئۆزىگە تارتىش،
مەپتۇن قىلىش، قارىتىش: جاپالىق بولسىمۇ
گەرچە بىگىز بىرلە قۇدۇق قازماق، يېتەرسەن
ئابىزەمزەمگە دىلىڭدا جەزب، غەيرەت بار.

**جەزب قىلماق** ئۆزىگە تارتماق، مەپتۇن
قىلماق.

**جەزبۇزار** ئى [جەز+بۇزار] <بوت> ئېيىق
تاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان
غوللۇق ئۆسۈملۈك. تۈۋىدىن ئۆسكەن
يوپۇرماقلىرى ئىككى قايتىلانغان، ئۈچ
قۇلاقلىق مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ،
تېنى ئۇزۇن بولىدۇ؛ ئومۇمىي ئورىغۇچىسى
يوپۇرماقسىمان بولۇپ، ئۈچ قۇلاق بولىدۇ؛
گۈلى ئۇچىدا ئۆسىدۇ، رەڭگى ئاق
بولىدۇ، ئۇرۇق مېۋىسى يۇملاق تۇخۇم
شەكلىدە ياكى يېڭى ئاي شەكلىدە
كېلىدۇ، سىرتىدا يۇمشاق تۈكچىلىرى
بولىدۇ؛ يىلتىزسىمان غولى دورا قىلىنىدۇ،
يوللارنى ئېچىپ ھۆللۈكنى تارقىتىش،
ئىشتىھانى ئېچىش، زەھەرنى تارقىتىش،

قۇرت ئۆلتۇرۇش رولى بار.

**جەزبدار** سۈپ [ئە+پ] ئۆزىگە تارتىشچانلىقى كۈچلۈك؛ مەپتۇن قىلىدىغان؛ جەلپ قىلارلىق: ئۇ ئۇسسىدىكى ئوتقاشتەك قىزىل مەخمەل كۆڭلىكى بىلەن تېخىمۇ جەزبدار، چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى.

**جەزبدارلىق** ئى. ئۆزىگە مەپتۇن ۋە جەلپ قىلىدىغان خۇسۇسىيەت، كۈچ: بىر پەيتكە بولسام گەر بىر مۆجىزىكار، يۈرگۈزسەم ئاجايىپ تىلسىم تەقسىمات. پاراسەت، غەلبە، جەزبدارلىقنى، بۆلەتتىم سىلەرگە، بۆلەتتىم ھەييات.

**جەزبلىك** سۈپ. ئۆزىگە تارتىش، مەپتۇن قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە؛ جەزبدار: كېچە ناھايىتى سوغۇق بولۇشىغا قارىماي گۈزەل ۋە كۆركەم، سىزما رەسىملەردىكىدەك جەزبلىك ئىدى. * كۆپچىلىك زەدىۋال تارتىلغان تامغا يۆلىنىپ، بەزىلىرى بولسا بېشىنى تۇۋەن قىلىپ جىم ئولتۇرۇشاتتى. ناخشا ئۆيىنى، ھويلىنى ۋە پۈتۈن مەھەللىنى لەرزىگە كەلتۈرگۈدەك كۈچلۈك ۋە جەزبلىك بولۇپ ياڭرايتتى.

**جەزخانا** ئى. جەز ئارقىلىق قىمار ئويۇش-تۇرۇلىدىغان ئۆي: ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەركىتىدىن ئىلگىرى، رابى ۋەت-ۋەت ئۆز ئالدىغا مۇرەت قوبۇل قىلىپ، بىرمەزگىل ئۆز ئۆيىدە جەزخانا ئاچقانلىقى ئابلىكىمنىڭ يادىغا كەلدى.

**جەزخور** سۈپ. قىمار ئويۇننى ئويۇشتۇرۇپ، جەز قىلغۇچى: چاپىنىنى چۆرۈپ تاشلىغان داۋاڭنىڭ يانپىشىدىكى يان قورالنى كۆرگەن ياڭ زىڭيۇننىڭ يىلى چىقىپ، يالۋۇرۇشقا باشلىدى. ئاخىرىدا، ئاتاقلىق جەزخور لاۋسۇڭ مادارا غا ئارىلىشىپ ئىشنى پۈتكۈزدى.

**جەزخورلۇق** «جەزخور» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**جەزلىك** ئى. ئېگەرنىڭ ئىككى قاپتىلىغا قويۇش ئۈچۈن كۆن ياكى قىرىمدىن قىلىنغان يۇمشاق بۇيۇم: — ھوي بالام، — دېدى دادىسى نىيازغا، — ئاتنى جەزلىك سالماي توقۇسالڭ، ئېگەر ئاتنىڭ قاپتىلىنى يېغىر قىلىۋەتمەمدۇ؟

**جەزم** ئى [ئە] قەتئىي، مۇقىم قارار: جەزىم قىلماق.

**جەزم قىلماق** قەتئىي قارارلاشتۇرماق، مۇقىملاشتۇرماق، جەزملەشتۇرمەك: تاشۋاي ئۇدۇلدا ئولتۇرغان يىگىتنىڭ ئىلىدىن كەلگەن مېھماننىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى كۆڭلىدە جەزم قىلدى ۋە ئالدىراپ ئۇ يىگىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ، كۆرۈشۈش ئۈچۈن قول سوزدى.

**جەزمەن** رەۋ [ئە] قەتئىي، چوقۇم، سۆزسىز، شۈبھىسىز: — مەن قانداقلا بولسۇن ئۇ قىزنى جەزمەن ئىزلەپ تاپىمەن، — دەپتۇ شاھزادە بوۋايغا. * زۆرەم ماڭا يەنە بىرنەچچە ۋاقىت سەۋر قىلىشنى، دادىسى يۇمشاق كۆڭۈل ئادەم بولغاچقا، كېيىنرەك جەزمەن ماقۇل بولىدىغانلىقنى ئېيتىپ، مېنى خېلىلا خاتىرجەم قىلىپ قويدى.

**جەزمەنلەشتۇرمەك** «جەزمەنلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىرزامانلاردا پىشمىغان قاغا جىگدىسى ئۈچۈن تاياق يېگەن باللارنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆڭلۈمدە جەزمەنلەشتۇرۇپ بولغۇچە، بىر دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ قالدۇق. * ئۇ كۆڭلىدە بۇ ئىشنى جەزمەنلەشتۇرگەنىدىن كېيىن، مەھەللىدىكىلەرگە سېلىپ، ئەلچى ماڭدۇرۇپ باقماقچى بولدى-يۇ، ئۇلارنىڭ مەسخىرىگە ئايلاندۇرۇشىدىن قورقۇپ يالتايدى.

**جەزمەنلەشمەك** پ → جەزملەشمەك: ئۇلارنىڭ بۈگۈن كەچقۇرۇن يولغا چىقىدىغانلىقى جەزمەنلەشتى.

**جەزملەشتۇرمەك** «جەزملەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تاشۋاينىڭ بۈگۈنكى ھەرىكىتى بىلەن، ئىمامنىياز سوپى كەچقۇرۇن بېرىپ، مىرشەپ بېگى جۇمەنىمۇ يوقلاپ كېلىشنى

كۆڭلىدە جەزملە شتۇرۇپ قويدى. * ئانسىنىڭ كەيىدىن ئۇنىڭ ئاسانلىقچە سەھندىن چۈشەلمەيدىغانلىقىنى جەزملە شتۇرگەن پاتىمە يامغۇردا قالغان مەستەك لەلەڭشىپ، ئۆز ئۆيىگە قايتىش ئۈچۈن چىقتى.

**جەزملە شتۇرۇلمەك** «جەزملە شتۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: - توغرا، - دېدى رەخمەتجان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېتىپ، - بىز ئىككى نەپەر ئاتلىقنىڭ سىلەر تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان. بىراق، ئۇلارنىڭ جەزمەن ئاباق بىلەن مۇھەممەت ئىمىن ئىكەنلىكى جەزملە شتۇرۇلمىگەنىدى.

**جەزملەشمەك** پ. جەزم قىلىنماق، ئېنىق قارار تاپقان ھالەتكە كەلمەك: نەق مەيدانغا بېرىپلا، ئوغرىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ساقچىلارنىڭ كۆڭلىدە جەزملەشتى.

**جەزىرە** ئى [ئە] ① ئارال: ئۇلار بىر-ئىككى كۈن بىللە يۈرۈپ، ئوزۇقلىنىپ، تىنچ ۋە باياشات تۇرمۇش ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى دېڭىز تەرەپتىن ئاداشقان بىر كېمە بۇلار تۇرغان جەزىرىگە كېلىپ قاپتۇ. * - ھاتەم قەھرىمان دەرياغا قانداق بارار؟ جەزىرىلەردە دېۋىلەر كۆپ، ئۇ يەردىن قانداق ئۆتەر؟ - دېدى بىرى ئەنسىرىگەندەك قىلىپ. ② چۆل، باياۋان، دەشت؛ ساي: ئۇ خاتا قىلغانىدى، ھازىر ئۇ شەھەر يولدا ئەمەس، بەلكى قاراقۇم بىلەن قاراتاغ چېگرىسىدىكى «يۇلغۇنلۇق» دەپ ئاتىلىدىغان جەزىرىدە ئىدى.

**جەزىرىمە** سۈپ. ئىنتايىن ئىسسىق، كۆيگۈدەك دەرىجىدە قىزىغان: پەسىيىپ بېرىۋاتقان يازنىڭ جەزىرىمە ئىسسىقى، خۇشال-خۇراملىق ۋە تەشۋىشسىز سەزگۈلەر بىلەن تولغان بۇ كۈنلەرنىڭ ئۆزىمۇ ئاز قالغانىدى.

**جەسەت** ئى [ئە] ئۆلۈك، مۇردا: سەپەر داۋامىدا، ئۇلار ئۇرۇشتا ئۆلگەن قېرىنداشلىرىنىڭ قاغا-قۇزغۇنلارغا يەم بولۇۋاتقان جەسەتلىرىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ، مۇڭلىنىپ ماڭاتتى.

**جەسەت ساندۇقى** جەسەت سېلىنىدىغان ياغاچ ساندۇق.

**جەسەت ئۆيى** <تب> دوختۇرخانىلاردىكى، مەخسۇس جەسەت ساقلىنىدىغان ئۆي.

**جەسۇر** [ئە] ① سۈپ. خەۋپ-خەتەر، قىيىنچىلىقلاردىن قورقمايدىغان؛ جاسارەتلىك، قەيسەر، يۈرەكلىك، باتۇر: جەسۇر ئادەم. * ئوغۇل گويا تاغدىكى يوغان قارىغايدەك قاۋۇل، قەيسەر، شوخ، جەسۇر ئىكەن. * - مۇندىن كېيىنكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە، مەرھۇم شائىر ئەمەت غوپۇرنىڭ نەۋرە ئىنىسى ئوسماننى ئالاقچى قىلىۋالساق دېگەن تونۇشتىمەن. چۈنكى، ئۇ جەسۇر ھەم چىداملىق يىگىت، - دېدى شائىر كۆپچىلىككە قاراپ. ② ئى. ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**جەسۇرانە** رەۋ [ئە+پ] قورقماستىن، جەسۇرلۇق بىلەن، مەردلەرچە: جەسۇرانە ھەرىكەت. * باغلىدۇق بەللەرنى مەھكەم جەسۇرانە روھ بىلەن، ھەل بولۇر جەڭلەر ئارا خەلقىمىزنىڭ ئارمانلار بۈگۈن.

**جەسۇرلاشماق** پ. جەسۇر ھالەتكە كەلمەك، جاسارىتى ئاشماق: ئۆسمۈر ۋە ياشلار خىيالچان بولدۇ، خام خىيال قىلدۇ. ئۇلار كوللېكتىپ تەرەققىياتىنىڭ كەلگۈسى مەنزىرىسى توغرىسىدا خىيال قىلغاندا، پۈتۈن كوللېكتىپنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، جەسۇرلىشىدۇ.

**جەسۇرلۇق** «جەسۇر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئەنجانباينى بەستىدىن جەسۇرلۇق، كۈچ-قۇۋۋەت يېغىپ تۇرغان سالاپەتلىك بىر كىشى كۆتۈۋالدى ۋە قىزغىن سۆھبەتلەشتى. * قادىرنىڭ شۇئىرغاندىكى جەسۇرلۇقى يېقىن ئەتراپقا تارالدى.

**جەگە** ئى [پ] <بن> ئۆي قۇرۇلۇشىدا خانىنىڭ ئۈستىگە توغرا سېلىنىپ، ئۈستىگە ۋاسا تىزىلىدىغان ياغاچ: ئۆينىڭ ئىككى تال جەگىسى سۇنۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۈستىنى ئېچىپ،

باشقىدىن يېپىشقا توغرا كەلدى.

**جەگىلىك** ئى. جەگە قىلىشقا بولىدىغان، جەگىگە مۇۋاپىق ياغاچ.

**جەڭ** ئى [پ] ① قوراللىق كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش؛ ئۇرۇش: جەڭ قىلماق. جەڭگە قاتناشماق. * بۇنى كۆرگەن ئوغلان باتۇر غەيرەتلىنىپ جەڭگە چۈشۈپتۇ. * جەڭدىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ: ـ كۆك بوز ئاتنى بوغۇزلىيالماي تىترىگەن قوللىرى ئادەملەرنى قىرىشتا تىترىمەيدىكەن ـ ھە! ـ دېدىم. ② قارشى تەرەپنى، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئۈچۈن قىلىغان ھەرىكەت، كەسكىن كۈرەش: سۇ قۇرۇلۇش جېڭى باشلاندى. * ۋاقىت توشۇپ مۇسابىقە باشلاندى. ئىككىنچى قېتىملىق مۇسابىقە جېڭىدا «ئا» گۇرۇپپا شۇنچە قاتتىق كۈچ ئالغان بولسىمۇ، لېكىن كۈچىنى توپلىيالمىغانلىقتىن، ھەرىكەت بىر خىل بولماي «ب» گۇرۇپپىغا ئۇتتۇرۇپ قويدى.

**جەڭ بولماق** ① قوراللىق كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش چىقماق: 1945-يىلى 25-يانۋاردا ئىلىدا بىر كېچە قاتتىق جەڭ بولدى، قانلار دەريادەك ئاقتى. ② كەسكىن كۈرەش بولماق.

**جەڭ خەۋىرى** <ھەرب> ئۇرۇش ۋاقتىدا سىلىگىبۇ ياكى مۇناسىۋەتلىك باشقا تارماقلار ئېلان قىلغان ئۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى خەۋەر.

**جەڭ قىلماق** ① قوراللىق كۈچلەر ئۆزئارا توقۇنۇشماق؛ ئۇرۇشماق، سوقۇشماق: ئاشۇ كېچىسى ئىككى قوشۇن تاڭ ئاتقۇچە قۇچاقلاشما جەڭ قىلغاندىن كېيىن، ھەر قايسى تەرەپ ئۆز لەشكەرلىرىنى يىغىۋالدى. ② كەسكىن كۈرەش قىلماق، ئېلىشماق: مىڭ ئاياغلار بىر-بىرى بىلەن جەڭ قىلغىلى تۇردى. ئۇرۇشا-ئۇرۇشا ئاخىرى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگەشتى. * ھۆر ھايات قۇرماق ئۈچۈن قانلار تۆكۈپ قۇربان بېرىپ، ساي كېچىپ، تاغلار ئېشىپ جەڭلەرنى قىلدى خەلقىمىز.

**جەڭگە ئاتلانماق** ① <ھەرب> دۈشمەن تەرەپكە يۈرۈش قىلماق. ② كۆچمە. بىرەر ئىش-ھەرىكەت ۋە شۇ قاتارلىقلارغا جىددىي تۇتۇش قىلماق؛ ھازىرلانماق، تەييارلانماق.

**جەڭ مەيدانى** <ھەرب> ئىككى ئارمىيە ئۇرۇش قىلىدىغان جاي.

**جەڭ ئېلان قىلماق** ① <ھەرب> قارشى تەرەپ بىلەن ئېلىشىدىغانلىقنى جاكارلىماق ياكى قارشى تەرەپنى جەڭگە چاقىرماق. ② كۆچمە. قارشى تەرەپنى ئۆزى بىلەن مۇسابىقىلىشىشكە ئۈندىمەك.

**جەڭچى** ئى ① ئۇرۇشقا، جەڭگە قاتناشقۇچى: جەڭچى ئەمدىلا ئۆز ئورنىغا كېلىپ، تاشقا مەيدىسىنى تىرەپ تۇرۇپ مىلتىقىنى دۈشمەنگە قارىتىۋاتاتتى، بېشىغا ئوق تەگدى. ② كۆچمە. مەلۇم جەڭگىۋار ئاممىۋى پائالىيەتكە قاتناشقۇچى: بۆرغىلاش جەڭچىلىرى يېڭى يىل بايرىمىنى يەنىلا بۆرغىلاش بىلەن ئۆتكۈزدى.

**جەڭچىلىك** سۈپ. جەڭچىگە خاس، جەڭچىلەردە بولىدىغان: بىز چوقۇم ئاۋانگارت جەڭچىلىك رولىمىزنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، باشقىچە ئېيتقاندا، پېشىۋالىق رول ئوينىشىمىز لازىم. * قەھرىمانىسا جەڭچىلىك كىيىمىنى باشقا كىيىمگە ئالماشتۇرۇۋالغاندى.

**جەڭگاھ** ئى [پ] يېز ت. جەڭ مەيدانى، جەڭ بولۇۋاتقان جاي: ئۆتۈپ بۇ ئەلدە كۆپ مەردلەر، قاراپ جەڭگاھقا ئات سالدى، ئۇلار باسقان ئۇزۇن يولدىن، ئەبەد ئۆچمەسكە ئىز قالدى. * ئىشقىمنى سانسىز كۆز قىلىپ، باقتىم ئېلىمگە زەڭ سېلىپ، كۆردۈم پورۇقلاپ قاينىغان جەڭگاھتا جەڭنىڭ ئەۋجىنى.

**جەڭگى-جېدەل** ئۇرۇش-جېدەل، جېدەل-ماجىرا: ئەگەر، چوڭ، ھۆرمەتلىك كىشىلەر بىلەن شاھمات-دامكا ئوينىساڭ، ئۇلارغا يول قويۇشۇڭ لازىم.

كۆڭلى قالمىسۇن. ئەمما. مەغرۇر، ھاياسىز، ئەدەبسىزلەر بىلەن ئۇينىما. ئۇنداق ئادەملەر بىلەن ئوينىساڭ، ئويۇننىڭ ئاخىرى جەڭگى-جېدەل ۋە ئاداۋەتكە ئېلىپ بارىدۇ. * ئەسلىدە، ئۆز قىزىم سادىق قىز ئىدى. مەن ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسەم، چوقۇم ئايالىم شارابەت بىلەن ئوتتۇرىمىزدا چوڭ جەڭگى-جېدەلنىڭ چىقىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

**جەڭگىۋار** سۈپ [پ] ① جەڭ ۋە كۈرەش قىلىشقا ھەر دائىم تەييار تۇرىدىغان، كۈرەش قىلغۇچى، كۈرەشكە قاتناشقۇچى؛ كۈرەشچان: جەڭگىۋار ئەسكەر. جەڭگىۋار قىسىم. سەن ئەمدى ئاددىي ئىشچىلا ئەمەس، ــ دېدى زەپەر ئاكا ھېكايىسىنىڭ ئاخىرىدا يېقىنكە، ــ كۈرەش سېپىدىكى جەڭگىۋارسەن. * قەلىمىسەن مېنىڭ قەلىمىم، يۈرىكىمنىڭ تەرجىمانىسەن. قاتاردىكى ھەربىر ئىجادىم، ۋەتەننىڭ بىر جەڭگىۋارسەن. ② جەڭ ئورنى قىلىپ بەلگىلەنگەن، جەڭ ئېلىپ بېرىلغان، جەڭ قىزىغان: دوختۇرخانىلاردا يېتىپ داۋالىنىۋاتقان كېسەللەر قىسمىمىزغا جەڭ ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، مۇددەتتىن بۇرۇن دوختۇرخانىدىن چىقىپ، جەڭگىۋار ئورۇنغا قايتىپ كەلدى. * داغدۇغا شاد تويلارنى ئوينايمىز بوستان ئىچىدە، ھەر يېڭىشنى ئالقىشلاپ، جەڭگىۋار مەيدان ئىچىدە. ③ جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، جەڭگە ئۆزىنى ئاتىدىغان، جەڭدىن قايتمايدىغان: قەيسەر قىزلار قوشۇنى ھازىر جەڭگىۋار بىر يىلك بولسىمۇ، ئەمما ئۆگىنىپ قالغان ئېغىزلىرىدا «ئاياللار ئەترىتى» دېگەن ئىلگىرىكى نامنى ساقلاپ قالغانىدى. * ــ توغرا، مەن جەڭگىۋار دۇنيانىڭ دۇيجاڭى بولغان، ــ دېدى ئابلا ئۆپكىدەك ئېسىلىپ، ــ ئۇ چاغلاردا يامان ئادەملەرنىڭ سۇنى لېپىتىشى مېنىڭ ياش قەلبىمنى ئالداپ كەتتى. * ــ ئاۋۋال سىلەر يازىدىغان بىر جەڭچى بار، ئۇ كېيۈر ئىسمىلىك يىگىت، ئۇ مەردلىك بىلەن قۇربان بولغان قەھرىمان! ــ دېدى-دە، كېيۈرنىڭ تارىخىنى، بولۇپمۇ ئۇرۇشقا قاتناشقاندىن بۇيانقى جەڭگىۋار پائالىيەتلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ④ كۆچمە. كۈرەشكە تەييار ۋە كۈرەش روھىغا ئىگە، جەسۇر: ئۇلارمۇ قىزىل بايراق بىلەن بىللىلا ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇشتى-دە، جەڭگىۋار قىياپەتكە كېلىشتى. * بۇ ھەربىيلەر نېمە ئۈچۈنكى، بۈگۈن جەڭگىۋار مارشلىرىنىمۇ ئېيتماستىن، كوماندىغىلا پۈتلىرىنى كەلتۈرۈپ باراتتى. ⑤ كۆچمە. ئىنتايىن مۇھىم، جىددىي، كەسكىن، زورۇز: ئابدۇللا قوماندانلىق شتابىغا: «پوتەيگە ھۇجۇم قىلىشتەك جەڭگىۋار ۋەزىپىنى ئۆز دوستىغا تاپشۇرۇش» ھەققىدە تەلەپنامە يازغانىدى.

**جەڭگىۋارلاشتۇرماق** «جەڭگىۋارلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىمىزنىڭ ياش، قابىلىيەتلىك ئىز باسارلىرىمىزنى يېتىشتۈرۈشىمىزمۇ بىزنىڭ جىددىي سىياسىي ۋەزىپىمىز، ئارمىيىنى جەڭگىۋارلاشتۇرۇشنىڭ بىر ياخشى شەرتى.

**جەڭگىۋارلاشتۇرۇلماق** «جەڭگىۋارلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جەڭگىۋارلاشماق** پ. جەڭ ۋە كۈرەشكە دائىم تەييار تۇرىدىغان، جەڭگىۋار ھالەتكە كەلمەك: ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي قوشۇنى كۈنسايىن راۋاجلىنىپ، 1947-يىلىغا كەلگەندە، جەڭگىۋارلاشقان بىر مۇنتىزىم قوشۇنغا ئايلاندى.

**جەڭگىۋارلىق** «جەڭگىۋار» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ، سىرت بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن شەھىرى كىنەك خەلقى ھەر جەھەتتىن قىيىنلىشىشقا باشلاپتۇ. لەشكەرلەرنىڭ روھى چۈشۈپ، جەڭگىۋارلىقى ئاجىزلاپتۇ.

**جەڭنامە** ئى [پ] ئۇرۇش ۋە جەڭلەر ھەققىدىكى قىسسە، بەدىئىي ئەسەر: مەدداھ بۈگۈن، مەشھۇر فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»، ناملىق ئەسىرى ئىچىدىكى رۇستەم بىلەن ئاپراسىياپ توغرىسىدىكى جەڭنامە ئۈستىدە مەدداھلىق قىلماقتا ئىدى.

**جەلپ** ئى [ئە] ← جەلپ قىلماق.

**جەلپ قىلماق** ئۆزىگە تارتماق، قاراتماق؛ مەپتۇن قىلماق: بۇ كۈنلەردە، «قوراي» دېگەن تاغلىق يۇرت بىلەن تۆمۈر خەلپە دېگەن نام مىڭلىغان كىشىلەرگە كۈچ ۋە ئۈمىد بېغىشلىماقتا، ئۇلارنى ئۆز تەرىپىگە جەلپ قىلماقتا ئىدى. * خان ۋە مېھمانلار سارايغا كىرىپ كېلىشتى. سارايدىكى بېزەكلەر ئارسلانبەگنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلدى.

**جەلپكار** سۈپ [ئە+پ] جەلپ قىلىدىغان، ئۆزىگە تارتىدىغان: ل. مۇتەللىپنىڭ بۇ سەمىمىي-سادىق دوستىنىڭ قەيسەرلىكى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىنقىلاب ئىشىغا بېرىلگەنلىكى، قىسقا، ئەمما ئورۇنلۇق، قەتئىي ۋە جەلپكار گەپلەرنى قىلىشنى بىلىدىغانلىقى، ئەدەب-قائىدىلىك مۇنبىرىدىن خوجا بىلەن بىلال ئەزىزنى ئالاھىدە ئۆزىگە رام قىلىۋالغانىدى.

**جەلپكارلىق** «جەلپكار» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئايتىللا پالكۆز ئىدى. ئۇنىڭ ياقۇتتەك تىنىمسىز پارقىراپ تۇرىدىغان قاپقارا كۆزلىرىگە ئۆتتەك قىزىق جەلپكارلىق، شۇنىڭ بىلەن بىللە نۇرغۇن ھىيلە-مىكىر سېھىرلىرى يوشۇرۇنغانىدى.

**جەلپىلىك** سۈپ. ئۆزىگە تارتىدىغان، قارىتىدىغان؛ جەلپ قىلارلىق؛ جەزبىلىك: گۈل دېدى بۇلبۇلغا: «سەن تۇتقۇن قىلىندىڭ نە ئۈچۈن؟» ئېيتتى بۇلبۇل: «بىر نەپەس چەككەنىدىم ئىشقىڭدا ئۇن. سايرىشىم بولغاچ يېقىملىق ھەم سىياقىم جەلپىلىك، ئورنىغا باغنىڭ قەپەس بولماقتا جايىم كۈنتۈتۈن».

**جەلق** ئى [ئە] <تب> قىز-ئوغۇل ياشلارنىڭ قول ۋاسىتىسى بىلەن مەنى ئاققۇزۇپ لەززەتلىنىشى.

**جەللە** ئى <مۇز> ئوتتۇرىسىغا تېرە كېرىلگەن، مىس تەخسىلىك بىر خىل داپ.

**جەللىگۇر** ئى. يانچۇقچى، ئوغرى: دارۋاز ئۆزىنى چىغىرىقتىن تۆۋەنگە ئاتقاندا، دېھقان قورقۇپ كېتىپ «يائاللا» دەپ قولىنى كۆتۈرۈپ، ياقىسىنى تۇتۇپتۇ. شۇ ئارىلىقتا، پەيت كۈتۈپ تۇرغان جەللىگۇر ئۇنىڭ پۇلىنى يانچۇقىدىن سۇغۇرۇۋاپتۇ. * ئۇنداق كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇچىغا چىققان جەللىگۇرلەر بولۇپ، «ۋاپاغا جاپا» دېگەنەدەك، ماشىنىدىن چۈشىدىغان چاغدا دىققەتسىزلىكىڭدىن پايدىلىنىپ، يۈك-تاق، سومكا ياكى جۇۋاڭنى ئېلىپ قاچىدۇ.

**جەللىگۇرخانا** ئى. ئوغرى-يانچۇقچىلار توپلاشقان ئورۇن ياكى شۇنداق ئۆي، جاي: ـ بۇ ئەمدى ئاپتوموبىل رېمونت قىلىدىغان زاۋۇت بولماي، جىنايى ئىشلار سادىر بولىدىغان جەللىگۇرخانا بولىدىغۇ-دەيمەن؟ ـ دېدى ساۋۇت غەزەپ بىلەن.

**جەللىگۇرلۇك** «جەللىگۇر» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: جەللىگۇرلۇك قىلماق.

**جەم** سۈپ [ئە] يىغىلغان، توپلانغان: ھېچ چىقمايتتى يادىدىن خەلقى بىردەم، خەلقىغە مېھرى كۆكسى ـ قەلبىدە جەم. * ئۇ ئۈچۈن خۇددى باھاردەك تۆت پەسلىنىڭ ھەممىسى، ياپيېشىل ياپرىقىغا جەم چىن گۈزەللىك مەنىسى.

**جەم بولماق** يىغىلماق، توپلانماق: جالالاتلار دەرھال يۈسۈپ ئەھمەدنى شەھەرگە ئېلىپ كەلدى. ئانغىچە گۈزەلشاھنىڭ 360 سەركەردىسى ۋە پۈتۈن خەلقى جەم بولدى. * بۇ يەرگە قاراقۇملۇقلار بىلەن باسما زاۋۇتىنىڭ بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلىرىدىن تاشقىرى، ۋىلايەت ۋە شەھەرنىڭ بىرقىسىم مەسئۇللىرى، ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرىمۇ جەم بولغانىدى.

**جەم قىلماق** يىغماق، توپلىماق: سازەندىلەر نەغمە-سازلارنى جەم قىلىپ، شۇنداق نەغمە-ناۋالارنى قىلىشىپتۇكى، ساقىينىڭ كۈمۈش پەيمانىسىنىڭ ئايلىنىشىغا باغنىڭ سالقىن شامىلى قوشۇلۇپ، يۈز خىل خۇشلۇق يەتكۈزۈپ، ئولتۇرغانلار شادلىقتىن قاينىشىپ كېتىپتۇ. * بۈگۈن كۆڭۈلدىكى دوستلار بىلەن دىدار كۆرۈشەيلى دېگەن ئۈمىد بىلەن ھەربىرلىرىنى بۇ يەرگە جەم قىلدۇق.

**جەمەت** ئى [ئە] بىر نەسەبتىن بولغان

كىشى، ئۇرۇق-تۇغقان، قېرىنداش: موللانىياز قۇمۇل تەۋەسىگە قەدەم قويۇپلا نەگە بېرىشنى ئويلىدى-دە، يادىغا لاپچۇقتىكى ئانا جەمەت تۇغقىنى ھاشىم بوۋاي كەلدى. * قوزىبوۋىنىڭ تۇرمىدىن چىقىشى ئۇنىڭ ھەممە جەمەتى ئۈچۈن زور خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. بولۇپمۇ داۋۇت ئاكا تولىمۇ خۇشال ئىدى.

**جەمەتلىك** سۈپ. / جەمەتى، كۆپ: قۇربانلار ناھايىتى جەمەتلىك خەق.

**جەمبىل** ئى <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك بولۇپ، يۇقىرىقى قىسمى كۆپىنچە ئۇدۇل شاخلىنىدۇ، يوپۇرمىقى تار، تۇخۇم شەكلىدە، ئۇدۇل ئۆسىدۇ، تولۇق گىرۋەكلىك كېلىدۇ، يوپۇرماق قولتۇقلىرىدا كۆپىنچە ئۇششاق شاخلىرى بولىدۇ، گۈلى كىچىك، سۆسۈن ۋە ئۆگزىسىمان گۈل رېتىدە بولۇپ، كونۇس شەكلىدە توپلىشىدۇ. دورىغا يەر ئۈستى قىسمى ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ ئۆتكۈر پۇراقلىق بولۇپ، قىزىتمىنى پەسەيتىش، قاننى جانلاندۇرۇش رولىغا ئىگە.

**جەملەنمەك** «جەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: باش بوغالتىر قول ئاستىدىكى يەنە بىر بوغالتىرغا بۇ يىلقى كىرىمنى جەملىتىپ، ئومۇمىي سانىنى خاتىرىسىگە يېزىۋالدى.

**جەملەشمەك** ① «جەملىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاكا-ئۇكىلار تاپقان پۇللىرىنى جەملىشىپتۇ. ② يىغىلغان، جەملەنگەن ھالەتكە كەلمەك: ياسىنىڭ دېگىنى دۇرۇس چىقتى. بار-يوقلىرىمىز تولۇقلىنىپ، كۈچ-قۇدرىتىمىز جەملىشىپ، ھەممە ئىشىمىز خېلى دۇرۇس بولۇۋاتىدۇ، ئىشلىگەن چىشلەۋاتىدۇ.

**جەملەنمەك** «جەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تىترەك ئاۋازدا ئېيتىلغان بۇ بىر جۈملە سۆزگە ئىچ ئاغرىتىش، ئەيىبلەش ۋە خەيرخاھلىقنىڭ ئالەمشۇمۇل مەزمۇنى جەملەنگەن ئىدى.

**جەملىمەك** ① پ. بىر-بىرىگە يىغماق، توپلىماق، يىغىنچاقلىماق: پاتىنوندىن سادىرنىڭ ناخشىلىرى ئاڭلانغاندا، ئولتۇرۇش ئەھلى ھەممە دىققىتىنى جەملەپ، سادىرنىڭ بەزى قوشاقلىرىغا ئاستا غىڭشىپ ئاۋاز قوشتى. ② قوشۇپ، يىغىندىسىنى چىقارماق: ئۇ خۇددى يېنىدا ھېچقانداق ئادەم يوقتەك، ھەدەپ چوت سوقۇپ، ئاللىقانداق سان-سىفىرلارنى جەملىمەكتە ئىدى.

**جەمئىي** سۈپ [ئە] ① بارچە، ھەممە، پۈتۈن، تۈگەل: جەمئىي ئادەم. جەمئىي بىلەت. ② ھەممىسى، بارچىسى: ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ماشىنا مېڭىشقا تەييارلاندى. بۇنىڭ بىرىگە لۈتپۇللا، ئەغزەم ھەم تۇرغانلار چۈشكەن بولۇپ، ماشىنىدا جەمئىي 30 چە بالا بار ئىدى. * بىزنىڭ ئىدارىدا جەمئىي 100 ئادەم بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 70 پىرسەنتى كەسپىي كادىر، 30 پىرسەنتى مەمۇرىي خادىم ۋە ئىشچىلاردۇر.

**جەمئىيەت** ئى [ئە] ① <پەلس> مۇئەييەن ئىقتىسادىي بازىس ۋە ئۈستقۇرۇلمىدىن تۈزۈلگەن بىر پۈتۈنلۈك. ئۇ يەنە «ئىجتىمائىي فورماتسىيە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، باشلانغۇچ كوممۇنىزم جەمئىيىتى، قۇلدارلىق جەمئىيىتى، فېئودالىزم جەمئىيەت، كاپىتالىستىك جەمئىيەت ۋە كوممۇنىزم جەمئىيىتى ـ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ بەش خىل ئاساسلىق فورماتسىيىسىدۇر. ② كىشىلەرنىڭ ئورتاق ماددىي شارائىت ئاساسىدا بىرلەشكەن توپى: جەمئىيەت كىشىلىرى. * ھېچكىم جەمئىيەتتە ئاربلانشماي، يالغۇز تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدۇ. ③ بىرەر مەقسەتتە تۈزۈلگەن ئىختىيارىي بىرلەشمە، ئىجتىمائىي تەشكىلات: يازغۇچىلار جەمئىيىتى. تەرجىمانلار جەمئىيىتى. * ئەدەبىيات-سەنئەتچى-

لەر بىرلەشمىسى قارمىقىدىكى جەمئىيەت تەلەپنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى 1990-يىلى قايتىدىن رەتكە سېلىندى.

**جەمئىيەتنىڭ توپ زىددىيىتى** <پەلس> ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى، ئۇستقۇرۇلما بىلەن ئىقتىسادىي بازىس ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت. ئۇ پۈتكۈل جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ توپكى زىددىيىتى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىدۇر.

**جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي فورماتسىيىسى** <پەلس> مۇئەييەن تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مەجمۇئەسى.

**جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى** <پەلس> مۇئەييەن تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ئىقتىسادىي تۈزۈم، يەنى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىغىندىسى.

**جەمئىيەتشۇناس** ئى [ئە+پ] جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى مۇتەخەسسىس.

**جەمئىيەتشۇناسلىق** ئى. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**جەمئىيەتلىك** «جەمئىيەت» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇ ۋاقىتتا جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى كونا، كاپىتالىستىك جەمئىيەتلىكتىن يېڭى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتلىككە ئايلىنىدۇ.

**جەندە** ئى <كىي> دىۋانە، دەرۋىشلەرنىڭ ھەر خىل پارچە رەختلەردىن تىكىلگەن ياكى ياماق سېلىنغان تونى: چاپان دېگەن جەندە، ئۇسسۇل دېگەن مەندە (ماقال). * بىركۈنى غارنىڭ ئالدىدا جۇل-جۇل جەندىگە ئورالغان بىر دىۋانە پەيدا بولۇپ قاپتۇ. * شۇ كۈنلەردە، كىشىلەر بېشىغا يىرتىق كۆلا، ئۇچىسىغا كونىراپ كەتكەن ئۇزۇن جەندە كىيگەن بىر كىشىنىڭ ئات ئۈستىدە باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈشتى.

**جەندىر** ئى. تۈمۈرگە بۇرما چىقىرىدىغان ئەسۋاب.

**جەننەت** ئى [ئە] ① دىنىي ئېتىقاد بويىچە، گۇناھ بولىدىغان ئىشلارنى قىلماي، ياخشى ئىشلارنى قىلغۇچىلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن مەڭگۈ بەخت-سائادەتكە ئېرىشىدىغان يېرى: بوۋاي كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش ئاققۇزغان ھالدا: — خۇدا ساڭا جەننەت ئاتا قىلغاي، ئامىن، — دەپ دۇئا قىلدى ئايالىنىڭ تۇپراق بېشىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ. ② كۆچمە. ھەممە نەرسە تەل بولغان، راھەتبەخش، ئاۋات جاي: يۇرتنى قوغداش بۇرچىمىز، چۈنكى جەننەت يۇرتىمىز.

**جەننەتقۇشى** ئى [جەننەت+قۇش+ى] <زوئول> بىر خىل قۇش. پەي، تۈكلىرى ناھايىتى چىرايلىق، ئەركىكىنىڭ قانات ئاستىنىڭ ئىككى يېنىدا ناھايىتى ئۇزۇن يۇمشاق تۈكلىرى، قۇيرۇق قىسمىنىڭ مەركىزىدە بىر جۈپ ئۇزۇن پېيى بولىدۇ. ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ سايرايدۇ، ئاۋازى ناھايىتى يېقىملىق كېلىدۇ. ئىرىئان ئارىلى ئەتراپىدا ياشايدۇ.

**جەنۇب** ئى [ئە] ① تۆت ئاساسىي تەرەپنىڭ بىرى، كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ تۇرغاندا ئوڭ قول تەرەپ، شىمالنىڭ ئەكسى تەرىپى: ئابلىكىم مەھەللە ئىچىگە كىرىپ، قوش قاناتلىق دەرۋازىسى جەنۇبقا قاراپ ئېچىلغان ھەشەمەتلىك قورۇ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ② شۇ تەرەپ ۋە شۇ تەرەپكە جايلاشقان يەرلەر، رايونلار، شەھەرلەر: مەن جەنۇبتىن كەلدىم. * جەنۇبتىكى بىر ناھىيە بازىرى. كىچە ئادەم ئايىغى بېسىلغان بولۇپ، ھەممە يەر قاراڭغۇلۇققا چۆمگەنىدى.

**جەنۇبىي** سۈپ [ئە] جەنۇبقا تەۋە؛ جەنۇب تەرەپتىكى: جەنۇبىي شەھەر. جەنۇبىي قۇتۇپ. * بۇغراخان قوشۇنغا يېقىنلاشتى. توققۇز ھوجرىنىڭ ئارقىسىدا جەنۇبىي تاغ باغرى بىلەن سەپ تارتىپ تۇرغان قوشۇنلار ئەمدى ئۈچۈق كۆرۈندى.

**جەنۇبىي ئاراللار تىللىرى سىستېمىسى** <تىل> تىللارنى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى جەھەتتىن كلاسسىفىكاتسىيە قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ئايرىلغان بىر خىل تىللار سىستېمىسى. گاۋشەن تىلى، مالاي تىلى، ھىندى تىلى، گۇاۋا تىلى قاتارلىق تىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ سىستېمىدىكى تىللاردا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 100 مىليوندىن ئاشىدۇ.

**جەنۇبىي ئاسىيا تىللىرى سىستېمىسى** <تىل> تىللارنى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى جەھەتتىن كلاسسىفىكاتسىيە قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ئايرىلغان بىر خىل تىللار سىستېمىسى. بۇ سىستېمىدىكى تىللار ئاسىيا قىتئەسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى قىسمىدا ئىشلىتىلىدۇ، نوپۇسى تەخمىنەن ئون مىليون. مىندا تىللىرى تۈركۈمى ۋە مىڭگاۋمىيەن تىللىرى تۈركۈمى دېگەن ئىككى تىل تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ؛ مەملىكىتىمىزنىڭ يۈننەن ئۆلكىسىدە ئىشلىتىلىدىغان ۋازۇ تىلى، بىڭلۇڭ تىلى، بۇلاڭ تىلى مۇشۇ تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ.

**جەنۇبىي تروپىك سىزىقى** <جۇغ> يەر خەرىتىسىدىكى جەنۇبىي كەڭلىك ′27 °23 نى ئىپادىلەيدىغان سىزىق.

**جەنۇبىي چوڭ قۇرۇقلۇق** <گېئول> ← **گوندۋانا قۇرۇقلۇقى.**

**جەنۇبىي سوغۇق بەلباغ** <جۇغ> جەنۇبىي يېرىم شاردىكى سوغۇق بەلباغ. ئورنى جەنۇبىي قۇتۇپ بىلەن جەنۇبىي قۇتۇپ چەمبىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا.

**جەنۇبىي قۇتۇپ** <جۇغ> ① يەر ئوقىنىڭ جەنۇبىي ئۇچى، يەنى جەنۇبىي يېرىم شارنىڭ چوققىسى. ② جەنۇبىي ماگنىت قۇتۇپى. بۇ S بەلگىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**جەنۇبىي قۇتۇپ چەمبىرى** <جۇغ> جەنۇبىي يېرىم شارنىڭ قۇتۇپ چەمبىرى، يەنى جەنۇبىي سوغۇق بەلباغ بىلەن جەنۇبىي مۆتىدىل بەلباغنىڭ چېگرىسى.

**جەنۇبىي كەڭلىك** <جۇغ> ئېكۋاتورنىڭ جەنۇبىدىكى جۇغراپىيىلىك كەڭلىك ياكى پاراللېل.

**جەنۇبىي كرېست يۇلتۇز تۈركۈمى** <ئاستر> جەنۇبىي ئاسماندىكى كىچىك يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 12 سائەت 20 مىنۇت، ئېكۋاتور كەڭلىكى °60، يەنى چۈۋىن يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ شەرق، غەرب ۋە شىمال تەرىپى سېنتاۋر يۇلتۇز تۈركۈمى تەرىپىدىن قورشىلىپ تۇرىدۇ. بۇ يۇلتۇز تۈركۈمى گەرچە كىچىك بولسىمۇ، ئۇنىڭدا پارقىراق يۇلتۇزلار ناھايىتى كۆپ.

**جەنۇبىي ماگنىت قۇتۇپى** <جۇغ> يەر ماگنىتىنىڭ جەنۇبىي قۇتۇپى. ئورنى: شەرقىي ئۇزۇنلۇق ′24 °139، جەنۇبىي كەڭلىك ′48، °65 تا بولىدۇ.

**جەنۇبىي مۆتىدىل بەلباغ** <جۇغ> جەنۇبىي يېرىم شاردىكى مۆتىدىل بەلباغ. ئورنى جەنۇبىي قۇتۇپ چەمبىرى بىلەن تروپىك سىزىقى ئوتتۇرىسىدا.

**جەنۇبىي يېرىم شار** <جۇغ> يەر شارىنىڭ ئېكۋاتورنىڭ جەنۇبىدىكى قىسمى.

**جەھەت** ئى [ئە] ① تەرەپ ياكى بىرەر ئىش، مەسىلە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ تەركىبىي قىسمى: ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، يېزىلىق پارتكومنىڭ دوكلاتىدا تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىپ بېقىشقا تېگىشلىك خېلى كۆپ جەھەت بارلىقىنى ئېيتتى. ② چىقىش كېلىش، ئورۇن كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ تىركەلمە رولىدا كېلىدۇ: ئىقتىسادىي جەھەتتىن. داۋالىنىش جەھەتتە.

**جەھەتتە** تىر. تەرەپتە، ھەققىدە: سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچلىك ئادەمنى تاللاش كېرەك. * ئاسسىم بولسا كىيىنىش جەھەتتە ئالماستىن بىرئاز پەرق قىلاتتى.

**جەھەتتىن** تىر. ياقتىن، تەرەپتىن: شۇ كۈندىن باشلاپ، نىجات بۇ ئائىلىگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئانچە-مۇنچە قارىشىپ تۇرۇشقا بەل باغلىدى. * ھازىر مەن ھەممىلا جەھەتتىن خاتىرجەم. * بەزى جەھەتتىن ئۇلارغا قاتتىقراق بولمىسا بولمايدۇ.

**جەھەننەم** ئى [ئە] ① دوزاخ: جاھىل چېرىك بىر پاي ئوق بىلەن جەھەننەمگە راۋان بولدى. ② كۆچمە. چىدىغۇسىز دەرىجىدىكى ئېغىر شارائىت، مۇھىت: سۆيۈملۈك داھى ماۋجۇشى ئېلىم بەختىنى ئالەمگە، جاكارلاپ، خاتىمە بەردى جاھالەتكە، جەھەننەمگە. ③ كۆچمە. ئىنتايىن چوڭقۇر؛ تېگى يوق يەر: — ئەگەر ئۇ يەر جەھەننەمدە بولسىمۇ، چوقۇم تاپىمەن، — دېدى رۇستەم قەتئىي ھالدا.

**جەھەننەمگە ئەۋەتمەك** ← **جەھەننەمگە ئۇزاتماق**: يىگىتلەر شۇنداق جەڭ قىلدىلەركى، بىر سائەت ئىچىدە يۈز نەچچە دۈشمەننى جەھەننەمگە ئەۋەتتى.

**جەھەننەمگە راۋان بولماق** ← **جەھەننەمگە كەتمەك**: ھېسامىدىن داموللىنىڭ مېھمانخانىسىدا مۇھتەرەم قارىي ئۆلتۈرۈلۈپ، ئاللىقاچان جەھەننەمگە راۋان بولغانىدى.

**جەھەننەمگە سەپەر قىلماق** ← **جەھەننەمگە كەتمەك**: قاچقۇن بۇ ئەبلەخنىڭ تاغ يولىدا جەھەننەمگە سەپەر قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان كەنتلىكلەر بەكمۇ خۇش بولۇپ كەتتى.

**جەھەننەمگە كەتمەك** ئۆلمەك، ئېشىنى يېمەك: — ئەپسۇسكى، مېنىڭ تەلىيىمگە يامبۇ بېرىدىغان شاھمەخسۇتنىڭ بېشىدا ئەزرائىلنىڭ سايىسى ئەگىپ يۈرگۈدەكمىش، ئۇنى قوللايدىغان يالاڭ جاڭجۇنمۇ جەھەننەمگە كېتىپ قالدى، — دېدى ھەيدەر ئەپەندى.

**جەھەننەمگە ئۇزاتماق** جازاسىنى بەرمەك، ئۆلتۈرمەك: ئەنجانباي لەۋلىرىنى چىڭ چىشلەپ تۇرۇپ، ئاخىرقى بىر پاي ئوق بىلەن يەنە بىر چېرىكنى جەھەننەمگە ئۇزاتتى.

**جەھەننەمگە يوللىماق** ← **جەھەننەمگە ئۇزاتماق**: «ئەكسىنۇر» نى پاناھ قىلىپ مۆككەنلەر، مىللىتىق ئەمەس، توقماقتىلا جايلاندى. ئەل بولغانلار تاپتى خەير-ساخاۋەت، جاھىللىرى جەھەننەمگە يوللاندى.

**جەھرە** [ئە] ① ئى. ئاۋاز چىقىرىپ ئوقۇلغان زىكىر-تەلقىن، ھۆكمەت: جەھرە سالماق. ② سۈپ. ئاۋازىنى چىقىرىپ ئۈنلۈك ئېيتىلغان: — ھوي خوتۇن، كېكەچلىمەي، جەھرە گەپ قىلىڭلار! زادى نېمە ئىش ئۇزى؟ — دەپ ۋارقىرىدى ھاۋاز تەرىنى تۇرۇپ ھۆسنەرىخانغا.

**جەھرە سالماق** ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن زىكىر-تەلقىن ئوقۇماق، ھۆكمەت ئوقۇماق: بەزىدە ئۇ تۈنەك ئۆتكۈزۈپ، ئىخلاسمەنلەر بىلەن تاڭ ئاتقۇچە جەھرە سالاتتى. جەھرە سېلىۋېتىپ، ئېغىزىدىن كۆپۈك يېنىپ، كۆزى ئالىيىپ، ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ قويغان چاغلىرىمۇ بولغان.

**جەھرىخانا** ئى [ئە+پ] كىشىلەر توپلىنىپ، ھاپىزلارغا ئەگىشىپ جەھرە سالىدىغان ئۆي؛ جاي: شۇنىڭدىن كېيىن ھاجى ئىشان شىرمۇھەممەتنى ئەگەشتۈرۈپ، دەسلەپ خانىقانىڭ

جەھرىخانىسغا، ئاندىن سىرلىق ۋە جاراڭلاپ تۇرغان كۆپ تۈۋرۈكلۈك ئېتكاپخانىلارغا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆيدىن-ئۆيگە ئۆتكۈزۈپ، مەدرىسىنىڭ تار ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىردى.

**جەۋزا** ئى [ئە] ← **جەۋزا بۇرجى.**

**جەۋزا بۇرجى** <ئاستر> ئېكلىپتىكىدىكى 12 بۇرجنىڭ ئۈچىنچىسى، بەلگىسى II. ئاسترونومىيىلىك ئۇزۇنلۇقى 60° تىن 90° قىچە. ئەسلى ئورنى جەۋزا يۇلتۇز تۈركۈمىدە بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سەۋر يۇلتۇز تۈركۈمىگە يۆتكەلگەن. ھەر يىلى 5-ئاينىڭ 21-كۈنى ئەتراپىدا قۇياش بۇ بۇرجقا كېلىدۇ. بۇ چاغدىكى مەۋسۇم «سەرەتان» بولىدۇ.

**جەۋزا يۇلتۇز تۈركۈمى** <ئاستر> ئېكلىپتىكىدىكى 12 يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 7 سائەت 10 مىنۇت، ئېكۋاتور كەڭلىكى 24°. يەنى سەۋر يۇلتۇز تۈركۈمى بىلەن سەرەتان يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ.

**جەۋلان** ئى [ئە] ① ھەر تەرەپكە تاشلىنىپ، ئايلىنىپ ياكى يۇقىرىغا چاپچىپ قىلىنغان يەڭگىل، چاققان ھەرىكەت: جەۋلان قىلماق. * كۈمۈش تۇلپارغا زەر ئالتۇن ئېگەر پۈتتۈق بوگۈن گويا، ئۇنىڭدىن ھۆر زامانىمىنىڭ نۇرى جەۋلانىنى كۆردۇم. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**جەۋلان ئەيلىمەك** ← **جەۋلان قىلماق:** مات قىلىپ مۇشكۈلنى، غەلىبە سازىنى چالغان قوشۇن، كەلگۈسى ئالتۇن بىناغا پۇختا ئۇل سالغان قوشۇن، قۇچ يەنە پەننىڭ كۆكىدە شان - زەپەر پالۋان قوشۇن، بايرىقىڭ چوققىدا غالىب ئەيلىسۇن جەۋلان، قوشۇن!

**جەۋلان قىلماق** ① ھەر تەرەپكە تاشلانماق؛ لەپىلدىمەك، پەرۋاز قىلماق: شەھەر باشلىقى تۇرسۇن تامغا يامىشىپ چىقىپ، بالا كۆرسەتكەن قاۋانلىق تەرەپكە قارىدى. ئۇ تەرەپتە قىزىل بايراقلار جەۋلان قىلاتتى. * مانا، ئەتراپ ئاقىرىشقا، توپ-توپ قاغىلارمۇ قەشقەر ئاسمىنىدا ئەركىن ئويناپ، چۇقان سېلىشقا، توپ-توپ كەپتەرلەرمۇ سۆزگەنلىرىنى سايرىتىپ بۇلۇتلار باغرىدا جەۋلان قىلىشقا باشلىدى. ② بىرەر ساھە ياكى ئىش ھەرىكەتتە ئۆزىنى كۆرسەتمەك، كۆزگە كۆرۈنمەك، جىلۋىدىلەنمەك: دىلبەر ھېكايىنى ئاڭلاپ شۇنچىلىك چوڭقۇر تەسىر ئالدىكى، ئۇ بىرنەچچە كۈنگىچىلىك ئانارگۈلدەك جەڭدە جەۋلان قىلىپ چۈش كۆرىدىغان بولۇپ كەتتى. * ئازادلىق! دەپ مەيدان ئارا جەۋلان قىلغان، ۋەتەننى دەپ خەلقنى دەپ، قۇربان بولغان، ئاخىر قۇلاق، كۆز، بۇرۇنغا تۇپراق تولغان، شېھىتلەرنىڭ بوگۈن يەنە سۆزلەر تىلى. ③ ئىپادىلەنمەك، نامايەن بولماق: ئۇ ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇۋېتىپ، مېھمانلارغا بىرقۇر قاراپ چىقتى. ھەممىيلەننىڭ چىرايىدا ئىسمائىلغا نىسبەتەن چەكسىز قايىللىق، سەممىي ھېسداشلىق، چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسى جەۋلان قىلاتتى. * يەنە سۇلار، شارقىراتمىلار، شوخ شاماللار ئەركىلەپ، سۆيۈپ باغرىڭدا جەۋلان قىلغۇسى.

**جەۋلان ئۇرماق** ← **جەۋلان قىلماق:** مەن بۇ بۇلبۇلنىڭ سۆزىنى خوپ دېدىم ماقۇل كۆرۈپ، بەس قەلەم جېڭىگە كىردىم ئاتلىنىپ جەۋلان ئۇرۇپ.

**جەۋھەر** ئى [ئە] ① قىممەت باھا تاشلارنىڭ ئومۇمىي نامى. ② كۆچمە. بىرەر شەيئىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، مېغىزى، يادروسى: ئۇ خىمىيۋى ئۇسۇل ئارقىلىق بۇ ئۇرۇقلاردىن جەۋھىرىنى تارتىۋېلىپ، ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇش نىيىتىگە كەلگەندى. ③ كۆچمە. مەلۇم بىر ئىش ياكى مەسىلىنىڭ ئاساسلىق، ئەھمىيەتلىك قىسمى: - بىز

بۇ قېتىم يېزىلاردا، بىر تەرەپتىن سەييارە ئويۇن قويدۇق، يەنە بىر تەرەپتىن خەلق ئارىسىدىكى مول سەنئەت جەۋھەرلىرىنى توپلاپ ئۆگەندۇق، ــ دېدى ئابلىز پىيالىدىكى چاينى ئوتلاۋېتىپ. ④ كۆچمە. مەلۇم ئەجىر، تىرىشچانلىقنىڭ مېۋىسى، نەتىجىسى: «جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇسسۇرلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەر ھەققىدە» ناملىق يېڭى نەشردىن چىققان كىتاب ئۇنىڭ ئون نەچچە يىلدىن بۇيانقى يۈرەك قېنىنىڭ جەۋھىرى ئىدى. * دىلنۇر ھەدىيە قىلغان خاتىرە دەپتەر يېنىمدىن ئايرىلمايدىغان ئەڭ يېقىن ھەمراھىمغا ئايلانغان بولۇپ، تەپەككۇرۇمنىڭ ئەڭ ئېسىل جەۋھەرلىرى ئۇنىڭ بەتلىرىدىن ئورۇن ئالماقتا ئىدى.

**جەينەك** ① ئى <ئانات> قولنىڭ بىلەك سۆڭىكى بىلەن مۈرە سۆڭىكى تۇتاشقان، ئېگىلگەندە بۇلۇڭ ھاسىل قىلىدىغان جايى: ــ نورۇز، مويدۇڭىزنىغا چىقامسەن؟ ــ دېدى يېنىمدا ئولتۇرغان مەخسۇم ئىسمىلىك ساۋاقدىشىم جەينىكى بىلەن بىقىنىمغا ئاستا نوقۇپ پەس ئاۋازدا. ② ئى. كۆچمە. مەلۇم لىنىيىنىڭ ئېگىلگەن، بۇرالغان جايى: بىزنىڭ يېزا ئەنە شۇ دەريانىڭ ئايلىنىشىدىكى جەينەككە جايلاشقان. * بىزنىڭ ئۆيلەر جەينەكتە، چاي قايناپدۇ چەينەكتە. قاچانغىچە يۈرىسلە، كاككۇك بىلەن زەينەپلە. ③ سۈپ. ئېگىلگەن، جەينەككە ئوخشايدىغان: جەينەك كاناي.

**جەينەك كاناي** بۇلۇڭ شەكلىدە تۇتاشتۇرۇپ ياسالغان ئەگرى كاناي.

**جەينەك ئويمىنى** <ئانات> جەينەك بوغۇمىنىڭ ئىچ تەرەپكە ئويمانلاشقان قىسمى.

**جەينەك ياغاچ** ماتا توقۇش دۇكىنىدا پەركا بىلەن دەستىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ياغاچ.

**جەينەكتەك** سۈپ. كىچىك، كىچىككىنە؛ جۇغى كىچىك: ــ جەينەكتەك ئادەم. جەينەكتەك بوي. * ئابدۇرىشىت، جەينەكتەك جېنىڭغا تولا نوچىلىق قىلما، ھېلى بىكار بېشىڭنى قولتۇقۇڭغا قىستۇرۇپ قويماي يەنە! ــ دېدى ھۆسەنجان پوپوزا قىلغان ھالدا.

**جەينەكلەتمەك** «جەينەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جەينەكلەشمەك** «جەينەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز زەيي يەرگە سېلىپ قويۇلغان زىغىر پاخلى ئۈستىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇراتتۇق. ئوقۇغۇچىلار ئورۇن تالىشىپ، بىر-بىرى بىلەن جەينەكلىشىپ، ۋاراڭ-چۇرۇڭ كۆتۈرگەندە، مەۋلان خەلپىتىم ئۇزۇن تاياق بىلەن ئۈستى-بېشىمىزغا ئايىماي ئۇراتتى.

**جەينەكلەنمەك** ① «جەينەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى. ② جەينىكىنى تىرەپ، يېنىچە ياتماق: دالويى گىلەملەر سېلىنغان كەڭ كەپىنىڭ تۆرىگە چىقىپ، قوشلاپ قويۇلغان ماموق ياستۇققا جەينەكلەندى.

**جەينەكلىك** ① سۈپ. جەينىكى بار، جەينەك چىقىرىلغان: ــ بىلىپ تۇرۇپ سوراۋاتقىنىڭىزنى قارىڭا، ــ دېدى ماموت ئۇستام ماڭا، ــ ئادەتتىكى جەينەكلىك ئوق بولسىمۇ قاچان دېسىڭىز بىز تەييار، ئەمما بۇنىڭغا، راستىنى ئېيتسام، ئامالىم يوق. ② ئى. بۆشۈككە بۆلەنگەن بالىنى جەينىكىنىڭ ئۈستىگە باستۇرغا قىلىپ تاڭىدىغان ياستۇقچە.

**جەينەكلىمەك** پ ① جەينەك بىلەن ئىتتىرمەك، نوقۇماق: ھەممەيلەن كۈلۈپ كېتىشتى. ئايدىڭ داپچى قىزغا رەنجىگەندەك قىلىپ ئۇنى جەينەكلىگەن بولدى ۋە يەنە يۈزىنى ياپقان پېتى تەتۈر بۇرۇلۇپ ئولتۇرۇۋالدى. * مۈزىكا رومبىغا چېلىندى، مەن ئادەملەرنى جەينەكلەپ يۈرۈپ، قىزنىڭ ئورۇندۇقى يېنىغا باردىم. ② جەينىكىنى تىرىمەك، تايانماق: نۇراخۇن ئاكا ياتقان ئورنىدىن جەينەكلەپ تۇرۇپ، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى ۋە ئاندىن كۆپنى كۆرگەن كىشىلەردەك، سالماقلىق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى. * ئامىنە جەينەكلەپ تۇرماقچى بولۇۋىدى، مۈزدا بوتىيى تېيىلىپ، زادىلا ئۆرە بولالمىدى.

**جوتاڭ** [خەن] ① ئى <يېم> ← **زاڭ.** ② سۈپ. كۆچمە. ئارىلىشىپ كەتكەن، قالايمىقان.

**جوتاڭ چالماق** ① جوتاڭ ئەتمەك. ② ئېلەشتۇرۇۋەتمەك، قالايمىقان قىلىۋەتمەك: **ئىشنى رەتلىك ئىشلىسەك بولمامدۇ؟ جوتاڭ چالماي.**

**جوتۇ** ئى [خەن] تاش-تۇپراقلارنى يۆمشىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان، بىر بېشى ئۈچلۈق يەنە بىر بېشى بىسلىق، ساپلىق تۆمۈر ئەسۋاب: **قالغانلارنىڭ قولىدا جوتۇ، گۈرجەك، سېۋەت بار. كارىز چاپقان ئەرلەرنىڭ بىلىكىدە قۇۋۋەت بار.**

**جوجو** ئى. بال س. ① باللارنى كىچىك تەرەت قىلىشقا ئۈندەش سۆزى. ② كىچىك تەرەت، سۈيدۈك: **بالام جوجو بارمۇ؟**

**جودا** ئى. ئۇرۇش-تالاش، جېدەل-ماجىرا: **پۇلى بار بايلار قىلماقتا سودا، سودا ئۈستىدە مىكىر ۋە جودا.**

**جودا تېرىماق** جېدەل-ماجىرا تۇغدۇرماق؛ ئۇرۇش پەيدا قىلماق: **باينىڭ بالىلىرى دادىسىدىن قالغان مىراسنى بۆلۈشەلمەي، جودا تېرىغاندى. * مانا ئاخىر ئارىدىن ئانچە ئۆتمەي، مەخمۇت بىرەيلەن بىلەن قەستەن جودا تېرىدى.**

**جودا چىقارماق** ← **جودا تېرىماق.**

**جوداچى** ئى. جودا پەيدا قىلغۇچى جېدەلخور ئادەم: **بۇ چاغدا ھېلىقى جوداچىلار باسماققا چۈشكەن قۇشقاچتەك تىپىرلاپ قېلىشتى.**

**جوداكەش** ئى ← **جوداچى.**

**جودالاشماق** پ. بىر-بىرى بىلەن جودا چىقارماق، جېدەل قىلىشماق، سوقۇشماق: **ئالدىنقى كۈنى دىلبەر بىلەن ئىككىمىز جودالىشىپ قالغاندۇق. * مەست بولۇپ تاڭ ئانقۇچە ئالماي ئارام جودالىشىپ، ئەتىسى ئىشتىن قالدىڭ، ئىششاغاچ قوش مۈشتەك قاپاق.**

**جور** سۈپ [پ] ① ماس، ئۇيغۇن، لايىق: **كۈنەسىنىڭ قىز-يىگىتى بۇلبۇل بىلەن گۈل ئىكەن. باغدىمۇ ھەم تاغدىمۇ بىر-بىرىگە جور ئىكەن.** ② تەڭكەش، ئاھاڭداش: **گاھ بېشى پىرقىراپ، گاھ كۆڭلى ئاغدۇ، گاھ كېتىپ ئەس-ھوشىدىن، گاھى ماڭدۇ. كىشەنلەر شاراقلايدۇ ئەل مۇڭغا جور. يۈرەكلەرنى خۇن قىلدى دوۋاڭ بالاخور. * مەن بۇلبۇلى چىمەننىڭ، غەزەل-ناخشام تۈمەن مىڭ، مۇقامىمغا جور-تەڭكەش دۇتارىم بار چىرايلىق.**

**جور بولماق** ① بىر-بىرىگە ماس، ئۇيغۇن ئاۋاز بىلەن تەڭكەش بولماق؛ ئورتاق كۈيلىمەك: **چارباغ ئىچىدە كىشى كۆڭلىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان خۇش-يېقىملىق نەي ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. ئەتراپتا بۇلبۇللار نەيگە جور بولۇپ سايرىماقتا.** ② ماس، لايىق كەلمەك: **ھېلىقى يىگىت لاي چەيلەۋاتقان تونۇرچىدەك ھەدەپ ئالدى-كەينىگە ماڭاتتى. ئۇنىڭغا جور بولۇپ ئوتتۇرىغا چۈشكۈدەك ھېچكىم بولمىدى.**

**جور قىلماق** ① بىر-بىرىگە ماس ئاۋاز بىلەن تەڭكەش قىلماق: **بۇنىڭ بىلەن گۈلچەمەن كىتاب كۆرۈپ زېرىككەندە دۇتارنى قولىغا ئېلىپ تىرىڭشىتىدىغان ۋە ئۇنىڭغا جانان چىنىسىدەك جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن ناخشا جور قىلىدىغان بولۇپ قالدى.** ② ماس، لايىق كەلتۈرمەك: **ئۇ تۇل ئايالنىڭ قۇلىقىغا يېقىن كېلىپ پىچىرلىدى: — ئىگەم بۇ ئىككىسىنى بىر-بىرىگە لايىق، بىر-بىرىگە جور قىلىپ ياراتقانىكەن دەپ ئويلاپ قېلىۋاتىمەن.**

**جورا** ئى [پ] ① تەڭتۇش، سەپداش، دوست: **ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتۈپ گۈلچەمەن، يەڭگىلەر ۋە جورا قىزلار ئارىسىدا ھۇجرىدىن چىقىپ كەلدى. * ئۇ ئۆز جورىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، دۇنيانى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئامال تېپىشقا كېتىپ بارىدۇ.** ② قانۇنلۇق نىكاھتىكى ئەر ياكى ئايال: **شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتىدىمۇ جىددىي ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۆزىگە**

بىرەر جورا تېپىۋېلىش ئىستىكى ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىنىمسىز داۋالغۇتاتتى.

**جورا بولماق** ① قانۇنلۇق نىكاھىدا بولماق: ئۇنىڭغا جورا بولغان قايىسى ئايالدۇر. ② جۈپ، ھەمراھ بولماق: قانات چىقىرىپ مەنمۇ كۆككە ئۇچىمەن ئويناپ. ماڭا سەنمۇ جورا بول، خۇشاللىق بىلەن سايراپ.

**جورا تاپماق** ئۆزىگە جۈپ، لايىق تاپماق: — باي غوجام ئۇنى ئەركىشى تۇرماق ئەركەك چۈۋىندىنمۇ قورۇپ يۈرىدىغان تۇرسا، ئۇ قىز قانداق قىلىپ ئۆزىگە جورا تېپىۋالغاندۇ؟ — دېدى ھەلىمخان ئۆز-ئۆزىگە.

**جوراتماق** «جورىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئاناڭنى جوراتما، قىزىم! ئاناڭنىڭ كېسىلى يەنە قوزغىلىپ قالمىسۇن، — دېدى ئاسىم ئاكا مەرىيەمگە.

**جورلۇق** سۈپ. تەڭكەش، جور قىلىنغان: جورلۇق مۇزىكا.

**جورلۇق مۇزىكا** <مۇز> ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق كىشىلەر ئۆزلىرى ئۈستىگە ئالغان ئاھاڭ بۆلەكلىرى بويىچە، بىر خىل ياكى بىرقانچە خىل چالغۇدا ئورۇندىغان مۇزىكا. ئادەتتە ئادەم سانىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە قاراپ ئىككى كىشىلىك، ئۈچ كىشىلىك ۋە تۆت كىشىلىك مۇزىكا دەپ بىرقانچە تۈرگە ئايرىلىدۇ.

**جورۇتماق** «جورۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جورۇشماق** «جورۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئانىلار كۆمۈشنىڭ بۇ چىرقىرىشىنى ئىنژا تارتقانغا جورۇشتى-دە، ئۆيگە كىرىپ، بىساتلارنى ئاختۇرۇشقا، توي تەييارلىقىنى كۆرۈشكە كىرىشىپ كېتىشتى.

**جورۇق** ئى. دىئال. بۇيرۇق.

**جورۇقچىلىق** ئى. دىئال. بۇيرۇقۋازلىق.

**جورۇماق** پ ① بۇيرۇماق: كېمىنىڭ دورغىسى خىزمەتچىلىرىنى قىچقىرىپ، 50 چېيتىنى قورۇقلۇققا چىقىرىشقا جورۇپتۇ. * ئادەملەر قوناق باشلىرىنى ئۈزمەكتە، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىنى ئىشقا جورۇپ ۋارقىراشلىرى، كاللارنىڭ مۆرەپ، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراپ، قويلارنىڭ مەرەشلىرى نامازشام ئاسمىنىدىكى بوشلۇقتىن يىراقلارغا ئاڭلىناتتى. ② ئىشقا سالماق، ئىشلەتمەك؛ ئىشلىمەك: خوي جورۇدۇڭ ئەقلىڭنى، (ئاللا بەرسۇن بەختىڭنى). يۈرەك-جېنىم ياشارسۇن، پۈراي غۇنچە-گۈلۈڭنى.

**جورىماق** پ ① بىرەر ئىش، بىرەر مەسىلە ھەققىدە توختىماي، تەكرار-تەكرار سۆزلەپ كەتمەك، قايتا-قايتا دەۋرەمەك: — ھە، نېمە گەپ؟ «ساقچى ئەپەندى» دەپ جوراپ كەتمىسەڭمۇ بىز ساقچى، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا قوپاللىق بىلەن. * — قېيىن ئانام مېھماندوست خوتۇن، — دېدى شانىياز ئالماسقا قاراپ، — سەن ئۇنى تولا ماختاپ كەتمە، ماختاپلا قويساڭ، بالاغا قالسەن، جوراپ كېتىدۇ. بۈگۈن بۇ ئۆيدىن چىقمىقىڭ تەس، دەريا بويىغا كېچىكمىز. ② كايىماق، ئاچچىقلانماق: يىقىلىپ چۈشۈشقۇ ئادەم ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس، بەختكە قارشى، ئۇ ئۆزى تۇتۇپ تۇرغان ياش كۆچەتنى ئاستىغا بېسىپ سۇندۇرۇپ قويدى. مانا بۇ ئىش تۈپەيلى، داۋۇت موللام يەنە جوراشقا باشلىدى. * — راست ئەمەسمۇ، تېشىپ تۇرغان كۈچۈڭ بولسا كەتمەندە سىنا، — دېدى ياشانغان بىر دېھقان، — بىرەر ئېغىز گەپكىمۇ شۇنچە جوراش كېتەمدۇ؟!

**جوزا** ئى [خەن] ئۈستى تۈز، ئاستى تۆت بۇرجىكىگە تۆت پۇت ئورنىتىلغان، ياغاچ ۋە تۆمۈر قاتارلىقلاردىن ياسالغان ئۆي جابدۇقى.

**جوغا** ئى. ئاپتۇۋا، چەينەك ۋە چوگۇنلارنىڭ سۇنى سىرتقا چىقىرىدىغان ئېغىزى.

**جوغا تىلى** ← جوغا ياپقۇچ.

**جوغا ياپقۇچ** جوغىنىڭ ئېغىزىنى يېپىپ تۇرىدىغان تىل شەكىللىك قاپقاق.

**جوغدا** ئى. ئۇچار-قۇش ياكى باشقا هايۋانلارنىڭ كوكۇلىسى.

**جوغداي** ئى. تۆگىنىڭ بوينى ۋە تىزىنىڭ ئۇستىدىكى ئۇزۇن يۇڭلار.

**جوغدۇن** ئى. دىئال. ئىپتىك، تىمەن، شوخ.

**جوغدىيەك** ئى. مېكىيانىنىڭ پوپۇكى.

**جوغىلىق** سۈپ. جوغىسى بار، جوغا ئورنىتىلغان: جوغىلىق چۆگۈن.

**جوقا** ئى. تاغ جىلغىسى.

**جوگسا** ئى. مىس چوگۈنلارنىڭ ئېغىز ياپقۇچىنىڭ ئۇستىگە چىقىرىلغان قۇببىگە ئوخشايدىغان قىسمى.

**جوگقۇرماق** پ. دىئال. باشقۇرماق، ئىدارە قىلماق.

**جول** ئى [ئىنگ] <فىز> ئىشنىڭ بىرلىكى. بىر جول 10 ئېرىگگە تەڭ. بۇ نام ئەنگلىيە فىزىكا ئالىمى جول ( James Prescott Joule ) نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن.

**جولاپ** ئى. شېكەر قىيامى بىلەن مۇز سۈيىنىڭ ئارىلاشمىسى.

**جولاپ قىلماق** شېكەر قىيامى بىلەن مۇز سۈيىنى ئارىلاشتۇرماق.

**جولاتماق** «جولىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بېلەت جولاتماق. ＊ بىرمۇنچە جاڭجاللاردىن كېيىن، بېلەت ساتقۇچىلار ئۇلارغا پۇل جولاتتى.

**جولاشماق** «جولىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كۆپچىلىك ئۆزئارا يىغىش قىلىشىپ، ئۇنىڭ بالنىستا يېتىشى ئۈچۈن پۇل جولاشتى.

**جولانماق** «جولىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پۇل ئالىلىۋىرۇن جولىنىپ بولغان بولسىمۇ، مال تېخى ئۇنىڭ قولىغا تەگمىگەنىدى.

**جولىماق** پ. بەرمەك، تاپشۇرماق، تۆلىمەك: بۈگۈنكى زىياپەتنىڭ پۇلنى ئەركىن جولىدى.

**جومباق** سۈپ. «قاملاشمىغان، سەت» دېگەن مەنىدىكى تىل-هاقارەت سۆزى (ئاياللار هەققىدە): ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، بۇ ۋالاقتەككۇر جومباقنى تەستەكلىۋەتكۈسى كەلدى. لېكىن، ئۇ يەنە قورقاتتى، ئەنسىرەيتتى.

**جون** ئى. هايۋانلارنىڭ ئىنچىكە بېلىنىڭ ئۇستى قىسمى.

**جون تۇتماق** ← جونلانماق.

**جونداق** ① سۈپ. كونا، ئەسكى، يىرتىق: ئۇلار جونداق كىيىملەرنى كىيىۋالغان بولۇپ، يالىڭاياغ ئىدى. هۇجرىلار ئالدىدىكى سېمىز، شايى كۆڭلەكلىك سودىگەرلەرگە ئوخشىمايتتى. ② ئى. ئاشۇنداق كىيىنگەن كىشى، يالاڭتۆش: ئۇ چاغدا ئۇلار ئۆزلىرىنى بەگزادە، بىزلەرنى بولسا جونداقلار دەپ قاراپ بىر يەردە ئولتۇرۇشتىن نومۇس قىلاتتى.

**جونلانماق** پ. هايۋانلار جونىغا گۆش، ماي يىغماق، سەمرىمەك: بىركۈنى ئاپام: — هەي تەنتەك مەخلۇقەي، خېلىلا جونلىنىپ قالدىڭ، — دەپ قويدى مۈشۈككە قاراپ.

**جوهۇت** ئى [ئە]يەهۇدى.

**جوۋاتماق** «جوۋىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئۆزلىرىنى جوۋاتماي، ئۆزۈملا ئېيتىپ بېرەي، قىز تەگكەن ئېرىم شەهەردە داڭقى چىققان ئابدۇمۇتەللىپ مەخسۇم ئىدى، — دېدى توختىبۇۋى.

**جوۋاشماق** «جوۋىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — جوۋاشمىسىلا، — دېدى نىيازخان ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلارغا قاراپ، — مەن ئۆزۈم تۆگىتەلەيمەن.

**جوۋالغۇ** ئى. ئاۋارىچىلىك، قىيىنىلىش: جوۋالغۇ تارتماق. جوۋالغۇغا قالماق. يول جوۋالغۇسى.

**جوۋالغۇ تارتماق** قىينالماق، ئاۋارىچىلىك تارتماق.

**جوۋىماق** پ. ئاۋارە بولماق، بىسەرەمجان

بولماق، كايىماق، قىينالماق: - ياق، سىلى جۇۋنىمىسلا، مەن ئەكىلەي ئۇستام. سۇ بار يەرنىمۇ بىلىمەن، - ئۇ چېلەكنى ئالدى-دە، يۈگۈرۈپ كەتتى. * ئۆزلىرى كۆپ جۇۋاپىلا، رەھمەت.

**جۇ** ئى [خەن] <ئاستر> قىشلىق كۈن توختىشىدىن باشلانغان ھەربىر توققۇز كۈن. بۇ ئادەتتە بىرىنچى جۇدىن توققۇزىنچى جۇغىچە داۋاملىشىدۇ.

**جۇ ئالماق** قىشلىق كۈن توختىغاندىن كېيىن باشلىنىدىغان توققۇز كۈن (جۇ) كەلمەك، باشلانماق.

**جۇاڭزۇ** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**جۇاڭزۇ تىلى** <تىل> جۇاڭزۇلار ئىشلىتىدىغان تىل. خەنزۇ-زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى جۇاڭزۇ-دۇڭزۇ تىللىرى تۈركۈمى جۇاڭزۇ-دەيزۇ تىللىرى تارمىقىغا كىرىدۇ. ئاساسەن مەملىكىتىمىزنىڭ گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى ۋە يۈننەن ئۆلكىسى ۋېنشەن جۇاڭزۇ-مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**جۇاڭزۇلار** ئى. <ئىرق> جۇاڭزۇ مىللىتى ۋە جۇاڭزۇ خەلقى. ئاساسەن گۇاڭشى، يۈننەن ۋە گۇاڭدۇڭغا جايلاشقان.

**جۇت I** ① ئى. تۇمانلىق سوغۇق شامال: جۇت ئاپىتى. * جۇت بىلەن باشلانغان سوغۇق شۇنداق كۈچىيىپ كەتتىكى، قولۇمدىكى تېرە پەلەيمۇ ھېچنېمىگە دال بولالماي قالدى. * ئەتىيازدا كەلگەن جۇت ئاپىتى بىلەن ئون نەچچە قوي، 20 نەچچە پاقلان ئۆلگەنىدى. ② ئى. كۆچمە. باشقا كەلگەن ئوڭۇشسىزلىق، بەختسىزلىك؛ بالا-قازا: قەدىرلىكىم، بىزنىڭ سۆيگۈمىز يالقۇنلارنى باشتىن كەچۈردى. جۇتنى كۆرگەن ياشلىق ئۆمرىمىز بۈگۈن باھار پەيزىنى سۈردى. * يوللاردا يولۇقۇپ شۇم ئالۋاستىلار، جۇتلارنى ياغدۇرۇپ توسماق بولسىمۇ، شىرلارچە جەڭ قىلىپ كەڭ مەيدان ئارا، دۈشمەننىڭ كۆكسىنى قىلدۇق بىز يارا. ③ سۆپ. باشقىلارغا ئوڭۇشسىزلىق، بەختسىزلىك ۋە بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان: - جۇتلۇق ھاۋا كىرگەندىن بۇيان، جۇت ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىشىمۇ بارغانسېرى ئەۋج ئالماقتا، ۋەزىيەت ئاللىقاچان ئۆزگىرىپ كەتتى، - دېدى ساھىبخانا ئولتۇرغانلارغا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن. ④ سۆپ. كىيىم-كېچەك توشمايدىغان: ئايىغى جۇت بالا.

**جۇت بولماق** تۇمانلىق ۋە يامغۇر ئارىلاش سوغۇق شامال چىقماق: دەرياغا سەل كەلدىمۇ، يامغۇر، مۆلدۈر يېغىپ جۇت بولۇۋاتامدۇ، بۇنىڭغا قارىمايسەن، خوجايىننىڭ ئاغزىدىن چىقتىمۇ، شۇ بويىچە قىلمىساڭ ھالىڭغا ۋاي. * - بۈگۈن ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن بۇيان، كۆرۈپ باقمىغان جۇت كۈن بولدى، - دېدى شائىر شىرە يېنىغا ئولتۇرغاچ.

**جۇت چۈشمەك** ① تۇمانلىق، يامغۇر ئارىلاش سوغۇق بولماق. ② كۆچمە. ئوڭۇشسىزلىق، بالا-قازا پەيدا بولماق: ئۇلار كېلىپ يۇرتىمىزغا جۇت چۈشتى.

**جۇت II** ئى [ر] <بوت> ← سېرىق كەندىر.

**جۇتاقاتماق** «جۇتاقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جۇتاقىماق** پ. جۇتقا يولۇقماق، جۇتقا ئۇچرىماق.

**جۇتچىلىق** ئى ① سوغۇق شاملى بار تۇمانلىق ھالەت: ئىككى كۈن بولدى، جۇتچىلىقنىڭ دەستىدىن تالا-تۈزگىمۇ چىقالمىدۇق. ② كۆچمە. ئوڭۇشسىزلىق، بالا-قازا: يۇرتىمىزنى جۇتچىلىق قاپلىدى. * ئۇلارنىڭ كۆپلەپ كېلىشى بىز ئۈچۈن بىر جۇتچىلىق، خالاس.

**جۇت-شۇبرغان** جۇت ۋە شۇبرغان: تىز پۈكمەي تىك تۇردىڭىز جۇت-شۇبرغاندا، قارىغايدەك

ئەد كۆتۈرۈپ مەغرۇرانە . بېرىپ بىلىم كەۋسىرىنى باللارغا، ئۆي-ئۆي يۈرۈپ كۆيۈندىڭىز مېھربانە .

**جۇتلۇق** ① سۆپ. سوغۇق شاماللىق تۇمان قاپلىغان : 1943-يىل قىشنىڭ جۇتلۇق بىر كۈنىدە، سارسۇمبە شەھىرىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىكى تۆلتا يولدا 13 كىشى قانغا چىلىشىپ قاتار ياتاتتى. ② ئى. كۆچمە. قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇرغان ھالەت، قوپاللىق: « قىرىشقاندەك باينىڭ ماۋۇ جۇتلۇقىنى قارىمامدىغان» دەپ ئويلىدى نادەم تىت-تىت بولۇپ. * ۋاپاسىز يار تەلەتىدىن يېغىپ تۇرغاي ھامان جۇتلۇق، سېنىڭچۇن ئۇ مېھىر بەرمەس باھار پەسلى كەبى ئوتلۇق.

**جۇخارگۈل** ئى [خەن+پ] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، سېپى بولىدۇ، گىرۋىكىدە يېرىقچىلىرى ياكى چىشلىرى بولىدۇ. كۈزدە چېچەكلەيدۇ، كىشلەرنىڭ تۇجۇپىلەپ ئۆستۈرۈشى نەتىجىسىدە نۇرغۇنلىغان سورتلىرى بەرپا قىلىنغان. گۈلىنىڭ رەڭگى، شەكلى ۋە چوڭ-كىچىكلىكىدە ئۆزگىرىش كۆپ، مەشھۇر مەنزىرە ئۆسۈملۈكى ھېسابلىنىدۇ. ئاق جۇخارگۈلنى چاي ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ؛ سېرىق، ئاق جۇخارگۈلنى دورا قىلىشقا بولىدۇ. قىزىتمىنى قايتۇرۇش، جىگەرنى تىنچلاندۇرۇش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش رولى بار.

**جۇدا** سۆپ [پ] ئايرىم، خالىي، ئايرىلغان: ئانىسىز ئالەم يوق، ئانىسىز ھايات. ئانىسىز بۇ ئالەم ئادەمدىن جۇدا! ھەي، ئاشۇ چاچلىرى سۇمبۇل ياكى ئاق ئانىلار ھاياتنى ياراتقان خۇدا. * ئانىنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇدىن جۇدا، سەھەردە كېلەر دەپ كۈتەمدۇ ئۇنى. غەمكىن كۆزلىرى تىكىلدى ئۇزاق - رامدىكى سۈرەتكە، ئۇ ئادەم قېنى؟

**جۇدا ئەتمەك** ← جۇدا قىلماق: باغلىنىپ قاتىل، بېشى كېسىلسۇن. جېنى تېنىدىن جۇدا ئېتىلسۇن!

**جۇدا ئەيلىمەك** ← جۇدا قىلماق: ئەي رەپىق ساقىي، پىغاندىن ئەيلە ماھۇقنى جۇدا، « يار ئەكسىن مەيدە كۆر دەپ جامدىن چىقتى سادا » . * كىچىككىنە قۇرغۇيۇم، كىمگە ئەقدە باغلىدىڭ. كىم بىلەن سۆزلۈك بولۇپ، مەندىن جۇدا ئەيلىدىڭ.

**جۇدا بولماق** ① بىرەر كىشىدىن ياكى نەرسىدىن ئايرىلماق، مەھرۇم بولماق: خوتۇنىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئەسەت سەل ئويلىنىۋېلىپ: - سۆيۈملۈكۈم، مەن سېنىڭ مۇھەببىتىڭدىن جۇدا بولۇپ، بىر كۈنمۇ ھايات يۈرەلمەيمەن-غۇ؟! - دەپتۇ. * ئۇنىڭ ئاق سېرىق كەلگەن سالاپەتلىك چىرايىدا خۇددى كۈتۈلمىگەن بىر ھادىسە بىلەن ئەڭ يېقىن كىشىسىدىن جۇدا بولۇپ، چوڭقۇر غەم-قايغۇغا چۆمگەن كىشىنىڭ چىرايىدەك، ئاچچىق ھەسرەت ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ② خالاس بولماق: ئەي پەرى كۆرسەت يۈزۈڭ بولسۇن كۆڭۈل غەمدىن جۇدا، ئەيلىگىن غەمدىن جۇدا، ھىجرىڭنى ئالەمدىن جۇدا.

**جۇدا قىلماق** ① بىرەر كىشى ياكى نەرسىدىن ئايرىماق، مەھرۇم قىلماق: ئازراق ئىشنى دەپ بۇ ئىككىسىنى بىر-بىرىدىن مەڭگۈ جۇدا قىلىۋېتىشكە نېمە ھەددىم بولسۇن؟ * ئالتە كۈنلۈك ئۆمرۈمنى دەپ ئۆز قىزىمنى خار قىلايمۇ؟ ئۆز ئەركىدىن جۇدا قىلىپ، قەپەس ئىچرە زار قىلايمۇ؟ ② خالاس قىلماق: بۇرۇن بۇرۇنىسىدا ئاسماندا قاردەك ئاپئاق تۇرنا بار ئىكەن، ئۇ مېھىر-شەپقەتلىك بولۇپ، كىشلەرنى ئازابىدىن جۇدا قىلىدىكەن.

**جۇدالاشماق** پ. ئايرىلماق، قۇتۇلماق، جۇدا بولماق: دىۋە قەقنۇس ھەمراجان بىلەن بۇلبۇلگويانى كۆتۈرۈپ يولغا راۋان بولدى. بىر نەچچە سائەت ئىچىدىلا ئىككى ئاكسى بىلەن جۇدالاشقان ئۈچ ئاچا يولنىڭ بەندىرىگە كېلىپ يەتتى. * قىزىل

تۇغ قادالغاندا تىيانشانغا، زۇلمەتنىڭ زەنجىرىدىن جۇدالاشتىم. ئىنتىزار بولغان باھار، تاڭنى سۆيۈپ، ئۆمۈرلۈك بەختىم بىلەن قۇچاقلاشتىم.

**جۇدالىق** ئى. يېقىن كىشىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى تۇرمۇش؛ ئايرىلىش، ھىجران: ئەڭ سۆيۈملۈك يارىنىڭ جەنۇبقا ماڭدىغان جۇدالىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان مىنۇتتىن باشلاپ، قىزنىڭ ۋۇجۇدىدا مادار، تېنىدە جان قالمىغان، ئەزايى بەدەنلىرى جانسىز ھەيكەلدەك، قېتىپ قېلىشقا باشلىغانىدى. * ھەمراجاننىڭ ئانىسى مېھرىبانۇم جۇدالىق دەردىگە چىدىيالماي، يۈزىگە توپا چېچىپ، ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ تۇرۇپ نەزم ئوقۇدى.

**جۇدۇن** ئى ① سوغۇق ھاۋا ئېقىمى: 1975-يىلى مارت ئېيىنىڭ باشلىرى ئىدى. قارلار ئېرىمىگەن بولۇپ، سوغۇق شامال پات-پاتلا جۇدۇنغا ئايلىناتتى. * — ھەي بەندە، ئىنساپ بارمۇ سەندە! — دەپتۇ قادىر چىرىكلەرگە، — قالاپ ئېشىنغۇدەك ئوتتۇنلىرىمىز بولسا، بۇ سوغۇق جۇدۇندا، ئۈششاق باللىرىمىزنى تېزەك تۇتەپ تۇرغان ئوچاق ئالدىغا يىغىپ قويارمىدۇق. ② كۆچمە. ئاچچىق، غەزەپ: مەن باقىغا جاۋاب بەرگۈچە، بەگ جۇدۇن بىلەن سۆزلىگىلى تۇردى. * ئىشقا قاتتىق سالاتتى، جۇدۇن بىلەن تۇراتتى. يىلان قامچا قولىدا، خۇيى تۇتسا ئۇراتتى. ③ كۆچمە. ئىلگىرىلەش داۋامىدىكى توسالغۇ، قىيىنچىلىق، ئوڭۇشسىزلىققا تولغان ۋاقىت، بوران-چاپقۇن: — ئېيتقىنا پاتمە، سىز بىلەن بىز جۇدۇندا تېپىشقانلار تۇرۇپ، يىللىق باھاردا تەتۈر قارىشىمىزمۇ؟ — دېدى سۇنۇر ھاياجان بىلەن. * جۇدۇنلار ئەكەتتى ياشلىق گۈلۈمنى، ئەسلىسەم كۆزۈمدىن تامچىلايدۇ قان. قۇشلارنىڭ ئۈنىمۇ قىلىنىپ قامال، چەككەنتىم چۆللەردە شۇ چاغ كۆپ يىغان.

**جۇدۇنى تۇتماق** ئاچچىقى كەلمەك، غەزەپلەنمەك: تۇرسۇنئاينىڭ جۇدۇنى تۇتقاندا، باشقىلارنىڭ ئارتۇق سۆز قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. * ھىممەت خوتۇنىنىڭ خۇيىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى كۆتۈرەڭگۈ بولسا تەگمىگەن بىلەن، جۇدۇنى تۇتقاندا ئېرىنىڭ كېچىكىشىنى بوش قويۇۋەتمەيتتى.

**جۇدۇنى قاتماق** ← **جۇدۇنى تۇتماق**: ھېكىم نۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئىدارە باشلىقىنىڭ جۇدۇنى قاتتى

**جۇدۇنى ئۆرلىمەك** ← **جۇدۇنى تۇتماق**: رابىخاننىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ، ئاچچىقى كەلگىنىدىن كۆزلىرى چەكچەيدى. بۇرنىنىڭ چاناقلىرى كېڭىيىپ، تىنىقلىرى تېزلەشتى. * سەلەينىڭ كېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان پەرىزاتنىڭ جۇدۇنى تېخىمۇ ئۆرلىدى.

**جۇدۇن-چاپقۇن** ① يېغىن ئارىلاش شىۋىرغانلىق سوغۇق ئېقىم: تەرىپى كۆپ قىزىل يۇلغۇننىڭ، قەيسەرلىك يار بولغاچ ئۇنىڭغا. ئۆسەر سۇسىز چۆلدە شاخ ئايرىپ، پەسەنت قىلماي جۇدۇن-چاپقۇنغا. ② كۆچمە. ئىلگىرىلەش داۋامىدىكى زور قىيىنچىلىق، ئوڭۇشسىزلىق، توسالغۇ: — ساپ مۇھەببەت شادلىقى توسقۇنسىز بولمايدۇ، قىزىلگۈلگە تىكەن ھەمراھ بولغاندەك، بىزگىمۇ جۇدۇن-چاپقۇنلار قول ئۇزاتماقتا، — دېدى يولدىشىم بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ.

**جۇدۇن-چاپقۇنلۇق** جۇدۇن-چاپقۇنى بار، جۇدۇن-چاپقۇنغا تولغان: 1950-يىلنىڭ ئەتىياز پەسلى، ھاۋا يەنىلا جۇدۇن-چاپقۇنلۇق ئىدى. * كەچ كۈز كۆپىنچە بۇ يۇرتقا تىنچ، شامالسىز كېلەتتى، لېكىن، كىشىلەر بۇ يىلقى كەچ كۈزنىڭ جۇدۇن-چاپقۇنلۇق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى.

**جۇدۇنلۇق** سۈپ. جۇدۇنى بار، جۇدۇن پەيدا بولغان: قار ئارىلاش يامغۇر يېغىپ تۇرغان جۇدۇنلۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كەچقۇرۇنلۇقى جامال ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. * كۈن جۇدۇنلۇق بولغاچقا، ئۇلار ھامامنىڭ ھويلىسىغا كىرىپلا، گۈلەخنى ئايلىنىپ، ئوچاق ئالدىغىراق كېلىشتى.

**جۇدۇنلىماق** پ. ئاچچىقلانماق، غەزەپلەنمەك: غوپۇرجان ئوغلىنى كېلىشتۇرۇپ بىر شاپىلاق ئۇردى-دە، خوتۇنىغا قاراپ جۇدۇنلىدى.

**جۇزام** ئى [ئە] يېزت <تب> ← **ماخاۋ كېسەللىكى.**

**جۇزبۇۋا** ئى [پ] <بوت> ① مۇسكات دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل قۇرۇدىغان دەرەخ، يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى ئاق سېرىق، شىرنىلىك مېۋىسى شار شەكلىدە، ئۇرۇقى سوقچاق كېلىدۇ؛ مېغىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى ياكى ئۇرۇق مېغىزى.

**جۇش** ئى [پ] ← **جۇش ئۇرماق.**

**جۇش ئۇرماق** ① دولقۇنلىماق، مەۋج ئۇرماق: **كۆن ئۆتەر، ئايلار ئۆتەر، يىللار ئۆتەر تېز قوغلىشىپ، خۇددى دەريا سۈيى تېز ئاققىنىدەك جۇش ئۇرۇپ. * ئالغاندا قولۇمغا ئالتۇن «دىۋان» نى، جۇش ئۇردى قەلبىمدە ئوتلۇق ھاياجان. شوخ قانات قاققان چاغ خىيال كەپتىرىم، ئالىمنىڭ ھاياتى بولدى نامايان.** ② كۆچمە. قاينىماق، تولۇپ تاشماق: **شۇنداق قىلىپ، بۇ يەردە يېڭىلا جۇش ئۇرۇپ تۇرغان قىزغىنلىق ۋە ھەربىر كىشىدە ئىنتايىن روشەن ئەكس ئېتىپ تۇرغان چەبدەسلىك بىردىن پەسىيىپ، شتاب ئىچى جىمىپ قالغاندەك بولۇپ كەتتى. * لېكىن قىز جېنىدىن ئەزىز ھېسابلاپ، نومۇسى گۈلىنى ساقلىدى پاكىز. غەزىپى جۇش ئۇرغان تۇمۇچۇقىمۇ، قۇزغۇننىڭ قۇدرىتى يەتمىدى ھەرگىز.**

**جۇشقۇن** سۈپ ① جۇش ئۇرۇپ تۇرغان، دولقۇنلىغان، مەۋج ئۇرغان: **شۇ تاپتا ھۆرىگۈل ئىشچىلارنىڭ ئۆز ماشىنىلىرى يېنىدا ئىكەنلىكىنى، ھېسابسىز ئۇرچۇق ئايلىنىشلىرىنىڭ قوشۇلۇپ بىر جۇشقۇن، توختىماس دەريا ئېقىمىدەك گۈرۈلدەۋاتقىنىنى كۆرەتتى.** ② كۆچمە. قايناق؛ قىزغىن، كۆتۈرەڭگۈ، روھلۇق: **باغچىلار شوخ ۋە جۇشقۇن ياشلار بىلەن جانلاندى. * سەھەر-ئاخشام ئۈنىڭدا، يۈزىمىزنى سۈرتىمىز. خالىي بولغاچ ئاغرىقتىن، دائىم جۇشقۇن روھىمىز.**

**جۇشقۇنلاتماق** «جۇشقۇنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: **پارتىيىمىزنىڭ سىياستى روھىمىزنى جۇشقۇنلاتتى.**

**جۇشقۇنلاشماق** ① «جۇشقۇنلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: **ئۇلار مەيدانغا كىرىشى بىلەن بىر-بىرىدىن جۇشقۇنلىشىپ، بەس-بەستە يۈگۈرۈشتى.** ② جۇشقۇن ھالەتكە كەلمەك، جۇشقۇنلىماق: **خۇشاللىقتا جۇشقۇن-لاشقان شائىر سوئال دېگەننى ئۈستى-ئۈستىگە ياغدۇرۇۋەتكەندى.**

**جۇشقۇنلاندۇرماق** «جۇشقۇنلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جۇشقۇنلانماق** «جۇشقۇنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: **بۇ ئوي-پىكىر سابىرنىڭ جۇشقۇنلىنىپ تۇرغان ۋۇجۇدىغا تۈگمەس كۈچ-قۇۋۋەت ۋە جاسارەت بېغىشلايتتى.**

**جۇشقۇنلۇق** ① ئى. جۇش ئۇرۇپ تۇرغان، جۇشقۇن ھالەت: **ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن قاندا قتۇر بىر جۇشقۇنلۇق چىقىپ تۇراتتى.** ② سۈپ. جۇشقۇنلىغان: **نۇسرەت يۈرىكىدىن ئېقىپ چىقىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى جۇشقۇنلۇق ئېقىمىدەك لەرزىگە سېلىۋاتقان خىياللاردىن ئۆزىنى تارتىپ، سول يېقىغا ئۆرۈلدى.**

**جۇشقۇنلىماق** پ. ① جۇش ئۇرماق، مەۋج ئۇرماق، دولقۇنلىماق: **جۇشقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى مۇشۇ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتتى.** ② قاينىماق، روھلانماق: **بىر ئاخشامدا، شۇنداق ياشلاردىن بىرنەچچىسى ئۆزلىرىدە جۇشقۇن-لاۋاتقان ۋىجدان بۇيرۇقى ۋە ئەقىل ئىدراك تۈيغۇسىنىڭ جەڭگىۋار تۈرتكىسى بىلەن، كېچىكى تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ شەھەر تېشىغا قېچىپ كەتتى. * كەلمەكتە جۇشقۇنلاپ ياڭرىغان ناۋا، ئاي ئۈزەر ئاسماندا كۈمۈش نۇر چېچىپ، قىزىلگۈل ھۆسنىدە ئوتلۇق تەبەسسۇم، تۇراتتى بۇلبۇلغا باغرىنى ئېچىپ.**

**جۇغ** I تەق. سوغۇق ۋە باشقا تاشقى ئامىللار تەسىرىدىن بەدەندە پەيدا

بولغان تىترەش، سىلكىنىش: ھاكىم ئەزىزنى كەلدىمكىن دەپ شۇنداق يانغا قارىۋىدى، رابىيەنى كۆردى-دە، تېنى «جۇغ» قىلىپ قالدى.

**جۇغ** II ئى. ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ بەدەن، تەن قۇرۇلۇشى: جۇغى كىچىك ئادەم. * موللازەيدىنىڭ جۇغى زەڭگىگە قارىغاندا سەل كىچىك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا بەل تۇتۇشتى. * ئۇنىڭ جۇغى كىچىكرەك كەلگەن جەدە ئېتى ئاقساپ ماڭغاندەك قىلاتتى.

**جۇغ** III سۈپ. زىچ، كۆجۈم؛ نۇرغۇن: جۇغ مەھەللە.

**جۇغ-جەمى** ئومۇمەن، ھەممىسى قوشۇلۇپ، بارلىقى: جۇغ-جەمى ئارانلا 70-80 چە تۇتۇن بار بۇ يېزىنىڭ چېگرىسى ئۈچ ناھىيە بىلەن تۇتىشىدۇ. * نەچچە يىللاردىن بىرى دۆي كادىرلىرىغا ئۆيلۈك يەر توغرىسىدا ئىلتىجا قىلىپ، ئەختىنىڭ ئېغىزىنىڭ تېرىسى چۇشەي دەپ قالغانىدى. ئاخىرى بەرگىنى جۇغ-جەمى ئارانلا ئىككى ئېغىزلىق ئۆي سالغۇدەك يەر بولدى.

**جۇغراپىيە** ئى [ئە<گرېك] ① پۈتۈن دۇنيانىڭ ياكى بىر رايوننىڭ تاغ-دەريالىرى ھاۋا كىلىماتى قاتارلىق تەبىئىي مۇھىتى ۋە ماددىي ئىشلەپچىقىرىش، قاتناش-ترانسپورت، ئاھالىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشى قاتارلىق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئامىللارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى: مەملىكىتىمىزنىڭ جۇغراپىيە شارائىتى دېھقانچىلىققا ناھايىتى باپ كېلىدۇ. ② مۇشۇلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن: تەبىئىي جۇغراپىيە.

**جۇغراپىيىچى** ئى. جۇغراپىيە ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچى؛ جۇغراپىيە ئەھلى.

**جۇغراپىيىلىك** سۈپ. جۇغراپىيىگە ئاساسلانغان، جۇغراپىيىگە تەئەللۇق، جۇغراپىيە جەھەتتىكى: باي ھاكىمى قوغان ئارىلىقىنىڭ يول ئەھۋالى ۋە جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى بىلەن يەنىمۇ پۇختىراق تونۇشۇپلىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ يېڭى سايلانغان باشلىقىنى چاقىرىپ كەلدى.

**جۇغراپىيىلىك كەڭلىك** <جۇغ> يەر شارى يۈزىدىكى شىمال بىلەن جەنۇب ئوتتۇرىسىدا بۆلۈنگەن ئارىلىق گرادۇسلىرى. ئېكۋاتوردىن جەنۇبىي ۋە شىمالىي قۇتۇپ-لارغىچە، ھەرقايسىسى 90 گرادۇسقا بۆلۈنىدۇ. شىمال تەرەپتىكىسى شىمالىي كەڭلىك؛ جەنۇب تەرەپتىكىسى جەنۇبىي كەڭلىك دېيىلىدۇ. ئېكۋاتورغا يېقىن بولغانلىرى تۆۋەن كەڭلىك؛ ئىككى قۇتۇپقا يېقىنلىرى يۇقىرى كەڭلىك دېيىلىدۇ. ئىككىسى ئارىسىدىكى 45 گرادۇس ئەتراپىدىكىسى ئوتتۇرا كەڭلىك دېيىلىدۇ. يەر يۈزىدىكى مەلۇم ئورۇندىن ئۆتكەن پاراللېل سىزىق بىلەن ئېكۋاتور ئارىسىدىكى مەلۇم گرادۇس سانى شۇ ئورۇننىڭ كەڭلىكى بولىدۇ.

**جۇغراپىيىلىك مۇھىت** <جۇغ> ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەت دۇنياسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ يەنە بەزىدە نوپۇسنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**جۇغراپىيىلىك ئورۇن** <جۇغ> مەلۇم دۆلەت ۋە رايونلاردىكى تەبىئىي جىسىملار ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان نەرسىلەر جايلاشقان ئورۇن. مەسىلەن، تاغ تىزمىلىرى، كۆل-دەريالار، ئاھالىلار تۇرالغۇسى ۋە پورت قاتارلىقلارنىڭ ئورنى.

**جۇغراپىيىۋى** سۈپ [ئە] ← **جۇغراپىيىلىك**: جۇغراپىيىۋى شارائىت ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**جۇغىدە** رەۋ. «جۇغ» قىلغان ھالدا، «جۇغ» قىلىپ: پادىشاھ گىرۋەككە كېلىپ يەرگە شۇنداق قاراپتىكەن، تېنى «جۇغىدە»

قىلىپ، يۈرىكى ئېغىپتۇ. * بەختىخانىنىڭ بەدىنى «جۇغىدە» قىلىپ كەتتى-دە، قاراڭغۇلاشقان كۆزلىرىنى ئۇ كىشىنىڭ قولىدىكى قۇلۇپقا تاشلىدى.

**جۇغلاتماق** «جۇغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇ-رىي دەرىجىسى: ماتېرىيال جۇغلاتماق. ئوغۇت جۇغلاتماق.

**جۇغلاشماق** «جۇغلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قارنى تازىلاپ بولۇپ، سايىۋەنلارنى بىر يەرگە جۇغلاشتى. * ئاللاھىدىنىنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن كىشىلەر جۇغلىشىپ كېلىشىپتۇ.

**جۇغلانما** ① سۈپ. يىغىلغان، جۇغلانغان: جۇغلانما فوند. ② ئى. <س ئق> مىللىي دارامەتنىڭ كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپ-چىقىرىشقا ئىشلىتىلگەن قىسمى.

**جۇغلانما فوند** <س ئق> سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە، كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە ماددىي ئەشيا زاپىسى تەييارلاشقا، جۈملىدىن غەيرىي ئىشلەپچىقى-رىش خاراكتېرىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىدىغان بىر قىسىم مىللىي دارامەت.

**جۇغلانماق** «جۇغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەر خىل چىرايلىق كەشتىلەرنى تىكىپ، سېتىش يولى بىلەن بۇ قىزنىڭ ساندۇقىغا نۇرغۇن پۇل جۇغلىنىپتۇ.

**جۇغلىماق** پ. توپلىماق، يىغماق: بىر بۆلۈك ئەزالار ئۆزلىرىنىڭ ئۇن يىللىق تەقسىماتىنى ئەسلەپ، جۇغلاپ كۆرۈپ، كىچىكئاخۇننىڭ تەلىپى بارلىقىغا ھەسەت قىلىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈردى.

**جۇغۇلداتماق** «جۇغۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سوغۇق نەشتەردەك سانجىلىپ، بەدەننى جۇغۇلداتتى.

**جۇغۇلداشماق** ① «جۇغۇلدىماق» پېئىلى-نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قورقىنىدىن باللارنىڭ يۈرەكلىرى جۇغۇلدىشىپ كەتتى. ② ئۆزلۈكسىز جۇغۇلداپ كەتمەك، جۇغۇلدىماق: رازىيە تىلىنى چىقاردى، دوختۇرغا يەنە بەدىنىنىڭ جۇغۇل-دىشىدىغانلىقىنى كۆزلىرىنىڭ قاراڭغۇلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

**جۇغۇلدىماق** پ. «جۇغ-جۇغ» قىلىپ تىترىمەك، «جۇغ-جۇغ» قىلماق: لالىخان بوسۇغىدىن يەڭگىل ئاتلاپ كىرگەندە، ئىچكىرىدىن چىقىۋاتقان قوچقارنىڭ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى. * ناخشىنىڭ ئەۋجى كۆتۈرۈلگەندە، يۈرەكنىڭ نازۇك تارلىرى جۇغۇلداپ تىترەپ كېتەتتى.

**جۇگگۇۋاز** ئى. پىلە قاينىتىپ پىشقاندىن كېيىن، مەشۇت ئۇچىنى سوزۇپ ئالىدىغان ئەگرى تاياقچە.

**جۇڭ** ئى [خەن] ساپىقى يوق رومكا.

**جۇڭ سۆرەشمەك** ① ھاراق ئىچىشىپ بەرمەك. ② كۆچمە. باشقىلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىش-ھەرىكىتىگە قوشۇلۇپ، ھە-پە دېيىشمەك: ئەمەتمۇ بىزگە قوشۇلۇپ جۇڭ سۆرۈشۈپ بەردى.

**جۇڭجياڭ** ئى [خەن] <ھەرب> ھەربىي ئۇنۋان. دەرىجىسى شاۋجياڭدىن تۆۋەن، شاۋجياڭدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

**جۇڭخۇا** ئى [خەن] قەدىمكى زاماندا خۇاشيا ۋادىسى ئەتراپى «جۇڭخۇا» دەپ ئاتالغان. بۇ جايلار خەنزۇ مىللىتىنىڭ دەسلەپ شەكىللەنگەن جايى ئىدى. كېيىن بۇ نام جۇڭگونى كۆرسىتىدىغان بولدى.

**جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى** <جوغ> سوتسىيالىستىك دۆلەت. ئاسىيا قىتئەسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تىنچ ئوكياننىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان. ئەڭ شىمالىي چېتى مۇخې ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى خېيلۇڭجياڭ دەرياسى ئاساسىي قاتناش يولىنىڭ مەركىزىي سىزىقىدا؛ ئەڭ جەنۇبىي چېتى جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزىدىكى زېڭمۇ

ئەنشادا؛ ئەڭ غەربىي چېتى پامىر ئېگىزلىكى تەكشىلىكىدە؛ ئەڭ شەرقىي چېتى خېيلوڭجياڭ دەرياسى بىلەن ئۇسسۇرى دەرياسىنىڭ ئاساسىي قاتناش يولىنىڭ بىرلەشكەن جايىدا. كۆلىمى توققۇز مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلو- مېتىر بولۇپ، دۇنيادىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. چاۋشيەن، ۋيېتنام، لائوس، بىرما، ھىندىستان، بۇتان، سىككىم، نېپال، پاكىستان، ئافغانىستان، سوۋېت ئىتتىپاقى، موڭغۇلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقىي ۋە شەرقىي جەنۇبىي قىسمى سېرىق دېڭىز، شەرقىي دېڭىز، .جەنۇبىي دېڭىز ۋە ياپونىيە، فىلىپپىن، ھىندونېزىيە، مالايشىيا ۋە برۇنېي قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئۇ 30 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاستە قاراشلىق شەھەرگە بۆلۈنگەن. پايتەختى بېيجىڭ. ئاھالىسى بىر مىليارد 160 مىليون (1990-يىللىق مەلۇمات ) ئەتراپىدا بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئاھالىسى ئەڭ كۆپ دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا 50 نەچچە مىللەت ياشايدۇ.

**جۇڭخۇا مىللىتى** <ئىرىق> مەملىكىتىمىزدى- كى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق نامى. 50 نەچچە مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار ئۇزاق تارىخقا، پارلاق مەدەنىي مىراسلارغا ۋە شەرەپلىك ئىنقىلابىي ئەنئەنىگە ئىگە.

**جۇڭخۇا مىنگو** جۇڭگونىڭ 1912-يىلدىن 1949-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى دۆلەت نامى. 1911-يىلى 12-ئايدا، مۇستەقىل- لىك جاكارلىغان ئۆلكىلەر نەنجىڭگە ۋەكىل ئەۋەتىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى. سۇن جۇڭشەننى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلىدى. 1912-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى، سۇن جۇڭشەن نەنجىڭدە قەسەم بېرىپ، زۇڭتۇڭ- لۇق ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى ۋە جۇڭخۇا مىنگونىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى.

**جۇڭسەن نۇۋ** ئى [خەن] <كىي> بىر خىل كىيىم. چاپىنىنىڭ ئۆرە ياقىسى ۋە تۈگمىلىك تۆت دانە چاپلىما يانچۇقى بولىدۇ. ئىشتىنى غەربچە بولۇپ، ئۇزۇن كېلىدۇ. بۇ خىل كىيىمنى سۇن جۇڭشەن تەشەببۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىسىم ئۇنىڭ نامىغا بېرىلگەن.

**جۇڭشى** ئى [خەن] <ھەرب> ھەربىي ئۇنۋان. دەرىجىسى شاڭشىدىن تۆۋەن، شياشىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

**جۇڭشياۋ** ئى [خەن] <ھەرب> ھەربىي ئۇنۋان. دەرىجىسى شاڭشياۋدىن تۆۋەن، شاۋشياۋدىن يۇقىرى تۇرىدۇ.

**جۇڭگو** ئى [خەن] <جۇغ> جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قىسقارتىلغان نامى.

**جۇڭگو ئەتىرگۈلى** <بوت> ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى دائىم ياكى يېرىم يېشىل تۇرىدىغان كىچىك چاتقال. غولىدا تىكىنى بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى كەڭ ۋە تۇخۇم شەكلىدە كېلىدۇ؛ گۈلى ئاق، ھال رەڭ ياكى ئاقۇچ بولۇپ، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدىلا ئېچىلىدۇ؛ ئادەتتە مەنزىرە .ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۈلى.

**جۇڭگو باينىقى** <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى ئاق

ياكى سۆسۈن قىزىل، يىلتىزى دورا بولىدۇ، ئاشقازاننى ياخشىلاش رولى بار.

**جۇڭگو بىداياقى** <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى يالغۇز ياكى شالاڭ ھالەتتە توپلىشىپ ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى تار، ئۇزۇن، ياپىلاق بولىدۇ، قۇرۇغاندا غۇژمەكلىشىدۇ. گۈلى باشاقسىمان گۈل رېتىدە بولۇپ، ھەربىر كىچىك باشاقتا 5ــ10 تالغىچە گۈلى بولىدۇ، ئوتلاقلاردا ئۆسىدۇ، سوغۇق، شور ۋە قۇرغاقچىلىققا چىداملىق كېلىدۇ، ئادەتتە چارۋىلارنىڭ ئاساسلىق بوغۇزى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ يەنە قۇم تىزگىنلەش رولىمۇ ياخشى، سانائەتتە قەغەز ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**جۇڭگو پىستىسى** <بوت> سىر دەرىخى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى تۆمۈنە شەكىلدە، يۇمران يوپۇرمىقى خۇش بۇي پۇرايدۇ، ئۇنى ئىستېمال قىلىشقا، چاي دەملەپ ئىچىشكە ۋە ئۇنىڭدىن پۇراقلىق ماي ئېلىشقا بولىدۇ؛ گۈلى تاق جىنسلىق بولۇپ، ئاتىلىق-ئانىلىقى ئايرىم تۈپتە كېلىدۇ؛ مېۋىسى شار شەكىلدە بولۇپ، رەڭگى قوڭۇر كېلىدۇ؛ ئۇرۇقىدىن ماي تارتىشقا، دەرەخ قوۋزاقلىرى ۋە يوپۇرماقلىرىدىن يارىيېلىم ئېلىشقا بولىدۇ.

**جۇڭگو پىيىزى** <بوت> گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەر ئاستىدا تەڭگىچىسىمان غولى بولىدۇ، يوپۇرمىقى ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن، گۈلى بىنەپشە رەڭدە ۋە كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ. تەڭگىچىسىمان غولىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ.

**جۇڭگو ئىبابىتى** <تىب> جۇڭگونىڭ قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئۆزىگە خاس تىبابەتچىلىك ئىلمى.

**جۇڭگو چىنارى** <بوت> جۇڭگو چىنارى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئالقانسىمان يېرىلىدۇ، سىپى ئۇزۇن بولىدۇ، گۈلى تاق جىنسلىق بولۇپ، سارغۇچ يېشىل كېلىدۇ. ياغىچى ئاق، يېنىك ھەم قاتتىق كېلىدۇ، ئېگىلمەيدۇ. ياغىچىدىن مۇزىكا ئەسۋابلىرى ۋە ھەر خىل بۇيۇملارنى ياساشقا بولىدۇ؛ ئۇرۇقىنى يېيىشكە ۋە ئۇنىڭدىن ياغ چىقىرىشقا بولىدۇ.

**جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى** <تارىخ> 1945-يىلدىن 1949-يىلغىچە جۇڭگو خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇلۇغ ئىنقىلابىي ئۇرۇش.

**جۇڭگو دېموكراتىك ئىتتىپاقى** <تارىخ> ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ بىرى. 1941-يىلى قۇرۇلغان. ئۇنىڭ دەسلەپكى نامى «جۇڭگو دېموكراتىك سىياسىي گۇرۇھلار ئىتتىپاقى» بولۇپ، 1944-يىلى «جۇڭگو دېموكراتىك ئىتتىپاقى» غا ئۆزگەرگەن. 1947-يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «قانۇنسىز گۇرۇھ» دەپ ئېلان قىلىنىپ، 1948-يىلى 1-ئايدا شياڭگاڭدا «جۇڭگو دېموكراتلار ئىتتىپاقى» دېگەن نام بىلەن تەشكىللەنگەن. ئەزالىرى مەدەنىيەت-مائارىپ ساھەسىدىكى زىيالىيلارنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇلار 1949-يىلى دۆلىتىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن،

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشكە قاتناشقان.

**جۇڭگو غازتاپان دەرىخى** <بوت> ماگنولىيە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. غولىنىڭ ئېگىزلىكى 17 ـ 20 مېتىر كېلىدۇ، يوپۇرمىقى چوڭ بولۇپ، غازنىڭ تاپىنىغا ئوخشايدۇ، گۈلى سارغۇچ يېشىل، مېۋىسى تۈمۈنە شەكلىدە كېلىدۇ. ئۇ ناھايىتى ئاز تېپىلىدىغان، قىممەتلىك دەرەخ سورتى ھېسابلىنىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ جياڭشى، خۇبېي ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

**جۇڭگو كەتىراسى** <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، غولى يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، گۈلى جىگەر رەڭ ياكى ئاق بولىدۇ، مېۋىسى چوكا مېۋە. ئۇنى يەم-خەشەك ۋە يېشىل ئوغۇت قىلىشقا بولىدۇ.

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى** جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى. پارتىيىنىڭ ئاخىرقى نىشانى كوممۇنىستىك ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆز ھەرىكىتىنىڭ قىبلىنامىسى قىلىدۇ. ئۇ 1921-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى ئېلىمىزنىڭ شاڭخەي شەھىرىدە قۇرۇلغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمغا قارشى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ غەلبىسىنى قولغا كەلتۈردى ۋە خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورلۇقىدىكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھازىرقى باسقۇچتا پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، سانائەتنى، يېزا ئىگىلىكىنى، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە پەن-تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، مەملىكىتىمىزنى يۈكسەك مەدەنىيەتلىك، يۈكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداۋاتىدۇ.

**جۇڭگو مەرمىرى** <گېئول> ئاق رەڭلىك مەرمەر تاش. قۇرۇلۇش ۋە ئويمىچىلىق ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

**جۇڭگو موزىسى** <زوئول> موزا قۇرتىنىڭ موزا دەرىخى يوپۇرماق ھۈجەيرىسىگە تەسىر قىلىشى بىلەن شەكىللەنگەن قۇرت غوزىكى. ئۈستى كۈل رەڭ قوڭۇر رەڭدە بولىدۇ، تەركىبىدە تانىنات كىسلاتاسى بار. قۇرت شۇنىڭ ئىچىدە كۆپىيىپ تەرەققىي قىلىدۇ، يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن قۇرتلىرى قايىنىتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئادەتتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، قان توختىتىش رولى بار. ئۇنىڭدىن باشقا بوياقچىلىق، كۆنچىلىك سانائەتلىرىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. موزىمۇ ياسىلىدۇ.

**جۇڭگو مۇھاجىرلىرى** چەت ئەللەردە تۇرۇۋاتقان جۇڭگولۇقلار.

**جۇڭگو ئېيىقتاپىنى** <بوت> ئېيىقتاپان

ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پۈتۈن تېنى ئاق، ئۇزۇن تۈكلەر بىلەن قاپلانغان، تۈۋىدىن ئۆسكەن يوپۇرمىقىنىڭ سېپى ئۇزۇن، ئۇچكە چوڭقۇر يېرىلىدۇ، غولىدىكى يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى سېرىق بولۇپ، شېخىنىڭ ئۇچىدا يالغۇز ئۆسىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى دورا قىلىنىدۇ: جىگەرنى تازىلاش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، ياللۇغنى قايتۇرۇش، زەھەرنى تارقىتىش رولى بار. ئۇنىڭدىن باشقا قۇرت ئۆلتۈرىدۇ، بەزگەكنىمۇ تارقىتىدۇ.

**جۇڭگو ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتى** <تارىخ> 1905-يىلى سۇن جۇڭشەن باشچىلىقىدا ياپونىيىنىڭ توكيو شەھىرىدە قۇرۇلغان، جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئىنقىلابىي سىياسىي پارتىيىسى. ئۇنىڭ سىياسىي پروگراممىسى: ياۋلارنى قوغلاپ چىقىرىپ جۇڭخۇانى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مىنگو قۇرۇش، يەر ھوقۇقىنى تەڭشەشتىن ئىبارەت. بۇ جەمئىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاكتىپ ھالدا چىڭ خاندانلىقىغا قارشى كۈرەشكە ئاتلانغان ۋە شىنخەي ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭخۇا مىنگونى قۇرغان. 1912-يىلغا كەلگەندە، بۇ جەمئىيەت جۇڭگو گومىنداڭغا ئۆزگەرتىلگەن.

**جۇڭگوچە** رەۋ. جۇڭگوغا خاس؛ جۇڭگو ئۇسلۇبىدىكى، جۇڭگوغا باپ، جۇڭگوغا مۇۋاپىق: **بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشنى تەكىتلىگىنىمىزدە، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتىن باشقا يەنە يۈكسەك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشىمىز لازىم.**

**جۇڭگوچە رەسىم** <گ سەن> جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى رەسىم سىزىش سەنئىتى بويىچە سىزىلغان رەسىم.

**جۇڭگوچە شاھمات** <تەن> شاھمات ئويۇنىنىڭ بىر خىلى، شۇنداقلا بىر خىل تەنتەربىيە مۇسابىقە تۈرى. ھەر ئىككى تەرەپتە چوڭ كىچىك 16 دىن ئۇرۇق بولۇپ، ئوينىغاندا، قائىدە بويىچە ئۇرۇقلارنى ماڭدۇرۇپ، قارشى تەرەپنى مات قىلغان غەلىبە قىلغان بولىدۇ.

**جۇڭگو-روسىيە** جۇڭگو ۋە روسىيە.

**جۇڭگو-روسىيە ئىلى شەرتنامىسى** <تارىخ> 1881-يىلى چار روسىيە چىڭ ھۆكۈمىتىنى مەجبۇرلاپ ئىمزالاتقان تەڭسىز شەرتنامە. 1871-يىلى چار روسىيە ئەسكەر چىقىرىپ جۇڭگونىڭ ئىلى رايونىنى بېسىۋالىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى كۆپ قېتىم ئارىلاشقان بولسىمۇ، چار روسىيە ئەسكەر چېكىندۈرۈشنى رەت قىلىدۇ. 1878-يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى زۇڭ خونى ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش مەسىلىسىدە سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن روسىيىگە ئەۋەتىدۇ. ئىككىنچى يىلى «لىۋادىيە شەرتنامىسى» نى ئىمزالاپ، ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ، دۆلەتكە ئاھانەت كەلتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىغاچقا، چىڭ ھۆكۈمىتى شەرتنامىنى تەستىقلىمايدۇ، 1880-يىلى سىڭ جىنى شەرتنامىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە ئەۋەتىدۇ. ئىككىنچى يىلى 2-ئايدا پېتېربۇرگدا «تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن شەرتنامە» نى ئىمزالايدۇ. شەرتنامىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: جۇڭگو ئىلىنى قايتۇرۇۋالىدۇ. چار روسىيە تېكەس

دەرياسى ۋادىسىغا بولغان زېمىن تەلىپى-دىن ۋاز كېچىدۇ. بىراق قورغاس دەريا-سىنىڭ غەربىدىكى رايونلار ۋە زايساڭنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى چاررۇسىيە ئايرىۋالىدۇ، چىڭ ھۆكۈمىتى توققۇز مىليون رۇبلى تۆلەم پۇلى تۆلەيدۇ، رۇسىيە سودىگەرلىرى تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا سودىگەرچىلىك قىلسا، باج ئېلىنمايدىغان ھەمدە قۇرۇقلۇق يولى بىلەن شىنجاڭ ئارقىلىق گەنسۇغا بېرىپ، سودا قىلىشقا يول قويىدىغان بولىدۇ.

**جۇڭگوشۇناس** ئى. جۇڭگونىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى، ئاھالىسى، تىل ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: - چارلىز جۇڭگوشۇناس بولۇپ، ئىلگىرى جۇڭگودا بىرقانچە يىل تۇرغان، - دېدى باش ئەلچى خادىم ئۇدۇلدا ئولتۇرغان سۇ گۈەنلەنگە قاراپ.

**جۇڭگوشۇناسلىق** ئى. جۇڭگونىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئاھالىسى، تىلى، ئەدەبىيا-تى، سەنئىتى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**جۇڭگو-فرانسىيە** جۇڭگو ۋە فرانسىيە.

**جۇڭگو-فرانسىيە ئۇرۇشى** <تارىخ> 1884-يىلدىن 1885-يىلغىچە فرانسىيە جۇڭگوغا قارىتا قوزغىغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇش. 1883-يىلى فرانسىيە ۋيېتنامنى 8 شۇنخۇا شەرتنامىسى» نى ئىمزالاشقا مەجبۇرلاپ، ئۇنى «ھامىي دۆلەت» كە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ. ئارقىدىنلا جۇڭگوغا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتىدى-كى سۇلھچىلەردىن لى خۇڭجاڭ مۇرەسسە قىلىشنى كۆچەپ تەشەببۇس قىلىپ، 1884-يىلى 5-ئايدا فرانسىيە بىلەن «جۇڭگو-فرانسىيە يىغىنىنىڭ قىسقىچە ماددىلىرى» نى ئىمزالايدۇ، فرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرى بۇنىڭغا قانائەت قىلماي، شۇ يىلى 6-ئايدا لياڭشەندىكى جۇڭگو قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە ئەسكەر ئەۋەتىپ تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلىدۇ ھەمدە فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ ماۋى دېگەن يېرىدىكى جۇڭگو دېڭىز ئەسكەرلىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇرۇش ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى فىڭ زىسەينى ئىشقا سېلىپ، فرانسىيە قوشۇنلىرىغا زەربە بېرىدۇ، 1885-يىلى 3-ئايدا، فىڭ زى-سەي جېن نەنگۈەندە فرانسىيە قوشۇنلىرى-نى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، فرانسىيە جۇل فېرى ئىچكى كابىنېتىنىڭ غۇلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بىراق، چىڭ ھۆكۈمىتى فرانسىيە بىلەن ئاھانەتلىك «جۇڭگو-فرانسى-يە يېڭى شەرتنامىسى» نى ئىمزالايدۇ.

**جۇڭگولۇق** سۈپ. جۇڭگودا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، دۆلەت تەۋەلىكى جۇڭگو بولغان: جۇڭگولۇق ئايال. جۇڭگولۇق بالا.

**جۇڭگو-ياپونىيە** جۇڭگو ۋە ياپونىيە.

**جۇڭگو-ياپونىيە جاۋۇ ئۇرۇشى** تارىخ> ياپونىيە 1894-يىلدىن 1895-يىلغىچە چاۋشيەن بىلەن جۇڭگوغا قارىتا قوزغىغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇش. ئۇرۇش ياپونىيىنىڭ چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلىشى ۋە جۇڭگو قۇرۇقلۇق، دېڭىز ئارمىيىسىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشى بىلەن كېلىپ چىققان. 1894-يىلى چاۋشيەندە، دوڭشۇ پارتىيىسىنىڭ قوزغىلىڭى يۈز بەرگەندە، ياپونىيە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەسكەر ئەۋەتىپ، چاۋشيەننى ئىشغال قىلىۋالىدۇ ھەمدە 7-ئايدا جۇڭگو

قۇرۇقلۇق، دېڭىز ئارمىيىسىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغايدۇ. 8-ئاينىڭ 1-كۈنى ئىككى تەرەپ رەسمىي ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ. پىڭراڭ ئۇرۇشى بىلەن سېرىق دېڭىز ئۇرۇشىدا جۇڭگو دېڭىز، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. ياپون قوشۇنلىرى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىغا ھۇجۇم قىلىدۇ، جيۇلەن شەھىرى، ئەندۇڭ، لۈيشۈن، داليەن قاتارلىق جايلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قولدىن كېتىدۇ. ئىككىنچى يىلى، ياپونىيە ئارمىيىسى ۋىخەيۋى ھەربىي پورتىنى ئىشغال قىلىدۇ. شىمالىي ئوكيان جېڭدۈيى گۇمران بولىدۇ. 3-ئايدا، ياپون ئارمىيىسى يەنە نيۇجۇاڭ، يىڭكۇ، تيەنجۇاڭتەي قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىدۇ. جۇڭگودىكى ئارمىيە-خەلق باتۇرلارچە قارشى تۇرۇپ زەربە بەرگەن بولسىمۇ، چىڭ ھۆكۈمىتى باش ئېگىپ سۈلھ قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقتىن، جۇڭگو تەرەپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. 1895-يىلى 4-ئايدا لى خۇڭجاڭ ياپونىيە بىلەن «ماگۇەن شەرتنامىسى» نى ئىمزالايدۇ.

**جۇڭگۇبى** ئى [خەن] <ھەرب> ھەربىي ئۇنۋان. دەرىجىسى شاڭۋېيدىن تۆۋەن، شاۋۋېيدىن يۇقىرى تۇرىدۇ.

**جۇل** ① ئى. ئات-ئېشەكلەرگە توقۇلىدىغان باشلىقى يوق مۆلە، ئۇچۇلۇق. ② سۆپ. جىق كىيىپ ياكى ئىشلىتىپ، ھەممە يېرى يىرتىلىپ كەتكەن، ئۇستى-ئۇستىگە ياماق چۈشكەن: **غازنى ئاتماستىن تۇرۇپ قورداق ئۇچۇن قىلما سانا، جۇل دېمەي كىي كىيىمىڭنى، ئۇنى پات-پات يۇ، ياما. تاج كىيسەڭمۇ ئوغرىلاپ سېنى ھېچكىم شاھ دېمەس، باشقىلارنىڭ**

**نەرسىسىدىن قىلمىغىن شۆھرەت تاما.**

**جۇلا I (جۇلاسى)** ئى [ئە] سۈزۈكلۈك ۋە سىلىقلىقىدىن يالتىرىغان، پارلىغان ھەر خىل تۇسلىنىش، پارقىراقلىق: **دەريانىڭ تېگىدىن رەڭمۇرەڭ نۇر جۇلاسى ئېتىلىپ چىقىپ، بەھرام بىلەن ئۇنىڭ دوستى مەردانىنىڭ رەڭگى-رۇخسارىنى يورۇتىدۇ. * پىراقىڭ دەشتىدە يۈرگەن قۇلۇڭمەن، ۋىسال گۈلزارى، ئېچرە بۇلبۇلۇڭمەن. مۇرۇدىڭمەن — مۇھەببەت مەزھىپىڭنىڭ... ئۆزۈڭ يالقۇن جۇلاسى خاك — كۈلۈڭمەن.**

**جۇلا ئەتمەك** ← **جۇلالىماق: قارا ساچىڭ جۇلا ئەتسە ئەجەب سۇمبۇلغا ئوخشايدۇ، سېنى يادى ئەتكەندە يۈرەك جان بىرلە قاقشايدۇ.**

**جۇلا تاش** <گېئول> ← **پىروكسېن.**

**جۇلا چاچماق** پارقىرىماق، يالتىرىماق، نۇر چاچماق: **ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا پۈتۈپ چىققان پاساھەتلىك، ئىلمۇھېكمەتلىك، ئوچۇق پىكىرلىك، ئاممىباب، ئاددىي، ئۇقۇملۇق شېئىرلار مىڭلىغان-ئونمىڭلىغان مېھنەتكەشلەر ئاممىسىنىڭ كۆڭلىدىكى مەقسەت-ئارزۇسى، ئۈمىد-ئىستەكلىرىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە، گويا چولپاندەك ۋە قۇتۇپ يۇلتۇزىدەك جاقناپ، جۇلا چاچاتتى.**

**جۇلا قىلماق** ← **جۇلالىماق:** **تۈن تەڭ مەزگىلى ئىدى. زۇمرەتتەك سۈزۈك ئاسماندا سان-ساناقسىز يۇلتۇزلار جۇلا قىلىپ، پەزىلەتنىڭ ھويلا-ئارامىلىرىغا مەرۋايىتتەك نۇر سېپىپ تۇراتتى.**

**جۇلا II (جۇلاسى)** ئى [پ] <مۇز> ئەجەم، سىگاھ ۋە ئىراقتىن ئىبارەت ئۈچ قىسقا مۇقامدىن باشقا مۇقاملار تەركىبىدە كېلىدىغان ۋە ئۇسسۇللۇق پۈرىقى روشەن بولغان بىر خىل ئۇسسۇللۇق مۇزىكا. ئۇ بىردەك $\frac{4}{4}$ لىك تاكتتا بولۇپ، مەرغۇلسىز كېلىدۇ. ئۇنىڭ نەغمىلىرى بىر ياكى ئىككى غەزەل ھەجمىدە بولىدۇ، كۆپىنچىسى خەلق قوشاقلىرى ئاساسىدا قوشاق جۈملىلىرىنى تەكرارلاپ ئوقۇش بىلەن

ئويىنىلىدۇ.

**جۇلاسىز** سۈپ. جۇلاسى يوق، نۇرسىز، كۆرۈمسىز، خۇنۇك: **بۇ ئىككىسى گويا ئۇنىڭ بويىنغا ئېسىلغان ئىككى تىزىق جۇلاسىز ھەم قوپال مارجاندەك، ئۇنىڭ مەيتۇن قىلارلىق قامىتىگە بىر خىل كۆرۈمسىز تۈس بەرگەنىدى.**

**جۇلالانماق** «جۇلالىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: **شەۋكەت كۆزلىرىنى ئوتتاشتەك قىزىل، ھۆسنىگە تولۇپ ئېچىلغان بىر ئەتىرگۈلگە تىكىپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئاشۇ گۈلنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئالتۇندەك جۇلالىنىپ تۇرغان گۈل تاجىسىغا يەڭگىلگىنە چەكتى.**

**جۇلالىق** سۈپ. جۇلاسى بار، جۇلالانغان، جۇلالىنىپ تۇرىدىغان: **قىز ھاۋارەڭ شايى ياغلىقنى بويىنغا سېلىپ، جۇلالىق يەكەن ئەتلىسگە پۈركەنگەن ھالدا، كۆكرىكىنىڭ ئۈستى بىلەن ئالدىغا چۈشكەن تال-تال ئۆرۈم چاچلىرىنىڭ ئۇچىنى ئويناپ تۇرۇپ، مەردانە قىياپەتتە نەپىس ناخشىلارنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. * بۇ مۇزىكىنى خەنزۇ ئاياللىرىنىڭ قەدىمكى كىيىملىرىنى كىيگەن، چاچلىرىغا سان-ساناقسىز جۇلالىق بېزەكلەر تاقىغان بىر خەنزۇ قىز چېلىۋېتىپتۇ.**

**جۇلالىق سۈرمە تاش** <گېئول> تەركىبى سۈرمە سۇلفىدىدىن ئىبارەت بولغان بىر خىل مىنېرال. يىڭنىسىمان كرىستال ياكى كاللەك ھالىتىدە بولىدۇ؛ رەڭگى كۈل رەڭ بولۇپ، مېتال پارقىراقلىقىغا ئىگە؛ چۈرۈك كېلىدۇ. ئادەتتە سۈرمە چەككەلەشتىكى مۇھىم مىنېرال ھېسابلىنىدۇ.

**جۇلالىق كوبالت** <گېئول> تەركىبى كوبالت-ئارسىدىن ئىبارەت بولغان بىر خىل مىنېرال. كرىستال ياكى دانىچە ھالىتىدە بولىدۇ. رەڭگى كۈمۈش رەڭدە بولۇپ، مېتال پارقىراقلىقىغا ئىگە؛ چۈرۈك كېلىدۇ. ئادەتتە كوبالت چەككەلەشتىكى مۇھىم مىنېرال ھېسابلىنىدۇ.

**جۇلالىق كۈمۈش تاش** <گېئول> تەركىبى كۈمۈش سۇلفىدىدىن ئىبارەت بولغان بىر خىل مىنېرال، دانىچە ياكى كاللەك ھالىتىدە بولىدۇ، رەڭگى قارا ياكى كۈل رەڭ بولۇپ، ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە؛ يۇمشاق كېلىدۇ. ئادەتتە كۈمۈش چەككەلەشتىكى مۇھىم مىنېرال ھېسابلىنىدۇ.

**جۇلالىق مىس تاش** <گېئول> تەركىبى مىس سۇلفىدىدىن ئىبارەت بولغان بىر خىل مىنېرال، كاللەك ياكى دانىچە ھالىتىدە بولىدۇ، رەڭگى كۈل رەڭ ياكى قارا كېلىدۇ. ئادەتتە مىس چەككەلەشتىكى مۇھىم مىنېرال ھېسابلىنىدۇ.

**جۇلالىماق** پ. نۇر چاچماق، چاقنىماق، پارقىرىماق، يالتىرىماق: **ئۇنىڭ چېھرىدە خۇشاللىق، غۇرۇر ۋە ئۈمىدۋارلىق نۇرى جۇلالاپ تۇراتتى. * كۈننىڭ ئاستا-ئاستا ئولتۇرۇشىغا ئەگىشىپ قىزىل يۇلغۇن چېچەكلىرى تېخىمۇ جۇلالاپ كەتتى.**

**جۇلان** ئى <بوت> قىزىل يۇسۇنلەرنىڭ بىر تۈرى، رەڭگى تۇتۇق قىزىل، تېنى ئىنچىكە، يۇملاق ۋە تۈۋرۈكسىمان بولۇپ، رەتسىز شاخلىرى دېڭىز قولتۇقلىرىدىكى تېيىز دېڭىز سۈيىدە ئۆسىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاگار يىلمى ئاجرىتىپ ئېلىشقا بولىدۇ.

**جۇل-جۇل** يىرتىلىپ، تىتىلىپ كەتكەن، كۆپ ياماق چۈشكەن، ناھايىتى كونا: **جۇل-جۇل كىيىم. جۇل-جۇل كېپەن. * جۇل-جۇل بولۇپ كەتكەن تونىنىڭ پەشلىرىنى پۇتىسىغا قىستۇرۇۋالغان چار ساقال ھارۋىكەش قولىدىكى تاياق بىلەن قارا ئۆكۈزنىڭ بىقىنىنى پات-پات نوقۇپ قوياتتى.**

**جۇلدارىماق** پ. كونىراپ تىتىلىپ كەتمەك، جۇل-جۇل بولۇپ كەتمەك: **ـ نېمانچە قىلىسىز، ئۇنىڭ جۇلدىراپ تۇرغان كىيىملىرىنى تونۇتقىنىڭىز نېمىسى؟ ـ دېدى ۋارىسجان ھويلىغا كىرگەنىدىن**

كېيىن قىزغا ئاچچىقلىنىپ.

**جۇلدۇ-جاساق** ← **جاساق**: - ئون بەش ئەۋلاد بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاقتىن بېرى، ئۇلۇغ خان بىزنى قۇمۇلنىڭ زېمىنى بىلەن قوشۇپ، قۇمۇل ۋاڭىغا جۇلدۇ-جاساق قىلىپ بەرگەنىكەن. شۇڭلاشقا بىز قۇل قاتارىدا ئىشلەيمىز، - دەپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلدى ئۇ.

**جۇلدۇر** سۈپ. كونىراپ يىرتىلىپ كەتكەن، نەچچە يېرىگە ياماق چۈشكەن: ئۇ گېئولوگىيە ئەترىتى بىلەن لوپنۇر تەرەپلەرگە بارغىنىدا، ئۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ بويىغا يەتكەن قىزلىرىنىڭمۇ جۇلدۇر كىيىملەردە يۈرگەنلىرىنى كۆرۈپ، ھەيران قالغانىدى.

**جۇلدۇر كېپەن** كونىراپ، يىرتىلىپ، جۇل-جۇل بولۇپ كەتكەن، بىرقانچە يېرىگە ياماق چۈشكەن كىيىم: جۇلدۇر كېپەن ئادەم. * پۈتۈن يۇرتلاردا ھۆرمەتلىك بولۇپ يۈرگەن بۇ مۆتىۋەر زاتلارنى، جۇلدۇر كېپەن بىر دېھقاننىڭ سۆزى بىلەن ئوغرى تۇتقانلىقىغا شاھ خىجالەت بولۇپ، ئۇلاردىن ئەپۇ سوراپتۇ. * ئۆزى ئىشنىڭ ئورنىدا تۇرۇۋېتىپمۇ، باشقىلارغا ئۆگىتىۋاتقان بۇ جۇلدۇر كېپەن مەخلۇقنىڭ كاچىتىغا شاققىدە سالغۇسى كەلدى.

**جۇلدۇرلاشماق** پ. جۇل-جۇللىشىپ كەتمەك، كونىرىماق، ئەسكىرىمەك، يىرتىلماق: ئۇ ماتېرىيال قانچە قېتىم ئوقۇلغىنىدىن قەتئىينەزەر، يەنە ئوقۇلۇۋېرىپ ئەپتى خۇددى كىيىم-كېچەكلىرى جۇلدۇرلىشىپ كەتكەن قەلەندەرگە ئوخشاپ قالغانىدى.

**جۇلمە رەتمەك** پ. دىئال. بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويماق، ۋەيران قىلماق.

**جۇلۇق** ئى ← **جۇلۇقى چىقماق**.

**جۇلۇقى چىقماق** كونىراپ جۇل-جۇل بولۇپ كەتمەك، ئەسكىرىمەك: بوۋاينىڭ يېنىدا تامغا يۆلەكلىك ھالدا ھابىسى، ھاسا يېنىدا خۇددى ياغاچتىن ياسالغانغا ئوخشاش كۆرۈمسىز بىر كونا كەش ۋە كونىراپ جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن خۇرجۇنى تۇراتتى.

**جۇمقۇلىماق** پ. دىئال. تەييارلىماق، ھازىرلىماق.

**جۇمھۇرىيەت** ئى [ئە] جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى قوللانغان دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق نامى. ئۇ، دۆلەتنىڭ ۋەكىللىك ئورگانلىرى ۋە دۆلەت باشلىقى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدىغان دۆلەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى** دۆلەتنىڭ ئالىي ئورگىنى ۋە دۆلەتنىڭ باشلىقى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدىغان بىر خىل سىياسىي تۈزۈم. بۇ تۈزۈمنى قوللىنىدىغان دۆلەتلەر «جۇمھۇرىيەت» دەپ ئاتىلىدۇ.

**جۇمھۇرىيەتچى** ئى. جۇمھۇرىيەت تەرەپدارى، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى قوغدىغۇچى.

**جۇمھۇرىيەتلىك** سۈپ. جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلغان، يولغا قويۇلغان: بۇ يەردە دېيىلگەن دۆلەت تۈزۈمى ھەرقانداق بىر خىل دۆلەت تۈزۈمىنى جۇملىدىن دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتلىك دۆلەت تۈزۈمىنى، كۆرسىتىدۇ.

**جۇمۇ** يۈك ① بۇيرۇق-تەلەپ مەيلىدىكى جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، ئالاھىدە جېكىلەش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: - ھەي، راۋابنى ئەكىلىپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قالمىغىن جۇمۇ! - دەپ تۇۋلىدى ئىككىنچى مەھبۇس گۇندىپاينىڭ ئارقىسىدىن. * - بالام، مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندە ئويناپ يۈرمەي، ئۆيدە ئولتۇرۇپ دەرسىڭنى ئۆگەنگىن جۇمۇ! - دېدى مەريەمخان ئەركىنگە. ② بايان مەيلىدىكى جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، ئاڭلىغۇچىدىن جۈملىدە ئېيتىلغان ئىشنى بىلىپ قويۇش تەلەپ قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بەزىدە ئاگاھلاندۇرۇش، ئەسلىتىش مەنىسىنى بىلدۈرۈشمۇ مۇمكىن:

— ياﺋاللا بېگىم، سىلى ئۆزلىرى خەتنى قولغا چۈشۈرۈپ بەك چوڭ ئىش قىلىپسىلا جۇمۇ بېگىم، — دەپ مىرۇل مەرگەنگە پىچىرلىدى موللاق چېرىك. * ئانا بۇ شېئىرنى ئاڭلاپ بىرئاز كۆلگەندىن كېيىن، توختاپ، چىرايىغا جىددىي تۈس ئالدى ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ئاھاڭىدا: — سىلىنىڭ بۇ ئىشلىرىغا ئاتىلىرى تازا رازى ئەمەس جۇمۇ، — دېدى ئوغلىغا چاي سۇنۇپ تۇرۇپ.

**جۇمۇسىلا** يۈك. «جۇمۇ» سۆزىنىڭ سىپايە شەكلى: — بۇ بىزنىڭ چىن كۆڭلىدىن كۆتكەن ئەزىز مېھمىنىمىز. بىزگە تەييارلاۋاتقان بوسولىرىنى ئۈچ تەخسە قىلىپ ئەكەلسىلە، يېڭى، گۆشى ئاۋۇنراق بولسۇن جۇمۇسىلا، بۇنىڭ پۇلى ئايرىم تۆلىنىدۇ، — دېدى ل. مۇتەللىپ ئاشپەز ئۇستامغا.

**جۇنۇپ** سۈپ [ئە] جىنسىي مۇناسىۋەتتىن كېيىن يۇيۇنمىغان، پاسكىنا كىشى؛ نىجاسەت تەگكەن (ئادەم): جۇنۇپ ئادەم. * «تازا بىر جۇنۇپقا يولۇقتۇممۇ-قانداق؟» دەپ ئويلىدى قاسىم ئۇ ئادەمدىن رەنجىپ.

**جۇنۇشماق** «جۇنۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇرۇن چىقسا ئەمەلدارلار يېزىمىزغا، ئوينىشاتتى، ئەيش-ئىشرەت قىلىشاتتى، بايلار بىلەن مېھمان بولۇپ قايتىشاتتى، كەمبەغەلنى پەس كۆرەتتى، جۇنۇشاتتى.

**جۇنۇماق** پ. بىگىز قولنى تەڭلىمەك، قول شىلتىماق، سىلكىشلىمەك: — نېمە داۋراڭ بۇ؟ بۇ دېگەن پارتىيىنىڭ قارارى، — دېدى ئۇ كۆلۈمسىرەپ ۋە بىگىز قولنى ئادىتى بويىچە جۇنۇپ تۇرۇپ. * — مەن بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا سېنى تىللاپ، جۇنۇپ قويىمەن. خوش، بىلمەيتىمەن دەپ تۇرۇۋەر، — دېدى شەرۋان مەشرەپكە قاراپ.

**جۇنۇن** سۈپ [ئە] ئاشىقلىقتا دۇچار بولۇپ ئەقلى-ھوشىنى يوقاتقان؛ ئەقلىدىن ئازغان؛ مەجنۇن: شۇ گۈل يۈزلۈك زىبا قامەت دىلىمنىڭ تارىنى چەكتى، بۇ سەنئەت پەيزىدىن مەست بولۇپ ئۆزۈمنى بىر جۇنۇن كۆردۈم. * ناداننىڭ ئىلكىدە ئەقلىم جۇنۇندۇر، كى نامەرد پەنجىدە جىسمىم ئوتتۇندۇر.

**جۇنۇنلۇق** «جۇنۇن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بولۇپ دىل بىر جۇنۇنلۇق مۇپتىلاسى، يېپىشقاندا جېنىمغا ئىشق بالاسى.

**جۇۋا** I ئى. تېرىدىن تىكىلىدىغان سىرتقى كىيىم: جۇۋا تىكمەك. * ئابلىكىمنىڭ كۆز ئالدىدا بېشىغا پۆپۈكلۈك ئۇزۇن كۆلا، ئۇستىگە تەتۈر ئۆرۈلگەن جۇۋا كىيىۋالغان يوچۇن ئادەم گەۋدىلەندى.

**جۇۋا تاراقشىتماق** ← تېرە تاراقشىتماق: زىمىستان، ھەيدەرلەر ھەرقانچە جۇۋا تاراقشىتىپمۇ شامال چىقىرالمايدۇ! * خىزمەت دۇنيامىز ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىنتىزغا تولۇق ھازىر قىلىش، كېسەللەرنى زەمبىلدە كۆتۈرۈپ، قېرىلارنى قولتۇقىدىن يۆلەپ بولسىمۇ ئىش مەيدانىغا ئېلىپ كېلىش، يىپ ئېگىرىش چاقلىرىدىن تاكى كىيىم تىكىش ماشىنىسىغىچە ھەممىنى پىچەتلەشنى قارار قىلىپ، يەنە بىر قېتىم جۇۋا تاراقشىتتۇق.

**جۇۋىسىنى تەتۈر كىيمەك** تەتۈرلۈكى تۇتماق، جەھلى قاتماق، ئاچچىقى كەلمەك: ئىسمائىل سوپۇم ھەممە ياغلىما گەپلەرنى قىلىپ يېلىنىپ باقتى. تۇرسۇننى زادىلا ئىندەككە كەلتۈرەلمىگەندىن كېيىن، جۇۋىسىنى تەتۈر كىيىپ، كۆكەرمىلىك قىلىشقا باشلىدى.

**جۇۋا** II ئى. دىئال. ئاشلىق بازىرى.

**جۇۋاز** ئى [پ] مايلىق دان ۋە چىگىت قاتارلىقلاردىن ماي چىقىرىدىغان قۇرۇلما: جۇۋاز چۆرۈمەك. * جۇۋاز ئات بىلەن ياخشى، تۆگمەن سۇ بىلەن ياخشى (ماقال). * شەۋكەت يېڭىدىن جۇۋازدىن چىققان ئۇيدەك پۇشۇلدايتتى.

**جۇۋاز چۆرۈمەك** جۇۋازنى قۇراشتۇرۇپ ئىشقا سالماق؛ ئىشلەتمەك، يۈرگۈزمەك: بۇ دادۇيدىكى ئابلىمىت ئۈچ مو ئېگىز قونىقنى قىسقارتىپ، قوغۇن، سەۋزە تېرىدى، قىر-ئېرىق ياقىلىرىغا ئاپتاپپەـ

رەس تېرىدى، جۇۋاز چۆرۈدى. شۇ يول بىلەن ئالدىن بېيىشنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ قالدى.

**جۇۋازچى** ئى. جۇۋاز بىلەن ياغ تارتقۇچى: خۇماخان بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى قوشنا دۆلەتكى بىر جۇۋازچىغا ياتلىق بولغانىدى.

**جۇۋازچىلىق** «جۇۋازچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: رەھمەتىلىك ياسىن ئاخۇن ئاكام 16 ياشتىن تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە جۇۋازچىلىق قىلغانىدى.

**جۇۋازخانا** ئى [پ] جۇۋاز ئورنىتىلغان ئۆي؛ ئورۇن: نادىر ئاخۇن شۇنداق دېدى-يۇ، ياغ يۇقى قولىنى بىر ئۇتام زىغىر پاخلىغا سۈرتكىنىچە، جۇۋاز-خانىدىن چىقتى.

**جۇۋالدۇرۇز** ئى [پ] چوم، مۆلە، بوغا، توقۇم قاتارلىقلارنى تىكىشكە ئىشلىتىدىغان يوغان، ئۇچى ئىلمەك يىڭنە: ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز (ماقال). * قەييۇم قولىدىكى شوينا، جۇۋالدۇرۇزلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۇزۇن ئالا تاغارنى يانتۇ قاشقا يايدى-دە، ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

**جۇۋان** ئى [پ] توي قىلغان، ئۆيلۈك بولۇپ قالغان ياش ئايال، چوكان: چېچەن جۇۋاننى ئوچاق بېشىدا سىنا (ماقال). * تاشلاپ قاچىدىغان قىز بار، ئېلىپ قاچىدىغان جۇۋان بار (ماقال). * دەل شۇ پەيتتە ھويلىدا ئىككى قىزنىڭ كۈلۈشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا 27 ياشلاردىكى تولغان بىر جۇۋان ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

**جۇۋان تويى** ① بۇرۇنقى ئادەتتە، توي قىلىپ باللىق بولغاندىن كېيىن، ئۇنى قۇتلۇقلاپ، ئۇنىڭغا پەرىجە، ئىزمىلىك كۆڭلەك كىيدۈرۈپ، چاچ قايرىپ ئۆتكۈزۈلىدىغان مەرىكە، چاچباغ توي. ② توي قىلىپ ئاجراشقان جۇۋاننىڭ يەنە قىلغان تويى: — توي ئانچە چوڭ بولماسىمۇ، جۇۋان تويى بولغاندىكىن چىغدا بولار؟ — دېدى روزى بەز گۈلئايشەمگە. * — ۋييەي، جۇۋان تويىمدى ئۇ، بىر كېچىدىلا قىلىۋېتىدىغان؟ — دېدى ئانارخان قەيىرخاننىڭ سوئالىغا جاۋابەن.

**جۇۋاۋا** ئى [خەن] <يىم> ئۇيغۇر تاماقلىرىنىڭ بىر خىلى. ئۇ پىتىر خېمىردىن كىچىك ئېچىلغان جىلتىگە قىيما سېلىپ تۈگۈلۈپ، قايناق سۇدا پىشۇرۇلىدۇ: — بۇرادەر، جۇۋاۋا سوۋۇغىچە ماڭا قالمايدىغان ئوخشايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم جۇۋاۋىنى ئاغزىغا سېلىپ يۇتۇۋېتىپ.

**جۇۋاينەمەك** «ئۆلگۈر» دېگەن مەنىدىكى ھاقارەت سۆزى: ئۇ تىترىگەن ئاۋازدا: — قولى قۇرۇپ كەتكۈر جۇۋاينەمەكلەر، خۇدا زاۋالىڭنى بېرەر ئىلاھىم، — دەپ قارغاپ زارلىماقتا ئىدى. * پاشاخان ھەدەم بارماقلىرى بىلەن بۇرنۇمغا نوقۇپ: — يوقال كۆزۈمدىن، ھوي جۇۋاينەمەك! — دەپ ۋارقىرىدى-دە، سۈيىنى ئېلىشقا باشلىدى.

**جۇۋاينەمەك كەتكۈر** «پالاكەتكە يولۇققۇر، ئۆلگۈر» دېگەن مەنىدىكى قارغىش سۆزى: باھارنىڭ ئانىسى مېنى كۆرۈپلا: — ھوي جۇۋاينەمەك كەتكۈر، قىزىمغا نېمىشقا تېگىشتىڭ، — دەپ جاۋىلداپ كەتتى، مېنىڭ ھەققىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشۈمگىمۇ يول قويمىدى.

**جۇۋۇشكا** ئى. بىر قاتار تۆگىنىڭ ئالدىدىكىسىنىڭ ئىككى قۇلىقىغا ئېسىلىدىغان كىچىك قوڭغۇراق.

**جۇۋىچى** ئى. جۇۋا تىكىپ ساتقۇچى: ئەخمەتنىڭ دادىسى جۇۋىچى ئىدى.

**جۇۋىچىلىق** «جۇۋىچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: — ئۇلارنىڭ ئۆيدە جۇۋىچىلىق قىلىدىغانلار يوق ئىدى، بۇ توغرىلىق ئويلاپ كۆرمەپتە-مەن، — دېدى قاسىم بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ.

**جۇۋىلىق** سۈپ ① جۇۋىسى بار، جۇۋا كىيگەن: جۇۋىلىق ئادەم. * سادىق روزى بايىقى جۇۋىلىق خېرىدارنى دوراپ، كۆكرىكىنى پۇكەيگە

تىرىدى. * كالتە جۇۋىلىق ئادەم دۇكان ئالدىدا توختىدى. ② جۇۋا تىكىشكە يېتىدىغان، لايىق، باپ: بىر جۇۋىلىق تېرە بار.

**جۇۋنە** ئى [پ] <بوت> كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، كۆپ شاخلىق، سىرتىدا تۈكى ئۇزۇنغا كەتكەن ئېرىقچىلىرى بولىدۇ، يوپۇرمىقى ئۈچ – تۆت قېتىم قايتىلىنىپ پەيسىمان يېرىلىدۇ، سېپى ئۇزۇن، تۈۋى غىلاپقا ئوخشاش غولنى ئوراپ تۇرىدۇ. گۈلى ئاق، مېۋىسى ئۇزۇنچاق تۇخۇمسىمان بولۇپ، رەڭگى قارامتۇل سېرىق كېلىدۇ؛ ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ، سوغۇقنى ھەيدەش، ھۆللۈكنى يوقىتىش، ئىشتىھانى ئېچىش، ئاغرىقنى توختىتىش رولى بار. خوتەن، قەشقەردە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**جۇيازا** ئى [خەن] <كي> ئۆرە ياقىلىق پاختىلىق كالتە چاپان: ئۇ ئۈستىگە جۇيازا، ئېچىگە قولدا توقۇلغان يۇڭ پوپايكا كىيگەچكە، بەك ئىسسىپ كەتتى.

**جۆجەي** ئى [خەن] ← ئېغىزدۇرۇق: ئۇ يىگىت دەرھال بىر قولدا جۆجەيدىن، يەنە بىر قولدا ئاتنىڭ قۇلىقىدىن تۇتتى.

**جۆدەر** ئى. ئاتنى چۈشەپ قويىدىغان تاسما.

**جۆنەتمەك** «جۆنىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇ ئەسنادا باشلانغان جىددىيلىك ھەرقايسىسىنى ھەريان يۈگۈرتۈپ، جاي-جايلىرىغا جۆنەتتى.

**جۆنەشمەك** «جۆنىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كەچتە ھەممەيلەن ئىشتىن چۈشۈپ، ئۆيگە ياكى ئويۇن تاماشىغا جۆنەشكەن چاغلاردا، زەپەر ئاكىنىڭ تېخىمۇ مەنلىكرەك، خۇشال ھاياتى قايتىدىن باشلىناتتى.

**جۆنەلمەك** «جۆنىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تاغىل تورپاق بېلىنى ئېگىپ-ئېگىپ قىمىرلىغىنىدىن كېيىن، بىردىنلا يانغا جۆنەلدى.

**جۆندەتمەك** «جۆندىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: – ئەكەلگىن قاپاقنى، مەن باشقا يەرگە بارمايلا مۇشۇ زاۋۇتتا جۆندىتىۋالاي مەن! – دېدى غېنى مەيدىسىگە ئۇرۇپ.

**جۆندەشمەك** «جۆندىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: 2/ ئۇلار يولغا چىقىش ئالدىدا، يېرىم كۈن ماشىنىسىنىڭ چاتىقىنى جۆندەشتى.

**جۆندەلمەك** «جۆندىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مۇشۇ يوسۇندا تۆت كېچە-كۈندۈزنى ئۆتكۈزدۇق. ئاخىرى ماشىنىمۇ جۆندەلدى. شۇنداق قىلىپ، يەنە ئۇرۇمچىگە قاراپ يولغا چىقتۇق.

**جۆندىمەك** پ ① ئوڭشىماق، تۈزىمەك، بىرەر ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك ھەل قىلماق: – بولدى رەيھان! – دېدى ۋارىسجان كەينىگە بۇرۇلۇپ، – نادەم ھارۋىسىنى جۆندەپ تۇرسۇن، بىز چوڭ ئاپام بىلەن خوشلىشىپ چىقايلى. * «قولۇمدا ھوقۇقىنىڭ باردا ئىككى بالامنىڭ ئىشىنى ئوبدان جۆندىۋالدىم. ئەمدى بىرىگە كەلگەندە، ھېرىپ قالمىسام بولاتتى» – دەپ ئويلىدى ئۇ سافادا ئولتۇرۇپ. ② كۆچمە. ئەدىبىنى، جازاسىنى بەرمەك؛ جايلىماق، باپلىماق: – سەن ئۇ بەش تال ئوق بىلەن تەييار بۇ ئۆلەرمەننى جۆندەپلا، باتۇر بولماقچىمۇ، – دېدى تۆمۈر پولاتقا. * كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ ئورمانلىقتا بىر تۈلكە پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ كۈچى يەتكەنلەرنى ئۇرۇپ-سوقۇپ يەيدىكەن، كۈچى يەتمەيدىغانلارنى بولسا ھىيلە-مىكىر بىلەن ئالداپ جۆندەيدىكەن. ③ كۆچمە. باشقىلارنى ئالدىماق، گوللىماق: – سەن ئۆتكەن قېتىممۇ مېنى جۆندىگەنىدىڭ، بۇ قېتىم يەنە ... – دېدى سودىگەر

غەزەپلىنىپ.

**جۆنمەك** پ. يولغا چىقماق، كەتمەك: كۈنلەر ئۆتۈپ كۈن كەپتۇ. قىلغان چارە ئۆلك كەپتۇ. ھېلىقى بالا قارلىغاچنىڭ، سۇنغان پۇتى ئوڭشىلىپ، ئاتا-ئانىسىغا قوشۇلۇپ، كەچ كۈزگىچە تۇلەپتۇ. قىشقا قالماي قارلىغاچلار، ئىسسىق جايغا جۆنەپتۇ. * ھاجى توختىنىياز زورغا بىر ھومىيىپ، «ئەستە غېيۇرۇللا» دېگەن پېتى ئۆز ئۆيى تەرەپكە جۆندى.

**جۆۋەندە** ① سۆپ. بۇغداي ئۇنىغا قوناق ئۇنى ياكى باشقا قارا ئاشلىق ئۇنى ئارىلاشتۇرۇلغان: جۆۋەندە نان. ② ئى. ئاشۇنداق ئارىلاشما ئۇندا يېقىلغان نان: ئاپام بۈگۈن بىر تونۇر جۆۋەندە ياقتى.

**جۆيلۈشمەك** «جۆيلۈمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ـ سىلەر نېمەدەپ جۆيلۈشۈۋاتىسىلەر؟ ـ ئەمەت غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى.

**جۆيلۈمەك** پ ① ئۇخلاپ يېتىپ قالايمىقان سۆزلىمەك: ئاسىيە ئۇنى قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئاماللار بىلەن داۋالىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بەرمىدى، ئەكسىچە، ئاغرىق تېخىمۇ كۈچىيىپ، قالايمىقان جۆيلۈيدىغان بولۇپ قالدى. ② كۆچمە. يالغان-ياۋىداق، پاكىتسىز گەپ قىلماق، ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلىمەك: ـ نېمەدەپ جۆيلۈۋاتىسەن، ـ دېدى كامال كوجاڭ ئالدىدىكى ئادەمگە، ـ بۇ گەپلىرىڭ بىلەن سەن قانۇن ئالدىدا جاۋاب بېرىپ قالمىغىن يەنە.

**جۈپ** [پ] ① سۆپ. <مات> ئىككىگە قالدۇقسىز بۆلۈنىدىغان، تاق بولمىغان؛ تاقنىڭ ئەكسى (پۈتۈن سانلار ھەققىدە): جۈپ سانلار. * دەرد كەلسە جۈپ، دۆلەت كەلسە تاق (ماقال). ② سۆپ. بىر خىلدىكى ئىككى، قوش: ئىككى غېرىچتەك ئېگىزلىكتە ئۆسكەن گۈل شېخىدا ئېچىلىشقا تەييار تۇرغان بىر جۈپ غۇنچە يانمۇيان ئېسىلىپ تۇراتتى. ③ ئى. بىر-بىرىگە ماس، جور، دائىم بىرگە بولىدىغان ياكى بىر ئىش ئۈچۈن بىرلەشكەن ئىككى ئادەم، نەرسە ياكى جانىۋار: بىر جۈپ كۆك كەپتەر ئۆگزىدىكى قونداققا قونۇۋېلىپ، تۇمشۇقلىرى بىلەن بىر-بىرىنىڭ قاناتلىرىنى تارىشىۋاتاتتى. * مانا بۈگۈن ناتونۇش قىزلار ياتىقىمغا كېلىدىغانلىقى بىلىنگەندىن كېيىن، بۇ بىر جۈپ دوستۇمنى يەنە ئەسلىدىم. * ئالتۇنگۈلنىڭ بىر جۈپ ئۆتكۈر كۆزى كونۇپېرت ئۈستىدىكى خەتكە چۈشتى. ④ رەپىقە، جورا (بىر-بىرىگە نىسبەتەن): ـ چار پادىشاھ مېنىمۇ ئۇرۇشقا ئاپىرىپ، قېرى ئاتا-ئانامنى ھەر ئىككى قانىتى سۇنغان قۇشتەك قىلىپ قويماقچى، ئىككى ياشقا كىرگەن قىزىم ناتالىيەنى يېتىم قويماقچى، ھالال جۈپتۈم ۋىرانى تۇل قىلماقچى، شۇنداق ئەمەسمۇ، مەن بۇ ئۇرۇشقا قارشى! ـ دېدى خوخۇل گىرىگورى ئەزىمەتكە قاراپ غەزەپ بىلەن. * تۇرۇلغا ئۆزىنىڭ جۈپى بىلەن بىرلىشىپ، خورما دەرىخىنىڭ شېخىدىكى بارلىق مېۋىلەرنى ئۈزۈپ، ئېرغىتىپ يەرگە تاشلاشقا باشلاپتۇ.

**جۈپ سان** <ماتې> 2 گە پۈتۈن بۆلۈنىدىغان پۈتۈن سانلار. مەسىلەن، 2، 4، 6، 8 قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**جۈپ سۆز** <تىل> ئىككى بۆلەكنىڭ تەڭداش مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان لېكسىكىلىق بىرلىك، جۈپ سۆزلەر ياسالما سۆزلەرنىڭ بىر تۈرى، جۈملىدە بىر سۆز ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. «ئاتا-ئانا، ئەگرى-بۈگرى» گە ئوخشاشلار.

**جۈپ شادا** ئەتلەسچىلىك دۇكىنىدىكى ئۆرۈش يىپلارنى جۈپلەپ، ئاجرىتىپ تۇرىدىغان ئىككى تال تاياقچە.

**جۈپ فۇنكسىيە** <مات> فۇنكسىيە $y=f(x)$ دىكى ئەركىن ئۆزگەرگۈچى سانىنىڭ ئالامىتى ئۆزگەرگەندە، فۇنكسىيىنىڭ

قىممىتى ئۆزگەرمەيدۇ، يەنى $f(-x)=f(x)$ بولىدۇ. بۇ فۇنكسىيە جۈپ فۇنكسىيە دېيىلىدۇ. مەسىلەن: $y=x^2$ , $y=\cos x$ .

**جۈپ قاپىيە** شېئىردا ھەر جۈپ (ئىككى) مىسرانىڭ بىر-بىرى بىلەن قاپىيىداش بولۇپ كېلىشى.

**جۈپ كۈچ** <فىز> جىسىم ئۈستىدە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان، چوڭ كىچىكلىكى ئوخشاش، يۆنىلىشلىرى قارىمۇقارشى ھەمدە بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە بولمىغان ئىككى كۈچ. جۈپ كۈچ جىسىمنى ئايلاندۇرۇپ ھەرىكەتلەندۈرىدۇ.

**جۈپتەك** ئى. ئىنچىكە ۋە كىچىك نەرسىلەرنى قىسىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بىر خىل قىسقۇچ.

**جۈپتەكلىمەك** پ ① جۈپتەك بىلەن قىسماق. ② ئىككى قولىنى جۈپلەشتۈرمەك، جۈپلىمەك: ــ ئامىنە، خۇش خەۋەر! ــ دېدى ئابدۇرېشىت ئۆيگە كىرىۋېتىپ. ئامىنە چۆچۈپ، قوللىرىنى جۈپتەكلەپ، تەبەسسۇم بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. * خان بۇتخانا قاپقىسى ئالدىغا كەلدى. قاپقا ئالدىدا باشقىلاردىن سالاپەتلىكرەك كاسايا كىيگەن بىر راھىب ئالقانلىرىنى جۈپتەكلەپ پېشانىسىگە تۇتۇپ، ئالدىغا ئېگىلىپ، خاننى «خۇش كېلىپسىز خاقانىم» دەپ قارشى ئالدى.

**جۈپ-جۈپ** بىرقانچە جۈپ: كۈمۈش پارچىلىرىدەك ئويناپ-يالتىراپ چۈشۈۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرى ئۇنىڭ كۆزىگە جۈپ-جۈپ كېپىنەكلەردەك كۆرۈندى.

**جۈپسىز** سۈپ. جۈپى يوق، تاق: بۇۋى ھەجەر جۈپسىز بولسىمۇ، دوستلىرىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن بۇ كۆڭۈللۈك، ئاددىي لېكىن ئالتۇن خەجلەپمۇ تاپقىلى بولمايدىغان مېھماندارچىلىققا قاتنىشىپ قالدى.

**جۈپلەنمەك** «جۈپلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جۈپلەشتۈرمەك** «جۈپلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دەسلەپتە، ئۇنىڭغا كۆزىنى ئېچىش ناھايىتى تەس تۇيۇلدى، گويا قاپىقىغا مىڭ جىڭ تاش ئېسىپ قويۇلغاندەك، كىرپىكلىرى يارىيېلىمدا جۈپلەشتۈرۈپ چاپلىۋېتىلگەندەك مەلۇم بولدى.

**جۈپلەشتۈرۈلمەك** «جۈپلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جۈپلەشمەك** پ ① ئىككى نەرسە بىر-بىرىگە تېگىشمەك؛ جۈپ ھالەتكە كەلمەك: جۈپتەكنىڭ قىسقۇچلىرى ئېگىلىپ كەتكەچكە، ياخشى جۈپلەشمەيدىغان بولۇپ قېلىپتۇ. ② جۈپى بىلەن بىر يەردە بولماق، قوشۇلماق: كەپتەر يىلىغا بىرقانچە قېتىم جۈپلىشىپ، بىرقانچە قېتىم تۇخۇم تۇغىدۇ ۋە بالا چىقىرىدۇ. ③ بىر-بىرىگە تېگىشمەك، قۇچاقلاشماق: پەرھات ھاياجان بىلەن قىزنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى. يۈرەكتىكى مەۋج ئۇرۇۋاتقان قان تەپتىدىن ئىسسىپ كەتكەن قوللار بىر-بىرى بىلەن جۈپلەشتى. * ئايشەمخان كەلگۈسى قۇدىسىغا يارىتىش ئۈچۈن پۈتۈن ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ئەتكەن بىر لېگەن فېرنىنى چۆپنى كۆتۈرۈپ ئىشىككە كەلگەندە، دالاندا جۈپلىشىپ قالغان بىر جۈپ گەۋدىنى كۆرۈپ قالدى-دە، تولۇقلىشىشكە ئاز قالدى ۋە ئۇلارنى تونۇغاندىن كېيىن، كۆزىنى يۇمغىنىچە كەينىگە ياندى.

**جۈپلەنمەك** «جۈپلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىككى كۈنلۈك ئەمگەك نەتىجىسىدە، تۆنىكىلەر كېسىلىپ، تېشىلىپ بولدى ھەم 30 نەچچە پارچە تۆنىكە بىر-بىرىگە جۈپلەندى.

**جۈپلۈك** سۈپ. جۈپى بار: ــ ئەي مەلىكە، ــ دېدى ئىنىكئانا تەسەللى بېرىپ، ــ ئەزەلدىن ئاللاتائالا ھەممە نەرسىنى جۈپلۈك قىلىپ ياراتقان، نىكاھى ئاسمان قوشۇلدىمۇ، ئۇنىڭغا رازى بولۇشتىن باشقا ئامال يوق. ئۆزلىرىنى جوۋاتمىسىلا.

**جۈپلىمە** سۈپ. جۈپلەپ قويۇلغان، جۈپلىنىد-

غان، جۇپلەنگەن: ئويۇنچىلار ئىسلىپ تۇرىدىغان ئېلەڭگۈچ ئارغامچىلار شۇ چاق ئۈستىدىكى جۇپلىمە ياغاچقا مۇقىم بېكىتىلگەندى.

**جۇپلىمەك** پ. ئىككىنى بىر قىلماق، بىر جۈپ-بىر جۈپ قىلماق؛ ئىككىسىنى بىر يەرگە يېقىنلاشتۇرماق: خىزمەتچى چىقىپ كەتتى، ياقۇپ پۇتلىرىنى جۇپلەپ، تەرتىپ مۇدىرىنىڭ ئالدىدا تىك تۇردى.

**جۇجەم** ئى. دىئال. ئۇجمە.

**جۇدەتمەك** «جۇدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېغىر خىزمەت ئۇنى جۇدىتىۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما «ۋەتەننىڭ ئەتىسى ئۈچۈن!» دەيدىغان مۇستەھكەم ئارزۇ ئۇنى ئىلھاملاندۇراتتى.

**جۇدەڭ** سۈپ. ئورۇق، ياداڭغۇ: جۇدەڭ ئادەم. * گۈلسۈمخان ئوغلى كېتىپ ئەتىسلا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ جۇدەڭ چىرايى سارغىيىپ، تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتتى.

**جۇدەڭگۈ** سۈپ. جۇدىگەن، ئورۇقلىغان، جۇدەڭ: ئۇنىڭ بۇ جۇدەڭگۈ، قانسىز چىرايىدىن چوڭقۇر دەرد-ئەلەم، ئويچانلىق ۋە يەنە قانداقتۇر بىر قەيسەر ئىرادە چىقىپ تۇراتتى. * كالتەك چىراغنىڭ ئۆتكۈر نۇرلىرى چاچلىرى ئۇچتەك ئاقارغان، رەڭگى سىبرىق، جۇدەڭگۈ، ئورۇقلۇقىدىن بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان قېرى ئانامنىڭ چىرايىنى تېخىمۇ ئاقارتىۋەتكەندى.

**جۇدىمەك** پ. ئورۇقلىماق، ياداڭغۇ: ئۇزۇن ئۆتمەي قادىرمۇ چىقتى ۋە ئالىم ئاكا بىلەن ئىللىق سالاملاشتى. قادىر خېلىلا جۇدەپ، كۆزلىرىنىڭ تېگىدە كۆكۈچ ئىزلار پەيدا بولغانىدى. * بىچارە قىز شۇ ئىككى ئاي ئىچىدە جۇدەپلا كەتتى. ئۇ ئاخىرىدا ماڭا خەت يېزىپتۇ.

**جۇرئەت** ئى [ئە] ① خەۋپ-خەتەر ۋە قىيىنچىلىقلاردىن قورقماي قىلىنغان غەيرەت، جاسارەت: جۇرئەت قىلماق. * بايىقى شېرىن خىيالنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى ئىچكەن بىرنەچچە پىيالە مەينىڭ كۈچىدىنمۇ، ئېيتاۋۇر، ئابدۇۋەلى شۇ تاپتا ئۆزىدە ئىلگىرى كۆرۈلمىگەن بىر خىل جۇرئەتنى سەزدى. * ئادىل خىجىللىقى بولغانلىقتىن، رەيھانەمدىن قېچىپمۇ كېتەلمەيدىغان، يىراقلىشىپمۇ كېتەلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. مۇشۇنداق ئەھۋالنى بىلگەن، ئاڭلىغان بىر قىز قاساس ئېلىشى لازىم. قاساس ئېلىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە؟ جۇرئەت كېرەك. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**جۇرئەت قىلماق** جۇرئەت كۆرسەتمەك، پېتىنماق: ئەنۋەر مېنىڭدىن بۇنى كۈتمىگەنىدى. چۈنكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇنىڭ ئالدىدا گەپ ياندۇرۇشقا جۇرئەت قىلىدىغان ئادەم چىقمىغانىدى.

**جۇرئەتچان** سۈپ. جۇرئەت قىلالايدىغان، جۇرئىتى بار، قەيسەر: سۈبھى بىرەر ئىشقا ناھايىتى جۇرئەتچان ئىكەن. مەن ئۇنىڭ تەجرىبە ئېيتىزلىرىنىلا ئەمەس، ئۆزىنىمۇ ھەرقاچان ھىمايە قىلىشقا ۋە ئۆز قىزىمدەك كۆرۈشكە بەل باغلىدىم.

**جۇرئەتسىز** سۈپ. خەۋپ-خەتەردىن، قىيىنچىلىقلاردىن قورقىدىغان، بىرەر ئىشنى قىلىشقا پېتىنالمايدىغان، غەيرىتى يوق، جاسارەتسىز، ئىرادىسى بوش: جۇرئەتسىز ئادەم. * مەن چەكسىز خىجالەت ئىچىدە مىلىڭ تەسلىكتە پىكرىمنى بىر يەرگە يىغىپ، جۇرئەتسىز قەلىمىنى ئاران تەۋرىتىپ خېتىمنى باشلىدىم. * مەۋلان ئۇنىڭ جىم بولۇپ قالغانلىقىنى سۆزۈمگە ئىشەنمەي ۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، جۇرئەتسىزگىنە قاراپ قويدى.

**جۇرئەتسىزلەشمەك** پ ← جۇرئەتسىزلەنمەك: بۇ ھاراقمۇ بىردەمدىن كېيىن ئۆز كۈچىدىن قالدۇ، شۇنىڭ بىلەن يەنە قايغۇ-ھەسرەت بېسىشقا باشلايدۇ. مەن بۇ قاتارلىق جۇرئەتسىزلىشىپ كەتمەسلىكىم لازىم ئىدى. مەن ئۆزۈمدىن نەپرەتلىنىمەن!

**جۇرئەتسىزلەنمەك** پ. جۇرئىتىنى يوقاتماق، ئىرادىسى بوشاپ كەتمەك، جۇرئەتسىزلەشمەك: ئۇ ئۆزىنىڭ جۇرئەتسىزلىنىپ، پەرىۋاتنىڭ

تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ قويغىنىغا، رەت قىلىشتا چىلىك تۇرالمىغىنىغا ئۆكۈنەتتى.

**جۇرئەتسىزلىك** «جۇرئەتسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: جۇرئەتسىزلىك قىلماق. * قۇتلۇق ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، جۇرئەتسىزلىك بىلەن سورىدى.

**جۇرئەتلەنمەك** پ. جۇرئەت قىلماق، پېتىنماق: كېيىن ئۇ بىردىنلا جۇرئەتلىنىپ، روشەننىڭ نازۇك قوللىرىنى ئۆزىنىڭ يوغان ئالقىنىغا ئېلىپ قىستى ۋە ئۇنىڭ چوغدەك يېنىپ تۇرغان كۆزىگە پۈتۈن مېھرى بىلەن تىكىلدى. * شەرىپە بىردىنلا جۇرئەتلىنىپ كەتتى-دە، ئابدۇشۈكۈرنىڭ قولىنى سىلكىۋېتىپ، ياقىسىنى ئاجرىتىۋالدى.

**جۇرئەتلىك** سۈپ. جۇرئىتى بار، جۇرئەت قىلالايدىغان، پېتىنالايدىغان؛ جەسۇر، غەيرەتلىك: جۇرئەتلىك قىز. * شاھ بالىنىڭ ئەقىللىق ھەم جۇرئەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىچىدە ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ ئىسمىنى سوراپتۇ. * شوخ ھەم جۇرئەتلىك بۇ قىز ئۆز مەقسىتىنى ئاپىسىغا قورقماستىن دېدى.

**جۇزنەك** ئى <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى يۇمىلاق تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ، گىرۋەك-لىرىدە ھەرىنىڭكىدەك چىشلىرى بولىدۇ. كۈز پەسلىدە گۈللەيدۇ، گۈلى ئاق ياكى سۆسۈن ئارىلاش بولۇپ، خۇش بۇي پۇرايدۇ، غولىدىن ئارۇماتىك مايلارنى ئالغىلى بولىدۇ. ئۇنى يەنە دورىغا ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ، سۈيدۈك ماڭدۇرۇش، قاننى جانلاندۇرۇش رولىغا ئىگە.

**جۇزئىي** سۈپ [ئە]ئۇنچە چوڭ، مۇھىم، جىددىي بولمىغان؛ ئەرزىمىگەن،ئەھمىيەت-سىز: ئۇ يەرلىك بۇرژۇئازىيىنىڭ تۇرلۇك تەبىقىلىرى ئۇچۇنلا مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئۇۋاق، جۇزئىي، ئۇششاق غايىلەرنىڭ گىردابىدا چىرمىشىپ قالدى. * خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى جانلاندۇرۇلمىسا، جۇزئىي تارماقلارنىڭ تەرەققىياتى چوقۇم قاتتىق چەكلىنىپ قالىدۇ. ۋ. ② <لوگ> قىسمەن: جۇزئىي ھۆكۈم.

**جۇزئىي تەستىقىي ھۆكۈم** <لوگ> مىقدارى جۇزئىي، سۈپىتى تەستىقىي بولغان ھۆكۈم.

**جۇزئىي ھۆكۈم** <لوگ> ھۆكۈملىگۈچىسى ھۆكۈملەنگۈچىسىنىڭ قىسمەن ھەجمىگە قارىتىلغان، يەنى ھۆكۈملەنگۈچىسىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر خىلدىكى ئوبيېكتنىڭ بىر قىسمىغا قارىتىلغان ھۆكۈم.

**جۇزئىي ئىنكار ھۆكۈم** <لوگ> مىقدارى جۇزئىي، سۈپىتى ئىنكار بولغان ھۆكۈم.

**جۇزئىيلىك** ئى <پەلس> ① شەيئىلەرنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىپ تۇرغۇچى مەلۇم بۆلەك، مەلۇم جەھەت ۋە شەيئىلەر تەرەققىياتىدىكى مەلۇم باسقۇچ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ② قىسمەنلىك.

**جۇسەي** ئى [خەن] <بوت> ← **كۇدە**.

**جۇسۇن** ئى. تەقى-تۇرقى، قىياپەت، شەكىل: بۇ قىزنىڭ چىرايىدىن نېمىشقىدۇر بىر غەمكىنلىك ۋە ئۆزىنىڭ جۇسۇنىگە ماس كەلمەيدىغان سولغۇنلۇق چىقىپ تۇراتتى.

**جۇسۇنلەشمەك** «جۇسۇنلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جۇسۇنلىمەك** پ. بىرنەرسىنىڭ تۇرقىنى، شەكلىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەك: ئۇنىڭ غۇۋا چىراغ يورۇقىدا ئېگىكىنى تىرەپ، بىر نۇقتىغا كۆز تىكىپ ئولتۇرۇشى ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشنى جۇسۇن-لەۋاتقانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

**جۇلگۇمەك** پ. دىئال. مىلتىقنىڭ ئىچىدىكى

كىرنى تازىلىماق.

**جۇمە** ئى [ئە] ① دۈشەنبىدىن ھېسابلىغاندا ھەر ھەپتىنىڭ بەشىنچى كۈنىنىڭ نامى؛ ئازنا: بىرۋاقىتتا بايىقى ئېشەكنى سېتىۋالغانلار قومۇشلۇقتا كېلىپ: ـ سەندىن ئالغان ئېشەكنى سەن دېگەندەك قىلىپ، ئېغىلغا باغلاپ، تۆتىمىز بىر جۇمە كۈتتۇق، بىر جۇمە بولدى دېگەندە ئېغىلنى ئېچىپ كىرسەك، ئېشەك ئۆرە تۇرغىنىچە توڭلاپ قېتىپ قېلىپتۇ، ئەمدى سەن بىزدىن ئالغان تىللانى قايتۇرۇپ بەرگىن، ـ دەپتۇ. ② <دىن> جۇمە كۈنى پېشىن ۋاقتىدا، جامەدە جامائەت بىلەن ئوقۇلىدىغان ناماز: جۇمەدىن يانغان جامائەت ئۆيلىرىگە قايتىشتى. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**جۇمە قىلماق** ← جۇمەلىمەك: خاسىيەت ھەر قېتىم ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە جۇمە قىلىپ كەلگەندە ئۇنى يوقلاپ تۇراتتى.

**جۇمە نامىزى** <دىن> جۇمە كۈنلىرى جامەلەردە جامائەت بىلەن پېشىن ۋاقتىدا ئوقۇلىدىغان ناماز.

**جۇمەك** ئى [پ] تۈرلۈك ئەسۋابلار ياكى سۇ تۇرۇبىلىرىنىڭ سۇ چۈشۈرىدىغان ئېغىزى.

**جۇمەكلىك** سۈپ. جۈمىكى بار، جۈمەك ئورنىتىلغان.

**جۇمەلەتمەك** «جۇمەلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پادىشاھ بالىسىنى ئۆيلەپتۇ. ۋەزىر گومۇش شاھزادىنى قېين ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە جۇمەلىتىپ ئاپىرىپتۇ.

**جۇمەلىمەك** پ ← **ئازنىلىماق**: ـ نېمىشقا جۇمەلەپ بارمايسىز، بىزنىڭغۇ دېمەڭ، ئۆز ئانىڭىزنىڭ قەدىم جايىنىمۇ سېغىنمىدىڭىزمۇ؟ ـ دەپتۇ ھەجەرگە ئۆگەي ئانا مۇغەمبەرلىك بىلەن قاراپ.

**جۇملە** ئى [ئە] ① <تىل> تولۇق ئاياغلاشقان ئوي-پىكىرنى ئىپادىلىگۈچى سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى: سوراق جۇملە. ئۈندەش جۇملە. ② بىر تۈردىكى مەلۇم جەھەتتىن بىر خىل بولغان نەرسە، ھادىسە ياكى كىشىلەر يىغىندىسى ۋە ئۇنىڭ تەركىبىي قىسمى: تىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەر جۇملىسىگە كىرىدۇ. * لۇغەتنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچە تۈرغۇنلىغان لۇغەتلەر نەشىر قىلىنىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. يېقىندا نەشىردىن چىققان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ئەنە شۇ لۇغەتلەرنىڭ جۇملىسىدىندۇر.

**جۇملە ئالەم** پۈتۈن دۇنيا، پۈتۈن جاھان، بارلىق يەر-جاھان: ئايغا ئوخشىمدۇ يۈزلىرى، شېكەرگە ئوخشامدۇ سۆزلىرى. ئۆزلىرىگە ئوخشىماس، جۇملە ئالەم خەقلىرى.

**جۇملە بۆلەكلىرى** <تىل> جۇملىنى ھاسىل قىلغۇچى تەركىبىي بۆلەكلەر. ئۇيغۇر تىلىدا جۇملە بۆلەكلىرى ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، ھالەت دېگەن بەش بۆلەكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**جۇملە تۈزمەك** سۆز-ئىبارىلەرنى تىل قائىدىسى بويىچە تەشكىللەپ، جۇملە ھاسىل قىلماق.

**جۇملىدىن** باغل. سۆز بىرىكمىلىرى ۋە جۇملىلەر ئوتتۇرىسىدا كېلىپ «شۇنىڭدەك»، «شۇلار جۇملىسىدىن» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: كۆن نامازدىگەردىن ئۆتۈپ شامغا يېقىنلاشتى، شۇنىڭ ئۈچۈن گۈزەردىكى دۇكانلاردىن ئۈچ-تۆتىلا ئوچۇق، جۇملىدىن ھەسەن ئەلىمۇ يېرىم ئوچۇق دۇكىنى ئالدىدا ئولتۇراتتى.

**جۇملىمۇجۇملە** جۇملىنىڭ رەت تەرتىپى بىلەن؛ بىر جۇملىدىن كېيىن يەنە بىر جۇملە: دانىشمەنىنىڭ بۇ گەپ-سۆزلىرى پادىشاھقا ياراپ كېتىپتۇ. پادىشاھ كاتىپنى چاقىرىپ، دۆلەتنىڭ

چوڭ ئىشلار خاتىرىسىگە دانىشمەنىنىڭ سۆزلىرىنى جۈملىمۇجۈملە يازدۇرۇپتۇ.

**جۇن** ئى [خەن] <ھەرب> ئارمىيىنىڭ شتات بىرلىكى. ئۇنىڭغا بىرقانچە دىۋىزىيە قارايدۇ.

**جۇنتۇەن** ئى [خەن] <ھەرب> ئېلىمىزنىڭ قىزىل ئارمىيە مەزگىلىدىكى جىتۇەنجۇنگە تەڭ بولغان شتات بىرلىكى. بەزى دۆلەتلەردىكى جۇنتۇەن ئېلىمىزنىڭ جۇنى (كورپۇس) بىلەن تەڭ.

**جۇنجاڭ** ئى [خەن] <ھەرب> بىرەر جۇنگە قوماندانلىق قىلغۇچى ھەربىي ئەمەلدار، كورپۇس كوماندىرى.

**جۇنۋېي** ئى [خەن] <ھەرب> بەزى دۆلەتلەردىكى ھەربىي ئۇنۋان. دەرىجىسى شاۋۋېيدىن تۆۋەن، شاڭشىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ.

**جې** «ج» ھەرپىنىڭ نامى.

**جېدەل** ئى [ئە] غەلۋە، جاڭجال، ماجىرا، ئۇرۇش-تالاش: كۈندەشلىك ئۆيدە كۈندە جېدەل (ماقال). * شامالنىڭ ئالدى قۇيۇن، جېدەلنىڭ ئالدى ئويۇن (ماقال). * چوڭلار ۋە قېرىلارنىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن جېدەل ئاران بېسىلىپ قالدى. لېكىن تويغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى چۈشىنىپ بولالمىغاندەك، كۆڭۈلسىز ئەھۋال ئاستىدا تارقىلىشقا باشلىدى. * ئۇ تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. پاتىمە ئۆزىنىڭ جېدەل قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، بەندىگە ئولتۇردى. ② تالىشىش؛ دەۋا: — بۇ ئۆچمىزنىڭ جېدەل قىلىۋاتقىنىمىزنىڭ سەۋەبى مۇشۇ تاج، ئۆچىلىمىز شۇنى تالىشىمىز، — دەپتۇ دەۋاگەر.

**جېدەل تېرىماق** ← **جېدەل چىقارماق**: پەرھاتنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىدىن شۇنى بىلدىمكى، ھېلىم قۇلاق كەستى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، كۈنگە ساۋاقداشلىرى بىلەن سۈركىلىپ جېدەل تېرىدىغان بىشەم بىرنېمە ئىكەن.

**جېدەل چىقارماق** جېدەل پەيدا قىلماق، ماجىرا پەيدا قىلماق: — سەن كۈندىلا جېدەل چىقىرامسەن؟ تىنچ يۈرىدىغان بىرمۇ كۈنۈڭ يوقمۇ؟، — دەپ خاپا بولدى مۇئەللىم ئالدىدىكى بالىغا.

**جېدەل قىلماق** غەلۋە قىلماق، غوۋغا چىقارماق، جېدەللەشمەك: بىر كۈنى، بىر جايدا ئەجدىھاغا ئوخشايدىغان ئىككى يىلان بىر-بىرى بىلەن جېدەل قىلىشىپتۇ.

**جېدەلنى سېتىۋالماق** جېدەلگە قەستەن ئارىلاشماق، قەستەن جېدەل چىقارماق: بەزى ئادەملەر باركى، جېدەلنى سېتىۋالىدۇ، ئۇنداقلار-دىن يىراق يۈرۈش كېرەك.

**جېدەلچى** ئى. جېدەل چىقارغۇچى، جېدەل پەيدا قىلغۇچى، جېدەلخور ئادەم: ئۇ ۋاقىتتا ئۆزىنى «ئىسيانچى»، «ئىنقىلابچى» دەپ ئاتىۋالغان بىر قانچە جېدەلچىلەر داپقا چۈشكەن ماياقتەك سەكرەپ، پىتىرلاپ يەر-جاھاننى بېشىغا كىيىشكەنىدى.

**جېدەلخور** سۈپ. دائىم جېدەل چىقىرىشنى ياخشى كۆرىدىغان؛ جېدەلگە ئامراق، ئۇرۇشقاق، سوقۇشقاق: يان تەرەپتىكى قاراڭغۇ كوچىدىن مۇشتلىشىۋاتقان بىر توپ جېدەلخور ياشلار چوڭ يولغا چىقىپ كەلدى.

**جېدەلخورلۇق** «جېدەلخور» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — بالام، جېدەلخورلۇق ياخشى ئادەت ئەمەس، سەن ئۇنداق جېدەلخور بالىلارغا ئارىلاشما، — دەپ نەسىھەت قىلاتتى ئانا ئوغلىغا.

**جېدەل-غوۋغا** جېدەل ۋە غوۋغا: ئابدۇراخمان ئۆزىگە تونۇشلۇكى بالىلارنى جېدەل-غوۋغا، يامان ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق، خەلقنىڭ قارغىشىغا قالماسلىق ھەققىدە نەسىھەتلەر قىلاتتى.

**جېدەللەتمەك** «جېدەللەمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆمەر باي: — ۋاق ئۆتۈپ كېتىپ بارىدۇ. خاماننى جېدەللىتىش كېرەك، — دەپ تاپىلىدى نۇرۇمغا.

**جىدەللەشتۈرمەك** «جىدەللەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جىدەللەشمەك** پ. جىدەل پەيدا قىلماق، ئۇرۇش-تالاش قىلماق، ماجىرالاشماق، غوۋغا چىقارماق: بىر كۈنى ئەپەندىمنىڭ قوشنىسى خوتۇنى بىلەن جىدەللىشىپ قېلىپ، ئاچچىقىدا ئەپەندىمگە دادلاپتۇ. * بىز ئاشۇ ئىزنى يوقاتماي، ئۈرۈكلۈك باغ دەپ ئاتىلىدىغان جايغا كېلىشىمىزگىلا، ئۇلارنىڭ جىدەللىشىۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ قالدى.

**جىدەللىمەك** پ. تېزلىكىنى، سۈرئىتىنى ئاشۇرماق؛ تېزلەتمەك، ئالدىرىماق: قۇبدۇننىڭ پۈتۈن ئەزايى چىلىق-چىلىق سۇ بولۇپ كەتتى. ئۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، هارۋىنى جىدەللەپ هەيدەپ كېتىۋاتاتتى. * ئۇلار بارا-بارا يېقىنلىشىپ، جىدەللەپ ئات چاپتۇرماقتا ئىدى.

**جىدەل-ماجىرا** جىدەل ۋە ماجىرا: شۇنىڭ بىلەن، يۇقىرىقى مەهەللىدىكىلەر بىلەن تۆۋەنكى مەهەللىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى جىدەل-ماجىرامۇ ياخشى هەل بولدى. ئىتتىپاقىمىز كۈچەيدى.

**جىرىمانە** (توغرىسى: جەرىمانە) → جەرىمانە.

**جىسەك** ئى <تارس> چارلاش، كۆزىتىش، تەكشۈرۈش: تۈن قاراڭغۇ، كائىنات شۇنداق جىمجىت، نەدىندۇر كېلىۋاتقان هۇقۇشنىڭ ئۇزۇك-ئۇزۇك ئاۋازى بىلەن سىپىل سىرتىدا جىسەكتە تۇرغان چېرىك ئەسكەرلىرىنىڭ تۇرۇپ-تۇرۇپ يۆتىلىشلىرىدىن، ئۇلارنىڭ ئۇخلىمىغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

**جىسەكچى** ئى. كېچىدە چارلاش ئېلىپ بارىدىغان، قاراۋۇللۇقتا تۇرىدىغان، تەكشۈرىدىغان ئادەم: شۇ چاغدا بىر جىسەكچى راۋاقنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ قاپتۇ.

**جىسەكچىلىك** ئى. جىسەك قىلىش ئىشى: جىسەكچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس، تۈنلەرنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزىدىغان گەپ.

**جىسەكچىلىك قىلماق** قاراۋۇللۇق قىلماق، چارلىماق، كۆزەتمەك، تەكشۈرمەك: لەشكەرلەرنىڭ كۆپى خورەك تارتىشقا باشلىغان بولۇپ، پەقەت ئىككىسىلا جىسەكچىلىك قىلىۋاتاتتى.

**جىكىلەتمەك** «جىكىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جىكىلەشمەك** «جىكىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەن ماڭىدىغان ۋاقىتتا، ئۆيدىكىلەرنىڭ هەممىسى «ئۆزۈڭگە پۇختا بول، ياخشى-يامان ئىشلارغا ئارىلاشما» دەپ جىكىلەشتى.

**جىكىلەنمەك** «جىكىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: سوپاخۇن ساۋۇرۇۋنىڭ نامى بىلەن يېزىلغان بۇ خەتتە، راشىدىنجان، مۇهەممەت مۇئەللىم، هامىتلارغا تۇرمۇش جەهەتتىن ياخشى غەمخورلۇق قىلىش ئالاهىدە جىكىلەنگەنىدى.

**جىكىلىمەك** پ. تاپىلىماق، تاپشۇرماق، تەكىتلىمەك: شاهزادىنىڭ كېلىشىدىن خەۋەر تاپقان قەمەر تۈنتۈن قىلىنغان ئىككى يىگىتنىڭ ئەهۋالىنى ئەسەتكە سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە گەپنى شاهزادىگە ئېيتما دەپ جىكىلەپتۇ. * ئانا تىلىۋالدىغا ئۆگزىگە چىقماسلىقنى يەنە بىر قېتىم جىكىلەپ قويۇپ ئۆيگە كىردى ۋە چۈشلۈك تاماقنىڭ سېيىنى ئاقلاشقا ئولتۇردى.

**جىكمەك** (توغرىسى: جىكىلىمەك) → جىكىلىمەك.

**جىمە** ئى. دىئال. تاپا-تەنە، غەيۋەت-شىكايەت؛ سۆز-چۆچەك.

**جىنەستە** ئى ① <بوت> ئازغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ، يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە، مېۋىسى كىچىك بولۇپ يۇملاق شار شەكلىدە رەڭگى قىزغۇچ سېرىق؛ ئاقۇچ چېچەكلەيدۇ، مېۋىلەر ئىچىدە ئۇجمىگە ئوخشاش ئەك بالدۇر پىشىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېۋىسى. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**جىنەستىلىك** ئى. مەخسۇس جىنەستە تىكىلىدىغان يەر، جىنەستە دەرەخى ئۆستۈرۈلگەن باغ.

**جىنتىيانا** ئى [لات] <بوت> جىنتىيانا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تۇخۇم ياكى تۇمۇنە شەكلىدە بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ، گۈلى كاناي شەكلىدە ئېچىلىدۇ، رەڭگى سۆسۈن كېلىدۇ، يىلتىزىنى دورىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش رولى بار.

**جىندەن** ئى [خەن] قەدىمكى ھىندىستانلىقلارنىڭ جۇڭگونى ئاتىشى. بۇ سۆز سانسكرىتچە Cinsthana نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى.

**جىندەن دەۋرى** <گېئول> دۆلىتىمىزنىڭ گېئولوگىيىلىك دەۋر نامى. يىراق قەدىمىي ئىرانىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ. «جىندەن» سۆزى جۇڭگونىڭ قەدىمكى ھىندىستانلىقلارچە ئاتىلىشىدۇر. بۇ دەۋردىكى يەر قاتلاملىرى دۆلىتىمىزدە ئاۋۋال تەتقىق قىلىنغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان. بۇ دەۋر بىر مىليارد 900 مىليون يىل بۇرۇن باشلىنىپ، 570 مىليون يىل بۇرۇن ئاياغلاشقان. بۇ دەۋردە يۇسۇنلەر ۋە بەزى تۆۋەن دەرىجىلىك جانلىقلار كۆرۈلۈشكە باشلىغان. شەرتلىك بەلگىسى Z.

**جىندەن سىستېمىسى** <گېئول> جىندەن دەۋرىدە شەكىللەنگەن يەر قاتلاملىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**جىندى** ئى [خەن] <ھەرب> ھەربىي قىسىملار ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئىگىلىگەن جاي. بۇ جايلارغا ئادەتتە ئىستىھكاملار قۇرۇلىدۇ.

**جىپ** ئى [ئىنگ] <ماشىن> ئۆزى يېنىك، ئەمما ناھايىتى پۇختا ئىشلەنگەن ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى بىر خىل ئاپتوموبىل. ئۇ ئېگىز-پەس، ئوي-دوڭغۇل يوللاردا مېڭىشقا مۇۋاپىقلاشقان؛ مايىر ئۆزى ماشىنىنى چىقىپ بولغاندىن كېيىن، ئەررۇ جىپنىڭ ئارقا ئىشىكىنى ئاچتى.

**جىپسا** رەۋ. ئارىلىقىدا بوشلۇق قالمىغان، زىچ، ئەل، ھەم؛ جىپسا كەلمەك.

جىپسا قىلماق — جىپسىلىماق.

جىپسا كەلمەك ئەل، ھەم كەلمەك؛ جىپسىلاشماق.

**جىپسىلاتماق** «جىپسىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جىپسىلاشتۇرماق** «جىپسىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى؛ ئۇ مەرمەر تاشنى يەنە ئاۋۋالقىدەك جىپسىلاشتۇرۇپ ئۆز جايىغا قويۇپ، ھويلىغا چۈشكەن بىرىنى چىقىپ كېتىپتۇ.

**جىپسىلاشتۇرۇلماق** «جىپسىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى؛ بۇ جامە تامىغا 2600 كۋادرات مېتىرلىق تورۇسى بىر-بىرىگە جىپسىلاشتۇرۇلغان، ۋاسا جۇپ قىلىپ، خۇددى شاھانە تاختىسىمان، توغرا ئۆت بولۇشلۇق كاتتا كېچەلەر چىقىرىلىپ يېپىلغاندى.

**جىپسىلاشماق** ① جىپسا ھالىتىگە كەلمەك، ھىملاشماق، مۇستەھكەم بىرلەشمەك؛ بىر گەۋدىگە ئايلانماق؛ ئۆيىنى بىر ئالغان يېقىملىق مۇزىكا ساداسى بىلەن نەلە نازۇك پەدىلەر جىپسىلىشىپ، جۇپ يۇتلار جەبدەسلىك بىلەن ئايلىنىشقا باشلىدى. * ئۇلار زۇلمەتنى ھەرقانچە تىرىشىپ، كۆزلىرىمىزنى يورۇقلۇقتىن مەھرۇم قىلسىمۇ، خەلق بىلەن جىپسىلىشىپ كەتكەن ئۇلۇغ قەلبىمىزدە پارلاپ يېنىۋاتقان قۇياش نۇرىنى ئۆچۈرەلمەيدۇ. * بۇ ئىككى تاختاينىڭ ئۇلاشقان جايى ياخشى جىپسىلىشىپتۇ. ② ماسلاشماق؛ — تەشكىلىي قەيىرلىقىمىز يۇتۇپ قالسا، — دېدى ل. مۇتەللىپ، — بىز دۈشمەن

قورغىنى ئىچىدىن دۈشمەنگە قارشى بىرىنچى پاي ئوقنى ئېتىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ قورشاۋ ئىچىدىن ئاتىلغان دەسلەپكى ئوقىغا جىپسىلاشمىز.

**جىپسىلاتماق** «جىپسىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جىپسىلىماق** پ. ئارىلىقىدا بوشلۇق قالدۇرماي جۈپلەشمەك؛ ھەمراسماق: بىز تاختايلارنى جىپسىلاپ يەنە شەككە باشلىدۇق، ئۇستام رەندىلەشكە تۇتۇندى.

**جىتۇەنجۈن** ئى. [خەن] <ھەرب> ئارمىيە ئىچىدىكى بىر گۇرۇپپا. ئۇنىڭغا بىرقانچە جۈن ياكى شى قارايدۇ.

**جىجىلىق** ئى. جىجىلىشتىن ھاسىل بولغان ئىز، سىزىق.

**جىجىماق** پ. تىغ، شوخا، ياغاچ قاتارلىقلار بىلەن بىرەر نەرسىنىڭ يۈزىدە جىجىق ھاسىل قىلماق ياكى بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستىنى تىلماق: كەيپسىز بالىلار مىخ بىلەن ئاپتوموبىلنىڭ سىرىنى جىجىدى. * ياغاچ ئۇنىڭ قولىنى جىجىۋەتتى.

**جىددىي** سۈپ. [ئە] ① پۇختا ئويلاپ، چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىغان؛ كەسكىن، قەتئىي: جىددىي ئادەم. * — سىز مەن خىيال قىلغاندىنمۇ سالاپەتلىك جىددىي ئادەم ئىكەنسىز، — دېدى ماجۇڭيىڭ خوجىنياز ھاجىغا. * تىببىي خادىملار ئەمەلىي خىزمەتلەردە جىددىي ھەم قەيسەر، كېسەللەرگە قارىتا ياۋاش ۋە مېھرىبان بولۇشى شەرت. ② ئەھمىيىتى چوڭ، تېز بىر تەرەپ قىلىش لازىم بولغان؛ مۇھىم، زۆرۈر: جىددىي مەسىلە. * ئەتىسى ئاتاق ئېتىنى بىلەن قاسىم پالۋان خوشلىشىپ، تاغقا ئالدىراش يۈرۈپ كەتتى، بىراق، ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە، يۈسۈپ نەيجى نەزەرنىڭ ئۈرۈمچىدىن يوللىغان بىر جىددىي تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. * ل. مۇتەللىپ ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا، تەتىللىكتىن سەھەرنى ئايانماي تۇرۇپ، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن، كېيىن بىر جىددىي مۇنازىرىگە دۇچ كەلدى. ③ قىلچە ساختا بولمىغان؛ چىن، راست، ھەقىقىي: ھەربىر كومپارتىيە ئەزاسى ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتا ئاكتىپ، جىددىي پوزىتسىيە تۇتۇشى لازىم. ④ يامان ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن بولغان؛ خاپىلىق، تەس، قىيىن: جىددىي كېسەللىك. جىددىي ئەھۋال. * بۈگۈن دوختۇرخانىدا جىددىي كېسەللەر ۋە يوق ئىدى. * جىددىي ئىشلەش 20 مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئاخىرلاشتى. ⑤ ئالدىراش، تېز، مۇھىم: جىددىي ۋاقىت. جىددىي پەيت. * ئالىم ئاكا قادىرنىڭ ئۈستىدە چاپانسىز چوڭ خەتلىك گېزىت تۈگۈرسىدىكى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى جىددىي تۇتۇپ ئىشلىدى. ⑥ ناھايىتى قاتتىق، ئىنتايىن كۈچلۈك: جىددىي تەلەپ. جىددىي ئارزۇ. * خوتۇنى ئۇنىڭغا چىراي ئاچمايتتى، چىنە-قاچا، لۆڭگىلەرنى تۇتقۇزمايتتى. تۇتۇپ قويسا، خوتۇنىنىڭ جىددىي ئاگاھلاندۇرۇشىغا دۇچ كېلەتتى.

**جىددىي ھەربىي يۈرۈش** <ھەرب> قىسىمنىڭ جىددىي ۋەزىپە ئىجرا قىلىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بارغان تېز يۈرۈشى.

**جىددىيەت** ئى. [ئە] جىددىي تۇس، جىددىي كۆرۈنۈش، جىددىيلىك: ئۇنىڭ يۈرۈشى ۋە كەيپىياتىدا ئاندىن ئاڭلاشقۇ تەمتىرەپ تۆگەتكۈسىز بىر جىددىيەت بار ئىدىكى، ئۇ ئۆيىگە پاتراق كېتىشكە ئالدىرايتتى. * ھامىد خەتنى ئاچقاندا، يۈزىدە خۇشاللىق ئارىلاش بىر جىددىيەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

**جىددىيەتلىك** ئى → جىددىيلىك: مۇنىردىن خوجا ئۆزى ئىچىدىكى جىددىيەتلىكنى سىرتتىن يوشۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆيىنىڭ ئىچىدىن تۇرغان ئىشكىنى يېپىپ قويغاندىن كېيىن، ھېكىم نۇرنى دولىسىدىن بېسىپ ئولتۇرۇشقا ئۈندىدى. * بۇ جىددىيەتلىك بىر ئاز پەسەيگەندىن كېيىن، يەنە مۇزىكا چېلىندى.

**جىددىيچىلىك** (توغرىسى: جىددىيلىك) → جىددىيلىك.

**جىددىيلە شتۇرمەك** «جىددىيلە شمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بايتالنىڭ بۇنداق قار-شۇرغانلىق يېرىم كېچىدە يىلقىلار توپىدىن ئايرىلىپ كېتىشى تاشىرقاينى جىددىيلە شتۇرۇپ قويدى. * يۇسۇپ چويۇننىڭ بۇ گېپى ئەخمەتجاننى جىددىيلە شتۇردى.

**جىددىيلە شتۇرۇلمەك** «جىددىيلە شتۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جىددىيلە شمەك** پ ① جىددىي ھالەتكە كەلمەك، كەسكىن تۈس ئالماق؛ كەسكىنلە شمەك: ـ مۇساجاننىڭ ئېيتىشىچە، مۇزات تەرەپتە ئەھۋال كۆرۈنەرلىك جىددىيلىشىپ قاپتۇ، بۇ ئەسكەرلەر شۇ يەرگە ماڭغان بولسا كېرەك، ـ دېدى كەم سۆز تۇردى ھۇسەيىنوۋ قىزىقىش بىلەن. ② جىددىي كۆرۈنۈش ئالماق، جىددىي تۈسكە كىرمەك: قىز گاھىدا جىددىيلىشىپ كېتەتتى، گاھىدا قىزغىن پارالڭ ئارىسىدا بېشىنى ئارقىسىغا تاشلاپ كۈلەتتى. * سوپى يىقىنقى بىر قانچە كۈندىن بۇيان رەھىم ناۋاينىڭ بىتاپ بولۇپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇبدانلا جىددىيلىشىپ، ئېغىزىغا كەلگەن سېرىق سۆلارنى يۇتۇپ ئۆلگۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

**جىددىيلىك** «جىددىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ چىرايىدىن باشقا كۈنلەردىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل جىددىيلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. * تاشماقنىڭ چاققان پۇتلىرى بارغانسېرى تېزلىشىپ، ئۇزۇن قوللىرى جىددىيلىكتىن خۇددى بىر جۈپ قاناتتەك لەپەڭشىپ كەتتى.

**جىر** ئى. ناخشا، غەزەل، كۈي: ئۇلارنىڭ ياڭراق ئاۋازدا ئېيتقان جىرلىرى تاغ باغرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى.

**جىرا** ئى. تاغ جىلغىلىرىدىكى يامغۇر سۇلىرىنىڭ ئېقىشىدىن ھاسىل بولغان تەبىئىي ئېرىق: شۇ خامۇش بېقىپ يۈرگەن قويلارمۇ بىر جىرانىڭ ئىچىدە قالغانىدى. * ئۇلار بىر يەرگە كەلگەندە قىيادىن دەرياغا تۇتاشقان جىرادىكى جىغان، جىگدە، قارا سۆگەت، مەجنۇنتال، تېۋىلغا ۋە قومۇشلار بىلەن قاپلانغان قويۇق چاتقاللىققا تۇسۇلۇپ قالغاچقا، دۆڭدىكى يولغا چىقىشقا توغرا كەلدى.

**جىراتماق** «جىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جىراشماق** «جىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جىرەن** سۈپ. سېرىققا مايىل قىزىل: ئارسلاننىڭ جىرەن ئېتى باشقا ئاتلارغا يول بەرمەي، بېشىنى يېنىك ئوينىتىپ، بۆرە مېڭىشىدا لەپىلدەپ ئىلگىرىلەيتتى. * جىرەن قاشقا ئات بويۇن-باشلىرىغا مارجاندەك ئېسىلغان ساز قوڭغۇراقلىرىنى سايرىتقىنىچە ئويناپ، ئەركىلەپ ھېيتكادىن ئۆتۈپ، يان كوچا ئارقىلىق يۇملاق شەھەر كۆلبېشىغا كېلىپ توختىدى.

**جىرتاق** ① سۈپ. ھەر خىل زەخمىلىنىش سەۋەبىدىن كۆز قاپىقىنىڭ نورماللىقى بۇزۇلغان؛ قىڭغىر، قىيسىق: جىرتاق كۆز ئادەم. * مەمۇر ئاكام 40 ياشلاردىن ئاشقان، سول كۆزى ئازراق جىرتاق، ئېگىز بويلۇق، قاراmتۇل كىشى ئىدى. ② ئى. فىزىئولوگىيىلىك تۇزۇلۇش جەھەتتىن ئاشۇنداق ئەيىبكە ئىگە بولغان كىشى: ھېسامىدىن ھېساب كەينىگە بۇرۇلۇشىغا، چاڭ-توزاندىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزىنىڭ يېشىنى ئېقىتىپ يېنىدا تۇرغان روزى جىرتاققا كۆزى چۈشتى.

**جىرچى** ئى. جىر ئېيتقۇچى، ناخشا-قوشاقچى: نوجۇينىڭ بىرلا ئەيىبى، بىر باشلىۋالسا توختاتقىلى بولمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن جىرچى دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك.

**جىرغا** ئى. ئۇلاغ كۈچى ئارقىلىق ئېلىپ مېڭىش ئۈچۈن، ئارغامچا ياكى پالاس قاتارلىقلارنى پاراللېل ئىككى تال ئۇزۇن ياغاچقا ئورنىتىپ ياسالغان ناسىلكا: جىرغىغا سالماق. جىرغىدا توشۇماق. * يىگىتلەر يولدىكى ملتىقلارنى يىغىشتۇرۇپ يۈرەتتى. ئامانقۇل بىر نەچچەيلەن

بىلەن تۆت تال توققۇز ئاتارنى جۈپلەپ، جىرغا ياسىدى. نىياز پالۋاننىڭ جەسىتىنى شۇ جىرغىغا سېلىپ، پىيادە قايتىشتى. * ياساپ ئىككى ئېشەك ئۈستىگە جىرغا، سېلىپ سەئىدىننى چۈشتى ئۇلار يولغا.

**جىرغاتماق** «جىرغىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جىرغىشماق** «جىرغىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جىرغىلاڭ** ئى. ساي: ئۇ ياق-بۇ ياققا چاپقان بالىلارنىڭ كۈلكىسىدىن، باياتىن بېرى پۈتۈن جىرغىلاڭدا ھۆكۈم سۈرگەن جىمجىتلىق بىردىنلا بۇزۇلۇپ، تاغ-تاشلار جانلىنىپ كەتتى.

**جىرغىماق** پ. ئېتىلىپ چىقماق، تەپچىمەك: ئۇنىڭ پۇتلىرى تىلىنىپ كەتتى، بارماقلىرىنىڭ ئاراچلىرىدىن جىرغىپ چىققان قان كەتمەننىڭ سېپىنى قىپقىزىل بويىدى.

**جىرمە** ئى <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال، يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرمىقى يۇمىلاق، تۇخۇم شەكلىدە ياكى ئېللىپس شەكلىدە؛ گۈلى كىچىك، كۆك، سۆسۈن رەڭدە بولۇپ، ئومۇمىي گۈل رېتىدە بولىدۇ. بۇ خىل چاتقاللار ئادەتتە كۆكەرتىش ۋە تۇپراقنى ياخشىلاش مەقسىتىدە تىكىلىدۇ.

**جىرىس** ئى. چالا تاسقالغان بۇغداي ئۇنى: ئۇنىڭ خالتىسىدىكى جىرىس ئاخىرلىشىپ قالغاندا، بۇلاققا يېتىپ باردى. ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتىن تامچىلاپ سۇ چۈشىدىغان بۇلاق مۇشۇ تاغدىكى مال-ۋاران، ېنەمچىلەر ۋە ئورمىچىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەيتتى.

**جىرىس نان** جىرىس ئۇندىن يېقىلغان، تەييارلانغان نان: جىرىس نان ياقماق. * ھۆرنىساخان ھېيتەمگە جىرىس ناندىن بىرنى ئاچىقىپ بەردى. * بەختىيار سۇ بەردى بوغما قاپاقتا، بوۋاي ۋە ئاتىسى قولىغا شۇ ئان. داستىخان سېلىنىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە، قويۇلدى يېرىلىپ پىشقان جىرىس نان.

**جىرىڭ** تەق. قوڭغۇراق قاتارلىق مېتال ۋە نەرسىلەرنىڭ ئۇرۇلۇشى ۋە سىلكىنىشىدىن چىقىدىغان ئىنچىكە، زىل ئاۋاز: شۇ پەيتتە، دادۇي ئىشخانىسىنىڭ كەينى تەرىپىدىكى ئانچە يىراق بولمىغان بوستانلىق ئىچىدىن ھېچبىر كۈتۈلمىگەندە «جىرىڭ، جىرىڭ، جىرىڭ،» قىلغان قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلاندى.

**جىرىڭ-جىرىڭ** «جىرىڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: جىرىڭ-جىرىڭ قىلماق. * جىرىڭ-جىرىڭ تېلېفوندا خەۋەر، - ئەنە شۇ! - دەپ جاۋاب بەردى قىز، دېدى بىرى: - ئە ھۇالى خەتەر، قۇتقۇزۇشقا ئامال قىلىڭ تېز.

**جىرىڭشىماق** پ ← جىرىڭلىماق: كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، نۇردۇن ھاكىم بۇنچە كۆپ تونۇشلارنى، بۇنچە چوڭ يۈز-ئابرۇينى پەقەت جىرىڭشىپ تۇرغان قىرلىق رومكىلار بىلەن بەزى كىشىلەرنىڭ ھەر خىل مۇددىئادا سالغان كاتتا داستىخانلىرىدىن تاپقان.

**جىرىڭگىدە** رەۋ. «جىرىڭ» قىلغان ھالدا، «جىرىڭ» قىلىپ: تېلېفون جىرىڭگىدە قىلدى.

**جىرىڭلاتماق** «جىرىڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئابدۇراخمان ۋېلىسىپىت قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلىتىپ يۈرۈپ كەتتى.

**جىرىڭلاشماق** «جىرىڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كىمدۇر پىنھاندا تۇرار پىچىرلىشىپ، زۇلپى زۇننارى تېخى جىرىڭلىشىپ.

**جىرىڭلىماق** پ. «جىرىڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «جىرىڭ-جىرىڭ» قىلماق، جىرىڭشىماق: ئۇنىڭ بويىنىدىكى كىچىككىنە كۈمۈش قوڭغۇراقنىڭ جىرىڭلىغان يېقىملىق ئاۋازى تاغ سۈيىنىڭ شىلدىرلىشى بىلەن قوشۇلۇپ، تاشىرقايغا تېخىمۇ ھۇزۇر بېغىشلايتتى.

**جىرىم** I ئى [ئە] <ئورم> كۆچۈرۈپ تىكىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان دەرەخ شېخى ياكى نوتىسى، كۆچەت.

**جىرىم تىكمەك** <ئورم> جىرىمنى كۆچەت تىكىدىغان جايغا ئورۇنلاشتۇرماق، قادىماق.

**جىرىم II** ئى. جوتۇ، ئوتىغۇچ ۋە شۇ قاتارلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرى بىلەن ئېتىزنى جىراپ چىقارغان كىچىك ئېرىقچە، چۆنەك: جىرىم تارتماق. جىرىم تارتىپ تېرىماق.

**جىرىم تارتماق** جوتۇ، ئوتىغۇچ قاتارلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرى بىلەن ئېتىزنى جىراپ، تېيىز ئېرىقچە چىقارماق، تىلماق: سەيپىلەر كۆپىنچە جىرىم تارتىپ سەي تېرىيدۇ.

**جىرىماق** پ ① سىزماق، سىزىپ بۇزماق: رەيھان قوللىرىدىكى قەلەم بىلەن دەپتەرگە قالايمىقان جىرىغىلى تۇردى. ② يىرتماق، تىلماق: مەن گۈلنى ئۈزمەك بولۇپ قولۇمنى ئۇزاتتىمۇ، قولۇم تىكەنگە تېگىپ كېتىپ، تىكەن قولۇمنى جىرىۋەتتى.

**جىرىملىق** ئى. جىرىم تىكىلگەن يەر: ئۇلار پاراڭلاشقاچ جىرىملىققا يېتىپ كېلىشتى.

**جىز** تەق ① دەز كەتكەن قازان قاتارلىق نەرسىلەرگە بىرنەرسە تەگكەندە چىققان ئاۋاز ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋازلار. ② بەدەننىڭ مەلۇم بىر جايى قاتتىق ئۇيۇشۇپ ئاغرىغاندا ھاسىل بولغان بىر خىل ئاغرىق سېزىمى.

**جىزا** ئى. [خەن] پىلتە قىلىنغان خېمىر: راھىلە قالغان ئىككى جىزىنى ئوغلىغا سېلىپ بەردى.

**جىزا قىلماق** → پىلتىلىمەك: ساھىبخاننىڭ ئايالى جىزا قىلىپ قويغان خېمىرنى چاققان ئېشىپ سېلىپ، لۆڭپۇڭلارنىڭ ئالدىغىمۇ بىر تەخسە لەڭمەن ئېلىپ كەلدى.

**جىز-جىز** «جىز» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**جىزىلداتماق** «جىزىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يارنىڭ بىلىدەك نازۇك تولغىنىپ، جىلۋىلەر قىلار كۆكتات-سەۋزىلەر، تەننى جۇغىدە بىر جىزىلدىتىپ، دىللارغا بىرەر ئەجەب

پەشلەر.

**جىزىلداشماق** «جىزىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جىزىلدىماق** پ ① «جىز-جىز» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «جىز-جىز» قىلماق: باغچا ناھايىتى گۈزەل بولۇپ، قۇشقاچلارنىڭ چىرىقلاشلىرى، تومۇچۇقلارنىڭ سايراشلىرى، تومۇزغىلارنىڭ جىزىلداشلىرى بەزىدە بىزنىڭ قىزىق پاراڭلىرىمىزنىمۇ بېسىپ كېتەتتى. * كەچتە پارتكوم شۇجىسىنىڭ چېدىرىنىڭ چەتكە ياغىچىدا، گازۋاي لامپا جىزىلداپ يېنىپ تۇراتتى. ② بەدەننىڭ مەلۇم جايىدا «جىز» قىلغاندەك سېزىم پەيدا بولماق ياكى شۇ خىل تۇيغۇ بېرىپ ئاغرىماق؛ زىڭىلدىماق: بۇ كۆرۈنۈشكە تىكىلەپ قاراپ تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدىم، خۇددى بىركىم تىرنىقىنىڭ ئارىسىغا يىڭنە سانجىغاندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم جىزىلداپ كەتتى.

**جىس** سۈپ. دىئال. خىلۋەت، قورقۇنچلۇق؛ سوغۇق چىراي، يىرگىنىشلىك.

**جىسا** ئى [خەن] كونا جەمئىيەتتە بىرەر رايون ياكى يېزىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشقا مەسئۇل يەرلىك ئەمەلدار: ئۇنىڭ ئاتىسى سادىق جىسا يىگانە ئوغلىنى ياخشىراق ئوقۇتۇپ قويۇش ئۈچۈن، شەھەرگە كىرگۈزۈپ، خەنزۇچە ئوقۇتتى.

**جىسالىق** «جىسا» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: جىسالىق قىلماق. * ئۇنىڭ ئۆكەي ئاپىسى بىرەر يىلدىن كېيىن ھەشتىپەك ئېلىپ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەندىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ جىسالىق قىلغان دەۋرىدە توپلىغان مال-مۈلۈكلىرى بىلەن ئۆي روزى موللىغا ئۆتۈپ قالدى.

**جىسمانىي** سۈپ [ئە] كىشىنىڭ جىسمى، ۋۇجۇدى ۋە ئورگانىزمىغا ئائىت، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە باغلىق بولغان: جىسمانىي ئەمگەك. * ئوقۇغۇچىلارنى ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن تەڭ يېتىشتۈرۈش تەربىيە خىزمىتىنىڭ تۈپ نىشانى

بولۇشى كېرەك. * قوشنى يالغۇز جىسمانىي ئەمەس، ئۆزگىرىپلا قالماستىن، روھىي جەھەتتىنمۇ چوڭ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغانىدى.

**جىسمانىي ئەمگەك** جىسمانىي كۈچكە تايىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەمگەك: جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانماق. * بەزى سانائەت ئۇسۇللىرىغا قارىغاندا، جىسمانىي ئەمگەك قىلغۇچىلار بىلەن تەپەككۇرچىلەر ئىچىدە يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكى ئازراق بولىدىكەن.

**جىسمانىيەت** ئى. [ئە] جىسمانىي جەھەتتىكى قابىلىيەت، جىسمانىي كۈچ؛ جىسمانىي ئىقتىدار: ھەممە ئويۇن، تاماشا، شەھۋانىيەتلىك ۋە شارابخورلۇققا بېرىلىپ كەتكەن ۋە بۇنداق ئىشلارنى كۆرگەندە، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى تەن سالامەتلىكىگە ئەھمىيەتسىز قارايدىغان، ئۆز جىسمانىيىتى، مىزاجى ۋە تەبىئىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزى چۈشەنمىگەن ئادەم ھەر خىل كېسەللىكلەرگە ئاسان مۇپتىلا بولۇش ۋە ۋاقىتسىز، نابەھەق ئۆلۈپ كېتىش شارائىتىنى ئۆزى ھازىرلىغان بولىدۇ.

**جىسىم** ئى. [ئە] ① <فز> مەلۇم بوشلۇقنى ئىگىلەپ، ئىشغال قىلىپ تۇرغان ماتېرىيال، ماددا: سانسىز يۇلتۇزلاردىن تەركىب تاپقان ئاسمان جىسىملىرىمۇ مۇئەييەن قانۇنىيەت بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. ② تەن، ۋۇجۇد، بەدەن: ئىسمى بار، جىسمى يوق (ماقال). * بۇ ۋەقەنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە ئازغىنا كەم 12 يىل بولدى. بۇغراخاننىڭ جىسمىمۇ ئاللىقاچان تۇپراققا ئايلىنىپ كەتتى. * كېسىلدى پاك ھايات رىشتىنىڭ جاھالەت قايچىسى بىلە، پۈتۈن جىسمىغا ياماشتى جاراھەت — قان، ئۈزۈلۈش نەدە؟

**جىسىم تەسۋىرى** <فز> جىسىمدىن كەلگەن نۇرنىڭ كىچىك تۆشۈكچىلەردىن ئۆتۈشى، قايتىشى ياكى سۇنۇشىدىن كېيىن شەكىللەنگەن تەسۋىر.

**جىسىم فوتوگرافىيىسى** < گ سەن > فوتوگرافىيە سەنئىتىنىڭ بىر تۈرى، ئومۇمەن بېكى مەھسۇلات، ھۈنەر-سەنئەت مەھسۇلاتى، گۈللەر، مېۋە-چېۋىلەر، سەي-كۆكتاتلار ۋە تارىخىي يادىكارلىقلار بۇ سەنئەتنىڭ ئىپادىلەش ئوبيېكتىدۇر. بۇ خىل سەنئەت كونفوزىتسىيە تاللاش، نۇر، تۈس ۋە رەڭلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق، جىسىملارنىڭ سۈپەت تۈيغۇسى، ستېرېئولۇق تۈيغۇسى ۋە ئىشلىتىلىش ئورنى قاتارلىقلارنى توغرا ئىپادىلەپ، كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق ۋە بىلىم بېرىدۇ.

**جىغ** تەق. چۆچۈش ۋە قورقۇشتىن ھاسىل بولغان يۈرەكنىڭ بىر خىل سىلكىنىش ھالىتى: يۈرىكى «جىغ» قىلماق. * مۇھەببەت ھېسسىياتىنىڭ تاتلىق لېكىن قورقۇنچلۇق ئىككىلىنىشى بىلەن يېڭىدىن قىزچاقنىڭ يۈرىكى تۇنجى ئېتىم بىر شېرىن ھېسسىياتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن «جىغ» قىلىپ قالدى. * شوپۇر ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ، سول قولىنى سىرتقا چىقىرىپ، ئالقىنىنى ھاۋاغا تۇتتى، بىر تامچە سوغۇق يامغۇر ئۇنىڭ ئالقىنىغا چۈشكەندە، ۋۇجۇدى شۈركىنىپ، يۈرىكى «جىغ» قىلىپ كەتتى.

**جىغا** ئى <كى> بېزەت. ئۈستىگە پۆپۈكچە ياكى چېچەك ئورنىتىلغان باش كىيىمى: — بۈگۈن تەگرىقۇتىمىز يانۇس سەيلىسىنى قۇتلۇقلاپ، ئۆزىنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلىدىغان ھەر بىرىمىزگە بىر قۇر كەمزۇل، بىر ئالدىن زەنگەر چېچەكلىك جىغا ئىنئام قىلدى، — دېدى پاشاپ بېگى.

**جىغان** ئى <بوت> جىگدە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى دەرەخ. شېخى كۈل رەڭ ۋە تىكەنلىك، يوپۇرمىقى ئۇزۇن، تۆمۈنە شەكىللىك بولۇپ، يۈزىنى كۈل رەڭ تۈك قاپلاپ تۇرىدۇ؛ گۈلى كىچىك بولۇپ ئازراق

سىرىق بولىدۇ؛ مېۋىسى سوقچاق، كىچىك ۋە سولۇق بولۇپ تەمى چۈچۈمەل كېلىدۇ.

**جىغانلىق** ئى. جىغان ئۆسكەن، جىغان بىلەن ئورالغان يەر: نۇرىئاخۇن يولدىن بۇرۇلدى-دە، قويۇق جىغانلىق يېنىغا بېرىپ توختىدى.

**جىغ-جىغ** «جىغ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: قارا ملتىقنىڭ ئوقى ئاسماندا پىل-پىل قىلىدۇ. قاراقاش يارنىڭ ئوتى يۈرەكتە جىغ-جىغ قىلىدۇ.

**جىغىدە** رەۋ. «جىغ» قىلغان هالدا، «جىغ» قىلىپ: بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يۈرىكىم «جىغىدە» قىلدى-دە، پۈتۈن ئەزايى بەدىنىمدىكى قان تومۇرلىرىم كۆپۈشۈپ، كۆزلىرىم قاراڭغۇلاشتى. * مەردانىنىڭ يۈرىكى «جىغىدە» قىلىپ قالدى.

**جىغىلداتماق** «جىغىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قىزنىڭ بۇ قارىشى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يېقىملىق تۇيغۇ پەيدا قىلىپ، يۈرىكىنى جىغىلدىتىۋەتتى.

**جىغىلداشماق** «جىغىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جىغىلدىماق** پ. «جىغ-جىغ» قىلغان سېزىم پەيدا قىلماق، «جىغ-جىغ» قىلماق: هويلا ئىشىكى غىچىرلىدى. گۈلئايشەمنىڭ يۈرىكى جىغىلدىدى. * ئايقىزنىڭ ئۆزىدىنمۇ كۆرە، سېلىمنىڭ بېشىغا يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان قورقۇنچلۇق خەۋپتىن يۈرىكى جىغىلدىدى.

**جىق** سۈپ. سان ياكى مىقدار جەھەتتىن كۆپ، نۇرغۇن، تولا: جىق ئادەم. جىق كىتاب. * جىقنى دەپ ئازدىن قۇرۇق قاپتۇ (ماقال). * پۇل — پۇلى جىقلارغا تاتلىق (ماقال). * — ئېيتىپ كەلسەم گەپ جىق، — دېدى يىگىت ۋە بىرئاز تۇرۇۋېلىپ، هېكايىسىنى سۆزلەشكە باشلىدى. * — تۆمۈر ئاتىنىڭ دېگىنى دۇرۇس، — دېدى ئۇ چوڭ ئۈمىدۋارلىق بىلەن، — سۇ يوق ئەمەس، بار. بەلكى جىق ئىكەن. لېكىن ئۇ قىزىلتاغنىڭ كەينىدە، قارلىق تاغدا ئىكەن.

**جىقايتماق** «جىقايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گەپنى جىقايتماق. ساننى جىقايتماق. * كۈندە كۆرىدىغان كىنو، كۈندە ماڭىدىغان تار كوچا، سوغۇق ئورۇندۇق... قەيسەرنىڭ قايغۇلىرىنى جىقايتماقتا ئىدى.

**جىقايماق** پ ← جىقلىماق: شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئىشلىرى كۈندىن-كۈنگە جىقايماقتا ئىدى.

**جىقلاتماق** «جىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گەپنى جىقلاتماق. ئىشنى جىقلاتماق.

**جىقلانماق** «جىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**جىقلىق** «جىق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — كۈنگە بەش ۋاخ ناماز، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا بۇ مۇۋاپىق بولغىنى بىلەن، جىددىي شارائىتلاردا جىقلىق قىلىدۇ. جەڭ بولۇپ قالسا چېرىكلەرگە نەدىمۇ ئۈنچىلىك ۋاقىت بولسۇن؟! — دېدى ئايدىڭ باشقىلارغا قاراپ.

**جىقلىماق** پ ① سان ياكى مىقدار جەھەتتىن كۆپەيمەك، ئاۋۇماق: ئادەم بەك جىقلاپ كەتتى. ② تولۇقلىماق، تولدۇرماق: داموللام قۇچىقىدىكى مەخسۇم ئوغلىنى ئانىسىنىڭ يېنىغا چىقىشقا بۇيرۇپ، تاشقىرىدىن كىرگۈزۈلگەن چەينەكنى قولىغا ئالدى ۋە پىيالىلەرگە چاي جىقلاش ئۈچۈن داستىخان ئالدىغا كەلدى.

**جىگەر** ئى [پ] <ئانات> ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك هايۋانلارنىڭ هەزىم قىلىش ئورگانلىرىنىڭ بىرى. ئادەمنىڭ جىگىرى قورساق بوشلۇقىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بولۇپ ئىككى قاناتلىق بولىدۇ. رولى: ئۆت سۇيۇقلۇقىنى ئاجرىتىپ چىقىرىش، هايۋان كىراخمالىنى زاپاس ساقلاش، ئاقسىل ماددىسىنى تەڭشەش، ماي ۋە كاربون بىرىكمىلىرىنىڭ مېتابولىزمىنى تەڭشەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭ يەنە

زەھەر قايتۇرۇش، قاننى ئشلەپچقرىش ۋە قاننى ئۇيۇتۇش قاتارلىق رولىرىمۇ بولدۇ: جگەر كېسلى. جگەر ئاغرىقى. * جگەر كېسلگە گرپتار بولغۇچى يېتىپ ئوبدان ئارام ئېلىشى لازىم. چۈنكى، ياتقاندا جگەردىكى قاننىڭ ئايلىنىشى ئۆرە تۇرغاندىكىدىن 50 پىرسەنت كۆپيىدۇ. ② كۆچمە. غەيرەت، جۈرئەت: ــ يىگىتلىك جگرىڭ بىلەن ئادەملەر ئۈچۈن بىر ئشلىۋەت، بۇ يەردىن تېزرەك چىقىپ كېتەيلى، ــ دېدى ئشچى سۇپەت كىشى. * سۇ ئاقاركەن، ئۆمۈر ئۆتەركەن، دات يولاتماس لېكىن كەشپيات. بولسا سەندە يىگىتلىك جگەر، يىللار دۇلدۇل، ئېغىر يۈكنى ئارت. ③ كۆچمە. يېقىن قېرىنداش (ئاتا-ئانا، ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىل قاتارلىقلار): ــ ئاھ ئنىم! ئاھ... جگرىم! ــ ئەنجانباي ئنىسىغا قاراپ توۋلىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش سرغىپ چۈشتى. ④ كۆچمە. ئەڭ يېقىن كىشى: سەمەت ئۇستامنىڭ ئوغلىمۇ سەن؟ ۋاي، جگرىم، قارا سېنى، چوڭ بولۇپ كېتىپسەن، تونۇماي قاپتىمەن.

**جگەر راكى** <تب> جگەردە پەيدا بولىدىغان راك كېسەللىكى. ئۇ ئادەتتە بىرلەمچى جگەر راكى ۋە ئىككىلەمچى جگەر راكى دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. ئالدىنقىسى جگەر ھۈجەيرىسى ياكى ئۆت نەيچىسى ھۈجەيرىلىرىدىن؛ كېيىنكىسى كۆپرەك ھەزىم قىلىش يوللىرىدىكى يامان سۈپەتلىك ئۆسمىنىڭ يۆتكىلىشىدىن پەيدا بولىدۇ.

**جگەر رەڭ** ① ئى. جگەرگە ئوخشاش قارامتۇل قىزىل بىر خىل رەڭ. ② سۈپ. رەڭگى جگەرگە ئوخشايدىغان ياكى شۇ خىل رەڭگە ئىگە بولغان؛ قارامتۇل قىزىل: جگەر رەڭ كۆينەك. * ئۇرۇمچى شەھرىنىڭ جەنۇبى قىسمىدىكى نەنلياڭ مەھەللىسگە جايلاشقان گۈلزارلىق ھويلىنىڭ جگەر رەڭ سرلانغان دەرۋازىسى ئالدىدا، بىر جۈپ بوز ئارغىماق قوشۇلغان كونىراق بىر پوۋۇسكا تۇراتتى.

**جگەر شورىغۇچ قۇرت** <زوئول> پارازىت قۇرت. تېنى تەكشى ياپلاق، ئالدىنقى ئۇچى ئۇچلۇق ۋە قوش جىنسلىق كېلىدۇ، يېتىلگىنى ئادەمنىڭ جگرىدە ياشايدۇ. قۇرت تۇخۇمى چوڭ تەرەت بىلەن سرتقا چىقرىلىدۇ، ئالدى بىلەن تاتلىق سۇدا قۇلۇلە تېنىدە تەرەققىي قىلىپ، كېيىن تاتلىق سۇ بېلىقلىرىنىڭ تېنىدە پارازىت ياشايدۇ. ئادەم خام بېلىق يېسەياكى لېچىنكا قۇرت بولغان سۇنى ئىچسە، يۇقۇملىنىدۇ. يوقۇملانغانلار ئورۇقلايدۇ، قان ئازلىق، جگەر ئششىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ.

**جگەر قېتىش** <تب> سوزۇلما خاراكتېر-لىك بىر خىل كېسەللىك. ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك، ئسپىرتتا زەھەرلىنىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدا: ئىشتىھا تۇتۇلۇش، ئورۇق-لاش، يۇقىرىقى قورساقنىڭ ئوڭ تەرىپى كۆپۈپ ئاغرىش، جگەر قاتتىقلىشىش، تال ئششىش، قورساققا سۇ يىغىلىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**جگەر كاۋىپى** <يېم> قوي جگرىدىن قىلىنغان كاۋاپ. ئادەتتە جگەر قاق چوڭلۇقىدا توغرىلىپ، زىخقا ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن كاۋاپدانىدا قاقلاپ پىشۇرۇلىدۇ. ئۈستىگە تۇز، لازا ۋە زىرە قاتارلىقلار سېپىلىدۇ.

**جگەر ئۇيۇقۇلۇق بېزى** <ئانات> بوغۇم پۇتلۇق، قاسراقلىق ھايۋانلاردىكى بىر خىل ھەزىم قىلىش بېزى. بۇ بەزنىڭ ئاجراتمىلىرىدا كۆپ خىل فېرمېنت بولۇپ،

يەتكۈزگۈچى نەيچىلەر ئارقىلىق ئوتتۇرا ئۇچەيىنىڭ ئالدى ئۇچىغا كىرىپ، ئاشقا- زاننىڭ چىقىش ئېغىزى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭ ھەزىم قىلىشقا ياردىمى بار.

**جىگەر ياللۇغى** <تىب> جىگەر ياللۇغلىنىدىغان بىر خىل كېسەللىك. ۋىرۇس، سىفىلىس بۇرما تەنچىسى، ئامېبا سەۋەبىدىن ياكى فوسفور، ئارسېن قاتارلىق دورىلاردىن زەھەرلىنىش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئادەتتە دېيىلىۋاتقان جىگەر ياللۇغىنى ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**جىگىرى بار** جىگەرلىك، ئىرادىلىك، غەيرەتى بار، جۈرئەتلىك، قورقۇمسىز: جىگىرى بار ئادەم. * قادىرنىڭ كۆڭلى ئېغىرچىلىق ئىچىدە ئۆتسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەقىللىق، جىگىرى بار، زېرەك يىگىت بولۇپ ئۆستى.

**جىگىرى يوق** ئىرادىسى بوش، جۈرئىتى يوق، يۈرەكسىز، قورقۇنچاق: جىگىرى يوق يىگىت. * — مىسلەر، ئەخمەقمۇ-ئەمەسمۇ! مىسلەر ئېغىر ئىشلارغا ھۆكۈم قىلىنغان گۇناھكارنى كۆرمە- گەنمىدىڭلار؟ پېقىر ئانچە جىگىرى يوق ئادەم ئە- مەس،— دېدى ئۇ ئاچچىقلىنىپ.

**جىگەرپارە** ئى [پ] بىر تۇغقان قېرىنداش؛ پەرزەنت، بالا: — بالام، سەن يالغۇز ئوغلۇم، جىگەرپارەمسەن! ئۇنداق گەپلەرنى ھەرگىز قىلما. شۇ تاپتا سېنى ساق-سالامەت كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن تارتقان ھەممە دەرد-ئەلەملىرىمنى ئۇنتۇپ كەتتىم، — دېدى ئۇ ئوغلىغا قاراپ.

**جىگەرسىز** سۈپ. ئىرادىسىز، جۈرئەتسىز، يۈرەكسىز، قورقۇنچاق: ۋىسال كۆلۈپ يىراقلاردا ئوي-پىكرىدىن كەچكەندە، جىگەرسىزلەر شۇ ۋىسالدىن قوللار يۇيۇپ بەزگەندە.

**جىگەرسىزلىك** «جىگەرسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**جىگەرلىك** سۈپ. جىگىرى بار، قورقماس، غەيرەتلىك، جۈرئەتلىك: جىگەرلىك ئادەم. جىگەرلىك قىز. * پەرىزات سەلەيدىن ناھايىتى خۇش بولۇپ، تونۇشتۇرۇشنىڭ خەتلىرىنى قەيسەرلىك بىلەن ئوقۇپ چىقىپ، سەلەيىنىڭ جىگەرلىك، جۈرئەتلىك ئىكەنلىكىنى ماختىدى. * بىلىم دېگەن چەكسىز كەڭ ۋە چوڭقۇر نەرسە. بىلگەنسېرى بىلگىنىڭ ئېشىپ بارىدۇ، بىلىم ئېگىلەش ئۈچۈن جىگەرلىك بولۇش ۋە كۆڭۈل قويۇش كېرەك.

**جىگدە** ئى <بوت> ① جىگدە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يېڭى نوتىلىرى كۈل رەڭ كېلىدۇ، يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان شەكىلدە بولىدۇ؛ گۈلىنىڭ سىرتى كۈل رەڭ، ئىچى سېرىق كېلىدۇ، پۇرايدۇ؛ ئۇچكىلىك مېۋىسى سوقىچاق بولۇپ، رەڭگى قىزىل ياكى سېرىق كېلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**جىگدە پۇراپ قالماق** بالاغەتكە يېتىپ مۇھەببەت ھېسسىياتى، جىنسىي تەلىپى ئويغانماق: — قىزىڭ جىگدە پۇراپ قالدىمۇ نېمە؟ بىزنىڭ مەلىنى ئايلىنىدىغان بولۇپ قالدىغۇ؟ — دېدى نىياز ئاكا.

**جىگدە پۇرىقى ئەكەلمەك** → جىگدە پۇراپ قالماق: — ھوي، جىگدە پۇرىقى ئەككەن سارالڭ، توختا! ماللارنى يادىغا قوشۇپ بېرىپ ئىلدام كىر، — دەپتۇ ئەتىسى ھەجەر قىز ماللارنى باققىلى چىقىپ كېتىپ بارغاندا، ئۆگەي ئانىسى.

**جىگدىچى** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. تېنى كىچىك، تۈكلىرى قارا بولۇپ، بېشىدا تاجىسى بولىدۇ؛ ھاشاراتلار ۋە ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرى بىلەن ئوزۇقلىنى- دۇ؛ ئىنسانلارنىڭ بەزى ئاۋازلىرىنى دوراپ يالايدۇ.

**جىگدىزار** ئى جىگدە كۆپ ئۆسكەن جاي: ئادىل ماخا-ماخا كەچ كىرگەندە، ئاندىن جىگدىزارغا

نۇران يېتىپ كەلدى.

**جىگدىلىك** ① سۈپ. جىگدە دەرىخى بار، جىگدە دەرىخى ئۆستۈرۈلگەن: جىگدىلىك باغ. * شەۋكەت كىچىك سومكىسىنى كۆتۈرۈپ، ئۈن-تىنسىز ئۆيدىن چىقىپ، ئەتىنىڭ ئايىغىدىكى جىگدىلىك باغقا كىردى-دە، ئانىسىنى كۈتۈشكە باشلىدى. ② ئى. جىگدە دەرىخى ئۆستۈرۈلگەن يەر، مەيدان، باغ: تەكلىماكان چۆلىنىڭ بويىدىكى جىگدىلىك ئۆزىنىڭ يىگانىلىقى بىلەن خېلى يىراقتىنلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

**جىگىرشەلە** ئى <يېم> قوي، كالا مايلىرىنىڭ قازاندا كۆيدۈرۈلۈپ، ماي قىسمى ئايرىۋېلىنغاندىن كېيىنكى قالدۇق قىسمى.

**جىڭ I** سۈپ [خەن] ① راست، يالغىنى يوق، ئىشەنچلىك: جىڭ گەپ، جىڭ ئادەم. * ... قاسساپان ئازا جىڭ گەپ قىلدى، - دېدى بوۋاي ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ. ② باشقا نەرسە ئارىلاشمىغان، ساپ: جىڭ ئالتۇن. * ئېسىل، جىڭ گۆھەر، ئەڭدىشى يوق ئۇنىڭكى. قانچە نۇر، غۇبار ئۇقۇسالا، بەختىنىڭ پارلاق سېنىڭكى.

**جىڭ II** سق. ① ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى، مىقدارى ئادەتتە ئون سەر ياكى يېرىم كىلوگراممغا تەڭ بولىدۇ، كونا جىڭ ئون ئالتە سەرگە تەڭ ئىدى: بىر جىڭ گۆش. بىر جىڭ ئۇن. * جىڭنىڭ گۆشى - جىننىڭ گۆشى (ماقال). ئۇ بىر قولى بىلەن 1000 جىڭ ئېغىرلىقتىكى يۈكنى كۆتۈرگەندەك ئاچقۇچنى سۆككىچىدىن تەستە ئالدى. ② ئى. جىڭنى بىرلىك قىلغان ئۆلچىگۈچ، تارازا: جىڭغا سالماق. جىڭدا تارتماق.

**جىڭ باسماق** ① جىڭدا ئېغىر كەلمەك: ئۇنىڭ قاچىلىغان ياڭيۇلىرى جىڭ بېسىپ 50 كىلوگراممغا كەلدى. ② كۆچمە. ئەھمىيەتلىك، ۋەزىنلىك دەپ قارالماق، يۈز تېرەپ تۇرماق: «مەيلى، بىر ئادەمنىڭ نامىدىن ئىنكاس قىلىسۇن بەربىر ئوخشاش، ئوتتۇرىغا قويۇلغان پاكىتلار جىڭ باسىدۇ» دەپ ئويلىدى شەھەر باشلىقى تۇرسۇن.

**جىڭدا توختىماق** → جىڭ باسماق: گۈلنارخانىمىز كىچىكىدىنلا ئۈزمەيدىغان جىڭدا توختىغۇدەك بالا ئىدى، پەقەت ئۇنى چوڭ كۆرەتتى.

**جىڭدا ئولتۇرمايدىغان** ئەھمىيىتى، قىممىتى يوق، يۈز تېرەپ تۇرالمايدىغان، ئورۇنسىز: ھە دېگەندە ئۆزەڭ «ئانا-ئانامنى كۆرگۈم كەلدى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىدىن ئەنسىرەپ قالىمەن» دېگەنگە ئوخشاش جىڭغا ئولتۇرمايدىغان سەۋەبلەرنى كۆرسەتتى.

**جىڭغا توختىمايدىغان** → جىڭدا ئولتۇرمايدىغان: ئۇ ئۆزىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالمىسىلا، باشقا ئىشلار دېگەن جىڭغا توختىمايدۇ دەپ قارايتتى.

**جىڭ III** ئى [خەن] <تارس> ① ئىلگىرىكى چاغلاردا بىر كېچە بەش بۆلەككە بۆلۈنۈپ، ھەربىر بۆلەك «بىر جىڭ» دەپ ئاتىلاتتى. ھەربىر جىڭنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن ئىككى سائەت بولاتتى. ② شۇ خىل ۋاقىتنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇپ، ئاۋاز چىقىرىدىغان نەرسە: جىڭ ئۇرماق. جىڭ قاقماق.

**جىڭپو** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ياكى شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**جىڭپو تىلى** <تىل> جىڭپو مىللىتى ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل خەنزۇ-زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى زاڭ-مىيەن تىللىرى تۈركۈمى جىڭپو تىللىرى تارمىقىغا كىرىدۇ. مەملىكىتىمىزدە ئاساسەن يۈننەن ئۆلكىسى دېخۇڭ دەيزۇ-جىڭپو مىللىي ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئىشلىتىلىدۇ. چەت ئەلدە ئاساسەن بىرمىنىڭ كېچىن شتاتىدا (كېچىن تىلى دېگەن نام بىلەن)

ئىشلىتىلىدۇ.

**جىڭپوچە** ① سۈپ. جىڭپولارغا، جىڭپو تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت، تەئەللۇق: جىڭپوچە يېزىق. ② ئى. جىڭپو تىلى ۋە يېزىقى: جىڭپوچە سۆزلىمەك.

**جىڭپولار** ئى <ئىرق> جىڭپو مىللىتى، جىڭپو خەلقى. جىڭپولار مەملىكىتىمىزنىڭ يۈننەن ئۆلكىسىگە جايلاشقان.

**جىڭچى** ئى ① جىڭ ياسايدىغان ئادەم. ② باشقىلارنىڭ مېلىنى جىڭلايدىغان ياكى جىڭ تۇتىدىغان كىشى.

**جىڭدو** ئى → **جىڭدو شېلى.**

**جىڭدو شېلى** <بوت> شالنىڭ بىر خىلى. غولى پاكار، يوپۇرمىقى تار ۋە قېنىق يېشىل، گۈرۈچى قىسقا ۋە توم كېلىدۇ.

**جىڭزۇ** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ياكى شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**جىڭزۇ تىلى** <تىل> جىڭزۇلار ئىشلىتىدىغان تىل. مەملىكىتىمىزدە گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ دوڭشىڭ گېزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**جىڭزۇچە** ① سۈپ. جىڭزۇلارغا، جىڭزۇ تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت، تەئەللۇق: جىڭزۇچە يېزىق. جىڭزۇچە ناخشا. ② ئى. جىڭزۇ تىلى ۋە يېزىقى: جىڭزۇچە سۆزلىمەك.

**جىڭزۇلار** ئى <ئىرق> جىڭزۇ مىللىتى، جىڭزۇ خەلقى. گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىغا ۋە چەت ئەلدە ۋېيتنامغا ئولتۇراقلاشقان. ۋېيتنامدا نوپۇسى ئەڭ كۆپ مىللەت ھېسابلىنىدۇ.

**جىڭغاتماق** «جىڭغىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جىڭغىماق** پ ① كۆچەپ، ئىنجىقلاپ تۇرۇپ چىقارماق (سۈيدۈكنى): بالا جىڭغاپ سىيدى. ② ئىنجىقلاپ تۇرۇپ چىچماق، (قۇشلار ھەققىدە): قورقۇپ ئەرۋاھى ئۇچۇپ كەتكەن ئوغرى دەرەخ ئۈستىدە ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي، قورقۇنچلۇقتا تۈلكىگە قارىتىپ جىڭغىۋېتىپتۇ.

**جىڭگۈك** سۈپ. سەلب. «ئورۇق»، «ئاۋاق» دېگەن مەنىدىكى سۆز: جىڭگۈك خوتۇن.

**جىڭگىر** تەق. دۇتار چېلىنغاندا چىقىدىغان ئاۋاز: قولۇم چالسا راۋاب، كۈيلەر مۇقامىڭنى! كەتسۇن جاھان ياڭراپ، جىڭگىر دۇتار قالسۇن.

**جىڭگىل** سۈپ. بۇدۇر، بۇجۇغۇر: يالڭاياغ پۇتلىرىدىن قانلىق ئىز قالدى. قۇلىقىغا قان رەڭلىك غۇنچىلار قىسقان، جىڭگىل چاچ، مۆلدۈر كۆز ئوماق قىز قالدى.

**جىڭگىلماچ** سۈپ. قالايمىقان، تەرتىپسىز، ئارىلىشىپ كەتكەن؛ چىگىش: جىڭگىلماچ چاچ.

**جىڭلاتقۇزماق** «جىڭلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جىڭلاتقۇزۇلماق** «جىڭلاتقۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جىڭلاتماق** «جىڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھەممىدىن كېيىن يېتىپ كەلگەن بىر جەڭچى قوغۇننى جىڭلىتىپ، پۇلىنى تۆلىدى.

**جىڭلاشماق** «جىڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۇننى جىڭلىشىپ بولۇپ، ئىشتىن چۈشۈشتى.

**جىڭلانماق** «جىڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چۈشتىن بۇرۇن تاۋۇزلارنىڭ ھەممىسى جىڭلىنىپ، ماشىنىغا بېسىلدى.

**جىڭلىق** I «جىڭ I» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ گېپىنىڭ يالغان ئەمەس جىڭلىقى سۆزىدىن بىلىنىپ تۇرۇپتىغۇ!

**جىگلىق** II سۈپ. جىلگ ئېغىرلىقىدىكى؛ جىلگ كېلىدىغان: بۇگۈن بۇ ئەسلىمگە پۈتىغا رېزىنكە ئۆتۈك كىيىپ، بېلىنى پوتا بىلەن باغلاپ، بەش جىگلىق كەتمەننى دولىسىدا ئويىتىپ، بۇغداي سۇغىرىش ئۈچۈن سەھەر ئېتىزغا ماڭغان ئەختەمنىڭ ناخشىسى سەۋەب بولدى.

**جىگلىماق** پ. نەرسىلەرنى جىگغا سېلىپ ئېغىرلىقىنى ئۆلچىمەك؛ تارتماق: بوۋاي ئۈچ تال ئالمىنى جىگلاپ، ئەركىننىڭ شەپكىسىگە تۆكۈپ بەردى.

**جىگموما** ئى [خەن] <ييم> قاسقانغا سېلىپ، هورداپ پىشۇرۇلغان نان؛ هورنان: جىگموما سالماق. جىگموما ئالماق.

**جىلە** I ئى [ئە] ① بىرەر ئىش تۆپەيلىدىن كۆگلىدە پەيدا بولغان تىتىلداش، تېرىكىش، خاپىلىق: جىلە بولماق. جىلە قىلماق.

**جىلە بولماق** ئاچچىقى كەلمەك، خاپا بولماق؛ تېرىكمەك: توغرۇلبەگ جىلە بولۇپ، يۈلتۇزغا بىرنېمىلەرنى چۈشەندۈرمەكتە. * ئۇ جىلە بولغىنىدىن پوكانىدەك قىزىرىپ كەتتى.

**جىلە قىلماق** ئاچچىقىنى كەلتۈرمەك، خاپا قىلماق؛ تېرىكتۈرمەك: شۇ ئەسنادا، كىمدۇر بىرى «شوپۇر بېكەت ئاشخانىسىدا مەززە قىلىپ ئولتۇرغانمىكىن» دېگەنىدى، بۇ قىياس بىر ئۆرۈلۈپلا راست گەپكە ئايلىنىپ، يولۇچىلارنى تېخىمۇ جىلە قىلىۋەتتى.

**جىلە** II ئى. هايۋانلارنى باغلاش ئۈچۈن ئىككى تال قوزۇققا تارتىلغان تانا: قوينى جىلىگە باغلىماق.

**جىلتە** ئى [ئە] ← **بوغچا**: ئۇ چېيىنى ئىچىپ بولۇپ، جىلتىسىنى ئېسىپ قويىدىغان قوزۇققا قارىدى، بىراق، جىلتىسى قوزۇقتا يوق تۇراتتى.

**جىلد** ئى [ئە] ① بىرنەچچە كىتابتىن ئىبارەت ئەسەر، مۇقاۋىلانغان هۆججەت قاتارلىقلارنىڭ هەربىر ئايرىم كىتابى، تومى: «خەننامە» دېگەن كىتاب مېنىڭ قولۇمغا چۈشكەن بىرنەچچە يۈز جىلد كىتابتىن بىرى. ② مۇقاۋا، قاپ، تاش.

**جىلدلانماق** «جىلدلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: بۇ كىتاب قاتتىق قەغەزدە جىلدلانغان بولۇپ، ساقلاشقا ئەپلىك.

**جىلدلىق** ① سۈپ. جىلدلەرگە بۆلۈنگەن: خەن ۋۇدى ‹دېگەن پادىشاھ زامانىسىدىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە يېزىلغان 24 تارىخ جەمئىي بىرقانچە يۈز جىلدلىق كىتابتىن ئىبارەت. ② سۈپ. مۇقاۋىلانغان، تاشلانغان: مۇدەررىس ئىمام نىزامىدىن رەببانى قولىدىكى قىزىل كۆن جىلدلىق بىر چوڭ كىتابنى ئېچىپ، ئاۋۋال ئەلشىر ناۋائىينىڭ روبائىيسىنى ئوقۇدى. ③ ئى. مۇقاۋىلاشقا، تاشلاشقا، قاپلاشقا مۇۋاپىق، باپ كېلىدىغان ياكى يېتىدىغان: بىر جىلدلىق رەخت.

**جىلدلىماق** پ. ئۈستىگە جىلد بېكىتمەك، جىلدقا ئالماق: بۇ كىتابلاردىن بەشنى قىزىل كۆن بىلەن جىلدلىغانىكەن.

**جىلدىر** تەق. ئىشىك زەنجىرى قاتارلىق نەرسىلەرگە بىرنەرسىنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋازلار.

**جىلدىر-جىلدىر** «جىلدىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: جىلدىر-جىلدىر قىلماق.

**جىلدىرلاتماق** «جىلدىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جىلدىرلاشماق** «جىلدىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**جىلدىرلىما** ① ئى. باللار ئويۇنچۇقى. ئادەتتە يۇمىلاق چەمبەر شەكىللىك بولىدۇ. ئۇنى تومراق سىم ياكى ئىنچىكە تۆمۈر تاياقچىدىن مۇۋاپىق ياسالغان ئىلمەك قۇرۇلما ئارقىلىق، يەردە ياتقۇزۇپ قويماي تېز هەم ئۇزۇنغىچە

ھەيدەپ ماڭغىلى بولىدۇ: ئۇنىڭ جىلدىرلىمىسى مېنىڭكىدىن ياخشى ھەم يېڭى ئىدى. ② تى. داپ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ چۆرىسىگە بېكىتىلگەن، سىرتقى تەسىرگە ئۇچرىغاندا ئۆزئارا تېگىشىپ، جىلدىرلاپ ئاۋاز چىقىرىدىغان، كىچىك-كىچىك تۆمۈر ھالقا قاتارلىق نەرسىلەردىن تۈزۈلگەن قۇرۇلما: ئۇنىڭ دېپىغا تېخى جىلدىرلىما ئورنىتىلمىغانىدى. ③ سۈپ. «جىلدىر-جىلدىر» ئاۋاز چىقىرىدىغان، جىلدىرلايدىغان: ئۇنىڭ بىلەكلىرىدىكى جىلدىرلىما بىلەزۈكنىڭ ئاۋازى داپ ئاۋازىغا زىل ئاۋاز قوشاتتى.

**جىلدىرلىماق** پ. «جىلدىر-جىلدىر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «جىلدىر-جىلدىر» قىلماق.

**جىلدىرلىمىلىق** سۈپ. جىلدىرلىمىسى بار، ئۈستىگە جىلدىرلىما ئورنىتىلغان: قىز-يىگىتلەر ئويناپ كەينىگە چېكىندى ۋە بىرنەچچە قىز جىلدىرلىمىلىق كىچىك داپ بىلەن ئويناشقا باشلىدى.

**جىلغا** تى. تاغلار، ئېگىزلىكلەر ۋە دۆڭلۈكلەر ئارىلىقىدىكى ساي: لەيلىگۈلنىڭ بارمىقى ئىختىيارسىز ئاپتوماتنىڭ چاقمىقىغا تېگىپ كەتتى-دە، تاراتلىغان ئوق ئاۋازى پۈتۈن جىلغا ئىچىنى ياڭرىتىۋەتتى.

**جىلغىلىق** تى. جىلغا بار، جىلغا ھاسىل بولغان جاي: ئىككى ئوۋ ئىتى دالىغا تۇتاش جاڭگال ياقىسىدىكى قار بىلەن كۆمۈلگەن جىلغىلىق تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ، ھاۋشىغىلى تۇردى.

**جىلمايتماق** «جىلمايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاي سۈتتەك نۇر چاچار ئېگىز ئاسماندا، يۇلتۇزلار ئەسلىتەر نازلىق كۆزۈڭنى. ئەل كەتتى ئۇيقۇغا تۇرمامسەن نىگار، چىقمامسەن جىلمايتىپ، ئايدەك يۈزۈڭنى.

**جىلمايماق** پ ① كۈلۈمسىرىمەك، تەبەسسۇم قىلماق: ئۇ قىز نېمىشقىدۇر يېزىپ ئولتۇراتتى، بىزنىڭ كىرىپ كەلگىنىمىزنى كۆرۈپ، ئورنىدىن يېنىككىنە تۇردى-دە، ئەدەبلىككىنە جىلمىيىپ، باش لىڭشىتىپ ھال سورىغاندەك قىلدى. ② يالتىرىماق، نۇرلانماق: بۇلۇتلار سوزۇلۇپ، نۇر چاچتى قۇياش. يۈز ئاچتى جىلمىيىپ چەكسىز كۆك ئاسمان. يېڭىدىن غەلىبە كۈيى ھەر يەردە، يۈرىكىنى قىزغىنلىق تۇرغا بۇ ماكان.

**جىلۋە** تى [ئە] ① گۈزەل، نازاكەتلىك ھەرىكەت: شاھنىڭ قولىدىكى گۈل مىڭ ياڭزا جىلۋە بىلەن نۇر چېچىپ، قاقاقلاپ كۈلەرمىش. ② رەڭمۇرەڭ تاۋلىنىش، كۆركەم كۆرۈنۈش: خىيال بۇ ھەققە ئويلىغانسېرى، قۇرۇلگەن قوشۇمىلىرى بارا-بارا ئېچىلىپ، كۆزلىرىدە ئاللىقانداق خۇشاللىقنىڭ جىلۋىسى ياندى.

**جىلۋە ئەيلىمەك** → جىلۋە قىلماق: كۆرگەنىمدىن ھەمىشىپەكنى، ئۆزگە تەندە ئاچار چېچەكنى. ئەي ياسىمۇ قانچىلىك جىلۋە، ھەۋەس قىلما ئۇندىن يۇچەكنى. * قانچە قاپاق تۇرسىمۇ ئاسمان، كۆز يېشىنى تۆكەر ئاقۋەت. جىلۋە ئەيلەر سۆزۈك جامالى، يۈكسىنىدە قورساقتىكى دەرد.

**جىلۋە قىلماق** → جىلۋىلەنمەك: ئۈستىلىدە يېنىپ تۇرغان يوغان كېرىسىن لامپىنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ كىرپىكلىرىدىكى ئۈششاق ياش دانىچىلىرىدا جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. * تەرەپ-تەرەپتىن يېغىۋاتقان ماختاش سادالىرى ئىچىدە، شەۋكەتنىڭ ۋۇجۇدى يايراپ، كۆزلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى.

**جىلۋىدار** سۈپ [ئە+پ] جىلۋىلىك: بەھرام تەختت ئالدىغا كېلىپ، تاج ئېگىسىگە تەزىم قىلدى. قارىغۇدەك بولسا، بىر نازىنىن جىلۋىدار چىرايىدىن نۇر ياغدۇرۇپ تۇرۇپتۇ.

**جىلۋىگار** تى [ئە+پ] جىلۋىلىك، جىلۋە قىلغۇچى: ئاخشامقى تاتلىق چۈش تەكرارلانماس ھېچ، كۆتمەك ئەي جىلۋىگار ئۇيقۇ پەرىسى. چۈشۈمدە ناز بىلەن بىرنى سۆيدۈرۈپ، ئوڭۇمدا تونۇغۇزنى قىلدىڭىز نېمە.

**جىلۋىگاھ** تى [ئە+پ] ناز-كەرەشمە

قىلىدىغان، خىلۋەتلىك تاۋلىنىدىغان جاي، ئورۇن: سالام ساڭا، گۈزەللىكنىڭ جىلۋىگاھى، سىرلىق ئەركە قۇچىقىغا كۆز يەتمەيدۇ. — سۆيىمەن سېنىڭ كېچىدىكى نازلىرىڭنى، ئىشىلغان كۆكسىڭدە شوخ ئاي ئويناپدۇ.

**جىلۋىگەر** ئى [ئە+پ] جىلۋىكار: ئۇ چاچلىرىغا ماي، يۈزىگە ئۇپا-ئەڭلىك سۈرگەن، قىزىل شەپەر چاپان ۋە يېشىل ياردەن ئىشتان كىيگەن بولۇپ، ئۆتۈپ كەتكەن جىلۋىگەر ئىدى.

**جىلۋىلەندۈرمەك** «جىلۋىلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قۇياشنىڭ جەھەر رەڭ نۇرلىرى ئورمان دەرەخلىرىنىڭ ئۇچلىرىنى ئوت يالقۇنلىرىدەك قىزغۇچ رەڭدە تاۋلاپ، يوپۇرماقلارنى قىزىل ئالتۇن رەڭدە جىلۋىلەندۈرەتتى.

**جىلۋىلەندۈرۈلمەك** «جىلۋىلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**جىلۋىلەنمەك** پ. جىلۋە قىلماق، يالتىرىماق، نۇرلانماق، چاقناق: ئەكس ئەتمەك ئىپادىلەنمەك: دىلناز ھەر كۈنى سەھەردە باغنى سەيلە قىلىپ كېلىپ، دۇشۇ سۇيىدا كۈن چىقىش ئالدىدىكى جىلۋىلەنگەن شەپەق نۇرىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇراتتى. * سادىق بېشىنى سىڭايان قىلدى، كۆزلىرىدە بۇ چاغقىچە كۆرۈلمىگەن ئاجىز نۇر ئۇچقۇنلىرى جىلۋىلەندى.

**جىلۋىلىك** سۈپ. جىلۋە قىلغان، نۇرلۇق، يارقىراق: ھاجى توختى ئېگىز ئۆگزىدە تۇرۇپ، سوزۇلۇپ كېلىۋاتقان شەرق ئاسمىنىغا نەزەر تاشلىدى، سەھەر تېخى گۈزەل ۋە جىلۋىلىك ئىدى. * ئالتە سەھەر خوشاللىقلىق بىگەت ئىچىدە، مەڭزىڭگە شەبنەم مىسلى قونغان كۆز يېشىڭ. قارنىلدى جۇپ كۆزۈم ئاپپاراتىغا، نازاكەت، جىلۋىلىك ھەر بىر بېقىشىڭ.

**[illegible]** ئى <يىم> مانتا، سامسا، پەرمۇدە قاتارلىق تاماقلارنى ئېتىشتە، ئىچىگە قىيما ئېلىنىدىغان، چۆرىسى نېپىز، ئوتتۇرد-

سى قېلىن خېمىر: جىلت ئاچماق. * تۇراخۇننىڭ ئانىسى دەناخان مانتىغا جىلت ئېچىۋاتىدۇ.

جىلت ئاچماق پىشتى خېمىر زۇۋۇلىسىنى يۇمىلاق جىلت شەكلىگە كەلتۈرمەك؛ جىلت تەييارلىماق: — مەن ئۇنىڭ دۇكىنىغا بەش يىل مانتىغا جىلت ئاچتىم، — دېدى سۈرمەتە — خەشىم.

**جىلتكە** ئى [و] <كى> يەڭسىز، ياقىسىز كالتا چاپان: مەن ئانامنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ بولۇپ، قىشلىقنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن جىلتكە تىكىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

**جىلتكىلىق** سۈپ ① جىلتكىسى بار، جىلتكە كىيگەن: ئەنە ئىشىكمۇ ئېچىلدى. ئالدىرىغىنا جىلتكىلىق قىز پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا يۈگۈرۈپ چىقىشقا باشلىدى. ② جىلتكە تىكتۈرۈش ئۈچۈن تەييارلانغان، جىلتكە تىكتۈرۈشكە مۇۋاپىق ياكى جىلتكە تىكىشكە يېتىدىغان: بىر جىلتكىلىق رەخت.

**جىلپىلداق** ئى. جىلە بولغان ھالەت: — راست، جىلپىلداقتا ھاراقمۇ ئىچتىم، تونۇمۇ سوۋغات تۇردۇم، — دېدى ئىلجان موممىغا.

**جىلغور** سۈپ [ئە+پ] ئاسان جىلە بولىدىغان، ئوڭاي تېرىكىدىغان، تېرىككەك: جىلغور ئادەم ئاسان قېرىيدۇ.

**جىم** رەۋ ① ئاۋاز، تاۋۇش چىقارماي، ئۈندىمەي، ئاۋازسىز، تاۋۇشسىز: جىم ئولتۇرماق. * قارىماققا بۇ يەردە ھېچ يەرىن يوقتەك: ھەممە كىشى جىم، پەقەت بىرلا كىشى — سېلىم ئاكا سۆزلەمەكتە ئىدى. * — بالاڭنىڭ ۋاقتى يوق! — دېدى جاھانشاھ، ئايالىنى بىر يانغا ئىتتىرىپ تاشلاپ. ھويلىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى ئۇ، قالدى جىم گۈلەمخان كۆزىنى ياشلاپ. ② مىدىرلىماي، ھەرىكەتسىز: جىم ياتماق. جىم تۇرماق. * بوۋاي تېخىچىلا جىم ياتاتتى. سالى دورىغا يىگىتلەرنى ئۇنى كۆتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ③ «ئاۋازىڭنى

ئۆچۈر، تاۋۇشۇڭنى چىقارما؛ تىنچ تۇر، تىنچلان» مەنىلىرىدە ئۇندەش رولىدا كېلىدۇ: ــ جىم، ــ دېدى مېھراي يىغلاۋاتقان بالىسىغا ۋارقىراپ.

**جىم بولماق** ① توختىماق (گەپ-سۆز-دىن)؛ سۆكۈت قىلماق، سۈكۈتكە پاتماق: جياڭجۇن يامۇلنىڭ كاتىپى چېك دالويى سۆز قىلىشقا تەمشەلگەندى، ماجياڭجۇننىڭ ئېغىز ئېچىۋاتقانلىقىنى بايقاپ جىم بولدى. * ئىككىسى بىرئاز جىم بولۇپ قېلىشتى. كېيىن بۇندىن كېيىنكى ئۆگىنىش پىلانلىرى ئۈستىدە ئېچىلىپ-يېيىلىپ پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى. ② توختىماق، تىنچىماق، بېسىلماق (ئاۋاز، تاۋۇش، شاۋقۇن قاتارلىقلار ھەققىدە): ئاۋازىڭ زال بويلاپ ياڭرىدى بىردىن، جىم بولدى جىمى ياق تىنچىدى شۇ دەم. سەكرىدى يۈرەكلەر تىنىمسىز شۇنچە، ئۈينىدى ئاجايىپ ناخشاڭ بىلەن تەڭ. ③ توختىماق، تىنچىماق (ئىش-ھەرىكەت، پائالىيەت ھەققىدە): ئۇلار بىرەر سائەتچە ئۇ يان-بۇ يان مېڭىپ يۈرۈپ، كېيىن جىم بولۇپ قالدى.

**جىم تۇرماق** گەپ-سۆز ياكى ھەرىكەت قىلماي، قارشىلىق بىلدۈرمەي تۇرماق: خامۇشنىڭ يېنىدا، ئەرەنچە تۇماق ۋە كەمزۇل كىيىپ، بېلىگە پوتا باغلىۋالغان بەستلىك بىر ئايال بىلەن ئوتتۇرا ياشلىق ئىككى دېھقان جىم تۇراتتى. * پاتىمە مۇئەللىم مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ، نېمە دېيىشنى بىلمەي جىم تۇرۇپ قالدى. مەن ئاڭلى-نار-ئاڭلانماس پىچىرلىدىم.

**جىم ياتقان يىلاننىڭ بېشىنى قوزغىماق** ئېسىگە، خىيالىغا كەلمىگەن بىرەر نەرسى-نى ئۇقتۇرۇپ، دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغى-ماق: ــ جىم ياتقان يىلاننىڭ بېشىنى قوزغىمايلى، بۇ ئىشنى ئۇ بىلمىگەنچە بىلمەي قالسۇن، ــ دېدىم مەن شېرىكلىرىمگە.

**جىمبو** ئى [خەن] ← **بوغا**: ــ ھەي جىمبو كۆتۈرگەن، توختا! ــ دەپ توۋلىدى بېلىدە سىم ئورىغان قامچىسى بار ئادەم.

**جىمبىل** ئى <يىم> مانتا، ھورنان قاتارلىقلار-نى پىشۇرۇش ئۈچۈن ياغاچ، ئالىيۇمىن، مىس، قەلەيلەردىن، ئاستىنى ئۇششاق تۆشۈكلۈك قىلىپ ياسىغان سايمان.

**جىمجىت** رەۋ ① ئاۋاز چىقارماي، ۋاراڭ-چۇ-رۇڭ قىلماي، تىپتىنچ: ئۇلار يېرىم سائەت چامىسىدا جىمجىت مېڭىشقاندىن كېيىن، تۆردى ئاخۇن ئاكا قاتتىق بىر ئۇلۇغ كىچىك تىنىدى-دە، ھەمراھلىرىغا بۇرۇلۇپ، ئۆزىگە يات بولغان بىر ئاۋازدا سۆزلەپ كەتتى. * ئەقلىي ئەمگەك قىلغۇچىلار پات-پات ھاۋالىق جاي ۋە جىمجىت مۇھىتتا دەم ئېلىشى لازىم. ساپ ھاۋادا ئوكسىگېن كۆپ، قانغا ئۆتۈشمۇ ياخشى بولىدۇ. ② ھەرىكەتسىز، مىدىرلىماي: كىنو قويۇش بىلەن تەڭ، ئوتتۇرىدا يىغىلىپ يۈرگەن بالىلار جىمجىت ئولتۇرۇشقا باشلىدى.

**جىمجىت بولماق** ← **جىم بولماق**: ئۇلار خۇددى يەر يۇتۇپ كەتكەندەك، جىمجىت بولۇپ كەتتى.

**جىمجىتلاشماق** پ. جىمجىت ھالەتكە كەلمەك، جىمجىت بولماق؛ جىمىماق، تىنچىماق: ئۇ جىمجىتلىشىپ قالغان بولسىمۇ، بايىلا بولۇپ ئۆتكەندەك بىلىنىۋاتقان ئۇچرىشىشلارنى، بولۇپ ئۆتكەن سۆھبەتلەرنى قايتا-قايتا ئەسلەيتتى.

**جىمجىتلىق** «جىمجىت» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەك. * ھەرقانداق شەيئىنىڭ ھەرىكىتىدە ئىككى خىل ھالەت ــ نىسپىي جىمجىتلىق ھالىتى ۋە روشەن ئۆزگىرىش ھالىتى بولىدۇ. * بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن، ساھىبخانا تۆردى خەلپە ۋە ئوغلى مەۋلانجان تىجارەتچى دوستىغا تىكىلىپ قارىدى.

**جىم-جىم** لام-جىم دېمەي، جىممىدە: مەن بىرھازا جىم-جىم ئولتۇرۇپ كەتتىم. * ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان قىسقىغىنا ئىشلەپچىقى-

رىش مەجلىسى جىم-جىم دېگەندەك ئاخىرلاشتى.

**جىملىق** ① «جىم» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: جىملىق قاپلىماق. * مۇڭلۇق ئېيتىلغان بۇ ناخشا كېچە جىملىقنى بۇزۇپ، يىراقلارغا ياڭرىغىلى باشلىدى. ئەمدى ئالەمنى تۈن جىملىقىنىڭ سىرلىق سۈكۈناتلىرى باسماقتا ئىدى. ② <پەلس> ماددا ھەرىكىتىنىڭ ئالاھىدە شەكلى. بۇنىڭدا ماددا ھەرىكىتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچتىكى، سۈپەت جەھەتتىكى نىسپىي مۇقىم ھالىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**جىممىدە** رەۋ. «جىم» بولغان ھالدا، «جىم» ھالەتتە؛ لام-جىم دېمەي، جىم-جىم: جىممىدە ئاخىرلاشماق. جىممىدە كەتمەك. * يىغىن ناھايىتى داغدۇغىلىق باشلانغانلىقىغا قارىماي، ئاخىرى ھېچقانداق شاۋقۇنسىز جىممىدە ئاياغلاشتى. * ئۇ بېشىنى ئېگىپ، جىممىدە تۇراتتى.

**جىمى** سۈپ. ھەممە، بارلىق، پۈتكۈل: جىمى ئادەم. جىمى ئالەم. * باھار پەيزىدە گۈلشەنلەر، شەپەق رەڭگىگە چۆمگەندە، جىمى خەلقىم تەڭ كۈلگەندە، بۇ دىل ئىلھامدا ئويغاندى. * سەن بىلەن جىمى شەيئى جانلىناركەن، سەن بىلەن نوتا سۇمبۇل كۈلەر ئىكەن. سەن بىلەن جىلۋە قىلسا يېشىل ياپراق، ئۇنى يەلپۈپ تاڭ شامىلى سۆيەر ئىكەن.

**جىمپىتماق** «جىمىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جىمىر** تەق. يۇلتۇزلارنىڭ بىر يېنىپ، بىر ئۆچۈپ چاقنىشى ياكى چاقناش ھالىتى.

**جىمىر-جىمىر** «جىمىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئاسماندىكى يۇلتۇزلار جىمىر-جىمىر قىلدى.

**جىمىرلاتماق** «جىمىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**جىمىرلاشماق** «جىمىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يۇلتۇزلار تولۇن ئاي ھۆسنىنى تاماشا قىلىپ جىمىرلىشاتتى.

**جىمىرلىماق** پ ① جىمىر-جىمىر قىلىپ نۇر چاچماق، پارقىرىماق، يالتىرىماق: غەيرەت بىر تۈپ يالغۇز قارىياغاچنىڭ دالدىسىغا كېلىپ بىردەم تۇردى ۋە جىمىرلاپ تۇرغان ئاسمانغا قارىدى. * تالا ئاي قاراڭغۇسى بولۇپ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار خۇددى قارا رەختنىڭ ئۈستىگە چېكىلگەن كۈمۈش گۈللەردەك، جىمىرلاپ تۇراتتى. ② مەۋج ئۇرماق، دولقۇنلىماق: ئۆستەڭ سۈيى ئۈستىگە پىلتىڭلاپ چىققان بېلىقلار پەيدا قىلغان سانسىز دۈگىلەك دائىرىلەر لەرزان تەۋرىنىپ، ئاي شولىسىدا جىمىرلايتتى.

**جىمىشماق** «جىمىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: رازاقنىڭ ئادەملىرى خۇددى قۇرغۇي كۆرگەن قۇشقاچلاردەك جىمىشتى، سار كۆرگەن چۆجىلەردەك شۈمشىيىشتى.

**جىمغۇر** سۈپ. جىق گەپ قىلمايدىغان، كەم سۆز؛ ئاسان سىر بەرمەيدىغان: جىمغۇر ئادەم. جىمغۇر بالا. * جىمغۇرنىڭ ھۈنىرى ئىچىدە (ماقال). * خوتۇن ئاچچىقلىنىپ، ئېرى بىلەن جېدەللىشىپمۇ ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالماپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ جىمغۇر، ھەتتا جۇدۇنلۇق بولۇپ قاپتۇ. * گۈلپەرى ئادەتتە خېلىلا گۈزەل قىزلاردىن بولسىمۇ، جىمغۇر ۋە تارتىنچاق، ھايالىق قىز ئىدى.

**جىمغۇرلاشماق** پ. جىق گەپ قىلمايدىغان، باشقىلار بىلەن ئانچە پاراڭلاشمايدىغان بولۇپ قالماق؛ جىمغۇر بولۇپ كەتمەك: ئەنۋەر ئازابلىناتتى، خورلىناتتى. بۇنىڭ ئەلىمىنى چىقىرىش ئۈچۈن تېخىمۇ جىمغۇرلىشىپ، لاي، پاتقاقلارغا مىلىنىپ، كېچە-كېچىلەپ دېگۈدەك ئىلمىي ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتەتتى.

**جىمغۇرلۇق** «جىمغۇر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مەيلى مەندە قانداق خىيال ۋە تۇسالغۇلار بولمىسۇن، ياشلىقىمدىكى تۇنجى مۇھەببەتنى جىمغۇرلۇق قىلىپ، بۆشۈكىدە تۇنجۇقتۇرۇۋېتىشكە كۆڭلۈم قىيمىدى. * ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ بۇ جىمغۇرلۇقىنىڭ تېگىدە دەھشەتلىك بىر پارتلاش كۈچى تاۋلانماقتا ئىدى.

**جىمىقتۇرماق** ① «جىمىقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ناھايىتى چاققان ھەرىكەت قىلىپ، قاچا-قومۇچ ۋە قازان باشلىرىنى جىمىقتۇرماقتا ئىدى. ② تۆگەتمەك، يوقاتماق، بېسىقتۇرماق: دەل شۇ چاغدا، خوجىنىياز ھاجى ئاتنى تاشلاپ، ياتاتلىقلار ئارىسىدىن تېزلىك بىلەن ئۆملەپ كېلىپ، ئىككى پىلموتچىكنى ماۋزېر بىلەن جىمىقتۇردى.

**جىمىقتۇرۇشماق** «جىمىقتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىر پەستىلا يەيدىغىنىنى يەپ، تاشلايدىغىنىنى تاشلاپ، ئۇ نەرسىلەرنى جىمىقتۇرۇشتى.

**جىمىقتۇرۇلماق** «جىمىقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەينەكلىك گەمە پۈتكەندە، ئۇستىلار جىمىقتۇرۇلۇپ، سىرنى بىلگۈچى كىشىلەرنىڭ ئىزى ئۆچۈرۈلگەنلىكنى ئەسكەرتىش ھاجەت ئەمەس.

**جىمىقماق** پ. مەلۇم پائالىيەت ۋە ھەرىكەتتىن توختىماق، جىم بولماق، بېسىقماق: بايىقى سەلكىن شامال توختاپ، دەل-دەرەخلەرمۇ ياشلارنىڭ بۇ ھالىتىنى بۇزۇۋېتىشتىن ئەيمەنگەندەك جىمىقاندى. * زالدىكى ئۇپۇر-توپۇر بىردىنلا جىمىقتى.

**جىمىقىشماق** «جىمىقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىزىق ئىش، چاكىلداۋاتقان سۇغۇرلارمۇ ھەش-پەش دېگۈچە ئۇۋىلىرىغا كىرىپ، جىمىقىشتى.

**جىمىكى** سۈپ → جىمى: ئۇلار ئالدىغا ئۇچرىغان جىمىكى نەرسىلەرنى ئۇرۇپ-چېقىپ، يانجىپ-چەيلەپ، بەگ تۇرۇشلۇق بىناغا ئېتىلىپ كەلدى.

**جىملەشمەك** پ. «جىملىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز ھەممىمىز ئاۋۇتنى جىملەشتۇق. * — ئۇمۇ سىلەرنىڭ ئىنىڭلار — ئاتا بىر، ئانىمۇ بىر ئۆز ئىنىڭلارغۇ، يەنە ھەممىڭلار ئۇنى جىملىشىپ كەتتىڭلارغۇ، ئۇنى چەتكە قاقماڭلار جېنىم بالىلىرىم، — مومام يەنە ئۇلارغا نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى.

**جىملىمەك** پ. ① جىم بولۇشقا ئۈندىمەك: شاگىخوجىنىڭ سۆزى ئېغىزىدىن ئەمدىلا چىقىشىغا، گارمۇنچى قىز ئۇنى جىملەپ قويدى. ② ئەيىبلىمەك، قىلمىشىنى تەكرار-تەكرار يۈزىگە سالماق: موماي ئەسلىگە كېلىپ، قىلمىشىدىن ئەپسۇسلىنىپ، زار-زار يىغلاپتۇ، بوۋاي ئۇنى جىملەپ كېتىپتۇ.

**جىمىماق** پ. جىم بولماق، سۈكۈتكە چۆممەك؛ توختىماق، بېسىقماق: ئۇ بىر ئاز كۆتۈپ تۇرۇپ، مەيدان جىمىغاندىن كېيىن سۆز قىلدى. * ئەنۋەر يوغان قارىياغاچ كۆتىكىگە چىقتى. پۈتۈن مەيدان گويا چۈشىن ئۆچسا ئاڭلانغۇدەك جىمىغان، ھەممە ئەنۋەرنىڭ ئاغزىغا قاراشتى.

**جىن** ئى [ئە] ① <دىن> دىنىي، خۇراپىي تەسەۋۋۇرلاردىكى خىلۋەت جايلاردا كىشى كۆزىگە ئادەم ۋە باشقا ھەر خىل نەرسىلەر قىياپىتىدە كۆرۈنىدىغان ۋە ئادەمگە بىرەر بەختسىزلىك كەلتۈرىدىغان ئەپسانىۋى مەخلۇق: جىن تەگمەك، جىن چاپلاشماق. * قورققان يەردە جىن بار (ماقال). * «ئېھتىمال بۇ ئىشلار جىن تەرىپىدىن قىلىنىۋاتقان بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى ھاتەم. ② كۆچمە. ناھايىتى كۆرۈمسىز بىرنېمە؛ بەتبەشىرە (كۆرۈمسىز، سەت ئادەم ھەققىدە): — نېمە دەيدۇ، ماۋۇ جىن، — دېدى ئايشەمگۈل رەقىبىنى مەسخىرە قىلىپ.

**جىن تەپمەك** → **جىن چاپلاشماق**: — قاسىم، — دېدى بوۋاي ئورۇق قوللىرىنى شىلتىپ، — ھۆكۈمەتنىڭ بەرگەن تۆت ئېغىز ئۆيى، ئاشخانا، ھويلا-ئارامىلىرى ساڭا تارلىق قىلىپ قالدىمۇ، نېمە جىن تەپكەندەك ئۆي سېلىش كويىغا چۈشۈپ قالدىڭ؟

**جىن تەگمەك** → **جىن چاپلاشماق**: قېزبەگ غوجا خۇددى جىن تەگكەن ساراڭدەك، بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ھەممە كىشى ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدى.

**جىن چاپلاشماق** ① جىن ئەسەر قىلماق. ② كۆچمە. نېرۋىسىنىڭ نورمال ئىشلەش ئىقتىدارىنى يوقاتماق، ساراڭ بولماق: ـساڭا زادى نېمە بولدى؟ جىن چاپلاشقاندەك ئېلىشىپ قالدىڭغۇ؟ـدېدى شاراپەت ھەيران بولۇپ مەرەمخانغا.

**جىن سوقماق** ← **جىن چاپلاشماق:** « شۇنداق، بىرچاغلاردا خەقلەر مېنى جىن سوقغان شىرمۇھەممەت دەيتتى، راست ئېيتىپتىكەن » دەپ ئويلىدى شىرمۇھەممەت كېتىۋېتىپ.

**جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا** ئاساسىي مەقسەت بۇ ئەمەس، باشقا: ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە تۇيۇقسىز شۆھرەتنىڭ: « ئۆتۈنۈپ قالاي، زىننەت، بارماڭ! < جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا > دېگەن گەپ بار، ئۇنىڭ نېمە غەرەز بىلەن سىزنى بىر ئاشخانىنىڭ دىرېكتورى قىلىپ قويۇۋاتقانلىقىنى ئويلىنىپ باقمىدىڭىز-مۇ؟ » دېگەن سۆزلىرى قايتىدىن جاراڭلىغاندەك بولدى.

**جىننى ئۇسسۇلغا سالىدىغان** ① ھەرقاندا-داق ئادەمنى ئۆز ئارزۇسى بويىچە ھەرىكەت قىلدۇرالايدىغان، باشقىلارنى ئەخمەق قىلىدىغان، كولدۇرلىتىدىغان: ئۇلار تەكشۈرۈپ بولغۇچە نەق مەيداننى بۇزۇۋېتىشنى، ئالتۇپىلاڭ كۆتۈرۈپ، جىننى ئۇسسۇلغا سېلىشنى ۋە ئەمدىلىكتە بولسا سىنىپىي كۈرەش، ئىنقىلاب، سىياسىي، لۇشيەن دېيىشنى بىلىدۇ. ② ناھايىتى ھىيلىگەر، قۇۋ: ـ ئېھتىيات قىل، ئۇ دېگەن جىننى ئۇسسۇلغا سالىدىغان ئادەم، ـ دېدى بوۋام ماڭا نەسىھەت قىلىپ.

**جىن ئولاشماق** ← **جىن چاپلاشماق.**

**جىنى تۇتماق** كۆڭلىگە ياقمايدىغان ئىش-ھەرىكەت ياكى گەپتىن غەزەپكە كەلمەك، جەھلى قاتماق: ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، مېنىڭ جىنىم تۇتۇشقا باشلىدى.

**جىنى قوزغالماق** ← **جىنى تۇتماق.**

**جىنى كەلمەك** ← **جىنى تۇتماق.**

**جىنازا** ئى [ئە] ← **تاۋۇت:** ئۇلار بىرقانچە كۈنلەر ئۆتكەندە، بىر شەھەرگە يېقىن كەپتۇ، قارىسا، بىر توپ خالايىق جىنازىنى كۆتۈرۈپ، چىرايىدا غەم، كۆزلىرىدە نەم، تۇپراق بېشىغا كېتىپ بارغۇ-دەك.

**جىنازا نامىزى** ← **مېيىت نامىزى:** موللازەيدىن بۈگۈن ئوردىدىكى جىنازا نامىزىغا تەييارلىق كۆرۈپ، ھويلىسىدا ئېشەك نوختىسىنى ئوڭلاۋاتاتتى.

**جىن-ئالۋاستى** جىن، ئالۋاستى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قورقۇنچلۇق ئەپسانىۋى مەخلۇقلار: ئۇ مەيگە قارىغۇدەك بولسا، شاھزا-دىنىڭ ئورنىدا ئادەم دېسە ئادەم ئەمەس، ھايۋان دېسە ھايۋان ئەمەس، خۇددى جىن-ئالۋاستىدەك بىر سەت نەرسە ئولتۇرغۇدەك.

**جىنايەت** ئى [ئە] <قا> قانۇنغا خىلاپ ۋە جازاغا تارتىشقا تېگىشلىك بولغان ھەرىكەت، قىلمىش: جىنايەت ئۆتكۈزمەك.

**جىنايەتچىلەر گۇرۇھى** <قا> ئۈچ كىشىدىن ئارتۇق بولغان، بىر ياكى بىرنەچچە جىنايەتنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئالدىن تەشكىللەنگەن، قانۇنسىز تەشكىلات.

**جىنايەت سۇبيېكتى** <قا> جىنايەتنى ئىشقا ئاشۇرغان ۋە قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان كىشى.

**جىنايەت قىلماق** ← **جىنايەت ئۆتكۈزمەك.**

**جىنايەت نامى** <قا> قانۇندا بەلگىلەن-گەن جىنايەتلەر نامى. مەسىلەن، ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق جىنايىتى، باشقىلارنى زەخىملەندۈرۈش جىنايىتى، بۇلاڭچىلىق جىنايىتى، خىيانەتچىلىك جىنايىتى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش** <قا>

جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى بىلەن ئالاقىدار تارماقلار ماسلىشىپ، جىنايەت ئامىللىرىنى پاش يوقىتىپ، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئەمەلىي زىيانىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش.

**جىنايەت ئوبيېكتى** <قا> جىنايى ئىشلار قانۇنى تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان ۋە جىنايى قىلمىشنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت.

**جىنايەت ئۆتكۈزمەك** قانۇنغا خىلاپ ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، جىنايەت سادىر قىلماق: غوپۇرجاننىڭ قۇلاق تۈۋىدە بىركىمنىڭ «قاراڭلار، غوپۇرجاننىڭ ئوغلى جىنايەت ئۆتكۈزۈپتۇ!» دېگەن سۆزى ئاڭلاندى. * ـ مۆمىن جىنايەت ئۆتكۈزۈپ 20 يىللىق قاماققا ئېلىندى، ـ دېدى نايىپ ئويچان هالدا.

**جىنايەتچى** ئى. جىنايەت ئۆتكۈزگەن، جىنايى قىلمىش بىلەن شۇغۇللانغان كىشى: جىنايەتچى سوراپ ئالغان بىر تال تاماكىنى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن لېۋىگە ئاپىرىپ، كۆچەپ بىر شورىدى-دە، جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىنى سۆزلەشكە باشلىدى.

**جىنايەتچىلىك** «جىنايەتچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**جىنايەتكار** ئى [ئە+پ] ← جىنايەتچى: ـ جىنايەتكارنى ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ تېپىش كېرەك، ـ دېدى ساقچى باشلىقى. * ـ رەھمەت ئاتا، ـ دېدى يىگىت بوۋايغا مۇلايىم تەلەپپۇز بىلەن، ـ جىنايەتكار ئالتۇن مېنىڭ بەختىمگىمۇ ئېلىس قولىنى سوزماقتا، شۇڭا ئالتۇن كولاشقا ئۆز ئىختىيارىم بىلەن بارىمەن.

**جىنايەتكارانە** رەۋ [ئە+پ] جىنايى يول بىلەن، جىنايەتكارلارچە: جىنايەتكارانە قىلغان بۇزغۇنچىلىق. // جىنايەتكارانە ئىش قىلماق، جىنايەتكارانە سۆز قىلماق.

**جىنايەتلىك** سۈپ. جىنايەت ئۆتكۈزگەن، جىنايىتى بار؛ جىنايى قىلمىشلىق: ئۇ ھازىر بېسىۋاتقان ھەربىر قەدەم بۇ قارا نىيەتنىڭ كەينىدىن بىرمۇبىر جىنايەتلىك ئىز قالدۇرۇپ تۇراتتى.

**جىنايى** سۈپ [ئە] <قا> جىنايەتكە دائىر، جىنايەت بىلەن باغلانغان، جىنايەت دەپ قارىلىدىغان: جىنايى قىلمىش. جىنايى جاۋابكارلىق. * خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئاساسەن جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرى ۋە ھەق تەلەپ ئىشلىرى ئەنزىلىرىنى سوت قىلىشتىن ئىبارەت.

**جىنايى ئەنزە** <قا> جىنايى جاۋابكارلىقى بار، جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدىغان ئەنزە: ئۇ تۈنۈگۈن ئاخشام دېگەن ۋاقىتتا يۈز بەرگەن بۇ جىنايى ئەنزىنىڭ ئالدىنى ئالالماقچى بولغانىدى، بىراق كېيىن نېمە بولدى؟ ئەمدى ئۇ نېمە قىلىشى كېرەك؟

**جىنايى جازا** <قا> جىنايى ئىشلار قانۇنىغا ئاساسەن، جىنايەتچىگە قانۇن بويىچە بېرىلگەن جازا: بۇ ئورۇن جىنايى قىلمىشى يېنىك بولۇپ، جىنايى جازا ھۆكۈم قىلىش زۆرۈر بولمىغانلىرىغا جىنايى جازا ھۆكۈم قىلماي، ئۇلارغا جەمئىيەتكە تايىنىپ تەربىيە بەردى ۋە ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋالدى.

**جىنايى جازانى كەچۈرۈم قىلىش** <قا> سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىپ، قارار قىلىشى ئارقىلىق، جىنايى جازانى كەچۈرۈم قىلىشى.

**جىنايى جاۋابكارلىق** <قا> دۆلەتنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپ بولغان ۋە قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىشقا تېگىشلىك بولغان قىلمىشنىڭ قانۇندا جاۋابكارلىققا تارتىلىشى.

**جىنايى ئىشلار جىنايەتچىسى** <قا>

جىنايىي ئىشلار قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان، جىنايىي جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان جىنا-يەتچى.

**جىنايىي ئىشلار دەۋاسى** <قا> «جاۋابكار جىنايەتچىمۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇنى جازالاش كېرەكمۇ يوق؟ قانداق جازالاش كېرەك؟» دېگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان دەۋا.

**جىنايىي ئىشلار قانۇنى** <قا> نېمىنىڭ جىنايىي قىلمىش ئىكەنلىكى، جىنايىي قىلمىشلار قانداق جازا بېرىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكى بەلگىلەنگەن قانۇن.

**جىنايىي ئىشلار ھۆكۈمى** <قا> سوت مەھكىمىسىنىڭ جىنايىي جاۋابكارلىق ۋە جازا بېرىش توغرىسىدا چىقارغان ھۆكۈمى.

**جىن-ئەرۋاھ** جىن ۋە ئەرۋاھ.

**جىنئەنجۈرى** ئى [جىن+ئەنجۈر+ى] <بوت> ئۈجمە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدى-غان دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، سىلىق ۋە پارقىراق كېلىدۇ؛ گۈل تېگى شار شەكىللىك، مېۋىسى ئەنجۈر-نىڭ مېۋىسىگە ئوخشايدۇ، ناھايىتى كىچىك بولۇپ، پۇرچاقچىلىك كېلىدۇ، ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ؛ ياغىچى تۇتۇق كۈل رەڭ ۋە بوش كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆي جاھازىلىرىنى ياساشقا بولىدۇ؛ دەرەخ قوۋزىقىدىن ئېلىنغان تالانى توقۇمىچىلىققا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**جىنتەك** ئىم. كىچىك قىزلارنى ئەركىلىتىشتە ئىشلىتىلىدىغان سۆز: **بىر قېتىم كىچىك نۆل چوڭ نۆلنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. چوڭ نۆل كىچىك نۆلگە: ــ ھوي جىنتەك، مېنىڭ ئالدىمدا خىجىل بولماسەن؟ مەن سەندىن قانچە ھەسسە چوڭ، بىلەمسەن؟ ــ دەپتۇ.**

**جىنچاقىلى** ئى [جىن+چاتقال+ى] <بوت> جىنچاتقىلى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلاي-دىغان چاتقال. يوپۇرمىقى سوقىچاق، گۈلى سارغۇچ، مېۋىسى سەل سۆسۈن كېلىدۇ؛ ياغىچى ئاق، چىداملىق، ئېگىلمەي-دۇ. ئۇنىڭدىن كىچىك تىپتىكى سايمانلارنى ياساشقا بولىدۇ.

**جىنچىراغ** ئى [جىن+چىراغ] ئىچىگە سۇ يېغى ياكى كىرسىن قۇيۇپ، پاختىدىن ئىشلەن-گەن پىلىكنى سېلىپ ياندۇرىدىغان شېشىسىز چىراغ؛ قارا چىراغ: **ئۇنىڭ بۇ ئۆيدە دەسلەپ قېتىم كۆزى چۈشكىنى ــ ئايۋاننىڭ ئوتتۇرىسىد-كى ئىسلىشىپ قارىيىپ كەتكەن تۈۋرۈكتە، پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان جىنچىراغ بولدى.**

**جىندەك** ① سۈپ. جىنغا ئوخشاش، سەت، كۆرۈمسىز: **جىندەك كۆرۈنمەك.** ② رەۋ. بىرئاز، ئازغىنا، كىچىككىنە، بىزە: **ــ توختا، جىندەك توختا ئوغلۇم، ــ ئورمان بوۋاي ئىشكتىن چىقىپ كېتىۋاتقان قاچقۇنغا قاراپ، نېمىشقىدۇر ئەسكە ئېلىپ ئۇنى قىچقاردى. * ــ توختاڭلار، جىندەك تەخىر قىلىڭلار، ــ دېدى يۇسۇپ چوڭ ئۇنى توسۇپ.**

**جىندەك كۆرۈنمەك** بەتبەشىرە، كۆرۈمسىز، قورقۇنچلۇق، سەت كۆرۈنمەك: **كۆڭلەرنىڭ ئۆتنۈشى بىلەن، ئامىنە مېنىڭ كۆزۈمگە جىندەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى.**

**جىندىخانا** ئى. ئەقلىدىن ئازغان ساراڭلار-نى قوبۇل قىلىدىغان ۋە ئۇلار تۇرىدىغان جاي؛ ئورۇن؛ ساراڭلار دوختۇرخانىسى: **ــ بىچارە پۈتۈنلەي ئەقلىدىن ئادىشىپتۇ، ــ دېدى ئاقساقال بېشىنى چايقاپ، ــ ئۇنى جىندىخانىغا ئەۋەتىش ئۈچۈن، ئەتىگەنلىككە كېسەلخانىغا خەۋەر بېرىمەن.**

**جىندىي** سۈپ. ھوش -كاللىسى جايىدا بولمىغان، ئەقلىدىن ئازغان، ساراڭ.

**جىنس** ئى [ئە] ① <بىئول> جانلىق ئورگا-نىزملارنىڭ بىئولوگىيىلىك ۋە جىسمانىي

خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن ئايرىلىدىغان تۈرى: ئەر جىنس، ئايال جىنس، ئاتىلىق جىنس، ئانىلىق جىنس. * ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى بولۇپمۇ ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىن تارتىپلا مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. ② ئىجتىمائىي گۇرۇپپا، تەبىقە، ئۇرۇق، زات، نەسىل: ـ ئەي ئادەم، ـ دېدى سەرەتان ئادەم تىلىدا سۆزلەپ، ـ بىزنىڭ ئارىمىزدا ھېچقانداق ئاداۋەت يوق. سەن بىر لەھەڭگە ھىمايىچى بولما، چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن بىز بىر جىنس. ئۆز يولۇڭغا ماڭ! ③ <گېئول> يەر پوستىنىڭ مەلۇم قاتلىمىنى ھاسىل قىلىدىغان مىنېرال: تاغ جىنسلىرى.

**جىنسقا ئەگەشكەن ئىرسىيەت** <بىئول> جىنسىي خروموسومىدىكى گېنلار ئىپادىلەنگەن پەۋقۇلئاددە ئىرسىي ھادىسىلەر. مەسىلەن، بىرىنچى ئەۋلاد شالغۇتتىكى ئانىلىق تەنىنىڭ ئاتا تەرەپكە ئوخشاپ قېلىشى ۋە ئاتىلىق تەنىنىڭ ئانا تەرەپكە ئوخشاپ قېلىشى قاتارلىق قايچىلاشما ئىرسىي ھادىسىلەر.

**جىنسقا مۇناسىۋەتلىك ئىرسىيەت** <بىئول> جىنسىي پەرق تەسىرىدىن جىنسىي ئالامەتلەردە ئۆزگىرىش بولىدىغان بىر خىل ئىرسىيەت شەكلى.

**جىنس كاتېگورىيىسى** <تىل> تىللاردىكى ئىسىم، سۈپەت ۋە ئالماشلاردا كۆرۈلىدىغان بىر خىل گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە. ئۇ ئادەتتە سۆزلەرنىڭ گرامماتىكىلىق جىنس جەھەتتىكى تۈرىنى بىلدۈرىدۇ. سۆزلەرنىڭ گرامماتىكىلىق جىنسى شۇ سۆزلەردە ئىپادىلەنگەن شەيئىنىڭ تەبئىي جىنس بىلەن بەزىلىرىدە بىردەك، بەزىلىرىدە بىردەك بولمايدۇ. مەسىلەن، رۇس تىلىدا جىنس كاتېگورىيىسى ئەر جىنسلىق، ئايال جىنسلىق ۋە ئارا جىنسلىق دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**جىنس ھاسىل قىلغۇچى مىنېرال** <گېئول> تاغ جىنسلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى ئادەتتىكى مىنېراللار. تەخمىنەن يۈز خىلدىن ئاشىدۇ، كۆپرەك ئۇچرايدىغانلىرى ئوندىن ئارتۇق. مەسىلەن، زەيتۇن تاش، پىروكسېن، ئامفىبول، چىرىمتال، دالا شپاتى، كۋارتس، دالا شپاتسىمان مىنېراللار، كاربونلار ۋە سېغىزلىق مىنېرال قاتارلىقلار.

**جىنس ئۇقۇم** <لوگ> بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتىكى ئىككى ئۇقۇمنى بىلدۈرگۈچى ئۇقۇم، يەنى ھەجمى كەڭ ئۇقۇم. مەسىلەن، «ئىجتىمائىي پەن» دېگەن ئۇقۇم بىلەن «تىلشۇناسلىق» دېگەن ئىككى ئۇقۇمدىن ئالدىنقىسى جىنس ئۇقۇم، كېيىنكىسى تۈر ئۇقۇم بولىدۇ.

**جىنسداش** سۈپ. جىنسى ئوخشاش، بىر جىنستىكى: جىنسداش ھايۋانلار.

**جىنسداشلىق** «جىنسداش» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**جىنسسىز** سۈپ <بىئول> ئىككى خىل جىنسىي ھۈجەيرىنىڭ قوشۇلۇشى بولمىغان، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتسىز بولغان: جىنسسىز كۆپىيىش، جىنسسىز نەسىللىنىش.

**جىنسسىز چېتىشتۇرۇش** <بىئول> ئاتىلىق ۋە ئانىلىقتىن ئىبارەت ئىككى جىنسنىڭ كۆپىيىش ھۈجەيرىلىرىنىڭ قوشۇلۇشىنى ۋاستە قىلماستىن، بەلكى ئوزۇقلىنىش ئەزالىرىنى قوشۇش ئارقىلىق، ئوخشىمىغان تەنلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ماددىلىرىنى ئالماشتۇرۇش بىلەن شالغۇت ھاسىل قىلىدىغان بىر خىل ئۇسۇل. مەسىلەن، ھايۋانات تېنى ئىچىگە كۆپىيىش بەزلىرد-

نى كۆچۈرۈش، ئۆسۈملۈكلەرنى ئۇلاش قاتارلىقلار.

**جىنسسىز كۆپەيگەن نەسىلداش** <بوت> ئۆسۈملۈكلەرنىڭ جىنسسىز كۆپىيىشى تەسىرىدە، بىر دانە جىنسسىز كۆپىيىش ئەزاسى ئارقىلىق كۆپەيگەن نەسىل- داش.

**جىنسسىز كۆپىيىش** <بىئول> ئاتىلىق، ئانىلىقتىن ئىبارەت ئىككى جىنسنىڭ كۆپىيىش ھۈجەيرىلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئەمەس، پەقەت بىرلا جانلىق تەندىن ئەۋلاد قالدۇرىدىغان بىر خىل كۆپىيىش شەكلى. بۇنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى: سپورىلىق كۆپىيىش، بىخ چىقىرىپ كۆپىيىش ۋە بۆلۈنۈپ كۆپىيىش قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزى، غولى، يوپۇرمىقى قاتارلىقلارنى قەلەمچىلەپ تىكىش ياكى ئۇلاش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق يېڭى تەن ھاسىل قىلىشمۇ بۇنىڭغا كىرىدۇ.

**جىنسلىق** سۈپ. ① مەلۇم جىنسقا مەنسۇپ، جىنسقا تەۋە: **تاق جىنسلىق. قوش جىنسلىق.**
② <بىئول> جىنسىي يول بىلەن بولىدى- غان، جىنسقا مۇناسىۋەتلىك بولغان: **جىنسلىق شالغۇتلاشتۇرۇش. جىنسلىق كۆپىيىش.**

**جىنسلىق چېتىشتۇرۇش** <بىئول> ئاتىلىق ۋە ئانىلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل كۆپىيىش ھۈجەيرىلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق يېڭى تەن ھاسىل قىلىدىغان بىر خىل چېتىشتۇرۇش ئۇسۇلى. ھايۋانلاردا ئوخشى- مىغان تۈر، ئۇرۇقداش ۋە سورتلار ئۆزئارا چېتىشتۇرۇلۇپ، يېڭى ئەۋلاد يېتىشتۈرۈلىدۇ؛ ئۆسۈملۈكلەردە بولسا، سۈنئىي چاڭلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئوخشىمىغان تۈر، ئۇرۇقداش ياكى سورتلار- دىن يېڭى سورت يېتىشتۈرۈلىدۇ.

**جىنسلىق كۆپىيىش** <بىئول> ئاتىلىق ۋە ئانىلىق ھۈجەيرىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق يېڭى تەن ھاسىل بولىدىغان بىر خىل كۆپىيىش شەكلى. بۇ جانلىقلار دۇنياسىدا ئەڭ ئومۇملاشقان بىر خىل كۆپىيىش شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**جىنسىي** سۈپ [ئە] <بىئول> جىنسقا خاس، جىنسقا مۇناسىۋەتلىك، جىنسقا ئائىت: **جىنسىي ئالاقە. جىنسىي بەلگە.**

**جىنسىي ئاجىزلىق** <تىب> بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا زەكەر قوپمايدۇ. بۇنى كۆپرەك مەزى بېزى ياللۇغى ياكى نېرۋا فۇنكسىيىسىنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىشى قاتارلىق سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇزۇن مۇددەت ئانىزم قىلىش، روھىي جىددىيلىك، ھەددىدىن تاشقىرى ھارغىنلىق ۋە بىئاراملىق قاتارلىقلارمۇ بۇ خىل كېسەلنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**جىنسىي ئانا ھۈجەيرە** <بىئول> گامېتا ھاسىل قىلىدىغان بىر خىل ھۈجەيرە. مەسىلەن، تۇخۇم ئانا ھۈجەيرىسى، سپېرما ئانا ھۈجەيرىسى ياكى ئۆسۈۋات- قان سپورا ئانا ھۈجەيرىسى.

**جىنسىي ئايرىما ← جىنسىي پەرق.**

**جىنسىي ئەزا** <ئانات> ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىش ئەزاسى.

**جىنسىي باغلىنىش** <بىئول> جىنسىي خروموسوما بىللە ئېلىپ يۈرىدىغان گېن ۋە بۇ گېنلار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان ئالامەتلەر.

**جىنسىي بەز** <بىئول> ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئۇرۇق ياكى تۇخۇم ئىشلەپ- چىقىرىدىغان بەزلىرى. ئەركەك جىنسىي

بېزى ئۇرۇقدان، چىشى جىنسىي بېزى تۇخۇمدان دەپ ئاتىلىدۇ.

**جىنسىي پائالىيەت** <بىئول> ئەركەك جىنس بىلەن چىشى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەت.

**جىنسىي پەرق** ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى پەرق.

**جىنسىي تاللىنىش** <بىئول> دارۋىن ئوتتۇرىغا قويغان تەلىمات، يەنى تەبىئىي تاللىنىشنىڭ ئالاھىدە بىر خىل شەكلى. بۇنىڭدا، غەيرىي جىنسلىق يەككە تەنلەر بىلەن چېتىلىش ئۈچۈن، ئوخشاش جىنستىكى يەككە تەنلەر (ئاساسەن ئەر جىنسلىق) ئوتتۇرىسىدا تالاش-تارتىش يۈز بېرىدۇ. چېتىلىشىدىغانلىرى ئۇرۇق چىقىرىدۇ. نەتىجىدە تالاش-تارتىشتا غالىب كەلگەنلىرى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ.

**جىنسىي خروموسوما** <بىئول> جانلىقلار تېنىنىڭ جىنسىي پەرقىنى بەلگىلەيدىغان بىر جۈپ خروموسومىنىڭ خالىغان بىرى.

**جىنسىي سپورا** <بىئول> جىنسىي قارىمۇقارشى بولغان گامېتا ياكى يادرو چېتىلىشقاندىن كېيىن ھاسىل بولغان بىر خىل سپورا.

**جىنسىي گورمون** <بىئول> ئۇرۇقدان ۋە تۇخۇمداندىن ئاجرىتىپ چىقىرىلىدىغان گورمون. ئاساسەن جىنسىي ئەزالىرىنى غىدىقلاش ۋە ئۇنىڭ رولىنى تەكشەش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ئەرلەرگە ساقال چىقىش، ئاياللار كۆكسىنىڭ يوغىنىشى قاتارلىقلار بۇ خىل گورمون بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئاياللاردىكى جىنسىي گورمون يەنە ئۇلارنىڭ ھامىلدار بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

**جىنسىي ھۆجەيرە** <بىئول> ئەر جىنس بىلەن چىشى جىنسنىڭ كۆپىيىش ھۆجەيرىلىرى.

**جىنسىي يول** <ئانات> چىشى جىنستىكى ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىش ئەزاسىنىڭ بىر قىسمى. نەيچە شەكلىدە بولىدۇ. ئادەمنىڭ جىنسىي يولى بالىياتقۇ بوينىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە يەنى دوۋساق بىلەن توغرا ئۈچەينىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ.

**جىنسىي يېتىلىش** <بىئول> ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىش ئەزالىرىنىڭ يېتىلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**جىنسىيەت** ئى [ئە] جىنسىي ھالەت ۋە خاراكتېر.

**جىن-شاياتۇن** كونا قاراشلاردا جىن، شەيتان قاتارلىق ئادەمگە ھەر خىل شەكىلدە كۆرۈنىدىغان، كىشىلەردە ئىللەت پەيدا قىلىدىغان، ئەك سەت، قورقۇنچلۇق ئەپسانىۋى مەخلۇقلار: ـ دەل ۋاقتىدا كەپتىمىز شاھزادە، ـ دەپتۇ سۇمۇرغ، ـ راستىنلا ئامىتىڭ بار ئىكەن. بۇ شەھەر ئىچىدىكى دىۋە، جىن-شاياتۇنلار 40 كېچە-كۈندۈز ئۇخلايدۇ.

**جىن-شەيتان** جىن ۋە شەيتان: ـ مىلتىقنى ئېلىپ چىق ئاپا، كېتىمەن، تاغلار ئارىسىغا كىرىپ كېتىمەن، مېنى ئەمدى ئادەم تۇتقۇل، جىن-شەيتانمۇ تاپالمايدۇ، ـ دېدى سەمەت ئاپىسىغا.

**جىنكەش** ئى. كونا ئادەت بويىچە جىن چاپلىشىپ ساراڭ بولۇپ قالغانلارغا دۇئا ئوقۇيدىغان ئادەم: ئۆتكەن زاماندا ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ساددا كۆز قاراشلىرىدىن پايدىلانغان ۋە ئۇنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ چۈشەندۈرىدىغان جىنكەشلەر، ئالدامچىلارغا ئوخشاش خەلقنى داخانلىق، پىرە ئويىنىتىش، ئوكچە كۆيدۈرۈش، جادۇگەرلىك قىلىش ئۇسۇللىرى بىلەن داۋالايمەن دەپ ئالدايتتى.

**جىنكەشلىك** «جىنكەش» سۆزىنىڭ

كەسپىي نامى: **جىنكەشلىك قىلماق. * جىنكەشلىك قىلىپ ئاممىنى ئازدۇرغان، كىشىنى ئالداپ پۇلىنى ئېلىۋالغان، زىيان سالغانلارنى قەتئىي چەكلەش ھەمدە قانۇن بويىچە جازالاش كېرەك.**

**جىنكپۇىزى** ئى [جىن+كپۇەز+ى] <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، شەكلى كەڭ تۇخۇمسىمان؛ گۈلى سۇس سۆسۈن ياكى سېرىق بولۇپ، باشاقسىمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ؛ قاسراقلىق مېۋىسى سوقىچاق، ئىچىدە بىر دانە ئۇرۇقى بولىدۇ؛ ئۇرۇقى دورا بولىدۇ، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش رولىغا ئىگە.

**جىنئۇزۇمى** ئى [جىن+ئۈزۈم+ى] <بوت> ئۈجمە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكىللىك، يوپۇرماق ۋە غولىدا قاتتىق تۈكلىرى بولىدۇ؛ گۈلى سۇس يېشىل، ئاتىلىق، ئانىلىقلىرى ئايرىم تۈپتە بولىدۇ؛ توپ ئۆسكەن مېۋىسى شار شەكىللىك، رەڭگى قىزىل كېلىدۇ؛ دەرەخ قوۋزىقى سامان قەغەزنىڭ ياخشى خام ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ.

**جىنياڭيۇسى** ئى [جىن+ياڭيۇ+سى] <بوت>
① چايان ئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئالقانسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرمىقى پەيسىمان يېرىلغان، گۈلى سۆسۈن قوڭۇر رەڭلىك، گۈل ئوقىنىڭ ئۈستى قىسمى تاياق شەكىللىك كېلىدۇ؛ يەر ئاستى غولى شار شەكلىدە بولۇپ، يېپىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە كراخمال ئېلىشقىمۇ بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يەر ئاستى غولى.

**جىۋەك** سۈپ. جۇغى كىچىك، ۋىجىك، كۆرۈمسىز: **جىۋەك ئادەم. * جىۋەكرەك كەلگەن بۇ تەيجىنىڭ ۋەزمىنلىك بىلەن سورىغان ھەربىر سوئالىغا ئەدەب بىلەن جاۋاب بېرىپ ئولتۇرغان ھاجى، ئۇنىڭ خىيالچان چىرايىغا پات-پات قاراپ قوياتتى. * ئەنزە بۆلۈمىنىڭ ئوتتۇرا ياشلىق، جىۋەك كادىرى ئۇنى كرېسلوغا تەكلىپ قىلىپ، تۆرەمنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى.**

**جىۋىر** تەق. بىر توپ قۇشقاچنىڭ ئۆزئارا سايراشلىرىدىن ھاسىل بولغان ئارىلاش ئاۋاز.

**جىۋىر-جىۋىر** «جىۋىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: **كۈن پېتىشقا يېقىن، ئۈجمە شاخلىرىغا قونۇۋالغان بىر توپ قۇشقاچلارنىڭ جىۋىر-جىۋىر قىلىپ سايراشلىرى ئاڭلاندى.**

**جىۋىرلاشماق** «جىۋىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: **قۇشقاچلار جىۋىرلاشتى.**

**جىۋىرلىماق** پ. «جىۋىر-جىۋىر» قىلغان ئاۋاز پەيدا قىلماق، «جىۋىر-جىۋىر» قىلىپ سايرىماق.

**جياڭجۇن** ئى [خەن] يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەل ۋە شۇ ئەمەلگە ئېرىشكەن كىشى: **جياڭجۇن مەھكىمىسى.**

**جياڭجۇن مەھكىمىسى** <تارىخ> يۋەنشىكەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە تەسىس قىلىنغان، پرېزىدېنتقا بىۋاستە قارايدىغان ۋە پەقەت نامىلا بار ھەربىي - مەسلىھەتچىلەر ئورگىنى.

**جياڭيۇ** ئى [خەن] <يېم> پۇرچاق، بۇغداي ۋە تۇزنى قوشۇپ، ئېچىتىش ئارقىلىق ئىشلەنگەن تۇزلۇق سۇيۇقلۇق. تاماققا تەم كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**جىيەك** ئى [پ] ① دوپپا، تون قاتارلىقلارنىڭ گىرۋىكىگە تۇتۇلىدىغان مەخسۇس لېنتا: **توختاخۇننىڭ جىيەكلىرى مايلىشىپ كەتكەن قارا دۇخاۋا دوپپىسى ئاستىدىن دىردىيىپ چىقىپ تۇرغان**

ئاپئاق چاچلىرى قۇياش نۇرىدا كۈمۈشتەك پارقىرايتتى. ② بىر نەرسىنىڭ گىرۋىكى، چېتى، لېۋى، گەردىشى: نۇرنىسا ئۇنىڭ جىيەكلىرى قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قارىدى. ③ تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ چاغانتوقاي ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**جىيەك تارتماق** ـــ جىيەك تۇتماق: ئاسمان بوشلۇقىدا لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلارنىڭ قىرغاقلىرى كۈن نۇرىدا چەت-چۆرىسىگە زەر ئالتۇندىن جىيەك تارتقاندەك، پارقىراپ تۇراتتى.

**جىيەك تۇتماق** كىيىم-كېچەك قاتارلىقلارنىڭ چېتىگە لېنتا ئورناتماق: مۇزىكانتلارنىڭ ئارقىسىدا، جىلتىكلىرى جۇلالىنىپ تۇرغان قىزلار ۋە بادام دوپپا، جىيەك تۇتۇلغان ئاق كۆڭلەكلەرنى كىيگەن ئوغۇللار رەتلىك تىزىلىپ تۇراتتى.

**جىيەكلىك** سۈپ. ① جىيەكى بار، جىيەك تۇتۇلغان: دەل شۇ چاغدا، ئاق جىيەكلىك قارا قاسقان شەپكە، قارا شىم-پەشمەت كىيگەن ئوتتۇرا ئىككى ساقچى يالىڭاياغ بىر قېرى دېھقاننى قولىدىن باغلاپ، شەھەر دەرۋازىسى تەرەپكە سۆرەپ ماڭماقتا ئىدى. * سادىر سەل كەينىگە چۆشۈپ قالغان جىيەكلىك ئاق مالخىيىنى قىرلاپ قويۇپ، سېپىغا سىم ئورالغان قامچىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، سىقىمداپ چىڭ تۇتۇپ تۇراتتى. ② جىيەك قىلىشقا تەييارلانغان، جىيەك قىلىشقا مۇۋاپىق: جىيەكلىك رەخت.

**جىيەن** ئى. ئاكا-ئۇكا ياكى ئاچا-سىڭىللارنىڭ بالىلىرى: پادىچى يىگىت پارتىزان تاجىك سالىيانىڭ جىيەنى بولۇپ چىقتى ۋە ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتى.

**جىيىن** ئى. ئېگەرنىڭ ئىككى قېشىنىڭ قىرىغا مىخلانغان تۆمۈر ياكى مىس.

**جىيىنلىق** سۈپ. جىيىنى بار، جىيىن بېكىتىلگەن: جىيىنلىق ئېگەر.

# چ

**چ** ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ يەتتىنچى ھەرپى. ② رەت تەرتىپى جەھەتتە يەتتىنچىنى كۆرسىتىدۇ.

**چابدار** سۈپ [ر] تۇمشۇقى، قۇيرۇقى، يالى ئاق؛ باشقا تۈكلىرى قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك (ئات ھەققىدە): ئالدار باي كوچاڭ ئاشپۇزۇلدىن ياخشى تاماق يەپ چىقتى، ئۇ يۈزىدىكى، بويۇنلىرىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈپ، ئۇچقۇر چابدار ئېتىغا مىندى-دە، ھارۋا توختىغان جايغا قاراپ ماڭدى.

**چاپ** تەق. ئۈستۈنكى كالپۇك بىلەن ئاستىنقى كالپۇكنىڭ بىر-بىرىگە تېگىپ ئاجرىشىدىن ۋە لايدا مېڭىشتىن ھاسىل بولغان ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋازلار: شەمشى ئادەتتە لەۋلىرىنى شۈمۈپ «چاپ» قىلىپ ئوينايتتى.

**چاپار** ئى ← **چاپارمەن**: ئۇ لېۋزۈكنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن، فەنچېڭدىن شىياڭياڭغا چاپار ئەۋەتتى.

**چاپارمەن** ئى ① مۇھىم، جىددىي بىر خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئاتلىق ئەۋەتىلگەن خەۋەرچى: سۇنچۇەن ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىپ، شۇ ئان جۇيۈننى تەكلىپ قىلىپ كېلىش ئۈچۈن، لوياڭغا چاپارمەن ئەۋەتتى. * بەزەن قۇن بىرىملىرىدا، قۇيۇقسىز يىراقتىن ئۇنلۇك دۇدۇك ئاۋازى ئاڭلىناتتى. بۇ ئالاقە توشۇغۇچى چاپارمەننىڭ كەلگىنى ئىدى. ② كونا جەمئىيەتتە بىرەر باي ياكى مەنسەپدارنىڭ ئىلكىدە خىزمەت قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ بۇيرۇقىنى شەرتسىز، دەرھال ئىجرا قىلىدىغان، بو يولدا ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان ئادەم: تەيجى ئۆز چاپارمەنلىرىنى ئىشقا سېلىپ، پۈتۈن خەلقنى ياش-قېرى دېمەستىن ھاشارغا ھەيدىمەكتە ئىدى. * كۆپ ئۆتمەي ھاكىمنىڭ چاپارمەنلىرى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھەيدەپ، ھاكىمنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ.

**چاپارمەنلىك** «چاپارمەن» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**چاپاق** ① ئى. ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ كۆز چانىقىدىن ئاجرىلىپ چىقىدىغان ئاق ياكى سېرىق رەڭلىك يېرىڭسىمان شىلىمىلىق مادىدا: ئۇنىڭ ياخپايغان چاچلىرى، چاپاق

بىسىپ قىزارغان كۆزلىرى، جۇل-جۇل بولۇپ كەتكەن كۆڭلىكىنىڭ يىرتىقلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆل رەڭ تېنى كۆلسىمۇ، يىغلىسىمۇ باقىنىڭ «ئالۋاستى» دەپ تىللايدىغان قىياپىتىنى ئەسلەتتى. ② ئى. چاپاق باسقان ئادەم: چاپاقنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇماس، ماڭقىنىڭ بۇرنىدىن قاقاچ قۇرۇماس (ماقال). ③ سۈپ. تۇتۇق، مۇجمەل، ئېنىق ئەمەس: چاپاق خەت. چاپاق كۆرۈنمەك.

**چاپاق باسماق** چاپاق كۆپەيمەك، چاپاقلاشماق: سۆزلىيەلمىگەن ئېغىزدىن چاپاق باسقان كۆز ياخشى (ماقال).

**چاپىقىنى ئالمەن دەپ قارىغۇ قىلماق** ← **چاپىقىنى ئالمەن دەپ كۆزىنى قارىغۇ قىلماق**: بۇنداق قىلىش تەشكىلىي رەسمىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەي، باشقا بىر يېڭى چۈشىنىشمەسلىك پەيدا قىلسا، چاپىقىنى ئالمەن دەپ قارىغۇ قىلىپ قويىدىغان ئىش يۈز بەرسە قانداق بولىدۇ؟

**چاپىقىنى ئالمەن دەپ كۆزىنى قارىغۇ قىلماق** تۈزەيمەن، ياخشىلايمەن دەپ بۇزۇپ قويماق، كاردىن چىقارماق: ئۇلار: — قانداقلا بولمىسۇن ماڭالايسەن، چاپىقىنى ئالمەن دەپ كۆزىنى قارىغۇ قىلغاندەك ئىش بولۇپ قالمىسۇن يەنە، — دېيىشىپ ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلىشتىن توسىدى.

**چاپاقلاشماق** پ. ① كۆزدە چاپاق كۆپەيمەك، كۆزىنى چاپاق قاپلىماق، كۆزىنى چاپاق باسماق: ئۇ يۈزىنى يۇيۇشقا ھۇرۇن بولغاچقا، يۈز-كۆزى ھەمىشە كىر ۋە كۆزلىرى چاپاقلىشىپ تۇراتتى. ② ئېنىقسىز، تۇتۇق ھالەتكە كەلمەك، تۇتۇقلاشماق: ئۇ تولا ئۆچۈرۈلۈپ چاپاقلىشىپ كەتكەن خەتنى ئوقۇيالماي قىينالدى.

**چاپان** ئى. كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە كىيىدىغان سىرتقى كىيىملەرنىڭ ئومۇمىي نامى: چەكمەن چاپان. بەقەسەم چاپان. چاپان سالماق. * خالمۇرات ئۇنىڭغا: — بولۇپتۇ، ئېقىندىنى ئالمەن دېسە بېرىۋېتىڭ، ئۇ بايا ئۈستىڭىزدىكى چاپانغا قارىغاندەك قىلدى. مەيلى كېرەك يوق، — دېدى.

**چاپان چۈرۈمەك** ھەيۋە قىلماق، پوپوزا قىلماق، تەھدىت سالماق.

**چاپان سالماق** ① ئۈستىدىكى چاپىنىنى يەشمەك: چېپىپ كەتمەننى قوللىرى تالدى، تەرلەپ ئاخىرى چاپاننى سالدى. ② كۆچمە. قىلىۋاتقان ئىش-ھەرىكەتتىن يالتايماق، ۋاز كەچمەك، رايى يانماق، غەيرىتى بوشاشماق، قىزغىنلىقى سوۋۇماق.

**چاپانغا قاراپ مۇئامىلە قىلماق** ئەمەلگە، نوپۇزىغا، بايلىقىغا يارىشا مۇناسىۋەت قىلماق.

**چاپان كۆتۈرمەك** بىراۋغا بولۇشماق، يان باسماق، خۇشامەت قىلماق؛ يالاقچىلىق قىلماق: ئايتۇران ئېرىگە ئاچچىقلاپ: — سىلى ئەسلىدە ئېشەك يىلدا تۇغۇلغان. مەن بۇرۇنلا سىلىگە «ئۇرۇش باشلانغۇچىلىك ئۆزىمىزنى بىر ياققا ئالايلى» دېمىدىممۇ؟ جاللاتلارغا چاپان كۆتۈرۈپ نېمىمۇ تاپاتتىلا؟ — دېدى.

**چاپان ياپماق** بىراۋنىڭ يامان قىلمىشلىرىنى يوشۇرماق: ئۇ قوۇم تىزگىنلەشكە توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن، ياخشى-يامانىنى ئايرىماي ئەتراپىغا مەزھەپ ئۇيۇشتۇردى. مانا ئەمدى بارغانسېرى تەرەققىي قىلىپ، ئۆز مەزھىپىدىكى يامان كىشىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا چاپان ياپتى.

**چاپىنى تىزىدىن ئاشماسلىق** ئىش-ئوقىتى ئىلگىرى باسماسلىق، نامراتلىقتىن قۇتۇلالماسلىق، تۇرمۇشى روناق تاپالماسلىق: گۈلچېمەن ئاۋازىغا جىددىي تۈس بېرىپ، گۈلچۆھرىگە: — مەنمۇ ئىلگىرى ساڭا ئوخشاش ئىتائەتمەن ئىدىم. دولامغا ئۇرۇپ قويسا، ھۆل خىشقا دەسسەپ قوش تۇتتۇم، ئورما ئوردۇم، ئۆستەڭ چاپتىم، نېمىمىز ئىككى بولمىدى، چاپان تىزدىن ئاشمىدى، پېلەكنىڭ ئۇچىدا چۈشكەن قاپاقتەك يىگلەپ كېتىۋاتىمىز، — دېدى. * ئەمدى كېچە-كۈندۈز جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىسەكمۇ،

چاپىنىمىز تىزدىن ئاشمايدىغان بولۇپ قالدى.

**چاپىننى تەتۈر كىيمەك** ← **جۇۋىسىنى تەتۈر كىيمەك**: ئۇ بىردىنلا چاپىننى تەتۈر كىيدى.

**چاپان-چارا** چاپان ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەر؛ كىيىم-كېچەك: ئالماس بىلەن شانىياز چاپان-چارىسىنى قېقىپ، يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولغۇچە، موماي بىلەن خەلچەم چايخانا ئۆيدە بىردەم پايپېتەك بولۇپ ئالدىراشتى.

**چاپانچى** ئى ① چاپان تىككۈچى؛ چاپان تىكىپ ساتقۇچى ئادەم: بىزنىڭ مەھەللىدىكى ھېلىقى چاپانچى ھەر بازار كۈنى تونچە چاپانلارنى بازارغا ئاچىقاتتى. ② باشقىلارغا خۇشامەت قىلىدىغان، خۇشامەتچى، تەخسىكەش، يالاقچى ئادەم: ئۆبۇلھەسەنبەگ خوتۇنغا قاراپ: – ھېلى كىرىپ چىقىپ كەتكەن چاپانچىنى كۆردۈڭمۇ، ھەممە بالا شۇ مەككاردىن، يەنە بىرى لوخۇر دېگەن تۈلكە مىجەز ئەبلەختىن كەلدى، – دېدى.

**چاپانچىلىق** ① «چاپانچى» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى. ② ئى. خۇشامەت قىلىش، تەخسىكەشلىك قىلىش ئادىتى: ئاغزىڭنى يۇم! ھوي تېگى پەس. بۇ چاپانچىلىقىڭنى چوڭ بولغاندا قىل جۇمۇ.

**چاپانچىلىق قىلماق** بىركىمگە خۇشامەت، تەخسىكەشلىك ئىشىنى ئېلىپ بارماق: شوپۇر يېنىدا ئولتۇرغان كىشىگە: – بۇ ئادەم جۇمە سىلىڭغا ئون يىلچە چاپانچىلىق قىلدى. سوكسوك ئاتىنەك ئۇنىڭ كەينىدە قاتراپ يۈرگەن، مانا بىر يىل بولدى قوتۇلدى، – دېدى.

**چاپانلىق** سۈپ ① چاپىنى بار، چاپان كىيگەن: قارا چاپانلىق. سېرىق چاپانلىق. * ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى مەيدانىدا ئوقۇغۇچىلارنى چۆچۈتكەن يەنە بىر ۋەقە يۈز بەردى. مەكتەپ تەرتىپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىدىن كۆك چاپانلىق ئىككى كىشى چىقتى. ② چاپان تىكىشكە لايىق، باپ ياكى يېتىدىغان: ئىككى چاپانلىق تاۋار. ئۈچ چاپانلىق سارجا. چاپانلىق سېتىۋالماق.

**چاپاۋۇل** ئى. تارس. ← **چاپارمەن**: ئاق بوز ئاتلىق ئاي تۇغمىشتۇر، چاپاۋۇللار ئارقىسىدا. خىيال سۈرۈپ كېلەر يىگىت، ئېگىز تاغلار ئارىسىدا.

**چاپتۇرماق** I «چاپماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايغىرنى بايتالغا چاپتۇرماق.

**چاپتۇرماق** II «چاپماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئاتلارنىڭ ئۇ تەرىپىگە، تۆتى بولسا ئاتلارنىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتتى-دە، ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ قاچتى. * ئات مىندىم قارا قاشقا. چاپتۇردۇم تاشتىن-تاشقا، ھەركىمنىڭ يارى باشقا، ئوخشىمدۇ قەلەم قاشقا.

**چاپتۇرماق** III «چاپماق III» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گۇڭشې پارتكومى كېلەر يىل ئەتىيازلىق تېرىلغۇ تەييارلىقى ئۈچۈن دېھقانلارنى تەشكىللەپ، بىر غول ئۆستەڭ چاپتۇرۇش ئارقىلىق سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. * مەن ئىككى بالامغا 30 هارۋا ياغاچ چاپتۇرۇپ، ئۆگزىگە باستىم.

**چاپتۇرماق** IV «چاپماق IV» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: باشقا يېلىم چاپتۇرماق. بەدەنگە دورا چاپتۇرماق.

**چاپتۇرۇشماق** I «چاپتۇرماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاپتۇرۇشماق** II «چاپتۇرماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاتلىق ئەسكەرلەر ئاتلىرىنى چاپتۇرۇشتى.

**چاپتۇرۇشماق** III «چاپتۇرماق III» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاپتۇرۇشماق** IV «چاپتۇرماق IV» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى سېسترالارغا قىچىشقاق كېسەللىرىنىڭ پۇت-قوللىرىغا دورا چاپتۇرۇشتى.

**چاپتۇرۇلماق** I «چاپتۇرماق I»

پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چاپتۇرۇلماق** II «چاپتۇرماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بوغۇزىنى توي ناھايىتى قىزىدى، بىر تەرەپتە قوچقار سوقۇشتۇرۇلدى، بىر تەرەپتە ئوغلاق تارتىلىپ، نۇرغۇن ئاتلار چاپتۇرۇلغان بەيگە ئۆتكۈزۈلدى.

**چاپتۇرۇلماق** III «چاپتۇرماق III» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چاپتۇرۇلماق** IV «چاپتۇرماق IV» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چاپىنەكەش** سۈپ. دىئال. شوخ، كەپسىز.

**چاپچا** ئى. دىئال. ئارا.

**چاپ-چاپ** ① «چاپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بالا ئېغىزىنى چاپ-چاپ قىلىپ بىرنەرسە يېدى. ② جىددىي، كەسكىن، شىددەت بىلەن چېپىشىش: چاپ-چاپقا چۈشمەك. چاپ-چاپقا ئۆتمەك. * ئۇلار بىر تەرەپتىن تۆتۈلغانلارنى لىكچۇ ئايمىقىغا ماڭدۇردى، يەنە بىر تەرەپتىن، خىللانغان 500 چېرىكنى باشلاپ، چاپ-چاپ بىلەن كەلدى. ③ بەس-بەس بىلەن تالىشىپ ئېلىنىدىغان، ئىتتىك سېتىلىدىغان، خېرىدارى كۆپ: چاپ-چاپ مال. چاپ-چاپ بازار. * مەن ساندۇق بازىرىغا باردىم، ھەر خىل بوغانلىقتىكى ساندۇقلار قاتىرىغا تىزىلىپ كەتكەنىدى. ساندۇقنىڭ كۆپلۈكىگە قارىماي، بازىرىمۇ خېلى چاپ-چاپ ئىدى.

**چاپ-چاپ بازار** باس-باس سودا بولىدىغان، تالىشىپ ئېلىنىدىغان، خېرىدارى كۆپ بازار: ئايال مەنىلىك قىلىپ: ــ ئەكبەرنى قىزلار تالاشسا، سىگىلىسىنى يىگىتلەر تالاشسا، چاپ-چاپ بازار قەرىغاننىڭ ھويلىسىدا بولىدىكەن-دە! ــ دېدى.

**چاپ-چاپ قىلماق** شىددەت بىلەن قىرىپ چاپماق: بۇ لەشكەرلەرنى چوڭ پالۋان كۆزدەن يۈن باشلاپ چىققاندى. ئۇ بىرپەس چاپ-چاپ

قىلغاندىن كېيىن، لۈي شياڭ لەشكەرلىرىنىڭ تولىسىدىن ئايرىلىپ، جەڭ بىلەن يول ئېچىپ قاچتى.

**چاپچىش** ① «چاپچىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② ئى <سۇ> سۇ جىددىي ئېقىن ھالىتىدىن ئاستا ئېقىن ھالىتىگە ئۆتكەندە كۆرۈلىدىغان سۇ ئورنىنىڭ ئۆرلەش ھادىسىسى.

**چاپچىشماق** «چاپچىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ياپپېشىل رەڭدار گىلەمدەك كەڭرى داڭباس يايلىقنىڭ، چاپچىشىپ ئوينار تەنگە سىغماي ئات، قوتاز، قوي، تايلىقنىڭ.

**چاپچىماق** پ. ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە قاتتىق ئۇرماق، ھەر تەرەپكە تاشلانماق: مۇتەللا بەگنىڭ بېغىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى يولدا ئۈچ كىشى پەيدا بولدى، بۇلار تاشۋاي، بارات ۋە مىرئەلى بولۇپ، بارات بىلەن مىرئەلى بىردىن چاپچىپ تۇرغان يارامىلىق ئات يېتىلىۋېلىشقانىدى. * قىرغاق بويىغا خېلىلا يېقىنلاپ قالغان ئاتلار كۆكۈچ يېنىپ تۇرغان بۆرە كۆزلىرىنى سەزگەن بولسا كېرەك، ئۇشتۇمتۇت چاپچىپ، ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كىشنەپ، چىرقىراپ كەتتى.

**چاپراس** رەۋ. ئوڭ-سولغا ۋە ئۇزۇن-قىسقىغا كېسىشكەن؛ چەمبەرچاس: بىركۈنى سادىق چاپراس ئېلىنغان زەيكەش ئېرىقلىرى بويىدا بىرئوبدان ياشناپ تۇرغان ئورمان بەلباغلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۆيگە قايتاي دەپ تۇرغاندا، ئورمانلىقنىڭ ئارىسىدىن كەتمىنىنى مۈرىسىگە سالغان ھالدا نۇرئاخۇن چىقىپ كەلدى. * ئۇنىڭ پۇت-قوللىرى ياغاچقا مەھكەم باغلىۋېتىلگەنىكەن. ئۇن غۇلاچچە كېلىدىغان بۇ ئۇزۇن لەھەر ياغاچنىڭ چاپراس قىلىنغان ئارىلىقىدىن يىگىتنىڭ بېشى چىقىپ تۇراتتى.

**چاپراس قىلماق** ئۆزئارا كېسىشتۇرمەك، چەمبەرچاس قىلماق: ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چاپراس قىلىپ قويۇلغان ئىككى لەھەر ياغاچ ئاستىغا قوشۇما قاش، چىرايلىق بىر يىگىت دۈم ياتقۇزۇپ

باستۇرۇپ قويۇلۇپتۇ.

**چاپسا** ئى. دىئال. كىچىك كۈرەك.

**چاپسان** رەۋ. تېز، تېزلىك بىلەن، ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، ئاز ۋاقىت ئىچىدە؛ دەررۇ، ئىلدام: غېنى ئالدىرىماي تۇۋرىنىڭ ئىزمىسىنى يېشىشكە باشلىدى، ناسىر چاپسان كېلىپ مۇشۇكنى قولغا ئالدى.دە، پارقىراق، سىلىق مويلىرىنى سىلاپ، ئېگىزگىگە ياقتى. * ئىككى ۋەزىر يولدا كېتىۋېتىپ، بىر ئايالغا يولۇقۇپتۇ ۋە: ــ يەڭگە، سىنى پادىشاھ قىچقىرىۋاتىدۇ، چاپسان بول، ــ دەپتۇ.

**چاپسانلاتماق** «چاپسانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار ئەسكەرلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، ھېچقانداق توستۇنلۇققا ئۇچرىمىدى، شۇنىڭدىن كېيىن، قەدەملىرىنى چاپسانلىتىپ، ئىلگىرىلەپ كېتىۋەردى.

**چاپسانلاشتۇرماق** «چاپسانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پرولېتارىياتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بۇلارنىڭ يوقلىشىنى تېخىمۇ چاپسانلاشتۇرىدۇ.

**چاپسانلاشتۇرۇشماق** «چاپسانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاپسانلاشتۇرۇلماق** «چاپسانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىش ۋاقتىنىڭ ئۇزارتىلغانلىقى ياكى مۇئەييەن بىر ۋاقىت ئىچىدە تەلەپ قىلىنىدىغان ئەمگەكنىڭ كۆپەيگەنلىكى، ماشىنىلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ چاپسانلاشتۇرۇلغانلىقى ۋەھاكازالاردىن بولىدۇ.

**چاپسانلاشماق** تېزلەشمەك، سۈرئىتى بارغانسېرى ئاشماق: ياسىن ئىشىككە كەلگەندى، ئۇنىڭ قەدىمى خېلى چاپسانلاشتى.

**چاپسانلىق** «چاپسان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: خوتۇنلار قوشۇنى قۇرۇلغىنىغا ئاران ئۈچ يىل بولغىنىغا قارىماي، بەك چاپسانلىق بىلەن ئۆسۈپ، ئۇلغىيىپ باردى.

**چاپسانلىماق** پ. تېزلەشمەك، سۈرئىتى ئاشماق: ئۇلار ئاۋۋال ياۋاش ساماغا ئۈينىشىپ، كېيىن ئىككى-ئىككىدىن بولۇپ، بىر-بىرىنى ئايلىنىپ پىرقىراشقا باشلىدى. ساز، سازغا ئەگىشىپ ئۇسسۇل بارغانسېرى چاپسانلاپ قايناپ كەتتى.

**چاپقاق** سۈپ. چېپىلىپ قويىدىغان، چېپىلغاق: چاپقاق مۈشۈك.

**چاپقۇر** سۈپ. تېز چاپىدىغان، ئىلدام يۈگۈرىدىغان؛ يۈگۈرۈك: چاپقۇر ئات. * ئۆمرىدە پىچاق تۇتمىغان كىشىنى قىلىچ بىلەن ئارسلاننى ئۆلتۈردۈڭ دېمە. بىر كىشى ئۆمرىدە ئىشەككە مىنگەن بولسا، سەن ئۇنى ئېتىڭ دۈلدۈلدىن چاپقۇر دېگەن سۆزلەر بىلەن مەدھىيىلىمە.

**چاپقۇرلۇق** «چاپقۇر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئىلى، قارىشەھەر ئاتلىرى چاپقۇرلۇقى بىلەن ئالەمگە مەشھۇر.

**چاپقۇن** ئى. ① قار، يامغۇر ئارىلاش چىققان قاتتىق بوران؛ شىۋىرغان: چاپقۇن چىقماق. چاپقۇن بولماق. ② كۆچمە. شىددەتلىك، كەسكىن كۈرەش؛ دولقۇن: ئۆتمەكتە مانا سەندە ياشلىق چېغىم، ئىنقىلاب چاپقۇنىدا بۇركۈت بولۇپ. جانجان پارتىيىنىڭ نۇرى بىلەن، مەنزىلىم ـ كېلەچىكىم كۈندەك يورۇپ.

**چاپقۇن چىقماق** قار ئارىلاش قاتتىق بوران چىقماق، شىۋىرغان چىقماق: ۋاڭ سۇلتان مىرغەزەپنىڭ بۇ ئىشقا كۆنۈشىدىن گۇمانلىنىپ تەتۈر قارىۋالدى. قازى مۇددىئاسىنى چۈشەندۈرۈپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى: ــ شاد-خۇراملىق بىلەن ئۆتتۈۋاتقان بۇ كۈنلىرىمىزدە، تۇيۇقسىز چاپقۇن چىقىپ، زاۋال ۋاقتىدا خوراز چىللىغاندەك بىر ئىش بولدى.

**چاپقۇنلۇق** سۈپ. ① چاپقۇنى بار، چاپقۇن چىقىپ تۇرىدىغان: چاپقۇنلۇق كېچە. ② كۆچمە. دەھشەتلىك، شىددەتلىك: بۇ «ئەمما» ناھايىتى كۆپ پاجىئەلىك، ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلەر بىلەن مەنداش بولۇپ چىقتى. 1967-يىلنىڭ چاپقۇنلۇق ئايلىرى ئۆز كارامىتىنى بۇ قەدىمىي ئورمانلىقتىمۇ كۆرسەتتى.

**چاپقۇنلماق** پ. قار ياكى يامغۇر ئارىلاش بوران چىقماق: مىلتىقلار خۇددى چاپقۇنلاپ يېغىۋاتقان يامغۇردەك، قويۇق ئېتىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭغا يەنە پىلموتنىڭ ئاۋازى قوشۇلدى.

**چاپقىدىماق** پ. يېغىن ئارىلاش چىققان بوران، شىۋىرغان قاتتىق ئۇرۇلماق: شۇ كۈنى قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەنلا قار ياغدى. كۈنپېتىشتىن چاپقىداپ شامال ئۇرۇپ تۇراتتى، تېز ۋە قويۇق يېغىۋاتقان قار كۆز ئاچقۇزمايتتى.

**چاپلاتقۇزماق** «چاپلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: پادىشاھ: «ئەگەر كىمكى شۇ گۈلنى قاچىدەك تاش بىلەن ئويۇپ ئېلىپ، تەۋرەتمەي مېنىڭ ھۇجرامغا ئورنىتىپ بەرسە، نېمىنى تەلەپ قىلسا، ئورۇنداپ بېرىمەن» دېگەن ئېلاننى بازار-بازارغا چاپلاتقۇزۇپتۇ.

**چاپلاتماق** «چاپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇ-رىي دەرىجىسى.

**چاپلاشتۇرماق** «چاپلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چاپلاشتۇرۇلماق** «چاپلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چاپلاشقاق** سۈپ. ئاسان چاپلىشىدىغان، چاپلىشىۋالىدىغان، تېز يېپىشىدىغان: چاپلاشقاق ئوت. چاپلاشقاق لاي.

**چاپلاشقاقلىق** «چاپلاشقاق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**چاپلاشماق** ① «چاپلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرگەندە، بىرقانچە بالا مەكتەپ تاملىرىغا بالىلار بايرىمى ھەققىدە يېزىلغان شوئارلارنى چاپلىشىۋاتاتتى. ② بىر-بىرىگە مەھكەم تېگىپ تۇرماق، يېپىشماق: يەرگە چاپلاشماق. تامغا چاپلاشماق. * ئەكبەر ئاخشام چالا قالغان غول زەيكەشنىڭ قىرغىقىغا يېتىپ كەلگەندى، قىرغاقتىكى قارىمايدەك يالتىراق ۋە يېپىشقاق لاي ئۇنىڭ تىزىغىچە چاپلاشتى. * ئۇ يان تەرەپتىن ئاتماقچى ئىدى، تەپكىنى باساي دېگۈچە، دۈشمەن پوتىيىدىن چىققان ئوقلار ئۇنى يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. ③ كەينىگە كىرىۋالماق، پېشىگە ئېسىلىۋالماق؛ يېپىشىۋالماق: مەن تۆردى ساقچىنىڭ ئاچچىق ئۈچىيىدىكىنى بىلمەن. مۇلايىم كۆرۈنگىنى بىلەن قىلىدەك ئىشنى پىلدەك كۆرۈپ، چاپلىشىۋالىدىغان ئادەم ئۇ. بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ كۆچۈرۈۋېتىڭ ئۇنى. * مۇيەسسەر يېنىمدىن تېزلا كېتىپ قالدى. مەن شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭغا سۆزلەتكىلى چاپلاشتىم. ④ ئولاشماق، چېپىلماق، يۇقماق، يېپىشماق: بۇ مەسۇمە قىزنىڭ نامى «سارالڭ» بولدى، «بىزنىڭ ساھىبجامالىمىز ئەقلىدىن ئېزىپتۇ. ئۇنىڭغا ئەركەك سۈرەتلىك بىر جىن چاپلىشىۋالغان چېغى، پېرىخونغا ئوقۇتۇۋەتمىسە، قۇيۇنغا ئەگىشىپ كېتىپ قالغۇدەك» دېگەن سۆز-چۆچەكلەر يۇقۇملۇق زۇكامدەك تېزلا تارىلىپ كەتتى.

**چاپلاقلىق** سۈپ. چاپلانغان، چاپلاپ قويۇل-غان: چاپلاقلىق رەسىم. چاپلاقلىق گېزىت. * تام گېزىت ئىككى ھەپتە چاپلاقلىق تۇردى.

**چاپلانماق** «چاپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قار توختاپ، سوغۇق تېخى پەسلىمىگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شەھەر كوچىسىنىڭ دوقمۇش-دوقمۇشى-غا «4-نومۇرلۇق بۇيرۇق» دېگەن «يوغان» خەتلىك ئېلان چاپلاندى.

**چاپلىشىش** «چاپلىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى.

**چاپلىشىش كۈچى** <فىز> ئوخشىمىغان ئىككى خىل جىسىم ئۇچراشقاندا، مولېكۇلىلار-نىڭ جىسىم يۈزىدە كۆرۈلىدىغان ئۆزئارا تارتىشىش كۈچى. مەسىلەن، سۇنىڭ ئىستاكان يۈزىگە چاپلىشىپ تۇرۇشى، شىلىمنىڭ نەرسىلەرنى چاپلىشى قاتارلىقلار-نىڭ ھەممىسى چاپلىشىش كۈچىنىڭ رولى-رىدىن ئىبارەت.

**چاپلىما** سۈپ. چاپلاپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، چاپلاپ بېكىتىلگەن: چاپلىما يانچۇق. * زاۋۇت بۇ يىل 1-، 2-ئايدىلا 17 مىڭ 477 جۈپ پاشنا ۋە چاپلىما پاشنىلىق رېزىنكە چەم ئىشلەپچىقىرىپ، بۇ خىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى 153.8 پىرسەنت ئورۇندىدى.

**چاپلىما يانچۇق** <كىي> كىيىم ئۈستىگە چاپلاپ تىكىلىدىغان يانچۇق.

**چاپلىماق** پ ① يەلىمەك، يېپىشتۇرماق: ماركا چاپلىماق. لاي چاپلىماق. * ئەپچىلەملەر شۇ بازار كۈنى مۇھۆر خەتتىن بىرنى كۆچۈرۈپ، بازاردىكى چوڭ مەسچىتنىڭ ئالدىغا چاپلاپ قويغانىكەن. ② بىر-بىرىگە تەگكۈزمەك، ياقماق: يۈزىنى-يۈزىگە چاپلىماق. * يولۋاس يۈزىنى ئەزىزەمنىڭ يۈزىگە چاپلاپ تۇرۇپ: ـ ئورۇنسىز ئاۋارە بولماڭ، ئەمدى ھەرقانداق قىلىپ قۇتۇلالمايسىز، ـ دېدى. ③ مۇناسىۋەتتى، چاتىقى بار دېگەن قاراشنى پەيدا قىلماق: ـ ئېيتقا، ئەزىزخان! ـ دېدى ئۇ توغرىدىن-توغرىلا، ـ ئەكبەرنى پاتىمىگە چاپلىماق بولغان، «ئاسمىنى كۆرەش قىلىپتۇ» دەپ ئىغۋا توقۇغانلار قايسى مۇراد-مەقسەتكە يەتمەكچىكەن؟ ④ يۈكلىمەك، ئارتماق: بوھتان چاپلىماق. تۆھمەت چاپلىماق. بەتنام چاپلىماق. * رۇسۇل ئاكا قىزىنىڭ خېتىنى ئاڭلاپ ئولتۇرالماي قالدى. ئۇنىڭ ئۆز ئىشىغا پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ، قىزىغا يوق بەتنامنى چاپلاپ، ئايالى بىلەن قىزىرىشقانلىقىغا خىجىل بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ بىلىپ بولمايتتى. ⑤ قوشماق، ئۆستۈرمەك، ئۆرلەتمەك: باھا چاپلىماق. * بۇ جەرياندا، بىر قىسىم ناھىيىلەرنىڭ تراكتور ۋە ھەر خىل دېھقانچىلىق ماشىنا-سايمانلىرىغا باھا چاپلاپ ساتقان خاتا ئىشلىرىغا قارىتا تەنقىد-تەربىيە بېرىپ، گۈڭشې-دۆلەتلەردىن ئارتۇق ئېلىنغان 6 مىڭ 899 يۈەندىن كۆپرەك پۇلنى دېھقانلارغا قايتۇرۇپ بەردى.

**چاپلاپ قويغاندەك** ئوپمۇئوخشاش، قۇيۇپ قويغاندەك: خان ئوغۇل دادىسىنىڭ ياشلىقىغا چاپلاپ قويغاندەك ئوخشايتتى.

**چاپما** سۈپ. چېپىلىدىغان، چاپىدىغان؛ چېپىلغان: چاپما ئاش. چاپما ئۇلاق.

**چاپما ئاش** <سانا> تېرىنى ئاشلاش ئۈچۈن تەييارلانغان قويۇقراق ئاش.

**چاپما بازغان** <سانا> بىر تەرىپى قىرلىق، يەنە بىر تەرىپى تەكشى يۈزلۈك كېلىدىغان بازغان.

**چاپما بولقا** <سانا> بىر تەرىپى قىرلىق، بىر تەرىپى تەكشى يۈزلۈك كېلىدىغان بولقا.

**چاپما تاش سۇۋاق** <بىن> بىر خىل سۇۋاق شەكلى. بۇنىڭدا، تام تاش ئۇۋاقلىرى، سېمونت ۋە سۇ قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلغان لايدا سۇۋىلىپ، مەلۇم دەرىجىدە قاتقاندىن كېيىن، پالتىدا چاناپ قىر چىقىرىلىدۇ.

**چاپما ھەرە** <سانا> يۈزىنىڭ بىر تەرىپى كەڭ، بىر تەرىپى تار، چىشى يوغان، ئېگىزدىن پەسكە تارتىپ ئىشلىتىدىغان چوڭ شال ھەرىسى.

**چاپما ئۇلاق** يوغان دەرەخ غولىدىن ئويۇپ ياسالغان ياغاچ ئوقۇر.

**چاپماق** I پ. ئايغىر ياكى ھاڭگا ئېشەك بايتال ياكى مادا ئېشەك بىلەن جۈپلەشمەك؛ ئارتىلماق، ئېسىلماق.

**چاپماق** II پ ① بىرەر يۆنىلىشتە تېز ھەرىكەت قىلماق؛ يۈگۈرمەك: بالىنى ئىشقا بۇيرۇپ، كەينىدىن ئۆزۈڭ چاپ (ماقال). * سۇ تاشسا دۆڭگە چاپ (ماقال). * ئۇ شاپاشلاپ تاشقىرىغا چاپتى. نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغان شەۋكەت ئۇنى كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئىشىك تۈۋىگىچە ئۇزاتتى. ② (ئات) سالماق، قويماق؛ يۈگۈرتمەك: دەل شۇ چاغدا، سايلىقنى

يېرىپ بىر كىشى ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ قالدى. ئالدى بىلەن قازى ئات چېپىپ كەلگەن كىشىنى تونۇدى. ئۇ باتۇر ئىدى.

**چاپماق** III پ ① تىغلىق ئەسۋابلار بىلەن پارچىلىماق، يارماق، كەسمەك: پالتا بىلەن چاپماق.ياغاچ چاپماق. * ۋاقتى ئۆتكەندە قىلىچىڭنى پوققا چاپ (ماقال). * مەن بىرىنچى بولۇپ تېرەكلەر-نىڭ بىرىگە پالتا چاپتىم. ئەمدى ھەرىلەيمىز دەپ تۇرۇشىمىزغا، مەسۇم ئاكام ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى-دە، تېرەكنىڭ غولىنى گەۋدىسى بىلەن توساپ تۇرۇۋالدى. * دۈشمەن سەركەردىسى يىراقتىن ئات چېپىپ كېلىپ، ئەسمۇتۇللا بەگكە قىلىچ چاپتى. ② قازماق؛ كولىماق: ئۆستەڭ چاپماق. * گۇڭشې پارتكومى قۇملۇقتا كەڭلىكى 12 مېتر، ئۇزۇنلۇقى 38 كىلومېتر كېلىدىغان ئۆستەڭ چېپىپ، يەكەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى باشلاپ كېلىشنى قارار قىلدى.

**چاپماق** IV پ. ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ بىرەر جايىغا شىلىمىسمان سۇيۇقلۇق ياكى مەلھەملىك نەرسىنى سۈرمەك، يېپىشتۇر-ماق: باشقا يېلىم چاپماق. بەدەنگە دورا چاپماق. * ئۇنى مېنىڭ ئۆيۈمدىكى خىزمەتچىمنىڭ قېشىغا ئەۋەتىڭ، ئۇ بىلىدۇ. بىرئاز قىچا بېرىڭ دېسۇن، پاقالچاقلىرىغا چېپىپ قويۇش كېرەك. * ـ ئىت تېرىسىگە مەلھەم دورا چاپسا يېپىشمايدىغۇ دەيمەن! قېنى مەن نەسىھەت قىلىپ باقاي! ـ دېدى ئەمەت.

**چاپمۇچاپ** رەۋ. ئۇدۇلمۇئۇدۇل، يۈزمۇيۈز: ئۇ مەتروزىنىڭ ئۆيىگە بۇرۇلىدىغان دوقمۇشتا كەلگەندە، سۇلتان بىلەن چاپمۇچاپ ئۇچرىشىپ قالدى.

**چاپىلىق** ئى. چارۋىلارنىڭ قىشلىق زاپاس ئوزۇقى ئۈچۈن ئوت-چۆپ چېپىۋېلىنىدىغان جايلار. بۇنداق جايلاردا ئادەتتە چارۋا بېقىلمايدۇ ياكى ئوت-چۆپ چېپىۋېلىنغاندىن كېيىن بېقىلىدۇ.

**چاپى** ئى. دىئال. شادلىق كەڭ كارىۋات.

**چات** ئى ① ئىككى ئاياغنىڭ ئارىسى؛ چاتراق: چات كەرمەك. چېتىنى يىرماق. ② ئىككى يول ياكى لىنىيىنىڭ تۇتاشقان ياكى ئايرىلغان يېرى: ئەنە ئاشۇ تۇمشۇق ئالدىدىكى چاتتىن كىرىمىز، ئۇنىڭ ئىچى سۇلۇۋ ساي دەپ ئاتىلىدۇ.

**چات كەرمەك** باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالماق، ھەممە ئىشنى ئۆز ئالدىغا تارتىۋالماق: ـ سىزنىڭ بۇنداق قىلىشىڭىز ۋە بىزنىڭ ئىشىمىزغا چات كېرىۋېلىشىڭىز ياخشى ئەمەس. ئايال دېگەن بۇنداق ئىشلارغا چېپىلمايدىغان! ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەنجەد. * خىزمەت گۇرۇپپىسى دادۈينىڭ پۈتۈن ھوقۇقىنى تارتىۋالدى، ھەممە ئىشقا چات كېرىۋالدى.

**چاتاتماق** «چاتىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چاتاشماق** «چاتىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاتاق** I ① ئى. بىرەر ئىش-ھەرىكەت توپەيلىدىن يۈز بەرگەن ئوڭۇشسىزلىق؛ يامان ئاقىۋەت، پېشكەللىك: چاتاق بولماق. چاتاققا قالماق. * ـ ئىش چاتاق، بۇلار تاشۋاينى تۈرمىگە تاشلاتقۇزىدىغان بولدى، ـ دېدى ھەلىمخان ئۇنىڭغا. * جۇما كۆپچىلىككە: ـ ئىش چاتاق، ئولتۇرامسىلەر، مەشرەپ بىلەن ئىككىمىز ئۆي ئارىلاپ يۈرسەك، تېخى ھېلىلا «خۇدالىق مەدرىس» تەرەپتىن بىرنەچچە ئاتلىق چاپارمەنلەر چىقىپ، بايىز خالۋاپنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇۋەتتى ـ دېدى. ② ئى. بىرەر ئىش-ھەرىكەت ياكى بىرەر نەرسىدىن كۆرۈلگەن ئاۋارىچىلىك؛ توسالغۇ، كاشىلا: چاتاق تاپماق. چاتاق چىقماق. * چاتاق توك يولى قىسمىدا، يەنى سۈيچتا ئىكەن، سۈيچ ئېلېكتر توكىنى چاقنىتىپ بېرەلمىگەنلىكتىن، تراكتور ئوت ئالماپتۇ. * چاتاق ئەگرى ئوقنىڭ 0.51 مىللىمېترلىق ئىچكى دىئامېترىنى 0.15 مىللىمېتر قىلىپ قىرغانلىقىدىن چىققاندى. ③ سۆپ. خاتا

قىلىنغان، توغرا بولمىغان؛ ناتوغرا: چاتاق ئىش. * ئۇ ھەمراھىغا: ـ باغۋەن ھېچقاچان بىزنى يامان بولسۇن دېمەيدۇ. سەن باغۋەننىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلماي چاتاق ئىش قىلدىڭ، بىزنى باغۋەن تەربىيىلىمىسە كىم تەربىيىلەيدۇ؟ ـ دېدى. * لىۋىيې: ـ ئىنىم، باتۇرلۇقىڭىزغا ئاپىرىن ئوقۇيمەن. بىراق، بىر ئىشنى چاتاق قىلىپسىز، ـ دېدى جاڭ فېيغا. ④ ئى. بىرەر سەۋەب تۈپەيلى يۈز بەرگەن ماجىرا؛ ئۇرۇش، جېدەل: چاتاق چىقارماق. * ـ ھەممە چاتاق دوسكىغا چىققانلارغا ئېيتىپ بېرىشتىن چىقىۋاتىدۇ. ئەگەر ئېيتىپ بېرىش بولمىسا، سىنىپ ئىنتىزامىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى، ـ دېدى ئېلىبېك. ⑤ ئى. ئەيىب، نۇقسان، ئېبۋەن: ـ قېنى بۇ ئەينەك بىلەن ئارقىڭىزنىمۇ كۆرۈپ بېقىڭ، چاتاق بارمۇ-يوق؟ ـ قىزنىڭ سۆزلىرىدىن بىر خىل خۇش خۇيلۇق، شوخلۇق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ⑥ سۈپ. كۆچمە. ساغلام ئەمەس، ساغلام بولمىغان؛ كېسەل، ئاغرىق: تا ھازىرغىچە ئېيتىپمەن تالاي ھاراق، چىقمىدى ھېچ مەندىن ئالتۇن مۈڭگۈز-قۇلاق. ئاشقازانىمۇ چىقتى كاردىن، يەنە كېلىپ، جىگەر قانتقان، بۆرەك ئاجىز، يۈرەك چاتاق. ⑦ ئى. كۆچمە. مۇناسىۋەت، ئالاقە: ـ كېسەل بولسا چاتىقىم نېمە؟ مەن ئادەم بالىسى بولغىنىم بىلەن، سەنلەرگە ئوخشاش ئەخمەق قىلەردىن ئەمەس، بۇ گېپىڭنى ئاناڭغا دەپ بەر! ـ دېدى شاكىر پوقاق مەدىكارلارغا. ⑧ ئى. مەلۇم بولمىغان، مۇرەككەپ، مۇجمەل تەرەپ: ھۆسەن ئاكام چاتاقنىڭ نەدىلىكىنى تاپالماي، ھەم ھەيران بولدى، ھەم سوغۇققانلىق بىلەن سەۋەبىنى ئىزلىدى، يېڭى سورتقا ئىخلاس قويۇشقان بەزى كىشىلەرمۇ ئىككىلىنىشكە باشلىدى.

**چاتاق بولماق** ① مالاللىق، خەتەر يۈز بەرمەك؛ خەۋپ يەتمەك: ھەلىمخان دېرىزىنى چېكىپ: ـ چاتاق بولدى! بۇلار تاشۋاينى تۇرمىگە تاشلىماقچى بولۇۋاتىدۇ، ـ دېدى لەيلىگۈلگە. * ئۇ: ـ ھەي! بۇ تازا چاتاق بولۇپتۇ. سەن مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇر، مەن سەندىن تېز يۈگۈرمەن، پادىشاھقا مەنلا بېرىپ خەۋەر قىلاي، ـ دەپ يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. ② ئۇرۇش، جېدەل-ماجىرا يۈز بەرمەك؛ غوۋغا كۆتۈرۈلمەك: شاھى ئاقىل بىركۈنى، ھەمراھ قىلىپ كۆلكىنى، ۋەزىرىگە دەپتۇ: ـ مەن بەلكى ئالدىراش، ئىشقا بەند. مالال كۆرمەي يۈرتنى كەز، كۆزەت، چاتاق بولسا سەز. ③ كاشىلىغا ئۇچرىماق، يامان بولماق: ـ ئۇ بىر-ئىككى كۈننىڭ ئىچىدە ماڭىسىغۇ مەيلى، ـ دېدى ئايالىمۇ قايغۇرۇپ، ـ يەنە بەش-ئالتە كۈن تۇرۇپ قالسا، ئىشىمىز چاتاق بولىدۇ. ④ سەت بولماق، ئوسال بولماق، ئىزا بولماق، ئۇيات بولماق: بۈگۈن ئۆيدىكى ھەممىمىز تالڭ ئاتقانلىقىنى تۇيماي قاتتىق ئۇخلاپ قاپتۇق. ھەممىدىن مېنىڭ مەكتەپكە كېچىكىپ قالغىنىم چاتاق بولدى!

**چاتاق تاپماق** ① جېدەل-ماجىرا تۇغدۇرماق، كاشىلا پەيدا قىلماق: ئۇ چاتاق تاپمىسىلا مەندە گەپ يوق. ئەگەر ئۇ مۇشۇ سەپەردە بىرەر چاتاق تاپسا، دەرھال ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش كېرەك. * تەھرىر، سەنمۇ بول ئادىل، ئۆز كەسپىڭگە ھەم قابىل؛ گەر بولمىساڭ سەن ئادىل، تاپىسەن ھەر چاتاقنى.

**چاتاق تېرىماق** جېدەل-ماجىرا تۇغدۇرماق، غوۋغا كۆتۈرمەك: سېنىڭ بۇرۇن ئۆتكۈزگەن خاتالىقىڭغا چارە كۆرۈپ بولغۇچە، ئەمدى يەنە بۇ چاتاقنى تېرىدىڭ.

**چاتاق چىقماق** ① كاشىلا، خەتەر يۈز بەرمەك؛ خەۋپ يەتمەك: نىزامىدىن ئاقىلبېككە: ـ ئەگەر بىرەر چاتاق چىقىپ قالسا، بىرنەچچە پاي ئوق چىقىرىپ، دەرياغا سەكرەش كېرەك، ـ دەپ پىچىرلىدى. * دوختۇر تىڭشىغۇچنى قۇلىقىدىن ئېلىپ: ـ ھازىر ھېچ ئىش بولمىغاندەك قىلغان بىلەن، ئاخشاملىققا چاتاق چىقىدۇ. ئۇنىڭغا

مۇداپىئە ئوكۇلى بولسىمۇ سىيلىش كېرەك، — دېدى زۇلخۇمارغا. ② ئاۋارىچىلىك، كېلىشمەسلىك يۈز بەرمەك، كاشىلا تۇغۇلماق: ماتېرىياللار ئاساسەن كونا، كېرەكسىز نەرسىلەر ساقلىنىدىغان ئامباردىن ئېلىندى، ماي ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سىناش جازىسى پۈتتى، بىراق، ماتور قويۇلۇپ رەسمىي سىنايدىغان ۋاقىتتا چاتاق چىقتى.

**چاتاق سالماق** ① خەۋپ كەلتۈرمەك، قېيىنچىلىق تۇغدۇرماق: ئەكسىيەتچى قانۇنشۇناسلار نەچچە يۈز يىل ياكى نەچچە ئون يىل داۋامىدا مۇكەممەل تۈردە ئىشچىلارنى چەكلەيدىغان، كەمبەغەللەرنىڭ پۇت-قولىنى چۈشەپ قويىدىغان، خەلق ئىچىدىكى ھەربىر ئادەمنى ئەمگەكچىگە تۈرلۈك يوللار بىلەن چاتاق سالىدىغان، توسقۇنلۇق قىلىدىغان ناھايىتى تەپسىلىي قائىدە-نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى. ② جېدەل چىقارماق، ماجىرا تۇغدۇرماق، غوۋغا كۆتۈرمەك: مۇبادا داشۆ مەمۇرلىرى ساۋاقداشلارنىڭ مەسىلىلىرىنى مۇۋاپىق ئويلاشسا، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ كىشىلىك قەدىر-قىممىتىگە ھۆرمەت قىلىشسا، ئەتەي چاتاق سالىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

**چاتاق قىلماق** ① پاراكەندە قىلماق، خەۋپ-خەتەر كەلتۈرمەك: پوتەيلەرنى كۆيدۈرۈۋەتكىنىمىز ياخشى. دۈشمەن يەنە كېلىپ قالسا، چاتاق قىلىدۇ. ② ئۇرۇش، جېدەل-ماجىرا چىقارماق؛ غوۋغا كۆتۈرمەك: مانا قارا رەھىم قادىر، سەن پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى بولغاندىن كېيىن، بۇنى ساڭا ئېيتىمىز. يەككە دېھقاننىڭ بۇغدىيىغا نېمشقا دورا چاچىسەن دەپ ئىمىنكام چاتاق قىلىۋاتىدۇ. ③ قالايمىقانلاشتۇرۇپ قويماق، بۇزۇپ قويماق؛ مۇرەككەپلەشتۈرمەك: ئازات خەلچەمنىڭ يېنىغا كىرىپ: — سىزنى كۆرۈشكە ئالدىراپ، ئىشلىرىمنى چاتاق قىلىپ قويدۇم، بەرگەن قۇربانلىقىم بىكار كەتمىسۇن دەپ بۇنى سىزگە دەۋاتىمەن، — دېدى. ④ كاشىلا قىلماق، ئاۋارە قىلماق: سادىق خۇشاللىق بىلەن ئۇلارغا:

— ئورمان بوۋايمۇ، ئادىلمۇ سىلەرگە سالام ئېيتتى، بىز بىر تۇغقان قېرىنداشلاردەك قۇچاقلىشىپ كەتتۇق، تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي پاراڭلىشىپ چىقتۇق. ئورمان بوۋام قوي سويىمەن دەپ خېلىلا چاتاق قىلدى. قانچە توسساممۇ ئۇنىمىدى، — دېدى.

**چاتاق يوق** ① كاشىلا يوق: ماشىنىمىزدا چوڭ چاتاق يوق، ھەيدىسەكمىز بولىدۇ. ② ھېچقىسى يوق، مەسىلە يوق، كارايىتى چاغلىق:

— ئومۇمىي ساندا چاتاق يوق، ئەلۋەتتە، مال تۈرى بويىچە ھېسابلىغاندا 13 سېنىر كەم. بىز جەدۋەلنى قايتا كۆزدىن كەچۈرۈشكە كىرىشتۇق. * مەن ناھىيىدىكى ئەركىن بازارغا بېرىپ گۈرۈچ سېتىۋالىمەن، مەززىلىك پولۇ يېيىشىمىزدە چاتاق يوق.

**چاتىقى بار** ① مەسىلە بار، بۇزۇلغان جايى بار: بۇ رادىئونىڭ چاتىقى بار، بولمىسا نېمە ئۈچۈن يانمايدۇ. ② مۇناسىۋىتى، ئالاقىسى بار؛ كارى بار: تۇردى: — ماڭا ئىشەنمەي، شۇ ئوغرىنىڭ گېپىگە ئىشەندىڭمۇ؟ پايدا-زىيان بىلەن نېمە چاتىقى بار ئۇنىڭ. بازاردىن چىققاندا ھېساب ئالسام بىرمۇنچە پۇلنىڭ ئورنى يوق، — دېدى ئۇنىڭغا. * بۇ ئادەمنىڭ خېلىدىن بېرى ئۇ ئايال بىلەن چاتىقى بار ئىدى.

**چاتىقى يوق** مۇناسىۋىتى، ئالاقىسى يوق؛ كارى يوق؛ بىغەم: ئەقىللىق بالا كۆپ سورايدۇ. ھېچنېمىنى ئويلىمايدىغان، بىر نەرسىنى چۈشەنسىمۇ-چۈشەنمىسىمۇ چاتىقى يوق يۈرۈۋېرىدىغان، يەپ-ئىچىپ، ئويناشنىلا بىلىدىغان بالا ياخشى بالا ئەمەس!

**چاتاق** II ئى. دەرەخ غولىدىن ئايرىلىپ چىققان شاخ؛ پۇتاق: چاتاق كەسمەك. چاتاق پۇتىماق.

**چاتاقچى** ئى ① جېدەل-ماجىرا تۇغدۇرىدىغان، غوۋغا چىقىرىدىغان ئادەم: — ئۇ ئەزەلدىنلا چاتاقچى ئىدى، بىرقانچە قېتىم كۆرەشكە تارتىلغان بولسىمۇ تېخىچە ئۆزگەرمەپتۇ، — دېدى

ئۇنىڭغا. * ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇرۇمچىلىك تۇردى ھۇسسىيىن دېگەن بىر چاتاقچىمۇ بار. ② باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى، چاتىقىنى ئىزلىگۈچى؛ قۇسۇرچى.

**چاتاقلاشتۇرماق** «چاتاقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىشنى چاتاقلاشتۇرماق. مۇناسىۋەتنى چاتاقلاشتۇرماق.

**چاتاقلاشماق** پ. ① چاتاق، يامان، خەتەرلىك ھالەتكە كەلمەك، يامانلاشماق: مېنىڭ ئىشىم چاتاقلىشىپلى تۇردى. * بىز بۇ تەرەپكە چاپقاندا، ئەھۋال چاتاقلاشقان، بۇ چاغقا ئۇ يەردە قىيامەت قايىم بولغاندۇر، لىپمۇلىپ تولغان سۇغا نېمە بەۋا كېلىدۇ، دامبىنىڭ ئۇستىدىن ياماراپ ئېقىشقا باشلىغان. دەھشەت، دەھشەت، ـ دېدى ئوسمان تاران تەشۋىش ئىچىدە. ② جېدەللەشمەك، ئۇرۇشماق: سەن نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن چاتاقلىشىسەن. ③ بىر-بىرى بىلەن چاتاق تېرىماق، يامان ئىش قىلماق: ـ بۇ تۇرغانلار گەپ، ئۇلار: «مانا، شەھەرگە بېرىپ ھەپتە ئۆتمەيلا بىركىم بىلەن چاتاقلىشىپتىكەن، قوغلاندى بولۇپ قايتىپ كەپتۇ» دەپ سۆز-چۆچەك قىلىشار، ـ دېدى ئۇ. * ئۇ ھەر كۈنى كەچتە گايىت باينىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ قىزى بىلەن چاتاقلىشىپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى كىم بىلسۇن! سىز شۇ يەرگە بېرىپ قاراپ بېقىڭ.

**چاتاقلىق** I «چاتاق I» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئىشنىڭ چاتاقلىقى مەلۇم بولدى.

**چاتاقلىق** II سۈپ. پۇتىقى بار، پۇتىقى كۆپ؛ شاخلىق: چاتاقلىق تېرەك. چاتاقلىق دەرەخ.

**چاتاقلىماق** پ. چاتاق، شاخ چىقارماق، شاخلىماق: بولۇق ئىدى، تەكشى ئىدى، ھەم قويۇق، يۇرەك ئوينايپ ئىلھام-ھەۋەس ئالاتتۇق. چاتاقلىغان بەرگى-شېخى ھەر تامان، ساپ ھاۋالىق ئىشقى بىلەن ياناتتۇق.

**چاتالماق** «چاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چاتراق** ئى. ئىككى پۇتنىڭ ئارىلىقى، چات: چاترىقىغا قىستۇرماق. چاترىقىنى يىرماق. * ئەنۋەر تولىمۇ تېز ۋە چاققانلىق بىلەن پىچاق كۆتۈرگەننىڭ چاترىقىغا قاتتىق بىرنى تەپتى. پىچاق كۆتۈرگەن ئادەم قاتتىق ئىڭرىغىنىچە دۈم يىقىلدى، پىچاقمۇ نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ چۈشتى.

**چاتقال** ① ئى <بوت> بويى پاكار، توپ-توپ بولۇپ، شاخلىنىپ ئۆسىدىغان ياغاچ غوللۇق بىر خىل ئۆسۈملۈك: چاتقال مۇشۇكى. چاتقال ئورمىنى. * تۆۋۈقسىزلا ئاغزى-بۇرنى قان بىر ئاقساق بۆرىنىڭ چاتقالنىڭ ئىچىگە كەلگەنلىكىنى كۆرگەن چاتقال ئىچىدىكى ھېلىقى توشقاننىڭ قورققىنىدىن كۆزىگە دۇنيا قاراڭغۇ كۆرۈنۈپتۇ. ② تۇرپان شەھرىگە قاراشلىق بىر يېزىنىڭ نامى.

**چاتقاللىق** ① سۈپ. چاتقىلى بار، چاتقال كۆپ ئۆسكەن: چاتقاللىق ساي. چاتقاللىق ئېدىر. ② ئى. چاتقال كۆپ جاي: گۈل خۇشتۇمۇ تەشەككۇر ئېيتىپ، خوشلىشىپ يولغا چىقىپتۇ. نۇرغۇن يول يۈرۈپ، بىر چاتقاللىققا كىرىپ كېتىپتۇ. چاتقاللىقنىڭ ئىچىدە كېتىۋاتسا، بىر كېپىكنىڭ ياتقىنىنى كۆرۈپتۇ.

**چاتقۇچ** ئى <سانا> ماشىنا، ئاپتوموبىل، پويىز، ئىشىك-دېرىزە، جابدۇق ۋە ھەر خىل ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىككى بۆلىكىنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان قۇرۇلما ياكى دېتال: ئۇ ماشىنىسىنى يولدىن پەسكە ھەيدەپ چۈشۈپ، كۆيۈۋاتقان ماشىنىنىڭ ئۇدۇلىغا كەينىنى توغرىلاپ توختاتتى. ئاندىن كابىنكىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، باكنىڭ جۈمىكىگە چېتىلغان ئارقاننىڭ يەنە بىر ئۇچىنى ئۆزىنىڭ ماشىنىسىنىڭ ئارقا چاتقۇچىغا ئىلدى-دە، ماشىنىنى كۈچ بىلەن قوزغىدى.

**چاتقۇچ تەخسە** <سانا> مېتال تۇرۇ-

بىلارنى ئۇلاش ياكى چىڭىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تەخسىسمان دېتال.

**چاتقۇزماق** «چاتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چاتقۇزۇشماق** «چاتقۇزماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاتقۇزۇلماق** «چاتقۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چاتما** ① سۈپ. بىر-بىرىگە چېتىلغان. ② ئى <سانا> ئاپتوموبىللارنىڭ ئارقىسىغا چېتىلىدىغان قوشۇمچە كوزۇپ.

**چاتما رەسىم** <گ سەن> كۆپ سەھىپىلىك رەسىملەر بىلەن بىر ھېكايە ياكى ۋەقەنىڭ تەرەققىيات جەريانى تەسۋىرلىنىدىغان رەسىم شەكلى. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شاكىلەيدە ئەۋج ئالغان. ئەدەبىي ئەسەر، ھېكايە ياكى رېئال تۇرمۇشتىن ماتېرىيال ئېلىنىپ، ئىخچام خەتلەر بىلەن سىنارىيىلە شتۈرۈلۈپ، ئاندىن رەسىملە شتۈرۈلىدۇ.

**چاتما كېمە** <قاتن> يۈك ۋە يولۇچىلارنى پاراخوتتىن قىرغاققا توشۇشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل كېمە. ھەرىكەتلەندۈرگۈچ قۇرۇلمىسى بولمايدۇ، سۆرىگۈچى كېمىنىڭ سۆرىشى ياكى ئىتتىرىشى ئارقىلىق ماڭ'

جات'

بىر خىل ئۇلاق
ز سىستېمىسىغا
تېگىشىدىغان
تلىرى سويۇ-
گە چېتىلىدۇ.
لىك يۇقىرى
ن قىسمى
، ھاسىل

ئالدىراپ
قۇربانلىقىم
دەۋاتىمەن، – دېدى
ئاۋارە قىلماق: سادىق

**چاتماق** پ ① ئۇ يەر-بۇ يەردىن تېگىپ قويماق، ئۇلىماق، بىرىكتۈرمەك، بېكىتمەك: يەڭنى چاتماق. باشلىقنى چاتماق. * قۇرۇلۇش قوماندانلىق شتابى بىلەن سەن ئارقىلىق گۇڭشېغا ۋە ناھىيىگە تېلېفون چاتىمىز. ② باغلىماق، تاڭماق، چىگمەك، بوغماق: ئۇلاغنى چاتماق. * ئۇ ئۆز قولى بىلەن ئارغامچا ئېلىپ، ئاتلارنىڭ تۆت پۇتىنى چاتتى ۋە ئۇلارنى مەلۇم ئارىلىق قويۇپ باغلىۋەتتى. ③ تىركىمەك، سۆرەتمەك: بىرىنچى ماتورلۇق كېمە ئارقىسىغا بىر پۇقرا قېيىقنى چېتىۋالغانىدى. ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال بېسىۋالغانىدى. ④ كۆچمە. باغلىماق، بىرلە شتۈرمەك: زەيتۇنەم ئاشۇ سۆھبەتنىڭ داۋامىنى ئەسلەشكە باشلىدى: – ئايغاننى بىلمىسىڭىز، ئۆزۈڭىزنىڭ مەيلى! كېيىن مېنى چېتىۋېلىپ يۈرمەڭ جۇمۇ! – دەپ چاقچاق قىلدى ئۇ پىسىڭشىدە كۈلۈپ قويۇپ. * ئۇ ئادىل بىلەن ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى خېلى ۋاقىتلاردىن بۇيان بىللە چېتىپ چۈشىنىشكە باشلىدى. ⑤ كۆچمە. بىر-بىرىگە قوشماق، تويىنى قىلماق: نەۋرىنى نەۋرىگە چاتماق. ئۆگەيىنى ئۆگەيگە چاتماق. * بۇ قېتىم خۇمار قىزغا بەخت بىلەن قايغۇ قول تۇتۇشۇپ كەلدى. ئايخان ئاچا كۆز يېشىنىڭ كۈچى بىلەن تاغىسىنىڭ ئوغلى ناھىرغا خۇمار قىزنى چاتتى-دە، ئۆپكە ئىششىقى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

**چاتىماق** پ ① دەل-دەرەخلەرنىڭ ھارام شاخلىرىنى كېسىپ ئېلىۋەتمەك؛ پۇتىماق: ئۇلار قىشتىكى باشقۇرۇش، ئاسراشنى كۈچەيتىپ، 75 پىرسەنت ئورماننىڭ ھارام شېخىنى چاتاپ بولدى. * ئۇزاققا قالماي، ئۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كۆكلەيدۇ، ئۇ چاغدا، ئۇنى ھايۋانلار غاجاپمۇ قۇرۇتالمايدۇ، سوغۇق قوللار چاتاپمۇ تۈگىتەلمەيدۇ. ② كۆچمە. ئايرىماق، بۆلمەك: ئۇ ئەتراپىغا سەپسالدى، جىرادىن بىر نۇرلۇق سۇنى چاتاپ ئاچسىلا، تۈگمەننىڭ كويلىسى ئارقىلىق ئايلىنىپ شەيتان جىلغىسىغا چۈشۈپ

كېتىدىغان ئىرىقنىڭ ئىزى تۇراتتى.

**چاچاڭ** ئى [خەن] يۇقىرى ئورۇندىن كەلگەن ئەمەلدار ياكى ئابرويلۇق مېھماننى قارشى ئېلىش، دەم ئالدۇرۇش ئۈچۈن يولنىڭ بەلگىلىك جايىغا ياسالغان ۋاقىتلىق تۇرار جاي: چاچاڭ تىكمەك. چاچاڭ قۇرماق.

**چاچاڭ تىكمەك** چاچاڭ ياسىماق، چاچاڭ ئورۇنلاشتۇرماق، قۇرماق: 1912-يىلى ماينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئامبال، شيەتەي، ھاشىر تەيجى، قېزىبەگ غوجا، ئۈۋەيس ئەلەم قاتارلىق بىرمۇنچە يۇرت چوڭلىرى ئاتارمەن-چاپارمەنلىرى بىلەن شەھەرنىڭ بىر مەنزىل غەربىدىكى سۇمقاغا دېگەن يەردە ھەشەمەتلىك چاچاڭلارنى تىكتۈرۈپ، يېڭى داخۇانى زور داغدۇغا بىلەن قارشى ئالدى.

**چاچاڭ قۇرماق** ← **چاچاڭ تىكمەك**: سۇرگۈنلەر بىلەن ئولجا ماللارنى ئېلىپ كېلىۋاتقان بۇ چوڭ قوشۇن چوڭ-كىچىك بازارلارغا يېقىنلاشقاندا، يەرلىك ئەمەلدارلار چاچاڭ قۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقاتتى.

**چاجۇپ** ئى. دىئال. جىنازىغا ئۆلۈكنى سالىدىغان تاختاي؛ تەختىراۋان.

**چاجۇش** (توغرىسى: چايجۇش) ← چايجۇش.

**چاچ** ئى ① ئادەمنىڭ باش قىسمىدا ئۆسىدىغان قىل تالالار ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرى؛ موي: چاچ ئالماق. چاچ سالماق. بۇدۇر چاچ. * خىزمەتچىنى قىچقاردىم: — بۇنىڭغا تۆت تەڭگە پۇل بېرىپ يولغا سال! چاچ ئالدۇرىدىغان ۋاقىت تۈگىدى. ئەمدى چاچ ئالدۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق! — دېدىم. ② قوي، كالا قاتارلىق چارۋىلارنىڭ ئۇمۇرتقىسىنى بويلاپ ئورۇنلاشقان سىڭىر.

**چاچ ئالماق** چاچ چۈشۈرمەك: سىز ساتىراش ئەمەسكەنسىز، ئۆيىڭىزگە بېرىپ، پۆپۈك سۈپۈرگىڭىزنى باش ياساپ، چاچ ئېلىشنى ئۆگىنىپ كەلسىڭىز بولغۇدەك!

**چاچ تەمرەتكىسى** <تب> ← ئاق تەمرەتكە.

**چاچ چۈشۈرگە** توي كۈنى نىكاھتىن كېيىن، يىگىت تەرەپتىن يىگىت تۇغقانلىرى بېرىدىغان تاماق: يىگىتلەر نىكاھتىن قايتقاندىن كېيىن، ئۇلارنى يىگىتنىڭ تۇغقانلىرى ياكى ئاغىنىلىرىدىن بىرى ئۆز ئۆيىدە ئايرىم ئولتۇرغۇزۇپ بېرەتتى. بۇ «چاچ چۈشۈرگە» دەپ ئاتىلاتتى.

**چاچ سالماق** چاچ ئۆستىگە چاچ ئۇلىماق، ياسىما چاچ تاقىماق، سۈنئىي چاچ ئاسماق: قەمبەرخاننىڭ سالغان چېچى يەرگە تېگەمدۇ، قەمبەرخاندىن سوراپ بېقىڭ ئەرگە تېگەمدۇ.

**چاچ ماي** خىمىيۋى يول بىلەن ياسالغان، پارقىراق خۇسۇسىيەتكە ئىگە، چاچقا سۈرتىدىغان ماي.

**چاچاق** ئى. دىئال. ئوت-چۆپلەرنىڭ پاكار ھەم شالاڭ ئۆسكەن جايى.

**چاچباغ** ئى [چاچ+باغ] <ز بوي> ئاياللار چېچىغا ئاسىدىغان، ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغان زەنجىرسىمان زىننەت بۇيۇمى: چاچباغ ئاسماق. چاچباغ ياساتماق. * ئۇنىڭغا ھال رەڭ كەشتىلىك ئۇزۇن كۆڭلەك، ئۇستىگە ئۇزۇن جىگەر رەڭ نىمچە كىيدۈرۈلگەن، ئارقىسىغا ئۆرۈپ تاشلانغان چاچلىرىغا ئالتۇن چاچباغ ئېسىلغانىدى.

**چاچپۆپۈك** ئى [چاچ+پۆپۈك] ئىككى چاچنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن ئاسىدىغان، مەشۇتتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇمى: چاچپۆپۈك ئاسماق. * قەمبەرخاننىڭ چاچپۆپۈكى يەرگە تېگەمدۇ؟ بېرىپ سوراڭ قەمبەرخاندىن، بۇيان كېلەمدۇ؟

**چاچتەڭگە** ئى [چاچ+تەڭگە] ئۆرۈلگەن ئىككى چاچنى ئارقا تەرىپىدىن چاتىدىغان، كۈمۈشتىن تەڭگە شەكلىدە ياسالغان زىننەت بۇيۇمى: چاچتەڭگە ئاسماق. چاچتەڭگە سالماق. * لالە رەڭ ياغلىق ياراشقان گۈل بولۇپ گۈل ئۈستىگە، كۆك كىيىم، چاچتەڭگىسى ھۆسن

قوشۇپتۇ ھۆسنىگە.

**چاچتۇرماق** «چاچماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇ-رىي دەرىجىسى: سۇ چاچتۇرماق. ئۇرۇق چاچتۇرماق. * مەتنىياز بىر باي دېھقانغا لىڭگىرتاقتاق ياساپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئون قاداق كۆممىقوناق ئالغان. بۇنى يەنە بىر دېھقاننىڭ ئۇتۇكىنى ياماپ بېرىپ، بىر پۇتلۇق يەرگە چاچتۇرغانىدى.

**چاچتۇرۇشماق** «چاچتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاچتۇرۇلماق** «چاچتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چاچراتقۇ** ئى. بەدەندە، يۈزدە پەيدا بولىدىغان يىرىڭسىمان سۇلۇق يارا: چاچراتقۇ چىقماق. چاچراتقۇ سالماق.

**چاچراتماق** «چاچرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۆكۈرۈكىنى چاچراتماق. * دەل شۇ چاغدا كوچا ئىچىدىن بىر يۈك ماشىنىسى لاي چاچرىتىپ چىقىپ كەلدى-دە، گۈركىرەپ چاپقىنىچە چوڭ يول تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى.

**چاچراشماق** «چاچرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاھ ئىككى كۆزۈڭدىن تارىم ۋە ئىلى، ئاقاتتى چاچرىشىپ قانلىق تامچىلار. ھەتتاكى يەر-زېمىن نالە قىلاتتى، بېشىڭدا ئۈينىسا تاياق-قامچىلار. * يالىڭاچلانغان ئون نەچچە ئەزا ھاسىراپ-ھۆمۈدىشىپ

بشپ

لەپ

ي،

راپ

بدە،

لەن

يراز-

نلك

ئالدىراپ

قۇربانلىقىم

دەۋاتىمەن، - دېدى

ئاۋارە قىلماق: سادىق

**چاچرىماق** پ ① تاشقى تەسىر تۈپەيلىدىن پارچىلىنىپ ئېتىلماق، چېچىلماق (سۇيۇقلۇق ھەققىدە): سۇ چاچرىماق. يۇندى چاچرىماق. * پوققا چالما ئاتساڭ، ئۆزۈڭگە چاچرار (ماقال). * ئۇ بەك كۆچىگە نىلىكتىن بولسا كېرەك، ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان شالى خۇددى سۇ پۈركۈش ماشىنىسىدىن چىقىۋاتقاندەك، يۈزلىرىمگە زەرب بىلەن چاچراشقا باشلىدى. ② ئۇششاقلىنىپ، ئاجرى-لىپ، ئېتىلىپ چىقماق (قاتتىق نەرسە ھەققىدە): ئوت چاچرىماق، يىرىندى چاچرىماق. * ماش رەڭ چاپىنىم بار ئىدى، ئوت چاچراپ كۆيۈپ كەتتى. جېنىمغىنا شۇ ئاتام، يامان چاغدا ئۆلۈپ كەتتى. ③ تېز ھەرىكەت قىلماق؛ ئىرغىپ چىقماق، سەكرىمەك: چاچراپ تۇرماق. چاچراپ قوپماق. * قىز ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، چاچراپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئاتخانىغا يۈگۈردى. * كائىناتنى بېزەپ نۇر بىلەن، يوللار ئارا چاچراپ چىقتى كۈن. گۈزەللىككە پۈركەندى ئەتراپ، تەبىئەتنىڭ چىقتى مۇنداق ئۈن. ④ چېچەكتىن ئايرىلىپ مېۋىگە كىرمەك؛ غورىلىماق، خەمەكلىمەك، مېۋىلىمەك (گۈل-گىياھ، ئۆسۈملۈك ھەققىدە): سويمىلىرى چوكىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، بوران ھېچ دەخلى يەتكۈزەلمەيتتى، ھازىر سويمىلارنىڭ چوڭى باشتەك، كىچىكلىرى كەپتەر تۇخۇمىدەك، يېڭى چاچراۋاتقانلىرىمۇ بار ئىدى. ⑤ چۇشۇپ كەتمەك (ھامىلە ھەققىدە): تۆرەخاننىڭ ئانىسى دەناخان تۆرەخاندىن بۇرۇن ئاق-قارا تۆتنى تۇغقان بولۇپ، ھەممىسى چاچراپ كېتىپ، تۆرەخان تۇغۇلغاندا «تۇرۇپ قالسۇن» دېگەن ئۈمىدتە «تۇراخۇن» دەپ ئات قويۇشقان. ⑥ كۆچمە. ئۇرغۇماق، تاشماق، ئۆرلىمەك، يانماق (مېھر-مۇھەببەت ۋە غەزەپ-نەپ-رەت ھەققىدە): دادام گەرچە ئاغزىدا «ھى، ھى» قىلىپ كۈلگەندەك قىلسىمۇ، كۆزىدىن خۇددى ئەتىگەن «ئۆزۈن ئېغىزلىق قىلما!» دېگەن

چېغىدىكىدەك، غەزەپ ئۇچقۇنى چاچراپ تۇراتتى.

**چاچ-ساقال** چاچ ۋە ساقال: بالا ھوشىغا كېلىپ، كىيىملىرىنى يېشىپ سىقىپتۇ-دە، ئۇيگە بېرىپتۇ ۋە كىيىملىرىنى ئۆزگەرتىپ، چاچ-ساقاللىرىنى چۇشۇرتۇپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مەدىكار بازىرىغا بېرىپتۇ.

**چاچسىز** سۈپ. چېچى يوق؛ چېچى شالاڭ، ئاز: چاچسىز ئايال بولماس، ساقالسىز ئەر بولماس (ماقال). * يۈزى، چاچسىز تاقىر باشلىرىمۇ قىزىرىپ كەتتى، ئۇ كەمزۇلنى چۆرۈۋېتىپ، يەرگە تۈكۈردى-دە: - ھۇ تۈلەك باسقان چۇپرەندى! - دەپ تىللىدى.

**چاچقۇ** ئى. تويدا كېلىننىڭ شۇنىڭدەك يېڭى تۇغۇلغان ياكى خەتنە قىلىنىدىغان بالىنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ، چېچىلىدىغان پۇل ياكى كەمپۈت قاتارلىق نەرسىلەر: چاچقۇ چاچماق. چاچقۇ قىلماق. * كەپىنىڭ ئىشىكىدىن تالاغا قاراپ يېتىپ، سۈتتەك ئاي نۇرىنىڭ قۇملۇق ئۇستىدىكى ئاجايىپ جىلۋىسىنى، قۇم يۈزىنىڭ گويا زەر چاچقۇسى بىلەن پۈركەنگەندەك، بىر خىل سېھرىي كۆرۈنۈشتە جىمىرلاپ يالتىراۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

**چاچقۇ چاچماق** چاچقۇ قىلىنغان نەرسىنى باشتىن ئۆرۈپ چاچماق: قىلىپ سوۋغا ھېسابسىز تەڭگە-ئالتۇن، خىراج بەردى تۈمەن توپ شايى-دۇردۇن. ئەمىر لەشكەر بېشىدىن چاچقۇ چاچتى، قىزىپ توي بارچە مەردلەر كۆڭۈل ئاچتى.

**چاچقۇ قىلماق** ← **چاچقۇ چاچماق**: ئانا ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، ساددا-سەممىيلىك بىلەن كىيىملەرگە قاراپ، سەل تېڭىرقاپ: - لەيلىگۈل بېشىدىن ئالتۇن-كۈمۈشنى چاچقۇ قىلساقمۇ ئەرزىيدىغان قىز، - دېدى ئوغلىغا.

**چاچقۇن** سۈپ ① چېچىلغان، چېچىلاڭغۇ، تارقاق: بۇ كەنتنىكى ئۆيلەر بۇرۇن چاچقۇن ئىدى. ② ئاسان ئاچچىقى كېلىدىغان، چېچىلىدىغان؛ تېرىككەك، سەپرا: چاچقۇن ئايال. * - ئۇكام مەتباقى، بەگگى دېگەن چاچقۇن كېلىدىكەن، خاپا بولما، - دېدى رەھىم پالۋان ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن، - گەپلىرىڭدىن قارىغاندا، سەن دەۋاتقان نۇقتا بىرچاغلاردىكى نۇقتىغا ئوخشىمايدىكەن-دە؟ شۇنداقمۇ.

**چاچقىرىق** ئى. دىئال. كالىنىڭ بويۇن قىسمىدىكى قاتتىق سىڭىر.

**چاچلاشماق** پ. چاچلىرىنى تارتىشىپ، يۇلۇشۇپ ئۇرۇشماق: ئايىمخان گويا ھەرە چېقىۋالغاندەك تولغىنىپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ گۈلسۈم بىلەن چاچلىشىشنىمۇ ئويلىدى-يۇ، بىراق ئۇنىڭ غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ چۆچۈدى.

**چاچلىق** ① سۈپ. چېچى بار، چاچقا ئىگە: ئاق چاچلىق ئادەم. بۇدۇر چاچلىق بالا. * تۇيۇقسىز ئالدى تەرەپتىن ئوت كۆرۈنۈپتۇ، يېقىنراق بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئوھوي! بۇ ئاشخانىكەن، ئاق چاچلىق بىر موماي تاماق ئېتىۋېتىپتۇ. ② سۈپ. چېچى تولا، چېچى كۆپ، چېچى قويۇق ياكى چېچى ئۇزۇن: چاچلىق قىز. * - كىم ھاراق ئىچىدۇ؟ - سورىدى جۆمىن، - چاچلىق دەرۋىش ھاراق ئىچىدۇ، - دېدى جۆيىڭ. ③ ئى. ئاياللار ئېسىش ئۈچۈن ئىشلەنگەن سۈنئىي چاچ؛ جالا: چاچلىق ئاسماق. چاچلىق تاقىماق. چاچلىق سالماق.

**چاچلىق گىگرومېتىر** <مېتېئور> ھاۋانىڭ نىسپىي نەملىكىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب. ئۇنىڭ سەزگۈچ قىسمى مايسىز بىر تال ياكى بىر دەستە چاچتىن ئىبارەت. نەملىك ئاشقان ياكى كېمەيگەن چاغدا، چاچ ئۇزىرايدۇ ياكى قىسقىرايدۇ. نەملىكنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى مېخانىك ئۆزىنىش ئارقىلىق، سترېلكا بىلەن شكالا سىزىقىدا كۆرسىتىلىدۇ.

**چاچما** سۈپ ① چېچىلغان، چېچىلىدىغان، شالاڭ ھالەتتىكى: چىمەنلىك قىرغاقتا ئولتۇرۇپ، سۈنى ئوچۇمى بىلەن ئاسمانغا ئېتىپ، مارجان چاچما قىلىپ ئويناپتۇ. * ئۇلار ئوتقاشتەك قىپقىزىل تار گىلەم

سېلىنغان كەلگ ئايۋاندىن ئۆتۈپ، يەنە شۇنداق ئىچىلغان بىر ئىشىكتىن ئاستىغا چاچما نۇسخىلىق چولگ گىلەم سېلىنغان، تاملىرىغا ئۈزۈن ئەينەكلەر ئورنىتىلغان كاتتا سارايغا كىردى. ② <ھەرب> پۈركۈپ ئېتىلىدىغان، چېچىلىپ تېگىدىغان؛ پىترا: چاچما ملتىق، چاچما ئوق.

**چاچما چۆگۈن** يەرگە ۋە گۈل-گىياھلارغا سۇنى پۈركۈپ چېچىشقا ئىشلىتىلىدىغان چۆگۈن: ئۇ ھۇيپىدە ئېچىلىپ كەتكەن رەڭگارەڭ گۈللەرگە چاچما چۆگۈندە سۇ سېپىپ كېلىۋېتىپ، ساتتارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى.

**چاچما شېئىر** <ئەد> ← ئەركىن شېئىر.

**چاچما كان ياتمىسى** <گېئول> يەر يۈزىنىڭ يىمىرىلىشى، يالىنىشى ۋە يۆتكىلىشى جەريانىدا، تاغ جىنسلىرى ياكى كان ياتمىلىرىدىن ئايرىلىپ چىققان تۇراقلىق ئېغىر مىنېراللارنىڭ مېخانىكىلىق پارچىلىنىپ، دۆۋىلىنىشىدىن شەكىللەنگەن كان ياتمىسى.

**چاچما گۈل** رەخت، گىلەم قاتارلىقلارغا تەكشى، شالاڭ قىلىپ ئىشلەنگەن، بېسىلغان گۈل: ئەختەر ياز كۈنلىرى چاچما گۈللى بار رەختتىن كۆڭلەك كىيىپ، ھالقىسمان ھال رەڭ پويىزىدا بېلىنى چىڭ باغلاپ، بىر تۇتام، بېلىگە چۈشۈپ تۇرغان قۇندۇزدەك چېچىنىڭ ئۇچىغا قارا گىرىپتىن لېنتىنى كېپىنەكتەك چىگىپ، مارجان دوپپا كىيىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. * ئۇلار بىر ئىشىكتىن ئاستىغا چاچما گۈل نۇسخىلىق چولگ گىلەم سېلىنغان، تاملىرىغا ئۈزۈن ئەينەكلەر ئورنىتىلغان، كاتتا سارايغا كىردى.

**چاچما ملتىق** <ھەرب> ئوقى چېچىلىپ ئېتىلىدىغان، قوش ئېغىزلىق ياكى يالاڭ ئېغىزلىق قىلىپ ياسالغان ئوۋ ملتىقى.

**چاچما ئوق** <ھەرب> ① زەمبىرەك ئوقىنىڭ بىر خىلى. ئوقنىڭ بېشىغا ۋاقتى بەلگىلەنگەن ۋىزرىۋاتېل ئورنىتىلغان بولىدۇ. ئۇ بەلگىلەنگەن نىشاننىڭ ھاۋا بوشلۇقى ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدا پارتلاپ، زىچ توپلاشقان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى بىراقلا ئۆلتۈرىدۇ ياكى يارىدار قىلىدۇ. ② چېچىلىپ تېگىدىغان بىر خىل ئوۋ ملتىقىنىڭ ئوقى.

**چاچما يىلتىز** <بوت> يىلتىزنىڭ بىر خىلى. بۇ خىل يىلتىزدا ئېنىق دەرىجىدە ئوق يىلتىز بولمايدۇ، پەقەت ساقالغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ئىنچىكە يىلتىزلا بولىدۇ. بۇغداي، شال قاتارلىق تاق يوپۇرماقلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزى مۇشۇنداق يىلتىز.

**چاچماق** پ ① مەلۇم سۇيۇقلۇقنى سەپمەك، پۈركىمەك: سۇ چاچماق، ئەتىر چاچماق. * ئابلىز ھاشاراتشۇناسلىق ھەققىدىكى يېقىندىن بۇيان چىققان كىتابلارنى ئاختۇرۇپ، قايسى خىل دورىنى چاچسا، بۇ تېپتىكى زىيانداش ھاشاراتلارنى ئۈنۈملۈك يوقاتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى. ② مەلۇم نەرسىنى تارقىتىپ چۈشۈرمەك: ئۇرۇق چاچماق. ئوغۇت چاچماق. * بىر مو يەرگە چاچقان ئوغۇت بۇلتۇرقىدىن خېلى كۆپ بولدى، شۇڭا بۇ يىل بىر مو يەرگە چاچقان بۇغدايدىن 1000 جىڭدىن ئوشۇق مەھسۇلات چىقتى. * باققان توخولارغا ۋاقتى-ۋاقتىدا دان چېچىپ بەر. بولمىسا ئورۇقلاپ قالىدۇ. * قىز-يىگىت كەلدى، بىز ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن گۈل چاچتۇق. ③ تەقسىم قىلماق: بۇ ئولتۇرۇشنىڭ پۇلىنى كىشى بېشىغا چاچقاندا 12 كويدىن توختىمايدۇ. * نىياز بەگ تۆلۈم چاشقان، ئالۋاننى تولا چاچقان، خەلق قوزغىلىپ چىقسا، توشقاندەك بەدەر قاچقان. ④ بەتخەجلىك قىلماق، زايە قىلماق، ئىسراپ قىلماق: ئۇ: ــ «ئۆتكەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما، شىرە چورۇقۇڭنى

قۇرۇتما» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، باياشات بولدى دەپلا بۇزدى-چاچتى قىلىشقا بولمايدۇ، — دېدى كۆپچىلىككە. ⑤ كۆچمە. تارقاتماق، سىڭدۈرمەك، يۇقتۇرماق: بۇ پاكار موللاڭ پىتنىخور ئادەم ئىكەن. ئوقۇغۇچىلارغا مۇنداق نادانلىق ۋە جاھالەت ئۇرۇقىنى چاچىدىغان بىلىمسىز كىشىدە ئوقۇمىساڭمۇ بولىدۇ. ⑥ كۆچمە. تارتماق، يايماق: دېرىزە ئەينەكلىرىدىن چۈشۈۋاتقان قۇياش نۇرى تومپۇچكا ئۈستىدىكى ئىستاكانغا چىلانغان بىر دەستە قىزىل ئەتىرگۈلنى تېخىمۇ كۆركەملەشتۈرۈۋەتكەنىدى. گۈل بۇ بىر جۈپ قىز-يىگىتنى تەبرىكلەۋاتقاندەك، ئەتراپقا خۇش پۇراق چاچماقتا ئىدى. ⑦ كۆچمە. بۆلمەك، قاچۇرماق، تارقاتماق: ئۇ ئۆز ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان يوشۇرۇن كۆلەڭگىلەرنىڭ ئاشكارا ھۇجۇم سىگنالى بەرگەنلىكىنى، بۇنىڭدىن كېيىن ئەمدى بىر مەيدان بەلكى بىرنەچچە مەيدان كۈرەش بولىدىغانلىقىنى پەملەۋاتاتتى. شۇ چاغدا شوپۇر ئۇنىڭ پىكرىنى چېچىۋەتتى. ⑧ كۆچمە. يالتىراتماق، پارلاتماق: كێ[…] ئايلىرىنىڭ بىر دەم ئېلىش كۈنى دىلبەر ئاپىسى بىلەن باغچىنى سەيلە قىلىپ يۈرۈپ، زەينەپنى يىراقتىن كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ بويىندا ھېلىقى مېدالىئون نۇر چېچىپ تۇراتتى. * قورقمىدى ئۆلۈمدىن پىدائىي قىسىم، جەڭ قىلدى چاۋشىيەننى يۈرەكتىن سۆيۈپ. كوممۇنىستىك پەزىلەت نۇر چېچىپ ھامان، قۇربانلار بەردى ئۇ مەردانە كۈلۈپ.

**چاچۋان** ئى. ئاياللار يۈزىگە تارتىدىغان توقۇلما نىقاب؛ چۈمپەردە.

**چاچى-پاچى** ئوقۇشقا قىيىن بولغان، ئاڭلىغىلى بولمايدىغان، قالايمىقان: چاچى-پاچى دېمەك.

**چار** I ئى. بۇغداي، ئارپا باشاقلىرىنىڭ پوستىدىن ئاجرالماي ئېلىنىپ قالغان دېنى: چار تەپمەك. چار سوقماق. بۇغداينىڭ چېرى.

**چار** II سۈپ ① ئاق بىلەن قارا ئارىلاشقان، ئاق كىرگەن، ئاق باسقان (چاچ-ساقال، تۈك قاتارلىقلار ھەققىدە): چار باش. چار بۇرۇت. چار ساقال. * خادىكتە پاكىز كىينگەن، چار بۇرۇت بىر ئادەم بىلەن چىرايلىق كىينگەن بىر بالا ئولتۇراتتى. ② ئاققا قارا ۋە باشقا خىل رەڭ ئارىلاشقان؛ ئالىچىپار، چىپار (ھايۋانلارنىڭ رەڭگى ھەققىدە): چار پاقا. چار خوراز. چار يىلان. * ئالا ئېشەكنىڭ بالىسى چار قۇيرۇق (ماقال).

**چار پاقا** <زوئول> پاقىنىڭ بىر خىلى. قوش ماكانلىق ھايۋان. تېنىدە كۆپلىگەن مۇدۇر-چوقۇرلىرى بولىدۇ، ئىچىدە زەھەر بېزى بولۇپ، شىلىمشىق سۇيۇقلۇقلارنى ئاجرىتىدۇ. ھاشارات، ئۇزۇم قۇلۇلىسى قاتارلىق كىچىك ھايۋانلارنى ئوزۇق قىلىدۇ. يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن پايدىلىق.

**چار يىلان** <زوئول> بىر خىل زەھەرلىك يىلان. بېشى ئۈچ بۇرجەك، تېنى كۈل رەڭ قارامتۇل بولۇپ، سەپكۈنلۈك يولچىلىرى بولىدۇ؛ تاغ باغرىلىرىدا، ئاراللاردا ياشايدۇ؛ كىچىك ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەيدۇ، ئادەم ۋە ئۆي ھايۋانلىرىنى زەخىملەندۈرىدۇ.

**چار** III ئى [پ] تۆت: چار دەرۋىش. چار بۇرجەك.

**چار** IV ئى. دىئال. ئەيىب، ئېۋەن، ئاللىق.

**چارا** ئى. يۇملاق، چۆچەكتىن چوڭراق، چوڭقۇر ياغاچ قاچا: بىر چارا ئاش. بىر چارا ئۇن. چارا كۆز. * ئاش قىلدى قاپقارا، ئۆزى ئىچتى بىر چارا.

**چارا كۆز** چاناقنىڭ ئىچىگىرەك جايلاشقان يوغان كۆز: چارا كۆز بالا. * يوغان باش، چارا كۆز، بۇغداي ئۆڭلۈك، ئۇستىخانلىق، كىيىملىرى جۇل-جۇل بۇ جاسۇس ھۇقۇشتەك كۆزىنى پارقىرىتىپ، بىپەرۋالىق [...]

بلەن گېزىرىپ قاراپ تۇراتتى.

**چاراس** تەق. مۇز، ئەينەك، چىنە، قوغۇن قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ سۇنۇش، يېرىلىش، چېقىلىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز: چاراس قىلماق. * سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك ئاچچىق سوغۇق قەھرىدىن دەريادىكى مۇزلار چاراس قىلىپ يېرىلاتتى. * ئاپپاشا ئۈستەلدىكى ئەينەككە تايىنىپ تۇرۇشى بىلەن، ئەينەك چاراس قىلىپ سۇنۇپ كەتتى.

**چاراس-چاراس** «چاراس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**چاراس-چۇرۇس** «چاراس» قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: چاراس-چۇرۇس قىلىپ سۇنماق.

**چاراسسىدە** رەۋ. «چاراس» قىلغان ھالدا، «چاراس» قىلىپ: ئايگۈل چاي ئىچمەكچى بولۇپ ئىستاكانغا قايناق سۇ قۇيۇۋىدى، «چاراسسىدە» سۇنۇپ كەتتى.

**چاراسلاتماق** «چاراسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گۈلخانىمۇ خۇددى ئەنە شۇنى تەستىقلىغاندەك لاۋۇلداپ، ئۆزىگە تاشلانغان قۇرۇق قارىغاي ئوتۇنلىرىنى شىددەت بىلەن چاراسلىتىشقا باشلىدى.

**چاراسلىماق** پ. «چاراس» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: قىز دەسسەپ تۇرغان يەرنىڭ مۇزى ئىككى قېتىم چاراسلىدى. * بەكرى تاۋۇزنى كەستى. پىچاق تېگىش بىلەنلا، پىشىپ شىرنىسى تولغان قىپقىزىل تاۋۇز چاراسلاپ كەتتى.

**چارە** I ئى [پ] ① بىرەر ئىشنى، مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ۋۇجۇدقا چىقىرىش ياكى ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن قوللانغان ئۇسۇل؛ تەدبىر، ئامال: ئەمەلىي چارە. كەسكىن چارە. * كوللېكتىپنىڭ شان-شەرىپى ھېسسىياتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ناچار قىلىقلىرىنى چەكلەشتىكى بىر خىل مۇھىم چارە ھېسابلىنىدۇ. ② بىرەر ئىدارە، جەمئىيەت ۋە كوللېكتىپ ئورۇنلار ئۆز تەۋەلىكىدە يولغا قويغان قائىدە؛ تۈزۈم، بەلگىلىمە: بۇ چارە شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن 1981-يىل 11-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ. ③ تەنبىھ، جازا: چارە كۆرمەك. * ئاڭلىشىمچە، ئۇ ئۆيگە يېڭىدىن كېلىدىغان مۇئاۋىن مۇدىر ئورۇنلاشقۇدەك، ماڭا كۆرگەن چارە يېتىپ كەلمەي تۇرۇپ ئۇ بەكلا ئالدىراپ كەتتى.

**چارە تاپماق** بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ يولىنى ئويلاپ چىقماق، ئامال تاپماق: يىغىن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەي تارقاپ كەتتى، جاپپار گېپىنى ئاقتۇرالماي، باشقىچە چارە تاپتى.

**چارە قىلماق** چارە-تەدبىر قوللانماق، ئامال قىلماق: خۇرشىدە ئەھۋالىنى كۆرۈپلا: — دوختۇرخانىغا يۆتكەش ۋاقتى ئۆتۈپتۇ، جايىدا چارە قىلىمىز، سىز دەرھال كىرىپ، لايىقىدا سايمان، دورىلارنى ئېلىپ چىقىڭ، — دېدى مەخمۇت دوختۇرغا.

**چارە كۆرمەك** ① ئىلاجىنى قىلماق، تەدبىر كۆرمەك: بۇ كەنتتىكىلەر قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاكتىپ چارە كۆردى. ② تەنقىد، تەنبىھ بەرمەك، جازا بەرمەك: خەتتە: «تۆرىخانىنىڭ يۇقىرىقى قىلمىشىغا لايىق چارە كۆرۈشلىرى ئۈچۈن، ھۇزۇرلىرىغا يوللىدۇق» دەپ يېزىلغانىدى.

**چارە** II سۈپ. چىقىش كېلىشتە كەلگەن سۆزلەردىن كېيىن «ئۈستۈن، يۇقىرى، ئارتۇق» دېگەن مەنىدە ئالدىنقىسىغا سېلىشتۇرغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: چارە كۆرمەك. * يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىپلا يىلقا قوتانلىرىدا ئۆملەپ سۆڭەكى قاتقان بۇ ئاق كۆڭۈل تاشىرقاينىڭ ھەربىر ئات، ھەربىر تايغا بولغان مۇھەببىتى ئۆز پەرزەنتىگە بولغان مۇھەببىتىدىنمۇ چارە ئىدى. * گۈلسۇمخان ئاچا

گۈلنسا قىزنى ئۆز پەرزەنتلىرىدىنمۇ چارىراق كۆرەتتى، ئۇ قىزمۇ ئۆزىنى خۇددى ئۆز ئانىسى قېشىدا تۇرغاندەك سېزەتتى.

**چارە-ئامال** چارە ۋە ئامال: كەلدى ئەل قاتتىق غەزەپكە، قولدا يوق ئەمما قورال، ساتقا سۆزلەي ئىشنى باشتىن، ئويلىدىم چارە-ئامال.

**چارە-تەدبىر** چارە ۋە تەدبىر: ئۇ ئۆز تەسەۋۋۇرى بىلەن ئامال ئىزلەپ، ھەر خىل چارە-تەدبىر كويچىلىرىغا كىرىپ باقسىمۇ، ئوخشاشلا ئۇنىڭ ھەممىسىدىن يەنە بوشاشقان ھالدا قايتىپ چىقىشقا مەجبۇر بولاتتى.

**چارە-تەدبىرلىك** چارە ۋە تەدبىرى بار، چارە ۋە تەدبىر تاپالايدىغان: چارە-تەدبىرلىك ئادەم. چارە-تەدبىرلىك رەھبەر.

**چارەك** [پ] ① سان. بىرەر نەرسە ئۇزۇنلۇق ياكى ۋاقىتنىڭ تۆتتىن بىرى: چارەك سائەت. چارەك ئەسىر. * ئۇلار كىنوخانا ئىشكىدىن چىقىشتى - دە، تەڭلا سائەتكە قاراشتى. كۈندۈز سائەت بىردىن چارەك ئۆتكەنىدى. ② مق. ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى. ئادەتتە بىر چارەك ئون كىلوگرامغا، بەزى جايلاردا سەككىز كىلوگرامغا باراۋەر كېلىدۇ. ③ ئى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئېغىرلىق ئۆلچەش ئەسۋابى. ④ ئى <مات> تەكشىلىكتىكى ئۆزئارا تىك بولغان ئىككى تۈز سىزىق تەكشىلىكنى تۆت بۆلەككە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى خالىغان بىر بۆلەك «چارەك» دېيىلىدۇ. ⑤ ئى. بىر ئوقۇش يىلىنىڭ تۆتتىن بىرى. ⑥ مق. قولنىڭ باش بارمىقىنىڭ ئۇچىدىن بىگىز بارماقنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىقنى بىرلىك قىلغان ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى.

**چارەك ئەسىر** بىر ئەسىرنىڭ تۆتتىن بىرى؛ 25 يىل: چارەك ئەسىر ئەلۋەتتە ئاز ۋاقىت ئەمەس-تە! ئۇ بۇنىڭدىن 28 يىل ئىلگىرى، يەر ئىسلاھاتى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ «بالا كاتىپى» بولۇپ، «يالغۇزتېرەك» تە يەتتە ئاي تۇرغان.

**چارەك سائەت** بىر سائەتنىڭ تۆتتىن بىرى؛ 15 مىنۇت: ئۇلار پەقەت بىر يېرىم كىلومېتردەك يول يۈردى. ئەنە شۇ چارەك سائەت ئىچىدىلا تۇردۇن ئاكا ئۇن يۈەنگە ئىشلىدى.

**چارەكلەتمەك** «چارەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چارەكلەشمەك** «چارەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چارەكلەنمەك** «چارەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چارەكلىتىلمەك** «چارەكلەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چارەكلىك** سۈپ ① ئاشلىق ئۆلچەيدىغان چارەك بىرلىك قىلىنغان، چارەك بويىچە ھېسابلانغان: ئالتە چارەكلىك تاغار. ② چارەك ئۇرۇق كېتىدىغان ياكى چېچىلىدىغان: بىر چارەكلىك يەر. * ئاتامدىن ئىككى چارەكلىك باغ بىلەن بىرقانچە ئېغىز ئۆي-جاي قالغانىدى. ③ بىر نەرسىنىڭ تۆتتىن بىرى بىرلىك قىلىنغان، چارەك بويىچە ھېسابلانغان: چارەكلىك ئىمتىھان.

**چارەكلىك ئىمتىھان** <مات> ئوقۇغۇچىلار-دىن ھەربىر ئوقۇش مەۋسۇمى ئوتتۇرىسىدا ئېلىنىدىغان بىر قېتىملىق ئادەتتىكى ئىمتى-ھان: ئۇ قاتتىق تىرىشچانلىقى ھەم مۇئەللىمنىڭ ئەستايىدىل ياردىمى نەتىجىسىدە، چارەكلىك ئىمتىھاندا ھەممە دەرستىن ياخشى نومۇر ئالدى.

**چارەكلىمەك** پ. چارەك بىلەن ئۆلچىمەك: - ئەمدى ئۇ كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى. چارەكلەپ يەمدۇق، پاتمانلاپ يەمدۇق، ئىختىيار ئۆزىمىزدە، - دېدى رەۋرىخان ئۆز-ئۆزىگە.

**چاربازار** ئى [پ] <تارىخ> كونا جەمئىيەتتە يېزا-كەنت، رايونلاردا ھەپتىنىڭ ھەر خىل كۈنلىرى بولىدىغان بازار.

**چاربازارچی** ئى. بازار تاشلىماي، چاربازار-دا سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى سودىگەر: چاربازارچىلار بازار تاشلىماي بەس--بەس بىلەن سودا قىلىشتى. // ئۇنى ئاخۇن-موللام، يېزا كادىرى، چاربازارچى سودىگەر ۋە دېھقان قىياپىتىدە كۆرگەنلەر بار. ئۇ ئۆز قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشقا بەكمۇ ماھىر.

**چاربازارچىلىق** ئى. چاربازاردا سودا ــ سېتىق قىلىش پائالىيىتى: ئەگەر قارلىق تاغقا بارىدىغان ئىش بولسا، پۈتۈن قىش ئۈتۈن توشۇپ تاپىدىغان پۇلغىمۇ، چاربازارچىلىقتىن كېلىدىغان كىرىمگىمۇ زىيان ئىدى.

**چارباغ** ئى [پ] ① شەھەرنىڭ سىرتىدىكى تەبىئىي مەنزىرىلىك، ھاۋالىق جايغا قۇرۇلغان، ئۆي-قورۇسى بار باغ: ئۇ دەريادىن ئۆتتۈۋاپتۇ، شۇ ماڭغانچە بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ، مەلىكىنىڭ چارباغقا يېتىپ بېرىپتۇ. ② قۇمۇل شەھىرىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**چاربۇرجەك** ئى <بوت> چاربۇرجەك ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. غولى يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى ئېللىپس ياكى تۇخۇمسىمان شەكىلدە بولۇپ، تۈز ئۆسىدۇ، ئىككى تەرىپىدە تۈكچىلىرى بولىدۇ؛ گۈلى ئاچ قىزىل ۋە باشاقسىمان گۈل رېتىدە بولىدۇ، مېۋىسى ئېللىپسسىمان بولۇپ، ئىككى ئۇچى ئۈچلۈق كېلىدۇ، قىرى بولىدۇ؛ ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ، مەدىدىنى چۈشۈرۈش ۋە تاماق سىڭدۈرۈش رولىغا ئىگە.

**چارپادىشاھ** ئى <تارىخ> «چار» رۇسچە «ئىمپېراتور» مەنىسىدىكى سۆز. «چار پادىشاھ» روسىيە بىلەن بۇلغارىيىنىڭ بۇرۇنقى پادىشاھىنى كۆرسىتىدۇ.

**چارپاي** ئى [پ] ← **چارۋا**: چارپاي يىغماق.

چارپاي تۇپلىماق. * قىز ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ، بىر خىل ئۆتۈنۈش-يېلىنىش تۇيغۇسى بىلەن خۇمارلىق كۆزلىرىنى شاھزادىگە تىكىپتۇ، - ئەمىسە بىرەر پادا چارپاي بېرەمسىز؟ - قىز بېشىنى چايقاپتۇ.

**چارپۇتلاتماق** «چارپۇتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چارپۇتلاشماق** «چارپۇتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چارپۇتلانماق** «چارپۇتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چارپۇتلىماق** پ. پۇتلاپ، چىرماق سېلىپ ئۆگدىسىغا يىقىتماق: ئۇ ئېسىنى يىغىپ بولغۇچە، ئىشكىتىن يولۋاستەك ئېتىلىپ كىرگەن رەھمەتجان بىرلا چارپۇتلاپ، ئۇنى تىك موللاق چۈشۈردى-دە، ئۈستىگە مىنگەشتى.

**چارپېلەك** ئى <دېھ> قوغۇننىڭ بىر خىلى.

**چارتال** ئى [چار+تال] <بوت> ① ئازغان ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، ئېللىپس شەكىلدە؛ گۈلى كىچىك، ئاق. كونۇسسىمان گۈل رېتىدە؛ مېۋىسى سۇس سېرىق ياكى قېنىق سېرىق رەڭدە، سىرتقى پوستىدا ئىنچىكە تۈكلىرى بولىدۇ؛ يىللىق رايونلاردا ئۆسىدۇ، مېۋىسنى يېيىشكە بولىدۇ. يوپۇرمىقى بىلەن ئۇچكىسى دورا قىلىنىدۇ، يۆتەل پەسەيتىش رولىغا ئىگە. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**چارچاپ** ئى [پ] ① بىر-بىرىگە چېتىلغان تۆت ياغاچ ۋە شۇ ياغاچتىن ياسالغان قۇرۇلما، جاھاز: چاڭگاك قۇدۇقنىڭ چارچىپىغا ئىلىنىپ قالسا، ئەپەندىم ئايغا ئىلىنگەن ئوخشايدۇ دەپ بار كۈچى بىلەن ئارقاننى تارتىپتىكەن، ئارقان ئۈزۈلۈپ كېتىپ ئۆگدىسىغا چۈشۈپتۇ-دە، كۆزى ئاسماندىكى ئايغا چۈشۈپتۇ. ② شادىلىق كىچىك كارىۋات. ③ ئۈستىگە كوزا، ياكى تەلەڭگە، داس

قويۇلىدىغان، ئۈچ ياكى تۆت پۇتلۇق ياغاچ رامكا، جاھاز.

**چارچاتماق** «چارچىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ساۋۇتنىڭ ئادىلىدىن كۆپرەك نەرسىلەرنى سوراش نىيىتى بار ئىدى، لېكىن، دەسلەپكى كۆرۈشۈشتىلا ئۇنى چارچىتىپ قويۇشنى خالىمىدى.

**چارچاش** ① «چارچىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② <ماشىن> تاشقى كۈچنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى كۈچلۈك بولۇشى ياكى تەسىر قىلىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى تۈپەيلىدىن، ماتېرىيال ۋە قۇرۇلمىلاردا كۆرۈلىدىغان نورمالسىزلىق ياكى بۇزۇلۇش.

**چارچاشماق** «چارچىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قانچە كۈنلەرنى مۇڭدىشىپ ئۆتكۈزۈشتى، بىللە ئىنگلىز، رۇس تىللىرىنى ئۆگەندى، بىللە لايغا مىلىنىپ، ھېرىپ-چارچاشتى.

**چارچاڭ** سۈپ ① ئىچىشكە تەس بولغان؛ قىرتاق، قاڭسىق: چارچاڭ ھاراق. ② قولاققا ياقمايدىغان؛ مۇڭسىز، يېقىمسىز: چارچاڭ ناخشا. ③ مۇناسىۋەتتە يىرىك، تولا جېدەللىشىدىغان؛ ئۇرۇشقاق، قوپال: چارچاڭ ئادەم. * ئەگەر چارچاڭراق بىرەر كىشىنىڭ قولى ناۋادا «قارا» بولۇپ چىقسا ئىدى، ئۇ چاغدا ھەممە بالايىبەتتەرنى شۇ ئادەمگە يۈكلەپ، بۇ ئەنزىنى ئاياغلاشتۇرماقچى ئىدى.

**چارچاڭغۇ** سۈپ. چارچاپ قالغان، چارچىغان، ھاردۇق يەتكەن: چارچاڭغۇ ئادەم. * قېنى قالغان خەتلەرنى ئوقۇي، بەلكىم بۇ خەتلەردىن چارچاڭغۇ نېرۋىلىرىمغا ئارام بېرىدىغان بىرەر ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالار.

**چارچۇرۇك** ئى [چار+چۇرۇك] <دېھ> قوغۇننىڭ بىر تۈرى: قوغۇنلۇقتىن ئۈز قولۇم بىلەن ئۈزۈپ كىرىپ، مېھمانلارغا تىلغان چارچۇرۇك راستىلا تاتلىق چىققانىدى. // چارچۇرۇك قوغۇن تىلىملىرى تىزىلغان پەتنۇسلار قولدىن-قولغا ئۆتۈشۈپ، ئالدى بىلەن ساراي ئۆيگە توشۇلاتتى.

**چارچىماق** پ. بىرەر ئىش-ھەرىكەت، ئەمگەك پائالىيىتى نەتىجىسىدە، ھارغىنلىق سەزمەك؛ ھارماق، تالماق: سەپەردە چارچىماق. ئەمگەكتە چارچىماق. * سادىق ئۆزىنىڭ بوشىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، باشقىلارنىڭمۇ قاتتىق چارچىغانلىقىنى بەزدى ھەمدە ئېغىر نەپەس ئېلىپ قويدى-يۇ، ئارتۇق گەپ قىلمىدى.

**چارداش** ئى <مۇز> ۋېنگرىيىچە sardas سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. بۇ ۋېنگرىيە خەلقىنىڭ ئۇسسۇل (تانسا) مۇزىكىسى بولۇپ، 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پەيدا بولغان.

**چاردان** ئى. تولامچاقنىڭ چىلگە ۋە كۇدا ئوقلىرى ئورنىتىلغان ياغاچ سايمىنى.

**چارروسىيە** ئى [ر] <تارىخ> چارپادىشاھى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى روسىيە.

**چارزەپ** ئى [پ+ئە] <مۇز> مۇقام تەركىبىدىكى ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىلىرىنىڭ بىر تۈرى: چارزەپ مۇزىكىسى.

**چارس** تەق. مۇز، ئەينەك، چىنە قاتارلىق نەرسىلەر تاشقى تەسىر تۈپەيلىدىن دەز كەتكەندە پەيدا بولىدىغان ئاۋاز: چارس قىلماق. * لامپىنىڭ ئەينىكى «چارس» قىلىپ ئېتىلىپ كەتتى.

**چارس-چارس** «چارس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**چارس-چۇرس** «چارس» قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: تاماشىبىنلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ چاۋاك چېلىۋاتقۇدەك، مۇخبىرلار ھەر تەرەپتىن «چارس-چۇرس» قىلىپ سۈرەتكە تارتىۋاتقۇدەك.

**چارسسدە** رەۋ. «چارس» قىلغان ھالدا،

«چارس» قىلىپ: تاش دېرىزىگە تېگىپ، «چارسسىدە» قىلغان ئاۋاز بىلەن ئەينەك پارچىلىرى يەرگە چۈشتى.

**چارسلداتماق** «چارسلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چارسلداشماق** «چارسلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چارسلدىماق** پ. «چارس-چارس» قىلىپ ئاۋاز چىقماق؛ «چارس-چارس» قىلماق: ئوچاقتا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان قۇرۇق ئوتۇنلار چارسلدىماقتا ئىدى.

**چارشەنبە** ئى [پ] <ئاستر> ھەپتىنىڭ سەيشەنبەدىن كېيىن، پەيشەنبەدىن ئىلگىرىكى ئۈچىنچى كۈنى: 1980-يىلى روزى ھېيت چارشەنبە كۈنى كەلگەنىدى. 1988-يىلى يەنىلا چارشەنبە كۈنى كەلدى.

**چارشەنبە بازار** ① ھەر ھەپتىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى بولىدىغان بازار. ② چارشەنبە كۈنى بازار بولىدىغان شۇ جاينىڭ نامى: بىز چارشەنبە بازارغا كەلگەن چاغدا كۈن ئولتۇردى.

**چارگاھ** ئى [پ] <مۇز> ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ تۆتىنچىسىنىڭ نامى: چارگاھ مۇقامى. * مۇقام بولدى ساقا لەيلى، ئۇنىڭ ئىشقىدا مەجنۇندەك، ئۆزۈڭنى تاشلىدىڭ «چارگاھ» بىلەن «سىگاھ» ساماسىغا.

**چارگاھ مۇقامى** <مۇز> «ئون ئىككى مۇقام» مۇزىكىسىنىڭ تۆتىنچى مۇقامى. بۇ مۇقام جەمئىي 18 نەغمە، 212 مىسرا بولۇپ، توققۇز چوڭ نەغمە، 108 مىسرا؛ ئۈچ داستان ئالتە نەغمە، 48 مىسرا؛ ئۈچ مەشرەپ ئۈچ نەغمە، 56 مىسرادىن تەركىب تاپقان.

**چارلاتماق** «چارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چارلاش** «چارلىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: چارلاش ئۇسۇلى. چارلاش تورى. ② <گېئول> كان بايلىقلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى ئېنىقلاش ۋە كان گەۋدىسىنىڭ ئورنى، شەكلى، چوڭ-كىچىكلىكى، مەدەن ھاسىل قىلىش قانۇنىيىتى، تاغ جىنسلىق خۇسۇسىيىتى، گېئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئۆلچەپ بېكىتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**چارلاش ئۇسۇلى** <گېئول> كان گەۋدىلىرىنى ئىزدەش، ئېچىش ۋە تەتقىق قىلىش ئۇسۇللىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئاساسلىقلىرى يەر ئاستى يوللىرىنى قېزىش (گورىزونتال، قىيپاش ۋە تىك ھالەتتە)، بۇرغىلاپ چارلاش، گېئوفىزىكىلىق چارلاش، گېئوخىمىيىلىك چارلاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل چارلاش كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ سانى، سۈپىتى، يېتىش ھالىتى ۋە كان ئېچىش تېخنىكىسىنىڭ تەلەپلىرىنى بەلگىلەش ۋە بۇ خىل كان ياتىملىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى چۈشەندۈرۈش قاتارلىق مەقسەتلەر ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**چارلاشماق** I «چارلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ساقچىلار كوچىلارنى چارلىشىپ يۈرەتتى.

**چارلاشماق** II پ. چار ھالەتكە كەلمەك، چار بولماق: گۆھەرخان چوڭ ئانامۇ ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن، ئاق كىرىپ چارلاشقان چېچىنىڭ ئۈستىدىن ياغلىقنى چېكىلەپ تېڭىپ كوچىغا چىقتى.

**چارلانماق** «چارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قول چىراغنىڭ نۇرىدا، قۇدۇق بېشى چارلاندى. سىيرىلىشقا تەمشەلگەن، قۇم-شېغىللار تازىلاندى.

**چارلىغۇچى** ئى. ئارمىيە ئىچىدىكى رازۋېتكا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم، رازۋېتچىك: قىسىم چارلىغۇچىلىرى قايتىپ كەلگەندى. * چارلىغۇچىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، 20 نەچچە دۈشمەن ئىككى دانە چوڭ ماتورلۇق كېمىگە ئولتۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

**چارلىماق** پ ① بىرەر مەقسەتنى نىشانلاپ، ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھەرىكەت ئېلىپ بارماق، كۆزەتمەك، ئاختۇرماق: شتاب بىزگە يەنە چارلاشنى كۈچەيتىپ، تاشمىلىق، لەگزىنى ئىشغال قىلىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پۇختا ئىشلەشنى تاپشۇردى. ② بىرەر ئىلمىي تەتقىقات نۇقتىسىدىن گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماق؛ تاغ ـ دالىلارنى قىدىرماق، بايلىق ئىزلىمەك: نېفىت، تەبىئىي گاز مەنبەلىرىنى زور كۈچ بىلەن ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ۋە چارلاپ، نېفىت زاپىسىنى كۆپەيتىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات ئۈچۈن شەرت ھازىرلاش لازىم.

**چارئوت** ئى [چار+ئوت] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۇ بىر خىل ياۋا ئوت بولۇپ، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، تەمى تۆمۈنە شەكىلدە كېلىدۇ، گىرۋەكلىرىدە ھەرە چىشلىرىغا ئوخشاش رەتسىز چىشلىرى بولىدۇ.

**چارۋا** ئى [پ] ئات، كالا، قوي قاتارلىق تۆت ئاياغلىق مال: خۇسۇسىي چارۋا. كوللېكتىپ چارۋا. * چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قولدا قالغان سانى 2 مىليون 670 نەچچە مىڭ تۇياق بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكى بىلەن تەڭ بولدى.

**چارۋا مال** ئات، كالا، قوي قاتارلىق ئائىلىدە بېقىلىدىغان ئۆي ھايۋىنى: بۇنىڭ بىلەن ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان، چارۋا مال ئومۇميۈزلۈك ئاشتى.

**چارۋا مەھسۇلاتى** ئات، كالا، قوي، قاتارلىق ئائىلىدە بېقىلىدىغان ئۆي ھايۋاندىن ئېلىنىدىغان يۇڭ، تېرە، گۆش، ماي قاتارلىقلار: ئۇلار تۈرلۈك چارۋا مەھسۇلاتلىرى بويىچە ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى.

**چارۋا ئىپاتە ئورمانلىقى** <ئورم> چارۋا مال ۋە يايلاقنى سوغۇق ئېقىم، قارا بوران ۋە شىۋىرغانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن بىنا قىلىنغان ئورمانلىق.

**چارۋىچى** ئى. چارۋا بېقىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ۋە چارۋىغا ئىگە بولغان كىشى: بۇ كەنتتە ئون ئائىلە چارۋىچى بار. بۇ خۇش خەۋەر بۇ ئاددىي چارۋىچى ئائىلىسى ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن چوڭ خۇشاللىق ئىدى.

**چارۋىچىلىق** ئى. چارۋا بېقىش ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى يېتىلدۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى: چارۋىچىلىق مەيدانى. * بۇ يىل ناھىيىمىز چارۋىچىلىقتىن مول ھوسۇل ئالدى. ئىسھاق بىلەن مالىك ئەسلىي چارۋىچىلىق مەكتىپىدە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلاردىن ئىدى.

**چارۋىدار** ئى [پ] چارۋىچىلىق رايونىدىكى يايلاق ۋە چارۋا ماللارنى ئىگىلىۋالغان ھەمدە چارۋىچىلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ئارقىلىق تۇرمۇش كەچۈرىدىغان كىشى.

**چارىزم** ئى [ر] <تارىخ> چار پادىشاھلىقىنىڭ ھاكىمىيەتلە قىلىنگەن ئاساسلانغان دۆلەت تۈزۈمى: چارىزم ھاكىمىيىتى. چارىزم ھۆكۈمرانلىقى.

**چارىسىز** سۈپ. چارىسى يوق، چارە تاپالمىغان؛ ئىلاجسىز: چارىسىز ئىش بولماس، چارىسىز ئاش بولماس (ماقال). * ئەگەر شۇنداق بولمىغىنىدا ئىدى، ئۇنى ئالىقاچان چارىسىز قالدۇراتتۇق. * چارىسىز، يالغۇز قالغان زۇنۇن ئەمدى باشقىچە يول تۇتۇشقا ئۆتتى.

**چارىسىزلىق** «چارىسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم

شەكلى: قولۇم، ئاغزىم ئىدى مېنىڭ گۆشكە بەند، ئىدىم چارىسىز، چارە تاپالماي مەن.

**چاريار** ئى [پ] <دىن> مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئابابەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلىدىن ئىبارەت تۆت ۋارىسى (تۆت خەلىپە).

**چازا** ئى [پ] ← **باداشقان**: چازا قۇرماق. * تۇراپ شۇجى سۇپىغا چىقىپ، شەمەرنىڭ ئۇدۇلىدا چازا قۇردى.

**چازا قۇرماق** ← **باداشقان قۇرماق**: ئابدۇقېيۇم، يۇسۇپ سودىگەرنىڭ پوكىيى ئۈستىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇراتتى.

**چازا (چا:زا)** ئى [خەن] ① چاچ قاتارلىق نەرسىلەرنى قىسىپ تۇرىدىغان مېتال ياكى سۇلياۋدىن ياسىلىدىغان بۇيۇم؛ قىسقۇچ: چازا قىسماق. * ئۇ بېشىنىڭ چوققىسىغا تۇگۈۋالغان چاچلىرىنى رەڭمۇرەڭ چازىلار بىلەن چۈۋۈلۈپ كەتمەيدىغان قىلىپ قىستۇرۇۋالغانىدى. ② چېگرادىكى تەكشۈرۈش ئورنى، قاراۋۇلخانا: بازار جىسالىرى، چازىدا تۇرىدىغانلىرىمۇ تولاراق غوجا ئەۋلادلىرى ئىدى.

**چاس** I ئى [ر] مىق. كىنو بۆلىكىنىڭ ھەربىر بۆلىكى: ئىككى چاس فىلىم. * بۇ كىنو جەمئىي 14 چاس.

**چاس** II ئى [ر] <ھەرب> ئورنىدا تىك تۇرۇپ، ئوڭ قولنى چېكىگە تەگكۈزۈش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان ھۆرمەت؛ ھەربىيچە سالام: چاس بەرمەك. * سېرژانت ئەسكەرلىرى بىلەن چاس بېرىپ، ئۆزرە سوراپ چىقىپ كەتتى.

**چاس بەرمەك** ئورنىدا تىك تۇرۇپ، قەددىنى رۇسلاپ، ئوڭ قولنى چېكىسىگە تەككۈزۈپ ھۆرمەت بىلدۈرمەك، ھەربىيچە سالام قىلماق: ــ سالام، ئەپەندىم! ــ دېدى ئۇ ئەخمەتجان قاسىمنى كۆرۈپ ۋە ھۆرمەتتە تۇرۇپ چاس بەردى.

**چاسا** [پ] ① سۈپ. تۆت تەرىپى تەڭ بولغان، تۆت بۇرجەك شەكلىدىكى؛ كۋادرات: چاسا تاش. چاسا ياغاچ. * ئۇنىڭ ئېشىدا ياغاچ ياغىچىدىن ياسالغان چاسا ئۈستەل تۇرۇپتۇ. ② ئى. شەھەر، جىڭلارنىڭ مەركىزىي كوچىسى، رەستە: بۇ رەھىم ئاخۇن ئاتلىق ناۋاي بولۇپ، يېشى 50 تىن ھالقىغان، ئۆيى ۋە ناۋايلىق دۇكىنى چاسا تەرەپتە، ئۆمرىدە پەرزەنت كۆرمىگەن كىشى ئىدى.

**چاسا بەلباغ** <كي> تەنتەنىلىك مۇراسىم ۋە سورۇنلاردا، ئۇيغۇر ئەرلىرى تونىنىڭ ئۈستىدىن بېلىگە باغلىۋالىدىغان بىر خىل بەلباغ.

**چاسا بولقا** <سانا> ئىككى يۈزلۈك تۆت چاسا بولقا.

**چاسا چەن** <ماشن> سايمانلارنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب. ئۇ قېلىنلىقى ئېنىق ۋە تىك تۆت تەرەپلىك شەكلىدىكى مېتال بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلچىمى ھەر خىل ئۆلچىگۈچى سايمانلارنىڭ مىزانلىق ئۆلچىمىدۇر. بىر يۈرۈش چاسا چەن، قېلىنلىقى ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل چاسا چەنلەردىن تەركىب تاپىدۇ. ئىشلەتكەندە ھەر خىل رازمېرلارنى بىرلەشتۈرۈشكىمۇ بولىدۇ.

**چاسا خەت** <تل> چاسا شەكىللىك خەت. بۇ يەردە خەنزۇچە خەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**چاسا زەنجىر** <ماشن> زەنجىرنىڭ بىر خىلى. ھەربىر ئۇلانمىلىرىنىڭ شەكلى تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە بولىدۇ. ئۇ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

**چاسا قوغۇشۇن تاش** <گېئول> بىر خىل مىنېرال. تەركىبى فلومبوم سولفىد

(PbS) . كۈل رەڭ كرىستال بولۇپ، بەزىدە كاللەك ياكى دانىچە ھالىتىدە ئۇچرايدۇ، چۈرۈك كېلىدۇ، سۇنغاندىن كېيىنكى پارچىلىرى تۆت چاسا بولىدۇ، مېتال پارقىراقلىقىغا ئىگە. ئۇ قوغۇشۇن ئالىدىغان ئاساسلىق مىنېرال بولۇپ، رادىئو قوبۇللىغۇچنىڭ دولقۇن تاسقىغۇچىسىنى ياساشقا ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ.

**چاسا قۇلاق** نەرسىلەرنى چاسا قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سەندەللەرنىڭ قىرلىق قۇلىقى.

**چاسا ياغاچ** <ئورم> ئەن ياغاچ بويىغا تىلىنغاندىن كېيىن ھاسىل بولغان تاختاي ۋە چاسا شەكىللىك ياغاچلارنىڭ ئومۇمىي نامى. كەڭلىكى قېلىنلىقىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىدىن ئاشىدىغانلىرى تاختاي؛ قېلىنلىقىنىڭ ئۈچ ھەسسىگە يەتمەيدىغان تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدىكىلىرى چاسا ياغاچ دېيىلىدۇ. چاسا ياغاچ ئادەتتە بىناكارلىق قۇرۇلۇشى، كېمسازلىق، ماشىنىسازلىق ۋە ياغاچچىلىق قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىدۇ.

**چاستوتا** ئى [ر] <فىز> جىسمنىڭ ھەر سېكۇنتتىكى تەۋرىنىش قېتىم سانى. بىرلىكى گېرتس. مەسىلەن، ئادەم ئاڭلىيالايدىغان ئاۋازنىڭ چاستوتىسى 16ــ20000 گېرتسقىچە بولىدۇ. ئادەتتە ئۆزگىرىشچان توكنىڭ چاستوتىسى 50 گېرتس. رادىئو ئىستانسىلىرى كۈندىلىك ئاڭلىتىشنى قايسى خىل دولقۇن ياكى چاستوتىدا تارقىتىشنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ.

**چاستوتا بەلبېغى** <فىز> ئېلېكترو-ماگنىت دولقۇنى ياكى ئاۋاز دولقۇنىنىڭ دولقۇن سپېكتىرىدىكى بىر بۆلەك دولقۇن ئۇزۇنلۇق دائىرىسى.

**چاسلىق** سۈپ. چاسىلىرى بار، چاسلارغا بۆلۈنگەن، چاسلارغا ئايرىلغان: تۆت چاسلىق فىلىم. * ئۇلار ئاخشام ئىككى چاسلىق «سەرگەردان» فىلىمنى كۆردى.

**چاسلاتماق** «چاسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تېخنىك خادىملار بىر تۈركۈم تاشچىلارنى تەشكىللەپ، قېزىلغان تاشلارنى قۇرۇلۇش ئۈلچىمىگە باب كەلتۈرۈپ چاسلاتتى.

**چاسلاشماق** «چاسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ياغاچچىلار كېسىلگەن ياغاچلارنى چاسلاشتى.

**چاسلانماق** «چاسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ياغاچلار چاسلىنىپ بولدى.

**چاسلىماق** پ. چاسا شەكىلگە؛ ھالىتىگە كەلتۈرمەك؛ تۆت تەرىپىنى تەڭ قىلماق: ئۇ يەردە بايىلا غاردىن ئاچىقىپ چايلاشتۇرۇپ قويۇلغان تاش چاسلاش ماشىنىلىرى بولۇپ، ئۇنى قېرىنداش گۇرۇپپىلار مىڭ تەستە ياسىغانىدى.

**چاسۋەلە** ئى. دىئال. دېرىزە ئەينەكلىرىنى باستۇرۇپ تۇرىدىغان، ئۇستەل ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ قىرغاقلىرىغا ئورنىتىلىدىغان ئىنچىكە، قىرلىق ياغاچ.

**چاشقان** ئى ① <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ بىر ئائىلىسى. تۇرى كۆپ، تېنى كىچىك، قۇيرۇقى ئۇزۇن، كۈرەك چىشى تەرەققىي قىلغان بولىدۇ، قوزۇق چىشى بولمايدۇ. تۈكلىرى قوڭۇر ياكى قارا كېلىدۇ، تېز كۆپىيىدۇ، بەزىلىرى چاشقان يارىسى تارقىتىدۇ.

**چاشقان بۇرۇت** ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن بۇرۇت: بۇ يىگىتنى بەقەسەم تونلۇق مۇدىر كىچىككىنە سارغۇچ چاشقان بۇرۇتلىرىنى لىكىلدىتىپ ۋە تەنە چىراي بىلەن قارشى ئالدى.

**چاشقان تۆشۈكى ساراي بولماق**

ئىنتايىن قاتتىق قورقۇپ، ئۆزىنى يوشۇر-
غۇدەك يەر تاپالماي قالماق: چاشقان
تۆشۈكى ساراي بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىغان جالغ
زىخۇيغا ئابدۇراخمان راسىنغان ئۇرۇن ئانا باغرىدەك
يىللىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

**چاشقانغا كىپەك ئالدۇرمايدىغان**
باشقىلارغا قىلچە پايدا-مەنپەئەت
بەرمەيدىغان، نەپ يەتكۈزمەيدىغان؛
ئۆتۈپ كەتكەن بېخىل، پىخسىق: ئۇ خۇددى
تەمسىلىدە ئېيتىلغاندەك، چاشقانغا كىپەك ئالدۇر-
مايدىغان ئادەم ئىدى.

**چاشقان قۇلاق بولماق** تەتىياز مەزگىلىدە
دەرەخ بىخلىرى يېڭى يوپۇرماق كۆرسەت-
مەك: بىر نەۋرىسى مانانلاشقان ئاي ئەمدىلا
چاشقان قۇلاق بولغان ياش كۆچەتلەر، ئەۋرىشىم
سۆمبۈللار ئۈستىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققاندا ئۇلار ئارقىسىغا
قايتتى.

**چاشقان ئۇۋىسى ساراي بولماق** ←
**چاشقان تۆشۈكى ساراي بولماق.**

**چاشقان يارىسى** <تىب> بىر خىل
كېسەللىك. كۆپرەك بويۇنغا چىقىدۇ،
بەزىدە قولتۇقمۇ چىقىدۇ. سىل تاياقچە
باكتېرىيىسىنىڭ بويۇن ياكى قولتۇقتىكى
لىمفا تۈگۈنىگە كىرىپ كېتىشى نەتىجىسىدە
كېلىپ چىقىدۇ. ئالامەتلىرى: قاتتىق تۈگۈنچەك-
لەر پەيدا بولۇپ، يىرىڭلايدۇ. يارا ئاغزى ئاسانلىقچە
پۈتمەيدۇ.

**چاشقان يىلى** <ئاستر> مۇچەل يىلى
ھېسابىدىكى بىرىنچى يىل يەنى مۇچەل-
دىكى 12 ھايۋاننىڭ بىرىنچىسىنىڭ نامى
بىلەن ئاتالغان يىل.

**چاشكا** ئى [ر] فارفور ماتېرىياللاردىن
ياسىلىدىغان، تۇتقۇچى بار، مەخسۇس
چاي ئىچىدىغان قاچا: بىر چاشكا چاي. *
- بولدى، بىر ئوقۇغۇچىنى دەپ ئۆزۈڭىزنى مۇنچىۋالا
كايىتماڭ، - دېدى. مۇدىر ياسىنغا كۆيۈنگەن ھالدا
ۋە چاشكىدا چاي سۇندى.

**چاشگاھ** ئى [پ] تاڭ ئېتىپ، كۈن بىرئاز
ئۆرلىگەن ۋاقىت: قۇياش كۆتۈرۈلۈپ چاشگاھ
بولدى، يازنىڭ ئاپتىپى ئەتىگەندىلا ئۇردا ئارقىسىدىكى
ھويلىنى قىزدۇرۇشقا باشلىدى.

**چاغ I** سۈپ. خۇشال، خۇرسەن، شاد:
كۆڭلى چاغ. ۋاقتى چاغ. * بەزى ئاپتاپپەرەسنىڭ
گۈلدەك ئېچىلىپ، بويىنىنى چۈشتىن ئاۋۋال باشقا
ياققا، چۈشتىن كېيىن باشقا ياققا مۇلايىم ئەگكەن
ھالدا ھېجىيىپ، كۈلۈۋېرىپ ۋاقتىنى چاغ ئۆتك-كۈزىد-
ىغانلارمۇ بار.

**چاغ II** ئى. دەۋر، مەزگىل، پەيت،
ۋاقىت: تاڭ ئاقارغان چاغ. قاش قارايغان چاغ. *
قولىمىزغا خەنجەر ئېلىپ، بىزنى بوزەك قىلغانلارنىڭ
باغرىنى تىلىدىغان چاغ كەلدى.

**چاغ III** ئىم. ئىتتىنى قوغلاش، ھەيدەش
ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ: ئۇ چاغلاردا بايلارنىڭ ئىتتىنى
«چاغ»، مۈشۈكىنى «پەش» دېگىلىمۇ بولمايتتى.

**چاغ IV** سۈپ. دەل، ماس، لايىق، خوپ:
بۇ ئۆتۈك پۇتۇمغا چاغ كەلدى. * باغ ئىكەنۇ، باغ
ئىكەن، ئەنجان تاملىق باغ ئىكەن. روزىلەمنى ماڭا
بەرسە، بويى بويۇمغا چاغ ئىكەن.

**چاغ V** ئى. كۈچ-قۇۋۋەت، قۇرب؛ مادار:
ئۇنىڭ بۇ ئىشقا چېغى يەتمىدى. * ھەدە دەيدۇ
ئوقۇۋەر، كىتابىڭنى خاتىرجەم. چېغىم يەتكەن ئىشىڭنى،
ئورۇندايمەن قويماي كەم.

**چاغاتاي** ئى <تارىخ> ① چىڭگىزخاننىڭ
ئىككىنچى ئوغلىنىڭ نامى. ② 13-ئەسىر-
دىن 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان
ئارىلىقتىكى ئۇيغۇر يېزىق تىلى ۋە يازما
ئەدەبىياتى ھەققىدە: چاغاتاي تىلى، چاغاتاي
ئەدەبىياتى.

**چاغاتاي ئەدەبىياتى** <ئەد> 13-ئەسىر-
دىن 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان

ئارىلىقتىكى چاغاتاي تىلىدىكى يازما ئەدەبىيات كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**چاغاتاي تىلى** <تىل> قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، 13-ئەسىر-دىن باشلاپ 20-ئەسىرگىچە ئۇيغۇرلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا تۈركىي مىللەتلەر ئورتاق قوللانغان ئەدەبىي تىل. بۇ تىلنىڭ «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتىلىپ قېلىشىغا چاغاتاي خانلىقى ۋە چاغاتاي ئەۋلادلىرى ئورناتقان باشقا خانلىقلارنىڭ بۇ تىلنى ھۆكۈمەت تىلى قىلىپ قوللانغانلىقى سەۋەب بولغان.

**چاغاتاي خانلىقى** <تارىخ> چىڭگىزخان ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن جايلاردا قۇرۇلغان خان-لىق. بۇ خانلىق دەسلەپكى مەزگىلدە پەقەت غەربىي لياۋنىڭ كونا جايلىرىنى ئىگىلىگەن. 14-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا كەلگەندە، ئوكتاينىڭ سۇيۇرغال يېرىنىمۇ قوشۇۋېلىپ، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ھەم ئامۇ دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى جايلارنى ئىگىلىگەن. ئالمىلىق (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ قورغاس ناھىيىسىدى-كى سۇيدۇڭ بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ)نى پايتەخت قىلغان. كېيىن ئۇ شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككى قىسمىغا بۆلۈنگەن. غەربىي قىسمى 1370-يىلى تۆمۈر ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن يوقىتىلغان. شەرقىي قىسمى بىرقانچە كىچىك دۆلەتلەرگە پارچىلىنىپ ئىلگىرى-ئا-خىر بولۇپ يوقالغان.

**چاغان** ئى. قەمەرىيە يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى باشلىنىدىغان مەملىكىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى، باھار بايرىمى: شۈلىيەن شۇ يىلى چاغان بولۇشتىن سەل ئىلگىرى يېتىپ كەلدى.

**چاغانلىق** سۈپ. چاغانغا ئىشلىتىدىغان ياكى كىيەك قىلىدىغان؛ چاغانغا مۇناسىۋەتلىك: چاغانلىق كىيىم. چاغانلىق زىياپەت. * خىزمەتكارلارمۇ چاغانلىق ئىنئام پۇلى ۋە ئويۇن-تاماشىلارنى كۈتكەچ خوجايىنلارنىڭ كەينىدىن ئالدىرىشىپ يۈرەتتى.

**چاغلاشماق** I «چاغلىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىت يۈرەكلەر ئۆزىنى باتۇر چاغلىشىپ، ئۇخلاۋاتقان قوچقارنى چىڭ باغلىشىپ؛ سۆرەپ بېرىپ «شاھ» ئالدىغا تاشلاپتۇ، ئەرز ئېيتىپ كۆزلىرىنى ياشلاپتۇ.

**چاغلاشماق** II «چاغلىماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قوناقلىرىنى ئۆزئارا لايىقلىشىپ چاغلاشتى.

**چاغلام** ئى. كېۋەز، قوناق قاتارلىق زىرائەت مايسىلىرىنىڭ تۈۋىنى چاغلاپ (چېپىپ) يۇمشىتىش؛ چېپىق: قوناقنىڭ بىرىنچى چاغلىمى. * بىزنىڭ يېزىدىكى دېھقان يىگىتلەر يۈز مو كېۋەزنىڭ ئىككىنچى چاغلىمىنى چاغلاپ تۈگەتتى.

**چاغلانماق** I «چاغلىماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مايىم قولى باغلاندى، ئۆلتۈرمەككە چاغلاندى. ئاتا-ئانا دەردىدە، يۈرەك-باغ-رى داغلاندى.

**چاغلانماق** II «چاغلىماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كېۋەزلەر چاغلىنىپ بولدى.

**چاغلىغۇچ** ئى. زىرائەتلەرنىڭ تۈۋىنى چاناپ يۇمشىتىش، ئېرىسنى شالاڭلىتىش، ئوتنى چاغلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۇزۇن دەستىلىك تىغلىق سايمان: يېغىيەر ئاياللىرى قوللىرىغا چاغلىغۇچ ئېلىپ كېۋەزلىككە يۈرۈپ كەتتى.

**چاغلىق** ① سۈپ. ئاددىي، كىچىك، ئانچىكى: چاغلىق گەپ. * يۇرتقا قازان ئېسىش چاغلىق ئىش،

ئەتە قاۋانلىقتا جەڭ باشلايمىز. ② سۈپ. ھەيران قالغۇدەك ئەمەس، چوڭ ئەمەس، چوڭ مەسىلە ئەمەس، چەكلىك: دەسمايىسى چاغلىق. ھالى چاغلىق. * ئۇنىڭ مۇھىملىقى چاغلىق. * ئۇنىڭ كۆرگەن كۈنىمۇ چاغلىق. * ئۇنىڭ كىرىمى چاغلىق ئىدى. * ئادىل يەنىلا بىرئاز تارتىنىۋاتقاندەك ئىپادە بىلدۈرۈۋاتىدۇ. بىراق بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. ③ تىر. دېيەرلىك، باراۋېرىدە،... چىلىكمۇ: ھەممە يەرنى جىۋىچادۇي بىلەن بازار باشقۇرۇشنىڭ ئادەملىرى قاپلاپ كېتىپتۇ. بازارغا بىر باغلام ئوتۇن، بىر باش پىياز چاغلىق نەرسە كىرگۈزمەپتۇ.

**چاغلىماق** I پ ① مۆلچەرلىمەك، تەخمىن قىلماق، دەڭسىمەك: ئۆزۈڭنى چاغلا، بىلگىنى باغلا (ماقال). * ئەلقىسسە، رۇم شاھى تاھىرنىڭ ھۆسن-جامالى، ئەقلى-ھوشى، ئەدەب-ئەخلاقىنى چاغلىدى. ② ھېسابلىماق، سانىماق، بىلمەك، تونۇماق، كۆرمەك: جاڭ جىنلۇڭ بۇ نۆۋەت پوتەينى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ، بارغانسېرى تەكەببۇرلىشىپ كەتتى.

**چاغلىماق** II پ. زىرائەتنىڭ توپ ئاردىلىقىدىكى ئوتلارنى ئوتاپ، تۈۋىنى چانىماق، يۇمشاتماق: قوناق چاغلىماق. كېۋەز چاغلىماق. * بىركۈنى ئېتىزلىقتا قوناق چاغلاۋاتسام، بىزنىڭ ئەترەت باشلىقى بىلەن بىر كادىر كېلىپ قالدى.

**چاغىرچاي** ئى <بوت> قارىقات ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. 30 ــ 60 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، يوپۇرماقلىرى تۈۋىدىن توپ يوپۇرماق بولۇپ چىقىدۇ، يوپۇرماق ئالقىنى تېرىلەشكەن، شەكلى دۈگىلەك، سېپىنىڭ تۈۋى كېڭىيىپ غولنى ئورىۋالىدۇ؛ گۈل رېتى كونۇسسىمان، گۈلى دەسلەپ ئاق ئېچىلىپ، تېزلىكتە قىزغۇچ سۆسۈنگە ئۆزگىرىدۇ؛ مېۋىسى غۇنچە شەكىللىك، پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى دورا قىلىنىدۇ، قان توختىتىپ گۆش ئۆستۈرۈش، ئاشقازاننى ياخشىلاپ ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ھېيزنى تەڭشەش رولىغا ئىگە.

**چاق** I تەق. نەرسىلەرنىڭ بىر-بىرىگە تېگىشى، ئۇرۇلۇشى، سوقۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: «چاق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

**چاق** II ئى [پ] ① قاتناش قوراللىرى، ھەر خىل ئەسۋابلار ۋە قۇرۇلمىلارنىڭ ئايلىنىدىغان دۈگىلەك قىسمى: تۆگمەن چاقى. چىشلىق چاق. * ھارۋىنىڭ چاقى ئاستىدىن ئۆتۈۋاتقان يولغا تىكىلىپ قارىغاندا، يول خۇددى ئۆزلۈكىدىن غۇيۇلداپ ئارقىغا مېڭىپ كېتىپ بارغاندەك بىلىنەتتى. ② قاناتلىق چاق ئارقىلىق يىكنى ئايلاندۇرۇپ يىپ ئېگىرىدىغان ئانابىلىق ئېگىرىش ئەسۋابى: چاق ئېگىرمەك. * ئۆيدە پەقەت بىر چاق، ئورچۇق ۋە بىر كىتابتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىكەن. ③ كېسىدىغان ئەسۋابلارنىڭ تىغىنى ئىتتىكلىتىدىغان، ئۆتكۈر قىلىدىغان قۇم باغلانغان، ئايلىنىدىغان غالتەك: چاقتا تۇتماق. چاقتا سالماق.

**چاق ئېگىرمەك** قاناتلىق چاقنى ھەردەڭ تەلەندۇرۇش ئارقىلىق يىكنى تېز ئايلاندۇرۇپ، پاختىدىن يىپ تارتماق؛ يىپ ئەشمەك: ئۇ يىراقتىن قارىسا، بىر تاغ ئۆڭكۈرىدە يەتتە باشلىق يالماۋۇز چاق ئېگىرىپ ئولتۇرۇپتۇ.

**چاقا** I ئى ① ئومۇمەن مىسكە ئوخشاش مېتاللاردىن ياسىلىدىغان پارچە پۇل؛ تىيىن: ئۇنىڭ نەرخى ئون چاقا. ② ئاز مىقداردىكى ئاقچا، پۇل، مەبلەغ: كارۋانغا تاقا لازىم، سودىگەرگە چاقا (ماقال).

**چاقا** II ئى. ئادەم بەدىنىدە ھاسىل بولغان كىچىك يارا؛ جاراھەت: بىر ئادەمنىڭ مەڭزىدە بىر دانە ئۇششۇق، پېشانىسىدا

بىر دانە چاقا پەيدا بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ ھەقىقەتەن كۆپچىلىك ئادەمدىن ئالاھىدە تۇرىدۇ.

**چاقا III** ئى. ئۈزۈم ئېسىپ قۇرۇتۇش ئۈچۈن چۈنجىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ياغاچ قۇرۇلما. ئۇنىڭ غول قىسمىدىكى تۆشۈكچىلەردىن چاپراس ھالدا — چەمەك ئۆتكۈزۈلىدۇ: چاقىغا ئۈزۈم ئاسماق.

**چاقپەلەك** ئى [چاق+پەلەك] ① سۇ ۋە شامال كۈچى بىلەن ئايلىنىپ، ماشىنىلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان قاناتلىق چاق. ئادەتتە تۈگمەن، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئايروپىلان، سۇ پومپىسى ۋە شامالدۇرغۇچ قاتارلىقلارغا ئورنىتىلىدۇ: ھېلىقى چاقپەلەك ياساپ سۇ چىقارغان بىرنەچچە ئۆيلۈك مويسىپىت قېرىلار بالا-چاقىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بېرىپ، 20 چاقىرىمچە يۇقىرىدىن ئېرىق چېپىشقا كىرىشىپتۇ. ② ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، گورىزونتال ئوق ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان قاناتلىق غالتەكسىمان قۇرۇلما: ئاۋۋال چاقپەلەك ئاستىراق ئايلانغاندا، ئولتۇرغانلار پەرۋاسىز كۈلۈپ ئولتۇرۇشتى.

**چاقپەلەكلىك** سۈپ. چاق پەلىكى بار، چاقپەلەك ئورۇنلاشتۇرۇلغان: بوۋام مۇشۇ ھەقتە مەتنۇر ھاكىم بىلەن مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا، گېئولوگلار ئىچىدىكى ئاق چاچلىق ئالىم كىشى بىزنىڭ چاقپەلەكلىك سۇ تارتىش قۇدۇقىمىزنى قايتا-قايتا تەكشۈردى.

**چاقتۇرماق** «چاقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چاقتۇرۇشماق** «چاقتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاقتۇرۇلماق** «چاقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چاقچاق** ئى ① كىشىلەرنى كۈلدۈرۈش، كۆڭلىنى ئېچىش مەقسىتىدە قىلىنغان قىزىق گەپ-سۆز، ھەرىكەت: چاقچاق قىلماق. * ئوغۇل بالا چاقچاققا تېرىكمەسلىكى كېرەك. * بۇ قىزنىڭ قۇلىقىغا چاقچاق گەپ خۇش ياقمايدۇ. ② كۆڭۈل ياساپ ۋە قىزىقچىلىق قىلىپ يالغاندىن ئېيتىلغان گەپ ياكى ھەرىكەت، ھەزىل: چاقچاق دېگەن شۇنداق بولامدۇ؟ تىرىك ئادەمنى ئۆلدى دەپ چاقچاق قىلغان بارمۇ؟

**چاقچاق قىلماق** ① قىزىق، كۈلكىلىك سۆزلەرنى سۆزلىمەك، ئويناشماق: بۇ گەپنى ئاڭلىغان سەلەيئاخۇن ئۇستام ئەپەندىم چاقچاق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ② كۆڭۈل ياساپ قىزىقچىلىق قىلىپ يالغاندىن گەپ قىلماق، چېقىشماق، ھەزىل قىلماق: ئاكىلار رەنجىمەڭلار، ئىككىمىز ئۇرۇشقىنىمىز يوق، چاقچاق قىلىپ بېسىشقاندۇق.

**چاقچاقچى** ئى. چاقچاق قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان، چاقچاق قىلىشقا ئامراق، چاقچاق قىلىشقا ئۇستا كىشى؛ ھەزىلكەش: چاقچاق قىلىش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق ئەنئەنە، ھېسام ئاكا ئەنە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنگەن چاقچاقچى. // چاقچاقچى ئادەم.

**چاقچاقسىز** سۈپ. چاقچىقى يوق، چاقچاق ئارىلاشمىغان: لام-جىممۇ دېمەي موللىمۇشۈك ئولتۇرىدىغان چاقچاقسىز تۇرمۇش بىزنى زېرىكتۈرىۋېتىدىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىزىق چاقچاق ۋە لەتىپىلىرى بىلەن خەلقىمىز ئارىسىدا تا بۈگۈنگە قەدەر ياشاپ كەلمەكتە. ئۇيغۇر خەلقىنى چاقچاقسىز ياشىيالمايدىغان خەلق دېيىشمۇ بولىدۇ.

**چاقچاقلاشماق** پ. چاقچاق قىلىشماق؛ قىزىق، كۈلكىلىك پاراڭلارنى سېلىشىپ ئويناشماق: ئالماس دراما ھەۋەسكارلىرى بىلەن چاقچاقلىشىپ، بىرئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن خوشلاشتى.

**چاقچاقلىق** سۈپ. چاقچاق ئىپادىلەنگەن، چاقچاق ئارىلاشقان: بىر جۈپ قىز-يىگىت يان

تەرەپتىن چىقىپ، ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ، شوخ، چاقچاقلىق، چاققان مىللىي ئۇسسۇل ئىجرا قىلىنىدۇ.

**چاقچۇق** ئى. پارقىراق سىر بېرىلگەن ساپال، فارفور: چاقچۇق بۇيۇم. * چاقچۇقلىرى كۈن نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان سىم تاناپ تۈۋرۈكلىرىنى بويلاپ ياتقان تاغ يولى بىلەن تراكتور، ماشىنىلار ئۈزۈلمەي كەلمەكتە ئىدى.

**چاقچى** ئى ① چاق ياساش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم: چاقچى مەھەللىسى. ② كېسىدىغان تىغلىق ئەسۋابلارنى چاقلايدىغان ئادەم: ئەزىز چاقچىغا پىچاق چاقلاتتى. ③ چاق بىلەن يىپ ئېگىرىدىغان كىشى (ئايال).

**چاقچىقىز** ئى [چاقچى+قىز] <زوئول> بىر خىل ھاشارات. سېرىق قوڭۇر ياكى يېشىل، بېشى كىچىك، سەكرەشكە ماھىر، ئوت - چۆپ ئارىسىدا ياشايدۇ. ئەركىكىنىڭ ئالدى قانىتىدا ئاۋاز چىقىرىش ئورگىنى بولۇپ، چاقىنىڭ ئاۋازىدەك ئاۋاز چىقىرىدۇ.

**چاقچىلىق** «چاقچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: چاقچىلىق قىلماق. * ئۇنىڭ دادىسى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە چاقچىلىق قىلدى.

**چاقچىلقاي** سۈپ. ئالدىراش، پاتىپاراق: چاقچىلقاي كۈنلەر. چاقچىلقاي ئادەم. // ئاتنى مىندىم ئېگەرسىز، باشى-كۆزى يۈگەنسىز. چىرايلىق مېنىڭ يارىم، چاقچىلقايدا كېيقايسىز.

**چاقچىلقايچىلىق** ئالدىراش، پاتىپاراق، ھالەت: بۇ چاقچىلقايچىلىق، نەغمە-ناۋالار خالقىنىڭ مەيلىنى تارتالمىدى. ئۇ قەدىمىنى چوڭ-چوڭ يۆتكەپ، غولغۇندىن تېزلا ئايرىلدى.

**چاقچىلقايلىق** ئى. ئالدىراشلىق، پاتىپاراق-لىق: پوكەيلەر چاقچىلقايلىق بولۇپ كەتتى، خەۋەردار خېرىدارلارنىڭ تەقەززاسى قىستاپ، پوكەي ئالدىغا ئۇلاشتى.

**چاقسا** ئى. ياغاچتىن ياسالغان شادىلىق

توسما تام.

**چاققاق** ① سۈپ. چېقىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، دائىم چاقىدىغان: چاققاق ھەرە. ② ئى <بوت> چاققاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ؛ گۈللىرى كىچىك ۋە باشاقسىمان ھالەتتە ئېچىلىدۇ؛ غول ۋە يوپۇرماقلىرىدا چاققاق تۈكلىرى بولۇپ، تېرىگە تەگكەندە تېرە خۇددى ھەرە چاققاندەك كۆيۈپ ئېچىشىدۇ؛ قوۋزاق تالاسىنى توقۇمىچىلىقتا خام ئەشيا قىلىشقا بولىدۇ.

**چاققاق قارا ھەرە** <زوئول> ھاشاراتلار-نىڭ بىر ئائىلىسى. تەن شەكلى ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، رەڭگى كۆپىنچە قارا كېلىدۇ، قارا سېرىق تۈكچىلىرى بولىدۇ؛ دەرەخ تۆشۈكلىرى، تاش ئاراشلىرىغا ئۇۋا سالىدۇ، گۈل شىرنىسى ۋە چاڭدانلىرى بىلەن ئوزۇق-لىنىدۇ؛ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چاڭلىشىشىغا پايدىلىق.

**چاققاق ھۆجەيرە** <زوئول> كاۋاك ئىچلىكلەرنىڭ تەن سىرتىدا بولىدىغان بىر خىل ئالاھىدە ھۆجەيرە. ئىچىدە چاققاق يىپچىلىرى، سىرتىدا تىكىنى بولۇپ، ئوزۇقلىنىش ۋە قوغدىنىش ئورگىنى ھېسابلىنىدۇ.

**چاققان** ① سۈپ. ئىش-ھەرىكەتتە تېتىك، ھەرىكەتچان، چەبدەس: چاققان يىگىت. * غازىكامنىڭ ئايالىمۇ ئوچۇق چىراي، چاققان ئايال ئىكەن، ئۇ ھەش-پەش دېگۈچە چاي تەييارلىدى. ② رەۋ. چاپسان، تېز، ئىلدام: چاققان كەلمەك. چاققان قىلماق. * قولى گال ئۈستىدىن، ئايىغى چاققان گاداي ياخشى (ماقال). * ئۇ شۇنچە چاققان ماڭسىمۇ، تۇرۇپ ئېرىنى، تۇرۇپ باللىرىنى

ئويلىغاچقا، يول بەك ئۇزىراپ كەتكەندەك بىلىنەتتى.
③ سۈپ. پايدىلىنىشقا قولاي، ئىخچام، ئەپچىل: چاققان ئۆي، چاققان ئات. * خىزمەتكارلار ئۇنىڭغا قىممەت باھا كىيىملەرنى كىيدۈرۈپتۇ، چاققان ۋە ناھايىتى كېلىشكەن سارايغا ئاپىرىپ، شاھقا كۆرسىتىپتۇ.

**چاققان كەلمەك** تېز ھەرىكەت قىلماق، جىددىي ھەرىكەتلەنمەك، ۋاقتىدا ئىش كۆرمەك: ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال قاچماقچى بولۇۋىدى، لېكىن بىرنەچچە ياش يىگىت چاققان كەلدى، خۇشاللىق-چۇقان ئىچىدە ئۇنى مەيدانغا سۆرەپ چىقتى.

**چاققانلاشتۇرماق** «چاققانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چاققانلاشماق** پ. چاققان، تېتىك، ھالەتكە كەلمەك؛ چاپسانلاشماق، ئىلداملاشماق، تېزلەشمەك: ئۇ بارغانچە چاققانلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

**چاققانلىق** «چاققان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: چاققانلىق قىلماق. * پازىل بۇ ئىشتا ئىنتايىن چاققانلىق قىلدى.

**چاقلاتماق** «چاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ قازاناقنى تىمسقىلاپ يۈرۈپ، بۇرناكۆن ئاتايىن چاقلىتىپ قويغان كىچىك بەلچىنى تاپتى.

**چاقلاش** «چاقلىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: چاقلاش ماشىنىسى. * چۇشلۇك تاماقتا كېچىكىپرەك كەلگەن شەۋكەت ئاشخانا ئىشىكىدىن كىرىشى بىلەنلا، چاقلاش سىتانوكىدا ئىشلەيدىغان نۇرنسا بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

**چاقلاش ماشىنىسى** <ماشىن> ئادەتتىكى ھالەتتىكى سىلىقلاش سىتانوكى. ئۇنىڭغا قۇم چاق ئورنىتىلغان بولۇپ، قول ياكى ئېلېكتر ماتور ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈلىدۇ. ئادەتتە پىچاق چاقلاش، دېتاللار ئۈستىدىكى بۇدۇر-چوقۇرلارنى تۈزلەش ياكى پولات ماتېرىياللاردىن ئۇچقۇن چىقىرىپ، تەركىبىنى ئايرىش قاتارلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**چاقلاشماق** I «چاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاقلاشماق** II پ. ئەركەك ئىت بىلەن ئانىچۇق جۈپلىشىپ قالماق.

**چاقلانماق** «چاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۈنۈگۈن شىيەن يامۇلنىڭ جاللاتلىرى چاقلانغان قىلىچ بىلەن باقى قويچىنىڭ كاللىسىنى كەسكەندىمۇ، قاراپ تۇرغان شۇ ئىدى.

**چاقلىق** سۈپ. چاقى بار، چاق ئورنىتىلغان، چاق بېكىتىلگەن: ئىككى چاقلىق ھارۋا. ئون چاقلىق ماشىنا. * مەن ئۇنىڭ سۈت توشۇيدىغان ئۈچ چاقلىق ماشىنىسىنىڭ يېنىغا كەلگىنىمدە، ئۇمۇ ئۇدۇلدىكى ئائىلىلىكلەر بىناسى تەرەپتىن سۈت چېلەكنى كۆتۈرۈپ، ئالدىراپ چىقىپ كەلدى.

**چاقلىماق** پ. تىغلىق ئەسۋابلارنىڭ بىسىنى چاققا تۇتۇپ ئۆتكۈر قىلماق، چاققا يېگۈزمەك، ئىتتىرتمەك: پىچاق چاقلىماق. * جېدەل كۆپەيگەنسېرى، مېنىڭ ئەزەلدىنلا تەرسا مىجەزىم خۇددى چاقلىغان پىچاقتەك ئىتتىكلەپ كەتتى.

**چاقما** ئى ① سۈپ. چېقىلىدىغان، چېقىلغان. ② ئى. ئالتۇن چايقاش ئۈچۈن، دەريا يېنىدىكى تەگلىك يەرگە ھەر خىل ئۇزۇنلۇقتا، يېرىم مېتر كەڭلىكتە تاش بىلەن ياسالغان كۆلچەك.

**چاقما كاۋا** كاۋىنىڭ بىر تۈرى. ئۇ توغرىسىغا دۈگىلەك، يېسىراق كېلىدۇ. بەزى جايلاردا «ئەنجان كاۋىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**چاقماق** I ئى ① بۇلۇت بىلەن بۇلۇت ياكى بۇلۇت بىلەن يەر يۈزى ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدىغان زەرەتسىزلىنىش ھادىسىسى؛ يانغىن: چاقماق چاقماق. چاقماق قايتۇرغۇچ. *

ـۋەزىر جانابلىرى، بۇ يەردە ئاسماندىن چۈشىدىغان چاقماقنىڭ يۈەن شالۇ بىلەن يۈەن تەننى ئۆلتۈرۈپ بېرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرامدىلا؟ — دېدى يۈەن شياۋ. ② كۆچمە. ئۇچقۇن، ئوت: ئىنتىقام چاقمىقى، غەزەپ چاقمىقى. * ئىنتىقام چاقماقلىرى سانسىز يۈرەكتە چاقنىدى، تاشتى تاقەت قاچىسى، خورلۇق ۋە ھەسرەت پاتمىدى.

**چاقماق تېزلىكدىكى ئۇرۇش** <ھەرب> تېز سۈرئەتتە ھەرىكەت قىلىدىغان زور تۈركۈمدىكى قىسىم ۋە يېڭى تېپتىكى قوراللارنى ئىشقا سېلىپ، ئۇشتۇمتۇت شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق، تېز غەلىبە قازىنىدىغان بىر خىل ئۇرۇش ئۇسۇلى.

**چاقماق چاقماق** بۇلۇتلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن سۈركىلىشىدىن نۇر ھاسىل بولماق، يانغىن چىقماق: چاقماق چېقىش بىلەن يەر جاھاننى تىترىتىپ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى.

**چاقماق قايتۇرغۇچ** <ئېل> ئېلېكتر سايمانلىرى ياكى سىمسىز رادىئو قاتارلىقلار-نى چاقماق زەربىسىدىن ساقلايدىغان قۇرۇلما. ئۇنىڭ قائىدىسى چاقماق قايتۇرغۇ-چى يىڭنە بىلەن ئوخشاش.

**چاقماق** II ئى. كىچىك ۋە ئەپلىك بولغان بىر خىل ئوتياندۇرۇش ئەسۋابى. ئۇ يىقىلغۇسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ سۇيۇق-لۇق چاقمىقى ۋە گاز چاقماق؛ ئوت ياندۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ تاشلىق چاقماق ۋە ئېلېكترونلۇق چاقماق دېگەنلەرگە بۆلۈنىدۇ: چاقماق تاش. چاقماق ياندۇرماق. * چاقماقنى ئاتقا تېگىشكەن ئەخمەق (ماقال).

**چاقماق تېشى** ① <گېئول> بىر خىل رودا. ئاساسلىق تەركىبى سىلتسىي ئوكسىد، كاللەك ھالەتتە بولىدۇ، رەڭگى سېرىققا مايىل سۆسۈن ياكى قارا كېلىدۇ؛ سۇنۇق يۈزى قۇلۇلە قېپىغا ئوخشايدۇ، ئۆزى قاتتىق ھاكلىق چۆكۈندى جىنسىدىن ئېلىنىدۇ؛ قەدىمكى زامانلاردا ئوت تۇتاشتۇرۇش ياكى يا ئوقىنىڭ ئۇچىنى ياساشقا ئىشلىتىلگەن، ھازىرقى زامان سانائىتىدە سىلىقلاش ماتېرىيالى سۈپىتىدە قوللىنىلماقتا. ② <خىم> سېرىي، لانتان، تۆمۈرلەردىن ئىشلەنگەن قېتىشما. سۈرۈلگەندە ئۇچقۇن چىقىرىدۇ. ئادەتتە چاقماقتا ئىشلىتىلىدۇ.

**چاقماق تېشى جىنس** <گېئول> كرېمنىي-لىق خىمىيۋى چۆكۈندى جىنس. ئاساسلىق تەركىبى چەش ۋە ئۇششاق دانچىلىقتىن تارتىپ مىكرو دانچىلىقچە بولغان كۋارتس ۋە ئوپالدىن ئىبارەت بولۇپ، بىرقەدەر قاتتىق ۋە زىچ كېلىدۇ؛ ئۈزۈلۈش يۈزى كۆپىنچە قۇلۇلە قېپىغا ئوخشايدۇ؛ كۈل رەڭ، قارىلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ.

**چاقماق** III ئى. ئېتىش قوراللىرىنىڭ مىشەك-كە تېگىپ ئوت ئالدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قىسمى؛ تەپكە: مىلتىقنىڭ چاقمىقى. چاقماقنى باسماق. * رىزۋان مىلتىقنى قولىغا ئېلىپلا، ھېچقانداق تەمتىرەپ تۇرماستىن، چاقماقنى ئورنىغا سېلىپ قويدى.

**چاقماق** IV سۈپ. تۆت بۇرجەك، كۋادرات شەكلىدىكى، چاسا شەكىللىك: چاقماق قەنت. * باتۇر تاغنىڭ ھويلىسى شەھەر سىرتىغراق جايلاشقانىدى، ھويلا چاقماق شەكلىدە بولۇپ، ئىشىك-دېرىزىلىرى ھويلىغا قارايتتى.

**چاقماق رەخت** چاسا شەكلىدە يول چىقىرىپ توقۇلغان رەخت.

**چاقماق قەنت** تۆت بۇرجەك شەكلىدە ئىشلەنگەن قەنت: ئاق داستىخان سېلىنغان ئۈستەل ئۈستىگە بىر تەخسىدە چاقماق قەنت ۋە

ياپلاق، يېشىل ۋازىدا ئازراق كەمپۈت قويۇپ قويۇلغانىدى.

**چاقماق** V پ ① قاتتىق نەرسىلەرنى سۇندۇرۇپ ئۇششاقلىماق؛ پارچىلىماق، ئۇشتۇماق، سۇندۇرماق: تاش چاقماق. ياڭاق چاقماق. ② ئۈزۈپ، سۇندۇرۇپ بۇزماق، پاچاقلىماق: دەرۋازىنى چاقماق. قۇلۇپنى چاقماق. * روزىمەت خوشاڭنىڭ ئىككى ئۆينى چېقىپ ئەكەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان دېھقانلار ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ قېلىشتى. ③ كۆچمە. مالنىڭ قىممىتىنى بەلگىلىك بىرلىككە سۇندۇرماق، سېلىشتۇرماق: مالغا چاقساق ئون تەڭگىدىن قوي ئالسا، 160 نەچچە قوي، بىر قورۇ ئۆي دېگەن سۆز، يىلقىغا چاقسا 80 تەڭگىدىن بايتال ئالسا، 20 نەچچە بايتال، دېمەك بىر ئۆيۈر يىلقا دېگەن سۆز. ④ چىشلەپ ياكى نەشتىرىنى سانجىپ ئاغرىتماق، زەھەر سالماق، زەھەرلىمەك (يىلان، چايان، ھەرە قاتارلىقلار ھەققىدە): پاشا چاقماق. سېرىقئېشەك چاقماق. * ھەرىنىڭ چاققىنىغا چىدىغان ئادەم ھەسەل يەيدۇ (ماقال). * — دوستۇم، بۇ مېنىڭ ئادىتىم، بىرنەرسىگە يېقىنلاشقاندىن كېيىن چاقمىسام زادىلا تۇرالمايمەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چايان. ⑤ ئۆز تەسىرىگە ئالماق، تەسىر كۆرسەتمەك: كېسەل چاقماق. ئاپتاپ چاقماق. * يىغلاپ-قاقشىدۇق ئىلاجى قانچە، دادامنى كېسەل چاقتى بىر كېچە. ⑥ كۆچمە. باشقىلارغا بىراۋنىڭ يامان گېپىنى قىلماق؛ چېقىمچىلىق قىلماق: مېھربانۇ ئاپىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ: — بۇ نېمىدېگەن سەت گەپ! سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسەم، نەمتۇللا دېگەن قارايۈز ماختانچاقلىق قىلىپ، ئۆزى تارقاتقان گەپلەر ئىكەن، — دەپ ئۇنى چاقتى. ⑦ كۆچمە. باشقىلارنى ئۈرۈۋالماق، سوقۇۋالماق، (گەپ بىلەن): ئىدرىس ئەپەندى كاملجان بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيىدە پات-پات ئۇچرىشىپ قالغاندا، كاملجاننى زەھەردەك گەپلەر بىلەن چاقاتتى. ⑧ بىر-بىرىگە ئۈرۈپ، سۈركەپ ئوت چىقارماق، ياندۇرماق، ياقماق: چېقىن چاقماق. سەرەڭگە چاقماق. * تىلۋالدى قۇبدۇننىڭ سەرەڭگە چېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يەردىن تۇرۇشقا تىرىشتى. ⑨ قاماشتۇرماق، خىرەلەشتۈرمەك (كۆز ھەققىدە): ئالدىدىكى بىر مەپە شۇنداق چىرايلىق ياسالغانكى، پال-پۇل قىلىپ تۇرغان نۇرى ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقىدۇ.

**چاقماقتەك** سۈپ ① چاپسان، تېز: چاقماقتەك سۆزلىمەك. * قارىسام، ئۇششاق باللار «كۆزۈڭ بولسا تونۇپ ئال، خېرىدارلار! ئېسىل تۇماق!» دەپ توۋلاپ، چاقماقتەك يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى. ② چەبدەس، چاققان: چاقماقتەك قىز. * — جانابىي ئالىيلىرى، چاقماقتەك باللار، ئويۇنلىرىمۇ چاقماقتەك ئىكەن، قايىلمەن، — دېدى مىرزا ھەيدەر.

**چاقماقلىق** I سۈپ چاقماق چاققان، چاقماق چېقىشىۋاتقان: ئۇ ھېلىقى چاقماقلىق كېچىدىكى ۋەقەنى ئۇنتۇمايتتى.

**چاقماقلىق** II سۈپ. چاقمىقى بار، چاقماق بېكىتىلگەن: قوراللىق ھۇجۇمنى قايتۇرۇشقا يەتكۈدەك ئەسكىرىم يوق، تاغلىقلاردا بولسا يا پىچاق ياكى چاقماقلىق مىلتىق، يا بولمىسا شۇلارغا ئوخشاش بىر بالا بار ئىدى.

**چاقماقلىق** III سۈپ. چاقمىقى بار، چاقماق شەكلىدە ئىشلەنگەن: چاقماقلىق باش ياغلىقى. چاقماقلىق مەخمەل كۆڭلەك. * ئۇنىڭ چاقماقلىق شېرىس ياغلىقى قارامتۇل، ئوماق چىرايى بىلەن قۇندۇزدەك چاچلىرىغا تازىمۇ ياراشقانىدى.

**چاقناتماق** «چاقنىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىر-بىرىدىن نوچى ئاتلارغا مىنگەن بىر توپ ياشلارنىڭ توپلىشىپ باغدىن-باغقا، مەھەللىدىن-مەھەللىگە ئات ئوينىتىپ يۈرۈشلىرى پۈتۈن يۇرت ئىچىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، كۆزلىرىنى چاقنىتىۋەتكەنىدى.

**چاقناشماق** «چاقنىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك

دەرىجىسى.

**چاقناق** سۈپ. چاقناپ تۇرىدىغان، چاقنايدىغان، پارقىراق: گاھىدا بۇلۇتلار خىرىس قىلىدۇ، پوپوزا خەنجىرىنى تەڭلەيدۇ چاقماق. گاھىدا چاڭ-تۇمان بېسىپ كېلىدۇ، ۋە لېكىن پەرىنىڭ رۇخسارى چاقناق.

**چاقنىماق** پ. نۇر چاچماق، ۋال-ۋۇل قىلماق، يالتىرىماق، پارقىرىماق، ۋاللىدىماق: كۈن نۇرىدا يېشىل تۇسكە كىرگەن دالىلار مەرۋايىتتەك چاقنايتتى.

**چاقۇ** جان ت. چېقىش ئىشى، چېقىمچىلىق: ئۇ نادەمگە قاراپ: ــ ناسىر ئاخۇن ئاكامنىڭ ئۆلۈمى باجگىرنى بىر كاچات ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىنى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەختەمبايلارنىڭ چاقۇسىمۇ بار، ــ دېدى.

**چاقىرتقۇزماق** «چاقىرماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دادام مېنى چاقىرتقۇزۇپ، ھېلىقى ئىنگلىز كونسۇلىنىڭ قىلغان قىلىقلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

**چاقىرتماق** «چاقىرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئارىدىن تۆت كۈن ئۆتۈپ، مەھەممەت ئىمىن ئابدەمنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى.

**چاقىرتىشماق** «چاقىرتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار شۇ كۈنى ئۆي-ئۆيلىرىگە يېقىن-يورۇقلىرىنى چاقىرتىشتى.

**چاقىرتىلماق** «چاقىرتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئارىدىن ئون كۈن ئۆتۈپ، بەختىگۈل بىلەن رىشىت گۇڭشېغا چاقىرتىلدى.

**چاقىرماق** پ ① ئاۋاز چىقىرىپ خەۋەردار قىلماق، قىچقارماق: دوستىنى چاقىرماق. * ئەركىن قىزنىڭ ئارقىسىدىن چىقتى ۋە يەنە بىر قېتىم چاقىردى. ② تەكلىپ قىلماق، چىللىماق: مېھمانغا چاقىرماق. * چاقىرغان يەردىن قالما، چاقىرمىغان يەرگە بارما (ماقال). * قاسىم بوۋاي ئۇنى نەۋرىسىنىڭ سۈننەت تويىنىڭ كەچكى ئولتۇرۇشىغا چاقىرغانىدى. ③ دالالەت قىلماق، دەۋەت قىلماق، سەپەرۋەر قىلماق، ئۈندىمەك: كۈرەشكە چاقىرماق، چېلىشقا چاقىرماق. * ئالماس شۇنىڭدىن كېيىن، كۆپچىلىكنى ئۆز ئارا لاپقۇتلىشىپ ئىشلەشكە چاقىردى. ④ ئۇيۇشتۇرماق، ئاچماق: كېڭەش چاقىرماق. يىغىن چاقىرماق. * ئابدۇقادىر بۇ قېتىم بېيجىڭغا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چاقىرغان يېزا-كەنت خىزمەت يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەتكەنىدى.

**چاقىرىشماق** «چاقىرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: پەستىكى ئادەملەر ئورنىدىن تۇرۇپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ بىزنى چاقىرىشتى.

**چاقىرىق** ئى ① پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ياكى قۇرۇلتاي تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان مۇراجىئەت؛ تەشەببۇس: ــ پارتىيىنىڭ بۇ چاقىرىقى 1964-يىلى چىقىرىلغان، ــ دېدى سابىر. * قايتىش توغرىسىدا دەۋەت قىلىپ، تۈرلۈك چاقىرىقلارنى چىقاردى. ② چاقىرىپ ئەۋەتكەن ئۇقتۇرۇش: مەن ئايالىمغا: ــ جاپپار ئون تاغار يەل-يېمىش ئاپىرىپ تۆكۈۋەتسىمۇ، ئوغلى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسە، چاقىرىق چىقمايدۇ، كۆڭلۈڭنى يۇزما، ــ دېدىم.

**چاقىرىق قەغىزى** ① چاقىرىلغانلىقنى ئۇقتۇرۇش خېتى: ئاخىرى ئەلا نەتىجە بىلەن ئىمتىھاندىن ئۆتتۈم، مانا چاقىرىق قەغىزىنىمۇ ئالدىم. ② <قا> سوت ۋە تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ئەنزىگە مۇناسىۋەتلىك كىشىنى چاقىرتىپ كېلىش ھەققىدە ئەۋەتكەن ئۇقتۇرۇش قەغىزى.

**چاقىرىق قىلماق** تەشەببۇس قىلماق، مۇراجىئەت قىلماق، ئۈندىمەك: لېنىن مۇندىن 60 يىل ئىلگىرى كۆپچىلىككە چاقىرىق قىلىپ: «ئىشلەيلى، كۆپچىلىك ھەممىز ئىشلەيلى، دۇنيادا سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ ھەم غەلىبە قىلىشى

كىرەلەك» دېگەنىدى.

**چاقىرىقنامە** ئى. بىرەر يىغىن، توي، ئولتۇرۇش، مېھماندارچىلىق قاتارلىقلارغا چىللاپ يېزىلغان خەت؛ چاقىرىق قەغەزى، تەكلىپنامە: چاقىرىقنامە ئەۋەتمەك.

**چاقىرىلماق** «چاقىرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ جىددىي مەجلىسكە سايىتمۇ ئەلۋەتتە چاقىرىلغانىدى. * تويىنىڭ بىرىنچى كۈنى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مېھمانلىرى قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە چاقىرىلدى.

**چاقىرىم** ئى. مېتىر سىستېمىسى قوبۇل قىلىنغانغا قەدەر قوللىنىلغان يەرلىك ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. بىر چاقىرىم ئۇزۇنلۇق ئادەتتە 1.06 كىلومېتىرغا تەڭ كېلىدۇ: غۇلجا شەھىرىدىن شەرققە قاراپ 100 چاقىرىمدىن ئوشۇقراق يول يۈرسىڭىز، ئەتراپى قاتمۇقات تاغلار بىلەن ئورالغان بىر گۈزەل ماكانغا كېلىسىز.

**چاقىلدىغۇچ** ئى. بىر ئۇچى سۆكەنىنىڭ ئۇگۇت چۈشىدىغان تۆشۈكىگە كىرىپ، يەنە بىر ئۇچى تۈگمەن تېشىنىڭ ئۈستىگە تېگىپ تۇرىدىغان، ئۇگۇت چۈشۈرۈپ بېرىدىغان ھەرىكەتچان ياپىلاق ياكى ئاچا؛ ياغاچ چېقىلدىغۇچ.

**چاقماق** پ. زىرىكمەك، تويماق، ۋاز كەچمەك: ئىشەنگەي كىم، يىلان ئۆز زەھرىنى تەرىپلىسە بال دەپ، ئىشەنگەي كىم بۆرە چاقاپ كېتىپتۇ، دېسە پاقلاندىن.

**چاك** I ئى ① ئاراچ؛ يېرىق، دەز: مەھەللىنىڭ چېتىگە كەلگىنىمدە، ھويلا تاملىرى پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ كېتىپ ۋەيرانلاشقان، شىمالىي تېمىدىن چاك كېتىپ، يىقىلاي دەپ قالغان بىر ئۆيگە كۆزۈم چۈشتى. ② پىچىلغان كىيىمنىڭ تىكىلىدىغان جايى؛ تىكىچ ئورنى، قىرغىقى: چاك تىكمەك. چاك باستۇرماق. ئىشتاننىڭ چېكى. * مەن تۆۋەن ئويماقنى ئوتتۇرا قولۇمغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، يىڭنىنى داۋاملىق دوراپ تۇتۇپ، پۈشۈلداپ ئولتۇرۇپ، كۆرسىتىپ بەرگەن چاكلارنى تىكىشكە باشلايمەن. ③ كۆچمە. قىلىنغان ياكى قىلىنىۋاتقان ئىشتىن كۆرۈلگەن نۇقسان؛ كەمچىلىك، مەسىلە: «ئىشنى قىلساڭ پۇختا قىل، چاك چىقمىسۇن، شىبادەتنى ئىچىڭدە بىل، كىشى ئۇقمىسۇن» دېگەن گەپ بار.

**چاك ئەتمەك** ① سۆكمەك، يىرتماق، پارچىلىماق: كامالجان 14 ياشقا كىرگەن يىلى، جاپاكەش ئاتا ئۆلدى تاش قۇچاقلاپ. مۇلدۇردەك ياشلار تۆكۈپ سەبىي ئوغۇل، چاك ئېتىپ ياقىسىنى قالدى يىغلاپ. ② زىيدە قىلماق، ئەزمەك، ئۆرتەتمەك: ئاھ، پەلەك كۆرسەتكەن ھىكمىتىڭ شۇمۇ؟! يوقسۇلغا ئىنسانىي ھۆرمىتىڭ شۇمۇ؟! سۆرگۈنلەر يۈرىكىدە ھەسرەت ۋە ئەلەم، دىللارنى چاك ئەتمى قايغۇلۇق ماتەم.

**چاك ئەيلىمەك** ← چاك ئەتمەك: مەن بۈگۈن ياد ئەيلىدىم، تارىخ سىينى پاك ئەيلىدى، بارچە ئىنسان تۇتتى ماتەم، ياقىسىن چاك ئەيلىدى.

**چاك باسماق** ① يوچۇق بىر-بىرىگە ھىم كەلمەك؛ قىرغاقلىرى بىر-بىرىگە ھىم كىرىشمەك: مىخلانغان تاختىلار بىر-بىرىگە چاك باسمىدى. ② بىر-بىرىگە قولاشماق، ماسلاشماق، كېلىشمەك (گەپ سۆز ھەققىدە): ما گېپىڭ چاك باستى. «كۆز قورقاق، قول باتۇر» دېيىشكەن. كۆنۈپ كېتىسەن، مەنمۇ شۇنداق بولغان. * پاراڭچىلاردىن بىرى موللازەيدىنگە بىر پىيالە چاي سۇنۇپ بېيت ئېيتىشقا باشلىدى: ئۇسسۇزلۇق تۇتتۇم ئۆزلەرگە، چاك باسمىغان سۆزلەرگە.

**چاك سۇيى** <سۇ> تاغ جىنس چاكلىرىدىكى يەر ئاستى سۇيى.

**چاك كەتمەك** دەز كەتمەك، ئاجرىماق، يېرىلماق: ئابابەكرى دۇيجاڭ توختىگۈلنى دۇينىڭ كونا ئامبىرىغا باشلاپ باردى. بۇ ئامبار نىڭ قەدەر

كونىرىغان ئىدىكى، چاك كەتكەن تاملىرى ھازىرلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك تۇراتتى.

**چاك** II تەق. تىلنىڭ تاماققا تېگىپ تېز ئاجرىشى ۋە ئېغىزنىڭ تەمشىشىدىن چىققان ئاۋاز: ياسىنجان تۇرۇپ-تۇرۇپ ئېغىزىنى «چاك» قىلىپ قوياتتى.

**چاكار** ئى ① بىركىمنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن ياللانغان كىشى؛ مالاي، خىزمەتكار: چاكار بولماق. چاكار قىلماق. * سەمىرىپ تىقلىپ كەتكەن ئىلياز خوجا ئۆي چاكارلىرىنىڭ يۆلىشى بىلەن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، قازىنى ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى-دە، ئۆزى ئالدىدا ماڭدى. ② كۆچمە. جان-دىل بىلەن ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كىشى، خەلق خىزمەتچىسى: خەلقنىڭ چاكىرى دېگەن ھەرقانداق شارائىتتا خەلق ئۈچۈن جاپا چېكىشتىن باش تارتمايدۇ.

**چاكار بولماق** ① بىراۋغا يالىنىپ ئىشلىمەك، مالاي بولماق: ئۇلار ياش ۋاقتىدىن تارتىپلا كىشىلەرگە چاكار بولۇپ ئىشلەپ، كۈندىلىك يېمەكلىنى كۈندە تېپىپ، سىرىقتال كۈن كەچۈرۈپ كەلگەنىكەن. ② كۆچمە. خەلق ئۈچۈن ئىشلىمەك، خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلماق: ئۇ پارلاق نەمۇنىسى ئىنقىلابقا، پۈتۈلگەن بۇ جەڭگىۋار قەلبىمىزنىڭ. ئۇنىڭدەك خىزمەت قىلساق نېمە ئارمان، بىر ئۆمۈر چاكىرى بولۇپ خەلقىمىزنىڭ!

**چاكار قىلماق** بىراۋنى ياللاپ خىزمىتىگە سالماق، مالايلىققا تۇرغۇزماق: مەن شۇنىڭغا تېگىپ، مېنى خېنىم دېگىلى سېنى چاكار قىلىۋالاي، شۇنىڭغا يارامسەن؟

**چاكار-چۇكار** جان ت. چاكار ھەم چاكار قاتارىدىكى بارلىق چوڭ-كىچىك خىزمەتكارلار: پادىشاھ چوڭىنىڭ توقچىنى چاكار-چۇكارلارغا بېرىپ، ئوتتۇرانچىسىنىڭ توقچىنى ساراي ئىتلىرىغا تاشلاپ بېرىپتۇ.

**چاكارلىق** ① «چاكار» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: چاكارلىق قىلماق. چاكارلىققا ئالماق. ② ئى. چاكارلارغا خاس خاراكتېر ۋە خۇسۇسىيەت: ياغاللا داموللام، بەلەن بالىكىنا! ئۇنىڭ بوستان چاچلىرى نېمدېگەن چىرايلىق؟ - دېدى بەھەدى رەئىس چاكارلىق قىياپىتى بىلەن، - بۇ پەرى ئاسماندىن چۈشكەنمىدۇ؟

**چاكاندا** ئى [پ] <بوت> چاكاندا ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان ئۇششاق چاتقال، غولى ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن بولۇپ، توپلىشىپ ئۆسىدۇ؛ يوپۇرمىقى تەڭگىسىمان بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ، جىگەر رەڭ كېلىدۇ؛ ئاتىلىق ۋە ئانىلىقى ئايرىم تۈپلەردە، ئۇرۇقى يۇمىلاق. غولى ئېغىزدىن ئېلىشنىڭ خام ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ. چاكاندىنىڭ شىنجاڭدا توققۇز خىل تۈرى بار، ھەممىسى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چاكاندىلىق** ئى. چاكاندا بار، چاكاندا ئۆسكەن يەر: قاسىمنىڭ كەتمىنى چاكاندىلىقتا ئۇنتۇلۇپ قالغانىدى.

**چاك-پارە** تىلىم-تىلىم، تىتما-تىتما، پارە-پارە: مۇھەببەت دەستىدە يىغلاپ ئەجەب ئاۋارەدۇر كۆڭلۈم. يېتەلمەي يار ۋەسلىگە تۈمەن چاك-پارەدۇر كۆڭلۈم.

**چاك-چاك** «چاك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**چاك-چېكى** تۇتاشقان ھەممە تەرەپ.

**چاك-چېكىدىن بۆسۈلمەك** تەرەپ-تەرىپىدىن، ھەممە يېقىدىن سۆكۈلمەك، بۇزۇلماق: «تاش مىنا» پارتلىتىش ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسەتكەن - تەشمە يولنى توسۇۋالغان چوڭ قورام تاش پارچە-پارچە بولۇپ، چاك-چېكىدىن بۆسۈلۈپ، ھەممە يەر تاش پارچىلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى.

**چاككىدە** رەۋ «چاك» قىلغان ھالدا: پاشا: - چىۋىنلەر كىچىك بولسىمۇ، قانائەت قىلىپ ھالال ئەمگەك بىلەن كۈن كەچۈرگىنىم ياخشى، -

دەپ چاككىدە ئاغزىنى ئېچىپلا، ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر چىۋىننى تۇتۇۋاپتۇ.

**چاكىلداتماق** «چاكىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جىڭلى تىللىرىنى چاكىلدىتىپ، بېشىنى لىڭشىتقىنىچە ئۆزىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلىۋىدى، ئورۇندۇق غىچىرلاپ كەتتى.

**چاكىلدىماق** پ. تەمشىپ ئېغىزىدىن «چاك-چاك» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: ئەپەندىم تومۇز كۈنلىرىدە سەپەرگە چىقىپتۇ، ئۇسسۇزلۇقتىن تاماقلىرى چاكىلداپ كېلىۋاتسا، يولدا بىر بۇلاق ئۇچراپتۇ.

**چاكىمۇخ** ئى <بوت> رويان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، غولى توپلىشىپ ئۆسىدۇ، يوپۇرماقلىرى ئايلانما بولۇپ ئۆسۈپ، يېيىلىپ تۇرىدۇ، سېپى بولمايدۇ؛ گۈل رېتى كونۇسسىمان، گۈلى كىچىك، رەڭگى سارغۇچ ئاق ياكى سېرىق؛ ئۆسۈملۈك تېنى دورا قىلىنىدۇ، تىبابەتتە قاننى جانلاندۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، قىچىشىشنى بېسىش رولىغا ئىگە.

**چاكىنا** سۈپ [پ] تېتىقسىز، ئەرزىمەس: چاكىنا ئىش. چاكىنا ئادەم. چاكىنا گەپ. * قايىنام تاشقىنلىق شەھەر هاياتى رىشىتا بەزى ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. ئۇ ئۆزىنى ئالىيجاناپ، ئاجايىپ-غارايىپ كىيىنىۋالغان شەھەرلىكلەر ئالدىدا تولىمۇ چاكىنا ھېس قىلدى.

**چاكىنا ماتېرىيالىزم** <پەلس> 19-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرى گېرمانىيىدە پەيدا بولغان بىر خىل پەلسەپىۋى پىكىر ئېقىمى. بۇ ئېقىمنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق ۋەكىللىرى گېرمانىيىلىك بۇشنېر، فوگت ۋە گوللاندىيىلىك موليېشوتلاردىن ئىبارەت. چاكىنا ماتېرىيالىستلار ماددىنى بىردىنبىر مەۋجۇدىيەت دەپ ئېتىراپ قىلسىمۇ ھەمدە خۇداسىزلىقنى قۇۋۋەتلىسىمۇ، بىراق ئۇلار جىگەر ئۆتنى ئىشلەپچىقارغاندەك، مېڭە ئىدىيىنى ئىشلەپچىقىرىدۇ دەيدۇ. دېمەك، ئۇلار تەپەككۇرنى قوپال، چاكىنا ھالدا چۈشەندۈرىدۇ. چاكىنا ماتېرىيالىزمنىڭ خۇسۇسىيىتى دىئالېكتىكىغا تامامەن سەل قاراپ، ئاڭنىڭ ئاكتىپ رولىنى ئىنكار قىلىش، ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتكەن ھەرىكەت قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى مېخانىك نۇقتىئىنەزەرگە مەھكەم ئېسىلىۋېلىش ۋە جەمئىيەتنى ئىدېئالىستىك ئاساستا چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

**چاكىنا ئېۋولىيۇتسىيە نەزەرىيىسى** <پەلس> بىر خىل مېتافىزىكىلىق تەرەققىيات قارىشى. ئۇ 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پەيدا بولغان بولۇپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ دىئالېكتىكىغا قارشى تۇرۇشتىكى پەلسەپىۋى ئىدىيىسىدۇر. ئۇنىڭ ۋەكىللىرى سپېنوزا قاتارلىقلار. ئۇلار دارۋىننىڭ جانلىق مەۋجۇداتلار تەدرىجىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى تەلىماتىنى چاكىنىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ كەمچىلىكلىرىنى كېڭەيتىدۇ؛ شەيئىلەرنىڭ سۈپەت ئۆزگىرىشىنى ئىنكار قىلىپ، سان ئۆزگىرىشلىرىنىلا ئېتىراپ قىلىدۇ؛ ئىچكى زىددىيەت شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى تۈپ سەۋەب ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ ھەمدە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى بۇ خىل پەنگە قارشى نۇقتىئىنەزەر ئارقىلىق بۇرمىلايدۇ.

**چاكىنا-چۈكۈنە** ئەھمىيەتسىز، ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان، ئۇششاق-چۈششەك: باشلىق بولغان ئادەم چاكىنا-چۈكۈنە ئىشلارغا ئارىلىشىۋالمىسىمۇ بولىدۇ.

**چاكىنىلاشتۇرماق** «چاكىنىلاشماق»

پېئىلنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: 50-يىللاردا، گېرمانىيىدە ماتېرىيالىزمنى چاكىنىلاشتۇرغان ھەمدە بۇنداق چاكىنىلىقنى ھەممىلا يەردە بازارغا سالغان چار بازارچىلار ئۆز ئۇستازلىرىنىڭ بۇ دائىرىسىدىن قىلچىمۇ چىقىپ كەتمىدى.

**چاكىنىلاشتۇرۇلماق** «چاكىنىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھۆكۈمەتسىزلەرگە قارشى چىقىرىلغان يەكۈن سەل قېتىملاپ تەكرارلىنىپ، چاكىنىلاشتۇرۇلۇپ ھەمدە ئىنتايىن ئاددىي ھالدا مېڭىگە سىڭدۈرۈلۈپ، جاھىل بىر تەرەپلىمە قاراشقا ئايلاندۇرۇۋېتىلدى.

**چاكىنىلاشماق** پ. ئەرزىمەس، چاكىنا ھالەتكە كېلىپ قالماق، تېتىقسىزلاشماق: ئۇ بىردىنلا چېچەنزۇڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ چاكىنىلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

**چاكىنىلىق** ئى. چاكىنا ھالەت، تېتىقسىزلىق: ئۇلارنىڭ ھەشەمەتلىك قىياپەتلىرى ئاستىغا يوشۇرۇنغان پەسكەشلىكلىرىنى، چاكىنىلىقلىرىنى ئەلگە تونۇتۇش، دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان ئىشان-سوپىلارنىڭ ئىپلاس ماھىيىتىنى ئەلگە ئېچىپ تاشلاش كېرەك.

**چاڭ I** تەق. بىرنەرسىنىڭ يەنە بىرنەرسىگە قاتتىق تېگىشىدىن چىققان ئاۋاز: ئۇنىڭغا «چاڭ» قىلىپ بىر كاچات تەگدى.

**چاڭ كەلتۈرمەك** بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى ئەۋجىگە چىقارماق، يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرمەك؛ ياڭراتماق: ناخشا ئېيتمىسا ئىچى پۇشۇپ تۇرالماي قالىدىغان ياسىن تاران ئاۋۋال سادىر پالۋان ناخشىلىرىنى، ئارقىدىن ئېلى خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، ئېدىر-دالىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى.

**چاڭ II** ئى. ① نەرسىلەر ئۈستىگە يېپىشىۋالغان ياكى ھاۋاغا ئارىلىشىپ، ئۇچۇپ يۈرىدىغان يۇمشاق توپا ياكى شۇ خىل توپا ھالىتىدىكى ئۇششاق زەرىچىلەر؛ توزان: چاڭ باسماق. چاڭ توزىماق. * يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسۇ دېڭى چىقماس (ماقال). * ئاپتوبۇس قۇم چاڭلىرىنىڭ ئىچىدە قالدى. ئىشىكتىن موللا بىلەن دېھقان كىرىپ كەلدى. ② <بوت> گۈلنىڭ چاڭدېنىدىكى تالقانسىمان دانىچىلەر. كۆپچىلىكنىڭ رەڭگى سېرىق، بەزىلىرىنىڭ يېشىل ياكى قارا كېلىدۇ، ھەربىر دانىچىسىنىڭ ئىچىدە بىردىن جىنسىي ھۈجەيرە بولىدۇ.

**چاڭ باسماق** ئادەم ۋە نەرسە-كېرەكلەرنىڭ ئۈستىنى چاڭ قاپلىماق، چاڭ قونماق: پۈتۈن ئارىلىق دالان، تام ۋە تورۇسلار ساپسېرىق. ئۇلۇغ تەرەپتىكى چاڭ باسقان ئېگىز دېرىزىلەردىن ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋېتىدىغان ساپسېرىق يورۇق چۈشۈپ تۇرىدۇ.

**چاڭ چىقارماق** ① ئىش-ھەرىكەتتە باشقىلارنى ھەيران قالدۇرماق؛ داڭ چىقارماق: قىز يەنە ئاچچىق ۋە كىنايە بىلەن: — بىلىۋالسەن، ھېلىمۇ بۇ يەردە چاڭ چىقىرىپ كېتىۋاتىسىز، تىل تېگىپ كەتمىسۇن يەنە؟ — دېدى. ② ئىشنى ئۇلغايتماق، داۋراڭ سالماق، ھەممىگە بىر كەلتۈرمەك، ئالەمنى مالەم قىلماق، جاھاننى بىر ئالماق: جاپپار ئاتنى ئۇ ياق-بۇ ياققا چاپتۇرۇپ چاڭ چىقىرىۋەتتى.

**چاڭ سۈمۈرگۈچ** چاڭ-توزان ۋە توپا توزۇندىلىرىنى تازىلاشتا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا. بۇنىڭدا، ئېلېكترلىك ھاۋا سۈمۈرگۈچ ئارقىلىق چاڭ-توزان، توپا توزۇندىلىرى سۈمۈرۈۋېلىنىدۇ.

**چاڭ كۆتۈرۈلمەك** ئەتراپنى چاڭ-توزان قاپلىماق، توپا توزۇماق، توزۇندى كۆتۈرۈلمەك: دەل مۇشۇ پەيتتە، كارۋاننىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئاسمانغا قويۇق چاڭ كۆتۈرۈلدى.

**چاڭ III** ئى [پ] پەنجە؛ چاڭگال، قول: چاڭ سالماق.

**چاڭ سالماق** ① چاڭگىلى بىلەن چىڭ قامالىماق، قول سېلىپ تارتماق: ئابدۇشۈكۈر

شەرىپنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىكنى كۆرۈپ، شۇ ئانلا گۇمانلاندى-دە، ئۇقتەك ئېتىلىپ بېرىپ، قەغەزگە چاك سالدى. ② كۆچمە. تاجاۋۇز قىلماق، تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنماق: ئۇنىڭ ئوردا ھاكىمىيىتىگە چاك سالدىغانلىقى تۇرغان گەپ. ③ يامان نىيەت بىلەن ئۇرۇنماق: چېرىك باشلىقى جۇيگجاڭ لەيلىگۈلگە چاك سالماقچى بوپتىكەن، لەيلىگۈل چېرىك باشلىقنىڭ قولىنى چىشلەپ ئۈزۈۋاپتۇ ھەمدە «ياشسۇن ئازادلىق! قانخورلارنى يوقىتايلى!» دەپ توۋلاپتۇ.

**چاك IV** ئى [پ] <مۇز> شەكلى ساندۇققا ئوخشايدىغان، ئۈستىگە تۆرغۇن سىم تارلار تارتىلغان، ئىككى تال چوكا بىلەن ئۇرۇپ چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابى: چاك چالماق. چاك ساداسى.

**چاك V** ئى. دىئال. ئاشلىغان تېرىنى قىرىش-ئەيلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئالدى چەيدوغا ئوخشاش، تىغىنىڭ ئارقىسىغا ھىلال ئاي شەكلىدە ياغاچتىن مەيدە تىرىكى ئورنىتىلغان سايمان.

**چاك VI** ئى <ئىرق> مەملىكىتىمىزدىكى بىر قەدىمىي مىللەت. ئەسلىدە چىڭخەيگە مەركەزلىشىپ، جەنۇبتا سىچۈەن؛ غەربىي شىمالدا شىنجاڭغىچە بولغان جايلارغا ئولتۇراقلاشقان. شىمالىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە گەنسۇغا كۆچكەن. شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرىگە (مىلادى 384ـ417-يىللار) - كەلگەندە جىن دۆلىتىنى قۇرغان.

**چاڭپوزا** ئى [خەن] ئوك ياندىن تۈگمىلىنىدىغان، ئىككى تەرەپتە چېكى بار ئۇزۇن چاپان.

**چاك-توپا** چاك ۋە توپا؛ چاك-توزان: چاك-توپا ئىچىدە قالماق. * كىچىك ئوغۇل قويلىرىنى سۈرۈپ قوغلىغانچە، چاك-توپا توزۇتۇپ، ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كەتتى.

**چاك-توزان** ئۇچۇپ يۈرگەن ئۇۋاق توپا توزۇندىلىرى، چاك-توپا: چاك-توزان باسماق. چاك-توزان قاپلىماق. * ئات قويرۇقىغا سۆرىتىلگەن قىز بوران ئۇچۇرغان يوپۇرماقتەك، يەرگە تېگىپ-تەگمەي، ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ، ئات تۇيىقىدىن كۆتۈرۈلگەن چاك-توزان ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى.

**چاك-تۇمان** توپا توزۇندىلىرى ۋە ئىس-تۈتەك: ئۆتۈپ ئون يەتتە يىل ئەمما، يەلەكنى چاك-تۇمان بېسىپ، كۆتۈردى بىرمەھەل چۇقان، شاياتۇن ھەمدە ئالۋاستى.

**چاك-چاك** ① «چاك I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② سۇۋادانىڭ ئېگىز شېخىغا قونۇۋالغان بۇلبۇلنىڭ چاك-چاك سايراشلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى مەپتۇن قىلماقتا ئىدى.

**چاك-چۇك** «چاك» قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئەسقەر ئاچچىقىغا پايلىماي، خوتۇنىنى چاك-چۇك ئىككىنى ئۇرۇۋەتتى.

**چاڭچى** ئى. چاك چالىدىغان ئادەم، سازەندە: چاڭچى چېكىنى، راۋابچى راۋابىنى، قالغانلارمۇ ئۆز سازلىرىنى تەڭشىمەكتە ئىدى.

**چاڭچىلە** ئى [خەن] <تىيا> خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى تىياتىرى. ئۇ بېيجىڭ تىياتىرى ۋە ھەر خىل يەرلىك ئويۇن تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋەقەلىك ناخشا ۋە ئۇسسۇل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**چاڭچىلىچى** ئى ← **چاڭچىلكەش.**

**چاڭچىلكەش** ئى <تىيا> چاڭچىلە ئارتىسى.

**چاڭدان** ئى <بوت> ئۆسۈملۈكلەر ئائىلىقىنىڭ يۇقىرى قىسمى. گۈل يېپىنىڭ ئۇچىدا ئۆسىدۇ، خالتىسىمان بولۇپ، ئىچىدە گۈل چېڭى بولىدۇ.

**چاڭغا** ئى <تەن> قار تېيىلغاندا، ئاياغقا مەھكەم بېكىتىلىدىغان بىر جۈپ تار ھەم ياپىلاق، ئۇزۇن ياغاچ، ئۇچ تەرىپى سەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ: چاڭغا تېيىلماق.

**چاڭغا تايىقى** <تەن> چاڭغا تېيىلىش تەنھەرىكىتىدە ئىشلىتىلىدىغان تاياق. ئادەتتە ھەربىر تەنھەرىكەتچىدە ئىككىدىن بولۇپ، قوزغىلىش، ئىلگىرىلەش، تورمۇزلاش ۋە ئايلىنىش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**چاڭغا تېيىلىش** <تەن> قار ئۈستى تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ بىرى. بۇنىڭدا، تەنھەرىكەتچى پۇتىغا چاڭغىنى بېكىتىپ، چاڭغا تايىقىنى تۇتقان ھالدا قار ئۈستىدە تېيىلىپ ماڭىدۇ.

**چاڭغىچى** ئى. چاڭغا بىلەن تېيىلغۇچى، چاڭغا تەنھەرىكەتچىسى: بۇ يىل قىش ئاپتونوم رايونىمىزدا چاڭغىچىلار مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلمەكچى.

**چاڭغىراق** ئى. كىگىز ئۆينىڭ ئۈستىكى قىسمىدىكى تۈڭلۈك چەمبىرىكى: چاڭغىراق ياسىماق. چاڭغىراق ئورناتماق. * مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، پاختىدەك ئاپئاق بۇلۇتلار لەرزان ئۈزۈۋاتقان كۆك ئاسمانغا چاڭغىراقتىن قارىدىم.

**چاڭقاتماق** «چاڭقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نەچچە يىلدىن بۇيان بىر بولسا بېشىمىزغا بالا، تېرىقچىلىقىمىزغا قازا بولۇپ كەلگەن؛ بىر بولسا سۇسىزلىقتا چاڭقىتىپ كەلگەن قىيان سۇلارنى تىزگىنلەپ، قايتىدىغان يىگىتلەر ئۇا

**چاڭقاشماق** «چاڭقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاڭقاغا** ئى. دىئال. توڭقاغا.

**چاڭقاق** سۈپ. سۇغا تەشنا، چاڭقىغان؛ قاغجىرىغان، سۇسىرىغان: چاڭقاق ئادەم. چاڭقاق يەر. * ئادەتتە مۇنداق پىژغىرىم ئاپتاپتا، بۇ چاڭقاق دالىدا ھېچكىم يول يۈرمەيتتى. * قاناتسىز، ئەرشكە ئۇچقان تالانت كۆكتە سۇلتانمەن، بۇلاق سۇسىز، ئۆزۈم چاڭقاق، لېكىن گۈلزاردا فونتانمەن.

**چاڭقاقچىلىق** ئى. تەشنا، چاڭقاق ھالەت: ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن سۇ ئامبىرىدىكى سۇ تالىشىش ۋەقەسى، مەھەللە-كويلاردىكى چاڭقاقچىلىق، سۇسىزلىقتىن قۇرۇپ كەتكەن قوناق، ۋىجىكلىشىپ سۇپەتسىز ھوسۇل بەرگەن كېۋەز، تۆمۈر ئاتىنىڭ چوڭقۇر ئەنسىز بىلەن ئېيتىپ كېلىۋاتقان ئۈمىدلىرى ۋە ئاخىرىدا دادىجاڭ نىياز قۇربانىنىڭ ئارقا ئىشىكتىن مېڭىش پىلانى بىر-بىرلەپ ئۆتتى.

**چاڭقاقلىق** ئى. «چاڭقاق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئەمدى چاڭقاقلىق بالاسى دىلنى چاك-چاك ئەيلىمەس، ئاينىغاي كۆكلەپ زىرائەت، بولمىغاي نابۇت ــ خاراب.

**چاڭقىماق** پ. ① سۇغا تەشنا بولماق، قاغجىرىماق، سۇسىرىماق؛ ئۇسسىماق: ئۇلار كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ؛ داۋان ئېشىپ تاغ كېزىپتۇ، دەريا كېچىپ چۆل بېسىپتۇ. گاھى سۇغا قېنىپ، گاھى چاڭقاپتۇ. ② كۆچمە. قاتتىق تەلمۈرمەك، تەشنا بولماق، ئىنتىزار بولماق، سېغىنماق: ئىمىر ھېزىم يازار بولدى، دېدى بىزگە باھار بولدى. ئەلەمدىن چاڭقىغان دىلنى، زامانەم قاندۇرار بولدى.

**چاڭگا** ① ئى. ئۇچار قۇشلارنىڭ دەل-دەرەخلەر ۋە تام تۆشۈكى قاتارلىق جايلارغا ياسىغان تۇرار جايى؛ ئۇۋا: چاڭگا تىزماق. * سۇمۇرغ ئۇلارنى كۆتۈرۈپ يەتتە دەريادىن ئۆتۈپتۇ ۋە ئۆز چاڭگىسىغا قونۇپ، شاھزادە بىلەن زەررىن توخۇنى يەرگە قويۇپتۇ. ② ئى. كۆچمە. ئۆي-جاي، ئائىلە، ماكان: سەن قاراپ تۇرۇپ بىر بىچارىنىڭ ئاران تىزغان چاڭگىسىنى بۇزماقچىمۇ سەن. ③ سۈپ. تەرتىپسىز ئۆسكەن، پاخپىيىپ كەتكەن: ئالتۇن باش دادانىڭ بىلەن قالغۇچە، چاڭگا چاچ ئاناڭ بىلەن قال (ماقال). * ئۇنىڭ قارا كۆز، قوشۇما قاشلىق گۈزەل ھۆسنى جۇلدۇر كىيىم، چاڭگا چاچلار ئىچىدىمۇ ئەسلىنى يوقاتمىغانىدى. * ئۇ: ــ مۇئەللىم سىلىنىمۇ كۆرىدىغان كۈنلەر بولىدىكەن-ھە؟ ــ دەپ كېلىپ، ئىككى قولۇمنى ياغاچتەك قاتتىق ئاشلانمىغان تېرىدەك ئالقانلىرى بىلەن بىردەم سىلىدى-دە، يەنە شۇ قوللىرىنى چاڭگا ساقال

ئاستىدا كۆرۈنمەي قالغان ئەتىسى يۈزلىرىگە سۈرتتى.

**چاڭگا باش** ← **پاخما باش**: ئىست، شۇ دىۋانىلەرگە كەتكەن مال-دۇنيا، سېنىڭ كۆزۈڭگە نېمە كۆرۈنۈپ قالدىكىن ئۇ سەمىرالىق، چاڭگا باش جىن، شە ھەرقە ئىس-ئىس قىزلار يارىسە، ئېشىپ-تېشىپ بېرىپ، شۇ سەمىرالىقنى ئالسەن دېگىنىڭ سەن ئەخمە قىناڭ.

**چاڭگا تىزماق** ① ئۇۋا ياسىماق؛ ئۇۋا سالماق: قارلىغاچلار ئايۋانغا چاڭگا تىزدى. ② كۆچمە. ماكانلاشماق، ئۆي-جايلىق، ئائىلىلىك بولماق: بىچارە سەمەت نەچچە يىل سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، بۇ يەرگە كېلىپ، ئەمدى بىر چاڭگا تىزىۋىدى، بۇ يەردىن يەنە ھەيدىلىدىغان بولۇپتۇ-دە.

**چاڭگا سالماق** ← **چاڭگا تىزماق**: ـ پارتىيە لەگگەرنى لەگگەر خەلقى بىلەن ئۇنىڭ ياچېيكىسىغا تاپشۇرغان، ـ دېدى ئۇ قەتئىي قىلىپ، ـ قىشتىن بېرى پوقاق سۆگەتنىڭ كاۋىكىدا ياتقان ھۆپۈپلەر ئەمدى بىزنىڭ بېشىمىزغا چاڭگا سالماقچى بولۇپتىمۇ؟! ھەددى ئەمەس!

**چاڭگىسىنى بۇزماق** ① ئۇچار قۇشلارنىڭ تۇرار جاي، ماكانىنى چۇۋۇماق؛ ئۇۋىسىنى بۇزماق: بالىلار دەرەختە يامىشىپ چىقىپ، نۇرغۇن قاغا چاڭگىلىرىنى بۇزۇۋەتتى. ② ئولتۇراقلاشقان ماكانى، تۇرار جايى قاتارلىقلارنى يوقات-ماق: ئۇنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاۋاتقاندەك بىلىندى، گەمىنىڭ تۆرىدىكى كارىۋات غىرسلاپ كەتتى. «بېگىم يارايدۇ» ـ دەپ ئويلىدى «مۆھتەرەم قارىي»، «ئەمدى بەس، كوممۇنىستلارنىڭ چاڭگىسىنى بۇزۇش كېرەك».

**چاڭگاق** سۈپ. بىر-بىرىگە يېپىشقان، كىرىشكەن، چىگىشلەشكەن، غۇژمەك: چاڭگاق ئۈزۈم. * تالاي يىللار موكا سىيرىپ، چەمدەك ھەم سىلغىپ، ھەم قېتىپ كەتكەن قوللىرى ئىختىيارسىز چاڭگاق ساقىلى ئۈستىگە قوندى.

**چاڭگاق-چاڭگاق** ساپاق-ساپاق، غۇژمەك-غۇژمەك: بېيدىشقا ئارتىلغان ئۈزۈم تەكلىرىدە مۇناقى، سېرىق سايىۋىلار چاڭگاق-چاڭگاق ساڭگىلىشىپ تۇراتتى.

**چاڭگالك** ئى ① كۆپ تىللىق قارماق: چاڭگالك تاشلىماق. لوخۇ بېلىق چاڭگاكقا ئىلىنمىدى. ② كۆپ ئۇچلۇق ئىلمەك: ئەممەد قاسىم ئالەمنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ، ھەممە جانلىق ئۇخلىغۇچە سەۋر قىلىپتۇ. ئاندىن ئولڭ قولىغا قىلىچىنى، چەپ قولىغا چاڭگاكنى ئېلىپ، خەلىپە ھارۇن رەشىد ئولتۇرىدىغان قەسىرنىڭ تېمىگە بېرىپتۇ، دورغا كېمىنى دەرھال شۇلار تەرەپكە ماڭغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ كېمىسىگە چاڭگالك تاشلاپتۇ. * ئەپەندىم كېچىسى قۇدۇققا سۇ ئالغىلى چىقىپتۇ، ئاينىڭ قۇدۇقتىكى شولىسىنى كۆرۈپ، «ئاي قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇنى ئورنىغا چىقىرىپ قويماق لازىم» دەپ، قۇدۇققا چاڭگالك سېلىپتۇ.

**چاڭگال** [پ] ① ئى. پەنجە، چاڭ: چاڭگال سالماق. * ئۇ بۆركۈتنىڭ بوكىنى كىيدۈرۈپ، ئۆلۈك تۈلكىنى بۆركۈتنىڭ چاڭگىلىدىن ئاجراتتى. ② ئى. كۆچمە. زۇلۇم، ئاسارەت، تۇتقۇنلۇق، نەزەربەند، رىجىم؛ ئىسكەنجە: پرولېتارىيات ئىجتىمائىي ھاكىمىيەتنى قولغا ئالدۇ ھەمدە بۇ ھاكىمىيەتتىن پايدىلىنىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ چاڭگىلىدىن ئايرىلىپ چىققان ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى جامائەت مۈلكىگە ئايلاندۇرىدۇ. * دەرۋەقە، بۇ ئامال ھەم يالغانچىلىق، ھەم تەلۋىلىك بولاتتى. شۇنداقتىمۇ، گۇناھسىز بىر ياشنى ناھەقچىلىك چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئاز-تولا تەلۋىلىك قىلسا نېمە بوپتۇ؟ ③ مىق. ساناق سانلار بىلەن قوشۇلۇپ، چاڭگاللىغىلى بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر چاڭگال كەمپۈت. بىر چاڭگال قوناق. * ئۇ قىزارغان يۈز-كۆزلىرىنى تاغ سۈيىدە يۇيۇپ، بىر چاڭگال سۇنى ئىچىپ، ئورنىدىن تۇردى.

**چاڭگال سالماق** ① چاڭگىلى بىلەن تۇتۇپ ئالماق، قامالاپ تۇتماق: پولۇ

تارتىلغاندا، ھېلىقى كىشى دەسلەپ قىلىپ پولۇنىڭ ئۈستىگە يېيىلغان گۆشكە چاڭگال سېلىشقا باشلاپتۇ. ② كۆچمە. تاجاۋۇز قىلماق، تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنماق: باتۇر بىر تەرەپتىن خەت ئېلىپ كەلگۈچىنىڭ باشقا ياقتا ئىشى چىقىپ قېلىپ خەتنى كېچىكتۈرۈپ بەرگىنىگە چىچىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، سىڭلىسى گۈلشەننى ئۆلتۈرگەن، ئۆز سۆيگۈسىگە چاڭگال سالماقچى بولۇۋاتقان شەھۋانىي شاھزادىگە غەزىپى قايناپتتى.

**چاڭگىلىدا تۇتماق** ئۆز ئىلكىدە، ئۆز ئىختىيارىدا باشقۇرماق، ئۆزى بىۋاسىتە ئىگىدارچىلىق قىلماق: — ئۇ مۇشۇ ئەتراپتىكى يېزىلارنى چاڭگىلىدا تۇتۇپ تۇرغان نادىر بەگنىڭ ئوغلى ناسىر بەگ دېگەن شۇ بولىدۇ، — دېدى ئۇنىڭغا.

**چاڭگىلىدىن قۇتۇلماق** بىراۋنىڭ قولىدىن، نەزەربەند قىلىشىدىن، ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلماق؛ ئەركىنلىككە چىقماق: ئايال جان ئاچچىقىدا يانچۇقىدىكى قەلەمتىراشنى ئېلىپ، ۋەزىرنىڭ قولىغا ئۇرۇۋېتىكەن، قان ئۇرغۇپ چىقىتۇ. ۋەزىر «ۋاي» دەپ ۋارقىراپ، قولىنى تۇتۇشى بىلەن ئايال ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ، بوسۇغىدىن ئاتلاپ، تالاغا چىقىۋاپتۇ.

**چاڭگىلىغا ئالماق** ئۆز ئىختىيارىغا، ئۆز قولىغا، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئالماق: بەلكى ئۇ بارغانچە پىشىپ، قارشىلاشقىلى بولمايدىغان بىر كۈچكە ئايلانغانىدى. ئەنە شۇ كۈچ لالىنى ئۇزاقتىن بېرى چاڭگىلىغا ئېلىپ، تىزگىنلەپ كەلگەنىدى.

**چاڭگىلىغا چۈشمەك** ← قولىغا چۈشمەك: مانا، سەن كەلگەنىدىن بېرىمۇ، سېنى ئىزلەپ كەلمىدى. ئاناڭنىڭ ئۆيى بىر قىمارۋازنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالدى.

**چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالماق** ← **قولىغا كىرگۈزۈۋالماق**: بىز قولىمىزدىكى ماتېرىيالدىن، گېنېرالنىڭ بۇ كۆك كۆز سەھرا قىزىنى قانداق قىلىپ چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قانداقلارچە بىرگە بولۇپ قالغانلىقىنى ئېنىق بىلەلمەيمىز.

**چاڭگاللاتماق** «چاڭگاللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چاڭگاللاشماق** «چاڭگاللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاڭگاللانماق** «چاڭگاللىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چاڭگاللىماق** پ. چاڭگال بىلەن تۇتماق، قامالىماق: شەۋكەت بىر سوزۇلۇپ، بىر يىغىلىپ، يەڭگىل بىر ئىڭىرىدى-دە، ئىككى قولى بىلەن مەيدىسىنى چاڭگاللىدى.

**چاڭگىسىمان** سۈپ. چاڭگىغا ئوخشايدىغان، چاڭگا شەكىللىك: چاڭگىسىمان كەپە. * ئەڭ قەدىمكى دەرەخ ئاچماقلىرىدىن پايدىلىنىپ ياسالغان چاڭگىسىمان ساتما ئۆيلەردىن بۈگۈنكى زاماندىكى كۆككە تاقاشقان ئاجايىپ ھەيۋەتلىك نەچچە ئون قەۋەتلىك زامانىۋى ئىمارەتلەرنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگىچە، قانچە ئەسىرلەر ئۆتكەنلىكىنى كىم بىلسۇن.

**چاڭگىدە** رەۋ. «چاڭ» قىلغان ھالدا، «چاڭ» قىلىپ: ئۇ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، چاڭگىدە يەنە بىر كاچات تېگىپتۇ.

**چاڭلاشتۇرماق** I «چاڭلاشماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالام ئۆينى چاڭلاشتۇرۇۋەتتىڭ، بىردەم چىقىپ تۇرساڭچۇ؟

**چاڭلاشتۇرماق** II پ <بوت> ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئاتىلىقىدىكى گۈل چاڭلىرىنى شامال ياكى ھاشاراتلار ۋاسىتىسى بىلەن ئانىلىق ئېغىزىغا ياكى بىۋاسىتە تۇرەلمە تۈگۈنىگە قوندۇرماق: ئۇ چاغلاردا بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەيتتىم، كىمنازىيىدە بوتانىكا ئوقۇغۇنىمدىن كېيىن، بۇنىڭ ئەركەك چېچەكنى چىشى چېچەك بىلەن چاڭلاشتۇرۇش ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

**چاڭلاشتۇرۇلماق** «چاڭلاشتۇرماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چاڭلاشماق** I پ. چاك هالەتكە كەلمەك، چاك تۇزۇماق: ئۆي چاڭلىشىپ كەتتى.

**چاڭلاشماق** II پ <بوت> ئۆسۈملۈكلەردىكى ئاتىلىق گۈل چاڭلىرى ئانىلىق ئىبغىزىغا قونماق.

**چاڭىلداتماق** «چاڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەلۋەك سوپى ئۆزى ئېتىلىپ بېرىپ، ئىسمى ئاتالغان ئوقۇغۇچىلارنى قۇلىقىدىن تارتىپ، دارقىرىتىپ سۆرىگىنىچە سەپنىڭ ئالدىغا چىقاردى. ئاندىن قولىغا «ئەدەب كالتىكى» نى ئېلىپ، بىر باشتىن ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئالقىنىغا بىرنەچچىدىن چاڭىلدىتىپ ئۇردى-دە، بىردىنلا «ئەدەب كالتىكى» نى پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى.

**چاڭىلداشماق** «چاڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاڭىلداق** سۈپ. چاڭىلداپ، جاراڭلاپ چىقىدىغان، ياڭراق: قىز جاۋاب بېرىشىنىڭ ئورنىغا كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى قىزمۇ كۈلكىسىنى تەستە بېسىپ، چاڭىلداق ئاۋاز بىلەن: — تانسخانىنىڭ نەگە يۆتكەلگەنلىكىنى سىزدەك يۇزۇر قىزلار بىلمىسە، بىز نەدىن بىلەيلى، — دېدى.

**چاڭىلدىماق** پ. «چاك-چاك» قىلغان كىچىك ئاۋاز چىقارماق: گەپنىڭ تېگىنى چۈشەنگەن گۈلنار چاڭىلداپ سۆزلەپ كەتتى. * ئۇلار بۇ ئوغۇتنى نەگە تۆكسەككىن دەپ مۇۋاپىق جاي ئىزلەپ تۇرۇشقاندا، ئۇشتۇمتۇت دەريانىڭ يۇقىرىقى تەرىپىدىن چاڭىلداپ ئېتىلغان تاپانچا ئاۋازى ئاڭلاندى.

**چال** ئى. ياشانغان ئەركىشى؛ بوۋاي؛ مويسىپىت: چالنى كۆرۈپ، بوۋام دېمە (ماقال). * مەن مۇشۇ تاتلىق ئۆزۈمنى يەۋاتقىنىمدا، ئاشۇ ھەمشىرىلەرنى، چاللىرىمنى ئويلىدىم.

**چالا** سۈپ. ئاياغلاشتۇرۇلمىغان، پۈتكۈزۈلمىگەن، تاماملانمىغان؛ تولۇق ئەمەس، يېرىم-يارتا: بالا — قىلغان ئىشى چالا (ماقال). * — ئۆتكەن ھەپتىدە چوڭ ئۇستەڭ دادۇيدىكىلەرنىڭ بىر قىسىم رېمونت ئىشلىرى چالا قالغانىدى، — دېدى ئۇ نىزامنىڭ سوئالىغا جاۋابەن، — ئىش كۈنلىرى ۋاقىت چىقىرالمىدىم، بۈگۈن شۇ يەرگە بېرىپ، چالا ئىشلارنى پۈتتۈرمىسەم بولمايدۇ.

**چالا ساۋات** خەتنى راۋان ئوقۇيالمايدىغان؛ ئىلمىي سەۋىيىسى تۆۋەن، يېرىم-يارتا ئوقۇغان؛ ئۇ خۇددى چالا ساۋات كىشىدەك، كىتابنىكى ھەربىر بەتلەرگە ئۆزۈندىن-ئۆزۈن تىكىلىپ قاراپتتى.

**چالا شەكىل ئۆزگەرتىش** <زوئول> ھاشاراتلار شەكىل ئۆزگەرتىشنىڭ بىر خىل تىپى. ھاشاراتلار يەككە تېنى يېتىلىش جەريانىدا تۇخۇم، لىچىنكا ۋە يېتىلگەن تەن قاتارلىق ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتۈپ، قورچاق باسقۇچنى بېسىپ ئۆتمىسە، چالا شەكىل ئۆزگەرتىش بولىدۇ. مەسىلەن، چېكەتكىگە ئوخشاش.

**چالا مەست** هاراق ئىچىپ، خېلى قىزىغان، لېكىن ھوشىنى يوقاتمىغان، شىر كەيپ: بۈگۈن ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم كېلىشى ۋە ئۈنجى قېتىمدىكىسىدەكلا چالا مەست ھالدا كېلىشى ئىدى.

**چالا موللا** دىنىي بىلىملەرنى تولۇق ئىگىلىمىگەن، يېرىم-يارتا بىلىدىغان: چالا موللا دىن بۇزار (ماقال). * چالا موللا ۋاراقلايدۇ، ئەگرى نوغۇچ تاراقلايدۇ (ماقال).

**چالا ئۇيقۇ** ئۇيقۇسىغا قانمىغان، تولۇق ئۇخلىمىغان: بىر تال شام تېزلا كۆيۈپ بولدى، دۈملەنگەن قازاندەك قاراڭغۇلۇق ئىچىدە، توپتوغرا 12 سائەتنى خىيال ۋە چالا ئۇيقۇ بىلەن ئۆتكۈزدۈم.

**چالا ئۆلۈك** ئۆلەر ھالەتكە كەلگەن، جېنى چىقىش ئالدىدا تۇرغان، سەكراتقا چۈشكەن: بىركۈنى ئۇ بىر سودىگەرنىڭ سارىيىغا ئوغرىلىققا كىرىپ تۇتۇلۇپ قالدۇ. سودىگەرنىڭ

خىزمەتچىلىرى ئۇنى ئۇرۇپ، چالا ئۆلۈك قىلىپ قويىدۇ.

**چالا يانار تاغ جىنس** <گېئول> تاشقى قىياپىتى يانار تاغ جىنسقا ناھايىتى ئوخشىشىدىغان بىر خىل ئۆلترا تېيىز جىنس، ئۇنىڭ يانار تاغ جىنسلىرىدىن پەرقى، يەر ئۈستىگە ئېتىلىپ چىقماي، يەر يۈزىگە يېقىن يەردە شەكىللەنگەنلىكىدە.

**چالا يوپۇرماق** <بوت> يوپۇرماق ئالقىنى، يوپۇرماق سېپى ۋە تەگ يوپۇرماق قاتارلىق ئۈچ قىسىمدىن بىرى ياكى ئىككىسى كەم بولغان يوپۇرماق.

**چالا-بۇلا** تولۇق ئەمەس، يېرىم-يارتا: كېرەم ئازادگۇلنىڭ قايتىپ كېلىپ، بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىغىنىچە، ئۇ يەر-بۇ يەرنى چالا-بۇلا يىغىشتۇرۇپ، ئۇخلاپ قالغىنىغا قەدەر، تار ۋە دىمىق كارىۋات ئاستىدا مىدىر-سىدىر قىلماي ياتتى.

**چالا-پۇچۇق** → چالا-بۇلا: رابىي ۋىست-ۋىست بۇ ناتونۇش ك ـنى قەيەردىدۇر چالا-پۇچۇق بىر قېتىم كۆرگەندەك قىلىپ ئويلىنىپ قالدى. * ئۇ ھاشىم بىلەن چالا-پۇچۇق سالاملىشىپلا، ئۆزىنى باسالمىغان ھالدا: — ھازىر ئوغۇت سىلەر ئۈچۈن ھاۋا بىلەن سۇدەك زۆرۈر، — دېدى.

**چالا-چوتا** → چالا-بۇلا: ئۇ ئاشۇنداق ھالۇ-تاڭلىقتا تۇرغىنىدا، ساۋۇتئاخۇن يۇمۇلغان كۆزىنى يوغان ئېچىپ، بۆلەك بىر ئادەمنىڭ نامىنى چالا-چوتا ئاتايدىكەن.

**چالپاق** ئى. تام سۇۋىقىنىڭ قۇرۇغاندا تۇتماي، سويۇلۇپ چۈشۈپ كەتكەن قىسمى.

**چالپۇتلىماق** پ. دىئال. چاپۇتلىماق.

**چالتاي-پالتاي** ئۇنداق-مۇنداق، پالان--پۇستان: — چالتاي-پالتاينى قويۇپ، راست گەپنى دە! بۇ ئاتنى قانچىگە ساتىسەن، — دەپ سورىدى ئەمەت ئىگىسىدىن.

**چالدۇرماق** «چالماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گاھى كۈنلىرى قىزىل بۇرۇننىڭ كۆڭۈل ئاچقۇسى كەلگەن ۋاقىتلاردا، مېھمىنى كەلگەندە ياكى توي-تۆكۈن بولغاندا ساز چالدۇرىدۇ.

**چالغا** ئى. ئوت-چۆپ ئورۇش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان، ئۇزۇن دەستىلىك، ئورغاققا ئوخشايدىغان قورال: مال-ۋاران ئۈچۈن قىشلىق ئوت-چۆپنىڭ غېمىگە چۈشكەن دېھقانلار ئۆتكۈر چالغىسى بىلەن مال ئايغىدا دەسسىگەن ئېشەك چىمى، چىغىرتماق، چۆچۈلە بۈيىلارنى قىرىپ چاپماقتا.

**چالغۇ** ئى. مۇزىكا ئەسۋابى؛ ساز: ئۇيغۇر خەلق چالغۇلىرى. * ئەلۇ ئالدى بىلەن داپ ۋە قوڭغۇراق ئىپتىدائىي چالغۇ سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى. // ئۇنىڭ ئۆيى خىلمۇخىل چالغۇ ئەسۋابلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى.

**چالغۇ ئەسۋابى** ھەر خىل ساز: بۇ دۇكان ئىچى-تېشىنىڭ پاكىز ئاقارتىلىپ قويۇلغىنى ئۈچۈن ئەمەس، دۇكاننىڭ ئىچى ھەر خىل چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە تۈرلۈك كىتابلار بىلەن تولۇپ تۇرغىنى ئۈچۈن، «مەدەنىي ساتىراشخانا» دېيىلەتتى.

**چالغۇت** ئى. قاشتېشىنى ئوراپ تۇرىدىغان قاتتىق تاش قاتلىمى.

**چالغۇچى** ئى. سازەندە؛ سازچى، مۇزىكانت: ئوغلۇم ئۇد سازىنىڭ ماھىر چالغۇچىسى ئىدى.

**چالغىتماق** ① «چالغىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۇنى چالغىتماق. ② ئېلىشتۇرماق؛ بۇرۇماق، قاچۇرماق: كەينى-كەينىدىن ئېچىلىۋەرگەن ھاراق، نېرۋىلارنى غىدىقلايدىغان كەلگۈسى ۋاقىتلار توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەر، كىشىلەرنىڭ كەيپىنى چالغىتىپ، مېڭىسىدىن ئەقىل ئىدراكىنى قوغلاپ چىقارماقتا ئىدى.

**چالغىتىشماق** «چالغىتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چالغىتىلماق** «چالغىتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چالغىچى** ئى. چالغا بىلەن ئوت ۋە ئورما ئورىدىغان ئادەم: بىر توپ چالغىچىلار بەس-بەس بىلەن ئوت ئورماقتا ئىدى.

**چالغىماق** پ. بىرەر نەرسىنىڭ تەسىرىدىن ئۆز ھالىتى بۇزۇلماق، بۆلۈنمەك؛ داۋالغۇماق، چايقالماق: سۇ چالغىماق.

**چاللىق** ئى. قىرىلىق، مويسىپىتلىك: چاللىق تاللىقتا ئوخشايدۇ، ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، ئۆزىنىڭ يەر قويىنغا تارتقان يىلتىزىدىن ئوزۇقلۇق بېرىپ، ياش نوتىلىرىنى كۆكەرتىدۇ ۋە شاخلىتىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ قىرىپ قىيشقان جىسمىنى ئاشۇ بەرگىلەر ئاستىدا سايىدىتىدۇ.

**چالما** ئى. تەركىبىگە سۇ ئارىلاشقاندىن كېيىن قاتقان توپا، داڭگال، كېسەك: يوقىتا چالما ئاتسالڭ يۇزۇڭگە چاچرار (ماقال). * بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقماق (ماقال). * قاسىم دۇيجاڭ ئىشىك ئالدىنا كېلىپ، ئۇنى بىرنەچچە ئېغىز چاقىردى. قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەن بولسا كېرەك دەپ، ئۆگزىگە چالما تاشلىدى.

**چالما ئاش** تېرىنى ئاشلاش ئۈچۈن تەييارلانغان خام ئۇماچ.

**چالمىسى سۇغا چۈشمەك** ← چالمىسى سۇغا چىلاشماق: ئۇ: «ئەمدى قانداق قىلسەن؟ چالمالڭ سۇغا چۈشۈپتىغۇ» دېگەندەك، ھىجىيىپ تۇرغان ئابدۇراخماننى نەق مەيداندىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ، يۇخادىن چىقماقچى بولدى.

**چالمىسى سۇغا چىلاشماق** ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشماي قالماق، ئۈمىدى، غەرىزى يوقىتا چىقماق، ئوسال ئەھۋالدا قالماق: مەسلىھەتىمىزگە كۆنمىدىڭ، بەربىر چالمالڭ سۇغا چىلاشتىغۇ؟

**چالماق** I پ ① چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئۇرۇپ، چېكىپ، بېسىپ پۇلەپ، سۇركەپ ئاۋاز چىقارماق: ساز چالماق. دۇتار چالماق. گارمون چالماق. * ئىككى نان تاپسا بىرنى داپ چاپتۇ (ماقال). ② چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن مەلۇم ئاھاڭ ياكى رېتىمگە ئىگە كۈي ھاسىل قىلماق: قېنى يىگىتلەر باش پەدىگە چالايلى. * ئۆزى بىلگەنچە، چېلىپ كەتتى ئۇ. ئېسىلىپ ماڭا، كۈلۈپ كەتتى ئۇ.

**چالماق** II پ. بىرەر نەرسىنى باشقا بىرەر نەرسىگە قوشماق، بىرلەشتۈرمەك، ئارىلاشتۇرماق، قوچۇماق: تۇخۇم چالماق. * ئانام ئېغىر ئەمگەكتىن، مېنى ئايرىپ ئەمچەكتىن. تاپالسا ئىچەتتى، ئۇماچ چېلىپ كېپەكتىن.

**چالما-كېسەك** چالما ۋە كېسەك: چالما-كېسەك قىلماق. * شۇنىمۇ بىلگىنكى، سېنى ئەركىنلىك ئەمەس، چالما-كېسەك، تاش-توقماق، ئەجەل كۈتمەكتە! ئەمدى بۇ يورۇق دۇنيادىن ئۈمىدىڭنى ئۈز.

**چالما-كېسەك قىلماق** نۇرغۇن ئادەم توپلىنىپ، چالما-كېسەك بىلەن ئۇرماق، چالما-كېسەك ئېتىپ ئازابلىماق: ــ بۇ دېھقانلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى ئوغرىلىغان باش جىنايەتچى، شۇڭا ئۇنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرەيلى، ــ دېدى ھېمىت.

**چالمىلىق** سۈپ. چالمىسى بار، چالمىسى كۆپ: ئەترەت باشلىقى ئەزالارنى باشلاپ، چالمىلىق ئېتىزنىڭ چالمىلىرىنى تەرگۈزدى. كىچىكىمدە تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ، ئۇيناپ ئۆسكەن ئاختارمىلىق-چالمىلىق. ئايلىنىپتۇ بۈگۈن ئاشلىق كانىغا، يانلىرىڭدا باغ بولۇپتۇ ئالمىلىق.

**چالۋاقاتماق** «چالۋاقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چالۋاقاشماق** «چالۋاقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چالۋاقىماق** پ. بىرەر سەۋەبتىن باشقىلارغا چېپىلماق، پوزىتسىيە ئۆزگەرتمەك؛ ئاچچىقلانماق، خاپا بولۇپ سۆزلىمەك: ــ دېگۈلۈكنى دەپ-دېۋېلىپ، ئۆز گېپىگە ئۆزى ئىگە بولالمايدىغان ئىشمۇ بارمىكەن تېخى؟! كۆرسىلە ماۋۇ

گەپنى! — نەۋرىخان ئاچا چالۋاقىدى، — بولدى، چىرايلىقچە تۈگىشىپ كېتەيلى.

**چالىلىق** «چالا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئانا دەيمىز تەبئەتنى چالىلىق، ئۇ قىلىدۇ دائىم بىزگە ئاللىق. كۆزسىز كەلدى بۇ دۇنياغا ناخشىچى، كۆزسىز ئۆتتى يۇمران، بەررە بالىلىق.

**چام I** ئى. مەلۇم بىر ئىشتا، ئادەم بېشىغا بۆلۈپ بېرىلىدىغان، ئورۇندا شقا تېگىشلىك بۆلەك، ۋەزىپە: مەن ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئەمگەك قىلىشىپ بەرمىسەم، چامنى تۈگىتىپ بولالماي دۈيجاڭدىن تەنقىد ئىشىتىدۇ.

**چام سالماق** ئورۇنداشقا تېگىشلىك ئىشنىڭ ھەسسىسنى بۆلمەك، ۋەزىپە بەرمەك.

**چام II** ئى. بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان شەرت-شارائىت، كۈچ-قۇۋۋەت، مادار، ئىمكانىيەت: چامى يەتمەك. * ئۇ: — ئۆتكەندە ئالغان 200 يۈەن قەرز پۇلنى ئۇسۇملىرى بىلەن قوشۇپ بېرىۋېتىشكىمۇ چامىم بار، مانا پۇل، — دەپ، شىرەگە يېيىپىقى ئون يۈەنلىك پۇلدىن بىر پېچەت قويدى.

**چامى يەتمەك** شەرت-شارائىتى، ئىمكانىيىتى يار بەرمەك، كۈچ-قۇدرىتى يەتمەك: — بالام! ئامان قالساڭلا بولاتتى، — كۆڭلى غەش بولۇپ ئويلىدى قۇبدۇن، — تىلىۋالدى تېۋىپنىڭ ئوغلۇمنى داۋالاشقا چامى يېتەتتى.

**چاما** ئى. مۆلچەر، تەخمىن، قىياس: چامامدا سائەت ئىككى بولغان چېغى. * ھامىدىن غوجا 40 ياشلار چامىسىدىكى پاكار بويلۇق، ئەمما بەدەن قۇرۇلۇشى چىڭ، چېۋەر ئادەم ئىدى.

**چامادان** ئى [پ] كىيىم-كېچەك سالىدىغان، كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ئەپلىك ياسالغان ساندۇق: چامادان ئالماق. بىر چامادان رەخت. * مەن تىزىپ قويغان ئورۇن-كۆرپىلەرنى ئۆرۈدۈم. چوڭ ساندۇقنى ئاچتىم، چامادانىنى ئاختۇردۇم.

**چامادانلىق** سۈپ. چامادانى بار، چامادان كۆتۈرگەن.

**چامباش** ئى. پۈت-قول ماھارىتى ۋە قورال ئىشلىتىش تېخنىكىسى بولۇپ، دۈشمەننىڭ قەدىمي تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ بىرى: ھېلىقى كىشى ئىشكتىن كىرىپ كەلگەندە، ئۇ ھويلىدا چامباش ئويناپ مەشىق قىلىۋاتاتتى.

**چامباشچى** ئى. چامباش ھۈنىرىگە ماھىر، چامباش ئۇستىسى.

**چامباشچىلىق** «چامباشچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: ئۇ «چامباشچىلىقنى ئۆگىنىۋالسام، نېمىدېگەن ياخشى» دەپ ئويلايتتى.

**چامبۇل** سۈپ. بىر يېرى ئاق، بىر يېرى قارا، ئالا: چامبۇل ئېشەك.

**چامچا** ئى. دىئال. ئەرەنچە كۆڭلەك.

**چامدانماق** «چامدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بالىسىنى ئىككى قولىدىن تۇتۇپ، بىر چامدىتىپ، ئىككى چامدىتىپ مېڭىشنى ئۆگەتتى.

**چامداشماق** «چامدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار تولىمۇ ھارغىن قىياپەتتە ئېغىر-ئېغىر چامدىشىپ كېلىۋاتاتتى.

**چامدالماق** «چامدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چامدام** ئى ① ئالغا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن تاشلانغان ھەربىر قەدەم، ماڭدام: ئەمەت چامدىمنى چوڭ-چوڭ ئېلىپ ماڭغىلى تۇردى. ② ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ، قەدەم بىلەن ئۆلچەشكە بولىدىغان ئۇزۇنلۇقنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ چوڭ كوچىدىن ئۆتۈپ، ئۆز ئۆيى تەرەپكە قايرىلدى. تېخى بەش-ئالتە چامدام ماڭمايلا، دادىسى ئۇچراپ قالدى.

**چامدىماق** پ. ئاياغ تاشلاپ ئالغا ئىلگىرىلىمەك؛ قەدەم باسماق، ماڭماق: نادەم ئاشخانىغا كىرىپ، ئوچاق ئالدىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭ كەينىدىن يېنىك چامداپ ئەختەمباي كىردى.

**چامغۇر** ئى <بوت> ① كىرىست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان

غولluq ئۆسۈملۈك. تۆگۈنەك يىلتىزى گۆشلۈك بولۇپ، رەڭگى ئاق ياكى قىزىل، شەكلى ياپىلاق، شار شەكلىدە ياكى ئۇزۇنچاق كېلىدۇ؛ تۆگۈنەك يىلتىزى كۆكتات قىلىنىدۇ، يوپۇرمىقى تار، ئۇزۇن كېلىدۇ، ئۇنىڭ چوڭ-چوڭ كەمتۈك جايلىرى بولىدۇ؛ گۈلى سېرىق كېلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ تۆگۈنەك يىلتىزى.

**چامغۇرلۇق** ئى. چامغۇر تېرىلغان يەر، ئېتىز: ــ بالام، ئۆزىمىزنىڭ چامغۇرلۇقىدىن بىرنەچچە تال چامغۇر ئېلىپ كىر، ــ دەپ بۇيرۇدى ئانا بالىسىنى. // چامغۇرلۇق يەر.

**چاملاتماق** «چاملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چاملاشماق** «چاملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاملانماق** «چاملىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چاملىماق** پ. بىرەر نەرسىنى تەخمىنەن ھېسابلاپ كۆرمەك، مۆلچەرلىمەك، قىياس قىلماق: سەن بىر چاملاپ كۆرگىن، مۇشۇ قوي قانچە كىلوگرام چىقار.

**چانا** ئى [ر] ياغاچ ياكى مېتالدىن ياسالغان، مەخسۇس مۇز ياكى قار يولدا تېيىلىپ ماڭىدىغان بىر خىل قاتناش قورالى. چانىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، رولluq چانا، رولسىز چانا، بىر تاپانلىق چانا، كەڭ چانا، مىنىپ تېيىلىدىغان چانا، يېتىپ تېيىلىدىغان چانا، ماتورلۇق چانا ۋە يەلكەنلىك چانا قاتارلىق ھەر خىل بولىدۇ: قىش كۈنلىرى بىزنىڭ يۇرتتا قار قېلىن ياغاتتى، ئۇنداق كۈنلەردە دادام مېنى شەھەرگە چانا بىلەن ئېلىپ باراتتى.

**چانا تەنھەرىكىتى** <تەن> قار ئۈستى تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ بىرى. بۇنىڭدا تەنھەرىكەتچى چانىدا ئولتۇرۇپ، مۇز ياكى قار يولدا يۇقىرى سۈرئەتتە تېيىلىدۇ.

**چاناتماق** «چانىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چاناچ** ئى. تېرە خالتا؛ تورسۇق، تۇلۇم: بىر چاناچ قىمىز. * سەيلىچىلەرنىڭ گاھىلىرى چاناچلىرىدىكى قىمىزلىرىنى ئىچىشكەچ قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

**چاناشماق** «چانىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاناق** I ئى ① ئالتۇن، كۈمۈش، مىس قاتارلىق مېتاللارنى ئېرىتىدىغان، چوقىدىن ياسالغان قاچا: ئاي قونسا چوقىغا چاقنار جىلغىدا، مېتاللار ئېرىتكەن قەدىمي چاناق. مېتاللار ئېقىمى تولغىنىشى بار، بۇ يولدا ئەگىلىپ سوزۇلغان يىراق. ② كۆز شارچىسى يەنى قارىچۇق جايلاشقان ئورۇن: كۆز چانىقى. * توختىگۈلنىڭ ياشلىرى چاناقلىرىدىن سىرغىپ يەرگە چۈشتى. ③ ئارپا، شال، بۇغداي قاتارلىقلارنىڭ دېنىنى، كېۋەزنىڭ پاختىسىنى ئوراپ تۇرغان قېپى، شاكىلى: بۇغداي ئاجايىپ ئوخشاپ كېتىپتۇ، غېرىچ باش ئېلىپ، دان چاناقلىرىغا پاتماي كېتىپتۇ. * ئاق پاختا، ئاپئاق پاختا، يېزىمىزنىڭ گۈلىسەن. چاناقلارغا قول سوزساق، باغرىڭ ئېچىپ كۈلىسەن. ④ تۆگمەنگە ئورنىتىلغان سۆكەننىڭ ئۈگۈت چۈشىدىغان، ئۈستى يۇمىلاق، ئۇچى نور شەكىللىك قىسمى.

**چانالماق** «چانىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىز كىرگەندە قورسىقى يېرىپ تاشلىنىپ، ئۈچەيلىرى بىر غۇلاچچە سۆرۈلۈپ قالغان. ئۇ ئىككى قىزنىڭ يۈز-كۆزلىرى ئادەم تونۇغۇسىز ھالدا چانىلىپ، قوي قىغى ئارىسىدا دۈم ياتقانچە ئۆلگەنىدى.

**چاندۇرماق** «چانىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نەيزىۋازچىلىقتا يەنە بەزى

مەسلىلەر كۆرۈلۈپ تۇردى. مەشىق جەريانىدا مەن كۆپ چاندۇردۇم.

**چاندۇرۇشماق** «چاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۇرسۇن چاكىچاكىنى چاكىچاك-لىقتىن قالغۇدەك دېگەن گەپلەر چىقىۋىدى، چاندۇرۇ-شۇپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە باشقىچە مۇئامىلە قىلىشىپ يۈرىدۇ.

**چاندىر** ① ئى. گۆشنىڭ قاتتىق پەي قىسمى: گۆشنىڭ چاندىرىنى ئېلىپ تاشلىماق. // چاندىر گۆش. ② سۈپ. كۆچمە. جۇدەڭ، قاتاڭغۇر، ياداڭغۇ: چاندىر ئادەم.

**چانماق** پ ① ماسلىشالماي قالماق، تۆۋەن، ناچار ئىكەنلىكى، تەڭ ئەمەسلىكى بىلىنىپ قالماق: ئۇ ئۆزىنى خېلى كەتمەنچى مەن دەپ يۈرسىمۇ، لېكىن، بۈگۈنكى كەتمەندە چېنىپ قالدى. * ئۆيىمۇ يامان سېلىنماپتىكەن، شۇغىنىسى، كىگىز سەل چېنىپ قېلىپتۇ. ② رايى، مەيلى يانماق، مۇناسىپ ئەمەس دەپ قارىماق (ئەر-ئاياللار بىر-بىرىگە نىسبەتەن): چىرايى پارقىراپ، قورساق سېلىشقا باشلىغان باست ئۆزىدىن ئون ياش كىچىك، ساددا يېزا ئايالىدىن بىراقلا چاندى. ③ ئاشكارا بولۇپ قالماق، بىلىنىپ قالماق: ۋىيەي! مەندىن قېچىپ، تېخى مەھەللىدىن چەت مۇشۇنداق يەرگە كېلىۋېلىپ: «ئىزلەپ باراتتىم» دەپ يالغان سۆزلىگىنىڭىز بەك چېنىپ قالدى جۇمۇ، بۇ يەر بىزنىڭ ئۆيگە يېقىن بولسىغۇ؟

**چانىماق** پ ① تىغلىق ئەسۋابنى بىرەر نەرسىگە ئۇرماق، كەسمەك، پارچە-پار-چە قىلماق: گۆش چانىماق. پىياز چانىماق. * سۇنۇر تۇرۇپلا ئايپالتىسىنى ئېلىپ بېغىغا كىرىپ، قارىياغاچلىرىنى پۇتاپ قويارتتى، يەنە تۇرۇپلا ياش كۆچەتلىرىنى چاناپ تاشلايتتى. * ئانا قىيمىنى چاناپ بولۇپ، يەنە بىر جاۋۇرغا گۇرۇچ ئالدى-دە، ئۇچاق بېشىدىكى جومەكتە يۇيۇشقا باشلىدى. ② چاپماق، بوشاتماق، يۇمشاتماق: سۇ ئېچىشنىڭ ئالدىدا ئېلىۋۇ يەنە قاۋۇل دېھقاندىن 20 نى تەشكىللەپ، تېرىشتا كەتمەن تەگمىگەن يەرنى چاناپ يۇمشاتاتتى. * ھېلىقى مۇساپىر پوستى ئېچىلىپ ساپسېرىق سىيغىز توپىسى ئېچىلغان يەرنى بىر چەتتىن چاناپ، كېسەك قۇيدى.

**چاۋا** ئى <ئانات> قېرىنىنىڭ پەسكى قىسمى بىلەن سان ئارىلىقى: بىز بولساق، پەقەت تىلىمىزغا زور بېرىپ ۋالاقلىغان-دە، ئۆيىمىزگە كىرىپ كېتىۋېرىمىز! ئۇلار بولسا كېچىسى كېلىپ، ئۇچەي-چاۋىكىنى تارتىپ ئېلىشىدۇ.

**چاۋا مانتىسى** قىيمىسى چاۋا مايدىن قىلىنغان مانتا.

**چاۋا ماي** ھايۋانلارنىڭ چاۋىسىدىكى ماي.

**چاۋىسى چىتقا يېيىلماق** قىلغان-ئەتكىنى خەلقئالەم ئالدىدا ئاشكارىلىنىپ، رەسۋا بولماق، سىرى پاش بولماق: ئەنە شۇنداق خوش ۋاقت كۈنلەردە، بۇ قىزنىڭ ئەيىبى چىقىپ قالدى! چاۋىسى چىتقا يېيىلدى.

**چاۋات** سۈپ. يۈزىنى چوڭ، يۇپقا ئېچىپ پىشۇرۇلىدىغان ھەمەك: چاۋات نان. * ئۆيدىن ئۈچ تاۋاق قېتىق، داستىخانغا ئوراپ بەش-ئالتە چاۋات نان ئاچىقىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ داستىخان يايدى. * قاش دەرياسىنىڭ خوپلا تارتىلىپ كەتكەن سۈزۈك، شوخ سۈيىمۇ قىرغاقلىرىدا چاۋاتتەك نېپىز قىيىندىلارنى توڭلىتىپ، شاۋقۇن-سۈرەن بىلەن جەنۇبقا قاراپ ئاقماقتا.

**چاۋار** ئى. ئۆسۈملۈك ۋە دەل-دەرەخلەرنىڭ قۇرۇق شاخ-شادىلىرى؛ شاخ-شۇمبا: چاۋار تەرمەك. * ئۇ تىرىشىپ-تىرمىشىپ، مىڭ جاپادا ئازگالدىن چىقىپتۇ ۋە چاۋار تېرىۋاتقان بىر خوتۇنغا ئۇچراپتۇ.

**چاۋارتقا** ئى. كۆيۈك قاپارتمىسى.

**چاۋارتماق** «چاۋارماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شەمشۇر مەكتەپكە ئالدىراپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن چۆگۈننى ئۆرۈۋەتتى-دە، ئۆكسىنىڭ پۇتىغا قايناق سۇ تۆكۈلۈپ كېتىپ، چاۋارتىپ

قويدى.

**چاۋار-چاتقال** چاۋار ۋە شۇ قاتاردىكى نەرسىلەر: تاشۋايغا تەقسىم قىلىنغان ئىش دەسلەپكى كۈنلەردە ئۇچاقلارنىڭ كۈلىنى ئېلىپ، كەچ كىرگۈچە يۇلغۇن، چاكاندا ۋە ھەر خىل چاۋار-چاتقاللار-نى ئۇزمەي سېلىپ ئوت قالاش بولدى.

**چاۋارماق** پ ① ئاپتاپ ياكى ئوتنىڭ قىزدۇرۇشىدىن پۇت-قول، بەدەن چارلىشىپ ھەر خىل داغ، سۇلۇق قاپارتما ھاسىل بولماق، : ئۇ تۇرقىدىن 20 نەچچە ياشلارغا كىرگەن، كىيىملىرى كىرلىشىپ قاسماقلىشىپ كەتكەن، رەڭگى ئاپتاپتا كۆيگەن، كاپۇكلىرى چاۋىرىپ يېرىلغان، كۆزلىرىدىن مەيۈسلۈك ۋە بىر خىل غەزەپ يالقۇنجاپ تۇرغان، ئوتتۇرا بوي يىگىت ئىدى. ② ئۇسسۇزلۇق ياكى قىزىق ئاپتاپتىن چارلىشىپ سارغايماق (زىرائەت ھەققىدە): بۇغدايلارغا ۋاقتىدا سۇ كىرمەي چاۋىرىپ كېتىپتۇ.

**چاۋاڭ** ئى. ئالقاننىڭ بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: چاۋاك چالماق. چاۋاك بىلەن قارشى ئالماق. * ئۇ ئۈستەل ئۈستىدىكى ماددىي نەرسىلەرنى بىر-بىرلەپ قولىغا ئالدى ۋە قىزغىن چاۋاكلار ئىچىدە تېگىشلىك كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرىشكە باشلىدى.

**چاۋاك چالماق** ① ئىككى قول ئالقىنىنى بىر-بىرىگە ئۇرۇش ئارقىلىق ئاۋاز چىقار-ماق: يىراقتىن كىشىلەرنىڭ چاۋاك چېلىشۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ قالدى. ② ئالقىشلىماق، تەبرىكلىمەك: ئۇ قىز يەنە بىر لەپەر ئورۇندىدى، باللار خۇشاللىقتا توختىماي چاۋاك چالدى. ③ كۆچمە. خۇشال، خۇرسەن بولماق: پۇل بولمسا دېھقانچىلىق قىلىشقىمۇ تەس. ئۇنى ئاز دەپ نىيىتى بۇزۇقلار چاۋاك چېلىشۋاتىدۇ. شۇلارنىڭ ئالدىدا بىزنى يەرگە قاراتماسالار ئىكەن.

**چاۋاكلاشماق** «چاۋاكلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چاۋاكلىماق** پ. ئالقىنىنى ئالقىنىغا ئۇرماق؛ شاپىلاقلىماق: باستى ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى: - پاھ! ... ئاتەش-ئاتەش... - دېدى ئۇ يوتىسىغا چاۋاكلاپ.

**چاۋشيەن** ئى. شەرقىي ئاسىيادىكى چاۋشيەن يېرىم ئارىلىغا جايلاشقان بىر دۆلەت. شىمالىي چاۋشيەن ۋە جەنۇبىي چاۋشيەن دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**چاۋشيەن تىلى** <تىل> چاۋشيەنزۇلار ئىشلىتىدىغان تىل. شىمالىي چاۋشيەن (چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيە-تى)، جەنۇبىي چاۋشيەن ۋە مەملىكىتىمىز-نىڭ جىلىن، لياۋنىڭ، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكە-لىرىدىكى بەزى جايلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**چاۋشيەن مالىنىسى** <بوت> ① ئازغان ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان كىچىك چاتقال. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، گۈلى غولىنىڭ چوققىسىدا ئۆسىدۇ، مېۋىسى قىزىل، يېپىشكە بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**چاۋشيەنزۇ** ئى [خەن] <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ياكى شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**چاۋشيەنزۇلار** ئى <ئىرق> چاۋشيەن مىللىتى ۋە خەلقى. ئۇ مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئاسا-سەن جىلىن، خېيلۇڭجياڭ ۋە لياۋنىڭ قاتارلىق جايلارغا ئولتۇراقلاشقان.

**چاۋشيەنشۇناس** ئى. چاۋشيەنزۇلارنىڭ مەدەنىيىتى، ئىرقى، ئىقتىسادى، تارىخى ۋە تىلى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلغۇچى كىشى.

**چاۋشيەنشۇناسلىق** ئى. چاۋشيەنزۇلارنىڭ مەدەنىيىتى، ئىرقى، ئىقتىسادى، تارىخى ۋە تىلى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**چاي** ئى [خەن] ① <بوت> چاي ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى سوقچاق، گۈلى ئاق، ئۇرۇقىنىڭ شاكىلى قاتتىق كېلىدۇ؛ يۇمران يوپۇرمىقى پىششىقلاپ ئىشلەنگەندىن كېيىن دەملەپ ئىچىدىغان چاي بولىدۇ. ئۇ جەنۇبىي جۇڭگونىڭ ئەڭ مۇھىم ئىقتىسادىي زىرائەتلىرىنىڭ بىرى. ② شۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلات: بىر سىقىم چاي. * — چاي ئالغاچ كەلدىڭمۇ ئاپا؟ — دېدى غۇنچەم. ③ شۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتتىن دەملەنگەن ئىچىملىك: بىر پىيالە چاي. * ئۇ دىۋان شىرەسى ئۈستىدە تۇرغان پىيالىدىكى ئاللىقاچان مۇزلاپ قالغان چاينى غۇرتۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى. ④ كۆچمە. بىرەر سەۋەب بىلەن باشقىلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان زىياپەت؛ مېھماندارچىلىق: مەخسۇم بىلەن تونۇشقاندىن بېرى، ئولتۇرۇشلاردا ناخشا ئېيتماس بولۇۋالغان گۈلسۇرۇخ بۈگۈنكى چاينى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ناخشىلىرى بىلەن قىزىتىپ بەردى. ⑤ كۆچمە. قۇدا بولغان ئىككى تەرەپتىن ئوغۇل تەرەپنىڭ قىز تەرەپكە تويلۇق سوۋغىلىرىنى ئاپىرىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەت: چوڭ چاي. كىچىك چاي. * ئاپىسى خەتنى كۆرسىتىدۇ، خەتتە: «تويلۇق مۇشۇ تىزىملىك بويىچە راسلانمىسا، چاينى قايتۇرۇپ بېرىمىز» دېيىلگەن.

**چاي ئاپارماق** قۇدىلىشىش يۈزىسىدىن، ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە تويلۇق سوۋغا ئاپارماق: ئۇلار ئۆگۈنلۈككە قائىدە-يوسۇن بويىچە بەختىگۈلنىڭكىگە چاي ئاپىرىشنى، ھەپتىدىن كېيىن توي قىلىۋېتىشنى مەسلىھەتلەشتى.

**چاي ئەكىرمەك** ← **چاي ئاپارماق**: — جىم تۇرسىزغۇ؟ كىشىنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىشقا خوپمۇ ئۇستا ئىكەنسىز، بىلىپ قويۇڭ، كېيىنكى ھەپتە ئۇنىڭ توي قىلىدىغان قىزىغا چاي ئەكىرىمىز، — دېدى لەيلى.

**چاي بەرمەك** مېھمان قىلماق، زىياپەت بەرمەك: بولدىلا ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، ھېلىمۇ خىجىللىق ئىچىدە بولدۇم ئۆلگۈدەك، سەۋەنلىك ئۆتۈپتۇ مەندىن، كەچ ئەمەس خاتانى تۈزەتسەك، ئاڭا چاي بەرسەك.

**چاي پۇلى** بىرەر ئىشنى ئورۇنداپ بەرگەنلىك يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان ھەق؛ تاپان ھەققى: باجگىر سەل ھەيران بولۇپ: — گەپنىڭ ئۇرامىدىن قارىغاندا، بىرەر ئىسپات ئەكەلگەندەك ئوخشايلا، بىزگە ئازراق چاي پۇلى بېرىپ يوللىرىغا ماڭسىلا غوجام! — دېدى ئۇنىڭغا.

**چاي پۇلى بەرمەك** بىرەر ئىشنى ئورۇنداپ، پۈتكۈزۈپ بەرگەنلىك بەدىلىگە تاپان ھەققى بەرمەك: — بۇ ئولجا سائەت جۇمۇ، قېنى چاي پۇلىنى بېرىۋېتىپ، ئاستىلا كېتىۋېلىڭ، بولمىسا، مۇنۇ بىرنېمە يىپنىۋېلىپ يۈرمىسۇن يەنە، — دېدى. * ئۇنىڭغا ئۈچ سوم چاي پۇلى بەردىم.

**چاي جەۋھىرى** <خىم> چاي تەركىبىدە بولىدىغان بىر خىل ئورگانىك بىرىكمە. ئۇچۇشچان كېلىدۇ ۋە چاينى خۇش بۇي قىلىدۇ.

**چاي چىنىسى** سىنچاي ئىچىش ئۈچۈن ياسالغان چىنە؛ پىيالە، سىركايە: ئايشەم بۈگۈن بىرقانچە جۈپ چاي چىنىسى سېتىۋالدى.

**چاي دورىسى** چاي بىلەن قوشۇپ دەملەپ ئىچىلىدىغان پىلپىل، قەلەمپۇر، قوۋزاقدارچىن، زەنجىۋىل قاتارلىق ئىسسىقلىق دورىلار: بەزى ئادەملەر ئادەتتە ئىچىدىغان ئۇسسۇلۇقلىرىغا «چاي دورىسى» سېلىپ ئىچىشكە ۋە يەيدىغان تاماقلىرىغا بەزىبىر ئۆتكۈر ئاچچىق چۈچۈمەل نەرسىلەرنى ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن.

**چاي زىياپىتى** بىرەر ئورۇن ياكى تەشكى-

لاتلارنىڭ بىرەر ئىش يۈزىسىدىن چاي ۋە ئادەتتىكى يېمەكلىكلەر بىلەن ئۆتكۈ- زۈلىدىغان زىياپىتى: ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى بۇ ناھىيىگە كېلىپ، ئون نەچچە مەيدان ئويۇن قويدى. قايتىش ۋاقتىدا، ئۇلارنى ئاددىيلا بىر چاي زىياپىتى بىلەن ئۇزىتىپ قويۇشقا توغرا كەلدى.

**چاي قاينىمى** بىر چۆگۈن سۇ قاينىغۇدەك ۋاقىت، مەزگىل: مۇدىر قوللىرىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ، ئىشخانىنىڭ ئىچىدە ئۇياندىن-بۇيانغا ماڭغىلى تۇردى. ئارىدىن چاي قاينىمى ۋاقىت ئۆتۈپ، تەرتىپ مۇدىرى يېتىپ كەلدى-دە، پۇتلىرىنى جۈپلەپ، ئۇنىڭ ئالدىدا تىك تۇردى.

**چاي قوشۇقى** ئاش قوشۇقىدىن كىچىك- رەك، بال ۋە مۇرابba ئېلىپ يېيىش ئۈچۈن ياسالغان مېتال قوشۇق.

**چاي قويماق** بىراۋغا نامەقۇل بولۇش، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراش يۈزىسىدىن زىياپەت بەرمەك: تۇرسۇنئايلار قۇدىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارغا چاي قويدى.

**چاي قىلماق** → **چاي بەرمەك**: ئۇنىڭ قۇدىسى توختى ئاكام بولسا موماي بىلەن مەسلە- ھەتلەشكەندىن كېيىن، باغلاپ باققان سېمىز قوچقارنى سويۇپ، ئەل-يۇرتقا چاي قىلىپ، كۈيئوغلىنىڭ ھاكىم بولغانلىقىنى مۇبارەكلىمەكچى بولدى.

**چاي كېپىنىكى** <زوئول> بىر خىل ھاشارات. چىشىسى بىلەن ئەركىكىنىڭ رەڭگى ئوخشىمايدۇ. لىچىنكىسىنىڭ تېنىدە تۈكچىلىرى بولىدۇ، چاي دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرىنى يەيدۇ. شۇڭا ئۇ چاي دەرىخىنىڭ ئاساسىي زىيانكىشى ھېساب- لىنىدۇ.

**چاي مەھەلى** ئەتىگەنلىك ناشتا قىلىدىغان، چاي ئىچىدىغان پەيت، ئەتىگەنلىك تاماق ۋاقتى: ئۇرمىچىلار چاي مەھەلى بولغۇچە ئىككى سالا ئېتىزدىكى بۇغدايلارنى ئورۇپ، خامانغا توشۇپ بولدى.

**چاي ئۆتكۈزمەك** مېھمان چاقىرماق، زىياپەت بەرمەك: — قاسىم ئۇستام پەيزەخمەت بىلەن نىزامىدىننىڭ يارىشىش شەرىپىگە چاي ئۆتكۈزۈپ، پەيزەخمەتنى ياشلار سېپىگە قوشۇپ قويماقچى ئىكەن، — دېدى قۇلىقىمغا.

**چاي ئۇستىلى** سافالارنىڭ ئالدىغا ياكى ئارىسىغا قويۇلىدىغان تار، كىچىك ئۈستەل: دېرىزىنىڭ ئالدىدا ئىككى كرېسلو، ئوتتۇرىسىغا كىچىك چاي ئۇستىلى قويۇلغانىدى.

**چاي ۋاقتى** → **چاي مەھەلى**: دېھقان بالىسىغا: — تۈز، بالام، دېھقان دېگەن ھەرگىز كۈن چىققۇچە ئۇخلاپ ياتمايدۇ، چاي ۋاقتىغىچە بىر ئاز ئىشلىۋالايلى، — دەپتۇ.

**چاي ئىچمەك** قۇدا بولغانلىقنى مۇئەيـ- يەنلەشتۈرۈش زىياپىتىنى يېمەك.

**چاي ئىچۈرمەك** يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە تويلۇق سوۋغىلىرىنى ئاپىرىش مۇناسىۋىتى بىلەن قىز تەرەپتە زىياپەت ئۆتكۈزمەك؛ توي قىلىشقا كېلىشمەك: ئەزىمەتنىڭ دادىسى بىلەن گۈلپەرىنىڭ دادىسى ئەزىمەتلەر تېخى كىچىك چاغدىلا چاي ئىچۈرۈپ قويۇشقانىدى.

**چايان** ئى <زوئول> بوغۇم پۇتلۇق ھايۋان. تېنىنىڭ رەڭگى كۆپىنچە سېرىق بېغىر رەڭ كېلىدۇ، ئېغىزىنىڭ ئىككى يان تەرىپىدە بىر جۈپ قىسقۇچى، كۆكرىكىدە تۆت جۈپ پۇتى بار؛ قورسىقىنىڭ ئالدى تۇم، كېيىنكى قىسمى ئىنچىكە بولىدۇ؛ قۇيرۇق تەرىپىدە زەھەرلىك ئىلمىكى بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن مۇداپىئەلىنىدۇ ياكى ئوزۇقلۇق تۇتىدۇ؛ تۇغۇپ كۆپىيىدۇ، ئۆمۈ- چۈك، ھاشاراتلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ؛ تىبابەتچىلىكتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چايانلىق** ئى. چايان ماكانلاشقان، چايان كۆپ جاي.

**چايانئوت** ئى [چايان+ئوت] <بوت> چايانئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى، غوللىرى تۈكلۈك كېلىدۇ؛ مۈرەككەپ يوپۇرمىقىنىڭ ئۇزۇن ساپىقى بولىدۇ، كىچىك يوپۇرمىقى تۇمۇنە شەكىلدە بولۇپ، گۈللۈك باشاقسىمان گۈل رېتىدە. ئادەتتە زەھەرلىك ئۆسۈملۈك ھېسابلىنىدۇ. تۈكلۈك غولى دورا قىلىنىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىش ۋە بەلغەم بوشىتىش رولىغا ئىگە.

**چايانئوت ئائىلىسى** <بوت> بىر پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر ئائىلىسى. بۇ ئائىلىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەممىسى سامان غوللۇق بولۇپ، تەمى ئاچچىق ياكى ئىچىدە سۈتسىمان سۇيۇقلۇقى بولىدۇ؛ تۈكلۈك ياكى ئۇزۇن يەر ئاستى غولى بولۇپ، بەزىلىرى ياغاچلىشىپ، پىلەك شەكلىگە كىرگەن ياكى ھاۋا يىلتىزى باشقا ئۆسۈملۈكلەرگە ياماشقان ھالدا ئۆسىدۇ، ئاز بىر قىسمى سۇدا لەيلىگەن ھالەتتە ئۆسىدۇ.

**چاي-پاي** ① چاي ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر: خەلچەم بازارغا بېرىپ، چاي-پاي ئالغاچ دوختۇرخانىغا بېرىپ، ئاكىسى ئەكبەرنى يوقلاپ كەلدى. ② چاي ھەم چاي داستىخىنىغا كىرىدىغان يېمەك-ئىچمەك: بىز چاي-پاي ئىچكەچ باشقا مېھمانلارنى كۈتۈشكە باشلىدۇق.

**چايپەش** ئى. دىئال. چاي ئوراپ قويىدىغان تۈگۈچ؛ چاي سالىدىغان تېرە خالتا.

**چايجۇش** ئى. چاي چۆگۈنى: بىرى چوڭ چايجۇشتىن ياغاچ ئاياقلارغا چاي قۇيۇشتى، ئۇچ-تۆت كىشى لېگەن-لېگەنلەردە پارچىلانغان كېپەك كاۋىپىنى ئەكىلىپ داستىخانغا قويدى.

**چايچى** ئى ① چايخانا ئېچىپ چاي ساتىدىغان، چاي سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئادەم: بۇ چايخانىدا بىرلا چايچى ئىشلەيدۇ. چايچى ئايال ئۇلارغا ئىككى ئىستاكان سوغۇق چاي كەلتۈردى. ② زىياپەت ۋە مېھماندارچىلىقلاردا، مېھمانلارغا چاي قۇيىدىغان كىشى: ئۇ تويدا مېھمان كۈتىدىغانلارنى، چايچىلارنى ئالدىنئالا بەلگىلەپ قويغانىدى.

**چايچىلىق** ئى. چاي قايىنىتىپ سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى، چاي سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىش كەسپى: چايچىلىق قىلماق.

**چايخانا** ئى. مەخسۇس چاي دەملەپ سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن؛ ساماۋارخانا: ئۇ ھېچقاچان ئاشخانىغا كىرمەيتتى. چۈشلۈكى چايخانىدىن بىر نان بىلەن بىر چەينەك چاينى ئالاتتى-دە، قورساقنى تويغۇزاتتى.

**چايخانىچى** ئى. چايخانا ئاچقان ئادەم؛ چايخانا خوجايىنى.

**چايخور** سۈپ. چاينى ياخشى كۆرىدىغان، چاينى كۆپ ئىچىدىغان، چايغا ئامراق: چايخور ئادەم.

**چايخورلۇق** ئى. چاينى ياخشى كۆرۈش، چاينى كۆپ ئىچىش ئادىتى: بوۋاي ھەر ئاخشىمى دېگۈدەك كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى چايخانىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ تەڭتۇشلىرى بىلەن چايخورلۇق قىلىپ ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى.

**چايدان** ئى. قايناق سۇنى مەلۇم ۋاقىتقىچە ئىسسىق ساقلاپ بېرىدىغان شىشە قاچا؛ تېرموس: جوزا ئۈرۈلۈپ ساندۇق ئۈستىدىكى چايداننى چېقىۋەتتى.

**چايشاپ** ئى [پ] ئورۇن-تۆشەك ئۈستىگە يېپىلىدىغان ياپقۇچ؛ كىرلىك: چايشاپ تارتماق. يېپەك چايشاپ. * جانىبەك ئۆزىنىڭ دوختۇرخانىدا ئاپئاق، پاكىز چايشاپلار ئىچىدە، كېسەل كارىۋىتىدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران قالدى.

**چايقاتقۇزماق** «چايقماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى: زەينەپ ئەتىدىن كەچكىچە كىر يۇيۇپ چارچىغانلىقتىن، يۇيۇپ بولغان كىرلىرىنى سىڭلىسى ھەجەرگە چايقاتقۇزدى.

**چايقاتماق** ① «چايقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يۇسۇپبەگ ھاجى قولىدىكى پىيالىسىنى يەنە بىر قېتىم چايقىتىپ، ئاندىن چاي قۇيدۇردى. ② ھەر يانغا داۋالغۇتماق، ئىرغاڭلاتماق، تەۋرەتمەك: سۇنى چايقاتماق.

**چايقاشماق** «چايقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىر-بىرى بىلەن كېلىشۋالغاندەك، تەگلا باشلىرىنى چايقىشىپ، ماڭا قارىشاتتى.

**چايقاق** ئى. سۇنىڭ دولقۇندىن پەس بولغان تەۋرىنىشى.

**چايقالدۇرماق** «چايقالماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چايقالماق** ① «چايقىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئارىدىن چارەك سائەت ئۆتە-ئۆتمەي خام يۇيۇلۇپ، سۈزۈك سۇدا چايقىلىپ بولدى. ② داۋالغۇماق، دولقۇنلىماق، تەۋرەنمەك: ھاتەم تاماشا قىلىش ئۈيى بىلەن كۆلنىڭ بويىدا ئولتۇردى. بىرچاغدا كۆل چايقىلىپ، دولقۇنلار ئارىسىدىن بىر خوتۇن پەيدا بولدى. * كۆزۈمگە بىردىنلا قاراڭغۇچىلىق تىقىلىپ، ئۆي پىرقى-راۋاتقاندەك، مەن دەسسەپ تۇرغان زېمىن قاتتىق چايقىلىپ، ئۆگتۈرۈلۈپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلدى.

**چايقىماق** پ ① يۇيۇلغان نەرسىنى پاكىز سۇغا چىلاپ ياكى ئۈستىدىن پاكىز سۇ قۇيۇپ تازىلىماق: كىر چايقىماق. چىنە چايقىماق. * ئۇ گۈللۈك پىيالىنى ياندۇرملاپ-ياندۇرملاپ چايقاش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان خوتۇنىنىڭ چاي قۇيۇشىنىمۇ كۈتمەستىن، سامسىغا قول ئۇزاتتى. * ھەممەيلەن قوللىرىنى چايقاپ، خۇشال-خۇرام ئولتۇرۇپ ئاشقا تۇتۇندى. ② دانچە ھالەتتىكى نەرسىلەر-نى سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئارىسىدىكى كېرەكسىز نەرسىلەرنى تازىلىماق، چىقىرىۋەتمەك: قوم چايقىماق. ئالتۇن چايقىماق. * بىز ئۈچ كۈنگىچە شۇ يوسۇندا شىغىل تارتتۇق. ئەتراپتا شىغىللار دۆۋە-دۆۋە بولۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن شىغىلنى يەنە ئاۋۋالقىدەك بۆلۈپ، دەريادا چايقاشقا چۈشتۇق. ③ سىلكىمەك، ئىرغىتماق، لىڭشىتماق: ئاقپاشا دەرھال ئاتنى يۆتكىدى، گاھ ئۇنى بويىنغا قىسىندۇرۇپ، ئۆي ئىچىدە يۈگۈرۈپ ئوينىتتى. بەزىدە ئورنى-ئورنىغا سەكرەپ، ئات مىنگۈچىنى چايقىدى.

**چايكا** ئى [ر] <زوئول> قۇشلارنىڭ بىر ئائىلىسى. كۆپىنچە دېڭىز بويلىرىدا ياشايدۇ، بېلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، بېشى چوڭ، تۇمشۇقى تۈز كېلىدۇ؛ ئالدى پەنجىسىدە ئۈزۈش پەردىسى بولىدۇ، قانىتى ئۇزۇن ھەم ئۇچلۇق، پېيى كۆپرەك ئاق كېلىدۇ.

**چايگۈل** ئى [چاي+گۈل] <بوت> چاي ئائىلىسىدى-كى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ ياكى چاتقال. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، پارقىرايدۇ، گۈلى قىزىل ياكى ئاق، غوزىلىق مېۋىسى بىلەن ئۇرۇقى قارا ۋە شار شەكلىدە كېلىدۇ. ئۇ بىر خىل مەشھۇر مەنزىرە ئۆسۈملۈكى بولۇپ، گۈلى ناھايىتى چىرايلىق، ئۇرۇقىدىن ماي ئېلىشقا بولىدۇ.

**چايلىماق** پ. دىئال. ئۆسۈملۈكلەر باراقسانلىماق.

**چايناپ** «چاينىماق» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى.

**چايناپ پۈركۈۋەتكۈدەك بولماق** ئىنتايىن قاتتىق غەزەپلەنمەك، پارچە-پارچە قىلىۋەتكۈدەك بولماق: مېنىڭ يارىم چولپاننىمۇ مۇشۇ ئەبلەخ بەگكە تۇتۇپ بەرگەنىدى. ئۇنى كۆرسەم، چايناپ پۈركۈۋەتكۈدەك بولۇپ كېتەتتىم.

**چايناتماق** «چاينىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇ-

رىي دەرىجىسى: يامان بولدى ئاخىرى، قاماپ كەتتى چىشلىرى. چايناتمىدى ھېچ نەرسە، ئاغرىپ ھەتتا باشلىرى.

**چايناشماق** «چاينىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ۋارقىرىشىپ ئەسكەرلەر، ئىچىشەتتى ھاراقنى. مەستلىكتە مەززە قىپ، چاينىشاتتى كاۋاپنى.

**چاينالماق** «چاينىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئادەم يېگەن ھەر خىل تاماق ئېغىزدا بىرىنچى قېتىم چاينىلىپ، مېخانىكىلىق ھەرىكەت ۋە شۆلگەي بەزلىرىنىڭ خىمىيىۋى ئۆزگەرتىشى بىلەن يۇمشاق ئۆزگىرىپ، ئاشقازانغا چۈشىدۇ.

**چاينام** ① ئى. يېمەكلىكلەردىن ئېغىزدا بىر قېتىم چايناشقا بولىدىغان پارچە بۆلەك: ئۇ يېگەن ناننىڭ ھەربىر چاينىمىدىن كېيىن، چاينى ئوتلاپ قوياتتى. ② مق. ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ، چاينالغان نەرسىنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر چاينام نان. بىر چاينام گۆش.

**چاينىماق** پ ① چىش بىلەن چىشلەپ ئۇششاقلىماق، ئەزمەك، يۇمشاتماق: چىشى چىققان بالىغا چايناپ بەرگەن ئاش بولماس (ماقال). * ئۇ بىر كاپام پولۇنى ئاغزىغا سېلىۋالسا، ئۇنى ئالدىرىماي خېلى ئۇزۇنغىچە چاينايتتى. ② يېمەك: بۈگۈن ئىشلەپ قەنت چايندىم، يايرىدىم، ئىزدىمەيمەن تەلەي سىناپ «تۆت قۇلاق». يۇرتىمىنى دانغا قوشۇپ تېرىيمەن، پەخىرلىكتۇر دېھقان بولۇپ ياشىماق. ③ كۆچمە. بىراۋنىڭ غەيۋىتىنى قىلماق، يامىنىنى ئېيتماق؛ غاجىماق: بەزىلەر ئادەمنىڭ يۈزىدە گەپ قىلماي، ئارقىسىدىن چاينايدۇ.

**چايئوت** ئى [چاي+ئوت] <بوت> گۈلقىيار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تۆمۈنە شەكلىدە بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، قىسقا ساپ-قى بولىدۇ؛ ئۇمۇم گۈل رېتى ئۇچىدا ئۆسىدۇ، گۈلى سۇس قىزىل ۋە چوڭ كېلىدۇ؛ غوزىلىق مېۋىسى سىلىندىر شەكلىدە بولىدۇ، ئۇرۇقىنىڭ بىر ئۇچىدا پۆپۈككە ئوخشاش بىر توپ تۈكچىلىرى بولىدۇ. بۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ تارقىلىشى كەڭ، ئادەتتە دەريا بويلىرى ۋە سۇيى مول جىلغىلاردا كۆپ ئۆسىدۇ. تەركىبىدە تاننىن مىقدارى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭدىن يارىپېلىم ئېلىشقا ۋە چاي ئورنىدا دەملەپ ئىچىشكە بولىدۇ.

**چەبدەس** سۈپ [پ] ئىش-ھەرىكىتى تېز، چاققان، تېتىك، ئەپچىل: چەبدەس ئادەم. * چېچەننىڭ تىلى، چەبدەسنىڭ قولى (ماقال). * ئارسلان يۇلتۇزنىڭ چېرىك قوشۇنغا بېرىشىغا قوشۇلدى، ئۇنىڭ جەڭدە بىر چەبدەس ئەركىشىنىڭ ئورنىنى باسالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. * ھەقىقەتەنمۇ ئۇ كۆرگەنلىكى كىشىنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك چاققان، چەبدەس، خۇش چاقچاق بىر يىگىت ئىكەن.

**چەبدەسلىك** «چەبدەس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: چەبدەسلىك قىلماق. * ئۇ كوچىدىن كېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئاپتوبۇس سوقۇۋېتىش خەۋپىدە تۇرغان بىر قىزنى چەبدەسلىك بىلەن قولىدىن تارتىپ قۇتقۇزۇۋالدى.

**چەببيات** ئى [پ] <مۇز> ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئىككىنچىسى ــ چەببيات مۇقامى: سازەندىلەر باشتا بىر يۈرۈش خەلق ناخشىلىرىغا چالغىنىدىن كېيىن، ئەجەم ۋە چەببياتنى ئورۇنداپ بەردى.

**چەببيات مۇقامى** <مۇز> بۇ مۇقام ئاساسەن 23 نەغمە، 251 مىسرا بولۇپ، چوڭ نەغمىگە 12 نەغمە، 137 مىسرا؛ 4 داستانغا 8 نەغمە، 76 مىسرا؛ 3 مەشرەپكە 3 نەغمە، 38 مىسرا جايلاشقان.

**چەپ** سۈپ [پ] ① گەۋدىنىڭ يۈرەك جايلاشقان تەرىپىدىكى؛ سول: چەپ كۆز. چەپ قول. چەپ يان. ② گەۋدىنىڭ شۇ تەرەپكە يېقىن، شۇ تەرەپنىڭ ئۇدۇلىدىكى: چەپ تەرەپ. چەپ يانچۇق. // ئۆتكەندە ساق بىر ھەپتە، يىگىت ئۇڭدا، قىز چەپتە. شېرىن سۆھبەت ئىلكىدە، قىزىق چاقچاق-كۈلكىدە. ③ كۆچمە. ئىشى ئوڭغا يۈرمەيدىغان، نەس؛ تەتۈر: چەپ ئادەم. * – ھەببەللى، ۋە يەنە ئايال خەق ئاتلاپ سالغان داستىخاندا غىزا يېمەيدىغان ئادەت بار. نېمشقا دېگەندە، ئايال خەق دېگەن چەپ بولىدۇ،– دېدى موللام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

**چەپكە تارتماق** ئوڭۇشسىزلىقتا قاراپ يۈزلەنمەك، قولايسىزلاشماق: ھېلىقى سېمىز كىشى دەرھال شوپۇرنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا: – بۇ ئىككى بۇرادەرنىڭ ئاپىسىنىڭ تۇغۇتى چەپكە تارتىپ، تۇغۇلۇشىدىلا چەپ تۇغۇلۇپ قالغان-دە! – دېدى.

**چەپ كۆزدە قارىماق** بىردەك مۇئامىلە قىلماي كەمسىتىپ قارىماق، تۆۋەن كۆرمەك.

**چەپپىگى** ئى [چەپ+بەگ+ى] ۋاڭلىق تۈزۈمىدىكى مۇھاپىزەت لەشكەرلىرىنىڭ باشلىقى.

**چەپچەك** ئى. چۆگۈننىڭ تېگى تەرىپىدىكى يەرگە قويۇشقا لايىق قىلىپ ياسالغان قىسمى: چەپچەك بېكىتمەك. * ئۇ ئالغان ماللىرىنى بىر چولڭ سېۋەتكە سېلىپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر چولڭ چەپچىكى بار چۆگۈننى قويۇپ قويدى.

**چەپچەكلىك** سۈپ. چەپچىكى بار، چەپچەك ئورنىتىلغان: چەپچەكلىك چۆگۈن. چەپچەكلىك چەينەك. * چۆگۈن ئالساڭ چەپچەكلىكنى ئال، خوتۇن ئالساڭ ئەمچەكلىكنى ئال (ماقال).

**چەپراس** (توغرىسى: چاپراس) ← چاپراس.

**چەت** ① ئى. مەركەزدىن يىراق جاي؛ يان، ياقا: ھوشۇر ئەلەس گۈلچەمەن بىلەن شەھەرنىڭ چېتىدىكى بىر تۈپ كۆك تېرەكنىڭ يېنىدا ئۇچرىشىشنى ۋەدىلەشكەنىدى. // چەت كوچا، چەت جاي. ② سۈپ. ئۆزگە، يات، باشقا: چەت تىل. چەت دۆلەت. * ئالىم بولىمەن دېگەن ئادەم ھېچ بولمىغاندا بىر-ئىككى چەت تىلنى ئۆگەنمىسە بولمايدۇ. * بىر ھەپتىدىن كېيىن مەشىق باشلايمىز، مەشىقنى ئىدارىدىن باشقا جايدا قىلىشىڭىزمۇ مۇمكىن، سەۋەبى، بۇ يەر سىزگە ھازىرچە سەل بىئەپ. ئۈچ ئايدىن كېيىن بېيجىڭغا بارىسىز. بەلكىم، چەتكە چىقىشىڭىزمۇ مۇمكىن. ③ ئى. قىرغاق، لەپ، ياقا: دەريانىڭ ئۇ چېتىدە بىر ئادەم كۆرۈنەتتى. ④ ئى. ئۆزىگە نىسبەتەن يىراق، نېرى جاي: ئالدىراپ يېنىپ كەلگەن ھېلىقى ئادەم: – يۇتلاشماي چەتتە تۇر، – دەپ مېنى ئىتتىرىۋېتىپ، دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى.

**چەت ئەل** ئۆز مەملىكىتىدىن باشقا مەملىكەت، باشقا دۆلەت: چەت ئەل تىلى. چەت ئەل پۇلى. * يېقىندا مەن چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن بىر ساۋاقدىشىمدىن خەت ئالدىم.

**چەت ئەل تەۋەلىكى** چەت دۆلەتلەرگە تەۋە تېررىتورىيە.

**چەت ئەل تىلى** ھەر قانداق بىر مىللەت ياكى دۆلەت ئۈچۈن، ئۆز مىللىتىنىڭ ياكى ئۆز دۆلىتىنىڭ تىلى ھېسابلانمايدىغان بىر تىل: چەت ئەل تىلى ئۆگەنمەك.

**چەت ئەللىك** چەت ئەل ئادىمى، چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى كىشى: مەيۈەتلىك، كۆركەم ئايروپىلان كۆتۈش ئۆيىدە، چەت ئەللىك مېھمانلار ۋە ئېلىمىزنىڭ چەت ئەلگە چىقىش ئالدىدا تۇرغان يولۇچىلىرى ئايروپىلانغا چىقىش ۋاقتىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى.

**چەت ئەل مەبلىغى** <س ئق> چەت ئەل سالغان كاپىتال.

**چەت ئەل مۇھاجىرى** چەت ئەللەرنىڭ مەزكۇر مەملىكەتتە تۇرۇۋاتقان مۇھاجىرى.

**چەتتە تۇرماق** بولۇۋاتقان ئىش-ھەرىكەت-كە قاتناشماي، بىتەرەپ بولۇپ تۇرماق، ئۆزىنى چەتكە تارتماق: ئۆتمۈشتە، خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىدىن چەتتە تۇرغان كىشىنىڭ ئىجادىدا ئاجىزلىقلار بولۇشى مۇمكىن.

**چەتتە قالماق** بولغان ياكى بولۇۋاتقان ئىشقا ئارىلاشماي، سىرتىدا قالماق: نادىر ئەپەندى قەتئىي ھالدا: — ئۇ ۋاقىتتا مەن ئۆز يېزامدا يوق، ئەگەر بولغان بولسام، بەلكى چەتتە قالمىغان بولاتتىم، — دېدى.

**چەت تىل** ← چەت ئەل تىلى: تىببىي خادىملار تىببىي كىتابلارغا ئامراق بولۇشى ۋە ئۆز تىلىدىن باشقا ئېھتىياجلىق بولغان چەت تىللاردىن بىر-ئىككى خىل تىلنى ئۆگىنىشى كېرەك.

**چەتتىن چاڭلىشىش** <بوت> ئوخشاش بىر تۈپ ياكى ئوخشىمىغان تۈپلەردىكى ئايرىم-ئايرىم ئىككى گۈل ئارىسىدىكى چاڭلىشىش جەريانى. بۇ خىل چاڭلىشىش ھاشارات، شامال، سۇ، قۇشلار، سۈت ئەمگۈچى كىچىك ھايۋانلار قاتارلىقلارنىڭ ۋاستىلىك رولىغا تايىنىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**چەتتىن كىرگەن سۆز** <تىل> باشقا-باشقا تىل تۈركۈمىگە مەنسۇپ بولغان تىللاردىن قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرگەن سۆزلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، «جاھالەت»، «ئەلۋىدا» سۆزلىرى ئەرەبچىدىن؛ «ماشىنا»، «كارىۋات» سۆزلىرى رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەردۇر.

**چەتتىن ئوزۇقلىنىدىغان جانلىقلار** <بىئول> ئورگانىك ماددىلارنى قوبۇل قىلىپ ۋە پارچىلاپ، ئوزۇقلۇققا ئېرىشىدىغان جانلىقلار.

**چەت رايون** مەركەز ياكى شەھەرگە نىسبەتەن ئەڭ يىراق جاي، ياقا يەر: شىنجاڭ مەملىكىتىمىز بويىچە غەربىي شىمالدىكى ئەڭ چەت رايون ھېسابلىنىدۇ.

**چەتكە چىقماق** ① تۇرغان جايىدىن قوزغىلىپ، يىراققا، ياقا جايغا كەتمەك: شۇنداق قىلىپ بالىلارنىڭ ھەممىسى يەنە چەتكە چىقىشتى. ② چەت ئەلگە چىقماق: ئەمەت ئاكامنىڭ قىزى چەتكە چىقىپ ئوقۇپ كەلدىمۇ؟ ③ كۆچمە. مەسئۇلىيەتتىن قاچماق، باش تارتماق: — تازىمۇ كالۋا نېمە ئىكەنسەن، ئۇنى ئوغرىلىققا سېلىپ قويۇپ، ئۆزىمىز چەتكە چىقىۋالىمىز دېگىنە. يامىنى كەلسە، بىز ئۇنى ئوغرىلىق قىل دەپ زورلىمىدۇق، ئۆزى قىلىپتۇ دەيمىز، ئىش تۈگەيدۇ، — دېيەي ياقۇپ ئۇنىڭغا. ④ كۆچمە. بىرەر ئىش-ھەرىكەتتىن قولىنى تارتماق، ئالاقىسىنى ئۈزمەك: جاھانسازلىق قىلىپ ۋىجدان يولىدىن چىقمىغىن چەتكە، ھەقىقەت كويىدا تاغدەك تۇرۇپ تىنك بەرقارار ئۆتكۈز!

**چەتكە چىقىرىپ قويماق** شۇ ئىش ياكى شۇ نەرسىدىن يىراقلاشتۇرماق، ئايرىماق، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرماق، ھوقۇقىنى تارتىۋالماق: گۈچشىنىڭ ھوقۇقى تارتىۋېلىنىپ، ئابباسنىڭ بىر چەتكە چىقىرىپ قويۇلۇپ، يىراق بىر دادۇيگە ئامىمنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئەمگەك قىلىشقا، مەسىلىسىنى ئويلىنىشقا ئەۋەتىلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلدى.

**چەتكە قاقماق** ئارىغا ئالماي، يېتىم قالدۇرماق؛ رەت قىلماق، ئىنكار قىلماق: ئىجابىي تەرەپ بىلەن سەلبىي تەرەپ مۇتلەق ھالدا بىر-بىرىنى چەتكە قاقىدۇ، سەۋەب بىلەن نەتىجىمۇ ئوخشاشلا نۇرغۇن قارىمۇقارشىلىقتا تۇرىدۇ.

**چەتلەپ** «چەتلىمەك» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى.

**چەتلەپ تۇرۇش** <قا> سوت قىلغۇچى خادىملارنىڭ شۇ ئەنزە بىلەن مەنپەئەت مۇناسىۋىتى ياكى باشقا مۇناسىۋەت

بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، مەزكۇر ئەنزىنىڭ سوتىغا قاتناشماسلىقى.

**چەتلەش** «چەتلىمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى.

**چەتلەش ئارىلىقى** <ماشىن> دېتالغا تەسىر قىلغان كۈچ بىلەن دېتالنىڭ ئوق سىزىقىغا قەدەر بولغان ئارىلىق.

**چەت-چۆرە** چەت ۋە چۆرە، ئەتراپ: سابىر كۈلۈپ: ــ ئۆرۈمچىدەك كاتتا شەھەردىن ئايرىلىپ، مۇنداق چەت-چۆرىدىكى بىر ناھىيىگە كېلىپ ئىشلەشنى نىيەت قىلىش ئاسان ئەمەس، قالتىس ئىرادە كېرەك، ــ دېدى ئەمەتكە. * ئەپەندىمنىڭ بېشىدا چەت-چۆرىلىرى قىرقىلىپ كەتكەن قۇلاقچا، ئۇچىسىدا ئۆڭۈپ كەتكەن شىرىق چاپان، پۇتىدا ئۇزۇن قونچلۇق ئىشچى ئۆتۈكى بار ئىدى.

**چەتلەتمەك** «چەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۆت ئاپەتنىڭ ۋاقتىدا، مۇشتقا تايىنىپ چىققان يېڭى «باشلىقلار» زاۋۇتنىڭ ئەسلىي باشلىقىنى خىزمىتىدىن چەتلەتتى.

**چەتلەشتۈرمەك** «چەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قوبۇلەي سۆزلەۋېتىپ، يېنىدىكى ۋەزىرنى چەتلەشتۈرۈۋېتىپ، بىر ئالتۇن پەيزىنى ئىكراغا تۇتقۇزدى-دە: ــ سىز موڭغۇل يېزىقىنى ئۆگىنىۋالدىڭىزمۇ؟ قېنى بۇنىڭ ئۈستىدىكى خەتنى ئوقۇپ بېقىڭ، ــ دېدى.

**چەتلەشتۈرۈلمەك** «چەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ماتېرىيالىزم تەبىئەت دۇنياسىنى بىردىنبىر رېئال نەرسە دەپ قارايدۇ، گېگېل سىستېمىسىدا بولسا تەبىئەت دۇنياسى پەقەتلا مۇتلەق ئىدىيىنىڭ «چەتلەشتۈرۈلۈشى» دىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ.

**چەتلەشمەك** «چەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دەسلەپتە بەزى ئىشچىلار ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىك نەزىرى بىلەن ئۇنىڭدىن چەتلىشىپ، سىر بەرمەي يۈردى.

**چەتلەمچى** سۈپ. دىئال. داۋاملىق تۈپتىن ئايرىلىپ قېچىپ يۈرىدىغان، قاچقاق (چارۋا مال ھەققىدە).

**چەتلەنمەك** «چەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەگەر بۇ ئاساسىي نەزەرىيىدىن چەتلەنسە، تىبابىتىمىزنىڭ ئەمەلىي قىسمىدا قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر تىبابىتىنى ئۆگەنگۈچىلەر ئەركان نەزەرىيىسىدىن تولۇق ۋاقىپ بولۇشى لازىم.

**چەتلىمەك** پ ① چېتىگە، يان تەرىپىگە قاراپ يول ئالماق؛ ياندىماق: ئايال بۇ سۆزلەرنى دەپ بولۇپ، يولدىن چەتلىدى-دە، دۆڭلۈكلەر ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى. ② ئۆزىنى قاچۇرماق، چەتكە ئالماق؛ داجىماق: كادىرلار خەۋەر ئېلىپ كەلگەندە، سوغۇق قارشى ئېلىپ بىزدىن چەتلىدىڭ. يەنە بوران چىقارمۇ دەپ ئەنسىرەپ، ئالدىمدا كۈلۈپ، ئارقىمدا خەپلىدىڭ. ③ ئاداشماق، ئازماق، ئازغاشماق، يېڭىلىشماق: شۇنداق قىلىپ يولۇچىلار چولڭ يولدىن چەتلەپ، تارىم بويىغا كېلىپ قالدى. * سونۇر ئەكبەرنىڭ سۆزلىرىدىن مۇنداق خۇلاسە چىقاردى: «سەن ھەمراھلىرىڭدىن چەتلەۋاتسەن، بۇ چەتلىگىنىڭ يولدىن ئازغىنىڭ!...». ④ كۆچمە. مەركەزدىن، نۇقتىدىن، نىشاندىن يىراقلاپ كەتمەك، قېيىپ كەتمەك، قاڭقىماق: ئەگەر بىلەك كۈچىنى ئاشۇرمىغاندا، قولنىڭ تىترىشى بىلەن ئوق نىشاندىن سەللا چەتلىسە، بىرمۇنچە چەتلەپ كېتەتتى-دە، قارىغا تەگمەيتتى.

**چەتنەتمەك** «چەتنىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: توقۇپ ھەر خىل ئىغۋا، جىنايەت، كابىنكىدىن چەتنەتتى بىزنى. ئەۋج ئالدى شۇملۇق، خىيانەت، تراكتور تەرك ئەتتى ئېتىزنى.

**چەتنەشمەك** «چەتنىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككىمىزنى ئۆز يولدىن

چەتنەشتى دەيدۇ، ياشلىقنى ئۆتتۈۋەتكەنلەر چەكلەشتى دەيدۇ.

**چەتنەك** ئى. كونا ئادەتتە، باشقىلارنىڭ كۆزى تەگكەنلىكىدىن شۇ كىشىدە پەيدا بولغان بىر خىل كېسەل: چەتنەك تەگمەك. * ‒ ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ، ‒ دېدى لۇتپۇللا. ‒ بىراق، چەتنەك تەگمىسۇن.

**چەتنو** ئى. دىئال. ئامبۇرنىڭ بىر تۈرى.

**چەتنىمەك** پ. كۆز تەگمەك، كۆز تېگىپ كېسەلگە دۇچار بولماق: ‒ بالىڭىز چەتنەپتۇ، دەرھال دۇئا ئوقۇتۇۋېتىڭ، ‒ دېدى كىتاب ئاچقان موللام ياش ئانىغا.

**چەتنىش** ئى. ئۇستىرىنىڭ دەستە بىلەن تىغ ئارىلىقىغا قويۇلغان ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدىكى كەمتۈك جايى؛ كاۋاكچە.

**چەت-ياقا** شەھەر، بازار ياكى مەھەللىدىن يىراق چەت ۋە ياقا يەر، چەت-چۆرە: تاشمىلىق، بۇلاقسۇ، ئاقتۇ، يېڭىشەھەر، يېڭىسارنىڭ چەت-ياقا يېزا-كەنتلىرىدىمۇ ئۇ چالغان ساتارنىڭ مۇڭلۇق ئۈنى ئىڭلىغان. ئۇنىڭلىغان دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ مۇڭ-زارىغا تەڭكەش بولدى.

**چەرەندە** ئى [پ] ① ئوتلىغۇچى ھايۋان. ② كۆچمە. ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان، كىشىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان بىرنېمە، پارچە-پۇرات نەرسە: تۆتىنى زامانىۋىلاشتۇرساق، دىكتاتۇرىمىزنىڭ ماددىي ئاساسى كۈچىيىدىكەن، گەۋدە كېرىپ يۈرەلەيدىكەنمىز، بىلىقكۆزدەك چەرەندىلەرمۇ پېشانىمىزدىن «تاك» قىلىپ چېكەلمەيدىغان بولىدىكەن.

**چەرەندە-پەرەندە** ① ھايۋان ۋە ئۇچار قاناتلار. ② كۆچمە. ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان، كىشىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان، پارچە-پۇرات: ‒ نەدىن كېلىشتى بۇ چەرەندە-پەرەندىلەر، ‒ دەپ ئىشىكنى قاتتىق يېپىپ، ئۆيىگە كىرىپ كەتتى ياسىن ئاخۇن.

**چەرچىن** سۈپ ← چەرچىن مال.

**چەرچىن مال** مىللىيچە مال، ئۇششاق مال؛ ئۇششاق-چۈششەك تاۋار: ئاتاقلىق ماتېماتىكا ئالىمى خۇالوگىڭ ياش چېغىدا چەرچىن ماللار دۇكىنىنىڭ خىزمەتچىسى ئىدى.

**چەرۋە** ئى. دىئال. قېرىن مېيى؛ چاۋا ماي.

**چەش** I ئى <گېئول> بىر خىل مىنېرال. تەركىبى $SiO_2$. ئۇ كۋارتسنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇپ، يېلىن، ئۈزۈم ۋە نۆكچە ھالىتىدە ئۇچرايدۇ؛ يېرىم سۈزۈك كېلىدۇ؛ تەركىبىدىكى ئارىلاشمىلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ رەڭگىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭدىن ئۈزۈكنىڭ كۆزى قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرى ياسىلىدۇ.

**چەش رەڭ** چەشنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدىغان رەڭ، قېنىق ھاۋا رەڭ: ئايغان شۇ تاپتا تويغا جابدۇنغان ياش جۇۋانلاردەك ياسانغان بولۇپ، ئۇچىسىغا ئۈزۈن چەش رەڭ ئەنگىلىشىم كۆڭلەك، بېشىغا ئاق داكا رومال، ئۇستىدىن باستۇرۇپ تەنلا دوپپا كىيىۋالغانىدى.

**چەش كۆز** ① چەشتىن قويۇلغان كۆز: بىردىن ئۇنىڭ تاماكا تۇتقان قولىنىڭ چىمچىلىقىدىكى چەش كۆزلۈك ئۈزۈككە كۆزۈم چۈشتى. ② كۆچمە. كۆز قارىچۇقى چەش رەڭگە ئوخشايدىغان كۆز.

**چەش** II ئى. خاماندا سورۇپ، پاكىزلەپ تەييارلانغان ئاشلىق دۆۋىسى: شالاڭ ئاش باش كۆرستەر، قويۇق ئاش چەش كۆرستەر (ماقال). * بۇغداينى ساماندىن، توپىدىن، چاردىن ئاجرىتىپ، قىپقىزىل چەش قىلىش كېرەك.

**چەش بەلگىسى** تەييارلانغان چەشكە گۈل شەكلىدە سېلىنغان بەلگە، تامغا: ‒ يوقسۇ، چەش بەلگىسى ئاخشام ئۆزلىرى سېلىپ قويغاندەكلا، ‒ دېيىشتى يىللىقچىلار.

**چەش بۇرنى** تەييار بولغان چەشتىن

ئالدى بىلەن سەدىقە ئۈچۈن ئاجرىتىل‑غان ئاشلىق: بۇغداينى ساماندىن، توپىدىن، چاردىن ئاجرىتىپ قېپقىزىل چەش قىلىش كېرەك. چەش بۇرنىنى ئايرىيمىز، قەلەندەرلەر يىگۈرۈشۈپ كېلىدۇ، ئۇلارغا بىر ئىككى گۈرجەكتىن كەپسەن بېرىمىز.

**چەش قۇم** يۇيۇلۇپ، پاكىزلەنگەن قۇم دۆۋىسى: ئارالنىڭ قىرغىقىدا سۇ قېقىپ چىقارغان چەش قۇمنى قىل پالاستىن ئۆتكۈزۈپ، بىرنەچچە كىشى مۇكچىيىپ كېپەك ئالتۇن سۈزۈش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى.

**چەشلەتمەك** «چەشلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چەشلەشمەك** «چەشلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: خامانچىلار خاماندىكى بۇغدايلارنى چەشلەشتى.

**چەشلەنمەك** «چەشلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ خاماندىكى قاتىرىسىغا ئۈچ يەرگە چەشلەنگەن بۇغداي دۆۋىسىگە كۆزنى ئۈزمەي قارايتتى.

**چەشلىمەك** پ. سورۇلۇپ، پاكىزلىنىپ تەييار بولغان بۇغداينى خاماندىكى موما تۇۋىگە دۆۋىلەپ، كەملىگىدەك ھالەتكە كەلتۈرمەك: توختاخۇن تويغا كېتىپ تۆتىنچى كۈنى، ئەمەت زىغىرنى تېپىپ بولۇپ، سەلكىن شامالدا چەشلەۋاتاتتى.

**چەشمە** ئى [پ] بۇلاق: بىر‑ئىككى مەنزىل يول يۈردى، بىر چەشمىگە يەتتى، بۇ يەردە ھەر رەڭدىكى دەرەخلەر كۆپ ئىدى. ھاتەم ئۇ يەرنى ماكان قىلىپ، ئۈچ‑تۆت كۈن تۇردى.

**چەشمە دوپپا** كېزەك ھەم تۆپىلىكىگە كىچىك كەشتە تىكىلگەن، ياشانغان ئادەملەر كىيىدىغان دوپپا.

**چەك** I ئى [ر] بانكىنىڭ پۇل ئېلىش، پۇل بېرىش مۇئامىلىسىدە ئىشلىتىلىدىغان ھۆججەت: پۇل چېكى. * ئۇ خۇدىنى يوقاتقان ئادەمدەك، 2000 يۈەن پۇل بىلەن 4300 يۈەنلىك بانكا چېكىنى سىقىملىغان پېتىچە ئىمىن ھاكىمغا قاراپ تۇراتتى.

**چەك** II ئى [پ] ① سايلامدا، سايلىغۇچىلار سايلانغۇچىنىڭ ئىسمىنى يېزىپ قويىدىغان قەغەز، بېلەت: چەك چىقماق. ھاكىم سايلىمىدا قۇدرەتكە ھەممىدىن كۆپ چەك چىققانىدى. ② لاتارى بېلىتى. ③ رەت تەرتىپىنى بەلگىلەش ۋە بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلىشتا قوللىنىدىغان بىر خىل ۋاستە: چەك ئالماق. چەك تاشلىماق. * ئەمدى مېنىڭدىن كېيىن چەك ئېلىش نۆۋىتى نىياز ماخوچىغا كەلدى.

**چەك تاشلىماق** ① سايلاشقا ئاۋاز بەرمەك، بېلەت تاشلىماق: ـ يولداشلار، ـ دېدى مەجلىس باشقۇرغۇچى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن، ـ سايلام يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش يەنى چەك تاشلاش ئۇسۇلى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ② بىرەر ئىشنى قىلىشتا تەقدىرنى، پېشانە، بەخت‑تەلىيىنى سىناپ كۆرمەك؛ ئىلگىرى‑كېيىنلىكىنى بەلگىلىمەك، مەسىلىنى ھەل قىلماق: كەتتى ئۇ كۈن، ئۆرلىدى ئەلنىڭ غەيرەت جۇرئىتى، تەسەۋۋۇرغا سىغمايدۇ، كەشپىياتىنىڭ سۈرئىتى، تەلىيىمنى سىناي دەپ چەك تاشلىساڭ بولامدۇ؟ * جۇگېلياڭ: ـ ئەمسە چەك تاشلايلى، چەك چىققان كىشى بارسۇن، ـ دېدى. چەكمۇ جاۋيۈەنگە چىقىپ قالدى.

**چەكتە كەلسە چاكىلدىماسلىق** تەلەي سىناشتا، بىرەر ئادەم ئىگە بولغان ئامەت، بەختكە ھەسەت قىلماسلىق، قىزغانماسلىق.

**چەك** III ئى ① داۋاملىشۋاتقان نەرسە ياكى ھادىسىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرى، توختاش نۇقتىسى؛ چېگرىسى، پەللىسى: چېكىگە يەتمەك. چەكتىن ئاشماق. * كۈنلەر،

ھەپتىلەر ئۆتتى. جاڭگالنىڭ چېكىدىن ئەسەر يوق. * ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ، ئون بەشى ئايدىڭ ئەمەسمۇ، ئۆزۈن كېچىنىڭمۇ ئاخىرى ـ چېكى بولىدۇ. ② كۆچمە. يول قويۇلۇش مۇمكىنلىكى بولغان ئاخىرقى نۇقتا؛ ئۆلچەم، نورما: چەك قويماق، چەك بەلگىلىمەك. * دانالىقنىڭ چېكى يوق (ماقال). * نورمال ئىقتىسادىي شارائىتتا، ئەسلىدىكى بار ئاھالە ۋە يېڭىدىن قوشۇلغان ئاھالىنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىنىڭ ئۆزۈەنلەپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى جۇغلانمىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكى قىلىش لازىم.

**چەكتىن ئاشماق** ① بەلگىلىمىدىن، نورمىدىن ئارتىپ كەتمەك: غىدىقلاش مۇئەييەن چەكتىن ئېشىپ كەتكەن چاغدا، رېئاكسىيە مىقدارى ئاشمايلا قالماستىن، بەلكى ئازىيىپ كېتىدۇ. ② كۆچمە. ھەددىدىن ئاشماق، قېلىپتىن چىقىپ كەتمەك: مېنىڭ جاپا-مۇشەققەتلەر بىلەن ئاران تەييار قىلغان ئىشنى بۇزۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن خاپىلىقى چەكتىن ئاشقان، كۆزلىرى بەقەمدەك قىزارغان رابىخان گۈلنىسانىڭ پېشانىسىگە نوقۇشلىدى.

**چەك قويماق** ① بىرەر نەرسىنىڭ تەلەپ قىلىنغان بەلگىلىمىسىدىن ئېشىپ كېتىشىنى توسماق، چەكلىمەك: بۇ بىرقانچە يىل ئىچىدە تۇغۇتقا چەك قويۇش ئىشىغا ئۇتتۇش قىلىنىپ، ئاز-تولا نەتىجە ھاسىل قىلىندى. ② خاتا، زىيانلىق ئىش-ھەرىكەتكە يول قويماسلىق: سادىرنىڭ مەسلىسىنى مۇزاكىرە قىلىمىز. ئۇنىڭ دۆلەتنىڭ پۇلىنى بۇزۇپ-چېچىشىغا ئەمدى چەك قويۇش كېرەك.

**چەككە يەتمەك** ① بەلگىلىمىگە يەتمەك، نورمىغا يەتمەك: ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشى بەلگىلەنگەن چەككە يەتتى. ② كۆچمە. ئەڭ ئۇچىغا يەتمەك، يۇقىرى ۋلمەك: ئۇنىڭ بۇزغۇنچىلىقى مىرەدىكى تەخسىلەرنى پەسكە چاغدا، ئۈي ئىگىلىرى كىردى-دە، ۋتۇپ، چىقىرىۋەتتى.

**چەكادە** ئى. كونا جەمئىيەتتە بازار باشقۇرغۇچى يەرلىك ئەمەلدار: مەدىكار بازىرىنىڭ چەكادىسى سېلىمنى نەغەم ھاجى دېگەن بايغا سايە قىلدى، نەغەم ھاجى سېلىمغا ۋە ئۇنىڭ كەينىدە تارتىنىپ تۇرغان ئايقىزغا نېرى-بېرى كۆز يۈگۈرتتى-دە، ئۇلارنى يەنە بەش مەدىكار بىلەن قوشۇپ، ئۆزىنىڭ سەھرادىكى قورۇ-جايىغا ئاچىقىپ كەتتى.

**چەكتۈرمەك I** «چەكمەك I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گۈل چەكتۈرمەك. چېچەك چەكتۈرمەك. * ھاياتىڭدا چىقىرىسەن مول، يېشىل ياپراق، رەڭمۇرەڭ چېچەك. بۇ كەڭ زېمىن ياپىرىتار سېنى، ئۆز ھۆسنىگە چەكتۈرۈپ بېزەك.

**چەكتۈرمەك II** «چەكمەك II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دۆلەتمەن بايۋەچچىلەر بۇ بالىغا كېچە نەشە چەكتۈرۈپ مەست قىلغان ئوخشايدۇ. * ئۇ بىر تەرەپتىن شۇنداق ئارزۇ-ھەۋەس ئۈچۈن بالا چوڭ قىلغان ئاتا-ئانىنى مۇكاپاتلاندۇرماقچى ۋە ئاتىسىنى خىجالەت چەكتۈرمەيدى-غان ئوغۇللاردىن بولماقچى بولغان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنى ئەسىر قىلىۋالغان خۇمار كۆزلەر ئۇنىڭغا نەپرەتلىنىپ قارىغاندەك بولۇۋاتتى.

**چەكتۈرۈشمەك I** «چەكتۈرمەك I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چەكتۈرۈشمەك II** «چەكتۈرمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چەكتۈرۈلمەك I** «چەكتۈرمەك I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى ۋە پېشانىسىگە چەكتۈرۈلگەن كۆكۈچ ئۈچ خال ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**چەكتۈرۈلمەك II** «چەكتۈرمەك II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چەكچەيتمەك** «چەكچەيمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دىلشات

دوستىنىڭ قوپال سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپلا قالدى.

**چەكچەيتىشمەك** «چەكچەيتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: چېرىكلەر خۇددى ئاچ قالغان بۆرىدەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىشىپ، ئۇ قىزغا قاراپ تۇرۇشاتتى.

**چەكچەيتىلمەك** «چەكچەيتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چەكچەيمەك** پ. كۆزىنى يوغان ئېچىپ، تىكىلىپ قارىماق: سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە ۋاڭنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، كۆزلىرى چەكچەيدى. شۇنداق بولسىمۇ سۆزنىڭ ئاخىرلىشىغا قىزىقىپ، تىڭشاشنى داۋام قىلدۇردى.

**چەك-چېگرا** چەك ۋە چېگرا: ئۇلار نورمال دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن غەيرىي نورمال ھەرىكەتلەر-نىڭ چەك-چېگرىسىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى.

**چەكچىيىشمەك** «چەكچەيمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۈگۈن ئۇلار باغچىدا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىپ، ھەيرانلىقتا ئۇزاققىچە بىر-بىرىگە چەكچىيىشىپ تۇرۇپ قالدى.

**چەكرەك** ئى. نوختىنىڭ كېكىردەك بىلەن ئېڭەك ئاستىدىكى تۈگۈنچەك جايى؛ تاماقلىق.

**چەكرەك بېغى** نوختىنىڭ تاماقلىق ئورنى، يەنى چۈلۈۋۈر بېكىتىدىغان ئورۇن.

**چەكسىز** سۈپ ① چېكى، چېگرىسى يوق؛ ناھايىتى كەڭ، كۆز يەتكۈسىز، بىپايان: چەكسىز ئورمان. چەكسىز دالا. * بىركۈنى ئۇلار چەكسىز كەتكەن چۆلگە كېلىپ قېلىپتۇ، قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپ، قونغۇدەك پاناھ جاي تاپالماپتۇ. ② ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان، سانى يوق، ناھايىتى نۇرغۇن؛ سانسىز، ھېسابسىز: ئۇلار: «توختىئاخۇن ئىسىملىك كىشىنى ئۆلتۈرۈپ <خۇن ئالۇىنى > چېچىپ، بەگ ـ ئاقساقاللارنىڭ چەكسىز پۇل، مال-مۈلۈك، بايلىق توپلاپ كەلگىنى راست» دېيىشتى. * ۋارىسجان ئادەملەرنىڭ قاراشلىرىدىن بەخت ۋە چەكسىز ھۇزۇر ھېس قىلاتتى.

**چەكسىز تۇرداش ئۇقۇم** <لوگ> سان-مىقدارى چەكسىز بولغان ئوبيېكتنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئۇقۇم. مەسىلەن، ئادەم، يۇلتۇز، دەرەخ قاتارلىقلارغا ئوخشاش. يـ

**چەكسىزلىك** «چەكسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: چەكسىزلىك ھەققىدە قويۇلسا سوئال، بىر چاغدا ئېيتتاتتىم: «ئالەم چەكسىز» دەپ. ئەمدىچۇ؟ ئويلىسام ئارزۇ ئالدىدا، ئالەمنىڭ چەكسىزلىكى ئەمەسكەن ھېچ گەپ.

**چەككە** رەۋ. دىئال. پەقەت، ھېچقاچان، ئەسلا، زادى.

**چەككۈچ** ئى. ناننىڭ يۈزىنى چېكىش ئۈچۈن، دۈگىلەك ياغاچقا تۆمۈر مىخ بېكىتىپ ياكى قۇش پەيلىرىنى بوغۇپ ياسىغان سايمان: نانغا چەككۈچ سالماق.

**چەككىلەتمەك** «چەككىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چەككىلەشمەك** «چەككىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چەككىلەنمەك** «چەككىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇلتۇر بىر يىلدا زاۋۇت بويىچە 73.9 توننا چەككىلەنگەن ماي، 3577 تونىنا نېفت، بىر مىليون 580 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 3600 توننىدىن كۆپرەك كۆمۈر ئىقتىساد قىلىندى.

**چەككىلىگۈچ** ئى. ماددىلارنىڭ تەركىبىنى ئايرىشتا پايدىلىنىدىغان ئەسۋاب؛ سۈزگۈچ: ماي چەككىلىگۈچ. * يىگىت ئىككى مېتر ئۇزۇنلۇقتىكى پولات چىۋىقنىڭ ئۇچىغا ئورنىتىلغان قوغۇشۇن چەككىلىگۈچ-نى قازاندىكى سۇدەك ئېرىگەن قوغۇشۇنغا شۇنداق چۆكۈردى.

**چەككىلىمەك** پ. قىزدۇرۇش، سۈزۈش ياكى مەلۇم تېخنىكىلىق ئۇسۇل بىلەن كىرەكلىك ياكى كېرەكسىز نەرسىنى

ئاجرىتىپ چىقارماق: ئۇ بىرنەچچە ياردەمچىسنى يېتەكلەپ، كۆپ ئۇچرايدىغان ئۇسۇلغ دېگەن كۆكتاتنىڭ غولىدىن بىر خىل كرىستال چىقىرىپ، قايتا-قايتا چەككلەپ بىرىكتۈرگەندىن كېيىن، بىر تۈرلۈك تەجرىبە دورىسى ياسىدى.

**چەكلەتمەك** «چەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چەكلەش** «چەكلىمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: چەكلەش ئۇسۇلى. چەكلەش چارىسى.

**چەكلەش كۈچى** <فىز> جىسمىنىڭ ئورنى ۋە ھەرىكەت شارائىتىنى چەكلەيدىغان كۈچ.

**چەكلەشمەك** «چەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەر قايسى مەكتەپلەر بالىلارنىڭ تاماكا چېكىشىنى چەكلەشتى. * دەريا بويىغا ماڭدى سەكرىشىپ، يالغۇز بولۇشنى يولدا چەكلىشىپ.

**چەكلەنمەك** «چەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئادىل ئامالسىز مەكتەپنىڭ سىرتىدا قالدى ۋە مۇتەللىپنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۆگىنىشتىنمۇ چەكلەندى. * كىتابىمىزنىڭ ئىككىنچى

**چەكلىك تۇرداش ئۇقۇم** <لوگ> سان-مىقدارى چەكلىك بولغان (سانىغىلى بولىدىغان) ئوبيېكتنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى ئۇقۇم. مەسىلەن، دۆلەت، پايتەخت، سۇنئىي ھەمراھ قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**چەكلىك شىركەت** <س ئىق> كارخانىلارنىڭ بىر خىل تەشكىلىي شەكلى. ئادەتتە ئىككىدىن ئارتۇق پايچىكىدىن تەشكىللىنىدۇ، پايچىكىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۇنىڭ پاي دەسمايىسى بىلەن چەكلىنىدۇ.

**چەكلىك كۈنلۈكسىمان گۈل رېتى** <بوت> چەكلىك گۈل رېتىنىڭ بىر خىلى. گۈل ئوقىنىڭ چوققىسى ياكى مەركىزىدىكى گۈللىرى ئاۋۋال ئېچىلىدۇ، گۈل ئوقى داۋاملىق ئۆسەلمەيدۇ. مەسىلەن، سۇتلۇكئوت گۈل رېتى.

**چەكلىك گۈل رېتى** <بوت> گۈل رېتىنىڭ بىر چوڭ گۇرۇپپىسى. گۈل رېتى ئوقىنىڭ ئۇچىدىكى بىر تال گۈل ئېچىلىپ بولغاندىن كېيىن، گۈل رېتى ئوقى قايتا ئۆسمەيدۇ، ئۇچىدىكى گۈلنىڭ ئاستى تەرىپىدىن شاخ چىقىرىپ، يەنە شۇ شاخنىڭ ئۇچىدىكى گۈل بىرىنچى بولۇپ ئېچىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇچىدىن تۆۋەنگە قاراپ ياكى مەركىزىدىن تۆت ئەتراپىغا قاراپ ئېچىلىدۇ.

**چەكلىك ئۇنلۇق كەسىر** <مات> كەسىر قىسمىدا چەكلىك رەقەملەر بولغان ئۇنلۇق كەسىر.

**چەكلىكلىك** «چەكلىك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**چەكلىمە** ئى. بەلگىلىك دائىرىدە چەكلەنگەن ھالەت، چەكلەنگەن دائىرە: چەكلىمە قويماق. يۇقىرى چەكلىمە. * خىمىيۋى ئاربلاشمىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇدا بەلگىلىك چەكلىمىدىن

ئېشىپ كەتمەسلىكى تەلەپ قىلىنىدۇ. * بۇ سوتسىيالىس- تىك پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى چەكلىمىگە ئۇچراتتى.

**چەكلىمە قويماق** چەك قويماق، چەكلى- مەك: نېمىلا بولمىسۇن ئەكبەرنىڭ دادۇينىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىششى ئورۇنسىز ئىدى، ھەر بىر ئىشتا ئاسىمغا چەكلىمە قويۇلاتتى.

**چەكلىمە ياي تاختىسى** <تەن> چويۇن توپ ئېتىشتا ئىشلىتىدىغان ئۇسكۇنە. ئۇ ياي شەكلىدىكى ئاق تاختاي بولۇپ، كەڭلىكى 114 مىللىمېتر، ئېگىزلىكى 110 مىللىمېتر، ئىچ يېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.22 مېتر بولىدۇ. ئېتىش چەمبىرىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئورنىتىلىدۇ. تەنھەرىكەتچىلەر چويۇن توپ ئاتقاندا، تاختاي ئۈستىگە تېگىپ كەتسە بولمايدۇ.

**چەكلىمەك** پ. بەلگىلەنگەن دائىرە، نورما، ئۆلچەمنىڭ چەكتىن ئېشىپ كېتىشىنى توسماق؛ مەنئى قىلماق: ئىجتىمائىي ئەخلاقىيات ھەرقانداق قىلمىشنى قەتئىي چەكلەش كېرەك.

**چەكلىملىك** «چەكلىمە» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: كىشىلەر ئۆزلىرى ئېرىشكەن ھەممە بىلىملەردە مۇقەررەر بولىدىغان چەكلىملىكنى، ئۆزلىرى بىلىمگە ئېرىشكەن چاغدا تۇرغان شارائىتنىڭ بۇ بىلىملەرنى چەكلەپ تۇرىدىغانلىقى- نى باشتىن-ئاياغ بىلىپ تۇرىدۇ.

**چەكمە** ئى. دوپپا تۆپىلىكىنىڭ ئومۇمىي يۈزىگە ئىنچىكە ئاق يىپ بىلەن چېكىپ تىكىلگەن گۈل.

**چەكمەك I** پ ① بارماق، زەخمەك قاتارلىقلار بىلەن ئۇرماق: پېشانىگە چەكمەك. * ئات ئالىسا مىنىپ كۆر، چىنە ئالىسا چېكىپ كۆر (ماقال). * ئارمان كەلدى، ئازادە كارىدور بويلاپ، ئىككىنچى قەۋەتكە كۆتۈرۈلدى ۋە مەنانى ھەزرەتلىرىنىڭ ئىشخانىسى ئالدىدا توختاپ، ئىشىكنى چەكتى. * ئۇيغۇر تۇرمۇشىدا راۋاب، تەمبۇر قاتارلىق چېكىپ چالىدىغان سازلار كۆپرەك ئومۇملاشقان. ② كۆچمە. رايىنى، مەيلىنى بايقاپ كۆرمەك؛ سىنى- ماق: رەيھان بۇ يەرگە ھەر قېتىم چىققاندا، ھۆرنساخان قىلغىلى قىلىق تاپالماي خۇش بولۇپ، گەپ ئەگىتىپ قىزنى چېكىپ قوياتتى، رەيھان بولسا ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇۋالاتتى. ③ كۆچمە. تاللىماق، ئىللىماق: ئەمدى خوتۇننى چېكىپ تۇرۇپ ئالمەن، پۇل دېسە بار، قولۇمنى نەگە سۇنسام، شۇ يەرگە يېتىدۇ. ④ يىڭنە قاتارلىق تىغلىق ئەسۋاب ئارقىلىق، ئادەم بەدىنىگە، نەرسە يۈزىگە سانجىپ ياكى ئويۇپ، تىلىپ، شەكىل چىقارماق؛ نەقىشلىمەك: گۈل چەكمەك. خال چەكمەك. چېچەك چەكمەك. * ئۇلار ئۆزىنىڭ بەدەنلىرىنىمۇ تۈرلۈكچە بېزەشنى ياخشى كۆرىدۇ. جۈملىدىن دۈمبىسىگە يىڭنە چېكىپ قارلىغاچ چىقىرىۋالىدۇ. * كەڭ دالا، ئوچۇق ئاسمان، يىللىق ھاۋا... ۋاقىت كارۋانلىرى ھاياتقا نەقىش چېكىپ ئۆتمەكتە.

**چەكمەك II** پ ① تارتماق، سۈمۈرمەك، ئىستېمال قىلماق: تاماكا چەكمەك. * نەشە چەككەن كىشىنىڭ تۈتۈن بىلەن قارنى توق (ماقال). * ناسۋال چەككەن كىشىنى ئۇرۇپ چاقسۇن چىشىنى (ماقال). * نەجمىدىن ئادىتى بويىچە دەرۋازا ئالدىدىكى سېپىدىگە يۆلىنىپ، تاماكا ئوراپ چەكتى. ② كۆچمە. باشتىن كەچۈرمەك؛ تارتماق، كۆرمەك: جاپا چەكمەك. ھەسرەت چەكمەك. ئازار چەكمەك. رىيازەت چەكمەك. پىغان چەكمەك. * چەككىنىم جەبىر-جاپا، ئاڭلىغىنىم تەنە-تاپا (ماقال). * مېھرىبانىم لەيلىگۈل، سىز نېمە غەمدە بولۇۋاتىسىز؟ نېمە ئازابلارنى چېكىۋاتقانسىز؟

**چەكمەن** ئى. پىششىق ئېگىرىلگەن پاختا ياكى يۇڭ يىپتىن پۇختا، سىلىق قىلىپ توقۇلغان يەرلىك رەخت: ياغمىغان يامغۇرغا چەكمەن يېپىنما (ماقال). // ئالماس قولىدىكى ئادرېس بويىچە ئۇنى ئىزدەپ، چەكمەن بازىرىغا باردى. * چەكمەن چاپان.

**چەگ** ئىم. ئۆچكىنى قوغلاش، ھەيدەشنى بىلدۈرىدىغان بۇيرۇق ئىماسى.

**چەل** ئى. دىئال. نەم؛ ھۆل.

**چەلەڭ** ئى [خەن] <بوت> كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى ئۇزۇن تۇخۇمسىمان ياكى يۇملاق بولۇپ، كۆكۈچ يېشىل رەڭدە؛ غولى توم ۋە يوغان بولۇپ، شارغا سەل ئوخشايدۇ، رەڭگى ئاقۇچ يېشىل ياكى سۆسۈن كېلىدۇ؛ غولى كۆكتات قىلىنىدۇ. ئۇنى خام يېيىشكىمۇ بولىدۇ.

**چەلپەك** ئى [پ] خېمىرنى يۇپقا ئېچىپ، ياغدا پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىك؛ پوشكال: چەلپەك سالماق. * باشنىڭ خوپلۇقى دوپپا بىلەن تەلپەك، قورساقنىڭ خوپلۇقى پولۇ بىلەن چەلپەك (ماقال). * ــ چۈشە چۈجە-خورازلار! ــ دەپ ۋارقىرىدى مىجىت ئاكا باللارغا ھەيۋە قىلىپ، ــ چەلپەك يەيدىغان تويغا ماڭغىنىمىز يوق.

**چەلپەكچى** ← پوشكالچى.

**چەلكەشتۈرمەك** «چەلكەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: «مۇئاۋىن شۇجى ھەسەن ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى چەلكەشتۈرۈۋېتىشكە ئۇرۇن-غانلىقى ئۈچۈن خىزمىتىدىن توختىتىلىپ، مەسىلە تاپشۇرۇشقا بۇيرۇلۇپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالدى.

**چەلكەشتۈرۈلمەك** «چەلكەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چەلكەشمەك** پ. ئارىلاشماق، قالايمىقانلاش-ماق.

**چەلگىتمەك** «چەلگىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: داستىخاندىكى خام قايماقتا چەلگىتىپ ئېتىلگەن ئەتكەنچاي، سىيادان سالغان يۇمشاق توقاچلارنى كۆرۈپ، بېلىمدىكى توقاچلارنى ئېلىپ جوزىغا قويۇشقا زادىلا جۈرئەت قىلالمىدىم.

**چەلگىمەك** پ. سۇيۇقلۇقلارنىڭ يېغى ئۈستىگە ئۆرلەپ تۇرماق؛ لەيلىمەك: گۈلسۈم ئەتكەن ئۇگرە ناھايىتى ئوخشىغانىكەن، يېغى چەلگىپ تۇرۇپتۇ.

**چەلگىنمەك** «چەلگىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مايسىخان ھەدە خام قايماق بىلەن پىششىق قايماق ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئېتىلگەن، چەلگىنىپ تۇرىدىغان بىر كورا ئەتكەنچاينى كۆتۈرۈپ كىرىپ، لوتپۇللاغا ئۇزاتتى.

**چەللە** ئى ① تۆت ئەتراپى ئوچۇق، ئۈستى يېپىقلىق ئورۇن: مەتمۇسائاكام: ــ بۇ يەردە ئاپتاپتا ۋېلسىپىتلارنىڭ يېلى چىقىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاددىي بىر چەللە ياساپ قويۇلغانىدى، ــ دېدى. ② كاۋا، قاپاق، تەك شۇڭگى ئارتىلدۇرۇلىدىغان جاھاز، باراڭ.

**چەللىدە ئات چاپماق** ھالىغا باقماي چوڭ ئىشقا ئېسىلماق، ئۆزىنى كۆرسەتمەك: تازغا مەنسەپ تەگسە، چەللىدە ئات چاپار (ماقال). * مانا قارا، قاچانغىچە چەللىدە ئات چاپىدىغانسەن، مەن تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ھەسسە قوشمايۋاتىمەنمۇ؟!

**چەللىلىك** سۈپ. چەللىسى بار، چەللە قىلىنغان: چەللىلىك ھويلا. * كەلدى ئۇ ئاخىرى مەھەللە ئىچى، چەللىلىك ئۆيلەرنىڭ ئاۋات جايىغا. ھال سوراپ مۇڭدىشىپ كىشىلەر بىلەن، يېتىشكە خەلقنىڭ قايغۇ-زارىغا.

**چەم** ئى [پ] ① ئات، كالا قاتارلىقلارنىڭ تېرىسىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن رەخت: چەم ئەتمەك. قېيىش چەم. زاۋۇت چەمى. * ــ ئۆتۈككىمۇ چەم كېرەك، ھەممە ئىشقا پەم كېرەك. ئۇنى يېڭىش ئۈچۈن ئۆزىڭىزگە سەۋەب قىلسىڭىز بولىدۇ، ــ دەپتۇ مەلىكە ئۇنىڭغا. ② ئاياغ كىيىمىنىڭ يەرگە دەسسىلىدىغان قىسمى؛ ئۇلتاك: چەم سالماق. * ئەقىلسىزنىڭ پەمى يوق، ئۆتۈكنىڭ چەمى يوق (ماقال). * ئۇنىڭ پۈتۈن بايلىقى: بەندىڭ،

چەم پارچىلىرى، كىچىككىنە بولقا، دادىسىنىڭ يادنامىسى، ياغاچ مىخلاردىن ئىبارەت ئىدى، شۇ يەردە ئۆتۈلۈك ئىنكەنتى.

**چەمەچ** ئى ① ئىنچىكە، قىسقا چىۋىق: ئۇ قىزنىڭ قوللىرى چەمەچتەك، ئاغزى ئويماقتەك ئىكەن. ② ئۇزۇم ئېسىلىدىغان، چاقىغا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئىنچىكە ياغاچ: چاقىنىڭ چەمىچى.

**چەمەك** ئى ① بىرەر نەرسىگە تىرەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئاچا ياغاچ؛ ئاچىماق: چەمەك تىكمەك. * دارۋاز بالا بادرىلار چەمىكىدىن ئۆتۈپ، ئېخمۇ تىك تارتىلغان دار ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ② يىكنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، چاقىنىڭ يىكدىنىغا بېكىتىلىدىغان كىچىك ئاچا ياغاچ: بېغىمىدىكى ئالمىنىڭ، شاخلىرى چەمەككە بار. مېنى كۆيدۈرگەن خېنىمنىڭ، بەللىرى چەمەكچە بار.

**چەمبەر** ئى [پ] ① <مات> تەكشىلىكتىكى بىر ھەرىكەتچان نۇقتىنىڭ مەلۇم بىر نۇقتىنى مەركەز، مەلۇم ئۇزۇنلۇقنى ئارىلىق قىلىپ بىر قېتىم ئايلىنىشىدىن ھاسىل بولغان ترايېكتورىيە: تەبىئەت دۇنياسى مەڭگۈ ئوخشاش تۇرىدىغان، ئۆزلۈكسىز تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان بىر چەمبەر بويىچە ھەرىكەت قىلمايدۇ. ② مەلۇم نەرسىنى سىقىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئەتراپىغا قورۇپ كىرگۈزۈلگەن ھالقىسىمان نەرسە: چاقىنىڭ چەمبىرى. تۈگمىنىڭ چەمبىرى.

**چەمبەر تۇراقلىقى** <مات> چەمبەر ئۇزۇنلۇقىنىڭ چەمبەر دىئامېترىغا بولغان نىسبىتى. چەمبەر تۇراقلىقى بىر مۇقىم قىممەت بولۇپ، ئادەتتە «π» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**چەمبەرگە تىرەلگەن بۇلۇڭ** <مات> چەمبەر ئۈستىدىكى بىر نۇقتا ئارقىلىق ئىككى تۈز سىزىق ئۆتكۈزۈلسە، ئۇلار چەمبەر بىلەن باشقا ئىككى نۇقتىدا كېسىشىدۇ، بۇ ئىككى تۈز سىزىقنىڭ ئارىسىدىكى بۇلۇڭ چەمبەرگە تىرەلگەن بۇلۇڭ دېيىلىدۇ.

**چەمبەر مەركىزى** <مات> چەمبەر ئۈستىدىكى ھەرقايسى نۇقتىلارغىچە بولغان ئارىلىقلىرى ئۆزئارا تەڭ بولغان بىر نۇقتا.

**چەمبەرچاس** [پ] ① رەۋ. چاپراس قىلىپ، يېشىلىپ كەتمەيدىغان قىلىپ، مۇستەھكەم، پۇختا: چەمبەرچاس تاڭماق. * قورقۇپ كەتكەن چېرىكلەر تەڭلا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، باتۇر بىلەن كامالنى چەمبەرچاس باغلىۋالدى. * ئايالنىڭ ئاغزىغا لاتا تىقىلغان بولۇپ، پۇت-قوللىرى ئېگەرگە چەمبەرچاس باغلانغانىدى. ② سۈپ. كۆچمە. مۇستەھكەم، زىچ، چىڭ: چەمبەرچاس مۇناسىۋەت. * مېنىڭ كۆز ئالدىمدا بىردىنلا پۈتۈن ھاياتىنى مېنىڭ تەقدىرىمگە چەمبەرچاس باغلىغان، جاپادىمۇ، راھەتتىمۇ ماڭا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان ۋاپادار ئايالىمنىڭ سىماسى پەيدا بولدى. * تەشمىنىڭ تۆرىدىكى بوسۇپ ئۆتمىسە بولمايدىغان ھەربىر قىيىن، جىددىي كۈرەش سابىر بىلەن چەمبەرچاس باغلىنانتتى.

**چەمبەرسىمان** سۈپ. چەمبەرگە ئوخشايدىغان، چەمبەر شەكلىدىكى: چەمبەرسىمان دائىرە. * چەمبەرسىمان شالانىڭ ئايىغىدىن، كۆل ئۆزلۈكىدىن تۆكۈلمەكتە.

**چەمبەرلەتمەك** «چەمبەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ياغاچ هارۋىسىنىڭ چاقىنى چەمبەرلىتىپ، ئېتىزغا ئوغۇت توشۇشقا باشلىدى.

**چەمبەرلەشمەك** «چەمبەرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چەمبەرلەنمەك** «چەمبەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دۇكاننىڭ

ئالدىدا بىر ئالتۇن قەپەس ئېسقلىق بولۇپ، ئۇنىڭغا خۇددى ئۆزى سۇدىن سۇزۇۋالغان تاشقا ئوخشايدىغان، لېكىن خېرە ھەم كىچىك، بىر يېقىغا دەز كەتكەنلىكتىن، ئالتۇن بىلەن چەمبەرلەنگەن بىر تاش تۇرغۇدەك.

**چەمبەرلىمەك** پ. ھەممە تەرىپىنى چەمبەر بىلەن ئوراپ، چىرماپ باغلىماق، قارماپ ھالقا ئىچىگە ئالماق: تۈگنى چەمبەرلىمەك. چاقنى چەمبەرلىمەك.

**چەمبىرەك** [پ] ① ئى. سىم ياكى ئىنچىكە نوتا قاتارلىق ئېگىلىشچان ماتېرىياللاردىن ياسالغان دۈگىلەك ھالقا: تۆمۈر چەمبىرەك. گۈل چەمبىرەك. * ياردارلار ئۆيىقۇدا، ئۆينىڭ ھاۋاسى دىمىقتا ئىدى. ئېگىز تورۇستا تۆمۈر چەمبىرەككە ئېسىپ قويۇلغان لامپا خىرە يېنىپ تۇراتتى. ② سۈپ. ئايلانما، دۈگىلەك؛ يۇمىلاق: بىر چەمبىرەك گۈل. * بۇلار قىمارۋازلار توپى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرنەچچە توپ كىشىلەر چەمبىرەك بولۇپ ئولتۇرۇشۇپ، چىلىمدا نەشە چېكەتتى.

**چەملەتمەك** «چەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۇلايمان ئۆتۈكنى موزدۇزغا ئاپىرىپ، رېزىنكىدە چەملەتتى.

**چەملەشمەك** «چەملىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چەملىك** سۈپ. چەمى بار، چەم سېلىنغان: كالتە چەملىك ئۆتۈك. * ئۇ يەنىلا پۇرلىشىپ تۇرىدىغان خادا نى ئىشتان-چاپان، پۇتىدا رېزىنكە چەملىك خەي، بېشىغا بىر سوم 30 تىيىنلىق شەپكە كىيىپ يۈرىدۇ.

**چەملىمەك** پ. ئاياغ كىيىمنىڭ ئاستىنقى قىسمىغا چەم ئورناتماق، چەم بېكىتمەك: ئۆتۈك چەملىمەك. * ئۇ چورۇقنى 35 يىل تۆپە-تۆپەلەپ چەملەپ-ياماپ كىيگەنلىكى ۋە قوغلۇۋېتىلگەندە، ئۇنىڭ بارلىق ئىش ھەققى شۇ بىر چورۇقلا بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى «قىسمەت چورۇق» دەپ ئاتايتتى.

**چەن** ئى [خەن] ① مۆلچەر، تەخمىن، چاما: چەن سوقماق. * بايىز مەخسۇت بەگنىڭ ئورتاقچىسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆي-ھويلىسىدىن باشقا تىلغا ئالغۇدەك يەر-زېمىنى بولمىسىمۇ، ئەمما ئىجارىگە ئالغان يېرىدىن چەنگە يەتكۈزۈپ ھوسۇل ئالالايدىغان ماھىر دېھقانىدى. ② بىرەر نەرسىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى كۆرسىتىدىغان بىرلىك؛ رازمېر: جىڭ بەگلىكىدە بىر ئادەم ئاياغ سېتىۋالماقچى بولۇپ، ئاۋۋال پۇتىنى ئۆلچەپتۇ. لېكىن پۇتىنى ئۆلچىگەن چەننى ئولتۇرغان يېرىدە قويۇپ قويغاچقا، بازارغا بېرىش ئالدىدا، چەننى بىللە ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قېلىپتۇ. ③ قارايدىغان دەرىجە، ئەمەل ئۇنۋانىنى كۆرسىتىدىغان بەلگە؛ پاگون: ئۇ ياقىسىغا گېنېرال مايورلۇق ئالتۇن چەن قادالغان ناس رەڭ نېپىز شېرىس ھەربىي فورمىسى ئۈستىدىن باغلىۋالغان يالتىراق تاسما كەمىرىنى تۈزتقان پېتى، جىم ئولتۇرۇپ قالدى. ④ قورال-ياراغنى مەشىق قىلىشتا، ئاتقۇ ئوۋلاشتا كۆزلىنىدىغان نۇقتا؛ قارا، نىشان: چەنگە تەگكۈزمەك. * ئەپلىك جايلارغا ئورۇنلىشىۋالغان پارتىزانلار ئوقنى دۈشمەننى چەنگە ئېلىپ ئېتىۋاتاتتى. ⑤ <ماشىن> ئوق ۋە كۆپۈنكى شەكىلدىكى دېتاللارنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**چەن سالماق** بىرەر نەرسىنىڭ ئارىلىقىنى ئۆلچىمەك، بەلگە سالماق: ئېتىلىشىپ قوزۇقلارنى ئۆلچەر چەن سېلىپ، ئۆتۈپ كېتەر ياكى ئاتقا شەرتلىك ئەن سېلىپ.

**چەن سوقماق** ① پىلان تۈزمەك: مەيلى ئائىلىق زىرائەتلىرى ياكى ئىقتىسادىي زىرائەتلەر بولسۇن، ھەممىدە بىرلىك مەھسۇلاتنى ئىرىشىپ ئۈستۈرۈشنى كۆزلەش لازىمكى، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئۈستىدىلا چەن سوقماسلىق لازىم. ② قارا سانىماق: باشقىلارنىڭ ئەمگىكىگە چەن سوقۇپ قۇۋ تۈلكىدەك، قېنى مېھمان مانتا پىشتى قاسقىنىمدا دېمىگىن.

**چەنگە ئالماق** نشانغا ئالماق، قارىغا ئالماق، نىشانلىماق، چەنلىمەك: ئەپلىك جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان پارتىزانلار ئوقنى دۈشمەننى چەنگە ئېلىپ ئېتىلماقتا.

**چەنداز** ئى [خەن] يانغا ئېسىۋالىدىغان پۇل سالغۇچ؛ پۇل خالتىسى، ھەميان: غۇلاچ ئېتىپ، ئالدىراش يول بېسىۋاتقان بەزەن پىيادىلەرنىڭ چەندازلىرى پۇلاڭلاپ، يىراقتىن قارىغاندا بىر ئادەمدە ئۈچ قول باردەك غەلىتە كۆرۈنەتتى.

**چەندان** [پ] رەۋ. ناھايىتى، ئىنتايىن، بەك، كۆپ: ئۇنىڭ دادىسى بىر مەكتەپنىڭ زاپخوزى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھال-كۈنى بىزدىن چەندان ياخشى ئىدى. * كۆرەشچان، پالۋان خەلقىڭ ياراتقان قەھرىمان تارىخ، پاراسەت كانىنىڭ چەندان ئېسىل دۇردانىسى يەكەن. * ئاشۇ جەڭ كۈنى ئايقىز قەھرىمان، ياۋغا غەزەپتىن ئوق ئۈزدى چەندان. * بۈيرۈقنى ئىجرا قىلىشقا 500 چېرىك كەتۈمىش، ياۋغا قارشى سوغ كۆچەپ نەچچە چەندان مۇزلىدى.

**چەنلەتكۈزمەك** «چەنلىمەك» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چەنلەتمەك** «چەنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چەنلەنمەك** «چەنلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چەنلىمەك** پ ① ئۆلچىمەك، مۆلچەرلىمەك، تەخمىن قىلماق: مەن شەپكىنى ئۇنىڭغا كىيدۈردۈم. شەپكە ئۇنىڭ بېشىغا چەنلەپ تىككەندەكلا كەلدى. ② قارىغا، نىشانغا ئالماق، نىشانلىماق: سول قول ۋەزىر ئوقيانى كىيىككە چەنلەيتۇ، ئوڭ قول ۋەزىر بولسا بېرىراق تۇرۇپ، ئوقيانى سول قول ۋەزىرگە چەنلەيتۇ. * يۈگمەچنى دېسە «رەيھان» زەپ ياراشقان ئات دېمە، ماختىنىپ لاخشا ئېشەك «مەن ئات» دېسە «سەن ئات» دېمە. پىتنە ئوقياسىنى كۆڭلۈڭ ئۆزگىلەرگە تەگلىسە، سۇندۇرۇپ تاشلا ئوچاققا، «قېنى چەنلەپ ئات» دېمە.

**چەۋەنداز** [پ] ① ئى. ئات مىنىش، ئات چاپتۇرۇشقا ماھىر، ئات ئۈستىدە ئويۇن كۆرسىتىش سەنئىتىنى ئىگىلىگەن ئادەم: تۇغلۇق 15 يېشىدىلا ئۇستا قىلىچۋاز، ماھىر مەرگەن ۋە چەبدەس چەۋەنداز بولۇپ يېتىلىپتۇ. ② سۈپ. يېتىشكەن، چاققان؛ ماھىر، ئۇستا: چەۋەنداز يىگىت. * ئاينىسا ئويۇن-تاماشىغا چەۋەنداز قىز بولۇپ، خىزمەتكە كەلگەندە بېشى ئاغرىيتتى. * مەن ئازاد دېھقانلارنىڭ خۇش چىرايى، چەۋەنداز ھەرىكىتىگە بىرپەس زوق-شوق بىلەن قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئېتىزلارنى ئارىلىدىم.

**چەۋەندازلىق** ① «چەۋەنداز» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى. ② ئى <تەن> تەنھەرىكەتنىڭ بىر خىلى. بۇ ئات بەيگىسى، توسالغۇدىن ئاتلىق ئۆتۈش، ئات ئۈستىدە قىلىچ چېپىش، ئاتلىق ماھارەت كۆرسىتىش قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

**چەۋرە** ئى. ئەۋرىنىڭ پەرزەنتى: چەۋرە كۆرمەك. * مەن تولىمۇ ھەيران قالدىم. قاراڭلار، بۇ موماي بالىسىنى بېقىپ چوڭ قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بالىسىنىڭ بالىسىنى بېقىپ، ئەمدى بالىسىنىڭ بالىسىنىڭ بالىسىنى بېقىۋېتىپتۇ، يەنە تېخى خۇدا ئۆمرىنى بەرسە، چەۋرىسىنىڭ بالىسىنى بېقىش ئارزۇسىمۇ بار ئىكەن.

**چەي** [خەن] ئى. خېمىرنى ئۆرۈپ، مىجىقلاپ، نىقتاپ پىشۇرۇش ھەرىكىتى: خېمىرنى چەيگە قاندۇرماق.

**چەيدو** ئى [خەن] گۆش، كۆكتات قاتارلىق نەرسىلەرنى توغرايدىغان ئائىلە سايمىنى: چۆچۈپ كەتكەن ئانىسىنىڭ قولىدىن چەيدو چۈشۈپ كېتىپ، تېگىرقىغىنىچە قېتىپ قالدى.

**چەيزە** ئى [خەن] <بوت> ① چەيزە ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى سۆسۈن، مېۋىسى شارسىمان ياكى ئۇزۇنچاق بولۇپ، سۆسۈن رەڭلىك؛

بەزىلىرى ئاق ياكى سۇس يېشىل رەڭدىمۇ بولىدۇ، سىرتقى يۈزى پارقىراي-دۇ. ئادەتتە كۆكتات ھېسابلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**چەيزە ئائىلىسى** <بوت> قوش پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر ئائىلىسى. بۇ ئائىلىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆپىنچىسى سامان غوللۇق بولۇپ، ئاز بىر قىسمى دەرەخ ياكى چاتقال تىپىغا كىرىدۇ. بەزىلىرى يىلەك تارتىپ ئۆسىدۇ، يوپۇر-مىقى ئۇدۇل ئۆسىدۇ؛ مېۋىسى گۆشلەش-كەن شىرنىلىك مېۋە ياكى غوزىلىق مېۋە بولۇپ، تروپىك ۋە مۆتىدىل بەلباغ-لارغا تارقالغان.

**چەيزە دۇمىلىمىسى** <يېم> بىر خىل يېمەكلىك. بۇ ئادەتتە چەيزە پاكىز يۇيۇلۇپ، ئاسقاندا دۇملەپ پىشۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ.

**چەيزە رەڭ** <گ سەن> رەڭنىڭ بىر خىلى. چەيزىنىڭ رەڭگىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. سۆسۈنگە مايىل، بىراق سۆسۈن-دىن سۇسىراق بولىدۇ. ئادەتتە كۆككە قىزىل رەڭنى قوشۇش ئارقىلىق تەييار-لىنىدۇ.

**چەيلەتكۈزمەك** «چەيلىمەك» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چەيلەتمەك** «چەيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەخسۇت بەگنىڭ ئۆزى بىرنەچچە ئادەمنى ئاتقا چەيلىتىپ، بىر قېرى ئادەمنىڭ مېڭىسىگە تۆمۈر توقماق بىلەن ئۇرۇپ، مېڭىسىنىڭ ئاپئاق قېتىقىنى چىقىرىپ، شۇ يەردىلا ئۆلتۈردى.

**چەيلەشمەك** «چەيلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: زالىملار بەختىمگە قويۇپ دام-تۇزاق، چەيلەشتى، قەستلىدى گۈلباھارىمنى، رازىمەن ئۆلۈمگە مەھكۇم ياشاشتىن، ساقلايمەن پاكلىقىم نومۇس-ئارىمنى!

**چەيلەنمەك** «چەيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىركۈنى ئاخشىمى شەمەر بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدىن شىر كەيپ قايتىپ، ئىدارىنىڭ ئارقىسىدىكى ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا كەلگەندە، قاچانلاردىندۇر چەيلىنىپ، ۋەيران بولۇپ كەتكەن چوڭ گۈللۈكتە سۇ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

**چەيلىمەك** پ ① دەسسەپ بۇزماق، نابۇت قىلماق، مىجىقىنى چىقارماق، پېتىقلىماق: ئۇ ئاتقا كۆچەپ بىر قامچا ئۇردى-دە، ئادەم بويى ئۆسكەن بۇغدايلارنى چەيلەپ، ئالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. * قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى مەلۇم ئەمەس، سادىق ھوشىغا كەلگەندە، يەنە دەسسەپ چەيلەشكە باشلىدى. ② ئۆرۈپ، مىجىقلاپ، نىقتاپ پىشۇرماق: خېمىرنى چەيلىمەك.

**چەينەك** ئى [ر] مېتال ياكى چاقچۇقتىن ياسالغان، تۇتقۇچلۇق، جوغا ئورنىتىلغان، چاي دەملەپ ئىچىلىدىغان ئۆي ئەسۋابى: مەخەت بىر چەينەك ئاچچىق چاي، ئىككى پىيالە ئېلىپ، ئىسمائىل ئاشپەزنى باشلاپ، ھېلىقى دۆڭگە چىقىپ، توغراق ئاستىدىكى پالاس ئۈستىدە ئولتۇردى.

**چەينەك شورپىسى** قوي، توخۇ گۆشلىرىنى چەينەككە سېلىپ، ئالاھىدە پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل شورپا: چايخانىدا باشقا خېرىدارلار كۆپ ئىدى. بەزىلىرى چەينەك شورپىسى، بەزەنلىرى ئاچچىق چاي ئىچىپ، بەھۇزۇر ئولتۇراتتى.

**چوبگەز** ئى [پ] تامچىلار سۇۋاقتا تامنى تەكشىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئۇزۇن ھەم قېلىن گەز: تامغا چوبگەز سالماق.

**چوپچوڭ** سۈپ. چوڭلا، خېلى چوڭ: چوپچوڭ بالا. * تۆمۈر مۇئەللىمى بىلەن ئانىسىنىڭ پەرۋىشىدە گويا نوتىغا ئوخشاش، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە چوپچوڭ ئادەم بولۇپ قالدى، بويىنىغا گالستۇكمۇ تاقىدى.

**چوپسا** ئى [پ] نەرسە-كېرەكلەرنى سىلىق-

لاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب؛ ئىبكەك: چوپىا سالماق. چوپىا بىلەن سىلىقلىماق.

**چوت** I ئى [ر] ① تۆت ئەتراپى توسۇق، ئىچىدە ئۆرۈقلىرى بار بىر خىل ھېسابلاش ئەسۋابى، سەنپەن. ئۇنىڭ ئۈستۈنكى ئۆرۈقىنىڭ ھەربىرى بەشكە؛ ئاستىنقى ئۆرۈقىنىڭ ھەربىرى بىرگە تەڭ بولىدۇ: چوت بىلەن ھېسابلىماق. * ئەتىگەندىن بېرى قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى بىلمەي ئىش بىلەن مەشغۇل بولغان مۇدىر بىلەن كادىرلار دەپتەر-قەلەم ۋە چوتلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۆز ئۆيلىرىگە قاراپ يول تۇتقاندا، يېزا مەسچىتىنىڭ پەشتىقىدىن مەزىننىڭ ناماز ئەسرگە توۋلىغان ئەزىنى ئاڭلاندى. ② مۆلچەر، تەخمىن، چام، ھېساب: خام چوت. نەق چوت.

**چوت سوقماق** ① چوتنىڭ ئۆرۈقىنى ئۇ يان ئۆرۈپ-بۇ يان ئۆرۈپ ھېساب قىلماق: ھەمدۇللانىڭ قولى چوت سوقۇپ، تالۇن يېزىپ، پۇل ساناپ، مال جىڭلاپ ئۆلگۈرمەيتتى. ② كۆچمە. بىرەر ئىشنى پىلانلىماق، مۆلچەرلىمەك، كۆزلىمەك: بۇ ئەتىدىن كەچكىچە پايدا-زىيان ئۈستىدە چوت سوقىدىغان دېھقانىدى.

**چوتنى خاتا سوقماق** خاتا مۆلچەرلىمەك، خاتا پىلان قىلماق: چوتنى خاتا سوققان رەقىبلەر تونۇشۇن بىزنى بۇگۈن، پارتىيە تەربىيسىدە ئۆسكەن، چېنىققان جەڭچى بىز.

**چوت** II ئى. ياغاچچىلار ئىشلىتىدىغان، كەكگە ئوخشاش تىغى دەستىگە ئورنىتىلغان، چېپىش، يونۇش قورالى؛ بىگەن: چوت چاپماق.

**چوتار** I ئى. سىلىقلانغان ماتا: چوتار كۆڭلەك. چوتار تامبال. * شۇ تاپتا، ئۇنىڭ ئاق چاچلىق بېشىغا سېلىنغان سىپتە چوتار رومال سۆڭەكلىرى چوقچىيىپ چىققان ئاجىز مۈرىسىگە سىيرىلىپ چۈشكەن بولۇپ، غەزەپنى ئۆزىگە كۆچ قىلغان دەرمانسىز قوللىرى چىڭ تۈگۈلگەنىدى.

**چوتار** II ئى. قىمار ئويۇنىدا ئۇتقۇچىلار جەزخورغا ياكى ئەتراپتىكىلەرگە بېرىدىغان پۇل: چوتار بەرمەك. * بۇ قىمارخانىدىكى ھەر تاۋۇكا ئۈستىدە، ئىككىدىن تۆتكىچە ئەسكەر چوتار ئېلىپ ئولتۇراتتى.

**چوتار ئالماق** قىمار ئويۇنىدا ئۇتقۇچىلاردىن پۇل ئالماق: بالام، ئاشلىق، ئوغۇت، سايمان، چارۋا، يايلاق قاتارلىق ئىشلار ئۈستىدە ھاجەتمەن بولۇپ كەلگەنلەرگە تارازىڭنىڭ كەلگەن يېرىدە ھەل قىلىپ بەرگىن، لېكىن چوتار ئالمىغىن.

**چوتارچى** ① ئى. قىمار ئويۇنىدا ئۇتقۇچىلاردىن چوتار ئالىدىغان ئادەم: بۇ ۋەسۋەسچىلىك تە يەنە ئۆزىنى تۇتالماي قولى قىزىپ، كۆزى قىزىرىپ تۇرغاندا، ھېلىقى چوتارچى سېكىچىن ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ: ــ بۇتەلەك تۇرسەڭۇ، نېمەڭنى تىكمەكچىسەن؟ ــ دەپتۇ. ② سۆپ. كۆچمە. ھەممىدىن قاس چىقىرىدىغان: ئۇنىڭ سۆزىگە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەڭلار، ئۇ ئاشۇنداق چوتارچى ئادەم.

**چوتارچىلىق** ئى. چوتار ئېلىش ئىشى.

**چوتكا** ئى [ر] نەرسىلەرنى يۇيۇش، تازىلاش، پەردازلاش ئۈچۈن، قىل ياكى سىمدىن مەخسۇس ياسالغان بۇيۇم: چىش چوتكىسى. * ئۇ ھەركۈنى يېتىشتىن بۇرۇن چوتكا بىلەن شىم-كاستۇمىنى پاك-پاكىز تازىلاپ، كىيىم ئاسقۇچقا ئېسىپ قوياتتى.

**چوتكىلاتماق** «چوتكىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چوتكىلاشماق** «چوتكىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چوتكىلانماق** «چوتكىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چوتكىلىماق** پ. چوتكا بىلەن تازىلىماق، يۇماق؛ چوتكا بىلەن پەردازلىماق: چىشنى

چوتكىلىماق. ئاياغنى چوتكىلىماق. چاپاننى چوتكىلىماق.

**چوتۇر** (توغرىسى: چوتار) ← چوتار.

**چورت** ① تەق. تىغى ئىتتىك ئەسۋابلار بىلەن كېسىپ تاشلىنىش، قاتتىق كۈچتىن بىراقلا سۇنۇش، ئۈزۈلۈپ كېتىشنى بىلدۈ-رىدىغان شەكىل تەقلىدى: چورت سۇنماق. * ئورغاق تەگكەن قوناق چورت كېسىلدى. * كەتمەننىڭ سېپى چورت ئۈزۈلۈپ كەتتى. ② رەۋ. بىراقلا، بىريولى؛ ئۈزۈل-كېسىل، پۈتۈنلەي: بۈگۈن يەنە تۈزۈقسىزلا كېلىپسىز، نېمىشقىز چوقۇم ياخشى ئەمەس! مەن ئەمدى كونا قەدىردانلىقىمىزنىڭ خاتىرىسىنى قىلمايدىغان بولسام ئالاقىنى چورت ئۈزۈپ تاشلايتتىم. * رىيىم پالۋان مەتۋاقنىڭ گېپىنى چورتلا بۆلۈۋەتتى، ئۆزىنى لاسىدە بەندىگە تاشلىدى. ③ رەۋ. كۆچمە. ئەزۋەيلەپ ئولتۇرماستىن، كەسكىن هالدا، كەسكىن ئۈزۈپلا: گەپنى چورت كېسىپ قىلماق. * تىلىڭنى چايناپ ئولتۇرماي گەپنى چورت كېسىپ قىل.

**چورتان** ئى <زوئول> بىر خىل يىرتقۇچ بېلىق. تېنى ئۇزۇن ۋە يۇمىلاق تۇۋرۇك شەكلىدە بولۇپ، يۈزىدە ئاق ياكى قارامتۇل داغلىرى بولىدۇ؛ قۇيرۇقى تەرەق-قىي قىلغان، ئېغىزى يوغان ۋە چىشلىرى ئۆتكۈر؛ تاتلىق سۇدا ياشايدۇ، ھەرىكىتى چاققان بولۇپ، بېلىجان ۋە باشقا سۇ هايۋانلىرىنى تۇتۇپ يەيدۇ.

**چورنىك** ئى [ر] <كىي> كېيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ تاقىسى ئىچىدىكى يىرىم ئايلانما سايمان.

**چورۇق** ئى ① تېرىدىن پۈتقا ئۆلچەپ تۇرۇپ كېسىپ، ئۇ ياق-بۇ ياقتىن تانا بىلەن تارتىپ كىيىدىغان ئاددىي ئاياغ كىيىمى: كۆرگەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما، شىرە چورۇقۇڭنى قۇرۇتما (ماقال). * تۆمۈر ئاتا جۇۋىسىنى مۈرىسىگە تاشلاپ، يۇمشاق كالا تېرىسى چورۇقنى ئالدىراپ كىيىشكە تۈتۈندى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**چورۇق بىلەن خامىنغا سەكرىمەك** ھېچبىر تەييارلىقسىز تەۋەككۈلىگە ئىش قىلماق: — بەس هاجىم، بەس! چورۇق بىلەن خامىنغا سەكرىگەننىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ قوراي دېگەن يېرىدىكى پۇقرالار يېقىندا تۆمۈر خەلپە دېگەن باشلامچىسىنىڭ دەۋىتى بىلەن شامەخسۇت ۋاڭغا قارشى كۆتۈرۈلدى، — دېدى ئابلىز قارىي.

**چورۇقلۇق** سۈپ ① چورۇقى بار، چورۇق كىيگەن: غەزەپتىن نەپىسى بوغۇلغان خېۋىر ئۈن-تىنسىز كەينىگە بۇرۇلدى-دە، چورۇقلۇق ئايىغىنى ئاستا باسقىنىچە كىگىز ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ② چورۇق قىلىشقا تەييارلانغان، چورۇق قىلىشقا لايىق: كۆيسە يېڭىسى بار، نېمە قورقاتتۇق، ئەمدى يىلىكمىز توق. پۈرۈم چورۇقلۇق شىرە ئۈچۈن باشقىلارغا سارغىيىدىغان چاغلار ئۆتكەن.

**چوسۇنكا** ئى [ر] <كىي> قونچى كىگىز، باشلىقى خۇرۇم، تاپىنى چەمدىن ئىشلەن-گەن پاشنىلىق پىيما: — پۇتۇڭ مۇزلىغاندۇ، خورجۇندا مېنىڭ چوسۇنكام بار، ساڭا بېرەيمۇ! — دېدى ئۇ.

**چوسپىنىيە** ئى [لات] <بوت> ← چوسپىنىيە دەرىخى.

**چوسپىنىيە دەرىخى** <بوت> تال تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن بولۇپ، ئاق تۈزانلىرى بولىدۇ؛ گۈلى پوتلىسمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ؛ ياغىچى ئاق ۋە يۇمشاق بولۇپ، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**چوش** ئى ① بىر يەردىن ئىككىنچى بىر يەرگە سۇ ئۆتكۈزۈش، ئۆگزىدىن يامغۇر سۈيىنى ئېقىتىپ چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلە-تىلىدىغان نوكەش ياغاچ. ② تۆگمەننىڭ نورى.

**چوشقا** ئى ① <زوئول> سۈت ئەمگۈچى هايۋان. ئۇنىڭ بېشى چوڭ، بۇرۇن ۋە تۇمشۇقى ئۇزۇن، كۆزى كىچىك، قۇلىقى چوڭ، پۇتى قىسقا، تېنى سېمىز كېلىدۇ؛ تېرىسىدىن كۆن، خۇرۇم ئىشلەشكە؛ تۈكىدىن چوتكا ياساشقا ۋە سانائەت خام ئەشيالىرى ئورنىدا ئىشلىتىشكە؛ گەندىسىنى ئوغۇت قىلىشقا بولىدۇ. ② تىل ها. كۆچمە. ئەبلەخ، هايۋان، جۇۋاي-نىمەك: تەپتىش ئايغىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ: — جىم! تارقال جاي-جايىڭغا! رۇس چوشقىلىرى، — دەپ ۋارقىرىدى.

**چوشقىچىلىق** ئى. چوشقا بېقىش ئىشى، كەسىپى: جوڭگودا چوشقىچىلىق خېلى تەرەققىي قىلغان. بىگتۇەن چوشقىچىلىق فېرمىسى چاغاندا بازارنى نۇرغۇنلىغان چوشقا گۆشى بىلەن تەمىنلىدى.

**چوغ** ئى. كۆيۈپ ئىسى تۈگىگەن قىپقىزىل ئوت: ئوتۇن چوغى. كۆمۈر چوغى. * گۈلەمخان مورا ئوچاقنىڭ كۈللىرىنى تازىلاپ قوم چۆگۈننى چوغقا قويدى.

**چوغ چايقىماق** ئىس سوقۇپ قويغان كىشىلەرگە ئېچىرقاش ئۈچۈن، كۆمۈر چوغىنى سۇغا سېلىپ چوغ تەمىنى چىقارماق.

**چوغدان** ئى. ئىسسىنىش ئۈچۈن چوغ ئېلىپ قويىدىغان، مېتالدىن ياسالغان مەخسۇس قاچا: مىس چوغدان. چويۇن چوغدان. * تام تۈۋىگە قارىسىڭىز، شالاسى دەز كېتىپ، ئىلغۇچى سۇنۇپ، كۆمۈردەك قارىداپ كەتكەن سۇنۇق چوغداننى كۆرىسىز.

**چوغلاتماق** «چوغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چوغلانما** سۈپ. چوغلىنىدىغان، چوغ ھالەتتە تۇرىدىغان: چوغلانما لامپا.

**چوغلانما لامپا** <ئېل> ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئېلېكتر لامپىسى. لامپۇچكىسى هاۋاسىزلاندۇرۇلغان ياكى ئىنېرت گازى تولدۇرۇلغان ئەينەك لامپۇچكا بولۇپ، ئىچىدە ۋولفرام سىمى بولىدۇ. توك ئۆتكەندە ۋولفرام سىمى ئاقىرىپ، نۇر چىقىرىدۇ.

**چوغلانماق** پ. چوغ هالەتكە كەلمەك، چوغقا ئايلانماق، چوغ بولۇپ لاۋۇلدىماق: ئۇپۇق قىزىرىپ قۇياش چوغلاندى، ئۇنىڭ يېپەكتەك نۇرلىرى ناباتات ئۈستىدىكى سىمابتەك شەبنەم ئۈستىدە يالتىرىدى. * مۇنداق پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان ئوت دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىدىنمۇ كۆرۈندى. ئىككى تەرەپتىن قىسىپ كېلىۋاتقان ئوت چېكىنلەر تۇرۇپ غايىب بولۇپ، تۇرۇپ چوغلىنىپ يالتىرايتتى.

**چوغۇندەك** ئى <بىن> خۇددى تامغا قېقىلغان قوزۇققا ئوخشاش، بىر ئۇچى تايىنىش نۇقتىسىغا بېكىتىۋېتىلگەن، يەنە بىر ئۇچى تايانچىسىز هالەتتە ئەركىن تۇرغان لىم.

**چوقا** ئى. ئوتقا چىدامىلىق سېغىز توپا.

**چوقام** ئى. دىئال. تونۇردىكى چوغلارنى يىغىپ، توپلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ياغاچ ساپ بېكىتىلگەن ئۇچى ئالىقانسىمان ئۇزۇن تۆمۈر سايمان.

**چوقاي** ئى ← چورۇق: «قاۋانلىق» يېنىدىكى خالىڭ يولىدا يېتىپ قالغان باينىڭ هارۋىسىنى چىقىرىمەن دەپ، ئۈستىگە يىرتىق يالاڭ پەرىجە، تىزلىرى ئوچۇق ماتا ئىشتان، پۇرۇم چوقاي كىيىۋالغان بىر دېھقان ئاشۇ «قاۋانلىق» يېنىدا تونگلاپ قالغان.

**چوقچا** ① سۈپ. تىك، ئېگىز: چوقچا تۇرماق. * ياسالغان ئۈستىگە چوقچا تۇرۇشقا، تەييارلانغان پۇتۇنلەيلا ئۇرۇشقا. ② رەۋ. تولدۇرۇپ، لىپمۇ-لىپ: سۇنى ئىستاكانغا چوقچا قۇيدى.

**چوقچايتماق** «چوقچايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چوقچايماق** پ. بۆرتۈپ ئېگىز بولۇپ كۆرۈنمەك، دومبىيىپ چىقماق: ئەنە، كۆز يەتكۈسىز يەرلەردە ئابرال تېغى چوقچىيىپ تۇرىدۇ. * بۇكىكىنە سۆگەتلىكنىڭ ئارىسىدىكى چوقچىيىپ تۇرغان تاش ئۈستىدە، كۆزلىرىنى دەرياغا تىكىپ بىر جۈپ قىز-يىگىت يانمۇيان ئولتۇراتتى.

**چوققا** ئى ① تىك نەرسىلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى، ئېگىز نۇقتىسى، جايى؛ ئېگىزلىك: تاغ چوققىسى. بوغدا چوققىسى. * شۇ مەزگىللەردە تاغ چوققىلىرىدىلا ئەمەس، بۇ سايىنىڭ ئىچىدىمۇ تىزغا چىققۇدەك قېلىن قار بار ئىدى. ② باش (كاللا) نىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسمى. ③ كۆچمە. يۇقىرى باسقۇچ، پەللە: بىز پەن چوققىسىغا چىقىدىغان شوتا بولۇشنى خالايمىز، ياشلار يەلكىمىزگە دەسسەپ يۇقىرى ئۆرلىسۇن. ④ <مات> كۆپ تەرەپلىكلەرنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ كېسىشىش نۇقتىسى ياكى كۆپ ياقلىقلارنىڭ ئۈچ قىرىنىڭ كېسىشىش نۇقتىسى.

**چوققا بۇلۇڭ** <مات> ئۈچ بۇلۇڭنىڭ ئاساسىنىڭ قارشىسىدىكى بۇلۇڭ ياكى پىرامىدا ۋە كونۇسلارنىڭ ئاساسىنىڭ قارشىسىدىكى كۆپ ياقلىق بۇلۇڭ.

**چوققا بىخ** <بوت> ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غولىنىڭ ئۈچىدا ئۆسكەن بىخلار.

**چوققا تام** <بىن> ئىككى تەرىپىگە يانتۇ قىلىپ يېپىلىدىغان ئۆيلەرنىڭ ئىككى يېنىدىن توغرىسىغا قوپۇرۇلغان تام. بۇنداق تامنىڭ ئۈستى قىسمى ئۆگزىنىڭ يانتۇلۇقى بىلەن ئۈچ بۇلۇڭ ھاسىل قىلىدۇ.

**چوققا سۆڭىكى** <ئانات> باشنىڭ چوققا قىسمىدىكى سۆڭەك. ئۇ ياپىلاق ھەم چاسا شەكىلدە بولۇپ، ئوڭ ۋە سول تەرەپتە بىردىن بولىدۇ.

**چوققا يوپۇرماق** <بوت> غولىنىڭ چوققىسىدا ئۆسكەن يوپۇرماقلار.

**چوقماق** ئى. ئۇچىدا چاتىقى بار ياغاچ؛ چوماق: ئۇكەر ئامبال ئۇۋچىلىقنى ياخشى كۆرەتتى، بىر كۈنى ئۇ يالغۇز ئوۋغا چىققاندا، بېقىۋاتقان ماللىرىمنى تاشلاپ، قولۇمغا چوقماقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ كەينىگە چۈشتۈم.

**چوقۇ** ئى. دىئال ← **چوغدان**.

**چوقۇتماق** «چوقۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: توخۇغا دان چوقۇتماق.

**چوقۇر** ① ئى. ئادەمنىڭ يۈز ۋە بەدىنىگە چىققان چېچەكنىڭ ئىزى. ② سۈپ. يۈزىدە چېچەك ئىزى بولغان: چوقۇر يۈز. چوقۇر ئادەم. * ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئېگىز بويلۇق، چوقۇر بىر كىشى، كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ، تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلىگەن ھالدا ماڭا تىكىلگەنچە نىدالىق قىلدى. ③ سۈپ. بۇدۇر-چوقۇر، سىلىق ئەمەس: چوقۇر تام. چوقۇر يەر. چوقۇر ئۆرۈك. * بۇ تامنىڭ يۈزى ساپلا چوقۇر بولۇپ كېتىپتۇ.

**چوقۇر ئۆرۈك** ئۆرۈكنىڭ بىر خىلى.

**چوقۇش** ① «چوقۇماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② ئى <زوئول> بېلىقنىڭ مېڭە جايلاشقان باش ئۈستىخىنى.

**چوقۇشماق** «چوقۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككى خوراز بىر سائەتتىن بېرى تالىشىپ، بىر-بىرىنى چوقۇشۇپ ھارغاندى.

**چوقۇلاتماق** «چوقۇلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چوقۇلاشماق** «چوقۇلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: جەسەتلەرنىڭ ئەتراپىدا چۆگىلەپ يۈرگەن قاغا-قۇزغۇنلار ئولجىلارنى بىر-بىرىدىن قىزغانغان ھالدا چوقۇلىشاتتى. * بىزنىڭ زاۋۇتىمىزدىمۇ ئۇنداق ۋارقىرىغانلاردىن يوق دەمسەن؟ ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ پۇشتىنى قوبۇل قىلدى دەپ قانچىلىك چوقۇلاشقىنىنى بىلمەسەن ئۆزۈڭ؟!

**چوقۇلانماق** «چوقۇلماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۈلكىنىڭ كۆزى چوقۇلاندى. * ئۆلسىمۇ چوقۇلانغان كۆزلەرگە، چىقسۇن ئاتلىق چاپارمەنلەر كېلىشىپ.

**چوقۇلماق** پ ① چوقۇماق: ھېلقى خوراز قانىتىنى يېيىپ، قاتتىق بىر قىچقىرىۋېتىپ، يەرنى چوقۇلاپ ئايلىنىشقا باشلىدى. ② كۆچمە. زەربە بەرمەك، رەنجىتمەك، ئازار بەرمەك: ئۇلارنىڭ كىچىككىنە ئەيىبىنى كۆرۈۋېلىپ، ھەممىز تەڭ چوقۇلىشىپ تۇرساق، ئۇ ئادەم قانداق قىلىدۇ؟

**چوقۇم** رەۋ. قەتئىي، جەزمەن: مەن ئىشەنىمەن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىز سىزگە ئوخشاش ياخشى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەربىيىسىدە چوقۇم نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايدىغان كىشىلەردىن بولۇپ چىقىدۇ.

**چوقۇماق** پ ① تۇمشۇق بىلەن چىشلەپ، ئۈزۈپ ئالماق، تۇمشۇقىنى پاتۇرۇپ زېدە قىلماق، چوقۇپ ئويمان ھاسىل قىلماق: قاغا تۆت قاراپ، بىر چوقۇيدۇ (ماقال). * موللا بىلگىنىنى ئوقۇيدۇ، توخۇ كۆرگىنىنى چوقۇيدۇ (ماقال). * ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىردىن سەل كۆچلۈك كېلىپ، ئۇنىڭ بويىندىن چوقۇپ، بېشىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ-دە، تۇرمايلا ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ② يونۇماق، پارچىلىماق، پارچە-پارچە قىلماق، ئۇششاقلىماق: مۇز چوقۇماق. تاش چوقۇماق. ③ كۆچمە. رەنجىتمەك، ئازار بەرمەك، زەربە بەرمەك: بۇنىسى ئاشكارىغۇ؟ ئۇ تۇرسۇن شېجاڭنىڭ كونا رەقىبى، شېجاڭ ئاغىنىمىزنى بىلىسىز، ئۆزىگە ئالايغان ئادەمنى چوقۇۋالىدۇ. بۇ ئۇنىڭ سۆڭەك-سۆڭىكىگە سىڭگەن ئادىتى!

**چوقۇملاشتۇرماق** «چوقۇملاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چوقۇملاشتۇرۇلماق** «چوقۇملاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چوقۇملاشماق** پ. تايىن تاپماق، قارار قىلىنماق، جەزملەشمەك.

**چوقۇندۇرماق** «چوقۇنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كارىۋاتنى يۆتكەش ۋاقتىدا، دۆنە ئىشكىنى چىڭ يېپىپ قويۇپ، بۇتنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ھۆركىرەپ يىغلىدى. قىزنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىمۇ چوقۇندۇردى.

**چوقۇندۇرۇلماق** «چوقۇندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چوقۇنماق** پ ① ئېتىقاد قىلماق: ئۇ ئادەملەردىن شەھەرنىڭ ئىسمىنى ۋە ئەھۋالىنى سورىسا، ئۇلار: — بۇ ئوتقا چوقۇنغۇچى (ئاتەشپەرەس) لەرنىڭ شەھىرى، بۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ ناھايىتى كۆپچىلىكى تەڭرىگە سېغىنماي، ئوتقا چوقۇنىدۇ، — دەپ ئۇنۇشتۇرۇپتۇ. ② پۈتۈنلەي ئىشەنمەك، ئەقىدە قىلماق: مىڭبېشى ئىلگىرى باتۇر تاغىنىڭ قول ئاستىدا چېرىك بولغان، ئۇنىڭ ياخشى تەربىيىسىنى ئالغانىدى، ئۇ باتۇر تاغىغا چوقۇناتتى.

**چوقۇنۇشماق** «چوقۇنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار مۇشۇ تەقلىدتە چوقۇنۇشۇپ بولغاندىن كېيىن، ياشلار تەرەپ-تەرەپكە تارقىشىپ كەتتى.

**چوك** تەق. بىر نەرسىنى سۆيۈشتىن چىققان ئاۋاز: ئەسقەر بالىسىنىڭ مەڭزىگە «چوك» قىلىپ بىرنى سۆيدى-دە، ئۇستەلگە بېرىپ تامىقىنى يېيىشكە باشلىدى.

**چوكا** ئى ① تاماق يېيىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۈز، ئىنچىكە ياغاچ سايمان: چوكا ياسىماق. چوكا ئالماق. ② چالغۇ ئەسۋابلارنى چېلىشتا ئىشلىتىدىغان ئىنچىكە ئۇزۇن تاياقچە: ناغرا چوكىسى. * ئۇنىڭغا يۇقىرى ئاۋازلىق ناغرا تەييارلانسۇن! ناغرىنىڭ چوكىسى ئالتۇندىن بولسۇن، ماڭا ئاشىق بولغان يىگىت شۇ ناغرىنى چالسۇن. ③ جىگىنىڭ ئۆلچەم توچكىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ياغاچ ياكى تۆمۈر تاياقچىسى: تارازا چوكىسى.

**چوكا مېۋە** <بوت> قۇرۇق مېۋىنىڭ بىر تۈرى. بىر ئانىلىق ياپراقچىدىن تەركىب تاپىدۇ، پىشقاندا ئىككى تەرەپتىن

يېرىلىدۇ. مەسىلەن، پۇرچاقلارنىڭ مېۋىسى.

**چوكان** ئى ① ياتلىق قىلىنغان ياش ئايال، جۇۋان: چوكان ئالماق. * قېرى خوتۇن ياش بولدى، چوكانلارغا تەس بولدى (ماقال). * كۆلنىڭ بېرىدە، بالا قوينى ھەيدەپ كېلىۋاتسا، قاش-كۆزى جايىدا كەلگەن بىر چوكان ئۇچراپ قېلىپتۇ. ② تېرەك، سۆگەت قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ ئەتىياز مەزگىلىدە بىخلىنىپ، كۆكەرگەن تېلى: يامىشىپ سۆگەتلەرگە ئوينار ئىدىم، چوكاننى سۇندۇراتتىم، نەي ياسايتتىم. يەرلەردىن تېشىپ چىقسا قۇرت-قوڭغۇز، كولايتتىم تۆشۈكنى، تالڭ قالاتتىم.

**چوكانتال** ئى [چوكان+تال] ① بىخلىنىپ، كۆكەرگەن، چوكان بولغان تال: باھارنى ئالساق، كىشلەر ئۇنى يىللىقلىقى ۋە چوكانتاللىرىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ياخشى كۆرىدۇ. * كەلدى چوكانتال ئېلىپ كۆزىگە ياش، قالدى دېڭىز قوينىدا خۇد مەڭگۈ تاش. ② <ئاستر> دېھقانلار كالېندارى بويىچە 24 مەۋسۇمنىڭ بەشىنچىسى، ئۇ مىلادى 4-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن 6-كۈنى ئارىلىقىدا باشلىنىدۇ.

**چوكان-سېكىلەك** ھەم چوكان ھەم سېكىلەك: قاراپ-قاراپ تويمايمەن، ئاسماندىكى لەگلەككە. چوكان-سېكىلەك بولۇپ، ئۇچسام دەيمەن پەلەككە.

**چوكانلىق** ئى. چوكان دەۋرىگە خاس مىجەز، ھەرىكەت خۇسۇسىيەت: ئوغلۇڭ چولڭ بولسا، يىگىتلىكىڭنى ئالار، قىزىڭ چولڭ بولسا، چوكانلىقىڭنى ئالار (ماقال). * يىگىتلىكنى ئوغۇل ئالۇرمىش ئەزەل، دەيدىكەن چوكانلىق قالۇر قىزغا. بۇ سۆزگە مەھلىيا بولغان ھەر گۈزەل، دەستىدىن غەپلەتتە يازنىڭ مۇزىغا.

**چوك-چوك** «چوك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: هاردۇق كۈنلىرى قىز ۋە يىگىتنىڭ سىردىشى گۈللەر تۈۋىدە كۆردۇم؛ قاقاقلاپ كۈلۈپ، قاياقلاردىدۇر، چوك-چوك سايراشقان لېۋىدە كۆردۇم.

**چوكچوك** ئى <ماشن> كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ يىپنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان پەسكە چۈشۈپ، ئۈستۈن چىقىپ تۇرىدىغان ئەگرى چوكىسى.

**چوككىدە** رەۋ. «چوك» قىلىپ، «چوك» قىلغان ھالدا: بارات دادىسىنىڭ ماڭلىيىغا چوككىدە بىرنى سۆيدى ۋە كىتاب-دەپتەرلىرىنى باغرىغا باسقان پېتى ئىشكتىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى.

**چوكۇلداتماق** «چوكۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ قىزنى چوكىلدىتىپ بىرنەچچىنى سۆيدى-دە، ئىتتىك ئىشكتىن چىقىپ كەتتى.

**چوكۇلداشماق** «چوكۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چوكۇلدىماق** پ. «چوك» قىلغان ئاۋاز چىقماق.

**چوكىدان** چوكىلارنى سېلىپ قويىدىغان قۇتا شەكىللىك قاچا: ئۇستىلىنىڭ ئۈستىنى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈپ، بىر تەرەپكە تاۋاق-قاچا، چوكىدان، لازىجالڭ قاچىسى، چىنە-چەينەك قاتارلىق نەرسىلەر تىزىلغانىدى.

**چوكىدەرىخى** ئى [چوكا+دەرەخ+ى] <بوت> بىگنونىيە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۇدۇل ئۆسىدۇ. سەل-پەل تېپىز ھالەتتە ئالىقانسىمان يېرىلىدۇ، كونۇسسىمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ؛ گۈلى سارغۇچ ئاق، مېۋىسى ناھايىتى ئۆزەك بولىدۇ، ئۇرۇقىدا تۈكلىرى بولىدۇ؛ ياغىچىدىن سايمان-جابدۇقلارنى ياساشقا بولىدۇ.

**چوكىلاڭ** سۆپ. دىئال. پاكار، پەس.

**چوكىمۇز** ئى [چوكا+مۇز] سۇغا شېكەر، سۈت قاتارلىقلارنى قوشۇپ، چوكا شەكلىدە توڭلىتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل سوغۇق يېمەكلىك.

**چوگ** ئىم. موزاي، تورپاقلارنى قايتۇرۇش ۋە قوغلاش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ.

**چوڭ** ① سۈپ. ئېگىلىگەن ئورنى، ھەجمى غايەت كەڭ؛ زور، يوغان: چوڭ شەھەر. چوڭ بىنا. چوڭ ھويلا. * ئۇلار يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئۆتتۈر ئەجدىھا تۇرغان چوڭ كۆلگە يېتىپ كەلسە، ئەركەك ئەجدىھا بىلەن چىشى ئەجدىھا كۆلدە ئۈزۈپ يۈرۈپ، قۇياش بىلەن ئاينى بىردە يۇتۇپ، بىردە پۈرقۈپ، بىر-بىرىگە ئۇرۇپ ئويناۋېتىپتۇ. ② سۈپ. ياش سانى كۆپ، يېشى ئارتۇق: يېشى چوڭ. * قارا، تېخى بۇنىڭ باھانىلىرىنى، بويى تەڭ بولسا، بىر سىنىپتا ئوقۇسىلا يېشى تەڭ بولمايدۇ، پەرق قىلىدۇ. ھېسابلىساق، مەن سەندىن چوڭ. // چوڭ، بېشىنى ئاچسا، كىچىك، كۆتىنى ئېچىپتۇ (ماقال). * چوڭنىڭ ئەقلىمۇ چوڭ (ماقال). ③ ئى. ياشانغان، مويىسپىت، مۆتىۋەر كىشى؛ ئاقساقال: چوڭنى ھۆرمەت قىلماق. چوڭنىڭ گېپىنى ئاڭلىماق. * ئۆينىڭ چوڭى بولمىسا، ئۆچكىنىڭ ئېتى ئابدۇراخمان (ماقال). * سالى دورغا «قارا چېچەك»كە كۆپ رەھمەتلەر ئېيتتى ۋە ئۇ خوشلىشىپ كەتكەندىن كېيىن، دەرھال ئۆز يېقىنلىرى بىلەن بەزى يۇرت چوڭلىرىنى يىغىپ، جىددىي مەسلىھەتلەشتى. ④ سۈپ. ئۈستۈن، زور: چوڭ غەلىبە. چوڭ ماھارەت. * بىلىكى چوڭ بىرنى يېڭەر، بىلىمى چوڭ مىڭنى يېڭەر (ماقال). * نورۇز داموللىنىڭ يۇرت ئىچىدىكى ئابرويى بەك چوڭ ئىكەن-دە! * ئىستىكىم شۇ ئىنتىپاق ــ ئۇم بولسا مىللەتلەر يەنە، قانچە چوڭ ئىلگىرىلىگەيلەر بارچە خىزمەتلەر يەنە. ⑤ سۈپ. داغدۇغىلىق، ھەشەمەتلىك؛ كاتتا، زور: چوڭ مەرىكە. * ئابدۇللا بايلارنىڭ گېپىگە كىرىپ، چوڭ توي قىلىپ ئۆيلەنگەندى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، بوينىغا چۈشكەن قەرزلەرنى تۆلىيەلمەستىن، ئۆز-ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ⑥ سۈپ. كەڭ، كەڭتاشا، كەڭ-كۇشادە، ئازادە (ئولتۇرۇش، سورۇن ھەققىدە): ــ مۇئەللىم تارتىنماڭ، ئۆز ئۆيىڭىزدەك ئازادە، چوڭ ئولتۇرۇڭ، قېنى بۇلاردىن ئازراق ئېلىڭچۇ! ــ دېدىم ئۇنى داستىخاندىكى مەزىگە تەكلىپ قىلىپ.

**چوڭ ئاپا** ← چوڭ ئانا: ــ سەن مېنى ئالداپ ئاسلانىنى ئېلىۋالماقچى بولۇۋاتىسەن، بۇنى ماڭا چوڭ ئاپام ئوينا دەپ ئەكېلىپ بەرگەن، ــ دېدى ئۇ.

**چوڭ ئاتا** ← چوڭ دادا: ئۇ ئۇدۇلۇمغا كېلىپ، ھارۋىدىن چاققانلىق بىلەن سەكرەپ چۈشتى-دە، ماڭا سالام بەرگەندىن كېيىن: ــ كەلگىلى خېلى بولدىمۇ چوڭ ئاتا، ساقلىتىپ قويدۇق-مە؟ ــ دېدى ئەپۇ سوراپ.

**چوڭ ئاتالغۇ** <لوگ> كەسمە ئۈچ ھۆكۈملۈكتىكى يەكۈننىڭ ھۆكۈملىگۈچىسى.

**چوڭ ئاچا** ئاچىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭى؛ چوڭ ھەدە؛ چوڭ ئىگىچە (كىچىكلەرگە نىسبەتەن): بەش يىلدىن كېيىن چوڭ ئاچام يېتىپ كەلدى.

**چوڭ ئاساس** <لوگ> ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، شۇنىڭدەك ئاساسلار ئىچىدە يەكۈننىڭ ھۆكۈملىگۈچىسىنى يەنى چوڭ ئاتالغۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاساس.

**چوڭ ئاكا** ئاكىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ھەممىدىن چوڭى (قىز، ئوغۇل، كىچىك قېرىنداشلارغا نىسبەتەن): ئەسلىدە بۇ كونا ۋېلسىپىت غەيرەتنىڭ بولۇپ، ئۇنى زاۋۇتتا ئىشلەيدىغان چوڭ ئاكىسى ئۈچ-تۆت يىل ئىلگىرى ئېلىپ بەرگەن.

**چوڭ ئانا** ئاتا ياكى ئانىنىڭ ئانىسى؛ موما (پەرزەنتلەرگە نىسبەتەن): ــ بالام، مەن بەلەنمۇ؟ ئاپاڭ بەلەنمۇ؟ دەپ سورىدى دادىسى ئوغلىدىن. ئوغلى: ــ دادا، توختاپ تۇرۇڭ، مەن بۇنى چوڭ ئاپام بىلەن چوڭ دادامدىن سوراپ باقاي، ــ دەپ جاۋاب بەردى دادىسىغا.

**چوڭ ئاي** <ئاستر> مىلادى يىل ھېسابىدا 31 كۈنلۈك ئايلار، دېھقانلار كالېندارىدا (قەمەرىيە ۋە ھىجرىيە ھېسابىدا) 30 كۈنلۈك ئايلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ: ئەسلىدە ئۈچىنچى ئاي چوڭ ئاي ئىدى، ئايغا يىگىرمە توققۇز بولغان كۈنى، ئۇ زىنداندا ھېلىقى ئىككى زىندان بېگىنىڭ مۇگدىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.

**چوڭ ئەترەت** ① يېزىلاردىكى گومىنىدىن تۈۋەن دەرىجىلىك باشقۇرۇش ئورنى؛ دادۈي: بۇ يېزىنىڭ چوڭ ئەترەت باشلىقى قادىر ئاخۇن ئىكەن. ② پىئونېرلارنىڭ يۇقىرى قاتلام ئەترىتى: چوڭ ئەترەت پائالىيىتى.

**چوڭ بولماق** ① ئۆسمەك، يوغىنىماق، يېتىلمەك، زورايماق: كۈنلەر ئۆتۈپ، ئەنجۈر كۆچىتى ئۆسۈپ چوڭ بولۇپتۇ، ھەر خىل ئەنجۈرلەر تەگلا پىشىپتۇ. * ئۇلار بىر مەھەللىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان. * بالام، ئائىلىمىزنىڭ گۈلسەن، سەن چوڭ بولۇپ ياخشى ئادەم بولساڭ، ئۆيىمىزدە بىر تۈپ قىزىل گۈل ئېچىلغاندەك بولىدۇ. ② ياشانماق، قېرىماق (ئادەم ھەققىدە): رەھمەتلىك ئېرىممۇ ئۆلۈپ كەتتى. ئۆزۈممۇ چوڭ بولۇپ قالدىم. ③ مەرتىۋىلىك، يۈز-ئابرۇيلۇق بولماق: مۇزەپپەر قاپاقلىرىنى تۈرگىنىچە مېنى ئەيىبلەپ: ـ كىچىك ماشىنا ھەيدىگەن ئادەم شۇنچە چوڭ بولامدىكەن؟ ـ دېدى. ④ كۆپ، زور بولماق: مانا ھازىر بېشىنى كۆتۈرۈپ خېلى يىراقتا قارىيالايدىغان بولۇپ قالدى. سىزنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ياردىمىڭىز چوڭ بولدى.

**چوڭ بۇرژۇئازىيە** <پەلس> مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتلەردىكى بىيۇروكرات بۇرژۇئازىيە ۋە دەللال بۇرژۇئازىيىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەنە مونوپول بۇرژۇئازىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ: ۋۇخەن قولدىن كەتكەندىن كېيىنكى ۋاقىت ئىككىنچى باسقۇچ بولۇپ، سىياسىي ئەھۋالدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى، چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ بىر قىسمى دۈشمەنگە تەسلىم بولدى.

**چوڭ بىلمەك** ① كۆپ، ئارتۇق، ئەۋزەل دەپ تونۇماق، ھېسابلىماق: تۆگىدى قەرزى، بىراق ئېشىنىمدى، ناھايەت خالاس بولدى نان غېمىدىن. بۇ ھالدىن ھەسەن بولدى بەكمۇ رازى، چوڭ بىلىپ نان غېمىدىن قۇتۇلغانىنى. ② يۇقىرى، كاتتا، ھۆرمەتلىك، ئەزىز دەپ ھېسابلىماق، تونۇماق: ئۇ ئىشكاپنىڭ ئىچىدىكى كىتابلارنىڭ ھېچقايسىسىغا قول تەگكۈزمەي، ئىشكاپنى ئاستا يېپىپ قويدى، قارىغۇدەك بولسام، ئۇ مېنى ناھايىتى چوڭ بىلىدىكەن.

**چوڭ پاراڭ** ← **چوڭ گەپ**: ـ بۇ قەدەر چوڭ پاراڭلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتىكەنمىز، ـ دېدى لېتىپ زور.

**چوڭ پىيىزەك** <بوت> قىياق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ئاقۇچ يېشىل رەڭدە بولۇپ، كاناي شەكلىدە؛ باشقى سۆسۈن قوڭۇر رەڭدە كېلىدۇ، تېيىز سۇدا ئۆسىدۇ.

**چوڭ تاماكا** ئەپيۇن، نەشە قاتارلىق چېكىملىكلەر: نىياز ئۇستا بارلىق ھەسرىتىنى ئاشۇ بىر نەرسە بىلەن يېنىكلەتمەكچى بولغاندەك، چوڭ تاماكىنى ئارقا-ئارقىدىن تارتتى-دە، ناخشىغا چۈشتى.

**چوڭ تەرەت** يېيىلگەن ئوزۇقلۇقنىڭ ئاشقازاندا ھەزىم قىلىنغاندىن كېيىنكى ئارقا پېشاب يولى ئارقىلىق چىقىرىلىدىغان قىسمى؛ گەندە: چوڭ تەرەت قىلماق. * A تىپتىكى جىگەر ياللۇغى ئاساسەن چوڭ تەرەت ئارقىلىق يۇقىدۇ.

**چوڭ تولغاق** بالىنىڭ تۇغۇلىدىغان كۈنى باشلانغاندا تۇتىدىغان تولغاق.

**چوڭ جاغ** <زوئول> بوغۇم ئاياغلىق كۆپ ساندىكى ھايۋانلارنىڭ ئېغىز ئورگىنىنىڭ ئالدى قىسمىدا بولىدىغان بىر جۈپ ھەرىكەت ئەزاسى.

**چولڭ خەتلىك گېزىت** تەنقىد قىلىش ۋە پاش قىلىش مەزمۇنىدىكى پىكىرلەر چولڭ خەت بىلەن يېزىلىپ، تامغا چاپلانىدىغان، گېزىت شەكلىدىكى قەغەز: **چۈشتىن كېيىن ھېلىقى ئىككى چولڭ خەتلىك گېزىتنىڭ يېنىدا، دىلشاتنىڭ پارتىدىشى جەننەتنىڭ «بىزگە ئىنتىزام كېرەك، بىلىم كېرەك» دېگەن چولڭ خەتلىك گېزىتى پەيدا بولدى.**

**چولڭ خوخا** <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولىدا تىكەنلىرى بولىدۇ، يوپۇرمىقى پەيسىمان، گۈلى بېغىر رەڭ، ئۇرۇق مېۋىسى ئېللىپس شەكلىدە بولىدۇ؛ تىبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ، قان توختىتىش رولىغا ئىگە.

**چولڭ دادا** ئاتىسىنىڭ (دادىسىنىڭ) ياكى ئاپىسىنىڭ (ئانىسىنىڭ) ئاتىسى (دادىسى)؛ بوۋا (پەرزەنتلەرگە نىسبەتەن): **مەن تۈنۈگۈن چولڭ دادامنى يوقلاپ كەلدىم.**

**چولڭ دوغداق** <زوئول> بىر خىل قۇش. ئېگىزلىكى تەخمىنەن 100 ــ 130 سانتىمېتىر كېلىدۇ، دۈمبە قىسمىلىرى سېرىق قوڭۇر بولۇپ، قارا رەڭلىك ئالىسى بولىدۇ، قورساق قىسمى ئاقۇچ كۈل رەڭ؛ ئۇچۇشقا ماھىر ئەمەس، مېڭىشقا ماھىر؛ ئاشلىق دانلىرى ۋە ھاشاراتلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**چولڭ دولانا** ① <بوت> ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى ئاق كېلىدۇ؛ مېۋىسى يۇملاق ۋە چولڭ بولۇپ، توق قىزىل كېلىدۇ، ئۈستىدە ئاق داغلىرى بولىدۇ؛ تەمى چۈچۈمەل كېلىدۇ، ئىستېمال قىلىشقا ۋە دورا ياساشقا بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**چولڭ دۆلەت شوۋىنىزمى** <پەلس> ئەكسىيەتچىل بۇرژۇئا مىللەتچىلىكىنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردىكى بىر خىل ئىپادىسى، يەنى كۈچلۈكرەك دۆلەتلەرنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇپ، ئاجىزراق، كىچىكرەك دۆلەتلەرنى كۆزگە ئىلماي، بۇ دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىللىكى، ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە تېررىتورىيە پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلماي، ئۇلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىشى، باشقا ئەل خەلقلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىشى.

**چولڭ راڭ** <زوئول> بوغۇم پۇتلۇق ھايۋان. تېنى 33 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، 2-جۈپ سەزگۈ مۇڭگۈزچىسى كۆزىنىڭ ئاستىدىكى سۆڭەك پلاستىنكىسىغا سۇركىلىپ تۇرغانلىقتىن، تىڭ-تىڭ ئاۋاز چىقىرىپ تۇرىدۇ؛ دېڭىز ئاستىدا ياشايدۇ، گۆشى مەززىلىك، دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىي دېڭىزلىرىدىن چىقىدۇ.

**چولڭ سۆزلىمەك** لاپ ئۇرماق؛ پو ئاتماق: **ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ چولڭ سۆزلەپ ئۆگەنگەچكە، باشقىلارغا ئۆگىتىپ، مەسلىھەت بېرىشكە ئامراق ئىدى.**

**چولڭ سۈپەت** ئېغىر-بېسىق، تەمكىن، سالاپەتلىك: **چولڭ سۈپەت ئادەم. * ئۇ ئۆزىنى ئەركىن، چولڭ سۈپەت تۇتۇشقا تىرىشتى.**

**چولڭ سېرىق ھەرە** <زوئول> بىر خىل ھاشارات. باش ۋە كۆكرەك قىسمى قوڭۇر بولۇپ، سېرىق ئالىسى بولىدۇ، قورسىقى قېنىق سېرىق كېلىدۇ ۋە قورسىقىدا توغرىسىغا كەتكەن توق قوڭۇر سىزىقلىرى

بولىدۇ؛ قۇيرۇقىدا نەشتىرى بولۇپ، ئادەمنى چاقىدۇ؛ گۈل شىرنىسى ۋە قۇرتلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**چوڭ قازاننىڭ تامقى** نۇرغۇن كىشىلەر بىللە يەيدىغان ئادەتتىكى ئوپچە تاماق.

**چوڭ قازاننىڭ تامقىنى يېمەك** يۇقىرى-تۆۋەننى پەرقلەندۈرمەي، ھەممىگە بىر خىل قىلىنغان مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولماق: ئىلگىرى بۇ ناھىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش دۇيلىرىدە «چوڭ قازاننىڭ تامقىنى يېيىش» مەۋجۇت بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش يۈكسەلمىگەن، ناھىيە بويىچە نامرات دۇيلەر پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىش دۇيىنىڭ 53.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەنىدى.

**چوڭ قاناش** <تىب> ئارتېرىيىنىڭ يېرىلىشى ياكى ئىچكى ئەزالارنىڭ زەخىملىنىشى تۈپەيلىدىن، كۆپ مىقداردا قان ئېقىپ كېتىدىغان بىر خىل ھادىسە.

**چوڭ قان ئايلىنىشى** <فىزىئول> قاننىڭ سول يۈرەك قېرىنچىسىدىن ئېقىپ چىقىپ، قىزىل تومۇرلار، قىل تومۇرلاردىن ئۆتۈپ، ئوكسىگېن ۋە ئوزۇقلۇق ماددىلارنى توقۇلمىلارغا ئاپىرىپ، توقۇلمىلاردا ھاسىل بولغان كاربون (IV) ئوكسىدى ياكى كېرەكسىز ماددىلارنى ئوڭ يۈرەك قېرىنچىسىغا قايتۇرۇپ كېلىدىغان ئايلىنىش جەريانى.

**چوڭ قۇرۇقلۇق** <جۇغ> كەڭ كەتكەن قۇرۇقلۇق.

**چوڭ قېرىن** <زوئول> كۆشەيدىغان ھايۋانلار ئاشقازىنىنىڭ بىرىنچى قىسمى. ئىچكى دىۋارىدا نۇرغۇن ئۆسمىسمان قاپارتقۇلار بولىدۇ. ئوزۇقلۇق ئالدى بىلەن چوڭ قېرىندا ھەزىم بولۇپ، ئاندىن كۆنەك قېرىنغا ئۆتىدۇ.

**چوڭ قىزىل بېلىق** <زوئول> بىر خىل گۆشخور بېلىق. تېنى ئۇزۇنچاق ۋە ياپىلاق بولۇپ، ئىككى مېترچە كېلىدۇ؛ دۈمبىسى قوڭۇر، يان تەرىپى ئاقۇچ، ئۈستىدە «+» شەكلىدىكى قارا سەپكۈنلىرى بولىدۇ؛ ئېغىزى چوڭ، چىشى ئۆتكۈر كېلىدۇ؛ تاتلىق سۇدا ياشايدۇ.

**چوڭ قىلماق** بېقىپ، تەربىيىلەپ ئۆستۈرمەك، يېتىشتۈرمەك: دېھقان ئىككى ئوغلىنى چوڭ قىلىپتۇ. بۇ ئوغۇللار چوڭ بولۇپ ۋايىغا يەتكەندە، دادىسى ۋاپات بوپتۇ.

**چوڭ كلارنېت** <مۇز> چوڭ تىپتىكى كلارنېت.

**چوڭ كۆلۈنگۈ** <دىن> ← **ماھايانا.**

**چوڭ گەپ** ماختىنىش خاراكتېرىدىكى، ئۆز ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولمىغان گەپ؛ لاپ، پو: ـ ۋاھ، نېمىدېگەن چوڭ گەپ بۇ، ـ دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ.

**چوڭ گەپ قىلماق** ھالىغا باقماي يوغان سۆزلىمەك؛ پو ئاتماق، لاپ ئۇرماق: ئۇلارنىڭ سۆزىكى تاشتىنمۇ قاتتىق ئىكەن. مۇنداق خەقنى نېمە قىلغىلى بولىدۇ؟ ئۆتكەن قېتىم سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا چوڭ گەپ قىلىپ قويغىنىم ئۈچۈن خىجىلمەن. مېنى كەچۈرۈڭلار.

**چوڭلار مائارىپى** <مائار> ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، چوڭلارغا تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان بىر خىل مائارىپ. چوڭلار مائارىپىنىڭ شەكىللىرى كەچكى مەكتەپ، ئىشتىن سىرتقى مەكتەپ، رادىئو-تېلېۋىزىيە، كۇلۇب، كۇتۇپخانا، مۇزېي، كۆرگەزمە ۋە ياكى مەخسۇس ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ مائارىپ تۈزۈمىدە ھەر خىل ئىشتىن سىرتقى مەكتەپ ۋە كۇرسلارنى ئېچىپ، چوڭلارغا سىستېمىلىق تەربىيە ئېلىپ

بېرىش بەلگىلەنگەن. دۆلەت ھەر خىل ئىشتىن سىرتقى مائارىپ ئورگانلىرىنى قۇرۇش ئۈچۈن، ھەر يىلى مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىدۇ.

**چوڭ مېڭە** <ئانات> مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى. مېڭىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا بىر ئېرىقچە بولۇپ، ئوڭ-سول ئىككى يېرىم شارغا بۆلۈنىدۇ. يۈزىدە نۇرغۇنلىغان پۈرمىلەر بولىدۇ. چوڭ مېڭىنىڭ يۈز قىسمى كۈل رەڭگە مايىلراق بولۇپ، كۈل رەڭ ماددا ياكى چوڭ مېڭە پوستلىقى دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئىچكى قىسمى ئاق رەڭدە بولۇپ، ئاق ماددا دەپ ئاتىلىدۇ.

**چوڭ مېڭە پوستلىقى** <ئانات> چوڭ مېڭە يېرىم شارلىرىنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى قەۋەت. سەل كۈل رەڭ كېلىدۇ، نېرۋا ھۈجەيرىلىرىدىن تۈزۈلىدۇ. ئەستە تۇتۇش، ئانالىز قىلىش ۋە ھۆكۈم قىلىشقا ئوخشاش تەپەككۇر پائالىيەتلىرى ئۇنىڭدىن ئۆتىدۇ. ئۇ ئالىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ مەركىزى، شۇنىڭدەك ئورگانىزم ئىچكى قىسىملىرىنىڭ بىر تۇتاشلىقى ۋە ئورگانىزمنىڭ ئەتراپ مۇھىت بىلەن بىر تۇتاشلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئاساسىي ئورگان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**چوڭ مىللەتچىلىك** <پەلس> پومېشچىك، بۇرژۇئازىيىنىڭ مىللىي مۇناسىۋەت جەھەتتە ئىپادىلەيدىغان بىر خىل ئەكسىيەتچىل ئىدىيىسى. ئۇلار ئۆز مىللىتىمىز سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتلەردە باشقا مىللەتلەردىن ئۈستۈن، ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇشى، تۈرلۈك ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇلار مەملىكەت ئىچىدىكى ئۆزىدىن كىچىكرەك مىللەتلەرنى كەمسىتىدۇ، چەتكە قاقىدۇ ۋە ئېزىدۇ؛ مەملىكەت سىرتىدىكى باشقا مىللەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى تالان-تاراج قىلىدۇ، بۇنىڭدا ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيىچى سىنىپ مەنپەئەتىنى قوغداشنى كۆزلەيدۇ.

**چوڭ ھەرپلىك گۇرۇپپا** <مۇز> تۆۋەن ئاۋازلىق نوتا سىزىقىدىكى 2-سىزىق C ئاۋازدىن، يۇقىرىغا قوشۇلغان 1-سىزىق ئارىلىقىدىكى b ئاۋازغىچە شەكىللەنگەن گۇرۇپپا كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**چوڭ ئۆي** توي قىلىپ، ئۆي تۇتقان پەرزەنتلەرگە نىسبەتەن ئاتا-ئانىسىنىڭ ئائىلىسى: چوڭ ئۆيگە ھېيتلاپ بارماق.

**چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسى** <بىئول> ئادەم ۋە ھايۋانلار ئۈچىيىدە پارازىت ياشايدىغان بىر خىل باكتېرىيە. ئۈچەي ئىچىدە ھېچقانداق زىيىنى يوق، ئەمما بۆرەك ۋە ئۆت خالتىسىغا كىرىپ قالسا، ياللۇغلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**چوڭ ۋېنالار** <تىب> بەدەننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ۋېنالارنىڭ توپلىنىشىدىن ھاسىل بولغان يۇقىرىقى كاۋاك ۋېنالىرى ۋە تۆۋەنكى كاۋاك ۋېنالىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ۋېنالار ئوڭ يۈرەك دالانچىسى بىلەن بىۋاستە تۇتۇشىدۇ.

**چوڭ ئېيىق يۇلتۇز تۈركۈمى** <ئاستر> ئالەم قۇتۇپىدىكى يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 11 سائەت 30 مىنۇت، ئېكۋاتور كەڭلىكى 55° قا توغرا كېلىدۇ. يەتتە قاراقچى يۇلتۇزلىرى بۇ يۇلتۇز تۈركۈمىدىكى ئەڭ يورۇق يۇلتۇزلار ھېسابلىنىدۇ.

**چوڭ ئىت يۇلتۇز تۈركۈمى** <ئاستر> جەنۇبىي ئاسماندىكى يۇلتۇز تۈركۈملىرىدىنىڭ بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 6 سائەت 40 مىنۇت، ئېكۋاتور كەڭلىكى °22 ـ قا، يەنى ئورىئون يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ.

**چوڭ يادرو** <زوئول> ئاددىي ھايۋانلار تىپىدىكى كىرپىك تۈكلۈكلەردە بولىدىغان چوڭراق ھۈجەيرە يادروسى. ئادەتتە بۆرەك، تۇخۇم، ئات تۇيىقى ۋە تەسۋى شەكىللىرىدە بولىدۇ. بۇ خىل يادرو ھاشارات تېنىدە ئوزۇقلىنىش رولىنى ئوينايدۇ.

**چوڭ ياي** <مات> يېرىم چەمبەردىن چوڭ بولغان ياي.

**چوڭ يەپ، چوڭ ئىچمەك** بۇزۇپ ـ چېچىپ، ئىسراپ قىلماق، بارنى ئايىماي يەپ تۈگەتمەك.

**چوڭ يەڭ** <كىي> كىيىم يېڭىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى.

**چوڭ يوپۇرماقلىق قارىياغاچ** <بوت> قارىياغاچنىڭ بىر تۈرى. يوپۇرمىقى چوڭ، گىرۋىكىدە ھەرىنىڭكىدەك قوپال چىشلىرى بولىدۇ؛ مېۋىسىنىڭ ئۇزۇن سېپى بولىدۇ.

**چوڭ يۈرەك** قورقماس، باتۇر: ـ قانداق چوڭ يۈرەك نېمە ئىكەن ئۇ، مەن بىلەن ئېلىشىدىغان، ـ دەپتۇ دىۋە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

**چوڭ يىغىن** نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قاتنىشىشى ئارقىلىق ئېچىلىدىغان، دائىرىسى كەڭرەك يىغىن: چوڭ يىغىن ئاچماق. چوڭ يىغىندا سۆزلىمەك. * ئۇ ئىشخانىدا قىمىر قىلماي ئولتۇرۇپ، ناھىيەدىكى ئىشچىلار بىلەن بىرىنچى قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ چوڭ يىغىندا، نېمىلەرنى دېيىش ھەققىدە تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.

**چوڭقايتقۇچ** ئى. بىرەر نەرسىنى تەلەپ قىلىنغان دەرىجىدە، ئەسلىدىكىدىن چوڭايتىپ بېرىدىغان ئەسۋاب.

**چوڭقايتقۇچ ئەينەك** <سانا> كۆپۈنكى لىنزىلارنىڭ ئورتاق نامى.

**چوڭقايتقۇزماق** «چوڭقايماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چوڭقايتماق** «چوڭقايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چوڭقايتىشماق** «چوڭقايتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چوڭقايتىلماق** «چوڭقايتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەن ئىشكاپ ئۈستىدىكى دادامنىڭ چوڭقايتىلغان سۈرىتىگە قارىدىم. * سابىر تەشمە ئىچىدە تۇرۇپ، چوڭقايتىلىۋاتقان تۆشۈك ئىچىدىن ئالدىدىكى مەنزىرىگە نەزەر سالدى.

**چوڭقايماق** پ ① ئىگىلىگەن ئورنى ھەجىم جەھەتتىن كېڭەيمەك، يوغىناماق: كېرەكسىز ئۆيلەر چېقىۋېتىلگەندىن كېيىن، قورۇ خېلى چوڭىيىپ قېلىپتۇ. ② ئۆسمەك، يېتىلمەك، يوغىناماق: بالىلارمۇ چوڭىيىپ قالدى، ئاچىلىرى ئۆگىنىشكە قارىيالايدۇ. * ھەسىنىم، سەن ھايات چېغىڭدا ئىشلەك ئالدىمىزغا قويغان ئۈجمە كۆچىتى چوڭىيىپ، ھازىر ھويلىمىزغا سايە تاشلايدىغان بولدى. ③ كۆچمە. كۆپەيمەك، ئاۋۇماق، ئۇلغايماق (ۋەقە، ھادىسە ۋە ئىش ـ ھەرىكەت ھەققىدە): مانا ئەمدى ئىش چوڭىيىشقا باشلىدى.

**چوڭ ـ چوڭ** ھەربىرى كىچىك بولمىغان، خېلى چوڭ: ئابدۇللا چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ، مەخسۇت بەگنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، دەرۋازا ئالدىدا بىرنەچچە كىشى ئادەتتىكىدەك كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇراتتى.

**چوڭچى** سۈپ. ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئابروييەرەس: باينىڭ قىزى بولسا ئەركە، ھۇرۇن ھەم

چوڭچى قىز ئىكەن.

**چوڭچىلىق** ئى. ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئادەت؛ يوغانچىلىق: چوڭچىلىق قىلماق. * ئۇنى كەمتەر، چوڭچىلىقى يوق، كىشىلەرنى ھۆرمەت قىلىدىغان، مېھىر-شەپقەتلىك، ئاددىي-ساددا كىشى دەپ ئاڭلىغانىدىم.

**چوڭقۇر** ① ئى. قېزىلغان، كولانغان، ئويۇلغان ياكى تەبىئىي ھاسىل بولغان ئويمان: ئۇ ئويۇقلۇقتا ئورنىدىن ئىتتىك قوپۇپ، يېنىدىكى چوڭقۇرغا چۈشۈپ كەتتى. ② سۈپ. تېرەن، ئويۇق: چوڭقۇر ئازگال. چوڭقۇر قۇدۇق. * قۇدۇق چوڭقۇر، ئارغامچا قىسقا (ماقال). ③ سۈپ. كۆچمە. ھەر تەرەپلىمە، ئەتراپلىق، كەڭ: چوڭقۇر بىلىم. چوڭقۇر چۈشەنچە. * ئارمىيەدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى تېخىمۇ كەڭ، چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز. * بىز ئىشنى چوڭقۇرراق قىلايلى، سىياسەتكىمۇ، ئۇسۇلغىمۇ دىققەت قىلايلى.

**چوڭقۇر يېرىلما** <گېئول> يەر پوستىدىكى چوڭ تىپتىكى سىزىقسىمان يېرىلما بەلباغ. ئۇزۇنلۇقى بىرنەچچە يۈز ھەتتا بىرنەچچە مىڭ كىلومېتىرغا يېتىدۇ. ئادەتتە ئۇ يەر پوستىنى كېسىپ ئۆتىدۇ.

**چوڭقۇرلاتماق** «چوڭقۇرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — يوللارنى ئېتىپ توسايلى، خەندەكلەرنى چوڭقۇرلىتىپ، قورغانلارنى ئېگىزلىتەيلى-دە، پۇرسەت كۈتەيلى، — دېدى ئۇ.

**چوڭقۇرلاشتۇرماق** «چوڭقۇرلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قىسقا سۆھبەت شائىرنىڭ بوۋايغا بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى.

**چوڭقۇرلاشتۇرۇلماق** «چوڭقۇرلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆگىنىش ئارقىلىق، يېزىلاردىكى پارتىيە ئەزالىرى بىر قېتىم مىللىي سىياسەت ۋە ئاتېئىزم تەربىيىسىگە ئىگە قىلىنىپ، بۇ ھەقتىكى تونۇشى چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى.

**چوڭقۇرلاشماق** پ. چوڭقۇرلىماق، چوڭقۇر بولماق، چوڭقۇر ھالغا كەلمەك: ئەمدى، ئىشىمىزنىڭ مەخپىي ئېلىپ بېرىلىشىنىڭ سەۋەبلىرىگە بولغان تونۇشۇم بۇرۇنقىدىن چوڭقۇرلاشتى. بۇنىڭ ماڭىلا ئەمەس، ھەممىمىزگە پايدىسى بولىدۇ دەپ قارايمەن.

**چوڭقۇرلۇق** ① «چوڭقۇر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئېرىقنىڭ چوڭقۇرلۇقى. ئەسەرنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى چوڭقۇرلۇقى. ② ئى. چوڭقۇر جاي؛ ئورا، ئازگال: ئېنى ئۈچ مېتىر كېلىدىغان چوڭقۇرلۇق. * قىز تېخىچە بىدار بولۇپ، بىر خىيال دېڭىزى چوڭقۇرلۇقىدىن ئىككىنچى بىر خىيال دېڭىزى چوڭقۇرلۇقىغا غەرق بولۇشنى يەنىلا داۋام قىلدۇرماقتا ئىدى.

**چوڭقۇرلىماق** پ. چوڭقۇر، تېرەن ھالغا كەلمەك، تېرەنلەشمەك: مەن ئەھۋالنى تولۇقراق بىلىش ئۈچۈن، چوڭقۇرلاپ سۈرۈشتۈردۈم. * ئۇ: — قەدىمىڭنى چاققان، ئۆزۈڭنى سەگەك، قۇلىقىڭنى تېخىمۇ دىڭ تۇتۇپ، لۈتپۇللالار ئۈستىدىكى نازارەتنى كۈچەيتسەڭ. ئۆزۈڭنى ئۇلارغا ئىلگىرىكىدىن ئىشەنچلىك كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ پوستىغا يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ كىرسەڭ، ئۇقتۇڭمۇ؟ — دېدى.

**چوڭ-كىچىك** چوڭ ۋە كىچىك، ئۇلۇغ-ئۇششاق: — مەن ھەممە چوڭ-كىچىك يىغىنلارغا تولۇق قاتنىشىپ كەلدىم، — دېدى ئادىل جاۋاب بېرىپ. * مەھەللىدىكى چوڭ-كىچىك، ئەر-ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ سۆزىنى زېرىكمەي ئاڭلايدۇ.

**چوڭلۇق** «چوڭ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: موزاي قوزۇققا چوڭلۇق قىلار (ماقال). * تاغ باغرىدا ئېسىلىپ تۇرغان ھەر خىل چوڭلۇقتىكى تاشلار ھازىرلا دومىلاپ چۈشىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

**چوڭلۇق بەلگىسى** <مات> بىر ساننىڭ ئىككىنچى بىر ساندىن چوڭلۇقىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە. بۇ «<» بىلەن

ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، $3>2$، $a>b$ .

**چوڭلىماق** پ. چوڭايماق، يوغانلىماق: ئۈچ يىل بۇرۇن تىكىلگەن شاپتۇل كۆچەتلىرى يىلدىن-يىلغا چوڭلاپ، مېۋە بېرىشكە باشلىدى. * دەل شۇ چاغ كالىمۇ كەلگەچكە يېتىپ، بۇ قاتتىق كۆلكىدىن تېرىكتى چېغى. سىلكىندى قۇيرۇقى، تىتىرىدى قۇلاق، پارقىرىدى كۆزلىرى چوڭلاپ چانىقى.

**چولا** ئى. ۋاقىت، پۇرسەت: بىكارنىڭ چولىسى يوق، قىلغىلى ئىشى يوق (ماقال). * ئەتىگەندىن تا كەچ كىرگىچە، قولۇم قىلچە بىكار ئەمەس، ئۇنى ئاز دەپ، ھەر كۈنى كىرىپ بولغۇچە، كاتىپ بىر قۇچاق ھۆججەتلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىدۇ، ئۇنى بىرمۇبىر ئوقۇپ چىقىشقا نەدە چولا.

**چولا تەگمەك** ۋاقىت، پۇرسەت يەتمەك: بۈگۈن چولام تېگىپتىكەن، بازارغا بېرىپ، يېڭى سويغان قوينىڭ گۆشىدىن ئەكىلىپ، مانتا ئەتتىم.

**چولاتماق** « چولىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چولاشماق** « چولىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چولاق** سۈپ ① قولى يوق ياكى قولىدىن ئايرىلغان: شۇنداق قىلىپ باي قولىدىن ئايرىلىپ، چولاق بولۇپ قېلىپتۇ. ② قۇيرۇقى يوق، قۇيرۇقى يۇلۇنغان، قۇيرۇقسىز: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۆدۈنىنىڭ قۇيرۇقى ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ چولاق بولۇپ قالغانىكەن. ③ سىپى سۇنغان ياكى كالتە: بىركۈنى ئۇلار شۇنداق قۇرۇق گەپلەرنى تالىشىپ تۇرغىنىدا، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن بىر ياناتاقچى بوۋاي ئورۇق ئېشىكىنىڭ لىڭگىلچىقىغا چولاق كەتمەننى قىستۇرۇۋېلىپ، ئۇلارغا سالام قىلىپ ئۆتۈپتۇ. ④ بىر قىسمى ئۈزۈلگەن ياكى كەمتۈك: مۇنداق چاغلاردا بىر قەدەم ئالغا سىلجىش، بىر چولاق تامنى ئىشغال قىلىش چوڭ غەلىبە ھېسابلىناتتى.

**چولانماق** « چولىماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چولپان** ئى ① <ئاستر> قۇياش سىستېمىسىدىكى توققۇز چوڭ پلانېتىنىڭ بىرى. ئۇ يەر شارىغا ئ.ى.ئ يېقىن بولۇپ، قۇياشتىن ھېسابلىغاندا ئىككىنچى پلانېتا (يۇلتۇز) دۇر؛ زۆھرە، ۋېنېرا: قاپقارا چېچىڭىز ئاپتۇ كۈمۈش رەڭ، شۇ نۇرلۇق يۈزلەردە يىللارنىڭ ئىزى. ۋە لېكىن شوخ كۆزلەر ياندۇ روشەن، بەئەينى تاڭدىكى چولپاننىڭ ئۆزى. ② تەنتەربىيە ئەدەبىيات — سەنئەت ساھەسىدە، ئالاھىدە ماھارەت كۆرسىتىش ئارقىلىق داڭ چىقارغان شەخس: كىنو چولپىنى، توپ چولپىنى. * كىچىكىدىنلا ئۇنىڭ قەلبىدە، لاۋۇلدىغاچقا مۇقام گۈلخېنى. چاقنىدى شۇڭا بۇلۇتلار يېرىپ، بولۇپ مەڭگۈلۈك سەنئەت چولپىنى. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى. ④ يېڭىسار ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**چولتا** سۈپ ① قىسقا: كەكىنىڭ سېپى سەل چولتا بولۇپ قاپتۇ، شۇڭا چاپقاندا تور بەرمەيۋاتىدۇ. ② كۆچمە. تولۇق ئەمەس، كەم، يېرىم-يارتا، چالا: چولتا قاراش. * تەربىيىنىڭ يولى ناھايىتى چوڭ، لېكىن ھەممە سەۋەبنى پەقەت مۇشۇ بىر تەرەپكىلا ئىتتىرىپ قويسىڭىز، چولتا بولۇپ قالىدۇ. ③ كۆچمە. ناكار، ئەيىبناق: — جاراھەتنىڭ ئوڭلانغىنىغا خېلى بولدى. بىراق، چولتا ئادەم بولۇپ قالدىم، ھېچقانداق ئوقەت قىلالمايمەن، كۈن ئۆتكۈزمەك تەس بولۇپ قالدى! — دېدى ئۇ ھەسرەت بىلەن.

**چولتوك** تەق. سۇغا تاش ياكى چالما چۈشكەندە چىقىدىغان ئاۋاز: ئابدۇرۇسۇل ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالىقىنىدىكى تاشنى دەرياغا چۆرۈۋەتتى. تاش توختىگۈلنىڭ كۆز ئالدىدىلا، چولتوك قىلىپ چۆكۈپ كەتتى.

**چولتوك ئەتمەك** « چولتوك » قىلغان ئاۋاز چىقارماق: بىر بالا سۇدا چولتوك ئېتىپ

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سۇ ئۇزۇپ كەلدى.

**چولتوككىدە** رەۋ. «چولتوك» قىلىپ، «چولتوك» قىلغان هالدا: قۇددۇسنىڭ قورسىقىغا جىن كىردى. ئۇ ئەتراپقا بىر قېتىم قارىۋەتكەندىن كېيىن، سەمەرجان دەسسەپ تۇرغان ئۇجمە شېخىنى بىرلا تارتىۋىدى، سەمەرجان چولتوككىدە كۆلگە چۈشۈپ كەتتى.

**چولتوكلاتماق** «چولتوكلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بالا بىر پۇتىدا ھەدەپ سۇنى چولتوكلاتماقتا ئىدى.

**چولتوكلاشماق** «چولتوكلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەن چوڭ يولدا كېتىۋېتىپ، بىرقانچە بالىلارنىڭ چولتوكلىشىپ سۇدا ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىردەم تۇرۇپ قالدىم.

**چولتوكلىماق** پ. «چولتوك» قىلغان ئاۋاز چىقماق، چولتوك ئەتمەك: هېلىدىن-هېلىغا بېلىقلارنىڭ چولتوكلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

**چولتىلىق** «چولتا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئوغلۇمنىڭ ئەقلى ئالدىدا، مېنىڭ ئەقلىم چولتىلىق قىلىپ قالدى.

**چولىماق** پ. رەختنىڭ قىرغىقى ياكى يىرتىق جايىنى تورلاپ، يۆمەپ تىكمەك: ئات تورۋىسىنىڭ يىرتىقىنى سىم بىلەن چولاۋاتقان هېزىم ئاكا ئۆزىچە غودۇڭشۇپ: ـ ئەپەندىنى زاپخوز قىلىپ قويغاندىن كېيىن شۇنداق بولىدۇ-دە، ـ دېدى.

**چوم** ئى. تۆگىگە توقۇيدىغان توقۇم؛ ئۇچلۇق: چوم تىكمەك. * ئابدۇلنىڭ بەللىرى مۈكچىيىپ، كاسىسى تۆگىنىڭ چومىغا چاپلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ بولالماي، تۆگىدىن ئۆزىنى تاشلىۋەتكىلى ئاز قاپتۇ.

**چوم ياغاچ** چومنىڭ ئىككى تەرىپىگە پاراللېل قويۇلىدىغان ياغاچ.

**چوماق** ئى. ① دەرەخ غولىنىڭ پۇتاقلىق جايى، قىسمى: بۇ دەرەخنىڭ چومىقى بەك جىق ئىكەن. * چومىقى جىق تاختاينى رەندىلەش قىيىن. ② ئۇچىدا پۇتىقى بار ياغاچتىن كېسىلگەن كالتەك؛ ئۇچى ئەگرى تاياق: تەلۋىگە چوماق تۇتقۇزما (ماقال). * جىگەرلىك ئاشىق-مەشۇق-لار بۆگۈن يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ ئاقىۋىتىنى سەگەكلىك بىلەن مۆلچەرلەپ، ئەتراپىغا قىران ياشلارنى تەشكىللىدى ۋە قىلىچ، چوماق، ئورغاق، پالتىلار بىلەن قوراللاندى. ③ تار س. بۇددا دىنىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدا «مۇسۇل-مان» دېگەنگە مەنىدىكى سۆز: ـ ۋايجان، بۇ گەپلەرنى نەدىن تاپتىڭ؟ ـ كۈنپېتىش ياقتىن كەلگەن بىر ئادەم ئۆگەتتى. ـ دېمەك، سەن ـ چوماق بولۇپسەن-دە؟ ـ هەئە.

**چوماقچى** ئى ① چوماق تۇتقان ئادەم: ئاسىم مەكتەپكە كېلىپ بىر ئاي بولغان كۈنى، تۇيۇقسىز ساقچى ئىدارىسىنىڭ چوماقچىلار ئەترىتى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلدى. ② كۆچمە. باشقىلار-نىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەيۋە قىلىدىغان، تاياق كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان كىشى؛ قولچو-ماق: شەرىخان موماي ئىمامنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ مۇددىئاسىنى بىلگەندىن كېيىن، ئىمامدىن قاتتىق يىرگەندى. چۈنكى، توختى بوۋاينىڭ ياسىن قازى چوماقچىلىرى تەرىپىدىن ئۇرۇلۇشىدا ئىمامنىڭمۇ قولى بار ئىدى.

**چوماقچىلىق** ئى. باشقىلار ئۈچۈن قولچوماق بولۇش ھەرىكىتى.

**چوماقلاتماق** «چوماقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چوماقلاشماق** «چوماقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چوماقلانماق** «چوماقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**چوماقلىق** سۈپ. چومىقى بار، چومىقى تولا: چوماقلىق ياغاچ. چوماقلىق تاياق. * مەنسۇر ئاكا ھەر ئېھتىمال ئۈچۈن بىر تال چوماقلىق تاياقنى راسلاپ قويۇپتۇ.

**چوماقلىماق** پ. چوماق بىلەن ئۇرماق؛

كالتەكلمەك، دۇمبالىماق.

**چومچى** ئى. چوم تىكىدىغان ئۇستا.

**چومچىلىق** ئى. چوم تىكىش كەسپى.

**چوملۇق** سۈپ ① چومى بار، چوم توقۇلغان: چوملۇق تۈگە. ② چوم ئۈچۈن تەييارلانغان، چوم بولىدىغان: چوملۇق كىگىز. چوملۇق پالاس.

**چون** ئى. دىئال. جۇۋاز ئوقىنىڭ يۇقىرى ئۇچىغا كىرگۈزۈلۈپ، كىندىككە بېكىتىلىدىغان ساپلىق ياغاچ.

**چوناق** سۈپ. قۇلىقى كېسىلگەن، قۇلىقى يوق: ئۇ شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا بىر قۇلىقىدىن ئايرىلىپ چوناق بولۇپ قالغانىدى.

**چونىسىز** سۈپ. دىئال. ئىگىسىز.

**چويلا** ئى ① دەرەخ شېخىنىڭ ئىنچىكە چىۋىقلىرىدىن ئۆرۈلگەن ياكى سىمدىن ئاراش قويۇپ توقۇلغان، قازاندىن چۆپ قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى سۈزۈپ ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سايمان: ئاۋۇت ئەتىگەندە تۇرۇپ چويلا، سېۋەتلىرىنىڭ كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، قايغۇرۇپ، كۆڭلى ئازابلىنىپتۇ. ② كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ چۆرنىكىنى ماڭغۇزۇپ بېرىدىغان يېرىم ئاي شەكىللىك سايمىنى.

**چويلا توپ** <تەن> ① توپ تۈرلىرى تەنھەرىكىتىنىڭ بىرى. توپ مەيدانى تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە بولۇپ، ئوتتۇرىغا بىر سېتكا تارتىلىدۇ. تەنھەرىكەتچى سېتكىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ، پالاق بىلەن توپنى ئۇرۇپ، سېتكىدىن ئۆتكۈزۈپ ئوينايدۇ. ئادەتتە ئۇ يەككە ئويناش ۋە جۈپ ئويناش دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. ② چويلا توپ تەنھەرىكىتىدە ئىشلىتىلىدىغان توپ. رېزىنكە توپ تېشىغا يۇڭ رەختنى ئوراش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

**چويلا ئوق** بىر ئۇچى كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ كاتەكچىسىگە، يەنە بىر ئۇچى چويلىغا تۇتاشقان، يېرىم چۆرۈلىدىغان ئوق.

**چويلىدا توختايدىغان** قىممىتى بار، پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان، ئەرزىگۈدەك: بۇ خېلى چويلىدا توختايدىغان ئاخبارات ئىكەن، ئەمدى گەپ، يېڭى ۋەزىيەتنى جىددىي ئۇرۇنلاشتۇرۇشتا.

**چويلىدا توختىغۇدەك** ← **چويلىدا توختايدىغان**: بىرنەچچە كىشى بىلەن سۆزلىشىش ئارقىلىق شۇنى ھېس قىلدىكى، ئىقلىمغا قوشۇلمىغۇچىلارنىڭ چويلىدا توختىغۇدەك ئاساسى يوق ئىكەن، بەزىلىرى ھەتتا شۇجىنىڭ قۇلىقىغا كۇسۇرلاپ: — سىز ئۇنى جۈيجاڭ قىلىپ قويسىڭىز، ئەتە-ئۆگۈن ئۇ سىزنىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويىدۇ، — دېيىشتى.

**چويلىدا توختىمايدىغان گەپ** قىممىتى يوق، پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغان، تۇتامى يوق، ئەرزىمەس گەپ: رەھىم ھاياجان ئىلكىدە، تەبەسسۇم بىلەن كۆزىنى بىردىنلا خاسىيەتكە تاشلىدى — دە: — ۋاي-ۋۇي، قويسىلا چويلىدا توختىمايدىغان گەپلىرىنى، ئۆزلىرىنى تېخى بىر ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن چاغلايلا تېخى، — دېدى.

**چويلىسىغا چۆپ چىقمايدىغان** قىلغان ئىشىدىن نەتىجە چىقمايدىغان، قۇرۇق پالاقلايدىغان.

**چويلىچىلىق** «چويلىچى» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: قىرىق ھۈنەر — ھۈنەر ئەمەس، ئەسلىي ھۈنەر — چويلىچىلىق (ماقال).

**چويۇن** ئى [ر] <سانا> تۆمۈر رودىسىنى ئېرىتىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدىغان قېتىشما. تەركىبىدىكى كاربون مىقدارى 1.7% — 4.5% ئارىلىقىدا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە فوسفور، گۈڭگۈرت، سىلتسىي قاتارلىقلارمۇ ئارىلاش كېلىدۇ. چۇرۇك كېلىدۇ، پىرىسلىغىلى بولمايدۇ. پولات تاۋلاش ۋە قۇيمىچىلىقتا خام ئەشيا

قىلىندۇ: چويۈن مەش. چويۈن توپ. * چويۈنىمكىن، پولاتىمكىن ئۇرما ئۇرغان قوللىرىڭ؟ ئۆستە ئىمكىن، دەريامىكىن. ئېلىپ ماڭغان سۇلىرىڭ.

**چويۈن توپ** <تەن> يېنىك ئاتلېتكىدا ئىشلىتىلىدىغان توپسىمان مېتال ئەسۋاب. ئىچى چويۈندىن، پوستى تۆمۈر ياكى مىستىن ئىشلىنىدۇ.

**چويۈن مەش** چويۈندىن قۇيۇلغان مەش.

**چۇ** I ئى. قىمار ئويۇنىدا، ئوشۇقنىڭ يۈزى (ئوڭ تەرىپى) يەرگە تېگىپ، تاپان تەرىپى ئۈستىگە چىققان ھالىتى. بۇ ھالەت قىمار ئويۇنىدا ئۇتتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ: چۇ چۈشمەك.

**چۇ چۈشمەك** قىماردا تاۋكاغا تاشلانغان ئوشۇق چۇ ھالىتىگە كەلمەك: ئوشۇق چۇ چۈشتىمۇ، سىيا چۈشتىمۇ، بۇنى ھېچكىم كۆرگىنى يوق.

**چۇ** II يۈك <تىل> ① سوئال يۈكلىمىسى بولۇپ: 1) جۈملىنىڭ خەۋەردىن باشقا نۇقتىلىق بۆلىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ جۈملىنىڭ سوئاللىق خەۋىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ: — تۇرسۇن كەلدى. — قادىرچۇ؟ — مەن بۇ قېتىم بارمايمەن. — كېيىنچۇ؟ 2) پەرەز بېقىندى جۈملىگە قوشۇلۇپ، سوئاللىق باش جۈملىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ: — چۈشتىن كېيىن كەلسىڭىز، شۇ ۋاقىتتا سۆزلەشسەك. — چۈشتىن كېيىن كېلەلمىسەمچۇ؟ 3) پېئىلنىڭ بەزى بولۇشسىز رەۋىشداش شەكلىگە قوشۇلۇپ، شۇ رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بولماسلىقىغا نىمە ئاساس بار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: — سىزمۇ كۆرەمسىز؟ — كۆرمەيچۇ! ② ئاڭلىغۇچىغا بىر ئىشنى چۈشەندۈرۈشتە، جۈملىنىڭ نۇقتا قىلىنغان بۆلىكىگە قوشۇلۇپ كېلىدۇ: مەنچۇ، ئەتە ئۇ يەرگە بارالمايمەن. ③ سۈپەتنىڭ «-لىق، -لىك، -لۇق، -لۈك» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ئىسىم شەكلىگە ۋە پېئىلنىڭ ھاللىق ئىسىمداش شەكىللىرىگە قوشۇلۇپ، بىر خىل ئۈستىلىمە ئۈندەش جۈملە ھاسىل بولىدۇ: ئۇ ناھايىتى ياخشى بالا، ئۈتكۈرلۈكچۇ تېخى. ④ پېئىلنىڭ بۇيرۇق-تەلەپ مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىگە قوشۇلۇپ: 1) مەسلىھەت، يېقىنلىق، ئامراقلىق تەرزلىرىنى بىلدۈرىدۇ؛ بىرىنچى شەخسنىڭ بىرلىكىدە شۇ ئىشنىڭ يېڭى ئەسكە ئېلىنغانلىقىنى بىلدۈرۈشىمۇ مۇمكىن: بىكار تۇرغۇچە كىتاپ كۆرەيچۇ. 2) شۇ ھەرىكەتنىڭ بولۇشىنى كۈتۈش مەنىسىنى كۈچەيتىدۇ: قېنى، سۆزلەپ باقسۇنچۇ، ئاندىن كۆرىمىز. 3) سىناق تۈس شەكلىدىكى پېئىللارنىڭ بۇيرۇق-تەلەپ مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىگە قوشۇلغاندا، بۇ ھەرىكەتتىن كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشەلمەسلىك، يامان ئاقىۋەتكە قېلىش تەرزلىرىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن: يامان بولساڭ، بىزنى بۇ يولدىن قايتۇرۇپ باقچۇ. ⑤ پېئىلنىڭ پەرەز-قارشىلىق مەيلىدىكى خەۋەر شەكىللىرىگە قوشۇلۇپ، پېئىلنىڭ يالۋۇرۇش رايى، ئەپسۇس رايى شەكىللىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. : يولداشلار، بىر دەم جىم تۇرساڭلارچۇ. * گەپ قىلساڭلارچۇ، كىشنى تەقەززا قىلماي.

**چۈپان** ئى [پ] پادىچى: تاغ چوققىسىدىكى قاردەك، ئاپئاق قالپاق كىيگەن چۈپاننىڭ كەكە ساقىلى چارلىشىپ قالغانلىقىغا قارىماي، يۈزى ياشلارنىڭكىدەك قىپقىزىل ئىدى.

**چۈپانلىق** «چۈپان» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: چۈپانلىق قىلماق. * كۆكە ئائىلىسىدىكى كەمبەغەللىك تۈپەيلىدىن، كىچىكىدە چارۋىدارلارنىڭ مال-پادىسىغا ئىشلەپ، بالا چۈپانلىق تۇرمۇشىنى

كەچۈرۈشكە توغرا كەلدى.

**چۇپۇر** ① ئى. ئۆچكە، ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ يىرىك يۇڭى؛ قىلچىق، موي: قوشنىسى ئۆچكە چۇپۇرىدا ئىس سېلىپ، كۆك پىت چېقىۋالغان باينى قۇتقۇزماقچى بولۇپتۇ. ② سۈپ. يىرىك، چىڭگىلەك؛ غۇژمەك: چۇپۇر باش، چۇپۇر قاش. * ھېلىقى چۇپۇر باش قېرىنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى؟ * يولدا ئالدىراپ كېتىۋاتقان چار ساقاللىق، قاڭشارلىق، چۇپۇر قاشلىق يېزا مەسچىتىنىڭ ئىمامى ھېلىمئاخۇن ئۇلارنى كۆرۈپ، خۇشال ھالدا كەلدى.

**چۇپۇرلۇق** سۈپ. ھەممە يېرىنى چۇپۇر قاپلىغان، چۇپۇر باسقان.

**چۇچا** ئى. كىگىز، گىلەم ياكى خۇرجۇن قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئەتراپىغا ياكى مەلۇم جايىغا قويۇلغان يىپ ياكى يۇڭ تالاسى؛ پۆپۈك: چۇچا چىقارماق. چۇچا بېكىتمەك. * سابىر چۇچىسى بار لۆڭگىنى مۇرىسىگە سېلىپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئاپتۇۋا-چىلاپچا ئېلىپ كەلدى.

**چۇچا تۇتماق** كىگىز، گىلەم ياكى خۇرجۇن قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئەتراپىغا ياكى مەلۇم جايىغا چۇچا ئورناتماق، چىقارماق: ئۇنىڭ يېنىدا قىلچىلىق ئىككى ئاتلىق قىز تۇراتتى. توغ ئۇزۇن ئۇچ بۇرجەك قىزىل دۇردۇندىن تىكىلگەن بولۇپ، چەتلىرىگە سېرىق چۇچىلار تۇتۇلغانىدى.

**چۇچاق** ئى. بال س. ئوغۇل بالىنىڭ تاناسىل ئەزاسى.

**چۇچىلا** ئى. چالا كۆيگەن ئوتۇن: چۇچىلا بولماق. چۇچىلا قىلماق. * مەغپىرەتخان ئاچا سۆزلىگەچ، كۆلۈڭگىغا تېرىلىپ كەتكەن قوناق شېخىنىڭ چۇچىلىسى بىلەن تېزەكلەرنى لاخشىگىردا تارتىپ، يېتىم ئوچاققا تىزدى.

**چۇچىلىق** سۈپ. چۇچىسى بار، چۇچا قويۇل- غان: چۇچىلىق داستىخان. چۇچىلىق ياغلىق. * چۇچىلىق يىپەك رومالغا پۈركىنىۋالغان لەيلىگۈلنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان قىزلار ناخشا ئېيتىشىپ، ئۇسسۇل ئوينىماقتا.

**چۇخەي** ئى [خەن] <كي> يۈزى بىرىپىنتىن، ئاستى كاۋچۇكتىن ئىشلەنگەن ئاياغ كىيىمى.

**چۇخچىلاتماق** «چۇخچىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چۇخچىلاشماق** «چۇخچىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەريەمخان چۈشلۈك تاماق ئېتىش ئۈچۈن بازارغا سەي ئالغىلى كەتكەندە، باللىرى ئوچاقتىكى ئوتنى چۇخچىلىشىپ ئويناپ، ئاپىسى كەلگۈچە ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويىدى.

**چۇخچىلانماق** «چۇخچىلماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چۇخچىلماق** پ. چوقۇپ، ئۇ يان-بۇ يان ئۆرۈمەك؛ ئاغدۇرماق، كوچىلماق، مالتىلا- ماق: مەن كۆسەي بىلەن تونۇردىكى ئوتنى چۇخچىلىدىم. * ئۇ گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن يەرنى چۇخچىلاپ، بوشاپ قالغان خىشلارنى چۈشۈرۈۋەتتى.

**چۇر** تەق. قۇشلارنىڭ سايرىشىدىن چىققان ياكى شۇنىڭغا تەقلىد قىلىنغان ئاۋاز: تاڭ سەھەرنىڭ سۈزۈك ئاسمىنىدا تورغايلار بەس-بەستە چۇر قىلىپ سايرىشاتتى.

**چۇر-چۇر** «چۇر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: پۈشتىكىمنى كالپۇكۇمغا ئاپىرىپ، قوۋزۇمنى كۆپتۈرۈپ بىر پۈۋلىۋىدىم، ھاي-ھاي! «چۇر-چۇر...» قىلىپ قۇلاقنى يېرىۋەتكۇدەك زىل ئاۋاز چىقتى.

**چۇرچۇق** ئى <بوت> يۇلغۇننىڭ چېچەك پۆپۈكى.

**چۇرىدە** رەۋ «چۇر» قىلىپ، «چۇر» قىلغان ھالدا: ئۇۋىدىكى قۇشقاچ باللىرى ئانا قۇچقاچنىڭ دان ئېلىپ كەلگەنلىكىنى سېزىپ، چۇرىدە سايرىشىپ كەتتى.

**چۇرقا** ئى. دىئال. قۇرۇپ، سۇنۇپ يەرگە چۈشۈپ، بېسىلىپ كەتكەن ئوتۇن-ياغاچ

ۋە چۆپلەرنىڭ ئۇۋاقلىرى.

**چۇرقىراتماق** «چۇرقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ئابىت پوچىنى جىلە قىلىش ئۈچۈن، پۇشتىكىمنى بار كۈچۈم بىلەن چۇرقىرىتىپ چېلىۋەردىم.

**چۇرقىراشماق** «چۇرقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەيدان سىرتىدا تاماشا كۆرۈۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىمۇ جىددىيلىك باشلاندى. ئۇلار: ــ غەيرەت قىل، سالە، سال ــ دەپ چۇرقىراشتى.

**چۇرقىرىماق** پ «چۇر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «چۇر» قىلىپ توۋلىماق، ۋارقىرىماق: بالا بۇ سۆزنىڭ تېگى-تەكتىنى چۈشەنمەي، خۇشال بولۇپ چۇرقىرىدى، دادىسىغا مەھكەم چاپلىشىپ، ئەركىلەپ، ئۇنىڭ ساقىلىنى بىرنەچچە رەت سىلىدى.

**چۇرچىلىق** ئى. دىئال. قومۇشنىڭ ئورۇۋېلىنغاندىن كېيىنكى قالغان كۆتەك قىسمى.

**چۇرۇق** ① تەق. قۇشقاچلارنىڭ سايرىشىدىن چىققان ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋاز: ئۈچ تەرەپتىكى ئۆگزىلەردىن قومۇرۇلغان خىشلار قارس-قۇرس قىلىپ يەرگە چۈشتى، بىراق ئۆيدىن، هويلىدىن چۇرۇق قىلغان ئاۋازمۇ چىقمىدى. ② ئى. سېغىز لايدىن پىشۇرۇپ ياسالغان «چۇر-چۇر» - قىلىپ ئاۋاز چىقىرىدىغان پۇشتەك.

**چۇرۇق-چۇرۇق** «چۇرۇق» سۆزى ① نىڭ تەكرارلىنىشى: چۇرۇق-چۇرۇق قىلىپ سايرىماق.

**چۇرۇقلاتماق** «چۇرۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چۇرۇقلاشماق** «چۇرۇقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سەھەر قۇياشنىڭ نۇرىغا پۈركەنگەن گۈزەل جىلغىدا، قۇشلار شوخ چۇرۇقلىشىشقا باشلىدى.

**چۇرۇقلىماق** پ «چۇرۇق-چۇرۇق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، سايرىماق: ئاق قۇشقاچ چۇرۇقلايدۇ، چاڭگىسىنى تاپالماي. تالىپ باللار يىغلايدۇ، داموللامنى تاپالماي.

**چۇرۇلداتماق** «چۇرۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چۇرۇلداشماق** «چۇرۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار ئەمدى ئۇيۇن قىزىيدىغان بولۇپ دېگەن ئوي بىلەن چاۋاك چېلىشىپ، قۇشقاچتەك چۇرۇلدىشىپ كەتتى.

**چۇرۇلدىماق** پ «چۇر-چۇر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «چۇر-چۇر» قىلماق، چۇرۇقلىماق: تاغ قۇشلىرىنىڭ قۇياش بىلەن ۋىدالىشىپ چۇرۇلداشلىرى، ئۆزىنىڭ باللىق چاغلىرىدا، خۇددى مۇشۇ تولغىنىپ ئېقىۋاتقان سۇ بويىدا بىر توپ باللار بىلەن شۇ ئاي يۈزلۈك قىزنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، چۇرۇلداپ ئوينىغان چاغلىرىنى يادىغا سالاتتى.

**چۇس** سۈپ. بىرەر ئىشتا ئۆزىنى تۇتالمايدىغان، ئاسان خاپا بولىدىغان، ئوڭاي تېرىكىدىغان؛ يەڭگىل: چۇس ئادەم. چۇس مىجەز. * سىزنىڭ ناهايىتى چۇس ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن! لېكىن بۈگۈن ئۆزىڭىزنى مەيلىڭىزگە قويۇۋەتمەي، كاللىڭىز بىلەن ئويلاپراق ئىش قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. * ئەسلىدە رازىيە چۇس ئەمەس، ئەمما «گەپكە گەپ كەلگەندە ئاتاڭدىن قايتما» دېگەندەك، خېلى-خېلىسىگە گەپ بەرمەيدۇ. ئۇنى كەمستىمەن دېگەن ئادەم ئەخمەق.

**چۇسا** ئى [خەن] <زوئول> بىر خىل هاشارات. تېنى ياپىلاق، جىگەر رەڭ بولۇپ، قورسىقى چوڭ كېلىدۇ؛ تېنىدا سېسىق بېزى بولىدۇ، ئادەم ۋە هايۋانلارنىڭ قېنىنى شورايدۇ: چۇسا چاقماق. * شالىن چېچىپ خۇراپات ئىنسانلارنى ئالدايدۇ، شۇ ئارقىلىق چۇسىدەك ئەل قېنىنى شورايدۇ.

**چۇسلاشماق** پ. چۇس هالەتكە كەلمەك، سەپرالاشماق، تەرسالاشماق: سىدىق

ئۇستام بابا سىخ ئىشخانىسىغا چىقىپ كىرگەندىن بىرى مىجەزى چۇسلىشىپ، خۇددى قوقاستا دەسسىۋالغاندەك، بىر جايىدا تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى.

**چۇسلۇق** «چۇس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: چۇسلۇق قىلماق. * ئاپام مىجەزىمدىكى كەمدىن كەم كۆرۈلىدىغان بۇ چۇسلۇققا ھەيران بولۇپ جىمىپ قالدى.

**چۇشلۇق** (توغرىسى: تۇشلۇق) ← تۇشلۇق.

**چۇغلۇق** ئى <بوت> ئېيىق تاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى تۇخۇم شەكىللىك ياكى تۆمۈنە شەكىللىك؛ يەر ئاستىدا توم ۋە سېمىز تۈگۈنەك يىلتىزى بولىدۇ، گۈلى چوڭ ۋە چىرايلىق، رەڭگى قىزىل (قىزىل چۇغلۇق)، ئاق (ئاق چۇغلۇق)، شاپتۇل چېچىكى رەڭگىدە بولىدۇ؛ مەشھۇر مەنزىرە ئۆسۈملۈكى ھېسابلىنىدۇ. تۈگۈنەك يىلتىزى دورا بولىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىش، ھېيز كەلتۈرۈش رولىغا ئىگە.

**چۇغۇندان** ئى <بوت> كىرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تېنىدە يۇمشاق ئاق تۈكلىرى بولىدۇ، غولى تىك ئۆسىدۇ، ئۈچ تەرىپىدە ئىنچىكە شاخلىرى بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ ۋە پەيسىمان ھالەتتە تولۇق يېرىلىدۇ، گۈلى كىچىك ۋە سېرىق بولۇپ، ئومۇمىي گۈل رېتىدە كېلىدۇ؛ مېۋىسى ئۇزۇن يىپ ياكى مۇڭگۈز شەكلىدە بولىدۇ، ئۇرۇقى كىچىك، ياپىلاق ۋەتۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، قوڭۇر كېلىدۇ؛ ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ، بەلغەم بوشىتىش، دەم سىقىلىشنى پەسەيتىش، ئۆپكىنى تازىلاش رولىغا ئىگە.

**چۇغۇندەك** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. بېشى ۋە تۇمشۇقى تەكشى ياپىلاق كېلىدۇ، تۇمشۇقى ئۈچ بۇرجەك بولۇپ، جىيەكلىرىدە ئۇششاق تۈكلىرى بولىدۇ؛ پەي-تۈكلىرى كۈل رەڭ قوڭۇر بولۇپ، قارامتۇل سەپكۈنلىرى بولىدۇ؛ كېچىدە ھەرىكەت قىلىپ، ھاشارات تۇتۇپ يەيدۇ.

**چۇقا** ئى <بوت> چۇقا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ؛ گۈلى سارغۇچ يېشىل، باشاقسىمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ؛ غوزىلىق مېۋىسى تۇخۇم شەكلىدە، يىلتىزى توم بولىدۇ؛ يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ، يۇرەكنى كۈچەيتىش، قىزىتمىنى قايتۇرۇش، ياللۇغلىنىشنى توسۇش رولىغا ئىگە.

**چۇقا ئائىلىسى** <بوت> قوش پەللىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر ئائىلىسى. بۇ ئائىلىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆپىنچىسى سامان غوللۇق بولىدۇ، ياغاچ غوللۇقلىرىدا يۇلتۇزسىمان تۈكچىلەر بار، يوپۇرمىقى ئۇدۇل ئۆسىدۇ، گۈلى قوش جىنسلىق كېلىدۇ.

**چۇقاتماق** ئى. دەرەخ شاخلىرىنىڭ كېسىلگەن، سۇنغاندىن كېيىن قالغان ئاچىماق قىسمى؛ پۇتاق: تۇغۇلغاندىن باشلاپ، ئەتە-ئاخشاملىرى بۇ ئۈجمە دەرىخى يېنىدىن كۆرمىگ قېتىملاپ ئۆتۈپ، ھەربىر چۇقاتماقمۇ كۆزىگە سىڭىپ قالغان سۇپۇرگىتاخۇن بۇ گەۋدىنى ئاسانلا سېزىۋالدى.

**چۇقان** ئى. ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋاز؛ سۈرەن: چۇقان سالماق. چۇقان كۆتۈرمەك. * قىزلارنىڭ شوخ كۈلكىلىرى، ئوغۇللارنىڭ چۇقانلىرى كوچىلارغا جان كىرگۈزگەن.

**چۇقان سالماق** قالايمىقان، تەرتىپسىز تووۋلىماق، سۈرەن سالماق: پەرىزاتنىڭ

خىزمەتكارلىرى شاھزادىنى كۆرۈپ قاپتۇ. بىر خىزمەتـ
كار: ــ ۋاي، بىر ئادەمزات راۋاقتا چىقىپ كەلدى،
ــ دەپ چۇقان سېلىپتۇ.

**چۇقان كۆتۈرمەك** ① قالايمىقان، تەرتىپسىز
تۇۋلىماق، سۈرەن سالماق: ئۇلارنىڭ كۆتۈرگەن
چۇقانلىرى خېلى جايلارغىچە ئاڭلىنىپ تۇردى. ②
جودا چىقارماق، غوۋغا كۆتۈرمەك: مەتسىيىتمۇ:
ــ ئەزەلدىن شۇنداق، زاراختە قىلىنمىسا، قۇم
باسقان يەردىن تاش چىقسا چىقىدۇكى، ئاش چىقمايدۇ،
ــ دەپ چۇقان كۆتۈرۈپتۇ.

**چۇقانچى** ئى. چۇقان سالىدىغان ئادەم:
گۈلنىڭ ھېلىقى چۇقانچىلار تەرىپىدىن چەيلىۋېتىلگەنلىكىنى
ئۇققىنىمدا، خۇددى سىزگە ئوخشاشلا ئازاب چەكتىم.

**چۇقان-سۈرەن** ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلغان
خىلمۇخىل قالايمىقان ئاۋاز؛ ۋاراڭ-چۇرۇڭ:
ماشىنىلار ۋە ئادەملەر بىلەن قايناپ تۇرغان چوڭ
كوچىدىن ئۆزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇرغان خىلمۇخىل
چۇقان-سۈرەنلەرمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى.

**چۇقانلىق** سۈپ. چۇقان سېلىنغان، چۇقان
كۆتۈرۈلگەن، چۇقان-سۈرەن چىققان: قالدى
شوخ، چۇقانلىق بالىلىق ھايات، يىگىتلىك يولغا
سالغىنىمدا ئات. چىللىدى باتۇرلۇق بايرىقى مېنى،
خوش دوستلار! دېدىم مەن قاققاندا قانات.

**چۇقۇر** ← **چوڭقۇر**: يامان كۆرگەن دۈشمىنىم
گۆرگە تىقىلدى، ماڭا قازغان چۇقۇرغا ئۆزى يىقىلدى.

**چۇك** تەق. چۈجىلەرنىڭ سايرىشىدىن
چىققان ئاۋاز.

**چۇك-چۇك** «چۇك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**چۇكۇلداتماق** «چۇكۇلدىماق» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئانا توخۇ بىر توپ
چۈجىسىنى چۇكۇلداتقىنىچە ئەگەشتۈرۈپ، دان
ئىزدىمەكتە ئىدى.

**چۇكۇلداشماق** «چۇكۇلدىماق» پېئىلىنىڭ
ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۇكۇلدىماق** پ «چۇك-چۇك» قىلغان
ئاۋاز چىقارماق، «چۇك-چۇك» قىلماق:
سا چۈجىنىڭ چۇكۇلدىغىنىغا خوش (ماقال). * بۇرۇنقى
چاغلىرىم بولسىغۇ، چۇكۇلداپ قاچقىنىڭغا قويماي،
سا چۈجىنى ئالغاندەك ئالغان بولاتتىم، خەيرىيەت.

**چۇڭ** تەق. يىراقتىن قۇلاققا ئاڭلانغان ئىنچىكە
ۋە جاراڭلىق ئاۋاز.

**چۇڭ-چۇڭ** «چۇڭ» سۆزىنىڭ
تەكرارلىنىشى.

**چۇڭچىڭ** مەملىكىتىمىزنىڭ سىچۈەن ئۆلكە-
سىدىكى بىر چوڭ شەھەرنىڭ نامى.

**چۇڭچىڭ سۆھبىتى** <تارىخ> دۆلەتنىڭ
ئىچكى قىسمىدىكى تىنچلىق ئۇچۇن ماۋزې-
دوڭ جۇئېنلەي، ۋاڭ رۇفى قاتارلىقلارنىڭ
ھەمراھلىقىدا، 1945-يىلى 8-ئاينىڭ
10-كۈنى چۇڭچىڭغا بېرىپ، گومىنداڭ
بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت. سۆھبەتتىن
كېيىن 10-ئاينىڭ 10-كۈنى، «گومىن-
داڭ-كومپارتىيە ۋەكىللىرى سۆھبىتىنىڭ
مۇھىم خاتىرىسى» يەنى «10-ئۆكتەبىر
كېلىشىمى» ئىمزالانغان. ئۇنىڭ مەزمۇنى:
ئىچكى ئۇرۇشتىن قەتئىي ساقلىنىش،
تىنچلىق، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق،
بىرلىك ئاساسىدا مۇستەقىل، ئەركىن،
باي ۋە كۈچلۈك جۇڭگو قۇرۇشتىن ئىبا-
رەت. ئەمما ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا،
كېلىشىم گومىنداڭ تەرىپىدىن يىرتىپ
تاشلانغان.

**چۇل-چۇل** پارچە-پارچە، كۇكۇم-تالقان،
كۇمپەيكۇم: گۈل ئاشىقى ئەي بۇلبۇل، تۇر،
سايرا، ناۋا قىلغىن، سۇندى قەپىسىڭ چۇل-چۇل،
ئۇچ، سەيرى ھاۋا قىلغىن.

**چۇل-چۇل بولماق** سۇنۇپ، چېقىلىپ،
ئۇششاق، پارچە بولۇپ كەتمەك؛
كۇكۇم-تالقان بولماق، كۇمپەيكۇم بولماق:
بۇ دوختۇرخانا ئاتۇش ناھىيە شۇرۇق ئوتتۇرا مەكتەپ

ئوقۇتقۇچىسى قۇربان مەخسۇمنىڭ سۆزىنى، سۆڭەكلىرى چۈل-چۈل بولۇپ كەتكەن پۈتنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

**چۈل-چۈل قىلماق** چېقىپ، سۇندۇرۇپ، يېرىتىپ ئۇششاق ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ كۇكۇم-تالقان، كۇمپەيكۇم قىلماق: مەيداندىن تېپىلگەن توپ ئۇچۇپ بېرىپ، مۇتەللىپنىڭ بىلىكىدىكى سائەتكە «پاق» قىلىپ تەگدى-دە، سائەتنىڭ ئەينىكىنى چۈل-چۈل قىلىپ سۇندۇرۇۋەتتى.

**چۈلدا** ئى. كەكە، پالتا، بولقا، كەتمەن قاتارلىق تىغلىق ئەسۋابلارنىڭ كەينى تەرىپى: ھەسەن جېدەللىشىۋاتقانلاردىن بىرىنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ مېڭىشىغا، يەنە بىرى كەتمەننىڭ چۈلدىسى بىلەن ھەسەننىڭ غولىغا بىرنى ئۇردى.

**چۈلدۈر** تەق. قۇشلارنىڭ سايرىشىدىن چىققان ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋازلار.

**چۈلدۈرلاشماق** «چۈلدۈرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: چىرايلىق ياسانغان بۇ قىز بۇ قاپقارا، سەت بالىدىن ئۈركۈۋاتقاندەك قارايتتى، لېكىن كەچ بولغاندا، ئۇ ئىككىسى چۈلدۈرلىشىپ ئۆيىنى بىر ئالدى.

**چۈلدۈرلىماق** پ. ئىنچىكە، ئۈنلۈك قىلىپ، توختىماي سۆزلىمەك، زىل ئاۋاز بىلەن ئىتتىك سۆزلىمەك: توينىڭ ئىچىدىكى ئاق يۈزلۈك، چېچەكلەك چاچ ئايال چۈلدۈرلاپ سۆزلەيتتى.

**چۈلدىلىق** سۈپ. چۈلدىسى بار، چۈلدا چىقىرىپ ياسالغان: ئەسلىدىكى ھەجىمدىن ئۈچتىن بىرىلا قېپقالغان ياپىلاق چۈلدىلىق پۈچۈق كەتمەن بىلەن، ئورمان ئاسراش قورالى — كالتە ساپلىق ئايپالتا ھەم ئامبۇرسىمان قايچىنى بىر قاراپلا كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى.

**چۈلغاتماق** «چۈلغىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چۈلغاشماق** «چۈلغىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىرھازا جىمجىتلا كەتتۇق ئولتۇرۇپ، كابىنكا تۇس ئالدى باشقىچە سۈرلۈك. نېمىشقا توساتتىن خۇيلاندى ئۇستام، كاللامغا خىياللار چۈلغاشتى تۈرلۈك.

**چۈلغانماق** ① «چۈلغىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى. ② تولماق، پۈركەنمەك، چۆممەك: ياپيېشىل ئېتىزلاردا ھايات قايناق، كۆمۈش سۇ ئېرىقلاردا تولغىنىدۇ. كاككۇكنىڭ ئۈنى كەلسە يىراقلاردىن، يۈرەكلەر ھاياجانغا چۈلغىنىدۇ.

**چۈلغىماق** پ ① قاپلىماق، پۈركىمەك. ② كۆچمە. ئىگىلىمەك، بەند قىلماق، چىرمىماق، ئورىماق: تاشۋاي ئارتۇق چىداپ تۇرالمىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى پىغان چۈلغىۋالغانىدى.

**چۈلۈق** I سۈپ. دىئال. ئېتى پىشىپ، ئېزىلىپ كەتكەن: بۇ تاۋۇز چۈلۈق بولۇپ قېلىپتۇ.

**چۈلۈق** II دىئال. تەق. ئىچىدە سۇيۇقلۇق بولغان نەرسىلەرنى سىلكىگەندە ئىچىدىن ئاڭلانغان ئاۋاز: بالا تاۋۇزنى قولىغا ئېلىپ، قۇلىقىغا يېقىن ئەكىلىپ سىلكىدى «چۈلۈق» قىلىۋىدى يەنە يەردە قويدى.

**چۈلۋۈر** ئى ① ئۇلاغنىڭ نوختا ۋە يۈگىنىگە بېكىتىلگەن، ئۇلاغنى يېتىلەش ۋە باغلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تانا: ئۇ ئېتىنىڭ چۈلۋۈرنى چىڭ تارتىپ، يان كوچا ئىچىگە قاراپ ئاستا ماڭماقتا ئىدى. ② كۆچمە. بىراۋنىڭ باشقۇرۇلۇشى، ئىختىيارى، ئەركىنلىكى، تەقدىرى: ئۇنىڭ چۈلۋۈرى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋۇشۇبىڭنىڭ قولىدا بولۇپ، كۆرسەتمىلەرنى ئۆزى بىۋاستە بېرىپ تۇراتتى.

**چۈلۋۈرلۈق** سۈپ ① چۈلۋۈرى بار، چۈلۋۈر بېكىتىلگەن: چۈلۋۈرلۈق ئېشەك. چۈلۋۈرلۈق ئات. ② چۈلۋۈر قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان، چۈلۋۈر قىلىشقا لايىق: چۈلۋۈرلۈق تانا. چۈلۋۈرلۈق تاسما.

**چۈما** ئى [ر] <تب> جىددىي خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەل. بۇنى چۈما تاياقچە باكتېرىيىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چاشقان، توشقان ۋە سۇغۇر قاتارلىق غاجىلىغۇچى

ھايۋانلار بۇ كېسەل بىلەن ئاغرىغاندىن كېيىن، بۇرگە ئارقىلىق ئادەمگە يۇقىدۇ. كېسەل ئالامەتلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن بەز چۇماسى، ئۆپكە چۇماسى ۋە سېپتىسېمىيە تىپىدىكى چۇما دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ: ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك ئاپەتلىرىدىن بولغان ياۋا چېچەك، چۇما قاتارلىقلار بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادىن يوقالماقتا.

**چۇمبەت** (توغرىسى: چۇمپەردە) ← چۇمپەردە.

**چۇمۇل** ئى <ئىرق> ئۇيغۇرلارنىڭ 11-ئەسىردىكى قەبىلىلىرىدىن بىرى.

**چۇھ** ئىم. ئات، ئېشەكلەرنى مېڭىشقا ئۈندەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سۆز: ئۇ «چۇھ!» دەپ ئاتقا بىر قامچا سېلىۋىدى، ئات كۈچىنىڭ شەرقىغە قاراپ ئىتتىك مېڭىپ كەتتى.

**چۇۋاش** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ياكى شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**چۇۋاش تىلى** <تىل> تۈركىي تىللارنىڭ بىرى، يەنى چۇۋاشلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چۇۋاش ئاپتونوم سوۋېت سوتسىيالىستىك رېسپۇبلىكىسىدا قوللىنىلىدۇ.

**چۇۋاشچە** ① سۈپ. چۇۋاشلارغا خاس. ② ئى. چۇۋاش تىلى ۋە يېزىقى.

**چۇۋاشلار** ئى <ئىرق> تۈركىي خەلقلىرىدىن بىرى يەنى چۇۋاش مىللىتى، چۇۋاش خەلقى. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چۇۋاش ئاپتونوم سوۋېت سوتسىيالىستىك رېسپۇبلىكىسىدا ياشايدۇ.

**چۇۋالچاق** سۈپ. باش-ئايىغى يوق، رەتسىز، قالايمىقان: چۇۋالچاق ئىش. چۇۋالچاق پىكىر. * ئۇچاستكىمىزنىڭ ئىشلىرى تېخى ناھايىتى چۇۋالچاق، چوڭ تۈزەشكە توغرا كېلىدۇ. * بۇ بەگزادە كاللىسى ئاددىي، پىكرى چۇۋالچاق، گەپ-سۆزى تېتىقسىز، قىلىقى چاكىنا بىر ئادەم ئىدى.

**چۇۋالچاقلاشتۇرماق** «چۇۋالچاقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: رەيھانەم چوڭ يىغىننىڭ كەيپىياتىنى قوچۇپ، چۇۋالچاقلاشتۇرۇپ باشقا تەرەپكە بۇرىماقچى بولغان ئۇرۇنۇشلارنى كۆرۈپ، بايقاپ ئولتۇراتتى.

**چۇۋالچاقلاشماق** پ. چۇۋالچاقلاشماق، رەتسىز، چېچىلاڭغۇ، قالايمىقان ھالەتكە كەلمەك.

**چۇۋالچاقلىق** «چۇۋالچاق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: دوختۇر ئۇنىڭغا دوختۇرخانىدىكى چۇۋالچاقلىق، ھۆكۈمەتسىزلىك خاھىشىنىڭ ئېغىرلىقى قاتارلىقلار ئۈستىدە شىكايەت قىلغاچ، بالىنىڭ پۇتىنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ، تېڭىپ قويدى.

**چۇۋۇتماق** «چۇۋۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بەگەچۇماقچىلىرىغا بۇيرۇق بېرىپ، ئاران رەتلەپ بېسىپ قويغان ئوتلىرىمنى چۇۋۇتىۋەتتى.

**چۇۋۇر** تەق. ئۇچار قۇشلارنىڭ سايرىشىدىن چىققان ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋازلار.

**چۇۋۇر-چۇۋۇر** «چۇۋۇر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**چۇۋۇرلاشماق** «چۇۋۇرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ سۆزىنى قوللاپ، چۇۋۇرلىشىپ كېتىشتى. * گايىتئاخۇنىنىڭ پىكرى مەجلىسنى جانلاندۇرۇۋەتتى، كۆپچىلىك تەرەپ-تەرەپتىن: — گايىت دۇيجاڭنىڭ دېگىنى توغرا، — دەپ چۇۋۇرلاشتى.

**چۇۋۇرلىماق** پ «چۇۋۇر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق؛ ئىتتىك-ئىتتىك سۆزلىمەك، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلماق: خەمت دىلشاتقا تەگكۈزۈپ نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى ئىدى، باللار تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى-دە، چۇۋۇرلاشتىن توختاپ، كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى.

**چۇۋۇشتۇرماق** «چۇۋۇشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گەرچە بەگنىڭ يۈرىكى ھازىر بولسىمۇ مەرغىلانغا ئۇچۇشقا تەييار ئىدى، بىراق، ئۇنىڭ يۈرىكىدىن كۆچلۈك بولغان يەنە بىرنەرسە «بىرىش» مەسىلىسىنى چۇۋۇشتۇرۇپ، «مەلۇم ئەمەس» بىر ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى.

**چۇۋۇشماق** «چۇۋۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۇۋۇق** سۈپ. چۇۋۇلغان، تىتىلغان، بۇزۇلغان، چېچىق: چۇۋۇق بورا. چۇۋۇق سېۋەت. چۇۋۇق باغ. * ھېلىقى شوپۇر بۇ چۇۋۇق تەنزىنى تاشلاپ ئۆتۈپ كېتىشكە كۆزى قىيمىدى.

**چۇۋۇلماق** «چۇۋۇماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇ ئەسنادا، يىراقتىن كېلىۋاتقان ئايشەمخانىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ يالاڭباش، چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالەتتە پۈتۈن مەھەللىنى بېشىغا كىيىپ، نالە قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. * ھېلىقى بوغالتېرنى قانداق قىلىمىز؟ ئۇنىڭ ھېساباتىنى ئاچسىلا، ئىش چۇۋۇلىدۇ.

**چۇۋۇماق** پ. توقۇلغان، تېڭىلغان، ئۆرۈمەك، بىر پۈتۈن نەرسىنى تىتىپ بۇزماق، پارچە-پارچە قىلماق، چۇۋۇق ھالەتكە كەلتۈرمەك: بوپىنى چۇۋۇماق. ئۆينى چۇۋۇماق. چاچنى چۇۋۇماق. * بىچارە شوپۇر كونا ماشىنىنى بىرمۇبىر چۇۋۇپ، ئەڭ ئۇششاق زاپچاسلىرىغىچە تازىلاشقا چۈشتى.

**چۆپ** I [پ] ① ئى. ئۇلاغ يەيدىغان ئوت: كۆپ بولسا، چۆپ بولار (ماقال). * ئايخان ئاچا باغدىن ئاچىققان چۆپنى قويغا سېلىپ بېرىپ ئەمدىلا ئارقىسىغا يېنىشىغا، ھويلىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، بوينىغا دوختۇر سومكىسى ئاسقان بىر قىز بىلەن ھەربىيچە كىيىنگەن بىر ئايال كىرىپ كەلدى. ② سۈپ. قاتتىق ھۆل، نەم: چۆپ بولۇپ كەتمەك.

**چۆپ** II ئى ① نېپىز يېيىلىپ، ھەر خىل شەكىلدە كېسىلگەن خېمىر: قازانغا چۆپ سالماق. چۆپ سۈزمەك. * ئوخشىغان كەچلىكى لەغمەن بۈگۈنمۇ، سەيلىرى ساپسېرىق، خۇددى چاچتەك چۆپ. ② ئۇيغۇر تاماقلىرىنىڭ بىر تۈرى. ئۇ ئۇششاق توغرالغان پىشىق گۆش، سۇدا پىشۇرۇلغان چۆپ، ياپىلاقلاپ توغرالغان پىياز، مەلۇم مىقداردىكى قارىمۇچلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە گۆشنىڭ شورپىسىنى قۇيۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ، ئىنتايىن يېيىشلىك بولىدۇ: ياغلىما چۆپ. قايماق چۆپ. * غۇلام قوشۇقنى چۆپكە پاتۇرۇۋېتىپ، بېشى بىلەن شوپۇرغا ئىشارەت قىلدى: — بېقىڭە ئۇستام.

**چۆپ-چۆپ** سۇغا چىلىغاندەك، قاتتىق ھۆل، چىلىق-چىلىق: قاتتىق يامغۇر ئاستىدا، رەھمخان شوتىنى قويۇپ ئۆگزىگە چىقتى. تۆشۈكنى لاي بىلەن ئېتىپ، چۆپ-چۆپ ھۆل بولۇپ پەسكە چۈشتى.

**چۆپچۆل** سۈپ. ئادەتتىكى، قاتتىق-قۇرۇق، غورىگىل: ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى ئولتۇرۇشى ناھايىتى چۆپچۆل ئاخىرلاشتى.

**چۆپخانا** I ئى. ئوت-سامان، ئوت-خەس ساقلىنىدىغان ئورۇن؛ ئوتخانا، سامانلىق.

**چۆپخانا** II ئى. چۆپ كېسىدىغان ۋە ساتىدىغان ئورۇن.

**چۆپ-خەس** ← ئوت-خەس: ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن، ھېلىقى نىشانغا قاراپ ئىنتىلىشتە، ئاياغ ئاستىدا ئىلەشكەن چۆپ-خەسلەرنى سۈپۈرۈۋېتىش كېرەك.

**چۆپسىز** سۈپ ① چۆپ ئۈنمىگەن، تاتىراڭ، گىياھسىز: چۆپسىز جاي. چۆپسىز دالا. ② چۆپى يوق، چۆپ بېرىلمىگەن، چۆپى تۈگىگەن: چۆپسىز مال بولماس، پۇلسىز تىجارەت بولماس (ماقال). * ۋارقىراپتۇ پۈتۈن خەلق كۆچ-كۆچ! دەپ، گويا قارا بوران كەبى گۈركىرەپ. سۇسىز، چۆپسىز قېلىپ بارچە ھايۋانمۇ، كۆچ-كۆچ! دەپتۇ شىددەت بىلەن

ھۆركرەپ.

**چۆپقەت** ئى. ھۈنەر-كەسپ، سودا-سېتىق قاتارلىقلاردا دائىم ئېلىم-بېرىم قىلىپ تۇرغان كىشى، دائىملىق خېرىدار؛ يېقىن كىشى: چۆپقەت تۇتماق. * ئاپا، ئۇ بىزنىڭ كونا چۆپقىتىمىز، ناھايىتى ياخشى قىز. مەن كىيگەن ھېلىقى دۇخاۋا كۆڭلەك بارغۇ، ئۇنىڭ رەختىنى ئاشۇ قىز ئەكىلىپ بەرگەن، ـ دېدى كېلىنى موماينىغا چۈشەندۈرۈپ. * ـ جالالنىڭ مۇنداق سېخىيلىقىنى كۆرگەن چۆپقەتلىرى، ئۇرۇق-تۇغقان، يار-بۇرادەرلىرى جالال تەقدىم قىلغان نېمەتلەرنى ھالال-ھاراملىقىغا قارىماي، يالاپ يۇتۇۋاتاتتى.

**چۆپقەت بولماق** سودا-سېتىق، ھۈنەر-كەسپ قاتارلىقلاردا، دائىم ئېلىم-بېرىم قىلىپ تۇرماق: جۇۋازچى قازىنىڭ چۆپقىتى بولۇپ، بۇرۇن ھەر كەلگىنىدە ھويلىدىنلا ياندىكەن.

**چۆپقەتچىلىك** ئى. ھۈنەر كەسپ، سودا-سېتىق قاتارلىقلاردا دائىم ئېلىم-بېرىم قىلىش مۇناسىۋىتى: بىزنىڭ ئۇلار بىلەن چۆپقەتچىلىكىمىز بار. * باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ دۆلەتنىڭ ياغاچ ماتېرىياللىرى، سېمونت، ھاك ۋە باشقا مۈلۈكلەر بىلەن چۆپقەتچىلىك، خۇشامەتچىلىك قىلىش، ئوغرىلاش ھەمدە خالىغانچە ئىگىلىۋېلىش بىلەن ئۆزىنى سەمرىتىشلەرنىڭ ھەرقاندىقى خاتا بولىدۇ. خاتا بولغانىكەن، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

**چۆپقەتسىز** سۈپ. چۆپقىتى يوق، چۆپقەت تۇتمىغان: چۆپقەتسىز قالماق. * شۇڭا مەن دەيمەن، ئادەم ئۆچ ئىشتا سىلىق بولمىسا بولمايدۇ. يەنى ساتىراش سىلىق ھۈنەر قىلمىسا، چۆپقەتسىز قالىدۇ.

**چۆپقەتلىك** سۈپ. چۆپقىتى بار، چۆپقىتى كۆپ، خېرىدارلىق: چۆپقەتلىك كاسىپ. چۆپقەتلىك تىجارەت.

**چۆپلۈك** ① سۈپ. چۆپى بار، چۆپ ئۆسكەن: چۆپلۈك يەر. ② ئى. چۆپ ئۆسكەن جاي: سېرىق تۈلكە ئارقىسىغا قاراپ چاپتى-دە، بىر چۆپلۈك ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

**چۆچەك I** ئى <ئەد> ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى فانتازىيىلىك ئاساستا كۆلكىلىك ۋە قىزىقارلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئاغزاكى ھېكايە: چۆچەك ئاڭلىماق. * مانا، ئۇ ھازىر بالىلىرىنى يېنىغا ئېلىپ، ئۇلارغا چۆچەك ئېيتىپ بېرىشكە باشلىدى.

**چۆچەك II** ئى. ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان چىنە: بىر چۆچەك قېتىق. * ئات ھېرىپ قالسا، بىر پىچاق، ئېشەك ھېرىپ قالسا، بىر چۆچەك قوناق (ماقال). * جاۋۇردا قىمىز كەلدى. بەگ بىر-ئىككى چۆچەك قىمىز ئىچكەندىن كېيىن، ئاسمانغا قاراپ ئوھدىسىگە يېتىۋالدى.

**چۆچەكتەك** سۈپ. يوغان، چوڭ (كۆز ۋە كۆزنىڭ چانىقى ھەققىدە): بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاسىمنىڭ كۆزى چۆچەكتەك ئېچىلىپ قالدى.

**چۆچۈتمەك** «چۆچۈمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شار-شۇر قىلىپ ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى ساجىدەمنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ ياردىن پەسكە ئېگىلىپ بولغان زىلۋا گەۋدىسىنى ئارقىغا تارتتى.

**چۆچۈتۈشمەك** «چۆچۈتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۆچۈرە** ئى. ئۇيغۇرلارنىڭ نېپىز يېيىلغان خېمىرنىڭ ئىچىگە قىيما سېلىپ، تۈگۈپ ئېتىدىغان بىر خىل تامىقى: كۆك چۆچۈرىسى. * چۆچۈرە يېمەكتىن مەقسەت، گۆش يېمەكتۇر (ماقال). * ئەپەندىم ئۆيىگە ئۈچ جىڭ گۆش ئەكىلىپ، خوتۇنىغا چۆچۈرە ئېتىشنى بۇيرۇپتۇ.

**چۆچۈرە قۇلاق** چۆچۈرە شەكلىدىكى كىچىك قۇلاق: چۆچۈرە قۇلاق بالا.

**چۆچۈرىنى خام سانىماق** بىرەر ئىشنى

ئاددىي يۈزە چاغلىماق، خاتا مۆلچەرلىمەك، خام خىيال قىلماق: بەزى كىشىلەر «ئايال كىشىنىڭ يۈرىكى ئاجىز كېلىدۇ. خۇشاللىقىنىمۇ، قايغۇسىنىمۇ پات ئۇنتۇيدۇ» دېيىشىدۇ. بۇ كىشىلەر چۆچۈرىنى خام سانايدۇ، مۇنداق ئاسانغا ئۆگەنگەن ئاياللار خۇددى شۇنداق كىشىلەرنىڭ پۇشتىدىن تامغان. لېكىن بىز ئەمگەكچى ئاياللار ئۇنداق ئەمەس.

**چۆچۈرىچى** ئى. چۆچۈرە ئېتىپ سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەم: ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى چۆچۈرىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنلىكىدىن، كىشىلەر ئارىسىدا «رىزۋانخان چۆچۈرىچى» دەپ داڭ چىقارغانىدى.

**چۆچۈرىخانا** ئى. مەخسۇس چۆچۈرە ساتىدىغان ئاشخانا: لەتىپە بالىلىرىنى ئانىسىنىڭكىگە ئاپىرىپ قويۇپ، ئاز-تولا دەسمايىسىنىڭ يولىنى قىلدى-دە، گۇڭشېغا بېرىپ چۆچۈرىخانا ئاچتى.

**چۆچۈرىدەك** سۈپ. ئۇششاق، كىچىك (بالا ھەققىدە): بالىلارنىڭ ئاتىسى سولانغاندىن بېرى، مەن ئۆيدە مۇشۇ چۆچۈرىدەك ئىككى بالا بىلەن قالدىم.

**چۆچۈشمەك** «چۆچۈمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: «سايىم چوڭنىڭ ئۆيىگە ئوغرى تېگىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان جامائەت بۇنىڭدىن خېلىلا چۆچۈشتى.

**چۆچۈمەك** پ ① ئەندىكمەك، ئالاقزادە بولماق، قورقماق: مۇبادا بىر كىشىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا، تۇرمۇشتا سەرپ قىلىۋەتكەن ۋاقتى كۆرسىتىپ بېرىلىدىغان بولسا، ئۇ جەزمەن ئۆزىنىڭ بىكاردىن-بىكارغا گاڭگىراش ئىچىدە ئىسراپ قىلىۋەتكەن بىر قىسىم ھاياتىنى بايقىغاندىن كېيىن قاتتىق چۆچۈيدۇ. ② پۇت، قول قاتارلىقلارغا بىر نەرسە قاتتىق تەگكەنلىكتىن زىڭىلداپ ئاغرىماق، سىلكىنمەك: پېيى چۆچۈپ كەتمەك. پۇتى چۆچۈپ كەتمەك.

**چۆرە I** ئى. نۇقتا قىلىنغان جاينىڭ يېقىن تەرەپلىرى؛ ئەتراپى: ئۇلارنىڭ چۆرىسىدە تۇرۇشقان كىشىلەر خۇشاللانغان ھالدا توختىگۈل بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتى.

**چۆرە ياغاچ** ئاياغ چەمىنى شۇلگەندە، رەختنىڭ كېسىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، بەلچى تىغىنى تىرەپ تۇرىدىغان ياپىلاق ياغاچ.

**چۆرە II** ئى. سېتىۋېلىنغان ئايال قۇل؛ چاكار قىز، دېدەك: شاھ ئارمانۇس چۆرىلىرىدىن مەلىكە ھاياتوننۇپۇسنىڭ ئېرى بىلەن قوشۇلغىنىنى ئاڭلاپ كۆڭلى تىنىپ، خۇش بولۇپ، دىلى ئارام تېپىپ، يۇرتقا چاي بېرىپتۇ.

**چۆرنەك** ئى. تىكىش ماشىنىسى تاقىسىنىڭ ئىچىگە ئورنىتىلىپ، يىپنى ئىلىپ بېرىدىغان يېرىم ئاي شەكىللىك سايمان.

**چۆرۈتمەك** «چۆرۈمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چۆرۈشمەك** «چۆرۈمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۆرۈلدۈرمەك** «چۆرۈلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 18 مېتر، مۇنار ئارىلىقلىرى ئون مېتردىن، پەشتاقنىڭ ئېگىزلىكى 16 مېتر، چوڭ دەرۋازىنىڭ ئېگىزلىكى تۆت مېتر، كەڭلىكى تۆت مېتر، پەشتاق گۈمبىزىگە چۆرۈلدۈرۈپ سەككىز دانە مېھراب شەكىللىك پەنجىرە بېكىتىلگەن.

**چۆرۈلمە** ئى. دىئال. تويدا، ئوغۇل تەرەپ قۇدىلارغا (قىز تەرەپكە) سوۋغا قىلىدىغان كىيىملىكلەر.

**چۆرۈلمەك** ① «چۆرۈمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ تۈگمەن سۇ كۈچى ئارقىلىق چۆرۈلىدۇ. ② «چۆرۈمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇ ئۆرۈلۈپمۇ، چۆرۈلۈپمۇ مۇشۇ بىرلا سۆزنى قىلىدۇ.

**چۆرۈمەك** پ ① پىرقىراتماق، ئايلاندۇرماق: ئايۇپ سېكرېتار تېلېفوننى چۆرىدى. ئۆزۈن ئۆتمەي، قارشى تەرەپ تېلېفوننى ئالدى. ② ئەتراپىنى قورشىماق: دېھقان ئاز كۈندىلا بىر مولۇق باغنىڭ ئەتراپىغا تام چۆرۈپ بولدى. ③ ئورىماق، يۆگىمەك: موكىغا يىپ چۆرىمەك. ④ كۆچمە. قۇرماق، ياسىماق، ماڭدۇرماق: بۇ يەرنى چاناپ، ئۆستەڭ ئېلىپ، تۆگمەن چۆرۈيمىز. ⑤ كۆچمە. راۋان باشقۇرماق، يېتەكلىمەك، يۈرۈشتۈرمەك، يولغا سالماق: كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسگە ئېرىشىپ، پۈتۈن گۇڭشېنىڭ دېھقانچىلىق ئىشىنى چۆرۈپ كېلىۋاتقان چەبدەس يىگىت بۈگۈن بۇ جىمجىت ئۆيدە يالغۇز ياتىدۇ.

**چۆرۈۋەتمەك** پ ① چۆرۈپ تاشلىماق، تاشلىۋەتمەك؛ بىكار قىلماق، ئېلىپ تاشلىماق: ئۇ سۇپۇرگىنىڭ باش تەرىپىنى يۇلۇۋالدى-دە، ئۇچىدىسىغا ئۇچۇپ كەتتى. مەن سۇپۇرگە سېپىنى چۆرۈۋېتىپ، قېچىپ قۇتۇلدۇم. * بىز جېنىمىزدىمۇ كەمبەغەللىك قالپىقىنى چۆرۈۋېتىپ، خېلى قەد كۆتۈرۈپ قالدۇق. ② كۆچمە. ۋاز كەچمەك، يۈز ئۆرۈمەك: گۇلچىمەن ئالىي مەكتەپ، غايە، ئىستىقبال دېگەنلەرنى چۆرۈۋېتىپ، پۈتۈن ئۆمىدىنى ئۆزىدىن سەككىز ياش چوڭ بولغان ئاشۇ مۇئەللىمگە بېغىشلاپ، بەختىنى يىغلىغانىكەن. * بۇنداق قىلىشقا بولماس، يەرلەرنى زەي بېسىپ كەتتى دەپ مەھەللىدىن كۆچۈپ كەتسەك، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ھەل قىلماي دەپ كوللېكتىپ ئىگىلىكنى چۆرۈۋەتسەك، بىزدەك پارتىيە ئەزالىرى كىمگە كېرەك.

**چۆرىپۈرۈش** ئى. قۇل قىزلارنى ئېلىپ ساتىدىغان ئادەم سودىگىرى: ھاتەم بىركۈنى ئادىتى بويىچە چۆرىپۈرۈشلار رەستىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇ يەردە قىزى بىلەن ئولتۇرغان بىر چۆرىنى كۆرۈپ قېلىپتۇ.

**چۆرىدەتمەك** «چۆرىدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چۆرىدەشمەك** «چۆرىدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ياشلار سوغۇقتىن توڭلىغان قوللىرىنى ئىشقىلاپ، بەزىلىرى گۈرجەك، كەتمەننىڭ دەستىسگە تايىنىپ، چۆرىدىشىپ، كىچىككىنە دائىرە ھاسىل قىلىپ تۇرۇشاتتى.

**چۆرىدەلمەك** «چۆرىدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چۆرىدىمەك** پ. ئەتراپىنى قورشىماق، ھالقا شەكلىدە بولۇپ تۇرماق، دائىرە ھاسىل قىلماق: گېزىتلەرنىڭ بىر نۇسخىسى ئۈستەل ئۈستىگە بىر كەلگۈدەك يېيىپ قويۇلۇپ، ھەممەيلەن چۆرىدەپ ئۆرە تۇرۇپ، ئۇنىڭدىكى ھاياتبەخش جەڭ خەۋەرلىرىنى چوڭقۇر ئىخلاسمەنلىك بىلەن شۇۋىرلاپ ئىچلىرىدە ئوقۇدى.

**چۆك** I ئىم. تۆگىلەرنى ياتقۇزۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ «چۆك» دەپ تۆگىلەرنى چۆكۈرۈشكە باشلىدى.

**چۆك** II ئى. توغرا كېسىلگەن تاغ چوققىسى.

**چۆكتۈرمە** ئى. تورنىڭ ئېتىكىنى سۇغا چۆكتۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن ئېسىلغان ئېغىرتقۇ. كۆپىنچە قوغۇشۇن، تۆمۈرلەردىن ياسىلىدۇ.

**چۆكتۈرمەك** «چۆكمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار يۇقىرى قىرغاققا كېلىپ، كېمە-ساللارنى تېشىپ چۆكتۈرۈۋەتتى.

**چۆكتۈرۈشمەك** «چۆكتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۆكتۈرۈلمەك** «چۆكتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پىرېسلانغان يۆگىلار تورۇسقىچە دۆۋىلەنگەن. بۇرجەكتە ئون نەچچە تۆگە چۆكتۈرۈلگەن، بىرنەچچە يىگىت تۆگىلەردىن يۈك قاچىلانغان تاغارلارنى چۈشۈرمەكتە.

**چۆكمە** ① سۈپ. سۇيۇقلۇق، ئېرىتمە قاتارلىقلارنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە چۆككەن ياكى چۆكىدىغان؛ ئولتۇرۇشقان:

**چۆكمە ساندۇق.** ② ئى <خىم> ئېرىتمىنىڭ
ئاستىنقى قەۋىتىگە چۆكۈپ قالغان،
تەستە ئېرىيدىغان ماددىلار. ③ ئى.
سۇ تەركىبىدىكى قۇم، شېغىل ۋە باشقا
لاي-لاتقىلارنىڭ سۇ ئاستىغا چۆكۈشى
بىلەن ھاسىل بولغان ئارىلاشما ماددا،
چۆكۈندى.

**چۆكمە دەۋرىيلىكى** <گېئول> يەر
پوستىنىڭ تەۋرەنمە ھەرىكىتى چۆكۈن-
دىلەرنىڭ خاراكتېرىدە ھاسىل قىلغان
رىتىملىق، دەۋرىيلىك ئۆزگىرىش. زور
بىر چۆكمە دەۋرىيلىكى دېڭىزنىڭ بېسىپ
كىرگەن ۋاقتىدىن تارتىپ، تاكى دېڭىز
چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن ۋاقىتقا قەدەر
بولغان جەريانغا، يەنى يەر پوستىنىڭ
بىر قېتىملىق تەۋرەنمە ھەرىكىتىگە
ۋەكىللىك قىلىدۇ. چۆكۈندى دانچىلىرى
دېڭىز بېسىپ كىرگەندە ئۇششاقلايدۇ،
چېكىنىپ چىقىپ كەتكەندە بولسا يىرىكلەي-
دۇ. شۇڭا بىر قېتىملىق دەۋرىيلىك
چۆكۈندىلەرنىڭ بىر قېتىملىق چۆكۈشىنىڭ
تەبىئىي بىرلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ،
چۆكمە دەۋرىيلىكى يەر قاتلاملىرىنى
بۆلۈشنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**چۆكمە ساندۇق** <سۇ> سۇ ئاستى
مەشغۇلاتىدا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل
ئۈسكۈنە. مېتال ياكى بېتوندىن ياسىلى-
دۇ. شەكلى ساندۇققا ئوخشاش بولۇپ،
ئاستى بولمايدۇ. ئىشلەتكەندە سۇ
ئاستىغا چۆكتۈرۈلۈپ، ھاۋانى قىسىش
ئارقىلىق ئىچىدىكى سۇ چىقىرىۋېتىلىدۇ،
ئىچىدە ئادەملەر مەشغۇلات ئېلىپ
بارىدۇ.

**چۆكمە سۇ** <سۇ> چۆكۈندىلەرنىڭ
شەكىللىنىشى جەريانىدا تاغ جىنىس
ئارىلىرىغا كىرگەن سۇ. بۇ سۇ چۆكۈن-
دىلەرنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن بىر
ۋاقىتتا، تاغ جىنىس ئارىلىرىغا كىرگەن
سۇ ۋە تاغ جىنىس پەيدا بولۇپ بولغاندىن
كېيىن كىرگەن سۇنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ.

**چۆكمە ئۆسۈملۈك** <بوت> سۇ ئاستىدا
ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەر.

**چۆكمەك** پ ① تىزنى پۈكۈپ ئولتۇرماق،
تىزلانماق، يۈكۈنمەك: ئۇلار يولنىڭ چېتىدىكى
كۆچەتنىڭ ئاستىدىكى چىمنىڭ ئۈستىگە كېلىپ
چۆكتى. * «تالاق» دېگەن سۆز سادەتخاننىڭ
يۈرىكىگە تېز تەسىر قىلىپ، ئۇنى تۆگىدەك موككىدە
چۆكۈشكە مەجبۇر قىلدى. * تۆگە چۆكتى. ②
ئىچىگە كىرمەك، كۆمۈلمەك، پاتماق:
سۇغا چۆكمەك.* ئىككى ياققا ئايرىلىپ سۇلار، سۇ
ئاستىغا چۆكۈپتۇ ئۇلار. * ئەسەت سېپالكا دېسكىلىرى-
نىڭ قانچىلىك چۆكۈۋاتقانلىقىنى تەكشۈرۈپ كېتىۋاتاتتى.
③ كۆچمە. پاتماق، كۆمۈلمەك: غەمگە
چۆكمەك. * ئۇ راۋابىنىڭ مۇڭلىرىدىن ئېزىلىپ،
چېلىشتىن توختايدۇ ۋە خىيالغا چۆكىدۇ. ④ تىنىپ
تېگىگە ئولتۇرماق، تىنماق (سۇيۇقلۇقتىكى
ئارىلاشما ھەققىدە). ⑤ كۆچمە. يېقىنلاشـ-
ماق، ئارىلاشماق: قىسىم باشلىقلىرى دائىم
ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەلىم-تەربىينىڭ
كېتىپ بېرىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ۋە مۇھاكىمە
قىلىپ، ئىلغار تەجرىبىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا كېڭەيتتى.
⑥ ئولتۇرۇشماق بېسىلماق، پەسلىمەك:
ئەمدى بۇنىڭدىن ھېچكىم پايدىلانمايتتى، چۈنكى
بەزى جايلىرى چۆكۈپ پەسلەپ كەتكەنىدى.

**چۆكۈرمەك** ① «چۆكمەك» پېئىلىنىڭ
يەنە بىر خىل مەجبۇرىي دەرىجە
شەكلى: ئادىل ئىشكىنى قۇلۇپلاپ، قۇلاقچىسىنى
چۆكۈرۈپ كىيدى. * ماركو ماتروسلارنىڭ ياردىمىدە

ئىدىشنىڭ ئاغزىغا بىر چاپاننى قاپلاپ، مەھكەم تاڭغاندىن كېيىن، كېمە رولى تەكتىدىكى دېڭىز سۈيىگە تاشلاپ، سۇغا چۆكۈردى. ② كۆچمە. ئىناۋىتىنى، رولىنى تۆۋەنلەتمەك؛ باسماق: كوللېكتىپنى، ئاممىنى چۆكۈرۈپ، رەھبەرنىڭ شەخسىي رولىنى خالىغانچە كۆپتۈرۈۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

**چۆكۈرۈلمەك** «چۆكۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نىشان سۇ يۈزىدىن تۆت ئىنگلىز سۈڭى تۆۋەن چۆكۈرۈلگەندە، ئۇرنىڭ سۇنۇش قانۇنىيىتىنى بىلگەن باللار مەيلى سۈرئەت جەھەتتىن بولسۇن ياكى توغرىلىق جەھەتتىن بولسۇن، تىزگىنلەنگەن گۇرۇپپىدىكىلەردىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن.

**چۆكۈش** ① «چۆكمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى. ② <تىب> ھۇجەيرىدىن باشقا ماددىلارنىڭ (پىگمېنت، كالتسىي قاتارلىق) ئورگانىزم توقۇلمىلىرىغا سىڭىپ، يىغىلىپ قېلىشى. ③ <گېئول> يەر يۈزىدىكى يىمىرىلىش مەھسۇلاتلىرى، ئورگانىك ماددىلار ۋە بەزى يانار تاغ ماددىلىرى تاشقى كۈچنىڭ تەسىرىدە، ئەسلىي ئورنىدىن باشقا ئورۇنغا، يۆتكىلىش كۈچىنىڭ ئاجىزلىششى ياكى فىزىكىلىق، خىمىيىلىك تەسىرلەر تۈپەيلىدىن، ئاستىغا چۆكۈپ، دۆۋىلىنىپ قالىدىغان بىر خىل ھادىسە. ④ <بىن> ئۆي-ئىمارەتلەر ئۇلىنىڭ ئۆز ئېغىرلىقى تۈپەيلىدىن يەرگە ئولتۇرۇشۇپ كېتىشى.

**چۆكۈش چېكى** <بىن> قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ تەكشى ئولتۇرۇشـمايـ، دەز كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئېغىرلىقى ۋە قەۋەت سانى ئوخشىمىغان قىسىملارنى ئايرىپ قالدۇرغان چاك. ئادەتتە ئۇ ئۈستىدىن تارتىپ ئۇلىغىچە قالدۇرۇلىدۇ.

**چۆكۈش سىزىقى** <قاتن> كېمە، پاراخوتلارنىڭ سىرتىغا چىقىرىلغان ھەمدە كېمە، پاراخوتلار سۇغا چۆككەندە، سۇ يۈزى بىلەن تېگىشىپ تۇرىدىغان گورىزونتال سىزىق.

**چۆكۈشمەك** «چۆكمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار: – «قوشنا-قولۇملىرىمىزنىڭ گۈل-غۇنچىلاردەك گۈزەل قىزلىرى تۇرغان يەردە، بىزنىڭ قىزىمىزنى كىمنىڭمۇ ئالغۇسى كېلەر» دەپ غەمگە چۆكۈشۈپتۇ.

**چۆكۈندى** ① سۈپ. چۆكۈش ئارقىلىق ھاسىل بولغان، چۆككەن: چۆكۈندى جىنس. ② ئى. ئېقىنلارنىڭ سۈرئىتى ئاستىلىغاندا، سۇ تەركىبىدىكى مىنېرال ماددىلار، قۇم-شېغىللار ۋە باشقا لاي-لاتقىلارنىڭ سۇ ئاستىغا چۆكۈش بىلەن ھاسىل بولغان ئارىلاشما ماددا. ③ ئى <خىم>ئېرىتمىنىڭ ئاستىغا چۆكۈپ قالغان تەستە ئېرىيدىغان ماددىلار. ④ <گېئول> چۆكۈش جەريانىدا شەكىللەنگەن بىر خىل بوش ۋە يېپىشقاقلىقى تۆۋەن ماددىلار.

**چۆكۈندى جىنس** <گېئول> يەر شارى يۈزىگە كەڭ تارقالغان بىر خىل جىنس. يەر پوستىدىكى تاغ جىنسلىرىنىڭ مېخانىكىلىق، خىمىيىلىك ياكى بىئولوگىيىلىك بۇزغۇنچىلىقلارغا ئۇچراپ چۆكۈشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان. كۆپلىرى سۇدا شەكىللەنگەن. مەسىلەن، قۇم تاش، سلانېتس، ھاك قاتارلىقلار.

**چۆكۈندى كان ياتمىسى** <گېئول> مەلۇم پايدىلىق ماددىلارنىڭ يەر يۈزىدىكى ھەر خىل سۇ مۇھىتلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېرىپ ياكى مىنېرال ئۇۋاقلىرى ھالىتىدە يۆتكىلىپ دۆۋىلىنىشى ياكى چۆكۈشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان كان ياتمىسى. مەسىلەن، ھەر خىل چۆكمە

تۇز كانلىرىغا ئوخشاش.

**چۆگەن** ئى <تەن> ئات تۈپىنى ئۇرۇپ ئوينايدىغان ئۇچى ئەگرى تاياق: **ئاتلىق ئەسكەرلەردىن بىرى ئاتنى چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ چۆگەن بىلەن كەپتۆكنى ئۇرسا، ئىككىنچى بىر ئاتلىق ئۇنى چۆگەن بىلەن ئۇرۇپ، كەپتۆكنى بىرىنچى ئاتلىققا قايتۇرۇپ بېرىدىكەن.**

**چۆگۈن** ئى. مىس ياكى رو قاتارلىق مېتاللاردىن ئوچاق ياكى مەشتە چاي قاينىتىشقا لايىق قىلىپ ئىشلەنگەن، جوغا ۋە تۇتقۇچى بار سۇ قاچىسى: **مىس چۆگۈن. رو چۆگۈن. چۆگۈن ئالماق. * سەن يوق، ئوچاقتىكى چۆگۈن قايناپ تېشىپ كەتتى، ئۇلار چاتىقى يوق قاراپ ئولتۇرۇشىدۇ.**

**چۆگىلەپ** «چۆگىلىمەك» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى.

**چۆگىلەپ چىچار** قالايمىقان ئىش قىلىدىغان، بىر ئىشنى بىرقانچە قېتىم قىلىپ باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان.

**چۆگىلەتمەك** «چۆگىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: **نىلۇپەر ئىلىيارنى ئىككى قولىدىن تۇتۇپ چۆگىلەتتى. ئەركىلەتتى.** ② كۆچمە. باشقۇرماق: **ئانام تىنماي ئىشلەپ ئۆيىمىزنى چۆگىلىتىدىكەن. مەن ئالتە ياشقا كىرگەن يىلى، ئۇ كېسەل بىلەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى.**

**چۆگىلەشمەك** «چۆگىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: **ئارزۇسىغا يېتەلمىگەنلەر، چۆگىلىشىپ كېتەلمىگەنلەر، ئۇنداق ئويلاپ، بۇنداق ئويلاپ، ئۆرلەپ ئۇچۇپ بولۇتنى بويلاپ، ئاخىرى بېرىپ كۆككە قونغانمىش.**

**چۆگىلىمەچ** ① ئى. ھالقىسمان يۇملاق دائىرە: **ئۇنى ھەيران قالدۇرغىنى ئۇنىڭ ئوڭ كۆزى چۆرىسىگە چۈشكەن خۇددى قەلەم بىلەن سىزغاندەك، ھالقىسمان چۆگىلىمەچ، قوڭۇر خال-تاجىسى ئىدى.** ② سۈپ. تۈز ئەمەس، كۆپ ئايلىنىدىغان، ئەگرى-بۈگرى، ئەگرى-توقاي؛ تولغىماچ: **كىچىك ماشىنا قۇلۇلە قېپىدەك چۆگىلىمەچ يول بىلەن يۇقىرى ئۆرلىمەكتە.**

**چۆگىلىمەك** پ ① بىرەر دائىرە بويلاپ ھەرىكەت قىلماق؛ پىرقىرىماق: **دىلئارام: — ئى خېنىم، تاھىرنى تاشلىغان يەردە بىر ساندۇق چۆگىلەپ تۇرۇپتۇ. شۇنىڭغا قاراپ ھايال بولدۇم، — دېدى. * ستانوكلار چۆگىلىمەكتە ئىدى. ئىشقا بېرىلگەن شەۋكەت ھەربىر پۇتۇپ چىققان دېتالنى قىسقۇچتىن بوشىتىۋالغاندا، خۇددى بىر دانە تراكتور ياسىۋالغاندەك، خۇش بولۇپ كۈلۈمسىرەيتتى.** ② يۇرتمۇيۇرت ساياھەت قىلماق، ئەتراپنى سەيلە قىلماق، كوچا ئارىلىماق؛ ئايلانماق: **ئۇ تالاغا چىقىپ باغچىنى بىر چۆگىلەپ، بەللىرىنى رۇسلىۋېلىپ، ئەمدىلا ئىشخانىغا قايتىپ كىرىشىگە، جوزا ئۈستىدىكى تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى. * بىر ئادەم كورلىدىن مايسا، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، چاقىلىقلارنى چوگىلەپ، يەنە كورلىدىن چىقىدۇ.** ③ كۆچمە. پەيدا بولماق؛ ئەگىشىپ يۈرمەك: **رەقىپىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ھېچ كارى يوق، ھە دېسىلا گۈزەللىكىنى چۆگىلەيتتى. * مەن سىزگە بىكارلا ئىخلاس قىلىپ چۆگىلەپ يۈرگىنىم يوق، سىزدىن نەتىجە كۈتۈشكە بولىدۇ.** ④ كۆچمە. يۈرۈشمەك، ماڭماق: **كېيىن «تۆگمەنچى ئورۇسنىڭ جىن-ئالۋاستىلار بىلەن ئالاقىسى بار ئىكەن، ئۇنىڭ تۆگمىنى سۇ بولسىمۇ، بولمىسىمۇ چۆگىلەۋېرىدىكەن» دېگەن گەپ چىقتى.** ⑤ كۆچمە. گاڭگىرىماق، قايماق: **ئۇ خام تاماكىنى تولا چېكىپ بېشى چۆگىلەپ قېلىپتۇ-دە.**

**چۆل** ئى. ئۆسۈملۈك، دەل-دەرەخ ئۆسمىگەن، سۇسىز، بىپايان يەر؛ دەشت-باياۋان: **چىلانغا چۆل، ياخاققا كۆل (ماقال). * يىگىت ئۇنى ئېلىپ، يەنە يولغا راۋان بولۇپتۇ. ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، بىر چۆلگە يېتىپ كېلىپتۇ. ئۇ چۆلدە كېتىپ بېرىپ، بىر تۈلكىنىڭ ئۆلەر-تىرىلىشىگە قارىماي؛**

ئۆزى تەرەپكە قېچىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

**چۆل پاقسى** سۇنى كۆپ ئىچىدىغان، ئۇسساپ تۇرىدىغان؛ تويماس (ئادەم ھەققىدە).

**چۆل تۇرا** تارس. دەشت-چۆللەردە قۇرۇلغان تۇرا؛ قورغان: ئالتە قوۋۇقتىن باشقا سەككىز تۇرا سېلىنسۇن. بۇنىڭ تۆتى چۆل تۇرا، تۆتى كۆل تۇرا بولسۇن.

**چۆل رەيھىنى** <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى پاكار ئۆسىدىغان، كۆپ يىللىق، چاتقالسىمان، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ۋە گۈلى سۆسۈن رەڭدە، يوپۇرمىقى ئېللىپس ياكى تۆمۈنە شەكلىدە كېلىدۇ؛ غولىنى دورىغا ئىشلىتىشكە ۋە ئۇنىڭدىن پۇراقلىق ماي ئېلىشقا بولىدۇ.

**چۆل ياپۇزى** <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تۆت بۇرجەك، يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، گۈلى ئاچ سۆسۈن ياكى ئاق كېلىدۇ؛ يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، ھېيزنى ماڭدۇرۇش قاتارلىق رولىرى بار.

**چۆلەتمەك** «چۆلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئانام باللارنى بۆيرۇپ غوزىنى چۆلىتىۋەتتى.

**چۆلەشمەك** «چۆلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قاراقتەك ئايدىڭدا، ئوندەك ئايال ھەدەپ غوزا چۆلىشىۋاتاتتى.

**چۆلەنمەك** «چۆلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىر تاغار غوزا بىرپەستە چۆلىنىپ بولدى.

**چۆل-باياۋان** ئادەم ياشىمايدىغان، ئۆسۈملۈك، دەل-دەرەخ ئۆسمىگەن، بىپايان دالا؛ چۆل ۋە باياۋان: مەن چۆل-باياۋانلاردا يۈرگەن چاغلىرىمدىمۇ، سىزگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپ يۈرگەنمەن.

**چۆل-جەزىرە** ← چۆل-باياۋان: سانسىزلىغان تىللالار شۇ چۆل-جەزىرىدە قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قېلىپتۇ.

**چۆلدەرەشمەك** «چۆلدەرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۆلدەرىمەك** پ ① دەل-دەرەخ ئۈنمەيدىغان، ئۆسۈملۈك ئۆسمەيدىغان بولۇپ قالماق: بىرنەچچە يىل ئالدىدا، بۇ بىر گۈزەل باغ ئىدى، تاشلىنىپ قالغاچقا، ھازىر چۆلدەرەپ كېتىپتۇ. ② كۆچمە. چۆلگە ئوخشاپ قالماق، قايناق ھايات تۈسىنى، ئاۋاتلىقىنى يوقاتماق: ئەتىگەندىن بېرى، چۆلدەرەپ تۇرغان كوچىلار بىردەمدە ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ كەتتى. * مەھەللە ئىچىدە ھېچكىم بولمىغانلىقتىن، ئەتراپ چۆلدەرەپ قالغاندى.

**چۆلدىمەك** پ. سۇسىرىماق، قاغجىرىماق، ئۇسسىماق: چۆلدىگەن مېھماننىڭ چۆلدىنى قالدۇرغان، ئاجايىپ شەربەتلىك شېكەر-بالى بىل.

**چۆلسىرىمەك** پ ← چۆلدەرىمەك: ئۇنىڭغا بۇ چۆلسىرىگەن ئاھالىسىز تاغ يېرى قىسقا مۇددەتلىك ماكان بولدى.

**چۆللەشمەك** پ. چۆلگە ئايلانماق: ئومۇمەن، يېشىللىقى، ئاۋاتلىقى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدىغان بۇ جاي مانا ئەمدى چۆللىشىپ قالغاندى.

**چۆللۈك** ئى. چۆل يەر: ئۆزۈڭلار كۆرۈۋاتىسلەر، بۇ پايانسىز چۆللۈكتە تاش بىلەن قۇمدىن باشقا نەرسىنى تاپقىلى بولمايدۇ.

**چۆل-ئورمان** چۆل ۋە ئورمان.

**چۆل-ئورمان سالجىسى** <زوئول> بوغۇم پۇتلۇق ھايۋان. ئۇنىڭ خىللىرى كۆپ، چوڭ كىچىكلىكى ۋە شەكىللىرى ئوخشىمايدۇ. لىچىنكىسىدا ئۈچ جۈپ پۇت، يېتىشكەنلىرىدە تۆت جۈپ پۇت بولىدۇ. لىچىنكىسى چاشقان ۋە ئادەملەرنىڭ قېنىنى شورايدۇ، شۇنىڭ

بىلەن تېرىنى يارىلاندۇرۇپ ۋە قىزارتىپ ئاغرىتىدۇ، قىچىشقاق كېسەلنى يۇقتۇرىدۇ. كېسەل يۇققان كىشىنىڭ بېشى ئاغرىيدۇ، كۆز پەردىسىگە قان تولۇپ قالىدۇ، لېمپا تۈگۈنلىرى چوڭىيىپ كېتىدۇ، تەپ بولىدۇ، ئېغىر بولغاندا قۇلىقى گاس بولۇپ قالىدۇ، هوشىدىن كېتىدۇ.

**چۆلمەك** پ. تېخى ئېچىلىپ بولالمىغان كېۋەزنىڭ غوزىسىدىكى پاختىنى قول بىلەن چىقارماق: غوزا چۆلمەك.

**چۆمەش** ئى. يىپ ئېگىرىدىغان چاقنىڭ قۇلىقىغا سېلىپ هەرىكەتلەندۈرىدىغان كىچىك چوكا ياغاچ.

**چۆمدۈرمەك** «چۆممەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بالىسىنى سۇغا چۆمدۈردى. * ئوت يۈرەك ئەزىز ۋەتەننى قوغداش قەيسەر ئىرادىسى بىلەن ئائىلىسى، قېرى ئانىسى، ئەهلىمەهەللىسىنى چەكسىز ئېيتىخارلىققا چۆمدۈرگەنىدى.

**چۆمدۈرۈشمەك** «چۆمدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۆمدۈرۈلمەك** «چۆمدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**چۆممەك** پ ① سۇيۇقلۇققا، سۇغا چۆكمەك، كۆمۈلمەك: سۇغا چۆممەك. * شاه كەربىلا قۇم-چۆلگە، يېقىنلىشىپ چوڭ كۆلگە، توختاتماستىن ئېتىنى، بۇزماي چىراي-پېتىنى، كۆزنى سەل يۇمۇپتۇ، كۆل سۈيىگە چۆمۈپتۇ. ② قاپلىماق، باسماق: تەرگە چۆممەك. ③ كۆچمە. بېرىلمەك، پاتماق: خىيالغا چۆممەك. غەمگە چۆممەك. * ئىجادكار بىزنىڭ مېڭىلەر شۇدەم، چۆلنى گۈل ئەتكەن بىلمەن ئادەم. تومۇرلىرىمدا قانلار دولقۇنى، كۆرەش زوقىغا چۆمگەچكە ئۆزۈم. * مەن ئاغامنىڭ قىزىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، غەمگە چۆمدۈم. ④ كۆچمە. قاپلانماق، تۇس ئالماق: ئۇلارنىڭ چوڭ قورۇسى گويا بايرام تەنتەنىسىدەك شاد-خۇراملىققا چۆمدى.

* خىلمۇخىل ئىلىم-پەن كىتابلىرىنىڭ قولىدىن قولغا ئۆتۈشى بىلەن، ئال بارالڭ ئاستى قىزغىن كەيپىياتقا چۆمدى.

**چۆمۈچ** ئى. سۇيۇق نەرسىلەرنى ئۇسۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سايمان؛ ساپلىق: قازاننىڭ گۈۋاهچىسى چۆمۈچ (ماقال). * قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقار (ماقال). * ئۆي ئىچىدىن چىنە-قاچىلارنىڭ جاراق-جۇرۇقى، چۆمۈچنىڭ قازانغا تەگكەن ئاۋازى ۋە ئارىلاپ-ئارىلاپ ئاياللارنىڭ گەپلىشىشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**چۆمۈرمەك** پ. چۆمۈچنى ياكى بىرەر نەرسىنى سۇغا چۆكۈرمەك؛ پاتۇرماق: ئۇلار ئېشەكلىرىنى ئوتلاققا قويۇۋېتىپ، ئۆزلىرى سەل يىراقتىكى ئېرىق بويىغا كېلىپ، ئىسسىقتىن باشلىرىنى سۇغا چۆمۈرۈپ سەگەشتى.

**چۆمۈرۈشمەك** «چۆمۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۆمۈرۈلمەك** «چۆمۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**چۆمۈشمەك** «چۆممەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سودىگەرلەرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، هەيرانلىققا چۆمۈشتى.

**چۆمۈلدۈرمەك** «چۆمۈلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بىچارە سوغۇق سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈۋەرگەنلىكتىن، سوغۇق ئۆتۈپ، قاتتىق قىينالغانىكەن. شۇڭا ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ.

**چۆمۈلدۈرۈشمەك** «چۆمۈلدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۆمۈلمەك** پ → چۆممەك: ئالدىرىغان ئۆردەك ئارقىسى بىلەن چۆمۈلەر (ماقال). * كىچىك چېغىمىزدا، سۆگەتلەر سايە تاشلاپ تۇرىدىغان سۈزۈك بۇلاق سۈيىگە چۆمۈلەتتۇق. * خاسىيەتخان كەچكىچە قىزىنىڭ كەلگۈسىدىكى بەختى توغرىسىدا شېرىن خىياللارغا چۆمۈلۈپ يۈردى. * هەممە ئادەم خۇشال، هەممە ئادەم بايرام تەنتەنىسىگە چۆمۈلگەنىدى.

**چۆمۈلۈشمەك** «چۆمۈلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇ كۈنى يەكشەنبە بولغانلىقى ئۈچۈن، قىزلار يىغىلىپ سەيلىگە چىقتى، چۈشتىن كېيىن دەريا بويىغا كېلىپ، سۇغا چۆمۈلۈشتى.

**چۆنەك** ئى <دېھ> زىرائەتنى سۇغىرىش ئۈچۈن، زىرائەتنىڭ يىلتىزىغا يېقىنراق قېزىلغان ئېرىقچە: چۆنەك تارتماق. * قېرى ئات چۆنەك بۇزماس (ماقال). * ئۇ بىر كۈندە ئىككى قېتىم چۆنەكنى ئارىلاپ، پىشقان قوغۇننىڭ باش بۇرنىنى جايىدىلا يېرىپ، تويغىچە يەيتتى.

**چۆنەك ئاچقۇچ** <دېھ> چۆنەك تارتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى. بەزىدە تۇپراقنى بوشىتىشتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**چۆنەكلەتمەك** «چۆنەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چۆنەكلەشمەك** «چۆنەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۆنەكلەنمەك** «چۆنەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چۆنەكلىك** سۈپ. چۆنەكى بار، چۆنەك تارتىلغان: چۆنەكلىك يەر. // بىركۈنى قوغۇن-ئۇقئاقئۇچ-تۆت ئەسكەر كېلىپ قالدى. مەندىن بىر سۆز سورىماي، چۆنەكلىكتە ئولتۇردى.

**چۆنەكلىمەك** پ. چۆنەك تارتماق، چۆنەك قازماق، چۆنەك ئاچماق: ئۇ تۇپراقچىلىق قانۇنىيىتى، نەملىكنى ساقلاش، يەردىكى مىنېرال ماددىلار، سۇغىرىش ئۇسۇللىرى، يەرنى چۆنەكلەپ تېرىش، ئۇرۇقنى ئوغۇت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش، قاشقابېدە، خىمىيىۋى ئوغۇت قاتارلىقلار ئۈستىدە بوۋايغا ئىنچىكىلەپ چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى.

**چۆنتەك** ئى. يانچۇق: ھەرنېمە دېگەنبىلەن، ئۇ بۈگۈن ئاخشام ئازغىنە كەم ئالتە كوينى چۆنتەككە ئۇردى. * ھاجى پاشا، كەچۈرگىن، سېنىڭ بىر قاچا ئۈمچىڭ بىزگە بەش يۈەنگە توختايدۇ. قىزىق ئۇماچنى پۈۋلەپ ئىچىپ بولغۇچە، ئىككى يول خىش توشۇپ بولىمىز، بەش يۈەن چۆنتەككە چۈشىدۇ دېگەن سۆز.

**چۆنتەكنى توشتۇرماق** پۇل يىغماق، بېيىماق، يېنىنى چىڭدىماق: ئامبال شۇي دوتەينىڭ يۇرت ئىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش باھانىسىدە، چۆنتەك توشتۇرۇشقا كەلگەنلىكىنى خەلق تېخى چۈشىنىپ يەتمىگەنىدى.

**چۆنتەكى قۇرۇق** بىرەر دەسمايىگە ئېرىشەلمىگەن، يېنىدا بىر پۇلى يوق: بۇلار ئېھتىمال، تۆلەندىئاخۇندەك چۆنتەكى قۇرۇق، ھۈنەرۋەن-كاسىپلار بولسا كېرەك.

**چۆۋەك** ئى. ئەتلەس تۇقۇش ئۈچۈن، تاياقچىغا سوقچاق قىلىپ تۇرۇلگەن يىپ.

**چۈپەي** [خەن] ① ئى. بەشلەك ئويۇنىدا ئىشلىتىلىپ بولغان، رولىنى يوقاتقان، كېرەكسىز قارتا: چۈپەي ئاتماق. ② سۈپ. چاكىنا، گىرى، تېتىقسىز: چۈپەي ئادەملەر ئاشۇنداق چۈپەي گەپلەرنى قىلىدۇ.

**چۈپەي گەپ** تايىنى يوق، تېتىقسىز، چاكىنا گەپ.

**چۈپەيلەشتۈرمەك** «چۈپەيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چۈپەيلەشمەك** پ. چۈپەي ھالەتكە كەلمەك؛ چاكىنىلاشماق، ئەھمىيىتىنى يوقاتماق.

**چۈپەيلىك** «چۈپەي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: چۈپەيلىك قىلماق. * ئېسىل ئادەملەردىمۇ ئاز-تولا چۈپەيلىك بولىدىكەن.

**چۈپرەندە** ① ئى. شاكال، شۆپۈك قاتارلىق كېرەكسىز، تاشلاندۇق نەرسىلەر؛ ئەخلەت: چۈپرەندە ئازگىلى. چۈپرەندە دۆۋىسى. ② سۈپ. كۆچمە. ئەرزىمەيدىغان، رەتكە ئۆتمەيدىغان، ئېتىبارى يوق: چۈپرەندە ئادەم. چۈپرەندە ئىشلار. * بۇ ئۇلارنىڭ ياشاش كۈنلىرى تۈگەپ، غۇلاش ۋاقتىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنىلا كۆرسىتىپ بېرىدۇ، خالاس! لېكىن بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز-

مۇستەبىت ھاكىمىيەت چۈپرەندىلىرى بۇنىڭغا تەن بەرگىنى يوق.

**چۈپۈرشاڭ** ئى <بوت> كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك ئۆسىدۇ، يوپۇرماقلىرى قولتۇقىدىن شاخلايدۇ، تۈۋىدىن ئۆسكەن يوپۇرماقلىرى توپلىشىپ، يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ ۋە پەيسمان يېرىلىدۇ؛ غولىدىن ئۆسكەن يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. ئومۇمىي گۈل رېتى ئۇچى ۋە قولتۇقىدىن ئۆسىدۇ، گۈلى كىچىك، رەڭگى ئاق؛ مېۋىسى ياپىلاق ۋە ئۈچ بۇرجەك بولۇپ، ئۇچى ئازراق ئويمان بولىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېبى دورا قىلىنىدۇ، قان توختىتىش، تولغاقنى توختىتىش رولىغا ئىگە.

**چۈجە** ئى [پ] توخۇ، ئۆردەك، غاز قاتارلىق قۇشلارنىڭ بالىسى: **چۈجىنى كۈزدە سانا (ماقال).**

*** چۈجىلىرىمىز يىلدىن-يىلغا كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ.**

**چۈجە خوراز** ① ياش، كىچىك، خوراز: **ئاباق چۈجە خورازدەك قىچقىرىپ كەتتى، قوللىرى مەھەممەت ئىمىننىڭ يەلكىسىنى ئامبۇردەك قىسىپ، ئۆنى ئۆزى تەرەپكە تارتتى.** ② كۆچمە. (كۆپلۈك ساندا) كىچىكلىكنى تاشلىمىغان، ئاسانلا تەگىشىپ قالىدىغان تەڭتۇشلەر: **ئۇلار تېخى مۇشۇ كۈزدىلا بىر-بىرىگە پىچاق كۆتۈرۈشۈپ، بوغۇزلاشقىلى تاسلا قېلىشىپتۇ، بۇ ئىككى چۈجە خورازغا نەسىھەت قىلىپ قوي.**

**چۈجىنى كۈزدە سانىماق** ھەر ئىشنى ۋاقتى كەلگەندە كۆرمەك، ئىشنىڭ نەتىجىسىگە قاراپ يەكۈن چىقارماق: **ئۆز زامانىسىدا، قوراللىق ئىسيان كۆتۈرگەن تۆمۈر خەلپىدەك خوخەنزىلەر مېنىڭ بۇ ھۈنىرىمگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن يەردە، ئەمدى بۇ تالىپ مجەز پەن ياۋنەن ئەپەندى نېمە قىلالايتتى؟ چۈجىنى كۈزدە سانايمىز تېخى، مانا** **بۇنى ئاقلانىلىك دېسە بولىدۇ.**

**چۈجگۈن** ئى <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن، گۈل رېتى تۈۋرۈك شەكلىدە كېلىدۇ؛ باشقىدا تۈكلىرى بولىدۇ.

**چۈجگۈن قوناق** <بوت> ① باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى توم، يوپۇرمىقى يېپسىمان تۆمۈنە شەكلىدە كېلىدۇ، يوپۇرماق غىلىپىدا تۈكى بولمايدۇ، يوپۇرماق ئۇچىدا تۈكى بولىدۇ؛ باشقى كونۇس، كاناي ۋە ئۇرچۇق شەكىللىرىدە بولۇپ، كۆپىنچە پەسكە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ؛ دېنى قىلتىرىقلىق بولۇپ، پوستى قىزىل، سېرىق، ئاق، سۆسۈن قاتارلىق رەڭلەردە كېلىدۇ، ئاقلىغاندىن كېيىنكى رەڭگى سارغۇچ ئاق كېلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ دېنى.

**چۈجگۈنلۈك** ئى. چۈجگۈن تېرىلغان ياكى چۈجگۈن ئۆسكەن يەر: **ھېلىقى بىر توپ ئادەملەر چۈجگۈنلۈكنى ئارىلاپ يۈرۈپ، چوڭ يولغا چىقىپ قالدى.**

**چۈجىلىك** سۈپ. چۈجىسى بار، چۈجە چىقارغان، چۈجە ئەگەشتۈرگەن: **چۈجىلىك مېكىيان.**

**چۈچۈتمەك** «چۈچۈمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: **ئۇ ئاخىرى ياغنى ئۇچىنچى سىناق ئورنى ـ 42 مو قوناقلىقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا چۈچۈتتى.**

**چۈچۈك** I سۈپ ① ئاچچىق ئەمەس، ئاچچىق بىلەن تاتلىقنىڭ ئارىلىقىدا؛ چۈچۈمەل (تەم ھەققىدە): **چۈچۈك ئالما.** **داۋام قىلسۇن يەنە تەلەپ-تەشنالىق، شۇڭا ماڭا يوقالمايدۇ بۇ بازار. بۇرۇنقىدەك ئىزلەپ كەلسۇن ئادەملەر، چۈچۈك كۈچا ئامۇتىغا بولۇپ زار.** ②

كۆچمە. جەلپ قىلارلىق، يېقىملىق: تىلى چۈچۈك. چۈچۈك ئاۋاز. * تۈپىۈقسىز دۇكاننىڭ ئالدى تەرىپىدىن، تومۇچۇقنىڭكىدەك زىل ۋە چۈچۈك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

**چۈچۈك ئاپىلسىن** <بوت> ① سوزاپ ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان چاتقال ياكى دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇمنە ياكى كاناي شەكلىدە بولىدۇ، گۈلى ئاق كېلىدۇ، مېۋىسى كىچىك بولۇپ، كاناي شەكلىدە، رەڭگى سېرىق كېلىدۇ، ئالاھىدە خۇش بۇي پۇرايدۇ، تەمى چۈچۈمەل بولۇپ، ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**چۈچۈك بۇيا** <بوت> ① پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تۈكلۈك، گۈلى سۆسۈن، چوكا مېۋىسى قوڭۇر رەڭ كېلىدۇ؛ يىلتىزىنىڭ تەمى تاتلىق بولۇپ، دورا قىلىشقا بولىدۇ، يۆتەل پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش، زەھەر قايتۇرۇش قاتارلىق رولىلارغا ئىگە. ئۇنى تاماكا، جاڭيۇ قاتارلىقلارنىڭ پۇراقلىق ماتېرىيالى قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى.

**چۈچۈك** II ئى. بال س. چۇچاق.

**چۈچۈك** III ئى. بوۋاق باللاردىكى چوڭ تەرەت كەلمەيدىغان كېسەل: چۈچۈك بولماق.

**چۈچۈكدىمەك** پ. پۇرۇككە شاپ قويماق؛ چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرماق: مۇنار بىلەن كېلىشتۇرۇپ چۈچۈكدىگەنىدىم، نەچچە يىلدىن بېگەن-ئىچكەنلىرى شارقىراپ ئاققىلى باشلىدى.

**چۈچۈلە** (توغرىسى: چۇچىلا) ← چۇچىلا.

**چۈچۈمەك** پ. تازىلانماق، داغلانماق: قىزنىشتىن ئاچچىق بۇسى چىقىپ كەتمەك.

**چۈچۈمەل** سۈپ. ئاچچىقمۇ ئەمەس، بەك تاتلىقمۇ ئەمەس؛ ئاچچىق-چۈچۈك: چۈچۈمەل ئالما. چۈچۈمەل ئۈزۈم. * سۈت ئىچكەندىن كېيىن، چۈچۈمەل، تەملىك نەرسىلەرنى يېمەسلىك، گۆش يەپلا، ئارقىسىدىن سۈت ئىچمەسلىك كېرەك.

**چۈچۈمەللەشمەك** پ. چۈچۈمەل ھالەتكە كەلمەك: ناچار سۈت ۋە بىر قىسىم ئۇتتا قويۇپ، قايمىقى ئېلىۋېلىنغان سۈتلەر كۆكۈچ كېلىدۇ. تەمى سەل چۈچۈمەللەشكەن سۈتلەر بۇزۇلغان سۈت ھېسابلىنىدۇ.

**چۈچۈمەللىك** «چۈچۈمەل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**چۈچۈنچە** ئى [پ] يىپەكتىن توقۇلغان ئاق رەخت، شايىنىڭ بىر خىلى: چۈچۈنچە كۆڭلەك. چۈچۈنچە يەكتەك. * ياسىننىڭ بېشىدا يېشىل مەشۇتتىن گۈل چېكىلگەن قىزىل دوپپا، ئۇستىدە ئاق چۈچۈنچىدىن تىكىلگەن شىم-تۇجۇركا، پۇتىدا پارقىراپ تۇرغان خۇرۇم بەتىنكە بار ئىدى.

**چۈرۈش** سۈپ. پىشىشقا يېقىنلاشقان، بىرئاز خام، تولۇق پىشمىغان: چۈرۈش قوغۇن. چۈرۈش شاپتۇل.

**چۈرۈك** سۈپ ① يۇمشاقلىقنى، ئېگىلىشچانلىقىنى يوقاتقان، ئاسان سۇنىدىغان، ئاسان ئۇشتۇلىدىغان: چۈرۈك ياغاچ. چۈرۈك مېتال. * ساۋۇتجان باشمالتاقتەك، يېرىلىپ ئۇچۇپ كەتكەن ياغاچقا قاراپ قويدى-دە، سەۋەبىنى تاپقاندەك: — مۇشۇ ياغاچمۇ، ناھايىتى چۈرۈك ياغاچ ئىكەن ئۇستام، — دېدى. ② سۇلۇق، چىشلىگەندە تارسىلداپ تۇرىدىغان، ئاسان يېرىلىدىغان: (قوغۇن، مېۋە ھەققىدە) : چۈرۈك قوغۇن. چۈرۈك ئالما. * ئەۋەتكەن سوۋغىتىڭ ئالمىمۇ، نەشپۈت؟ ئاناردەك قىپقىزىل، زۇمرەتتەك سۇزۇك. ھەسەلدەك تەمدىن ئالما دەي دېسەم، تۇرىدۇ نەشپۈتتەك سۇلۇق ھەم چۈرۈك.

**چۈرۈكلۈك** ① «چۈرۈك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: كامال تاپالڭ سىياقىغا پۇتۇنلەي تورلىشىپ خەتلەر، پىچاق تەگسە چۈرۈكلۈكتىن ئېتىڭ سايراپ

كېتەر قوغۇن. ② ئى <فىز> جىسمنىڭ تارتىش كۈچىگە ياكى زەربىگە ئۇچرىغان چاغدىكى ئاسان سۇنۇپ پارچىلىنىدىغان خۇسۇسىيە- تى. ئەينەك، چويۇن، خىش، تاشلارنىڭ ھەممىسى چۈرۈكلۈكى يۇقىرى جىسىملار دۇر.

**چۈش** I ئى. ئۇيقۇ جەريانىدا ھاسىل بولغان، ئۇخلىغاندا چوڭ مېڭە پائالىيىتى تولۇق توختاپ كەتمىگەن ئەھۋالدا، مېڭىدە ئەكس ئەتكەن ئوبرازلار، نەرسىلەر: چۈش كۆرمەك. چۈشىگە كىرمەك. چۈشى بۇزۇلماق. * كىشىدىكى پۇل - چۈشىدىكى پۇل (ماقال). * نۇزۇگۇم شۇنداق ھەسرەتلىك خىياللار بىلەن ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ چۈشىدە ئاتىسىنى كۆردى.

**چۈش كۆرمەك** ① ئۇخلىغاندا، چوڭ مېڭە پائالىيىتى تولۇق توختاپ كەتمىگەن ئەھۋالدا، مېڭىدە ھەر خىل ئوبرازلار، نەرسىلەر ئەكس ئەتمەك: كېچىسى پادىشاھ بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە قاپقارا بىرنەرسە «گۈپ» قىلىپ پادىشاھنى بېسىۋاپتۇ. ئارقىدىن يەر يېرىلىپتۇ. * بىر قېتىم يېرىم كېچىدە چۈش كۆرۈپتىمەن، يېنىمغا قارىغۇدەك بولسام، بىلىكىمدە بىر قىز ياتارمىش. ② كۆچمە. ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئويلارنى قىلماق، خام خىيال قىلماق: تۆمۈرچى مەسخى- رىلىك كۈلۈپ دېدى: - ئەخمەقلەر چۈش كۆرۈۋېتىپسە- لەر، ئۇ يول بىلەن تۆرمىدىن قاچقىلى بولمايدۇ.

**چۈشى بۇزۇلماق** ① قالايمىقان، قورقۇنچ- لۇق چۈش كۆرمەك، قارا باسماق: ئابدىكېرەم: - چۈشلىرى بۇزۇلۇپ قاپتۇ-دە، - دېدى نىيازغا. ② كۆچمە. ئويلىغانلىرى، پىلانى ئۆزگەرمەك؛ ئەسلىدىكىدىن باشقىراق ئويغا كەلمەك.

**چۈش** II ئى. قۇياش تىك كۆتۈرۈلگەن، سائەت 12 ياكى بىر بولغان مەزگىل: ئەخمەقنىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن كېلەر (ماقال). * ئۇ ئىككىنچى كۈنى چۈشتە كۆچارغا كېلىپ، سارايغا چۈشۈپتۇ.

**چۈشەتمەك** «چۈشمەك II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چۈشەشمەك** «چۈشمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۈشەك** I ئى. ئات، ئېشەك قاتارلىق ئۇلاغلارنىڭ ئايغىنى چېتىپ قويۇش ئۈچۈن ياسالغان سايمان؛ چېدەر: چۈشەك سالماق. * خىزمىتى چىققان بولسا، كېلەر ئىدى بىز ياققا. شەيتان دېگەن بىۋاپا، ئەجەب مۇ سالدى ئوتقا. ساياقلىق قىلما يارىم، چۈشەك سالاي پۇتۇڭغا.

**چۈشەك** II ئى <بىن> مونار تەكچىلىرىگە چىقىرىلىدىغان، مېھرابقا ئوخشايدىغان شەكىل.

**چۈشەك** III ئى ① كۆرگەن چۈش: تۆشەك بىر، چۈشەك باشقا (ماقال). ② كۆچمە. ئوي، پىلان: نەسرىدىن بىلەن شەمشىدىن يول بويى بىرگە يېتىپ، قوپۇپ، مۇڭدىشىپ، كۆڭۈللۈك كېتىپ باراتتى، لېكىن «تۆشەك بىر، چۈشەك باشقا» دېگەندەك، نەسرىدىننىڭ قورسىقىدىكى چۈشەك باشقىچە ئىدى.

**چۈشەكەشمەك** «چۈشەكىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۈشەكلەنمەك** «چۈشەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چۈشەكلىنىپ تۆمەنلىگەن جاندارلار، ياتقۇزۇلدى، تەييار بولدى پىچاققا. پىچىقىنى يالتىرىتىپ ئۇ تۇزمۇ، قوينى بېسىپ باقار ئىدى ئۇزاققا.

**چۈشەكلىك** سۈپ. چۈشەلگەن، چۈشەپ قويۇلغان: چىمەنلىك ئارالچىلاردا چۈشەكلىك بىرنەچچە ئات ئوتلاپ يۈرەتتى.

**چۈشەكلىمەك** پ ① چۈشەك سالماق، چۈشىمەك: ئاتنى چۈشەكلىمەك. قوينى چۈشەكلە- مەك. ② كۆچمە. توسماق، چەكلىمەك: ئىدىيەمنى چۈشەكلەپ قويماسلىقتا ئىزچىل تىرىشىپ

كەلدىم، شۇڭا بىرەر قىياسىمنىڭ خاتالىقى پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلانغان هامان، ئۇنىڭغا قانچىلىك بېرىلگەنلىكىمدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىمەن.

**چۈشەكمەك** پ ① چۈش كۆرمەك: بۇ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىدا چۈشەكەپ ياتقان بەخىرامان پەيتى ئىدى. ② ئۇيقۇدا يېتىپ سۆزلىمەك؛ جۆيلۈمەك: ئۇنىڭ يېنىدا بولسا تۆت-بەش ياشلىق بىر قىز بالا تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى، بۇ بالا تۇيۇقسىزلا بىرقانچە رەت تېپچەكلىگەنىدىن كېيىن، چۈشەكەپ: — ئاپا! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى. ③ كۆچمە. ئەمەلگە ئاشمايدىغان شېرىن خىيالدا بولماق، خام خىيال قىلماق: — مېنىڭمۇ تاپشۇرۇقۇم بار! ھەمىشە ئاق ئۇن يەيمىز دەپ چۈشەكەپ يۈرمەڭلار. بۇ ئاي-بۇ كۈنلەردە، يۇقىرىدا ھەرقايسىڭغا بەرگۈدەك ئاق ئۇن يوق! ئېيتقىنىم توغرىمۇ؟ — دېدى دۈيجاڭ.

**چۈشەلمەك** «چۈشمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يۈتى چۈشەلگەن ئات. * ئۇ يۈت-قولى چۈشىلىپ، بوغۇزىغا پارقىراپ تۇرغان پىچاق تەڭلەنگەندە، يۈشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي: — ھەي، ھەممە بالا-قازا ئۆزۈمنىڭ ھۇرۇنلۇقىدىن كەلدى! — دېيىشكە ئارانلا ئۈلگۈردى.

**چۈشەنچە** ئى ① ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى ئىنكاسى: توغرا چۈشەنچە. خاتا چۈشەنچە. ئابستراكت چۈشەنچە. * ھەسەننىڭ چۈشەنچىسى بويىچە بولغاندا، ئەمگەك ئارىلىقىدا تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بارغىلى بولمايتتى، قىسمىغا ئوخشاش ئايرىم ۋاقىت ئاجرىتىش كېرەك ئىدى. ② بىرەر ئىش-ھەرىكەت ياكى نەرسە ھەققىدە بېرىلگەن ئىزاھات؛ تەربىيە، نەسىھەت: چۈشەنچە بەرمەك. * ئەنۋەر ناسىرى شۇ تەرىقىدە نۇرغۇن چۈشەنچىلەرنى بەرگەنىدىن كېيىن، لۇتپۇللا ئېلىپ كەلگەن شېئىرلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇنىڭ قايتا ئىشلەپ كېلىشىگە تاپشۇردى. ③ ئىنساننىڭ بىلىم ۋە تەسەۋۋۇر دەرىجىسى؛ سەۋىيە: مېنىڭ ئىلمىي چۈشەنچەم تۆۋەنرەك. * سىزنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىڭىز كۆپ ئۆسۈپتۇ.

**چۈشەندۈرمەك** ① «چۈشەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خاسىيەت كېيىن شاڭخەيدىن يازغان خېتىدە، ھېلىقى كېچىسى ئادىلنىڭ تەكلىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، نېمە ئۈچۈن ھېلىقىدەك ھەرىكەتتە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرگەنىدى. ② ئىسپاتلىماق، ئىزاھلىماق، شەرھلىمەك، بىلدۈرمەك: ئۇ مەقسىتىنى كۆڭۈلدىكىدەك چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن قانداق سۆز تاللىسا بولىدىغانلىقىنى ئويلىۋالماقچى بولغاندەك، كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكتى. ③ نەسىھەت قىلماق، تەربىيە بەرمەك: ياق! نېمىلا بولسا بولسۇن، ئۇ مېنىڭ ئوقۇغۇچۇم. جەمئىيەتنىڭ ئادىمى. ئابرويۇم تۆكۈلمەيدۇ. چۈشەندۈرىمەن، قايىل قىلىمەن.

**چۈشەندۈرۈش** ① «چۈشەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى: باج يىغىۋېلىش ھەققىدىكى تەشۋىقات ۋە باج تاپشۇرۇش ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. ② ماددىي بويۇملارنىڭ ئۆلچىمى ۋە خاراكتېرى، ئىشلىتىلىشى ھەمدە تىياتىر، كىنو قاتارلىقلارنىڭ ۋەقەلىكى ھەققىدىكى يازما ئىزاھات.

**چۈشەندۈرۈشمەك** «چۈشەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۈشەندۈرۈلمەك** «چۈشەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: گرافىدا ھەرقايسى سورتلارنىڭ تېرىلىش ۋاقتى، نورمىسى، سۇ، ئوغۇتقا بولغان تەلىپى، قىشتىن ئۆتۈش ئەھۋالى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى چۈشەندۈرۈلدى.

**چۈشەنمەك** پ. شەيئىنىڭ ياكى بىرەر گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە، ھادىسە قاتارلىقلارنىڭ ماھىيىتى، سەۋەبى، مەنىسىنى ئۇقماق، بىلمەك: ئۇلار بۇ دۆرەم ئىككى قېرىنىڭ كۆڭلى ۋە تەلىپىگە بىنائەن،

دىلشاتنىڭ ئىستىقبالىغا تۈزىتىپ بولماس دەرىجىدە زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندى. * بۇ رومالنى يول بەلگىسى سۈپىتىدە ئانىنىڭ ئالاھىدە قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ھەممەيلەن بىر قاراپلا چۈشەندى.

**چۈش-پېشىن** چۈش ۋە پېشىن ئارىلىقىدىكى ۋاقىت: ئۇلار قويۇق ئورمانلىقنى ئارىلاپ مېڭىپ، چۈش-پېشىن مەزگىلىدە رۇستەمنىڭ ئىشكى ئالدىغا كەلدى.

**چۈشكەن** «چۈشمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى.

**چۈشكەن جىسىم** <فىز> ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تەسىرى بىلەن ھاۋادىن چۈشكەن جىسىم.

**چۈشكەن نۇر** <فىز> نۇر زىچلىقى ئوخشىمىغان يەنە بىر خىل ۋاستىگە ئۇچراپ قايتقاندا ياكى سۇنغاندا، ئىككى ۋاستىنىڭ تېگىشىش يۈزىگە چۈشكەن نۇر.

**چۆشكۈرتمەك** «چۆشكۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چۆشكۈرمەك** پ. دىماغنىڭ قىچىششى نەتىجىسىدە ئىختىيارسىز ھالدا ئۆپكىدىن جىددىي، ئاۋازلىق ھاۋا چىقارماق: بىركۈنى پادىشاھ تەخت ئۈستىدە ئۇخلاپ ياتقانىكەن، شۇ ۋاقىتتا مۇشۇك قۇيرۇقىنىڭ ئۇچىنى پادىشاھنىڭ بۇرنىغا سۇركەپتۇ، پادىشاھنىڭ بۇرنى قىچىشىپ چۆشكۈرۈپتۇ.

**چۆشكۈرۈشمەك** «چۆشكۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۈشكۈن** ① سۈپ. روھىي كەيپىياتى تۆۋەن، ئۈمىدسىز، مەيۈس، غەمكىن: چۈشكۈن ئادەم. * كېيۈر ئاخۇن باشقىلارنىڭ غەيۋەت-شىكايىتىدىن قورقۇپ، مەسچىتتىن ھەممىدىن كېيىن چىقتى، ئۇنىڭ روھى تولىمۇ چۈشكۈن ئىدى. * مۇدىر ئۇنىڭ چىرايىنىڭ خېلىلا تاتىرىپ قالغانلىقىغا، كەيپىياتىنىڭ باشقىچە چۈشكۈن كۆرۈنۈۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدى. ② ئى.

سەپەر ياكى ساياھەت قىلىش جەريانىدا ۋاقىتلىق تۇرۇپ، ئارام ئېلىپ ئۆتىدىغان جاي؛ قونالغۇ: — مەن يولدىن ئېزىپ كەتتىم، بىرەر چۈشكۈن تاپالماي يۈرىمەن، مېنى قوندۇرۇپ قېلىڭ، — دېدى يولۇچى. * ئۇنىڭ ئارقىسىدا، ئارغىماقتا مىنگەن تۇمەنبېشى قارشى تەرەپتىكى ياغى چۈشكۈنىگە كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرماقتا.

**چۈشكۈنلەشتۈرمەك** «چۈشكۈنلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ جاھالەت، بۇ خۇراپاتلىق بىزنى چۈشكۈنلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنىمىزنى خاراب قىلىۋەتتى.

**چۈشكۈنلەشمەك** پ. چۈشكۈن ھالەتكە كەلمەك، غەمكىن بولۇپ قالماق، مەيۈسلەنمەك، روھسىزلانماق: تۇرمىدىكىلەر ناھايىتى ئاسانلا خىلمۇخىل كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇپ، سالامەتلىكىدىن ئايرىلاتتى. نېرۋىسى ئاجىز كىشىلەر ئۆز تەقدىرىدىن ئاھ ئۇراتتى. بۇ خىل چۈشكۈنلىشىش ھەتتا بەزىلەرنى ئۆلۈمگە ئېلىپ باراتتى.

**چۈشكۈنلۈك** ئى. چۈشكۈن ھالەت، چۈشكۈن كەيپىيات: روھىي چۈشكۈنلۈك. چۈشكۈنلۈك قاپلىماق. * شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ پېشانىسىنى چوڭقۇر قورۇقلار باسقان، يۈرىكى كەلگۈسىنىڭ قورقۇنچلۇق، چۈشكۈنلۈك كەلتۈرىدىغان دەھشەتلىك سەزگۈلىرى بىلەن تولغانىدى.

**چۈشلۈك** سۈپ. چۈشتە بولىدىغان، چۈشتە قىلىدىغان، چۈشتە يېيىلىدىغان؛ چۈشكە ئائىت، چۈشكە تەئەللۇق: چۈشلۈك تاماق. چۈشلۈك دەم ئېلىش. * چۈشلۈك ئۆمرۈڭ بولسا، كەچلىك ئۇزۇق تاپ (ماقال). * بىز خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى، چۈشلۈك ۋە كەچلىك غىزانى بىللە يەيتتۇق.

**چۈشلىمەك** پ. شۇ جايدا چۈشكىچە تۇرماق، شۇ جايدا چۈشنى قىلماق؛ شۇ جايدا چۈشنى ئۆتكۈزمەك: بىز مۇشۇ جايدا چۈشلەپ، ئاندىن يولغا چىقايلى.

**چۈشمەك** پ ① يۇقىرىدىن، ئېگىز يەردىن

ياكى بىرەر نەرسە ئۈستىدىن پەسكە
قاراپ ھەرىكەت قىلماق، شۇنداق
ھەرىكەت بىلەن شۇ پەس جايغا
يەتمەك: تاغدىن چۈشمەك. ئۆگزىدىن چۈشمەك.
ئاتتىن چۈشمەك. دەرەختىن چۈشمەك. * ئاتتىن
چۈشتۈڭ ـ ئېتەككە چۈشتۈڭ (ماقال). * داۋاندىن
چۈشۈپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن، ئورالبەك ئاتنىڭ
تىزگىنىنى تارتىپ توختاتتى-دە، ماڭا قاراپ: ـ قۇدۇق
قورۇغا كەلدۇق، ـ دېدى. * ئىككى ئاتلىق يېشىل
سىرلانغان دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ، ئاتتىن چۈشتى.
② بىرەر قاتناش ۋاسىتىلىرىغا ئولتۇرماق،
چىقماق: ئايروپىلانغا چۈشمەك. پويىزغا چۈشمەك.
پاراخوتقا چۈشمەك. پىكاپقا چۈشمەك. * ئىككى
باتۇر بۈيرۇقنى ئالدى-دە، شۈيشىڭ يۈز جاللاتنى
ئېلىپ كېمىگە چۈشۈپ، پالاقلىرىنى ئىشقا سېلىپ،
سەپەرگە راۋان بولدى. * يولدا بىر ماشىنىغا
چۈشۈۋالغاندىم، مۇشۇ يەرگە چۈشۈرۈپ قويدى.
③ پەسەيمەك، تۆۋەنلىمەك، ئازايماق،
ئەرزانلىماق: باھاسى چۈشمەك. قىزىتمىسى
چۈشمەك. * ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى خالىسا كېلەتتى،
خالىمىسا كەلمەيتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ
سانى كۆپىيىپ، بەزىدە 20 ـ 30 غا يېتەتتى، بەزىدە
بەش-ئالتىگە چۈشۈپ قالاتتى. * ئۇنىڭ ئۈستىگە،
بىر كۈب مېتىر ياغاچنىڭ تەننەرخى بىراقلا 19 يۈەن
چۈشتى. * دوختۇرلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى
بىلەن ئۇنىڭ قىزىتمىسى چۈشۈپ، ئەھۋالى خېلى
ياخشىلاندى. ④ بوشاشماق؛ تۆۋەنلىمەك،
يېرىم بولماق، مەيۈسلەنمەك (مىجەز،
روھىي ھالەت، كەيپىيات ھەققىدە):
دېمى ئىچىگە چۈشمەك. * پادىشاھ بۇ گەپكە بىر
ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، پەزىلەتخاننىڭ دەردىدە
روھى چۈشۈپتۇ. * شۇنداق قىلىپ، قىزلاردىن يېڭىلىپ
قالغان ئوغۇللارنىڭ بېشى چۈشۈپ كېتىپتۇ. ⑤
بېكىتىلگەن، ئورنىتىلغان، تىكلەپ قويۇل-
غان، تۇتۇپ تۇرۇلغان يەردىن ئاجرىلىپ،
ئۈزۈلۈپ پەسكە تاشلانماق، يەرگە
يەتمەك، غۇلىماق: تاش چۈشمەك. * بىردەم
بىر يەرنىڭ كاھىشى چېقىلسا، بىردەم يەنە بىر
يەرنىڭ خىشى چۈشۈپ كېتەتتى. * ـ مەيلى
چۈشۈۋەرسۇن، كۆزۈڭلەرنى ئۈزمەڭلار، ـ دەپ
تېخمۇ ئۈنلۈك ۋارقىراپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، بەشىنچى
نان چۈشۈپ كېتىپتۇ. ⑥ ئۆزلۈكىدىن ياكى
مەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن بوشاپ،
ئۈزۈلۈپ تۆكۈلمەك: چاچ چۈشمەك. چىش
چۈشمەك. ⑦ ياغماق، پەيدا بولماق،
(يامغۇر، قار، قىراۋ قاتارلىقلار ھەققىدە):
قار چۈشمەك. قىراۋ چۈشمەك. * ئاسمان يۈزى
تەكشى تۇتۇلغان بولۇپ، يا ئاي، يا بىرەر تال
يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى. قار ھاياتنىڭدىن خېلىلا ئىنتىك
چۈشۈۋاتاتتى. * يوپۇرماق ئۈستىگە چۈشكەن
شەبنەم تامچىلىرى خۇددى مەرۋايىتتەك پارقىرايتتى.
⑧ كۆچمە. ۋەزىپىسىدىن، ئەمەلدىن،
مەنسىپىدىن بوشىتىلماق، ئېلىپ تاشلان-
ماق: ئەمەلدىن چۈشمەك. ۋەزىپىسىدىن چۈشمەك.
* «سۇ ئۇخلىسا ئۇخلار، دۈشمەن ئۇخلىماس»
دېگەندەك، نۇشىرۋان تەيجى تەيجىلىكتىن چۈشكەن
بىلەن، باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشنى توختاتمىغان-
دى. ⑨ بىرەر دائىرە، مەلۇم بوشلۇق
ئىچىگە كىرمەك؛ جايلاشماق: باغقا چۈشمەك.
يېزىغا چۈشمەك. * مەن شۇ ئان سەكرەپ
پوكەينىڭ ئىچىگە چۈشتۈم. * نېمە بولسا مەيلى،
بۇ شەھەرگە چۈشۈش كېرەك. ⑩ سەپەردە،
كۆزلىگەن جايغا بېرىپ توختىماق، قونماق:
مەنزىلگە چۈشمەك. سارايغا چۈشمەك. * مانا،
ئۇنىڭ قەلئەگە كېلىپ چۈشكىنىگە ئۈچ ھەپتە
بولغانىدى. * نۇردۇن شەھەرگە كىرىپ، چوڭ
ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ⑪ بىرەر ئورۇننىڭ
باشقۇرۇشى، ئىختىيارىغا ئۆتمەك، قامال-
ماق: تۈرمىگە چۈشمەك. زىندانغا چۈشمەك، قاماققا
چۈشمەك. ⑫ ئارتىلماق، يۈكلەنمەك:

ھەركىم ئۆز زىممىسىگە چۈشكەن ۋەزىپىنى ئادا قىلىشى كېرەك. * ئۇيغۇر تىلىدا، ئۇرغۇ سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىغا چۈشىدۇ.

⑬ تەسىرى بىرەر نۇقتىغا، مەلۇم دائىرىگە يەتمەك، تارقالماق (ئاپتاپ، يورۇقلۇق، نۇر ھەققىدە): كۈن چۈشمەك. ئاپتاپ چۈشمەك. * ئىككىسى سۆزلىشىپ تۇرغاندا، دېرىزىگە يورۇق چۈشتى. * مەن رازىيەنىڭ خېتىنى ئوقۇش ئۈچۈن، لامپۇچكا يورۇقى ياخشى چۈشۈپ تۇرىدىغان بىر تاشنىڭ ئۈستىگە ئولتۇردۇم.

⑭ باشقا نەرسىدە، ئەكسى كۆرۈنمەك، پەيدا بولماق؛ ئەكس ئەتمەك: كۆلەڭگە چۈشمەك. شولا چۈشمەك. * قۇش ئاسماندا ئۇچسا، سايىسى يەرگە چۈشىدۇ (ماقال). * ئۇ تىترەك، پەس ئاۋاز بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشقا باشلىغاندا، بېشىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئالدىدىكى ئەينەككە خىرە-شىرە چۈشكەن شولىسىدىن كۆرۈپ تۇراتتىم. * ئۇ رەسىمگە بەكمۇ چىرايلىق چۈشكەنىدى.

⑮ پەيدا بولماق، ھاسىل بولماق، كۆرۈنمەك: قورۇق چۈشمەك. داغ چۈشمەك. سۇ چۈشمەك. تاۋۇز چۈشمەك. * بۇنداق چاغدا، سۇدىن بېشىنى كۆتۈرمەي بىراقلا جىق ئىچىۋالسا، ئۆپكىگە سۇ چۈشىدۇ، يۈرەك يېرىلىپ ئادەم ئۆلىدۇ. * بىرىيلى بىزنىڭ قوغۇنلۇقتا بىر پېلەككە بەش قوغۇن چۈشكەنىدى. * بىر كۈنى، باقى قارىسا، پېلەككە بىر تاۋۇز چۈشۈپتۇ. * جۇشقۇن كۆڭۈل ئاپئاق ساقال بوۋايلار، ھەۋەس بىلەن قەھ-قەھ سېلىپ كۈلگەندە؛ ماڭلىيىغا سىزىق چۈشكەن مومايلار، بەخت، شادلىق قايىنىمىغا چۆمگەندە.

⑯ ئىلىنماق، تۇتۇلماق، باغلانماق: تورغا چۈشمەك. قاپقانغا چۈشمەك. * بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى. تورغا ناھايىتى كۆپ بېلىق چۈشمەكتە. * بۇ زىيابەت قارا بوسۇق بىلەن سەيپۇڭ توختىنىڭ پۇت-قوللىرىغا كىشەن-زەنجىر چۈشۈش بىلەن ئاياغلاشتى. * مەن ئەنەدىرخاننىڭ قىزىغا ئاشىق بولۇپ، خانغا ئەسىرگە چۈشتۇم.

⑰ كۆچمە. دۇچ كەلمەك، ئۇچرىماق، يولۇقماق؛ پەيدا بولماق؛ تۇغۇلماق (غەم-ئەندىشە، تەشۋىش، شۇبھە، قىينچىلىق قاتارلىقلار ھەققىدە): غەمگە چۈشمەك. ئارىغا زىددىيەت چۈشمەك. * ئۇ ناسىر ئاكىنىڭ يېڭى تۇرمۇشىغا ھەسەت قىلىۋاتقان ئاشۇ كۈنلەردە، ئارىغا يەنە بىر يېڭى زىددىيەت چۈشۈپ قالدى. * شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بۇ يەردىكى دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ چارۋا مەسىلىلىرىنى سېتىپ بېرىش ئىشى قىيىن ئەھۋالغا چۈشتى. * بەزى كۈنلەردە، ئۇ قاتتىق تەشۋىشكە چۈشەتتى.

⑱ ئېرىشمەك، ئېگە بولماق، ئىگىلىمەك: ئەگەر ئاكىيونىڭ يېنىغا پۇل چۈشۈپ قالسا، دەرھال شىشخال ئويناشقا ماڭاتتى. * بەزى يامانراق ئادەملەر ئۇنىڭ كېكىردىكىنى بوغۇپ تۇرۇپ تارتىۋالمىسا ئادەتتە ئۇنىڭ قولىغا چۈشكەن نەرسە ھەرگىز ئاسانلىقچە چىقمايدۇ.

⑲ كەلمەك، يەتمەك، ئۇقتۇرۇلماق (ھۆججەت، ئالاقە، يوليورۇق ھەققىدە): يولداش دۇڭ تىڭخەن: — يەنە بىر ئىش، تۈنۈگۈن تېلېفوندا يولداش ئابدۇقادىر بىلەن سۆزلەشتىم، ئۈرۈمچىدىن تېلېفون بېرىپتۇ. قارىغاندا، مەركىزىي كومىتېتنىڭ ھۆججىتى پات ئارىدا چۈشىدىغان ئوخشايدۇ — دېدى.

⑳ ماس، دەل، توغرا، مۇۋاپىق، باپ كەلمەك: ئۇ بۇ تارتىمغا چۈشىدىغان ئاچقۇچنى ياسىغان ئوخشايدۇ. * ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئەمرىگە بىنائەن، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ، شۇ شەرتلەرگە چۈشىدىغان ئادەمنى ئىزلەشكە مەجبۇر بولۇپتۇ.

㉑ بىرەر ئىش-ھەرىكەتكە كىرىشمەك، باشلىماق؛ تۇتۇش قىلماق: گەپكە چۈشمەك. مۇنازىرىگە چۈشمەك. * ئۇلار ئەمدىلا قىزىق پاراڭغا چۈشكەنىدى. * مەن ئەمدىلا ئىشقا چۈشكەنىدىم، بىرى ئىشىكنى چەكمەيلا كىرىپ كەلدى. * بۇ چاغدا ئېتىز بېشىغا 80 — 90 كىشى يىغىلغانىدى، ئۇلار مۇختەرنىڭ تەكلىپىنى ئاڭلاپ غۇلغۇلىغا چۈشتى.

㉒ تاشلانماق، يۆتكەلمەك (كۆز ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتى ھەققىدە): ئەتىسى چۈش ۋاقتى،

جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى چۈشلۈك ئۇيقۇدا ئىدى، پارتىيە دەرسىدىن چىقىپ، تاماقنا كېتىۋېتىپ، تام تۈۋىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان تۇرسۇنغا كۆزۈم چۈشتى. * مىنىپ ئىلھام قۇشىغا، كەلدىم بۇلاق بېشىغا، كۆزۈم چۈشتى بۇلاقنىڭ تېگىدىكى تېشىغا. (23) بىكار بولماق، ئايرىلماق: ئىشتىن چۈشمەك. خىزمەتتىن چۈشمەك. * ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە كۆزۈمنى يۇمدۇم: «نېمىشقىمۇ سەپتىن چۈشۈپ قالغاندىمەن؟ ھېچ بولمىسا سابىرغا قول ئىشارىتى قىلىپمۇ قويمىدىم-ھە؟» دەپ قاتتىق ئۆكۈندۈم. * كادىرلار كەچ سائەت بەش يېرىمدا ئىشتىن چۈشىدۇ. (24) يېپىلماق، تۇسۇلماق، ئېتىلمەك: ئوتنىڭ قىزىل نۇرى ئىچىدە، نۇرۇم غۇنچەمنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ، ئالغا بىرنەچچە قەدەم ماڭىدۇ، پەردە چۈشىدۇ. * ئۇنىڭ كىيىۋالغان تامبىلىنىڭ بىر پۇچقىقى يوق، يالىڭاياغ، بېشى ياغاق، ئارقا چېچى بولسا گەجگىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى. (25) كەلمەك، كەلتۈرمەك (ئەس، ياد، خىيال قاتارلىقلار ھەققىدە): ئەسكە چۈشمەك. * سەنئەت ئۆمىكىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنسىلا، مەرھۇم دادام يادىمغا چۈشەتتى. * سەددىچىن سېپىلىگە چىقىپ، ئۇنىڭغا يېپىشىپ تىلغان چاسا خىشلارنى دەسسەپ، تامالاردىكى ئۇزۇنچاق تاشلارغا يۆلىنىپ تۇرغىنىمىزدا، قەدىمكى ۋاقىتلاردا مۇشۇ سېپىلنى قۇرغان ئېلىمىزنىڭ ئەمگەكچى خەلقى ناھايىتى تەبىئىي ھالدا ئېسىمىزگە چۈشىدۇ. (26) يېتىپ كەلمەك، ۋاقتى بولماق: قاراڭغۇ چۈشمەك. گۇگۇم چۈشمەك. * ئۇ ئىككى نان بىلەن 20 زىخ كاۋاپنىڭ گۆشىنى سىيرىۋېلىپ، بىر موچەنگە گېزىت ئالدى-دە، ئۇلارنى ئوراپ دۇكىنىغا ماڭدى. بۇ چاغدا، بارغانسېرى قاراڭغۇ چۈشۈۋاتاتتى. * ئۇلار دەرەخنىڭ تۈۋىدە گۇگۇم چۈشكۈچە ئولتۇردى. (27) مەلۇم ھالەتكە كەلمەك: ئىززىغا چۈشمەك. تەرتىپكە چۈشمەك. جايىغا چۈشمەك. * ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئوبدانلا رەتكە چۈشتى. (28) ئىچىگە كىرمەك، چۆمۈلمەك، چۆممەك: ئۇ ھەجىبىپ تۇرۇپ: ـ كۆن تېخى ئېگىز، دۇشمەننىڭ كېلىشىگە خېلى بار، مەن سۇغا چۈشۈۋالاي! ـ دەپ ئۈستەلىڭ تەرەپكە ماڭدى. * كۆنلەرنىڭ بىرىدە، ئىككى چوكان بىللە مۇنچىغا چۈشۈپتۇ. (29) ئىككاھلانماق، تەگمەك: مەن دادىڭىزغا چۈشۈپ ئۈچ قىز تۇغدۇم. (30) ئورۇنلاشماق، قۇرۇلماق، قەد كۆتۈرمەك: ـ كىشىلەر: «بۇ يېڭى شەھەر ياخشى جايغا چۈشتى» دېيىشىدۇ. (31) چېچىلماق، كۆمۈلمەك، تېرىلماق (ئۇرۇق ۋە قوش): ـ سىلىنىڭچە، ئۇرۇقنىڭ چۈشۈشى قانداقراق؟ ـ دېدى ئۇستا ئۆزى بىلەن بىللە تۇرغان بىرقانچە دېھقانغا قاراپ. (32) توختىماق، تۇرماق (ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىشى ھەققىدە): قىيىنغا چۈشمەك. * ئەڭ ياخشىسى، شۇ «چولڭ خەتلىك گېزىت»نى يازغان كىشىلەر ئوتتۇرىغا ئاشكارا چىققاندا، مەسىلىنى ھەل قىلىش ئاسانغا چۈشەتتى. * بېرىپ كېلىش ئۈچۈن 30 كىلومېتىرچە يول دېگەن ئاسانغا چۈشەمدۇ؟ (33) توختىماق، توغرا كەلمەك: بۇ ئات ماڭا مىڭ يۈەنگە چۈشتى. * بۇ يىلقى بۇغدايىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 800 جىڭدىن كەم چۈشمەيدۇ. (34) «ـ پ، ـ ىپ، ـ ئۇپ، ـ ئۈپ» قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلار بىلەن كېلىپ، ئىش-ھەرىكەتنىڭ بىردىنلا تۇيۇقسىز بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: يىقىلىپ چۈشمەك. * ـ نېمە قاراپ تۇرىسەن، سەكرەپ چۈشمەمسەن، ـ دەپ ۋارقىرىدى ئۇ پەستە تۇرۇپ. * مەن تاغدىن غۇلاپ چۈشكەن كالىنى تىزراق سويۇۋېلىشقا ئالدىرايتتىم.

**چۈشمىگەن** «چۈشمەك» پېئىلىنىڭ بولۇشسىز سۈپەتدىشى: چۈشمىگەن تاياقتا ۋاي دېمەك.

**چۈشمىگەن تاياقتا ۋاي دېمەك** بىرەر شەپىنى كۆرە-كۆرمەي تۇرۇپ قورقۇپ كەتمەك، ھېچنېمىدىن-ھېچنېمە يوق زارلانماق، دادلانماق.

**چۈشۈرتمەك** «چۈشمەك» پېئىلىنىڭ قوش

مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى: ئۇ: ــ بىردەم تەخىر قىلىڭلار، مەن بېرىپ چېچىمنى چۇشۇرتۇپ كېلەي، ئاندىن ماڭايلى، ــ دېدى كوچىغا مېڭىپ.

**چۇشۇرگە** ئى ① ئېرىق، ئۆستەڭ ۋە كۆللەرنىڭ سۈيىنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن قويۇلغان ئېغىز: تۇگمەننىڭ چۇشۇرگىسى. * ئەگەر، ياڭاقلىق چۆلگە ئۆستەڭگە ئايرىلىدىغان چۇشۇرگە ئۈچ-تۆت كىلومېتىر يۇقىرىغا يۆتكەلسە، 15-20 مېتىر ئېگىز پەللە ھاسىل بولىدۇ. ② <مۇز> مۇزىكىنىڭ ئاخىرلىشىدىغان قىسمى، ئاخىرى: نۇسخە مەرغۇلىنىڭ چۇشۇرگىسى. تەزىنىڭ چۇشۇرگىسى. سەلقەنىڭ چۇشۇرگىسى.

**چۇشۇرمەك** ① «چۇشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھارۋىدىن چۇشۇرمەك. * ئوردا دەرۋازىسىغا يەتكەندە، كۈتۈپ تۇرغان ئوردا بېگى ئەزىز بەگنىڭ قولتۇقىدىن ئېلىپ، ئاتتىن چۇشۇردى. * 1973-يىلدىن كېيىن سىناق قىلىش ئارقىلىق، ئۇرۇق نورمىسى 30 جىڭغا چۇشۇرۇلدى. * كېسەلنىڭ قان بېسىمىنى چۇشۇرۇش، بەدەن قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مەلۇم مىقداردا كۆرامىن ۋە 50 پىرسەنتلىك گلۇكوزا ئۇرۇش زۆرۈر. ② پەسكە ئالماق، پەسكە قويماق: يۈكنى چۇشۇرمەك. * ئاپام قازاننى چۇشۇرۈپلا، ئۇ: ــ بۇنى چولڭ داداڭغا چاققان ئاپىرىپ بېرىپ كەلگىن، دېگەنتى، ــ دېدى. ③ ئوقۇماق، ئادا قىلماق: داموللام: ــ مەرھۇمنىڭ دەرھال نامىزىنى چۇشۇرۈپ، يەرلىكتە قويۇۋېتىش كېرەك، ــ دەپ بۇيرۇدى. ④ يېزىپ قالدۇرماق، يازماق، سىزماق: «جاھالەتنىڭ جاپاسى» ناملىق بىر درامىنىڭ دەسلەپكى لايىھىسىنى قۇرۇپ، قەغەزگە چۇشۇرۈپ قويغانىدىم.

**چۇشۇرۇشمەك** «چۇشۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇ چاغدا، ياغاچ باسقان بىر ھارۋا كېلىپ توختىدى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ ياغاچلىرىنى چۇشۇرۇشۇپ بەردى.

**چۇشۇرۇلمەك** «چۇشۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەمەتنىڭ چېچى پاك-پاكىز چۇشۇرۇلگەنىدى. * مارت ئېيىنىڭ بىر ئەتىگەنلىكى، ئايشەم خالمۇراتنىڭ ستانوكى ئالدىغا كەلدى-دە، مەلۇم بىر زاپچاسنىڭ خەرىتىسى چۇشۇرۇلگەن بىر ۋاراق قەغەزنى خالمۇراتقا سۇندى.

**چۇشۇش** «چۇشمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: چۇشۇش بۇلۇڭى. چۇشۇش نۇقتىسى.

**چۇشۇش بۇلۇڭى** <فىز> نۇر زىچلىقى ئوخشىمايدىغان يەنە بىر خىل مۇھىتقا يولۇقۇپ قايتقاندا ياكى سۇنغاندا، چۇشكەن نۇر بىلەن نورمال سىزىقنىڭ ھاسىل قىلغان بۇلۇڭى.

**چۇشۇش نۇقتىسى** <فىز> نۇر زىچلىقى ئوخشىمايدىغان يەنە بىر خىل مۇھىتقا يولۇقۇپ قايتقاندا ياكى سۇنغاندا، ئىككى خىل مۇھىتنىڭ تېگىشىش يۈزىدىكى يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىدىغان نۇقتا، يەنى چۇشكەن نۇر بىلەن تېگىشىش يۈزىنىڭ كېسىشىش نۇقتىسى.

**چۇشۇشمەك** «چۇشمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مېھمانلار قوۋۇق ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۇشۇشتى.

**چۇشۇك** ئى <ئانات> ① چۇشۇپ كەتكەن بالا؛ ھامىلە. ② ھامىلدار ئاياللارنىڭ قورسىقىدىن ھامىلە چۇشۇپ كېتىش ھادىسىسى: ئون تۇغۇتتىن بىر چۇشۇك يامان (ماقال). ③ سوۋغا، تەقدىم قىلىنغان ماددىي بۇيۇم: ئۇلارنىڭ ئاخىرىمۇ بىر-ئىككى يۈەن، بىرنەچچە جىڭ ئاشلىق بىلەتى، كەمپۈت، پېچىنە قاتارلىقلارنى يوللۇق تۇتۇشقاندى. مۇرات بىرنەچچىسى بىلەن چۇشۇكلەرنى رەتلەۋاتقاندا، يەھياجان بىلەن مىرزا پەيدا بولدى.

**چۇشۇم** <تىل> ← **چۇشۇم كېلىش.**

**چۈشۈم كېلىش** <تىل> ئۇيغۇر تىلىدىكى كېلىشلەرنىڭ بىر تۈرى. قوشۇمچىسى «نى» . چۈشۈم كېلىش شەكلىدىكى ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر ئۆتۈملۈك پېئىل ياكى ئۆتۈملۈك پېئىل بىرىكمىسىگە بېقىنىپ تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىپ، ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، «پىلانـنى تۈزۈپ بولدۇق» دېگەن جۈملىدىكى «پىلاننى» سۆزىگە ئوخشاش.

**چۈشۈملۈك** سۈپ. چىلىك ياسالغان، تەمى ئوبدان چىقىدىغان، (چاي ھەققىدە) : ماگىزىنغا كىرگەن ئاياللارنىڭ بىرى پىركازچىككە قاراپ: ــ ماڭا چىڭراق، چۈشۈملۈكرەك چايدىن بىر كويلۇق بەرسىلە، ــ دېدى.

**چۈشمەك** I پ ① ئۇخلىغاندا ھەر خىل ئوبرازلارنى، نەرسىلەرنى كۆرمەك، چۈش كۆرمەك: توخۇ داڭگال چۈشەر، ئۆچكە جاڭگال چۈشەر (ماقال). * ئەنسارى ئۆز سەبداشـلىرىدىن مەمەتقۇلى دېگەن كىشىنىڭ قولىدا قېرى ئانىسى بارلىقىنى، يېقىندىن بۇيان ھەر كۈنى دېگۈدەك ئانىسىنى چۈشەپ قېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ كۆڭلى بىئارام بولۇپ، «خەلپەمدىن رۇخسەت سورايمىكىن» دەپ يۈرگىنىنى ئېيتتى. ② كۆچمە. ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق ئويلارنى ئويلىماق، خام خىيال قىلماق: ــ نېمە، چۈشەۋاتامسەن، بۇنداق بولۇشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس، ــ دېدى ئۇ كەسكىن قىلىپ.

**چۈشمەك** II پ ① باغلىماق، چاتماق، كىشەنلىمەك: ئىككى قازاق يىگىتى ھېچنېمىنى بايقىغىلى بولمايدىغان تۈن قاراڭغۇسىدا، ئاتلىرىنىڭ پۇتلىرىنى چۈشەۋېتىپ، پەس ئاۋاز بىلەن پاراڭـلىشىۋاتاتتى. * لۇتپۇللا مەغرۇر قەدەم تاشلاپ، ئەجدىھا ئۇۋۇسى ــ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىغا بارغاندا، جاللاتلار دەرھال ئۇنىڭ پۇت-قولىنى زەنجىر بىلەن چۈشەپ، قاپ يۈرەك بۇ يولۋاسنى تۈرمىنىڭ «7-كامېر» ىغا قاماپ قويۇشتى. ② كۆچمە. ئالغا بېسىش يولىنى توسماق، قامال قىلماق: دۆلىتىمىزنىڭ كونا جەمئىيىتىدە، فېئوداللىق ئەخلاق خەلق ئاممىسىنى مەھكەم چۈشەپ قويغانىدى.

**چۈشىنەرلىك** سۈپ. چۈشەنگىلى بولىدىغان، چۈشىنىشلىك، ئېنىق: ــ مەن سىگنال بەرگۈچە، ئۆزۈڭلارنى بىلدۈرمەي تۇرۇڭلار، ــ دېدى ئۇ ئاستا، لېكىن چۈشىنەرلىك ئاۋاز بىلەن، ــ بىزنى تونۇماي ئۆتۈپ كېتىشىمىز ئەجەب ئەمەس.

**چۈشىنىش** «چۈشەنمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: كەلگۈسىدە يەر شارى ئىنسانلىرى بىلەن ئالەم كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى بىرلىككە كەلگەندە، سەييارىلار ئارا چۈشىنىش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ رەسمىي ئالاقە ئورنىتىلغاندا، بۇ تەتقىقات مېۋىلىرى ئومۇم پايدىلىنىدىغان بايلىققا ئايلىنىدۇ.

**چۈشىنىشلىك** سۈپ. ئاسان چۈشەنگىلى بولىدىغان، چۈشىنىش ئاسان، ئېنىق، ئوقۇملۇق، روشەن: چۈشىنىشلىك سۆز. چۈشىـنىشلىك ماقالە. * توختى بوۋاي مىرغەزەپنىڭ موللا نىياز ھەققىدە سورىغان سوئاللىرىغا ناھايىتى چۈشىنىشلىك جاۋاب بەردى.

**چۈشىنىشمەك** «چۈشەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇ ئەبلغازىغا قاراپ قويۇپ كۈلۈمسىرىدى. بۇ شىپاۋدۇيىدە مۇشۇ ئىككىلا پارتىيە ئەزاسى بار ئىدى، ئۇلار بىر-بىرىنى ياخشى چۈشىـنىشەتتى.

**چۈشىنىك** ئى. چۈشەنچە.

**چۈشىنىكسىز** سۈپ. ئاسان چۈشەنگىلى بولمايدىغان، چۈشىنىش تەس، مۇجمەل، ئېنىق ئەمەس، ئۇقۇمسىز: قۇددۇسنىڭ «بىغەرەز» لىكىنى دېمەمدىغان! ئەتىدىن-كەچكىچە، ئۇ ئاللىقانداق بىر كىتابلارنى ئوقۇغىنى ئوقۇغان، ئالىيىشىل قەغەزلەرگە يەنە قانداقتۇر چۈشىنىكسىز

بىرنېمىلەرنى جىجىلغىنى جىجىلغانىدى. * مىرئەلى ئۇ خوتۇننى ياكى ئۆيگە تەكلىپ قىلىشنى ياكى ئۇنىڭغا خوش ئېيتىشنى ئېسىدىن قاچۇرۇپ، چۈشىنىكسىز بىر ھالەتتە تۇرۇپ قالدى.

**چۈشىنىكسىزلىك** «چۈشىنىكسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ شۇنچىلىك تېز ئوقۇدىكى، ھەتتا ئابزاسلار ئارىسىدىمۇ توختالمايتتى، بەزىدە جۈملىنى جۈملىگە ئۇلاپ، چۈشىنىكسىزلىك پەيدا قىلاتتى.

**چۈشىنىلمەك** «چۈشەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ تولىسى دېگۈدەك رازىخان ئاچىنىڭ ھايات چېغىدا يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ ئاڭلىق ۋە ئەقىللىق كىشىلەر تەرىپىدىن توغرا چۈشىنىلگەنىدى.

**چۈكچۈك** ئى. كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ يىپ تارتىپ بېرىدىغان سايمىنى.

**چۈكۈنە** سۈپ → چۈكۈنەم.

**چۈكۈنەم** سۈپ. ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان، تايىنى يوق، چاكىنا: چۈكنەم ئادەم. چۈكنەم ئىش. * ئۇ ئۆزىنى ئاجايىپ-غارايىپ كىيىنىۋالغان شەھەرلىكلەر ئالدىدا، تولىمۇ چۈكنەم ھېس قىلدى.

**چۈڭكمەك** (توغرىسى: چۈمكىمەك) → چۈمكىمەك.

**چۈلە** ① ئى. شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ قايناتقان گۈلە-قاق ۋە ئۇنىڭ سۈيى: چۈلە ئىچمەك. چۈلە سالماق. * ئۇنىڭ ئېلىپ چىققىنى مۇزدەك سوغۇق، چايدەك قېنىق، شېرىن چۈلە ئىدى. ئۇنى بىراقلا سۈمۈرۈپ تۈگەتتىم. ② سۈپ. كۆچمە. ئەخمەق، ھاماقەت، زاڭ.

**چۈلۈك** I ئى <بوت> چۈلۈك ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ، سېسىق پۇرايدۇ؛ گۈلى يېشىل ئارىلاش ئاق كېلىدۇ؛ مېۋىسى قاناتلىق مېۋە، ياغىچى يۇمشاق بولىدۇ؛ يىلتىزى بىلەن قوۋزىقى تىبابەتچىلىكتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، قاننى توختىتىش رولىغا ئىگە.

**چۈلۈك** II ئى ① تۆگە ياكى كالىلارنىڭ بۇرنىدىن ئۆتكۈزۈپ، چۇلۇۋۇر باغلاش ئۈچۈن ياسالغان نوكچە ياغاچ: چۈلۈكتىن بۇرۇنلىرى كېرىلىپ، كۆزىنىڭ ئاق پاختىسى ئۆرلەپ كەتكەن قوتازلارنىڭ ئارقانلىرىنى چاتقاللارغا باغلاپ قويدۇق. ② چاق ياكى غالتەك تۆشۈكىگە ئورنىتىلىدىغان ئوق ياغاچ: مانا، ئۇنىڭ قولى موما تۆشۈكىدىن ئىككى تەرەپكە بىر غېرىچ چىقىپ تۇرغان غالتەكنىڭ چۈلۈكىگە تەگدى-دە، ئۇنى چىڭ تۇتۇۋالدى. * ئۇ ئوڭ قولتۇقىغا چۈلۈك بىلەن مومنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ، چۈلۈكنىڭ ئىككىنچى ئۇچىنى چىڭ تۇتتى.

**چۈلزاڭ** ئى [چۈلە+زاڭ] ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەق، زاڭ، ھاماقەت: سېيىتئاخۇن سەپسېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ئاتلىقلارنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقىنى قاراشەھەرگە نامى پۇر كەتكەن بىر زالىمنىڭ بالىسى «پور بايۋەتچى» دېگەن چۈلزاڭ ئىكەن، ئۇنىڭ ئەخمەقلىقى، پوچىلىقى پۈتۈن قاراشەھەرگە داڭ ئىكەن.

**چۈمەك** سۈپ. دىئال. ئالدىغا ئېڭىشكەن، دۈمچەك، دوك.

**چۈمبەك** (توغرىسى: چۈمپەردە) → چۈمپەردە.

**چۈمبەل** ئى → چۈمپەردە: كوچىدا ئاياللار قېچىشقا باشلىدى. يۈزىگە چۈمبەل تارتقان ئاياللار ياكى پۈتۈن باش قىسمىنى ئوراپ، يالغۇز سىڭار كۆزىنى ئوچۇق قويۇپ بازار قىلىۋاتقان چوكانلار تەرەپ-تەرەپكە قاچاتتى.

**چۈمپەردە** ئى. ئاياللار يۈزىگە تارتىدىغان تورسىمان رەخت؛ نىقاب: چۈمپەردە تارتماق. * كوچىلاردا چۈمپەردە ئارتىپ كېتىۋاتقان ئاياللارنى كۆرۈپ قالسام، گويا قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە بىرى: «ئەخمەق، سەن ئالدىغان قىز ئەنە شۇ، بېرىپ،

يۈزىنى ئېچىپ كۆرۈۋال! » دېگەندەك تۈيۈلاتتى.

**چۈمپەردىلىك** سۈپ ① چۈمپەردىسى بار، چۈمپەردە تارتقان: چۈمپەردىلىك ئايال. * ئۇلار مېنى «كاللىسىدا ئىشلەپچىقىرىشلا بار، ئىنقىلاب يوق ئادەم»، «جىن-شەيتانلارنىڭ قىزىل چۈمپەردىلىك يۈلەنچۈكى» دەپتۇ. ② چۈمپەردە قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان، چۈمپەردە قىلىشقا بولىدىغان: چۈمپەردىلىك رەخت.

**چۈمپەردىلىمەك** پ. ① يۈزىگە چۈمپەردە تارتماق؛ نىقابلىماق: قەشقەرنىڭ كەڭ كوچىلىرىدا، يۈزىنى چۈمپەردىلىگەن قەشقەر ئاياللىرىمۇ پات-پاتلا كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ② كۆچمە. ھەر خىل ياسىنىپ ئەسلىي قىياپىتىنى يوشۇرماق: دەل شۇ چاغدا، كېچە باي تەرەپكە رازۋېتكىغا ئەۋەتىلگەن ئىككى جەڭچى ئىچىگە گومىنداڭ ئەسكەر-لىرىنىڭ فورمىسىنى كىيىپ، تېشىنى ئۇزۇن تون پەرىجە بىلەن چۈمپەردىلىگەن ئىككى نەپەر قوراللىق دۈشمەن ئەسكىرىنى ئالدىغا سېلىپ كېلىپ قالدى.

**چۈمپۈتمەك** (توغرىسى: چىنپۈتمەك) ــ چىنپۈتمەك.

**چۈمكەتمەك** «چۈمكىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چۈمكەشمەك** «چۈمكىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۈمكەلمەك** «چۈمكىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆگزىسى تەرتىپسىز ھالدا قوناق شاخلىرى بىلەن چۈمكەلگەن بۇ ئۆي يىراقتىن، سالۋاي تۇمىقىنى قىيسايتىپ كىيىۋالغان بىر بوۋاينىڭ قىياپىتىگە ئوخشاپراق قالاتتى. * يولدا ئۈستى تاغار، پالاسلار بىلەن چۈمكەلگەن ئوندەك پىگىلو ھارۋا بىر-بىرىنى سوغدىشىپ كېلىۋاتاتتى.

**چۈمكەنمەك** «چۈمكىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: دەرۋەقە، خامۇش ماڭغا: ــ ۋاي جان، ۋاي توۋا، ــ دەپ يوتقانغا چۈمكىنىپ ياتاتتى، نىياز دورغا نېمە قىلىشنى بىلمەي، ئۆزىنىڭ قۇيرۇقىنى ئۆزى تالايتتى.

**چۈمكىمەك** پ. ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئۈستىنى بىرەر نەرسە بىلەن ياپماق، ئورىماق، پۈركىمەك: شىرمۇھەممەت ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ، يوتقاندىن بېشىنى سەل چىقىرىپ، ئالماسقا بىر قارىدى-دە، يەنە بېشىنى چۈمكىدى. * ئىيۇل ئېيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، 50 مو شورلۇقنى بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن تاۋۇز پېلەكلىرى چۈمكەپ بولدى.

**چۈمگەك** ئى <زوئول> بىر خىل سۇ قۇشى. تەن شەكلى ئۆردەككە ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن ئۆردەكتىن كىچىك، قانىتى قىسقا ۋە كىچىك، ئۇچۇشقا ماھىر ئەمەس. پەي-تۈكلىرى سېرىق قوڭۇر، قانىتى كۆل رەڭ قوڭۇر، بوينى ھەم ئالدىنقى كۆكرىكى ئاچ قىزغۇچ قوڭۇر، قورسىقى ئاقۇچ كېلىدۇ. ئادەتتە سۇ يۈزىدە لەيلەپ يۈرىدۇ، بەزىدە سۇ ئىچىگە چۆكۈۋالىدۇ؛ كىچىك بېلىق ۋە ھاشاراتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ.

**چۈمۈلە** ئى <زوئول> بىر خىل ھاشارات. تېنى كىچىك ۋە ئۇزۇنچاق بولۇپ، قارا ۋە بېغىر رەڭ كېلىدۇ؛ بىر جۈپ مۇرەككەپ كۆزى بولىدۇ، سەزگۈر مۇڭگۈزچىسى ئۇزۇن، قورسىقى تۇخۇم شەكىللىك؛ چىشى ۋە ئەركەك ھەر ئىككىسىنىڭ قانىتى بولىدۇ، ئىشچى چۈمۈلىلەرنىڭ قانىتى بولمايدۇ؛ يەر ئاستىغا ئۇۋا سالىدۇ، كامېرىدا توپلىشىپ ياشايدۇ.

**چۈنچە** ئى. ئۇزۇم قۇرۇتىدىغان مەخسۇس ئۆي: ئاخىرى، چوڭلار بىردەك ھالدا، بۇ تويىنى ئۇزۇملەرنى ئۈزۈپ، چۈنچىگە ئېسىپ بولۇپ، كىچىكتۈرمەيلا قىلىۋېتىش كېرەك دېگەن يەرگە كېلىشتى.

**چۈندەيسەي** ئى [خەن] <بوت> قوڭۇر رەڭلىك دېڭىز يوسۇنلىرىنىڭ بىرى. دېڭىزدا ئۆسىدۇ، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىردىن

ئاشىدۇ؛ رەڭگى قوڭۇر بولۇپ، تاسمىغا ئوخشايدىغان كۆپلىگەن پەيسمان يوپۇرماقلىرى بولىدۇ، بۇ يوپۇرماقلار يۇمشاق ۋە گىرۋىكىدە يىرىقچىلىرى بولىدۇ. ئۇنى ئادەتتە يېمەكلىك ئورنىدىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**چۈنكى** باغل [پ] باش جۈملە بىلەن ئەگەشمە جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدىغان سەۋەب باغلىغۇچىسى بولۇپ، « سەۋەبى » ، « سەۋەب شۇكى » دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: مەن جاۋاب بېرىشتىن قاچتىم. چۈنكى، بوۋاي ئەھۋالنى موماىغا ئېيتسا، مېنى باللارغا قوشماي قوياتتى-دە، ئويىنيالمايتتىم. * بىر بالا ئانىسىدىن:- دادام نېمىشقا ھەمىشە سىزگە ئاچچىقلايدۇ؟ ــ دەپ سورىغاندا، ئانىسى كۈلۈپ تۇرۇپ: ــ بالام، سەن تېخى بۇنداق ئىشلارنى چۈشەنمەيسەن، چۈنكى، مەن داداڭنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى ئەمەسمۇ! ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

**چۇۋە** ئى. دىئال. ئاچا تۇياق ئەركەك ھايۋانلارنىڭ جىنسىي ئەزاسى.

**چىپىشماق** I « چاپماق II » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سۇلايمان نېمە ئۈچۈندۇر كەينىگە قارىغانىدى، ئاتلىقلارنىڭ قارلىق دالىنى چاڭ كەلتۈرۈپ، ناھايىتى تېز چېپىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. * ئۇششاق باللار ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا چېپىشىپ ئويناپ، كاللىموللاق بولۇشاتتى.

**چىپىشماق** II « چاپماق III » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۈستۈن ئاتۇش دېھقانلىرى ئۈستەڭ چېپىشتى. * بۇ چېپىشماق ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى. زۇلقەرنەيننىڭ ئەسكەرلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۆز لاگېرىدىن چېكىنىپ چىقىشقا باشلىدى.

**چىپىشماق** III « چاپماق IV » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىپىق** ئى <دېھ> ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئاستى ۋە يانلىرىنى چېپىپ يۇمشىتىش، چاغلاش، چاغلام: قوناق چېپىقى. كېۋەز چېپىقى. * ئايسخان قوغۇننىڭ ئىككىنچى چېپىقىغا تەسىر يېتىشتىن ئەنسىرەپ، بۈگۈن ئىككى تونۇر نان يېقىۋالدى.

**چىپىلغاق** سۈپ ① باشقىلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە تولا چېپىلىدىغان، ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشقا ئارىلىشىۋالىدىغان، گەپ-سۆزىگە قىسىلىۋالىدىغان: چېپىلغاق ئادەم. چېپىلغاق بالا. * مەن، سىزگە چېپىلغاق كۆرۈنۈۋاتىمەنمۇ؟ ② ئىزدەپ يۈرۈپ، ئوغرىلىقچە بىرنەرسىلەرنى يەۋالىدىغان (مۈشۈك ھەققىدە): چېپىلغاق مۈشۈك. چېپىلغاق ئاسلان. * نەسىردىن ئەپەندىمنىڭ مۈشۈكى ناھايىتى چېپىلغاق بولۇپ كېتىپتۇ.

**چىپىلماق** I « چاپماق I » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چىپىلماق** II « چاپماق II » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چىپىلماق** III « چاپماق III » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئۇرۇشتا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ باشلىرى چېپىلىپ، بىلەكلىرى ئۈزۈۋېتىلگەنىدى. * ئۇ ئالدىرىغىنىچە ئېتىنى تۈۋرۈككە باغلاپ، دادۇي ئىشخانىسىغا كىردى. ئىشخانىدا ئەكبەر بىلەن ئەخمەتجان 1-يىلى چېپىلىدىغان زەيكەشلەرنىڭ پىلانى ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتاتتى.

**چىپىلماق** IV ① « چاپماق IV » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېلىم چېپىلىپ، ئوتتۇرىسىدىن ئىككىگە ئايرىلغان يالتىراق چاچلىرىنى باستۇرۇپ، ئارقىسىنى سەل كۆتۈرۈپ ھال رەڭ يىپەك ياغلىق تاڭغان بۇ يېزا قىزى ماڭا ئۇزۇندىن بېرى كۆرمىگەن يېزىلىرىمنى ئەسلەتتى. ② ئارىلاشماق: ئۇششاق ئىشلارغا چېپىلماق. * ــ بىزنىڭ بۇ يەردە قازانغا چېپىلغان ئەر كىشىنى زاڭلىق قىلىدۇ، ــ دېدى ئۇ.

**چىپىلشماق** «چىپىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىپىندى** ئى. چىپىپ چىقىرىۋېتىلگەن كېرەكسىز ياغاچ پارچىسى؛ خەشەك: ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن پاتمەك ئۆزىگە غىزا قىلىپ بېرىدىغان مالاي خوتۇننى قىچقىرىپ: — سەن ياغاچچىغا قاراپ تۇرغىن، چىنارنىڭ شاخ-پۇتاقلىرىنى، بۆشۈكتىن ئاشقان چىپىندى-خەشەكلىرىنى ئۇتتۇرلۇقچە كۆيدۈرۈۋەتكىن، — دەپتۇ.

**چىپتىر** ئى. تۆگىنىڭ ئۈچ يىللىق بولغان بالىسى.

**چىپتىش** ① «چاتماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② كۆچمە. سۈپ. مۇناسىۋەتلىك، ئالاقىدار: توختى ئاكام ئەمدى مىڭلىغان ئادەمنىڭ ھايات-ماماتلىق مەنپەئىتىگە چىپتىش بۇ ئىش ئۈستىدە مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغانلىقنى ھېس قىلدى. ③ سۈپ. بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ كەتكەن، تۇتاش: ياش بوستانغا يوشۇرۇنغان ئاپئاق ئۆيلەر، كۆزلىرىمگە شەھەرلەرنى كۆرسەتتى. ھەر تەرەپكە چىپتىش كەتكەن سىم تورلىرى، كەلگۈسىنىڭ چىرىغىنى ئەسلەتتى.

**چىپتىشتۇرماق** «چىپتىشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ئۆرۈك خىللىرىنى چىپتىشتۇرۇپ ئۇلاپ يۈرۈپ، ئاخىرى بۇ سورتنى يېتىشتۈردۈم.

**چىپتىشتۇرۇلماق** «چىپتىشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سىناق مەيدانىدىكى ھەربىر تارماقنىڭ ھەرىكىتى بىر-بىرىگە چىپتىشتۇرۇلۇپ، سىناق خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈرئەت، يۇقىرى ئۆلچەم ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك بولۇشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىلدى.

**چىپتىشلىق** سۈپ. چىپتىلغان، مۇناسىۋەتى، ئالاقىسى بار؛ مۇناسىۋەتلىك؛ ئالاقىدار، باغلىنىشلىق: رەھمەت سوجاڭ جىنايى ئىشلار ئەنزىسىگە چىپتىشلىق بىر ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، قاراقۇمغا كەلدى. * بۇ موللا نىياز بىلەن چىپتىشلىق ۋەقە ئىدى.

**چىپتىشماق** «چاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ شارائىتتا، ئۇنىڭغا پەقەت پايدا-زىيان مۇناسىۋىتىنىڭ ئاسارىتىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان ساپ يۈرەكلەرنىڭ بىر-بىرىگە چىپتىشىپ تۇرغانلىقىلا سېزىلدى.

**چىپتىشىش** ① «چىپتىشماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② ئى <زوئول> ئەركەك ھايۋان بىلەن چىشى ھايۋانلار-نىڭ قوشۇلۇش جەريانى.

**چىپتىشىش ئورگىنى** <زوئول> ئەركەك ھايۋانلارنىڭ چىشى ھايۋانلار بىلەن چىپتىشىدىغان سىرتقى جىنسىي ئەزاسى. سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلاردا چىپتىشىش ئورگىنى تەرەققىي قىلغان بولىدۇ.

**چىپتىق** ئى ① ئاتنىڭ ئالدى ئىككى ئايىغىغا سالىدىغان زەنجىرلىك ئەسۋاب؛ چىدەر. ② جىنايەتچىلەرنىڭ پۇتىغا سېلىنىدىغان جازا قورالى؛ كىشەن: چىپتىق سالماق. * ھۆرۈن خوتۇن پۇتىقا چىپتىق (ماقال). * بۇ چاغدا قورۇنىڭ ئىچكىرىسىدىكى مېھمانخانىدىن ئىككى خەلق ساقچىسى پۇت-قوللىرىغا پولات چىپتىق سېلىنغان ئابدىغېنىنى ئالدىغا سېلىپ چىقىۋاتاتتى. ③ شوتا، ئورۇندۇق، ئۈستەل قاتارلىقلارنىڭ پۇت ۋە غولىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئورنىتىلغان توغرا ياغاچ؛ بالداق: لېتىپ بىلەن تۇرسۇن بىرى شىنانى تۇتۇپ بەرسە، بىرى ئۇرۇپ، سىنىپتىكى پۇتى، چىپتىقلىرى بوشاپ كەتكەن ئورۇندۇق-پارتىلارنى رېمونت قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى.

**چىپتىقلىق** سۈپ ① بىر-بىرىگە چىپىپ قويۇلغان، بىر-بىرىگە باغلانغان: چىپتىقلىق ئات. * غۇنچە لېۋى تىترەپ-تىترەپ پىچىرلاپ، دېگەن سۆزى خاتىرىدە يېزىقلىق: سەن ياتسەن تۇتقۇنلۇقتا، غەزەپتە، پۇت-قوللىرىڭ زەنجىر بىلەن چىپتىقلىق. ② كۆچمە. ئالاقىدار، مۇناسىۋەتلىك، باغلىنىش-لىق: قەشقەر دەپ ناملىق بار زەپمۇ يېقىملىق، مەھمۇتنىڭ چىرىغى سەندە يېقىقلىق. قەدىمدىن

جاھانغا تونۇلۇپ كەلگەن، ئۇيغۇرنىڭ تارىخى ساڭا چېتىقلىق.

**چېتىك** ئى <كىي> ئايالچە ئۆتۈك: قىز پۇتىغا كالاچسىز كونا چېتىك كىيىۋالغانىدى.

**چېتىلدۇرماق** «چېتىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پروفېسسور پاراڭنى پۈتۈنلەي ئەقلىي چۈشەنچە دائىرىسىدىلا چەكلەپ قويۇشقا، بىرەر كونكرېت ئادەمگە، بولۇپمۇ چولپانغا ۋە ئۆزىگە چېتىلدۇرماسلىققا ئۇرۇندى.

**چېتىلماق** «چاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شوپۇر ئوت ئالدۇرغۇچنى ئېچىۋىدى، «تاراس» قىلغان قاتتىق ئاۋاز چىقىپ، ئىككى ماتور ئاپتوماتىك ھالدا بىر-بىرىگە چېتىلدى.

**چېتىلىشماق** ① «چېتىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② ئەركەك، چىشى ھايۋانلار چېتىشىش ئورگانلىرى ئارقىلىق بىر-بىرى بىلەن بىرلەشمەك: ياۋا ئات ئادەتتە قومۇش، غۇنچە ئۈزۈم قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى يەيدۇ. ھەر يىلى 6-ئايدا چېتىلىشىدۇ. ئۇنىڭ بوغاز بولۇش مۇددىتى 11-ئاي بولۇپ كېلەر يىلنىڭ 4-ئېيىدىن 5-ئېيىغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە تۇغىدۇ.

**چېتىن** ئى <بوت> ئازغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى تاق سانلىق، پەيسىمان، مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ، قىسقا شاخلىرىنىڭ ئۇچىدا توپلىشىپ ئۆسىدۇ؛ گۈلى ئاق ۋە ئۆگزىسىمان گۈل رېتىدە؛ مېۋىسى قىزىل ۋە شارسىمان كېلىدۇ؛ يۇمران شېخى، قوۋزىقى ۋە مېۋىسى دورا قىلىنىدۇ. ئۇلار ئۆپكىنى تازىلاش، يۆتەلنى توختىتىش ۋە تالنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش رولىغا ئىگە.

**چېچەك** I ① ئى <بوت> مېۋىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ جىنسلىق كۆپىيىش ئورگىنى؛ گۈلى. ② ئېچىلىدىغان نەرسىلەردە پەيدا بولىدىغان رەڭلىك كۆپۈك: ھېلىقى خېردار: — قېنى چېچىكى بار جايلىرىڭىزدىن جىڭلىماسىزا! — دېدى.

**چېچەك ئاچماق** گۈللىمەك، چېچەكلىمەك: تەر تۆكۈپ ئېلىمدە، تۆھپە ياراتسام، مۇرادىم شۇندىلا ئاچاتتى چېچەك.

**چېچىكى چاي بولماق** شاد-خۇرام بولماق، خۇشال بولۇپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتمەك: ئابدۇرېشىتنىڭ داشۆگە قوبۇل قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغاندا، ئاتا-ئانىسىنىڭ چېچىكى چاي بولۇپ كەتتى.

**چېچەك** II ئى <تىب> ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل. ئۇنى بىر خىل ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئادەم ۋە بەزى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارغا يۇقىدۇ. بۇنىڭدا دەسلەپ قىزىپ، پۈتۈن بەدەنگە قىزىل رەڭدىكى دۆڭچە ئەسۋىلەر چىقىدۇ، ئۇ يەنە قاپارتمىغا ۋە يىرىڭلىق قاپارتمىغا ئۆزگىرىپ، ئوتتۇرىسى ئويمانلىشىدۇ. ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، قاقاچ باغلايدۇ. قاقاچ چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئىزى قېلىپ، كېسەل بولغۇچىنى چوقۇر قىلىپ قويىدۇ. ئادەتتە ئەملەش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**چېچەك ئەلمەك** ← **چېچەك سالماق.**

**چېچەك چەكمەك** ← **چېچەك سالماق.**

**چېچەك چىقماق** ① بەدەندە چېچەك پەيدا بولماق. ② كۆچمە. پىلانلانغان، قىلماقچى بولغان بىرەر ئىش-ھەرىكەتتىن چاتاق چىقماق، كاشىلا تۇغۇلماق؛ توسالغۇ ياكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماق: مەسلىھەتسىز قىلىنغان ئىشتىن چېچەك چىقىدۇ (ماقال). * بارات ئېغىر خورسىنىپ: — تاشۋاينىڭ راۋابى بىزگە ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرغانىدى، ئەمدى بۇ ئىشقىمۇ چېچەك چىقتى، — دېدى. * سېخ مۇدىرىمۇ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا ۋەدە بەردى. لېكىن، كۈتمىگەن يەردىن ئۇنىڭ

ئىشقا يەنە چىچەك چىقتى.

**چىچەك سالماق** <تب> ئادەم بەدىنىگە (تېرىسىگە) چىچەك ۋاكسىنىسىنى ئۇرماق: بالىلاردا ئۇچرايدىغان سۇ چىچەك، گۆرەن بېزى ياللۇغى، ئۆپكە كېسىلى، تولغاق، يۇقۇملۇق زۇكام قاتارلىق كېسەللەر بويىچە پەسىلگە قاراپ، ئۆز ۋاقتىدا ئالدىنى ئېلىش ئوكۇلى ئۇرۇش، چىچەك سېلىش ۋە تېزىملاش خىزمەتلىرىنى ئوبدان ئىشلەش لازىم.

**چىچەك-چوكان** كۆكلەم مەزگىلىدە، دەل-دەرەخلەردىن ئۆسۈپ چىققان چىچەك، بىخ، نوتا قاتارلىقلار: چىچەك-چوكان ئېچىلىپ، يەر-جاھان رەڭدار گىلەمدەك ياسانغان كۈنلەردە، بوۋاي يەنە جامەدە پەيدا بولدى.

**چىچەكچى** ئى. بالىلارغا چىچەك سالىدىغان ئادەم.

**چىچەكسەي** ئى [چىچەك+سەي] <بوت> ① گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تۈپلىشىپ ئۆسىدۇ، گۈلى كاناي شەكىلدە بولۇپ، ئۇزۇن ۋە چوڭ كېلىدۇ. رەڭگى سېرىق، خۇش بۇي پۇرايدۇ، ئەتىگەندە ئېچىلىپ، كەچقۇرۇندا تۆكۈلىدۇ. ئادەتتە ئۇ كۆكتات قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**چىچەكلەتمەك** «چىچەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ خىلدىكى باشلىقلار، تۈزەت مۇنداق ئىللەتنى. چىچەكلەتكىن ئىشىڭدا، كوممۇنىستىك ئەخلاقنى.

**چىچەكلەشمەك** «چىچەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ ئاجايىپ مەنزىرىگە چۈشتى كۆزۈم، قالدىم قاراپ قىزىقسىنىپ زوقۇم تېشىپ. خىيالىمدا سۈرەتلەندى رەڭدار باھار، پۇراق چاچتى قىزىلگۈللەر چىچەكلىشىپ.

**چىچەكلىك** سۈپ. چىچەكلىك بار، چىچەكلىك ئېچىلغان: چىچەكلىك چاي. * ئاق چىچەكلىك بېدە ياخشى ئىكەن: تېرىغان يىلى ئۇرۇقلايدىكەن، بىر ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، كېلەر يىلى كۆكلەپ چىقمايدىكەن، چىرىشىمۇ تېز بولىدىكەن. * ئۇلارنىڭ كۆزىدە، قىلغان سۆزىدە. يەنە مۇھەببەت، خۇش خۇي تەبەسسۇم. ھەمىشە نامايان ئىززەت-ھۆرمىتىڭ، مۇبارەك يېرىدە چىچەكلىك مەۋسۇم!

**چىچەكلىمەك** پ. ① چىچەكلىك ياكى گۈلى ئېچىلماق: ئەمەللە ئىچىدە ئۇرۇقلەر رەڭمۇرەڭ چىچەكلەپ، ئېرىقلارنىڭ بويلىرى يېشىل مەخمەلدەك كۆكەردى. * ئۇلار ھۇسەينەمنىڭ يېرىنى قايتا-قايتا ئۆلچەشتى-دە، ئۇنىڭ پۆپۈك چىقراپ دەپ قالغان قوناقلىرىنى ۋە پارچە-پۇرات يەرلەرگە تېرىپ قويغان، چىچەكلەشكە باشلىغان كاۋا، ئابدىملىك، گازىرلىرىنى ــ سەيدىن بۆلەكنىڭ ھەممىسىنى قويماي يۇلۇپ تاشلاشتى. ② كۆچمە. گۈللەپ-ياشىماق (ئادەم ھەققىدە): شۇ سۆھبەتتىن كېيىن، گۈلھەسەل خېنىم ئۆز ئارزۇ-ئىستەكلىرىنىڭ قايتىدىن چىچەكلىشىگە چوڭقۇر ئىشەندى. * نۇرغا پۈركەپ ئەل باغرىنى كەلدى نەۋ باھار، باھاردەكلا گۈزەل، يىللىق دەۋرىمىز بىزنىڭ. كۆكۈل يايراپ ناخشا ئېيتىشاق بۇلبۇل جور بولار، قىزىلگۈلدەك چىچەكلىدى بەختىمىز بىزنىڭ. ③ كۆچمە. ئېچىغان نەرسىلەردە رەڭلىك كۆپۈكچە پەيدا بولماق: بۇ ئاچچىقسۇ چىچەكلەپ قېلىپتۇ، بۇزۇلۇپ قالغان ئوخشايدۇ.

**چىچەن** سۈپ. تېز پەملىيەلەيدىغان، زېھنى ئۆتكۈر؛ زېرەك، ھوشيار، ئەقىللىق: چىچەن قىز. چىچەن ئادەم. * چىچەن يىگىلسە، مىڭ يىللىق (ماقال). * قەمەرۇززامان بارغانسېرى سۆزگە ئۇستا، چىچەن ۋە چىرايلىق بولۇپ ئۆسۈپتۇ.

**چىچەنلەشمەك** پ. چىچەن ھالەتكە كەلمەك، سەزگۈرلۈكى، ھوشيارلىقى ئاشماق: ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا، سەل چىچەنلەشكەندەك بولۇپ، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ تىڭشىدى.

**چىچەنلىك** «چىچەن» سۆزىنىڭ ئىسىم

شەكلى: ئۇنىڭ قولى ئىشتا، ئاغزى گەپتە ئىدى، كۆزى بولسا ئەتراپنى چېچەنلىك بىلەن كۆزىتەتتى. * يۇمىلاق قوي كۆزلىرىدىن خاتىرجەملىك ۋە چېچەنلىكى چىقىپ تۇرغان بۇ ئايالنىڭ قامىتى بويىغا خوپمۇ ياراشقانىدى.

**چېچىشماق** «چاچماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ باللار بىر-بىرىگە ھەدەپ سۇ چېچىشىپ ئويناۋاتاتتى. * ئۇلار شۇ ماڭغانچە داپ داراڭلىغان، ئىشەك ھاڭرىغان يەرلەردە يۈرۈپ، پۇل-پۇچەكلىرىنى بۇزۇپ - چېچىشىپتۇ.

**چېچىلاڭغۇ** سۈپ. چېچىلىپ كەتكەن، چۇۋالچاق؛ رەتسىز، سىستېمىلىق ئەمەس: ئۇنىڭ خىيالى قالايمىقان ۋە چېچىلاڭغۇ ئىدى. * -ماھىرە، بۇ سىزنىڭ تىرىشچانلىقىڭىزدىن بولدى، ئاساسى ئاجىز، تەشكىلىي ئىنتىزامدا چېچىلاڭغۇ بۇ سىنىپنىڭ، يېرىم يىل ئىچىدە بۇنداق نەتىجىگە ئېرىشەلىشىگە كۆزۈم يەتمىگەنىدى، - دېدى نىساخان مۇدىر.

**چېچىلاڭغۇلاشماق** پ. چېچىلاڭغۇ ھالەتكە كەلمەك، چېچىلاڭغۇ كەيپىيات شەكىللەنمەك: ئىقتىسادىي سەپتىكى ۋە تەشكىلىي سەپتىكى رەھبەرلىك چېچىلاڭغۇلىشىپ، بوشاپ كەتسە بولمايدۇ، سىياسىي، ئىدىيىۋى، مەدەنىيەت سېپىدىكى ۋە باشقا سەپلەردىكى رەھبەرلىكمۇ چېچىلاڭغۇلىشىپ، بوشاپ كەتسە بولمايدۇ، ھەممىسلا بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى، كۈچەيتىلىشى لازىم.

**چېچىلاڭغۇلۇق** «چېچىلاڭغۇ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مېنىڭچە ھەقىقەتەن ئىنتىزامچە ھەتتىكى چېچىلاڭغۇلۇق بار. بۇ ئىش ماڭا بىر قېتىملىق سىناق بولدى. * نۆۋەتتە ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئىدىيىۋى رەھبەرلىكتىكى چېچىلاڭغۇلۇق، بوشاڭلىق ھالىتىنى تېخىمۇ ئۆزگەرتىپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتمەكتە.

**چېچىلدۇرماق** «چېچىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مېھرىم بىلەن سۆغرىپ ئۇنى، ئىشقىم بىلەن ئېچىلدۇرارمەن. ئەزىز خەلقىم ئالسۇن بەھرى دەپ، ئىپار ھىدلار چېچىلدۇرارمەن.

**چېچىلغاق** سۈپ. تولا چېچىلىدىغان ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان، ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان؛ تېرىككەك، سەپرا: چېچىلغاق ئايال. * زاھىت خاپىغان، چېچىلغاق ئادەم. ئۆزىنىڭ مىجەزى چېچىلغاقلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزى تۇرمۇشىمۇ چېچىلاڭغۇ.

**چېچىلغاقلىق** «چېچىلغاق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئايىسخان سەپرا مىجەز ئايال ئىدى. ئىرسىيەتتىنمۇ ياكى تولا چېچىلغانلىقىدىنمۇ، چاچلىرىغا بىمەھەل ھاياتنىڭ قىراۋى چۈشكەن.

**چېچىلما** سۈپ. چېچىلىپ تۇرىدىغان، قولاشمايدىغان؛ چېچىلاڭغۇ: چېچىلما خىيال. چېچىلما ھەرىكەت. * ئۇنىڭ قىزارغان يۈزى كۈلەتتى، چېچىلما، لېكىن ئەركىلەتكۈچ خىياللار ئۇنى چىرمىۋالدى.

**چېچىلماق** ① «چاچماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يوغان قولا قاشقا ئات مىنگەن دەللقان توپ ئوتتۇرىسىدا خۇددى بۇ كەڭ جامائەتنىڭ سۆلەت تاجىدەك كۆرۈنەتتى. شۇ ئەسنادا، قازاق قائىدىسى بويىچە چاچقۇلار چېچىلدى. * ئابلەق بىر سىم تۇۋرۇككە ئېسىلغان لامپۇچكىنىڭ نۇرى ئاستىدا تاماكا ئوراۋاتاتتى. قوللىرى تىترەپ تۇرغانلىقتىن، قەغەزدىكى موخوركا ھەدەپ چېچىلىۋاتاتتى، بۇنى ئابلەق سەزمەيتتى. ② كۆچمە. خاپا بولماق، ئاچچىقلانماق، تېرىكمەك: «مېلى بارنىڭ مېلىغا كېلەر، مېلى يوقنىڭ جېنىغا» دەپتىكەن، بويتۇلا، بالا-قازا شۇنىڭ بىلەن تۈگەپ كېتەر، ئۇنىڭغا شۇنچىۋالامۇ چېچىلغان بارمۇ، ئولتۇرۇپ قورساقلىرىنى توقلىۋالسىلا.

**چېچىلىش** ① «چېچىلماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدېشى. ② ئى <فىز> نۇر چاڭ-توزانلىق ھاۋا ياكى كوللوئىد ئېرىتمە قاتارلىق مۇھىتتىن ئۆتكەندە، بىر قىسىم نۇرنىڭ يۆنىلىشىنى ھەر تەرەپكە قاراپ ئۆزگەرتىش ھادىسىسى، ئۇلترا

قسقا دولقۇن ئىئونلۇق قەۋەتكە بارغاندىمۇ، چېچىلىش يۈز بېرىدۇ. ③ ئى <فز> ئىككى ئاساسىي زەررىچىنىڭ بىر-بىرىگە سوقۇلۇپ، ھەرىكەت يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىش ھادىسىسى. ④ <فز> مەلۇم ئەھۋال ئاستىدا، ئاۋاز دولقۇنىنىڭ تەكشى بولمىغان چېگرا يۈزىگە ياكى مۇھىتتىكى مىكرو زەررىچىلەرگە تېگىپ، تەرەپ-تەرەپكە تارقىلىپ كېتىش ھادىسىسى.

**چېخ** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ياكى شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى: چېخ خەلقى.

**چېخلار** ئى <ئىرق> چېخ مىللىتى، چېخ خەلقى. ئۇلار سلاۋاك خەلقى بىلەن بىرلىكتە، چېخوسلاۋاكىيىنىڭ توپ ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ غەربىي سلاۋىيان خەلقلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**چېدەر** ئى. ئاتنىڭ پۇتىغا سېلىپ، چېتىپ قويىدىغان چېتىق.

**چېدەرلەتمەك** «چېدەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چېدەرلەشمەك** «چېدەرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چېدەرلەنمەك** «چېدەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چېدەرلىمەك** پ. ئات، ئېشەكلەرنىڭ ئايغىنى چېدەر بىلەن چېتىپ قويماق، چۇشىمەك.

**چېدىر** ئى. كىگىز، رەخت ياكى كاناپ قاتارلىقلاردىن ياسالغان ئۆي: ئاشخانىدا باشلانغان ھېلىقى ھېكايىنىڭ ئاخىرى ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ چېدىرىدا ئاياغلاشتى. * ۋەزىرنىڭ ئوغلى چارىسىزلىقتىن «ماقۇل» دەپ، قايتىپ چىقىپ ئۇخلاپتۇ، مەلىكە ئىككى ئوغلىنى چېدىرنىڭ ئىچىگە كۆمۈپ، ئۆزى ئەرەنچە ياسىنىپ قېچىپتۇ.

**چېدىر تىكمەك** چېدىرنى بەلگىلىك بىر جايغا قۇرماق، ئورناتماق: ۋەزىر خىزمەتچى ۋە قۇللىرىغا: «بۇ يەردە ئىككى كۈن تۇرۇپ دەم ئالىمىز» دەپ، «ھىسباد» ناملىق بىر مەيدانغا چۈشۈپ، چېدىرلىرىنى تىكىشىپتۇ.

**چېرتيوژ** ئى [ر] مەلۇم ئۆلچەم ۋە تەلەپكە ئاساسەن ؟ سىزىلغان سىخېما.

**چېرتيوژ ئەسۋابلىرى** چېرتيوژ سىزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلار. مەسىلەن، سىركۇل، قەلەم، ئۈچ بۇلۇڭلۇق سىزغۇچ، ماسشتابلىق سىزغۇچ قاتارلىقلار.

**چېرتيوژ تاختىسى** چېرتيوژ سىزغاندا، ئاستىغا قويۇش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان تاختا.

**چېرتيوژ سىياھى** مەخسۇس چېرتيوژ سىزىش ئۈچۈن ئىشلەنگەن سىياھ.

**چېرتيوژ قەغىزى** مەخسۇس چېرتيوژ سىزىش ئۈچۈن ئىشلەنگەن قەغەز.

**چېرتيوژ قەلىمى** مەخسۇس چېرتيوژ سىزىش ئۈچۈن ئىشلەنگەن قەلەم.

**چېرتيوژچى** ئى. چېرتيوژ سىزىدىغان ئىنژېنېر.

**چېرتيوژچىلىق** ئى. چېرتيوژ سىزىش ئىشى.

**چېركاۋ** ئى [ر] <دىن> خرىستىئان دىنى مۇرىتلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورنى.

**چېرپاشكا** ئى [ر] <زوئول> بىر خىل ھاشارات. يېتىلگىنىنىڭ تېنى ئۇزۇن ۋە ئېللىپس شەكلىدە كېلىدۇ، بېشى ئالدىغا بۆرتۈپ چىققان بولۇپ، تۇمشۇقى خۇددى پىلنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشايدۇ؛ لىچىنكىسىنىڭ تېنى يۇملاق ۋە ئۇزۇن بولۇپ، ئاق كېلىدۇ. بېشى قوڭۇرەڭدە بولىدۇ؛ ئورمانلىق ۋە ئوت-چۆپ ئارىسىدا ياشايدۇ،

دەرەخ غولىنىڭ ئۆزەك قىسمى ۋە دانلىق زىرائەتلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، دېھقانچى-لىق ۋە ئورمانچىلىقتا زىيانداش ھاشارات دەپ قارىلىدۇ.

**چېرىك** ئى. تارس. ئەسكەر، لەشكەر: **چېرىك ئالماق. چېرىك تۇتماق. * تۆمۈر ئەنە شۇ ئەشرەپ شاھنىڭ ئارقىلىق چېرىكلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇش مەقسىتىدە بارىكۆلگە بارماقچى بولغان ۋە سەپەر قۇللار بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتۈش نىيىتىدە، بۈگۈن نېرىنكىرغا كەلگەنىدى.**

**چېرىكلىك** «چېرىك» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: **ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۆھچۈكلۈق دېھقان بالىلىرى ئىكەنلىكىنى، ئۈچ يىل بۇرۇن چېرىكلىككە تۇتۇلغانلىقىنى، ئۆيىدە ئاتا-ئانىسى بارلىقىنى ئېيتىپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىش ئارزۇسى بارلىقىنى بىلدۈردى.**

**چېسلا** ئى [ر] <ئاستر> ① يىلنىڭ ئاي-كۈن-لىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ۋاقىت جەدۋىلى؛ كالېندار: **ئۇ يەردە رەسىملىك بىر چېسلا تۇراتتى.** ② كالېندار ھېسابى؛ ئاي-كۈن: **10-چېسلا. 16-چېسلا. * قاسىم ئاكا بىلەن غەيرەت يورۇققا كېلىپ، ھەممە ئالاقىلارنىڭ تامغىلىرىغا، چېسلالىرىغا تەپسىلىي قاراپ چىقتى.**

**چېسلالىق** سۈپ. چېسلاسى بار، چېسلا قويۇپ ئىشلەنگەن، چېسلا قوشۇپ تۈزۈلگەن: **چېسلالىق سائەت. چېسلالىق ئاتكىرىتكا.**

**چېقىر** سۈپ. يېشىل چاقنايدىغان، يېشىل يالتىرايدىغان: **مۇبادا، سەن بەكمۇ ئېغىر بولساڭ، چېقىر تاشلاردەك قىرغاقتا يېتىپ قالسەن.**

**چېقىر تىكەن** ← **كەررەك.**

**چېقىر كۆز** ① يېشىلغا مايىل كۆز؛ كۆك كۆز، زەڭگەر كۆز: **ئۇنىڭ قوڭۇر، مايىلشاڭغۇ يۈز گۆشلىرى ساڭگىلاپ چۈشكەن، ئېگەك، بويۇنلىرى تۈرتىشىپ كەتكەن بولۇپ، كىچىك، چېقىر كۆزلىرى خۇددى قارچىغىنىڭ كۆزىدەك، تىكىلىپ-تىكىلىپ قارايتتى.** ② كۆك كۆزلۈك ئادەم: **ئابدۇللا داموللا «چېقىر كۆز» نىڭ ئىنتايىن مۇھىم خەۋەر بىلەن كەلگەنلىكىنى تاماقتىن كېيىن بىلدى.**

**چېقىر ئۈجمە** <بوت> ① ئۇلانمىغان ئۈجمە: **«چىر-چىر-چىر» قىلىپ تىنماي كېلىۋاتقان بۇ ئاۋازلار مەتنىيازنىڭ غەشلىكىنى كەلتۈرىدۇ. ئاپتاپتىن قېچىپ، يوغان قېرى چېقىر ئۈجمىنىڭ سايىسىغا كېلىۋالغان بولسىمۇ، ھېچ چىداپ بولمايدىغان ئىسسىقتىن خەۋەر بېرىپ تۇرىدىغان بۇ ئاۋازمۇ ئۇنى قىينايتتى.** ② شۇ خىل ئۈجمىنىڭ مېۋىسى: **— كىچىكىمدىلا يېتىم بالا بولۇپ قالغانمەن. ئۇنىڭ-بۇنىڭ ئۆيىدە تەمتىرەپ يۈردۈم، چېقىر ئۈجمە بىلەن تولۇق غورىنى تولا يەپ، پۈتۈم بىلەن بوينۇم ئۈزىراپ كېتىپتۇدەك، — دېدى ئۇ.**

**چېقىشتۇرماق** پ ① بىر-بىرىگە سۈركىمەك، ئۇرۇشتۇرماق: **قەدىمكىلەر شۇ كۆز قاراشلىرىغا ئاساسەن بىرنەرسىنى ئوتقا ئايلاندۇرماقچى بولسا، ئىككى نەرسىنى بىر-بىرىگە سۈركەپ ياكى چېقىشتۇرۇپ ئوت ھاسىل قىلاتتى.** ② سېلىشتۇرماق، تەڭلەشتۈرمەك (قىممەت، مىقدار، چوڭ-كىچىكلىك ھەققىدە): **ئۆمەر باي ئۇنىڭغا: — قىزنىڭ بالاغەتكە يەتتى! ياش چېقىشتۇرۇپ ئولتۇرۇش-نىڭ ھاجىتى يوق. ئىككىمىزمۇ توپتوغرا 15 ياش پەرق قىلىمىزغۇ؟ — دېدى .** ③ كۆچمە. بىراۋغا يەنە بىراۋنىڭ يامان گېپىنى قىلماق، چاقماق: **«مۇشۇككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن» دېگەنىدەك، دادام كەلگەندە بىزنى ئۇ: «ناننى ئېلىپ قېچىپ، كوچۇككە بەردى»، «پاتقاق كېچىپ، كىيىم-كېچەكنى بۇلغىدى» دەپ چېقىشتۇراتتى.**

**چېقىشتۇرۇلماق** «چېقىشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چېقىشقاق** سۈپ. چېقىشىنى ياخشى كۆرىد-دىغان، چېقىشىشقا ئامراق: **گۈلنىسا زېرەك، شوخ، چاقچاقنى ياخشى كۆرىدىغان چېقىشقاق قىز ئىدى.**

**چېقشماق** ① «چاقماق V» پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەسكەرلەر مەيداندىكى چىمەنلىكلەردە، گۈلزارلىقلاردا ھەر خىل يېتىشىپ، گازىر چېقىشاتتى. ② چاقچاقلاشماق، ئوينىشماق، ھەزىل قىلىشماق: ئوتتۇرا بويى، ئاق يۈزلۈك كەلگەن بۇ قىز قول-قولىغا تەگمەي سودا قىلىۋېتىپ، قايسىبىرلىرى بىلەن گەپتە چېقىشاتتى، قاقاقلاپ كۈلەتتى.

**چېقىق** سۈپ. چېقىلغان، سۇنغان؛ سۇنۇق: چېقىق كوزا. * قازاننى نەدىن تاپاي دەپ ئۆيگە كىرسەم، ئۈچ قازان تۇرۇپتۇ، ئىككىسى چېقىق، بىرى دەز.

**چېقىل** ئى ① تاغنىڭ ئادەم ئۆتكىلى بولمايدىغان، ئۇيۇل تاشلىق، ئېگىز قىسمى؛ قىيا: ئات-ئۇلاغلىرىمىزنى ئۇتتۇ قويۇپ بېرىپ دەم ئالدۇرغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىن كۆنچىقىش تەرەپكە قاراپ مېڭىپ، ئىككى يېنى ئېگىز چېقىللار بىلەن توسۇلغان جىرا ئىچىدىكى چىغىر يولغا كىردۇق. ② كەلكۈن ۋە تاشقىن سۇلارنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، دەريا-ئېقىنلارغا قۇرۇلغان توسما: ئۇلار: ــ كۆپچىلىك بىر يەگدىن باش چىقارساق، چىققىلى بولمايدىغان تاغ، ئۆتكىلى بولمايدىغان دەريا، تىزگىنلىگىلى بولمايدىغان چېقىل يوق، ــ دېيىشتى. * ئىشلۇۋەتتۇق چېقىلغا، ئوخشاپ كەتتى سىپىلغا. سىم تور بىلەن ئىشلىدۇق، بەك مۇۋاپىق ئەقىلغا.

**چېقىل-چۇقۇل** تۇرمۇشتىكى ئېغىر ياكى يەڭگىل تۇسالغۇ، قىيىنچىلىق، ئېغىرچىلىق: ــ قادىرئاخۇن ئۇستا ئاجايىپ ياخشى ئادەم، ــ دەپ ماختاپ كەتتى قارىيە، ــ بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ، چېقىل-چۇقۇلغا يولۇقتۇرمىدى.

**چېقىلدۇرغۇچ** ئى. تۈگمەندىكى بىر ئۇچى سۈكەننىڭ ئۈگۈت چۈشىدىغان تۆشۈكىگە كىرىپ، يەنە بىر ئۇچى تاشنىڭ ئۈستىگە تېگىپ، ئۈگۈت چۈشۈرۈپ بېرىدىغان ھەرىكەتچان تاياقچە: تۈگمەن تېشى مەن بولسام، چېقىلدۇرغۇچى سەن بول.

**چېقىلدۇرماق** «چېقىلماق» پېئىلنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاۋۋال ماۋۇ ئوتياشلارنىڭ ئىشى زۆرۈر ئەمەسمۇ، ئوتتا چېقىلدۇرۇپ قويساق، شۇنچە قىلغان ئەمگىكىمىز زايە بولۇپ كېتىدۇ.

**چېقىلدۇرۇق** ئى ← چېقىلدۇرغۇچ.

**چېقىلغان** ئى. ھاۋادا چېقىلغان چاقماقنىڭ يەرگە چۈشكەن قىسمى، چاقماق: كۆكئۆل گۈلشىنىمگە تاسادىپىي چېقىلغان چۈشتى، يۈرىكىم گوياكى توساتتىن سىمى ئۈزۈلۈپ كەتكەن ئېلېكتىر لامپىسى ئۆچۈپ قالغاندەك، قىزغىن سوقۇشتىن توختىدى.

**چېقىلغان قايتۇرغۇچ** <ئېل> ← چاقماق قايتۇرغۇچ.

**چېقىلغۇ** ئى ← چېقىلغان: بۇ خەۋەردىن ھېكىمنىڭ ساقال باسقان ياداڭغۇ يۈزلىرى ئۆپكىدەك ئېسىلىپ كەتتى. چۈنكى، قوناقلارنىڭ دەردىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي تۇرغان چاغدا يېتىپ كەلگەن بۇ خەۋەر ئۇنىڭغا گويا چېقىلغۇ چۈشكەندەك تۇيۇلغاندى.

**چېقىلماق** ① «چاقماق V» پېئىلنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: شىياۋمى: «ھەي! باشقا نېمە ئىلاجىم بار! بۇتخانىغا كىرىپ ئۆزۈمنى يامغۇردىن دالدىغا ئالاي» دەپ ئويلاپ، بۇتخانىغا كىرىش بىلەن چاقماق چېقىلدى. ② «چاقماق V» پېئىلنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: رومكا يەرگە چۈشۈپ چېقىلدى. ئۇ شارتتىدە ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ئۆزىگە نەشتەردەك تىكىلىپ تۇرغان ئادىلنى كۆردى. * تۇرمىلەرنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، كويزا-كىشەنلەر چېقىلىپ، مىڭلىغان-ئونمىڭلىغان ناھەق ئازاب چەككەن خەلق پەرزەنتلىرى يېڭىباشتىن ئىنسانىي ھوقۇقلىرىنى قوللىرىغا ئېلىشتى. ③ كۆچمە. ئۇرۇنماق؛ تەگمەك: تونۇمايدىغان بىرەرى ساڭمۇ چېقىلىپ قويمىغاي يەنە. بۇ خەقنىڭ پەيلىنى كۆرۈپ تۇرۇپسەنغۇ! ئەمدى تاغدا تىنچلىق بولمايدۇ. * ــ توغرا، ھوشيار بولۇش كېرەك، ــ دېدى ئارسلان، ــ سامانلار دەرھال چولڭ كۈچ بىلەن ھۇجۇم قىلالمايدۇ. ئاۋۋال بىرەر تۈمەننىڭ

لەشكىرىي كۈچ بىلەن چىقىلىپ، بىزنى سىناپ بېقىشى مۇمكىن.

**چىقىم** ئى. بىراۋنىڭ ئۈستىدىن باشقىلارغا يەتكۈزۈلگەن خەۋەر، يالغان دوكلات: كۆرسە نۇقسان، يوق دەپ دەرھال ئېيتەلەك ياپار، چىقىم ئۈچۈن ھاسا تۇتۇپ تۈندە چاپار.

**چىقىمچى** ئى. بىراۋنىڭ گېپىنى باشقىلارغا يامان غەرەزدە يەتكۈزىدىغان، گەپ توشۇيدىغان، بىراۋغا باشقىلارنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ بېرىدىغان ئادەم: بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، بۆرە باقاۋۇل ئىكەن، تۈلكە ياساۋۇل ئىكەن، قاغا قېقىمچى ئىكەن، قۇشقاچ چىقىمچى ئىكەن. ئۆتكەن زاماندا، بىر شەھەردە بىر ھۆكۈمران بار ئىكەن.

**چىقىمچىلىق** ئى. بىراۋنىڭ گېپىنى ئۆزگەرتىپ، باشقىلارغا يامان غەرەزدە يەتكۈزۈش ئىش-ھەرىكىتى، بىراۋغا باشقىلارنىڭ يامان گېپىنى قىلىش ئادىتى، خاراكتېرى: چىقىمچىلىق قىلماق. * راخمان مۇدىر مەكتەپ باشقۇرۇشتا قابىلىيەتسىز بولغىنى بىلەن، چىقىمچىلىقتا، ئۆچ ئېلىشتا قالتىس پىشقان كىشى ئىكەن.

**چىقىن** ئى <مېتېئور> ← **چاقماق** I : چىقىن تاغدا كۆپرەك چاقىدۇ. قارا بولۇت قويۇق يەردە ھاۋا گۈلدۈرلەيدۇ ئەمەسمۇ! * ئەڭ ماھىر كېمىچى قارار ئېقىنغا، نەزەر سېلىپ ئۇپۇققا يىراق-يېقىنغا. سەپەردە مەنزىلگە ساق يېتەي دېسەڭ، ئاگاھ بول خەتەرگە، يامغۇر ــ، چىقىنغا.

**چىقىندى** ئى ① ئوت ياكى چاقماق ئۇچقۇنى: كۆندۈزلىرى غۇۋالىشىۋاتقان قۇياشقا قاراپ يالقۇرۇشۇم، تۈنلىرى بۇلۇتنى يىرىپ چىقىۋاتقان ئايغا قاراپ تەلمۈرۈشۈم، چاقماق چىقىندىلىرىنى سېغىنىشىمنىڭ ھەممىسى سەن باھارغا بولغان تەشنالىقىمنىڭ بېشارىتى ئىدى. ② تاش ۋە مۇز قاتارلىق قاتتىق نەرسىلەرنى پارتلىتىش ياكى چاناش، قومۇرۇش جەريانىدا ھاسىل بولغان ئۇششاق پارچىلار: زەيتۇنەم بۇ چاغدا يېشىل تۇت ياغلىقىنى قىرغىز قىزلىرىدەك بېشىنىڭ بىر چېتىگە ئەپچىل قىلىپ تېڭىۋېلىپ، جوتۇچى يىگىتلەر قومۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتكەن مۇز-تولۇك چىقىندىلىرىنى گۈرجەك بىلەن قاش تەرەپكە ئىرغىتىپ تاشلاۋاتاتتى. ③ دەريا قېشىنىڭ سۇ ئۇرۇپ بۇزۇۋەتكەن جايى.

**چىقىندىماق** پ. چاقماق ياكى ئوت ئۇچقۇندىماق، ۋال-ۋۇل قىلماق: ئالدىدا قېچىۋاتقان قاتىل كەينىدىكىلەرنى كۆرۈپلا، يۈگۈرۈشكە باشلىدى. توختىماي گۈلدۈرلەۋاتقان چاقماق ئەمدى ئۇلارنىڭ بېشى ئۈستىدە چىقىنداۋاتاتتى.

**چىكە** ئى <ئانات> پېشانىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قۇلاققا يېقىن جاي: چىكە تومۇر. چىكە چاچ. چىكىگە ئاق كىرمەك. * نەمەت دېھقاننىڭ ئاخىرقى گېپى شۇ بولدى، ھېلىمۇ ياخشى كۆپ سۆزلىمەيلا كېتىپ قالدى، لېكىن، ھاپىز ئاخۇننىڭ چىكىلىرىدىن تەر چىقىپ كەتتى.

**چىكە سۆڭىكى** <ئانات> باشنىڭ چىكە قىسمىدىكى سۆڭەك. چوققا سۆڭىكىنىڭ ئاستىغا جايلاشقان بولۇپ، ياپىلاق كېلىدۇ.

**چىكىسى ئاپتاپ كۆرمەي** ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىمەي، ئۆزى ئەمگەك قىلماي: ئەمەت ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ سۆزلەۋېرىدۇ. نېمىشقا دېگەندە، ئۇنىڭ ئوغۇتلىرى تەل، قاچان دېسە، ئېتىزىغا سۇ تەييار، چىكىسى ئاپتاپ كۆرمەي خامانلىرى قوشۇلۇپ بولدى.

**چىكىسىدىن تەر چىقماق** جاپالىق ئەمگەك قىلماق، تەرلىگۈدەك ئىشلىمەك: ماشىنىنى كىنىشكا ھەيدىمەيدۇ، بەلكى ئادەم ھەيدەيدۇ. بۇ يولدا كونا شوپۇرنىڭمۇ چىكىسىدىن تەر چىقىدۇ، سېنى تەلپىنىڭ ئۆچۈنلا بۇ يولغا چىقاردى.

**چىكىسىگە تاڭماق** كۆز-كۆز قىلىپ ئۆز قولىغا ئالماق؛ ئەتىۋارلىماق، قەدىرلىمەك:

ئۇ: – ھېلىغۇ سەن بىر گۆشكېنىڭ شۆجىسى ئىكەن-
سەن، پۈتۈن دۇنياغا شۆجى بولساڭمۇ، سېنىڭدىن
قورقمايمەن، يامىنى كەلسە، باللىرىڭنى چېكە ئۆگە
تالقى دەيمەن، – دەپ غودۇڭشىغىنچە چىقىپ كەتتى.
**چېكىسگە قىسماق** ← چېكىسگە تاڭماق. ر-
**چېكە تكە** ئى <زوئول> بىر خىل ھاشارات.
خىللىرى كۆپ بولىدۇ، ئېغىز ئورگىنى
مەزمۇت، ئالدىنقى قانىتى تار ۋە قاتتىق؛
ئارقا قانىتى كەڭ ۋە يۇمشاق كېلىدۇ؛
ئارقا پۇتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ،
سەكرەشكە ۋە ئۇچۇشقا ماھىر كېلىدۇ.
دېھقانچىلىقتا زىيانداش ھاشارات ھېساب-
لىنىدۇ، ئاساسەن سامان غوللۇق
ئۆسۈملۈكلەرگە زىيان سالىدۇ.
**چېكە تكە ئاپىتى** <دېھ> چېكەتكىلەر
توپلىشىپ، زىرائەتنىڭ غول ۋە يوپۇرماقلىرى-
نى يېيىش ئارقىلىق كەلتۈرىدىغان ئېغىر
زىيان.
**چېكە رمەن** سۈپ. چېكىملىكلەرنى چېكىشكە
ئادەتلەنگەن، چېكىملىكلەرنى كۆپ
چېكىدىغان؛ بەڭگى: چېكەرمەن ئادەم. ‖
نەشە يەنە بىر قېتىم ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن
بەكرى: – سۈلايمان ئاكامزە زامانىمىزدىكى چېكەر-
مەنلەر ئىچىدە تەۋەررۈك ئادەم-دە، بۇ ئاكىمىزنىڭ
قولىدىن چەككەن تاماكىنىڭمۇ ئالاھىدە كەيپى بار
جۇمۇ ، – دېدى.
**چېكىت** ئى ① مەلۇم نەرسىنىڭ ئۈستىگە
چۈشۈرگەن نۇقتا: چېكىت گۈللۈك رەخت. ②
<تىل> يېزىقتا ئوي-پىكىرنىڭ ئاياغ-
لاشقانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، جۈملىنىڭ
ئاخىرىغا قويۇلىدىغان تىنىش بەلگىسى
(.) .
**چېكىت قويماق** ① مەلۇم نەرسىنىڭ
ئۈستىگە نۇقتا قويماق. ② جۈملىنىڭ
ئاخىرىغا چېكىت بەلگىسىنى قويماق. ③
كۆچمە. گۇمانلىق دەپ قارىماق: يېغىن
باشلىنىش بىلەنلا، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھېيئىتا
چېلىقتۇرغان «مەسىلە» لىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ،
بىرمۇنچە يولداشلارغا «چېكىت» قويۇلدى.
**چېكىتسىز** سۈپ. چېكىتى يوق، چېكىت
قويۇلمىغان: چېكىتسىز پەش. چېكىتسىز خەت.
**چېكىتلىك** سۈپ. چېكىت قويۇلغان، چېكىتى
بار: چېكىتلىك پەش. چېكىتلىك مۇنچاق. * ئۇ
چامادانىدىن ئاق چېكىتلىك قارا كۆز مۇنچاقنى ئالدى-
دە، ئۇچىنچى قەۋەتتىن «تۆت تاقلاپ» لا چۈشۈپ
كەتتى.
**چېكىتلىك پەش** <تىل> 2- قەۋەت
تەڭداش تەركىبلەرنى ئايرىش ئۈچۈن
قوللىنىلىدىغان، رولى پەشكە نىسبەتەن
ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان تىنىش
بەلگىسى (؛).
**چېكىتمە** ئى ① <گ سەن> جۇڭگوچە
رەسىمدىكى پەششمان چېكىت ۋە سىزىق-
لارنىڭ جەملەنمىسى ئارقىلىق شەيئىلەر-
نى تەسۋىرلەيدىغان بىر خىل سىزىش
ئۇسۇلى. ئادەتتە بۇ ئىزناسىز چېكىتلەر
بىلەن گۈل-گىياھ سىزىش ئۇسۇلىغا
قارىتىلىدۇ. ② <ئۇس> ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى-
نىڭ بىر خىلى: ئۇلار ئوغلىنى چۆرىدەپ چېكىتمىگە
دەسسىدى، لېكىن، كەنجىنىڭ ئۇلارغا قارار كۆزى
يوق ئىدى.
**چېكىشتۈرمەك** «چېكىشمەك» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ ھەر خىل
ئويۇنلىرى بار ئىدى. بولۇپمۇ تۇخۇم چېكىشتۈرۈش،
ئوشۇق ئويناش بەك ئەۋجىگە چىقىپ كەتكەن
ئويۇنلار قاتارىغا كىرەتتى.
**چېكىشمەك I** «چەكمەك I» پېئىلىنىڭ
ئۆملۈك دەرىجىسى: چېكىشمىگۈچە بېكىشمەس
(ماقال). * ئەگەر خەۋپسىز بولاي دېسەڭ، خەلق
بىلەن چېكىشمە، يەنى ئىزالاشما ۋە خەلقنى

رەنجىتكۈچى بولما. * تۆمۈرنى دەپ دەرەخ تەرىپلىگەن تارىختا ئەجدادلار، ئۇنىڭ مەزمۇنى ياپراقتا بولۇشنى بىلدى پەرھاتلار، كېتىپ سائەت، تۆكۈلسە گۈل چېكىشتى ئاھۇپەريادلار.

**چېكشمەك II** «چەكمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز يولنىڭ چېتىگىرەك چىقىپ، بىر ئورامدىن چېكىشتۇق. ئۇ تاماكىنى قاتتىق-قاتتىق شوراۋېتىپ نېمىندۇر ئويلىغاندەك قىلدى.

**چېكلمە** ① سۈپ. ئۈستىگە خەت، نەقىش ياكى باشقا بەلگىلەر چېكىلگەن: چېكلمە نەقىش. ② ئى <ئارخېئول> قەدىمكى زامانلاردىكى ئۈستىگە خەت ياكى باشقا بەلگىلەر چېكىلگەن خاتىرە تاش.

**چېكلمەك I** ① «چەكمەك I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چېچەكنە چېكىلمىگەن قىزىلدا قىرىلار (ماقال). * ئىشىك ئۇشتۇمتۇت چېكىلىپ، ياتاقتا ئابدۇللا روزى كىرىپ كەلدى. * بارا-بارا تاشۋاينىڭ زەخمىكى راۋابنىڭ تارىسغا ئەمەس، بەلكى گۈلچىمەننىڭ يۈرىكىگە چېكىلۋاتقاندەك بىلىنىشكە باشلىدى. * تاڭ ئېتىپ چېكەلمەيدۇ رەقىبنىڭ شۇم قولى، چىڭ پۈتۈلگەچ شۇ بۈيۈك قانۇنغا بىزنىڭ ئورنىمىز. ② ئاغرىماق، رەنجىمەك، ئازار يېمەك: كۆڭلى چېكلمەك. * ئەسلىدە سېنىڭ ناھايىتى ئوبدان دادىڭ باردى. ياۋۇز كونا جەمئىيەت ئۇنى سەندىن تارتىپ كەتكەن. ئۆز ۋاقتىدا ساڭا بۇ نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرىشنى ئويلىغانىدىم. لېكىن، سېنىڭ بالىلىق دىلىڭنىڭ چېكىلىشىنى خالىمىدىم.

**چېكلمەك II** «چەكمەك II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تاماكا چېكىلىشكە باشلۇۋىدى، ياتاق ئىچى بىردەمدىلا ئىس-تۈتەككە تولدى.

**چېكلمەك III** پ. پىشىشقا يېقىنلاشماق، ئالا بولماق، سارغايماق، تەم كىرمەك (مېۋە-چېۋە ھەققىدە): ئۈزۈم چېكىلدى. * تاختا-تاختىلارغا پىلەك يېيىپ كەتكەن بۇ چىلگىلەرنىڭ ئالدى چېكىلىشكە باشلىغان، كەينى قىزىق خەمەك تاشلىماقتا ئىدى. * — بۇلار پارقىراپ چېكىلگەنلىكىنى كۆرۈنگىنى بىلەن، تېخى سەل چۈرۈك، شۇڭلاقىمۇ ئاچچىق كۆرمەي، يازنىڭ پىشلىقى ئورنىدا كۆپرەك ئېغىز تېگىمىزلەر، — دېدى ئۇ كۆپچىلىككە.

**چېكلىك** ① ئى. شەپكە، قۇلاقچا قاتارلىق باش كىيىملىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلىدىغان قىسمى: لۇتپۇللا ئۆز بېشىغا كېلىۋاتقان قىسمەتنى مۆلچەرلىدى-دە، بېشىغا خۇرۇم چېكىلىك قۇلاقچىسىنى، ئۇچىسىغا قىزغۇچ خۇرۇم كالتە چاپىنىنى، پۇتىغا قىسقا قونچلۇق ئۆتۈكىنى كىيدى. ② سۈپ. تىكىلىدىغان باش كىيىمنىڭ چېكىسى ئۈچۈن تەييارلانغان، چېكىگە ئاتاپ كېسىلگەن: چېكىلىك رەخت. چېكىلىك قەغەز. ③ ئى. ئات، ئېشەكلەر نوختىسىنىڭ چېكىگە توغرا كېلىدىغان يېرى: نوختىنىڭ چېكىلىكى. چېكىلىكى بار نوختا.

**چېكلمەك** پ. ياغلىق ياكى لاتا بىلەن باشنىڭ چېكە قىسمىنى تاڭماق؛ چىگمەك: شۇ كۈنى، دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇرغان شەرىخان ئىككى ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرۈش بىلەنلا ئالمان-تالمان بېشىدىكى ياغلىقنى ئېلىپ، پېشانىسىگە چىڭ چېكىلىدى.

**چېكىم I** سۈپ. چېكىمى بار، چېكىم چېكىلگەن: چېكىم دوپپا. چېكىم گۈللۈك رەخت. * غۇنچىدەك لەۋلىرى گويا كۆكۈل دېڭىزىغا شەربەت تۆككۈچى پىيالە، چېھرىدە باللارچە ئوماق سەبىيلىك بىلەن ياشلىقنىڭ ھېسسىياتى ئارىلىشىپ كەتكەن بىغۇبار كۈلكە، مەجنۇنتالدەك بەستىگە خوپ ياراشقىنى چېكىم-چېكىم گۈللۈك كۆڭلىكى ئىدى.

**چېكىم II** مىق. بىر قېتىم چېكىلىدىغان، بىر چېكىشكە يېتىدىغان، بىر ئورام (چېكىملىك ھەققىدە): بىر چېكىم تاماكا. * شائىر دورغا ئاچچىقى بىلەن يەرگە تۈكۈردى، غودۇڭشىدى، قېرى سارايۋەندىن بىر چېكىم ناس ئېلىپ، كالپۇكىنىڭ ئاستىغا سالدى ۋە نائىلاج تۈگىلەرنىڭ بېشىنى

« يارباغ » دەرۋازىسى تەرەپكە بۇرىدى.

**چېكىم-چېكىم** نۇرغۇن چېكىم، نۇرغۇن چېكىم چېكىلگەن: قارا قۇمچاق قىزنىڭ بېشىدا گۈللۈك دوپپا، ئۈستىدە چېكىم-چېكىم گۈلى بار ئاددىي چىت كۆڭلەك، پۇتىدا كۆندىن تىكىلگەن پىستانلىق قارا بەتىنكە بولۇپ، ئىككى تال تاش مارجاننى يىپقا ئۆتكۈزۈپ بويىنىغا ئېسىۋالغانىدى.

**چېكىملەشمەك** « چېكىملىمەك » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چېكىملەنمەك** « چېكىملىمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چېكىملىك** ئى. چېكىلىدىغان، چېكىش ئۈچۈن تەييارلانغان نەرسە (ئەپيۇن، نەشە، ناس، تاماكا قاتارلىقلار ھەققىدە): چېكىملىك ساتىماق. * گىردە خۇيدىن چىققۇچە، بىرئاز چېكىملىك چېكىۋېلىپ، ھاردۇقۇمنى چىقىرىۋالايمۇ دېگەننى ئويلاپ، ئۆيگە كىردىم.

**چېكىملىمەك** پ. چېكىم چەكمەك: شۇ يۇملاق قاش تاشنى، زەر چەمبەردە قىسىپتۇ. چېكىملەپ گۈل سىزىپتۇ، ھەر خىل « قۇلاق » تىزىپتۇ.

**چېكىندۈرمەك** « چېكىنمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جەڭ ئەۋجىگە چىقتى. ئۇلار دۈشمەن چېرىكلىرىنى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىتىپ، سۇنىڭ نېرىسىغا چېكىندۈردى. * بىر ئاي بۇرۇن، مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇنى بۇيرۇق بىلەن ئوقۇشتىن چېكىندۈرۈپتۇ.

**چېكىندۈرۈلمەك** « چېكىندۈرمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەر تەرەپلىمە تەييارلىقلار ياخشى ئىشلىنىپتۇ. شۇنىڭ نەتىجىسىدە، خوجا ئەكبەر پادىشاھنىڭ بىرقانچە قېتىملىق شىددەتلىك ھۇجۇمى چېكىندۈرۈلۈپتۇ. * بىرقەدەر مول رەھبەرلىك تەجرىبىسىگە ۋە كەسپىي بىلىمگە ئىگە بولغان، ئەمما يېشى ياكى سالامەتلىكى تۈپەيلىدىن رەھبەرلىك بەنزىسىگە كىرگۈزۈلمىگەن بەزى پېشقەدەم كادىرلار ئىككىنچى سەپكە چېكىندۈرۈلىدۇ.

**چېكىنمەك** پ ① يانماق، كەينىگە سۈرۈلمەك: ئارقىغا چېكىنمەك. * دەۋاگەر كىشى لۆمۈلدەپ ئېقىپ تۇرغان كۆز ياشلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، پۇت-قولىدا جان قالمىغان ھالدا ئارقىغا چېكىندى. * خۇرشىدىخان ئۇنىڭ سۈرلۈك تەلەتىدىن قورقۇپ كەتتى-دە، « ۋايجان! » دەپ كەينىگە بىر قەدەم چېكىندى. ② دۈشمەننىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن، ئەسلىي ئىستىھكاملىرىنى تاشلاپ، ئارقىغا يۆتكىلىشكە مەجبۇر بولماق، ئارقىغا يانماق: دۈشمەن تەرەپنىڭ توپ-زەمبىرەك، برونېۋىك ۋە ھەتتا ئايروپىلان بىلەن قىلغان بۇ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن قوزغىلاڭچىلار پىچاندىن چېكىندى. * قادىرخان ئات يالىغا ئېگىشىپ تۇرۇپ، دۈشمەنگە قارىتىپ پىلىموت سايرىتىۋەتتى، دۈشمەنلەردىن ئۈچى يىقىلدى، قالغانلىرى كەينىگە چېكىندى. ③ كۆچمە. چىقىپ كەتمەك (مەكتەپ، خىزمەت، پارتىيە-گۇرۇھ قاتارلىقلاردىن): ئۇنىڭ بۇ ئىشنى داۋامىغا ئېيتقىنىم ئۈچۈن، ئۇكامنىڭ مېنى ئۇرغانلىقى ھازىرقىدەك ئېسىمدە، شۇنداق قىلىپ بىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىپ كەتكەندە، ئۇ ئىككىنچى سىنىپتا قالدى ۋە ئاخىرى مەكتەپتىن چېكىندى. * ئەگەر، ئۇلار دەل ئۆزلىرى يازغاندەك ئويلىغان بولسا، ئۇلار پارتىيەدىن چېكىنىشى كېرەك، ھېچ بولمىغاندىمۇ، ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىشى لازىم ئىدى. ④ كۆچمە. ئارقىغا يانماق، ئازايماق (بىلىم، سەۋىيە ھەققىدە): ئادەمنىڭ قابىلىيىتى بەلگىلىك ياشقا كەلگەندە تەرەققىي قىلىپ چېكىگە يېتىدۇ، ئاندىن كېيىن تەدرىجىي كەينىگە چېكىنىدۇ.

**چېكىنمە بايان** <ئەد> ئەدەبىي ئەسەر، كىنو قاتارلىقلاردىكى بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى. بۇنىڭدا، ئالدى بىلەن يېشىم ياكى مەلۇم ۋەقەلىك بايان قىلىنىپ، ئاندىن كېيىن ھېكايىنىڭ باشلىنىشى ۋە راۋاجى بايان قىلىنىدۇ.

**چېكىنىش** ① « چېكىنمەك » پېئىلىنىڭ

يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② ئى <بىئول> جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا، بەزى ئورگانلىرىنىڭ كىچىكلەپ كېتىشى، تۈزۈلمىلىرىنىڭ ئاددىيلىشىشى ۋە فۇنكسىيىسىنىڭ تۆۋەنلىشى ھەتتا پۈتۈنلەي يوقىلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**چېكىنىشمەك** «چېكىنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇسسۇلچىلار بىر مەيدان ھۇرمەت ئۇسسۇلىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئاندىن ئىككى يانغا چېكىنىشتى. * دۈشمەنمۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشىلىق قىلدى. ئىككى يان ۋە ئالدىغا بىرقانچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ باقتى. ئاخىرى نۇرغۇن ئۆلۈكلەرنى قالدۇرۇپ چېكىنىشتى.

**چېگەلەك** ئى. دىئال <بوت> لوپ كەندىرى، ياۋا كەندىر.

**چېگرا** ① ئى. بىر-بىرىگە قوشنا، يېقىن، يانداش بولغان دۆلەت، ئۆلكە، ۋىلايەت، ناھىيە، رايون قاتارلىقلارنىڭ زېمىن ئارىسىدىكى بۆلۈنۈش، ئايرىلىش سىزىقى؛ پاسىل: چېگرا بەلگىلىمەك. * ئۆز ۋاقتىدا، ئىران چېگرىسى ھىندى دەرياسىدىن سەھرايى كەبىرگىچە يەتكەنىكەن. ② سۈپ. چېگرا ئەتراپىغا جايلاشقان؛ چەت، ياقا: چېگرا رايون. ③ كۆچمە. ئىككى نەرسىنىڭ دائىرە چېكى: بۇ خىل توسقۇنلۇقنى يېڭىش ئۈچۈن، سىيلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان كونا-يېڭى بىلىملەرنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىتىش لازىم. * ئىسمائىل ئەمەت مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: نورمال دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنىڭ چېگرىسىنى، نورمال دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن فېئودال خۇراپاتلىقنىڭ چېگرىسىنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈش كېرەك.

**چېگرا ئايرىماق** ① بىر-بىرىگە يېقىن بولغان قوشنا رايون، ئۆلكە ياكى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى زېمىن تەۋەلىكىنىڭ دائىرە سىزىقىنى بەلگىلىمەك، بېكىتمەك. ② كۆچمە. مۇناسىۋەت، ئالاقىنى ئۈزمەك: ئالدىنقى باسقۇچتا، خاتالىق ئۆتكۈزگەن يولداشلار خاتالىقىنى ئەستايىدىل تۈزىتىپ، خاتالىقىدىن ئۆزۈل-كېسىل چېگرا ئايرىشى لازىم.

**چېگرا رايون** <جۇغ> دۆلەت چېگرىسىغا يېقىن رايونلار.

**چېگرا سودىسى** <سودا> ئىككى مەملىكەت چېگرىسىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا ئوڭايلىق يارىتىش ۋە شۇ جاينىڭ ئەنئەنىۋى سودا ئادىتىگە ئېتىبار بېرىش ئۈچۈن، ئالاھىدە يولغا قويۇلغان سودا شەكلى.

**چېگرا مۇداپىئەسى** <ھەرب> دۆلەتنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، چېگرا رايونلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مۇداپىئە ئىشلىرى.

**چېگرا يۈزى** <فىز> بىر جىسىم بىلەن يەنە بىر جىسىمنىڭ ئارىسىدىكى تېگىشىش يۈزى.

**چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىش** <قا> جازانىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا، جىنايەت ئۆتكۈزگەن چەت ئەللىك ياكى دۆلەت تەۋەلىكى يوق كىشىلەر دۆلەت چېگرىسىنىڭ سىرتىغا قوغلاپ چىقىرىلىدۇ.

**چېگرىداش** سۈپ. بىر ئومۇمىي چېگرىغا ئىگە بولغان، يانمۇيان جايلاشقان؛ قوشنا: چېگرىداش رايون. چېگرىداش دۆلەت. * جاكارلاپتۇ پۈتۈن شەھەرگە، چېگرىداش ھەم قېرىنداش ئەلگە.

**چېگرىلاشماق** پ. چېگرىسى ئۆزئارا تۇتاشماق، چېگرىغا يانمۇيان جايلاشماق: بۇ ناھىيىنىڭ غەربىدىكى «ئۈچ سۇمبۇل» يېزىسىنىڭ تۆۋەن تەرەپلىرى ئىلى ۋادىسىنىڭ ئەڭ غەربى بولۇپ، بۇ يەرلەر سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

**چېگرىلانماق** پ. ئۆزئارا تۇتاشماق، يانمۇيان جايلاشماق، چېگرىداش بولماق، چېگرىلاشماق: ئۇ بىزگە ئاسىيا بىلەن ياۋروپانىڭ قەيەرلەر بىلەن چېگرىلىنىدىغانلىقىنى ۋە ياۋروپادىكى دەريالارنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى.

**چېلەك** I ① ئى. سۇ ۋە باشقا سۇيۇقلۇقلارنى ساقلاش ۋە توشۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، قەلەيدىن ياسىلىدىغان سىلىندىر شەكىللىك قاچا: ئوقۇغۇچىلارغا بىر چىنە سۇ بېرىش ئۈچۈن، ئۆزىدە بىر چېلەك سۇ بولۇشى كېرەك. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن بىللە كېلىپ، شۇنىڭ بىلەن كەملىنىدىغان سۇيۇقلۇق ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر چېلەك سۇ. ئىككى چېلەك ياغ. بەش چېلەك قۇم.

**چېلەك** II ئى ① بارماقتەك ياغاچتىن قوشۇش بەلگىسى شەكلىدە ياسالغان، قول بىلەن چۆرۈپ يىپ ئېگىرىدىغان ئەسۋاب: چېلەك بىلەن يىپ ئېگىرمەك. ② قوناق شېخى قاتارلىقلارنىڭ ئۆگىلىرى ئارىلىقىدىكى ھەر بىر بۆلىكى: قوناق چېلىكى. // ئەزىز قولىدىكى شېكەر قومۇشنىڭ بىر چېلىكىنى ماڭا، يەنە بىر چېلىكىنى ئۆكىسىغا بەردى.

**چېلەكلەپ** رەۋ. چېلەككە قاچىلاپ، چېلەك بىلەن كەملەپ، چېلەك بىلەن: چېلەكلەپ سۇ توشۇماق. * ياسىن قۇمنى باغچىغا چېلەكلەپ توشۇدى. * كەچقۇرۇن بوران بېسىلغان بولسىمۇ، لېكىن كەينىدىنلا چېلەكلەپ قۇيغاندەك يامغۇر يېغىپ كەتتى.

**چېلو** ئى [ئىنگ] <مۇز> ئىسكىرىپكىنىڭ بىر خىلى. تۇزۇلۇشى ئىسكىرىپكىدىن تۆت-بەش ھەسسە چوڭ، ئاۋازى ئالتقا قارىغاندا بىر ئوكتىۋا پەس كېلىدۇ.

**چېلىش** I ئى ① <تەن> تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ بىرى. بۇنىڭدا، ئىككى ئادەم قۇچاقلىشىپ، ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ كۈچى ۋە ماھارىتىگە تايىنىپ، قارشى تەرەپنى يىقىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. چېلىش تۈرلىرى ھەر خىل بولۇپ، بەزىلىرىدە قارشى تەرەپنى يىقىتقان ئۇتقان ھېسابلىنىدۇ؛ بەزىلىرىدە بولسا، قارشى تەرەپنىڭ بەدىنىنى يەرگە تەگكۈزەلىسە (ئىككى پۇتتىن باشقا) ئۇتقان ھېسابلىنىدۇ. چېلىشش تۈرلىرى گەرچە بىر-بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ، ھەممىسىلا بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ دەرىجە ئايرىمىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ② كۆچمە. جەڭ، كۈرەش: كەلدى ئېسىل گۈلباھار، پەسلىلەرنىڭ ئەركىسى. ئاڭلىنىدۇ ئەتراپتىن، جەڭ - چېلىشنىڭ نەغمىسى.

**چېلىش مەركىسى** <تەن> چېلىش ماھارىتى ئۆتكۈزۈلىدىغان كۆرەك؛ چېلىش مۇسابىقىسى: چېلىش مەركىسى ۋاڭ غوجىلارنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ئويۇنى، شۇنداقلا ئوردىدا بېقىلىۋاتقان چېلىشقاق زەڭگىلەرنىڭ كۈچىنى كۆرىدىغان مەيدانى ئىدى.

**چېلىش** II «چالماق I» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى.

**چېلىش ئۇسۇلى** <مۇز> چالغۇ ئەسۋابلارنى چېلىش ۋە چىققان ئاۋازلارنى جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئادەتتە ئۇ سىجىل ئۇلاپ چېلىش ئۇسۇلى ۋە ئۈزۈپ-ئۈزۈپ چېلىش ئۇسۇلى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**چېلىشتۇرماق** «چېلىشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بەگ-غوجىلار ئوردىدا بېقىلىۋاتقان چېلىشقاق زەڭگىلەرنى پات-پات چېلىشتۇرۇپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى.

**چېلىشچان** سۈپ ① چېلىشقا ئامراق، چېلىشقا ماھىر؛ چېلىشخۇمار: چېلىشچان يىگىت. ② كۆچمە. ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن جەڭ،

كۆرەش قىلىدىغان، كۆرەشچان: گۈگۈشىمىز ئېسىل باغدۇر، مېۋىسى ھەسەل، ياغدۇر. ئىشلەيلى چېلىشچانلار، بۇ ئىشلەيدىغان چاغدۇر. * يېڭى پەللىگە ئات سالدى، چېلىشچان خەلقىمىز بىزنىڭ. زەپەر قۇچماقتا ئۆتكەلدە، بۇ ئازاد دەۋرىمىز بىزنىڭ.

**چېلىشچانلىق** «چېلىشچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بىز ئەزەلدىن چېلىشچان خەلق، چېلىشچانلىق ئاتا كەسپى بىزگە.

**چېلىشچى** ئى ① چېلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، چېلىشقا ماھىر ئادەم: «قادىر بۇقا» دەپ ئاتىلىدىغان چېلىشچى يەنە بىر چېلىشچىنى گۈپپلا قىلىپ بېسىۋالغانىدى. ② كۆچمە. كۆرەشچى: مەن باتۇر بوگۇن ئىشتا، چېلىشتا، مەيدانغا سەكرەپ، ئېتىلىپ چۈشتۈم. قايتا تۇغۇلدۇم، چېلىشچى بولدۇم، يېڭى ھاياتقا ئەمدى مەن كۆچتۈم.

**چېلىشچىلىق** «چېلىشچى» سۆزىنىڭ كەسپى نامى: شۇ كۈنى ئۇ سۈگەتجاڭغا ئىلتىجا قىلىپ: — پېقىر بولسام كىچىكىمدىن تارتىپ لۇ تورەمدىن چېلىشچىلىقنى ئۆگىنىپ كەلگەنىدىم، — دېدى.

**چېلىشخۇمار** سۈپ. چېلىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان، چېلىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغان، چېلىشىشقا ئامراق: چېلىشخۇمار ئادەم. * چېلىش بولىدىغان خەۋەرنى ئاڭلىغان يۇرت خەلقى ۋە چېلىشخۇمارلاردىنمۇ بىرقانچە يۈز ئادەم چەتتىن توپلانغانىدى.

**چېلىشقاق** سۈپ. چېلىشقا ئۇستا، چېلىشقا ئامراق: پادىشاھ ئۆزىنىڭ چېلىشقاق يىگىتلىرىنى پات-پات چېلىشقا سالاتتى.

**چېلىشماق** I پ ① جىسمانى جەھەتتىن ئېلىشماق، بەل تۇتۇپ كۈچ سىناشماق: باي بىلەن دەۋالاشما، باتۇر بىلەن چېلىشما (ماقال). * چاقچاقنىڭ ئاخىرى چېلىشقا ئايلاندى. بىز بالا چېغىمىزدىن تارتىپ ئەنە شۇنداق چېلىشىپ، دومىلىشىپ ئوينايتتۇق. * بارا-بارا ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە چوڭ ياشلىقلار چېلىشىپ، كىشلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ② كۆچمە. بىرەر مەقسەت، نىشان يولىدا جەڭ قىلماق، كۆرەش قىلماق، كۈچ چىقارماق: — ئەل بىرلىكى بولسا، باشقا ئىشلارنى قىلماق ئاسان بولىدۇ. خاتىرجەم بولۇڭ، بىللە چېلىشىمىز، ئەلنى رازى قىلىمىز! — دېدى ئۇ. * بىرىنچى ماي، كۆرەشچان ئاي، چېلىشقا باي، چېلىشىمىز بىز ۋەتەننى ئازاد قىلىش يولىدا ھارماي.

**چېلىشماق** II «چالماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مېنىڭ زوقۇم كېلىپ، بەختىگە قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم، بالىلارمۇ كۈلۈشۈپ چاۋاك چېلىشتى. * قىززىقلى سۆزىدىن دىللار يايرىدى، جاراڭلىق ئالقىشلار كۆككە ياڭرىدى. ياپىيېشىل ياپراقلار چېلىشتى چاۋاك، ئالملار تېخىمۇ ئېسىل چاقنىدى.

**چېلىشماق** III «چالماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چېلىشۋاز** سۈپ. چېلىشقا ئامراق، چېلىشقا ماھىر.

**چېلىشۋازلىق** «چېلىشۋاز» سۆزىنىڭ كەسپى نامى: ئىنىلىرى جۇڭچيەن دىيارىدىن ئىدىم. ئاتا-بوۋام ئۈچ ئەۋلادتىن بېرى چېلىشۋازلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن.

**چېلىقتۇرماق** «چېلىقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مېنىڭ ئۇيقۇم قاچتى، كېچىلىرى كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزاتتىم، سىرلىق خىياللارغا غەرق بولۇپ، پاتىگۈلنىڭ ئىزىنى چېلىقتۇراتتىم. * ئۇ كوچىلاردا چېچى ئۆسكەن بالىلارنى چېلىقتۇرسا، ئېرىق بويلىرىدا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ، چۈشۈرۈپ قوياتتى.

**چېلىقتۇرۇشماق** «چېلىقتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چېلىقماق** پ. يولۇقماق، ئۇچراشماق، كۆرۈنمەك: سىنچىلاپ قارىۋىدىم، ئاللىقانداق بىر گەۋدىنىڭ قارىغاي غولىغا مەھكەم چاپلىشىپ تۇرغانلىقى كۆزۈمگە چېلىقتى. * يولغۇن تۈپلىرىلا بۇ ئوتلۇق دەشتتە بىردىنبىر ھايات بەلگىسى سۈپىتىدە كۆزگە چېلىقاتتى.

**چېلىنماق** I «چالماق I» نىڭ پېئىللىنىش مەجھۇل دەرىجىسى: ناغرا چېلىنماق. مۇزىكا چېلىنماق. چاۋاك چېلىنماق. * چىراغ ئۆچۈرۈش سىگنالى چېلىندى، لېكىن ئابدۇۋاھىتنىڭ ئۇيقۇسى زادى كەلمىدى. * دوناي ۋالىسى چېلىنىش بىلەن بەھرام مۇئەللىم ئالدىغا كېلىپ، تەزىم قىلدى.

**چېلىنماق** II «چالماق II» نىڭ پېئىللىنىش مەجھۇل دەرىجىسى.

**چېمپىيون** ئى [ر<ئىنگ] تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدا، غالىب چىققان، بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلىگەن شەخس ياكى كوماندىغا بېرىلىدىغان ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋانغا ئېرىشكەن شەخس ياكى كوماندا: چېمپىيون بولماق. پۇتبول چېمپىيونى. * يېقىندا، جۇڭگو ئاياللار ۋالىبول كوماندىسى دۇنيادىكى كۈچلۈك كوماندىلار توپلاشقان باشقا دۆلەت زېمىنىدە يەتتە قېتىملىق جەڭدە غەلىبە قىلىپ، دۇنيا بويىچە 3-نۆۋەتلىك لوڭقا تالىشىشتا چېمپىيون بولدى.

**چېمپىيونلۇق** «چېمپىيون» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: شەھەر بويىچە، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پۇتبول چېمپىيونلۇقىنى تالىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلمەكچى.

**چېمپىيونلۇق تالىشىش مۇسابىقىسى** <تەن> تەنتەربىيىنىڭ بىرەر تۈرى بويىچە، بىرىنچىلىكنى تالىشىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسابىقە.

**چېنەتمەك** «چېنىمەك» نىڭ پېئىللىنىش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چېنىشمەك** «چېنىمەك» نىڭ پېئىللىنىش ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چېنەك** ئى. دىئال. قورۇلغا ئېلىپ ئاتىدىغان نىشان؛ بەلگە، قارا: چېنەككە ئاتماق. چېنەككە تەگكۈزمەك.

**چېنىلمەك** «چېنىمەك» نىڭ پېئىللىنىش مەجھۇل دەرىجىسى: نامايان بولۇپ بۇ يول ھەم، مەرگەن قىزنىڭ خىسلىتى. چېنەلگەن ئوق سارايغا، بولدى ئەجەل دەھشىتى.

**چېنىشماق** ① «چانىماق» نىڭ پېئىللىنىش ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەملى ئۆسكەن بىرمۇنچە كىشىلەر ئاددىي كادىر ۋاقتىدا ئالغان قەدىناس خوتۇنلىرىدىن چېنىشىپ، خوتۇن يېڭىلاشنىڭ كويىدا يۈرۈشىۋاتىدۇ. ② مۇۋاپىقلىشالماي قالماق، چانىماق: ئۇنىڭ يالغان سۆزلىرى شۇ ھامان چېنىشىپ قالدى. * — بالام، قانداق، يارىمايۋاتامدۇ؟ ياق، بۇ كىيىملەر ھەر قانداق يەردە چېنىشمايدۇ، — دېدى ئانىسى جەۋلاننىڭ كىيىمگە يەنە بىر قېتىم باشتىن-ئاياغ قاراپ چىقىپ.

**چېنىقتۇرماق** «چېنىقماق» نىڭ پېئىللىنىش مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭغا: — مېنىڭچە، ئەڭ ياخشىسى ئىدىيە، ئىستىل جەھەتتىن ئۆزۈڭنى ياخشىراق چېنىقتۇرغىن، — دېدى. * ئۆيۈمنىڭ تورۇسىغا قۇم خالتىسىنى ئېسىپ قويۇپ، مۇشتلاپ بىلەك مۇسكۇللىرىمنى چېنىقتۇراتتىم.

**چېنىقتۇرۇلماق** «چېنىقتۇرماق» نىڭ پېئىللىنىش مەجھۇل دەرىجىسى.

**چېنىقماق** پ ① ئىش، ئەمگەك ياكى جىسمانىي تەربىيە بىلەن ئورگانىزمنىڭ ھەرقانداق ئېغىر شارائىت، ئاغرىق-سىلاق قاتارلىقلارغا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرماق؛ تاۋلانماق، پىشماق: مەن ئۇچىدامغا بىلىمنى ئېگىپ، پۇت ۋە قولۇمنى يەرگە تىرەپ، تۆت پۇتلۇق بولۇپ تۇرۇشنى مەشىق قىلىپ، مەلۇم ۋاقىت چېنىققاندىن كېيىن، ئاۋۋال بەش-ئالتە ياشلىق بىر بالىنى قورسىقىمغا چىقىرىپ خېلى ۋاقىت تۇرغۇزاتتىم. * ئويىنساڭ قېنىپ-قېنىپ، ساپ ھاۋادا كەڭ تىنىپ. چېنىقىدۇ بەدەنمۇ، ئالقىشلايدۇ ۋەتەنمۇ. ② كۆچمە. ئەمەلىي خىزمەت، تەجرىبە جەريانىدا يېتىلمەك؛ تاۋلانماق، تەربىيەلەنمەك: ئۇ 20 نەچچە يىللىق ئەمەلىي خىزمەتتە ئوبدانلا چېنىقىپ، مۇھىم، كېرەكلىك ئادەمگە ئايلانغانىدى. * ئەخمەتجانمۇ ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ: — نىزامىدىن

قىسملىرى تاغلاردا ئۇرۇش قىلىپ چېنىققان، تەمتىرەپ قالمايدۇ، — دېدى.

**چېنىقىش** «چېنىقماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: بىركۈنى مۇتەللىپ ئەتىگەنلىك چېنىقىشتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، دەرۋازا ئالدىدا ئالدىراپ ئىشقا ماڭغان ئەمەت ئۇستا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. * ھايۋانلارنىڭمۇ ئوچۇق ھاۋادا يۈرگەنلىرىنىڭ ئۆسۈشى، چوڭىيىشى ياخشى بولىدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن چېنىقىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

**چېنىقىش ئۆيى** <تەن> تەنتەربىيە چېنىقىشى ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان ياكى سەرەمجانلاشتۇرغان ئۆي.

**چېنىقىشماق** «چېنىقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چېنىمەك** پ ① تاش ياكى مىلتىق قاتارلىق ئېتىش قورالى بىلەن بىرەر نۇقتىنى نىشانغا ئالماق، قارىغا ئالماق: شاھزادە مىلتىقنى ئېلىپ، چېقىر كۆزلىرىنى قىسقان ھالدا قىزىل كۆكلەكنى چېنىدى. * تاغ ئوغلى تۆمۈر ئوقياسىنى ئېلىپ، توپتوغرا ئۇنىڭ كۆكرىكىگە چېنەپ ئېتىپتۇ. ② ئۆلچىمەك، دەللىمەك، توغرىلىماق: ساۋۇت ئاخۇننىڭ مىجەزى ئېغىر بولغىنى بىلەن، گەپنى چېنەپ ئۆلچىگەندەك تولۇق قىلاتتى. * ئاياغ ئالساڭ، بالىنىڭ پۇتىنى چېنىۋېلىپ ئال.

**چېھرە** ئى [پ] ① يۈز، چىراي، بەت، ئەپت؛ كۆرۈنۈش: ئۇ شۇ ئولتۇرۇشىدا، خىيالەن ھەۋزىنىسانى ئۆز يېنىغا ئەكىلىپ باقتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئېنىق چېھرىسىنى كۆرەلمىدى. * ئايدىڭ كېچە، ئاسمان چېھرىسىدىكى تۈركۈم-تۈركۈم يۇلتۇزلار پاللىدىشاتتى. * شۇ سەۋەبتىن تۇۋلايتتىم ئارزۇدىن ناخشا، ياناتتى بىر ئارمان ئوت بولۇپ ئىچىمدە. قانداقراق بولارمەن دەيتتىم ھەر مىنۇت، پارتىيەم چېھرىنى كۆرسەم بېيجىڭدە.

**چېھرىلىك** سۈپ. چىرايلىق، كېلىشكەن: تۇرىدۇ گۈل چېھرىلىك شائىر يىگىت، تۇرىدۇ يۈركلىپ گۈل-چېچەكلەرگە. ئاپىرىن بۇ چىمەننىڭ نەققاشىغا، ئاپىرىن يەتكۈزۈپتۇ تىلەكلەرگە!

**چېۋ** تەق. قۇشقاچلارنىڭ سايرىغان زىل ئاۋازى: قۇشقاچنىڭ تۇمشۇقىدىكى يەمنى كۆرگەن باللىرى «چېۋ، چېۋ» قىلىشىپ چۇرقىرىشىپ كەتتى.

**چېۋەر** سۈپ ① ئۇستا، ماھىر؛ ئىش-ھەرىكەتتە چاققان، چەبدەس: چېۋەر ئايال. * ئۇ ئېتىز-ئېرىق ئىشىغا ناھايىتى چېۋەر بولۇپلا قالماستىن، ئوقيا ئېتىش، ئات مىنىش قاتارلىق جەڭ مەشقلىرىگىمۇ ناھايىتى ئۇستا ئىكەن. * مۇشۇ ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان، ئۆتمۈشتە باي-سودىگەرلەر تەرىپىدىن ياسىلىدىغان قورۇ-جايلار، گۈزەل ئىمارەتلەر بوۋامنىڭ، دادامنىڭ چېۋەر قوللىرى بىلەن ياسالغان. * كۆچەتلىكنىڭ ئىچىدە ، قاتار كەتكەن ئىز كۆردۇم. باغقا مېھىر باغلىغان، ئىشتا چېۋەر قىز كۆردۇم. ② كۆچمە. دانا؛ ئەقىللىق، ئىقتىدارلىق: چېۋەر يول باشچى. چېۋەر داھى. * مەن رەھبەرلىرىمىزنىڭ بىرى — ئەخمەتجان قاسىمى توغرىلىق يازماقچىمەن. بىراق، مېنىڭ بۇ قورقماس ۋە چېۋەر ئادەم توغرىلىق ئومۇملاشقان مەلۇماتنى بېرەلمەيدىغانلىقىم ناھايىتى ئېنىق.

**چېۋەرلىك** «چېۋەر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: چاقماقتەك سۆزلەۋاتقان ئايىمخان چېۋەرلىك بىلەن چاي قۇيۇپ، شائىرغا سۇندى. * مېھمان يىگىتنىڭ بۇ سوئالىغا ئىرپان قىلچە تېڭىرقىماستىن، قەشقەر يىگىتلىرىگە خاس چېۋەرلىك بىلەن جاۋاب بەردى.

**چېۋ-چېۋ** «چېۋ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ كەينىگە قايتىشى بىلەنلا يۇقىرىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن بىر-ئىككى قۇشنىڭ «چېۋ-چېۋ» دېگەن ئاۋۇشىنى ئاڭلاپ، ئاسمانغا قارىدى.

**چى** مىق [خەن] ئېلىمىزدە قوللىنىلغان ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. بىر چى 10 سۇڭ بولىدۇ، يەنى 33 سانتىمېترغا تەڭ: بىر چى رەخت. ئۈچ چى ياغاچ.

**چىبەرقۇت** ئى. پاختىدىن ئوڭ يۈزىگە موي چىقىرىپ توقۇلىدىغان يوللۇق رەخت: قارا چىبەرقۇت. * مېنىڭ تۆرۈلگەن قاپاقلىرىمدا، چىبەرقۇتنىڭ يوللىرىدەك قورۇقلار پەيدا بولغانىدى. چىبەرقۇت چاپان.

**چىبرى** ئى. دىئال <زوئول> ئالتە ياشتىن ئۆتكەن قويلار.

**چىپ** I تەق. سۇيۇقلۇقنىڭ يۇقىرىدىن تامچىلاپ چۈشۈشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋازلار.

**چىپ** II تەق ① بولۇۋاتقان سۆز ياكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئۇشتۇمتۇت توختاش ھالىتى: ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭ قارىماققا دىققەت قىلغاندەك ئولتۇرغان بىلەن، «كۆڭلى توخسۇندا پالاس قېقىپ يۈرگەن» لىكىنى بىلىۋالاتتى ـ دە، سۆزلەۋاتقان دەرسىنى چىپ توختىتىپلا، تۇيۇقسىزدىن: «ئەخمەت، تۇرۇڭ، قېنى جاۋاب بېرىڭا...» دەپ سوئال سوراپتتى. * قاۋانلىقنى ئاچىمىز دەۋاتىمىز، ئەتە-ئۆگۈن تېخى قاشنىڭ سۈيىنى چىپلا توختىتىپ ئېتىزلارغا باشلايمىز، توك زاۋۇتلىرىنى ياسايمىز. ② لىق، پۈتۈنلەي، ھەممىسى: ئىشتان-چاپانلىرى چىپ سۇ بولۇپ، بەدىنىدىن پۇرقىراپ چىقىۋاتقان ئىسسىق تەر يامغۇر سۈيى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنىدى.

**چىپ كەلمەك** دەل، مۇۋاپىق، باپ، كەلمەك: بۇ ئۆتۈك مېنىڭ پۇتۇمغا چىپ كەلدى. * بۇ شەپكە بېشىمغا چىپ كەلدى.

**چىپار** سۈپ. ئاق بىلەن قارا ياكى باشقا رەڭلەرنىڭ چېكىت-چېكىت ئارىلىشىپ كېلىشىدىن ھاسىل بولغان؛ چار (ھايۋان ۋە نەرسە ھەققىدە): قىسمەت چورۇق چىپار كالىنىڭ بويۇنلىرىدىن سىلاپ، ئەتراپتىن كۆتۈرۈلگەن كۈلكىنى بېسىپ: ـ بۇگۈنكى بۇ ئالامەتچۇ، بۇ توي ئەمەسمىكەن؟ ـ دېدى كۆپچىلىككە. * بىزدىن بەش-ئالتە قەدەم نېرىدا، يوغان بىر چىپار يىلان تۈگۈلۈپ ياتاتتى. * بۇلۇڭدىكى كىيىم ئاسقۇچقا ئېسىلغان قارا دراپ پەلتۇ بىلەن چىپار شارپا ئۆز ئىگىسىنىڭ خېلىلا سالاپەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

**چىپار بۇغا** <زوئول> بۇغىنىڭ بىر خىلى. تۈكلىرى ياز پەسلىدە قىزىل بولۇپ، دۈمبىسىدە ئاق ئالىلىرى بولىدۇ، قىش پەسلىگە كەلگەندە، تۈكلىرى قوڭۇر سېرىق رەڭگە ئۆزگىرىپ، ئاق ئالىلىرىمۇ كۆرۈنمەي قالىدۇ؛ تۆت پۇتى ئىنچىكە ۋە بېجىرىم بولۇپ، يۈگۈرۈك كېلىدۇ؛ تېرىسىدىن كۆن ئىشلەشكە بولىدۇ، ئەركىكىنىڭ مۈڭگۈزى بولىدۇ. يېڭى چىققان يۇمران مۈڭگۈزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىپار سۇختا بېلىق** <زوئول> بېلىقنىڭ بىر خىلى. تېنى قارامتۇل، تەڭگىچىسى ئۇششاق ۋە قېلىن، بېشى چوڭ كېلىدۇ؛ كۆزى بېشىنىڭ ئاستىغىراق جايلاشقان بولىدۇ، تاتلىق سۇدا ياشايدۇ. ئادەتتە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**چىپار مىس تاش** <گېئول> تەركىبى تۆمۈر-مىس سۇلفىددىن ئىبارەت بولغان بىر خىل مىنېرال. كۆپىنچە كاللەك ياكى دانىچىلىق قورامساق ھالىتىدە بولىدۇ، كرىستاللىرى ئاز كۆرۈلىدۇ، رەڭگى تۇتۇق قىزىل ياكى زەڭگەر بىنەپشە رەڭدە بولۇپ، مېتال پارقىراقلىقىغا ئىگە، چۈرۈك كېلىدۇ. ئادەتتە مىس تاۋلاشتىكى مۇھىم خام ئەشيا ھېسابلىنىدۇ.

**چىپارئوت** ئى [چىپار+ئوت] <بوت> تۈلكە مايىقى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى بىر تال بولۇپ، تىك ئۆسىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، تۈۋىدە ئۆسكەن يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە، يۈزىدە قارامتۇل، يېشىل رەڭلىك رەتسىز داغلىرى بولىدۇ؛ گۈلى سۇس

سىرىق بولۇپ، ئومۇمىي گۈل رېتىدە كېلىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، تەبىئىتى سوغۇق بولۇپ، زەھەرسىز؛ ئىسسىقنى قايتۇرۇپ، زەھەرنى تارقىتىدۇ، ياللۇغنى تارقىتىپ، ئىششىقنى ياندۇرىدۇ. ئۇ تاغ جىلغىلىرى ۋە تاغ باغرى قاتارلىق نەم، سايە جايلاردا ياخشى ئۆسىدۇ، ئالتاي، تىيانشان تاغلىرىدىن كۆپ چىقىدۇ.

**چىپىدە** رەۋ ① تۇساتتىن، بىردىنلا: **قاندا قتۇر بىر تاراقشىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، ماشىنا ماتورى چىپىدە ئۆچۈپ، يېڭى ماتورمۇ ھەرىكەتتىن توختاپ قالدى. * ئۇ پەرىزات بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى، ھەر ئىككىيلەن بۇيرۇق بېرىلگەندەك ، چىپىدە توختاپ قېلىشتى.** ② ھەممە يېرىدىن چىپ-چىپ ئېقىپ: **چىپىدە تەر چىقماق.** ③ كۆچمە. دەلمۇدەل: **چىپىدە چۈشمەك. * قىز تېگى توق قىزىل، ئاق گۈللۈك رەختتىن بەدىنىگە چىپىدە كەلگەن ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن، چاچلىرىنى بىر تال ئۆرۈپ لېنتا چىگىۋالغانىدى.**

**چىپتا** ئى. كەندىر يىپىدىن توقۇلغان قاپ؛ تاغار: **ئۇ ئۆزىگە دەرەخلەرنى سۇغىرىشىپ بەرگۈدەك بىر ياردەمچى كىشى تاپقاندىن كېيىن، باغنىڭ ئىشنى شۇنىڭغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى چىپتىدىكى ماللارنى ياتقان يېرىگە توشۇدى.**

**چىپ-چاپ** نان ياكى گۆش قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى چاينىغاندا، ئېغىزدىن چىققان ئاۋاز: **چىپ-چاپ قىلماق. * مىڭ كاپ-كاپتىن بىر چىپ-چاپ ئەلا (ماقال).**

**چىپ-چىپ** چىلىق-چىلىق؛ پۈتۈنلەي: **مەن چىپ-چىپ تەرلەپ كەتتىم. * ئۇنىڭ كۆڭلىكى چىپ-چىپ ھۆل بولۇپ كەتتى. * ئۇ كۆزى يۇمۇلغان ھالدا چىپ-چىپ تەرلەپ ياتاتتى.**

**چىپچىرايلىق** سۈپ. ناھايىتى چىرايلىق، بەك چىرايلىق: **چىپچىرايلىق كۆڭلەك. چىپچىرايلىق** ئايال.

**چىپمۇچىپ** قۇيۇپ قويغاندەك، دەلمۇدەل، ھىمزىرھىم: **ئۇنىڭ ئاپئاق دېچۈلىياڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىمۇ چىپمۇچىپ كەلگەن، شاپ بۇرۇتى چىرايلىق ياسالغانىدى.**

**چىپىلداتماق** «چىپىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چىپىلداشماق** «چىپىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىپىلدىماق** پ «چىپ-چىپ» قىلىپ ئاقماق، تامماق (تەر ياكى سۇ ھەققىدە): **ۋالىي سېمىز بويۇنلىرىدىن چىپىلداپ چۈشۈۋاتقان تەر تامچىلىرىنى سۈرتتى-دە، قىر بېشىدا ئولتۇردى. * پېشانەمگە تىك كەلگەن كۈن نۇرى تېگىپ تۇرغىنىدىنمۇ ياكى كۆڭۈلسىزلىكتىنمۇ، ئىشقىلىپ چىپىلداپ تەرلەپ كەتتىم.**

**چىت** I ئى [پ] پاختا يىپىدىن توقۇلغان گۈللۈك رەخت: **چىت كۆڭلەك. چىت كۆرپە. * ھەپىزەمنىڭ ئاق گۈللۈك چىتتىن تىكىلگەن كۆڭلىكى زىلۋا بويىغا تولىمۇ ياراشقانىدى.**

**چىت** II ئى ① بىراۋنىڭ كىرمەسلىكى ياكى مەلۇم نەرسىدىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن، تام ئۈستىگە ياكى نەرسىنىڭ ئەتراپىغا ئورنىتىلغان شاخ-شۇمبا، شوخا، تىكەن، قومۇش قاتارلىق نەرسىلەر: **ـ تامغا چىت قويۇشنى موماي بىلەن ئىككىمىزمۇ تۈگىتەلەيمىز، ـ دېدى ئۇ.** ② شۇ نەرسىلەر بىلەن ياسالغان توسۇق: **چىتتىن ئاتلاپ باغقا كىرىش ناھايىتى تەس ئىدى.**

**چىت تام** شاخ-شۇمبا، شوخا، تىكەن قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن قۇراشتۇرۇلغان تام؛ قاشا: **ئۇ يېرىم كېچىدە بېغىغا چىقىپ، چىت تام ئارىسىدىن ئاسىدەلەرنىڭ بېغىغا، ھويلىسىغا ۋە ئۆيى دېرىزىلىرىگە ئۇزاق قارايدىغان بولۇپ قالدى.**

**چىتەن** ئى ① ھارۋىنىڭ چۆرىسىگە قويىدىـ

غان تۇسۇق. ② ئۇت-چۆپ، سامان قاچىلايدىغان سېۋەت شەكىللىك چوڭ بورا قاچا؛ باداڭ. ③ كۆچمە. شاخ-شۇمبا، يانتاق، تىكەن، قومۇش قاتارلىق نەرسە-لەر بىلەن قورشالغان تۇسۇق؛ تىكەنلىك تام، قاشا، چىت: بوزۇلماي تۇرۇپتۇ شۇ يۇلغۇنلاردىن، باغلارنىڭ چېتىگە ياسالغان چىتەن. ياسالغان ئۇنىڭدىن ئارا ۋە گۈرجەك، سىلىقلاپ ساپلىغان پالتايۇ كەتمەن.

**چىتلانتقۇزماق** «چىتلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى.

**چىتلاتماق** «چىتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چىتلاشماق** «چىتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىتلاق** ئى. چىت بىلەن قورشالغان تۇسۇق: پاتەمخان ناز قىلدى-يۇ، چىقىپ كەتتى، ھەسەنمۇ چىت تۈۋىگە بېرىپ قالدى. چىتلاقتا چاپلاپ تۇرۇپ قۇلىقىنى، ھېچ گەپنى ئاڭقىرالماي ھېرىپ قالدى.

**چىتلانماق** «چىتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىرىنچى ئەترەتنىڭ باغلىرى قوشباغدا كۆزگە كۆرۈنگەن ئاساسلىق باغلار ئىدى. ئۇلار ئەتراپى جىگدە بىلەن چىتلانغان باغنىڭ ئىچىگە كىردى. * بارات مەزىننىڭ ئەتراپى ئېگىز قىلىپ چىتلانغان مېۋىلىك بېغى قارىمۇچ بىلەن زىرىنىڭ مەززىلىك خۇش پۇرىقى ئارىلاش كاۋاپ ھىدى بىلەن تولدى.

**چىتلىق** ① سۈپ. چىت بىلەن قورشالغان، چىت قويۇلغان: ئاشۇ كۆرۈنگەن چىتلىق باغ بىزنىڭ. ② ئى. شۇ قۇرۇلمىلار بىلەن قورشالغان ئورۇن: ياۋايى ھايۋانلار ۋە يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلار كېمە بار يەرگە بېرىپلا دەرەخ كېسىپ، چىتلىق ياساپ، ۋاقىتلىق ئۆي قىلىۋالدى. * تۇتاش باغنىڭ بىر چېتى، بىگىزەن ئېتىز-قىرىغا. شاپتۇل شېخى چىتلىقتىن، ساڭگىلىغان نېرىغا.

**چىتلىماق** پ. شاخ-شۇمبا، قومۇش، تىكەن قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن بىرەر دائىرىنى توسماق؛ قورشىماق: قىش كىرگەندىن كېيىن، ئېتىز-ئېرىقتىكى چارۋا ماللارنىڭ ياخشى كۆچەتلەرنى غاجىۋېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئورمان مۇھاپىزەتچىلىرى كۆچەتلەرنى ئۇمۇمىيۈزلۈك ھاكلاپ، ئەتراپىنى چىتلىدى.

**چىچاڭ** ئى ① ھايۋانلارنىڭ تېزەكلىبەش ئەزاسىنىڭ ئەتراپى: ئاتنىڭ چىچاڭغا بىرنى سالماق. ② دۈيلۈش، چاپچىش: چىچاڭ ئاتماق.

**چىچاڭشتماق** «چىچاڭشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مېنىڭ بۇ سوئالىم ئۇلارنى چىچاڭشتۇۋەتتى.

**چىچاڭششماق** «چىچاڭشماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىچاڭشماق** پ → چىچاڭلىماق: كېۋىر ئۆكۈزنى دېۋىتىپ بېقىۋىدى، بىرى ئۆكۈزنىڭ تۇمشۇقىغا تەپتى، ئۆكۈز چىچاڭشىپ كېۋىرنى چەتكە ئېلىپ قاچتى. * بالا دېھقان ئانىسىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ چىچاڭشىدى، نەچچە كۈنلەپ خۇيلاندى، بەزى كۈنلىرى ئۆيگىمۇ كەلمەي قويدى.

**چىچاڭلاتماق** «چىچاڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چىچاڭلاشماق** «چىچاڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىچاڭلىماق** پ ① ئارقا ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تېپىچەكلىمەك، ھۆڭگىرەكلى-مەك (ئات، ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلار ھەققىدە): تېخى تولۇق كۆنمىگەن تورپاق بىر چىچاڭلاپ، بېشىدىكى كۈلىنى ئۇزۇۋەتتى. ② كۆچمە. بىرەر سەۋەب تۈپەيلىدىن ئاچچىقلانماق، كايىماق، تېرىكمەك، خاپا بولماق: بۇ گەپ ئۇنىڭ تازا جېنىغا تېگىپ چىچاڭلاپ كەتتى. * ئۇنىڭ

ماڭغۇچىلىك مادارى قالمىغانلىقىنى كۆرگەن ئابدۇرېھىم قۇربان پاكىنەكنىڭ قۇلىقىغا نىمىلەرنىدۇر پىچىرلىۋىدى، ئۇ تۇساتتىن چىچاڭلاپ كەتتى.

**چىچقاق** سۈپ. كۆپ چىچىدىغان، تەرىتىنى (پوقىنى) كونترول قىلالمايدىغان: چىچقاق بالا. چىچقاق كالا. چىچقاق پاقلان. * مايمۇننىڭ غەزىپى تېشىپ چەيدو-پىچاق بىلەن:ـ چىچقاق كۆتۈم سەنمۇ؟ كېسۋەتسەم قانداق قىلارسەن؟ ـ دەپ بىر چېپىۋىتىكەن، ئۇنىڭ قۇيرۇقى قوشۇلۇپ كۆتى كېسىلىپتۇ-دە، ئۈزىمۇ يىقىلىپتۇ.

**چىچقۇلۇق** ئى <زوئول> بېلىقنىڭ تەرەت يولى.

**چىچقۇلۇق چۇچۇ** دىئال. ئەتلەس دۇكىنىدىكى سەككىز شانىسىنىڭ ئاستىنقى ئۇچىغا چىگىلگەن تاش.

**چىچماق** پ. چوڭ تەرەت قىلماق؛ تېزەكلىمەك، ماياقلىماق: ئاتقان يەردە ئوق قالدۇ، چىچقان يەردە پوق قالدۇ (ماقال).

**چىچۇرماق** «چىچماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چىچىرغا** ئى. قاپتالغا بېكىتىلگەن ھالقا تاسما.

**چىچىشماق** «چىچماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىداشچانلىق** ئى. چىداملىقتا ئىگە بولغان ۋە ئۇنى ساقلاپ قالالايدىغان خۇسۇسىيەت، چىداملىقلىق: تاختىسمان يىلتىز غولنىڭ تۈۋىدىن ئۆسۈپ چىقىپ، تۇپراقتا قىيپاش ھالەتتە كىرىپ، ئۆسۈملۈكنىڭ يەر ئۈستى قىسمىنىڭ چىداشچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

**چىداشلىق** سۈپ. ئۇزۇن چىدايدىغان، مۇستەھكەم، مەزمۇت: بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن، ئەشرەپ بوۋاي قۇرغاقچىلىقتا چىداشلىق بىرنەچچە خىل كۆممىقوناق سورتىنى سىناق قىلىپ، ئاخىرى «ئۇندى-پىشتى» ناملىق يىگى بىر يەرلىك كۆممىقوناق سورتىنى يېتىشتۈرۈپ چىققاندى. * ئىنساننىڭ جىسمانىي تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى شۇنچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە چىداشلىق قىلىپ يارىتىلغان.

**چىداشلىق بەرمەك** چىدىماق، بەرداشلىق بەرمەك: زاۋۇتنىڭ رەھبەرلىكى ۋە مەمۇرىيىتى بىزنى ئۈچ كۆرۈۋاتقان، قوللىمايۋاتقان بولسىمۇ، بىز يەنىلا چىداشلىق بېرىۋاتىمىز. * گەرچە بۇ يورت شەھىرى ئاۋات بولسىمۇ، بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ تونۇردەك ئىسسىق كىلىماتقا چىداشلىق بېرەلىشى ئىنتايىن مۇشكۇل ئىدى.

**چىداشماق** پ. «چىدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۇ تاپا-تەنىلەرگە چىدىشالماي چاپانلىرىنى سېلىشىپ مۇشت كۆتۈرۈشكە تاس قالدى.

**چىدام** ئى. ئېغىرچىلىق، دەرد-ئەلەم، قىيىنچىلىق، مۇشكۇللۇككە تاقەت قىلىش قابىلىيىتى؛ سەۋر، غەيرەت، بەرداش: ئۇ چىدام بىلەن ياشايتتى، كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن قارايتتى. * جامائەت بىر خىل چىدام بىلەن ئولتۇرۇپ، باتالىيون يېتەكچىلىرىنىڭ يەنە سۆز قىلىپ بېرىشىنى كۈتتى.

**چىدامسىز** سۈپ ① تۇرلۇك ئېغىر تەبىئىي شارائىتقا، ئاغرىق، دەرد-ئەلەمگە، قىيىنچىلىق، مۇشكۇللۇككە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان، تاقەت قىلالمايدىغان، سەۋرسىز: چىدامسىز بالا. قۇرغاقچىلىقتا چىدامسىز ئۆسۈملۈك. * ئۇ ئاتىسىنى قۇچاقلىغۇسى، ئۇنىڭ مەيدىسىگە ئۆزىنى ئاتقۇسى، «ئاتا سىنى سۆيىمەن، ھۆرمەت قىلىمەن!» دەپ ئېيتقۇسى كېلەتتى. لېكىن ئاتىسىنىڭ چىدامسىز ھەرىكىتىنى كۆرۈپ، ئالدىراپ ئۆيدىن چىقتى. ② ئۇزاق خىزمەت قىلمايدىغان، چىدىمايدىغان؛ بوش: ئېرىتىلگەن پولاتنىڭ ھەممىسى يارامسىز ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، مۇنداق پولات چىدامسىز كېلىدۇ.

**چىدامسىزلىق** «چىدامسىز» سۆزىنىڭ

ئىسىم شەكلى: تاشۋاي قانداقتۇر ئاددىي تىل بىلەن چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدىغان چەكسىز سېغىنىشنىڭ چىدىمسىزلىقى ئىچىدە، ئۇنتىغا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىشقا باشلىدى.

**چىداملىق** سۈپ. ① تۇرلۇك ئېغىر تەبىئىي شارائىتتا كۆنەلەيدىغان، مۇشكۇل قىيىنچىلىقلارغا چىدىيالايدىغان، سەۋر-تاقەتلىك؛ بەرداشلىق: چىداملىق بالا. چىداملىق ئايال. * ئۇ ھەرقانداق جىسمانىي ئەمگەكلەر كەلگەندە چاققان ۋە چىداملىق ئىدى. * ئۇ ئەسىرگە ئوخشىمايدۇ. شۇنچىلىك چىداملىق ۋە روھلۇقكى، ئىككى سائەتلىك قىيناش، سوراق قىلىش جەريانىدا زادىلا باش ئەگمىدى. ② ئۆز خۇسۇسىيىتىنى ئاسان يوقاتمايدىغان، ئۇزاق خىزمەت قىلىدىغان، چىدايدىغان؛ مۇستەھكەم، پىششىق، پۇختا، مەزمۇت: ئۇنتىغا چىداملىق خىش. چىداملىق رەخت. * ھازىردىن باشلاپ يېزىلاردا زەي ۋە سۇغا چىداملىق زىرائەت تۇرلىرىنى كۆپرەك تېرىشنى تەشەببۇس قىلىش، سىناپ كۆرۈش كېرەك.

**چىدىغۇسىز** سۈپ. چىدىغىلى، تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان، بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان: چىدىغۇسىز ئاغرىق. چىدىغۇسىز ئىسسىق. چىدىغۇسىز ئەلەم. * بىر سائەت ئۆتمەي، ئاغرىق چىدىغۇسىز كۈچىيىپ كەتتى. * چىدىغۇسىز ئاچلىق كىچىكئاخۇننى خاتىرجەم ئولتۇرۇشقىمۇ يول قويمىدى.

**چىدىماس** سۈپ. تاقەت قىلالمايدىغان، سەۋرسىز، چىدىمايدىغان: چىدىماس ئادەم. ⫽ چىدىماسنىڭ ئۆيى پايلىماسنىڭ قېشىدا (ماقال). * مەسۇمئاخۇن ئۇنىڭ بېشىنى يۆلەپ، قايناق سۇ ئىچۈردى: — بىز ئىرادىسى ئاجىز چىدىماسلارنىڭ ئەۋلادى ئەمەسقۇ؟

**چىدىماسلىق** «چىدىماس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — ھېچ بولمىسا بايىقى 30 كويىنمۇ قايتۇرۇپ بېرەرلا، — دېدى سىدىق، — بۇ چىدىماسلىقتۇ سىدىق. — دەپ جاۋاب بەردى كېرىمئاخۇن. * — چىدىماسلىق قىلما! — دەپ غەزەپ بىلەن سۆزىنى بۆلدى سىمېنا باشلىقى ھەسەلخان.

**چىدىماق** پ ① تۇرلۇك تەبىئىي شارائىتقا؛ ئاغرىق، دەرد-ئەلەمگە، قىيىنچىلىق، مۇشكۇلاتقا بەرداشلىق بەرمەك، تاقەت قىلماق: ئاغرىققا چىدىماق. قىيىنچىلىققا چىدىماق. سوغۇققا چىدىماق. * ئوتقا چىدىغان ئوينايدۇ، پۇلغا چىدىغان چاينايدۇ (ماقال). * قىرىققا چىدىغان قىرىق بىرگىمۇ چىدايدۇ (ماقال). * ئادەم دېگەن ھۆل نېمىكەن، بېشىغا كەلسە، ھەر بالاغا چىدايدىكەن. * بىچارە بەكمۇ شورى بار ئايال ئىكەن، شۇنچە دەرد-ئەلەمگە چىداپ، يەنە ئۆرە يۈرۈۋاتىدۇ. ③ تۇرلۇك تەبىئىي شارائىتتا ئۆز خۇسۇسىيىتىنى ساقلىماق؛ كۆپ، ئۇزۇن ئىشلىمەك، پاي بەرمەك؛ پايلىماق: مېنىڭ ئايىغىم سىلىق، بىر ئۆتۈك ماڭا يەنە ــ سەككىز يىل چىدايدۇ. * ــ سىز تۇرۇۋاتقان ماگىزىن ھازىرچە ناھايىتى ياخشى، يەنە ئون يىل چىدايدۇ، ــ دېدى ھاكىم ئىشەنچ بىلەن.

**چىدىغانغا چىقارغان** چىدىغان ئادەم قىلىدىغان: ئەختەمنىڭ بىزگە قىلغانلىرى ئاز ئەمەس، چىدىغانغا چىقارغان، خىلىنى تېپىپ، باشقا بىرىگە بېرىمەن.

**چىر** تەق. چېكەتكە قاتارلىق ھاشارەتلەرنىڭ سايرىشىدىن چىققان ئاۋاز: چېكەتكە «چىر-چىر» قىلىپ چىرىلداۋاتىدۇ.

**چىراغ** ئى [پ] ① ئۆي-ئىمارەتلەرنى يورۇتۇش ۋە باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان تۈرمۈش بۇيۇمى؛ لامپا: جىن چىراغ. قارا چىراغ. چىراغ نۇرى. * ئۆي ئىچى قاراڭغۇ بولسىمۇ، كارىدوردىكى چىراغنىڭ يورۇقى ئۇزۇن بولۇپ چۈشۈپ تۇراتتى. * ناتونۇش كىشى كەچقۇرۇن كېلىپ، ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان يېپيېڭى ئون دانە مىس چىراغنى ئەكىتىپتۇ. ② كۆچمە. باشقىلارغا

ئاتىدارچىلىق قىلغۇچى، باشپاناھ: يۇرتنىڭ چىرىغى. * — ئۇلۇغ شاھىم، بىزنىڭ مۇبارەك يۇرتىمىز يەنە بىر ئۆچمەس چىراغقا ئىگە بولدى. تويىنى ئەمدى قىلايلى، — دەپتۇ ۋەزىر.

**چىراغقا قالماق** كەچ قالماق، قاراڭغۇدا قالماق: بىز چىراغقا قالمايلا ئىشنى تۈگەتتۇق.

**چىراغ ئۆچتى قىلماق** توي تۆكۈن ۋە باشقا سورۇندا ئۇشتۇمتۇت چىراغنى ئۆچۈرۈپ، يوشۇرۇنچە ئەخلاقسىزلىق قىلماق: ئاقىبەت: «ئەمدى چىراغ ئۆچتى قىلساق بولار» دەپ تۇرغاندا، تۇرشا تۇغىيگى بوسۇغا تۈۋىدە پەيدا بولۇپ نەزەرگە تەزىم بەجا كەلتۈردى.

**چىرىغى چىقماسلىق** قىلغان ئىشىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلمەسلىك، نەتىجىسى چىقماسلىق: قورساققا كەلگەندە كوپىراتىپتىكىدىن پەرقىمىز نىمە؟! ئۆردەك كۆلگە تارتىپ، يىلان چۆلگە تارتىپ دېگەندەك، ئىشلىرىمىزنىڭ ھېچ چىرىغى چىقمىدى.

**چىرىغىنى ياقماق** ئاتا-بوۋىلىرى ياشىغان ئۆيىنى چۆل قىلماي، شۇ ئۆيدە ياشاپ، شۇ ئۆيدە تۇرمۇش كەچۈرمەك: ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ باشلىقى كۆپ قېتىم ئۇنىڭ مەھەللە ئىچىگە، ئەل-جامائەت ئارىسىغا كۆچۈپ كېلىۋېلىشىنى قايتا-قايتا ئېيتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ: «مۇشۇ يەردە تۇرۇۋېرەي، ئۆگىنىپ قاپتىمەن، ئاتا-بوۋىلار ئۆتكەن ئۆي. چىرىغىنى يېقىپ، يېغىنى پۇراتمسام بولمايدۇ» دەپ ئۇنىمىغانىدى.

**چىرىغىنى ياندۇرماق** ← **چىرىغىنى ياقماق**: ئاپىسى چوڭ دادىسىنىڭ قىزىغا: — قېرىنداشىمنىڭ بالىسى مەندىن كېيىن قالغاندا چىرىغىمنى ياندۇرىدۇ دەپ، زېرىكمەي بەش يىل ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆيلەپ قويغانىدىم، — دېدى.

**چىرىغى ئۆچمەك** ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەم ئۆلۈپ قالماق، ئىگە-چاقىسىز قالماق؛ نامى تۈزۈماق: ھازىر بولسا بۇ ئۆي بىزنىڭ ئەمەس، ئەۋلادىمىزنىڭ چىرىغى ئۆچۈپتۇ.

* تۆپۈقسىزلا ئائىلىمىزنىڭ نۇرلۇق چىرىغى ئۆچۈپ قالدى، خاسىيەتلىك خۇش پۇراق گۈلى توزۇپ كەتتى.

**چىراغپاي** ئى [پ] ياغاچ ياكى مېتالدىن چىراغ قويۇش ئۈچۈن ياسالغان سايمان: چىراغپايدا چاي ئىچكەن «چېچەن» نى كۆرۈڭ (ماقال). * كۆز باغلاندى. تۆۋرۈككە ئورنىتىلغان چىراغپاي ئۈستىگە قوندۇرۇلغان ساپال چىراغقا ئوت يېقىلدى.

**چىراغچى** ئى ① كوچا ياكى ساراي چىراغلىرىنى يېقىش، يورۇتۇش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى: سودىگەر ئايالنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، چىراغچى موماينى چاقىرىپتۇ.
② <كىنو> فوتوگرافىيە، كىنوچىلىق ۋە سەھنە ئويۇنلىرىدىكى چىراغ باشقۇرغۇچى خادىم.

**چىراغدان** ئى ← **چىراغپاي**.

**چىراي** ئى [پ] ھۆسن، جامال، كۆرك، يۈز، بەت: چىراي كۆرۈپ ھال سورا (ماقال). * چىرايغا چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولماس (ماقال). * سالى سوپىنىڭ ئاچچىقى كەلگەن ھالدا: — چىراي دېگەنگە ئاش قۇيۇپ ئىچكىلى بولمايدۇ، ئەر دېگەن مېڭ قىلسىمۇ ئەر، — دەپ گۈركىرىدى. * توختى بوۋاي چېرىكنىڭ ئىسمىنى، چىراي تۇرقىنى سورىدى، ئەمما كىم ئىكەنلىكىنى زادىلا ئەسلىيەلمىدى. * جادۇگەرنىڭ قىزى ئۇ، پەرىزاتنىڭ ئۆزى ئۇ. چىرايدا ئۇ تەڭداشسىز، ھازىرغىچە يولداشسىز.

**چىراي ئاچماق** كۈلۈپ قارىماق، خۇش خۇي مۇئامىلە قىلماق: سىز بۇنى ئاپارسىڭىز، ئۇ چوقۇم چىرايىنى ئاچىدۇ.

**چىراي سارغايتماق** باشقىلارغا مۇھتاج بولماق: ھەربىر ئاينىڭ 27 سى بولۇشىنى تۆت كۆزۈمىز بىلەن كۈتىمىزغۇ؟ شۇ كۈنى كېلىشى بىلەنلا، ئۇن پونكىتىغا بېرىپ، ئۇلارغا چىراي سارغايتىپ، يېلىنىپ-يالۋۇرۇپ يۈرۈپ، كېيىنكى ئاينىڭ نورمىسىنى ئالىمىز، بۇلار ئەسلىرىدىن چىقتىمۇ؟

**چىراي ئىپادىسى** <تىيا> سەھنىدە، ئارتىسنىڭ چىراي ۋە تەقى-تۇرقى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن ئىدىيىۋى ھېسسىياتى.

**چىرايى تۈتۈلماق** قاپىقى تۈرۈلمەك، چىرايى ئۆزگەرمەك؛ ئۆڭمەك؛ خاپا بولماق: بىركۈنى، لېتىپ بىر باغلام كىتابنى كۆتۈرۈپ كىردى. كىتابلارنى كۆرۈپلا، ماھىرەنىڭ چىرايى تۈتۈلدى. * گۈلشاتنىڭ تۈتۈلۈپ كەتكەن چىرايىدىن بۈگۈنكى كەچكى سەيلىنىڭ كۆڭۈلسىز بولىدىغانلىقى روشەن ئىدى. * ئۇ تولىمۇ ئاچكۆز، ھەسەتخور، ئەمەلپەرەس ئادەم ئىدى. ئارىدىن بىرەرىنىڭ ئەملى ئۆسۈپ، دەرىجىسى كۆتۈرۈلۈپ قالسا، شۇ ھامان چىرايى تۈتۈلۈپ كېتەتتى-دە، ھەپتىلەپ ئېچىلمايتتى.

**چىرايى تۈرۈلمەك** ← چىرايى تۈتۈلماق: ئېزىزنىڭمۇ سىزنى كۆرگەندە ياكى سىزنىڭ گېپىڭىز بولغاندا، نېمە ئۈچۈندۇر چىرايى تۈرۈلىدىغانلىقىنىمۇ بايقىدىم.

**چىرايىدا قان قالماسلىق** جىسمىنى ۋەھىمە، قورقۇنچ باسماق؛ جىددىيلەشمەك، قورقماق: چىرايىدا قان قالماي، پۇت-قولىدا جان قالماي، يەرگە تۆۋەن باققان ئۇ، شۇڭا بۈگۈن قاچقان ئۇ.

**چىرايىدىن توپا ياغماق** ① پۈتۈن تۇرقىنى توپا باسقان ھالدا كۆرۈنمەك: — مۇنداق دېگىن، ئانداق بولسا مە، مۇنۇ پۇلغا مانتا يە، چىرايىڭدىن توپا يېغىپ تۇرىدۇ، ئەپتىڭگە قارىغاندا دېھقان ئوخشايسەن، — دېدى ئۇ. ② ھالى خارابلاشماق، زەئىپلەشمەك: بۇرۇن ھال-ئوقىتى ياخشى چاغدا، چىرايىدىن نۇر چېقىپ تۇراتتى، ھازىر كۈچىدىن قېلىپ، چىرايىدىن توپا ياغىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

**چىرايىدىن مۇز ياغماق** خاپىلىقى، قاتتىق ئاچچىقىنىڭ بارلىقى چىرايىدا ئەكس ئەتمەك: — ھە شۇجى نەگە، چىرايلىرىدىن مۇز يېغىپ قاپتىغۇ؟ — گۇڭشې پارتكوم شۇجىسى مەتنىياز ئىشكتىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇپ سورىدى.

**چىرايى سۇنماق** روھسىزلانماق، غەمكىن بولماق، مەيۈسلەنمەك: قانىتى بار قۇش بولۇپ، ھىندىستاندا قىشلىسام. مېنىڭ سۇنار چىرايىم، بىردەم ئۆيدىن چىقمىساڭ. ئاخىر بولار ئۆۋالىم، خۇدايىمغا يىغلىسام.

**چىرايىغا قان يۈگۈرمەك** كۆڭلى ئەمىن تاپماق، ئېسى جايىغا چۈشمەك، خاتىرجەم بولماق: ئېلىكنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئاڭلاپ، بوۋاينىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلگەندەك بولدى بولغاي، ئۇنىڭ ھارغىن چىرايىغا ئازراق قان يۈگۈردى.

**چىرايىغا كۈلكە ياماشماق** كۈلۈمسىرىمەك: تونۇش كۆزلەر بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، چىرايلارغا يېلىلىق كۈلكە ياماشتى.

**چىراي-شەكىل** ھۆسن-جامال، قەددى-قامەت، كۆرۈنۈش، قىياپەت قاتارلىقلار: ئۇلار ياشتىمۇ، چىراي — شەكلىدىمۇ بىر-بىرىدىن قېلىشمىغۇدەك گۈزەل ئىكەن.

**چىرايلىق** سۈپ ① كېلىشكەن، گۈزەل، سەتەڭ؛ ھۆسنلىك: چىرايلىق يىگىت. * جىرايلىق چىرايلىق ئەمەس، سۆيگەن چىرايلىق (ماقال). * ئۇ پادىشاھنىڭ ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، ناھايىتى چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن. * ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، بىر-بىرىدىن چىرايلىق ئىكەن. چىرايلىق ياسانماق. ② كۆچمە. يېقىملىق، كۆڭۈلگە ياقىدىغان: چىرايلىق گەپ. چىرايلىق ئىش. * چىرايلىق يۈزدە ئەمەس، سۆزدە (ماقال). * ئۇ مېنى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىشنى قورسىقىغا پۈكۈپ يۈرگىلى نىكەم! لېكىن ئەكبەر بۇنى سەزمەيۋاتىدۇ. ئەكبەر ئۇنىڭ چىرايلىق گەپلىرىگە ئىشىنىپ قېلىۋاتىدۇ! // ھەممە ئادەم ئۇنىڭ ناخشىسىغا ئامراق، چۈنكى ئۇ ناخشىنى ناھايىتى چىرايلىق ئېيتىدۇ.

**چىرايلىق ئاشىق** كىشىلەرنى كەمستىش ياكى تەنە، مازاق قىلىش مەنىسىدە

قوللىنىلىدۇ: ئۆگەي ئانا تالادىن كىرىپلا: — هوي يېتىمئوغلاق، بۈگۈن ئەجەب پاكىز بولۇپ قاپسەنغۇ! سۇنى بۇزۇپ، ئەرگە تەگكىلى كەلدىمۇ- يا؟ كۆرە بۇ چىرايلىق ئاشىقنى! — دەپ كېكىرىپ، كالپۇكلىرىنى سەتلەشتۈرۈپ زاڭلىق ئېتىپتۇ.

**چىرايلىق كۈن** ياخشى شارائىت، ياخشى دەۋر، ئوبدان زامان: نادىم ئۇنىڭغا ئېچىنغان قىياپەتتە قاراپ: — ئۆز يۇرتۇڭ بار، ئۆز خەلقىڭ بار، هەر چىرايلىق كۈنلەر تېخى ئالدىمىزدا، — دېدى.

**چىرايلىق ئۆتمەك** ئىناق، ئىتتىپاق، ئۆم ئۆتمەك، خۇشال-خۇرام، تىنچ ياشىماق: — قانچە بۇيرۇتۇپ سوقتۇرساقمۇ، سىزدەك ئاق كۆڭۈل، سەممىي قىزنى تاپمىقىمىز تەس. مانا هېلىمۇ ئانا-بالا بولۇپ چىرايلىق ئۆتتۇق قىزىم، — دېدى قاسىم ئاخۇن.

**چىرايلىقچە** رەۋ. ياخشىلىقچە، ياخشىلىق بىلەن، چىرايلىق، ياۋاشلىق بىلەن: ئۇ دەسلەپتە: — جايىنى سېنىڭ داداڭ سالغان بولسىمۇ، ئانامنىڭمۇ ئائىلىدە ئەجرى كۆپ، بىر ئېغىزىنى مەن ئالىمەن، — دەپ چىرايلىقچە ئېيتىپ كۆردى. * بەزىلەر دەرهال ئۆزىنى ئېلىپ، چىرايلىقچە قۇتۇلدى.

**چىرايلىقلاشماق** پ. چىرايلىق هالەتكە كەلمەك؛ گۈزەللەشمەك: مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە، ئۇ يەنە قايتىدىن قىز ۋاقتىدىكىدەك قېلىپىغا كەلدى، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، چىرايلىقلىشىپ كەتتى، ئاۋۋالقىدەك كۆڭلى ئازادە يۈرىدىغان بولدى.

**چىرت** تەق ① قۇشقاچ بالىلىرىنىڭ سايرىشىدىن چىققان ئاۋاز ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋازلار. ② كېسىلەرنىڭ تۈكۈرۈشىدىن هاسىل بولىدىغان ئاۋاز: شاتۇر «چىرت» قىلىپ ئاغزىدىن ناسۋالنى يەرگە تۈكۈردى.

**چىرتتىدە** رەۋ «چىرت» قىلغان هالدا، «چىرت» قىلىپ: سادىق سالمىقىنى بىر يۇتىدىن يەنە بىر يۇتىغا يۆتكىدى ۋە چەتكە قاراپ «چىرتتىدە» تۈكۈرۈۋەتتى.

**چىرتىڭ-پىرتىڭ** ئەرزىمەس؛ ئۇششاق-چۈشەك، پارچە-پۇرات: چىرتىڭ-پىرتىڭ ئىش. چىرتىڭ-پىرتىڭ گەپ.

**چىر-چىر** «چىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئەتراپ قاپقاراڭغۇ ۋە جىمجىت ئىدى. پەقەت دەريانىڭ نېرىقى لېۋىدە — ئېگەرچى بېدىلىكىدىن چىرىلداق چېكەتكىلەرنىڭ «چىر-چىر» قىلغان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**چىرىدە** رەۋ. «چىر» قىلغان هالدا، «چىر» قىلىپ.

**چىرس** تەق. مۇز، ئەينەك قاتارلىقلارنىڭ سۇنۇشىدىن، قۇرۇق ئوتۇننىڭ كۆيۈشىدىن هاسىل بولىدىغان ئاۋاز: كۆزەينەك «چىرس» قىلىپ قالدى-دە، بوۋاينىڭ كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ كەتتى.

**چىرسىلداتماق** «چىرسىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چىرسىلدىماق** پ «چىرس-چىرس» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: چېقىشىپ چىراغنىڭ ئاجىز ئوتىغا، پەرۋاسىز ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرىدۇ. چىرسىلداپ بەزىدە نازۇك قانىتى، چىراغ يالقۇنىغا يالقۇن قوشىدۇ.

**چىرقىراتماق** «چىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئاۋۇ كىچىك قىزلىرى زىلەيخانىڭ بەدەنلىرىنى ئېچىپ قاراپ باقسىلا، ئۇنى سىلى يوق ۋاقىتتا چىمدىپ چىرقىرىتىپ، جىنىنى ئېلىپ يەرگە قويىدى، — دېدى ئۇ. * ئۇنىڭ تەگكەش قىلىپ چالىدىغان مۇزىكىلىرىمۇ ئىسكىرىپكىنىڭ ئىنچىكە سىمىنىڭ ئەڭ تۆۋەن يېرىنى بېسىپ، چىرقىرىتىپ ئاهاڭ چىقىرىدىغان مۇزىكىلار ئىدى.

**چىرقىراشماق** «چىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇ زامان هاۋانى بىرتالاي ملتىق ئوقى كېسىپ ئۆتتى. ئاتلار هەر ياققا قاچتى،

ھارۋىلار پاچاق-پاچاق بولۇپ كەتتى، ئاياللار، بالىلار چىرقىرىشىپ كەتتى.

**چىرقىراق** سۈپ. چىرقىراپ تۇرىدىغان، چىرقىراش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، چىرقىرايدىغان: ئۇنىڭ ئاۋازى چۈجە خورازنىڭ ئاۋازىدەك زىل ۋە چىرقىراق ئىدى. * سەمەت ئۇنىڭ قۇلاق-مېڭىنى يەيدىغان چىرقىراق ئاۋازىنى ئاڭلاۋېتىپ، چىشلىرى قىرىشتى.

**چىرقىرىغاق** سۈپ. چىرقىراپ يۈرىدىغان، چىرقىراشقا ئادەتلەنگەن: چىرقىرىغاق بالا. چىرقىرىغاق قىز.

**چىرقىرىماق** پ ① «چىر-چىر» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىماق: جۇ يۈي ئات ئۈستىدە چىرقىراپ تاشلىدى، جاراھىتى يەنە يېرىلىپ كەتتى-دە، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى. * ئۇ ناخشىسىنى بىرلا چىڭ باشلىۋەتكەچكە، ئاۋازى بوغۇلۇپ چىرقىراپ كەتتى، بالىلار ئۇنىڭغا ئەگىشەلمەي قالدى.

**چىركىن** سۈپ [پ] ① بۇلغانغان، مەينەت، كىر: چىركىن نەرسە. * چىركىن سۇ. ② كۆچمە. ئايىنىغان، بۇزۇلغان، رەزىللەشكەن، قارانىيەت، ئىپلاس: ـ تۆمۈر ئاكا، بۇ چىركىنگە مۇنداق گەپلەرنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ بۇنىڭ جازاسى بىر تال ئوق، ـ دېدى قارا بوسۇق ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ.

**چىرماتماق** «چىرمىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چىرماش** سۈپ ① چىرمىشىپ كەتكەن: بۇ يىپ ناھايىتى چىرماش، ئۇچىنى تاپقىلى بولمىدى. ② كۆچمە. مۇرەككەپ، تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان: قادىرنى بىر-بىرىدىن ئېغىر ۋە چىرماش ئوي-خىياللار چۇلغىۋالغانىدى. * پاك سۆيگۈدىن پاكلىنىدۇ بۇ ئالەم، جۇپلەش لەۋلەر، چىرماش ئاپئاق بىلەكلەر.

**چىرماشتۇرماق** «چىرماشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ئىككى تال قىزىلگۈل غۇنچىسى ھەردەمدە چىرماشقىلى يېقىن كەلسە، ئازغان ئوتتۇرىدىن چىقىپ چىرماشتۇرمىدى.

**چىرماشماق** يۆگەلمەك، چىرمالماق، يېپىشماق: شىركەيىپ بولغان كامىلنىڭ قولى ئاستا-ئاستا ئۇنىڭ كۆكسىگە يېتىپ باردى، ئاندىن ئۇنىڭ نازۇك بېلىگە چىرماشتى. * ئۇ يالاڭباش بولۇپ قالغانىدى، بىر پاي بەتنېكىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى، ئۇزۇن قىزىل پايپىقى پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈپ، پۇتىغا چىرمىشىپ يۈرەتتى.

**چىرماق** ئى ① چېلىشىشتا، قارشى تەرەپنى يىقىتىش ئۈچۈن، قارشى تەرەپنىڭ ئىككى پۇتى ئارىسىغا پۇتىنى كىرگۈزۈپ ياكى پۇتىنى پۇتى بىلەن ئىلىپ قىلىنىغان ھەرىكەت، پەنت، تەدبىر؛ پۇتلاش: چىرماق سالماق. * زەڭگى بولسا تەتۈر چىرماق سېلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. * ھاكىمجان چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى يانغا ئېلىپ، قادىرنىڭ پۇتىغا چىرماق سالدى. ② كۆچمە. باشقىلارنىڭ ئىشىغا، سۆز-ھەرىكىتىگە ئارىلىشىش ئادىتى: گەپكە چىرماق سالماق. * تۇرسۇن شېجاڭ مۇشۇ يېقىندىن بېرىلا 3-داдۈينىڭ ئىشلىرىغا چىرماق سېلىۋاتقىنى يوقمۇ، ئۇنىڭ مەنسۇرنى يامان كۆرۈشىمۇ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شەخسىي ئاداۋەت ئەمەسمۇ!

**چىرماق سالماق** چېلىشقاندا، پۇتىنى قارشى تەرەپنىڭ چېتىغا كىرگۈزۈپ، يىقىتىشقا ھەرىكەت قىلماق: قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇر چېلىشىدا چىرماق سېلىش، پۇتىغا ئېسىلىۋېلىش، بويىنىنى سىقىۋېلىشقا ئوخشاش ھەرىكەتلەر مەنئى قىلىناتتى.

**چىرمالماق** ① «چىرمىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاپتوموبىلغا بېسىلغان يۈك بىرقانچە ئارغامچا بىلەن چىرمالغانىدى. ② «چىرمىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇ ئەتىسى يەنە تۆگمەس خىزمەتلەر بىلەن

چىرملىپ قالاتتى.

**چىرمۇخ** ئى ← قۇلماق.

**چىرمىماق** پ ① ئورىماق، يۆگىمەك: مايمۇن ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايلا، چاقىقانلىق بىلەن ئېيىقچاق ئېسىلىپ قالغان تاش ئۈستىگە سىيرىلىپ چۈشتى-دە، قۇيرۇقىنى بىر پۇتاقىقا چىرمىۋېلىپ، ئۆزىنى ئالغا تاشلاپ، ئېيىقچاقنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالدى. ② كۆچمە. ئورىماق، قاپلىماق، چۇلغىماق، باسماق: بەختىيارنىڭ كاللىسىنى يەنە يېڭى خىيال چىرمىۋالدى، ئۇ يول بويى ھېلىقى ساۋاقدىشىنىڭ ئورنىغا كىرىپ ئوقۇشنى ئويلايتتى. * ئۇزۇن يىل چىرماپ كەلگەن ئۆپكە كېسىلى ئاخىرى ئۇنى يىقتى.

**چىرىتكۈچ** ئى. چىرىتىدىغان نەرسە: مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ يىغىنىدا، يولداش خۇاڭ كېچىڭ: ــ پارتىيىمىز ئىچىدىكى ناتوغرا ئىستىللار بىر خىل چىرىتكۈچ، ئۇ پارتىيىمىزنىڭ ئورگانىزمىنى چىرىتىدۇ، ــ دېدى.

**چىرىتمەك** «چىرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھاشىم ئاكام بۇ يىل چوڭ ئۇن ئورا ئوغۇت چىرىتتى. * مەن پات ئارىدا ئىچكىرىگە ئۆتۈپ كەتمىسەم، قايتا قولغا چۈشۈپ قالسام، تۈرمىدە چىرىپ تۈگەيمەن.

**چىرىتىشمەك** «چىرىتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىرىتىلمەك** «چىرىتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىدا 1-ئاينىڭ 25-كۈنىگە قەدەر 8 مىليون 380 نەچچە مىڭ تاغار ئوغۇت چىرىتىلىپ، بۇلتۇرقى مۇشۇ مەزگىلدىكىدىن 1 مىليون 680 مىڭ تاغار ئاشۇرۇلدى. * بەزى باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشىمىزنى كاپىتالىستىك ئەللەرگە چوقۇنۇشقا ئايلاندۇرۇۋېتىشكە، كاپىتالىزم تەرىپىدىن چىرىتىلىپ، سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ مىللىي غۇرۇرىنى ۋە مىللىي ئىشەنچىنى يوقىتىپ قويۇشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ.

**چىرىق** تەق. قۇشلارنىڭ سايرىشى ۋە ئۇششاق نەرسىلەرنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز: چىرىق قىلماق.

**چىرىق-چىرىق** «چىرىق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**چىرىققىدە** رەۋ «چىرىق» قىلغان ھالدا، «چىرىق» قىلىپ.

**چىرىقلاشماق** «چىرىقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىرىقلىماق** پ «چىرىق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: مەن كارىۋاتتا ئۇ يان ئۆرۈلۈپ، بۇ يان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. يامغۇر ئۆگزىدىكى كاھىشلارغا ۋە دېرىزىلەرگە ئۇرۇلۇپ چىرىقلىغىنى چىرىقلىغاندى.

**چىرىك** سۈپ ① چىرىگەن، چىرىپ ئىشتىن چىققان، كېرەكسىز ھالغا كەلگەن؛ سېسىق: چىرىك ياغاچ. ② كۆچمە. ئۆلۈمگە، يوقىلىشقا قاراپ كېتىۋاتقان، زاۋالغا يۈز تۇتقان؛ كونىرىغان، بۇزۇق: چىرىك ئىدىيە. * ئۇلار شۇ تاپتا چىرىك ھاكىمىيەتنىڭ زۇلۇم ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ، مىللىي ئەركىنلىككە ئىگە بولۇپ قالغانلىقلىرىدىن تولىمۇ خۇشال ئىدى. * ئازادلىق ئۇچۇن چىقىنىڭ مەيدانىغا، نەپرەت ئوقۇدۇڭ چىرىك زامانىغا.

**چىرىكلەشتۈرمەك** «چىرىكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ پۈلى باللىرىنى روھىي جەھەتتىن چىرىكلەشتۈرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ھاكىممۇتلەقلىكى نەۋرىلىرىنى ئىنقىلاب يولىغا مېڭىشقا مەجبۇر قىلغانلىقىنى ئۇ بىلمەيتتى.

**چىرىكلەشتۈرۈلمەك** «چىرىكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چىرىكلەشمەك** پ. چىرىك ھالەتكە كەلمەك؛ چىرىمەك، بۇزۇلماق: كونا بۇرژۇئا دېموكراتىك مەدەنىيەت جاھانگىرلىك دەۋرىدە چىرىكلەشتى، زەئىپلەشتى، ئۇنىڭ مەغلۇپ بولۇشى مۇقەررەر ئىدى. * ئۇنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ،

ھايانكەشلەر بىلەن بىرلىشىپ، مەخپىي يول بىلەن ئەتكەسچىلىك قىلغانلىقى، قالايمىقان ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئەخلاقتا چىرىكلەشكەنلىكى پاش قىلىنىپ، مەكتەپتىن قوغلانغانلىقى ئېلان قىلىندى.

**چىرىكلىك** «چىرىك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيتى، چار پادىشاھ ھاكىمىيتى ۋە باشقا ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھەممىسى چىرىكلىكتىن يىقىلغان. ئۇ مۇقەررەر شۇنداق بولىدۇ.

**چىرىڭ** ئى ① ئۈزۈم ساپىقىنىڭ ھەربىر كىچىك شاخلىرى، ساپاقچىلار: ئۇ بەخرامان ھالدا سايىۋا ئۈزۈمنىڭ كىچىكرەك چىرىڭىنى قولىغا ئېلىپ، كارسىلدىتىپ يېيىشكە باشلىدى. ② ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ، مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: بىر چىرىڭ ئۈزۈم.

**چىرىلداتماق** «چىرىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چىرىلداشماق** «چىرىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۆينىڭ تۈرۈسىدىكى قارلىغاچ ئۇۋىسىدا، قارلىغاچ باللىرى چىرىلدىشىپ كېتىپتۇ. موماي بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، ئاتا قارلىغاچنىڭ سول پۇتى سۇنۇپ، قان ئېقىپ تۇرۇپتۇ. * يامغۇردىن كېيىن چىققان قۇياش نۇرىدىن ھۇزۇرلانغان قۇشقاچلار چىرىلدىشىپ، پاختەكلەر گۇ ـ گۇلىشاتتى.

**چىرىلداق** ئى <زوئول> بىر خىل ھاشارات. تېنى تاۋۇز ئۇرۇقىغا سەل ئوخشاپ كېتىدۇ، رەڭگى قوڭۇر كېلىدۇ؛ سەزگۈ مۇڭگۈزچىسى يىپسىمان، ئارقا پۇتى كۈچلۈك، سەكرەشكە ماھىر كېلىدۇ؛ ئەركىكىنىڭ ئالدى قانىتى بىر ـ بىرىگە سۈركەلگەندە يېقىملىق ئاۋاز چىقىرىدۇ.

**چىرىلدىماق** «چىر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: قەيەردىدۇر پاقىلار كۆڭۈلسىز كۇركىرايتتى، چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرىمۇ جانغا تېگەتتى. * ئۆرۈلۈپ چۈشكەن گۈمبەزنىڭ كونا كېسەكلىرى ئارىسىدىن «ئىشان»نىڭ سەت خىرقىراشلىرى ۋە ئوغرىنىڭ كۆچىسىز ئىڭرىغان ئاۋازى قەبرىستانلىقتىكى قارا چېكەتكىلەرنىڭ گۇڭگۇم پەيتىدىكى چىرىلداشلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى.

**چىرىمەك** پ ① مىكرو ئورگانىزملارنىڭ تەسىرى بىلەن بۇزۇلماق، كېرەكسىز ھالغا كەلمەك، ئىشتىن چىقماق؛ سېسىماق: دەۋا قېرىماس، ئالتۇن چىرىمەس (ماقال). * ئۇنى يىغۇېلىشقا ھېچكىم قىزىقمايتتى، ئاساسەن مال ـ چارۋىلارغا يەم بولاتتى ۋە ياكى قىش كۈنلىرى قار ئاستىدا چىرىپ تۈگەيتتى. * نەچچە يىلدىن بېرى چاشقانغا يەم بولۇپ، ئاشقىنى قات ـ قېتىدىن چىرىپ كەتكەن پۇل ھويلىنىڭ ئىچىگە كۆكۈمدەك چېچىلىپ كەتتى. ② كۆچمە. ھالاكەتكە، زاۋاللىغا يۈز تۇتماق، گۇمران بولماق؛ ئۆلمەك، يوقالماق: دۈشمەنلەر كۈندىن ـ كۈنگە چىرىپ كېتىۋاتىدۇ.

**چىرىمتال** ئى <گېئول> بىر خىل مىنېرال. ئاساسلىق تەركىبى سىلىكاتلار بولۇپ، ئاق، قارا ۋە ئاچ ـ توقلۇقى ئوخشاش بولمىغان قوڭۇر ياكى يېشىل رەڭلەردە ئۇچرايدۇ؛ يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا چىدامىلىق كېلىدۇ، توك ئۆتكۈزمەيدۇ؛ سۈزۈك ۋە ئېلاستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە پارچىلارغا تارشىلىنىدۇ. ئادەتتە ئېلېكتر ئىزولياتسىيە ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

**چىرىمدان** ئى. چىرىگەن ئۆت ـ چۆپ، چىرىندى: توختاخۇن ئاكا: ـ «بۆرە قوتان» جاڭگاللىقى ئالتۇندەك يەر، ئۇن يىلغىچە ئوغۇت ئىشلىتىلمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ مىڭ يىللىق چىرىمدانلىرى ئۆزىگە ئوغۇت بولۇپ يېتىپ ئاشىدۇ، ـ دېگەنىدى.

**چىرىمدانلىق** سۈپ. چىرىمدان بار: چىرىمدانلىق جاڭگال. * ئۇ سۆگەتنىڭ شېخىغا چىلك چىرماق سېلىپ، چىرىمدانلىق قاشنىڭ ئاستىدا سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ، بەخرامان تۇراتتى.

**چىرىندى** ئى. ئۆت ـ چۆپ، شاخ ـ شۇمبا قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ چىرىگىنى: چىرىندى

دۈۋىسى. * دۇيجاڭ پېشقەدەم دېھقانلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، موپاڭدا ھەر خىل ئوغۇتلۇق چىرىندىلەرنى يانجىپ، ئاندىن تونۇر، ئوچاق كۈلىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن خۇددى زاۋۇتتا ئىشلەنگەندەك، دانە-دانە ئوغۇت دانىچىلىرىنى تەييارلىدى.

**چىرىندىخور** سۈپ. چىرىندىنى يەپ، چىرىندى ئىچىدە ياشايدىغان: چىرىندىخور ھاشاراتلار ئاپتاپنىڭ تەپتىدە ھەر تەرەپتىن مىغىلدىماقتا.

**چىرىندىخور باكتېرىيىلەر** <بىئول> ئورگانىك ماددىلارنى ياكى ئۆلگەن جانلىقلارنى پارچىلاپ، ئۆزىنىڭ نورمال تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان باكتېرىيىلەر.

**چىرىندىخور مىكروئورگانىزم** <بىئول> ئورگانىك ماددىلارنى ياكى ئۆلگەن جانلىقلارنى پارچىلاپ، ئۆزىنىڭ نورمال تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان مىكرو ئورگانىزملار. مەسىلەن، كۆپ سانلىق باكتېرىيىلەر ۋە كۆكرىك زەمبۇرۇغى.

**چىرىندىلىك** «چىرىندى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: چىراي-شەكلى، مېڭىش-تۇرۇشى مىڭلىغان ئادەملەردىن پەرقلەنمىسمۇ، ئىچكى دۇنياسى چىرىندىلىك بىلەن توشۇپ كەتكەن سىزگە ئوخشاش ئادەمنىڭ «دادا» بولۇپ قېلىشى مېنى ئېچىندۇردى.

**چىزا** ئى [خەن] ① سىزغۇچ. ② ئەيلەپ، ھاۋا بېرىپ بولغان تېرىنى ئۈستىدىن بېسىپ تۈزلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ ئەسۋاب.

**چىزىلاتماق** «چىزىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چىزىلاشماق** «چىزىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىزىلانماق** «چىزىلماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چىزىلماق** پ. ئەيلەپ، ھاۋا بېرىپ بولغان تېرىنى ئۈستىدىن بېسىپ تۈزلىمەك، سىلىقلىماق.

**چىش** ئى ① <ئانات> ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ ئوزۇقلۇق چايناش ۋە نەرسىلەرنى چىشلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئورگىنى: ئوتتۇر چىش. ئېزىق چىش. چىش سالدۇرماق. ② نەرسىلەرنىڭ چىش شەكلىدىكى قىسمى: ھەرە چىشى. چاقنىڭ چىشى. * ئۇ ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، بىر چىنە سۇ كۆتۈرۈپ چىقىپ، سۇنى يەرگە سېپىۋېتىپتۇ ۋە يانچۇقىدىن بىر تارغاقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىككى چىشىنى سۇندۇرۇپ، قايتىپ ئۆيگە كىرىپتۇ. ③ ساپان (بوقۇسا) نىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ، يەر ئاغدۇرىدىغان پولات ياكى چۆيۈن سايمان: مەن «بىسمىللا» دەپ ساپان تۇتقان يىلى، ئۆكۈزنىڭ پۇتىغا چىشنى ئۇرۇۋالدىم.

**چىش ئاغرىقى** <تىب> چىشنىڭ بىرەر تەسىرگە ئۇچرىشى بىلەن مىكروبلىنىش، ياللۇغلىنىشتىن پەيدا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك: چىش ئاغرىقى ئاغرىق ئەمەس، ئاغرىسا ئارام بەرمەس (ماقال).

**چىش بوشلۇقى** <ئانات> چىشنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بوشلۇق. ئىچىگە چىش يىلىكى تولغان بولىدۇ.

**چىش بويۇنى** <ئانات> چىشنىڭ تاجىسى بىلەن يىلتىزى ئوتتۇرىسىدىكى قىسمى.

**چىش بۆلۈمى** <تىب> دوختۇرخانىلارنىڭ مەخسۇس چىش كېسەللىكلىرىنى داۋالايدىغان بۆلۈمى.

**چىش تاجىسى** <ئانات> چىشنىڭ يۇقىرى قىسمى.

**چىش تىرەپ** تىرىشىپ-تىرمىشىپ، ھەممە قىيىنچىلىقلارغا چىداپ، چىشنى چىڭ چىشلەپ: ئۇ دادىسىدىن قالغان ئارغامچىنى ئېلىپ،

ھامماللىققا كىرىشتى. چىش تىرەپ تۆت-بەش يىل ئەمگەك قىلدى.

**چىش سالماق** ① چىش ئورناتماق، چىش بېكىتمەك. ② كۆچمە. يېشىغا توشماق، يېشىغا ياش قوشۇلماق (چارۋا مال ھەققىدە): بۇ تېخى ياش مال ئىكەن، ئەمدىلا چىش سېلىپتۇ.

**چىش سۆڭىكى** <ئانات> چىشنى ھاسىل قىلغان سۆڭەك ماددىسى.

**چىشلىرى غۇچۇرلىماق** قاتتىق ئاچچىقى كەلمەك، دەرغەزەپ بولماق: قادىرنىڭ چىرايىدىن قان قاچتى، چىشلىرى غۇچۇرلىدى، قىزنى ئېتىۋەتمەكچى بولدى. * ئاسىم سوراقنى داۋام قىلىۋاتقاندا، ئېلىقۇلنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى.

**چىشلىرى گەز-گەز بولماق** ← **چىشلىرى غۇچۇرلىماق**: ئۇ بۇ ئىشنى ئاكىلىرىنىڭ قىلغىنىنى بىلىپ، چىشلىرى گەز-گەز بولۇپ، مۇشتلىرى تۈگۈلۈپتۇ. لېكىن، «قازاغا رىزا، بالاغا سەۋر» قىلىپ، ئاچچىقىدىن يېنىپتۇ.

**چىش ماددىسى** <ئانات> چىشنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمى. زىچلىقى يۇقىرى بولۇپ، سۆڭەكتىن قاتتىق كېلىدۇ. ئۈرنى چىش يىلىكىنىڭ سىرتىدا، ئېمال ماددىسىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ نۇرغۇنلىغان تالاسىمان ئىنچىكە نەيچىلەردىن قۇرۇلىدۇ.

**چىش مىلىكى** <ئانات> چىش بوينىنى ئوراپ تۇرىدىغان شىللىق پەردە توقۇلمىسى. ئاچ قىزىل ۋە يۇمشاق بولۇپ، ئىچىدە نۇرغۇنلىغان ئۇششاق نېرۋىلار ۋە قان تومۇرلار بولىدۇ.

**چىش ئوقۇرى** <ئانات> يۇقىرىقى ۋە تۆۋەنكى جاغ سۆڭىكىدىكى چىش ئۆسۈپ چىققىدىغان ۋە چىشلارنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ئويمان جاي.

**چىشى پاتماق** گەپ-سۆزى ئۆتمەك، كۈچى يەتمەك، بىلمەك: ئۇ ئالدىراپ-تېنەپ: - مېنىڭ ھۆكۈمەت، دېھقانلار جەمئىيىتىگە قانداقمۇ چىشىم پاتسۇن؟ تەركىب ئايرىشتا دېھقانلار جەمئىيىتى ئارا تۇرمىغان بولسا، بەزىلەر مېنى مەخسۇت بەگنىڭ چاپانچىسى دەپ ئۇتتا ئىنتەرگىلى تاس قالغان. مەن بۇنى ئۇنتۇمىدىم، - دېدى.

**چىشى سارغايماق** ① چىشنىڭ رەڭگى سېرىق رەڭگە كىرمەك، سېرىققا ئۆزگەرمەك. ② كۆچمە. يېشى چوڭايماق، قېرىماق: ئۇ چاچ-ساقاللىرى ئاقىرىپ، چىشلىرى سارغىيىشقا باشلىغانسېرى، بۇ غەم-قايغۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئامبۇردەك قىسىپ تولىمۇ بىئارام قىلاتتى.

**چىشىغا تەگمەك** ئاچچىقىنى كەلتۈرمەك، چىشىنى قېرىشتۇرماق؛ تېرىكتۈرمەك: - مەن ئەمدى ناخشا ئارقىلىق ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگىشنى ئۆگىنىۋالدىم، - دېدى ئۇ دوستىغا. * بۇ گەپلەر قاسىم دۈيجاڭنىڭ راسا چىشىغا تەگدى.

**چىشى قېرىشماق** ئاچچىقى كەلمەك، نارازى بولماق: ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىكى تەنە ئىپادىسى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى، مېنىڭ چىشىم قېرىشىپ، ئۇنىڭ چىرايىغا ئاداۋەت بىلەن تىكىلدىم. * مەن كۆرۈشىدىغان پەن ياۋنەنمۇ ئۆلدى، چىشىمىز قېرىشىدىغان قېرى جياڭجۇن ئۆلدى. بۇ جاھان يەنە قالدى.

**چىشى كىرىشمەك** جەھلى قاتماق، جاھىللىقى تۇتماق: چاقنى ياسايمەن دەپ چىشى كىرىشىپلا قېلىپتۇ. * ئاچچىقىدىن چىشى كىرىشكەن جاۋ ۋۈگېڭ بىر پۇتىنى يەرگە تىزلاپ تۇرۇپ، جاڭ جىنلۇڭنى قارىلاپ بىر پاي ئوق ئاتتى.

**چىشنى بىلمەك** ① تەييارلانماق، تەييار بولۇپ تۇرماق: - دەل سىز دارغا ئاسىمەن دېگەن نېمىلەر ئۇ نەرسىلەرنى مەن بىلەن سىزدىن بۇلاپ-تالاپ تارتىۋېلىش ئۈچۈن، ھەدەپ چىشلىرىنى بىلمەكتە، - دېدى ئۇ. *

ئۇلار خۇدايىمدىن ئۆزلىرىگە ئامەت، ئىنسىغا پالاكەت تىلىشىپتۇ، ئاخىرى بولماي، يامان غەرەز بىلەن چىشلىرىنى بىلىشىپتۇ. ② بىرەر ئىشقا، پايدا-مەنپەئەتكە ئىشتىها ساقلىماق: مەنسۇر ئۇنىڭ چاقچىقىغا يارىشا جاۋاب بېرىپ: ـ تۇغۇلمىغان بالىغا ئات قويىدىغان، سويۇلمىغان پاقلانغا چىش بىلەيدىغان، قولغا كىرمىگەن پايدىغا سودا قىلىدىغان ۋاقىتلارمۇ بولۇپ قالدىكەن! ـ دېدى.

**چىشنى چىشىغا باسماق** ← **چىشنى چىشلىمەك**: باياتىن ھاشىم شۇجىنىڭ ئىشارىتى بىلەن چىشنى چىشىغا بېسىپ، ئاران ئولتۇرغان زۇنۇن ھارۋىكەش ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، ئۇنچىقمايلا تالاغا چىقىپ كەتتى. * ئاسىيە بۇ يىللارنى چىشنى چىشىغا بېسىپ، چىدام، غەيرەت بىلەن ئۆتكۈزدى.

**چىشنى چىشىغا قويماق** ← **چىشنى چىشلىمەك**.

**چىشنى چىشلىمەك** سەۋر-تاقەت قىلماق، غەيرەت قىلماق، چىدىماق: مانا رابىيە 13 ياشقىمۇ كىرىپ قالدى، «قانداقلا بولمىسۇن، چوڭ بولغاندا كۆزى ئوچۇق قارىغۇ قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، كۈنىمىز ھەرقانچە تەس بولسىمۇ، بالىنى ئوقۇتۇش كېرەك» . ئانا چىشنى چىشلەپ، ئۇنى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئەۋەتتى. * قاچقانلارغا نەدە ھەق! تۇرسۇن ئوقۇماقچى، ئۇنىڭغا پۇل كېرەك. ئۇ چىشنى چىشلەپ تۆت كۈن چىدىدى.

**چىشنىڭ كىرىنى شۈمەك** تېجەشلىك بىلەن كۈن كەچۈرمەك، ئاددىي-ساددا، يېمەي-ئىچمەي دېگۈدەك ياشىماق: سايىمنىڭ چىشىنىڭ كىرىنى شۈمۈپ ساقلاپ كېلىۋاتقان ئازراق پۇلىمۇ ئايالىنىڭ ئاغرىقى بىلەن تۈگىدى. * ئۇلار بۇ بىرنەچچە ئاي جەرياندا يېمەي-ئىچمەي، چىشىنىڭ كىرىنى شۈمۈپ، لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ قەرز تۆلەۋاتقان بولسىمۇ، بىرەر قېتىممۇ ئىچىگە تىنىشمىدى.

**چىشىنىڭ ئىقىنى چىقارماق** ← **چىشىنىڭ ئىقىنى كۆرسەتمەك**: تۇرسۇن سادىققا يەر ئاستىدىن سوغۇق نەزەر تاشلىدى، مەتقۇربان بولسا ئەكسىچە، قىزغىن بولۇپ، چىشىنىڭ ئىقىنى چىقىرىپ، سادىقنىڭ قولىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇۋالغانىدى.

**چىشىنىڭ ئىقىنى كۆرسەتمەك** خۇش خۇي كۆرۈنمەك، خۇش مۇئامىلە قىلماق: 50 ياشلار چامىسىدىكى بۇ ئايال چىشلىرىنىڭ ئىقىنى كۆرسىتىپ، مۇلازەيدىنگە يېقىنلاپ كەلدى.

**چىشى ئۇزارماق** ← **چىشلىرى غۇچۇرلىماق**.

**چىشى ئۆتمەك** ← **چىشى پاتماق**: شائىر كۆپچىلىككە تەكشى نەزەر تاشلاپ: ـ خەنزۇچىغا بىر ئاز چىشىم ئۆتىدىغان بولۇۋېدى، بىرمۇنچە جەڭنامە كىتابلارنى كۆردۈم، ـ دېدى.

**چىش يارماق** ① چىشى كۆرۈنۈشكە باشلىماق، چىش چىقماق (كىچىك بالا ھەققىدە) . ② كۆچمە. ئېغىز ئاچماق، گەپ قىلماق، بىرنېمە دېمەك: مەن كۆز ئالدىمىزدىكى بەزى بىر ئىشلارغا قاراپ، چىش يېرىپ بىرنېمە دېمىدىم. * ـ باۋىرنى گېزىتكە ياز، ـ دېدى كوجاڭ، ـ ئۇ قىشمۇ ياز توختىماي، توشۇق توشۇيدۇ. بىر كۈنمۇ دەم ئالمايدۇ، ئېرىنمەيدۇ، خاپا بولمايدۇ، چارچىمايدۇ، لېكىن ماڭا بىر كۈن رۇخسەت سوراپ چىش يېرىپ باقمىدى.

**چىش يالىقى** <تب> سوزۇلما خاراكتېرلىك بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا، چىش مىلىكى قىزىرىش، ئىششىش ياكى يىگىلەپ قېلىش؛ ئېغىرراقلىرىدا بولسا يىرىڭداش، چىش يىلتىزى كۆرۈنۈپ قېلىش ۋە چىش بوشاپ قېلىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل كېسەللىك كۆپىنچە ياشانغانلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلاردا بولىدۇ، قاتتىق ئاغرىيدۇ.

**چىش يىلتىزى** <ئانات> چىشنىڭ تۆۋەنكى ئىنچىكە ۋە كونۇس شەكلىدىكى قىسمى.

**چىش يىلىكى** <ئانات> چىش بوشلۇقى

ئىچىدىكى يىلىك ماددىسى. شالاڭ ۋە يۇمشاق بولۇپ، تەركىبىدە نۇرغۇن قان تومۇر ۋە نېرۋىلار بولىدۇ.

**چىشا** ئىم. ئېشەكنى قوغلاش، ھەيدەشتە ئىشلىتىلىدىغان سۆز.

**چىش-تىرناق** چىش ۋە تىرناق.

**چىش-تىرنىقى بىلەن** جان-جەھلى، پۈتۈن كۈچى بىلەن، بارلىق ئىمكانىيىتىنى ئىشقا سېلىپ: — ئۇ كەلسە، كەلسۇن! مانا بېشىمدا كۆتۈرەي، بالام بىر ئەمەس ئىككى. ئۆلتۈرسىگىزمۇ قىزىمنى كۈندەش ئۈستىگە ئەۋەتىشكە چىش-تىرنىقىم بىلەن قارشىمەن، — دېدى ئاپتاپ ئايىم. * ياڭ زېڭشىن بۇ ئىشلىرىمىزغا چىش-تىرنىقى بىلەن توسقۇنلۇق قىلىپ كېلىۋىدى. مەقسىتىگە يېتەلمەي، ئاخىرى ئۆزى ھالاك بولدى.

**چىشسىز** سۈپ. چىشى يوق، چىشى قالمىغان: چىشسىز بوۋاي. * چىشسىز ئاغزى كاماردەك ئېچىلىپ قالغان پاتەمخان داڭ قېتىپ قالدى.

**چىشسىمان** سۈپ. چىشقا ئوخشايدىغان، چىش شەكلىدىكى: چىشسىمان يوپۇرماق.

**چىشسىمان يوپۇرماق** <بوت> گىرۋەكلىرىدە ھەرىنىڭكىگە ئوخشاش چىشلىرى بولىدىغان يوپۇرماق.

**چىشسىمان يوپۇرماقلىق دۇب** <بوت> دۇب دەرىخى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ ياكى چاتقال. يوپۇرمىقى تەتۈر تۇخۇمسىمان، گۈلى سارغۇچ قوڭۇر، مېۋىسى قاتتىق ۋە شارسىمان، ياغىچى قاتتىق كېلىدۇ؛ قوۋزىقىدىن قارا رەڭ ئېلىنىدۇ، يوپۇرمىقى بىلەن دۇب پىلە قۇرتى بېقىشقا ۋە سۆزنەك كېسىلىنى داۋالاشقا، مېۋىسى بىلەن راخىت كېسىلىنى داۋالاشقا بولىدۇ.

**چىششا** ئى. بال س. چوڭ تەرەت، پوق: چىششا بارمۇ بالام؟ * چىششا قىلامسەن بالام؟

**چىششا قىلماق** بال س. چوڭ تەرەت قىلماق، چىچماق: بالام چىششا قىلغىن.

**چىشقۇلۇق** ئى. بېلىقنىڭ تەرەت يولى.

**چىشلەپ** «چىشلىمەك» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى.

**چىشلەپ تارتماق** بىرەر ئىشنى ئورۇندىشتا ياكى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشتا، باشقىلارنى ئۆزىگە چاتماق، شېرىك قىلماق، پاش قىلماق: داۋۇت موللام بىرپەس ئىككىلىنىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا: — سىنىڭ گېپىڭنى توغرىمۇ دەيلۇق، بىكاردىن-بىكار خەقنى نېمە ئۈچۈن چىشلەپ تارتىسەن؟ بۇ يۇرتتا ئەمدى يۈزىمىزنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمىز؟! — دېدى.

**چىشلەتمەك** ① «چىشلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كەينى-كەينىدىن ئېتىلغان بىرنەچچە پاي ئوق ھېلىقى چىشلىتىش، تالتىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ئىتنى يەر چىشلەتتى. ② كىرىشتۈرمەك، گىرەلەشتۈرمەك: ئۇلار تەخمىنەن يېرىم سائەتتىن كۆپرەك شىددەتلىك ئېلىشىپ، دامبىنىڭ قېتىغا ئون نەچچە مېتر ئىچكىرىلەپ، بۆسۈپ كىردى ۋە دامبا قېشىدا بىر-بىرىگە چىشلىتىپ توغرا قويۇلغان تاختايلار بىلەن ياسالغان يوشۇرۇن تومىغا دۇچ كەلدى.

**چىشلە شتۈرمەك** «چىشلە شمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خىشنى بىر-بىرىگە چىشلە شتۈرۈپ قوپۇرماق.

**چىشلە شتۈرۈلمەك** «چىشلە شتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: جەڭنىڭ ياپسارلىرى چىشلە شتۈرۈلۈپ قويۇلدى.

**چىشلە شمەك** ① «چىشلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يىراق تۇرسا كىشنىشىدۇ، يېقىن تۇرسا چىشلىشىدۇ (ماقال). * كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا، شوپۇرنىڭ ئاغزى-بۇرنى قېپقىزىل قانغا بويالدى. بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ ئولتۇرغان يولۇچىلار بىر-بىرىگە ئەنسىز قارىشىپ،

لەۋلرىنى چشلەشتى. * بارايلى دىمەپمدۇق، يانايلى دىمەپمدۇق، شەرتىمىز قىزىل ئالما، چشلشپ يىمەپمدۇق. ② كىرىشمەك، ياپسارغا كەلـ-مەك: كىسەك چشلەشمسە، تام ئاسان ئۆرۈلدىغان بولۇپ قالىدۇ.

**چشلەكلك** سۈپ. چشلگەن هالدىكى، چشلگەن، چشلەپ تۇرغان: دەرەخنىڭ شىخىغا قوندى بىر قاغا، كۆزىنى ئۈزمەستىن كەگرى دالىدىن.ئاغزىدا چشلەكلك بىر ئۆلۈك قۇشقاچ، شاد ئىدى ئۆزىچە ئۇشبۇ ئۆلجىدىن.

**چشلەم** ئى ① نان، گۆش قاتارلىق ئوزۇقلۇقنىڭ بىر چشلەشتە ئۈزۈپ ئېلىنـ-غان، بىر چشلەشتە هاسىل بولغان ياكى بىر چشلەشكە يېتىدىغان پارچىسى. ② ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: بىر چشلەم ئالما. * هەربىر ساراڭ دېگەندە، بىر چشلەم گۆشى ساراڭ بولۇر (ماقال). * مەزىن ئاخىرقى بىر چشلەم ناننى بويىنىنى ئېگىپ، تۆگۈلۈپ تۇرۇپ يۇتۇۋەتتى ۋە چىنىدىكى چاينى پاك-پاكىز سۈمۈرۈپ بولدى.

**چشلەنمەك** «چشلمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئارىلاشمايدۇ كۆلكە-چاقچاقتا، ئۇ شۇ قەدەر تەمكىن، خاتىرجەم. گاه ئاغزىغا چشلنىپ قالار، قولىدىكى قېرىنداش قەلەم.

**چش-لەۋ** چش ۋە لەۋ.

**چش-لەۋ تاۋۇشى** <تل> تەلەپپۇز قىلىنغاندا، هاۋا ئېقىمى چش بىلەن لەۋ ئارىلىقىدا توسالغۇغا ئۇچراپ هاسىل بولىدىغان تاۋۇش. مەسىلەن، ف، ۋ تاۋۇشلىرى.

**چشلىق** I ① سۈپ. چشى بار، چش سالدۇرغان، چش چىقارغان: ئالتۇن چشلىق ئايال. چشلىق چاق. ② سۈپ. چشگەن، يېشىغا توشقان: تۆت چشلىق قوي. * يوقسۇ ئۆكام، بىزنىڭ ئېغىلدا ئىككى چشلىق بىر تەخەي بار، ئايىغى خېلى ئېتىك. ③ ئى. ساپاننىڭ چش كىيدۈرۈپ قويۇلىدىغان ئۇچى.

**چشلىق چاق** <ماشن> ماشىنىلارنىڭ چش چىقىرىلغان چاقسىمان دېتالى. ئادەتتە بىرنەچچە چاق بىر-بىرىگە چشلەشتۈرۈلـ-گەن هالەتتە قۇراشتۇرۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر چاق ئايلانسا، قالغان چاقلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىللە ئايلىنىدۇ. ئۇ ئاساسەن ئۈزاتما هەرىكەت يۆنىلىشـ-نى، ئايلىنىش يۆنىلىشى ۋە ئايلىنىش سۈرئىتىنى شۇنىڭدەك كۈچ مومېنتىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق روللارنى ئوينايدۇ.

**چشلىق** II ئى ① يۇگەننىڭ ئاستىنقى ياكى ئۈستۈنكى قىسمىدىكى قوشۇمچە ئېغىزدۇرۇق: چشلىق بېكىتمەك. چشلىق سالماق. ② دەستگاهنى پانا بىلەن چىڭىتىش، بوشىتىش ئۈچۈن پاچاقنىڭ ئاستى ئۇچىغا چىقىرىلغان، ئاستى گۈندىغا كىرگۈزۈلىدىغان ئەركەك تۆرۈم.

**چشلمەك** پ ① يېمەكلىكلەرنى چشنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، بىر قىسمىنى ئۈزۈپ، ئاجرىتىپ ئالماق: ـ نەدىن كېلەتتىم، سىلەر كەلگەن يەردىن! ئىسيان ئوتلىرى ئىچىدىن، ـ ئابلەق گۆشتىن يەنە بىرنى چشلىدى. * كېلىڭ ئاكا، قانچە پۇل دەمسىز؟ ئاۋۋال قولىڭىزدىكى ئالمىنى بىر چشلەپ، ئاندىن باهاسىنى سوراڭ، يارىسا، سىزنىڭ، يارىمسا، مېنىڭ، قېنى قىپقىزىل ئاناردەك يېرىنى بىر چشلەڭچۇ ئاكا، ئاۋۇ كۆن تەگكەن يېرىنى. ② ئوزۇقلانماق، يېمەك: ئىشلىسەڭ چشلەيسەن (ماقال). * مېنىڭچە، بەزى نەرسىلەرنى سىناق قىلىپ كۆرۈشكە، هەممە كىشىگە ئۆز ئىقتىدارىنى بەيگىگە سېلىپ بېقىشنى تەشەببۇس قىلىشقا بولىدۇ دەپ قارايمەن، هەم ئىشلىسۇن، هەم ئەجرىگە لايىق چشلىسۇن-دە! ③ چشلىرىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ قىسماق، چشى بىلەن تۇتماق: ئۇ هەر تۆرلۈك موللاق ئېتىپ،

بەندىگەدىن يەرگىچە ئېگىلىپ، يەردىكى چىنىلەرنى ئاغزىدا چىشلەپ، قوللىرىدا كۆتۈرۈپ، يەنە موللاق ئېتىپ چۈشەتتى. ④ چىشلىرىنى پاتۇرۇپ جارا ھەتلەندۈرمەك، چىشلەپ ئالماق: ئىتنى چىشلىمەيدۇ، ئاتنى تەپمەيدۇ دېمە (ماقال). * «گادايىنى تۆگە ئۈستىدە ئىت چىشلەيدۇ» دېگەندەك، تەبىئەت گۈزەللىكىدىن زوقلىنىشمۇ بىزدەك گادايلارغا يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلەتتى. * «ئىت سەمرىسە ئىگىسىنى چىشلەر»، دېيىشەر ئىكەن دائىم كىشلەر. ⑤ كۆچمە. كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماق؛ قاتتىق، سېسىق گەپ بىلەن ئازار بەرمەك، رەنجىتمەك: مىنەتتى كۆك تاشقا چىقىپ بۇ دۆيۈز، ئاتىسى ئۈستىدىن سۆزلەپ ھەتتاكى. چىشلەيتتى ئالدىغا كەلگەن بىرىنى، كۆزلىرى قىزىرىپ غالجىردەك ياكى. ⑥ كۆچمە. يامان تەسىر قىلماق، باشنى ئاغرىتماق: (ھا- راق- شاراب ھەققىدە): ئەتىسى ئويغىنىپ، ھاراق چىشلىۋالغانلىقىنى سەزدىم.

**چىشى** ① سۈپ. ئەركەكنىڭ ئەكسى (ئادەمدىن باشقا جانلىقلار ھەققىدە): ئۇ بىركۈنى بىر تاغنىڭ باغرىدا كېتىپ بېرىپ، بىر ئاچ بۆرىنىڭ بىر چىشى كېيىكنى تۇتۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. * بۇ چاغدا، چىشى قارلىغاچ غەمكىن ھالدا ئۇنىڭ يېنىدا چىرىلداپ تۇرۇپتۇ. * ئۇ چاغلاردا، مەن بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەيتتىم، گىمنازىيىدە بوتانىكا ئوقۇغىنىمدىن كېيىن، بۇنىڭ ئەركەك چېچەكنى چىشى چېچەك بىلەن چاڭلاشتۇرۇش ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ② سۈپ. كۆچمە. بىر-بىرىگە چېتىلىدىغان، كىرىشىدىغان نەرسىلەرنىڭ چېتىشىش، كىرىشىش ئورنىدىكى ئويمانلىق: چىشى تۈرۈم، چىشى چاق.

**چىشى جەندىر** <ماشىن> بولتىغا رېزبا چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئەسۋاب. شەكلى گايكىغا ئوخشايدۇ، ئوتتۇرىسىغا رېزبىلىق تۆشۈك ئېچىلغان بولىدۇ.

**چىشى زەرنىخ** <گېئول> بىر خىل مىنېرال. تەركىبى ئارسىن (III) سۇلفىد ($As_2S_3$). كرىستاللىرى كۆپىنچە تۈۋرۈك شەكلىدە كېلىدۇ، رەڭگى قىزغۇچ سېرىق بولۇپ، سەل-پەل سۈزۈك بولىدۇ، كۆيگەندە سامساقتا ئوخشاش پۇراق چىقىرىدۇ. ئادەتتە بوياق ۋە رەڭ قايتۇر- غۇچ دورىلارنى ئىشلەشتە خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**چىشمەك** پ. چىش چىقماق، يېشىغا توشماق: شۇنداق قىلىپ بازاردىن سېمىز، ئەمدىلا چىشىگەن بىر قوينى 160 يۈەنگە ئالدىم. * ئېغىلدا ئاران ئانا-بالا ئىككى قوي بولسىمۇ، بىزنىڭ ئۇنىمىغىنىمىزغا قارىماي، تېخى چىشمىگەن قوزىغا دۇئا قىلدۇردى.

**چىشمەل** ئى ① تۇغۇلۇپ 3-يىلىغا قەدەم قويغان كالا. ② يېشىغا توشمىغان چارۋا بالىسى.

**چىغ** ئى <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تار ۋە ئۇزۇن، گۈلى سۆسۈن يېشىل كېلىدۇ؛ شورلۇق جايلاردا ئۆسىدۇ. ئادەتتە يەم-خەشەك قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سېۋەت، بورا، سۈپۈرگە قاتارلىقلارنى توقۇشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**چىغ تۈرمەك** كىگىز ئۈچۈن ئېتىلغان يۇڭنى مەلۇم قېلىنلىقتا چىغدانغا سېلىپ، نەمدەپ، تەكشى يۆگىمەك.

**چىغ قالپاق** <كيي> بۇغداي پاخلى قاتارلىقلاردىن توقۇلىدىغان بىر خىل يازلىق باش كىيىم: بۇ يىگىت بېشىغا چىغ قالپاق كىيىپ، بوينىغا لۆڭگە ئېسىۋالغانىدى.

**چىغ كەش** <كيي> چىغ، شال پاخلى قاتارلىقلاردا توقۇلىدىغان كەش.

**چىغان** (توغرىسى: جىغان) ← **جىغان**.

**چىغچى** I ئى. چىغ ئورۇپ سېتىش، چىغ بۇيۇملىرىنى توقۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى.

**چىغچى** II ئى. دىئال <زوئول> شاخسانىغۇچ.

**چىغچىغىر** ئى <زوئول> بىر خىل كىچىك قۇش. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتر كېلىدۇ، پەي-تۈكلىرى بېغىر رەڭدە بولۇپ، ئۇستىدە توق قوڭۇر رەڭلىك سەپكۈنلىرى بولىدۇ؛ قۇيرۇقى قىسقا ھەم يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. ھاشاراتلارنى ئاساسلىق ئوزۇق قىلىدۇ.

**چىغچىلىق** «چىغچى I» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: **كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرلىقى يوق خېنىم، ئاتا مىراس ھۈنەر — چىغچىلىق قىلىمەن.**

**چىغدان** ئى. كىگىز يۇڭىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، چىغدىن توقۇلغان بورا شەكىللىك سايمان.

**چىغرىق** ئى ① پاختىنى چىگىتىدىن ئايرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلما. ② قۇدۇقتىن سۇ تارتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان غالتەكسىمان قۇرۇلما. ③ دارنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسمىغا ئورنىتىلغان ۋە دارۋازلار موللاق ئېتىپ ئويۇن كۆرسىتىدىغان شوتىسىمان قۇرۇلما. ④ تورنىڭ: **يالاڭ چىغرىق. قوش چىغرىق.** ⑤ <فىز> ئوق بىلەن چاقتىن تۈزۈلگەن، ئورتاق ئوق سىزىقى بويىچە ئايلىنالايدىغان ئاددىي مېخانىزم. چىغرىق ماھىيەتتە داۋاملىق ئايلىنالايدىغان پىشاڭدۇر. ⑥ <قاتن> ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئۈسكۈنە. پاراخوتلاردا لەڭگەر تاشلاش ۋە ئېغىر يۈكلەرنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**چىغرىق ماشىنا** <بىن> ئورىما غالتەك ۋە پولات ئارقاندىن تەشكىل تاپقان يۈك تارتىش ماشىنىسى. قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى ۋە كانلاردا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

**چىغلىق** ئى. چىغ كۆپ ئۆسكەن جاي: **ئۇ شۇنداق قارىسا، يىراقتىن بىر پارچە ئوت لاۋۇلداپ يېنىپ كېلىۋېتىپتۇ، ئارقىدىنلا ئىككى ياقتىكى چىغلىقمۇ كۆيۈشكە باشلاپتۇ. * ئۇلار ئاتلاپ كەلگىنىدە چىغلىق جىراغا، چىغ تۈۋىدىن ئۇركۈپ تورغاي ئۇچتى ھاۋاغا.**

**چىغنىماق** (توغرىسى: چىغىرتماق) ← چىغىرتماق.

**چىغىر** I ① سۈپ. كەڭ ئەمەس، تار (يول ھەققىدە): **ھاياتنىڭ يوللىرى كەڭ-تار، تۈز، چىغىر، يەلكىمىزدىكى يۈكىمىز ئېغىر. كېلىمىز گاھ گۈللەر يولدا سىرداشتۇر، گاھ تىكەن ئۇستىدە پۈتىمىز يېغىر.** ② ئى. تار يول، يالغۇز يول: **تىبابەت تار دائىرىلىك ئاتىدىن، ئۇستازدىن ئۆگىنىش چىغىرىغا كىرىپ قالدى. * سۆرىشىپ مانا ئۇلار ھارۋىسىنى، ئەكەلدى ئېتىزلىقا مۇشەققەتتە. نەچچە ئاق، ئېغىر قاپنى چۇشۇرۇۋېتى، ھارۋىسىنى چىغىردىلا قويۇپ چەتتە.**

**چىغىر يول** ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ مېڭىشىدىن ھاسىل بولغان، كىشىلەر ئاز ماڭىدىغان، تار، يالغۇز ئاياغ يول؛ خىلۋەت يول: **ئەمدى خوجىنىياز بارىكۆلنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى چىغىر يول بىلەن توپتوغرا غەربكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. * شۇ پەيتتە، يان تەرەپتىكى چىغىر يولدىن ئات ئويىنىتىپ چىقىپ كېلىۋاتقان بىر كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈندى.**

**چىغىر** II ئى. تار س. ئىچىملىك؛ ھاراق-شاراب: **ئۇنى ئوبدان دېسە كىم تولا ئىچتى چىغىر، ئۇ راۋا كۆردى ئالسا يېنىك، ساتسا ئېغىر.**

**چىغىرتماق** ئى <بوت> چىغىرتماق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزسىمان غولى توم، يوپۇرمىقى يىپسىمان، گۈلى كۆكۈچ سۆسۈن كېلىدۇ؛ يوپۇرمىقى ئەۋرىشىم بولۇپ، نەرسىلەرنى

باغلاشقا ۋە قەغەز ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ؛ يىلتىزىدىن چوتكا ياسىلىدۇ.

**چىغىرتماقگۈل** ئى [چىغىرتماق+گۈل] <بوت> چىغىرتماق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزىسىمان غولى سۇس يېشىل، يوپۇرمىقى خەنجەر شەكلىدە، گۈلى كۆك، سۆسۈن رەڭدە، چوكا مېۋىسى ئېللىپس شەكلىدە بولىدۇ. مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**چىغىرتماقلىق** ئى. چىغىرتماق كۆپ ئۆسكەن جاي: **ئۇلار ئۇخلاشتى، تۇرسۇن ئەمدىلا ئۇخلاپ مەھەللىسىدىكى چىغىرتماقلىقتا ئويناپ چۈش كۆرۈۋىدى، ئۇنى بىرى ئىگىشتى.**

**چىقار** ئى. دىئال. چىقىدىغان جاي، ئېغىز.

**چىقارتماق** «چىقماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى: **ئۇلار ئوقۇغۇچىلار-نى بىرنەچچە گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، بىر كۈنلۈك ۋاقىت ئىچىدە، بەزىلىرىگە ماتېماتىكا مەسىلىرىنى چىقارتتى.**

**چىقارماق** ① «چىقماق» ① ② ④ ⑥ ⑧ ㊴ پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: **ئادىل دوختۇرنىڭ ئۇستىباشلىرىغا قاراپ تىلىنى چىقاردى. * سەپەرقۇل بىر تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، تاغاردىن بىرنەچچە توپ ئاق خەسە چىقاردى. * بۇ ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەجرىبىلىرى ئارقىلىق چىقارغان خۇلاسىسى.** ② بېغىشلىماق، ئاتىماق قوشماق تاپشۇرماق: **بۇلار بۇ قېتىم ئولتۇرۇشقا 30 كويدىن پۇل چىقاردى. * بۇ مەكتەپنى سېلىش ئۈچۈن پۇلى بارلار پۇل چىقىرايلى، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرايلى.** ③ ئورۇنلاشتۇرماق، قۇرماق: **تەكچە چىقارماق. مورا چىقارماق.**

**چىقاغدىماق** پ. دىئال «چىق-چىق» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق؛ تامىقىنى قاقماق؛ چېكىلداتماق.

**چىقان** ئى <تىب> بىر خىل تېرە كېسەللىكى. بۇنى تېرە تۈك خالتىلىرىغا ئۆسۈپ كىر-گەن ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە ياكى زەنجىرسىمان باكتېرىيىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا، بەدەننىڭ مەلۇم قىسمىدا، ئىچىگە قان تولغان قاتتىق گادالار پەيدا بولۇپ، يىرىڭلايدۇ، قىزىد-رىپ ئىششىدۇ ۋە قاتتىق ئاغرىتىدۇ. «قوگىيوغان» ياكى «كۆتيوغان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**چىقچىقلار** ئى <زوئول> قۇشلارنىڭ بىر ئۇرۇقدىشى. تېنى كىچىك، تۇمشۇقى تۈز ۋە سەل قىسقا، قانىتىنىڭ پەيلىرى ئۇزۇن كېلىدۇ؛ ئالدى بارمىقلا بولىدۇ، كەينى بارمىقى بولمايدۇ؛ دېڭىز بويىدا توپلىشىپ ياشايدۇ.

**چىقىقان** «چىقماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى.

**چىقىقان دۆۋىسى ئېگىز بولسۇن** «مەرتىۋىسى، ئابرويى، دۆلىتى تېخىمۇ زىيادە، يۇقىرى بولغاي» دېگەن مەنىدىكى ئادەت سۆزى: **ـ خوش ئاغىچا، ـ دېدى دىۋانە خىزمەتچى بەرگەن بىر خالتا پۇلنى قوينىغا سېلىۋېتىپ، ـ ھەشقاللا، چىقىقان دۆۋەڭ ئېگىز بولسۇن! ـ ئۇ يەر ئاستىدىن ئاغىچىغا بىر قاراپ قويۇپ، ئارقىسىغا بۇرۇلدى.**

**چىقىقان دۆۋىسى ئېگىز بولغاي** ← **چىقىقان دۆۋىسى ئېگىز بولسۇن.**

**چىقىقان دۆۋىسىنى ئېگىز قىلسۇن** ← **چىقىقان دۆۋىسى ئېگىز بولسۇن: ـ ھۆكۈمەت بېشىمىزنى سىلاپ، ھالىمىزدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ ئۆزى. ئۇلۇغ پەرۋەردىگارى ئالەم ھۆكۈمىتىمىزنىڭ چىقىقان دۆۋىسىنى تېخىمۇ ئېگىز قىلسۇن! ـ دېدى بىچارە موماي.**

**چىقىقان دۆۋىسىنى ئېگىز قىلغاي** ← **چىقىقان دۆۋىسى ئېگىز بولسۇن.**

**چىقماق** پ ① پەستىن مەلۇم بىر ئېگىزلىك-كە، يۇقىرىغا ياكى بىرەر نەرسىنىڭ

ئۈستىگە كۆتۈرۈلمەك؛ كۆتۈرۈلۈپ بىرەر نۇقتىغا يەتمەك؛ ئۆرلىمەك: تاغقا چىقماق. دەرەخقە چىقماق. مۇنبەرگە چىقماق. * ئالماقنىڭ بەرمىكى بار، چىقماقنىڭ چۈشمىكى بار (ماقال). * پادىشاھ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، دەرھال ئاسمانغا چىقىپتۇ. * باللار كېتىۋاتقان تراكتورنىڭ ئۈستىگە چىقتى. * ئىگىز تاغقا چىقماڭلار، بۆرە كېلىدۇ تاغدىن. كۆزۈمنى ئالالمايمەن، يارىم ئۈيىنغان باغدىن. ② كۆچمە. ئەسلىدىكى مەلۇم بىر دەرىجە، باسقۇچ، پەللە ۋە شۇنىڭ-دەكلەردىن نىسبەتەن يۇقىرى بولغان دەرىجىگە، باسقۇچقا ۋە پەللىگە يەت-مەك، ئۆرلىمەك، كۆتۈرۈلمەك: مەرتىۋىگە چىقماق. ئەمەلگە چىقماق. ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا چىقماق. ئىشچىلىقتىن كادىرلىققا چىقماق. باھاسىغا چىقماق. ئەۋجىگە چىقماق. ③ ئۈپۈقتىن كۆتۈ-رۈلمەك، كۆرۈنمەك؛ تۇغماق (كۈن، ئاي ۋە يۇلتۇزلار ھەققىدە): كۈن چىقماق. * قاراڭ، بۈگۈن ئاي ئەجەب گۈزەل چىقىپتۇ. * — ئاسماندىكى يۇلتۇزلار كېچىسى چىقىدىكەن، كۈندۈزى نەگە قېچىپ كىرىپ كېتىدۇ، — دەپ سورىدى بالا دادىسىدىن. ④ بىرەر نەرسە ئىچىدىن تاشقىرىغا قاراپ ھەرىكەت قىلماق؛ ئىچىدىن سىرتىغا بارماق: مىلتىقتىن ئوق چىقتى. * شۆھرەت سەل تۇرۇۋېلىپ، كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن ئالدىراپ ئۆيدىن چىقتى. * ياردارنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ سادا شۇنچىلىك پەس ئېيتىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەتروزنىڭ بېشىدا گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، كۆز ئالدىدا چاقماق چاقنىغاندەك بولدى. ⑤ كۆچمە. كارغا يارىماس بولۇپ قالماق، تۈگەشمەك: بۇ سافالار ئىشتىن چىقتى. ⑥ دۈچ كەلمەك، يولۇقماق: قاراخان ۋەزىر-ۋۇزىرا، لاۋۇ-لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېتىۋاتسا، ئالدىدىن بىر كېيىك چىقتى. ⑦ سىرتقا تەپ-مەك، ئاجرىلىپ نامايان بولماق، كۆرۈن-مەك: بالىنىڭ پېشانىسىدىن تەر چىقىپتۇ. * — پېشانىلىرىدىن ئوت چىقىۋاتىدۇ، ئەتە ئېتىزغا بارمىسىلا! — دېدىم مەن ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ. * رۇقىيەنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرىدىن ياش مۇنچاقلىرى فونتاندەك ئېتىلىپ چىقتى. * قۇلىقىمنىڭ كەينىگە كىچىككىنە بىر يارا چىقىپ قالدى. ⑧ ئورنىدىن قوزغال-ماق، ئورنىدىن تايماق، ئاجرالماق (ئۇگە سۆڭەكلىرى ھەققىدە): مېنىڭ قولۇم چىقىپ كەتتى. ⑨ كۆچمە. تايماق، ئازماق: توغرى يولدىن چىقماق. سىزغان سىزىقىدىن چىقماسلىق. پرىنسىپتىن چىقماق. ⑩ ھاسىل بولماق، پەيدا بولماق، بارلىققا كەلمەك: ئۈن چىقماق. تىلى چىقماق. خۇيى چىقماق. ساۋادى چىقماق. * يەككە قولدىن چاۋاك چىقماس (ماقال). * مېنىڭچە، بۇ مەسىلىنى ئارتۇقچە مۇھاكىمە قىلىپ ئولتۇرۇشتىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدۇ. ⑪ ئاخىرلاشماق، تۈگىمەك: قان چىقتى — جان چىقتى (ماقال). * تال كۆكەردى، مايسا بولدى، قول سېلىپ كەلسەڭچۇ يار، جان چىقار ھالەتكە يەتتى، ھال سوراپ كەلسەڭچۇ يار. ⑫ مەلۇم بىر قاتناش قورالىرىغا ئولتۇرماق: سەن ئايروپىلانغا چىققانمۇ؟ مەن پويىزغا چىقىپ باقمىغان. * ئايشەم زاھىرنى يالغۇز قالدۇرۇپ ئەڭ ئاخىرىدا ئاپتوبۇسقا چىقىپ ماڭدى. ⑬ ئويۇن، دراما ياكى كىنو ئەسەرلىرىدە، مەلۇم بىر شەخسنىڭ رولىنى ئوينىماق، ئالماق: ئۆمەر سايىم «پەرھاد-شېرىن» دramاسىدا، «پەرھاد» نىڭ رولىغا چىقتى. ⑭ چىقىم بول-ماق، سەرپ قىلىنماق؛ خەجلەنمەك؛ كەتمەك: تېخى ئالدىمىزدا كۆپ ئىش بار، پۇل لازىم بولىدىغان نى-نى كۈنلەر بار، مەن ئۆلسەممۇ پۇل چىقىدۇ. ئەمدى مەكتەپكە بارىمەن دەۋاتسەن، بۇنىڭغىمۇ پۇل كېتىدۇ. * بۇ ئىشقا قىزى موماينىڭكىدىن ئوغرىلاپ كەلگەن پۇلدەك نەچچە ھەسسە پۇل چىقىپتۇ، ئورنىغا كەلمەپتۇ. ⑮ بىرەر تەبىقىدىن،

جايدىن ئۆسۈپ يېتىشمەك، يېتىلمەك؛ بارلىققا كەلمەك: قەدىمكى ئىتالىيەدە، قۇللار ئارىسىدىن چىققان سپارتاك، خۇاڭخې دەرياسى بويىلىرىدىن چىققان باھادىر شاھ لى زىچېڭ، روسىيىدىكى كازاكلاردىن چىققان ستېپان رازىن بىلەن يېملىيان پۇگاچېۋ، ئۇچتۇرپان شەھىرىدىن چىققان رەھمەتۇللا بەگ بىلەن قۇمۇل تاغلىرىدىن چىققان تۆمۈر خەلپە ئاشۇ دانىكوغا ئوخشايدىغان كىشىلەر ئىدى. * ئۇ دائىم ماڭا: ــ 20 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ قىزلارغا ئاشىق بىقارار بولۇپ، كېيىن ئۇخلىيالمىغان بولساڭ، بىزدىن چىقىدىغان «ئۇلۇغ ئالىم» بۆشۈكىدىلا تۇگەيدۇ. مۇھەببەت ــ چىرىتكۈچ، مۇھەببەت ــ ئىنسان روھىغا چۈشىدىغان ھال كېسىلى، شۇم بۇيا! ئاشىقتىن ئالىم چىقمايدۇ، ــ دەپ نەسىھەت قىلاتتى. ⑯ كۆچمە. تېپىلماق: لايىقى چىقماق. ئىگىسى چىقماق. * دېمىگەننى دېگۈچى چىقار، يېمىگەننى يېگۈچى چىقار (ماقال). * بۇ ئىشنىڭ يولى چىقىپ قالدى. * مەن: «ئەگەر دۈشمەن تۇتۇپ كەتسە، دۈشمەن قولىدا ئۆلسەم، قانداق قۇربان بولغانلىقىمغا گۇۋاھ بولۇشقىمۇ ئادەم چىقمايدۇ، قانداق قىلارمەن» دەپ خىيال سۈردۈم. ⑰ پەيدا بولماق، تۇغۇلماق، يۈز بەرمەك: شامال چىقماق. * ئەل «پۇۋ» دېسە، بوران چىقىدۇ (ماقال). * بازارغا «قار لەيلىسى» دېگەن تېلېۋىزور چىقىپتۇ. * دىلەيساخان كۆرگەنلىرىنى ۋە ئىغۋالارنىڭ نەدىن چىققانلىقىنى ئېيتىپ، قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىرىدى. ⑱ كۆچمە. ئېيتىلماق؛ دېيىلمەك: لەيلىگۈل ئېلىقۇلغا قاراپ: ــ سەندىن ياخشى گەپ چىقىشىغا ئىشەنمەيمەن، ــ دېدى. * قاسىم ئەپەندى توغرۇلۇق بۇ گەپلەرنىڭ چىقىشىمۇ تاسادىپىي ئەمەس. ⑲ بېرىلمەك: ئۇنىڭغا ھەر ئايدا 150 كوي مائاش چىقىدۇ. ⑳ ھېسابلانماق، قارالماق، سانالماق: كەم چىقماق. دۇرۇس چىقماق. * نايماننىڭ ئېيتقىنى دۇرۇس چىقتى. * ئۇ ئىشكاپنى ئېچىپ، تور سومكىسىغا قولىنى تىقتى-دە، ھەممىسىنى ئېلىپ ساناپ بېقىۋېدى، ئاران ئون نەچچە تاللا چىقتى. قىزىلدۆڭنىڭ ئۆزىگە بالا-چاقىلىرىنى ئېلىپ كۆچۈپ باردى. ㉑ كۆچمە. قولغا كەلمەك، ئېلىنماق: بۇ يەرنىڭ ھەربىر موسىدىن يىلىغا 1000 جىڭ مەھسۇلات چىقىدۇ. * بۇ رايوندىن كۆمۈر، ئالتۇن، مىس قاتارلىق كان مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ㉒ ئېرىشمەك، ئىگە بولماق: ئازادلىققا چىقماق. * ئاياغقا چىقماي، باشقا يوق (ماقال). * بۇ سۆزنى ئىشىتكەن تۇتى بىرھازا ئويلىنىپ: ــ ماڭا شۇنداق يول كۆرسىتىڭلاركى، مەن ھەم ئەركىنلىككە چىقاي، ھەم ۋەدىگە ۋاپا قىلغان بولاي، ــ دەپتۇ. ㉓ چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «-دىن، -تىن» بىلەن تۈرلەنگەن بەزى ئىسىملارنىڭ كەينىدە كېلىپ، ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ مەلۇم ئىش-ھەرىكەتنى ئورۇنداش، بېجىرىش ئىمكانىيىتىنى بىلدۈرىدۇ: ھاجىتىدىن چىقماق. * مەن بۇ تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن. * ئابدۇللا ئۇلارنىڭ ئارزۇ-تەلەپلىرىدىن چىقىدۇ. * سەن ئېيتقان سۆزۈڭنىڭ ئەھدىدىن چىقتىڭمۇ-يوق؟ ㉔ يېشىلمەك؛ بېسىلماق، كۆتۈرۈلمەك: ھاردۇقى چىقماق. سېزىكىتىن چىقماق. خۇمارى چىقماق. دەردى چىقماق. * ئېلىقۇل كۈلۈپ: ــ پىغاندىن چىققۇدەك بىر توي ئويناساق قانداق پەيزى بولاتتى-ھە؟ ــ دەپ ئىشتىك لەيلىگۈلگە قارىدى. ㉕ بىرەر نەرسىدىن ياكى ئىشتىن خۇشى كەتمەك، زېرىكمەك، بىرەر نەرسىگە بولغان قىزىقىشى، ھەۋىسى تۈۋەنلىمەك: قوغۇنچىنىڭ قوغۇنىدىن چىقىپ قېلىشى تەبىئىي. * مەن كۈندە پولۇ يەۋېرىپ، پولۇدىن چىقىپ قالدىم. * بەزى ئاياللار ياشقا چوڭايغانسېرى، تاماق ئېتىشتىن چىقىپ قالىدۇ. ㉖ كۆچمە. پۈتمەك، ئاياغلاشماق: ئۇنىڭ قولىدىن ئاسانلىقچە ئىش چىقمايدۇ. ㉗ تېپىلماق، يەتمەك (ۋاقىت، پۇرسەت ھەققىدە): مېنىڭ كىتاب ئوقۇشقىمۇ، ياخشى دوستلار بىلەن سۆھبەتلىشىشكىمۇ ۋاقتىم چىقىدۇ. * مۇزاكىرىدىن

كېيىن ۋاقتىڭىز چىقامدۇ؟ ㉘ تارالماق، يېيىلماق،
ھەممىگە تونۇلماق: نامى چىقماق. ئېتى چىقماق.
* شۇنىڭدىن كېيىن، ئەسئەتنىڭ داڭقى چىقىپ،
دېھقانلار ھەر كۈنى دېگۈدەك بۇزۇلۇپ قالغان
رادىئولىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىدىغان بولدى. ㉙ بىلىن-
مەك، سېزىلمەك، ئەكس ئەتمەك: ئايۇپ
ئاكا نۇرسىز كۆزلىرىنى قىزىغا بىرپەس تىكىپ تۇردى.
بۇ كۆزلەردە بۇرۇنقىدەك قەھر-غەزەپ ئەمەس، بىر
خىل مۇلايىم، مېھرىبانلىق چىقىپ تۇرىدۇ. * ئۇنىڭ
تەقى-تۇرقىدىن كەمتەرلىك چىقىپ تۇرىدۇ. * بالىنىڭ
گەپ-سۆزلىرىدىن خەنزۇچە ئوقۇغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.
㉚ يايماق، تارالماق (ھىد، پۇراق
ھەققىدە): كۆز قۇياشى يارقىن نۇرلىرىنى چاچاتتى،
ھەممە ياق ئالتۇن تۈسكە كىرگەن. ئورمان ئاستىدىكى
چىمەنلەر، ئۇنىڭ ئارىسىدىكى ھەر خىل گۈللەردىن
گۇپۇلدەپ خۇش پۇراق چىقىپ تۇراتتى. ㉛ ئاجراش-
ماق، ئۈزۈلۈشمەك: ئۇلارنىڭ قىزىمۇ ئەردىن
چىقتى. ㉜ ياتلىق قىلىنماق، نىكاھلانماق،
تەگمەك: — شەھەردە سىزنى ئەرگە چىقارمىش
دېگەن گەپ بار، شۇ راستمۇ؟ — دەپ سورىدىم
ئۇ چوكاندىن. ㉝ بىرەر ئادەم ياكى نەرسە-
نىڭ مەلۇم بىر تەرىپى، ماھىيىتى،
خۇسۇسىيىتى ۋە رولى كۆرۈلمەك: ئۇ بالا
ئوغرى چىقىپ قالدى. * ئۇلارنىڭ ئۆتكەن يىل
سېتىۋالغان قار لەيلىسى ماركىلىق تېلېۋىزورى ياخشى
چىقتى. * بۇ ئىشلار ئەينى ۋاقىتتا ئېسىمگە كەلگەن
بولسا، بۇنىمۇ سىزگە ئېيتىپ بېرەتتىم ياكى ئۆزۈم
يازاتتىم. ئەگەر ئۆزۈم يازغان بولسام، بۇنىڭدىن
ئوبدانراق چىقاتتى. ㉞ بىرەر نەرسىنى
ئىشلەپچىقىرىشقا، ئىشلەشكە، ياساشقا
يەتمەك: بۇ ياغاچتا بىر ئىشىك چىقىدۇ. * ماڭا
بىر مېتىر ئون سانتىمېتىر رەختتە ئىشتان چىقىدۇ. *
بۇ خورۇمدا بالامغا بىر پەلتۇ چىقىپتۇ. * — قازاننىڭ
مىسى بەك بېزەپ بولۇپ كېتىپتۇ، قازان چىقمىغۇدەك،
— دەپتۇ مىسكەرچى. ㉟ ھالىتى، رەڭگى،
شەكلى بىرەر نەرسىنىڭ يۈزىدە قالماق،
بېسىلماق: بارماق ئىزى چىقماق. رەسىمى نىگاتىپتا
چىقماق. ㊱ نەشىر بولماق، بېسىلىپ
تارقالماق: «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىنىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى يېقىندا نەشىردىن چىقتى. *
مېنىڭ ئۆيۈمدە يېڭى چىققان بىر كىتاب بار. ㊲
يوقالماق، تۈگىمەك؛ ئۈنتۈلماق، كۆتۈرۈل-
مەك: داغ چىقماق. ئەستىن چىقماق. خاتىرىدىن
چىقماق. * سارجا كىيىمنىڭ دېغى تەستە چىقىدۇ.
* ئۇ سۆز تا ھازىرغىچە يادىمدىن چىقمايدۇ. ㊳
«-پ، -ىپ، -ۇپ» لار بىلەن
ياسالغان رەۋىشداشلار بىلەن بىرىكىپ،
تۆۋەندىكى تۈس مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ:
1) ھەرىكەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك شەيئى ياكى ھالەت
بىلەن باشتىن-ئاخىر ئالاقىدار بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ:
كۆرگەزمىنى كۆرۈپ چىقتۇق، ناھايىتى ياخشى
ئىكەن. * ئۇنىڭ بالىسى تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ چىقتى.
* ئۇ مېھمانلارنىڭ ھەممىسى بىلەن كۆرۈشۈپ چىقتى.
2) رەۋىشداشتا ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ
ئۈزۈل-كېسىل تاماملانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: مەن بۇ
ماقالىنى ئوقۇپ چىقتىم. * رەيھانگۇل بۇگۈننىڭ
گېزىتىنى كۆرۈپ چىقتى. * ئۇ مۇشۇ ۋەقەلىكنى ئاساس
قىلىپ، بىر رومان يېزىپ چىقتى. * ئامما بۇ قېتىمقى
يىغىنغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى سايلاپ چىقتى. *
بىز تارىخىي ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ چىقتۇق. 3)
رەۋىشداشتا ئىپادىلەنگەن ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ شۇ
ھەرىكەت ئارقىلىق گەۋدىلىنىپ چىقىشىنى ياكى
كۆزگە كۆرۈنۈشىنى بىلدۈرىدۇ: بىرنەچچە يىلدىن
بۇيان ئىدارىمىزدا نۇرغۇن كادىرلار يېتىشىپ چىقتى.
* بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ئەخمەت ئۆزۈپ چىقتى.
* قولۇمنىڭ تاش تەگكەن يېرى دەرھال ئىششىپ
چىقتى. 4) رەۋىشداشتا ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ
تاماملىنىشى، چەككە يېتىشى، نەتىجىگە ئېرىشىشىنى
ئىپادىلەيدۇ: — كىمكى شاھزادىنى بىلىملىك قىلىپ
تەربىيەلەپ چىقسا، مال-دۇنيا ئىنئام قىلىمەن، —

دەپتۇ پادىشاھ. * ئۇ ماخونىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە قاراپ چىقتى، ئاتلارنى بىرمۇبىر ساناپ چىقتى. * ئابدۇراخمان باي ئۇ ئۆيىنىڭ تاملىرىنى لاي بىلەن سۇۋاپ چىقتى. 5) رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىگە بېرىپ تاقىلىشنى ياكى بىر شەيئىنىڭ پۈتۈن دائىرىسىگە تولۇق تاقىلىشنى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرىكەتنىڭ تاماملىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ: ئۇ كىتابىنى ئىزدەپ، ھەممە ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ چىقتى. * ئوقۇغۇچىلار ياتاقلارنى پاكىزە تازىلاپ چىقتى. * ئۇ «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ھەممىسىنى بىر قۇر چېلىپ چىقتى. 6) ئۆزى بىرىككەن رەۋىشداشنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىگە ئاساسەن، شۇ رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش-ھەرىكەت ئارقىلىق بىرنەرسىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى، مەلۇم بىر بۆلىكىنى ئايرىپ چىقىش ياكى كۆپ نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىن بىرنەرسىنى ئايرىپ چىقىش مەنىسىنى ئىپادىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇ ھەرىكەتنىڭ تاماملىنىشىنى بىلدۈرىدۇ: سەن بۇ ئۆرۈكلەرنىڭ ياخشىلىرىنى تاللاپ چىق! * مەن بۇ كىتابلارنىڭ كېرەك بولىدىغانلىرىنى ئايرىپ چىقتىم.

**چىقىرىشماق** «چىقارماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يولۇچىلار بوۋاينىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، قېتىپ كەتكەن نانلىرىنى چىقىرىشتى-دە، بىرلىكتە كەچلىك تاماق يېيىشتى. * قوشۇن چۈشكۈن قىلغان يەرلەردە يىگىتلەر گۈلخان ئەتراپىغا توپلىنىپ، ئويۇن-چاقچاق بىلەن يول ھاردۇقىنى چىقىرىشاتتى.

**چىقىرىلماق** «چىقارماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەشىنىڭ كانىيى پەنجىرىلەر ئارقىلىق ھويلىغا چىقىرىلدى. * ئىككى ئاكامۇ مەكتەپتىن قوغلاپ چىقىرىلدى. * مەۋسۇملۇق ئىمتىھان ئاخىرلىشىپ، خۇلاسە چىقىرىلدى. * ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا، ساراي ئۆينىڭ جەنۇب تەرىپىگە يوتقان-كۆرپە يىغىدىغان مېھراب چىقىرىلىدۇ.

**چىقىرىندى** ئى <تب> تىبابەتچىلىك ئىلمىدە، ئادەم بەدىنىدىن ئاجرىلىپ

چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ يەنى «تەرەت، ئۇسسۇرۇق، تەر ۋە تۈكۈرۈك» قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى: تېبابەتىمىزدە كېسەل تەكشۈرۈش ۋە دىئاگنوز قويۇشتا قاراپ تەكشۈرۈش، سوراپ تەكشۈرۈش، تومۇر تۇتۇش، چىقىرىندىلارنى تەكشۈرۈش قاتارلىق ئەمەلىي ئۇسۇللارغا كۆپ ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. * كېسەل ئادەملەرنىڭ تۈكۈرۈكى ۋە باشقا چىقىرىندىلىرى ئارقىلىق، باشقىلارغا كېسەللىك يۇقىدۇ.

**چىقىش** «چىقماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: چىقىش ئىشىكى. چىقىش نۇقتىسى. چىقىش يولى. چىقىش پۇرسىتى.

**چىقىش پۇرسىتى** ياشاش، راۋاجلىنىش، تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتى، پۇرسىتى: بارلىق مىللەتلەرگە چىقىش پۇرسىتى بېرىلسىلا، ئۇلار باتۇر، كۈچلۈكتۇر.

**چىقىش قىلماق** ① يەتمەك، يېتىشمەك: — ھازىر بۇنى تولەشكە پۈتۈن دۇكىنىمىز بىلەن ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىمىزمۇ چىقىش قىلمايدىغاندەك تۇرىدۇ، — دەپتۇ ئۇ قاتتىق خىيال قىلغان ھالدا. * — ئاتا، ئالتۇن ئەسۋابلارنى سېتىپ، كېمىگە قوشۇڭ، — دەپتۇ بەھزات. ئۇ بەھزاتنىڭ سۆزىگە كىرىپ ھەممە ئەسۋابلارنى ساتقان بولسىمۇ، يەنە چىقىش قىلماپتۇ. ② ئەڭ مۇھىم دەپ ھېسابلىماق، ئاساس قىلماق: تۇل ئاياللارنىڭ قايتا نىكاھلىنىشىغا ئارىلاشقۇچىلارنىڭ بەزىلىرى شەخسىيەتچىلىكنى چىقىش قىلغان بولۇپ، ئايال تەرەپنىڭ قايتا نىكاھلىق بولۇپ، مال-مۈلكىنى ئېلىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىدۇ. ③ پۇل ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ھەر كىم ئىختىيارىي ئوتتۇرىغا قويماق، يىغىش قىلماق: ھەممىمىز ئوخشاش چىقىش قىلغاندۇق، بىردەمنىڭ ئىچىدە خېلى پۇل توپلاندى.

**چىقىش كېلىش** <تل> ئۇيغۇر تىلىدىكى كېلىشلەرنىڭ بىر تۈرى. قوشۇمچىسى

«-دىن، -تىن». چىقىش كېلىش شەكلىدىكى ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر ئاساسەن پېئىل، بەزىدە بىر قىسىم سۈپەت، رەۋىشلەرگە بېقىنىپ، ھالەت بولۇپ كېلىدۇ: ئۆرۈكتىن يېدىم. * ئاتتىن ئېگىز، ئىشتىن پەس.

**چىقىش نۇقتىسى** ① بىرەر يەردىن ئىككىنچى بىر يەرگە باشلىنىدىغان ياكى چىقىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن نۇقتا، يەر: ئۈرۈمچى - پۈتۈن شىنجاڭنىڭ قاتناش ترانسپورتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر چىقىش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. ② كۆچمە. ئەڭ مۇھىم، ئاساسى نۇقتا: مەن بۇ تەقدىرگە قارشىلىق كۆرسىتىمەن، بۇ مېنىڭ بارلىق ئىشىمنىڭ چىقىش نۇقتىسى. * بىز دىئالوگلارنى يازغاندا، چوقۇم ئۆزىمىزنىڭ ھازىرقى شارائىتىمىزنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، قىسقا، ئىخچام، جانلىق، ئېنىق، چىن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز، ساختىلىقتا يول قويماسلىقىمىز لازىم.

**چىقىش نۇقتىسى قىلماق** ئاساس دەپ بىلمەك، ئاساس قىلماق: بۇ مەسىلىدە ھازىرقى ئەھۋالىمىزنى چىقىش نۇقتىسى قىلىمىز. * «ئون ئىككى مۇقام» ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغىنىمىزدا، پاكىتنى ئاساس قىلىشىمىز، ئالدى بىلەن تۇردىئاخۇن ئاكا ساقلاپ قالغان ۋە ھازىر يورۇق دۇنياغا چىققان «ئون ئىككى مۇقام» نى چىقىش نۇقتىسى قىلىشىمىز لازىم.

**چىقىش يولى** ① ياشاش، تۇرمۇش كەچۈرۈش، تىرىكچىلىك قىلىش يولى: تۇل قالغان روزىخان تۇرمۇشتا باشقا چىقىش يولى تاپالماي، ئۆگەنگەن خۇيى بويىچە يەنە ئوغرىلىق قىلغان. * ئۇلارغا كاپىتالىستتا ياللىنىشتىن باشقا چىقىش يولى قالمىغانىدى. * ئۇ سەھرادا چىقىش يولى تاپالماي، يەنە شەھەرگە قايتىپ كىردى. ② بىرەر نەرسە ياكى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ توغرا ھەم ئۈنۈملۈك چارىسى، ئۇسۇلى، ئامالى: مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ ئىشتا ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز چىقىش يولى تاپقىنىمىز تۈزۈك. * يېزا ئىگىلىكىنىڭ چىقىش يولى - ماشىنىلاشتۇرۇشتا، يەنىگە يۈرۈش قىلىدىغان، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرىدىغان، ئېلېكترلەشتۈرىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى. * ئۇ ۋاقىتتا، ئەمەلىيەتتە، ئۇرۇشتىن قۇتۇلۇشنىڭ بۇرژۇئازىيىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن باشقا چىقىش يولى يوق ئىدى.

**چىقىشقاق** سۈپ. كىشىلەر بىلەن ئاسان ۋە تېز چىقىشىپ كېتىدىغان، كىشىنى يات كۆرمەيدىغان: ئۇ ئىنتايىن باتۇر، مۇلايىم ھەم ناھايىتى چىقىشقاق ئادەم ئىكەن. * ئاسىم تېتىك، دېدىل، چىقىشقاق ئىدى. ئوقۇتقۇچىلار بىلە نۇ، ئوقۇغۇچىلار بىلە نۇ سەممىي، ئىناق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتەتتى. شۇڭا ئاز كۈندىلا ئۇلارنىڭ سىرداش مۇئەللىمى، دوستى بولۇپ قالدى.

**چىقىشقاقلىق** «چىقىشقاق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: چىقىشقاقلىق - ئاممىۋى مۇناسىۋەتتىكى مۇھىم بىر خۇسۇسىيەت.

**چىقىشماق** ① «چىقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تەنتەربىيىچىلەر تاغقا چىقىشتى. * بۇ ياشلار بىر-بىرلەپ بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە چىقىشتى. * ئۇ ماڭىدىغان چاغدا، پۈتۈن كارخانىدىكىلەر ئايرىلىشقا قىيالماي كۆز يېشى قىلىپ، ئايرودرومغىچە ئۇزىتىپ چىقىشتى. ② كۆچمە. چىقىش قىلماق، يەتمەك: ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلى چۈشلۈك تاماق يېيىشكىمۇ چىقىشمايدۇ. * مېنىڭ پۇلۇم بىر دانە رەڭلىك تېلېۋىزور سېتىۋېلىشقا چىقىشىدۇ. ③ ئۆزئارا كېلىشمەك، ئەپلەشمەك، ئىتتىپاقلاشماق: تۆردىكى بىلەن چىقىشقۇچە، بوسۇغىدىكى بىلەن چىقىش (ماقال). * بىز ئۇلار بىلەن ئوبدان چىقىشىمىز. * ئۇ سۇيدۇڭگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، يەرلىك كوماندىر-جەڭچىلەر بىلەن چىقىشىپ كەتتى.

**چىقىق** ئى ① ئادەم ئورگانىزمىدىكى بىرەر ئەزانىڭ ئۆز ئورنىدىن ئاجراپ، چىقىپ كېتىشى (تېگىقچىلىقتا) : تىبابەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ سۇنۇقلارنى تېڭىش، چىقىقلارنى ئورنىغا چۈشۈرۈش ، كېچىك جەرراھىيە چارىلىرى بارلىققا كېلىش بىلەن بىللە ، بەزىبىر جىددىي كېسەللەردىن، يىلان-چايان چاققانلاردىن قان ئېلىش قاتارلىقلارمۇ بارلىققا كەلگەن. ② سىبىرىق ئەتنىڭ يېرىلىپ كەتكەن قىسمى، سىبىرىق ئەت يېرىقى؛ گىرىژ: ئۇنىڭ يېنىدا يۈزى ساماندەك سارغايغان، كىيىملىرى جۇل-جۇل، چىقىق كېسىلگە گىرىپتار بولۇپ قالغان، بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالا ئولتۇراتتى.

**چىقىم** ئى ① <مال> سەرپ قىلىنغان ياكى سەرپ قىلىنىدىغان مەبلەغ؛ خىراجەت: مەمۇرىي چىقىم. كىرىم ۋە چىقىم. چىقىم قىلماق. * ئادىل ياسىغان ماتور سىناش جازىسى ئۇچۇن سەرىپ قىلىنغان چىقىمنىڭ تىزىملىكى ساختا، ئىشلىتىلمىگەن نۇرغۇن نەرسىلەر قوشۇلۇپ قېلىپتۇ. ② كۆچمە. زىيان-زەخمەت؛ ئۆلۈم، قۇربان (ئۇرۇش، جەڭدە) : چىقىمغا ئۇچرىماق. چىقىم تارتماق. * ئۇلار باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى، ئەمما چىقىم كۆپىيىشكە باشلىدى.

**چىقىم بولماق** ① سەرپ قىلىنماق، ئىشلىتىلمەك، خىراجەت بولماق: مۇشۇ ئۈچ ئېغىز ئۆي ئۇچۇن، 10 مىڭ يۈەنگە يېقىن چىقىم بولدى. ② زىيانغا ئۇچرىماق، زىيان بولماق، چىقىم تارتماق: ئىدارىمىزدا بىر ماشىنا چىقىم بولدى. * بىكاردىن-بىكارغا 15ـ16 تۈمەن ئوقيا ئوقى چىقىم بولغىنى ئۇچۇن، ئۇ ئىنتايىن بىزار بولدى. ③ كۆچمە. هالاك بولماق، يوقالماق، ئۆلمەك: چۈشتىن كېيىن باشلانغان جەڭ تا كەچ كىرگۈچە داۋام قىلدى. بىز تەرەپتىن ئۈچ جەڭچى يارىلاندى ۋە بىرنەچچە ئات چىقىم بولدى.

**چىقىم تارتماق** ① چىقىمغا ئۇچرىماق، زىيان تارتماق: ئىككى يىل ئاۋۋال، بۇ خامۇش بەگنىڭ توينى قىلمەن دەپ كۆپ چىقىم تارتقانلىقىمنى ئۇبدان بىلدىلا، بۇ ماڭىقا بوشاڭلىق قىلىپ، ئۇ قىزنى قاچۇرۇپ قويدى. * ــ ئۇكا، سەندىن كىرا ئالمساقمۇ بولاتتى. ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، يولدا پالاكەت بېسىپ، ئابلىز نۇرغۇن چىقىم تارتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئاز-تولا كىرا بەرمىسەڭمۇ بولماس، ــ دېدى ئۇ. ② قۇربان بەرمەك: ئەگەر ۋاقتىلىق چېكىنمىسە، بۇ قېتىملىق جەڭدە كۆپرەك چىقىم تارتىپ قالىدىغانلىقىنى هېس قىلىپ، چېكىنىشكە بۇيرۇق بەردى.

**چىقىمغا ئۇچرىماق** ← **چىقىم تارتماق:** بىز يەنە نەچچە كۈندىكىدەك بىر ياقتىن سوقۇشۇپ، بىر ياقتىن چېكىنىدىغان بولساق، كۆپ چىقىمغا ئۇچراپ كېتەتتۇق.

**چىقىم قىلماق** ① <مال> مالىيە دەپتىرىدە چىقىم هېسابىغا ئۆتكۈزمەك، سەرپ قىلماق، ئىشلەتمەك، خەجلىمەك: بۇ يىل ئىدارىمىزنىڭ ئىقتىسادىدا قالايمىقان چىقىم قىلىنمىدى. * كوللېكتىپ مەنپەئەتىگە پايدىسىز ئىشلار ئۇچۇن هەرگىز چىقىم قىلىنماسلىق كېرەك. ② هالاك قىلماق، يوقاتماق، ئۆلتۈرمەك: ئۇلار دۈشمەننىڭ ئون نەچچە ئادىمىنى چىقىم قىلغاندىن كېيىن، ئارقىغا چېكىنىپ قايتىدىن سەپ تۈزدى ۋە تۇيۇلۇشتىن هۇجۇم قىلدى.

**چىقىمدار** سۈپ. چىقىمى تولا؛ كۆپ چىقىم تارتقان: چىقىمدار ئادەم. چىقىمدار بولماق.

**چىقىمدار بولماق** ① كۆپ چىقىم قىلماق، چىقىمى كۆپىيىپ كەتمەك: دىلشاتنىڭ توي قىلىشىنىڭ ئىككى قېتىمغا ياقماسلىقىنىڭ سەۋەبى، دىلشات توي قىلىدىغان بولسا، ئۇلار چىقىمدار بولۇپ كېتىشىدىن قورقاتتى. * ــ بۇ ئۇسكىنىنى ياساشنى سىرتقا بەرسەك، چىقىمدار بولۇپ كېتىمىز، ــ دېدى ساۋۇت چاڭجاڭ كۆپچىلىككە. ② كۆچمە. كۆپ زىيان تارتماق: ئۇ يەردە بىز چوڭ ئۇرۇش قىلدۇق. كۆچادىكى ئالاهىدە هەرىكەت باتالىيونى

ئادەم ۋە قورال-ياراغ جەھەتتىن نۇرغۇن چىقىمدار بولدى. * ـ قېرىنداشلار، بۇ شېھىتلارنىڭ ئىسسىق قانلىرى ھەممىمىزنىڭ ئۇيقۇسىنى ئاچتى. بىزنى غەپلەت ئۇيقۇسى باسمىغان بولسا، مۇنچىلىك چىقىمدار بولمايتتۇق، ـ دەپ سۆزلىدى تۆمۈر خەلپە قوزغىلاڭچى يىگىتلەرگە.

**چىقىمدار قىلماق** ① نۇرغۇن پۇل سەرپ قىلدۇرماق: ـ بالام، سەن مېنى جىق چىقىمدار قىلىۋەتتىڭ، ـ دېدى دادىسى ھەسرەت بىلەن. ② زىيان سالماق، زىيانغا ئۇچراتماق: قوزغىلاڭچىلار قاتتىق جەڭ قىلىپ دۈشمەن تەرەپنى كۆپ چىقىمدار قىلدى. * ـ سىلەر ئوغرىلارنى بولسا يوقىتالمىدىڭلار، بەلكى ئۇلار كۈچىيىپ كەتتى. پىلانسىز ئۇرۇش قىلىپ، مېنى پاراكەندە قىلغانلىقىڭ ئۈستىگە كۆپ چىقىمدار قىلدىڭلار، ـ دەپ سۆزلەپلا كەتتى ئۇ قول ئاستىدىكى شېرىكلىرىگە قاتتىق كايىپ.

**چىقىمسىز** ① سۈپ. چىقىمى يوق، ھېچقانداق چىقىم تەلەپ قىلمايدىغان ياكى قىلىنمايدىغان؛ خورىمايدىغان: چىقىمسىز ئىش. چىقىمسىز سۇ مىقدارى. چىقىمسىز ئۇقەت. ② رەۋ. زىيانسىز، زىيان تارتماي: ئۇرۇش دېگەن چىقىمسىز بولمايدۇ. * ئۇلار ئەمدى قوغانغا كېلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە روتىسىنى چىقىمسىز ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇدۇللاپ ئاقسۇغا قېچىشى مۇمكىن.

**چىقىمسىز سۇ مىقدارى** <سۇ> ئېقىش جەريانىدا خورايدىغىنى خوراپ، ئىشلىتىلىدىغان جايغا نەق يېتىپ بارغان سۇ مىقدارى.

**چىقىنماق** پ. چىقىش قىلماق، يېتىشتۇرمەك، چىقارماق: دادام بىرھازا خىيال سۈرگەندىن كېيىن: ـ ئۇنى نەدىن ئالىمىز، ئۇ بولغاندىمۇ پۇلغا چىقىنالامدۇق، ـ دېدى ئىككىلىنىپ. * بىز ئۇننى بازاردىن ئالايلى دېسەك، بىر خالتىسىنى 50 كويدىن تۆتقۇزمايدىكەن، چىقىنىپ بولالمىدۇق. * بۇ تۈگمەس خەزىنىنى كىمنىڭمۇ ئىلكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن. شەخسىيغۇ باھاسىغا چىقىنالماسلىقى تۇرغان گەپ، ھۆكۈمەت ئورنىنىڭ ئېلىشىدا شەك يوق.

**چىك** تەق ① سائەت ستېرېلكىسىنىڭ مېڭىشى ياكى ئەينەك قاتارلىقلارنىڭ سۇنۇشى ۋە دەز كېتىشىدىن پەيدا بولغان ئاۋاز: بۇ ئۆيدە تام سائىتىنىڭ «چىك-چىك» قىلغان ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق تىۋىش يوق ئىدى. * بەك قىزىپ كەتكەن بۇ لامپىنىڭ شىشىسى بەرداشلىق بېرەلمەي، «چىك» قىلىپ دەز كەتتى. ② ئادەمنىڭ تامىقىنى چەككەندە ھاسىل بولىدىغان ئۈزۈك ئاۋاز: ئۇ خۇددى دەردى بار كىشىدەك، ئولتۇرغانىلا يېرىدە تۇرۇپ-تۇرۇپ «چىك، چىك» قىلىپ تامىقىنى چېكىپ قوياتتى. ③ چۈجىلەر يەم ئىزدەپ سايرىغان چاغدا چىقىرىدىغان بىر خىل ئاۋاز: چۈجىلەر باغچىدا چىك، چىك قىلىپ دانلاۋاتىدۇ.

**چىكانىكىلىماق** پ. دىئال. كېۋەزنىڭ ئۇچىنى ئۈزمەك.

**چىك-چاك** تام ۋە ئۈستەل سائەتلىرىنىڭ ھەرىكەتلىنىشىدىن چىققان ئاۋاز: مەن قالغان 17 دەپتەرگە باھا يېزىپ چىقىش ئۈچۈن ئولتۇردۇم. شىر-شىر قىلغان قەلەم ئاۋازى بىلەن چىك-چاك، چىك-چاك قىلغان سائەت ئاۋازىدىن باشقا ئاۋاز يوق ئىدى.

**چىك-چىك** «چىك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۈستەل سائىتىنىڭ بىرخىل رىتىمدا «چىك-چىك، چىك-چىك» قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇردى. * زۇلخۇمار ئادەتتە ئىشقا بۇيرۇسا «چىك-چىك» قىلىپ تامىقىنى چېكىپ تۇرۇۋالىدىغان ئىنىسىنىڭ ھەرىكىتىدىن ئاللىقانداق بىر سىرنى بايقىدى. * تۇخۇمدىن چىققىلى ئەمدىلا بىر ھەپتە بولغان چۈجىلەر «چىك-چىك» قىلىپ دانلاۋاتىدۇ.

**چىككە** ئى. ئوشۇقنىڭ دۈمبە تەرىپىگە

قارشى بولغان ئويمان، كىندىك تەرىپى، يەنى «پوككا» نىڭ ئەكسى: قىمارۋازمۇ تۆت ئوشۇقنى دەتتىكام دەپ ئاتىدۇ، يا چىككە، يا پوككا چۈشىدۇ، بىزنىڭ بۇ تاۋكايىمىز ئوشۇقنى ئېتىش بىلەنلا يىغىشتۇرۇلۇپ كەتتى.

**چىككىدە** رەۋ. «چىك» قىلىپ ئاۋاز چىقارغان هالدا، «چىك» قىلىپ: لامپىنىڭ شىشىسى چىككىدە قىلىپ يېرىلىپ كەتتى.

**چىكىلداتماق** «چىكىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايخان ئۇستەل سائىتىنى بۇراپ چىكىلداتتى. * ئايالنىڭ كۆزى ياتاقدىشىنىڭ كارىۋىتىغا ۋە پولدىكى بەلغەملەرگە چۈشتى-دە، ئەلەم بىلەن ئۇھ تارتىپ، تامىقىنى چىكىلدىتىپ قويدى.

**چىكىلداشماق** «چىكىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: پۈتۈن دۇكاننىڭ ئىچىدىكى جىمجىتلىقنى پەقەت پۈكەيدىكى هەر خىل سائەتلەرنىڭ چىكىلدىشىپ چىققان ئاۋازىلا بۇزماقتا ئىدى. * هويلىدىكى چۈجىلەر ئانىسىنىڭ كەينىدە چىكىلدىشىپ يۈرەتتى.

**چىكىلداق** ئى. سەييارە مال ساتقۇچىلارنىڭ خېرىدار چاقىرىش ئۈچۈن چالىدىغان ۋە «چىك-چىك» قىلىپ ئاۋاز چىقىرىدىغان بىر خىل ئەسۋابى: ئۇ بىر قولىدا توكۇراچنى، يەنە بىر قولىدا چىكىلداقنى چېلىپ، توكۇراچنىڭ «ئەل ئامان» دېگەن ناخشىسىنى ئېيتىپ كەتتى.

**چىكىلدىماق** پ «چىك-چىك» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «چىك-چىك» قىلماق: ياتاقنىڭ ئىچى يوپيورۇق ۋە تىنچ. زالدىكى سائەتنىڭ چىكىلدىغان ئاۋازىلا تىنچلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. * مەريەم بۇ سۆزنى ئاران دېيەلىدى. كېرىم مەريەمنىڭ ئېسەدەۋاتقانلىقنى تامىقى چىكىلدىغىنىدىن بىلدى-دە، دەرهال ئۆزىگە تارتتى. قىزمۇ تارتىشماي يىگىتنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويدى. * چۈجىلەر توپىدىن ئايرىلىپ، كەينىدە قالغان بىر دانە چۈجە ئېرىنچەكلىك بىلەن بىر ئۇ يانغا-بىر بۇ يانغا قاراپ، دان ئىزدەپ چىكىلدايتتى.

**چىگە** ئى. كەندىر ۋە كېۋەز شادىسى قاتارلىقلارنىڭ پوستى، قوۋزىقى: چىگە رەخت. چىگە شوينا. * ئارسلان قارا ساقاللىق، بېلىگە چىگە ئارغامچا باغلىۋالغان، گەۋدىلىك بىر كىشىنىڭ ئىككى باسمىچى بىلەن ئېلىشىۋاتقانلىقنى كۆردى.

**چىگدۈرمەك** ؛ «چىگمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئانا بالىسىغا ئايىغىنىڭ بوغقۇچىنى چىگدۈردى.

**چىگدۈرۈشمەك** «چىگدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىگدۈرۈلمەك** «چىگدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**چىگرىن** ئى. ئالاهىدە پىششقلاپ ئىشلەنگەن، ئىنتايىن چىداملىق بىر خىل خۇرۇم: ئۇنىڭغا هەربىي يوپكا بىلەن پىلاتى ۋە قىسقا قونچلۇق قىزىل چىگرىن ئۆتۈك، بولۇپمۇ چېكىسىگە سەل سىڭايان قوندۇرۇپ قويغان يۇلتۇزلۇق ئىسپانكىسى شۇ قەدەر ياراشقان ئىدىكى، كۆرگۈچىلەرنىڭ جانلىرى سۆيۈنمەكتە ئىدى.

**چىگمەك** پ ① بىر نەرسىنىڭ ئۇچىنى يەنە بىر نەرسىگە تۈگۈن سېلىپ ئۇلىماق، باغلىماق: ئۇ يانچۇقىدىن پىششىق يىپ چىقىرىپ، ئىشىك ئىلغۇچىنىڭ موتىكىگە چىڭ چىگدى. * ئابدۇللا ئاكا كىتاب جازىسى يېنىدا ئولتۇرغان قۇددۇسقا قاراپ دېدى: ــ بۇ يىپنى سىز چىگكەنمۇ؟ ② گىرە قىلىپ سالماق، تاقىماق: لەيلىگۈل زۇمرەتنى باغرىغا بېسىپ، پېشانىسىدىن سۆيدى ۋە ئۇنىڭغا ئاتاپ ئېلىپ كەلگەن هاۋا رەڭ گاز ياغلىقنى بوينىغا چىگىپ قويدى. * ئۇ هازىرمۇ چىكە چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ، زەر باسقان سېرىق هېلىلە ياغلىقنى چىگىۋالغاندى. ③ بىرەر نەرسىنى ياغلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر ئىچىگە ئوراپ، يۆگەپ تاڭماق: ئۇ توپلىسىنىڭ تۇمشۇقىنى

يىڭى بىلەن يەنە بىر قاتار سۈركەپ، قارىگۈل تېگىپ كەتكەن كىر ياغلىقنى چىگدى. * ئەتىسى ئەپەندىم بىر ياغلىققا تۆت-بەش تاشنى چىگىپ، قازىخانىغا بېرىپتۇ.

**چىگۈك** ئى [خەن] <تەن> مەملىكىتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس بىر خىل بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۇسۇلى. ئاساسى جەھەتتىن ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. بىرىدە جىم تۇرۇش، جىم ئولتۇرۇش ياكى جىم يېتىش ئارقىلىق، دىققەتنى يىغىپ، ئالاھىدە ئۇسۇل بىلەن نەپەس ئېلىش ئارقىلىق بەدەننىڭ ئايلى-نىش، ھەزىم قىلىش سىستېمىلىرىنىڭ خىزمىتى ئاشۇرۇلىدۇ؛ يەنە بىرىدە ئەۋرىشىم تەنھەرىكەت گىمناستىكىسى، ئەملەش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن دائىم بەدەن چېنىقتۇرۇپ تۇرۇش ئارقىلىق، بەدەننىڭ ساغلاملىق دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

**چىگىت** ئى. پاختا ئۇرۇقى: چىگىت يېغى. چىگىت ئايرىش ماشىنىسى. * بۇ زاۋۇتتا ئۆتكەن يىلى پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش كېڭىيىپ كېتىپ، ئۇرۇقلۇق چىگىتنىڭ سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكتىن، دېھقانلارنىڭ ئۇرۇقلۇق چىگىتكە بولغان ئېھتىياجى تولۇق قاندۇرۇلماي، كېيىنكى تېرىلغۇسىغا تەسىر يەتكەنىدى.

**چىگىت ئايرىش ماشىنىسى** <دېھ> كېۋەز-نىڭ چىگىتى بىلەن پاختىسىنى ئايرىشتا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا. ئۈستىدە چىشلىق تۈلۈكى بولىدۇ، تۈلۈك ئايلانغاندا، چىگىت بىلەن پاختا ئايرىلىپ چىقىدۇ.

**چىگىت چاقماق** بىرەر ئىش بېجىرىلىش جەريانىدا توسالغۇغا، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىماق، مەسىلە كۆرۈلمەك: مېنىڭ بۇ ئىشىم چىگىت چېقىپ قالدى.

**چىگىتسىز** سۈپ. چىگىتى يوق، چىگىتى ئايرىۋېلىنغان: چىگىتسىز پاختا.

**چىگىتسىز پاختا** چىگىتى ئايرىۋېلىنغان پاختا.

**چىگىتلىك** سۈپ. چىگىتى بار؛ چىگىتى ئايرىلىۋېلىنمىغان: چىگىتلىك پاختا.

**چىگىتلىك پاختا** چىگىتى بار، چىگىتى ئايرىلمىغان پاختا: زاۋۇت ئاشۇ ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ، بۇ يىل ئۇرۇقلۇق قىلىنىدىغان چىگىتلىك پاختىنى ئايرىم سېتىۋېلىپ، ئايرىم دۆۋىلەپ، ھەر خىل سورتلارنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

**چىگىرتەك** (توغرىسى: جىگىردەك) ← جىگىردەك.

**چىگىش** ① «چىگمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: ئۇ بالا مەكتەپ يېشىغا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ھەتتا ئاياغ بوغقۇچلىرىنى چىگىشنىمۇ بىلمەيتتى. ② ئى. يىپ، بوغقۇچ، چاچ، ئارغامچا قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ چىگىلگەن جايى: يىپنىڭ چىگىشىنى يەشمەك. بوغقۇچنىڭ چىگىش يېرى. * ئۇ ئايال ئەتىگەن تۇرۇپ، چاچلىرىنى چۇۋۇدى. چاچلىرىنىڭ ئارىسىدىكى چىگىشلىرىنى دىققەت بىلەن تاراپ، ئېرىنىڭ يېنىغا ئولتۇردى. ③ سۈپ. ئىرماش-چىرماش بولۇپ قالغان، چىگىش كىرگەن، چىرماشقان: چىگىش چاچ. * ئۇنىڭ شۇ يوسۇندىكى مۇلاھىزە ۋە پىكىرلىرى چىگىش يىپنىڭ ئۇچىنى تېپىپ بەرگەندەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ماختاش ۋە ئالقىشلىرىغا ئىگە بولدى. ④ سۈپ. كۆچمە. قىيىن، تەس، مۇشكۇل، مۇرەككەپ: تاشۋاينىڭ دەردى ھەر ئىككىيلەن ئۈچۈن، ئىنتايىن چىگىش بىر مەسىلە بولۇپ تۇيۇلدى. * چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا كۆزۈمگە زادىلا ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇ يان ئۆرۈلۈپ، بۇ يان ئۆرۈلۈپ، كاللامدا بىر چىگىش سوئال تۇغۇلدى. * سادىق تاش داۋاندىن چۈشۈپ، تاغ باغرى بويلاپ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر چىگىش ھېسابنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن بولۇپ كەتتى.

**چىگىش كىرمەك** چىگىش ھالەتكە كەل-

مەك، چىگىش بولۇپ كەتمەك؛ چىگىشلەشمەك: بايىنىڭ چىگىش كىرىپ كەتكەن خىياللىرى خۇددى يۆگۈمەچتەك، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى ئوراپ ئالغانىدى.

**چىگىشتۈرمەك** «چىگىشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چىگىشلەشتۈرمەك** «چىگىشلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ خىيال يوللىرىنى چىگىشلەشتۈرۈپ، پۆپۈكلۈك ئۈزۈن كۆلا كىيگەن يوچۇن ئادەم كۆز ئالدىدا قادىلىپ تۇرۇۋالاتتى.

**چىگىشلەشتۈرۈلمەك** «چىگىشلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەسىلە چىگىشلەشتۈرۈلدى.

**چىگىشلەشمەك** پ ① چىگىش ھالەتكە كەلمەك، چىگىش بولماق، چىگىش كىرمەك، ئىرماش-چىرماش بولۇپ كەتمەك: ئۇنىڭ چىگىشلىشىپ، كىگىزدەك بولۇپ كەتكەن قاپقارا چېچى دولىسىغا چۈشۈپ تۇراتتى. ② قىيىنلاشماق، مۇرەككەپلەشمەك، قالايمىقانلاشماق: مەسىلە چىگىشلەشمەك. * ئىسھاق مىڭىسىدە چىگىشلىشىپ كەتكەن بۇ مەسىلىنى يېشەلمەي قىينىلاتتى. * ئۇ مەسىلىنىڭ بەزىلىرى ئايدىڭلاشتى، بەزىلىرى چىگىشلەشتى.

**چىگىشلەنمەك** پ. چىگىش بولۇپ قالماق، چىگىشلەشمەك: مەن ئۇنىڭ بېشىغا نوختىنى سالدىم. چىگىشلىنىپ، ئۇنى تولىمۇ كۆرۈمسىز كۆرسىتىپ تۇرغان يايلىنى قولۇم بىلەن تارىدىم. * ئەپەندىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش بىلەن، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا چىگىشلىنىپ تۇرغان بەزىبىر مەسىلىلەر يېشىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئەنۋەردە ئەپەندىمگە نىسبەتەن چىن كۆڭلىدىن رازىمەنلىك تۇيغۇلىرى قوزغىلىپ بارماقتا ئىدى. * ئۇ گاھى كۆككە تىكىلىپ، بۇلۇتلۇق ئاسماندىن سىزىپ نۇر تۆكۈپ تۇرغان قۇياشقا قارايتتى. ئەمما قۇياشمۇ ئۇنىڭ قەلبىدىكى چىگىشلىنىپ كەتكەن تۈرلۈك سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلمەيتتى.

**چىگىشلىك** «چىگىش» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: روماندىكى پېرسوناژنىڭ ئىچكى چىگىشلىكىنى تەشكىل قىلغان ھايات كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

**چىگىشمەك** «چىگمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىگىك** ① ئى. چىگىلگەن جاي، تۈگۈن: چىگىكنى يەشمەك. ئارغامچىنىڭ چىگىكى. * جىنايەتچى بىزگە ئۆلۈكتىن باشقا ئىز قالدۇرمىغانلىقا قارىغاندا، بۇ ئەنزە سىم تورنىڭ چىگىكىدىنمۇ مۇرەككەپ. ② سۈپ. چىگىپ قويۇلغان، چىگىلگەن، چىگىكلىك: چىگىك يىپ. چىگىك تانا. * ئايرىلمايدۇ قولياغلىقىم چىگىك بىلەكتە، ئۇنى كۆرسەم يالقۇنلايدۇ ئوتتۇڭ يۈرەكتە. مېھرىڭ بىلەن كەشتىلەپسەن چۆرىسىگە گۈل، كېپىنەكنى ئويىنتىپسەن گۈلدە ـ چېچەكتە.
③ ئى. تۈگۈچ، تۈگۈنچەك.

**چىگىكلىك** سۈپ. چىگىپ قويۇلغان، چىگىلگەن، چىگىك: بېشىغا ياغلىق چىگىكلىك. * ئۇنىڭ بېشىدىكى تاجى بويىندىن چىگىكلىك ئىكەن. * قىر-قىر قىلغان سالىمىم، سىلەرگىلا تېگىشلىك. يۈرىكىمنىڭ رىشتىسى، مۇشۇ ئەلگە چىگىكلىك.

**چىگىل** ئى <ئىرق> قارلۇقلارغا تەۋە ئۈچ تۈرك قەبىلىسىنىڭ نامى. ئۇلارنىڭ بىرى بارسغاننىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى قىياش شەھىرىدە ياشىغۇچى كۆچمەنلەر، ئىككىنچىسى تالاس شەھىرى ئەتراپىدىكى خەلقلەر، ئۈچىنچىسى قەشقەرنىڭ يېزا-قىشلاقلىرىدىكى تۈرك قەبىلىلىرى. مەھمۇت قەشقىرى «دىۋان» دا، بۇلارنى بىر يەردىن تارقالغان چىگىل قەبىلىسى دەپ كۆرسىتىدۇ.

**چىگىلمەك** «چىگمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ساۋۇت ئاكا يېنىدىن ياغلىققا چىگىلگەن ئۆي نېنىنى چىقاردى ۋە ئۇنى تۆت پارچە قىلىپ

ئۇشتۇپ، پەتنۇسقا قويدى. * گۈلسۈمنىڭ گېپى رابىخان ئاچىنىڭ غەزىپىنى چىڭىلىگەن دىلىنى يەشتى. * كۆتۈرگەندە سومكىنى، قاتتىق-قۇرۇق بىلىندى. تارتىش ئۈچۈن يۇقىرىغا، ئارغامچىغا چىڭىلدى.

**چىڭىلىشمەك** «چىڭىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چىڭىندان** ئى. ئالتۇن بىلەن بىللە ياتىدىغان، ئالتۇن رەڭگىدىكى، كىچىكى قوناقتەك، چوڭى سەرەڭگە قېپىدەك كېلىدىغان بىر خىل پارقىراق تاش.

**چىڭ** I ① سۈپ. مۇستەھكەم، چىداملىق، پۇختا، پىششىق: چىڭ رەخت. * بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرقانچە پارچە قېنىق كۆل رەڭ تېرە ئادەتتىن تاشقىرى قېلىن ۋە چىڭ بولۇپ، ئەسلىدە كەركىدان تېرىسى ئىكەن. ② سۈپ. ئىچى مەلۇم بىر نەرسە بىلەن لىق تولدۇرۇلغان؛ بوش-كاۋاك ئەمەس، لىق: ھارۋا چاقىنىڭ يېلى چىڭ. // ھەرقانداق چاغدا، قورساقنى چىڭ تويغۇزۇپلا جىددىي ھەرىكەتلەرنى قىلىش ياخشى ئەمەس. ③ رەۋ. كۈچ بىلەن، مەھكەم، قاتتىق، بوشاشتۇرۇپ قويماي: ئۇ خۇددى يىقىلىپ چۈشىدىغاندەكلا، ئالدىدىكى تۈمۈرنى چىڭ تۇتۇۋالدى. * باتۇر كامالنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قولىدىن چىڭ تۇتۇۋالدى. * يېقىنقى يىللاردىن بېرى، بۇ زاۋۇت پارتكومى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتتى. ④ سۈپ. يۇقىرى، قاتتىق، ئۈنلۈك (ئاۋاز ھەققىدە): ئۇنىڭ ئاۋازى چىرىاق ئىدى، لېكىن يېقىمسىز ئاڭلاندى، ھەتتا سەل ئاچچىقلىنىش بەلگىسىمۇ بار ئىدى. // ئاتمۇ ئاتتى، كۈن چىقتى، قول كانىيىدىن ئۈن چىقتى. كانايچىنىڭ ئاۋازى، كۈندىكىدىن چىڭ چىقتى. ⑤ سۈپ. يارامىلىق، قولىدىن ئىش كېلىدىغان: – ھەممىدىن چىڭ چىققىنى ئەنۋەر ئەپەندى بولدى، ئۇ گايىت، كېۋىرلارنى كەينىگە سېلىپ، شۇنچە ئىشلارنى تەۋرەتتى، ئوقۇغان ئادەم دېگەن باشقا-دە، – دېدى رەخمىتۇللا بوۋاي. ⑥ سۈپ. قاتتىق، جىددىي: بوۋاي يۈگۈرۈپ چىقسا، ئىش باشقىچە. شۇ يەردىن بوۋاي توقماقنا چىرىاق بۇيرۇق بېرىپتۇ. * ساھىپ كۆپچىلىكنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلماستىن: – بەكمۇ سائادەتمەن بالا بولدى، كۆرسىلە، ئۆيدىمۇ مۇشۇنداق شوخلۇق قىلىدۇ، قارىي مەخسۇمغا چىرىاق گەپ قىلماق، دىل ئازار بولۇپ قالارمىكىن دەيمىز، – دەپ دىمىغىدا كۈلۈپ قويۇپتۇ. ⑦ رەۋ. ئۆز ئىشىغا پۇختا؛ باشقىلارغا نەپ بەرمەيدىغان، بېخىل؛ پىششىق: ئۇنىڭ مۇنچىۋالا چىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى تېخى بىلمەيتىمەن. ⑧ سۈپ. دەل، تازا، قاق؛ چىڭقى: مەن بۇ يەرگە ئاش ۋاقتى بىلەن كەلگەن ئادەم تا چىڭ چۈشكىچە ئۇلارنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇردۇم. * ئۇلار گۈلزارلىقنىڭ چىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ، ئورەك كولاپ، گۈلنى تىكىدۇ. گۈلدىن شۇ ھامان نۇرلار چاقنايدۇ. * قاغىلار دەرەخلەرنىڭ چىڭ ئۇچىغا قوندى. ⑨ سۈپ. ھالقىلىق، مۇھىم؛ يامان: چىڭ يېرىگە چىقماق. * – ئىش چىڭ يېرىگە بېرىپ تاقىلىپ قالدى، ئەمدى بۇيرۇق قىلسىلا تەقسىر، مەن بېرىپ كۆرەي، – دېدى ئۇ.

**چىڭ تۇتماق** ① مەھكەم، كۈچ بىلەن تۇتماق: كەتمەننى چىڭ تۇتماق. ② چىڭ كونترول قىلماق، قاتتىق باشقۇرماق: ئۇ بىردەم ھاياجانلانسا، بىردەم ئىشەنچ ئىلكىدە كۈلۈمسىرەيتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ھە دېسىلا ئايشەم كېلەتتى. بىراق، ئۇنىڭ دادىسى شۇ كۈندىن كېيىن، ئايشەمنى ۋاقىت-سائىتى بىلەن چىڭ تۇتىدىغان بولۇۋالدى. * يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان، بۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇشىنى چىڭ تۇتتى. * بىز بۇ يىل ئىدارىمىزنىڭ خىزمەتلىرىنى چىڭ تۇتتۇق. ③ قولدىن بەرمەسلىك، تولۇق پايدىلانماق: نىجات ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، يەنە ئىشقا كىرىشتى. * يۈسۈپ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، دەرھال جالالىدىننىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، قارىمۇچ سېپىلگەن شورپا ئېلىپ كەلدى.

**چىلك تۇرماق** تەۋرەنمەي، ئىككىلەنمەي، مەھكەم تۇرماق: ئۇ بىر قىسىم ئادەملەر ئېھتىيات تۇما قۇرۇلمىسىنى داۋاملىق ئىشلەپ پۈتتۈرۈش كېرەك دېگەن پىكىردە چىلك تۇردى. * ئۇلار كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈشتە، چوقۇم «ئەخلاقلىق ۋە قابىلىيەتلىك بولۇش» ئۆلچىمىدە ئومۇمىيۈزلۈك چىلك تۇردى. * ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋەتەننى، كومپارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيۈپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىلك تۇردى.

**چىلك چۇش** ← **چىڭقى چۇش**: ئۇلار چىلك چۇش ۋاقتى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىگە يېتىپ كەلدى.

**چىڭغا چىقماق** جىددىي مەسىلىگە ئايلانماق؛ مۇھىم يېرىگە تاقالماق: بۇ گەپ ئويۇندىن چىڭغا چىقىپ، بايلار ئىككى كۈن ئىچىدىلا بىر ئۆينى جابدۇشتى-دە، ئۇنى ھاپىز يىگىتنىڭ تۇل ئولتۇرغان سىڭلىسى قەمەرنساخانغا نىكاھلاندۇرۇپ قويدى. * مېنىڭ تەلپىم ئويۇندىن چىڭغا چىقتى.

**چىلك يەرگە بېرىپ تاقالماق** ← **چىڭغا چىقماق**: - ئۇ راست گەپ قىلدى، لېكىن ئۇنىڭ گېپى ئابلىز شۇجىغىلا ئەمەس، خېلى چىلك يەرگە بېرىپ تاقىلىدىغان گەپ، چۈشەندىڭمۇ؟ - دېدى پولات.

**چىلك يېرىگە چىقماق** ← **چىڭغا چىقماق**: بۇ ئىش چىلك يېرىگە چىقىپ، قايتىدىن تەكشۈرۈلسە، سەن چىلك تۇرالامسەن؟

**چىلك** II ئى [خەن] ← **چىلك سۇلالىسى**.

**چىلك سۇلالىسى** <تارىخ> جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن مانجۇ خاندانلىقى. ئۇنى جۇرجىنلار ئىچىدىن چىققان ئاقسۆڭەك نۇرخاچ قۇرغان. بۇ سۇلالە 1616-يىلىدىن 1912-يىلىغىچە داۋاملاشقان. دەسلەپكى ئىسمى «ئاخىرقى جىن» بولۇپ، 1636-يىلىغا كەلگەندە، «چىلك» غا ئۆزگەرگەن. 1644-يىلى شەنخەيگۇەن ئىچىگە كىرىپ، بېيجىڭنى پايتەخت قىلغان ۋە جۇڭگونى پەيدىنپەي بىرلىككە كەلتۈرگەن. 1912يىلىغا كەلگەندە، بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلغان شىنخەي ئىنقىلابى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان.

**چىڭتىيەن** ئى [خەن] ← **چىڭتىيەن تېشى**.

**چىڭتىيەن تېشى** <گېئول> پىروفىللىتنى ئاساسىي تەركىب قىلغان بىر خىل تاش ماتېرىيال. جېجياڭنىڭ چىڭتىيەن دېگەن يېرىدىن چىقىدۇ. تامغا ئويۇشتا بىرىنچى دەرىجىلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

**چىلك-چىلك** خېلى چىلك، مەزمۇت، كۈچلۈك: ئۇ گۈندىپاينىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ، چىلك-چىلك قەدەم تاشلاپ، كارىدورنى بويلاپ مېڭىپ كەتتى ۋە بىنانىڭ پەلەمپىيىگە چىقتى. * ئايال تۇيۇقسىزلا چىلك-چىلك سۆزلەپ كەتتى.

**چىڭداتقۇزماق** «چىڭدىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چىڭداتماق** «چىڭدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يولنى چىڭداتماق. بىنانىڭ ئۇلىنى چىڭداتماق.

**چىڭداشماق** «چىڭدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار يېڭى ياسالغان خامانىنى تولۇق بىلەن چىڭداشتى. * تۆمۈر يول ئىشچىلىرى تۆمۈر ياتقۇزۇلىدىغان يەرنى چىڭداشتى.

**چىڭداق** ① ئى. چىڭدالغان، چىڭداپ قويۇلغان نەرسە. ② سۈپ. چىڭدا شقا ئىشلىتىلىدىغان، چىڭدايدىغان: چىڭداق بولقا.

**چىڭداق بولقا** تۆمۈرچىلىكتە، تۆمۈرنى قىزدۇرماي، سوغۇق پېتى سوقۇپ، چىڭداش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل بولقا.

**چىڭدالماق** «چىڭدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇ كېچە ئەر-خوتۇن

مەسلىھەت قىلىشتى-دە، ناسىر ئاكام قولتۇق تاياقنى مەھكەم تايىنىپ، تولا دەسسەپ چېكدىلىپ كەتكەن قار ئۈستىدە، بىر پۇتى بىلەن چوڭ-چوڭ چامداپ ئۆيدىن يىراقلاشتى. * ئۇنىڭ ئۇچىسىدا يېڭى چاپان بار ئىدى، پوتىسىنى تۆۋەن بېسىپ تۇرغان، لىق چېكدالغان يوغان خۇرجۇنمۇ بار ئىدى.

**چېكدىتىلماق** «چېكداتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چېكدىماق** پ ① بىرەر نەرسە ياكى يەرنى بېسىپ، نىقتاپ، ئارىسىنى چىڭ، زىچ ھالەتكە كەلتۈرمەك: يول چېكدىماق. خامان چېكدىماق. * بوۋاي بۇ يەرگە، يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن يەر چېكدايدىغان تراكتور ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلغىلى كەلگەنىكەن. * تۇرسۇن نەم توپىنى پۇتى بىلەن چېكداپ، ناخشا ئېيتىۋاتقان ئۆزۈن بۇرۇتلۇق ئادەمگە قارايتتى. ② كۆچمە. تويغۇزماق: قورساقنى چېكدىماق.

**چېڭسەي** ئى [خەن] <بوت> كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرمالىرى تۇخۇم شەكلىدە، يوپۇرماق سېپى توم ۋە چوڭ كېلىدۇ، رەڭگى ئاق سېرىق ۋە يېشىل كېلىدۇ؛ گۈلى ئاق، مېۋىسى ياپىلاق بولىدۇ. ئادەتتە كۆكتات قاتارىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**چېڭقاتماق** «چېڭقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چېڭقاشماق** «چېڭقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چېڭقاق** ئى ① خام شىرىدىن ئىشلەنگەن توشۇك ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ بىر ئۇچىغا ئېسىپ قويۇلغان باستۇرغا تاش ياكى كۆتەك: چېڭقاق سالماق. ② ھارۋا ياكى ئۇلاغلارنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان يۈكنى چىڭىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نەرسە.

**چېڭقالماق** ① «چېڭقىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى. ② چىڭ، زىچ ھالەتكە كەلمەك؛ چىڭلىق، زىچلىق دەرىجىسى ئاشماق، توشۇپ كەتمەك: بىرەر مىنۇتتىن كېيىن، قاتتىق بېسىم بىلەن چېڭقىلىپ تۇرغان سۇ دامبا ئاستىنى شىددەت بىلەن كولاپ بېرىپ، ئىككى تەرەپتىكى قاشنى جادۇ بىلەن كەسكەندەك غۇلىتىپ، شارقىراپ سايغا چۈشۈپ كەتتى. * شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆكسى چېڭقىلىپ، ئىچى تىت-تىت بولۇۋاتاتتى. ③ كۆچەنمەك، كۆچەمەك: ئۇ قولىدىكى تاماكىسىنى چېڭقىلىپ تۇرۇپ شورىۋېتىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. * يىراقتىن، ئۇنىڭ چېڭقىلىپ تۇرۇپ ئۆز ئەسكەرلىرىگە سۆز كانىيى ئارقىلىق بەرگەن بۇيرۇقى تەستە كېلىپ ئاڭلاندى. ④ زورۇقماق: ئۈستىگە سۇتەك ئاق خالات كىيىپ، ئاغزىغا قېلىن ماسكا تاقىغان ئەكبەر يىرىلىپ كېتىدىغاندەك، چېڭقىلىپ ئاغرىۋاتقان چىكىسىنى بىر ھازا غىچە ئۇۋۇلاپ ئولتۇردى.

**چېڭقى** رەۋ. دەل، چىڭ، تازا: مەخمۇت چېڭقى چۈش مەزگىلىدە مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى. * بىز چۈشكەن «زىس» ماركىلىق چوڭ ماشىنا چېڭقى چۈش ۋاقتىدا، كىچىككىنە بىر بېكەتكە كېلىپ توختىدى.

**چېڭقى چۈش** دەل چۈش: بىلال ئەزىزنىڭ چېڭقى چۈش، ھاۋا تازا ئىسسىغان ۋاقىتتا ئاشخانىغا كىرىشى كۈتۈلمىگەن بىر ئەھۋال ئىدى. * شەھەرنىڭ سول تەرىپىدىكى كىچىككىنە مەيداندا، كەچلىك سودا بازىرى ناھايىتى قىزىپ كەتكەندى. چېڭقى چۈشنىڭ ئىسسىقى ئەمدى تۆگىگەن.

**چېڭقىماق** پ. چىڭ، لىق تولدۇرماق، لىق تولدۇرۇپ قاچىلىماق: سامانىنى تاغارغا چېڭقاپ قاچىلاڭلار.

**چېڭگىرىش** سۈپ. دىئال. چىداملىق؛ سەۋرچان.

**چېڭگىز** I ئى. دىئال. تاغدا ئۆسىدىغان

بىر خىل دەرەخنىڭ نامى.

**چىڭگىز** II سۈپ. باشقىلارغا قىلچە نەپ بەرمەيدىغان، ئىنتايىن بېخىل، پىخسىق: چىڭگىز ئادەم. * ـ پاھ، بۇنداقمۇ چىڭگىز بولارمۇ، بۇ چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايمەن دەيدىكەن-دە! ـ دەيتتى ئايسخان ئاچچىقىدا چېچىلىپ.

**چىڭگىزلىك** ئى. بېخىللىق، پىخسىقلىق: ـ بولدى، قويسىلا ئۇستام، چىڭگىزلىك قىلماي، مەنمۇ سىلىنى تونۇمايمەن، پەقەت ماۋۇ دېھقان ئۈچۈن خالىس گەپ قىلىپ قويۇۋاتىمەن، ـ دېدى ئېلاخۇن ئۇستام دادامنى ئەيىبلىگەن ھالدا.

**چىڭگىل** سۈپ. تاراپ ياسىمىغان، چىگىشلىشىپ كەتكەن، چىگىش: ـ نېمىشقا ئۇنىمىدىكىنتاڭ، مەن نېمە بىلەي، ـ دېدى توختى ھارۋىكەش چىڭگىل بۇرۇتلىرىنى يالاپ قويۇپ.

**چىڭگىلەك** سۈپ. بىر-بىرىگە كىرىشىپ، تۇتۇشۇپ كەتكەن؛ چىگىشلەشكەن، چىگىش، چىڭگىل: ھويلا شۇنچىلىك كۆڭۈللۈك ئىدىكى، ئۆرۈكنىڭ تۆۋىدىكى سۇپىدا، چىڭگىلەك چاچلىق ئىككى قىزچاق تاشتەرمەك ئويناپ ئولتۇراتتى. * ئالتۇنخان ئۆزىنىڭ ئارزۇلۇق قىزى ئانارگۈلنىڭ ئالتۇن رەڭ، چىڭگىلەك چاچلىرىنى سىلاشقا باشلىدى.

**چىڭگىلىك** ئى <بوت> چىڭگىلىك ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، يۆگىشىپ ئۆسىدىغان، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۆسۈملۈك تېنىدە ئاق سۈتى بولىدۇ، يوپۇرمىقى ئۇدۇل ئۆسىدۇ، گۈلىنىڭ رەڭگى ئاقۇچ جىگەر رەڭ بولۇپ، ئۆگزىسىمان گۈل رېتىدە؛ غۇنچە شەكىللىك مېۋىسى ئۇزۇن مۈڭگۈزگە ئوخشايدۇ، ئۇرۇقى خورما رەڭ كېلىدۇ؛ يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ، ھۆللۈكنى تارقىتىپ، سۈيۈقلۇقنى راۋان قىلىش، يەلنى ھەيدەپ، ئاغرىق توختىتىش رولىغا ئىگە.

**چىڭگىلىك ئائىلىسى** <بوت> قوش پەللىلىك ئۇسۈملۈكلەرنىڭ بىر ئائىلىسى. بۇ ئائىلىگە كۆپىنچە سامان غوللۇق، پېلەك غوللۇق ياكى چاتقال تىپىدىكى ئۆسۈملۈكلەر كىرىدۇ، بۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تاق يوپۇرماقلىرى كۆپىنچە ئۇدۇل ئۆسىدۇ، بەزىلىرىنىڭ ئايلانما ھالەتتە ياكى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ؛ ئۆسۈملۈك تېنىدە سۈتى بولىدۇ، گۈلى ئىككى جىنسلىق بولۇپ، كۇنلۇكسىمان ياكى ئومۇمىي گۈل رېتىدە بولىدۇ؛ مېۋىسى غۇنچىسىمان ھالەتتە ئىككىدىن تۇتىدۇ، ئۇرۇقىنىڭ ئۇزۇن تۈكلىرى بولىدۇ، كۆپىنچە تروپىك بەلباغدا ئۆسىدۇ.

**چىڭگىلماچ** (توغرىسى: جىڭگىلماچ) ← جىڭگىلماچ.

**چىڭگىدە** رەۋ. بار كۈچى بىلەن كۈچەپ، ناھايىتى چىڭ، مەھكەم، بەك: ئەختەم ئۇنىڭ ئارىسالدىلىقىدىن پايدىلىنىپ، لېۋىنى لېۋىگە جۈپلەپ، چىڭگىدە بېسىپ تۇراتتى. * ئۇ نادەمنىڭ بىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋالغان قولى بىلەن، ئۇنىڭ قولىنى چىڭگىدە تۇتۇۋالدى.

**چىڭلۇن** ئى [خەن] مەملىكىتىمىزدە ئىشلەنگەن بىرىكمە تالالارنىڭ مۇھىم سورتلىرىدىن بىرى. ھۆل ياكى قۇرۇق ئېگىرىش ئارقىلىق ئىشلىنىدۇ، قۇياش نۇرىغا چىداملىقلىقى ئالاھىدە يۇقىرى كېلىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭدىن قىسقا تالا ئىشلىنىدۇ، خۇسۇسىيىتى قوي يۇڭىغا يېقىن، قولغا تەگكۈزۈلسە، يۇمشاق ۋە ئىسسىق سېزىم پەيدا قىلىدۇ. ئۇنى ساپ ياكى قوي يۇڭى ۋە باشقا تالالار بىلەن ئارىلاش ئېگىرىش ئارقىلىق، كىيىم-كېچەك، ئەدىيال ۋە سانائەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى ئىشلەشكە بولىدۇ.

**چىڭلىق** «چىڭ I» سۆزىنىڭ ئىسىم

شەكلى: — سەن بۇ مەسىلىدە ئانچە چېكىلىق قىلىپ كەتمە، — دېدى ياسىن دوستىغا.

**چېكىتماق** «چېكىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شوپۇر ماتورنىڭ قاپقىقىنى ئېچىۋېتىپ، ماتورغا ئېگىشكەن ھالدا، كۈلۈچ بىلەن قانداقتۇر ۋىنتىلارنى چېكىتماقتا ئىدى. * بىز پارتىيە ئىنتىزامىنى چېكىتىشمىز، باشقۇرۇشنى، نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىشىمىز لازىم.

**چېكىتىلماق** «چېكىتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىدارىمىزنىڭ تەشكىل تۈزۈملىرى چېكىتىلدى.

**چېكىماق** پ. بەردا شىلىق بىرەلەيدىغان، چىدايدىغان دەرىجىگە يەتمەك، چېكىگە ھالەتكە كەلمەك؛ مۇستەھكەملەنمەك: بىنانىڭ ئۇلى چېكىدى. * ئۇ جان دىلى بىلەن غەيرەتكە كېلىپ، ئاستا-ئاستا بۇ خىل جاپالىق تۇرمۇش مۇھىتىغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى، ئارىدىن بىرمەزگىل ئۆتۈپ، مۇسكۇللىرى چېكىدى. * مەن بۇلارنى ياشلارغا سۆزلەپ بەرسەم، ۋۇجۇدۇم چەكسىز كۈچ-قۇۋۋەتكە تولىدۇ، كۆرەش ئىرادەم تېخىمۇ چېكىيدۇ. * ئەمگەك قىلىپ يېگەن نان، شۇ ئان تەنگە سىڭىدۇ. ھەمكارلىشىپ ئىشلىسە، ھەم ئىتتىپاق چېكىيدۇ.

**چىل** I ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. شەكلى كەپتەرگە سەل ئوخشايدۇ، تۇمشۇقى كىچىك، پۇتى قىسقا، پەقەت ئۈچ تاللا بارمىقى بولىدۇ؛ دۈمبىسى توق قوڭۇر بولۇپ، قارا رەڭلىك يوللىرى بولىدۇ؛ بېشى كۆل رەڭگە مايىل قوڭۇر ھەم سەل-پەل سارغۇچ كېلىدۇ، پوكىنى كۆل رەڭگە مايىل قارا؛ ئوتلاقتا ياشايدۇ، گۆشىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ.

**چىل** II ئى. دىئال. ھۆل تەمرەتكە.

**چىلاپچا** ئى [پ] قول يۇغاندا، ئېقىندى سۇنى چۈشۈرىدىغان داس. ئادەتتە مىس، تۇچ، ئاليۇمىن قاتارلىق مېتاللاردىن ياسىلىدۇ.

**چىلاتماق** «چىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چىلاشتۇرماق** ① «چىلاشماق» پېئىلى ② نىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② تولدۇرماق: ئالدى ئەر كەتمىنىنى سۇ باشلىدى، سۇغاردى چىلاشتۇرۇپ ئېتىزنى.

**چىلاشتۇرۇلماق** «چىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چىلاشماق** ① «چىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئېرىق بويىدا، باللار پۇتلىرىنى سۇغا چىلىشىپ ئولتۇرىشاتتى. ② سۇيۇقلۇق ئىچىگە پاتماق، كىرمەك: كەلگەنلەر سۇغا چىلاشقان قەغەزدەكلا بوشىشىپ قالدى. * كوچا-كويلاردا، ئويمان-چوڭقۇرلاردا ئۆلگەن ئادەملەر بىلەن ئات-ئۇلاغلارنىڭ ئۆلۈكلىرى قانغا چىلىشىپ ياتاتتى.

**چىلاقلىق** ① سۈپ. چىلانغان ياكى چىلاپ قويۇلغان: مۇرات دورىغا چىلاقلىق رەسىملەرنى بىر-بىرلەپ يېيىپ، قۇرۇتۇشقا باشلىدى. ② رەۋ. چىلانغان ھالەتتە: ئۇ بىر شاخ گۈلنى سۇندۇرۇپ ئېلىپ، ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى-دە: — ئاكىڭىز مېيخۇا گۈلىگە بەك ئامراق، ئۇنىڭ ئۆيىدە بىرقانچە قاچىغا چىلاقلىق تۇرغان مېيخۇا گۈللىرىگە زەن سالمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى.

**چىلان** [پ] ① ئى <بوت> خوزور ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى دەرەخ. يېڭى شاخلىرىدا جۈپ-جۈپ تىكەنلىرى بولىدۇ، يوپۇرمىقى سوزۇنچاقراق تۇخۇم شەكلىدە كېلىدۇ، گۈلى سارغۇچ يېشىل بولىدۇ؛ مېۋىسى ئۈچكىلىك مېۋە بولۇپ، شارسىمان ياكى تۇخۇمسىمان كېلىدۇ، رەڭگى قىزىل، تەمى تاتلىق، ئادەتتە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ② ئى <بوت>

شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى. ③ سۈپ. چىلانغا ئوخشاش قارا قىزىل رەڭدىكى: چىلان تۈپراق، چىلان تورۇق.

**چىلان تورۇق** ① چىلاننىڭ رەڭگىگە ئوخشايدىغان؛ قارا قىزىل: يولدا كېتىۋاتقىنى – چىلان تورۇق ئايغىر قوشۇلغان مەپە ئىدى. ② شۇ خىل رەڭدىكى ئات: هارۋىنىڭ بىر خىل رېتىمدا غىچىلدىشى بىلەن يەڭگىل يورغىلاۋاتقان چىلان تورۇقنىڭ بويىندىكى قوڭغۇراقلار قوشۇلۇپ، يېزا يولىغا خاس يېنىك شاۋقۇن پەيدا قىلاتتى.

**چىلان رەڭ** ① <گ سەن> چىلاننىڭ رەڭگىگە ئوخشايدىغان قارا قىزىل بىر خىل رەڭ. ② شۇ خىل رەڭدە بويالغان ياكى شۇ خىل رەڭگە ئىگە: ئەغزەم ئۆزىنىڭ چىلان رەڭ بۆكىنى هېسابقا ئالمىغاندا، قالغان ئۇستىباشلىرىنىڭ ئۆزىنىڭكىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان بۇ بالا بىلەن تونۇشقىنىغا خۇشال ئىدى.

**چىلانغان** «چىلاناق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى.

**چىلانغان پېرىسېپتور** <سۇ> ئېرىق-ئۆستەڭ، تۇرۇبا قاتارلىقلارنىڭ كەسمە يۈزىدىكى سۇيۇقلۇقلارنىڭ قاتتىق جىسىملار گىرۋىكى بىلەن تېگىشىش ئۇزۇنلۇقى.

**چىلانلىق** ① سۈپ. چىلان دەرىخى بار، چىلان دەرىخى ئۆسكەن: چىلانلىق باغ. چىلانلىق كەنت. ② ئى. چىلان دەرىخى ئۆسكەن يەر، مەيدان: رەقىپ: – مەن مۇنۇ ئۇنتۇلغۇسىز شەنبىنى سەيلە بىلەن ئۆتكۈزۈشنى يەنە تەكلىپ قىلىمەن. پىكاپ ياللايمىز-دە، شەهەرنىڭ سىرتىغا – چىلانلىققا چىقىپ كېتىمىز، – دېدى.

**چىلاناق** ① «چىلماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئاش ئاخىرلىششقا يېقىن قالغاندا، تۆزغا ئىككى پارچە نان چىلانغان چىنىمۇ يېتىپ كىردى-دە، تۆردە ئولتۇرغان سەللىلىك كىشىنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. ② «چىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: مۇشۇ ئىسسىقتا بۇلاق سۈيىگە چىلىنىپ ياتقۇم كېلىدۇ.

**چىلە** ئى ① ئۆي هايۋانلىرىنىڭ قوتاندا سۈيدۈك ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن پاتقاق هالەتتىكى قىغى: ئېغىلنىڭ ئىچى قويۇق چىلە پۇرىقىغا تولۇپ، هور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان مۇنچىدەك، ناهايىتى ئىسسىق ئىدى. ② هايۋانلاردا بولىدىغان بىر خىل كېسەل: چىلە كېسىلى.

**چىلە قىلماق** <دېھ> مال ئوغۇتىنى خەندەك ياكى ئورىغا تۆكۈپ، چىلە هالىتىگە كەلتۈرمەك، چىرىتماق.

**چىلە كېسىلى** <زوئول> بىر خىل هۆل تەمرەتكە. كۆپىنچە ئات-ئۇلاغلار ئېغىلىنىڭ نەمدىشىپ كېتىشى ۋە پاتقاق بولۇپ كېتىشى بىلەن تۇياقنىڭ ئۈستى تەرىپىگە چىقىدۇ.

**چىلبۆرە** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى هايۋان. تەن شەكلى بۆرىگە ئوخشايدۇ، لېكىن بۆرىدىن كىچىك، قۇلىقى بۆرىنىڭكىدىن قىسقا ۋە يۇمىلاق كېلىدۇ؛ ئوزۇق ئوغرىلايدۇ، ۋەهشىي كېلىدۇ، دائىم توپلىشىپ كالا، قوي قاتارلىق هايۋانلارغا هۇجۇم قىلىدۇ.

**چىلپايە** ئى <بوت> پاپورنىكلارنىڭ بىر تۈرى، يەنى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزسىمان غولى ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن بولۇپ، توغرىسىغا ئۆسىدۇ؛ يوپۇرماقلىرى توپلىشىپ ئۆسىدۇ، سېپى ئۇزۇن، پەيسىمان هالەتتە چوڭقۇر يېرىلىدۇ، دۈمبە تەرىپىدە ئىككى قاتار تىزىلغان سپورا خالتىلىرى بولىدۇ؛ يىلتىزسىمان غولى دورا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، ئىسسىقنى تارقىتىش، زەهەر قايتۇرۇش رولى بار؛ جىگەرنى تىنچلاندۇرۇپ،

كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ؛ تيانشان، ئالتاي تاغلىرىدىن تېپىلىدۇ.

**چىلتار** ئى [پ] <مۇز> بىر خىل كۆپ تارلىق ساز. تىك بۇلۇڭلۇق، ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدە بولۇپ، جازىسىغا 46 تار ئورنىتىلغان بولىدۇ.

**چىلتەك** ئى ① رەڭلىك رەخت ياكى ھەر خىل رەڭدىكى يىپلاردىن قىلىنىدىغان زىننەت بۇيۇمى، لېنتا: دۇكان دېرىزىلىرىنىڭ ئارقىسىدىن يۈزىگە ئۇپا سۈرگەن، چاچلىرىغا قارا چىلتەك باغلىغان دۇكانچى قىزلار قاراپ تۇرۇشاتتى. ② <كىي> كىيىملەرگە زىننەت بېرىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مۇناسىپ ئورۇنلىرىغا تۇتۇلىدىغان، مەخسۇس توقۇلغان ياكى گۈل چېكىلگەن لېنتىسىمان بۇيۇم: تەختىراۋاندىن 30 نەچچە ياشلاردىكى بىر ئايال چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى ئەڭلىك بىلەن قىزارتىلغان بولۇپ، ئۇستىگە، چۆرىسىگە چىلتەك تۇتۇلغان، بېلى تار، كالتا پەشمەت كىيىۋالغاندى.

**چىلتەن** ئى [پ] <دىن> دىنىي، خۇراپىي تەسەۋۋۇرلاردىكى غەيرىي تەبىئىي كۈچكە ئىگە، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ۋە بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدىغان ئەپسانىۋى 40 روھ: چىلتەن پىرىم: — ئەي چىلتەنلەر، بىز مۇنداق تۇنسەك، كۆزىمىز ئۇيقۇغا كېتىدۇ، شۇڭا دەرھال ھۇرلىقاغا خەۋەر بېرىڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

**چىلچۆپ** ئى [پ] <يېم> نىشالا ئېتىشتە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب. ئادەتتە سەل توم ۋە ئۇچى ئەگمەچ كەلگەن بىر دەستە چۇۋىقنى ئايلانما ھالەتتە باغلاش ياكى پۇرژىنا سىملىرىغا تۆمۈر ساپ بېكىتىش يولىرى بىلەن ياسىلىدۇ.

**چىلغوزا** ئى [پ] <بوت> قارىغاينىڭ مەدىكى. شەكلى كۆپىنچە تۇخۇمسىمان يۇمىلاق كېلىدۇ، سىرتى ياغاچلاشقان نۇرغۇن تەڭگىچىلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئىچىدە ئۇرۇقى بولىدۇ.

**چىلغوزا تەنچە** <ئانات> ئارىلىق مېڭىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا ئورۇنلاشقان بەزىسىمان تەنچە. ساپىقى ئارقىلىق دۆڭچە مېڭە بىلەن تۇتىشىدۇ. كىلىنكىلىق كۆزىتىش ۋە ھايۋانلار ئۈستىدە قىلىنغان تەجرىبىلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئۇ ئەرلىك گورمونىغا قارشى تۇرۇش، قان قەنتىنى تەۋەنلىتىش ۋە بالدۇر بالاغەتكە يېتىشنى چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ.

**چىلگە** I [پ] ① ئى. قوغۇننىڭ ئەڭ بالدۇر پىشىدىغان بىر خىل تۈرى. ئۆزى نىسبەتەن كىچىك، شەكلى يۇمىلاق ھەم تالا-تالا، رەڭگى پىشقاندا سېرىق، تەمى تاتلىق ۋە سۇلۇق كېلىدۇ. ② سۈپ. يېتىلىش مەزگىلى قىسقا، بالدۇر پىشىدىغان (زىرائەتلەر ھەققىدە): چىلگە شال. چىلگە قوناق. * ھاۋا خېلىلا ئىسسىپ قالغان، چىلگە زىرائەت مايسىلىرى قىر ياپقان مەزگىل بولسىمۇ، بۇ بالا ئۈچىسىغا ياماق چۈشكەن كالتە جۇۋا، تولا يۇيۇلۇپ ئاقىرىشقا باشلىغان خادانىدىن ئىشتان كىيىۋالغاندى.

**چىلگە ئارپا** <دېھ> ئەتىياز پەسلىدە تېرىلىدىغان ۋە بالدۇر پىشىدىغان ئارپا.

**چىلگە ئالما** ئالمىنىڭ بالدۇر پىشىدىغان بىر خىل سورتى.

**چىلگە توغاچ** توغاچنىڭ ئەڭ بالدۇر پىشىدىغان بىر خىلى.

**چىلگە شاپتۇل** شاپتۇلنىڭ ئەڭ بالدۇر پىشىدىغان بىر خىلى.

**چىلگە شال** <دېھ> مايسا تىكىش ۋاقتى باشقا شاللارغا قارىغاندا بالدۇرراق بولىدىغان ياكى ئۆسۈش ۋاقتى قىسقا،

پىشىشى بۇرۇن بولىدىغان شال.

**چىلگە قوناق** <دېھ> تېرىش ۋاقتى باشقا قوناقلارغا قارىغاندا بالدۇرراق بولىدىغان ياكى ئۆسۈش ۋاقتى قىسقا، پىشىشى بۇرۇن بولىدىغان قوناق.

**چىلگە** II ئى. تۆلامچاقتىكى تاناب ئارقىلىق كۆدا ئوقلىرىنى ئايلاندۇرىدىغان كىچىك غالتەك.

**چىللاتماق** «چىللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يولۇچى: ـ تۆخۈنى يولدا چىللىتارمەن، ـ دەپ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. * يالغ زىنگشىن ئۆزىنىڭ بۇ «دانىشمەنلىكى» دىن مەمنۇن بولغان هالدا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى-دە، ئەتىسلا پەن ياۋنەننى هۇزۇرىغا چىللىتىپ، هېچنېمە بىلمىگەن كىشىدەك، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن هال-مۇڭ قىلىشتى.

**چىلاشقا** ئى. دىئال ← **چىللاق.**

**چىللاشماق** «چىللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن تەڭ، خورازلار بەس-بەس بىلەن چىللىشىپ، يەنە يېڭى بىر كۈننىڭ باشلانغانلىقى هەققىدە كىشىلەرگە خەۋەر بېرەتتى. * توي تۈگىگەندىن كېيىن، هەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى مېهمانلارنى نۆۋەت بىلەن ئۆيلىرىگە چىللاشتى.

**چىللاق** ئى. توي تۈگىگەندىن كېيىن، قۇدىلارنىڭ ئۆزئارا هاردۇق سوراپ بېرىدىغان چېيى: توينىڭ ئۈچىنچى كۈنى، قىز تەرەپ يىگىت تەرەپنى ۋە ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىنى چىللاققا ئېيتتى.

**چىللانماق** «چىللىماق» پېئىلى ② ③ نىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا بىر چوڭ نەزىر بولدى، 40 تاغار گۈرۈچ سېلىنىپ، پۈتۈن قەشقەر چىللاندى، بىرنەچچە تۆگە، بىرنەچچە كالا، 20-30 قوي سويۇلدى.

**چىللە** ئى [پ] ① <مېتېئور> يىلنىڭ ئەڭ ئىسسىق ياكى ئەڭ سوغۇق 40 كۈنى. ياز پەسلىدىكى ئەڭ ئىسسىق 40 كۈن ياز چىللىسى بولۇپ، 25-ئىيۇندىن 5-ئاۋغۇستقىچە داۋاملىشىدۇ؛ قىش پەسلىدىكى ئەڭ سوغۇق قىرىق كۈن قىش چىللىسى بولۇپ، 25-دېكابىردىن 5-فېۋرالغىچە داۋاملىشىدۇ: خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك ، هەممىسلا گەپ ئارىسىدا: «قىش كىرىۋاتىدۇ، هايت-هۇيت دېگۈچە چىللىمۇ كىرىدۇ. چىللە ئارىسى سوغۇق كۈن، قەهرى كەلسە، قاتتىق كۈن، ئىلاهىم بۇ قىشتىن ئامان-ئېسەن ئۆتۈشنى نېسىپ قىلغاي، ئەل ئامان، مەنمۇ ئامان دەپتىكەن. هەممىدىن ئامانلىق ياخشى» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلاتتى. ② <تىب> تۇغۇتلۇق ئاياللار بالىنى تۇغۇپ، هەمراهى چۈشۈپ تاكى جىنسىي ئەزالىرى ئەسلىگە كەلگۈچە ئۆتىدىغان 40-42 كۈنلۈك ۋاقىت؛ قىرىقى.

**چىللە قىزىتمىسى** <تىب> تۇغۇتلۇق ئاياللار تۇغۇۋاتقاندا ياكى چىللە دەۋرىدە، شارچە باكتېرىيلەرنىڭ جىنسىي يول ئارقىلىق كىرىشى تۈپەيلىدىن يۈز بېرىدىغان بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا، داۋاملىق قىزىش، تۆۋەنكى قورساق ئاغرىش، جىنسىي يولدىن يىرىڭلىق قان ئېقىش، باش ئاغرىش، قۇسۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ

**چىللىك** ئى. قارتا ئويۇنىدىكى شەكلى ئۈچ يوپۇرماققا ئوخشايدىغان قارا رەڭلىك بەلگە ۋە شۇ بەلگە چۈشۈرۈلگەن قەغەز.

**چىللىگۈل** ئى [چىللە+گۈل] <بوت> ① چىللىگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكلىدىكى تولۇق گىرۋەكلىك يوپۇرماق بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ؛ مېۋىسى ئورۇق مېۋە، گۈلى

ھەر خىل رەڭدە بولۇپ، خۇش بۇي پۇرايدۇ؛ مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ، گۈلىدىن يەنە ئاروماتىك مايلارنىمۇ ئالغىلى بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**چىلىلىك** سۈپ ① چىلىدىن چىقىمغان، قىرىقى تۈشمىغان: چىلىلىك ئانا. ② قىرىقى تۈشمىغان تۇغۇتلۇق ئايال ئورۇنلاشقان ياكى ياتقان: ـ چىلىلىك ئۆيگە كېچىسى كوچىدىن كىرىپ كېلىش ياخشى ئەمەس، ـ دېدى ئايىسخان ئانا.

**چىلىماق** پ ① «قى... قى... ـ قىق!...» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، قىچقارماق (خوراز ھەققىدە): تاڭ خوراز-لىرىنىڭ بەس-بەس بىلەن چىلاشلىرىغا ئەگىشىپ، قۇياشنىڭ دەسلەپكى سىمابتەك ئاقۇچ نۇرلىرى پەنجىرىدىن شۇڭغۇپ كىرىپ، جۇۋازخانىنى يورۇتۇشقا باشلىدى. ② چاقىرماق، تەكلىپ قىلماق: يارىمنىڭ تىللىغىنى ـ چىللىغىنى (ماقال). * كۈنلەردىن بىركۈنى، شۇ شەھەردە بىر باي كاتتا توي قىلىپ، يۇرتتا بىرمۇ ئۆي قالدۇرماي تويغا چىلاپتۇ. ③ ئۈندىمەك؛ تەشەببۇس قىل-ماق: شوخ پەدىگە چېلىنغان ساز ئادەملەرنى ئۇسسۇلغا چىلايتتى. * قىسمەت چورۇق: ـ مەن قىسمەت چورۇق كىم خالسا، شۇنى بىزنىڭ لاپقۇتلىشىش گۇرۇپپىمىزغا چىلايمەن، ـ دېدى. ④ تەلەپ قىلماق، تىلىمەك: چېلىش داۋانلىرىنى ئاشىمىز. تەختىمىزگە كۆز يۇمغان، زىمىستاننى چىللىغانلارغا ھەققەت ئوتلىرىنى چاچىمىز.

**چىلۋۇر** (توغرىسى: چۇلۋۇر) ← چۇلۋۇر.

**چىلغان** «چىلماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدى-شى: چىلغان سەي.

**چىلغان سەي** <يېم> تۇز ئېرىتمىسى، جاڭيۇ، ئاچچىقسۇغا تازىلانغان سەينى مەلۇم مۇددەت چىلاش ئارقىلىق پىشۇرۇل-غان سوغۇق سەي.

**چىلىق** تەق ① بىرەر نەرسىگە قاچىلانغان ياكى تولدۇرۇلغان سۇيۇقلۇقنىڭ يەڭگىل چايقىلىشى ياكى سىلكىنىشىدىن چىققان ئاۋاز، تاۋۇش. ② سۈپ. ھەممە يېرى چىلانغان، نەم بولۇپ كەتكەن: ھۆسەن ئاتتىن چۈشۈپ تېزدىن يۈگۈردى، كۆكتات ئۈستىدىن بىھۇش قىزنى كۆردى؛ چىلىق سۇ، لاي ئۇنىڭ ئېگىنى، ۋۇجۇدى. «خەۋەر ئالغىن!» دېگەنىدەك ئاتمۇ تۇردى.

**چىلىق-چىلىق** ① «چىلىق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئىدىشتىكى سۇ چىلىق-چىلىق قىلىپ چايقىلاتتى. ② سۈپ. ئۈستىدىن سۇ قويۇلغاندەك، سۇغا چىلانغاندەك: كۆزنىڭ بىر كۈنى يامغۇر كوچىلارنى چىلىق-چىلىق پاتقاق قىلىۋەتكەنىدى. * زەيتۇنەم ئۇنىڭغا تېخىمۇ مەھكەمرەك يېپىشتى. كۆز يېشى بىلەن ئۇنىڭ مۇرىسىنى چىلىق-چى-لىق ھۆل قىلىۋەتتى. ③ سۈپ. مەممۇرچىلىق، مولچىلىق: بەزىلەر: ـ دېھقانچىلىق ـ بەزىدە چىلىق-چىلىق، بەزىدە قۇرۇقچىلىق، ـ دەپ ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى.

**چىلىقلىماق** پ ① «چىلىق، چىلىق» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق. ② سۇيۇقلۇق ھەددىدىن تاشقىرى كۆپ بولماق، تولۇپ تاشماق، چىقماق، تەپچىمەك: مەن ئويغىنىپ كەتتىم، چىلىقلاپ تەرلەپ كېتىپتىمەن، يۈرىكىم شۇنچە تېز ئۇرماقتا، لەۋلىرىم قۇرۇپ، پۇت-قولۇمدا جان قالماپتۇ. * كىم قويغاندۇ ئىسمىڭنى دەسلەپ، تۆھپەڭ سېنىڭ نامىڭدىن ئايان. ۋۇجۇدۇڭدا چىلىقلىغان ماي، شۆھرىتىڭنى قىلىدۇ بايان.

**چىلىم** ئى. تاماكا، نەشە قاتارلىقلارنى چېكىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نەرسە. ئۇ كۆپىنچە قاپاقتىن ۋە مىس، بامبۇك قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭغا سەيخانا ئورنىتىلىدۇ. قاپاققا مەلۇم مىقداردا سۇ

قاچىلىنىپ، سەيخانىسىغا تاماكا ياكى نەشە سېلىنىدۇ. چەككەندە، نەيچە ئارقىلىق شورالغان ئىس قاپاقتىكى سۇنىڭ سۈزۈشىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن ئېغىزغا كىرىدۇ.

**چىلىم سالماق** چىلىمنىڭ سەيخانىسىغا تاماكا سېلىپ، چىلىمنى تەييارلىماق: **جەننەت چىلىم سېلىش ئۈچۈن قوزغالدى.**

**چىلىم قاپىقى** قورسىقى كېچىك، سېپى ئۇزۇن، چىلىم ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل قاپاق.

**چىلماق** پ ① سۇيۇقلۇققا پاتۇرماق، كىرگۈزمەك، تۆگۈرمەك: **ئۇ مەكتەپ ئالدىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئېرىق لېۋىدىكى تەتۈر سۆگەت تۈۋىدە پۇتىنى سۇغا چىلاپ ئولتۇردى. * شوپۇر بەزى زاپچاسلارنى سۇرتۈپ، بېنزىنغا چىلايتتى؛ بەزى تۆشۈكلەرنى پۈۋدەيتتى، بەزى كىچىك نەيچىلەرنى بولسا شۈمەتتى.** ② كۆكتات، مېۋە-چېۋە قاتارلىقلارنى تۇز، ئاچچىقسۇ، جاڭيۇ ۋە هاراق قاتارلىقلارغا سالماق: **سەي چىلماق. هاراققا دورا چىلماق.**

**چىلىنسەي** ئى [خەن] <بوت> قىزىل يۇسۇنلەرنىڭ بىر خىلى. ئۆسۈملۈك تېنى سېلىندىر شەكلىدە بولۇپ، تۇتۇق سۆسۈن رەڭدە كېلىدۇ؛ ئاچسىمان نۇرغۇن شاخلىرى ۋە سىرتقى يۈزىدە سۆگەلگە ئوخشاش كۆپلىگەن بۇدۇر-چوقۇرلىرى بولىدۇ، دېڭىزلاردىكى قورام تاشلار ياكى مارجان خادا تاشلىرى ئۈستىدە ئۆسىدۇ، ئىستېمال قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن شىلىم ئىشلىنىدۇ.

**چىم** I ① تەق. چىمدىش، چېقىش، سانجىش ياكى بەدەندىكى بەزى ئۆزگىرىشلەر تەسىرىدە پەيدا بولىدىغان بىر خىل سېزىم: **«چىم» قىلغان ئاغرىقنى سېزىپ كۆزۈمنى ئاچسام، يېنىمدا كىچىكمىزدىن تارتىپ بىللە ئۆسكەن دوستۇم مۇتەللىپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغانىكەن.** ② ئى. هەددىدىن زىيادە كۈچەش ياكى تېز هەرىكەت قىلىش نەتىجىسىدە، بەلدىكى بىر قىسىم مۇسكۇللارنىڭ زەخىملىنىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان بىر خىل بەل ئاغرىقى.

**چىم بولماق** <تب> هەرىكەتنىڭ هەددىدىن زىيادە تېز ۋە كۈچلۈك بولۇپ كېتىشىدىن، بەل مۇسكۇللىرىدىن بىر قىسمى زەخىملەنمەك: **بەل چىم بولماق.**

**چىم** II ئى <بوت> ① باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، پاكار ئۆسىدىغان، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى كۆپ بولىدۇ، كۆپىنچە تۇپرىقى ۋە هاۋاسى نەم جايلاردا ئۆسىدۇ. ② قېلىن بىر قەۋەت لېيى بىلەن قېزىپ ئېلىنغان شۇ خىل ئوت. ئادەتتە يەرگە يېيىپ ئوتلاق هاسىل قىلىش، مۇهىتنى گۈزەللەشتۈرۈش ياكى ئېرىق-ئۆستەڭ ياقىلىرىغا ياتقۇزۇپ، سۇنىڭ يالاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئوغۇتمۇ قىلىنىدۇ.

**چىم تېپىلىش تەنھەرىكىتى** <تەن> يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن بىر خىل تەنھەرىكەت تۈرى. ئۇنى قار تېپىلىش تەنھەرىكىتى ئورنىدىمۇ ئوينىغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدا، تەنھەرىكەتچىلەر ئالاهىدە ئىشلەنگەن چىم تېپىلىش ئايىغىنى كىيىپ، يىل بويى قار ياغمايدىغان رايونلارنىڭ ياز پەسلىدە چىم تېپىلىدۇ. بۇ خىل هەرىكەت چىملىققا زىيان كەلتۈرمەيلا قالماستىن، بەلكى تەنھەرىكەتچىگىمۇ هېچقانداق زىيان يەتكۈزمەيدۇ.

**چىم** III ئى. دىئال ← **چەكمە**.

**چماق** (توغرىسى: چىرماق) ← **چىرماق.**

**چمالتا** ئى. دىئال. پاچاقتا ئورايدىغان گۆجەي.

**چمانجار** ئى. ئېقىمى كۈچلۈك دەريا ياكى ئۆستەڭلەردە بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن، قوزۇقتا باغلاپ، تىك سېلىنىدىغان تور.

**چمەلتەك** ئى. دىئال. چىمچىلاق.

**چمەن** [پ] ① ئى. ئوت-چۆپ، گۈل-گىياھ-دىن ئىبارەت يېشىللىق: ئۇ خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى باغنىڭ ئىچىگە ئېلىپ، ھېچكىمگە كۆرۈنمەي چىمەنلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، مۆكۈپ ئولتۇردى. * يۇرتىمىز باغرىدا ياقۇت بۇلاقتىن، مەرۋايىت ئۈنچىدەك ئاقار زىلال سۇ. ئۆتكەندە چىمەنلەر بەرگىنى سۆيۈپ، پارلىدى قەلبىمدە بىر شېرىن ئارزۇ. ② ئى. يېشىللىق ياكى گۈل-گىياھلار بىلەن قاپلانغان، دەل-دەرەخ ۋە گۈل-چېچەكلەر كۆپ ئۆسكەن جاي؛ گۈلزار، گۈلشەن: بۇلبۇل چىمەننى سۆيەر، ئادەم ۋەتەننى سۆيەر (ماقال). * ئىلى يىللىق، خۇش يېقىملىق ئالما ۋادىسى، باغرى چىمەن، يايلار بۇندا ماللار پادىسى. ③ سۈپ. يېشىللىق ياكى گۈل-گىياھلار بىلەن قاپلانغان: چىمەن باغ. * خوش، گۈلشەن ۋادىلار، چىمەن قىرغاقلار؛ خوش، توقايلىقلار، سايلار، بۇلاقلار. ④ قىزلارنىڭ ئىسمى. ⑤ كۇچا ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**چمەن دوپپا** <كي> دوپپىنىڭ بىر خىلى. تۆپىلىكى يېشىل رەڭلىك يىپەك رەختتىن قىلىنىدۇ، ئۈستىگە ئاق يىپتا غۇنچە، بادامچە، گىجىم قاتارلىق گۈللەر تىكىلىپ، چىمەن مەنزىرىسى شەكىل-لەندۈرۈلىدۇ. ئادەتتە ئۇنى ئەرلەر كىيىدۇ.

**چمەنتاز** ئى [چىمەن+تاز] <زوئول> ← **لەيلەك.**

**چمەنزار** [پ] ← **چمەنلىك: چىمەنزار** جاي. * چولپان چۈشكەن پىكاپ يايپېشىل كۆرپىدەك چىمەنزار مەيدانغا كېلىپ توختىدى. * بوۋاي: «پاھ، پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل چىمەنزار بۇ، جەننەت دېگەن بۇنىڭدىن ئارتۇق بولماس» دەپ ئويلاپتۇ. * بۇ يەرنىڭ ھەقىقەتەن كۆرگۈچىلىكى، ماختىغۇچىلىكى بار ئىدى. تۆت ئەتراپى دەرەخلىك، چىمەنزار بولۇپ، كىچىك ئېرىقلاردا زۇمرەتتەك سۈپسۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى.

**چمەنزارلىق** ئى. چىمەنزار جاي: يامغۇردىن كېيىن ئەتراپ كۆكىرىپ، چىمەنزارلىققا ئايلانغانىدى. * شاھزادە تاغدىن سىيرىلىپ پەسكە چۈشۈپتۇ، بىرھازا يول مېڭىپ، ئالدىغا شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، بىر گۈزەل چىمەنزارلىق تۇرغۇدەك.

**چمەنلىك** ① سۈپ. يېشىللىق، گۈل-گىياھلار بىلەن قاپلانغان: بۇلبۇللار گويا چىمەنلىك باغ ئىچىدىن ئۇچۇپ كېلىپ، نەينىڭ قىسقا دەستىسىگە قونۇۋالغاندەك ئىدى. ② ئى. ھەممە يېرى يايپېشىل ئوت-چۆپ، گۈل-گىياھ ۋە دەل-دەرەخلەر بىلەن تولغان جاي: ھېلىمۇ ياخشى، غەيرەتنىڭ توغرا ھېسابلىشى بىلەن ئۇلار بىپايان ئورمان ئوتتۇرىسىدىكى بىر چىمەنلىككە ئامان-ئېسەن چۈشۈۋالدى.

**چمچاچاق** ئى ① قىز باللارنىڭ جۈپ-جۈپ بولۇشۇپ، تېپىپ ئوينايدىغان بىر خىل ئويۇنچۇقى: مەيداننىڭ يۇقىرىسىدا، ئېگىز ئۆسكەن تېرەكلىك ۋە سۆگەتلىك ئارىسىدا، قىز-يىگىتلەرنىڭ ۋە باللارنىڭ ھەر خىل ئويۇنلىرى بولۇۋاتاتتى. قىزلار جۈپ-جۈپ بولۇشۇپ چىمچاچاق تېپىشمەكتە ئىدى. ② شۇ خىل ئويۇنچۇقنى ئوينايدىغان ئويۇن: چىمچاچاق ئوينىماق.

**چمچىق** ① سۈپ. تولا يۇمۇلۇپ- ئېچىلىدىغان، چىملدايدىغان: چىمچىق كۆز. ② ئى. كۆزىنى تولا يۇمۇپ-ئاچىدىغان، چىملدىتىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قالغان كۆز ۋە شۇنداق كۆزلۈك ئادەم: داشۆي ئارقىسىغا

شۇنداق قاراپ، پارتىزانلاردىن سۈيى چىمچىق، ما سەنشالار ئارقىسىغا قاچقىلى باشلىغانلىقىنى كۆردى.

**چىمچىقلاتماق** «چىمچىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نەسىردىن ئېشەكلىك ئادەمنىڭ چىراي-تۇرقىغا سىنچىلاپ قاراپ چىقتى، ئېشەكلىك ئادەم بولسا، چېقىر كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، تۇرۇۋەردى.

**چىمچىقلاشماق** «چىمچىقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇنىڭ يۈزى بارغانسېرى پۈرۈشۈپ، ھازىرلا يىغلايدىغاندەك، كۆزلىرى چىمچىقلىشىپ كەتتى.

**چىمچىقلىماق** پ. تېز ۋە تەكرار رەۋىشتە يۇمۇلۇپ-ئېچىلماق (كۆز ھەققىدە): ئۇ شامالغا قارشى كېتىۋاتقاچقا، قار كىرىپ، كۆزى دەمبۇدەم چىمچىقلاپ كېتەتتى.

**چىمچىلاق** ئى <ئانات> قول ياكى پۇتنىڭ ئەڭ كىچىك بەشىنچى بارمىقى: قاسىم قاتاڭغۇر قوللىرىنى ئىختىيارسىز جۈپلەپ، چىمچىلىقىدىن قاس چىقاردى.

**چىمچىلىقىدا پىرقىراتماق** ← **چىمچىلىقىدا ئويناتماق.**

**چىمچىلىقىدا چۆگىلەتمەك** ← **چىمچىلىقىدا ئويناتماق.**

**چىمچىلىقىدا ئويناتماق** بىرەر ئىشنى ماھىرلىق بىلەن، ھېچقانچە قىينالمايلا بېجىرمەك، ئورۇندىماق.

**چىم-چىم** ① «چىم I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② تولا يۇمۇلۇپ ۋە ئېچىلىدىغان، چىمچىقلايدىغان: چىم-چىم كۆز. ③ سانسىز چېكىت، توچكىلار بىلەن تولغان، چېكىم-چېكىم: قىزنىڭ بېشىدا چۆرىسىگە كالۋۇتۇن باسقان بېغىر رەڭ دوخاۋا دوپپا، ئۈچىسىدا چىم-چىم گۈللۈك يېشىل بەدىس كۆڭلەك بولۇپ، ئېتەكلىرى ۋە تال-تال ئۆرۈلگەن سۇمبۇل چاچلىرى كۆل تەرەپتىن كەلگەن سەلكىندە لەرزان لەپىلدەيتتى.

**چىم-چىم قىلماق** ← **چىملىدىماق**: ئۇ: - نېمىسىنى دەيسىز؟ بىرەر يىلنىڭ ئالدىدا ئانچە-مۇنچە چىم-چىم قىلىپ ئاغرىپ قوياتتى؛ ئىككى ئايدەك بولدى، ئاغرىپ زادى ئارام بەرمەيدۇ، كاساپەت، - دېدى. * سان-ساناقسىز يۇلتۇزلار چىم-چىم قىلىپ پارقىراپ، قانكەينى كۆرۈشكە چىقتى كۆككە ئالدىراپ.

**چىم-چىم كۆز** تولا يۇمۇلۇپ-ئېچىلىدىغان، چىمچىقلايدىغان كۆز ۋە شۇنداق كۆزلۈك ئادەم: بۇ قېتىم كەلگەن خىزمەت تەكشۈرۈش ئۆمىكىدە چىم-چىم كۆز، دوغىلاق يېزا كادىرىمۇ بار ئىدى. * ھېلىقى چىم-چىم كۆز يەنە كېلىۋاتىدۇ.

**چىمچىماق** پ. دىئال ① چىمدىماق. ② ئاز-ئازدىن بەرمەك.

**چىمدىتماق** «چىمدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چىمدىشماق** «چىمدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىر-بىرىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، بۇرۇنلىرىنىڭ ئۇچلىرىنى چىمدىشىپ، بىرپەس چاقچاقلىشىۋالدى.

**چىمدىق** ئى. دىئال. ھالقا.

**چىمدىم** ئى ① ئىككى ياكى ئۈچ بارماقنىڭ قىسىش ئارىلىقى: ئۇنىڭ چىمدىمىغا نېمە توشايدۇ. ئۇ چىمدىم ئەمەس، گويا ئوچۇم. ② ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ، مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: بىر چىمدىم توپا. بىر چىمدىم ئۇن. * پازىلوپ 20 يىلدىن ئارتۇق ھايات كەچۈرگەن تەكلىماكان بويىدىكى توغراقلىقتا بېرىپ، ھەر چىمدىم توپىسىنى كۆزلىرىگە سۈرتتى.

**چىمدىماق** پ. بارماقلارنىڭ ئۇچلىرى ياكى تىرناقلار ئارىسىغا ئېلىپ قىسماق: شەۋكەت بىر تەرەپتىن رەيھاننىڭ يىغىسىنى پەس قىلىشقا ئۇرۇنغان بولۇپ ئۇنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئالدىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىنى چىمدىپ يىغلىتىپ، سۇلايماننىڭ جېنىغا تېگىشكە باشلىدى. * ئۇنىڭ قولى ئېچىشىپ ئاغرىۋاتاتتى. ئۇ يىگنە سانجىلغان

يەرنى چىلاق چىمدىپ، زەھەرنى چىقىرىۋەتمەكچى بولدى.

**چىملىق** ئى. چىم ئۆسكەن يەر: بۇ يەردىكى دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان دەرەخلەر، پايانداز دەك يېشىل چىملىقلار، سېپىلنىڭ ئاستىدىن شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇلار كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرىدىكەن.

**چىملىماق** پ. چىم باسماق، چىم بېسىپ تولىماق: شالچىلار شال ئېتىزلىرىنىڭ ئېغىزلىرىنى چىملاپ سۇيىنى تەڭشىدى.

**چىممىدە** رەۋ «چىم» قىلىپ، «چىم» قىلغان ھالدا: ئىززەتنىڭ يۈزى چىممىدە قىزاردى.

**چىمئوت** ئى [چىم+ئوت] <بوت> پىلىكئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە، يوپۇرمىقى تار ۋە ئۇزۇن، گۈلى سارغۇچ يېشىل كېلىدۇ؛ غولىنىڭ مەركىزىي قىسمىنى قارا چىراغقا پىلىك قىلغىلى بولىدۇ. غولى تىبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ، ئىسسىق ياندۇرۇش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**چىمىت** ئى. دىئال. چىمچىلاق.

**چىمىتمەك** پ. دىئال. كەمسىتمەك، چۆكۈرمەك.

**چىمىر** تەق. سۇ يۈزىنىڭ ئۇششاق دولقۇنلىنىشى، يورۇقلۇقنىڭ بىر يېنىپ، بىر ئۆچۈشى ياكى چاقنىشى، ئۇششاق نەرسىلەرنىڭ ھەرىكىتى، بەدەندە بىرنەرسە ماڭغاندەك ياكى سانجىلغاندەك سېزىم پەيدا بولۇش قاتارلىق ھالەتلەرگە تەقلىد قىلىنىدۇ.

**چىمىر-چىمىر** «چىمىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئايدىڭ كېچە كۆل ئۈستى چىمىر-چىمىر، ئەتراپىدا تاۋۇش بار پىچىر-پىچىر.

**چىمىرلاتماق** «چىمىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەسۇم ئاشپەزنىڭ چاقچىقىنى راست دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، ھەيران بولغىنىدىن كۆزلىرىنى چىمىرلىتىپ كەتتى.

**چىمىرلاشماق** «چىمىرلىماق» پېئىلى ②، ③ نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ چاغدا قاراڭغۇ چۈشۈپ، ئاسماندا يۇلتۇزلار چىمىرلاشماقتا ئىدى.

**چىمىرلىماق** پ ① ئۇششاق ۋە ئاجىز دەرىجىدە دولقۇنلانماق، مەۋج ئۇرماق: كۆل يۈزى چىمىرلاپ تۇراتتى. ② چاقنىماق، جىلۋە قىلماق، يالتىرىماق؛ تاۋلانماق: جىمجىت كېچە، ئەتراپ قاراڭغۇ، كۆكتىكى يۇلتۇزلار روشەن چىمىرلايتتى. * ھېلىقى كىشى ئەپەندىمنىڭ دېگىنىنى قىلىپ، 40 كۈن قاراڭغۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ، ياغ-گۆشسىز تاماق يەپتۇ. 41-كۈنى ھاسا تايىنىپ ئاران تالاغا چىقىپتىكەن، كۆزلىرى تورلىشىپ، پۇتلىرى تىترەپ، نەگە قارىسا، كۆزىگە چىمىرلاپ تۇرغان ئالا-يېشىل نەرسىلەر كۆرۈنۈپتۇ. ③ ئۈستىدە بىرەر نەرسە ماڭغاندەك، كۆيۈشكەندەك ياكى بىرەر نەرسە سانجىلغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولماق (بەدەن ھەققىدە): باللارنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ھالىتى، ئۇلارنىڭ كىچىككىنە تۇرۇپ بۇنچىلىك جاپا-مۇشەققەتكە قېلىشى مېنى بىئارام قىلدى. ئازادە، توق تۇرمۇشۇم كۆز ئالدىمغا كېلىپ، بەدەنلىرىم ئىختىيارسىز چىمىرلاپ، يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى.

**چىمىرمەك** پ. قاش-قاپاقنى يىغماق، تۈرمەك (تەئەججۈپ، نارازىلىق، خۇدۇكسىنىش، كىبىر قاتارلىق ھېس-تۇيغۇلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن).

**چىمىرىلمەك** «چىمىرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەن ئۆچۈپ تۈگەي دەپ قالغان سامان ئوتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قاناتلىرىنى چۈخچىلغاندىم، ئۇنىڭ قاشلىرى چىمىرىلىپ، كۆزىدە غەزەپ ئوتى چاقنىغاندەك كۆرۈندى.

**چىملداتماق** «چىملدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نۇردۇن ھاكىم كۆزلىرىنى چىملدىتىپ، لەۋلىرىنى مىدىرلاتقىنىچە چوڭقۇر ئويغا چۆمدى.

**چىملداشماق** «چىملدىماق» پېئىلىنىڭ

ئۆملۈك دەرىجىسى: كىچە، ئاي قاراڭغۇسى. تۆپىلىكتە يۇلتۇزلار تولىمۇ روشەن چىملدىشاتتى.

**چىملدىق** ئى. توي بولغان يىگىت بىلەن قىزىياكى ئەر-خوتۇننىڭ ياتقان ئورنىنى توسۇش ئۈچۈن تارتىلغان پەردە: توي تۈگەپ، نىكاھ ئوقۇلۇپ، مەلىكە بۇدۇر مەلىكە ھاياتۇننۇپۇسنىڭ چىملدىقىغا كىردى.

**چىملدىقلىق** سۈپ. چىملدىقى بار، چىملدىق تارتىلغان: بوتۇلۇك بىلەن سوڭدىشىپلا كىرگەن توختى بۇنچىلىك بېزەلگەن ئۆيلەرنى تېخى كۆرمىگىنى ئۈچۈن، بىردەم چىملدىقلىق تۆمۈر كارىۋاتقا، بىردەم كىرەكلىك ھۇججەتلەر ساقلىنىدىغان ئالتۇن ھەللىك پاكار ئىشكاپقا ھەيران بولۇپ قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

**چىملدىماق** پ ① بىرەر نەرسىنى سانجىغاندەك، تارتىشقاندەك ياكى كۆيۈشكەندەك تۇيغۇ پەيدا بولماق؛ ئېچىشماق: ئابدۇرېھىمنىڭ يۈزلىرى خىجىللىقتىن قىزىرىپ، چىملداپ كەتتى. ② تېز ۋە تەكرار رەۋىشتە ئېچىلىپ-يېپىلماق ياكى بوش ۋە ئاجىز دەرىجىدە لىكىلدىماق (كۆز، قاش-قاپاق ھەققىدە): ئېلىبېك ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى، ئۇنىڭ كۆزلىرى چىملداپ تىك تۇردى. * ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ، سايسىرىق كىرپىكلىرى توختىماي چىملداپ كەتتى. ③ ئۇششاق ۋە ئاجىز دەرىجىدە دولقۇن پەيدا قىلماق؛ كۆۋەجىمەك؛ قاينىماق: قازاندىكى سۇنىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرى بىلىنەر-بىلىنمەس چىملداۋاتاتتى. ④ بىر يورۇپ-بىر ئۆچمەك، چاقنىماق، يالتىرىماق: شالاڭلاپ قالغان بۇلۇتلار ئارىسىدا ئاندا-ساندا كۆرۈنۈپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئۇنىڭ ياشلىق كۆزلىرىگە ئوخشاش چىملداپ تۇراتتى.

**چىمگەن** ئى. دىئال. تىترەك.

**چىن** I ① سۈپ. ھەقىقىي، راست، توغرا؛ تولۇق: ئۇنى قىرى-ياش، قويچى، پادىچى، ئوتۇنچى، ياغاچچىدىن تارتىپ ھەممە كىشى: «ئۇ- زامانىمىزنىڭ چىن باتۇرى» دەيدىكەن. * شۇنىڭ ئۈچۈن، سۆزۈمنى ئاخىرقى ھەم چىن بەخت يۇراقلىرىنى يۇرىغان ۋاقىتىمدىن باشلايمەن. * قىز نىياز ئەپەندىمنىڭ گەپلىرىنى چىن ئىخلاسى بىلەن ئوقۇپ چىقتى. ② سۈپ. پاك، ساپ، سەممىي: چىن دوستلۇق. چىن مۇھەببەت. * — سەن ماڭا چىن نىيەت بىلەن ئۆزۈڭ ئۆمۈر ئۆتىلەمسەن؟ سېنىڭ مەقسىتىڭ مېنى ئالداپ، بوتۇلكىدىن چىقىرىپ يېپىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، — دەپتۇ چاشقان. ③ سۈپ. قەتئىي، چىڭ: ئورۇنداشقا سېنىڭ قەرزىڭ، يۈرەكتە چىن قارارىم بار. ئىككى دۇنيا قىلاي خىزمەت، بولۇپ ساڭا چىن ۋاپادار. ④ رەۋ. ھەقىقىي ھالدا، راستى بىلەن، راست: چىن ياشاشنىڭ ئۆزىمۇ سەنئەت.

**چىن دىلدىن** ← **چىن كۆڭۈلدىن**: قاسىم بىلەن پاتەمخان ئوغلى مۇھەممەتنىڭ ئۆز ئىشنى ئۆزى ھەل قىلغىنىغا چىن دىلدىن خۇشال ئىدى.

**چىن قەلبىدىن** ← **چىن كۆڭۈلدىن**: — ئېيتقىنا، سەن مېنى چىن قەلبىڭدىن ياخشى كۆرەمسەن؟ — دەپ سورىدى مەستۇرە.

**چىن قىچقىرىش** دىئال. توي كۈنى تۆت ئاقباش خوتۇن گىلەمنىڭ تۆت ئۇچىنى تۇتۇپ، قىزنى گىلەمگە ئولتۇرغۇزۇپ، قوشاق ئېيتىپ، قىزنى يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ ماڭىدىغان بىر خىل يوسۇن.

**چىن كۆڭۈلدىن** سەممىي كۆڭلى بىلەن؛ ئەستايىدىل، سەممىي نىيەت بىلەن: بەختىيارنىڭ قەھرىمانلىقىنى كۆرگەن قىز ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتىپ، چىن كۆڭلىدىن ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. * — بۇ سوئالىڭىز ئۈچۈن مەن سىزگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى قەلبىنۇر.

**چىن يۈرەكتىن** ← **چىن كۆڭۈلدىن**: ئابدۇللا داۋۇت ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ: — مەن چىن يۈرىكىمدىن قوللايمەن، كۈرەش — بىزنىڭ چىقىش

يولىمىز. بىز بىرلىكتە كۈرەش قىلايلى! — دېدى.

**چىن** II ئى [پ] جۇڭگونىڭ بەزى مەملىكەتلەردە ئاتالغان نامى.

**چىنار** ئى [پ] <بوت> چىنار ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى چوڭ، ئالقانسىمان يېرىلىدۇ؛ گۈلى سارغۇچ يېشىل، مېۋە باشقى شار شەكىللىك بولۇپ، خۇددى كولدۇرمىدەك ساڭگىلاپ تۇرىدۇ؛ يول بويلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ، ياغىچى قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىنارگۈل** ئى [چىنار+گۈل] <بوت> چىنارگۈل ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى تەتۈر تۇخۇم شەكىللىك بولۇپ، پارقىرايدۇ، گىرۋىكى سىرتقا پۈرلىشىدۇ؛ گۈلى ئاق، خۇش بۇي پۇرايدۇ؛ مېۋىسى سوقچاق كېلىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۈسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**چىنارلىق** ئى. چىنار ئۆسكەن جاي، يەر.

**چىنە** ئى [پ] غىزا، تاماق ئۇسۇلىدىغان قاچىنىڭ بىر خىلى. فارفور ماتېرىيالىدىن ياسىلىدۇ، ئاغزى كەڭ، تۈۋى كىچىك ۋە يۇمىلاق كېلىدۇ.

**چىنە سىرى** <خىم> بىر خىل سىر. ئادەتتە سىمولا، بوياق ماتېرىيالى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ ياسىلىدۇ. قاچىلارنىڭ سىرتىغا سۈركەلسە، پارقىراقلىقى ئارتىدۇ، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**چىنە-قاچا** چىنە ۋە شۇ قاتارلىق قاچىلار: ئۆينىڭ ئىچىدە نالە ئاۋازىغا قوشۇلۇپ، ئاياغ تىۋىشلىرى، گەپ قىلىشقان ئاۋازلار ۋە چىنە-قاچىلارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

**چىنپۈتمەك** پ [چىن+پۈتمەك] ئىشەنمەك: مەن ئوقۇمىغان، هازىرقى يېڭى مائارىپ تۈزۈمىنى تازا ياخشى چۈشەنمىسەممۇ، لېكىن ئىمتىهاندا ئاق قەغەز تاپشۇرغانلارنى ئوقۇشقا ئاپتۇ دېگەن گەپكە چىنپۈتمەيتتىم.

**چىن-پىششىق** دىئال. راست، جەزمەن، چوقۇم، شۈبهىسىز.

**چىنتاش** ئى [چىن+تاش] ① ياقۇت، زۇمرەت، پىروزا قاتارلىق ئېسىل تاشلارنىڭ ئومۇمىي نامى. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**چىندان** ئى. دىئال. سەندەل.

**چىندىن** I رەۋ. هەقىقىي رەۋىشتە، راستتىن، هەقىقەتەن: ئۇ بۇ خىل كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپلۈكىگە چىندىن ئىشىنىدۇ.

**چىندىن** II رەۋ. سۆزلەۋاتقان پەيتتە ئۆتۈۋاتقان كۈندىن ئۈچ كۈن كېيىنكى كۈن، تۆتىنچى كۈن، يەنى ئىندىندىن كېيىنكى كۈن.

**چىندىنلىققا** رەۋ. سۆزلەۋاتقان پەيتتە ئۆتۈۋاتقان كۈندىن ئۈچ كۈن كېيىنكى كۈندە، تۆتىنچى كۈندە، يەنى ئىندىندىن كېيىنكى كۈندە: — ياخشى گەپ، — قوشۇلدى سۇتۇق، — بۈگۈن، ئەتە، ئۆگۈن، — ئۇ بارماقلىرى بىلەن ساناندى، — يەنە بىر كۈن قوشايلۇق، ئىندىن، بۈگۈندىن باشقا ئۈچ كۈن دەم ئالسۇن. چىندىنلىققا كۆرۈشەلەك قانداق؟ — هەممەيلەن قوشۇلدى.

**چىنلىق** ① «چىن I» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئاللىبۇرۇنلا كۆڭلۈمدە ئۇنىڭ بىلەن ئۆمۈرلۈك بولۇشنى قارار قىلىپ بولغانىدىم. مۇهەببىتىمىزدىكى چىنلىققا قىلچىمۇ گۇمانىم يوق ئىدى. * بۇ پاجىئە ئويلاپ چىقىرىلغانمۇ ئەمەس، هېكايىمۇ ئەمەس، بۇنىڭ بارلىقى چىن ئەهۋال ۋە چىن ۋەقە، بۇنىڭ چىنلىقى شۇنچىلىككى، هەربىر كىشى ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدى ياكى قەلبىدىن بۇ درامىنىڭ ئىچىدىكى ئاملىلارنى تاپالايدۇ. ② ئى. هەقىقىي ئەهۋال، هەقىقەت، رېئاللىق، ئوبيېكتىپ، مەۋجۇدىيەت: مۇقام تېكىستلىرىدىكى مۇهەببەت ناخشىلىرى ئەڭ ئالدى بىلەن خەلق هاياتىدىكى چىنلىقنىڭ بىر قىسمىنى، خەلقنىڭ تارىخىدىكى چىنلىقنىڭ بىر قىسمىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. * مادداـ بىز تۇيغۇمىز ئارقىلىق هېس

قىلدىغان ئوبيېكتىپ چىنلىق. * شەۋكەت ئۈنچىمايتتى. ئوبۇلقاسىم ئۈستىنىڭ يۈرىكىدىن چىققان بۇ ئاددىي سۆزلەردىكى چىنلىق ئۇنىڭ بېشىنى تېخىمۇ ساڭگىلىتىپ، يۈزىگە قىزىللىق يۈگۈرتكەندى.

**چىنلىق نەزەرىيىسى** <ئەد> ← رېئالىزم.

**چىنلىقچىلىق** ئى <ئەد> 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىتالىيىدە تارقالغان ئەدەبىي ئېقىم. بۇ ئېقىم تەنقىدىي رېئالىزم كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، فرانسىيە ناتۇرالىزمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەش ۋە قاتتىق تەنقىد قىلىش، تۆۋەن قاتلامدىكى خەلقنى ئەسەر قەھرىمانى قىلىشتىن ئىبارەت.

**چىنتاۋاق** ئى [چىنە+تاۋاق] فارفور ماتېرىياللاردىن ياسالغان تاۋاق.

**چىنتەخسە** ئى [چىنە+تەخسە] فارفور ماتېرىيالدىن ياسالغان تەخسە: ئاشخانىغا مەن كىرسەم، چىنتەخسىدە ئاش كەلدى. يۈرتلارنى خىيال قىلسام، قارا كۆزۈمگە ياش كەلدى.

**چىنچەينەك** ئى [چىنە+چەينەك] فارفور ماتېرىيالدىن ياسالغان چەينەك: ئۇ چايخانىدىن چىنچەينەك ۋە پىيالە ئېلىپ، قۇمۇلدىن ئېلىنغان قېتىپ كەتكەن نېنىنى چايغا چىلاپ، يۇمشىتىپ يېيىشكە باشلىدى.

**چىندەك** سۈپ. پاك-پاكىز، تازا: ئۆينىڭ ھەممە يېرى چىندەك تازىلانغانىدى.

**چىنگۈل** ئى [چىنە+گۈل] <بوت> چىنگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى لېنتا شەكلىدە بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ؛ گۈلى قىزىل، سۆس سۆسۈن، ئاق ياكى ئارىلاش رەڭدە كېلىدۇ، گۈل تاجى ياپراقچىسى تال-تال بولۇپ يېرىلىدۇ؛ ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**چىنگۈل ئائىلىسى** <بوت> قوش پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر ئائىلىسى. بۇ ئائىلىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆپ قىسمى سامان غوللۇق، ئاز ساندىكىلىرى يېرىم چاتقاللاردۇر. ئادەتتە بوغۇمىدىن يوغىنايدۇ، تاق؛ يوپۇرماقلىرى كۆپىنچە ئۇدۇل ئۆسىدۇ، گۈلى كۆپ ھاللاردا قوش جىنسلىق كېلىدۇ، ئۇرۇقىدا تۆرەلمە سۆتى بولىدۇ.

**چىۋ** تەق. تورغايغا ئوخشاش بەزى قۇشلار سايرىغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**چىۋە** ئى. يىرىق، تېقىم: بالىنىڭ چىۋىسى پىشلاق بولۇپ قاپتۇ، ئازراق ئۇپا بېسىپ قويۇش كېرەك. * قايتا ئېسىلغاندا موللازەيدىن ئوغرىنى ئالدىغا تارتىپ، ئوغلاقچىلارغا ئوخشاش چىۋىسىغا باستۇرىۋالدى.

**چىۋە ئۈلەك** ئېگەرنى چىڭىتىش ئۈچۈن، ئاتنىڭ چىۋىسىدىن تارتىلىدىغان تاسما: ئېتىمنى توقۇپ قويدۇم، چىۋە ئۈلىكىنى تارتماي. بۇ دەردلەرنى كىم تارتسۇن، سېنىڭ بىلەن مەن تارتماي.

**چىۋ-چىۋ** «چىۋ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**چىۋ-چىۋ قىلماق** ← **چىۋىلدىماق**: ناخشىنىڭ قوشاقلىرىنى ئوقۇۋاتقاندەك، ئۆستەڭنىڭ نېرىسىدىكى بوزنىڭ ئۈستىدە بىر تورغاي چىۋ-چىۋ قىلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلمەكتە. * بېلىق ئالغۇچلار چىۋ-چىۋ قىلىشىپ، تېخى كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەن سەھەر تۇمانلىرى ئىچىدە ئېگىز-پەس ئۇچىشىدۇ.

**چىۋى** ئى. بۇقىنىڭ جىنسىي ئەزاسى.

**چىۋىش** ئى. ئوغلاقنىڭ چىشىسى: قوللار قېيىقچىنىڭ پالقىدەك بىر ئالدىغا سوزۇلۇپ، بىر كەينىگە يىغىلاتتى. ساغرا- يانپاشلار دەممۇدەم بىر-بىرىگە «گۈپ-گۈپ» قىلىپ تەگكەندە بولسا، قىزلارنىڭ نازلىق چىرقىراشلىرى، ۋىلىقلاپ كۈلۈشلىرى،

يىگىتلەرنىڭ يامغۇردا قالغان چۈش ئوغلاق مەرىگەندەك «ۋەيت! ... ۋەيت! ...! ...» دەپ ۋارقىراشلىرى ئۆينى كۆتۈرۈۋېتەتتى.

**چۈنق** I ئى ① تال، سۆگەت قاتارلىقلار-نىڭ يىڭى ئۆسكەن، يۇمران ۋە ئىنچىكە شېخى: خېۋىر قوتاننىڭ چۈنقتىن توقۇلغان يوغان ئىشىكىنى يېپىپ، غورۇ بىلەن تۇسۇپ، ئاستا سەپەر توقۇمنىڭ يېنىغا كەلدى. ② ئىنچىكە تۆمۈر تاياقچە: پولات چۈنق.

**چۈنقىغا ئالماسلىق** پىسەنت قىلماسلىق؛ كۆزگە ئىلماسلىق: شەۋكەت بۇ گەپلەرنى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ قىلغانىدى، بىراق ئادەتتە بۇنداق چاقچاقلارنى چۈنقىغا ئالمايدىغان ئانارنىڭ چىرايى غەلىتە ئۆزگىرىپ، ئاغزىنى قولۇپلىۋەتتى. * قەمبەرنىسانى ئۆز دامىغا چۈشۈرۈش كويىدا، مەنسۇر بەگنىڭ قىلمىغان ئىشلىرى قالمىدى. قەمبەرنىسامۇ ئۇنى چۈنقىغا ئالمىدى.

**چۈنق** II ئى <كي> ئۇلاق.

**چۈنق سىپلىش** <كي> كىيىمنىڭ كەڭلىكى ئۆلچەمگە توشمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلاق سىپلىپ تولدۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**چۈنقدا تماق** «چۈنقدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چۈنقدا شماق** «چۈنقدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۈنقدا لماق** «چۈنقدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چۈنقدىماق** پ ← **چۈنقلماق.**

**چۈنقلا تماق** «چۈنقلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چۈنقلا شماق** «چۈنقلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۈنقلا نماق** «چۈنقلماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**چۈنقلماق** پ. چۈنق بىلەن ئۇرماق، ساۋىماق.

**چۈىلدا تماق** «چۈىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**چۈىلدا شماق** «چۈىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**چۈىلدىماق** پ «چىۋ، چۈ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق؛ سايرىماق: دەرەخ ئۈستىگە قونۇۋالغان قۇشقاچ بىرپەس جىمىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا يەنە چۈىلداپ كېتەتتى.

**چۈىللاشماق** پ. دىئال. پىچىرلاشماق، شىۋىرلاشماق.

**چۈشن** ئى <زوئول> بىر خىل ھاشارات. خىللىرى كۆپ، ئادەتتە ئۆي چۈشنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بېشىدا بىر جۈپ مۇرەك-كەپ كۆزى بولىدۇ، لېچىنكىسى قۇرت دېيىلىدۇ؛ يېتىلگىنى خولىرا، كېزىك كېسەللىكلىرىنى تارقىتىدۇ.

**چۈشن چاقىانچىلىكمۇ بولماسلىق** ئازراقمۇ ئاغرىماسلىق.

**چۈشن چېچقاقتەك** شاختىن-شاخقا قونۇپ يۈرىدىغان، تۇرالغۇسىز: چۈشن چېچقاقتەك ئىش قىلماي، بىر يەردە مۇقىم ئىشلە.

**چۈشن قورۇغۇچىلىك ھالى يوق** ئىنتايىن ئاجىز، مىجەزى تولىمۇ بوش: ئۇ شۇنداق ھارغان ئىدىكى، چۈشن قورۇغۇچىلىكمۇ ھالى يوق ئىدى.

**چۈشن قونغانچىلىكمۇ بولماسلىق** ھېچقانچە تەسىرى مەلۇم بولماسلىق، قىلچە تەسىر قىلماسلىق.

**چۈشن قۇرتى** <زوئول> چىۋىننىڭ لېچىنكىسى. تېنى يۇمشاق، بوغۇملۇق ۋە ئاق كېلىدۇ؛ ئالدى ئۇچلۇق، قۇيرۇقى دىقماق ياكى ئۇزۇن كېلىدۇ؛ ھاجەتخانا، پاسكىنا جايلار ۋە ھايۋان تاپلىرىدا

كۆپرەك بولىدۇ.

**چۈشىن يەۋالغاندەك** كۆڭلىگە شەك، گۇمان چۈشكەندەك؛ كۆڭلى غەش، دەرگۇمان: ئاخىرى چوڭلارنىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن جېدەل ئاران بېسىلىپ قالدى. لېكىن تويغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى چۈشىن يەۋالغاندەك، كۆڭۈلسىز ئەھۋال ئاستىدا تارقىلىشقا باشلىدى. * مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپلا، چۈشىن يەۋالغاندەك بولۇپ قالدىم.

**چۈشىن يۇتۇۋالغاندەك** ← **چۈشىن يەۋالغاندەك**: سۇلايمان سۇخەنچى قىزنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ، چۈشىن يۇتۇۋالغاندەك بولدى. مۇدەنگۈلمۇ گەپ ئويۇننىڭ تېگىگە يېتىپ، تازا دەككىسىنى بەردىم دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. * ئىلشات پەيدا قىلغان ۋەقەنىڭ ئىش ئورنىغا جەزمەن تەسىر كۆرسىتىش ئېھتىمالى ياسىن جۇيجاڭنىڭ كۆڭلىنى چۈشىن يۇتۇۋالغاندەك غەش قىلىپ تۇراتتى.

**چۈشىن يۇلتۇز تۈركۈمى** <ئاستر> جەنۇبىي ئاسماندىكى يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 12 سائەت 20 مىنۇت، ئېكۋاتور كەڭلىكى 70°، يەنى سېنتاۋر يۇلتۇز تۈركۈمى بىلەن جەنۇبىي كرېست يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ.

**چۈشىنگە ئازار بەرمەيدىغان** كۆڭلى يۇمشاق، رەھىمدىل: مەرھۇم بوۋام ئىشچان، قائىدە-يوسۇنلۇق، كىچىك پېئىل ۋە چۈشىنگىمۇ ئازار بەرمەيدىغان رەھىمدىل كىشى ئىدى.

**چۈشىنخور** سۈپ. چۈشىن بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان، چۈشىن تۇتۇپ يەيدىغان: چۈشىنخور ئوت. چۈشىنخور ئۆمۈچۈك.

**چۈشىنخور ئوت** <بوت> قالپاقسىمان يوپۇرماقلىق شەبنەمئوتى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق، ھاشاراتخور ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى يۇمىلاق ياكى بۆرەك شەكلىدە بولۇپ، ئىككىگە يېرىلىدۇ، گىرۋىكىدە يىرىك تۈكچىلىرى بولغاندىن سىرت، ھەربىر يېرىمچە ياپراقلىرىدا سەزگۈرلۈكى يۇقىرى بولغان ئۈچ تالدىن تۈكچىلىرى بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى قاتلىنالايدۇ، يوپۇرماق يۈزى ھەزىم قىلىش سۇيۇقلۇقى ئىشلەپچىقىرىپ، بۇ ئارقىلىق ئۇششاق ھاشاراتلارنى تۇتۇپ ئوزۇقلىنىدۇ. ئەسلىي ماكانى ئامېرىكا.

**چۈشىنخور ئۆمۈچۈك** <زوئول> ئۆمۈچۈكنىڭ بىر خىلى. تېنى كىچىك، ئاقۇچ ياكى كۈل رەڭ كېلىدۇ؛ سەككىز دانە ئاددىي كۆزى بولىدۇ، كۆكرىكى چاسا شەكىللىك، قورسىقى تار، پۇتى قىسقا كېلىدۇ، دائىم تاملاردا يۈرۈپ چۈشىن ۋە باشقا ھاشاراتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ؛ تور توقۇمايدۇ.

**چۈشىنقىماق** پ. مال-ۋارانلار باش ۋە پۇتلىرىنى مىدىرلىتىپ، چۈشىننى قوغلىماق.

**چياڭزۇ** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ياكى شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**چياڭزۇ تىلى** <تىل> چياڭزۇ مىللىتى ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل خەنزۇ-زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى زاڭ-مىيەن تىللىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ سىچۈەن ئۆلكىسى ماۋېن چياڭزۇ مىللىي ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە ۋېنچۈەن، لىشيەن، سۇڭفەن ناھىيىلىرىنىڭ بەزى رايونلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**چياڭزۇلار** ئى <ئىرق> چياڭزۇ مىللىتى، چياڭزۇ خەلقى.

# خ

**خ** ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ سەككىزىنچى ھەرپى. ② رەت تەرتىپى جەھەتتە سەككىزىنچىنى كۆرسىتىدۇ.

**خا** (توغرىسى: خاھى) ← خاھى.

**خاپا** سۈپ [پ] رەنجىگەن، تېرىككەن، ئاچچىقلانغان: بۇرۇتقا خاپا بولسام ساقال چىقتى (ماقال). * قەدىرلىك گۈلسۈرۈخ، مەن سىلىگە ئىشىنىمەن، ئاپىلىرىدىن ھەرگىز خاپا ئەمەسمەن. // كېيىنكى كۈنلەردىمۇ دادام بىلەن پاراڭلاشقۇدەك پۇرسەت بولمىدى، بىز يەنە كەمدىن-كەم ئۇچرىشاتتۇق، ئۇ نېمىشقىدۇر بىرنەرسىدىن نارازىدەك، خاپا كۆرۈنەتتى. * قاسىم ئاخۇن خاپا ھالدا چوكىسىنى سىلكىپ-سىلكىپ قويۇپ، تەخسىدىكى لەڭمەننىڭ سېپى بىلەن چۆپىنى ئارىلاشتۇردى-دە، سۆزلەشكە باشلىدى.

**خاپا بولماق** ئاچچىقى كەلمەك، رەنجىمەك، تېرىكمەك: ئادەم ياتتىن خاپا بولمايدۇ، يېقىندىن خاپا بولىدۇ. * پال باقتۇرغۇچى پالچىنىڭ بۇ تەبىرىگە خاپا بولۇپ، ئىچىدە يۈز مىڭنى تىللىدى، ئاچچىقى بىلەن ئون داچەنلىك مىس تىيىندىن بىرنى تاشلاپ كېتىپ قالدى.

**خاپا قىلماق** ئاچچىقىنى كەلتۈرمەك، رەنجىتمەك، تېرىكتۈرمەك: كاملىنىڭ قۇچىقىدىكى مەرھابا ئاپىسىنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى-دە: — ئاپامنى يىغلىتىپسەنغۇ؟ قايا دادا، ئىلشات ئاپامنى خاپا قىلىپتۇ، — دېدى.

**خاپان** ① ئى. ئىچىگە ئاشلىق ۋە باشقا نەرسىلەرنى قاچىلايدىغان، تۆت بۇرجەك ياغاچ قاچا: تۇرسۇن ئەڭ ئاخىردا ئۇرۇق قاچىلىنىدىغان خاپان ئىچىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. ② سۈپ. كۆچمە. يوغان: خاپان باش. * يىلان باش قىزنىڭدىن خاپان باش كېلىنىڭ ياخشى (ماقال).

**خاپچان** سۈپ ← **خاپىغان**: يېقىندىن بۇيان ئاپام خاپچان بولۇپ قالدى.

**خاپىچىلىق** ئى ← **خاپىلىق**: چىن تۆمۈر باتۇر خاپىچىلىقتىن بېشى گاڭگىراپ ئولتۇرسا، يەنە بىر توپ قۇلانلار سەكرىشىپ كېلىپتۇ. * دۇنيادىكى ھەممىلا ئادەم ئىككىمىزنىڭ ئارزۇسىغا قاراپ يارالغان بولسىدى، دۇنيادا خاپىچىلىق بولمىغان بولاتتى.

**خاپىغان** ① سۈپ. ئاسان خاپا بولىدىغان؛ ئاچچىقى يامان: خاپىغان كېسەل. خاپىغان ئادەم. * خەمىت ئەلەملىك خىياللاردىن قۇتۇلالمايۋاتاتتى،

تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى ئىشخانىغا چاقىرغاندىمۇ، ئۇ يەنىلا خاپىغان كۆرۈنەتتى. ② ئى. خاپىغان كېسەل: ئەمەت ئۇنىڭغا: ـ گۈل خاپىغاننى ئالدۇ. مەن يەنە 50ـ60 تەشتەك تېپىپ قويدۇم. قورۇيمىزنىڭ ھەممە يېرىنى گۈلزارلىق قىلىۋېتەي دەيمەن، ـ دېدى.

**خاپىغان كېسەل** <تب> ← **نېرۋا فۇنكسىيىسى بۇزۇلۇش كېسەللىرى.**

**خاپىلىق** «خاپا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: يىللار ئۆتتى، تاشخان ئۇستام 51 ياشقا كىرىپ قالدى، ئۆيلەنمىگەن يەردىن ئۇستامنىڭ بېشىغىمۇ خاپىلىق كەلدى. * سادىق روزىنىڭ چىرايىدا، بىردىنلا بىر خىل خاپىلىق ئىپادىسى پەيدا بولدى.

**خاتا** سۈپ [ئە] ھەقىقەتكە، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان، ئاداشقان، يېڭىلىشقان، ئاساسسىز، ناتوغرا: خاتا پىكىر. خاتا چۈشەنچە. * بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان بۇساره خۇددى بىر خاتا ئىش قىلىپ قويغاندەك، بېشىنى يەردىن ئالالماي تۇرۇپ قالدى. // بۇ پالتىنى پادىشاھنىڭ قىزىدىن باشقا ئادەم بىلمەيدىكەن. شۇڭا نۇرغۇن ياشلار پالتىنى خاتا تاللاپ، ئۆز جېنىدىن ئايرىلغانىكەن.

**خاتا سەزگۈ** <پسخول> ئوبيېكتىپ شەيئىلەر توغرىسىدا مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ناتوغرا ئىدراك. مەسىلەن، بىر تال چوكىنى سۇغا تىقىپ پاتۇرغاندا، نۇرنىڭ سۇنۇشى بىلەن چوكا ئەگرى كۆرۈنگەنگە ئوخشاش.

**خاتا قىلماق** خاتاغا يول قويماق، كەمچىلىك ياكى نۇقسان قاتارلىقلارنىڭ يۈز بېرىشىگە ئىمكان بېرىپ قويماق، ئاداشماق، خاتالاشماق: سايىت تۇڭچى ئۆرۈپ بەرگەن بۇ خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «تۆمۈر خەلپە، سىز ئۆرۈمچىگە كېلىپ خاتا قىلدىڭىز، بىزنىڭ كىتابلىرىمىزدا ‹يولۋاسنى تاغدىن ئايرىۋېتىش› دېگەن بىر گەپ بار. يالڭ جاڭجۇن سىزنى تاغدىن ئايرىلغان يولۋاس قىلىپ قويدى».

**خاتا كەتمەك** نۇقسان، ئەيىب، قۇسۇر ۋە باشقا ئىشلارنىڭ سادىر بولۇشىغا يول قويۇلۇپ قالماق، خاتا بولۇپ قالماق، يېڭىلىشماق: كەپشەرچى ئۇستا ئۇينىشىپ ئېيتتىمۇ: ـ ئالدىراپ كەتمەڭ سىڭلىم، سولايمان ئۆلچىگۈچىسىزمۇ بىر مىللىمېتىر خاتا كەتكۈزمەي سوقۇپ چىقىرالايدۇ، كۆز مۆلچىرى ئېنىق، ـ دەپ قويدى.

**خاتا ئۆلتۈرۈش** <قا> سۇبيېكتىپ جەھەتتە ئادەم ئۆلتۈرۈش مەقسىتى يوق، ئەمما، مەلۇم بىر سەۋەنلىك بىلەن ئادەمنى زەخىملەندۈرۈپ، ئۆلتۈرۈپ قويۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ قەستەن، مەقسەتلىك ئۆلتۈرۈپ قويۇشتىن پەرقلىنىدۇ.

**خاتاسىز** ① سۈپ. خاتاسى يوق، خاتا ئەمەس، توغرا: خاتاسىز گەپ. * ھسامدىن داموللا مەيدە يانچۇقىدىن ياپىلاق ئالتۇن سائەتنى ئېلىپ قاراپ، تام سائىتىنىڭ خاتاسىز ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. ② رەۋ. خاتا كەتكۈزمەي، خاتاغا يول قويماي، توغرا: سېنىڭ قورسىقىڭدا ئۇمچىڭ بار. نەچچە يىل قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراب بولساڭمۇ، ھەر ھالدا ئەترەتنىڭ بوغالتىرلىقىنى خاتاسىز ئىشلەپ كەلدىڭ، ئۆزۈڭنى بۇلغىمىدىڭ. ③ سۈپ. كۆچمە. گۇمان قىلغۇسىز دەرىجىدە، شۈبھىسىز، ئوچۇقتىن-ئوچۇق، ئېنىق: بۇ رەسىمدىكى قارامتۇل كەلگەن ياش بىلەن مومايىنىڭ پۈلىنى سۇرۇشتۇرۇپ باقماقچى بولۇپ ماشىنىدىن چۈشۈپ قالغان ھېلىقى يىگىت ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا تەڭلا كەلدى. خاتاسىز، بۇ ئىككىسى ئەسلىدە بىر ئادەم ئىدى.

**خاتاكەش** ئى <مەت> مەتبەئەدە كوررېكتورلۇق قىلىنغاندىن كېيىنكى بەتلەرنىڭ ھەرپ خاتالىقىنى تۈزەتكۈچى كىشى: خاتاكەشلەر خاتا ھەرپلەرنى ئوڭلاشتا، كوررېكتور كۆرسەتكەن ھەرپ ـ بەلگىلەرنى پۇختا ئوڭلىشى، زىيچكىنى توغرا تۇتۇشى، كاسسىدىكى ئېلىشقا تېگىشلىك

ھەرپلەرنى توغرا ئېلىشى لازىم.

**خاتالاشتۇرماق** «خاتالاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خاتالاشتۇرۇلماق** «خاتالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**خاتالاشماق** پ ① خاتالىق ئۆتكۈزمەك، خاتالىق سادىر قىلماق، ئادا شماق، يېڭىلىشماق: خەتتە: «مەن خاتالاشتىم. ئالدىڭدا تۈزىتىپ بولماس ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزدۈم. بۇ ئىشنى ئۆز ئاغزىم بىلەن ئېيتىشقا قانداقمۇ يۈزۈم چىدىسۇن! قالغان گەپنى بۇ خەتنى ئېلىپ بارغان كىشىدىن ئۇقارسەن. ئەھۋال شۇنداق. مەن ئۇنىڭغا باغلىنىشىم كېرەك. سەن مېنى كۈتمىگىن» دېيىلگەنىدى. * غەيرەت ھېسابتا خاتالاشمايدۇ، چۈنكى ئۇ ھېسابنى ياخشى بىلىدۇ. * بىز زىندىيەتلەرنىڭ ئومۇمىيلىقىنى ۋە كۆرۈشنى ئەتىق قىلغان چېغىمىزدا، زىندىيەتلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان كۆرەش شەكىللىرىنى پەرق ئېتىشكە دىققەت قىلىشىمىز لازىم؛ ئۇنداق قىلمىساق، خاتالىشىمىز. ② بىخەستەلىك قىلماق، دىققەتسىزلىك قىلماق، يېڭىلىشماق: سەن خەتەرسىز يەرگە يەتكىنىڭدىن كېيىن، ماڭا يا تاغدا بىر بەختسىز ھادىسە بولىدۇ، ياكى ئۇيقۇ دورىسىنى خاتالىشىپ بەك كۆپ ئىچىپ قويىمەن، ئەڭ ياخشىسى مەنمۇ سەن بىلەن بىللە كېتەۋالاي، — دەپ يېلىنىپتۇ بوۋاي.

**خاتالىق** ① «خاتا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بىلىشنى تۆۋەن باسقۇچ بولغان ھېسسىي باسقۇچتا توختىتىپ قويسا بولىدۇ، پەقەت ھېسسىي بىلىشلا ئىشەنچلىك بولىدۇ، ئەقلىي بىلىش ئىشەنچلىك بولمايدۇ دەپ ھېسابلانسا، بۇ تارىختىكى «تەجرىبىچىلىك» خاتالىقىنى تەكرارلىغانلىق بولىدۇ. ② ئى <مات> ئۆلچەنگەن سانلىق قىممەت ياكى باشقا تەقرىبىي قىممەت بىلەن ھەقىقىي قىممەتنىڭ پەرقى: مەسىلەن: 3÷1نىڭ ئورنىغا 0.33 ئېلىنسا، خاتالىق 300÷1 بولىدۇ.

**خاتىپ** ئى [ئە] <دىن> ← خەتىپ: ھېزىم ئاخۇن ئاق سېرىق، دوغىلاق كەلگەن، ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم بولۇپ، كېيىنچىرەك نىلقىدىكى چوڭ مەسچىتكە ئىمام خاتىپ بولغان.

**خاتىر** ئى [ئە] ← خاتىرە.

**خاتىرە** [ئە] ① ئى. بىرەر ئادەم ياكى بىرەر نەرسە ھەققىدىكى ئىش ھەرىكەت، ھادىسىلەرنى ئەستە ساقلاش، ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى؛ ئەس، ياد، زېھىن: خاتىرىسىدە تۇتماق. خاتىرىسىگە كەلتۈرمەك. * ئادەمنىڭ خاتىرىسى 18 ياشتىن 29 ياشقىچە تەرەققىي قىلىپ، چېكىگە يېتىدۇ. 30 ياشتىن 49 ياشقىچە بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيىنى ساقلايدۇ. * ئەپەندىم بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بارسا، ئۆپكە-ھېسىپ قويۇپ بېرىپتىكەن، ئۆپكە-ھېسىپ ئەپەندىمگە تېتىپ كېتىپتۇ ۋە ئاغىنىسىدىن بۇ غىزانى قانداق ئېتىشنى سوراپتۇ. ئاغىنىسى دەپ بەرسە، ئەپەندىم: — خاتىرەم ياخشى ئەمەس، قەغەزگە يېزىپ بېرىڭ، — دەپ، قەغەزگە يازدۇرۇۋاپتۇ. ② ئى. بېشىدىن كەچۈرگەن ياكى ئاڭلىغان ئىش، ھادىسە، ۋەقە ۋە شۇ قاتارلىقلار؛ ئەسلىمە؛ سەرگۈزەشتە؛ ئۆتمۈش: ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ياش يىگىتلىك چاغلىرىدىكى شېرىن خاتىرىلىرىنى زوق بىلەن سۆزلەشكە چۈشتى. * ئالماس بىلەن لەيلىگۈلنىڭ كۆز ئالدىدىن قاچاندۇر بىرچاغلاردىكى ئايدىڭ كېچىلەرنىڭ خاتىرىلىرى يامغۇرلۇق كېچىدىكى چاقماقتەك، يالت-يۇلت قىلىپ ئۆتتى. ③ سۈپ. ئەسلەش، سېغىنىشنى بىلدۈرىدىغان؛ ئەسلەش، ياد قىلىشنى مەقسەت قىلىدىغان، يادىكار قىلىنغان: خاتىرە ھەيكەل. خاتىرە تاش. خاتىرە مۇنارە. * ئاتابەكرى تىلىۋالدى بىلەن بىرگە چۈشكەن خاتىرە سۈرىتىنى ماڭا كۆرسەتتى. ④ ئى. مۇھىم ۋە زۆرۈر دەپ ھېسابلانغان ئىشلارنى يېزىپ قالدۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس تۇتۇلىدىغان دەپتەر: مەن ياتاقتا كېلىپ، جوزا ئۈستىگە تىزىلغان كىتابلار

ئارىسىدىن كۆندىلىك خاتىرەمنى ئالدىم. * گۈلباهار قولىدىكى خاتىرىنى شىرەگە قويدى-دە، ئالدىراپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ⑤ سۆپ. مەخسۇس خاتىرىلەش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدىغان، مەخسۇس تۈتۈلىدىغان: تۇرىخان يانچۇقىدىن كونا بىر خاتىرە دەپتەرنى ئېلىپ، ئۇ يان- بۇ يانىنى ۋاراقلاشقا باشلىدى. ⑥ ئى. ئېچىلغان يىغىننىڭ مەزمۇنى، يىغىندا ئوتتۇرىغا چۈشكەن تۈرلۈك مەسىلە ياكى بىرەر ئىش، ھادىسە، ۋەقەلەر توغرىسىدا تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن يازما ماتېرىيال، يازما دوكلات؛ مەسىلە: يىغىن خاتىرىسى. * مەن بۈگۈن تىزىملانغان ئەنزە خاتىرىسىنى تەكشۈردۈم. * ئوقۇغان كىتابتىن خاتىرە يېزىش ــ ھەر خىل گۈللەردىن شىرنە يىغقاندەك ئىش. ⑦ ئى. ئىبرەت، ساۋاق: مەن ئېغىر ۋە ئاستا قەدەم تاشلىغان ھالدا ئۆيگە قاراپ يول ئالدىم، بىراق ھەرقانچە قىلىپمۇ خېلىدىن بېرى كۆڭلۈمگە ئارام بەرمەيۋاتقان ھېلىقى ئاچچىق خاتىرىنى خىيالىمدىن نېرى قىلالمىدىم. ⑧ ئى. روھىي كەيپىيات، مىجەز: بۇ ئىشتىن پادىشاھنىڭ كۆڭلى غەمكىن، خاتىرىسى پەرىشان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا ماقۇل كەلگۈدەك بىر جاۋاب بېرىپ، بۇ تۆھمەتتىن قۇتۇلىشىڭىز كېرەك، ــ دېدى ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە.
⑨ ئى. كۆچمە. يۈز، ئابروي، ھۆرمەت: يۈز خاتىرە قىلماق.

**خاتىرە تاش** <ئارخېئول> قەدىمكى زامانلاردا، ئۆلگەن كىشىنىڭ ھاياتىغا دائىر بايانلار ئويۇلۇپ، قەبرىلەرنىڭ ئالدىغا ياكى ئىچىگە كۆمۈپ قويۇلغان تاش.

**خاتىرە دەپتەر** خاتىرە يېزىش ئۈچۈن تۇتۇلىدىغان ھەر خىل فورماتتىكى دەپتەر: خاتىرە دەپتەر تۇتماق. خاتىرە دەپتەرگە يازماق. * مەكتەپ رەھبەرلىكى، ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچىلارنى خاتىرە دەپتەر بىلەن مۇكاپاتلىدى.

**خاتىرە مۇنار** ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن مۆجىزە ياراتقان مەلۇم بىر شەخسنى ياكى ئەجايىپ، تارىخىي ئەھمىيىتى بولغان بىرەر ئىش، ۋەقە، ھادىسە قاتارلىقلارنى كىشىلەرنىڭ ئەسلەپ، ياد ئېتىپ تۇرۇشى ئۈچۈن تۇرغۇزۇلغان مەخسۇس مۇنار. ئادەتتە بۇ خىل مۇنارلارنىڭ سىرتقى يۈزىگە رېئال تارىخنى ئەسلىتىپ تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان خەتلەر يېزىلغان بولىدۇ.

**خاتىرە ھەيكەل** <گ سەن> تارىخىي شەخسلەرنى ۋە زور تارىخىي ۋەقەلەرنى خاتىرىلەش تېما قىلىنغان ھەيكەل. ئادەتتە ئالاھىدە بەلگىلەنگەن جايغا ياكى خاتىرە خاراكتېرىدىكى بىنالارنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ خىل ھەيكەللەر ئۇلۇغۋارلىق، ئەبەدىيلىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان بولىدۇ.

**خاتىرىسىگە ئالماق** بولۇپ ئۆتكەن بىرەر ئىش، ۋەقە، ھادىسە ۋە باشقىلارنى يادىغا كەلتۈرمەك، ئەسلىمەك؛ يادىغا ئالماق: بوۋاي ئۆزىنىڭ ياش چېغىدىكى جەڭگە قاتناشقانلىرىنى بىردىنلا خاتىرىسىگە ئالدى-دە، ئالدىرىماي ھېكايە قىلىپ بالىلارغا سۆزلەشكە باشلىدى.

**خاتىرىسىگە كەلمەك** بولۇپ ئۆتكەن بىرەر ئىش، بىرەر ۋەقە، ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلار ئېسىگە، يادىغا چۈشمەك: پاتىمەنىڭ ئۆسمۈر چېغىدىكى چىرايى مومايىنىڭ خاتىرىسىگە كەلدى.

**خاتىرىسىنى جەم قىلماق** ① غەم-ئەندىشە قىلماي، خاتىرجەم بولماق: ــ خاتىرەڭنى جەم قىل، مەن ئىشىڭنى جەزمەن ئورۇندايمەن، ــ دېدى ئۇ دادىسىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ. ② قارشى تەرەپكە خىتاب فورمىسىدا ئېيتىلىپ «بەك بالدۇر خۇشال بولۇپ كەتمىگىن»،

«ئىشىڭنىڭ سورىقى، نەتىجىسى تېخى كېيىن بولىدۇ» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ: ـ خاترەڭنى جەم قىل، قىلغان ئىشىڭدىن چوقۇم ھېساب بېرىسەن، ـ دېدى ئۇ قول ئاستىدىكى بىر بالىغا كەسكىنلىك بىلەن.

**خاترىسنى قىلماق** يۈز قارىماق؛ يۈزىنى، ھۆرمىتىنى، ئابرويىنى قىلماق: ـ مەن تا ھازىرغىچە داداڭنىڭ خاترىسنى قىلىپ، سېنىڭ بۇ قىلىقىڭغا بىر ئېغىز گەپ قىلىپ باقمىدىم. ئەمدى گەپ قىلمىسام بولمايدىغان يەرگە يەتتى، ئۆزۈڭنى بىلىپ يۈر، ئۇكام، ـ دەپ كايىدى ئاشپەز ئۇستام ئۇنىڭغا. * ئۇ كۆرۈنۈشتە ئالىيجاناب بولغان بىلەن، ئىچى تار ئادەم، ساداقەت، سەممىيەتنىڭ خاترىسنى قىلمايدۇ.

**خاترجەم** [ئە] ① سۈپ. بىرەر ئىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىغا ئىشەنچى كامىل؛ ئىشەنچلىك: غەيرەتنىڭ ئانىسى مېھماننىڭ چاپان، سومكىلىرىنى ئالماي چىقىپ كېتىپ بارغىنىنى كۆرۈپ، خاترجەم بولغاندەك ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋەردى. * ـ دادامنىڭ «مەسلىسى» بۈلتۈر 11-ئايدا ھەل بولغان. ھازىر ئۇ ئۆز خىزمىتىنى قىلىۋاتىدۇ، ـ دېدى سائادەت خاترجەم ھالدا. ② سۈپ. غەم-ئەندىشىلەردىن خالىي، غەم-ئەندىشە-سى بولمىغان، غەم-ئەندىشىسىز: ئاسىيە مۇھىم بىر ئىشنى تۈگىتىۋالغاندەك خاترجەم ئىدى. 〃 پىئونېر گۈلتاي، ئايشەمخان ئانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ـ چوڭ ئانا، خاترجەم بولۇڭ، بۈندىن كېيىن ھەر ھەپتىدە سىزنى يوقلىغىلى كېلىپ تۇرىمەن، ـ دېدى. * باشلىق چىرايىنى تۈرۈپ تۇرۇپ: ـ سىز ھازىرچە ھازىرقى ئىش ئورنىڭىزدا خاترجەم ئىشلەۋېرىڭ، باشقا ئىشلار بولسا، كېيىن ئايرىم بىرنەرسە دېيىشەرمىز، ـ دېدى ئەپسەنكە كۆڭۈل بۆلۈپ. ③ سۈپ. خۇشال-خۇرام، كۆڭۈللۈك: خاترجەم تۇرمۇش. خاترجەم ھايات. * ـ جۇمەش نائىلاج چىشلىرىنى غىچىرلىتىپ كېتىپ قالدى-دە، بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇنلىغان چېرىك ۋە لۈكچەكلەرنى باشلاپ كېلىپ، خاترجەم راۋاب چېلىپ ئولتۇرغان تاشۋاي ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرىنى قاتتىق ئۇرۇشقا باشلىدى.

**خاترجەم بولماق** كۆڭلى غەم-ئەندىشىلەر-دىن، تەشۋىشلىك خىياللاردىن خالىي ھالەتكە كەلمەك؛ خاترجەملەشمەك: ـ ئەگەر شاھىمىز بۇ يىگىتنى ۋەزىپىگە تەيىنلىسە، مەنمۇ خاترجەم بولغان بولاتتىم، ـ دېدى ئۇ. * ـ ئەزىز، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ئەركىن ھەممىمىزنىڭ گېپىنى قىلدى، سەنمۇ خاترجەم بول ئۇكا، رابىخان چوڭئانام ھەممىمىزنىڭ سۆيۈملۈك ئانىسى، ـ دېدى ئۇ تەسەللى بېرىپ.

**خاترجەم قىلماق** كۆڭلىنى غەم-ئەن-دىشىلەردىن، تەشۋىشلىك خىياللاردىن خالىي ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ خاتىر-جەملەشتۈرمەك: ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇلارغا ئورمانغا ئىگىدارچىلىق قىلىش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى خاترجەم قىلدى. * خەمىت دادىسىنى خاترجەم قىلىپ، كۆڭلىنى ئارامىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، بايا بولۇپ ئۆتكەن گەپ-سۆزلەرنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى.

**خاترجەمسىز** سۈپ. كۆڭلى غەم-ئەندىشىلەر-دىن، تەشۋىشلىك خىياللاردىن خالىي بولمىغان؛ كۆڭلى تىنچ، خاترجەم ئەمەس: ئۇزۇن قىش چىقىپ كەتتى. باھار كەلدى. باھار ياخشى نەرسە. بىراق سادىق بۇ باھاردىن بىرئاز خاترجەمسىز ئىدى.

**خاترجەمسىزلەندۈرمەك** «خاترجەمسىزلەن-مەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇ ئەسنادا، مۇئەللىمنىڭ: «گۈزەلئاي نەدىدۇر!» دېگەن سوئالى مېنى خاترجەمسىزلەندۈردى.

**خاترجەمسىزلەنمەك** پ. كۆڭلىدە، غەم-ئەندىشە پەيدا بولماق، تەشۋىشلەن-مەك: بىركۈنى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا مېھرىئاي

كۆرۈنمىدى. مەن ئۇ ساقسىز بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ، خاتىرجەمسىزلەندىم. * قىپقىزىل چوغدەك چىرايلىق بىزەلگەن كەڭ ئىشخانىنىڭ سىرتىغا تولۇق قوراللانغان قارىغۇچىلار قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نېمىدىندۇر خاتىرجەمسىزلىنىپ، ئىشىك ياققا قاراپ-قاراپ قوياتتى.

**خاتىرجەمسىزلىك** «خاتىرجەمسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: خاتىرجەمسىزلىك پەيدا بولماق. * مەن ئۇ كىشىدىن نەزىرىمنى ئاغدۇرۇپ يەنە ئالمىچىغا قارىدىم. ئۇنىڭ چىرايىدىكى بايىقى سىپايىگەرچىلىك ئەمدى يوقالغانىدى. ماڭا ئۇنىڭ ئورنىنى بىر خىل جىددىيلىك ۋە خاتىرجەمسىزلىك باسقاندەك تۇيۇلدى.

**خاتىرجەملەشمەك** پ. خاتىرجەم ھالەتكە كەلمەك، خاتىرجەم بولماق.

**خاتىرجەملەندۈرمەك** «خاتىرجەملەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جاپپار سۇلايماننىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا ئۆز ئائىلىدىن غەم قىلماسلىقنى ئېيتىپ، ئۇنى خاتىرجەملەندۈردى. ئۇ چاغدا، تاڭ ئاتاي دەپ قالغانىدى. * سىزنىڭ ماڭا خاتىرە ئۈچۈن بەرگەن سۈرىتىڭىزگە قايتا-قايتا قارايتتىم. كۆزلىرىڭىز يۈرىكىمدىكى تەشۋىشنى يوقىتىپ، مېنى خاتىرجەملەندۈرگەندەك، ماڭا يىللىق باقاتتى.

**خاتىرجەملەنمەك** پ. غەم-ئەندىشە ۋە تەشۋىشتىن خالىي بولماق؛ خاتىرجەم بولماق؛ تىنچلانماق: يول ئۈستىدە ھېچقانداق ئات-ئۇلاغلارنىڭ ئىزى كۆزگە چېلىقمىغانلىقنى كۆرگەندىن كېيىنلا، قاراۋۇلنىڭ كۆڭلى خاتىرجەملەندى ۋە ئەھۋالدىن پەيجاڭنى خەۋەرلەندۈردى.

**خاتىرجەملىك** «خاتىرجەم» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مامۇت زورنىڭ ئەپتىدىن بىر خىل خاتىرجەملىك بىلىنىپ تۇراتتى. چېرىكلەر ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، جىم ئولتۇرۇشتى. * تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بىر ۋەقە سەپەرقۇلنىڭ خاتىرجەملىكنى بۇزۇپ، نىياز دورغىنىڭ خۇشاللىقىنىمۇ بۇرۇندىن بۇلاق قىلدى.

**خاتىرىخانا** ئى. بىرەر شەخسنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، شۇ شەخس ھەققىدىكى بۇيۇملار قويۇلىدىغان، مۇزېيدىن كىچىك مەخسۇس ئۆي؛ خاتىرە ئۆيى: ھازىردىن باشلاپ، مەركىزىي كومىتېت مەخسۇس قارار قىلغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارغا ئاتاپ شەخسىي خاتىرە سارىيى، خاتىرىخانا، خاتىرە تېشى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى سېلىشقا زادى يول قويۇلمايدۇ.

**خاتىرىلەتكۈزمەك** «خاتىرىلىمەك» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى: -دەرۋىش تەگرىنىڭ پۈتۈكلىرىنى شەرھلەپ، ئۇنىڭغا خاتىرىلەتكۈزدى.

**خاتىرىلەشمەك** «خاتىرىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئوقۇغۇچىلار دەرسخانىدا مۇئەللىمنىڭ لېكسىيىسىنى خاتىرىلەشتى.

**خاتىرىلەنمەك** «خاتىرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تارىم ۋادىسىدا، تەكلىماكان قىرغاقلىرىدا يېڭى يىلنى ئالاھىدە خاتىرىلەيدىغان ئادەت يوق، لېكىن شەھەرلەردە، بولۇپمۇ زىيالىيلار ئائىلىلىرىدە بۇ كۈن ھەر خىل شەكىل بىلەن خاتىرىلىنەتتى. رەيھاننىڭ دادىسى بولۇپمۇ بۇ كۈنگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى.

**خاتىرىلىك** سۈپ. خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان، ئەستە ساقلىنىدىغان، خاتىرە بولالايدىغان: ئىنساننىڭ ھاياتىدا ئاجايىپ خاتىرىلىك چاغلىرى بولىدۇ، قىز-يىگىتلەرنىڭ تۇنجى ئۇچرىشىشلىرى ۋە ئۆز ئامرىقىغا ئېيتىش ئۈچۈن سۆز تاپالماي قىينالغان چاغلىرى ھەرگىزمۇ ئېسىدىن چىقمايدۇ. * مەن پەقەت مۇساپىر بويۇمنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مىسكىن ئائىلىسىگە كىردىم. مەن ئۆز تەقدىرىمنىڭ شۇنداق ھەل بولىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان. توي – ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ مەنىلىك، بىرئۆمۈر ئەستىن چىقمايدىغان خاتىرىلىك كۈن ئىكەن.

**خاتىرىلىمەك** پ ① سۆزلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن

بۇرۇن ئۆتكەن بىرەر كىشى ياكى بولۇپ ئۆتكەن بىرەر ئىش ـ ھادىسە، ۋەقە ۋە شۇنىڭدەك ھەر خىل پائالىيەتلەرنى ئەسكە ئالماق، ئەسلىنىدىغان پائالىيەت ئۆتكۈزمەك: 3-ئاينىڭ 6-كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۇرۇمچى قىسىملىرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئۇرۇمچى رايونىدا تۇرۇشلۇق ئورگانلاردىكى قىسىملاردىن مىڭدىن ئارتۇق ئايال كادىر، ئايال جەڭچى، ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەربىيلەر كۈلۇبىدا يىغىن ئۆتكۈزۈپ، «8-مارت» خەلقئارا ئەمگەكچى ئاياللار بايرىمىنى خاتىرىلىدى. * مەن پىرىزىخان مومايىنىڭ، يېتىملىكىمدە قاتقان بېشىمنى سىلىغان تىترەڭگۈ قوللىرىنى، گۆدەك ۋاقتىمدا كۆرسەتكەن مېھرىبانلىقىنى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ياد ئېتىپ، خاتىرىلەيمەن. ② يىغىن مەزمۇنىنى، بىركىمنىڭ نۇتقىنى، سۆزىنى، بولغان ياكى بولۇۋاتقان بىرەر ئىشنىڭ ئەھۋالى قاتارلىقلارنى قەغەز يۈزىگە يېزىپ قالدۇرماق؛ يېزىپ قەغەزگە چۈشۈرمەك: لۇتپۇللا قولىغا دەرھال بىر دەپتەر ئالدى-دە، كۆپچىلىكنىڭ پىكىرلىرىنى خاتىرىلىدى. * شائىر يولدا كېتىۋېتىپ، دەپتەر بىلەن قەلەم ئالدى-دە، باشئەگىم دەرياسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى سىزىشقا باشلىدى. خەرىتە سىزىلىپ بولغاندىن كېيىن، دەپتەرنىڭ 2-بېتىگە تاھىر-زۆھرە ھەققىدە ئاڭلىغان چۆچەك-رىۋايەتلەرنىڭ مەزمۇنىنى قىسقا قىلىپ خاتىرىلىدى.

**خاتىرىنامە** ئى. بىرەر نەرسە، بىرەر ئىش ھەققىدە خاتىرىلەر يېزىپ قالدۇرۇلغان مەخسۇس كىتاب؛ ئەسەر: بىز يۇقىرىقى خاتىرىنامىلەر ۋە نەزمىلەردىن، ئۇيغۇر چالغۇلىرىغا ئاۋاز ساداسى ياكى شەكلى بويىچە نام قويۇلۇپ، ئىستېمال قىلىنغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

**خاتىمە** ئى [ئە] ① بىرەر نەرسىنىڭ ئاخىرى، تۈگىشى، تاماملىنىشى: گۈزەل ھاياجانلىق خاتىرىلەرگە تولغان ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنىڭ خاتىمە كۈنلىرى يېتىپ كەلگەندىمۇ، ئۇلار بىر-بىرىدىن ئوچۇق-يورۇقىنا بىرەر جاۋاب ئالماي قانداق تاقەت قىلالىسۇن! * بىراق، نەزمەم خاتىمە تاپماي، چاقتى چاقماق، يامغۇر قۇيۇلدى. يورۇقلۇقشنى قاپلىدى تۇمان، ئەتراپ بىردىن دوزاخ تۈيۈلدى. ② <ئەد> ماقالە ياكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى خۇلاسە خاراكتېرلىك قىسمى، خۇلاسە قىسمى: مەن ئۇ ھېكايىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئوقۇدۇم. ئۇ مۇقەددىمە ھارارەتلىك مىسرالار بىلەن باشلانغانىكەن، ئەمدى ئاخىرىنى قانداق تۈگەتتىكىن دەپ خاتىمىسىنى ئوقۇسام، تاماملىنىپتۇ. * خاتىمىنى يېزىپ بولغان چېغىمدا تاڭدا، توختىماپتۇ ناخشا ئۇنى يەنىلا خاڭدا. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**خاتىمە بەرمەك** بىرەر ئىش، ھەرىكەت-نىڭ يەنە داۋاملىشىشىنى توختاتماق، ئاخىرلاشتۇرماق، تۈگەتمەك: ئۇلار ئۇدا 12 يىل زىيان تارتىپ كېلىۋاتقان ۋەزىيەتكە خاتىمە بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى. * ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سۆز قىلىپ، ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان جىمجىتلىققا خاتىمە بەردى.

**خاجو** ئى [خەن] <بوت> ← **كاۋاۋىچىن.**

**خاجى** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ياكى شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**خاجى تىلى** <تىل> خاجىلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تۇڭگۇس-مانجۇ تىللىرى تۈركۈمىنىڭ مانجۇ تىللىرى تارمىقىغا كىرىدۇ. بۇ تىل مەملى-كىتىمىزنىڭ خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ تۇڭجياڭ، راۋخې قاتارلىق ناھىيىلىرىدە ئىشلىتىدۇ.

**خاجىلار** ئى <ئىرق> خاجى مىللىتى، خاجى خەلقى.

**خا-خا** ئىم. قاتتىق كۈلكىنى ئىپادىلەيدۇ: ئۇ خا-خا قىلىپ كۈلدى.

**خادا** I [پ] ① ئى. تۈز، ئېگىز ئۆسكەن دەرەخ شېخىنىڭ پۇتاق ۋە كىچىك شۇمبە-لىرى كېسىپ تاشلانغاندىن كېيىنكى غول قىسمى؛ ئۇزۇن ياغاچ: بايراق خادىسى. خادىغا تايىنىپ سەكرىمەك. * سۇلايمان مۇشۇ يېقىندا ئۆگزىسىگە ئون ئۈچ مېتىر خادا ئورنىتىپ، ئۇنىڭغا ماس سىم بېكىتتى ۋە ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى تېلېۋىزورغا تۇتاشتۇردى. ② سۈپ. كۆچمە. تىك، ئېگىز: خادا بويۇن. قۇيرۇقنى خادا قىلماق. * قاتمۇقات بىنالار خادا تاغلاردەك، ئاسفالت يول بويلاپ پەلەكنى يارغان. نەققاشلار ئۇچۇرغان ھۈنەر قۇشلىرى بارچە تام-گىرۋەكتە شوخ قانات يايغان. ③ ئى. مېيىت دەپنە قىلىنغاندا تۇپراقنىڭ باش تەرىپىگە قادىلىدىغان ئۇزۇن، چوڭ شاخ: خادا قويماق.

**خادا تاش** دەريا، دېڭىزلاردىكى سۇنىڭ يۇزىدىن ياكى يەرنىڭ يۈزىدىن تىك چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان تاش: بۇ كېمىنىڭ گەۋدىسى پۇختا، ماچتىسى توم، ئىككى بېقىنغا قاتالتىر مىخلانغان بولۇپ، خادا تاش ۋە دۈشمەن كېمىسىنىڭ سوقۇلۇشلىرىغا ئۇچرىغاندا، ئادەتتىكى كېمىلەردىن بەكرەك بەرداشلىق بېرەلەيتتى. * سادىق ئەسكەر-لەرنى باشلاپ، جىلغىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا يوشۇرۇنۇشقا بۇيرۇق بەردى، ئۆزى قىرغاقتىكى قىيسىيىپ تۇرغان ئېگىز خادا تاشنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تۇردى.

**خادا** II (توغرىسى: خاداك) ← **خاداك**.

**خاداك** ئى. زاڭزۇ لاما دىنىدىكىلەرنىڭ ئادىتى بويىچە، شىزاڭ ۋە بىر قىسىم موڭغۇللارنىڭ ئەزىز مېھمانلارغا ھۆرمەت بىلدۈرگەندە ۋە ئۇلارنى قۇتلۇقلىغاندا، مېھمانغا تەقدىم قىلىدىغان ئۇزۇن رەخت. ئۇ كۆپىنچە ئاق ياكى سېرىق ۋە كۆك رەڭلەردە بولىدۇ: خاداك تەقدىم قىلماق.

**خادانى** ئى [خەن <ئىنگ] توقۇلۇشى نىسبە-تەن زىچ بولىدىغان، قېلىن ياكى قېلىق ئۆرۈش چىقىرىپ توقۇلغان يۇڭ ياكى پاختا رەخت. بۇ خىل رەختنىڭ ئالاھىدىلە-ىكى يۇمشاق ھەم چىداملىق بولۇپ، ئادەتتىكى ئاددىي كىيىم-كېچەكلەرنى تىكىشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ: خاتىمخان دۇگكۇۋرۇلە تورلۇك ماللار دۇكىنىدىن ئۈچ مېتىر خادانى سېتىۋالدى.

**خادىك** ئى [ر] تۆت چاقلىق، مەخسۇس ئادەم تۇشۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئات ھارۋىسى. ئۇنىڭغا كۆپىنچە بىر ياكى ئىككى ئات قوشۇلىدۇ: خادىكقا قوشۇلغان ئاتلار ئالەمچە غايىنى قەلبىگە پۈككەن شائىر لۇتپۇللانىڭ سەپەرگە چىققىنىنى بىلەمدىكىن؟ ئۇلار ئاۋرال تېغىنى سۆرىگەندەك ئېغىر تىرەجەيتتى. * ئابدۇراخمان بىلەن قاسىموپ ئاشخانىدىن چىققاندا ئۇ تەرەپتىكى قوش ئات قوشۇلغان خادىكتا يانتۇ ئولتۇرغان قارا قۇمچاق بالا قامچىسىدىن قاس چىقىرىپ ئۇنلۇك ۋارقىرىدى.

**خادىلىق** سۈپ. خادىسى بار، خادا بېكىتىلگەن: جاڭزىنىڭ ئۆگزىسىدە بولسا ئۇزۇن خادىلىق قىزىل بايراق جەۋلان قىلاتتى.

**خادىم** ئى [ئە] مەلۇم بىر ئىدارە ياكى مۇئەسسەسىدە ئىشلەيدىغان كىشى، خىزمەتچى: ئىلمىي خادىملار. ئىدارە خادىملىرى. * مەكتەپ مال-مۈلۈكلىرىنى باشقۇرۇش — خوجىلىق خادىملىرىنىڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتى.

**خادىمە** ئى [ئە] ئايال خادىم، ئايال خىزمەتچى: ئورۇمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن پاراتتا، ئالدى بىلەن ئىلى گارنىزونىنىڭ قىلچىلىق قىسىملىرى، ئاندىن قىزىل پاگونلۇق شتاب خادىملىرى بىلەن ھەربىي دوختۇرخانىنىڭ ئاق خالاتلىق خادىم، خادىمەلىرى كرېست بەلگىلىك سومكا ۋە ساندۇقلىرىنى ئېسىپ ئۆتمەكتە ئىدى.

**خادىملىق** «خادىم» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: گېزىتخانىدا خادىملىق قىلماق. * — سىز خادىملىقتا ئۆزىڭىز بىلەن دوستىڭىزنى چاغلىغانىدىڭىز،

ئەمدى سىز بىلەن مەن بولىمەن، ـ دېدى ئۇ قەتئىيلىك بىلەن.

**خار** I ئى [پ] ئۆي ئۆگزىسىگە سېلىنغان جەگىلەرنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئىككى ئۇچى تامنىڭ بېشىغا قويۇلىدىغان چوڭ لىم ياغاچ: ھويلاڭدىكى تاغ تېرەك، خار بولامدۇ، بولمامدۇ. باغرى قاتتىق تاش يۈرەك، يار بولامدۇ، بولمامدۇ.

**خار** II سۈپ [پ] ① ئېتىبارغا، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئەمەس، ئېتىبارى يوق، ئېتىبارسىز، ئەزىز ئەمەس؛ كەمسىتىلگەن: سۇ ئەكەلگەن خار، كوزا سۇندۇرغان ئەزىز (ماقال). * بىر خار بولغان، بىر ئەزىز بولماي قالمايدۇ، بىر كۆنلەر كېلىپ، ئىسمىغا لايىق باي بولۇپمۇ قالارمەن، ـ دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە. ② قىممىتى يوق، قەدىرسىز: كۆردۈڭمۇ، غوجىنىڭ زۇلمى نە قەدەر كۈچىيىپ چېكىدىن ئاشتى، دانىيار، بىر كېسەل مارۇغى ئۈچۈن پۈتۈن يۇرت بولماقتا ھەتتاكى ھايۋاندىنمۇ خار. * ئاق ئالماڭنى تەرمەيمەن، ئېتىكىمنى لاي قىلىپ. سەن يارىمنى سۆيمەيمەن، مەن ئۆزۈمنى خار قىلىپ.

**خار ئەتمەك** خار قىلماق، خارلىماق: كىم سېنى خار ئەتسە گەر قەدرىڭنى قىلىپ يەر كەبى، بۇ جاھان ئاخىر ئۇنىڭ كۆزىگە زىندان بولغۇسى. * بۇ ھەقنىڭ قەدرىگە يەتمەي ئەزىز ياشلىقنى خار ئەتمە، ئۆمرۈڭ خار بولۇر ئاخىر ئەزىز ياشلىقنى خار ئەتكەن.

**خار ئەيلىمەك** يېز ت ← **خارلىماق**: ئۇلۇغ ۋە سولدىن كەلسە دۈشمەن بولدى گۇم، خار ئەيلىدىڭ، شۇ ئەزىم دەريا بويى ياۋلارنى تارمار ئەيلىدىڭ.

**خار بولماق** خار قىلىنماق، خارلانماق، كەمسىتىلمەك: دوستۇڭغا خار بولغۇچە، دۈشمىنىڭگە ئارتىلغۇال (ماقال). * ـ ھە، راستلا بىر گەپنى ئۇنتۇپ قېلىپتىمەن. مەن ھازىر شۇنچە خار بولۇپ قالغان بولسامۇ، خەلق مېنى نېمىشقا «سەن» دېمەي، «سىز» دەيدۇ، ـ دېدى ئۇ ئۆلپەتداشلىرىغا.

**خار قىلماق** ئۆزىدىن باشقىسىنى پەس، تۆۋەن كۆرمەك، ناچار، يارىماس دەپ ھېسابلىماق؛ خار كۆرمەك، خارلىماق، كەمسىتمەك: «بۇگۈن ئۇنى نەدىن بولسىمۇ تېپىپ سۆزلىشىمەن» دەپ ئويلىدى ئۇ، «ئۇ ئۆز قەدىر-قىممىتىنى ساقلىسۇن، مىڭ تەسلىكتە قولغا كەلگەن ھوقۇقنى، تەڭلىكنى ئۇنداق ئاسان خار قىلمىسۇن!». * بۇ كۆڭۈلنى خار قىلما، كەلگ قويۇننى تار قىلما. ئۆزگىلەرنى يار قىلما، قەدىرلىكىم، ياخشى قال.

**خار كۆرمەك** خار دەپ ھېسابلىماق؛ خارلىماق، كەمسىتمەك: قانۇندا: «ياشلار ئاتا-ئانىسىنى ھۆرمەتلىشى ۋە شۇنىڭدەك قېرىلارنى خار كۆرمەسلىكى لازىم» دەپ ئوچۇق بەلگىلىگەن.

**خار** III تەق ① گال بوغۇلغاندا ياكى ئادەم خورەك تارتىپ ئۇخلىغاندا، ئېغىز بوشلۇقىدىن ئۈزۈك ھالەتتە چىقىدىغان ئاۋاز: ئۇ ياتقان ھامان «خار» قىلىپ خورەك تارتىشقا باشلىدى. ② ئات، كالا ۋە قوي قاتارلىق ماللارنى بوغۇزلىغاندا، كېكىردەكتىن چىقىدىغان ئاۋاز: قوي بوغۇزلىنىشىغىلا گېلىدىن «خار» قىلغان ئاۋاز چىقتى.

**خاراب** سۈپ [ئە] ① بۇزۇلغان؛ چېقىلغان؛ بۇزۇلۇپ تاشلانغان؛ ۋەيران، نابۇت: خاراب شەھەر. خاراب ئۆي. خاراب قىلماق. * سادىق بىرنەچچە كەنتلەرنى ئۆزى بىۋاستە تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى ئېتىز-ئېرىقلارنىڭ كەلكۈن تۈپەيلىدىن خاراب بولغانلىقىنى بىلدى. * «قامۇسۇلئەلام» دا ئېيتىلىشىچە، قەشقەرنىڭ كونا شەھەر قىسمى بىر جەڭدە خاراب بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، مىلادى 1513-يىلى قايتا بىنا قىلىنغانىكەن. ② مەدەنىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن چۈشكۈنلۈككە ئۇچرىغان، زاۋاللىققا يۈز تۇتقان؛ تۇرمۇشى، كۈنى، ھال-ئەھۋالى قىيىن:

كونا جەمئىيەتتە خەلقنىڭ تۇرمۇشى خاراب ئىدى. * ئىچمىسەم شەرى شاراب، يار ئالدىدا ھالىم خاراب، كېچىسى كەلمەس ئۇيقۇم، سەھەر قوپۇپ يولغا قاراپ.

**خاراب بولماق** خاراب ھالەتكە كەلمەك، خارابلاشماق: ئىچتىم شاراب، بولدۇم خاراب (ماقال). * ساقلىمغا ئاق كىردى، جۇپ مەڭزىڭنى سۆيگۈچە. ھالىم خاراب بولدى يار، ئاي يۈزۈڭنى كۆرگۈچە.

**خاراب قىلماق** خاراب ھالەتكە كەلتۈرمەك، خارابلاشتۇرماق: ئازادگۇل تۇرمۇش لەززىتىنى قانداق سۈرۈشنى بىلمەيدىغان ئەشۇنداق بىر «گومۇش» قا تېگىۋېلىپ، ئۆزىنى خاراب قىلدى. * گۆزەلنى تاللىما چىرايغا قاراپ، لېۋىدە ئۇ ساڭا تۇتسىمۇ شاراب. بولمىسا ئىچ-تېشى ئوخشاشلا گۆزەل، قىلمىغىن ئۇنى دەپ ئۆمرۈڭنى خاراب.

**خارابات** ئى [ئە] يېزـ ت ① خاراب بولغان، ۋەيران بولغان ئۆي، جاي ۋە باشقا نەرسىلەر؛ خارابزار، خارابلىق. ② كۆچمە. ئىچىملىكلەر ئىچىلىدىغان جاي؛ قەھۋىخانا.

**خارابە** [ئە] ① ئى. قارايدىغان ئادەم بولمىغان، تاشلىۋېتىلگەن ئورۇن؛ بۇزۇلۇپ خاراب بولغان جاي؛ ۋەيران بولغاندىن كېيىنكى قالدۇق ئىزلار؛ ئەسكى جاي: خارابىگە ئايلانماق. * كىشىلەر توپى ئۇرۇش خارابىسىغا ئايلانغان ھەرەمباغنىڭ ئىچىگە كىردى. * ياسىن قامچىسى بىلەن يىراقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قەدىمكى قورغان خارابىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ رەناغا: ـ قانداق مەلىكەم، بىرىپ ئاۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان قورغانغا ھۇجۇم قىلمايمىزمۇ؟ ـ دېدى. 1/ ② سۈپ. خاراب قىلىنغان، ۋەيران بولغان، خاراب، ۋەيران، ۋەيرانە: خارابە ئۆي. خارابە شەھەر. * بارات قانغا مىنىپ ياتقان تاشۋاينى يۇدۇپ، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى «مۇرات باخشى ئاتام» دەپ ئاتىلىدىغان مازارنىڭ بىر خارابە ھۇجرىسىغا ئەكەلدى. * تۇراتتى كەچكى ئىس-تۈتەك ئىچىدە، كۆرۈمسىز، خارابە يېزا ئۆيلىرى. كالا، قوي، ئېشەكلەرنىڭ ھەر خىل ساداسى، گويا بۇ يېزىنىڭ كەچكى كۈيلىرى.

**خارابزار** ئى [ئە+پ] خارابىلىككە ئايلانغان كونا خارابىلەرنىڭ قالدۇقلىرى بار ئورۇن، جاي: بىز ئۈچ كېچە- كۈندۈز ئاتلىق مېڭىپ، بىر خارابزارغا يېتىپ باردۇق.

**خارابزارلىق** ئى ← خارابىلىك: ئۇلارنىڭ كۆزىگە بىر پارچە خارابزارلىق چېلىقتى.

**خارابلاشتۇرماق** «خارابلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: رەھىمسىز ئۇرۇش بىنالىرى ئاسمانغا تاقىشىپ تۇرغان گۈزەل شەھەرلەرنىمۇ خارابلاشتۇرۇۋەتتى.

**خارابلاشتۇرۇلماق** «خارابلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**خارابلاشماق** پ ① خارابىلىككە ئايلانماق، خاراب بولماق، ۋەيران بولماق، بۇزۇلماق: شەھەر خارابلاشتى. * ئۇ يەردىكى سارايدەك ھويلا خارابلىشىپ، ئۆيگە ئېلىپ كېلىدىغان كوچىلار باشتىن-ئاياغ بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ. ② ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قىيىن، ئېغىر ئاقىۋەتكە قالماق، ۋەيرانچىلىققا قالماق، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماق، زاۋاللىققا يۈز تۇتماق، چۈشكۈنلەشمەك: ـ ئۇ زاۋۇت خارابلىشىپ بىر يەرگە باردى. سەن زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيسەن؟ ـ دېدى بارات تاغام ماڭا ئىچى ئاغرىغان ھالدا. * دەردىڭنى تولا تارتىپ ئەھۋالىم خارابلاشتى، بۇ تەندە مادارىم يوق، شەپقەتتىن شىپا ئەيلە!

**خارابلىق** «خاراب» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: شەھەرنىڭ خارابلىقى. ئۆينىڭ خارابلىقى. * بۈگۈن شادسەن، خارابلىقتىن قۇتۇلدۇڭ تاكى مەڭگۈگە، تىيانشان تاجىسىدۇرسەن، ھاياتنىڭ نەۋ

چارروسىيە ئۆزىگە قوشۇۋالغان. ئۇ قەدىمدىن تارتىپ، شىنجاڭ بىلەن يېقىن سودا ئالاقە قىلىپ كەلگەن.

**خارەك** (توغرىسى: خەرەك) ← خەرەك.

**خارتۇم** ئى [ئە] پىلنىڭ ئالدىغا ساڭگىلاپ چۈشۈپ تۇرغان، نەرسىلەرنى ئېلىش، كۆتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھەرىكەتچان ئەزاسى؛ تۇمشۇقى: پىل خارتۇمى.

**خارتۇملۇقلار** ئى <زوئول> خارتۇمى بار ھايۋانلار.

**خارتۇملۇقلار ئەترىتى** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ بىر ئەترىتى، يەنى قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ زور ھايۋانلار. تۇمشۇقى ئۇزۇن بولۇپ، يۇملاق كانايغا ئوخشايدۇ؛ ئىككى تال چىشى ئېغىزىنىڭ سىرتىغا چىقىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، پىل بۇ ئەترەتكە كىرىدۇ.

**خارت** تەق. دىماغنى تارتقاندىياكى مال بوغۇزلىغاندا، چوشقا، ئات قاتارلىقلار يۇگۈرۈپ قاتتىق نەپەس چىقارغاندا چىقىدىغان ئاۋاز: ئۇ دىمىغنى «خارت» قىلىپ تارتىپ، ئاغزىنى راسا تولدۇرغاندىن كېيىن شۇنداق بىرنى تۈكۈرۈۋېدى، يېنىدىكىلەر ھاڭ-تاڭلىقتا قېتىپ قېلىشتى. * پىچاق سۇرۇلگەندىن كېيىن جان ئازابىدا تىپىرلاۋاتقان قوي «خارت» قىلىپ بىرنى تىندى ـ دە، جىمىپ قالدى.

**خارت-خارت** «خارت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئىشىك ئالدىدىكى چىرايلىق ئارغىماقلار بولسا تاقەتسىزلىنىپ تىپىرلايتتى. يېقىن كەلگەن رايوندىقا ھومىيىپ قويۇپ، دەھشەتلىك ھالدا خارت-خارت قىلاتتى.

**خارت-خۇرت** «خارت» قىلغان ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋازلار: ئۇ خارت-خۇرت قىلىپ خورەك تارتقىنىچە ئۇخلاپ كەتتى. * ئۆرۈلۈپ كەتكەن ھارۋىنىڭ ئاستىدا قالغان ئات خارت-خۇرت قىلىپ ياتاتتى. * تام ئارقىسىدىكى چوشقا خارت-خۇرت قىلىپ نەرسە ئىزدەپ يۈرەتتى.

**خارتىلداتقۇزماق** «خارتىلدىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى.

**خارتىلداتماق** «خارتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خارتىلداشماق** «خارتىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بىر توپ چوشقا خارتىلدىشىپ چىقىپ كەلدى.

**خارتىلدىماق** پ. «خارت-خارت» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «خارت-خۇرت» قىلماق: ياسىن كۆكبېشى ئېچىق بېشىغا يېقىن قالغاندا، قارىياغاچ تۈۋىگە يېقىن بارا-بارمايلا، ئايغىر بېشىنى سىڭايان قىلىپ، خارتىلداپ ماڭماي تۇرۇۋالدى. * ئۆكۈز پىچاق سۇرگەن مالدەك، بوغۇلۇپ، خارتىلداپ ماڭالماي قالدى. * چېرىكلەر باشلىقنى ئۈركۈپ، خارتىلداپ تۇرغان ئېتىغا تەسلىكتە مىندۈرۈپ، يولغا راۋان بولدى.

**خارجىي** سۈپ [ئە] كونا. تاشقى: خارجىي سىياسەت.

**خار-خار** «خار III» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇنىڭ يېنىدا ياتقان خورەكچى بوۋاي خار-خار قىلىپ، بىر خىلدا ئۇخلاۋاتاتتى.

**خار-خۇر** «خار» قىلغان ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋازلار.

**خارىدە** رەۋ. «خار» قىلغان ئاۋاز چىقارغان ھالدا، «خار» قىلىپ: بوۋاي يېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي خارىدە قىلىپ بىرلا خورەك تارتىپ قويدى-دە، يەنە جىم بولۇپ قالدى.

**خار-زار** خار ۋە زار؛ ئېغىر كۈنگە قالغان، ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشكەن، ئاچ-يالىڭاچلىقتا قالغان: ساڭا ئاشىق بىقارار بولغان، تاقەتسىزلىك ۋە مۇشتاقلىقتا يۈرەك-باغرى ئېزىلگەن كىشىدىن، يىگىتلەرنىڭ ئەڭ گۈزەللى ۋە پەزىلەتلىكى، ئەخلاقلىقى، ئۆز ھۆسنى-جامالىغا ئۆزى تەمەننا

قىلغۇچى، ئۇنىڭ ۋىسالىنى ئىستىگۈچىدىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچقۇچى، يېقىنلىشىشتىن يىراقلاشقۇچى خار-زار بىر كىشىدىن سالام. * باي ھويلىسى باغ ئىكەن، ئاشلىقلىرى تاغ ئىكەن. بىز يېتىملەر خار-زار، يۈرىكىمىز داغ ئىكەن.

**خار-زارلىق** خار-زار بولغان ھالەت: بوۋاي زالىملارنىڭ زورلۇقى تۈپەيلىدىن راھەت-پاراغەتتىن، رەھىم-شەپقەتتىن بەھرىمەن بولالماي، ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىنى ناھايىتى خار-زارلىق ۋە سەرسانلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، 88 يېشىدا ئالەم بىلەن ۋىدالاشتى. * سودىگەر خىجىللىق ۋە خار-زارلىق بىلەن بىر تەرەپكە مېڭىپتۇ، بىرنەچچە پەرسەڭ يول يۈرۈپتۇ، بىر دەريا بويىغا يېتىپ كەپتۇ.

**خارقىراتماق** «خارقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خارقىراشماق** «خارقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خارقىرىماق** پ. «خار-خار» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «خار-خار» قىلماق، خارىلدىماق: چاشقان قارىغۇدەك بولسا، موماي خارقىراپ ئۇخلاۋاتقۇدەك، ئۇنى يەلپۈۋاتقان قىزلارمۇ كۆزلىرىنى ئاچالماي، ھەدەپ ئۈگدەۋاتقۇدەك.

**خارلاتماق** «خارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىرئۆمۈرلۈك مۇھەببەتنى خارلاتمايمەن، باش كەتسىمۇ سۆيگىنىمنى زارلاتمايمەن.

**خارلاشماق** ① «خارلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىر ئائىلىدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى بىر بولۇپ، سەكسەن ياشلىق بوۋاينى خارلاشتى. ② خار بولماق، خارلانماق: ـ ئۇنىڭ «قۇشنى دان ئالدايدۇ، ئادەمنى سۆز» دېگەن گېپى ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئەمما، مەن ئۆزۈم بىر ۋاڭ تۇرۇقلۇق بىر شىرە چورۇق تېجىمەللەرنىڭ ئالدىدا شۇنچىلىكمۇ خارلىشىپ كېتەمدىمەن؟ ـ دېدى شامەخسۇت قاتتىق خورسىنىپ. * بۇ نېمە قىلغىنى؟ ياكى مەن بۇ يەردە شىغىل كولايدىغان ئىشچى بولمىسام، شۇيۇر دېگەن شۇنچىلىك خارلىشىپ كېتەمدۇ؟

**خارلانماق** «خارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ بۇگۈنمۇ بالىلاردىن خارلانغان ئىدى. ئاتا-ئانىسىنىڭ يۈرىكى ۋاڭزىدە كۆيىدى. قېرىغىنىغا قارىماي، ئەنۋەرنى تەگلا باغرىغا بېسىپ يىغلاپ كېتىشتى. * مەن شۇندىن باشلاپ، تا 20 نەچچە ياشقا كىرىپ، يۇرتىمىز ئازادلىققا چىققانغا قەدەر، بايلارنىڭ ئىشىكىدە قېقىلىپ-سوقۇلۇپ، خارلىنىپ يۈردۈم.

**خارلىق** «خار II» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: خارلىق كۆرمەك. خارلىق تارتماق. خارلىققا ئۆتمەك. * ئىلىم-مەرىپەتنى، ھۈنەرنى، ھالال ئەمگەكنى خورلىغۇچىلارنىڭ ئاقىۋەتتە ئۆزلىرى خارلىققا قېلىپ ۋەيران بولۇشى مۇقەررەر. * ئەي ئوغۇل، قەرز ئېلىشقا ھەۋەس قىلما، ئۆسۈم بىلەن قەرزدار بولما. بۇ ئىشلار ئادەمنى خارلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

**خارلىماق** پ. بىرەر ئادەم ياكى نەرسىنىڭ قەدرى-قىممىتىنى چۈشۈرمەك، كەمسىتمەك، خار قىلماق: ئۆگەي ئانا ئۆز قىزىنى ئاززۇلاپ، ئۆگەي قىزىنى خارلىدى. * ئۇستىنىڭ ئايالى مۇتەللىپكە قاراپ خىجىللىق بىلەن: ـ ئەپەندىم، سىلى خاپا بولمىسىلا، بۇ نادان ئەخمەق سىلىنى خارلاپتۇ، ـ دېدى.

**خارۇزار** ← خار-زار.

**خارىج** سۈپ [ئە] بىرەر نەرسىدىن ئايرىلىپ چىققان، قۇتۇلغان (ئادەم ھەققىدە).

**خارىج بولماق** بىرەر نەرسىدىن، قۇتۇلماق، بوشىماق: دولانلىق بۇ يىگىت ئۇزاق تارتقان كېزىك ئاغرىقى ئازابىدىن يېڭىلا خارىج بولۇپ، ئەمدى تىلەمچىلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

**خارىج تاپماق** بىرەر ئىش ياكى نەرسە قاتارلىقلاردىن ئۈزۈل-كېسىل قۇتۇلماق، تۈگەشمەك؛ پۈتۈنلەي خالاس بولماق: نېمە ئۈچۈندۇر، ئىدارە دەرۋازىسىغا يېقىنلاشقانسېرى تېخىمۇ ئىتتىك يۈگۈرەتتى. ئېھتىمال، ئۇ ھېلىقى رەسۋا-

چىلىقتىن تېزراق خاراج تېپىشقا، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ «مەدەنىيەت» توغرىسىدا ئەلىڭ يېڭى چۈشەنچىسىنى نىلۇپەر بىلەن تېزراق ئورتاقلىششقا ئالدىراۋاتسا كې-رەك.

**خارىج قىلماق** بىرەر نەرسىدىن، قوۋتۇلدۇرماق، بوشاتماق: پارتىيىمىز بىزنى ئۇ ئېغىر كۈنلەردىن خارىج قىلدى.

**خارىلداتماق** «خارىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خارىلداشماق** «خارىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خارىلدىماق** پ. «خار-خار» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «خار-خار» قىلماق؛ خارقىرىماق: بوۋاي تەكىيگە بېشىنى قويۇپلا، خارىلداپ ئۇخلاپ كەتتى.

**خازان** [پ] ئى. يېز ت. كۈزدە سارغىيىپ تۆكۈلگەن ياكى تۆكۈلۈشكە باشلىغان دەل-دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ۋە قوغۇن-تاۋۇز خىلدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پېلەكلىرى، غازاڭ: خازان بولماق. خازان قىلماق.

**خازان بولماق** ① سارغىيىپ قۇرۇپ قالماق، سولاشماق، تۆكۈلمەك: قوغۇن-تاۋۇزلار خازان بولدى. * ئەگەر نە بولسا تەدبىرلىك، بۇلار شۇ خىلدا تەقدىرلىك، بېغىڭنى ئاسرىساڭ جۈتتىن، گۈلۈڭ بەرگى خازان بولماس. ② كۆچمە. ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىماق، نابۇت بولماق، ۋەيران بولماق، تۈگەشمەك: تىرىكتاپلار سۈرگەندە ئىشرەت، ئەمگەكچىلەر تارتىمىز زۇلۇم. مانا مەنمۇ ياپياش تۇرۇپلا، خازان بولدۇم، مۇكچەيدى غولۇم. * سەن بىلەن ئۆتكەندى ئۆمرۈم ئۇ چاغ، بۈككىدە ئايىنىپ بەلەن بوستان بولۇپ. ئاردىن كەتتىڭ بىراق سەن بىرمەھەل، كەتتى شۇندا ياشلىقىم خازان بولۇپ.

**خازان قىلماق** ① سولاشتۇرماق، قۇرۇت-ماق، تۆكمەك: كۈز كېلىپ ياپىيېشىللىقنى خازان قىلدى. * بۇ يەردە مېۋە چېچەكلىرىنى خازان قىلدىغان جۇدۇن-چاپقۇن كۆتۈرۈلدى. ② كۆچمە. ۋەيرانچى-لىققا ئۇچراتماق، ۋەيران قىلماق، نابۇت قىلماق: مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار گەرچە پۈتۈن ئائىلەمنى، ياشلىق ھاياتىمنى بىھۇدە خازان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ چوڭ دېڭىزدىن بىر تامچە.

**خازانلىق** ئى. دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھلىرى خازانغا ئايلانغان جاي: راۋابىڭنى يېڭى مۇقامغا سازلىمساڭ، كونا مۇقامىڭ تولا قۇلاققا خوش ياقماس. باغ ياساپ، گۈللەر تىكىپ ياشناتمىساڭ، خازانلىقتا بۇلبۇللار قانات قاقماس.

**خاس** I سۈپ [ئە] ① بىرەر كىشى ياكى شەيئىنىڭ ئۆزىدىلا بولىدىغان؛ باشقىلاردا يوق: نادىر ئۆزىگە خاس ئەقىدىسى، تۇرمۇش پەلسەپىسى بىلەن مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانى-دى. * ئۇلار يېزا يىگىتلىرىگە خاس خىسلەت بىلەن پوكاندەك قىزىرىپ، بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قويۇشتى. * مەۋلان باللارغا خاس ساددىلىق بىلەن كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. ② بىرەر كىشىگە ياكى شەيئىگە قاراشلىق، تەۋە، تەئەللۇق؛ مەنسۇپ، مەخسۇس: خاس كېنىزەك. خاس مېھمانخانا. * بۇ چاغدا پادىشاھ ئۆزىنىڭ ۋەزىرى بىلەن خاس ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، قەمەرۇززاماننىڭ تەقدىرى ھەققىدە سۆزلىشىۋاتقانىكەن. * كۆك لاتا بەلگە قىلىنغان كەپتەر ساڭا خاس. قېنى، قوغلا، ئالغا باس! * ۋەتەن ئۈچۈن بەرسە كىم جان، شۇنىڭغا خاس شەرەپ ھەم شان.

**خاس بەلگە** <لوگ> مەلۇم بىر خىلدى-كى ئوبيېكتتا بولغان، باشقا خىلدىكى ئوبيېكتتا بولمىغان بەلگە.

**خاس تەۋرىنىش** <فىز> ماددا سىستې-مىسىنىڭ تاشقى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان، شۇنداقلا توسقۇنلۇق ھېسابقا ئېلىنمىغان ئەھۋال ئاستىدىكى تەۋرىنىشى. مەسىلەن، دومباق ئۇرۇلغاندىن كېيىن،

دومباق تېرىسىنىڭ تەۋرىنىشى. ئۇ يەنە «ئەركىن تەۋرىنىش»، «تەبىئىي تەۋرىنىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**خاس چاستوتا** <فىز> ماددا سىستېمىسىنىڭ خاس تەۋرەنگەن (ئەركىن تەۋرەنگەن) ۋاقىتتىكى چاستوتىسى.

**خاس ھۆكۈم** <لوگ> ھۆكۈملەنگۈچىسى خاس ئۇقۇم بولغان ھۆكۈم.

**خاس ئۇقۇم** <لوگ> پەقەت بىرلا يەككە ئوبيېكتنى بىلدۈرگۈچى ئۇقۇم. مەسىلەن، بېيجىڭ، ل. مۇتەللىپ. ئىلى دەرياسى.

**خاس ئىسىم** <تىل> بىر تىپتىكى شەيئىلەرنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قويۇلغان مەخسۇس ئىسىم.

**خاس** II ئى. دىئال. دۈشمەن، رەقىب.

**خاس-ئام** خاس ۋە كۆپچىلىك، خاس ۋە ئامما: **زىيان بوپتۇ ئۈزۈمگە، گۇمانلىنىپ توختامدىن. بولسا ئەقلىم جايىدا، كېيىن قالامتىم خاس-ئامدىن.**

**خاسلاشتۇرماق** ① «خاسلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: **نۇرغۇنلىغان خاس ئىسىملار ئومۇمىي ئىسىملارنىڭ ياكى باشقا سۆز تۈركۈمىدىكى سۆزلەرنىڭ خاسلاشتۇرۇپ قوللىنىلىشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ.** ② <ئەد> ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرماق، خاراكتېرلاشتۇرماق.

**خاسلاشتۇرۇلماق** «خاسلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**خاسلاشماق** پ. خاس ھالەتكە كەلمەك، خاسلىققا ئايلانماق.

**خاسلىق** ① «خاس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② ئى <پەلس> بىر شەيئىنىڭ باشقا شەيئىلەردىن پەرقلىق بولغان ئايرىم، ئالاھىدە خاراكتېرى. ③ ئى <پسخول> شەخسنىڭ تۇراقلىق بولغان پسىخىك خۇسۇسىيەتلىرى (مەسىلەن، مىجەز، قىزىقىش، ھەۋەس) نىڭ يىغىندىسى. ئۇ بىر ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ئاساسىدا، مۇئەييەن ئىجتىمائىي، تارىخىي شارائىت، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ.

**خاسىڭ** ئى [خەن] <بوت> ① پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، ساپىقى ئۇزۇن، كىچىك يوپۇرمىقى تەتۈر تۇخۇمسىمان ياكى توخۇمسىمان؛ گۈلى سېرىق، ئۇرۇقدان ئاستىدىكى ساپىقى يەر ئاستىغا ئۇزىراپ كىرىپ، ئاندىن مېۋىلەيدۇ؛ مېۋە مېغىزىدىن ياغ تارتىشقىمۇ بولىدۇ، يېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇ مۇھىم مايلىق زىرائەتلەرنىڭ بىرى. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**خاسىڭلىق** ئى. خاسىڭ تېرىلغان ئېتىز.

**خاسىيەت** ئى [ئە] ① ئىجابىي خۇسۇسىيەت، خىسلەت، خاسلىق، ئالاھىدىلىك: **ئۇنىڭ گاھىدا يېقىملىق تەسىرات پەيدا قىلالايدىغان خاسىيەتكە ئىگە كۆزلىرى، ئاجايىپ بىر سېھرىي كۈچ بىلەن يالتىراپ تۇراتتى. * بوۋام مېنى يېنىغا ئولتۇرغۇزدى-دە، كۆزلىرىنى باراقسان ئۈجمە دەرەخلىرىگە تىككىنىچە: - ئۈجمىنىڭ خاسىيىتى بەك تولا دەرەخ، - دەپ سۆزلىدى. * ئۇ جانىۋارنىڭ خاسىيىتى شۇ ئىكەنكى، ھەر كۈنى بىر قېتىم گۆھەر تۇغىدىكەن. بوۋاي ئۇنى بازارغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن. پات پۇرسەتتە بوۋاي باي بولۇپ كېتىپتۇ.** ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**خاقان** ئى <تارىخ> ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي خەلقلىرىدىكى بۈيۈك دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ئۇنۋانى ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغان ئەڭ يۇقىرى ھوقۇقتا ئىگە شەخس؛

ئۇلۇغ خان.

**خاقانلىق** ① سۈپ. خاقانى بار، خاقانغا ئىگە: بىز ئالتاينىڭ پەرزەنتلىرى سەن بىلەن، روھ ئىگىسى بولدۇق، بولدۇق بەدەنلىك. شەپقەت قىلدىڭ بىزگە تەڭرىم بىباھا، بولۇپ ئالدۇق خاقانلىق ۋە ۋەتەنلىك. ② ئى. خاقانغا قاراشلىق مەملىكەت ياكى دۆلەت: 7-6 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر خاقانلىقلىرىدىن نۇرغۇن ئابىدىلەر قالغان.

**خاك** ئى [پ] يېز ت ① تۇپراق، توپا: ئەي ۋەتەن، ئىشقىم ساڭا، زوقۇم ساڭا، تەڭرى خاكىڭغا ماڭىنت كۆمگەنمىدى. ② تۇپراققا ياكى كۆلگە ئايلانغان ئىنسان جەسىتى: ھەر سېغىنسام زۇڭلىنىڭ رۇخسارىنى، تاغۇ دەريا، كۆككە باققۇم كېلىدۇ. خاكىدىن ئىزلەپ تېپىپ بىر ياپراق، قۇچىۋا باغرىمغا ياققۇم كېلىدۇ.

**خاكسار** سۈپ [پ] يېز ت ① ئىتائەتمەن، بويسۇنغۇچى. ② كۆزگە ئىلىنمايدىغان، ئابرويسىز، خار: - ئۆزۈڭنى تۇتۇپ يولۇڭنى تاپ! بولمىسا بوينۇڭنى قۇشقاچىنىڭ بويىنىنى ئۈزۈپ تاشلىغاندەك ئۈزۈپ تاشلىۋېتىمەن، ئىككى پۇتۇڭنى چېقىۋېتىمەن، خاكسار ئىتنىڭ ئورنىدا نان تاشلاپ بېرىپ باقىمەن، - دېدى ئۇ. * بىرزامانلار جاھالەتتە ئۆتكەنىدۇق خاكسار، پارچە ناننى كۆزگە سۈرتۈپ، بولغانىدۇق خارۇزار.

**خاكسارلىق** «خاكسار» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**خاكپاي** ئى [پ] يېز ت. ئاياغ ئاستىدىكى توپا، تۇپراق: قانداق قىلاي سېنىڭ ئاھۇزارىڭغا، بىلگىل ئىزلەپ قانچە باردىم جايىڭغا. جان پاياندار بولسۇن خاكپايىڭغا، سادىغاڭ كېتەي قايدىن كېلۇرسەن؟

**خاڭ** I ئى [خەن] كۆمۈر قېزىلىدىغان، كۆمۈر قېزىش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانـ غان ئورۇن؛ كان: خاڭ ئاچماق.

**خاڭ** II ئى. ئۆلنى چىڭداش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان سايمان. ئۇنىڭ ياغاچ خاڭ، تاش خاڭ، تۆمۈر خاڭ قاتارلىق تۈرلىرى بار: خاڭ سوقماق.

**خاڭچى** ئى. خاڭدا ئىشلەيدىغان كىشى، خاڭ ئىشچىسى: دېمەك، خاڭدا ئۆتكەن ھايات بىباھا ئالتۇن، خاڭچى قەلبى ئاتەش مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ يالقۇن.

**خاڭداتماق** «خاڭدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خاڭداشماق** «خاڭدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار تۇغاننى خاڭداشتى.

**خاڭدالماق** «خاڭدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆيىنىڭ ئۆلى خاڭدالدى.

**خاڭدىماق** پ. خاڭ بىلەن سوقۇپ چىڭدىـ ماق: ئىشچىلار بىنانىڭ ئۆلنى خاڭدىدى.

**خاڭگا** ئى [خەن] <بوت> ← **تەرخەمەك.**

**خاڭگا يىللىق** سەلب. ئازغىنا مۇۋەپپەقىيەتـ تىن ئاسانلا مەغرۇرلىنىپ كېتىدىغان، ئازغىنا مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكتىن ئاسانلا بوشىشىپ قالىدىغان: خاڭگا يىللىق ئادەم.

**خال** ئى [پ] ① ئادەمنىڭ يۈزىدە ۋە بەدىنىدە بولىدىغان قارا نۇقتا، چېكىت؛ مەڭ: ئۆستەڭ يارىشقى تال، قىزنىڭ يارىشقى خال (ماقال). * ئۇ يىگىت ناھايىتمۇ كېلىشكەن بولۇپ، كۆزلىرى، قاشلىرى، بولۇپمۇ لېۋىنىڭ ئۈستىدىكى قاپقارا خالى يۈزىگە ئاجايىپ ياراشقان. * قەشقەر قىزى يۈزىدە، دانە-دانە خالى بار. ماڭا ئېيتقان سۆزىدە، شېكەر دېسەم، بالى بار. * يارىمنىڭ بويى زىلۋا، زىلۋا بويىدا گۈل بار. شېرىن سۆزلىرى تاتلىق، ئايدەك يۈزىدە خال بار. ② كۆچمە. بىرەر نەرسىنىڭ ئەڭ مۇھىم يېرى؛ چىرايلىق جايى؛ ھۆسن، لاتاپەت؛ گۈزەللىك: - بىزمۇ جاھان تۇتۇپ كۆرگەنغۇ، ئەلنىڭ گۈلىگە گۈل، خالىغا خال قويغان. مۇنداقلا ئەمەس ئىدۇق، -

دېدى ئۇ.

**خالا** ئى [ئە] هاجەت قىلىش ئۈچۈن بەلگەلەنگەن مەخسۇس جاي، ئۆي؛ هاجەتخانا: ئۇنىڭ ئىككى يۈز قەدەم يول ماڭماستىن قورسىقى شۇنداق تاراقلاپتۇكى، ئالدىراشلىقتا بىر سارايىنىڭ خالاسىغا ئاران ئۈلگۈرۈپتۇ.

**خالا جاي** ← خالا.

**خالاپ** ئى. دىئال. خېمىرنى يوغان، يوغان تاشلاپ ئېتىدىغان بىر خىل سۇيۇقئاش.

**خالات** ئى [ئە] كىيىم ئۈستىدىن كىيىلىدىغان يالاڭ قەۋەتلىك يەڭگىل ئىش كىيىمى: سائەت 12 دىن ئاشقاندا، ئوپېراتسىيە بۆلۈمىدىن ئاق خالات كىيىپ، ئاغزىغا ماسكا تارتقان سېستىرا قىز ئەدىيالغا يۆگەلگەن بوۋاقنى ئېلىپ چىقتى.

**خالاتلىق** سۈپ ① خالىتى بار، خالات كىيگەن: مەن كۆزۈمنى ئاچسام، يېنىمدا ئاق خالاتلىق ئىككى كىشى كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرۇپتۇ. * ئۇلار بىنانىڭ ئوڭ قول تەرىپىدىكى نۆۋەتچىلىك بۆلۈمىگە كىرىپ كەلدى. گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرغان ئاق خالاتلىق چىرايلىق بىر قىز ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. ② خالات تىكىشكە ئاتالغان، خالاتقا تۇشلۇق، خالاتقا يەتكۈدەك: گۈلنىسا بازاردىن بىر خالاتلىق خەسە سېتىۋالدى.

**خالاس** [ئە] ① سۈپ. بىرەر ئىش ياكى مەسىلە، هادىسە، غەم-ئەندىشە ۋە شۇ قاتارلىقلاردىن قۇتۇلغان، خالىي، ئازاد: تەشۋىشتىن خالاس. غەمدىن خالاس. ئېغىرچىلىقتىن خالاس. ② يۈك. جۈملىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىپ، ئىشنىڭ شۇ جۈملىدە ئېيتىلغىنى بىلەنلا چەكلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ، يەنى جۈملىدە ئىپادىلىگەن مەنىنىڭ شۇ جۈملىدە ئېيتىلغىنىدەك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن باشقىچە بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: بۇ ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپقانلىق، خالاس. * بىزنىڭ سىلىگە پۇل قەرز بېرىشىمىزدىكى مەقسەت، ئۆزئارا يار-يۆلەك بولۇپ، بىر-بىرىمىزنىڭ غېمىدە بولۇپ، ئورتاق بېيىشتىنلا ئىبارەت، خالاس. * بۇلارنىڭ هەر ئىككىسى بىرلا نەرسىنى ـ مۇقاملارنى يوقىتا چىقىرىشنىلا ئىلگىرى سۈردى، خالاس.

**خالاس ئەتمەك** ← خالاس قىلماق: ئېلى دەريا بويىدا چالدىم راۋابنى، خالاس ئەتتىم قول-پېتىمنى، تاپتىم ساۋابنى. * مەن نەيلەيىن مۇرادىمغا يەتمىدىم، شاه تۇرۇقلۇق غەمنى خالاس ئەتمىدىم. نېچۈن پاتراق ئۇ ئالەمگە كەتمىدىم، شەمسى جانان قىزىمنى ساڭا تاپشۇردۇم.

**خالاس ئەيلىمەك** ← خالاس قىلماق: بالاخوردىن خالاس ئەيلىدى بۇ دەۋران سېنى، ئېھتىرام سەھنىسىدە بېرىلدى باپ باها ساڭا.

**خالاس بولماق** خالىي بولماق، ئازاد بولماق، قۇتۇلماق: ئۇ دادام ئاللىقاچان يورۇق دۇنيادىنمۇ، جەبىر-جاپالاردىنمۇ خالاس بولۇپ، پانىي ئالەمگە يول ئالغانىكەن. * مەن تەشۋىشلەردىن خالاس بولۇپ، كۆڭلى ئەمىن تېپىپ، روهى كۆتۈرۈلۈپ قالغان دېھقان ئاكامغا بىر خىل هۇزۇر ۋە شادلىق تۇيغۇسى ئىچىدە كۈلۈمسىرەپ قارىدىم.

**خالاس قىلماق** ئازاد قىلماق، قۇتۇلدۇرماق، قۇتقۇزماق، ساقىت قىلماق: ئۇ شۇنچە سوغۇق، قاراڭغۇ كېچىدە بىر يالغۇز ئۆزى پىيادە مۈشۈ يەرگە كېلىپ، سىزنى ئازابتىن خالاس قىلدى. * ياڭ جاڭجۇن ئۇنىڭغا: ـ سىز تۆمۈرنى ئۇرۇمچىگە كەلتۈرەلىسىڭىز، ئىككى تەرەپتىن ئۇرغۇن قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مېنى بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىكتىن خالاس قىلغان بولىسىز. مەن سىزنى بۇ ۋەزىپىنىڭ هۆددىسىدىن چىقالايدۇ دەپ ئىشىنىمەن، ـ دېدى.

**خالاسكار** ئى [ئە+پ] خالاس قىلغۇچى، قۇتقۇزغۇچى: ـ رەهىم قىلىپ مېنىمۇ ئادەم بالىسىنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇز! مەن سەندىن كۈچلۈكرەك بىر خالاسكارنى ئىزدەپ تاپالمىغانىدىم. مەن سەندىن

مەدەت سورايمەن! ـ دېدى ئۇ ھېلىقى كىشىگە. * بىز شامانلار ئەلگە دائىم خالاسكار، ياخشىلىققا ئېرىشمەكنى ئىزدەيمىز. كۆك تەڭرىگە يوللاپ ياخشى روھلارنى، ئەلگە تىنچلىق ۋە سائادەت تىلەيمىز.

**خالاسكارلىق** «خالاسكار» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ـ مەن ئەقىل ـ پاراسەت ئىشلىتىپ خالاسكارلىق قىلالمىدىم، غەيرەت كۆرسىتىپ پىدائىي بولالمىدىم، ئۇ بىر ۋىجدانسىزلىق! ـ دېدى ئۇ باشقىلارغا ئۆزرە ئېيتىپ. * مەن ئۇنىۋان، بايلىق ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ خالاسكارلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن.

**خالاسلىق** «خالاس» سۆزى ① نىڭ ئىسىم شەكلى: خالاسلىق تاپتى جاللاتنىڭ قولىدىن، ئىشق ئىلھامى ئاچقان پىكىر يولىدىن.

**خالاشماق** «خالىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: نۇراخۇن كۈلۈپ تۇرۇپ: ـ باللار ئۆزى خالاشقان ئىكەن، بىزمۇ قوشۇلۇشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە، ـ دېدى ئايالىغا. * پەرۋاز قىلىپ بۇلبۇللار گۈل ئىشقىدا سايرىشار، يولۋاس، بۆغا، ئارسلان جىلغا-جاڭگال خالىشار؛ كېيىك كىندىك قارىندا ئېپار-مىشكىن قاينىشار، خەلقىمىزگە پايدىلىق يايلىقىمىز چىرايلىق.

**خالايىق** ئى [ئە] ئادەملەر توپى، كۆپچىلىك، ئامما، خەلق، كىشىلەر: مەيدانغا توپلانغان خالايىقنىڭ ھەممىسى بېشىنى لىڭشىتىپ، ھاياجانلانغان ھالدا مەددا ھىنىڭ سۆزىنى تەستىقلايتتى. * كىچىككىنە تۇمۇچۇق، باغدا ئۈزۈم پىشىپتۇ. شۇ خالايىق ئالدىدا، سىزگە كۆڭلۈم چۈشۈپتۇ.

**خالتا** [پ] ① ئى. ئىچىگە بىرنەرسە ئېلىش ئۈچۈن قاپ شەكلىدە تىكىلگەن بۇيۇم: قەغەز خالتا. ئۇن خالتىسى. تاماكا خالتىسى. * ئالماس ئۇلارنىڭ ئالدىدا پانۇسنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بىر قولىدا كەتمەن بىلەن خالتا بولۇپ، خالتىدا ئازراق ھاكمۇ بار ئىكەن. ② ئى. پوچتىدىن ئەۋەتىلگەن، يوللانغان نەرسە-كېرەك، يوللانما: خالتا ئەۋەتمەك. * بۈگۈن ئۆيدىن خالتا كەلدى. * خويمۇ خار بولۇپ كەتتۇق، سۆيدۈڭ شەھىردە ئىشلەپ. يار خالتا ئەۋەتىپتۇ، بىر توقاچنى چىشلەپ. * ئالمۇتىيارنىڭ ئالمىسى، مەختۇمسۇلانىڭ خالتىسى. مەختۇمسۇلا بولمىسا، قايدىن كېلۇر خالتىسى. ③ مىق.ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ، مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: ئۇمەر ئاشلىق دۇكىنىدىن بىر خالتا گۈرۈچ سېتىۋالدى. ④ ئى <زوئول> بەزى ھايۋانلارنىڭ كىچىك بالىسىنى سېلىپ، كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ماسلاشقان، قارنى ئاستىدىكى خالتىسىمان تېرە قاتلىمى.

**خالتا قۇرت** <زوئول> ئومۇرتقىسىز ھايۋانلارنىڭ بىر سىنىپى. تاق جىنسلىق، تېنى خالتا شەكلىدە، بوغۇمغا بۆلۈنمەيدۇ، ئاز ساندا قىلچىق تۈكلىرى بار. دېڭىز ئاستىدىكى لاتقا قۇملۇقلاردا ھايات كەچۈرىدۇ.

**خالتا قىلماق** بىركىمگە بىرەر كىشىدىن، پوچتىدىن خالتا تەييارلاپ ئەۋەتمەك، خالتا يوللىماق: ئۇ خېتىدە: «بايدا ئاچارچىلىق ئېغىر بولدى، شۇڭا سىزگە خالتا قىلالمىدىم»، دەپتۇ.

**خالتا كوچا** ① چوڭ كوچىلارنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان تار، كىچىك، ئاخىرى يوق كوچا: كوچىدا بۈگۈن ئادەم ئىنتايىن ئاز ئىدى. پەقەت ئاق مەسچىتكە يېقىن بىر خالتا كوچا ئېغىزىدا، كۆمۈر بېسىپ كەلگەن ھارۋىلارنىڭ ئەتراپىدا، ئونچە ئادەم كۆمۈر ئېلىش ئۈچۈن توپلىشىۋالغانىدى. ② كۆچمە. ناتوغرا ئىش-ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان يامان ئاقىۋەت؛ تۇيۇق يول؛ ھالاكەت يولى: خالتا كوچىغا كىرىپ قالماق. خالتا كوچىغا كىرمەك. خالتا كوچىغا باشلىماق.

**خالتا كوچىغا كىرىپ قالماق** بىرەر ئىش، بىرەر مەسىلىدە قۇتۇلغىلى بولمايدىغان، قىيىن ئەھۋالغا يولۇقماق؛ تۇيۇق يولغا كىرىپ قالماق: ئۇ خەت مۇنداق تاماملانغانىدى: «ھەممىمىز ئەخلاق مەسىلىسىدە خالتا كوچىغا كىرىپ قالغانمىز. كېيىنكى بەش يىل داۋامىدا، مەندە ئازراقمۇ كۆزگە كۆرۈنگۈدەك بىر چوڭ ئىش بولمىدى».

**خالتا كۆڭلەك** <كي> خالتىسىمان ئەرلەر كوڭلىكى. ئالدى يېرىم ئېچىلىدۇ، پەش سېلىنمايدۇ.

**خالتا يوپكا** يوپكىنىڭ بىر خىلى. ئۇ تار ھەم تۈز شەكىللىك بولىدۇ: ئامىنە ماگزىندىن بىر خالتا يوپكا سېتىۋالدى.

**خالتا-خالتا** بىرقانچە خالتا، نۇرغۇن خالتا: گىتلىر ئۇچۇن خىزمەت قىلغان بۇ ئادەم، قايتقاندى چەت ئەللەردىن باي بولۇپ. ئېلىپ قايتقان خالتا-خالتا ئالتۇننى ۋە ئۇ قىزنى سۆيۈپ قالدى ئاھ ئۇرۇپ.

**خالتا-قويۇن** ئاسان شامال تەگمەيدىغان، قاپسىلاڭغۇ، دالدا: چوڭقۇر، خالتا-قويۇن ئورۇنلاردا سوغۇق چۈكۈۋالىدىغانلىقى ئۇچۇن، مېۋىلەرنى ئۇششۇتۇپ، باغنىڭ تەرەققىياتىنى چېكىندۈرىدۇ.

**خالتىسىمان** سۈپ [پ] خالتىغا ئوخشايدىغان، خالتا شەكىلدىكى: بەزى ھايۋانلارنىڭ كىچىك بالىسىنى سېلىپ، كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ماسلاشقان، قارنى ئاستىدىكى خالتىسىمان تېرە قاتلىمىمۇ «خالتا» دېيىلىدۇ.

**خالتىلاپ** رەۋ. خالتىسى بىلەن: خالتىلاپ ئۇن ئالماق.

**خالتىلاتماق** «خالتىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خالتىلاشماق** ① «خالتىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② پۈرلىشىپ، سولىشىپ كەتمەك: ئۆچكە ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىسا، بىچارە ساغلىقنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى خاراب، يېلىنلىرى خالتىلىشىپ، تېرىسى ئۇستىخانلىرىغا يېپىشىپ كەتكەن.

* ئۇنىڭ ھاراقنى تولا ئىچىپ خالتىلاشقان قاپاقلىرىنىڭ ئاستىدىكى قىسىق ھەييار كۆزلىرىدە، بۈگۈن نېمىشقىدۇر، يىرتقۇچلارنىڭكىدەك بىر ۋەھىملىك ئوت چاقنايتتى.

**خالتىلىق** سۈپ ① خالتىسى بار، خالتىغا ئىگە: خالتىلىق زەمبۇرۇغ. خالتىلىق سېپورا. ② خالتا قىلىشقا بولىدىغان، خالتا ئۇچۇن تەييارلانغان، خالتىغا تۇشلۇق: بىر خالتىلىق رەخت. * مەن دۇكاندىن ئىككى خالتىلىق خەسە سېتىۋالدىم. ③ <تب> خالتا ھالىتىگە كەلگەن، خالتىلاشقان، خالتىسىمان: خالتىلىق ئىششىق.

**خالتىلىق زەمبۇرۇغلار** <بئول> خالتىلىق زەمبۇرۇغلار سىنىپىنى تەشكىل قىلغۇچى تەركىبلەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

**خالتىلىق زەمبۇرۇغلار سىنىپى** <بئول> زەمبۇرۇغ تىپى ئىچىدىكى نىسبەتەن يۇقىرى بولغان بىر سىنىپ. ئۇ ئاز ساندىكى تاق ھۈجەيرىلىك تۈرلەردىن باشقا، يەنە تەكشى ھالەتتىكى شاخلىغان ۋە بۆلۈنگەن زەمبۇرۇغ يىپچىلىرىدىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ.

**خالتىلىق سېپورا** <بوت> خالتىلىق زەمبۇرۇغلار سىنىپىدىكى زەمبۇرۇغلار سېپورا خالتىسى ئىچىدە شەكىللەندۈرگەن بىر خىل سېپورا.

**خالتىلىق سېپورا مېۋىسى** <بوت> خالتىلىق زەمبۇرۇغلار سىنىپىدىكى زەمبۇرۇغلارنىڭ سېپورا ھاسىل قىلىدىغان تۈزۈلۈشى.

**خالتىلىق قۇرت** <زوئول> تاسما قۇرتنىڭ لىچىنكىسى. بەزى ھايۋانلار (مەسىلەن، چوشقا) نىڭ مۇسكۇللىرىدا ۋە بىرىكتۈرگۈچى توقۇلمىلىرىدا ياشايدۇ، چوڭ-كىچىكلىكى سېرىق پۇرچاققا ئوخشاپ كېتىدۇ؛ بېشى، بوينى ۋە خالتىسىمان قۇيرۇقى بولىدۇ. ئۇ ئۇچەيدە يېتىلىپ، تاسما قۇرتقا ئايلىنىدۇ.

**خالتىلىق ئىششىق** <تىب> ياخشى سۈپەتلىك ئۆسمىنىڭ بىر خىلى. كۆپىنچە شار شەكلىدە كېلىدۇ. ئۇنىڭ قاپچۇق پەردىسى بولۇپ، ئىچىدە سۇيۇقلۇق ياكى يېرىم قاتتىق ماددىلار بولىدۇ. ئادەتتە ئۆپكە، تۇخۇمدان، تېرە ماي بېزى قاتارلىق ئورگانلاردا بۇ خىل ئىششىق بولىدۇ.

**خالتىلىماق** پ. خالتىغا قاچىلىماق: ئۇ ئالدى بىلەن يەل-يېمىشلارنى كىچىك-كىچىك قىلىپ خالتىلىدى. نەرسىلەرنى بوپىلىدى.

**خاللىق** سۈپ. خالى بار: تۇغۇتلۇق ياتقان گۈلنۇر خالىدىنىڭ بويىندىكى خالنى سىلاپ تۇرۇپ: ـ قىزىمىز سىلىگە ئوخشاش خاللىق تۇغۇلدى، قىزىمىزنىڭ ئىسمىنى نېمە قويساق بولار، ـ دەپ سورىدى.

**خالو** ئى. دىئال. نوغۇچ.

**خالۋاپ** ئى. دىئال. گىلەم، تاغار-خۇرجۇن توقۇغۇچى ھۈنەرۋەن: بۇ يۇرتتا، كىچىككىنە سەپەر خۇرجۇننى كۆتۈرۈپلا كەلگەن ئاتا-بالا خالۋاپلار ئۈچ-تۆت يىل ئۆتمەي خېلى ھاللىق، سەرەمجانلىق ئائىلىلەردىن بولۇپ قالدى.

**خالۋاپلىق** ئى. دىئال. گىلەم توقۇش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى، گىلەمچىلىك.

**خالىس** [ئە] ① سۈپ. ھەممىگە بىر خىل نەزەر بىلەن قارايدىغان، بىرەر تەرەپكە يان باسمايدىغان؛ بىتەرەپ؛ ھەققىي: خالىس ئەلچى. خالىس ئادەم. * چاۋاك يەنە ياڭرىدى. يېنىمدا ئولتۇرغانلار نۇر ئامىنەمنى خالىس باھالاشقا چۈشتى. ② سۈپ. ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىمەيدىغان، تەمە قىلمايدىغان، غەرىزى يوق، سەممىي: ئۇ قەيەرگىلا بارمىسۇن، خالىس، تۇغرا خىزمەت ئىستىلى بىلەن گۈللەپ ياشنىيالايتتى ۋە يېڭى جايغا ئۆزلىشىپ كېتەلەيتتى. * ئورمانچىلىق رايونىدىكى ئاھالىلار، بولۇپمۇ چارۋىچىلار خالىس ئورمان ئاسرىغۇچىلار بولۇپ قالدى. ③ سۈپ. ھەق تەلەپ قىلمايدىغان، ھەق ئالمايدىغان، ھەقسىز؛ چىن كۆڭۈلدىن: خالىس ئەمگەك. * بىز ئانامنىڭ يېتەكلىشى بىلەن، قوشنىلارغا خالىس ياردەممۇ قىلاتتۇق. * ھۆسنەرىخان ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئىشلارنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن، «ئۇنسۇر»لار قاتارىدا يەنە بىرنەچچە سائەت «خالىس» ئەمگەك قىلاتتى. ④ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**خالىس ئەمگەك** ھەق تەلەپ قىلماي، ھەق ئالماي قىلىنىدىغان ئەمگەك؛ خالسانە ئەمگەك: ئاۋۇتنىڭ بۇ پىداكارلىقى، قوزغاپ غەيرەت ياشلار ئىچىدە؛ بەس-بەس بىلەن يۈتكەلدى ئورۇق، خالىس ئەمگەك بىلەن كېچىدە.

**خالىس ياردەم** ھەق-تەلەپ قىلمايدىغان، قايتۇرۇلمايدىغان، مىننەتسىز ياردەم: مەتتايىرنىڭ تىرىشچانلىقىدىن تەسىرلەنگەن كىشىلەر ئۇنىڭغا ھەر جەھەتتىن خالىس ياردەم قىلدى.

**خالسانە** رەۋ [ئە+پ] ① ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىمىگەن ھالدا، بىر تەرەپكە يان باسماستىن، ئادىللىق بىلەن: ـ بۇ كېچە سەن ماڭا قەدىرلىك مېھمان بولۇپ شۇ يەردە قون! ئەتىگەنلىككە ئەلۋەتتە ئۆز جايىڭغا كەتكىن! بۇ مېنىڭ ساڭا خالسانە كۆرسەتكەن ياردىمىم، ـ دېدى ئۇ مېھمانغا. * ـ ئۇنىڭ سىزگە بولغان ئۆچمەنلىكى مەسىلىگە خالسانە قاراشقا ھالاقەت بېرىپ، خەۋپ تۇغرىسىدا ھەددىدىن زىيادە مۇبالىغە قىلدۇرۇۋەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، ـ دېدى ئۇ دوستىغا. ② ھەق تەلەپ قىلماستىن، تەمەسىز ھالدا، ئۆز ئىختىيارى بىلەن: كېرەم يېقىندىن بېرى مۇشۇ ئۆيدە 20 نەچچە بالىنى خالسانە ئوقۇتۇپ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ زىيادە نەزىرىگە چۈشكەنىدى. * بۈگۈن ئىدارىمىزدىكى ئىشتىياق ئەزالىرى ۋە ياشلار خالسانە ئەمگەككە قاتناشتى.

**خالسانىلىق** «خالسانە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: خالسانىلىق بىلەن ئىشلىمەك.

**خالسلىق** «خالس» سۆزى ① ② ③ نىڭ ئىسىم شەكلى: خالسلىق قىلماق. * بوۋام ئۆجمە كۆچىتى يېتىشتۈرۈپ، ھويلا-ئارام، ئېرىق-ئۆستەڭ بويلىرىغا ئالا قويماي ئۆجمە كۆچىتى تىككەندىن باشقا، ئۆستۈرگەن كۆچەتلىرىنى باشقىلارغا خالسلىق بىلەن ھەدىيە قىلاتتى.

**خالىغانچە** رەۋ. ئۆز مەيلىچە، ئۆز بىلگىنىچە؛ ئەركىن، بىمالال: خالىغانچە ئىچىۋەرمەك. خالىغانچە تاللىماق. * دۆلەتنىڭ مال باھا باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسىگە كىرىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنى يۇقىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، ئۆزى خالىغانچە ئۆستۈرۈشكە ياكى چۈشۈرۈشكە بىردەك رۇخسەت قىلىنمايدۇ. * قەدىمكى رىم قانۇنىدا: «قۇل ـ نەرسە، قۇلدارلار ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ياكى ئۆزلىرىنىڭ نەرسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندەك، ئۇلارغا خالىغانچە جازا بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە» دەپ بەلگىلەنگەن.

**خالىماق** پ ① بىرەر نەرسىنى ئارزۇ ۋە ئىختىيار قىلماق، ئۇنىڭغا ئېرىشىش، يېتىش زۆرۈر دەپ بىلمەك؛ ئىزدىمەك، ئۇنىماق: مەن توپ ئويناشنى خالايمەن. * خەمت ئۆيگە روھى چۈشكۈن قايتىپ كەلدى. ئۇ بۈگۈنكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ قېلىشنى خالايتتى. * پادىشاھ مېھمانلارغا قاراپ: ـ كۆڭلۈڭلار نېمىنى خالايدۇ، مېھمانلار؟ خىزمەتكارلار ئۈچۈن تەييارمەن، ـ دەپتۇ. ② ئۆز خاھىشى، ئىختىيارى بىلەن تاللىماق، ئىختىيار قىلماق، رازى بولماق (قىز ياكى يىگىت ھەققىدە): ـ مەن ئۆزۈم خالاپ بىرگىلى تېگىمەن، ـ گۈلنىسا بۇ سۆزنى بوش دېگەن بولسىمۇ، رابىخاننىڭ بېسىقمايۋاتقان غەزىپىنىڭ ئۈستىگە ياغ چېچىلغاندەك بولدى. * يارنى يار دەمدۇ كىشى، يامانىنى يار دەمدۇ كىشى. ياخشى يار يېنىدا تۇرۇپ، يامانىنى خالامدۇ كىشى.

**خالىي** [ئە] ① سۈپ. ئىچى ئادەم ياكى نەرسىلەر بىلەن بەند بولمىغان، بوش، بىكار: دىلشات كەلگۈسى ئىمتىھان ئۈچۈن قاتتىق تەييارلىنىشقا باشلىدى. ئۆيدىكىلەرمۇ ئۇنىڭغا بىر ئۆينى خالىي قىلىپ بەردى. ② سۈپ. كىشى نەزىرىدىن، كۆزىدىن يىراق؛ چەت، خىلۋەت: قاراقچى خالىي يەردە ئالار، يانچۇقچى توپ ئىچىدە (ماقال). * تېكىن بىلەن ئۆيگە ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئىككى قىسمغا بۆلۈپ، بىر قىسمىنى «ئالتۇن قان» نىڭ بىر خالىي جىراسىغا يوشۇرۇپ قويدى. * ئوينۇغۇچتەك سارغىيىپ يۈرسەم سېنىڭ ئالدىڭدىمەن، خالىي يەرلەرنى تېپىپ ئېيتسام ساڭا ھالىمنى مەن. ③سۈپ. ھېچكىم يوق، يالغۇز، ئايرىم: كەچقۇرۇن بەختىگۈل بىلەن رىشىت خالىي قالغاندا، رىشىتنىڭ دادىسى قادىرئاخۇن بىلەن ئاپىسى سارىخان كىرىشتى. ـ بىرئاز ۋاقتىڭىزنى ئالسام، رەنجىمەيدىغانسىز؟ مەن سىز بىلەن خالىي سۆزلىشىشنى خېلىدىن بېرى ئويلاپ كېلىۋاتىمەن. ئەمما پۇرسەت بولمىدى، ـ دېدى ئۇ بىرئاز تەكەللۇپ بىلەن باشلىقىغا كۈلۈمسىرەپ. ④ ئى. ھېچكىم يوق جاي، يەر؛ خىلۋەت يەر، دالدا جاي: مەن سىز بىلەن خالىيدا گەپلەشمەكچى. * قار يېپىنغان دالدا، سەيلە قىپتۇ خالىيدا. * راۋاب چالسام خالىيدا، يىغلايدۇ قارا كۆزۈم. زالىم بەگلەر ئالدىدا، ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزۈم. ⑤ سۈپ. چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملاردىن كېيىن كېلىپ، «مۇناسىۋەتسىز، ئالاقىسىز، مۇستەسنا، ئازاد» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئەخمەتجان قاسىمى خەلقنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىگە ناھايىتى ئىشىنىدىغان، ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن قاراشتىن خالىي ئادەم ئىدى. * تۆتىنچى قىز يۇقىرىقى ئۈچ قىزدا كۆرۈلگەن خۇسۇسىيەتلەردىن خالىي ئىدى. * زىنداندىكى توختى ئاخۇندەك قىينىمدىڭ مېنى. دەرد-ئەلەمدىن بىردەم خالىي قىلمىدىڭ مېنى. ⑥ سۈپ. «ئەمەس» سۆزى بىلەن بىللە قوللىنىلىپ، ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى چىقىش

كىلىشتە كەلگەن سۆزنىڭ ئاڭلاتقان مەنىسىنىڭ بارلىقىنى، مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدۇ: - مەن تۇرغۇنلىغان كەمچىلىكلەردىن خالىي ئەمەسمەن، لېكىن ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەت ئۆتكۈزگىنىم يوق، - دېدى ئۇ كۆپچىلىككە. * دوستۇم ماختاندى پۇلى-مۈلكىدىن، خالىي ئەمەسكەن ئۆيۈن-كۈلكىدىن.

**خالىي بولماق** بىرەر نەرسە، بىرەر ئىش، ۋەقە-ھادىسە، ئەھۋال ۋە باشقىلاردىن ساقلانماق، خالاس بولماق،-قۇتۇلماق: خاتالىقتىن خالىي بولماق. * مەن خەتنى يېزىپ پوچتىدىن سېلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزۈمچە گويا ئېغىر بىر يۈكتىن خالىي بولغاندەك ھېس قىلدىم. * جاھانگىرلىك دۇنياغا تەھدىت سېلىۋاتقان شارائىتتا، ئۇرۇشتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ.

**خالىي قىلماق** ① بوشاتماق، بىكار قىلماق: بۇ ئۆيۈنى پاتىپاراقچىلىقتىن، تاشلاندۇق نەرسىلەردىن خالىي قىلسالىڭ، ئاندىن بىر ئۆيگە ئوخشايدۇ. ② بىرەر نەرسە، بىرەر ئىش، ۋەقە-ھادىسە، ئەھۋال ۋە باشقىلاردىن ساقلىماق، خالاس قىلماق، قۇتۇلدۇرماق: بۇ - بارلىق تىرېستلار ئۇچۇن كونكرېت، ئەمەلىي، بەلكى دەرھال يولغا قويۇشقا بولىدىغان ۋەزىپە، بۇنداق قىلىش ئەمگەكچىلەرنى ئېكسپلاتاتسىيىدىن خالىي قىلىدۇ. * - مەن ئانا بولغان ئادەم، بىر ئېغىز تىنىپلا قويغان بولسالىڭ، چۈشىنىۋالاتتىم، شۇ بىر ئېغىز سۆزۈڭ بىلەن، مېنى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەي ئەندىشە قىلىشتىن خالىي قىلغان بولاتتىڭ، - دېدى ئۇ سىڭلىسىغا سەمىمىيلىك بىلەن.

**خالىيلاشتۇرماق** «خالىيلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ، ئافغانىستانغا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرىنى ئەۋەتىپ، بىتەرەپلەشتۈرۈش ۋە ھەربىي ئىشلاردىن خالىيلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى.

**خالىيلاشماق** پ. بىرەر ئىش-ھەرىكەتكە مۇناسىۋەتسىز تۇرماق، ئۇنىڭدىن خالىي، مۇستەسنا بولماق، ساقلانماق: ئىككى تەرەپنىڭ بىر-بىرى بىلەن چېگرىلىنىدىغان رايونلىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرىدىن خالىيلاشتى.

**خالىيلىق** «خالىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: كونا قانۇن تۈقتىئىنەزەرلىرى دېگەندە، ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ دۆلەت نۇقتىئىنەزەرى، قانۇن نۇقتىئىنەزەرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ ئاتالمىش سىنىپىيلىقتىن خالىيلىق، سىياسىيدىن خالىيلىق نەزەرىيىسىنى تەرغىپ قىلىپ، دۆلەتنىڭ ۋە قانۇننىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى يوشۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنى ئالدايدۇ.

**خام I** سۈپ [پ] ① قايىنىتىلمىغان، پىشۇرۇلمىغان؛ «پىششىق» نىڭ ئەكسى (ئادەم قولى بىلەن پىشۇرۇلۇپ ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەر ھەققىدە): خام گۆش. خام سۈت. خام تۇخۇم. * ئوچاققا كىرگەن نان خام چىقماس (ماقال). * قەيسەرنىڭ يىغىندىن كېيىنكى ئەلپازى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كۆرەشكە ئىشلەتكەن پوزىتسىيىسى ھەممەيلەننى گويا خام سۇ يېغى ئىچىۋالغاندەك قىلىپ قويدى. ② تەبىئىي ھالدا پىشىپ يېتىلمىگەن، پىشمىغان؛ غورا ھالىتىدىكى: خام تاۋۇز. خام ئورۇلغان بۇغداي. * توۋا، ئۇ ئادەمنىڭ كۆڭلى قارىلىقىنى بىلمەپتىكەنمەن، بۇ ياقتا مېنى ئايلاندۇرۇپ، ئۇ ياقتا دوستۇمغا مۇھەببەت خېتى يېزىپ يۈرگىنىنى قارىمامدىغان، پۇلغا ئىشىنىدۇ-دە، بولمىسا كۆرەڭلىگۈدەك نېمىسى بار، ئۆزىمۇ بىر پەگاز قاپاق، خام كاۋىدەك سىدام بىر ئادەم. ③ قايتا پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن؛ پىششىقلاپ ئىشلەشكە تېگىشلىك بولغان؛ چالا: خام چىرتيوژ. خام يىپەك. خام ئەشيا. خام تېرە. * بۇ يىل ئاپتونوم

رايونىمىز بويىچە 157 مىڭ توننا كۆمۈر، 51 مىليون
كىلوۋات سائەت توك، 75 مىڭ توننا خام نېفت، 34
مىڭ توننا پىششىق نېفت تېجەپ قېلىندى. * ئۇ يوغان،
ئېغىر خام خىش ئەكىلىپ تىزىپ، شۇنىڭ ئۈستىدە
تۇرۇپ، سوزۇلۇپ، كۆچىنىپ بۇ ئىشنى قىلىشقا ئۇرۇ-
نۇۋاتاتتى. ④ كۆچمە. تازا ۋايىغا يەتكۈزۈلۈپ،
رەتلەپ، يېزىپ چىقىلمىغان؛ قايتا ئىشلەش-
كە تېگىشلىك بولغان؛ چالا: خام ئەسەر. *
ئۇنىڭ بەزى خەت-چەكلىرى پۈتۈنلەي تەييار ماقالە
بولۇپ، ئۇنى دەرھال مەتبەئەگە بېرىشكە بولىدۇ؛
باشقا بەزى خەتلىرى ئۇرغۇنلىغان خام ماتېرىياللارنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ⑤ كۆچمە. ئەمەلىيەتتىن
يىراق، ئەمەلگە ئاشمايدىغان، پىشمىغان:
خام خىيال. * ئۇ بۇ قېتىمقى سودامدا پايدا كۆرسەم
ئەجەب ئەمەس دېگەن خام تەمە بىلەن ھويلا-
ئاراملىرىنى سېتىپ، نەچچە كۆپ رەخت-ماللارنى
ئېلىپ، بىر تەرەپكە راۋان بولۇپتۇ. ⑥ كۆچمە.
بىرەر نەرسىنى، ئىشنى، كەسىپنى
پىششىق ھەم تولۇق ئىگىلىمىگەن، مۇكەم-
مەل ئەمەس، چولتا: كەسىپتە خام. ئىشتا
خام. * ــ مەن ئۇنى خەنزۇچىنى خېلى، پىششىق
ئۆگەندى دېسەم، ئۇ ئەخمەق تېخى خېلى خام ئىكەن،
ــ دېدى ئابدۇۋېلى ئۇشتۇمتۇت دادىسىنىڭ سۆزىنى
بۆلۈپ. * ــ بىز جەڭ قىلىشقا بەك خام ئىكەنمىز،
ئالدىمىزدا تېخى ئىش كۆپ، كۆردۈڭلارغۇ، شامەخسۇت
تۆلكىدىنمۇ ھەييار ئىكەن، بىزمۇ ئەمدى جەڭ ھۈنىرىنى
ئۆگەنمىسەك بولمايدۇ، ــ دېدى تۆمۈرخەلپە قوزغىلاڭچىلار-
غا قاراپ. * بۇرۇن بۇرۇنىكەن، توخۇ تۈرىنىكەن،
مانا شۇنداق زامانلارنىڭ بىرىدە بىر ئادەم ئۆتكەن
ئىكەن. ئۇ ئادەمنىڭ ئىككە تاقاشقۇدەك بىر ئوغلى
بولۇپ، ئەقلى-ھوشى سەل كەمرەك ئىكەن،
سودا-سېتىق ئىشلىرىغا خامراق ئىكەن. ⑦ كۆچمە.
تەجرىبىسى يوق، كۆپ ئىش بىلمەيدىغان،
بېشىدىن تېخى جىق ئىش ئۆتمىگەن،
ئىسسىق-سوغۇقنى ئۆتكۈزمىگەن، ئىش
كۆرمىگەن: خام بالا. خام ئادەم. ⑧ كۆچمە.
ئۆگەنگۈچىگە تېخى يات بولغان،
ئۆگەنگۈچى تەرىپىدىن تېخى ئۆزلەش-
تۈرۈلمىگەن (مائارىپ ھەققىدە): خام
سۆز. خام خەت. * چەت ئەل تىلىنى دەسلەپ
ئۆگەنگەندە، كىشىگە خام سۆزلەرنى يادلاش،
گراماتىكىسىنى ئۆگىنىش بەكمۇ زېرىكىشلىك تۇيۇلىدۇ.
⑨ كۆچمە./ ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ قارىشى
بويىچە سەل بوش، يۈزەكى: خام چاغلىماق.
خام ئويلىماق.

**خام ئەشيا** <سانا> سانائەتتە قايتا
پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان (مەسىلەن،
رودا، پاختا، يىپەك، كەندىر قاتارلىق)
ماتېرىيال: بەزى تارماقلار خام ئەشيانى ئىشلەپ-
چىقىرىش تارماقلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەھسۇلات
ئىشلەپچىقىرىشىغا بېرىشنى رەت قىلىپ، ئاپتونوم
رايونىمىزنىڭ خام ئەشيا مەنبەسى جەھەتتىكى
ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزدى.

**خام توپا** <دېھ> ئۆزلەشتۈرۈلمىگەن
توپا. بۇنداق توپا ئۆزلەشكەن توپىغا
قارىغاندا قاتتىق، ئورگانىك ماددا مىقدا-
رى ئاز، فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك خۇسۇ-
سىيىتى ناچار، مىكرو ئورگانىزملارنىڭ
ھەرىكىتى جانسىز بولىدۇ؛ تېرىقچىلىق
قىلىشقا ماس كەلمەيدۇ.

**خام چاغلىماق** بىرەر ئىش، بىرەر
مەسىلىنى ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ چۈشەنچە-
سى بويىچە، ئەسلىي دەرىجىسىدىن
تۆۋەن مۆلچەرلىمەك؛ سەل چاغلىماق:
ھەيدەر بەگنىڭ بىر تۈمەن چېرىك ئېلىپ كەلگەن-
لىكىدىن بۇ تەرەپ خەۋەرسىز ئىدى. شۇڭا ئۇلار
باشتا ياغىنى خام چاغلىدى. * «ئۇلارنى خام
چاغلىغىلى بولمايدىكەن، چوڭراق لەشكىرىي كۈچ
ئىشلىتىش كېرەك ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ.
بەختكە قارشى ئۇ دۆلەت بارغانچە كۈچىيىپ

كەتتى. ئۇلار سامانلار ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن خەتەرلىك كۈچ بولۇپ قالدى.

**خام چوت** ① بىرەر نەرسە ياكى مەسىلە ھەققىدە ئالدىنئالا قىلىنغان تەخمىنىي ھېساب، پىلان: خام چوت قىلماق. * ــ بۇ تېخى بىر خام چوت، ئەمەلىيەت مۇنشۇنداق بولۇپ چىقامدۇ-يوق، ئۇ كېيىن مەلۇم بولىدۇ، ــ دېدى ئۇ ئولتۇرغانلارغا. * سۇلتانىنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانقى خىيالى ۋە خام چوتى ئەنە شۇنداق ئىدى. ② <مال> نەق چوت تۈزۈلۈشتىن بۇرۇن، كىرىم-چىقىمنى كۆرسىتىپ تۈرىدىغان تەخمىنىي سان. نەق چوت ئەنە شۇ سان ئاساسىدا، تېخىمۇ ئىنچىكە ھېسابلاش ئارقىلىق تۈزۈپ چىقىلىدۇ: يېقىن مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 9-يىغىنىنىڭ تەكشۈرۈپ ماقۇللىشىغا سۇنغان 1981-يىللىق مالىيە خام چوتى مۇۋاپىق، خام چوتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى بىرقەدەر ياخشى بولغان.

**خام خەت** <تىل> خەنزۇ يېزىقىنى ئۆگىنىش جەريانىدا، ئۆگەنگۈچى تېخى ئۆگەنمىگەن ياكى ئۆگەنگۈچىگە تېخى ئۇچرىمىغان خەت: مۇرات ئۆيىدە ھەر كۈنى بەش دانە خام خەت ئۆگىنىدۇ.

**خام خىيال** رېئال تۇرمۇشنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئوي-پىكىر، خىيال: خام خىيال قىلماق. * لىرانىڭ كۆڭۈلدىكى كۆڭلىسىگە مەست بولغان زامانقۇل ئۇنى ئېلىش خام خىيالى بىلەن، ئاقسۇ كونىشەھەردىكى مۇئەللىمە يولدىشى ساباھەتتىن نىكاھىدىن ئاجرىشىش توغرىسىدا خەت يازىدۇ.

**خام سەي** قورۇلمىغان كۆكتاتلارنىڭ ئۈستىگە تۇز، ئاچچىقسۇ قاتارلىق خۇرۇچلارنى سېپىپ، ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل سوغۇق سەي: توي زىياپىتىگە ئاۋۋال خام سەي بىلەن ھاراق تارتىلدى، ئاندىن كېيىن،

لىگەنلەردە گۆش بېسىلغان پولۇ كىردى. بىردەمدىن كېيىن، قىزىغان ياشلار تانسىغا چۈشتى.

**خام سۇ** قايىنىتىلمىغان، سوغۇق سۇ: ئوقۇغۇچىلارغا خام سۇ ئىچمەسلىك ھەققىدە تەربىيە بېرىپ، ئۇچەي، ئاشقازان يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

**خام سۆز** <تىل> بىر خىل تىلنى ئۆگىنىش جەريانىدا، ئۆگەنگۈچى تېخى ئۆگەنمىگەن، ئۆگەنگۈچىگە تېخى ئۇچرىمىغان سۆز: كىشىلەر چەت تىلنى دەسلەپ ئۆگەنگەندە، خام سۆزلەرنى يادلاش، گراماتىكىنى ئۆگىنىش زېرىكىشلىك سېزىلىدۇ.

**خام سۈت ئەمگەن** بېشىدىن ئاچچىق-ساۋاق ئۆتمىگەن؛ كەمچىلىك، خاتالىق ۋە ھەر خىل نۇقسانلاردىن خالىي ئەمەس؛ تەجرىبىسىز، ساددا: ئادەم خام سۈت ئەمگەن نەرسە، مەممەتنى بۇ ئىشنى قىلمىدى دېگىلى بولمايدۇ.

**خام سېمىز** سېمىز لېكىن سېمىزلىكى نورمال ئەمەس، پور (ئادەم ھەققىدە): مەن ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇرۇلۇپ، يان كوچىدىن ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ كېلىۋاتقان ئېگىز بويلۇق، خام سېمىز، كالتە جۇۋا كىيىۋالغان بىر كىشىنى كۆرۈپ، تۇرۇپ قالدىم. * پاكىنەك كەلگەن بۇ خام سېمىز ئادەمنىڭ يۈز-كۆزىدىن مەرۋايىتتەك تەر تامچىلىرى چىپىلداپ تېمىپ تۇراتتى ۋە ئاق خەسە كۆڭلىكىدىن تەرنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

**خام شورپا** قورۇمىاي، سۇغىلا سېلىپ پىشۇرۇلىدىغان گۆش شورپىسى: باللار ئۆيدە خام شورپا قىلىپ ئېتىلگەن سۇيۇقئاش ئىچىشتى.

**خام قايماق** پىشۇرۇلمىغان خام سۈتتىن سۈزۈپ ئېلىنغان قايماق: ئەپەندىم كېسەلنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ، دەرھال بىر چىنە خام قايماق بىلەن ئىككى ئىسسىق نان ئەكىلىشنى بۇيرۇپتۇ ۋە ناننى قايماققا چىلاپ قورساقنى تويدۇرغاندىن كېيىن:

ـ خۇدايىم ئاغرىقتا شىپالىق بەرسۇن، ـ دەپ دۇئا قىلىپ، چىقىپ كېتىپتۇ.

**خام كاللا** ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدىغان؛ ئەخمەق، دۆت، كالۋا، ھاماقەت: تۈلكە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلاپتۇ: ـ ئەي خام كاللا! ـ دەپتۇ ئۇ، ـ سېنىڭ قولۇڭغا ئاچچىق چاقچىقىم ئارقىلىقلا چۈشكەنمەن.

**خام ماتېرىيال** ① خام ئەشيا. ② <ئەد> رېئال تۇرمۇشتىن توپلانغان، لېكىن ئاپتورنىڭ رەتلىشى، پىششىقلىشىدىن ئۆتمىگەن، ئىش قوشۇلۇپ، كونكرېت ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى شەكىللەندۈرىدىغان تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇلمىغان، بىر يۈرۈش دەسلەپكى ماتېرىيال.

**خام مال** پىششىقلاپ ئىشلىنىشكە تېگىشلىك بولغان مال؛ خام ئەشيا: تۆمۈرخەلپە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندىن باشلاپ، تاغ يوللىرى ئېتىلىپ قالغاچقا، بۇ شىركەتنىڭ خام مال مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قالغاندى.

**خىمغا يانماق** ① بىرەر ئىش، بىرەر مەسىلە ھەل بولۇشتىن ھەل بولمايدىغان، ۋۇجۇدقا چىقمايدىغان تەرەپكە قاراپ يۈزلەنمەك؛ يوققا چىقماق: بۇ ئىش يەنە خىمغا ياندى. * ـ تۇۋا، ماۋۇ جاھاننىڭ خىمغا يېنىپ كەتكىنىنى، بىرىگە ئالتۇن تاۋاقتا نان بېرىدۇ، بىرى نان ھەسرىتىدە جان بېرىدۇ، بۇ جاھان قاچان تۈزىلەر ـ ھە؟، ـ دەپ چوڭ ئانام زەھەر يۇتقاندەك تولغىنىپ، ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەيتتى. ② پىششىقلىقتىن خام ھالىتىگە، ئەسلىگە يانماق: ئۇ چەت ئەل تىلىنى بىر ئاي ئۆگەنمىگەچكە، يەنە خىمغا يېنىپ كېتىپتۇ. * پىششىق ئېشىلگەن ئارغامچا خىمغا ياندى. * يىپ خىمغا ياندى.

**خام** II ئى. پاختا يىپتىن توقۇلىدىغان، ئاق رەڭلىك، سىدام، بىر خىل يەرلىك رەخت؛ بۆز، ماتا، شىشى: خام سۇرۇپ. * ئۇ خاملىرىنى دېڭىنىگە سېتىپ، خوتۇنىغا كەمچەت تۇماق، بالىلىرىغا كىيىم ـ كېچەك، ئۆيىگە گۆش، پىياز، نان ـ پان دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ، خۇرجۇننى تولدۇرۇۋېتىپتۇ.

**خام سۇرۇپ** يۈزىگە تاش سۈركەپ سىلىقلانغان بىر خىل ماتا.

**خاما** ئى. جۇۋاز قايچىسىنىڭ تاش تۇرىدىغان ياپىلاق جايى: جۇۋاز خامىسى.

**خامار** ئى. جان ت. ئادەمنىڭ ئېغىز، بۇرۇن ۋە شۇنىڭغا يېقىن جايلىرىنىڭ ئۇمۇمىيلاشتۇرۇپ ئاتىلىشى: خامارغا ئۇرماق. * ھېلىلا پەس ئاۋازدا: ـ جېنىم ئاكا، جېنىم ئاكا، ـ دەپ يالۋۇرۇۋاتقان يانچۇقچى بىردىنلا قەھرى غەزەپكە كېلىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ئۇشتۇمتۇت غالىپنىڭ خامىرىغا بىر مۇشت سالدى.

**خامان** ئى [پ] ① زىرائەتنى تېپىش ۋە تازىلاش ئۈچۈن تەييارلانغان مەيدان، جاي: سابىر ئىككىنچى ئىشلەپچىقىرىش دۈينىڭ خامىنىدىن كەچ قايتتى. * نامان ئەتراپقا بىر قاراۋېلىپ: ـ سائادەتخان، پاخالدىن داننى ئايرىش ئۈچۈن خامان لازىم، جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن ئىمان، دېگەن گەپ بار، ـ دېدى. ② شۇنداق جايغا قۇرۇتۇش، تېپىش، تازىلاش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن مەھسۇلات: خامان سورۇماق. خامان تەپمەك. * مەن بۇ چاغدا كۆن بويى دېھقانلار بىلەن ئېتىزغا چىقاتتىم ۋە ئورما ئورۇش، باش تېرىش، خامان ھەيدەش، كېۋەزلىكتە ئىشلەشنىڭ ھەممىسىگە قاتناشقىنىمغا قارىماي، ئۆزۈمنى خېلى تېتىك سېزەتتىم. ③ تېپىپ، يانجىپ پاكىزلەنگەن تەييار چەش؛ ئاشلىق: خامان ئالماق. * ئېكىندە يوق، تېپىندە يوق، خاماندا تەييار (ماقال). * ئادەملەر ئۆيلىرىدىن چىقىپ، ئۆز يېرىگە قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئورغاق تۇتقان، بەزىلىرى تەييار خامانلىرىغا يېيىش ئۈچۈن كىگىز، پالاز كۆتۈرۈشۇۋالغاندى.

**خامان ئالماق** ① خامانغا يىغىلغان زىرائەتنى تېپىپ، تازىلاپ توشۇماق: خامان ئالماق ــ شەھەر ئالماق. * مەن كۆزدە دېھقانلار خامان ئالغان چاغدا دۈۋە-دۈۋىلەنگەن ئاشلارنى كۆرگۈنۈمدە، دىلىم شادلىققا تولۇپ، مانا «شۇنىڭدا مېنىڭمۇ ھەسسەم بار» دەپ پەخىرلىنىپ كەتتىم. ② كۆچمە. بىرىيوللا نۇرغۇن ئىقتىسادقا ئىگە بولماق: ئۇ دائىم «كۆڭلۈككە ئىشلەپ پۇل تېپىپ، باشقىلار بىر خامان ئالسا، مەن ئىككى خامان ئالىمەن» دەيدۇ، شۇنچە سۆزلىسەمۇ، گېپىمگە زادى قۇلاق سالغۇسى يوق.

**خامان تەپمەك** <دېھ> خامانغا يىغىلغان بۇغداي، ئاق قوناق، تېرىق ۋە پۇرچاق قاتارلىق زىرائەتلەرنى ئۇلاغ، تۈلۈق ياكى تراكتور بىلەن يۇمشىتىپ، سورۇغۇدەك ھالغا كەلتۈرمەك: مەن بارغاندا، ئۇ ھەدەپ خامان تېپىۋاتاتتىكەن.

**خامان سورۇماق** <دېھ> خاماندا يۇمشىتىلغان زىرائەتنى شامال چىققاندا گۈرجەك قاتارلىق سايمانلار بىلەن ئاسمانغا ئېتىپ، سامىنىدىن دېنىنى ئاجراتماق: خامان دېگەننى شامال چىققاندا سورۇيدۇ.

**خامان قوشاقلىرى** <ئەد> خامان ۋاقتىدا، ئەمگەكچى خەلق ئۆز ئارزۇ-ئۈمىدلىرى ھەققىدە ئېيتقان قوشاقلار. مەسىلەن، دەسسەڭلار، يانجىڭلار جانىۋارلىرىم، مەيدان تولسۇن. دان ئايرىلىپ، چەش بولۇپ، خامان تولسۇن لاي ــ لاي ــ لاي ئايەي...

**خامان قىزى** <زوئول> ← **خانقىز.**

**خامان قىلماق** ① بىرەر جاينى خامان تېپىش ئۈچۈن تەييارلىماق: ــ ھوي ئۇكام، سەن مېنىڭ ئېتىزىمنى خامان قىلىۋاپسەنغۇ؟ ــ دېدى ئابلائاكام ئاچچىق بىلەن ماڭا. ② بىر يەرگە كۆپ مىقداردا يىغماق، توپلىماق. ③ نەرسە-كېرەكلەرنى ئۇ يەرگە، بۇ يەرگە قالايمىقان دۈۋىلەپ قويماق: مەن سىرتقا چىقىپ كەتسەم، باللار ئۆينى خامان قىلىۋېتىپتۇ.

**خامانچى** I ئى ① خامان تېپىشكە قاتنىشىدىغان كىشى: خامانچىلار بۈگۈن خاماندىن كەچ قايتتى. ② خامانغا قارايدىغان كىشى: ــ يۈقىرىقى خامانغا خامانچىلار ئوت قالىغان ئىكەن. مەن شۇ ئوتنىڭ تەپتىدىن تاڭ ئاتقىچە تەرلەپ چىقتىم، ــ دېدى موللازەيدىن لۈكچۈن ۋاڭغا.

**خامانچى** II ئى. بالدۇر پىشىدىغان بىر خىل قوغۇن: تەۋەككۈلئاخۇن مېھمانلارغا قەشقەر قوغۇنلىرىنى: ئاق كۆكچى، قىزىل كۆكچى، تۈنا، ناشپەكەر، بىشەكشىرىن، چاچۇرۇلۇك، سەۋزە نازۇك، شېكەر پىلەك، پوستپىياز، قارىقاش ۋە باشقىلارنى ساناپ تونۇشتۇردى. ئاخىرىدا خامان ۋاقتىدا پىشىدىغان «خامانچى» ئىسىملىك قوغۇننىڭ بارلىقىنى قوشۇپ قويدى.

**خامانلىق** ① سۈپ. خامان بولىدىغان، خامان قىلىشقا مۇۋاپىق: خامانلىق يەر. ② ئى. خامان قىلىشقا مۇۋاپىق تېپىلغان، خامان قىلىنغان يەر: قېرى چىنار دەرىخى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، چۆرىسىگە بىر مېتر ئېگىزلىكتە تام قوپۇرۇلغان ئوچۇق مەيدان ئەسلىدە مەخسۇت بەگنىڭ كۆزلىرى باش قوناقنى يېيىپ قۇرۇتىدىغان ۋە شال تېپىدىغان خامانلىقى ئىدى.

**خامباستى** ئى [خام+باس+تى] باللار ئويۇنلىرىدىنىڭ بىر تۈرى. بۇ ئويۇندا ئويۇنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ كۈچلۈكلىرى ئۆز ئىچىدىكى بىپەرۋا، ئېھتىياتسىز ۋە ئاجىزلىرىنى يىقىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈستى-ئۈستىلەپ ئۆزلىرىنى تاشلاپ، بېسىشىپ ئوينايدۇ.

**خامباستى قىلماق** ئويۇندا يىقىلغۇچىنىڭ

ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ بېسىپ ئوينىماق، خامباستى ئويۇننى ئوينىماق.

**خامپا** ئى. تۆگمەننىڭ تارتىلغان ئۇن چۈشۈپ تۇرۇدىغان، تۆگمەن تېشىنىڭ ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئويي (چوڭقۇر) جايى: **تۆگمەننىڭ خامپىسى. * چورۇقنى سالماي خامپىغا كىرمە (ماقال).**

**خامپىغا سەكرىمەك** تەييارلىقسىزلىقلا، تەۋەككۈلگە ئىش قىلماق: **ـ بۇ ئىشتا ئالدىراپ خامپىغا سەكرىمەيلى، ئاڭلىشىمغا قارىغاندا، ئۇ بالا توغرىسىدا سۆز-چۆچەك ئاز ئەمەس ئىكەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى سەلىمخان توينى قىلىش ھەققىدە كەلگەن ئەلچىنىڭ سوئالىغا.**

**خامتالاش** ئى [خام+تالاش] ① مال سويۇپ، ئۇنىڭ گۆشىنى سەدىقە قىلىپ باشقىلارغا خام پېتى ئۈلەشتۈرۈپ بېرىش: **ئۇلار بىرنەچچە قېتىم قويلارنى سويۇپ نەزىرلەرنى قىلىپ باقتى، قىزنى دۇم ياتقۇزۇپ قوينى بوغۇزلاپ، قېنىنى دەرھال قىزنىڭ گەجگىسىگە ئاققۇزۇپ، گۆشىنىڭ يېرىمىنى نەزىر، يېرىمىنى خامتالاش قىلىپمۇ كۆردى، لېكىن قىزى يەنىلا ساقايمىدى.** ② كۆچمە. كۆپچىلىكنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى، مۈلكىنى ئۆزىنىڭ قىلىپ بۆلۈۋېلىش: **قۇدرەت پۈتلىرىنى كېرىپ تۇرۇپ: ـ ئەزالار ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا بىر قوينى خامتالاش قىلىشمايدۇ، سەنلەر ھەدېسە تاغدىن كوممۇنانىڭ قوينى ئەكېلىپ يەۋېرىشەلەڭ، نېمە توشايدۇ، ـ دېدى غەزەپ بىلەن ھېلىقى ئالتە يوغان قورساققا.**

**خامتەك** ئى [خام+تەك] ئۆزۈمنى كۆمۈش ۋاقتىغىچە پىشىپ بولالمىغان ئۆزۈم شۇڭگىلىرى؛ خام شۇڭ: **ئەگەر تۆۋەن دائىرىدىكى نوتىلار ئالدىنقى دائىرە شاخلىرى ئارىسىغا كىرگەن بولسا، خامتەك ۋاقتىدا قىرقىلىپ، ئۆز دائىرىسىگە چېكىندۈرۈلىدۇ.**

**خامتەك قىلماق** ئۆزۈم پىشىپ تۆگىگەنـ دىن كېيىن، كۆمۈلگىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇنىڭ ھارام شاخلىرىنى كېسىپ، پۇتىماق؛ تەك باقماق: **ئۆزۈملەرنى خامتەك قىلىپ يۆرەر ئىدى مەشۇركام، گۈل-چېچەكلەر پۇرىقى ھەممە ياقنى قاپلىغان.**

**خامچى** ئى. خام توقۇيدىغان ئادەم؛ بۆزچى: **ـ بىز بىر جامائە ئەۋلادلارمىز، مېنى يۇسۇپ سودىگەر دەيدۇ. مەن چىن مەملىكىتىدىن بولۇپ، خامچىلار مەھەللىسىدە تۇراتتىم، ناھايىتى باي ئادەم ئىدىم، ـ دېدى ئۇ ئادەم سۆز باشلاپ.**

**خام-خاتىلا** تولۇق پىشمىغان، چالا پىشقان: **خام-خاتىلا تاماق. خام-خاتىلا يۇتماق. * ماركو ئوتتا كاۋاپ قىلىشقا باشلىدى. ئوتقا خېلى ئۇزۇن قاقلىغان بولسىمۇ، يەنە ئوبدان پىشۇرالمىدى. كۆپچىلىك بەك چارچاپ كەتكەنلىكتىن، ئاخىرى خام-خاتىلا كاۋاپتىن بىرئاز يېيىشىپ، ئۇخلاپ قېلىشتى.**

**خام-خۇتا** (توغرىسى: خام-خاتىلا) ← خام-خاتىلا.

**خامسۇق** سۆپ. پۇرىقىدىن، كۆرۈنۈشىدىن تولۇق پىشمىغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان؛ چالا پىشقان، خام-خاتىلا: **خامسۇق نان. * مەن ئاشلىق بىلەتنى ئاشخانىدىن باشقا جايدا ئۆتمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۈچ جىڭ ئۇنغا نان تېگىشىۋالغانىدىم، خامسۇق گىردىلەرنى ئۇ ئېلىپ كەلگەن قوناق ئۇنى يۇقى سۇپرا ئۈستىگە قويدۇم.**

**خامدىماق** پ ← خاملىماق.

**خاملىق** «خام I» سۆزى ⑦ ⑨ ⑪ ⑬ نىڭ ئىسىم شەكلى: **بۇ ئىشتا مەن خاملىق قىلىپتىمەن. * مېنى يىگىت دەيسەنغۇ، يىگىت يوغان ئىشمۇ؟ قىزىق بولدى سوئالىڭ، خاملىق يىگىت كىشىمۇ؟ * قارايدىغان يۈزۈڭ بىزگە ئېيتىدۇ، ئەمەسمەن مۇقەررەر ھەممە ئىشتا خام. خاملىق دۇنيادا ئەيىب ئىش ئىكەن، ۋە لېكىن ئۇ ئالغان ياخشى نام.**

**خاملىماق** پ. چىغدانىدىكى كىرىشتۈرۈلگەن

يۇڭنى نەمدەپ قول بىلەن يۇمىلىتىپ، پۇت بىلەن دەسسەپ پىشۇرماق؛ چىڭدى‑ماق. (كىگىزچىلىكتە).

**خامۇت** ئى [ر] ھارۋىغا قوشۇلغان ئاتنىڭ بوينىغا سېلىنىدىغان، ئىككى ياندىن ھارۋا شوتىسى ئۇچىغا باغلىنىدىغان ياغاچ بويۇم، جاۋەن: مەن بۇرۇن ھارۋا خامۇتىنى چاتاقراق سالغىنىمدا، ئاتام كېلىپ، كاچات ئۈستىگە كاچات ئۇرۇۋېتەتتى، توغرىمۇ قىلاتتى، نېمشقا دېسەڭ، «پىششىق بول، ئادەم بول» دەيتتى. * ئۇ نېرىدا باغلاقتا تۇرۇپ ئۆزىگە ھاۋشىۋاتقان قارا كۆچۈككە قاراپ كۈلۈپ قويدى‑دە، ئاتلىرىغا ئالدىرماي خامۇت كىيدۈرۈپ، ھارۋىسىنى قوشتى.

**خامۇش** سۈپ [پ] ① شۈك، جىم بولۇپ قالغان؛ جىم، كەم سۆز: خامۇش ئادەم. * بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۇ بىردەم خامۇش بولۇپ قالدى، كېيىن يەنە ناز بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى: ‑ سەندىن ئۈچ سوئال سورايمەن، جاۋاب بەرسەڭ خوپ، جاۋاب بېرەلمىسەڭ، دارغا ئاسىمەن، تەييار بول! * ئالماس ئاكا خامۇش كۆزىنى تورۇسقا تىككىنىچە ئۈن‑تىنسىز ياتاتتى. ② غەم‑غۇسسىگە پاتقان، غەمكىن، ئويچان، چۈشكۈن؛ سۇلغۇن: دوختۇرخانا يېنىدىكى كوچىدا ياسىن خامۇش ھالدا كېتىۋېتىپ، بىردىنلا قادىرنى كۆرۈپ قالدى. * ھەسەن بوۋاي ئەتىگەندىن بېرى خىيال دەرياسىغا شۇڭغۇپ، خامۇش ھالەتتە ئولتۇرماقتا. * ھاپىز ئاخۇن ئىنتايىن خامۇش ھالدا ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ بېشى ناھايىتى ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى.

**خامۇشلانماق** پ. خامۇش ھالەتكە كەل‑مەك، خامۇش بولماق: خامۇشلانغان بۇلبۇلگويا پادىشاھقا قاراپمۇ قويمىدى. بۇ دەرت بولدى. شۇ ئارىدا پادىشاھنىڭ ۋەزىرى كېلىپ، بۇلبۇلگوياغا يىلىندى.

**خامۇشلۇق** «خامۇش» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ‑ تۆپىرىقىمىز ئاسمىنىدىن قارا بۇلۇتلار كۆتۈرۈلگەن، ئۇلۇغ ۋاڭ خوجام ئالتۇن تەختتە ئەبەدىي بەرقارار بولىدىغان شۇ بۇ كۈنلەردە، خامۇشلۇق بىزگە مەنسۇپ ئەمەس، ‑ دېدى تەيجى تەكەببۇرلۇق بىلەن. * ئۇ يەردە كۆڭۈللەرنى ياشارتىدىغان خۇش پۇراق تارقىلىپ، بىھوشلۇق، خامۇشلۇقنى تارقىتىۋەتكەندەك بولدى.

**خامبىئون** ئى [ر<گرېك] <زوئول> بىر خىل سۆرەلگۈچى ھايۋان. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 سانتىمېتر ئەتراپىدا كېلىدۇ، تەنچىلىرى دانىچە شەكلىدە بولىدۇ، ھەقىقىي تېرىسىدە كۆپ خىل پىگمېنت ھۈجەيرىلىرى بولغاچقا، خالىغان ۋاقىتتا ئۆزگىرىپ، قىسقى‑رايدۇ ۋە رەڭگىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ؛ بېشىدا ئۈچ بۇرجەك شەكلىدە ئۆسىمىسى بولىدۇ؛ تىلى ئۇزۇن بولۇپ، ئېغىز سىرتىغا سوزۇپ چىقىرىپ، ھاشارات تۇتۇپ يەيدۇ؛ تۆت ئايىغى قىسقا، دەرەخكە چىقىشقا ماھىر كېلىدۇ؛ قۇيرۇقىمۇ ئۇزۇن كېلىدۇ. ئافرىقىنىڭ شىمالى، كىچىك ئاسىيا ۋە ئىسپانىيە قاتارلىق جايلارغا تارقالغان.

**خامىسكىرمەك** پ. دىئال. چالا پىشىپ قالماق.

**خان** ① ئى. جۇڭگو ۋە باشقا شەرق مەملىكەتلىرىدە، ئوتتۇرا ئەسىرگە تەۋە خانلىق تۈزۈمىدىكى ھاكىمۇتلەق ھۆكۈم‑رانلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئەمەل نامى ۋە شۇ ئەمەلگە ئېرىشكەن كىشى: قوقەنت خانى. خان سارىيى. * خاننىڭ ئاغزى مايمۇن (ماقال). * ئۇ تېزرەك خاندىن يارلىق ئېلىپ، جۇڭۋاڭ بولۇشقا ئالدىراۋاتاتتى ۋە جۇڭۋاڭلىق يارلىقى ماڭا كېلىدۇ دەپ، ئۆزىگە ئىشەنچمۇ قىلاتتى. * ئۇنى خاننىڭ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ. خان بۇ ئادەمنى كۆرۈپ: ‑ نەدىن كەلگەن ئادەمسەن؟ ‑ دەپ سو‑راپتۇ. ② ئى. تارس. خانلىق قىلغان، خانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان كىشى ئىسمىغا قوشۇلۇپ كېلىپ، شۇ كىشىنىڭ ھۆرمەت مەنسىپىنى ئىپادىلەيدۇ: تارىخىي

خاتىرىلەرگە قارىغاندا، قىدىرخان ياركەندى يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، شائىر ۋە مۇزىكشۇناس بولۇپ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئوردىسىدا باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنىكەن. * سۇلتان سەئىدخان تەخمىنەن مىلادى 1484-يىللىرى دۇنياغا كەلگەن، كىچىكىدىن باشلاپ شۇ دەۋردىكى نامدار ئالىم-ئەدىبلەرنىڭ تەربىيىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ③ سۈپ. «ئانا، ئاغىچا، ئاچا» سۆزلىرىنىڭ ئالدىدا ياكى ئاياللار، بەزىبىر ئەرلەر ئىسمىنىڭ كەينىگە ئۇلىنىپ، ھۆرمەتنى بىلدۈرىدۇ: خان ئانا. خان ئاچا. ھاۋاخان. * ھەلىمخان پاختىزارلىقتا پاختا تەرگىلى كەتتى. * مېنىڭ تاغام مامۇتخان پىچان ناھىيىلىك بانكىدا ئىشلەيدۇ.

**خان ئاچا** ئاكىسىنىڭ، تاغىسىنىڭ ئايالىنى ياكى ئۆزىدىن چوڭ ئايال تۇغقانلىرىنى ھۆرمەت بىلەن چاقىرىش، مۇراجىئەت قىلىش فورمىسى: قاچانكى توختىغاچ باغدا تاماشا، دېدى لەيلى: ـ ئىسسىپ كەتتىم خان ئاچا! ـ بۇنى ئاڭلاپ سۆيۈندى، كۈلدى يەڭگە، دېمەككى گاچا قىزمۇ كىردى تىلگە.

**خان ئاغىچا** تار س. خاننىڭ خوتۇنى، خانىش.

**خان ئانا** تار س ① پادىشاھنىڭ تۇغقان ئانىسى، ئۆز ئانىسى. ② ياشانغان، ھۆرمەتلىك ئاياللارنى ھۆرمەت بىلەن چاقىرىش، مۇراجىئەت قىلىش فورمىسى.

**خان سارىيى** <بىن> پادىشاھ، خانلار ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان ساراي، ئوردا.

**خان قىز** ① پادىشاھ، خانلارنىڭ قىزى، مەلىكە. ② قىزلارنى ئەركىلىتىپ چاقىرىش فورمىسى.

**خانا** ئى [پ] ① ئۆي ياكى بىر پۈتۈن بىنانىڭ تام بىلەن بۆلۈنگەن ھەربىر قىسمى؛ بۆلۈم: مەلىكە خۇشال بولۇپ، ئۇنى باشلاپ كېلىشكە بۇيرۇدى. پەرى قىزلار ھاتەمنى باشلاپ، مەلىكىنىڭ خانىسىغا كىرىشتى. مەلىكە ھاتەمگە سەندەل قويۇپ، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. * بۇرۇنىسىدا بىر ئەقىللىق ئادەم ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ يالغۇز بىرلا قىزى بار ئىكەن. بۇ ئادەمنىڭ ئۆيلىرى ناھايىتى چىرايلىق، ئېگىز ۋە يورۇق بولۇپ، ئۆيلەرنىڭ خانىلىرىمۇ كۆپ ئىكەن. ② تۇرالغۇ جاي، ئائىلە، ئۆي: تاماقتىن كېيىن، بىرئاز چاي ئىچىپ تاماق سىڭدۈرگەن مېھمانلار: ـ كەچ بولدى، ـ دېيىشىپ تارقاشقا باشلىدى. شائىرمۇ كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە ئۇزاپ، ئۆز خانىسىغا قايتتى. * چايدىن كېيىن جالال مۇئەللىم ماڭا: ـ مۇندىن كېيىن سىزنىڭ يېتىپ-قوپىدىغان خانىڭىز مۇشۇ بولىدۇ. مۇشۇ ئۆيدىن مەكتەپتىكى پائالىيەتلەرگە قاتنىشىسىز، ـ دېدى ئۆينى كۆرسىتىپ. ③ بەزىبىر ئىسىملار-نىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ كېلىپ، «ئورۇن-- جاي» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر-نى ياسايدۇ: كارخانا. دەرسخانا. مەجلىسخانا. ھاجەتخانا. * شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇ-رۇش ئىشخانىسى بۈگۈن چۈشتىن كېيىن، پەن-تېخنىكا ئاتالغۇلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش ھەققىدە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. ④ <مات> سانلارنىڭ تۈرۈش ئورنى. مەسىلەن، ساننىڭ ئوڭ تەرد-پىدىن باشلاپ سانىغاندا، بىرىنچى ئورۇن بىرلەر خانىسى، ئىككىنچى ئورۇن ئونلار خانىسى بولىدۇ.

**خاناقىماق** پ. دىئال. بىرەر ئادەم ياكى بىرەر نەرسە، ئىش قاتارلىقلار ھەققىدە دەرگۇمان بولماق، ئىككىلەنمەك.

**خانئەتلەس** ئى [خان+ئەتلەس] رەڭ ۋە گۈللىرى جەھەتتىن ئالاھىدە قىلىپ ئىشلەنگەن بىر خىل ئەتلەس: ئۇچاتتى كۆڭلىكى خانئەتلەس ئۇنىڭ، دوپپىسى ئوخشايتتى

چېچەك پەسلىگە. ئۇچاتتى شۇنچىلىك ئىنتىزار بولۇپ، ئاھ، لەيلى ئاشىقى قەيىس ۋەسلىگە!

**خانپەرەس** سۈپ. خاننى، خانلىقنى ياقلايدىغان؛ خان تەرەپدارى: ئاساسي زەربە بېرىش يۆنىلىشى دېھقانلارنى ئۆزىگە تارتىشقا ھەمدە چارىزىم بىلەن مۇرەسسە قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىنقىلابنى يوقىتىشقا ئۇرۇنغان خانپەرەس ئەركىن بۇرژۇئازىيىنى يېتىم قالدۇرۇش ئىدى.

**خانچە** ئى. دىئال. خاننىڭ خوتۇنى، خانىش.

**خاندان** ئى ← خانىدان.

**خاندانلىق** ئى. خانلىق، سۇلالە.

**خانزادە** ئى [پ] ① خاننىڭ پەرزەنتى (ئوغلى ياكى قىزى)، خان ئەۋلادى: دېمەمسەن، قانۇنىڭدا كەمبەغەللەر ئاچلىقتا ئۆلسۇن، خانزادىلەر، خان چېرىكلىرى، بەگزادىلەر قان ئىچىپ سەمرىسۇن دېگەن ماددا بارمۇ؟! * باينىڭ نامى بەگزادە، خوتۇن-قىزى خانزادە، بىزنى ئاشۇ زاماندا، ئاتىشاتتى قەلەندە. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**خانقىز** ئى [خان+قىز] ① <زوئول> ھاشاراتلار-نىڭ بىر ئائىلىسى. يېتىلگىنى يېرىم شار شەكلىدە بولۇپ، بېشى كىچىك، خىللىرى كۆپ، رەڭگى ھەر خىل كېلىدۇ؛ ئالدى قانىتى قاتتىق بولۇپ، ئۈستىدە قارا ۋە سېرىق سەپكۈنلىرى بولىدۇ، بەزىلىرىنىڭ سەپكۈنى بولمايدۇ؛ لېچىنكىسى ئۇزۇنچاق بولۇپ، قۇيرۇقى قىسقا ۋە كىچىك كېلىدۇ. بۇ خىل ھاشاراتلارنىڭ ئاز بىر قىسمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، زور كۆپچىلىكى كۆك پىت، سالجا قاتارلىقلارنى تۇتۇپ يەپ، دېھقانچىلىق ۋە ئورمانچىلىققا پايدا يەتكۈ-زىدۇ. ② خوتۇن-قىزلار ئىسمى.

**خانگۈل** ئى [خان+گۈل] ① <بوت> ← **كېپىنەكگۈل**. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**خانلەيلۇن** ئى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي ناخشىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى: سەلەي قولنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ: - ئىلى تەرەپلەردە باشقا خىل «خانلەيلۇن» نى ئوقۇيدۇ. ھازىر مەن سىلەرگە ئېيتىپ بەرگىنىم قەشقەرنىڭ «خانلەيلۇن» ى، - دېدى ئىشچىلارغا كۈلۈپ.

**خانلىق** ① ئى. مەلۇم بىر خانلىق تۈزۈمىدى-كى ھاكىمىيەت، سۇلالە، خاندانلىق: بىزنىڭ غەربىمىزدە سامانىلار خانلىقى بار، ئۇلارنىڭ غەربىدە خارەزم، ئابباسىيلار خانلىقى قاتارلىقلار بار. ② سۈپ. خاننىڭ باشقۇرۇشىدىكى، خاننىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى: خانلىق يەر. * ئابدۇقادىر داموللا ئۆزىنىڭ قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان ياشلىق چاغلىرىدا، ئىمانقۇلى بوۋاينىڭ ئۆزىگە تەلىم بەرگەن مۇدەررىسلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى. * ئۇ باتۇر قازىنىڭ كەينىدىن كېتىۋېتىپ، ئوردا ئىچىدىكى تاملارغا سىزىلغان رەسىملەرگە قارىدى. بىر تەرەپتىكى تامغا كۆن چىقىۋاتقان كۆرۈنۈش سىزىلغانىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىكى تامغا بىر توپ ئارچا دەرىخى شېخىدا ئېسىقلىق تۇرغان خانلىق تامغا بىر مايمۇننىڭ قولىنى سوزۇپ، تامغىنى ئېلىشقا تەمشىلىۋاتقان كۆرۈنۈش سىزىلغانىدى.

**خانۇمان** ئى [پ] يېز ت. مال-مۈلۈك، بىسات، بايلىق؛ ئۆي-جاي، تۇرالغۇ: ئۇ: «خانۇمانىمى-دىن، مېھرىبانىمدىن، روزىغارىمدىن، جانىدىن ئەزىز پەرزەنتلىرىمدىن ئايرىلدىم» دەپ زار-زار يىغلاپتۇ. * ئازاد بۇ زامان، بىز ھەم خانۇمان، رازىمىز ھامان، ئول مەرھابادىن.

**خانى** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ياكى شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**خانى تىلى** <تىل> خانلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل خەنزۇ-زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسىنىڭ زاڭزۇ-مىيەنزۇ تىللىرى تۈركۈمى يىزۇ تىللىرى تارمىقىغا كىرىدۇ. ئاساسەن مەملىكىتىمىزنىڭ يۈننەن ئۆلكىسى خۇڭخې خانى ــ يىزۇ مىللىي ئاپتونوم

ئوبلاستىدا، جياڭچېڭ خانى ـ يىزۇ مىللىي ئاپتونوم ناهىيىسىدە، شىشۇاڭبەننا دەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا، موجياڭ ناهىيىسى قاتارلىق جايلاردا ئىشلىتىلىدۇ. چەت ئەللەردە ئاكا تىلى دەپ ئاتىلىپ بىرما، لائوس، تايلاند، ۋيېتناملار دائىرىسىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**خانچە** ① سۈپ. خانلارغا خاس، خانلارنىڭ ئۇسلۇبى، ئادىتى بويىچە، خانلاردەك. ② ئى. خانى تىلى.

**خاندان** ئى [پ] ① ئائىلە، جەمەت: شۇي شۇ كېلىپ، ئالدى بىلەن ۋەزىر خاندانىدا ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشتى. ② تار س. خانلىق، سۇلالە: ئىرۇر بىر خانى ئۇشبۇ خاندانىنىڭ، ئۇنتۇلماس بۈيۈك كىشىسى زامانىنىڭ.

**خانىش** ئى. تار س. خان، پادىشاھ، ۋاڭلارنىڭ خوتۇنى: ئەپەندىم غازنىڭ بېشىنى كېسىپ، پادىشاھقا ئۈزىتىپ: ـ سىز مەملىكەتنىڭ باشلىقىسىز، شۇڭا غازنىڭ بېشى سىزگە تېگىدۇ، ـ دەپتۇ، ئاندىن غازنىڭ بوينىنى پادىشاھنىڭ خوتۇنىغا بېرىپ: ـ ئەر باش بولسا، خوتۇن بويۇن. غازنىڭ بويۇنى خانىشقا تەئەللۇق، ـ دەپتۇ. * يۈجۈڭ ئاغىچىنىڭ «ۋاڭ ئاپام» دېگىنى قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ سەككىزىنچىسى، يەنى ئايالاردىن تۇنجى قېتىم ۋاڭ بولغان مېھرىبانۇ چىڭ ۋاڭ بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ يەتتىنچىسى مۇھەممەت بەشىر ۋاڭنىڭ خانىشى ئىدى.

**خانىقا** ئى [پ] <دىن> ① ئىشان، سوپىلارنىڭ توپلىشىپ، بىرلىكتە زىكىرگە چۈشىدىغان، زىكىر-ئىبادەت قىلىدىغان خانىسى، ئورنى. ② بىر قېتىمدا كۆپرەك ئادەم ناماز ئوقۇشقا بولىدىغان قىلىپ سېلىنغان چوڭ مەسچىت؛ جامە: چاغان يېتىپ كېلىشنىڭ سەل ئالدىدىراق، بىركۈنى لۇتپۇللا ئەتىگەن سەھەردە ئادىتى بويىچە تەنھەرىكەت قىلىپ، تەرىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن، لەنگەر كوچىسىدىكى خانىقا ئالدىغا ئاستا مېڭىپ كەلدى. ③ چوڭ مەسچىتلەرنىڭ ناماز ئوقۇلىدىغان، ئادەتتە كەڭ ۋە كاتتا بولىدىغان گۈمبەزلىك خانىسى: مەسچىتنىڭ خانىقاسى.

**خانىكە** ئى. خاننىڭ قىزى، مەلىكە.

**خانىلار** ئى <ئىرق> خانى مىللىتى، خانى خەلقى. ئۇلار، ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسەن يۈننەنگە جايلاشقان.

**خانىم** ئى ① ئاياللارنى ھۆرمەت بىلەن چاقىرىش، مۇراجىئەت قىلىش فورمىسى: ـ خانىملار، ئەپەندىملەر، بىزنىڭ سىزلەرنى بۇ يەرگە چاقىرىشىمىزدىكى مەقسىتىمىز بۈگۈن ئاخشام ھەممەيلەن بىرلىكتە يېڭى يىل كېچىسىنى كۆڭۈللۈك كۆتۈۋېلىش، ـ دەپ سۆزلىدى ئاباس كۆپچىلىككە قاراپ. ② ئاياللارنىڭ ئىسمىغا قوشۇلۇپ ھۆرمەتنى بىلدۈرىدۇ: پەرىدە خانىم. * ماڭا ئۇيغۇر تىلى دەرسى بەرگەن خالىدە خانىم ئوسمان مۇئەللىمنىڭ ئايالى ئىدى. ③ ئايال مۇئەللىم: ئۇ بۇنىڭدىن تۆت-بەش يىل ئىلگىرى يېزىلىق ھۆكۈمەت رەھبەرلىكى قارار قىلىپ، بۇ يېزىغا ئۈچ سىنىپلىق بىر مەكتەپ سېلىپ بەرگەنلىكى، مەكتەپ سېلىشقا تۇنجى بولۇپ كەلگەن بىر ياش خانىمنىڭ يېتەكچىلىك قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ④ رەپىقە، ئايال: ـ خانىمىڭىزنى تويغا بىللە ئېلىپ كەلمەپسىزغۇ؟ ـ دەپ سورىدى ئەخمەت كەسپدىشى ئابدۇللادىن.

**خانىمان** (توغرىسى: خانۇمان) ← خانۇمان.

**خانۋەيران** سۈپ [پ] ئۆي-جايى ياكى ئائىلىسى بۇزۇلغان، ۋەيران بولغان؛ ھەممە نەرسىدىن ئايرىلغان، قۇرۇق قالغان؛ ۋەيرانە، خاراب: بەزى كىشىلەر ئۆلۈپ ياكى ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇپ، ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. تۆگمەس-پۈتمەس خۇن دەۋالىرى باشلىنىپ كېتىپ، نۇرغۇنلىغان پۇل ۋە

مال-مۈلۈكلەردىن ئايرىلىپ، خانۇەيران بولۇپ كەتتى. * ئۇ كاپىتان مەنسىگە ئىگە بولغىچە، ئۆلگۈدەك جاپا تارتقان. ئۆزى خانۇەيران بولغان پومېشچىكنىڭ ئائىلىسىدىن چىققان.

**خانۇەيران بولماق** ① ۋەيرانە هالەتكە كەلمەك، ۋەيران بولماق، بۇزۇلماق، خارابلاشماق: ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىللىرىدە، پۈتكۈل ياۋروپادا سان-ساناقسىز شەهەرلەر خانۇەيران بولدى. * قاتتىق بوران چىققانلىقتىن، باغ-ۋارانلار خانۇەيران بولدى. ② هەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالماق، ۋەيرانە ئەهۋالغا چۈشۈپ قالماق؛ خارابلاشماق:خانۇەيران بولۇپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ئەۋلادلىرى باشقىلارنىڭ روناق تېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، ئۆزلىرىنى كەمسىندۈرماسلىق ئۈچۈن پو ئېتىپ قويىدۇ ياكى باشقىلارنىڭ ئاز-پاز قۇسۇرلىرىنى تېپىپ، شۇ يول بىلەن ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىدۇ.

**خانۇەيران قىلماق** ① ۋەيرانىچىلىققا ئايلاندۇرماق، بۇزماق. ② هەممە نەرسىسىدىن ئايرىماق، ۋەيرانە هالەتكە چۈشۈرمەك؛ خارابلاشتۇرماق: بەگ ئادەملەرنى ئۆز مەيلىچە ئۇرۇپ-سوقۇپ، باغلاپ، ئېسىپ خانۇەيران قىلىۋېتەتتى. * ئۇلارنىڭ مېنى شۇنچە خانۇەيران قىلىپ، دەسسەپ-چەيلىشىگە نېمە هاجەت بولۇپ قالدى؟ بۇ ئىشلار هەققىدە كېچە-كۈندۈز ئويلايتتىم. ئاخىرى بۇنىمۇ چۈشەنگەندەك بولدۇم.

**خانۇەيرانچىلىق** ئى ← **خانۇەيرانلىق**: 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى چىڭ سۇلالىسى پۈتۈن جۇڭگوغا هۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغلار بولۇپ، جۇڭگودىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى قاتتىق خانىۋەيرانچىلىق ئىچىدە قالغانىدى.

**خانۇەيرانلىق** «خانۇەيران» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: خانۇەيرانلىققا ئۇچرىماق. * ئىسپاتلاپ ئولتۇرۇش هاجەتسىزكى، مۇتلەق زور كۆپچىلىك دېهقانلار خۇسۇسىي كاپىتالىستىك چوڭ يەر مۈلكى ۋە ياللانما قۇللۇقتىن ئىبارەت يولنى، نامراتلىق ۋە خانۇەيرانلىق يولنى تاشلاپ، بۇ يېڭى تەرەققىيات يولىغا مېڭىشنى خالايدۇ.

**خاهى** باغل [پ] بەزى جۈملە ياكى جۈملە بۆلەكلىرىنى ئۆزئارا باغلاپ كېلىپ، «ياكى»، «يا»، «مەيلى» دېگەن مەنىلەردە تاللىما باغلىغۇچى رولىنى ئوينايدۇ: ئۇ خاهى كەلسۇن، خاهى كەلمسۇن، مېنىڭ كارىم يوق. * خاهى ئۇنى ئال، خاهى بۇنى ئال، ئۆز مەيلىڭ. * ئۇلار ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قانداق ئىش قىلماقچى بولغانلىقىنى خاهى بىلسۇن، خاهى بىلمسۇن، ئۇنىڭدىن قەتئىينەزەر، خۇسەيىن باينىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ بېشىنى لىڭشىتاتتى. * خاهى بىلىڭ، خاهى بىلمەڭ، مەن كۆيگەن سىزگە. ئوتىڭىزدا ئۆلۈپ كەتسەم، ئۇۋالىم سىزگە.

**خاهىش** ئى [پ] ① بىرەر نەرسىنى، ئىشنى خالاش، ئىزدەش ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىش، مايىل بولۇش؛ مايىللىق، ئىستەك، ئارزۇ: ئۆز خاهىشىنى بىلدۈرمەك. * ئەكبەرنىڭ خاهىشى بويىچە بولغاندا، ئاسىم كىملەرگىدۇر زەربە بېرىشى، كىملەرنىدۇر كۆرەشكە تارتىشى لازىم ئىدى. لېكىن ئاسىم بۇنىمۇ خالىمايتتى. ② بىرەر ئىش، بىرەر مەسىلە هەققىدە يۈز بېرىلگەن هادىسە، ئەهۋال: يامان خاهىش. كاپىتالىستىك خاهىش. * هازىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش مۇددىئاسىنى تەربىيىلەشتە قانداق خاهىشلار بار؟ * ئۆتكەن يىل 1-ئايدا ئۇلار ساۋەن، ماينىغ، سانجى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، شەهەر-يېزىلاردىكى ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەهۋالىنى مەخسۇس تېمىلار بويىچە ئىگىلەپ، بەزى ناچار خاهىشلارنىڭ بارلىقىنى بايقىدى. * ئەلنىڭ نېمە خاهىشى، دىلنىڭ نېمە خالىشى، خۇشاللىقى نېمىدىن، يا نېمىدىن نالىشى.

**خاۋاتىر** ئى [ئە] تەشۋىش، ئەندىشە، قورقۇنچ.

**خاۋاتىرلەندۈرمەك** «خاۋاتىرلەنمەك»

پىئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خەسە ئۈستىگە بىر ئايالنىڭ باش رەسمى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، رەسىمدىكى ئايالنىڭ تىرىسى سويۇۋېتىلگەن قوۋۇزلىرى، قىپقىزىل جاۋغايلار ئاستىغا تىزىپ قويۇلغان ئاپئاق چىشلىرى كىشىنى خاۋاتىرلەندۈرەتتى.

**خاۋاتىرلەنمەك** پ ① تەشۋىشكە چۈشمەك، - تەشۋىشلەنمەك؛ قايغۇرماق: گايت ئاخۇن خاۋاتىرلەنگەن هالدا ئابلىزغا قارىدى. * بوۋاي چاي ئۇتلاۋاتقاندا، ئۇنىڭ سەل خاۋاتىرلىنىش بىلەن يېنىپ تۇرغان كۆزى ئۆزىگە چاي ئىچۈرۈۋاتقان كىشىنىڭ قولىقىنىڭ ئاستىدىكى مەڭگە ۋە مەڭ ئۈستىدىكى ئۇزۇن ئىككى تال تۈككە چۈشتى. ② بىرەر نەرسىدىن خەۋپسىرىمەك، چۆچۈمەك، قورقماق: ئالماس ئاكىنىڭ ئاچچىق ئەلەم بىلەن توۋلىغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتكەن مەلىكە هەدە خاۋاتىرلىنىپ قالدى ۋە كارىۋاتنىڭ بېشىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

**خاۋاتىرلىق** سۈپ. تەشۋىشلىك، قورقۇنچلۇق، خەتەرلىك: ئۇنىڭ ئاۋازى خىرىلداپ قالغان، ئاۋازى هەربىيلەرگە خاس ئاۋاز بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدىمۇ قانداقتۇر خاۋاتىرلىق ئاڭلىناتتى. * قوشنا دۆلەتلەر مانا بۇ ئارزۇ-خىياللارنىڭ ئەۋجگە چىقىشىدىن دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭغا قورقۇنچ بىلەن قارايتتى. رۇسلارمۇ پايتەختتىكى بۇ قالايمىقانچىلىقلارغا هەسرەت ۋە خاۋاتىرلىق بىلەن كۆڭۈل بۆلەتتى.

**خاۋارىج** ئى [ئە] ① خەلىپە ئەلىگە قارشى چىققان ئىسلام دىنىدىكى بىر گۇرۇھ. ② كىشىنى تىللاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**خاۋالىس** رەۋ. ئۇخلىغان بىلەن ئۇخلىمىغانىنىڭ ئارىلىقىدا، چالا ئۇيقۇلۇق: - ۋاي ئىنى، تۈنۈگۈن كېچە خاۋالىس ياتاتتىم، - دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى بىر ئاشپەز ئايال ئاغزىدىكى شامىسىنى هۈزۈرلىنىپ چايناۋېتىپ.

**خائىن** ئى [ئە] ① ئەهدىسىنى، قەسىمىنى بۇزۇپ، خىيانەتكارانە ئىش قىلغان كىشى؛ خىيانەتكار ئادەم: ۋەتەن خائىنى. ② ئۆز خەلقى، ئۆز ۋەتىنىنىڭ مەنپەئىتىگە زىت ئىش قىلغان، دۈشمەن تەرەپ بىلەن هەمكارلاشقان، دۈشمەن تەرەپكە ئۆتكەن كىشى؛ ساتقىن: مەيلى سەن كىمگىلا ئەگەشكىن، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تۇرىدىغانلا بولساڭ، سەن ۋەتەن خائىنىسەن، چۈنكى، ياپون ۋە باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرالمايدىغان بولۇپ قالىسەن. * ئىنسان تۇغۇلۇپ ئۆلىدۇ بىر كۈن، تۆهپىسى ئۇنىڭ ئۆلمەيدۇ بىراق. كىم ئۆلسە ۋەتەن خائىنى بولۇپ، ئۇنى قويىنىغا ئالمايدۇ تۇپراق. * باشلانماستىن قوزغىلاڭ، چىقتى خائىن ئارىدىن. بىر قىسىملار تۇتۇلدى، چىقماستىن ئىش جايىدىن.

**خائىنانە** رەۋ [ئە+پ] خائىنلارچە: شەرتنامىنى خائىنانە بۇزماق. خائىنانە هۇجۇم قىلماق. خائىنانە هەرىكەت. خائىنانە ئىش.

**خائىنلارچە** رەۋ. خائىنلارغا خاس، خائىنلاردەك، خائىنانە: خائىنلارچە هەرىكەت. // خائىنلارچە ئىش قىلماق.

**خائىنلىق** «خائىن» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: خائىنلىق قىلماق. * دوستلىرىڭنىڭ دوستلىرىمۇ ساڭا دوستتۇر. ئەمما، دۈشمىنىڭگە دوست بولغان دوستتىن ساقلىنىشىڭ كېرەك، ئۇنىڭغا سىرىڭنى بىلدۈرمە. ئۇنىڭ دۈشمىنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقى ساڭا بولغان دوستلۇقتىن ئارتۇقراق بولۇشى ۋە ساڭا خائىنلىق قىلىشى ئېهتىمالغا يېقىن. * ۋەتەن سۆيۈش چىن ئىنسانغا خاس، ۋەتەنسىزلىك ئۆلۈمدۇر، خالاس. ۋەتەن سۆيمىگەن كىشى يۈزىگە، خائىنلىقنىڭ تامغىسىنى باس!

**خايا** ئى [پ] جان ت. ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئەزاسى.

**خايان** رەۋ. دىئال. ئىختىيارى بىلەن، مەيلىچە، خاهىشىچە.

**خايناخا** دىئال ① هېچبىر سەۋەبى يوق، بىكاردىن-بىكار، ئوچۇقتىن-ئوچۇق. ②

ئېھتىمال، ھەرقاچان، بەلكىم.

**خايى** (توغرىسى: خاھى) ← **خاھى**.

**خەپ** ئىم ① پۇشايمان، ئەپسۇس ۋە ھەسرەت-نادامەتنى بىلدۈرىدۇ: ئوسمان چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ئەلەم بىلەن: — ۋەزىر ئەزەمنىڭ پەرمانى ئەمەلگە ئاشماي قالدى، خەپ! — دېدى. «توختاپ تۇر»، «قاراپ تۇر»، «ئالدىرىما» دېگەن مەنىلەردە قىستۇرما رولدا كېلىدۇ: ئۇ، قىزنىڭ قارىسى پۈتۈنلەي يوقالغاندىن كېيىن: — خەپ، تېخى ساڭا ئۆزۈمنى بىر تونۇتمسام ھېساب ئەمەس، — دەپ ئۆزىگە شىۋىرلاپ، ئارقىسىغا بۇرۇلدى. * ئانا ئارقىسىدىن قوغلاپ چىقتى ۋە ئىشىك ئالدىدا توختاپ: — خەپ! ئاتاڭمۇ ئىشتىن چۈشەر، سەن ئالقاناتنىڭ ئەدىبىنى بىر بەرگۈزمىسەم! — دەپ تۆمۈر زىخچىنى تۈتقىنچە تۇرۇپ قالدى.

**خەپرۈك** ئى ← **بەلغەم**: ئابدۇكېرىم گەۋدىسىنى يەردىن كۆتۈرۈپ، يۆتەل بىلەن تەڭ ئاغزىغا لىق كەلگەن خەپرۈكنى مەشىنىڭ ئالدىدا دۆۋىلەكلىك تۇرغان كۈلگە تۈكۈرۈۋېتىپ، نەشە ياساشقا تۇتۇش قىلدى.

**خەپشۈك** ئىم [خەپ+شۈك] «جىم»، «شۈك»، «دىققەت» مەنىلىرىدىكى بۇيرۇق-چاقىرىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: گەپ دېسە، بەش ئېشەككە يۈك، ئىش دېسە خەپشۈك (ماقال). * بىز ئىشكتىن كىرىشىمىز بىلەن، موللام «خەپشۈك» دەپ ۋارقىرىدى. ئۆي ئىچى جىمجىت بولۇپ قالدى.

**خەپلىمەك** پ «خەپ، توختاپ تۇر» دېمەك: ئۆنى پۈتلىيالماي خەپلەپ يۈرگەن قازى ئابدۇلنىڭ نۇرىمانغا ئاشىق بىقارار بولۇپ قالغانلىقىدىن خۇشلۇقتا چۆمۈپ، ۋەزىرنىڭ ئەدىبىنى بېرىشكە كىرىشىپتۇ.

**خەت** ئى [ئە] ① يېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان گرافىك بەلگىلەر، ھەرپلەر سىستېمىسى؛ يېزىق: خەت يازماق. خېتى چىرايلىق. ئەرەبچە خەت. لاتىنچە خەت. * — خەت يېزىشنى بىلەمسەن، — دەپ سوراپتۇ مەلىكە مارجانە ئەسئەتتىن. — ھە... ھە... بىلمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەسەت. ② بىرەر ئىش ياكى مەسىلە ھەققىدە يېزىلغان تېكىست؛ پۈتۈك: مەن تۆتىنچى خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرقى خەتنى ئوقۇشقا باشلىدىم. ئۇ خەت تۆۋەندىكىدەك يېزىلغانىدى. * قەشقەر ئوغلى يازدىم مەن، ئۆچمەس قىلىپ خېتىمنى. ئەسلەر مۇندا كەلگەنلەر، ئابدۇراخمان ئېتىمنى. ③ بىرەر ئىشنىڭ شۇنداقلىقىنى ئىسپاتلايدىغان رەسمىي ھۆججەت: بىز ئاخىرى مەڭگۈ بىرگە ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن توي خېتىنىمۇ ئالدۇق. مانا، ئەتە مېنىڭ تويۇم بولىدۇ. * موللازەيدىن خەلقنىڭ ئەزىر خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. ④ يىراقتىكى كىشىگە بىرەر خەۋەر بېرىش ياكى ئۇنىڭ بىلەن پىكىرلىشىش مەقسىتىدە ئەۋەتىلىدىغان، بىرەر تېكىست يېزىلغان قەغەز، نامە؛ مەكتۇپ: خەت ساندۇقى. زاكاز خەت. خەت سالماق. * ئۇلارنىڭ كەتكىنىگە بەش ئاي بولغانىدى. بۇ ئارىلىقتا بىرنەچچە قېتىم خەت ئالماشتۇرۇشلا بولغان بولسىمۇ، تېخىچە ئانا كۆڭلى تولۇق خاتىرجەم بولالمىغانىدى. * گۈلنۇر تالادىن يۈگۈرۈپ كىرىپ: — ئاپا، ئاپا، دادامدىن خەت كېلىپتۇ، پوچتالىيون تاغام ھازىر ئەكىلىپ بەردى، — دەپ خۇشاللىقىدىن سەكرەشكە باشلىدى.

**خەت سالماق** يىراقتىكى كىشىگە بىرەر خەۋەر بېرىش ياكى ئۇنىڭ بىلەن پىكىرلىشىش مەقسىتىدە، بىرەر تېكىست يېزىلغان قەغەزنى ئادەتتە پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتمەك؛ خەت يوللىماق، مەكتۇپ ئەۋەتمەك: سەن كۆرمەي بۇ خەتنى بولالمايمەن تىنچ، ئالدىراپ تۆرىمەن خەتنى سېلىشقا. شۇندىمۇ ۋىجدانىم يول قويمىدى ھېچ، يەنە بىر زور ئىشنى يازماي قېلىشقا.

**خەت ساندۇقى** كىشىلەرنىڭ پوچتىغا

خەت سېلىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، پوچتا ئورگانلىرى تەرىپىدىن تېگىشلىك جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەخسۇس ساندۇق.

**خېتنى ئالماق** خوتۇن ئېرى بىلەن قانۇنىي يول ئارقىلىق ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەنلىك ھەققىدە گۇۋاھلىق ئىسپات قەغىزى ئالماق، نىكاھتىن ئاجرىماق: ھەلىمخان: – ۋايجان! سەن چاقالمىغان شىرەنى مەن چاقىمەن. ھەممىنى ۋەيران قىلىۋېتىپ، سېنىڭدىن خېتىمنى ئالىمەن، شۇنداق قىلالامدىكىن دەپ ئويلاپ قالما، مانا ئەمسە، – دېدى ئېرىگە ھوممىيىپ بېقىنىنى تۇتۇپ غەزەپلەنگەن ھالدا.

**خېتنى بەرمەك** ئەر خوتۇنى بىلەن قانۇنىي يوسۇندا، ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەنلىك ھەققىدىكى رەسمىيەتنى ئۆتىمەك؛ خوتۇن بىلەن نىكاھتىن ئاجراشماق: بىر ئاخشىمى، قەمەرنساخان ئۇنىڭ بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇۋاتقان چىرايىغا قاراپ: – مەندىن زېرىككەن بولسلا، خېتىمنى بەرسىلە، – دەپ تاشلىدى. * قەمەرخان ئايلا ئارقىسىدىن چىقىپ، مىرۇل مەرگەنگە ۋارقىراپتۇ: – ھەي مىرۇل، ھاجى ئاكاڭغا ئېيت، مېنىڭ خېتىمنى بېرىپ كەتسۇن!

**خەت-ئالاقە** خەت ۋە شۇ خىل ۋاسىتە بىلەن قىلىنىدىغان ئالاقە: – ئۇنىڭ ئۇ يەردە سۇ ئېلېكتىر مېخانىكىسى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى بىلىمەن، لېكىن خەت-ئالاقە قىلىشمىدۇق، – دېدى لەيلىگۈل ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بېرىپ. * مەن خەت-ئالاقە خىزمىتىنى ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي، سۆزلەيدىغان سۆز تېكىستىمنى ئۆزۈم تەييارلاپ باقاي.

**خەتەر** [ئە] ① ئى. كىشىنى بىرەر بەختسىزلىككە، پالاكەتكە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن بولغان شارائىت، خەۋپ: خەتەرگە ئۇچرىماق. خەتەردىن قۇتۇلماق. * پولات تېز ئېقىۋاتقان سۇغا چۈشۈپ كەتتى. ئەگەر ئۇ بىرەر تاشقا ئۇرۇلسا، خەتەر چىقاتتى. * قۇچتۇلۇڭ شانۇ زەپەرنى، يەڭگىدىڭ دائىم خەتەرنى. ئەلنىڭ ئىشقى قەلبىڭدە، راۋان قىلدىڭ سەپەرنى. ② سۈپ. خەتەرلىك، خەۋپلىك: قەمەر شاھدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئانىسى زار-زار يىغلاپ ئېيتتىكى: – ئى بالام، خەتەر يولغا ئاتلىنىپسەن، قايتقىن يولۇڭدىن، – دېدى. * ئۇكام غەيرەت، ئويلانسام، بولمىغۇدەك بۇ ئامال. ئاپارمساق ۋاقتىدا، يۈز بەرگۈسى خەتەر ھال.

**خەتەرسىز** ① سۈپ. خەتىرى يوق، بىخەتەر، خەۋپسىز: خەتەرسىز جاي. * – سىز، ھۆر-پەرى سۈپەت قىز ئىكەنسىز. مەن مۇشۇ سائەتتە سىزنى خەتەرسىز يوللار بىلەن لەززەت بەخش بېغىڭىزغا يەتكۈزۈپ قويۇشقا تەييار، – دېدى ئۇ قىزغا. ② رەۋ. خەتەرگە ئۇچرىماي، بىخەتەر ھالدا: مەن ئۇنىڭ بىلەك تومۇرىنى پەرق ئەتكىلى بولماي، ئوكۇل خاتا كېتىپ قالارمۇ دەپ ئەنسىرىدىم، لېكىن ساۋۇت دوختۇر گلۇكوزا ئوكۇلنى خەتەرسىز سالدى ۋە ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

**خەتەرسىزلەندۈرمەك** «خەتەرسىزلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خەتەرسىزلەندۈرۈلمەك** «خەتەرسىزلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**خەتەرلەشمەك** پ. خەتەرلىك ئەھۋالغا كەلمەك، خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشمەك.

**خەتەرلىك** سۈپ. بىرەر بەختسىزلىككە، پالاكەتكە ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن بولغان؛ خەۋپلىك: خەتەرلىك يول. خەتەرلىك كېسەللىك. خەتەرلىك ئىش. * بولۇپمۇ ھېلىقى بۇتخانىدىكى خەتەرلىك پەيتتە، ھەممىسىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى شامەخسىزتقا ناھايىتى ئەلەم قىلغانىدى. * ئاسمان-پەلەك قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ھېسابسىز خەتەرلىك جىلغىلىرىدا، ئۆزۈن سەپ تارتقان كارۋانلار توختىماي

ئىلگىرىلەيتتى.

**خەت-پەت** خەت ۋە شۇ قاتارلىق نەرسە-لەر، خەت-خەۋەر: كوماندىر كۆلۈپ ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان پولاتقا ئۇلتۇرۇش ئىشارىسى قىلىپ: «ھە، ئۆي تەرەپتىن خەت-پەت بارمۇ؟» دېگەننى قوشۇپ قويدى.

**خەتتا** ئى. تار س. ۋاقىلىق تۈزۈمدە دىۋان بېگىنىڭ پۈتۈكچىسى؛ دەپتەر تىزىمىنى تۇتقۇچى.

**خەتتات** ئى [ئە] خەتنى چىرايلىق يازىدىغان ئادەم، ھۆسن خەت يازغۇچى كىشى؛ ھۆسن خەتچى: خەتتاتلار جەمئىيىتى. * تۇردى قادىرى خېلى بىلىملىك ۋە ئۇستا خەتتات بولغىنى ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدە چىقىدىغان «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ماقالىلىرىنى لازىغا يېزىپ بېرەتتى.

**خەتتاتلىق** «خەتتات» سۆزىنىڭ كەسپى -نامى: خەتتاتلىق قىلماق. * ئۇ قۇرئاننى تاماملىغاندىن كېيىن، بىرمۇنچە كىتابلارنىمۇ ئوقۇپ تۈگىتىپتۇ. ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھۆسن خەت يېزىشنى مەشىق قىلىپ، خەتتاتلىقنى ئۆگىنىۋاپتۇ.

**خەت-چەك** خەت، تېلېگراما ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر؛ خەت-پەت: پوچتا خىزمىتى مۇھىم ۋە شەرەپلىك خىزمەت. گېزىت-ژۇرنال، خەت-چەكلەر پوچتا خادىملىرى ئارقىلىق ئاما بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. * گۈزەل كۆز كۆڭلىرىنىڭ بىرى ئىدى. خەت-چەك باشقۇرغۇچى بوۋاي راھلەگە زاكاز قىلىنغان بىر پارچە خەت ئەكىلىپ بەردى. پوچېركا ئەكرەمدىن راھلەنىڭ نامىغا يېزىلغانىدى.

**خەتچى** ئى ① بۇرۇنقى زامانلاردا خان، بەگ ۋە دورغىلارنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ خەت-چەكلىرىنى يېزىپ بېرىدى-غان ۋە ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان پۈتۈكچى خادىم؛ كاتىپ: پازىل ئېتىلغىنچە بېرىپ، تەيجىنىڭ قولىدىكى قامچىنى يۇلۇۋالدى ۋە خەتچىنىڭ قولىدىكى دەپتەرنى تارتىۋالدى-دە، جارت-جۇرت قىلىپ يىرتىپ، ئېرىقتىكى سۇغا تاشلىۋەتتى. * دورغا يېنىدا ئولتۇرغان خەتچىگە: ـ قولىغا خەت پۈتۈپ بەرگىن، ـ دەپ بۇيرۇپتۇ. ② خەت توشۇغۇچى؛ پوچتىكەش. ③ پوچتىخانىدا باشقىلارغا خەت يېزىپ بېرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە شۇ ئارقىلىق تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئادەم.

**خەت-خالتا** خەت ۋە خالتا: ـ ساۋۇت، بالا-چاقاڭدىن خەت-خالتا كېلىپتۇ، قارىغىنا! ـ دېدى ئايىمخان ئاچا ئاش ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن.

**خەت-خەۋەر** خەت ۋە خەۋەر؛ خەت-پەت: ئاكامدىن خەت-خەۋەر كەلمىدى. * مەن ئۇنىڭدىن خەت-خەۋەر ئالمىغىنىمغا ئىككى ئايدىن ئاشتى.

**خەت-ساۋات** ئوقۇش ھەم يېزىش: ئۇنىڭ خەت-ساۋاتى يوق. * ئېشىپ ھەتتا ئىلمىگە زەۋقى-يا-دى، تولۇقلاندى يەنە ھەم خەت-ساۋاتى. دېمەك تۇرمە دېگەن گەرچە قاراڭغۇ، يېتىلدى باشقىچە ئادەم بولۇپ ئۇ.

**خەت-ساۋاتى بار** ئوقۇش، يېزىشنى بىلىدىغان؛ ساۋاتلىق: خەت ساۋاتى بار ئادەم.

**خەت-ساۋاتى چىقماق** ئوقۇش، يېزىشنى بىلىۋالماق؛ ساۋاتلىق بولماق: ئايشىگۈلنىڭ كىچىك تۇرۇپلا خەت ساۋاتى چىقتى.

**خەت-ساۋاتى يوق** ئوقۇش، يېزىشنى بىلمەيدىغان، ساۋاتسىز: دادام گەرچە خەت-ساۋاتى يوق كىشى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەس-ھوشى خېلى جايىدا ئىدى.

**خەتسمان** سۈپ. خەت شەكلىدىكى، خەتكە ئوخشايدىغان: خەتسمان تۈزۈلمە.

**خەتسمان تۈزۈلمە** <گېئول> تاغ جىنسلىرىدىكى كۋارتس بىلەن ئىشقارلىق دالا شپاتىنىڭ قائىدىلىك گىرەلىشىشىدىن ھاسىل بولغان تۈزۈلمە. تاغ جىنسلىرىنىڭ

كەسمە يۈزىدىكى دالا شپاتى كرىستاللى-رى ئارىسىغا تارقالغان كۋارتس مىخ خەت شەكلىدە ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. بۇ خىل تۈزۈلمە كۆپرەك گرانىت تاش ۋە پىگماتىتلارنىڭ ياقا بەلباغلىرىدا ئۇچرايدۇ.

**خەتكۈش** ئى [ئە+پ] ئوقۇلۇۋاتقان بەتنى كېيىن ئاسان تېپىۋېلىش ئۈچۈن، بەت ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويۇلىدىغان نەرسە: ئابدۇراززاق ئاكا شىرەنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى چوڭ، قېلىن لۇغەتنى قولىغا ئالدى. لۇغەتنىڭ بەت ئارىلىقلىرىغا ھەرپلەر يېزىلغان بىرقانچە خەتكۈشلەر قىستۇرۇلغانىدى. * شىرە ئۈستىدە ۋاراقلىرى ئاجراپ كەتكەن قۇرئاننىڭ ۋاراقلىرى ئارىسىدىن، مىس خەتكۈشنىڭ ئۇچى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**خەتلەتكۈزمەك** «خەتلىمەك» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى.

**خەتلەتمەك** «خەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خەتلەنمەك** «خەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ نەرسە-كېرەكلىرى سالا-سۇلھ بىلەن يەر پۇلىغا سۇندۇرۇلۇپ، تۆردىھاجە-نىڭ نامىغا خەتلەندى. * بۇ ئەھۋاللاردىن ئاپىسى داشا ئارقىلىق تولۇق خەۋەر تاپقان شورا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرى غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلغان كۈننىڭ ئەتىسىلا پىدائىيلارنى تىزىملاش پونكىتىغا كېلىپ، ئەسكەرلىككە خەتلەنگەن.

**خەتلىك** سۈپ ① خېتى بار، خەت يېزىل-غان: ئۇ مەكتەپتىكى سىنىپلار ئازادە ۋە يورۇق. ھەربىر سىنىپقا ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ چوڭايتىلغان سۈرەتلىرى ئېسىلغان ھەم چوڭ خەتلىك شوئارلار چاپلانغانىدى. ② مەلۇم مىقداردىكى خەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: باھارگۈل مەكتەپ پۈتتۈرۈشكە يېقىن قالغاندا، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سانلار توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا ئۈچ مىڭ خەتلىك ئىلمىي ماقالە يېزىپ، ئېلان قىلدى.

**خەتلىك گرانىت** <گېئول> گرانىت تاشنىڭ بىر خىل ئۆزگەرگەن شەكلى يەنى گرانىت تاشنىڭ زور كرىستال تەركىبىي تۈسى. مىنېرال ۋە خىمىيلىك تەركىبى گرانىت تاش بىلەن ئوخشاش. ئالاھىدىلىكى، خەتسىمان تۈزۈلمىگە ئىگە.

**خەتلىمەك** پ. يېزىپ قويماق، خاتىرىلىمەك، تىزىملىماق: ـ بالىنىڭ ئۆتەك ئوقۇغۇسى بار ئىدى، دەپتەرلىرىنىڭ بىر بۇرجىكىگە خەتلەپ قويغان بولسىلا، بەكمۇ خۇش بولۇپ قالاتتۇق، مۇئەللىم، ـ دېدى ھېلىقى ئادەم بىرئاز ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا بالىسىنى مۇئەللىمگە كۆرسىتىپ. * لەڭ ئالغۇچى ئۆيگە ھەر كۈنى كەچتە ئاشلىق كۆتۈرۈپ كېلىپ، سېلىقنى ئازراق ئېلىپ، جىقراق خەتلەپ قويۇشنى ئۆتۈنگەنلەرنى ئەسلىدى.

**خەتمە** ئى [ئە] <دىن> مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، قەبرە بېشىدا ۋە مېيىت ئۆزىتىلغاندىن كېيىن، مېيىت چىققان ئۆيدە قۇرئان ئوقۇش.

**خەتمە قىلماق** مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، قەبرە بېشىدا ۋە مېيىت ئۆزىتىلگەن ئۆيدە قۇرئان ئوقۇپ، دۇئا قىلماق.

**خەتمە ـ ئىستىغپار** <دىن> ئۆزىنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىغا تۆۋە قىلىش مەقسىتىدە، قۇرئاننىڭ مۇناسىۋەتلىك ئايەتلىرىنى ئوقۇپ، دۇئا قىلىش ئارقىلىق ئاللادىن سورالغان كەچۈرۈم: خەتمە ـ ئىستىغپار قىلماق. خەتمە ـ ئىستىغپار ئوقۇماق.

**خەتمە ـ ئىستىغپار قىلماق** ئۆزىنىڭ ئۆتكۈز-گەن گۇناھلىرىغا تۆۋە قىلىش مەقسىتىدە، قۇرئاننىڭ مۇناسىۋەتلىك ئايەتلىرىنى ئوقۇپ، دۇئا قىلىش ئارقىلىق ئاللادىن

كەچۈرۈم سورىماق.

**خەتمە-ئىستىغپار ئوقۇماق** ← خەتمە-ئىستىغپار قىلماق.

**خەتمۇخەت** بىر خەت-بىر خەتتىن، بىر خەتنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماي: **خەتمۇخەت ئوقۇماق. خەتمۇخەت تەرجىمە قىلماق.**

**خەتمقۇرئان** ئى [خەتمە+قۇرئان] ئۆلگەنلەر-نىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇش: **شەمسىدىن كارۋان بېشىنى ئۆز يىگىتلىرى بىلەن ئۆز ئۆيىگە باشلاپ ۋە شۇ كېچىنى كارۋانلارنىڭ پىرى شەيخ ئابدۇقادىر جىلانىنىڭ روھىغا بېغىشلاپ، خەتمقۇرئان ۋە نەزىر-چىراغ بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ.**

**خەتمقۇرئان قىلماق** ئۆلۈم-يېتىم، مۇسىبەت مۇناسىۋىتى بىلەن، ئۆلگەنلەر-نىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇپ، دۇئا قىلماق.

**خەتنە** ئى [ئە] مۇسۇلمانلار ۋە بەزى خەلقلەردە تازىلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوغۇل بالىلارنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئۇچ قىسمىدىكى تېرىسىنى قىسمەن كېسىش ياكى كەستۈرۈش: **خەتنە قىلماق. * ساتتار 9-ئايدا بالىسىنىڭ خەتنىسىنى قىلغانىدى، ئەمدى «خەتنە تويى ئۆتكۈزىمەن» دەپ تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ.**

**خەتنە تويى** ← سۈننەت تويى: **مېنىڭ ئاكام بۈگۈن ئوغلىنىڭ خەتنە تويىنى قىلماقچى ئىدى.**

**خەتنە قىلماق** ئوغۇل بالىلارنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئۇچ قىسمىدىكى تېرىسىدىن ئازراق كېسىپ ئېلىۋېتىمەك ياكى كەستۈر-مەك: **ھازىرقى تەتقىقاتلار خەتنە قىلىدىغان مىللەتلەردە، ئەرلىك ئالەت (زەكەر) راكى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغانلىقنى ئىسپاتلىدى.**

**خەتنىچى** ئى. ئوغۇل بالىلارنى خەتنە قىلىدىغان ئادەم: **تاھىرنىڭ خەتنە تويىغا خەتنىچى تېخى يېتىپ كەلمىدى.**

**خەتنىلىك** ① سۈپ. ئوغۇل بالىنىڭ چوچىقىنىڭ خەتنە قىلىنىدىغان قىسمى ناھايىتى ئاز: **خەتنىلىك بالا. خەتنىلىك تۇغۇلماق.** ② ئى. يەتتە-سەككىز ياشلارغا كىرگەن ئوغۇل بالىلارنىڭ چوچىقىنىڭ ئۇچ قىسمىدىكى تېرىسىنىڭ خەتنە قىلىنىدىغان يېرى: **خەتنىلىكنىڭ ئۇزۇن بولۇشى خەتنىلىك ياللۇغىنى پەيدا قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىل بولۇپ، ئاجراتمىلار ۋە كىرلەر خەتنىلىك ئاستىغا يىغىلىۋېلىپ، شىللىق پەردىلەرنى غىدىقلاپ قىچىشتۇرىدۇ ۋە ئاغرىتىدۇ.**

**خەتىپ** ئى [ئە] <دىن> مەسچىتتە خۇتبە ئوقۇيدىغان، ۋەز ئېيتىدىغان داموللا؛ جامائەت ئالدىدا شەرىئەتتىن تەپسىر قىلغۇچى كىشى: **ئازنا مەسچىتنىڭ خەتىپى ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى سىلاپ سۆزىنى توختاتتى ۋە قۇرئاننى قولتۇقلاپ تۆۋەن چۈشتى. * ئابدۇللا جاپپار باغداددىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، باشقا بىر جۈمە مەسچىتىگە خەتىپ بولدى.**

**خەج** ئى [ئە] بىرەر ئېھتىياج ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان پۇل، مەبلەغ: **ئاز كۈن ئۆتمەي تۈگەپتۇ، ئوغۇلنىڭ پۇل-ۋەجلىرى. يۈكلەنگەنچىكە ئۈستىگە، دوستلىرىنىڭ خەجلىرى.**

**خەج-خىراج** سەرپ قىلىشقا ئاجرىتىلغان پۇل ۋە پۇلغا ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان، ئىقتىسادىي قىممىتى بار نەرسىلەر؛ خىراجەت: **يىگىت، پادىشاھقا: — سەۋرى قىلسىلا پادىشاھى ئالەم، گېپىم تېخى تۈگىمىدى، دادام ئۆزلىرىگە «ئوغلۇم چوڭ بولغۇچە خەج-خىراجەت قىلسۇن، سىلى تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالسىلا» دەپ ئۆز بىساتىدىن ئون مىڭ دىنار ئالتۇن بەرگەنىدى، — دەپتۇ.**

**خەج-خىراجەت** ← خەج-خىراج: **ئەتىسى يولغا چىقىش ئالدىدا ئۇ، قىزىنى ساداقەتنى باغرىغا مەھكەم باسقان ھالدا، ئۆزىگە ئاتاپ ئالغان بىردىنبىر**

تويلۇق سوۋغام ــ ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ھالقىنى قۇلىقىدىن ئېلىپ: ــ ئەركىن، مانا بۇنى ئېلىۋېلىڭ، لازىم بولسا، سېتىپ خەج-خىراجەت قىلارسىز، ــ دەپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

**خەجلەتمەك** «خەجلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خەجلەشمەك** «خەجلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار دادىسىدىن مىراس قالغان پۇللارنى تۈگىگىچە خەجلەشتى.

**خەجلەنمەك** «خەجلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ــ ئۇنى سوراپ نېمە قىلاتتىڭ؟ نېمىلا بولسۇن، 2000 يۈەن پۇل خەجلىنىپ بولدى، ــ دېدى تالىپباي خوتۇنىغا.

**خەجلىمەك** پ. خىراجەت قىلماق، سەرپ قىلماق: ئابدۇللا توي تەييارلىقىدا پۇلدىن قىسىلىپ، بىر ئېغىز ئۆيىنىڭ ياغاچ-تېشىنى سېتىپ خەجلىمەكچى بولدى.

**خەدەڭ** سۈپ. دىئال. يوغان-يالپا، بەستلىك.

**خەر** (توغرىسى: خەير) ← خەير.

**خەرەك** ئى [پ] ① <مۇز> دۇتار، تەمبۇر، راۋاب قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ تارلىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن، يۈزىگە قويۇلىدىغان تىرەك: دۇتار خەرىكى. راۋاب خەرىكى. ② كىگىزچىلىكتە، دۇكان سوسىيىنى ئېگەكتىن ئاجرىتىپ تۇرىدىغان قىستۇرما ياغاچ.

**خەرىتە** ئى [ئە] يەر شارى يۈزىدىكى نەرسىلەر ۋە ھادىسىلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان سىخېما. ئۇستىدە تۈرلۈك شەرتلىك بەلگىلەر، يېزىقلار ۋە رەڭلەر بولىدۇ: دۇنيا خەرىتىسى. خەتسىز خەرىتە. * ئۇ قارتىنى تاشلاپ، بىرنەچچە ھەربىي ئەمەلدار ھەمدە بىرنەچچە مۇھاپىزەتچى بىلەن زالغا چىقتى، زالدا، ئۇستەل ئۈستىدە ئۇرغۇن خەرىتە تۇراتتى.

**خەرىتىلە شتۇرمەك** «خەرىتىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شىنجاڭ گېئولوگىيە ئەترىتى شىنجاڭنىڭ پۈتكۈل نېفىت زاپىسى ۋە ھەر خىل مىنېراللار بار يەرلىرىنى خەرىتىلەشتۈرۈپ بولدى.

**خەرىتىلە شتۇرۇلمەك** «خەرىتىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېڭى شەھەرلەر خەرىتىلەشتۈرۈلدى. * ــ مۇنداق سۇلۇق جىلغىدىن بۇ ئەتراپتا يەنە ئۈچى بار ئىكەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى تەكشۈرۈلدى، خەرىتىلەشتۈرۈلدى. مانا قاراڭ، ــ دېدى سۇلايمان ئۇنىڭغا يېزىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ.

**خەرىتىلەشمەك** پ. بىرەر ئورۇن، جاينىڭ خەرىتىسى قەغەز ۋە باشقا نەرسە يۈزىگە سىزىلىپ چىقماق: ئۈرۈمچى شەھىرى خەرىتىلەشتى. * ساياھەت باغچىلىرى خەرىتىلەشتى.

**خەزىنە** ئى [ئە] ① پۇل، ئالتۇن-كۈمۈش، تىللا ۋە باشقا قىممەت باھالىق بۇيۇملار ساقلىنىدىغان مەخسۇس جاي؛ ئامبار: بوۋاي خەزىنىدىن ناھايىتى نۇرغۇن ئالتۇنلارنى ئېلىپ، ھەممىنى خەلققە بۆلۈپ بېرىۋېتىپ، ئۆزى ئىنتايىن خاپا ھالدا پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. * ئەپەندىم بىركۈنى پادىشاھقا بېلىق سوۋغا قىلىپتۇ. پادىشاھ خۇشال بولۇپ، بىر تىللا ھەدىيە بېرىپتۇ. بۇنىڭغا ۋەزىر نارازى بولۇپ: ــ تەقسىر، بىر بېلىق ئۈچۈن بىر تىللادىن ھەدىيە بەرسىڭىز، خەزىنە قۇرۇپ قالىدۇ، تىللانى قايتۇرۇۋېلىڭ، ــ دەپتۇ. ② بىرەر شەخس، تەشكىلات ياكى دۆلەت ئىختىيارىدىكى قىممەت باھالىق بۇيۇملار؛ مەبلەغ؛ بايلىق: توي ــ خۇدانىڭ خەزىنىسى (ماقال). * گۈزەلشاھ كۆكچىگە قاراپ: ــ كۆكچى، سەن يۈسۈپ بىلەن شائىرلىقتا بەھس قىل، سەن شېئىردا غالىب كەلسەڭ، بىر شەھەرگە ھاكىم قىلاي، يۈسۈپ غالىب كەلسە، 40 قېچىرغا خەزىنە يۈكلەپ يۇرتىغا قايتۇراي، ــ

دېدى. * جىمكى خەزىنەم ھەدىيە بولسۇن، گويا قۇش قولۇڭدا خۇش ناۋا قىلسۇن. باغىسمەن پۇقراسى سىېنى شاھ بىلسۇن، ھەمراجانىڭنى بەرسەلڭ نېم بولغاي. ③ يەر ياكى تەبىئەت بايلىقلىرى، تەبىئىي بايلىق: ئورمان ـ تەبىئەتنىڭ قىممەتلىك خەزىنىسى. * جەننەت نەدە دېسەڭلار، ـ جەننەت كۆنەس ئۆزىكەن. ئاستى-ئۈستى خەزىنە، ئالتۇن بۇلاق كۆزىكەن. ④ كۆچمە. مەدەنىي ۋە مەنىۋى بايلىقلار: مەن ئوقۇغۇچىنىڭ ئەقلىي ئەمگىكىنىڭ يېتەكچىسى بولمەن، ھەربىر ئوقۇغۇچى مېنىڭ سۆزلەپ بېرىشىمنى ئاڭلاۋاتقان چاغدا، ئۆزىنىڭ ئۆتقان يولى بويىچە زاپاس ساقلانغان نەرسىلەرنى ئاڭ-تۇيغۇ خەزىنىسىدىن ئېلىپ چىقالايدىغان قىلىمەن.

**خەزىنە چېكى** بەزى دۆلەتلەردە، دۆلەت بانكىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدىغان بىر خىل قەرز چېكى. دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا تۆلەم ۋاستىسى قىلىشقا بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا بىۋاستە تاۋار سېتىۋالغىلى بولمايدۇ: شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى 1-ئاينىڭ 18-كۈنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن 1982-يىللىق خەزىنە چېكىدىن 150 مىڭ يۈەنلىك سېتىۋالدى.

**خەزىنىچى** ئى. خەزىنىنى ساقلاش، باشقۇرۇش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى شەخس؛ خەزىندار: خەلىپە ھارۇن رەشىت خەزىنىچىنى قىچقىرىپ، ۋەزىر جەپەرگە 10 مىڭ تىللا بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. خەزىنىچى خەلىپە ھارۇن رەشىتنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنداپتۇ.

**خەزىندار** ئى [ئە+پ] ← **خەزىنىچى**: سۇلتان خەزىندارنى قىچقىرىپ: «فەزلى ئىبنى خاقانغا 10 مىڭ تىللا بەر» دەپ بۇيرۇپتۇ. * ئۇ قەمەرۇززاماننى بارغانسېرى دەرىجمۇدەرىجە ئۆستۈرۈپ، ئاخىرى مال-دۇنيانى باشقۇرىدىغان خەزىندار قىلىپ تەيىنلەپتۇ.

**خەزىندارلىق** ئى. خەزىنە باشقۇرۇش ۋە ئۇنى ساقلاش خىزمىتى، ئىشى: پادىشاھ بېلىقچىنىڭ ئوغلىنى خەزىندارلىققا تەيىنلەپتۇ.

**خەس** I ئى [پ] ① قۇرۇق ئۆسۈملۈكلەر، قۇرۇق ئوت-چۆپلەر، قۇرۇپ قالغان شاخ-شۇمبىلار؛ چۆپ: ئانا يۇرتۇڭ بېزىپ سەندىن ئارىغا ئالمىسا بىر كۈن، بولۇرسەن شۇندا بىر تال خەس، نە قالغاي سەندىكى قىممەت. * جاھاندا بارچە شېرىنلىك جاپالىق ئىش بىلەن كەلمىش، كۆرۈپ خەسنى قولۇڭ تارتما، شېخىدا ئۆزگە خىسلەت بار. ② ئىززىتى، قىممىتى يوق، ئەرزىمەس، خار نەرسە: بولسا رەھمەتلىك تىرىك، بۇنداق ئازاب چەكمەس ئىدۇق، كىشلەرنىڭ ئالدىدا خەس بولۇپ ئۆتمەس ئىدۇق.

**خەس بولماق** قەدىر-قىممىتى يوق، ئەرزىمەس بىرنەرسىگە ئايلانماق: بىرەر ئۆتمەيسەن يانىمدىن، خەۋەر ئالمايسەن ھالىمدىن، سېنى سۆيگەن گۇناھىمدىن، كى خەس بولدۇم ئاياغىڭدا.

**خەس قىلماق** قەدىر-قىممىتى يوق، ئەرزىمەس بىرنەرسىگە ئايلاندۇرماق؛ خار قىلماق: يولنىڭ ئىككى قاسىنىقىدا، ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەردىن چىققان خۇش بۇي ھىد ئادەمنىڭ كۆڭلىنى مەست قىلارمىش. گۈللەرنىڭ بەرگىگە قونۇپ زوق-شوق بىلەن سايراۋاتقان سان-ساناقسىز قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازى جەننەت قۇشلىرىنى خەس قىلارمىش.

**خەس** II ئى [ئە] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇزۇنچاق، گۈلى سېرىق بولۇپ، باشىسمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ. غولى ۋە يوپۇرمىقى كۆكتات قىلىنىدۇ.

**خەس** III سۇپ. دىئال. پەقەت بىرلا خىل نەرسىدىن تەركىب تاپقان، باشقا بىر تەركىب ئارىلاشمىغان؛ ساپ.

**خەس** IV دىئال ① رەۋ. ئەتەي، قەستەن:

خەس قىلماق. ② ئى. خۇپسەنلىك.

**خەسە** ئى. پاختا يىپىدىن سىلىق قىلىپ توقۇلغان بىر خىل ئاق رەخت: ئۇنىڭ بېشىدىكى سىرىق شەپكىسى بىلەن ئۇچىسىدىكى ئاپئاق خەسە كۆڭلىكى چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن بولۇپ، شەپكىسى ئۇستىدىكى يامغۇر سۇلىرى بويۇنلىرىغا سىرغىپ چۈشۈۋاتاتتى.

**خەستە** سۈپ [پ] يېز ت ① بىرەر كېسەللىك-كە يولۇققان، سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس؛ كېسەل، كېسەلمەن: شۇنىڭدىن باشلاپ خەستە تېنىمگە قوشۇلغاندەك بولدى يېڭى جان، گويا يۈرەك تومۇرلىرىمدىن سۇ ئۇرنىغا سىزىپ چىقار قان. * نىگارىم خەستە جارىغا ۋىسالىڭدىن داۋا ئەيلە، تېنىمدا قالمىدى دەرمان، پىراقىڭدا بىمار بولدۇم. ② كۆچمە. دەرد تارتقان، ئەلەم چەككەن، ئازابلانغان، قىينالغان، دەردلىك، قايغۇلۇق، غەمكىن: ئەۋلىيا ئاتا ئىچىنىشلىق خىيال بىلەن كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئولتۇرغاندا، قەيەردىندۇر بىر ساتارنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ئۇنىڭ خەستە كۆڭلىنى جوۋىتىپ، ئارام بەرگەندەك قىلدى. * سايرىغايمۇ زوق بىلەن بۇلبۇلغا گۈلزار بولمىسا، يايرىغايمۇ خەستە دىل ئاشىققا دىلدار بولمىسا.

**خەستىلەنمەك** پ ① بىرەر كېسەللىككە يولۇقۇپ قالماق، سالامەتلىكى ناچارلاش-ماق، كېسەل بولماق: ئۇ ئەنە شۇ سېسىقچىلىق ئىچىدە ئۇزۇن تۇرۇپ قالغانلىقتىن خەستىلەندى. ② كۆچمە. دەرد تارتماق، ئازابلانماق، قىينالماق: راست ئۇكام، بوغۇلۇپ ئۆتتۈق قانچە يىل، ئىس-تۈتەك ئىچىدە خەستىلەندى دىل. تاڭ ئاتتى، باشقىدىن يورۇدى ئالەم، خۇشاللىق ئىلكىدە ھەممىلا ئادەم.

**خەسىس** سۈپ [ئە] بىركىمگە بىرەر نەرسە بېرىشنى، سەرپ قىلىشنى خالىمايدىغان؛ پىخسىق، بېخىل، پىششىق: خەسىس ئادەم.
* ئەپەندىم ئۇزۇن يولدىن ھېرىپ كېلىپ، بىر خەسىس تونۇشىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇ. * بىر دېھقان شەھەرنىڭ پاتقاق بىر كوچىسىدا كېتىپ بارغاندا، بىر خەسىس سودىگەر دېھقاننى كولدۇرلىتىپ، پۇلىنى ئالماقچى بولۇپتۇ.

**خەسىسلىك** ئى. پىخسىقلىق، بېخىللىق، پىششىقلىق: ئۇنىڭ بىردىنلا خەسىسلىكتىن مەردلىككە ئىرغىغانلىقىنى كۆرگەن كۆپچىلىك كۈلۈشۈپ كېتىپ، بەلگىلىمە بويىچە 2-دەرىجىلىك ئات قىلىپ 150 يۈەن باھالىدى.

**خەشەك** I ئى [پ] ① قۇرۇق ئوت-چۆپ: مالاي خوتۇن شۇ ۋاقىتدا قارىسا، ئۇستامىنىڭ ساقىلىغا بىر تال كىچىككىنە خەشەك چاپلىشىپ قالغانىكەن. ② ياغاچنى چېپىش ۋە رەندىلەش جەريا-نىدا چىققان ياغاچ پارچىلىرى: ياغاچچى شىر بالىسىنى سولىغان قەپەسكە يېقىن يەردىن بىر ئورا قېزىپ، ساندۇقنى شۇ چوڭقۇر ئورىغا ئىتتىرىپ چۈشۈردى، ئۇستىگە خەشەك دۆۋىلەپ، ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈۋەتتى.

**خەشەك** II ئى. شېغىل.

**خەشەك ئۆرۈك** ئۆرۈكنىڭ بىر خىلى، مېۋىسى ئۇششاق، تۈكلۈك. پىشمىغان ۋاقتىدا تەمى قىرتاق، ئاچچىق بولىدۇ.

**خەشلىمەك** (توغرىسى: خەجلىمەك)
→ خەجلىمەك.

**خەق** ئى [ئە] جان ت ① خەلق، ئامما، كىشىلەر: - ئورۇسمۇ، خەنزۇمۇ ئوخشاشلا يات خەق تۇرسا، ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىپ قانداق نەتىجىگە ئېرىشىسىز؟ - دېدى ھاجى چايان ئۇنىڭغا. ② ئادەملەر؛ باشقىلار، يات كىشىلەر: قۇربان ئاقساقال: - خەق سېنى چاكار دېسە، ساڭا ھاقارەت، ماڭا ئۇۋال قىلغانلىق بولىدۇ.ماڭا چاكارنىڭ ھاجىتى يوق، سەن ئويلا، - دېدى. * قوغۇن تېرىدىم خەندەك، خەقمۇ تېرىسۇن مەندەك. خەق سۆيگەننى سۆيمەيمەن، ئۆزۈمنىڭ سۆيگىنى

قەندەك. ③ ئادەم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەم جىنسىي ۋە كەسپىي ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ كەينىدە كېلىپ، «كىشى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: خوتۇن خەق. ئەر خەق. ئايال خەق. * — بىز بولساق يېزىدىكى دېھقان خەق. سىز بولسىڭىز شەھەردىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىزمىتىڭىز بار. شۇڭا بىزنى ياراتماسىكىن، دېمەكچىمىز، — دېدى ئۇ.

**خەقنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالماق** باشقىلارنىڭ رايىغا قاراپ ئىش قىلماق.

**خەقنىڭ پوستۇمىبىسىدا تەرلىمەك** ← **خەقنىڭ جۇۋىسىدا تەرلىمەك**: ماھنۇر بىر قاراپلا ئۇنى ھېلىقى «ئەركىن كەسىپتىكىلەر» دېگى خەقنىڭ پوستۇمىبىسىدا تەرلىگۈچى پارازىتلارنىڭ يازغانلىقىنى بىلدى.

**خەقنىڭ پۇلىدا نەزىر قىلماق** باشقىلارنىڭ نەرسىسى، ئەمگىكى بەدىلىگە ئابروي، ئىناۋەت، شۆھرەت قازانماق: بەزىلەر ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردىلا ئەمەس، بەلكى ئىلمىي ئىشلاردىمۇ، خەقنىڭ پۇلىدا نەزىر قىلىش يوللىرىنى تاپتى.

**خەقنىڭ تەرىتىدە ناماز ئوقۇماق** ← **خەقنىڭ جۇۋىسىدا تەرلىمەك.**

**خەقنىڭ جۇۋىسىدا تەرلىمەك** ئۆزى قىلچە ئەجىر قىلماي، پەقەت باشقىلارنىڭ ھالال ئەمگىكى، ئەجىر ھېسابىغا راھەت-پاراغەت-كە، پايدا-مەنپەئەتكە ئېرىشمەك؛ باشقىلارنىڭ سايىسىدا جان باقماق.

**خەقنىڭ داستىخىنىدا مېھمان ئۇزاتماق** ← **خەقنىڭ پۇلىدا نەزىر قىلماق**: ئىقتىدار-سىز ئادەملەرلا خەقنىڭ داستىخىنىدا مېھمان ئۇزىتىش يولىنى ئىزلەيدۇ.

**خەقنىڭ دومبىقىنى چالماق** باشقىلارغا يان باسماق، باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلماق؛ خۇشامەت قىلماق.

**خەقنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىماق** باشقىلارنىڭ پىكرى، بۇيرۇقى، كۆرسەتمە-سى بويىچە ئىش قىلماق؛ باشقىلارغا بېقىندى بولۇپ قالماق: — سىز خەقنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتقىنىڭىزنى تېخىچە بىلمەيۋاتامسىز؟ — دېدى ھۆرنىگۇل ئۇنىڭ مۇرەسسەسىنى رەت قىلىپ.

**خەقنىڭ سايىسىدا جان باقماق** ← **خەقنىڭ سايىسىدا كۈن ئالماق.**

**خەقنىڭ سايىسىدا كۈن ئالماق** باشقىلارنىڭ پاناھىدا، ھامىيلىقىدا، ياردىمىدە تۇرمۇش كەچۈرمەك.

**خەقنىڭ قولىغا قاراپ قالماق** ئىقتىسادىي جەھەتتە باشقىلارنىڭ ياردەم قىلىشىغا، ئىلتىپاتىغا موھتاج بولۇپ قالماق؛ كۈنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماق.

**خەقنىڭ كەتمىنىنى چاپماق** ← **خەقنىڭ دومبىقىنى چالماق.**

**خەقىش** [پ] ① ئى. ئورۇنسىز، جېدەل، ماجىرا، غەلۋە: خەقىش قىلماق. * ئابدەم كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا، شەۋكەتكە ئالىيىپ قاراپ قويدى. مەغپىرەتخان ئاچا بۇنى سەزمىدى. ئەمما، شەۋكەت خىجالەت بولغىنىدىن، ئىككىنچىلەپ ئورۇنسىز خەقىش قىلماسلىقتا ئۆز-ئۆزىگە ۋەدە بەردى. ② سۈپ. تولا جېدەل قىلىدىغان، جېدەلخور، قارغىش (باللار ھەققىدە): خەقىش بالا.

**خەقىش قىلماق** ئورۇنسىز جېدەل، ماجىرا قىلماق: ئۇ ئۆلارنىڭ يەلكىسى ئىسسىپ، قورسىقى تويسىلا، ھېچقانداق خەقىش قىلماي، ھالاللىق بىلەن كالىدەك ئىشلەپ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن شەرەپ قازىنىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەندى. * — جېنىم قىزىم، سېنى چوڭ ئاناڭ باقسۇن، مېنىڭ خەقىشمنى قىلىپ كۆپ يىغلىما. قانچە يىغلىساڭمۇ، بەرىبىر مېنى تاپالمايسەن، مەن سېنى خۇدايىمغا تاپشۇردۇم، ئىلاھىم سېنى مېنىڭدەك بەختسىز قىلمىسۇن! — دېدى ئۇ ئايال بالىغا تارتىشقان ھالدا.

**خەقشىلىك** «خەقش» سۆزىنىڭ ئابستىراكت ئىسىم شەكلى: ـ تامىقىنى يېمەيمەن، ۋاي، لازىمۇ سېلىپسەن، ـ دېدى لېتىپ يەنە خەقشىلىك قىلىپ.

**خەلپە** ئى [ئە] ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت ئەقىدىلىرىنى ياخشى بىلىدىغان، ئوقۇ-مۇشلۇق دىنىي زات: لۇتپۇللا لەنگەردىكى چوڭ خانىقا ئالدىغا كەلگەندە، پېشقەدەم سەپداش-لىرىدىن تۇردى خەلپە ۋە كەلپىنلىك موللا ھاپىز چېكىنى بىلەن ئۇچراشتى.

**خەلپە مىنگەندەك كەلمەك** ناھايىتى باپ، قۇيۇپ قويغاندەك كەلمەك.

**خەلپەت** ئى [ئە] ① مەدرىستە ئوقۇيدىغان تالىپلار ئارىسىدىن، تالىپلارغا باشلىق قىلىپ تەيىنلەنگەن، داموللىغا ياردەم-لىشىدىغان ئوقۇغۇچى؛ باشقۇرغۇچى تالىپ: موللىمىز نەزىر-چىراغ، توي-تۆكۈندىن قالمايدىغان ئادەم ئىدى، ھەر نۆۋەت نەزىر-چىراغقا ماڭسا، بىزنى بىر كۆزى يوق قارىغۇ خەلپەتكە تاپشۇرۇپ كېتەتتى. ② دىنىي ئىلىمدا خېلى يۇقىرى ساۋاتقا ئىگە كىشى: دادام موللا ئادەم بولغىنى ئۈچۈنمىكىن، ئۆيىمىزدىمۇ كىتاب كۆپ ئىدى. شۇنىڭ بىلەن كۈندۈزى خەلپىتىمدىن، ئاخشىمى دادامدىن ساۋاق ئېلىش بىلەن بولدۇم.

**خەلپىلىك** «خەلپە» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: خەلپىلىك قىلماق.

**خەلدەڭ** ئى. دىئال. چىش كولىغۇچ.

**خەلق** ئى [ئە] ① بىرەر مەملىكەتنىڭ ئەمگەكچى ئاممىنى گەۋدە قىلغان ئاھالىسى: جۇڭگو خەلقى. ياپونىيە خەلقى. خەلق تۇرمۇشى. * ئىچكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنىڭ تېخىمۇ ياخشىلىنىشى كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 ئايدا خەلق ئىگىلىكىنىڭ نورمال ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا ئالاھىدە تەدبىر تۈزۈپ چىقتى. ② مىللەت: ئۇيغۇر خەلقى. رۇس خەلقى. * بۇۋاينىڭ ئۇيغۇر تارىخى، ئەرەب تارىخى، ھىندىستان ۋە پۈتۈن ئاسىيا تارىخى ھەققىدە، ئەرەب-پارس، ھىندى-ئوردۇ، تۈركىي تىلدا سۆزلىگۈچى خەلقلەرنىڭ ئېغىزچە ۋە يازما ئەدەبىياتى، تىلى توغرىسىدا بىلىمى ئاجايىپ مول ئىكەن. ③ بىرەر جاينىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن كېلىپ، شۇ جاينىڭ «يەرلىك ئاھالىسى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: ئۈرۈمچى شەھەر خەلقى. يېزا خەلقى. * بۇ ئىشلار تامامىلانغاندىن كېيىن، ھاتەم ئەھمەر تېغى بىلەن قۇملاق تېغىدىكى خەلقنى يىغىپ، ئۇلارغا سەرتەكنى پادىشاھ قىلىپ بەلگىلىدى. ھەممە كىشى جان-دىل بىلەن بۇنى قوبۇل قىلىشتى. ④ بىرەر كەسىپ، مەشغۇلات، ئىش قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن كېلىپ، شۇ كەسىپ، مەشغۇلات، ئىش قاتارلىقلارغا مەنسۇپ كىشىلەر گۇرۇھىنى بىلدۈرىدۇ: مېھنەتكەش خەلق. ئەمگەكچان خەلق.

**خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى** <تارىخ> ئېزىلگۈچى مىللەت ياكى سىنىپنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇشى. بۇ يەردە مەملىكىتىمىزنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**خەلق پۇلى** <س ئىق> مەملىكىتىمىزنىڭ قانۇنىي پۇلى. «يۈەن» بىرلىك قىلىنىدۇ.

**خەلق تەپتىش مەھكىمىسى** <قا> مەملىكىتىمىزنىڭ تەپتىش ھوقۇقىنى يۈرگۈ-زىدىغان دۆلەت ئورگىنى. ئۇ ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك تەپتىش مەھكىمىلىرى ۋە مەخسۇس خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىدىن ئىبارەت ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.

**خەلق تەشكىلاتلىرى** خەلق ئارىسىدىكى ئاممىۋى خاراكتېرلىك تەشكىلاتلار، مەسە-

لەن، قىزىل كرېست جەمئىيىتى، جۇڭگو تىببىي ئىلىم جەمئىيىتى، جۇڭگو خەلق دىپلوماتىيە ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**خەلق دېموكراتىك دىكتاتۇرىسى** <پەلس> ئىشچىلار سىنىپى (كومپارتىيە ئارقىلىق) رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلىدىغان خەلقنىڭ دېموكراتىك ھاكىمىيىتى.

**خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابى** <تارىخ> ← **يېڭى دېموكراتىزملىق ئىنقىلاب.**

**خەلق زاسېداتېلى** <قا> دۆلىتىمىزنىڭ ئەدلىيە ئورگانلىرى خەلق ئاممىسى ئارىسىدىن سوتقا قاتنىشىشقا قوبۇل قىلغان خادىملار. ئۇلارنى خەلق سايلايدۇ ياكى ئورگان، تەشكىلاتلار كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇلار خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ بىرىنچى سوتىغا قاتنىشىدۇ ھەمدە سوت قىلغۇچى خادىملار بىلەن تەڭ ھوقۇققا ئىگە بولىدۇ.

**خەلق ساقچىسى** <قا> دۆلىتىمىزنىڭ ئامانلىق ساقلاش خادىملىرى. ئۇلار قورال بىلەن ئامانلىقنى ساقلايدىغان مەمۇرىي كۈچ.

**خەلق سوت مەھكىمىسى** <قا> ئېلىمىزدە سوت قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان دۆلەت ئورگىنى. ئۇ ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە مەخسۇس خەلق سوت مەھكىمىلىرىگە بۆلۈنىدۇ.

**خەلق سوتى** <قا> ئېلىمىزنىڭ ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرى خەلقنىڭ دەۋا ئىشلىرىغا قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، رايوننىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، نوپۇسىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە ئاساسەن تەسىس قىلغان خەلق سوتى. ئۇ خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى. ئۇنىڭ ھۆكۈم ۋە كېسىملىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈم ۋە كېسىملىرى بىلەن ئوخشايدۇ.

**خەلق سۆيەر** ھەرقانداق چاغدا خەلق تەرىپىدە تۇرىدىغان ۋە خەلقنى ھىمايە قىلىدىغان؛ خەلقنى سۆيىدىغان، خەلقپەرۋەر: موللازەيدىن خەلق سۆيەر ئوغلانلارنىڭ بىرى ئىدى.

**خەلق قوشىقى** <ئەد> بىرەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا كەڭ تارقىلىپ كەلگەن قوشاقلار.

**خەلق قۇرۇلتىيى** <قا> ئېلىمىز خەلقىنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدىغان ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى دېموكراتىيىلىك كېڭىشىش ئارقىلىق سايلاپ چىقىلىدۇ.

**خەلق گوڭشېسى** ئېلىمىز يېزىلىرىدا 1958-يىلدىن، 1985-يىلغىچە بولغا قويۇلغان كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلات. ئۇ يۇقىرى دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان ھەم كېيىنكى باسقۇچتا ئىشلەپچىقىرىش دۇيلىرىنى ئاساسىي بىرلىك قىلغان كوممۇنا، ئىشلەپچىقىرىش دادۈيى ۋە ئىشلەپچىقىرىش دۇيلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ۋە «ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش» پرىنسىپىنى ئىجرا قىلغان.

**خەلق مائارىپى** ئادەتتە ھۆكۈمەت

تەرىپىدىن ئېچىلغان باشلانغۇچ مەكتەپ-
لەر ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى كۆرسىتىدۇ،
بۇلاردىن باشقا باللار مائارىپى، چوڭلار
مائارىپى، كەسپىي مائارىپ قاتارلىقلارنىمۇ
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ

**خەلق ناخشىسى** <ئەد> خەلق
ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى. ئۇنىڭدا خەلقنىڭ -
ئەمگەك، تۇرمۇش ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىيا-
تى ئىپادىلىنىدۇ.

**خەلق ئۇرۇشى** <ھەرب> خەلق
ئارمىيىسىنى تايانچ قىلغان، كەڭ خەلق
ئاممىسى قاتناشقان ئىنقىلابىي ئۇرۇش.

**خەلق ئۇسسۇلى** <ئۇس> خەلق ئۆزى
ياراتقان ۋە خەلق ئاممىسى ئىچىدە كەڭ
تارقالغان، قويۇق مىللىي پۇراقتا ۋە
يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەنئەنىۋى
ئۇسسۇل شەكلى.

**خەلق ھۆكۈمىتى** ئېلىمىزدىكى ھەر
دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتايلىرىنىڭ
ئىجرائىيە ئورگانلىرى ۋە دۆلەتنىڭ
مەمۇرىي ئورگانلىرى.

**خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى** <ئەد>
ئەمگەكچى خەلق بىۋاستە ئىجاد
قىلغان، ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدا
كەڭ تارقالغان ئەدەبىيات. ئۇ ئەپسانە-
لار، رىۋايەتلەر، خەلق چۆچەكلىرى،
خەلق دراممىلىرى، ئەلنەغمىلەر، قوشاق-
لار ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت** <پەلس>
دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى
زىددىيەتنىڭ سېلىشتۇرمىسى. خاراكتېرى
ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئىجتىمائىي
زىددىيەتنىڭ بىرى، يەنى خەلق
مەنپەئەتىنىڭ تۈپتىن بىردەكلىكى ئاسا-
سىدىكى زىددىيەت. ئۇ ئانتاگونىيىسىز
بولىدۇ.

**خەلق ئىشچىلىرى** ھۆكۈمەت ئورگانلىرى-
نىڭ سەپەرۋەر قىلىشى ياكى چاقىرىقى
بىلەن تاشيول، توسمىلارنى ياساش
ۋە ئۇلارنى رېمونت قىلىشقا قاتنىشىدىغان
ياكى ھەربىي قىسىملارنىڭ قاتناش-ترانس-
پورت قاتارلىق ئىشلىرىنى ھەمكارلىشىپ
ئىشلەيدىغان كىشىلەر.

**خەلق ئىگىلىكى** <س ئىق> بىر ەر
دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى، تاۋار ئوبورو-
تى، مىللىي دارامەت تەقسىماتى ۋە
ئىستېماللىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى. ئۇ
ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى
ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىمەتلىرىنىڭ
ئوبوروت قىلىش تارماقلىرىنى مەسىلەن،
سانائەت، يېزا-ئىگىلىكى، بىناكارلىق،
قاتناش-ترانسپورت، سودا، ماددىي
ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش قاتارلىقلارنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇنىڭدەك مەخسۇس
تاۋار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانمايدىغان
مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىلىم-پەن
تەتقىقاتى، تىببىي داۋالاش، دورىگەرلىك،
سەھىيە قاتارلىق ئورۇنلارنىمۇ ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ.

**خەلق ئىگىلىكى پىلانى** <س ئىق>
سوتسىيالىستىك ئەللەرنىڭ خەلق ئىگىلىك-
نىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدا، جەمئىيەتتى-
كى تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەرقايسى
جەھەتلىرىدە يولغا قويىدىغان ئومۇمىيۈزلۈك
پىلانى. ئېلىمىز خەلق ئىگىلىكى پىلانىنى
تەشكىل قىلغۇچى ئاساسلىق تەرەپلەر:
يېزا-ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، سانائەت
ئىشلەپچىقىرىشى، قاتناش-ترانسپورت،
ئاساسىي قۇرۇلۇش، دۆلەت ئىچىدىكى
سودا، تاشقى سودا، مەدەنىيەت-مائا-

رىپ ۋە سەھىيە ئىشلىرى، ئىلىم-پەن تەتقىقاتى، ماددىي ئەشيالار تەمىناتى، ئەمگەك ئىش ھەققى، مالىيە، ئامانەت-قەرز قاتارلىقلار ھەققىدىكى پىلانلاردىن ئىبارەت. ئۇ «ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلان» (مەسىلەن، بەش يىللىق پىلان) ۋە «يىللىق پىلان» دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**خەلق ئىگىلىكى نىسبەت مۇناسىۋىتى** <س ئىق> خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى ياكى ھەرقايسى تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا پەيدا بولغان ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك سانلارنىڭ سېلىشتۇرما مۇناسىۋىتى.

**خەلقئارا** [خەلق+ئارا] ① سۈپ. دۇنيادىكى ھەرقايسى مەملىكەتلەرگە، ھەرقايسى مەملىكەت خەلقلىرىگە ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە ئائىت: خەلقئارا ۋەزىيەت. خەلقئارا ئېقىم مەسىلىلىرى. خەلقئارا ئاياللار بايرىمى. * بۇ بىر-ئىككى يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزغا خەلقئارا دوستلار كۆپلەپ كېلىۋاتىدۇ. ② ئى. ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ئارىسى: مىڭئۆيى شىنجاڭ تارىخى، بۇددا دىنى ۋە بىناكارلىق، نەققاشچىلىق سەنئىتىگە ئائىت تەتقىقات نۇقتىسى جەھەتتىن يالغۇز شىنجاڭدىلا ئەمەس، بەلكى ئېلىمىز ھەم خەلقئارادىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**خەلقئارا ئاياللار بايرىمى** <تارىخ> خەلقئارا ئاياللار كۈرىشىنىڭ خاتىرە كۈنى. 1909-يىلى 3-ئاينىڭ 8-كۈنى، ئامېرىكىنىڭ چىكاگو شەھىرىدىكى ئايال ئىشچىلار ئەر-ئاياللارنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىپ، نامايىش ئۆتكۈزگەن. كېيىنكى يىلى 8-ئايدا، دانىيەنىڭ كوپېنھاگېن شەھىرىدە ئېچىلغان 2-نۆۋەتلىك خەلقئارا سوتسىيالىستىك ئاياللار قۇرۇلتىيى قارار چىقىرىپ، خەلقئارا ئاياللارنىڭ ئىتتىپاقلىق ۋە ئازادلىق ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ھەر يىلى 3-ئاينىڭ 8-كۈنىنى «دۇنيا ئاياللىرىنىڭ كۈرەش كۈنى» قىلىشنى ماقۇللىغان. بۇ «سەككىزىنچى مارت ئاياللار بايرىمى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**خەلقئارا بىئولوگىيىلىك بىرلىك** <بىئول> ۋىتامىن، گورمون، ئانتىبىئوتىكلار ياكى بىئولوگىيىلىك ئاكتىپ ماددىلار ھاسىل قىلغان ھەمدە خەلقئارادا ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان ئالاھىدە بىئولوگىيىلىك ئېففېكتلارغا ئېھتىياجلىق مەلۇم مىقدارلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**خەلقئارا تاۋار كېلىشىمى** <سودا> مەلۇم بىر خىل تاۋارنى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىپ، ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەت بىلەن ئىستېمال قىلىدىغان (ئىمپورت قىلىدىغان) دۆلەت ئوتتۇرىسىدا، مەزكۇر تاۋارنىڭ باھاسىنى ۋە ئېكسپورت قىلىش مىقدارىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھۆكۈمەتلەر ئارىسىدا ھاسىل قىلىنغان كۆپ تەرەپلىمىلىك كېلىشىم.

**خەلقئارا ترانسكرىپسىيە** <تىل> خەلقئارالىق فونېتىكا ئىلمىي جەمئىيىتى ئىشلەپ چىققان تاۋۇش ئىپادىلەش بەلگىلىرى. دەسلەپكى لايىھىسى 1888-يىلى ئېلان قىلىنغان، كېيىن بارغانسېرى تۈزىتىلىپ، دۇنيادىكى ھەر خىل تىللارنىڭ تاۋۇشلىرىنى خاتىرىلەشكە يېتىدىغان مۇۋاپىق بەلگىلەر قوشۇلۇپ، مەزمۇنى بارا-بارا مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن. ئومۇمەن لاتىن ھەرپلىرىنىڭ كىچىك باسما

شەكلى ئاساس قىلىنىپ، باشقا شەرتلىك بەلگىلەر قوشۇلغان. ئۇ باشقا خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيەلەرگە قارىغاندا، قوللىنىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ترانسكرىپسىيە.

**خەلقئارا سودا** <سودا> ① دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا. ② ھەرقايسى ئەللەر تاشقى سودىسىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى.

**خەلقئارا قانۇن** <قا> ھەرقايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسەت، ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلار، مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى تەرتىپكە سالىدىغان قائىدە-مىزانلارنىڭ ئومۇمىي نامى. بۇ قائىدە-مىزانلار ھەرقايسى ئەللەرنىڭ كېلىشىمى ئارقىلىق تۈزىلىدۇ، تۈزىتىلىدۇ، ۋە يولغا قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ بىرلىككە كەلگەن قانۇن چىقىرىش ئورگىنى ۋە ئىجرا قىلىش ئورگىنى بولمايدۇ، ئۇنىڭ مەنبەسى خەلقئارا شەرتنامىلەر، خەلقئارا رەسىم-قائىدىلەر ۋە خەلقئارا ئورگانلارنىڭ قارارلىرىدىن ئىبارەت.

**خەلقئارا قائىدە** <ت ئىش> خەلقئارا مۇناسىۋەتتە ھەرقايسى ئەللەر ئۇزاق مۇددەت قايتا-قايتا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق شەكىللەندۈرگەن ئادەت، ئۇسۇل ۋە ئۆلگىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**خەلقئاراچە** سۈپ. قەلقئارادا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان، خەلقئاراغا كەڭ تارقالغان ۋە ئومۇملاشقان: خەلقئاراچە چېلىش.

**خەلقئاراچە چېلىش** <تەن> خەلقئارادا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان، خەلقئاراغا كەڭ تارقالغان ۋە ئومۇملاشقان چېلىش. بۇ قەدىمىي شەكىلدىكى خەلقئاراچە چېلىش، ئەركىن چېلىش دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**خەلقئارالاشتۇرماق** «خەلقئارالاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بازارلارنى خەلقئارالاشتۇرماق.

**خەلقئارالاشتۇرۇلماق** «خەلقئارالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بازارلار خەلقئارالاشتۇرۇلدى.

**خەلقئارالاشماق** پ. خەلقئاراغا قاراپ يۈزلەنمەك، خەلقئارا سەھنىگە چىقماق، خەلقئارادا تونۇلماق: بازارلار خەلقئارالاشتى. * كاپىتالنىڭ خەلقئارالىششى ئىلگىرى ئاساسەن ئوبوروت ساھەسىدە ئىشقا ئاشۇرۇلغانىدى. ھازىر يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. * ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىلغار يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىنىش ئادەتلىرىمۇ بارغانسېرى خەلقئارالىشىش ۋە زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە.

**خەلقئارالىق** سۈپ ① خەلقئارا سەۋىيىگە يەتكەن، خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان: خەلقئارالىق رېپىرى. * بۇ مۇسابىقىگە قاتناشقان ياپونىيە تېز تېيىلىش كوماندىسىدىكى 11 نەپەر ئەر-ئايال تەنھەرىكەتچى ئىچىدە، بىرەيلەن 1000 مېترلىق خەلقئارالىق رېكورتنى ساقلاپ قالدى. ② خەلقئارادا كەڭ تارقالغان، خەلقئارادا ئومۇملاشقان، خەلقئارادا يۈرگۈزۈلىدىغان: خەلقئارالىق نوتا. خەلقئارالىق قانۇن. * نوتا ئىككى خىل بولۇپ، بىرى ئىتالىيىدە بارلىققا كەلگەن بەش سىزىقلىق نوتا، بۇ نوتا خەلقئارالىق نوتا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. * بۇ ھەمكارلىق خەلقئارالىق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتتە ساقلىنىۋاتقان تەڭسىزلىكنى بۇزۇپ تاشلاشقا ۋە خەلقئارا يېڭى ئىقتىسادىي تەرتىپ ئورنىتىشقا پايدىلىق بولۇپ، ئۇلۇغ ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

**خەلقئارالىق رېپىر** <تەن> خەلقئارالىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا رېپىرلىق خىزمىتىنى ئۆتەش سالاھىيىتىگە ئىگە رېپىرلار ياكى شۇ رېپىرلىق خىزمىتىنى ئۆتەۋاتقان كىشى.

**خەلقئارالىق ئورتاق باشقۇرۇش** <ت ئىش> مەلۇم رايون، دۆلەت ياكى مەلۇم دۆلەتنىڭ بىر قىسىم تۇپرىقىدا، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ دۆلەتنىڭ بىرلىكتە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ياكى ئۇنى باشقۇرۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**خەلقپەرۋەر** سۈپ [ئە+پ] خەلققە غەمخورلۇق قىلىدىغان، خەلق مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان؛ ھەر دائىم خەلق تەرىپىدە تۇرىدىغان، خەلقنى سۆيىدىغان، خەلقچىل: **خەلقپەرۋەر ئادەم. خەلقپەرۋەر رەھبەر. * بىز ئۇنىڭ مۇشۇ ھەرىكەتلىرىدىن ئۇنىڭ خەلق بىلەن ھەمنەپەس، خەلقپەرۋەر ئۇلۇغ زات ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالدۇق.**

**خەلقپەرۋەرلىك** «خەلقپەرۋەر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: **رۇزبە شاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپتۇ. پۈتۈن يۇرت ئەھلى ئۇنى مۇبارەكلەپتۇ. رۇزبە خەلقپەرۋەرلىك، ئادىللىق بىلەن يۇرت سوراپتۇ.**

**خەلقچىل** سۈپ. خەلق بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان؛ خەلق روھى، مەدەنىيىتى ۋە دۇنيا قارىشىغا ماس كېلىدىغان، خەلق مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان، خەلقپەرۋەر، دېموكراتىك: **خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىزنى جۇڭگودىكى خەلقچىل ئىلغار كىشىلەر دەپ ئاتايتتى. * ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى خەلقچىل ئىلغار كۈچلەر خەلق كۈچىگە تايىنىش بىلەن بىللە ھەربىي كۈچكە تاياندى ۋە بۇ كۈچنى ئۆز قوللىرىدا چىڭ تۇتتى. * يېڭى قۇرۇلغان خەلقچىل ھۆكۈمىتىمىز 11 ماددىلىق بەلگىلىمىگە ئاساسلانغان سىياسىي ئىشلارنى ئەمەلگە قويۇش قوللانمىسىنى تۈزۈپ چىقتى.**

**خەلقچىللىق** «خەلقچىل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: **ھەمراھ گۇرۇپپىسىدا بولسا ھەربىر ئىش خەلقچىللىق ئاساسىدا ھەممىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن ھەم پىلانلىق، بىر-بىرىگە ھەق قايتۇرۇشتا ئادىللىق بىلەن بولدى. * يولداش ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق يولداشلار شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىك، خەلقچىللىق ۋە تىنچلىق ئۈچۈن قىلغان كۈرەشلىرىنىڭ يولباشچىلىرىدۇر.**

**خەلقئالەم** ئى [خەلق+ى+ئالەم] بىرەر يۇرتنىڭ پۈتۈن خەلق ئاممىسى؛ بارلىق جامائەت، خەلق: **بۇ ئىشتىن بىز خەلقئالەم ئىچىدە يۈزىمىزنى كۆتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالدۇق. * ئۇنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى خەلقئالەمنى قايىل قىلدى.**

**خەلىپە** ئى [ئە] ① بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى سىياسىي-دىنىي داھىلارنىڭ نامى، ئىمام. ② ئۇزۇن باسار.

**خەلىپىلىك** ① «خەلىپە» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى. ② ئى. خەلىپە ئالىي ھۆكۈمران بولىدىغان دۆلەت تۈزۈمى ۋە شۇ خىل تۈزۈمدىكى دۆلەت: **ئەرەب خەلىپىلىكى. باغداد خەلىپىلىكى.**

**خەمەك** I ئى [پ] يېڭى چۈشكەن سويما: **بىر پىيلەكتە مىڭ خەمەك (ماقال). * بوۋاقنىڭ يۇمران تېرىسدەك ئەمدى چېچەكدىن ئايرىلغان خەمەكلەر شۇ ھالەتتە مادارىدىن كېتىپ، ھېلھېلگە ئايلاندى. * قۇرغۇي قونمىغان دەرەخ، خەمەك سالمىغان پىيلەك. ئونبەش ياشتا يار تۇتۇپ، يارغا قانمىغان يۈرەك.**

**خەمەك تويچە** ئالتۇن-كۈمۈشتىن كۆز قويۇپ ئىشلەنگەن، شەكلى خەمەككە ئوخشايدىغان تويچە، چاپاننىڭ بىر خىل تۈگمىسى.

**خەمەك** II ئى. ئارغامچا ئېشىشتە ئىشلىتىلىدىغان، ئېللىپس شەكىللىك؛ سىرتقى قىسمىغا تالا-تالا قىلىپ ئۈچ ياكى تۆت

ئېرىقچىلار ئۆيۈلغان بىر خىل ياغاچ سايىمان.

**خەمەكسىز** سۈپ. خەمىكى يوق، خەمەك چۈشمىگەن: پېلەككە ئالدىنىپ خەمەكسىز قاپتۇ (ماقال). * سوتسىيالىستىك تۈزۈمدە باي بولۇش يوللۇق تىلەك، پارتىيە يولباشچىمىزدۇر، تالمىسۇن ئىشچان بىلەك. ئەمدى ئۆتمەيدۇ بازارغا بولسا خەمەكسىز پېلەك، بىر مىسال، ھېچكىمنى شاد-خۇش قىلمىغاي سۆتسىز ئىنەك.

**خەمەكلىمەك** پ. خەمەك چۈشمەك: جان كۆندە چېچەكلەمدۇ، قوغۇن كۆندە خەمەكلەمدۇ (ماقال). * ئىيۇننىڭ ئاخىرى بۇغدايلار تاختا بولۇپ چېچەكلىگەن، قوغۇن-تاۋۇزلار راسا خەمەكلەۋاتقان، باغدا كاككۇك-بۇلبۇللار تازا مەست بولۇشقان كۈنلەر-نىڭ بىرىدە، كەچقۇرۇن كۈنپېتىشتا تونۇردىن چىقىۋاتقان قوراي ئىسىدەك، قاپقارا بۇلۇت پەيدا بولدى.

**خەمسە** ئى [ئە] <ئەد> بەش مۇستەقىل داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەسەر: ناۋايىنىڭ خەمسىسى.

**خەمسىچىلىك** ئى <ئەد> مەخسۇس خەمسە يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى: شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتىدا خەمسە يارىتىش ئەنئەنىگە ئايلانغان، نىزامىدىن كېيىن خەمسىچىلىكتە، ھىندىس-تانلىق شائىر خىسراۋ دېھلەۋى، تاجىك شائىرى ئابدۇراخمان جامى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرى ناۋايى ناھايىتى كاتتا مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن.

**خەنجەر** ئى [پ] ئىككى بىسلىق، ئۇرۇش قورالى قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان بىر خىل چوڭ پىچاق: ۋەزىر: ــ مېھرىنىڭ ماڭا خېلى مەيلى بار ئىكەن، كۆكسىدىن بىر ئەركىلىتەي، ــ دەپ قول ئۇزاتقانىكەن، مېھرى خوجا ۋاپانىڭ خەنجىرى بىلەن شۇنداق ئۇرۇپتىكى، خەنجەر ۋەزىرنىڭ كۆكرىكىگە تىكىپتۇ.

**خەنجەر چىشلىق ئاققۇيرۇق** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى بىر خىل ھايۋان. تەن شەكلى بۇغىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن سەل كىچىك، تېنىنىڭ يۇقىرىسى سېرىق قوڭۇر، قورسىقى ئاق، تۈكلىرى توم كېلىدۇ، مۈڭگۈزى بولمايدۇ. چاڭجياڭ دەريا بويلىرىدا، فۇجيەن ئۆلكىسى ئەتراپلىرىدا ياشايدۇ. تېرىسىدىن خۇرۇم ئىشلىگىلى بولىدۇ.

**خەنجەر يوپۇرماقلىق پىچانگۈل** <بوت> تۈلكە مايىقى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇزۇن ۋە تۇخۇمسىمان شەكىلدە بولۇپ، توپلىشىپ ئۆسىدۇ؛ گۈلى يازدا ئېچىلىدۇ، رەڭگى سارغۇچ يېشىل بولۇپ، سۆسۈن يوللىرى بولىدۇ، خۇش بۇي پۇرايدۇ؛ ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**خەنجەرسىمان** سۈپ [پ]. شەكلى خەنجەر-گە ئوخشايدىغان، خەنجەر شەكىللىك: تۇيۇقسىز «قاراس-قۇرۇس» قىلىپ ھەيۋەتلىك گۈلدۈرلىگەن گۈلدۈرماما ساداسى ئىچىدە، «يالت-يۇلت» قىلغان خەنجەرسىمان بىرپارچە ئوت تۈن قاراڭغۇلۇقىنى يىرىپ ئۆتتى. * بۇيرۇسا جانىم ۋەتەن دادىل يېرىپ كەلگۈن ــ قىيان، چىقمەن مەغرۇر بېسىپ خەنجەر-سىمان تىك تاغقا مەن.

**خەنجەرلىك** سۈپ ① خەنجىرى بار، خەنجەر تۇتقان: ئاتابېك كۆچىنىڭ بارىچە سادىقنى بېسىپ چۈشتى. ئۇنىڭ سول قولى سادىقنىڭ كانىيىدا، خەنجەرلىك قولى سادىقنىڭ خەنجەرلىك قولىدا ئىدى. ② خەنجەر بېكىتىلگەن: ئوردا تەرەپتىن يوغان ئاتلارغا مىنگەن، يېنىدا چېكى بار ئۇزۇن قارا چاپاننى كىيىپ، بەللىرىنى پوتا بىلەن باغلىغان، خەنجەرلىك مىلتىقلارنى ئاسقان چېرىكلەر چىقىپ كەلدى.

**خەنجەرلىمەك** پ. خەنجەر ئۇرماق، خەنجەر سانجىماق: ــ مېنىڭ گۈزەل ئورمىنىمدا جان بېرىپ، ساڭا ئوزۇق بولماقچىمۇ بۇ گۆدەك؟ ــ

دېدى يىگىت. * كەتتى ئۇنى خەنجەرلەپ، ئېيىق يېتىپ قالدى قارا قەبرىدەك.

**خەنجەرۋاز** ئى [پ] خەنجەر ئىشلىتىشكە، خەنجەر ئۇرۇشقا ماھىر كىشى.

**خەنجەرۋازلىق** ئى. خەنجەر ئىشلىتىش، خەنجەر ئۇرۇش ماھارىتى: خەنجەرۋازلىق قىلماق.

**خەندان** ئى [پ] يېز ت. شوخ كۈلكە، قاتتىق كۈلكە: مول ھوسۇلنىڭ شادلىقىدا نەغمە-ناخشا ئۈزگىچە، جۇش ئۇرۇپ ياڭرايدۇ دېھقان قەلبى خەنداندىن بۈگۈن. * سەھەر كىرسەم گۈلباغ خۇش خۇي، ئېچىلىپتۇ ياشناپ قىزىلگۈل. خەندان ئۇرۇپ ئەلنىڭ ئىشقىدا، تىنىم تاپماي سايرايتتى بۇلبۇل.

**خەندان ئەيلىمەك** شوخلۇق بىلەن كۈلمەك؛ قاقاقلاپ كۈلمەك: خۇش كەلدىڭ بۇلبۇل بۇ باغ ئارا خەندان ئەيلەپ سايرىمايسەن نە بولدى؟ خۇشتارسەن غۇ، چىمەنزارلىق باغلارغا، گۈلنى كۆيلەپ سايرىمايسەن نە بولدى؟ * گۈل رىزا ھىجران تىغى باغرىن قىزىل قان ئەيلىسە، ئاچلۇر بۇلبۇل كېلىپ شاخىدا خەندان ئەيلىسە.

**خەندان قىلماق** ← **خەندان ئەيلىمەك**: ئىس-تۈتەكنىڭ ئاچچىقىنى ھەممىدىن تۇرخۇن بىلەر، مەن كۆيۈپ دەشتلەردە يۈرسەم، باغدا خەندان قىلدىلا.

**خەندان ئۇرماق** ← **خەندان ئەيلىمەك**: ساندۇلاچ تەلمۈردى، كۈتتى، تا تاڭغىچە گۈلگە قاراپ. سايرىدى خەندان ئۇرۇپ، گۈل-غۇنچىدىن ئالغاچ جاۋاب. * ماڭلايدىن ئاققان تەرنىڭ بەھرىدىن، بىخ سۈرۈپ ئۈستى نوتا-سۇمبۇللار. باھار ئىلھامى بېرىپ زوق-ھەۋەس، سايرىدى خەندان ئۇرۇپ بۇلبۇللار.

**خەندە** ئى [پ] يېز ت. كۈلكە، تەبەسسۇم: چالدىم ئۇنى شوخ سايرىتىپ يېشىل چىمەندە. قارلىغاچلار ئۇسسۇل ئويناپ قىلىشتى خەندە. * ئاشۇ كۈلگە كەلگەندە، ئاڭلىنىپتۇ بىر خەندە. دەپتۇ يوچۇن زات «قېنى، جۇرئەت بارمۇ-يوق سەندە؟»

**خەندەك** ئى [ئە] ① <ھەرب> دۈشمەننىڭ ئۆتەلمەسلىكى ئۈچۈن قېزىلغان چوڭ ۋە ئۇزۇن چوڭقۇرلۇق: سېپىل خەندىكى. * ئۇلار بۇ يەردە يېڭىدىن قۇرۇلغان ھەربىي قورغاننىڭ ئەتراپىدا خەندەك كولىشى لازىم ئىدى. * گومىنداڭچىلار ساۋەن شەھىرىنىڭ تۆت ئەتراپىنى ئوراپ، كەڭلىكى ئۈچ مېتىر، چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىر خەندەك كولاشقا پۈتۈن خەلقنى ھاشارغا ھەيدىگەنىدى. ② بىرەر نەرسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ساقلاش قاتارلىقلار ئۈچۈن كولانغان ئۇزۇن چوڭقۇرلۇق: ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئىشتىپاق ياچېيكىسىدىكى 19 نەپەر ئىشتىپاق ئەزاسى خالىسانە ئەمگەك قىلىپ، 200 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا خەندەك كولاپ، تۇرۇبا كۆمۈپ، بالىلار يەسلىسىنىڭ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەردى.

**خەنزۇ** ئى [خەن] <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ياكى شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**خەنزۇ تىلى** <تىل> خەنزۇلار قوللىنىدىغان تىل. ئۇ مەملىكىتىمىزدە ئاساسلىق تىل ھېسابلىنىدۇ، خەنزۇ-زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدۇ. ھازىرقى خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى شىمالىي خۇڭگو دىئالېكتى ئاساسىدىكى بېيجىڭ تەلەپپۇزىنى ئۆلچەم قىلىدۇ.

**خەنزۇ-زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى** <تىل> تىللارنى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى جەھەتتىن كلاسسىفىكاتسىيە قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ئايرىلغان بىر خىل تىللار سىستېمىسى. بۇ سىستېمىدىكى تىللار ئاساسەن مەملىكىتىمىزدە، ۋيېتنام، لائوس، تايلاند، بىرما، بۇتان، سىككىم، نېپال، ھىندىستان قاتارلىق مەملىكەتلەردە قوللىنىلىدۇ. بۇ تىللار سىستېمىسى خەنزۇ، زاڭزۇ-مىيەنزۇ تىللىرى تۈركۈمى، مياۋزۇ-ياۋزۇ تىللىرى

تۇركۇمدىن ئىبارەت ئۈچ تىل تۇركۇمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**خەنزۇچە** ① سۈپ. خەنزۇلارغا، خەنزۇ خەلقىگە، خەنزۇ تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت، خەنزۇ خەلقىگە خاس بولغان: **خەنزۇچە چاپان.** ② رەۋ. خەنزۇ تىلىنى ئىشلىتىپ، خەنزۇ تىلىنى ۋاستە قىلىپ: **خەنزۇچە سۆزلىمەك.** ③ ئى. خەنزۇ تىلى ياكى يېزىقى: **خەلىم خەنزۇچىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. * مېنىڭ سەھرادىن ئەمدىلا چوڭ شەھەرگە كەلگەن، خەنزۇچىدىن ساۋادى بولمىغان ئايالىم ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئەلۋەتتە بىلمەيتتى.**

**خەنزۇشۇناس** ئى. خەنزۇلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى، تىل-يېزىقى ۋە باشقا تەرەپلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس.

**خەنزۇشۇناسلىق** ئى. خەنزۇلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى، تىل-يېزىقى ۋە شۇ قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش ئىلمى: **ھامبۇرگ داشۆسىنىڭ شەرقشۇناسلىق فاكۇلتېتىدا خەنزۇشۇناسلىق، زاڭزۇشۇناسلىق، تۈركشۇناسلىق، ئىسلام تەتقىقاتى، قەدىمكى شەرق تەتقىقاتى قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىنغان.**

**خەنزۇلار** ئى <ئىرق> خەنزۇ مىللىتى، خەنزۇ خەلقى. ئۇلار مەملىكىتىمىزدە شۇنداقلا دۇنيادا نوپۇسى ئەڭ كۆپ بولغان بىر مىللەت. پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان، ئىرق جەھەتتىن سېرىق تەنلىكلەرگە كىرىدۇ.

**خەۋەر** ئى [ئە] ① بىرەر نەرسە ياكى ھادىسە، ئىش ۋە باشقىلار ھەققىدىكى مەلۇمات؛ دېرەك، ئۇچۇر، ئاخبارات: **خەۋەر بەرمەك. خەۋەر تاپماق. خەۋەر قىلماق. يېڭى خەۋەر. خۇش خەۋەر. شۇم خەۋەر. خەۋەر ئاڭلىماق. * سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۆرۈچ دەم يەپتۇ (ماقال). * ئۇ ھەممە روھىي ئازابلارغا چىداپ، رېژىسسورنىڭ خەۋىرىنى كۈتۈشكە بەل باغلىدى.** ② <تىل> جۈملىنىڭ ئىگە توغرىسىدىكى بايانى، يەنى جۈملە ئىگىسىنىڭ قانداقلىقىنى ياكى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگۈچى بۆلىكى: **جۈملە خەۋىرى.**

**خەۋەر ئالماق** ① بىرەر ئىش، ھادىسە ياكى مەسىلە ھەققىدە خەۋەردار بولماق، خەۋەر تاپماق: **ئەختەم ئۇ رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىدىن تېخىچە خەۋەر ئالالمىدى.** ② كۆچمە. بىركىمنىڭ ھال-ئەھۋالىدىن ھەر دائىم خەۋەردار بولۇپ تۇرماق؛ باقماق، قارىماق: **كېسەلنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماق. * ئادىل ئانىسىنىڭ زەئىپ چىرايى ۋە ھالسىز تۇرقىغا ئېچىنىپ، يېنىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ خەۋەر ئالاتتى.**

**خەۋەر بەرمەك** ← **خەۋەر قىلماق: سۆزلىگىلى تىلىڭ يوق، قەمەر شاھقا دىلىڭ يوق. ئۇچۇپ بېرىپ يارىمغا، خەۋەر بەرسەڭ نە بولغاي.**

**خەۋەر تاپماق** خەۋەرگە ئىگە بولماق، خەۋەردار بولماق: **ئەتىسى، مەلىكە ھاتەمنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئىنىكئانىنى ئەۋەتتى. * ئۇ بىرنەچچە كۈنگىچە ئۆيىدىن تالاغا چىقمىدى، سۈرۈشتۈرگۈچىلەر ئۇنىڭ تۇيۇقسىز بىتاب بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى.**

**خەۋەر جۈملە** <تىل> ← **بايان جۈملە.**

**خەۋەر قىلماق** بىرەر مەسىلە، ئەھۋال، ھادىسە، ئىش-ھەرىكەت قاتارلىقلار ھەققىدىكى خەۋەرنى يەتكۈزمەك، ئۇقتۇرماق؛ خەۋەرلەندۈرمەك: **ئەتىسى يەنە بىرمۇنچە كىشلەر خامۇشنى ئىزلەپ، تەرەپ-تەرەپكە كېتىشتى. شۇ ئارىدا، كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ ئۆلۈكى تېپىلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. * مەلىكىنىڭ ئادەملىرى مېھمانلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى مەلىكىگە**

خەۋەر قىلدى.

**خەۋرى بار** ① بىرەر ئىش، بىرەر نەرسە ھەققىدە مەلۇماتنى بىلىدىغان؛ خەۋەردار: بۇ ۋەقەدىن ئۇنىڭ خەۋرى بار. * زاھىدە بىلەن يېقىن دوست بولغانلىقىم ئۈچۈن، سىلەرنىڭ مۇھەببەتلار توغرىسىدىكى خېلى كۆپ ئىشلاردىن خەۋرىم بار. ② بىرەر ئىش ياكى ھۈنەرنى بىلىدىغان، ئۇنى قىلىش، بېجىرىش قولىدىن كېلىدىغان: توقۇمىچىلىقتىن خەۋرى بار قىز. دېھقانچىلىقتىن خەۋرى بار. * مېنىڭ تەرجىمانلىقتىن ئاز-تولا خەۋرىم بار.

**خەۋرى يوق** ① بىرەر ئىش، بىرەر نەرسە ھەققىدىكى مەلۇماتنى بىلمەيدىغان، بۇ ھەقتە مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، خەۋەرسىز: ئۇ ۋەقەدىن ئۇكامنىڭ خەۋرى يوق ئىكەن. * بۇ ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمىمۇ-ئەمەسمۇ، خەۋرىم يوق، پەقەت ئانارچى قارىي دېگەننى ئاڭلىغان، ئەسلىي ئىسمىنى ئاڭلاپ باقمىغان. ② بىرەر ئىش ياكى بىرەر ھۈنەر، كەسىپنى بىلمەيدىغان؛ بىرەر ئىش ياكى ھۈنەر، كەسىپ قولىدىن كەلمەيدىغان؛ بىخەۋەر: يېزىقچىلىقتىن خەۋرى يوق ئادەم. * ئۇ ئايالنىڭ ماشىنچىلىقتىن خەۋرى يوق. * — ئەدەبىي ئەسەر سۈپىتىدە، — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ يۇمشاق ئاۋازى بىلەن سوغۇققىنا قىلىپ، — بۇنىڭ قىلچە قىممىتى يوق، بۇنى پەقەت ئەدەبىياتتىن تامامەن خەۋرى يوق كىشىلەرلا ماختىشى مۇمكىن.

**خەۋەرچى** ئى. خەۋەر بەرگۈچى، مەلۇم قىلغۇچى كىشى: رەپىق ئاكا ئۆزى ئەۋەتكەن خەۋەرچىدىن، باخشىنىڭ ئۇ يەردىن قوغلاندى قىلىنغانلىقىنى ئاللىقاچان ئاڭلىغانىدى. * زەرگەر قولىغا ئېسىلىپ يىغلاۋاتقان بۇ ئايالغا سىنچىلاپ قارىسا، ئۇ شەمسۇنناھارنىڭ ھېلىقى خەۋەرچى كېنىزەك قىزى ئىكەن.

**خەۋەرچىلىك** ئى. خەۋەر بېرىش، خەۋەر يەتكۈزۈش ئىشى، پائالىيىتى: مىجەزى چۇس، كۆچلۈك يىگىت سەمەت تاغقا چىققاندىن بېرى، ئات چېپىپ تاغ ئايلىنىپ يۈرۈپ، خەۋەرچىلىكنى كىشى رازى بولغۇدەك ئىشلەپ كېتىۋاتاتتى. ھەممىسى بۇنىڭدىن خۇش ئىدى.

**خەۋەردار** سۈپ [ئە+پ] ① خەۋرى بار، ۋاقىپ: ئەنۋەر باياتىن بېرى نادەم بىلەن ۋارىسجان ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان گەپلەردىن خەۋەردار ئىدى. * ئايشەم بۇ قىزچاقنىڭ ئائىلە ئەھۋالىدىن ئانچە-مۇنچە خەۋەردار ئىدى. ② بىرەر ئىش ياكى ھۈنەر-كەسىپنى بىلىدىغان، ئۇنى قىلىش قولىدىن كېلىدىغان: ئۇ رۇس، خەنزۇ، ئىنگلىز تىللىرىنى پۇختا بىلىدىكەن، ئەرەب، پارس، قەدىمكى ئۇيغۇر تىللىرىدىنمۇ ياخشى خەۋەردار ئىكەن.

**خەۋەردار بولماق** خەۋەرلەنمەك، ئۇقماق، ۋاقىپلانماق: بىز يېزىمىزدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن خەۋەردار بولدۇق. * لۇتپۇللا دېھقانلارنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ، ئىلگىرى بايقىمىغان نۇرغۇن نەرسىلەردىن خەۋەردار بولدى.

**خەۋەردار قىلماق** خەۋەرلەندۈرمەك؛ ئۇقتۇرماق، ۋاقىپلاندۇرماق: مىرئەلى شىرمۇھەممەتنى تاشۋاينىڭ ئەھۋالىدىن قىسقىچە خەۋەردار قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، شىرمۇھەممەتنىڭ ھودۇقۇشلىرىمۇ سەل بېسىلغاندەك بولدى. * ئۇنىڭ دەرھال ئوردىغا بېرىپ، بۇ ئىشلاردىن ۋاڭنى خەۋەردار قىلغۇسى كېلىپ كەتتى. لېكىن يەنە ئويلىنىپ قالدى.

**خەۋەرسىز** سۈپ. خەۋرى يوق، خەۋەردار ئەمەس، بىخەۋەر، ئۇقمايدىغان: ئادىل تېخى نۇرغۇن نەرسىلەردىن خەۋەرسىز ئىدى. * ۋەزىرنىڭ ئوغلى سارايدا كېنىزەكنىڭ ياشاپ يۈرگىنىدىن خەۋەرسىز ئىدى. * ئۇ توكۇلدىتىپ مىخ تۇزلەپ ئولتۇرۇپ، ئايۋان ئۆيدە ئانىسى بىلەن دادىسى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ ئىشتىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز قالدى.

**خەۋەرلەشمەك** پ. بىر-بىرىگە خەۋەر يەتكۈزمەك، بىر-بىرىنى خەۋەردار قىلماق، ئۆزئارا ئۇقۇشماق: مەكتەپنىڭ ئائىلەر بىلەن خەۋەرلىشىپ تۇرۇشى ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى تەربىيەلەشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى.

**خەۋەرلەندۈرمەك** «خەۋەرلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن شۇ خىياللاردىن كېيىن، ئوغلۇمنىڭ بوغچىسىنى ئالدىم-دە، تاماق ئېتىش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان ئايالىمنى ئۆز ئىشىمدىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇش مەقسىتىدە، ئاشخانا ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى قاتتىق يېپىپ قويدۇم. * مەن نىجاتنىڭ ھەققىي ئەھۋالدىن سىزنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇشنى مەجبۇرىيىتىم دەپ ھېس قىلغاندىم.

**خەۋەرلەندۈرۈلمەك** «خەۋەرلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: جىياڭ جېيشى ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتا، ئىشەنچلىك خەلقئارا كاپالەتكە ئىگە بولمىغان بولسا، مىللىي ئارمىيىنىڭ شىددەتلىك بۆسۈپ كېتىۋاتقان ھەربىي قىسىملىرىغا بېرىلىدىغان كۈتۈلمىگەن رادىئوگراممىنىڭ مەزمۇنىدىن ئالدىن خەۋەرلەندۈرۈلمىگەن بولسا، يۇقىرىقى سۆزنى ئېيتمىغان بولاتتى.

**خەۋەرلەنمەك** پ. بىرەر ئىش، بىرەر ئەھۋال، ھادىسە ياكى بىرەر مەسىلە قاتارلىقلاردىن خەۋەر تاپماق، خەۋەردار بولماق، ۋاقىپ بولماق، ۋاقىپلانماق: ئۇ ۋەزىيەتتىن خەۋەرلەندى. * مەكتەپ مۇدىرى مەكتەپنىڭ ئەھۋالدىن خەۋەرلەندى.

**خەۋەرلىشىش** «خەۋەرلەشمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: خەۋەرلىشىش قىسىملىرى. خەۋەرلىشىش بۆلۈمى. خەۋەرلىشىش تورى. خەۋەرلىشىش مۇسابىقىسى.

**خەۋەرلىشىش تورى** <ھەرب> كەڭ تارقالغان نۇرغۇن رادىئو ئىستانسىلىرى ياكى ئىختىيارىي مۇخبىرلاردىن تەركىب تاپقان بىر پۈتۈن تەشكىلىي قۇرۇلما.

**خەۋەرلىشىش مۇسابىقىسى** <تەن> تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىنىڭ بىر خىلى. ئۇ ۋاقىت، مۇساپە، ئېغىرلىق، ئايلىنىش سانى قاتارلىقلار ئارقىلىق نەتىجە ھېسابلىنىدىغان بىر خىل تەنھەرىكەت تۈرى بولۇپ، بۇنىڭدا، ئوخشاش بولمىغان رايونلاردىكى قاتناشقۇچى ئورۇنلار ئۆز رايونلىرىدا، بەلگىلەنگەن مۇددەت ۋە شەرت بويىچە، تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ نەتىجىسىنى ئېنىقلاپ، ئۇنى مۇسابىقە ئۆتكۈزگۈچى ئورۇنغا ياكى تەشكىلاتقا يوللاپ، باھالىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى، قاتنىشىش دائىرىسى كەڭ، خىراجەت چىقىمى ۋە ۋاقىت ئىقتىساد بولىدۇ. ئاساسىي كەمچىلىكى، ئوخشاش رايوندا بولمىغان تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ نەق مەيداندا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا ئۆگىنىش پۇرسىتى بولمايدۇ.

**خەۋپ** ئى [ئە] بىرەر كۆڭۈلسىزلىك، كۆڭۈلسىز ئەھۋال، ھادىسە ياكى پالاكەتلىك يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى؛ خەتەر، قورقۇنچ، تەشۋىش: خەۋپكە ئۇچرىماق. خەۋپكە دۇچ كەلمەك. * بۇلتۇر يازدا يامغۇر ئاپىتى تۈپەيلىدىن 5-ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ 20 مىڭ جىڭ قىچىسى ۋە 50 مىڭ جىڭ بۇغدىيى خەۋپ ئاستىدا قالدى. * ئۇ تاجىك چارۋىچى نۇرئاخۇننىڭ ئوغلى پامىرنىڭ كېسەل بولۇپ، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال نۇرئاخۇننىڭ بالىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالايدۇ.

**خەۋپ-خەتەر** خەۋپ ۋە خەتەر، بەختسىزلىك: جەڭچىلەر مېنى: ـ خەۋپ-خەتەر كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، دۆلەت مۈلكىنى قۇتقۇزۇپ قالدى، ئىلغار جەڭچى بولۇشقا تېگىشلىك، ـ دېيىشتى. * خەير ئوغلۇم، ساڭا ئاق يول بولسۇن، خەۋپ-خەتەر سەندىن

يىراق تۇرسۇن. دۈشمىنىڭ قان قۇسۇپ ئۆلسۇن، دوستلىرىڭ شاد-خۇرام كۈلسۇن.

**خەۋپ-خەتەرسىز** خەۋپ-خەتىرى يوق، خەۋپ-خەتەر يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولمىغان، خەۋپسىز: «مانا ئەمدى بۇ يەردە خەۋپ-خەتەرسىز، ئەندىشىسىز، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈش مۇمكىن» دەپ ئويلىدى ئۇ. * بۈرۈنقى «تىكەن» پارولىنىڭ ئورنىنى «مايمۇن-خوزى» ئىگىلىگەندى، يول-يوللاردا سورالغان پارولغا سەمەت-نىڭ ھودۇقماي-تەمتىرىمەي، تەمكىنلىك بىلەن توغرا جاۋاب بېرىشى بىلەن، ئاخىر ئۇلار يېڭىشەھەر سېپىلى ئىچىگە خەۋپ-خەتەرسىز كىرىپ كەتتى.

**خەۋپ-خەتەرلىك** خەۋپ-خەتىرى بار، خەۋپ-خەتەر يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان، خەتەرلىك: ئۆتكىلى بولغايمۇ ھىجران تاغدىن، خەۋپ-خەتەرلىك دەمدە يولداش بولمىسا.

**خەۋپسىرىمەك** پ. بىرەر كۆڭۈلسىز ھادىسە يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىدىن تەشۋىشلەنمەك، چۆچۈمەك، قورقماق؛ خەۋپلەنمەك؛ خەۋپلىك ھېس قىلماق: زەرگەر يېرىم گۈھەر ئۈچۈن تۆھمەتكە قېلىپ، كالىسىنىڭ كېتىشىدىن خەۋپسىرەپ، بېشى قېتىپ، كېسەل بولۇپ يېتىپ قېلىپتۇ. * قادىر ئاكا ئۇلارنىڭ نېمىدىندۇر خەۋپسىرەپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى.

**خەۋپسىز** سۈپ. خەۋپى يوق، خەۋپ-خەتەر يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولمىغان، خەتەرسىز، تىنچ: خەۋپسىز يەر. * گەر خەتەر بولسا ئۆيۈم يۆتكەپ كېتەي، بىر خەۋپسىز جايغا مەن دەرھال يېتەي. // بۇ يەردە مەن قانداق خەۋپسىز تۇرسام، تاغلاردىمۇ شۇنداق تۇرىمەن.

**خەۋپسىزلەندۈرمەك** ① «خەۋپسىزلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② تارقاق ھالەتتىكى مەبلەغنى مەركەزلەشتۈرۈپ تاسادىپى ھادىسە، ئاپەت، ئۆلۈم-يېتىمدىن چىققان زىياننى تولدۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرمەك، سۇغۇرتا قىلماق: جۇڭگو خەلق ئىستراخوۋانىيە شىركىتى بۇ سۈنئىي ھەمراھنى قويۇپ بېرىشتە، خەۋپسىزلەندۈرۈش كەسپىنى بېجىردى.

**خەۋپسىزلەندۈرۈلمەك** «خەۋپسىزلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىخەتەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بارلىق قاتناش ئەسلىھەلىرى خەۋپسىزلەندۈرۈلدى.

**خەۋپسىزلەنمەك** پ. تىنچ ۋە خاتىرجەم ئەھۋال بارلىققا كەلمەك، خاتىرجەم بولماق؛ خەۋپتىن قۇتۇلماق: «قەدىرلىكىم، مەن مېھرىبان ئاتا-ئانىغا ئىگە بولدۇم. كېچىلىرىم خەۋپسىزلەندى. بىراق سىزنى تولىمۇ سېغىنىمەن» دەپ يازىدۇ ئۇ مۇھەببەتلەشكەن قىزىغا يازغان خېتىدە.

**خەۋپسىزلىك** «خەۋپسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: خەۋپسىزلىكنى قوغدىماق. * ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى خەلق مەنپەئەتىگە ۋە دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە ئالاقىدار مۇھىم بىر مەسىلىدۇر. // خەلق ساقچىلىرى ئۇنى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىغا ئېلىپ ماڭدى.

**خەۋپسىزلىك كېڭىشى** <ت ئش> بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇھىم بىر ئاپپاراتى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئاساسىي نىزامنامىسىدا بەلگىلىنىشىچە، ئۇ، ب د ت دا خەلقئارا تىنچلىق ۋە خەۋپسىزلىكنى ساقلاش يولىدا ھەرىكەت قوللىنىدىغان بىردىنبىر ئاپپاراتتۇر.

**خەۋپلەنمەك** پ. بىرەر خەۋپنى ھېس قىلماق، خەۋپسىرىمەك، تەشۋىشلەنمەك: چۆچۈگەن قىز خەۋپلىنىپ كەلگۈندىن، ئاتنى بۇراپ ياندى دەرھال كەينىگە. تۆۋەن تامان ئوقتەك ئۇچۇپ كەتتى ئات، قىز يورغىنى قويۇپ بەردى مەيلىگە.

**خەۋپلىك** سۈپ. خەۋپى بار، خەۋپ-خەتەر يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان، خەۋپ تۇغۇلىدىغان، خەتەرلىك، قورقۇنچلۇق: خەۋپلىك پەيت. * خالمۇرات ئەھۋالنى خەۋپلىك بىلىپ، دەريانىڭ سوغ سۈيىگە چۈشتى-دە، نۇراخۇننىڭ يېنىغا يېتىپ باردى. * ئىنسان بولمىغان ئورماندا يالغۇز قېلىش خەۋپلىك ئىدى.

**خەي** ئى [خەن] پاختا رەخت ۋە ھەر خىل توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن ئاياغ كىيىمى: گۇمبۇر قىلدى كارامەت، تولدى ئەتراپ توزانغا. دۈشمەنلەرنىڭ خەيلىرى، ئۇچۇپ كەتتى ئاسمانغا.

**خەيدەي** ئى [خەن] <بوت> قوڭۇر يۇسۇنلەرنىڭ بىر خىلى. دېڭىز ئاستىدىكى تاشلارنىڭ ئۈستىدە ئۆسىدۇ، شەكلى تاسمىغا ئوخشايدۇ، تەركىبىدە كۆپ مىقداردا يود ماددىسى بولىدۇ. ئۇنى ئىستېمال قىلىش ئارقىلىق، قالقانسىمان بەز ئىششىقىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە يود ۋە كالىي ئېلىشقا بولىدۇ. تىبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ. ئادەتتە، سەي ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**خەير** [ئە] ① ئى. بىركىمگە بېرىلىدىغان ياكى بېرىلگەن سەدىقە، ئېھسان: خەير قىلماق. خەير بەرمەك. * ــ تولا كاپشىما، پۈتۈن دۇنىنى خەيرگە بېرىۋەتكىلى تاس قالدىڭغۇ! ــ دېدى ئۇ دۈيجاڭغا خاپا بولۇپ. ② تىر. «ياخشى»، «مەيلى»، «خوپ، نېمە بولسا مەيلى» دېگەن مەنىدە قىستۇرما سۆز رولىدا كېلىدۇ: خەير، دېگىنىڭىز بولسۇن. * سىز ئارىغا چۈشۈپ قالدىڭىز، خەير، بوپتۇ. * ئۇستام، ئاۋۇ كىشىنى ئاۋارە قىلمىغىچە، ئۆزلىرىلا كېلىۋەرگەن بولسىلا بوپتىكەن، خەير، بوپتۇ. ③ ئىم. خەيرلەشكەندە، «خوش»، «يەنە كۆرۈشەرمىز»، «خۇداغا ئامانەت» قاتارلىق مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ: خەير، بىز كەتتۇق. * خەير، ياخشى چۈش كۆرسىلە. * ئۇ بىردەم جىم بولۇپ قالدى. كېيىن ماڭا قاراپ كۈلدى-دە: ــ خەير! «يۈسۈپ ئەخمەت بوز ئوغلان» داستانىغا ئوخشىغان كىتابلار بىلەن خەلقىمىزنىڭ تېزرەك يۈز كۆرۈشىنى تىلەيمەن، ــ دەپ كېتىپ قالدى.

**خەيرچى** ئى. خەير-ساخاۋەت تەلەپ قىلغۇچى، تىلەمچى، قەلەندەر: خەيرچىلەر ئېچىلغانلىكى دۇكان ياكى ئىشىك ئالدىغا كەينى-كەينىدىن كېلىپ، نالە قىلىپ زارلىناتتى. بەزى دۇكاندارلار پارچە-پارچە پۇللارنى دۆۋىلەپ قويۇپ، ھەربىر خەيرچىگە بىر-ئىككى تىيىندىن بېرەتتى.

**خەيرخاھ** سۈپ [ئە+پ] باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى خالايدىغان، مېھرىبان: خەيرخاھ ئادەم. * جۇمەتاينىڭ «ياشاش ئۈچۈن، ئەل بار يەرگە بېرىش كېرەك. ئەل كۆپ، ئەلنىڭ قوينى كەڭ. ساڭا خەيرخاھ كىشىلەر چىقىپ قالىدۇ، ياردەم قىلىدۇ، ئەلنى تاپ، ئەلنى!» دېگەن ئاۋازى ئايقىزنىڭ قۇلىقىدا جاراڭلىغاندەك بولدى. * دىلبەر تاقەتسىز قاراپ تۇرغان نەچچە يۈزلىگەن كۆزلەرگە تەكشى قارىدى. كۆپچىلىكنىڭ جىددىي، خەيرخاھ قارىشى ئۇنىڭغا مەدەت بەردى.

**خەيرخاھ بولماق** باشقىلارغا ياخشىلىق، شاپائەت، ياردەم قىلماق؛ كۆيۈنمەك: دوستلارنىڭ ئۆزئارا مۇھەببىتى بىرتۇرلۇك ئاشىقلىقتۇر، ئۆزۈڭگە بىر كىشىنى دوست تۇتۇشنى ئىزدىسەڭ، شۇنداق كىشىنى دوست تۇتقىنكى، ئۇ ساڭا ھەرزامان خەيرخاھ بولسۇن، ياخشىلىق قىلسۇن.

**خەيرخاھلىق** «خەيرخاھ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: خەيرخاھلىق قىلماق. خەيرخاھلىق كۆرسەتمەك. * قىزنىڭ بايىقى خەيرخاھلىقىنى ئېلى پۈشايمان دەپ چۈشەندى. * رابىخان موماي ئەمدى بىلدىكى، ئۇنىڭغا يوشۇرۇنچە خەيرخاھلىق قىلغانلار «پىئونېرلار ياخشى ئىش قىلىش ئەترىتى» ئىكەن. 〃 مەن شۇلارنى ئويلىغىنىمدا، بۇ ئائىلىگە بولغان بىر خىل خەيرخاھلىق ھېسسىم قوزغىلاتتى.

**خەير-ساخاۋەت** باشقىلارغا پۇل ياكى باشقا نەرسە بىلەن قىلىنغان خالىس ياردەم، سەدىقە: مانا مۇشۇ گۇمبەز ئىچىدىكى تاغار-تاغار بۇغدايلار ئۇنىڭ خامىنىدىن ئەمەس، دېھقانلىرىنىڭ خەير-ساخاۋىتىدىن كەلگەن. * ئۇلارنىڭ چۈشىنىشىچە، بۇ يەردە تىلەمچىلىك قىلىش قولايلىقراق، خەير-ساخاۋەت بەرگۈچىلەر كۆپرەكتەك ئىدى.

**خەير-سەدىقە** تىلەمچىلەرگە، ئاجىزلارغا ۋە يېتىم-يېسىرلارغا قىلىنىدىغان ئىقتىسادىي ياردەم، سەدىقە: خەير-سەدىقە قىلماق. * دىۋانە كۆپ ئىرۇسالىم شەھىرىدە، كوچىلاردا ھەر قەدەمدە ئۇچرايدۇ. شۇنچە كۆپكى، پەرق قىلالماي ئۆزئارا، بىر-بىرىدىن خەير-سەدىقە سورايدۇ.

**خەيرلەشمەك** پ. ئۆزئارا ئىستەك-ئارزۇلار تىلىشىپ ئايرىلىشماق، خوشلاشماق؛ ۋىدالاشماق: جالالىدىن دوختۇر ھېكايىسىنى تۈگەتكەندە، بىز ئايرىلىدىغان دوقمۇشقا كېلىپ قالغانىدۇق، ئۆزئارا ئامانلىق تىلىشىپ خەيرلەشتۇق. * بىز ئىككىمىز ئايرىلىشقا كۆزىمىز قىيماي خەيرلەشتۇق. ئوسمان مۇھەممەت ۋە ئابدۇللا روزىلارمۇ بۇ ئارزۇلۇق مېھمان بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ خەيرلەشتى.

**خەيرلىك** ① سۈپ. ياخشى خۇسۇسىيەتكە ئىگە، خاسىيەتلىك، ئىجابىي، قۇتلۇق: خەيرلىك كۈن. خەيرلىك يىل. خەيرلىك كېچە. * ئۇ قاچاندۇر بىرچاغلاردا: — ئاقىۋىتى يامان بولغان پادىشاھدىن ئاقىۋىتى خەيرلىك بولغان گاداي ياخشى، — دېگەنىدى. * تۆمۈر ئاتا ئۆزىنىڭ: «يول ماڭسا ئېچىلىدۇ، ئادەم ئىشلىسە ياشىرىدۇ» دېگەن قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، بۇ خەيرلىك سەپەردە، ئۆزىنىڭ جەزمەن يول باشلىغۇچى بولۇشىنى قەتئىي قارار قىلغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. ② ئى. ياخشىلىق؛ ئىجابىيلىق، بەخت، تەلەي: ئۇ مەجنۇن تال ۋە جىگدىلەر شېخىدا چۇرۇقلىشىۋاتقان قۇشلارغا قاراپ، ھەۋەس بىلەن كۈلدى. بۇلاق سۈيىدەك سۈزۈك تاڭ سۈبھىسى ئارىسىدىن، بۈگۈنكى كۈن ئۇنىڭ ئۈچۈن خەيرلىك ئىزلىدى.

**خەيرلىك ئەتىگەن** ئەتىگەندە ئۇچراشقاندا تىنچ-ئامانلىق سوراش يۈزىسىدىن قوللىنىلىدىغان ئادەت سۆزى: خەيرلىك ئەتىگەن، رەنا! نەگە كېتىۋاتىسەن؟

**خەيرلىك كەچ** كەچتە ئۇچراشقاندا تىنچ-ئامانلىق سوراش يۈزىسىدىن قوللىنىلىدىغان ئادەت سۆزى.

**خەير-ئېھسان** باشقىلارغا قىلىنغان ئىقتىسادىي ياردەم، خەير، سەدىقە، ئېھسان: بېخىل ئىدىم. ئۆزۈم ئەمەس، باشقا بىرى بىر پۇلنى خەير-ئېھسان قىلسا، مەن ئۆز نەزىرىمدە، ئوتتا پۇچىلىنىپ كەتكەندەك بولاتتىم.

**خەيرىندى** ئى [خەن] باشقىلارنى خەيلى قىلىدىغان، باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈشنى ئويلايدىغان ئادەم.

**خەيرىندىلىك** «خەيرىندى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**خەيرىيەت** [ئە] ① ئى. ساۋابلىق ئىش، خەير-ساخاۋەت، خەير-ئېھسان، سەدىقە: بۇ خىل خەيرىيەت ئىشلىرىغا جان كۆيدۈرۈپ يۈرگەنىنىڭ بىرىنچىسى يۇقىرىدا كىتابخانلىرىمىزغا تونۇشلۇق بولغان يۇسۇپجان جەۋلانىي ئىدى. ② يۈك. كۆپىنچە جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ، «ھېلىمۇ ياخشى»، «خۇداغا شۈكۈر»، «ھەرنېمە بولسا» دېگەن مەنىلەردە قىستۇرما سۆز رولىدا كېلىدۇ: خەيرىيەت، ئامان قالدىڭ، بۇ ئالەمدە تېخى يەيدىغان رىزقىڭ بار ئىكەن. * خەيرىيەت، پۇتى سۇنماپتۇ. «ماڭالامدۇ، يوق» دەپ تاپىنى ئاستا ئىتتەردۇق. ئۇ يارىلانغان پۇتىنى ئاۋايلاپ بېسىپ، ئىككى قەدەم ئالدى-دە، يەنە توختاپ، بىزگە بۇرۇلۇپ قارىدى.

**خەيلەمچى** ئى. دىئال. پايپاق ئاستىغا شىرىپ تىكىلىدىغان پېتەك شەكىللىك كۆپ قاتلىق رەخت.

**خەيلى** ئى [خەن] جان ت. زېيانكەشلىك، قەست، بۇزغۇنچىلىق، ۋەيران: خەيلى قىلماق. خەيلى بولماق. * بۇغداي تېرىپ كەلدىم دېسەم، قارىمۇق دېيىشتى باشقىلار. كىم بىلدى بۇنداق خەيلىنى، ۋاي-ۋۇي ئىست، تەر-ئەمگىكىم.

**خەيلى بولماق** زېيانكەشلىككە ئۇچرىماق: ئۇلار بۇ ئىشتا خەيلى بولدى.

**خەيلى قىلماق** زىيانغا ئۇچراتماق، زېيانكەشلىك قىلماق: ماھنۇر شۇ كېچىسى جۆيلۈپ ياتالمىدى. ئۇ گاھ قانداقتۇر بىر دېھقاننى تىلغا ئېلىپ يالۋۇراتتى، گاھ: ـ «جېنىم» سوجاڭ، ئۇلار مېنى خەيلى قىلدى، كەچۈرۈڭ، گۇناھىمنى تىلەيمەن، ـ دەيتتى.

**خروم** ئى [ر<گرېك] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى ( chromium ) Cr. ئۇ بىر خىل كۈمۈشكە ئوخشاش كۈل رەڭ كرىستال ماددا بولۇپ، قاتتىق ۋە چۈرۈك كېلىدۇ. ئادەتتە داتلاشماس پولات ۋە يۇقىرى سۈرئەتلىك پولات ئىشلەشتە خام ئەشيا قىلىنىدۇ. باشقا خىلدىكى مېتاللارنى خروم بىلەن قاپلاش ئارقىلىق، داتلىششىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. سانائەتتە تۆمۈر، مانگان ۋە خروملار قارا مېتال ھېسابلىنىدۇ.

**خروم يالىتىلغان پولات** <خىم> يۈزىگە خروم بىلەن ھەل بېرىلگەن پولات. بۇ خىل پولات يۈزىنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى، كىسلاتانىڭ چىرىتىشىگە چىداملىق كېلىدۇ؛ پارقىراقلىقى كۈچلۈك بولىدۇ.

**خروماتىن** ئى [ر<گرېك] <بىئول> ئۆكسىگېن ئاجراتقان يادرو قەنت كىسلاتاسى بىلەن ئاقسىلنىڭ بىرىكمە تەنچىسى. ئۇ يادرو ماددىسى بىلەن خروموسومىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسلىق تەركىب ھېسابلىنىدۇ.

**خروملۇق** سۈپ. تەركىبىدە خروم بولغان: خروملۇق پولات.

**خروملۇق پولات** <خىم> تەركىبىدە خروم بولغان قېتىشما پولات. قاتتىق ۋە سۈركىلىشكە چىداملىق كېلىدۇ، داتلاشمايدۇ، ماشىنا ۋە ئەسۋابلارنى ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**خروموسوما** ئى [ر<گرېك] <بىئول> ھۈجەيرە يادروسىدا بولىدىغان ھەم بوياقلار بىلەن بويىلىدىغان يىپسىمان ياكى تاياقسىماق تەنچە. ھۈجەيرە بۆلۈنگەندە، ئۇنى كۆزەتكىلى بولىدۇ. ئۇ ئادەتتە يادرو كىسلاتاسى بىلەن ئاقسىلدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئىرسىيەتنىڭ مۇھىم ماددىي ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. ھەر خىل جانلىقلاردىكى خروموسوما بەلگىلىك شەكىلدە ۋە مەلۇم ساندا بولىدۇ، چوڭ-كىچىكلىكىمۇ بىردەك بولمايدۇ.

**خروموسوما گۇرۇپپىسى** <بىئول> تەن ھۈجەيرىسىدىكى تۈرلىرى مەركەزلەشتۈرۈلگەن، نورمال ھالەتتىكى ئىككى ھەسسىلىك خروموسوما گۇرۇپپىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**خرومومېر** ئى [ر<گرېك] <بوت> خروموسوما ئۈستىگە يېيىلغان، چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشىمايدىغان دانىچىلار. ئۇ خروموسوما تالالىرىنىڭ قىسمەن ھالدا تەكرار قېتىپ قىسقىرىشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىدۇ. ئادەتتە تاق گېنلارنىڭ ئورنىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

**خرومىت** ئى [ر<گرېك] <خىم> بىر خىل مىنېرال، يەنى خروم بىلەن تۆمۈرنىڭ ئوكسىدى ( $Cr_2O_3FeO$ ). ئاساسلىق تەركىبى خروم بولۇپ، توق قوڭۇر كېلىدۇ. كۆپىنچە دانىچە، كاللەك ۋە پۇرچاق

شەكىللىرىدە ئۇچرايدۇ، ساناﺋەتتە مېتاللورگىيىنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە بوياق ئىشلەشكە بولىدۇ.

**خرۇستال** ئى [ر<گرېك] <گېئول> ← **بىللۇر.**

**خرېستوماتىيە** ئى [ر<گرېك] ئارخا <ئەد> تۈرلۈك بەدىئىي، تارىخىي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەسەرلەر ياكى ئاشۇنداق ئەسەرلەردىن تاللاپ ئېلىنغان پارچىلاردىن تۈزۈلگەن ئوقۇش كىتابى، ئوقۇشلۇق.

**خرىزوبېرىل** ئى [ر<گرېك] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $BeAl_2O_4$. كۆپىنچە ئاز مىقداردا خروم ۋە تۆمۈر ئارىلىشىپ كېلىدۇ. ئۇ رومبىلىق كرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، سۇس يېشىل رەڭدە كېلىدۇ؛ ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە، چۈرۈك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ياقۇت ئىشلەشكە بولىدۇ.

**خرىستوس** ئى [ر<گرېك] <دىن> خرىستىئان دىنىدىكى نىجاتكار، يەنى ئەيسانىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى.

**خرىستىئان** ئى [ر<گرېك] <دىن> ① ئەيسانىڭ ھۆرمەت نامى، خرىستوس: **خرىستىئان دىنى.** ② خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى كىشى؛ ناسارا.

**خرىستىئان دىنى** <دىن> دۇنيادىكى ئاساسلىق دىنلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئاساسچىسى ئەيسا بولۇپ، مىلادىي 1-ئەسىردە ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدا بارلىققا كەلگەن، مىلادىي 4-ئەسىردە رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت دىنى بولغان، مىلادىي 11-ئەسىرگە كەلگەندە، كاتولىك دىنى ۋە پراۋوسلاۋىيە دىنىغا پارچىلانغان. مىلادىي 16-ئەسىردىكى دىنىي ئىسلاھاتتىن كېيىن، كاتولىك دىنى يەنە نۇرغۇنلىغان يېڭى دىنىي مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ، پروتېستانت دەپ ئاتالغان. دۆلىتىمىزدىكى خرىستىئان دىنى كۆپىنچە پروتېستانتنى كۆرسىتىدۇ.

**خرىستىئانچە** سۈپ. خرىستىئان دىنىغا ئائىت، خرىستىئان دىنىغا خاس، خرىستىئان ئۇسلۇبىدا: **پۈرۈمى خرىستىئانچە دۇئا قىلىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ چوقۇپ كەتتى.**

**خرىستىئانلىق** ① سۈپ. خرىستىئان مۇرىتلىرىدا بار بولغان، خرىستىئان مۇرىتلىرىغا خاس: **مەن ھوشۇمغا كەلگىنىمدىن كېيىن، بىر يەرلىك موماي خرىستىئانلىق رەھىم-شەپقىتىنى قىلىپ، مېنى كولبىسىغا ئېلىپ كەتتى.** ② ئى. خرىستىئان دىنىغا ئائىت ئىش-ھەرىكەتلەر، خرىستىئان دىنى: **روھانىي خرىستىئانلىقنى تەشۋىق-تەرغىب قىلىدۇ.**

**خلامىدوموناس** ئى [ر<لات] <بوت> بىر ھۇجەيرىلىك يېشىل يۇسۇنلەرنىڭ بىر تۈرى. شەكلى شار ياكى تۇخۇمغا ئوخشايدۇ، ئالدى تەرىپىدە تەڭ ئۇزۇنلۇقتا ئىككى تال قامچا تۈكى بولىدۇ، قامچا تۈكىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۈزۈپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ناچار شارائىتقا يولۇقسا، ھۇجەيرىلىرى ھەرىكەتتىن توختاپ، كۆپ قېتىم بۆلۈنۈش ئارقىلىق تۇراقسىز توپ ھاسىل قىلىدۇ؛ شارائىت ياخشىلانغاندا، ھۇجەيرىلەر قايتا تۈك ھاسىل قىلىپ، توپتىن ئايرىلىپ مۇستەقىل ياشايدۇ. ئېرىق-ئۆستەڭ ۋە كۆلچەكلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، بېلىقلارنىڭ ياخشى يېمى ھېسابلىنىدۇ.

**خلور** ئى [ر<گرېك] <خىم> گاز ئېلېمېنت.

بەلگىسى. Cl ( chlorum ) . سارغۇچ يېشىل، ھاۋادىن ئېغىر، زەھەرلىك ۋە كۈچلۈك قوزغاتقۇچى پۇراقىقا ئىگە؛ ئاسانلا ئۈيۈپ، سۇيۇقلۇققا ئايلىنىدۇ؛ ئىشلىتىلىشى ناھايىتى كەڭ. ئۇنى ئاقارتىش ۋە مىكروب ئۆلتۈرۈش مەقسەتلىرى ئۈچۈن ئىشلەتكىلى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئاقارتقۇچى پاراشوك، بوياق، دېھقانچىلىق دورىلىرى ۋە سۇلياۋ قاتارلىقلارنى ئىشلىگىلى بولىدۇ.

**خلور گازى** <خىم> خلورنىڭ گاز ھالىتى.

**خلورلۇق** سۈپ. تەركىبىدە خلور بار، خلور ئارىلاش: خلورلۇق ھاك.

**خلوروپلاست** ئى [ر<گرېك] <بىئول> ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ستوپلازمىسىدىكى بىر خىل رەڭلىك پلازمېت. سىرتىنى قوش قەۋەت نېپىز پەردە ئوراپ تۇرىدۇ، ئىچىدە مۇرەككەپ پەللىلىك قەۋەتلەر بىرلىشىپ، ياپىلاق خالتىنى ھاسىل قىلىپ، دۆۋىلىنىش ئارقىلىق، ئاساسىي زەررىچىلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىدە خلوروفىل ۋە ئېنزىم بولىدۇ. ئۇلار فوتوسىنتېز رولىنى ئۆتەش ئارقىلىق، كراخمال ۋە ماي ئىشلەپچىقىرىدۇ. خلوروپلاست يەنە ئۆزلۈكىدىن پارچىلىنالايدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئوكسىگېن ئاجراتقان يادرو قەنت كىسلاتاسى ئىرسىيەتتە نىسپىي مۇستەقىللىكىنى ساقلاپ قالىدۇ.

**خلوروفورم** ئى [ر<فران<گرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $CHCl_3$. ئۇ بىر خىل رەڭسىز، ئۇچۇشچان سۇيۇقلۇق بولۇپ، ئالاھىدە سېسىق پۇراققا ئىگە. ئادەتتە ئېرىتكۈچى قىلىنىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن بوياق ئىشلىنىدۇ. مېدىتسىنادا ھوشسىزلاندۇرغۇچى دورا ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**خلوروفىل** ئى [ر<گرېك] <بىئول> ئۆسۈملۈكلەر تېنىدىكى يېشىل رەڭلىك ماددا، يەنى بىر خىل مۇرەككەپ ئورگانىك كىسلاتا. ئۆسۈملۈكلەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، فوتوسىنتېز رولىنى ئۆتەش ئارقىلىق ئوزۇقلۇق ئىشلەپچىقىرىدۇ.

**خلورومىتسىتىن** ئى [ر<گرېك] <خىم> ئانتىبىئوتىكلارنىڭ بىرى. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_{11}H_{12}O_5N_2Cl_2$. ئۇ بىر خىل ئاق ياكى ئاق سېرىق رەڭدىكى كرىستال بولۇپ، ناھايىتى ئاچچىق كېلىدۇ؛ ئۇنىڭ كۆپ خىلدىكى تاياقچە باكتېرىيىلەرگە قارىتا قارشىلىق رولى بولۇپ، ئادەتتە ئۇ كېزىك، ئۆرە كېزىك ۋە كۆكيۆتەل قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**خلورىت** ئى [ر<گرېك] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. ئاساسلىق تەركىبى ئاليۇمىن، تۆمۈر ۋە ماگنىينىڭ سۇلۇق سىلىكاتلىرى بولۇپ، يېشىل ۋە پارقىراق كېلىدۇ؛ سۈزۈك ياكى تۇتۇق دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ، كۆپىنچە تەڭگىسمان ھالەتتە توپ ئۇچرايدۇ، نېپىز تارىشلىرى ئېگىلىدۇ، چىرىمتالغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئادەتتە كرىستاللاشقان تارىشا جىنسلارغا كەڭ تارقالغان بولىدۇ.

**خو** مىق [خەن] ئېغىرلىقى تەخمىنەن تۆت پۇت كېلىدىغان ئۆلچەم بىرلىكى: بىر خو بۇغداي. * مەن ئۇنى بىركۈنى ناۋايخانا ئالدىدا كۆردۈم ۋە ئۇنىڭدىن: ــ ئۇستام، مېنىڭ مېھمىنىم بار ئىدى، نان ياقتۇرماقچى ئىدىم، بىر خو ئۇندا قانچە نان بولىدۇ؟ ــ دەپ سورىدىم.

**خوپ** ① ئم. « بولىدۇ » ، « ماقۇل » دېگەن مەنىدە، بىرەر ئىشقا رازى ئىكەنلىكنى بىلدۈرىدۇ : خوپ دېسەڭ ئۈتسەن، هوپ دېسەڭ يۈتسەن (ماقال). * خەلىپە هارون رەشىد ۋەزىرى جەپەرگە : — بىزمۇ ئۇنىڭغا تەزىيە ئىزهار قىلىشىمىز لازىم! — دەپتۇ. جەپەر ۋەزىر ئۇنىڭغا : — خوپ! بۇ تولىمۇ ياخشى ئىش! — دەپ قوشۇلۇپتۇ. * — خوپ، يولداش كوماندىر ئىزۋۇت! — دېدى ئەخمەت ۋە ۋاقتىدىلا پوتەيگە قاراپ ئۆملەپ كەتتى. ② رەۋ. ناهايىتى، خېلى، ئوبدان، ئوبدانلا : ئۇزۇن چۆل يوللىرىنى بېسىپ كېلىپ قىلغان بۇ ئۇرۇش ئۇنى خوپ چارچاتقانىدى. * ئۇنىڭ قاپقارا بۇرۇتى هۆسنىگە خوپ ياراشقانىدى. * سېنى مەن خوپ بىلىمەن، كۆڭلۈڭ ماڭا مايىل ئەمەس. ئولتۇرۇپ قان يىغلىسام، سەندىن مۇراد هاسىل ئەمەس. ③ سۈپ. ناهايىتى ياخشى، ئەلا : قەدىرسىز ياشىغىنىڭدىن، قەدىرلىك ئۆلگىنىڭ خوپ (ماقال). * يولغا كېچىكمەي چىققىنىڭ خوپ، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوققىنىڭ خوپ (ماقال). ④ سۈپ. مۇۋاپىق، لايىق، جايىدا ، دەل : بۇ پىكىر ئۇنىڭغا خوپ كەلگەنىدى. * ئالىما دەپ سۇندۇم قولۇمنى شېخىنى بادانى دەپ، سەن مېنى خوپ كۆرمىدىڭ ئەقلى كىچىك نادانى دەپ.

**خوپ بولۇپتۇ** « ئەجەبمۇ ئوبدان بولۇپتۇ » ، « تازا جايىدا بولۇپتۇ » ، « ئۆزۈڭنىڭ شورى » قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ : ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ : — هە ، خوپ بولۇپتۇ، كىم سېنى قونداققا چىق دەپتىكەن، پاقىنىڭ خوراز بىلەن تەڭ بولغىنى نەدە بار؟ ئۆز ئۇۋالىڭ ئۆزۈڭگە ، — دېدى. * خوپ بولۇپتۇ، گەپ ئاڭلىمىغاندىن كېيىن ئۆزۈڭدىن كۆر.

**خوپ بولماق** ياخشى، ئىناق بولۇپ قالماق؛ ئەپلەشمەك، ياخشىلىشىپ قالماق : ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئاچچىقى تارقاپ، خوپ بولۇپ قېلىشقانىدى.

**خوپ چۈشمەك** ← **خوپ كەلمەك**:

داموللامنىڭ بۇ مەسلىهەتى هەممەيلەنگە ، بولۇپمۇ ساز-مۇزىكا مەستانىسى بولغان تەجەللىگە تولىمۇ خوپ چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن هەممەيلەننىڭ كۆزى خۇددى مەسلىهە تلىشىۋالغاندەك، سازەندىلەرگە ئاغدۇرۇلدى.

**خوپ قىلدى** « خويمۇ ئوبدان قىلدى » ، « ئەجەبمۇ ياخشى قىلدى » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ : ياردەم قىلدىڭ — خوپ قىلدىڭ، مىننەت قىلدىڭ — يوق قىلدىڭ (ماقال).

**خوپ كەلمەك** بىرەر ئىش، بىرەر مەسىلە كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ چىقماق ، مۇۋاپىق كەلمەك : بۇ ئالىم يەنە پەننىي ئوقۇش جەهەتتىمۇ ئەيىبەن ئىجابىي كۆز قاراشقا ئىگە ئىدى. شۇڭا مېهمانلارنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، ئۇلارنى كۆڭلىگە خوپ كېلىدىغان پىكىرلەر بىلەن خۇش قىلماقچى ئىدى. * بۇ ئاياغ سىزگە خوپ كېلىپتۇ.

**خوپ كۆرمەك** بىرەر ئىش، هەرىكەت ياكى بىرەر مەسىلىنى « مۇۋاپىق » دەپ هېسابلىماق، توغرا تاپماق : ئۇلار ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ، مۇدىرنىڭ دۇرنەمگە ئاشىق ئىكەنلىكنى، ئۆزلىرىنىڭمۇ بۇ ئىشنى خوپ كۆرگەنلىكلىرىنى ئېيتتى. * بالىغا قىلغان قوپاللىقنى خوپ كۆرمىگەن تۇراخان : — باشقىچىلا ئۆزگىرىپ قېلىپسىزغۇ؟ — دېدى.

**خوپلاشتۇرماق** « خوپلاشماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خوپلاشتۇرۇلماق** « خوپلاشتۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**خوپلاشماق** پ. ياخشىلىشىپ، كېلىشىپ قالماق؛ خوپ بولۇشۇپ قالماق : ئۇلار ئىككىيلەن خوپلىشىپ قالدى.

**خوپلۇق** ئى. ياخشىلىق؛ راهەت، هالاۋەت : قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن تاشۋاي كېتىپ بېرىپ ئويلايتتى : « زادى بوۋاينىڭ گۇناهى نېمە؟ ئۇ بۇ دۇنياغا كېلىپ نېمە خوپلۇق كۆردى؟ نېمىگە ئېرىشتى؟ » * خەلقىم دېگەن كىشىگە يەتكۈزمە خەتەر زادى، نەپ بەر ئەلگە ، ئىمكان بار يەتكۈزمە زەرەر زادى.

قولۇڭدىن كەلسە خوپلۇق، زىيانكەش بولمسالڭ ئەرسەن، جاھاندا نامى شۇملۇقتىن قويۇپ كەتمە ئەسەر زادى.

**خوت** ئى [ر] ماشىنا، تراكتور قاتارلىقلاردىكى سۈرەش كۈچىنى ئۆزگەرتكۈچى قۇرۇلما. ئادەتتە ماشىنا، تراكتورلارنى كەينىگە ياندۇرۇش ۋە مېڭىش سۈرئىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مېڭىش سۈرئىتى بىرقانچە دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ، بۆلۈنگەن ھەربىر دەرىجە ئادەتتە بىر خوت ھېسابلىنىدۇ. خوتنىڭ دەرىجىسى يۇقىرىلىغانسېرى ماشىنىنىڭ مېڭىش سۈرئىتىمۇ شۇنچە تېز بولىدۇ.

**خوتتىن چىقماق** ① سالغان خوتتىن چىقىپ كەتمەك. ② كۆچمە. قائىدە-تۈزۈم، تەرتىپنى بۇزماق، يولدىن چىقماق.

**خوتقا چۈشمەك** ① سېلىنغان خوت ئۆز جايىغا چۈشمەك: پولات ئۇقۇش پۈتتۈرۈپ، ئۆز يېزىسىغا كەلگەننىڭ ئەتىسى ئىشتىن يانغاندا، يول ئۈستىدە گۈركىرەپ، لېكىن خوتقا چۈشمەي ھەم قوزغالماي تۇرغان بىر زەنجىر تاپان تراكتورنىڭ قېشىدا باش تراكتورچى ھادى باشچىلىقىدىكى ئۈچ كىشىنىڭ بىرنېمىلەرنى قىلىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ توختىدى. ② كۆچمە. بىرەر ئىش-ھەرىكەت ياكى بىرەر تۈزۈم قاتارلىقلار نورمال ھالەتكە، ئۆز ئىزىغا كەلمەك؛ نورماللاشماق: «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان، توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەر يېتەكچىلىكىدە، ھەرقايسى جەھەتتىكى خىزمەتلەر خوتقا چۈشتى.

**خوتقا سالماق** ① خوتقا چۈشۈرمەك. ② كۆچمە. تەرتىپكە سالماق، رەتلىمەك؛ ئىزىغا چۈشۈرمەك: ئۇ يېقىندىن بۇيان تۇرمۇشىنى خېلى خوتقا سېلىۋالدى.

**خوت يۆتكىمەك** ① بىر خوتتىن ئىككىنچى بىر خوتقا ئالماشتۇرماق: شوپۇر بېشىنى بىلىنەر-بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويۇپ خوت يۆتكىدى-دە، توختىماي ئۇدۇل يۈرۈپ كەتتى. ② كۆچمە. بىرەر ئىشنى قىلىشتا ئۇسۇل-چارىلەرنى ئۆزگەرتمەك؛ باشقىچە ئۇسۇل-چارە، تەدبىرلەرنى قوللانماق؛ باشقىچە يول تۇتماق: بۇ ئىشتا خوتنى باشقا تەرەپكە يۆتكىمىسەك بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

**خوتەك** ئى ← تەخەي: ئۇ كۆلگەندە، پومپىيىپ چىققان قورساقلىرى مۇڭگەكلىگەن خوتەكنىڭ ساغرىسىدەك سەكرەيتتى. * ئارپىبەدىيان ئىچمىگەنلەر، ئەمدى ئىچەر چاي. قوتۇر خوتەك مىنمىگەنلەر، ئەمدى مىنەر تاي.

**خوتەكلىمەك** پ ← تەخەيلىمەك.

**خوتتىنىيە** ئى [لات] <بوت> ← خوتتىنىيە ئوتى.

**خوتتىنىيە ئوتى** <بوت> سائۇرۇس ئوتى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولىدا بوغۇملىرى بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ؛ گۈللىرى كىچىك ھەم زىچ، يۈرەك شەكلىدە كېلىدۇ؛ غول ۋە يوپۇرمىقى بېلىق ھىدى پۇرايدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېبابەتتە دورا قىلىنىدۇ، قىزىتما ۋە ئىششىقنى ياندۇرۇش رولىغا ئىگە.

**خوتۇن** ئى ① جىنسىي جەھەتتىن ئەرلەرنىڭ ئەكسى بولغان، تۇغۇش، ئېمىتىش قابىلىيىتىگە ئىگە ئادەم؛ ئايال: ئۇ خوتۇن توغرىسىدا مەن بەزى نەرسىلەرنى سورىدىم. * — سەن تېخى مېنى ئەخمەق قىلاي دەيسەن؟ بىلىپ قوي، مەن يەر تېگىدىكى يىلاننىڭ تەۋرىگىنىنى بىلىدىغان خوتۇنمەن، — دېدى ئۇ ھېلىقى كەپسىز بالىغا. ② بىرەر ئەرنىڭ نىكاھىدىكى ئايالىغا نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ: ئەرنى ئەر قىلىدىغانمۇ خوتۇن، ئەرنى يەر قىلىدىغانمۇ خوتۇن

(ماقال). * ئەپەندىم خوتۇنغا قاراپ: ــ خوتۇن، مۈشۈك ئۈچ جىڭ چىقتى، ئەگەر بۇنى مۈشۈك دېسەك گۆش قېنى؟ ئەگەر بۇ گۆش بولسا، مۈشۈك قېنى؟ ــ دەپتۇ. ③ تۇرمۇشقا چىققان، توي قىلغان قىز، جۇۋان.

**خوتۇن بولماق** بىرەر ئەر كىشى بىلەن ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت ئورناتماق؛ ئەرگە چىقماق، نىكاھلانماق: ئۇ: ــ ھە!... مېنىڭ ئۇنىڭغا خوتۇن بولغانلىقىم جىنايەت ئىكەن-دە؟! ــ دېدى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ دالانغا چىقىپ كەتتى.

**خوتۇن تالاق** بەزى ئەرلەر باشقىلارنى تىللاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان «خوتۇنى تالاق بولغۇر»، «قانۇنسىز ئالغان» دېگەن مەنىدىكى سۆز: ــ بۇ خوتۇن تالاقنى زىندانغا تاشلاڭلار، پۈتكۈل مال-مۈلكى پادىشاھلىق قىلىنسۇن! ــ دېدى شامەخسۇت پۈتى بىلەن يەرنى تېپىپ تۇرۇپ نىياز دورغىغا.

**خوتۇن خەق** ئايال جىنسىدىكىلەر، ئايال كىشىلەر، خوتۇنلار: سۆز شۇ يەرگە كەلگەندە، بەختىيار شۇنداق دەپتۇ: ــ بۇ ھىيلە-مىكىرلەر خوتۇن خەقلەر ئارىسىدا كۆپ پەيدا بولىدۇ، ئۇلار ئۆز پايدىلىرى ئۈچۈن ئاشۇنداق ھىيلە-مىكىرلەرنى قىلىشىدۇ.

**خوتۇن سالدى** تولا خوتۇن ئېلىپ، تولا خوتۇن قويۇپ بېرىدىغان، قولىدا خوتۇن تۇرمايدىغان ئادەم.

**خوتۇن قىلماق** خوتۇنلۇققا،نىكاھىغا ئالماق: خېلىدىن كېيىن قەتئىي تەلەپپۇز بىلەن سۆزلىدى: ــ ھەمىشە يېڭى جەمئىيەتنە ئۆسكەن بىزدەك ياش ئەۋلادلار مۇھەببەت بىلەن نىكاھنى چوقۇم بىرلەشتۈرەلەيمىز! ھازىر قانداق بولمىسۇن، نىياز دورغا بىلەن سالى دورغىنىڭ يەنى قېرى بايلار نامرات قىزلارنى خوتۇن قىلىدىغان دەۋر ئەمەس، ــ دېدى ئۇ جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن.

**خوتۇنباز** سۈپ. سەلب. پات-پات خوتۇن ئېلىپ، خوتۇن قويۇپ بېرىدىغان؛ كۆپ خوتۇن ئالىدىغان: خوتۇنباز ئادەم. * ــ پادىشاھىمىز خوتۇنباز كىشى، ئىراق پادىشاھىنىڭ بىر قىزى بارمىش، ناھايىتى كېلىشكەن ساھىبجامالمىش، ئۇنىڭ ھۆسنى-لاتاپىتىنى تەرىپلەپ، پادىشاھقا سۆزلەپ بېرەيلى، ئەگەر ئۇنىڭغا پادىشاھنىڭ مەيلى بولۇپ قالسا، ئەلچى ئەۋەتىدۇ، ــ دېدى ئۇ ھەمراھلىرىغا.

**خوتۇن-بالا** خوتۇن ۋە بالا: مېنىڭ خوتۇن-بالىلىرىم تېخى قايتىپ كەلمىگەنىدى.

**خوتۇنپەرەس** سۈپ. خوتۇن دېسە جېنىنى بېرىدىغان، خوتۇنغا بېرىلىپ كەتكەن: خوتۇنپەرەس ئادەم. * ئانارخاننىڭ گۈزەل ھۆسنى-جامالى خوتۇنپەرەس سۇلتان مامۇتنى ئاشىقى بىقارار قىلدى.

**خوتۇنپەرەسلىك** «خوتۇنپەرەس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: خوتۇنپەرەسلىك ئادەمنى ئىرادىسىزلاشتۇرىدۇ ۋە چۈشكۈنلەشتۈرىدۇ.

**خوتۇنسىز** سۈپ. خوتۇنى يوق، ئۆيلەنمىگەن؛ بويتاق: خوتۇنسىز ئەر. * دۇنيانىڭ ئىشى ئېگىز-پەس ئىكەن، ئېگىز-پەسلىكنىڭ تېگى پەس ئىكەن. بىرى ئوتۇنسىز، مېڭى خوتۇنسىز، مېڭى يىغلىسا بىرى ياشارئىكەن.

**خوتۇنسىزلىق** «خوتۇنسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: پادىشاھ ئۇ قىزغا قاراشقا خوتۇنسىزلىققا كۆنۈپ قالغان غۇلاملىرىدىن ئىككىنى بەلگىلەپتۇ.

**خوتۇن-قىزلار** تۇرلۇك ياشلاردىكى ئاياللار، خوتۇنلار ۋە قىزلار: مېنىڭ توقۇغان شايى-ئەتلەسلىرىم ۋە چىقارغان يېڭى نۇسخىلىرىم ھەممىگە، بولۇپمۇ خوتۇن ــ قىزلارغا مەشھۇر بولۇپ، ھەردائىم توقۇش دۇكىنىمنىڭ يېنىدىن خوتۇن ــ قىزلار كەتمەيتتى.

**خوتۇنلۇق** ① سۈپ. خوتۇنى بار، ئۆيلەنگەن: ئىككى خوتۇنلۇق ئادەم. * مەخسۇت بەگمۇ

شەھەرگە كىرگەندە، ساراي-ھۇجرىلارغا چۈشكەندىن ياخشىراق دەپ، بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرى كونا شەھەردىن بىر قورۇ جاي سېتىۋالغانىدى. كېيىنرەك بىر كىچىك خوتۇنلۇق بولدى. ② ئى. مەلۇم ئەرنىڭ نىكاھىدا بولۇش، خوتۇن قىلىنىش: ئەمەلدار موڭغۇل ئاخىر ياش نۇزۇگۇمنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولدۇ. نۇزۇگۇم ئەمەلدارغا يالغاندىن ماقۇل بولدۇ ۋە توي كۈنى ئاخشىمى ئەمەلدارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى يالغۇز قومۇشلۇققا قېچىپ كېتىدۇ. ③ سۆپ. خوتۇن-قىزلارغا خاس، خوتۇنلاردا بولىدىغان: ئەكبەر ھاراق ئىچتىمۇ بولدى، ئۇ سورۇننىڭ قەيەر بولۇشىغا قارىماي، چوڭ-كىچىك جېدەل چىقىرىپ تۇراتتى، ھەتتا بەزىدە رۇقسىيەنىڭ خوتۇنلۇق غورۇرىغا ئاھانەت بولغۇدەك ئىشلارمۇ سادىر بولاتتى.

**خوجا** ئى [پ] ① <تارىخ> شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا، مەلۇم بىر ئىمتىيازغا ئىگە بولغان ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى. ② «بەگ»، «باي» دېگەن مەنىدە ئۇلۇغلاپ، ھۆرمەتلەپ چاقىرىش فورمىسى: كېمچىنىڭ بۇ سۆزىنى شاھ بەھرام مەجۇسى ماقۇل كۆرۈپتۇ. شۇ چاغدا، كېمچى شاھ بەھرام مەجۇسىدىن: ــ ئەي خوجا، بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى مەلىكە بىزنىڭ بۇ يەرگە نېمە سەۋەبتىن كەلگەنلىكىمىزنى سورىسا، بىز ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز؟! ــ دەپ سوراپتۇ. ③ بىر كىمنىڭ ياكى نەرسىنىڭ ئىگىسى؛ خوجايىن: خوجامنىڭ خوجىسى بار، چامغۇرنىڭ ئورىسى بار (ماقال). * مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئورتاق ئىجادچىسى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى بىردەك خوجىسى. بۇ بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئورتاق شان-شەرىپى. * ۋەزىر: ــ ئۇنىڭ خوجىسىنى ئېلىپ كېلىڭلار! ــ دەپ بۇيرۇق قىلىپتۇ. * قوشنىمىزنىڭ نەۋرىسى، ئەتىمىزنىڭ خوجىسى، كىچىككىنە ئېلچان ھويلىمىزنىڭ غۇنچىسى.

④ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**خوجا بولماق** ئىگە بولماق، ئىگىسى بولماق: مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە نىزامى پارتىيە ۋە دۆلەت سىياسىتىنى قانداق قىلىپ ئىزچىل ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. * جاھانگىرلار دۇنياغا خوجا بولۇشقا ئۇرۇنماقتا.

**خوجا كۆرسۈنگە** بىراۋنى ئالداشقا، شەكىلگە، كۆرۈنۈشكە؛ ئانچە-مۇنچە: خوجا كۆرسۈنگە ئىشلەپ تۇرماق. * بۇ كونا شەھەرلىك سەپداش بۇگۈنكى خىزمىتى بىلەن ئىشخانىدا بىرئاز بولۇپ، خوجا كۆرسۈنگە ئانچە-مۇنچە ئىشلەپ قويغاندىن كېيىن، يېڭى كورەش ۋەزىپىسى ئۈستىدە تەشكىلات رەئىسلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن، ئالاھىدە يېڭىشەھەرگە كەلگەنىدى.

**خوجا كۆرسۈن ئۈچۈن** ← خوجا كۆرسۈنگە.

**خوجانىل** ئى [خوجا+نىل] بوياقچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل نىل. ئۇنىڭ چوڭى ياڭاقتەك بولىدۇ.

**خوجايىن** ئى [پ] بىرەر نەرسىگە ياكى كىشىگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى: ئۆينىڭ خوجايىنى. * مەھەللىمىزدە ئۆزىنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن يەرلىرىگە دېھقانچىلىق قىلىپ، يەنە يېرىنى تېرىيالمايدىغان بىرنەچچە دېھقانلار بىلەن ئورتاقلىق قىلىدىغان بىر خوجايىن بار ئىدى. * ئايالىم ئىككىمىزنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، تۇرمۇشىمىزنى يولغا سېلىپ قويدى. خاتىرجەم بولۇپ، بەختىنىڭ قوينىغا كىرگەندەك بولدۇم. بىزگە قىلىۋاتقان بۇ مېھرىبانلىق ۋە ياردەم بىز ئىشلەۋاتقان كارخانىنىڭ خوجايىنى سەلىم ئاغىنىڭ مەرھەمىتىدىن بولۇۋاتىدۇ.

**خوجايىنلارچە** رەۋ. خوجايىنلارغا ئوخشاش، خوجايىنلاردەك: رۇستەم ئاكا قىشنىڭ ئاچچىق شامىلى ئۇچۇرتۇپ كېتىۋاتقان ئۇششاق قەغەز پارچىلىرىغا قاراپ، خوجايىنلارچە كۈلۈمسىرەپ قويدى.

* ئۇ ئۆي ئىچىدە كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكەندە، قوللىرىنى شىلتىپ، كېسىپ-كېسىپ خوجايىنلارچە سۆزلەيتتى.

**خوجايىنلىق** سۈپ. خوجايىنلاردا بولىدىغان، خوجايىنلارغا خاس: خوجايىنلىق روھ. * كان رەھبەرلىكى بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى خوجايىنلىق، مەسئۇلىيەتچانلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلدى. // ئۇ بەش يىل بۇ كارخانىغا خوجايىنلىق قىلغانىدى.

**خوجىلىق** ① «خوجا» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى. ② ئى. بىرەر تەشكىل، كوللېكتىپ، ئىدارە، ئورگاننىڭ ئۆزئالدىغا باشقۇرىدىغان ئىگىلىك ئىشلىرى: خوجىلىق باشقارمىسى. * ئىشخانا ئىچىدە، خوجىلىق مۇدىرى قاسىم ئىش ئۈستىلى ئالدىدا ئولتۇرۇپ گېزىت كۆرۈۋاتاتتى.

**خوجىلىق بۆلۈم** بىرەر ئىدارە، ئورگاننىڭ ئىگىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بۆلۈم: – يازنىڭ يېزىدا خوجىلىق بۆلۈمىدىن تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، تامنى رېمونت قىلىپ بەرسەڭلار بولاتتى، – دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئۇ.

**خوخا** ئى <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇزۇن ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، ئۈستىدە تىكىنى بولىدۇ؛ گۈلى بىغىر رەڭ، ئۇرۇق مېۋىسى ئۇزۇن، ئېللىپس شەكلىدە كېلىدۇ؛ يىلتىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، قاننى راۋانلاشتۇرۇش ۋە توختىتىش رولىغا ئىگە.

**خوخەنزە** ئى [خەن] جان ت. باتۇر ۋە قەيسەر ئەر، يىگىت؛ ئوغۇل بالىنىڭ ئوغۇل بالىسى: يامۇلنىڭ ياغاچلارى، ئېگىز قارىغاي چەنزە. يامۇلنى تېشىپ چىققان، سادىر ئۆزى خوخەنزە.

**خوختا** ئى. سىپىلنىڭ ئوق ئاتىدىغان جايى.

**خور I** ئى [ر<گرېك] <مۆز> كوللېكتىپ ئېيتىلىدىغان ناخشا: ئەرلەر خورى. ئاياللار خورى. ئومۇمىي خور. * چوڭ-كىچىك ھەممەيلەن بىلىدىغان بۇ «تۆرپان سەنىمى» مىڭلىغان خەلقنىڭ ئومۇمىي خورىغا ئايلانغانىدى. * يىگىت-قىزلارنىڭ ئاككورد بىلەن ئېيتىلىۋاتقان قايغۇلۇق خورى يۈرەكلەرنى ئېزىپ، بەدەنلەرنى تىترەتكۈدەك مۇڭ-زار بىلەن ياڭراشقا باشلىدى.

**خور II** سۈپ. ئوڭاي خورايدىغان، ئاسانلا تۈگەيدىغان، بەرىكىتى يوق، چىدىمايدىغان: خور سوپۇن. خور ئۇن.

**خور III** سۈپ [پ] ھېچ كىشى نەزىرىگە ئىلمايدىغان، كەمسىتىلگەن، ئېتىبارسىز، خار: ئىلىملىك ــ نۇر، ئىلىمسىز ــ خور (ماقال). * شۇم زامان، تەڭسىز جاھان، يوقسۇل ئاشۇنداق خورمىدى؟ قۇل بولۇپ بايلارغا پولات، نېمە كۈننى كۆرمىدى.

**خور IV** تەق. ئادەم خورەك تارتقاندا چىقىدىغان ئاۋاز: بوۋاي ئۇخلاپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا «خور» قىلىپ خورەك تارتىشقا باشلىدى.

**خوراتقۇچى** «خوراتماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: خوراتقۇچى قىزىتما.

**خوراتقۇچى قىزىتما** <تىب> قىزىتمىنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا، بىمارنىڭ بىر سوتكىلىق بەدەن تېمپېراتۇرىسىدا زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ، ئەتىگەندە نورمال تېمپېراتۇرىدىن تۆۋەن ياكى ئۇنىڭغا سەل يېقىنلىشىدۇ؛ چۈشتىن كېيىن ياكى كېچىسى ئۆرلەپ، 40°C تىن ئاشىدۇ. سېپتىسېمىيە ۋە ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى بىلەن ئاغرىغانلاردا ھەمىشە مۇشۇنداق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**خوراتماق** «خورىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۇرمۇشنىڭ ئېغىر قىسمەتلىرى تۆمۈرنى يېگەن داتتەك، ئۇنىڭ بېجىرىم ۋە ياشلىق كۈچى

بىلەن تولغان بەستىلىك ۋۇجۇدىنى خوراتماقتا ئىدى. * تۆزە ۋە ئۇڭلا ئەمدى ئۆزۈڭنى، قايغۇدا يېتىپ جاننى خوراتما. سەزگۈر بولۇپ سەن ھىيلىگەرلەرنى، سىڭلىم يېنىڭغا ھەرگىز يولاتما.

**خوراز** ئى [پ] توخۇنىڭ ئەركىكى: تۈلكىنىڭ سوئالىغا خورازنىڭ جاۋابى بار (ماقال). * بىر توپ توخۇ يالاڭ تاج خورازغا ئەگىشىپ، تۈلكىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ، ئېيىقنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

**خوراز-مىكىيىنى ئايرىلماق** ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ ياخشى-يامىنى، ئاق-قارىسى، كارغا كېلىدىغان-كەلمەيدىغىنىنى ئېنىق بىلمەك: بۇزغۇنچىلىق بىلەن تولغان جاھان جەھەننەمگە ئايلانغاندەك تۇيۇلاتتى. مانا شۇنداق كۈنلەردىلا، دوستلارنىڭمۇ خوراز-مىكىيىنى ئايرىلىدىكەن. خوتۇنىڭمۇ خوتۇنلۇقى ياكى ئوتۇنلۇقى بىلىنىدىكەن.

**خورازچىلاپ** رەۋ. خورازغا ئوخشىتىپ، خورازدەك: 40 مەھرەم كۆلگە چۈشۈپ، بىردىن تۇخۇمنى قولدا تۇتۇپ چىقىپتۇ، 41- بولۇپ ئەپەندىم كۆلگە چۈشۈپتۇ ۋە كۆلدىن چىققىنىچە ئۇدۇل پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ-دە، ئىككى قولىنى يانپىشىغا ئۇرۇپ، خورازچىلاپ قىچقىرىپتۇ.

**خوراشچان** سۈپ. ناھايىتى ئاسان خورايدىغان، خوراش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە: خوراشچان بۇيۇم.

**خوراشچانلىق** «خوراشچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: خوراشچانلىققا ئىگە بۇيۇملار.

**خورەك** ئى. ئادەم ئۇيقۇلۇق يېتىپ نەپەس ئالغاندا، خورۇلداپ چىقىرىدىغان ئاۋۇش: ئەپەندىم ئاغىنىسىنىڭكىگە مەشرەپكە بېرىپ قونۇپ قېلىپتۇ. ئاغىنىسى يوتقانغا كىرىپلا، قاتتىق خورەك تارتىپ، ئۇخلاپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم خورەك دەستىدىن زادىلا ئۇخلىيالماپتۇ-دە، يېنىدا ياتقان ئاغىنىسىنىڭ بېشىنى تاتىلاشقا باشلاپتۇ.

**خورەك تارتماق** ئادەم ئۇخلىغاندا، تامىقىدىن خورۇلدىغان ئاۋاز چىقارماق: ئەكىيىگە بېشى تېگىش بىلەنلا، خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كەتتى. * ھاجى شۇ كۈنى سوپى مەرگەننىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي خورەك تارتىشقا باشلىدى.

**خورىكى چوڭ** خورىكى ئۆسۈپ قالغان، خورىكى ئۈستۈن، تەكەببۇر، يوغانچى: ئۆزىدىن خورىكى چوڭ. * ھەدېسىلا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ھىماتچى ئىكەنلىكىنى داۋراڭ قىلىپ، كىشىلەرگە تەھدىت سالاتتى ۋە خەلقنى خالىغانچە بوزەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ خورىكى بەكمۇ چوڭ ئىدى.

**خورىكى ئۆسمەك** تەكەببۇرلۇق قىلماق، ئىنتايىن يوغان گەپ قىلماق، چوڭچىلىق قىلماق، خورىكى يوغىنىماق: — ئەلچى، ئەلچى! يەنە سوۋغاتمۇ ئەۋەتكىدەكمىزمۇ تېخى؟ ئۇنداق قىلغانسېرى تۆمۈرنىڭ خورىكى ئۆسۈپ كەتمەمدۇ؟ يالڭ جاڭجۇن جانابلىرى بۇنى نېمىشقا چۈشەنمەيدىغاندۇر! — دېدى شامەخسۇت ئاچچىق بىلەن ساقىلىنى سىقىملاپ.

**خورىكى ئۈستۈن** ئادەتتە تەكەببۇرلارچە مۇئامىلە قىلىدىغان، خورىكى ئېگىز، ھاكاۋۇر: خورىكى ئۈستۈن ئادەم. * ئۇنىڭ دىلى نازۇك، خورىكى ئۈستۈن ئىدى.

**خورىكى ئېگىز** ← **خورىكى ئۈستۈن**: بايلار ئادەتتە خورىكى ئېگىز، ھاكاۋۇر كېلىدۇ.

**خورىكى يوغىنىماق** مىجەز-خاراكتېرى ئۆزگىرىپ كەتمەك؛ ھاكاۋۇر بولۇپ قالماق، تەكەببۇرلاشماق، خورىكى ئۆسمەك: — نېمە؟ سەنلەرنىڭ خورەكلىرىڭ نېمانچە يوغناپ كەتتى؟! ھوشۇڭنى يىغشۇال! — دېدى ئەكبەر ئۇلارغا ئۆزىنى كۆرسىتىپ.

**خورەكچى** ئى. ئۇخلىغاندا دائىم خورەك تارتىدىغان، خورەك تارتىشقا ئادەتلەنگەن ئادەم: — ھەممە خورەكچىلەر بىر يەرگە يىغىلىپ قالدۇقمۇ-نېمە؟ — دېدى ئۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ بېشى

**ياستۇقتا تېگىشى بىلەنلا خورەك تارتىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ.**

**خورت** ئىم. ئاساسەن چوشقا ۋە ئات، ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ بۇرنىنى قاقىقاندا، بۇرۇن بوشلۇقىدىن چىقىدىغان ئاۋاز.

**خورت-خورت** «خورت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: **يىراقتىن بىر توپ ياۋا چوشقىلار خورت-خورت قىلىشىپ كېلىۋاتاتتى.**

**خورتىلدىماق** پ «خورت-خورت» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «خورت-خورت» قىلماق: **ئايتىللا بۇ دوق-پوپوزىلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاخىر خورتىلداپ يىغلاپ تاشلىدى.**

**خور-خور** «خور IV» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: **تەلەت ئاخشىمى يېتىشى بىلەن تەڭ خور-خور قىلىپ، خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كەتتى.**

**خورخور** ئى <زوئول> ← **پىستە II.**

**خوردا I** ئى [پ] <ئانات> ① ئادەم ۋە كۆپ ساندىكى ھايۋانلارنىڭ تۆرەلمىلىك دەۋرىدىكى ئىچكى ئىسكىلىتى. كېيىنچە ئومۇرتقا سۆڭىكى ئۇنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. ② بەزى ھايۋانلارنىڭ (مەسىلەن، بىلىقنىڭ) ئاساسىي ئىسكىلىتى.

**خوردا II** ئى [پ] <مات> بىر تۈز سىزىق چەمبەر بىلەن ئىككى نۇقتىدا كېسىشكەندە، ئۇنىڭ چەمبەر ئىچىدىكى قىسمى خوردا دېيىلىدۇ.

**خوردا III** ئى [پ] دىئال. شوۋىگۇرۇچ.

**خوردا IV** ئى [پ] بىرەر ئىش-ھەرىكەتكە، قىلىقىقا ئادەتلىنىش، ئۆگىنىپ قېلىش: **خوردا بولماق. خوردا قىلماق.**

**خوردا بولماق** بىرەر ئىش-ھەرىكەتكە، قىلىقىقا ئادەتلەنمەك، ئۆگىنىپ قالماق.

**خوردا قىلماق** بىركىمنى يامان ئاقىۋەتتە قالدۇرماق، ۋەيران قىلماق، جايلىماق:

**سەن مېنى خوردا قىلىۋەتتىڭ.**

**خوردان** سۈپ [پ] جىق يەيدىغان، ئىشتىھالىق، يېگەك: **باي تولا يېسە خوردان دەر، نامرات تولا يېسە ئوپقان دەر (ماقال).**

**خوردىلىقلار** ئى <زوئول> ھايۋانلار دۇنياسىدىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىر تىپ. يېتىشكەنلىرىدە ياكى يۇمران تەنىنىڭ دۈمبە تەرىپىدە بىر تال يىپسىمان تۈزۈلمە بولۇپ، ئۇ خوردا دېيىلىدۇ. مۇشۇنداق تۈزۈلۈشتىكى ھايۋانلار خوردىلىق ھايۋانلار دېيىلىدۇ. ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارمۇ مۇشۇ تىپقا كىرىدۇ.

**خورسىندۇرماق** «خورسىنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: **— ئىنىم، ئىككىمىز تۇراغا كەلگەندىن بۇيان بىرەر ئەجىر-خىزمە تىمۇ كۆرسەتەلمىگەندۇق، باشقىلار ھەدەپ ئۆزىنى ماختاپ-ئۇچۇرۇپ بىزنى خېلىلا خورسىندۇرۇپ قويدى، — دېدى قىيىقچى ئىنىسىغا.**

**خورسىنماق** پ. بىرەر غەم-ئەندىشە، تەشۋىش، مەغلۇبىيەت تۈپەيلى ئېغىر نەپەس چىقارماق، ئۇھ تارتماق، خورلۇق ھېس قىلماق: **روشەننىڭ ئاياغ تىۋىشى يىراقلاشقاندىن كېيىن، تالىپ ئېغىر خورسىنىپ قويدى. * — مۇنداق خورلۇقنى ھېچقاچان كۆرمىگەنىدىم. تۆمۈر دېگەن ئوغرى جېنىمغا زىخ بولۇپ تۇرمىغان بولسا، بۇ بېشى چولڭ تېجىمەللەرنىڭ ئەدىبىنى راسا بېرىپ قوياتتىم! — دېدى شامەخسۇت خورسىنغان ھالدا.**

**خورلاشماق** «خورلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خورلانماق** «خورلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: **— خورلىنىپ ياشىغاندىن، ۋىجدان بىلەن ئۆلگەن تۈزۈك! — دېدى قەمەرنىسا تاپانچىسىنىڭ ئۇچىنى پالۋ چىگنەنىڭ پېشانىسىگە قارىتىپ تۇرۇپ. * مەن خورلانغان چېغىمدا، دۈشمەن تۇرغان بېغىمدا.**

**خورلۇق** I «خور III» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: **خورلۇق كۆرمەك. خورلۇق تارتماق. * ساقلىتا خورلۇق يوق (ماقال). * دادىسىنىڭ يىرگىنچلىك ھەرىكەتلىرىدىن قىز ئۆزىدە خورلۇق ھېس قىلدى. * مەن سادىقتا ئالدانغانلىقىمنى بىلىپ، كۆڭلۈمدە بىر خىل خورلۇق ھېس قىلىشقا باشلىدىم.**

**خورلىماق** پ. بىراۋنىڭ ئىززەت-نەپسىنى ئاياغ ئاستى قىلماق، كەمسىتمەك، خارلىماق: **ئوردىنىڭ ساقچىلىرىنى، خەزىنە سارايلىرىنى ئەنە شۇ خەلق تولدۇرغانىدى. ئەپسۇس، ئۇ زالىملار ھازىر بىر پارچە نانغا زار بولۇۋاتقان ئەنە شۇ خەلقنى خورلىماقتا. * ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى شەرق ئەللىرىنى مۇستەملىكە قىلغاندىن كېيىن، شەرق مىللەتلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى، ئىقتىسادىنى بۇلاپ-تالىدى، سانائەت، تىبابەتلىرىنى بوغدى، غەرب تىبابىتىنى كۈچەپ تەرغىپ قىلىپ، يەرلىك ئەنئەنىۋى تىبابەتلەرنى خورلىدى.**

**خورما** ئى [پ] <بوت> ① پالما ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ. دەرەخ ئۈچىدا پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماقلىرى بولىدۇ، يوپۇرمىقى تار ھەم ئۇزۇن؛ گۈلى گۈشلۈك، باشاقسىمان گۈل رېتىدە بولۇپ، تاق جىنسلىق، ئاتىلىق-ئانىلىقى ئايرىم تۈپلەردە بولىدۇ؛ شىرنىلىك مېۋىسى چىلانغا ئوخشايدۇ، ئۇرۇقى ئۇزۇنچاق، ئوتتۇرىسىدا ئېرىقچىسى بولىدۇ. غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىدىن چىقىدۇ. مېۋە گۆشى تاتلىق بولىدۇ. دەرەخ غولىنى چىلاش ئارقىلىق ئېلىنغان شىرنىسىدىن قەنت ۋە ھاراق ئىشلەشكە بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**خورما رەڭ** <گ سەن> ← بېغىر رەڭ.

**خورمىزار** ئى [پ] ← **خورمىلىق**: **ئۇ مەھەللىدىن چىقىپ، بۆك باراقسان خورمىزارغا راۋان بولدى.**

**خورمىلىق** ① سۈپ. خورما دەرىخى بار، خورما كۆپ ئۆستۈرۈلگەن: **خورمىلىق باغ. * ساقلاش ئۈچۈن بۆرىدىن خورمىلىق كەڭ ئېلىكنى، تاغدەك مۇشكۇل ئالدىدا بوشاتمىدىڭ بىلىكنى.** ② ئى. خورما كۆپ ئۆستۈرۈلگەن، خورما دەرىخى بار يەر؛ خورمىزار.

**خورۇلداتماق** «خورۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: **مۇسۇلمانقۇل بەكمۇ غەزەپلەنگەنىدى. ھازىرقى ھەممە ئەلەمنى تاماكىدىن ئالىدىغاندەك، ھۆدەيچى ئېلىپ كەلگەن چىلىمگە چاپلاشتى-دە، خورۇلدىتىپ سەيخاننى يىرىۋەتكۈدەك قىلىپ تارتتى.**

**خورۇلداشماق** «خورۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خورۇلدىماق** پ. «خور-خور» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «خور-خور» قىلماق: **نۇشىرۋان تەيجى ئۆزىنىڭ تىزىغا يۆلىنىپ، خورۇلداپ ياتقان مۈشۈكنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ قويدى.**

**خورىتىش** «خوراتماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى.

**خورىتىش ئۇرۇشى** <ھەرب> دۈشمەننىڭ كۈچىنى پەيدىنپەي خورىتىدىغان ئۇرۇش. بۇ ئۇرۇشنىڭ مەقسىتى ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىنى ئۆزگەرتىپ، ناچار ئەھۋالدىن ئۈستۈنلۈككە ئۆتۈش، ئەڭ ئاخىرى دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇ يەنە دۈشمەننىڭ كۈچىنى خورىتىش داۋامىدا ئۆزىمۇ چىقىم تارتىدىغان، پايدىسى زىيىنىنى قاپلىيالمايدىغان ياكى پايدا بىلەن زىيان تەڭ بولىدىغان ئۇرۇشنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

**خورىتىشماق** «خوراتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خورىماس** سۈپ ① ئوڭاي، ئاسان خوراپ كەتمەيدىغان، خورىمايدىغان، تۈگىمەس:

**ئەقىل تونۇماس، بىلىم خورىماس (ماقال). * ئانىنىڭ
يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان يالقۇنلۇق سۆزلىرى نادەمنى
تېخىمۇ ھاياجانغا سالدى، بۇ سۆزلەر ئالدىنقى
سەپكە ئاتلىنىش ئۈچۈن تەييار تۇرغان ئوغۇل ئۈچۈن
خورىماس غەيرەت، تاغدەك مەدەت بولدى.** ②
ئۆزىنى ئۇپراتمايدىغان، ئۆزىنى ئاسراشـ
نى بىلىدىغان، غەم يېمەس، بىغەم:
**خورىماس ئادەم.**

**خورىماق** پ. ئازلىماق، كېمەيمەك؛ كىچىكـ
لىمەك، ئۇپرىماق: **نورۇز داموللىنى قۇمۇل
دىيارىنىڭ ئەڭ چوڭ ئاخۇنى قىلىپ بەلگىلەش
توغرىسىدا شامەخسۇت ۋاڭغا تەكلىپ بېرىمەن. نورۇز
داموللىغا ئىلتىپات كۆرسەتمەكلىك بىلەن بىزنىڭ بىر
تال مويىمىزمۇ خوراپ قالمايدۇ. * تۆكۈلسە دانلار،
خورايدۇ نانلار، ئۇنامدۇ گاللار، شېرىن بۇ جانلار؟!**

**خوزۇر** ئى [ئە] <بوت> خوزۇر ئائىلىسىدىكى
يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى
كىچىك دەرەخ. يوپۇرمىقى ئېللىپس
شەكلىدە ياكى تەتۈر تۇخۇمنە شەكلىدە
بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ، گىرۋىكىدە ئىنچىـ
كە ۋە سىلىق كەلگەن چىشلىرى بولىدۇ؛
گۈلى كىچىك، تاق جىنسلىق ۋە سارغۇچ
يېشىل، باھاردا ئېچىلىدۇ؛ ئۈچكىلىك
مېۋىسى شارغا ئوخشاپ كېتىدۇ، پىشقاندا
توق قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ؛ ئۇرۇق
مېيىنى سىلىقلىغۇچى ماي ئورنىدا ئىشلەتـ
كىلى، مېۋە گۆشىنى دورىغا ئىشلەتكىلى،
قوۋزاق ۋە يوپۇرماقلىرىدىن كاشتان
يېلىمى ئالغىلى، مېۋىسى ۋە قوۋزىقىنى
سېرىق بوياققا خام ئەشيا قىلغىلى،
ياغىچىدىن ھەر خىل سايمان ۋە ئۈسكۈـ
نىلەرنى ياسىغىلى ھەمدە نەقىش ئويغىلى
بولىدۇ.

**خوزۇر ئائىلىسى** <بوت> قوش پەللىلىك
ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر ئائىلىسى. بۇ
ئائىلىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆپىنچىسى
دەرەخ ياكى چاتقال، ئاز بىر قىسمى
سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەردۇر. ئۇلارنىڭ
تىكىنى بولىدۇ، گۈلى ئاق ياكى يېشىل
كېلىدۇ، گۈل كاسىسى كاناي شەكلىدە
بولۇپ، تېپىز يېرىلىدۇ؛ ئاتىلىقى 4 ــ 5
تال بولۇپ، گۈل تاجىسىغا ئۇدۇل ھالەتتە
ئۆسىدۇ؛ چاڭدېنى ئىككى خانىلىق،
ئۇرۇقدېنى 2 ــ 4 خانىلىق كېلىدۇ؛
ئانىلىق بوينى تېپىز يېرىلىدۇ، تۆرەلمە
تۈگۈنى بىر، بەزىدە ئىككى دانە بولىدۇ،
ئۇرۇقىدا تۆرەلمە سۇتى ناھايىتى مول
بولىدۇ.

**خوسا** ئى [پ] توم تۇياق ئەركەك ھايۋانلارـ
نىڭ جىنسىي ئەزاسى.

**خوستاگۈل** ئى [لات+پ] <بوت> ① گۈلسامساق
ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق
ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى چوڭ، تۇخۇم ياكى
يۈرەك شەكلىدە بولىدۇ، توپلىشىپ
ئۆسىدۇ، سېپى ئۇزۇن كېلىدۇ؛ گۈلى
ئاق بولۇپ، ئومۇم گۈل رېتىدە بولىدۇ،
خۇش بۇي پۇرايدۇ. ئۇ مەشھۇر مەنزىرە
ئۆسۈملۈكى بولۇپ، نەم ۋە سايە
جايلاردا ئۆستۈرۈلىدۇ. ② شۇ خىل
ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**خوش** [پ] ① ئىم. « خەير » ، « يەنە
كۆرۈشەرمىز » ، « سالامەت بولۇڭ »
دېگەن مەنىلەردىكى خەيرلىشىش
فورمىسى: **قاچقۇن بىرئاز بىتاقەت بولۇپ، بوۋاينىڭ
ئورۇق قوللىرىنى ئالقىنىغا ئالدى: ــ خوش، ھازىرچە
خوش، مەن ئالدىرايمەن، ــ دېدى ـ دە، يولغا
راۋان بولدى. * ــ خوش، ئانار، كېچىڭىز خەيرلىك
بولسۇن! ــ دېدى يىگىت قىزنىڭ مېھرىبان كۆزىگە
تىكىلىپ. ــ خوش قادىر، ياخشى ئۇخلاپ كۆڭۈللۈك
چۈش كۆرۈپ، سالامەت قوپقايسىز! ــ دېدى قىزمۇ**

يىگىتكە ئوماققىنە قاراپ. ② يۈك. ئاساسەن جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ، «قېنى»، «قېنى ئەمىسە»، «ئۈنداقتا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ـ خوش، قانداق ياخشى خەۋەرلەر بار قادىر؟ ـ دەپ سورىدى باشلىق ئۈنىڭدىن. * قاسىم يەنە سابىرغا بۇرۇلۇپ قارىدى: ـ خوش، سىزچە، 300 غۇلاچ تاغنى قانداق تېشىپ ئۆتمەكچى؟ ③ يۈك. قارشى تەرەپكە قارىتىپ ئېيتىلغاندا «مەرھەممەت»، «قېنى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: خوش، مېھمانلار، ئاشقا باقايلى. ④ ئىم. قارشى تەرەپنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇش پوزىتسىيىسىنى يەنى «بولىدۇ»، «ھەئە»، «شۇنداق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ: ـ يىلىغا 360 كويي تاپشۇرسەن، ـ دېدى. ـ ماقۇل، ـ دېدىم. ـ ئاشنى نەق پۇلغا ئالسەن، ـ دېدى. ـ خوش، ـ دېدىم. * داموللام ئۆيىنىڭ تۆرىدە ئولتۇرۇپ، ئىسلام شەرىئەتلىرىنى جامائەتكە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. ئەتراپىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ جامائەت ئۇنىڭ سۆزىگە «خوش، خوش» دەپ تەستىق سېلىشاتتى. ⑤ يۈك. سۆزلىگۈچىنىڭ يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئۆز سۆزلىرىنى خۇلاسىلىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كېلىپ، «گەپنىڭ قىسقىسى»، «يىغىپ ئېيتقاندا» دېگەنگە ئوخشاش سۆز-ئىبارىلەرنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ: خوش، شۇنداق قىلىپ، ئاخىرى ئەتە ماڭىدىغان بولدۇق-دە.

**خوشاڭ** ئى [خەن] بىر خىل يېمەكلىك. ئېچىگە گۆش بىلەن پىيازدىن قىلىنغان قىيما ئېلىنىپ، مانتىغا ئوخشاش تۈگۈلىدۇ ۋە تاۋىدا قىزدۇرۇپ پىشۇرۇلىدۇ.

**خوشاڭچى** ئى. خوشاڭ پىشۇرۇش ۋە ئۇنى سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاشپەز.

**خوش-خوش** «خوش» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: خوش-خوش دەيسىز، موك-موك يەيسىز (ماقال). * ئىككى ئايال ئاتامان: ـ خوش-خوش، ـ دەپ ئارقىغا ياندى.

**خوشلاشماق** پ. ئايرىلىشماق، خەيرلەشمەك: قاسىمئاكام بالا-چاقىلىرىنى ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، بىز بىلەن خوشلاشتى. * قاراڭغۇ چۈشكىلى خېلى ئۇزۇن بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بىز بىر-بىرىمىزگە قاراپ، قېنىشماي ئۇزاققىچە ئولتۇرۇشۇپ قالدۇق. كېچە سائەت ئۈچ بولغاندا خوشلاشتۇق.

**خوشنا** (توغرىسى: قوشنا) ← **قوشنا.**

**خوشۇت** ئى ① <ئىرق> چىن خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ بىرى. خوشۇتلار ئەسلىي ئۈرۈمچى ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن، مىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرلىرىدا چىڭخەي، شىزاڭ ئەتراپلىرىغىچە كۆچۈپ بارغان. ئۇلار بۇ رايونلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن. ② شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى بىر ناھىيىنىڭ نامى.

**خولۇپ** تەق ① سۇيۇقئاش، چۆپ ۋە شۇنىڭدەك سۇيۇق-سەلەڭ تاماقلارنى ئالدىراپ، تېز ئىچكەندە چىقىدىغان ئاۋاز: ئۇ قولىغا قاچىنى ئېلىپ، «خولۇپ» قىلىپ ئېشنى ئىچىشىگىلا، ئىشىكتىن بىر مېھمان كىرىپ كەلدى. ② پۈتقا چوڭ رازمېرلىق ئاياغنىڭ توسالغۇسىز ئاسانلا كىيىلىش ھالىتى.

**خولۇپ ئاش** دىئال. خېمىرنى يوغان-يوغان تاشلاپ ئېتىدىغان بىر خىل سۇيۇقئاش.

**خولۇپپىدە** رەۋ. «خولۇپ» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «خولۇپ قىلىپ»: ئۇ كىچىككىنە چىنىدىكى بىر قوشۇق قالغان ئېشنى خولۇپپىدە ئىچىۋەتتى.

**خولۇپ-خولۇپ** «خولۇپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ سۇيۇقئاشنى خولۇپ-خولۇپ

قىلىپ ئېچىۋەتتى.

**خولۇپشتماق** «خولۇپشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: «قىزىل بۇرۇن» ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمىغان ھالدا، ئاشنى خولۇپشتىپ ئىچمەكتە، ئەيتاۋۇر، ئاشنىڭ ئىسسىق تەپتىدىنمىكىن، ئۇنىڭ چوڭقۇر قورۇق قاپلىغان پېشانىسىدا، چېكىم-چېكىم تەرلەر يالتىراپ، يۈزلىرىگە ئىسسىق قان يۈگۈرگەندى.

**خولۇپشماق** پ. «خولۇپ-خولۇپ» قىلماق، خولۇپلىماق.

**خولۇپلاتماق** «خولۇپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تاماق يېگەندە، قول ۋە ئېغىزنى پاكىز سۈرتۈپ تۇرۇش، تاماقنى ئۇنلۇك چايناش، خولۇپلىتىپ ئىچىش، گالنى قىقىش قاتارلىق ئادەملەر ياقتۇرمايدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىش لازىم.

**خولۇپلىماق** پ. «خولۇپ» قىلىپ ئاۋاز چىقماق، خولۇپشماق.

**خولۇم-خوشنا** (توغرىسى: قولۇم-قوشنا) ← قولۇم-قوشنا.

**خولېرا** ئى [ر<لات <گرېك] <تىب> ئۈچەي يوللىرىدا بولىدىغان ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل. ئۇنى خولېرا تىرناقسىمان باكتېرىيەسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا، ئىچ سۈرۈش، قۇسۇش، چوڭ تەرەت خۇددى گۈرۈچ سۈيىگە ئوخشاش سۇيۇق كېلىش، پۇت-قول تارتىشىش ۋە مۇزلاش، شوك بولۇپ قېلىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ سۇسىزلىنىش تۈپەيلىدىن كۆز ئۆۋۈسى ئولتۇرۇشۇپ، پۇت-قول بارماقلىرى سوغۇلۇپ كېتىدۇ.

**خولېستېرىن** ئى [ر<گرېك] <خىم> ئىسپىرتلارنىڭ بىرى، يەنى ئاق رەڭلىك كرىستال ماددا. ئادەمنىڭ ئۆت سۇيۇقلۇقىدا، نېرۋا توقۇلمىلىرى ۋە قان سۇيۇقلۇقىدا مىقدارى ئەڭ كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالمىشىشى تەكشۈرگۈسىزلاشسا، قىزىل تومۇر قېتىش ۋە ئۆتتە تاش پەيدا بولۇش كېسەللىكلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ئارىلىق مەھسۇلاتى كۈن نۇرى تەركىبىدىكى ئۇلترا بىنەپشە نۇر تەسىرىدە ۋىتامىن D غا ئۆزگىرىدۇ. ئادەتتە ئۇ سىنتېزلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە گورمونلارنىڭ مۇھىم ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

**خولىن** ئى [ر<گرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، يەنى رەڭسىز، قويۇق ھالەتتىكى سۇيۇقلۇق. كۈچلۈك ئاساسلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەر تېنىدىكى مايلارنىڭ ئالمىشىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**خولىن كىسلاتا** <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. ھايۋانلارنىڭ ئۆت سۇيۇقلۇقىدا بولىدۇ، مايىنىڭ ھەزىم قىلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**خولىنجان** ئى [پ] <بوت> زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، ئېللىپس شەكىللىك ياكى تۆمۈنە شەكىللىك بولۇپ، گىرۋەكلىرىدە ئىنچىكە تۈكلىرى بولىدۇ؛ گۈلى ئاق كېلىدۇ، تۈگۈنەك يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەندۈرۈش رولىغا ئىگە.

**خون** [پ] ① مىق. ئۈستى-ئۈستىگە تىزىلغان، دەستە: بىر خون نان. بىر خون مەزە. ② ئى. گۇرۇپپا، گۇرۇھ: قەشقەر شەھىرىدىكى 20 خون ئەلنەغمىنىڭ خۇشاللىقىمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى. * ھەر قېتىم قەشقەرگە كەلگىنىدە، قەدىناس دوستى، داڭلىق ئەلنەغمىچى قاسىم ئاخۇننىڭ ئۆيىگە چۈشەتتى. بىر خون نەغمە قىلاتتى.

**خونچا** ئى [پ] ① ئۈستىگە نان قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى قويىدىغان تاۋاق، پەت-

نۇس: خان ئىشخانىسىنىڭ يان تەرىپىدىكى ئۆيدە، سۇتۇقنىڭ ئانىسى تەركىن بېگىم كارىۋاتتا يانپاشلاپ ياتاتتى. دېدەك قىزلاردىن بىرى خونچىدا بىر چىنە چاي ئەكىرىپ، كارىۋاتنىڭ باش يېقىدىكى كىچىك شىرەگە قويدى. * گۈللە يىلى يېشىل دۇخاۋا ياپقان خونچىغا قويۇلغان پارقىراپ تۇرغان خانلىق ئالتۇن تاجنى ئەكىلىپ، باتۇر تاغىنىڭ ئالدىدا توختىدى ۋە خونچىنى يۇقىرى تۇتۇپ، بېشىنى ئەگدى. * ئۇلار خونچىلاردا تاماق ئېلىپ كېلىشىپتۇ. ② بىر خىل كىچىك چىنىتەخسە.

**خونچىلاتماق** «خونچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خونچىلاشماق** «خونچىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خونچىلانماق** «خونچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ چاغدا، مومايىنىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقىدىن ناچىنىڭ تۆشۈكىدەك پۈرۈشۈپ، بۇرنىغا يەنە بىرەر ئايدىن كېيىن بولىدىغان «قىز كۆرۈش»، «قۇدا چېيى»، «توي»، «يۈز ئاچقۇ»، «چىللاق» دېگەنلەردەك، قىز تەرەپتىن خونچىلىنىدىغان نازۇ نېمەتلەرنىڭ پۇرىقى كەلدى.

**خونچىلىماق** پ ① بىر خون ـ بىر خون قىلماق؛ ئۈستى ـ ئۈستىگە تىزماق، دەستىلىمەك: توختىئاخۇن بىلەن سەلىمخان بىر دانە قىزىمىز دەپ ئارزۇلاپ بېقىپ چوڭ قىلغان قىزى گۈلخاننىڭ توي چېيى كۈنى، ئۆزلىرى چاقىرغان مېھمانلار يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، يېڭىلا پىشۇرغان نازۇ نېمەتلەرنىڭ ھەممىسنى خونچىلاپ بولدى. ② تەخسىنىڭ ئۈستىگە پىيالىنى قويماق: مېھمانغا خونچىلاپ چاي سۇنماق. * ئانا مېھمانلارنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇلارغا خونچىلاپ چاي تۇتتى ـ دە، چىقىپ كەتتى.

**خوندرىئوسوم** ئى [ر<گرېك] <بىئول> ستوپلازما ئىچىدىكى دانىچە ياكى تاياق شەكلىدىكى ھۇجەيرە ئاپپاراتى. ئۇ ھۇجەيرىنى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەش ۋە ئۆزلۈكىدىن پارچىلىنىش قابىلىيىتىگە ئىگە. ئىرسىيەتتە، نىسپىي مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالىدۇ.

**خوي** رەۋ ① ئىنتايىن، ناھايىتى، بەك: بۇ ئىشنى ئۇققان خەقلەر بۇ خوتۇنغا: ـ بۇركۈتتىن سارمۇ تۇغۇلىدۇ. سەن پادىشاھنىڭ بالىسى زېرەك بولىدۇ دەپ قىزنىڭنى بەرگەنىدىن كېيىن، خوي ئوبدان بوپتۇ، ـ دەپتۇ. * رازى بولۇپ ئانىسى، ئورۇپ قويىدى شۇ زامان. كىيگەن چىمەن دوپپىمۇ، بەك ياراشتى خوي ئوبدان. ② ياخشى، ئوبدان: خوي بولدى. * ـ ئۇنداق قىلما دېسە ئۇنىمغاندىن كېيىن خوي بولدى، ـ دېدى ئانىسى ئاچچىقلىنىپ.

**خويمۇ** رەۋ. بەكمۇ، تولىمۇ: ئۇنىڭ يىللىق چىرايى ماڭا خويمۇ تونۇشتەك بىلىندى. مەن بېشىمنى ئۇ يان بۇراپ، بۇ يان تولغاپ، سىنچىلاپ قاراپمۇ، زادىلا يادىمغا ئالالمىدىم. * ئاخشىمى قاراڭغۇدا، خويمۇ كۆيىدۇ چىراغ. ناخشا ئېيتسام، ئۇن يەتمەس، يارنىڭ ئۆيلىرى يىراق.

**خۇاجەر** ئى [خەن] خېمىرىغا ياغ سۈرتۈپ، تولغاپ، قاسقاندا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل ھورنان.

**خۇاڭپۇ** ئى [خەن] گۇاڭجۇدىكى بىر پورتنىڭ ئىسمى.

**خۇاڭپۇ شەرتنامىسى** <تارىخ> جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى، فرانسىيە چىڭ ھۆكۈمىتىنى مەجبۇرلاپ ئىمزالىغان تۇنجى تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە. بۇ شەرتنامە 1844 ـ يىلى (داۋگۇاڭنىڭ 24 ـ يىلى) 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى گۇاڭجۇ ـ نىڭ خۇاڭپۇ پورتىدىكى فرانسىيە ھەربىي پاراخوتىدا ئىمزالانغان. ئۇ جەمئىي 36 ماددا بولۇپ، ئۇنىڭدا: فرانسىيە بەش پورتتا سودا قىلىش بېجىنى ئىككى تەرەپ

كېلىشىپ بېكىتىش، كونسۇللارنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى بولۇش، فرانسۇزلار سودا پورتلىرىدا چېركاۋ قۇرۇش، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ چېركاۋلارنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بولۇش دېگەنلەر بەلگىلەنگەن.

**خۇپتەن** ئى [پ] ① <دىن> كۈن ئولتۇرۇپ تەخمىنەن بىر-ئىككى سائەت ئۆتكەن، يەنى ناماز شامدىن كېيىنكى ۋاقىت؛ قاراڭغۇ چۈشكەن چاغ: شام بىلەن خۇپتەن ئارىلىقىدا، بۇ كوچىغا بىر يىگىت كېلىپ توختىدى. * قىزىق پاراڭ بىلەن كەچ كىرىپ قالغانلىقىنى بىلمىگەن قاسىم خۇپتەن بىلەن ئاران ئۆيىگە قايتتى. ② شۇ ۋاقىتتا (خۇپتەندە) ئوقۇلىدىغان ناماز: ــ ئۇكام، سىز مېڭىپ تۇرۇڭ، مەن خۇپتەننى ئوقۇپ بولۇپ ئاندىن باراي، ــ دەپ بالىنى يولغا سالدى نىيازقارى.

**خۇپتەندىن قېچىپ تاراۋىغا تۇتۇلماق** دەسلەپ دۇچ كەلگەن بىر ئىشنى قىيىن دەپ ئۇنىڭدىن قېچىپ، تېخىمۇ قىيىن بولغان باشقا بىر ئىشقا يولۇقماق: بۇ بۆلۈمگە ئىش توختىتىشنىڭ ئاكتىپ تەشەببۇسچىسى زۇنۇن ئىگدارچىلىق قىلغانلىقتىن، مەناپقا كېلىدىغان گۇمان ئاز ئىدى. ــ خۇپتەندىن قېچىپ تاراۋىغا تۇتۇلدۇڭ ھۆرىگۇل، ــ دەپ كۈلدى مەناپ.

**خۇپتەندىن قېچىپ تاراۋىغا ئۇچرىماق** ← خۇپتەندىن قېچىپ تاراۋىغا تۇتۇلماق.

**خۇپتەن نامىزى** <دىن> خۇپتەن مەزگىلىدە ئوقۇلىدىغان ناماز: ئۇ خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئىشكنى ئاستا تاقايتتى-دە، ئۆيگە كىرىپ، ئۆزىنى ئورۇنغا تاشلاپ، چەكسىز خىياللار دېڭىزىدا ئۈزەتتى.

**خۇپسەن** سۈپ [پ] بىلىپ تۇرۇپ ھېچنېمىنى ئۇقمىغان قىياپەتكە كىرىۋالىدىغان، ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك بولۇۋالىدىغان: خۇپسەن ئادەم. * «ياردار مەھبۇس» گاھىدا خۇپسەن بولۇۋالاتتى، گاھىدا قاتتىق ئىگراپ، نالە قىلىپ ياتاتتى. * نەزىرە خۇپسەن بولۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ سىرىنى يوشۇرۇپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، بىراق، ھېلىگەر مەخپىي رازۋېتچىك نەزىرەنىڭ ئۆزىنى قاچۇرۇشىغا يەنىلا يول قويمىدى.

**خۇپسەنلىك** «خۇپسەن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ــ توختى، سەن تولا خۇپسەنلىك قىلما! ئەترەتنىڭ قانچە ئېتى بارلىقىنى مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ تورۇق ئاتنى نەگە سوقۇپ قويدۇڭ؟ ــ دېگىنىچە ئالدىمغا ھۆرپىيىپ كەلدى.

**خۇپپىيانە** رەۋ [ئە+پ] باشقىلارغا بىلدۈرمەستىن، يوشۇرۇن ھالدا، يوشۇرۇنچە: خۇپپىيانە ئۇچراشماق. خۇپپىيانە تەكشۈرمەك. * ئايشەمخان ئاچا داۋۇت ئاكىدىن خۇپپىيانە كېلىپ، مايسىخاندىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى. * قاسىمنىڭ بىرنەچچە قېتىملىق خۇپپىيانە ئىشلىرى ھېيتەمنى خېلىلا خاپا قىلىپ قويغان بولسىمۇ، ئۇ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ كەلگەنىدى.

**خۇتبە** ئى [ئە] <دىن> ① جۈمە ۋە ھېيت نامازلىرىدا، مەسچىت ئىمامى تەرىپىدىن پەرزنىڭ ئالدىدا، مەسچىت مۇنبىرىدە قىلىنىدىغان دىنىي پەندى-نەسىھەت ۋە دۇئا: ئېچكىرى-تاشقىرى مەسچىتكە لىق تولغان ئادەملەر خۇتبە مۇنبىرى دەپ ئاتالغان تاختا سۇپىدا قولىغا قۇرئان ئېلىپ سۆزلەۋاتقان سەللىلىك ئادەمگە قاراپ تىزىلىپ، سەپ بولۇپ ئولتۇرۇشىدۇ. ② نىكاھ ۋاقتىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا.

**خۇد (خۇدى)** I ئى [پ] ئەس-ھوش، تۇيغۇ، سېزىم: خۇدىنى بىلمەك. خۇدىنى تاپماق. خۇدىنى يوقاتماق. * خوتۇنى يوقنىڭ خۇدى يوق (ماقال). * تۆگىنىڭ بۇغرىسى تۇتسا، خۇدىنى بىلمەس (ماقال). * دادامنىڭ ئىككى پۇتى كۆمۈرنىڭ ئاستىدا قېلىپ، چۇل-چۇل بولۇپ كەتكەن، ئېغىز - بۇرۇنلىرىدىن بولسا قان تامچىپ تۇراتتى، خۇدىنى

ئۇقمايتتى.

**خۇدنى بلمەك** ← **ئىسنى بلمەك**: ئۇنىڭ كېسلى يېنىك بولغانلقتىن، خۇدنى بلىپ ياتاتتى. * سەن خۇدۇڭنى بلىپ يۈر، بولمسا زىيان تارتىپ قالسەن.

**خۇدنى يوقاتماق** ← **ئىسنى يوقاتماق**: ئۇلار مەس قىياپەتتە خۇدنى يوقتىپ، ئۇدۇل كەلگەن يەردە سوزۇلۇپ يېتىپ قالاتتى. * مەنمۇ ياشلقمنىڭ بۇنداق يالقۇنلۇق منۇتلرىدا خۇدۇمنى يوقتىپ، ۋاقتنىڭ ناھايتىمۇ تېز ئۆتۈپ كەتكەنلكنى سەزمەي قاپتمەن. * شەمشنۇر نائىلاج، ئەھۋالنى بايان قلشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. قىزنىڭ سۆزىدىن خۇدنى يوقاتقان يگىت ھالڭ-تاڭ بولۇپتۇ.

**خۇدا (خۇداسى)** ئى [پ] دىنىي چۈشەنـچىدە، پۈتۈن ئالەمنى ياراتقان ۋە ئۇنى باشقۇرغۇچى ئىلاھى كۈچ؛ تەڭرى؛ ئاللا: خۇدا ساقلسۇن. * مەن قلارمەن ئوتتۇز، خۇدايىم قلار توققۇز (ماقال). * خۇدا ھەققى بۇ ئىشنى مەن بلمەيمەن. * ــ بۇ ئىشنى ھازىرغىچە بىر ئۆزۈم ۋە بىر خۇدا بلدى. ئەمدى بۇ سىرنى بلگۈچلەرنىڭ ئۈچىنچىسى سىز بولدىڭىز! ــ دېدى ئۇ دوستىغا.

**خۇدا بار** خۇدايىم كۆرۈپ تۇرۇپتۇ؛ خۇدا ساقلايدۇ: خۇدا بار، بۇ ئىشنى مەن زادى قلمىدىم.

**خۇدا بەردى** «بەختلىك، دۆلەتمەن بولدى»، «نېمىنى خالسا، شۇنىڭغا ئېرىشتى» ياكى «شۇنى قىلالىدى» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: ــ ئۇنىڭغا خۇدا بەردى جۇمۇ ئاداش، قارىمامسەن، ئۇ كىشىنىڭ چارۋىسى يىلدىن-يىلغا كۆپىيىۋاتىدۇ، سودىسىمۇ خېلى ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، ــ دېدى ئابدۇللا كاملغا قوشنىسىنىڭ ئائىلە ئىشلرىغا قىزغىنىپ تۇرۇپ.

**خۇدا بۇيرۇسا** ئامان بولسام، پەيتى كەلگەندە: ــ بالا بېقىشنى ئۆگەندىم، خۇدا بۇيرۇسا، يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن ھويلا سۈپۈرۈپ، سۇ توشۇشنىمۇ ئۆگىنىپ قالدىغان ئوخشايمەن، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم ئۇ كىشىنىڭ سوئالىغا.

**خۇدا بلدۇ** ھېچكىم بلمەيدۇ، كىم بلدۇ، تاڭ: خۇدا بلدۇ، يېقىندىن بۇيان ئۇ يەنە ماگىزىن، سودا دۇكانلىرى، ئارقا كوچىلاردا پىرقىرايدىغان بولۇپ قالغان، كارىۋىتىنىڭ ئاستىغىمۇ بىرنەرسىلەرنى تىقىپ يۈرىدۇ.

**خۇدا خالسا** ← **خۇدا بۇيرۇسا**: ــ ئۇنىڭغا ئاشىقكەنسەن، نېمىشقا ئۇنى تېزرەك ئېيتمىدىڭ؟ ھېلىھەم خۇدا خالسا، سېنى بۇ مەقسىتىڭگە يەتكۈزىمەن. بالام ئاۋۋال ساقايغىن، ــ دەپتۇ قازى ئوغلىنىڭ سۆزىگە جاۋابەن.

**خۇدا رەھمەت قلسۇن** «خۇدا ئۆزىنىڭ ياخشىلىقىدىن بەھرىمەن قىلسۇن»، «ياخشىلىق ساڭا ھەمراھ بولسۇن»، «ياخشى كۈن كۆر»، «كۆكلە» دېگەن مەنىلەردىكى تىلەك سۆزى: ــ خۇدا رەھمەت قلسۇن ساڭا بالام، ــ دېدى بوۋاي بالىنىڭ ياردىمىدىن مەمنۇن بولۇپ.

**خۇدا ساقلسۇن** خۇدادىن تىنچ-ئامان بولۇشنى، بالا-قازا، ھەر خىل كېلىشمەسـلىك، كۆڭۈلسىزلىكلەرگە يولۇقماسلىقنى تىلەشتە قوللىنىلىدۇ: ئىككىنچى بۇ يەرگە كېلىشتىن خۇدا ساقلسۇن.

**خۇداغا ئامانەت** خۇدا تېنىڭنى ئامان قىلسۇن، ساق بول: ــ خوش ئەمسە، بالام خۇداغا ئامانەت، ــ دېدى موماي ئىشىك ئالدىدا نەۋرىسىنى ئاقسۇغا ئۇزىتىپ تۇرۇپ.

**خۇداغا تاپشۇردۇم** ← **خۇداغا ئامانەت.**

**خۇداغا شۈكۈر** ھاياتتا بىرەر نەرسىدىن مەمنۇن ۋە رازى بولغانلىقنى، شۈكۈر-قانائەت قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: خۇداغا شۈكۈر، ئارقىدىن ئۇرۇپ قوغلاش توختاپ قالدى. * ــ ئۇنداقمۇ دەيمىز، مۇنداقمۇ دەيمىز، خۇداغا شۈكۈر، 70 قانچە يىلدىن بېرى، بۇ ئىككى پۇتىمىز ئۇبدان

خىزمەت قىلدى، - دېدى بوۋاي ئۇنىڭ سۆزىگە كەسكىن جاۋاب بېرىپ.

**خۇداغا قويدۇم** خۇدا بىر تەرەپ قىلسۇن، خۇدا ئۆزى ھەل قىلسۇن، تەۋەككۇل: - ئوبدان ئۇكام، بۇ يەرگە كەلگىنىمنى ھېچكىمگە تىنىقچى بولمىسلا. قالغىنىنى خۇداغا قويدۇم، ياراتقان ئىگەمگە، - دېدى ئۇ ئىنىسىغا.

**خۇدا كۆرسەتمىسۇن** بىرەر كۆڭۈلسىزلىك، ۋەقە، ھادىسە قاتارلىقلارنىڭ يۈز بەرمەسـ ـلىكىنى تىلەپ ئېيتىلىدىغان ئىبارە: - سىزدە چىن يۈرەك بار ئىكەن، دوستۇم! بۇ يۈرىكىڭىز بىلەن ھېچقاچان دەرت كۆرمەيسىز، بىراق، جۈمە كۈنى كېچىسى ھامىدنىڭ ئىزىدىن مېنىڭ ھويلامغا كىرىپمۇ، ماڭا ئۆزۈڭىزنى بىلدۈرمەي كەتكىنىڭىزگە خاپا بولمەن، خۇدا كۆرسەتمىسۇن، بىرەر پالاكەت يۈز بەرسە، نېمە بولاتتى؟ - دېدى ئۇ.

**خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتمەك** ئۇ دۇنياغا كەتمەك، ئاخىرەتكە سەپەر قىلماق، ئۆلمەك: ئۇ نيېتىنىڭ يامانلىقىدىن خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتتى.

**خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى** ھەمىشە، دائىم، ھەر كۈنى: بۇنداق ئىشلارنى بىز خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. * ئۇ خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى 10-20 دەۋا خېتىگە مۆھۈر باسىدۇ، كەم دېگەندە، بەش-ئون سەر تەڭگە يىغىۋالىدۇ.

**خۇدانىڭ ئۇرغىنى شۇ** رەسۋا بولغىنى، تۈگەشكىنى شۇ: - ئەگەر بۇ ئىشىمىز بىلىنىپ قالسا، خۇدانىڭ ئۇرغىنى شۇ، - دېدى ئېرى خوتۇنىغا.

**خۇدا ھەققى** ① «ماڭا ئىشىنىڭ»، «دېگىنىم راست»، «راستى مۇشۇ» دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ: ئابلا قوغۇنچى بىرئاز تېرىكتى: - خۇدا ھەققى، شۇ يېشىمدا سىلەرگە يالغان ئېيتىپ نېمە قىلاي. باياتىن قوناقلىقتىن خۇددى ھەيدىگەندەك، مۇشۇ تەرەپكە قاراپ لۆمشۈپ كېلىشتى. ② ئۆتىنىپ قالاي، ئىلتىماس قىلاي، يالۋۇرۇپ سوراي: گۈزەلئاي قۇلىقىغا لەۋلىرىنى يېقىپ دېگۈدەك: - خۇدا ھەققى تېزرەك كېتەيلى، مەن ئۇنىڭدىن قورقىمەن، مېنى كۆرسە، يەيدىغاندەك قارايدۇ، مەست بولۇۋېلىپ كېچىچە دېرىزە تۈۋىدە جىرلاپ، بىشەم گەپ قىلىپ چىقىدۇ! - دېدى.

**خۇدا ئۇرسۇن** «ئېغىر پالاكەتكە، بەختسىزلىككە ئۇچرىسۇن» دېگەندەك مەنىلەردە ئىشلىتىلىدىغان قارغىش، لەـ ـنەت سۆزى: بۇ راست گەپ، يالغان بولسا، خۇدا ئۇرسۇن. * مەن ئۇنى قەيەرگە بارسا، شۇ يەردە ساقلاپ تۇرىمەن، ئۇنىڭ كانىيىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرمىسەم، مېنى خۇدا ئۇرسۇن!

**خۇدا ئۇرغان** «خۇدا جازاسىنى بەرگەن»، «پالاكەت باسقان» دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ: خۇدا ئۇرغاننى خۇدابەردى قوشلاپ ئۇرۇپتۇ (ماقال). * بىزنىڭ ئارىمىزدا، پرىنسىپ جەھەتتە قارىمۇقارشى پىكىردىكىلەر يوق، بۇنىڭغا شۈبھىلەنمىسەكمۇ بولىدۇ، لېكىن، بۇ ياخشى ۋەزىيەت ھارپىسىدا، مەن جەڭگىۋارلىقنى كۆرمەيۋاتىمەن، بۈگۈن خۇدا ئۇرغان كۈن ئوخشايدۇ.

**خۇدا يولىدا** خالىسانە، مىننەتسىز: خۇدا يولىدا نەزىر قىلماق. خۇدا يولىدا سەدىقە قىلماق. * - مەن سېنىڭ بېشىڭدا بۇلۇتتەك ئايلىنىپ يۈرگەن تەتۈر قىسمەتنىڭ سايىسىنى كۆردۈم. يۈر، سەن مېنى بىرەر پىنھان ماكانغا باشلاپ بار. ساڭا خۇدا يولىدا بىر شەپقەت قىلغۇم كەلدى، - دېدى رەممال ھەييار كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ.

**خۇداپەرەس** سۈپ [پ] خۇداغا، دىنغا ئىشىنىدىغان؛ دىندار: خۇداپەرەس ئادەم.

**خۇداپەرەسلىك** «خۇداپەرەس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**خۇداسىز** سۈپ. خۇدانى ئېتىراپ قىلمايدىـ ـغان، خۇداغا ئىشەنمەيدىغان، دىنسىز: خۇداسىز ئادەم. ″ ئاباق خاتىرە دەپتەرنى قولىغا

ئالدى ۋە سىپايىلىك بىلەن كۆزەينىكىنى تاقاپ، تۈۋەندىكى قۇرلارغا نەزەر تاشلىدى: «بىز كوممۇنىستلار ـ خۇداسىزلارمىز، ماتېرىيالىزمچىلارمىز. شۇڭا، ئەزەلدىن قانداقتۇر ئىلاھىي كۈچنىڭ كىشىلەرگە ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە سالامەتلىك بەخش ئېتىشىگە ھەرگىز ئىشەنمەيمىز». * بىز كوممۇنىستلار ـ خۇداسىزلارمىز لېكىن خۇداغا ئىشىنىشكە يول قويىمىز.

**خۇداسىزلىق** «خۇداسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**خۇداگۇي** سۈپ [پ] خۇدانى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان، دائىم تائەت-ئىبادەت قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان؛ خۇداپەرەس: خۇداگۇي ئادەم. * ئۇ چۈپۈر قاشلىق، ئورا كۆز، ساقىلىغا ئاق ئارىلىغان، ئېگىز بوي، ئەمما سەل دۈمچەيگەن، 65 ياشتىكى خۇداگۇي، بەش ۋاخ نامازدىن قالمايدىغان ئادەم ئىدى. // پوپ ئاستا پەسكە چۈشۈشكە باشلىدى، ئەنە شۇ چاغدا خۇداگۇيلار ئۇنى قورشىۋالدى، ھەركىم ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈشكە تىرىشاتتى.

**خۇداگۇيلۇق** «خۇداگۇي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ھەرقانداق ئادەم دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا بېرىپ، خۇداسىزلىقنى تەشۋىق قىلماسلىقى ياكى دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان ئاما ئىچىدە خۇداگۇيلۇق بىلەن خۇداسىزلىقنىڭ مۇنازىرىسىنى قوزغىماسلىقى لازىم.

**خۇدالىق** سۈپ. خۇداسى بار؛ خۇداغا ئېتىقاد قىلىدىغان، ئىشىنىدىغان: بىر خۇدالىق دىنلار. كۆپ خۇدالىق دىنلار.

**خۇدالىق ئالەم** ھەممە نەرسە خۇدانىڭ ئىلكىدە بولغان، ھەممىنى خۇدا باشقۇرىدىغان، خۇدانىڭ بۇيرۇقىسىز ئىش بولمايدىغان ئالەم: ـ خۇدالىق ئالەم بۇ، تەقسىر! پېقىر يالغان ئېيتىپ باقمىغان، ـ دېدى ئۇ. * ـ قانداق ئىشلارنى قىلسا ساۋاپ بولىدۇ، قانداق ئىشلارنى قىلسا گۇناھ بولىدۇ، بۇنىڭ ھەممىسىنى بىلىلا. خۇدالىق ئالەمدە ھەممە ئىش خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن...، ـ دېدى قارىم رەئىس ئاخۇنۇمغا.

**خۇدايا** ئى [پ] «ئەي خۇدا» دېگەن مەنىدە، خۇداغا مۇراجىئەتنى بىلدۈرىدۇ: ـ خۇدايا، بۇ دوزاقتىن ئۆزۈڭ قۇتۇلدۇرغايسەن... ئامىن، ـ دېدى ھېلىقى مەھبۇس.

**خۇدايا تۇۋا** ① ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ئۈچۈن، خۇداغا تۇۋا قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: گەپنىڭ ياخشىسى «خۇدايا تۇۋا»، ئاشنىڭ ياخشىسى قورۇما شورپا (ماقال). * ـ خۇدايا تۇۋا، غاپىللىقتا ئۆتكۈزگەن بۇ گۇناھىمىزنى ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن، ـ دېدى ئۇ كىشى ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ. ② كۆچمە. قاتتىق ھەيران قالغانلىقنى، ئەجەبلەنگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ: ـ خۇدايا تۇۋا! «ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشىدۇ» دېگەن تەمسىل بىكار ئېيتىلمىغانكەن، رازۋېتكا بۆلۈم باشلىقى بىرمۇنچە ياخشى ئادەملەرگە ئۇۋال قىلغانىدى، ئاخىر ئۆزىمۇ قۇتۇلالماپتۇ! ـ دەپ گۇدۇڭشىدى بىر مۆتىۋەر.

**خۇدايا شۈكرى** ← **خۇداغا شۈكۈر**: ـ خۇدايا شۈكرى، ـ دەپتۇ ئەپەندىم، ـ ئەمسە تونۇپ قويۇڭ، مەن شەھەرنىڭ سارىڭى بولمەن، مەنمۇ ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئەقلىمدىن ئېزىپ قالمەن، بۈگۈن دەل ئەقلىمدىن ئازغان كۈنى سىزگە ئۇچراپ قاپتىمەن.

**خۇدايىتائالا** ئى [پ+ئە] ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولغان زات، خۇدا، ئاللا: مەلىكە ئۇ بۇلاقتىن سۇ ئىچىپ، تاھارەت ئېلىپ، ئاشۇ تونۇردەك قىزىغان باياۋاندا خۇدايىتائالاغا شۈكۈر ئېيتىپتۇ. * پادىشاھ ئۇلارغا دۇئا قىلىپ، رۇخسەت بېرىپتۇ ۋە خۇدايىتائالاغا تاپشۇرۇپ ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپتۇ.

**خۇدايى** سۈپ [پ] خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغان، خۇدا يولىدا بولغان: خۇدايى مېھمان. خۇدايى قوناق.

**خۇدايى قوناق** ← **خۇدايى مېھمان**:

سەپەرقۇل كۈلۈپ قويدى-دە، ئاتىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن مۇنداق دېدى: ــ بوپتۇ قىزىم، قەيەردىن كەلگەن بولسىڭىز مەيلى، سىز بىزگە خۇدايى قوناق.

**خۇدايى مېھمان** ئىرادە بىلەن تاسادىپىي ئۆزى كېلىپ قالغان، چاقىرىلمىغان مېھمان: ئۆزى كەلگەن مېھمان ــ خۇدايى مېھمان، قىچقارغان مېھمان ــ بالايى مېھمان (ماقال).

**خۇدبىن** ئى [پ] يېز ت. ئۆزىنى بىلمەيدىغان، تەكەببۇر ئادەم: سۆز ئاچسۇن رابىيەنىڭ ئاتىسىدىن، نە دەر، قىز ھەققىدە ياقۇپ خۇدبىن.

**خۇدبىنلىق** «خۇدبىن» سۆزىنىڭ ئابستىراكت ئىسىم شەكلى: كېلىچەككە نەزەر سال، ئۆتكەنلەردىن ئىبرەت ئال، خەلقىم دېسەڭ بىلىم ئال، خۇدبىنلىققا يول قويما.

**خۇددى** رەۋ [پ] ① ھېچبىر ئۆزگىچىلىكى يوق؛ قۇيۇپ قويغاندەك؛ بەئەينى، گويا، ئەينەن: ئۇ بالا خۇددى دادىسىغا ئوخشايتتى. * بىردەمدىن كېيىن، كۈنپېتىلۇنىڭ ئاسمانغا تاقاشقان قارلىق چوققىلىرى ئاستا-ئاستا ئاقىرىپ، خۇددى كۈمۈشتىن ياسالغاندەك، كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ، يالتىراپ چاقناشقا باشلىدى. ② دەل: خۇددى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، ھېلىقى يىگىت بۇلبۇلگويا تۇرغان باغقا قاراپ مېڭىپتۇ، باغقا يېقىن يەرگە كېلىپ، دەرەخلەرنىڭ ئۇخلىشىنى كۈتۈپ، يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ. ③ جۈملىنىڭ ئوخشاشلىقنى بىلدۈرىدىغان بۆلەكلىرىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، «دەك، تەك»، «ئوخشاش» سۆزلىرى بىلەن ماسلىشىپ، ئوخشاشلىقنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ: ئۇ خۇددى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك سۆزلەۋاتاتتى. * ئۇلار ئايشەمخان ئانىدىن ھال-ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، خۇددى ئۆز ئۆيىدەكلا، ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

**خۇدۇك** ئى [پ] ئەندىشىلىك، گۇمان، شۈبھە، شەك: خۇدۇك ئالماق. * ئەزىزجان گەرچە ھازىر ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بولمىسىمۇ، بۇ ئايال بەرىبىر خۇدۇكتىن نېرى ئەمەس ئىدى.

**خۇدۇك ئالماق** خۇدۇكلەنمەك، خۇدۇكسىرىمەك: شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئۆزى «تاز» ياكى شۇنىڭغا يېقىن سۆزلەردىن خۇدۇك ئالاتتى. * A Q بارغانسېرى «پاينەك» ۋە «ئايدىڭ»، ھەتتا «چىراغ» ۋە «شام» دېگەن سۆزلەردىنمۇ خۇدۇك ئالىدىغان بولدى.

**خۇدۇكچان** سۈپ [پ] خۇدۇكلەنگەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان، خۇدۇكسىنغان؛ ئاسانلا خۇدۇكسىنىدىغان: خۇدۇكچان ئادەم. خۇدۇكچان بالا. * ئەكبەرنى كۆرۈپ بېشىنى چېكىلۋالغان زىۋىرشا ئورنىدىن چىقتى. ھەيدەر دوپپىسىنى كۆزىگىچە چۈكۈرۈپ كىيىپ، ھەرىنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ، خۇدۇكچان، بۇجەيگەك كۆزلىرى بىلەن يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇپ، دۈمچىيىپ ئورنىدا تۇراتتى.

**خۇدۇكچانلىق** «خۇدۇكچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئەخلاقى ناچار ئوقۇغۇچىلارنى ماختاش ۋە ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇشىمىزدىن ئۇلارنى ئەيىبلەش ۋە جازالاشلىرىمىز كۆپ بولغانلىقتىن، ئۇلاردا كۆپىنچە «خۇدۇكچانلىق»، «سەگەكلىك»، «ئېھتىياتچانلىق»، «ئۆچلۈك» بولىدۇ، ئۇلار دائىم ئوقۇتقۇچى مېنى كەمسىتىدۇ، مەندىن بىزار دەپ قارايدۇ.

**خۇدۇكسىرىمەك** پ ← **خۇدۇكلەنمەك**: ئۇنىڭ ئەندىشىلىك قاراشلىرىدىن خۇدۇكسىرەپ تۇرغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. * شەۋكەت ئىچىدە ئېيتقان بۇ سۆزلەرنى كىمدۇر بىرى ئاڭلاپ قالغاندەك، خۇدۇكسىرەپ ئىتتىك كۆزىنى ئاچتى.

**خۇدۇكسىز** سۈپ. خۇدۇكى يوق، خۇدۇكلەنمىگەن.

**خۇدۇكسىنماق** پ ← **خۇدۇكلەنمەك**: شاتۇر نېمە ئۈچۈندۇر، بىرئاز ئەنسىز كۆرۈندى ۋە ئېيتىشنى خالىمىدى. ئەتراپقا خۇدۇكسىنىپ قاراپ-قاراپ قوياتتى. * كامىل تېخىچە خۇدۇكسىنىپ تۇرغانلىقتىن، زەيىنەپنىڭ قىزغىن پاراڭلىرىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ،

تېپىنچ ئۆلتۈراتتى.

**خۇدۇكلەندۈرمەك** «خۇدۇكلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مېنىڭ ئالدىمدىن بىر توپ كىشىلەر ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار نېمىشقىدۇر، مېنى بىرنەرسىدىن خۇدۇكلەندۈرۈپ قويدى.

**خۇدۇكلەنمەك** پ. كۆڭلىدە ئەندىشىلىك، گۇمان ۋە شۇبھە تۇيغۇسى پەيدا بولماق، خۇدۇكسىنىش ھېس قىلماق، خۇدۇكسىرىمەك: سەلىمە ئىمتاسلىقتا چۆمگەن چېھرىدىن سەل خۇدۇكلىنىپ قالدى.

**خۇراپات** ئى [ئە] ئاساسسىز، ئىلمىيلىكى يوق، ساختا سۆز ۋە مۇشۇ ئاساستىكى ئېتىقاد، بۇنىڭدىن شەكىللەنگەن خىلمۇخىل كونا ئۆرپ-ئادەتلەر: قازىخانىدا مۆھۈر ھەققىگە، مەسچىتلەردە مېھرابقا، ئىشقىلىپ قەيەردە شىلىپ يېگۈدەك بىر چاينام لوقما بولسا، شۇ يەرگە چاپلىشىپ، خەلق بېشىدىكى كۆلپەتلەرگە نەزەر سالماي، يۇرتنىڭ جاھالەتكە، ئەلنىڭ خۇراپاتقا پېتىپ كېتىۋېرىشى بىلەن كارى بولماسلىقى مېنىڭ يەنە ئوغامنى قايناتتى. * مەدەنىيەت دەۋرىدۇر خۇراپاتقا ئىشەنمە، ئىلىم-بىلىم ۋاقتىدۇر نادانلىققا ئىشەنمە.

**خۇراپاتچى** ئى. خۇراپاتلىققا، خۇراپىي ئۆرپ-ئادەتلەرگە، خۇراپىي ئىش، ئىدىيە، كۆز قاراش قاتارلىقلارغا بېرىلگەن كىشى؛ خۇراپىيلىقنى تەرغىپ قىلغۇچى ئادەم: ئۇ خۇراپاتچى روھانىيلاردىن ئەمەس، ئۆز كەسپىگە ھەۋەس قىلغان ئادەتتىكى ئادەم ئىدى.

**خۇراپاتلىق** ئى. خۇراپات مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، خۇراپات داۋاملىشىۋاتقان ھالەت: كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن خۇراپاتلىقنىڭ ئورنىنى، كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىرىشچانلىقى بىلەن قۇرۇلغان ھەقىقىي بەختلىك «ئالەم» ئالىدۇ. * يۇرتىمىزدا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان جاھالەت سىياستى ۋە ئەل ئىچىدىكى نارازىلىق، خۇراپاتلىقلارغا تۈپتىن قارشى تۇرۇپ كېلىۋاتقان شائىر بۇ قېتىم سەپەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تېخىمۇ قارشى تۇرغانىدى.

**خۇراپىي** سۈپ [ئە] خۇراپاتقا ئائىت، خۇراپاتقا ئاساسلانغان؛ خۇراپاتلىق ئىدىيىسى سىڭگەن، خۇراپاتقا ئىشىنىدىغان: خۇراپىي ئادەم. خۇراپىي چۈشەنچە. * شائىر سالماق سۆزلەپ، چۈشەنچە بېرىشنى داۋاملاشتۇردى: — بىزنىڭ مەكتەپ ئېچىشىمىزغا دىنىي، خۇراپىي ئۆرپ-ئادەتلەرمۇ قاتتىق توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇ ئەڭ خەتەرلىك ھەم زەھەرلىك قارا كۈچ. * ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر ۋە خۇراپىي پائالىيەتلەرگە پۇرسەت تۇغۇلدى.

**خۇراپىيلارچە** رەۋ. خۇراپىي ئۆرپ-ئادەت، ئەقىدە، چۈشەنچە ۋە كۆز قاراش قاتارلىقلارنى چىقىش نۇقتا قىلغان ھالدا: خۇراپىيلارچە چوقۇنماق. * گېرمانىيەدە دۆلەتكە خۇراپىيلارچە ئىشىنىش پەلسەپىسىدىن بۇرژۇئازىيىنىڭ، ھەتتا ناھايىتى كۆپلىگەن ئىشچىلارنىڭ ئومۇمىي ئېڭىغا كۆچتى.

**خۇراپىيلىق** «خۇراپىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: شۇڭ شەيىنىڭ دەۋرىدە، مۇشۇ رايون تەۋەسىدە بىردىنبىر يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇلغانىدى. لېكىن، كىشىلەردىكى خۇراپىيلىق ئېغىر بولغاچقا، بالىلىرىنى بەرمىگەچكە، مەجبۇرىي ئوقۇغۇچى قوبۇللاپ يۇرۇشتى.

**خۇرال** ئى. تاشقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەتلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى. ئۇ ئېلىمىزدىكى «خەلق قۇرۇلتىيى» بىلەن ئوخشايدۇ.

**خۇرام** سۈپ [پ] خۇشال، شاد، خۇرسەند.

**خۇرامسىز** سۈپ. خۇشال ئەمەس، غەمكىن، مەيۈس: ئالىمى ئېچرە خۇرامسىز، مۇڭ بىلەن تولغان بېشىم، تاغۇ-دەشتتە كۈنۈتۈن، كۆلپەت قۇشى قونغان بېشىم.

**خۇرجۇن** ئى [پ] ئىچىگە نەرسە-كېرەك قاچىلىنىدىغان، ئۇلاغقا ئارتىشقا باپ قىلىپ

يىپ ياكى يۇڭدىن توقۇلىدىغان ئىككى باشلىق قاپ: ئەخمەقنىڭ ئەقلى خۇرجۇن (ماقال). * بوۋاينىڭ يېنىدا بىر خۇرجۇن، بىر بوغچا تۇراتتى.

**خۇرجۇنچىلاپ** رەۋ. خۇرجۇنغا ئوخشاش ئىككى بېشىنى ئىككى تەرەپكە ساڭگىلىتىپ، ئۇلاغقا خۇرجۇن ئارتقاندەك: مۇزەپپەر سەردار داۋۇت پانساتنىڭ جەسىتىنى خۇرجۇنچىلاپ ئاتقا ئارتىپ، بىر قولىدا ئاتنى، بىرىدە ساماساق خوجىنى يېتىلىگىنىچە كەينىگە يېنىپ، باياتىن جەسەتلەرنى ئىشىرىۋەتكەن قىيالىقنىڭ قىرىغا كەلدى.

**خۇرسەن** سۈپ [پ] ① تۇرمۇش ۋە ھاياتتىن ناھايىتى مەمنۇن؛ روھىي كەيپىياتى بەك ياخشى، خۇشال، شاد، خۇش: — مۇقامنى چۈشەنگەن، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرگەن كىشىنى ئۇچراتقانلىقىمىز ئۈچۈن، بىزمۇ ناھايىتى خۇرسەنمىز، — دېدى ئۆمەر سازەندە. * ھەي نوچى سېپىت گاڭگۇڭ، ئۇچتۇرپانغا خۇش كەپسەن. مەن كۆرۈپ دىدارىڭنى، بولدۇم تولىمۇ خۇرسەن. ② بىرەر نەرسە ياكى ئىشتىن قانائەت ھاسىل قىلغان؛ رازى بولغان، مەمنۇن، مىننەتدار: — ئوغلۇم، ئۆتكەندە بۇيرۇغان خىزمەتنى ناھايىتى ياخشى ئورۇنداپ كەلدىڭ. مەن كۆپ خۇرسەن بولۇپ، ھەققىڭگە دۇئا قىلدىم. * سېنى بىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگىنى ئۈچۈن، مۇدەررىس ئىمانقۇلى ئاكىدىن تولا خۇرسەن بىز.

**خۇرسەن بولماق** ① شادلانماق، خۇشاللانماق: سۇتۇق بۇغراخان ئىككى ئوغلى ئۆيگە كىرگەندە، ئانىسىنىڭ خۇشال كەيپىياتتا بىلكەچ ئەلى بىلەن ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خۇرسەن بولدى. ② قانائەت ھاسىل قىلماق، مىننەتدار بولماق، رازى بولماق: بالىمىزغا قىلغان ياخشىلىقىڭىز ئۈچۈن، سىزدىن كۆپ خۇرسەن بىز.

**خۇرسەن قىلماق** ① شادلاندۇرماق، خۇشاللاندۇرماق: ئەسكەرلىرىمىزنىڭ بۇ قېتىمقى قولغا كەلتۈرگەن پارلاق ئۇتۇقلىرى پۈتۈن دۇنيادىكى تىنچلىق سۆيگۈچى ئەللەرنى خۇرسەن قىلدى. ② قانائەتلەندۈرمەك، رازى قىلماق: ئۇنىڭ ئوقۇلغان شېئىرلارنى يادقا ئوقۇپ بېرەلىشى دادىسىنى تولىمۇ خۇرسەن قىلغانىدى.

**خۇرسەنچىلىك** ئى ← خۇرسەنلىك.

**خۇرسەنلىك** «خۇرسەن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: غۇلامخان بۇخارا ئەمىرى ئەبۇ ئەلى سىمجۇق نامىدىن قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ پەرغانە، شاش ۋە ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى تۈرك ئۇلۇسلىرىنىڭ سامانىلار ھۆكۈمرانلىقىدا ئېزىلىۋاتقانلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىغا خۇرسەنلىك بىلدۈردى.

**خۇرشىد** ئى [پ] يېز ت. قۇياش، يورۇقلۇق، مەشئەل: كۆڭۈل ئازادە، ئەل شادىمان، ئەجەب ئوبدان زامان كەلدى، ۋىسال بوستانىدا خۇرشىد كەبى چىن مېھرىبان كەلدى. * جاھان ئاي يۈزلىرى ئىچرە سېنىڭ خۇرشىد جامالىڭ بار، قوشۇما قاشلىرىڭ ئىچرە سېنىڭ ياقۇتچە خالىڭ بار.

**خۇرۇج I** ئى [ئە] يېز ت. ① تۇساتتىن ھۇجۇم قىلىش؛ ھۇجۇم: زۇلۇم، كۈلپەت باغرىغا خۇرۇج خەنجەر ئۇرغايسەن، ئامبال-دوتەي تەختىنى گۇمران قىلىپ چاققايسەن. ② غەزەپ، ئاچچىق، جۇدۇن: رەئىسنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، شائىرنىڭ خۇرۇجى تۇتتى. ئۇ قارا چېكىلىكى بار قىزغۇچ مويلۇق قولاقچىسىنى بىرئاز يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويدى-دە، سول پۇتىنى ئوڭ پۇتى ئۈستىگە ئالمىشىپ، ئىككى قولىنى قىزغۇچ رەڭلىك كالتە خۇرۇم چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋالدى.

**خۇرۇج II** ئى [پ] بىرەر نەرسىنىڭ خام ئەشياسى، خام ماتېرىيال: — ۋاي دادىسى، سىلىنىڭ مۇشۇ مىجەزلىرىزە، — دېدى ئاپىسى، — زادى نېمە قىل دەيدىلا؟ ھەممە ئىشقا چېپىلىدىلا،

ئايال كىشى دېگەن ئاش-تاماقتا قانچىلىك خۇرۇچ كېتىدىغىنىنى ئۆزى بىلىدۇ، قويسلا.

**خۇرۇم** ئى [ر<گرېك] كالا، ئات، قوي، چوشقا قاتارلىق ھايۋانلار تېرىسىنىڭ تۈكىنى چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن بىر خىل يۇمشاق، پارقىراق كۆن. ئۇنىڭدىن ھەر خىل ئاياغ كىيىمى، چامادان قاتارلىق بۇيۇملارنى ئىشلەشكە بولىدۇ: ئېمىنئاخۇن ئاكا بىر ھەپتىدىن بۇيان تىككەن ۋە ئالدىنقى بازاردىن ئېشىپ قالغان خۇرۇم ئۆتۈكلىرىنى بۈگۈن بالدۇرلا سېتىپ تۈگەتتى.

**خۇرۇم قاناتلىق ھاشاراتلار** <زوئول> ھاشاراتلارنىڭ بىر تۈرى. ياپىلاق، تار ۋە ئۇزۇن كېلىدۇ؛ رەڭگى قارا، قانىتىنىڭ ئالدى قىسقا ۋە قاتتىق، كەينى چوڭ بولۇپ، ئالدىغا يىغىلىپ تۇرىدۇ، بەزى تۈرلىرىنىڭ قانىتى بولمايدۇ، قۇيرۇق ئۇچىدا مۈڭگۈز ماددىلىق سالجىسى بولىدۇ؛ كۆپرەك نەم جايلاردا ياشايدۇ.

**خۇرۇمچىلىق** ئى. خۇرۇم ئىشلەپچىقىرىش ئىشى، خۇرۇم سانائىتى: ئۇ ئۆز ھۈنىرىگە مۇناسىۋەتلىك خۇرۇمچىلىقنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىگىلىگەندىن كېيىن، «خۇرۇم ۋە ئاياغ كىيىم كارخانىسى» قۇرۇپ، ناھىيىمىز بويىچە ئەڭ باي كەسىپىي ئائىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

**خۇسۇس** ئى [ئە] ① كۆزدە تۇتۇلغان مەسىلە، ماۋزۇ (ئاساسەن ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كېلىدۇ): سىز بۇ خۇسۇستا كىم بىلەن سۆزلەشتىڭىز؟ * – ۋاللاھۇئەلەم، مۇقەددەس كىتابلاردا بۇ خۇسۇستا ئۇچۇر بېرىلمىگەن بولسا كېرەك، – دېدى ئىمام كىچىككىنە سەللىسىنى تۈزىتىپ تۇرۇپ. ② «– تىن» قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ، «سەۋەبتىن، ۋەجىدىن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: مەن مۇشۇ خۇسۇستىن ۋاقتىدا كېلەلمىدىم. * –جاندىن كەچمىگۈچە، جانانغا يەتكىلى بولماس. يۇر ئۆيگە، مۇشۇ خۇسۇستىن مۇھىم يېڭى گەپ ئېيتىمەن ساڭا...، – دېدى نامان تۈلكە بېپەرۋالىق بىلەن قولىنى يەرگە شىلتىپ.

**خۇسۇسەن** رەۋ [ئە] باشقىلاردىن كۆرە، بولۇپمۇ: ئۆسمۈرلەرگە، خۇسۇسەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتا، بەدەن چېنىقتۇرۇشنى چىڭ تۇتۇش لازىم. * ئولتۇرۇشتا نىجات ۋە رەيھانلارنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى، ئوقۇش تارىخى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى، خۇسۇسەن ئابلىكىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار ئۈستىدە سۈرۈشتۈرۈشلەر باشلىنىپ كەتتى.

**خۇسۇسىي** سۈپ [ئە] بىرەر شەخسنىڭ يالغۇز ئۆزىگە قاراشلىق، تېگىشلىك بولغان؛ شەخسىي، شەخس ئىگىدارچىلىقىدىكى: خۇسۇسىي مەكتەپ. خۇسۇسىي سودا. خۇسۇسىي مۈلۈك. * دوختۇرخانىنىڭ ئارقا تەرىپىدە مەتروزىنىڭ خۇسۇسىي قورۇ-جايى بار ئىدى.

**خۇسۇسىي تىجارەت** <سودا> شەخسىيلەر شۇغۇللانغان تىجارەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**خۇسۇسىي سودا** <سودا> خۇسۇسىي مەبلەغ بىلەن قىلىنغان سودا.

**خۇسۇسىي مەكتەپ** <مائار> كونا جەمئىيەتتىكى ئائىلىلەر، تەبىقىلەر ياكى شەخسىي ئوقۇتقۇچىلار ئۆز ئالدىغا ئاچقان مەكتەپلەر.

**خۇسۇسىي مۈلۈك** <س ئىق> خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقتىكى مال-مۈلۈك.

**خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك** <س ئىق> ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا شەخسىيلەر ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان بىر خىل مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى. ئۇ سىنىپ ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ يىلتىزى بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى، قوشۇمچە مەھسۇلاتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە باشلانغۇچ جامائەنىڭ

يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن.

**خۇسۇسىيەت** ئى [ئە] بىرەر نەرسە ياكى بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە خاس، باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تەرىپى؛ ئۆزىگە خاس بەلگىسى، ماھىيىتى: يەرلىك خۇسۇسىيەت. تىلنىڭ خۇسۇسىيىتى. * بۇ يەردە بايان قىلىنغان، ئىنساندا بولغان ئون خىل ئامىلنىڭ خۇلاسىسى ئىنساننىڭ سۆزلەش خۇسۇسىيىتىدۇر. * بىز كىشىنىڭ پائالىيىتى داۋامىدا ئىپادىلىنىدىغان بارلىق پسىخىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ھەممىسى قابىلىيەت بولۇۋېرىدۇ دەپ قارايمىز.

**خۇسۇسىيەت ئۆزگىرىشى** <بىئول> ئورگانىزملارنىڭ خاراكتېرى ۋە قۇرۇلۇشىدا يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىش. مەسىلەن، زەھەرلىنىش ياكى يالغۇزلىنىشتىن ھۈجەيرىلەردە يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشلەر.

**خۇسۇسىيەتلىك** سۈپ. خۇسۇسىيىتى بار، خۇسۇسىيەتكە ئىگە: خۇسۇسىيەتلىك بەلگە. ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىك ئادەم. ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىك ماددا.

**خۇسۇسىيلىق** «خۇسۇسىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — بىز ھازىر خۇسۇسىيلىقنى يوقىتىۋاتىمىز، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقى، ئۇنى كېسىۋەتمىسەك، پۈتۈنلەرغا كىشەن بولىدۇ! — دېدى ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ.

**خۇسۇمەت** ئى [ئە] بىراۋغا قارىتا بولغان ئاداۋەت، ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك، غوم: ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، بۇنىڭغا ئىچىدە خۇسۇمەت ساقلاپ يۈرەتتى. * كۆڭۈللەر لەززىتى بولماس خۇسۇمەت، ئۇنىڭ بىرلە ياشالماس بىللە ھېكمەت. خۇسۇمەت شەربىتىدىن قەترە ئىچسەڭ، كىشىلىك قۇۋۋىتىن كەچمەكنى شەرت ئەت.

**خۇسۇمەتچى** ئى. بىراۋغا قارىتا كۆڭلىدە ئاداۋەت، غوم ساقلىغان ئادەم، ئاداۋەت تۇتقۇچى كىشى.

**خۇش** [پ] ① سۈپ. خۇشال، شاد، خۇرسەن: بۇ ئىشتىن ئۇنىڭ كۆڭلى خۇش ئىدى. * يىغلىما قىز، يىغلىما، خۇش بولۇرسەن. قارچىغىدەك يىگىتكە دوست بولۇرسەن. قىزىل گۈل تارام-تارام، دۆلىتىم ئاتا-ئانام. يار دېگەن كۆڭۈل خۇشى، تېپىلمايدۇ ئاتا-ئانام. ② سۈپ. ياخشى: ھاي-ھاي ئېتىم بارىدا خۇش كۆرىمەن يار سەنەم، مەن يارىمنى سېغىنسام چۈش كۆرسەن يار سەنەم. ③ سۈپ. رازى: قايغۇرماڭ، بۇ ئىشتا سىز بىزدىن چوقۇم خۇش بولىسىز. ④ ئى. كۆچمە. ئىشتىياق، زوق، مايىللىق، خاھىش: ئۇنىڭ ھاراققا خۇشى يوق. * پېقىر نادانلىرى قۇرۇق داۋراڭ سېلىشنى ياخشى كۆرىمەن، نام-ئاتاق چىقىرىش بىلەن ئانچە خۇشۇم يوق؛ خەير، كېيىن كۆرۈشەرمىز.

**خۇش ئاۋاز** ئاۋازى يېقىملىق: بەختىيار بۇلبۇل بۇگۈن زەپمۇ خۇش ئاۋاز سايرىدى، كەڭ تىيانشان باغرىدا شادىيانە-مەرغۇل قايىندى. * سەن-سەن يۈرەككە ئوتلارنى سالغان، ئەقلى-ھوشۇمنى ناز قىلىپ ئالغان. مۇھەببەت سازىن خۇش ئاۋاز چالغان، باقمامسەن قىيا، ھەي سەنەڭ بالىخان.

**خۇش ئەتمەك** ← **خۇش قىلماق**: دەردىڭگە بولۇپ دەرمان، چۆل ئىچىدە سۇ بەرسەم. ھەر نۆۋەت قىلىپ تەزىم، سەن يارىمنى خۇش ئەتسەم.

**خۇش بولماق** خۇشاللانماق، شادلانماق، خۇرسەن بولماق: ياساۋۇل قېزىبەگ غوجىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. — ۋاي، ۋاي، ۋاي، مۇنداق دېسلە، قېزىبەگ غوجام كەلسە، خۇدايىمنىڭ بەرگىنى شۇ، — دېدى دورغا تېخىمۇ خۇش بولۇپ. * ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈنلەردە، بىر ياتمىدۇق ئۆيلەردە. بىزنىڭ ياردىن خەت كەلسە، خۇش بولۇرمىز چۆللەردە.

**خۇش بۇي** يېقىملىق، ياخشى پۇرايدىغان، خۇش پۇراقلىق: ئۇ قۇتىنى ئاۋايلاپ ئېچىۋىدى، ئەتىرنىڭ خۇش بۇي ھىدى ئۆي ئىچىگە تارالدى.

* گۈل چىمەنگە ئورالغان جىلغا، خۇش بۇي پۇراق چاچاتتى دىلغا. سۆيگەن يارى ئەزىز يۇرتىدا، ئۇنى كۈتۈپ قارايتتى يولغا.

**خۇش پۇراق** يېقىملىق پۇرايدىغان، خۇش بۇي: خۇش پۇراق قىزىلگۈلنى، قەلبىڭدە ئېچىلدۇرغىن. ياشلىقىڭ — باھارىڭدا، مەنىلىك ھايات قۇرغىن. * سايدىكى تاشنىڭمۇ ئۆز قىممىتى بار، ئۇنىڭسىز پۈتمەيدۇ بىنانىڭ ھۇلى. يوق سېنىڭ قىممىتىڭ ۋەتەن، ئەل ئۈچۈن، خۇش پۇراق چاچمىسا ئۆمرۈڭنىڭ گۈلى.

**خۇش پېئىل** مىجەز-خۇلقى ياخشى، باشقىلارغا يېقىملىق مۇئامىلە قىلىدىغان، ئوچۇق چىراي، خۇش تەبىئەت: خۇش پېئىل ئادەم. * ئۇلار شاھ كابۇلنى كۆرۈپ: — ئەجەب چىرايلىق ۋە خۇش پېئىل يىگىت ئىكەن، — دېيىشىپ، ئۇ يەردە بىردەم ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپتۇ.

**خۇش پىچىم** ① ياخشى تىكىلگەن، يارىشىملىق (كىيىم-كېچەك ھەققىدە): ئايتۇلۇننىڭ دىلى يايراپ كەتتى. ئاچا-سىڭىل تەگلا يېڭى كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى. باشلىرىغا ئوخشاش نۇسخىلىق چىمەن دوپپا، ئۈچلىرىغا خۇش پىچىم ئەتلەس كۆڭلەك، ئۈستىگە قايرىما ياقىلىق سۆسۈن پەشمەت، پۇتلىرىغا پەزىلەت توقۇغان يۇڭ پايپاق ۋە قارا توپلەي كىيدى. ② بوي-بەستى، قەددى-قامىتى كېلىشكەن؛ چىرايلىق: 1949-يىل، ياز بېشى. ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسى بويىدا، گۈللۈك قارا يېشىل دۇخاۋا دوپپا، قارا كۆك باستۇردىن تىكىلگەن يازلىق شىم-كاستۇم كىيگەن، قويۇق بۇرۇتلۇق، خۇش پىچىم بىر كىشى ئىككى يىگىتنى قولتۇقلىۋېلىپ، سالماق قەدەملەر بىلەن قىزىق پاراڭلىشىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ ئەخمەتجان قاسىمى ئىدى. * سادىق بوستانلىق مەھەللىگە قاراپ-قاراپ قويدى. ئۇنى ئۇ يەردە چوڭقۇر ئەقىدىلىك، خۇش پىچىم، ۋاپادار ئايالى ۋە بىر جۈپ ئوماق پەرزەنتى كۈتمەكتە، سېغىنماقتا، يولغا قاراپ تەلمۈرمەكتە.

**خۇش تەبەسسۇم** يېقىملىق كۈلۈپ تۇرىدىغان، دائىم تەبەسسۇم بىلەن قارايدىغان: خۇش تەبەسسۇم ئايال. * — سىزمۇ شۇنچىلىك گەپنى قىلىدىكەنسىز-ھە؟ — دېدى ئۇ خۇش تەبەسسۇم بىلەن لېتىپقا قاراپ، ← شۇ تاپتا كىنو كۆرمىسەممۇ كىنو كۆرگەندەكلا بولدۇم، رەھمەت سىزگە.

**خۇش تەبىئەت** قىلىقى، ھەرىكىتى يېقىملىق؛ خۇش پېئىل، ئوچۇق: خۇش تەبىئەت ئادەم. خۇش تەبىئەت ئايال. * كۆڭلى پاك ئادەم خۇش تەبىئەت بولىدۇ. خۇش تەبىئەت ئادەمنىڭ كۆڭلى خاپىلىقتىن خالىي بولىدۇ.

**خۇش چاغ** ۋاقتى خۇش، خۇشال-خۇرام، كۆڭۈللۈك، ئوچۇق-يورۇق: ئۇ چېچەن، چېۋەر، خۇش چاغ، راست سۆزلۈك، پەم-پاراسەتلىك ۋە چاقچاق ئىكەنلىكى بىلەنمۇ خېلى مەشھۇر ئىدى. * سېمونت يوللار گويا چەكسىز كۈمۈش بەلباغ، نۇر ئېچىدە يالترايدۇ بىزنىڭ مەھەللە. ھاياتىمىز ئۆتەر بۇندا شۇنچە خۇش چاغ، چۆچەكلەرنىڭ ماۋزۇسىدۇر پاخال گەمە.

**خۇش چاقچاق** باشقىلارنى گەپ-سۆز، چاقچاقلار بىلەن كۈلدۈرۈپ تۇرىدىغان: خۇش چاقچاق ئادەم. * ئۇ بېشىغا ئارىلاپ ئاق قونغان، 50 ياشلار چامىسىدىكى خۇش چاقچاق كىشى ئىدى. * بۇ ئادەم «سالاھىدىن» دېسە، يېزىمىزدىكى چوڭ-كىچىك ھەممىسى ھۆرمەت قىلىدىغان، خۇش چاقچاق، تۈز كۆڭۈل كىشى ئىدى. قىز ئانىنى قوغۇنغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئىشتىھا بىلەن يېگەچ كۈلۈمسىرەيتتى. ئىككىسى خۇش چاقچاق ئولتۇرۇپ غىزالاندى، غىزانىڭ ئاخىرىدا قىز: — ئانا، ئوغۇللىرى پالەچ بولسىمۇ كېرەك يوق، ئوقۇيدىغان نىيىتى بولسىلا، ئوقۇتقىلى بولىدۇ، — دېدى.

**خۇش چىراي** يۈزىدە دائىم تەبەسسۇم ئويناپ تۇرىدىغان؛ ھەمىشە كۈلۈپ، كۈلۈمسىرەپ يۈرىدىغان، ئوچۇق چىراي: خۇش چىراي قىز. خۇش چىراي ئادەم. * بېشىمنى

كۆتۈرۈپ قارىسام، ساۋۇت ئاكام بىلەن ئۇنىڭ بىر نەچچە بۇرادەرلىرى مېنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ساۋۇت ئاكام بۇلارغا مەن توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەن بولسا كېرەك، ئۇلارمۇ مېنى ناھايىتى خۇش چىراي كۈتۈۋالدى.

**خۇش خەت** <گ سەن> ← **ھۆسن خەت**: ئۇ قەغەزگە ناھايىتى كېلىشكەن خۇش خەت بىلەن مۇنداق جۈملىلەرنى يېزىپتۇ. * بولۇپ ئۆتتى يېقىندا بىر كۆرگەزمە، كۆرگەزمىنىڭ تېمىسى بېغىشلاندى خۇش خەتكە.

**خۇش خەۋەر** كىشىنى مەمنۇن قىلىدىغان خەۋەر، ياخشى خەۋەر؛ ياخشى ئۇچۇر: بىلال ئەزىزى ل. مۇتەللىپنىڭ بۇ ھازىر جاۋاب شېئىرىدىن ھەيران بولدى ۋە خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۆزىمۇ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى. * ئۈچ ۋىلايەت تەرىپىدىن، كېلىپ تۇرار خۇش خەۋەر. بۇ كۈرەشكە ماسلىشىپ، تەۋرەپ تۇرار ھەممە يەر.

**خۇش خۇي** مىجەز-خۇلقى يېقىملىق، ئوچۇق-يورۇق، خۇش تەبىئەتلىك: خۇش خۇي ئادەم. * سەتلىكىمنى بىلدۇرمىگەن خۇش خۇيلۇقۇم. * ھەسەن ئەلىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش خۇش خۇي ئايالى ئۆيىدىن بىر تاۋاناننى ئېلىپ چىقىپ، ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈپ، سومكامغا سېلىپ قويدى. * ئەركىننىڭ قاچانلا قارىسا كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان خۇش خۇي مىجەزى ئۆزگىرىپ، بىر جۈپ كۆزىدىن غەزەپ-نەپرەت چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئايشەم بىردىنلا جىددىيلىشىپ، تىترەپ كەتتى.

**خۇش سۆھبەت** گەپ-سۆزى يېقىملىق، ياخشى گەپلەر بىلەن سۆھبەتنى قىزىتىدىغان: بۇلارنىڭ ھەربىرى بۆلەكچە بىر پەزىلەتكە ئىگە، ئۇنىڭ ئىچىدە خۇش سۆھبەت بىرى بار.

**خۇش قامەت** قەددى-قامىتى كېلىشكەن؛ خۇش پىچىم: خۇش قامەت جۇۋان. خۇش قامەت ئەر. * ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئايال بار ئىدىكى، گۈل يۈزلۈك، خۇش قامەت بولۇپ، ئۇنىڭ مېڭىشىنى چېۋەر قىزلارلا ئەمەس، تۇزلارمۇ دورىيالمايتتى.

**خۇش قىلماق** خۇشال قىلماق، خۇشاللاندۇرماق، شادلاندۇرماق: ئۆز نەپسىدىن كەچمىگۈچە، كىشىنى خۇش قىلغىلى بولماس (ماقال). * ئۇ قەرزىنى بېرەلمىگەنلەرنىڭ چىرايلىقراق قىز باللىرى بولسا، ئەپلەپ-سەپلەپ قولغا چۈشۈرۈپ، خوجايىنلىرىنى خۇش قىلاتتى.

**خۇش كەيپ** كەيپى ناھايىتى خۇش، كەيپى جايىدا؛ خۇشال، شاد: ئۇ ناھايىتى خۇش كەيپ ئىدى. * ئالىمنىڭ خۇش پۇرىقى مېنىڭ دىمىغىمنى غىدىقلاپ، باشقىچىلا بىر خۇش كەيپ بەرگەندەك بولدى. * بارچە جان ئويىنار ئۇسسۇل، قونسا ئەگەر كالپۇكقا نەي. يەر-زېمىن خۇش كەيپ بولار، ئىچكەن كەبى شۇ تاپتا مەي.

**خۇش كۆرمەك** ياخشى كۆرمەك، لايىق كۆرمەك، لايىق دەپ بىلمەك، ياقتۇرماق: ئىسھاق ئۇنىڭ مىجەزىنى خۇش كۆردى. * ئايگۈل ھېكايە ئاڭلاشنى ناھايىتى خۇش كۆرىدۇ.

**خۇش كۆرۈم** قەددى-قامىتى كېلىشكەن، خۇش پىچىم؛ چىرايلىق: رەيھان يەنىلا گۈزەل، نازاكەتلىك، خۇش كۆرۈم، سۆيۈملۈك ئىدى. سادىق بۇ ئەقىدىلىك مۇئەللىمگە قانداق مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى بىلمەيتتى.

**خۇش كېلىپسىز** مېھماننى قارشى ئېلىش، كۈتۈۋېلىش پەيتىدە، ھۆرمەت يۈزىسىدىن مېھمانغا ئېيتىلىدىغان ئىبارە.

**خۇش مۇئامىلە** مۇئامىلىسى، گەپ-سۆزى، ئىش-ھەرىكىتى يېقىملىق؛ خۇش پېئىل: خۇش مۇئامىلە ئايال. * ئۇ بىر خۇش مۇئامىلە قىز ئىدى. * مېھمانخانا كۈتكۈچىلىرىنىڭ خۇش مۇئامىلىسى مېھمانلارنى خۇشال قىلدى.

**خۇش ناۋا** يېقىملىق كۈيلەيدىغان، كۈيى، ئاۋازى كىشىگە زوق بېغىشلايدىغان، كىشىگە ئىستېتىك تۇيغۇ بېرىدىغان، يېقىملىق: شۇ چاغدا، ئۇلار بىر گەمىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. گەمىنىڭ ئىچىدىن قالۇن بىلەن ساتارنىڭ

كىشىنىڭ يۈرەك تارلىرىنى چېكىدىغان خۇش ناۋا ئاۋازى كېلىۋاتاتتى. * ناخشىسى سالدى جېنىمنى سۆيگۈنىڭ گۈلخانىغا، خۇش ناۋا بۇلبۇل بولۇپ، قونسام راۋابى تارىغا.

**خۇش ۋاقت** ۋاقتى چاغ، خۇرسەن، شاد: ـ سالام، ئەپەندىم، خۇش ۋاقت قوپتىلىمۇ؟ ـ دېدى ئۇ ساقال-بۇرۇتلىرىنى قىرىۋاتقان مۇتەللىپكە. * ـ بەكمۇ خۇش ۋاقت كۆرۈنىسىزغۇ، ـ دەپتۇ ھېلىقى تونۇشى. ـ ئەلۋەتتە، ـ دەپتۇ ئەپەندىم، ـ بەگنىڭ ئېشىكى يوقالغاندا، خۇش ۋاقت بولۇپ ناخشا ئېيتىمىز، ئەگەر ئۆزى يوقالسا، خۇشال بولۇپ توي قىلىمىز.

**خۇشى تۇتماق** خۇشى كەلمەك، خۇشال بولۇپ قالماق، خالىماق: نىساخان خۇشى تۇتقاندا، ئوغلىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ، ئەركە-تايتاڭ قىلىۋېتىش، كېيىن ئۇنى يىغۋالالماي، ئۇرۇپ-تىللاشنىڭ تۇغرا ئەمەسلىكىنى چۈشىنىشكە باشلىدى. * ـ ئاچچىقىڭىز كەلگەندە، بۇنچە ئوماق ئىكەنسىز، خۇشىڭىز تۇتقاندا قانچە گۈزەل بولۇپ كېتەرسىز، ـ دېدى ئۇ گۈلباھارنىڭ ئاچچىقىغا پىسەنتمۇ قىلماي ئۇنى ئېرىخمۇ قىستاپ كەلدى.

**خۇشى قالماسلىق** ← **خۇشى كەتمەك.**

**خۇشى كەتمەك** بىرەر ئىش، نەرسە ياكى كىشىگە قارىتا كۆڭلىنىڭ مايىللىقى، قىزغىنلىقى يوقالماق، رايى يانماق، رايى قايتماق: مېنىڭ ئۇنىڭدىن خۇشۇم كەتتى. * ئۇنىڭ بۇ ئىشتىن خۇشى كەتتى.

**خۇشى كەلمەك** ئىختىيار قىلماق، خۇشى تۇتماق، خالىماق: ـ ئەركىنىنىڭ خۇشى كەلسە ئىشلەيدۇ، بولمىسا يۈرىدۇ، ـ دېدى ئۇ نارازىلىق بىلەن. * خۇشى كەلگەندە، ئۇ قالتىس ئىشلەيدۇ.

**خۇش ياقماس** ① ئىشقا خۇشى، مايىللىقى، قىزغىنلىقى يوق، ھۇرۇن: خۇش ياقماس ئادەم. * «ئىش خۇش ياقماس جابدۇق بۇزار» دېگەندەك، گايىت ئىشلەتكەن ئۇلاق، هارۋا جابدۇقلىرىنى پەقەت ئاسىرىمايتتى. ② قىزىقارلىق ئەمەس، يارىماس: شۇ كۈندىن باشلاپ، بايلار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ئۆيلىرىدىكى بەزمە-مەشرەپلەرمۇ، قەمەرنىساخاننىڭ دۇتارنى چېكىپ ئولتۇرۇپ ئېيتىدىغان شوخ ناخشىلىرى بىلەن قاش-كۆزلىرىنى سۈزۈپ ئەركىلەشلىرىمۇ ئۇنىڭغا خۇش ياقماس بولۇپ قالدى.

**خۇش ياقماق** ① يېقىملىق تەسىر قىلماق، ھۇزۇر-ھالاۋەت بەرمەك، ھۇزۇر-ھالاۋەتلىك ھېس قىلماق: قىچىشقان يەرنى تاتىلىسا خۇش ياققاندەك، بۇ گەپمۇ زەيتۇنەمگە تازا يېقىۋاتاتتى. * ـ سىز ئادەتتە دۆي ئاكتىپلىرى بىلەن بېرىش-كېلىش قىلمايسىز. كوچا گەپلىرىنى تېز قوبۇل قىلىسىز، بىزنىڭ گېپىمىز بولسا، سىزگە خۇش ياقمايدۇ، شۇنداقمۇ؟ ـ دېدى ئەخمەتجان ئاچچىقى بىلەن. ② ماقۇل كەلمەك، ماقۇل بولماق، كۆڭلىدىكىدەك بولماق، ئۇنىماق، خالىماق: بۇنى ئاڭلىغان بالا چوكاننى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپتۇ، بۇ تەكلىپ چوكانغىمۇ خۇش يېقىپتۇ. * ئۇ بۇنداق چاقىرىشلارنى ئاڭلىغاندا، خۇش ياقسا قايرىلىپ قارايتتى، خۇش ياقمىسا قاراپمۇ قويماي، ئۆز يولىغا كېتىۋېرەتتى.

**خۇشال** سۈپ [خۇش+ھال] بىرەر ئىش، بىرەر نەرسىدىن مەمنۇن، شاد، خۇرسەن: خۇشال بولماق. خۇشال قىلماق. * رەيھان يېنىدا ئولتۇرغىنى ئۈچۈنمۇ، ۋارىسجان ناھايىتى خۇشال ئىدى. * باغدا بۇلبۇللار سايرايدۇ خۇشال، گۈللەر يەلپۈنەر چىقىچاچ شوخ شامال.

**خۇشال بولماق** مەمنۇن بولماق، خۇرسەن بولماق، شادلانماق: لەشكەر بېشى كېلىپ، پادىشاھنىڭ ئەتە ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولغانلىقىنى بەھزاتقا ئېيتىپتۇ. بەھزات بۇنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپتۇ. * ئۆي ئىگىسى مېنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدى.

**خۇشال قىلماق** خۇش، خۇرسەن، مەمنۇن قىلماق؛ خۇشاللاندۇرماق، شادلاندۇرماق: هازىرقى ۋاقىتتا يېزا ئىگىلىكىنىڭ ۋەزىيىتىدە،

دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا، شەخسىي تۇرمۇشىدا، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ.

**خۇشالچىلىق** (توغرىسى :خۇشاللىق) ← خۇشاللىق.

**خۇشال-خۇرام** خۇشال ۋە خۇرام، كۆڭلى ناھايىتى خۇش، كۆڭۈللۈك، شاد، بەختىيار: خۇشال-خۇرام تۇرمۇش. * ئاخىرى كۈتكەن كۈنمۇ كەلدى. نادىرمۇ ساقايدى. مانا ئۇلار خۇشال-خۇرام ھالدا ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىۋاتاتتى. * ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ بايرامنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش لازىم.

**خۇشال-خۇراملىق** خۇشال-خۇرام ھالەت؛ خۇشاللىق، شادلىق: ئۇلار بۇ ئۆيگە كىرىشىپ، ئۆي ئىگىسى بىلەن تونۇشۇپتۇ. خۇشال-خۇراملىق بىلەن سۆزلىشىپتۇ. * مەن كېچىنى ئۆمرۈمدە كۆرمىگەن خۇشال-خۇراملىق ئىچىدە ئۆتكۈزدۈم. * مەلىكە زەردىن پوشنىڭ خۇشال-خۇراملىق بىلەن ئۆزىگە سالام بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىھوش بولغىلى ئازلا قالدى-دە، تىلى ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇشتىن سەل توختاپ قالدى.

**خۇشاللاندۇرماق** «خۇشاللانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرىمنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى مېنى خۇشاللاندۇردى. * 10-قۇرۇلتاينىڭ غەلىبىلىك يېپىلغانلىقى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەر نېفىت ئىشچىلىرىنى تېخىمۇ خۇشاللاندۇردى.

**خۇشاللانماق** پ. خۇشاللىق ھېس قىلماق، خۇشال بولماق: ئاپامنىڭ بۇ ھېيتلىقىدىن داداممۇ بىزگە ئوخشاشلا خۇشاللاندى-دە، ئاپامغا قاراپ: — ئۆزىڭىزگە نېمە ئالدىڭىز؟ قېنى كۆرۈپ باقايلى، — دېدى. * قاسىمجان ئاكا قەپەستىكى سېرىق قۇشقاچنى كۆرۈپ، بىردىن خۇشاللىنىپ كەتتى.

**خۇشاللىق** «خۇشال» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: خۇشاللىقى قىن-قىنىغا پاتماسلىق. خۇشاللىققا چۆممەك. * ئايشەمخان ئانا خۇشاللىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغاندا، يەنە ئىشىك ئېچىلىپ، ئۆيگە بىر توپ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار كىرىپ كەلدى. * لۇتپۇللا، مۇتەللىپ، بىلال ئەزىزلەر خەتنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، خۇشاللىقنى باسالماي قېلىشتى. ئۇلار قەشقەرلىك يىگىتلەر بىلەن قايتا قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

**خۇشاللىقى قىن-قىنىغا پاتماي قالماق** ← **خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي قالماق:** باقى ئاكام كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش چىقىپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ، دەرھال يېشىنى سۈرتۈۋەتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ خۇشاللىقى قىن-قىنىغا پاتماي قالدى.

**خۇشاللىقى قىن-قىنىغا سىغماي قالماق** ← **خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي قالماق:** ياپونىيەنىڭ تەسلىم بولغانلىق خەۋىرىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن، كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقى قىن-قىنىغا سىغماي قالدى.

**خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي قالماق** ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال بولماق، ئىنتايىن شادلانماق: ئۇ خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي قالغان قارشى تەرەپ كوماندىدىكىلەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ، بايىقى ئويۇننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋاتاتتى.

**خۇشاللىنارلىق** سۈپ. خۇشال بولۇشقا ئەرزىيدىغان، خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك؛ كىشىنى خۇشال قىلىدىغان: خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىش. * ھەممىمىز يامان ئەمەس مال-چارۋىغا ئىگە بولدۇق. بۇ خۇشاللىنارلىق ئىش ئىدى. * بەزى مەھەللىلەردە، يېزىلاردا «بەشتە ياخشى ئائىلە» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

**خۇشامەت** ئى [پ] بىرەر كىشىگە تەمەگەرلىك بىلەن خىزمەت قىلىش، غەيرىي مۇددىئا بىلەن ياخشى كۆرۈنۈشكە ئۇرۇنۇش، ماختاش ۋە شۇ خىل ئۇسۇلدا قىلىنغان مۇئامىلە: خۇشامەت قىلماق. * زېرەك كىشى خۇشامەتنى دوست تۇتماس (ماقال). * ئۇ

مەخسۇتنىڭ خۇشامەت سۆزلىرىنى ئاڭلىماسلىققا، ئۇنىڭغا قارىماسلىققا تىرىشاتتى. * ئۆلىمگە دۈشمەنسىز، لېكىن، مۇناسىۋەت ئۆلىمگە پىرسىز. سىزگە ياقار رەزىل خۇشامەت، خۇشامەتتە جاھاندا بىرسىز.

**خۇشامەت قىلماق** بىرەر كىشىگە تەمەگەرلىك بىلەن خىزمەت قىلماق، غەيرىي مۇددىئا بىلەن ياخشى كۆرۈنۈشكە ئۇرۇنماق؛ ماختاش، ئۇچۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن مۇئامىلە قىلماق: ــ بۇ بىزنىڭ ئىشىمىز. سەن بېشىمغا كۈن كەلمىسۇن دېسەڭ، خوجايىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، خۇشامەت قىل. ھازىر بولسا جىم ئولتۇرۇۋەرگىن، ــ دېدى ئۇ.

**خۇشامەتچى** ئى. باشقىلارغا خۇشامەت قىلىدىغان، خۇشامەت قىلىشنى ئادەت قىلغان ئادەم: خۇشامەتچىنىڭ چىشى بولمىسمۇ، سۆڭەك غاجىلار (ماقال). * چەت بىنەمنىڭ تۈلكىسى كۆپ، خۇشامەتچىنىڭ كۈلكىسى (ماقال). * بۇرۇن بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇ خۇشامەتتىن بەكمۇ لەززەتلىنەتتى. شۇڭا ئوردا ئىچى خۇشامەتچىلەر بىلەن تولۇپ كېتەتتى

**خۇشامەتچىلىك** ئى. خۇشامەت قىلىش ھەرىكىتى، ئىشى؛ خۇشامەتگۇيلۇق: خۇشامەتچىلىك قىلماق. * مەن شۇ چاغقىچە ئوغلۇم ئۈچۈن سۆيۈنۈپ كەلگەنىدىم. ئۇنى خۇشامەتچىلىكتىن، ساختىپەزلىك، ياساملىقتىن خالىي دەپ ئويلايتتىم. * قازىنىڭ خۇشامەتچىلىكى ئۇنىڭ مۇغەمبەرلىك بىلەن پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

**خۇشامەتگۇي** سۈپ [پ] خۇشامەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان، ئادەت قىلغان؛ خۇشامەت قىلىشقا ئامراق: خۇشامەتگۇي ئادەم. * بۇ چاغدا، ئۇ كىم بىلەندۇر تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقانىكەن. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى مۇلايىم، خۇشامەتگۇي قىياپىتىدىن قارىغاندا، بىرەر «كاتتا ئەرباب» بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى بىلىش قىيىن ئەمەس ئىدى. * ــ ئەمما لېكىن، ــ دېدى مەخسۇت بەگ يۈزبېشىلارنىڭ خۇشامەتگۇي پاراڭلىرىنى بېسىپ، ــ رەھمەت ئېيتىش ئاسان. ــ بىزنىڭ بۇ يۇرتىمىزدا خۇشامەتگۇيلار يوق، ــ دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

**خۇشامەتگۇيلۇق** «خۇشامەتگۇي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: خۇشامەتگۇيلۇق قىلماق. * ــ شاھزادە غوجام، بۇ قازاق پەرىسىنى بىر كۆرسىلە، ھوشىدىن كېتىپ، ئۆزلىرىگە نېمە ئىلتىپاتلارنى قىلىپ تاشلايدىكىن، تېخى، ــ دېدى ھوشۇر ئىمام خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن. * ئۇنىڭ خىيالىدىن كۆتۈرۈلگەن مەنسەپ، خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن قول باغلاپ تۇرغان كىشىلەر ئۆتكەندەك بولدى-دە، ئۆزىچە پىسىڭىدە كۈلۈپ قويدى.

**خۇشامەتلىك** سۈپ. خۇشامەت تۈسىنى ئالغان، خۇشامەتنى مەقسەت قىلغان: قازى ئۆز خۇشامىتىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈۋاتقانلىقىدىن ھوزۇرلىنىپ، يەنە بىر قېتىم تەزىم قىلدى ھەمدە نۇرغۇن خۇشامەتلىك سۆزلەر بىلەن ئۆز مەقسىتىنى ئېيتىشقا كىرىشتى. * ئۇنىڭ بۇ خۇشامەتلىك قىلىقلىرى مېنىڭ نەپرىتىمنى قوزغاشقا باشلىغانىدى.

**خۇشتار** I [پ] ① سۈپ. بىرەر نەرسە ياكى ئىشقا خۇشى، ئىشتىياقى بار، ھەۋەس قىلىدىغان؛ زوقمەن، ئىشقىۋاز: ئۇ مەن ئويلىغاندەك «زۇۋان سۇرمەس» ئەمەس، بەلكى چاقچاقچى، ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلىپ بېرىشكە خۇشتار ۋە ھەممە نەرسىگە قىزىقىدىغان سۆھبەتداش بولۇپ چىقتى. * ئىلىم-پەننىڭ دوستىمەن، ئاڭا خۇشتار شۇنچىمەن. ئۇنىڭ يىللىق مېھرىدىن، چېچەكلىگەن غۇنچىمەن. قەلبىم ئېيتتى ئۆزۈڭ بىخەۋەر، مەن بۇ يەرنىڭ كونا مۇشتەرى. بولمىسا مەن كېلىپ نە قىلاي، جامالىڭنىڭ سادىق خۇشتارى. ② ئى. بىرەر نەرسىگە ناھايىتى قىزىققان، بېرىلگەن ئادەم؛ ھېرىسمەن كىشى؛ ھەۋەسكار: بۇ لەززەتلىك مەيىنى سەنئەت خۇشتارلىرىنىڭ مۇلاھىزە رومكىسىغا باھار يامغۇرىدەك قۇيۇپ، ئۇلارنىڭ تەشنالىقىنى ئازراق بولسىمۇ قاندۇرۇش

كويىغا چۈشكەن جاپاكەش مۇئەللىپ بۇ مۇھەببەت ۋە مەردلىك قىسسىسنى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى، ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىش تارىخى ھەققىدە، سوۋېتلىك كىتابخانلار بىلەن تۈۋەندىكىدەك سۆھبەت بەزمىسى قۇرۇشنى مۇۋاپىق تاپتى. * ئىشچانلىقىڭ دېمىسەم، يارىم، ساڭا كۆيمەسمەن. ئۆزۈم ئەمگەك خۇشتارى، ھۇرۇنلارنى سۆيمەسمەن. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**خۇشتار بولماق** مەھلىيا بولماق، مېھرى چۈشمەك، ياخشى كۆرمەك، ياقماق: سارايۋەن بازارغا بېرىپ قەلەندەرنى تېپىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا: ــ ھاي قەلەندەر، بۇ ياققا كەل، ئىككى كىشى سېنىڭ ناخشاڭغا خۇشتار بولۇپ قاپتۇ، ــ دەپتۇ. * سەييارە قىز گېپىڭدىن، خۇشتار بولدۇق بىز ساڭا. ئەلا ئوقۇپ چولڭ بولۇپ، كەلگىن بىزگە مېھمانغا.

**خۇشتار قىلماق** ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋال-ماق، ئۆزىگە جەلب قىلىۋالماق، ئامراق قىلماق: ئۇنىڭ ناخشىسى مېنى خۇشتار قىلدى.

**خۇشتار** II ئى [خۇش+تار] <مۇز> ئۇيغۇرلار-نىڭ يېڭى ئىجاد قىلىنغان، كامانچە بىلەن چالىدىغان بىر خىل چالغۇسى. خۇشتارنىڭ باش قىسمى تەمبۇرنىڭ بېشىغا بىرئاز ئوخشايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ دەستىسى قىسقا بولۇپ، باش قىسمىنىڭ ئويۇلمىسى تەمبۇر-نىڭكىدەك چوڭقۇر ئەمەس. يۈزلۈكىنىڭ ئىككى تەرىپىدە كامانچە ئىزناسىغا ئوخشايدىغان سىزىق بار. خۇشتاردا جەمئىي 11 تار بولۇپ، تۆتى مېلودىيىلىك تار؛ قالغان يەتتىسى رېزونانس تارلاردۇر. مېلودىيىلىك تارلار پالاقنىڭ ئۈستى قىسمىغا، رېزونانس تارلار پالاقنىڭ ئاستىغا جايلاش-تۇرۇلغان. مېلودىيىلىك تارلىرىنىڭ سازلىنى-شى ھازىرقى ئۇيغۇر غېجىكىنىڭ سازلىنىشىغا ئوخشايدۇ. دەستىسىنىڭ ئۇچىغا ياغاچتىن تاراشلاپ ياسالغان قۇشنىڭ شەكلى قوندۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئاۋازى سىلىق ۋە يېقىملىق بولۇپ، غېجەكنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

**خۇشتارلىق** «خۇشتار I» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇلارنىڭ زېھنىي پائالىيىتىنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن قىزىقىشنى يېتىلدۈرۈپ، زېھنىي پائالىيىتىنىڭ ئۆزىگە بولغان خۇشتارلىقنى تىكلىشىمىز لازىم. * خاھى بىلىڭ، خاھى بىلمەڭ، خۇشتارمەن سىزگە. خۇشتارلىقتا ئۆلۈپ كەتسەم، ئۇۋالىم سىزگە.

**خۇشلۇق** ئى. خۇشال ھالەت، خۇشاللىق: ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى، پۇت-قولۇمنىڭ بوشلۇقى (ماقال). * شاھ ھېكىمنى كۆرۈپ، خۇشلۇقىدىن دەرھال ئوردا داستىخىنىنى سالدۇرۇپ، بىللە تاماق يەپتۇ. * كىشىنىڭ كۆڭلىدە بىر خۇشلۇق پەيدا بولسا، خۇددى ئادەمنىڭ ئىچىگە ئوت كىرىۋالغاندەك، ھەر جەھەتتىن ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتمەي قالمايدۇ.

**خۇشلىماق** پ. خالىماق، ياخشى كۆرمەك: ئۇ بالا گۆشلۈك تاماقلارنى ئانچە خۇشلىمايتتى.

**خۇشناز** ئى [پ] يېز ت. كەيپى خۇشلۇقتىن قىلىنغان ناز، خۇش خۇيلۇق: نۇر چېچىپ تۇرغان قولۇمدا، مەيدە مەس بولغان باكال. بۇلبۇلسا ئىلھامى مەينىڭ، ئۇ قۇرۇق شىشە-شاكال. چىقىسا دوستلۇق خېرىدار، جىسمىمىز بىر باغ پاخال. بۇ ئەقىدەم شەربىتىن، خۇشناز قىلىپ ئىلكىڭگە ئال!

**خۇشنۇد** سۈپ [پ] يېز ت. خۇرسەن، شاد، مەمنۇن: سىز ئۇچۇن چەككەن جاپا ئاتا-ئانا، كۆڭلىنى خۇشنۇد قىلىپ ھۆرمەت قىلىڭ! * ئەي دالا، گۈللەرگە پۈركەنگەن دالا، نېمىشقا مەيلىمنى تارتىسەن مۇنچە! سەن نېچۈن ھەر يىل بار، ھەر يىلى خۇشنۇد، جاۋاب بەر ئەي نازۇك ئۇياتچان غۇنچە!

**خۇلاسە** ئى [ئە] بىرەر مەسىلە، ئىش، نەرسە ھەققىدە يۈرگۈزۈلگەن پىكىر

ياكى مۇلاھىزىنىڭ مەنتىقىي نەتىجىسى؛ يەكۇن: خۇلاسە قىلماق. خۇلاسە چىقارماق. * مەن راشىدىن ئاكامنىڭ بۇ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ، ئاخىرىدا چىقارغان خۇلاسىسىدىن ناھايىتى رازى بولدۇم. * — بۈگۈنكى مۇسابىقىدىن ئوبدانىراق خۇلاسە چىقىرىش كېرەك، — دېدى تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ.

**خۇلاسە چىقارماق** خۇلاسە قىلماق، يەكۇن چىقارماق، خۇلاسىلىمەك: گايىت ئاخۇن بولسا ھەيران بولغان ھالدا ئابلىزغا قاراپ-قاراپ قوياتتى. ئاخىرىدا، گايىت ئاخۇن يىغىندىن نېمەدەپ خۇلاسە چىقىرىشنى بىلەلمەي تەمتىرىدى. * — ئەنۋەرگە قارىتا مەنمۇ ئىشەنچىمنى يوقاتقىنىم يوق، ھازىرچە ئالدىراپ خۇلاسە چىقارمايلى، — دېدىمەن ئۇنىڭغا.

**خۇلاسە قىلماق** خۇلاسە چىقارماق، خۇلاسىلىمەك: بۇ نىلقا ناھىيىلىك خەلق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ يىغىنىدا، خىزمەتلەرنى خۇلاسە قىلغاندا ھاسىل قىلغان بىر تەجرىبىسى. * سەيدىن قارىي خۇلاسە قىلدى: — نېمە قاچىلىسا قاچىلسۇن، ۋەتەنىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ ئېسىل، ئەڭ ئەزىز نەرسىسى قاچىلىنىدۇ.

**خۇلاسىلەتمەك** «خۇلاسىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خۇلاسىلەشمەك** «خۇلاسىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يولداشلار بۇ بىر يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەشتى.

**خۇلاسىلەنمەك** «خۇلاسىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاخىرىدا گۇرۇپپىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى خۇلاسىلەندى، شەۋكەت ۋەزىپە ئورۇنداشتا نەمۇنىلىك شاگىرت بولۇپ باھالاندى. * يىغىندا، ئالدىنقى بىر باسقۇچلۇق قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشى خۇلاسىلىنىپ، كېيىنكى باسقۇچلۇق ۋەزىپىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

**خۇلاسىلىمەك** پ. خىزمەت، تەجرىبە ياكى پىكىرنىڭ مەنتىقىي نەتىجىسىنى يىغىنچاق قىلىپ ئىپادىلىمەك؛ خۇلاسىسىنى چىقارماق، يەكۇنلىمەك: 1-ئاي كىرىشى بىلەنلا، ئىستانسا پارتكومى كادىرلار، ئىشچىلار ۋە تېخنىكلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۆتكەن يىلدىكى ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش — خىزمەت تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلىدى. * جاپپار خېلى ئۇزۇن سۆزلەپ، ئاخىرىدا گېپىنى خۇلاسىلىدى.

**خۇلاسىۋى** سۈپ [ئە] خۇلاسە خاراكتېرلىك، خۇلاسىلانغان: شۇجى روزاخۇن يىغىننى باشلاپ قويۇپلا، ئابدىغېنىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. ئابدىغېنى پۈتۈن سۆزىدە، ئۆزىنىڭ چوڭ خەتلىك گېزىتنىڭ روھىغا ئاساسەن چىقىرىلغان خۇلاسىۋى ھېسسىياتىنى ھۆكۈم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويدى.

**خۇلاڭزا** ئى [خەن] → **خۇلاڭزىچى**: چۈشكە يېقىن بىرچاغدا، خۇلاڭزىنىڭ دۇمبىقى داراڭلاپ قالدى. پاكار، قارا چوقۇر بىر كىشى بۆشۈكسىمان ئىككى سوزۇق ساندۇق ئارتىلغان، قۇيرۇقى چولاق قارا بايتالنى يېتىلەپ، سېپىغا قىزىل-يېشىل لاتىلاردىن پۆپۈك تاقىغان قول دۇمبىقىنى داراڭلاتقان پېتى، سالى دورغىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى مەيداندا توختىدى.

**خۇلاڭزىچى** ئى. پىيادە ياكى ئۇلاغلىق يۈرۈپ، سەييارە مال ساتىدىغان كىشى: يېزىمىزغا خۇلاڭزىچى يېتىپ كېلىشى بىلەن، كىشىلەر تەرەپ-تەرەپتىن نەرسە-كېرەك سېتىۋالغىلى ئۆيلىرىدىن چىقىشتى.

**خۇلاڭزىچىلىق** «خۇلاڭزىچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: خۇلاڭزىچىلىق قىلماق.

**خۇلق** ئى [ئە] ① كىشىنىڭ مۇئامىلىسى ۋە روھىي خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ يىغىندىسى؛ مىجەز، خاراكتېر، پېئىل: خۇلقى ياخشى ئايال. * چىراي كۆيدۈرەر، خۇلق سۆيدۈرەر (ماقال). * — ئەي ھۆرمەتلىك ئاتا، — دەپتۇ قىز شەيخ ئىبراھىمغا ئاياللىق خۇلقى بىلەن قاراپ، — بۇمۇ

سىزنىڭكى. * رەھمەتلىك قېيىن ئاپىلىرى مېھرىبانۇ پۈجۈڭنىڭ ياخشى خۇلقلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا بولغان، ئۇ كىشى ئەلنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى بىلگەچكە، ئۇنىڭ زامانىسىدا ھېچكىم ئۇردىغا مۇشت كۆتۈرۈپ چىققان ئەمەس. ② كىشىگە ئادەت بولۇپ قالغان، تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ئىش-ھەرىكەت؛ ئادەت، قىلىق: رۇستەم ئادەتتە كەم سۆز ئىدى، ئايخان ئۇنىڭ بۇ خۇلقىنى، قەلبىگە ئالەم سىغدۇرغان كەڭ پىكىرلىكنى يارىتىپ قالغانىدى. * نورمال ھالەتتىن ئېشىپ كەتكەن بالىلارنىڭ زېھنىي قابىلىيەت تەرەققىياتى يۇقىرىراق بولغانلىقتىن، ھەر جەھەتتىن ماختاشقا ئاسان ئېرىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا ئادەتتىكى بالىلارغا نىسبەتەن بەزى پاسسىپ خۇلقلار تېخىمۇ ئاسان شەكىللىنىدۇ.

**خۇلقسىز** سۈپ. يېقىملىق قىلىقلىرى يوق، قىلىقلىرى قوپال: خۇلۇقسىز ئايال.

**خۇلقلۇق** سۈپ. خۇلقى بار؛ بىر خىل مىجەز-گە ئىگە: ئەگەر سۆيگىنىڭ بىلەن ئۇچراشساڭ، ئۇ يامان خۇلقلۇق بولسا، قەدرىڭنى بىلمىسە، تېخىمۇ خارلىق ئازابىنى چېكىسەن.

**خۇلق-مىجەز** خۇلق ۋە مىجەز: ئىنسانلارنىڭ خۇلق-مىجەزى، روھىي ھالىتى، ئۆرپ-ئادىتى تۇغۇلغاندىن كېيىن ئىجتىمائىي مۇھىت تەسىرىدىن ھاسىل بولغاچقا، بۇ خىل ھالەتنى ئەخلاقىي ۋە روھىي تەربىيىلەر ئارقىلىق ئۆزگەرتىش مۇمكىن. * ئۇ كىشىنىڭ خۇلق-مىجەزى ناھايىتى ياخشى ئىكەن.

**خۇللەس** ئى [ئە] ← خۇللەس كالام.

**خۇللەس كالام** «خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا»، «يىغىپ ئېيتقاندا»، «ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا»، «قىسقى-سى» قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: — بۇ ئۆتتۈكىنىڭ كور خېرىدارى بولۇپ قاپتىلا، خۇللەس كالام، بۇنىڭ باشلىقىغا ئىشلەتكەن كۆنىمۇ كالىنىڭ كۆنى ئەمەس، — دېدى ئۇ.

**خۇلگەدەن** سۈپ. باشقىلارنىڭ نەسىھەتىنى قوبۇل قىلمايدىغان؛ بويىنى قاتتىق، ئۆززۈمە-چى، بەڭباش: خۇلگەدەن بالا.

**خۇلگەدەنلىك** «خۇلگەدەن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، جۇدانىڭ ئوغلى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 7-سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان بولۇپ، كەپسىزلىك ۋە خۇلگەدەنلىكتە ئوقۇتقۇچىلىرىنىمۇ، ساۋاقداشلىرىنىمۇ بىزار قىلغانىدى.

**خۇلگەن** ئى [ر] قائىدە-يوسۇن ئۇقمايدىغان، يامان ئىشلاردىن باش تارتمايدىغان ئادەم؛ لۈكچەك: — ئاغزىڭنى يۇم! نېمە بولسامۇ ساڭا ئوخشاش ئىپلاس ئەمەسمەن! ياشلار ئىتتىپاقىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان خۇلگەن! — دېدى ئوسمان ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ.

**خۇلگەنلىك** «خۇلگەن» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: خۇلگەنلىك قىلماق.

**خۇم** ئى [پ] سۇيۇقلۇق، دان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر ساقلىنىدىغان، ساپالدىن ياسىلىدىغان، ئاغزى كىچىكرەك بىر خىل ئىدىش: ئۇ كىشى ئېتىغا ئىككى خۇم مۇسەللەس ئارتىپ كەلدى.

**خۇمار** [ئە] ① ئى. ئادەتلىنىش تۈپەيلى بىرەر نەرسىگە قارىتا كۆڭلىدە ھاسىل بولغان كۈچلۈك بىر خىل تەشنالىق؛ زور ئىستەك: خۇمارى تۇتماق. خۇمارى يېشىلمەك. * پەرەز قىلىشىمچە، مۇراسىم تۈگىمىدى. ئەگەر مۇراسىم تۈگىگەن بولسا، ئالدى بىلەن يالڭ جياڭجۇن قايتىپ كېلەتتى. بۇ كىشىنىڭ ئەپيۇن خۇمارى بار. * گۇندىپاي پىيالىدە تاشۋايغا چاي ئۇزىتىپ تۇرۇپ: — سەن بۇ راۋابىڭ بىلەن 50 يىللىق خۇمارىمنى يەشتىڭ، — دەپتۇ. ② سۈپ. بىرەر نەرسىگە ئېرىشىشكە ئىشتىياق باغلىغان؛ ياخشى كۆرىدىغان، ھەۋەس قىلىدىغان: گۈل خۇمار ئادەم. ناخشا خۇمار. گەپ خۇمار. ئادەم خۇمار. *

ئۇيغۇر خەلقى سەنئەت خۇمار خەلقتۇر. * ئۇ ئات خۇمار ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئېتىنى ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم ئاپتاپقا ئاچىقىپ تاراپ، يەم يېگۈزەتتى.

**خۇمار بولماق** بىرەر نەرسىگە قارىتا، كۆڭلىدە بىر خىل تەشنالىق ھېس قىلماق: ئۆرۈپ كۆكسۈمنى ھەر يانغا ئەلەمدە مەن تۆكۈپ ياشىم، خۇمار بولغاندىم گۈلگە، تىكىپ كۆز سەبزىـ زارىمغا.

**خۇمارىدىن چىقماق** ① ئادەت قىلغان بىرەر نەرسىدىن، ئىشتىن خۇمارى بېسىلماق، خۇمارى يېشىلمەك؛ تەشنالىقى قانماق: بىركۈنى قېيىن ئاتىسى ئەپيۇن چېكىپ، خۇمارىدىن چىقىپ، خۇشاللىقى تۇتۇپ كېتىپ، يالغ شىاۋمېيغا: ــ سەن قومۇش يېرىۋاتسەن، مە، ئاق ناندىن بىر پارچە يېگىن، ــ دەپ بىر پارچە نان بەرگەنىدى. * مەمەت ئەيسا مەيدە يانچۇقىدىن يومپىيىپ تۇرغان پۇلنى كۆرسىتىپ، مەردلىكنى نامايان قىلدى ۋە ئۇسماننى تەكلىپ قىلىپ: ــ يۈر، بۈگۈن سەنمۇ زېرىككەندەك كۆرۈنسەن. ئىككىمىز تازا خۇمارىدىن چىققۇدەك ئىچىشۋالايلى، ــ دېدى. ② ئويلاپ يۈرگەن بىرەر ئىش ياكى ھەردـ كەتتى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، كۆڭلى تەسكىن تاپماق، خاتىرجەم بولماق، تىنچلانماق: مېھمانلار باغقا كىرىپ، قايىسىنى خالىسا شۇنى ئۈزى تاللاپ، ساپىقىدىن ئۈزۈپ يېسە، خۇمارىدىن چىقاتتى. * ئۇ ھېلقى ئادەمنى يامان گەپلەر بىلەن راسا تىللىۋالغاندىن كېيىن: ــ ئۇھ، ئەمدى خۇمارىدىن چىقتىم، قالغىنى نېمە بولسا بولار، ــ دەپ كېتىپ قالدى.

**خۇمار قىلماق** ئادەت قىلغان، ئۆگىنىپ قالغان بىرەر ئىشنى، نەرسىنى قىلغۇسى كېلىپ قالماق، سېغىنماق؛ خۇمار تۇتماق: تاماكا خۇمار قىلماق. * ئۇنى نەشە ئەمدى خۇمار قىلدىغان، چەكمىسە تۇرالمايدىغان قىلىپ قويغانىدى. * ئۇ يېقىملىق خۇلقى، ئۆتكۈر چاقچاقلىرى، چاقماقتەك سۆزلىرى بىلەن بىر كۆرگەن كىشىنى مىڭ كۆرۈشكە، مىڭ كۈلۈشكە خۇمار قىلدىغان، جاننى ئۆزىگە تارتىپلا تۇرىدىغان جانلىق بىر ماگنىت ئىكەن.

**خۇمار كۆز** ① خۇمارلىشىپ تۇرىدىغان، چىرايلىق كۆز: ئېلىغا كۆز يېشىنى كۆرسەتمىگىنى بىلەن، قىزنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن خۇمار كۆزلىرى، سارغىيىپ كەتكەن چىرايى، قۇرىغان لەۋلىرى ھەممىنى مەلۇم قىلىپ تۇرۇپتۇ. * «بېيجىڭ» ماركىلىق پىكاپ مەيدان مېھمانخانىسى ئالدىدا توختىدى. پىكاپ كەلسىلا دائىم يۈگۈرۈپ چىقىشقا ئادەتلەنگەن نۇرمۇھەممەت مېھمان چۈشۈشتىن بۇرۇن پىكاپ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولدى، ئۇنىڭ ئويناپ تۇرىدىغان خۇمار كۆزلىرى تېخىمۇ خۇمارلىشىپ، قىزىل مەڭزىدە بىردىنلا خۇشاللىق جىلۋە قىلدى. ② شۇنداق چىرايلىق كۆزى بار يار؛ دىلبەر: ھەركىمنىڭ يولى ئۆزىگە، كۆيدۇم سىز خۇمار كۆزگە. ئالما دەپ يۈرىكىمنى تۇتتۇم، ئەي گۈزەل سىزگە. * تولۇن ئايدەك چىرايىڭ، زىبالىقىم ياخشى قال. سۆزى شېرىن، خۇماركۆز، ئوت-چىراغىم ياخشى قال.

**خۇمارى تۇتماق** ئادەتلەنگەن نەرسىـ نى، ئىشنى سېغىنماق؛ خۇمار قىلماق، خۇمار بولماق: ئۇ سۆزلەۋاتقاندا، مەمۇرىي ئىشلار نازىرى ئۆزۈنتۇرا جىڭ شۇرېن ئەپيۇن خۇمارى تۇتۇپ، قاتتىق ئەسنەپ ئولتۇراتتى. * كۆنلەردىن بىركۈنى، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ يەنە ئوۋغا چىقىش خۇمارى تۇتۇپتۇ.

**خۇمارلاشتۇرماق** «خۇمارلاشماق» پېئىلىـ نىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايزۆھرە كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، يەر تېگىدىن قاراپ تەبەسسۇم قىلدى. * ــ قېنى ئىچىڭ، ئىچىڭ دوستۇم، ئۆز قولۇم بىلەن ئىچكۈزۈپ قوياي، ــ دېدى ئۇ يوغان كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، ــ ھە، قېنى!

**خۇمارلاشماق** پ. كۆزلىرى سەل قىسىلىپ، خۇش كەيىپ بولغان چاغدىكىدەك يېقىملىق ھالەتكە كەلمەك: شەرىپە مېھمانلارنىڭ زورلىشى

بىلەن، پىۋا رومكىسىغا تولدۇرۇپ قويۇلغان ئارىلاشما مەيدىن ئۇچنى ئىچىۋەتتى. ئۇنىڭ مەڭزىلىرى ئاناردەك قىزىرىپ، كۆزلىرى خۇمارلاشتى. * مەن ئۇنىڭ ئۇيقۇدىن ئەمدىلا ئويغانغاندەك خۇمارلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ: ــ دىلشات، سەن «قاينام ئۇركىشى» ناملىق بۇ كىتابنى خېلى بۇرۇن ئوقۇپ بولغانمۇ؟ ــ دېدىم.

**خۇمارلىق** ① ئى. خۇمار بولغان ھالەت: ئاچلىقتىن خۇمارلىق يامان (ماقال). ② سۈپ. خۇمارلاشقان: ئايدەك كېچە، ياپراقلار ئارىسىدىن چۈشكەن كۈمۈش تەڭگىدەك شوللار بىردە قىزنىڭ ئۇيقۇسىز، خۇمارلىق كۆزلىرىنى، بىردە قىزىل ئىچ كۆڭلىكىنى، ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ چىققان كۆكسىنى يورىتىدۇ. ③ سۈپ. كىشىنىڭ خۇمارىنى قوزغايدىغان، كىشىنى خۇمار قىلىدىغان: كىشى ئۆزى سۆيگىنى بىلەن پات-پات خەت يېزىشىپ يېقىنلىقلارنى ئالماشتۇرۇش، توي كۈنلىرىنى ئالدىن خەۋەر قىلىش توغرىسىدا قۇچاقلىشىپ ۋەدىلىشىشلەر قانداق خۇمارلىق، قانداق مەنىلىك ئىشلار-ھە؟ * سەھەردە ئويغىتىپ دىلنى، خۇمارلىق سايرىدىڭ كاككۇك، باھارنى سەن زىمىستاندىن كۈيۈڭدە ئايرىدىڭ كاككۇك. ④ سۈپ. خۇمارنى بېسىش رولىنى ئوينايدىغان: ئۇيقۇدىن تولغىنىپ ئويغانغان چانان، خۇمارلىق ئەينەكتە ئويناتسا قاشنى؛ مەنمۇ ئۇ ئاپئاقنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، تاڭارمەن قاتمۇقات يېرىلغان باشنى. 〃 رومالڭنىڭ ئۇچىدىن كېسىۋالاي تۇمارلىق. يارىم ماڭدى سەپەرگە، سۆيۈۋالاي خۇمارلىق.

**خۇمپەر** (توغرىسى: خۇنپەر) ← **خۇنپەر.**

**خۇمخانە** ئى [پ] يېز ت. مەي قاچىلاپ قويۇلغان خۇم، ئىدىشلار توختىلىغان مەخسۇس ئۆي؛ مەيخانە: بۇ ئىشق خۇمخانەسىدىن بەھرە ئالسۇن، خۇمارىنى كېسىپ بۇ مەيگە قانسۇن.

**خۇمدان** ئى [پ] كۇلالچىلىقتا، لايدىن ياسالغان ئىدىشلار ياكى خىش قاتارلىقلارنى تاۋلاپ پىشۇرىدىغان مەخسۇس ئوچاق: خىش خۇمدىنى. * ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە ھېلى خۇمدانغا، ھېلى ھارۋىكەشلەرگە يۈگۈرۈپ، تىنىم تاپماي ئىشلەيتتى. * ئەجەل يەتسە ئالۇر باغرىڭغا تۇپراق، بۇ ۋەھىمە ئەمما مەندىن كۆپ يىراق. چۈنكى، جەزمەن تىرىلۈرمەن خۇمداندا، ۋەتەن بىلەن تەڭ ياشارمەن ھەممە ۋاق.

**خۇمدان دەزى** ئاجىز يېرى، قورقىدىغان جايى: ــ بابا قىلغان سۆزلىرىم، ئازراق بولسىمۇ قۇلىقىڭغا كىرمىدىمۇ؟ ھىم، سۆزلە توخۇ يۈرەك، خۇمدان دەزىڭ بولمىسا، نېمىدىن قورقاتتىڭ؟! ــ دېدى جۈيجاڭ ھېكمىنى قاتتىق سەتلەپ.

**خۇمدانچى** ئى. خۇمدان باشقۇرۇش، خۇمداندا خىش ۋە كۇلالچىلىق مەھسۇلاتلىرى-نى پىشۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئىشچى: ئەتىگىنى سائەت سەككىز بىلەن، خۇمدانچىلار خۇمدان بېشىغا يېتىپ كەلدى.

**خۇمدانچىلىق** «خۇمدانچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: بىزنىڭ يېزىمىزدا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، گىلەمچىلىك، خۇمدانچىلىق، بېلىقچىلىق، باغۋەنچىلىك، ئورمانچىلىق قاتارلىق 15 خىل كەسىپ يولغا قويۇلدى.

**خۇمرا** ئى [پ] ئاغزى كىچىك، قورساق قىسمى يوغان بولىدىغان ساپال قاچا، كوزا: بىر خۇمرا قېتىق. * سۇلايمان تۆكى چۈشۈپ كەتكەن كونا زىلچا ئۈستىگە داستىخان سېلىپ، پىشۇرۇلغان بىرنەچچە تۇخۇم، بىرنەچچە ئامۇت ۋە پەتنۇستا نان قويدى. مېھماننىڭ يېنىدىكى تەكچىدىن ئىككى قۇلاقلىق ساپال خۇمرىنى ئېلىپ، داستىخاننىڭ بىر چېتىگە قويدى. * «نازۇ نېمەت جىق بولسۇن، خۇمرىغا مەي لىق بولسۇن!». «قۇللۇق» دەپتۇ دېيەكلەر، رەڭگىروييى گۈلدەكلەر.

**خۇمسى** (توغرىسى: خۇنسا) ← **خۇنسا.**

**خۇن** ئى [پ] ① قان: ــ بېگىم، قۇشقاچنىڭمۇ ياراتقان ئىگىسى بار، بىز يىللىقچى ــ چاكارلارنىڭ يەردىكى خەسچىلىكمۇ ئېتىبارسىز يوقمۇ! نەچچە-نەچچە قېرىندىشىمىز مۇشۇنداق ئاقىۋەت بىلەن كەتتى. ئەمدى

بەس! جانغا-جان، خۇنغا-خۇن! ـ دېدى ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ مۇزەپپەر بەگنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ. * زار-زار يىغلاپتۇ موماي شۇ يوسۇن، كۆزىدىن ئاققۇزۇپ ياش ئورنىغا خۇن. ② جان: ئۇنى يوقنىڭ خۇنى يوق (ماقال). ③ كۆچمە. نۇر: ئۇ تولا يىغلاپ، كۆزىنىڭ خۇنى قالمىدى. * گۈل ھەسەل ئايىم يۈسۈپ بەگنىڭ ھىجران-پىراقىدا تولا يىغلاپ، كۆزىنىڭ خۇنى كېتىپ، كۆرمەس بولۇپ قالغانىدى. ④ قان قەرز: ـ بۇ مېنىڭ ئاتامنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. مەن بۇنىڭدىن ئاتامنىڭ خۇنىنى تۆلىتىمەن، قانغا-قان، جانغا-جان ئالىمەن، ـ دېدى ئۇ. * تۆمۈر ئاكامنىڭ يېقىن يىگىتلىرىدىن تىرىك قالغىنى مەنلا ئوخشايمەن. شامەخسۇت بىلەن ياڭ جياڭجۈن مېنىڭ خۇنۇمنى تۆلەپ قويدى.

**خۇن بولماق** قاتتىق ئازابلانماق، يۈرىكى مۇجۇلماق: يار دەردىدە خۇن بولدۇق، تۈگمەنلەردە ئۇن بولدۇق. قورقۇنچىدىن قاتتىق تاش، بىرلىشەلمەي قۇم بولدۇق.

**خۇن تەۋرەش** <تىب> بالىياتقۇ قاناش كېسەللىكنىڭ بىر خىلى. بۇنى كۆپىنچە بالىياتقۇ كېسەللىكنىڭ ئۆزگىرىشى، جىنسىي يول تۈزۈلۈشىنىڭ نورمالسىزلىقى ياكى راك كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا: ھەيز دەۋرىدىكى قاننىڭ مىقدارى نورمال بولۇپ، باشقا ۋاقىتلاردىمۇ پات-پات قانايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.

**خۇن تۆكمەك** قان تۆكمەك، ئۆلتۈرمەك: ئۇ نەچچە يىللاردىن بېرى ئوغرىلىق قىلىپ، ناھەق خۇن تۆككەن. شۇڭا ئۇنى ئۆلتۈرگەننىڭ ھېچ زىيىنى يوق.

**خۇن قىلماق** قاتتىق ئازابلىماق، يۈرىكىنى مۇجۇماق: ـ بىزدىكى نادانلىق، خۇراپاتلىقلار سىز بىلەن بىزنى يەنە كۆپ قېتىم يىغلىتىدۇ. جىگەرلىرىمىزنى خۇن قىلىپ قان يىغلىتىدۇ! ـ دېدى مەخسۇتباي شائىرنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ. * يامغۇر يېغىپ قالمىسۇن، كىيگەن تونىنى ھۆل قىلىپ. قاراپ كۆلىسىز يارىم، مېنىڭ ئىچىمنى خۇن قىلىپ.

**خۇنپەر** ئى [پ] ① قان تۆككۈچى، قانخور؛ جاللات: رەخىمنىڭ يېنىدا ئۆلتۈرغان زۇليار جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، جىددىي سۆز باشلىدى: ـ ھېيلىگەر، خۇنپەر زامانىتۇلنى ئۆز قولۇم بىلەن جايلاشقا، بۇگۈن مۇشۇ زاۋال ئاخشامدا، سىلەرگە چىن قەلبىمدىن قەسەميات قىلىمەن. ② ئىل ھا. ئەبلەخ، دۆيۈز: ـ ئەھۋالى ئېغىرراق، ساقىيىپ قالۇر، يامانمۇ ئۇرۇۋەتتى خۇنپەر! ـ دەپ بالىنى قۇچاقلاپ تۇرغان ئادەم ماڭا قارىدى. * جۇمەش كۆزلىرىگە قان تولغان ھالدا سەكرەپ سۇپىغا چىقىدۇ-دە، گەۋدىنىڭ ئۈستىدىن ياغلىق، يوتقانلارنى بىراقلا ئېلىۋېتىدۇ: ـ خۇنپەر! ـ دەپ تۈۋلىۋېتىدۇ.

**خۇنپەرەس** سۈپ [پ] قان تۆككۈچى، قان ئىچەر؛ قانخور: سۆكۈشتى كۆڭلى تار، نامەرد زامانىي، نە نامەرد، خۇنپەرەس بەتبەخت زامانىي. // نۇزۇگۇماي دەرغەزەپتە چاچراپ تۇردى دەس، دېدى: ـ كىم جىنايەتلىك ئەي، خۇنپەرەس؟! ـ جاكارچى دېدى: ـ ئەي شۇم، تارت تىلىڭنى، سوراقتا ئالماقچەسەن تېخى كىمنىڭنى؟!

**خۇنخور** سۈپ [پ] قان ئىچەر، قانخور، قاتىل: ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان قېرى جياڭجۈننىڭ مىجەزىنى ھەممىمىز بىلىمىز. ئۇ بەكرەك خۇنخور ئادەم. مىللىي ماتارىيىنى چەكلەشنىمۇ بۇ ئادەم ئادەتتىكى كۆز قاراش بىلەن چەكلەۋاتقىنى يوق. * شۇ تاپتا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى نېمىگىدۇر خىرىس قىلىپ تۇرغان غالجىر بۆرە ئىتلىرىغا ياكى گوداڭ ئالدىدا ئادەم كاللىسىنى كېسىشكە خۇمار قىلىپ تۇرغان خۇنخور جاللاتلارغا ئوخشايتتى.

**خۇنخورلۇق** «خۇنخور» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: خۇنخورلۇق قىلماق.

**خۇنخۇمار** سۈپ [پ] قان تۆكۈشكە ئادەتلەنگەن؛ قانخۇمار، ۋەھشىي، ياۋۇز: چىرىك

ئۆزىنى تىك ھالغ قەھرىدە كۆردى، نە ھاڭدۇركى، جەھەننەم قوينىدا كۆردى. خۇنخۇمار قىلمىشىغا بۇ جازا بولدى نەق، دېمەككى، ھامان «ئەل قىساسى مىنەلھەق».

**خۇنسا** ئى [پ] ① <تىب> تۆرەلمە ۋاقتىدىن تارتىپ غەيرىي تەبىئىي يېتىلگەن، ھەم ئەرلىك، ھەم ئاياللىق جىنسىي بەلگىلىرى بولغان ئادەم. ② «يارىماس»، «ئەبلەخ»، «بەتبەخت»، «نامەرد» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان ھاقارەت سۆزى: ناھايىتى قورقۇنچاق خۇنسا ئۇ. مەن ئۇنى بىرنەچچە قېتىم باشقا بىر ئىشلاردا چېكىپ باققان، تىترەپ تۇرىدۇ. * بىر كۈنى قارىسام، ھەزرەتلىرىگە ئاتاپ پەرۋىش قىلغان ئۈزۈمنى بىر خۇنسا ئوغرىلىقچە يېگىنىگە تويماي، ھەدەپ ئۈزۈپ قوينىغا تىققىلى تۇرۇپتۇ.

**خۇنسىلىق** «خۇنسا» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: خۇنسىلىق قىلماق. * پۇقرالار دېيىشكى: ـ ھەي سېپىت نوچى ـ سېپىت گاڭگۇڭ! ئالدىڭدىكى ئاتلىق پور بايۋەچچىدۇر، خۇنسىلىقتا ئۆتۈپ كەتكەن بىر بەچچىدۇر.

**خۇنسىز** سۈپ ① چىرايىدا قان قالمىغان، چىرايى تاتارغان، ئۆڭگى ئۆچكەن: ئۇنىڭ چاپاق قايناپ تۇرغان خۇنۇك كۆزلىرى، خۇنسىز ياغاق يۈزىگە تولىمۇ ماس كېلەتتى. * ئۇنىڭ خۇنسىز يۈزى، ئىككى كالپۇكى تىترەيتتى. لۇتپۇللا يەنىلا پىسەنت قىلماي، كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ② كۆچمە. نۇرسىز، خۇنۇك: ئۇنىڭ يېرىم يۇمۇلغان خۇنسىز كۆزلىرى ھاياتنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا، ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالغان جان كۆيەرگە قاراپ مۆلدۈرلەيتتى. * شەۋكەتنىڭ ھېلىلا چانىقىدىن چاچراپ چىقىدىغاندەك چەكچىيىپ تۇرغان خۇنسىز كۆزلىرىگە ھەسرەت بىلەن تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى.

**خۇنسىرىماق** پ ← قانسىزىماق.

**خۇنلۇق** سۈپ. قان تۆكۈلىدىغان، دەھشەتلىك، قانلىق: ئەگەر بۇ ئىش ئۇنىڭ قولىغا يېتىدىغان بولسا، ھەرقانداق خۇنلۇق ئىشلارنى قىلىشتىن باش تارتمايدۇ. * مىرزا كېرىم ئورنىدىن تۇرۇپ، كېكىردەكلىرىنى قىرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە سۆزلەشكە باشلىدى: ـ ئەي مۆمىنلەر، مۇسۇلمانلار، يۇرتىمىزدا پەيدا بولغان ۋەقە بەكمۇ خۇنلۇق ۋە سۈرلۈكتۇر. ئۇنىڭ خۇنخورىنى تاپمىغۇچە، ئىمانىمىز كامال تاپماس.

**خۇنۇك** سۈپ [پ] ① يورۇق، ئوچۇق ئەمەس، سۇزۇك ئەمەس، غۇۋا، خىرە: خۇددى قېلىن ئورمانلىقتا تۇتاشقان ئوت ھۆل-قۇرۇق ھەممىنى كۆيدۈرۈپ ماڭغاندەك، بۇ قوزغىلاڭ كۈنلىرى نومدىكىگە ئوخشاش دەھشەتلىك پاجىئەلەرمۇ يۈز بەردى. بۇ پاجىئە قوزغىلاڭ تارىخىنىڭ بىر خۇنۇك سەھىپىسى بولۇپ قالدى. * ئۇلار ھازىر كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ، ھېچ نەرسىنى كۆرمەسلىكنى، ئۆزلىرىنىڭ ھېچ نەرسىنى سەزمەيدىغان بولۇپ قېلىشىنى ناھايىتى خالايتتى، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۆيدىكى پىلدىرلاپ يېنىپ تۇرغان خۇنۇك چىراغ نۇرىمۇ ئۇلارنىڭ كۆزىگە سانجىلماقتا ئىدى. ② كۆرۈنۈشى، سىرتقى قىياپىتى كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلمايدىغان، كۆرۈمسىز، سۈرۈن، يېقىمسىز، سەت: خۇنۇك ھالەت. خۇنۇك قىياپەت. * كىشىلەر بۇزۇقلارنىڭ خۇنۇك ئەپتىگە نەپرەتلىك بېقىشلىرى بىلەن نەزەر سالماقتا. * ھېلىقى ئازغان تۆۋىدە تۆمۈر خەلپىگە ئوق چىقارغان توختى سەيپۇڭنىڭ سوزۇنچاق خۇنۇك يۈزى ھاجىنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى. ③ كۆچمە. قولاقتا ياقمايدىغان، يېقىمسىز ئاڭلىنىدىغان: بېشى ياغاق، چېچى پاخماق، جىنى ئالۋاستى بوپ ئامراق، گاچا ھاڭراپ، توكۇر قايناپ، خۇنۇك بەزمە قىزىپ كەتتى. ④ نۇرسىز، گۆنسىز: ئۇ كېسەل ئازابىدىن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن خۇنۇك كۆزلىرىنى لۆممىدە ئاچتى-دە: ـ قىزىم، قىزىم، ـ دەپ ئۈزۈپ-ئۈزۈپ تۈۋلىدى. * ئۇنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان بولۇپ، زەپىراندەك كۆرۈنەتتى، كۆزلىرى خۇنۇك ئىدى.

**خۇنۇكلە شتۇرمەك** «خۇنۇكلەشمەك»

پېئىلنىڭ مەخبۇرىي دەرىجىسى: قانداقتۇر بىر سېھرىي كۈچ بىلەن نەزەر دائىرىسىنى خۇنۇكلەشتۈرگەن تۇتەك پەردە ئۇنىڭ كۆز ئۆڭىدىن ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. * ئۇ مۇشۇ ئىدارىنىڭ سابىق باشلىقى ئەخمەتجاننىڭ پەرزەنتى، يېڭى باشلىق ئابدۇللا بولسا، ئۇلۇڭ مەڭزىدە چىرايىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ تۇرىدىغان يوغان تاتۇقى بار 34-35 ياشلاردىكى ئادەم.

**خۇنۇكلەشتۈرۈلمەك** «خۇنۇكلەشتۈرمەك» پېئىلنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**خۇنۇكلەشمەك** پ. خۇنۇك ھالەتكە كەلمەك، خۇنۇك بولۇپ قالماق: بۇ چاغدا، بۈگۈن كېچە ئادەتنى بۇزۇپ، تالڭ ئاتقۇچە يېنىپ چىققان ئېلېكتر چىرىغى خۇنۇكلىشىشكە باشلىغانىدى. * ئۇنىڭ چىرايى كۈندىن-كۈنگە خۇنۇكلىشىپ كەتتى. * ئۇنىڭ ئىلگىرى شۇنداق ئويناپ تۇرىدىغان قاپقارا كۆزلىرى خۇنۇكلىشىپ، ھەتتا ياشمۇ ئاقمايدىغان، قىپقىزىل كۆز چاناقلىرىدىن قان تېمىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى.

**خۇنۇكلۇك** ئى. خۇنۇك ھالەت، خۇنۇك ئەھۋال: ئۇنىڭ كالپۇك ۋە تىرناقلىرىغا سۈركىۋالغان قىزىل لاك پارقىراپ تۇراتتى. لېكىن، چىرايىدىكى نۇر ئۆچكەن بولۇپ، ئۇپا-ئەڭلىكلەرمۇ ئۇنىڭدىكى خۇنۇكلۇكنى بېسىپ كېتەلمىگەنىدى. * گۈزەل قەلب چىن سائادەتتۇر، ئاڭا كۈلپەتمۇ راھەتتۇر. خۇنۇكلۇك باسسا قەلبىڭنى، ھەسەل ئىچسەڭ نەلەززەتتۇر؟!

**خۇۋەينى** ئى. ئۆرۈكنىڭ بىر تۈرى. مېۋىسى يۇمىلاق، بەزى سورتلىرىنىڭ تۇخۇمسىمان، پوستى قېلىن رەڭگى يېشىلسىمان سارغۇچ، ئاپتاپ تەگكەن تەرىپى قىزىرىدۇ؛ گۆشى ئۇرۇقچىسىدىن ئاجرايدۇ، تەمى تاتلىق، سۇيى كەمرەك، شىرنىلىك، خۇش بۇي بولىدۇ: قىر بېشىدا ئۈچ تۈپ خۇۋەينى ئۆرۈك دەرىخى بولۇپ، بۇلارمۇ كىچىك ئاخۇنغا قوشۇپ يېزىۋېتىلدى، قىزىق يېرى شۇكى، ئۇنىڭغا شۇنداق ياخشى يەرنى بەرگەنگە ھېچكىممۇ غىڭ قىلمىدى، يىغىن تارىدى.

**خۇۋلۇق** ئى. (توغرىسى: خوپلۇق) ← خوپلۇق.

**خۇي** I ئى [پ] ① كىشىدە بولىدىغان مىجەز-خۇلق، ئادەت: قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقار (ماقال). * بۇ يولدىن ئۆتىدىغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇ كىشىنىڭ خۇيىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. * يىللار باقتىم قويۇڭنى، كۆرۈپ كەلدىم خۇيۇڭنى. ئولتۇرسەڭمۇ باقماسمەن، بۆرە يېسۇن قويۇڭنى. ② ئەسكى مىجەز؛ يامان قىلىق: زەيتۇننىڭ ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە ئىلگىرىكى ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىپ، باشقىچە خۇي پەيدا قىلىشى مېلىكىخان ئاچىنىڭ يۈرىكىگە نەشتەر ئۇرغاندەك تەسىر قىلدى. * «ياۋاشنىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدە» دېگەندەك، بۇ خېنىمغىمۇ خۇي پەيدا بولۇپ قالدى. ③ قىلىق؛ ئادەت (ھايۋانلار ھەققىدە): ئاتنىڭ خۇيىنى ئىگىسى بىلەر (ماقال). * خۇيىنى بىلمىگەن ئاتقا يېقىن بارما (ماقال). * ئات ئېشەكنىڭ خۇيىنى ئالار، ئېشەك ئاتنىڭ خۇيىنى ئالماس (ماقال). * قەدىمكى زاماندا، خۇيى ناھايىتىمۇ يامان بىر قارچىغا ياشىغانىكەن.

**خۇيى تۇتماق** ئاچچىقى كەلمەك، نارازىلىقى قوزغالماق، خۇيلانماق: ئۇنىڭ پات-پاتلا تۇتىدىغان خۇيى يەنە ۋاقىتسىز تۇتتى. * مەن ئاتامنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتىم. ئۇ بىراۋغا بىرەر تەكلىپ قويسا، قارشى تەرەپنىڭ ماقۇللۇقىغا ئېرىشسە ياخشى؛ ئەگەر رەت قىلىنسا، خۇيى تۇتۇپلا قالاتتى. * پەرىزاتنىڭ ئۆيىدىكى ئولتۇرۇشتا، ل. مۇتەللىپ بىلەن پەرىزات ئارتۇقراق تانسا ئويناپ قويغىنىغا، نەزىرەنىڭ خۇيى تۇتۇپ قالغانىدى.

**خۇي چىقارماق** باشقىچە قىلىق پەيدا قىلماق: بوۋاي ئوغلىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكىدىن مەمنۇن بولسىمۇ، بىراق ئوغلى بارغانچە باشقىچە خۇي چىقارغىلى تۇردى. * يۇسۇپ دۈيجاڭ ئېشەكلەرنىڭ ھەممىسى

چۇشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن: — تېخىچە ئاغرىۋاتامدۇ، ساقى ئاكا؟ چىراغنى ئۆچۈرۈۋەت دېسە، مورىنى ئۆرۈۋېتىدىغان خۇي چىقىرىۋاپسەن، — دېدى.

**خۇي** II ئى [خەن] <بىن> ئاۋاز توسۇش، ئىسسىقلىق ساقلاش ۋە زىننەت بېرىش مەقسەتلىرى ئۈچۈن، ئۆي تورۇسىنىڭ ئاستىغا ئورنىتىلىدىغان قەۋەت. ئادەتتە ياغاچتىن جاھازىسى قۇرۇلۇپ، ئۈستىگە قەغەز، سۇلياۋ، رەخت ۋە پەنەركە قاتارلىقلارنى چاپلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ: ئۆينىڭ خۇيى ئۇزۇن ئۆتمەي چۈشۈپ كەتتى.

**خۇي** III ئى. ئالمىنىڭ سۈپىتى ئەڭ ياخشى بىر خىل سورتى. مېۋىسى كونۇسسىمان، پوستى نېپىز، شەپەق رەڭدە، جۇلالىق؛ گۆشى ئاقۇچ، تەملىك، سۇلۇق، خۇش بۇي ۋە چىدامىلىق.

**خۇي** IV ئى. تونۇرغا يېقىلىدىغان ناننى دۈملەش ئۈچۈن، تونۇرنىڭ ئاغزىغا ياپىدىـ غان تاغار ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەر: مەن گىردە خۇيىدىن چىققۇچە بىرئاز چېكىملىك چېكىۋېلىپ ھاردۇقۇمنى چىقىرىۋالايمۇ دېگەننى ئويلاپ، ئۆيگە كىردىم. ② سۈپ. ھور بىلەن پىشۇرۇلغان، دۈملەنگەن: خۇي گىردە.

**خۇي-پەيل** خۇي ۋە پەيل، مىجەز-خۇلق: گۈلسۈمخانىنىڭ خۇي-پەيلى خەلچەمگە بەش قولدەك ئايان ئىدى. * ئايىمخان دورغىلارنىڭ خۇي-پەيلى ۋە ئاچچىق سۆزلىرىگە قاراپ، موللازەيدىنىنىڭ بىرەر گۇناھقا لايىق بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندى-دە، ئۇلارغا ئارتۇق سۆز قىلىشنى ياقتۇرمىدى.

**خۇيچىلىق** ئى. ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ تورۇسىنى ھەر خىل قەغەز، پەنەركە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن خۇيلاش ئىشى، كەسپى: قەدىمكى ئىمارەتلەرنى رېمونت قىلىشتىكى ئىش تۈرلىرى تامچىلىق، ياغاچچىلىق، جاھازچىلىق، تاشچىلىق، لايچىلىق، سىرچىلىق، نەققاشچىلىق، خۇيچىلىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**خۇيزۇ** ئى [خەن] <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ياكى شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**خۇيزۇچە** سۈپ. خۇيزۇلارغا ئائىت، خۇيزۇلارغا خاس: خۇيزۇچە كىيىم. خۇيزۇچە تۇرمۇش. خۇيزۇچە تاماق.

**خۇيزۇلار** ئى <ئىرق> خۇيزۇ مىللىتى، خۇيزۇ خەلقى. خۇيزۇلار ئاساسەن نىڭشىيا، گەنسۇ، خېنەن، چىڭخەي، شەندۇڭ، يۈننەن، ئەنخۇي ۋە شىنجاڭ قاتارلىق كەڭ رايونلارغا تارقىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان.

**خۇيلاشماق** «خۇيلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار ئۆي خۇيلاشتى. * قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى يىغىن زالىنىڭ تورۇسىنى خۇيلاشتى.

**خۇيلانماق** I پ. خۇي چىقارماق، خۇيى تۇتماق: لېتىپ خۇيلىنىپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇۋالدى. * تەتۈر قاراپ تۇرۇۋالدى خۇيلىنىپ، جىنەستىدەك لەۋلىرىنى پۈرۈپ قىز. دوپپىسىنى توغاچ بىلەن تولدۇرۇپ، ئېلىپ كەلدى قىز ئالدىغا راخمان تېز.

**خۇيلانماق** II «خۇيلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆينىڭ تورۇسى خېلى ياخشى خۇيلاندى.

**خۇيلۇق** ① سۈپ. خۇيى بار: — ئەي، پادىشاھى ئالەم! بۇ ئوغۇلنى كىچىكىدىن پەرۋىش قىلغانىدىم. ئۇ پەرىشتىدەك خۇيلۇق بالا ئىدى، — دەپتۇ فەررۇخ سۇۋار. ② قىلىقى ناچار، يامان مىجەزى بار: خوتۇن زاتىنىڭ ئۈنىڭدەك ياخشىسىنى تېپىش تەس ئىدى. ئۇ ئىنتايىن خۇيلۇق بىر خوتۇن ئىدىكى، ئازىدىن ئازراق گەپ تەگسىمۇ ئۆتسىلا، «ئاغرىپ قالدىم» دەپ، نەچچە كۈن، ھەتتا ھەپتىلەپ يېتىۋېلىپ، ئازاب سالاتتى.

**خۇيلىماق** پ. ئۆينىڭ چىرايلىق كۆرۈنۈشى ئۈچۈن، تورۇس قىسمىنى ھەر خىل قەغەز

ياكى پەنەركىلەر بىلەن بېزىمەك: ئۆي خۇيلىماق. يىغىن زالىنىڭ تورۇسىنى خۇيلىماق.

**خې** «خ» ھەرپىنىڭ نامى.

**خېجې** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ياكى شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**خېجې تىلى** <تىل> خېجېلار ئىشلىتىدىغان تىل. ئۇ ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تۇڭگۇس-مانجۇ تىللىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ. ئادەتتە مانجۇ تىللىرى تارمىقىغا ئايرىلىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ تۇڭجياڭ، راۋخې قاتارلىق ناھىيىلىرىدە قوللىنىلىدۇ.

**خېجېلار** ئى <ئىرق> خېجى مىللىتى، خېجى خەلقى. خېجېلار ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىگە ئولتۇراقلاشقان.

**خېچىر** (توغرىسى: قېچىر) ← قېچىر.

**خېرىت** ئى [پ] ماتېرىيال: مەن شەھەر كۆرۈشىنى ئارزۇ قىلىپ، ئاتام شەمسىدىنىدىن رۇخسەت سورىغاندىم. ئۇ ماڭا 50 تاي مال ۋە باشقا كېرەكلىك خېرىتلارنى تەييارلاپ بەرگەنىدى. * تۆھپە بولسۇن دوستلارغا مېنىڭ قىممەت خېرىتىم، زەربە بولسۇن دۈشمەنگە بومبا، مىلتىق قىلىچىم.

**خېرىدار** ئى [پ] ① بىرەر نەرسە سېتىۋالغۇچى كىشى؛ ئالارمەن: خېرىدار چاقىرماق. خېرىدار تاپماق. * بىركۈنى ئەپەندىم قوينى سېتىش ئۈچۈن بازارغا ئېلىپ چىقىپتۇ. بىر خېرىدار قوينى كۆرۈپ: – ئەپەندىم، قوينى نەچچىگە ساتىسىز؟ – دەپ سوراپتۇ. * ماگىزىنغا ئىككى خېرىدار كېلىپ، تراكتور سايمانلىرى سېتىۋېلىپ قايتىشتى. ② كۆچمە. بىراۋغا (ئادەتتە بىرەر قىز ياكى ئايالغا) كۆڭۈل قويغان كىشى، خۇشتار؛ لايىق: خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىقىڭ نە كېرەك (ماقال). * ئۇ قىزغا بىزنىڭ ئابدۇسەمەت خېرىدار ئىكەن. * قىزىم ساڭا ئۇبدان يەردىن خېرىدار كەپتۇ، تويلۇقۇڭغا ئاۋار-دۇردۇن ھەم مەخمەل ئېلىپتۇ.

**خېرىدار بولماق** ① سېتىۋېلىش قارارىغا كەلمەك؛ سېتىۋالغۇچى بولماق. ② بىراۋغا (ئادەتتە بىرەر قىز ياكى ئايالغا) خۇشتار بولماق: ئۇنىڭ پەرىلەر، ئىنسانلار ئارىسىدا جامال بابىدا مەشھۇر گۈلچېھرە دېگەن بىر قىزى بار. كىمكى ئۇ قىزغا خېرىدار بولۇپ كەلسە، شەرت شۇكى، ئاقىۋىتىنىڭ ئەسلىنى سورايدۇ. * كۆنلەر-ئايلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تېز قوغلىشىپ ئۆتۈشۈپتۇ. يىللارمۇ ئۆتۈپ كېتىۋېرىپتۇ، يەنىلا ھېچقانداق بىر يىگىت ئۇنىڭ قىزىغا خېرىدار بولماپتۇ.

**خېرىدارسىز** سۈپ. خېرىدارى يوق، خېرىدارى بولمىغان؛ خېرىدار چىقمىغان: قولىدىكى شۇنچىۋالا نەق پۇلنىڭ خېرىدارسىز مالغا ئايلىنىپ، توپا بېسىپ يېتىشىنى ئويلىمىغان موللائاخۇن ئەمدى جىمپىلا كەتكەنىدى. * ئۇلار ئىشكتىن كىرىشى بىلەن خېرىدارسىز زېرىككەن ساماۋەرچى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ: – كېلىشسىلە، كېلىشسىلە. خام چاي قىلىپ بېرىمەن، قول بالىسى قىلىپ دەملەيمۇ-يە؟، – دەپ قارشى ئالدى. 〃 – ئۇلارنىڭ ئويۇنى ھەرقانچە قىزىق بولسىمۇ، خېرىدارسىز قالدۇ، – دېدى ئايخان مەنىلىك قىلىپ.

**خېرىدارلىق** ① «خېرىدار» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئالىمچى كاززاپقا ئەمدى بولۇپ بەردى. بۇ چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۆز ئالمىسىغا قىلىۋاتقان خېرىدارلىقى ئۇنىڭغا ياغدەك ياقتى. * شەمسى قارىمۇ بەلكى مەن بىلەن بىر خۇرجۇن يامبۇسى بار دەپ دوست بولدى. خېرىدارلىق قىلىپ مېھمان قىلدى، باغ، باراۋەتلەردە ئويناتتى، ھەتتا ئۆيلەندۈرۈپ قويماقچىمۇ بولدى. ② سۈپ. خېرىدارى بار، خېرىدارى كۆپ: ئەختەر خېرىدارلىق قىز ئىدى. ئۇ ئىشتىن چۈشۈپ، ۋېلسىپىتكە مىنىپ ئۆيگە قايتقاندا، مەيلى بار يىگىتلەر پەم بىلەن ياندىشىپ،

ئىككى ئېغىز سۆز قىلسا، ھۆپپىدە قىزىرىپ، تىترەپ، رول قولدىن چىقىپ كېتىشكە تاسلا قالاتتى ۋە دەرھال ئۆزىنى ئوڭلاپ، ئۇچقاندەك يۈرۈپ كېتەتتى.

**خىلى** رەۋ [پ] ئانچە ئاز ئەمەس، يېتەرلىك دەرىجىدە، كۆپ: خىلى ئۇزۇن. خىلى ياخشى. * ئالماس سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، خىلى بىرۋاقىتلارغىچە جىم بولۇپ قالدى، مەنمۇ ئۇنىڭ تىلدىن سۆز گۆھەرلىرىنىڭ تۆكۈلۈشىنى كۈتمەكتە ئىدىم. * ئاقارغان يەرنى ئاي نۇرى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئەبلغازى مەھەللىدىن چىقىپ، قاۋانلىققا كېتىدىغان هارۋا يولى بىلەن خىلى ماڭدى.

**خىلى-خىلى** ① ئادەتتىكىلەردىن ئۈستۈن، يۇقىرى تۇرىدىغان: ئۇ بۇ سۆلىتى بىلەن ئالاھىدە پەخىرلىنىپ، ئۆزىنى خىلى-خىلى كىشىلەرنىڭ نەزىرىنى تارتالايمەن دەپ ھېسابلايتتى. * ئۇنىڭ كەينىدىن بىرمەزگىل خىلى-خىلىلىرى پالاقلاپ ياقتى. ② كۆپ، نۇرغۇن: ئۇ دائىم بىكار يۈرگىنى بىلەن، بەزىدە ئاجايىپ شېرىن چۆشلەرنى كۆرەتتى. ھەتتا خىلى-خىلى ئىشلارنى قىلماقچى بولسىمۇ، ئەمەلگە ئاشۇرالماي ھەسرەتلىنەتتى. * ئۇنىڭ يالغۇز ئارتۇقچىلىقلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى يەنە خىلى-خىلى نۇقسانلىرىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن ساڭا يېقىپ كېتىدۇ، ھەتتا سېنى قاتتىق مەپتۇن قىلىۋېلىشىمۇ مۇمكىن.

**خىمىر** ئى [ئە] ئادەتتە ئۇنىغا سۇ، سۈت ياكى ماي ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان يۇمشاق، ئۇزۇلۇشچان ئارىلاشما: خىمىر قىلماق. خىمىر زوۋۇلىسى. * سەمەت ناۋاي خىمىر يۇغۇرۇۋېتىپ ئەسقەرگە: — ھەي تاز، تونۇردا بىر چۆشۈپ كەتكەن نان بار، تونۇرنىڭ كۆلىنى ئېلىۋېتىپ، شۇنى يېگىن، — دەپتۇ.

**خىمىر ھەيكەل** <گ سەن> خەلق ھۈنەر-سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىر خىلى. گۈرۈچ ئۇنىغا بوياق ئارىلاشتۇرۇپ، سىقماقلاپ ياسىلىدىغان، ھەر خىل تىپتىكى كىشى، شەخسلەرنىڭ ئوبرازى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھەيكەل بولۇپ، ئۇ ئېلىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقالغان ۋە ئومۇملاشقان.

**خىمىرتۇرۇچ** ئى [ئە+پ] ① خىمىرنى بولدۇرۇش، كۆپتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئېچىتقۇ: جالال كىرىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ خىمىر تۇرۇچ قوشماي پىشۇرۇلغان بۇغداي ئۇنىنىڭ نېنىدەك، تاتىرىپ كەتكەن ئەپتىگە قاراپ، مۇسا ھەيران قالدى. ② كۆچمە. بىرەر ئىش ئۈچۈن ئالدىن سېلىنغان مەبلەغ، ئىقتىساد ياكى ئىقتىسادىي ئاساس، ئۇل: بۈگۈن توپاق بىلەن ئىنەكنى ساتساق، بۇلتۇرقى موزىيى خىمىرتۇرۇچ بولۇپ تۇرۇپ تۇرسا قانداق بولار؟ * ئاياللار جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ۋە جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ خىمىرتۇرۇچى. ئەگەر بۇ دۇنيا پەقەت ئەرلەر دۇنياسى بولغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا، بۇ دۇنيا جاھىللىق، رەھىمسىزلىك ۋە ئۇرۇشقا تولغان بولاتتى. ③ كۆچمە. بىلىم، سەۋىيە، مەلۇمات؛ ئوماچ: ئۇنىڭ قورسىقىدا خىلى خىمىر تۇرۇچى بار. * سىزنىڭ مۇنچىۋالا خىمىر تۇرۇچىڭىزنىڭ بارلىقىنى زادىلا بىلمەپتىكەنمەن.

**خىمىرتۇرۇچلۇق** سۈپ. خىمىر تۇرۇچ بولغۇدەك، خىمىر تۇرۇچقا يەتكۈدەك: بىر خىمىر تۇرۇچلۇق ئۇن.

**خىنە** ئى [ئە] ① <بوت> خىنە ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە؛ گۈلى ئاق، قىزىل، ھال رەڭ، سۆس سېرىق رەڭلەردە كېلىدۇ؛ ئۇرۇقى، يىلتىزى ۋە غولى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ: غولى قاننى جانلاندۇرۇش ۋە راۋان قىلىش رولىغا؛ ئۇرۇقى يەلنى ھەيدەپ، تۇرۇپ قالغان قاننى ماڭدۇرۇش رولىغا؛ گۈلى قاننى جانلاندۇرۇپ ھېيىز ۋە سۈيدۈكنى راۋان قىلىش رولىغا ئىگە. قىزىل رەڭدىكى گۈل تاجى

ياپراقچىسى ئادەتتە قول ۋە تىرناقنى بوياش، خېنە يېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈل تاجى ياپراقچىسىدىن ئېلىنغان ھەمدە تىرناقنى بوياش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بوياق.

**خېنە قويماق** خېنىنى سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ، قولنى بويىماق: قولغا خېنە قويماق.

**خېنە ياقماق** ← خېنە قويماق: ئايشىلا خېنىم قولغا خېنە ياقتى.

**خېنى** ئى. دىئال. بېدە-سامان سېلىقى.

**خېنىگۈل** ئى [خېنە+گۈل] <بوت> خېنىنىڭ بىر تۈرى. گۈل ئورنىدا ئۆستۈرۈلىدۇ، گۈلى قات-قات بولىدۇ.

**خېنىلىك** ① ئى. خېنە تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن يەر، خېنە تېرىلغان ئېتىز. ② سۈپ. خېنىسى بار، خېنە قويۇلغان، خېنە يېقىلغان: قىپقىزىل خېنىلىك بارماقلار، ئۈيىندى پەدىنىڭ ئۈستىدە. ناخولدىن تىترەيدۇ نازۇك تار، نە بولدى يۈرەككە، جىغىدە.

**خېنىم** ئى ① خاننىڭ خوتۇنى، خانىش: خان بىلەن خېنىم يېقىن كەلگەن ئىشاننىڭ ئالدىغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىدۇ. ئىشان كۆزىنى يۇمۇپ، بىرنېمىنى ئوقۇپ، ئۇلارغا «سۇف» دەيدۇ. ② ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئاياللار ئىسمىغا قوشۇپ ئېيتىلىدۇ: مانا بۇنى پاتىمە خېنىم ئەۋەتىپتۇ. * ھەي خېنىم رەھىم قىلىپ ھالىمنى سورىساڭ نىم بولار؟ مېنى مۇنچە قىينىماي جېنىمنى ئالساڭ نېم بولار؟ ③ كونا جەمئىيەتتە، يۇقىرى تەبىقىلەرنىڭ خوتۇن-قىزلىرىنىڭ بىر خىل ئاتىلىشى: ئۇ يەردىكى خېنىملار ھاراققا دەپ پۇلنى ئايىماي بېرىدۇ، ئۇلار ئاجايىپ چىرايلىق كىيىنىدىغان خېنىملاركەن. * ئاڭلىناتتى ھويلىدىن، داپ-دۇتتارنىڭ نەغمىسى. ئۇنى بېسىپ تۇراتتى، خېنىملارنىڭ كۈلكىسى.

**خېنىمچاق** ئى. كىچىك خېنىم: يۈز-كۆزلىرى قىزىل ئەڭلىك، ئاق ئۇپىدىن جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان خېنىمچاقلار، خوتۇن خەقتىن تالىشىپ تۇرۇپ يۈزلىرىگە خۇش پۇراقلىق ماي، ئەتىر سۈرتۈۋالىدىغان يىگىتچاقلار ئالدىدا، سەن داداڭدىن نومۇس قىلىشقا باشلىدىڭ.

**خېنىملىق** «خېنىم» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: - خېنىملىققا يارايدىكەنسىز، - دېدى ئۇ سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ.

**خېنىن** ئى [لات] بەزگەكنى ساقايتىش ئۈچۈن ئىچىلىدىغان دورا.

**خېنىن دەرىخى** <بوت> رويان ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى ئاچ قىزىل. قوۋزىقىدىن خېنىن پاراشوكى ئېلىنىدۇ، تروپىك بەلباغ ياكى سوبتروپىك بەلباغدىن چىقىدۇ. ئادەتتە ئۇ بەزگەكنىڭ پەۋقۇلئاددە ئۈنۈملۈك دورىسى ھېسابلىنىدۇ.

**خىيىم-خەتەر** بىرەر بەختسىزلىككە، پالاكەتكە ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن بولغان شارائىت؛ خەتەرلىك ئەھۋال، مۇشكۇلات، خەۋپ: ئۇ: - ھەر قانداق ئىشنى قىلىشتا خىيىم-خەتەر بولىدۇ، قۇربان بېرىش بولىدۇ، - دېدى. * ئۇزۇن يىللىق سىناقتىن ئۆتكەن ئېتىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ: - سىز مېنىڭ بۇ ئېتىمغا مىنىڭ، يول بويى خىيىم-خەتەرگە ئۇچرىمايسىز، - دېدى مېھرىبانلىق بىلەن ئۇ.

**خىيچا** ئى [پ] ① ئەتلەسنىڭ يىپىغا گىرە سالىدىغان ياغاچ. ② گىلەمنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى يىپلارغا باغلىنىدىغان ياغاچ.

**خىت** I ئىم. ئېشەكنى ھەيدەش ئىماسى: موللام «خىت، چۇھ» دەپ ئېشىكىنى دېۋىتكىنىچە ئالدىراش كېتىپ قالدى.

**خىت** II ئىم. تاماقنى قېقىشتىن چىققان ئاۋاز.

**ختاب** ئى [ئە] ئۆزىنىڭ قارشى تەرەپكە

بولغان بىرەر كۆچلۈك ھېس-تۇيغۇسىنى، ھاياجىنىنى ئىپادىلەيدىغان چاقىرىق، مۇراجىئەت: سودىگەر جاۋاھىرپۇرۇشلارغا قاراپ خىتاب قىلىپتۇ: — ھەي ياخشى ئادەملەر، ماڭا نېمە ئۈچۈن بوھتان قىلىسىلەر؟ * جاۋابكار ھەر خىل ھىيلىلەرنى ئويلاپ ئولتۇرغاندا، تۇيۇقسىز قازى جاۋابكارغا خىتاب قىلىپ: — ئەي پالانى! دەۋاگەر ئۇ دەرەخنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغانمىدۇ؟ — دەپتۇ. * خاسىيەتلىك ئەي كىتاب، ساڭا قىلغايمەن خىتاب. سەمەندەرنىڭ يېنىغا، مېنى ئېلىپ بار شۇ تاپ!

**خىتاب قىلماق** كۈچلۈك ھېس، ھاياجان بىلەن چاقىرماق، مۇراجىئەت قىلماق: ئۇۋەيس ئەلەم قېچىردىن چۈشمەي تۇرۇپلا، ئىنچىكە ۋە چىرقىراق ئاۋازى بىلەن خەلققە خىتاب قىلدى. * تۆمۈر خەلپە ھەمراھلىرى بىلەن يول ياقىسىدىكى كىچىكرەك دۆڭنىڭ ئۈستىدە توختاپ، ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپلا: — قېرىنداشلار! — دەپ كۆپچىلىككە خىتاب قىلدى.

**خىتابەت** ئى [ئە] يېز ت. خىتاب، مۇراجىئەت: شېرىن غەزەپ بىلەن: — بارىكاللا بۇنداق شىجائەتكە! بارىكاللا بۇنداق خىتابەتكە! — دېدى.

**خىتابچى** ئى. خىتاب قىلغۇچى كىشى، مۇراجىئەت قىلغان ئادەم: غولدا بار بىر كۆۋرۈك، خىتابچى سىنتاش، چىن خىسلەت قۇدرىتىن باغرىغا باسقان! گۈزەللىك تەڭرى ئۇ، جىمى دۇرلارنى، دۇر سۈپەت بوينىغا مارجان قىپ ئاسقان!

**خىتابنامە** ئى [ئە+پ] بىرەر ئىش ياكى ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندەپ يېزىلغان مەكتۇپ، خەت؛ يازما چاقىرىق، مۇراجىئەتنامە: قەتئىي ئىشىنىمەنكى، مەن ھېچقاچان قانداقتۇر پارتىيىگە قارشى خىتابنامە يازغىنىم، ھېچقاچان پارتىيىگە قارشى تۇرغىنىم يوق. * تۈنجى قېتىم ياڭرىغان بۇندا، كوممۇنىزم خىتابنامىسى. جاكارلانغان تەنتەنە بىلەن، كىشىلىكنىڭ ئۇلۇغ غايىسى.

**خىت-خۇت** يىغلىغاندا دىماغدىن چىققان ئاۋاز: ئۇيدە قايغۇ-ھەسرەت ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. بىردەملىك مىشىلداش، خىت-خۇتتىن كېيىن، ماھىنۇر ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈردى ۋە سىقىمدىكى پۇرلىشىپ كەتكەن قەغەزگە يەنە بىر مەرتىۋە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.

**خىتىن** ئى [ر<گرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، يەنى رەڭسىز، قاتتىق ھالەتتىكى ئامورف ماددا. تۈزۈلۈشى مۇستەھكەم بولۇپ، ئېلاستىكلىققا ئىگە. قۇرتلارنىڭ پوستى ۋە قاسىراقلىق ھايۋانلارنىڭ پوستى خىتىندىن تۈزۈلىدۇ.

**خىجالەت** ئى [ئە] ① كىشى ئالدىدا ئۇيالغانلىقتىن، ئۆزىنى قولايسىز سېزىش، ئوڭايسىزلىق ھېس قىلىش؛ ئۇيۇلۇش ھېس-تۇيغۇسى: راست گەپنىڭ خىجالىتى يوق (ماقال). * بارنىڭ خىجالىتىدىن يوقنىڭ خىجالىتى يامان (ماقال). * بۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئارتۇقچە ئېگىزلىكىدىن خىجالەت بولغاندەك، ئالدىغا سەل مۈكچەيگەنىدى. * بۈگۈن كۈنگە چارشەنبە، يارىم كېلەر ئەلۋەتتە. يارىم كەلسە پات كەلسۇن، مەن قالماي خىجالەتتە. ② قىيىنچىلىق، ئېھتىياج: — نېمە خىجالىتىڭ بار؟ ئېيت، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن، — دېدى ئۇ ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ.

**خىجالەت بولماق** خىجىللىق ھېس قىلماق، ئۇيالماق، ئوڭايسىزلانماق: مەتنىياز تۈپلىيىنى مۇشۇ چاغقىچە ئاپىرىپ بەرمىگەنلىكىگە خىجالەت بولۇشقا باشلىدى. * ئاڭلاپ بۇنى ئەركىنجان، بولدى بەكمۇ خىجالەت. ۋۇجۇدىنى قاپلىدى، يېڭىچە بىر جاسارەت.

**خىجالەت تارتماق** ① ئۇيالماق، ئوڭايسىزلانماق: ئۇ خىجالەت تارتىپ، يەردىن ئۈستۈن قارىيالمىدى. ② قىيىنچىلىق تارتماق، موھتاج بولماق، ھاجىتى چۈشمەك: مەن ئازراق پۇلغا خىجالەت تارتىپ قالغانىدىم.

**خجالەتتىن چىقماق** بىراۋنىڭ مەلۇم بىر ئىش، نەرسە ياكى مەسىلە ھەققىدىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەرمەك؛ بىراۋنىڭ ھاجىتىدىن چىقماق.

**خجالەت چەكمەك** ← خجالەت بولماق: ئۆتكەنكى يىللاردىن خجالەت چەكمە، ئىجادىي مېھنەتتىن ئۆتكەن بولسا گۈل. كەلگۈسى يىللارغا نەزەرنى تاشلا، مەردلەرنىڭ ئىزىدىن يولغا راۋان بول.

**خجالەت قىلماق** بىراۋنى خجالەتكە قويماق، خجالەت تارتقۇزماق، ئوڭايسىز ئەھۋالدا قويماق: بۇ ھەقتە سىز ئۇنى خجالەت قىلماڭ! * ئىلىنىڭ گۈزەللىك بابىدا ھەتتا جەننەتنى خجالەت قىلغۇدەك كۆركەم تاغلىرى، پەرىشتەنى ھەيران قىلدۇرغۇدەك گۈزەل باغلىرى ھەرقانداق ئادەمنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ.

**خجالەتچىلىك** ئى. ئوڭايسىزلىق، خجىللىق: ئوقۇتقۇچى ئۆز خىزمىتىدە قىيىنچىلىق ياكى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىسا، ئۇ ئۆزىنىڭ بىپەرۋالىقى ياكى ناقابىللىقىدىن خجالەتچىلىك ھېس قىلىپ، ئۇنى يېڭىشكە بەل باغلايدۇ. * ئۇ خجالەتچىلىك ئىچىدە، چىنە سۇنۇقى بىلەن چېچىلغان ئاشنى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشتى.

**خجالەتسىز** سۈپ. خجالىتى يوق؛ خجالەت تارتماي، موھتاج بولماي: خجالەتسىز ئىش. // سەپەر ئايالىنى خجالەتسىزلا دەپنە قىلدى.

**خجالەتلىك** سۈپ. خجالىتى بار، خجالەت تارتقان، خجالەتمەن: بىرھازا ئۆتۈپ كۆردۈم چولپاننى، ئۇيۇق لېۋىدە خجالەتلىك يۈز. ... تەن مەنپەئەتى مىزاندۇر كىشى قەدرىنى ئۆلچەشتە، بۇنى ئەستىن چىقارسا كىم بولۇر ئاخىر خجالەتلىك.

**خجالەتمەن** سۈپ [ئە+پ] خجالەتتە قالغان، خجالەت بولغان، خجالەتلىك: ئۇ خجالەتمەن قىياپەتتە گەپنىڭ راستىنى ئېيتتى. * بوۋاي يىغلىۋېتىشكە تەييار ئىدى. ئۇنىڭ خجالەتمەن كۆزلىرى مېھمانلارغا ئەمەس، نەلەرگىدۇر تىكىلەتتى.

**خجىل** سۈپ [ئە] بىرەر ئىش، مەسىلە تۈپەيلى، كىشى ئالدىدا مۇشكۈل، قىيىن ئەھۋالغا چۈشكەن، خجالەتتە قالغان، ئىزا تارتقان: مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ناھايىتى خجىل. * ئاخىرى ئۇ مەلىكە بۇدۇرنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، ئەدەب بىلەن تەزىم قىلىپ تۇرۇپ: – ئەي ئۇلۇغ شاھىم! جانابلىرى مېنى ھەددىدىن ئارتۇق ھۆرمەت قىلىۋاتىدىلا. مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن خجىل، – دەپتۇ.

**خجىل بولماق** بىرەر ئىش، بىرەر مەسىلە تۈپەيلى كىشى ئالدىدا مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشمەك، خجالەتتە قالماق، ئۇيالماق: مەلىكە خجىل بولۇپ بېشىنى تۆۋەن سائپتۇ ۋە: – مېنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرىم يوق، مەن بۇ ئىشتا بىگۇناھمەن، – دەپتۇ. * ئابدۇللا خجىل بولۇپ ئاكىسىغا قارىغاندا، خالىق ئىشكىنىڭ كەينىگە مۆكۈۋېلىپ، كۈلۈپ قوياتتى.

**خجىل قىلماق** خجىللىق ھېس قىلىشقا سەۋەبچى بولماق؛ خجالەت تارتقۇزماق، ئوڭايسىزلاندۇرماق، ئۇيالدۇرماق: سەن بۇ ئىشتا مېنى خجىل قىلما! * – ئابلىز ئاكا، ياشلىقنىڭ گېپىنى قىلىپ بىزنى خجىل قىلماڭ، – دېدى شاگىرت تراكتورچى دەررۇ.

**خجىلچىلىق** ئى. بىرەر ئىش، مەسىلە تۈپەيلى، كىشىلەر ئالدىدا ئوڭايسىزلىنىش، خجالەت تارتىش؛ خجالەتچىلىك: ئانا خجىلچىلىقتا قانداق قىلىشنى بىلمەي، قىزىنىڭ يېنىغا كىردى. * ياقۇپ ئەنە شۇنداق خجىلچىلىق ئىچىدە، خەتنىڭ مەزمۇنىنى بىزگە سۆزلەپ بەردى.

**خجىلسىرىماق** پ. خجىل بولغاندەك بىر ھېسسىياتتا كەلمەك: نېمە دەرد كەلگەندۇر بېشىغا، كونۇتۇن ئۇ چەككىلى بۇنچە ئازاب؟ خۇش قىلالماي ئايىنى يا، ئاپتاپنى يا، سارغىيىپ تۇرغانمۇ خجىلسىراپ؟ ۋەجىنى ئۇقالمىدىم تۈزۈككىنە، ئەي كىتابخان، كۈتىمەن سەندىن جاۋاب.

**خجىللىق** «خجىل» سۆزىنىڭ ئىسىم

شەكلى: ئەركىن ھەم خۇشاللىق، ھەم خىجىللىق ئەكس ئېتىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلدى. * ئۇ چەكسىز خىجىللىق ئىچىدە، ئالماس ئاكىنىڭ قوللىرىنى سىقىش ئۈچۈن ئالدىغا قاراپ ماڭدى.

**خى-خى** ← ھى-ھى: بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئاتابېك ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. جەننەت ئاچىنىڭ خى-خى قىلىپ كۈلگەن ئاۋۇشى ئاڭلاندى.

**خىدىر** ئى. دىئال. چەك.

**خىدىڭ** ئى. دىئال. بويۇنتۇرۇق؛ ياغاچ قوشقۇن.

**خىر** I ئىم. ئادەم دىمىغىدا كۈلگەندە، نەپەس ئالغاندا چىقىدىغان ئاۋاز: بوۋاي ئېغىر-ئېغىر نەپەس ئالدى ۋە قولىدىكى تاماكىسىنى ئارقا-ئارقىدىن تارتىپ بولغاندىن كېيىن، پاراڭچىلارنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپ «خىر» قىلىپ كۈلدى.

**خىر** II سۈپ. دىئال. خىجىل بولمايدىغان، ئىزا تارتمايدىغان، ئۇيالماس، قېلىن.

**خىراج** ئى [ئە] ① تارىخ. كونا جەمئىيەتتە ھۆكۈمرانلار ۋە دىنىي تەبىقىدىكىلەرنىڭ دېھقانلاردىن ئالغان يەر بېجى، سېلىق. ② خىراجەت: مېنىڭ بۇ سەپىرىمدىن مەقسەت، مەخسۇس ساۋساۋغا خىراج ئاپىرىپ بېرىش ئىدى. * خېلى كۆپتىن ساڭا كۆڭلۈمدە تۇغۇلغان ئېھتىياج، ماڭا باقساڭ، بارۇ يوقۇمنى قىلاي دەيتتىم خىراج.

**خىراجەت** ئى [ئە] بىرەر نەرسە ئۈچۈن قىلىنىدىغان سەرپ؛ چىقىم: يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ھەر يىلى خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت ۋە ئوبلاستقا خېلى كۆپ ئاشلىق يۆتكەپ، ھەربىر جىڭ ئاشلىققا تەخمىنەن 20 پۇڭ ترانسپورت خىراجىتى ۋە باشقا خىراجەت ئۈچۈن دۆلەت نۇرغۇن پۇل ئاجرىتىشقا توغرا كېلەتتى.

**خىراجەت قىلماق** بىرەر نەرسە ئۈچۈن پۇل سەرپ قىلماق، پۇل چىقىم قىلماق، خەجلىمەك: خەلپە يۈزمىڭ تىللا پۇل خىراجەت قىلىپ، قازى ۋە گۇۋاھچىلارنى ھازىرلاپتۇ. * ھەر كۈنى دەرياغا تور سېلىپ بېلىق تۇتۇپ، شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ سېتىپ، خىراجەت قىلاتتى.

**خىراجەتسىز** سۈپ. خىراجەت قىلمايدىغان، چىقىمسىز؛ ھەقسىز: خىراجەتسىز تاماق. سەلىمە خىراجەتسىز ئوقۇدى.

**خىراجەتلىك** سۈپ. چىقىمى بار، چىقىملىق: بۇ يىل سەل خىراجەتلىك بولۇپ قالدۇق.

**خىرامان** [پ] ① سۈپ. ئالدىرمايدىغان، تەمكىن: چۈشۈڭمۇ بۇزۇلغاندۇر، يۈرىكىڭمۇ تۈيغاندۇر، مەقسىتىڭ نېمە زادى؟ باقمايسەن خىرامان قىز. // بىغەم يىللار ئۆتەر خىرامان، قەبرىلەردە سايرىدى تۇپراق. پۈتتى ئاستا يارا ئىزلىرى، دىلدا ئۇنتۇش كۆتۈردى بايراق. ② رەۋ. غەم-ئەندىشە قىلماي، غەمسىز، بىغەم: ئۇ ھەر خىل كىيىم-كېچەكلەرنى راسلىۋالغاندى. گاھىدا گېنېرال، گاھىدا ساقچى، گاھى كۈنلىرى بولسا قازاق، گاھىدا يېزا قىزلىرى سىياقىدا ياسىنىپ، خىرامان يۈرەتتى.

**خىرە** سۈپ [ئە] ① دېگەندەك يورۇق، روشەن ئەمەس، تۇتۇق، خۇنۇك؛ كۆچسىز، سۇس: گۇگۇم چۈشكەن چاغ، غەرب تەرەپتىكى تىك قىيالىقتىن ئەمدىلا كۆرۈنگەن كۈمۈش ئاي خىرە نۇرىنى چېچىشقا باشلىغانىدى. * چىراغنىڭ خىرە يورۇقىدا بالىنى ئاۋايلاپ قۇچىقىغا ئېلىپ، مەڭزىنى مەڭزىگە ياقتى. // سۇر رەڭ بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئاخىرقى نۇرلىرىنى تۆكۈۋاتقان قۇياش گويا ئىس-تۈتەكلەر ئىچىدە پىلىلداپ تۇرغان شام-چىراغدەك، خىرە كۆرۈنەتتى. ② كۆچمە. خۇرسەن ئەمەس، كۆڭۈلسىز، غەش: مۇھەممەت ئۇنىڭ بىلەن كۆڭلى سەل خىرە بولغان ھالدا سالاملاشتى. * - ئاپا نېمە بولدۇڭ، ھېلىقى ئىككى ئادەم دادام توغرىسىدا گەپ قىلدىمۇ، كۆڭلۈڭ ناھايىتى خىرەغۇ؟ - دېدى دۇرنەم. * كۆڭلۈمنى خىرە قىلىپ، كۈندۈزنى كېچە قىلىپ، سىزنى مەن

ئىسە قىلىپ، يازدىم خەت، سالام سىزگە.

**خىرە سىزىقلىق سپېكتر** <فىز> ئاق رەڭلىك نۇر قاتتىق قىزىتىلغان گاز ياكى پاردىن ئۆتۈپ، ئاندىن يەنە پرىزما (ئۈچ قىرلىق ئەينەك) دىن ئۆتكەندىن كېيىن ھاسىل بولغان كۆپ خىرە سىزىقلىق سپېكتر. خىرە سىزىقلارنىڭ ئورنى بۇ خىل گاز ياكى پار ھاسىل قىلغان روشەن سىزىقلىق سپېكترنىڭ روشەن سىزىقلىرىنىڭ ئورنى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. چۈنكى، قاتتىق قىزىتىلغان گاز ياكى پار ئۇ چاچقان نۇرنى قوبۇل قىلىدۇ. قۇياشنىڭ سپېكترى مۇشۇ خىلغا كىرىدۇ.

**خىرە نۇرلۇق چىراغ** <دېھ> ئۇلترا بىنەپشە نۇرنى چىقىرىدىغان چىراغ. شەكلى ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان «ئاق» چىراغقا ئوخشايدۇ. بۇ چىراغ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا پەرۋانە تىپىدىكى نۇرغا ئىنتىلىشچان زىيانداش ھاشاراتلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، خىمىيلىك دورىلار ئارقىلىق يوقىتىدۇ.

**خىرە-شىرە** ① ئانچە بەك روشەن بولمىغان؛ ئېنىق كۆرۈنمەيدىغان؛ ئوچۇق ئەمەس، تۇتۇق: مەن تراكتور چىرىغىنىڭ خىرە-شىرە يورۇقىدا، ھېلىقى ئادەمگە قارىدىم، ئۇ ئاللىقاچان كۆۋرۈك ئاستىغا چۈشۈپ بولغان بولۇپ، يېڭى قويۇلغان ياغاچنى مۇرىسى بىلەن يۆلەپ تۇراتتى. * قىزنىڭ خىيال كەپتىرى ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ تۇمانلىرى ئىچىدە خىرە-شىرە كۆرۈنۈپ تۇرغان يىراقلارغا قاراپ ئۇچتى. ② تازا ئېنىق ئەمەس، بىلىنەر-بىلىنمەس: بۇ سۆھبەتنى خىرە-شىرە ئاڭلاپ قالغان سادىق روزىنىڭ دىققىتى ئىختىيارسىز ھالدا پىركازچىكقا بۇرالدى. * ھاكىم شېرىن مەست بولغاندا، خىرە-شىرە كۈلۈمسىرەپمۇ قويدى، كېلەر قېتىم تېخىمۇ ئوبدانراق كۈتۈۋالسا، ھاكىم بىلەن تونۇشۇپلا قالىدۇ.

**خىرەلە شتۈرمەك** «خىرەلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئارتۇقچە مەغرۇرلۇق ئادەمنىڭ باشقا پەزىلەتلىرىنى خىرەلەشتۈرۈپ قويىدۇ. * بۇ خىل مەجمۇئە، ژۇرناللار نېمە ئۈچۈن بىزدە يوق؟ دەيدىغان بىر سوئال ئۇنىڭ كۆڭلىنى خىرەلەشتۈرۈپ، كۆزىنى قاراڭغۇلاشتۇراتتى.

**خىرەلەشمەك** پ ① روشەنلىكنى يوقاتماق، خىرە ھالەتكە كەلمەك: تولۇن ئايمۇ كىگىزدەك ئاق بۇلۇت كەينىگە شۇڭغۇپ، سۇتتەك ئايدىڭ سەل خىرەلەشتى. * ئۇنىڭ خىرەلەشكەن كۆزلىرى ھېچنېمىنى پەرق ئەتمىدى. ② خۇرسەنلىكى يوقالماق، غەش بولماق: قولاشمىغان سۆھبەتتىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلى خىرەلىشىپ، بايا بۇ ئۆيگە كېلىۋاتقان ۋاقتىدىكى خۇشاللىق كەيپىياتى نەگىدۇر يوقالغانىدى.

**خىرەلىك** «خىرە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ كۆزىنى يۇمغان بولسىمۇ، چەكسىز كەتكەن خىرەلىك ئىچىدە گۈزەل شەھلا كۆزىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. * چىراغ تۈۋى خىرەلىكتىن ئۇن كېلىدۇ، بەلكى قايغۇ-ھەسرەت بىلەن مۇڭ كېلىدۇ.

**خىرپە** ئى <بوت> ← **سېمىز ئوت.**

**خىرت** ئىم. يىغلاۋېتىپ بۇرنىنى تارتقاندا چىقىدىغان ئاۋاز: خىرت قىلىپ بۇرنىنى تارتماق.

**خىرت-خىرت** «خىرت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: خىرت - خىرت ئاۋاز چىقىرىپ يىغلىماق.

**خىرتىلداتماق** «خىرتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: - مەن توغرا ئويلىدىمغۇ، مۇدىر، - روزى بۇرنىنى خىرتىلدىتىپ تارتىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى.

**خىرتىلداشماق** «خىرتىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار خىرتىلدىشىپ يىغلاشتى.

**خىرتىلدىماق** پ «خىرت-خىرت» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «خىرت-خىرت» قىلماق: ئابدەم ئەمدى ئۆزىنى تۇتالماي، خىرتىلداپ يىغلاپ كەتتى. * قىز ئەمدى باشقا سۆز قىلمىغان بولسىمۇ،

لېكىن، ئاستا خىرىتىلداپ يىغلاشقا باشلىدى.

**خىر-خىر** «خىر I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بالا خىر-خىر كۆلدى. * لېكىن سىرتتىن خەۋەر تاپقاچ خا كوجالڭ، ئالاقزادە بولۇپ يۈگۈرەيتتى ھەريان. قولىدا تېلېفون تىترەيتتى دىر-دىر، يۈزى تامدەك ئاقارغان، گېلى خىر-خىر.

**خىردەك** ئى. دىئال. كېكىردەك، بوغۇز.

**خىرقىراتقۇزماق** «خىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خىرقىراتماق** «خىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى.

**خىرقىراشماق** «خىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بالىلار خىرقىرىشىپ كۆلۈشتى. * ھەممەيلەن خىرقىرىشىپ كۈلۈشۈپ، قوشۇلۇش ئىشارىسىغا باش لىڭشىتىشتى.

**خىرقىراق** سۈپ. سۆزلىگەندە خىر-خىر قىلىدىغان، خىرىلدايدىغان: — موزايدەك قاراپلا قالدىڭۇ بۇ. ئادەملەرنىڭ ئەڭ كونىسى ئىكەن دەپ قالدىڭۇ دەيمەن-ھە مېنى، — دېدى بوۋاي خىرقىراق ئاۋازدا ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ. * بىرئاز گۇمان قىلىپراق ھاشىم ئاخۇننىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىك تۈۋىگە كېلىۋىدى، باشلىقنىڭ ئۆزىنى توختىتالماي كۈلۈۋاتقان خىرقىراق ئاۋازى ئېنىق ئاڭلاندى.

**خىرقىرىماق** پ «خىر-خىر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: ئاچ ئىتقا ئاش بەرسەڭ، توق ئىت خىرقىرار (ماقال). * «مەن بۇ يەرگە نەرسە ئېلىپ كەلمەي، قۇرۇق قول كەپتىمەن. يېقىن بارماي مۇشۇ يەردە تۇراي» دەپ كۆزىنى يۇمۇپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، خىرقىراپ ئولتۇردى بوۋاي. * بويى پاكار، ئۆزى سېمىز بولغانلىقى ئۈچۈن، «تۈلۈمچاشقان» دەپ لەقەم سىڭىپ قالغان بىر كىشى خىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى: — دورغام نېمە قىلسا قىلسۇن، تۈگىلىرىمىزنى تىنچ-ئامان ياندۇرۇپ كەلسە بولغىنى.

**خىرۇرگ** ئى [ر] <تب> خىرۇرگىيە مۇتەخەسسىسى، ئوپېراتسىيە دوختۇرى، جەرراھ.

**خىرۇرگىيە** ئى [ر<گرېك] <تب> كېسەللىكنى ئوپېراتسىيە قىلىش يولى بىلەن داۋالاش؛ ئوپېراتسىيە ئىلمى: پوپ ئۇنىڭغا يەنە سىنىغۇچى بىر نەزەر بىلەن تىكىلىپ قارىدى، كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، خىرۇرگىيە ئەسۋابلىرى بىلەن تولغان ئارتمىنى ئاچتى.

**خىرىس** ئى [ئە] بىراۋغا قەستەن ياكى كۆچلۈك ئۆچلۈك بىلەن قىلىنغان ھەيۋە چېقىلىش: مۇشۇك سەكرەپلا مەيدەمگە چىقىۋالدى. ئەمدى ئۇنىڭ مۇلايىملىقتىن قىلچە ئەسەر بولمىغان خىرىسى مەن ئۈچۈن قۇتۇلغۇسىز دەھشەتكە ئايلاندى.

**خىرىس قىلماق** بىراۋغا قەستەن ياكى كۆچلۈك ئۆچلۈك بىلەن ھەيۋە قىلماق، چېقىلىشقا ئۇرۇنماق: بۆرىنىڭ خىرىس قىلغىنىدىن تۈلكىنىڭ ھجايغىنى يامان (ماقال). * تۈلكىنى ھۇرپەيتىپ، خىرىس قىلىپ تۇرغان ئەركەك ئىتلار بىلەن ئۇرۇق كەلگەن ھۇشيار قانجۇقلار بۇ ئۆيلەرگە يات ئادەمنى يېقىن كەلتۈرمەيدۇ. * ئىتلار ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن خىرىس قىلىپ، ئارقىسىدىن قوغلاپ مېڭىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، قارغا ئىتلارنى باشلاپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ چاڭگىسى بار دەرەخكە قونۇپتۇ.

**خىرىسلىق** «خىرىس» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: سېپترا ئايال ئۇنىڭغا ھەدەپ سۇغا چىلانغان داكا سۈرتۈپ بېرىۋاتاتتى. بۇنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ گويا مېنى بىرلا يالماپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك، بىر خىل خىرىسلىق يېغىپ تۇراتتى.

**خىرىلداتماق** «خىرىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خىرىلداشماق** «خىرىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خىرىلداق** سۈپ «خىر-خىر» قىلىپ چىقىدىغان، خىرىلدايدىغان: ئۇنىڭ ھاممىسى ئۆيمۇئۆي قاتىرىدى ۋە خىرىلداق ئاۋاز بىلەن باشقىلارنى ئەيىبلەپ، ئۆزىنى ماختاپ مۇنۇ گەپلەرنى

تەكرارلىدى.

**خىرىلدىماق** پ «خىر-خىر» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «خىر-خىر» قىلماق: ئۇرا كۆزلىرى، ئىلمەك بۇرنى ۋە گېلىدىكى مۇشتۇمدەك قوش پوقىقى ئۇنى ناھايىتى سەت كۆرسەتتى، گەپ قىلغاندا، گەپ قىلالاتتى. * سورۇندىكىلەرمۇ شىڭ شىسەي بىلەن تەڭلا خىرىلداپ كۈلۈشتى.

**خىزمەت** ئى [ئە] ① ئەقلىي ياكى جىسمانىي يول بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەمگەك، ئىش: مېنىڭ ئۆيۈمدىن ئىدارىغا بېرىشىم خىزمەت ئۈچۈن ئىدى. * بىركۈنى خىزمەتتىن چۈشۈشكە ئون نەچچە مىنۇت قالغاندا، خۇرشىدە ئالدىراپ ئىچكى كىيىمىلىكلەر بۆلۈمىگە بىر كېيەل كىشىنى يۆلەپ ئېلىپ كىردى. ② ئىدارە، ئورگانلاردا بېجىرىلىدىغان ۋەزىپە: قادىر مۇئەللىم بۇ يەرگە خىزمەتكە كەلگىلى ئىككى يىلدىن ئاشقانىدى. * ـ خىزمەت ئورنىڭىز ئۈرۈمچىدە ئىكەن-دە، ـ قاسىم ئاكا جايىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ سورىدى ئۇنىڭدىن. ③ ۋەزىپە، تاپشۇرۇق: ـ ئەي ئانا، ـ دېدى ھاتەم ئىنىكئانىغا، ـ مەلىكىنىڭ سوئاللىرى تامام بولدى. يەنە خىزمەتلىرى بولسا، بۇيرۇسۇن. بەجا كەلتۈرگەيمىز. ئەگەر باشقا خىزمەت بولمىسا، توي تەرەددۇتىنى قىلىپ، ئىشنى باشلىساق. ④ تۆھپە، نەتىجە: ئۇ ۋەتەننى قوغداش يولىدا خىزمەت كۆرسەتتى. ⑤ تەربىيە، نەسىھەت: ئىدارە رەھبەرلىكى يولدىن چىققان ياشلار ئۈچۈن خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ ياخشى ئادەم بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلدى. * مەھەللە جۇرىنى مۇسا بىلەن سەلىمنىڭ ياخشىلىشىپ قېلىشى ئۈچۈن، نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى.

**خىزمەتتە بولاي** «ئۆزلىرىنى مېھمان قىلاي، كۈتۈۋالاي» دېگەن مەنىدىكى تەكەللۇپ سۆزى: ـ كەم دىدار بولۇپ كەتتىلە، ئۆيگە يۈرسىلە، خىزمەتتە بولاي، ـ دېدى نۇرىدىن ئاكا ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قالغان بىر يۇرتدىشىغا كۈلۈپ تۇرۇپ.

**خىزمەت قىلماق** ئەمگەك قىلماق، ئىشلىمەك، ۋەزىپىنى بېجىرمەك: خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلماق. * بۇ مەكتەپلەردە مەخسۇس 79 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىمنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا. * ئۇ ئون يىلدىن بېرى ھاردىم-تالدىم دېمەي، ماڭا خىزمەت قىلدى.

**خىزمەتكە چىقماق** ① خىزمەتكە بارماق، ئىشقا چۈشمەك: ئۇ ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت سەككىزدە خىزمەتكە چىقىدۇ. ② بىرەر ئىدارە، ئورگان ياكى كوللېكتىپ ئورۇنلىرىغا تەۋە بولۇپ ئىشلىمەك؛ خىزمەتكە ئورۇنلاشماق، ئىشقا ئورۇنلاشماق: ئابدۇشۇكۇر 1981 ـ يىلى 2-ئايدا خىزمەتكە چىقتى. * ئۇنىڭ يېڭى خىزمەتكە چىققانلاردا بولىدىغان تەشۋىش ۋە ھاياجانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەسلەپكى خىزمەت يىلىمۇ ئاخىرلاشتى.

**خىزمەتكە قويماق** خىزمەتكە تەيىنلىمەك، خىزمەتكە، ۋەزىپىگە بەلگىلىمەك: ئۇلار باي ناھىيىسى ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، يېڭىدىن خىزمەتكە قويۇلغان ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم، ئىدارىلەرنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى بىلەن كادىر-خىزمەتچىلەر ۋە ئىنقىلاب تەرەپدارلىرى بولغان بىرنەچچە يۈز خەلق ئاممىسى ئىدى.

**خىزمەت كۆرسەتمەك** كىشىلەرنىڭ جىددىي ئېھتىياجى، تەلىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھالقىلىق بىرەر ئىش، ۋەقە قاتارلىقلاردا پەۋقۇلئاددە تۆھپە ياراتماق، نەتىجىسى ئالاھىدە بولماق: ئۇ ۋەتەننى قوغداش يولىدىكى ئۇنجى جەڭدە خىزمەت كۆرسەتتى. * كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىكى گەپلەرگە قارىغاندا، گايىت شۇ قېتىم كۈرەشتە خىزمەت كۆرسەتكەنمىش.

**خىزمەت گۇرۇپپىسى** يۇقىرى دەرىجىلىك ئىدارە- ئورگانلار تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇن ياكى رايونلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش

ئۈچۈن ئەۋەتكەن گۇرۇپپا: ئوبلاستلىق پارتكوم قارار چىقارغاندىن كېيىن، ئۆتكەن يىل 12-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ھەرقايسى ناھىيىلەردە تەكشۈرۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا كىرىشتى. * مەھكىمىمىز 1980-يىللىرى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر شەھەرلىرىگە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، تەكشۈرۈپ كۆردى.

**خىزمەت ئىشلىمەك** ① خىزمەت قىلماق: مەن بۇ يەردە خىزمەت ئىشلىگىلى 15يىل بولدى. ② تەربىيە بەرمەك، نەسىھەت قىلماق: — خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇلارغا ئەمدى ئۆزۈم خىزمەت ئىشلەيمەن! — دېدى نورۇز دەرھال ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ. * — بۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرگەن يولداشلارغا ئوبدانراق خىزمەت ئىشلەڭ. ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەپ يۈرۈشمىسۇن، تەسىرى ياخشى بولمايدۇ، — دېدى ئۇ.

**خىزمەتچى** ئى ① ئىدارە، كارخانا، مەكتەپ ۋە باشقا تەشكىلاتلاردىكى مەمۇرىي ياكى كەسپىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىم، كادىر: ئەگەر ھەممە كىشى ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنىلا ئويلايدىغان بولسا، خىزمەتچىلەردە ئالغا ئىلگىرىلەش بولمايدۇ. * لېنىنىزم — ئالاھىدە تىپتىكى پارتىيە خىزمەتچىلىرىنى ۋە دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقالايدىغان، ئالاھىدە بولغان لېنىنىزمچە خىزمەت ئۇستىلىنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدىغان نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەكتەپ. ② خىزمەتكار: ساراي خىزمەتچىسى. ئۆي خىزمەتچىسى. * سۇلتاننىڭ ئالاۋىدىن سەنجەر ئىسىملىك بىر خىزمەتچىسى بار ئىكەن. * ئۇ ئۆزىگە ئۆزى: — خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ خىزمەتچىلىرى مېنىڭ ئىشىكىمنىڭ ئالدىدا كىمنى كۈتۈپ تۇرغاندۇر، — دەپتۇ. * شۇ چاغدا خىزمەتچىلەر ئۇنى كۆرۈپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپتۇ.

**خىزمەتچىلىك** «خىزمەتچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بۇنىڭدىن كېيىن، سىز بىزنى خىزمەتچىلىككە ئېلىڭ!

**خىزمەتداش** ئى [ئە+پ] بىرگە خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەر (بىر-بىرىگە نىسبەتەن): مېنىڭ بىر خىزمەتدىشىم بار ئىدى. ئۆزى بەكمۇ ۋىجدانلىق يىگىت ئىدى.

**خىزمەتداشلىق** سۈپ. خىزمەتداشلاردا بولىدىغان، خىزمەتداشلاردا بولۇشقا تېگىشلىك: خىزمەتداشلىق مۇناسىۋىتى. * راخمان ئۇنىڭ بىلەن پەقەت خىزمەتداشلىق مۇناسىۋىتىدىلا بولاتتى. ئەمما، قىزنىڭ ھېسسىياتى باشقىچە ئىدى.

**خىزمەتكار** ئى [ئە+پ] ① بۇرۇنقى چاغلاردا، باي ياكى مەنسەپدارلارنىڭ شەخسىي خىزمىتىنى، ئۆي ئىشىنى قىلىدىغان كىشى؛ چاكار: باينىڭ خىزمەتكارى. * ئىتلارنىڭ ھاۋشىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، شۇ ئۆينىڭ خىزمەتكارلىرىدىن بىرى قولىدا توقماق كۆتۈرگەن ھالدا يۈگۈرۈپ چىقتى-دە، ئىتلارنى قوغلىدى. ② خەلق ياكى جەمئىيەت مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كىشى؛ خىزمەتچى: سىز يۇقىرى رەھبەرلىك ئورنىدا تۇرۇۋاتقان بولسىڭىزمۇ، لېكىن خەلقنىڭ خىزمەتكارىغا خاس خىسلىتىڭىزنى باشتىن-ئاياغ ساقلاپ قالدىڭىز. * ئوبدان ئويلاپ چۈشەنسەڭ، ئاما خىزمەتكارى سەن. جان كۆيدۈرسەڭ خەلققە، ھۆرمەت-ئىززەت تاپسەن.

**خىزىر** ئى [ئە] <دىن> ئىسلام دىنى رىۋايەتلىرىدىكى ھايات بۇلىقىدىن «تىرىكلىك سۈيى» ئىچكەن، مۇشۇ سەۋەبلىك مەڭگۈ ھايات تۇرىدىغان، ئېغىر ئەھۋالدا قالغان كىشىلەرنىڭ مۇشكۈلاتىنى ئاسان قىلىدىغان، ئۇچراشقانلارغا بەخت ئاتا قىلىدىغان شەخس: لەقەم قويۇش خىزىرنىڭ ئىشى (ماقال). * ئېغىر بولغان خىزىر بولار (ماقال).

**خىزىر ئۆمرى** ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر

كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن ياشىغانلىقىنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**خىزىر يولۇققان** ھەممە ئىشى ئوڭدىن كېلىدىغان، ناھايىتى تەلەيلىك، تەلىيى بار: خىزىر يولۇققان ئادەم. خىزىر يولۇققان بالا.

**خىسلەت** ئى [ئە] ① ئادەم ياكى نەرسىنىڭ مۇھىم ئەجايىپ بەلگىسى، تەرىپى، سۈپىتى؛ خۇسۇسىيەت، پەزىلەت: كۆزىتىش قابىلىيىتى بىرەر بىلىم ئىگىسىدە كەم بولسا بولمايدىغان خىسلەت، بولۇپمۇ تەبىئىي پەن ئالىملىرىدا شۇنداق بولىدۇ. * مەن بىر خەلق ئوقۇتقۇچىسى، مەنىۋى مەدەنىيەت ياراتقۇچى، ئەۋلاد تەربىيىلىگۈچى. مېنىڭ نەسلىم قالمىسا، ياخشى نامىم، خىسلىتىمغۇ قالار.
② <ئەد> بىرەر يازغۇچىنىڭ تىل بايلىقىدىن، ئۇنىڭ ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىشتىكى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئۇسۇل، ئۇسلۇبلىرى؛ پۇراق.

**خىسلەتداش** ئى. خىسلەتلىرى ئۆزئارا يېقىنلىشىدىغان، ئوخشايدىغان كىشىلەر: چۈنكى خىسلەتداش ساڭا ئەجدادلىرىم، سەن بىلەن قانداش ئۆسەر ئەۋلادلىرىم.

**خىسلەتلىك** سۈپ. خىسلىتى بار، خىسلەتكە ئىگە: ياخشى خىسلەتلىك ئانا. خىسلەتلىك تاش. * ئۇ قوشنام ئەگەر، يولدىن بىرنەرسە تېپىۋالسىمۇ، ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدىغان ياخشى خىسلەتلىك ئادەم ئىدى. * ئۆيىمىزگە ئىدى بەك يېقىن، بۇ خىسلەتلىك، قەدىرلىك بۇلاق. ياسىدى ئۇ قەلبىمدە ئېقىن، ۋە چىقاردى سۆيگۈدىن ياپراق.

**خىش** ئى [پ] قۇرۇلۇش ماتېرىيالى. قېلىپ ئارقىلىق، سېغىز توپىدا ئېتىلگەن لايدىن قۇيۇلىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئىككى خىل بولۇپ، خۇمداندا پىشۇرۇلغىنى «پىششىق خىش»؛ خۇمداندا پىشۇرۇلمىغىنى «خام خىش» دېيىلىدۇ. شەكلى ئاساسەن تىك تۆت تەرەپلىك شەكىلدە بولىدۇ؛ ئېھتىياجغا قاراپ ئۆلچىمىمۇ ھەر خىل بولىدۇ: خىش قۇيماق. خىش بىلەن سېلىنغان ئۆي.

**خىش ئويما** <گ سەن> خەلق ئويمىچىلىق ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ بىر خىل مەھسۇلاتى. ئىسكىنە ۋە ياغاچ بولقا بىلەن، خىشقا ھەر خىل ئادەم، گۈل-گىياھ قاتارلىق ئاددىي سۈرەتلەر ئويۇپ چىقىلىپ، بىنانىڭ مەلۇم قىسمىنىڭ زىننەت بۇيۇمى قىلىنىدۇ.

**خىشچى** ئى. خىش قۇيىدىغان كىشى: ھە، ئەنە قىلدى ئىزھار ئۆز بەختىنى، يېڭىدىن دەم ئېلىشقا چىققان ئىشچى. ئۆتكەن ئاي قىلغان تويى توغرىسىدا، سۆزلىدى «شامالباغ» لىق بىر ياش خىشچى.

**خىشچىلىق** «خىشچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: خىشچىلىق بىلەن شۇغۇللانماق. خىشچىلىق قىلماق.

**خىشلىق** سۈپ. خىشى بار، خىش بىلەن سېلىنغان، خىش بىلەن قوپۇرۇلغان، خىش ياتقۇزۇلغان: سادىق تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بىر گۇمانلىق ھېسسىيات بىلەن، ئانچە چوڭ بولمىغان گۈلزارلىق ھويلىنى كېسىپ ئۆتتى، پىششىق خىشلىق پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈلۈپ، پېشايۋان سۇپىسىغا چىقتى. * تۇرغان لۆتۈللا بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇنى ئىككى تەرىپى تەپتەكشى قېلىن قارىياغاچلار بىلەن سوقۇلغان يېشىل تام ئارىلىقىدىكى كۆك خىشلىق ئازادە يول بىلەن، مەكتەپ بىناسىغا ئېلىپ ماڭدى.

**خىقوق** ئى. دىئال. ھويلا-ئاراملارغا بېكىتىلىدىغان قوش قاناتلىق چوڭ ئىشىك؛ تاشقىردىقى ئىشىك، دەرۋازا.

**خىلىڭ** ئىم. نارازىلىق، مەنسىتمەسلىكنى ئىپادىلەپ كۈلگەندە، دىمىغىدا گەپ قىلغاندا بۇرنىدىن چىقىدىغان ئاۋاز: ئۇ

چىن بۇجاڭ غەزەپ بىلەن «خىڭ» قىلىپ قويدى-دە:
— سىزنىڭچە، تۇرسۇن شىجاڭنى شىجاڭلىقتىن، مېنى بۇجاڭلىقتىن ئېلىپ تاشلايدىغان ۋاقتىمۇ يېتىپ كەلدىمۇ دەيمەن؟! — دېدى.

**خىڭ-خىڭ** «خىڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: خىڭ-خىڭ قىلىپ كۈلمەك. * بوۋاي خىڭ-خىڭ قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى.

**خىڭىلداتماق** «خىڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خىڭىلداشماق** «خىڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**خىڭىلدىماق** پ «خىڭ-خىڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «خىڭ-خىڭ» قىلماق: خىڭىلداپ گەپ قىلماق. * بوۋاي تاماكا ئىسىنى ئاستا چىقىرىپ، ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ، خىڭىلداپ سۆزلىدى. * پەرىزات دىمىغىنى قىقىپ خىڭىلداپ قويدى. لېكىن، دەرھاللا جاۋاب بەرمىدى.

**خىل** سۆپ [ئە] ① نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىي بەلگىلىرى ئوخشاش بولغان تۈرى: بىرنەچچە خىل مېۋە. ئىككى خىل دۇنيا قاراش. * بىزنىڭ بۇ ناھىيىدە ھازىر تېرىلىۋاتقان بۇغداي ئۇرۇقلۇقى 13 خىل، قوناق توققۇز خىل، كېۋەز ئالتە خىل، شال 11 خىل ئىكەن. ② باپ، لايىق، تەڭ كېلىدىغان؛ مۇۋاپىق: خىل خىلدا ياخشى، پىچاق قىنىدا (ماقال). * سەن مېنىڭ خىلىم ئەمەس. // ئۇ قىزنىڭ ئۆز خىلىنى تاپقىنى ياخشى بوپتۇ. * ئۆزى ئاق، قاشى قارا، كىمنى ئاپتۇ يانىغا. مەنمۇ تاپتىم ئۆز خىلىمنى، ئوت يېقىلسۇن جانىغا. ③ ھەر جەھەتتىن شەرتكە توشىدىغان، ئەڭ ياخشى، تاللانغان، ياراملىق، ئېسىل: خىل قوشۇن. * ئۇلار بىرەر يۈزدىن ئارتۇق قېپىقنى ئايرىپ، ھەربىر قېپىققا 50 تىن خىل لەشكەرنى سالدى. * نۇرغۇن يېڭى كادىرلىرىمۇ كادىرلارنى ئىخچاملاشنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرۈپ، رەھبەرلىك بەنزىسىنى يەنىمۇ خىل قىلىشنى ئۈمىد قىلىشتى. * قوغۇننى قاسىم ئاخۇندىن ئالايلى، ئۇنىڭ خىل قوغۇنلىرى بار.

**خىل كەلمەك** مۇۋاپىق، ماس كەلمەك: — ئەگەر تاجىنىساخان ئانامغا، — دېدى لۇتپۇللا، — قان بېرىش توغرا كەلسە، مېنىڭ قېنىم خىل كېلىدۇ، ئوغلى يادىكار ئاكىغا، ئۇرۇمچىدە مېنىڭ قېنىم خىل كەلگەن.

**خىل كۆرمەك** ئۆز خىلىم، لايىقىم دەپ بىلمەك؛ لايىق كۆرمەك: ئىشىك ئالدى ئاي يۇلاق، ئەگىپ ئۆتەلمەس ئارغىماق. سەن مېنى خىل كۆرمىسەڭ، ئەينەك تۇتۇپ شەكلىڭگە باق.

**خىلى خىلىغا كەلمەك** بىر-بىرىگە ماس كەلمەك، بىر-بىرىگە تازا مۇۋاپىق كەلمەك: گۈلى گۈلىگە، خىلى خىلىغا كەلگەندە، گەپ قىلسا يامان بولمايدۇ.

**خىلاپ** سۆپ [ئە] قارىمۇقارشى، زىت: تۇرسۇن يېڭى نىكاھ قانۇنىنى تەشۋىق قىلىپ، نىكاھ قانۇنىغا خىلاپ ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئاممىنى يېڭى نىكاھ قانۇنىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىشقا يېتەكلىدى. * بۇ ئەقىللىق كىشىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىش.

**خىلاپ بولماق** قارىمۇقارشى بولماق؛ زىت كەلمەك: تارماقلار، رايونلار، كارخانىلارنىڭ تەدبىرلىرىنىڭ بەزىلىرى جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بولىدۇ، بەزىلىرى بولسا، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا خىلاپ بولىدۇ.

**خىلاپ كەلمەك** قارىمۇقارشى، زىت كەلمەك: بىز پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە خىلاپ كېلىدىغان ئىشنى قىلماسلىقىمىز كېرەك.

**خىلاپلىق** «خىلاپ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ گەپ-سۆز قىلماي، سۇرلۇك ھەم ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلدى، مەن دەررۇ ھەربىي قائىدىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىمنى سەزدىم-دە، خىجىل بولغان ھالدا ئۆز ئورنۇمغا چېكىندىم.

**خىلاپلىق قىلماق** بىرەر قائىدە-تۈزۈم، نىزام قاتارلىقلارغا خىلاپ، زىت كېلىدىغان ئىش-ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانماق: —

كىمكى پادىشاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، بۇ گۇناھكارغا ئىچ ئاغرىتىدىكەن، جازاغا تارتىلىدۇ، – دەپ شاھ يارلىقى چۈشۈرۈلۈپتۇ. * – مەن ئۆزۈڭىز بېكىتكەن ئون مىنۇت ۋاقىتتا خىلاپلىق قىلمىدىم، – بۇ سۆزۈمنىڭ قانداق جاۋاب سۆرەپ چىقىدىغانلىقىنى كۈتۈپ ئۇنىڭغا تىكىلدىم.

**خىلداش** سۈپ. خىلى بىر، بىر خىلدىكى، ئوخشاش خىلدىكى: خىلداش رەڭلەر.

**خىلداش رەڭلەر** <گ سەن> خاراكتېرى ئوخشاش، ئەمما رەڭ گرادۇسىدا قېنىق-سۇسلۇق پەرقى بولغان رەڭلەر. مەسىلەن، قېنىق قىزىل بىلەن سۇس قىزىل قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**خىللاتقۇزماق** «خىللىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خىللاتماق** «خىللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**خىللاشتۇرماق** «خىللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قادىر ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئۈچ ئىشنى قىلدى. بۇ ئۈچ ئىش بىر-بىرىدىن ياخشى بولۇپ، بىرىنچىسى، دۇينىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى خىللاشتۇردى.

**خىللاشماق** ① «خىللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: خېرىدارلار ھارۋىدىكى قوغۇنلارنىڭ ياخشىلىرىنى خىللاشتى. ② خىل، ياخشى ھالەتكە كەلمەك؛ خىللانماق، تاللانماق: ھازىر بىزنىڭ ئىدارىمىزنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى خىللاشتى، مۇئاۋىنلىق ۋەزىپىسىدىكىلەر زور دەرىجىدە ئازايدى.

**خىللانماق** «خىللىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىركۈنى پادىشاھ ئاتلارنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ ۋە خىللانغان ئاتلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ. * مەسلىھەتتىن كېيىن، تۆمۈر خەلپە خىللانغان يۈز يىگىت بىلەن يېرىم كېچىدە ئاتلىنىپ، ئېدىرلىقلار ئىچىدىكى جىم يول بىلەن كۆشۈتە ئېغىزىغا ماڭدى.

**خىللىق** «خىل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: يازما شېئىرىيەتتىكى شېئىر ۋەزىنلىرىنىڭ كۆپ خىللىقى مۇقام نەغمىلىرىنىڭ، تاكتلىرىنىڭ كۆپ خىللىقىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن.

**خىللىماق** پ ① ئەڭ ياخشىسىنى، خىلىنى ئالماق؛ تاللىماق، ئىلغىماق: بۈگۈن سەن يېگەن ئالما ئەسلىدە شۇ قىزىمغا ئاتاپ خىللاپ ئۈزۈلگەنىدى. * تال ئىچىدىن تاللىۋالدىم تالى چوكانىم سېنىّ. گۈل ئىچىدىن خىللىۋالدىم گۈلى رەيھانىم سېنى. ② خىللارغا، تۈرلەرگە ئاجراتماق؛ تۈرگە بۆلمەك: بالىلار بۇ ئارىلىشىپ كەتكەن نەرسىلەرنى خىللاپ، تۈر-تۈرى بويىچە ئايرىماقتا ئىدى.

**خىلمۇخىل** ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك، تۈرلۈك-تۈمەن: دۇنيادا ھۈنەر-كەسىپ خىلمۇخىل بولغىنىدەك، ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. * ئادەم تۇغۇلۇپ ئۆلگىچە ئاجايىپ، خىلمۇخىل ھايات قىسمەتلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگىنىگە ئوخشاش، ئۇ جۇل-جۇل كىيىملىك ئوتتۇنچىنىڭمۇ ھاياتىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولغاندەك كۆرۈنەتتى.

**خىلۇس** ئى [ر<گرېك] <بىئول> ئوۋچەي بېغىشى لىمفا نەيچىلىرىدىكى سۇيۇقلۇقلار ئۇيۇتقۇلۇق بېزى سۇيۇقلۇقى، ئۆت ۋە ئوۋچەي سۇيۇقلۇقلىرى بىلەن ئارىلىشىپ، ئۆزىنىڭ كىسلاتالىق خۇسۇسىيىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ھاسىل بولغان سۈتسىمان سۇيۇقلۇق. ئۇ سۈمۈرۈلگەن تاماق زەررىلىرى ۋە ياغلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، قانغا سىڭىپ كىرىپ، ئورگانىزم توقۇلمىلىرىغا ئوزۇق بولىدۇ.

**خىلۋەت** سۈپ [ئە] كۆپ كىشى بارمايدىغان؛ ئادەملەردىن، كۆزدىن يىراق؛ ھېچ كىم كۆرمەيدىغان، خالىي؛ چەت، ياقا (يەر-جاي - ھەققىدە): خىلۋەت جاي. خىلۋەت ماكان. * ئۇ ئورمانلىقنىڭ ئەڭ خىلۋەت، ئەڭ خاتىرجەم يېرىگە

بېرىۋېلىش ئۈچۈن، كەم دېگەندە ئىككى-ئۈچ كۈن يول مېڭىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى سەزگەن. * چىپار ئاسقار خوجىنىيازنى بورتالا ئارقىلىق، روسىيە چېگرىسىنىڭ خىلۋەت بىر يېرىدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، بىرنەچچە جۈپ بۆكەن مۈڭگۈزىنى قولىغا تۇتقۇزدى-دە، ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: – ئامان بول دوستۇم، تاغ – تاغقا قاۋۇشماس، ئادەم ئادەمگە قوۋۇشار، ئامان بولساق يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز.

**خىلت** ئى [ئە] <تىب> ئادەم بەدىنىدىكى ھەر خىل ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ ئۆزگىرىشىدىن جىگەردە ھاسىل بولغان مۇرەككەپ سۇيۇقلۇقلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. ئۇلار سەپرا، قان، بەلغەم، سەۋدا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت تۆت خىل بولىدۇ. بۇلار ئادەمنىڭ تەبىئىي ھاياتى ۋە فىزىئولوگىيىلىك پائالىيىتى جەريانىدىكى ئەڭ مۇھىم بولغان ئاساسىي ماددىلاردۇر. ئادەم بەدىنىنىڭ ساق-سالامەت تۇرۇشى ياكى كېسەل بولۇشى ئۈچۈن، بۇ تۆت خىل ماددىنىڭ چوڭ مۇناسىۋىتى بار دەپ قارىلىدۇ.

**خىمخام** ئى. دىئال ← **خىمخام قىلماق.**

**خىمخام قىلماق** دۇدۇقلىماق، ھودۇقماق.

**خىمىك** ئى [ر] خىمىيە مۇتەخەسسىسى، خىمىيە ئالىمى.

**خىمىيە** ئى [ر<ئە] <خىم> ماددىلارنىڭ تەركىبى، تۈزۈلۈشى، خۇسۇسىيىتى، ئۆزگىرىشى ۋە شۇنىڭدەك بىر ماددىنىڭ باشقا بىر ماددىغا ئايلىنىشى قاتارلىق قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ۋە ئۆگىتىدىغان پەن. ئۇ تەبىئىي پەنلەردىكى ئاساسىي پەنلەرنىڭ بىرى: خىمىيە فاكۇلتېتى. خىمىيە زاۋۇتى.

**خىمىيە سانائىتى** <خىم> خىمىيىۋى ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سانائەت. ئادەتتە ئۇ ئاساسىي خىمىيە سانائىتى ۋە سۇلياۋ، سىنتېتىك تالا، نېفىت، كاۋچۇك، دورا، بوياق ماتېرىياللىرى قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان سانائەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**خىمىيىلىك** سۈپ ① خىمىيە قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسلانغان، خىمىيىگە ئائىت: خىمىيىلىك تەڭلىمە. خىمىيىلىك رېئاكسىيە. ② خىمىيىگە ئاساسلانغان ياكى ئاساسلىنىپ ياسالغان، خىمىيىۋى: خىمىيىلىك ئوغۇت. خىمىيىلىك قوراللار.

**خىمىيىلىك چۆكۈندى جىنس** <گېئول> خىمىيىلىك يوللار بىلەن چۆككەن ماددىلارنىڭ تاغ جىنس ھاسىل بولۇش جەريانىدا پەيدا قىلغان تاغ جىنسلىرى. كۆپ كۆرۈلىدىغانلىرى ھاك تاش، دولومىت جىنس، فوسفورىت ۋە گەج قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**خىمىيىلىك قوراللار** <ھەرب> ئاساسەن زەھەرلىك دورىلارنى قويۇپ بېرىدىغان قوراللار ۋە زەھەرلىك ئوق-دورىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئوت چاچىدىغان ياكى ئىس قويۇپ بېرىدىغان ئۈسكۈنىلەرنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

**خىمىيىلىك ئۇرۇش** <ھەرب> زەھەرلىك ئوق-دورىلارنى قويۇپ بېرىدىغان قورال - ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق قىلىنىدىغان ئۇرۇش.

**خىمىيىلىك يىمىرىلىش** <گېئول> يىمىرىلىش تەسىرىنىڭ بىر خىلى، يەنى ئاتموسفېرا ۋە سۇدىكى تۈرلۈك خىمىيىلىك ماددىلارنىڭ تەسىرىدە، تاغ جىنسلىرىنىڭ خىمىيىۋى تەركىبى ۋە مىنېرال تۈرىدە ئۆزگىرىش بولىدىغان بىر خىل ھادىسە.

**خىمىيۋى** سۈپ [ئە] ① خىمىيىگە ئائىت، خىمىيىگە تېگىشلىك: **خىمىيۋى ئانالىز. خىمىيۋى رېئاكسىيە. خىمىيۋى تەركىب. * ئەكبەر كىچىچە بۇ دورىلارنىڭ خىمىيۋى تەركىبىنى تەكشۈرۈپ، خۇلاسە ماتېرىيالى يازدى.** ② خىمىيە پېنىگە، ئىلمىگە ئاساسلانغان ياكى خىمىيە ئىلمىگە ئاساسلىنىپ ياسالغان: **خىمىيۋى تالا. خىمىيۋى قوراللار. خىمىيۋى ئەينەك. * ئۇ ئېگىز قوناقلىرىغىمۇ ئاساسلىق ئوغۇتنى يېتەرلىك بەرگەندىن باشقا، دان تۈتۈش مەزگىلىدە، كۆنجۈرە، خىمىيۋى ئوغۇت بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلىدى.**

**خىمىيۋى ئەينەك** <خىم> خىمىيلىك ئەسۋابلارنى ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەينەك. بۇ خىل ئەينەك خىمىيلىك چىرىتىشكە، جىددىي قىزىتىش ۋە سوۋۇتۇشقا چىداملىق كېلىدۇ. ئادەتتە بور-كرېمنىيلىق ماددا ياكى بور-كرېمنىي-سىنكلىق ماددىلارنى خام ئەشيا قىلىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. سانائەتتە تۈرلۈك تەجرىبە سايمانلىرى، خىمىيە سانائىتى ئۈسكۈنىلىرى، تۇرۇبا ۋە سۇ سائىتى قاتارلىقلارنى ياساشتا كەڭ قوللىنىلىدۇ.

**خىمىيۋى بىرىكمە** <خىم> ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ماددىلارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان يېڭى ماددا. مەسىلەن، سۇ ئوكسىگېن بىلەن ھىدروگېننىڭ خىمىيۋى بىرىكمىسىدۇر. ئۇ يەنە قىسقارتىلىپ «بىرىكمە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**خىمىيۋى تالا** <خىم> يۇقىرى مولېكۇلىلىق بىرىكمىلەرنى خام ماتېرىيال قىلىش ئارقىلىق ئىشلەنگەن تالا. تەبىئىي يۇقىرى مولېكۇلىلىق بىرىكمىلەردىن ئىشلەنگىنى سۈنئىي تالا؛ سىنتېتىك يۇقىرى مالېكۇلىلىق بىرىكمىلەردىن ئىشلەنگىنى سىنتېتىك تالا دېيىلىدۇ.

**خىمىيۋى تەكشۈرۈش** <خىم> فىزىكىلىق ياكى خىمىيلىك ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، ماددىلارنىڭ تەركىبى ۋە خۇسۇسىيىتىنى تەكشۈرۈش.

**خىمىيۋى تەڭلىمە** <خىم> خىمىيلىك رېئاكسىيىنى ئىپادىلەيدىغان فورمۇلا. ئادەتتە تەڭلىمىنىڭ سول تەرىپىگە رېئاكسىيەلەشكۈچى ماددىنىڭ فورمۇلىسى؛ ئوڭ تەرىپىگە ھاسىل بولغان ماددىنىڭ فورمۇلىسى يېزىلىدۇ، ئوتتۇرىسىغا سىزىلىكا ياكى تەڭلىك بەلگىسى قويۇلۇپ، ئىككى تەرەپ تۇتاشتۇرۇلىدۇ، ئىككى تەرەپتىكى ئاتوملار سانى ئۆزئارا تەڭ بولىدۇ. مەسىلەن: $C+O_2 \rightarrow CO_2$ .

**خىمىيۋى خۇسۇسىيەت** <خىم> ماددىلارنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى خىمىيلىك ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندە ئىپادىلىنىدۇ، بۇ خىل خۇسۇسىيەتلەر خىمىيۋى خۇسۇسىيەت دېيىلىدۇ. مەسىلەن، تۆمۈرنىڭ داتلىشىش خۇسۇسىيىتى، ماگنىينىڭ يېنىش خۇسۇسىيىتى قاتارلىقلار.

**خىمىيۋى رېئاكسىيە** <خىم> ماددىلاردا خىمىيلىك ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، خۇسۇسىيىتى، تەركىبى ۋە تۈزۈلۈشى ئەسلىدىكى بىلەن ئوخشىمايدىغان يېڭى ماددىنىڭ ھاسىل بولۇش جەريانى.

**خىمىيۋى ئوغۇت** <خىم> ھاۋا، سۇ، مىنېرال، كۆمۈر، كوكس، نېفىت ۋە تەبىئىي گازلارنى خام ماتېرىيال قىلىپ، خىمىيلىك رېئاكسىيە ياكى مېخانىكىلىق ئىش قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان ئوغۇت. ئادەتتە ئۇ ئازوتلۇق ئوغۇت، فوسفورلۇق ئوغۇت، كالىيلىق ئوغۇت ۋە مىكروئېلېمېنتلىق ئوغۇت قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. خىمىيۋى ئوغۇتنىڭ ئوغۇت تەركىبى كۆپ، ئۈنۈمى

تېز بولىدۇ.

**خىمىيىۋى ئۆزگىرىش** <خىم> ماددىنىڭ مولېكۇلىسىدىكى تەركىب، خۇسۇسىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە سادىر بولىدىغان ئۆزگىرىش. مەسىلەن، ياغاچ كۆيۈپ يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق چىقارغاندىن كېيىن كۈل قالىدۇ؛ تۆمۈر ھاۋادا داتلىشىدۇ. مانا بۇلار ياغاچ ۋە تۆمۈردىكى خىمىيىۋى ئۆزگىرىشلەردۇر.

**خىمىيىۋى ئېلېمېنت** <خىم> ئاتوم يادروسىدىكى پروتون سانى ئوخشاش بولۇش بىلەن بىرگە، زەرەت سانىمۇ ئوخشاش بولغان بىر تۈردىكى ئاتوملارنىڭ ئومۇمىي نامى. مەسىلەن، كاربون مەيلى ئاددىي ماددا شەكلىدە، ياكى بىرىكمە شەكلىدە مەۋجۇت بولسۇن، ئۇنىڭ يادرو زەرىتىنىڭ سانى ھامان ئالتە بولىدۇ. شۇڭا كاربون بىر خىل خىمىيىۋى ئېلېمېنت بولىدۇ. ھازىر مەلۇم بولغان ئېلېمېنتلار 106 خىل. قىسقارتىپ «ئېلېمېنت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**خىمىيىۋى ئېنېرگىيە** <خىم> ماددىلار خىمىيىۋى رېئاكسىيىگە كىرىشكەندە ئاجرىلىپ چىقىدىغان ئېنېرگىيە. مەسىلەن، ماددا يانغاندا ئاجرىلىپ چىقىدىغان ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇق، خىمىيىلىك باتارېيىلەر قويۇپ بېرىدىغان توك قاتارلارغا ئوخشاش.

**خىنولىن** ئى [ر] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_6H_4(CH_3)_2N$، رەڭسىز سۇيۇقلۇق. ئالاھىدە سېسىق پۇراقى ئىگە. دورا ۋە بوياق ئىشلەشتە پايدىلىنىلىدۇ.

**خىيابان** ئى [پ] ① ئىككى يېنىغا قاتار دەل-دەرەخ تىكىلگەن، يان ۋە ئۈستى گۈل-گىياھلار بىلەن پۈركەلگەن، كىشىلەر سەيلە-تاماشا قىلىدىغان كارىدور شەكىللىك ئورۇن، كىچىك يول: **ئۇلار ئېرىقتا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇنى بويلاپ مېڭىپ، مەجنۇنتال ئاستىغا كەلدى. بۇ بىر خىيابان بولۇپ، مۇڭدىشىشقا بەكمۇ ئەپلىك ئىدى. * دەل-دەرەخ ئۈسسۈلچى، كوچا خىيابان، قۇچىقىڭ مىڭ جەننەت تۈسىنى ئالغان.** ② كەڭ، ئازادە يول: **دۆڭنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى يانباغرىنى بويلاپ ئىككى چاقىرىمچە سوزۇلغان، سۇلىرى كۆپكۆك، ئەتراپلىرى خىيابان، توغراق، يۇلغۇن-قومۇشلار بىلەن ئورالغان تەبىئىي كۆل يېيىلىپ ياتاتتى.**

**خىيابانلىق** ئى. خىيابان جايلاشقان جاي: **سىماپتەك كۆل گويا باغۋەن ئەزىز مېھمانغا تۇتقان جام، ھىدى خۇش بۇي خىيابانلىق، ھوزۇرى جان ئارامى بۇ.**

**خىيال** ئى [ئە] ① ئويلاش، پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانى؛ پىكىر، ئوي: **نازىرئاخۇننىڭ كۆڭلىدە مىرزىمەتكە نىسبەتەن يەنە باشقىچە خىيالمۇ بولغاچ، ئۇنى بالىچىلاپ بېقىۋالدى. * تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ، دولىسىغا قولىنى قويۇپ تۇرۇپ ئېيتتى.** ② بىرەر نەرسىنى ئەسكە چۈشۈرۈش، ئېسىدە، خاتىرىسىدە ساقلاش قابىلىيىتى؛ ئەس، كۆڭۈل: **تۇيۇقسىز ئۇنىڭ خىيالىغا نىمدۇر كەلدى. ئۇ خىيالىغا كەلگەن نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. * غەنىم ئۇلارنى، ئۇلار غەنىمنى بۇ يەردە، بۇ ھالدا كۆرۈشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنلىكى ئۈچۈن، بىر-بىرىنى تونۇشماپتۇ.** ③ كىشى ياكى نەرسە ھەققىدىكى چۈشەنچە، تەسەۋۋۇر؛ نەزەر: **راھىلە ئۇنىڭ خىيالىدا، بۇ يۇرتتىكى قىزلارنىڭ ئەڭ گۈزىلىمىش.** ④ بىرەر ئىش ياكى ھەرىكەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەققىدىكى ئوي، نىيەت؛ ئىستەك: **ئالماس شۇ خىيال بىلەن سۈپىدىن چۈشۈپ، ئاستا قەدەم**

بېسىپ، باغ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. * ـ ئوغلۇم، سەن ئەسلىدە قۇتلۇقشاھ دېگەن پادىشاھنىڭ ئوغلى ئىدىڭ. مەن قىزىمغا ھەمراھ بولۇپ بىرگە چوڭ بولسۇن دېگەن خىيالدا، قىزىم بىلەن بىر كۈن، بىر سائەتتە تۇغۇلغان ئوغۇل بالا ئېلىپ كېلىڭلار دەپ پەرىلەرنى بۇيرۇدۇم، ـ دېدى ئۇ ئوغلىغا. * قارا كۆز گۈزەل يارىم، چىرايىڭنى ئاچمايسەن. سېنىڭ بىر خىيالىڭ بار، مەندىن ئايرىلاي دەمسەن. ⑤ ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىن بولغان، رېئال بولمىغان ئارزۇ، ئىستەك؛ فانتازىيە: بۇ خىيال ئەمەس، ھەقىقەت. * ئايقىز ئاشۇنداق خىياللار بىلەن تاڭنىڭ قانداق ئېتىپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەي قالدى. * شۇ كۈنى مۇتەللىپ ئىشكى ئالدىدا ئەمەت ئۇستىنىڭ خىيالغا چۆككەن ھالدا تاماكىغا ئوت تۇتاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ⑥ دىققەت، نەزەر: كەنت يولىدا ئاستا كېتىۋاتقان ئەترەت باشلىقىنىڭ خىيالى ھامان ھاشىم بوۋايدا ئىدى.

**خىيال ئەيلىمەك** ← **خىيال قىلماق**: ـ سەنلەر قېچىپ قۇتۇلىمىز دەپ خىيال ئەيلەشمە، ئەڭ ياخشىسى، ئالدىمغا چۈشۈپ مېڭىش! ـ دېدى بۇيرۇق ئاھاڭدا.

**خىيال باسماق** خىيالغا بېرىلمەك، خىيالغا كەتمەك: پەرھات دۇرنەمنىڭ ئائىلىسىدە كەچلىك تاماقتا بىللە بولۇپ، ياتىدىغان چاغدا ئۆز ياتىقىغا يېنىپ كەتتى، لېكىن يالغۇزچىلىقتا خىيال بېسىپ، زادى ئۇخلىيالمىدى.

**خىيال چاغلىما** خام خىيال قىلما، خاتا ئويلىما، خام چاغلىما: مەن ھازىرچە شۇنى ئېيتاي، سەن قانداقلا بولمىسۇن يولداش ئاباسقا زىيانكەشلىك قىلىشنى توختات! يولداش ئاباس تۈرمىدە بىرنېمە بولۇپ كەتسە، خىيال چاغلىما، شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى، خەلق سېنىڭ گۆشۈڭنى بۇردا-بۇردا قىلىپ تىتىپ تاشلايدۇ!

**خىيالدىكى دۈشمەن** <ئەرەب> ھەربىي مانېۋرلاردا قىياس قىلىنىدىغان دۈشمەن.

**خىيال سۈرمەك** خىيال قىلماق، ئويلانماق: شامەخسۇت ئۇششۇرۇۋان تەيجىنىڭ ھەق گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ تۇرسىمۇ، ئاڭلىغۇسى كەلمەي قاپاقلىرىنى سالغان ھالدا، بۇ قېرى تەيجىدىن قانداق قۇتۇلۇشنىڭ تەدبىرى ئۈستىدە خىيال سۈرەتتى. * شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئەمدى قانداق قىلسام بولار دەپ خىيال سۈرگەچ، قىرغاقنى بويلاپ كېتىۋەردى.

**خىيالغا پاتماق** ئۇزاق خىيال سۈرۈپ قالماق، ئويغا چۆممەك: ئۇ ئوغلىنىڭ توي ئىشىنى قانداق ئۆتكۈزۈش ھەققىدە چوڭقۇر خىيالغا پاتتى. * تۇرسۇن ھەپىلىسىنى يوقاتقان ئادەمدەك، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، چوڭقۇر خىيالغا پاتقان ھالدا ئولتۇراتتى.

**خىيالغا چۆكمەك** ← **خىيالغا پاتماق**: ئامانىساخان قاتتىق ئەلەم بىلەن بېرىپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇردى ۋە بېشىنى تۇتقىنىچە چوڭقۇر خىيالغا چۆكتى. * جامال تىرنىقىنى تاتىلاپ خىيالغا چۆكتى.

**خىيالغا چۆممەك** ← **خىيالغا پاتماق**: ئابلەت ئاكىنىڭ باياتىن بېرى دۇتارنىڭ تارىدەك چېكىپ كەتكەن ئەسەبلىرى سەل بوشىغاندەك بولدى. ئۇ جۇرئەتنى ئىزلەپ كېتىۋېتىپ خىيالغا چۆمدى. * خوجىنىياز بىر تال ئۆرۈلگەن ئۆزۈن چېچىدىكى كۆمۈش تەڭگىلەرنى شاراقلىتىپ، غەمكىن يۈرىدىغان بۆرتەنىڭ بەزى-بەزىدە ئۇنىڭغا قاراپ مۇلايىم كۈلۈپ قويۇشىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندى-دە، كۆزلىرىنى ئېزدېنباتتىن قاچۇرۇپ، خىيالغا چۆمدى.

**خىيالغا كەتمەك** ← **خىيالغا پاتماق**: مۇختەر يولنىڭ چېتى بىلەن بىر خىل لىكىشىپ كېتىپ بارغان ھارۋىنىڭ ئالدى تەرىپىگە پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغىنىچە خىيالغا كەتتى.

**خىيال قىلماق** بىرەر پىكىرگە كېلىش ياكى نەرسىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلماق؛ ئويلىماق: مەن خىيال قىلغاچ، ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدىم. * ـ ماڭا ئىشەنمىسىلە شۇ، ياق دېسىلىمۇ ئىختىيارلىرى، ئوبدان خىيال قىلىپ باقسىلا. مەن بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ تۇراي، ـ دېدى ئۇ.

* يار بۇ يەردىن كەتكەچكە، مېنىڭ مۇندا تۇرغۇم يوق. كۈندۈزى خىيال قىلسام، كېچىلىرى ئۇيقۇم يوق.

**خىيال كىرمەك** بىرەر ئىش ياكى مەسىلە ھەققىدە، بىرەر پىكىر، ئوي پەيدا بولماق: مېنىڭ كۆڭلۈمگە مۇنداق بىر خىيال كىرىپ قالدى.

**خىيالى باشقا يەردە پالاس قاقماق** ئۆزى بۇ يەردە بولغىنى بىلەن پىكرى، دىققىتى باشقا بىر يەردە يۈرمەك: ئۇلار ئۈچىلىسى ئابباسنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلمىدى. ئابباسقا قاراپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ خىيالى باشقا يەردە پالاس قاقاتتى.

**خىيالى بۆلۈنمەك** پىكرى، دىققىتى باشقا ياققا بۇرۇلۇپ كەتمەك؛ پىكرى، دىققىتى ئۈزۈلمەك: بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بىردىنلا خىيالىم بۆلۈندى. ئۇنىڭ «جۇرىن» دېگىنىگە بىر تۇرۇپ كۈلگۈم كەلدى، بىر تۇرۇپ ئاچچىقىم كەلدى.

**خىيالدىن ئۆتكۈزمەك** خىيالغا كەلتۈرمەك؛ قايتا ئەسلىمەك، قايتا ئويلىماق: نۇرمۇھەممەت بۈگۈن مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، شۇلارنى خىيالدىن ئۆتكۈزدى. * مەن 60-يىللاردىكى ئۆزىتىش زىياپىتىمنى ئىختىيارسىز خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

**خىيالغا سىغدۇرماق** خىيالغا كەلتۈرمەك؛ توغرا تاپماق، مۇۋاپىق دەپ ھېسابلىماق: ئەتراپىمدا ئايلىنىپ يۈرگەن گۈللۈكتىكى كېپىنەكلەردەك، ئەنە شۇ قىزلارنى كۆرگەن قايسىبىر ئەقىل ئىگىسى مېنىڭ بۇ ئايالغا ئۆيلىنىپ قېلىشىمنى قانداقمۇ خىيالغا سىغدۇرالىسۇن؟!

**خىيالغا كەلمەك** ئېسىگە، يادىغا كەلمەك، ئويلىماق: ئانا ئۇ چاغدا ئوغلىنىڭ مۇنداق ئۆزگىرىپ كېتىشىنى خىيالغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. * مېھمانخانىنىڭ ئارقا پەنجىرىسىگە يانداش ئۆسكەن شاخلىق قېرى سۆگەتنىڭ دالدىسىدىكى قارا نەرسىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكى ئۇنىڭ خىيالغىمۇ كەلمىدى.

**خىيالغا كىرىپ چىقماسلىق** زادى ئېسىگە كەلمەسلىك؛ ھېچقانداق خەۋىرى بولماسلىق: قىزنىڭ ئوقۇشى، ئۇقۇمۇشلۇق ئادەم بولۇشىنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ئەھمىيىتى يوق؛ ياشلارنىڭ ئۆز ھەۋىسى، ئارزۇ-ئارمانلىرى، ھېس-تۇيغۇلىرى بولىدىغانلىقى ئۇلارنىڭ خىيالغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ.

**خىيال ئىقتىدارى** <لوگ> ئىدراك ئارقىلىق ئېرىشكەن ماتېرىياللار ئاساسىدا ھەمدە شۇ ماتېرىياللارنى قايتىدىن قۇراشتۇرۇپ يېڭى ئوبراز ــ تەسەۋۋۇر ھاسىل قىلىش قابىلىيىتى.

**خىيالەت** ئى [ئە] يېز ت. بىرەر كىشى، نەرسە، ۋەقە ۋە شۇ قاتارلىقلار ھەققىدىكى ئوي، پىكىر تەسەۋۋۇر: خىيالەتتە ئولتۇرغان ئابدەم ئىتنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇدۇلىدا تۇرغان سانىخان ئاچىنى كۆردى-دە، يۈزلىرى «ۋىللىدە» قىزىرىپ كەتتى ۋە چىم-چىم گۈللۈك چىت كۆينىكىنىڭ يېڭى بىلەن، ياش يۇقى كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرى سۈرتكەچ ئورنىدىن تۇرۇپ، سۇپىدىن پەسكە چۈشتى.

**خىيالەن** رەۋ [ئە] يېز ت. خىيالدا تەسەۋۋۇر قىلىنغان ھالدا، خىيال قىلغان ھالدا، خىيالدا، پىكرەن: سادىق خىيالەن كېتىپ قالغان قىزنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاۋاتقاندا، يېنىدا ئولتۇرغان ساۋاقدىشى ئۇنى جەينىكى بىلەن نوقۇدى. * سابىر دادىسى ئېمىن ئاخۇن بىلەن گويا خىيالەن دىدار كۆرۈشۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاۋاتقاندەك ئىدى. * بۇ غەمكىن قورغاندا، ئۆتمۈشنى كۆپ ۋاقىت خىيالەن خاتىرىلەيمەن.

**خىيالپەرەس** [ئە+پ] ① سۈپ. خىيال سۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان، خىيال سۈرۈشنى ئادەت قىلغان، خىيالغا بېرىلگەن، خىيالچان: خىيالپەرەس ئادەم. * ئادەتتە بېشىغا ئاسمان يىقىلىپ چۈشسىمۇ پەسەنت قىلمايدىغان شائىرنىڭ خىيالپەرەس بولۇپ قېلىشى، نابۇرچىكنى سوئال سوراشقا مەجبۇر قىلغانىدى. ② ئى. ئەمەلگە ئاشمايدىغان، خام خىيالنى تولا قىلىدىغان ئادەم؛ خىيالكەش: بىز خىيالپەرەسلەردىن ئەمەسمىز، بىز ئالدىمىزدىكى ئەمەلىي شارائىتتىن ئايرىلالمايمىز.

**خىيالپەرەسلىك** «خىيالپەرەس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭدىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى ھازىر ئويلاپ ئولتۇرۇش ئوشۇقچە مەنىۋى يۈك. پەرىزات خىيالپەرەسلىكتىن خالاس بولغىلى ئۇزۇن يىللار بولدى. * ھازىر مەن ئېيتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مەندىكى خىيالپەرەسلىكنىڭ نەتىجىسى.

**خىيالچان** سۈپ. خىيالغا پاتقان، خىيالغا بېرىلگەن، خىيال سۈرىدىغان، ئويچان: خىيالچان ئادەم. * نىجات خىيالچان ھالدا، پولاتنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپ باش لىڭشىتتى. * شەۋكەتنىڭ ئۇدۇلىدىكى كارۋاتنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرغان رەخىمە خىيالچان كۆزلىرى بىلەن دېرىزىدىن سىرتقا قارايتتى.

**خىيالچانلىق** «خىيالچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: يىگىتنىڭ ساقچى ئەمەلدارىغا مۇشت ئېتىشى، ئەختەمبايغا ئېيتقان سۆزى، ئۆزىنىڭ تەمكىن، خىيالچانلىقى قىزنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى.

**خىيالكەش** سۈپ [ئە+پ] كۆپ خىيال قىلىدىغان، خىيالپەرەس: ھەقىقىي ئالىم خىيالكەشتۇر. كىمكى خىيالكەش بولمىسا، ئۇ ئۆزىنى ئەمەلىيەتچى دەپ ئاتاشقا مەجبۇر بولىدۇ.

**خىيالكەشلىك** «خىيالكەش» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: خىيالكەشلىك پەلسەپىسى. * ئۇ مۇقەررەر رەۋىشتە ھەقىقىي جەمئىيەت توغرىسىدىكى، ئىنسانىي ماھىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى بولمىغۇر خىيالكەشلىك بولۇپ ئىپادىلەندى.

**خىيالكەشلىك پەلسەپىسى** <پەلس> رېئاللىقنى ئۇقۇمدىن پەيدا قىلىشقا، ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ تەرەققىياتىنى ئادەم تەپەككۇرى قۇراشتۇرۇپ چىققان ئادەتتىكى قانۇنلارغا بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان پەلسەپە.

**خىياللانماق** پ. بىرەر ئىش ياكى مەسىلە ھەققىدە خىيال قىلماق، خىيال سۈرمەك؛ ئويلانماق: ئۇ بىردىنلا چوڭقۇر ئويغا پاتقاندەك، خىياللىنىپ قالدى. * مەردان خىياللىنىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگەنىدى. ئۇ ئادىتى بويىچە بارمىقى بىلەن مېڭىسىنى تاتىلاپ قويدى ۋە ئېغىر «ئۇھ» تارتتى.

**خىيالىي** سۈپ ① رېئاللىقتا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، خىيالدا تەسەۋۋۇر قىلىنىدىغان، ئەپسانىۋى: ئۇ چاغدا مالچىلار كېسەل بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاش چۈشتەك بىر خىيالىي ئىش ئىدى. ② ئويلاپ چىقىرىلغان، ئويدۇرما؛ فانتازىيىلىك: خىيالىي سوتسىيالىزم. * بىز ئىلمىي سوتسىيالىزمدىن خىيالىي سوتسىيالىزمغا چېكىنمەيمىز، شۇنىڭدەك ماركسىزمنى نەچچە ئون يىل ياكى يۈز نەچچە يىل بۇرۇنقى ئايرىم ھۆكۈملەر سەۋىيىسىدە توختىتىپ قويمايمىز.

**خىيالىي تۇيغۇ** <پسخول> كۆرۈش، ئاڭلاش، بەدەن سېزىمى قاتارلىق جەھەتلەردە، سىرتقى تەسىر (غىدىق) بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا پەيدا بولىدىغان ساختا سەزگۈ. مەسىلەن، تاۋۇش بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولۇشقا ئوخشاش. نېرۋا كېسەللىكگە گىرىپتار بولغان ياكى گىپنوتىك ھالەتتىكى كىشىلەردە، بۇ خىل تۇيغۇ دائىم ئۇچرايدۇ.

**خىيالىي سوتسىيالىزم** <پەلس> تارىخىي ئىدېئالىزم ئاساسىغا قۇرۇلغان سوتسىيالىزم تەلىماتى. بۇ تەلىمات 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە سىنىپىي كۈرەش تېخى تولۇق تەرەققىي قىلمىغان چاغدا پەيدا بولدى. شۇڭا كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرەلمىدى، كونا تۈزۈمنى سىنىپىي كۈرەش ۋە زورلۇق كۈچ ئارقىلىق ئاغدۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى تونۇمىدى، پرولېتارىياتنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى كۆرمىدى، سوتسىيالىزمنى تەشۋىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش يولى بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇش خىيالىدا بولدى.

لېكىن بۇ تەلىمات كاپىتالىزم جەمئىيىتىدى-
كى زىددىيەتلەرنى چوڭقۇر، ئېنىق
پېپەن قىلدى، كاپىتالىزمنىڭ ئورنىنى
سوتسىيالىزمنىڭ ئالىدىغانلىقىغا چېك
ئىشەندى. خىيالىي سوتسىيالىزم ماركى-
سىزملىق ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنىڭ
مەنبەلىرىدىن بىرى بولدى. ئۇ «ئۇتو-
پىك سوتسىيالىزم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**خىيالىيلىق** «خىيالىي» سۆزىنىڭ ئىسىم
شەكلى: بۇ خىل ھۇزۇر ئۇنىڭ نەزىرىدە، بىر
خىل خىيالىيلىق ۋە ئالىيجانابلىق خاراكتېرىنى ئالدى.

**خىيانەت** ئى [ئە] ① ھوقۇقى، ۋەزىپىسىدىكى
قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، قانۇنسىز ھالدا
تەشكىلنىڭ ئىقتىسادىغا، ئىقتىسادىي
نەرسىلىرىگە ئىگە بولۇۋېلىش: سۇلايماننىڭ
يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كاسسىرلىقىنى قىلغان بەش يىل
ئىچىدىكى خىيانىتى 20 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتكە-
نىكەن. ② ئىشەنچىنى، كۈتكەن ئارزۇسى-
نى يەردە قويۇش؛ ئەھدىنى بۇزۇش،
ئاينىش: ـ تووۋا، چەرچىن، سېنىڭ بۇ ئىشىڭ
سۇپىتاي ئۈچۈن خىيانەت ئەمەسمۇ؟ ـ دېدى ئۇ.
* ـ مۇنداق قىلىش دوستلۇققا خىيانەت بولىدۇ، ـ
دېدى رازىم دوستىغا. ③ خائىنلىق، ۋاپاسىز-
لىق، يۈز ئۆرۈش: قىز بىرلا سىلكىپ ئۇنىڭ
قولىدىن چىقىپتۇ-دە، بىر قەدەم نېرى قېچىپ،
خەلپىنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ: ـ ھەي، قايسى يۈزۈڭ
بىلەن ماڭا خىيانەت قىلۋاتىسەن، قېرى دەللە! ـ
دەپ ۋارقىراپتۇ.

**خىيانەت قىلماق** ① ھوقۇقى، ۋەزىپىسىدى-
كى قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، قانۇنسىز
ھالدا بىركىم ياكى بىرەر تەشكىلنىڭ
ئىقتىسادىغا ئىگە بولۇۋالماق: شۇنچە نۇرغۇن
پۇلغا خىيانەت قىلغان ئادەمنى جازالىمىسا بولامدۇ؟
② ئىشەنچىنى، كۈتكەن ئارزۇسىنى
يەردە قويماق؛ خائىنلىق، ئاسىيلىق
قىلماق: ۋەتەنگە خىيانەت قىلماق. * بۇ ئادەمنى
بىزگە خىيانەت قىلىدۇ دېگەنگە مەن ئىشەنمەيمەن.
* كىشى قىيىنچىلىق، بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندا،
بەرداشلىق بېرىش، ئۈمىدسىزلەنمەسلىك، ئۆز ئېلىگە،
خەلقىگە، دوستىغا خىيانەت قىلماسلىقى لازىم.
③ئېرى ياكى مۇھەببىتىگە ۋاپاسىزلىق
قىلماق، يۈز ئۆرۈمەك: مۇھەببىتىگە خىيانەت
قىلماق. * مەن راستىنلا شۇنداق غەيرىي بىر قىز
بىلەن يۈرۈپ، زاھىدە بىلەن بولغان مۇھەببىتىمىزگە
خىيانەت قىلغان بولسام، ئۇ چاغدا ئۆز سۆيۈملۈكۈمنىڭ
ئۆلۈم خەۋىرى ۋە سىلەرنىڭ نەپرەتلىك قاراشلىرىڭلارنىڭ
ئازابى ماڭا مۇنچە ئېغىر چۈشمىگەن بولاتتى.

**خىيانەتچى** ئى. خىيانەت قىلغان كىشى؛
خىيانەتكار: خىيانەتچىنىڭ كەم بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر، ئۇلارغا قاتتىق زەربە بەرگەندىلا،
«پاك بولۇش» مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

**خىيانەتچىلىك** ئى. خىيانەت قىلىش ئىشى،
ھەرىكىتى، خىيانەتكارلىق: ـ بۈگۈن، بىز
يېقىندىلا سوتلاپ بىر تەرەپ قىلغان خىيانەتچىلىك
ئەنزىسىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى ئەنزىنى
مۇھاكىمە قىلىمىز، ـ دېدى ئۇلار.

**خىيانەتكار** ئى [ئە+پ] ← **خىيانەتچى**:
خەلىپە ھارۇن رەشىد تېخىمۇ غەزەپلىنىپ: ـ ئەي
خىيانەتكار! مەن سېنى ئۆزۈمگە يېقىن قىلىشقا
ھەرىكەت قىلسام، سەن ھوشۇڭنى يوقىتىپ، مېنى
ئۆزۈڭدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىسەن! مەن
ساڭا ئىشەنسەم، سەن ماڭا خىيانەت قىلىسەن!
ـدەپتۇ.

**خىيانەتكارانە** رەۋ [ئە+پ] خىيانەتچىلەرگە
خاس؛ خىيانەتكارلارچە: خىيانەتكارانە ئىش
قىلماق. خىيانەتكارانە ھۇجۇم.

**خىيانەتكارلىق** ئى. خىيانەت قىلىش ئىشى،
ھەرىكىتى، خىيانەتچىلىك: ھاكىم ئالاۋىدىن
ئەبۇ ئەششەمانقا: ـ خوجام، ئەپۇ قىلىڭ! سىز ئەڭ
ئىشەنچلىك كىشى سىز. ئىشەنچلىك كىشىنى خىيانەتكار-
لىق، ئوغرىلىقتا ئەيىبلەشتىن خۇدا ساقلىسۇن! ـ
دېگەنىكەن.

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: تۇردىقادىر نازىرى
خۇش خەتنى يازغۇچى: ئوبۇلقاسىم مۆمىن

# ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى

تۈزگۈچىلەر: ئابلىز ياقۇپ، غەنىزات غەيۇرانى، ئىسمائىل قادىر،
زايىت ھېۋىل، ھەمدۇللا ئابدۇراخمان، پەرھات نۇر،
ئابلىز ئەمەت، ئەسقەر ئابدۇقادىر
مەسئۇل مۇھەررىرلەر: ئابلىز ياقۇپ، غەنىزات غەيۇرانى .
مەسئۇل كوررېكتور: ئابلىز ئەمەت

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى
«بوغدا» ئېلېكترونلۇق مەتبەئە سىستېمىسىدا تىزىلدى)
1991-يىلى 11-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1991-يىلى 11-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: ١٧.٩٥ يۈەن

（京）新登字154号

维吾尔语详解辞典（二）
（维吾尔文）
阿布利孜·牙库甫，艾尼扎提·艾尤拉尼，
司马义·卡的尔，扎宜提·艾维利，
海木拉都·阿布都热合满，帕力哈提·努尔，
阿布利孜·艾买提，艾斯哈尔·阿不都哈地尔编
责任编辑：阿布利孜·牙库甫
艾尼扎提·艾尤拉尼
民族出版社出版发行 各地新华书店经销
民族印刷厂印刷
开本：787×1092毫米1/16 印张：57
1991年11月第1版
1991年11月北京第1次印刷
印数：0001—4000册 定价：19.90元
ISBN 7—105—01431—8/Z·86

民文（维6）